ياشلار ۋە ئۆسمۈرلەر ئۈچۈن

# ئىسلام تەلىماتى ئاساسلىرى

يائشلار ۋە ئۆسمۈرلەر ئۈچۈن

# ئىسلام تەلىماتى ئاساسلىرى

تەييارلىغۇچى: ئىبنى ئابدۇقادىر ئابىد

WWW.TUCOO.COM

بسم الله الرحمن الرحيم

# «ئىسلام تەلىماتى ئاساسلىرى» نىڭ كىرىش سۆزى

ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھ تائالانىڭ نامى بىلەن باشلايمەن.

بارچە مەدھىيە ۋە گۈزەل ماختاشلار ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى ۋە مۆئمىنلەرنىڭ مەدەتكارى جانابى ئاللاھ تائالاغا خاستۇر. يەككە ـ يېگانە بولغان، ھەممە پەقەتلا ئۇنىڭدىن ياردەم سورايدىغان، ھېچكىمگە مۇھتاج بولمايدىغان، تۇغمىغان ۋە تۇغۇلمىغان ۋە ھېچكىشى ئۇنىڭغا تەڭداش بولالمايدىغان جانابى ئاللاھقا سان ـ ساناقسىز ھەمدۇ سانالار بولسۇن.. ئاللاھ تائالاغا مەۋجۇداتنىڭ سانىچە ھەمدۇ سانا ئېيتىمەن. ئۇنى ماختايمەن ۋە ئۇنىڭغا شۈكرى ئېيتىمەن، ئۇنىڭدىن مەغپىرەت تىلەيمەن ۋە ئۇنىڭدىن مېنى توغرا يولغا باشلىشىنى ئۆتۈنىمەن.

مەخلۇقاتلىرىنىڭ ئەڭ ياخشىسى، پەيغەمبەرلەرنىڭ ۋە ئەلچىلەرنىڭ ئىچىدە تاللانغىنى، ھەق دىنىنى ئىنسانىيەتكە يەتكۈزۈش ئارقىلىق ئۇلارنى كۆپرى، زالالەت ۋە ئازغۇنلۇقنىڭ قاراڭغۇلۇقلىرىدىن قۇتۇلدۇرۇپ، ئىمان، ھىدايەت ۋە ھەقىقەتنىڭ نۇرىغا يېتەكلىگەن، ئىنسانىيەتنى توغرا ۋە ھەق يولغا چاقىرغۇچى بولغان سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىز ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا، ئۇنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغا ۋە ئۇنىڭ يولىنى داۋاملاشتۇرۇپ بىزلەرگىچە يەتكۈزگەن ئالىيجاناپ ساھابىلىرىغا، شۇنداقلا تا قىيامەتكىچە ھەق يولدا يۈرگەن مۆئمىنلەرگە دۇئا ۋە سالام يوللايمەن.

جانابى ئاللاھتىن بىزنىمۇ ئۇلارنىڭ جۈملىسىدىن قىلىشىنى، بارلىق مۇسۇلمانلارنى ئۆزىگە ئىتائەت قىلىشقا، ئۆزىنىڭ مەغپىرىتىگە، رازىلىقىغا ئېرىشىشكە مۇۋەپپەق قىلىشىنى سورايمەن. چۈنكى ئاللاھ نېمە دېگەن ياخشى ئىگىدار ۋە نېمە دېگەن ياخشى ياردەمچى ـ ھە! بارلىق ھەمدۇ سانالار ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارىغا خاستۇر.

«جامىئۇل پەۋائىدتىن تاللانغان سەھىھ ھەدىسلەر» دىن، تۆت جىلدلىق «ئىسلام تەلىماتى » نامىدىكى بۇ چوڭ ھەجىملىك كىتاپقىچە بولغان 20 نەچچە كىتاپنى تەييارلاپ «ئىبنى ئابدۇقادىر ئابىد كىتاپلىرى» سەرلەۋھەسى بىلەن كەڭ مۇسۇلمان قېرىنداشلىرىمىزغا خالىس تەقدىم قىلغاندىن كېيىن يەنە بىر موھىم بوشلۇقنىڭ قالغانلىقىنى ھىس قىلىپ ياشلار ۋە ئۆسمۈرلەر ئۈچۈن «ئىسلام تەلىماتى ئاساسلىرى» نى تەييارلاپ چىقتىم. بۇ كىتاپتىكى مەزمۇنلار تۆت جىلدلىق «ئىسلام تەلىماتى» نى ئاساسى مەنبە قىلغان بولۇپ «ئىسلام تەلىماتى» دا ئىمان ئىبادەت، ئەخلاق، ئائىلە ، سودا ـ سېتىق، نىكاھ، تالاق، مىراس، ۋەسىيەت، قۇرئان، سۈننەت، تارىخ، مەدەنىيەت، قانۇن، تۈزۈم، ئىقتىساد، تەسەۋۋۇپ، دىن ۋە مەزھەپ توغرىسىدىكى

ئەقىدە ئېتىقاد ھەم پىقھى بىلىملەر، مۇناسىۋەتلىك ئايەت، ھەدىس ئاساسلىرى بىلەن بىر قەدەر ئەتراپلىق، مۇكەممەل تونۇشتۇرۇلغان بولۇپ بالاغەت يېشىدىن ئۆتكەن ئەھلى سۈننى ۋەلجامائە ئەقىدىسىدىكى مۇسۇلمان قېرىنداشلارنىڭ ئىسلامىي بىلىملەرنى ئەتراپلىق ئۆگىنىپ چۈشىنىۋېلىشىغا ماس كېلىدىغان، قۇرئان ۋە ھەدىستىن كېيىنلا ئۆگىنىش زۆرۈر بولغان ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىل- يېزىقىدىكى موھىم قورال كىتاپ. «ئىسلام تەلىماتى ئاساسلىرى» ، «ئىسلام تەلىماتى» ئاساسىدا تەييارلانغان 3239 سوئال-جاۋاپنى ئۆز ئىچىگە ئالغان «ئىسلام تەلىماتىدىن سوئال - جاۋاپلار» ناملىق كىتاپتىن تاللاپ ئېلىنىپ پەرزەنتلىرىمىزنىڭ بالاغەت يېشىغا يەتكەن مەزگىلىدىن تارتىپ ياشلىقنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىگىچە بولغان 10 يىللىق ھايات مۇساپىسىدە ئىسلامىي بىلىملەرنى سىستېمىلىق ھالدا ئوقۇپ چۈشۈنۈشى ھەم ئۆگۈنۈشى ئۈچۈن تەييارلاندى. بۇ كىتاپقا ياشلار ۋە ئۆسمۈرلەرنىڭ بىلىۋېلىشى زۆرۈر بولغان 1077 سوئال جاۋاپ كىرگۈزۈلگەن بولۇپ مۆھتەرەم ئاتا-ئانىلارنىڭ پەرزەنتلىرىنى ئىسلامىي ئەقىدە ئېتىقاد بىلەن تەربىيەلەپ يېتىشتۈرىشىدە موھىم يېتەكچىلىك ماتېرىيالى بولالايدۇ.

كەمىنە ئاجىز ئىبنى ئابدۇقادىر ئابىدىنىڭ بۇ خىزمەتنى توغرا رەۋىشتە مۇۋاپىقيەتلىك، مەقسەت مۇددىئاغا لايىق تاماملىشىمغا يېتەرلىك ۋاقىت، ئەقلىي ۋە جىسمانىي كۈچ قۇۋۋەت ئاتا قىلغان جانابى ھەق سۇبھانە ۋەتەئەلاغا چەكسىز ھەندۇساناlar بولسۇن.!

www.uyghurmuslim.com www.fb.com/uighurawazi uighurawazi@yahoo.com

# مۇندەرىجە

**بىرىنچى بۆلۈم. ئىسلام..........................................................43**
1-سوئال: ئاللاھنىڭ دىنى بىردۇر..........................................................43
2-سوئال: «ئىسلام» ئاتالغۇسىنىڭ مەنىسى..........................................................43
3-سوئال: ئىسلام دىنىنىڭ ئالاھىدىلىكى..........................................................43
4. سوئال: ئىسلام دىنى مۇسۇلمانلارنى نېمىگە بۇيرۇيدۇ؟..........................................................44
5-سوئال: كۇفرى دېگەن نېمە؟..........................................................45
6-كۇپرىنىڭ ماھىيتى..........................................................45
7- سوئال: ئىسلامنىڭ ئاساسي پرىنسىپلىرى..........................................................46
8-سوئال: كەلىمە تەييىبەنىڭ مەنىسى..........................................................46
**ئىككىنچى بۆلۈم. ئىمان..........................................................47**
9-سوئال: ئىمان دېگەن نېمە؟..........................................................47
10-سوئال: ئىماننىڭ شەرتلىرى..........................................................47
11-سوئال: ئىماننىڭ كۈچىيىشى ۋە ئاجىزلىشىشى..........................................................47
12-سوئال: ئىماننى كۈچلەندۈرىدىغان ۋە ئۇنى زىيادە قىلىدىغان ئامىللار..............47
13-سوئال: ئىماننىڭ ئالامەتلىرى..........................................................48
14-سوئال: ئىماننىڭ ئىنسان ھاياتىغا كۆرسىتىدىغان تەسىراتلىرى..........................49
15-سوئال: ئىمان ۋە ئىسلامدىن چىقىپ كېتىشكە سەۋەب بولىدىغان ئامىللار..........50
16-سوئال: ئاللاھنىڭ مەۋجۇدلىقى..........................................................50
17-سوئال: ئىنسان نېمە ئۈچۈن يارىتىلغان؟..........................................................51
18-سوئال: ئاللاھنى تونۇشنىڭ ۋاستىلىرى..........................................................51
19-سوئال: ئاللاھنى ئەقىل ۋە ئىلىم ئارقىلىق قانداق تونۇغىلى بولىدۇ؟..............52
20- سوئال: ئاللاھنى ئاللاھنىڭ سۈپەتلىرى ئارقىلىق تونۇش..............................52
21-سوئال: ئاللاھنىڭ كامالى سۈپەتلىرى..........................................................52
22-سوئال: ئاللاھ تائالانىڭ گۈزەل ئىسىم سۈپەتلىرىنىڭ پەزىلىتى ۋە بۇ ئىسىملار.........53
23-سوئال: ئىبادەت ئۇقۇمى..........................................................57
24-سوئال: ئىسلامنىڭ ئاساسي ئىبادەتلىرى..........................................................57
25-سوئال: ئىبادەت نېمىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ؟..........................................................58
26-سوئال: ئىبادەتلەرنى ئورۇنلاشقا سالاھىيەتلىك بولۇشنىڭ شەرتى..........................58

27- سۇئال: باللارنىڭ بالاغەتكە يېتىشى............................................58
28-سۇئال: باللارنىڭ بالاغەتكە يەتكەنلىكىنىڭ ئالامەتلىرى..............................59
29-سۇئال:شەرئەت ئىستىلاھلىرى.....................................................59
30-سۇئال: پەرز ۋە ئۇنىڭ ھۆكمى......................................................59
31-سۇئال: پەرزنىڭ تۈرى.............................................................59
32-سۇئال: ۋاجىب ۋە ئۇنىڭ ھۆكمى....................................................60
33-سۇئال:سۈننەت ۋە ئۇنىڭ تۈرلىرى..................................................60
34-سۇئال:ھارام ۋە ئۇنىڭ ھۆكمى......................................................61
35-سۇئال:مەكرۇھ تەھرىمى ۋە ئۇنىڭ ھۆكمى...........................................61
36-سۇئال:مەكرۇھ تەنزىھى ۋە ئۇنىڭ ھۆكمى...........................................62
37-سۇئال: مۇباھ ۋە ئۇنىڭ ھۆكمى....................................................62
38-سۇئال: شەرت ۋە جائىز.............................................................62
39-سۇئال: ئىسلامدا ۋاقتى بەلگىلەنمىگەن ئەڭ چوڭ ئىبادەتلەر.........................63
40-سۇئال: ئەمر-مەرۇپ................................................................63
41-سۇئال: ئەمر-مەرۇپنىڭ ھۆكمى......................................................63
42-سۇئال: جىھادنىڭ ھۆكمى..........................................................63
43-سۇئال: جىھادنىڭ پەرز ئەيىنگە ئايلىنىشى..........................................63
44-سۇئال: جىھادنىڭ مەقسىدى.......................................................64
45-سۇئال:گۇناھ مەئسىيەت ۋە ئۇنىڭ تۈرى..............................................64
48-سۇئال: ئاللاھ تائالانىڭ ھەققىگە قارشى ئىشلەنگەن گۇناھ - مەسىيەتلەرنىڭ تەۋبىسىنىڭ قوبۇل بولۇش شەرتى.......64
49-سۇئال: ئىنسانلارنىڭ ھەققىگە قارشى ئىشلەنگەن گۇناھ - مەسىيەتلەرنىڭ تەۋبىسىنىڭ قوبۇل بولۇش شەرتى.......65
50-سۇئال: پەيغەمبەرلەر ۋە ئۇلارنىڭ ۋەزىپىسى......................................65
51-سۇئال: قۇرئان كەرىمدە ئىسمىلىرى تىلغا ئېلىنغان پەيغەمبەرلەر......................65
52-سۇئال: مۆجىزىنىڭ مەنىسى.........................................................65
53-سۇئال: ئەڭ ئاۋۋالقى ۋە ئەڭ ئاخىرقى پەيغەمبەر...................................66
54-سۇئال:پەيغەمبەرلەرگە ئىمان كەلتۈرۈش نىمىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ؟...............66
55-سۇئال: روھىي ئالەملەر دېگەن نېمە؟...............................................66
56-سۇئال:پەرىشتىلەر ۋە ئۇلارغا ئىمان كەلتۈرۈش....................................67
57-سۇئال:پەرىشتىلەرگە ئىمان كەلتۈرۈش نىمىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ؟..............67

58-سۇئال: تۆت چوڭ مەشھۇر پەرىشتىنىڭ ۋەزىپىلىرى.................................67
59-سۇئال:پەرىشتىلەرنىڭ يارىتىلىشى ۋە خاراكتېرى.........................................68
60-سۇئال:پەرىشتىلەرنىڭ ۋەزىپىلىرى ۋە ماكانى...........................................68
61-سۇئال:جىنلار قانداق مەخلۇق؟..........................................................68
62-سۇئال:جىنلارنىڭ يارىتىلىشى..........................................................69
63-سۇئال:جىنلارنىڭ خارەكتىرى ھەم ۋەزىپىسى.........................................69
64-سۇئال: شەيتانلار قانداق مەخلۇق؟.....................................................69
65-سۇئال: ئىبلىس قانداق مەخلۇق؟ ئىبلىس نىمە ئۈچۈن ئىنسانلارغا دۈشمەنلىك قىلىدۇ؟..69
66-سۇئال: شەيتانلارنىڭ بارلىقىنى قانداق بىلىمىز؟.......................................70
67-سۇئال: شەيتانلارنىڭ خارەكتىرى........................................................70
68-سۇئال: شەيتانلار كىملەرنى ئازدۇرالايدۇ، كىملەرنى ئازدۇرالمايدۇ؟................70
69-سۇئال: شەيتانلار نىمە ئۈچۈن يارىتىلغان؟...............................................71
70-سۇئال: ئاللاھ تەرىپىدىن چۈشۈرۈلگەن كىتابلارنىڭ مەقسىدى......................71
71-سۇئال: ئاللاھ تەرىپىدىن چۈشۈرۈلگەن كىتابلارنىڭ مەزمۇنلىرى...................71
72-سۇئال: ئاللاھ تەرىپىدىن چۈشۈرۈلگەن تۆت چوڭ كىتاب............................71
73-سۇئال: ئاللاھ تەرىپىدىن چۈشۈرۈلگەن باشقا كىتاپلار...............................72
74-سۇئال: ۋەھىينىڭ مەنىسى...............................................................72
75-سۇئال:ئاللاھنىڭ كىتابلىرىغا ئىمان كەلتۈرۈشنىڭ مەزمۇنلىرى......................72
76-سۇئال:ئاللاھنىڭ كىتابلىرىغا ئىمان كەلتۈرۈشنىڭ پايدىلىرى.......................73
77-سۇئال:قۇرئان كەرىمنىڭ ئىلگىرىكى ساماۋىي كىتابلاردىن ئارتوقچىلىقى............73
78-سۇئال: تەقدىرنىڭ مەنىسى.............................................................74
79-سۇئال: تەقدىرگە ئىمان كەلتۈرۈش.....................................................74
80-سۇئال:قازا..................................................................................75
81-سۇئال: قازا ۋە قەدەرنىڭ مەنىسى......................................................75
82-سۇئال: قازا ۋە قەدەرگە ئىمان كەلتۈرۈش نىملەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ؟...........75
83-سۇئال: قازا ۋە قەدەرگە ئىمان كەلتۈرۈشنىڭ شەكلى..................................76
84-سۇئال: قازا ۋە قەدەرگە ئىمان كەلتۈرۈشنىڭ ھېكمىتى...............................77
85-سۇئال: قازا ۋە قەدەرگە ئىمان كەلتۈرۈشنىڭ پايدىسى...............................77
86-سۇئال:ئاللاھنىڭ بەندىلىرىنى ھىدايەت قىلىشى ياكى ئازغۇن قىلىشى................78
87-سۇئال: ھىدايەتنىڭ تۈرى...............................................................79
88-سۇئال:تەقدىر ۋە رىزىق.................................................................79

89-سۇئال: تەقدىر ۋە ئەجەل..........80
90-سۇئال: قازا ۋە قەدەرگە ئىمان كەلتۈرۈشتىكى سەۋەب ۋە تەۋەككۇل..........80
91-سۇئال: قازا قەدەر مەسلىسىدە ئاللاھ بىكىتىۋەتكەن ئىشلار..........81
92-سۇئال:تەقدىرنى مۇداپىئە قىلغىلى بولامدۇ؟..........81
93-سۇئال:لەۋھۇلمەھپۇز دىگەن نىمە؟..........82
94-سۇئال: تەقدىرنىڭ سىرى..........82
95-سۇئال: قىيامەت ۋە ئۇنىڭ ئىسىملىرى..........83
96-سۇئال: قىيامەت كۈندىكى ئىشلار ۋە قىيامەتكە ئىشىنىش..........83
97-سۇئال: قىيامەت كۈندىكى چوڭ ھادىسە..........84
98-سۇئال: سۇر چېلىنغاندا يۈز بېرىدىغان ئىشلار..........84
99-سۇئال: ئاخىرەت ھاياتىنىڭ باشلىنىشى..........85
100-سۇئال: ھەشىر..........85
101-سۇئال:قىيامەت كۈنگە قانداق ئىمان كەلتۈرۈش كىرەك؟..........85
102-سۇئال: قىيامەتنىڭ قاچان بولىدىغانلىقى..........85
103-سۇئال: قىيامەتنىڭ كىچىك ئالامەتلىرى..........86
104-سۇئال: قىيامەتنىڭ چوڭ ئالامەتلىرى..........87
105-سۇئال: قەبرە(بەرزەخ) ئالىمىدىكى ئىشلار..........88
106-سۇئال: بەرزەخ ئالەمى دېگەن قايسى ئالەم؟..........89
107-سۇئال: قەبرىنىڭ ئازابى..........89
108-سۇئال: قەبرىنىڭ نېمىتى كىملەرگە بولىدۇ؟..........90
109-سۇئال: قەبرە ئازابىغا سەۋەپ بولىدىغان ئىشلار..........90
110-سۇئال: قەبرە ئازابىدىن قۇتۇلۇشنىڭ چارىسى..........92
111-سۇئال: قىيامەتنىڭ باشلىنىشى..........93
112-سۇئال: بەئىس دېگەن نېمە؟..........93
113-سۇئال: قىيامەت كۈندىكى تىرىلىش قانداق بولىدۇ؟..........94
114-سۇئال:ھەشىر..........94
115-سۇئال: شاپائەت ۋە ئۇنىڭ شەرتى..........94
116-سۇئال: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ شاپائىتى قانچە تۈرلۈك؟..........94
117-سۇئال:بەندىنىڭ ئەڭ ئاۋال ھساپ بېرىدىغان ئەملى قايسى؟..........95
118-سۇئال:سوئال سوراقسىز ھالدا جەننەتكە كىرىدىغانلار..........95
119- سۇئال: جازا دىگەن نىمە؟..........95

120-سۇئال: مىزان دىگەن نىمە؟........................................................96
121-سۇئال: سىراتنىڭ مەنىسى....................................................96
122-سۇئال: دوزاخ ۋە ئۇنىڭ دەرىجىلىرى........................................96
123-سۇئال: جەننەت قانداق جاي؟...............................................97
124-سۇئال: جەننەت ۋە جەننەتلەرنىڭ سۈپەتلىرى..............................97
125-سۇئال: جەننەت ۋە جەننەتلەرنىڭ دەرىجىلىرى..............................98
126-سۇئال: جەننەتنىڭ دەرۋازىلىرى ۋە ئۇنىڭدىن كىرىدىغانلارنىڭ سۈپەتلىرى...........98
127-سۇئال: ھەۋزى كەۋسەر........................................................9
128-سۇئال: جەننەتىلەرنىڭ ھاياتى...............................................99
129-سۇئال: جەننەتكى ئەڭ كاتتا نىئمەت قايسى؟...............................99
**ئۈچىنچى بۆلۈم. تاھارەتنىڭ بايانى.......................................100**
130-سۇئال: پاكىزلىق ئوقۇمى....................................................100
131-سۇئال: پاكىزلىقنىڭ تۈرى....................................................100
132-سۇئال: پاكىزلىقنىڭ غايىسى.................................................100
133-سۇئال: پاكىزلىقنىڭ ئىسلامدىكى ئورنى.....................................101
134-سۇئال: تاھارەتنىڭ پەزىلىتى................................................102
135-سۇئال: پاكىزلىغۇچى نەرسىلەر ۋە پاكىزلاش ئۇسۇلى........................102
136-سۇئال: سۇ ۋە ئۇنىڭ تۈرى...................................................102
137-سۇئال: پاكلىنىش ئۈچۈن تۇپراق ئىشلىتىشنىڭ يولغا قويۇلۇشى...............103
138-سۇئال: سۈرتۈش بىلەن پاك بولىدىغان ۋە پاك بولمايدىغان نەرسىلەر...........103
139-سۇئال: قۇرۇتۇش بىلەن پاك بولىدىغان ۋە پاك بولمايدىغان نەرسىلەر............103
140-سۇئال: ئاشلاش...................................................................104
141-سۇئال: تاھارەت يەنى ئادەتتىكى پاكىزلىنىش قانچە قىسىمغا بۆلۈنىدۇ؟.......104
142-سۇئال: پاسكىنا نەرسىلەردىن پاكىزلىنىش ئوقۇمى..............................104
143-سۇئال: نىجاسەتنىڭ تۈرلىرى.................................................104
144-سۇئال: كەچۈرۈۋېتىلىدىغان پاسكىنا نەرسىلەر.................................104
145-سۇئال:ئىستىنجا.................................................................105
146-سۇئال:ئىستىنجا قىلىشنىڭ ھۆكمى.............................................105
147-سۇئال:تەرەتنى تازىلاشتا ئىشلىتىلىدىغان نەرسىلەر..............................106
148-سۇئال:تەرەتنى تازىلاشتا ئىشلىتىلىشكە بولمايدىغان نەرسىلەر...........106
149-سۇئال: ھاجەتنى ئادا قىلىشنىڭ سۈننەت ۋە ئەدەبلىرى......................106

150-سۇئال:تاھارەتسىزلىكتىن پاكلىنىش..........................................................108
151-سۇئال:تاھارەت ئېلىشنىڭ ھۆكمى........................................................108
152-سۇئال:تاھارەتنى توغرا ئېلىشنىڭ شەرتلىرى.........................................108
153-سۇئال:تاھارەتنى توغرا ئېلىشقا توسالغۇ بولىدىغان ئامىللار.........................109
154-سۇئال:تاھارەتنىڭ پەرزى..................................................................109
155-سۇئال:تاھارەتتە يۇيۇش پەرز بولغان ئەزالارنىڭ دائىرسى............................110
156-سۇئال:تاھارەتنىڭ سۈننەتلىرى...........................................................110
157-سۇئال: تاھارەتنىڭ مۇستەھەبلىرى.......................................................111
158-سۇئال: تاھارەتنىڭ مەكرۇھلىرى..........................................................112
159-سۇئال: تاھارەتنى سۇندۇرىدىغان ئامىللار.................................................112
160-سۇئال: كىرگەن چىققان نەرسىلەردىكى تاھارەت بۇزۇلىدىغان ۋە بۇزۇلمايدىغان ئەھۋاللار............................................................................................113
161-سۇئال: ئۇخلاپ قالغان كىشىدىكى تاھارەت بۇزۇلىدىغان ۋە بۇزۇلمايدىغان ئەھۋاللار............................................................................................114
162-سۇئال:ئۆزرىسى بار ئادەمنىڭ تاھارىتى توغرىسىدا..........................................114
163-سۇئال: ئاياغقا مەسھى قىلىشنىڭ ھۆكمى....................................................114
164-سۇئال: ئاياغقا مەسھى قىلىشنىڭ شەرتلىرى.................................................115
165-سۇئال: مەسھى قانداق قىلىنىدۇ؟...........................................................115
166-سۇئال: مەسھىنىڭ مۇددىتى..................................................................115
167-سۇئال: ئاياغقا قىلىنغان مەسھىنى بۇزىدىغان ئامىللار......................................115
168-سۇئال: مەسھى قىلىش توغرا بولمايدىغان نەرسىلەر......................................116
169-سۇئال: يۇيۇنۇش ۋە ئۇنىڭ تۈرى.........................................................116
170-سۇئال: يۇيۇنۇشنىڭ پەرز بولۇشى.......................................................116
171-سۇئال: سۈننەت بولغان يۇيۇنۇش.........................................................116
172سۇئال: يۇيۇنۇشنىڭ پەرزلىرى..............................................................117
173-سۇئال: يۇيۇنۇشنىڭ سۈننەتلىرى...........................................................117
174-سۇئال: غۇسلىنىڭ قانداق ئادا قىلىنىدىغانلىقى توغرىسىدا...............................117
175-سۇئال: غۇسلى قىلىشتا دىققەت قىلىدىغان ئىشلار........................................86
176-سۇئال: ھۆكمى پاكىزلىقنىڭ يولغا قويۇلۇشى............................................118
177-سۇئال: تەيەممۇم ئۇقۇمى.....................................................................119
178-سۇئال: تەيەممۇمنىڭ قانداق قىلىنىدىغانلىقى................................................119

179-سوئال: تەيەمومنىڭ ھۆكمى............................................119
180-سوئال: تەيەممۇمنىڭ توغرا بولۇشىنىڭ شەرتلىرى.........................120
181-سوئال: تەيەممۇم قىلىشقا ئېلىپ بارىدىغان سەۋەبلەر........................120
182-سوئال: تەيەممۇم بىلەن ئوقۇلغان نامازنىڭ ھۆكمى.........................121
183-سوئال: تەيەممۇمنىڭ سۈننەتلىرى.........................................121
184-سوئال: تەيەممۇمنى بۇزىدىغان ئامىللار.....................................121
185-سوئال: تېڭىقنىڭ ئۈستىگە مەسھى قىلىشنىڭ ھۆكمى........................122
186-سوئال: تېڭىقنىڭ ئۈستىگە مەسھى قىلىشتىكى ئەھۋاللار.......................122
**تۆتىنچى بۆلۈم. ناماز.........................................................123**
187-سوئال: نامازنىڭ ھۆكمى.................................................123
188-سوئال:ناماز ئوقۇمى......................................................123
189-سوئال:ناماز كىملەرگە پەرز؟...............................................123
190-سوئال: ئۆسمۈرلەرگە نامازنىڭ بۇيرۇلىشى..................................123
191-سوئال: نامازنىڭ پايدىلىرى................................................124
192-سوئال:خۇشۇ دېگەن نىمە؟................................................125
193-سوئال: خۇشۇنىڭ ئورنى ۋە خۇشۇ ھاسىل قىلىش.......................... 126
194-سوئال: نامازدا خۇشۇ ھاسىل قىلىشنىڭ چارىلىرى............................126
195-سوئال: نامازنى خۇشۇ بىلەن ئادا قىلىشقا ياردەم بېرىدىغان ئىشلار..............126
196-سوئال: نامازدىكى خۇشۇنىڭ يوقۇلىشىغا ياكى ئاجىزلىششىغا سەۋەپ بولىدىغان ئىشلار........................................................................127
197-سوئال: ئەزان..............................................................128
198-سوئال: ئەزان بىلەن تەكبىرنىڭ پەزىلىتى.......................................128
199-سوئال: ئەزاندىن كېيىنكى دۇئانىڭ پەزىلىتى.....................................128
200-سوئال: ئەزان ئوقۇلۋاتقاندا نىمە دېيىش كېرەكلىكى توغرىسىدا.................129
201-سوئال: نامازنىڭ پەرىزلىرى..................................................129
202-سوئال: نامازنىڭ ۋاقىتلىرى..................................................131
203-سوئال: ناماز ئوقۇش مەكرۇھ بولىدىغان ۋاقىتلار..............................132
204-سوئال: نامازدا قىبلىگە يۈزلىنىشنىڭ سىرى.....................................133
205-سوئال: سەجدە قىلغاندا بىلىۋېلىشقا تېگىشلىك مەسىلىلەر.......................133
206-سوئال: نامازنىڭ ۋاجىپلىرىنىڭ ھۆكمى.........................................134
207-سوئال: نامازنىڭ ۋاجىپلىرى................................................134

www.uyghurmuslim.com www.fb.com/uighurawazi uighurawazi@yahoo.com

208-سۇئال: نامازنىڭ سۈننەتلىرى.......................................................136
209-سۇئال:نامازدىكى ئەدەپلەر.............................................................139
210-سۇئال: پەرز نامازلاردىن كېيىن ئوقۇش سۈننەت بولغان دۇئالار...............139
211-سۇئال: نامازنى بۇزىدىغان ئامىللار...................................................140
212-سۇئال: نامازنى جامائەت بىلەن ئوقۇشنىڭ ھۆكمى.................................141
213-سۇئال: نامازنى جامائەت بىلەن ئوقۇشنىڭ پەزىلىتى..............................141
214-سۇئال: مەسجىدتە نامازغا ساقلاشنىڭ پەزىلىتى...................................141
215-سۇئال: خۇپتەن ۋە بامدات نامىزىنى جامائەت بىلەن ئوقۇغانىنىڭ پەزىلىتى......142
216-سۇئال: بىرىنچى تەكبىرگە ئۈلگۈرۈشنىڭ پەزىلىتى................................142
217-سۇئال: مەسجىدكە يىراق جايدىن كىلىشنىڭ پەزىلىتى.............................142
218-سۇئال: قاراڭغۇدا مەسجىدكە بىرىشنىڭ پەزىلىتى.................................142
219-سۇئال: نامازنى ئۆيدە ئوقۇشقا رۇخسەت قىلىنمىغانلار............................142
220-سۇئال: جامائەتكە كەلمەسلىككە ئۆزرى بولالايدىغان سەۋەبلەر...................143
221-سۇئال: مەسجىدكە كىرىشنىڭ ئەدەپلىرى...........................................143
222- سۇئال: نامازنىڭ تۈرلىرى.............................................................144
223- سۇئال: بەش ۋاقىت نامازنىڭ بۇيرۇلۇش سەۋەبى.................................144
224- سۇئال: بەش ۋاقىت نامازنىڭ پەرزى ۋە ئۇنىڭ ھۆكمى...........................145
225- سۇئال: بەش ۋاقىت نامازنىڭ سۈننىتى ۋە ئۇنىڭ ھۆكمى.........................145
226- سۇئال: بامداتنىڭ سۈننىتىنىڭ پەزىلىتى ۋە قانداق ئوقۇلىدىغانلىقى........145
227- سۇئال: بامداتنىڭ پەرزى.................................................................147
228- سۇئال: بامداتنىڭ پەزىلىتى.............................................................148
229- سۇئال: پېشىن نامىزى...................................................................148
230- سۇئال: تۆت رەكئەتلىك ناماز قانداق ئوقۇلىدۇ؟...............................148
231-سۇئال: پېشىننىڭ سۈننىتىنىڭ پەزىلىتى..............................................149
232- سۇئال: ناماز ئەسىرنىڭ ئوقۇلۇشى.....................................................149
233-سۇئال: ناماز ئەسىرنىڭ سۈننىتىنىڭ پەزىلىتى.......................................150
234- سۇئال: ناماز ئەسىرنىڭ پەزىلىتى......................................................150
235-سۇئال: ناماز شامنىڭ ئوقۇلۇشى........................................................150
236- سۇئال: سۈننەت نامازلارنىڭ پەزىلىتى................................................151
237- سۇئال: خۇپتەن نامىزىنىڭ ئوقۇلۇشى.................................................151
238-سۇئال: خۇپتەن نامىزىنىڭ پەزىلىتى.................................................. 151

239- سۇئال:بەش ۋاخ نامازنىڭ سۈننەتلىرىنىڭ ئەھمىيتى..........................152
240-سۇئال: ۋىترى نامىزىنىڭ ھۆكمى ۋە ئوقۇلۇشى.........................................152
241- سۇئال: سەپەردە نامازنىڭ قانداق ئوقۇلىدىغانلىقى توغرىسىدا..................154
242-سۇئال: قاتناش قۇراللىرى ئۈستىدە ناماز ئوقۇش مەسلىسى............................156
243- سۇئال: سەھۋەنلىك سەجدىسىنىڭ يولغا قويۇلۇشى.............................157
244-سۇئال: جۈمە نامىزىنىڭ ھۆكمى ..................................................157
245- سۇئال: جۈمە نامىزىنىڭ پەزىلتى..................................................157
246- سۇئال: جۈمە نامزى پەرىز بولمايدىغان كىشلەر.............................158
247- سۇئال:ھېيت نامازلىرىنىڭ ۋاقتى.................................................158
248- سۇئال:ھېيت نامازلىرىنىڭ ئوقۇلۇش شەكلى.....................................158
249- سۇئال: ئىككى ھىيت كۈنلىرى قىلىش سۈننەت بولغان ئىشلار...........158
250- سۇئال: تەراۋىھ نامىزىنىڭ ئوقۇلۇشى..............................................159
251- سۇئال: جىنازا نامىزىنىڭ ئوقۇلۇش شەكلى...........................................160
252- سۇئال: نەپلە نامازنىڭ يولغا قۇيۇلىشى..............................................161
253- سۇئال: نەپلە ئىبادەتلەرنىڭ پەزىلتى..................................................161
254- سۇئال: نەپلە نامازنىڭ ئەۋزىلى قايسى..................................................161
255- سۇئال: مەسجىد سالىمى نامزى...........................................................162
256- سۇئال: تاھارەت نامزى...........................................................................162
257- سۇئال: چاشگاھ نامزى..........................................................................162
258-سۇئال: چاشكا نامىزىنىڭ پەزىلتى...................................................162
259- سۇئال: چاشكا نامىزىنىڭ ۋاقتى.......................................................163
260- سۇئال: تەھەججۇد نامزى ئوقۇغۇچىلارنىڭ سۈپىتى.......................163
261- سۇئال: تەھەججۇد نامىزىنىڭ ھۆكمى ۋە پەزىلتى..........................163
262-سۇئال: تەھەججۇد نامىزىنىڭ ئوقۇش ئۇسۇلى ۋە ۋاقتى..........................164
263-سۇئال: نەپلە نامازلارنى ئوقۇشتا بىلىۋىلىشقا تېگىشلىك ئىشلار.............164

## بەشنچى بۆلۈم. زاكات.........................................................167

264- سۇئال: زاكاتنىڭ ئىسلام دىنىدىكى ئورنى...........................................167
265- سۇئال: زاكات بېرىشنىڭ پەزىلتى.....................................................167
266-سۇئال: زاكاتنىڭ پەرز بولۇشنىڭ سەۋەبلىرى.........................................168
267- سۇئال: ئاللاھ تائالانىڭ ئىنسانلارغا پۇل بىرىشتىكى مەقسىدى...............168

268-سۇئال: ئىسلام نەزەرىدە پۇل- مالنىڭ ۋەزىپىسى................................169
269-سۇئال: ئىسلام نەزەرىدە ئىشلەشنىڭ قىممىتى................................169
270-سۇئال: زاكات بېرىشنىڭ ئاخىرەتلىك پايدىلىرى................................170
271- سۇئال: زاكاتنىڭ بۇ دۇنيالىق پايدىلىرى................................171
272- سۇئال: زاكات بەرمەسلىكنىڭ گۇناھى................................172
273- سۇئال: زاكاتنىڭ پەرز بولۇشىنىڭ شەرتلىرى................................173
274-سۇئال: زاكات كېلىدىغان ماللار................................173
275- سۇئال: زاكات بېرىلىدىغان شەخسلەر................................174
276- سۇئال: زاكات بېرىلمەيدىغانلار................................174
277- سۇئال: پىتىر سەدىقىسى................................174
278-سۇئال: ئىسلامدا زاكاتتىن باشقىمۇ ياردەم ۋاستىلىرى بارمۇ؟................177
279- سۇئال: سىلە- رەھىم دېگەن نېمە؟................................177
**ئالتىنچى بۆلۈم. روزا ئەھكاملىرى ۋە قائىدە - تەرتىبلىرى........................179**
280-سۇئال: رامىزان روزىسىنىڭ ھۆكمى................................179
281- سۇئال: رامىزان ئېيىنىڭ پەزىلەتلىرى................................179
282- سۇئال: روزىنىڭ بۇدۇنيالىق پايدىلىرى................................181
283-سۇئال: روزا تۇتۇشنىڭ تىببىي جەھەتتىكى پايدىلىرى................................182
284- سۇئال: روزا تۇتۇشنىڭ ئىجتىمائىي پايدىلىرى................................182
285- سۇئال: رامىزان روزىسىنىڭ بۇيرۇلۇشىنىڭ ھېكمەتلىرى................................184
286- سۇئال: روزىنى تەرك قىلىشنىڭ گۇناھى................................184
287-سۇئال: روزا تۇتۇشنىڭ شەرتلىرى................................185
288-سۇئال: روزىنىڭ پەرزلىرى................................185
289- سۇئال: روزىدا نىيەتنىڭ پەرز بولغانلىقىنىڭ سەۋەبى................................185
290- سۇئال: روزىسىنى بۇزغان ئادەمگەقازا بىلەن كاپارەتنى لازىم قىلىدىغان ئامىللار...186
291- سۇئال: روزىسىنى بۇزغان ئادەمگە قازانىلا لازىم قىلىدىغان ئامىللار................186
292- سۇئال: روزىدا خاتالاشقان كىشى بىلەن ئۇنتۇپ قالغان كىشىنىڭ ھۆكۈمى..........188
293- سۇئال: روزا تۇتقۇچىلارغا رۇخسەت قىلىنغان ئىشلار................................189
294- سۇئال: روزا تۇتقان كىشى ئۈچۈن مۇستەھەب بولىدىغان ئىشلار................191
295- سۇئال: كىچىك باللارنىڭ روزا تۇتۇشى توغرىسىدا................................192
296- سۇئال: كېسەل كىشىلەر ھەققىدە................................193
297-سۇئال: مۇساپىرنىڭ روزىسى ھەققىدە................................193

298-سۇئال: ھاملدار، بالا ئېمىتىدىغان ئاياللارۋە ياشىنىپ قالغان كىشىلەر ھەققىدە...194
299-سۇئال: روزىنىڭ تۈرلىرى...194
300- سۇئال: پەرىز بولغان روزىلار...194
301- سۇئال: ۋاجىب روزا...195
302- سۇئال: سۈننەت بولغان روزىلار...195
303-سۇئال: ھارام قىلىنغان روزا...197
304-سۇئال: مەكرۇھ بولىدىغان روزا...197
305-سۇئال: رامىزان ئېيى ئىبادەت ۋە قۇرئان تىلاۋەت قىلىش ئېيىدۇر...199
306- سۇئال: رامىزاننىڭ ئاخىرقى ئون كۈنىدە ئىبادەت قىلىشنىڭ پەزىلىتى...199
307- سۇئال: قەدىر كېچىسىنىڭ پەزىلەتلىرى...199
308- سۇئال: قەدىر كېچىسىنىڭ ۋاقتى...200
309- سۇئال: نېمە ئۈچۈن روزا تۇتىمىز؟...201
310- سۇئال: ئىفتارنىڭ ۋاقتى...203

**يەتتىنچى بۆلۈم. ھەج پائالىيەتلىرىنىڭ بايانى...205**

311- سۇئال: ھەج سۆزىنىڭ ئۇقۇمى ...205
312- سۇئال: ھەجنىڭ پەزىلىتى...205
313- سۇئال: ھەجنىڭ پەرز بولۇشىنىڭ شەرتلىرى...206
314- سۇئال: ھەجنىڭ پەرزلىرى...207
315-سۇئال: ھەج قىلىشنى نىيەت قىلىپ ئېھرام باغلاش...207
316-سۇئال: ئۆز ۋاقتىدا كېلىپ ئەرافات تېغىدا تۇرۇش...207
317- سۇئال: كەبىنى زىيارەت تاۋاپ قىلىش...207
318- سۇئال: ھەجنىڭ ۋاجىبلىرى دىگەن نىمە؟...208
319-سۇئال: ھەجنىڭ ۋاجىبلىرى...208
320-سۇئال: ھەجنىڭ ۋاجىپلىرىنى تەرىك قىلغان كىشىنىڭ ھۆكۈمى...209
321- سۇئال: ھەجنىڭ سۈننەتلىرى...209
322-سۇئال: ئۆمرە قىلىشنىڭ ھۆكمى ۋە پەزىلىتى...210
323- سۇئال: ئۆمرە ھەجنىڭ ۋاقتى...210
324- سۇئال: ئۆمرە ھەجنىڭ پائالىيەتلىرى...210
325- سۇئال: ھەج سەپىرىدىن بۇرۇن قىلىدىغان ئىشلار...211
326- سۇئال: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەجنىڭ سۈپەتلىرىنىڭ بايانى...212
327- سۇئال: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ «ھەججەتۇل ۋىدا» دا سۆزلىگەن نۇتقى...216

328-سۇئال: ھەجنىڭ كىچىك بالىلارغا خاس ھۆكۈملىرى.............................217
329- سۇئال: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قەبرىسىنى زىيارەت قىلىشنىڭ ھۆكۈمى....218
330- سۇئال: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قەبرىسىنى زىيارەت قىلىشتىكى ئەدەپ قائىدىلەر...................................................................219

## سەككىزىنچى بۆلۈم. دۇئا ۋە دۇرۇد..............................................221

331-سۇئال: دۇئانىڭ تونۇشتۇرۇلىشى..............................................221
332- سۇئال: دۇئانىڭ ئىسلام دىنىدىكى ئورنى.................................221
333-سۇئال: دۇئانىڭ پەزىلىتى...................................................221
334- سۇئال: دۇئا ئىجابەت بولۇشىنىڭ شەرتلىرى...............................222
335- سۇئال: دۇئانى تەرك ئېتىشنىڭ گۇناھى.....................................223
336-سۇئال: دۇئانىڭ ئەدەبلىرى....................................................223
337- سۇئال: دۇئا ئىجابەت بولۇشقا ئەڭ يېقىن ئەۋزەل ۋاقىتلار....................225
338-سۇئال: دۇئا ئىجابەت بولۇشقا ئەڭ يېقىن ئۇلۇغ جايلار..........................229
339- سۇئال: دۇرۇدنىڭ مەنىسى ۋە بۇيرۇلىشى....................................230
340- سۇئال: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا دۇرۇد ئېيتىشنىڭ پەزىلىتى.............230
341- سۇئال: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا دۇرۇد ئېيتمىغان ئادەمنىڭ سۈپىتى............231
342- سۇئال:ئەڭ ئەۋزەل دۇرۇد قايسى؟............................................231
343- سۇئال: جىن شەيتانلارنىڭ زىيانكەشلىكىدىن پانا تىلەپ ئوقۇيدىغان دۇئا.........232
344- سۇئال: مەخلۇقاتلارنىڭ شەررىدىن پانا تىلەپ ئوقۇيدىغان دۇئا..................232
345- سۇئال: ئۆيدىن چىققاندا ئوقۇيدىغان دۇئالار..................................233
346- سۇئال: مەسجىدكە كىرگەندە ئوقۇيدىغان دۇئالار..............................233
347- سۇئال: تاماقتىن كېيىن ئوقۇلىدىغان دۇئا.......................................233
348- سۇئال: ھاجەتخانىغا كىرىشتە ئوقۇلىدىغان دۇئا..................................233

## توققۇزىنچى بۆلۈم. ئىسلامي ئەخلاق..........................................234

349-سۇئال: ئىسلامنىڭ ئۈچىنچى ئاساسى ــ ئەخلاق..............................234
350- سۇئال: گۈزەل ئەخلاق مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەرلىكىنىڭ غايىسىدۇر..............................................................................234
351- سۇئال: ئەخلاقنىڭ ئىبادەتتىن موھىملىقى........................................235
352- سۇئال: ئىبادەتلەرنىڭ نىگىزى ئەخلاقتۇر......................................235
353- سۇئال: ئىبادەتتىن ئەخلاقىي نىسۋە ئالالمىغانلار قىيامەتتە قۇرۇق قول قالىدۇ..236
354- سۇئال: روھى دۇنياسى گۈزەل بولغانلارنىڭ ئىش ھەرىكەتلىرىمۇ گۈزەل بولىدۇ...237

355ـ سۇئال: گۈزەل ئەخلاق ئىماننىڭ قولدىشىدۇر.........................................237
356ـ سۇئال: ئەخلاق ۋە ئۇنىڭ تۈرى...................................................238
357ـ سۇئال: ئىسلام دىنىدىكى ئەخلاق چۈشەنچىسى.................................238
358ـسۇئال: ئىسلام ئەخلاقىنىڭ موھىم مەزمۇنلىرى.................................239
359ـ سۇئال: ئەخلاقىي بۇرچىمىز قايسىلار؟..........................................242
360ـ سۇئال: دىنىمىزغا قارىتىلغان ئەخلاقىي بۇرچىمىز نىملەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ؟...242
361ـ سۇئال: ئۆزىمىزگە قارىتىلغان ئەخلاقىي بۇرچىمىز نىملەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ؟...243
362ـ سۇئال: ئائىلىمىزگە قارىتىلغان ئەخلاقىي بۇرچىمىز قانداق بولىدۇ؟.............243
363ـ سۇئال: ۋەتەن ۋە خەلقىمىزگە قارىتىلغان بۇرچىمىزقانداق بولىدۇ؟..........244
364ـ سۇئال: ئىنسانىيەتكە قارىتىلغان بۇ رچىمىز قانداق بولىدۇ؟.........................244
365ـ سۇئال: تەبئەتكە قارىتىلغان بۇرچىمىز قانداق بولىدۇ؟..............................245
366ـ سۇئال: گۈزەل ئەخلاقلىق مۇسۇلماننىڭ سۈپىتى......................................245
367ـ سۇئال: گۈزەل ئەخلاقلىق مۇسۇلمان قىلمايدىغان ئىشلار............................246
368ـ سۇئال: ئەخلاقنى ئۆزگەرتىش مۇمكىنمۇ ؟.............................................247
369ـ سۇئال: يېگانە ئۈلگە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام.........................247
370ـ سۇئال: پەيغەمبىرىمىزنىڭ ئەخلاقى قانداق ئىدى؟..........................249
371ـ سۇئال: ئىسلام دىنىنىڭ باللارغا بولغان راسچىللىق تەربىيەسى................253
372ـ سۇئال: يالغانچىلىقنىڭ ئالامەتلىرى ۋە يامان ئاقىۋەتلىرى........................254
373ـ سۇئال: قەلبىنى ئاداۋەتتىن يىراق قىلىشنىڭ ئۇسۇلى..............................255
374ـ سۇئال: ھەسەدخورلۇقنىڭ زىيىنى..........................................256
375ـ سۇئال: ھەسەد بىلەن ھەۋەسنىڭ پەرقى..........................................256
376ـ سۇئال: ئىسلامنىڭ سىخىيلىقنى تەشەببۇس قىلىدىغانلىقى.........................258
377ـ سۇئال: ئىسلامنىڭ كىيىم كىچەك جەھەتتىكى مۆتىدىللىك تەلىپى.............258
378ـ سۇئال: ئىسلامنىڭ ساغلاملىقنى بولغان تەلىپى...................................259
379ـ سۇئال: ئىسلامنىڭ ئەخلاقى ـھايالىق بولۇشتۇر..................................260
380ـ سۇئال: ھايانىڭ مەزمۇن تەلەپلىرى................................................260
381ـ سۇئال: ئاللاھ ئۈچۈن ياخشى كۆرۈش، ئاللاھ ئۈچۈن يامان كۆرۈشنىڭ مەنىسى..262
382ـ سۇئال: دوستلۇقنىڭ شەرتلىرى................................................263
383ـ سۇئال: مۇسۇلماننىڭ، بەندە ئالدىدا ئۆزىنى خار كۆرۈشى ھارامدۇر...............265
384ـ سۇئال: ئىسلام كۆرسەتكەن مېھربانلىق قىلىشقا لايىق كىشلەر...............266
385ـ سۇئال: مۇسۇلمان كىشى ئىگەللىشى زۆرۈر بولغان ئىلمنىڭ دائىرسى ۋە پەزىلىتى...267

386- سۇئال: ۋاقتتىن پايدىلىنىشنىڭ موھىملىقى.................................269
**ئونىنچى بۆلۈم. ئىسلامىي ئائىلە.........................................270**
387- سۇئال: ئائىلىنىڭ ئۇرۇق - تۇغقانلار بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى.....................270
388- سۇئال: ئائىلىنىڭ قول ئاستىدىكى خىزمەتكارلىرى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى...270
389- سۇئال: ئائىلىنىڭ خوشنىلار بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى..........................270
390- سۇئال: سىلە - رەھىم ھەققىدە..................................................270
391- سۇئال: ئۇرۇق - تۇغقانلارغا قىلىنىدىغان سىلە - رەھىمنىڭ نىملەرنى ئۆزئىچىگە ئالىدىغانلىقى...........................................................................271
392- سۇئال: سىلە رەھىم قىلىنىدىغانلارنىڭ تەرتىپلىرى..............................271
393- سۇئال: سىلە - رەھىم قىلىشنىڭ پەزىلىتى........................................272
394- سۇئال: ئومۇمىي سىلە - رەھىم................................................273
395- سۇئال: خۇسۇسىي سىلە - رەھىم..............................................273
396- سۇئال: سىلە - رەھىمنى ئۈزۈپ قويۇشنىڭ گۇناھى...............................273
397- سۇئال: خوشنىلارغا ياخشىلىق قىلىش..........................................274
398- سۇئال: خوشنىدارچىلىقنىڭ ھەقلىرى...........................................275
399- سۇئال: خوشنىلارغا ياخشىلىق قىلىشنىڭ تەرتىپى...............................275
400- سۇئال: كىشىلەرنىڭ ئۆيلىرىگە كىرىشتىكى ئەدەپ ئەخلاقلار.....................275
401- سۇئال: ئاياللارنىڭ سىرتقا چىقىشىدىكى ئەدەپلەر..............................275
402- سۇئال: يىمەك -ئىچمەكنىڭ ھۆكۈمى............................................277
403- سۇئال: تاماق يېيىشنىڭ سۈننەتلىرى.............................................277
404- سۇئال: تاماقتا دىققەت قىلىدىغان ئىشلار........................................280
405- سۇئال: مېھماندارچىلىقنىڭ ئەدەپ ئەخلاقلىرى...................................281
406- سۇئال: مېھماندارچىلىقنىڭ تاماق ئۈستىدىكى ئەدەپ- ئەخلاقلىرى...............282
407- سۇئال: قېرىنداشلارنى ۋە دوست يارەنلەرنى زىيارەت قىلىشنىڭ شەرئى قىلىپ بەلگىلەنگەنلىكى.............................................................284
408- سۇئال: قېرىنداشلارنى ۋە دوست يارەنلەرنى زىيارەت قىلىشنىڭ پەزىلىتى.....285
409- سۇئال: يول ئۈستىدە ئەمەل قىلىشقا تېگىشلىك ئەدەپ ئەخلاقلار.................285
410- سۇئال: ئۇخلاشنىڭ ئەدەپ ئەخلاقلىرى............................................286
**ئون بىرىنچى بۆلۈم. ئىسلامدىكى ئەۋلات تەربىيىسى...............................289**
411-سۇئال: بالىلارنىڭ ئاتا - ئانىلار ئۈستىدىكى ھەقلىرى.............................289
412-سۇئال: سالىھ ، ياخشى ئانىنىڭ ئەجرى..........................................289

413-سۇئال: ئايالى ۋە بالىلىرىغا نەپىقە بېرىشنىڭ ساۋابى..............................290

414-سۇئال: مۇۋەپپىقىيەتلىك تەربىيىچىنىڭ سۈپەتلىرى.................................290

415-سۇئال: پەرزەنتلەر ئاللاھنىڭ ئامانەتلىرىدۇر........................................292

416-سۇئال: ئەۋلاد تەربىيىلەشتە ئىنسان بىلەن شەيتان ئارىسىدىكى كۈرەش.....293

417-سۇئال: ئاتا - ئانىلارنىڭ ياخشى بولۇشىنىڭ ئەۋلادلارغا بولغان تەسىرى.......294

418-سۇئال: بالىلارنىڭ ئۆز- ئۆزىگە بولغان ئىشەنچىسىنى تۇرغۇزۇشنىڭ ئۇسۇللىرى...294

419-سۇئال: تەكرارلاشنىڭ بالىنىڭ روھىغا كۆرسىتىدىغان تەسىرى.................295

420-سۇئال: ئاتا - ئانىغا ياخشىلىق قىلىش پەيغەمبەرلەرنىڭ ئەخلاقى...........296

421-سۇئال: ئاتا - ئانىلارنىڭ بالىلىرى ئۈستىدىكى ھەقلىرى ھەققىدە قۇرئان كەرىمنىڭ كۆرسەتمىلىرى.......................................................................................297

422-سۇئال: ئاتا - ئانىغا ياخشىلىق قىلىشنىڭ دۇنيا ۋە ئاخىرەتتىكى ساۋابى......299

423-سۇئال: ئاتا - ئانىغا ياخشىلىق قىلىشنى پەرز كۈپايە ئىبادەتلەرنىڭمۇ ئالدىغا قويۇش.......................................................................................300

424-سۇئال: ئاللاھقا ئاسىي بولىدىغان ئىشلاردا ئاتا - ئانىغا ئىتائەت قىلماسلىق، ئەمما ئۇ ئىككىسىگە ياخشىلىق قىلىشنى توختاتماسلىق..............................................302

425-سۇئال: ئىنسانلار ئىچىدە ھەمسۆھبەت بولۇشقا ئەڭ لايىق كىشىلەر ئاتا – ئانىدۇر..304

426-سۇئال: ئانىغا ياخشىلىق قىلىش بىلەن ئاتىغا ياخشىلىق قىلىش بىرلا ۋاقىتتا توغرا كېلىپ قالغاندا، ئانىغا ياخشىلىق قىلىشنى ئالدىغا قويۇش..........305

427-سۇئال: ئاتا - ئانا ۋە پەرزەنتلەرنىڭ بىر بىرىگە دۇئا قىلىشى...............306

428-سۇئال: ئاتا - ئانىسىنىڭ تىللىنىشىغا سەۋەبچى بولماسلىق..................306

429-سۇئال: ئاتا - ئانىنى قاخشىتىشنىڭ چوڭ گۇناھ ئىكەنلىكى ۋە ئۇنىڭغا دۇنيا ئاخىرەتتە جازا بېرىلىدىغانلىقى.......................................................................................307

430-سۇئال: ئاتا - ئانىلارغا ياخشىلىق قىلىش ھەققىدە تەۋسىيەلەر.............308

431-سۇئال: بالىلاردا توغرا ئىسلامىي ئەقىدە تۇرغۇزۇشنىڭ قەدەم باسقۇچلىرى......310

432-سۇئال: ئىبادەتنىڭ ئەھمىيىتى.....................................................314

433-سۇئال: بالىغا ناماز ئۆگىتىشنىڭ ۋاقتى..................................316

434-سۇئال: بالا ناماز ئوقۇمىسا ئۇنى ئۇرۇشنىڭ ۋاقتى ھەم ھېكمىتى................316

435-سۇئال: بالىلارنى جۈمە نامىزىغا كۆندۈرۈشنىڭ پايدىلىرى...............317

436-سۇئال: ئاتا-ئانىلارنىڭ بالىلارغا ناماز ئوقۇشتا ئۈلگە بولۇشى............318

437-سۇئال: بالىلارنى روزا تۇتۇشقا كۆندۈرۈشنىڭ پايدىسى............319

438-سۇئال: بالىنى چوڭلارنىڭ سورۇنلىرىغا ئېلىپ بېرىشنىڭ پايدىسى..........319

439-سۇئال: بالىنى ئىش بېجىرىپ كېلىشكە ئەۋەتىشنىڭ پايدىسى............320
440-سۇئال: بالىلارنى سالام بېرىشتىن ئىبارەت سۈننەت ئەمەلگە كۆندۈرۈش.......321
441-سۇئال: بالىلارغا بالىلاردىن دوست تۇتۇپ بېرىشنىڭ پايدىسى ۋە شەرتى....321
442-سۇئال: بالىلارنى سودا- سېتىققا كۆندۈرۈشنىڭ پايدىسى...................322
443-سۇئال: بالىلارنى شەرئەتكە ئۇيغۇن مۇراسىملەرگە قاتناشتۇرۇشنىڭ پايدىسى...322
444-سۇئال: بالىلارنى سالىھ ئۇرۇق- تۇغقانلىرىنىڭ ئۆيلىرىدە قوندۇرۇشنىڭ پايدىسى...322
445-سۇئال : بالىلارنى ئەخلاقىي جەھەتتىن تەربىيەلەشنىڭ مەقسىدى...............323
446-سۇئال: گۈزەل ئەخلاقنىڭ مەنىسى.......................................................323
447-سۇئال: بالىلارغا ئەخلاق ئۆگىتىشنىڭ موھىملىقى.......................................324
448-سۇئال: ئاتا-ئانىغا كۆرسىتىدىغان ئەدەپلەر................................................324
449-سۇئال: قېرىنداشلىق ۋە دوستلۇق ئەدەپلىرى.........................................449
450-سۇئال: قوشنىدارچىلىق ئەدەپلىرى.....................................................450
451-سۇئال: ئىجازەت سوراش ئەدەپى.......................................................326
452-سۇئال: داستىخاندىكى ئەدەپلەر.........................................................326
453-سۇئال: بالىنىڭ تاشقى قىياپەت ئەدەپلىرى................................................327
454-سۇئال: چاچ قويۇش ۋە چۈشۈرۈشتىكى ئەدەپلەر.........................................327
455-سۇئال: كىيىم رەڭگىنىڭ ئەدەپى.........................................................328
456-سۇئال: قۇرئان ئوقۇش ئەدەپلىرى.......................................................328
457-سۇئال: راستچىللىق ئەخلاقى............................................................328
458-سۇئال: مەخپىيەتلىكنى ساقلاش ئەخلاقى...............................................329
459-سۇئال: ئامانەتنى ساقلاش ئەخلاقى....................................................329
460-سۇئال: كۆڭۈلنى ئاداۋەتتىن سالامەت قىلىش ئەخلاقى...............................329
461- سۇئال: ھىس تۇيغۇنىڭ بالىنىڭ يېتىلىشىدىكى موھىملىقى.......................330
462-سۇئال:بالىلارنى ئەركىلىتىش ۋە ئۇلار بىلەن ئوينىشىشنىڭ سۈننەتكە ئەگىشىش ئىكەنلىكى.........................................................................................330
463-سۇئال: بالىنىڭ بېشىنى سىلاش ئۇنىڭغا بولغان سۆيگۈ مۇھەببەتنىڭ ئىپادىسى...331
464-سۇئال: قىز بالىلارغا ۋە يېتىم بالىلارغا ئالاھىدە ئېتىباردا بولۇشنىڭ موھىملىقى...331
465-سۇئال: قىز بالىنى تەربىيەلەشتىكى ئاساسىي قائىدىلەر.................................332
466-سۇئال: بالىنى جىسمانى جەھەتتىن يېتىلدۈرۈشنىڭ ئەھمىيىتى...............333
467-سۇئال: بالىنىڭ سۇ ئۈزۈش، ئوق ئېتىش ۋە ئات مىنىشنى ئۆگىنىش ھەققى...334
468-سۇئال: بالىلار ئارىسىدا تەنتەربىيە مۇسابىقىسى ئۆتكۈزۈشكە ئەھمىيەت بېرىش...335

469-سۇئال: باللارنىڭ باللار بىلەن ئوينىشى.......................................335
470-سۇئال: باللارنىڭ ئوينىشى چەكلەنگەن ئويۇنلار.....................................336
471-سۇئال: جىسمانىي جەھەتتىكى چېنىقىشنىڭ باللارغا بولغان پايدىلىرى.........336
472-سۇئال: باللارنى ئەقلىي جەھەتتىن تەربىيىلەشنىڭ ئەھمىيىتى..........................338
473-سۇئال: بالىنىڭ بىلىم ئېلىش ھەققى...........................................................340
474-سۇئال: بالىنىڭ نىيىتىنى خالىس قىلغان ھالدا قۇرئان ۋە ھەدىسلەردىن ياد ئېلىشىنىڭ ئەقلىي ئىقتىدارنى يېتىلدۈرۈشتىكى رولى........................................................340
475-سۇئال: بالا ئۈچۈن ياخشى ۋە تەقۋادار ئۇستاز ياكى تەربىيىلىگۈچى تۇتۇپ بېرىشنىڭ ئەھمىيىتى..............................................................................................341
476-سۇئال: ئەرەب تىلىنى ياخشى ئۆگىتىشنىڭ موھىملىقى..................................341
477-سۇئال: چەتئەل تىلىنى ياخشى ئۆگىنىشكە ئىلھاملاندۇرۇشنىڭ ئەھمىيىتى.....342
478-سۇئال: ئۆيدە ياخشى بىر كىتابخانىنىڭ بولۇشى ۋە ئۇنىڭ بالىغا بولغان تەسىرى...342
479-سۇئال: جىسمانىي جەھەتتىن يېتىلدۈرۈشنىڭ ساغلاملىقىقا بولغان تەسىرى.....343
480-سۇئال: بالىدا يېتىلدۈرۈش زۆرۈر بولغان ساغلاملىق ئادەتلىرى.......................343

**ئون ئىككىنچى بۆلۈم. كۈندىلىك تۇرمۇشتا ئالاقىدار بەزى ھۆكۈملەرنىڭ بايانى......................................................................................348**

481- سۇئال: ۋەسىيەت ئۇقۇمى ۋە ئۇنىڭ يولغا قويۇلۇشى..........................................348
482- سۇئال: ۋەسىيەت قىلغۇچى ئادەمدە تېپىلىشقا تېگىشلىك بولغان شەرتلەر.........348
483- سۇئال: ۋەسىيەت قىلىنغۇچىدا تېپىلىشقا تېگىشلىك بولغان شەرتلەر..............348
484- سۇئال: ۋەسىيەت قىلىنىدىغان نەرسىدە تېپىلىشقا تېگىشلىك بولغان شەرتلەر...349
485- سۇئال: مىراس ئېلىمىنىڭ شەرتى..........................................................349
486- سۇئال: ئۆلگەن ئادەمنىڭ قالدۇرۇپ كەتكەن مال دۇنياسىغا قاراشلىق بولغان ھەقلەر........................................................................................................350
487- سۇئال: مىراسقا ھەقلىق بولۇشنىڭ سەۋەبلىرى.............................................350
488- سۇئال: مىراس ئېلىشقا توسالغۇ بولىدىغان ئامىللار...................................351
489- سۇئال: تاشلىۋېتىلگەن بالىنىڭ ھۆكۈملىرىنىڭ بايانى.................................353
490- سۇئال: تاشلىۋېتىلگەن بالىنى ئېلىۋېلىشنىڭ ھۆكمى..................................353
491- سۇئال: چۈشۈپ قېلىنغان نەرسىنى ئۇچراتقان ئادەمنىڭ ئېلىشىنىڭ ھۆكمى....355
492- سۇئال: چۈشۈپ قالغان نەرسىنى تېپىۋالغۇچى ئادەمدە تېپىلىشقا تېگىشلىك بولغان شەرتلەر........................................................................................................356
493- سۇئال: چۈشۈپ قالغان نەرسىنىڭ ئىگىسى تېپىۋالغان ئادەمنىڭ قولىدا تۇرغان چاغدىكى

ھۆكمى.....................................................................356
494- سۇئال: سەپەر ئۈستىدە ئۆلگەن ئادەمنىڭ مۈلكى توغرىسىدا.................358
495- سۇئال: قەسەم ئاتالغۇلىرى.......................................................358
496- سۇئال: قەسەمنىڭ شەرتلىرى.....................................................358
497- سۇئال: قەسەمنىڭ ھۆكمى........................................................359
498- سۇئال: قانداق ۋاقىتتا قەسەم قىلىش پەرز بولىدۇ؟................................359
499- سۇئال: قانداق ۋاقىتتا قەسەم قىلىش ھارام بولىدۇ؟..................................359
500- سۇئال: قانداق ۋاقىتتا قەسەم قىلىش مۇستەھەب بولىدۇ؟...........................360
501- سۇئال: قانداق ۋاقىتتا قەسەم قىلىش مەكرۇھ بولىدۇ؟.............................360
502- سۇئال: قانداق ۋاقىتتا قەسەم قىلىش مۇباھ بولىدۇ؟...............................360
503- سۇئال: قەسەمنىڭ قانداق قىلىندىغانلىقى.......................................360
504- سۇئال: ۋەقپە دىگەن سۆزنىڭ ئۇقۇمى توغرىسىدا.................................360
505- سۇئال: ۋەقىپ قىلىشنىڭ توغرا بولۇشىنىڭ شەرتلىرى............................360
506- سۇئال: مال مۈلۈكنى ئاللاھ تائالانىڭ يولىدا ۋەقپە قىلىشنىڭ ھۆكمى...........361
507- سۇئال: ۋەقپىنىڭ تۈرلىرى.......................................................362
508- سۇئال: ۋەقىپ قىلىشنىڭ پايدىسى...............................................362
509- سۇئال: سەئۈدى ئەرەبىستانىدىكى ئۇيغۇر ۋەقپىلىرى............363
510- سۇئال: سوغات ئۇقۇمى..........................................................363
511- سۇئال: سوۋغىنىڭ ئىسلام دىنىدىكى ئورنى.......................................363
512- سۇئال: سوۋغا قىلىنغان نەرسىنىڭ توغرا سوۋغا سالام بولۇشىنىڭ شەرتلىرى...364
513- سۇئال: بالاغەتكە يەتمىگەن كىچىك بالىغا قىلىنغان سوۋغا سالامنىڭ بايانى...364
514- سۇئال: سوۋغا بىلەن پارا بىرىشنىڭ پەرقى........................................365
515- سۇئال: ئامانەت قويۇش ئۇقۇمى..................................................366
516- سۇئال: كېپىل بولۇش دىگەن سۆزنىڭ ئوقۇمى.....................................366
517- سۇئال: كېپىل بولۇشنىڭ ئىسلام دىنىدىكى ئورنى.................................367
518- سۇئال: كېپىل بولۇشنىڭ شەرتلىرى...............................................367
519- سۇئال: ۋەكىل بولۇش دىگەن سۆزنىڭ ئوقۇمى......................................368
520- سۇئال: ۋەكىللىكنىڭ توغرا بولۇشىنىڭ شەرتلىرى..................................368
521- سۇئال: گۇۋاھلىق دېگەن نىمە؟....................................................368
522- سۇئال: گۇۋاھلىقتىن ئۆتۈشنىڭ ھۆكمى............................................369
523- سۇئال: يالغان گۇۋاھلىق بېرىش ۋە ئۇنىڭ گۇناھى.................................369

524- سۇئال: گۇۋاھلىقنىڭ تۈرلىرى.........................................................370
525- سۇئال: گۇۋاھلىق بېرىشكە سالاھىيەتلىك بولۇشنىڭ شەرتى.....................370
526- سۇئال: گۇۋاھلىق بېرىشنىڭ شەرتلىرى..............................................371
527- سۇئال: گۇۋاھلىقى قوبۇل قىلىنمايدىغانلار............................................371
**ئون ئۈچىنچى بۆلۈم. قۇرئان كەرىم ۋە سۈننەت.................................373**
528-سۇئال: ئىسلام دىنىنىڭ ئاساسلىق دەستۇرلىرى.......................................373
529-سۇئال: قۇرئان كەرىم، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن نازىل قىلىنغان ئىلاھى دەستۇر..........................................................................................373
530-سۇئال: قۇرئان كەرىمنىڭ نازىل بولۇشى...............................................373
531-سۇئال: قۇرئان كەرىمنىڭ مۇبارەك ئىسىملىرى ۋە مەزمۇنلىرى...................374
532-سۇئال: قۇرئان كەرىمنىڭ ئومومى مەزمۇنى...........................................375
533-سۇئال: قۇرئان كەرىم سۈرىلىرىنىڭ تەرتىۋى ۋە چۈشۈرلىشى..................375
534-سۇئال: قۇرئان كەرىمنىڭ سۈرە، ئايەت، كەلىمىلىرى...............................375
535-سۇئال: قۇرئان كەرىمدىكى ئەڭ ئۇزۇن، ئەڭ قىسقا سۈرىلەر، ئەڭ دەسلەپ ۋە ئەڭ كېيىن چۈشكەن ئايەتلەر............................................................................375
536-سۇئال: قۇرئان كەرىمدىكى مەككە ۋە مەدىنە سۈرىلىرى.........................376
537-سۇئال: مەككە سۈرىلىرىنىڭ خۇسۇسىيەتلىرى......................................376
538-سۇئال: مەدىنە سۈرىلىرىنىڭ خۇسۇسىيەتلىرى.....................................376
539-سۇئال: ئاللاھ تائالانىڭ تەقۋادارلار ئۈچۈن كۆرستىدىغان ئىلتىپاتى توغرىسىدا قۇرئان كەرىمنىڭ بايانلىرى...........................................................................377
540-سۇئال: قۇرئان كەرىمدە تىلغا ئېلىنغان جەننەتلەر..................................378
541-سۇئال: قۇرئان ئوقۇشنىڭ پەزىلىتى......................................................379
542-سۇئال: قۇرئان يادلاشنىڭ پەزىلىتى.......................................................382
543-سۇئال: قۇرئان ئوقۇشنىڭ ئەدەپلىرى.....................................................383
544-سۇئال: فاتىھە سۈرىسىنىڭ شەرەپ نامى ۋە پەزىلىتى.............................384
545-سۇئال: بەقەر ۋە ئال ئىمران سۈرىسىنىڭ پەزىلىتى................................384
546-سۇئال: ئايەتۇلكۇرسىنىڭ پەزىلىتى.......................................................385
547-سۇئال: مۈلك سۈرىسىنىڭ پەزىلىتى......................................................387
548-سۇئال: ئىخلاس سۈرىسىنىڭ پەزىلىتى...................................................387
549-سۇئال: فەلەق ۋە ناس سۈرىلىرىنىڭ پەزىلىتى........................................388
550-سۇئال: قۇرئان كەرىمنىڭ تەرجىمىسى...................................................388

551-سوئال: تەپسىر ئۇقۇمى.......................................................389
552-سوئال: تەجۋىد ۋە ئۇنىڭ ۋەزىپىسى.......................................................389
553-سوئال: تەجۋىد ئىلمىنى ئۆگىنىشنىڭ ھۆكمى.......................................................389
554-سوئال: تىلاۋەت دېگەن نېمە؟.......................................................390
555-سوئال: قىرائەت دىگەن نىمە؟.......................................................390
556-سوئال: قۇرئان ئوقۇشنىڭ ھۆكمى.......................................................390
557-سوئال: قۇرئان كەرىمنىڭ توپلىنىشى.......................................................390
558-سوئال: قۇرئان كەرىمنىڭ نۇسخىلارغا كۆپەيتىلىشى.......................................................391
559-سوئال: قۇرئان كەرىمنى ئاللاھ ساقلىماقتا.......................................................391
560-سوئال: قۇرئان كەرىم پۈتۈن ئىنسانىيەت ئۈچۈن مۆجىزە.......................................................392
561-سوئال: قۇرئان قىسسىلىرىنىڭ پايدىلىرى.......................................................394
562-سوئال: قۇرئاندىكى قىسسىلەر خىيال ئەمەس، ھەقىقەتتۇر.......................................................395
563-سوئال: تەلىم - تەربىيەدە قۇرئان قىسسىلىرىنىڭ تەسىرى.......................................................395
564-سوئال: قۇرئان كەرىمدىكى مۇئمىنلەر ئۈچۈن نىدا ئايەتلىرىنىڭ سانى ۋە ئاسسى تىمىسى.......................................................396
565-سوئال: قۇرئان كەرىمدىكى مۇئمىنلەر ئۈچۈن نىدا ئايەتلىرىدە ئاللاھ تائالا مۇئمىنلەرنى چاقىرغان ئىشلار.......................................................396
566-سوئال: قۇرئان كەرىمدىكى مۇئمىنلەر ئۈچۈن نىدا ئايەتلىرىدە ئاللاھ تائالا مۇئمىنلەرنى چەكلىگەن ئىشلار.......................................................401
567-سوئال: ھەدىس ئۇقۇمى.......................................................404
568-سوئال: سۈننەتكە ئەمەل قىلىشنىڭ زۆرۈرلىكى.......................................................404
569-سوئال: ھەدىسنىڭ ئەھمىيتى.......................................................406
570-سوئال: ھەدىسنىڭ ئومومى مەزمۇنى.......................................................406
571-سوئال: ھەدىس تۈرلىرى.......................................................407
572-سوئال: سەھىھ ھەدىس.......................................................407
573-سوئال: ھەسەن ھەدىس.......................................................407
574-سوئال: زەئىپ ھەدىس.......................................................407
575-سوئال: يالغان ھەدىس توقۇلۇشىنىڭ سەۋەپلىرى.......................................................408
576-سوئال: ھەدىسلەرمۇ ئاللاھنىڭ ۋەھيىسىدۇر.......................................................409
577-سوئال: ۋەھىنىڭ ئاساسلىق نازىل بولۇش شەكلى.......................................................409
578-سوئال: قۇرئان كەرىمنىڭ ۋەھيىسى بىلەن ھەدىسنىڭ ۋەھيىسىنىڭ پەرقى....410

579-سوئال: ھەدىس توپلاملىرى ھەققىدە قىسقىچە مەلۇمات.........................411
580-سوئال: ھەدىسنىڭ مۆكەممەل ساقلىنىشىدىكى ئىچكى ئامىللار...............411
581-سوئال: ھەدىسنىڭ مۆكەممەل ساقلىنىشىدىكى تاشقى ئامىللار..............411

**ئون تۆتىنچى بۆلۈم. ئاللاھنىڭ پەيغەمبەرلىرى.......................413**

582-سوئال: ھەزرىتى ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ يارىتىلىشى..............413
583-سوئال: ئىبلىسنىڭ ئادەمنىڭ ئەبەدىيلىك دۈشمىنىگە ئايلانغانلىقى...414
584-سوئال: ھەزرىتى ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ جەننەتكە ماكانلىشىشى ۋە جەننەتتىن چىقىرىلىشى..........................................................................415
585-سوئال: ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ يەر يۈزىدىكى ھاياتى..............................416
586-سوئال: يەر يۈزىدە تۇنجى قاتىللىقنىڭ مەيدانغا كېلىشى.........................417
587-سوئال: ھەزرىتى ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ دۇنيادىن قايتىشى..................418
588-سوئال: ھەزرىتى نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ دەۋەت كۆرىشى.........................419
589-سوئال: نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ قەۋمىگە بەد دۇئا قىلىشى ۋە توپان بالاسى....421
590-سوئال: ھەزرىتى ھۇد ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەرلىك ھاياتى...................423
591-سوئال: ھەزرىتى سالىھ ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەرلىك ھاياتى..................425
592-سوئال: ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ شەرىپى............................................427
593-سوئال: ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇتپەرەسلىك بىلەن بولغان كۆرۈشى....427
594-سوئال: ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ ئوتقا تاشلىنىشى..................................429
595-سوئال: ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ ھىجرەت قىلىشى...............................430
596-سوئال: ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ ئوغلى ئىسمائىلنى مەككىگە يەرلەشتۈرۈشى...431
597-سوئال: ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ سىنىلىشى..........................................433
598-سوئال: لۇت ئەلەيھىسسالامنىڭ قەۋمىنىڭ قەبىھ قىلمىشلىرى......................435
599-سوئال: لۇت ئەلەيھىسسالامنىڭ دۇئاسىنىڭ ئىجابەت بولۇپ قەۋمىنىڭ ھالاك بولۇشى...................................................................................................436
600-سوئال: بەيتۇللاھنىڭ بىنا قىلىنىشى...................................................437
601-سوئال: تۇنجى بەنى ئىسرائىل پەيغەمبەرلىرىدىن ئىسھاق ۋە يەئقۇب ئەلەيھىسسالام...........................................................................................439
602-سوئال: يۇسۇف ئەلەيھىسسالامنىڭ باللىق مەزگىلى.....................................436
603-سوئال: يۇسۇف ئەلەيھىسسالامنىڭ زىندانغا كىرىشتىن بۇرۇنقى ھاياتى...........441
604-سوئال: يۇسۇف ئەلەيھىسسالامنىڭ زىنداندىكى ھاياتى.................................445
605-سوئال: يۇسۇف ئەلەيھىسسالامنىڭ كېيىنكى ھاياتى....................................447

606-سۇئال: يۇسۇف ئەلەيھىسسالام قىسسىسىنىڭ ھېكمىتى.........451
607-سۇئال: شۇئەيب ئەلەيھىسسالام.........452
608-سۇئال: ھەزرىتى ئىلياس ئەلەيھىسسالام.........453
609-سۇئال: ئىدرىس ئەلەيھىسسالام.........453
610-سۇئال: ئەييۇب ئەلەيھىسسالام.........454
611-سۇئال: يۇنۇس ئەلەيھىسسالام.........457
612-سۇئال: مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ دۇنياغا كېلىشى ۋە تەربىيىلىنىشى.........460
613-سۇئال: مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ مىسىردىن چىقىپ كېتىشى.........463
614-سۇئال: مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ مىسىرغا قايتىشى.........465
615-سۇئال: مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاللاھ تائالا بىلەن بىۋاستە سۆزلىشىشى.........466
616-سۇئال: مۇسا ئەلەيھىسسالام بىلەن پىرئەۋن ئوتتۇرىسىدىكى كۆرەش.........468
617-سۇئال: ئاللاھنىڭ پىرئەۋن قەۋمىگە ئازاپلارنى يۈزلەندۈرۈشى.........472
618-سۇئال: مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ بەنى ئىسرائىلنى باشلاپ مىسىردىن چىقىپ كېتىشى.........473
619-سۇئال: پىرئەۋننىڭ ھالاك بولۇشى.........474
620-سۇئال: مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ بەنى ئىسرائىل قەۋمى بىلەن بولغان كۆرەشلىرى...475
621-سۇئال: ئاللاھنىڭ بەنى ئىسرائىل قەۋمىنى جازالىشى.........477
622-سۇئال: مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىككىنچى قېتىم تۇر تېغىدا ئاللاھ بىلەن سۆزلىشىشى.........477
623-سۇئال: مۇسا ئەلەيھىسسالامغا بېرىلگەن ئون ۋەسىيەت.........477
624-سۇئال: روزا تۇتۇشنىڭ بەندىنى ئاللاھقا يېقىنلاشتۇرۇشتىكى ھېكمىتى.........478
625-سۇئال: مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ تۇر تېغىدىن قايتقاندىن كېيىنكى قەۋمى ئىچىدىكى بۇتپەرەسلىككە قارشى ئېلىپ بارغان كۆرەشلىرى.........478
626-سۇئال: مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ئازغان قەۋمى توغرىسىدا چىقارغان ھۆكۈمى.....480
627-سۇئال: مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاخىرقى مۆجىزىسى.........481
628-سۇئال: مۇسا ئەلەيھىسسالامغا ئاخىرقى پەيغەمبەرنىڭ خۇش خەۋىرى بېرىلگەنلىكى...482
629-سۇئال: كالا ھېكايىسىنىڭ ئەسلى سىرى.........483
630-سۇئال: مۇسا ۋە ھارۇن ئەلەيھىسسالاملارنىڭ ۋاپاتى.........484
631-سۇئال : خىزىر ئەلەيھىسسالامنىڭ قىسسىسى.........485
632-سۇئال: مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ خىزىر ئەلەيھىسسالام بىلەن ئۇچرىشىش.....486
633-سۇئال: مۇسا ئەلەيھىسسالام بىلەن خىزىر ئەلەيھىسسالام ئوتتۇرىسىدىكى ۋەقەلەر...488

634-سوئال: خىزىر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇسا ئەلەيھىسسالام بىلەن قىلغان ئۈچ ئىشى ۋە ئۇنىڭ ھېكمىتى..........488
635-سوئال: مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ خىزىر ئەلەيھىسسالام بىلەن ئۇچراشقاندىن كېيىن ئېرىشكەن ھەقىقەتلىرى..........490
636-سوئال: تالۇت بىلەن جالۇتنىڭ ھېكايىسى..........491
637-سوئال: داۋۇد ئەلەيھىسسالامغا بېرىلگەن مۆجىزىلەر..........493
638-سوئال: داۋۇد ئەلەيھىسسالامنىڭ ھۆكۈمدار بولۇشى..........495
639-سوئال: سۇلەيمان ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالاھىدە ئىلتىجاسى..........497
640-سوئال: سۇلەيمان ئەلەيھىسسالامنىڭ مۆجىزىسى..........498
641-سوئال: سۇلەيمان ئەلەيھىسسالامنىڭ ھۆكۈمرانلىقى..........499
642-سوئال: سۇلەيمان ئەلەيھىسسالامنىڭ سىنىلىشى..........500
643-سوئال: سۇلەيمان ئەلەيھىسسالامنىڭ مەسجىد بىنا قىلىشى..........501
644-سوئال: بارلىق مەخلۇقلارنىڭ سۇلەيمان ئەلەيھىسسالامغا ئىتائەت قىلىشى...501
645-سوئال: سۇلەيمان ئەلەيھىسسالامنىڭ مەلىكە بىلقىس بىلەن ئۇچرىشىشى....502
646-سوئال: سۇلەيمان ئەلەيھىسسالامنىڭ كېيىنكى ھاياتى..........508
647-سوئال: ئۇزەير ئەلەيھىسسالامنىڭ قىسسىسى..........510
648-سوئال: ھەزرىتى مەريەم ۋە زەكەرىيا ئەلەيھىسسالام..........515
649-سوئال: يەھيا ئەلەيھىسسالامنىڭ قىسسىسى..........517
650-سوئال: ھەزرىتى مەريەمگە ئىسا ئەلەيھىسسالامنىڭ دۇنياغا كېلىشىدىن خۇشخەۋەر بېرىلىشى..........519
651-سوئال: ئىسا ئەلەيھىسسالامنىڭ دۇنياغا كېلىشى..........520
652-سوئال: ئىسا ئەلەيھىسسالامنىڭ بۆۋاقلىقىدا گەپ قىلىشى..........521
653-سوئال: ھەزرىتى مەريەمنىڭ پەلەستىندىن كېتىشى ۋە قايتىپ كېلىشى.......522
654-سوئال: ئىسا ئەلەيھىسسالامنىڭ پەزىلىتى ۋە مۆجىزىسى..........523
655-سوئال: ئىسا ئەلەيھىسسالامنىڭ بەنى ئىسرائىل بىلەن بولغان دەۋەت كۈرىشى...525
656-سوئال: يەھۇدىيلارنىڭ ئىسا ئەلەيھىسسالامنى ئۆلتۈرمەكچى بولغانلىقى..........528
657-سوئال: مۇھەممەد ئەلەيھىسسلامنىڭ ئىسا ئەلەيھىسسالامنىڭ قايتا كېلىشىدىن بەرگەن بېشارىتى..........529

**ئون بەشىنچى بۆلۈم. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ شانلىق ھاياتى..............530**

658-سوئال: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھاياتىنى ئۆگىنىشنىڭ ئەھمىيىتى..........530
659-سوئال: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھاياتىنى ئۆگىنىش ئىماننىڭ تەقەززاسى....531

660-سۇئال: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھاياتىنى ئۆگىنىش، ئۇنىڭ يولىغا ئەگىشىشنىڭ مۇقەددىمىسى..........................................................................532
661-سۇئال: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھاياتىنى ئۆگىنىش ئۇنى سۆيۈشنىڭ يولى...532
662-سۇئال: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھاياتىنى ئۆگىنىش دىننى مۇداپىئە قىلىشنىڭ يولى..........................................................................533
663-سۇئال: مۇسۇلمانلارنىڭ ئۆز پەيغەمبىرىنىڭ ھاياتىنى بىلمەسلىكى چوڭ يېتەرسىزلىك..........................................................................534
664-سۇئال: مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ تەرجىمىھالىنى ئۆگىنىشكە ئەھمىيەت بېرىشنىڭ سەۋەبى..........................................................................535
665-سۇئال: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ نەسەبى..........................................536
666-سۇئال: رەسۇلۇللاھنىڭ بالىلىق مەزگىلىدىكى ھاياتى.................................537
667-سۇئال: رەسۇلۇللاھنىڭ شامغا قىلغان تىجارەت سەپىرى............................538
668-سۇئال: رەسۇلۇللاھنىڭ خەدىچە رەزىيەللاھۇ ئەنھاغا ئۆيلىنىشى.................539
669-سۇئال: كەئبىنىڭ ئىسلاھ قىلىنىشى ۋە ياراشتۇرۇش مەسىلىسى....................540
670-سۇئال: ھىرا ئۆڭكۈرى..........................................................................542
671-سۇئال: جىبرىئىل ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋەھى ئېلىپ كېلىشى.........................543
672-سۇئال: ئىلاھى چاقىرىق..........................................................................543
673-سۇئال: دەۋەت كۈرىشى..........................................................................544
674-سۇئال: ھەبەشىستانغا قىلىنغان ھىجرەت....................................................546
675-سۇئال: قۇرەيش مۇشرىكلىرىنىڭ رەسۇلۇللاھنى ئۇجۇقتۇرۇۋەتمەكچى بولغانلىقى...547
676-سۇئال: رەسۇلۇللاھ ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ ئەبۇ تالىپ جىلغىسىغا قامال قىلىنىشى...549
677-سۇئال: ئەبۇ تالىپ بىلەن خەدىچە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ ئالەمدىن ئۆتۈشى.........550
678-سۇئال: مەككە سىرتىدىكى ئىسلام دەۋىتى.................................................552
679-سۇئال: رەسۇلۇللاھنىڭ مىئراجى............................................................555
680-سۇئال: رەسۇلۇللاھنىڭ مىئراجنى ئىسپاتلايدىغان ماددى پاكىتلار ۋە قۇرەيشلەرگە مىئراج ۋەقەسىنى بايان قىلىشى..........................................................................558
681-سۇئال: ئەقەبە بەيئىتى ۋە مەدىنە ھىجرىتى.............................................559
682-سۇئال: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھىجرەت قىلىشى...............................561
683-سۇئال: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مەدىنىدىكى دەسلەپكى پائالىيەتلىرى.........568
684-سۇئال:ھىجرەتتىن كېيىنكى تۇنجى قانلىق توقۇنۇشلار...............................570
685-سۇئال: چوڭ بەدرى غازىتى - ئىسلام تارىخىدىكى تۇنجى ھەل قىلغۇچ جەڭ

مەيدانى.......................................................................571
686-سوئال: بەدرى ئۇرۇرشىدىن كيىن ئىلىپ بىرىلغان غازاتلار.........................577
687-سوئال: ئوھۇد غازىتى.......................................................578
688-سوئال: ئوھۇد غازىتى بىلەن ئەھزاب غازىتى ئارىلىقىدىكى ھەربىي ھەرىكەتلەر...591
689-سوئال: ئەھزاب غازىتى.......................................................593
690-سوئال: بەنى قۇرەيزە غازىتى.................................................596
691-سوئال: بەنى مۇستەلەق غازىتى ۋە ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھاغا چاپلانغان تۆھمەت..598
692-سوئال: ھۇدەيبىيە ۋەقەسى.....................................................601
693-سوئال: ھۇدەيبىيە سۈلھىسىدىن كېيىنكى ھەربىي پائالىيەتلەر......................603
694-سوئال: خەيبەر ۋە ۋادىلقورا غازىتى...........................................603
695-سوئال: ھۇدەيبىيە ئۆمرىسىنىڭ قازاسى..........................................606
696-سوئال: مۇئتە ئۇرۇشى..........................................................606
697-سوئال: مەككە پەتھىسى........................................................609
698-سوئال: ھۇنەين ۋە تائىف غازىتى................................................612
699-سوئال: تەبۇك غازىتى.........................................................616
700-سوئال: ۋىدالىشىش ھەججى.......................................................621
701-سوئال: ئەڭ ئاخىرقى قوشۇن.......................................................622
702-سوئال: ئاللاھنىڭ دەرگاھىغا سەپەر...............................................622
703-سوئال: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈپەتلىرى....................................625

## ئون ئالتىنچى بۆلۈم. ئىز باسار تۆت خەلىپە ۋە ساھابىلار ھاياتىدىن ئۆرنەكلەر.............629

704-سوئال: ئەڭ توغرا ئىسلامىي رەھبەرلىك شەكلىنىڭ يېگانە ئۆرنىكى، تۆت خەلىپە دەۋرى.........................................................................629
705-سوئال: ھەزرىتى ئەبۇبەكرىنىڭ ھاياتى ۋە گۈزەل پەزىلەتلىرى.......................629
706-سوئال: ھەزرىتى ئەبۇبەكرىنىڭ مۇۋەپپىقىيەتلىك خىزمەتلىرى.......................631
707-سوئال: ھەزرىتى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ھاياتى.............................633
708-سوئال: ھەزرىتى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ پەزەلىتى ۋە مۇۋاپىقىيەتلىك خىزمەتلىرى........................................................................634
709-سوئال: ھەزرىتى ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ھاياتى.............................639
710-سوئال: ھەزرىتى ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ھاياتى..................................642
711-سوئال: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئون ساھابە ھەققىدە جەننەت بىلەن بەرگەن خۇش

بشارىتى.........................................................................................645
712-سوئال: تەلھە ئىبنى ئۇبەيدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ھاياتى ۋە پەزىلىتى.....645
713-سوئال: زۇبەير ئىبنى ئاۋۋام رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ پەزىلىتى......................646
714-سوئال: سەئد ئىبنى ئەبۇ ۋەققاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ھاياتى ۋە پەزىلىتى...648
715-سوئال: سەئد ئىبنى زەيد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ پەزىلىتى..........................650
716-سوئال: ئابدۇراھمان ئىبنى ئەۋف رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ھاياتى ۋە پەزىلىتى...650
717-سوئال: ئەبۇ ئۇبەيدە ئىبنى جەرراھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ھاياتى ۋە پەزىلىتى...653
718-سوئال: ئەھلى بەيتنىڭ كىملىكى......................................................654
719-سوئال: ئابباس ئىبنى ئابدۇلمەتەللىب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ پەزىلىتى.......655
720-سوئال: جەئفەر ئىبنى ئابدۇلمەتەللىب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ھاياتى ۋە پەزىلىتى...655
721-سوئال: ھەسەن ئىبنى ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ پەزىلىتى.........................657
722-سوئال: ھۇسەين ئىبنى ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ پەزىلىتى........................658
723-سوئال: ئۇممۇل مۇئمىنىن خەدىجە كۇبرا رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ پەزىلىتى...........658
724-سوئال: فاتىمە بىنتى مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ھاياتى ۋە پەزىلىتى...........................................................................................658
725-سوئال: ئۇممۇل مۇئمىنىن ئائىشە سىددىق رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ ھاياتى ۋە پەزىلىتى..........................................................................................667
726-سوئال: ئۇممۇل مۇئمىنىن زەينەپ بىنتى جەھش رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ پەزىلىتى...669
727-سوئال: ئۇممۇل مۇئمىنىن سەفىيە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ پەزىلىتى....................669
728-سوئال: ئۇممۇل مۇئمىنىن ئۇممۇ سەلەمە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ ھاياتى ۋە پەزىلىتى...669
729-سوئال: ئەسما بىنتى ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ ھاياتى ۋە پەزىلىتى.........671
730-سوئال: ئۇسامە ئىبنى زەيد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ھاياتى ۋە پەزىلىتى............674
731-سوئال: زەيد ئىبنى سابىت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ھاياتى ۋە پەزىلىتى............676
732-سوئال: ئەممار ئىبنى ياسىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ پەزىلىتى.......................677
733-سوئال: ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ھاياتى ۋە پەزىلىتى.......678
734-سوئال: ھۇزەيفە ئىبنى يەمانى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ھاياتى........................679
735-سوئال: سەئد ئىبنى مۇئاز رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ پەزىلىتى.........................680
736-سوئال: ئابدۇللا ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ ھاياتى ۋە پەزىلىتى...681
737-سوئال: ئابدۇللاھ ئىبنى ئۇمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ ھاياتى............682
738-سوئال: بىلال ئىبنى رەباھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ پەزىلىتى........................684
739-سوئال: سەلمان فارسي رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ھاياتى..............................685

740-سۇئال: ئەبۇ مۇسا ئەشئەرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ھاياتى..........................686
741-سۇئال: بەرا ئىبنى مالىك ئەنسارىي رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ھاياتى ۋە پەزىلىتى...687
742-سۇئال: ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ھاياتى ۋە پەزىلىتى..............689
743-سۇئال: خالىد ئىبنى ۋەلىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ پەزىلىتى...................691

**ئون يەتتىنچى بۆلۈم. مەزھەب ۋە دىن ھەققىدىكى مەسىلىلەر.............692**

744-سۇئال: مەزھەب ئۇقۇمى........................................................692
745-سۇئال: مەزھەبنىڭ پەيدا بولىشى ۋە ئۇنىڭ سەۋەبى...............................692
746-سۇئال: ئىسلام دۇنياسىدىكى مەزھەبلەر.......................................693
747-سۇئال: ئەھلى سۈننە مۇسۇلمانلىرىنىڭ تارقالغان دۆلەتلىرى.......................693
748-سۇئال: ئىسلام دۇنياسىدىكى ئېتىقادىي مەزھەبلەرنىڭ ئەڭ مەشھۇرلىرى..694
749-سۇئال: ئەھلى سۈننە مۇسۇلمانلىرى ئارىسىدا دەۋر سۈرۋاتقان فىقھى مەزھەبلەر.......................................................................694
750-سۇئال: ھەنەفىي مەزھىبى......................................................694
751-سۇئال: ئىمام ئەزەمنىڭ ئىسلام فىقھشۇناسلىقىدىكى مەرتىبىسى..................695
752-سۇئال: مالىكىي مەزھىبى ۋە ئۇنىڭ پېشۋاسى ئىمام مالىك........................695
753-سۇئال: مالىكىي مەزھىبىنىڭ مەيدانغا كېلىشى ۋە تارقالغان دائىرىسى...........695
754-سۇئال: شافىئىي مەزھىبى ۋە ئۇنىڭ قۇرغۇچىسى ئىمام شافىي......................696
755-سۇئال: ئىمام شافىينىڭ كونا يېڭى مەزھەبلىرى ۋە تارقالغان رايونلار...........696
756-سۇئال: ھەنبەلىي مەزھىبى ۋە ئىمام ئەھمەد.....................................696
757-سۇئال: ھەنبەلىي مەزھىبىنىڭ تارقالغان رايونلىرى ۋە مەزھەپ ئاساسى.............697
758-سۇئال: بىزنىڭ فىقھى مەسىلىلىرىدىكى مەزھىبىمىز..............................697
759-سۇئال: ھازىرقى شىئەلەرنىڭ ئومومى سانى ۋە شىئەلەر تارقالغان دۆلەتلەر.............697
760-سۇئال: ئىماملىقنى ياقىلايدىغان شىئەلەر(ئون ئىككى ئىماملار)نىڭ ئېتىقاد قارىشى..................................................................698
761-سۇئال: ئىماملارنىڭ پىكىر ئېقىم ۋە ئېتىقادلىرى..................................698
762-سۇئال: ھازىر دۇنيادىكى دىنلار ۋە ئۇلارنىڭ مەشھۇرلىرى.........................698
763-سۇئال: ئەڭ كۆپ مۇسۇلمان بار دۆلەتلەر........................................699
764-سۇئال: خرىستىئان دىنى ئوقۇمى.................................................699
765-سۇئال: ساماۋى دىنلارنىڭ ئەسلى ئەقىدىسىنىڭ بىر ئىكەنلىكى...................700
766-سۇئال: ئەڭ كۆپ خرىستىئان ياشايدىغان دۆلەتلەر...............................700
767-سۇئال: يەھۇدىي دىنى ئاتالغۇسى................................................700

768-سوئال: ئىسرائىل ئەۋلاتلىرى........................................................700
769-سوئال: يەھۇدىيلار ئەڭ كۆپ يەرلەشكەن دۆلەتلەر.......................................701
770-سوئال: كېلەچەك ئىسلامغا مەنسۇپ...................................................701
**ئون سەككىزىنچى بۆلۈم: تەسەۋۋۇفنىڭ بايانى...................................703**
771-سوئال: تەسەۋۋۇف ئۇقۇمى ۋە ماھىيىتى..............................................703
772-سوئال: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن ساھابىلەرنىڭ تەسەۋۋۇپتىكى ئۆرنەكلىرى...703
773 -سوئال: دەسلەپكى دەۋردىكى تەسەۋۋۇپچىلار ۋە ئۇلارنىڭ پىشۋالىرى.............704
774-سوئال: ئىسلامنىڭ دەسلىپىدىكى زاھىدلىقنىڭ ئاساسى.................................704
775-سوئال: پىقھى ۋە ئۇنىڭ مەقسىدى..................................................704
776-سوئال: پىقھى بىلەن تەسەۋۋۇفنىڭ پەرقى ۋە مۇناسىۋىتى...............................705
777-سوئال: تەرىقەتنىڭ مەقسىدى.......................................................706
778-سوئال:تەرىقەتنىڭ يولى...........................................................706
779-سوئال: قۇرئان كەرىمنىڭ، روھنى پاك قىلغان ئادەمنىڭ مەقسەت مۇرادىغا يېتىدىغانلىقى توغرىسىدىكى بايانلىرى.......................................................707
780-سوئال: ئاللاھنىڭ ئىنسانلارغا پاك نەرسىلەرنى رىزىق قىلىپ بەرگەنلىكى توغرىسىدىكى قۇرئان كەرىمنىڭ بايانلىرى.................................................707
781-سوئال: ئاللاھنىڭ پاك بولغۇچىلارنى دوست تۇتىدىغانلىقى توغرىسىدىكى قۇرئان كەرىمنىڭ بايانلىرى........................................................707
782-سوئال: ئاللاھنىڭ پاك بولغۇچىلارنى جەننەت بىلەن مۇكاپاتلايدىغانلىقى توغرىسىدىكى قۇرئان كەرىمنىڭ بايانلىرى.................................................708
783-سوئال: نىيەتنىڭ ئەمەل ئىبادەتتىكى موھىم ھالقا ئىكەنلىكى...........................708
784-سوئال: ئىخلاسنىڭ ئەمەل ئىبادەتتىكى موھىم ھالقا ئىكەنلىكى.........................709
785-سوئال: زىكرىنىڭ مەنىسى..........................................................710
786-سوئال: زىكرىنىڭ شەرتى...........................................................710
787-سوئال: نېمە ئۈچۈن قۇرئاندا ھەر قېتىم زىكرى تىلغا ئېلىنغاندا كۆپ قىلىش دېگەن ئىبارە بىرگە كېلىدۇ؟.................................................................710
788 -سوئال: زىكرىنىڭ پەزىلىتى توغرىسىدىكى قۇرئان كەرىمنىڭ بايانلىرى ۋە زىكرىنىڭ مۇۋاپىقىيەت قازىنىشنىڭ ئاساسى ئىكەنلىكى........................................711
789-سوئال: زىكردىن يىراق بولغۇچىلارنىڭ يامان ئاقىۋىتى...............................711
790-سوئال: ئاللاھنى زىكىر قىلىشنىڭ پايدىلىرى........................................711
791-سوئال: زىكرىنىڭ تۈرلىرى.........................................................712

792-سۇئال: زىكرنىڭ پەزىلىتى............................................................714
793-سۇئال: زىكرنىڭ ئەدەپلىرى............................................................718
794-سۇئال: زىكرنى تەرك ئېتىشنىڭ گۇناھى..............................................719
795-سۇئال: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تەلىم بەرگەن زىكىر تەسبىھلەر....................719
796-سۇئال: قۇرئان تىلاۋەت قىلىشنىڭ پەزىلىتى..........................................720
797-سۇئال: ئىستىغپار ئېيتىشنىڭ پەزىلىتى...............................................720
798-سۇئال: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۇممەتلىرىنى كۆپ ئىستىغپار ئېيتىشقا رىغبەتلەندۈرگەنلىكى............................................................721
799-سۇئال: سەييىدۇل ئىستىغپارنىڭ پەزىلىتى...........................................721
800-سۇئال: تەسبىھ، ھەمدى، تەكبىر ئېيتىشنىڭ پەزىلىتى..................................721
801-سۇئال: كەلىمە تەۋھىدنى ئوقۇشنىڭ پەزىلىتى.........................................722
802-سۇئال: كىلىمە تەمجىدنى ئوقۇشنىڭ پەزىلىتى........................................723
803-سۇئال: دۇئادىن باش تارتقۇچىلارنىڭ جەھەننەمگە مۇپتىلا بولىدىغانلىقى.........723
804-سۇئال: دۇئانى كۆپ قىلىشنىڭ پەزىلىتى..............................................723
805-سۇئال: توغرا نىيەتتە قىلىنغان دۇئانىڭ ئىجابەت بولىدىغانلىقى...............724
806-سۇئال: تەھلىل ئوقۇشنىڭ پەزىلىتى...................................................724
807-سۇئال: مۆئمىنلەرنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا دۇرۇد ئېيتىشقا بۇيرۇلغانلىقى...724
808-سۇئال: دۇرۇد ئېيتىشنىڭ پەزىلىتى......................................................725
809-سۇئال: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا دۇرۇد يوللىمىغان كىشىنىڭ جەننەت يولىدىن ئاداشقان، بېخىللار قاتارىدىن بولىدىغانلىقى............................................725
810-سۇئال: ئاللاھنى زىكىر قىلمىغان كىشىنىڭ ھەسرەت ۋە چەكسىز پۇشايمانغا قالىدىغانلىقى............................................................725
811-سۇئال: ئاللاھنى زىكىر قىلىشنىڭ پەزىلىتى...........................................726
812-سۇئال: زىكىر ئېيتىشنىڭ ئۇسۇلى.......................................................726
813-سۇئال: زىكرىنىڭ پايدىلىرى...........................................................727
814-سۇئال: ئېتىكافنىڭ مەنىسى.............................................................729
815-سۇئال: ئېتىكافنىڭ ۋاقتى ۋە ھۆكۈمى...................................................729
816-سۇئال: ئېتىكافنىڭ ھىكمىتى...........................................................729
817-سۇئال: ئېتىكافتا ئولتۇرۇشنىڭ پايدىلىرى............................................730
818-سۇئال: ئېتىكافنىڭ بۇيرۇلۇشى.........................................................730
819-سۇئال: ئېتىكافنىڭ تۈرلىرى............................................................731

820-سوئال: ئېتىكافنىڭ شەرتلىرى..........................................731
821-سوئال: ئېتىكافنىڭ ئەدەب – يوسۇنلىرى......................................733
822-سوئال: ئېتىكافنى بۇزىدىغان ۋە بۇزمايدىغان ئىشلار..............................733
823-سوئال: ئېتىكاپ قىلغان كىشى ئۈچۈن مەنئى قىلىنغان ئىشلار........................735
924-سوئال: ئېتىكاپ قىلىدىغان كىشى ئۈچۈن پەزىلەتلىك ۋاقىتلار..........................735
825-سوئال: ئىمان ئاجىزلىقىنىڭ ئالامەتلىرى.........................................735
826-سوئال: ئىمان ئاجىز بولۇپ قىلىشىنىڭ سەۋەبلىرى...................................737
827-سوئال: ئىماننى كۈچەيتىش، مۇستەھكەملەش ئۇسۇللىرى..............................737
828-سوئال: روھنىڭ غىزاسى - نەپلە ئىبادەت.........................................741
829-سوئال: نەپلە نامازنىڭ ھۆكۈملىرى................................................742
830-سوئال: نەپلە نامازنىڭ موھىملىرى ۋە پەزىلىتى.....................................742
831-سوئال: نەپلە روزا تۇتىدىغان پەزىلەتلىك ۋاقىتلار....................................744
832-سوئال: خەيرى ئېھسان قىلىنىدىغانلارنىڭ دەرىجىسى................................744
833-سوئال: تەرىقەت ئەھلىنىڭ ئاساسلىق سۈپەتلىرى.....................................745
834-سوئال: يوقسۇللۇق ۋە قانائەتچانلىقنىڭ پەزىلىتى......................................745
835-سوئال: سەبىرچانلىقنىڭ پەزىلىتى...................................................746
836-سوئال: مۇئمىنلەرنىڭ ئەپۈچان بولۇشقا بۇيرۇلغانلىقى..................................746
837-سوئال: رەھىمدىللىك، ھەلىملىكنىڭ پەزىلىتى.......................................747
838-سوئال: ئاددى ساددا ياشاشنىڭ ئىماننىڭ جۈملىسى ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ خىسلىتى ئىكەنلىكى.........................................................748
839-سوئال: ئەھلى سالىھلارنىڭ نەزىرىدىكى تەۋبىنىڭ مەرتىبىسى...........................748
840-سوئال: ئىستىغفار ۋە تەۋبىنىڭ ئەھمىيىتى..........................................749
841-سوئال: تەۋبە دەرۋازىسىنىڭ تاكى قىيامەتكىچە ئوچۇق ئىكەنلىكى ۋە ئاللاھنىڭ گۇناھلارنى مەغپىرەت قىلغۇچى ئىكەنلىكى..................................................749
842-سوئال: تەۋبىنىڭ قوبۇل بولۇشىنىڭ شەرتلىرى.......................................750
843-سوئال: تەرىقەت ۋە سوفى ئۇقۇمىنىڭ مەزمۇن تەبىرى...............................751
844-سوئال: توغرا يولدىكى تەرىقەت ئەھلىنىڭ سۈپىتى....................................752
845-سوئال: تەرىقەتكە ئەسلى مەنبەدىن ئومومى نوقتىدىن قاراش توغرىسىدا.......755
**ئون توققۇزىنچى بۆلۈم. ئىسلام قانۇنىنىڭ مەنبەسى ۋە پىرىنسىپى ..............756**
846-سوئال: ئىسلام قانۇنشۇناسلىقىنىڭ ئاساسىي مەنبەلىرى.................................756
847-سوئال: ئىسلام قانۇنشۇناسلىقى مەنبەلىرى تايىنىدىغان دەلىل پاكىتلارنىڭ

دەرىجىسى..........................................................................756
848-سوئال: قۇرئان كەرىمنىڭ ئىسلام قانۇنشۇناسلىقىنىڭ بىرىنچى ئاساسى ئىكەنلىكى..........................................................................756
849-سوئال: ھەدىس ياكى سۈننەتنىڭ ئىسلام قانۇنشۇناسلىقىنىڭ ئىككىنچى ئاساسى ئىكەنلىكى..........................................................................757
850-سوئال: ئىجتىھادنىڭ ئىسلام قانۇنشۇناسلىقىنىڭ ئۈچىنچى ئاساسى ئىكەنلىكى...758
851-سوئال: قىياس ئۇقۇمى..........................................................................758

**يىگىرمىنچى بۆلۈم. ئىسلام قانۇنىدىكى ھالال-ھارام مەسىلىلىرىنىڭ بايانى.....758**

852- سوئال: ھالال ھارام تۈزۈمىنىڭ يولغا قويۇلۇشى..........................................758
853- سوئال: ھالال ھارام ئىنسان ئۈستىگە ئالغان ئەڭ چوڭ ئامانەت ۋە سىناق.......759
854- سوئال: ھالال - ھارام ئۇقۇمى..........................................................759
855- سوئال: ھەرقانداق نەرسە ئەسلىدە ھالالدۇر..........................................760
856- سوئال: ھالال، ھارامدىن كۆپتۇر..........................................................760
857- سوئال: ھالال ياكى ھارام قىلىش، يالغۇز ئاللاھنىڭلا ھەققىدۇر...................761
858- سوئال: ھالال ھارامنى بەلگىلەشنىڭ ھىكمىتى..........................................762
859- سوئال: ھالالدا ھارامغا مۇھتاج بولۇپ قالمايدىغان دەرىجىدە يېتەرلىك نەرسىلەر بار..........................................................................762
860- سوئال: ھارامغا ئېلىپ بارىدىغان ھەرقانداق نەرسە ھارام..........................763
861- سوئال: ھارامنى ھالال قىلىش ئۈچۈن ھىلە ئىشلىتىش ھارامدۇر...................763
862- سوئال: ھارامنى قىلىپ سالماسلىق ئۈچۈن گۇمانلىق نەرسىلەردىن ساقلىنىش كېرەك..........................................................................764
863- سوئال: ھارام ھەممە كىشىگە ئوخشاش ھارامدۇر......................................765
864-سوئال: ھارام ۋە ھارامدا ئىھتىيات قىلىش..........................................766
865-سوئال: مۇباھ ئۇقۇمى..........................................................................766
866- سوئال: زۆرۈرىيەت چەكلەنگەن نەرسىلەرنى مۇباھ قىلىدۇ.........................766
867-سوئال: ئىسلام دىنىدىكى بەش زۆرۈرىيەت..........................................768
868-سوئال: زۆرۈرىيەت ئۇقۇمى..........................................................768
869-سوئال: پەتۋانىڭ ئۆزگىرىشىنىڭ ئىللەتلىرى.......................................768
870-سوئال: پەتۋا كىشىلەرنىڭ ئەخلاقىنىڭ ئۆزگىرىشى بىلەن ئۆزگىرىدۇ..............768
871- سوئال: يېمەك - ئىچمەكلەردىكى ھالال ۋە ھارامنى بىلىشنىڭ زۆرۈرلىكى........769
872- سوئال: ھالال نەرسىلەرنى ئىستېمال قىلىشنىڭ پايدىلىرى.........................770

873- سۇئال: قاچىلانغان يېمەكلىكلەرنى سېتىۋالغاندا نىملەرگە دىققەت قىلىش كېرەك؟.......................................................................................770
874- سۇئال: سەپەردە نېمىلەرگە دىققەت قىلىش كېرەك؟...............................771
875- سۇئال: يېمەك ـ ئىچمەكلەردىن يېيىش هارام قىلىنىپ چەكلەنگەنلىرى......771
876- سۇئال: ئۆلۈك هايۋانلاردىن بېلىق ۋە چېكەتكە هالال......................................772
877- سۇئال: هارلال هارام مەسىلىسىدىكى زۆرۈرىيەت هالىتى................................772
878- سۇئال: دورا زۆرۈرىيىتى.......................................................................773
879- سۇئال: هارام بولغان بىر نەرسىنى دورا ئورنىدا ئىستېمال قىلىشنىڭ شەرتلىرى...774
880- سۇئال: دېڭىز هايۋانلىرىنىڭ هەممىسى هالالدۇر.......................................774
881- سۇئال: يېيىلىشى هالال بولغان قۇرۇقلۇق هايۋانلىرى ۋە شەرئىي بوغۇزلاش شەرتلىرى.......................................................................................775
882- سۇئال: بوغۇزلىغاندا بىسمىللاھ دېيىشنىڭ هېكمىتى...............................776
883- سۇئال: سۇيۇقلۇقلاردىن هارام قىلىنغانلىرى...........................................777
884-سۇئال: ئىسلامدىكى ئاساسلىق جازا تۈرلىرى.............................................778
885-سۇئال: جازالارنىڭ، توسقۇچى ۋە كاپپارەت ئىكەنلىكىنىڭ بايانى.................778
886-سۇئال: قىساسنىڭ يولغا قويۇلىشىنىڭ بايانى.........................................778
887- سۇئال: جازانە ئۇقۇمى.........................................................................779
888- سۇئال: جازانىنىڭ هارام قىلىنىشىنىڭ بايانى.........................................779
889- سۇئال: جازانىخورلۇقنىڭ هارام قىلىنىشىنىڭ هېكمىتى.........................780
890- سۇئال: هاراقنىڭ هۆكۈملىرى...............................................................780
891- سۇئال: هاراقنىڭ ئاساسلىق زىيانلىرى...................................................781
892- سۇئال: زىيانلىق هەرقانداق نەرسىنى يېيىش ۋە ئىچىش هارامدۇر.............782
893- سۇئال: كىيىم كىيىشنىڭ مەقسىدى ۋە زۆرۈرىيىتى..................................782
894- سۇئال: پاكىزلىقنىڭ ئىسلامدىكى ئورنى.................................................783
895- سۇئال: مۇسۇلمان ئايالنىڭ كىيىمى.......................................................784
896- سۇئال: ئايالنىڭ ئەرگە ۋە ئەرنىڭ ئايالغا ئوخشىۋېلىشى.............................784
897- سۇئال: ئۆسمۈرلۈك دەل-دەرەخ قاتارلىق جانسىز مەنزىرلەرنى سىزىشنىڭ هۆكۈمى توغرىسىدىكى قاراشلار.................................................................785
898- سۇئال: فوتو ئاپپارات سۈرەتلىرى هەققىدە..............................................788
899- سۇئال: ئىنسانىنىڭ ئىززىتى ـ ئىشلەشتە...............................................789
900- سۇئال: زىرائەت تىرىش ۋە كۆچەت تىكىشنىڭ پەزىلىتى............................790

901- سوئال: ھارام قىلىنغان زىرائەت........790

902- سوئال: تاماكا قانداق نەرسە؟........791

903- سوئال: تاماكىنىڭ كىچىك بالىلارغا بولغان يامان تەسىرى........791

904- سوئال: تاماكىنىڭ تەن ساقلىقىغا بولغان زىيانلىرى........791

905- سوئال: تاماكا چېكىشنىڭ دىنىي جەھەتتىكى زىيىنى........792

906- سوئال: تاماكىنىڭ خاراكتېرغا بولغان زىيىنى........792

907- سوئال: تاماكا چېكىشنى ئۆگىنىپ قېلىشتىن ساقلىنىش تەدبىرلىرى........793

908- سوئال: بالىلارنى تاماكا چېكىشنى ئۆگىنىپ قېلىشتىن ساقلاش ئۇسۇلى........793

909- سوئال: سانائەت ۋە ھۈنەر - كەسپلەرنىڭ ھۆكۈمى........794

910- سوئال: ھۈنەر كەسپىنىڭ ئىسلامدىكى ئورنى........795

911- سوئال: تىجارەت يولى بىلەن تىرىكچىلىك قىلىشنىڭ ئىسلامدىكى ئورنى........796

912- سوئال: ھارام قىلىنغان تىجارەت........796

913- سوئال: ئالدامچىلىق ۋە ئۇنىڭ ھۆكۈمى........796

914- سوئال: سودا - سېتىق ئىشلىرىدىكى ئالدامچىلىق تۈرلىرى........797

915- سوئال: ئىجتىمائىي ھاياتتىكى ئالدامچىلىق تۈرلىرى........798

916- سوئال:ئالدامچىلىقنىڭ قانداق زىيانلىرى بار؟........798

917- سوئال: ئاتا ـ ئانىنى قاخشاتماق چوڭ گۇناھلارنىڭ بىرى........799

918- سوئال: ئاتا ـ ئانىلارنىڭ تىللىنىشىغا سەۋەب بولۇش چوڭ گۇناھلاردىن........800

919- سوئال: مۇشرىك ئاتا ـ ئانا ھەققىدە........800

920- سوئال: تېلېۋىزور كۆرۈش مەسىلىسى........801

921- سوئال: كۆرۈش كەسكىن ھارام بولىدىغان تېلېۋىزور پروگراممىلىرى........802

922- سوئال: كۆرۈش تەشەببۇس قىلىنىدىغان پروگراممىلار........802

923- سوئال: كىنو ۋە سەھنە ئويۇنلىرىنىڭ ھۆكۈمى........802

924- سوئال: ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋېلىش........803

925- سوئال: سوۋغا سالام بېرىشنىڭ جائىز بولۇشى........804

926- سوئال: كىشىنىڭ ئۆز مال - مۈلكىنى ئىسراپ قىلىشى ھارامدۇر........805

927- سوئال: شېرىك ۋە ئۇنىڭ تۈرى........805

928- سوئال: شېرىكۇلئەكبەرنىڭ ئالامەتلىرى........806

929- سوئال: شىركۇلئەكبەرنىڭ ھۆكمى........809

930- سوئال: شىركۇلئەسغەرنىڭ ئالامەتلىرى........810

931- سوئال: شېركۇلئەسغەرنىڭ ھۆكمى........811

932- سوئال: غەيرى مۇسۇلمانلار غا ئوخشىۋېلىش........811

933- سوئال: غەيرى مۇسۇلمانلارغا ئوخشىۋېلىش ئىقمىنىڭ تۈرلىرى............811

## يىگىرمە بىرىنچى بۆلۈم . ئىسلام دىنىدىكى ھۆكۈمدارلىق تۈزۈملىرى..............814

934-سوئال: مۇسۇلمانلار ئۈچۈن باشلىقنىڭ زۆرۈرلۈكى..............................814
935-سوئال: ئىسلام دىنىدىكى ھۆكۈمدارلىقنىڭ شەرتلىرى..........................814
936-سوئال: مۇسۇلمانلارغا باشلىق بولىدىغان ئادەمنىڭ شەرتلىرى.....................815
937-سوئال: ئىسلام دولىتىنىڭ ئاساسي قانۇنى..............................................815
938-سوئال: ئىسلام دۆلىتىنىڭ تۇنجى رەئىسى...................................................815
939-سوئال: تۇنجى ئىسلام دۆلىتىنىڭ ئادالەتپەرۋەرلىكى.................................816
940-سوئال: ئىسلام خەلىپىلىرىنىڭ ئادالەتپەرۋەرلىكى.......................................818
941-سوئال: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ زامانىدىكى كېڭەش ئەزالىرى..............819
942-سوئال: كېڭەش قىلىشنىڭ ماۋزۇسى........................................................819
943-سوئال: ئىسلام خەلىپىلىكلىرى ۋە دەۋر سۈرگەن زامانى.................................819
944-سوئال: خۇلەپائى راشىدىنلەر دەۋرى ۋە ئۇلارنىڭ خەلىپىلىرى.........................819
945-سوئال: ئەمەۋىيلەر دەۋرى..................................................................820
946-سوئال: ئەمەۋىيلەر دەۋرىدىكى ئىسلام دۆلىتى.............................................820
947-سوئال: ئابباسىيلار دەۋرى....................................................................821
948-سوئال: ئابباسىيلار دەۋرىدىكى ئىسلام دۆلىتى..............................................821
949-سوئال: ئوسمانىيلار دەۋرى....................................................................821
950-سوئال: ئوسمانىيلار دەۋرىدىكى ئىسلام دولىتى..............................................822
951-سوئال: جىھادنىڭ مەنىسى....................................................................822
952-سوئال: جىھادنىڭ ھۆكمى.....................................................................823
953-سوئال: جىھادنىڭ قانداق شارائىتتا پەرز ئەينىگە ئايلىنىدىغانلىقى...................824
954-سوئال: ئىسلامي جىھادنىڭ پرىنسىپلىرى....................................................824
955-سوئال: جىھادنىڭ پەزىلىتى..................................................................825
956-سوئال: شەھىدلىكنىڭ پەزىلىتى...............................................................828
957-سوئال: قانداق كىشىلەرنىڭ شەھىد ھىساپلىنىدىغانلىقى..................................829
958-سوئال: ئىسلامدىن كاپىرلىققا چىقىرىدىغان ئىشلارنىڭ بايانى..........................830
959-سوئال: ئىسلام تۈزۈمى ئۇقۇمى...............................................................831
960-سوئال: خەلىپە ئۇقۇمىنىڭ مەيدانغا كېلىشى................................................831
961-سوئال: ئەمرۇلمۇئمىنىن ئاتالغۇسىنىڭ قوللىنىلىشى.......................................832
962-سوئال: ئىسلامنىڭ ھازىرقى ھاكىمەت ئاتالغۇسى مەسىلىسى..........................833

963-سۇئال: خەلپىلىك ئۇقۇمىنىڭ مەنىسى.............................................833
964-سۇئال: ئىسلامدا خەلپىنى ۋۇجۇتقا كەلتۈرۈش شەكلى..........................834
965-سۇئال: خەلپىنى ھەر خىل ناملار بىلەن ئاتاشقا بولىدىغانلىقى......................834
966-سۇئال: بەيئەت چۈشەنچىسى..........................................................835
967-سۇئال: بەيئەتنىڭ شەكىللىرى.......................................................835
**يىگىرمە ئىككىنچى بۆلۈم . ئىسلام مەدەنىيىتى.......................................836**
968-سۇئال: ئىسلامدىكى مەدەنىيەت ئۇقۇمى.............................................836
969-سۇئال: ئىمان مەدەنىيەتنىڭ قۇتقۇزغۇچىسى.......................................836
970-سۇئال: رەببانىيەت تەربىيەسىنىڭ موھىملىقى.......................................837
971-سۇئال: ئىماننىڭ مەنىسى.............................................................838
972-سۇئال: ئىسلام تەربىيىسىدىكى ئىبادەتنىڭ مەنىسى...............................838
973-سۇئال: ئۇستاز ھەسەنۇل بەننا رەھمەتۇللاھى ئەلەيھىنىڭ ئاساسلىق 10 ۋەسىيتى.....840
974-سۇئال: ئىسلامدا ئايالنىڭ موھىملىقى................................................841
975-سۇئال: مۇسۇلمان ئايالنىڭ بىلىم ئېلىشىنىڭ زۆرۈرلىكى ھەققىدىكى ئۆرنەكلەر...841
976-سۇئال: ئايالنىڭ جاھىلىيەتتىكى خار ۋە بىچارەلىكى..............................842
977-سۇئال: ئىسلامنىڭ ئايالنى ئەزىز قىلىشى..........................................843
978-سۇئال: ئاياللارنىڭ ئىسلامدىكى ئورنى..............................................844
979-سۇئال: كاپىر دۆلەتلىرىنىڭ ئاياللارنى پەس كۆرۈشى..............................844
980-سۇئال: مەسجىدى ھەرەم.............................................................845
981-سۇئال: زەمزەم سۈيى.................................................................846
982-سۇئال: زەمزەم سۈيىنىڭ خۇسۇسىيەتلىرى...........................................846
983-سۇئال: قىبلىنىڭ كەبىگە ئۆزگەرتىلىشى............................................846
984-سۇئال: نامازدا قىبلىگە يۈزلىنىشنىڭ سىرى.......................................847
985-سۇئال: ھەجەرۇلئەسۋەد...............................................................847
986-سۇئال: ھەجەرۇل ئەسۋەدنى سۆيۈشنىڭ ھۆكمى..................................848
987-سۇئال: مەدىنە مۇنەۋۋەرە شەھرى...................................................848
988-سۇئال: مەسجىدى نەبەۋى............................................................849
989-سۇئال: ھازىرقى مەسجىدى نەبەۋى..................................................850
990-سۇئال: مەسجىدى ئەقسا ھەققىدە مەلۇمات.......................................851
991-سۇئال: ئەڭ دەسلەپ سېلىنغان مەسجىد ئاتۇش جامەسى.........................852
992-سۇئال: ئەڭ مەشھۇر مەسجىد قەشقەر ھېيتكار جامەسى..........................852

993-سۇئال: ئەڭ قەدىمى ئىسلام ئالىي بىلىمگاھى ئەزھەر بىلىم يۇرتى.....................853
994-سۇئال: دارۇلھەدىس خەيرىيەت بىلىمگاھى.............................................854
995-سۇئال: دارۇلھەدىس بىلىمگاھىغا قوبۇل قىلىش شەرتلىرى...........................855
996-سۇئال: ئۇممۇلقۇرا ئۇنىۋېرسىتېتى..................................................856
997-سۇئال: ئۇممۇلقۇرا ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ فاكۇلتېتلىرى.................................856
998-سۇئال: مۇھەممەد ئىبنى ئەلى سەنۇسى ئۇنىۋېرسىتېتى...............................857
999-سۇئال: مەدىنە ئىسلام ئۇنىۋېرسىتېتى..............................................857
1000-سۇئال: مەدىنە ئىسلام ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ تەمىنلىشى...............................857
1001-سۇئال: مەدىنە ئىسلام ئۇنىۋېرسىتېتىغا قوبۇل قىلىش شەرتلىرى.....................858
1002-سۇئال: تۈركىيىدىكى ئىلاھىيات فاكۇلتېتلىرى....................................859
1003-سۇئال: ئىلاھىيات فاكۇلتېتلىرىنىڭ دەرسلىكلىرى...................................859
1004-سۇئال: مالايشىيا خەلقئارا ئىسلام ئۇنىۋېرسىتېتى.................................860
1005-سۇئال: ئىسلام ئاباد خەلقئارا ئۇنىۋېرسىتېتى.....................................860
1006-سۇئال: ئىمان ئۇنىۋېرسىتېتى......................................................861
1007-سۇئال: ئامېرىكا ئۇچۇق ئۇنىۋېرسىتېتى............................................861
1008-سۇئال: قەشقەر خانلىق مەدرەسە...................................................861
1009-سۇئال: قەشقەر« ساچىيە »مەدرەسەسى.............................................862
1010-سۇئال: قەشقەر ساقىيە مەدرەسەسى................................................863
1011-سۇئال: ھىجرىيە يىلنامىسى ئۇقۇمى................................................864
1012-سۇئال: ئەرەپلەرنىڭ بۇرۇنقى يىلنامىرى..........................................864
1013-سۇئال: ھىجرىيە يىلنامىسىنىڭ مەيدانغا كېلىشى...................................864
1014-سۇئال: ئىسلامدا ھىجرىيە يىلنامىسىنىڭ قوللىنىشى...............................865
1015-سۇئال: ئۇيغۇر ئېلىدە ھىجرىيە يىلنامىسىنىڭ قوللىنىلىشى.........................865
**يىگىرمە ئۈچىنچى بۆلۈم. ئىسلام ئىقتىسادشۇناسلىقى..........................866**
1016-سۇئال:ئىسلام ئىقتىسادشۇناسلىقىنىڭ مەقسىدى...................................866
1017-سۇئال: ئىنسانلارنىڭ بەخت سائادەتكە ئېرىشىش ۋاستىلىرى........................866
1018-سۇئال: ئىسلامدىكىلى ئەڭ تۆۋەن تۇرمۇش مەئىشەتلىرى............................866
1019-سۇئال: ئىسلام ئىقتىسادىنىڭ خۇسۇسىيەتلىرى....................................866
1020-سۇئال: پۇل مالنى قانداق سەرپ قىلىش كېرەك؟..................................870
1021-سۇئال: ئىشلەپچىقىرىشنىڭ مەقسىدى..............................................871
1022-سۇئال: سەرمايە ۋە ئۇنىڭ ماھىيىتى..............................................872

1023-سۇئال: ئەمگەك دېگەن نېمە؟.........................................................872
1024-سۇئال: سىرتقا چىقىپ ئەمگەك قىلماقچى بولغان ئاياللار رىئايە قىلىشى لازىم بولغان شەرتلەر.........................................................................................873
1025-سۇئال: نەفەقە ئۇقۇمى...............................................................873
1026-سۇئال: نەفەقىنىڭ شەرتلىرى......................................................873
1027-سۇئال: نەفەقەنىڭ ئۆزىگە خاس پايدىلىرى.......................................874
1028-سۇئال: زۆرۈر بولغان نەفەقەلەرنىڭ تۈرلىرى.......................................875
1029-سۇئال: ئايالغا بېرىلىدىغان نەپەقەنىڭ شەرتلىرى...............................875
1030-سۇئال: يېقىن ئۇرۇق تۇققانلارغا بېرىلىدىغان نەپەقىنىڭ شەرتلىرى...........875
1031-سۇئال: مەجبۇرى بېرىلىدىغان نەپەقىنىڭ شەرتلىرى.............................876
1032-سۇئال: سەدىقە.......................................................................876
1033- سۇئال: سودا - سېتىق ئۇقۇمى....................................................877
1034- سۇئال: سودا - سېتىقنىڭ ھېكمىتى.................................................877
1035- سۇئال: سودا سېتىقنىڭ موھىملىقى................................................878
1036- سۇئال: سودا - سېتىقنىڭ شەرتلىرى.................................................878
1037- سۇئال: سودا - سېتىق قىلغۇچىلاردا تېپىلىش لازىم بولغان شەرتلەر...........879
1038- سۇئال: ئىنساننىڭ جىسمىنى، ۋە ئەزالىرىنى سېتىشنىڭ ھۆكمى.........879
1039- سۇئال: ئىنساننىڭ قېنىنى سېتىشنىڭ ھۆكمى.........879
1040- سۇئال: بىر-بىرىگە قان بەرگەن ئەر ئاياللارنىڭ توي قىلىشىنىڭ ھۆكۈمى.........879
1041- سۇئال: ئۆسۈم ئاساسىغا قورۇلغان بانكىلارنىڭ ئىشلىرىنىڭ ھاراملىقىنىڭ بايانى..880
1042- سۇئال: قەرز ھۆججەتلىرىنىڭ ھاراملىقىنىڭ بايانى.................................880
1043- سۇئال: شەخسى ھېسابات كارتىسىنىڭ ھۆكۈمى.................................1043
1044- سۇئال: كىرىدىت كارتۇشكىسى بىلەن شەخسى ھېساۋات كارتۇشكىسىنىڭ پەرقى..1043
1045- سۇئال: قوشنىلارغا ئەزىيەت بېرىدىغان كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنىشنىڭ ھۆكۈمى..1045
1046- سۇئال: ئىجارىنىڭ ئۇقۇمى...........................................................882
1047- سۇئال: ئىجارىنىڭ يولغا قويۇلىشىنىڭ بايانى.......................................882
1048- سۇئال: رەنە ۋە ئۇنىڭ يولغا قويۇلۇشى.............................................883
1049- سۇئال: گۆرۈگە قويۇلغان نەرسىنى ساقلاشنىڭ بايانى.............................884
1050- سۇئال: گۆرۈگە قويۇلغان نەرسىنى تاپشۇرۇپ بېرىش...............................884
1051-سۇئال: سۇغۇرتىغا بولغان ئېھتىياج..................................................885
1052-سۇئال: سۇغۇرتىنىڭ تۈرلىرى........................................................885

1053-سوئال: پايدا ئېلىش سوغۇرتىسى........................................................885
1054-سوئال: كاپالەتلىك قىلىش (باغلىنىشلىق) سوغۇرتىسى.................................886
1055-سوئال: ئۆسۈم بانكىسى.......................................................................886
1056-سوئال: ئۆسۈمسىز بانكا (ئىسلام بانكىسى) نىڭ ۋۇجۇتقا كېلىشى...........887
1057-سوئال: ئىسلام بانكىلىرىنىڭ كەڭ قانات يېيىشى ۋە تەرەققى قىلىشىدىكى ئاساسلىق ئامىللار.......................................................................................887
1058-سوئال: پۇل ئامانەت قويۇشنىڭ ھۆكۈملىرى.............................................888
1059-سوئال: زايۇمنىڭ ھۆكۈمى.......................................................................889
1060- سوئال: مۇزارەبەت (ئىش بىلەن دەسمايىنىڭ ھەمكارلىششى) دېگەن نېمە؟...889
1061- سوئال: مۇزارەبەت كېلىشىمگە يول قويۇشنىڭ سەۋەبى..............................890
1062- سوئال: پۇلنى بىسىپ يىتىشنىڭ گۇناھى.....................................................890
1063-سوئال: پەن تېخنىكىنىڭ تەرەققىياتى ئىقتىسادىي گۈللىنىشنىڭ شەرتى ئىكەنلىكى.......................................................................................891

**يىگىرمە تۆتىنچى بۆلۈم. ئىسلامغا قارشى ئىغۋالارغا رەددىيە ....................891**

1064-سوئال: «ئىسلام ئەقىلنى ئىشقا سېلىشقا رۇخسەت قىلمايدىغان، دىنىي پەرمانلارغا مەجبۇرلايدىغان دىندۇر» دېگەن سەپسەتە...............................................891
1065-سوئال: «ئىسلام ـ ئەگەشكۈچىلىرىنى سەۋەب قىلماستىن، تەقدىرگە تەن بېرىپ ئولتۇرۇشقا چاقىرىدۇ» دېگەن سەپسەتە.............................................893
1066-سوئال: «ئىسلامدا ئاياللارنىڭ ھوقۇقى يوق، ئۇلار دەپسەندە قىلىنغان» دېگەن سەپسەتە.......................................................................................894
1067-سوئال: «ئىسلام دىنى ئايال كىشىنى يۈزىنى يۆگەشكە مەجبۇرلاش ئارقىلىق ئىشلەش ۋە ئىلىم ئۆگىنىشتىن چەكلەيدۇ» دېگەن سەپسەتە.............................896
1068-سوئال: «"ھىجاب "تىن ئىبارەت ئايال كىشىنىڭ ئىسلامىي كىيىمى ھازىرقى تېخنىكا، ئىشلەپچىقىرىش زامانىغا ماس كەلمەيدۇ» دېگەن ئىغۋا.........................897
1069-سوئال: ئىسلام دىنى نېمە ئۈچۈن ئەرلەرنى ئالتۇن، يىپەك ئىشلىتىشتىن چەكلەيدۇ؟.......................................................................................898
1070-سوئال: «ئىسلام دىنى ھازىرقى زامان مەدەنىيىتى بىلەن ماسلىشالمايدۇ، چۈنكى مۇسۇلمانلار قالاق، تەرەققىياتتا ئارقىدا قالغان» دېگەن سەپسەتە.....................898
1071-سوئال: ئىسلام دىنى بىرلىك ـ ئىتتىپاقلىققا چاقىرسىمۇ، مۇسۇلمان مىللەتلەر بۆلۈنمىچىلىك ۋە تەپرىقچىلىك ئىچىدە ياشاۋاتقانلىقى مەسىلىسى.............................899
1072-سوئال: «ئىسلامدىكى جىھاد مۇسۇلمانلارنى باشقىلارغا تاجاۋۇز قىلىشقا تەشەببۇس قىلىدۇ»

دېگەن سەپسەتە.......................................................................................900
1073-سۇئال: «ئىسلام دىنى دراما، رەسساملىق، ئويمىچىلىق، ھەيكەلتىراشلىق ۋە ناخشا - مۇزىكىلاردىن ئىبارەت پەن - مەدەنىيەتلەرگە قارشى تۇرىدۇ» دېگەن سەپسەتە......901

بسم الله الرحمن الرحيم

# بىرىنچى بۆلۈم. ئىسلام

## 1-سۇئال: ئاللاھنىڭ دىنى بىردۇر

دىيانەتنىڭ ئاساسى ئىنساننىڭ تۇغۇلۇشىدىن بېرى ئۇنىڭغا ھەمراھ بولۇپ كەلگەن ئەقىدە، ئەقىدىنىڭ نېگىزى ئاللاھنىڭ بارلىقى ۋە بىرلىكىگە چىن ئىشىنىشتۇر. ئىنسانىيەتنىڭ يارىتىلىشى بىلەن بىرگە مەيدانغا كەلگەن ۋە ئادەم ئەلەيھىسسالامدىن مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغىچە بولغان پۈتۈن پەيغەمبەرلەرگە ۋەھيي قىلىنىپ كەلگەن دىن - ئىسلام دىنىدۇر. ھەزرىتى ئادەم ئەلەيھىسسالام زامانىدىن باشلاپ پۈتۈن ئىنسانلارنىڭ سەماۋىي دىنى ئىسلام دىنى.

## 2-سۇئال: «ئىسلام» ئاتالغۇسىنىڭ مەنىسى

«ئىسلام» ئاتالغۇسى ئەرەبچە سۆز بولۇپ، بويۇن ئەگمەك، تەسلىم بولماق، ئىتائەت قىلماق دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ. دىنىمىزنىڭ ئاساسى- ئاللاھقا بويسۇنۇش ۋە قەتئىي ئىتائەت قىلىش ئۇستىگە قۇرۇلغانلىقتىن، ئۇنىڭغا «ئىسلام» دەپ نام بېرىلگەن. بۇ نوقتىنى ئىمام بۇخارى ۋە ئىمام مۇسلىمدىن رىۋايەت قىلىنغان ھەدىستىكى، جىبرىئىل ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىسلام توغرىسىدىكى سۇئالىغا، «پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ: ئىسلام دېگىنىمىز، بىر اللەتىن باشقا ھېچ بىر ئىلاھنىڭ يوقلۇقىغا ۋە مۇھەممەدنىڭ اللەنىڭ ئەلچىسى ئىكەنلىكىگە گۇۋاھلىق بېرىش، ناماز ئوقۇش، زاكات بېرىش، رامزاندا روزا تۇتۇش، ھەرەمگە بېرىشقا قادىر بولالىغانلار ھەج قىلىشتۇر، دېدى.» دەپ جاۋاپ بەرگەنلىكى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ.

## 3-سۇئال: ئىسلام دىنىنىڭ ئالاھىدىلىكى

1 - ئىسلام دىنى ئاللاھ تەرىپىدىن پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئارقىلىق كەلگەن ۋە ئەسلى ھېچ ئۆزگەرمەستىن، كەلگەن پېتى داۋام قىلىۋاتقان بۇ ئارقىلىق باشقا ساماۋىي دىنلارغا خاتىمە بەرگەن ۋە ئىنسانلارغا ئۇنىڭ بىلەن نېمىتىنى تاماملىغان ھەق دىندۇر. ئىسلام دىنىنىڭ مەقسىتى ۋە غايىسى ئىنسانلارنى بۇ دۇنيادا ۋە ئاخىرەتتە بەختكە ئېرىشتۈرۈشتۇر.

2 - ئىسلام دىنى - ئاللاھ ئۇنى تا قىيامەتكىچىلىك پۈتۈن ئىنسانىيەتنىڭ دىنى بولۇشقا تاللىغان بىر دىندۇر.

3- ئىسلام دىنى - ئاللاھقا قوبۇل بولغان بىرلا دىن بولۇپ، بونىڭدىن باشقىسى قەتئىي قوبۇل قىلىنمايدۇ.

4 ـ ئىسلام دىنى ـ پۈتۈن ئىنسانىيەت ئۈنىڭغا ئېتىقاد قىلىشقا چاقىرىلغان دۇنياۋىي دىندۇر.

5 ـ ئىسلام دىنى ـ ئۆزىدىن بۇرۇنقى پۈتۈن ساماۋىي دىنلارنىڭ ئاساسلىق غايىسىنى ئۆزئىچىگە ئالغان، مەقسەتلىرىنى ئورۇنلىغان ۋە ئۆزىنىڭ ھەرقانداق زامان ۋە ھەرقانداق ماكانغا مۇۋاپىق، كىشىلەرنىڭ مەنپەئەتلىرىگە ئويغۇن كېلىشتەك ئالاھىدە خۇسۇسىيىتى بىلەن تونۇلغان، ئەڭ ئىلغار بىر دىندۇر.

6 ـ ئىسلام دىنى ـ ئاللاھ ئۇنىڭغا ھەقىقىي ئېتىقاد قىلغۇچىلارغا ياردەم قىلىدىغانلىقىغا ۋە بۇ دىننى باشقا دىنلاردىن ئۈستۈن قىلىدىغانلىقىغا ۋەدە قىلغان بىردىندۇر.

7 ـ ئىسلام دىنى ـ ئەقىدە ۋە شەرىئەتتىن ئىبارەت بولۇپ ئۇ ، ئەقىدە ۋە شەرىئەتتە ئەڭ تاكامۇللاشقان بىر دىندۇر.

## 4. سۇئال: ئىسلام دىنى مۇسۇلمانلارنى نىمگە بۇيرۇيدۇ؟

1ـ ئاللاھ تائالانىڭ بىر ئىكەنلىكىگە ئېتىقاد قىلىشقا بويرۇيدۇ، ئۇنىڭغا شېرىك كەلتۈرۈشتىن مەنئى قىلىدۇ.

2ـ راستچىللىققا بويرۇيدۇ، يالغانچىلىقتىن مەنئى قىلىدۇ.

3ـ ئادالەتلىك بولۇشقا بۇيرۇيدۇ، ھەقسىزلىك قىلىشتىن مەنئى قىلىدۇ.

4ـ ئىشەنچلىك بولۇشقا بويرۇيدۇ، خىيانەت قىلىشتىن مەنئى قىلىدۇ.

5ـ ۋاپادارلىققا بويرۇيدۇ، ۋاپاسىزلىقتىن مەنئى قىلىدۇ.

6ـ ئاتا ـ ئانىغا ياخشىلىق قىلىشقا بويرۇيدۇ، ئۇلارنى قاخشىتىشتىن مەنئى قىلىدۇ.

7ـ ئۇرۇق ـ تۇغقاتلارغا سىلە ـ رەھىم قىلىشنى بويرۇيدۇ، ئۇنى ئۈزۈپ قويۇشتىن مەنئى قىلىدۇ.

8ـ خوشنىلارغا ياخشىلىق قىلىشقا بويرۇيدۇ، ئۇلارغا جەبىر سېلىشتىن مەنئى قىلىدۇ.

9ـ پاكىزىلىققا بويرۇيدۇ، پاسكىنىلىقتىن مەنئى قىلىدۇ.

10ـ رەھىم ـ شەپقەتلىك بولۇشقا بويرۇيدۇ، شەپقەتسىزلىك قىلىشتىن مەنئى قىلىدۇ.

11ـ مەرد، سېخى بولۇشقا بويرۇيدۇ، قورقۇنچاقلىق ۋە بېخىللىقتىن مەنئى قىلىدۇ.

12ـ بىلىملىك، مەدەنىيەتلىك بولۇشقا چاقىرىدۇ، جاھىللىق ۋە قاششاقلىقتىن مەنئى قىلىدۇ.

13ـ كىشىلەرگە مەنپەئەتلىك بولۇشقا بويرۇيدۇ، بۇزغۇنچىلىق قىلىشتىن مەنئى قىلدۇ.

14- پائالىيەتچان بولۇشقا بويرۇيدۇ، هورۇنلۇق ۋە تەييارتاپلىقتىن مەنئى قىلىدۇ.

خۇلاسە قىلغاندا، ئىسلام دىنى كىشىلەرنى بارلىق ئېسىل ۋە گۈزەل ئەخلاقلارغا بويرۇيدۇ، ئۇلارنى پۈتۈن رەزىللىك، پەسكەشلىك ۋە ناچارلىقلاردىن مەنئى قىلىدۇ، بارلىق ياخشى ئىشلارغا بويرۇيدۇ ۋە بارلىق يامان ئىشلاردىن مەنئى قىلىدۇ.

## 5- سۇئال: كۇفرى دىگەن نىمە؟

كۇفرىنىڭ ئەسلى مەنىسى- «يۇشۇرماق، يۆگىمەك- يەنى پەردىلىمەك» دىگەنلىك بولۇپ، ئاللاھنى ئىنكار قىلغان ئىنسان، ئۆزىنىڭ يارىتىلىشىدىكى نەپسى ۋە روھىدىكى ھەقىقەتنى يۇشۇرىدۇ.

## 6- كۇپرىنىڭ ماھىيتى

1) «كۇفرى» جاھالەتنىڭ ئۆزىدۇر. بىر ئىنسان دەسلەپتىلا خاتا يولغا كىرگەنىكەن ئۇنىڭ كۆز قاراشلىرى، تەتقىقاتلىرى ۋە توغرا يولنى تېپىش ئۈچۈن كۆرسەتكەن تىرىشچانلىقلىرى مەڭگۈ نەتىجىسىز قالىدۇ. چۈنكى، توغرا ۋە ھەقىقەتكە باشلايدىغان يول ئۇنىڭغا تاقالغان بولىدۇ. ئۇنىڭ جاھالەتنىڭ قاراڭغۇلىقىدا ئېزىقىپ يۈرگىنى يۈرگەن.

2) يەنە بىر جەھەتتىن ئېيتقاندا، كۇفرى- زۇلۇمدۇر. زۇلۇم دىگەن نىمە؟ بىر نەرسىنىڭ تەبىئي يارىتىلىشىغا، ھەقىقي ئىرادىسىگە قارشى ۋە تەبىئي قابىلىيىتىگە خىلاپ ئىشلارغا مەجبۇرلاش زۇلۇم دىمەكتۇر. كائىناتتىكى ھەر بىر نەرسە ياراتقۇچىسى ئاللاھنىڭ قانۇنلىرىغا بويسۇنغان ھالدا مەۋجۇد بولۇپ تۇرىدىغانلىقىنى كۆردۇق. بۇلارنىڭ تەبىئي يارىتىلىش قانۇنىنىڭ ئۆزى ئىلاھىي قانۇنغا ئىتائەت قىلىش، يەنى «ئىسلام» دىن ئىبارەتتۇر.

3) كۇفرى بۇلاردىن باشقا يەنە ئىسيانكارلىق ۋە تۇزكورلۇقتۇر. بىر كىشى ياخشىلىق قىلغان ئادىمگە يامانلىق قىلسا، ئۇنى ھېچ ئىككىلەنمەستىن تۇزكور دەيمىز. ياراتقۇچى، ئاسرىغۇچى ۋە ئىگىمىز بولغان ئاللاھنىڭ بارلىقىنى ئىنكار قىلىش، ئۇنىڭ مۇتلەق ھاكىمىيتىگە ئىتائەت قىلماسلىق ۋاپاسىزلىق، خائىنلىق ۋە ئەڭ ئۈچىغا چىققان تۇزكورلۇقتۇر.

4) كۇفرى ۋە ئىتائەتسىزلىك كىشىلەرنى ھاياتىي كۆز قاراشلاردا چوقۇم مۇۋەپپەقىيەتسىزلىككە ئېلىپ بارىدۇ. بۇنداق بىر ئىسيانكار ئىنسان ھەقىقي ئىلىم ۋە ھېكمەتنى مەڭگۈ تاپالمايدۇ. چۈنكى، ياراتقۇچىسنى بىلدۈرەلمىگەن بىلمى ھاياتتا ھېچقاچان ئۇنى توغرا يولغا ئېلىپ بارالمايدۇ. بۇ خىل ئىنساننىڭ كۆز قاراشلىرى، مۇھاكىمە ۋە تەتقىقاتلىرى داۋاملىق خاتا يۆنىلىشتە ۋە تۈيۇق يولدىدۇر. چۈنكى ياراتقۇچىسنى تونىيالمىغان ئەقلى ئۇنىڭ ھايات يولىنى يورۇتالمايدۇ.

## 7- سوئال: ئىسلامنىڭ ئاساسىي پرىنسىپلىرى

1 - ئاللاھتىن باشقا ئىبادەتكە ھەقلىق بولغان مەبۇد بەرھەق (يەنى ھەقىقىي ئىلاھ)يوقلىقىغا، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىنسانلارنى توغرا يولغا باشلاش ئۈچۈن، ئاللاھ تەرىپىدىن ئەۋەتىلگەن بەرھەق پەيغەمبەر ئىكەنلىكىگە چىن ئىشىنىپ، ئۇنىڭغا گۇۋاھلىق بېرىش.

2 - ھەركۈنى بەش ۋاخ نامازنى، ئىسلام شەرىئىتىدە كۆرسىتىلگەن بويىچە ئادا قىلىش.

3 - يىلدا بىر ئاي رامىزان روزىسىنى تۇتۇش.

4 - پۇل - مېلى زاكات بېرىش ئۆلچىمىگە يەتسە، يىلدا بىر قېتىم پۇل - مېلىنىڭ زاكىتىنى ئايرىش.

5 - ئىقتىسادى يېتەرلىك بولۇپ قودرىتى يەتسە، ئۆمۈر ئىچىدە بىر قېتىم بەيتۇللاھقا بېرىپ ھەج تاۋاپ قىلىش.

ئىسلامنىڭ يوقىرىقى بەش چوڭ ئاساسىي پرىنسىپىغا ئەمەل قىلغان ئادەم «مۇسۇلمان» دەپ ئاتىلىدۇ.

## 8- سوئال: كەلىمە تەييىبەنىڭ مەنىسى

كىشىلەر ئىسلام دىنىغا « لائىلاھە ئىللەللاھۇ، مۇھەممەدۇن رەسۇلۇللاھ (يەنى ئاللاھتىن باشقا ھەقىقىي ئىلاھ يوق، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئاللاھنىڭ بەرھەق ئەلچىسى» دېگەن كەلىمە تەييىبەنى مەنىسىنى بىلىپ ئوقۇپ، ئۇنىڭغا ئىشىنىپ، ئىقرار قىلىش بىلەن كىرىدۇ. بۇ كەلىمە تەييىبەنىڭ مەنىسى: ئاللاھتىن باشقا ئىبادەتكە ھەقلىق بولغان ھەقىقىي ئىلاھ يوق، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئاللاھنىڭ ئەلچىسى ۋە بەرھەق پەيغەمبىرى دېگەنلىكتۇر. بۇ كەلىمە ئىمان ۋە ئىسلامنىڭ مەنىلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئىنتايىن ئىخچام بىر كەلىمە بولغانلىقتىن، كىشىلەر ئىسلام دىنىغا كىرىشتە، ئالدى بىلەن ئۇلاردىن مۇشۇ كەلىمە تەلەپ قىلىنىدۇ. كەلىمە تەييىبە ھەرقانداق كىشى ئۇنىڭ مەنىسىگە ئىقرار قىلىپ، كۆڭلىدىن تەسدىق ۋە قوبۇل قىلىش بىلەن مۇسۇلمان بولىدىغان ۋە ئۇنىڭغا ئىنكار قىلىش بىلەن مۇسۇلمانلىقنىڭ چەك - چېگرىسىدىن چىقىپ كېتىدىغان بىردىنبىر ئەھمىيەتلىك كەلىمىدۇر.

# ئىككىنچى بۆلۈم. ئىمان

## 9-سۇئال: ئىمان دىگەن نىمە؟

ئىمان - ئاللاھنىڭ بارلىقىغا ۋە بىرلىكىگە چىن ئىشىنىپ، ئېتىقاد قىلىش، تىل بىلەن ئۇنىڭغا ئىقرار قىلىش ۋە ئەمەللەر ئارقىلىق ئۇنى ئىسپاتلاش دىمەكتۇر.

## 10-سۇئال: ئىماننىڭ شەرتلىرى

پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد مۇستاپا سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئىمانغا بەرگەن تەبىرىدىن ئىماننىڭ ئاساسي پرىنسىپى تۆۋەندىكى ئالتە ھەقىقەتكە چىن ئىشىنىپ ئېتىقاد قىلىشتىن ئىبارەت ئىكەنلىكىنى بىلىمىز.

1 - ئاللاھنىڭ بارلىقى ۋە بىرلىكىگە چىن ئىشىنىپ ئېتىقاد قىلىش.

2 - ئاللاھنىڭ پەيغەمبەرلىرىگە چىن ئىشىنىپ ئېتىقاد قىلىش.

3 - ئاللاھنىڭ پەرىشتىلىرىنىڭ بارلىقىغا چىن ئىشىنىپ ئېتىقاد قىلىش.

4 - ئاللاھنىڭ كىتابلىرىغا چىن ئىشىنىپ ئېتىقاد قىلىش.

5 - قىيامەت كۈنىنىڭ بولىدىغانلىقىغا چىن ئىشىنىپ ئېتىقاد قىلىش.

6 - ياخشىلىق ۋە يامانلىق ئاللاھنىڭ تەقدىرى بىلەن بولىدىغانلىقىغا چىن ئىشىنىپ ئېتىقاد قىلىش.

يۇقىرىقى ئالتە ھەقىقەتكە چىن دىلىدىن ئىشىنىپ، ئۇنىڭ تەقەززاسى بويىچە ئەمەل قىلغان ئادەم «مۇئمىن» دەپ ئاتىلىدۇ.

## 11-سۇئال: ئىماننىڭ كۈچىيىشى ۋە ئاجىزلىششى

ئىمان كەم - زىيادە بۇلىدۇ. ئاللاھنى ياد ئېتىش ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلىش بىلەن ئىمان زىيادىلىشىدۇ ۋە كۈچىيىدۇ، ئاللاھنى ئۇنۇتۇش ۋە گۇناھ، يامان ئىشلارنى قىلىش بىلەن ئىمان ناقىسلىشىدۇ ۋە ئاجىزلىشىدۇ. مانا بۇ، ئىماننىڭ كەم - زىيادە بولىغىنىدۇر.

ئىمان ئاللاھنىڭ زىكرى بىلەن كۈچىيىدۇ ۋە ئۇنىڭدىن غاپىل قېلىش بىلەن ئاجىزلىشىدۇ.

## 12-سۇئال: ئىماننى كۈچلەندۈرىدىغان ۋە ئۇنى زىيادە قىلىدىغان ئامىللار

1) ئىلىم - ئىلىم ئاللاھنى تونۇشنىڭ ۋاستىسىدۇر. ئاللاھنى تونۇش ئېتىقادنى كۈچەيتىدۇ، ئېتىقادنىڭ كۈچىيىشى ئىماننىڭ كۈچىيىشى دىمەكتۇر.

2) ئەمەل - ياخشى ئەمەللەر بەندىنىڭ ئاللاھ بىلەن بولغان يېقىنلىقىنى زىچ

باغلاپ تۇرىدىغان بىر چوڭ ۋاستە بولۇپ، ئىنسان ياخشى ئەمەللەرنى كۆپ قىلىش ئارقىلىق ئاللاھقا تېخىمۇ يېقىنلىشىش پۇرسىتىگە ئىگە بولالايدۇ. ئاللاھقا يېقىنلىشىش ئىماننى كامالەتكە يەتكۈزىدۇ.

3) تەپەككۇر ـ ئاللاھنىڭ كائىناتتىكى گۈزەل سەنئەتلىرى ئۈستىدە تەپەككۇر قىلىش كىشىنى ئاللاھنى تېخىمۇ تونۇشقا ئېلىپ بارىدۇ. ئاللاھنى تونۇش ئىماننى كۈچەيتىدۇ. قۇرئاندا تەپەككۇر قىلىشقا چاقىرىدىغان ئايەتلەر ئىنتايىن كۆپ. ئاللاھنىڭ كامالىي قۇدرەتلىرى ئۈستىدە تەپەككۇر قىلىش ئىبادەتنىڭ جەۋھىرىدۇر.

4) ئاللاھنى ياد قىلىش ـ قۇرئان تىلاۋەت قىلىش، تەسبىھ ـ تەھلىللەرنى ئېيتىش بىلەن ئاللاھنى ياد ئېتىش ئىماننىڭ كۈچىيىشىگە ۋاستە بولىدۇ. چۈنكى ئاللاھنى ياد ئېتىش ئاللاھقا بولغان ئىخلاس ۋە مۇھەببەتنى ئاشۇرىدۇ. ئىخلاس ۋە مۇھەببەت ئىماننى كۈچەيتىدۇ ۋە كامالەتكە يەتكۈزىدۇ.

## 13-سۇئال: ئىماننىڭ ئالامەتلىرى

1) گۈزەل ئەخلاق- ئەخلاق ئىنساننىڭ روھىدا يەرلىشىپ ئادەتكە ئايلىنىپ قالغان قىلىقلار بولۇپ ، ئەخلاق ئىككى تۈرلۈك بولىدۇ. بىرى، گۈزەل ئەخلاق، يەنە بىرى ناچار ئەخلاق. گۈزەل ئەخلاق ئىماننىڭ تولۇقلانمىسى بولۇپ، ئۇ سۆز ـ ھەرىكەت ۋە ئىش ـ پائالىيەتلەردە توغرا بولۇش دېمەكتۇر. گۈزەل ئەخلاقنىڭ پادىشاھى توغرىلىقتۇر. گۈزەل ئەخلاق ئىماننىڭ كامىللىقىنى نامايان قىلىدۇ. ئەخلاقسىز كىشىنىڭ ئىمانى كەمدۇر.

2 ) ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىنىڭ سۆيگۈسى-ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى ھەممىدىن سۆيۈملۈك بولۇشى ۋە بۇ سۆيگۈنىڭ پۈتۈن ئىش ـ پائالىيەت ۋە گەپ ـ سۆزلەردە ئىپادىلىنىشى ئىماننىڭ ئالامەتلىرىدىندۇر.

3 ) ئاللاھتىن قورقۇش- ئاللاھنى ھەقىقي تونۇغان كىشى ئاللاھنىڭ ئۇلۇغلۇقىنى تونۇيدۇ، ئاللاھنىڭ ھەيۋىتىدىن ئەيمىنىدۇ ۋە ئۆزىنىڭ ئاللاھنى لايىقىدا قەدىرلىيەلمىگەنلىكىنى ئېتىراپ قىلىدۇ. مانا بۇ، ئىماننىڭ ئالامەتلىرىدىندۇر.

4 ) ياخشى ئەمەللەر ـ روھلارنى پاكلايدىغان، ھاياتنى گۈللەندۈرىدىغان ياخشى ئەمەللەر ئىماننىڭ ئالامەتلىرىدىندۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن قورئاندا ئىمان ھەمىشە ياخشى ئەمەللەر بىلەن بىرلىكتە كەلتۈرۈلگەن. چۈنكى ئىمان ئەگەر ياخشى ئەمەللەردىن ئايرىلىپ قالىدىغان بولسا، ئۇ، نە مېۋىسىدىن، نە سايىسىدىن پايدىلانغىلى بولمايدىغان پايدىسىز دەرەخكە ئوخشاپ قالىدۇ. ئىمانسىز قىلىنغان ئەمەل ـ ئىبادەتلەرمۇ رىيا ۋە نىفاقتۇر.

## 14 ـ سۇئال: ئىماننىڭ ئىنسان ھاياتىغا كۆرسىتىدىغان تەسىراتلىرى

ئىماننىڭ ئىنسان ھاياتىغا بېرىدىغان تەسىراتلىرى ئىنتايىن كۆپ، بىز تۆۋەندە پەقەت بىر قانچىسىنى بايان قىلىمىز.

1 ) ھىدايەت ـ ئىمان كىشىنى توغرا يولغا باشلاش ئارقىلىق، ئۇنى ئىككى ئالەمنىڭ سائادەتلىرىگە ئېرىشتۈرىدۇ. چۈنكى توغرا يولغا ھىدايەت تېپىش ئىمان ۋە ياخشى ئەمەللەرنىڭ نەتىجىسى، شۇنىڭدەك، ئاخىرەتتە جەننەتنى قازىنىشمۇ ھىدايەتنىڭ نەتىجىسىدۇر.

2 ) شىجائەت ـ ئىمان مۇسۇلمان كىشىدە، ئاللاھ تائالانىڭ غەيرىدىن قورقمايدىغان، ئېسىل خىسلەتنى يېتىلدۈرىدۇ. چۈنكى ئىماننىڭ ھەقىقىتى، كىشىگە پايدا ـ زىيان يەتكۈزۈش، ئۆلتۈرۈش ـ تىرىلدۈرۈش ۋە رىزىق بېرىش پەقەت بىر ئاللاھنىڭ قولىدا، دەپ ئېتىقاد قىلىشنى تەلەپ قىلىدۇ.

3 ) غەلىبە ـ ئىمان مۆئمىن كىشىلەرنى غەلىبىگە ئېرىشتۈرىدۇ. ئاللاھ ھەقىقىي مۆئمىنلەرنى ھالاكەتلەردىن ساقلايدۇ ۋە دۈشمەنلىرى ئۈستىدىن غالىب قىلىدۇ. بۇ ئاللاھنىڭ ۋەدىسىدۇر.

4 ) قانائەت ـ ئىمان مۇسۇلمان كىشىنىڭ قەلبىدە، قانائەت ۋە ئېسىل پەزىلەتلەرنى يېتىشتۈرىدۇ. چۈنكى ھەقىقىي چىن ئىمان رىزىق پەقەت ئاللاھنىڭ قولىدا، ئاللاھتىن باشقا رىزىق بەرگۈچى يوق، ئاللاھتىن كەلگەن رىزىقنى توسۇۋالغۇچى ھەم يوق، دەپ ئېتىقاد قىلىشنى تەقەززا قىلىدۇ.

5 ) خاتىرجەملىك ـ ئىمان مۇسۇلمان كىشىنىڭ كۆڭلىگە خاتىرجەملىك ۋە ئامانلىق بېغىشلايدۇ. چۈنكى دۇنيادا نۇرغۇن كىشىلەر جەۋر ـ زۇلۇم ۋە ھەقسىزلىكلەرگە ئۇچرايدۇ. لېكىن ئىنتىقام ئېلىشقا كۆپىنچىسىنىڭ كۈچى يەتمەيدۇ. ماددىي ۋە مەنىۋى زىيان ـ زەخمەتلەرگە ئۇچرايدۇ. لېكىن كۆپ ھاللاردا ئۇنىڭ بەدىلىنى كۆرەلمەيدۇ. بۇ سەۋەبتىن ئۇلار ھۇزۇرسىز ۋە خاتىرجەمسىز ياشاشقا يۈز تۇتۇۋاتقاندا، ئىمان ئۇلارنى، ئۇلارنىڭ بۇ دۇنيادا ئالالمىغان ئىنتىقاملىرىنى ئېلىپ بېرىدىغان، تارتقان زىيانلىرىنى پايدىغا ئايلاندۇرۇپ بېرىدىغان كەرەملىك ئاللاھنىڭ ئادالىتىگە ئىشىنىپ، ئاخىرەتنى كۈتۈپ، خاتىرجەم، بەھۇزۇر ئۆمۈر سۈرۈشكە ئۈندەيدۇ.

6 ) چىدام ۋە سەۋرچانلىق ـ ئىمان مۇسۇلمان كىشىدە، باشقا كەلگەن ھەرقانداق بالا ـ قازا ۋە مۇسىبەتلەر ئالدىدا تەۋرەنمەيدىغان، چىداملىق ئىرادىنى يېتىشتۈرىدۇ. چۈنكى ھەقىقىي چىن ئىمان باشقا كەلگەن پۈتۈن بالايىئاپەت ۋە مۇسىبەتلەر ئاللاھنىڭ تەقدىر قىلىشى بىلەن بولىدۇ، دەپ ئېتىقاد قىلىشنى تەلەپ قىلىدۇ. شۇڭا مۆئمىن

كىشى بېشىغا كەلگەن ھەرقانداق ئوڭۇشسىزلىقلار ۋە مۇسىبەتلەرنى قەيسەرلىك بىلەن قارشى ئالىدۇ ۋە سەۋر بىلەن ئۆزىنى تۇتىۋېلىپ، تۇرمۇشنى يەنىلا بەھۇزۇر ئۆتكۈزۈپ كېتەلەيدۇ.

## 15-سۇئال: ئىمان ۋە ئىسلامدىن چىقىپ كېتىشكە سەۋەب بولىدىغان ئامىللار

1 ـ ئىسلام دىنىغا ئىنكار قىلىش.

2 ـ ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرۈش.

3 ـ مۇناپىقلىق، يەنى ئېغىزىدا مۇسۇلمانلىقنى سۆزلەپ قويۇپ، دىلىدا ئىشەنمەسلىك ياكى ئۇنىڭغا شەك قىلىش.

4 ـ ئەمەل ـ ئىبادەتنى ياكى دۇئانى ئاللاھنىڭ غەيرىگە قىلىپ، ئۇلار ئارقىلىق ئاللاھقا يېتىدۇ، دەپ ئېتىقاد قىلىش.

5 ـ كۇففارلارنىڭ ئېتىقادلىرىغا ۋە تۇتقان يوللىرىغا كۆڭۈلدىن رازىلىق بىلدۈرۈش.

6 ـ باشقىلارنىڭ تۇتقان يوللىرىنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ يولىدىن ئەۋزەل كۆرۈش.

7 ـ قۇرئان ۋە سەھىھ ھەدىسلار بىلەن سابىت بولغان ئىسلام ئەھكاملىرىنىڭ بىرەرسىگە ئىنكار قىلىش.

8 ـ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەرلىكىنى ئىنكار قىلىش ياكى ئۇنى مەسخىرە قىلىش.

9 ـ مۇسۇلمانلارنىڭ زىيىنىغا كۇففارلار بىلەن بىرلىشىش.

10 ـ باشقا قانۇنلارنى ئىسلام شەرىئىتىدىن ئەۋزەل كۆرۈش.

11 ـ سېھرىگەرلىك قىلىش ياكى سېھىرگە ئىشىنىش.

12 ـ ئىسلام تەلىماتلىرىدىن يۈز ئۆرۈش ياكى ئۇلارنى مەسخىرە قىلىش.

13 ـ ئاللاھنىڭ كىتابى ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سەھىھ ھەدىسلىرى بويىچە ھۆكۈم قىلىشقا قايىل بولماسلىق ياكى شەرىئەتنى كەمسىتىش، يەنى ئۇنى ھازىرقى زامانغا ماسلاشمايدۇ، دېيىش.

14 ـ داخان، پالچى ۋە رەمچىلارنىڭ غەيبتىن سۆزلىگەن سۆزلىرىگە ئىشىنىش.

15 ـ ئاللاھنىڭ ئەمر- پەرمانلىرىنى ئاشكارا رەت قىلىش، يەنى ھەقىقەتكە ئىقرار قىلىپ تۇرۇپ، ئۇنىڭغا بويسۇنۇشتىن باش تارتىش.

## 16-سۇئال: ئاللاھنىڭ مەۋجۇدلىقى

ئاللاھنىڭ مەۋجۇد ئىكەنلىكىنى دەلىل ـ ئىسپاتلىرى بىلەن كۆرسىتىش ھاجەتسىز. چۈنكى ئاللاھنىڭ مەۋجۇد ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدىغان سانسىز ئالامەتلەر ئەتراپىمىزدا ھەر ۋاقىت ئۆزلىرىنى نامايان قىلىپ تۇرماقتا. كائىناتتىكى ھەر بىر

ئالامەت ۋە ھەر بىر مەۋجۇدات ئاللاھنىڭ بارلىقىنى ئىسپاتلاپ تۇرماقتا. ئالاھنىڭ مەۋجۇد ئىكەنلىكىگە دەلىل ـ ئىسپات تەلەپ قىلىش، خۇددى ئوپئوچۇق كۈندۈزدە، ئاسماندا قۇياشنىڭ بارلىقىغا دەلىل ـ ئىسپات تەلەپ قىلغانغا ئوخشاش بىمەنىلىكتۇر. ئاللاھ تائالانىڭ مەۋجۇد ئىكەنلىكىگە دالالەت قىلىدىغان دەلىل ـ ئىسپاتلارنى ساناپ تۈگىتىش مۇمكىن ئەمەس. ئاللاھنىڭ مەخلۇقاتلىرىنىڭ سانىچە دەلىللەر ئۇنىڭ بارلىقىغا كەسكىن دالالەت قىلىدۇ. دۇنيادىكى ھەر بىر مەۋجۇدات ئۆزىدىكى ۋە ئەتراپىدىكى، ئاللاھنىڭ مەۋجۇدلىقى ۋە ئۇنىڭ يەككە ـ يېگانە ياراتقۇچى ئىكەنلىكىگە دالالەت قىلىدىغان نۇرغۇن ئالامەتلەرنى نامايان قىلىپ تۇرماقتا. بۇ مەنادا ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ: «ئاسمانلاردا ۋە زېمىندا مۆئمىنلەر ئۈچۈن (ئاللاھ تائالانىڭ بارلىقى، بىرلىكى ۋە قۇدرىتىنى كۆرسىتىدىغان) نۇرغۇن دەلىللەر بار» [جاسىيە سۈرىسى 3 ـ ئايەت].

## 17ـسوئال: ئىنسان نېمە ئۈچۈن يارىتىلغان؟

ئاللاھ قۇرئان كەرىمدە، ئىنساننى يەر يۈزىدە ئاللاھنىڭ ئەمر ـ پەرمانلىرىنى يۈرگۈزۈش ۋە ئۇنىڭ ئىرادىسىگە ۋارىسلىق قىلىش ئۈچۈن، ئۆزىدىن ئورۇن باسار قىلىپ ياراتقانلىقىنى ئېلان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «ئۆز ۋاقتىدا پەرۋەردىگارىڭ پەرىشتىلەرگە: مەن يەر يۈزىدە ئورۇن باسار يارىتىمەن، دېدى. پەرىشتىلەر يەر يۈزىدە بۇزۇقچىلىق قىلىدىغان، قان تۆكىدىغان (شەخسنى) ئورۇنباسار قىلامسەن؟ ھالبۇكى بىز بولساق سېنى پاك دەپ مەدھىيىلەيمىز، مۇقەددەس دەپ مەدھىيىلەيمىز دېدى. ئاللاھ مەن ھەقىقەتەن سىلەر بىلمەيدىغان نەرسىلەرنى بىلىمەن دېدى» [بەقەر سۈرىسى 30 ـ ئايەت]. يەر يۈزىدە ئۆرۈنباسار بولۇشنىڭ سالاھىيتى ۋە ئەڭ ئالدىنقى شەرتى ئىنساننىڭ ئۆز پەرۋەردىگارىنى تونۇشى ۋە ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلىشى ئىكەنلىكىنى بايان قىلىپ، ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: «جىنلارنى ۋە ئىنسانلارنى پەقەت ماڭا ئىبادەت قىلىش ئۈچۈنلا ياراتتىم» [زارىيات سۈرىسى 56 ـ ئايەت].

ئىنساننىڭ پۈتۈن كائىناتتىكىلەرنىڭ ئۇلۇغراقى بولۇپ يارىتىلغانلىق ھۆرمىتىگە مۇۋاپىق، ئەقىلگە ئۇيغۇن كېلىدىغان بىردىنبىر ئەڭ توغرا جاۋاب شۇكى، ئىنسان ئاللاھ ئۈچۈن: ئاللاھنى تونۇش، ئۇنىڭغا ئېتىقاد ۋە ئىبادەت قىلىش ئۈچۈن يارىتىلغان. شۇ ۋەجىدىن، كائىنات ۋە ئۇنىڭدىكى بارلىق مەۋجۇداتلار پەقەت ئىنساننىڭ مەنپەئىتى ئۈچۈن يارىتىلغان ۋە ئۇنىڭغا بويسۇندۇرۇپ بېرىلگەن. ئىنسان ئەلۋەتتە، يوقىرىقى شەيئىلەردىن ئۇلۇغدۇر.

## 18ـسوئال: ئاللاھنى تونۇشنىڭ ۋاستىلىرى

ئاللاھنى تونۇشنىڭ ۋاستىلىرى ئىنتايىن كۆپ، ئەمما ئۇلارنى تۆۋەندىكى ئىككىگە

قىسقارتىپ چۈشەندۈرۈش مۇمكىن: بىرى، ئەقىل بىلەن ئىلىم، يەنە بىرى، ئاللاھنىڭ سۈپەتلىرىدىن ئىبارەت.

## 19-سۇئال: ئاللاھنى ئەقىل ۋە ئىلىم ئارقىلىق قانداق تونۇغىلى بولىدۇ؟

ئىنساندىكى ئورگانلارنىڭ ھېچبىرى بىكارغا يارىتىلغان ئەمەس. ئىنسان ۋۇجۇدىنىڭ يېتەكچىسى بولغان ئەقلنى ئالايلۇق: ئەقىلنىڭ ۋەزىپىسى - تەپەككۇر قىلىش ۋە ئىزدىنىشتىن ئىبارەت. ئەگەر ئىنسان ئەقلنى ئىشلىتىپ، ئەتراپىدىكى شەيئىلەر ئۈستىدە پىكىر يۈرگۈزۈپ، ئىزدەنمەيدىكەن، ئۇ، ئەقىلنىڭ ۋەزىپىسىنى جارى قىلدۇرمىغان، ھەتتا بارا - بارا ئەقىلنىڭ رولىنى تامامەن يوقاتقان بولىدۇ. ئىسلام دىنى ئەقلىي بىلىش ئۈستىگە قۇرۇلغان بىر دىن بولۇپ، ئۇنىڭ دەۋىتى پەقەت ئەقىللارغا خىتاب قىلىدۇ. كىشىلەرنى پىكىر يۈرگۈزۈپ ئىزدىنىشكە چاقىرىدۇ. ئىسلام دىنى كىشىلەرنىڭ ئۇنىڭغا قارىغۇلارچە ئېتىقاد قىلىشىنى قەتئىي رەت قىلىدۇ. ئۇ كىشىلەرنى ئەقىل ئىشلىتىپ ئويلاپ، پىكىر يۈگۈزۈپ، ياخشى چۈشىنىپ، ئاندىن ئىسلام دىنىغا كىرىشنى تەلەپ قىلىدۇ. ئىلىم - پەن مەيدانىنىڭ كېڭەيگەنلىكى ئىنسان ئەقلىيتىنىڭ تەرەققى قىلغانلىقىنىڭ نەتىجىسىدۇر. چۈنكى ئەقىل ئىلىمنىڭ قۇرالىدۇر !ئىلىم - پەننىڭ تەرەققى قىلىشى كىشىلەرنىڭ ئاللاھنى تېخىمۇ ئېنىق تونۇشى ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ. چۈنكى ئىلىم - ئاللاھنى تونۇشنىڭ ۋاستىسىدۇر.

## 20- سۇئال: ئاللاھنى ئاللاھنىڭ سۈپەتلىرى ئارقىلىق تونۇش

ئاللاھنىڭ سۈپەتلىرىنى ئۇنىڭ مەخلۇقاتلىرى ئۈستىدە پىكىر يۈرگۈزۈش ئارقىلىق بىلگىلى بولىدۇ. ھەر قانداق ئەقىل ئىگىسى كائىنات ۋە ئۇنىڭدىكى بارچە شەيئىلەر ئۈستىدە تەپەككۇر قىلىدىغان بولسا، ئەلۋەتتە، بۇلارنىڭ ياراتقۇچىسى ۋە ئىدارە قىلغۇچىسى بولغان زات - ئاللاھنىڭ ھېكمەتلىك ئىش قىلغۇچى، ھەممىگە قادىر، ھەممىنى بىلگۈچى، خالىغاننى ياراتقۇچى، ھەممىنى پەرۋىش قىلغۇچى. ... ئۇلۇغ زات ئىكەنلىكىنى بىلەلەيدۇ.

## 21-سۇئال: ئاللاھنىڭ كامالى سۈپەتلىرى

ئاللاھ ئەزەلدىن بار بولغان يالغۇز ئىلاھتۇر. ئۇنىڭ پۈتۈن كائىناتنى يارىتىشتا ۋە ئۇنى پەرۋىش قىلىشتا ھېچ بىر شېرىكى يوقتۇر. ئۇ، ئۆزىنىڭ كامالى سۈپەتلىرى بىلەن ھەمىشە سۈپەتلىنىپ تۇرغۇچىدۇر. ئۇ بارلىق ئەيىب - نوقسان ۋە كەمچىلىكلەردىن ئەلۋەتتە پاكتۇر، دەپ ئىمان ئېيتىش كېرەك. ئاللاھنىڭ كۆپلىگەن كامالى سۈپەتلىرى بار. ئۇلارنىڭ ھەممىسىگە ئىجمالى ئىمان كەلتۈرۈش، ئاللاھقا ئىمان كەلتۈرۈشنىڭ بىر پارچىسىدۇر. بىزنىڭ تەپسىلىي بىلىپ ئىمان كەلتۈرىشىمىزگە زۆرۈر بولغان سۈپەت

سەككىزدۇر.

1 ــ ھەييۇن (ھەمىشە تىرىك بولغۇچى) 2 ــ ئالىمۇن (ھەممىنى بىلگۈچى ئالىم)
3 ــ قادىر (ھەممىگە كۈچى يېتىدىغان قادىر) 4 ــ مۇرىيدۇن (ئىرادە قىلغۇچى)
5 ــ مۇكەۋۋىنۇن (ئىجاد قىلغۇچى) 6 ـ مۇتەكەللىم ( سۆزلىگۈچى)
7 ــ سەمىئۇن ( ئاڭلىغۇچى ) 8ــ بەسىيرۇن (كۆرگۈچى)

## 22ـسۇئال: ئاللاھ تائالانىڭ گۈزەل ئىسىم سۈپەتلىرىنىڭ پەزىلىتى ۋە بۇ ئىسىملار

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: « اللەنىڭ 99 ئىسمى بار بولۇپ، كىمكى ئۇنى يادلىسا، جەننەتكە كىرىدۇ. الله تاقتۇر، (شۇڭا) تاقنى ياخشى كۆرىدۇ. » (مۇسلىم: 2677)

## الله نىڭ 99 ئىسىم سۈپاتى ۋە ئۇنىڭ ئىزاھاتى

| | ئەرەپچىسى | ئوقۇلۇشى | مەنىسى | |
|---|---|---|---|---|
| 1 | اَللّٰهُ | ئەللاھۇ | ھەقىقى ئىلاھ | |
| 2 | اَلرَّحْمٰنُ | ئەررەھمانۇ | چەكسىز كۆيۈنگۈچى | |
| 3 | اَلرَّحِيمُ | ئەررەھىيمۇ | ئاخىرەتتە كۆيۈنگۈچى | |
| 4 | اَلْمَلِكُ | ئەلمەلىكۇ | پۈتكۈل شەيئىلەرنىڭ خوجايىنى | |
| 5 | اَلْقُدُّوسُ | ئەلقۇددۇسۇ | بارلىق نۇقساندىن پاك | |
| 6 | اَلسَّلاَمُ | ئەسسەلامۇ | مۆئمىنلەرگە سالامەتلىك | |
| 7 | اَلْمُؤْمِنُ | ئەلمۇئمىنۇ | خاتىرجەم قىلغۇچى | |
| 8 | اَلْمُهَيْمِنُ | ئەلمۇھەيمىنۇ | بارلىق شەيئىلەرنى كۈزۈتۈپ | |
| 9 | اَلْعَزِيزُ | ئەلئەزىيزۇ | كۈچلۈك | |
| 10 | اَلْجَبَّارُ | ئەلجەببارۇ | قەھرى غەزەپ قىلغۇچى | |
| 11 | اَلْمُتَكَبِّرُ | ئەلمۇتەكەببىرۇ | بۈيۈكلۈكتە يېگانە | |
| 12 | اَلْخَالِقُ | ئەلخالىقۇ | ھەممىنى ياراتقۇچى | |
| 13 | اَلْبَارِئُ | ئەلبارىئۇ | يوقلۇقتىن پەيدا قىلغۇچى | |
| 14 | اَلْمُصَوِّرُ | ئەلمۇسەۋۋىرۇ | ھەممە نەرسىگە سۈرەت شەكىل بەرگۈچى | |
| 15 | اَلْغَفَّارُ | ئەلغاففارۇ | كەچۈرۈم قىلغۇچى | |
| 16 | اَلْقَهَّارُ | ئەلقاھھارۇ | ھەممە شەيئىنى تىزگىنلەپ تۇرغۇچى | |

| | | | |
|---|---|---|---|
| 17 | اَلْوَهَّابُ | ئەلۋەھھابۇ | كۆپلەپ بەرگۈچى |
| 18 | اَلرَّزَّاقُ | ئەررەززاقۇ | كۆپلەپ رىزىق بەرگۈچى |
| 19 | اَلْفَتَّاحُ | ئەلفەتتاھۇ | ھەقلىق بىلەن ھۆكۈم قىلغۇچى |
| 20 | اَلْعَلِيْمُ | ئەلئەلىيمۇ | ھەممىنى بىلىپ تۇرغۇچى |
| 21 | اَلْقَابِضُ | ئەلقابىزۇ | يىغقۇچى |
| 22 | اَلْبَاسِطُ | ئەلباسىتۇ | ياىغۇچى |
| 23 | اَلْخَافِضُ | ئەلخافىزۇ | چۆكۈرگۈچى |
| 24 | اَلرَّافِعُ | ئەررافىئۇ | يۇقىرى كۆتۈرگۈچى |
| 25 | اَلْمُعِزُّ | ئەلمۇئىززۇ | ئەزىز قىلغۇچى |
| 26 | اَلْمُذِلُّ | ئەلمۇزىللۇ | خار قىلغۇچى |
| 27 | اَلسَّمِيْعُ | ئەسسەمىيئۇ | ھەممىنى ئاڭلىغۇچى |
| 28 | اَلْبَصِيْرُ | ئەلبەسىيرۇ | ھەممىنى كۆرگۈچى |
| 29 | اَلْحَكَمُ | ئەلھەكەمۇ | ھەل قىلغۇچى، ھۆكۈم قىلغۇچى |
| 30 | اَلْعَدْلُ | ئەلئەدلۇ | كامىل ئادالەت ئىگىسى |
| 31 | اَللَّطِيْفُ | ئەللەتىيفۇ | كۆيۈنگۈچى |
| 32 | اَلْخَبِيْرُ | ئەلخەبىيرۇ | ھەممىدىن خەۋەردار |
| 33 | اَلْحَلِيْمُ | ئەلھەلىيمۇ | مۇلايىم، ئاسرىغۇچى |
| 34 | اَلْعَظِيْمُ | ئەلئەزىيمۇ | بۈيۈك، كاتتا |
| 35 | اَلْغَفُوْرُ | ئەلغەفۇۇرۇ | كۆچۈرگۈچى |
| 36 | اَلشَّكُوْرُ | ئەششەكۇۇرۇ | كۆپ مەرھەمەت قىلغۇچى |
| 37 | اَلْعَلِيُّ | ئەلئەلىييۇ | ئالىي |
| 38 | اَلْكَبِيْرُ | ئەلكەبىيرۇ | شانۇ ـ شەۋكىتى بۈيۈك |
| 39 | اَلْحَفِيْظُ | ئەلھەفىيزۇ | مۇھاپىزەت قىلغۇچى |
| 40 | اَلْمُقِيْتُ | ئەلمۇقىيتۇ | قۇدرەتلىك، ھەممىگە كۈچى |
| 41 | اَلْحَسِيْبُ | ئەلھەسىيبۇ | ھەممە نەرسىگە كۇبايە ، ھېساب |
| 42 | اَلْجَلِيْلُ | ئەلجەلىيلۇ | ناھايىتى كاتتا سۈپەتكە ئىگە |

| | | | |
|---|---|---|---|
| 43 | اَلْكَرِيْمُ | ئەلكەرىيمۇ | ناھايىتى ئالىيجاناب، سېخى |
| 44 | اَلرَّقِيْبُ | ئەررەقىيبۇ | كۆزىتىپ تۇرغۇچى |
| 45 | اَلْمُجِيْبُ | ئەلمۇجىيبۇ | ئىجابەت قىلغۇچى |
| 46 | اَلْوَاسِعُ | ئەلۋاسىئۇ | مەرھەمىتى كەڭ |
| 47 | اَلْحَكِيْمُ | ئەلھەكىيمۇ | ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچى |
| 48 | اَلْوَدُوْدُ | ئەلۋەدۇۋدۇ | دوست تۇتقۇچى |
| 49 | اَلْمَجِيْدُ | ئەلمەجىيدۇ | بەك ئۇلۇغ |
| 50 | اَلْبَاعِثُ | ئەلبائىسۇ | قوزغىغۇچى |
| 51 | اَلشَّهِيْدُ | ئەششەھىيدۇ | ھەممىنى كۆرۈپ تۇرغۇچى |
| 52 | اَلْحَقُّ | ئەلھەققۇ | مەۋجۇتلۇقى شەكسىز ، ئەزەلدىنلا مەۋجۇت |
| 53 | اَلْوَكِيْلُ | ئەلۋەكىيلۇ | ۋەكىل بولغۇچى |
| 54 | اَلْقَوِيُّ | ئەلقەۋىييۇ | كۈچ قۇۋۋەتتە يۈكسەك |
| 55 | اَلْمَتِيْنُ | ئەلمەتىينۇ | بەك مۇستەھكەم |
| 56 | اَلْوَلِيُّ | ئەلۋەلىييۇ | بەك يېقىن |
| 57 | اَلْحَمِيْدُ | ئەلھەمىيدۇ | مەدھىيگە لايىق |
| 58 | اَلْمُحْصِيُ | ئەلمۇھسىيۇ | بارلىق شەيئىلەر سانىنى مۇكەممەل ئىگەللىگۈچى |
| 59 | اَلْمُبْدِئُ | ئەلمۇبدىئۇ | يوقتىن بار قىلغۇچى |
| 60 | اَلْمُعِيْدُ | ئەلمۇئىيدۇ | قايتا ئەسلىگە كەلتۈرگۈچى |
| 61 | اَلْمُحْيِيُ | ئەلمۇھيىيۇ | تىرىلدۈرگۈچى |
| 62 | اَلْمُمِيْتُ | ئەلمۇمىيتۇ | جاننى ئالغۇچى |
| 63 | اَلْحَيُّ | ئەلھەييۇ | مەڭگۈ ھايات |
| 64 | اَلْقَيُّوْمُ | ئەلقەييۇۋمۇ | بارلىق مەخلۇقاتنى ئىدارە قىلىپ تۇرغۇچى |
| 65 | اَلْوَاجِدُ | ئەلۋاجىدۇ | تاپقۇچى |
| 66 | اَلْمَاجِدُ | ئەلماجىدۇ | ئالىيجاناب، ئۇلۇغ |
| 67 | اَلْوَاحِدُ | ئەلۋاھىدۇ | يەككە ـ يېگانە |

| | | | | |
|---|---|---|---|---|
| 68 | اَلصَّمَدُ | ئەسسەمەدۇ | بىھاجەت | |
| 69 | اَلْقَادِرُ | ئەلقادىرۇ | ھەممىگە كۈچى يەتكۈچى | |
| 70 | اَلْمُقْتَدِرُ | ئەلمۇقتەدىرۇ | ناھايىتى كۈچلۈك | |
| 71 | اَلْمُقَدِّمُ | ئەلمۇقەددىمۇ | ئىلگىرى قىلغۇچى | |
| 72 | اَلْمُؤَخِّرُ | ئەلمۇئەخخىرۇ | كېچىكتۈرگۈچى | |
| 73 | اَلأَوَّلُ | ئەلئەۋۋەلۇ | ئەڭ ئەۋۋەل | |
| 74 | اَلأَخِرُ | ئەلئاخىرۇ | مەڭگۈ مەۋجۇت | |
| 75 | اَلظَّاهِرُ | ئەززاھىرۇ | ئاشكارا بولغۇچى | |
| 76 | اَلْبَاطِنُ | ئەلباتىنۇ | مەخپىي | |
| 77 | اَلْوَالِيُ | ئەلۋالىيۇ | ئىگە بولغۇچى | |
| 78 | اَلْمُتَعَالُ | ئەلمۇتەئالۇ | بۈيۈك | |
| 79 | اَلْبَرُّ | ئەلبەررۇ | ياخشىلىق قىلغۇچى | |
| 80 | اَلتَّوَّابُ | ئەتتەۋۋابۇ | تەۋبىنى بەك قوبۇل قىلغۇچى | |
| 81 | اَلْمُنْتَقِمُ | ئەلمۇنتەقىمۇ | ئىنتىقام ئالغۇچى | |
| 82 | اَلْعَفُوُّ | ئەلئەفۇۋۇ | كەچۈرۈم قىلغۇچى | |
| 83 | اَلرَّؤُوفُ | ئەررەئۇۋفۇ | كۆيۈمچان | |
| 84 | مَالِكُ الْمُلْكِ | مالىكۇلمۇلكى | شاھلارشاھى | |
| 85 | ذُو الْجَلاَلِ وَالإِكْرَامِ | زۇلجەلالى | ئۇلۇغلۇق، بۈيۈكلۈك ئىگىسى | |
| 86 | اَلْمُقْسِطُ | ئەلمۇقسىتۇ | ئادىل، ھەققانىيەتچى | |
| 87 | اَلْجَامِعُ | ئەلجامىئۇ | جۇغلىغۇچى | |
| 88 | اَلْغَنِيّ | ئەلغەنىييۇ | بەك باي | |
| 89 | اَلْمُغْنِيُ | ئەلمۇغنىيۇ | باي قىلغۇچى | |
| 90 | اَلْمَانِعُ | ئەلمانىئۇ | توسقۇچى | |
| 91 | اَلضَّارُّ | ئەززاررۇ | دۈشمەنلىرىگە ئازاب ـ ئوقۇبەت يەتكۈزگۈچى | |
| 92 | اَلنَّافِعُ | ئەنناڧىئۇ | پايدا يەتكۈزگۈچى | |
| 93 | اَلنُّوْرُ | ئەننۇۋرۇ | نۇرلۇق | |

| | | | | |
|---|---|---|---|---|
| 94 | اَلْهَادِيُ | ئەلهادىيۇ | ھىدايەت قىلغۇچى | |
| 95 | اَلْبَدِيْعُ | ئەلبەدىيئۇ | ئۆرنەكسىز يوقتىن بارقىلغۇچى | |
| 96 | اَلْبَاقِيُ | ئەلباقىيۇ | مەڭگۈ باقى | |
| 97 | اَلْوَارِثُ | ئەلۋارىسۇ | يوقالماس ۋارىس | |
| 98 | اَلرَّشِيْدُ | ئەررەشىيدۇر | توغرا يولغا يېتەكلىگۈچى | |
| 99 | اَلصَّبُوْرُ | ئەسسەبۇۋرۇ | ناھايىتى سەۋىرچان | |

## 23-سۇئال: ئىبادەت ئۇقۇمى

ئىبادەت - تىل، قەلب ۋە بەدەننىڭ ھەرىكەتلىرى بىلەن ئاللاھقا بەندىچىلىكنى ئادا قىلىش دېمەكتۇر. كىشىلەر مۇسۇلمان بولۇپ، ئىسلام دىنىغا كىرگەندىن كېيىن، ئۇلارغا ئاللاھ تائالانىڭ ئەڭ ئاۋۋال بۇيرىغان نەرسىسى ئىبادەتتۇر. ئىبادەت - ئاللاھ تائالاغا بولغان ئىماننى نامايان قىلىش ۋە ئاللاھ تائالا ئاتا قىلغان سان ساناقسىز ۋە ھېسابسىز نېمەتلەرگە شۈكۈر ئادا قىلىش يۈزىسىدىن، ئاللاھ تائالانىڭ ئەمرىگە ئىتائەت قىلغان ھالدا، ئۇنىڭ بۇيرۇقىنى ئورۇنلاش نىيىتى بىلەن قىلىنىدۇ. ئىنسانىنىڭ ئەسلى تەبىئىتى ئۇنى يوق يەردىن بار قىلىپ، ئۇنىڭغا تۈرلۈك نېمەتلەرنى ئاتا قىلغان شەپقەتلىك ئىگىسى - ئاللاھ تائالاغا ئىبادەت قىلىشنى ئۆتەشكە تېگىشلىك تەبئىي بۇرچ دەپ تونۇيدۇ.

## 24-سۇئال: ئىسلامنىڭ ئاساسىي ئىبادەتلىرى

ئىسلام دىنىنىڭ ئاساسىي ئىبادەتلىرى بەش بولۇپ، ئىسلام دىنى مۇشۇ بەش ئاساسنىڭ ئۈستىگە قۇرۇلغان.

1 ) ئاللاھ تائالادىن باشقا ئېتىقاد ۋە ئىبادەت قىلىنىشقا ھەقلىق بولغان ئىلاھ يوق ئىكەنلىكىگە، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن ئەۋەتىلگەن ھەق پەيغەمبەر ئىكەنلىكىگە چىن ئىشىنىپ ئېتىقاد قىلىش ۋە شۇنداق گۇۋاھلىق بېرىش يەنى ئىماننى ئېلان قىلىش.

2) ھەركۈنى بەش ۋاخ نامازنى ئىسلام دىنىدا كۆرسىتىلگەن بويىچە ئادا قىلىش.

3 ) مال-مۈلكى زاكات بېرىش مىقدارىغا يەتسە ھەر يىلى بىر قېتىم زاكات ئايرىش.

4) ھەر يىلى بىر ئاي رامىزان روزىسىنى تۇتۇش.

5) ئىقتىسادى يېتەرلىك بولۇپ، قۇدرىتى يەتكەن كىشىنىڭ ئۆمرى ئىچىدە بىر قېتىم بەيتۇللاھنى ھەج قىلىشى.

**25-سۇئال: ئىبادەت نىملەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ؟**

1 ) تەپەككۇر بىلەن ئىبادەت قىلىش - ئاسمان ۋە زېمىندىكى ئاللاھنىڭ مەخلۇقاتلىرى، ئىنساننىڭ ئۆز زاتىدىكى ئاللاھنىڭ كامالى قۇدرەتلىرىنى كۆرستىدىغان ئالامەتلەر ئۈستىدە پىكىر يۈرگۈزۈپ مۇلاھىزە قىلىش ئارقىلىق ئاللاھنىڭ كامالى قۇدرەتلىرى ۋە گۈزەل سەنئەتلىرىنى تونۇش دېمەكتۇر.

2 ) قەلب بىلەن ئىبادەت قىلىش - ھېسسىيات ۋە تۇيغۇلار بىلەن بولىدۇ. ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىنى سۆيۈش، ئىخلاس قىلىش، ئاللاھقا تەۋەككۇل قىلىش، ئۇنىڭ ياردىمى ۋە رەھمىتىدىن ئۈمىد كۈتۈش، غەزىپىگە ئۇچراشتىن ھەزەر قىلىش، ئۇنىڭ ھۆكمىگە ۋە تەقسىماتىغا رازى بولۇش، نېمەتلىرىگە شۈكۈر قىلىش، ئۇنىڭغا تەۋەككۇل قىلىش، بالا - قازاغا سەبىر قىلىش قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى قەلبنىڭ ئىبادەتلىرىدىندۇر.

3 )تىل بىلەن ئىبادەت قىلىش - قۇرئان ئوقۇش، ئاللاھقا ھەمدۇ سانا ئېيتىش (ئاللاھنى مەدھىيىلەش)، زىكىر - تەسبىھ (ئاللاھنىڭ نۇقسانلاردىن پاك ئىكەنلىكىنى) ئېيتىش، دۇئا قىلىش، تەكبىر (ئاللاھنىڭ ئۇلۇغلىقىنى سۆزلەش) - تەھلىل (ئاللاھتىن باشقا ھەقىقي ئىلاھ يوق، ئۇنىڭ شېرىكى ھەم يوق ئىكەنلىكىنى) ئېيتىش دېمەكتۇر.

4 ) بەدەن بىلەن ئىبادەت قىلىش - بەدەننىڭ ھەرىكىتى ياكى بەدەننىڭ لەززەتلىرىدىن ۋاقىتلىق ۋاز كېچىش ئارقىلىق بولىدۇ.

5) پۇل - مال بىلەن ئىبادەت قىلىش - زاكات، سەدىقە بېرىش، ھاجەتمەنلەرگە خەير - ئېھسان قىلىش، ئىلىم تەھسىل قىلىش ۋە ھەج - ئۆمرە ئۈچۈن پۇل - مال سەرپ قىلىش دېگەنلىكتۇر.

6 ) جاننى پىدا قىلىش بىلەن ئىبادەت قىلىش - ئاللاھنىڭ يولىدا جىھاد قىلىش، ئىسلام دەۋىتىنى تەشۋىق قىلىش ۋە ھەقىقەتنى قوغداش يولىدا جاننى پىدا قىلىش بىلەن بولىدۇ.

7) ۋەتەندىن ئايرىلىش بىلەن ئىبادەت قىلىش - جىھاد، ھەج - ئۆمرە ۋە ئىلىم تەھسىل قىلىش يولىدا ۋەتەندىن ئايرىلىش دېمەكتۇر.

**26-سۇئال: ئىبادەتلەرنى ئورۇنلاشقا سالاھىيەتلىك بولۇشنىڭ شەرتى**

1 ) مۇسۇلمان بولۇش. 2) ئەقلى جايىدا بولۇش. 3 ) بالاغەتكە يەتكەن بولۇش.

**27- سۇئال: باللارنىڭ بالاغەتكە يېتىشى**

قىزلار 9 ياش، ئوغۇللار 12 ياشتىن باشلاپ بالاغەتكە يېتىشكە قەدەم باسىدۇ. قىز - ئوغۇللارنىڭ بالاغەتكە يېتىشىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى پەللىسى 15 ياش بولۇپ، ئۇلار

15 ياشقا تولۇشتىن بۇرۇن ئۇلاردا بالاغەتكە يەتكەنلىكىنىڭ ئالامەتلىرى كۆرۈلسە، كۆرۈلگەن شۇ كۈندىن باشلاپ ئۇلارنىڭ ئىبادەتلەرنى ئورۇنلاش بۇرچى باشلىنىدۇ ۋە قىلغان ياخشى ۋە يامان ئىشلىرى ئۈچۈن ساۋاب ۋە گۇناھلار يېزىلىشقا باشلايدۇ. ئەگەر ئۇلار 15 ياشقا توشقاندىن كېيىنمۇ ئۇلاردا بالاغەتكە يەتكەنلىكىنىڭ ئالامەتلىرىدىن ھېچبىرى كۆرۈلمىسە، ئۇلار 15 ياشقا كىرگەن كۈندىن باشلاپلا بالاغەتكە يەتكەن بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

## 28-سۇئال: بالىلارنىڭ بالاغەتكە يەتكەنلىكىنىڭ ئالامەتلىرى

قىزلارنىڭ بالاغەتكە يەتكەنلىكىنىڭ ئالامىتى ئۇلاردىن نورمال ئاياللارغا ئوخشاش ئايلىق ئادەتنىڭ كېلىشكە باشلىشى ( ھەيز كۆرۈشى )، ئوغۇللارنىڭ ئىھتىلام بولۇشى ( سپېرمىنىڭ شەھۋەت بىلەن ئېتىلىپ چىقىشى) دۇر.

## 29-سۇئال: شەرىئەت ئىستىلاھلىرى

ئىبادەتكە سالاھىيەتلىك بولغان ھەر قانداق كىشىنىڭ بىلىشى زۆرۈر بولغان شەرىئەت ئىستىلاھلىرى يەتتە بولۇپ، ئۇلار : پەرز، ۋاجىب، سۈننەت، ھارام، مەكرۇھ تەھرىمى، مەكرۇھ تەنزىھى، مۇباھتۇر.

## 30-سۇئال: پەرز ۋە ئۇنىڭ ھۆكمى

پەرز ئۇنىڭ بۇيرۇلغانلىقى قۇرئان كەرىم ۋە مۇتەۋاتىر ( راستىنلا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامدىن كەلگەنلىكى بىر توپ جامائەت تەرىپىدىن بىرخىل ئىبارە بىلەن رىۋايەت قىلىنىپ، شۈبھىسىز دەرىجىدە ئىسپاتلانغان ) ھەدىسلەرنىڭ ئېنىق ۋە كەسكىن دەلىللىرى بىلەن بېكىتىلگەن ئەمەللەر دېمەكتۇر. مەسىلەن : قۇرئان كەرىمنىڭ دەلىللىرى بىلەن بېكىتىلگەن بەش ۋاخ ناماز، زاكات، روزا ۋە ھەج قاتارلىقلارغا، مۇتەۋاتىر ھەدىسلەرنىڭ دەلىللىرى بىلەن بېكىتىلگەن نامازدا قۇرئان ئوقۇش ۋە باشقىلارغا ئوخشاش ئەمەللەر.

پەرزنىڭ ھۆكمى : ئۇنى ئورۇنلاش زۆرۈردۇر. ئورۇنلىغان كىشى ساۋاب تاپىدۇ. ئۇنىڭغا ئەھمىيەت بەرمىگەنلىكتىن ئورۇنلىمىغان كىشى ئاللاھ تائالانىڭ ئالدىدا قاتتىق گۇناھكار بولىدۇ ۋە ئۆزىنى ئاخىرەتنىڭ ئازابىغا تۇتقان بولىدۇ. ئۇنىڭ پەرز ئىكەنلىكىگە ئىنكار قىلغان كىشى كاپىر بولىدۇ.

## 31-سۇئال: پەرزنىڭ تۈرى

پەرز ئىككى تۈرلۈك بولىدۇ. ئۇلارنىڭ بىرى، پەرز ئەيىن، يەنە بىرى، پەرز كىفايەدۇر. پەرز ئەيىن - مۇسۇلمانلاردىن ھەر بىر شەخسنىڭ بىۋاستە ئۆزى ئورۇنلىشىغا بۇيرۇلغان پەرز دېمەكتۇر. مەسىلەن : بەش ۋاخ ناماز ئوقۇش، ھارام ۋە يامان ئىشلاردىن يىراق بولۇشقا ئوخشاش ھەر بىر شەخسنىڭ ئۆزىگە بۇيرۇلغان

ئەمەللەردۇر.  پەرز ئەين دەپ ئاتالغان ئەمەللەرنى مۇسۇلمانلاردىن ھەر بىر شەخسنىڭ ئۆزى ئورۇنلىشى شەرتتۇر. باشقىلارنىڭ ئورۇنلاپ قويۇشى بىلەن ئادا تاپمايدۇ.

پەرز كىفايە ئۇمۇمي مۇسۇلمانلارنىڭ ئۈستىگە بۇيرۇلغان پەرزدۇر.  مەسىلەن : ئاللاھ يولىدا جىھاد قىلىش، كىشىلەرگە نەسىھەت قىلىپ، ئۇلارنى ياخشى ئىشلارغا بۇيرۇپ، يامان ئىشلاردىن توسۇش، دىنى ئىلىم ياكى پەن تېخنىكا ساھەلىرىدىن قايسىبىرىدە مۇتەخەسسىس بولۇش، جىنازا نامىزىغا قاتنىشىش قاتارلىقلارغا ئوخشاش ئەمەللەردۇر.  پەرز كىفايە بولغان ئىشلار گاھىدا پەرز ئەينغا ئايلىنىپ قالىدۇ. مەسىلەن : مەلۇم بىر مەھەللىدە ياكى بىرەر شەھەردە بىر كىشىدىن باشقا دىننىڭ ئەھكاملىرىنى بىلىدىغان ئادەم چىقمىسا، خەلققە ۋەز ـ نەسىھەت قىلىپ، ئۇلارنى توغرا يولغا چاقىرىش شۇ ئادەمنىڭ ئۈستىگە پەرز ئەين بولۇپ بەلگىلىنىدۇ. شۇنىڭدەك، بىرەر ئىلىم ساھەسىدە ئوقۇپ مۇتەخەسسىس بولۇش ئادەتتە پەرز كىفايە بولۇپ، مەلۇم بىر ئىلىم ساھەسىدە ئوقۇشقا تاللانغانلار ئۈچۈن شۇ ساھەدە ئوقۇش پەرز ئەينغا ئايلىنىدۇ. پەرز كىفايە ئەمەللىرىنى مۇسۇلمانلار ئاممىسىدىن بىر تۈركۈم كىشىلەرنىڭ ئورۇنلىشى بىلەن ئورۇنلىمىغانلارنىڭ ئۈستىدىكى بۇ پەرزنى ئورۇنلاش بۇرچى ئادا تاپىدۇ. ئەگەر مۇسۇلمانلاردىن ھېچبىرسى بۇ پەرزنى ئورۇنلىمىغان بولسا، پۈتۈن مۇسۇلمان ئاممىسى گۇناھكار بولىدۇ ۋە تەرك قىلىنغان بۇ پەرز ئۈچۈن ھەممىسى جاۋابكارلىققا تارتىلىدۇ.

## 32-سۇئال: ۋاجىب ۋە ئۇنىڭ ھۆكمى

ۋاجىب، بۇيرۇلغانلىقى قۇرئان كەرىم دەلىللىرى بىلەن ئىسپاتلانغان بولسىمۇ، شۇ مەسىلىگە نىسبەتەن دالالىتى كەسكىن بولمىغان ئايەتلەر ۋە غەيرى مۇتەۋاتىر ( مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامدىن كەلگەنلىكى بىر ياكى ئىككى ساھابە تەرىپىدىن رىۋايەت قىلىنغانلىقى سەۋەبلىك، كەسكىن دەلىل ئىسپاتلار قاتارىدىن ئورۇن ئالالمىغان ) ھەدىسلەر بىلەن بېكىتىلگەن ئەمەللەر دېمەكتۇر. مەسىلەن : قۇربانلىق قىلىش، فىتىر سەدىقىسى، ھېيت نامازلىرى، ۋىتىر نامىزى قاتارلىقلار. ۋاجىبنى ئورۇنلاش خۇددى پەرزگە ئوخشاش زۆرۈردۇر. ۋاجىب ئەمەللەرنى ئورۇنلىغان كىشى ساۋاب تاپىدۇ. ئۇنى تەرك ئەتكەن كىشى پەرزنى تەرك ئەتكەننىڭ گۇناھىدىن بىر دەرىجىدە تۆۋەن گۇناھكار بولىدۇ. ۋاجىبقا ئىنكار قىلغان كىشى كاپىر بولمايدۇ، بەلكى قاتتىق گۇناھكار بولىدۇ.

## 33-سۇئال: سۈننەت ۋە ئۇنىڭ تۈرلىرى

سۈننەت پەيغەمبىرىمىز ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ سۆزلىرى، ئىش

پائالىيەتلىرى، ئەمەل ئىبادەتلىرى ۋە باشقىلاردىن سادىر بولغان ئىشلاردىن شەرىئەتكە ئۇيغۇن كېلىدىغانلىرىنى مۇۋاپىق كۆرگەنلىرى دېمەكتۇر. سۈننەتنىڭ يەنە بىر مەنىسى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام پەرز، ۋاجىب ئەمەللەرنىڭ سىرتىدا قىلغان ۋە بىزنىمۇ قىلىشقا تەۋسىيە قىلغان ئىبادەتلەردۇر. مەسىلەن : بەش ۋاخ نامازنىڭ سۈننەتلىرىنى ئوقۇش، تاھارەت ئالغاندا مىسۋاك قوللىنىشقا ئوخشىغان ئەمەللەر. سۈننەت ئىككى تۈرلۈك بولىدۇ : ئۇلارنىڭ بىرى، تەكىتلىك سۈننەت، يەنە بىرى، تەكىتسىز سۈننەتتۇر. تەكىتلىك سۈننەت پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەمىشە ئورۇنلاشقا ئادەتلەنگەن ۋە ئۈزۈرسىز قەتئىي تەرك ئەتمىگەن ئەمەللەر دېمەكتۇر. مەسىلەن : بەش ۋاخ نامازنىڭ سۈننەتلىرىنى ئوقۇش، تاھارەتتە مىسۋاك قوللىنىشقا ئوخشاش ئەمەللەر. تەكىتلىك سۈننەت بولغان ئەمەللەرنى ئورۇنلىغان كىشى ساۋابقا ئېرىشىدۇ. تەرك ئەتكەن كىشى گۇناھكار بولمايدۇ. بىراق ئاللاھنىڭ كايىشىغا ئۇچراش خەۋپى بار.

تەكىتسىز سۈننەت پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئورۇنلاشقا ئادەتلەنمىگەن بولۇپ، گاھىدا ئورۇنلىغان، گاھىدا ئۈزۈرسىز تەرك ئەتكەن ئەمەللەر دېمەكتۇر. مەسىلەن : ئەسىر نامىزىنىڭ پەرزىدىن بۇرۇنقى تۆت رەكئەت سۈننەتنى ئوقۇشقا ئوخشاش ئەمەللەر. تەكىتسىز سۈننەت بولغان ئەمەللەرنى ئورۇنلىغان كىشى ساۋابقا ئېرىشىدۇ، تەرك ئەتكەن كىشى گۇناھكار بولمايدۇ. ئاللاھ تائالانىڭ كايىشىغىمۇ ئۇچرىمايدۇ.

## 34-سۇئال:ھارام ۋە ئۇنىڭ ھۆكمى

ھارام ئۇنىڭ قەتئىي تۈردە مەنئى قىلىنغانلىقى قۇرئان كەرىم ۋە مۇتەۋاتىر ھەدىسلەرنىڭ دەلىللىرى بىلەن شۈبھىسىز ۋە كەسكىن ھالدا ئىسپاتلانغان ئىشلار دېمەكتۇر. مەسىلەن : زىنا قىلىش، ھاراق ئىچىش، ئۆسۈم يېيىش قاتا رلىقلارغا ئوخشاش گۇناھلار. ھارام قىلىنغان ئىشلارنى قىلغان كىشى قاتتىق گۇناھكار بولىدۇ. تەۋبە قىلىپ قايتمىسا دوزاخنىڭ ئازابىغا دۇچار بولىدۇ. ھاراملارنى تەرك ئەتكەن كىشى ساۋابقا ئېرىشىدۇ. ھارامنى ھالال سانىغان كىشى كاپىر بولىدۇ.

## 35-سۇئال:مەكرۇھ تەھرىمى ۋە ئۇنىڭ ھۆكمى

مەكرۇھ ياقتۇرۇلمايدىغان ئىش دېگەنلىك بولۇپ، مەكرۇھ تەھرىمى مەنئى قىلىنغانلىقى غەيرى مۇتەۋاتىر ھەدىسلەر ئارقىلىق ئىسپاتلانغان ئىشلار دېمەكتۇر. مەكرۇھ تەھرىمى ھارام تەرەپكە ئېھتىمالى كۈچلۈكرەك بولغان ئىشلاردۇر. مەسىلەن : تاھارەت ئالغاندا سۇنى ئىسراپ قىلىش ياكى نورمالدىن ئاز قوللىنىش، نامازدا تۇرغاندا كۆزىنى يومۇۋېلىش ياكى ئۇياق بۇياققا قاراش قاتارلىقلارغا ئوخشاش ئىشلار.

ئەمما ئىجتىمائىي تۇرمۇشتا بولسا، باشقىلارنىڭ سودىسىنىڭ ئۈستىگە سودا قىلىش ( يەنى باشقىلارنىڭ سودىسىنى بۇزۇش) ، باشقا بىرى نىكاھلانماقچى بولغان ئايالغا ئۇنىڭ ئىزنىسىز نىكاھلىنىۋېلىش قاتارلىقلارغا ئوخشاش ئىشلار. مەكرۇھ تەھرىمىنى ئىشلىگەن كىشى ھارامنى ئىشلىگەندىن بىر دەرىجە تۆۋەنرەك گۇناھكار بولىدۇ. ئۇنى تەرك ئەتكەن كىشى ساۋابقا ئېرىشىدۇ. مەكرۇھ تەھرىمىنى ھالال سانىغان كىشى كاپىر بولمايدۇ. بەلكى گۇناھكار بولىدۇ.

### 36-سۇئال: مەكرۇھ تەنزىھى ۋە ئۇنىڭ ھۆكمى

مەكرۇھ تەنزىھى - مەنئى قىلىنغانلىقى غەيرى مۇتەۋاتىر ھەدىسلەر بىلەن بېكىتىلگەن ئىشلار دېمەكتۇر. مەكرۇھ تەنزىھى ھالال تەرەپكە ئېھتىمالى كۈچلۈكرەك بولغان ئىشلاردۇر. مەسىلەن : ئاممۇى سورۇنلارغا ۋە مەسجىدلەرگە بېرىپ تۇرىدىغان كىشىلەرنىڭ خام سامساق ۋە خام پىيازغا ئوخشاش ھىد بۇيى يېقىمسىز نەرسىلەرنى ئىستېمال قىلغىنىغا ئوخشاش ئىشلار. مەكرۇھ تەنزىھىنى ئىشلىگەن كىشى گۇناھكار بولمايدۇ. ئەمما ئۇنى تەرك ئېتىش ئەۋزەلدۇر.

### 37-سۇئال: مۇباھ ۋە ئۇنىڭ ھۆكمى

مۇباھ ئۇنى قىلىش ياكى تەرك ئېتىش ھەر كىشىنىڭ ئۆز ئىختىيارىغا تاپشۇرۇلغان ئىشلار دېمەكتۇر. مەسىلەن : يېيىش ئىچىش، ئولتۇرۇش قوپۇشلارغا ئوخشاش ئىختىيارىي ئىشلار. مۇباھ بولغان ئىشلارنى ئىشلەش ياكى تەرك ئېتىش بىلەن ھېچقانداق گۇناھ ياكى ساۋاب بولمايدۇ. مۇباھ ئىشلارنى ياخشى نىيەت بىلەن ئىبادەت قاتارىغا ئۆتكۈزگىلى بولىدۇ. مەسىلەن : ئاللاھ تائالانىڭ بۇيرىغانلىرىنى ئورۇنلاش ۋە ئىبادەتلەردە پائالىيەتچان بولۇش نىيىتى بىلەن يېيىش ۋە ئىچىش، مېڭىنى ياخشى دەم ئالدۇرۇش ئارقىلىق ئاللاھ تائالانىڭ ئەمرلىرىنى تېخىمۇ ياخشى ئورۇنلاش نىيىتى بىلەن ئۇخلاش ۋە تەن ساقلىقىنى ساقلاش ئارقىلىق شەرىئەت كۆرسەتملىرىنى ياخشى ئورۇنلاش نىيىتى بىلەن تەن ھەرىكەت قىلىش قاتارلىق ئىشلا رنىڭ ھەممىسى ئىبادەتكە ياتىدۇ ۋە بۇ ئىشلارغا ئاللاھ تائالا ئۆز پەزلىدىن چوقۇم ئىبادەتنىڭ ساۋابىنى بېرىدۇ.

### 38-سۇئال: شەرت ۋە جائىز

شەرت - بىرەر ئەمەلنىڭ ئەمەلگە ئېشىشى ئۈچۈن مەۋجۇد بولۇشى شەرت قىلىنغان، ئەمما شۇ ئەمەلنىڭ ماھىيىتىدىن سانالمايدىغان نەرسە دېمەكتۇر. مەسىلەن : تاھارەت نامازنىڭ شەرتىدۇر. تاھارەت بولمىسا ناماز ئوقۇغىلى بولمايدۇ. بىراق تاھارەت نامازنىڭ قاتارىدىن سانالمايدۇ.

جائىز - دۇرۇس يەنى قىلسا بولىدۇ، دېگەنلىكتۇر. مەسىلەن : ناماز ئوقۇيدىغان

جايدا نجاسەت بولسا، ئۇنى تازىلاپ، ئەسرىنى يوقىتىش ئارقىلىق بۇ «دۇرۇس» جايدا ناماز ئوقۇش جائىز دېيىلگەنلىك.

## 39-سۇئال: ئىسلامدا ۋاقتى بەلگىلەنمىگەن ئەڭ چوڭ ئىبادەتلەر

ئىسلامدا ۋاقتى بەلگىلەنمىگەن ئەڭ چوڭ ئىبادەتلەر ئىككى بولۇپ، ئۇلارنىڭ بىرى، ئەمر - مەرۇپ، ۋەز - نەسىھەت، يەنە بىرى ئاللاھ يولىدا جىھاد قىلىشتۇر.

## 40-سۇئال: ئەمر-مەرۇپ

ئەمر - مەرۇپ - ئىسلامنى تەشۋىق قىلىش ئارقىلىق كىشىلەرنى ياخشىلىققا چاقىرىش، ۋەز نەسىھەت - كىشىلەرگە ئاخىرەتنى يادلاندۇرۇش ئارقىلىق ئۇلارنى يامان ئىشلاردىن قايتۇرۇش دېيىلگەنلىكتۇر.

## 41-سۇئال: ئەمر-مەرۇپنىڭ هۆكمى

كىشىلەرگە قۇدرىتىنىڭ يېتىشىچە ئەمر - مەرۇپ، ۋەز - نەسىھەت قىلىش، هەر بىر مۇسۇلمانىنىڭ يەنى: ئەر بولسۇن، ئايال بولسۇن، ئالىم بولسۇن، جاهىل بولسۇن هەر بىر شەخسنىڭ دىنىي بۇرچىدۇر. شەرىئەت ئىستېمالى بويىچە ئېيتقاندا، پەرز ئەيندۇر. ئەمر - مەرۇپ، ۋەز - نەسىھەت قىلىش ئىسلام مىللىتىگە خاس ئالاهىدە بىر خىسلەتتۇر.

پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام كىشىلەرگە ئەمر - مەرۇپ، ۋەز - نەسىھەت قىلىشنىڭ هەرقانداق مۇسۇلمانغا پەرز ئىكەنلىكىنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: « كىمكى بىر يامان ئىشنى كۆرسە، ئۇنى قولى بىلەن ئۆزگەرتسۇن. ئۇنداق قىلالمىسا، تىلى بىلەن ئۆزگەرتىشكە تىرىشسۇن. ئۇنداقمۇ قىلالمىسا، دىلىدا ئۇ ئىشنى يامان كۆرسۇن. مانا بۇ، ئىماننىڭ ئەڭ ئاجىز هالىتىدۇر. »

## 42-سۇئال: جىهادنىڭ هۆكمى

ئاللاھ يولىدا جىهاد قىلىش - پەرزكۇپايەدۇر، يەنى: هەربىر مۇسۇلمانىنىڭ ئۈستىگە ئەمەس، بەلكى پۈتۈن مۇسۇلمانلار ئاممىسىنىڭ ئۈستىگە بۇيرۇلغان پەرز بولۇپ، مۇسۇلمانلار ئاممىسىدىن بىر تۈركۈم كىشىلەرنىڭ ئۇنى ئورۇنلىشى بىلەن بۇ پەرز باشقىلارنىڭ گەردىنىدىن ساقىت بولىدۇ. ئەمما جىهاد بەزى شارائىتلاردا پەرز ئەين، يەنى خۇددى بەش ۋاخ نامازغا ئوخشاش هەركىم ئۆزى بېۋاستە ئورۇنلاشقا بۇيرۇلغان پەرز بولۇپ تەيىن تاپىدۇ.

## 43-سۇئال: جىهادنىڭ پەرز ئەينگە ئايلىنىشى

جىهاد تۆۋەندىكى ئۈچ تۈرلۈك ئەهۋالدا پەرز ئەينگە ئۆزگىرىدۇ:

1 - جىهادقا تەيىنلىنىپ مۇجاهىدلارنىڭ سېپىگە قوشۇلۇپ بولغان كىشى ئۈچۈن جىهاد قىلىش پەرز ئەيندۇر.

2 ـ مۇسۇلمانلار تۇرۇۋاتقان رايون ياكى دۆلەتكە دۈشمەنلەر بېسىپ كىرگەن ۋاقىتتا، پۈتۈن مۇسۇلمانلارغا جىھاد قىلىش پەرز ئەين بولۇپ تەيىن تاپىدۇ. بۇ ۋاقىتتا جىھادقا چىقمىغان كىشى ئاللاھنىڭ ئالدىدا قاتتىق گۇناھكار بولىدۇ.

3 ـ ھاكىم ياكى ئىمام (يەنى ئىسلام دۆلىتىنىڭ ھاكىمى ياكى خەلىپىسى) مەلۇم شەخسلەرنى جىھادقا چىقىشقا بەلگىلىگەن ۋاقىتتا، بەلگىلەنگەن شەخسلەر ئۈچۈن جىھاد قىلىش پەرز ئەيندۇر.

## 44 ـ سۇئال: جىھادنىڭ مەقسىدى

جىھاد قىلىش كۆپلىگەن ئالىي مەقسەتلەر ۋە ئۇلۇغۋار ھېكمەتلەر ئۈچۈن بۇيرۇلغان، بۇلارنى تۆۋەندىكى ئۈچ مەقسەتكە قىسقارتىشقا بولىدۇ.

1 ـ ئىسلام ئەقىدىلىرىنى خەتەرلىك كۈچلەردىن ھىمايەت قىلىش.

2 ـ دىن دۈشمەنلىرىنىڭ تاجاۋۇزچىلىقىغا رەددىيە بېرىش

3 ـ مۇسۇلمانلارنىڭ دىيارلىرىنى تاشقى كۈچلەردىن مۇداپىئە قىلىش

## 45 ـ سۇئال: گۇناھ مەئسىيەت ۋە ئۇنىڭ تۈرى

گۇناھ ئىنسانلاردىن سادىر بولىدىغان گۇناھ ـ مەسىيەتلەر ۋە قىلمىشلاردىن ئىبارەت. گۇناھ، ئاللاھنىڭ ھەققىگە قارشى ئىشلەنگەن گۇناھ ـ مەسىيەتلەر ۋە مەخلۇقاتقا قارشى ئىشلەنگەن قىلمىشلار، دەپ ئىككىگە بۆلۈنىدۇ: ئاللاھنىڭ «قىل» ۋە «قىلما» دېگەن ئەمر ـ پەرمانلىرىغا خىلاپلىق قىلىش ئۇنىڭ ھەققىگە قارشى گۇناھ سادىر قىلغانلىق بولىدۇ.

مەخلۇقاتنى، خۇسۇسەن ئىنسانلارنى زىيان ـ زەخمەتلەرگە ئۇچرىتىش، ئۇلارغا زۇلۇم قىلىش، ئۇلارنىڭ ھەقلىرىنى يەۋېلىش ۋە ئۇلارنىڭ ئابرويلىرىنى تۆكۈش قاتارلىق قىلمىشلار، ئۇلارنىڭ زىيان ـ زەخمەتكە ئۇچرىتىلماستىن بەھۇزۇر ياشاشتىن ئىبارەت تەبىئي ھەققىگە تاجاۋۇز قىلغانلىق بولىدۇ.

## 48 ـ سۇئال: ئاللاھ تائالانىڭ ھەققىگە قارشى ئىشلەنگەن گۇناھ ـ مەسيەتلەرنىڭ تەۋبىسىنىڭ قوبۇل بولۇش شەرتى

ئاللاھ تائالانىڭ ھەققىگە قارشى ئىشلەنگەن گۇناھ ـ مەسيەتلەرنىڭ تەۋبىسى تۆۋەندىكى ئۈچ شەرت بىلەن قوبۇل قىلىنىدۇ. ئۇلار:

1 ـ بۇرۇن قىلغان گۇناھ ـ يامان ئىشلىرىغا پۇشايمان قىلىش.

2 ـ گۇناھ ـ يامان ئىشلاردىن قەتئىي قول ئۈزۈش.

3 ـ بۇرۇن قىلغان گۇناھ ـ يامان ئىشلارنى قايتا قىلماسلىققا چىن ئىرادە باغلاش.

## 49-سۇئال: ئىنسانلارنىڭ ھەققىگە قارشى ئىشلەنگەن گۇناھ - مەسىيەتلەرنىڭ تەۋبىسىنىڭ قوبۇل بولۇش شەرتى

ئىنسانلارنىڭ ھەق - ھوقۇقلىرىغا قارشى ئىشلەنگەن زۇلۇم، ھەقسىزلىق، دۈشمەنلىك، ھارامخورلۇق ۋە باشقا يامانلىقلارنىڭ تەۋبىسى، يۇقىرىقى ئۈچ شەرت بىلەن بىرلىكتە، 4 - شەرت ھەقسىزلىق قىلىنغۇچى ياكى تاجاۋۇز قىلىنغۇچىدىن كەچۈرۈم سوراش، ھەققى بولسا ئۆزنى قايتۇرۇپ بېرىپ، ھەق ئىگىسىنى رازى قىلىش بىلەنلا قوبۇل قىلىنىدۇ. چۈنكى ئاللاھ ئۆز ھەققىگە قارشى ئىشلەنگەن گۇناھ - مەسىيەتلەرنىڭ تەۋبىسىنى يۇقىرىقى ئۈچ شەرت بىلەن قوبۇل قىلىدۇ. ئەمما كىشىلەرنىڭ ھەق - ھوقۇقلىرىغا قارشى ئىشلەنگەن قىلمىشلارنىڭ تەۋبىسىنى، يامانلىق قىلىنغۇچى ۋە ھەق ئىگىسى رازى بولۇپ ئۆتمىگىچە، ئاللاھ قوبۇل قىلمايدۇ ۋە ئۆتمەيدۇ. مانا بۇ، ئاللاھنىڭ ئادالىتىدۇر.

## 50-سۇئال: پەيغەمبەرلەر ۋە ئۇلارنىڭ ۋەزىپىسى

پەيغەمبەرلەر - ئاللاھنىڭ ئىنسانلار ئارىسىدىن تاللاپ چىقىرىپ، ئۆز تەرىپىدىن ئۇلارغا ئەۋەتكەن ئەلچىلىرىدۇر. پەيغەمبەرلەر بارلىق ئەيىب - نوقسان ۋە كەمچىلىكلەردىن ئەلۋەتتە پاك، مەسۇم زاتلاردۇر، ئۇلارنىڭ ھەر بىر ئىش - ئىزلىرى پۈتۈن ئىنسانىيەت ئۈچۈن ئالىي پەزىلەت ۋە گۈزەل ئەخلاقلارغا ئۈلگىدۇر.

پەيغەمبەرلەر ئىنسانلارغا ئاللاھنىڭ دىنىنى يەتكۈزۈش ئارقىلىق ئۇلارنى توغرا يولغا باشلاش ۋە گۇناھ - يامان ئىشلاردىن قايتۇرۇپ ياخشى ئەمەللەرگە چاقىرىش ئۈچۈن ئەۋەتىلگەن.

## 51-سۇئال: قۇرئان كەرىمدە ئىسىملىرى تىلغا ئېلىنغان پەيغەمبەرلەر

ئىنسانلار يارىتىلغاندىن بېرى نۇرغۇن پەيغەمبەرلەرنىڭ كەلگەنلىكى مەلۇم. ئەمما ئۇلارنىڭ ھەممىسىنىڭ ئىسىملىرى تەپسىلىي بايان قىلىنمىغان، قۇرئان كەرىمدە پەقەت 25 پەيغەمبەرنىڭ ئىسىملىرى تىلغا ئېلىنغان.

ئۇلار: ئادەم، ئىدرىس، نوھ، ھۇد، سالىھ، ئىبراھىم، لۇت، ئىسمائىيل، ئىسھاق، يەئقۇب، يۇسۇپ، ئەييۇب، شۇئەيب، مۇسا، ھارۇن، داۋۇد، سۇلايمان، يۇنۇس، ئىلياس، ئەليەسە، زۇلكىفل، زەكەرىيا، يەھيا، ئىيسا ۋە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالاملاردۇر.

## 52-سۇئال: مۆجىزىنىڭ مەنىسى

مۆجىزە سۆزى لۇغەت ئېتىبارى بىلەن - كىشىلەرنى ئۇنىڭغا ئوخشايدىغان بىرىنى ئىجاد قىلىشتىن ئاجىز قالدۇرغۇچى بىردىنبىر خارىقى ئادەت ئىش دېگەننى ئىپادىلەيدۇ. مۆجىزىنىڭ شەرئەت ئىستېمالىدىكى مەنىسى - ئىنسانلارنى توغرا يولغا

باشلاش ۋەزىپىسىنى ئۆز ئۈستىگە ئالغان ھالدا، ئاللاھ تەرىپىدىن ئەۋەتىلگەن پەيغەمبەرلەرنىڭ، ئۆزلىرىنىڭ راستىنلا ئاللاھنىڭ ئەلچىلىرى ئىكەنلىكلىرىنى كىشىلەرگە ئىسپاتلاپ بېرىشلىرى ئۈچۈن، ئۇلارغا ئاللاھ ئاتا قىلغان دەلىل، ئىسپات ۋە پاكىت دېمەكتۇر.

## 53-سوئال: ئەڭ ئاۋۋالقى ۋە ئەڭ ئاخىرقى پەيغەمبەر

پەيغەمبەرلەرنىڭ ئەڭ ئاۋۋالقىسى ئىنسانلارنىڭ ئاتىسى ھەزرىتى ئادەم ئەلەيھىسسالام ۋە ئەڭ ئاخىرقىسى ھەمدە ساماۋىي دىنلارنىڭ پەيغەمبەرلىكىنى تاماملىغۇچى، بىزلەرنىڭ پەيغەمبىرىمىز ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامدۇر. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامدىن كېيىن پەيغەمبەر كەلمەيدىغانلىقى ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبەرلەرنىڭ ئەڭ ئاخىرقىسى ئىكەنلىكى مۇنازىرە قوبۇل قىلمايدىغان بىردىنبىر ھەقىقەتتۇر. چۈنكى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئاللاھ تەرىپىدىن كەلگەن پۈتۈن ساماۋىي دىنلارنىڭ ئەڭ ئاخىرقى پەيغەمبىرىدۇر. ئۇنىڭ بىلەن پەيغەمبەرلىك تاماملانغان.

## 54-سوئال: پەيغەمبەرلەرگە ئىمان كەلتۈرۈش نىملەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ؟

پەيغەمبەرلەرگە ئىمان كەلتۈرۈش تۆۋەندىكى 4 مەسىلىگە ئىمان كەلتۈرۈشنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

1 ـ پەيغەمبەرلەرگە كەلگەن دىنلارنىڭ ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن كەلگەن ھەق دىنلار ئىكەنلىكىگە ۋە پەيغەمبەرلەرنىڭ ھەممىسىگە بىردەك ئىمان كەلتۈرۈش. ئاللاھنىڭ پەيغەمبەرلىرىنىڭ بىرەرسىگە ئىنكار قىلغانلىق، ئۇلارنىڭ ھەممىسىگە ئىنكار قىلغانلىق ھېسابلىنىدۇ.

2 ـ قۇرئان كەرىمدە ئىسمىلىرى بايان قىلىنغان 25 پەيغەمبەرگە ۋە ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى نوھ، ئىبراھىم، مۇسا، ئىيسا ۋە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالاملاردىن ئىبارەت ئىرادىلىك پەيغەمبەرلەرگە تەپسىلىي؛ قۇرئان كەرىمدە ئىسمىلىرى بايان قىلىنمىغانلىقتىن، ئىسمىلىرى بىزگە مەلۇم بولمىغان پۈتۈن پەيغەمبەرلەرگە ئىجمالىي ئىمان كەلتۈرۈش.

3 ـ پەيغەمبەرلەرنىڭ ـ ئۇلاردىن سادىر بولغانلىقى ئېنىق بىلىنىپ ئىسپاتلانغان ـ خەۋەرلىرىگە چىن ئىشىنىپ ئىمان كەلتۈرۈش.

4 ـ بىزگە ئەۋەتىلگەن پەيغەمبەر ـ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ شەرىئىتىگە ئەمەل قىلىش.

## 55-سوئال: روھىي ئالەملەر دېگەن نېمە؟

روھىي ئالەملەر ـ ئىنسانلار ئىدراك قىلالمايدىغان غەيبىي ئالەملەر دېمەكتۇر.

كائىناتتىكى شەيئىلەر ئىككى تۈرلۈكتۇر. ئۇلارنىڭ بىرى، ئىنساندىكى ھېسسىي ئەزالار ئارقىلىق بىلگىلى بولىدىغان شەيئىلەر بولۇپ، ئۇلار: ئادەم، ھايۋان، تاغ، دەريا، تېرەم، دەرەخ ۋە باشقا ھەر قانداق ماددىي شەيئىلەر، يەنە بىرى، ھېسسىي ئەزالار ئارقىلىق بىلگىلى بولمايدىغان شەيئىلەر بولۇپ، ئۇلار: پەرىشتىلەر، جىنلار، شەيتانلار ۋە باشقىلار. بۇخىل شەيئىلەرنى ئىنسانلار ھېسسىي ئەزالىرى بىلەن ئىدراك قىلالمىغانلىقلىرى ئۈچۈن، بۇلار غەيبىي ئالەملەر ياكى روھىي ئالەملەر، دەپ ئاتىلىدۇ.

## 56-سۇئال: پەرىشتىلەر ۋە ئۇلارغا ئىمان كەلتۈرۈش

پەرىشتىلەر - روھىي ئالەمدۇر. ئۇلار كۆرۈنمەيدىغان دۇنيانىڭ بىرقىسمى. ماھىيەت جەھەتتە، ئۇلاردا بىرەر نەرسە ئىستېمال قىلىش يوق ھەمدە ئۇخلاشقىمۇ موھتاج ئەمەس. ئۇلارنى ئەر ياكى ئايال دېيىلمەيدۇ. پەرىشتىلەردە، ئىنسان ۋە ھايۋانلاردا بولغىنىدەك، شەھۋانىيلىق يوقتۇر. پەرىشتىلەرگە ئىمان كەلتۈرۈش ئىماننىڭ ئاساسلىق ماددىلىرىدىن بىرىدۇر. ئۇلارغا ئىنكار قىلىش كۇپرىنىڭ جۈملىسىدىندۇر.

## 57-سۇئال: پەرىشتىلەرگە ئىمان كەلتۈرۈش نىملەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ؟

1 - ئۇلارنىڭ بارلىقىغا ئىشىنىش. چۈنكى، پەرىشتىلەرنىڭ بار ئىكەنلىكىگە ئىشىنىش ئىسلام دىنىنىڭ ئاساسلىق ئەقىدىلىرىدىن سانىلىدۇ.

2 - جىبرىئىل، ئىسرافىل، مىكائىل ۋە ئەزرائىللارغا ئوخشاش بىزلەرگە ئىسىملىرى مەلۇم بولغان پەرىشتىلەرگە تەپسىلىي، ئىسىملىرى بىزلەرگە مەلۇم بولمىغان جىمى پەرىشتىلەرگە ئىجمالىي ئىمان كەلتۈرۈش.

3 - جىبرائىلغا ئوخشاش بىزگە سۈپەتلىرى مەلۇم بولغان پەرىشتىلەرنىڭ سۈپەتلىرىگە ئىمان كەلتۈرۈش.

4 - پەرىشتىلەرنىڭ ئاللاھ تەرىپىدىن تاپشۇرۇلغان ۋەزىپىلىرى ۋە ئەمەللىرىدىن بىزگە مەلۇم بولغانلىرىغا ئىشىنىش.

## 58-سۇئال: تۆت چوڭ مەشھۇر پەرىشتىنىڭ ۋەزىپىلىرى

پەرىشتىلەرنىڭ مەشھۇرلىرى: جىبرائىل، ئەزرائىل، مىكائىل ۋە ئىسرافىل ئەلەيھىسسالاملاردۇر. جىبرىئىلنىڭ ۋەزىپىسى، ئاللاھ بىلەن ئۇنىڭ پەيغەمبەرلىرى ئوتتۇرىسىدا ئەلچىلىك قىلىش. ئەزرائىلنىڭ ۋەزىپىسى، ئەجەلى توشقانلارنىڭ جانلىرىنى ئېلىش. مىكائىلنىڭ ۋەزىپىسى، ئاللاھنىڭ ئەمرى بىلەن شاماللارنى قوزغاش ئارقىلىق بۇلۇتلارنى ھەرىكەتلەندۈرۈپ، زېمىننىڭ ئاللاھ خالىغان جايلىرىغا يامغۇرلارنى ياغدۇرۇش. ئىسرافىلنىڭ ۋەزىپىسى، قىيامەت قايىم بولۇش ئالدىدا، بىرىنچى قېتىملىق سۇرگە پۈۋلەش ئارقىلىق بۇ دۇنيا ھاياتىنىڭ ئاخىرلاشقانلىقىنى ۋە

ئاخىرەت ئالىمى باشلانغان كۈندە، ئىككىنچى قېتىملىق سۈرگە پۈۋلەش بىلەن ئىنسانلار تىرىلدۈرۈلۈشكە باشلىغانلىقىنى ئېلان قىلىشتۇر.

## 59-سۇئال: پەرىشتىلەرنىڭ يارىتىلىشى ۋە خاراكتېرى

ئىنسانلار تۇپراقتىن يارىتىلغان بولسا، پەرىشتىلەر «نۇر» (يەنى يورۇقلۇق) دىن يارىتىلغان.

پەرىشتىلەرنىڭ خاراكتېرى - ئاللاھقا مۇتلەق ئىتائەت قىلىشتىن ئىبارەتتۇر. ئۇلاردا كەمچىلىك ئۆتكۈزۈش ۋە ئاللاھقا ئاسىيلىق قىلىش يوقتۇر. ئاللاھ پەرىشتىلەر توغرىلىق مۇنداق دەيدۇ: « ئى مۆئمىنلەر! ئۆزۈڭلارنى ۋە بالا - چاقاڭلارنى ئىنسان ۋە تاشلار يېقىلغۇ بولىدىغان، رەھىم قىلمايدىغان قاتتىق قول پەرىشتىلەر مۇئەككەل بولغان دوزاختىن ساقلاڭلار، ئۇ پەرىشتىلەر ﷲنىڭ بۇيرۇقىدىن چىقمايدۇ، نېمىگە بۇيرۇلسا شۇنى ئىجرا قىلىدۇ » [تەھرىم سۈرىسى 6 - ئايەت].

## 60-سۇئال: پەرىشتىلەرنىڭ ۋەزىپىلىرى ۋە ماكانى

پەرىشتىلەردىن ھەر بىرىنىڭ ئاللاھ تەرىپىدىن تاپشۇرۇلغان ئايرىم ۋەزىپىلىرى باردۇر. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى بەندىلەرنىڭ ياخشى - يامان ئەمەللىرىنى خاتىرلەش بىلەن مەشغۇل بولسا، بەزىلىرى ئىنسانلارنى كېچە - كۈندۈزنىڭ بالايى - ئاپەتلىرى ۋە خەۋپ - خەتەرلىرىدىن مۇھاپىزەت قىلىش بىلەن مەشغۇلدۇر. بەزىلىرى بەندىلەرنىڭ جانلىرىنى قەبزى روھ قىلىش بىلەن مەشغۇل بولسا، بەزىلىرى ئۆلگەنلەردىن سوراق - سوئال قىلىش بىلەن مەشغۇلدۇر. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى قۇرئان ئۇقۇلغان، ئاللاھ ياد قىلىنغان ئورۇنلارغا ۋە مەسجىدلەرگە بېرىپ ئۇلارغا سامى بولۇش بىلەن مەشغۇل بولسا، بەزىلىرى ھەمىشە ئاللاھقا سەجدە قىلىش ئارقىلىق ئاللاھنى مەدھىيىلەش بىلەن مەشغۇلدۇر. ئاللاھنىڭ بەلگىلىمىسى بويىچە، پەرىشتىلەرنىڭ كۆپ قىسمى ئاسمانلاردا تۇرۇپ ئاللاھنىڭ ئەمر - پەرمانلىرىنى ئىجرا قىلسا، ئۇلارنىڭ بىر قىسمى زېمىندا يۈرۈپ ئاللاھنىڭ بويرۇقلىرىنى يۈرگۈزىدۇ. دېمەك، ئۇلار ئاسمانلار بىلەن زېمىن ئارىسىدا ئاللاھقا ئىتائەت قىلىش يولىدا سەير قىلىدۇ.

## 61-سۇئال: جىنلار قانداق مەخلۇق؟

جىنلار - پەرىشتىلەرگە ئوخشاش غەيبىي ئالەملەردىن بولۇپ، پەرىشتىلەرنى كۆرگىلى بولمىغاندەك، ئۇلارنىمۇ كۆرگىلى بولمايدۇ. جىنلارنىڭ بارلىقىغا ئىشىنىش ئىمانىنىڭ ئاساسلىق ماددىلىرىدىن بولمىسىمۇ، ئۇلارنىڭ بارلىقىغا ئىشىنىش ئىمانىنىڭ كېرەكلىك ماددىلىرىدىن بىرى، ئىنكار قىلىش كۇپرىنىڭ جۈملىسىدىن سانىلىدۇ. چۈنكى، قۇرئان كەرىمدە جىنلارنىڭ بارلىقى ئوچۇق بايان قىلىنغان. ئۇلارنىڭ بارلىقىغا ئىنكار قىلىش قۇرئان كەرىمنىڭ خەۋەرلىرىگە ئىنكار قىلغانلىقتۇر. قۇرئان كەرىمنىڭ

خەۋەرلىرىگە ئىنكار قىلغان كىشى كاپىر بولىدۇ.

## 62-سوئال: جىنلارنىڭ يارىتىلىشى

پەرىشتىلەر يورۇقلۇقتىن يارىتىلغان بولسا، جىنلار ئوت يالقۇنىدىن يارىتىلغان. ئالالاھ جىنلارنىڭ يارىتىلىشى توغرىلىق مۇنداق دەيدۇ: «جىنلارنى ئىلگىرى تۈتۈنسىز ئوت يالقۇنىدىن ياراتقان ئىدۇق» [ھىجر 27 - ئايەت]. بۇ ئايەتتىن جىنلارنىڭ ئوت يالقۇنىدىن يارىتىلغانلىقى ۋە ئۇلارنىڭ ئىنسانلاردىن بۇرۇن يارىتىلغانلىقى ئىپادىلىنىدۇ.

## 63-سوئال: جىنلارنىڭ خارەكتىرى ھەم ۋەزىپىسى

جىنلارنىڭ خاراكتېرىمۇ ئىنسانلارنىڭ خارەكتېرىگە ئوخشاشتۇر، يەنى ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئىنسانلارغا ئوخشاش مۇسۇلمان، ياخشى تەقۋالارمۇ، يامان، گۇناھكار، ئاسىيلارمۇ باردۇر. ئالالاھ جىنلارنىڭ سۆزلىرىنى ھېكايە قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «بىزدىن مۇسۇلمانلار ۋە ھەق يولدىن چىققۇچىلارمۇ بار، مۇسۇلمان بولغانلار توغرا يولنى ئىزدىگەن بولىدۇ» [جىن سۈرىسى 14 - ئايەت]. جىنلارمۇ قىيامەت كۈنىدە ئىنسانلارغا ئوخشاش بۇدۇنيادىكى بارلىق ياخشى - يامان قىلمىشلىرىدىن ئەلۋەتتە جاۋابكارلىققا تارتىلىدۇ. ئۇلارنىڭ ئارىسىدىنمۇ ياخشى ئىشلارنى قىلىپ ئالالاھنى رازى قىلغانلىرى ساۋابقا ئېرىشكىنىدەك، يامان ئىشلارنى قىلىپ ئالالاھقا ئاسىيلىق قىلغانلىرى ئازابقا دۇچار بولىدۇ. چۈنكى ئۇلارمۇ ئىنسانلارغا ئوخشاش ئالالاھقا ئىبادەت قىلىشقا چاقىرىلغان ۋە ئىبادەت ئۈچۈن يارىتىلغان مەخلۇقاتتۇر. ئالالاھ بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: «جىنلارنى، ئىنسانلارنى پەقەت ماڭا ئىبادەت قىلىش ئۈچۈنلا ياراتتىم» [زارىيات 56- ئايەت]. جىنلارمۇ ئىنسانلارغا ئوخشاش غەيبلەرنى بىلمەيدۇ.

## 64-سوئال: شەيتانلار قانداق مەخلۇق؟

شەيتانلار - جىنلاردىن كېلىپ چىققان كاپىرلار بولۇپ، ئۇلار ئىنسانىيەتنىڭ ئەشەددى دۈشمىنىدۇر. شەيتانلار ھەمىشە ئىنسانلارنى توغرا يولدىن ئازدۇرۇش ئۈچۈنلا تىرىشىدۇ. شەيتانلارمۇ جىنلارغا ئوخشاش جىسمسىز مەخلۇقات بولۇپ، ئۇلارنى كۆرگىلى بولمايدۇ. ئەمما ئۇلار بىزلەرنى كۆرىدۇ. شەيتانلار ھەرقانداق يوللار بىلەن ئىنسانلارنى توغرا يولدىن ئازدۇرۇپ، ئۆزلىرىنىڭ تەۋەلىرىدىن قىلىۋېلىشقا تىرىشىدۇ. شۇڭا ئالالاھ ئىنسانلارنى شەيتانلارنىڭ شەررىدىن (يامانلىقلىرى) ساقلىنىشقا ۋە ئالالاھتىن ئۇلارنىڭ شەررىدىن پاناھ تىلەشكە چاقىرىدۇ.

## 65-سوئال: ئىبلىس قانداق مەخلۇق؟ ئىبلىس نىمە ئۈچۈن ئىنسانلارغا دۈشمەنلىك قىلىدۇ؟

ئىبلىس - شەيتانلارنىڭ ئاتىسى. ئۇ جىنلاردىن كېلىپ چىققان رەزىل مەخلۇقتۇر.

ئاللاھ ئىبلىسنىڭ كىلىپ چىقىشى ھەققىدە توختىلىپ: «ئىبلىس جىنلاردىن ئىدى» دەيدۇ. [كەھف سۈرىسى 50 ـ ئايەت].

ئىبلىس ـ ئەڭ ئەشەددى كاپىر بولۇپ، ئۇنىڭ كاپىر بولۇپ كېتىشىنىڭ سەۋەبى مۇنداق: ئاللاھ ئادەم ئەلەيھىسسالامنى يارىتىپ بولغىنىدىن كېيىن، ئىبلىسنى پۈتۈن پەرىشتىلەر بىلەن بىرلىكتە ئادەم ئەلەيھىسسالامغا ھۆرمەت بىلدۈرۈش ئۈچۈن سەجدە قىلىشقا بۇيرۇغاندا، ھەممە پەرىشتىلەر سەجدە قىلسا، ئىبلىس تەكەببۇرلۇق قىلىپ ئاللاھنىڭ بۇيرۇقىنى بەجا كەلتۈرمەيدۇ. بۇ سەۋەبتىن ئاللاھ ئۇنى ئۆز ھىمايىسىدىن قوغلاپ، كاپىرلارنىڭ قاتارىدىن قىلىۋېتىدۇ. ئىبلىس ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ سەۋەبى بىلەن ئاللاھنىڭ لەنىتىگە ئۇچراپ، كاپىر بولۇپ كەتكىنى ئۈچۈنلا، ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەشەددىي دۈشمىنىگە ئايلىنىدۇ. نەتىجىدە، ئۇنى ئازدۇرۇپ، ئۇنىڭ جەننەتتىن چىقىپ كېتىشىگىمۇ سەۋەبچى بولىدۇ. شۇنىدىن باشلاپ ئىبلىسنىڭ ئەۋلادلىرى بولغان شەيتانلارمۇ ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەۋلادلىرى بولغان ئىنسانلارغا مەڭگۈلۈك دۈشمەن بولۇپ كەلمەكتە.

## 66ـ سۇئال: شەيتانلارنىڭ بارلىقىنى قانداق بىلىمىز؟

شەيتانلارنىڭ بارلىقىغا ئىشىنىش ئىماننىڭ ئاساسلىق ماددىلىرىدىن بولمىسىمۇ، ئۇلارنىڭ بارلىقى قۇرئان كەرىمدە بايان قىلىنغانلىقى ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ بارلىقىغا ئىشىنىش ئىماننىڭ كېرەكلىك ماددىلىرىدىن بىرى، ئىنكار قىلىش كۇپرىنىڭ جۈملىسىدىندۇر.

## 67ـ سۇئال: شەيتانلارنىڭ خارەكتىرى

شەيتانلارنىڭ خاراكتېرى ـ پۈتۈنلەي يامانلىقتىن ئىبارەت بولۇپ، شەيتانلار ھەرخىل يوللار بىلەن ئىنسانلارنىڭ كۆڭۈللىرىگە يامانلىقنىڭ، ئازغۇنلۇقنىڭ ۋەسۋەسىلىرىنى سېلىش ئارقىلىق، ئۇلارنى توغرا يولدىن ئازدۇرۇشقا تىرىشىدۇ. ئاللاھ بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: «شەيتان ھەقىقەتەن سىلەرگە دۈشمەندۇر. ئۇنى دۈشمەن تۇتۇڭلار. شەيتان ئۆزىنىڭ تەۋەلىرىنى ئەھلى دوزاختىن بولۇشقا چاقىرىدۇ» [فاتىر سۈرىسى 6 ـ ئايەت].

## 68ـ سۇئال: شەيتانلار كىملەرنى ئازدۇرالايدۇ، كىملەرنى ئازدۇرالمايدۇ؟

شەيتانلار ئاللاھنىڭ تائەتىدىن يىراقلاشقان، ئىمانى ئاجىز، ئىرادىسى مۇستەھكەم بولمىغان كىشىلەرنى ئازدۇرۇپ كېتەلەيدۇ. ئەمما ھەمىشە ئاللاھنىڭ ئىتائىتىدە بولغۇچى، تەقۋادار، ئىرادىلىك ۋە ئىخلاسمەن زاتلارنى شەيتانلار ھېچبىر يول بىلەن ئازدۇرۇپ كېتەلمەيدۇ. ئاللاھ تائالا شەيتانلارنىڭ ئاتىسى ئىبلىسنىڭ بۇھەقتىكى ئىقرارىنى ھېكايە قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «(ئىبلىس ئېيتتىكى) ئىززىتىڭ بىلەن

قەسەمكى، ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى چوقۇم ئازدۇرىمەن، ئۇلاردىن پەقەت تاللانغان بەندىلىرىڭلا بۇنىڭدىن مۇستەسنا (يەنى ئۇلارنى ئازدۇرالمايمەن)» [ساد سۈرىسى 82 - 83 - ئايەتلەر].

## 69-سۇئال: شەيتانلار نىمە ئۈچۈن يارىتىلغان؟

ئاللاھنىڭ تاللانغان بەندىلىرى ئىمانى كامىل، تەقۋادار، ئىرادىلىك ۋە ئىخلاسمەن زاتلاردۇر. بۇ دۇنيا ئىمتىھان دۇنياسى بولۇپ، يامانلىق بولمىسا ياخشىلىقنىڭ قەدىر - قىممىتى بىلىنمەيدۇ. شۇڭا ئاللاھ جەننەتنى يارىتىش بىلەن بىرگە دوزاخنىمۇ ياراتقان. چۈنكى دوزاخ بولمىسا جەننەتنىڭ قەدىر - قىممىتى بىلىنمەيتتى. شۇڭا ئاللاھ ئۆز ھېكمىتىگە ئاساسەن ئىنسانلارنى بۇ ئىمتىھان دۇنياسىغا ئەۋەتىش بىلەن بىرگە ئۇلارنىڭ زىيىنىغا شەيتانلارنىمۇ ئەۋەتكەن ۋە شەيتانلارغا ئىنسانلارنى ئازدۇرۇش قابىلىيىتىنى بەرگەن.

## 70-سۇئال: ئاللاھ تەرىپىدىن چۈشۈرۈلگەن كىتابلارنىڭ مەقسىدى

ئاللاھنىڭ كىتابلىرى - ئاللاھ پەيغەمبەرلەرگە چۈشۈرگەن مۇقەددەس كىتابلاردۇر. ئۇلار ساماۋىي كىتابلار دەپ ئاتىلىدۇ. ئاللاھ بۇ كىتابلارنى - پەيغەمبەرلەرنىڭ ۋاستىسى ئارقىلىق ئىنسانلارنى يامان يوللاردىن قايتۇرۇپ ، بىر ئاللاھقىلا ئىبادەت قىلىشتەك توغرا يولغا باشلاپ، ئۇلارنى دۇنيا ۋە ئاخىرەتنىڭ سائادەتلىرىگە ئېرىشتۈرۈش ئۈچۈن چۈشۈرگەن.

## 71-سۇئال: ئاللاھ تەرىپىدىن چۈشۈرۈلگەن كىتابلارنىڭ مەزمۇنلىرى

ئاللاھ چۈشۈرگەن كىتابلاردا، كائىناتنىڭ ياراتقۇچىسى ۋە ئۇنىڭ پەرۋىش قىلغۇچىسى يالغۇز ئاللاھ ئىكەنلىكى ۋە ئاللاھتىن باشقا ئىبادەتكە ھەقلىق بولغان مەبۇد بەرھەق يوق ئىكەنلىكىنىڭ بايانى، ئىنسانلارنىڭ دۇنيا ۋە ئاخىرەتلىك سائادەتلىرى ئۈچۈن كېرەكلىك مەسىلىلەر، ئىلگىرىكى پەيغەمبەرلەر ۋە ئۈممەتلەرنىڭ قىسسىلىرى، ھەرتۈرلۈك پايدىلىق ۋەز - نەسىھەتلەر، ئاخىرەت ئالەمىنىڭ خەۋەرلىرى، دۇئا ۋە ئىبادەتلەرنىڭ ئۇسۇل ۋە سىستېمىلىرى، ئىجتىمائىي ۋە كىشىلىك ھاياتنىڭ قانۇن، پرىنسىپلىرى قاتارلىقلار سۆزلەنگەن.

## 72-سۇئال: ئاللاھ تەرىپىدىن چۈشۈرۈلگەن تۆت چوڭ كىتاب

پەيغەمبەرلەرنىڭ ھەممىسىگە كىتاب چۈشۈرۈلگەن ئەمەس، بەلكى ئۇلارنىڭ ئاز قىسمىغا كىتاب چۈشۈرۈلگەن بولسىمۇ، كۆپىنچىسىگە ئاللاھتىن ۋەھيىلا كېلەتتى. ئۇلار ئاللاھتىن كەلگەن ۋەھيىنىڭ روھىنى ئۈممەتلىرىگە يەتكۈزۈش ئارقىلىق، ئۇلارنى دىنغا دەۋەت قىلاتتى. ئاللاھ تەرىپىدىن چۈشۈرۈلگەن كىتابلار قۇرئان كەرىمنىڭ بايان قىلىشى بويىچە تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت:

1 ـ تەۋرات ـ مۇسا ئەلەيهىسسالامغا چۈشۈرۈلگەن.

2 ـ زەبۇر ـ داۋۇد ئەلەيهىسسالامغا چۈشۈرۈلگەن.

3 ـ ئىنجىل ـ ئىيسا ئەلەيهىسسالامغا چۈشۈرۈلگەن.

4ـ قۇرئان ـ مۇھەممەد ئەلەيهىسسالامغا چۈشۈرۈلگەن.

## 73ـسۇئال: ئاللاھ تەرىپىدىن چۈشۈرۈلگەن باشقا كىتاپلار

پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالامنىڭ ھەدىسلىرىگە كۆرە، يوقرىقىلاردىن باشقىمۇ بەزى پەيغەمبەرلەرگە ساماۋىي كىتابلار چۈشۈرۈلگەنلىكى مەلۇم. ئۇلار تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت: ئادەم ئەلەيهىسسالامغا 10 بەتلىك، ئىبراھىم ئەلەيهىسسالامغا 10 بەتلىك، شىش ئەلەيهىسسالامغا 50 بەتلىك، ئىدرىس ئەلەيهىسسالامغا 30 بەتلىك كىتابلار چۈشۈرۈلگەن.

## 74ـسۇئال: ۋەھيىنىڭ مەنىسى

ۋەھيي سۆزىنىڭ لۇغەتتىكى مەنىسى ـ ئىلھام دېمەكتۇر. ئەمما ۋەھيىنىڭ شەرىئەت ئىستىمالىدىكى مەنىسى: ئاللاھنىڭ پەيغەمبەرگە بىۋاستە ياكى پەرىشتىنىڭ ۋاستىسى بىلەن سۆز قىلىشى دېمەكتۇر.

ئاللاھنىڭ پەيغەمبەرلەرنىڭ ۋاستىسى بىلەن ئىنسانلارنى توغرا يولغا باشلاش ئۈچۈن ئۇلارغا كىتابلارنى چۈشۈرگەنلىكى ۋە بۇ كىتابلار ئارقىلىق ئىنسانلارغا توغرا يولنى كۆرستىپ، ئۇلارنى ئۇنىڭغا چاقىرغانلىقى، ئۇلارنى يامان يوللاردىن توسۇپ ئۇنىڭ ئاقىۋىتىدىن ئاگاھلاندۇرغانلىقى ھەق ۋە راستتۇر.

## 75ـسۇئال:ئاللاھنىڭ كىتابلىرىغا ئىمان كەلتۈرۈشنىڭ مەزمۇنلىرى

ئاللاھنىڭ كىتابلىرىغا ئىمان كەلتۈرۈش تۆۋەندىكى 4 مەسىلىگە ئىشىنىپ ئېتىقاد قىلىشنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ:

1 ـ پەيغەمبەرلەرگە كەلگەن ساماۋىي كىتابلارنىڭ راستىنلا ئاللاھ تەرىپىدىن چۈشۈرۈلگەن ھەق كىتابلار ئىكەنلىكىگە چىن ئىشىنىش.

2 ـ ئاللاھ تائالا بىزگە ئىسملىرىنى بىلدۈرگەن قۇرئان، تەۋرات، ئىنجىل ۋە زەبۇر قاتارلىق ساماۋىي كىتابلارغا تەپسىلىي؛ ئىسملىرى بىزگە مەلۇم بولمىغانلىرىنىڭ ھەممىسىگە ئىجمالىي ئىمان كەلتۈرۈش.

3 ـ قۇرئان كەرىمنىڭ پۈتۈن خەۋەرلىرىگە ۋە باشقا ساماۋىي كىتابلارنىڭ ئۆزگەرتىلىشتىن ساقلىنىپ قالغان خەۋەرلىرىدىن قۇرئاننىڭ تەسدىقلىغانلىرىغا ئىشىنىپ، ئۇنى تەسدىق قىلىش.

4 ـ ساماۋىي كىتابلارنىڭ ئەمەلدىن قالدۇرۇلمىغان ئەھكاملىرىغا ئەمەل قىلىش.

## 76-سۇئال: ئاللاھنىڭ كىتابلىرىغا ئىمان كەلتۈرۈشنىڭ پايدىلىرى

ئاللاھنىڭ كىتابلىرىغا ئىمان كەلتۈرۈشنىڭ ئەڭ چوڭ پايدىسى ئىماننىڭ تولۇقلىنىشىدۇر. چۈنكى ئاللاھنىڭ كىتابلىرىغا ئىمان كەلتۈرمىگەن كىشىنىڭ ئىمانى تولۇقلانمايدۇ. نەتىجىدە، مۇسۇلمان بولالمايدۇ. مۇندىن باشقا پايدىلىرىمۇ كۆپتۇر. ئۇلاردىن:

1 - ئاللاھنىڭ ھەرقانداق بىر قەۋمگە پەيغەمبەرلەرنىڭ ۋاستىسى بىلەن كىتابلارنى چۈشۈرۈپ، ئۇلارنى دۇنيا ۋە ئاخىرەتنىڭ سائادەتلىرىگە باشلىغانلىقىنى تونۇپ، ئاللاھنىڭ ئىنسانلارغا قىلغان رەھمەت ۋە شەپقەتلىرىنى بىلىش ۋە ئۇنىڭغا لايىق شۈكۈر ئادا قىلىش.

2 - ئاللاھنىڭ كىتابلىرىدىكى ئىلاھىي دەستۇرلارغا ئەمەل قىلىش ئارقىلىق دۇنيا ۋە ئاخىرەتنىڭ سائادەتلىرىگە ئېرىشىش.

3 - ئاللاھنىڭ ھەر قەۋمگە ئۇلارنىڭ ئەھۋالىغا مۇناسىپ ھالدا شەرىئەت بەلگىلىگەنلىكىدىكى ئۇلۇغ ھېكمەتنى تونۇش.

4 - ئاللاھنىڭ يۇقىرىقى نېمەتلىرىگە لايىقىدا شۈكۈر ئادا قىلىش.

## 77-سۇئال: قۇرئان كەرىمنىڭ ئىلگىرىكى ساماۋىي كىتابلاردىن ئارتۇقچىلىقى

قۇرئان كەرىمنىڭ ئىلگىرىكى ساماۋىي كىتابلاردىن ئارتۇقچىلىقى كۆپتۇر، ئەمما بىز بۇ يەردە قۇرئاننىڭ 7 ئالاھىدىلىكىنىلا بايان قىلساق شۇ يېتەرلىك دەپ ئويلايمىز. ئۇلار تۆۋەندىكىچە:

1 - قۇرئان كەرىمدىن باشقا ساماۋىي كىتابلارنىڭ ھەممىسى ئىنسانلار تەرىپىدىن دېگۈدەك ئۆزگەرتىلىش ۋە بورمىلىنىشلارغا ئۇچرىغان. نەتىجىدە، ئۇلارنىڭ ئاللاھتىن چۈشۈرۈلگەن ئەسلى يوقالغان.

2 - قۇرئان كەرىم - ساماۋىي كىتابلارنىڭ ئەڭ ئاخىرقىسى بولۇپ، ئۇ، ئىلگىرىكى ساماۋىي كىتابلارنىڭ ئەسلىسىنى ئېتىراپ قىلغۇچى ۋە مەزكۇر كىتابلاردىكى ئىلاھىي تەلىماتلار ۋە شەرىئەت ھۆكۈملىرىنىڭ ئۆزگەرتىلمەي قالغانلىرىنى كۈچكە ئىگە قىلغۇچى ھەم تەسدىق قىلغۇچىدۇر.

3 - قۇرئان كەرىم ھېچقانداق بىر ئىلمىي ھەقىقەتكە زىت كەلمەيدۇ. بەلكى ئۇنىڭ بىلەن تامامەن ماسلىشىدۇ. زامانىمىزدا مەيدانغا كەلگەن ئىلمىي ھەقىقەتلەر بۇنى ئىسپاتلىماقتا.

4 - قۇرئان كەرىم - مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ بىردىنبىر دائىملىق مۆجىزىسىدۇر.

5 ـ قۇرئان كەرىمنىڭ ھۆكۈملىرى تا قىيامەتكىچە داۋام قىلىدۇ ۋە قەتئىي ئۆزگەرتىلمەيدۇ.

6 ـ قۇرئان كەرىم ـ ئوقۇش ۋە يادلاشقا تولىمۇ ئوڭاي كىتابتۇر. ئۇ، تىلغا ئېغىر سۆز- كەلىمىلەردىن ئەلۋەتتە خالىيدۇر.

7 ـ قۇرئان كەرىم ـ ئۇنىڭ ئەھكاملىرى بىلەن ئەمەل قىلىنىدىغان، تىلاۋىتى بىلەن ئىبادەت قىلىنىدىغان ئالاھىدە بىر دەستۇردۇر.

## 78ـسۇئال: تەقدىرنىڭ مەنىسى

كائىنات ۋە كائىناتتىكى بارلىق شەيئىلەر تەخمىنەن ھەرىكەت قىلمايدۇ، كائىناتتا بىرەر ئىش تاسادىپى ياكى ئەھمىيەتسىز پەيدا بولۇپ قالمايدۇ. ئاللاھنىڭ ئىلمى، ئىشلار يۈز بېرىشتىن ئىلگىرى بىلەلەيدىغان ئەزەلى بىلىشىدۇر. ئاللاھ تائالا ئۇ ئىشلارنىڭ زامانى، ئورنى، مىقدارى، شەكلى، خۇسۇسىيەتلىرى، سۈپەتلىرى ۋە ئەھۋالىنى تەقدىر قىلدى. ئۇ ئىشلارنى ( يەنى كائىناتتا يۈز بېرىدىغان ئىشلارنى) يېزىپ خاتىرلىدى، ھېچقانداق بىر نەرسىنى ئۇنتۇپ قالمىدى. ئۇ ئىشلار ئاللاھنىڭ ئىرادىسى ۋە قۇدرىتى بىلەن ئاللاھ تەقدىر قىلغان شەكىلدە يۈز بېرىدۇ ياكى پەيدا بولىدۇ. ئاللاھ تائالانىڭ بىر نەرسىنى تەقدىر قىلىشىنىڭ مەنىسى، تۆت ھەقىقەتنى ئىسپاتلاشنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

بىرىنچى: ئاللاھ تائالا ئىشلارنى پەيدا بولۇشتىن ياكى يۈز بېرىشتىن ئىلگىرى بىلىدۇ، ئاللاھنىڭ ئىلمىدىن ھېچقانداق بىر نەرسە قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ. ئاللاھ ئىشلارنى سادىر بولۇشتىن ئىلگىرى، قانداق سادىر بولىدىغانلىقى، قاچان ۋە قەيەردە سادىر بولىدىغانلىقىنى بىلىدۇ.

ئىككىنچى: كائىناتتا سادىر بولىدىغان نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى ئاللاھنىڭ ئۈتكۈر خاھىشى ۋە ئىرادىسى بىلەن سادىر بولىدۇ. ئىش ھەرىكەت ئېلىپ بارغان ياكى سۆز قىلغان كىشى بۇ دائىرىدىن چىقىپ كىتەلمەيدۇ.

ئۈچىنچى: كائىناتتا ھەر بىر نەرسە ئاللاھنىڭ مەخلۇقىدۇر، ئاللاھنىڭ قۇدرىتىنىڭ تەسىرىدۇر، يارىتىش ئىشلىرىدا ئاللاھنىڭ شېرىكى يوق.

تۆتىنچى: ئاللاھ تائالا كائىناتتا يۈز بېرىدىغان ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى قەدىمدىن تارتىپ " لەۋھۇلمەھپۇز " دىن ئىبارەت قېشىدىكى بىر كىتاپقا خاتىرلىدى.

## 79ـسۇئال: تەقدىرگە ئىمان كەلتۈرۈش

تەقدىرگە ئىمان كەلتۈرگەنلىك ئىلاھى كامالەتنىڭ تەقەززاسىغا ئىمان كەلتۈرۈشتۇر. ئىسلام دىنى ئېلىپ كەلگەن تەقدىرگە ئىشىنىش مەسىلىسى بەخت تەلەيگە ياكى تاسادىپىلىققا ئىشىنىش ئەمەس، ئۇ ئىلاھى كامالەتنىڭ تەقەززاسىغا ئىشىنىشتۇر،

ئىسلام ئەقىدىسى ئىلاھى كامالەتنىڭ تەقەززاسى بىلەن ئالاھىدە بولغان. كائىناتتا يۈز بېرىۋاتقان ئىشلارنىڭ ھەممىسى بۇ ئىلاھنىڭ تەقدىرى، كونتروللىقى، ئىرادىسى، بىلىشى ۋە ھېكمەت تەقەززاسى بىلەن بولىدۇ، تەقدىرگە ئىمان كەلتۈرۈش مانا مۇشۇنداق بولىدۇ.

تەقدىرگە ئىمان كەلتۈرۈش دېگەن ئاللاھنىڭ ئىلمىنىڭ كەڭلىكى، ئىرادىسىنىڭ ئومۇملۇقى، قۇدرىتىنىڭ كەڭرىلىكى، كائىناتتىكى ھەر قانداق بىر نەرسىنىڭ ئىلاھى ئىكەنلىكىگە ئىشىنىشتۇر. كائىناتتا يۈز بېرىۋاتقان ياكى سادىر بولۇۋاتقان ئىشلار ئىلگىرىكى پىلان، قەدىمقى تەدبىر، ھەممىنى بىلگۈچى، ھەممىدىن غالىب زاتنىڭ تەقدىر قىلىشىغا بىنائەن بولىدۇ.

## 80-سۇئال: قازا

قازا- ئاللاھنىڭ شۇ ئالدىنئالا بىلگىنى ۋە بەلگىلىگىنىگە ئاساسەن، كائىناتتا بولىدىغان بارلىق ھادىسلەر ۋە ئىنسانلار تەرىپىدىن سادىر بولىدىغان ئىش - پائالىيەتلەرنى ۋۇجۇتقا چىقىرىشى دېمەكتۇر.

## 81-سۇئال: قازا ۋە قەدەرنىڭ مەنىسى

قازا ۋە قەدەرنىڭ مەنىسى - بەزى كىشىلەر چۈشەنگەندەك، ئاللاھنىڭ ئۆزى تەقدىر قىلغان نەرسىسگە بەندىلەرنى زورلىغانلىقى ئەمەس. بەلكى ئۇنىڭ ئەكسىچە، ئىنسان خالىغان ئىشنى قىلىش ياكى قىلماسلىقتا مۇتلەق ئەركىندۇر. ئاللاھ شۇڭا ئىنسانغا ھەرقانداق ئىشلارنى قىلىش ياكى تەرك ئېتىشتە ئەركىن ئىرادە، خاھىشنى ۋە ئۇنىڭغا يېتەرلىك قابىلىيەتنى بەرگەن. بىرەر ئىشنى قىلىشتا ئەركىن بولالىغان ئادەم، ئۇنى تەرك ئېتىشتىمۇ ئەركىندۇر. ئاللاھنىڭ، بىرەر بەندىنىڭ كېلىچەكتە قىلىدىغان ئىشلىرىنى ئالدىنئالا بىلىپ ئۇنى شۇنداق تەقدىر قىلغانلىقى ۋە ئەمەلىيەتتە بۇ ئىشلارنىڭ ئاللاھنىڭ بىلگىنى ۋە بەلگىلىگىنى بويىچە ۋۇجۇتقا چىقىپ ئەمەلگە ئاشقانلىقى ئۇ بەندىنىڭ ئىرادىسى ۋە خاھىشىنىڭ سىرتىدا بولغان ئىش ئەمەس. بەلكى بەندىنىڭ ئىرادە ۋە خاھىشىغا ئاساسەن ئەمەلگە ئاشقان ئىش. چۈنكى ئىنساندا ھەر قانداق بىر ئىشنى قىلىش ياكى تەرك ئېتىشتە ئەركىن ئىرادە بار.

## 82-سۇئال: قازا ۋە قەدەرگە ئىمان كەلتۈرۈش نىملەرنى ئۆز ئىچگە ئالىدۇ؟

قازا ۋە قەدەرگە ئىمان كەلتۈرۈش ئىسلام دىنىدا ئىمان كەلتۈرۈشكە بۇيرۇلغان ئالتە ئىماننىڭ بىرىدۇر. قازا ۋە قەدەرگە ئىمان كەلتۈرمىگەن، ئىشەنمىگەن ئادەمنىڭ ئىمانى قوبۇل ئەمەس. قازا ۋە قەدەرگە ئىمان كەلتۈرۈش تۆۋەندىكى 4 ھەقىقەتكە ئىشىنىپ ئېتىقاد قىلىشنى ئۆز ئىچگە ئالىدۇ. ئۇلار تۆۋەندىكىچە:

1 - كائىناتتا بولۇپ تۇرغان ھەرقانداق پايدىلىق ھادىسلەر، مەسىلەن: يامغۇرلارنىڭ

يېغىشى، زىرائەتلەرنىڭ مول ھوسۇل بېرىشى، دەرەخلەرنىڭ مېۋە بېرىشى دۇنيادا يۈز بېرىپ تۇرغان ھەر قانداق زىيانلىق ھادىسلەر، مەسىلەن: يەر تەۋرەش، ۋابا، قورغاقچىلىق، سۇ ئاپىتى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى ئاللاھنىڭ تەقدىرى ۋە قازاسى بىلەن بولىدۇ. بۇ ھادىسىلەرنى ۋە ئۇلارنىڭ سەۋەبلىرىنىڭ ھەممىسىنى ئاللاھ ياراتقاندۇر، دەپ ئىشىنىش.

2 ـ دۇنيادىكى ھەر قانداق ياخشىلىقلار، مەسىلەن: تىنچلىق، ئامانلىق، تەن ساقلىقى، خاتىرجەملىك، باياشاتلىق ۋە ئۇنىڭدىكى ھەر قانداق بەختسىزلىكلەر، مەسىلەن: ئۇرۇش، ئۆلۈم، كېسەللىك، دەرت، جاپا ـ مۇشەققەتلەر ھەممىسى ئاللاھنىڭ تەقدىرى ۋە قازاسى بىلەن بولىدۇ، بۇلارنى ۋە بۇلارنىڭ سەۋەبلىرىنىڭ ھەممىسىنى ئاللاھ ئۆزى ياراتقان، دەپ ئىشىنىش.

3 ـ مەخلۇقاتلارنىڭ يۈرۈش ـ تورۇش، يېيىش ـ ئىچىش ۋە باشقا بارلىق ئىشلىرى پەقەت ئاللاھنىڭ تەقدىرى ۋە قازاسى بىلەن بولىدۇ. ئاللاھ بۇ ئىشلارنى يارىتىش بىلەن بىرگە ئىنسانلارغا ئۇلارنى قانداق يوسۇندا قوللىنىش ئىختىيارىنى ۋە قابىلىيىتىنى بەرگەن، دەپ ئىشىنىش.

4 ـ ئىنسانلارنىڭ قولىدىن كېلىدىغان ھەر قانداق ياخشىلىق ۋە يامانلىقنى تەقدىر قىلغۇچى ئاللاھدۇر. لېكىن بۇ ئىشلارنىڭ ھەرقايسىسىنى قىلىش ياكى تەرك ئېتىش ئىنسانلارنىڭ ئىختىيارىدا بولۇپ، بۇ ئىختىيارنى ئۇلارغا ئاللاھ بەرگەن، دەپ ئىشىنىش.

## 83-سۇئال: قازا ۋە قەدەرگە ئىمان كەلتۈرۈشنىڭ شەكلى

1 ـ ئىنسانلارنىڭ بېشىغا كەلگەن كېسەللىك، دەرت ـ ئەلەم، بالايىئاپەت، يوقسۇللۇق ۋە جاپا ـ مۇشەققەتلەرنىڭ ھەممىنى ئاللاھنىڭ تەقدىرى ۋە ئىرادىسى بىلەن بولىدۇ، دەپ ئىشىنىش بىلەن بىرگە بۇلاردىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن قولىدىن كەلگەن سەۋەبلەرنىڭ ھەممىنى قىلىش، ئاللاھقا ئۇلارنى كۆتۈرىۋېتىشنى سوراپ دۇئا قىلىش ۋە بۇلارنىڭ سەۋەبىدىن (يەنى يۇقىرىقى كۆلپەتلەرنىڭ سەۋەبىدىن) تارتقان جاپالارنىڭ بەدىلىگە ئاللاھنىڭ ساۋاب بېرىدىغانلىقىغا ئىشىنىش ئىماننىڭ جۇملىسىدىندۇر.

2 ـ ئىنسانلارغا يەتكەن كېسەللىك، ئاجىزلىق ۋە يوقسۇللۇقلارنى «ئاللاھنىڭ تەقدىرىغۇ» دەپ ئۇلاردىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن سەۋەب قىلماسلىق چوڭ خاتالىقتۇر. چۈنكى ئاللاھ يۇقىرىقى كۆلپەتلەرنى ياراتقان بولسا، ئىنساندا ئەقىل بىلەن ئىرادىنىمۇ ياراتتى. ئىنساننىڭ ئاللاھ بەرگەن بۇ ئەقىل، ئىرادە بىلەن سەۋەب قىلىشىمۇ ئىماننىڭ جۇملىسىدىندۇر.

3. كائىناتتا بولىدىغان ھەرقانداق ھادىسە، ئىنسانلارنىڭ قىلىدىغان ياخشىلىق ـ يامانلىق ھەرقانداق ئىشلىرى ئاللاھنىڭ تەقدىرى ۋە قازاسى بىلەن بولىدۇ. ئىنسان ھەرقانداق ئىشنى قىلىشتا ياكى قىلماسلىقتا ئاللاھ بەرگەن ئىختىيار بىلەن ئەركىندۇر. لېكىن ئاللاھ ياخشى ئىشلارغا رازىكى، يامان ئىشلارغا رازى ئەمەستۇر.

## 84-سوئال: قازا ۋە قەدەرگە ئىمان كەلتۈرۈشنىڭ ھېكمىتى

قازا ۋە قەدەرگە ئىمان كەلتۈرگەن كىشى كائىنات ۋە ئۇنىڭدىكى بارلىق شەيئىلەرنىڭ ئەڭ كۈچلۈك بىر ئىلاھىي قانۇننىڭ ھىمايىسى ئاستىدا ھەرىكەت قىلىۋاتقانلىقىغا ۋە ھەممە ئىش ئاللاھنىڭ تەقدىرى ۋە قازاسى بىلەن بولىدىغانلىقىغا چىن ئىشىنىدۇ. نەتىجىدە، ئۇنىڭ بېشىغا بىرەر بالا ـ قازا ياكى ئېغىر كۈلپەتلەر كەلسە ئاھ ئۇرۇپ ئۆزىنى يوقىتىپ قويمايدۇ، بىرەر مۇۋەپپەقىيەت قازانسا خوشاللىقتىن ئۆزىگە ئىشىنىپ كۆرەڭلەپ كەتمەيدۇ. چۈنكى ئۇ ھەممىنى ئاللاھتىن دەپ بىلىدۇ. شۇڭا ئۇ، بالا ـ قازا يەتكەندە سەبىر قىلىدۇ، مۇۋەپپەقىيەت قازانغاندا ئاللاھقا شۈكۈر قىلىدۇ. ئىنسان مەغلۇبىيەتكە ئاھ ئۇرۇپ كەتمەيدىغان ۋە مۇۋەپپەقىيەتكە كۆرەڭلەپ كەتمەيدىغان دەرىجىگە يەتكەندە، ئۇ ھەقىقى پىشىپ يېتىلگەن بولىدۇ. ئىمان ئەنە شۇنداق ئېسىل ئەرلەرنى يارىتىدۇ.

## 85-سوئال: قازا ۋە قەدەرگە ئىمان كەلتۈرۈشنىڭ پايدىسى

قازا ۋە قەدەرگە ئىمان كەلتۈرۈشنىڭ ئەڭ چوڭ پايدىسى ـ مۇسۇلمان بولۇشنىڭ شەرتى بولغان 6 ئىماننىڭ تولۇقلىنىشىدۇر. چۈنكى قازا ۋە قەدەرگە ئىمان كەلتۈرمىگەن كىشى مۇسۇلمان بولالمايدۇ. قازا ۋە قەدەرگە ئىمان كەلتۈرۈشنىڭ باشقا پايدىلىرى تۆۋەندىكىچە:

1 ــ مەغپىرەت. قازا ۋە قەدەرگە ئىمان كەلتۈرگەن كىشىنىڭ گۇناھلىرى مەغپىرەت قىلىنىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: «مۇئمىنگە ئاغرىق، چارچاش، كېسەللىك، قايغۇ ـ ھەسرەت، ھەتتا كىچىك بىر غەم يەتسە، شۇنىڭ بەدىلىگە الله تائالا ئۇ مۇئمىننىڭ خاتالىقلىرىنى كەچۈرىدۇ.» (مۇسلىم 2573)

2 ــ ساۋابلىق. قازا ۋە قەدەرگە ئىمان كەلتۈرگەن كىشىگە ساۋاب بېرىلىدۇ. ئاللاھ بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: «(بېشىغا كەلگەن زىيان ـ زەخمەت، مۇسىبەتلەرگە) سەبىر قىلغۇچىلارغا (جەننەت بىلەن) خۇشخەۋەر بەرگىن. ئۇلارغا بىرەر مۇسىبەت كەلگەن چاغدا ئۇلار ”بىز ئاللاھنىڭ ئىگىدارچىلىقىدىمىز، چوقۇم ئاللاھنىڭ دەرگاھىغا قايتىمىز“دەيدۇ. ئەنە شۇلار پەرۋەردىگارىنىڭ مەغپىرىتى ۋە رەھمىتىگە ئېرىشكۈچىلەردۇر. ئەنە شۇلار ھىدايەت تاپقۇچىلاردۇر» [بەقەر سۈرىسى 156 ـ 157 ـ ئايەتە].

3 ـ قانائەت ۋە كەڭ قۇرساقلىق. قازا ۋە قەدەرگە ئىمان كەلتۈرگەن كىشى قانائەتلىك ۋە كەڭ قۇرساق بولىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام مۇنداق دەيدۇ: « پۇل ـ مالنىڭ كۆپ بولغىنى بايلىق ئەمەس، بەلكى نەپسىنىڭ قانائەتچان بولغىنى بايلىقتۇر. » (بۇخارى: 6446)

4 ــ شجائەت. قازا ۋە قەدەرگە ئىمان كەلتۈرگەن كىشى ھەر قانداق بىر قىيىنچىلىققا شجائەت بىلەن تاقابىل كېلىدۇ، ئۆزىنىڭ ھەق ـ ھوقۇقىنى قوغداش يولىدا ئالاھنىڭ غەيرىدىن قورقمايدۇ. چۈنكى ئۇ، ئەجەل ئالاھنىڭ ئىلكىدە ئىكەنلىكىگە چىن ئىشىنىدۇ ـ دە، باشقىلارنىڭ قولىدىن كېلىدىغان خەۋپ ـ خەتەر ۋە زىيان ـ زەخمەتلەردىن قورقۇپ قالمايدۇ.

5 ــ سەۋرچانلىق. قازا ۋە قەدەرگە ئىمان كەلتۈرۈگەن كىشى سەۋرچان بولىدۇ، ئۆتكەنلەرگە ھەسرەت ـ نادامەت چەكمەيدۇ. چۈنكى ئۇ ھەممە ئىشنىڭ ئالاھنىڭ تەقدىرى ۋە قازاسى بىلەن بولىدىغانلىقىغا ئىشىنىدۇ.

6 ــ ئۈمىدۋارلىق. قازا ۋە قەدەرگە ئىمان كەلتۈرگەن كىشىنىڭ كۆڭلى خاتىرجەم ۋە روھى ئۈمىدۋار بولىدۇ. چۈنكى بۇنداق كىشىلەر ھەر قانداق قىيىنچىلىقتىن كېيىن ئوڭايلىقنىڭ بارلىقىغا، باشقا كەلگەن مۇسىبەت، جاپا ـ مۇشەققەتلەرنىڭ بەدىلىگە ساۋابنىڭ بارلىقىغا ئىشىنىدۇ ـ دە، ئوڭۇشسىزلىقلارغا، كۈلپەتلەرگە ۋە چوڭ قولدىن بېرىشلەرگە ئۇچرىغاندىمۇ، ئاھ ئۇرۇپ ئۆزلىرىنى يوقىتىپ قويمايدۇ. بەلكى ئۈمىد بىلەن تەمكىن ھالدا خاتىرجەم ئۆمۈر سۈرىدۇ.

## 86ـسۇئال: ئاللاھنىڭ بەندىلىرىنى ھىدايەت قىلىشى ياكى ئازغۇن قىلىشى

بەندىلەرنى توغرا يولغا ھىدايەت قىلىش ياكى ئۇنىڭدىن ئازدۇرىۋېتىش ئاللاھتىندۇر. ئاللاھتىن باشقا ھېچكىم ئۇنىڭ ئىزنىسىز ھىدايەت قىلالمايدۇ ۋە ئازدۇرالمايدۇ. ئاللاھ بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: « ئۆزىنىڭ يامان ئەمەلى چىرايلىق كۆرسىتىلگەن، شۇنىڭ بىلەن ئۇنى چىرايلىق ھېسابلىغان كىشى (ھىدايەت تاپقان كىشى بىلەن ئوخشاشمۇ؟) ﷲ ھەقىقەتەن خالىغان كىشىنى گۇمراھ قىلىدۇ (خالىغان كىشىنى ھىدايەت قىلىدۇ). شۇڭا سەن ئۇلار ئۈچۈن (يەنى ئىمان ئېيتمىغانلىقلىرى ئۈچۈن) قايغۇرۇپ ئۆزۈڭنى ھالاك قىلىۋالمىغىن، ﷲ ھەقىقەتەن ئۇلارنىڭ قىلمىشلىرىنى بىلىپ تۇرغۇچىدۇر » [فاتىر سۈرىسى 8 ـ ئايەت]. بۇنىڭغا ئاساسەن، شەيتانلارنىڭ ئىنسانلارنى ئازدۇرۇشى پەقەت ئاللاھنىڭ تەقدىرى ۋە ئىزنى بىلەن بولغان بولىدۇ. چۈنكى ئاللاھ قانداقلا بىر ئادەمنى ھىدايەت قىلىشنى خالىسا ئۇنىڭ قەلبىنى توغرا يولغا يېتەكلەيدۇ. بۇ ئارقىلىق ئۇ ھىدايەت تاپىدۇ. ئاللاھ قانداقلا

ئادەمنىڭ ئازغۇن بولۇشىنى خالىسا ئۇنىڭغا شەيتانلارنى مۇسەللەت قىلىدۇ ـ دە، شەيتانلار ئۇنىڭغا ئۇنىڭ يامان ئىشلىرىنى ياخشى كۆرسىتىش ئارقىلىق ئۇنى ئازدۇرۇپ كېتىدۇ. نەتىجىدە ھىدايەت قىلىش ۋە ئازدۇرۇش ئاللاھتىن بولغان بولىدۇ. ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ: «كىمكى مېھرىبان ئاللاھنى ياد ئېتىشتىن (يەنى قۇرئاندىن) يۈز ئۆرۈيدىكەن، بىز ئۇنىڭغا شەيتاننى مۇسەللەت قىلىمىز، شەيتان ئۇنىڭغا ھەمراھ بولىدۇ. شۈبھىسىزكى، شەيتان ئۇلارنى توغرا يولدىن توسىدۇ» [زۇخرۇپ سۈرىسى 36 ـ 37 ـ ئايەتلەر].

## 87-سۇئال: ھىدايەتنىڭ تۈرى

قۇرئان كەرىمنىڭ ئىستېمالى بويىچە، ھىدايەت ئىككى تۈرلۈك بولىدۇ: بىرى يول كۆرسىتىش مەنىسىدىكى ھىدايەت، يەنە بىرى مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشتۈرۈش مەنىسىدىكى ھىدايەت. ئالدىنقىسى، سىز يول سورىغان كىشىنىڭ سىزگە سىز بارماقچى بولغان جايغا ئېلىپ بارىدىغان تۈز يولنى ئېنىق شەرھلەپ كۆرسىتىپ قويغىنىغا، كېيىنكىسى، ئۇنىڭ سىزنىڭ قولىڭىزدىن تۇتۇپ، سىز بارماقچى بولغان جاي ئەگەر يىراق بولسا ماشىنىسىغا ئولتۇرغۇزۇپ، سىزنى شۇ جايغا ئاپىرىپ قويغىنىغا ئوخشاشتۇر.

## 88-سۇئال: تەقدىر ۋە رىزىق

1) رىزىق ئاللاھ تەرىپىدىن ئىنسانغا تەقدىر قىلىنغان، ئۇلارنىڭ ئىچىدە رىزىقى كەڭرى بولغانلىرى، رىزىقى تار بولغانلىرى ۋە نورمال بولغانلىرى بار، ھەممىسىگە رىزىق بەرگۈچى ئاللاھ تائالادۇر. ئاللاھ ھەر بىر نەرسىگە رىزىق تەييارلاپ بېرىدىغانلىقىغا كېپىل بولۇپ مۇنداق دەيدۇ: «يەر يۈزىدىكى ھايۋانلارنىڭ ھەممىسىگە رىزىق بېرىشنى ئاللاھ (مەرھەمەت يۈزىسىدىن) ئۈستىگە ئالغان»، (سۈرە ھۇد- 6- ئايەت). « نۇرغۇن ھايۋانلار ئۆز رىزقىنى ئۈستىگە ئالالمايدۇ( يەنى ئۆز رىزقىنى تېپىپ يىيىشتىن ئاجىزدۇر)، ئۇلارنى ۋە سىلەرنى ئاللاھ رىزىقلاندۇرىدۇ، ئاللاھ (سۆزۈڭلارنى) ئاڭلاپ تۇرغۇچىدۇر، (ئەھۋالىڭلارنى) بىلىپ تۇرغۇچىدۇر» دەيدۇ، (سۈرە ئەنكەبۇت- 60 ـ ئايەت).

2) ئەمەلىيەتتە ئاللاھ تائالا رىزىقنى سەۋەبى بىلەن بىرگە بەلگىلىدى، رىزىق تەقدىر قىلىنغاندەك سەۋەپمۇ تەقدىر قىلىنغان. مەسىلەن: ئاللاھ، پالانىنىڭ ئەقلىنى ۋە ھۇشيارلىقىنى ئىشقا سېلىپ، تۇرمۇشىنى ياخشىلاشتا كۆپ جاپا تارتىدىغانلىقىنى تەقدىر قىلغان بولسا، ئۇنىڭغا رىزىقنى كەڭرى قىلىپ بېرىدۇ. يەنە بىر ئىنساننىڭ ھورۇنلۇق قىلىپ، ئەمگەك قىلماي، تۆۋەن تۇرمۇشقا رازى بولۇپ تۇرىدىغانلىقىنى تەقدىر قىلغان بولسا ئۇنىڭ رىزقىنى تار قىلىدۇ.

3) رىزىققا ئەگەك قىلمىسا ئىرشكىلى بولمايدىغانلىقى ئاللاھنىڭ قانۇنىدۇر، شەرىئەت شۇنداق قىلىشقا بۇيرۇيدۇ. ئىنسانىنىڭ رىزىق تېپىشى ئۈچۈن ئەمەل قىلىشى ۋاجىپ ھىساپلىنىدۇ. كەم رىزىق، مال-دۇنيا تېپىشتىن ھورۇنلۇق قىلىپ ئولتۇرۋالسا، سەۋەبنى قىلمىسا، ئۇ كىشى ئاللاھنىڭ كائىناتتىكى قانۇنىغا ۋە شەرئى ھۆكۈملىرىگە خىلاپلىق قىلغان بولىدۇ.

## 89-سۇئال: تەقدىر ۋە ئەجەل

ئاللاھ تائالا رىزىقنى تەقدىر قىلغاندەك ئۆمۈر ۋە ئەجەلنى تەقدىر قىلدى. ئۆمۈر چەكلىك ۋە بەلگىلەكلىك، ئىنساننىڭ قانچىلىك ئۆمۈر كۆرىدىغانلىقى ئاللاھنىڭ قېشىدا خاتىرلەنگەن بولىدۇ. ئەجەل كەلگەندە كېچىكىپ قالىدىغان ئىش يۈز بەرمەيدۇ. ئاللاھ قۇرئان كەرىمدە: « ئۇلۇم ۋاقتى كەلگەندە، ئۇلار بىردەممۇ ئىلگىرى كېيىن بولمايدۇ»دەيدۇ، ( سۈرە ئەئراف- 34- ئايەت). « ھەر قانداق ئادەمنىڭ ئۆمرىنىڭ ئۇزۇن ياكى قىسقا بولۇشى لەۋھۇلمەھپۇزدا يېزىلغان، بۇ ھەقىقەتەن ئاللاھقا ئاسان» دەيدۇ، (سۈرە فاتىر- 11- ئايەت).

ئۆمۈر ئۇزۇن بولسۇن ياكى قىسقا بولسۇن ئەجەل تەقدىر قىلىنىدۇ دېگەن سۆزنىڭ مەنىسى: ئۇ سەۋەپلىرى بىلەن تەقدىر قىلىنىدۇ، سەۋەپلىرىدىن ئايرىم بولمايدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: ئادەم ئەۋلادى بىلەن ئۆلۈمنىڭ 99 خىل سەۋەبلىرى بىللە يارىتىلغان بولۇپ، پۈتۈن سەۋەبلەردىن قۇتۇلۇپ كەتكەن تەقدىردىمۇ، نىھايەت قېرىپ كېتىپ ئۆلىدۇ. (تىرمىزى: 2150)

## 90-سۇئال: قازا ۋە قەدەرگە ئىمان كەلتۈرۈشتىكى سەۋەب ۋە تەۋەككۇل

قازا ۋە قەدەرگە ئىمان كەلتۈرۈش سەۋەب قىلىشقا ھەرگىز زىت كەلمەيدۇ. كىشىگە يەتكەن ياخشىلىق - يامانلىق، مۇسىبەت - خوشاللىق، پايدا - زىيانلارنىڭ ھەممىنى، شۇنداقلا بولۇپ ئۆتكەن ھەر قانداق بىر ئىشنى ئاللاھنىڭ تەقدىرى بىلەن بولدى، دەپ ئېتىقاد قىلىش ئىماننىڭ بىر پارچىسىدۇر. كېلىچەكتە بولىدىغان ھەر قانداق ئىشلارنىمۇ ئاللاھنىڭ تەقدىرى بىلەن بولىدۇ، دەپ ئېتىقاد قىلىش ئىماندىن. بىراق «ئاللاھنىڭ تەقدىرىدە نېمە بولسا شۇ بولىدىغۇ» دەپ سەۋەب قىلماسلىق ئىماندىن ئەمەس، بەلكى چوڭ خاتالىقتۇر. گەرچە ئىنساننىڭ رىزقى، ئەجەلى ۋە ياخشى - يامان پۈتۈن ئىشلىرى ئاللاھنىڭ تەقدىرى بىلەن بولسىمۇ، ئىنسان شۇ رىزقنى ھاسىل قىلىش، جېنىنى قوغداش ۋە ئۆزى ھەم جەمئىيەتكە پايدىلىق ئىشلارنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن سەۋەب قىلىشقا بۇيرۇلغان. ئەگەر ئۇ، «ئاللاھقا تەۋەككۇل قىلدىم» دەپ سەۋەبنى قولدىن بېرىدىكەن، ئۇ چوقۇم گۇناھكار بولىدۇ ۋە تەۋەككۇلنىڭ مەنىسىنى سۇيئىستېمال قىلغان بولىدۇ. چۈنكى ئاللاھ بۇ دۇنيادا ھەممە

ئىشنى سەۋەبلەرگە باغلىغان. بۇ دۇنيا سەۋەب دۇنياسى. ھەر كىشى سەۋەب قىلىپ ئىشلىگىنىگە يارىشا قازىنىدۇ. ئاللاھ بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: « ئىنسان پەقەت ئۆزىنىڭ ئىشلىگەن ئىشىنىڭ نەتىجىسىنى كۆرىدۇ» [نەجم سۈرىسى 39 ـ ئايەت].

## 91-سۇئال: قازا قەدەر مەسىلىسىدە ئاللاھ بىكىتتۈەتكەن ئىشلار

قازا ۋە قەدەرنىڭ جۈملىسىدىن بەزى ئىشلار باركى، ئۇلارنى ئاللاھ تائالا ئىنسانلار خالىسۇن، ياكى خالىمىسۇن، ھېس قىلسۇن ياكى ھېس قىلالمىسۇن ئۇنىڭدىن قەتئىينەزەر ھالدا، بىۋاستە ئۆز خاھىشى بىلەنلا بېكىتتۈەتكەن. مەسىلەن: سىزنىڭ نەدە ۋە قاچان تۇغۇلىشىڭىز، ئاتا ـ ئانىڭىزنىڭ كىملەر بولىشى، بويىڭىزنىڭ ئېگىز ياكى پاكار بولىشى، چىرايىڭىزنىڭ چىرايلىق ياكى كۆرۈمسىز بولىشى، ئەقلىڭىزنىڭ ئۆتكۈر ياكى كەم بولىشى، خاراكتېرىڭىزنىڭ قانداق بولىشى، ئۆمرىڭىزنىڭ قانچىلىك بولىشى ۋە باشقىلار قاتارلىق ئىشلار بەندىنىڭ ئىختىيارى سىرتىدىكى ئىشلار بولغانلىقتىن، ئىنسانلار ئۇنىڭدىن جاۋابكار ئەمەس، ئەلۋەتتە. «ئاللاھ سىلەرنى ئاناڭلارنىڭ قۇرسىقىدىكى چېغىڭلاردا ئۆزى خالىغان شەكىلگە كىرگۈزىدۇ» [ئال ئىمران سۈرىسى 6 ـ ئايەت].

## 92-سۇئال: تەقدىرنى مۇداپىئە قىلغىلى بولامدۇ؟

بەزى كىشلەر تەقدىر مۇداپىئە قىلىنمايدۇ( يەنى قارشى تۇرغىلى بولمايدۇ دەپ ئويلايدۇ). شۇنىڭ ئۈچۈن: ئاللاھ كىمنىڭ كەمبەغەل بولۇشىنى تەقدىر قىلغان بولسا ئۇ كەمبەغەل بولىدۇ، كىمنىڭ باي بولۇشىنى تەقدىر قىلغان بولسا باي بولىدۇ. كىمگە خاتىرجەملىك تەقدىر قىلغان بولسا ئۇ شەكسىز ھالەتتە خاتىرجەم بولىدۇ، كىمگە كېسەل بولۇشىنى تەقدىر قىلغان بولسا ئۇ شەكسىز كېسەل بولىدۇ دەپ قارىشىدۇ. شۇ سەۋەپتىن بۇلار: دۇئا قىلغاننىڭ پايدىسى يوق، چۈنكى دۇئا تەقدىر قىلىنغان نەرسىنى ئۆزگەرتەلمەيدۇ دىيىشىدۇ. بۇلارغا دەيمىزكى:

1) ئاللاھنىڭ نېمىنى تەقدىر قىلغىنىنى بىز بىلمەيمىز. ئۇنى پەقەت ئاللاھ بىلىدۇ، بىز ئۆزىمىزگە تەقدىر قىلىنغان نەرسىنى ئەمەلىيەتتە سادىر بولغاندىن كېيىن ئاندىن بىلىمىز، ئەمەلىيەتتە سادىر بولۇشتىن ئىلگىرى قانداق بولۇشىنى بىلمەيمىز. شۇنىڭ ئۈچۈن ئىلگىرى ھېچقانداق نەرسە تەقدىر قىلىنمىغاندەك ھەق سۆز ۋە ياخشى ئەمەللەرگە يۈزلىنىش لازىم بولىدۇ.

2) بىز ئاللاھنىڭ نېمىنى تەقدىر قىلغانلىقىغا قارىماي، ئاللاھنىڭ قانداق ئىشلارنى بۇيرۇپ، نېمىلەرنى چەكلىگەنلىكىگە قارايلى. بىز مۇشۇنى قىلىشقا قادىر ، ئۇ بىز ئۈچۈن پايدىلىقتۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن دۇئاغا ئېسىلايلى، ئۇ شەرىئەت رىغبەتلەندۈرگەن بىر ئىش، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئاللاھ ئۇنى دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە ياخشىلىقنىڭ سەۋەپلىرىدىن

بىر سەۋەپ قىلىپ بەلگىلىدى. شۇنداقلا ئۇنى دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە يامانلىق ۋە بەختسىزلىكنى مۇداپىئە قىلىدىغان قىلىپ بەلگىلىدى.

3) ئىنسان ئاللاھ يولىدا جىھاد قىلىشقا، ئىتائەت ئىشلار بىلەن گۇناھ بولىدىغان ئىشلارغا قارشى تۇرۇشقا بۇيرۇلغان. ئىنسان ئاللاھ ئۈچۈن بۇيرۇلغان تەقدىر بىلەن چەكلەنگەن تەقدىرگە ئۇرۇش ئىلان قىلىدۇ.

4) قورساق ئېچىشنىڭ، ئۇسساپ كېتىشنىڭ ئۆزىمۇ بىر تەقدىر، بىز بۇ تەقدىرگە تاماق يېيىش ۋە ئۇسسۇزلۇقنى قاندۇرىدىغان ئىچىملىكلەرنى ئىچىش ئارقىلىق قارشى تۇرالايمىز. ئۇمۇ تەقدىر، بۇمۇ تەقدىر. دىمەك سەۋەپ ئارقىلىق تەلەپ قىلىنىۋاتقان نەرسە ھاسىل بولىدۇ، سەۋەپ قىلمىسىڭىز ئىزدەۋاتقان نەرسىڭىزگە ئېرىشەلمەيسىز.

5) ئەقىللىق ئىنسان تەقدىرگە تەقدىر بىلەن قارشى تۇرىدۇ ۋە قايتۇرىدۇ. ئىنسان سەۋەپسىز ياشىيالمايدۇ. قورساق ئېچىش، ئۇسسۇزلۇق، قورقۇش تەقدىرنىڭ قاتارىدىن سانىلىدۇ، ئىنسانلار بۇ تەقدىرگە بۇ تەقدىرلارنى توسالىغۇدەك تەقدىر بىلەن قارشى تۇرۇشقا ھەرىكەت قىلىدۇ. ئاللاھ مۇۋەپپەقىيەت ئاتا قىلغان ئىنسان ئاخىرەتنىڭ جازاسىدىن ئىبارەت تەقدىرگە تەۋبە قىلىش، ئىمان ئېيتىش ۋە ياخشى ئىشلارنى قىلىشتىن ئىبارەت تەقدىر بىلەن قارشى تۇرىدۇ. دۇنيا ۋە ئاخىرەتنىڭ ئىلاھى بىردۇر، ئۇنىڭ ھىكمىتىمۇ بىردۇر، بەزىسى بەزىسىگە زىتلىشىپ قالمايدۇ.

## 93-سۇئال: لەۋھۇلمەھپۇز دىگەن نىمە؟

لەۋھۇلمەھپۇز - ئاللاھ ئەزەلدە تەقدىر قىلىپ بەلگىلىگەن كائىناتتا بولىدىغان ھەر قانداق ھادىسىلەر، مەخلۇقاتلارنىڭ ئەھۋالى ۋە ئىنسانلارنىڭ قىلىدىغان ھەر قانداق ياخشى - يامان بارلىق ئىشلىرى خاتىرىلەنگەن بۈيۈك دىۋان دىمەكتۇر. ئۇنىڭ ئورنى ئاسمانلارنىڭ يۇقىرى تەبىقىسىدە. قۇرئان كەرىممۇ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا چۈشۈشتىن ئىلگىرى لەۋھۇلمەھپۇزغا يېزىلىپ ساقلانغان ئىدى. ئاللاھ بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: «بەلكى ئۇ، لەۋھۇلمەھپۇزدا ساقلانغان ئۇلۇغ قۇرئاندۇر» [بۇرۇج سۈرىسى 21 - 22 - ئايەتلەر.]

## 94-سۇئال: تەقدىرنىڭ سىرى

تەقدىر مەسىلىسىدە " ھارام دەيدىغان بىر دائىرە" قېلىپ قالدى. ئەقىللىق كىشىلەر بۇ مەيدانغا كىرمەسلىكى ۋە ئۇ ئەتراپتا چۆگىلمەسلىكى لازىم. ئۇ بولسىمۇ ئاللاھنىڭ خاس قىلغان نەرسىسى، خالىغان نەرسىنى تاللىشى، دەرت ئەلەم ۋە بالانى تەقدىر قىلىشى، بۇنىڭغا نېمە ئۈچۈن بەردى؟ ئۇنىڭغا نېمە ئۈچۈن بەرمىدى؟ نېمە ئۈچۈن بىر تۈرلۈك كىشلەرنى ھىدايەت قىلدى؟ ئەگەر خالىغان بولسا بارلىق ئىنسانىيەتنى ھىدايەت قىلغان بولاتتى. نېمە ئۈچۈن ئىنسانلارنىڭ گۇناھ ئىشلارنى قىلىشنى

خالىدى؟ نېمە ئۈچۈن زالىم، نادان ۋە كاپىر ئىنساننى ياراتتى؟ نېمە ئۈچۈن ئۇنى پەرىشتە سۈپەت ياراتمىدى؟ دېگەنگە ئوخشاش ئاللاھنىڭ ھېكمىتىگە ئالاقىدار ئىشلار.

بۇنىڭغا ئوخشاش سۇئاللارغا ھەر قانداق چەكلىمىدىن خالى بولغان ئىلاھى خاھىش ۋە مۇتلەق ئىلاھى ئىرادىگە تەسلىم بولماقتىن باشقا قانائەتلىنەرلىك جاۋاپ يوق. بىز ئىلاھى ھېكمەتنىڭ ئازغىنا بىر قىسمىنىلا بىلەلەيمىز، كۆپلىگەن تەرەپلىرىنى بىلەلمەيمىز. ئۇ ھېكمەتلەرنى بىلمەسلىكىمىز ئۇنىڭ يوق ئىكەنلىكىنى ئىپادىلىمەيدۇ.

ئاللاھ قىلغان ئىشلىرىدىن سورالمايدۇ، ئىنسانلار سورىلىدۇ. تەقدىرنىڭ يۇقارقى ساھەلەردە ئىزدىنىشتىن چەكلەندۇق. چۈنكى ھەر قانچە قىلساقمۇ ھەقىقى نەتىجىگە ئېرىشەلمەيمىز، ئەقىل سەۋىيىمىزنىڭ كۈچى ئۇ ئىشلارغا يەتمەيدۇ. بۇ گېپىمىز ئىنساننىڭ ئۆز قىلمىشلىرى توغۇرلۇق ئىختىيارىمۇ ياكى مەجبۇرمۇ؟ دېگەن ساھەدە ئىزدىنىشكە زىت كەلمەيدۇ.

## 95-سۇئال: قىيامەت ۋە ئۇنىڭ ئىسىملىرى

قىيامەت كۈنى - بۇ دۇنيا ھاياتى پۈتۈنلەي ئاخىرلىشىپ، ئاللاھتىن باشقا ھەممە پانىي بولغاندىن كېيىن، ئاخىرەت ئىسمىلىك يېڭى بىر ھاياتنىڭ باشلىنىشى دېمەكتۇر. قىيامەت كۈنى قۇرئان كەرىمدە «ھېساب كۈنى»، «دىن كۈنى»، «ئاخىرەت كۈنى» ۋە «مۇكاپات - جازا كۈنى» دېگەن ھەرخىل ئىسىملار بىلەن نۇرغۇن ئورۇندا بايان قىلىنىپ كەلمەكتە. ئىنساننىڭ ئۆمرى چەكلىك بولۇپ، ئۇنىڭ ئاياقلىشىشى ئۆلۈم دەپ ئاتالغىنىدەك، دۇنيانىڭ ئۆمرىمۇ چەكلىك بولۇپ، ئۇنىڭ يوقىلىشى قىيامەت دەپ ئاتىلىدۇ.

## 96-سۇئال: قىيامەت كۈنىدىكى ئىشلار ۋە قىيامەتكە ئىشىنىش

قىيامەت كۈنىدە ئاللاھ ئىنسانلارنى قايتا تىرىلدۈرگەندىن كېيىن ئۇلارنى ھېساب مەيدانىغا توپلايدۇ. ھېساب مەيدانىدا ھەر بىر ئىنسان ئۆزىنىڭ بۇ دۇنيادىكى ھاياتىدا قىلغان ياخشى - يامان بارلىق ئەمەللىرىدىن تەپسىلىي ھېساب بېرىدۇ. بۇ كۈندىكى ھېسابنى ئاللاھ ئۆزى بىۋاستە ئالىدۇ. ئاللاھ بۇ كۈندە زەررە چاغلىق ياخشىلىقى بولغان ئادەمگىمۇ شۇ ياخشىلىقنىڭ مۇكاپاتىنى كۆرسىتىدۇ ۋە زەررە چاغلىق يامانلىقى بولغان ئادەمگىمۇ شۇ يامانلىقنىڭ جازاسىنى تېتىتىدۇ. قىيامەت كۈنىدىكى ئىشلار ھەققىدە ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: «(قىيامەتنىڭ) قۇلاقنى گاس قىلغۇدەك قاتتىق ئاۋازى كەلگەن چاغدا (ھەممە ئادەم ئۆز ھالى بىلەن بولۇپ قالىدۇ). ئۇ كۈندە كىشى ئۆزىنىڭ قېرىندىشىدىن، ئانىسىدىن، ئاتىسىدىن، خوتۇنىدىن ۋە بالىلىرىدىن قاچىدۇ. ئۇ كۈندە ھەر ئادەمنىڭ بىر ھالى بولىدۇكى، ئۇنىڭ باشقىلارغا قارىشىغا (شۇ ھالى) يار بەرمەيدۇ. ئۇ كۈندە نۇرغۇن يۈزلەردىن نۇر، كۈلكە ۋە خۇشال - خۇراملىق

يېغىپ تۇرىدۇ. يەنە بۇ كۈندە تۇرغۇن يۇزلەرنى چاڭ - توزان بېسىپ كەتكەن، قارىداپ كەتكەن بولىدۇ». (سۈرە ئەبەسە 33-41-ئايەتلەر)

قىيامەت كۈنىگە ئىشىنىش ئاللاھقا مەلۇم بىر ۋاقىتتا جىمى جانلىقلار ئۆلۈپ، ھاياتى دۇنيانىڭ ئاخىرلىشىدىغانلىقى، ئاندىن ئاللاھنىڭ جىمى ئۆلۈكلەرنى تىرىلدۈرۈپ ھېساپ ئۈچۈن ئۆز دەرگاھىغا يىغىدىغانلىقى، ھەربىر ئادەمنىڭ دۇنيادىكى ئەمەللىرىگە يارىشا دوزاخ ياكى جەننەتكە كىرىدىغانلىقىغا شەكسىز ئىشىنىشنى كۆرسىتىدۇ. مۆئمىننىڭ ئەقىدىسى ئۇنىڭسىز دۇرۇس بولمايدۇ. قىيامەت كۈنىگە ئىمان ئېيتىش ئاللاھقا ئىمان ئېيتىش بىلەن چەمبەرچەس باغلانغان. قۇرئاندا « ئەگەر سىلەر ئاللاھقا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىمان ئېيتىدىغان بولساڭلار ....» دىگەن ئىبارە خېلى كۆپ ئۇچرايدۇ. ئەمەللەردىن ھېساپ ئېلىنىدىغان شۇنداق بىر ئۇلۇغ كۈننىڭ بارلىقىغا بولغان ئىماننىڭ مۇسۇلماننىڭ ھاياتىدىكى ئۆزىنى ئىسلاھ قىلىشى ۋە جەمىيەتنىڭ مۇستەقىم توغرا يولدا بولىشىدىكى رولى تەڭداشسىز، شۇ سەۋەبلىك قۇرئان كەرىمدە قىيامەت كۈنىگە ئىمان ئېيتىش ئەڭ مۇھىم تېما سۈپىتىدە نەچچە يۈزلىگەن ئايەتلەردە تەكرار ئېيتىلغان.

## 97-سۇئال: قىيامەت كۈنىدىكى چوڭ ھادىسە

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: «سۇر چېلىنغاندا ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى ئاللاھ تائالا خالىغاندىن باشقا مەخلۇقاتلارنىڭ ھەممىسى ئۆلىدۇ، ئاندىن سۇر ئىككىنچى قېتىم چېلىنغاندا ناگاھان ئۇلار تۇرۇپ (نېمىگە بۇيرۇلىدىغانلىقلىرىغا) قاراپ تۇرىدۇ». (سۈرە زۇمەر 68-ئايەت). مانا بۇ ئايەتتىن مەلۇمكى، قىيامەت مۇنداق ئىككى چوڭ ھادىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان. بىرى زېمىندىكى جانلىقلارنىڭ ھەممىسى ئۆلۈپ، ھاياتلىق ۋە ئالەم ئاخىرلىشىدۇ. ئىككىنچىسى ئاللاھتائالانىڭ ئىزنى بىلەن جىمى ئۆلۈكلەر تىرىلىپ، قەبرىلەردىن چىقىپ، مەھشەرگاھقا سوئال-سوراق ئۈچۈن ھازىر بولىدۇ، ئاخىرەت ھاياتى باشلىنىدۇ. بۇ ئىككى ھادىسىنىڭ باشلىنىشى ئىككى قېتىملىق سۇر بىلەن باغلانغان.

## 98-سۇئال: سۇر چېلىنغاندا يۈز بېرىدىغان ئىشلار

بىرىنچى قېتىملىق سۇر چېلىنغاندا ئاسماننىڭ يېرىلىشى، كۈن نۇرىنىڭ ئۆچىشى، تاغلارنىڭ پارچىلىنىپ ئۇۋۇلىنىپ كېتىشى، يەرنىڭ قاتتىق تەۋرىشى، يۇلتۇزلارنىڭ تۆكۈلىشىدەك زور ھادىسىلەر بىلەن ئالەمنىڭ بىرلىكى بوزۇلىدۇ. زېمىندىكى جانلىقلار- ئىنسانلار، جىنلار، ھايۋانلار ھەممىسى ئۆلىدۇ.

ئىككىنچى قېتىملىق سۇر چېلىنغاندا ئاللاھنىڭ ئىزنى بىلەن جىمى جانلىقلار قەبرىلىرىدىن تىرىلىپ قوپىدۇ، تۇنجى ئادەم ئەلەيھىسسالامدىن تاكى بىرىنچى

قىتمىلىق سۈر چېلىنغىچە ئۆتكەن جىمى ئىنسانلار، مەيلى ئۇ سۇدا ئېقىپ، ئوتتا كۆيۈپ، ھاۋادا پارتلاپ قانداق تەرىقىدە ئۆلگەن بولسۇن، ئاللاھنىڭ قۇدرەت ئىلاھى بىلەن تىرىلىدۇ.

## 99-سۇئال: ئاخىرەت ھاياتىنىڭ باشلىنىشى

ئاخىرەت ھاياتى جىمى ئىنسانلار، جىنلارنىڭ جىسمى ۋە روھى بىلەن تىرىلىپ ئاللاھقا ھېساب بېرىش ئۈچۈن مەھشەرگاھقا توپلىنىشىدىن باشلىنىدۇ. ئىنسانلارنىڭ ھاياتى دۇنيادىكى ئەمەللىرى سەۋەبلىك قايتا تىرىلگەندىكى ھالىتىدە پەرق بولىدۇ. ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلار بىجىرىم، چىرايلىق ھالەتتە بولىدۇ. يامانلىقتىن ئۆزىنى تارتمىغانلار بولسا كەمتۈك، ئەيىبناق ھالەتتە قەبرىلىرىدىن چىقىدۇ.

## 100-سۇئال: ھەشر

«حشر» سۆزى ئەرەبچە «توپلىنىش، يىغىلىش» مەنىسىدە بولۇپ، قىيامەت كۈنى ئادەملەرنىڭ ئەمەللىرىدىن ھېساب بېرىش ئۈچۈن يىغىلىشىنى كۆرسىتىدۇ. تىلىمىزدىكى مەھشەرگاھ سۆزى شۇنىڭدىن كەلگەن.

## 101-سۇئال:قىيامەت كۈنىگە قانداق ئىمان كەلتۈرۈش كېرەك؟

قىيامەت كۈنىگە ئىمان كەلتۈرۈش تۆۋەندىكى ئىككى ھەقىقەتكە چىن ئىشىنىپ ئېتىقاد قىلىشنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ:

1 ـ قىيامەت كۈنىدە بولىدىغان بەئس، ھەشر، مىزان، جازا، ھېساب، سىرات، جەننەت ۋە دوزاخنىڭ ھەق ۋە راست ئىكەنلىكىگە چىن ئىشىنىپ ئىمان كەلتۈرۈش.

2 ـ قىيامەت قايىم بولغىچىلىك قەبرىدە بولىدىغان بەرزەخ ئالەمىگە ئائىت ئىشلارغا، يەنى مېيىتنىڭ قەبرىدە تىرىلدىغانلىقى ۋە سوراق ـ سوئال قىلىنىدىغانلىقىنىڭ، قەبرىنىڭ ئازابى ۋە نېمىتىنىڭ ھەق ۋە راست ئىكەنلىكىگە ئىمان كەلتۈرۈش.

## 102-سۇئال: قىيامەتنىڭ قاچان بولىدىغانلىقى

قىيامەتنىڭ ۋاقتىنى ئاللاھتىن باشقا ھېچكىم بىلمەيدۇ. ئۇ ئاللاھقىلا خاس ئىلىمدۇر. قىيامەتنىڭ ۋاقتى ئاللاھتائالا بەندىلىرىدىن مەخپى قالدۇرغان، ئۆزىگە خاس غەيب ئىلمدۇر. قىيامەتنىڭ قاچان بولىشىنى ئاللاھنىڭ ھۇزۇرىدىكى ھۆرمەتلىك پەرىشتىلەرمۇ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالاممۇ بىلمەيدۇ. ئاللاھتائالا قۇرئاندا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا قىيامەتنىڭ ۋاقتىنى سورىغۇچىلارغا مۇنداق جاۋاب بېرىشنى بۇيرۇيدۇ: «(ئى مۇھەممەد!) ئۇلار سەندىن قىيامەتنىڭ قاچان بولىدىغانلىقىنى سورايدۇ. ئېيتقىنكى، ئۇنىڭ قاچان بولىدىغانلىقىنى پەقەت پەرۋەردىگارىم بىلىدۇ. ئۇنى پەقەت بەلگىلىگەن ۋاقتىتا مەيدانغا چىقىرىدۇ. قىيامەت

ئاسمانلارنىڭ ۋە زېمىننىڭ ئەھلىگە ئېغىر ۋەقەدۇر. ئۇ سىلەرگە تۇيۇقسىز كېلىدۇ» [ئەئراف سۈرىسى 187 ـ ئايەت].

## 103 ـ سۇئال: قىيامەتنىڭ كىچىك ئالامەتلىرى

قىيامەتنىڭ بۇ كىچىك ئالامەتلىرى كۆرۈلگەن ۋاقىت ئېتىبارى بويىچە تۆۋەندىكىدەك ئىككى تۈرگە بۆلگىلى بولىدۇ.

1. ئىلگىرى يۈز بېرىپ كۆرۈلگەن ئالامەتلەر:

1) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاللاھنىڭ ئەلچىسى سۈپىتىدە ئىسلام دىنىنى تارقىتىشى ۋە پەيغەمبەرلىكىنىڭ شۇنىڭ بىلەن ئاياغلىشىشى قىيامەت يېقىنلاشقانلىقىنىڭ ئالامەتلىرىدىن بىرى ھېساپلىنىدۇ.

2) ئاينىڭ يېرىلغانلىقى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ دەۋرىدە ئاي يېرىلغان بولۇپ، بۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاشكارا مۆجىزىلىرىدىن بىرى ھېسابلىنىدۇ. قۇرئاندا ئاينىڭ يېرىلىشى قىيامەتنىڭ ئالامىتى ئىكەنلىكىنى ئېنىق بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «قىيامەت يېقىنلاشتى، ئاي يېرىلدى، (قۇرەيش كۇففارلىرى) بىرەر مۆجىزىنى كۆرسىلا (ئىماندىن يۈز ئۆرۈپ) بۇ داۋاملاشقۇچى سېھىردۇر، دېيىشىدۇ». (سۈرە قەمەر 1ـ2ـ ئايەتلەر)

3)ھىجاز رايۇنىدىن بۇسرا تۆگىسىنىڭ بويىنىنى يورۇتالىغىدەك چوڭ ئوتنىڭ چىققانلىقى قىيامەتنىڭ يېقىنلاشقانلىقىنىڭ ئالامەتلىرىنىڭ بىرى ھېساپلىنىدۇ. ئىبنى كەسىر ۋە ئىمام شاھابىددىن ئەبۇ شامە كىتابلىرىدا بۇ ۋەقەنىڭ ھىجرىيە 654ـيىلى يۈز بەرگەنلىكىنى تەپسىلاتى بىلەن يازغان.

2. كىچىك ئالامەتلەرنىڭ ئىككىنچى تۈرى ئىلگىرى كۆرۈلگەن، شۇنداقلا ھازىرمۇ داۋاملىشىۋاتقان ئالامەتلەر.

1) ئۇرۇش- جەڭنىڭ كۆپىيىشى

2) جاھالەتنىڭ يامراپ، ئىلىمنىڭ كۆتىرىلىپ كېتىشى.

3) ئەمەل تۇتۇشقا لايىق كەلمەيدىغانلار كىشىلەرنىڭ ئىش بېشىغا چىقىشى.

4) مۇسۇلمانلارنىڭ يەھۇدىلار ئۈستىدىن غەلىبە قىلىشى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مۇسۇلمانلار يەھۇدىيلار بىلەن ئۇرۇشمىغىچە قىيامەت بولمايدۇ. مۇسۇلمانلار ئۇلارنى ئۆلتۈرىدۇ، ھەتتا يەھۇدىيلار تاش ۋە دەرەخلەرنىڭ ئارقىسىغا يوشۇرۇنىۋالىدۇ. لېكىن تاش بىلەن دەرەخ: ”ئى مۇسۇلمان ! ئى اللەنىڭ قۇلى! ئارقامدا يەھۇدىي بار، بۇياققا كېلىپ، ئۇنى ئۆلتۈرگىن! “ دەيدۇ. پەقەت غەرقەد دېگەن دەرەخلا ئۇنداق دېمەيدۇ، چۈنكى ئۇ يەھۇدىيلارنىڭ دەرىخىدۇر. (مۇسلىم: 2922)

5) قىيامەتنىڭ يېقىنلاشقانلىقىنى كۆرسىتىدىغان يەنە تۆرلۈك ئالامەتلەر بولۇپ، بۇلار ھەدىستە تارقاق ھالدا كەلگەن. بۇلارنى جەملىگەندە: دېدەك ئۆز خوجايىنىنى تۇققاندا، چاقىرىقى ئوخشاش ئىككى چوڭ گورۇھ ئوتتۇرىسىدا قاتتىق ئۇرۇش بولمىغۇچە، يەر تەۋرەش ئاپەتلىرى كۆپىيىپ، زامانلار يېقىنلاشمىغۇچە (يەنى ۋاقىتلاردىن بەرىكەت كۆتىرىلىپ كەتمىگۈچە)، پىتنە-پاسات، ئۇرۇش ــ جېدەل كۆپەيمىگىچە، مال-دۇنيانىڭ كۆپلىكىدىن مال ئىگىسى سەدىقە بېرىدىغان ئادەم تېپىشتىن غەم قىلىپ، بىرەرسىگە سەدىقە بەرسە «مىنىڭ بۇنىڭغا ھاجىتىم يوق!» دېمىگۈچە، كىشىلەر ئېگىز ئىمارەتلەرنى سالمىغۇچە، بىر ئادەم يەنە بىر ئادەمنىڭ قەبرىسى يېنىدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ «كاشكى ئۇنىڭ ئورنىدا مەن بولسامچۇ» دەپ ئارزۇ قىلمىغۇچە قىيامەت قايىم بولمايدۇ.

## 104-سۇئال: قىيامەتنىڭ چوڭ ئالامەتلىرى

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قىيامەت يېقىنلاشقانلىقىنىڭ چوڭ ئالامەتلىرى سۈپىتىدە بىر قانچە تۈرلۈك ھادىسىلەرنى ساناپ ئۆتكەن. بۇلار تۆۋەندىكىچە:

1. دۇخان يەنى ئاسماننى ئورىۋالىدىغان چوڭ تۇتۇن. ھۇزەيفە ئىبنى ئۇسەيد رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: بىز غىفارى بىلەن ئۆز ئارا بىر مەسىلىنى مۇھاكىمە قىلىۋاتاتتۇق. بۇ چاغدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام چىقىپ،«سىلەر نىمە ھەققىدە سۆزلىشىۋاتىسىلەر؟» دەپ سورىدى. بىز «قىيامەت ھەققىدە» دېدۇق. رەسۇلۇللاھ: «تۆۋەندىكى 10 تۈرلۈك ئالامەت كۆرۈلمىگۈچە قىيامەت بولمايدۇ» دېدى ۋە بىرىنچى قىلىپ دۇخاننى ساندى.

2. بىر تۈرلۈك ھايۋان (دابە) نىڭ مەيدانغا چىقىشى، يامانلىق كۆپىيىپ، پىتنە-پاساتلار تارىلىپ، ياخشىلىق ئازايغان ئاخىرقى زاماندا ئاللاھتائالا بىر تۈرلۈك ھايۋاننى مەيدانغا چىقىرىدۇ. بۇ ھايۋان كىشىلەرگە ھەقنى سۆزلەيدۇ. ئاللاھتائالا سۈرە «نەمل»دە بۇ ئالامەتكە ئىشارە قىلىپ مۇنداق دىگەن: «ئۇلار (يەنى كۇففارلارغا) ئالدىن ئالا ئېيتىلغان سۆز ئىشقا ئاشقاندا (يەنى ئازاب ۋە قىيامەت يېقىنلاشقاندا)، ئۇلارغا زېمىندىن بىر تۈرلۈك ھايۋاننى چىقىرىمىزكى، ئۇ ئۇلارغا ئىنسانلارنىڭ بىزنىڭ ئايەتلىرىمىزگە ئىشەنمىگەنلىكىنى سۆزلەيدۇ». ( سۈرە نەمل 82-ئايەت)

3. دەججالنىڭ پەيدا بولىشى. دەججال سۆزى ئەرەب تىلىدا ھەقنى يالغان بىلەن يۆگىگۈچى ئالدامچى، كاززاپ مەنىسىنى بىلدۈرىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر قانچە ھەدىسلىرىدە قىيامەت يېقىنلاشقاندا مەشرىق تەرەپتىن بىر ئالدامچى دەججالنىڭ چىقىدىغانلىقى، ئاللاھتائالانىڭ ئۇنىڭغا يامغۇر ياغدۇرالايدىغان، ئۆلۈكنى تىرىلدۈرەلەيدىغان، قاقاس يەرلەرگە زىرائەت ئۈندۈرەلەيدىغان، يەرئاستى بايلىقلىرىنى

چىقىرالايدىغان كارامەت ئاتا قىلىدىغانلىقىنى، شۇنىڭ بىلەن دەججالنىڭ ئىلاھلىق دەۋاسى قىلىپ، نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ ئۇنىڭغا ئەگىشىدىغانلىقى، ئىيسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاسماندىن چۈشۈپ دەججالنى ئۆلتۈرىدىغانلىقىدىن خەۋەر بەرگەن.

4.ئىيسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاسماندىن چۈشىشى. قۇرئان ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەدىسلىرى خەۋەر بەرگەن قىيامەتنىڭ چوڭ ئالامەتلىرىنىڭ بىرى دەججالنىڭ پىتنىسى كۈچىيىپ، مۆئمىنلەر قاتتىق قىسىلغان چاغدا ئىيسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاسماندىن چۈشۈپ دەججالنى ئۆلتۈرىشى ۋە ئىسلام شەرىئىتى بويىچە ھۆكۈم يۈرگۈزىشىدۇر.

5. يەجۈج- مەجۈجلارنىڭ مەيدانغا چىقىشى. ئاللاھتائالا قۇرئاندا زامان ئاخىرىدا يەجۈج-مەجۈج دېيىلىدىغان، سان جەھەتتىن ئىنتايىن كۆپ بىر قەۋمنىڭ مەيدانغا كېلىدىغانلىقى، ئۇلارنىڭ يەر يۈزىدە پىتنە-پاسات تېرىپ، بۇزغۇنچىلىق قىلىدىغانلىقى، بۇ قىيامەت يېقىنلاشقانلىقىنىڭ ئالامەتلىرىدىن ئىكەنلىكىگە ئىشارە قىلغان.

6. قۇياشنىڭ مەغرىبتىن چىقىشى

قۇياشنىڭ مەغرىبتىن چىقىشى بىلەن ئىمان ۋە تەۋبىنىڭ ۋاقتى تۈگىگەن بولىدۇ، يەنى بۇ ۋاقىتتا ئېيتقان ئىمان ۋە قىلغان تەۋبىنىڭ پايدىسى بولمايدۇ. ئاللاھ بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: «پەرۋەردىگارىڭنىڭ قۇياش (مەغرىبتىن چىقىشىدىن ئىبارەت) بەزى ئالامەتلىرى كەلگەن كۈندە ئىلگىرى ئىمان ئېيتمىغانلارنىڭ ياكى ئىمان ئېيتىپ ياخشى ئىش قىلمىغانلارنىڭ ئېيتقان ئىمانى پايدىسىز بولىدۇ» [ئەنئام سۈرىسى 158 - ئايەت].

## 105-سۇئال: قەبرە(بەرزەخ) ئالىمىدىكى ئىشلار

مېيىت دەپىن قىلىنىپ بولغاندىن كېيىن ئاللاھ تەرىپىدىن ئەۋەتىلگەن ئىككى پەرىشتە قەبرىدە مېيىتنىڭ يېنىغا ھازىر بولۇپ، ئۇنى ياتقان يېرىدىن تۇرغۇزىدۇ ۋە ئۇنىڭدىن "رەببىڭ كىم؟ دىنىڭ نېمە ۋە پەيغەمبىرىڭ كىم؟ "دېگەن سوئاللارنى سورايدۇ. مېيىت ئەگەر مۇسۇلمان بولسا، يۇقىرىقى سوئاللارغا "رەببىم ئاللاھ، دىنىم ئىسلام، پەيغەمبىرىم مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام "دەپ جاۋاب بېرەلەيدۇ. ئاندىن ئۇنىڭغا دوزاختىن بىر كۆرۈنۈش كۆرسىتىپ، سېنىڭ ئورنۇڭ - ئەگەر ئىمان ئېيتىپ مۇسۇلمان بولمىغان بولساڭ - بۇ ئىدى. ئاللاھ سېنىڭ ئىمانىڭنىڭ سەۋەبى بىلەن ئورنۇڭنى جەننەتكە بەلگىلىدى، دەپ جەننەتتىن بىر كۆرۈنۈش كۆرسىتىدۇ ۋە يۈزىنى شۇ تەرەپكە قارىتىپ قويىدۇ. مېيىت ئەگەر مۇسۇلمان بولمىسا يۇقىرىقى سوئاللارغا

جاۋاب بېرەلمەيدۇ، ئۇنىڭغا جەننەتتىن بىر كۆرۈنۈش كۆرسىتىپ، ئەگەر سەن ئىمان ئېيتىپ مۇسۇلمان بولغان بولساڭ ئورنۇڭ مۇشۇ ئىدى، ئەمدى سېنىڭ ئورنۇڭ دوزاخ بولىدۇ، دەپ يۈزىنى دوزاخقا قارىتىپ قويىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: مېيىت قەبرىگە قويۇلغاندىن كېيىن، مۇنكەر ۋە نەكىر ئىسىملىك، چېقىر كۆزلۈك، قاپقارا ئىككى پەرىشتە ئۇنىڭ يېنىغا كىرىدۇ. ئۇ ئىككىسى: سەن بۇ كىشى توغرۇلۇق نېمە دەيتتىڭ؟ دەپ سورايدۇ، ئۇ: ئۇ، اللەنىڭ بەندىسى ۋە ئۇنىڭ رەسۇلى. بىر اللەتىن باشقا ھېچبىر مەئبۇدنىڭ يوقلۇقىغا، مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ اللەنىڭ بەندىسى ۋە رەسۇلى ئىكەنلىكىگە گۇۋاھلىق بېرەتتىم، - دەيدۇ. ئۇ ئىككى پەرىشتە: بىز سېنىڭ مۇشۇنداق دېيىشىڭنى بىلەتتۇق، دەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن، ئۇنىڭ قەبرىسىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 70، كەڭلىكى 70 گەز كېڭەيتىلىپ، نۇرلاندۇرۇپ بېرىلىدۇ، ئاندىن ئۇنىڭغا: سەن ئارام ئالغىن! دېيىلىدۇ. ئۇ: مەن ئائىلەمگە قايتىپ، ئۇلارغا (بۇ يەردىكى ئەھۋاللارنى) يەتكۈزىمەن، دەيدۇ. پەرىشتىلەر ئۇنىڭغا يەنە: سەن يېڭى توي قىلغان، ئەڭ ياخشى كۆرگەن كىشىسىدىن باشقا ھېچكىم ئويغۇتالمايدىغان يىگىتكە ئوخشاش ئۇخلىغىن! دەيدۇ. تاكى اللە ئۇنى قايتا تىرىلدۈرگىچە، ئۇ شۇ ھالەتتە قالىدۇ. ئەگەر ئۇ مۇناپىق بولسا: مەن باشقىلاردىن نېمىنى ئاڭلىغان بولسام، شۇنى دېدىم. باشقىسىنى ئۇقمايمەن، دەپ جاۋاب بېرىدۇ. پەرىشتىلەر: بىز سېنىڭ مۇشۇنداق دەيدىغانلىقىڭنى بىلەتتۇق، دەيدۇ. ئۇنىڭ قەبرىسىگە: ئى قەبرە! يىغىلغىن، تارلىغىن ! دېيىلىدۇ. قەبرە يىغىلىپ، ئۇنىڭ ئۇستىخانلىرى بىر - بىرىگە كىرىشىپ كېتىدۇ. تاكى اللە سۇبھانەھۇ ۋەتەئالا ئۇنى قايتا تىرىلدۈرگىچە، ئۇ شۇنداق ئازابلىنىدۇ. (تىرمىزى: 1071)

## 106-سوئال: بەرزەخ ئالەمى دېگەن قايسى ئالەم؟

بەرزەخ - بۇ دۇنيا ئالەمدىن ئايرىلىپ، ئاخىرەت ئالەمگە يېتىپ بارغىچىلىك بولغان ئارىلىقتىكى ئالەم دېمەكتۇر. ئۆلۈكلەر تا قىيامەت قايىم بولغان كۈنگە قەدەر بەرزەخ ئالەمدە بولىدۇ. بەرزەخ سۆزىنىڭ لۇغەتتىكى مەنىسىمۇ - ئىككى نەرسىنىڭ ئوتتۇرىسىنى ئايرىپ تۇرىدىغان توساق ياكى توسما دېگەنلىكتۇر. ئىنسان تۆت خىل ئالەمنى باشتىن كەچۈرىدۇ. ئۇلار:

1 - قاراڭغۇلۇق ئالەمى (يەنى ئانىسىنىڭ قورسىقىدىكى ئالەم) 2 - دۇنيا ئالەمى

3 - بەرزەخ ئالەمى 4 - ئاخىرەت ئالەمى.

ئاخىرەت ئالەمىنىڭ تۈگەيدىغان چېكى يوقتۇر. ئۇ مەڭگۈلۈك ئالەم.

## 107-سوئال: قەبرىنىڭ ئازابى

قەبرىنىڭ ئازابى - كاپىرلارغا، مۇناپىقلارغا ۋە مۇسۇلمانلاردىن بولغان ئاسىي -

گۇناھكار كىشىلەرنىڭ بەزىسىگە بولىدۇ. مەيلى ئۇلارنىڭ جەسەتلىرى قەبرىلەرگە كۆمۈلمەستىن كۆيۈپ كۈل بولۇپ كەتكەن بولسۇن، مەيلى يىرتقۇچلارغا يەم بولۇپ تۈگەشكەن بولسۇن، مەيلى قانداقلا ھالەتتە بولمىسۇن، ئاللاھ ھەر ھالەتتە ئۇلارنىڭ جانلىرى بىلەن جەسەتلىرىنى ئازابلاشقا قادىردۇر.

## 108-سۇئال: قەبرىنىڭ نېمىتى كىملەرگە بولىدۇ؟

قەبرىنىڭ نېمىتى ۋە راھىتى ھەقىقىي مۆئمىنلەرگە بولىدۇ. ئاللاھ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: «شۈبھىسىزكى، "پەرۋەردىگارىمىز ئاللاھتۇر "دېگەنلەر، ئاندىن توغرا يولدا بولغانلارغا پەرىشتىلەر چۈشۈپ: "قورقماڭلار، غەم قىلماڭلار، سىلەرگە ۋەدە قىلىنغان جەننەت ئۈچۈن خوشال بولۇڭلار "دەيدۇ» [فۇسسىلەت سۈرىسى 30 - ئايەت].

## 109-سۇئال: قەبرە ئازابىغا سەۋەپ بولىدىغان ئىشلار

مېئراج كېچىسى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر قانچە خىل گۇناھلار سەۋەبىدىن قەبرە ئازابى بولىدىغانلىقىنى ساناپ كۆرسەتكەن ھەدىسلەرنىڭ مەزمۇنى بويىچە ئۇنىڭ سەۋەپچىلىرىدىن تۆۋەندىكىلەرنى ساناپ كۆرسۈتۈش مۇمكىن: بۇلار قەلب، كۆز، قۇلاق، ئېغىز، تىل، قورساق، جىنسىي ئەزا، قول، پۇت ۋە بەدەن قاتارلىق ئەزالارغا مۇناسىۋەتلىك چوڭ گۇناھلارنى قىلىغاندىن كېيىن تۆۋبە قىلمايلا ئۆلۈپ كەتكەن ئادەمگە قەبرىنىڭ ئازابى بولىدۇ.

چېقىمچىلىق، يالغانچىلىق، غەيۋەتخورلۇق، يالغان گۇۋاھلىق بېرىش، ئىپپەتلىك كىشىلەرگە «زىنا قىلدى» دېگەن بوھتان چاپلاش، كىشىلەر ئارىسىدا پىتنە- ئىغۋا تارقىتىش بىلەن تىنچسىزلىق پەيدا قىلىش، بىدئەتلىك ئىشلارنى تەرغىپ قىلىش، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ شەنىگە لايىق بولمىغان سۆزلەر بىلەن ئۇنى ھاقارەت قىلىش، ئەمەلىيەتتە يۈز بەرمىگەن ۋەقەلەرنى ئۆزىنىڭ خىيالى بويىچە توقۇپ سۆزلەش، جازىنخورلۇق قىلىش، يېتىملەرنىڭ ھەققىنى يولسىزلىق بىلەن ئىگەللىۋېلىش، پارىخورلۇق ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش ھارام يوللار بىلەن كىشىلەرنى قاقتى- سوقتى قىلىش، مەس قىلىدىغان ئىچىملىك- چېكىملىكلەرنى ئىستېمال قىلىش ۋە ئېلىپ سېتىش، زىناخورلۇق ۋە بەچچىۋازلىق قىلىش، ئوغرىلىق قىلىش، خىيانەت قىلىش، ئالدامچىلىق- قويمىچىلىق، توختامغا خىلاپلىق قىلىش، ھىيلە- مىكىر بىلەن خەلقنى ئالداپ جان بېقىش، جازانە ۋە پارا قاتارلىق يولسىز ئالغۇ- بەرگۈ ئىشلار ئۈچۈن ئارىچىلىق قىلىش، ھىيلە بىلەن شەرىئەتتىن يوچۇق ئىزدەپ ھارام ئىشلارنى ھالال قىلىش، ھالال ئىشلارنى ھارام قىلىش، پەرىز ئىشلارنى ئىجرا قىلماسلىق ئۈچۈن پەتىۋا ئىزدەش، مۇسۇلمانلارنىڭ دىلىنى ئاغرىتىش، مۇسۇلمانلارنىڭ كىشى بىلمىگەن

ئەيب نۇقسانلىرىنى كوچىلاپ يۈرۈش، ئاللاھنىڭ بۇيرۇقىنىڭ قارشىسىغا ھۆكۈم چىقىرىش، گۇناھلىق ئىشلارغا ياردەم بېرىش، كىشىلەرنىڭ شەرئەت چەكلىمىسىنى بۇزۇپ تاشلايدىغان ئىشلارغا ياردەم بېرىش، خەلق ئاممىسىنىڭ قېنى، مېلى ۋە يۈز ئابرۇيىغا دەخلى- تەرۇز قىلىدىغان ئىشلار ئۈچۈن قولچوماق بولۇش، يولسىزلىق بىلەن قان تۆكۈش، ئىتىقادسىزلىقنى ئەسەبىيلىك بىلەن تەرغىب قىلىش، ئاللاھ تائالانىڭ ئىسىم ۋە سۈپەتلىرىنىڭ ھەقىقىتىنى ئىنكار قىلىش، ئۆزىنىڭ خۇسۇسى قارىشىنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەنئەنىسىدىن يۇقىرى ئورۇنغا قويۇش، مۇسىبەت ۋە ماتەم بولغاندا ئايالالار يۇقىرى ئاۋاز بىلەن يىغلاش ۋە ئۇنى ئاڭلاپ تۇرۇش، نەغمە ۋە ساز تۇرلىرىنىڭ ئىچىدە ئاللاھ ھارام قىلغان ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام چەكلىگەن مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان تۇرلىرىنى قىلىش ۋە ئاڭلاش- كۆرۈش، قەبرىنىڭ ئۈستىگە مەسجىد بىنا قىلىش، ۋە مەسجىدلەرگە زىننەت چىراقلىرىنى ئورنىتىش، كىشىلەردىن بىر نەرسە ئالغاندا تولۇق ئېلىش- بەرگەندە كام بېرىش، چوڭچىلىق بىلەن ئۆزىگە سۇر پەيدا قىلىپ كىشىلەرنىڭ كۆڭلىگە ۋەھىمە سېلىش، ياخشى ئىشلارنى ساۋاپ ئىزدەش نىيتى بىلەن ئەمەس باشقىلارغا كۆز- كۆز قىلىش مەقسىتىدە رىياگەرلىك بىلەن قىلىش، باشقىلارغا كەمسىتىش نەزىرى بىلەن قاراپ ئۇلار توغرىسىدا ئۆسەك سۆزلەرنى قىلىپ يۈرۈش، مۇسۇلمانلار ئىچىدىن بۇرۇن ئالەمدىن ئۆتكەن كىشىلەرنىڭ ھەققىدە تەنىلىك ئىبارىلەرنى ئىشلىتىش، ئۇلارنى ھاقارەتلەش، پالچىلىق، يۇلتۇزلارغا چوقۇنۇش ۋە يۇلتۇزلارنىڭ ھەرىكىتى بىلەن كىشىنىڭ كەلگۈسىگە باھا بېرىش، كىشىلەرنىڭ قىياپەتتىن، يۈرۈش تۇرۇشتىن كىشىلەرنىڭ كەلگۈسىگە باھا بېرىش ۋە ئۇلاردىن سوئال سوراش، ئۇلارنىڭ ئېيتىپ بەرگەن كەلگۈسى توغرىلىق سۆزلەرنى راست دەپ قاراش، زالىملارغا يانتاياق بولۇپ، باشقىلارنىڭ مال- مۈلكىگە ئىرىشىش بەدىلىگە ئاخىرەتلىك ئىشلاردىن كېچىش، خۇدادىن قورقماي ئۆزىگە ئوخشاش يەنە بىر مەخلۇقتىن زىيادە قورقۇپ كېتىش (ئىرادىسى زىيادە ئاجىز بولۇش)، ئاللاھنىڭ سۆزى ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەدىسلىرى ئارقىلىق توغرا يولغا مېڭىشقا چاقىرىلسا ئۇنى قوبۇل قىلماسلىق- نەزەر كۆزىنى سالماسلىق. ئەمەلىيەتتە ئەسكى بىر ئادەم بىرەر ياخشىلىق قىلسا ئۇنىڭغا چوقۇنۇپ كېتىش، قۇرئان تىلاۋەت قىلىپ بەرسە كۆڭلىگە تەسىر قىلماسلىق، ھاياجانلانماسلىق، بەدىنى ئېغىرلىشىپ قالدەك ھېس قىلىش، ئىچى سىقىلىش، گۇناھلىق سۆزلەر، شەھۋانىي پاراڭلار بولسا ئىچكى دۇنياسىدىن خۇشاللىق تۇيغۇلىرى قايناپ كېتىش، تەنلىرى ھۇزۇرلىنىپ، ھاياجانلىنىپ كېتىش، نازلىنىپ تۇرالماسلىق، يالغان ئىشلاردا ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن قەسەم قىلىش، قىلغان گۇناھلىرىدىن

پەخىرلىنىش، كىشىلەرنىڭ يۈز ئابرۇيى، مال مۈلۈك، بالىچاقىلىرىغا خىيانەت قىلىش، يامان غەرەزدە بولۇش، باشقىلارنىڭ تىل ئازارىدىن قورقۇپ نامازنى كىچىكتۈرۈپ ئوقۇش، نامازنى زىيادە تېزلىك بىلەن كەم- كۈتە ئوقۇش، توخۇ دان چوقۇغاندەك سەجدە قىلىش، نامازنىڭ قىيام، رۇكۇ، سەجدە قاتارلىق بۆلەكلىرىنى قورقۇش تۇيغۇسىدا تۇرۇپ ئىخلاس- ئەستايىدىللىق بىلەن ئوقۇماسلىق، زاكات بەرگەندە چىن دىلىدىن سۆيۈنمەسلىك، قىلغان ساخاۋىتىدىن خۇشاللىق ھېس قىلماسلىق، قۇدرىتى بار تۇرۇپ ھەج قىلماسلىق، قول ئىلكىدە بار تۇرۇپ كىشىلەرنىڭ ھەققىنى قايتۇرماسلىق، گۇناھ بولىدىغان ئىشلارنى قىلىشنى داۋاملىق ئويلاپ تۇرۇش، باشقىلارنى كۆزىگە ئىلماسلىق، ئۆزىنى چوڭ تۇتۇش خاھىشىدىن ئۆزىنى تارتماسلىق، ئۇرۇق- تۇققانلارغا يار- يۆلەك بولماسلىق، كەمبەغەل، نامراتلارغا، يېتىم ئوغۇل، تۇل ئاياللارغا ئىچ ئاغرىتماسلىق، ئۇلارنىڭ بېشىنى سىلىماسلىق، ياردەم بەرمەسلىك، ئۇلارغا ئازار بېرىش، رەنجىتىش، قوپاللىق بىلەن مۇئامىلە قىلىش، ئۆزىنىڭ شارائىتى يار بەرمىگەن ئەھۋالدا باشقا پۇلدارلارنى ئايەت ۋە ھەدىسلەرنىڭ مەزمۇنىنى يەتكۈزۈپ تۇرۇپ رىغبەتلەندۈرمەسلىك، قولۇم- قوشنىلار ئارا ئۆي سايمانلىرىنى ئارىيەت بەرمەسلىك (قۇلقا بەرمەسلىك)، ئۆزىنىڭ گۇناھ ۋە كەمچىلىكلىرىنى ئۇنتۇپ قېلىش، باشقىلارنىڭ گۇناھ ۋە كەمچىلىكلىرىنى ئېچىپ يۈرۈش. يۇقارقى ئىشلار كىشىنى قەبرە ئازابىغا دۇچار قىلىدىغان قىلمىشلاردۇر. كىشىنىڭ گۇناھى قانچە كۆپ بولسا، قەبرىدە تارتىدىغان ئازاب شۇنچە كۆپ بولىدۇ، قىلغان گۇناھى قانچە ئاز بولسا، قەبرىدە تارتىدىغان ئازاب شۇنچە ئاز بولىدۇ. يۇقارقىلارنىڭ ئىچىدە بىر قىسىم گۇناھلار كىچىك، يەنە بىر قىسىملىرى چوڭ گۇناھلاردۇر. چوڭ گۇناھلاردىن قول ئۈزۈپ تەۋبە قىلسا، ئۇ كىچىك گۇناھقا ئۆزگىرىدۇ ياكى يوقۇلىدۇ.

## 110-سۇئال: قەبرە ئازابىدىن قۇتۇلۇشنىڭ چارىسى

كىشىنى قەبرىنىڭ ئازابىدىن ساقلايدىغان ۋە ئۇنىڭدىن قۇتقۇزىدىغان چارە تەدبىرلەرنىڭ ئىچىدە ئەڭ ياخشى تەدبىر شۇكى، كىشى ھەر كۈنى ئۇخلاشتىن ئىلگىرى ئاللاھقا چىن دىلى بىلەن يۈزلىنىپ ئولتۇرۇپ، ئەستايىدىللىق بىلەن ئۆزىنىڭ بىر كۈنلۈك ئىشىنى ھېساپلاپ باقسۇن. بۇ بىر كۈندە قانچىلىك يامانلىق، گۇناھلارنى قىلىپتۇ، قانچىلىق ياخشىلىق- ساۋاپلىق ئىشلارنى قىلىپتۇ، ئۆزىنى تەكشۈرۈپ كۆرگەندىن قىلغان گۇناھلىرىغا دەرھال تەۋبە نەسۇھ (تولۇق ئەستايىدىللىق بىلەن ئاللاھقا يىغلاپ تۇرۇپ تەۋبە قىلىش) قىلغاندىن كېيىن ئاندىن ئۇخلىسۇن. ئەتىدىن باشلاپ قەتئى گۇناھ قىلمايمەن، دەپ قەتئى ئىرادە باغلىسۇن. ئەگەر ئۇ كىشىگە شۇ كېچىدە قازا يېتىپ ئۆلۈپ قالسا، تەۋبە بىلەن ئالەمدىن كەتكەن بولىدۇ.

ئەگەر ساق ئويغىنالىسا، قىلغان تەۋبىسى ئۈچۈن ئاللاھنىڭ بەرگەن ئىلتىپاتلىرىغا ئىرىشكەنلىكىدىن كۆڭلى خۇش بولۇپ قالىدۇ. شۇ ئارقىلىق ئېتىقادى تېخىمۇ كۈچىيىدۇ، ئاللاھقا تېخىمۇ بەك يۈزلىنىدۇ. كۈنسىرى دىلى سۈزۈلۈپ، كۆڭلى ئاقىرىپ، كۈندىن - كۈنگە ياخشى ئىشلارنى قىلغۇسى كېلىپ تۇرىدىغان بولۇپ قالىدۇ. شۇ ئارقىلىق نۇرغۇن ياخشىلىقلارنى قىلىۋېلىش پۇرسىتىگە ئىگە بولىدۇ. كىشىگە مۇنداق ئۇيقۇدىن ياخشىراق ئۇيقۇ بولماس؟ كىشى ئۆزىنى كۈندۈلۈك تەكشۈرۈشتىن ئۆتكۈزۈپ بولغاندىن كېيىن قاتتىق ئۇيقۇ تۇتقۇچە بولغان ئارىلىقتا ئاللاھنى زىكرى قىلسا، سۈننەت، نەپلى ئىبادەتلەرنى قىلسا، ئاللاھ تائالا ئۇ كىشىگە تەۋپىق بېرىدۇ. ئۇنىڭغا ياخشى ئادەم، ياخشى ئىشلارنى ئۇدۇللاپ بېرىدۇ، شۇنداق ئىشلار ئۇنىڭغا ئۇدۇل كېلىپلا تۇرىدىغان بولۇپ قالىدۇ. ئۆزىنى كۈندۈلۈك تەكشۈرۈپ تۇرۇش، كۈندۈلۈك تەۋبە قىلىش، كۈندۈلۈك ئاللاھنى زىكرى قىلىشتىن ئىبارەت بۇ ئۈچ ھەرىكەت پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ كۆرسەتمىسىدۇر.

## 111-سۇئال: قىيامەتنىڭ باشلىنىشى

قىيامەت، كائىناتتا ئومۇمىيۈزلۈك چوڭ ئۆزگىرىشنىڭ يۈز بېرىشى بىلەن باشلىنىدۇ. ئۇ كۈندە ئاسماننىڭ يېرىلىشى، يۇلتۇزلارنىڭ ۋە باشقا پلانېتلارنىڭ بىر - بىرىگە ئورۇلۇش نەتىجىسىدە يوقىلىشى، زېمىننىڭ تەۋرەپ پارچە - پارچە بولۇپ كېتىشى، تاغلارنىڭ كۇكۇنتالقان بولۇپ، بىر دۆۋە قۇمغا ئايلىنىشى قاتارلىق ۋەقەلەر يۈز بېرىدۇ. ئاللاھ قىيامەتنىڭ باشلىنىش ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: «ئۇكۈندە زېمىنمۇ باشقا بىر زېمىنغا، ئاسمانلارمۇ باشقا بىر ئاسمانلارغا ئايلىنىدۇ. ئۇلار (يەنى پۈتۈن خالايىق قەبرىلىرىدىن چىقىپ) يېگانە، قۇدرەتلىك ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا (يەنى مەھشەرگاھدا) ھازىر بولىدۇ» [ئىبراھىم سۈرىسى 48 - ئايەت]. ئاللاھ يەنە مۇنداق دەيدۇ: «كۈننىڭ نۇرى ئۆچكەن چاغدا، يۇلتۇزلار تۆكۈلگەن چاغدا، تاغلار گۇمران بولغان چاغدا، بوغاز تۆگىلەر تاشلىۋېتىلگەن چاغدا، ياۋايى ھايۋانلار توپلانغان چاغدا، دېڭىزلار ئوت بولۇپ لاۋۇلدىغان چاغدا، جانلار (ئۆز قاياشلىرىغا) قوشۇلغان چاغدا، تىرىك كۆمۈۋېتىلگەن قىزدىن سەن قايسى گۇناھ بىلەن ئۆلتۈرۈلدۈڭ؟ دەپ سورالغان چاغدا، نامە - ئەماللار ئېچىلغان چاغدا، ئاسمان ئېچىپ تاشلانغان چاغدا، دوزاخ قىزىتىلغان چاغدا، جەننەت تەقۋالارغا يېقىنلاشتۇرۇلغان چاغدا، ھەر ئادەم ئۆزىنىڭ قىلغان (ياخشى - يامان) ئىشلىرىنى بىلىدۇ.» [تەكۋىر سۈرىسى 1- 14- ئايەتلەر].

## 112-سۇئال: بەئس دېگەن نېمە؟

بەئس - قىيامەت قايىم بولغان كۈنى ئىسرافىل ئەلەيھىسسالام ئىككىنچى قېتىملىق سۈرگە پۈۋلىگەندىن كېيىن (بىرىنچى قېتىملىق پۈۋلىشى بىلەن پۈتۈن خالايىق

ئۆلىدۇ) پۈتۈن ئىنسانلارنىڭ تىرىلىشى دېمەكتۇر.

## 113-سۇئال: قىيامەت كۈنىدىكى تىرىلىش قانداق بولىدۇ؟

قىيامەت كۈنىدىكى تىرىلىش جان ۋە بەدەن بىلەن بولىدۇ. بۇ ئاللاھقا ھەرگىزمۇ قىيىن ئەمەس. ئىنساننى دەسلەپتە يوق يەردىن بار قىلغان ئاللاھ مەيلى ئۇنىڭ جەسىدى چىرىپ تۇپراققا ئايلىنىپ كەتكەن بولسۇن، مەيلى يىرتقۇچلارغا يەم بولۇپ تۈگىشىپ كەتكەن بولسۇن، مەيلى كۆيۈپ كۈل بولۇپ كەتكەن بولسۇن، مەيلى تىتىلىپ پارچە - پارچە بولۇپ كەتكەن بولسۇن، ھەر ھالەتتە ئۇنى بىرلەشتۈرۈپ ئەسلىدىكى ھالىتىگە كەلتۈرۈشكە ئەلۋەتتە قادىردۇر.

## 114-سۇئال:ھەشىر

ھەشىر - قىيامەت كۈنى ئىنسانلار تىرىلگەندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ قەبرىلىرىدىن قوزغۇلۇپ چىقىپ ھېساب مەيدانىغا توپلىنىشى دېمەكتۇر. ئاللاھ ھەشىر ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: «قىيامەت كۈنى تەقۋادارلارنى مەرھەمەتلىك پەرۋەردىگارنىڭ دەرگاھىغا ئىززەت بىلەن يىغىمىز. گۇناھكارلارنى ئۇلار چاڭقىغان ھالدا جەھەننەمگە ھەيدەيمىز» [مەريەم سۈرىسى 85 - 86 - ئايەتلەر].

## 115-سۇئال: شاپائەت ۋە ئۇنىڭ شەرتى

ئاللاھ تائالا شاپائەتنى مۇقىملاشتۇرۇپ قۇرئاندا مۇنداق دېگەن : «بۇ كۈندە مەرھەمەتلىك ئاللاھ ئىزنى بەرگەن ۋە سۆزىدىن ئاللاھ رازى بولغان ئادەمنىڭ شاپائىتىدىن باشقا ھېچقانداق شاپائەت پايدا بەرمەيدۇ»،«ئاللاھنىڭ رۇخسىتىسىز كىممۇ ئاللاھنىڭ ئالدىدا شاپائەت قىلالىسۇن؟»، (سۈرە بەقەرە 25- ئايەت)

يۇقىرىقى ئايەتلەردىن مەلۇم بولىدۇكى، شاپائەتنىڭ ئىككى تۈرلۈك شەرتى بار، بىرىنچىسى ئاللاھتائالانىڭ شاپائەت قىلغۇچىغا رۇخسەت قىلىشى، ئىككىنچى شاپائەت قىلىنغۇچى گۇناھ مەئسىيەتلەرنى ئۆتكۈزگەن بولسىمۇ، ئاللاھنىڭ بىرلىكىگە ئىمان ئېيتقان مۆئمىن بولىشى.

## 116-سۇئال: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ شاپائىتى قانچە تۈرلۈك؟

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ شاپائىتى ئۈچ تۈرلۈكتۇر.

بىرىنچىسى، چوڭ شاپائەت دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ مەھشەرگاھنىڭ قىيىن مىنۇتلىرىدا ئاللاھنىڭ ئىزنى بىلەن خالايىققا قىلىدىغان شاپائىتى.

ئىككىنچى تۈرى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۈممىتى ئىچىدىن بىر تۈركۈم كىشىلەرنىڭ جەننەتكە كىرىشىگە شاپائەت قىلىشى. بۇ ئىككى تۈرلۈك شاپائەت باشقا پەيغەمبەرلەردىن پەرقلىق ھالدا ئاللاھ پەقەت مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغىلا خاس قىلغان خۇسۇسىيەتتۇر.

ئۈچىنچى تۈرى، گۇناھكار ئاسىيلار دوزاختا گۇناھلىرى مىقدارىچە ئازابلانغاندىن كېيىن ئاللاھنىڭ ئىزنى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ شاپائىتى بىلەن جەننەتكە كىرىدۇ. بۇ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامدىن باشقا پەيغەمبەرلەر، سالىھ مۇئمىنلەرگىمۇ خاس شاپائەتتۇر.

## 117-سۇئال:بەندىنىڭ ئەڭ ئاۋال ھساپ بېرىدىغان ئەملى قايسى؟

بەندىنىڭ ئەمەللىرىدىن ئەڭ ئاۋال ھساپ ئېلىنىدىغىنى ناماز. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: قىيامەت كۈنىدە بەندە ئەڭ ئاۋال ھېساب بېرىدىغان نەرسە نامازدۇر، ئەگەر ئۇنىڭ نامازلىرى جايىدا، دۇرۇس بولسا، ئۇ نىجاتلىققا ئېرىشكەن بولىدۇ، ئۇنداق بولمىسا زىيان تارتقان بولىدۇ، ناۋادا پەرز نامازلىرىدىن كەم قالغىنى بولسا، ئاللاھ تائالا پەرىشتىلەرگە: «قاراپ بېقىڭلار، بەندەمنىڭ نەفلى نامازلىرى بارمىكىن» دەيدۇ، شۇنىڭ بىلەن پەرزنىڭ كەم قالغان يېرىگە نەفلى نامازدىن ئېلىپ بېرىپ تولۇقلىنىدۇ. بەندىنىڭ قالغان ئەمەللىرىمۇ مۇشۇ رەۋىشتە بولىدۇ. (ئىمام نەسەئى، تىرمىزىي رىۋايەت قىلغان) بەندە ھەربىر ئىشىدا مەيلى چوڭ ياكى كىچىك بولسۇن خالىس ھالدا بىر ئاللاھنىڭ رازىلىقىنى كۆزلىگەن بولىشى كېرەك، كىشىلەرگە كۆرسىتىپ ماختىنىشتەك رىيا ۋە ياكى باشقا مەقسەتتە قىلىنغان ئەمەللەرنى ئاللاھ قوبۇل قىلىنمايدۇ. ئاللاھ ئەمەللەرنىلا ئەمەس، دىللاردىكىنىمۇ بىلىپ تۇرغۇچىدۇر.

## 118-سۇئال: سوئال سوراقسىز ھالدا جەننەتكە كىرىدىغانلار

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دىگەن: ماڭا ئۈممەتلەر توغرىلاندى. ..... مەن يەنە بىر توپ كىشلەرنى كۆردۈم. ماڭا: بۇ سىنىڭ ئۈممىتىڭ ۋە ئۇلار بىلەن ھىساپسىز ۋە ئازاپسىز جەننەتكە كىرىدىغان 70 مىڭ ئادەم بىللە دىيىلدى» ئاندىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئورنىدىن تۇرۇپ ئۆيگە كىرىپ كەتتى. ئاندىن ساھابىلار ھىساپ ئېلىنماي ۋە ئازاپقا دۇچار بولماي جەننەتكە كىرىدىغان كىشىلەر توغرىسىدا دەتالاش قىلىشتى. .... ئاندىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسام چىقىپ، ئۇلاردىن «نىمە توغرىلىق دەتالاش قىلىۋاتىسىلەر» دەپ سورىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئۇلارنىڭ نىمە توغرىدا دەتالاش قىۋاتقانلىقى ئېيتىپ بىرىلگەندە ئۇ: ئۇلار سۇف كۈچ قىلمايدىغان، سۇف كۈچ قىلدۇرمايدىغان، پال ئاچمايدىغان، ئاللاھقا تەۋەككۇل قىلىدىغان كىشىلەردۇر» دىدى.

## 119- سۇئال: جازا دىگەن نىمە؟

جازا - بەندىلەرنىڭ بۇ دۇنيادا قىلغان ياخشى - يامان ئەمەللىرىگە بېرىلگەن مۇكاپات ۋە جازانىڭ ئېلان قىلىنىشى دېمەكتۇر. بۇ ھەقتە ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ: «شۇ

كۈندە ئاللاھ ئۇلارغا تولۇق تېگىشلىك جازاسىنى بېرىدۇ. ئۇلار ئاللاھنىڭ ئاشكارا ھەق ئىكەنلىكىنى بىلىدۇ» [نۇر سۈرىسى 25 ـ ئايەت].

## 120ـسۇئال: مىزان دىگەن نىمە؟

بەندىنىڭ ئەمەللىرىدىن ھىساپ-كىتاپ ئېلىنغاندىن كېيىن تارازىدا ئۆلچىنىدۇ. مانا بۇ ئاخىرەت ھادىسلىرىدىن بولغان مىزاندۇر. مىزان ئىنسانىنىڭ ئاخىرەتتىكى قارارگاھىنىڭ جەننەت ۋە ياكى دوزاخ بولىشىدىكى ھالقىلىق باسقۇچ ھىساپلىنىدۇ. بەندىلەرنىڭ ئەمەللىرىنىڭ ئىلاھى تارازىدا ئۆلچىنىدىغانلىقى ۋە بۇ ھەقتىكى ئەھۋاللار قۇرئان ئايەتلىرى ۋە ھەدىس شەرىفتە بايان قىلىنغان يەقىينى مەسىلىدۇر. بۇ ھەقتە ئاللاھ تائالا ناھايىتى ئۇچۇق رەۋىشتە مۇنداق دەيدۇ: «قىيامەت كۈنى بىز (ئەمەللەر تارتىلىدىغان) ئادالەت تارازىسىنى ئورنىتىمىز ھېچ ئادەمگە قىلچە ئۇۋال قىلىنمايدۇ. (يەنى ياخشى ئادەمنىڭ ياخشىلىقى كېمەيتىۋتىلمەيدۇ، يامان ئادەمنىڭ يامانلىقى ئاشۇرىۋېتىلمەيدۇ، ئەگەر ئۇنىڭ قىچا چاغلىق ئەمەلى بولسىمۇ ئۇنى ھازىر قىلىمىز، (بەندىلەرنىڭ ئەمەللىرىدىن) ھىساپ ئېلىشقا بىز يېتەرلىكمىز» (سۈرە ئەنبىيا 47ـ ئايەت)

## 121ـسۇئال: سىراتنىڭ مەنىسى

سىرات سۆزىنىڭ لۇغەت مەنىسى ئوچۇق، ئېنىق يول بولۇپ، شەرىئەتتە ئىككى خىل مەندە قوللىنىلىدۇ. بىرى ئاللاھ تائالا ھاياتى دۇنيادا بەندىلىرىگە بەلگىلەپ بەرگەن توغرا يول بولۇپ، تۆۋەندىكى ئايەت مانا شۇ مەندە ئېيتىلغان «بۇ مېنىڭ توغرا يولۇمدۇر، شۇ يولدا مېڭىڭلار، ناتوغرا يوللاردا ماڭماڭلار، ئۇلار سىلەرنى ئاللاھنىڭ يولىدىن ئايرىۋىتىدۇ» (سۈرە ئەنئام 153ـ ئايەت) ئىككىنچىسى قىيامەت كۈنى دوزاخنىڭ ئۈستىگە قۇرۇلغان كۆۋرۈك بولۇپ، ئۇ گۇيا ئىنچىكىلىكتە قىلدەك، ئۆتكۈرلۈكتە قېلىچ بىسىدەكتۇر. پەيغەمبەرلەردىن تارتىپ ئاسىي گۇناھكارلارغىچە جىمى ئادەم پىلسىرات كۆۋرۈكىدىن ئۆتىدۇ. ياخشى ئەمەللىرى شاراپىتىدىن جەننەتكە مۇيەسسەر بولغان مۆئمىنلەر جەننەتكە ئۇدۇل ئۆتۈپ كېتىدۇ. جەھەننەمگە مەنسۇپ بولغان كۇپپارلار مۆدۈرۈپ يىقىلىدۇ، كۆۋرۈكتىن ئۆتەلمەيدۇ ۋە دۇزاخقا چۈشۈپ كېتىدۇ.

## 122ـسۇئال: دۇزاخ ۋە ئۇنىڭ دەرىجىلىرى

دۇزاخ ـ دەھشەتلىك ئوت قاينىمىدىن ئىبارەت بولۇپ، ئۇ كاپىرلار، مۇناپىقلار ۋە مۇسۇلمانلاردىن بولغان ئاسىي ـ گۇناھكارنىڭ بىر قىسمى بارىدىغان جايدۇر. ئاللاھ بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: « ئى مۆئمىنلەر! ئۆزەڭلار ۋە بالا ـ چاقاڭلارنى ئىنسان ۋە تاشلار يېقىلغۇ بولىدىغان، رەھىم قىلمايدىغان قاتتىق قول پەرىشتىلەر مۇئەككەل بولغان

دۇزاختىن ساقلاڭلار» [تەھرىم سۈرىسى 6 ـ ئايەت].

دوزاخ ـ كۇپپارلار، گۇناھكار ئاسىلارنىڭ ئاخىرقى قارارگاھى، ئاللاھ تائاللا بەندىلىرىنى ئاگاھلاندۇرغان، پەيغەمبەرلەر قەۋملىرىنى شەررىدىن قورقۇتقان، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام «ئۈممىتىم، ئۈممىتىم» دەپ ئازابىدىن پاناھ تىلىگەن جەھەننەمدۇر.

سۈرە ھىجرىنىڭ 44ـئايىتىدە خەۋەر بېرىلگەندەك، دوزاخنىڭ ئوخشىمىغان دەرىجىلىرى، دەرۋازىلىرى بولۇپ، ئۇلارنىڭ ھەربىرىدىن كىرىدىغان مۇئەييەن بىر بۆلەك ئادەملەر بار. بۇلار: جەھەننەم، لەزا، ھۇتەمە، سەئىر، سەقەر، جەھىم، ھاۋىيە. سۈرە كەھفىنىڭ 102ـئايىتىدە كەلگىنىدەك جەھەننەم كاپىرلارغا تەييارلانغان مەنزىلگاھتۇر، لەزا بولسا ھەقتىن يۈز ئۆرۈپ بۇرالغان ۋە پۇل ـ مال يىغىپ ساقلاپ، ئۇنىڭدىن ئاللاھنىڭ ۋە مىسكىنلەرنىڭ ھەققىنى ئادا قىلمىغانلارنىڭ جايىدۇر. ھاۋىيە دوزاخنىڭ ئاستىنقى قەۋىتى، ئازاب جەھەتتىن ئەڭ قاتتىقى بولۇپ، مۇناپىقلار مۇشۇ يەردە جازالىنىدۇ.

## 123ـسۇئال: جەننەت قانداق جاي؟

جەننەت ــ ئاللاھ تائالا مۆئمىن، تەقۋادارلار ئۈچۈن تەييارلىغان كاتتا مۇكاپات. ئۇنىڭدا جاپا ـ مۇشەققەتمۇ، قېرىلىق، ئۆلۈم، قايغۇ ـ ھەسرەتمۇ يوق. ئۇنىڭدا بارى ئاللاھنىڭ رەھمەت، مەرھەمىتى، ئەبەدىيلىك خۇشاللىق ۋە تۈگىمەس راھەت ـ پاراغەتتۇر. جەننەت ئاللاھنى كۆرمەي تۇرۇپ ئىمان ئېيتقان، ئاللاھنىڭ رەھمىتىنى ئۈمىد قىلىپ، ئازابىدىن قورققان، ئاللاھ بۇيرىغان ياخشى ئەمەللەرنى قىلىش بىلەن چەكلىگەن ئىشلاردىن ئۆزىنى ساقلىغان تەقۋادارلارغا خاستۇر.

## 124ـسۇئال: جەننەت ۋە جەننەتلەرنىڭ سۈپەتلىرى

جەننەت ـ بۇك ـ باراقستان بوستانلىق، گۈزەل باغچە بولۇپ، ئۇ، مۇسۇلمان تەقۋادار زاتلارنىڭ مەڭگۈلۈك قارارگاھىدۇر. ئاللاھ جەننەتنى تەرىپلەپ مۇنداق دەيدۇ: «تەقۋادارلار ھەقىقەتەن بىخەتەر جايدا بولىدۇ. باغلاردا بۇلاقلارنىڭ ئارىسىدا بولىدۇ. ئۇلار قېلىن ـ يۇپقا ـ يىپەك كىيىملەرنى كىيىپ، بىر ـ بىرىگە قارىشىپ ئولتۇرىشىدۇ. (ئۇلار تۈرلۈك ھۆرمەتلەر بىلەن) مۇشۇنداق ئىكرام قىلىنىدۇ. شەھلا كۆزلۈك ھۆرلەرنى ئۇلارغا جۈپ قىلىمىز. ئۇلار جەننەتتە (مەيدە ئېغىرلىشىش ۋە كېسەللىكلەردىن) ئەمىن بولغان ھالدا خىزمەتچىلەردىن ھەممە مېۋىلەرنى كەلتۈرۈشنى تەلەپ قىلىدۇ. ئۇلار مۇشۇ دۇنيادىكى ئۆلۈمدىن باشقا جەننەتتە ھېچقانداق ئۆلۈمنى تېتىمايدۇ. ئاللاھ ئۇلارنى دۇزاخ ئازابىدىن ساقلايدۇ. بۇ پەرۋەردىگارىڭنىڭ مەرھەمىتىدۇر. بۇ زور مۇۋەپپەقىيەتتۇر» [دۇخان 51 ـ 57 ـ

ئايەتلەر].

ھەدىس قۇدسىدا ئاللاھ تائالا مۇنداق ئېيتىدۇ: مەن سالىھ بەندىلىرىمگە كۆز كۆرۈپ باقمىغان، قۇلاق ئاڭلاپ باقمىغان، كىشىنىڭ كۆڭلىگە كېچىپ باقمىغان نېمەتلەرنى تەييارلىدىم. خالىساڭلار مۇنۇ ئايەتنى ئوقۇڭلار: «ئۇلارنىڭ قىلغان ئەمەللىرىگە مۇكاپات يۈزىسىدىن ئاللاھ تائاللاھنىڭ ھۇزۇرىدا ساقلانغان ۋە ئۇلارنى خۇشال قىلىدىغان كاتتا نېمەتنى ھېچكىم بىلمەيدۇ». (سۈرە سەجدە 17-ئايەت)

جەننەتنىڭ سۈپەتلىرى ۋە ئۇنىڭدىكى نازۇ-نېمەتلەر توغرىسىدا قۇرئان ۋە ھەدىسلەردە نۇرغۇن بايانلار كەلگەن. جەننەتنىڭ قەسىرلىرى، باغلىرى، دەرەخلىرى، ئۇستەڭلىرى، مېۋىلىرى، ئالتۇن-كۇمۇشلىرى، ھۆرۈ-غىلمانلىرى ئىنسانىنىڭ چەكلىك ئەقلى ۋە سەزگۈسىدىن ھالقىغان بولۇپ، بىز بىلىدىغان ھاياتى دۇنيادىكى شەيئىلەر بىلەن پەقەت ئىسىم جەھەتتە ئورتاقتۇر. جەننەتتىكى نېمەتلەر دۇنيادىكى نەرسىلەرگە پەقەت ئىسىم جەھەتتىنلا ئوخشايدۇ. جەننەتنىڭ كەڭلىكى ئاسمان-زېمىنچىلىك بولۇپ، ئال-ئىمران سۈرىسىنىڭ 137-ئايىتى بۇ ھەقتە خەۋەر بەرگەن. جەننەتنىڭ خۇشبۇي ھىدى توغرىسىدا رەسۇلۇللاھ مۇنداق دېگەن: «جەننەتنىڭ خۇشبۇي ھىدى يۈز يىللىق مۇساپە نېرىسىدىنمۇ دىماغقا ئۇرۇلۇپ تۇرىدۇ» (ئىمام تىرمىزى، ئىبنى ماجە، ئىمام ئەھمەد رىۋايەت قىلغان).

## 125-سۇئال: جەننەت ۋە جەننەتلەرنىڭ دەرىجىلىرى

كىشىلەر ياخشى ئەمەللەردە پەرقلىق بولغىنىدەك، جەننەتتىمۇ ئەمەللەرگە لايىق يۇقىرى-تۆۋەن دەرىجىلەر بولىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: جەننەتتە يۈز دەرىجە بار، بىر دەرىجە بىلەن يەنە بىر دەرىجىنىڭ ئارىلىقى ئاسمان-زېمىندەك پەرقلىنىدۇ. فىردەۋس ئەڭ يۇقىرى دەرىجىدۇر. ئۇنىڭدىن تۆت جەننەتنىڭ ئۇستەڭلىرى ئېقىپ چىقىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىدە ئەرش بار، ئاللاھتىن سورىساڭلار، جەننەتنى فىردەۋسنى سوراڭلار. (تىرمىزى رىۋايىتى). ھەدىسلەردە بۇ دەرىجىلەردىن فىردەۋس، ئاندىن ئەدن، ئاندىن خۇلۇد، ئاندىن مەئۋا تىلغا ئېلىنغان.

## 126-سۇئال: جەننەتنىڭ دەرۋازىلىرى ۋە ئۇنىڭدىن كىرىدىغانلارنىڭ سۈپەتلىرى

جەننەتنىڭ سەككىز دەرۋازىسى بولۇپ، بۇ دەرۋازىلارنىڭ چوڭلۇقى ھەققىدە رەسۇلۇللاھ مۇنداق دېگەن: جېنىم ئىلكىدە بولغان زات بىلەن قەسەمكى، جەننەت دەرۋازىسىنىڭ ئىككى قانىتىنىڭ ئارىلىقى مەككە بىلەن ھەجەرنىڭ ئارىلىقچىلىك ياكى مەككە بىلەن بۇسرانىڭ ئارىلىقچىلىك كېلىدۇ. (ئىمام بۇخارى، ئىمام مۇسلىم رىۋايەت قىلغان). بۇ ئىشىكلەرنىڭ ھەربىرى مۇئەييەن ياخشى ئەمەل بىلەن باغلانغان

بولۇپ، كىم قايسى ئەمەلنى كۆپ قىلغان بولسا شۇ ئىشكتىن چاقىرىلىدۇ. ناماز ئىشكىدىن كۆپ ناماز ئوقۇغۇچىلار، رەييان دەپ ئاتىلىدىغان ئىشكتىن كۆپ روزا تۇتقۇچىلار، سىلە-رەھىم ئىشكىدىن كۆپ ئېھسان قىلغۇچىلار كىرىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام جەننەتنىڭ دەرۋازىلىرى ۋە ئۇنىڭدىن كىرىدىغان كىرگۈچىلەرنىڭ ئەمەللىرىنى تىلغان ئالغاندا ئەبۇ بەكىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: ئى رەسۇلۇللاھ، بىر ئادەم ئاشۇ ئىشىكلەرنىڭ ھەممىسىدىن چاقىرىلامدۇ دەپ سورىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: شۇنداق، ئى ئەبۇ بەكىر، مەن سېنىڭ ئەنە شۇلارنىڭ جۈملىسىدىن بولۇشىڭنى تىلەيمەن "دەپ جاۋاپ بەردى. (ئىمام بۇخارى، ئىمام مۇسلىم رىۋايەت قىلغان)

## 127-سۇئال: ھەۋزى كەۋسەر

ھەۋزى كەۋسەر توغرىسىدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دىگەن: مېنىڭ كۆلۈم-مەۋزى كەۋسەرنىڭ توغرىسى بىر ئايلىق مۇساپىدۇر. ئۇنىڭ سۈيى سۈتتىنمۇ ئاق، ھەدى ئېپاردىنمۇ خۇشبۇيدۇر. ئۇنىڭ جاملىرى ئاسماندىكى يۇلتۇزلارغا ئوخشايدۇ. ئۇنىڭدىن ئىچكەن ئادەم مەڭگە چاڭقىمايدۇ (ئىمام بۇخارى رىۋايەت قىلغان).

## 128-سۇئال: جەننەتتىكىلەرنىڭ ھاياتى

جەننەتتىكى ھايات مەڭگۈلۈك ھاياتتۇر. مەيلى قېرى، چوڭ بولسۇن ئەھلى جەننەت نەۋقىران ياش ھالەتتە جەننەتكە كىرىدۇ ۋە مەڭگۈ شۇ نەۋقىران يېشىدا تۇرىدۇ. ئۇلار كېسەل بولمايدۇ. قېرىمايدۇ، ئۆلمەيدۇ، ھېرىپ چارچىمايدۇ، غەم-قايغۇسى بولمايدۇ. ئاللاھتائالا ئەھلى جەننەتنىڭ قەلبىنى ئۆچ-ئاداۋەت، ھەسەتتىن پاك قىلىپ، مېھىر-مۇھاببەتلىك كۆيۈمچان قېرىنداشلارغا ئايلاندۇرىدۇ. رەسۇلۇللاھ مۇنداق دىگەن: جەننەت ئەھلى جەننەتكە كىرسە بىر نىدا قىلغۇچى مۇنداق دەيدۇ: «سىلەر مەڭگۈ ياشايسىلەر، ئۆلمەيسىلەر، سالامەت بولىسىلەر، ھەرگىز كېسەل بولمايسىلەر، ياش تۇرىسىلەر، ھەرگىز قېرىمايسىلەر، نازۇ-نېمەتتە، بەخىت سائەدەتتە ئۆتىسەلەر، مەڭگۈ بەختسىزلىككە دۇچار بولمايسىلەر» (ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دىگەن: جەننەت ئەھلى يەيدۇ-ئىچىدۇ، چوڭ تەرەت قىلمايدۇ، مىشقىرمايدۇ ۋە كىچىك تەرەت قىلمايدۇ. لېكىن، ئۇلارنىڭ يېمىكى ئېپارنىڭ ھېدىدەك خۇشبۇي كېكىرىش بىلەن ھەزىم بولىدۇ. خۇددى ئۇلار تەبئىي نەپەسلىنىپ تۇرغىنىدەك تەسبىھ، تەكبىرلەر ئۇلارنىڭ تىلىغا جارى بولۇپ تۇرىدۇ. (ئىمام بۇخارى ۋە ئىمام مۇسلىم رىۋايەت قىلغان).

## 129-سۇئال: جەننەتتىكى ئەڭ كاتتا نېئمەت قايسى؟

جەننەتتىكى شۇنچىۋالا نېمەتلەرنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ كاتتا نېمەت ئاللاھ تائالانىڭ

مۇبارەك جامىلىنى كۆرۈش ۋە ئاللاھنىڭ رازىلىقىغا ئېرىشىشتۇر. ئەھلى سۈننە ۋە جامائەنىڭ ئەقىدىسىدە تەقۋىدار مۆئمىنلەر ئاخىرەتتە پەرۋەردىگارىنى كۆرۈش شەرىپىگە نائىل بولىدۇ. ئەمما گۇناھكارلار ئاللاھنى كۆرۈشتىن مەنئى قىلىنغان. قۇرئان ۋە ھەدىسلەردە بۇنى دەلىللىگۈچى ئايەتلەر ۋە ھەدىسلەر بار. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: «بۇ كۈندە(سائادەتمەنلەرنىڭ) يۈزلىرى نۇرلۇق بولىدۇ. (ئۇلار) پەرۋەردىگارىغا قاراپ تۇرىدۇ» (سۈرە قىيامەت 22-،23-ئايەتلەر)

ئاللاھ تائاللاھنىڭ بەندىگە بەرگەن نېمەتلىرى نۇرغۇن، تەن-ساقلىق، مال-مۈلۈك، بالا-چاقا، مېھرى-مۇھەببەت، شان-شۆھرەت...... ئەمما بۇلارنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ چوڭ نېمەت ئاللاھنىڭ ھىدايىتى، چۈنكى شۇ ھىدايەت بىلەن ئىنسان مەڭگۈلۈك جەننەتنىڭ ئىشكىنى قېقىشقا نائىل بولىدۇ. شۇ ھىدايەت ئىنساننى راھەت-پاراغەتلىك يېڭىچە ھاياتقا ئۇلاشتۇرىدۇ. مانا بۇ ھەقىقىي بەختتۇر.

# ئۈچىنچى بۆلۈم. تاھارەتنىڭ بايانى

## 130-سۇئال: پاكىزلىق ئۇقۇمى

تاھارەت دېگەن سۆز، مەنا جەھەتتىن نىجاسەتكە ئوخشاش ماددىي مەينەتچىلىكتىن، ئەيىپلەرگە ۋە گۇناھلارغا ئوخشاش مەنىۋىي مەينەتچىلىكتىن پاكىزلىنىش، دېگەنلىك بولىدۇ. تاھارەت دېگەن سۆز ئىستىلاھ جەھەتتىن، تاھارەتسىزلىكتىن ياكى نىجاسەتلەردىن پاكىزلىنىش، دېگەنلىك بولىدۇ. نىجاسەتلەر بولسا، كىچىك تەرەت، چوڭ تەرەت ۋە قانغا ئوخشاش شەرىئەت نىجىس دەپ، بايان قىلغان نەرسىلەردۇر.

## 131-سۇئال: پاكىزلىقنىڭ تۈرى

پاكىزلىق ئۇقۇمى كەڭ مەنادا ئىككى تۈرلۈك بولىدۇ : بىرى، تاشقى پاكىزلىق، يەنە بىرى، ئىچكى پاكىزلىق. تاشقى پاكىزلىق دېگىنىمىز بەدەننىڭ، كىيىمنىڭ، يېمەك ئىچمەكنىڭ ۋە ناماز ئوقۇيدىغان جاينىڭ پاسكىنىلىق ۋە كىرلادىن پاكىز بولىشى دېمەكتۇر. ئىچكى پاكىزلىق دېگىنىمىز نەپسىنىڭ ۋە قەلبىنىڭ يامان غەرەز ۋە ناچار ئەخلاقلاردىن پاك بولىشى دېمەكتۇر. ئىسلام دىنى مۇسۇلمانلارنى ھەر ئىككى پاكىزلىققا بۇيرۇيدۇ.

## 132-سۇئال: پاكىزلىقنىڭ غايىسى

ئىسلام دىنىنىڭ پاكلىققا ۋە پاكىزلىققا ئەھمىيەت بېرىپ، مۇسۇلمانلارنى تازىلىققا ۋە پاكىزلىققا بۇيرۇشىدا، ئىنساننىڭ تەن ساقلىقىغا ۋە روھىغا ئىنتايىن پايدىلىق بولغان نۇرغۇنلىغان ئالىي مەقسەتلەر غايە قىلىنغان. سۇ بىلەن پاكلىنىش بەدەندىكى

يېقمىسز ھىدلارنى يوقىتىدۇ. پائالىيەتچانلىقنى ئاشۇرىدۇ. ئىبادەت ۋە دۇنيالىق ئىشلار ئۈچۈن ئىنساننىڭ ھىممىتىنى، جوشقۇنلىقىنى يېڭىلايدۇ. شۇڭا ئىسلام دىنى مۇسۇلمانلارنى پاكلىققا بۇيرۇپ، ئۇلارغا تازىلىقنى، پاكىزلىقنى پەرز قىلدى ۋە كۆپلىگەن ئىبادەتلەر ئۈچۈن پاكلىقنى شەرت قىلدى. ئىنساننىڭ تاشقى ئەزالىرىنىڭ پاكىز بولغىنىنىڭ سىرتىدا، ئۇنىڭ قەلبى بىلەن نەپسىدىن ئىبارەت ئىچكى دۇنياسىنىڭمۇ ئۆزىنى چوڭ تۇتۇش، كۆرەلمەسلىك، دۇشمەنلىك، ئۆچلۈك ۋە باشقا سەلبىي ئەخلاقلاردىن پاك پاكىز بولغان ھالدا، بىر پۈتۈن پاكلىق ئىچىدە، ئاللاھ تائالانىڭ ھوزۇرىغا يۈزلىنىشى ئارقىلىق ئاللاھ تائالانىڭ نېمىتىگە ۋە رەھمىتىگە ئېرىششى ئۈچۈن ئىسلام دىنى مۇسۇلمانلارنى ئىچكى ۋە تاشقى پاكلىقلارغا ئەمر قىلغان.

## 133-سۇئال: پاكىزلىقنىڭ ئىسلامدىكى ئورنى

ئىسلام دىنى، پاكلىق ۋە پاكىزلىق ئۈستىگە قۇرۇلغان بىر دىن بولۇپ، ئىنسانلار ئۆزلىرىنىڭ دۇنيا ۋە ئاخىرەتلىك ئىشلىرىدا پاكىزلىققا قاتتىق ئېھتىياجلىق بولغانلىقى ئۈچۈن مۇسۇلمانلار 6- ئەسىردىكى چاغلاردىن بىرى تازىلىققا ئەڭ زور دەرىجىدە ئەھمىيەت بېرىپ كەلگەن خەلقتۇر. چۈنكى مەنۋىي كىرلاردىن تازىلىنىش ئىماننىڭ تەلەپلىرىدىن بىرى بولغىنىدەك، بەزى ئىبادەتلەرنى ئورۇنلاشنىڭ ئالدىنقى شەرتى پاكىزلىقتۇر. پاكىزلىق تۆۋەندىكىدەك ئەھمىيەتكە ئىگە.

1.تاھارەت نامازنىڭ ئاچقۇسىدۇر. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: تاھارەت نامازنىڭ ئاچقۇچى بولۇپ، نامازغا كىرىش ئۈچۈن الله ئەكبەر، نامازدىن چىقىش ئۈچۈن ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم ۋەرەھمەتۇللاھ دېيىلىدۇ. پەرز ۋە ئۇنىڭدىن باشقا نامازلاردا سۈرە فاتىھە ۋە يەنە بىر سۈرىنى ئوقۇمىغان كىشىنىڭ نامىزى ئادا بولمايدۇ. (تىرمىزى: 238)

2.پاكىزلىق ئىماننىڭ يېرىمىدۇر.

پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «پاكىزلىق ئىماننىڭ يېرىمىدۇر. » ھېكمەتلىك سۆزلەرنىڭ بىرىدە بولسا مۇنداق دېيىلىدۇ:"پاكىزلىق ئىماندىندۇر "پاكىزلىق نامازغا تۇرۇشنىڭ ئالدىنقى شەرتى.

3.پاكىزلىق بىر ئىنساننىڭ ساغلام تەبىئەتلىك، ياخشى خىسلەتلىك ۋە مەدەنىيەتلىك ئىكەنلىكىنىڭ نىشانىسىدۇر.

4. پاكىزلىق بەندىنى ئاللاھ تائالانىڭ دوست تۇتۇشىغا ۋە رازى بولۇشىغا ئېرىشتۈرىدۇ.

5.پاكىزلىق بەندىنىڭ قەبرە ئازابىدىن قۇتۇلۇشىغا سەۋەپ بولىدۇ.

6.تاھارەت قىيامەت كۈنى يۈزىنىڭ نۇرلۇق قوپۇشىغا سەۋەپ بولىدۇ.

## 134-سۇئال: تاھارەتنىڭ پەزىلىتى

1.تاھارەت ئىنساننى گۇناھلاردىن پاكلايدۇ. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىمكى تاھارەتنى كامىل ئالسا، ئۇنىڭ تىرناقلىرىنىڭ ئاستىدىن تارتىپ پۈتۈن ۋۇجۇدىدا گۇناھ قالمايدۇ. (مۇسلىم: 245)

2. كامىل ئېلىنغان تاھارەت ئىنسانغا جەننەتنى ۋاجىپ قىلىدۇ. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: تاھارەتنى كامىل ئېلىپ بولغاندىن كېيىن، ئورنىدىن تۇرۇپ، پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن بېرىلگەن ھالەتتە ئىككى رەكئەت ناماز ئوقۇيدىغان مۇسۇلمان بولىدىكەن، جەننەت ئۇنىڭغا ۋاجىپ بولىدۇ. كىمكى تاھارەتنى كامىل ئېلىپ بولغاندىن كېيىن: "بىر اللەتىن باشقا ئىبادەت قىلىشقا لايىق مەبۇد يوق، مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم الله تائالانىڭ بەندىسى ۋە ئەلچىسى دەپ گۇۋاھلىق بېرىمەن " دەيدىكەن، ئۇنىڭغا جەننەتنىڭ سەككىز دەرۋازىسىنىڭ ھەممىسى داغدام ئېچىپ بېرىلىدۇ، ئۇ قايسىنى خالىسا، جەننەتكە شۇنىڭدىن كىرىدۇ. (مۇسلىم: 234)

3. تاھارەتنى كامىل ئېلىپ ئوقۇغان ناماز ئۇنىڭ ئۈچۈن كاتتا ئەجىر بولىدۇ.

## 135-سۇئال: پاكىزلىغۇچى نەرسىلەر ۋە پاكىزلاش ئۇسۇلى

بىرىنچى، سۇ. ئىككىنچى، تۇپراق. ئۈچىنچى، ئۇۋلاش. تۆتىنچى، سۈرتۈش.

بەشىنچى، قۇرۇتۇش ئالتىنچى، پاسكىنا نەرسىنىڭ باشقا نەرسىگە ئۆزگىرىپ كىتىشى

يەتتىنچى، ئاشلاش.

## 136-سۇئال: سۇ ۋە ئۇنىڭ تۈرى

سۇ بولسا، تاھارەتسىزلىكتىن ۋە مەينەتچىلىكتىن پاكىزلىنىش ئۈچۈن ئەڭ مۇھىم بولغان ۋە ئەڭ كۆپ ئىشلىتىلىدىغان ماددىدۇر. سۇ ئۈچ تۈرلۈك بولىدۇ :

1. پاكىز ھەم باشقىسىنى پاكىزلايدىغان سۇ. بۇ پاكىز ھەم پاكىزلىغۇچى سۇ دەپمۇ ئاتىلىدۇ. بۇ، يامغۇر ۋە دېڭىز سۈيىگە ئوخشاش ھېچبىر نەرسە ئارىلاشمىغان ۋە ئۆزىنىڭ ئەسلىدىكى سۈپىتى بىلەن قالغان سۇدۇر.

2. پاك ئەمما تاھارھتسىزلىكتىن پاكىزلىيالمايدىغان سۇ. بۇ خىلدىكى سۇلار بىلەن تاھارەت ئالغىلى بولمايدۇ. لېكىن مەينەت ۋە نجاسەتلەرنى يۇغىلى بولىدۇ. بۇ سۇنى ئىچىش ۋە ئۇنىڭ بىلەن خېمىر يۇغۇرۇش مەكرۇھتۇر. بۇ سۇ بولسا، كىچىك تاھارەت ياكى چوڭ تاھارەت ئېلىش ئۈچۈن بىر قېتىم ئىشلىتىلگەن سۇدۇر.

3. تۈردىكى سۇ، پاسكىنا سۇدۇر.

## 137-سۇئال: پاكلىنىش ئۈچۈن تۇپراق ئىشلىتىشنىڭ يولغا قويۇلۇشى

ئىسلام دىنى سۇ يوق ياكى ئۇنى ئىشلەتسە زىيان قىلىدىغان، ياكى كېسەل بولغانلىقى ئۈچۈن سۇنى ئىشلىتەلمەيدىغان سەۋەبلەر بىلەن سۇنى ئىشلىتىش قىيىن بولۇپ قالغان چاغلاردا، تاھارەتسىزلىكتىن تۇپا بىلەن پاكلىنىشنى يولغا قويدى.

تۇپا بىلەن پاكىزلىنىش ھەقىقىي پاكىزلىنىش ئەمەس، ھۆكمەن پاكىزلىنىشتۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئىسلام دىنى تەيەممۇمنى، تاكى تەيەممۇم قىلىشنى لازىم قىلىدىغان سەۋەبلەر تۈگىگەنگە قەدەر ۋاقىتلىق ۋە ھۆكمەن تاھارەت دەپ قارىدى. ئەگەر تەيەممۇم قىلىشنى لازىم قىلىدىغان سەۋەبلەر تۈگىسە، تەيەممۇم قىلغان ئادەم ئىلگىرىكى تارەتسىزلىكى بىلەن تەبىئىيلا تاھارەتسىز ھالىتىگە قايتىدۇ. ھەتتا ئۇقۇماقچى بولغان نامىزىنى تاھارەت ئالمىغىچە، ئەگەر ئىلگىرىكى تاھارەتسىزلىكى چوڭ تاھارەتسىز بولغان بولسا يۇيۇنمىغىچە ئوقۇيالمايدۇ.

## 138-سۇئال: سۈرتۈش بىلەن پاك بولىدىغان ۋە پاك بولمايدىغان نەرسىلەر

ئەينەك، قىلىچ، سىلىق تاش، ئەينەكلەر، پىچاق ۋە مايلانغان قاچىغا ئوخشاش سىڭىشچى يوق قاتتىق سىلىق جىسىملەرگە ھۆل ياكى قۇرۇق نىجاسەت يۇقۇپ قالغان، ئاندىن ئۇنى تاكى ئۇنىڭدىكى نىجاسەتنىڭ ئەسىرى يوقالغىچە توپىغا سۈرتكەن بولسا، ئۇ نەرسە پاكىز بولىدۇ. چۈنكى، نىجاسەت ئۇ نەرسىنىڭ ئىچىگە كىرىپ كېتەلمەيدۇ. سىلىق يۈزىگە يۇققان نىجاسەت بولسا توپىغا سۈرتۈش بىلەن چىقىپ كېتىدۇ. چۈنكى، ساھابىلارنىڭ قىلىچلار بىلەن كاپىرلارنى ئۆلتۈرۈپ ئاندىن قىلىچلارنى يۇماستىن توپىغا سۈرتۈۋېتىپ قىلىچلارنى يانلىرىغا ئېسىپ تۇرۇپ ناماز ئوقۇغانلىقى رىۋايەت قىلىندى. ئەگەر نىجاسەت داتلاپ قالغان بىر نەرسىگە يۇقۇپ قالغان بولسا، ئۇ نەرسە توپىغا سۈرتۈش بىلەن پاك بولمايدۇ. چۈنكى، نىجاسەت داتلارنىڭ ئىچىگىمۇ كىرىپ كېتىدۇ، ئۇنى يۇيۇش لازىمدۇر.

## 139-سۇئال: قۇرۇتۇش بىلەن پاك بولىدىغان ۋە پاك بولمايدىغان نەرسىلەر

قۇرۇتۇش، پەقەت پاسكىنا تۇپراقنى پاكىزلايدىغانلا قۇرالدۇر. ئەگەر پاسكىنا تۇپراق قۇرۇسا ۋە ئۇنىڭدا نىجاسەتنىڭ ھېچقانداق ئەسىرى كۆرۈنمىسە، ئۇ تۇپراق پاكىز بولغان ھېساپلىنىدۇ. دەرەخ، ئوت-چۆپ، شېغىل تاش ۋە قۇمغا ئوخشاش زېمىن تىپىدىن ھېساپلىنىدىغان ۋە ئۇنىڭدىن ئاجرىماي تۇرىدىغان نەرسىلەرنىڭ ھۆكمى، تۇپراقنىڭ ھۆكمىگە ئوخشاشتۇر. ئەمما زېمىنغا سېلىنغان بورا، كىگىز-كىچەك ۋە رەختكە ئوخشاش زېمىن تىپىدىن ھېساپلانمايدىغان ۋە ئۇنىڭدىن ئاجراپ تۇرىدىغان نەرسىلەر بولسا، قۇرۇتۇش بىلەن پاكىزلانمايدۇ.

## 140-سۇئال: ئاشلاش

تېرىنىڭ پۇراپ ۋە بۇزۇلۇپ قېلىشىنىڭ ئالدىنى ئالدىغان ھەر قانداق ئىش ئاشلاش دەپ ئاتىلىدۇ. ئاشلاش ئىككى قىسىمغا بۆلىنىدۇ. 1) ھەقىقىي ئاشلاش. بۇ ئاشلاش دۇپ دەرىخى، شاپ، تۇز ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش تېرە ئاشلاش ئۈچۈن تەييارلانغان پاكىز ماددىلار بىلەن بولىدۇ.2) ھۆكمەن ئاشلاش. بۇ ئاشلاش بولسا، تېرىنى توپىغا تاشلاپ قۇرۇتۇش ياكى ئاپتاپقا يېيىپ قۇرۇتۇش ، ياكى ئىسسىق قويۇپ شامال بىلەن قۇرۇتۇش ئارقىلىق تېرىنىڭ پۇرىشىنىڭ ۋە بۇزۇلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش بىلەن بولىدۇ.

## 141-سۇئال: تاھارەت يەنى ئادەتتىكى پاكىزلىنىش قانچە قىسىمغا بۆلۈنىدۇ؟

بىرى پاسكىنا نەرسىلەردىن پاكىزلىنىش، يەنە بىرىسى تاھارەتسىزلىكتىن پاكىزلىنىشتىن ئىبارەت ئىككى قىسىمغا بۆلىنىدۇ.

## 142-سۇئال: پاسكىنا نەرسىلەردىن پاكىزلىنىش ئۇقۇمى

پاسكىنا نەرسىلەردىن پاكىزلىنىش بولسا، كىيىم-كېچەك، تەن ۋە ئولتۇرىدىغان يەرلەردىكى پاسكىنا نەرسىلەردىن پاكىزلىنىشتىن ئىبارەتتۇر. نىجاسەتكە ئائىت ھەممە نەرسە پاسكىنا نەرسە ھېساپلىنىدۇ.

## 143-سۇئال: نىجاسەتنىڭ تۈرلىرى

1. ئىنساندىن چىققان كىچىك چوڭ تەرەت، مەنىي، مەزىي، ۋەدىيلەر، ھەيز، نىفاس ۋە نورمالسىز ھەيز قانلىرى يەنى ئىستىھازە قانلىرى، جاراھەتلەردىن ئاققان قان، يىرىڭ ۋە ئېغىز توشقۇدەك كەلگەن قوسۇقلاردۇر.

2. بارلىق ھايۋانلاردىن چىققان سۈيدۈك، تېزەك ۋە قانلار پاسكىنىدۇر. چۈنكى، ئۇ نەرسىلەردە پاسكىنىلىقنىڭ مەنىسى باردۇر. ئۇ بولسمۇ ئۇ نەرسىلەرنىڭ مەينەت بولغانلىقىدۇر ۋە سېسىق پۇراقلىق نەرسگە ئايلىنىدىغانلىقىدۇر.

3. توخۇ ۋە ئۆردەككە ئوخشاش ئۇچارلىقلارنىڭ مايىقلىرىمۇ پاسكىنا نەرسىلەردىندۇر. بۇلارنىڭ مايىقلىرىنىڭ پاسكىنا نەرسىلەردىن بولۇشىنىڭ سەۋەبى، ئۇ مايىقلارنىڭ مەينەت بولغانلىقى ۋە سېسىق پۇراقلىق نەرسگە ئايلىنىدىغانلىقى ئۈچۈندۇر.

4. ھاراقمۇ نىجىس نەرسىلەرنىڭ قاتارىدىندۇر.

## 144-سۇئال: كەچۈرۈۋېتىلىدىغان پاسكىنا نەرسىلەر

ئاسانلاشتۇرۇش ۋە تەسلەشتۈرمەسلىك ئۈچۈن كۆز بىلەن كۆرگىلى بولمايدىغان دەرىجىدىكى يىڭنىنىڭ ئۇچىچىلىك كىيىمگە ياكى تەنگە، ياكى يەرگە چاچراپ كەتكەن سۈيدۈككە ئوخشاش ساقلىنىش قىيىن ياكى پاكىزلاش تەس بولغان ئاز

نجاسەتلەر كەچىرىلىدۇ. بۇنىڭغا ئوخشاش پاسكىنا نەرسىلەر ئۇلاردىن ساقلىنىش قىيىن بولغانلىقى ئۈچۈن تازىلىمىسىمۇ كەچۈرۈلۈپ كېتىدۇ.

## 145-سوئال: ئىستىنجا

ئىستىنجا قىلىشمۇ بەدەننى پاكىزەلاشنىڭ ئىچىگە كىرىدۇ. ئىستىنجا قىلىش دېگەن ھاجەتنى ئادا قىلىپ بولغاندىن كېيىن ئالدى تەرەت يولىدىكى ياكى ئارقا تەرەت يولىدىكى پاسكىنا نەرسىلەرنى تازىلاش دېگەن بولىدۇ. كىچىك ۋە چوڭ تەرەت قىلغان ئادەم تاھارەت ئالماقچى بولغىنىدا، يۇقىرىدا كۆرسىتىلگەن بويىچە ئىستىنجا قىلىشى شەرتتۇر. ئەمما ئۇخلىغانلىق ياكى يەل چىقارغانلىق تۈپەيلى تاھارىتى سۇنغان كىشى ئۈچۈن ئىستىنجا قىلىش لازىم ئەمەسلىكىدە پۈتۈن فىقھشۇناس ئالىملار بىردەك ئىتتىپاقتۇر. چۈنكى ئىستىنجا پەقەت ئىككى تەرەت ئورگىنىدىن چىققان پاسكىنىلىقلارنى پاكلاش ئۈچۈنلا بۇيرۇلغان.

## 146-سوئال: ئىستىنجا قىلىشنىڭ ھۆكمى

1)ئىستىنجا قىلىشنىڭ ھۆكمى كۈچلۈك سۈننەتتۇر. ئارقا تەرەت يولىدىن چىققان نەرسە ئۇ يەرنىڭ ئەتراپىدىن ھالقىپ باشقا يەرگە يۇقۇپ بارمىغان ياكى ئۇ يەرنىڭ ئەتراپىدىن ھالقىپ باشقا يەرگە يۇقۇپ بارغاندىمۇ ناھايىتى ئازراق يۇقۇپ بارغان بولسا، بۇ ھالەتتە تەرەتنى سۇ بىلەن تازىلاش كۈچلۈك سۈننەت بولىدۇ. ئەمما ئارقا تەرەت يولىدىن چىققان نەرسە ئۇ يەرنىڭ ئەتراپىدىن ھالقىپ باشقا يەرگە خىلى ئوبدان يۇقۇپ بارغان بولسا، بۇ ھالەتتە تەرەتنى سۇ بىلەن تازىلاش ۋە تەرەتنى تازىلاش پەرز بولىدۇ.

2) ئەگەر بىر ئادەم كېسەل سەۋەبى بىلەن تەرەتنى تازىلاشقا قادىر بولالمىغان ، ئۇ ئادەمنىڭ يېنىدا ئۇياتلىق يېرىنى ئالدىدا ئېچىش بولمايدىغان باشقا بىر كىشى بولغان، بۇ كىشى كېسەل ئادەمنىڭ تەرىتىنى تازىلىماقچى بولغاندا ، ئۇنىڭ ئۇياتلىق يېرىگە قاراشقا مەجبۇر بولۇپ قالىدىغان ۋە ئۇ يەرنى توسۇپ تۇرغىلى بىر نەرسە تاپالمىغان بولسا ، كېسەل ئادەم تەرىتىنى تازىلىمىسىمۇ بولىدۇ.

3) ئارقا تەرەت يولىدىن چىققان نەرسە ئۇ يەردىكى بىر تەڭگىدەك مىقداردىكى يەردىن ھالقىپ، باشقا يەرگە خىلى ئوبدان يۇقۇپ بەرگەن بولسا بۇ ھالەتتە ئۇ كېسەل ئادەم ئۇياتلىق يېرىنى كىشىلەرنىڭ ئالدىدا ئاچماستىن كۈچىنىڭ يېتىشىچە تاشتەك بىر نەرسىنى ئىشلىتىش بىلەن ئۇ يەردىكى پاسكىنا نەرسىنى ئازلىتىشقا تىرىشىدۇ ۋە ئۇنىڭدىن كېيىن ناماز ئوقۇسا بولىدۇ.

4) يەل يۇرىشىپ كەتكەندىن كېيىن ياكى ئۇخلاپ قوپقاندىن كېيىن ئەگەر كىچىك ياكى چوڭ تەرەت قىلمىغان بولسا، تاھارەت ئالماقچى بولغاندا ئالدى تەرەت ۋە

ئارقا تەرەت يوللىرىنى سۇ بىلەن يۇيۇش لازىم ئەمەستۇر. كىم بۇ ھالەتتە ئۇ يەرلىرىنى سۇ بىلەن يۇسا، ئۇ دىندا يولغا قويۇلمىغان بىر ئىشنى قىلغان ھېساپلىنىدۇ.

## 147-سۇئال:تەرەتنى تازىلاشتا ئىشلىتىلىدىغان نەرسىلەر

ئىستىنجا قىلىشتا ئىشلىتىدىغان ماددىلارنىڭ ئەڭ ياخشىسى سۇدۇر. سۇدىن ياخشى پاكلايدىغان ماددا يوقتۇر. سۇ بىلەن ئىستىنجا قىلىشقا ئىمكانىيەت بولمىغاندا، چالما، تاش، رەخت پارچىسى، قەغەز ۋە ئامالسىز قالغاندا ياغاچ ۋە ئوتۇن قاتارلىق ماددىلارنىڭ قايسىبىرى بىلەن ئىستىنجا قىلىشقا بولىدۇ. ئىستىنجا قىلىشتا ئەۋرەت جايلارنى كىشلەرگە كۆرسىتىشكە بولمايدۇ. چۈنكى مۇنداق قىلىش ھارامدۇر.

1)ھۆللۈكنى سۈمرىدىغان ۋە ئۇ يەردىكى پاسكىنا نەرسىلەرنى تازىلايدىغان ياكى ئۇ يەردىكى پاسكىنا نەرسىلەرنى ئازايتىدىغان ۋە ئۇ يەرنى قۇرۇتىدىغان ھەرقانداق پاك نەرسە بىلەن تەرەتنى تازىلاشقا بولىدۇ.

2)تاش ياكى لاتا، ياكى ئۇستىگە بىر نەرسە يېزىلمىغان قاتتىقراق قەغەز، ياكى سۇغا ئوخشاش قىممەتسىز نەرسىلەرنى ئىشلىتىش ياخشىدۇر. ئەرەب ھەرپى بىلەن يېزىلغان كىتاب، ژۇرنال ۋە گېزىتلەرنىڭ ۋاراقلىرىنى ئىستىنجادا قوللىنىشقا بولمايدۇ. ئەمما ئەرەب ھەرپى بىلەن ئەمەس، بەلكى لاتىن، رۇس، خىتاي ۋە باشقا ھەرپلەر بىلەن يېزىلغان، دىني بولمىغان كىتاب، ژۇرنال ۋە گېزىتلەرنى ئىستىنجادا قوللىنىشقا بولىدۇ. تەرەتنى ئەۋۋەل تاش بىلەن ئاندىن سۇ بىلەن تازىلاش ئەڭ ياخشىدۇر. ئۇنىڭدىن قالسا سۇ بىلەن تازىلاش ياخشىدۇر. ئۇنىڭدىن قالسا تاشتەك نەرسىلەر بىلەن تازىلاش ياخشىدۇر. گەرچە ئارىلىرىدا ياخشىلىق دەرىجىدە پەرق بولسىمۇ، لېكىن ئۇ نەرسىلەرنىڭ قايسى بىرى بىلەن تەرەت تازىلانسا، سۈننەت ئادا بولغان بولىدۇ. سۆڭەك، تاماق ۋە تېزەكلەرنى تەرەتنى تازىلاش ئۈچۈن ئىشلىتىشكە بولمايدۇ.

## 148-سۇئال:تەرەتنى تازىلاشتا ئىشلىتىلىشكە بولمايدىغان نەرسىلەر

ئىستىنجا قىلغاندا كىرپىش، كۆمۈر، تۆمۈر، ئەينەك، ھاك، ئىنسان ياكى ھايۋانلار يەيدىغان تائام قاتارلىقلارنىڭ قايسى بىرىنى ئىستىنجا قىلىشتا ئىشلىتىشكە بولمايدۇ.

## 149-سۇئال: ھاجەتنى ئادا قىلىشنىڭ سۈننەت ۋە ئەدەبلىرى

1)ئىنسان ھاجىتىنى ئادا قىلىشنى تاكى كىچىك ياكى چوڭ تەرەت قىستاپ كەتكىچىلىك كىچىكتۈرۈۋەتمەي ھاجىتىنى بالدۇر ئادا قىلىشقا ئالدىرىشى لازىمدۇر. ھاجىتى قىستىغانغا قەدەر ھاجىتىنى ئادا قىلماسلىق، تەن سالامەتلىككە زىيانلىقتۇر.

ھەمدە ھاجىتى قىستاپ تۇرغاندا ناماز ئوقۇشمۇ مەكرۇھتۇر.

2)ھاجەتخانىغا كىرمەكچى بولغان ئادەم، پۇتىغا ئاياق كىيىپ كىرىش ۋە يېنىدا ئاللاھ تائالانىڭ ياكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىسمى بار ئۈزۈككە ئوخشاش نەرسە بولسا، ئۇنى ھاجەتخانىغا كىرىشتىن ئىلگىرى چىقىرۋېتىشى لازىمدۇر.

3)ھاجەتخانىغا كىرىشتىن ئىلگىرى ئاللاھنىڭ نامى بىلەن باشلايمەن، ئى ئاللاھ! مەن ساڭا سىغىنىپ ئەركەك ۋە چىشى شەيتانلارنىڭ يامانلىقىدىن پاناھ تىلەيمەن دېگەن دۇئانى ئوقۇيدۇ. يەنى« ئەئۇزۇ بىللاھى مىنەششەيتانىر رەجىيم » دەيدۇ.

4) ھاجەتخانىغا كىرىشتىن ئاۋۋال ئىشتاننىڭ پاچىقىنى تۈرۈش.

5) ھاجەتخانىغا كىرگەندە سول پۇتى بىلەن كىرىدۇ، چىققاندا ئوڭ پۇتى بىلەن چىقىدۇ. ئۇياتلىق يېرىنى يېرىم ئولتۇرۇپ بولۇپ ئاچىدۇ.

6)ئېقىۋاتقان بولسىمۇ سۇغا، ئېرىققا، ئۆستەڭگە، قۇدۇققا، بولاققا، دەرەخ ئاستىغا خۇسۇسەن مېۋىلىك دەرەخ ئاستىغا، زىرائەتلىككە، كىشىلەر پايدىلىنىدىغان يېشىللىققا، ئادەملەر توپلىنىدىغان يەرلەرگە، يولغا، مەسجىدنىڭ يېنىغا ۋە ھېيت نامازلىرىنى ئوقۇش ئۈچۈن تەييارلانغان يەرگە كىچىك ياكى چوڭ تەرەت قىلىش ھارامغا يېقىن مەكرۇھتۇر. مانا بۇ ئىسلام دىنىنىڭ مۇھىتنىڭ پاكىزلىقىغا ۋە ھەر تۈرلۈك كېسەللەردىن ساقلىنىشقا ئەھمىيەت بەرگەنلىكىدۇر.

7)كىچىك تەرەت قىلىۋاتقاندا، ھەتتا سۈيدۈك شامال بىلەن كەينىگە قايتىپ چاچرىماسلىقى ئۈچۈن، شامال چىقىش تەرەپكە قاراپ ئولتۇرۇشقا، يەنە شۇنىڭدەك چوڭقۇر يەردە تۇرۇپ دۆڭگە قاراپ تەرەت قىلىشقا بولمايدۇ.

8)تاشنىڭ ئاستىدىكى زىيانلىق ھاشارەتلەرنىڭ چىقىپ زىيان يەتكۈزۈپ قېلىشىدىن ياكى تاشنىڭ ئاستىكى ھايۋانلارغا زىيان سېلىپ قويۇشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن تاشقا كىچىك تەرەت قىلىش ھارامغا يېقىن مەكرۇھتۇر.

9)تەرەت قىلىۋاتقان چاغدا ئۆزرىسىز گەپ قىلىش ھارامغا يېقىن مەكرۇھتۇر.

10)ئۆزرىسىز ئۆرە تۇرۇپ كىچىك تەرەت قىلىش مەكرۇھتۇر.

11)ئەر كىشىنىڭ، ئۇنىڭ كىچىك ۋە چوڭ تەرەتنى تازىلاشتىن ئىلگىرى ھەتتا ئالدى تەرەت يولىدىن سۈيدۈكنىڭ چۈقۈم چىقىپ بولغانلىقىنى جەزملەشتۈرىدىغان ھالەتكە ۋە دىلىدا سۈيدۈكنىڭ چوقۇم توختىغانلىقىغا ئىشىنەلەيدىغان ھالەتكە كەلگەنگە قەدەر ئالدى تەرەت يولىغا توپا ياكى قەغەز تۇتۇپ ئۇياق بۇياققا ماڭغانغا ئوخشاش ئىشلار بىلەن ئالدى تەرەت يولىدىن سۈيدۈكنى پاكىزلىشى لازىمدۇر. ئاندىن تەرىتىنى سۇ ياكى تاش بىلەن تازىلايدۇ.

12) تەرەت قىلغاندا ئامال بار تەرەتلىرىنى چىقىرىشقا تىرىشىدۇ ۋە ئۇياتلىق

يېرىنى ئورنىدىن تۇرۇپ ئۆرە بولۇشتىن ئىلگىرى ياپىدۇ.

13)ھاجەتخانىدىن چىقىپ بولۇپ، ئى ئاللاھ! سېنىڭ مەغپىرىتىڭنى تىلەيمەن، مەندىن پاسكىنا نەرسىلەرنى چىقىرۋەتكەن ۋە ماڭا سالامەتلىك بەرگەن ئاللاھ تەئالاغا ھەمدۇ سانالار بولسۇن، دەيدۇ.

14)ھاجەتخانىدىن چىقىپ بولغاندىن كېيىن قولىنى يۇيىدۇ ياكى كىچىك تاھارەت ئالىدۇ.

## 150-سۇئال:تاھارەتسىزلىكتىن پاكلىنىش

بەدەننىڭ پاكلىقى نىجاسەتتىن پاكلىنىش بولۇپ، نىجاسەت ئىككى خىلدۇر:

1- چوڭ - كىچىك تەرەت قىلىش بولۇپ، تاھارەت ئېلىشنى ياكى (سۇ پاك بولمىغان ياكى سۇ ئىستېمال قىلسا بولمايدىغان بىر ئۆزرە مەۋجۇت بولغاندا) تەيەممۇمنى ۋاجىب قىلىدۇ. بۇ بولسا ئىككى ئورگاننىڭ بىرىدىن پىشەپ ياكى سۇيدۇك ياكى بولمىسا يەل چىقىش ئارقىلىق مەيدانغا كېلىدۇ.

2- جۇنۇبەت بولۇپ، بۇ غۇسلىنى ۋاجىب قىلىدۇ. بۇ بولسا يا ئۇيقۇدا ئىھتىلام بولۇش ياكى ئەر - ئاياللىنىڭ تەناسۇل ئەزالىرىنىڭ بىر - بىرى بىلەن ئۇچرىششى ئارقىلىق بولىدۇ. يەنە ئاياللاردا كۆرۈلىدىغان ھەيز ۋە نىپاسمۇ غۇسلىنى ۋاجىب قىلىدۇ.

## 151-سۇئال:تاھارەت ئىلىشنىڭ ھۆكمى

1.تاھارەتسىز ئادەم ناماز ئوقۇماقچى ياكى جىنازا نامىزى ئوقۇماقچى، ياكى تىلاۋەت سەجدىسى قىلماقچى بولغاندا ، ئۇنىڭ تاھارەت ئىلىشى پەرىزدۇر. تاھارەتسىز ئوقۇلغان ناماز باتىل بولۇپ، تاھارەتسىز ناماز ئوقۇغان كىشى گۇناھكار بولىدۇ.

2. كەبىنىڭ ئەتراپىنى تاۋاپ قىلغاندا تاھارەت ئېلىش ۋاجىپتۇر.

3.ئۇخلاش ئالدىدا تاھارەت ئېلىش سۈننەتتۇر.

4. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام داۋاملىق شۇنداق قىلغانلىقى ئۈچۈن تاھارەتنىڭ ئۈستىگە تاھارەت ئېلىش مۇستەھەپتۇر.

## 152-سۇئال:تاھارەتنى توغرا ئېلىشنىڭ شەرتلىرى

1. تاھارەت ھەم پاكىز ھەم باشقىسىنى پاكىزلىيالايدىغان سۇ بىلەن ئېلىنىشى لازىمدۇر. سۇدىن باشقا نەرسە بىلەن تاھارەت ئېلىش توغرا ئەمەستۇر.

2. يۇيۇش پەرز بولغان ئەزاالارغا سۇنىڭ يېتىشىگە توسالغۇ بولىدىغان، ئۇ ئەزاالاردىكى شامنىڭ ئېقىندىسى، خېمىر، ھاك، گەج ۋە بۇياققا ئوخشاش نەرسىلەرنى تازىلاش لازىمدۇر.

3. تاھارەتكە زىت كېلىدىغان نەرسىلەرنىڭ ئۈزۈلمىسىدۇر. مەسىلەن: بىر ئادەم

سۈيدۈكنىڭ تامچىلىرى ياكى يارىدىن ئاققان قان توختاشتىن ئىلگىرى تاھارەت ئېلىشنى باشلىغان بولسا، ئالغان تاھارىتى توغرا ئەمەستۇر. لېكىن ئۆزرىسى بار ئادەملەر بۇ قائىدىنىڭ ئىچىگە كىرمەيدۇ.

## 153-سۇئال:تاھارەتنى توغرا ئېلىشقا توسالغۇ بولىدىغان ئامىللار

1) ئاياللارنىڭ تىرناقلىرىغا سۈرتۈلگەن بوياقلىرى، سۇنىڭ تىرناقلىرىغا يېتىپ بېرىشىغا توسالغۇ بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئاياللار تىرناقلىرىدىكى ئۇ بوياقنى چىقىرۋېتىپ تاھارەت ئالمىسا، ئالغان تاھارىتى توغرا بولمىغان بولىدۇ. ئەمما يۈزلىرىگە ۋە ئىككى لەۋلىرىگە سۈرتۈلگەن بوياقلىرى چاپلاشقاق ۋە قاتتىق بولمىغانلىقى ئۈچۈن ، ئۇلار سۇنىڭ ئۇ يەرلەرگە يېتىپ بېرىشىگە توسالغۇ بولمايدۇ. بۇلارنىڭ ھۆكمى خۇددى قولغا ۋە پۇتقا قويىغان خېنىنىڭ ھۆكمىگە ئوخشاشتۇر. بۇ نەرسىلەردە ئېتىبارغا ئېلىنىدىغان ئىش سۇنىڭ تەنگە يېتىپ بېرىش ياكى بارماسلىقىدۇر.

2)ئەگەر بارماققا سالغان ئۈزۈكى تار بولسا، سۇنىڭ ھەتتا ئۈزۈكنىڭ تېگىگە كىرىشى ئۈچۈن ئۈزۈكنى ئۇياق بۇياققا مىدىرلىتىش ۋاجىپتۇر. ئەگەر ئۈزۈك كەڭرى بولسا، ئۈزۈكنى ئۇياق-بۇياققا مىدىرلىتىش سۈننەتتۇر.

3)ئەگەر ئايال كىشى ياسالغان تىرناق سالىدىغان بولسا، ئۇ تىرناق سۇنىڭ تىرىگە يېتىپ بېرىشىغا توسالغۇ بولىدىغان بولغاچقا، تاھارەت ئېلىشتىن ئىلگىرى ئۇ تىرناقلارنى چىقىرۋېتىش ۋاجىپتۇر.

4)ئەگەر ئايال كىشى ياسالغان چاچ كىيىدىغان بولسا، ئۇ چاچنىڭ ئۈستىگە قىلغان مەسھىسى توغرا بولمايدۇ چۈنكى، ياسالغان چاچنىڭ ئۈستىگە مەسھى قىلىش خۇددى تەلپەك تۇماقنىڭ ئۈستىگە مەسھى قىلغانغا ئوخشاشتۇر، بۇ توغرا ئەمەستۇر.

5)بوياقچى، تامچى ۋە سۇۋاقچىغا ئوخشاش ئادەملەرنىڭ تاھارەتتە يۇيۇش پەرز بولغان ئەزالىرىنىڭ ئۈستىدىكى سۇنىڭ تىرىگە يېتىپ بېرىشىغا توسالغۇ بولىدىغان نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى تاھارەت ئېلىشتىن ئىلگىرى تازىلاش لازىمدۇر. ئەگەر چىقىرىش قىيىن بولغانلىرى قېلىپ قالسىمۇ بولىدۇ.

## 154-سۇئال:تاھارەتنىڭ پەرزى

تاھارەتنىڭ پەرزى تۆت بولۇپ بۇلار تۆۋەندىكىچە:

1. سۇنى يۈزىدە يۈگۈرتۈش بىلەن يۈزنى بىر قېتىم يۇماق.
2. ئىككى قولنى جەينەك بىلەن قوشۇپ بىر قېتىم يۇماق.
3. باشنىڭ تۆتتەن بىرىگە بىر قېتىم مەسھى قىلماق.
4. ئىككى پۇتنى ھوشۇق بىلەن قوشۇپ بىر قېتىم يۇماق.

## 155-سۇئال: تاھارەتتە يۇيۇش پەرز بولغان ئەزالارنىڭ دائىرىسى

1.ئۇزۇنلۇقىدىن ئالغاندا باشنىڭ چاچ ئۈنگەن يەردىن باشلاپ ئېڭەكنىڭ ئاستىغىچە، توغۇرلۇقىدىن ئالغاندا ئىككى قۇلاق بىلەن يۈزنىڭ ئارىلىقىدىكى يەرلەر يۈزنىڭ چەك چېگراسىنىڭ ئىچىگە كىرىدۇ.

2. يۈزنىڭ چېگرانىسىنىڭ ئىچىگە يەنە ئىككى كۆزنىڭ چانىقىمۇ كىرىدۇ.

3. تېگى كۆرۈلمەيدىغان قويۇق ساقالنىڭ تاشقىرقى قىسمىنى يۇيۇش ساقالنىڭ تېگىدىكى تېرىنى يۇغان بىلەن ئوخشاشتۇر. ئەمما ساقال تېگى كۆرىنىدىغان دەرىجىدە شالاڭ بولسا، سۇنى ساقالنىڭ تېگىدىكى تېرىگە يەتكۈزۈپ ساقالنىڭ تېگىنى يۇيۇش لازىمدۇر.

4. ئەگەر تاھارەت ئېلىپ بولغاندىن كېيىن ساقىلىنى چۈشۈرگەن بولسا ئۇنىڭ ئورنىنى يۇيۇش، ئەگەر بۇرۇتىنى چۈشۈرگەن بولسا ئۇنىڭ ئورنىنى يۇيۇش، بېشىنى چۈشۈرگەن بولسا، باشقا قايتا مەسھى قىلىش، ئەگەر تېرىسى سويۇلۇپ كەتكەن ۋە قان چىقمىغانلا بولسا ئۇنىڭ ئورنىنى يۇيۇش پەرز ئەمەستۇر.

5. ئىككى قولنى يۇيۇشنىڭ ئىچىگە جەينەكمۇ، ئىككى پۇتنى يۇيۇشنىڭ ئىچىگە ئوشۇقمۇ كىرىدۇ.

## 156-سۇئال: تاھارەتنىڭ سۈننەتلىرى

1. نىيەت قىلماق. نىيەت تاھارەتسىز تۇرۇپ قىلىش توغرا بولمايدىغان بىر ئىبادەتنى كۆڭلىگە پۈكۈش بىلەن ياكى تاھارەتسىزلىكنى يوقۇتۇشنى كۆڭلىگە پۈكۈش بىلەن، ياكى ئاللاھ تائالانىڭ بۇيرۇقىغا بويسۇنۇشنى كۆڭلىگە پۈكۈش بىلەن بولىدۇ. تاھارەت ئالغاندا نىيەت قىلىش، ساۋابقا ئېرىشىش ئۈچۈندۇر چۈنكى، تاھارەت نىيەت ئارقىلىق ئىبادەتكە ئايلىنىدۇ.

2. تاھارەت ئېلىشنى باشلىغاندا «بىسمىللاھىررەھمانىر رەھىيم » دېيىش.

3. ئىككى قولنى بېغىشىغىچە ئۈچ قېتىم يۇيۇش.

4. مىسۋاك قىلىش. ناماز ئوقۇغىلى تۇرغاندا، ئۇيقۇدىن ئويغانغاندا، قۇرئان ئوقۇماقچى بولغاندا ۋە كىشىلەر بىلەن بىر يەرگە توپلانغاندا مىسۋاك ئىشلىتىش مۇستەھەپتۇر.

5. ئېغىزنى ھەر قېتىمدا يېڭى - يېڭى سۇ ئېلىپ ئۈچ قېتىم چايقاش.

6. بۇرۇنغا ئۈچ قېتىم سۇ ئېلىش، ھەر قېتىمدا سۇنى بۇرنىنىڭ ئىچىگە سۇمۇرۇش لازىمدۇر. ئېغىزنى ئايرىم ۋە بۇرنىنى ئايرىم سۇ بىلەن چايقاش ياخشى بولسىمۇ، لېكىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئېغىز، بۇرنىنى بىر سۇ بىلەنلا چايقايتتى.

7. قوْيۇق ساقالنى ئارىلاش.

8. سوْنى بارماقلارنىڭ ئارىسىغا يەتكۈزۈش ئۈچۈن قول ۋە پۇتلارنىڭ بارماقلىرىنى ئارىلاش. قوللارنىڭ بارماقلىرىنى ئارىلاش بىرىنى بىرىگە گىرەلەشتۇرۇش بىلەن بولىدۇ. ئەمما پۇتلارنىڭ بارماقلىرىنى ئارىلاش چەپپە قولىنىڭ كىچىك بارمىقى بىلەن بولۇپ ئايرىشنى ئوڭ پۇتنىڭ كىچىك بارمىقىدىن باشلاپ سول پۇتنىڭ كىچىك بارمىقىغىچە ئايرىدۇ.

9. يۈز، قول ۋە پۇتلاردىن ئىبارەت يۇيۇلىدىغان ئەزالارنى يۇغاندا ئۈچ قېتىمدىن يۇيۇش.

10. بىر قېتىملىق سۇ بىلەن باشنىڭ ھەممىسىگە مەسھى قىلىش. بىر قېتىملىق سۇ بىلەن باشنىڭ ھەممىسگە مەسھى قىلىش ئۈچۈن ئىككى ئالقانىنى ۋە بارماقلارنى ھۆل قىلىش، كوكۇلىنىڭ ئۇستىگە ھەر بىر قولدىن ئۈچ بارماقنى قويۇش، قۇلىقىغا مەسھى قىلىش ئۈچۈن ئىككى چوڭ بارمىقىنى ۋە ئىككى كۆرسەتكۈچ بارمىقىنى باشقا تەككۈزمەسلىك، ئاندىن ئىككى قولىنى تاكى باشنىڭ ھەممىسگە مەسھى قىلىش ئۈچۈن گەردەنگىچە ماڭغۇزۇش ۋە ئىككى قولىنى گەردەنگىچە ماڭغۇزغان ۋاقتىدا ئىككى ئالقانىنى باشنىڭ ئىككى تەرىپىگە تەككۈزۈش لازىمدۇر.

11. باشقا مەسھ قىلىپ بولغاندىن كيىن قولىنى باشقا يىڭى سۇ بىلەن ھۆل قىلماستىن ئىككى قۇلاقىقا مەسھ قىلماق.

12. تاھارەتنى ئايەتتە بايان قىلىنغان تەرتىپ بىلەن ئېلىش شۇنىڭدەك يەنە ئېغىزىنى چايقاش بىلەن بۇرنىغا سۇ ئېلىشنىڭ ئارىلىقىدىكى ۋە بۇرنىغا سۇ ئېلىش بىلەن يۈزىنى يۇيۇشنىڭ ئارىلىقىدىكى تەرتىپكە رىئايە قىلىش.

13. يۇيۇلغان ئەزالارنى سىلاش. چۈنكى سىلاش پەرزنىڭ تولۇقلىمىسىدۇر.

14.تاھارەتنى ئارقمۇ ـ ئارقا ئېلىش. تاھارەتنى ئارقمۇ ـ ئارقا ئېلىش دېگەن، ئۈزرىسىز ھالەتتە بىر ئەزانى يۇغاندىن كيىن ئارىلىقتا ھېچقانداق ۋاقىت ئۆتكۈزىۋاتماستىن ئۇ ئەزا قۇرۇپ بولغىچە يەنە بىر ئەزانى يۇيۇشقا ئۆتۈشتۇر.

## 157 ـ سۇئال: تاھارەتنىڭ مۇستەھەبلىرى

1.باشقا مەسھى قىلىپ بولغاندىن كېيىن گەدەنگە مەسھى قىلىش.

2.تاھارەتنى قىبلە تەرەپكە قاراپ ئىلىش.

3.تاھارەتنى پاك ئورۇندا ئولتۇرۇپ ئىلىش.

4.نامازنىڭ ۋاقتى كىرىشتىن ئىلگىرى تاھارەت ئىلىپ نامازغا تەييارلىنىش.

5.ئەزالارنى يۇيۇش ۋە مەسھى قىلىشقا ئوخشاش تاھارەتنىڭ ھەممە ئىشلىرىنى باشقا بىر ئادەمدىن ياردەم سورىماستىن ئۆزى قىلىش.

6.ئىغىزغا ۋە بۇرنىغا سۇنى ئۈچ قولى بىلەن ئېلىش. مىشقىرىش ۋە پۇتلىرىنى سىپلاشنى سول قولى بىلەن قىلىش. روزىدار بولمىسا، ئېغىز-بۇرنىغا سۇنى قاتتىق-قاتتىق ئېلىش.

7.تاھارەت، بىر ئىبادەتنى قىلىشنىڭ باشلىنىشى بولغاچقا تاھارەتنىڭ دۇنيانىڭ كىرلىرىدىن يىراق بولۇشى ئۈچۈن تاھارەت ئېلىۋاتقان چاغدا دۇنيا ئىشلىرىغا ئائىت سۆزلەرنى قىلماسلىق.

8.سۇنى ئىشلىتىشتە ئىسراپمۇ قىلماسلىق، بەك بېخىللىقمۇ قىلماسلىق.

9.ئۆرە تۇرۇپ ۋە قىبلە تەرەپكە قاراپ تاھارىتىدىن ئاشقان سۇيىدىن ئىچىش.

10. تاھارەتنى ئېلىپ بولغاندىن كېيىن شېرىكى يوق بىر ئاللاھدىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوق، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئاللاھنىڭ بەندىسى ۋە پەيغەمبىرى، دەپ گۇۋاھلىق بېرىش ۋە ئى ئاللاھ! مېنى تەۋبە قىلغۇچىلارنىڭ ۋە پاكلانغۇچىلارنىڭ قاتارىدىن قىلغىن دېيىش لازىمدۇر.

11.تاھارەت ئېلىپ بولغاندىن كېيىن ئىككى رەكئەت ناماز ئوقۇش.

14. قول ۋە پۇتلىرىنى يۇغاندا، چەك توختۇتۇلۇپ بېرىلگەن يەرلىرى بولغان جەينەكتىن ۋە ھوشۇقتىن ئاشۇرۇپ يۇيۇش.

## 158-سوئال: تاھارەتنىڭ مەكرۇھلىرى

1. سۇ بىلەن يۈزىگە ئۇرۇش.

2. ئەگەر ئادەم ناھايىتى جىق ياكى ئېقىپ تۇرغان سۇدا تاھارەت ئالغان بولسىمۇ، سۇنى ھاجەتتىن تاشقىرى ئىشلىتىپ ئىسراپ قىلىش.

3. يېڭى سۇ بىلەن باشقا يەنە بىر قېتىم مەسھى قىلىش.

4. ئۈچ قېتىمدىن ئارتۇق يۇيۇش سۈننەت دەپ قاراپ ئەزالارنى ئۈچ قېتىمدىن ئارتۇق يۇيۇش.

## 159-سۇئال: تاھارەتنى سۇندۇرىدىغان ئامىللار

1. مەيلى چىققان نەرسە كىچىك تەرەت، چوڭ تەرەت ۋە يەلگە ئوخشاش ئادەتتە چىقىدىغان نەرسىلەر بولسۇن ياكى قۇرۇت ۋە تاشقا ئوخشاش ئادەتتە چىقمايدىغان نەرسىلەر بولسۇن ئالدى ۋە ئارقا تەرەت يوللىرىدىن بىرەر مۇمكىن نەرسىنىڭ چىقىشىدۇر.

2. قان، يىرىڭ ۋە قۇسۇققا ئوخشاش پاسكىنا نەرسىلەرنىڭ ئالدى ۋە ئارقا تەرەت يوللىرىدىن باشقا بىر يەردىن چىقىشى.

3. بىر كىشى ساغرىسىنى يەرگە بېسىپ ئەمەس سۆزۈلۈپىراق يېتىپ ئۇخلىغان بولسا، ئۇنىڭ تاھارىتىنىڭ ھۆكمەن بۇزۇلۇپ كەتكەنلىكىگە ھۆكۈم قىلىنىدۇ.

4. بالاغەتكە يەتكەن بىر ئادەمنىڭ مەيلى ئۆ ئۆزىنىڭ نامازدا ئىكەنلىكى ئېسىدە بار تۇرۇپ قەستەن كۈلگەن بولسۇن ياكى ئۆزىنىڭ نامازدا ئىكەنلىكى ئېسىدە يوق تۇرۇپ كۈلگەن بولسۇن رۇكۇ ۋە سەجدىلىك بىر نامازنىڭ ئىچىدە تۇرۇپ ئاۋازلىق كۈلىشى تاھارەتنى ۋە ھەم نامازنى بۇزىدۇ.

5. ھۇشىدىن كېتىش يەنى ساراڭ بولۇپ قېلىش، مەست بولۇش ۋە زەھەرلىك چېكىملىككە ئوخشاش تاھارەتنى سۇندۇرىدىغان بىرەر سەۋەب بىلەن ھۇشىدىن كېتىش تاھارەتنى سۇندۇرىدۇ.

6. شەھۋەت بىلەن قەستەن ئاياللارغا قول تەككۈزۈش.

7. قەستەن يالىڭاچ ۋە ئارىدا ھېچقانداق بىر كىيىم بولماستىن ئۆزىنىڭ ياكى باشقىلارنىڭ جىنسى ئەزاسىنى تۇتۇش.

## 160-سوئال: كىرگەن چىققان نەرسىلەردىكى تاھارەت بۇزۇلىدىغان ۋە بۇزۇلمايدىغان ئەھۋاللار

1) ئەگەر ئەر ياكى ئايالنىڭ كىچىك تەرەت يولىدىن يەل چىقسا، بۇ يەل تاھارەتنى سۇندۇرمايدۇ. چۈنكى، ئۇ يەل پاسكىنا نەرسىلەرنىڭ ئورنىدىن قوزغالمىغاندۇر.

2)ئەگەر ئارقا تەرەت يولىغا گىرادۇس تەكشۈرگۈچنى تىقىپ ئالغان، ئۇنىڭغا چوڭ تەرەتتىن ياكى كىچىك تەرەتتىن بىر نەرسە ئېلىنىپ چىققان بولسا، تاھارەت بۇزۇلۇپ كېتىدۇ.

3)ئەگەر بىرى، ئارقا تەرەت يولىغا دورا ئېقىتقان، ئاندىن ئۇ دورا ئۇ يەردىن ئېقىپ چىققان بولسا تاھارىتى بۇزۇلۇپ كېتىدۇ.

4) ئەگەر ئەر كىشى ئالدى تەرەت يولىغا دورا تېمىتقان، ئاندىن ئۇ دورا ئۇ يەردىن قايتىپ چىققان بولسا، بۇنىڭ بىلەن تاھارەت سۇنۇپ كەتمەيدۇ. چۈنكى، ئالدى تەرەت يولى پاسكىنا نەرسىلەر تۇرىدىغان بىر ئورۇن ئەمەستۇر.

5)ئەگەر ئايال كىشى ئالدى تەرەت يولىغا پاختا قويغان، ئالدى تەرەت يولىدىن چىققان ھۆللۈك پاختىنىڭ يۈزىنى ھۆل قىلغان بولسا، ئۇنىڭ تاھارىتى بۇزۇلىدۇ. ئەگەر ئۇنىڭ ئالدى تەرەت يولىدىن چىققان ھۆللۈك پاختىنىڭ تەرەت يولىغا تىگىپ تۇرغان تەرىپىنى ھۆل قىلغان ۋە ئۇ ھۆللۈك، ئۇ تەرەپتىن پاختىنىڭ يۈزىگە ئۆتمىگەن بولسا، ئۇنىڭ تاھارىتى تاكى ئۇ يەرگە قويغان پاختىنى ئېلىۋاتقانغا قەدەر بۇزۇلۇپ كەتمەيدۇ.

6) ئاياللارنىڭ ئالدى تەرەت يولىدىن چىقىدىغان بولۇپمۇ تۇغۇتى يېقىنلىشىپ قالغاندا چىقىدىغان شىرلىك سۇيۇقلۇقنىڭ چىقىشى بىلەن تاھارەت بۇزۇلۇپ كېتىدۇ.

## 161-سۇئال: ئۇخلاپ قالغان كىشىدىكى تاھارەت بۇزۇلىدىغان ۋە بۇزۇلمايدىغان ئەھۋاللار

1) ئەگەر تاھارىتى بار بىر ئادەم يېنچە ياكى تىزىنىڭ بىرىگە يۆلىنىپ ئۇخلىغان بولسا، ئۇنىڭ تاھارىتى بۇزۇلۇپ كېتىدۇ.

2) ئەگەر ئۇ ئادەم ساغرىسىنى يەرگە بېسىپ ئولتۇرغان ھالەتتە ئۇخلىغان بولسا، مەيلى ئۇ بىرەر نەرسىگە يۆلىنىپ ئۇخلىغان بولسۇن ياكى ئۇخلىمىغان بولسۇن ئۇنىڭ تاھارىتى بۇزۇلۇپ كەتمەيدۇ.

3) ئەگەر بىر ئادەم ئۆرە تۇرغان ياكى رۇكۇ قىلغان ياكى سەجدە قىلغان ھالىتىدە تۇرۇپ ئۇخلىغانغا ئوخشاش ئۆزىنى قويۇپ بەرمىگەن ھالدا تۇرۇپ ئۇخلىغان بولسا، ئۇ ئادەم مەيلى نامازنىڭ ئىچىدە تۇرۇپ شۇنداق ئۇخلىسۇن ياكى نامازنىڭ سىرتىدا تۇرۇپ شۇنداق ئۇخلىسۇن تاھارىتى بۇزۇلۇپ كەتمەيدۇ.

## 162-سۇئال:ئۆزرىسى بار ئادەمنىڭ تاھارىتى توغرىسىدا

ئۆزرىسى بار كىشى بولسا، سۈيدۈك ئېقىش كېسىلىگە ياكى ئىچى سۈرۈلۈش كېسىلىگە ياكى يەل كېلىدىغان كېسەلگە گىرىپتار بولغان ياكى كۆز ئاغرىقى كېسىلىگە گىرىپتار بولۇپ ئۇنىڭدىن يېرىڭ ئېقىپ تۇرىدىغان ياكى قۇلىقىدىن ياكى ئەمچىكىدىن، ياكى كىندىكىدىن بىر نەرسە ئاققانغا ئوخشاش تىنىدىن داۋاملىق تاھارەتنى بۇزۇدىغان بىر نەرسە چىقىپ تۇرىدىغان بىر كېسەلگە گىرىپتار بولغان ئادەمدۇر. ئىسلام دىنى شەپقەت ۋە ئاسانلىق ئېلىپ كېلىدىغان دىن بولغانلىقى ئۈچۈن ئۆزرىسى بار كىشىلەرگە ھەر بىر نامازغا ئۇ نامازنىڭ ۋاقتى كىرگەن چاغدا تاھارەت ئېلىپ تاكى ئۇ نامازنىڭ ۋاقتى چىكىتىپ بولغىچە ئۇ ئادەمدىن چىقىدىغان نەرسە چىقىپ تۇرسىمۇ ئۇ نامازنى ۋە ئۇنىڭدىن باشقا ئۆزى خالىغان نەپلە نامازلارنى ئوقۇشقا رۇخسەت قىلدى.

## 163-سۇئال: ئاياغقا مەسھى قىلىشنىڭ ھۆكمى

تاھارەت ئالغاندا پۇتنى يۇيۇشنىڭ ئورنىغا ئاياغقا مەسھى قىلىنىشنىڭ يولغا قويۇلۇشى، ئىسلام شەرىئەتىنىڭ كەڭچىلىك قىلىشى ۋە ئاسانلاشتۇرۇپ بېرىشىدۇر. مەسھى قىلىنىدىغان ئاياغ ھۇشۇقنى ياپقۇدەك دەرىجىدە ئۇزۇن ۋە قېلىن بولۇشى لازىمدۇر. ئاياغقا مەسھى قىلىشنىڭ ھۆكمى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۆزى ۋە ئەمەلىيىتى بىلەن سادىر بولدى. بۇ ھەقتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن كەلگەن ھەدىسلەر ناھايىتى كۆپ بولغانلىقتىن ئۇ ھەدىسلەر ھەتتا ئىنكار قىلىش توغرا بولمايدىغان ھەدىسلەرنىڭ دەرىجىسىگە يەتتى.

## 164-سۇئال: ئاياغقا مەسھى قىلىشنىڭ شەرتلىرى

1. ئاياغنى كامىل تاھارەتنىڭ ئۈستىگە كىيىش لازىمدۇر.
2. مەسھى قىلماقچى بولغان ئاياغ ئۇشۇقنىڭ ئۈستىگە قەدەر پۇتنىڭ ھەممە يېرىنى يۆگىشى لازىمدۇر.
3. ئۇ قىينالماستىن ئەڭ ئاز بەش كىلومېتىرغا يېقىن يول يۈرگىلى بولىدىغان ئاياغ بولۇشى لازىمدۇر.
4. ئاياغ، يوغان تۆشۈكلەردىن خالى بولۇشى لازىمدۇر. بىر پاي ئاياغدا كىچىك كىچىك بولۇپ بىر نەچچە يەردە تۆشۈك بولغان، ئەگەر ئۇلار بىر يەرگە توپلانسا، ئۇ تۆشۈكلەرنىڭ ھەممىسى پۇتنىڭ كىچىك بارماقلىرىدىن ئۈنىڭدىن ئۈچ بارماق ئۇچۇق قالغىدەك دەرىجىدىكى چوڭلۇقتا بولسا، ئۇ ئاياغقا مەسھى قىلىش توغرا ئەمەستۇر.
5. مەسھى قىلىنىدىغان ئاياغنىڭ مەسھىدە ئىشلىتىلگەن سۇنىڭ پۇتقا ئۆتۈپ كېتىشىنى توسۇپ قالىدىغان دەرىجىدە قېلىن بولۇشى لازىمدۇر.
6. مەسھى قىلماقچى بولغان ئادەم ئەگەر پۇتىنىڭ بارماق تەرىپى يوق ۋە پۇتنىڭ قالغان تەرىپى قولنىڭ كىچىك بارماقلىرىدىن ئۈچ بارماق كەلگىدەك مىقداردا بولمىغان ئادەم بولسا، ئۇنىڭ ئايىغىغا مەسھى قىلىشى توغرا ئەمەستۇر.

## 165-سۇئال: مەسھى قانداق قىلىنىدۇ؟

تاھارەت ئالغان ئادەم قوللىرىنىڭ بارماقلىرىنى ھۆل قىلىپ ۋە بارماقلىرىنىڭ ئارىلىقىنى ئېچىپ تۇرۇپ ئوڭ قولىنى، ئوڭ پۇتىنىڭ ئۈچىنىڭ ئۈستىگە، سول قولىنى سول پۇتىنىڭ ئۈچىنىڭ ئۈستىگە قويىدۇ، ئاندىن مەسھىنى تارتىشنى ئاياغنىڭ ئۈچىدىن باشلاپ ئۈستى تەرەپ بىلەن پاچاق تەرەپكە تارتىدۇ. پۇتنىڭ ئۈستىدىن قولنىڭ كىچىك بارماقلىرىدىن ئۈچ بارماق كەلگىدەك يەرگە مەسھى قىلسا، مەسھى يېتەرلىك بولىدۇ. ئاياغنىڭ ئاستى تەرىپىگە ياكى ئۇنىڭ قونچىسىغا ياكى ئىككى تەرىپىگە، ياكى ئۇنىڭ قونچىسىغا مەسھى قىلىش توغرا ئەمەستۇر.

## 166-سۇئال: مەسھىنىڭ مۇددىتى

سەپەرگە چىقمىغان ئادەمنىڭ بىر كېچە كۈندۈز، سەپەرگە چىققان ئادەمنىڭ ئۈچ كېچە كۈندۈز مەسھى قىلىشىغا رۇخسەتتۇر. يەنى سەپەرگە چىقمىغان ئادەم 24 سائەت ۋە سەپەرگە چىققان ئادەم 72 سائەت ئايىغىغا مەسھى قىلالايدۇ.

## 167-سۇئال: ئاياغقا قىلىنغان مەسھىنى بۇزۇدىغان ئامىللار

1. تاھارەتنى بۇزۇدىغان ئامىللارنىڭ ھەممىسى مەسھىنى بۇزىدۇ.
2. مەسھىنىڭ مۇددىتىنىڭ ئۆتۈپ كېتىشى.
3. بىر پىيىنى بولسىمۇ ئايىغىنى چىقىرىش. شۇنىڭدەك پۇتنىڭ كۆپ قىسمىنىڭ

ئاياغنىڭ قونجى تەرىپىگە كۆتۈرۈلۈپ كىتىشى.

4. پۇتنىڭ كۆپ قىسمىنىڭ سۇ بىلەن ھۆل بولۇپ كىتىشى.

5. ئاياغنىڭ ئۈنى كىيىپ تۇرۇۋاتقان چاغدا تېتىلىپ كېتىشى ياكى يىرتىلىپ كېتىشى ياكى تىشىلىپ كېتىشى ياكى ئۇنىڭ بىلەن مېڭىش قىيىن بولىدىغان بىر ھالەتتە كېلىپ قېلىشى مەسھىنى بۇزىدۇ.

6. ئۆزرىسى بار ئادەم ئايىغىغا مەسھى قىلغان بولسا، ئۇ ئادەم ئاتاپ تاھارەت ئالغان نامازنىڭ ۋاقتىنىڭ چىقىپ كەتكەنلىك سەۋەبى بىلەن بۇزۇلۇپ كەتكەن تاھارىتى بىلەن تەڭلا ئۇنىڭ مەسھىسىمۇ بۇزۇلۇپ كېتىدۇ.

ئەگەر تاھارىتى بار ئادەمنىڭ پەقەت مەسھىسى بۇزۇلۇپ كەتسە ئۇ پەقەت ئىككى پۇتىنى يۇيىۋەتسىلا بولىدۇ.

## 168-سۇئال: مەسھى قىلىش توغرا بولمايدىغان نەرسىلەر

سەللە ياكى تۇماق، تەلپەككە ئوخشاش باشقا كىيىدىغان نەرسىگە، چۇمبەلگە ئوخشاش يۈزىنى ياپىدىغان نەرسىگە ۋە پەلەيگە ئوخشاش قولغا كىيىدىغان نەرسىگە مەسھى قىلىش توغرا ئەمەستۇر.

## 169-سۇئال: يۇيۇنۇش ۋە ئۇنىڭ تۈرى

يۇيۇنۇش دېگەنلىك- تەنىنىڭ سۇنى يەتكۈزۈش مۇمكىن بولغان يەرلىرىگە سۇنى يەتكۈزۈش، دېگەنلىك بولىدۇ.

يۇيۇنۇش ئىككى قىسىم بولىدۇ. بىرى پەرز بولغان يۇيۇنۇش، يەنە بىرى سۈننەت بولغان يۇيۇنۇش.

## 170-سۇئال: يۇيۇنۇشنىڭ پەرز بولۇشى

ئىككى ھالەتتە يۇيۇنۇش پەرز بولىدۇ. بىرىنچى ھالەت بولسا، جۇنۇپلۇق ھالىتىدۇر. ئىككىنچىسى، ئايال كىشى ھەيز ياكى نىپاستىن پاك بولغاندا غۇسلى قىلىش پەرز بولىدۇ.

## 171-سۇئال: سۈننەت بولغان يۇيۇنۇش

1)جۈمە نامىزى ئۈچۈن يۇيۇنۇش سۈننەتتۇر. بۇنىڭ دەلىل پاكىتى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تۆۋەندىكى ھەدىسى. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىمكى جۈمە كۈنى غۇسلى قىلىپ، ئىمكانىنىڭ بىرىچە پاكىزلىنىپ، چاچ - ساقال ۋە بەدەنلىرىنى مايلاپ، ئۆيدىكى خۇشپۇراقلىق بۇيۇملارنى ئىشلىتىپ، ئاندىن مەسجىدكە كەلسە ۋە ئىككى ئادەمنىڭ ئوتتۇرىسىدىن ئاتلاپ ئۆتمەستىن، قانچىلىك ناماز ئوقۇغۇسى كەلسە ئوقۇپ بولۇپ، ئىمامنىڭ خۇتبىسىگە شۈك ئولتۇرۇپ قۇلاق سالسا، ئۇ ئادەمنىڭ شۇ جۈمەدىن يەنە بىر جۈمە كۈنىگىچە بولغان

ئارىلىقتىكى گۇناھلىرى مەغپىرەت قىلىنىدۇ. (بۇخارى: 883)

2)ئىككى ھېيت نامىزى ئۈچۈنمۇ يۇيۇنۇش سۈننەتتۇر.

3)يەنە ئېھرام باغلاش ئۈچۈنمۇ يۇيۇنۇش سۈننەتتۇر.

## 172سۇئال: يۇيۇنۇشنىڭ پەرزلىرى

1-2. ئېغىزغا ۋە بۇرنىغا سۇ ئېلىش چۈنكى، ئېغىز ۋە بۇرۇن قاتارلىقلارمۇ تەننىڭ ئىچىدىكى بىر ئەزادۇر.

3.تەننىڭ سۇ يەتكۈزۈش قىيىن بولغان يەرلىرىدىن باشقا ھەممە يەرلىرىنى ئۇ يەرلەرگە سۇنى ئېقىتىپ يۇيۇش.

## 173-سۇئال: يۇيۇنۇشنىڭ سۈننەتلىرى

1. ئۇياتلىق يەرلىرىنى ئېچىشتىن ئىلگىرى« بىسمىللاھىررەھمانىر رەھىيم» دېيىش.

2. يۇيۇنۇشنىڭ ساۋاب بېرىلىدىغان بىر ئىبادەت شەكلىگە كىرىشى ئۈچۈن نىيەت قىلىدۇ. نىيەت بولسا، يۇيۇنۇشنىڭ توغرا بولۇشىنىڭ بىر شەرتى ئەمەستۇر.

3. قاچىدىكى سۇغا قولنى تىقىش ئۈچۈن قولنى يۇيۇش. يەنى بۇرۇنقى زاماندا ھازىرقىدەك يۇيۇنۇش ئۈچۈن مۇنچا ياكى باشقا يۇيۇنۇش سايمانلىرى بولمىغانلىقتىن ، سۇنى قاچىدىن قول بىلەن ئېلىپ يۇيۇنۇشقا توغرا كېلەتتى.

4. ئالدى ۋە ئارقا تەرەت يوللىرىنى تازىلاپ يۇيۇش.

5. نامازغا ئالغاندەك كىچىك تاھارەت ئىلىش.

6. بەدىنىگە ئۈچ قېتىمدىن سۇ قۇيۇپ يۇيۇش.

7. يۇيۇنغاندا كىشىلەرنىڭ كۆرۈپ قېلىشىدىن ئۆزىنى توسۇپ تۇرىدىغان بىر يەردە يۇيۇنۇش لازىم.

## 174-سۇئال: غۇسلىنىڭ قانداق ئادا قىلىنىدىغانلىقى توغرىسىدا

نىجاسەتتىن پاك بولۇش نىيتى بىلەن سۇنى ھازىرلاپ مۇنچىغا كىرىپ بولغاندىن كېيىن تۆۋەندىكىلەرنى قىلىشىڭىز سۈننەت:

1) قولنى ئۈچ قېتىم يۇيۇش.

2) ئەۋرەت جايىنى سۇ بىلەن ئۈچ قېتىم يۇيۇش.

3) نامازغا تاھارەت ئالغاندەك تاھارەت ئېلىش، لېكىن بۇ تاھارەتتە پۇتىڭىزنى غۇسلىنى قىلىپ بولغاندىن كېيىن يۇيىسىز (ئەمما تاھارەت ئالغاندا يۇيۇلۇشىمۇ جائىز).

4) ئاندىن چاچلىرىڭىزنى بارماقلىرىڭىز بىلەن ئارىلاپ بولغاندىن كېيىن بېشىڭىزغا ئۈچ ئۈچۇم مىقداردا سۇ تۆكىسىز.

5) ئاندىن سۇ قۇيۇپ بەدىنىڭىزنىڭ قالغان قىسمىغا سۇ تۆكىشىڭىز ۋە بەدىنىڭىزدە سۇ تەگمىگەن يەر قالماسلىقى كېرەك.

6) بەدىڭىزنىڭ ھەممە يېرىنى ئۇۋلاپ چىقىشىڭىز مۇستەھەبتۇر.

7) غۇسلى قىلىش يەنە ، ئىغز - بۇرۇننى چايقاش ئارقىلىق تاھارەت ئالغاندىن كېيىن دېڭىزغا ياكى ئۆستەڭگە ۋە ياكى مۇتلەق ھالەتتە سۇغا چۆمۈلۈش بىلەنمۇ ئادا بولىدۇ.

8)يەنە خەلق مۇنچىلىرىدىمۇ ئادا بولىدۇ. بەدىنىڭىزنىڭ ھەممىسىگە تولۇق سۇ تۆكۈپ بولغاندىن كېيىن ئاخىرىدا پۇتىڭىزنى يۇيۇپ، ئاللاھقا ھەمدۇ - سانا ئېيتقان ھالدا بەدىنىڭىزنى قۇرۇتۇشقا كىرىشىسىز.

9) غۇسلىدىن كېيىن شۇ دۇئانى ئوقۇشىڭىز سۈننەتتۇر. (ئى ئاللاھ مېنى تەۋبىسى قوبۇل بولغانلاردىن ۋە پاك بولغانلاردىن قىلغىن).

## 175-سۇئال: غۇسلى قىلىشتا دىققەت قىلىدىغان ئىشلار

1- غۇسلى قىلغۇچىنىڭ بىر نەرسە بىلەن ئەۋرەتلىرىنى يېپىشى لازىم. لېكىن خىلۋەت بىر جايدا ياكى ئەۋرەتنى ياپالايدىغان بىر سۇغا چۆمۈلۈش ئارقىلىق غۇسلى قىلغان كىشى ئالاھىدە بىر نەرسە بىلەن ئەۋرىتىنى ياپمىسىمۇ بولىدۇ.

2- غۇسلى قىلغۇچىنىڭ ۋە تاھارەت ئالغۇچىنىڭ بىر ئۆستەڭدە بولغان تەقدىردىمۇ سۇنى ئىسراپ قىلماسلىقى كېرەك. چۈنكى ئىنسانلارنىڭ ئىسراپخورلۇققا كۆنۈپ قالماسلىقى ۋە بۇنىڭ نەتىجىسىدە شەيتانغا ئىتائەت قىلىپ ئۆزىنىڭ شەرئىتى ئارقىلىق ھەر ئىشتا ئىقتىسادچان بولۇشقا بۇيرىغان رەھمان تائالانىڭ ئەمرىگە خىلاپلىق قىلماسلىقى ئۈچۈن شەرئەت بۇنى چەكلىگەن.

### 176-سۇئال: ھۆكمى پاكىزلىقنىڭ يولغا قويۇلۇشى

ئىسلام دىنى، پاكىزلىققا ناھايىتى ئەھمىيەت بېرىدىغان، ئاسانچىلىق ئېلىپ كېلىدىغان ۋە يولغا قويغان ھۆكۈملىرى ھەممە يەرگە ئۇيغۇن كېلىدىغان دىن بولۇپ، ھۆكمى پاكىزلىقنىمۇ يولغا قويدى. بۇ، ئىسلام دىنىنىڭ ئىنساننىڭ ھەممە ھالەتلىرىدە پاك پاكىز بولىشىغا قاتتىق ئەھمىيەت بەرگەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. ئىنسان، دىلىدا، سىزىملىرىدا ۋە ئادەتلىرىدە، پاكىزلىقنىڭ روھى ۋە بەدەن پاكىزلىققا بولغان ئىنتىلىشىنىڭ داۋام قىلىشى ئۈچۈن، ھەقىقي پاكىزلىقنى قولغا كەلتۈرۈشتىن ئاجىز كەلگەن ھامان ھۆكمى پاكىزلىققا ئېسىلىشى لازىمدۇر. ئىنسان ھەقىقي پاكىزلىقنى قولغا كەلتۈرۈشتىن ئاجىز كېلىدىغان ئەھۋاللار بەزىدە ئۇزۇن مۇددەتكىچە داۋام قىلىشىمۇ مۇمكىن. ھۆكمي پاكىزلىق بولسا، تەيەممۇم قىلىش، تېڭىققا مەسھى قىلىش ۋە ئاياقىقا مەسھى قىلىشتىن ئىبارەتتۇر.

## 177-سوئال: تەيەممۇم ئۇقۇمى

تەيەممۇم، لۇغەتتە قەسد قىلىش ياكى نىيەت قىلىش دېگەن بولۇپ، ئايەتتە ئۆتكەن "پىيد "كەلىمىسى بولسا تۇپراق بىلەن ئېلىنغان تاھارەت دېگەن بولىدۇ. پاكلىق بولسا مۇسۇلماننىڭ پاك بولىشىدۇر. لېكىن مەقسەت (ئاللاھ ئەڭ ياخشى بىلىدۇ) ھېچقاچان نامازنى تەرك قىلماسلىق ۋە بۇنىڭ نەتىجىسىدە ناماز ئوقۇماسلىققا كۆنۈپ قالماسلىق ۋە ئۇنى ئادا قىلماقچى بولغىنىدا ھورۇنلۇق قىلىدىغان بولۇپ قالماسلىق ئۈچۈن تاھارەت ۋە غۇسلىنىڭ ئورنىنى باسالايدىغان بىر ئىشنى قىلىشتۇر. شۇ ئارقىلىق جانابى ئاللاھ بىزگە نامازنىڭ قانچىلىك ئەھمىيەتلىك ئىكەنلىكىنى كۆرستىۋاتىدۇ. شۇڭا سۇ تاپالمىغان ۋە كىسەل بولۇپ قالغان ھالەتتىمۇ نامازلىرىمىزنى ئوقۇشىمىز ۋە ئادا قىلغاندىمۇ تەلەپكە لايىق ئادا قىلىشىمىز كېرەك.

## 178-سوئال: تەيەممۇمنىڭ قانداق قىلىنىدىغانلىقى

سۇ تاپالماي سىزگە تەيەممۇم قىلىش پەرز بولۇپ قالغاندا، ساس ۋە قۇمغا ئوخشاش پاك تۇپراق ئىزدەڭ، ئاۋۋال ئىچىڭىزدە تەيەممۇمغا نىيەت قىلىڭ ئاندىن "بسم الله الرهمن الرهيم "دەڭ ئاندىن بارماقلىرىڭىزنى تۈز تۇتۇپ، ئالقىنىڭىزنى ئاچقان ھالدا ئالقىنىڭىز نى تۇپىغا قويۇڭ. ئىككى ئالقىنىڭىزنى تۇپراققا سۈرتكەندىن كېيىن، ئۇلارنى كۆرۈپ يۇقۇپ قالغان توپىلارنى پۈدىۋېتىڭ، ئاندىن ئىككى ئالقىنىڭىز بىلەن يۈزىڭىزنى ۋە ئىككى ئالقىنىڭىزنىڭ تاشقى تەرىپى بىلەن قولىڭىزغا جەينىكىڭىز بىلەن قوشۇپ مەسھى قىلىڭ. مانا بۇنىڭ بىلەن نامازنى ئادا قىلسىڭىز بولىدۇ، چۈنكى بۇنىڭ بىلەن تاھارەت ئالغاندەك بولىسىز.

ئەگەر سىز جۇنۇب بولۇپ قېلىپ سۇ تاپالمىغان بولسىڭىز يۇقىرىدىكىگە ئوخشاشلا تەيەممۇم قىلىسىز. بۇ تەيەممۇم سىزدىن جىنابەتنى كۆتىرىۋېتىپ تاھارەتنىڭ خىزمىتىنى ئادا قىلىدۇ. سۇ تاپالمىغان كېشىنىڭ تەيەممۇم قىلىشى بولسا ئىچىڭىزدە جىنابەتنىڭ كۆتىرىلىپ كېتىشىنى نىيەت قىلىسىز ۋە تەيەممۇم قىلغاندا بىسمىللاھ... دەيسىز.

## 179-سوئال: تەيەممۇمنىڭ ھۆكمى

تەيەممۇمنىڭ ھۆكمى بولسا تاھارەتنىڭ ھۆكمى بىلەن ئوخشاش بولۇپ، پەقەت ئوخشىمايدىغان تەرىپى بولسا، سۇ تېپىلغاندا بۇزۇلۇپ كېتىشىدۇر. تاھارەتكە ئوخشاشلا سۇنۇپ كەتكۈچىلىك ۋە ياكى سۇ تېپىلغۇچىلىك بىر تەيەممۇم بىلەن خالىغىنىڭىزچە پەرز ۋە نەپلى ناماز ئوقۇسىڭىز بولىدۇ. بەزى مەزھەب ئىماملىرىنىڭمۇ دېگىنىگە ئوخشاش (ئاللاھ ھەممىسىدىن رازى بولسۇن) بىر قېتىم يۈز ئۈچۈن، يەنە بىر قېتىم قول ئۈچۈن تۇپراققا قولنى ئۇرۇش ئارقىلىق، تەيەممۇم قىلىش ئەڭ

توغرىسىدۇر.

## 180-سوئال: تەيەممۇمنىڭ توغرا بولۇشىنىڭ شەرتلىرى

بىرىنچى شەرت، نىيەت قىلىشتۇر. نىيەتنى ئالقانلىرىنى تۇپراققا ئۇرغاندا ياكى قولىغا يۇققان توپا بىلەن قوللارنى سىلاشقا باشلىغاندا قىلىش.

ئىككىنچى شەرت، تەيەممۇم قىلىشقا ئېلىپ بارىدىغان سەۋەبلەرنىڭ بولۇشى.

ئۈچىنچى شەرت : تەيەممۇمنى پاك تۇپراق بىلەن قىلىش. پاك تۇپراق زېمىن جىنسىدىن بولغان ھەممە نەرسىنى ئۆز ئۈچىگە ئالىدۇ. شۇنىڭغا ئاساسەن تۇپىغا، قۇمغا ۋە تاشنىڭ ھەممە تۈرلىرىگە ئوخشاش زېمىن جىنسىدىن بولغان ھەممە نەرسىلەر بىلەن تەيەممۇم قىلىش توغرا بولىدۇ. تەيەممۇمنى پاك تۇپراق بىلەن قىلىش شەرتى زېمىندىن قولىغا تۇپا يۇقمىسىمۇ قولنى زېمىنغا شۇنداق تەككۈزۈش بىلەنلا ۋۇجۇدقا چىقىدۇ. مەسىلەن قولنى سىلىق تاشنىڭ ئۈستىدە قويغان ۋە قولىغا تۇپا يوقمىغان بولسىمۇ ئۇنىڭ قىلغان تەيەممۇمى توغرا بولىدۇ.

تۆتىنچى شەرت ، يۈزنى ۋە ئىككى قولنى جەينەكلىرىگىچە ياخشى سىلاشتۇر.

## 181-سوئال: تەيەممۇم قىلىشقا ئېلىپ بارىدىغان سەۋەبلەر

1. سۇ تاپالماسلىق. سۇ تېپىلمىغاندا قىلىنغان تەيەممۇم توغرا بولىدۇ. ئەگەر بىر ئادەم جۇنۇپ بولۇپ قالغان ۋە قېشىدا يۇيۇنۇشقا ئەمەس، پەقەت تاھارەت ئېلىشقا يېتىدىغان سۇ بولغان بولسا، بۇ ھالەتتە ئۇ ئادەم تەيەممۇم قىلىدۇ ۋە ئۇنىڭغا سۇ بىلەن كىچىك تاھارەت ئېلىش لازىم ئەمەستۇر.

2. سۇنى ئىشلىتىشتىن ئاجىز كېلىش. سۇنى ئىشلىتىشتىن ئاجىز كېلىش كېسەل ياكى قاتتىق سوغۇق، ياكى شۇنىڭغا ئوخشاش بىرەر ئىشنىڭ سەۋەبى بىلەن بولىدۇ. كېسەل سەۋەبى بىلەن سۇنى ئىشلىتىشتىن ئاجىز كىلىش. سۇ ئىشلەتكەنلىكى ياكى تاھارەت ئېلىش ياكى يۇيۇنۇش ئۈچۈن ھەرىكەت قىلغانلىق سەۋەبى بىلەن كېسىلى ئېغىرلىشىپ قالىدىغان ياكى ساقىيىشى كېچىكىپ قالىدىغان كېسەل ئادەم بولسا، ئۇ ئادەمنىڭ بۇ ھالەتتە تەيەممۇم قىلىشى توغرا بولىدۇ. ئەگەر بەدىنىنىڭ ھەممە يېرى جاراھەتلەنگەن بولۇپ سۇ زىيان قىلىدىغان ئۇ ئادەم بۇ ھالەتتە يۇيۇنۇشقا توغرا كېلىپ قالسا تەيەممۇم قىلىدۇ. قاتتىق سوغۇقنىڭ سەۋەبى بىلەن سۇنى ئىشلىتەلمىگەن ئادەم. بىر ئادەم مەيلى سەپەر ئۈستىدە بولسۇن ياكى سەپەر ئۈستىدە بولمىسۇن ئەگەر سۇ بىلەن تاھارەت ئالسا ياكى يۇيۇنسا سوغۇقتىن ئۆلۈپ قېلىشىدىن ياكى كېسەل بولۇپ قېلىشىدىن قورققان ۋە سۇنى ئىسسىتقۇدەك بىر نەرسە تاپالمىغان ياكى مۇنچىغا بەرگىدەك پۇل تاپالمىغان بولسا، ئۇنىڭ تەيەممۇم قىلىشى توغرا بولىدۇ.

## 182-سۇئال: تەيەممۇم بىلەن ئوقۇلغان نامازنىڭ ھۆكمى

ئەگەر بىر ئادەمنىڭ قورقۇنچىسى، بىر ئادەمنىڭ ئۇنىڭغا تەھدىد سالغىنىغا ئوخشاش ئىنسان تەرىپىدىن كەلگەن بولسا، بۇ ھالەتتە ئۇنىڭ تەيەممۇم قىلىپ ناماز ئوقۇشى توغرىدۇر، لېكىن تەيەممۇم بىلەن ئوقۇغان نامازنى كېيىن قايتا ئوقۇش لازىمدۇر. ئەگەر بىر ئادەمنىڭ قورقۇنچىسى بىر ئادەمنىڭ ئۇنىڭغا تەھدىد سېلىشى ئارقىلىق بولماي مەسىلەن يىرتقۇچ ھايۋاندىن قورققىنىغا ئوخشاش تەبىئىي بولسا، بۇ ھالەتتە ئۇنىڭ تەيەممۇم قىلىپ ناماز ئوقۇشى توغرىدۇر ۋە ئۇنىڭ ئۇ نامازلارنى كېيىن قايتا ئوقۇشى لازىم ئەمەستۇر. چۈنكى، بۇ ھالەتتە ئۇنىڭ قورقۇنچىسى بەندىلەر تەرىپىدىن ئەمەس ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن كەلگەندۇر. ئەگەر نامازنى كىچىكتۈرمەي دەسلەپكى ۋاقتىدا تەيەممۇم قىلىپ ئوقۇۋاتقان ۋە نامازنىڭ ۋاقتى چىقىپ كېتىپ بولغىچە سۇ تاپقان بولسا، ئۇنىڭ ئۇ نامازنى قايتا ئوقۇشى لازىم ئەمەستۇر چۈنكى، ئۇ نامازنى نامازنىڭ ۋاقتى كىرگەندە ئۆزىدە تېپىلغان شارائىتى بويىچە ئوقۇدى.

## 183-سۇئال: تەيەممۇمنىڭ سۈننەتلىرى

1. تەيەممۇمنىڭ بېشىدا بىسمىللا دېيىش.
2. تەيەممۇمنى تەرتىپ بىلەن قىلىش.
3. ئارقىمۇ ـ ئارقا سىلاشتۇر. يەنى يۈزىنى سىلاپ بولغاندىن كېيىنلا قوللىرىنى سىلاشتۇر.
4. تەيەممۇم قىلماقچى بولغان تۇپراققا قولنىڭ ئالقىنى بىلەن ئۇرۇشتۇر.
5. ئىككى ئالقاننى تەيەممۇم قىلماقچى بولغان يەرگە قويۇپ تۇرۇپ ئالدى كەينىگە ئازراق ھەركەتلەندۈرۈش.
6. چىرايىنى پاسكىنا قىلىۋېلىشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن قوللىرىغا توپا كۆپ يۇقۇۋالغان بولسا، ئالقىنىنى يەرگە قاراتقان ھالدا بىرىنى يەنە بىرىگە ئۇرۇش بىلەن قوللىرىغا يۇقۇۋالغان توپىلارنى قېقىۋېتىش.
7. قوللىرىنى تۇپراققا ئۇرغان ۋاقتىدا بارماقلىرىنى يۇمۇۋالماي ئېچىپ تۇرۇش.
8. قوللىرىنى سىلاشقا كەلگەندە دەسلەپ ئوڭ قولنى، ئاندىن سول قولنى سىلاش.

## 184-سۇئال: تەيەممۇمنى بۇزىدىغان ئامىللار

1. تەيەممۇمنىڭ ئەسلىسى بولغان تاھارەتنى ۋە غۇسلىنى بۇزۇدىغان ئامىللار تەيەممۇمنىمۇ بۇزىدۇ. چۈنكى ئەسلىنى بۇزغان نەرسە ئۇرۇنباسارىنى ئەلۋەتتە بۇزىدۇ.
2. تەيەممۇم قىلىشقا ئېلىپ بارىدىغان سەۋەبلەرنىڭ تۈگىشىدۇر. مەسىلەن بىر ئادەم جۇنۇپلۇقتىن يۇيۇنۇش ئۈچۈن سۇ تاپالماي تەيەممۇم قىلغاندىن كېيىن يۇيۇنغىلى يېتەرلىك سۇ

تاپقان بولسا، ئۇ ئادەم ئۆزىنىڭ ئەسلىدىكى جۇنۇپلۇق ھالىتىگە قايتىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنىڭغا يۇيۇنۇش لازىم بولىدۇ. تەيەممۇم قىلىشقا ئېلىپ بارىدىغان سەۋەبلەر تۈگەشتىن بۇرۇن تەيەممۇم بىلەن ئوقۇلغان نامازلار كېيىن قايتا ئوقۇلمايدۇ. ئەگەر ناماز ئوقۇۋاتقان چاغدا تەيەممۇم قىلىشقا ئېلىپ بارغان ئۇ سەۋەبلەر تۈگىگەن بولسا، تەيەممۇممۇ بۇزۇلىدۇ ۋە ئوقۇۋاتقان ئۇ نامازمۇ بۇزۇلىدۇ.

## 185-سۇئال: تېڭىقنىڭ ئۈستىگە مەسھى قىلىشنىڭ ھۆكمى

مەيلى سۇنۇق يەرنى تاڭغان تېڭىق بولسۇن مەيلى جاراھەتلەرنى تاڭغان تېڭىق بولسۇن تېڭىقنىڭ ئۈستىگە مەسھى قىلىش توغرا بولىدۇ. تېڭىقنىڭ ئۈستىگە مەسھى قىلىش، ئەگەر ئۇنىڭ ئاستىدىكى يەرنى يۇيۇشقا ياكى ئۇ يەرنىڭ ئۆزىگە مەسھى قىلىشقا قادىر بولالمىغان تەقدىردە تېڭىقنىڭ ئاستىنى يۇغاننىڭ ئورنىدا تۇرىدۇ.

## 186-سۇئال: تېڭىقنىڭ ئۈستىگە مەسھى قىلىشتىكى ئەھۋاللار

1) ئەگەر تېڭىق كىچىك تاھارەتسىزلىك ياكى جۇنۇپلۇق ھالىتىدە تېڭىلغان بولسىمۇ ئۇنىڭ ئۈستىگە مەسھى قىلغىلى بولىدۇ.

2) ئەگەر تېڭىق جاراھەت ياكى سۇنۇق ساقىيىشتىن بۇرۇن چۈشۈپ كەتكەن بولسىمۇ ئۇ تېڭىقنىڭ تېڭىلىشىغا سەۋەب بولغان كېسەل تېخى ساقايمىغانلىقى ئۈچۈن ئۇنىڭ ئۈستىگە قىلىنغان مەسھى بۇزۇلۇپ كەتمەيدۇ.

3) ئەگەر تېڭىق جاراھەت ياكى سۇنۇق ساقايغاندىن كېيىن چۈشۈپ كەتكەن بولسا، ئۇنىڭ ئۈستىگە قىلىنغان مەسھى بۇزۇلۇپ كېتىدۇ.

4) ئەگەر ئۇ ئادەمنىڭ تاھارىتى بولسا، پەقەت تېڭىقنىڭ ئاستىنىلا يۇسا بولىدۇ.

5)تەندىكى ئاغرىقنىڭ ئۈستىگە چاپلايدىغان يېپىشقۇچنىڭ ھۆكمىمۇ تېڭىقنىڭ ھۆكمىدىدۇر. ئەگەر ئۇ يېپىشقۇچنى ئېلىۋەتسە ئاغرىق كۈچىيىپ قالىدىغان ئىش بولسا، ئۇنىڭ ئۈستىگىلا مەسھى قىلسا بولىدۇ.

6) ئەگەر ئۇ سويۇپ ئېلىۋېتىش قېيىن بولغان بىر يەرگە چاپلاشتۇرۇلغان بولسا، ئاغرىق ساقايغاندىن كېيىنمۇ ئۇنىڭ ئۈستىگە مەسھى قىلىشقا بولىدۇ.

7) ئەگەر جاراھەتنىڭ ياكى پۈت قوللاردىكى يېرىقنىڭ ئۈستىگە دورا قويۇلغان ياكى چېپىلغان، ئۇ يەرنىڭ ئۈستىدىن سۇ ماڭدۇرۇۋېتىش مۇمكىن بولىدىغان بولسا، سۇ ماڭدۇرۇۋېتىدۇ. ئەگەر ئۇنداق قىلىش مۇمكىن بولمىسا، ئۇنىڭ ئۈستىگە مەسھى قىلىدۇ. ئەگەر مەسھى قىلسا ئۇ يەر يامان بولۇپ قالىدىغان بولسا، ھەتتا مەسھىمۇ قىلمايدۇ.

8)تېڭىق ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى يەرلەرگە مەسھى قىلىشنىڭ ھۆكمىدە، كىچىك تاھارەتسىز ئادەم ۋە چۈنۈپ بولۇپ قالغان ئادەم ئوخشاشتۇر.

9) مەسھى قىلىشنىڭ مۇئەييەن بىر مۇددىتى يوقتۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن تېڭىقنىڭ ياكى سۇنۇقتا تاكى ئۇلار ساقايغانغا قەدەر مەسھى قىلغىلى بولىدۇ.

10) ھەر قېتىم تاھارەت ئالغاندا ياكى يۇيۇنغاندا ئۇنىڭ ئۈستىگە بىر قېتىم مەسھى قىلىدۇ.

11) تېڭىقنى ئالماشتۇرغاندا ياكى تېڭىقنىڭ ئۈستىگە باشقا بىر تېڭىق تاڭغاندا ئۇنىڭ ئۈستىگە قايتا يەنە بىر قېتىم مەسھى قىلىش لازىم ئەمەستۇر.

# تۆتىنچى بۆلۈم. ناماز

## 187-سۇئال: نامازنىڭ ھۆكمى

نامازـ ئىسلامنىڭ تۈگرۈكى ۋە دىنىنىڭ ئاساسىي بولۇپ، ئۇنىڭغا سەل قاراشقا قەتئىي بولمايدۇ، تەرك قىلىشقا تېخىمۇ بولمايدۇ. چۈنكى ئىسلامدا ناماز ئوقۇمىغۇچىلار پاسىق ياكى كاپىر دېيىلىدۇ. شۇڭا «مەن مۇسۇلمان» دېگەن ھەر بىر كىشىنىڭ نامازنى قەتئىي تەرك قىلماسلىقى لازىم. ناماز ئوقۇپ كېلىۋاتقان ياكى يېڭىدىن ناماز باشلىماقچى بولغانلارنىڭ نامازنى توغرا - دۇرۇس ئوقۇشى تەلەپ قىلىنىدۇ.

## 188-سۇئال: ناماز ئۇقۇمى

ناماز مەخسۇس كەيپىياتلىرى ۋە بەدەنىنىڭ ھەرىكىتى بىلەن ئاللاھقا قىلىنىدىغان بەندىچىلىك بۇرچى. ناماز ئىماندىن قالسىلا ئەڭ مۇھىم ئىبادەتتۇر. نامازنىڭ (سالات) ئەسلى ئۇقۇمى ”دۇئا “دېگەن بولۇپ، بەزى ھەرىكەتلىرىنىڭ نامى بىلەن ”ناماز “دەپ ئاتالغان. چۈنكى نامازنىڭ بىر قىسمى دۇئادۇر. نامازنىڭ ئەسلى ئۇقۇمى ”ئۇلۇغلاش “ دېگەن بولۇپ، ئۇنىڭدا ئاللاھ ماختالغانلىقى ئۈچۈن مۇشۇ ئىسىم بىلەن ئاتالغانمۇ دېيىلىدۇ. ئىسلام دىنى نامازنى پەرز قىلىپ، رەھمەت پەيغەمبىرى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئۇنى بايان قىلغان ۋە ئۇنىڭغا ساھابىلەر، تابىئىنلەر ۋە باشقا دىنىي ئىماملار ئەگەشكەن.

## 189-سۇئال: ناماز كىملەرگە پەرز؟

ناماز ئەقىللىق، بالاغەتكە يەتكەن، ئەر - ئايال، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ چاقىرىقى يېتىپ كەلگەن ۋە بەرپا قىلىشقا كۈچى يېتىدىغان، نىجاسەتتىن ۋە كىرقاتتىن پاكىز ھەر بىر مۇسۇلماننىڭ ئوقۇشى لازىم كەلگەن پەرزى ئەيىندۇر.

## 190-سۇئال: ئۆسمۈرلەرگە نامازنىڭ بۇيرۇلۇشى

ئۆسمۈر باللار بولسا، نامازنى سۆيگەن ھالدا چوڭكىيىشى ۋە ئۇنى ئوقۇشقا

ئادەتلىنىشى ئۈچۈن يەتتە ياشقا كىرگەندە ناماز ئوقۇشقا بۇيرۇلىدۇ. ئەگەر 10 ياشقا كىرگەندە ناماز ئوقۇغىلى ئۇنىمىسا ۋە ناماز ئوقۇش توغرىسىدا ئاتا ئانىسىغا ۋە تەربىيىلىگۈچىنىڭ سۆزىگە قولاق سالمىسا يۇمشاقراق ئۇرۇش لازىم. ناماز توغرىسىدا قۇرئان كەرىمدە ناھايىتى كۆپ ئايەت نازىل بولغان بولۇپ، تۆۋەندىكىلەر ئۇلارنىڭ بىر قىسمىدۇر.

## 191-سۇئال: نامازنىڭ پايدىلىرى

1.خۇشۇ ۋە خۇزۇ بىلەن ئوقۇلغان كامىل ناماز دىلنى يۇرۇتۇپ، روھنى پاكلايدۇ. كىشىگە بەندىچىلىكنىڭ ئەدەپ - قائىدىلىرىنى ۋە ناماز ئوقۇغۇچىنىڭ دىلىغا ئاللاھنىڭ كاتتا ۋە بۈيۈكلۈكىنى ئورنىتىش ئارقىلىق بەندىگە جانابى ئاللاھ ئۈچۈن ئادا قىلىدىغان ۋەزىپىلىرىمىزنى قانداق ئادا قىلىدىغانلىقىمىزنى ئۆگىتىدۇ. يەنە نامازنىڭ ئىنساننى گۈزەل ئەخلاقتا ئىگە قىلىپ، ئۇنى راسچىللىق، ئامانەتكە رىئايە قىلىش، قانائەتچان بولۇش، ۋەدىگە ۋاپا قىلىش، ھەلىم ۋە كۆيۈمچان بولۇش، كىچىك كۆڭۈل بولۇش، ئادىل بولۇش ۋە باشقىلارغا ياخشىلىق قىلىشقا ئوخشاش گۈزەل خىسلەتلەر بىلەن بېزەيدۇ. يەنە ناماز، ناماز ئوقۇغۇچىلارنى ئۈستۈن مەرتىۋىگە ئېرىشتۈرۈپ، ئۇنى يالغۇزلا ئاللاھقا يۈزلەندۇرۇرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن كىشى ئاللاھنى تېخىمۇ كۆپ ياد قىلىپ، ئۇنىڭدىن تېخىمۇ بەك قورقىدۇ. نەتىجىدە، ئۇنىڭ ھىممىتى ئالىي، نەپسى پاكىزە بولۇپ، گۇناھ - مەئسىيەتتىن يىراق تۇرۇپ، يالغانچىلىقتىن، خىيانەتتىن، يامانلىقتىن، ئالدامچىلىقتىن، قەھرى - غەزەبتىن ۋە مۇتەكەببىرلىكتىن ئۇزاق تۇرىدۇ. زۇلۇم، دۇشمەنلىك، پەسكەشلىك، پاسىقلىق ۋە ئاسىيلىقتىن ساقلىنىدۇ. دېمەك، بەندە ناماز ئارقىلىق جانابى ئاللاھنىڭ يۇقىرىدىكى ئايىتىدە دېگەنلىرى ئەمەلىيلىشىدۇ.

2.ناماز دىلغا شىپادۇر. ناماز شەكىل ۋە روھتىن ئىبارەت بولۇپ، ئۇنىڭ شەكلى ئەزالارنىڭ ئىبادىتىدۇر، روھى بولسا، دىلنىڭ ئىبادىتىدۇر. يەنە ناماز ھەم جىسمانىي تەلىم - تەربىيە ھەمدە روھىي تەربىيە بولۇپ، ناماز ئوقۇغۇچىنىڭ دىلنى يۇرىتىدۇ، يۈزىنى ئىلاھىي نۇر بىلەن يورىتىدۇ. ناماز بىلەن ئۇنىڭ روھى كۆتۈرۈلىدۇ. شۇنىڭدەك، ناماز بەندە بىلەن پەرۋەردىگارى ئوتتۇرىسىدا بىر ئالاقە بولۇپ، ئۇنى كامىل تەلەپكە لايىق ئوقۇش ئىماننىڭ ئەڭ چوڭ ئالامىتى، دىنىي شۇئارلارنىڭ ئەڭ كاتتىسى ۋە سانسىزلىغان نېمەتلىرى تۈپەيلىدىن ئاللاھقا شۈكۈر قىلىشنى بىلدۈرۈدىغان ئەڭ روشەن نامايەندىدۇر. ناماز ئوقۇماسلىق بولسا، ئاللاھ بىلەن مۇناسىۋەتنىڭ ئۈزۈلىشى، ئۇنىڭ رەھمىتىدىن، نېمەت بۇلىقىدىن ۋە نۇرغۇنلىغان پەزلى - ئېھسانىدىن مەھرۇم

قىلىش ۋە ئاللاھ تائالانىڭ پەزلى - ئېھسانى بىلەن ئۇنىڭ نېمەتلىرىگە كۆز يۇمغانلىقتۇر. تەلەپكە لايىق ئادا قىلىنغان ناماز، بىر قىسىم يۈرەك كېسەللىرىگە ۋە روھىي بىئاراملىقلارغا شىپالىق دورا بولۇپ، گۇناھ - مەئسىيەت قاراڭغۇلۇقلىرىنى يوق قىلغۇچى نۇردۇر.

3.نامازدىكى بىرلىك باراۋەرلىك. نامازدا ئادالەت ۋە تەڭ - باراۋەرلىك نامايەن بولىدۇ. مۇئەززىن ھەييەئەلەل فەلەھ (يەنى نامازغا كېلىڭلار) دەپ نىدا قىلغىنىدا ئۇ، باي - كەمبەغەل، چوڭ - كىچىك، رىياسەتچى ۋە خىزمەتچىلەردىن تەركىب تاپقان، ناماز پەرز بولغان كىشىلەرنىڭ ئىچىدىن ئەزاننى ئاڭلىغان كىشىلەرنىڭ ھەممىسىنى نامازغا چاقىرىدۇ. توپلانغان ۋاقىتلىرىدا بولسا، بىر سەپتە تۇرىدۇ. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ھېچقانداق بىر ئايرىمچىلىق ۋە ئالاھىدىلىك بولمايدۇ. چۈنكى ھەممىسى تۆۋەندىكى ئايەتتە تىلغا ئېلىنغان رەۋىشتە ئاللاھنى ياد قىلىش ۋە ئاللاھنىڭ ئۆيلىرىنىڭ بىرىدە ئۇنىڭغا باش ئېگىش ئۈچۈن بىر يەرگە توپلانغاندۇر.

4.ناماز گۇناھلارنى ئۆچۈرىدۇ. كامىل تاھارەت ئېلىپ خۇشۇ بىلەن ئوقۇلغان ھەر قانداق ناماز ئىنساندىن ئۆتكەن تۈرلۈك خاتالىقلارنى ئۆچۈرۈپ گۇناھلىرىنىڭ مەغپىرەت قىلىنىشىغا سەۋەب بولىدۇ. دوزاختىن قۇتۇلدۇرۇپ جەننەتكە باشلايدۇ.

5. ناماز ئىنساننى گۇناھ ۋە يامان ئىشلاردىن ساقلايدۇ. چۈنكى ناماز ئوقۇغان كىشى كۈندە بەش قېتىم ئاللاھ تائالانىڭ ھوزۇرىغا يۈزلىنىپ ، ئۇنىڭغا ئەھدىسىنى يېڭىلاپ تۇرغان ئىكەن ، ئاللاھ تائالا ئۇ كىشىنى ئۆز ھىمايىسىگە ئالىدۇ. ئۇنىڭغا ياخشى ئىشلارنىڭ يوللىرىنى ئوڭايلاشتۇرۇپ، يامان ئىشلاردىن ئۇزاقلاشتۇرىدۇ. نەتىجىدە ئۇنىڭغا شەيتان زىيان يەتكۈزەلمەيدۇ.

6.ناماز پاكىزلىق ۋە گۈزەللىككە يېتەكلەيدۇ. ناماز ئىنساننى پەقەت كىبىر، غەپلەت، مەغرۇرلۇق قاتارلىق مەنىۋى ئىللەتلەردىن تازىلاپلا قالماستىن يەنە ئىنسان بەدىنى ۋە كىيىملىرىنى پاسكىنىلىقلاردىن كىرلاردىن ، يىقىمسىز ھىدلاردىن پاكلايدىغان چوڭ تازىلىنىشتۇر.

7.ناماز ئىنساننىڭ سەۋرچانلىقى ۋە چىدامچانلىقىنى ئاشۇرىدۇ. دۇنيانىڭ مۇسىبەتلىرى ۋە قىيىنچىلىقلىرى ئۈچۈن ناماز ئارقىلىق تەسەللى بېرىدۇ. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ئى مۆئمىنلەر! سەۋر ئارقىلىق ۋە ناماز ئارقىلىق ياردەم تىلەڭلار. ﷲ ھەقىقەتەن سەۋر قىلغۇچىلار بىلەن بىللىدۇر [سۈرە بەقەر 153- ئايەت].

## 192-سۇئال: خۇشۇ دېگەن نېمە؟

خۇشۇ نامازدا تۇرغاندا ئاللاھ تائالانىڭ ئۇلۇغلۇقى ۋە ھەيبىتىدىن ئەيمەنگەن، كۆڭلىنى ناماز بىلەنلا مەشغۇل قىلغان ۋە پۈتۈن پىكىر خىيالىنى ئاللاھ تائالاغا

بىغەشلىغان ھالدا ، كەمتەرلىك ۋە ھوشيارلىق بىلەن تۇرۇش دېگەنلىكتۇر.

## 193-سۇئال: خۇشۇئنىڭ ئورنى ۋە خۇشۇ ھاسىل قىلىش

خۇشۇئنىڭ ئورنى قەلب. ئۇنىڭ مۇسى ئىنسان ئورگانلىرىدا كۆرۈلىدۇ. چۈنكى ئىنساننىڭ بارلىق ئورگانلىرى قەلبكە ئەگىشىدۇ. خۇشۇ شەنى ئۇلۇغ ، يوقۇلۇشى تېز، ھازىرقى زاماندا تېپىلىشى ئىنتايىن ئاز بولغان ھالەتتۇر. نامازدىكى خۇشۇ پەقەت ناماز ئۈچۈن كۆڭلىنى پۈتۈنلەي بىغەشلىغان كىشىگىلا ھاسىل بولىدۇ. شۇ ۋاقىتتىلا كۆڭۈل ناماز بىلەن ئارام تاپقان بولىدۇ ۋە نامازدىكى ھەقىقى ھوزۇر ھالاۋەتنى تېتىغىلى بولىدۇ.

## 194-سۇئال: نامازدا خۇشۇ ھاسىل قىلىشنىڭ چارىلىرى

1.نامازدا تۇرغان كىشى ئۆزىنىڭ نېمە دەۋاتقانلىقىنى ۋە نېمە قىلىۋاتقانلىقىنى بىلىشى، خۇددى ئاللاھ تائالانى كۆرۈپ تۇرىۋاتقاندەك ياكى ئاللاھ مېنى كۆرۈپ تۇرىۋاتىدۇ دېگەندەك ھېس تۇيغۇ بىلەن ئاللاھقا مۇناجات قىلىش.

2.نامازدىكى رۇكۇ ۋە سەجدىلەر ئارىسىدىكى يۆتكىلىشلەرنى ئالدىرماي تەمكىنلىك بىلەن قىلىش.

3.نامازدا ئۆلۈمنى ياد ئېتىش. تەبئىكى ئۆلۈش ئالدىدا ئەڭ ئاخىرقى قېتىملىق نامازنى ئوقۇغان ئادەم بۇ نامازنى چوقۇم ۋايىغا يەتكەن خۇشۇ بىلەن ئوقۇيدۇ.

4.نامازدىكى قىرائەت، دۇئا - تەسبىھلەرنى بىلىپ ئويلاپ ئوقۇش ۋە پىكىر يۈرگۈزۈش.

5. نامازدا ئوقۇلغان قۇرئان سۈرىسىنى ئايەت- ئايەت بويىچە ئوقۇش لازىم. چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام شۇنداق قىلاتتى. ھەر بىر ئايەتنىڭ بېشىدا توختاش سۈننەتتۇر. گەرچە ئالدىنقى ئايەتنىڭ مەنىسى كېيىنكى ئايەت بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولسىمۇ، بۇ ئىككى ئايەت ئوتتۇرىسىدا توختاش ئەۋزەلدۇر. ھەر بىر ئايەتتىن كېيىن توختاپ ئوقۇش «خۇشۇئ» نىڭ ھاسىل بولىشى ئۈچۈن پايدىلىقتۇر.

6.قۇرئاندىكى ھەر بىر ھەرپىنى دانە- دانە چىقىرىپ تەرتىل بىلەن ئوقۇش.

7.نامازدا ئاللاھ تائالا ماڭا سۆز قىلىۋاتىدۇ، دېگەن ھېس تۇيغۇ بىلەن تۇرۇش.

## 195-سۇئال: نامازنى خۇشۇ بىلەن ئادا قىلىشقا ياردەم بېرىدىغان ئىشلار

1. اللہ تائالانىڭ ھەممىنىڭ پادىشاھى، ئاسمان-زېمىننى كونترول قىلغۇچى، پاك ۋە ھەممىدىن غالىپ، بۈيۈك قۇدرىتىنى ئەسلەش؛

2. ئۆزىڭىزنىڭ كەمچىللىكىڭىزنى، ئاجىزلىقىڭىزنى ۋە سىزنىڭ خۇشۇنى كامالەتكە يەتكۈزۈشكە ياردەم بېرىدىغان بۈيۈك اللہقا نەقەدەر مۇھتاج ئىكەنلىكىڭىزنى

ئەسلەش؛

3. دۇنيا ئەرزىمەس نەرسە بولۇپ مەنپەئەتلىرى چەكلىك، مەڭگۈلۈك ئاخىرەتكە مەنسۇپ بىز اللەنىڭ ھوزۇرىغا قايتىدىغانلىقىمىزنى ئەسلەش؛

4.نامازنى ئادا قىلىشتا ئالدىرىماسلىق، ئالدىراڭغۇلۇق خۇشۇنى زايا قىلىدۇ، نامازنى ئالدىرماي، ئەستايىدىللىق بىلەن ئادا قىلىش ؛

5.نامازنى ئەۋۋەلقى ۋاختىدا ئادا قىلىش، تاھارەتنى كامىل ئېلىش؛

6. دىللارنى ئويغىتىدىغان سۈنەتلەرنى ئىخلاس بىلەن ئادا قىلىش؛

7. ناماز جەريانىدا ـ نامازدىن سىرتقى-ھەركەتلەرنى قىلماسلىق، شۇك تۇرۇش ئەستايىدىللىق بىلەن ئېلىپ بېرىش؛

8. ناماز ۋاختىدا بارلىق مەشغۇلاتلاردىن ساقلىنىش، ئەبۇ دەردا (اللە ئۇ كىشىدىن رازى بولسۇن)كىشىنىڭ دەنالىقى- نامازغا كۆڭلى خاتىرجەم كىرىش ئۈچۈن، نامازغا كىرىشتىن بۇرۇن ئىشلىرىنى تۈگىتىشى كېرەك، دىگەن. بىز شەيتانىنىڭ ئازدۇرىشى ۋە ۋەسۋەسە قىلىشىدىن اللەتىن پاناھ تىلەپ، نامازنى ئادا قىلىش جەريانىدا ئۆزىمىزنى دۇنيا ئىشلىرى بىلەن مەشغۇل قىلماسلىقىمىز كىرەك. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىزگە ئەستايىدىللىق بىلەن ناماز ئوقۇشىمىزغا ۋەسىيەت قىلغان.

9.تەسىرلىنىپ مۇلاھىزە بىلەن ناماز ئوقۇشقا تەسىر يەتكۈزىدىغان ئادەتلەر ۋە شەكىلۋازلىقتىن ساقلىنىش كىرەك. نامازدا ئوقۇۋاتقان ئايەت ۋە زىكىرلەرنىڭ مەزمۇننى ئويلاپ ئوقۇش، ئىلگىرىكى نامازلاردا ئوقۇلغان ئايەتلەردىن باشقا ئايەتلەرنى ئوقۇش، جەننەت ئەھلىدىن ئىبارەت بىز بىلەن زىكرى قىلىنىپ ئۆتىۋاتقان كىشىلەرنىڭ ھالىنى بىزنىڭ ھالىمىزغا سېلىشتۇرۇش لازىم.

10.شەرئەت ئىلىملىرىنى كۆپ ئۆگىنىشكە تىرىشىش، اللەنى تونۇشنى ۋە ياخشى كۆرۈشنى زىيادە قىلىش، اللەنىڭ ئازابىدىن قورقۇپ، رەھمىتىدىن ئۈمىدۋار بولۇش، اللەنىڭ ھۇزۇرىدىكى نەرسىلەرگە ئىشىنىش؛

11.بارلىق گۇناھلىرىدىن تەۋبە قىلىش، (يەنى اللەنىڭ ھۇزۇرىغا قايتىش) تەۋبىنى قايتا-قايتا يېڭىلاش.

12.قۇرئان ئوقۇشنى كۆپ قىلىش، زىكىر-تەسبىھلەر بىلەن كۆپ شۇغۇللىنىش، ئۆلۈمنى كۆپ ئەسلەش ۋە رىيادىن ساقلىنىپ، ئۆزىدىن ـ ئۆزى كۆپ ھساپ ئېلىش كېرەك.

## 196-سۇئال: نامازدىكى خۇشۇنىڭ يوقۇلىشىغا ياكى ئاجىزلىششىغا سەۋەپ بولىدىغان ئىشلار

1.يانپونلارنى ئوچۇق قويۇپ نامازغا تۇرۇش. يانپوننى ئوچۇق قويۇپ نامازغا

كىرگەن ئادەم ئۆزىنىڭلا ئەمەس، جامائەتنىڭمۇ نامىزدىكى خۇشۇئسىنى يوقۇتۇپ ئازار يەتكۈزىدۇ.

2.كىشىنىڭ دىققىتىنى تارتىدىغان ياكى بۇزىدىغان تۈرلۈك بىزەك، نەقىشلەر كۆپ بولغان ئورۇنلار ۋە جايىنامازلاردا ناماز ئوقۇسا ۋە شۇنداق كىيىملەر بىلەن ناماز ئوقۇسا خۇشۇ يوقىلىدۇ ياكى ئاجىزلايدۇ.

3. تەرەت قىستىغاندا نامازغا تۇرۇش.

4. تائام تەييار بولغاندا نامازغا تۇرۇش.

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنهادىن رىۋايەت قىلىنغان بىر ھەدىستە «مەن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيهى ۋەسەللەمدىن: تاماق تەييار بولغاندا ۋە چوڭ ـ كىچىك تەرەت قىستىغاندا، ناماز ئوقۇشقا بولمايدۇ، دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان، دېدى.» دېيىلگەن. (مۇسلىم: 560)

5.ئۇيقۇسى ئېچىلمىغان، مۈگدىگەن ، چارچىغان ھالەتتە نامازغا تۇرۇش.

6.نامازدا تۇرۇپ سەجدە قىلىدىغان جايىنى سۈرتۈش، تازىلاش ياكى تۈزلەش بىلەن مەشغۇل بولۇش.

7.نامازدا ئۇياق بۇياققا قاراش. نامازدا تۇرۇپ ئۇياق بۇياققا قارىغان ئادەم ئاللاھ تائالانىڭ ھوزۇرىدىن يۈز ئۆرىگەن بولىدۇ. نامازدا تۇرۇپ كۆڭۈلنى ئۇياق بۇياققا يۈگۈرتۈشمۇ مەنئى قىلىنىدۇ.

## 197-سۇئال: ئەزان

ئەزان ئالاھىدە سۆزلەر ئارقىلىق ناماز ۋاقتىنىڭ كىرگەنلىكىنى ئېلان قىلىش ۋە مۇسۇلمانلار جامائىتىنى دۇنيا ـ ئاخىرەتتە نىجاتلىققا سەۋەب بولىدىغان نامازغا ھازىر بولۇشقا چاقىرىشتۇر.

## 198-سۇئال: ئەزان بىلەن تەكبىرنىڭ پەزىلىتى

پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيهى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: نامازغا ئەزان ئېيتىلغان چاغدا، شەيتان ئەزاننى ئاڭلىماسلىق ئۈچۈن ئوسۇرغان پېتى كەينىگە قاراپ تىكىۋېتىدۇ. ئەزان تۈگىگەندە يەنە كېلىدۇ. نامازغا تەكبىر ئېيتىلغان ھامان يەنە تىكىۋېتىدۇ. تەكبىر ئېيتىلىپ بولغاندىن كېيىن يەنە كېلىدۇ ۋە ناماز ئوقۇۋاتقان ئىنساننىڭ دىلىغا: ”ئۇنى ئويلا، بۇنى ئويلا “ دەپ، ئېسىدە يوق ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى ئەكىلىپ، ۋەسۋەسە سېلىشقا باشلايدۇ. شۇنىڭ بىلەن، ئۇ كىشى نامازنى قانچە رەكئەت ئوقۇغانلىقىنى بىلەلمەي قالىدۇ. (بۇخارى: 608)

## 199-سۇئال: ئەزاندىن كېيىنكى دۇئانىڭ پەزىلىتى

پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىمكى ئەزاننى ئاڭلاپ بولغاندىن كېيىن: «ئاللاھۇممە رەببى ھازىھىد دەئۋەتىت تاممەتى ۋەسسەلاتىل قائىمەتى ئاتى مۇھەممەدەن ۋەسىيلەتە ۋەل پەزىيلەتە ۋەبئەسھۇ مەقامەن مەھمۇدەنلەزىي ۋەئەدتەھۇ» دېگەن دۇئانى ئوقۇسا، قىيامەت كۈنى ئۇ كىشىگە مېنىڭ شاپائىتىم نېسىپ بولىدۇ. بۇ دۇئانىڭ ئى مۇشۇ مۇكەممەل چاقىرىقنىڭ (يەنى ئەزاننىڭ) ۋە ھازىر ئوقۇلماقچى بولغان نامازنىڭ ئىگىسى الله! مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ۋەسىلە ناملىق مەرتىۋىنى ۋە يۈكسەك پەزىلەتنى ئاتا قىلغىن، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى سەن ئۇنىڭغا ۋەدە قىلغان مەدھىيەگە لايىق ماقامغا (يەنى بۈيۈك شاپائەت قىلىش ماقامىغا) يەتكۈزگىن. (بۇخارى: 614)

## 200-سۇئال: ئەزان ئوقۇلىۋاتقاندا نىمە دېيىش كېرەكلىكى توغرىسىدا

پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مۇئەززىن ئەزان ئوقۇغاندا، مۇئەززىننىڭ ئوقۇغىنىنى ئىچىدە چىن قەلبىدىن تەكرارلىغان، مۇئەززىن: ”ھەييە ئەلەسسالاھ، ھەييە ئەلەل فەلاھ “ دېگەندە، ”لاھەۋلە ۋەلا قۇۋۋەتە ئىللا بىللاھ “ دېگەن ۋە مۇئەززىنگە ئاخىرىغىچە ئەگەشكەن كىشى جەننەتكە كىرىدۇ. (مۇسلىم: 385)

## 201-سۇئال: نامازنىڭ پەرزلىرى

نامازنىڭ بىر بۆلۈك شەرتلىرى بولۇپ، بۇ نامازغا كىرىشتىن ئىلگىرى ۋە نامازدا ھازىرلاش پەرز قىلىنغان ئىشلاردۇر. بۇ شەرتلەر ئۇرۇندالمىسا، ناماز توغرا بولمايدۇ. كىشى قاچانكى ئۇ شەرتلەرنى تولۇق ئورۇنداپ ناماز ئوقۇسا، ئۇنىڭ پەرۋەردىگارىنىڭ ھۇزۇرىدا نامازنى ئادا قىلىشى جائىز بولغان بولىدۇ. مەزكۇر شەرتلەر 12 بولۇپ ئۇلار تۆۋەندىكىچە:

1.تاھارەتسىزلىكتىن پاكلىنىش. نامازغا كىرىشتىن ئىلگىرى كىچىك-چوڭ تاھارەتسىزلىكتىن، ھەيزدارلىقتىن ۋە نىفاسدارلىقتىن خالى بولۇش شەرتتۇر.

2. نىجىس نەرسىلەردىن پاكىزلىنىش. بۇ نىجاسەتتىن، ناماز ئوقۇماقچى بولغان ئادەمنىڭ بەدىنىدە، كىيىمىدە ۋە ئۇنىڭ ناماز ئوقۇيدىغان يېرىدە بولغان ۋە بۇلار بولغان ئەھۋالدا ناماز ئوقۇشقا بولمايدىغان نىجاسەتلەر كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

3. ئەۋرەتنى يۆگەش. ئەۋرەت بولسا ئەسلىدە چوڭ - كىچىك تاھارەت يەرلىرى بولۇپ، ئەرلەرنىڭ كىندىكىنىڭ ئاستىدىن باشلاپ ئالدى - ئارقىسىدىن تىزىغىچىلىك دەپ بەلگىلەنگەن. بۇ بولسا ئەڭ ئەۋزەل ۋە تولۇقراقىدۇر. ئاياللارنىڭ ئەۋرىتى بولسا يۈزى ۋە ئالقىنىدىن باشقا بەدىنىنىڭ ھەممىسىدۇر.

4.ناماز ۋاقتىنىڭ كىرىشى. ۋاقتىنىڭ كىرىشى بەش ۋاخ نامازنى ئادا قىلىش

ئۈچۈن قويۇلغان خۇسۇسىي بىر شەرتتۇر. شەرىئەتتە بەلگىلەنگەن ۋاقىت كىرىشتىن بۇرۇن ناماز ئوقۇش توغرا ئەمەس.

5. قىبلىگە ئالدىنى قىلىش- يەنى مەككەئى مۇكەررەمەدىكى بەيتۇللاھقا يۈز كەلتۈرۈش.

6.نىيەت قىلىش. نامازغا نىيەت قىلىش دېگەنلىك نامازغا كىرىش ئۈچۈن كەسكىن ئىرادە باغلاش دېگەنلىك بولىدۇ. ياكى قەلبىتىكى مەقسەت دېمەكتۇر.

7. تەكبىر ئىيتىپ نامازغا كىرىش. تەكبىر ئېيتىپ نامازغا كىرىش دېگەنلىك، ناماز ئوقۇماقچى بولغان ئادەمنىڭ ئاللاھۇ ئەكبەر! دەپ قۇلاق قېقىپ نامازغا كىرىشى دېمەكتۇر.

8. قىيامدا تۇرۇش، يەنى نامازنىڭ ئىچىدە ئۆرە تۇرۇش. پەرز نامازلاردا ۋە ۋىتىرگە ئوخشاش ۋاجىپ نامازلاردا نامازنىڭ ئىچىدە ئايەتلەرنى ئوقۇپ بولغىچىلىك مىقداردا ئۆرە تۇرۇش پەرزدۇر. كامىل ئۆرە تۇرۇش نورمال ھالەتتە بەلنى رۇسلاپ تۇرۇش بىلەن بولىدۇ.

9. نامازدا قىرائەت قىلىش. ئاللاھ تائالا: «قۇرئاندىن سىلەرگە قولاي بولغاننى ئوقۇڭلار» [سۈرە مۇززەممىل 20- ئايەتتىن] دىگەنلىكى ئۈچۈن ، كۆپ قىسىم ئالىملارنىڭ كۆز قارىشى بويىچە نامازدا ئايەت ئوقۇش پەرىزدۇر. ئايەتتىن ئوقۇش پەرز قىلىنغان مىقدار بولسا، ھەر بىر رەكەتتە قىسقا ئۈچ ئايەت ياكى قىسقا ئۈچ ئايەتكە باراۋەر كەلگىدەك ئۇزۇن بىر ئايەت ئوقۇشتۇر. نامازدا ئايەتلەر ئەرەب تىلىدا ئوقۇلىشى شەرتتۇر. چۈنكى نامازدا ئوقۇلۇشقا بۇيرۇلغان نەرسە قۇرئاندۇر. قۇرئان ئەرەبچىدۇر. باشقا تىل بىلەن ئوقۇلغان ئايەتلەر ھەقىقىي قۇرئان ھېساپلانمايدۇ.

10. رۇكۇ قىلىش. ئاللاھ تائالا : ئى مۆئمىنلەر! بەختكە ئېرىششىڭلار ئۈچۈن رۇكۇ قىلىڭلار، سەجدە قىلىڭلار (يەنى تەزەررۇ بىلەن ناماز ئوقۇڭلار)، (يالغۇز) پەرۋەردىگارىڭلارغا ئىبادەت قىلىڭلار، ياخشى ئىشلارنى (يەنى خىش - ئەقرىبالارغا سىلەر - رەھىم قىلىش، يېتىم - يېسىرلەرنىڭ بېشىنى سىلاش، كېچىسى تەھەججۇد نامىزى ئۆتەش قاتارلىق ئىشلارنى) قىلىڭلار [سۈرە ھەج 77]. دەپ رۇكۇ قىلىشقا بۇيرىغانلىقى ئۈچۈن نامازدا رۇكۇ قىلىش پەرىزدۇر. رۇكۇ، قوللىرىنى ئۇزارتسا تىزلىرىغا يېتىدىغان دەرىجىدە دۈمبىنى يەنى ئادەمنىڭ ئۈست تەرەپىنى ئېگىش بىلەن ۋۇجۇدقا چىقىدۇ. كامىل رۇكۇ، باش ھەتتا ساغرى بىلەن تەپتەكشى بولغانغا قەدەر، دۈمبىنى ئېگىش بىلەن بولىدۇ. خۇددى رۇكۇ قىلغاندەك ئېگىلىپ تۇرىدىغان دۈمچەك ئادەم ئۆزىنىڭ ئۆرە تۇرغان ھالىتىدىن رۇكۇ قىلغان ھالىتىگە يۆتكەلگەنلىكىنى ئىپادىلەش ئۈچۈن رۇكۇنى بېشىنى ئېگىش بىلەن قىلىدۇ.

11. سەجدە قىلىش. سەجدە قىلىش ئىككى قول، ئىككى تىز ۋە ئىككى پۇت بىلەن بىللە پىشانىنى ۋە بۇرۇننى يەرگە قويۇش بىلەن ئادا بولىدىغان بىر پەرزدۇر.

12.ئەڭ ئاخىرقى ئولتۇرۇشتا ئولتۇرۇش. نامازدا ئەڭ ئاخىرقى ئولتۇرۇشتا تەشەھھۇدنى يەنى ئەتتەھىيياتۇنى ئوقۇپ بولغىچىلىك مىقداردا ئولتۇرۇش پەرزدۇر.

مانا بۇلار نامازنىڭ ئاساسلىق پەرزلىرىدۇر. بۇ پەرزلەرگە يەنە نامازدا ئۆرە تۇرۇشنى رۇكۇ قىلىشتىن ۋە رۇكۇ قىلىشنى سەجدە قىلىشتىن ئىلگىرى قىلغانغا ئوخشاش ئىلگىرى قىلىنىدىغان ھەر بىر ئىشنى، ئۇ ئىشنىڭ كەينىدىن كېلىدىغان ئىشتىن ئىلگىرى قىلىش پەرزى قېتىلىدۇ.

## 202-سوئال: نامازنىڭ ۋاقىتلىرى

1- بامدات نامىزىنىڭ ۋاقتى- كېچە قاراڭغۇسىدىن پاشلاپ چىقىدىغان نۇردىن ئىبارەت بولغان ھەقىقىي تاڭ شەرقتىن تۇغقاندىن باشلاپ كۈن چىققۇچىلىكتۇر. كىمكى كۈن چىقىشتىن بۇرۇن بامدات نامىزىدىن بىرەر رەكئەتنى ئوقۇۋالغان بولسا بامدات نامىزىنى ۋاقتىدا ئادا قىلغان بولىدۇ.

ناماز ۋاقتىدا ئۇخلاپ قېلىپ، نامازنىڭ ۋاقتى ئۆتۈپ كېتىپ بولغاندىن كېيىن ئويغانغان كىشى قەستەن ئۇخلىماسلىق ۋە ئورنىدىن تۇرۇشتىن ئىرىنىپ ھورۇنلۇق قىلماسلىق شەرتى بىلەن نامىزىنى قاچان ئويغانسا شۇ ۋاقىتتا ئوقۇيدۇ. چۈنكى ئۇ نامازنىڭ ۋاقتى ئويغانغان ۋاقىتتۇر. كىمكى ھورۇنلۇق قىلىپ نامىزىنى قازا قىلسا ئۈچۈقتىن ئۈچۈق چوڭ زىيان تارتقان بولىدۇ.

2- پېشىنىنىڭ ۋاقتى، قۇياش ئاسماننىڭ ئوتتۇرىسىدىن ئېگىلگەندىن باشلاپ ئەسىرنىڭ ۋاقتى كىرگۈچىلىكتۇر. (تەخمىنەن ئەتتىگەن سائەت 12 دىن باشلاپ كىرىدۇ. لېكىن بۇ سائەت ياز ۋە قىش مەۋسۇملىرىنىڭ ئۆزگىرىشىگە ئەگىشىپ ئۆزگەرگىنىدەك، بىر دۆلەت بىلەن باشقا بىر دۆلەت ئارىسىدىمۇ پەرقلىق بولىدۇ).

3- ئەسىرنىڭ ۋاقتى، ھەر نەرسىنىڭ سايىسى ئىككى ھەسسە ئۇزارغاندا كىرىدۇ. يەنى سىز قولىڭىزغا بىر قەلەم ئېلىپ سايىسىغا قارىغىنىڭىزدا ئۇنىڭ سايىسىنىڭ قەلەمدىن ئىككى ھەسسە ئۇزۇن ئىكەنلىكىنى كۆرگىنىڭىزدە ئەسىرنىڭ ۋاقتى كىرىدۇ ۋە بۇ ۋاقىتتا ناماز ئەسىرنى ئوقۇش پەرز بولۇپ، ناماز ئەسىرنىڭ ۋاقتىنى كۈن قىزىلغىچىلىك كېچىكتۈرۈشكە بولمايدۇ. قۇرئان كەرىمدە ناماز ئەسىر ئالاھىدە تىلغا ئېلىنغان بولۇپ، ئۇلۇغ ئاللاھ مۇنداق دېگەن: «(بەش ۋاقىت) نامازنى بولۇپمۇ ناماز دىگەرنى داۋاملاشتۇرۇڭلار (يەنى پۈتۈن شەرتلىرى بىلەن ۋاقتىدا تولۇق ئادا قىلىڭلار)، ئاللاھنىڭ ھۇزۇرىدا (يەنى نامازدا) ئىتائەتمەنلىك بىلەن تۇرۇڭلار» (بەقەر سۈرىسى 238 - ئايەت) پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: ئەسىر نامىزىنى تەرك

ئەتكەن ئادەمنىڭ (بۇرۇنقى) ئەمەلى بىكار بولۇپ كېتىدۇ دېگەنىدى، دېدى. (بۇخارى: 553)

4. ناماز شامنىڭ ۋاقتى، قۇياش پاتقاندىن تارتىپ، كۈن كىرىپ كەتكەندىن كېيىنكى قاراڭغۇلۇق چۈشكىچىلىك ئارىلىقتا ئەتراپتا قەپ قالىدىغان كۈن قىزىلى يوقالمىغۇچىلىك بولۇپ، ئۇنىڭ ۋاقتى بەك قىسقىدۇر. شۇ تۈپەيلىدىن ئۇنى ئوقۇشقا قانچىلىك ئالدىرىساق شۇنچە ياخشى بولىدۇ.

5. خۇپتەننىڭ ۋاقتى، كۈن قىزىللىقى يوق بولغاندىن تارتىپ تاڭ ئاتقۇچىلىكتۇر. كىمكى تاڭ ئېتىشتىن بۇرۇن خۇپتەننىڭ بىر رەكئىتىنى ئوقۇۋالسا خۇپتەننى ۋاقتىدا ئوقۇغان بولىدۇ. لېكىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام خۇپتەندىن بۇرۇن ئۇخلاشنى ۋە خۇپتەندىن كېيىن (دۇنيالىق) سۆزى قىلىشنى يامان كۆرەتتى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئىلىم ئۆگىنىش ۋە مېھمان ئۇزۇتۇش ئۈچۈن خۇپتەندىن كېيىن كېچىلىك پاراڭ قىلىشقا رۇخسەت قىلىغان.

خۇپتەننى كېچىنىڭ ئۈچتەن بىرىگىچە كېچىكتۈرۈش پەزىلەتلىك بولۇپ، كېچىكتۈرگىنىدە نامازنىڭ ۋاقتىنى قاچۇرۇپ قويۇشتىن ياكى جامائەتنى قولدىن بېرىپ قويۇشتىن قورقسا ئۇنى ۋاقتىنىڭ كىرىشى بىلەن تەڭ ئوقۇغان ياخشى. مانا ئىسلام دىنى بەش ۋاقىت نامازنىڭ ۋاقىتلىرىنى يۇقىرىقىدەك بەلگىلىمە ۋە ئۆلچەملەر بىلەن توختاتقان بولۇپ، ئۇنى ئۆزگەرتىش ياكى مەۋسۇملەرنىڭ ئۆزگىرىشىگە قاراپ خالىغانچە ئۆزگەرتىش مۇمكىن ئەمەس.

## 203-سۇئال: ناماز ئوقۇش مەكرۇھ بولىدىغان ۋاقىتلار

1) كۈن چىقىپ تاكى ئاقىرىپ ھارارىتى تازا كۆچلەنگەنگە قەدەر بولغان ئارىلىقتا، كۈن تىك چۈش بولۇپ تاكى غەرب تەرەپكە ئېگىلگەنگە قەدەر بولغان ئارىلىقتا ۋە كۈن كىرىپ كېتىش ئۈچۈن ساغىرىپ كېيىن قىزىرىپ ئۆزگىرىشكە باشلىغاندىن تارتىپ تاكى كىرىپ كەتكەنگە قەدەر بولغان ئارىلىقتا ناماز ئوقۇش مەكرۇھتۇر. كۈن كىرىپ كېتىۋاتقان چاغدا، شۇ كۈننىڭ ئەسىر نامىزىنى ئوقۇشقا بولىدۇ، ئۇنىڭدىن باشقا ھېچبىر پەرز نامازنى مۇشۇ ئۈچ ۋاقىتتا ئوقۇش توغرا ئەمەس.

2) بامدات نامىزىنى ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن تاكى كۈن چىققانغا قەدەر ۋە ئەسىر نامىزىنى ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن تاكى كۈن كىرىپ كېتىش ئۈچۈن سارغايغانغا قەدەر بولغان ئارىلىقتا نەپلە ناماز ئوقۇش ھارامغا يېقىن مەكرۇھتۇر.

3) يەنە تاڭ سۈزۈلگەندىن كېيىن بامدات نامىزىنىڭ ئىككى رەكەت سۈننىتىدىن باشقا نەپلە ناماز ئوقۇش مەكرۇھتۇر. ئەگەر بىر ئادەم تېخى تاڭ سۈزۈلمىدى، دەپ گۇمان قىلىپ ئىككى رەكەت ناماز ئوقۇغان ۋە كېيىن ئۇنىڭ ئۇ نامازنى تاڭ

سۈرۈلگەندىن كېيىن ئوقۇغانلىقى ئاشكارا بولغان بولسا، ئۇ ئىككى رەكەت ناماز بامداتنىڭ ئىككى رىكەت سۈننىتىگە ھېساپ بولىدۇ. چۈنكى سۈننەت ناماز، ناماز ئوقۇشقا قىلىنغان ھەرقانداق بىر نىيەت بىلەن ئادا بولىدۇ.

4) ئەگەر بىر ئادەم بامدات نامىزىنى ئوقۇۋاتقاندا كۈن چىقىپ قالغان بولسا، ئۇ ئادەم نامازنى باشلاشتا كامىل ۋاقىتتا باشلاپ ئاخىردا كامىل ئەمەس ۋاقىتقا كىرىپ قالغانلىقى ئۈچۈن ئۇنىڭ نامىزى بۇزۇلۇپ كېتىدۇ.

5) ئەسىر نامىزىنى ئوقۇۋاتقاندا كۈن كىرىپ كەتكەن بولسا، بۇ ھالەتتە ئۇنىڭ نامىزى بۇزۇلۇپ كەتمەيدۇ. چۈنكى ئۇ ئادەم ئەسىر نامىزىنى ئەسلى باشلىغان ۋاقىتتا، ئۇنىڭ ئەمەسلىكتىن كامىل ئەمەس ۋاقىتدا يەنى كۈن سارغايغان ۋاقىتدا باشلىغان ئىدى. كۈن كىرىپ شامنىڭ ۋاقتى كىرىش بىلەن بۇ ۋاقىت كامىل ئەمەسلىكتىن كامىللىققا چىقىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنىڭ ئەسىر نامىزى بۇزۇلۇپ كەتمەيدۇ.

## 204-سۇئال: نامازدا قىبلىگە يۈزلىنىشنىڭ سىرى

1) ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈننىتىنى بەرپا قىلىش ۋە قەلبلەردە ئۇنىڭ يادىنى داۋام قىلىش.

2) ناماز ئوقۇغان كىشى يۈزىنى كەبە تەرەپكە قارىتىش بىلەن ئۇنىڭ پۈتۈن ئەزالىرى كەبە تەرەپكە يۈزلىنىپ تۇرىدۇ. نەتىجىدە قەلب ئاللاھ تائالادىن ئەيمەنگەن ھالدا تۇرۇپ نامازنىڭ ئاللاھ دەرگاھىدا قوبۇل بولۇشى ئۈچۈن ئۆز رولىنى كۆرسىتىدۇ.

3) نامازدا قىبلىگە يۈز كەلتۈرۈش، ئىنسانىنىڭ قەلبىنى ئارام تاپتۇرىدۇ ۋە پۈتۈن مۇسۇلمانلارنىڭ ئۆز ئارا قېرىنداش ئىكەنلىكىنى ھىس قىلدۇرىدۇ.

4) قىبلىگە قاراش ئارقىلىق قەلبنى، ئەقىلنى ۋە پۈتۈن ئەزالارنى ئاللاھقا قۇلچىلىق ئادا قىلىشتىن ئىبارەت بىر مەقسەتكە قارىتىش بىلەن ئىبادەتنىڭ جەۋھىرى بولغان ئىخلاسنى ھاسىل قىلغىلى بولىدۇ.

5) قىبلىگە يۈزلىنىش مۇسۇلمانلارنى گەرچە ئۇلار مۇساپە جەھەتتىن بىر-بىرىدىن يىراقتا بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ قەلبلىرى بىر ئاللاھقا ئىبادەت قىلىشتىن ئىبارەت ئورتاق مەقسەتتە بىر ئىكەنلىكىنى نامايەن قىلىدۇ.

## 205-سۇئال: سەجدە قىلغاندا بىلۈبلىشقا تىگىشلىك مەسىلەر

1)ئەگەر بىر ئادەم سەجدىنى بۇرنىنى يەرگەن تەككۈزمەي پېشانىسى بىلەنلا قىلسا، ئۇنىڭ قىلغان سەجدىسى توغرا بولىدۇ ، لېكىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام داۋاملىق قىلىپ كەلگەن ئىشقا قارشى بىر ئىش قىلغانلىقى ئۈچۈن ئۇنداق قىلىش مەكرۇھ بولىدۇ.

2) بىرەر ئۆزرى بولمىسا، سەجدىنى پەقەت بۇرنى بىلەنلا قىلىش توغرا ئەمەس.

ئەگەر پېشانىسىنى يەرگە تەككۈزمەسلىكتە بىرەر ئۆزرىسى بولسا، سەجدىنى پەقەت بۇرنى بىلەنلا قىلسىمۇ بولىدۇ.

3) سەجدە قىلغانداھ پۇتلىرىنىڭ بارماقلىرىنى قىبلە تەرەپكە قارىتىش سۈننەت.

4)ئەگەر قىستا - قىستاڭچىلىق سەۋەبى بىلەن بىر ئادەم ئۆزى بىلەن ئوخشاش نامازنى ئوقۇۋاتقان يەنە بىر ئادەمنىڭ ئۈستىگە سەجدە قىلىشقا توغرا كېلىپ قېلىپ ئۇنىڭ ئۈستىگە سەجدە قىلغان بولسا، ئۇنىڭ قىلغان سەجدىسى توغرا بولىدۇ. ئەمما ئۇ ئىككىسى باشقا - باشقا ناماز ئوقۇيدىغان ئادەم بولسا، باشقا بىر ئادەمنىڭ ئۈستىگە سەجدە قىلغان ئادەمنىڭ سەجدىسى توغرا بولمايدۇ. بىر ئادەمنىڭ باشقا بىرسىنىڭ ئۈستىگە سەجدە قىلىشى پەقەت قىستا قىستاڭچىلىق ئەھۋالدىلا توغرا بولىدۇ. ئەمما باشقا ھالەتلەردە بىر ئادەمنىڭ يەنە بىر ئادەمنىڭ ئۈستىگە سەجدە قىلىشى توغرا بولمايدۇ.

5) قىلغان سەجدىنىڭ توغرا بولۇشى ئۈچۈن سەجدە قىلماقچى بولغان يەرنىڭ پۇت تۇرغان يەردىن يېرىم گەزدىن كۆپرەك ئېگىز بولماسلىقى شەرتتۇر.

6) ئەگەر بىر ئادەم يۇڭ ياكى پاختىدىن توقۇلغان بىر نەرسىنىڭ ئۈستىگە سەجدە قىلغان، پېشانىسى ئۇ نەرسىنىڭ ئىچىگە پېتىپ كەتمەي قويغان يەردە تۇرغان ۋە زېمىننىڭ قاتتىقلىقىنى ھېس قىلغان بولسا، ئۇنىڭ ئۇ نەرسىنىڭ ئۈستىگە قىلغان سەجدىسى توغرا بولىدۇ.

## 206-سۇئال: نامازنىڭ ۋاجىپلىرىنىڭ ھۆكمى

ۋاجىپ بولسا، دەرىجىسى پەرزدىن تۆۋەن ۋە سۈننەتتىن يۇقىرى تۇرىدىغان بىر ھۆكۈمدۇر. ۋاجىپنى قىلماسلىق بىلەن ناماز بۇزۇلۇپ كەتمەيدۇ. ئەمما نامازنىڭ ۋاجىپلىرىنىڭ بىرەرسىنى قەستەن قىلماسلىق بىلەن نامازنى قايتا ئوقۇش لازىم بولىدۇ. ئەگەر بىر ئادەم نامازنىڭ ۋاجىپلىرىنىڭ بىرەرسىنى سەۋە نىلىك بىلەن قىلماي قېلىپ ئۇنىڭ ئۈچۈن سەھۋە سەجدىسىنى قىلمىغان بولسا، ئۇنىڭغا ئۇ نامازنى قايتا ئوقۇش لازىم بولىدۇ. ئۇ نامازنىڭ ۋاقتى، مەيلى چىقىپ كەتمىگەن بولسۇن مەيلى چىقىپ كەتكەن بولسۇن ئۇنىڭ ئۇ نامازنى قايتا ئوقۇشى لازىم. ئەگەر ئۇ ئادەم نامازنى قايتا ئوقۇمىغان ۋە نامازنىڭ ۋاجىپلىرىنى ئادا قىلماسلىقتا داۋاملاشقان بولسا، ئۇ پاسىق ھېساپلىنىدۇ ۋە گۇناھكار بولىدۇ.

## 207-سۇئال: نامازنىڭ ۋاجىپلىرى

نامازنىڭ ۋاجىپلىرى ئون سەككىز بولۇپ ئۇلار تۆۋە ندىكىلەردۇر.

1. سۈرە فاتىھەنى ئوقۇش. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: سۈرە فاتىھەنى ئوقۇمىغان كىشىنىڭ نامىزى ناماز ھېسابلانمايدۇ. (بۇخارى:

(756

2. پەرز نامازدا ئوقۇلىدىغان ئايەتلەرنى ئۇنىڭ دەسلەپكى ئىككى رەكەتىدە ئوقۇش.

3. سۈرە فاتىھەگە بىر سۈرە قوشۇش. پەرز نامازلارنىڭ دەسلەپكى ئىككى رەكەتىدە، ۋىتىر ۋە نەپلە نامازلارنىڭ ھەممە رەكەتىدە سۈرە فاتىھەدىن كېيىن بىر سۈرە ياكى بىر سۈرىگە باراۋەر كەلگىدەك ئايەت ئوقۇش ۋاجىپتۇر.

4. سۈرە فاتىھەنى ئۇنىڭ كەينىدىن ئوقۇلىدىغان سۈرە ياكى ئايەتلەردىن ئىلگىرى ئوقۇش.

5. سۈرە فاتىھەنى تەكرارلىماسلىق.

6. ئىككى سەجدىنىڭ ئارىلىقىدىكى تەرتىپكە رىئايە قىلىش.

7. سەجدىنى پېشانىسىنى، بۇرنىنى، قوللىرىنى ۋە تىزلىرىنى يەرگە تەككۈزۈپ تۇرۇپ قىلىش.

8. رۇكۇدىن باشنى كۆتۈرگەندە بەلنى رۇسلاپ بىر ئاز تۇرۇش ۋە ئىككى سەجدىنىڭ ئارىلىقىدىمۇ ئازراق ئولتۇرۇش.

9. رۇكۇدا، سەجدىدە، رۇكۇدىن باش كۆتۈرگەندە ۋە ئىككى سەجدىنىڭ ئارىلىقىدا بىر قېتىم سۇبھانە رەببىيەل ئەزىم دېگۈچىلىك مىقداردا تۇرۇش.

10. بىرىنچى ئولتۇرۇشىدا ئەتتەھەييياتۇنى ئوقۇپ بولغىچىلىك مىقدارئولتۇرۇش.

11. ھەر ئولتۇرۇشتا ئەتتەھەييياتۇنى ئوقۇش.

12. ئەتتەھەييياتۇنى ئوقۇپ بولۇپلا ئۈچىنچى رەكەتكە قوپۇش. ئەگەر بىر ئادەم ئەتتەھەييياتۇنى ئوقۇپ بولۇپ ئۈچ قېتىم سۇبھانئاللا دېگۈچىلىك مىقدار ياكى ئاللاھۇممە سەللى ئەلا مۇھەممەدىن ۋە ئەلا ئالى مۇھەممەدىن دېگەنگە قەدەر ئۈچىنچى رەكەتگە قوپماي ئولتۇرغان بولسا، ئۇنىڭغا ئۈچىنچى رەكەتكە قوپۇش پەرزىنى كېچىكتۈرۈپ سالغانلىقى ئۈچۈن سەھۋە سەجدىسىنى قىلىش لازىم بولىدۇ.

13. ۋىتىر ۋاجىپىنىڭ ئۈچىنچى رەكتىدە رۇكۇغا بېرىشتىن ئىلگىرى دۇئايى قۇنۇتنى ئوقۇش.

14. ئىككى ھېيت نامازلىرىنىڭ تەكبىرلىرىنى ئېيتىش.

15. ئايەتلەرنى ئۈنلۈك ئوقۇش. قازاسىنى ئوقۇغان بولسىمۇ بامدات نامىزىدا، شام نامىزىنىڭ ۋە خۇپتەن جۇمە نامىزىدا، ئىككى ھېيت نامازلىرىدا، تەراۋىھ نامازلىرىدا ۋە رامىزان ئېيىدا ئوقۇلغان ۋىتىر نامىزىدا ئىمامنىڭ ئايەتلەرنى ئۈنلۈك ئوقۇشى ۋاجىپتۇر. نامازنى يالغۇز ئوقۇغان ئادەم بۇ نامازلاردا ئايەتلەرنى ئۈنلۈك ئوقۇسىمۇ ياكى ئىچىدە ئوقۇسىمۇ بولىدۇ.

16. ئايەتلەرنى ئىچىدە ئوقۇش.

17. نامازنىڭ ھەر بىر پەرىزلىرىنى ۋە ۋاجىپلىرىنى ئۆز ئورنىدا ئادا قىلىش.
18. سالامنى ئوڭ تەرەپ ۋە سول تەرەپ بولۇپ ئىككى قېتىم ئېيتىش.

## 208-سوئال: نامازنىڭ سۈننەتلىرى

سۈننەت بولسا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام داۋاملىق قىلغان، لېكىن قىلمىغان ئادەم ئېيىپلانمايدىغان، ئۇنى قىلغان ئادەمگە ساۋاپ بېرىلىدىغان ۋە ئۆزرىسىز قىلمىغان ئادەم گۇناھكار بولىدىغان بىر ھۆكۈمدۇر. نامازنىڭ سۈننەتلىرى تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەتتۇر.

1. قۇلاق قېقىپ نامازغا كىرىش ئۈچۈن ئاللاھۇ ئەكبەر! دېيىشتىن ئاززاق ئىلگىرى ئالقانلىرىنى قىبلە تەرەپكە قاراتقان، بارماقلىرىنى بەكمۇ ئېچىۋالمىغان ۋە بەكمۇ يىغىۋالمىغان ھالەتتە تۇتۇپ، ئەر كىشى قوللىرىنى قۇلاقلىرىنىڭ ئۇدۇلىغىچە، ئايال كىشى قوللىرىنى دۈلىسىنىڭ ئۇدۇلىغىچە كۆتۈرۈش.

2. ئىمام ئاللاھۇ ئەكبەر! دېگەن تەكبىرنى، سەمىئەللاھۇ لىمەن ھەمىدەنى ۋە ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم نى ئىقتىدا قىلغانلارغا ئاڭلىغۇدەك قىلىپ ئۈنلۈك ئېيتىش، لېكىن بۇلارنى ھاجەتتىن يەنى ھەددىدىن ئارتۇق ئۈنلۈك ئېيتىش مەكرۇھتۇر.

3. ئىمامغا ئىقتىدا قىلىپ ناماز ئوقۇغان ئادەمنىڭ نامازغا كىرىش ئۈچۈن ئېيتىلىدىغان تەكبىرنى ئىمام بىلەن تەڭ ئېيتىشى.

4. ئوڭ قولىنىڭ چوڭ ۋە كىچىك بارمىقى بىلەن سول قولىنىڭ بىغىشىنى تۇتقان ۋە ئوڭ قولىنىڭ قالغان بارماقلىرىنى سول قولىنىڭ بىلىكىنىڭ ئۈستىگە قويغان ھالەتتە ئوڭ قولىنى سول قولىنىڭ ئۈستىدە قويۇپ كىندىكىنىڭ ئاستىدا تۇتۇش. ئەمما ئايال كىشى ئوڭ قولىنىڭ بارماقلىرى بىلەن سول قولىنىڭ بىغىشىنى تۇتماستىن ئوڭ قولىنىڭ ئالقىنىنى سول قولىنىڭ دىمبىسىگە قويغان ھالەتتە قوللىرىنى كۆكسىنىڭ ئاستىدا ۋە كۆكرىكىنىڭ ئۈستىدە تۇتىدۇ. چۈنكى ئايال كىشىنىڭ قوللىرىنى شۇنداق تۇتىشى ئۇنىڭ بەك ئېچىلىپ قالماسلىقىغا يەنى پىنھان ھالەتتە تۇرۇشقا سەۋەپ بولىدۇ.

5. ئاللاھۇ ئەكبەر دەپ قۇلاق قېقىپ نامازغا كىرىپ بولغاندىن كېيىن «سۇبھانەكەللاھۇممە ۋە بىھەمدىكە، ۋە تەبارەكەسمۇكە ۋە تەئالا جەددۇكە ۋە لائىلاھە غەيرۇكە». دۇئاسىنى ئوقۇش.

6. ئۇ دۇئانى ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن «ئەئۇزۇبىللاھى مىنەششەيتانىررەجىيم» دېيىش.

7. « ئەئۇزۇبىللاھى مىنەششەيتانىررەجىيم» نى دەپ بولغاندىن كېيىن بىسمىللاھنى دېيىش. بىسمىلاھنى ھەر بىر رەكەتتە دېيىش سۈننەتتۇر. ئەمما سۈرە

فاتىھەدىن كېيىن ئوقۇماقچى بولغان سۈرىنىڭ بېشىدا بىسمىلاھنى دېيىش مۇستەھەپتۇر.

8. ئىمامنىڭ ۋە ئىمامغا ئىقتىدا قىلغان ئادەمنىڭ سۈرە فاتىھەدىن كېيىن ئامىننى مەخپىي دېيىشى.

9. نامازغا كىچىكىپ كەلگەنلەرنىڭ بىرىنچى رەكەتكە يېتىشىۋېلىشى ئۈچۈن ئىمامنىڭ بامدات نامىزىنىڭ بىرىنچى رەكىتىنى ئۇزۇن قىلىپ ئوقۇشى. چۈنكى بامدات نامىزىنىڭ ۋاقتى ئۇيقۇ ۋاقتىدۇر.

10. رۇكۇغا بېرىش ئۈچۈن ئاللاھۇ ئەكبەر دەپ تەكبىر ئېيتىش.

11. رۇكۇ قىلغاندا قوللىرى بىلەن تىزىنى قاماللاپ تۇتۇش، قوللىرىنىڭ بارماقلىرىنى ئېچىپىراق تۇتۇش، پاچاقلىرىنى تىكلەپ تۇرۇش، گەۋدىسىنى رۇس تۇتۇش ۋە بېشىنى بەكمۇ كۆتىرۋالماستىن ياكى بەكمۇ ساڭگىلتىۋالماستىن بېشى بىلەن ساغرىسىنى تەكشى قىلىپ تۇرۇش.

12. رۇكۇدا ئۈچ قېتىم «سۇبھانە رەببىيەل ئەزەيىم» نى ۋە سەجدىدە ئۈچ قېتىم «سۇبھانە رەببىيەل ئەلا» نى دىيىش.

13. ئىمامنىڭ ۋە يالغۇز ناماز ئوقۇغان ئادەمنىڭ رۇكۇدىن باشلىرىنى كۆتۈرگەن ۋاقتىدا « سەمىئەللاھۇ لىمەن ھەمىدە (الله تائالا ئۆزىگە ھەمدى ئېيتقان كىشىنى ئاڭلايدۇ)، دەپ بولۇپ ، كىيىن، رەببەنا لەكەلھەمدۇ (ئى رەببىمىز! بارلىق ھەمدۇسانا ساڭا خاستۇر) ھەمدەن كەسىرەن ، تەييىبەن، مۇبارەكەن فيھى دىيىشى.

14. سەجدە قىلىش ۋە سەجدىدىن بىشنى كۆتۈرۈش ئۈچۈن ئاللاھۇ ئەكبەر دەپ تەكبىر ئىيتىش ۋە سەجدىدە ئۈچ قىتىم « سۇبھانە رەببىيەل ئەئلا (ئۇلۇغ رەببىم بارلىق ئەيىبتىن پاكتۇر)» نى دىيىشى.

15. سەجدە قىلىش ئۈچۈن يەرگە دەسلەپتە ئىككى تىزنى، ئاندىن قوللىرىنى، ئاندىن ئالقانلىرى ئارىسىغا يۈزنى قويۇش.

16. ئەركىشى سەجدە قىلغاندا قورسىقىنى يۇتىسىدىن، ئىككى تەرەپتىكى ئادەملەرنى قىستىمىغان ھالدا ئىككى جەينىكىنى ئىككى بىقىنىدىن ۋە بىلىكىنى يەردىن يىراق تۇتىدۇ.

17. سەجدە ئارىلىقىدا پۇتلارنىڭ بارماقلىرىنى قىبلە تەرەپكە قارىتىش. بۇ، پۇتلارنىڭ تاپىنىنىڭ ئۈچى تەرىپىنى يەرگە قويۇش بىلەن بولىدۇ.

18.ئىككى سەجدىنىڭ ئارىلىقىدا ئولتۇرغاندا، قوللارنى خۇددى ئەتتەھەييياتۇنى ئوقۇۋاتقاندا قويغاندەك يۇتىنىڭ ئۇستىدە قويۇش قوللارنى يوتىنىڭ ئۇستىدە قويغاندا ، قوللارنى ئۇنىڭ بارماقلىرىنىڭ ئۈچى تىزىغا يىقىن كېلىدىغان بىر يەردە قويۇش.

19. ئىككى سەجدىنىڭ ئارىلىقىدا ئولتۇرغاندا، گۇناھلارنىڭ كەچۈرۈم بولۇشىنى تىلەيدىغان دۇئانى ئوقۇش. « ئاللاھۇممەغپىرلىي ۋەرھەمنىي ۋەھدىينىي ۋەجۇبرىينىي ۋەئاپىينىي ۋەرزۇقنىي ۋەرپەئنىي »

20. ئىككىنچى سەجدىنى قىلىپ بولغاندىن كېيىن پۇتلىرىنىڭ ئۇچچى بىلەن ئىككىنچى رەكەتكە قوپۇش. ئۆزرى بولمىسىلا قوپۇشتا يەرگە قوللىرى بىلەن تايانماستىن تىزلىرىغا تايىنىپلا قوپىدۇ.

21. تەشەھھۇددا ئولتۇرغاندا يەنى ئەتتەھەييياتۇنى ئوقۇش ئۈچۈن ئولتۇرغاندا ئوڭ پۇتىنىڭ بارماقلىرىنى قىبلە تەرەپكە قاراتقان ھالەتتە تىكلەيدۇ ۋە سول پۇتىنىڭ ئۈستىدە ئولتۇرىدۇ. ئەمما ئاپال كىشى ئوڭ پۇتىسىنى سول پۇتىسىغا يۆلەپ ۋە پوتلىرىنى ئوڭ تەرەپتىكى ساغرىسىنىڭ ئاستىدىن چىقىرىپ ساغرىلىرىنى يەرگە قويۇپ ئولتۇرىدۇ. چۈنكى بۇنداق ئولتۇرۇش ئۇنىڭ بەك ئېچىلىپ قالماسلىقى ئۈچۈندۇر.

22. ئەتتەھەيياتۇنى ئوقۇپ «ئەشھەدۇ ئەننەلا» دېگەن يەرگە كەلگەندە، كۆرسەتكۈچ بارمىقى بىلەن ئىشارەت قىلىش. ئىشارەت بۇ شەكىلدە بولىدۇ. دەسلەپ بارماقلىرىنى ھالقا شەكىلدە قىلىدۇ. ئاندىن ئەتتەھەيياتۇنىڭ ئەشھەدۇ ئەننە لا دېگەن يېرىگە كەلگەن ۋاقتىدا كۆرسەتكۈچ بارمىقىنى كۆتىرىدۇ ۋە «ئىللەللاھ» دېگەن يېرىگە كەلگەندە بارمىقىنى يۇتىسىنىڭ ئۈستىگە تەكرار قويىدۇ. بارماقلار تەشەھھۇدنىڭ بېشىدىن تارتىپ تاكى ئايىغىغا قەدەر ئەمەس پەقەت ئىشارەت قىلماقچى بولغاندىلا ھالقا قىلىنىدۇ. بارماقلارنى ھالقا شەكىلدە قىلىش ئوتتۇرا بارماق، نامىسىز بارماق ۋە چىمچالىق بارماق قاتارلىق بارماقلارنىڭ ئۇچلىرىنى بىر يەرگە يىغىش ۋە چوڭ بارمىقىنىڭ ئۇچىنى ئوتتۇرا بارمىقىنىڭ ئوتتۇردىكى بۇغۇمىغا قويۇش بىلەن بولىدۇ. كۆرسەتكۈچ بارمىقىدىن باشقا بارماق بىلەن ئىشارەت قىلىنمايدۇ. ھەتتا ئۇ بارماق كېسىۋېتىلگەن ياكى كېسەل بولغان بولسا، ئۇنىڭ ئورنىدا ئوڭ ياكى سول قولىنىڭ بارماقلىرى بىلەن ئىشارەت قىلىنمايدۇ. شۇنىڭدەك يەنە ئوڭ قولدىكى كۆرسەتكۈچ بارماققا قوشۇپ سول قولدىكى كۆرسەتكۈچ بارماق بىلەننمۇ ئىشارەت قىلىنمايدۇ.

23. پەرز نامازلارنىڭ ئۈچىنچى ۋە تۆتىنچى رەكئىتىدە سۈرە فاتىھەنى ئوقۇش. پەرز نامازلارنىڭ ئۈچۈنچى ۋە تۆتىنچى رەكئىتىدە سۈرە فاتىھەگە باشقا ئايەت قوشۇلمايدۇ. ئەگەر ئۇنىڭغا سۈرە ياكى ئايەت قوشۇپ ئوقۇلسا مەكرۇھ بولىدۇ. لېكىن سەھۋە سەجدىسىنى قىلىش ۋاجىپ بولمايدۇ. چۈنكى بۇ رەكەتلەردە سۈرە فاتىھەنى ئوقۇماي باشقا سۈرىلەرنى ئوقۇشقىمۇ بولىدۇ، لېكىن سۈرە فاتىھەنى ئوقۇش سۈننەتتۇر.

24. ئاخىرقى ئولتۇرۇشتا ئەتتەھەيياتۇدىن كېيىن دۇرۇتلارنى ئوقۇش.

ئەتتەھەييياتۇ لىللاھى ۋەسسەلە ۋاتۇ ۋەتتەييىبات ئەسسەلامۇ ئەلەيكە ئەييۇھەننەبىييۇ ۋەرەھمەتۇللاھى ۋەبەرە كاتۇھۇ* ئەسسالامۇ ئەلەينا ۋەئەلا ئىبادىللاھىسسالىھىين ئەشھەدۇئەن لا ئىلاھە ئىللەللاھۇ ۋەئەشھەددۇ ئەننە مۇھەممەدەن ئەبدۇھۇ ۋەرەسۇلۇھۇ*

ئاللاھۇممە سەللى ئەلا مۇھەممەدىن ۋەئەلا ئالى مۇھەممەدىن كەما سەللەيتە ئەلا ئىبراھىيمە ۋەئەلا ئالى ئىبراھىيمە ئىننەكە ھەمىيدۇن مەجىد* ئاللاھۇممە بارىك ئەلا مۇھەممەدىن ۋەئەلا ئالى مۇھەممەدىن كەما بارەكتە ئەلا ئىبراھىيمە ۋەئەلا ئالى ئىبراھىيمە ئىننەكە ھەمىيدۇن مەجىد*

25. بۇ دۇرۇتلارنىڭ كەينىدىن رەببەنا دۇئاسىنى ئوقۇش.

رەببەنا ئاتىنا پىددۇنيا ھەسەنەتەن ۋەپىل ئاخىيرەتى ھەسەنەتەن ۋەقىنا ئەزابەننار*

26. يۈزىنى بىرىنچى سالامدا ئوڭ تەرەپكە ، ئىككىنچى سالامدا سول تەرەپكە قارىتىش. ئوڭ تەرەپكە سالام بەرگەندە ئوڭ تەرەپتىكى پەرىشتىلەرگە ۋە بىللە ناماز ئوقۇغان مۆئمىنلەرگە سالام بېرىشنى نىيەت قىلىدۇ. سول تەرەپكە سالام بەرگەندىمۇ شۇنداق قىلىدۇ.

## 209-سۇئال:نامازدىكى ئەدەپلەر

ئەدەب بولسا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام داۋاملىق ئەمەس بەزى بىر ۋاقىتلىرىدا قىلغان ئىشلاردۇر. سۈننەتكە ئوخشاش بۇنى قىلمىغان ئادەممۇ گۇناھكار بولمايدۇ ۋە تەنقىدلەنمەيدۇ، لېكىن، قىلىش ياخشىدۇر.

1. نامازدىكى ئادەم كەبىنى كۆرۈپ تۇرغان ھالەتتە ناماز ئوقۇۋاتقان بولسىمۇ نامازدا كۆزىنى سەجدە قىلىدىغان يەرگە قارىتىپ تۇرۇش.

2. كۆپ قىلىپ نامازنىڭ بۇزۇلۇپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن ئامال بار گال قىرماسلىق.

3. كېكىرمەسلىك. چۈنكى كېكىرىش نامازنىڭ تېشىدىمۇ مەكرۇھ بولغاچقا، نامازدا تۇرۇپ كېكىرىش ئەلۋەتتە مەكرۇھتۇر.

4. نامازدا ئەسنەك كەلگەندە، ئامال بار ئېغىزنى يۇمۇۋېلىش.

## 210-سۇئال: پەرز نامازلاردىن كېيىن ئوقۇش سۈننەت بولغان دۇئالار

پېشىن، شام ۋە خۇپتەن نامازلىرىدا پەرزلىرىنى ئوقۇپ بولۇپ ئولتۇرمايلا سۈننەتنى ئوقۇش ئۈچۈن قوپۇش كېرەك. لېكىن پەرز بىلەن ئوقۇلماقچى بولغان سۈننەتنىڭ ئارىلىقىدا «ئاللاھۇممە ئەنتەس سالام ۋە مىنكەس سالام تابارەكتە يازەل جەلالى ۋەل ئىكرام» ۋە «ئەستەغپىرۇللا ھەل ئەزىيم » ئۈچ قېتىم دېگۈچىلىك مىقداردا ئولتۇرۇش مۇستەھەبتۇر. پەرز نامازدىن ئوقۇش سۈننەت بولغان

خاسىيەتلىك زىكىر دۇئالار كۆپتۇر. بۇنىڭ دەلىلى ئۈچۈن تۆۋەندىكى ھەدىسلەرنى كۆرۈڭ.

پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: پەرز نامازدىن كېيىن ئايەتۇلكۇرسىنى ئوقۇغان ئادەم يەنە بىر نامازغىچە اللەنىڭ ھىمايىسىدە بولىدۇ. (ئەلكەبىر2733:)

پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەر پەرز نامازدىن كېيىن 33 قېتىم "سۇبھانەللاھ" ، 33 قېتىم "ئەلھەمدۇلىللاھ" ، 34 قېتىم "ئاللاھۇ ئەكبەر " دېگەن كىشى جەننەتتىن مەھرۇم قالمايدۇ. (مۇسلىم: 596)

يەنە بىر رىۋايەتتە: ھەر نامازدىن كېيىن 33 قېتىم "سۇبھانەللاھ" ، 33 قېتىم "ئەلھەمدۇلىللاھ" ، 33 قېتىم "ئاللاھۇ ئەكبەر " دېسە، ئاندىن بۇ 99 نى

لا إله إلّا اللّهُ وحْدهُ لا شريك لهُ لهُ الْمُلْكُ ولهُ الْحمْدُ وهُو على كلّ شيْءٍ قديرٌ*

(يېگانە اللەتىن باشقا ھېچ بىر ئىلاھ يوقتۇر، پادىشاھلىق اللەقا مەنسۇپتۇر، جىمى ھەمدۇ سانا اللەقا خاستۇر، الله ھەر نەرسىگە قادىردۇر) " دېگەن كەلىمە بىلەن 100 قىلسا، دېڭىزنىڭ كۆپۈكىدەك كۆپ گۇناھى بولسىمۇ، ھەممىسى مەغپىرەت قىلىنىدۇ دېيىلگەن. (مۇسلىم: 597)

## 211-سۇئال: نامازنى بۇزىدىغان ئامىللار

1. گەپ قىلىش.
2. بىرەر ھەرىكەتنىڭ كۆپ تەكرارلىنىشى.
3. يەپ ئىچىش.
4. نامازنىڭ پەرزلىرىدىن بىرنى قىلماسلىق. نامازنىڭ پەرزلىرىدىن رۇكۇ ۋە سەجدىگە ئوخشاش بىرەر پەرزنى قىلماسلىق بىلەن ناماز بۇزۇلۇپ كېتىدۇ.
5. تاھارەتسىزلىك. نامازنىڭ بارلىق پەرزلىرى ئادا قىلىنىپ بولۇشتىن ئىلگىرى تاھارەتنى قەستەن سۇندۇرۇۋېتىش نامازنى بۇزىدۇ. ئەمما قەستەن ئەمەس سەھۋەنلىك بىلەن تاھارىتى سۇنۇپ كەتكەن بولسا، ناماز بۇزۇلۇپ كەتمەيدۇ.
6. نامازدا يېپىشقا تېگىشلىك بولغان يەرلەرنى نامازدا تۇرۇپ ئېچىش.
7. ئىسلامدىن يېنىۋېلىش.
8. نىجىس نەرسىنىڭ يۇقۇپ قېلىشى.
9. قىبلىدىن يۈز ئۆرۈش. ناماز ئوقۇۋاتقان ئادەم كۆكرىكىنى ئۇزرىسىز قىبلە تەرەپتىن باشقا تەرەپكە بۇرىغان بولسا ، ئۇنىڭ نامزى بۇزۇلۇپ كېتىدۇ.

10. نامازنىڭ ۋاقتىنىڭ چىقىپ كېتىشى. مەسىلەن: بامدات نامىزىدا كۈن چىقىپ قالغانغا ، ئىككى ھېيت نامىزىدا كۈن ئىگىلىپ كەتكەنگە ۋە جۈمە نامىزىدا ئەسىر نامىزىنىڭ كىرىپ قالغىنىغا ئوخشاش ناماز ئوقۇپ تۇرغاندا ئۇ ناماز ۋاقتىنىڭ چىقىپ كېتىشى بىلەن ناماز بۇزۇلۇپ كېتىدۇ.

11.نامازدا تۇرۇپ باشقىسىغا بويسۇنۇش.

12. نىيەتنى ئۆزگەرتىش بىلەن تەكبىر ئېيتىش. ئوقۇۋاتقان نامازدىن باشقا نامازغا ئالمىشىش نىيىتى بىلەن ئالماشماقچى بولغان نامازغا قۇلاق قېقىپ كىرىش ئۈچۈن تەكبىر ئېيتىش، ئىلگىركى نامازنى بۇزىۋاتىدۇ.

13.ئايەتلەرنى خاتا ئوقۇپ قىلىش.

## 212-سۇئال: نامازنى جامائەت بىلەن ئوقۇشنىڭ ھۆكمى

ئىسلام دىنى بىرلىك ۋە باراۋەرلىك دىنى بولۇپ، ئاللاھ تائالانى بىر دەپ تونۇشقا، سۆزى بىردەك بولۇشقا ۋە ئاللاھنىڭ مۇستەھكەم ئارغامچىسى (ئاللاھنىڭ دىنى) غا مەھكەم يېپىشىشقا چاقىرىدۇ. شۇڭا ئىسلام دىنى بىر - بىرلىرى بىلەن تونۇشۇپ دوسلۇق ئورنىتىشنى، بىر - بىرىگە نەسىھەت قىلىشنى، بىر - بىرى بىلەن مۇناسىۋەت باغلاشنى، بىر - بىرىگە توغرىنى ۋە چىدامىلىق بولۇشنى تەۋسىيە قىلىشى ئۈچۈن مۇسۇلمانلارنى مەسجىدلەردە ناماز ئوقۇش ئۈچۈن يىغىلىشقا چاقىرىدۇ.

ئەرلەرنىڭ نامازنى جامائەت بىلەن ئوقۇشى ۋاجىپتۇر، دېگەن قاراش ئەڭ توغرا قاراشتۇر ۋە بىرەر ئۆزرىسى يوق تۇرۇپ نامازنى جامائەت بىلەن ئوقۇمىغان ئادەمنىڭ گۇۋاھلىقى قوبۇل قىلىنمايدۇ.

## 213-سۇئال: نامازنى جامائەت بىلەن ئوقۇشنىڭ پەزىلىتى

ئىسلام دىنىنىڭ جامائەت بىلەن ئوقۇغان نامازنى يالغۇز ئوقۇغان نامازدىن 27 ھەسسە پەزىلەتلىك قىلىشى بولسا، جامائەت بىلەن ناماز ئوقۇشقا تەرغىب قىلىش ۋە ئۇنىڭغا بېرىلگەن ئەھمىيەتنى كۆرستىدۇ. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: شۈبھىسىزكى، جامائەت بىلەن ئوقۇلغان نامازنىڭ ساۋابى، يالغۇز ئوقۇلغان نامازنىڭ ساۋابىدىن يىگىرمە بەش ھەسسە ئارتۇق. (تىرمىزى: 216، بۇخارى: 646 )

پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: جامائەت بىلەن ئوقۇغان ناماز يالغۇز ئوقۇغان نامازدىن يىگىرمە يەتتە دەرىجە ئەۋزەل. (مۇسلىم: 650)

## 214-سۇئال: مەسجىدتە نامازغا ساقلاشنىڭ پەزىلىتى

يەنە بىر رىۋايەتتە پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: نامازنى ساقلاپ تۇرغان كىشىگە نامازدا تۇرغاندەك ساۋاب بولىدۇ، دېگەن. (بۇخارى: 659)

مۇسلىمنىڭ رىۋايىتىدە مۇنداق كەلگەن: ئۇ كىشى مەسجىدنىڭ ئىچىدە باشقىلارغا ئەزىيەت بەرمىسە ۋە تاھارىتى سۇنۇپ كەتمىسلا، پەرىشتىلەر: ”ئى اللە! ئۇنىڭغا رەھمەت قىلغىن، ئۇنى كەچۈرگىن، تەۋبىسىنى قوبۇل قىلغىن! “ دەپ دۇئا قىلىپ تۇرىدۇ. (مۇسلىم: 649)

مۇۋەتتادا پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ يەنە مۇنداق دېگەنلىكى قوشۇپ رىۋايەت قىلىنغان: ئەگەر ئۇ ناماز ئوقۇغان يېرىدىن تۇرۇپ كېتىپ، مەسجىدنىڭ ئىچىدە يەنە بىر نامازنىڭ كېلىشىنى كۈتۈپ ئولتۇرسا، شۇ نامازنىڭ ۋاقتى كىرىپ ئۇنى ئوقىغىچە بولغان ئارىلىقتا ئۆتكەن ۋاقتىغا نامازنىڭ ئىچىدە تۇرغاندەك ساۋاب بېرىلىدۇ. (مالىك: 385)

## 215-سۇئال: خۇپتەن ۋە بامدات نامىزىنى جامائەت بىلەن ئوقۇغاننىڭ پەزىلىتى

ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئۇ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان: كىمكى خۇپتەننى جامائەت بىلەن ئوقۇسا، كېچىنىڭ يېرىمىنى ناماز بىلەن ئۆتكۈزگەندەك ساۋاب ئالىدۇ. كىمكى بامداتنى جامائەت بىلەن ئادا قىلسا، كېچىچە ئۇخلىماي ناماز ئوقۇغاندەك ساۋاب ئالىدۇ. (مۇسلىم: 656، ئەبۇ داۋۇد: 555)

## 216-سۇئال: بىرىنچى تەكبىرگە ئۈلگۈرۈشنىڭ پەزىلىتى

ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: كىمكى اللە تائالا ئۈچۈن بىرىنچى تەكبىرگە ئۈلگۈرۈپ جامائەت بىلەن 40 كۈن ناماز ئوقۇسا، ئۇ بەندىنىڭ ئىككى نەرسىدىن قۇتۇلۇپ قېلىشى پۈتۈلىدۇ. بىرىنچىسى، دوزاختىن؛ ئىككىنچىسى، مۇناپىقلىقتىن. (تىرمىزى: 241)

## 217-سۇئال: مەسجىدكە يىراق جايدىن كىلىشنىڭ پەزىلىتى

پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مەسجىدكە ئەڭ يىراقتىن كەلگەن كىشىنىڭ ئەجرى ئەڭ كاتتا بولىدۇ. (ئەبۇ داۋۇد: 556)

## 218-سۇئال: قاراڭغۇدا مەسجىدكە بىرىشنىڭ پەزىلىتى

پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: قاراڭغۇدىمۇ مەسجىدلەرگە بارىدىغانلارغا قىيامەت كۈنى تولۇق نۇر بېرىلىدىغانلىقى بىلەن بېشارەت بېرىڭلار. (تىرمىزى: 223)

## 219-سۇئال: نامازنى ئۆيدە ئوقۇشقا رۇخسەت قىلىنمىغانلار

رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قېشىغا بىر ئەما كېلىپ: ئى اللەنىڭ

ئەلچىسى! مېنى مەسجىدكە يېتىلەپ ئاپىرىپ قويىدىغان ئادەم يوق، شۇڭا نامازنى ئۆيدە ئوقۇغان بولسام، دەپ رۇخسەت سورىغان ئىدى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنىڭغا رۇخسەت قىلدى. ئۇ رۇخسەت ئېلىپ بولۇپ قايتىپ كېتىۋاتقاندا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنى چاقىرىپ: نامازغا چىققان ئەزان ساڭا ئاڭلىنامدۇ؟ دەپ سورىۋىدى، ئۇ: ھەئە، دېدى. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: ئۇنداقتا، ئەزانغا ئاۋاز قوشقىن (يەنى نامازغا كەلگىن)! دېدى. (مۇسلىم: 653)

## 220-سۇئال: جامائەتكە كەلمەسلىككە ئۆزرى بولالايدىغان سەۋەبلەر

تۆۋەندىكى ئىشلارنىڭ بىرى تېپىلغاندا جامائەتكە كەلمىسىمۇ بولىدۇ.

1. قاتتىق يامغۇر ياغقان ياكى قاتتىق سوغۇق بولغان ياكى قاتتىق قاراڭغۇ بولغان كېچىدە، ياكى شامال چىققان چاغدىياكى يوللار بەك پاتقاق، لايلىق بولسىمۇ ناماز ئۆيدە ئوقۇلىدۇ. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم سوغۇق كېچىدە ياكى يامغۇرلۇق كۈنلەردە سەپەرگە چىقسا، مۇئەززىنىنى: دىققەت، ھەممىڭلار نامازنى چۈشكەن يېرىڭلاردا (يەنى چېدىرىڭلاردا) ئوقۇڭلار!، دەپ جاكارلاشقا بۇيرۇيتتى. (مۇسلىم: 697)

2. بىر ئادەم ئەگەر جامائەتكە چىقسا، زالىملەردىن ئۆزىگە ياكى مال مۈلكىگە بىرەر زىيانلىق كېلىشىدىن ئەندىشە قىلسا، ئۇ ئادەم جامائەتكە چىقمىسىمۇ بولىدۇ شۇنىڭدەك يەنە جامائەت بىلەن ناماز ئوقۇغاندا مال- مۈلكىنىڭ يوقاپ كېتىشىدىن ياكى يولۇچى بولسا ھەمراھلىرىنىڭ كېتىپ قېلىشىدىن ئەندىشە قىلسا، نامازنى جامائەت بىلەن ئوقۇمىسىمۇ بولىدۇ.

3. ئولتۇرۇپ قالغانغا ياكى پۇتلىرى كېسۋېتىلگەنگە ئوخشاش مەسجىدگە مېڭىپ كېلەلمەيدىغان كېسەل ئادەملەرمۇ جامائەتكە كەلمىسە بولىدۇ.

4. كۆڭۈل يېيىشكە تارتىپ تۇرۇدىغان تاماق ھازىر بولۇپ قالغاندا ياكى ئۇ ھالەت بىلەن جامائەتكە كەلسە، تەرىتى قىستاپ قالىدىغان ئىش بولغان، ياكى بىر گۇرۇپ كىشىلەر بىلەن دەرس مۇزاكىرە قىلىۋاتقان بولسا، جامائەتكە كەلمىسىمۇ بولىدۇ.

## 221-سۇئال: مەسجىدكە كىرىشنىڭ ئەدەپلىرى

1. كەمتەرلىك بىلەن ئاللاھ تائالانىڭ ئۆيىگە كىرىش.
2. مەسجىد كە كىرگەندىن كىيىن ئولتۇرماستىن ئىككى رەكەت ناماز ئوقۇش.
3. ساۋاپنىڭ كۆپرەك بولۇشى ئۈچۈن مەسجىد كە سالماق قەدەم بىلەن بېرىش.
4. جامائەت بىلەن ناماز باشلانغۇچىلىك قىبلىگە قاراپ ئەدەپ بىلەن ئولتۇرۇپ ئاللاھ تائالانىڭ زىكرى بىلەن مەشغۇل بولۇش. ئۆزرىسىز ھالدا پۇتلىرىنى ھەر تەرەپكە

سۇنۇپ ئولتۇرۇشتىن ، مەسجىدنىڭ قىبلە تېمىغا يۆلىنىپ ياكى تامغا يېقىن يەردە قىبلىگە كەينىنى، جامائەتكە ئالدىنى قىلىپ ئولتۇرۇشتىن، ئاللاھنىڭ زىكرىدىن غەيرى سۆزلەرنى يەنى دۇنيا سۆزىنى قىلىشتىن ساقلىنىش لازىم. ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ جامائەتنىڭ بامدات نامىزىنىڭ ئەزان بىلەن تەكبىرى ئارىلىقىدا مەسجىدنىڭ قىبلە تېمىغا يۆلىنىپ ئولتۇرغانلىقىنى كۆرۈپ: ”پەرىشتىلەرنىڭ نامىزىنىڭ ئالدىدا تۇرۇۋالماڭلار! “ دېدى. ( ئەلكەبىر8943 )

5. ھەر قانداق چوڭ كىچىك گۇناھلار ئۈچۈن تەۋبىنى يېڭىلاش.

6. نامازدا تۇرغاندا سەپنى تۈزەش، بوش ئورۇنلارنى تولدۇرۇش.

7. نامازغا چىرايلىق كىيىنىپ بېرىش.

## 222- سۇئال: نامازنىڭ تۈرلىرى

ناماز ئۈچ تۈرگە بۆلىنىدۇ:

1. پەرز نامازلار- بۇ، ھەر بىر ئادەمنىڭ ئۆزىگە پەرز قىلىنغان ناماز بولۇپ ھەر بىر ئادەم ئۆزى ئوقۇمىسا بولمايدىغان نامازلاردۇر. بۇلار بەش ۋاخ ناماز ۋە جۈمە نامازلىرىدىن ئىبارەتتۇر. جامائەت ئۈستىگە پەرز قىلىنغان نامازلار بولسا، ئاۋام خەلق ئىچىدىن بىر تۈركۈم ئادەم ئادا قىلسا قالغانلاردىن ئۇنى ئادا قىلىش مەسئۇلىيىتى كۆتۈرۈلۈپ كېتىدىغان، ئەگەر ئۇ بىر تۈركۈم كىشىلەرمۇ ئۇنى ئادا قىلمىسا، پۈتۈن ئاۋام خەلق گۇناھكار بولىدىغان پەرز نامازدۇر. ئۇ بولسا، جىنازە نامىزىدۇر.

2. ۋاجىپ نامازلار- بۇ، ۋىتىر نامىزىغا ۋە باشلاپ بولغاندىن كېيىن، تولۇق ئوقۇپ بولماي بۇزۇۋاتقان نەپلە نامازنىڭ قازاسىنى قىلىشقا ئوخشاش، ئۇنى ئادا قىلىشنى بۇيرۇپ كەلگەن بۇيرۇق پەرز نامازلارنى ئادا قىلىشقا، بۇيرۇقتىن ئاجىزراق ۋە سۈننەت نامازلارنى ئادا قىلىشقا بۇيرۇپ كەلگەن، بۇيرۇقتىن كۈچلۈكرەك بولغان نامازلاردۇر.

3. سۈننەت نامازلار- بۇ، سۈننەت ناماز ۋە تەكىتلەنگەن سۈننەت ناماز دەپ ئىككىگە ئايرىلىدۇ.

## 223- سۇئال: بەش ۋاقىت نامازنىڭ بۇيرۇلۇش سەۋەبى

بىر كېچە كۈندۈزدە بەش ۋاقىت ناماز بولۇپ، جانابى ئاللاھ بۇ نامازلارنى مۇسۇلمانلارنىڭ كۆڭۈللىرىنى يىغىشى ۋە ئۇنىڭ بىلەن دىللىرىنى پاكلىشى، ھەممىدىن ئۇلۇغ ۋە كاتتا ئاللاھ بىلەن كۈچلۈك ئالاقە باغلىشى ۋە داۋاملىق ئاللاھنى ياد قىلىپ تۇرىشى ئۈچۈن پەرز قىلغان. بۇ ئالاقىنىڭ لەززىتىنى مۆئمىنلەردىن باشقىسى بىلەلمىگىنىدەك، ئىمان ۋە ئىبادەتنىڭ ھالاۋىتىنىمۇ مۇتتەقىيلەردىن باشقىسى تېتىيالمايدۇ. بۇ نامازلارنى لايىقىدا ئادا قىلغان كىشىلەرنى ئاللاھنىڭ

جەننەتكە كىرگۈزىدىغانلىقىغا ۋەدىسى بولۇپ، بۇ نامازلارنى ئوقۇمىغانلارغا ۋەدىسى يوقتۇر. بۇ خىل كىشىلەرنى خالىسا ئازابقا دۇچار قىلىدۇ. خالىسا ئەپۇ قىلىدۇ. چۈنكى بۇ نامازلار ئادا قىلىش جەھەتتە بەش ۋاقىت بولسىمۇ، ئەجرى ۋە ساۋابقا كەلگەندە بىرگە ئون ھېسابىغا ئاساسەن ئەللىك ۋاقىت نامازنىڭ ساۋابى بېرىلىدۇ.

## 224- سۇئال: بەش ۋاقىت نامازنىڭ پەرزى ۋە ئۇنىڭ ھۆكمى

بەش ۋاقىت نامازنىڭ ئىچىدە پەرز ۋە سۈننەت نامازلار بولۇپ، پەرزلەر بولسا، ئۇنىڭ رەكئەت سانى بامداتتا ئىككى، ناماز شامدا ئۈچ، پېشىن، ناماز دىگەر ۋە ناماز خۇپتەندە تۆت رەكئەتتىن بولۇپ، بىر كېچە - كۈندۈزدە جەمئىي ئون يەتتە رەكئەتتۇر. ئادا قىلغان ئىنسانلار ساۋابقا ئېرىشىدىغان، ئوقۇمىغانلار جازالىنىدىغان نامازلار مانا مۇشۇ پەرز نامازلار بولۇپ، قۇرئان كەرىمدە پەرز قىلىنغانلىقىغا دائىر ئۈچۈق دەلىل (يەنى ئايەت) بولغان نامازلار پەرز نامازلاردۇر.

## 225- سۇئال: بەش ۋاقىت نامازنىڭ سۈننىتى ۋە ئۇنىڭ ھۆكمى

سۈننەت نامازلار بولسا، بۇلارنىڭ ئومۇمى ئون ئىككى رەكئەت بولۇپ، پېشىندە ئالتە رەكئەت، بامدات ، ناماز شام ۋە خۇپتەندە ئىككى رەكئەت سۈننەت نامىزى باردۇر. بۇ نامازلارنى ئوقۇغانلار ساۋابقا ئېرىشىدۇ، ئاللاھقا يېقىنلىشىدۇ، لېكىن ئوقۇمىغانلار، (قىيامەتتە) ئازاپقا دۇچار بولمايدۇ. شۇنداقتىمۇ رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام بىز ئۈچۈن ئەڭ ياخشى ئۈلگە بولغانلىقتىن سۈننەتلەرنىمۇ ئوقۇشىمىز، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىزىدىن مېڭىشىمىز كېرەك. چۈنكى، جانابى ئاللاھ بىزنى شۇنداق قىلىشقا بۇيرۇپ مۇنداق دەيدۇ: « پەيغەمبەر سىلەرگە بەرگەننى ئېلىڭلار، پەيغەمبەر چەكلىگەن نەرسىدىن چەكلىنىڭلار، الله تىن قورقۇڭلار، ھەقىقەتەن اللەنىڭ ئازابى قاتتىقتۇر»، (ھەشر سۈرىسى 7 - ئايەت)

## 226- سۇئال: بامداتنىڭ سۈننىتىنىڭ پەزىلتى ۋە قانداق ئوقۇلىدىغانلىقى

پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بامداتنىڭ ئىككى رەكئەت سۈننىتى دۇنيا ۋە دۇنيادىكى بارلىق نەرسىلەردىن ياخشىدۇر. (مۇسلىم: 725)

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بامدات نامىزىنىڭ ئەزان - تەكبىرىنىڭ ئارىلىقىدا بامداتنىڭ ئىككى رەكئەت سۈننىتىنى يەڭگىل ئوقۇيتتى. (بۇخارى: 619)

پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بامداتنىڭ ئىككى رەكئەت سۈننىتىنى (ۋاقتىدا) ئوقۇيالمىغانلار كۈن چىققاندىن كېيىن ئوقۇسۇن!. (تىرمىزى: 423)

بامداتنىڭ ئىككى رەكەت سۈننىتى رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام ھەتتا سەپەردىمۇ داۋاملىق ئوقۇغان ۋە تەكىتلىگەن بىر سۈننەتتۇر.

نامازنىڭ شەرتلىرىنى ھازىرلاپ بولغاندىن كېيىن، تاھارەت بىلەن پاكىز يەرگە بارىمىز. ئەگەر يەرنىڭ پاكىز بولماسلىق ئېھتىمالى بولسا، جايناماز ئىشلىتىمىز. جاينامازنىڭ يۆنىلىشىنى قىبلىگە قارىتىپ سېلىپ، ئۇنىڭ ئۈستىگە كېلىپ، قىبلىگە يۈزلەنگەن ھالدا تۈپتۈز ئۆرە تۇرۇپ ئىچىمىزدە ئاللاھ رازىلىقى ئۈچۈن دەپ « بامدات » نامىزىنىڭ ئىككى رەكئەت سۈننىتىنى ئوقۇشقا نىيەت قىلدىم دەپ نىيەت قىلىمىز ۋە ئاللاھ ئەكبەر دەپ تەكبىر ئېيتىپ ئىككى قولىمىزنى ئىككى قۇلاقنىڭ باراۋىرىدە كۆتۈرىمىز. ئالقانلارنى قىبلىگە قارىتىمىز. ( ئاياللار تەكبىردە ئىككى قولىنى ئىككى مۈرىسىگىچە كۆتۈرىدۇ. ئالقانلىرىنى ئەرلەرگە ئوخشاش قىبلىگە قارىتىدۇ ). تەكبىر ئېيتىپ بولغاندىن قوللىرىمىزنى چۈشۈرۈپ كىندىكىمىزنىڭ ئاستىغا قويۇپ قول باغلاپ تۇرىمىز، يەنى ئوڭ قولىمىزنىڭ ئالقىنىنى سول قولىمىزنىڭ ئالقىنىنىڭ دۈمبىسى ئۈستىگە ئېلىپ، ئوڭ قولىمىزنىڭ باش ۋە چىمىلتاق بارماقلىرى بىلەن سول قولىمىزنىڭ بېغىشىنى تۇتىمىز. ( ئاياللار قىيامدا تۇرغاندا، قوللىرىنى كۆكرەكلىرىنىڭ ئۈستىگە قويۇپ تۇرىدۇ. ئوڭ قولىنى سول قولىنىڭ ئۈستىگە قويىدۇ. كۆزلىرىنى سەجدىگاھقا قارىتىپ، پۇتلىرىنى ھەم جۈپلەشتۈرىدۇ، تىزلىرى تىك تۇرىدۇ ). ئەر ۋە ئايال ھەرقانداق كىشى قىيامدا تۇرغاندا كۆزلەر سەجدىگاھقا قاراپ تۇرىدۇ، ئوڭ سولغا ياكى يوقىرى تۆۋەنگە قاراشقا بولمايدۇ. شۇنداقلا كۆزلەرنى يۇمۇۋېلىشقىمۇ بولمايدۇ. ئىككى پۇتنىڭ ئارىلىقى تۆت بارماق سىغقۇدەك كەڭلىكتە ئوچۇق قالدۇرىلىدۇ. تىزلارنى ئەگمەستىن تىك تۇتىمىز، باش گەۋدە ئوڭ سولغا تەۋرەنمەستىن ساڭگىلاپ تۇرىدۇ. ئاندىن سانا ئوقۇيمىز، ئەۇزۇ، بىسمىللاھ كەلىمىرىنى دەپ بولغاندىن كېيىن سۈرە پاتىھەنى ئىچىڭىزدە ئوقۇپ ئۇنىڭغا بىر سۈرە قوشۇپ ئوقۇيسىز. ئاندىن رۇكۇغا ئېگىلىسىز، رۇكۇدا ئۈچ قېتىم سۇبھانە رەببىيەل ئەزىيىم دەيسىز، رۇكۇدىن تۇرغاندا سەمىئاللاھۇ لىمەن ھەمىدە رەببەنا لەكەلھەدۇ ھەمدەن كەسرەن تەييىبەن مۇبارەكەن پىيھى دەپ ئاندىن سەجدىگە بارىسىز، سەجدىدە ئۈچ قېتىم سۇبھانە رەببىيەل ئەلا دەيسىز. ئىككى سەجدە ئارلىقىدا ئاللاھۇممەغپىرلى ۋەرھەمنى ۋەئاپىينى ۋەھدىنى ۋەرزۇقنى دىگەن تەسبىھنى ئەيتىسىز ھەم ئەيتىپ بولغىدەك مىقداردا ئولتۇرىسىز. ئاندىن ئىككىنچى رەكەتكە تۇرىسىز. ئىككىنچى رىكەتكە تۇرغاندا سانا ئوقۇمايسىز. بىسمىللاھ كەلىمىسىنى دەپ ، پاتىھەگە ئۆتۈسىز. قالغان تەرتىپلىرى بىرىنچى رىكەتكە ئوخشاشتۇر. ئىككىنچى رەكەتنىڭ سەجدىسىدىن كيىن ئولتۇرۇپ ئەتتەھىيياتۇ، ئاللاھۇممە سەللى، بارىك، رەببەنا قاتارلىق دۇئا دۇرۇتلارنى ئوقۇپ بولۇپ ئاندىن ئوڭ،

سول تەرەپلەرگە سالام بېرىپ نامازدىن چىقىسىز.

## 227- سوئال: بامداتنىڭ پەرزى

ئىككى رەكئەت سۈننەت نامازنى ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن، ئىككى رەكئەت پەرزنى ئوقۇيسىز. بامدات نامىزىنىڭ پەرزىنىڭ ئوقۇلىشىمۇ، خۇددى ئۇنىڭ سۈننىتىنىڭ ئوقۇلىشىغا ئوخشاشتۇر. پەقەت نىيەت پەرقلىق بولىدۇ. چۈنكى سۈننەتكە سۈننەت، پەرزگە پەرز دەپ نىيەت قىلىش كېرەك. يەنە بىر پەرقى شۇكى، بامدات نامىزىنىڭ پەرزنى ئوقۇش ئالدىدا ئەرلەر ئۈچۈن تەكبىر ئېيتىش سۈننەتتۇر. بۇ ئىككى رەكئەتتە قىرائەتنى ئۇزۇنراق ۋە ئۈنلۈك ئوقۇيسىز. شۈبھىسىزكى، سىز بۇ نامازدا ئىسلامنىڭ ئۇلۇغ بىر دىن ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىسىز، قاراڭغۇ بىر ۋاقىتتا قۇرئاننىڭ ھالاۋىتىنى تېتىيالايسىز. شۇنىڭ بىلەن سىز يېڭى كۈنىڭىزنى رەھمەت تىلىگەن، ھەمدۇ سانا ئېيتقان ۋە روھىڭىزنى نۇرلاندۇرۇپ داۋاملىق رەھمەت قىلغۇچى ئاللاھنىڭ بامدات ۋاقتىدىكى چاقىرىقى ئاستىدا مەۋجۇت بولغان ۋە ئېچىڭىزنى يورۇتقان ئىلاھي نۇلارنى قولغا كەلتۈرگەن ھالدا قارشى ئالىسىز.

بىرىنچى رەكئەتنىڭ ئىككىنچى سەجدىسىدىن كېيىن ئۆرە تۇرىسىز، ئاندىن " بىسمىللاھىر رەھمانىر رەھىيم* " دەيسىز ۋە ئارقىسىدىن سۈرە پاتىھە بىلەن بىرگە قۇرئاندىن ئىقتىدارىڭىزنىڭ يېتىشىچە ئوقۇيسىز، ئاندىن "ئاللاھۇ ئەكبەر "دەپ تەكبىر ئېيتقان ھالدا رۇكۇ قىلىسىز، سەجدە قىلىسىز ۋە بىرىنچى رەكئەتتە نېمە ئىش قىلغان بولسىڭىز ئۇز ئەينىسىنى قىلىسىز. ئىككىنچى سەجدە تۈگىگەندىن كېيىن ئولتۇرۇسىز. ئولتۇرغاندا سول پۇتىڭىزنى يەرگە قويۇپ ئۇنىڭ ئۈستىدە ئولتۇرىسىز. ئوڭ پۇتىڭىزنىڭ ئۇچىنى قىبلىگە قاراتقان ھالەتتە ئوڭ قولىڭىزنى ئوڭ تىزىڭىزنىڭ ئۈستىدە، سول قولىڭىزنى سول تىزىڭىزنىڭ ئۈستىدە قويۇپ ئىشارەت ۋە باش بارمىقىڭىزدىن باشقا بارماقلىرىڭىزنى بىر - بىرگە يېقىن تۇتقان ھالدا ئولتۇرغاندىن كېيىن ئەتتەھىياتۇنى ئوقۇيسىز، رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامغا دۇرۇت يوللايسىز. ئەتتەھىياتۇنى ئوقۇپ، ئۇنىڭدىن كېيىن خالىغىنىڭىزچە دۇئا قىلىپ بولغاندىن كېيىن، سالام بېرىش ئارقىلىق نامازدىن چىقىسىز. سالام بىرىشتە يۈزىڭىزنى ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم ۋە رەھمەتۇللا دىگەن ھالەتتە ئوڭ تەرەپكە قارىتىسىز، ئاندىن يەنە ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم ۋە رەھمەتۇللا دىگەن ھالەتتە يۈزىڭىزنى سول تەرەپكە قارىتىسىز.

شۇنىڭ بىلەن ناماز تۈگىگەن ۋە ئاخىرلاشقان بولىدۇ. سالام بىرىپ نامازدىن چىققاندىن كېيىن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن نەقىل قىلىنغان دۇئا تېكىستلىرى

بىلەن دۇئا قىلىش لازىم. مۇسۇلمانلارنىڭ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈننىتىگە ئەمەل قىلىش، رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىز باسارى بولۇش ئۈچۈن ئۇنىڭدىن نەقىل قىلىنغان دۇئا تېكىستلىرىنى يادقا ئېلىشى ۋە ئۇ دۇئالار بىلەن دۇئا قىلىشى سۈننەتتۇر.

## 228- سۇئال: بامداتنىڭ پەزىلىتى

پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىمكى بامدات نامىزىنى ئوقۇسا، ئۇ كىشى الله تائالانىڭ ھىمايىسىدە بولىدۇ، الله تائالا سىلەردىن ئۆز ھىمايىسىدىكى كىشى توغرۇلۇق ھېساب ئېلىپ قالمىسۇن. (تىرمىزى: 2164)

پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىمكى بامدات نامىزىنى جامائەت بىلەن ئوقۇپ، ئاندىن كېيىن كۈن چىققۇچە الله تائالاغا زىكرى ئېيتىپ، كۈن چىققاندىن كېيىن ئىككى رەكئەت زۇھا (چاشگاھ ۋاقتى) نامىزى ئوقۇسا، ئۇ كىشىگە ھەج ۋە ئۆمرە قىلغانىنىڭ ساۋابى تولۇق بېرىلىدۇ. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: ھەج ۋە ئۆمرىنىڭ ساۋابى تولۇق بېرىلىدۇ دېگەن كەلىمىنى ئۈچ قېتىم تەكرارلىغان. (تىرمىزى: 586)

## 229- سۇئال: پېشىن نامىزى

كۈندۈزنىڭ يېرىمىدىن كېيىن ئىنسانغا قىلىۋاتقان ئىشى تۈپەيلى ھارغىنلىق ۋە چارچاش پەيدا بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن كىشى روھىنى تىنچلاندۇرىدىغان بىر ئىشقا مۇھتاج بولۇپ، پېشىن نامىزى ئوقۇشقا تۇتۇش قىلىدۇ ۋە بەدىنىنىڭ ئاكتىپچانلىقىنى يېڭىدىن پەيدا قىلىش ئۈچۈن تاھارەت ئالىدۇ، ئاندىن قىبلىگە ئالدىنى قىلغان ھالدا پەرۋەردىگارى بىلەن خالىي قالىدۇ ۋە سۆيۈملۈك ياراتقۇچىسى بىلەن مەخپىي دەرتلىشىش بىلەن بولۇپ كېتىپ ئۆزىنىڭ ھارغىنلىقىنى ئۇنتۇپ كېتىدۇ، روھىي جەھەتتىن ئاكتىپچانلىقىنى قايتىدىن پەيدا قىلغاندىن كېيىن ناخوشلۇقتىن قۇتۇلغان ھالدا نامازنى تۈگىتىدۇ ۋە خىزمىتىگە بۇرۇنقىدىنمۇ بەكرەك كۈچلۈك ۋە چىن ئىرادە بىلەن قايتىدۇ.

پېشىن نامىزىدا پەرزدىن بۇرۇن ئوقۇلىدىغان تۆت رەكئەت سۈننەتنى ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن تۆت رەكئەت پەرزنى ئوقۇيسىز، ئاندىن سۈننىتى مۇئەككىدە بولغان ئىككى رەكئەت سۈننەتنى ئوقۇيسىز. مەيلى ئىمام بولۇڭ، مەيلى ئىقتىدا قىلغۇچى بولۇڭ ۋە مەيلى يالغۇز ناماز ئوقۇڭ پېشىن نامىزىنىڭ ھەممىسىدە قىرائەتنى ئىچىڭىزدە مەخپىي ئوقۇيسىز.

## 230- سۇئال: تۆت رەكئەتلىك نامازقانداق ئوقۇلىدۇ؟

بىز يۇقىرىدا ئىككى رەكئەت ئوقۇلىدىغان بامدات نامىزىنى تەپسىلى تونۇشتۇرۇپ

ئۆتتۇق. ئەگەر سىز ئۇنى ياخشى ئۆگەنگەن بولسىڭىز قالغان نامازلارنى ئۆگىنىشىڭىز ئوڭاي بولىدۇ. ئەگەر ناماز پېشىن، ناماز دىگەر ۋە خۇپتەنگە ئوخشاش تۆت رەكئەتتىن ئوقۇلىدىغان ناماز بولسا ئاۋۋالقى ئىككى رەكئەتنى ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن بىرىنچى تەشەھھۇدقا ئولتۇرىسىز، ئاندىن ئەتتەھىيياتۇنى ئوقۇيسىز، ئاندىن ئورنىڭىزدىن تۇرۇپ، ئوڭ قولىڭىزنى سول قولىڭىزنىڭ ئۈستىگە قويىسىز ۋە نامازنى داۋاملاشتۇرىسىز، شۇنىڭ بىلەن ئۈچىنچى ۋە تۆتىنچى رەكئەتنى ئوقۇيسىز، بۇ ئىككى رەكئەتتە سۈرە پاتىھەنىلا ئوقۇيسىز. تۆتىنچى رەكئەت تۈگىگەندىن كېيىن، تەشەھھۇدقا ئولتۇرۇپ ئەتتەھىيياتۇنى دۇرۇتلار بىلەن قوشۇپ ئوقۇغاندىن كېيىن خالىغان دۇئالىرىڭىزنى قىلىسىڭىز، ئاندىن نامىڭىزنى سالام بىلەن تۈگىتىسىز. پەرزنى تۈگىتىپ بولغاندىن كېيىن ئىككى رەكئەت سۈننەتنى ئوقۇيسىز شۇنىڭ بىلەن پېشىن نامىزى تۈگەيدۇ.

## 231-سۇئال: پېشىننىڭ سۈننىتىنىڭ پەزىلىتى

ئابدۇللاھ ئىبنى سائىب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم پېشىننىڭ پەرزىدىن بۇرۇن، كۈن ئېگىلگەندىن كېيىن تۆت رەكئەت ناماز ئوقۇيتتى ۋە بۇ ھەقتە: بۇ، (بەندىلەرنىڭ ئەمەلى ئاسمانغا ئۆرلىشى ئۈچۈن) ئاسماننىڭ دەرۋازىلىرى ئېچىلىدىغان بىر ۋاقىت، بۇ ۋاقىتتا مېنىڭمۇ بىر ياخشى ئەمەلىم ئاسمانغا ئۆرلىسىكەن دەيمەن، دەيتتى. (تىرمىزى: 478)

پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىمكى ئون ئىككى رەكئەت سۈننەتنى داۋاملىق ئوقۇسا، الله ئۇنىڭغا جەننەتتە بىر ئۆي بىنا قىلىدۇ. ئۇلار: پېشىندىن بۇرۇن تۆت رەكئەت، پېشىندىن كېيىن ئىككى رەكئەت، شامدىن كېيىن ئىككى رەكئەت، خۇپتەندىن كېيىن ئىككى رەكئەت ۋە بامداتتىن بۇرۇن ئىككى رەكئەتتۇر. (تىرمىزى: 414)

پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىمكى پېشىننىڭ پەرزىدىن بۇرۇن تۆت رەكئەت، پەرزىدىن كېيىن تۆت رەكئەت سۈننەت ئوقۇسا، الله ئۇنىڭغا دوزاخنى ھارام قىلىدۇ. (تىرمىزى: 427، 428)

پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: پېشىننىڭ پەرزىدىن بۇرۇن (ھەر ئىككى رەكئەتنىڭ ئارىلىقىدا سالام بەرمەستىن، ئۇلاپ) ئوقۇلغان تۆت رەكئەت ناماز ئۈچۈن ئاسماننىڭ دەرۋازىلىرى ئېچىلىدۇ. (ئەبۇ داۋۇد: 1270)

## 232- سۇئال: ناماز ئەسرىنىڭ ئوقۇلۇشى

نامازدىگەر تۆت رەكئەت بولۇپ، پېشىننى ئوقۇغاندەك ئوقۇيسىز. ئەۋۋەلقى رەكئەتتە

پاتىھە سۈرىسى بىلەن بىرگە بىر سۈرە ئوقۇغاندىن كېيىن ئەۋۋەلقى تەشەھھۇدقا ئولتۇرىسىز، ئاندىن ئاخىرقى ئىككى رەكئەتنى ئوقۇيسىز. بىراق بۇ ئىككى رەكئەتتە سۈرە پاتىھەنىلا ئوقۇيسىز، تۆتىنچى رەكئەتنى ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن ئاخىرقى تەشەھھۇدقا ئولتۇرىسىز، ئاندىن سالام بىلەن تۈگىتىسىز. نامازدىگەردىكى قىرائەت بولسا ھەممە رەكئەتتە مەخپىي ئوقۇلىدۇ ۋە نامازدىگەردىن كېيىن كۈن كىرىپ كەتكۈچىلىك ناماز ئوقۇش (قانداق ناماز بولىشىدىن قەتئىي نەزەر) مەكرۇھتۇر.

## 233-سۇئال: ناماز ئەسرىنىڭ سۈننىتىنىڭ پەزىلتى

ئەمما نامازدىگەرنىڭ سۈننەتلىرىگە كەلسەك، نامازدىگەرنىڭ داۋاملىق ئوقۇلىدىغان تەكىتلەنگەن بىر سۈننىتى يوق. بىراق پەرزدىن بۇرۇن ئوقۇلىدىغان تۆت رەكئەت سۈننەت بولۇپ، ھەدىستە بۇنى ئوقۇشنى تەكىتلەيدىغان رىۋايەتلەر بار. بۇ ناماز بەزىدە ئىككى رەكئەت ھالەتتە ئوقۇلىدۇ.

پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئەسرىنىڭ پەرزىدىن بۇرۇن تۆت رەكئەت ناماز ئوقۇغان كىشىگە الله رەھمەت قىلسۇن! (تىرمىزى: 430)

## 234- سۇئال: ناماز ئەسرىنىڭ پەزىلتى

پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئاراڭلاردا كېچىنىڭ پەرىشتىلىرى بىلەن كۈندۈزنىڭ پەرىشتىلىرى نۆۋەت بىلەن ئالمىشىپ تۇرىدۇ، ئۇلار بامدات نامىزى بىلەن ئەسىر نامىزى ۋاقتىدا جەم بولىدۇ. ئاندىن كېچىسى سىلەرنىڭ ئاراڭلاردا بولغان پەرىشتىلەر (ئەتىگەندە) ئاسمانغا ئۆرلەيدۇ. الله تائالا بەندىلىرىنىڭ ئەھۋالىنى پەرىشتىلەردىن ئوبدانراق بىلىپ تۇرۇپ ئۇلاردىن: ”مېنىڭ بەندىلىرىم قانداق ھالەتتە قالدى؟ “ دەپ سورايدۇ. ئۇلار جاۋاب بېرىپ: ”بىز يېتىپ بارغاندا، ئۇلار ناماز ئوقۇۋاتقان ئىكەن، بىز قايتقاندىمۇ ناماز ئوقۇپ قالدى “ دەيدۇ. (بۇخارى: 555)

ئەبۇ بەكرى ئىبنى ئۇمارە ئىبنى رۇئەيبە دادىسىدىن رىۋايەت قىلىدۇكى، ئۇ پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان: ھەر قانداق بىر كىشى كۈن چىقىشتىن بۇرۇنقى ۋە كۈن پېتىشتىن بۇرۇنقى نامازنى، يەنى بامدات ۋە ئەسىر نامىزىنى ئوقۇسا، ئۇ كىشى ھەرگىزمۇ دوزاخقا كىرمەيدۇ. بەسرەلىك بىر كىشى ئۇمارە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن: سەن بۇ گەپنى رەسۇلۇللاھ (سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم) دىن ئاڭلىدىڭمۇ؟ دەپ سورىغان ئىدى، ئۇ: ھەئە، مەن رەسۇلۇللاھتىن ئاڭلىدىم، دېدى. ئاندىن ئۇ كىشى: گۇۋاھلىق بېرىمەنكى، مەنمۇ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ھەققەتەن شۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان ئىدىم، دېدى. (مۇسلىم: 634)

## 235-سۇئال: ناماز شامنىڭ ئوقۇلۇشى

ناماز شامنىڭ پەرزى ئۈچ رەكئەت بولۇپ، ئەۋۋەلقى ئىككى رەكئەتتە قىرائەتنى جەھرەن (ئۈنلۈك) ئوقۇغاندىن كېيىن ئەۋۋەلقى تەشەھھۇدقا ئولتۇرىسىز. تەشەھھۇتتىن كېيىن ئورنىڭىزدىن تۇرۇپ ئۈچىنچى رەكئەتتە پەقەتلا سۈرە فاتىھەنى مەخپى ئوقۇغاندىن كېيىن رۇكۇغا بارىسىز، ئاندىن سەجدە قىلىسىز ۋە ئىككىنچى سەجدىدىن كېيىن ئاخىرقى تەشەھھۇدقا ئولتۇرىسىز. بۇ تەشەھھۇتتا بولسا باشقا نامازلاردىكىگە ئوخشاشلا ئەتتەھىيياتۇنى دۇرۇتلار بىلەن بىرلىكتە ئوقۇپ خالىغىنىڭىزچە دۇئا قىلغاندىن كېيىن سالام بىلەن نامازدىن چىقىسىز. پەرزنى تۈگىتىپ بولغاندىن كېيىن تەكىتلەنگەن سۈننەتلەردىن بىرى بولغان ئىككى رەكئەت سۈننەت نامىزى ئوقۇيسىز. شۇنىڭ بىلەن ناماز شام ئاخىرلاشقان بولىدۇ.

## 236- سۇئال: سۈننەت نامازلارنىڭ پەزىلىتى

پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىمكى ئون ئىككى رەكئەت سۈننەتنى داۋاملىق ئوقۇسا، الله ئۇنىڭغا جەننەتتە بىر ئۆي بىنا قىلىدۇ. ئۇلار: پېشىندىن بۇرۇن تۆت رەكئەت، پېشىندىن كېيىن ئىككى رەكئەت، شامدىن كېيىن ئىككى رەكئەت، خۇپتەندىن كېيىن ئىككى رەكئەت ۋە بامداتتىن بۇرۇن ئىككى رەكئەتتۇر. (تىرمىزى: 414)

## 237- سۇئال: خۇپتەن نامىزىنىڭ ئوقۇلۇشى

خۇپتەننىڭ پەرزى تۆت رەكئەت بولۇپ، ئەۋۋەلقى ئىككى رەكئەتتە قىرائەتنى جەھرەن ئوقۇغاندىن باشقا، تامامەن پېشىننىڭ پەرزىنى قانداق ئوقۇغان بولسىڭىز شۇنداق ئوقۇيسىز. پەرز تۈگىگەندىن كېيىن تەكىتلەنگەن سۈننەتلەردىن بىرى بولغان ئىككى رەكئەت سۈننەت نامىزى ئوقۇيسىز. ئەمما خۇپتەننىڭ پەرزىنى ئوقۇشتىن بۇرۇنقى سۈننەتكە كەلسەك، ئىككى ۋە ياكى تۆت رەكئەت نەپلى ناماز ئوقۇسىڭىز بولىدۇ. خۇپتەن نامىزىنى ۋىترى نامىزىنى ئوقۇش بىلەن ئاخىرلاشتۇرىسىز.

## 238-سۇئال: خۇپتەن نامىزىنىڭ پەزىلىتى

پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىمكى خۇپتەن نامىزىنى 40 كۈن جامائەت بىلەن مەسجىدتە ئوقۇسا ۋە ھەر كۈنى بىرىنچى رەكئەتكە ئۈلگۈرسە، الله تائالا ئۇ كىشىنى (جەھەننەم) ئوتىدىن ئازاد قىلىدۇ. (ئىبنى ماجە: 798)

مالىك مۇنداق دەيدۇ: سەئىد ئىبنى مۇسەييەب مۇنداق دەيتتى: قەدىر كېچىسىدە خۇپتەن نامىزىنى جامائەت بىلەن ئوقۇغان كىشى، شۇ كېچىدىكى نېسىۋىسىنى ئالغان بولىدۇ. (مالىك رىۋايەت قىلغان)

## 239- سۇئال:بەش ۋاخ نامازنىڭ سۈننەتلىرىنىڭ ئەھمىيىتى

1. بەش ۋاخ نامازنىڭ سۈننەتلىرىنى ئوقۇش پەيغەمبەر ئەلەيھسالامغا ئەمەلىي رەۋىشتە ئەگەشكەنلىكتۇر.

2. بەش ۋاخ نامازنىڭ سۈننەتلىرىنى ئوقۇش جەننەتتە قەسىرگە ئىگە بولۇشنىڭ يولىدۇر.

3. بەش ۋاخ نامازنىڭ سۈننەتلىرىنى ئوقۇش ئاللاھ تائالاغا ئىتائەت قىلغانلىقتۇر.

4. بەش ۋاخ نامازنىڭ سۈننەتلىرىنى ئادا قىلىش مۇسۇلماننىڭ ئەمەللىرىنىڭ زاپىسىدۇر.

5. بەش ۋاخ نامازنىڭ سۈننەتلىرى، پەرزىنى ئادا قىلىشتىكى نۇقسانلارنى تولۇقلايدۇ.

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېدى: مەن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان ئىدىم: قىيامەت كۈنى بەندىنىڭ ئەمەللىرىدىن بىرىنچى بولۇپ سورىلىدىغىنى نامازدۇر. ئەگەر ئۇ ئادەمنىڭ نامىزى كامىل بولغان بولسا قۇتۇلىدۇ ۋە نىجات تاپىدۇ. ئۇنداق بولمىسا، پۇشايمان قىلىدۇ ۋە زىيان تارتىدۇ. ئەگەر پەرزدىن بىر نەرسە كېمىيىپ قالسا، الله تائالا: بەندەمنىڭ نەپلە ئىبادىتىگە قاراپ بېقىڭلار! دەيدۇ. ئۇ بەندىنىڭ نەپلە ئىبادىتى بولسا، ئۇنىڭ بىلەن پەرزدىن كېمىيىپ قالغان يەرلىرى تولۇقلىنىدۇ. شۇنىڭ بىلەن، بەندىنىڭ قالغان ئەمەللىرىنىڭ سۈرۈشتۈرمىسىمۇ مۇشۇ رەۋىش بويىچە داۋاملىشىدۇ. (تىرمىزى: 413)

6.بەش ۋاخ نامازنىڭ سۈننەتلىرىنى ئادا قىلماسلىق، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يولىدىن ۋە ئۇنىڭ مۇھەببىتىدىن يۈز ئۆرۈگەنلىك بولۇپ قىلىش قورقۇنچىسى بار.

## 240-سۇئال: ۋىترى نامىزىنىڭ ھۆكمى ۋە ئوقۇلۇشى

ۋىترىنىڭ مەنىسى يالغۇز دېگەن بولۇپ، بۇنىڭ رەكئەتلىرى بولسا ناماز شامغا ئوخشاش بىرلىكتە ئوقۇلىدىغان ئۈچ، بەش ۋە يەتتە رەكئەتتۇر. چۈنكى ناماز شاممۇ بىرلىكتە ئوقۇلىدىغان ئۈچ رەكئەت نامازنىڭ ئىسمىدۇر. ۋىتىر نامىزىنى ئوقۇش ۋاجىبتۇر. ئۇ، خۇپتەندىن كېيىن ئوقۇلىدۇ. ۋىتىر نامىزى ئادەتتە جامائەت بولماي يالغۇز ھالدا ئوقۇلىدۇ. رامىزاندا تەراۋىھ نامىزىدىن كېيىن جامائەت بىلەن ئوقۇلىدۇ. ۋىتىر نامىزى رامىزاندىن باشقا ۋاقىتلاردا جامائەت بولۇپ ئوقۇش مەكرۇھتۇر.

ۋىترى تەكىتلەنگەن سۈننەتلەردىن بىر سۈننەتتۇر. ھەتتا بەزى ئىماملارنىڭ

(نۇپۇزلۇق ئالىملار) كۆز قارىشچە بولسا ۋاجىبتۇر. ۋىترى ئەڭ ئاز بىر رەكئەت بولۇپ، ئەڭ كۆپ بولسا ئونئۈچ رەكئەتتۇر. لېكىن ھازىر مۇسۇلمانلار ئوقۇپ كەلگىنگە ئوخشاش ئۈچ رەكئەت ئوقۇش كامالەتكە يېقىن بولغىنىدۇر.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋىترنى ئۈچ رەكئەت ئوقۇغان ۋاقىتلىرىدا بىرىنچى رەكئەتتە پاتىھەدىن كېيىن " سەببىھىسمى رەببىكەل ئەئلە نى، ئىككىنچى رەكئەتتە "قۇليا ئەييۇھەل كاپىرۇن "نى ۋە ئۈچىنچى رەكئەتتە بولسا "قۇلھۇۋەللاھۇ ئەھەد " ۋە مۇئەۋۋىزەتەين دېيىلىدىغان "پەلەق ۋە ناس سۈرىلىرنى" نى ئوقۇيتتى.

ۋىترنىڭ ۋاقتى بولسا، خۇپتەننىڭ ئاخىرقى ۋاقتىدىن تارتىپ كېچىنىڭ ئاخىرسى بولغان تاڭ ئاتقۇچىلىكتۇر. ۋىتىر نامىزى، كېچە نامىزىنىڭ ئەڭ ئاخىرىدا ئوقۇلىدىغان ، ئۈچ رەكئەت ناماز بولۇپ، ئارىسىدا سالام بەرمەستىن ئىككىنچى رەكئەتتىن كېيىن رۇكۇغا بىرىپ، ئۈچىنچى رەكئەتتە رۇكۇدىن بۇرۇن قۇنۇت دۇئاسىنى ئوقۇيمىز. ۋىترنىڭ ھەر رەكئىتىدە سۈرە پاتىھە بىلەن بىرلىكتە يەنە بىر سۈرە ئوقۇيمىز. قۇنۇت دۇئاسىنى ئوقۇماقچى بولغاندا تەكبىر ئېيتقاندىن كېيىن دۇئا قىلىدۇ. قۇنۇتتا تۆۋەندىكى دۇئانى ئوقۇيدۇ:

ئاللاھۇممە ئىننا نەستە ئىينۇكە ۋەنەستەغپىرۇكە ۋەنەستەھدىيكە ۋەنۇئمىنۇ بىكە ۋەنتەۋۋابۇ ئىلەيكە ۋەنە تەۋەككەلۇ ئەلەيكە ۋەنۇسنى ئەلەيكەل خەيرى نەشكۇرۇكە ۋەلا نەكپۇرۇكە ۋەنەىلەئۇ ۋەنەترۇكۇ مەن يەپجۇرۇكە ئاللاھۇممە ئىيياكە نەئبۇدۇ ۋەلەكە نۇسەللى ۋەنەسجۇدۇ ۋەئىلەيكە نەسئا ۋەنەھپىدۇ نەرجۇرەھمەتكە ۋەنەخشا ئەزابىكە ئىننە ئەزابىكە بىلكۇپپارى مۇلھىق.

تەرجىمىسى ئى ئاللاھ ! سېنىڭدىن ياردەم سورايمىز، سەندىن مەغپىرەت تىلەيمىز، ساڭا ئىشىنىمىز، ساڭا تەۋەككۇل قىلىمىز، سېنى ياخشى تەرىپلەر بىلەن مەدھىيلەيمىز، ساڭا شۈكۈر قىلىمىز، ناشۈكۈرلۈك قىلمايمىز ۋە ساڭا ئاسىيلىق قىلغاندىن يۈز ئۆرۈيمىز. ئى ئاللاھ ! ساڭىلا ئىبادەت قىلىمىز، سەن ئۈچۈنلا ناماز ئوقۇيمىز ۋە سەجدە قىلىمىز، سېنىڭ رازىلىقىڭغا ئېرىشىش ئۈچۈن تىرىشىمىز ۋە ئالدىرايمىز، رەھمىتىڭنى ئۈمىت قىلىمىز ۋە ئازابىڭدىن قورقىمىز. ھەقىقەتەن سېنىڭ ئازابىڭ كۇففارلارغا يەتكۈچىدۇر.

ۋىترنى تۈگىتىش بىلەن بىرگە خۇپتەننى تۈگەتكىنىمىزدەك بەش ۋاقىت ناماز تۈگىگەن بولىدۇ. مۇسۇلماننىڭ كۈندۈزى ۋە كېچىسى مانا مۇشۇنداق تائەت ـ ئىبادەت، نىيەتنى پەقەتلا ئاللاھ تائالاغا خاس قىلىش بىلەن ئۆتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ مۇسۇلمان ئويغانغاندا ھەمدۇ سانا بىلەن كۈندۈزنى قارشى ئالغىنىدەك ئويقىنىمۇ ھەمدۇ سانا، شۈكۈر ۋە دۇئا بىلەن باشلايدۇ.

كىچىلىرى ناماز ئوقۇيدىغان يەنى تەھەججۇد نامىزى ئوقۇيدىغان ئادەمنىڭ ۋىتىر نامىزىنى كىچىسى تەھەججۇد نامىزىدىن كېيىن ئوقۇشى ئەۋزەلدۇر. ئەمما ئۇخلاپ قىلىپ كىچىدە تۇرۇشقا ئىشەنچە قىلالمىغان ئادەمنىڭ ۋىتىر نامىزىنى ئوقۇپ بولۇپ ئۇخلىغىنى ياخشى.

## 241- سوئال: سەپەردە نامازنىڭ قانداق ئوقۇلىدىغانلىقى توغرىسىدا

1. كىشى سەپەردىلا بولىدىكەن ناماز قىسقارتىلىپ ئوقۇلىدۇ. ئەمما ئەگەر ئۇ كىشى بارغان يېرىدە تۇرۇپ قالماقچى ياكى ئۇزۇنراق تۇرۇپ قالماقچى بولسا، بۇ ۋاقىتتا نامازلىرىنى تۆت رەكئەت ھالەتتە تولۇق ئوقۇيدۇ. لېكىن ئىماملارنىڭ ئارىسىدا نامازنى تولۇق ئوقۇش ئۈچۈن يېتەرلىك بولىدىغان مۇددەتنىڭ قانچىلىك ئىكەنلىكى توغرىسىدا ئىختىلاپ باردۇر.

ئىمامى ئەبۇ ھەنىفە (ئاللاھ رەھمەت قىلسۇن) مۇنداق دەيدۇ: "بىر شەھەردە ياكى يېزىدا 15 كۈن ياكى ئۇنىڭدىن كۆپراق تۇرۇشنى نىيەت قىلمىغۇچىلىك مۇساپىرلىق ھۆكمى كۈچكە ئىگىدۇر. باشقا مەزھەبلەرنىڭ پىكرىچە ئۇنىڭ تۇرىدىغان يېرى مەلۇم بولىغۇچىلىك نامازلىرىنى قىسقارتىپ ئوقۇيدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەككە پەتھى قىلىنغان يىلى ھەۋازىن قەبىلىسى بىلەن بولغان ئۇرۇشتا 18 ياكى 19 كۈن نامازنى قىسقارتىپ ئوقۇغان.

2. بىر كىشى شەھەرگە كىرسە، ئەمما لېكىن ئۇ يەردە مۇنچىلىك ۋاقىت تۇرىمەن دېگەننى نىيەت قىلماستىن ئەتە ياكى ئۆگۈن قايتىپ كېتىمەن، دەپ قايتىپ كېتىش ئىسسىپ بولماي ئاشۇنداق قەيقىلىۋەرسە، مۇشۇ خىل ھالەتتە بىر نەچچە يىل تۇرۇپ قالغان تەقدىردىمۇ يەنىلا نامازلىرىنى قىسقارتىپ ئوقۇيدۇ.

3. كىشى تۇرۇش نىيتى بولمىغان تەقدىردىمۇ ئۆزى ياشايدىغان شەھەرگە قايتىپ كەلگەن ھامان نامازلىرىنى تولۇق ئوقۇشقا باشلايدۇ.

4. سەپەردە نامازلىرى قازا بولۇپ كەتكەن كىشى قازاپ بولۇپ كەتكەن نامازلىرىنىڭ قازاسىنى ئۆزى ياشايدىغان يەردە ئىككى رەكئەت ئوقۇيدۇ. مەسىلەن: بىر باغداتلىق مىسىرغا سەپەر قىلىپ بارسا ۋە پېشىنىنىڭ ۋاقتى كىرسە، بىراق ئۇ سەپەر مەشغۇلىيەتلىرى بىلەن ئۇنى ئادا قىلماستىن ئايرۇپىلانغا چىقىپ باغداتقا ئەسىردىن كېيىن كەلگەن بولسا بۇ كىشى پېشىننى ئىككى رەكئەت، ناماز ئەسىرنى بولسا تۆت رەكئەت ئوقۇيدۇ. يەنە ئەكسىچە ئەگەر بىر كىشىنىڭ ئۆزى دىيارىدا بىر نامىزى قازا بولۇپ كەتكەن بولسا، سەپەر ئۈستىدە ئۇ نامازنىڭ قازاسىنى تۆت رەكئەت ئوقۇيدۇ.

5. سەپەرگە چىققان ئادەم تاكى چىققان شەھىرىگە قايتىپ كەلگەنگە ياكى بارغان

يېرىدە شەھەرگە ياكى كەنتكە ئوخشاش ياشاشقا مۇمكىن بولىدىغان بىر يەردە ئەڭ ئاز بولغاندا ئون بەش كۈن تۇرۇشنى نىيەت قىلغانغا قەدەر نامازنى قىسقارتىپ ئوقۇيدۇ. نامازنى قىسقارتماي تولۇق ئوقۇش ئۈچۈن بارغان يەردە ئەڭ ئاز بولغاندا ئون بەش كۈن تۇرۇشنى نىيەت قىلىشنىڭ ۋە ئۇنىڭدىن ئاز بولۇپ قالغان ئەھۋالدا نامازنى قىسقارتىشقا بولمايدىغانلىقىنىڭ دەلىل پاكىتى تۆۋە ندىكى ھەدىسلەردۇر.

6. يولۇچى ئۆزى ياشىغان شەھەر ياكى يېزىنى تەركىتىپ، ئۇنىڭ ئەتراپ ۋە باغ ـ بوستانلىقلىرىدىن ئۆتۈپ كېتىپ بولمىغۇچىلىك ئۆيىدىن سەپەر ئۈچۈن چىقار ـ چىقمايلا نامازنى قىسقارتىپ ئوقۇشقا باشلىمايدۇ.

7. يولۇچىنىڭ (بارغان يېرىدە ياكى يول ئۈستىدە) ئۆز مەھەللىسىدە ياشاۋاتقان كىشىلەرگە ئىمام بولىشى جائىز بولۇپ، ئۇ ئىككى رەكئەت ئوقۇغاندىن كېيىن سالام بىرىدۇ. ئۇنىڭغا ئىقتىدا قىلغۇچىلار بولسا، ھەممىسى ئۆز ئالدىغا نامازلىرىنى تولۇقلىۋالىدۇ. شۇنداقتىمۇ يولۇچى ئىمامنىڭ سالام بېرىپ بولغاندىن كېيىن ئۆزىگە ئىقتىدا قىلغۇچىلارغا: «مەن يولۇچى، سىلەر نامىزىڭلارنى تولۇقلىۋېلىڭلار» دېيىشى مۇستەھەبتۇر.

8. شۇنىڭدەك، يولۇچىنىڭ ئۆز مەھەللىسىدە ياشاۋاتقان كىشىلەرنىڭ ئارقىسىدا تۇرۇپ ئۇنىڭغا ئىقتىدا قىلىشى جائىزدۇر. لېكىن ئۇنىڭ ئىمام ۋە جامائەتكە ئەگىشىپ ئىمامغا ئىقتىدا قىلغۇچىلار بىلەن بىرلىكتە نامازنى تولۇق ئوقۇشى جائىز بولغىنىدەك، قىسقارتىپ ئوقۇشىمۇ جائىزدۇر.

9. سەپەر قىلغان ئادەم سەپەردىن ئۆزىنىڭ يۇرتىغا قايتىپ كەلگەندە ئۇ يەردە تۇرۇشنى نىيەت قىلمىسىمۇ ئۇ يەردە تۇرغۇچى ھېساپلىنىدۇ. شۇڭا ئۇنىڭ نامازنى تولۇق ئوقۇشى لازىم.

10. سەپەرگە چىققان بىر ئادەم دېڭىزدىكى كېمىگە ياكى ئادەم ياشىمايدىغان بىر ئارالغا ئوخشاش ياشاش مۇمكىن بولمايدىغان بىر يەردە تۇرۇشنى نىيەت قىلغان بولسا، ئۇ ئادەم، بۇ نىيىتى بىلەن مۇساپىرلىق ھالىتىدىن چىقىپ كەتمەيدۇ.

11. ئىنساننىڭ تۇغۇلغان يېرى ياكى ئولتۇراقلىشىپ قالغان يېرى ئۇنىڭ ئەسلى ۋەتىنى ھېساپلىنىدۇ. ئىنساننىڭ باشقا بىر يەرنى ۋەتەن تۇتۇۋېلىشى بىلەن ئۇنىڭ ئەسلىدىكى ۋەتىنى بىكار بولۇپ كېتىدۇ. يەنى ئۇ، ئۇ ئادەمنىڭ ۋەتىنى ھېساپلانمايدۇ. چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋە مەككىدىن مەدىنىگە ھىجرەت قىلغان ساھابىلەرنىڭ ئەسلىدىكى ۋەتىنى مەككە بولغان بولسىمۇ، ئۇلار مەككىگە كەلگەندە نامازنى قىسقارتىپ ئوقۇغان.

12.ئەگەر بىر ئادەم ئەسلى ۋەتىنىدىن بىر يەرگە سەپەر قىلىپ ماڭغان ۋە تېخى

سەپەرنىڭ مۇساپىسىنى بىسىپ بولماي تۇرۇپ ئەسلى ۋەتىنىگە قايتىشنى نىيەت قىلغان بولسا، ئۇ ئادەم تېخى سەپەرنىڭ مۇساپىسىنى بىسىپ بولالمىغانلىقى ئۈچۈن ، ۋەتىنىگە قايتىشنى نىيەت قىلىشى بىلەنلا مۇساپىرلىق ھالىتىدىن چىقىپ كېتىدۇ.

13. ئەگەر مۇساپىر ئادەم ئىككى رەكەت نامازنى تۆت رەكەت ئوقۇسا، ئەدەبكە رىئايە قىلمىغان ۋە نامازنى قىسقارتىپ ئوقۇشتىن ئىبارەت بىر ۋاجىپنى قىلمىغانلىقى ئۈچۈن گۇناھكار بولىدۇ.

14. بىر ئادەمنىڭ نامازنى قىسقارتىپ ئوقۇشى ياكى قىسقارتماي تولۇق ئوقۇشى ئۇ ئادەمنىڭ نامازنىڭ ئەڭ ئاخىرقى ۋاقتىدىكى ئەھۋالىغا باغلىقتۇر.

15. مۇساپىر ئادەم ئالدىراش ئەمەس بىر ھالەتتە بولسا، نامازنىڭ سۈننەتلىرىنى ۋە نەپلە نامازلارنى ئوقۇيدۇ. ئەگەر ئۇ بەك ئالدىراش ۋە ئىشى جىددى بىر ھالەتتە بولسا، نامازنىڭ سۈننەتلىرنى ئوقۇمىسىمۇ بولىدۇ.

## 242-سۇئال: قاتناش قۇراللىرى ئۈستىدە ناماز ئوقۇش مەسىلىسى

پاراخوت، كېمە، ئايرۇپىلان، پويىز، ئاپتوموبىل قاتارلىق قاتناش قۇراللىرى ئۈستىدە سەپەر قىلغاندا، ئۆزۈرسىز تۇرۇپمۇ ئولتۇرۇپ ناماز ئوقۇش جائىزدۇر. بۇ مەسىلىنىڭ تەپسىلاتى مۇنداق :

1 ) پاراخوتتا يۈرگەندە، نامازلارنى ئۆرە تۇرۇپ ئادەتتىكىدەك ئوقۇش كېرەك. چۈنكى پاراخوتتا باش قېيىش ياكى يىقىلىپ كېتىش خەۋپى بولمايدۇ. چۈنكى پاراخوت ئۆيگە ئوخشاشتۇر.

2) كېمىدە يۈرگەندە كېمە كىچىك بولۇپ، ئۆرە تۇرسا بېشى قېيىش ياكى يىقىلىش ئېھتىمالى بولسا، ئولتۇرۇپ ئوقۇش جائىزدۇر. پەرز، ۋاجىپ، سۈننەت ۋە ھەر قانداق نامازنى ئولتۇرۇپ ئوقۇسا بولىدۇ.

3 ) ئايروپىلاندا يۈرگەندە، ئورۇندۇقتىن چىقىپ بوش جايلاردا ئۆرە تۇرۇپ ناماز ئوقۇشقا (بوش ئورۇن تېپىلمىغانلىقتىن ) ئىمكانىيەت بولمىغان ياكى ئۆرە تۇرسا بېشى قايىدىغان شارائىتلاردا، ئولتۇرۇپ ئىشارەت بىلەن ناماز ئوقۇش جائىزدۇر.

4) ماشىنىدا يۈرگەندە، ئۆرە تۇرۇپ ئوقۇش ھەقىقەتەن ئىمكانسىز بولغانلىقتىن، ئەگەر نامازنى كېچىكتۈرسە ئۇنىڭ ۋاقتى چىقىپ كېتىش ئېھتىمالى بولغان شارائىتلاردا، ئولتۇرۇپ ئىشارەت بىلەن ماشىنىنىڭ يۆنىلىشىگە قاراپ ئوقۇش جائىزدۇر.

5) پەرز، ۋاجىپ، تەكىتلىك سۈننەت بولغان نامازلاردىن باشقا نەپلىگە ئوخشاش نامازلارنى ئۆزۈرسىز ھالدىمۇ، قايسىبىر ۋاقىتتا ئولتۇرۇپ ياكى ئىشارەت بىلەن ئوقۇش جائىزدۇر. بىراق ساۋاب جەھەتتە پەرقلىق بولىدۇ.

## 243ـ سۇئال: سەھۋەنلىك سەجدىسىنىڭ يولغا قويۇلۇشى

سەھۋەنلىك سەجدىسى بولسا، نامازنىڭ سۈننەتلىرىنىڭ تاشلىنىپ قالغانلىقى بىلەن ئەمەس نامازنىڭ ئەسلى ۋاجىپلىرىنىڭ بىر ياكى ئۇنىڭدىن كۆپ ۋاجىپىنىڭ سەھۋەنلىك بىلەن تاشلىنىپ قىلىشى بىلەن نامازدا پەيدا بولغان كەمچىلىكنى تولۇقلاش ئۈچۈن يولغا قويۇلغان سەجدىدۇر.

پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: نامازدىكى ھەر قانداق سەھۋەنلىك ئۈچۈن، سالامدىن كېيىن ئىككى سەجدە قىلىنىدۇ. (ئەبۇ داۋۇد: 1038)

## 244ـ سۇئال: جۈمە نامىزىنىڭ ھۆكمى

جۈمە نامىزى، شەھەرلەردە ياكى چوڭ كەنتلەردە ياشاۋاتقان ۋە ئۇنىڭغا كېلەلەيدىغان ئادەم ئۈچۈن پەرز بولغان بىر نامازدۇر. مۇساپىر ئادەمگە، ئايال كىشىگە، مەسجىدكە كېلەلمەيدىغان ئاجىز كېسەل كىشىگە، يۇرتىنىڭ چەت ياقا جايلىرىدا ياشايدىغان كىشىگە ۋە مۇسۇلمان باشلىقى ۋە قازىسى يوق كىچىك كەنتلەردە ياشايدىغان ئادەملەرگە جۈمە نامىزى پەرز ئەمەستۇر. جۈمە نامىزى پېشىندىن ئايرىم ۋە ئۇنىڭدىن كۈچلۈك بىر نامازدۇر. چۈنكى جۈمەنى ئوقۇمىغان ئادەم ھەققىدە پېشىننى ئوقۇمىغان ئادەم ھەققىدە كەلمىگەن ئېغىر تەھدىدلەر كەلدى. شۇنىڭ ئۈچۈن جۈمەنى ئوقۇمىغان ئادەم پېشىننى ئوقۇمىغان ئادەمگە قارىغاندا قاتتىق ئازابلىنىدۇ ۋە جۈمەنى ئوقۇغان ئادەمگە پېشىننى ئوقۇغان ئادەمگە قارىغاندا كۆپ ساۋاب بېرىلىدۇ.

## 245ـ سۇئال: جۈمە نامىزىنىڭ پەزىلىتى

پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىمكى تاھارەتنى كامىل ئالغاندىن كېيىن، جۈمە نامىزىغا كېلىپ، خۇتبىنى ئىخلاس بىلەن تىڭشىسا، ئۇنىڭ شۇندىن كېيىنكى ئون كۈنلۈك گۇناھلىرى مەغپىرەت قىلىنىدۇ. كىمكى خۇتبە ئوقۇلۇۋاتقاندا يەردىكى ئۇششاق تاشنى ئوينىسا، بۇ ساۋابتىن قۇرۇق قالىدۇ. (مۇسلىم: 857)

پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىمكى جۈمە كۈنى غۇسلى قىلىپ، ئىمكانىنىڭ بېرىچە پاكىزلىنىپ، چاچ ـ ساقال ۋە بەدەنلىرىنى مايلاپ، ئۆيدىكى خۇشپۇراقلىق بۇيۇملارنى ئىشلىتىپ، ئاندىن مەسجىدكە كەلسە ۋە ئىككى ئادەمنىڭ ئوتتۇرىسىدىن ئاتلاپ ئۆتمەستىن، قانچىلىك ناماز ئوقۇغۇسى كەلسە ئوقۇپ بولۇپ، ئىمامنىڭ خۇتبىسىگە شۈك ئولتۇرۇپ قۇلاق سالسا، ئۇ ئادەمنىڭ شۇ جۈمەدىن يەنە بىر جۈمە كۈنىگىچە بولغان ئارىلىقتىكى گۇناھلىرى مەغپىرەت قىلىنىدۇ. (بۇخارى: 883)

## 246- سوئال: جۈمە نامىزى پەرىز بولمايدىغان كىشىلەر

تارىق ئىبنى شىھاب پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: جامائەت بىلەن جۈمە نامىزى ئوقۇش تۆت تۈرلۈك كىشىدىن باشقا ھەر بىر مۇسۇلمانغا پەرز بولۇپ، بۇ تۆت تۈرلۈك ئادەم تۆۋەندىكىچە: قۇل، ئايال كىشى، كىچىك بالا ۋە كېسەل ئادەم. (ئەبۇ داۋۇد: 1067)

## 247- سوئال:ھېيت نامازلىرىنىڭ ۋاقتى

ئەگەر ھېيت نامازلىرى جۈمە كۈنىگە توغرا كېلىپ قالسا، ھېيت نامىزىمۇ جۈمە نامىزىمۇ ئوقۇلىدۇ ھېيت نامىزىنى ئوقۇش بىلەن جۈمە نامىزىنى ئوقۇش ئەمەلدىن قالمايدۇ. ئىككى ھېيت نامىزى چاشكا نامىزىنىڭ ۋاقتىدا ئوقۇلىدۇ. ئىككى ھېيت نامىزىنىڭ ۋاقتى كۈن ئۇپۇقتىن نەيزە بويى كۆتىرىلىپ ئاقىرىشقا باشلىغاندىن تارتىپ تاكى كۈن ئىگىلگەنگە قەدەر داۋام قىلىدۇ. ھېچقانداق ئۆزرە بولماي تۇرۇپ نامازنى ئوقۇشنى ئىككىنچى كۈنگە كېچىكتۈرۈش توغرا ئەمەستۇر. ئەمما قۇربان ھېيت نامىزىنى ئوقۇشنى بىرەر ئۆزرە سەۋەبى بىلەن ئۈچ كۈنگە قەدەر كېچىكتۈرۈشكە بولىدۇ.

## 248- سوئال:ھېيت نامازلىرىنىڭ ئوقۇلۇش شەكلى

ئىككى ھېيت نامىزىمۇ جۈمە نامىزىغا ئوخشاش ئىككى رەكەت بولۇپ جامائەت بىلەن ئوقۇلىدۇ لېكىن، ئىككى ھېيت نامىزىغا ئەزان ۋە تەكبىر ئوقۇلمايدۇ.

ئىككى ھىيت نامىزى- روزى ھېيت نامىزى ۋە قۇربان ھېيت نامىزى بولۇپ ئىككىلىسى ئىمام قىرائەتنى ئۈنلۈك ئوقۇيدىغان ئىككى رەكئەت نامازدۇر. بۇ نامازلاردا ئەزان بىلەن تەكبىر ئېيتىلمىغىنىدەك، پەرزدىن بۇرۇن ياكى كېيىن ھېچقانداق بىر ناماز ئوقۇلمايدۇ.

## 249- سوئال: ئىككى ھىيت كۈنلىرى قىلىش سۈننەت بولغان ئىشلار

1) روزا ھىيت كۈنلىرى نامازغا چىقىشتىن ئىلگىرى تاتلىق بىر نەرسە يېيىش سۈننەتتۇر.

ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم روزا ھېيت كۈنى بىر قانچە تال خورما يېمەي تۇرۇپ نامازغا چىقمايتتى. خورمىلارنىڭ سانى تاق بولاتتى. (بۇخارى: 953)

2) ئۇ كۈندە يەنە يۇيۇنۇش، مسۋاك قىلىش، خۇشبۇي نەرسىلەرنى ئىشلىتىش، چىرايلىق كىيىملەرنى كىيىش، يولدا تەكبىر ئېيتىش، خۇشچىراي بولۇش سۈننەتتۇر.

ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: ھېيت نامىزغا پىيادە چىقىش

ۋە چىقىشتىن بۇرۇن بىر نەرسە يېيىش سۈننەت. (تىرمىزى: 530)

3)نامازغا بىرىشتا بىر يولدىن قايتىشتا بىر يولدىن مىڭىش سۈننەتتۇر.

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ھېيت نامىزىغا بىر يولدىن چىقىپ، باشقا يول بىلەن قايتاتتى. (تىرمىزى: 541)

4) روزا ھېيت كۈندە بىر نەرسە يېيىش بولسا نامازغا بىرىشتىن بۇرۇن ، قۇربان ھېيت كۈندە بولسا نامازدىن كىيىن بولىدۇ. ئابدۇللاھ ئىبنى بۇرەيدە دادىسى بۇرەيدە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دىگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم روزا ھېيت كۈنى بىر نەرسە يېمەي تۇرۇپ نامازغا چىقمايتتى. قۇربان ھېيت كۈنى بولسا، نامازدىن قايتمىغۇچە بىر نەرسە يېمەيتتى. (تىرمىزى: 542)

## 250- سۇئال: تەراۋىه نامىزىنىڭ ئوقۇلۇشى

تەراۋىه نامىزىنى مەسجىدتە جامائەت بىلەن ئوقۇش ئەڭ ياخشىدۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن تەراۋىه نامىزىنى ئۆزى يالغۇز ئوقۇش ياخشى ئەمەستۇر. چۈنكى تەراۋىه نامىزىنى يالغۇز ئوقۇغان ئادەم، ئالىملارنىڭ تەراۋىه نامىزىنى مەسجىدتە جامائەت بىلەن ئوقۇشنىڭ سۈننەت ئىكەنلىكىگە بىرلىككە كەلگەن قارىشىغا زىت ئىش قىلغان ھېسابلىنىدۇ. تەراۋىه نامىزى جامائەت بىلەن ئوقۇلغىنىدەك ئالاھىدە ياكى ئۆزرۈلۈك ئەھۋالدا ئۆز ئالدىغا ئايرىممۇ ئوقۇلىدۇ.

تەراۋىه نامىزى 20 رەكەتتۇر. ھەر ئىككى رەكەتتە بىر قېتىم سالام بېرىلىپ 20 رەكەت ناماز ئون قېتىم سالام بېرىلىش بىلەن ئوقۇپ تاماملىنىدۇ. تەراۋىه نامىزىنى ئىككى رەكەتتە بىر سالام بىرىپ ، تۆت رەكەتتە بىر سالام بىرىپمۇ ئوقۇش مۇمكىن. ئىككى رەكەتتىن ئوقۇلغان تەراۋىه نامىزى بامدات نامىزىنىڭ سۈننىتىگە ، تۆت رەكەتلىكى بولسا پىشىن نامىزىنىڭ سۈننىتىگە ئوخشاش ئوقۇلىدۇ. ئىككى رەكەتتىن ئوقۇش ئەۋزەل دىيىلىدۇ.

تەراۋىه نامىزىغا ئىمام بولغۇچى ئايەتنى ئارقىسىدىكى ناماز ئوقۇغۇچىلارنى قاچۇرۇۋەتمىگىدەك شەكىلدە ئوقۇيدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن ئىمام ئارقىسىدا ناماز ئوقۇيدىغان ئادەملەرنىڭ ئەھۋاللىرىنى ياخشى بىلىشى لازىم. ئەگەر ئارقىسىدا ناماز ئوقۇيدىغانلارغا ئېغىر كېلىپ قالمايدىغان بولسا، ھەر بىر رەكەتتە ئون ئايەت ئوقۇش بەك ياخشىدۇر، چۈنكى ھەر رەكەتتە ئون ئايەت ئوقۇلغاندا بىر سۈننەت ئادا بولىدۇ. ئۇ سۈننەت بولسىمۇ پۈتۈن رامىزان ئىچىدە تەراۋىه نامىزىدا قۇرئان كەرىمنى بىر قېتىم تۈگىتىشتۇر. تەراۋى نامىزدا قۇرئان كەرىمنى خەتمە قىلىش سۈننەتتۇر. تەراۋىه

نامزنى يىنكرەك ئوقۇش ياخشىدۇر. تەراۋىھ نامزىنىڭ ۋاقتى خۇپتەن نامزىنىڭ ۋاقتىنىڭ كەينىدىن كېرىدۇ. چۈنكى بۇ، ئۇنى ئوقۇش خۇپتەن نامزىنىڭ كەينىدىن يولغا قويۇلغان نەپلە نامازدۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن تەراۋىھ نامزىنى خۇپتەن نامزىنىڭ ئالدىدا ئوقۇش توغرا ئەمەس. شۇڭا ئۇ، خۇپتەن نامزىغا ئەگەشتۈرۈلۈپ خۇپتەن نامزىنىڭ كەينىدىن ئوقۇلىدۇ. ئۇنى خۇپتەندىن كېيىن ۋىتىر نامزىدىن ئىلگىرى ئوقۇش ئەڭ ياخشىدۇر. تەراۋى نامزىنى رامزاندا ئوقۇيالمىغان ئادەمگە ئۇنىڭ قازاسى كەلمەيدۇ. تەراۋىھ نامزىنى كىچىنىڭ يىرىمىغىچە كېچىكتۈرۈش مۇستەھەبتۇر. ۋىتىر نامزىنى تەراۋى نامزىدىن بۇرۇن ئوقۇشمۇ جائىزدۇر.

## 251- سۇئال: جىنازا نامزىنىڭ ئوقۇلۇش شەكلى

مىيتنىڭ جىنازىسى قىبلە تەرەپكە قويۇلغاندىن كېيىن، ئەگەر ۋاپات قىلغۇچى ئەركىشى بولسا، ئىمام ئۇنىڭ بېشى بىلەن تاغاق سۆڭىكىنىڭ ئوتتۇرىسىدا تۇرىدۇ، ئايال كىشى بولسا جىنازىنىڭ قاپ ئوتتۇرىسىدا تۇرىدۇ، جامائەت بولسا ئىمامنىڭ ئوڭ، سول ۋە ئارقا تەرپىدە ئورۇن ئالغاندىن كېيىن ئىمام ھەر تەكبىردە قولنى كۆتۈرگەن ھالدا تۆت قېتىم تەكبىر ئېيتىدۇ، جامائەتمۇ ئۇنىڭ بىلەن بىرگە تەكبىر ئېيتىدۇ.

بىرىنچى تەكبىردە، ئىمام ۋە جامائەت " سبحانك اللهم و بحمدك..." "نى ئاخىرىغىچە، سۈرە پاتىھەنى ۋە يەنە بىر سۈرىنى مەخپى ئوقۇيدۇ.

ئىككىنچى تەكبىر: بۇ تەكبىردە ھەممە كىشى (اللهم صَلِّ عَلى) ۋە (اللهم بارك على) دۇرۇتلىرىنى ئوقۇيدۇ.

ئۈچىنچى تەكبىر: بۇ تەكبىردە تۆۋەندىكى دۇئا ئوقۇلىدۇ: { اَللَّهُمَّ اغْفِرِ لِحَيِّنَا وَمَيِّتِنَا، وشَاهِدِنَا وغَائِبِنَا، وصَغِيْرِنَا وَكَبِيْرِنَا، وذَكَرِنَا وأُنْثَانَا، اَللَّهُمَّ مَنْ أَحْيَيْتَهُ مِنَّا فَأَحْيِهِ عَلَى ٱلإِسْلاَمِ ، وَمَنْ تَوَفَّيْتَهُ مِنَّا فَتَوفَّهِ عَلَى ٱلإِيْمَانِ } (ئى ئاللاھ! بىزنىڭ تىرىكلىرىمىزنى، ئۆلگەنلىرىمىزنى، بۇ يەردە بولغانلارنى ۋە بۇلالمىغانلارنى، كىچىكلىرىمىزنى ۋە چوڭلىرىمىزنى، ئەرلىرىمىزنى ۋە ئاياللىرىمىزنى كەچۈرگىن، ئى ئاللاھ! ئارىمىزدىن بىراۋغا ھاياتلىق بەرمەكچى بولساڭ ئۇنى ئىسلامغا ئۇيغۇن ياشاتقىن، يەنە ئارىمىزدىن بىراۋنىڭ جېنىنى ئالماقچى بولساڭ، ئۇنى ئىمان بىلەن كەتكىلى نىسىپ قىلغىن).

تۆتىنچى تەكبىر: نامازغا ھازىر بولغانلار بۇ تەكبىردە مۇنۇ دۇئا بىلەن دۇئا قىلىدۇ: «ئى ئاللاھ! بىزنى ئۇنىڭ ئەجرىدىن مەھرۇم قىلمىغىن، ئۇنىڭدىن (ئايرىلغاندىن) كېيىن بىزنى ئازدۇرمىغىن ۋە ھەم بىزنىڭ ھەمدە ئۇنىڭ (گۇناھلىرىنى) كەچۈرگىن».

ئاندىن كېيىن ئىمام جىنازە نامزىنى« السلام عليكم ورحمة الله » دەپ ئىككى

تەرەپكە سالام بېرىش بىلەن تۈگىتىدۇ.

## 252- سۇئال: نەپلە نامازنىڭ يولغا قويۇلۇشى

نەپلە نامازلار بەندىلەرگە رەھمەت (ۋەسىلىسى) ۋە ئۇلارنىڭ جەننەتتىكى ئالىي دەرىجىلەرگە يېتىشى ئۈچۈن بىر تۈرتكە بولۇشى، پەرز نامازلاردا كەمچىلىكلەر بولۇپ قالغان بولسا، ئۇنىڭ ئورنىغا ھېسابلىنىشى ئۈچۈن، يەنە نامازدا باشقا ئىبادەتلەردە تېپىلمايدىغان دەرىجىدە ئۈستۈن پەزىلەت بولغانلىقى ئۈچۈن يولغا قويۇلغان.

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېدى: مەن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان ئىدىم: قىيامەت كۈنى بەندىنىڭ ئەمەللىرىدىن بىرىنچى بولۇپ سورىلىدىغىنى نامازدۇر. ئەگەر ئۇ ئادەمنىڭ نامىزى كامىل بولغان بولسا قۇتۇلىدۇ ۋە نىجات تاپىدۇ. ئۇنداق بولمىسا، پۇشايمان قىلىدۇ ۋە زىيان تارتىدۇ. ئەگەر پەرزدىن بىر نەرسە كېمىيىپ قالسا، الله تائالا: بەندەمنىڭ نەپلە ئىبادىتىگە قاراپ بېقىڭلار! دەيدۇ. ئۇ بەندىنىڭ نەپلە ئىبادىتى بولسا، ئۇنىڭ بىلەن پەرزدىن كېمىيىپ قالغان يەرلىرى تولۇقلىنىدۇ. شۇنىڭ بىلەن، بەندىنىڭ قالغان ئەمەللىرىنىڭ سۈرۈشتۈرمىسىمۇ مۇشۇ رەۋىش بويىچە داۋاملىشىدۇ. (تىرمىزى: 413)

## 253- سۇئال: نەپلە ئىبادەتلەرنىڭ پەزىلىتى

پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: الله تائالا مۇنداق دېدى: كىمكى مېنىڭ دوستۇمنى دۈشمەن تۇتسا، مەن ئۇنىڭغا ئۇرۇش ئېلان قىلىمەن. بەندەم ماڭا پەرزلەرنى قىلىشتىنمۇ ياخشىراق بىر ئىشنى قىلىش بىلەن يېقىنلىشالمايدۇ. بەندەم ماڭا نەپلە ئىبادەت بىلەنمۇ مەن ئۇنى دوست تۇتقانغا قەدەر داۋاملىق يېقىنلىشىدۇ. قاچانكى مەن ئۇنى دوست تۇتسام، مەن ئۇنىڭ ئاڭلايدىغان قۇلىقى، كۆرىدىغان كۆزى، تۇتىدىغان قولى، ماڭىدىغان پۇتى بولىمەن. مەندىن نېمىنى سورىسا، شۇنى بېرىمەن. ماڭا سېغىنسا، ئۇز پاناھىمدا ساقلايمەن. مەن مۇئمىننىڭ جېنىنى ئېلىشتىن باشقا ھېچبىر ئىشتا تەرەددۇت قىلمايمەن. مۇئمىن بەندەم ئۆلۈمنى ياخشى كۆرمەيدۇ، مەن بولسام، ئۇنىڭ خاپىلىقلىرىنى ياخشى كۆرمەيمەن. (بۇخارى: 6502)

## 254- سۇئال: نەپلە نامازنىڭ ئەۋزەللىكى قايسى

كېچىدە ئوقۇغان نەپلە ناماز كۈندۈزدە ئوقۇغان نەپلە نامازدىن ياخشىدۇر. چۈنكى كېچىدە ئوقۇغان نەپلە ناماز ئادەمگە بەك ئېغىر كېلىدۇ. ئاللاھ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ. ئۇلارنىڭ يانلىرى ئورۇن - كۆرپىدىن يىراق بولىدۇ (يەنى ئۇلار كېچىسى ئىبادەت قىلىپ ئاز ئۇخلايدۇ)، ئۇلار پەرۋەردىگارىنىڭ (ئازابىدىن) قورقۇپ،

(رەھمىتىنى) ئۈمىد قىلىپ ئۇنىڭغا دۇئا قىلىدۇ، ئۇلارغا بىز رىزىق قىلىپ بەرگەن نەرسىلەردىن (ياخشىلىق يوللىرىغا) سەرپ قىلىدۇ [سۈرە سەجدە-16].

ئىمام ئەبۇ ھەنىفەنىڭ كۆزقارىشى بويىچە مەيلى كېچىدە بولسۇن مەيلى كۈندۈزدە بولسۇن نەپلە نامازنى تۆت رەكەتتىن - تۆت رەكەتتىن ئوقۇش ياخشىدۇر.

## 255- سۇئال: مەسجىد سالىمى نامىزى

مەسجىد سالىمى يەنى تەھىييەتۇل مەسجىد نامىزى، بىر ئادەم مەسجىدكە كىرگەن ۋە مەسجىدكە كىرگەن ئۇ ۋاقىت ناماز ئوقۇش مەكرۇھ قىلىنمىغان ۋاقىت بولسا، ئولتۇرۇشتىن بۇرۇن ئىككى رەكەت ياكى تۆت رەكەت ناماز ئوقۇشى مۇستەھەبتۇر. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مەسجىدكە كىرگىنىڭلاردا، ئولتۇرۇشتىن بۇرۇن ئىككى رەكئەت ناماز ئوقۇڭلار!. (تىرمىزى: 316)

مەسجىدكە كۈندە بىر نەچچە قېتىم كىرىپ چىقىدىغان ئادەم، مەسجىد سالىمى نامىزىنى ھەر كۈن ئۈچۈن بىر قېتىم ئوقۇسا كۇپايە قىلىدۇ.

## 256- سۇئال: تاھارەت نامىزى

تاھارەت نامىزى ئۇ تاھارەت ئېلىپ بولغاندىن كېيىن تاكى تاھارەتنىڭ سۈيى قۇرۇپ بولغىچە بولغان ئارىلىقتا ئوقۇلىدىغان ئىككى رەكەت نامازدۇر. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىمكى تاھارەتنى كامىل ئېلىپ، ئىككى رەكئەت ناماز ئوقۇسا، نامازدا زېھنىنى نامازدىن باشقا ئىشقا بەرمىسە، ئۇ كىشىنىڭ بۇرۇن قىلغان كىچىك گۇناھلىرى ئەپۇ قىلىنىدۇ. (ئەبۇ داۋۇد905)

## 257- سۇئال: چاشگاھ نامىزى

چاشگاھ قۇياش تولۇق چىقىپ بولغاندىن باشلاپ پېشىن ۋاقتىغا 45 مىنۇت قالغىچىلىك بولغان ۋاقىتلاردىن ئىبارەتتۇر. چاشگاھ نامىزى ئەجرى - ساۋابى كۆپ بولغان مۇستەھەب بىر نامازدۇر. لېكىن بۇ ناماز ۋاجىب بولمىغىنىدەك، پەرزمۇ ئەمەس، ئۇنى ئوقۇغانلارغا بېرىلىدىغان ئەجرى ۋە ساۋابقا قىزىققۇچىلار ئۇنى ئوقۇيدۇ. بىراق ئۇنى ئوقۇمىغانلار بولسا ئوقۇمىغانلىقلىرى ئۈچۈن ئەيىپلەنمەيدۇ. چاشكا نامىزى، ئەڭ ئاز بولغاندا ئىككى رەكەت ئوقۇلىدۇ. ئەڭ تۆۋەن مۇكەممەللىك دەرىجىسى تۆت رەكەتتۇر.

## 258-سۇئال: چاشكا نامىزىنىڭ پەزىلىتى

پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەر ئىنسان (ئۆز بەدىنىنىڭ) ھەر بىر ئۇگىسىگە ھەر سەھەر بىردىن سەدىقە بېرىشى ۋاجىب بولىدۇ. تەسبىھ (سۇبھانئاللاھ دېيىش)، تەھمىد (ئەلھەمدۇلىللا دېيىش)، تەھلىل (لائىلاھە

ئىللالالاھ دېيىش) ۋە تەكبىر (ئاللاھۇئەكبەر دېيىش)نىڭ ھەر بىرى بىردىن سەدىقىدۇر. ياخشى ئىشقا بۇيرۇش بىر سەدىقە، يامان ئىشتىن توسۇشمۇ بىر سەدىقىدۇر. ئىككى رەكئەت چاشگاھ نامىزى ئوقۇش يۇقىرىقىلارنىڭ ھەممىسىگە كۇپايە قىلىدۇ. (مۇسلىم: 720)

پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىمكى بامدات نامىزىنى جامائەت بىلەن ئوقۇپ، ئاندىن كېيىن كۈن چىققۇچە الله تائالاغا زىكرى ئېيتىپ، كۈن چىققاندىن كېيىن ئىككى رەكئەت زۇھا (چاشگاھ ۋاقتى) نامىزى ئوقۇسا، ئۇ كىشىگە ھەج ۋە ئۆمرە قىلغانىنىڭ ساۋابى تولۇق بېرىلىدۇ. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: ھەج ۋە ئۆمرىنىڭ ساۋابى تولۇق بېرىلىدۇ دېگەن كەلىمىنى ئۈچ قېتىم تەكرارلىغان. (تىرمىزى: 586)

## 259- سۇئال: چاشكا نامىزىنىڭ ۋاقتى

چاشگاھ نامىزىنىڭ ۋاقتى كۈننىڭ بىر قىلىچ بويى ئۆرلىشى بىلەن باشلىنىپ، كۈن تامامەن تىكلەنگەندە تۈگەيدۇ. شۇنداقتىمۇ كۈن رەسمىي چىقىپ ئىسسىق بولغىلى تۇرغاندا ئوقۇش مۇستەھەبتۇر. بۇ ناماز ئەڭ ئاز بولغاندا ئىككى رەكئەت ئوقۇلىدۇ. بىراق پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەڭ كۆپ بولغاندا سەككىز رەكئەت ئوقۇغانلىقى رىۋايەت قىلىندۇ.

## 260- سۇئال: تەھەججۇد نامىزى ئوقۇغۇچىلارنىڭ سۈپىتى

شەك - شۈبھە يوقكى، مۇسۇلماننىڭ ئىشلىگەن ئەمەللىرىنىڭ ئەڭ ياخشىسى تەقۋا كىيىمى ۋە مۆئمىننىڭ مېئراجى بولغان نامازدۇر. جانابى ئاللاھ قۇرئان كەرىمدە تەھەججۇد نامىزى ئوقۇغۇچىلارنى مۇنداق سۈپەتلەيدۇ: «ئۇلار كېچىسى ئاز ئۇخلايتتى، ئۇلار سەھەرلەردە (پەرۋەردىگارىدىن) مەغپىرەت تىلەيتتى» (زارىيات سۈرىسى 17 - 18 - ئايەتلەر). «ئۇلار كېچىلەرنى پەرۋەردىگارىغا سەجدە قىلىش ۋە قىيامدا تۇرۇش بىلەن (يەنى ناماز ئوقۇش بىلەن) ئۆتكۈزىدۇ» (فۇرقان سۈرىسى 64 - ئايەت). جانابى ئاللاھ ئۆزىنىڭ ئەلچىسى ۋە ئىشەنچىلىك دوستى مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇللاھ (ئەلەيھىسسالام) غا شۇنداق ئەمر قىلدى: «ساڭا نەپلە (ئىبادەت) بولۇشى ئۈچۈن، كېچىنىڭ بىر قىسمىدا (ناماز ئوقۇشقا، قۇرئان ئوقۇشقا) ئويغانغىن، (ئى مۇھەممەد!) پەرۋەردىگارىڭنىڭ سېنى مەدھىيىلىنىدىغان ئورۇنغا (يەنى بۈيۈك شاپائەت ماقامىغا) تۇرغۇزۇشى ھەقىقەتتۇر» (ئىسرا سۈرىسى 79 - ئايەت).

## 261- سۇئال: تەھەججۇد نامىزىنىڭ ھۆكمى ۋە پەزىلىتى

تەھەججۇد نامىزى پەرز بولۇش سۈپىتى بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا خاس بىر ئىش بولسىمۇ، (باشقا) مۆئمىنلەرگە نىسبەتەن پەرز ئەمەس نەپلىدۇر. ئۇنى

ئوقۇغان كىشى ئەجرىنى ئالىدۇ، ئوقۇمىغان كىشى بولسا گۇناھكار بولمايدۇ. شۇنداقتىمۇ مۇسۇلمانلار كۆپچىلىكىدىن ھەزرىتى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئەگىشىش تەلەپ قىلىنغانلىقى ئۈچۈن بۇ نامازنىڭ ھۆكمى دائىرىسىگە كىرىدۇ. كېچىنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئوقۇلىدىغان بۇ نامازنىڭ پەزىلىتى توغرىسىدا نۇرغۇن ماختاش سۆزلىرى ئېيتىلغانلىقتىن مۇسۇلمانلار كېچە نامىزى ئۈچۈن تۇرۇش ۋە سۆيۈملۈك پەرۋەردىگارى بىلەن مەخپى مۇڭدىشىشتا مۇسابىقىلەشتى.

پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بىر ئادەم كېچىدە قوپۇپ ئون ئايەت بىلەن تەھەججۇد نامىزى ئوقۇسا، ئۇ غاپىللار قاتارىغا يېزىلمايدۇ. يۈز ئايەت بىلەن تەھەججۇد نامىزى ئوقۇسا، الله تائالانىڭ ئەمرىگە چىن دىلىدىن ئىتائەت قىلغۇچىلار قاتارىدىن يېزىلىدۇ، مىڭ ئايەت بىلەن ئوقۇسا، كۆپلەپ ئەجىرگە ئېرىشكۈچىلەر قاتارىدىن يېزىلىدۇ. (ئەبۇ داۋۇد: 1398)

پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن: قايسى ئەمەل ئەڭ ئەۋزەل؟ دەپ سورالغاندى: كېچىدە قوپۇپ، قىيامدا ئۇزۇن تۇرۇپ ئوقۇغان ناماز، دەپ جاۋاب بەردى. (ئەبۇ داۋۇد: 1325)

پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كېچىسى قوپۇپ تەھەججۇد نامىزى ئوقۇغان، ئاندىن ئايالىنى نامازغا ئويغاتقان، ئەگەر قوپقىلى ئۇنىمىسا، يۈزىگە سۇ چېچىپ ئويغاتقان كىشىگە الله رەھمەت قىلسۇن. الله تائالا يەنە كېچىسى قوپۇپ ناماز ئوقۇغان، ئاندىن ئېرىنى نامازغا ئويغاتقان، ئەگەر قوپقىلى ئۇنىمىسا، يۈزىگە سۇ چېچىپ ئويغاتقان ئايالغا رەھمەت قىلسۇن. (نەسائى: 1610)

پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئەر كىشى كېچىسى ئايالىنى ئويغىتىپ، ئىككىسى ئىككى رەكئەتتىن ناماز ئوقۇسا، ئۇلار زىكىر قىلىپ تۇرغۇچى ئەر ۋە زىكىر قىلىپ تۇرغۇچى ئاياللارنىڭ قاتارىدا يېزىلىدۇ. (ئەبۇ داۋۇد: 1309)

### 262-سۇئال: تەھەججۇد نامىزىنىڭ ئوقۇش ئۇسۇلى ۋە ۋاقتى

تەھەججۇد نامىزىنىڭ ئېزى ئىككى رەكئەت، كۆپى سەككىز رەكئەت بولۇپ، ھەر ئىككى رەكئەتتە ياكى تۆت رەكئەتتە بىر سالام بېرىپمۇ ئوقۇلىدۇ. ئەمما ھەر ئىككى رەكئەتتە بىر سالام بېرىپ ئوقۇش ئەۋزەلدۇر. تەھەججۇد نامىزىنىڭ ئەڭ ئەۋزەل ۋاقتى، كېچىنىڭ ئۈچتىن بىرىنىڭ ئاخىرقىسىدۇر. بۇ ۋاقىت دۇئالارنىڭ ئىجابەت بولىشى ۋە گۇناھلارنىڭ مەغپىرەت قىلىنىشى ئۈچۈن ئەڭ مۇناسىپ ۋاقىتلاردۇر.

### 263-سۇئال: نەپلە نامازلارنى ئوقۇشتا بىلىۋېلىشقا تېگىشلىك ئىشلار

1- نەپلە ناماز نۇردۇر ۋە يورۇقلۇقتۇر، شۇڭا كىشىنىڭ ئۆيىنى بۇ مۇبارەك ناماز

بىلەن يۇرۇتۇشى ئۈچۈن بۇ ناماز ئۆيدە ئوقۇلسا تېخىمۇ ياخشى بولىدۇ. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: ئۆيۈڭلارنى قەبرىستانلىققا ئوخشىتىۋالماي، ناماز ئوقۇپ تۇرۇڭلار. (بۇخارى: 432)

2. نەپلە نامازنى ئۆرە تۇرۇپ ئوقۇشقا كۈچىڭىز يەتكەن تەقدىردىمۇ ئولتۇرۇپ، ئوقۇشىڭىز جائىزدۇر. شۇنىڭدەك، بىرقىسمىنى ئولتۇرۇپ بىر قىسمىنى بولسا ئۆرە تۇرۇپ ئوقۇشمۇ بولىدۇ. بۇنى بىر رەكئەتتە قىلىسىڭىزمۇ بولۋېرىدۇ، مەسىلەن، بىر رەكئەت نامازنىڭ بىر قىسمىنى ئولتۇرغان، بىرقىسمىنى بولسا ئۆرە تۇرغان ھالدا ئوقۇسىڭىزمۇ بولغىنىدەك، بۇرۇن ئولتۇرۇپ ئاندىن ئۆرە تۇرغان ھالدا ئوقۇشمۇ جائىز بولىدۇ. يەنە بىر دەم ئۆرە تۇرۇپ ئوقۇغاندىن كېيىن، ئولتۇرۇپ ئوقۇسىڭىزمۇ بولۋېرىدۇ. بۇنىڭ ھېچقانداق زىيىنى يوق. يەنە ئۇ نامازدا خالىغانچە ئولتۇرۇشقا بولىدۇ. بۇ نامازنى تۆت رەكئەتتىن ئوقۇش ئەۋزەلدۇر.

4. كېچىنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئاللاھنىڭ رازىلىقى ئۈچۈن تەھەججۇد نامىزى ئوقۇماقچى بولغان مۇسۇلماننىڭ كېچە نامىزىنى يېنىك ئىككى رەكئەت ناماز ئوقۇش بىلەن باشلىغاندىن كېيىن خالىغىنىچە ئوقۇشى لازىم.

5. كىشىنىڭ بۇ مۇبارەك ئىبادەتلەرنى بىرلىكتە قىلىش ۋە بىرلىكتە ئەجىر ساۋابقا ئېرىشىشى ئۈچۈن ئەھلى ـ ئايالىنى ئويغىتىش لازىم.

6. ئۆزىنى بەك قىينىماسلىقى لازىم. ئەكسىچە كۈچى يەتكۈچىلىك ۋە سالامەتلىكىگە تەسىر يەتمىگۈدەك شەكىلدە ئىبادەت قىلىشى كېرەك. يەنى قاچان ئۇيقۇسى كېلىپ، ھارغىنلىق ۋە خوشياقماسلىق ھېس قىلسا، ناماز ئوقۇشنى توختىتىپ ئۇيقۇسى ئېچىلغۇچە ئۇخلىشى لازىم.

7. كىشى كېچە نامىزىنى باشلاپ، ئاللاھنى كۆپ زىكرى قىلىدىغان ۋە ئۇنىڭغا كۆپ شۈكرى ئېيتىدىغانلاردىن بولغاندىن كېيىن، بۇ ئىبادەتنى داۋاملاشتۇرۇشى ۋە ئۇنى زۆرۈرىيەت بولمىسىلا توختۇتۇپ قويماسلىقى لازىم.

8. كېچە نامىزىنىڭ بەلگىلىك بىر ۋاقتى يوق، شۇڭا بۇ نامازنى كېچىنىڭ ئەۋۋىلىدە بولسۇن، ئوتتۇرىسىدا بولسۇن ياكى ئاخىرىدا بولسۇن ئىشقىلىپ خۇپتەندىن كېيىنلا ئوقۇلسا بولىدۇ.

جانابى ئاللاھ بىزنى ۋە سىزنى (كۆپ) رۇزا تۇتقۇچىلاردىن، كېچە تەھەججۇد نامىز ئوقۇغۇچىلاردىن ۋە ئۇنىڭغا تەۋبە بىلەن قايتقۇچىلاردىن قىلسۇن، ئۇ نېمە دېگەن ياخشى دوست ۋە نېمە دېگەن ياخشى ياردەمچىدۇر. بارلىق ھەمدۇ سانالار ئالەملەرنىڭ پەۋەردىگارى ئاللاھقا، ئالدىنقىلارنىڭ ۋە كېيىنكىلەرنىڭ يولباشچىسى ۋە

بىزنىڭمۇ يولباشچىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا، ئۇنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغا ۋە بارلىق ساھابىلىرىگە سالام بولسۇن.

# بەشىنچى بۆلۈم. زاكات

## 264- سوئال: زاكاتنىڭ ئىسلام دىنىدىكى ئورنى

زاكات- ئىسلام پەرزلىرىنىڭ ئۈچىنچىسى بولۇپ، ئاللاھ تائالا زاكاتنى مۇسۇلمانلارنىڭ بايلىرىغا پەرز قىلىپ بەلگىلىگەن. ئىسلام نەزەرىدە ئىماندىن قالسا ئەڭ بىرىنچى پەرز ناماز بولسا، نامازدىن كېيىن ئەڭ ئۇلۇغ ئىبادەت زاكاتتۇر. پەيغەمبىرىمىز بۇ ھەقىقەتنى ئىپادىلەپ مۇنداق دېگەن: «ئىسلام بەش ئاساسنىڭ ئۈستىگە قۇرۇلغان: ئاللاھ تائالادىن باشقا ھەقىقىي مەبۇد يوقلىقىغا، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن ئەۋەتىلگەن ھەق پەيغەمبەر ئىكەنلىكىگە چىن ئىشىنىپ گۇۋالىق بېرىش، ناماز ئوقۇش، زاكات بېرىش، روزا تۇتۇش ۋە قۇدرىتى يەتسە بەيتۇللانى تاۋاپ قىلىش» (بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايىتى).

شۇڭىمۇ زاكات قۇرئان كېرىمنىڭ 82 ئايىتىدە ناماز بىلەن ياندىشىپ كېلىش ئارقىلىق ئۇنىڭ ئىسلام نەزەرىدىكى يۈكسەك ئورنى ۋە زور ئەھمىيىتى بىلدۈرۈلگەن. چۈنكى زاكاتنى ئادا قىلىشمۇ خۇددى بەش ۋاقىت ناماز ئوقۇشنىڭ زۆرۈر بولغىنىدەك، زۆرۈر بولغان ئىبادەتتۇر.

زاكات- ئىجتىمائىي ئىبادەتتۇر. زاكات سۆزى ئەرەپ تىلىنىڭ لۇغەت تەركىبىدە «پاكلاش» ۋە «ئۆستۈرۈش» دېگەن ئىككى مەنىنى بىلدۈرىدۇ. ئىسلام دىنى بۇ ئىككى مەنىنىڭ ھەر ئىككىسىنى بىرگە ئىپادىلەش مەقسىتىدە بۇ ماۋزۇ ئۈچۈن زاكات سۆزىنى ناھايىتى ھېكمەتلىك ھالدا تاللاپ ئالغان. چۈنكى، پۇل- مالنىڭ زاكىتىنى ئايرىغانلىق ھەقىقەتتە ئۇنى ھاجەتمەنلەرنىڭ ھەقلىرىدىن، ئۆز نەپسىنى بولسا بېخىللىقنىڭ ئىللەتلىرىدىن پاكلىغانلىقتۇر.

## 265- سوئال: زاكات بېرىشنىڭ پەزىلىتى

ئاللاھ تائالا بەرگەن پۇل- مالنىڭ زاكىتىنى ئىسلام شەرىئىتىدە كۆرسىتىلگەن بويىچە ئادا قىلىش ئەڭ پەزىلەتلىك ۋە ئۇلۇغ ئىبادەتلەرنىڭ بىرى بولغىنىدەك، ھەقىقىي مۇسۇلمانلىقنىڭ ئىپادىسىدۇر.

ناماز، روزا ۋە باشقىمۇ ئىبادەتلەرگە ئوخشىغان ئىقتىساد تەلەپ قىلمايدىغان ئىبادەتلەرنى ھەر قانداق مۇسۇلمان كىشى ئۇڭايلا ئادا قىلىدۇ. ئەمما تەر تۆكۈپ ئىشلەپ تاپقان مال- دۇنيادىن بىرقىسمىنى ئايرىپ ھاجەتمەنلەرگە بېرىشنى كېرەك قىلىدىغان زاكاتقا ئوخشىغان ئىجتىمائىي ئىبادەتنى، پەقەت ھەقىقىي مۆئمىن بولغان كىشىلەرلا تولۇق ئورۇنلىيالايدۇ. شۇڭا ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە: « روھىنى (ناچار ئىللەتلەردىن) پاك قىلغان ئادەم چوقۇم مۇرادىغا يېتىدۇ» دەيدۇ. (شەمس سۈرىسى 9-

ئايەت).

ئاللاھ يولىدا سەرپ قىلىنغان پۇل- مالنىڭ مۇشۇ دۇنيادا ھەسسىلەپ كۆپىيىدىغانلىقىنى ۋە سەرپ قىلغۇچىنىڭمۇ ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا ھەسسىلەپ ساۋاپقا ئېرىشىدىغانلىقىنى قۇرئان كېرىم مۇنداق بىر مىسال بىلەن ئىپادىلەيدۇ: « ئاللاھنىڭ يولىدا پۇل- مېلىنى سەرپ قىلغانلارنىڭ (سەرپ قىلغان نەرسىسى يەرگە تېرىلىپ) يەتتە باشاق چىقارغان، ھەر باشقىدا 100 دىن دان تۇتقان بىر دانغا ئوخشايدۇ، ئاللاھ خالىغان بەندىسىگە ھەسسىلەپ بېرىدۇ» (بەقەر سۈرىسى 261- ئايەت).

## 266-سۇئال: زاكاتنىڭ پەرز بولۇشىنىڭ سەۋەبلىرى

پېقىرلىق مۇسۇلمانلار جەمئىيىتى ئۈچۈن بىر نوقساندۇر. پېقىرلارنىڭ ئېھتىياجلىرىنى ھەل قىلىپ جەمئىيەتتىكى بارلىق مۇسۇلمانلارنى ئوخشاش پاراۋانلىققا، باراۋەرلىككە ۋە بەختلىك تۇرمۇش تەرزىگە ئىگە قىلىشنىڭ بىردىن- بىر چارىسى مۇسۇلمان بايلىرىنىڭ ئۈستىگە مەلۇم مىقداردا زاكاتنى پەرز قىلىپ بېرىپ، ئۇنىڭ بىلەن پېقىرلارنىڭ ھاجەتلىرىنى راۋا قىلىشتىن ئىبارەتتۇر. ئىسلام دىنى مۇسۇلمانلارغا بۇ مۇقەددەس پەرزنى بەلگىلەش ئارقىلىق جەمئىيەتتە ئىجتىمائىي ئادالەتنى بەرپا قىلىشنى مەقسەت قىلغان. كۆنىمىزدە بايلاردىن زاكاتنى يىغىپ پېقىرلارغا تارقىتىش ئىشىنى بىۋاستە ئۆز ئۈستىگە ئالىدىغان ئىسلام ھاكىمىيىتى بولمىسىمۇ، ئاللاھ تائالا بۇيرىغان بۇ پەرزنى ھەر قانداق بىر مۇسۇلماننىڭ ئۆز ۋىجدانى ۋە ئىمانىنىڭ تۈرتكىسى بىلەن تولۇق ئادا قىلىشى، بۇنىڭ بىلەن جەمئىيەتتىكى پېقىرلارنىڭ ئېھتىياجلىرىنى ھەل قىلىشى ھەقىقىي مۇسۇلمانلىقنىڭ ئىپادىسىدۇر.

## 267- سۇئال: ئاللاھ تائالانىڭ ئىنسانلارغا پۇل بېرىشتىكى مەقسىدى

ئاللاھ تائالا مال- دۇنيانى ئىنسانلارغا ئىككى مەقسەت بىلەن بېرىدۇ: بىرى ئۇلارغا ئېھسان ۋە ئىنئام قىلىش؛ يەنى بىرى، ئۇلارنى بۇ مال- دۇنيا بىلەن سىناش يۈزىسىدىن بېرىدۇ. مال- دۇنيا كىشىلەرنىڭ ئىقتىدارى ۋە كۈچ- قۇۋۋىتىگە كۆرە ئىگە بولىدىغان نەرسە ئەمەس، بەلكى ئۇ ئاللاھ تائالانىڭ ئاتا- ئېھسانىدۇر. ئوخشاش ئىقتىدارغا، ئوخشاش دىپلومغا ۋە ئوخشاش ئىشتا ئىشلەيدىغان ئىككى ئادەمنىڭ بىرىنى، ئاللاھ تائالانىڭ باي قىلىدىغانلىقى يەنە بىرىنى ئۇنىڭدىن تۆۋەنرەك ياكى پېقىر قىلىدىغانلىقى بىر رېئاللىقتۇر. ئەگەر مال- دۇنيا ئىقتىدار بىلەنلا قولغا كېلىدىغان نەرسە بولىدىغان بولسا ئىدى، يوقىرىقى ئىككى ئادەم ئىقتىسادىي جەھەتتە ئوخشاش بولغان بولاتتى. بۇنداق ئىكەن، مۇسۇلمان كىشى ئاللاھ تائالا ئۇنىڭغا ئاتا قىلغان پۇل- مالنىڭ ھەققىنى ئادا قىلىشقا مەجبۇردۇر. بۇ بولسىمۇ زاكاتتۇر. شۇڭا زاكات بەرگۈچىنىڭ «مەن پېقىرلارغا ئۆز مۈلكۈمدىن خەير- ئېھسان قىلىۋاتىمەنغۇ » دەپ

مىننەت قىلىش ھەققى يوقتۇر. ئەگەر شۇنداق قىلىدىكەن، ئۇنىڭ بەرگەن زاكىتى، ئاللاھ تائالانىڭ دەرگاھىدا قوبۇل قىلىنمايدۇ. چۈنكى ئۇ ئاللاھ تائالا تاپشۇرغان ئامانەتنىڭ تېگىشلىكىنى كىشىلەرگە يەتكۈزۈش ئارقىلىق ئۆزىنىڭ قولىدا قالغان قىسمىنى هارامدىن ( يەنى پېقىرلارنىڭ ھەققىدىن) پاكلىغان كىشىدۇر.

## 268-سۇئال: ئىسلام نەزەرىدە پۇل- مالنىڭ ۋەزىپىسى

ئىسلام دىنى مۇسۇلمانلار جەمئىيىتىدە پېقىرلىقنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىنى جىددى بىر يېتەرسىزلىك دەپ قارايدۇ. شۇڭىمۇ ئۇ مۇسۇلمانلارنىڭ پاراۋانلىق، باراۋەرلىك ئىچىدە ھايات كەچۈرۈشى ئۈچۈن ئەڭ مۇكەممەل پرىنسىپلارنى بەلگىلىگەن. ئىسلام دىنى شەرىئىتى بويىچە مال- مۈلۈكنىڭ ۋەزىپىسىنى تۆۋەندىكى ئۈچكە قىسقارتىشقا بولىدۇ:

1- پۇل- مالنى ئىسلام شەرىئىتىدە كۆرسىتىلگەن ۋە بۇيرۇلغان يوللار بىلەن ئۆستۈرۈش.

2- پۇل- مالنى ئېھتىياجغا قاراپ ئىسراپ قىلماستىن، ھەددىدىن ئاز قىسىۋالماستىن نورمال ھالدا قوللىنىش.

3- پۇل- مالنىڭ زاكىتىنى تولۇق ئايرىش ۋە سەدىقە، ياردەم، ئېھسانغا ئوخشاش ئىختىيارى ياردەم ۋاستىلىرى بىلەن ئېھتىياج ئىگىلىرىگە ياخشىلىق قىلىش.

يۇقىرىقىلار ئىسلام دىنىنىڭ پۇل- مالنى تەسەررۇپ قىلىشتىكى كۆرسەتمىسىدۇر.

## 269-سۇئال: ئىسلام نەزەرىدە ئىشلەشنىڭ قىممىتى

ئىسلام دىنى مۇسۇلمانلارغا ئىشلەشنى پەرز قىلىپ بەلگىلىگەن ۋە ئىشلىگەننىڭ شەنىنى، قەدىر- قىممىتىنى ئالاھىدە كۆتۈرگەن يېگانە دىندۇر. مۇسۇلمانلار جەمئىيىتىنىڭ قۇدرەت تېپىشى ۋە خەلقئارلىق رىقابەتكە دادىل كىرىپ ئۆزىنىڭ يۈكسەك ئورنىنى ساقلاپ قېلىشى يولىدا ئىشلەشنىڭ رولى ئالاھىدە چوڭدۇر. ئاللاھ تائالا قۇرئام كەرىمدە: « ئىنسان پەقەت ئۆزىنىڭ ئىشلىگەن نەرسىسىنىڭ نەتىجىسىنى كۆرىدۇ» دەپ كۆرسەتكەن. (نەجم سۈرىسى 39- ئايەت).

ھالال رىزىق تېپىش يولىدا ئىشلەش ئاللاھ تائالا بۇيرىغان ئەمەللەرنىڭ ئىچىدە ئەڭ ئەھمىيەتلىك ۋە مۆتىۋەر ئىبادەتتۇر. چۈنكى ئاللاھ تائالا بۇيرىغان زاكات، ھەج، ئىلىم تەھسىل قىلىش ۋە جىھاد قاتارلىق ئىقتىساد بىلەن قىلىنىدىغان ئىبادەتلەردىن باشقىمۇ پەرزلەرنى تولۇق ئادا قىلىش ئۈچۈنمۇ ئىنساننىڭ ساغلاملىقى ۋە بەدىنىنىڭ كۈچ- قۇۋۋىتى تەلەپ قىلىنىدۇ. مەلۇمكى، تەن ساغلاملىقىنى ۋە بەدەنىنىڭ قۇۋۋىتىنى ساقلاش ئىشى كۈندىلىك كېرەكلىك يېمەك- ئىچمەكلەرنى تەمىنلەيدىغان ئىقتىساتقا مۇھتاجدۇر. ئىقتىساد پەقەت ئىشلەش ئارقىلىق قولغا كېلىدۇ. ئىشلەش تەرەققى

قىلىشنىڭ ئالدىنقى ئاملىدۇر.

ئىسلام دىنىدا ئىبادەتنىڭ دائىرىسى شۇنچىلىك كەڭ بولۇپ، ئۇ ھاياتلىقنىڭ ھەممە تەرەپلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئىنسانىيەتكە پايدىلىق بولغان ھەر قانداق ئىجتىمائىي خىزمەتلەر، دىن ئۈچۈن، ۋەتەن ئۈچۈن ۋە ئۆزىنىڭ تۇرمۇشىنى قامداش ئۈچۈن ئىشلەشلەرنىڭ ھەممىسى ئاللاھ رازىلىقىنى كۆزلىگەن بولۇش شەرتى بىلەن ئىبادەت دائىرىسىگە كىرىدۇ.

قۇرئاندا « ئىشلەش» دېگەن ئىبارە 359 ئورۇندا تىلغا ئېلىنغان. ئىسلام دىنى كىشىلەرنى ئىشلەشكە ۋە شۇ ئارقىلىق تەرەققى قىلىشقا چاقىردى. ئىشلەشكە قادىر بولغانلار ئۈچۈن ئىشلەشنى پەرز قىلدى. دېمەك، ئىشلەش ھەقىقىي ئىماننىڭ ئاساسلىرىدىن بىرىدۇ. شۇڭا دەيمىزكى، ئىشلەش پېقىرلىققا خاتىمە بېرىش ۋە جەمئىيەتنى تەرەققى قىلدۇرۇش يولىدىكى ئالدىنقى ئاملىدۇر.

## 270-سوئال: زاكات بېرىشنىڭ ئاخىرەتلىك پايدىلىرى

زاكاتنىڭ ئاخىرەتلىك پايدىلىرىنى تۆۋەندىكى بەش نوقتىغا يىغىنچاقلاشقا بولىدۇ:

1- مال- مۈلكىنىڭ زاكىتىنى تولۇق ئادا قىلغان كىشى ئىسلام دىنىنىڭ ئاساسلىق پەرزلىرىدىن بولغان بىر ئىجتىمائىي پەرزنى بەرپا قىلغان بولۇپ، ئاللاھ تائالانىڭ چەكسىز رەھمەت ۋە مەغپىرىتىگە سازاۋەر بولىدۇ. ئاللاھ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن: «ئىمان ئېيتقان، ياخشى ئەمەللەرنى قىلغان، ناماز ئوقۇغان ۋە زاكاتنى ئادا قىلغان كىشىلەر پەرۋەردىگارىنىڭ دەرگاھىدا چوڭ ساۋابقا ئېرىشىدۇ. ئۇلارغا (ئاخىرەتتە) ھېچ غەم- قايغۇ ۋە قورقۇنچ بولمايدۇ» (بەقەر سۈرىسى 277- ئايەت).

2- زاكاتنى ئادا قىلغان كىشى دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە بەختكە ئېرىشىدىغان ھەقىقىي مۆئمىنلەرنىڭ قاتارىدىن ئورۇن ئالىدۇ.

3- زاكاتنى ئادا قىلغان كىشىنىڭ ئىمانى كۈچلۈك بولىدۇ. چۈنكى، خالىقنىڭ (ئاللاھنىڭ) ۋە مەخلۇقنىڭ (يەنى پېقىرلارنىڭ) ھەقلىرىنى تونۇپ ئۇلارنى يولىدا ئادا قىلمىغان كىشىنىڭ ئىمانى تولۇقلانمايدۇ. ئاللاھنىڭ ھەققى ناماز ئوقۇشقا ئوخشاش ئاللاھ بىلەن بەندىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئىبادەتلەرنى ئورۇنلاش بىلەن ئادا تاپسا، پېقىرلارنىڭ ھەققى ئاللاھ تەئالا بۇيرىغان زاكاتنى ئۇلارغا بېرىش بىلەن ئادا تاپقان بولىدۇ. يۇقىرىقى ئىككى خىل ھەقنى يولىدا ئادا قىلغان كىشىنىڭ ئىمانى تولۇقلانغان ۋە دۇنيا ــ ئاخىرەتلىكمۇ بەختلىك بولغان بولىدۇ.

4- زاكات، ئۇنى بەرگۈچىنىڭ قەلبىنى بېخىللىقنىڭ كىرلىرىدىن ۋە شەپقەتسىزلىكنىڭ ئىللەتلىرىدىن پاكلىغاندەك ئۇنىڭ مال- دۇنياسىنىمۇ ھارامدىن يەنى پېقىرلارنىڭ ھەققىدىن پاكلايدۇ ۋە بەرىكەت بىلەن كۆپەيتىدۇ. زاكات سۆزىنىڭ

لۇغەتتىكى مەنىسمۇ بۇ مەنىلەرنى ئىپادىلىمەكتە.

5- زاكات كىشىگە مەرتىلىكنى، سېخىيلىقنى، ئۆزئارا ياردەملىشىشنى، رەھىمدىللىقنى ۋە پىداكارلىقنى ئۆگىتىش ئارقىلىق ئۇنى ئىسلامىي گۈزەل ئەخلاقلارغا ئېرىشتۈرۈشكە كېپىللىك قىلىدۇ. نەتىجىدە ئۇنى ئاللاھ تائالانىڭ ئۆلگىلىك بەندىلىرىدىن قىلىپ يېتىشتۈرۈپ چىقىدۇ.

## 271- سوئال: زاكاتنىڭ بۇ دۇنيالىق پايدىلىرى

زاكاتنىڭ بۇ دۇنيالىق پايدىلىرىمۇ ناھايىتى كۆپتۇر. زاكات زۆرۈر بولغان ئىجتىمائىي ئىبادەت بولغانلىق ئېتىبارى بىلەن ئۇنىڭ پايدىسى زاكاتنى بەرگۈچى ۋە ئالغۇچى ھەر ئىككىسىگە ئورتاق بولغانىنىڭ سىرتىدا، پۈتۈن جەمئىيەتكە مەنپەئەتلىكتۇر. چۈنكى زاكات سۆزى لۇغەت ئېتىبارى بىلەن « پاكلاش» ۋە « ئۆستۈرۈش» دېگەن ئىككى مەنىنى بىلدۈرىدۇ. بۇنىڭغا بىنائەن زاكاتنىڭ بۇ دۇنيالىق پايدىلىرىنى تۆۋەندىكىلەرگە قىسقارتىشقا بولىدۇ:

1- زاكات- پاكلاش مەنىسى بىلەن بايلارنى بېخىللىقنىڭ ئىللەتلىرىدىن پاكلاپ، ئۇلارنى مەرتلىك بىلەن سېخىيلىقتىن ئىبارەت ئېسىل ئەخلاقلارغا ئېرىشتۈرىدۇ. دۇنيادا مەرتلىك ماختىلىدىغان ئېسىل ئەخلاق بولغىنىدەك، بېخىللىق ھەرقانداق مىللەتنىڭ لۇغىتىدە سۆكىلىدىغان بىر رەزىل خۇلۇقتۇر. بېخىللىقنىڭ ئەڭ يامان بولغىنى شۇكى، ئۇ گاھىدا كىشىلەرنى پۇل- مالغا بېخىللىق قىلىپ ئۆزلىرىنىڭ ھاياتىنى ھالاك قىلىشقا، نومۇسلىرىنى بۇلغىشىغا سەۋەب بولىدۇ.

2- زاكات پاكلاش مەنىسى بىلەن، يوقسۇللارنىڭ، يېتىم- يېسىرلارنىڭ ۋە باشقىمۇ ئېھتىياج ئىگىلىرىنىڭ كۆڭۈللىرىنى ئاللاھ تائالا ئاتا قىلغان پۇل- مالدىن ئۇلارغا چىقىم قىلىشقا بېخىللىق قىلىدىغان بايلارغا بولغان ئۆچلۈك، ئاداۋەت ۋە دۈشمەنلىك تۇيغۇلىرىدىن پاكلايدۇ. شۇنداقلا زاكات پاكلاش مەنىسى بىلەن جەمئىيەتنى يوقسۇللار بىلەن بايلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا يۈز بېرىدىغان زىددىيەتلەردىن، توقۇنۇشلاردىن ۋە قان تۆكۈشلەردىن پاكلايدۇ.

3- زاكات پاكلاش مەنىسى بىلەن بايلارنىڭ پۇل- ماللىرىنى يوقسۇللارنىڭ ھەقلىرىدىن پاكلايدۇ. چۈنكى زاكات يوقسۇللارنىڭ ھەققى. زاكتى بېرىلمىگەن مال ناپاكتۇر.

4- زاكات پاكلاش مەنىسى بىلەن، زاكات بەرگۈچىنى گۇناھلىرىدىن پاكلايدۇ. چۈنكى زاكات- ئىبادەتتۇر. ھەر قانداق بىر ئىبادەتنى دۇرۇس شەكىلدە ئادا قىلغان كىشىنىڭ گۇناھلىرى شۇ ئىبادەت يۈزىسىدىن ئۆچرىلىدۇ.

5- زاكات ئۆستۈرۈش مەنىسى بىلەن، زاكات بەرگۈچىنىڭ مال- دۇنياسىنى

بەرىكەت بىلەن ئۈستۈرىدۇ. بەزىلەر مۇنداق سوئال قويۇشى مۇمكىن: بېرىلگەن نەرسە كېمەيمەيستىن قانداقمۇ كۆپەيسۇن؟ ئۇلارغا جاۋاپ بېرىپ دەيمىزكى، زاكات بېرىلگەن مال- دۇنيادىكى ۋاقىتلىق كېمىيىش بولسا، شۇنداق تاشقى كۆرۈنۈش بولۇپ، ئەمما ھەقىقەتتە ئۇنىڭ ئارقىسىدا بەرىكەت ۋە ئۆسۈش باردۇر. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: «سىلەر كىشىلەرنىڭ پۇل- مېلى ئىچىدە ئۆستۈرۈش ئۈچۈن بېرەر پۇل- مال بەرسەڭلار، ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا ئۇ ئۆسمەيدۇ. ئاللاھنىڭ رازىلىقىنى كۆزلەپ بەرگەن زاكىتىڭلار ھەسسىلەپ ئۆسىدۇ» (رۇم سۈرىسى 39- ئايەت)

6- زاكات ئۆستۈرۈش مەنىسى بىلەن، زاكات بەرگۈچىنىڭ مەنىۋىيىتىنى ئۆستۈرىدۇ. چۈنكى، باشقىلارغا ياخشىلىق قىلىدىغان، يوقسۇللارنىڭ غېمىنى يەيدىغان ئادەم ئۆزىنىڭ كۆڭلى- كۆكسىنىڭ كېڭەيگەنلىكىنى ۋە قولى ئۇزۇن، روھى ئۈستۈن بولۇپ كۆتىرىلگەنلىكىنى بىردىن ھېس قىلىدۇ.

7- زاكات ئۆستۈرۈش مەنىسى بىلەن يوقسۇللارنىڭ، يېتىملارنىڭ ۋە باشقىمۇ ئېھتىياج ئىگىلىرىنىڭ روھىنى كۆتىرىدۇ. چۈنكى، ئۇلارمۇ ئۆزلىرىنى جەمئىيەتتە يار- يۆلەكسىز، بىچارىلىككە يارىتىلغانمىز، دەپ ھېس قىلىپ ھاياتلىقتىن ئۈمىتلىرىنى ئۈزمەستىن، بۇرادەرلىرىنىڭ ئۇلارنىڭمۇ يۆكلىرىنى يەڭگىللىتىدىغانلىقىنى، قىيىنچىلىقلىرىنى ھەل قىلىشقا ياردەملىشىدىغانلىقىنى ھېس قىلىدۇ- دە، ئۆزلىرىنى بەختلىك ھېس قىلىدۇ.

8- زاكات يوقىرىقى ھەر ئىككى مەنىسى بىلەن، ئىجتىمائىي باراۋەرلىكنى قوغداشنىڭ ۋاستىسىدۇر. قىسقىسى، ئىسلام دىنى مۇسۇلمانلار جەمئىيىتىدە يېتىم- يېسىر، باقغۇچىسىز، ئاجىز، مېيىپ كىشىلەرنىڭ يار- يۆلەكسىز قېلىشىنى جىددى بىر ئىجتىمائىي يېتەرسىزلىك دەپ قارايدۇ ۋە بۇنىڭغا ھەرگىزمۇ يول قويمايدۇ. مۇسۇلمان كىشى ھاياتلىققا كېرەكلىك بولغان ئېھتىياجلارنى قامداش يولىدا ئۆز مېھنىتى ۋە ھالال كەسپى بىلەن ئىشلەشكە بۇيرۇلغان. قېرىلىقتىن، ياكى ئاغرىقچانلىقتىن ئىشلەشكە قادىر بولالمىغان ياكى يېتىملىقتىن چارىسىز قالغانلارنىڭ ئېھتىياجلىرىنى مۇسۇلمانلار جامائەسى ھەمكارلىشىپ قامداشقا بۇيرۇلغان. زاكات ئەنە شۇنداق پاراۋانلىق ۋە باراۋەرلىك جەمئىيەتنىڭ كاپالىتىدۇر.

## 272- سوئال: زاكات بەرمەسلىكنىڭ گۇناھى

پۇل- مالنىڭ ئەسلى ئىگىسى ئاللاھ تائالا بولۇپ، قولىمىزدىكىسى ئاللاھ تائالانىڭ بىزگە ئىنئام ۋە سىناق تەرىقىسىدە ئاتا قىلغىنىدۇر. پۇل- مال ياخشى ئىشلارنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن ئەڭ ياخشى ياردەمچى بولغاندەك، گاھىدا كىشى ئۈچۈن تۈگىمەس بالايى ئاپەت ۋە بەختسىزلىكلەرنى ئېلىپ كېلىدۇ. بۇنىڭ سەۋەبى، پۇل-مال

ئىگىلىرىنىڭ ئۆز قولىلىرىدىكى پۇل- مالغا مۇناسىۋەتلىك بولغان ھەق- ھوقۇقلارنى تونۇماسلىقى ۋە ئۇنى يولىدا ئىشلەتمىگەنلىكلىرىدىن ئىدى. ئاللاھ تائالا ئىنسانلارغا مال- دۇنيانى ئاتا قىلىش بىلەن بىرگە ئۇنى ياخشى يوللارغا ئىشلىتىشكە ئېھتىياج ئىگىلىرىنىڭ ئۇنىڭدىكى ھەقلىرىنى تولۇق ئادا قىلىشقا بۇيرىغان.

ئاللاھ تائالا مۇسۇلمان پۇل ئىگىلىرىنى ئېھتىياج ئىگىلىرىگە خەير- ئېھسان قىلىشقا بۇيرىغىنىدىن باشقا، ئۇلارنىڭ مال- دۇنياسىدىن مۇئەييەن مىقدارىنى ئۇلارغا زاكات يولى بىلەن بۆلۈپ بېرىشنى پەرز قىلىپ بەلگىلىگەن. « ئۇلارنىڭ (يەنى مۇسۇلمان پۇل ئىگىلىرىنىڭ) پۇل- ماللىرىدا تىلەيدىغان پېقىرىغا ۋە تىلىمەيدىغان پېقىرغا بېرىشكە تېگىشلىك بولغان مۇئەييەن ھەق(يەنى زاكات) باردۇر.» (مەئارىج سۈرىسى 24- 25- ئايەتلەر).

ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمنىڭ كۆپلىگەن ئايەتلىرىدە زاكاتنى ئادا قىلىشنىڭ زۆرۈرلىكىنى تەكىتلىگەن ۋە زاكاتنى نەرمىگۈچىلەرنىڭ (ئاخىرەتتە) تەسەۋۋۇر قىلغۇسىز قاتتىق ئازاب- ئوقۇبەتلەرگە دۇچار بولىدىغانلىقىنى جاكارلىغان.

« ئاللاھ ئۆز پەزلىدىن بەرگەن نەرسىلەرگە (يەنى پۇل- مالغا) بېخىللىق قىلىدىغانلار بېخىللىقنى ئۆزلىرى ئۈچۈن پايدىلىق دەپ گۇمان قىلمىسۇن، ئەمەلىيەتتە، بۇ ئۇلار ئۈچۈن زىيانلىقتۇر. ئۇلارنىڭ بېخىللىق قىلغان نەرسىسى قىيامەت كۈنىدە ئۇلارنىڭ بويىنىغا تاقاق قىلىپ سېلىنىدۇ.» (ئالئىمران سۈرىسى 180- ئايەت).

پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەرقانداق بىر قەۋم زاكاتنى بەرمەيدىكەن، الله ئۇلارنى قۇرغاقچىلىق ئاپىتىگە دۇچار قىلىدۇ. (ئەلئەۋسەت)

## 273- سۇئال: زاكاتنىڭ پەرز بولۇشىنىڭ شەرتلىرى

زاكات تۆۋەندىكى شەرتلەرگە توشقان كىشىلەرگە پەرز بولۇپ بۇيرۇلىدۇ:

1- مۇسۇلمان بولۇش. 2- بالاغەتكە يەتكەن بولۇش.

3- ئەقىل- ھوشى جايىدا بولۇش. 4- مەلۇم مىقداردا پۇل- مالغا ئىگە بولۇش.

5- پۇل- مالغا ئىگە بولغىنىغا بىر يىل توشۇشى. 6- قەرزدار بولماسلىق.

## 274-سۇئال: زاكات كېلىدىغان ماللار

زاكات كېلىدىغان ماللار تۆۋەندىكىچە:

1- نەق پۇل 2- تىجارەت ماللىرى

3- ئاشلىق، مېۋە ۋە كۆكتاتلار 4- چارۋا ماللىرى

5- يەر ئاستى بايلىقلىرى 6- دېڭىز بايلىقلىرى

7- شېرىكەت ھەسسەدارلىقى

## 275- سۇئال: زاكات بېرىلىدىغان شەخسلەر

زاكات ئېلىشقا ھەقلىق بولغانلار تۆۋەندىكى 8 تۈرلۈك شەخسلەردۇر:

1- پېقىرلار 2- مىسكىنلەر 3- كۆڭلىنى دىنغا مايىل قىلىش كۆزدە تۇتۇلغانلار

4- قەرزدارلار 5- زاكات خادىملىرى 6- قۇللارنىڭ ئازاتلىقى ئۈچۈن

7- ئاللاھنىڭ يولىدىكى مۇجاھىدلار 8- يولدا قالغان پۇلسىز مۇساپىرلار

يۇقارىقىلارنىڭ ھەممىنى ئاللاھ تەئالانىڭ مۇنۇ سۆزى ئۆز ئىچىگە ئالغان: « زاكات پەقەت پېقىرلارغا، مىسكىنلەرگە، زاكات خادىملىرىغا، دىللىرىنى ئىسلامغا مايىل قىلىش كۆزدە تۇتۇلغانلارغا، قۇللارنى ئازات قىلىشقا، قەرزدارلارغا، ئاللاھنىڭ يولىغا، ۋەتىنىدىن ئايرىلىپ يولدا قالغان مۇساپىرغا بېرىلىدۇ. بۇ ئاللاھنىڭ بەلگىلىمىسىدۇر، ئاللاھ (بەندىلىرىنىڭ مەنپەئەتىنى ئوبدان) بىلگۈچىدۇر. ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر .» (تەۋبە سۈرىسى 60- ئايەت)

## 276- سۇئال: زاكات بېرىلمەيدىغانلار

زاكات 5 خىل شەخسكە بېرىلمەيدۇ. چۈنكى ئۇلارغا زاكات بېرىش جائىز بولمىغانلىقتىن، ئۇلارغا بېرىلگەن زاكات بىلەن زاكات پەرزى ئادا بولمايدۇ. ئۇلار تۆۋەندىكىلەر:

1- بايلار. باي- ئىسلام نەزەرىدە، زاكات بېرىشكە ئىقتىدارى يەتكەن (يەنى نورمال ئېھتىياجىنىڭ سىرتىدا 85 گرام ئالتۇن ياكى 595 گرامم كۈمۈش، پۇلى، ياكى ئۇنىڭ قىممىتىدە پۇل- مېلى بولغان) ئادەم دېمەكتۇر. بايلارغا زاكات بېرىلمەيدۇ.

2- كۇففارلار. كاپىر- ئىسلام دىنىدىن باشقا بىر دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان ياكى ھېچقانداق بىر دىنغا ئىشەنمەيدىغان ئادەملەرگە قويۇلغان بىر ئاتالغۇدۇر. كاپىرلارغا زاكات بېرىلمەيدۇ. ئۇلارغا بېرىلگەن تەقدىردىمۇ بۇنداق زاكات ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا ئادا تاپمايدۇ.

3- زاكات بەرگۈچىنىڭ ئاتا- ئانىسى. بۇ ماۋزۇدىكى ئاتا- ئانىلار- زاكات بەرگۈچىنىڭ ئاتا- ئانىسى، بوۋا- مومىلىرى ۋە جەمى ئەجدادلىرى دېمەكتۇر. زاكات بەرگۈچىنىڭ زاكاتىنى ئۆزىنىڭ ئاتىسىغا، ئانىسىغا، بوۋىلىرىغا ۋە مومىلىرىغا بېرىشى جائىز ئەمەستۇر. بۇنداق زاكات ئادا تاپمايدۇ. بۇنىڭدىكى سەۋەپ شۇكى، كىشى ئاتا- ئانىسىنى، بوۋا- مومىلىرىنى بېقىشقا بۇيرۇلغان. ئاتا- ئانىلارنىڭ بارلىق چىقىملىرىنى قامداش ۋە ئۇلارنى ياخشى بېقىش بالىلىرىنىڭ ئۈستىدىكى ئۇنىڭدىن باش تارتالمايدىغان، ئالاھىدە ئەھمىيەتلىك بولغان بىر پەرزدۇر. زاكاتنى ئاتا- ئانىسىغا بەرگەن ئادەم خۇددى ئۆزىگە ئۆزى زاكات بەرگەنگە ئوخشاشتۇر. چۈنكى ئاتا-

ئانىسىنى بېقىش ئۆزىنىڭ يالغۇز بۇرچىدۇر. ئاتا- ئانىغا بېرىلگەن زاكات بىلەن زاكات پەرزى ئادا تاپمايدۇ، ئەلۋەتتە.

شۇڭا پۈتۈن ئىسلام فىقھشۇناس ئالىملىرى زاكاتنى ئۆزىنىڭ ئاتا- ئانىسىغا، بوۋا- موملىرىغا بېرىشىنىڭ جائىز ئەمەسلىكىگە ۋە بۇنداق زاكاتنىڭ ئادا تاپمايدىغانلىقىغا بىردەك ئىتتىپاقتۇر.

4- زاكات بەرگۈچىنىڭ بالىلىرى. بۇ ماۋزۇدىكى بالىلار- زاكات بەرگۈچىنىڭ بالىلىرى، نەۋرىلىرى ۋە چەۋرىلىرىنىڭ ھەممىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. پۈتۈن ئىسلام فىقھشۇناس ئالىملىرىنىڭ بىردەك ئىتتىپاقى بويىچە، كىشىنىڭ ئۆز بالىلىرىغا، نەۋرىلىرىگە ۋە چەۋرىلىرىگە زاكات بېرىشى جائىز ئەمەستۇر. چۈنكى ئۇلارغا بېرىلگەن زاكات بىلەن زاكات پەرزى ئادا تاپمايدۇ. بۇنىڭدىكى سەۋەب شۇكى، بالىلارنىڭ، نەۋرىلەرنىڭ ۋە چەۋرىلەرنىڭ بارلىق ئېھتىياجلىرىنى تولۇق قامداش ئاتا- ئانىلارنىڭ ئۈستىگە پەرزدۇر. زاكاتنى ئۇلارغا بەرگەن ئادەم خۇددى ئۆزىگە ئۆزى زاكات بەرگەنگە ئوخشاشتۇر. نەتىجىدە بۇ زاكات مەقبۇل ئەمەستۇر.

5- زاكات بەرگۈچىنىڭ جورىسى. ئەر- ئايال ئىككىسىنىڭ بىر- بىرىگە زاكات بېرىشى جائىز ئەمەستۇر. چۈنكى ئۇلار بىر ئائىلە كىشىلىرى بولغانلىقتىن ئىقتىساد ھەر ئىككىسىگە ئائىتتۇر. ئەر- ئايال ئىككىسىنىڭ بىر- بىرىگە زاكات بېرىشى ئۆزىگە ئۆزى زاكات بەرگەنگە ئوخشاشتۇر. چۈنكى ئايال كىشىنىڭ پۈتۈن چىقىملىرىنى ۋە ئېھتىياجلىرىنى قامداش ئېرىنىڭ ئۈستىگە پەرزدۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن ئەرنىڭ ئايالىغا زاكات بېرىشى جائىز ئەمەس ۋە بۇنداق زاكات مەقبۇل ئەمەستۇر. ئەمما ئايال كىشى باي بولۇپ، ئۇنىڭ ئېرى پېقىر بولسا، بۇ ئايالنىڭ ئۆز ئېرىگە زاكات بېرىشى جائىزمۇ ياكى ئەمەسمۇ؟ دېگەن مەسىلىدە فىقھشۇناس ئالىملىرىنىڭ قاراشلىرى بىردەك ئەمەس. ئىمام شافىئىيگە كۆرە، بۇنداق ئەھۋال ئاستىدا، ئايالى ئېرىگە زاكات بەرسە ئۇنىڭ بەرگەن زاكتى ئادا تاپىدۇ. ئەمما ئىمام ئەزەم ئەبۇ ھەنىپە بىلەن ئىمام ئەھمەد ئىبنى ھەنبەلگە كۆرە، ئايال كىشىنىڭ ئېرىگە زاكات بېرىشى جائىز ئەمەس، بۇنداق بېرىلگەن زاكات ئادا تاپمايدۇ. ھەر ئىككى تەرەپنىڭ رايىنى كۈچكە ئىگە قىلغان دەلىللىرى باردۇر. خۇلاسە قىلغاندا، ئىمام ئەزەم بىلەن ئىمام ئەھمەدنىڭ « ئايال كىشىنىڭ ئۆز ئېرىگە زاكات بېرىشى جائىز ئەمەس» دېگەن كۆرىشى كۈچكە ئىگىدۇر. ئىسلام مەملىكەتلىرىمۇ بۇنىڭغا كۆرە ئىش كۆرمەكتە.

**277- سۇئال: پىتىر سەدىقىسى**

1. پىترى سەدىقىسىنى بېرىش، قەرزگە ۋە بالىۋاقىلىرىنىڭ نەپىقىلىرىگە ئوخشاش زۆرۈر بولغان ئېھتىياجلىرىدىن ئېشىپ تۇرىدىغان زاكاتنىڭ مىقدارىغا يەتكىدەك مال

دۇنياغا ئىگە بولغان ھەر بىر مۇسۇلمان ھۆر ئادەمگە ۋاجىپتۇر.

2. پىترى سەدىقىسىنىڭ ۋاجىپلىقى روزا ھېيت كۈنىنىڭ تېڭى ئېتىش بىلەن سابىت بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ كۈنىنىڭ تېڭى ئېتىشتىن ئىلگىرى ئۆلۈپ كەتكەن ئادەمگە ياكى ئۇنىڭدىن كېيىن تۇغۇلغان بالىغا ياكى مۇسۇلمان بولغان ئادەمگە پىترى سەدىقىسىنى بېرىش ۋاجىپ بولمايدۇ.

3. خۇددى زاكاتتا، زاكات بەرمەكچى بولغان ئادەمنىڭ ئەقلى ھۇشىنىڭ جايىدا بولۇشى ۋە ئۇنىڭ بالاغەتكە يېتىشى شەرت قىلىنغىنىدەك پىترى سەدىقىسىدە بۇ سەدىقىنى بەرمەكچى بولغان ئادەمنىڭ ئەقلى ھۇشىنىڭ جايىدا بولۇشى ۋە ئۇنىڭ بالاغەتكە يېتىشى شەرت ئەمەستۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن پىترى سەدىقىسىنى بېرىش مال- مۈلكى بار كىچىك بالىلارغىمۇ ۋە ساراڭلارغىمۇ ۋاجىپتۇر. پىترى سەدىقىسىنى ئۇ ئىككىسىنىڭ مال - مۈلكىدىن ئۇ ئىككىسىگە ئىگىدارچىلىق قىلىدىغان ئادەم چىقىرىپ بېرىدۇ. ئەگەر ئۇ ئىككىسىگە ئىگىدارچىلىق قىلىدىغان ئادەم ئۇ ئىككىسىنىڭ مال مۈلكىدىن پىترى سەدىقىسىنى چىقىرىپ بەرمىسە، پىترى سەدىقىسىنى كىچىك بالا بالاغەتكە يەتكەندىن كېيىن ۋە ساراڭ ئوڭشالغاندىن كېيىن ئادا قىلىدۇ.

4. پىترى سەدىقىسىنى، ئۇنى بېرىش لازىم بولغان ئادەم ئۆزىنىڭ نامىدىن ۋە پېقىر كىچىك بالىسىنىڭ نامىدىن بېرىدۇ. ئەمما ئەگەر بالاغەتكە يەتكەن بالىسى ساراڭ ۋە پېقىر بولمىسا، ئۇ ئادەمگە ئۇ بالىنىڭ نامىدىن پىترى سەدىقىسىنى بېرىش لازىم ئەمەس.

5. ئەر، پىترى سەدىقىسىنى ئايالىنىڭ نامىدىن بېرىشكە بۇيرۇلمايدۇ. چۈنكى ئەرنىڭ ئايالىنىڭ ئۈستىدە بولغان ئىگىدارچىلىق ھوقۇقى خۇددى ئۆزىنىڭ كىچىك بالىسىنىڭ ئۈستىدە بولغان ئىگىدارچىلىق ھوقۇقىغا ئوخشاش مۇكەممەل ئەمەستۇر. ئەگەر بىر ئادەم ئايالىنىڭ ۋە بالاغەتكە يەتكەن بالىسىنىڭ ئىجازىتىسىز ئۇلارنىڭ نامىدىن پىترى سەدىقىسىنى بەرگەن بولسا، توغرا بولىدۇ. چۈنكى ئادەتتە ئۇلار بۇ ئىشقا ئىجازەت بېرىدۇ.

6. پىترى سەدىقىسى ئۈچۈن ئەگەر بۇغداي ياكى بۇغداي ئۇنى بەرمەكچى بولسا، ھەر بىر جان ئۈچۈن يېرىم سا بېرىدۇ. ھەنەفىي مەزھەپىدىكىلەرنىڭ كۆزقارىشىچە، پىترى سەدىقىسى ئۈچۈن شۇ نەرسىلەرنىڭ ئۆزلىرى ئەمەس ئۇلارنىڭ ھېيت كۈنلىرىدىكى بازاردىكى باھاسىغا ھېسابلاپ پۇلىنى بەرسىمۇ بولىدۇ. چۈنكى پىترى سەدىقىسىنىڭ يولىغا قويۇلۇشتىكى مەقسەت بولسا، پېقىرلارنىڭ ھېيت كۈندىكى ئېھتىياجلىرىنى قامداشتۇر. ئۇ كۈندە پېقىر يېمەك ئىچمەكتىن باشقا نەرسىگە بەك

ئېھتىياجلىق بولۇشى مۇمكىن.

7. پىترى سەدىقىسىنى ئادا قىلىشنىڭ ۋاجىپلىقى مۇئەييەن بىر ۋاقىتقا قاراشلىق ئەمەستۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنى روزى ھېيت كۈنىدىن بۇرۇن ياكى كېيىن بەرسىمۇ بولىدۇ. چۈنكى پىترى سەدىقىسىنى ئادا قىلىشقا بۇيرۇپ كەلگەن بۇيرۇق خۇددى زاكاتقا ئوخشاش ئۇنى پالانى ۋاقىتتا ئادا قىل! دەپ كەلمىدى. ھەتتا پېقىرلارنى ھېيت كۈنى كىشىلەردىن بىر نەرسە تىلەشتىن بىھاجەت قىلىش ئۈچۈن پىترى سەدىقىسىنى روزا ھېيت نامىزىنى ئوقۇغىلى چىقىشتىن ئىلگىرى بېرىش ئەڭ ياخشىدۇر.

8. پىترى سەدىقىنى بېرىش لازىم بولغان ئادەم ئۇنى بېرىشنى كېچىكتۈرۈش بىلەن ئۇ سەدىقە ئۇ ئادەمنىڭ بوينىدىن چۈشۈپ كەتمەيدۇ. لېكىن ساۋابى كېمىيىپ كېتىدۇ. بىر ئادەم پىترى سەدىقىسىنى بىر پېقىرغا ياكى بىر نەچچە پېقىرغا بەرسىمۇ بولىدۇ. لېكىن بىر نەچچە پېقىرغا بېرىش مەكرۇھتۇر. چۈنكى بىر ئادەم پىترى سەدىقىسىنى بىر نەچچە پېقىرغا بەرسە، ئۇ سەدىقە ئۇلارنىڭ شۇ كۈندىكى ئېھتىياجلىرىنى قامدىيالماسلىقى مۇمكىن. شۇڭا پىترى سەدىقىسىنى بىر نەچچە پېقىرغا بەرگەن ئادەم يۇقىرىدا بايان قىلىنىپ ئۆتكەن ھەدىسكە خىلاپ ئىش قىلغان بولىدۇ. پىترى سەدىقىسىمۇ يۇقىرىدا بايان قىلىپ ئۆتكەن زاكات بېرىلىدىغان سەككىز خىل ئادەملەرگە بېرىلىدۇ.

### 278-سۇئال: ئىسلامدا زاكاتتىن باشقىمۇ ياردەم ۋاستىلىرى بارمۇ؟

زاكاتتىن باشقىمۇ ياردەم ۋاستىلىرى كۆپتۇر. سەدىقە، ياردەم، سىلە- رەھىم، ئېھسان ۋە باشقىمۇ ئاتالغۇلار ئاستىدا بۇيرۇلغان ياردەم ۋاستىلىرى ئۇنىڭ مىسالىدۇر. ئاللاھ تائالا ئۆز ھېكمىتىگە ئاساسەن، مۇسۇلمانلارغا زاكاتتىن ئىبارەت بولغان مەجبۇرى ياردەم ۋاستىسىنى بۇيرۇش بىلەن بىرگە، سەدىقە، ياردەم، ئېھسان، سىلە- رەھىم ۋە باشقىلار قاتارلىق ئىختىيارى ياردەم ۋاستىلىرىنى بۇيرۇش ئارقىلىق مۇسۇلمانلار جەمئىيىتىنىڭ بىرلىك، بىراۋەرلىك، قېرىنداشلىق ئىچىدە گۈللەپ ياشىنىشىنى مەقسەت قىلغان. ئىسلام دىنى مۇسۇلمانلارنىڭ ئۆزئارا ياردەم قىلىشىشىنى ئىماننىڭ كېرەكلىك ماددىلىرىدىن قىلىپ بەلگىلىگەن.

### 279- سۇئال: سىلە- رەھىم دېگەن نېمە؟

سىلە- رەھىم- ئۇرۇق- تۇغقانلارغا ياخشىلىق قىلىش دېمەكتۇر. سىلە- رەھىم ئاللاھ تائالا ئۆزى بېۋاستە بۇيرىغان ئەڭ ئەھمىيەتلىك ئىبادەتلەردىندۇر. ئۇنى تەرك ئېتىش ئېغىر گۇناھلاردىن سانىلىدۇ. ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە: «ئاللاھ تائالاغا بەرگەن ۋەدىنى مۇستەھكەملىگەندىن كېيىن بۇزغانلار، يەر يۈزىدە بۇزغۇنچىلىق قىلغانلار،

ئاللاھ تائالانىڭ سىلە- رەھىم قىلىشتىن ئىبارەت ئەمرىنى تۇتمىغانلار، ئەنە شۇلار لەنەتكە دۇچار بولىدۇ ۋە ئۇلارنىڭ ئاخىرەتلىكى يامان بولىدۇ.» دەيدۇ. ( رەئد سۈرىسى 25- ئايەت )

زاكات ۋە ھەر قانداق ياردەمنى ئەڭ ئاۋۋال ئۆزىنىڭ يېقىن تۇغقانلىرىغا بېرىش ئەڭ ئەۋزەلدۇر. ئۇرۇق- تۇغقانلارغا قىلىنغان ياردەمدە سەدىقە بىلەن سىلە- رەھىم ھەر ئىككىسىنىڭ ساۋابى باردۇر. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مىسكىنگە سەدىقە بېرىش پەقەت سەدىقىنىڭ ساۋابىغا ئېرىشتۈرىدۇ. تۇغقانلارغا سەدىقە بېرىش سەدىقە ۋە سىلە رەھىمنىڭ ساۋابىغا ئېرىشتۈرىدۇ. (نەسائى: 2582)

# ئالتىنچى بۆلۈم. روزا ئەھكاملىرى ۋە قائىدە ـ تەرتىپلىرى

## 280ـسۇئال: رامىزان روزىسىنىڭ ھۆكمى

روزا تۇتۇش ئىبادىتى ئاللاھ تەرىپىدىن كەلگەن ساماۋىي دىنلارنىڭ ھەممىسىدە ئورتاق بۇيرۇلۇپ كەلگەن قەدىمىي ئىبادەتتۇر، ئەمما ئىسلام دىنىدا مۇسۇلمانلارغا پەرز بولۇپ بۇيرۇلغان رامىزان روزىسى بولسا، ئايلارنىڭ ئىچىدە ئەڭ ھۆرمەتلىك، مىڭ ئايدىن ياخشى بولغان قەدىر كېچىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ۋە قۇرئان چۈشۈشكە باشلىغان بىر مۇبارەك ئايغا بەلگىلەنگەن كاتتا ۋە خاسىيەتلىك ئىبادەتتۇر.

رامىزان روزىسىنى تۇتۇش ئىسلام دىنىنىڭ ئاساسىي پرىنسىپلىرىدىن بىرى ۋە ھەقىقى مۆئمىنلىكنىڭ نامايەندىسىدۇر. روزا تۇتۇش، تاڭ ئاتقاندىن باشلاپ تاكى كۈن كىرىپ كەتكىچە روزا تۇتۇش نىيىتى بىلەن روزىغا زىت كېلىدىغان نەرسىلەرنى ئىستېمال قىلىشتىن ھەقىقەتەن ياكى ھۆكمەن توختاش دېگەنلىكتۇر.

رامىزان ئېيىدا بىر ئاي روزا تۇتۇش ھەرقانداق مۇسۇلمان، بالىغ (يەنى 14 ياشتىن ئاشقان)، ئاقىل (يەنى ئەقىل ھۇشى جايىدا بولغان ) كىشىگە پەرز ئەيندۇر. بۇنىڭ دەلىلى ئاللاھ تائالانىڭ قۇرئان كەرىمدىكى مۇنۇ سۆزىدۇر: « ئى مۆئمىنلەر! (گۇناھلاردىن ) ساقلىنىشىڭلار ئۈچۈن سىلەردىن ئىلگىرىكىلەرگە (يەنى بۇرۇنقى ئۈممەتلەرگە) روزا پەرز قىلىنغاندەك، سىلەرگىمۇ (رامىزان روزىسى) پەرز قىلىندى. » (بەقەر سۈرىسى 183ـ ئايەت).

## 281ـ سۇئال: رامىزان ئېيىنىڭ پەزىلەتلىرى

1ـرامىزان ئېيى قۇرئان كەرىم نازىل بولغان ئايدۇر.

رامىزان ئېيى بارلىق ئايلارنىڭ كاتتىسى ۋە ئەڭ شەرەپلىكىدۇر، چۈنكى ساماۋىي كىتابلارنىڭ ئەڭ ئاخىرقىسى ۋە ھىدايەتنىڭ بىردىن بىر مەشئىلى بولغان قۇرئان كەرىمنىڭ نازىل بولۇشقا (يەنى چۈشۈشكە) باشلىنىشى رامىزان ئېيىدا ئەمەلگە ئاشقان. ھەقىقەتەن قۇرئان كەرىمنىڭ نازىل بولغانلىقى ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن ئىنسانىيەتكە بېغىشلانغان ئەڭ بۈيۈك نېمەتنىڭ تاماملانغانلىقى ئىدى.

2ـ رامىزان ئېيى قەدىر كېچىسى بىلەن شەرەپلەنگەن ئايدۇر . مىڭ ئايدىن خەيرلىك بولغان قەدىر كېچىسىنىڭ رامىزان ئېيىغا بەلگىلەنگەنلىكى بۇ ئاينىڭ شەرەپ ئۈستىگە شەرەپ قازانغان ئەڭ قەدىرلىك ئاي بولۇشىغا يېتەرلىكتۇر.

3ـ رامىزان ئېيى مۇكاپات ئېيىدۇر. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق

دېگەن: ئادەم بالىسىنىڭ ھەر بىر ياخشى ئەمەلىنىڭ ئەجرى ئون ھەسسىدىن يەتتەيۈز ھەسسىگىچە كۆپەيتىپ بېرىلىدۇ. الله تائالا: ”لېكىن روزا ئۇنىڭ سىرتىدا، روزا پەقەت مەن ئۈچۈن بولىدۇ، ئۇنىڭ ئەجرىنى مەن بېرىمەن. ئۇ كىشى مېنىڭ رازىلىقىمنى دەپ تامىقىنى، شەھۋىتىنى تەرك ئېتىدۇ “ دېگەن. روزا تۇتقۇچى ئۈچۈن ئىككى خۇشاللىق بار، بىرى ئېپتار قىلغان چاغدىكى خۇشاللىق، يەنە بىرى رەببىگە ئۇچراشقاندىكى خۇشاللىق. روزا تۇتقۇچىنىڭ ئاغزىنىڭ پۇرىقى اللەنىڭ نەزىرىدە ئىپار بۇيىدىنمۇ خۇشپۇراقتۇر. (مۇسلىم: 1151)

4- رامىزان ئېيى مەغپىرەت ئېيىدۇر. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىمكى اللەنىڭ ۋەدىسىگە ئىشەنگەن ۋە ساۋاب ئۈمىد قىلغان ھالدا رامىزان ئېيىنىڭ روزىسىنى تۇتسا، ئىلگىرى ئۆتكۈزگەن گۇناھلىرى مەغپىرەت قىلىنىدۇ. ئىمام ئەھمەد: كېيىنكى گۇناھلىرىمۇ مەغپىرەت قىلىنىدۇ دېگەننى قوشۇپ رىۋايەت قىلغان. (بۇخارى: 38، ئەھمەد: 8775)

5- رامىزان ئېيى بەرىكەت ئېيىدۇر. ھەقىقەتەن رامىزان ئېيى مۇسۇلمانلار ئۈچۈن مەنىۋى مول ھوسۇل ئېيىدۇر. تېنى ساق تۇرۇپ رامىزان روزىسىنى تۇتماي بۇ مۇبارەك ئاينىڭ بەرىكەتلىرىدىن بەھرىمەن بولالمىغان، نەتىجىدە گۇناھلىرى مەغپىرەت قىلىنمىغان ئادەمدىنمۇ بەختسىز ئادەم بولامدۇ؟!.

6- رامىزان ئېيى نىجاتلىق ئېيىدۇر. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىمكى الله ئەززە ۋەجەللە يولىدا بىر كۈن روزا تۇتسا، الله ئۇ كىشىدىن دوزاخ يولىنى يۈز يىل يىراقلاشتۇرىۋېتىدۇ. (نەسائى: 2254)

7- رامىزان ئېيى شەيتانلار باغلىنىدىغان ئايدۇر. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: رامىزان ئېيى كىرگەندە، جەننەتنىڭ دەرۋازىلىرى ئېچىلىپ، دوزاخنىڭ دەرۋازىلىرى تاقىلىدۇ ۋە شەيتانلار باغلىنىدۇ. (نەسائى: 2099)

بۇ ھەدىستىكى « شەيتانلار باغلىنىدۇ » دىگەن ئىبارە رامىزان ئېيىنىڭ شاراپىتى بىلەن شەيتانلارنىڭ ئىنسانلارنى ئازدۇرۇش كۈچى ئاجىزلىشىدىغانلىقىنى ۋە كىشىلەرنىڭمۇ بۇ ئايدا شەيتانىي ھەۋەسلەرگە ئالدانمايدىغان تەقۋالىقا ھەم چىن ئىرادىگە ئىگە بولىدىغانلىقىنى ئىپادىلەيدۇ.

8- رامىزان ئېيى جەننەتنى قازىنىش ئېيىدۇر. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: شۈبھىسىزكى، جەننەتتە رەييان دېيىلىدىغان بىر دەرۋازا بار بولۇپ، قىيامەت كۈنى روزا تۇتقانلار شۇ دەرۋازىدىن چاقىرىلىدۇ. كىمكى روزا تۇتقۇچىلاردىن بولسا، شۇ دەرۋازىدىن كىرىدۇ، ئۇنىڭدىن كىرگەن كىشى ئەبەدى ئۇسسىمايدۇ. (ئىبنى ماجە: 1640)

9- رامىزان ئېيى دۇئالار ئىجابەت بولىدىغان ئايدۇر.

10- رامىزان ئېيىدا قىلىنغان ئۆمرە ھەجگە تەڭدۇر. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: رامىزان ئېيىدا قىلغان ئۆمرە پەرز ھەجنىڭ باراۋىرىدە بولىدۇ، دېدى. (ئەبۇ داۋۇد: 1988)

11- رامىزان ئېيى، ئىنسان روزىنىڭ سايىسىدا سەۋىر قانائەتنى يېتىلدۈرۈپ نەپسنى چېنىقتۇرۇپ ئىرادىنى تاۋلاپ پەرىشتىلەرنىڭ مەرتىۋىسىگە يېتىدىغان ئايدۇر.

## 282- سۇئال: روزىنىڭ بۇدۇنيالىق پايدىلىرى

روزىنىڭ بۇ دۇنيالىق پايدىلىرى ناھايىتى كۆپتۇر.

1- روزا ئىنساننى دۇنيادا ئۆزىگە ئىشىنىپ، ھەددىدىن ئېشىپ كېتىشىدىن ساقلىغاندەك، ئۇنى دوزاخ ئوتىدىن ساقلايدۇ.

2- روزا ئىنساننى ماددىي ۋە مەنىۋى تەرەپلەردىن تەربىيەلەيدۇ.

3- روزا ئىنساننى گۇناھ، ئەيشى- ئىشرەت قىرلىرىدىن ساقلايدۇ.

4- روزا تۇتقان كىشىنىڭ ئېغىزىنىڭ ھىدى ئاللاھ تائالانىڭ نەزىرىدە ئىپار، ئەنبەردىنمۇ خۇشپۇراق پۇرايدۇ.

5- روزا ئىنساننى كېسەللىكلەردىن ساقلىقنى ئېلىپ بارىدۇ.

6- روزا تۇتقان ئادەم ئەتىگەندىن كەچكىچە ئىبادەت ئىچىدە بولغان بولىدۇ.

7- پەرىشتىلەر روزا تۇتقان كىشىنىڭ گۇناھلىرىغا مەغپىرەت تىلەيدۇ.

8- روزا سايىسىدا ئىنسان پەرىشتىلەر ھاسىل قىلالمىغان پەزىلەتلەرگە ئېرىشىدۇ.

9- روزا ئىنسانغا سەۋىر قىلىشنى ئۆگىتىدۇ ۋە يېرىكچىلىكلەرگە چېنىقتۇرىدۇ.

10- روزا ئىنسانغا نەپسىنىڭ ھەۋەسلىرىگە ھاكىم بولۇشنى ئۆگىتىدۇ.

11- روزا ئىنسانغا ئىقتىساد قىلىشنى ئۆگىتىدۇ. چۈنكى روزا تۇتقان كىشى كۈندۈزدە خالىغىنىنى يېيىشتىن، ئىچىشتىن توسىلىدۇ، بۇ ئارقىلىق ئىقتىسادنى ئۆگىنىدۇ.

12- روزا ئىنسان تۇغۇلىشىدىن ئۆلگىچە تۇرماي ئىشلەپ تۇرغان ئاشقازاننى ئارام ئالدۇرۇش ئارقىلىق ئۇنىڭ ئاجىزلاپ قېلىشىنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ.

13- روزا ئىنساننى ئارتۇقچە سەمرىپ كېتىشتىن ساقلايدۇ. چۈنكى ئارتۇق سېمىزلىك كېسەللىكنىڭ ئالامىتىدۇر.

14- روزا ئىنسان بىلەن ئاللاھ تائالانىڭ ئوتتۇرىسىدىكى مەخپى ئەمەلدۇر. چۈنكى كىمنىڭ روزا تۇتقان ياكى تۇتمىغانلىقىنى پەقەت ئاللاھ تائالا ئۆزى بىلىدۇ.

15- روزا ئىنساننى ھارام ئىشلاردىن ساقلايدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام

ئۆيلىنىشكە قۇدرىتى يەتمىگەن ياشلارغا روزا تۇتۇشنى تەۋسىيە قىلىپ مۇنداق دېگەن : « ئەي ياشلار جامائەسى! توي قىلىشقا قادىر بولالىغىنىڭلار ئۆيلىنىڭلار، چۈنكى ئۆيلىنىش كۆزنى ۋە ئەزالارنى ھارامدىن ساقلايدۇ. توي قىلىشقا قادىر بولالمىغانلار روزا تۇتسۇن، چۈنكى روزا ئۇنى ھارام ئىشلاردىن ساقلايدۇ .» (بۇخارى رىۋايىتى)

16- روزا ئىنساننىڭ ياخشىلىقنى سۆيىدىغان، مېھرى- شەپقەتلىك ۋە ساخاۋەتلىك بولۇپ يېتىشىپ چىقىشىغا يېتەكچى بولىدۇ.

## 283-سۇئال: روزا تۇتۇشنىڭ تىببىي جەھەتتىكى پايدىلىرى

روزا تۇتۇشنىڭ تىببىي جەھەتتىكى پايدىلىرى ناھايىتى كۆپتۇر. كۈنىمىزدىكى زامانىۋىلاشقان مېدىتسىنا روزا تۇتۇشنى بەزى كېسەللىكلەر ئۈچۈن داۋا ئورنىدا قوللانماقتا. روزا تۇتۇش، بەزى يېمەكلىكلەرنى يېيىشتىن پەرھىز(رېژىم) قىلىش، دوختۇرلارنىڭ نەقەدەر مۇھىم تەۋسىيەسىگە ئايلانغانلىقى ھەممىگە مەلۇم. پۈتۈن دۇنيا دوختۇرلىرى كېسەل كىشىلەرنىڭ نېمىلەرنى يەپ، نېمىلەرنى يېمەسلىكىنى ۋە قانداق ۋاقىتتا يەپ، قانداق ۋاقىتتا يېمەسلىكنى كۆرسىتىپ بەرمەكتە. روزا تۇتۇش ئومۇمەن ئىنساندىكى ھەزىم قىلىش سىستېمىلىرىنى راھەتلەندۈرۈش ئارقىلىق ئۈلارنىڭ داۋاملىق نورمال ئىشلەپ تۇرۇشىنى ساقلاپ قېلىشىغا ئالاھىدە ياردەمچى بولىدۇ.

روزا تۇتۇش يەنە جىگەرنىڭ ساقلىقىنى ساقلايدۇ، چۈنكى روزا تۇتقان ياكى پەرھىز قىلىپ بىرنەرسە يېمىگەن كىشىنىڭ جىگىرى ئارام ئالىدۇ. جىگەر راھەتلەنگەنلىكى ئۈچۈن كۆپلىگەن زەھەرلىك ماددىلارنى ئۇگايچە بۇزۇپ تاشلاپ، باشقا ئەزالارنىڭ زەھەرلىنىشىنىڭ ۋە چارچىشىنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ. يەنە كۆپلىگەن دوختۇرلار بەزى كېسەللىكلەرگە روزا تۇتۇش ئارقىلىق رېژىم قىلىشنى تەۋسىيە قىلماقتا. خۇسۇسەن قەنت كېسىلىگە گىرىپتار بولغان كىشىلەر ئۈچۈن روزا تۇتۇشنىڭ نەقەدەر پايدىلىق ئىكەنلىكىنى دوختۇرلار تەۋسىيە قىلماقتا. ئارتۇقچە سەمرىپ كەتكەن كىشىلەرنىڭ سالامەتلىكىنى ساقلاشلىرى ئۈچۈن روزا تۇتۇشنىڭ پايدىسى ناھايىتى كۆپتۇر.

## 284- سۇئال: روزا تۇتۇشنىڭ ئىجتىمائىي پايدىلىرى

1. روزا تۇتقان كىشى يەيدىغان، ئىچىدىغان نەرسىلىرى يوق، ھالى ئېغىر، يېتىم- يېسىر يوقسۇللارنىڭ مۇڭ - زارىنى روزا تۇتۇش جەريانىدا ياخشىراق چۈشىنىۋېلىش ئىمكانىيىتىگە ئېگە بولىدۇ.

2. روزا ئىنساننى گۇناھلاردىن ساقلايدىغان قالقاندۇر. ئىنساندىكى جىنسىي ھەۋەسلەرنىڭ قوزغۇلۇشى قاندىكى ھورمۇناتلارنىڭ كۈچى ۋە شىددىتىگە باغلىقتۇر. ھورمۇناتلارنىڭ كۈچىيىشى بولسا، كۆپ يېيىشتىن مەيدانغا كېلىدۇ. روزا تۇتۇش بۇخىل ھورمۇناتلارنىڭ قاندىكى سەۋىيەسىنى ۋە كۈچىنى ئازلىتىدۇ. روزا تۇتقان

كۆڭۈلـەردىكى ھەۋەسسىزلىك قاندىكى ھۆرمۇناتلارنىڭ ئازلىغىنىدىندۇر.

3. روزا گۈزەل ئەخلاقنى يېتىلدۈرىدۇ. ئىنسان نەپسى كۆپۈنچە ھاللاردا غەپلەتلەر بىلەن ئۆزىنى تېز ئۇنۇتىدۇ. ئۆزىنىڭ ئاجىزلىقىنى، پېقىرلىقىنى ۋە خاتالىقلىرىنى كۆرمەيدۇ، كۆرۈشنىمۇ خالىمايدۇ. خۇددى ھېچ ئۆلمەيدىغاندەك ھېرىس بىلەن دۇنيا ئىشلىرىغا ئۆزىنى ئاتىدۇ. لەززەتلىك ۋە مەنپەئەتلىك بولغان ھەممە نەرسىگە باغلىنىدۇ. ئۆزىنى ياراتقاننى ئۇنۇتىدۇ، ئاخىرەت ھەققىدە ئانچە ئەندىشە قىلىپ كەتمەيدۇ، چۈنكى ئۇ، ئۆزىگە ئىشىنىدۇ. روزا بولسا، ھەرقانداق غاپىل، ھاكاۋۇر ئىنسانغا ئۆزىنىڭ ئاجىزلىقىنى، پېقىرلىقىنى ۋە بىچارە ئىكەنلىكىنى ئەسلىتىدۇ. ئۇ، روزا تۇتۇش جەريانىدىكى ئاچلىق ۋاستىسى بىلەن ئاۋۋال ئاشقازىنىنى ئويلايدۇ ۋە ئاشقازاننىڭ ئېھتىياجلىرىنى چۈشىنىدۇ، ئاجىز بەدىنىنىڭ نەقەدەر كىچىك ۋە چىدامسىز ئىكەنلىكىنى چۈشىنىدۇ. ئۆزىنىڭ شەپقەتكە قانچىلىك مۇھتاج بولىدىغان ئاجىز بىر مەۋجۇدات ئىكەنلىكىنى بىلىدۇ. مانا بۇۋاقتتا، ئەقىللىق ئىنسان ئۆز نەپسىنىڭ پىرئەۋنلىقىنى تاشلاپ، ئاجىزلىقىنى ۋە مۇھتاجلىقىنى ئېتىراپ قىلغان ھالدا ئاللاھ تائالاغا قۇلچىلىق قىلىش يولىغا كىرىدۇ.

4. روزا تۇتۇش ئىرادىنى تاۋلايدۇ. ھاياتلىق ئاللاھ تائالانى تونۇش يولىدىكى بىر سەپەر بولۇپ، ئۇنىڭ كامالىتى ۋە غايىسى ئاللاھ تائالاغا لايىقىدا شۈكۈر ئەيلەپ، بەندىچىلىكنى ئادا قىلىش ئارقىلىق ئۇنى رازى قىلىشتىن ئىبارەتتۇر. روزا تۇتۇش بولسا، بۇسەپەردىكى بىرىنچى باسقۇچلۇق مەشىقتۇر. ئىنسان بۇمەشىق ئارقىلىق بەدەن ۋە نەپسى ھەۋەسلىرىنىڭ تىزگىنىنى ئۆزى تۇتۇپ باشقۇرۇش بىلەن ئۆزىنىڭ خوجايىنلىقىنى يۈرگۈزىدۇ ۋە ئەينى ۋاقىتتا ئاللاھ تائالانىڭ ئەمرىنى ئورۇنلىغان بولىدۇ. نەپسى- ھەۋەسلەرنىڭ ۋە كۆكۈلنىڭ تىزگىنىنى تۇتۇپ باشقۇرۇش ئۈچۈن مۇستەكەم ئىرادە كېرەك. ئىرادە ئەقىل بىلەن ۋىجداننىڭ تەلەبلىرىگە ماسلىششقا ئۆزىنى كۆندۈرۈش ئارقىلىق كۈچىيىدۇ ۋە پىشىپ يېتىلىدۇ. روزا تۇتۇش ئىرادىنى كۈچەيتىش ۋە سەۋىرچانلىقنى ئاشۇرۇش ئۈچۈن ئەڭ ياخشى پۇرسەتتۇر.

5. روزا ئىنسانغا پەرھىزنى ئۆگىتىدۇ. روزا ئىنسان ئۈچۈن تولىمۇ ئەھمىيەتلىك بولغان ماددىي ۋە مەنىۋى پەرھىز ھەم تىببىي جەھەتتىكى قوغدىنىشتۇر. چۈنكى ئىنساننىڭ نەپسى خالىغانچە يېيىش- ئىچىش بىلەن ھەركەت قىلىدىغان بولسا، ئىنتىزامسىز يېيىش - ئىچىش بىلەن ئۆزىنىڭ تەن ساغلاملىقىغا ھەم ھالال- ھارامنى ئىلغىماستىن ھەر نەرسىگە بېرىلىش ئارقىلىق ئۆزىنىڭ مەنىۋىيتىگە زىيان سالغان بولىدۇ. بۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭغا روھنىڭ ۋە ئەقىلنىڭ تەلەبلىرىگە بويسۇنۇش ئېغىر تۇيۇلىدۇ- دە، ئاستا- ئاستا نەپسى ھەۋەس ئۇنى تىزگىنلەشكە باشلايدۇ. بۇ ۋاقىتتا

ئۇنى نەپسىي ھەۋەسى باشقۇرىدىغان بولىدۇ. بۇنىڭ بىلەن ئۇ، ئىنسانلىق خىسلىتىدىن ئايرىلىپ قالىدۇ. ئىنسان روزا سايىسىدا بۇ روزىنىڭ ۋاستىسى بىلەن پەرھىز قىلىشنى ئۆگىنىدۇ. رىيازەت چېكىشكە كۆنىدۇ ۋە بىچارە ئاشقازاننى ئارقا- ئارقىدىن يېمەك بىلەن تولدۇرمىغاچقا كېسەللەردىن ئامان بولىدۇ.

## 285- سوئال: رامىزان روزىسىنىڭ بۇيرۇلۇشىنىڭ ھېكمەتلىرى

رامىزان- قەمەرىيە (ئىسلامىي) ئايلىرىدىن 9- ئاينىڭ نامى بولۇپ، بۇئاي قۇرئان كەرىمدە ئىسمى بىلەن بايان قىلىنغان يىگانە ئايدۇر. رامىزان ئېيىدا روزا تۇتۇشنىڭ پەرز بولۇپ بۇيرۇلۇشىنىڭ ھېكمەتلىرى تۆۋەندىكىچە:

1- رامىزان ئېيى ئاللاھ تائالانىڭ نەزىرىدە ئەڭ ھۆرمەتلىك ئاي بولۇپ تۇنۇلغان بۇ ئايدا روزا ۋاستىسى بىلەن نەپسىنىڭ تەلەبلىرىنى ۋاقىتلىق رەت قىلىش ئارقىلىق ئىنسان ئۆزىنى چېنىقتۇرىدۇ ۋە بۇ مۇناسىۋەت بىلەن گۇناھلاردىن ساقلىنىش ئارقىلىق تەقۋالىق مەرتىۋىسىگە ئېرىشىدۇ. نەتىجىدە دۇنيا ۋە ئاخىرەتنىڭ سائادەتلىرىگە لايىق بولىدۇ.

2- روزا ئىنساننى ئاللاھ تائالانىڭ ئەمرى- پەرمانلىرىنى ئورۇنلاش ۋە مەنئى قىلغانلىرىدىن يېنىشتىن ئىبارەت ئىتائەتمەنلىككە كۆندۈرىدۇ. ئاللاھ تائالاغا ئىتائەتمەنلىك قىلىش بولسا ھەقىقىي مۆئمىنلىكنىڭ ئىپادىسىدۇر. ئاللاھ تائالانىڭ رەھمەت ۋە مەرھەمەتلىرى ئەنە شۇنداق مۆئمىنلەرگە خاستۇر.

3- روزا ئىنسان نەپسىنى تەربىيەلەپ تاكامۇللۇققا ئېلىپ بارىدىغان بىر تەربىيە ۋاستىسىدۇر. روزا تۇتقان كىشى لەززەتلىك يېمەكلىكلەرنى ۋە سوغۇق سۇنى كۆز ئالدىدا كۆرۈپ تۇرسىمۇ ئاللاھ تائالانىڭ رازىلىقىغا ئېرىشىشنى كۆزلەپ سەۋر قىلىدۇ، ئاچلىققا ۋە ئۇسسۇزلۇققا بەرداشلىق بېرىدۇ. ئىنسان شۇنداق نەپسىنى كونترول قىلىش ئىشىغا بىرەر ئاي داۋام قىلغاندىن كېيىن ئۇ ئۆزىدە ھەقىقىي سەۋرچانلىقنى يېتىلدۈرەلەيدۇ.

4- روزا ئىنساندا ياخشى ئىشلارنى سۆيىدىغان، باشقىلارنىڭ ھالىغا يېتىدىغان، يوقسۇللارغا ئىچ ئاغرىتىدىغان ۋە ئۆزىنىڭ ئاجىز بىر قۇل ئىكەنلىكىنى تونۇيدىغان گۈزەل ئەخلاقلارنى يېتىلدۈرىدۇ.

## 286- سوئال: روزىنى تەرك قىلىشنىڭ گۇناھى

رامىزان روزىسىنى تۇتماسلىقنىڭ گۇناھى ئىنتايىن ئېغىردۇر. رامىزان روزىسى ئادەتتە كىشىلەرگە مالاللىق بېرىدىغان ياكى بەش ۋاخ نامازغا ئوخشاش كۈندىلىك ئادا قىلىنىدىغان بىر ئىبادەتمۇ ئەمەس، بەلكى ئۇ، يىلدا بىر ئاي تۇتۇشقا بۇيرۇلغان پەرزدۇر. ئەگەر ئاللاھ تائالا بىزلەرگە بىرئايدىن كۆپ روزا تۇتۇشنى پەرز قىلغان

بولسمۇ، ئۇنى تۇتۇشقا مەجبۇر ئىدۇق. چۈنكى مۇسۇلمانلىقنىڭ تەقەززاسى بۇيرۇلغانلارنى تولۇق ئورۇنلاش ۋە مەنئى قىلىنغانلاردىن قەتئى يېنىشتىن ئىبارەتتۇر. ئىنسانلارنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋى مەنپەئەتلىرى ئۈچۈن بۇيرۇلغان بۇ بىر ئايلىق روزىنىمۇ تولۇق تۇتماسلىق ئاللاھ تائالانىڭ نېمەتلىرىگە تۇزكۇرلۇق قىلغانلىقتۇر.

## 287-سۇئال: روزا تۇتۇشنىڭ شەرتلىرى

روزا تۇتۇشنىڭ شەرتلىرى: تېنى ساق بولۇش، مۇقىم (سەپەر ئۈستىدە بولماسلىق)، ئاياللارنىڭ ھەيز (ئايلىق ئادىتى) ۋە نەپاس (تۇغۇتلۇق ھالى) دىن پاك بولۇشىدىن ئىبارەتتۇر. ئايال كىشى ئەگەر ھەيز ياكى نەپاسنىڭ قانلىرىدىن پاك بولمىغان بولسا، ئۇلارنىڭ روزا تۇتۇشى مەنئى قىلىنىدۇ. بۇنداق ۋاقىتتا ئەگەر روزا تۇتسىمۇ، تۇتقان روزىسى مەقبۇل ئەمەستۇر. ئايال كىشىلەر رامىزاندا ھەيز ياكى نەپاس سەۋەبى بىلەن تۇتالمىغان روزىسىنى رامىزاندىن باشقا قايسى بىرئايدا، تۇتالمىغان بىر كۈنگە بىر كۈندىن ھېسابلاپ تۇتىدۇ.

## 288-سۇئال: روزىنىڭ پەرزلىرى

روزىنىڭ بىرىنچى پەرزى، روزا تۇتقان كىشىنىڭ تاڭ يورۇغاندىن باشلاپ، كۈن پاتقۇچىلىك بولغان ۋاقىت ئىچىدە، يېيىش- ئىچىش ۋە جىنسىي مۇناسىۋەت قىلىشتىن توسۇلۇشىدىن ئىبارەت .

روزىنىڭ ئىككىنجى پەرزى، تاڭ ئاقىرىشتىن بۇرۇن روزا تۇتۇشنى نىيەت قىلىشتىن ئىبارەتتۇر. تاڭ يورۇشتىن بۇرۇن نىيەت قىلىنمىغان روزا ھېسابقا ئېلىنمايدۇ. نىيەتنىڭ ئورنى قەلبتۇر. پەقەت دىلدا روزا تۇتۇشنى نىيەت قىلىش يېتەرلىكتۇر. نىيەتنى ئېغىز ئارقىلىق ئىپادىلەش شەرت ئەمەس، ئەمما دىلدىكى نىيەتنى ئېغىز ئارقىلىق ئىپادىلەش ئەۋزەلدۇر. نىيەتنىڭ ھەقىقتى- ئاللاھ تائالانىڭ ئەمرىنى ئورۇنلاش ئارقىلىق ئۇنىڭ رازىلىقىغا ئېرىششنى مەخسەت قىلىشتىن ئىبارەتتۇر. تاڭ يورۇشتىن بۇرۇن ئاللاھ تائالا رازىلىقىنى كۆزلەپ روزا تۇتۇشنى مەقسەت قىلغان ۋە شۇمەقسىتىگە بىنائەن ئاغزىنى ياپقان كىشى ھەقىقي روزىدار كىشىدۇر.

## 289- سۇئال: روزىدا نىيەتنىڭ پەرز بولغانلىقىنىڭ سەۋەبى

روزىدا نىيەتنىڭ پەرز بولغانلىقىنىڭ سەۋەبى- ئىبادەتنى ئادەتتىن پەرقلەندۇرۇش ئۈچۈندۇر. چۈنكى ئىنسان گاھىدا پەرھىز سەۋەبى بىلەن ياكى تاپالمىغانلىقتىن ياكى ئىشى ئالدىراش بولۇپ، ۋاقتى يەتمىگەنلىكتىنمۇ بەزىدە كۈن بويى يېمەك- ئىچمەكتىن توسۇلىدۇ. بوھالەتتە ئۇنى روزىدار دېيىشكە بولمايدۇ. نىيەت پۈتۈن ئەمەل- ئىبادەتلەر ئۈچۈن تەلەب قىلىنىدۇ. بولۇپمۇ رامىزان روزىسىدا نىيەت مۇھىم

پەرزلەرنىڭ بىرىدۇر.

## 290- سوئال: روزىسىنى بۇزغان ئادەمگەقازا بىلەن كاپارەتنى لازىم قىلىدىغان ئامىللار

روزا تۇتقان كىشىنىڭ رامىزان كۈندۈزىدە جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈشى، يېيىشى، ئىچىشى روزىنى بۇزىدۇ ۋە قازا بىلەن كاپارەتنى لازىم قىلىدۇ. كاپارەت- ماددىي جازا دېمەكتۇر. ئۆزۈرسىز ھالدا رامىزان روزىسىنى قەستەن بۇزغان كىشىنىڭ مۇشۇ دۇنيادا بۇ گۇناھىنى يۇيۇشى ئۈچۈن تۆلەيدىغان بەدىلى كاپارەت دەپ ئاتىلىدۇ. كاپارەتتىن ئىبارەت بۇجازا- بىر قۇلنى ئازات قىلىش، ئەگەر ئۇنىڭغا كۈچى يەتمىسە ئىككى ئاي ئارقا-ئارقىدىن، ئۈزمەي روزا تۇتۇش، ئۇنىڭغىمۇ كۈچى يەتمىسە يوقسۇللاردىن ئاتمىش كىشىگە بىرقېتىم تاماق بېرىش بىلەن ئادا تاپىدۇ. مۇنداق كىشىگە كاپارەتنىڭ لازىم كېلىشىنىڭ سەۋەبى شۇكى، روزا تۇتقان كىشى رامىزان كۈندۈزىدە، ھېچ بىر زورلانماستىن، بىلىپ تۇرۇپ، قەستەن ھالدا روزىسىنى بۇزۇش ئارقىلىق مۇبارەك رامىزان ئېيىنىڭ ھۆرمىتىنى بۇزغان بولىدۇ. شۇڭا مۇنداق كىشىگە ئىسلام شەرىئىتىنىڭ بەلگىلىگەن جازاسى ئېغىر بولىدۇ، ئۇ بولسىمۇ بۇزغان ھەربىر كۈنى ئۈچۈن بىر قۇلنى ئازات قىلىش، ئەگەر ئۇنىڭغا كۈچى يەتمىسە ئىككى ئاي ئارقا- ئارقىدىن ئۈزمەي روزا تۇتۇشتىن ئىبارەتتۇر. ئىككى ئاي ئىچىدە بىرەر كۈننى روزىسىز ئۆتكۈزۈپ قويغان كىشىنىڭ تۇتقان بارلىق روزىسى بىكار بولۇپ كېتىدۇ. مۇنداق ۋاقىتتا، ئۇ كىشى ئىككى ئايلىق بۇ روزىنى قايتىدىن باشلاشقا مەجبۇر بولۇپ قالىدۇ. ئىككى ئاي ئارقا- ئارقىدىن روزا تۇتالمايدىغان كىشى يوقسۇللاردىن ئاتمىش كىشىنى ئۆزى يەيدىغان نورمال تاماق بىلەن بىرقېتىم غىزالاندۇرۇش ئارقىلىق بۇ كاپارەتنى ئادا قىلىدۇ.

## 291- سوئال: روزىسىنى بۇزغان ئادەمگە قازانىلا لازىم قىلىدىغان ئامىللار

1. ئادەتتە يېيىلمەيدىغان نەرسىلەرنىڭ گالدىن ئۆتۈپ كېتىشى، مەسىلەن: قۇم، تۇپراق، كۆپ مىقداردىكى تۇز قاتارلىقلارنىڭ گالدىن ئۆتۈپ كېتىشى روزىنى بۇزىدۇ ۋە قازانى لازىم قىلىدۇ.

2. قارىنىدىكى يېمەكلەرنى چىقىرىش ئۈچۈن قەستەن قۇسۇش روزىنى بۇزىدۇ ۋە قازانى لازىم قىلىدۇ. ئەمما ئىختىيارسىز ھالدا قۇسقان كىشىنىڭ روزىسى بۇزۇلمايدۇ.

3. ئىپتارنىڭ ۋاقتى كەلگەنلىكىنى گۇمان قىلىپ، ئېغىزىنى ئىپتاردىن بۇرۇن ئېچىۋاتقان ياكى تاڭ يورۇمىدى دېگەن گۇمان بىلەن تاڭ يورۇپ بولغاندىن كېيىنمۇ يېيىشنى داۋام قىلغان كىشىگە قازا لازىم كېلىدۇ.

4. روزىدار كىشىنىڭ قەستەن ئىھتىلام بولۇشى، يەنى روزىدار كىشىنىڭ ئايالىنى

سۈيگەنلىكى ياكى قۇچاقلىغانلىقى سەۋەبتىن مەنى (سپېرم)نىڭ ئېتىلىپ چىقىشى ياكى قولى بىلەن ئۇنى قەستەن چىقىرىشى روزىنى بۇزىدۇ ۋە قازانى لازىم قىلىدۇ.

5. قۇرسقىدىكى ياكى بېشىدىكى يارىغا دورا قۇيۇش بىلەن، بۇ دورا ئۇنىڭ ئىچىگە ياكى گېلىغا كىرىپ كەتكەن بولسا، بۇكىشىنىڭ روزىسى بۇزۇلىدۇ ۋە قازا لازىم كېلىدۇ.

6. بۇرۇنغا، قۇلاققا دورا تېمىتىش روزىنى بۇزىدۇ ۋە قازانى لازىم قىلىدۇ. چۈنكى قۇلاق ۋە بۇرۇندىن كىرگەن نەرسىلەر ئېغىزدىن كىرگەنگە ئوخشاشتۇر. شۇنىڭدەك، تومۇرغا سېلىنغان قۇۋۋەت ئوكۇللىرى روزىنى بۇزىدۇ ۋە قازانى لازىم قىلىدۇ. ئەمما بەدەننىڭ قايسى بىر يېرىگە سېلىنغان نورمال ئوكۇللار روزىنى بۇزمايدۇ. چۈنكى بۇرۇن، ئېغىز ۋە قۇلاقتىن باشقا ئەزالار ئادەتتە، ئىچ قىسىمغا سىرتتىن بىرنەرسە قوبۇل قىلىش ئەزالىرىدىن سانالمايدۇ. شۇنىڭدەك كۆزگە سۇرمە تارتىش بىلەنمۇ روزا بۇزۇلمايدۇ. كۆزگە تېمىتىلغان دورا ئەگەر گالغا ئۆتۈپ كەتكەن تەقدىردىمۇ روزا بۇزۇلمايدۇ.

7. ئاياللارنىڭ رامىزان كۈندۈزىدە ھەيز كۆرۈشلىرى ياكى توغۇشلىرى روزىنى بۇزىدۇ ۋە قازانى لازىم قىلىدۇ. چۈنكى ئاياللارنىڭ روزىسىنىڭ دۇرۇس بولۇشىنىڭ شەرتى ئۇلارنىڭ ھەيز ۋە نەپاسلاردىن پاك بولۇشىدۇر.

8. ئەگەر روزا تۇتقۇچى ئادەم ئەسنەش ئۈچۈن  بېشىنى ئاسمانغا كۆتىرگەندە، بىر تامچە يامغۇر ياكى قار ياكى ئۇستۇندىن ئاققان بىر تېمىم سۇ چۈشۈپ  ئۇنىڭ گېلىغا كىرىپ كەتكەن بولسا، ئۇنىڭ روزىسى بۇزۇلۇپ كېتىدۇ. چۈنكى ئۇنىڭ ئەسنىگەن چاغدا ئېغىزىغا قولىنى قويۇۋېلىش ئارقىلىق ئۇ نەرسىلەردىن ساقلىنىشى مۇمكىن ئىدى.

9. گەرچە روزا تۇتقۇچى ئادەمنىڭ ئىچىگە كىرگەن نەرسە، ئۇنىڭ تېنىگە پايدىلىق بولمىسىمۇ، لېكىن ئۇ ئادەم ئۇ نەرسىنى ئۆزى كىرگۈزگەن ۋە ئۇ نەرسە ئۇنىڭ ئىچىدە قالغان بولسا، بۇ ھالەتتىمۇ ئۇنىڭ روزىسى بۇزۇلۇپ كېتىدۇ.

10. ئەر كىشىنىڭ ياكى ئاياللانىڭ ئارقا تەرەت يولى ئارقىلىق ياكى ئاياللانىڭ ئالدى تەرەت يولى ئارقىلىق ئادەمنىڭ ئىچىگە كىرگۈزۈلىدىغان دورىلار مەيلى ئۇلارنى روزا تۇتقۇچى ئادەم ئىچىگە ئۆزى كىرگۈزسۇن مەيلى باشقىلار كىرگۈزسۇن روزىنى بۇزىدۇ. چۈنكى بۇ دورىلار ئىنساننىڭ تېنىگە پايدىلىقتۇر.

11. يۇقىرىدا بايان قىلىپ ئۆتۈلگەن ھۆكۈملەرگە قارىغاندا يانپاشقا ياكى تۇمۇرلارغا ئورۇلغان ئوكۇل ئارقىلىق ئادەمنىڭ ئىچىگە كىرگەن نەرسىلەرنىڭمۇ روزىنى بۇزۇدىغانلىقى چىقىدۇ. چۈنكى ئوكۇل ئارقىلىق ئادەمنىڭ ئىچىگە كىرگۈزۈلگەن دورىلار

دۇختۇرلارنىڭ دېگىنىدەك ئادەمنىڭ بەدىنىدە قالدۇ ۋە ئاز بىر ۋاقىتنىڭ ئىچىدە ئادەمنىڭ تېنىگە تارايدۇ. ئۇنىڭ ئادەمنىڭ تېنىگە ھەم پايدىسى باردۇر.

روزىنىڭ بۇزۇلۇپ كېتىشى ياكى بۇزۇلۇپ كەتمەسلىكى دورىنىڭ ئادەمنىڭ ئىچىگە يېتىش ياكى يەتمەسلىكىگە مۇناسىۋەتلىك بولىدىغان بولسا، زامانىمىزدا دۇختۇرلۇق ساھاسىدە قوللىنىدىغان سايمانلار، ئۇ سايمانلار ئارقىلىق ئادەمگە ئۇرۇلغان دورىلارنىڭ ئادەمنىڭ ئىچىگە چۇقۇم يېتىدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. ئۇنداق ئىكەن دورىلارنى ئۇكۇل بىلەن ماڭغۇزۇش روزىنى بۇزىدۇ، دەپ قاراش ئەڭ توغرا قاراش بولۇشى لازىم. ئارقا تەرەت يولىغا تىقىلغان ھۆل بارماقتىكى كىچىككىنە ھۆل روزىنى بۇزىدۇ، دېيىلگەن يەردە زامانىۋىي دۇختۇرلۇق ئۇسكۇنىلىرى ئارقىلىق كۆپ مىقداردا بەدەنگە پايدا قىلىدىغان ئۇكۇللارنى بەدەنگە ماڭغۇزۇش ياكى بەدەنگە قان سېلىش روزىنى بۇزمايدۇ، دەپ قاراش ئەقىلگە سىغمايدۇ. شۇڭا روزا تۇتىۋاتقان ئادەم ئۇكۇل ئۇردۇرماقچى بولسا، ئىپتاردىن كېيىن ئۇردۇرىشى لازىم. ئەگەر كۈنىمىزدە ئۇردۇرۇشقا مەجبۇر بولۇپ قالسا، ئۇ ئادەم شەرئىتىنىڭ ھۆكمى بويىچە ئىلاجىسىزلىقتىن روزىنى بۇزۇشقا رۇخسەت قىلىنغان كېسەل ئادەم ھېسابلىنىدۇ.

12. سەھۋەنلىك بىرنەرسىلەرنى يەپ قېلىشتا بولغىنىدەك يەنە روزىنىڭ ۋاقتىنى ئۆلچەشتىمۇ بولىدۇ. مەسىلەن: رامىزاندا بىر ئادەم تېخى تاڭ ئاتمىدى، دېگەن گۇمان بىلەن ئايالى بىلەن جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈۋاتقان ياكى سوھۇرلۇق يەۋەتقان، كېيىن ئۇ ئادەمگە تاڭنىڭ ئاتقانلىقى مەلۇم بولغان بولسا، ئۇ ئادەم تاڭنىڭ ئاتقانلىقىنى بىلگەن ھامانلا جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزىشتىن ياكى سوھۇرلۇق يېيىشتىن توختىغان بولسىمۇ ئۇنىڭ روزىسى توغرا بولمىغان بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ ئادەمگە بىر كۈن قازا روزا تۇتۇش لازىم بولىدۇ. ئۇ ئادەمنىڭ نىيىتىدە قەستەن روزىنى بۇزۇۋېتىش بولمىغانلىقى ئۈچۈن ئۇنىڭغا كەفارەت كەلمەيدۇ.

**292ـ سۇئال: روزىدا خاتالاشقان كىشى بىلەن ئۇنتۇپ قالغان كىشىنىڭ ھۆكۈمى**

روزىدا خاتالاشقان كىشى بىلەن ئۇنتۇپ قالغان كىشىنىڭ پەرقى شۇكى، روزىدارلىقىنى ئۇنتۇپ قالغان ھالدا، ئېسىدە يوق يەپ، ئىچىپ قويغان كىشىنىڭ روزىسى بۇزۇلمايدۇ. بۇنىڭغا بىنائەن، ئۇنىڭغا قازامۇ لازىم كەلمەيدۇ. ئەمما روزىدا خاتالاشقان كىشىنىڭ روزىسى بۇزۇلىدۇ ۋە قازا لازىم كېلىدۇ. مەسىلەن : تاڭ ئاقاردى دەپ گۇمان قىلىپ، تاڭدىن كېيىنمۇ يېيىش- ئىچىشنى داۋام قىلىۋەرگەن ياكى كۈن پاتتى دەپ گۇمان قىلىپ، ئىپتاردىن بۇرۇن ئېغىزىنى ئاچقان كىشىنىڭ روزىسى بۇزۇلۇپ، ئۇنىڭغا قازا لازىم كەلگەنگە ئوخشاش.

## 293- سوئال: روزا تۇتقۇچىلارغا رۇخسەت قىلىنغان ئىشلار

روزا تۇتقۇچىلارغا رۇخسەت قىلىنغان ئىشلار تۆۋەندىكىچە:

1. مىسۋاك قوللىنىش. روزىدار كىشىنىڭ ئەتىگەندىن ئاخشامغىچە، ھۆل ياكى قۇرۇق ھەرتۈرلۈك مىسۋاكلارنى قوللىنىشى جائىزدۇر.

2. روزىدار كىشىنىڭ كۆزلىرىگە سۈرمە تارتىشى ۋە دورا تېمىتىشى جائىزدۇر. چۈنكى كۆز ئادەتتە، ئىچ قىسمىغا سىرتتىن بىرنەرسە قوبۇل قىلىش ئەزالىرىدىن سانالمايدۇ. ئەگەر كۆزگە تېمىتىلغان دورىنىڭ تەمى گالغا ئۆتۈپ كەتكەن ھالەتتىمۇ روزا بۇزۇلمايدۇ. چۈنكى گالغا ئۆتكەن نەرسە دورىنىڭ ئۆزى ئەمەس، بەلكى ئەسىرى سانىلىدۇ.

3. روزىدار كىشىنىڭ رامىزان كۈندۈزىدە يۇيۇنۇشى ياكى ئىسسىقتىن سۈرۈندەش ئۈچۈن سۇغا چۆمۈلۈشى جائىزدۇر. بۇنىڭ بىلەن روزا بۇزۇلمايدۇ.

4. روزىدار كىشىنىڭ كۈندۈزدە ئېغىز- بۇرنىغا سۇ ئېلىپ چايقىشى جايىزدۇر. روزىسىنى بۇزمايدۇ. ئېغىزنى چايقىغاندا سۇنىڭ گالدىن ئۆتۈپ كەتمەسلىكىگە دىققەت قىلىش كېرەك. ھەنەپىي مەزھىبىگە كۆرە، روزىدار كىشى ئېغىز- بۇرنىنى چايقىغاندا سۇ ئۇنىڭ گېلىدىن ئۆتۈپ كەتسە ئۇنىڭ روزىسى بۇزۇلىدۇ. چۈنكى ئۇ، ئۆزىنىڭ روزىدار ئىكەنلىكىنى بىلىپ تۇرۇپ ئېھتىيات قىلمىغانلىقى ئۈچۈن قەستەن روزىسىنى بۇزغان كىشىگە ئوخشاش سانىلىدۇ، دەپ قارار قىلىدۇ. بۇ ماۋزۇدا، باشقا مەزھەب ئالىملىرىنىڭ پىكىرلىرىگە ئاساسلىنىپ دەيمىزكى، بۇنداق كىشى روزىدا خاتالاشقان بولۇپ سانىلىدۇ. بۇنىڭغا بىنائەن، ئۇنىڭ بۇزۇلغان روزىسى ئۈچۈن قازا لازىم كېلىدۇ، لېكىن ئۇ گۇناھكار بولمايدۇ. كاپارەتمۇ كەلمەيدۇ، چۈنكى ئۇ، روزىسىنى قەستەن بۇزغان ئەمەس.

5. داۋالىنىش مەقسىتى بىلەن بەدەننىڭ قايسى بىر يېرىگە بولمىسۇن ئۇكۇل سالدۇرۇش ئارقىلىق روزا بۇزۇلمايدۇ. ئەمما غىزالىنىش ياكى كۈچلىنىش مەقسىتى بىلەن قۇۋۋەت ئۇكۇل سالدۇرسا روزىسى بۇزۇلىدۇ. شۇنىڭدەك ئىنساننىڭ ئالدى ۋە كەينىدىن ئىبارەت ئىككى ئەۋرەت ئەزاسىنىڭ قايسى بىرىگە دورا قويۇشى بىلەن ئۇنىڭ روزىسى بۇزۇلىدۇ.

6. روزىدار كىشى ئۈچۈن خۇشپۇراق گۈللەرنى، ئەتىرلەرنى پۇراش جائىزدۇر. چۈنكى ئادەمنىڭ ئىچىگە ئۆتكەن ھىدلار ئاشقازانغا بارمايدۇ. شۇڭا خۇشپۇراقلارنى قوللىنىش روزىغا ھېچقانداق سەلبىي تەسىر كۆرسەتمەيدۇ، بەلكى پايدىلىقتۇر.

7.روزىدار كىشى جىنابەتتىن يۇيۇنۇش ئىشىنى تاڭ ئاتقاندىن كېيىنكى ۋاقىتلارغىچە كېچىكتۈرسىمۇ بولىدۇ. لېكىن جۇنۇپ بولغان كىشىنىڭ بامدات

نامىزنى قازا قىلماسلىق ئۈچۈن تاڭ يورۇشتىن بۇرۇن يۇيۇنۇپ، پاكلىنىشى لازىم. ئەگەر ئۇ، تاڭدىن بۇرۇن يۇيۇنماي، كۈندۈزى يۇيۇنغان بولسىمۇ، ئۇنىڭ تۇتقان روزىسى دۇرۇستۇر. ئەمما بامدات نامىزىنى ۋاقتىدىن كېچىكتۈرگەنلىكى ئۈچۈن گۇناھكار بولىدۇ. شۇنىڭدەك ئايلىق ئادىتى ئىچىدىكى ئايال كىشى ئەگەر كېچىدە ھەيزدىن پاكلىنىپ، روزا تۇتقان ۋە يۇيۇنۇشنى كۈندۈزگىچە كېچىكتۈرگەن بولسا، ئۇنىڭ تۇتقان روزىسى دۇرۇستۇر. ئەمما بامدات نامىزىنى كېچىكتۈرگەنلىكى ئۈچۈن گۇناھكار بولىدۇ.

8. ئىنساننىڭ بەدىنىدىكى تۆشۈكلەر ئارقىلىق ئىنساننىڭ قورسىقىغا كىرگەن نەرسىلەر روزىنى بۇزمايدۇ. مەسىلەن: روزا تۇتىۋاتقان ئادەم يۇيۇنغان ۋە قورسىقىنىڭ ئىچىدە سۇنىڭ سوغۇقىنى ھىس قىلغان بولسىمۇ روزىسى بۇزۇلۇپ كەتمەيدۇ. شۇنىڭدەك روزا تۇتىۋاتقان ئادەم سۈيۈق ماددىلار بىلەن تىرىسىنى ياغلىغان ياكى كۆزىگە سۈرمە تارتقان بولسا، ئۇ ئادەم گېلىدا ئۇ نەرسىلەرنىڭ تەمىنى تېتىغان ياكى تۈكرۈكى ئارىسىدا ئۇ نەرسىلەرنىڭ رەڭگىنى كۆرگەن بولسىمۇ ئۇنىڭ روزىسى بۇزۇلۇپ كەتمەيدۇ.

9. ئادەتتە ساقلىنىش مۇمكىن بولمايدىغان نەرسە روزا تۇتىۋاتقان ئادەمنىڭ ئىچىگە ئۇنىڭ قەستىسىز كىرىپ كېتىشى بىلەن روزا بۇزۇلۇپ كەتمەيدۇ. مەسىلەن: روزا تۇتىۋاتقان ئادەمنىڭ گېلىغا چاڭ توزاڭ، توپا ياكى تۈتۈن ياكى چىۋىن كىرىپ كەتكەن بولسا، ئۇنىڭ روزىسى بۇزۇلۇپ كەتمەيدۇ.

10. ئەگەر روزا تۇتىۋاتقان ئادەم بىر ياكى ئىككى تېمىم ئاققان تەرىنى ياكى كۆزىدىن ئاققان ياشنى ئېغىزىغا كىرگۈزگەن، تەر ياكى ياش ئۇنىڭ تۈكرۈكى بىلەن ئارىلىشىپ كەتكەن ۋە ئېغىزىدا تەرنىڭ ياكى ياشنىڭ تۇزلۇق تەمىنى تېتىمىغان بولسا، ئۇنىڭ روزىسى بۇزۇلۇپ كەتمەيدۇ.

11. روزا تۇتىۋاتقان ئادەمنىڭ چىش ئارىلىقلىرىدىن چىققان قان ئۇنىڭ قورسىقىغا كىرىپ كەتمىگەن بولسا، ئۇنىڭ روزىسى بۇزۇلۇپ كەتمەيدۇ.

12. روزا تۇتىۋاتقان ئادەم بۇرنىدىكى ماڭقىنى تارتىپ ئىچىگە كىرگۈزۈش بىلەن ياكى گەپ قىلىۋاتقاندا كالپۇكلىرىغا كېلىپ قالغان تۈكرۈكنى يۇتۇۋېتىش بىلەن، ياكى گېلىنى قاققاندا گېلىدىن ئېغىزىغا كەلگەن بەلغەمنى يۇتۇۋېتىش بىلەن ئۇنىڭ روزىسى بۇزۇلۇپ كەتمەيدۇ. چۈنكى بۇ نەرسىلەر تېخى ئۇ ئادەمنىڭ تېنىدىن ئايرىلىپ كەتمىگەندۇر.

13. ئەگەر روزا تۇتىۋاتقان ئادەم چىشلىرىنىڭ ئارىسىدا قالغان بۇغداينىڭ بىر تال دانىسىدەك ئاز مىقداردىكى تاماقنىڭ قالدۇقلىرىنى يۇتىۋەتكەن بولسا، ئۇنى

يۇتۇۋېتىش بىلەن ئۇنىڭ روزىسى بۇزۇلۇپ كەتمەيدۇ. چۈنكى ئۇ، ساقلىنىش مۇمكىن بولمايدىغان دەرىجىدە كىچىك نەرسىدۇر.

14. چىققان قەي مەيلى ئاز بولسۇن مەيلى چىق بولسۇن قەي كۆچلۈك هالەتتە كېلىپ روزىدار ئادەمنىڭ قەستىسىز ئۇنىڭ ئېغىزىدىن چىقىپ كەتكەن بولسا، ئۇنىڭ روزىسى بۇزۇلۇپ كەتمەيدۇ.

15. مەيلى ئاز بولسۇن مەيلى كۆپ بولسۇن چىققان قەينىڭ هەممىسى ياكى بىرقىسمى ئادەمنىڭ ئىچىگە ئۆزىچە يېنىپ كەتكەن بولسا، روزا بۇزۇلۇپ كەتمەيدۇ. چۈنكى ئۇ قەينى روزا تۇتىۋاتقان ئادەم ئۆزى ئىچىگە قايتۇرمىغاندۇر.

16. روزا تۇتىۋاتقان ئادەم قىززىقلىق دەرىجىسىنى ئۆلچەيدىغان قۇرۇق گىرادۇسنى ئارقا تەرەت يولىغا تىققان بولسا، ئۇنىڭ روزىسى بۇزۇلۇپ كەتمەيدۇ. شۇنىڭدەك يەنە روزا تۇتىۋاتقان بىر ئەر قۇرۇق بارمىقىنى ئارقا تەرەت يولىغا تىققان ياكى روزا تۇتىۋاتقان بىر ئايال قۇرۇق بارمىقىنى جىنسىي ئەزاسىغا تىققان بولسا، روزا بۇزۇلۇپ كەتمەيدۇ. ئەگەر گىرادۇس ياكى بارماق هۆل بولغان بولسا، روزا بۇزۇلۇپ كېتىدۇ.

17. دۇختۇر دۇختۇرلۇقتا قوللىنىدىغان بىرەر قۇرۇق سايمانىنى روزا تۇتىۋاتقان ئادەمنىڭ ئىچىگە تىقىپ ئاندىن تارتىپ ئالغان بولسا، ئۇ ئادەمنىڭ روزىسى بۇزۇلۇپ كەتمەيدۇ.

## 294- سۇئال: روزا تۇتقان كىشى ئۈچۈن مۇستەهەب بولىدىغان ئىشلار

مۇستەهەب- پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام كۆپىنچە ۋاقىتلاردا ئورۇنلىغان ئەمەللەر دېمەكتۇر. مۇستەهەب ئەمەللىرىنى ئورۇنلىغان كىشى سۈننەت ئەمەللىرىنى ئورۇنلىغانىنىڭ ساۋابىنى تاپىدۇ. مۇستەهەب- تەكىتسىز سۈننەت دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

1- سۇهۇر. سۇهۇر- تاڭ ئاقىرىشتىن بۇرۇن يېيىش، ئىچىش دېمەكتۇر. سۇهۇرلۇق يېيىشنىڭ مۇستەهەب ئىكەنلىكى ۋە سۇهۇرلۇق يېيىشنى تەرك ئەتكەنگە گۇناھ بولمايدىغانلىقى هەققىدە ئىسلام فىقهشۇناس ئالىملىرىنىڭ هەممىسى ئىتتىپاقتۇر. پەيغەمبەر سەللەللاهۇ ئەلەيهى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: سوهۇرلۇق يەڭلار، شۈبهىسىزكى، سوهۇرلۇقتا بەرىكەت بار. (بۇخارى: 1923) سۇهۇرلۇقتىن ئېغىزىنى يېيىشنى تاڭ ئاقىرىشقا ئازراق قالغان ۋاقىتقىچىلىك كېچىكتۈرۈش سۈننەتتۇر.

2- ئىپتارغا ئالدىراش . روزىدار كىشىنىڭ قۇياش پېتىشى بىلەن تەڭ كېچىكمەستىن ئىپتار قىلىشى مۇستەهەبتۇر. پەيغەمبەر سەللەللاهۇ ئەلەيهى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كەچ كىرسە، قۇياش پاتسا، روزىدار ئادەم ئىپتار قىلسا بولىدۇ. (مۇسلىم: 1100)

پەيغەمبەر سەللەللاهۇ ئەلەيهى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىشىلەر ئىپتارنى

كىچىكتۇرمەي قىلسىلا، ھەمىشە ياخشىلىق ئۈستىدە بولىدۇ. (بۇخارى: 1957)

ئىپتارنى كۈن پېتىشى ھامان قىلىشنىڭ ئەۋزەل بولۇشىدىكى ھېكمەت: روزا تۇتقان كىشىنىڭ زىيادە ماغدۇرسىزلانماسلىقى ۋە ئىپتارنىڭ يەھۇدى، خىرىستىئانلارنىڭ ئىپتار قىلىش ئادەتلىرىگە ئوخشاپ قالماسلىقى ئۈچۈندۇر. چۈنكى ئۇلار روزا تۇتسا ئىپتارنى كۆكتە يۇلتۇزلار كۆرۈنگەنگە قەدەر كېچىكتۈرىدۇ.

3- ئىپتارنى خورما بىلەن قىلىش. سابىت بۇنانى ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ناماز ئوقۇشتىن ئىلگىرى بىر قانچە ھۆل خورما بىلەن ئىپتار قىلاتتى. ئەگەر ھۆل خورما بولمىسا، قۇرۇق خورما بىلەن ئىپتار قىلاتتى. ئەگەر ئۇمۇ بولمىسا، بىر قانچە يۇتۇم سۇ بىلەن ئىپتار قىلاتتى. (ئەبۇ داۋۇد: 2356)

4- ئىپتارنى ناماز شامنى ئوقۇشتىن بۇرۇن قىلىش ياخشىدۇر. شام نامىزىنى ئوقۇلۇپ بولغاندىن كېيىن، غىزالىنىش كېرەك. ئەگەر قورساق قاتتىق ئاچقان بولسا ياكى تاماق ھازىر بولۇپ قالغان بولسا، ئاۋۋال غىزالىنىپ بولۇپ، ئاندىن نامازغا تۇرۇش ئەۋزەلدۇر. چۈنكى قورساقنى تويغۇزۇپ، كۆڭۈلنى ئارام تاپقۇزۇپ، ئاندىن ناماز ئوقۇمىغاندا ، كۆڭۈل غىزا بىلەن مەشغۇل بولۇپ قىلىپ، نامازدىكى دىققەتكە نوقسان يېتىشى ئېھتىمال.

5- ئىپتار ۋاقتىدا دۇئا قىلىش. ئىپتار ۋاقتىدا قىلىنغان دۇئا رەت قىلىنمايدۇ، بەلكى ئىجابەت قىلىنىدۇ. مانا بۇ، ئاللاھ تائالانىڭ روزا تۇتقان بەندىلىرىگە ئاتا قىلغان كاتتا ئىنئاملىرىدىندۇر.

6- روزا تۇتقۇچىلارنى ئىپتار قىلدۇرۇش. روزا تۇتقان كىشىلەرنى ئىپتار قىلدۇرۇش ۋە ئىپتار قىلغۇچىلارنىڭ ئۆيي ئېگىسىگە دۇئا قىلىشى مۇستەھەبتۇر. ئاللاھ تائالا روزا تۇتقۇچىغا ۋە ئىپتار قىلدۇرغۇچىغا كاتتا ئەجىر، ساۋاب بېرىدۇ. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىمكى روزىدارنى ئىپتار قىلدۇرسا، ئۇ كىشىگە شۇ روزىدارغا بېرىلگەن ساۋابقا ئوخشاش ساۋاب بېرىلىدۇ. بۇنىڭ بىلەن ئۇ روزىدارنىڭ ساۋابىدىن ھېچ نېمە كېمىيىپ كەتمەيدۇ. (تىرمىزى807)

## 295- سۇئال: كىچىك بالىلارنىڭ روزا تۇتۇشى توغرىسىدا

كىچىك بالىلارغا گەرچە روزا پەرز بولمىغان بولسىمۇ، ئۇلارنى كىچىكىدىن باشلاپ ئىبادەتلەرگە ئادەتلەندۇرۇش ئۈچۈن ئۇلارنى روزا تۇتقۇزۇش ياخشى ئىشتۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كىچىك بالىلارنى كىچىكىدىن باشلاپ ئىسلام شەرىئىتىدە بۇيرۇلغان ئەمەللەرنى ئورۇنلاشقا كۆندۇرۇشكە ئەمىر قىلغان. بۇ ئۇلارنىڭ، ئۇلار بالاغەتكە يەتكەندىن كېيىنمۇ، ئەمەل- ئىبادەتلەرنى قىزغىنلىق بىلەن ئادا قىلىدىغان،

شەرئەتنىڭ تەكلىپلىرىنىڭ ھېچبىرىنى ئېغىر كۆرمەيدىغان بولۇپ تەربىيىلىنىپ چىقىشى ئۈچۈن ئىدى.

## 296ـ سوئال: كېسەل كىشىلەر ھەققىدە

ئىسلام دىنى شەرئىتى كېسەل، مۇساپىر (يەنى يول ئۈستىدە بولغان) كىشىلەر ئۈچۈن رامىزان كۈنلىرىدە روزا تۇتماسلىقنى رۇخسەت قىلغان. كېسەللەر شىپا تاپقاندىن، مۇساپىرلار يۇرتىغا قايتقاندىن كېيىن، رامىزاندا تۇتمىغان روزىلىرىنىڭ قازاسىنى تۇتىدۇ. ئاللاھ تائالا بۇھەقتە مۇنداق دەيدۇ: « سىلەردىن كىمكى رامىزان ئېيىدا ھازىر بولسا، رامىزان روزىسىنى تۇتسۇن، كىمكى كېسەل ياكى مۇساپىر بولۇپ، (تۇتمىغان بولسا، تۇتمىغان كۈنلەر ئۈچۈن) باشقا كۈنلەردە تۇتسۇن » (بەقەر سۈرىسى 185ـ ئايەت).

ھەرقانداق كېسەل كىشىنىڭ بۇ كېسەللىكىنى باھانە قىلىپ روزا تۇتماسلىقىغا رۇخسەت يوقتۇر. كېسەل ئادەتتە ئېغىر كېسەللەردىن بولۇشى ۋە بۇھالەتتىكى كېسەل كىشى ئەگەر روزا تۇتسا، ئۇنىڭ كېسىلىنىڭ تېخىمۇ ئېغىرلىشىپ كېتىدىغانلىقى ياكى ساقىيىشىنىڭ كېچىكىپ كېتىدىغانلىقى دوختۇرلارنىڭ ئىپادىسى ياكى تەجرىبىلەرنىڭ يەكۈنلىرى ئارقىلىق ئېنىق بىلىنگەن بولسا، بۇنداق كىشىنىڭ روزا تۇتماسلىقىغا رۇخسەتتۇر. ئەمما ئادەتتىكى باش ئاغرىقى، چىش ئاغرىقى ۋە رېۋماتىزىمغا ئوخشىغان يېنىك ئاغرىقلار روزا تۇتماسلىققا ئۆزرۇر بولالمايدۇ. بۇنداق ئاغرىغان كىشىلەر روزا تۇتۇشتىن باش تارتالمايدۇ. شۇنىڭدەك روزا تۇتسا ئۇنىڭغا بەرداشلىق بېرەلمەيدىغان، ياكى كېچە- كۈندۈز دورا ئىچىپ تۇرۇشقا تەۋسىيە قىلىنغانلىقتىن، كۈندۈزى دورا ئىچمىسە كېسىلىنىڭ تېخىمۇ ئېغىرلىشىپ كېتىشى ياكى شىپا تېپىشىنىڭ كېچىكىپ كېتىشى ئېنىق بولغان كېسەللەرنىڭ روزا تۇتماسلىقىغا رۇخسەتتۇر. چۈنكى ئىسلام دىنى ئاسانلىق ئۈستىگە قۇرۇلغان بىردىندۇر. شۇڭا دىندا قىيىنچىلىقلارغا كىشىلەرنى زورلاش يوقتۇر. ئەمەل ـ ئىبادەتلەردە كىشىلەرنىڭ مەنپەئەتلىرى ئالاھىدە كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

## 297ـ سوئال: مۇساپىرنىڭ روزىسى ھەققىدە

مۇساپىرلارنىڭ رامىزان ئېيىدا روزا تۇتماسلىقى ئۈچۈن سەپەرنىڭ، ئادەتتە نامازنى قەسىر قىلىشقا ئۇيغۇن بولغان سەپەر بولۇشى شەرتتۇر. ئۇبولسىمۇ ئەڭ ئاز 90 كىلو مېتىر مۇساپىلىك يولغا سەپەر قىلىشتۇر. ئەگەر سەپەر 90 كىلو مېتىردىن قىسقا مۇساپىلىك بولسا بۇنداق كىشىنىڭ روزا تۇتۇشى بەلگىلىنىدۇ. چۈنكى قىسقا مۇساپىلىك سەپەردە قىيىنچىلىق بولمايدۇ. مۇساپىرنىڭ روزا تۇتماسلىقىغا رۇخسەت قىلىنىشىنىڭ سەۋەبىمۇ يولدىكى ئاز ـ تولا قىيىنچىلىقلارنىڭ يۈزىسىدىن بولسا

كېرەك.

سەپەر مەيلى رامىزان ئېيىدىن بۇرۇن باشلانغان بولسۇن، مەيلى رامىزان ئىچىدە باشلانغان بولسۇن ھەر ھالەتتە، رامىزان كۈنلىرىدە سەپەردە بولغان كىشىنىڭ روزا تۇتماسلىقىغا رۇخسەت باردۇر. ئەگەر كىشى مۇقىم ھالىتىدە رامىزان روزىسىنى تۇتۇپ، شۇكۈنى سەپەرگە چىقىدىغان بولۇپ قالسا، ئۇنىڭ سەپەرگە چىققانلىقى سەۋەبى بىلەن روزىسىنى بۇزۇۋشى ھەنەپىي ۋە مالىكى مەزھەبلىرىگە كۆرە، توغرا ئەمەستۇر. بۇنداق قىلغان كىشى گۇناھكار بولىدۇ. شاپىئىي ۋە ھەنبەلى مەزھەبلىرىگە كۆرە، جائىزدۇر. ئۇنىڭغا پەقەت قازالا لازىم كېلىدۇ. ئەمما پۈتۈن مەزھەبلەردە بىردەك ئىتتىپاقا كەلگەن مەسىلە: مۇقىم ھالىتىدە روزا تۇتۇپ، شۇكۈنى سەپەرگە چىققان كىشى سەپەردە بەرداشلىق بېرەلمەيدىغان قىيىنچىلىقلارغا دۇچ كەلگەن بولسا، مۇنداق كىشىنىڭ روزىسىنى بۇزۇۋشى جائىزدۇر. كېيىن ئۇنىڭ قازاسىنى تۇتىدۇ.

## 298-سۇئال: ھامىلدار، بالا ئېمىتىدىغان ئاياللارۋە ياشىنىپ قالغان كىشىلەر ھەققىدە

ئىسلام شەرىئىتى ھامىلدار(يەنى ئېغىر ئاياق) ۋە بالا ئېمىتىدىغان ئاياللار ئەگەر روزا تۇتسا، ئۆزلىرىنىڭ ياكى بۇۋاقلىرىنىڭ ساقلىقىغا زىيانلىق بولۇشىدىن قورقسا، ئۇلارنىڭ روزا تۇتماسلىقىغا رۇخسەت قىلىدۇ. شۇنىڭدەك ياشىنىپ قالغان ئەر ۋە ئايال كىشىلەرنىڭمۇ روزا تۇتماي، رامىزاننىڭ ھەر بىر كۈنى ئۈچۈن بىر پېقىر تويغۇدەك مىقداردا فىديە (ماددىي بەدەل) بېرىشىگە رۇخسەت قىلىدۇ. ئاللاھ تائالا بۇھەقتە مۇنداق دەيدۇ: «روزىنى (قېرىلىق ياكى ئاجىزلىق تۈپەيلىدىن مۇشەققەت بىلەن) ئاران تۇتىدىغان كىشىلەر تۇتمىسا، (كۈنلۈكى ئۈچۈن) بىر پېقىر تويغۇدەك فىديە بېرىشى لازىم. » (بەقەر سۈرىسى 184- ئايەت). ئىمام ئەبۇ ھەنىفە مۇنداق دېگەن:« ھامىلدار ۋە بالا ئېمىتىدىغان ئاياللار ئەگەر روزا تۇتمىسا، ئۇلار قازاسىنى كېيىن تۇتىدۇ. فىديە بېرىشى لازىم كەلمەيدۇ» «ئەل ئىختىيار» دىن. ئىبنى قۇدامە مۇنداق دېگەن:« قېرىلىقتىن، ئاجىزلىقتىن ياكى كېسەللىكتىن روزا تۇتمىغان كىشى ئەگەر شىپا تېپىشىدىن ئۈمىتسىز بولسا، تۇتمىغان ھەربىر كۈنى ئۈچۈن بىر مىسكىن تويغۇدەك مىقداردا فىديە تۆلەيدۇ.» («ئەلمۇغنىي» دىن)

## 299-سۇئال: روزىنىڭ تۈرلىرى

روزا ئالتە تۈرلۈك بولۇپ، ئۇلار: پەرز، ۋاجىب، سۈننەت، ھارام، مەكرۇھ ۋە نەپلە روزىلاردۇر.

## 300- سۇئال: پەرىز بولغان روزىلار

رامىزان ئېيىنىڭ روزىسى، كاپارەتنىڭ روزىسى ۋە رامىزاندا تۇتالمىغان روزىلارنىڭ

قازاسى قاتارلىقلاردۇر. كاپارەتنىڭ روزىسى - رامىزان روزىسىنى قەستەن بۇزغانلىق ياكى قەسىمنى بۇزغانلىق ياكى ھەجگە ئېھرام باغلىغاندا، ئېھرامغا نۇقسان يېتىدىغان خاتالىقلارنى سادىر قىلغانلىق سەۋەبتىن جازا ئورنىدا بەلگىلەنگەن روزىدۇر.

## 301- سۇئال: ۋاجىب روزا

نەپلى ئۇچۇن روزا تۇتۇپ، ئۇنى بۇزۇۋەتكەنلىك ياكى مەلۇم ۋاقىتتا روزا تۇتىمەن دەپ ئاتىۋاتقانلىق سەۋەبى بىلەن ئۇستىگە يۈكلەنگەن روزا بولۇپ، ئۇنى تۇتۇش ۋاجىبتۇر.

## 302- سۇئال: سۈننەت بولغان روزىلار

1) ئەرەفات كۈنىنىڭ روزىسى. ئەرەفات- زۇلھەججىنىڭ 9- كۈنى (يەنى ئەرتە قۇربان ھېيت دېگەن كۈن)، ئەرەفات كۈنى قەدىر كېچىسىدىن قالسا ئىسلام نەزىرىدە ئەڭ ئۇلۇغ كۈندۇر، چۈنكى بۇ كۈن مۇسۇلمانلارنىڭ بىرگە جەم بولۇپ، ھەج پەرزىنى ئادا قىلىدىغان ۋە شۇ ئارقىلىق گۇناھلاردىن پاكلىنىدىغان كۈندۇر. شۇڭا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كىشىلەرنى بۇكۈندە روزا تۇتۇشقا تەشەببۇس قىلغان. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: الله تائالادىن ئەرەفات كۈنى روزا تۇتقۇچىنىڭ ئۇندىن بۇرۇنقى بىر يىللىق ۋە كېيىنكى بىر يىللىق گۇناھلىرىنى ئۇچۇرۇۋېتىشىنى ئۇمىد قىلىمەن. (تىرمىزى: 749)

2) زۇلھەججە ئېيىنىڭ دەسلەپقى توققۇز كۈنىدە روزا تۇتۇشمۇ پەزىلەتلىك يۇقىرى ئەمەللەر قاتارىغا كىرىدۇ. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ بەزى ئاياللىرى مۇنداق دېگەن: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم زۇلھەججە ئېيىدا توققۇز كۈن، ئاشۇرا كۈنى ۋە ھەر ئايدا ئۈچ كۈن، يەنى ھەر ئاينىڭ بىرىنچى دۈشەنبىسى ۋە ئىككى پەيشەنبىسى روزا تۇتاتتى. (نەسائى: 2417)

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: مۇشۇ كۈنلەردە (يەنى زۇلھەججە ئېيىنىڭ ئەۋەلقى ئون كۈنىدە) قىلىنغان ئەمەلدىن ئەۋزەل ئەمەل يوق، دېدى. ساھابىلەر: جىھادمۇ شۇنداقمۇ ؟ دەپ سورىغانىدى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: جىھادمۇ شۇنداق. پەقەت جېنىنى، مېلىنى جىھادقا ئاتىغان ۋە ھېچنېمىسى قايتمىغان (يەنى شەھىد بولغان) كىشىلا ئۇنىڭ سىرتىدا، دېدى. (بۇخارى: 969)

3) ئاشۇرا كۈنىنىڭ روزىسى. ئاشۇرا- قەمەرىيە ئايلىرىدىن مۇھەررەم ئاينىڭ 10- كۈنى بولۇپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ كۈندە روزا تۇتاتتى ۋە باشقىلارنىمۇ تۇتۇشقا تەشەببۇس قىلاتتى.

پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: الله تائالادىن ئاشۇرا كۈنى روزا

تۇتقۇچىنىڭ ئىلگىرىكى بىر يىللىق گۇناھىنى ئەپۇ قىلىشىنى ئۈمىد قىلىمەن دېدى. (تىرمىزى: 752)

ئاشۇرا كۈنىدە روزا تۇتماقچى بولغان كىشىنىڭ بۇكۈنگە ئالدىدىن ياكى كەينىدىن بىرەر كۈننى قوشۇپ تۇتۇشى سۈننەتتۇر. بۇ، ئىسلامىي روزىنى ئەھلى كىتابلارنىڭ روزىسىدىن پەرقلەندۈرۈش ئۈچۈن ئىدى. چۈنكى يەھۇدىلار ئاشۇرا كۈنىدىلا بىر كۈن روزا تۇتىدۇ. مۇسۇلمانلار ئاشۇرا كۈنىدە روزا تۇتماقچى بولسا، مۇھەررەمنىڭ 9-10- كۈنلىرى ياكى 10- 11-كۈنلىرى ئىككى كۈن تۇتىدۇ. شۇڭا ئاشۇرا كۈنىدە روزا تۇتقان ئادەم مۇسا ۋە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالاملارنىڭ سۈننەتلىرىگە ئەمەل قىلغان بولۇپ، كۆپ ساۋابقا ئېرىشىدۇ.

4) دۈشەنبە ۋە پەيشەنبە كۈنلىرىنىڭ روزىسى. دۈشەنبە كۈنلۈكى بولسا، پەيغەمبىرىمىز ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ دۇنياغا كەلگەن كۈنى، بۇ، پۈتۈن ئىنسانىيەت ئۈچۈن مۇبارەك كۈندۇر. شۇڭا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئاللاھ تائالاغا شۈكۈر ئىزھار قىلىش يۈزىسىدىن بۇ كۈندە روزا تۇتۇشنى ئادەت قىلغان ۋە باشقىلارنىمۇ تۇتۇشقا تەشەببۇس قىلغان. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم پەيشەنبە ۋە دۈشەنبە كۈنلىرى روزا تۇتۇشقا بەكمۇ تىرىشاتتى. (نەسائى: 2360)

پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئەمەللەر پەيشەنبە ۋە دۈشەنبە كۈنلىرى الله تائالاغا كۆتۈرۈلىدۇ. مەن ئەمەللىرىمنىڭ روزىدار ھالىتىمدە كۆتۈرۈلۈشىنى ياخشى كۆرىمەن. (تىرمىزى: 747)

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ھەدىستە، دۈشەنبە كۈنىدە روزا تۇتۇشنىڭ غايىسىنى ۋە سەۋەبىنى ئوچۇقلاپ، بۇ كۈن ئۆزىنىڭ دۇنياغا كەلگەن ۋە ۋەھىنىڭ باشلانغان كۈنى ئىكەنلىكىنى بايان قىلغان.

5) ھەر ئايدىن ئۈچ كۈن روزا تۇتۇش. ھەر ئايدىن ئۈچ كۈن روزا تۇتۇش سۈننەتتۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام شۇنداق قىلاتتى. بۇ، يىل بويى روزا تۇتقانغا ئوخشاش ساۋاب بولىدىغان ئەمەلدۇر. ئىبنى مىلھان قەيسى دادىسىنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىزنى تولۇن ئايلىق كۈنلەردە، يەنى ھەر ئاينىڭ 13، 14 ۋە 15 كۈنلىرى روزا تۇتۇشقا بۇيرۇپ: شۇ كۈنلەردە روزا تۇتۇش يىل بويى روزا تۇتقانغا باراۋەردۇر دەيتتى. (ئەبۇ داۋۇد: 2449) ھەر ئايدىن ئۈچ كۈن نەپلى روزا تۇتقان ئادەمنىڭ يىل بويى ئۈزمەستىن روزا تۇتقانغا ئوخشاش ساۋابقا ئېرىشىدىغانلىقى بىر ھەقىقەتتۇر.

6) شەۋۋال ئايدىن ئالتە كۈن روزا تۇتۇش. شەۋۋال- قەمەرىيە ئايلىرىدىن 10-

ئاينىڭ ئىسمى. بۇ، رامىزاندىن كېيىنكى ئاي. بۇئايدا 6 كۈن روزا تۇتۇش سۈننەتتۇر. مەيلى ئارقا- ئارقىدىن ئۇلاپ تۇتسۇن، مەيلى پارچە- پارچە تۇتسۇن، شەۋۋال ئېيى ئىچىدە 6 كۈن روزا تۇتۇش ساۋابلىقتۇر. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىمكى رامىزان روزىسىنى تۇتۇپ بولۇپ، ئارقىسىدىن شەۋۋال ئېيىدا ئالتە كۈن روزا تۇتسا، ئۇ، يىل بويى روزا تۇتقاندەك ساۋابقا ئېرىشىدۇ. (ئەبۇ داۋۇد: 2433)

7) بىر كۈن روزا تۇتۇپ، بىر كۈن ئارا بېرىش. نەپلى روزىلارنى بىر كۈن تۇتۇپ، بىر كۈن ئارا بېرىش سۈننەتتۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ساھابىلىرىنى يىل بويى روزا تۇتۇشتىن مەنئى قىلغان

8) شەبان ئېيىنىڭ روزىسى. رامىزان ئېيىنىڭ روزىسىدىن قالسا ئەڭ پەزىلەتلىك روزا شەبان ئېيىنىڭ روزىسىدۇر. چۈنكى بۇ ئاي بەندىلەرنىڭ بىر يىللىق ئەمەللىرى ئالLاھ تائالاغا كۆرسىتىلىدىغان ئالاھىدە ئەھمىيەتلىك ئايدۇر. ئابدۇللاھ ئىبنى ئەبۇ قەيس ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم نەپلە روزا ئۇچۇن شەئبان ئېيىنى ئەڭ ياخشى كۆرەتتى ۋە شەئبان ئېيىدا تۇتقان روزىسىنى رامىزان ئېيىغا ئۇلايتتى. (ئەبۇ داۋۇد: 2431)

## 303-سۇئال: ھارام قىلىنغان روزا

ئىسلام شەرىئىتى تۆۋەندىكى كۈنلەردە روزا تۇتۇشنى ھارام (يەنى مەنئى) قىلغان:

1)روزا ھېيتىنىڭ بىرىنچى كۈنى روزا تۇتۇش ھارامدۇر. چۈنكى بۇ كۈن رامىزاننىڭ شاراپىتى بىلەن ئالLاھ تائالانىڭ مۇسۇلمانلارغا بايرام قىلىپ بەلگىلەپ بەرگەن كۈنىدۇر. بۇ كۈندە ئالLاھ تائالانىڭ بەلگىلەپ بەرگەن زىياپىتىنى قوبۇل قىلىپ، كەڭتاشا يەپ، ئىچىپ ۋە كۆڭۈل ئېچىپ ئالLاھ تائالاغا شۈكۈر ئادا قىلىش لازىم. بۇ كۈندە روزا تۇتقان ئادەم گۇناھكار بولىدۇ.

2) قۇربان ھېيتىنىڭ بىرىنچى كۈندىن 4- كۈنگىچىلىك بولغان ھېيت كۈنلىرىدە روزا تۇتۇش ھارامدۇر. پۈتۈن ئىسلام فىقھشۇناس ئالىملىرى روزا ۋە قۇربان ھېيتلىرىدا روزا تۇتۇشنىڭ جائىز ئەمەسلىكىدە ئىتتىپاقتۇر

## 304-سۇئال: مەكرۇھ بولىدىغان روزا

1) ئاشۇرا كۈنىدە روزا تۇتماقچى بولغان كىشىنىڭ، ئاشۇرا كۈنىنى يالغۇز تۇتۇشى مەكرۇھتۇر. سۈننەت ئۇنىڭ ئالدىدىن ياكى كەينىدىن بىر كۈننى قوشۇپ تۇتۇشتۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇ ھەقتىكى ھەدىسى يۇقىرىدا ئۆتتى.

2) نەپلى ئۇچۇن روزا تۇتماقچى بولغان كىشىنىڭ جۈمە كۈننىلا ئايرىپ بۇ كۈندە روزا تۇتۇشى مەكرۇھتۇر. جۈمە كۈنى مۇسۇلمانلارنىڭ ھەپتىلىك بايرام كۈنى. ئىسلام

دىنى يالغۇز بۇ كۈندىلا نەپلى روزا تۇتۇشنى مەنئى قىلغان. سۈننەت شۇكى، جۈمە كۈنىدە روزا تۇتماقچى بولغان كىشى ئۇنىڭ ئالدىدىن ياكى كەينىدىن بىرەر كۈننى قوشۇپ تۇتۇشى لازىم.

3) شەنبە كۈننى ئايرىپ روزا تۇتۇش مەكرۇھتۇر. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: شەنبە كۈنلىرى الله پەرز قىلغان روزىدىن باشقا نەپلە روزا تۇتماڭلار. ئەگەر بىرەرسىڭلار يېگۈدەك بىر نەرسە تاپالمىسا، ئۈزۈمنىڭ پوستى ياكى دەرەخنىڭ نوتىسىنى بولسىمۇ چاينىۋەتسۇن (يەنى شۇ ئارقىلىق شەنبە كۈنى نەپلە روزا تۇتمىسۇن). (تىرمىزى: 744)

شەنبە كۈنلۈكتە روزا تۇتۇشنىڭ مەنئى قىلىنىشىنىڭ سەۋەبى شۇكى، شەنبە كۈنلۈك يەھۇدىلارنىڭ بايرام كۈنىدۇر. مۇسۇلمانلارنىڭ ئۇلار بايرام قىلغان كۈنلەردە بايرام قىلىشى، ئۇلار ئۇلۇغلىغان كۈنلەرنى ئۇلۇغلىشى توغرا ئەمەس. بەلكى بىز ئۇلارغا ھېچبىر ئىشتا ئوخشىماسلىقىقا بۇيرۇلغان. ئاشۇرا كۈنىدە بىر كۈن روزا تۇتۇشنىڭ مەنئى قىلىنىشىنىڭ ھېكمىتىمۇ بۇ سەۋەبتىن ئىدى.

4) شەك كۈنىدە روزا تۇتۇش مەكرۇھتۇر. پەيغەمبەر ئۇنىڭدىن مەنئى قىلغان. شەك كۈنى- كىشىلەر ئۇنى شەبان ئېيىنىڭ ئاخىرقى كۈنىمۇ ياكى رامىزاننىڭ بىرىنچى كۈنىمۇ دەپ شەك قىلىپ قالىدىغان كۈن بولۇپ، بۇ كۈندە روزا تۇتۇشنىڭ مەنئى قىلىنىشى كىشىلەرنىڭ رامىزان روزىسىنىڭ سانىنى ئۆزگەرتىۋالماسلىقى ئۈچۈن ئىدى. ئەگەر دىنىمىز بۇنداق ھوشيارلىق بىلەن ئىش كۆرمىگەن بولسا ئىدى، كىشىلەر شەك كۈننى رامىزانغا قوشۇپ، روزىنىڭ سانىنى 30 كۈندىن ئاشۇرۇۋالغان بولار ئىدى. چۈنكى بۇرۇنقى ساماۋىي دىنلارمۇ شۇ سەۋەبتىن ئۆز ئەسلىنى يوقاتقان. بىز ئاي كۆرسەك روزا تۇتۇشقا، ئەگەر ئاي كۆرمىسەك روزا تۇتماسلىققا بۇيرۇلدۇق.

5) ئىپتارسىز ئۇلاپ روزا تۇتۇش مەكرۇھتۇر. ئەگەر بۇ ئىش روزا تۇتقۇچىنىڭ تەن ساقلىقىغا زىيان يەتكۈزسە ھارامدۇر. ئۇلاپ روزا تۇتۇش - روزا تۇتۇپ ئىپتار بولغاندىمۇ - ئېغىز ئاچماستىن ياكى سوھۇرلۇق يېمەستىن ئەتىسى ئاخشامغىچە روزىسىنى داۋام قىلدۇرۇش دېمەكتۇر. بۇنداق قىلىش تەن ساقلىقىغا زىيانلىق بولۇشتىن ئاۋۋال دىنىمىزنىڭ كۆرسەتمىسىگە خىلاپتۇر. چۈنكى ئىسلام دىنى ئاسانلىقنى تەرغىب قىلىدۇ. ئۆزىنى بىھۇدە قىينىغانلىق ئىبادەتكە ياتمايدۇ. بەلكى ئىبادەت دىنىمىزنىڭ كۆرسەتمىلىرىگە رىئايە قىلىش بىلەن قىلىنىدۇ. پەيغەمبەرلەر ئۇلاپ روزا تۇتاتتى. چۈنكى ئۇلار تاقەت قىلالايتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆزى ئۇلاپ روزا تۇتقان ۋاقىتلىرىدا ساھابىلارنىڭ بۇنداق قىلىشنى مەنئى قىلاتتى.

## 305-سۇئال: رامىزان ئېيى ئىبادەت ۋە قۇرئان تىلاۋەت قىلىش ئېيىدۇر

مۇسۇلمان كىشى رامىزان ئېيىنى قۇرئان تىلاۋەت قىلىش، ئىبادەتلەرنى ئەڭ ياخشى شەكىلدە ئورۇنلاش ۋە دىنى بىلىملەرنى كۆپلەپ ئۆگىنىش ئۈچۈن، ئۆزلىرىگە بىر دىنى مەدرىسە ھېسابلىشى لازىم. چۈنكى رامىزان ئېيى قۇرئان كەرىم نازىل بولۇشقا باشلىغان ۋە مىڭ ئايدىن ياخشى بولغان قەدىر كېچىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بىر ئاي بولغانلىقتىن، بۇ ئاي ئىبادەتكە بېرىلىش، قۇرئان كەرىم تىلاۋەت قىلىش ۋە ھەرتۈرلۈك دىنى بىلىملەرنى تەھسىل قىلىش ئېيىدۇر. بۇ ئايدا قىلغان ياخشىلىقلارغا نەچچە ھەسسە ئارتۇق ساۋاب بېرىلىدۇ. چۈنكى رامىزان ئېيى ئىچىدىكى قەدىر كېچىسى ساۋابتا ۋە پەزىلەتتە مىڭ ئايدىن ياخشى بولغان ئىكەن، بۇ ئايدا قىلىنغان بىر ياخشىلىقنىڭ مىڭ ھەسسە بولۇپ يېزىلىشى تەبىئىيدۇر.

قۇرئان كەرىم ئوقۇش، ئىبادەتلەرنى ۋاقتىدا ئورۇنلاش ۋە دىنىي بىلىملەرنى ئۆگىنىش ھەممە ۋاقىتتا تەلەب قىلىنىدىغان مۇھىم ئەمەللەردۇر. ئەمما رامىزان ئېيىدا بۇ ئەمەللەرنى تېخىمۇ كۆپ، تېخىمۇ تولۇق ئورۇنلاش ئالاھىدە جىددىي تەلەب قىلىنىدۇ. چۈنكى رامىزان ئېيى ئاخىرەتلىك ئۈچۈن مول ھوسۇلنىڭ پەيتىدۇر. خۇددى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەپسۇسلىنىش بىلەن ئېيتقانىدەك، مۇشۇنداق بىر ئۇلۇغ ئاينى غەنىمەت بىلىپ، ئاللاھ تائالانىڭ رەھمىتىنى ئىزدىمىگەن، نەتىجىدە ئۇنىڭدىن مەھرۇم قالغان كىشىدىنمۇ بەختسىزرەك بىرسى يوقتۇر!

## 306- سۇئال: رامىزاننىڭ ئاخىرقى ئون كۈنىدە ئىبادەت قىلىشنىڭ پەزىلىتى

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام باشقا كۈنلەرگە نىسبەتەن، رامىزان ئايلىرىدا ئىبادەتكە قاتتىق بېرىلەتتى ۋە باشقىلارنىمۇ شۇنداق قىلىشقا تەشەببۇس قىلاتتى. خۇسۇسەن رامىزاننىڭ ئاخىرقى ئونىدا ئىبادەتكە قاتتىق بېرىلىشكە ۋە قەدىر كېچىسىنى تېپىشقا بۇيرۇيتتى. ئۆزىمۇ بۇ كۈنلەردە ئىبادەت ئۈچۈن ئۆزىنى ئۇنۇتاتتى.

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم رامىزاننىڭ ئاخىرقى ئونى كىرسە، كېچىچە ئىبادەت قىلاتتى، ئائىلىسىنى (تەھەججۇد ئۈچۈن) ئويغىتاتتى ۋە ناھايىتى جىددى قارايتتى ھەم ئىشتان بېغىنى چىڭ باغلايتتى (يەنى ئاياللىرىغا يېقىنچىلىق قىلمايتتى). (مۇسلىم: 1174)

## 307- سۇئال: قەدىر كېچىسىنىڭ پەزىلەتلىرى

ئاللاھ تائالا قەدىر كېچىسىنى ئۇلۇغ قىلىپ، ئۇنى رامىزاننىڭ باشقا كېچىلىرىدىن ئالاھىدە شەرەپلىك ۋە خەيرلىك قىلىپ بەلگىلىدى. چۈنكى بۇ كېچە قۇرئان كەرىمنىڭ نۇرى تۇنجى قېتىم يەرشارىدا پارلاشقا باشلىغان بىر كېچە ئىدى. پەيغەمبەر

ئەلەيھىسسالام بۇ كېچىنىڭ رامىزاننىڭ ئاخىرقى ئون كۈنىدىكى تاق كېچىلەرنىڭ بىرىدە بولىدىغانلىقىدىن خەۋەر بەرگەن ۋە بۇ كېچىنى تېپىش ئۈچۈن رامىزاننىڭ ئاخىرقى ئونىدا ئۇخلىماي ئىبادەت قىلىشقا تەشەببۇس قىلغان ھەم ئۆزىمۇ شۇنداق قىلغان. چۈنكى بۇ كېچىدە قىلىنغان ئەمەل- ئىبادەتلەر پەزىلەتتە ۋە ساۋابتا مىڭ ئايلىق ئەمەل- ئىبادەتتىن ئارتۇقتۇر. ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە: « قەدىر كېچىسى (پەزىلەت ۋە ساۋابتا) مىڭ ئايدىن ئارتۇقتۇر » دەيدۇ (قەدىر سۈرىسى 3- ئايەت). دېمەك، قەدىر كېچىسى مىڭ ئايغا تەڭ بولغان ئىكەن، ئۇ بىر ئىنساننىڭ ئۆمرىدىن 83 يىلغا تەڭ بولغان بولىدۇ. ئەگەر بىر ئىنسان 83 يىل ھەمىشە ئىبادەت بىلەن مەشغۇل بولغان تەقدىردىمۇ، بىرىمىزنىڭ قەدىر كېچىسىنى ئىبادەت بىلەن ئۆتكۈزگىنىمىزنىڭ ساۋابى ئاللاھ تائالانىڭ دەرگاھىدا 83 يىللىق ئىبادەتتىن ئەۋزەلدۇر، ئەلۋەتتە.

شۈبھىسىزكى، قۇرئان كەرىمنىڭ پارلاق نۇرى ئىنسانىيەتنىڭ قەلبلىرىگە نۇر چېچىشقا باشلىغان بۇ كېچە، باشقا ھەرقانداق كېچىلەردىن ئۇلۇغ ۋە شەرەپلىكتۇر. ھېچقانداق كېچە ئۇنىڭغا تەڭ بولالمايدۇ. لېكىن شۇنى ياخشى بىلىش كېرەككى، ھەرقانداق ئۇلۇغ ئاينىڭ، ھەرقانداق ئۇلۇغ كۈن ياكى كېچىنىڭ ۋە ھەرقانداق ئۇلۇغ سائەتنىڭ ئۇلۇغلىقى ۋە ياخشىلىقلىرى، پەقەت ئۇنىڭ ئۇلۇغلىقىنى بىلىپ، ئۇنى قەدىرلەپ، ئۇنىڭدىن پايدىلىنالىغان كىشىلەر ئۈچۈندۇر. ئەمما بۇ كېچىنى قەدىرلىمەي، ئۆزىنىڭ غەپلەت ئۇيقۇسىدا جىمىقىپ قالغان كىشىلەر ئۈچۈن بۇ كېچىنىڭ باشقا كېچىلەردىن ھېچبىر پەرقى يوقتۇر.

## 308- سۇئال: قەدىر كېچىسىنىڭ ۋاقتى

ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دەيدۇ: بىر تۈركۈم ساھابىلەر چۈشىدە قەدىر كېچىسى رامىزاننىڭ ئاخىرقى يەتتە كۈنىدە ئىكەنلىكىنى كۆردى. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: سىلەرنىڭ چۈشۈڭلارغا ئاساسەن، قەدىر كېچىسىنى رامىزاننىڭ ئاخىرقى يەتتىسىگە توغرا كېلىدۇ دەپ قارايمەن، كىمكى قەدىر كېچىسىگە يېتىشنى خالىسا، ئۇنى رامىزاننىڭ ئاخىرقى يەتتىسىدە ئىزدىسۇن دېدى. (بۇخارى: 2015)

پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: قەدىر كېچىسى يىگىرمە تۆتىنچى كېچىدە بولىدۇ دېگەن. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما: قەدىر كېچىسىنى يىگىرمە تۆتىنچى كېچىدىن ئىزدەڭلار، دېگەن. (ئەھمەد: 23373، بۇخارى: 2022)

پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىزگە: قەدىر كېچىسى ئەتىگىنى قۇياش نۇرسىز ھالەتتە چىقىدۇ دەپ ئۇقتۇرغان. شۇنىڭ بىلەن، بىز ئۇ كېچىنى ھىسابلاپ،

ئېسمىزدە ساقلىدۇق. الله تائالانىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمۇ ئۇنىڭ ھەقىقەتەن رامىزاننىڭ ئىچىدە ئىكەنلىكىنى ۋە ئۇ كېچىنىڭ يىگىرمە يەتتىنچى كېچىسى ئىكەنلىكىنى بىلىدۇ. لېكىن ئۇ سىلەرنىڭ شۇنىڭغىلا يۆلىنىۋېلىپ، ئەمەل ئىبادەتتە سۇسلىشىپ كېتىشىڭلاردىن قورقۇپ، سىلەرگە دەپ بېرىشنى خالىماپتۇ. (تىرمىزى: 793)

ئەبۇ بەكرىنىڭ يېنىدا قەدىر كېچىسى تىلغا ئېلىنغانىدى، ئۇ: مەن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ: قەدىر كېچىسىنى ئاخىرقى توققۇزى ياكى ئاخىرقى يەتتىسى ياكى ئاخىرقى بەشى قالغاندا ۋەياكى ئاخىرقى ئۈچى قالغاندا ئىزدەڭلار! دېگەنلىكىنى ئاڭلىغانىدىم، دېدى. (تىرمىزى: 794)

پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: قەدىر كېچىسى يىگىرمە يەتتىنچى ياكى يىگىرمە توققۇزىنچى كېچىدە بولىدۇ. ئۇ كېچىدە مالائىكىلەر زېمىندا سان ـ ساناقسىز ئاۋۇپ كېتىدۇ. (ئەھمەد: 10356 ؛ بەززار)

## 309ـ سۇئال: نېمە ئۈچۈن روزا تۇتىمىز؟

1. رامىزان ـ ﷲ تائالانىڭ بىزنىڭ ئۈستىمىزگە ئورۇنلاشتۇرغان تاپشۇرۇقى ۋە ئېنىق بۇيرۇقى. بىزنىڭ ﷲقا بويسۇنۇشتىن ۋە ئۇنى چىن مۇھەببەت بىلەن ياخشى كۆرۈش ۋە ئۇنىڭدىن قورقۇش ئارقىلىق ئۇنى رازى قىلىشتىن باشقا ھېچقانداق تاللاش يولىمىز يوق.

2. رامىزان ئېيى باشقا ئايلارغا قارىغاندا كۈندىلىك ھايات ۋە ئىنسانىيەت ئالاقىلىرىنى باشقىچە رەتلەشكە كۆڭۈل بۆلىدىغان ئالاھىدە بىر ئاي. كىشىلەر رامىزان ئېيىنى"روھ ئېيى "دەپ ئادەتلەنىدى، بىز ئۇنى روھ ۋە بەدەنگە ئىگە ئىنسان ئېيى دەپ سۈپەتلەيمىز. رامىزان بەدەنىنىڭ ۋەزىپىلىرىنى رەتكە سالىدۇ، ئۇنىڭدا ئاشقازان مەجبۇرى راھەت تاپىدۇ، شەھۋەت كونترول قىلىنىدۇ، ئۇ ئىككىسى رامىزاندىن باشقا ۋاقىتتا بەدەنىنىڭ كۆپلىگەن چارچاشلىرىنى پەيدا قىلىدىغان كىرىش ئېغىزىدۇر.

3. ئاللاھ تائالا رامىزانىنى يولغا قويدى، رامىزاندا تاڭ ئاتقاندىن تارتىپ ناماز شام بولغۇچە تاماقتىن چەكلىنىمىز. غىزا شەھۋەتنى كۈچەيتىدۇ ۋە يول ئېچىپ بېرىدۇ، بىز شەھۋەتنى كۈچلەندۈرىدىغان ئېغىزلارنىڭ پەقەت ئېغىز ۋە غىزا ئەمەسلىكىنى چۈشىنىشىمىز لازىم. بەلكى قۇلاق، كۆز، سۆز ۋە خىيالمۇ شەھۋەتنى كۈچەيتىش ئېغىزلىرىدۇر. رامىزاندا شەيتانلار باغلىنىدۇ، قىسقىسى شەھۋەتنىڭ يوللىرى تارىيىدۇ.

4. رامىزان ئۆزىنى تۇتۇۋېلىش ۋە قائىدە پرىنسىپقا كۆنۈشنىڭ ئەمەلى مەشقى، رەسۇلۇللاھ رامىزان ئېيىدا ئايالىنى سۆيۈپ قوياتتى، كىم ئۆزىگە ئىگە بولالىسا شۇنداق

قىلسۇن، ئۇنىڭدىن ئاشۇرۇۋەتمىسۇن، بولمىسا ئۇنىڭغىمۇ يېقىنلاشمىسۇن! رامىزان كۈندۈزىدە ئەر-ئاياللىق مۇناسىۋىتىنى ئۈتكۈزۈشنىڭ جازاسى ئۈچۈن قازا قىلىش ۋە پىدىيە تۆلەش لازىم بولىدۇ، يامان يېرى شۇكى ئۇ ئىش رامىزان پەلسەپىسىنىڭ تەڭپۇڭلاشتۇرۇش مەشىق پروگراممىسىنى بۇزىۋېتىپ قالىدۇ. رامىزان كېچىلىرىدە ئەر-ئاياللىق ئالاقىسىدىن چەكلىنىش تەلەپ قىلىنمايدۇ، ئۇ ئاللاھ ھالال قىلغان ئىش. بىر ئىشنى قىلىش ياكى قىلماسلىق ئاللاھنىڭ پەرمانىغا ئاساسەن بولىدۇ. ئىتائەت ئىنساننى بويسۇندۇرۇشى، ئىنسان ئىتائەتتە مۇناسىپ ئىشنى قىلىشى، مۇناسىپ بولمىغىننى قىلماسلىقى لازىم. ئىسلام دىنى روھ بىلەن بەدەن ياكى ماددا بىلەن مەنىۋىيەت ئارىسىدا توقۇنۇش بار دەپ قارىمايدۇ، ئىسلام دىنى ھەر ئىككى تەرەپ ئاللاھ تەرىپىدىن يارىتىلغان، بىر بىرىنى تولۇقلايدۇ، تولۇقلاش ئۇ ئىككىسى ئارىسىدا تەلەپ قىلىنىۋاتقان ئالاقە. بۇنىڭ ئۆلچىمى:"بەدىنىڭنىڭ ھەققى بار، ئائىلەڭنىڭ ھەققى بار، پەرۋەردىگارىڭنىڭ ھەققى بار، ھەر بىر ھەق ئىگىسىنىڭ ھەققىنى ئۆز ئىگىسىگە بەرگىن "رامىزان ھەق-ھوقۇقلارنى ئۆز ئىگىسگە تاپشۇرۇش ۋە ئىشلارنى ئۆز ئۆلچىمىگە قايتۇرۇشنىڭ مۇناسىپ پەيتى.. رامىزان:سېنىڭ بەدىنىڭ بار، بۇ بەدەنىنىڭ ھوقۇق ۋە تەلەپلىرى بار، شۇنداقلا ئۇ بەدەنىنىڭ مەجبۇرىيەتلىرى ۋە مەسئۇلىيەتلىرى بار دەيدۇ. رامىزان بەدەن ۋە ئۇنىڭ رىغبىتى بىلەن چېكىدىن ئاشۇرۇۋەتمەستىن ياكى كەمەيتىپ قويماستىن مۇئامىلە قىلىش ئۈچۈن پروگراممىا بەلگىلەپ بېرىدۇ. ئۇ ئىنساننىڭ شەھۋىتىگە ئىگە بولىشى ئۈچۈن كۆندۈرۈشتۇر.

5. رامىزاندا ئىنساننىڭ ئىرادىسى غەلبە قىلىدۇ ۋە ئىشلارنى كونترول قىلىشقا قۇدرىتى ئېشىپ بارىدۇ، ئۇ ئىشەنچىسىنى يوقىتىپ قويغانلار ئۈچۈن ئۆزىگە ئىشەنچە پەيدا قىلىش پەيتىدۇر. سۇخەنچىلىك، چېقىمچىلىق، تاماكا ۋە شەھۋەت قاتارلىقلارنى چەكلەپ بويسۇندۇرۇپ ئۇنىڭ خۇمارىغا چىداپ تاقەت قىلىپ ئىرادە يېتىلدۈرىدۇ. بۇلار ھەممىسى بىر بىرى بىلەن بىر تۇتاش نەرسە، رامىزان ئۇنىڭ ھەممىسى بىلەن مۇئامىلە قىلىدۇ، كۆڭۈل رىغبەتلىرىگە ئارىلىشىپ ئۇنى رەتكە سالىدۇ، ئىرادىنى كۈچەيتىدۇ، قۇدرەتنى ئاشۇرىدۇ ۋە ئىشەنچىنى قايتۇرۇپ كىلىدۇ. رامىزان روھ ئۈچۈن كەڭرى مەيدان ھازىرلاپ بېرىدۇ، رامىزان جىنسى ئالاقە ئاملىنى رەتكە سېلىپ تەڭپۇڭلاشتۇرىدۇ ۋە نورماللاشتۇرىدۇ. ئىسلام ئۇممىتى قۇرئان كەرىمنىڭ رەھمىسىدىن مەيدانغا چىقتى، قۇرئان كەرىمنىڭ سۈرىلىرى ۋە ئايەتلىرى بۇ ئۇممەتنى تۇغدى ۋە باشقا مىللەتلەرگە سېلىشتۇرغاندا ئالاھىدە بىرلىك ئۇممىتى قىلىپ يېتىشتۇرۇپ چىقتى. قۇرئان كەرىم ئارقىلىق ئەقىدە بىرلىكى ئۇممەتنى بىرلەشتۇردى. قۇرئان كەرىم شەرىئەت بىرلىكى ئارقىلىق ئۇممەتنى يىلتىزى مەسىلىلەر، پرىنسىپ،

قىممەت قاراش، قانۇن پەلسەپىسى، قانۇن روھى ۋە ئۆزگىرىشچان مەسىلىلەردىكى كۆز قاراشنىڭ ئوخشاشماسلىقىنى ئېتىراپ قىلىش تەرەپلىرىدە بىرلەشتۈردى. قۇرئان كەرىم ئۇممەتنىڭ بىرلىكى توغرىلىق توختىلىپ، ئىسلام ئۇممىتى خەلقلىرى، قەبىلىرى، رەڭگى ۋە تىلى تۈرلۈك بولىشىغا قارىماي بىرلىكنى پەرز قىلدى.

6. قۇرئان كەرىمدە ئىسلام ئۇممىتىنىڭ مەدەنىيىتىنى شەكىللەندۈرگەن ئۆزگەرمەس قىممەت قاراشلار كەڭرى بايان قىلىندى. ئەقىدە، شەرىئەت، ئۇممەت ۋە مەدەنىيەت بىرلىكى ئۈچۈن ئىسلام دىيارلىرى بىرلەشتى. تىلى، قەبىلىسى، ئىرقى ۋە رەڭگى قانداق بولىشىدىن قەتئىي نەزەر ئىسلام ۋەتىنى نامى بىلەن تونۇلدى. ئىسلام ۋەتىنى بىرلىك ئىچىدە بىر بىرىدىن پەرقلىنىپ تۇرىدۇ.

7. قۇرئان كەرىم رامىزان ئېيىدا چۈشۈشكە باشلىدى، مىلادىيە610-يىلى رامىزان ئېيىنىڭ ئاخىرقى تاق قەدرى كېچىلىرىنىڭ بىرسىدە قۇرئان كەرىمنىڭ نۇرى چاقنىدى: بىز قۇرئاننى ھەقىقەتەن شەبى قەدرىدە نازىل قىلدۇق قەدر سۈرىسى، 1-ئايەت.

8. مۇبارەك قەدر كېچىسى بىلەن شەرەپلىك بۇ ئاي قۇرئان كەرىمنىڭ نۇر چېچىشى بىلەن ئىسلامنىڭ تۈرتىنچى مۇھىم ئاساسلىرىنىڭ بىرسى بولغان رامىزان پەرزى بىلەن بىر ۋاقىتقا توغرا كەلدى. رامىزان تۇتۇش پەرزىنى رامىزان ئېيىدا ئادا قىلغانلىق، ئىسلام ئۇممىتىنىڭ بايرىمى بولغان، قۇرئان كەرىمنىڭ چۈشكەنلىگىنى تەبرىكلىگەنلىكتۇر.

9. ئىسلامدا، رەجەب، زۇلقەئىدە، زۇلھەججە ۋە مۇھەررەمدىن ئىبارەت تۆت ئاي ئۇرۇش قىلىش ھارام قىلىنغان، تىنچلىق ئايلىرى بولۇپ ئۇرۇش قىلىش توغرا بولمايدۇ. شۇنداقتىمۇ رامىزان ئېيى بۇ تۆت ئاينىڭ قاتارىغا كىرمىسمۇ پەزىلەت ۋە ئارتۇقچىلىق جەھەتتە بۇ تۆت ئاينى بېسىپ چۈشىدۇ.

10. قۇرئان كەرىمدىكى«ئوقۇ» سۈرىسىنىڭ چۈشىشى قەدرى كېچىسىدە باشلاندى، بۇ، كۈندۈزنىڭ مۇقەددىمىسى بولغان، تاڭنىڭ يورۇشى ئىدى، ئىسلام ئۇممىتى مۇشۇ كۈندۈزدە تۇغۇلدى. ئىسلام ئۇممىتىنىڭ رامىزان ئېيىدا تۇغۇلغانلىقى بۇ ئاينى ئالاھىدە تەبرىكلەشنىڭ سەۋەبىدۇر.

## 310- سۇئال: ئىفتارنىڭ ۋاقتى

ئىفتار دېگەن ئېغىز ئېچىش دېگەنلىك بولۇپ روزا تۇتقان كىشىنىڭ ئىفتار قىلىش ۋاقتى كۈن پېتىش بىلەن كىرىدۇ. بۇ كۈن پېتىش بىلەن ئىفتار قىلسا بولىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ، بارلىق مۇسۇلمانلار كۈن پېتىش بىلەن ئىفتار ۋاقتى كىرىدۇ دەپ قارىغان.

ئادەتتە بۇ ناماز شامنىڭ ۋاقتىنىڭ كىرگەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ، شۇڭا كۆپىنچە

جايلاردا ناماز شامنىڭ ئەزىنى ئىفتار ۋاقتىنىڭ بولغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ. مۇئەززىن ئەزان ئوقۇشتا كېچىكىپ قالغان تەقدىردە ياكى مەسجىد يوق جايلاردا ياكى ئەزان ئاڭلانمايدىغان جايلاردا كۈن پاتقان ئىكەن ئىفتار قىلسا بولىدۇ. كۈن پاتقانلىقىنى ئۆزى كۆزى بىلەن كۆرسىمۇ بولىدۇ، ياكى باشقا ئىشەنچلىك بىرىنىڭ خەۋىرىگە تايانسىمۇ بولىدۇ ياكى سائەت ۋە كالىندارىدەك باشقا ئالامەتلەرگە ئاساسەن كۈن پاتتى دەپ كۆڭلى خاتىرجەم بولسا بولىدۇ.

# يەتتىنچى بۆلۈم. ھەج پائالىيەتلىرىنىڭ بايانى

## 311- سۇئال: ھەج سۆزىنىڭ ئۇقۇمى

ھەج دېگەن سۆز مەنا جەھەتتىن ئۇلۇغ بىر يەرنى مەقسەت قىلىش، دېگەنلىك بولىدۇ. ھەج دېگەن سۆز ئىستىلاھ جەھەتتىن مەلۇم شەرت شارائىت تولۇقلانغاندىن كېيىن خۇسۇسىي بىر ۋاقىتتا ، خۇسۇسىي بىر سۈپەت بىلەن ئاللاھ تائالانىڭ ئۆيىگە يەنى كەبىگە بېرىشنى مەقسەت قىلىش، دېگەنلىك بولىدۇ. ھەج ھىجرىيەنىڭ توققۇزىنچى يىلىنىڭ ئاخىرلىرىدا پەرز قىلىنغان. ئۇنىڭ پەرز بولغانلىقى قۇرئان كەرىم ۋە ھەدىستە بايان قىلىنغان، شۇنداقلا پەرز ئىكەنلىكىگە بارلىق ئۆلىمالار بىرلىككە كەلگەندۇر. ئاللاھ تائالا ھەجنىڭ پەرزلىكىنى بايان قىلىپ مۇنداق دېدى:

ئۇنىڭدا ئوچۇق ئالامەتلەر باركى، ماقامى ئىبراھىم شۇلارنىڭ بىرى، بەيتۇللاغا كىرگەن ئادەم ئەمىن بولىدۇ. قادىر بولالىغان كىشىلەرنىڭ ﷲ ئۈچۈن كەبىنى زىيارەت قىلىشى ئۇلارغا پەرز قىلىندى. كىمكى ئىنكار قىلىدىكەن (يەنى ھەجنى تەرك ئېتىدىكەن، زىيىنى ئۆزىگە)، شۈبھىسىزكى، ﷲ ئەھلى جاھاندىن (يەنى ئۇلارنىڭ ئىبادىتىدىن) بىھاجەتتۇر. [ئال ئىمران-97].

## 312- سۇئال: ھەجنىڭ پەزىلىتى

ھەجنىڭ پەزىلىتى ھەققىدە نۇرغۇنلىغان ھەدىسلەر كەلگەن. تۆۋەندىكى ھەدىسلەر ئۇلارنىڭ بىر قىسمىدۇر. مۇئمىنلەرنىڭ ئانىسى ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن: ئى اللەنىڭ پەيغەمبىرى! جىھات قىلىش ئەمەللەرنىڭ ئەڭ ئەۋزىلى دەپ قارايمىز، ئۇنداق بولغانىكەن، بىزمۇ جىھادقا چىقمايلىمۇ؟ دەپ سورىغانىدى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: ياق، (سىلەر ئۈچۈن) ئەڭ ئەۋزەل جىھات توغرا رەۋىشتە قىلىنغان ھەجدۇر، دېدى. (بۇخارى: 1520)

پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەج بىلەن ئۆمرىنى ئارقىمۇ ئارقا قىلىڭلار، چۈنكى بۇ ئىككىسى (يەنى ھەج بىلەن ئۆمرە) نامراتلىقنى، گۇناھ مەئسىيەتلەرنى خۇددى كۆرەك تۆمۈر، ئالتۇن ۋە كۈمۈشلەرنىڭ داتلىرىنى يوق قىلغاندەك يوق قىلىدۇ. مەقبۇل بولغان ھەجنىڭ مۇكاپاتى پەقەتلا جەننەتتۇر. (تىرمىزى: 810)

پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىمكى الله رىزاسىنى كۆزلەپ ھەج قىلسا، شۇ ھەجدە يامان سۆز ۋە گۇناھ ئىشلارنى قىلمىسا، ئۇ خۇددى ئانىسىدىن تۇغۇلغان كۈندىكىدەك گۇناھلاردىن پاك ھالەتتە قايتىدۇ. (بۇخارى: 1521)

پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ياشانغان ئەر، كىچىك بالا، ئاجىز ئىنسان ۋە ئايال كىشىنىڭ جىھادى پەرز ھەج ۋە ئۆمرەدۇر. (نەسائى: 2626)

## 313- سۇئال: ھەجنىڭ پەرز بولۇشىنىڭ شەرتلىرى

ھەج- ھەج قىلىش نىيىتى بىلەن مەككىگە بېرىپ، زۇلھەججە ئېيىدا ئادا قىلىنىدىغان ئىقتىسادىي ھەم جىسمانى ئىبادەتتۇر، ھەمدە ئۆمرىدە بىر قېتىم ئادا قىلىسلا بولىدىغان پەرز ئىبادەتتۇر. ئۇنى ئادا قىلىشقا ئىمكانىيەت تۇغۇلغان چاغدا كېچىكتۈرمەي دەرھال ئادا قىلىش لازىم.

بىراۋغا ھەجنىڭ پەرز بولۇشىنىڭ شەرتلىرى تۆۋەندىكىچە :

1) مۇسۇلمان بولۇش. كاپىر ئادەمگە ھەج قىلىش پەرز ئەمەس ۋە كاپىرنىڭ قىلغان ھەججىمۇ توغرا بولمايدۇ.

2) ھەجنىڭ پەرز ئىكەنلىكىنى بىلىش. بۇ، كاپىر دۆلەتتە ياشايدىغان مۇسۇلمان ئۈچۈن قويۇلغان شەرتتۇر. كاپىر دۆلەتتە ياشايدىغان مۇسۇلمان ئادەمنىڭ ھەجنىڭ، ئادا قىلىش پەرز بولغان بىر ئىبادەت ئىكەنلىكىنى بىلىش ئۈچۈن تەقۋا بىر مۇسۇلمان ئادەمنىڭ ئۇنىڭغا بۇ ھەقتە خەۋەر بەرگەن بولىشالا يېتەرلىكتۇر. ئەمما ئىسلام دۆلەتتە ياشىغان ئادەمگە ھەجنىڭ پەرز بولۇشى ئۈچۈن ئۇنىڭ ھەجنىڭ پەرز ئىكەنلىكىنى بىلىشى شەرت ئەمەس. چۈنكى ئىسلام دۆلەتتە ياشىغان ئادەمدىن ئۇنىڭ شەرىئەت ھۆكۈملىرىنى بىلمەي قالغانلىق ئۆزرىسى قوبۇل قىلىنمايدۇ.

3) بالاغەتكە يەتكەن بولۇش. بىر ئىنساننىڭ بالاغەتكە يېتىشى ھەجنىڭ ئۇنىڭغا پەرز قىلىنىشىنىڭ ۋە ئادا قىلغان ھەجنىڭ ئۇستىدىكى پەرز ھەجگە ھېساب قىلىنىشىنىڭ شەرتىدۇر.

4) ئەقىل –ھۇشى جايىدا بولۇش. بۇ ھەجنىڭ پەرز بولۇش شەرتىدۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن ھەج ئەقلى ھۇشى جايىدا بولمىغان ساراڭ ئادەمگە پەرز بولمايدۇ. بىر ئادەم ھەج قىلىپ بولغاندىن كېيىن ساراڭ بولۇپ قالغان بولسا، ئۇنىڭ ئادا قىلغان ھەجى ئۇنىڭ ئۇستىدىكى پەرز ھەجگە ھېساب بولىدۇ. ئەگەر ئۇ ئادەم كېيىن ساراڭلىقتىن ئوڭشالسا ئۇنىڭغا ھەجنىڭ قازاسىنى قىلىش لازىم ئەمەس.

5) ھۆر بولۇش شەرتتۇر. قۇلغا ھەج قىلىش پەرز ئەمەس. چۈنكى ئۇ، ھەجگە بارغۇدەك مال مۈلكە ئىگە ئەمەستۇر.

6) ھەج قىلىشقا قادىر بولۇشتىن ئىبارەتتۇر. بۇ، ھەجنىڭ توغرا بولىشىنىڭ ئەمەس پەرز بولىشىنىڭ شەرتىدۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن بىر پېقىر ئادەم قانداق قىلسا قىلىپ پەرز ھەج قىلىش نىيىتى بىلەن ھەج قىلغان بولسا، ئۇنىڭ قىلغان ھەجى پەرز ھەجگە

ھېساب بولىدۇ ۋە ئۇنىڭ بويىنىدىكى پەرز ھەج ئادا بولغان بولىدۇ.

بىراۋنىڭ ھەج قىلىشقا قادىر بولۇپ، ئۇنىڭغا ھەج پەرزىنىڭ يۈكلىنىشى ئۈچۈن ئۇنىڭ ھەج چىقىملىرىغا، ھەجگە بېرىپ كەلگۈچە ئۆيىدە قالغان بالا ـ چاقىلىرىنىڭ پۈتۈن چىقىملىرىغا يەتكۈدەك ئىقتىسادقا ئىگە بولۇشى، تېنىنىڭ ساق بولىشى، ھەج يولىنىڭ خاتىرجەم ۋە ئۇچۇق بولىشى، ئۆزى ھەم مال ـ مۈلكى زىيانغا ئۇچرىمايدىغان بولىشى ۋە قەرزدار بولماسلىقى شەرتتۇر !

### 314ـ سۇئال: ھەجنىڭ پەرزلىرى

ھەجنىڭ پەرزلىرى ئۈچ بولۇپ، ئۇلار تۆۋەندىكىچە: ھەج قىلىشنى نىيەت قىلىپ ئېھرام باغلاش. ئەرەفاتتا تۇرۇش. كەبىنى تاۋاپ قىلىش.

### 315ـ سۇئال: ھەج قىلىشنى نىيەت قىلىپ ئېھرام باغلاش

ئېھرام باغلاش ھەجنىڭ ئىچىگە كىردى دېمەكتۇر. ئېھرام باغلاش ھەجگە نىيەت قىلىش بىلەن تەلبىيە ئېيتىشتىن تەركىپ تاپىدۇ. نىيەت بىلەن تەلبىيەنىڭ ئارىلىقى ئايرىلىپ كەتمەسلىكى لازىم. خۇددى نامازغا، ناماز ئوقۇشقا نىيەت قىلىش بىلەن قولاق قېقىپ تەكبىر ئېيتىپ كىرگەنگە ئوخشاش ھەجگىمۇ نىيەت قىلىش بىلەن تەلبىيە ئېيتىپ كىرىدۇ. ئاللاھ تائالانى ئۇلۇغلايدىغان ھەر قانداق بىر دۇئانى ئوقۇش تەلبىيەنىڭ ئورنىدا ھېسابلىنىدۇ.

### 316ـ سۇئال: ئۆز ۋاقتىدا كېلىپ ئەرافات تېغىدا تۇرۇش

ئەرافات تېغىدا ئازراق بولسىمۇ تۇرۇش ھەجنىڭ بىر پەرزىدۇر. ئەرافات تېغىدا تۇرۇشنىڭ ۋاقتى زۇلھەججى ئېيىنىڭ 9ـ كۈنى، كۈن ئېگىلگەندىن تارتىپ تاكى 10ـ كۈنىنىڭ ياكى قۇربان ھېيت كۈنىنىڭ تېڭى ئاتقانغا قەدەر داۋام قىلىدۇ. كىمكى مۇشۇ مۇددەت ئىچىدە ئەرافات تېغىدا ئازراق بولسىمۇ تۇرۇشقا ئۈلگىرەلمىسە، ئۇ ئادەم ھەج قىلمىغان ھېسابلىنىدۇ.

### 317ـ سۇئال: كەبىنى زىيارەت تاۋاپ قىلىش

ئاللاھ تائالاكەبىنى تاۋاپ قىلىشقا بۇيرۇپ مۇنداق دېدى: ئاندىن ئۇلار كىرلىرىنى تازىلىسۇن (يەنى ئېھرامدىن چىققاندىن كېيىن چاچلىرىنى، تىرناقلىرىنى ئالسۇن)، ئۆز ئۈستىگە ئالغان ئىبادەتلىرىنى ئادا قىلسۇن، قەدىمىي بەيت (يەنى بەيتۇللاھنى) تاۋاپ قىلسۇن [سۈرە ھەج ـ29].

پەرز ئىسمىنى ئالغان ئىشلاردىن بىرەرسىنىڭ قەستەن ياكى سەھۋەنلىكتىن تەرك قىلىنىشى بىلەن قىلغان ھەج بىكار بولىدۇ. يەنە بىر يىلى قايتىدىن قىلىشقا توغرا كېلىدۇ.

## 318- سۇئال: ھەجنىڭ ۋاجىبلىرى دىگەن نىمە؟

ھەجنىڭ ۋاجىبلىرى بولسا، ئۇ ۋاجىبلار قىلىنماي قالغانلىقى ئۈچۈن ھەج بۇزۇلۇپ كەتمەيدىغان، لېكىن ھەجنىڭ كامىللىقىغا نوقسان يەتكۈزۈپ قويۇدىغان كەمچىلىكلەردۇر. ھەجنىڭ كامىللىقىغا نوقسان يەتكۈزۈپ قويغان كەمچىلىك قۇربانلىقنىڭ شەرتىگە تۇشۇدىغان بىر ھايۋاننى جازا ئۈچۈن ئۆلتۈرۈش بىلەن تولۇقلىنىدۇ.

## 319-سۇئال: ھەجنىڭ ۋاجىبلىرى

1) ئىھرام باغلاشقا بەلگىلەنگەن ئورۇ ندىن ئىھرام باغلاپ كېلىش.

ئېھرام باغلاش ئۈچۈن بەلگىلەپ بېرىلگەن يەرلەر- زۇلھۇلەيفە، جۇھپە، قىرنۇن، زاتۇئىرقىن، يەلەملەم. بۇ يەرلەرنىڭ بەلگىلىنىپ بېرىلىشى ھەدىس ئارقىلىق بولغاندۇر.

2) سافا بىلەن مەرۋە ئارىسىدا سەئى قىلىش مېڭىش.

3) سافا بىلەن مەرۋەنىڭ ئارىسىدا ئايالنماقچى بولغاندا ئايلىنىشنى سافا تىغى تەرەپتىن باشلاش.

4) ئايلىنىشنى تاۋاپتىن كيىن قىلىش.

5) تاۋاپ بىلەن ئايلىنىشنى مىڭىپ قىلىش.

6) تاۋاپنى تاھارەت بىلەن قىلىش.

7) تاۋاپ قىلغاندا ئۇياتلىق يەرلەرنى يىپىش.

8) تاۋاپنى قارا تاشنىڭ ئۇدۇلىدىن باشلاش.

9) تاۋاپنى ئوڭ تەرەپتىن باشلاش.

10) تاۋاپتىن كيىن ئىككى رەكەت ناماز ئوقۇش.

11) زىيارەت تاۋاپنى قۇربان ھېيت كۈنلىرىنىڭ بىرىدە قىلىش. زىيارەت تاۋاپنى قىلىشنىڭ مۇددىتى قۇربان ھېيت كۈنىنىڭ بىرىنچى كۈنىدىن تارتىپ تاكى 10- كۈنىنىڭ كۈنى كىرىپ كېتىشكە ئازراق قالغانغا قەدەر داۋام قىلىدۇ.

12) ئەرافات تېغىدا تاكى كۈن كىرىپ كەتكىچە تۇرۇش.

13) مۇزدەلىفەدە تۇرۇش. ئەمما بىر كېچە قونۇش سۈننەت.

14) شام نامىزى بىلەن خۇپتەن نامىزىنى كېچىكتۈرۈپ مۇزدەلىفەدە ئوقۇش.

15) شەيتانغا تاش ئېتىش.

16) تاش ئېتىشنى كېچىكتۈرمەسلىك.

17) باشنى چۈشۈرۈش ياكى چاچنى قىسقارتىش.

18) بىرەر جانلىق ئۆلتۈرۈپ قۇربانلىق قىلىش.

19) ھەجىنىڭ پائالىيەتلىرىنى تەرتىپ بىلەن قىلىش.

20) چاچنى ئۆز ۋاقتىدا ، ئۆز يېرىدە چۈشۈرۈش.

21) ۋىدا تاۋاپىنى قىلىش.

## 320-سۇئال: ھەجنىڭ ۋاجىپلىرىنى تەرك قىلغان كىشىنىڭ ھۆكۈمى

ۋاجىب ئىسمىنى ئالغان ئىشلاردىن بىرەرسى قەستەن ياكى سەھۋەنلىكتىن تەرك قىلىنسا ھەج بۇزۇلمايدۇ. بىراق بىر قوي قۇربانلىق قىلىپ، ئۇنىڭ گۆشىدىن يېمەستىن ھەممىسنى مەككىدە كەمبەغەللەرگە تارقىتىپ بېرىش، ئۇنىڭغا قۇدرىتى يەتمىسە ھەج كۈنلىرىدە ھېيت كۈنىدىن بۇرۇن ئۈچ كۈن، يۇرتىغا قايتقاندىن كېيىن يەتتە كۈن، جەمى 10 كۈن روزا تۇتۇش بىلەن نوقسان تولۇقلىنىدۇ.

## 321- سۇئال: ھەجنىڭ سۈننەتلىرى

ھەجنىڭ موھىم دەپ قارالغان سۈننەتلىرى تۆۋەندىكىچە :

1) ئېھرام باغلاشتىن ئاۋۋال يۇيۇنۇش.

2) ئېھرام باغلاپ بولۇپ، ئىككى رەكئەت نا ماز ئوقۇش. « لەببەيكە » دۇئاسىنى ئېيتىش.

3)ئېھراملىق ئۈچۈن ئىككى پارچە ئاق، يېڭى ياكى يۇيۇلغان پاكىز ماتېرىيال ئىشلىتىش.

4) مەككىنىڭ سىرتىدا ئولتۇرىدىغان ئادەم تاق ھەجگە ياكى جۈپ ھەجگە ئېھرام باغلاپ مەككىگە كەلگەن ۋاقتىدا مەككىگە كېلىش تاۋاپىنى قىلىش.

5) ئىمامنىڭ زۇلھەججى ئېيىنىڭ يەتتىنچى كۈنى مەككىدە، توققۇزىنچى كۈنى ئەرافاتتا ۋە ئون بىرىنچى كۈنى مىنادا بولۇپ ئۈچ يەردە خۇتبە ئوقۇشىدۇر.

6) زۇلھەججى ئېيىنىڭ سەككىزىنچى كۈنى مەككىدىن مىنا تېغىغا چىقىپ كېتىش. ھەتتا بەش ۋاخ نامازنى مىنا تېغىدا ئوقۇش ئۈچۈن مىناغا چىقىدىغان ئادەم زۇلھەججى ئېينىڭ سەككىزىنچى كۈنىنىڭ بامدات نامىزىدىن كېيىن چىقىپ كېتىدۇ.

7) ئەرافات كېچىسى يەنى زۇلھەججى ئېيىنىڭ توققۇزىنچى كۈنى تاڭ يورۇيدىغان كېچە مىنا تېغىدا يېتىش.

8) زۇلھەججىنىڭ توققۇزىنچى كۈنى كۈن چىققاندىن كېيىن مىنادىن ئەرافاتقا مېڭىش.

9) ئەرافات تېغىدا پېشىن نامىزىدىن ئىلگىرى يۇيۇنۇش.

10) ئەرافاتتىن چۈشكەندىن كېيىن ئونىنچى كۈنى تاڭ يورۇيدىغان كېچە مۇزدەلىفىدە يېتىش.

11) زۇلھەججى ئېينىڭ ئونىنچى كۈنى مۇزدەلىفەدىن مىنا تېغىغا كىن چىقىشتىن ئىلگىرى قوزغۇلۇپ بولۇش.

12) مىنا كۈنلىرىنىڭ ھەممە كېچىسىدە مىنا تېغىدا يېتىش.

13) ئېھرام باغلىغاندىن باشلاپ تاكى قۇربان ھېيت كۈنىنىڭ بىرىنچى كۈنى شەيتانغا تۇنجى تاشنى ئاتقانغا قەدەر تەلبىيەنى كۆپ ئېيتىش.

## 322-سوئال: ئۆمرە قىلىشنىڭ ھۆكمى ۋە پەزىلىتى

ئۆمرە بەيتۇللاھنى زىيارەت قىلىش دېگەن مەنىدە بولۇپ، ئۆمرىدە بىر قېتىم ئۆمرە قىلىش تەكىتلەنگەن سۈننەتتۇر. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بىر ئۆمرە ئىككىنچى ئۆمرىگىچە بولغان ئارىلىقتا سادىر بولغان گۇناھلارغا كاپارەت بولىدۇ، مەقبۇل بولغان پەرز ھەجنىڭ مۇكاپاتى پەقەتلا جەننەتتۇر. (بۇخارى: 1773)

## 323- سوئال: ئۆمرە ھەجنىڭ ۋاقتى

بىر يىلنىڭ ئىچىنىڭ ھەممىسىدە ئۆمرە ھەج قىلىشقا بولىدۇ. لېكىن ئەرافات كۈنى ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى تۆت كۈن ئىچىدە ئۆمرە ھەجگە ئېھرام باغلاش ھارامغا يېقىن مەكرۇھتۇر. چۈنكى بۇ كۈنلەر مەخسۇس پەرز ھەجنىڭ پائالىيەتلىرى ئۈچۈن ئايرىلغان كۈندۇر. ئۆمرە ھەجنى ئادا قىلىدىغان ئەڭ ياخشى ۋاقىت بولسا، رامىزان ئېيىدۇر.

پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئەنسارىلاردىن ئۇممۇ سىنان ئىسىملىك بىر ئايالدىن: نېمە ئۈچۈن بىز بىلەن بىللە ھەج قىلغىلى بارمايسەن؟ دەپ سورىدى. ئۇ ئايال: ئېرىمنىڭ سۇ توشۇيدىغان ئىككى تۆگىسى بار ئىدى، بىرىدە ئېرىم ۋە ئۇنىڭ ئوغلى ھەج قىلىدۇ، يەنە بىرىنى (سۇ توشۇپ) ئائىلىمىزنىڭ ئېھتىياجىنى قامدايمىز، دەپ جاۋاب بەردى. شۇنىڭ بىلەن، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: (ئۇنداق بولسا رامىزاندا ئۆمرە قىلارسەن) چۈنكى رامىزاندا قىلىنغان ئۆمرىنىڭ ساۋابى، ھەجنىڭ ياكى مەن بىلەن بىللە قىلغان ھەجنىڭ ساۋابىغا باراۋەر بولىدۇ، دېدى. (مۇسلىم: 1256)

## 324- سوئال: ئۆمرە ھەجنىڭ پائالىيەتلىرى

1) ئۆمرە قىلىشنى نىيەت قىلىپ، ئېھرام باغلاش.

2) كەبىنىڭ ئەتراپىنى يەتتە قېتىم ئايلىنىپ تاۋاپ قىلىش.

3) سافا بىلەن مەرۋەنى يەتتە قېتىم سەئى قىلىش.

4) ئاخىرىدا باشنى چۈشۈرۈش ياكى چاچنى قىسقارتىش.

ئۆمرە ھەجگە باغلىنىدىغان ئېھرامنىڭ ھۆكۈملىرىنىڭ ھەممىسى پەرز ھەجگە

باغلىنىدىغان ئىبرامىنىڭ ھۆكۈملىرى بىلەن ئوپمۇ ئوخشاشتۇر.

ئۈمرە ھەجدە ئەرافات تېغىدا ۋە مۇزدەلىفىدە تۇرۇش، شەيتانغا تاش ئېتىش، مەككىگە كېلىش ۋە خوشلۇشۇش تاۋاپىنى قىلىش پائالىيەتلىرى يوقتۇر.

## 325- سۇئال: ھەج سەپىرىدىن بۇرۇن قىلىدىغان ئىشلار

1. بىر ئادەم ھەج قىلماقچى بولسا، ھەتتا قىلغان ھەجىنىڭ قوبۇل بولۇشى ئۈچۈن شۈبھە يوق ۋە ھالال مال دۇنيادىن، ھەج قىلىش جەريانىدا ئىشلىتىدىغان ھەجىنىڭ چىقىملىرىنى تەييارلايدۇ.

2. ئۇنتۇپ قالغان ياخشى ئىشلىرىنى ئەسلىتىپ تۇرىدىغان ۋە بىز بىر ئاز بۇرۇن بايان قىلىپ ئۆتكىنىمىزدەك كېسەل بولۇپ قېلىپ ھەجىنىڭ پائالىيەتلىرىنى قىلالماي قالسا، ياردەملىشىدىغان ياخشى ئادەمدىن بىرىنى سەپەردە ھەمراھ قىلىدۇ.

3. ئۇ ئادەم ھەج سەپىرىگە چىقىشتىن ئىلگىرى ھەتتا قىلغان ھەجى شەرىئەت ئەھكاملىرىغا ئۇيغۇن بىر ھالەتتە بولۇش ئۈچۈن ھەجىنىڭ ھۆكۈملىرىنى ئۆگىنىشى ناھايىتى ياخشىدۇر.

4. ئۇ ئادەم ھەج سەپىرىگە چىقىشتىن ئىلگىرى قۇلۇم قوشنا ۋە يۇرت مەھەللىدىكى ئادەملەرنى زىيارەت قىلىپ ئۇلار بىلەن رازىلىششى ۋە ئۇلارنىڭ دۇئاسىنى ئېلىشى لازىم.

5. ئەگەر ھەجگە چىقماقچى بولغان ئادەمنىڭ ئاتا ئانىسى بولسا، ھەجگە مېڭىشتىن ئىلگىرى ئاتا ئانىسىدىن رۇخسەت ئېلىش لازىم. ئەگەر ئاتا ئانىنىڭ بىرى بالىنىڭ خىزمىتىگە ئېھتىياجى بولغانلىقى ئۈچۈن بالىنىڭ ھەجگە بېرىشىگە قوشۇلمىغان ۋە بالىنىڭ بارماقچى بولغان ھەج ئۇنىڭ ئۈچۈن نەپلە ھەج بولىدىغان بولسا ، بۇ ھالەتتە بالىنىڭ ھەجگە بېرىشى مەكرۇھتۇر. چۈنكى ئاتا ئانىغا بويسۇنۇپ ئۇلارنىڭ خىزمىتىنى قىلىش نەپلە ھەج قىلغاندىن ياخشىدۇر. ئەگەر ئۇ بالىنىڭ بارماقچى بولغان ھەجى پەرز ھەج بولىدىغان بولسا، بۇ ھالەتتە ئۇ بالا ھەجگە ماڭىدۇ. چۈنكى پەرز ھەجنى ئادا قىلىش ئاتا ئانىغا بويسۇنۇشتىن ياخشىدۇر.

6. قەرزدار ئادەمنىڭ ھەتتا ئىگىللىرىدىن رۇخسەت ئالماي تۇرۇپ ھەجگە بېرىشى مەكرۇھتۇر.

7. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئەگىشىش يۈزىسىدىن ھەج قىلماقچى بولغان ئادەمنىڭ سەپەرگە پەيشەنبە كۈنى چىقىشى مۇستەھەپتۇر. ئەگەر سەپەرگە پەيشەنبە كۈنى چىقالمىسا، دۈشەنبە كۈنى ئەتىگەندىلا چىقىدۇ. ئۆيىدىن چىقىشتىن ئىلگىرى ئىككى رەكەت ناماز ئوقۇيدۇ. شۇنىڭدەك يەنە ئۆيگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىنمۇ ئىككى رەكەت ناماز ئوقۇيدۇ.

8. ئۆيدىن خۇش كۆڭۈل بىلەن چىقىدۇ ۋە يول بويى ئاللاھ تائالادىن قورقىقان ھالەتتە ماڭىدۇ. ھەج سەپىرىدە تىجارەت بىلەن شۇغۇللانماستىن پۈتۈن سەپىرىنى ئاللاھ تائالاغا تائەت ۋە ئىبادەت قىلىشقىلا ئاجرىتىش ئەڭ ياخشىدۇر. ئەگەر ئۇ ئادەم ھەج سەپىرىدە تىجارەت قىلىپ قالسا، يەنە ئۇنىڭ ساۋابى كەم بولۇپ قالمايدۇ.

## 326- سۇئال: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەجنىڭ سۈپەتلىرىنىڭ بايانى

جەئفەر ئىبنى مۇھەممەد دادىسىنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: بىز جابىر ئىبنى ئابدۇللاھنىڭ يېنىغا كىردۇق، مەن ئۇنىڭدىن: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قانداق ھەج قىلغانلىقىنى ئېيتىپ بەرگەن بولساڭ، دېدىم. ئۇ بارمىقى بىلەن توققۇزنى ساندى. ئاندىن كېيىن: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم (ھىجرەتتىن كېيىن) توققۇز يىلغىچە ھەج قىلمىدى، ئونىنچى يىلى، ئۆزىنىڭ ھەجگە بارماقچى بولغانلىقىنى خەلققە ئېلان قىلدى. بۇنى ئاڭلىغان ئىنسانلار تەرەپ - تەرەپتىن مەدىنىگە قاراپ ئېقىشقا باشلىدى. ئۇلار ھەج پائالىيەتلىرىنى پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە ئەگىشىپ، ئۇ قانداق قىلسا شۇنداق ئادا قىلىشنى ئارزۇ قىلاتتى.

بىز پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن بىللە يولغا چىقتۇق. زۇلھۇلەيفەگە يېتىپ بارغاندا، ئەسما رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇھەممەد ئىبنى ئەبۇ بەكرىنى يەڭگىدى. ئەسما رەزىيەللاھۇ ئەنھا قانداق قىلىشى توغرۇلۇق پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن سوراپ كېلىش ئۈچۈن ئادەم ئەۋەتتى. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنىڭغا: يۇيۇنۇپ، لاتا بىلەن چىڭ تاڭغىن، ئاندىن ئېھرام باغلىغىن ! دېدى. ئاندىن زۇلھۇلەيفەدىكى مەسجىدتە ناماز ئوقۇدى. ئاندىن (قەسۋا ئىسىملىك) تۆگىسىگە مىنىپ، بەيدا دېگەن جايغا كەلدى. قارىسام، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئالدى كەينى، ئوڭ سولى ئادەمگە لىق تولۇپتۇ. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى ئۇلاغلىق، بەزىلىرى پىيادە ئىدى. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئارىمىزدا ئىدى. ئۇنىڭغا ئايەت نازىل بولۇپ تۇراتتى، ئۇ بۇ ئايەتلەرنىڭ مەنىسىنى ياخشى بىلەتتى ۋە شۇنىڭغا ئاساسەن ئەمەل قىلاتتى، بىزمۇ ئۇنىڭغا ئەگىشەتتۇق. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ھەجگە نىيەت قىلىپ، تەۋھىد سۆزلىرى بىلەن مۇنداق تەلبىيە ئېيتتى: ھازىرمەن، ئى الله! سېنىڭ چاقىرىقىڭغا ئاۋاز قوشۇپ، بۇيرۇقىڭغا بىنائەن بۇ يەرگە كەلدىم. سېنىڭ ھېچ شېرىكىڭ يوقتۇر. سېنىڭ بۇيرىقىڭغا ئاساسەن كەلدىم. بارلىق مەدھىيىلەر، نېمەتلەر ۋە بارلىق ھۆكۈمرانلىق ھوقۇقى ساڭا مەنسۇپ، سېنىڭ ھېچ شېرىكىڭ يوقتۇر. بىزمۇ شۇنداق تەلبىيە

ئېيتىپ، ئېھرام باغلىدۇق. بىزگە ھېچقانداق ئىنكاس بىلدۈرمەي، ئۆز تەلبىيەسىنى داۋاملاشتۇردى. بىزنىڭ نىيىتىمىزدە ھەج قىلىشلا بار ئىدى، ئۆمرە قىلىش خىيالىمىزغىمۇ كىرىپ باقمىغانىدى. شۇنداق قىلىپ بىز بەيتۇللاھقا يېتىپ باردۇق، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ھەجەر ئەسۋەدنى سىلىدى. ئاندىن ئۈچ قېتىم تېز قەدەملەر بىلەن، تۆت قېتىم نورمال مىڭىپ بەيتۇللاھنى تاۋاپ قىلدى. ئاندىن كېيىن ماقامى ئىبراھىمنىڭ ئالدىغا كېلىپ: {(كىشىلەرگە) مەقامى ئىبراھىمنى نامازگاھ قىلىڭلار (يەنى شۇ يەردە ناماز ئوقۇڭلار) دېدۇق} دېگەن ئايەتنى (سۈرە بەقەر، 125 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى) ئوقۇدى. ئاندىن ماقامى ئىبراھىمنى ئۆزى بىلەن بەيتۇللاھنىڭ ئوتتۇرىسىغا ئېلىپ تۇرۇپ، ئىككى رەكئەت ناماز ئوقۇدى. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بۇ ئىككى رەكئەت نامازدا ”سۈرە ئىخلاس “ بىلەن ”سۈرە كافىرۇن “ نى ئوقۇدى، ئاندىن بەيتۇللاھنىڭ يېنىغا بېرىپ ھەجەر ئەسۋەدنى سىلىدى، ئاندىن ھەرام مەسجىدىنىڭ سەفا دەرۋازىسىدىن چىقىپ، ئۇدۇل سەفاغا قاراپ ماڭدى. سەفاغا يېقىنلاشقاندا: {سەفا بىلەن مەرۋە ھەقىقەتەن اللەنىڭ (دىنىنىڭ) ئالامەتلىرىدۇر} دېگەن ئايەتنى( سۈرە بەقەر، 158 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى. ) ئوقۇدى ۋە: «الله باشلىغان يەردىن باشلايمىز» دەپ، سەئيىنى سەفادىن باشلىدى. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم سەفانىڭ ئۈستىگە چىقىپ بەيتۇللاھنى كۆرۈپ تەكبىر ئېيتتى ۋە اللەنىڭ بار ۋە بىرلىكىنى جاكارلاپ: يالغۇز بىر اللەتىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوقتۇر. اللەنىڭ شېرىكى يوقتۇر، پادىشاھلىق پەقەت اللەقىلا خاستۇر، بارلىق گۈزەل مەدھىيەلەر پەقەت اللەقىلا مەنسۇپتۇر. الله تىرىلدۈرگۈچى ۋە ئۆلتۈرگۈچىدۇر، ھەر نەرسىگە قادىردۇر، يالغۇز بىر اللەتىن باشقا ئىلاھ يوقتۇر. الله ۋەدىسىنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، بەندىسىگە (يەنى مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە) ياردەم قىلدى، ئۆزى يالغۇز ئىتتىپاقداش قوشۇننى مەغلۇب قىلدى دېدى، ئاندىن دۇئا قىلدى. بۇنى ئۈچ قېتىم تەكرارلاپ، ھەر قېتىمدا دۇئا قىلدى. ئاندىن مەرۋەگە قاراپ چۈشۈشكە باشلىدى ۋە تۈزلۈككە چۈشكەندە يۈگۈردى. تۈزلۈكتىن مەرۋەگە سالماق قەدەملەر بىلەن چىقتى. سەفادا نېمە قىلغان بولسا، مەرۋەدىمۇ شۇنى قىلدى. تاۋاپنى مەرۋەدە ئاخىرلاشتۇرۇپ: ئەگەر بالدۇرراق ئويلاشقان بولسام، قۇربانلىق ئېلىپ كەلمەي، ئەلۋەتتە، ھەج نىيىتىنى ئۆمرەگە ئۆزگەرتكەن بولاتتىم. كىم قۇربانلىق ئېلىپ كەلمىگەن بولسا، ھەج نىيىتىنى ئۆمرەگە ئۆزگەرتىپ ئېھرامدىن چىقسۇن! دېدى. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ۋە قۇربانلىق ئېلىپ كەلگەنلەردىن باشقىلارنىڭ ھەممىسى چېچىنى قىسقارتىپ ئېھرامدىن چىقتى. سۇراقە ئىبنى جۇئشۇم رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئورنىدىن تۇرۇپ: ئى اللەنىڭ

پەيغەمبىرى ! بۇ ييللا مۇشۇنداق قىلامدۇق ياكى ئەبەدىي مۇشۇنداق داۋاملاشتۇرامدۇق؟ دەپ سورىدى. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بارماقلىرىنى بىر - بىرىگە گىرەلەشتۇرۇپ: ئۆمرە بىلەن ھەج بىر بىرىگە مۇشۇنداق گىرەلىشىپ كەتتى. بۇ ييللا ئەمەس، بەلكى داۋاملىق مۇشۇنداق بولىدۇ، بۇ ييللا ئەمەس، بەلكى داۋاملىق مۇشۇنداق بولىدۇ، دېدى. ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ يەمەندىن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ تۆگىلىرىنى ئېلىپ كەلگەندى. ئۇ، فاتىمە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ ئېھرامدىن چىقىپ، رەڭلىك كىيىم كىيگەن ۋە سۈرمە تارتىۋالغانلىقىنى كۆرۈپ، ئاچچىقلانغان ھالدا: كىم سېنى بۇنداق قىلىشقا بۇيرىدى؟ دەپ سورىدى. فاتىمە رەزىيەللاھۇ ئەنھا: دادام بۇيرىدى، دېدى. ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ (كېيىن) ئىراقتىكى ۋاقتىدا مۇنداق دېگەندى: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىمۇ فاتىمەنىڭ قىلغانلىرىنى ئەيىپلەشكە ئۇندەش ۋە بۇ ھەقتە پەتۋا سوراش ئۈچۈن دەرھال پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ يېنىغا باردىم ۋە ئەھۋالنى ئېيتىپ: مەن ئۇنىڭ قىلغانلىرىنى قوبۇل قىلالمىدىم، ئۇ: دادام مېنى شۇنداق قىلىشقا بۇيرىدى، - دەۋاتىدۇ، - دېگەندىم، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: ئۇ راست ئېيتىپتۇ، راست ئېيتىپتۇ. سەن ھەجگە نىيەت قىلغاندا، نېمە دېدىڭ؟ دەپ سورىدى. مەن: ئى الله! مەن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە ئوخشاش نىيەت قىلدىم، دېگەندىم، - دېدىم. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: ئۇنداق بولسا، مەندە قۇربانلىق قىلىدىغان مال بار، شۇڭا سەن ئېھرامدىن چىقمىغىن! دېدى. ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ يەمەندىن ئېلىپ كەلگەن قۇربانلىق بىلەن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مەدىنىدىن ئېلىپ كەلگەن قۇربانلىقنىڭ سانى يۈزگە يېتەتتى. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ۋە قۇربانلىق ئېلىپ كەلگەنلەردىن باشقىلار چېچىنى قىسقارتىپ ئېھرامدىن چىقتى. ئېھرامدىن چىققانلار زۇلھەججە ئېيىنىڭ سەككىزىنچى كۈنى قايتىدىن ھەجگە ئېھرام باغلاپ، باشقىلار بىلەن بىرگە مىناغا قاراپ يولغا چىقتى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەممۇ تۆگىسىگە مىنىپ يولغا چىقتى. مىنادا پېشىن، ئەسىر، شام، خۇپتەن نامىزى ۋە بامدات نامىزىنى ئوقۇدى. ئاندىن كۈن چىققۇچە كۈتۈپ تۇردى. بۇيرۇقىغا بىنائەن، چۈپۈردىن توقۇلغان چېدىرى (ئەرەفاتنىڭ) نەمىرە دېگەن يېرىگە ئاپىرىلىپ قۇرۇلدى. ئاندىن ئەرەفاتقا قاراپ يولغا چىقتى. قۇرەيشلەر خۇددى جاھىلىيەت دەۋرىدە ئۆزلىرى قىلغاندەك، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىمۇ مۇزدەلىفەدىكى مەشئەرىلھەرامدا ( مەشئەرىلھەرام - مۇزدەلىفەدىكى قۇزەھ نامىلىق بىر تاغقا بېرىلگەن نام. پۈتۈن مۇزدەلىفە رايونى مەشئەرىلھەرام دەپ ئاتىلىدۇ،

دېگۈچىلەرمۇ بار) توختايدۇ دەپ ئويلاشقانىدى. لېكىن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇ يەردە توختىماي، ئۇدۇل ئەرەفاتقا يېتىپ باردى ۋە نەمرەگە قۇرۇلغان چېدىرىگە چۈشتى. كۈن ئېگىلگەندە، (قەسۋا) ناملىق تۆگىسىنى جابدۇشقا بۇيرىدى. ئاندىن تۆگىسىگە مىنىپ ۋادىنىڭ ئوتتۇرىسىغا كەلگەندە، كىشىلەرگە نۇتۇق سۆزلىدى. ئاخىدا مۇنداق دېدى: سىلەردىن مەن توغرۇلۇق سورىلىدۇ، شۇ چاغدا نېمە دەيسىلەر؟ كىشىلەر: بىز گۇۋاھلىق بېرىمىزكى، سەن بىزگە تەبلىغ قىلدىڭ، ۋەزىپەڭنى تولۇق ئادا قىلدىڭ، بىزگە نەسىھەت بەردىڭ، دەپ جاۋاب بېرىشتى. بۇنى ئاڭلىغان پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم كۆرسەتكۈچ بارمىقىنى بىر ئاسمانغا، بىر كىشىلەرگە قارىتىپ تۇرۇپ: ئى اللە، گۇۋاھ بول! ئى اللە، گۇۋاھ بول! ئى اللە، گۇۋاھ بول! دەپ ئۈچ قېتىم تەكرارلىدى. ئاندىن كېيىن، بىلال ئەزان ئوقۇپ، تەكبىر ئېيتتى. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم جامائەتكە ئىمام بولۇپ پېشىن نامىزىنى ئوقۇدى. پېشىندىن كېيىن، بىلال يەنە تەكبىر ئېيتتى، ئەسىر نامىزىنى ئوقۇدى. ئۇ ئىككى نامازنىڭ ئارىلىقىدا ھېچ قانداق ناماز ئوقۇمىدى. ئاندىن تۆگىسىگە مىنىپ، مەۋقىفكە (تۇرۇش مەيدانىغا) كەلدى ۋە تۆگىسىنىڭ بېقىنىنى يوغان قۇرام تاشقا يېقىن ئەكىلىپ، كىشىلەرگە ئالدىنى قىلىپ، قىبلىگە يۈزلەندى ۋە كۈن پاتقىچە شۇ يەردە تۇردى. ئۇندىن كېيىن، ئۇسامەنى كەينىگە مىندۈرۈپ (مۇزدەلىفەگە قاراپ) يولغا چىقتى، تۆگىنىڭ چۇلۇۋۇرىنى، تۆگىنىڭ بېشى ئىگەرنىڭ ئاستىدىكى تېرىگە تېگىپ كېتەي دەپ قالغىچىلىك دەرىجىدە چىڭ تارتىپ ئاستىلىتىپ، ئوڭ قولى بىلەن كىشىلەرگە: جامائەت ئاستىراق! جامائەت ئاستىراق! دەپ ئىشارەت قىلاتتى. ھەر قۇم دۆۋىسىگە كەلگەندە، تاكى تۈزلەڭلىككە چىققۇچە تىزگىنىنى سەل قويۇپ بېرەتتى. نىھايەت، مۇزدەلىفەگە يېتىپ كەلدى ۋە ناماز شام بىلەن ناماز خۇپتەننى بىر ئەزان، ئىككى تەكبىر بىلەن جەمئى قىلىپ ئوقۇپ بەردى. ئىككى نامازنىڭ ئارىسىدا ھېچبىر ناماز ئوقۇمىدى. ئاندىن تاڭ ئاتقىچە يېتىپ، تاڭ سۈزۈلگەندە بامدات نامىزىنى ئوقۇدى. ئاندىن تۆگىگە مىنىپ، مەشئەرىلھەرامغا باردى ۋە ئۇستىگە چىقىپ، اللە تائالاغا ھەمدۇسانا، تەكبىر ۋە تەھلىل ئېيتىپ، اللەنىڭ بار ۋە بىر ئىكەنلىكىنى جاكارلاپ :" ئەلھەمدۇلىللاھى ۋاللاھۇ ئەكبەر لائىلاھە ئىللەللاھۇ ۋەھدەھۇ لاشەرىيكە لەھۇ " دەپ تاكى تاڭ خېلى سۈزۈلگىچە شۇ يەردە تۇردى. ئاندىن فەزل ئىبنى ئاbbاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى كەينىگە مىندۈرۈپ، كۈن چىقىشتىن بۇرۇن مىناغا قاراپ ئاتلاندى. فەزل ئىبنى ئاbbاس چاچلىرى چىرايلىق، تېنى ئاق، كېلىشكەن بىرى ئىدى. يولدا يۈگرەپ كېتىۋاتقان ئاياللار ئۇچرىغانىدى، فەزل ئۇلارغا قاراشقا باشلىدى. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم قولى بىلەن

ئۇنىڭ يۈزىنى تونۇشۇالغانىدى، ئۇ يۈزىنى يەنە بىر تەرەپكە بۇراپ، ئۇ تەرەپتىن قاراشقا باشلىدى. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم قولىنى ئۇ تەرەپكە يۆتكىسە، ئۇ يۈزىنى يەنە بىر تەرەپكە يۆتكەيتتى. نەھايەت، ئۇلار مۇدەسسىر دېگەن جايغا يېتىپ باردى. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم تۆگىسىنى تېزلىتىپ، چوڭ شەيتانغا بارىدىغان ئوتتۇرا يولغا كىردى ۋە دەرەخ ئاستىدىكى چوڭ شەيتاننىڭ يېنىغا كېلىپ، ۋادىنىڭ ئىچىدە تۇرۇپ ئۇششاق تاشلاردىن يەتتە تاش ئاتتى. ھەر ئاتقاندا تەكبىر ئېيتاتتى. ئاندىن قۇربانلىق قىلىنىدىغان يەرگە بېرىپ، ئۆز قولى بىلەن 63 تۇياق تۆگە بوغۇزلىدى. ئاندىن پىچاقنى ئەلىگە بەردى. قالغىنىنى ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بوغۇزلىدى. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم قۇربانلىقىغا ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى شېرىك قىلغانىدى. ئاندىن ھەر بىر قۇربانلىقتىن بىر پارچە گۆشنى قازانغا سېلىپ پىشۇردى ۋە گۆشنى يەپ، شورپىسىنى ئىچتى. ئاندىن تۆگىسىگە مىنىپ، بەيتۇللاھقا قايتىپ تاۋاپ قىلدى، مەككىدە پېشىن نامىزىنى ئوقۇدى. ئابدۇلمۇتتەلىب قەبىلىسىدىكىلەر زەمزەم سۈيىگە مەسئۇل بولۇپ، قۇدۇقتىن سۇ تارتىپ، ھاجىلارغا بېرەتتى. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇلارنىڭ يېنىغا بېرىپ: ئى ئابدۇلمۇتتەلىب جەمەتى! زەمزەم تارتىڭلار. ئەگەر باشقىلارنىڭمۇ بۇ يەرگە كېلىۋېلىپ، قىستاڭچىلىق چىقىرىشىدىن قورقمىغان بولسام، ئەلۋەتتە، مەنمۇ سىلەر بىلەن بىللە زەمزەم تارتاتتىم دېدى. ئۇلار بىر سوغا سۇ تارتىپ، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە سۇنغان ئىدى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنىڭدىن قانغىچە ئىچتى. (ئەبۇ داۋۇد1905)

## 327- سۇئال: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ «ھەججەتۇل ۋىدا» دا سۆزلىگەن نۇتقى

بىر - بىرىڭلارنىڭ جېنىغا ۋە مېلىغا چېقىلىش، خۇددى مۇشۇ كۈنىنىڭ، مۇشۇ ئاينىڭ ۋە مۇشۇ يۇرتنىڭ ھۆرمىتىنى ساقلىماسلىق ھارام قىلىنغانغا ئوخشاشلا ھارام قىلىندى. جاھىلىيەت دەۋرىنىڭ ئىشلىرىنىڭ ھەممىسى بىكار قىلىندى. ئى خالايىق ! جاھىلىيەت دەۋرىدىكى خۇن دەۋاسىنىڭ ھەممىسى ئىناۋەتسىز. مەن ئالدى بىلەن جەمەتىمىزدىن رەبىئە ئىبنى ھارىس ئىبنى ئابدۇلمۇتتەلىبنىڭ خۇن دەۋاسىنى ئىناۋەتسىز قىلدىم (ئۇ، بەنى سەئد قەبىلىسىگە ئىنىكئانىغا بېرىلگەن بولۇپ، ھۇزەيل قەبىلىسى تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈۋېتىلگەنىدى). بىلىڭلاركى، جاھىلىيەت دەۋرىدىكى جازانىمۇ ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى. مەن ئالدى بىلەن جەمەتىمىزدىن ئاببباس ئىبنى ئابدۇلمۇتتەلىبنىڭ جازانىلىرىنى ئەمەلدىن قالدۇردۇم، ئۇنىڭ بارلىق جازانىسى ئىناۋەتسىز قىلىندى. ئى خالايىق ! ئاياللارغا مۇئامىلە قىلىشتا ئاللەنى كۆز ئالدىڭلارغا

ئەكسىچە تۇرۇپ مۇئامىلە قىلىڭلار! ئۇلار اللەنىڭ سىلەرگە بەرگەن ئامانەتلىرى، ئۇلارنى اللەنىڭ كەلىمىسى بىلەن ئۆزۈڭلارغا ھالال جۈپتى قىلدىڭلار، ئاياللىرىڭلارنىڭ زىممىسىدە سىلەرنىڭ (ئۇلار رىئايە قىلىشقا تېگىشلىك) ھەققىڭلار بار. سىلەرنىڭ ھەققىڭلار شۇكى، ئاياللىرىڭلار ئۆيۈڭلارغا سىلەر ياقتۇرمايدىغان كىشىلەرنى دەسسەتمەسلىكى كېرەك. ئەگەر ئۇنداق قىلىپ سالسا، ئۇلارنى ئەدەپلەش مەقسىتىدە ئاستىراق ئۇرۇڭلار. سىلەرنىڭ زىممەڭلەردىمۇ. ئۇلارنىڭ (سىلەر رىئايە قىلىشقا تېگىشلىك) ھەققى بار. ئاياللىرىڭلارنىڭ سىلەرنىڭ ئۈستۈڭلاردىكى ھەققى بولسا، ئۇلارنى چىرايلىق رەۋىشتە ئاش - نان، كىيىم - كېچەك بىلەن تەمىنلەشتۇر. مەن سىلەرگە اللەنىڭ كىتابىنى قويۇپ كېتىمەن. ئۇنىڭغا مەھكەم ئېسىلساڭلار، ھەرگىزمۇ ئېزىپ كەتمەيسىلەر.

## 328-سوئال: ھەجنىڭ كىچىك بالىلارغا خاس ھۆكۈملىرى

تېخى بالاغەتكە يەتمىگەن كىچىك بالىنىڭ ھەج قىلىشى توغرىدۇر.

1. كىچىك بالىنىڭ قىلغان ھەجى ئۇنىڭ ئۈچۈن بالاغەتكە يەتكەندىن كېيىن قىلىش پەرز بولغان ھەجگە ئەمەس نەپلە ھەجگە ھېساب بولىدۇ.

2. كىچىك بالا ئۆزى قىلالمايدىغان ھەجنىڭ پائالىيەتلىرىنى ئۇنىڭغا ئىگە بولۇپ ئاپارغان ئادەم قىلىپ بېرىدۇ.

3. كىچىك بالا مەيلى ئاق قارىنى پەرق ئەتكىدەك ياشتا بولسۇن مەيلى ئۇنىڭدىن كىچىك ياشتا بولسۇن ئۆزى قىلالايدىغان ھەجنىڭ پائالىيەتلىرىنى ئۇنىڭغا ئىگە بولغان ئادەم قىلىپ بەرمەيدۇ. بولۇپمۇ تاۋاپتىن كېيىن ئوقۇلىدىغان ئىككى رەكەت نامازنى كىچىك بالىغا ئىگە بولغان ئادەم ھەرگىز ئۇ بالا ئۈچۈن ئوقۇپ بەرمەيدۇ. ئەمما تاۋاپنى ئەگەر كىچىك بالا ئاق قارىنى پەرق ئەتكىدەك ياشتا بولسا، ئۆزى قىلىدۇ.

4. ئەگەر بالا ئۇ ياشتا بولمىسا، بالىنى ئۇنىڭغا ئىگە بولغان ئادەم كۆتىرىپ بىللە تاۋاپ قىلىدۇ.

5. ئەرافاتتا تۇرۇشقا، سافا بىلەن مەرۋەنىڭ ئارىلىقىدا ئايلىنىشقا ۋە تاش ئېتىشقا ئوخشاش ئىشلارنى ئەگەر بالا ئۆزى قىلالمايدىغان دەرىجىدە بولسا بالىغا ئىگە بولغان ئادەم قىلىپ بېرىدۇ.

6. بالىنىڭ ئىگىسى بالىنى ئۇنىڭ تىكىلگەن كىيىم كەيگەنگە ۋە خۇشپۇراقلىق نەرسىنى ئىشلەتكەنگە ئوخشاش ئېھرامنى بۇزۇدىغان ئىشلارنى قىلىشتىن يىراق تۇتۇشى لازىم. ئەگەر كىچىك بالا مەزكۇر ئىشلارغا ئوخشاش ئېھرامنى بۇزۇدىغان بىرەر ئىشنى قىلىپ سالغان بولسا، ئۇنىڭغا ھېچقانداق جازا كەلمەيدۇ.

7. ئۇ ھەجنىڭ ۋاجىبلىرىدىن ياكى پەرزلىرىدىن بىرەرسىنى قىلماي قالغان

بولسمۇ ئۇنىڭغا ھېچقانداق جازا كەلمەيدۇ ۋە ھەجنىڭ قازاسىنى قىلىشمۇ لازىم بولمايدۇ. چۈنكى بالاغەتكە يەتمىگەن بالىنىڭ بىر ئىبادەتنى باشلىشى بىلەن ئۇ ئىبادەت ئۇنىڭغا تاكى ئۇنى ئاياغلاشتۇرمىسا بولمايدىغان دەرىجىدە لازىم بولۇپ كەتمەيدۇ.

8. ئەگەر كىچىك بالا ئېھرام باغلاپ بولغاندىن كېيىن بالاغەتكە يەتكەن، بالاغەتكە يەتكەندىن كېيىن ئەرافاتتا تۇرۇشتىن ئىلگىرى ئېھرامنى پەرز ھەجنى نىيەت قىلىپ قايتا باغلىغان بولسا، ئۇنىڭ قىلغان ھەجى پەرز ھەجگە ھېساب بولىدۇ ۋە شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ ئۈستىدىكى پەرز ھەج ئادا بولغان بولىدۇ.

9. ئەگەر ئۇ بالاغەتكە يەتكەندىن كېيىن ئېھرامنى پەرز ھەجنى نىيەت قىلىپ تۇرۇپ قايتا باغلىمىغان بولسا، ئۇنىڭ قىلغان ھەجى نەپلە ھەجگە ھېساب بولىدۇ.

10. بارلىق مەسىلىلەردە، ساراڭ بولۇپ قالغان ئادەمنىڭ ھۆكمى خۇددى كىچىك بالىنىڭ ھۆكمىگە ئوخشاشتۇر.

## 329- سۇئال: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قەبرىسىنى زىيارەت قىلىشنىڭ ھۆكمى

«پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قەبرىسىنى زىيارەت قىلىش مۇستەھەپتۇر. قۇدرىتى يەتكەن ئادەمگە ئۇنى زىيارەت قىلىش ۋاجىبتۇر، دېگەن كۆز قاراشمۇ بار. ئەگەر ھەجگە كەلگەن ئادەم پەرز ھەجگە كەلگەن بولسا، ئالدى بىلەن پەرز ھەجنى ئادا قىلىدۇ. كېيىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قەبرىسىنى زىيارەت، قىلىدۇ. ئەگەر ئۇ نەپلە ھەج قىلىش نىيتى بىلەن كەلگەن، مەككىگە بېرىشتا قەبرىنىڭ يېنىدىن ئۆتمىگەن بولسا، خالىسا دىسلەپ قەبرىنى زىيارەت قىلىدۇ خالىسا نەپلە ھەجنى قىلىدۇ. ئەگەر ئۇ مەككىگە بېرىشتا مەدىنىنىڭ يولى بىلەن ئۆتكەن بولسا، دەسلەپتە قەبرىنى زىيارەت قىلىدۇ. قەبرىنى زىيارەت قىلماقچى بولغان ئادەم قەبرىنى زىيارەت قىلىشنى نىيەت قىلىش بىلەن بىرگە يەنە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مەسجىدىنىمۇ زىيارەت قىلىشنى نىيەت قىلىدۇ. چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ‹ئۇ مەسجىدتە ئوقۇلغان بىر رەكەت ناماز ھەرەم مەسجىدىدىن باشقا مەسجىدتە ئوقۇلغان مىڭ رەكەت نامازدىن ياخشى›، دەپ خەۋەر بەردى. شۇنىڭدەك يەنە ئۇ مەسجىدتە قىلىنغان باشقا ئىبادەتلەرنىڭ ساۋابىمۇ كۆپ بولىدۇ.»

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قەبرىسىنى زىيارەت قىلىش مۇستەھەپ ئىشلارنىڭ ئەڭ ياخشىسىدۇر. بەلكى ۋاجىبقا يېقىن بىر ئىشتۇر. ئىنسانلارنىڭ بولۇپمۇ مۆئمىنلەرنىڭ ئۈستىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ناھايىتى كۆپ ئىلتىپاتى بار. چۈنكى ئۇ، مۆئمىنلەرگە ئۆلارنىڭ ئۆز نەپسلىرىدىنمۇ چارىدۇر. بۇنى ئاللاھ

تائالائوچۇق بايان قىلىپ مۇنداق دېدى «پەيغەمبەر مۆئمىنلەرگە ئۆلارنىڭ ئۆز نەپسلىرىدىنمۇ چارىدۇر.»

**330- سۇئال: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قەبرىسىنى زىيارەت قىلىشتىكى ئەدەپ قائىدىلەر**

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قەبرىسىنى زىيارەت قىلىش مەقستى بىلەن بارغان ئادەم زىيارەت جەريانىدا تۆۋەندىكى ئەدەپ ئەخلاق ۋە قائىدە يوسۇنلار بىلەن زىننەتلىنىشى لازىم.

1. مەدىنىگە كېتىپ بارغان يولدىمۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا دۇرۇت ۋە سالاملارنى كۆپ ئېيتىش لازىم.

2. مەدىنە مۇنەۋۋەر كۆرۈنگەنسىرى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا تېخىمۇ كۆپ دۇرۇت ۋە سالام ئېيتىشى، ئاللاھ تائالادىن قىلغان بۇ زىيارىتىنى ئۆزى ئۈچۈن پايدىلىق قىلىشنى، ئۇنى قوبۇل قىلىشنى تىلىشى، ئەگەر تېز مېڭىشتا بىرەر زەرەر بولمىسا تېز مېڭىشى لازىم.

3. مەدىنىگە يېتىپ كەلگەندە دىلىدا ئۇ يەرنىڭ ھۆرمەتلىك، پەزىلەتلىك يەر ئىكەنلىكىنى ۋە ئۇنىڭ پۈتۈن مەخلۇقاتلارنىڭ ئەڭ ياخشىسى بولغان مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام بىلەن ھۆرمەتلىك قىلىنغان بىر ئورۇن ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىشى لازىم. مەدىنىگە كەلگەن ئادەم ئۆزىنىڭ زېمىنىنىڭ شەرق ۋە غەربىدىكى مۆئمىنلەرنىڭ دىللىرى مايىل بولىدىغان پاك بىر يەردىكى شەھەردە ئىكەنلىكىنى داۋاملىق ئەسلەپ تۇرۇش لازىم. مەدىنە بولسا ئىسلامنىڭ مەنبەئى ۋە ئىمانىنىڭ توپلىنىدىغان يېرىدۇر.

4. قەبرىنى زىيارەت قىلىش ئۈچۈن كەلگەن ئادەمنىڭ، زىيارەتكە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مەسجىدىگە مېڭىشتىن ئىلگىرى يۇيۇنۇشى ۋە ئۆزىدىن سەپەرنىڭ توپىلىرىنى تازىلىشى، ئەڭ چىرايلىق ۋە ئەڭ پاكىز كىيىملىرىنى كىيىشى لازىم.

5. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مەسجىدىنىڭ ئىشىكىنىڭ ئالدىغا بارغاندا ۋە مەسجىددىن چىققاندا دۇرۇد ئەيتىپ، دۇئا قىلىش سۈننەتتۇر.

6. مەسجىدىنىڭ ئىچىگە كىرگەندىن كېيىن ئەگەر مۇمكىن بولسا، رەۋدەتۇششەرىپكە يەنى باغچىغا بېرىش لازىم.

7. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قەبرىسى بار ئۆيىنىڭ ئالدىغا كەلگەندە ئارقىسىنى قىبلە تەرەپكە ، يۈزىنى قەبرىنىڭ تىمى تەرەپكە قىلىپ قەبرىدىن تۆت گەز يىراقلىقتا تۇرۇپ كۆزىنى يۇمغان ھالەتتە ، دىلىنى دۇنيانىڭ بارلىق ئىشلىرىدىن ئۈزگەن ھالەتتە ، ئۆزىنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدەك كاتتا زاتنىڭ يېنىدا تۇرغانلىقىنى ئىسگە

ئالغان ھالدا تۇرۇپ ئاۋاز چىقارماستىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا سالام بىرىدۇ ۋە سالاملىرىنى يوللاپ دۇئا قىلىدۇ.

ئاندىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا سالىمىنى يەتكۈزۈپ قويۇشنى تەۋسىيە قىلغان ئادەملەرنىڭ سالىمىنى يەتكۈزىدۇ. ئاندىن بىر گەز ئوڭ تەرەپكە سۈرۈلۈپ ئەبۇبەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ قەبرىسىنىڭ ئۇدۇلىسىدا تۇرۇپ ئۇنىڭغا سالام بىرىدۇ. ئاندىن بىر گەز ئوڭ تەرەپكە سۈرۈلۈپ ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ قەبرىسىنىڭ ئۇدۇلىسىدا تۇرۇپ ئۇنىڭغا سالام بىرىدۇ. ئاندىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قەبرىسى ئالدىدا بۇرۇن تۇرغان يەرگە كېلىپ تۇرۇپ ئۆزىگە، ئۇستازلىرىغا، ئاتا ئانىسىغا، ئۇستىدە ھەققى بار ئادەمگە، دۇئا قىلىپ قويۇشنى تەلەپ قىلغان ئادەملەرگە ۋە بارلىق مۇسۇلمانلارغا ئاتاپ دۇئا قىلىدۇ. كېيىن مۇنبەرنىڭ قېشىغا كېلىپ ئۇنىڭ قېشىدا تۇرۇپ دۇئا قىلىدۇ. رەۋدەتۇششەرىپنىڭ يېنىدا تۇرۇپمۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا كۆپ دۇرۇت ئېيتىدۇ ۋە دۇئانى كۆپ قىلىدۇ.

8. قەبرىنى زىيارەت قىلغاندا بەزى نادان كىشىلەر قىلىدىغان بىدئەت ئىشلاردىن يىراق بولۇش لازىم. مەسىلەن: قەبرىنى زىيارەت قىلىش جەريانىدا قەبرى بار ئۆينىڭ تاملىرىنى سىلىمايدۇ. چۈنكى بۇنداق قىلىش بۇ يەرنىڭ ئەدەپ ئەخلاقىغا ۋە قائىدە يۇسۇنىغا زىت بىر ئىشتۇر. شۇنىڭدەك ئۇ تامنى سۆيمەيدۇ ۋە سىلىمايدۇ. چۈنكى سىيلاش ۋە سىيلىنىش پەقەت كەبىدىكى قاراتاشقا ۋە ئۇنىڭ يەمەن تەرىپىدىكى قىرغىقىغا خاس بىر ئىشتۇر. يەنى قاراتاش سۆيۈلىدۇ ۋە سىلىنىدۇ. ئۇ ئۆينىڭ ئەتراپىدا ئايلىنىشقا بولمايدۇ. ئۆينىڭ ئالدىدا تۇرۇپ رۇكۇ قىلغانغا ئوخشاش ئىگىلىشكە بولمايدۇ. ئۆيگە ئارقىسىنى قىلىپمۇ تۇرمايدۇ. چۈنكى بۇنداق قىلىش ئەدەپسىزلىك قىلغان ھېسابلىنىدۇ ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قەبرىسىگە قاراپ نامازمۇ ئوقۇمايدۇ.

9. ئۇھۇد ئۇرۇشىدا شېھىت بولغان ساھابىلەرنىڭ قەبرىلىرىنى بولۇپمۇ شېھىتلەرنىڭ كاتتىسى بولغان ھەمزە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ قەبرىسىنى زىيارەت قىلىش مۇستەھەپتۇر. ئۇلارنىڭ قەبرىلىرىنى پەيشەنبە كۈنلىكتە زىيارەت قىلىش ياخشىدۇر. بەقىئدە ياتقان ساھابىلەرنىڭ قەبرىلىرىنىمۇ زىيارەت قىلىش مۇستەھەپتۇر.

10. شەنبە كۈنلۈكتە قۇبا مەسجىدىگە زىيارەتكە بېرىپ ئۇ مەسجىدتە ئىككى رەكەت ناماز ئوقۇش ۋە دۇئا قىلىش مۇستەھەپتۇر.

11. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قەبرىسىنى زىيارەت قىلىش ئۈچۈن بارغان ئادەم بەش ۋاخ نامازنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مەسجىدىدە جامائەت بىلەن ئوقۇشقا تىرىشىشى لازىم.

# سەككىزىنچى بۆلۈم. دۇئا ۋە دۇرۇد

## 331-سۇئال: دۇئانىڭ تونۇشتۇرۇلىشى

ئەرەب تىلىدىكى « دۇئا » سۆزى لۇغەت ئېتىبارى بىلەن چاقىرىش دېگەن مەنىنى ئىپادىلەيدۇ. ئەمما دۇئا سۆزىنىڭ شەرىئەت ئىستېمالىدىكى مەنىسى - ئەڭ كەمتەرلىك بىلەن ئاللاھ تائالاغا يالۋۇرۇپ، ئۇنىڭدىن ھاجەتلىرىنى سوراش دېمەكتۇر. ئاللاھ تائالانىڭ قۇرئان كەرىمدىكى: « پەرۋەردىگارىڭلار ئېيتتى: ماڭا دۇئا قىلىڭلار، مەن (دۇئايىڭلارنى) قوبۇل قىلىمەن (تىلىگىنىڭلارنى بېرىمەن)، شۈبھىسىزكى، مېنىڭ ئىبادىتىمدىن چوڭچىلىق قىلىپ باش تارتىدىغانلار خار ھالدا جەھەننەمگە كىرىدۇ» [غافىر سۈرىسى 60- ئايەت] دېگەن سۆزى بۇ مەنىنى ئىپادىلەيدۇ.

## 332- سۇئال: دۇئانىڭ ئىسلام دىنىدىكى ئورنى

دۇئا خالىس ئىبادەتتۇر. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: الله تائالانىڭ نەزىرىدە دۇئادىنمۇ ئۇلۇغراق ئىبادەت يوق. (تىرمىزى: 3370)

ئىبادەتلەر، ئاللاھ تائالانى ياد ئېتىش ۋە ئۇنىڭغا بولغان ھاجەتمەنلىكنى ئىزھار قىلىش ئۈچۈن بۇيرۇلغان بولۇپ، بۇ مەقسەت دۇئادا ئەڭ ئوبرازلىق ھالدا ئىپادىسىنى تاپىدۇ. چۈنكى ئاللاھ تائالاغا قول كۆتۈرۈپ دۇئا قىلغان ئادەم ئۇنىڭ ياردىمىگە بولغان زور ئېھتىياجىنى ھېس قىلغان ھالدا، تولۇق ئىخلاسى بىلەن ئۇنىڭغا يالۋۇرىدۇ، ئۇنىڭدىن ھاجەتلىرىنى سورايدۇ ۋە ئۆزىنىڭ ئاجىزلىقىنى، ئاللاھ تائالاغا ھەمىشە مۇھتاج ئىكەنلىكىنى تولۇقى بىلەن ئىپادىلەيدۇ. مانابۇ، ئەڭ كۆرۈنەرلىك خالىس ئىبادەت. ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە دۇئانىڭ ئىبادەت ئىكەنلىكىنى بىلدۈرگەن ۋە بەندىلىرىنى ئۇنىڭغا دۇئا قىلىشقا بۇيرىغان ھالدا: « ماڭا دۇئا قىلىڭلار، دۇئايىڭلارنى ئىجابەت قىلىمەن. مېنىڭ ئىبادىتىمدىن باش تارتقۇچىلار خورلانغان ھالدا دوزاخقا كىرىدۇ. » دەپ كۆرسەتكەن [غافىر سۈرىسى 60- ئايەت].

يۇقارىقى ئايەت بىلەن ھەدىس شەرىفتىن مەلۇم بولدىكى، دۇئانى خالىساق قىلىپ، خالىساق ئۇنىڭدىن بىھاجەت بولىدىغان نەرسە ئەمەس، بەلكى ئۇ ئاللاھ تائالا بۇيرىغان ئىبادەتتۇر. ئەگەر ئۇنداق بولمىسا ئېدى، يوقىرىقى ئايەت بىلەن ھەدىستە، دۇئانى تەرك ئەتكۈچىلەر ئاللاھ تائالانىڭ ئىبادىتىدىن باش تارتقۇچىلار ۋە ئاللاھ تائالانىڭ غەزىپىگە ئۇچرايدىغانلار دەپ سۈپەتلەنمىگەن بولاتتى.

## 333-سۇئال: دۇئانىڭ پەزىلىتى

دۇئا شۇنداق پەزىلەتلىك ۋە پايدىلىق بىر ئىبادەتكى، مۇسۇلمان كىشى ئاللاھ

تائالادىن ھاجەتلىرىنى سوراش يۈزىسىدىن ئۇنىڭغا دۇئا قىلغىنىدا ئىككى تەرەپتىن پايدىغا ئېرىشىدۇ: بىرىنچىدىن، ئىبادەتنىڭ ساۋابىغا ئېرىشىدۇ، ئىككىنچىدىن، سورىغان ھاجەتلىرى راۋا بولىدۇ. چۈنكى ئاللاھ تائالانىڭ ۋەدىسى ھەقتۇر، ئۇ دۇئا قىلغۇچىنى قۇرۇق قايتۇرمايدۇ. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: شۈبھىسىزكى، الله بەكمۇ ھايا قىلغۇچىدۇر، بەكمۇ سېخىيدۇر، كىشى ئۇنىڭدىن بىر نەرسە تىلەپ دۇئاغا قول كۆتۈرسە، الله ئۇنى قۇرۇق قايتۇرۇشتىن ھايا قىلىدۇ. (تىرمىزى: 3556)

ئاللاھ تائالاغا دۇئا قىلغان ئادەم ئىبادەتنىڭ ساۋابىنى تاپقانىنىڭ سىرتىدا، مۇرادىغا ئېرىشىدۇ. كېچىكىپ بولسىمۇ دۇئاسىنىڭ پايدىسىنى چوقۇم كۆرىدۇ.

## 334. سۇئال: دۇئا ئىجابەت بولۇشىنىڭ شەرتلىرى

ئىسلام دىنىدا بۇيرۇلغان ھەرقانداق بىر ئىبادەتنىڭ قوبۇل بولۇشى ئۈچۈن مەخسۇس شەرتلىرى بولغىنىدەك، دۇئانىڭ ئىجابەت بولۇشى ئۈچۈنمۇ مەخسۇس شەرتلەر باردۇر. ئۇلار تۆۋەندىكىچە:

1. دۇئا قىلغۇچىنىڭ يېمەك. ئىچمىكى ۋە كىيىم. كېچىكى ھالالدىن بولۇشى. ساھابىلار يېمەك.ئىچمەكلىرىنىڭ ھالال بولىشىغا بەكۇمۇ ئەھمىيەت بېرەتتى. دېمەك، ھالال يېيىش ئىبادەت ۋە دۇئالارنىڭ قوبۇل بولۇشى ئۈچۈن شەرتتۇر.

2. دۇئانى ئاللاھتىن ئۈمىتۋارلىق بىلەن قىلىش. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ”دۇئا قىلدىم، ئەمما دۇئايىم ئىجابەت بولمىدى “ دەپ ئالدىراپ كەتمىگەنلىرىڭلارنىڭ دۇئاسى ئىجابەت بولىدۇ. (بۇخارى: 6340)

3. دۇئانى يۈرەكتىن قىلىش يەنى تىل دۇئا بىلەن دىل باشقا نەرسىلەر بىلەن مەشغۇل بولماستىن، تىلنى دىلدىكىنىڭ تەرجىمانى قىلىپ تۇرۇپ پۈتۈن ۋۇجۇدىنى ۋە كامالىي ئىخلاسىنى ئاللاھقا بېغىشلىغان ھالدا ئۇنىڭغا يالۋۇرۇش لازىم. شۇنداق قىلغان دۇئا ئىجابەت بولۇشقا ئەڭ يېقىندۇر.

4. دۇئانى ئۇنىڭ ئىجابەت بولۇشىغا چىن ئىشەنچ بىلەن قىلىش. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: دۇئا قىلغاندا، ئىجابەت بولىدىغانلىقىغا قەتئىي ئىشەنچ قىلغان ھالدا دۇئا قىلىڭلار! شۇنى بىلىپ قويۇڭلاركى، الله تائالا قولى دۇئادا، ئەمما قەلبى باشقا يەردە كىشىنىڭ دۇئاسىنى ئىجابەت قىلمايدۇ. (تىرمىزى: 3479)

5. ئۇرۇق. تۇغقانلىق رىشتىسىنى ئۈزۈش ياكى گۇناھ . مەسىيەت ئىشلەش ئۈچۈن دۇئا قىلماسلىق.

## 335- سوئال: دۇئانى تەرك ئېتىشنىڭ گۇناھى

ئىسلام دىنىدا بۇيرۇلغان ھەرقانداق بىر ئىبادەتنى تەرك قىلىش گۇناھ بولغىنىدەك، دۇئانى تەرك ئېتىشمۇ گۇناھتۇر. چۈنكى دۇئا- ئىبادەتتۇر. مۇپەسسىرلەر ئاللاھ تائالانىڭ «ماڭا دۇئا قىلىڭلار، دۇئايىڭلارنى ئىجابەت قىلىمەن. مېنىڭ ئىبادىتىمدىن باش تارتقۇچىلار خورلانغان ھالدا دوزاخقا كىرىدۇ. » [غافىر سۈرىسى 60- ئايەت] دېگەن سۆزىنى، ئاللاھ تائالاغا دۇئا قىلىشتىن ئۆزلىرىنى بىھاجەت سانىغانلار بولۇپ، ئۇلار خورلانغان ھالدا دوزاخقا ھەيدىلىدۇ، دەپ تەپسىر قىلىدۇ. چۈنكى بۇ ئايەتتىكى ئىبادەت سۆزىدىن دۇئا مەقسەت قىلىنىدۇ. ئاللاھ تائالاغا دۇئا قىلىشتىن باش تارتقان ئادەم ئۆزىنىڭ بەندىچىلىكىنى، ئاجىزلىقىنى ۋە ئاللاھ تائالاغا ھەمىشە مۇھتاج ئىكەنلىكىنى ئىقرار قىلىشتىن باش تارتقان بولىدۇ. بۇنداقلارنىڭ گۇناھى ھەقىقەتەن ئېغىر بولۇشقا تېگىشلىكتۇر. چۈنكى ئاللاھ تائالاغا دۇئا قىلىشتىن باش تارتقان ئادەم تۆۋەندىكى ئىككى خىل ئادەمنىڭ بىرىدۇر: بىرىنچىسى، ئۆزىگىلا ئىشەنگەنلىكتىن ئاللاھ تائالاغا دۇئا قىلىشتىن ئۆزىنى بىھاجەت ساناپ دۇئانى تەرك ئەتكەن ئادەم. مۇنداق ئادەم ھەددىنى بىلمىگەن مۇتەكەببىرلەردىن سانىلىدۇ. شەيتانمۇ ئۆز ۋاقتىدا ئۆزىنىڭ تەكەببۇرلىقىدىن ئاللاھ تائالانىڭ ئەمرىنى ئورۇنلاشتىن باش تارتقان بولۇپ، شۇ سەۋەپتىن ئۇ تاقىيامەتكىچە ئاللاھ تائالانىڭ ۋە پۈتۈن خەلقنىڭ لەنىتىگە لايىق بولغان. ئىككىنچىسى، دۇئاسى ئىجابەت بولۇپ ھاجەتلىرىنىڭ راۋا بولىشىغا ئىشەنچ قىلالمىغان( ئاللاھ تائالانىڭ رەھمىتىدىن ئۈمىتسىزلەنگەنلىكتىن دۇئانى تەرك ئەتكەن) ئادەم بولۇپ، مۇنداقلارمۇ ئېغىر گۇناھكار بولىدۇ. چۈنكى ئۈمىتسىزلىك كۇپرىنىڭ جۈرىسىدۇر. قۇرئان كەرىم ئۈمىتسىزلىكنى كاپىرلارنىڭ سۈپىتىدىن سانايدۇ.

## 336-سوئال: دۇئانىڭ ئەدەبلىرى

1- دۇئانى فاتىھە سۈرىسىنى ئوقۇش ئارقىلىق ئاللاھ تائالاغا ھەمدۇسانا ئېيتىش بىلەن باشلاش، ئاندىن «ئاللاھۇممە سەللى ۋە بارىك» لارنى ئوقۇش بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا دۇرۇد ئېيتىش. دۇئانىڭ ئوتتۇرىدا ۋە ئاخىرىدىمۇ شۇنداق قىلىش. ئاندىن ھاجەتلىرىنى سوراش.

2- دۇئانى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا دۇرۇد ئېيتىش بىلەن ئاخىرلارشتۇرۇش ئەۋزەلدۇر.

3- دۇئانى ئەڭ كەمتەرلىك بىلەن قىلىپ ئاللاھ تائالاغا يالۋۇرۇش.

4- ئاللاھ تائالانىڭ گۈزەل ئىسىم- سۈپەتلىرىنى، كىشى ئۆزىنىڭ ياخشى ئەمەللىرىنى ۋەسىلە قىلىش. بۇرەيدە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئۇ

مۇنداق دەيدۇ: « پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر ساھابىنىڭ: {اَللَّهُمَّ إِنِّي أَسْأَلُكَ بِأَنِّي اَشْهَدُ اَنَّكَ أَنْتَ اللَّهُ لاَإِلَهَ إِلاَ أَنْتَ الأَحَدُ الصَّمَدُ الَّذِي لَمْ يَلِدْ وَلَمْ يُولَدْ وَلَمْ يَكُنْ لَهُ كُفُواً أَحَدٌ} « ئى ئاللاھ! سېنىڭ پەزلى ـ كەرەمىڭنى تىلەيمەن. سەن ھەقىقەتەن، ھەممە ساڭا مۇھتاج بولغان، پەرزەنتكە ۋە ئانىغا مۇھتاج بولمىغان، ھېچكىم ساڭا تەڭداش بولمايدىغان يەككە- يېگانە ئىلاھسەن» دەپ دۇئا قىلىۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ قېلىپ مۇنداق دېدى: "ئاللاھ تائالانىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، بۇ ئادەم ئۇنىڭ بىلەن نېمە سورىسا بېرىلىدىغان، ئۇنىڭ بىلەن قىلىغان دۇئالار ئىجابەت بولىدىغان ئىسمۇلئەزەم (ئاللاھنىڭ ئەڭ ئۇلۇغ ئىسمى ) بىلەن دۇئا قىلدى] » "تىرمىزى ۋە ئىبنى ماجە رىۋايىتى].

5 ـ كىشى ئۆزىنىڭ ياخشى ئەمەللىرىنى ۋەسىلە قىلىش.

6- دۇئا قىلغاندا قىبلىگە قاراپ، قولىنى كۆتىرىش ۋە دۇئادىن كېيىن قولى بىلەن يۈزىنى سىپاش. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ دۇئانى قىبلىگە قاراپ قولىنى كۆتۈرگەن ھالدا قىلغانلىقى ھەققىدە كەلگەن ھەدىسلەر كۆپ.

7 ـ دۇئادا ئاۋازىنى قاتتىق كۆتۈرمەسلىك، بەلكى ئاشكارىلىق بىلەن مەخپىلىك ئوتتۇرىسىدا كۆتۈرۈش. ئاللاھ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: « پەرۋەردىگارىڭلارغا تۆۋەنچىلىك بىلەن يوشۇرۇن دۇئا قىلىڭلار، (دۇئا قىلغاندا كەلسە ـ كەلمەس سۆزلەپ، توۋلاپ) ھەددىدىن ئاشۇرۇۋەتكەنلەرنى الله ياقتۇرمايدۇ » [ئەئراف سۈرىسى 55- ئايەت].

8- دۇئادا قاپىداش سۆزلەرنى ئىشلىتىشتىن ساقلىنىش. چۈنكى دۇئا دېگەن چىن قەلب قاتلىرىدىن ئىختىيارسىز ھالدا ئېتىلىپ چىقىدىغان سەممىي ھېسسىيات بولۇپ، ئۇ سۆزلەرنىڭ بەدىئىيلىكى ۋە ئېسىللىكى بىلەن قەتئىي ھېسابلاشمايدۇ.

9- دۇئا قىلغاندا ئالدى بىلەن ئۆزىگە ئاندىن باشقىلارغا دۇئا قىلىش، شۇنداق قىلغاندىلا دۇئا تېخىمۇ ئىخلاس بىلەن بولغان بولىدۇ. ئەبۇ ئەييۇب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم دۇئا قىلغاندا، ئۆزىدىن باشلايتتى. (ئەلكەبىر4081)

10 ـ دۇئا قىلغاندا ئىسلام كۆرسەتمىسگە ئۇيغۇن كېلىدىغان نەرسىنى تىلەپ دۇئا قىلىش، يامانلىق ياكى گۇناھ ئىشنى تىلىمەسلىك لازىم. بەزى كىشىلەر ئاچچىقىم كەلدى دەپ ئۆزى ياكى باشقىلارنى قارغاپ بەد دۇئا قىلىپ سالىدۇ.

11- دۇئا قىلغاندا قاشاڭلىق بىلەن ئارقا ئارقىدىن تەكرار تىلەش، دۇئانىڭ ئاخىرىدا «ئامىين» دەپ ئاياغلاشتۇرۇش.

12- دۇئادا سورىغانلىرىنى ئۈچ قېتىمدىن قايتىلاپ ئېيتىش.

**337- سۇئال: دۇئا ئىجابەت بولۇشقا ئەڭ يېقىن ئەۋزەل ۋاقىتلار**

ھەر قانداق ۋاقىتتا قىلىنغان دۇئالار ئاللاھ تائالاغا چوقۇم يېتىدۇ. ئاللاھ تائالا خالىغان كىشىنىڭ دۇئاسىنى ئىجابەت قىلىدۇ. دۇئا قىلىش مەنئى قىلىنغان بىرەرمۇ ۋاقىت يوقتۇر. بىراق دۇئانىڭ ئىجابەت بولۇشقا ئەڭ يېقىن ۋاقىتلار دېيىلگەن بەزى ۋاقىتلار بولۇپ، ئۇلار تۆۋەندىكىچە:

1. سەجدىگە بارغان ۋاقىت. ئاللاھ تائالا سەجدىنىڭ ئاللاھقا يېقىنلىشىش ۋە تىلەكلىرىنى سوراپ قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن ئەڭ ياخشى پۇرسەت ئىكەنلىكىنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: « ئاللاھقا سەجدە قىلغىن ۋە شۇ ئارقىلىق ئۇنىڭغا يېقىنلىق ھاسىل قىلغىن»[ ئەلەق سۈرىسى 19- ئايەت].

پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بەندىنىڭ رەببىگە ئەڭ يېقىن بولىدىغان ھالىتى سەجدىدىكى ھالىتىدۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن، سەجدىدە دۇئانى كۆپ قىلىڭلار. (مۇسلىم: 482)

پەرز نامازلارنىڭ سەجدىسىدە، قۇرئان كەرىم ۋە ھەدىسلەردە كەلگەن دۇئالارنى ئەرەب تىلى بويىچە قىلىش لازىم. ئەمما پەرزدىن باشقا ۋاجىب، سۈننەت ۋە نەپلى نامازلارنىڭ سەجدىلىرىدە ھەر كىم ئۆز تىلىدا بىلگەن دۇئالىرىنى ئوقۇسا ۋە ھاجەتلىرىنى سورىسا بولىدۇ.

2. روزا تۇتقان ۋاقىتلار. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: « رامىزان ئېيىدا قۇرئان نازىل بولۇشقا باشلىدى، قۇرئان ئىنسانلارغا يېتەكچىدۇر، ھىدايەت قىلغۇچى ۋە ھەق بىلەن ناھەقنى ئايرىغۇچى روشەن ئايەتلەردۇر، سىلەردىن كىمكى رامىزان ئېيىدا ھازىر بولسا رامىزان روزىسىنى تۇتسۇن؛ كىمكى كېسەل ياكى سەپەر ئۈستىدە (يەنى مۇساپىر) بولۇپ (تۇتمىغان بولسا، تۇتمىغان كۈنلەر ئۈچۈن) باشقا كۈنلەردە تۇتسۇن. ئاللاھ سىلەرگە ئاسانلىقنى خالايدۇ، تەسلىكنى خالىمايدۇ، (ئاغرىقلار ئوچۇق يۈرگەن كۈنلەرنىڭ قازاسىنى قىلىش بىلەن رامىزان روزىسىنىڭ) سانىنى تولدۇرۇشۇڭلارنى، سىلەرنى ھىدايەت قىلغانلىقىغا ئاللاھنى ئۇلۇغلىشىڭلارنى، (ئۇنىڭ ئىنئاملىرىغا) شۈكۈر قىلىشىڭلارنى خالايدۇ. مېنىڭ بەندىلىرىم سەندىن مەن توغرۇلۇق سورىسا (ئۇلارغا ئېيتقىنكى)، مەن ھەقىقەتەن ئۇلارغا يېقىنمەن (يەنى ئۇلارنىڭ ئەھۋالىنى، سۆزلىرىنى بىلىپ تۇرىمەن)، ماڭا دۇئا قىلسا، مەن دۇئا قىلغۇچىنىڭ دۇئاسىنى ئىجابەت قىلىمەن، ئۇلار توغرا يول تېپىش ئۈچۈن مېنىڭ دەۋىتىمنى قوبۇل قىلسۇن ۋە ماڭا ئىمان ئېيتسۇن (يەنى ھەمىشە ئىمان بىلەن بولسۇن)[بەقەر سۈرىسى 185-186- ئايەتلەر].

يۇقارىقى ئايەتلەردە، رامىزاننىڭ پەرزلىكىنىڭ بايانىغا ئاللاھنىڭ دۇئالارنى ئىجابەت قىلىدىغانلىقى يانداشتۇرۇپ كەلتۈرۈلگەن. بۇنىڭدىن رامىزاندا قىلىنغان

دۇئالارنىڭ ئەۋزەللىكى ۋە ئىجابەت بولۇشقا ئەڭ يېقىنلىقى ئىپادىلىنىدۇ. رامىزان كېچىلىرىمۇ دۇئا ئىجابەت بولىدىغان ۋاقىتلارنىڭ بىرىدۇر.

3- ئەرەفات كۈنى. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: الله تائالا بەندىلىرىنى باشقا كۈنلەرگە قارىغاندا ئەرەفات كۈنىدە دوزاختىن ئەڭ كۆپ ئازاد قىلىدۇ. ئۇ كۈندە، الله بەندىلىرىگە يېقىن كېلىدۇ ۋە ئۇلارنى پەرىشتىلەرگە كۆرسىتىپ، ئۇلاردىن پەخىرلەنگەن هالدا: بۇ بەندىلىرىم (بۇ يەرگە) نېمە مەقسەتتە يىغىلدى؟ دەيدۇ. (مۇسلىم: 1348)

4- كېچىنىڭ ئاخىرقى ئۈچتىن بىرى يەنى بامدات نامازدىن ئىلگىرىكى ۋاقىتلار. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: رەببىمىز ھەر كېچىسى كېچىنىڭ ئاخىرقى ئۈچتىن بىر قىسمى قالغان چاغدا دۇنيا ئاسمىنىغا چۈشىدۇ ۋە: ”كىم ماڭا دۇئا قىلىدۇ؟ ئۇنىڭ دۇئاسىنى قوبۇل قىلىمەن. كىم مەندىن سورايدۇ؟ سورىغىنىنى بېرىمەن. كىم مەندىن مەغپىرەت تىلەيدۇ؟ ئۇنى ئەپۇ قىلىمەن “ دەيدۇ. (بۇخارى: 1145)

5- قەدىر كېچىسى. ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە: « قەدىر كېچىسى (شەرەپ ۋە پەزىلەتتە) مىڭ ئايدىن ئارتۇقتۇر» دەيدۇ. [قەدىر سۈرىسى3- ئايەت]. قەدىر كېچىسى مىڭ ئايدىن ئەۋزەل بولغانلىقتىن بۇ كېچىدە دۇئا قىلىش تولىمۇ ئەۋزەلدۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالاممۇ رامىزاننىڭ ئاخىرقى ئون كۈنىدە مۇشۇ قەدىر كېچىسىنى كۆزلەپ ئۇنىڭدا دۇئا، ئىستىغفار ۋە تۈرلۈك ئىبادەتلەرنى كۆپ قىلىپ قاتتىق تىرىشچانلىق كۆرسەتتى.

6- جۈمە كۈنى. چۈنكى جۈمە كۈنى ھەپتىنىڭ ئەڭ ئەۋزەل كۈنى ھېسابلىنىدۇ. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: جۈمە كۈنى كۈنلەرنىڭ خوجىسى ۋە ئەڭ ئۇلۇغى بولۇپ، الله تائالانىڭ دەرگاھىدا قۇربان ھېيت ۋە روزا ھېيتتىنمۇ ئۇلۇغدۇر. (ئىبنى ماجە: 1084)

پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: جۈمە كۈنى 12 سائەتتۇر، ھەر قانداق بىر بەندە (جۈمە كۈنى) الله ئەززە ۋەجەللەدىن قانداق نەرسە تىلىسە، الله ئۇنىڭ تىلىگىنىنى بېرىدۇ. بۇ ۋاقىتنى (يەنى جۈمە كۈنىدىكى دۇئا ئىجابەت بولىدىغان ۋاقىتنى) ئەسىر نامىزىدىن كېيىن (يەنى كۈندۈزنىڭ ئاخىرقى قىسمىدىن) ئىزدەڭلار. (ئەبۇ داۋۇد1048)

7- ئەزان بىلەن تەكبىر(ئىقامەت) ئوتتۇرىسىدىكى ۋاقىتلار. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئەزان بىلەن تەكبىر ئارىسىدا قىلىنغان دۇئا رەت قىلىنمايدۇ. (ئەبۇ داۋۇت: 521)

8- سەپەر ئۈستىدىكى ۋاقىتلار. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مۇنداق ئۈچ كىشىنىڭ دۇئاسى شەكسىز ئىجابەت بولىدۇ: مەزلۇمنىڭ دۇئاسى، مۇساپىرنىڭ دۇئاسى، دادىنىڭ بالىغا قىلغان بەددۇئاسى. (تىرمىزى: 1905)

9- بېشىغا كۈن چۈشكەن كىشىنىڭ دۇئاسى. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: « بېشىغا كۈن چۈشكەن ئادەم دۇئا قىلسا (ئۇنىڭ دۇئاسىنى) ئىجابەت قىلىدىغان، ئۇنىڭ بېشىغا كەلگەن ئېغىرچىلىقنى كۆتۈرۈۋېتىدىغان ۋە سىلەرنى زېمىننىڭ ئورۇنباسارلىرى قىلغان كىم؟ ئاللاھتىن باشقا ئىلاھ بارمۇ؟ سىلەر ئازغىنا ۋەز -نەسىھەت ئالىسىلەر»[ نەمل سۈرىسى 62- ئايەت].

10- بەش ۋاقت نامازدىن كېيىنكى ۋاقىتلار. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن: ئى رەسۇلۇللاھ ! قايسى دۇئا بەك ئىجابەت بولىدۇ؟ دەپ سورالغاندى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: كېچىنىڭ ئاخىرقى قىسمىنىڭ ئوتتۇرىسىدا ۋە ھەر بىر پەرز نامازدىن كېيىن قىلىنغان دۇئا، دەپ جاۋاب بەردى. (تىرمىزى: 3499)

11- قۇرئان ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن. قۇرئان تىلاۋەت قىلىش، ئۇنى ئۆگىنىش ۋە ئۆگىتىش ئىبادەتلەرنىڭ ئەڭ كاتتىسى ۋە ئاللاھ تائالانى ئەڭ ياخشى رەۋىشتە ياد ئەتكەنلىكتۇر. شۇڭا قۇرئان ئوقۇپ بولغاندىن كېيىنكى دۇئا ئىجابەت بولۇشقا ئەڭ يېقىندۇر.

12- ئاللاھ تائالانى زىكىر قىلغاندىن كېيىن. ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دەيدۇ:مۇسۇلمان ئەرلەر ۋە مۇسۇلمان ئاياللارغا، مۆئمىن ئەرلەر ۋە مۆئمىن ئاياللارغا، تائەت - ئىبادەت قىلغۇچى ئەرلەر ۋە تائەت -ئىبادەت قىلغۇچى ئاياللارغا، راستچىل ئەرلەر ۋە راستچىل ئاياللارغا، سەۋر قىلغۇچى ئەرلەر ۋە سەۋر قىلغۇچى ئاياللارغا، خۇدادىن قورققۇچى ئەرلەر ۋە خۇدادىن قورققۇچى ئاياللارغا، سەدىقە بەرگۈچى ئەرلەر ۋە سەدىقە بەرگۈچى ئاياللارغا، روزا تۇتقۇچى ئەرلەر ۋە روزا تۇتقۇچى ئاياللارغا، نەپسىلىرىنى ھارامدىن ساقلىغۇچى ئەرلەر ۋە نەپسىلىرىنى ھارامدىن ساقلىغۇچى ئاياللارغا، ئاللاھنى كۆپ زىكىر قىلغۇچى ئەرلەر ۋە ئاللاھنى كۆپ زىكىر قىلغۇچى ئاياللارغا ئاللاھ مەغپىرەت ۋە كاتتا ساۋاب تەييارلىدى.[ئەھزاب سۈرىسى35- ئايەت]

ئاللاھ تائالانى كۆپ زىكىر قىلغۇچىلار ئۈچۈن تەييارلانغان «كاتتا ساۋاب» ئۇلارنىڭ دۇئالىرىنى ئىجابەت قىلىشنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، ئەلۋەتتە.

13- ئىسمۇلئەزەم ئوقۇلغان ۋاقىتلار. بۇرەيدە ئەسلەمى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىر كىشىنىڭ: [اللهم إني أسألك بأني أشهد أنك أنت الله لا إله إلا أنت الأحد الصمد الذي لم يلد ولم يولد ولم يكن له كفوا أحد] ئى

پەرۋەردىگارىم! (مەن سەندىن) سېنىڭدىن باشقا ھېچ مەبۇدنىڭ (بەرھەق) يوقلۇقىغا، سېنىڭ يەككە يېگانە ئىكەنلىكىڭگە، ھەممىنىڭ ساڭىلا موھتاج ئىكەنلىكىگە، سېنىڭ بالا تاپقانمۇ ئەمەس، تۇغۇلغانمۇ ئەمەس ئىكەنلىكىڭگە ۋە ھېچ كىشىنىڭ ساڭا تەڭداش بولالمايدىغانلىقىغا ھەقىقىي گۇۋاھلىق بېرىدىغانلىقىمنى شەپىي كەلتۈرۈپ (ھاجىتىمنى) تىلەيمەن، دەپ دۇئا قىلىۋاتقىنىنى ئاڭلاپ: جېنىم ئىلكىدە بولغان زاتنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، ئۇ، اللەنىڭ ئەڭ كاتتا ئىسمى (ئىسمى ئەزەم) نى شەپىي كەلتۈرۈپ تۇرۇپ دۇئا قىلدى، كىمكى بۇنداق دۇئا قىلسا، ئىجابەت بولىدۇ ۋە تىلگەن نەرسىسى بېرىلىدۇ، دېدى. (تىرمىزى: 3475)

14- ئىپتار ۋاقتى. روزا تۇتقۇچىنىڭ ئىپتار ۋاقتىدا قىلغان دۇئاسى ئىجابەتتۇر.

15- زەمزەم سۈيى ئىچكەن ۋاقىت. جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: مەن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ: زەمزەم سۈيى نىيمىنى مەقسەت قىلىپ ئىچىلسە، شۇنىڭغا پايدىلىق بولىدۇ، دېگەنلىكىنى ئاڭلىدىم. (ئىبنى ماجە 3062)

16- زور قىيىنچىلىقلارغا يولۇقۇپ ئاللاھ تائالاغا بولغان ئېھتىياجىنى تولۇق ھېس قىلغان ۋە ئىخلاس كۆچەيگەن ۋاقىتلار.

17- يامغۇر ياغقان ۋاقىت. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئىككى دۇئا رەت قىلىنمايدۇ. بىرى، ئەزان ۋاقتىدا قىلىنغان؛ يەنە بىرى، دۈشمەن بىلەن قاتتىق ئۇرۇشۇۋاتقان چاغدا قىلىنغان دۇئا. يەنە بىر رىۋايەتتە: يامغۇر يېغىۋاتقان چاغدا (قىلىنغان دۇئا رەت قىلىنمايدۇ) دېيىلگەن. (ئەبۇ داۋۇت: 2540)

18- ئاتا - ئانىنىڭ بالىلىرىنىڭ پايدىسى ياكى زىيىنىغا قىلغان ھەر قانداق دۇئاسى شەكسىز ئىجابەت بولىدۇ.

19- بىراۋنىڭ دىنىي قېرىندىشىغا غايىبانە قىلغان دۇئاسى چوقۇم ئىجابەت بولىدۇ.

«مۇسۇلمان كىشىنىڭ دىنىي بۇرادىرىگە غايىبانە قىلغان دۇئاسى چوقۇم ئىجابەت بولىدۇ. ئۇنىڭ بېشىدا بىر پەرىشتە دائىم ھازىر بولۇپ تۇرىدۇ، ئۇ دىنىي بۇرادىرىگە ھەر قېتىم دۇئا قىلغىنىدا، مەكۇز پەرىشتە"ئى ئاللاھ بۇ كىشىگىمۇ قېرىنىشىدىغا تىلىگىنىنىڭ ئوخشىشىنى بەرگىن"دەپ دۇئا قىلىدۇ.» [ مۇسلىم رىۋايىتى].

20- پەرز نامازلارغا ئەزان ئېيتىلغان ۋاقىتلار.

21- مۇجاھىدلار دۈشمەن بىلەن تۇتۇشقان ۋاقىت.

22- مۇسىبەتكە ئۇچرىغان ۋاقىت.

23- پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا دۇرۇد ئوقۇلغاندىن كېيىن.

فەزالە ئىبنى ئۇبەيد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىر كىشىنىڭ نامىزىنىڭ ئاخىرىدا رەسۇلۇللاھقا دۇرۇد

ۋە سالام يوللىماي تۇرۇپ دۇئا قىلىۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ: بۇ كىشى ئالدىراپ كەتتى دېدى. كېيىن ئۇنى چاقىرىپ: قاچانكى ناماز ئوقۇساڭلار، ئالدىن نامىزىڭلارنىڭ ئاخىرىدا دۇئا قىلساڭلار، ئاۋۋال اللەقا ھەمدۇ سانا ئېيتىڭلار، ئالدىن اللەنىڭ رەسۇلىغا سالام يوللاڭلار، ئۇنىڭدىن كېيىن خالىغان دۇئانى قىلىڭلار! دېدى. (تىرمىزى: 3477)

24- راھەت- پاراغەتلىك كۈنلەردە دۇئا قىلىش. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىمكى قىيىنچىلىق ۋە يامان كۈنلەردە دۇئاسىنىڭ ئىجابەت بولۇشىنى خالىسا، تېنى ساغلام، خاتىرجەم ۋاقتىدا دۇئانى كۆپ قىلسۇن. (تىرمىزى: 3382)

## 338-سۇئال: دۇئا ئىجابەت بولۇشقا ئەڭ يېقىن ئۇلۇغ جايلار

ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دەيدۇ: «مەشرىقمۇ، مەغرىبمۇ (يەنى پۈتۈن يەر يۈزى) ئاللاھنىڭدۇر، قايسى تەرەپكە يۈزلەنسەڭلەرمۇ، ئۇ ئاللاھنىڭ تەرىپىدۇر.» [ بەقەر سۈرىسى 115- ئايەت].

ناماز ۋە باشقىمۇ ئىبادەتلەرنى ئورۇنلاش ئۈچۈن مەخسۇس جاي ۋە ماكان شەرت قىلىنمىغاندەك، دۇئا ئۈچۈنمۇ مەخسۇس جاي ۋە ماكان شەرت ئەمەس. بەلكى قانداقلا جايدا بولمىسۇن ئاللاھ تائالاغا قىلىنغان ئىبادەتلەر ۋە دۇئالار ئۇنىڭغا يېتىدۇ. ئاللاھ تائالاغا يېقىن بولۇش جاي ۋە ماكان بىلەن ئەمەس، بەلكى قەلب بىلەن ئەمەلگە ئاشىدۇ. ئەمما كىشىلەرنىڭ ئاللاھقا يېقىن بولۇشى ئاللاھنى ياد ئېتىش ۋە ئىمان، ياخشى ئەمەللەر ئارقىلىق ئۇنىڭ تەرىپىگە يول ئېلىشى بىلەن بولىدۇ. ئىبادەت ۋە دۇئا ئۈچۈن جايلارنىڭ ھەممىسى ئوخشاشتۇر. پەقەت بەزى جايلار ئۇلۇغلۇقى يۈزىسىدىن ئىبادەت ۋە دۇئالارنىڭ قوبۇل بولۇشى ئۈچۈن ئەڭ مۇناسىپ ۋە ئەۋزەلدۇر. ئۇلار تۆۋەندىكىچە:

1- ئەرەفات تېغى. شۈبھىسىزكى ئەرەفات كۈنى ئەرەفاتتا قىلىنغان ئىبادەتلەر ۋە دۇئالار قوبۇل بولۇشقا ئەڭ يېقىندۇر. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: دۇئالارنىڭ ئەڭ ياخشىسى ئەرافات كۈنى قىلىنغان دۇئادۇر. مەن ۋە مەندىن ئىلگىرىكى پەيغەمبەرلەرنىڭ قىلغان سۆزىنىڭ ئەڭ ياخشىسى: «لا إله إلا الله وحده لا شريك له، له الملك، وله الحمد، وهو على كل شيء قدير»* "اللەتىن باشقا ئىلاھ يوق، ئۇ يالغۇزدۇر، ئۇنىڭ شېرىكى يوقتۇر، پادىشاھلىق ئۇنىڭغا خاستۇر، ھەمدۇ سانا ئۇنىڭغا خاستۇر ۋە ئۇ ھەممە نەرسىگە قادىردۇر " دېگەن سۆزدۇر. (تىرمىزى: 3585)

2- مۇلتەزەم (كەبىنىڭ ئىشىكى بىلەن ھەجرۇل ئەسۋەد (قاراتاش) ئوتتۇرىسىدىكى جاي).

3. قۇرئان كەرىم تىلاۋەت قىلىنغان ۋە ئاللاھقا زىكىر ئېيتىلغان ئورۇنلار. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: قانداق بىر قەۋم اللەنىڭ ئۆيلىرىدىن بىرىدە يىغىلىپ ئولتۇرۇپ، اللەنىڭ كىتابىنى تىلاۋەت قىلىپ، ئۆزئارا ئۆگىنىشىپ ئولتۇرىدىغانلا بولسا، ئۇلارغا خاتىرجەملىك چۈشىدۇ، رەھمەت ياغىدۇ، ئۇلارنىڭ ئەتراپىنى پەرىشتىلەر چۆرىدەپ تۇرىدۇ، الله ئۇلارنى ھۇزۇرىدىكىلەرنىڭ ئالدىدا تىلغا ئالىدۇ. (مۇسلىم: 2699)

4. كەبىنىڭ ئىچى. كەبىنىڭ سول تەرىپىگە قوپۇرۇلغان دۈگىلەك يېرىم تامنىڭ ئىچى كەبىگە ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا بۇ تامنىڭ ئىچىدە تۇرۇپ دۇئا قىلغان ئادەم كەبىنىڭ ئىچىدە تۇرۇپ دۇئا قىلغانغا ئوخشاش بولىدۇ.

5. مەككىدىكى مەسجىدى ھەرەم. 6. مەدىنىكى پەيغەمبەر مەسجىدى.

7. پەلەستىنىدىكى بەيتۇلمۇقەددەس. 8. سافا ۋە مەرۋە تاغلىرى.

9. مىنا، مۇزدەلىفە ۋە باشقىمۇ مۇقەددەس جايلار.

10. يەر يۈزىدىكى جىمى مەسجىدلەر. 11. ناماز ئوقۇلغان ھەر قانداق جايلار.

## 339. سوئال: دۇرۇدنىڭ مەنىسى ۋە بۇيرۇلىشى

دۇرۇد - پارىسچە سۆز بولۇپ، ئۇنىڭ ئىسلام ئىستېمالىدىكى مەنىسى: ئاللاھ تائالادىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ شەنىنى ئۈستۈن، دەرىجىسىنى يۇقىرى ۋە نام - نىشانىسىنى مەڭگۈ قىلىشنى تىلەش دېگەنلىكتۇر. ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دەپ بۇيرۇيدۇ : « ئاللاھ تائالا ھەقىقەتەن پەيغەمبەرگە رەھمەت يوللايدۇ، پەرىشتىلەرمۇ ھەقىقەتەن ئۇنىڭغا مەغپىرەت تەلەپ قىلىدۇ، ئى مۆئمىنلەر! سىلەر پەيغەمبەرگە دۇرۇد ئېيتىڭلار ۋە ئامانلىق تىلەڭلار » (ئەھزاب سۈرىسى 56 ـ ئايەت).

## 340. سوئال: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا دۇرۇد ئېيتىشنىڭ پەزىلىتى

پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىمكى ماڭا بىر قېتىم سالام يوللىسا، الله ئۇنىڭغا ئون قېتىم سالام يوللايدۇ، ئون گۇناھىنى ئۆچۈرۈپ تاشلايدۇ ۋە مەرتىۋىسىنى ئون دەرىجە يۇقىرى كۆتۈرىدۇ. (نەسائى: 1297)

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېدى: يېنىمغا بىر پەرىشتە كېلىپ مۇنداق دېدى: ”ئى مۇھەممەد ! رەببىڭ ساڭا سالام يوللىدى ۋە: كىمكى ساڭا بىر قېتىم دۇرۇت ئېيتسا، مەن ئۇنىڭغا ئون قېتىم رەھمەت ئېيتىمەن. ساڭا بىر قېتىم سالام يوللىسا، مەن ئۇنىڭغا ئون قېتىم سالام يوللايمەن. بۇ سېنى خۇرسەن قىلمامدۇ؟ دېدى“ . (نەسائى: 1283)

پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: اللەنىڭ يەر يۈزىدە

ئايلىنىپ تۇرىدىغان پەرىشتىلىرى بار، ئۇلار ئۈممىتىمنىڭ سالامىنى ماڭا يەتكۈزۈپ تۇرىدۇ. (نەسائى: 1282)

**341- سوئال: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا دۇرۇد ئېيتمىغان ئادەمنىڭ سۈپىتى**

پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم ماڭا دۇرۇت ۋە سالام يوللاشنى ئۇنۇتسا، جەننەت يولىدىن ئاداشقان بولىدۇ. (ئىبنى ماجە: 908)

كەئب ئىبنى ئۇجرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: بىر كۈنى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنبەرگە چىقماقچى بولۇپ، بىرىنچى پەشتاققا پۇتىنى قويغاندا: ئامىن! دېدى. ئاندىن ئىككىنچىسىگە چىققاندا يەنە: ئامىن! دېدى. ئاندىن ئۈچىنچىسىگە چىققاندىمۇ: ئامىن! دېدى. ئۇ مۇنبەردىن چۈشكەندىن كېيىن، بىز: ئى رەسۇلۇللاھ ! بۈگۈن بىز سەندىن بىر سۆز ئاڭلىدۇق، دېگەندۇق، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: ئاڭلىدىڭلارمۇ؟ دەپ سورىدى، بىز: ھەئە، ئاڭلىدۇق، دېدۇق، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېدى: بىرىنچى پەشتاققا ئاياغ باسقىنىمدا، جىبرىئىل يېنىمغا كېلىپ: "ئاتا ئانىسىنىڭ بىرى ياكى ھەر ئىككىلىسى ھايات تۇرۇپ، ئۇلار تۇپەيلى (يەنى ئۇلارنىڭ خىزمىتىنى قىلماي) جەننەتكە كىرمىگەنلەر بەدبەخت بولسۇن! " دېگەندى، مەن ئۇنى تەستىقلاپ: ئامىن! دېدىم. ئاندىن ئىككىنچى پەشتاققا ئاياغ باسقىنىمدا، جىبرىئىل: "ئىسمىڭنىڭ تىلغا ئېلىنغىنىنى ئاڭلاپ تۇرۇپ، ساڭا سالام يوللىمىغان كىشى بەدبەخت بولسۇن! " دېگەندى، مەن: ئامىن! دېدىم. ئۈچىنچى پەشتاقتا: "رامىزان ئېيى يېتىپ كىرسىمۇ، گۇناھلىرى مەغپىرەت بولمىغان كىشى بەدبەخت بولسۇن!" دېگەندى. مەن يەنە: ئامىن! دېدىم. (ئەلكەبىر19/144)

پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مېنىڭ ئىسمىم زىكىر قىلىنغاندا، ماڭا دۇرۇت ۋە سالام يوللىمىغان كىشى ھەقىقىي بېخىلدۇر. (تىرمىزى: 3546)

**342- سوئال: ئەڭ ئەۋزەل دۇرۇد قايسى؟**

ئابدۇراھمان ئىبنى ئەبۇ لەيلا مۇنداق دەيدۇ: كەئب ئىبنى ئۇجرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇچراپ قېلىپ مۇنداق دېدى: ساڭا بىر ھەدىيە بېرەيمۇ؟ پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم يېنىمىزغا كەلدى، بىز: "ئى رەسۇلۇللاھ! ساڭا قانداق سالام قىلىشنى بىلىمىز، ئەمما ساڭا قانداق دۇرۇت ئېيتىمىز؟ دەپ سورىغاندۇق، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېدى: «اللهم صل على محمد وعلى آل محمد كما صليت على آل إبراهيم إنك حميد مجيد، وبارك على محمد وعلى آل محمد كما باركت على آل إبراهيم

إنك حميد مجيد»* «ئى الله! ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ۋە ئۇنىڭ ئائىلىسىگە رەھمەت قىلغىنىڭدەك، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ۋە ئۇنىڭ ئائىلىسىگە رەھمەت قىلغىن. ھەقىقەتەن سەن ماختاشقا لايىق ئۇلۇغ زاتسەن. ئى الله! ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ۋە ئۇنىڭ ئائىلىسىگە بەرىكەت ئاتا قىلغىنىڭدەك، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ۋە ئۇنىڭ ئائىلىسىگە بەرىكەت بەرگىن! ھەقىقەتەن سەن ماختاشقا لايىق بۈيۈك زاتسەن» دەڭلار! دېدى. (بۇخارى: 6357)

### 343- سۇئال: جىن شەيتانلارنىڭ زىيانكەشلىكىدىن پانا تىلەپ ئوقۇيدىغان دۇئا

ئەبۇ سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۆزىگە جىن ۋە ئىنسانلارنىڭ كۆزى تېگىشىدىن پاناھ تىلەيتتى. مۇئەۋۋىزەتەيىن (يەنى فەلەق ۋە ناس سۈرىلىرى) نازىل بولغاندا، بۇرۇنقى پاناھ تىلەپ قىلىدىغان دۇئالىرىنى تاشلاپ، شۇ ئىككى سۈرىنىلا ئوقۇيدىغان بولدى. (نەسائى: 5494)

### 344- سۇئال: مەخلۇقاتلارنىڭ شەررىدىن پانا تىلەپ ئوقۇيدىغان دۇئا

1) پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىمكى كەچقۇرۇن ئۈچ قېتىم: «أعوذ بكلمات الله التامّات من شر ما خلق» "اللەنىڭ مۇكەممەل سۆزلىرى بىلەن اللەقا سېغىنىپ ئۇ ياراتقان نەرسىلەرنىڭ يامانلىقىدىن پاناھ تىلەيمەن " دېسە، ئۇ كېچە ئۇنى يىلان ياكى چايان چېقىۋالسىمۇ، زىيان يەتكۈزەلمەيدۇ. (راۋى) سۇھەيل مۇنداق دەيدۇ: بىز بۇ كەلىمىلەرنى ئۆگەندۇق ۋە ھەر كېچىسى ئوقۇيدىغان بولدۇق. (بىر نەچچە كۈندىن كېيىن) بىر چۆرىمىزنى چايان چېقىۋالدى، لېكىن ئۇ ھېچقانداق ئاغرىق ھېس قىلمىدى. (ئەھمەد: 7838)

2) ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: بىر ئادەم كېلىپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا: ئى اللەنىڭ رەسۇلى! تۈنۈگۈن ئاخشام چايان چېقىۋالغانىدى، بەكمۇ قىينىلىپ كەتتىم، دېگەنىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا: تۈنۈگۈن ئاخشام ۋاقتىدا: «أعوذ بكلمات الله التامات من شر ما خلق» "اللەنىڭ مۇكەممەل سۆزلىرى بىلەن اللەقا سېغىنىپ ئۇ ياراتقان نەرسىلەرنىڭ يامانلىقىدىن پاناھ تىلەيمەن " دېگەن بولساڭ، چايان ساڭا زىيان يەتكۈزەلمەيتتى، دېدى. (مۇسلىم: 2790)

### 345- سۇئال: ئۆيدىن چىققاندا ئوقۇيدىغان دۇئالار

پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىشى ئۆيدىن

**چىققاندا:** «بسم الله توكلت على الله لا حول ولا قوة إلا بالله» ”اللەنىڭ ئىسمى بىلەن ۋە اللەقا تەۋەككۇل قىلغان ھالدا چىقىمەن، اللەنىڭ ياردىمىسىز ھېچ كۈچ قۇدرەت يوقتۇر “ دېسە، شۇ چاغدا ئۇنىڭغا (توغرا يولغا) يېتەكلەندىڭ، كۇپايە قىلىندىڭ (يەنى ھاجەتلىرىڭ راۋا بولدى)، (دۈشمەنلىرىڭنىڭ يامانلىقلىرىدىن) ساقلاندىڭ دەپ ئىدا قىلىنىدۇ ۋە شەيتانلار ئۇنىڭدىن يىراقلاشتۇرۇلىدۇ. (ئەبۇ داۋۇت: 5095)

## 346- سۇئال: مەسجىدكە كىرگەندە ئوقۇيدىغان دۇئالار

پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مەسجىدكە كىرگەندە، اللەنىڭ رەسۇلىغا سالام يوللاڭلار (يەنى ئاللاھۇممە سەللى ئەلا... نى ئوقۇڭلار) ۋە: «اللهم افتح لي أبواب رحمتك» ”ئى الله! ماڭا رەھمىتىڭنىڭ دەرۋازىلىرىنى ئېچىۋەتكىن! “ دەڭلار. مەسجىدتىن چىققاندا، يەنە اللەنىڭ رەسۇلىغا سالام يوللاڭلار ۋە: «اللهم اعصمني من الشيطان الرجيم» ئى الله! مېنى قوغلاندى شەيتاندىن ساقلىغىن! “ دەڭلار. (ئىبنى ماجە: 773)

## 347- سۇئال: تاماقتىن كېيىن ئوقۇلىدىغان دۇئا

1) { اَلْحَمْدُ لِلَّهِ الَّذِي أَطْعَمَنِي هٰذَا وَرَزَقَنِيْهِ مِنْ غَيْرِ حَوْلٍ مِنِّي وَلاَ قُوَّةٍ }. « **جىمى** ھەمدۇسانا مەن ھېچقانداق كۈچ سەرپ قىلماستىن، مېنى بۇ تائام بىلەن غىزالاندۇرغان ۋە ئۇنى ماڭا رىزىق قىلىپ ئاتا قىلغان ئاللاھقا خاستۇر، ئۇنىڭغا شۈكۈر ئېيتىمەن»[بۇخارىي رىۋايىتى].

2) { اَلْحَمْدُ لِلَّهِ الَّذِي أَطْعَمَنَا وَسَقَانَا وَجَعَلَنَا مِنَ الْمُسْلِمِيْنَ }. « **جىمى ھەمدۇسانا بىزنى** غىزالاندۇرغان، بىزنى سوغارغان ۋە بىزنى مۇسۇلمانلاردىن قىلغان ئاللاھقا خاستۇر ئۇنىڭغا شۈكۈر ئېيتىمەن »[ ئەبۇ داۋۇد رىۋايىتى].

## 348- سۇئال: ھاجەتخانىغا كىرىشتە ئوقۇلىدىغان دۇئا

{اللّٰهُمَّ إِنِّي أَعُوذُ بِكَ مِنَ الْخُبْثِ وَالْخَبَائِثِ}. « ئى ئاللاھ! ساڭا سىغىنىپ ئەركەك - چىشى شەيتانلارنىڭ زىيانكەشلىكىدىن پاناھ تىلەيمەن».[بۇخارىي رىۋايىتى].

# توققۇزىنچى بۆلۈم. ئىسلامىي ئەخلاق

## 349-سۇئال: ئىسلامنىڭ ئۈچىنچى ئاساسى ــــ ئەخلاق

ئەخلاق ــ ئەرەبچىدىكى «خۇلۇق» نىڭ كۆپلۈك شەكلى بولۇپ، ئاددىيلا ئۇقۇمى ھېسسىيات، سۈلۈكتىن ئىبارەتتۇر. ھېسسىيات، نىيەت، ئىرادە، مەقسەتتىن ئىبارەت بولسا، سۈلۈك ئىنساننىڭ تاشقى ھەرىكەتلىرىنى كۆزدە تۇتىدۇ. ئېنىقكى، ھېسسىيات سۈلۈكنىڭ ئاساسىدۇر. ئىسلام ئەنە شۇ ھېسسىياتنىڭ قۇرۇلۇشىنى ئىنتايىن ياخشى شەكىلدە يېتىلدۈرۈشكە ئالاھىدە ئەھمىيەت بەرگەن. بۇ قۇرۇلۇش ئەقىدىگە باغلانغان بولۇپ، داۋاملىق قىلىدىغان ئىبادەتلەر بىلەن يېتىلدۈرۈلسە، مۇسۇلمانلارنىڭ نىيىتى داۋاملىق ئاللاھنىڭ رازىلىقىغا ئېرىشىش، ئاللاھقا ئاسىيلىق قىلماسلىققا بەل باغلاشقا يۈزلىنىدۇ. چۈنكى بەندە داۋاملىق ئاللاھ ماڭا كۆزەتچىدۇر، ئىچكى دۇنيالىرىمدىن تارتىپ بىلىدۇ دېگەن چۈشەنچىدە بولىدۇ.

لېكىن ئەخلاق ئادەمنىڭ سۈلۈكىدىلا كۆرۈلىدۇ، بۇ سۈلۈك، باشقا شەخسلەردىمۇ بولۇشنى، ئۇلار بىلەن ئۆز ئارا ئالاقە دائىرىسى ئىچىدە مۇئامىلە قىلىشنى تەلەپ قىلىدۇ. شۇنداق ئېيتىمىزكى، ئىنسانلارنىڭ تەسەررۇپلىرى، ئايلىنىدىغان ئالاقىلار ئاساسلىق ئائىلە ۋە قوشنا، دوستلار، خىزمەتداشلار، مۇسۇلمانلار ۋە باشقىلاردىن ئىبارەت ئۈچ كاتېگورىيە ئىچىدە ئايلىنىلايدۇ.

## 350- سۇئال: گۈزەل ئەخلاق مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەرلىكىنىڭ غايىسىدۇر

پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مەن ئېسىل ئەخلاق پەزىلەتلەرنى تولۇقلاش ئۈچۈن ئەۋەتىلدىم. (مالىك: 1609) ئەخلاق پەيغەمبىرىمىز ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەر بولۇپ ئەۋەتىلىشىنىڭ غايىسى بولغان، يەنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئىنسانلارنىڭ ئەخلاقىنى ئىسلاھ قىلىش ۋە گۈزەل ئەخلاقلارنى تولۇقلاش ئۈچۈنلا ئەۋەتىلگەن. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام پەقەت ئەخلاق ئۆگىتىش ئۈچۈنلا پەيغەمبەر بولۇپ كەلگەنمۇ؟ دەپ ھەيران بولغۇچىلارغا ئېيتىمىزكى، ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا: « بىز سېنى پەقەت ئالەملەرگە رەھمەت قىلىپ ئەۋەتتۇق» [ سۈرە ئەنبىيا 107- ئايەت] دەيدۇ. رەھمەت سۆزى لۇغەتتە كۆيۈنۈش، مېھرىبانلىق، شەپقەت، رەھىمدىللىق دېگەن مەنىلەرنى ئىپادىلەيدۇ. رەھمەت سۆزىنى مەشھۇر تىلشۇناس ئالىم ئابدۇلقاھىر جۇرجانىي "باشقىلارغا ياخشىلىق يەتكۈزۈش "دەپ تەرىپلىگەن. ئىسلاھاتچى ئالىم

ئىبنى قەييم جەۋزىي "جاپا تارتىسمۇ، كۆڭلى خالىمىسمۇ باشقىلارغا مەنپەئەت يەتكۈزۈشنى تەقەززا قىلىدىغان سۈپەت" دەپ تەرىپلىگەن.

## 351- سۇئال: ئەخلاقنىڭ ئىبادەتتىن موھىملىقى

ئەخلاق ئىبادەتتىن مۇھىم. چۈنكى پۈتۈن ئىبادەتلەرنىڭ ئەڭ ئاساسلىق غايىسى ۋە مېۋىسى پەقەت ئەخلاقنى ئىسلاھ قىلىش ۋە شۇ ئارقىلىق ئاللاھ تائالا بۇيرىغان بەندىچىلىكنى ئادا قىلىشتىن ئىبارەتتۇر. ئەگەر شۇنداق بولمىسا ئىبادەتلەرنىڭ ھەممىسى تەنتەربىيە ھەرىكەتلىرىدىن پەرقى بولماي قالىدۇ. ياخشى ئەخلاق ياكى گۈزەل ئەخلاق ئەڭ ساۋابلىق ئىبادەت قاتارىدىن سانىلىدۇ. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: قىيامەت كۈنى مۇئمىننىڭ تارازىسىدا ئېسىل ئەخلاقتىنمۇ ئېغىرراق توختايدىغان بىر نەرسە يوقتۇر. الله تائالا سەت گەپ قىلىدىغان، ئاغزى بېزەپ كىشىلەردىن بەكمۇ نەپرەتلىنىدۇ. (تىرمىزى: 2002)

دىنىمىزنىڭ بۇيرىغان ۋە توسقانلىرىنىڭ ھەممىسى ئىنسانلارنى دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە بەختلىك قىلىشنى ۋە ئىنسانلارنى ئەڭ ئېسىل ئەخلاقلارغا ئېرىشتۈرۈشنى مەقسەت ۋە غايە قىلغان. ئىنسانلار دىنىمىزدا بۇيرۇلغانلارنىڭ ھەممىسگە تولۇق ئەمەل قىلىدىغان بولسا ئەلۋەتتە ئۇلار ئەڭ گۈزەل ۋە ئەڭ ئېسىل ئەخلاقلارغا ئىگە بولغان بولىدۇ. چۈنكى دىنىمىزنىڭ بۇيرۇغانلىرى ۋە توسقانلىرىنىڭ ھەممىسى ئىنسانلارنى ئۆزلىرىگە، ئائىلىسىدىكىلەرگە، ئەتراپىدىكىلەرگە، جەمئىيەتكە، مۇھىتقا ۋە پۈتۈن ئىنسانىيەتكە زىيانلىق بولغان بارلىق ناچار ئەخلاق ۋە يامان خۇيلاردىن يىراقلاشتۇرۇپ پايدىلىق ئىشلارغا يۈزلەندۈرىدۇ. شۇڭا ئەڭ ياخشى مۇسۇلمان ئەڭ ئەخلاقلىق كىشى دېيەلىگەنلىكتۇر.

## 352- سۇئال: ئىبادەتلەرنىڭ نېگىزى ئەخلاقتۇر

دىنىمىزدا بۇيرۇلغان ئىبادەتلەر ئەينى ۋاقىتتا ئىنسانلارنىڭ ئەخلاقىدىكى قىڭغىرلىقلارنى تۈزىتىش رولىنى ئوينايدۇ. مەسىلەن: ئىبادەتلەرنىڭ بېشى بولغان ناماز ھەققىدە ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە: « ھەقىقەتەن ناماز قەبىھ ئىشلاردىن، گۇناھلاردىن توسىدۇ.» [ئەنكەبۇت 45- ئايەت] دەيدۇ. مەلۇمكى، قەبىھ ئىشلار بىلەن گۇناھلار ناچار ئەخلاقنىڭ نەتىجىسىدۇر. تەلەپكە لايىق ھالدا، سەمىمىي نىيەت بىلەن ئادا قىلىنغان ناماز يامان ئەخلاقلاردىن چوقۇم توسىدۇ ۋە ياخشى ئەخلاقلارغا يېتەكلەيدۇ. بۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، سىزنىڭ نامىزىڭىز سىزنى ئىنسانلارغا رەھىم شەپقەتلىك قىلالمىسا، سىز ناماز ئوقۇپ ئۇنىڭ مېۋىسىنى كۆرەلمىگەن بولىسىز. زاكاتنىڭ غايىسى ۋە مېۋىسى مەقسەت گۈزەل ئەخلاقنى يېتىلدۈرۈشتۇر. چۈنكى ئۆزىنى زاكات ۋە سەدىقىلەرنى بېرىشكە ئادەتلەندۈرگەن ئادەم يوقسۇللارغا ئىچ

ئاغرىتىش ۋە شەپقەت قىلىشنى، شۇنداقلا سېخىيلىقنى ئۆگىنىدۇ. زاكاتنىڭ بۇيرۇلۇشىنىڭ غايىسى ھەققىدە قۇرئان كەرىم مۇنداق دەيدۇ: « ئۇلارنى گۇناھلاردىن پاكلاش ۋە ياخشىلىقلىرىنى كۆپەيتىش ئۈچۈن ئۇلارنىڭ ماللىرىنىڭ بىر قىسمىنى زاكات ھېسابىدا ئالغىن». ئايەتتىكى ياخشىلىقلىرىنى دېگەن ئىبارە، زاكاتنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋى بارلىق ياخشىلىقلارنى كۆپەيتىدىغانلىقىنى ئىپادىلەيدۇ. سېخىيلىق ۋە مەردلىكتىن ئىبارەت گۈزەل ئەخلاقمۇ زاكات كۆپەيتىپ بېرىدىغان ياخشىلىقلاردىن بىرىدۇر. گۈزەل ئەخلاقتا چوقۇم ئىبادەتنىڭ ساۋابى بار. روزىنىڭ بۇيرۇلىشىنىڭ غايىسى ھەققىدە قۇرئان كەرىم مۇنداق دەيدۇ: « ئى مۆئمىنلەر ! گۇناھلاردىن ساقلىنىشىڭلار ئۈچۈن، سىلەردىن ئىلگىرىكىلەرگە روزا پەرز قىلىنغاندەك، سىلەرگىمۇ رامىزان روزىسى پەرز قىلىندى. » ئايەتتىكى «گۇناھلاردىن ساقلىنىشىڭلار» ئۈچۈن دېگەن ئىبارە، روزىنىڭ ئىنساننى گۇناھتىن يىراق تۇرىدىغان ۋە ياخشىلىقنى سۆيىدىغان گۈزەل ئەخلاققا ئېلىپ بارىدىغانلىقىنى ئىپادىلەيدۇ.

يۇقىرىقى ۋە باشقا پۈتۈن ئىبادەتلەر، مۇسۇلمانلار يەتمەكچى بولغان مۇكەممەللىكنىڭ شوتىسى ۋە گۈزەل ئەخلاقلارغا ئادەتلىنىشنىڭ يولىدۇر. ئورۇنلىغۇچىسىغا بۇ دۇنيادا پايدىسى بولمىغان ئىبادەتلەرنىڭ ئاخىرەتتە ئۇنىڭغا پايدا يەتكۈزەلىشىنى تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولمايدۇ.

## 353- سۇئال: ئىبادەتتىن ئەخلاقىي نېسۋە ئالالمىغانلار قىيامەتتە قۇرۇق قول قالىدۇ

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر كۈنى ساھابىلىرىدىن كىمنىڭ قۇرۇق قول قالغان كىشى ئىكەنلىكىنى بىلەمسىلەر دەپ سورىغاندا، ساھابىلار: "ھېچقانداق مال ــ مۈلكى بولمىغان كىشىنى قۇرۇق قول قالغان كىشى، دەيمىز "دەيدۇ. بۇ ۋاقىتتا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام «قىيامەت كۈنى بىراۋ ناماز، زاكات ۋە روزا بىلەن كېلىدۇ. ئەمما بىرىنى تىللىغان، بىرىگە تۆھمەت چاپلىغان، بىرىنىڭ مېلىنى يەۋالغان، بىرىنىڭ قېنىنى تۆككەن، بىرىنى ئۇرغان بولۇپ، ئۇنىڭ ياخشىلىقلىرى شۇلارغا ئېلىپ بېرىلىدۇ. ئۇنىڭ ياخشىلىقلىرى تۈگىسە، ئۇلارنىڭ گۇناھلىرى ئۇنىڭغا ئارتىلىدۇ. ئاندىن ئۇ دوزاخقا تاشلىنىدۇ. مانا بۇ، مېنىڭ ئۈممىتىمنىڭ قۇرۇق قول قالغۇچىسىدۇر » دېگەن. ھەدىستە كۆرگىنىمىزدەك، ئىبادەتلەرنىڭ قوبۇل بولماسلىقىنىڭ ۋە ئاخىرەتتە ئەسقاتماسلىقىنىڭ بىردىنبىر سەۋەبى يامان ئەخلاقلاردۇر !

## 354- سوئال: روھى دۇنياسى گۈزەل بولغانلارنىڭ ئىش ھەرىكەتلىرىمۇ گۈزەل بولىدۇ

ئىنسان روھىي دۇنياسىنى گۈزەل ئەدەپ ـ ئەخلاق بىلەن زىننەتلىگەندىلا جەمئىيەتتە ئىش ـ ھەرىكىتى گۈزەل، سۆز ـ ئىپادىسى گۈزەل، مۇھىتى گۈزەل بولالايدۇ. ئىپپەت ـ ھايالىق، گۈزەل غايىلىك، قايتماس ئىرادىلىك، چىدام ـ غەيرەتلىك، سەۋرى ـ تاقەتلىك، تىرىشچان، سەممىي ـ ساداقەتلىك، كەمتەر، ئىشچان، ئەپۇچان، مۇلايىم، ئېغىر ـ بېسىق، روھىي دۇنياسى مۇكەممەل ئادەم بولالايدۇ. ئەكسىچە، ئەدەپ ـ ئەخلاق تەربىيىسىگە سەل قارالسا گۈزەللىك سەتلىككە، ياخشىلىق يامانلىققا ئايلىنىپ ئۆزگىرىدۇ. ئەخلاقسىز ئادەم يامان ئىش، يامان خۇي، يامان ئىللەتنى ئادەتكە ئايلاندۇرۇۋالىدۇ. مۇنداقلار ئىش ـ ھەرىكىتى ئەسكى، سۆزلىرى قوپال، بىھايا، پەسكەش، نومۇسسىز، ۋىجدانسىز، رەھىمسىز، ساختىپەز، ۋاپاسىز، يالغانچى، ئالدامچى، ئاچكۆز، نەپسانىيەتچى، مەنمەنچى، چېقىمچى، بېخىل، جېدەلخور.... قاتارلىق يامان يوللارغا كىرىپ قالىدۇ. نەتىجىدە، ئائىلىنىڭ خاتىرجەملىكى، جەمئىيەتنىڭ تەرتىپى بۇزۇلىدۇ. شۇڭا دۇنيادىكى بارچە دىنلار ئەڭ ئاۋۋال كىشىلەرنى گۈزەل ئەخلاقلار بىلەن زىننەتلىنىشكە چاقىرىپ كەلگەن. مۇسۇلمانلاردا بولسا، گۈزەل ئەخلاق ئىماننىڭ كامالىتى ھەم ئەڭ چوڭ ئىبادەت سانىلىدۇ. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئۇ پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ: مۇئمىن كىشى ئېسىل ئەخلاقى بىلەن (كۈندۈزى) روزا تۇتۇپ، (كېچىسى) تەھەججۇد نامىزى ئوقۇغان كىشىنىڭ دەرىجىسىگە ئېرىشەلەيدۇ دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان. (ئەبۇ داۋۇت: 4798)

## 355- سوئال: گۈزەل ئەخلاق ئىماننىڭ قولدىشىدۇر

گۈزەل ئەخلاق ئىماننى تاكامۇللۇققا ئېلىپ بارىدىغان ۋە ئۇنى كۈچلەندۈرىدىغان ئامىلدۇر. دەرىجە جەھەتتە ئەخلاق بىلەن ئىمان بىر تۇرىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: قوشنىسى (ئۇنىڭ) يامانلىقىدىن ئەمىن بولالمىغان كىشى، مۇئمىن بولالمايدۇ، دىدى. (بۇخارى: 6016)

قېنى ئويلاپ كۆرۈڭ ! بالكونغا يايغان كىرنىڭ سۈيىنى ئاستىنقى قەۋەتتىكى خوشنىلىرىغا ياكى يولغا ئېقتىپ كىشلەرگە ئازار قىلىدىغانلار بىلەن ماشىنىسىنى خوشنىسىنىڭ ئىشكى ئالدىغا توختىتىۋېلىپ ئۇنى بىئارام قىلىدىغان ياكى ئاممىۋى يولغا توختىتىپ قويۇپ مەسجىتكە كىرىپ كېتىدىغانلار ئۆزلىرىنى ئىمانىمىز كامىل دەپ ئېيتالامدۇ؟ ئەگەر "ھەئە "دېسە، ئۇلار يالغانچىلاردۇر ! ناماز ئوقۇش ئۇچۇن كەتتىغۇ؟ دېيىشىڭىز مۇمكىن. توغرا ناماز ئوقۇپ ئاللاھقا قۇلچىلىق ئادا قىلىش ئۇچۇن

كەتتى، ئەمما ئىنسانلارنىڭ ئۆتىدىغان يولنى تارلاشتۇرۇپ قويۇپ ئۇلارغا قىيىنچىلىق پەيدا قىلدى ئەمەسمۇ؟ بۇ ئەھۋال ــ يۇقىرىدا ئۆتكەن كۆپ ئىبادەت قىلسىمۇ، خوشنىلىرىغا ئازار بەرگەنلىكى سەۋەبلىك دوزىخى بولۇپ كەتكەن ئايالنىڭ ئەھۋالىدىن پەرقلەنمىدۇ. ئىنسانىنىڭ ۋۇجۇدىدا رەزىللىك چوڭقۇرلىشىپ، يامانلىقى كۆپەيگەنسېرى خۇددى ئادەم كىيىمدىن ئايرىلغاندەكلا دىن دىيانەتتىن ئايرىلىپ قالىدۇ. ئىخچاملاپ ئېيتقاندا، ئەخلاق ھەر قانداق ئادەمنىڭ دۇنيا ۋە ئاخىرەتلىك غەلبە ياكى مەغلۇبىيىتىگە بىۋاستە تەسىر كۆرسىتىدىغان مۇھىم ئامىل.

## 356ـ سۇئال: ئەخلاق ۋە ئۇنىڭ تۈرى

ئىنسانلارنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋى ئىككى تەرىپى باردۇر. ئىنسانلارنىڭ ماددىي تەرىپى بەدەن، مەنىۋى تەرىپى روھ دەپ ئاتىلىدۇ. روھنى كۆرگىلى بولمايدۇ. ئەمما ئىنسان روھىنىڭ ئەسىرى بولغان گۈزەل خۇيلارنى كۆرگىلى بولىدۇ. بۇلارنى ئەخلاق دەيمىز. ئۇچۇقراق قىلىپ ئېيتقاندا، روھىمىزغا يەرلىشىپ ئادەت ھالىغا كەلگەن يۇرۇش تۇرۇشلىرىمىز ئەخلاق دەپ ئاتىلىدۇ.

ئەخلاق، ياخشى ئەخلاق ۋە ناچار ئەخلاق دەپ ئىككى تۈرلۈك بولىدۇ.

گۈزەل ئەخلاق، ھەر ئىشتا توغرا، ئادالەتلىك، راستچىل بولۇش، ۋەدىگە ۋاپا قىلىش، ئامانەتكە ئىشەنچلىك، سۆيگۈ ۋاپالىق، ئىمان ئېتىقادلىق بولۇش، ئائىلىسىدىكىلەرگە مېھرىبان، ئاتا ــ ئانىغا ۋاپادار، ئۇرۇق ــ تۇغقانلارغا كۆيۈمچان، خوشنىلارغا ئەپۇچان، ھايۋانلارغا رەھىمدىل بولۇش، مەيلى دۇنيالىق بولسۇن، مەيلى ئاخىرەتلىك بولسۇن ئۆز ۋەزىپىسىنى بىلىش ۋە ئۆز ۋاقتىدا ئورۇنلاش، خاتالىقنى دادىل ئېتىراپ قىلىش، ئەبەدىي جاسارەتلىك، سېخى، مەرد، پاكىز، مەدەنىيەتلىك، كۆكسى كەڭ بولۇش، ھەر ئىشتا ھەقىقەتنى كۆزلەش، ئۆزىگە ئىشىنىش، ئۆزىگە يۆلىنىش، ۋىجدانلىق، غۇرۇرلۇق بولۇش، نومۇسنى ساقلاشنى بىلىش، ۋەتەنگە، خەلققە ۋە پۈتۈن ئىنسانلارغا مەنپەئەتلىك بولۇش ۋە باشقىلار.

يامان ئەخلاق، يالغان ئېيتىش، ئالدامچىلىق قىلىش، ھارام يېيىش، ئاتا ــ ئانىنى قاخشىتىش، ئائىلىسىدىكىلەرنى رەنجىتىش، خوشنىلارنى ئازارلاش، خىزمەتداشلىرىغا چوڭلۇق قىلىش، باشقىلارغا دۈشمەنلىك قىلىش، تۆھمەت قىلىش، كۆرەلمەسلىك، قورقۇنچاقلىق، سۆزىدە تۇرماسلىق، ھايۋانلارنى قىيناش، ھورۇنلۇق، تەمەگەرلىك، پۇرسەتپەرەسلىك، پىتنىخورلۇق، غەيۋەتخورلۇق ۋە باشقىلاردۇر.

## 357ـ سۇئال: ئىسلام دىنىدىكى ئەخلاق چۈشەنچىسى

دىنىمىزنىڭ بۇيرىغان ۋە توسقانلىرىنىڭ ھەممىسى ئىنسانلارنى دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە بەختلىك قىلىشنى ۋە ئىنسانلارنى ئەڭ ئېسىل ئەخلاقلارغا ئېرىشتۈرۈشنى

مەقسەت ۋە غايە قىلغان. ئىنسانلار دىنىمىزدا بۇيرۇلغانلارنىڭ ھەممىسگە تولۇق ئەمەل قىلىدىغان بولسا ئەلۋەتتە ئۇلار ئەڭ گۈزەل ۋە ئەڭ ئېسىل ئەخلاقلارغا ئىگە بولغان بولىدۇ. چۈنكى دىنىمىزنىڭ بۇيرۇغانلىرى ۋە توسقانلىرىنىڭ ھەممىسى ئىنسانلارنى ئۆزلىرىگە، ئائىلىسىدىكىلەرگە، ئەتراپىدىكىلەرگە، جەمئىيەتكە، مۇھىتقا ۋە پۈتۈن ئىنسانىيەتكە زىيانلىق بولغان بارلىق ناچار ئەخلاق ۋە يامان خۇيلاردىن يىراقلاشتۇرۇپ پايدىلىق ئىشلارغا يۈزلەندۈرىدۇ. ئاللاھقا ئەڭ يېقىملىق ئادەم، ئەڭ ئەخلاقلىق ئادەمدۇر. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: ئاراڭلاردىن ماڭا ئەڭ سۆيۈملۈك ۋە قىيامەت كۈنى ماڭا ئەڭ يېقىن ئولتۇرىدىغانلار ئەخلاقى ئېسىل بولغىنىڭلاردۇر. ئاراڭلاردىن ماڭا ئەڭ ئۆچ كۆرۈلىدىغان ۋە قىيامەت كۈنى ماڭا ئەڭ يىراق ئولتۇرىدىغانلار بولسا، مەمەدانلىق قىلىپ، قۇرۇق گەپنى تولا قىلىدىغان، كەلسە كەلمەس سۆزلەۋېرىدىغانلاردۇر، دېدى. ساھابىلار: ئى رەسۇلۇللاھ ! بىز: قۇرۇق گەپنى تولا قىلىدىغان، كەلسە كەلمەس سۆزلەۋېرىدىغان دېگەن سۆزنى چۈشەندۇق. لېكىن: مەمەدانلىق قىلىدىغان دېگەن سۆزنىڭ مەنىسىنى چۈشەنمىدۇق؟ دەپ سورىۋىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: ئۇلار مۇتەكەببىرلەردۇر، دېدى. (تىرمىزى: 2018)

ئەخلاقلىق بولغان ئادەمنى ئاللاھ ھەممىدىن بەك ياخشى كۆرىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۈچۈنمۇ ئەڭ يېقىملىق ئادەم ئەڭ ئەخلاقلىق ئادەمدۇر.

## 358-سۇئال: ئىسلام ئەخلاقىنىڭ موھىم مەزمۇنلىرى

1) ئۇرۇق - تۇغقانلار ئالاقىسىدا، ئىسلامىي تەبىر بولغان «سىلە - رەھىم» بولۇشى تەلەپ قىلىنىدۇ. ئۇنىڭ مەنىسى: دوستلۇق، مېھرىبانلىق، ياردەمدە بارلىق تۇغقانلارنى ئۆز ئىچىگە ئېلىشتىن ئىبارەتتۇر.

2) تۇغقاندارچىلىقتا ئاتا - ئانا ئىنتايىن مۇھىم، ئالاھىدە ئورۇننى ئىگەللەيدۇ. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇسۇلمانلاردىن بىرىنىڭ دادىسىنى بېقىشىنىڭ ھۆكمى توغرۇلۇق سورىغان سوئالىغا جاۋابەن مۇنداق دېگەن: «سەن ۋە سېنىڭ مېلىڭ داداڭنىڭدۇر.» (ئىبنى ماجە ۋە تەبەرانى رىۋايىتى) ئەمما ئانا ئۈچۈن باللىق بۇرچىنى ئادا قىلىش مەجبۇرىيەت بولۇپ، مۇلايىملىق ۋە مېھرىبانلىق قىلىش بالىنىڭ بۇرچىدۇر. «جەننەت ئانىلارنىڭ تاپىنى ئاستىدىدۇر.» (ئىبنى ماجە، تەبەرانى رىۋايىتى) ئىسلامدا ئاتا - ئانىغا ئىتائەت قىلىش مۇتلەق ۋاجىپتۇر. ئاتا - ئانا بالىسىنى ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرۈشكە زورلىمىسىلا، باشقا ھەرقانداق بۇيرۇقىغا شەرتسىز بويسۇنۇش لازىمدۇر.

3) ئىسلام، ئەرلەرنىڭ ئاياللارغا ياخشى مۇئامىلە قىلىشىغا، بارلىق شارائىتلارنى يارىتىپ بېرىشكە تەشەببۇس قىلىدۇ. ئايالىنىڭ چىقىمىنى قىلىپ بېرىش، ماددىي

ئېھتىياجىنى قامداش، ھەتتاكى ئايالنى ھۆرمەتلەپ، ئۆي ئىچىدە ھۆرمىتىنى ئاشۇرۇش ئۈچۈن بىۋاستە ئىسمى بىلەن چاقىرماستىن «ئانىسى!» دەپ چاقىرىشقا تەشەببۇس قىلىدۇ. ئىسلام مەجبۇرىي زورلاپ توي قىلىشقا قارشى تۇرىدۇ. نىكاھ ئىشىدا ئوغۇل ـ قىز تاللاش ھوقۇقىدا تامامەن ئەركىنلىككە ئىگە. ئۇلار يەنە ياخشىلىق ۋە نورمال تۇرمۇشتا ھاياتىنى ئۆتكۈزۈشى لازىم. ئەگەر ئۆز ئارا كېلىشەلمەسلىك سەۋەبى بىلەن تۇرمۇش قىيىنلاشسا، ئاخىرقى چارە تالاقتۇر. شۇنداقتىمۇ ئەر مۇلايىم، ئېغىر ـ بېسىق بولۇشى كېرەك. ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ: (قايتا يارىششقا بولىدىغان) تالاق ئىككى قېتىمدۇر، ئۇنىڭدىن كېيىن (خوتۇنىنى) چىرايلىقچە تۇتۇش، ياكى ياخشىلىق بىلەن (يەنى زۇلۇم قىلماي، يامان گېپىنى قىلماي، كىشىلەرنى ئۇنىڭدىن يىراقلاشتۇرماي) قويۇۋېتىش لازىم. [سۈرە بەقەرە ـ229]

4) قوشنىلارغا ياخشى مۇئامىلە قىلىش ئەخلاق ساھەسىدە ئالاھىدە ئورۇننى ئىگەللەيدۇ. ئىنسانلار جەمئىيىتىگە ئەھمىيەت بېرىۋاتقانلارغا بۇنىسى ئېنىق. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام ماڭا قوشنىغا ياخشىلىق قىلىش ھەققىدە داۋاملىق تەۋسىيە قىلىپ كەلدى. ھەتتاكى مەن بىر ـ بىرىگە مىراسخورلۇق ھوقوقىنى بىرەمدىكىن دەپ قالدىم.» بۇنداق دېگەنلىك، قوشنا ئائىلىنىڭ داۋامى دېگەنلىك بولىدۇ. مۇسۇلمانلار قوشنىسى كېسەل بولسا يوقلاش، مۇسىبەت يەتسە تەسەللىي بېرىش، خۇشاللىقىغا قوشۇلۇش، ئۆيلىرىگە چاقىرىپ مېھمان قىلىپ تۇرۇش، ھەدىيە ـ سوۋغاتلارنى بېرىپ تۇرۇشقا تەۋسىيە قىلىنىدۇ. ئەنە شۇ ئالاقىغا ھۆرمەت قىلغاندا ئىسلامىي جەمئىيەتتىكى مەھەللە جامائىتىنىڭ بىر گەۋدە ئىكەنلىكى نامايەن بولىدۇ. بۇ ئېسىل ئۆرنەكنى ئىسلام دۆلەتلىرىدىن بىرىگە ساياھەت قىلغان چەتئەللىك ساياھەتچى مۇلاھىزە قىلالايدۇ.

5) راستچىللىق، ۋەدىگە ۋاپا قىلىش، ئامانەتنى ئىگىسىگە قايتۇرۇش، ھاجىتى چۈشكەنلەرنىڭ ھاجىتىنى راۋا قىلىش، ھېچ بولمىغاندا توغرا مەسلىھەت بېرىش، دوستلارنىڭ ھاجىتىنى راۋا قىلىشقا داۋاملىق تىرىشىش ھەقىقىي دوسلۇقنىڭ بەلگىسىدۇر.

6) ئومۇمىي مۇسۇلمانلارنىڭ بىر ـ بىرى بىلەن مۇئامىلە قىلىش ئۆلچىمى بولسا، تۆۋەندىكى ھەدىس روھى ئاستىدا بولۇشى كېرەك: «مۇسۇلمان شۇنداق بىر كىشىدۇركى، بارلىق مۇسۇلمانلار ئۇنىڭ تىلىدىن، قولىدىن خاتىرجەم بولىدۇ.» [مۇسلىم] يەنى ھەقىقىي مۇسۇلمان قولى ياكى تىلى ئارقىلىق ھېچكىشىگە ئازار بەرمەيدۇ. مۇشۇ كاتېگورىيە ئىچىدە يول ئۈستىدىكى تاش ـ تىكەن، ئەخلەت ـ چاۋاارنى يولدىن ئۆتكەنلەرگە ئازار بولماسلىقى ئۈچۈن ئېلىپ تاشلاش مۇسۇلماننىڭ

ئەخلاقى، بەلكى ئىمانىنىڭ جۈملىسىدىندۇر. ئازار بېرىشتىن ساقلىنىش كۆرۈنۈشتە سەلبى كۆرۈنسىمۇ نۇرغۇن ئىجابىي تەرەپلىرىمۇ بار. مەسىلەن، يولدا كېتىۋاتقانلار ئولتۇرغانلارغا سالام بېرىش، سالام قىلغانلارغا ياخشىراق سالام قايتۇرۇش، باشقىلارنىڭ ئۆيىگە كىرىشتىن بۇرۇن رۇخسەت سوراش، يات ئاياللاردىن كۆزىنى ساقلاش، گەپ تالاشقاندا جېدەللەشمەسلىك، ھېكمەت بىلەن ۋەز ـ نەسىھەت قىلىش، مېھمانغا ھۆرمەت قىلىش، ئاچ قالغانلارغا يېمەك بېرىش ۋە ئۆي ـ ماكانسىز قالغان غېرىپ ـ مۇساپىرلارنى قوندۇرۇپ، مېھمان قىلىشتىن ئىبارەتتۇر.

7) مۇسۇلمانلار جەمئىيەتتە ياشايدىغان غەيرى مۇسۇلمانلارغا كەلسەك، ئۇلار ئاساسەن خرىستىئان ۋە يەھۇدىيلاردىن ئىبارەت بولۇپ، مۇسۇلمانلارغا قانداق ھوقۇق بېرىلسە، ئۇلارغىمۇ شۇنداق ھوقۇق بېرىلدۇ، مۇسۇلمانلار ئۇستىگە يۈكلەنگەن مەجبۇرىيەتلەرمۇ ئوخشاشلا يۈكلىنىدۇ. ئۇلار ھەقىقىي مۇسۇلمانلار تەرىپىدىن ھۆرمەت قىلىنىدۇ، ئىبادەتلىرىنى ئەركىن قىلىدۇ، مەزكۇر دىندىكىلەرنىڭ يېمەك ـ ئىچمەكلىرىنى يېگىلى بولىدۇ، قىزلىرىنى نىكاھلاپ ئېلىشقا بولىدۇ، ئۇلار بىلەن مۇنازىرىلەشكەندە ئەدەپ ـ ئەخلاق بىلەن مۇنازىرىلىشىش كېرەك. ئۇلار بىلەن ئىقتىسادىي مۇئامىلە قىلسا بولىدۇ. (ئەمما مۇشرىك ياكى دىنسىزلارنىڭ يېمەكلىرىنى يېيىش، قىزلىرى بىلەن نىكاھلىنىش توغرا ئەمەس ـ تەرجىماننىڭ ئىزاھاتى) رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇرۇشتا كېيىدىغان ساۋۇت ـ دۇبۇلغىسىنى بىر يەھۇدىيغا گۆرەگە قويغان ھالدا ئالەمدىن ئۆتكەن ئىدى.

8) ئىسلام ئەخلاقى پەقەت ئىنسانلار ئوتتۇرىسىدا مۇئامىلە قىلىش بىلەنلا چەكلىنىپ قالماستىن، ھايۋانلار، تەبىئەت دۇنياسى، ئۆسۈملۈكلەرنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان. قۇرئان كەرىم نەزىرىدە يەر ـ زېمىن ۋەيران قىلىش مەيدانى ئەمەس، بەلكى گۈللەندۈرۈش ۋە تېرىقچىلىق قىلىش ئورنىدۇر. دېڭىز ـ ئوكيانلار ھەربىي مانېۋىر ساھەسى ئەمەس، ئادەم، ماللارنى توشۇيدىغان، ياخشى يېمەكلىكلەرنى چىقىرىدىغان جايدۇر. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇرۇش ھالىتىدىمۇ دەرەخلەرنى غاجاشقا، جىددىي ئېھتىياجدىن باشقا سەۋەبلەر بىلەن كېسىشكە رۇخسەت قىلمىغان. ئىسلام دىنى ھايۋانلارغىمۇ بەك مېھرىبان بولۇپ، كىشىلەرنىڭ ھايۋانلارنى بىر ـ بىرىگە سوقۇشقا سېلىشىنى چەكلىگەن. مەسىلەن، ئىت تالاشتۇرۇش، خوراز سوقۇشتۇرۇش، قوچقار ئۈسۈشتۈرۈشتەك ئىشلار قەتئىي چەكلەنگەن. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىر قۇشقاچنىڭ قانىتىنى لەپىلدىتىپ پەس ئۇچۇپ يۈرگىنىنى كۆرۈپ: «كىم بۇنىڭ بالىسىنى تارتىۋېلىپ قورقۇتتى؟ ئۇنىڭ بالىسىنى قايتۇرۇپ بېرىڭلار!» دېگەن ئىدى.

رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «مەن ئېسىل ئەخلاقلارنى تولۇقلاش ئۈچۈن ئەۋەتىلدىم» دەپ تەكىتلىگەن. (ئىبنى ھەنبەل، مۇۋەتتا مالىك) رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۆزى ھەققىدە: «مېنى رەببىم ياخشى تەربىيىلىدى» دەيدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئايالى (مۆمىنلەرنىڭ ئانىسى) ئائىشە (ئاللاھ رازى بولسۇن!) رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئەخلاقى توغرىسىدا سورالغاندا: «ئەخلاقى قۇرئان ئىدى» دەپ جاۋاب بەرگەن. (ئەبۇ داۋۇد، ئىبنى ھەنبەل) بۇنىڭدىن مەلۇمكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئەمەلىي ھاياتىدا قۇرئان كەرىم تەشەببۇس قىلغان بارلىق ئەدەپ ـ ئەخلاقنى ئۆزىدە مۇكەممەل مۇجەسسەملەشتۈرگەن. بۇنىڭدىن شۇ ھەقىقەت ئوتتۇرىغا چىقىدۇكى، ئىسلام دىنىنىڭ ئەخلاق پرىنسىپلىرى يۈكسەك پەزىلەت، سىمۋول خاراكتېرلىك بولۇشقا قارىماي، ئىنسان ھاياتىدا داۋاملىق ئۆزلەشتۈرۈشكە مۇناسىپ ئىكەنلىكىدە شەك يوق.

يىغىپ ئېيتقاندا، ئىسلام دىنىدا ئەخلاق شەخسنىڭ سۇلۇكىنىڭ ھەممە تەرىپىنى تەشكىل قىلىدۇ، «ئاللاھتىن قورقۇش، تەقۋالىق قىلىش» ئاساسىدىن كېلىپ چىقىدۇ. شۇنى بىلىش كېرەككى، ئاللاھ ئادىل پادىشاھتۇر، ھېچكىمگە تېرىقنىڭ دانىسىچە زۇلۇم قىلمايدۇ، شۇ ئاساستا ئەخلاقىي ھاياتىنىڭ ئۇلى ئىلاھىي چارە ـ تەدبىر بولۇپ، يامان ئىش قىلغانلار مۇۋاپىق جازاغا تارتىلىدۇ. ياخشى ئىش قىلغانلار بولسا، نەچچە ھەسسىلەپ ئارتۇق مۇكاپاتقا ئېرىشىدۇ.

### 359 ـ سوئال: ئەخلاقىي بۇرچىمىز قايسىلار؟

1. دىنىمىزغا قارىتىلغان بۇرچىمىز.
2. ئۆزىمىزگە قارىتىلغان بۇرچىمىز.
3. ئائىلىمىزگە قارىتىلغان بۇرچىمىز.
4. ۋەتەن ۋە خەلقىمىزگە قارىتىلغان بۇرچىمىز.
5. ئىنسانىيەتكە قارىتىلغان بۇ رچىمىز.
6. تەبىئەتكە قارىتىلغان بۇرچىمىز.

### 360 ـ سوئال: دىنىمىزغا قارىتىلغان ئەخلاقىي بۇرچىمىز نىملەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ؟

1 ) ھەر قانداق بىر مۇسۇلماننىڭ دىنىي پرىنسىپلارغا قارىتىلغان بۇرچىنى ئىخچاملىغاندا مۇنداق: دىن مەسىلىرىنى توغرا رەۋىشتە ئۆگىنىش، دىنىنىڭ پۈتۈن بۇيرۇغانلىرى ۋە توسقانلىرىغا رىئايە قىلىپ ئەمەل قىلىش ئارقىلىق ئۈلگىلىك بىر مۇسۇلمان بولۇش.

2 ) ئاللاھقا قارىتىلغان بۇرچىمىز قىسقىچە مۇنداق: ئاللاھ سۆيگۈسىنى، ئۇنىڭ

جازاسىغا ئۇچراپ قېلىش خەۋپىنى قەلبىمىزگە يەرلەشتۈرۈشىمىز، ئۇنىڭ رازىلىقىغا ئېرىشتۈرىدىغان ئىشلارنى قىلىشقا ئالدىراپ، توسقانلىرىدىن يىراق تۇرۇشىمىز، ئۇنىڭ بىزگە ئاتا قىلغان سانسىز نېمەتلىرى ئۈچۈن شۈكۈر ئېيتىپ، ئاللاھنىڭ ياخشى بىر بەندىسى بولۇشقا تىرىشىشىمىزدىن ئىبارەتتۇر.

3) پەيغەمبىرىمىزگە قارىتىلغان بۇرچىمىز قىسقىچە مۇنداق: پەيغەمبىرىمىزنىڭ مۇھەببىتىنى قەلبىمىزگە ئورنىتىش، ئۇنى ئۆزىمىزگە پۈتۈن ئىشلىرىمىزدا رەھبەر قىلىش، دىنىمىزنى ئۇنىڭ چۈشەنگىنىدەك ۋە ئۇ ياشىغانىدەك ياشىتىشقا تىرىشىش، ئۇنىڭ ئەخلاقىنى ئۆزىمىزگە ئۈلگە قىلىش، ئۇنىڭغا دۇرۇت ۋە دۇئالارنى يوللاش ۋە ئۇنىڭ ئەڭ ياخشى ئۈممىتى بولۇشقا تىرىشىشتىن ئىبارەتتۇر.

4 ) قۇرئان كەرىمگە قارىتىلغان بۇرچىمىز قىسقىچە مۇنداق: قۇرئان كەرىمنىڭ ئاللاھنىڭ سۆزى ئىكەنلىكىنى ئېسىمىزدىن چىقارماسلىق بىلەن بىرگە ئۇنىڭغا ئەدەب بىلەن مۇئامىلە قىلىش، ئۇنى ھەمىشە تىلاۋەت قىلىش، ئۇنىڭ مەنىسىنى ئۆگىنىپ، كۆرسەتمىلىرىنى ھاياتىمىزدا ئەمەلىيلەشتۈرۈشتىن ئىبارەتتۇر.

## 361- سۇئال: ئۆزىمىزگە قارىتىلغان ئەخلاقىي بۇرچىمىز نىمىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ؟

ئۆزىمىزگە قارىتىلغان بۇرچىمىز، بەدىنىمىزگە قارىتىلغان بۇرچىمىز ۋە روھىمىزغا قارىتىلغان بۇرچىمىز، دەپ ئىككىگە بۆلۈنىدۇ.

بەدىنىمىزگە قارىتىلغان بۇرچىمىز قىسقىچە مۇنداق: بەدىنىمىزنىڭ بىزگە ئاللاھتىن بىر ئامانەت ئىكەنلىكىنى بىلىش بىلەن بىرگە ئۇنى پاكىز تۇتۇشىمىز، پاك ۋە ھالال نەرسىلەر بىلەن ئوزۇقلاندۇرىشىمىز، ئىبادەتلىرىمىزنى تولۇق ئورۇنلىشىمىز، بەدىنىمىزنىڭ ساقلىقىنى ساقلاشقا ئەھمىيەت بېرىشىمىز، بەدىنىمىزنى پايدىلىق ئىشلارغا ئىشلىتىش ۋە قىيامەت كۈنىدە ھەر بىر ئورگانىنىڭ بىزنىڭ بۇ دۇنيادا قىلغان ياخشى- يامان بارلىق ئىشلىرىمىزغا گۇۋاھ بولىدىغانلىقىنى ئەستىن چىقارماسلىقىمىزدىن ئىبارەتتۇر.

روھىمىزغا قارىتىلغان بۇرچىمىز قىسقىچە مۇنداق: روھىمىزنى ئىسلامىي ئېتىقاد، ياخشى ئەخلاق ۋە گۈزەل ھېس - تۇيغۇلار بىلەن بېزەش بىلەن بىرگە خاتا ئېتىقاد، يامان ئەخلاق ۋە يامان ھېس - تۇيغۇلارنىڭ روھىمىزدا ئورۇن ئېلىشىدىن ساقلىشىمىزدىن ئىبارەتتۇر.

## 362- سۇئال: ئائىلىمىزگە قارىتىلغان ئەخلاقىي بۇرچىمىز قانداق بولىدۇ؟

ئائىلە ئەزالىرىمىزغا قارىتىلغان بۇرچىمىز قىسقىچە مۇنداق: ئائىلە جەمئىيەتنىڭ ئاساسى، ئىنسانلارنىڭ تۈنجى مەكتىپىدۇر. شۇڭا ئائىلىنىڭ مۇقىملىقى ۋە ئائىلە

ئەزالىرىنىڭ بەخت ـ سائادىتى ئۈچۈن غەيرەت كۆرسىتىش تەلەپ قىلىنىدۇ. ئائىلىدىكى ئاتا ـ ئانىغا ۋە باشقا چوڭلارغا ھۆرمەت قىلىش ۋە ئەدەپلىك مۇئامىلە قىلىشىمىز، ئۇلارنى رەنجىتىپ قويۇشقا سەۋەب بولىدىغان ھەر قانداق ئىش ـ ھەرىكەتلەردىن يىراق تۇرۇشىمىز ۋە ئاللاھنىڭ رازىلىقى ئاتىنىڭ رازىلىقىدا، جەننەت ئانىلارنىڭ تاپىنى ئاستىدا ئىكەنلىكىنى ئۇنۇتماسلىقىمىز لازىم. ئەر ئايال ۋە ئائىلىنىڭ باشقا ئەزالىرى ئارىسىدا سۆيگۈ بىلەن ھۆرمەتنى ھەر نەرسىدىن ئۈستۈن تۇتۇشىمىز، ئائىلىنىڭ ئېھتىياجلىرىنى ھالال كەسىپ ۋە توغرا يوللار بىلەن تەمىن ئېتىشىمىز، باللارغا پۈتۈن ئىشلاردا ياخشى ئۈلگە بولۇپ، ئۇلارنى ئىسلامىي گۈزەل ئەخلاق دائىرىسى ئىچىدە ياخشى تەربىيە قىلىشىمىز، باللار ئوتتۇرىسىدا ئايرىمچىلىق قىلماستىن، ھەممىگە ئوخشاش، ياخشى مۇئامىلە قىلىشىمىز لازىم.

### 363- سوئال: ۋەتەن ۋە خەلقىمىزگە قارىتىلغان بۇرچىمىزقانداق بولىدۇ؟

ھەر قانداق خەلقنىڭ ۋەتىنى ئۇنىڭ ئەڭ قىممەتلىك نەرسىسى بولۇپ، پۇل ـ مېلىنى، جېنىنى ۋە قىممەتلىك ھەر نەرسىسىنى پىدا قىلىشقا ئەرزىيدۇ. بىر مۇسۇلماننىڭ ۋەتىنى ۋە خەلقىگە قارىتىلغان ئەڭ ئاددى بۇرچى ۋەتىنى بىلەن خەلقىنى دۈشمەنلىرىنىڭ سۇيقەستلىرىدىن جان تىكىپ قوغدىشى، ۋەتىنىگە ۋە خەلقىگە خىيانەت قىلماسلىقى ۋە بۇ ئىككىسىنى خۇددى ئۆزىنىڭ ئائىلىسىدىكىلىرىنى قوغدىغاندەك قوغدىشىدىن ئىبارەتتۇر.

### 364- سوئال: ئىنسانىيەتكە قارىتىلغان بۇ رچىمىز قانداق بولىدۇ؟

پۈتۈن ئىنسانىيەتكە قارىتىلغان بۇرچىمىز قىسقىچە مۇنداق: دۇنيادىكى بارلىق ئىنسانلار ئادەم ئەلەيھىسسالام بىلەن ھەۋۋا ئانىمىزنىڭ پەرزەنتلىرىدۇر. ئىنسانلار ئىنسانلىق تەرەپتىن ئۆزئار قېرىنداشلاردۇر. شۇڭا ھېچبىر ئىنساننى ۋە ھېچبىر مىللەتنى تۆۋەن كۆرمەسلىك ۋە كەمسىتمەسلىك لازىم. چۈنكى ئىنسانلار ئوتتۇرىسىدىكى تىل، رەڭ، ئىرق پەرقلىرى ئاللاھنىڭ ئاجايىب قۇدرىتىنى كۆرسىتىدىغان ئالامەتلەردىن سانىلىدۇ. بىز ئۆزىمىزنىڭ دىنىي ئېتىقادىمىز ۋە مەدەنىيىتىمىزنى قەدىرلەش بىلەن بىرگە باشقىلار بىلەنمۇ چىقىشىپ ياخشى ئۆتۈشكە تىرىشىشىمىز لازىم. مۇسۇلمان ئادەم پۈتۈن ئىنسانلارغا ئۇلارنىڭ تىل، رەڭ، ئىرق، دىن ۋە ۋەتەنلىرىنىڭ پەرقلىق بولغانلىقىدىن قەتئىينەزەر ياخشى مۇئامىلە قىلىدۇ، چەتكە قاقمايدۇ، كەمسىتمەيدۇ، ئۇلارغا ياردەم قىلىدۇ ۋە ياخشىلىق تىلەيدۇ. ئەمما مۇسۇلمانلارنىڭ دىنىغا زىيانكەشلىك قىلغان ياكى ئۇلارنىڭ دىيارلىرىغا خىرىس قىلماقچى بولغانلارغا جېنىدىن قارشى تۇرىدۇ.

## 365- سۇئال: تەبىئەتكە قارىتىلغان بۇرچىمىز قانداق بولىدۇ؟

ئاللاھ ياراتقان جانلىق –جانسىز ھەر قانداق نەرسىنىڭ بىز ئىنسانلار ئۈچۈن بىۋاستە ياكى ۋاستىلىق ھالدا ئالاھىدە ۋەزىپىسى ۋە پايدىسى بار. بىز مەۋجۇداتلارنىڭ ھەر بىرىنىڭ بىزگە قانچىلىك پايدىلىق ئىكەنلىكىنى ھەر ۋاقىت بىلەلمەسلىكىمىز مۇمكىن. ئەمما ئاللاھ ھېچبىر نەرسىنى بىكارغا ياراتقان ئەمەس. شۇڭا مەۋجۇداتلاردىكى گۈزەللىكلەرنى ۋە يارىتىلىشىدىكى ھىكمەتلەرنى بىلىشكە ۋە پايدىلىنىشقا تىرىشىشىمىز، ئاللاھ ياراتقان مەۋجۇداتلارنىڭ پايدىسىنى كۆرگىنىمىزدە ئاللاھقا شۇكۇر ئادا قىلىشىمىز ۋە ئاللاھ تەبىئەتتە بېكىتكەن تەڭپۇڭلۇقنى بۇزماسلىقىمىز لازىم. تەبىئەت ئاللاھ تائالانىڭ سەنئىتىدۇر. ئاللاھ تائالا تەبىئەتنى ئىنسانىيەتنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن يارىتىپ بەرگەن. ھەر قانداق بىر مۇسۇلماننىڭ تەبىئەتكە قارىتىلغان بۇرچى تەبىئەتتىن يوللۇق ھالدا پايدىلىنىش، ئۇنى بۇلغىنىشتىن، كىرلىنىش ۋە بۇزۇلۇشتىن ئاسراش، ئۇنى سۆيۈش ۋە قوغداشتىن ئىبارەتتۇر.

## 366- سۇئال: گۈزەل ئەخلاقلىق مۇسۇلماننىڭ سۈپىتى

1. ئىسلام دىنىنىڭ ئاساسىي ئەقىدىلىرىگە چىن كۆڭلىدىن ئىشىنىدۇ.
2. ئاللاھ بۇيرىغان ئىبادەتلەرنى ئورۇنلايدۇ.
3. ئىبادەتلەرنى پەقەت ئاللاھ رازىلىقىغا ئېرىشىش ئۈچۈن قىلىدۇ.
4. ئاللاھ مەنئى قىلغان ئىشلاردىن يىراق تۇرىدۇ.
5. ھەركىمگە گۈزەل ئەخلاق دائىرىسىدە مۇئامىلە قىلىدۇ.
6. پەيغەمبىرىمىزنى سۆيىدۇ، ئۇنى ئۆزىگە ئۈلگە قىلىدۇ.
7. قۇرئان كەرىمنى تىلاۋەت قىلىش بىلەن كۆپ مەشغۇل بولىدۇ، ئۇنىڭ مەنىسىنى بىلىشكە تىرىشىدۇ ۋە كۆرسەتمىسى بويىچە ئەمەل قىلىدۇ.
8. ۋۇجۇدىنى پاكىز ۋە ھالال نەرسىلەر بىلەن ئوزۇقلاندۇرىدۇ. يېمەك – ئىچمەكلىرىدە ھارام ۋە زىيانلىق نەرسىلەردىن يىراق تۇرىدۇ.
9. روھىنى گۈزەل تۇيغۇلار بىلەن تولدۇرىدۇ. قەلبىدىن بۇزۇق خىيال ۋە يامان غەرەزلەرگە ئورۇن بەرمەيدۇ.
10. ئاتا –ئانىسىغا ئەڭ ئالىي ئېھتىرام بىلەن ياخشى مۇئامىلە قىلىدۇ، ئۇلارنى رەنجىتىپ قويۇشتىن ھەزەر قىلىدۇ.
11. ئائىلە چوڭلىرىغا، ئۇرۇق تۇغقانلىرىغا، خوشنىلىرىغا ۋە دوستلىرىغا ياخشى مۇئامىلە قىلىدۇ.
12. بالىلىرىغا ۋە جورىسىگە ئەڭ ئېسىل مۇئامىلە قىلىدۇ، ئۇلانىڭ غېمىنى يەيدۇ،

ئۇلارنىڭ سائادىتى ئۈچۈن تىرىشىدۇ، بالىلىرىنىڭ يامان ئادەتلەرگە كۆنۈپ قېلىشىنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ.

13. مۇسۇلمانلارنى ئۆز قېرىنداشلىرىدەك سۆيىدۇ ۋە ئۇلار بىلەن ياخشى ئۆتىدۇ، يېتىملارنىڭ بېشىنى سىلايدۇ، ئاجىزلارغا ياردەم قىلىدۇ.

14. خەلقىنىڭ ۋە ۋەتىنىنىڭ مەنپەئەتىنى ئۆزىنىڭ شەخسىي مەنپەئەتىدىن ئۈستۈن بىلىدۇ.

15. ئۆزىنىڭ ئېتىقادىدا ۋە مەيدانىدا مۇستەھكەم تۇرىدۇ. باشقا دىن ئەھلىگە ۋە ئۇلارنىڭ ئېتىقادلىرىغا ھۆرمەت قىلىدۇ.

16. پۈتۈن ئىنسانىيەتكە ۋە ھەر قانداق بىر جان ئىگىسىگە مېھرى ـ شەپقەتلىك بولىدۇ.

17. تەبىئەتنى ئاسرايدۇ، مۇھىت تازىلىقىغا ئەھمىيەت بېرىدۇ.

18. دۇنيا ۋە ئاخىرەتلىكى ئۈچۈن پايدىلىق بولغان ئىلىملەرنى ئېگەللەشتىن زېرىكمەيدۇ.

19. ھەر ئىشتا راست سۆزلۈك، سەمىمي، ۋاپادار، ۋىجدانلىق ۋە غۇرۇرلۇق بولىدۇ.

20. دۇنيا ۋە ئاخىرەتلىك تەڭپۇڭلۇقنى ساقلايدۇ. ئائىلىسىنىڭ ئېھتىياجلىرىنى قامداش يولىدا ھېچ ئۆلمەيدىغاندەك ئىشلەيدۇ، ئەمما ئاخىرەتلىكى ئۈچۈنمۇ ئەتە ئۆلىدىغاندەك ئىبادەت قىلىدۇ.

**367ـ سوئال: گۈزەل ئەخلاقلىق مۇسۇلمان قىلمايدىغان ئىشلار**

1. ئىسلام ئېتىقادىغا زىت كېلىدىغان پىكىر ـ ئېقىملارنى قوبۇل قىلمايدۇ.

2. ئىسلامدا بۇيرۇلغان ئەمەل ـ ئىبادەتلەرنى تەرك ئەتمەيدۇ، گۇناھ ـ مەسىيەت ئىشلىمەيدۇ.

3. جەمئىيەتتىكى ئەخلاقسىز كىشىلەرگە ئەگەشمەيدۇ، ئۇلارغا نەسىھەت قىلىشنىمۇ ئۇنۇتمايدۇ.

4. يالغان سۆزلىمەيدۇ، ساختىپەزلىك قىلمايدۇ، غەيۋەت قىلمايدۇ، تۆھمەت قىلمايدۇ.

5. ھاراق ئىچمەيدۇ، تاماكا چەكمەيدۇ، ئۆسۈم بىلەن مۇئامىلە قىلمايدۇ، بىراۋنىڭ ھەققىنى يېمەيدۇ.

6. بىراۋغا ئۆچمەنلىك، دۇشمەنلىك، كۆرەلمەسلىك قىلمايدۇ، كىشىلەرنى مەسخىرە قىلمايدۇ.

7. ئاتا ـ ئانىسىنى قاخشاتمايدۇ، ئائىلىسىدىكىلەرگە قاتتىق قول بولمايدۇ.

8. ھورۇن، تىرىكتاب، بېخىل، نامەرد، ئۇياتسىز بولمايدۇ، تۇزكور بولمايدۇ.

9. پۈرسەتپەرەس، ھىيلىگەر، ئالدامچى، ئوتقۇيرۇق، چېقىمچى بولمايدۇ.

10. ۋەتىنىگە، خەلقىگە ۋە قەۋم قېرىنداشلىرىغا خىيانەت قىلمايدۇ.

### 368- سۇئال: ئەخلاقنى ئۆزگەرتىش مۇمكىنمۇ ؟

ئەخلاقنى ئۆزگەرتىش تامامەن مۇمكىن. تەربىيە بىلەن يامان ۋە ناچار ئەخلاقلارنى گۈزەل ۋە ئېسىل ئەخلاقلارغا ئۆزگەرتكىلى بولىدۇ. ئەگەر ئۇنداق بولمىسا تەربىيەنىڭ نېمە ئەھمىيىتى بولسۇن؟ ! خۇددى ئادەمنىڭ بۇۋاق ۋاقتىدىكى ناقىس ۋە يېتەرسىز بەدىنى غىزالىنىش ئارقىلىق ئاستا ئاستا تاكامۇللاشقىنىغا ئوخشاش ئۇنىڭ ئەخلا قىمۇ گۈزەل ئەخلاقلارنى ئۆگىنىش ۋە ئۆزىگە يەرلەشتۈرۈش يولىدا تىرىشىش ئارقىلىق تاكامۇللىشىدۇ.

### 369- سۇئال: يېگانە ئۈلگە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام

پەيغەمبىرىمىز ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلە يھىسسالام بارلىق ياخشى ئىشلاردا، پۈتۈن ئىنسانىيەت ئۈچۈن ئەڭ ياخشى ئۈلگە بولغىنىدەك، گۈزەل ئەخلاق، پەزىلەت، ئالىيجانابلىق قاتارلىقنىڭ ھەممىسىدە ئەڭ ياخشى ئۈلگىدۇر. شۇڭا ئاللاھ تائالا مۇسۇلمانلارنى ھەر ئىشتا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى ئۈلگە قىلىشقا بۇيرۇپ: «سىلەرگە ـ ئاللاھنى، ئاخىرەت كۈنىنى ئۈمىد قىلغان ۋە ئاللاھنى كۆپ ياد ئەتكەنلەرگە رەسۇلۇللاھ ئەڭ ياخشى ئۈلگىدۇر.» دېگەن. مەلۇمكى، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام يەر يۈزىدە ئىنسان ئېھتىياجلىق بولغان پۈتۈن ئىشلاردا، ئۈلگە قىلىپ ئەگىشىشكە ئەرزىيدىغان بىرلا شەخستۇر ! ئۇنداقتا، بىز ئالدى بىلەن مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى تونۇشقا مۇھتاجمىز. چۈنكى ئۆزىنى تونۇماستىن، ئۇنى ئۈلگە قىلغىلى بولمايدۇ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەخلاق پەزىلىتى توغرىسىدا بايان قىلغىنىمىزدا، ئۇنىڭ ھەرگىز بېخىللىق قىلمايدىغان كەڭ قورساق، سېخىي، ھەق ئالدىدا ناھايىتى باتۇر، قىلچە زۇلۇم قىلمايدىغان ئادىل، پۈتۈن ھاياتىدا يالغان ئېيتمايدىغان ئىشەنچىلىك، راستچىل ئىكەنلىكى مەشھۇر. ئاللاھ تائالا مۇسۇلمانلارنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ گۈزەل ئەخلاق ۋە ئېسىل پەزىلەتلىرىگە ئەگىشىشكە ئەمر قىلىپ مۇنداق دېگەن: «سىلەرگە ـ ئاللاھنى، ئاخىرەت كۈنىنى ئۈمىد قىلغان ۋە ئاللاھنى كۆپ ياد ئەتكەنلەرگە ـ رەسۇلۇللاھ ئەلۋەتتە ياخشى ئۈلگىدۇر.» پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەڭ ئېسىل، ئەڭ سېخىي، ئەڭ باتۇر كىشى ئىدى. بىر كېچىسى مەدىنە ئەھلى چۆچۈپ ئويغىنىشتى. كىشىلەر ئاۋاز چىققان تەرەپكە مېڭىپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى قايتىپ كېلىۋاتقان ھالدا ئۇچراتتى. ئۇ بويىنىغا قىلىچ ئېسىپ ئەبى تەلھەنىڭ يالاڭ ئېتىغا مىنىپ ھەممىدىن بۇرۇن بىرىپ ئىشتىن خەۋەر تېپىپ بولغان

ئىدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەسھابلىرى بىلەن دوستتەك ئۆتەتتى، ئۇلاردىن ئۆزىنى ئېلىپ قاچمايتتى، كىشىلەرنىڭ مۆتىۋەرلىرىنى ھۆرمەتلەيتتى، ئۇنى قەۋمىگە رەھبەر قىلاتتى.كىشىلەرنى ئاگاھلاندۇراتتى، ئۇلارنى مۇھاپىزەت قىلاتتى، ساھابىلىرىنىڭ سۈرۈشتىسىنى قىلاتتى. سورۇندىكى ھەر بىر كىشىگە باراۋەر تېگىشلىك ئورۇن بېرەتتى. ھەرقانداق ئادەم كىمنىڭ كىمدىن ھۆرمەتلىك ئىكەنلىكىنى ئالدىراپ بىلەلمەيتتى.

بىرەر ئادەم بىرەر ھاجەت بىلەن كەلسە، ئۇنىڭ يېنىدا ئولتۇرسا ياكى ئۇنىڭ يېنىغا كەلسە ئۇ ھەرگىز بالدۇر كېتىپ قالمايتتى. بىرەر كىشى ھاجىتىنى ئېيتسا ھاجىتىدىن چىقاتتى ياكى چىرايلىق سۆزلەر بىلەن كۆڭلىنى ياسايتتى. ئۇنىڭ ئەخلاقى پەزىلىتى كىشىلەر ئارىسىغا كەڭ تارقالغان. ئۇ كىشىلەرنىڭ ئاتىسىغا ئوخشاش بولۇپ قالغان بولۇپ ئۇلار ئۇنىڭ ئالدىدا ھەق ـ ھوقۇقتا باراۋەر ئىدى. ئۇ داۋاملىق خۇشخۇي، چىقىشقاق، مۇلايىم بولۇپ قوپال، يىرىك، ئېغىزى سەت، ۋارقىراپ ـ جاقىرايدىغان، قارغايدىغان، قارىسىغا ماختايدىغان كىشى ئەمەس ئىدى. ئۇنىڭ بىلەن ھەرقانداق ئادەم كۆرۈشۈپ ئۆز مەقسىتىگە يېتەلەيتتى.

ئۆز ئەسھابلىرى بىلەن چاقچاقلىشاتتى، ئۇلار بىلەن پىكىرلىشەتتى، ئۇلارنىڭ باللىرىنى ئوينىتاتتى، قۇچىقىدا ئولتۇرغۇزاتتى. ئەر كىشى بولسۇن، ئۇل بولسۇن، دېدەك بولسۇن ياكى يوقسۇل بولسۇن چاقىرىقىنى قوبۇل قىلاتتى. كېسەل كىشى مەدىنىنىڭ ئەڭ چېتىدە بولسىمۇ يوقلايتتى. ئۆزرە ئېيتقۇچىنىڭ ئۆزرىسىنى قوبۇل قىلاتتى. ئۇنىڭ ساھابىلىرى ئالدىدا پۇتىنى سۇنغەشتۈرۈپ ئولتۇرغانلىقى ھەرگىز مەلۇم ئەمەس. يېنىغا كىرگەن كىشىلەرنى ھۆرمەتلەيتتى، بەزىدە مېھماننىڭ ئاستىغا كىيىمىنى سېلىپ بېرەتتى، ئۆزىنىڭ ئاستىدىكى ياستۇقنى ئېلىپ بېرەتتى، ئولتۇرغىلى ئۇنىمىسا قەتئىي تۇرىۋالاتتى. ساھابىلىرىغا تەخەللۇس قويىاتتى، ئۇلارنى ھۆرمەتلەپ ئۇلار ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان ئىسىملىرى بىلەن چاقىراتتى، ئادەتتە زۆرۈر بولۇپ قالمىسىلا ھېچكىمنىڭ سۆزىنى ئۈزىۋەتمەيتتى. ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىغا ئۇلارنىڭ دەرىجىسىنى ئايرىماستىن غەمخورلۇق قىلاتتى.

ئۇ ئېشەككە مىنەتتى، كەينىگە ئادەم مىنگەشتۈرۋالاتتى، يوقسۇللارنى يوقلايتتى، كەمبەغەللەر بىلەن ئولتۇراتتى، ساھابىلىرى بىلەن ئارىلىشىپ ئولتۇراتتى، سورۇن ئاخىرلاشقان بولسا ئاخىرىدا ئولتۇراتتى. مەككە پەتھى قىلىنغاندا ئۇ مۇسۇلمانلار قوشۇنى بىلەن بىللە مەككىگە كىردى، ئۇ ئۇلىغى ئۇستىدە ئالالاھ ئۇچۇن كەمتەرلىك قىلىپ بېشىنى ئېگىۋالغان بولۇپ بېشى پۇتىغا تەككىلى تاس قالغان ئىدى. ئۇ كۆپ

سۈكۈت قىلاتتى، زۆرۈر بولمىسا گەپ قىلمايتتى، چىرايلىق گەپ قىلمىغان ئادەمنىڭ گېپىگە قۇلاق سالمايتتى. ئۇنىڭ كۈلكىسى تەبەسسۇم قىلىش ئىدى. سۆزلىرى ئېنىق بولۇپ زىيادە ياكى كەم ئەمەس ئىدى. ساھابىلىرى ئۇنى ھۆرمەتلەپ ۋە ئۇنىڭغا ئەگىشىپ ئۇنىڭ يېنىدا كۈلۈشكە توغرا كەلسە تەبەسسۇم قىلاتتى. ئۇنىڭ سۆزى كەڭ قورساقلىق، ياخشىلىق ۋە ئىشەنچ سۆزى بولۇپ سورۇندا ۋاراڭ ـ چۇرۇڭ يوق ئىدى، ئىززەت ـ ھۆرمەت ساقلىناتتى. ئۇ سۆزلىگەندە سورۇنداشلىرى باشلىرىدا قۇش باردەك جىمجىت ئولتۇراتتى. ئۇ ماڭسا بېرىلىپ ماڭاتتى، مېڭىشىدىن جانلىق، تېتىكلىكى بىلىنىپ تۇراتتى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام خۇشبۇي نەرسىلەرنى ۋە خۇش پۇراقنى ياخشى كۆرەتتى، ھەمدە كۆپ ئىشلىتەتتى. ئۇنىڭغا دۇنيا ئۆز ئايىغى بىلەن كەلگەن، غەلىبە نۇسرەت ئۇنىڭغا قۇچاق ئاچقان. ئۇ دۇنياغا بېرىلىشتىن ئۆزىنى تارتقان. ئۇ ۋاپات بولغاندا تۆمۈر كىيىمى ئائىلىسىنىڭ خىراجىتى ئۈچۈن ئالغان پۇلغا يەھۇدىنىڭ يېنىدا گۆرۈگە قويۇقلۇق ئىدى.

## 370ـ سۇئال: پەيغەمبىرىمىزنىڭ ئەخلاقى قانداق ئىدى؟

پەيغەمبىرىمىزنىڭ ئەخلاقى قۇرئان كەرىم ئىدى. ئۇ ئاللاھنىڭ ئەمرىگە بويسۇنۇشتا، ئىبادەتلەرنى ئورۇنلاشتا، ئاللاھ مەنئى قىلغان ئىشلاردىن يىراق تۇرۇشتا، بارچە ياخشى ئىشلارنى قىلىشتا ئىنسانلارنىڭ ئالدىنقىسى ئىدى. ئۇ گۈزەل ئەخلاق جەھەتتىمۇ پۈتۈن ئىنسانىيەتنىڭ ئالدىغا ئۆتۈپ كەتكەنلىكتىن، ئىنسانىيەتنىڭ ئېپتىخارلىق ئۈلگىسىگە ئايلانغان ئىدى. پەيغەمبىرىمىزنىڭ گۈزەل ئەخلاقى ئۇنىڭ پۈتۈن ھاياتىدىكى بارلىق ئىش ئىزلىرىدا ئىپادىلەنگەن بولۇپ، تۆۋەندىكى ماۋزۇلاردا تېخىمۇ روشەن كۆرگىلى بولىدۇ:

1. ئاللاھقا قارىتا ئەخلاقى. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئاللاھ تائالانى ئەڭ ياخشى تونۇغان، ئۇنى ھەقىقى مەنىدە قەدىرلىگەن ۋە ئۇنىڭغا بولغان بەندىچىلىك بۇرچىنى ۋايىغا يەتكۈزگەن زات ئىدى. ئۇ ئاللاھنى ھەممىدىن بەك ئۇلۇغلايتتى، ھەمىشە ئاللاھنىڭ رەھمىتىدىن ئۈمىدلىنىش ۋە غەزىپىگە ئۇچراشتىن ھەزەر قىلىشتىن ئىبارەت تەڭپۇڭلۇقنى ساقلايتتى. پۈتۈن ھاياتىنى ۋە دۇنيالىقتىكى قىممەتلىك ھەر نەرسىسىنى ئاللاھنىڭ يولىغا ئاتاشتا ئىنسانىيەتكە ئۈلگە ئىدى. ئاللاھتىن كەلگەن خۇشاللىق ئۈچۈن ئۇنىڭغا شۈكۈر قىلاتتى، ئۇنىڭدىن كەلگەن مۇسىبەت ياكى غەم ـ قايغۇ ئۈچۈن ئۇنىڭدىن سەۋر تىلەيتتى. ئاللاھ ئاتا قىلغان قىسمەتكە كۆڭلىدىن رازى بولاتتى. ئىلگىرىكى ۋە كېيىنكى بارلىق گۇناھلىرى مەغپىرەت قىلىنغان تۇرۇپ، كېچىلىرى ئاللاھقا ناماز ئوقۇپ پۇتلىرى ئىششىپ كېتەتتى.

2. ئىنسانىيەتكە قارىتا ئەخلاقى. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام پۈتۈن ئالەملەرگە رەھمەت بولۇپ ئەۋەتىلگەن بولۇپ، ئىمان ئېيتقان ۋە ئېيتمىغان پۈتۈن ئىنسانلارغا رەھىم شەپقەت، كەڭچىلىك، كەچۈرۈم، ئازادلىق ۋە ھۆرلۈكنى دۇنيا تارىخىدا تۇنجى بولۇپ تەشۋىق قىلغان ھەم ئەمەلىيىتى بىلەن تەتبىق قىلغان زاتتۇر. ئۇ پۈتۈن ئىنسانىيەتنى سۆيگەنلىكىدىن ھەمىشە ئۇلارنىڭ ھىدايەت تېپىپ نىجاتلىققا ئېرىشىشىگە تىرىشاتتى ۋە ئۇلارغا ياخشىلىق تىلەيتتى. ئۇنىڭ گۈزەل ئەخلاقىنى دۈشمەنلىرىمۇ بىردەك سۆزلەيتتى.

3. مۇسۇلمانلارغا قارىتا ئەخلاقى. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام مۇسۇلمانلارغا ئەڭ مېھرى ـ شەپقەتلىك، ئەڭ كۆيۈمچان زات ئىدى. قۇرئان كەرىم ئۇنىڭ ئەخلاقىنى ئالاھىدە مەدھىيىلەپ « سەن ھەقىقەتەن گۈزەل ئەخلاققا ئىگىسەن » دېگەن. قۇرئان كەرىم ئۇنىڭ مۇسۇلمانلارغا بولغان گۈزەل ئەخلاقىنى ماختاپ يەنە مۇنداق دەيدۇ: « اللهنىڭ رەھمىتى بىلەن سەن ئۇلارغا مۇلايىم بولدۇڭ؛ ئەگەر قوپال، باغرى قاتتىق بولغان بولساڭ، ئۇلار چۆرەڭدىن تارقاپ كېتەتتى؛ ئۇلارنى ئەپۇ قىل، ئۇلار ئۈچۈن مەغپىرەت تىلىگىن، ئىشتا ئۇلار بىلەن كېڭەشكىن؛ (كېڭەشكەندىن كېيىن) بىر ئىشقا بەل باغلىساڭ، اللهقا تەۋەككۈل قىلغىن. الله ھەقىقەتەن تەۋەككۈل قىلغۇچىلارنى دوست تۇتىدۇ.» [سۈرە ئال ئىمران-159].

4. ئائىلىسىدىكىلەرگە قارىتا ئەخلاقى. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئائىلىسىدىكىلەرگە ئەڭ ياخشى مۇئامىلە قىلىدىغان، ئەڭ ئۈلگىلىك بىر ئەر، ئەڭ شەپقەتلىك بىر ئاتا ۋە ئىنتايىن مەسئۇلىيەتچان بىر ئائىلە باشلىقى ئىدى. ئىمام مۇسلىم رىۋايەت قىلغان ھەدىستە، ئاياللارغا مېھرىبانلىق قىلىشتا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن ئارتۇق بىراۋنى كۆرمىدۇق دېگەنلىكى قەيت قىلىنغان. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: سىلەرنىڭ ياخشىلىرىڭلار خوتۇن بالىلىرىغا ياخشى مۇئامىلە قىلغانلاردۇر. مەن خوتۇن بالىلىرىمغا سىلەرگە قارىغاندا ئەڭ ياخشى مۇئامىلە قىلىمەن. ئەگەر ھەمراھىڭلار ئۆلۈپ كەتسە، ئۇنىڭ يامان گېپىنى قىلماڭلار. (تىرمىزى: 3895)

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام دۆلەتنىڭ رەئىسى، دىن ۋە دۇنيالىق ئىشلارنىڭ رەھبىرى، ئەسكەرلەرنىڭ قوماندىنى، مەسجىدتە مۇسۇلمانلارنىڭ ئىماملىقى قاتارلىق ئېغىر يۈكلەر ۋە مەسئۇلىيەتلەر ئۈستىگە يۈكلەنگەن تۇرۇپ، بۇ ئىشلارنىڭ ھەممىنى جايىدا ۋە تولۇق ئورۇندىغانىنىڭ سىرتىدا، ئائىلىسى ئېھتىياجلىق بولغان سۆيگۈ مۇھەببەت، ئۆي ئىشلىرىدا ئاياللىرىغا ياردەملىشىش، ئۇلارنىڭ خوشاللىقى ۋە دەرتلىرىنى ئاڭلاشقا ۋاقىت ئايرىش ۋە ئۇلارنىڭ كۆڭلىنى ئېلىشتىن ئىبارەت

ئائىلىسىگە مۇناسىۋەتلىك بىرچىنىمۇ ھېچ ئۇنتۇپ قالمايتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئاياللارنىڭ ئىسلام دىنىدىكى قەدىر قىممىتىنى ناھايىتى ياخشى بىلگەن ۋە ئۇلارغا كۆيۈنگەنلىكتىن، ئۆي ئىشلىرىدا ئاياللىرىغا ياردەملىشەتتى، ئۇلارغا ئېغىرلىق سالمايتتى، ئۆزىنىڭ كىيىملىرىنى ئۆزى ياماپ، بەزىدە ئۆزى يۇيۇپ كىيەتتى، يېمەك ئىچمەكلىرىنى كۆپ ھاللاردا ئۆزى تەييارلايتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئايالى ھەزرىتى ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆيدە قىلىدىغان ئىشلىرى توغرۇلۇق سورالغىنىدا « رەسۇلۇللاھ : ئۆيدە باشقا ئىنسانلارغا ئوخشاش بىر ئىنسان ئىدى، ئۆزىنىڭ كىيىمىنى ياماىتتى، ماللىرىنى ساغاتتى، ئۆزىنىڭ ئىشلىرىنى ئۆزى قىلاتتى » دەپ جاۋاب بەرگەن.

5. باللارغا قارىتا ئەخلاقى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەر كىشىگە ئۇنىڭ ئەقلى ۋە سەۋىيىسىگە مۇناسىپ مۇئامىلىدە بولاتتى. باللارنى ۋە ئۇلارنى خوشال قىلىشنى بەكمۇ ياخشى كۆرەتتى. باللارنىڭ قىينىلىپ قېلىشىغا زادى چىداپ تۇرالمايتتى. ھەمىشە يېتىملەرنىڭ بېشىنى سىلايتتى. بەزىدە باللارنىڭ ئەقلىگە ماسلىشىپ ئۇلار بىلەن ئويۇن ئوينايتتى. باللارمۇ بۇ ئۇلگىلىك پەيغەمبەرنى ئۆز ئاتا ــ ئانىسىدىنمۇ بەك سۆيەتتى ۋە ھەمىشە ئۇنىڭ بىلەن بىرگە بولۇشنى تىلەيتتى. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ھەسەن ئىبنى ئەلىنى سۆيۈپ قويدى. ئۇلارنىڭ يېنىدا ئولتۇرغان ئەقرە ئىبنى ھابىس تەمىمي: مېنىڭ ئون بالام بار. ئۇلاردىن ھېچبىرىنى سۆيۈپ باقمىدىم، دېگەنىدى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنىڭغا قاراپ قويۇپ: رەھىم شەپقەت قىلمىغان كىشىگە رەھىم شەپقەت قىلىنمايدۇ، دېدى. (بۇخارى: 5997)

6. دۈشمەنلىرىگە قارىتا ئەخلاقى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام دۈشمەنلىرىگىمۇ ناھايىتى مېھرى شەپقەتلىك زات بولغانلىقتىن، ئۇلار ئىچىدىمۇ چوڭقۇر ھۆرمەتكە ئىگە ئىدى. دۈشمەنلىرى ئۇنىڭ چاقىرغان دىنىنى ئىنكار قىلغان بولسىمۇ، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ گۈزەل ئەخلاقىنى، راستچىللىقىنى ۋە ئىنسانىيەتتە بولۇشقا تېگىشلىك مېھرى ــ شەپقەت، رەھىمدىللىق، ئادالەت ۋە باشقىمۇ بارلىق ئېسىل سۈپەتلەرنىڭ ئۇنىڭدا مۇجەسسەملەنگەنلىكىنى ئىقرار قىلاتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن ئۇنىڭ ساھابىلىرىغا ئىنسان چىداپ تۇرالمايدىغان ئېغىر زۇلۇملارنى سالغان، ئۇلارنى ئەڭ ۋەھشى قىيىن ــ قىستاقلارغا ئالغان، ھەتتا ئۇلارنى ئۆز يۇرتلىرىدىن قوغلاپ چىقارغان، بۇنى ئاز دەپ ئۇلارنىڭ مال ــ مۈلۈكلىرىنى خالىغانچە تالان ــ تاراج قىلغان، ئۆيلىرىنى كۆيدۈرۈپ تاشلىغان قۇرەيش قەبىلىسى باشچىلىقىدىكى مەككىلىك ئەرەبلەر مەككە ئازات بولغان كۈنى بىر تەرەپتىن

مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۇلارنى قانداق ئېغىر جازالارغا تارتىدىغانلىقىنى كۈتسە، يەنە بىر تەرەپتىن مېھرى ـ شەپقىتى ھەممىگە ئومۇم بولغان بۇ ئۇلۇغ زاتنىڭ شەپقىتىگە تەلمۈرۈپ، قاتتىق قورقۇنچ ئىچىدە تۇرۇۋشقاندا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۇلارنى « ! تارقىلىڭلار، ئازات سىلەر » دېگەنلىكى، مەككىنىڭ ئۇرۇش جىنايەتچىلىرىدىن بىرى بولغان، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ۋە ئىسلام دىنىغا قاتتىق ئۆچمەنلىكى بىلەن تونۇلغان ۋە بارچە ئېغىر جىنايەتلەرنىڭ ھەممىنى ئىشلىگەنىنىڭ سىرتىدا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قىزى زەينەب رەزىيەللاھۇ ئەنھانى ئۇرۇپ قۇرسىقىدىكى بوۋىقىنى چۈشۈرۈۋەتكەن ھىبار ئىبنى ئەسۋەد دېگەن ئادەمنى كەچۈرىۋەتكەنلىكى ئىنسانىيەت تارىخىدا مىسلى كۆرۈلمىگەن بىر كەچۈرۈم بولغانلىقتىن، ئەرەبلەر توپ ـ توپ بولۇپ ئۆز ئىختىيارى بىلەن ئىسلام دىنىغا كىرىشكە باشلىغان ۋە ئەرەب يېرىم ئارىلى قىسقا مۇددەت ئىچىدە ئىسلام دىيارىغا ئايلانغان.

7. ئۇرۇش ئەسناسىدىكى ئەخلاقى. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام، مەسىلىنى ئۇرۇشسىز ھەل قىلىشقا تىرىشاتتى. پەقەت ئۇرۇش قىلىشتىن باشقا چارە قالمىغان ياكى دۈشمەنلەر بېسىپ كەلگەن ۋاقىتتىلا ئۇرۇش قىلىشنى قارار قىلاتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەر قېتىم ئۇرۇشقا چىقىشتىن ئاۋۋال ئەسكەرلىرىگە يول يورۇق بېرىپ « سىلەرگە تىغ تەڭلىمىگەنلەرنى، ياشانغانلارنى، ئاياللارنى، بالىلارنى ئۆلتۈرمەڭلار ! زىرائەتلەرنى نابۇت قىلماڭلار، دۈشمەنلەرنىڭ بەدەنلىرىنى پارچىلىماڭلار، ئەسىرلەرنى خورلىماڭلار دەپ جېكىلەيتتى.»

8. ھايۋانلارغا قارىتا ئەخلاقى. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ شەپقىتى ئىنسانلارغىلا ئەمەس، بەلكى ھايۋانلارغىمۇ شامىل ئىدى. نان، سۇ بەرمەستىن باغلاپ قويغانلىقى تۈپەيلى ئۆلگەن بىر مۈشۈك سەۋەبلىك بىر مۆئمىنە ئايالنىڭ دوزىخى بولۇپ كەتكەنلىكىنى، بىر بۇزۇق ئايالنىڭ ئۇسسۇزلۇقتىن تىلىنى چىقىرىپ تەلمۈرۈپ تۇرغان بىر ئىتنى ئۆتۈكىنى سېلىپ، قۇدۇقتىن سۇ ئېلىپ سۇغۇرغانلىقى ئۈچۈن جەننەتى بولۇپ كەتكەنلىكىنى مۇسۇلمانلارغا سۆزلەپ بېرىش ئارقىلىق بارلىق جان ئىگىلىرىگە رەھىم ـ شەپقەت قىلىشنى ئۆگەتكەن زات مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامدۇر. بىر ھايۋاننىڭ ئۆلۈمىگە سەۋەب بولغانلىق تۈپەيلى بىر مۆئمىنە ئايالنىڭ دوزاخقا، يەنە بىر ھايۋاننىڭ جېنىنى قۇتقۇزۇپ قويغان بىر بۇزۇق ئايالنىڭ بۇ ياخشىلىقى ئۈچۈن جەننەتكە لايىق بولغانلىقىدىن ئىبارەت بۇ ئاددىغىنە قىسسە چوڭقۇر مەنىگە ئىگە بولۇپ، بىزگە شەپقەتنىڭ ئاللاھ تائالا دەرگاھىدا قانچىلىك كاتتا ئورنى بار ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بەرگەن. ئۇ ھايۋانلارنى بوغۇزلىغاندىمۇ ئۇلارغا

رەھىم شەپقەت كۆرستىشنى بۇيرىغان ئاللاھ ھەممە نەرسىگە رەھمەتنى پۈتتۈەتكەن. ئەبۇ ئۇمامەدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىمكى قۇشقاچ چاغلىق نەرسە بوغۇزلىسىمۇ، ئۇنىڭغا رەھىم قىلسا، قىيامەت كۈنى الله ئۇنىڭغا رەھىم قىلىدۇ. (ئەلكەبىر 7915)

9. مۇھىت ۋە تەبىئەتكە قارىتا ئەخلاقي. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام مۇھىت تازىلىقىنى ۋە تەبىئەت ساپلىقىنى ساقلاشقا ئەڭ زور ئەھمىيەت بەرگەن زات بولۇپ «پاكىزلىق ــ ئىماننىڭ يېرىمىدۇر. »، دېگەن پرىنسىپنى ئىلان قىلىش ئارقىلىق، ئۆي ئىچىنى، كىيىم- كېچەكلەرنى، يېمەك ــ ئىچمەكلەرنى ۋە بەدەننى پاكىز تۇتۇشقا بۇيرىغان، ناماز ئوقۇش، قۇرئان تىلاۋەت قىلىش، كەبىنى تاۋاب قىلىشقا ئوخشىغان ئىبادەتلەرنى تاھارەتتىن ئىبارەت پاكىزلىق بىلەن ئورۇنلاشقا، كۆپچىلىك توپلىشىدىغان ئورۇنلارغا يۇيۇنۇپ، خۇشبۇيلارنى سۈرتۈپ بېرىشقا ئەمر قىلغان ئىدى. مۇندىن باشقا ھەج ۋە ئۆمرە قىلغۇچىلارنىڭ مەككىنىڭ دەل ــ دەرەخلىرىنى، ئۆسۈملۈكلىرىنى ۋە زىرائەتلىرىنى كېسىشتىن ۋە يۇلۇشتىن مەنئى قىلغانلىقى، ئۇرۇش ئەسناسىدا ئەسكەرلەرنىڭ زىرائەتلەرنى نابۇت قىلماسلىقىنى، دەل دەرەخلەرنى كەسمەسلىكنى ۋە ئوت قويماسلىقنى قاتتىق جېكىلىگەنلىكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تەبىئەتنى قانچىلىك سۆيىدىغانلىقى ۋە ئۇنى ئاسراشقا قانچىلىك ئەھمىيەت بېرىدىغانلىقىنى كۆرستىدۇ.

10. سۆھبەتداشلىرىغا قارىتا ئەخلاقى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆزىنىڭ ئالىي پەزىلىتى ۋە گۈزەل ئەخلاقى بىلەن سۆھبەتداشلىرىنى ئۆزىگە جەلب قىلىۋالاتتى. ئۇنىڭ بىلەن بىر قېتىم سۆھبەتلىشىش پۇرستىگە ئىگە بولغان ئادەم قايتا سۆھبەتلىششنى ئارمان قىلاتتى. قىسقىسى، ئۇنىڭ سۆھبىتىگە تويمايتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىراۋ بىلەن سۆھبەتلەشكەندە، ئۇنىڭ سۆزىنى كەسمەيتتى ۋە بۇنداق قىلىشنى ئەخلاقسىزلىق دەپ بىلەتتى. سۆزلەۋاتقان كىشىدىن ھېچ ۋاقىت يۈزىنى باشقا تەرەپكە چۆرىمەيتتى. ئۇنىڭ سۆزىنى دىققەت بىلەن ئاڭلايتتى. قارشى تەرەپنىڭ ئەدەپسىزلىكىگە ھەرگىزمۇ ئاچچىقلاپ قالمايتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئىنتايىن كىچىك پېئىل ۋە تولىمۇ كەمتەر زات بولۇپ، كىشىلەرنىڭ ئۇنىڭغا ــ باشقا مىللەتلەر كاتتىلىرىغا ئورنىدىن تۇرغاندەك ــ ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشنى ياقتۇرمايتتى. ئولتۇرغاندا ئادەتتىكى كىشىلەردەك قەيەردىن ئورۇن تەگسە شۇ يەردە ئولتۇراتتى. ئاجىزلارنى ۋە كەمبەغەللەرنى خور كۆرمەيتتى، ئۇلارنى ياخشى كۆرەتتى، ئۇلارنىڭ بېشىنى سىلايتتى.

## 371- سۇئال: ئىسلام دىنىنىڭ باللارغا بولغان راسچىللىق تەربىيەسى

ئەۋلادلىرىمىز ئۆزلىرىنىڭ بارلىق گەپ - سۆزلىرى ۋە ئىش - ھەرىكەتلىرىدە

راستچىل بولغان، راستچىللىقنى ئۆزلىرىگە سىڭدۈرگەن ھالەتتە چوڭ بولسۇن ئۈچۈن ئىسلام دىنى بالىلارغا كىچىكىدىن باشلاپلا راستچىللىق تەربىيىسى بېرىشنى تەۋسىيە قىلىدۇ.

## 372- سۇئال: يالغانچىلىقنىڭ ئالامەتلىرى ۋە يامان ئاقىۋەتلىرى

شەرىئەت بەلگىلىگۈچى ئاللاھ، ھېچكىمگە ھەقىقەتتىن ئۆزىنى قاچۇرۇش ياكى ئۇنى بېكىتىشكە سەل قاراشقا يوچۇق قالدۇرماسلىق ئۈچۈن يالغان ئېيتىشنىڭ خەتىرى ۋە ئۇنىڭ يامان ئاقىۋەتلىرىنى بىزگە تولۇق بايان قىلىپ بەرگەن.

1.بەزى كىشىلەر كۆڭۈل ئېچىش ئۈچۈن يالغان خەۋەر يەتكۈزسە ياكى گەپ توقۇسا گۇناھ بولماس دەپ ئويلاپ چاخچاق قىلىپ يالغان ئېيتىدۇ، ھالبۇكى كۆڭۈل ئېچىشنى دۇرۇس قىلغان ئىسلام دىنى كۆڭۈل ئېچىش ئۇسۇللىرىنىڭ ھەقىقەت ۋە ساپ راستچىللىق دائىرىسىدە بولۇشنى تەلەپ قىلىدۇ، چۈنكى پەقەت ھالال ئىشلارنى قىلىش، ھەقىقەتكە بويسۇنۇش، ھارام ۋە ناھەقچىلىكتىن ئۆزىنى تارتىش مۇھىم.

بەھز ئىبنى ھەكىم دادىسى ئارقىلىق بوۋىسىدىن رىۋايەت قىلىدۇكى، ئۇ پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان: كىشىلەرنى كۈلدۈرۈش ئۈچۈن يالغان سۆز قىلغان كىشىنىڭ ھالىغا ۋاي، ئۇنىڭ ھالىغا ۋاي، ھالىغا ۋاي!. (تىرمىزى: 2315)

2.شۇنداق كىشىلەرمۇ باركى، ئۇلار ئەتراپىدىكىلەرنى تېخىمۇ كۈلدۈرۈش ئۈچۈن كۈچىنىڭ بارىچە تىرىشىدۇ، ھەتتا دوستلىرى ياكى دۈشمەنلىرىنىڭ ئېغىزلىرىدا ئېقىپ يۈرگەن، ئۆزىنىڭ ئابرۇيىغا داغ تەككۈزىدىغان، دۈشمەنلىرىنىڭ مەسخىرىسىگە قالىدىغان يالغان - ياۋىداق سۆزلەرنى قىلىشتىنمۇ ئەيمەنمەيدۇ. دىنىمىز بۇ خىل مەسىلەكنى قاتتىق چەكلىگەن. چۈنكى ھەقىقەت شۇكى، يالغان ئېيتىش بىلەن بولغان ئويۇن غەم - قايغۇ ۋە كۆڭۈل ئازارلىقى بىلەن ئاخىرلىشىدۇ.

3.ماختانچاقلىق يالغانچىلىقنىڭ تۈنجى قەدىمى، مۇسۇلمان باشقىلارنى تەرىپلىگەندە پەقەت ئۆزى بىلىدىغان ياخشى تەرەپلىرىنىلا ئوتتۇرىغا قويۇشى، ئارتۇقچىلىقلىرىنى گەۋدىلەندۈرۈشتە چېكىدىن ئاشۇرىۋەتمەسلىكى لازىم، چۈنكى ماختالغۇچىنىڭ لاياقىتى قانچىلىك بولۇشتىن قەتئىنەزەر تەرىپلەشنى چېكىدىن ئاشۇرىۋېتىشنىڭ ئۆزى بىر خىل يالغانچىلىق بولۇپ ھېسابلىنىدىغان خاتا قىلمىشدۇر.

4.نۇرغۇن كىشىلەر باركى، ئۇزۇن قەسىدىلەرنى توقۇپ، پاساھەتلىك نۇتۇقلارنى ئوقۇپ قۇرۇق مەدھىيىلەرنى كاتتىۋاشلارغا يېلىنىدىغان دەسمايە قىلىۋالغان، ئۇلار تەخمىنىسىگە ماختاپ ئۆزلىرى بىلگەنچە جۆيلۈيدىغان بولغاچقا ئۇنىڭ - بۇنىڭدىن ئازغىنا دۇنياغا ئېرىشىش ئۈچۈن كۆپ ھاللاردا زالىم ھاكىملارنى ئادىل دەپ،

قورقۇنچاق دۆتلەرنى باتۇر دەپ ماختاپ قويىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ خىل ساختىپەز، غالچىلارغا تاكى ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ساختىلىقىدىن يانمىغۇچە ئۇلارنى ئارىغا ئالماسلىقنى، رەسۋالىق ۋە مەھرۇملۇق ئىچىدە قالدۇرۇشنى تەۋسىيە قىلغان. ئەبۇ بەكرىدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: بىر ئادەم پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ھۇزۇرىدا يەنە بىر ئادەمنى ماختىغانىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: ئىسىت ساڭا! بۇرادىرىڭنىڭ بويىننى چېپىۋەتتىڭ دېدى ۋە بۇ سۆزنى ئۈچ قېتىم تەكرارلىدى. ئاندىن: بىرىڭلار بىر كىمنى زادى ماختىماقچى بولسا ۋە ھەقىقەتەن ئۇ كىشىدە شۇ خىسلەت تېپىلسا: مەن پالاننى مۇنداق دەپ ئويلايمەن، توغرىسىنى الله بىلگۈچىدۇر. مەن پالاننى مۇنداق ـ مۇنداق دەپ بىلىمەن ۋە الله تائالا ئاقىۋىتىنى خەيرلىك قىلىدۇ دەپ ئويلايمەن، دېسۇن دېدى. (بۇخارى2662)

ئاقىل پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قانداق قىلغاندا يېلىنىش ۋە زىيادە ماختاشتىن خالىي بولۇپ، ماختالغۇچىنى مەغرۇرلۇق ۋە ئۆزىنى چوڭ تۇتۇشتىن ساقلاپ قالغىلى بولىدىغانلىقىنى بىزگە ئۆگەتكەن.

5.سودىگەر مېلىنى چۈشەندۈرۈش، باھاسىنى ئوتتۇرىغا قويۇش قاتارلىقلاردا يالغان ئېيتىشى مۇمكىن، بىزدىكى تىجارەت ئۈچىغا چىققان ئاچكۆزلۈك ئۇستىگە قۇرۇلغان بولۇپ، ساتقۇچى قىممەت سېتىۋېلىشنى كۆزلىسە، سېتىۋالغۇچى ئەرزان ئېلىۋېلىشنى كۆزلەيدۇ، شەخسىيەتچىلىك بازار ۋە مەھەللىلەردىكى ئالماشتۇرۇش ھەرىكەتلىرىگە ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتىدۇ. ئىسلام دىنى بۇ خىل ياۋۇز مۇئامىلە ۋە ئۇنىڭدىكى قۇرۇق گەپ، جەڭگى ـ جېدەللەرنى يامان كۆرگەن.

بىر قىسىم مال سېتىۋالغۇچىلار ساددا، سودا تەجرىبىسى كەمچىل بولغاچقا مال ئىگىسى نېمە دېسە شۇنىڭغا تېزلا ئىشىنىپ كېتىدۇ. ئۇلارنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن ئۇلارنىڭ بۇ ساددىلىقىدىن پايدىلىنىپ ھەسسىلەپ پايدا ئېلىشنى ياكى مالنىڭ ئەيىبىنى يوشۇرۇشنى كۆزلىمەسلىكىمىز لازىم.

## 373ـ سۇئال: قەلبنى ئاداۋەتتىن يىراق قىلىشنىڭ ئۇسۇلى

ئىنساننىڭ قەلبى ئۆچ ـ ئاداۋەتتىن خالىي بولسا، بىرەرسىنىڭ پايدىغا ئېرىشكەنلىكىنى كۆرگەندە كۆڭلى سۆيۈنۈپ ئاللاھنىڭ رەھمەت قىلغانلىقى، پۈتۈن بەندىلەرنىڭ ئۇنىڭغا موھتاج ئىكەنلىكىنى ھېس قىلسا ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ، «ئى ئاللاھ، ماڭا ياكى بەندىلىرىڭدىن بىرەرسىگە بەرگەن نېئمەت پەقەت سەندىندۇر، سېنىڭ شېرىكىڭ يوقتۇر، ھەمدۇسانا ساڭا خاستۇر، ساڭا شۈكرى ئېيتىمەن.» دېگەن سۆزنى ياد ئەتسە، ئاللاھنىڭ بەندىلىرىدىن بىرەرسىگە ئەزىيەت يەتكەنلىكىنى كۆرگەن چېغىدا قايغۇرۇپ ئاللاھنىڭ ئاسان قىلىپ

بېرىشنى، گۇناھلىرىنى مەغپىرەت قىلىشنى تىلىسە بۇنداق مۇسۇلمان، قەلبى پاك، گۇناھسىز، ئاللاھ ۋە ھاياتلىقتىن سۆيۈنگەن ھالدا، قەلبى قارىغۇلارچە ئاداۋەت ساقلاشتىن ئارام تاپقان ھالەتتە ياشىيالايدۇ، شۈبھىسىزكى قەلبىنىڭ ئاداۋەت بىلەن بۇلغىنىشى ئېغىر كېسەللىك بولۇپ، بۇنداق قەلبتىكى ئىمان خۇددى تۆشۈك قاچىدىكى سۇ ئېقىپ تۈرمىغانغا ئوخشاش تېزلا ئېقىپ تۈگەيدۇ!

ئىسلام دىنى قەلبكە ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىدۇ، قارا قەلب ياخشى ئەمەللەرنى بۇزىدۇ، گۈزەللىكى ۋە ساپلىقىنى يوقىتىدۇ، نۇرلۇق قەلب بولسا ئاللاھ ئازراق ياخشى ئىشقىمۇ كۆپ ساۋاب بېرىدۇ، بەرىكەت بېرىدۇ، ھەرقانداق ياخشى ئىشقا نېسىپ قىلىدۇ.

شۇنداق بولغانلىقى ئۈچۈن ئىلگىرىكى مۇسۇلمان جامائە بىر ـ بىرىگە مېھرى ـ شەپقەت قىلىشاتتى، بىر ـ بىرىنى ياخشى كۆرەتتى، بىر ـ بىرىنى دوست تۇتاتتى، ئۆزئارا ياردەملىشەتتى، بىر ـ بىرىگە سىلىق مۇئامىلە قىلىشاتتى، شەخسىيەتچىلىككە ئۇلار ئارىسىدا ئورۇن يوق ئىدى.

## 374 ـ سۇئال: ھەسەدخورلۇقنىڭ زىيىنى

ئىسلام دىنى ھەسەت قىلىشنى ھارام قىلغان. پەيغەمبەرنى ھەسەت قىلغۇچىلارنىڭ يامانلىقىدىن پاناھ تىلەشكە بۇيرىغان. چۈنكى ھەسەتخورلۇق قەلبدە يانغان چوغ بولۇپ، ھەسەت قىلغۇچى ۋە باشقا كىشىلەرگە ئازار بېرىدۇ، باشقىلار ئېرىشكەن نېئمەتنىڭ زاۋاللىقىنى ئۈمىد قىلىدىغان ئادەم جەمئىيەتكە نىسبەتەن چوڭ ئاپەت بولۇپ، ھېچقانداق ئىشنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالمايدۇ. ياخشىلىققا ئېرىشكۈچىلەرنىڭ قاق سەنەم بولۇپ كېتىشىنى ئۈمىد قىلىدىغان ئادەم قاتمۇقات زۇلمەت قاراڭغۇلۇقلار ئارىسىدا ھاياتلىق ھەقىقەتلىرىدىن مەھرۇم قالغان ئادەمدۇر.

بىرىنچىدىن: بۇنداق ئادەم پەقەت بۇ دۇنيا ۋە ئۇنىڭ ماتالىرى بىلەن چەكلىنىپ قالغان شۇنىڭ ئۈچۈن كۆزىدىن ياش ئاقتۇرىدىغان، ئۇنىڭغا ئېرىشكەنلەرگە ئاداۋەت ساقلايدىغان ئادەمدۇر، بۇ ئىككى دۇنيانىڭ ماھىيىتىنى خاتا مۆلچەرلىگەنلىك. بەلكى تەييارلىق قىلىشقا، قولدىن كەتسە قايغۇرۇشقا تېگىشلىك بولغان ئاخىرەت ھاياتىنى ئۇنۇتقانلىق ياكى بىلمىگەنلىكتۇر.

ئىككىنچىدىن: بۇنداق ئادەم ئىرادىسىز تەييارتاپ، پەرۋەردىگارنىڭ دۇنيادىكى قانۇنىيىتىدىن خەۋەرسىز ئادەمدۇر.

## 375 ـ سۇئال: ھەسەد بىلەن ھەۋەسنىڭ پەرقى

ھەسەت قىلىش بىلەن ھەۋەس قىلىش ئوتتۇرىسىدا چوڭ پەرق بار. ھەسەد قىلىشنى يۇقىرىدا سۆزلەپ ئۆتتۇق، ھەۋەس قىلىش دېگىنىمىز، باشقىلار ئېرىشكەن ياخشىلىقتا

ھەۋەس قىلىپ ئۆزىنىڭمۇ ئوخشاش ياخشىلىققا ئېرىشىشىنى ئۈمىد قىلىش دېگەنلىكتۇر.

ئىنتىلىش دېگىنىمىز: ئۆزىنىڭ بۈيۈكلۈككە ئېرىشىشىنى ئۈمىد قىلىش بىلەن بىرگە ئۇنىڭغا تىرىشچانلىق كۆرسىتىش دېگەنلىكتۇر. بۇ سالىھ بەندىلەرگە خاستۇر.

سۇلايمان ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «پەرۋەردىگارىم! ماڭا مەغپىرەت قىلغىن، ماڭا مەندىن كېيىن (مەندىن باشقا) ھېچ ئادەمگە مۇيەسسەر بولمايدىغان پادىشاھلىقنى ئاتا قىلغىن، سەن ھەقىقەتەن كۆپ ئاتا قىلغۇچىدۇرسەن.» [سۈرە ساد 35]

پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: پەقەت ئىككى خىل خىسلەتكە ئىگە كىشىگىلا ھەسەت قىلىشقا (يەنى بۇ خىل خىسلەتنىڭ ئۆزىدىمۇ تېپىلىشىنى ئارزۇ قىلىشقا) بولىدۇ: بىرى، الله مال ئاتا قىلىپ، ئۇنى ھەق يولدا ئىشلىتىشكە مۇيەسسەر قىلغان كىشى؛ يەنە بىرى، الله ئىلىم ئاتا قىلغان، ئۇشبۇ ئىلىم بىلەن توغرا ھۆكۈم چىقارغان ۋە شۇ ئىلىمنى باشقىلارغا ئۆگەتكەن كىشى. (بۇخارى: 1409)

ھەدىستە دېيىلگەن ھەسەت قىلىش نېئمەتنىڭ يوقىلىشىنى ئەمەس بەلكى ئوخشىشىنىڭ بېرىلىشىنى ئۈمىد قىلىشتىن ئىبارەت. مەقسەت شۇكى، ئىنسان ئۇلۇغۋار ئىشلارنى كۆزلەش، ئەرزىمەس ئارزۇلارغا باغلىنىپ قالماسلىقى لازىم، نۇرغۇن ئىشلار باركى ئىنسانغا ھەسرەتتىن باشقا ھېچنەرسە ئېلىپ كېلەلمەيدۇ. بەزىدە ئاللاھ باشقىلارغا ئالاھىدە بولغان ئىقتىدار ئاتا قىلغانلىقى ياكى شۇ ئىقتىدارى بىلەن پايدا ـ مەنپەئەت تاپقانلىقى ئۈچۈن ئۇلارغا ھەسەت قىلىش، ئاداۋەت ساقلاشتەك گۇناھقا ئېلىپ بارىدۇ. بۇ توغرىسىدا ئاللاھ مۇنداق دېگەن: «ئى مۆئمىنلەر! ئاللاھ سىلەردىكى بىر ـ بىرىڭلاردىن ئارتۇق قىلغان نەرسىلەرنى (ھەسەت قىلىش يۈزىسىدىن) ئارزۇ قىلماڭلار، ئەرلەر قىلغان ئەمەللىرىدىن ھەسسىدار بولىدۇ ئاياللارمۇ قىلغان ئەمەللىرىدىن ھەسسىدار بولىدۇ، ئاللاھتىن ئۇنىڭ پەزلىنى تىلىگەنلەرگە (ئاللاھ بېرىدۇ) ئاللاھ ھەقىقەتەن ھەممە نەرسىنى بىلگۈچىدۇر.» [سۈرە نىسا 32]

ئەمما جەمئىيەتتىكى يامان خاھىشلارنى ئىنكار قىلساق، ئۇ ئادالەتنى بېكىتىش بولۇپ ھەسەت قىلىش قاتارىغا كىرمەيدۇ. مەسىلەن: بىراۋنىڭ ئاز ئىشلەپ كۆپ ئالغانلىقى ياكى لاياقىتى بولمىغان بىر ئىشقا تەيىن قىلىنغانلىقىغا غەزەپلەنسەك بۇ غەزەپ يوللۇق غەزەپ بولۇپ، ئومۇمنىڭ مەنپەئەتىنى كۆزلىگەنلىكتۇر. ئۇنىڭ شەخسىي ئاداۋەت بىلەن ئالاقىسى يوق.

ئىسلام دىنى كىشىلەرنى خەلق ۋە ھاياتلىققا ساپ ۋە ئېسىل تۇيغۇلار بىلەن مۇئامىلە

قىلىش ئۈچۈن ئۇلارنىڭ قەلبلىرىدىكى ھەسەتخورلۇق ۋە ئۆچ ـ ئاداۋەتچىلىكنىڭ پەس كىرلىرىنى ھەرۋاقىت تازىلاپ ئۇلارنى ھەرۋاقىت نازارەت قىلىپ تۇرىدۇ. مەسىلەن ھەركۈنى، ھەرھەپتە ۋە ھەرىيىلدا ئىسلام ئەخلاقلىرى بىلەن ئۇلارنىڭ قەلبلىرىدىكى ئاداۋەتنى چىقىرىپ تاشلاپ تېخىمۇ تازا، تېخىمۇ سەزگۈر ھالەتكە كەلتۈرىدۇ.

**376ـ سۇئال: ئىسلامنىڭ سېخىيلىقنى تەشەببۇس قىلىدىغانلىقى**

ئىسلام دىنى كەڭ قوللۇق ۋە سېخىيلىقنى يولغا قويىدۇ، پىخسىقلىق ۋە بېخىللىققا قارشى تۇرىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن مۇسۇلمان ئەۋلادلارنىڭ سېخىي، قولى ئوچۇق بولۇشىنى تەشەببۇس قىلىدۇ، خەيرى ـ ئېھسان قىلىشقا ئالدىرىشىنى، كىشىلەرگە ياخشىلىق يەتكۈزۈشنى ئۆزىنىڭ دائىملىق ئىشى قىلىشنى، ئۇنى قىلىشنى ئەتىگەن، كەچلىرى تەرك ئەتمەسلىكنى تەۋسىيە قىلىدۇ.

**377ـ سۇئال: ئىسلامنىڭ كىيىم كېچەك جەھەتتىكى مۆتىدىللىك تەلىپى**

ئىسلام دىنى كىيىم كىيىشتە مۆتىدىل بولۇشنى تەۋسىيە قىلىدۇ، باشقىلارغا كۆز ـ كۆز قىلىپ ئۆزىنى كۆرسىتىش، كىيىمى بىلەن تەكەببۇرلۇق قىلىشنى يامان كۆرىدۇ. تەقى ـ تۇرقىنىڭ چىرايلىق بولۇشنى ئەرلىكنىڭ ياكى گۈزەل ئەخلاقنىڭ ئاساسى دەپ ھېسابلىمايدۇ. چۈنكى نۇرغۇن كىشىلەر باركى كىيىمى بىر تىيىنغا يارىمايدۇ، ئەمما قەلبىنى پاتمانلاپ ئالتۇن كۈمۈش بىرىپمۇ سېتىۋالغىلى بولمايدۇ.

ياشلارنىڭ تۈرلۈك پاسوندىكى كىيىم ـ كېچەكلەرنى كىيىپ كىشىلەرنىڭ نەزىرىنى ئۆزىگە تارتىشى ئۈچۈن كىشىلەر ئارىسىدا جىسمىنى كىيىم ـ كېچەك كۆرگەزمىسىگە ئايلاندۇرۇپ قويىشى تولىمۇ ئەخمىقانىلىقتۇر. ئىسلام دىنى بۇنداق تەنتەكلىكنى چەكلىگەن، مۇسۇلمانلارنى ئۇنىڭدىن نەپرەتلەندۇرگەن. شۈبھىسىزكى، زۆرۈر ئېھتىياجلىق نەرسىلەر بىلەن كۇپايىلىنىپ ئېھتىياجىدىن ئاشقان نەرسىلەرگە كۆز سالماسلىق ئەخلاقى ـ پەزىلەتتە كامالەتكە يەتكەننىڭ ئالامەتلىرىدىندۇر.

ئىسلام دىنى ئۇممەتنىڭ ئۇيۇشچانلىقىنى، مەۋجۇتلۇقىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن شەخس ۋە كۆپچىلىكنىڭ تۇرمۇشىدىن راھەتپەرەسلىكنىڭ يىلتىزلىرىنى قومۇرۇپ تاشلاشنى مەقسەت قىلىدۇ، ئىسلام ئۇممىتى پۈتۈن ھاياتىنى ئاللاھقا بېغىشلاپ ھەقىقەتنى بۇيۇكلۇككە ئېرىشتۇرۇش ۋە ئۇنى قوغداش ئۈچۈن كۈچ چىقىرىش، دۇنيانىڭ ئەرزىمەس ھوزۇر ـ ھالاۋەتلىرى بىلەن ئالدانماسلىقلىرى كېرەك. تۈرلۈك ھوزۇر ـ ھالاۋەتلەرگە بېرىلىش، ھارام ئىشلاردىن يانماسلىق شەرىئەت ئەھكاملىرىنى ئىجرا قىلىشتىن ۋە تىرىشچانلىق كۆرسىتىشتىن قاچقانلىق ئىنسان شەرىپىنى يوقاتقانلىق بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. قانداق بىر خەلقتە بۇ ئىللەت تېپىلىدىكەن ھالاك بولىدۇ. ئوتتۇرا ھاللىق بۇيۇكلۈك جەۋھىرىدۇر. بۇ يەردىكى ئوتتۇرا ھاللىق دېگىنىمىز

تۇرمۇشقا ئىگە بولغاندىن كېيىن ئۇنى بۈيۈك مەقسەتكە يېتىش ئۈچۈن ئىشلىتىش كېرەك دېگەندىن ئىبارەت. ئەگەر سىز تۇرمۇشقا ئىگە بولغاندىن كېيىن سىز ھاياتلىق قۇلغا ئايلىنىپ قېلىپ، تۇرمۇش سىزنى پەس يوللارغا باشلىسا، سىزنى ئاخىرىدا ھەقىقي ھاياتلىقتىن مەھرۇم قويسا بۇ ھەرگىزمۇ مۆتىدىللىك، ئوتتۇراھاللىق بولمايدۇ.

## 378 ـ سوئال: ئىسلامنىڭ ساغلاملىقتا بولغان تەلىپى

ئىسلام دىنىنىڭ پاكلىق ۋە ساغلاملىقتا كۆڭۈل بۆلىشى پۈتۈن مۇسۇلمانلارنىڭ ماددىي ۋە ئەخلاقى جەھەتلەردە قۇدرەت تېپىشىغا كۆڭۈل بۆلىشىنىڭ بىر قىسمىدۇر. ماغدۇرسىز تەنلەر يۈك كۆتۈرەلمەيدىغان، ئاجىز قوللار ياخشىلىق تەقدىم ئېتەلمەيدىغان بولغاچقا ئىسلام دىنى ئېتىقادچىلىرىنىڭ تومۇرلىرىدا ئاققان قانىنىڭ ساپ بولۇشىنى، ئۇلارنىڭ جۇشقۇن، تېتىك بولۇشىنى تەلەپ قىلىدۇ.

1. تەنىنىڭ ساغلام بولۇشى تەپەككۇرنىڭ دۇرۇس بولۇشى، بەلكى ئىنسانىنىڭ ھاياتلىقتا ماسلىششىغا چوڭ تەسىر كۆرسىتىدۇ. ئىسلام دىنىنىڭ ئۇلۇغۋار غايىسى ھارغىن، چۈشكۈن، ئاجىز خەلق ئىچىدە روناق تاپالمايدۇ. شۇ ۋەجىدىن ئىسلام دىنى كېسەللىك بىلەن قاتتىق كۈرەش قىلدى، كېسەللىك جاراسىملىرىنىڭ تارقىلىشى بىلەن زەئىپلىك، سۇسلۇق، شۇملۇق ئەۋج ئېلىپ خەلقنىڭ مادارى كېتىپ قالماسلىق ئۈچۈن كۆپلىگەن ئالدىنى ئېلىش تەدبىرلىرىنى ئوتتۇرىغا قويدى. ئىسلام دىنى ئىزچىل تازىلىق مىزانلىرى، مۇسۇلمان رىئايە قىلىشقا تېگىشلىك رەتلىك تۇرمۇش قائىدىلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ كېسەللىكلەردىن ساقلىنىشقا شارائىت يارىتىپ بەردى. مەسىلەن: مۇسۇلمان تاڭ ئېتىش بىلەن تەڭ ئورنىدىن تۇرىدۇ، تولۇق ئۇخلاشقا كاپالەتلىك قىلىدۇ، شەھۋەتپەرەسلىكتىن ئۆزىنى تارتىدۇ، يېمەك ـ ئىچمەكنى نورمال ئىستىمال قىلىدۇ، تۇرمۇش ۋە كۈندىلىك ھەرىكەتتە پاك ـ دىيانەتلىك بولىدۇ، كۈندە بەش ۋاخ ناماز ئوقۇش، يىلدا بىر ئاي روزا تۇتۇش بىلەن جۇشقۇنلۇقنى يېڭىلاپ تۇرىدۇ.

2. شۇنى ئېسىڭىزدىن چىقارماڭكى، گۇناھ ـ مەئسىيەتتىن يىراق تۇرۇش يامان كېسەللىكلەردىن ساقلايدىغان مۇستەھكەم قورغاندۇر. كېسەل بولسا داۋالاپ ساقايتىش كېرەك، ئىسلام دىنى كىشىلەرگە يولۇققان ئاغرىقلارنى ئۈنۈملۈك دورىلار بىلەن ساقايتىشنى تەۋسىيە قىلىدۇ.

3. ئىسلام دىنى ھەرخىل خۇراپىي ئىشلاردىن شىپالىق ئىزدەشنى ھارام قىلدى. ھەرئىلىمنىڭ ئەھلى بولۇپ ئۇلارنىڭ گېپىگە قۇلاق سېلىش زۆرۈر بولسىمۇ، ئەمما مۇسۇلمان چامى يەتمەيدىغان ئىشلارغا زورۇقۇۋاتقان جادۇگەرلەرنى ئىزدىمەسلىكى، ئۇلارنىڭ ئىدىيەلىرىگە ئىشەنمەسلىكى كېرەك.

4. ئىسلام دىنى يولغا قويغان كېسەللىكنىڭ ئالدىنى ئېلىش تەدبىرلىرىنىڭ يەنە بىرى سۇ، كوچا ـ كويىلار ۋە سورۇنلارنىڭ بۇلغىنىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن چوڭ ـ كىچىك تەرەتنى ئادەم بارمايدىغان يىراق جايلارغا بېرىپ ئادا قىلىش، هايۋانات چىقىرىندىلىرىنى ياخشى بىر تەرەپ قىلىشتىن ئىبارەت. ئەگەر مۇسۇلمانلار بۇ خىل ئۈلۈغ ئەدەب ـ ئەخلاققا رىئايە قىلغان بولسا كۈچ ـ قۇۋۋىتىگە تەهدىت سېلىۋاتقان، ئۆي ـ ماكانلىرىنى ۋەيران قىلىۋاتقان، چوڭ مۇشكىلات ئېلىپ كېلىۋاتقان كېسەللىك كۆلەڭگۈلىرىدىن ئەلۋەتتە قۇتۇلۇپ قالغان بولاتتى.

پەيغەمبەر سەللەللاهۇ ئەلەيهى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مەلئۇنلۇققا ئېلىپ بارىدىغان ئۈچ ئىشتىن ساقلىنىڭلار، ئۇلار بولسا: سۇ ئاقىدىغان يەرلەرگە، يولنىڭ ئوتتۇرىسىغا ۋە كىشىلەر سايىدايدىغان ئورۇنلارغا چوڭ ـ كىچىك تەرەت قىلىشتۇر. (ئەبۇ داۋۇد: 26)

5. ئىسلام دىنى يەنە سەهىيە ئالدىنى ئېلىش مىزانلىرىنىمۇ بەلگىلەپ بەردى، يۇقۇملىنىش ۋە تارقاپ كېتىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن يۇقۇملۇق كېسەللىك تارقالغان شەهەرلەردىكى خەلقلەرنىڭ شەهەر سىرتىغا چىقىشى، ۋە باشقىلارنىڭ ئۇ شەهەرگە كىرىشىنى چەكلىدى.

### 379ـ سۇئال: ئىسلامنىڭ ئەخلاقى ـهايالىق بولۇشتۇر

هايالىق بولۇش ئىنسان تەبىئىتىنىڭ ماهىيىتىنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان توغرا مىزاندۇر. ئۇ بىزگە شۇ كىشىنىڭ ئىمانىنىڭ قىممىتى ۋە ئەدەب ـ ئەخلاقىنىڭ قانچىلىك دەرىجىدە ئىكەنلىكىنى يورۇتۇپ بېرىدۇ، سىز بىر ئادەمنىڭ تېگىشلىك بولمىغان هەرىكەتتىن ئۆزىنى تارتىۋاتقانلىقى ياكى تېگىشلىك بولمىغان ئىشنى قىلىپ قويغان ۋاقتتا چىرايىنىڭ قىزىرىپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ ئۇنىڭ قەلبىنىڭ ئويغاق، ئەسلىنىڭ پاك، تەبىئىتىنىڭ تازا ئىكەنلىكىنى بىلىۋالالايسىز، ئوخشاشلا بىرەرسىنىڭ پەس، گۇناه ئىشلارنى هايا قىلماستىن قىلىپ يۈرگەنلىكىنى، ئالغان ـ قويغىنىنىڭ قانداق ئىكەنلىكىگە پەرۋا قىلمايۋاتقانلىقىنى كۆرگەن ۋاقتىڭىزدا ئۇنىڭ قولىدىن ياخشى ئىش كەلمەيدىغان كۆڭلى قارا، يۈزى قېلىن ئادەم ئىكەنلىكىنى بىلىۋالالايسىز. ئىسلام دىنى پەرزەنتلىرىنى هايالىق بولۇشقا ئۈندىگەن. ئۇنى ئىسلامنى گەۋدىلەندۈرۈپ بېرىدىغان ئەڭ بۈيۈك ئەخلاق قىلىپ بەلگىلىگەن. پەيغەمبەر سەللاللاهۇ ئەلەيهى ۋەسەللەم هەر بىر دىنىنىڭ ئالاهىدە بىر ئەخلاقى بولىدۇ. ئىسلامنىڭ ئەخلاقى بولسا هايادۇر، دىگەن.(مالىك: 1610)

### 380ـ سۇئال: هايانىڭ مەزمۇن تەلەپلىرى

1.هايا هەممە ئىشقا يارىشىدۇ، مۇسۇلمان گەپ قىلغان ۋاقتىدا سەت گەپ

قىلماسلىقى، ئەيىب قويماسلىقى، باشقىلارنىڭ سىرىنى ئېچىشتىن خىجىل بولۇشى لازىم، كىمكى سورۇن تاللىماي، مەنسىگە قارىماي سەت گەپلەرنى قىلىۋەرسە چوقۇمكى ئەدەبسىزلىك قىلغان بولىدۇ. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھايا ئىماندىندۇر، ئىمان ئەھلى جەننەتتە بولىدۇ. ئاغزى بېزەپلىك قوپاللىقتۇر، قوپاللار دوزاختا بولىدۇ. (تىرمىزى: 2009)

2. ئاممىۋى سورۇنلاردا گەپنى ئاز، لايىقىدا سۆزلەشمۇ ھايانىڭ جۈملىسىدىندۇر. چۈنكى بەزى كىشىلەر سورۇندا بىكار تۇرماي ئېغىز - پەس سۆزلەپ ئاڭلىغۇچىلارنى زېرىكتۈرۈپ قويىدۇ، ئىسلام دىنى بۇ خىل كىشىلەرنى يامان كۆرگەن. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھايا ۋە كەمسۆزلۈك ئىماننىڭ ئىككى تارمىقى، ئاغزى بېزەپلىك ۋە ۋات - ۋاتلىق مۇناپىقلىقنىڭ ئىككى تارمىقىدۇر. (تىرمىزى: 2027)

3. ئىنساننىڭ ئۆزىنىڭ قىلغان گۇناھىنى باشقىلارنىڭ بىلىپ قېلىشىدىن خىجىل بولۇشى، ئابرۇيىنىڭ يامان سۆزلەردىن پاك بولۇشىنى ئۈمىد قىلىشى ھايانىڭ قاتارىدىندۇر، چۈنكى ئەيىبىنى كىشىلەر بىلمەيدىغان ئادەم توغرىسىدا غەيۋەت قىلىش ھارام، چۈنكى باشقىلار ھەرقانچە غەيۋىتىنى قىلسىمۇ ئۆزىنىڭ يامانلىقىنى ئۆزى ئاشكارىلىغاندەك ئاشكارىيالماسلىقى مۇمكىن، شۇنىڭ ئۈچۈن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام گۇناھ مەئسىيەتنىڭ كىرلىرى بىلەن بۇلغانغان ئادەملەرنىڭ كىشىلەرنىڭ كۆز ئالدىدىن يىراق يۈرۈشىنى بۇيرىغان، بەزى ساھابىلەر ئۇنىڭ مەسچىتنىڭ بىر تەرىپىدە ئايالى بىلەن تۇرغانلىقىنى كۆرگەن ۋاقتىدا، ئۇلارنى توختىتىپ ئۆزىنىڭ يات ئايال بىلەن ئەمەس، بەلكى ئۆز ئايالى بىلەن بىرگە تۇرىۋاتقانلىقىنى ئۇقتۇرۇپ قويغان.

4. قىلغان ئىشلىرىنى باشقىلارغا ئاڭلىتىشنى ئۈمىد قىلىدىغان ئادەم بىلەن كىشىلەرنىڭ ئۆزىنى يامان گۇمان قىلىشىنى چەكلەيدىغان ئادەمنىڭ ئوتتۇرىسىدا پەرق بار، مۇسۇلماننىڭ ئۆزىنى باشقىلارغا ياخشى كۆرسىتىشى ھەرگىز يامان ئىشنى يوشۇرۇپ ياخشى ئىشنى ئاشكارا قىلىش بىلەن ئىككى يۈزلىمىلىك قىلغانلىقى ئەمەس، ھەرگىز ئۇنداق ئەمەس، بەلكى مەقسەت قەبىھ ئىشلارنى ئاشكارىلىماسلىق، ئۇنى ئاشكارا قىلىشتىن ھايا قىلىشتىن ئىبارەت، چۈنكى رەزىل ئىشلارنى ئاشكارا قىلىشتىن خىجىل بولغان ئادەمدە مەلۇم ياخشىلىق ساقلىنىپ قالغان بولىدۇ. ئېسىل ئىشلارنى ئاشكارا قىلىشنى ئۈمىد قىلغان ئادەمدە مەلۇم دەرىجىدە يامانلىق ساقلىنىپ قالغان بولىدۇ، ھالبۇكى ئىنسان خۇددى باشقىلاردىن خىجىل بولغىنىدەك ئۆزىدىنمۇ خىجىل بولۇشى لازىم، ئۆزىنىڭ قەدرى قىممىتى يامانلىقتىن ھايا قىلىشقا ئەرزىمەيدۇ

دەپ ئويلىمىسلا، خۇددى باشقىلار ئۆزىنىڭ بىرەر يامان ئىش قىلغانلىقىنى كۆرۈپ قېلىشىنى خالىمىغىنىدەك ئۆزىنىمۇ بۇنداق يامان ئىشنى قىلغان ھالەتتە كۆرۈشنى خالىماسلىقى كېرەك. ھېكمەتتە مۇنداق دېيىلىدۇ: «كىمكى ئاشكارىلىنىپ قالسا خىجىل بولىدىغان بىرەر ئىشنى يوشۇرۇپ قىلغان بولسا بۇنداق ئادەم ئۆزىنى قەدىرلىمىگەن بولىدۇ. »

5. ھايا ياخشىلىق ئېلىپ كەلگۈچىدۇر، ئۇ ھەر ئىشنىڭ ياخشى بولۇشىنىڭ ئاساسىدۇر. ئەگەر ھايانى ئوبرازلاشتۇرغىلى بولغان بولسا چوقۇم ياخشىلىنىش ۋە ياخشىلاشنىڭ ئوبرازى بولغان بولاتتى.

6. ھەركىشىنىڭ تېگىشلىك ھۆرمىتىنى ساقلاش، قەدرىنى بىلىش ھايانىڭ قاتارىدىندۇر، مەسىلەن ھەربىر ياش ئۆزىنى ھۆرمەتلەيدىغان كىشىلەرنى ھۆرمەتلىشى، ئوقۇغۇچى ئۆزىنىڭ ئوقۇتقۇچى ـ ئۇستازلىرىنى ھۆرمەتلىشى، ئۇلارنىڭ ئالدىدا ئۇنلۇك گەپ قىلماسلىقى، ئالدىدا قەدەم باسماسلىقى لازىم.

7. ھايا قىلىش قورقۇنچاقلىق ئەمەس، چۈنكى خىجىلچان ئادەم بەزىدە ئابرۇيىنى تۆكۈشتىن قېنىنى تۆكۈشنى ئەۋزەل كۆرىدۇ، مانا بۇ باتۇرلۇقنىڭ ئەڭ يۇقىرى پەللىسىدۇر. بەزىدە ھايا بىلەن بىرلىكتە قورقۇشمۇ بولىدۇ، ئەمما بۇ پەزىلەتلىك ئادەمنىڭ ئېسىل ئەخلاقلىرى، ئۆزگىچە ئالاھىدىلىكلىرىنىڭ ناچار ۋەزىيەت ئاستىدا گۈزەللىكى ۋە قىممىتىنى يوقىتىپ قويۇشىدىن قورقۇشىدۇر. بۇ خىل قورقۇش جۈرئەتلىكلىك بىلەن تەڭ ئورۇندا ماختاشقا تېگىشلىك.

### 381ـ سۇئال: ئاللاھ ئۈچۈن ياخشى كۆرۈش، ئاللاھ ئۈچۈن يامان كۆرۈشنىڭ مەنىسى

ئاللاھ ئۈچۈن ياخشى كۆرۈش، ئاللاھ ئۈچۈن دوست تۇتۇش ئىشى ھەممە ئادەمگە نېسىپ بولىۋەرمەيدۇ، ئىنسان دەسلەپتە پەرۋەردىگارىنى ھەقىقىي يوسۇندا تونۇشى، ئاندىن كېيىن بۇ تونۇش تېخىمۇ كۈچىيىپ ئاللاھتىن باشقا ھەممە نەرسىنى قۇربان قىلالايدىغان دەرىجىگە يېتىش، ئاندىن كېيىن ئاللاھنىڭ زاتىنى ياخشى كۆرۈپ، ئاللاھ ئۈچۈن ئىشلەشنى ئەۋزەل بىلىدىغان دەرىجىگە يېتىش كېرەك. ئەنە شۇ چاغدا ئاللاھ ئۈچۈن ياخشى كۆرۈش، ئاللاھ ئۈچۈن يامان كۆرۈش مۇقامىغا يېتەلەيدۇ.

ئاللاھ ئۈچۈن ياخشى كۆرۈش ئىماننىڭ ئەڭ يۇقىرى دەرىجىسى بولغانلىقى، ئۇنىڭ مېۋىسى پەقەت ئىخلاسمەنلىك ھارارىتى بىلەن تاۋلانغان كىشىلەردىلا ئاشكارا بولىدىغانلىقى ئۈچۈن بۇ خىل ياخشى كۆرۈشنىڭ تېشىشى ئالىي مۇكاپاتلىنىشقا تېگىشلىك ساپ ۋە مۇكەممەللىكنىڭ ئالامىتى ھېسابلىنىدۇ.

## 382ـ سۇئال: دوستلۇقنىڭ شەرتلىرى

1.دوست دوستىغا چوڭ تەسىر كۆرسىتىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن ھەربىر ئادەم دوست بولۇشماقچى بولغان كىشىلەرنىڭ ئەسلى ـ ۋەسلىنى ئوبدان تەكشۈرۈپ كۆرۈپ خاتىرجەم بولغاندىن كېيىن دوستلىششى كېرەك. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىشى دوستىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرايدۇ، شۇڭا كىم بىلەن دوست بولۇشقا دىققەت قىلىڭلار. (تىرمىزى: 2378)

2. دوستلاشقان كىشىلەر مەجبۇرىيەتنى ئادا قىلىشى ھەق ـ ھوقۇقىنى ساقلاشقا ياردەم بېرىپ يامانلىق ۋە ھارام يوللاردىن چەكلەيدىغان ئادەملەر بولسا ئۇلارنىڭ قوللىرىنى چىڭ تۇتۇپ دوستلىقنى ساقلاش كېرەك. شۈبھىسىزكى، ئۇلۇغ دوست دوستىنى دۇنيادا مۇۋەپپەقىيەتكە، ئاخىرەتتە نىجاتلىققا باشلايدۇ. ئالدانغان ئەقىلسىز دوست دوستىغا پەقەت شۇملۇق ئېلىپ كېلىدۇ. نۇرغۇن كىشىلەر ئەنە شۇنداق يامان دوست تۈپەيلى ئاخىرى ئېغىر پۇشايمان تارتقان ۋە ھالاك بولغان، ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ: «شۇ كۈنى زالىم (يەنى كاپىر) ئىككى قولىنى چىشلەپ: ‹ئىسىت! پەيغەمبەر بىلەن (نىجاتلىق) يولىنى تۇتسامچۇ، ئىسىت! پالانىنى دوست تۇتمىغان بولسامچۇ؟ قۇرئان ماڭا يەتكەندىن كېيىن، ئۇ (يەنى پالانى) مېنى قۇرئاندىن، شەك ـ شۈبھىسىزكى ئازدۇردى› دەيدۇ، شەيتان ئىنساننى ‹ئازدۇرۇپ بولۇپ› تاشلىۋېتىدۇ.» [ سۈرە پۇرقان 27ـ29]

خاراكتېر، خاراكتېرنى قوبۇل قىلىدۇ، ئىنسان ھەمراھى ماڭغان يولغا تېزلا ماڭىدۇ، خۇددى يۇقۇملۇق كېسەل تەنگە يۇقىانغا ئوخشاش ئەخلاق خاراكتېرىگە يۇقىدۇ، سورۇندىكىلەرنىڭ كۆتۈرەڭگۈ روھى سورۇننى باشقۇرغۇچىنىڭ كۆتۈرەڭگۈ روھىدىن كېلىدۇ.

3. دوستلۇق كۈچلۈك ئەقىدە ۋە ياخشى ئەمەللەر ئاساسىدا بارلىققا كەلگەن بولۇشى كېرەك، تۆۋەندىكى ھېكمەتتە ئېيتىلغان كىشىلەرلا مۇناسىۋەتنى ياخشى داۋاملاشتۇرالايدۇ، دۇنيا ۋە ئاخىرەتكە بولغان مايىللىقنى تەڭشىيەلەيدۇ: كىشىلەرگە مۇئامىلە قىلغاندا زۇلۇم قىلمىغان، گەپ قىلغاندا يالغان ئېيتمىغان، ۋەدە قىلغاندا خىلاپلىق قىلمىغان ئادەم ئادىمگەرچىلىكى كامالەتكە يەتكەن، ئادىللىقى ئايان بولغان، قېرىنداش بولۇشقا تېگىشلىك بولغان كىشىلەر قاتارىدىندۇر.

4. ئاللاھ رازىلىقى ئۈچۈن ئورنىتىلغان دوستلۇق پەقەت ئاللاھقا ئىتائەت قىلىش بىلەن داۋاملىشالايدۇ. ئىككى دوستنىڭ مۇناپىقلىقى ۋە بۇزۇقچىلىقتىن يىراق تۇرۇشى بىلەن پاكلىنالايدۇ، ئەگەر ئۇلارنىڭ بىرسىنىڭ ياكى ھەرئىككىسىنىڭ ھەركىتىگە گۇناھ ئىشلار سىڭىپ كىرگەن بولسا ئۇنداقتا قەلبلەر ئۆزگىرىپ كېتىدۇ، مېھرى ـ

مۇھەببەت قۇرۇپ كېتىدۇ.

5. دوستلار ئارا ئالاقىنىڭ تېخىمۇ راۋانلىقىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن ھەربىر ئادەم دوستىغا ئۆزىنىڭ ئۇنى ياخشى كۆرىدىغانلىقى ۋە ئىززەتلەيدىغانلىقىنى ئېيتىپ قويۇشى لازىم. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بىر كىشى بىر قېرىندىشىنى ياخشى كۆرسە، ئۆزىنىڭ ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى ئۇ قېرىندىشىغا بىلدۈرسۇن!. (ئەبۇ داۋۇت: 5124)

6. شەكسىزكى، مىجەز ـ خاراكتېر ۋە ئوي ـ پىكىرنىڭ ئوخشاش بولۇشى دوستلۇق ئورنىتىش ۋە ئالاقىنى چىڭىتىشتا ئىنتايىن مۇھىم رول ئوينايدۇ. ھېكمەتتە «سېنىڭ ئاناڭ تۇغمىغان نۇرغۇن قېرىنداشلىرىڭ بولۇشى مۇمكىن» دېيىلگىنىدەك بەزىدە ئادەم ھايات قايناملىرىدا شۇنداق كىشى بىلەن ئۇچرىشىپ قالىدۇكى خۇددى تونۇشقىلى ئۇزۇن بولغان قەدىناسلاردەك ئۇنىڭ بىلەن تېزلا چىقىشىپ كېتىدۇ.

ئەمما بۇ خىل كۆڭۈل مايىللىقى ئەقىدىنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدا ئېلىپ بېرىلىش كېرەك. ئەنە شۇ ھۆكۈمرانلىق بولغاندىلا مۆئمىن پەقەت ياخشىلارنى دوست تۇتۇپ يامانلارنى يامان كۆرىدىغان بولغانلىقى ئۈچۈن ئارىلىق يىراق بولغان ياكى ۋاقىت ئۇزۇن بولغان سەۋەبتىن ئەزەلدىن كۆرۈپ باقمىغان كىشلەرنى ئاللاھ رازىلىقى ئۈچۈن ياخشى كۆرىدۇ. مەيلى يۇرتتا ياكى سەپەردە بولسۇن ئەزەلدىن ئارىلىشىپ باقمىغان كىشىلەرنى يامان كۆرىدۇ، قەلبىنىڭ بۇنداق خالىس يۈزلىنىشى كىشىنى دەرىجىمۇ دەرىجە يۇقىرى كۆتۈرىدۇ.

7.ئىسلام دىنىنىڭ دوستلۇقتىكى بەلگىلىمىلىرىنىڭ بىرى شۇكى، ئۆزئارا يوقلاش ھەرقانداق غەرەزدىن خالىي، ئاللاھ رازىلىقى ئۈچۈن خالىس بولۇشى لازىم. ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: ھەر قانداق ئادەم بىر كېسەلنى كەچتە يوقلاپ بارسا، ئۇ ئادەم بىلەن يەتمىش مىڭ پەرىشتە بىرگە بېرىپ، تاڭ ئاتقىچە ئۇ ئادەم ئۈچۈن ئىستىغپار ئېيتىپ تۇرىدۇ ۋە جەننەتتە بىر ئۆي ياسىلىدۇ. ئەگەر ئەتىگەندە يوقلاپ بارسا، ئۇ ئادەم بىلەن يەتمىش مىڭ پەرىشتە بىرگە چىقىپ، كەچ بولغىچە ئۇ ئادەم ئۈچۈن ئىستىغپار ئېيتىپ تۇرىدۇ ۋە ئۇ ئادەم ئۈچۈن جەننەتتە بىر ئۆي ياسىلىدۇ. (ئەبۇ داۋۇد: 3098، تىرمىزى)

8. مۇسۇلمان پۈتۈن خەلققە مەنپەئەت يەتكۈزۈشنى ياخشى كۆرسىمۇ لېكىن ئۇ دوستلىرىغا مەنپەئەت يەتكۈزۈشنى بەكرەك ياخشى كۆرىدۇ ئۇلارغا يەتكەن ياخشىلىقتىن بەكرەك خۇشاللىنىدۇ، چوقۇمكى پۇل ـ مال بىلەن دوست بۇرادەرلىرىنى ياد ئېتىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام دوستلار ئارا سوۋغا بېرىشىشنى تەۋسىيە قىلىپ: «ھەدىيە قىلىشىڭلار، چۈنكى ھەدىيە كۆڭۈل غەشلىكىنى كەتكۈزىدۇ» دېگەن.

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ھەدىيەنى قوبۇل قىلاتتى ۋە ئۆزىمۇ ئۇنىڭ بەدىلىگە مۇۋاپىق شەكىلدە ھەدىيە بېرەتتى. (بۇخارى: 2585)

9. ئىسلام دىنى كىشىگە خۇددى ئاتا ـ ئانىسى، قېرىنداشلىرى ۋە يېقىن تۇغقانلىرىنىڭ تائامىدىن يېيىشنى دۇرۇس قىلغىنىدەك دوستىنىڭ تائامىدىن يېيىشنىمۇ دۇرۇس قىلدى: «(ئى ئىنسانلار!) سىلەر ئۆز ئۆيلىرىڭلاردا (يەنى ئەرلىرىڭلارنىڭ، ئاياللىرىڭلارنىڭ ئۆيلىرىدە) ئاتىلىرىڭلارنىڭ ئۆيلىرىدە، ئانىلىرىڭلارنىڭ ئۆيلىرىدە، قېرىنداشلىرىڭلارنىڭ ئۆيلىرىدە، ھەمشىرەڭلارنىڭ ئۆيلىرىدە، يا ئاكاڭلارنىڭ قېرىنداشلىرىنىڭ ئۆيلىرىدە ئاكاڭلارنىڭ ھەمشىرىلىرىنىڭ ئۆيلىرىدە يا ئاناڭلارنىڭ قېرىنداشلىرىنىڭ ئۆيلىرىدە، يا ئاناڭلارنىڭ ھەمشىرىلىرىنىڭ ئۆيلىرىدە، يا سىلەر ئاچقۇچىنى باشقۇرىدىغانلارنىڭ ئۆيلىرىدە (يەنى ئۆي ئىگىسى سىرتقا چىقىپ كېتىپ، ئۆي بىلەن ئاچقۇچىنى سىلەرگە تاپشۇرغانلارنىڭ ئۆيلىرىدە) يا دوستلىرىڭلارنىڭ ئۆيلىرىدە (ئىجازەتسىز) بىرەر نېمە يېيسەڭلار گۇناھ يوقتۇر.» [سۈرە نۇر 61]

10. دوستلۇقنىڭ ھەق ـ ھوقۇقلىرى چوڭ بولغانلىقى ئۈچۈن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇنىڭغا ئالاھىدە ئەھمىيەت بەرگەن. ئەبۇ سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئۇ پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان: مۇئمىندىن باشقىسى بىلەن دوست بولما، تامىقىڭنى تەقۋادارىدىن باشقىسى يېمىسۇن!. (تىرمىزى: 2395)

**383ـ سۇئال: مۇسۇلماننىڭ، بەندە ئالدىدا ئۆزىنى خار كۆرۈشى ھارامدۇر**

بەندىنىڭ ئۆزىگە ئوخشاش بىر بەندىگە تۆۋەنچىلىك قىلىشى شەك ـ شۈبھىسىز باتىل ـ خاتا. بۇنداق ۋاقىتتا يۇقىرى ئورۇندا تۇرغان مۇتەكەببىر ناھەق چوڭچىلىق قىلىپ گىدىيىپ ئۆزىگە لايىق بولمىغان سۈرەتلەرنى ئۆزىدە بار دەپ قارايدۇ. خورلانغان پەس ئادەم بولسا ئۆز قەدرىنى يوقىتىپ چىدىغۇسىز جىنايەتلەرنى ئۈستىگە يۈكلىۋالىدۇ، ئىسلام چوڭچىلىقنى چەكلىدى، خورلۇقنى ھارام قىلدى، ئۇلۇغلۇق ۋە ئىززەت ـ ھۆرمەتنى زۆرۈر مەجبۇرىيەت قىلدى.

چۈنكى چوڭچىلىق ئاللاھنىڭ سۈپىتى، ئاللاھقا لايىق سۈپەتنى ئاللاھتىن قانداقلا بىر ئىنساننىڭ تارتىۋېلىشى توغرا ئەمەس. كىشىلەرنىڭ ئومۇمىي ناچار خىسلەت ـ تەكەببۇرلۇق قىلىشى زادىلا ھەقىقەتنى ئىنكار قىلىش، رېئاللىقنى كۆرمەسلىك، شەرمەندىچىلىك، چېكىدىن ئېشىش، ئەخلاق ـ پەزىلەتكە ھاقارەت قىلىش بولىدۇ.

ئىسلام دىنى مۇسۇلمانلارغا خارلىق، خورلۇق ۋە ئاجىزلىقتا قېلىشنى چەكلەپ،

مۇسۇلمانىنىڭ ئىززەت ـ ھۆرمىتى ۋە ئابرۇيىغا نۇقسان يەتكۈزىدىغان بىئارام بولۇش، ۋايساش قاتارلىق ناچار سۈپەتلەرنى سۈپۈرۈپ تاشلىدى. قولدىن كەتكەن نەرسىگە بىئارام بولۇش پەسلىك ئەمەس. لېكىن ئايرىلىپ قېلىشتىن خورلۇنۇش بارلىققا كەلسە بۇنىڭغا ئىسلام قارشى. قەدىمدىن ھازىرغىچە ياربدارنىڭ ئاجىزلاپ پالەچكە ئايلىنىپ باشقىلارنىڭ ئۆزنى يۇدىۋىلىشىنى كۈتۈشى ئەمەس، بەلكى ئاغرىق ئازابىغا بەرداشلىق بېرىپ ساقايغۇچە تىرىشچانلىق كۆرسۈتۈپ يېڭىچە ئىرادە بىلەن سەپەرگە قايتا ئاتلىنىشنى ھەقىقىي ئەرلىكنىڭ ئىپادىسى ھېسابلىنىدۇ.

**384 ـ سۇئال: ئىسلام كۆرسەتكەن مېھربانلىق قىلىشقا لايىق كىشىلەر**

ئىسلام دىنى مېھربانلىق ۋە كۆڭۈل بۆلۈشكە تېخىمۇ تېگىشلىك بولغان بىر بۆلۈك ئالاھىدە كىشىلەرنى ئەسكەرتىپ ئۆتكەن بولۇپ ئۇلار:

1. ياخشىلىق ۋە خەيرى ـ ئېھسان قىلىشقا ئەڭ لايىق ۋە ئەڭ مۇھىمى ئاتا ـ ئانا، ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: «ئۇلارغا كامالى مېھربانلىقتىن ناھايىتى كەمتەر مۇئامىلىدە بولغىن ۋە ‹ئى پەرۋەردىگارىم! ئۇلار مېنى كىچىكلىكىمدە تەربىيەلىگىنىدەك ئۇلارغا مەرھەمەت قىلغىن› دېگىن.» [سۈرە ئىسرا ـ24]

2. ئاتا ـ ئانىدىن كېيىن باللار: تومپاي كىشىلەر باركى، ئۇلاردا بۇنداق مۇلايىملىق مېھربانلىق تۇيغۇسى يوق. ئۇلار ناھايىتى ئەخلاقسىز، گەپ ـ سۆزلىرى قوپال بولىدۇ.

3. ئۇرۇق ـ تۇغقانلار، تۇغقان دېگەن سۆزنىڭ ئەرەبچىسى رەھمە دېگەن سۆز ـ رەھمەت يەنى مېھربانلىق دېگەن سۆزدىن تۇرلىنىپ چىققان تومۇرداش سۆز بولۇپ ئۇلار مەزمۇن جەھەتتىمۇ بىردەكلىششى زۆرۈر. ھەربىر مۇسۇلمان ئۆز ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىنىڭ، يېقىنلىرىنىڭ ھەققىنى ئادا قىلىشى، ئۈزۈلمەس دوستلۇق ئارقىلىق قانداشلىق مۇناسىۋىتىنى كۈچەيتىشى لازىم.

مۇسۇلمان كىشىنىڭ ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىغا ئۆيى ۋە قەلبىنى تاقىۋىلىشى ئۇلاردىن ئالاقىنى ئۈزۈپ، ئۇلارنىڭ دەردىگە دەرمان بولماي، ئۇلارغا ياردەم بەرمەي ئۇلاردىن يىراق ياششى توغرا ئەمەس، بۇنداق تاشلىشىپ كېتىش ئىنسانىنى ئاللاھنىڭ بەرىكىتىدىن مەھرۇم قىلىپ ئاللاھنىڭ غەزىپىگە دۇچار قىلىدۇ.

4. يېتىملەر مېھربانلىق قىلىش زۆرۈر بولغانلاردىن بولۇپ ئۇلارغا خەيرى ـ ئېھسان قىلىش، ئۇلارغا ياخشىلىق قىلىش، ئۇلارنىڭ تۇرمۇشىغا كېپىل بولۇش، ئىستىقبالىغا ئەھمىيەت بېرىش ئەڭ ساپ ئىبادەت.

5. كېسەل مېيىپ كىشىلەرگە كۆيۈنۈش مۇھىم مېھربانلىق جۈملىسىدىن بولۇپ، ئۇلار ھاياتلىققا، ئۇلارنىڭ پائالىيىتىگە، ئۆزىنىڭ قابىلىيىتىنى نامايەن قىلىشقا تەسىر كۆرسىتىدىغان نۇقسانلار بىلەن يۈزلىنىدۇ. ئاللاھ تائالا ئۇلارنىڭ ئۆزرىسىنى قوبۇل

قىلغان بولغاچقا ئۇلتكەن ئىشنى بىزنىڭ چىڭ تۇتتۇۋېلىشىمىز توغرا ئەمەس.

6. مېھرىبانلىق قىلىدىغان ئورۇندىن بىرى: خىزمەتچىلەرگە ياخشىلىق قىلىش، ئۇلارنىڭ خىزمىتىگە ھەمدەم بولۇش، ئۇلارنىڭ خاتالىقىنى كەچۈرۈش، ئۇرلارغا قالايمىقان ھوقۇقۇق ئىشلەتمەسلىك، ئۇلارنى مەسخىرە قىلماسلىق.

ھەقىقەتەن بىر بۇلۇك ئەر ـ ئاياللار بار، ئۇلار خىزمەتچىلەرنىڭ ئاجىزلىقىدىن پايدىلىنىپ ئۇلارغا ھەرخىل ئەزىيەتلەرنى يەتكۈزىدۇ، ئەمەلىيەتتە ئىسلام دىنى ئۇلارنى بۇنداق قوپاللىقتىن ئاگاھلاندۇرغان ۋە قورقۇتقان.

7.ھايۋانلارغا كۆيۈنۈشمۇ تەلەپ قىلىنغان مېھرىبانلىقتىن. ئىسلام دىنى ھايۋانلارغا رەھىمسىزلىك قىلغان، ئۇلارنىڭ ئازابلىرىغا پەرۋا قىلمىغان كىشىنى قاتتىق جازالايدۇ، ئىسلام دىنى ئىنساننىڭ شۇنچە ھۆرمەتلىك تۇرۇپ ھايۋانلارغا يامانلىق قىلغانلىقى سەۋەبلىك دوزاخقا كىرىدىغانلىقىنى بايان قىلدى.

## 385ـ سۇئال: مۇسۇلمان كىشى ئىگەللىشى زۆرۈر بولغان ئىلمنىڭ دائىرىسى ۋە پەزىلىتى

نەزەر دائىرىسى تار بولسا، ئىمانىي كۈچەيتىشكە، ياخشىلىقنى جارى قىلدۇرۇشقا ئورۇن بولمايدۇ، ئۇلۇغ ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ: «بىز ئىنسانلارغا بايان قىلغان بۇ تەمسىللەرنى پەقەت ئالىملارلا چۈشىنەلەيدۇ.» [سۈرە ئەنكەبۇت 43]

ھەربىر مۇسۇلمان ئۆگىنىشكە ئاتلىنىدىغان، ئىشكىنى كەڭ ئېچىۋېتىدىغان، ئېرىشىش ئۈچۈن مەشرىقتىن مەغرىبكە سەپەر قىلىدىغان بىلىم، ھەرگىز باش ـ ئاخىرى چەكلىك مۇئەييەن بىلىم بولماستىن بەلكى ئۇ كەڭ نەزەر دائىرىگە ئورۇن بېرىدىغان، ئىلىم ـ ئىرپانغا تەشنا ئەقىل ئالدىدىكى بارلىق توسۇقلارنى سۈپۈرۈپ تاشلايدىغان ھەمدە ئىنسان بىلەن مەۋجۇداتلارنىڭ مۇناسىۋىتىنى مۇستەھكەملەيدىغان ئىلھام ۋە ئىدراكقا چەكسىز پۇرسەت بېرىدىغان، شۇنداقلا دۇنيادا ئۆزىگە خوجا بولۇپ ياشاش، ئۆزىگە ئۆزى ھۆكۈمرانلىق قىلىش، يوشۇرۇن بايلىقلاردىن پايدىلىنىش پۇرستى يارىتىپ بېرىدىغان بارلىق بىلىمنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇلارنىڭ ھەممىسى ياخشى ئۆگىنىپ پۇختا ئىگىلەشكە تېگىشلىك بىلىم. ھەربىر مۇسۇلمان بۇ بىلىملەردىن تېگىشلىك نېسىۋىسىنى ئېلىشى لازىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: كىمكى ئىلىم ئۆگىنىش يولىدا ماڭىدىكەن، الله ئۇ كىشىگە جەننەتنىڭ يولىنى ئاسان قىلىپ بېرىدۇ. (تىرمىزى: 2646)

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: كىمكى بىرسىگە ئىلىم ئۆگەتسە، ئۆگەتكۈچىگە ئەمەل قىلغۇچىنىڭ ئەجرىگە ئوخشاش ئەجىر بېرىلىدۇ. بۇ، ئەمەل قىلغۇچىنىڭ ئەجرىدىن ھېچ نەرسىنى كېمەيتىۋەتمەيدۇ. (ئىبنى ماجە 240)

پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىمكى مەسچىتكە پەقەت ئىلىم ئۆگىنىشنى ياكى بىرەر مەسىلىنى بىلدۈرۈشنى مەقسەت قىلىپ بارىدىكەن، ئۇنىڭغا ھەجنى تولۇق ئادا قىلغان كىشىنىڭ ئەجرى بېرىلىدۇ. (تەبەرانى: 7473)

پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىمكى ئىلىم ئۆگىنىشكە تىرىشىپ، ئۆگەنمەكچى بولغان ئىلىمگە ئېرىشەلىسە، الله ئۇ كىشىگە ئىككى ھەسسە ئەجىر يازىدۇ. ئۆگەنمەكچى بولغان ئىلىمگە ئېرىشەلمىسە، بىر ئەجىر يازىدۇ. (ئەلكەبىر)

پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: الله كىمگە ياخشىلىقنى ئىرادە قىلسا، ئۇ كىشىنى دىندا ئالىم قىلىدۇ. (تىرمىزى: 2645، بۇخارى: 3116)

بۇ ھەدىسلەر ياخشىلىق ۋە ھېكمەتلىك ئىشلارنى شۇنداقلا زىياندىن ساقلاپ، پايدىغا يېقىنلاشتۇرىدىغان ھەرقانداق بىلىمنى ئۆگىنىشنى كۆرسىتىدۇ. دۇنيا ۋە ھاياتلىق بىلىملىرىنى ئاسمان - زېمىن ھەقىقەتلىرى توغرىسىدىكى ئۇزۇلمەس تەتقىقات نەتىجىلىرى ئەھمىيەت جەھەتتىن نوقۇل دىنى بىلىملەردىن قېلىشمايدۇ بەلكى بۇ بىلىملەرنىڭ نەتىجىسى شەرئەت بىلىملىرىنى تېخىمۇ چوڭقۇر ئۆگىنىشكە يول ھازىرلايدۇ.

ھاياتلىق بىلىملىرى دىنغا خىزمەت قىلىش ۋە دىنى ھەقىقەتلەرنى يورۇتۇشتا ئاخىرەت بىلىملىرى بىلەن ئوخشاش. ۋاقىت جەھەتتىن تەبىئەت بىلىملىرى ئۇزاقراق ئۆگىنىشكە موھتاج. دىنى بىلىم ھەقىقىي بېرىلگەن كىشىگە ئاسان بولۇپ ئۇزاق ۋاقىت كەتمەيدۇ. ئەگەر شەرئەت بىلىملىرىنى ئەتراپلىق ئۆگەنمەكچى بولسا بۇنىڭغا كۆپ ۋاقىت كېتىدۇ. بۇ دۆلەت يېتەكچىلىك قىلىدىغان ياكى ئېھتىياجغا قاراپ تەربىيەلەيدىغان خىزمەتلەرگە ئوخشاش ئىجتىمائىي ۋەزىپە، ئەگەر ئېھتىياج كۈچلۈك بولمىسا ياكى ئۇنىڭ كۆرۈلمىسە ئۇنىڭ زۆرۈرىيىتىمۇ تۆۋەنلەيدۇ. مەسىلەن: ھوقۇق ۋە ھۆكۈم ئىشلىرىنى ئۆگىنىش گەرچە ئۆگەنگۈچى ئەبۇ ھەنىپەنىڭ سەۋىيىسىگە يەتكەن بولسىمۇ، ئېھتىياج كۈچلۈك بولمىسا بۇنى ئۆگىنىش تىبابەتنى ئۆگىنىشتىن شەرەپلىك ئەمەس.

بىلىم ئىگىسىنىڭ باشقىلاردىن ئۈستۈن تۇرىشى ئۇنىڭ ئۆز بىلىمىنى ئاللاھنىڭ رازىلىقى ۋە ساۋابلىقنى ئۈمىد قىلىپ، كىشىلەرنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن قانچىلىك خىزمەت قىلدۇرغانلىقىغا يەنى بىلىمى بىلەن كىشىلەرگە قانچىلىك پايدىلىق ئىش قىلغانلىقىغا باغلىق.

ئىسلام دىنى ئالىملارنىڭ دەرىجىسىنى، ئۇلارنىڭ تىرىشچانلىقىنىڭ قەدىر -

قىممىتىنى، نەتىجىسىنىڭ ھۆرمىتىنى ئەڭ يۇقىرى كۆتۈرگەن. باشقا تىللارنى ئۆگىنىش ئىسلامنىڭ سۈننىتىدىن بولۇپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ بىلىمدىن پايدىلىنىشتا باشلامچى بولغان بولۇپ، ئۇ كاتىپى «زەيد ئىبنى سابىت» نى سۈرىيان تىلىنى ياخشى ئۆگىنىشكە بۇيرىغان. باشقا ئەللەرنىڭ تىلىنى چۈشىنىش ئىسلامنىڭ زۆرۈرىيەتلىرىدىن ھېسابلىنىدۇ.

بۇ شۇنى ئېنىق ئوتتۇرىغا قويىدۇكى، مۇسۇلمانلار باشقا تىللارنى ئۆگىنىشى كېرەك، بولمىسا ئۆزلىرىنىڭ ئۈستىدىكى مەسئۇلىيەتكە خىيانەت قىلغان كىشىلەر قەستەن نادان قالدۇرۇلغان بولىدۇ، يەنە كېلىپ بىلىمنىڭ مەخسۇس ۋەتىنى يوق، مەلۇم بىر ئەۋلادقىلا قاراشلىقمۇ ئەمەس.

ئۆگىنىش ۋە ئۆگىتىش ئىسلامنىڭ جېنى. ئۇنىڭسىز ئىسلامنىڭ ئاساسىنى ساقلاپ قالغىلى، كەلگۈسىگە كاپالەتلىك قىلغىلى بولمايدۇ. ئىسلامنىڭ نەزىرىدە ئادەم ئىككى خىل بولىدۇ، بىرى توغرا يول ئىزدەپ بىلىم ئۆگەنگۈچى ئوقۇغۇچى، يەنە بىرى، تېخىمۇ كۆپ بىلىم ئېلىشنى ئويلايدىغان ئالىم.

## 386- سۇئال: ۋاقىتتىن پايدىلىنىشنىڭ موھىملىقى

قولدىن كەتكەن ھەممە نەرسە قايتىپ كېلىشى مۇمكىن، لېكىن ۋاقىت قايتىپ كەلمەيدۇ، ئۇ قولدىن كەتسە قايتىپ كېلىشىدىن ئۈمىد كۈتۈشمۇ مۇمكىن ئەمەس، شۇنىڭ ئۈچۈن ئىنساننىڭ قولىدىكى ئەڭ قىممەتلىك نەرسە ۋاقىت. ھەربىر ئاقىل ئۆزىنىڭ كۈنلىرىنى پىخسىق ئادەم ئەڭ ئېسىل بايلىقىنى كۈتكەندەك كۈتۈشى، كۆپ قىسمى ئۇياقتا تۇرسۇن ئەڭ ئازىنىمۇ قولدىن بېرىپ قويماسلىقى، ھەربىرىنى قانچىلىك كىچىك بولسۇن ئۆزىگە لايىق ئورۇنغا قويۇشقا تىرىشىشى كېرەك.

ھەقىقىي مۇسۇلمان ۋاقىتنى قاتتىق قەدىرلەيدۇ، چۈنكى ۋاقىت ئۇنىڭ ھاياتى، ئۇ ۋاقىتنىڭ قولدىن كېتىشىگە يول قويسا ئۇنى ئەرزىمەس ئىشلار بىلەن بىھۇدە ئۆتكۈزىۋەتسە، نادانلىق بىلەن ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالغانغا باراۋەر بولىدۇ.

# ئونىنچى بۆلۈم. ئىسلامي ئائىلە ۋە ئەۋلات تەربىيىسى

## 387- سۇئال: ئائىلىنىڭ ئۇرۇق - تۇغقانلار بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى

ئائىلىنىڭ ئۇرۇق - تۇغقانلار بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى - ئۇلارغا سىلە - رەھىم (ماددىي ۋە مەنىۋى جەھەتلەردىن ياردەم) قىلىش، ئۇلارنىڭ ھال - ئەھۋاللىرىنى سوراش، ئۇلارنى زىيارەت قىلىپ، يوقلاپ تۇرۇش، ئۇلار چاقىرسا قەدەم تەشرىپ قىلىش، ئېھتىياجلىق ھالدا قالسا ماددىي ياردەم بېرىش، مەسلىھەت سورىسا يول كۆرسىتىش قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

## 388- سۇئال: ئائىلىنىڭ قول ئاستىدىكى خىزمەتكارلىرى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى

بۇ مۇناسىۋەت، ئۇلارغا سىلىق، يۇمشاق مۇئامىلە قىلىشنى، تەكەببۇرلۇق قىلماسلىقنى، ئۇلارنىڭ ھال - ئەھۋاللىرىدىن ياخشى خەۋەر تېپىشنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بەزى ئائىلىلەردىكى بالا باقىقۇچى قىزلار ۋە ئاياللارمۇ شۇ ئائىلىلەرنىڭ خىزمەتكارلىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

## 389- سۇئال: ئائىلىنىڭ خوشنىلار بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى

مۇسۇلمان ئائىلىسىنىڭ خوشنىلىرى بىلەن بولىدىغان مۇناسىۋىتى - خوشنىلارغا قولىدىن كېلىشىچە ياخشىلىق قىلىش، ماددىي ۋە مەنىۋى جەھەتلەردىن ئۇلارغا ياردەم قىلىش، ئۇلارنى ھۆرمەتلەش، ئازار بەرمەسلىك، ئىناق ۋە مېھرىبان بولۇش قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

## 390- سۇئال: سىلە - رەھىم ھەققىدە

سىلە رەھىم - ئۇرۇق - تۇغقانلارنىڭ ئۆزئارا بىر - بىرىگە ماددىي ۋە مەنىۋى جەھەتلەردىن ياردەم قىلىشىش ئارقىلىق ئارىسىدىكى تۇغقانچىلىقنى داۋاملاشتۇرۇشى دېمەكتۇر. ئاتا - ئانىغا ياخشىلىق قىلىشمۇ سىلە - رەھىمنىڭ تۈرىگە كىرىدۇ. ئىسلام دىنى مۇسۇلمانلارنى ئائىلىلەر ئوتتۇرىسىدىكى تۇغقانچىلىق مۇناسىۋىتىنى ئىناق شەكىلدە داۋام ئېتىشكە ۋە ھېچبىر زامان ئۇرۇق - تۇغقانلىقنى ئۈزۈپ قويماسلىققا چاقىرىدۇ. ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا خىتاب قىلىش ئارقىلىق، پۈتۈن مۇسۇلمانلارغا ئەمر قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «ئۇرۇق - تۇغقانغا، مىسكىنگە (يەنى ئاجىز - ئۇرۇق كەمبەغەلگە)، ئىبنى سەبىلگە (يەنى يۇرتىدىن ئايرىلىپ، يولدا قالغان پۇلسىز مۇساپىرگە) خەير - ساخاۋەتتىن ھەققىنى بەرگىن.» (ئىسرا سۈرىسى 26 - ئايەت)

ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: مەن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ

ئەلەيهى ۋەسەللەمنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغانىدىم: كىمكى رىزقىنىڭ كەڭ بولۇشىدىن ياكى ئۆمرىنىڭ ئۇزۇن بولۇشىدىن خۇرسەن بولسا، سىلە رەھىم قىلسۇن. (بۇخارى: 2067)

## 391- سۇئال: ئۇرۇق ـ تۇغقانلارغا قىلىنىدىغان سىلە ـ رەھىمنىڭ نىملەرنى ئۆزئىچىگە ئالىدىغانلىقى

ئۇرۇق ـ تۇغقانلارغا سىلە ـ رەھىم قىلىش ماددىي ۋە مەنىۋى ھەر ئىككى جەھەتنى ئۆزئىچىگە ئالىدۇ: ماددىي جەھەتتىن سىلە ـ رەھىم قىلىش دېگەنلىك، ئۇرۇق ـ تۇغقانلاردىن بىرەرسى ماددىي قىيىنچىلىققا دۇچ كەلگەن بولسا، ئۇنىڭغا پۇل ـ مال ياردەم قىلىش، قەرىزدار بولسا، ئۇنى ئۇزۇشكە ياردەم قىلىش، كېسەل بولسا، ئۇنى داۋالىتىش ۋە ئۇلاردىن بىرەرسى ئاجىز بولسا، ئۇنىڭ ئىشلىرىغا كۈچى بىلەن ياردەم قىلىش قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

ئەمما مەنىۋى جەھەتتىن سىلە ـ رەھىم قىلىش دېگەنلىك، ئۇرۇق ـ تۇغقانلارنى زىيارەت قىلىش، كېسەل بولسا يوقلاش، چاقىرسا ئۇلارغا قەدەم تەشرىپ قىلىش، ئۇلارنىڭ مۇسىبەتلىرىگە تەزيە بىلدۈرۈش، خوشاللىقلىرىنى تەنتەنە قىلىش قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

سىلە ـ رەھىم قىلىش كۆپلىگەن كىشىلەرنىڭ چۈشەنگىنىدەك، سۆز بىلەن، قۇرۇق سالام بىلەن ياكى ئۇلارنى زىيارەت قىلىپ قويۇش بىلەنلا ئادا تاپمايدۇ. بەلكى ئۇرۇق ـ تۇغقانلارغا ئۆز نەپسىنىڭ مەنپەئەتلىرىدىن كېچىپ قوللىرىدىن كېلىشچە ياردىمىنى يەتكۈزۈش بىلەن بولىدۇ.

## 392- سۇئال: سىلە رەھىم قىلىنىدىغانلارنىڭ تەرتىپلىرى

ئىمام نەۋەۋى سىلە ـ رەھىم قىلىنىدىغانلارنىڭ تەرتىپلىرى ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: «سىلە ـ رەھىمنى ئەڭ ئاۋۋال ئانىغا، ئۇنىڭدىن كېيىن ئاتىغا، ئۇنىڭدىن كېيىن چوڭ دادا ۋە چوڭ ئانىلارغا، ئۇنىڭدىن كېيىن قىز ـ ئوغۇل قېرىنداشلارغا، ئۇنىڭدىن كېيىن تاغا ئاكىلار ۋە تاغا ئاچىلارغا ئۇنىڭدىن كېيىن قىز ـ ئوغۇل قېرىنداشلارنىڭ ۋە تاغىلارنىڭ پەرزەنتلىرىگە، ئۇنىڭدىن كېيىن خوشنىلارغا، ئۇنىڭدىن كېيىن قېيىن ئاتا ۋە قېيىن ئانا قاتارلىق قودىلىقتىكى تۇغقانلىرىغا قىلىش كېرەك. خوشنىلارغا سىلە ـ رەھىم قىلىشتا، ئۇلارنىڭ سىلە ـ رەھىم قىلغۇچىنىڭ ئۆيىگە يېقىن بولۇش ۋە ئۇزاق بولۇشىدىكى تەرتىپ بويىچە ئىش ئېلىپ بېرىلىدۇ. يېنىدىكى خوشنىغا سىلە ـ رەھىم قىلىش ئۇزاقتىكى قوشنىغا سىلە ـ رەھىم قىلىشتىن زۆرۈردۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئاۋۋال يېقىندىكىگە، ئاندىن ئۇزاقتىكىگە قىلىش كېرەك. ئەمما كىشىنىڭ ئۆز ئائىلىسىگە يەنى ئايالىغا ۋە پەرزەنتلىرىگە قىلىدىغان چىقىملىرى "سىلە ـ رەھىم "نامى بىلەن ئەمەس، بەلكى "نەفەقە "نامى بىلەن ئاتىلىدۇ. نەفەقە ـ سىلە ـ رەھىمدىن ئاۋۋالقى

ئۇرۇندا تۇرىدۇ. كىشى ئۆز ئائىلىسىنىڭ نەفەقىسىنى تولۇق ئادا قىلغاندىن كېيىن، ئاندىن سىلە ـ رەھىمنى ئادا قىلىشى كېرەك.

## 393ـ سۇئال: سىلە ـ رەھىم قىلىشنىڭ پەزىلىتى

سىلە ـ رەھىم قىلىشنىڭ پەزىلىتى ئىنتايىن كۆپتۇر. تۇغقانلارنىڭ ئۆزئارا بىر ـ بىرىگە سىلە ـ رەھىم قىلىشىش ئارقىلىق ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى يېقىنلىق ۋە دىنىي قېرىنداشلىق كۈچىيىدۇ. چۈنكى دۇنيادا، يېقىن بولسۇن، يىراق بولسۇن ئۇرۇق ـ تۇغقىنى بولمىغان ئادەم يوقتۇر. پۈتۈن مۇسۇلمانلار ئۆزلىرىنىڭ ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىغا سىلە ـ رەھىم قىلىدىغان بولسا، جەمئىيەتتە سىلە ـ رەھىم قىلىنمىغان ئاجىز، كەمبەغەل قالمايدۇ.

پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مىسكىنگە سەدىقە بېرىش پەقەت سەدىقىنىڭ ساۋابىغا ئېرىشتۈرىدۇ. تۇغقانلارغا سەدىقە بېرىش سەدىقە ۋە سىلە رەھىمنىڭ ساۋابىغا ئېرىشتۈرىدۇ. (نەسائى: 2582)

پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: نەسەبىڭلار ئىچىدىكى سىلە رەھىم قىلىشقا تېگىشلىك كىشىلەرنى بىلىۋېلىڭلار. شەك شۈبھىسىزكى، سىلە رەھىم، تۇغقانلار ئارىسىدا مېھرى مۇھەببەتنى كۈچەيتىدۇ. پۇل مالغا بەرىكەت كەلتۈرىدۇ. ئۆمۈرنىڭ ئۇزۇن بولۇشىغا سەۋەب بولىدۇ. (تىرمىزى: 1979)

ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: مەن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغانىدىم: كىمكى رىزقىنىڭ كەڭ بولۇشىدىن ياكى ئۆمرىنىڭ ئۇزۇن بولۇشىدىن خۇرسەن بولسا، سىلە رەھىم قىلسۇن. (بۇخارى: 2067)

ئۇرۇق ـ تۇغقانلارغا قىلغان ياخشىلىقنىڭ ساۋابى يات كىشىلەرگە قىلغان ياخشىلىقنىڭ ساۋابىدىن كۆپتۇر. زاكاتنىمۇ ئاۋۋال ئېھتىياجلىق ئۇرۇق ـ تۇغقانلارغا، ئاندىن باشقا مۇسۇلمانلارغا بېرىش ئەۋزەلدۇر.

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: بىر ئادەم كېلىپ: ئى اللەنىڭ رەسۇلى! مېنىڭ تۇغقانلىرىم بار. مەن ئۇلارغا سىلە رەھىم قىلىپ تۇرىمەن. بىراق، ئۇلار ماڭا سىلە رەھىم قىلمايدۇ. مەن ئۇلارغا ياخشىلىق قىلىپ تۇرىمەن. بىراق، ئۇلار ماڭا يامانلىق قىلىدۇ. مەن ئۇلارغا مېھرىبانلارچە مۇئامىلە قىلىمەن. بىراق، ئۇلار ماڭا نادانلارچە مۇئامىلە قىلىدۇ، دېگەنىدى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: ئەگەر سەن ھەقىقەتەن ئېيتقانلىرىڭدەك قىلغان بولساڭ، ئۇلارنىڭ گۇناھى ئۆزىگە، لېكىن سەن بۇ ئىشنى داۋام قىلىپلا تۇرساڭ، الله تەرەپتىن بىر قوغدىغۇچى سەن بىلەن ھەمىشە بىللە بولۇپ، سېنى ئۇلاردىن قوغدايدۇ، دېدى.

(مۇسلىم: 2558)

## 394- سۇئال: ئومۇمىي سىلە ـ رەھىم

ئومۇمىي سىلە ـ رەھىم ، دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى ھەرمىللەت مۇسۇلمانلارنى بىر ـ بىرى بىلەن باغلاپ تۇرىدىغان ئومۇمىيۈزلۈك بىر دىنىي باغلىنىش بولۇپ، بۇ باغلىنىش ئاللاھنىڭ مۇسۇلمانلارغا ئاتا قىلغان ئەڭ كاتتا نېمىتىدۇر. مۇسۇلمانلار مۇشۇ باغلىنىشنىڭ يۈزىسىدىن ئۆزلىرىنىڭ تىلىنىڭ، ئىرقىنىڭ، رەڭگىنىڭ ۋە ۋەتىنىنىڭ ھەرخىل بولۇشىدىن قەئىينەزەر، ئۆزئارا بىر ـ بىرى بىلەن ھەقىقىي قېرىنداشلاردۇر.

بۇ ئومۇمىي سىلە ـ رەھىمنى مۇسۇلمانلار بىر ـ بىرىگە مېھرىبانلىق كۆرستىش، بىر ـ بىرىنى ئاللاھ يولىدا ياخشى كۆرۈش، پەندە ـ نەسىھەت قىلىشىش، بىر ـ بىرىگە پايدا يەتكۈزۈش؛ زىيانلاردىن، خەتەرلەردىن، بالالاردىن بىر ـ بىرىنى مۇداپىئە قىلىش؛ بىر ـ بىرىگە ياخشى دۇئا قىلىش، ئادەتتىكى بىر ـ بىرى بىلەن ئۇچراشقاندا: ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم (سىلەرگە ئامانلىق بولسۇن)، دەپ قىزغىن سالام بېرىشىش ئارقىلىق ئادا قىلىشقا بۇيرۇلغان.

## 395- سۇئال: خۇسۇسىي سىلە ـــ رەھىم

خۇسۇسىي سىلە ـ رەھىم ، ئائىلىدىكى ئەزالارنى بىر ـ بىرى بىلەن باغلاپ تۇرىدىغان تۇغقانلىق مۇناسىۋىتىدۇر. مەسىلەن: ئاتا ـ ئانىلارغا، تاغا ئاكا ـ تاغا ئاچىلارغا، قېرىنداشلارغا ۋە پەرزەنتلەرگە قىلىنغان سىلە ـ رەھىم خۇسۇسىي سىلە ـ رەھىمگە كىرىدۇ. خۇسۇسىي سىلە ـ رەھىمنىمۇ ئومۇمىي سىلە ـ رەھىمنى ئادا قىلغاندەك ئادا قىلىمىز. بۇنىڭ سىرتىدا، خۇسۇسىي سىلە ـ رەھىم ئۈچۈن بىر ـ بىرىگە ماددىي جەھەتتىن ياردەم قىلىش، زىيارەت قىلىپ يوقلاپ تۇرۇش، ھال ـ ئەھۋاللىرىنى سوراش قاتارلىق ھەقلەر سابىتتۇر.

ئومۇمەن ئېيتقاندا، ھەرئىككى تۈرلۈك سىلە ـ رەھىم ھەركىشىنىڭ قولىدىن كېلىشچە، ئىمكانىيىتىنىڭ يار بېرىشچە بىر ـ بىرىگە ياخشىلىق قىلىش، پايدا يەتكۈزۈش ۋە ئۇلارنى زىيان ـ زەخمەتلەردىن قوغداش ئارقىلىق ئادا قىلىنىدۇ.

## 396- سۇئال: سىلە ـ رەھىمنى ئۈزۈپ قويۇشنىڭ گۇناھى

سىلە ـ رەھىمنى داۋام قىلدۇرۇشنى ئۈزۈپ قويۇشنىڭ گۇناھى ئېغىردۇر. چۈنكى سىلە ـ رەھىم مۇسۇلمانلارنىڭ ئورتاق مەنپەئەتلىرى ئۈچۈن بۇيرۇلغان بىر ئىلاھىي پەرماندۇر. كىشىلەرنىڭ بىر ـ بىرىگە سىلە ـ رەھىم قىلىشى ئارقىلىق جەمئىيەتتە ياخشىلىق ۋە بەرىكەت داۋام قىلىدۇ. سىلە ـ رەھىمنى ئۈزۈپ قويغۇچىلار ئاللاھ تائالانىڭ لەنىتىگە ئۇچرايدۇ. ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە بۇ توغرىدا مۇنداق دەيدۇ:

«ئاللاھقا بەرگەن ۋەدىنى مۇستەھكەملىگەندىن كېيىن، ئۇنى بۇزغانلار، يەر يۈزىدە بۇزغۇنچىلىق قىلغانلار، ئاللاھ تائالانىڭ سىلە ـ رەھىم قىلىشتىن ئىبارەت ئەمرىنى تۇتمىغانلار، ئەنە شۇلار لەنەتكە دۇچار بولىدۇ ۋە ئۇلارنىڭ ئاخىرەتلىكى يامان بولىدۇ.» (رەئد سۈرىسى 25 ـ ئايەت)

بۇ ئايەتتىن شۇنى بىلىشىمىز مۇمكىنكى، سىلە ـ رەھىم قىلىشنى تەرك ئەتكۈچىلەر ئاللاھقا بەرگەن ئەھدىسىنى بۇزغان خائىنلار قاتارىدا جازاغا تارتىلىدۇ. چۈنكى ئۇ، ئادەم ئەۋلادىنىڭ ئۈستىگە بۇرۇنلا يۈكلەنگەن بىر پەرزدۇر.

پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: شەك شۈبھىسىزكى، رەھىم (تۇغقاندارچىلىق) رەھماندىن شاخلاپ چىققان سۆزدۇر. الله ئۇنىڭغا: كىم ساڭا رىئايە قىلسا (يەنى سىلە رەھىم قىلسا)، مەنمۇ ئۇنىڭغا (رەھمىتىمنى) يەتكۈزىمەن. كىمكى سېنى ئۈزۈۋەتسە، مەنمۇ ئۇنىڭدىن (رەھمىتىمنى) ئۈزۈۋېتىمەن، دېدى. (بۇخارى: 5988)

پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: رەھىم (تۇغقانچىلىق) ئەرشكە ئېسىقلىق ھالەتتە تۇرۇپ: كىم مېنى يەتكۈزسە (يەنى سىلە رەھىم قىلسا)، الله رەھمىتىنى ئۇنىڭغا يەتكۈزىدۇ. كىم مېنى ئۈزسە، الله ئۇنىڭدىن رەھمىتىنى ئۈزىدۇ، دەيدۇ. (مۇسلىم: 2555)

پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: الله تائالا پاھىشە ئايالنى ۋە سىلە رەھىمنى ئۈزگەن كىشىنى دۇنيادىمۇ، ئاخىرەتتىمۇ جازالايدۇ. (تىرمىزى: 2511)

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: مەن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغانىدىم: ئىنسانلارنىڭ ئەمەللىرى ھەر پەيشەنبە ئۆتۈپ، جۈمە كىرگەن كېچىسى تەكشۈرۈلىدۇ. سىلە رەھىمنى ئۈزگۈچىنىڭ ئەمەلى قوبۇل بولمايدۇ. (ئەھمەد: 9902) پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: سىلە رەھىمنى ئۈزگۈچى جەننەتكە كىرمەيدۇ. (مۇسلىم: 2556)

## 397ـ سۇئال: خوشنىلارغا ياخشىلىق قىلىش

خوشنىلارغا ياخشىلىق قىلىش ئىماننىڭ ئەڭ كۆرنەرلىك نەتىجىلىرىدىن بىرىدۇر. چۈنكى، خوشنىدارلىقنىڭ ھەقلىرى بەكمۇ چوڭدۇر. ئىسلام تارىخىدىكى ئۆلگىلىك زاتلار بىرەر كىشىنىڭ ۋە ئائىلىسىنىڭ ياخشى ياكى يامان ئىكەنلىكىنى ئۇنىڭ خوشنىدارچىلىقىغا قاراپ باھالايتتى. ئۇلار ئاۋۋال خوشنىلىرىدىن ئۇ كىشى ھەققىدە سۇرايتتى، خوشنىلىرى ئۇنى ياخشى ئائىلە دەپ تەرىپلىسە، ئۇنىڭغا دىيانەتلىك،

ياخشى ئائىلە دەپ باھا بېرەتتى. ئەگەر خوشنىلىرى ئۇنىڭدىن زارلانسا، ئەخلاقىدىن شىكايەت قىلسا، ئۇنىڭ بىلەن قۇدا بولۇش، خوشنا بولۇش ۋە مۇئامىلە قىلىش قاتارلىق ئىشلاردىن ۋازكېچەتتى. بىزنىڭ مىللىتىمىزدىمۇ بۇ ئادەت بار. شۇڭا ئەجدادلىرىمىز ”خوشنىسىغا قاراپ ئۆي ئال“دېگەن ھېكمەتنى بېكارغا ئېيتمىغان.

پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام ماڭا قوشنىغا ياخشىلىق قىلىشنى تەۋسىيە قىلىۋەرگەچكە، كېيىنچە قوشنىنى مىراسخور قىلىپ قويىدىغان ئوخشايدۇ دەپ ئويلاپ قالغانىدىم. (بۇخارى: 6014)

## 398- سۇئال: خوشنىدارچىلىقنىڭ ھەقلىرى

خوشنىدارچىلىقنىڭ ھەقلىرى ھەرتۈرلۈك بولىدۇ. مۇسۇلمان كىشىنىڭ ئۇستىدە، ئۆزىنىڭ كاپىر خوشنىسىغا ئۆتەشكە تېگىشلىك بىرلا ھەق بولۇپ، بۇ بولسىمۇ خوشنىدارلىق ھەققى. مۇسۇلمان كىشىنىڭ ئۇستدە ئۆزىنىڭ مۇسۇلمان خوشنىسىغا ئۆتەشكە تېگىشلىك ئىككى ھەق بولۇپ: ئۇنىڭ بىرى، خوشنىدارلىق ھەققى؛ يەنە بىرى، مۇسۇلمانلىق ھەققدۇر. مۇسۇلمان كىشىنىڭ ئۇستىدە، ئۆزىنىڭ مۇسۇلمان، ئۇرۇق - تۇغقان خوشنىسىغا ئۆتەشكە تېگىشلىك ئۈچ ھەق بولۇپ: بۇلارنىڭ بىرى، خوشنىدارلىق ھەققى؛ ئىككىنچىسى، مۇسۇلمانلىق ھەققى؛ ئۇچىنجىسى، ئۇرۇق - تۇغقانلىق ھەققدۇر. مۇسۇلمان كىشىنىڭ ئۇستىدە، ئۆزىنىڭ مۇسۇلمان، ئۇرۇق - تۇغقان، يېقىن (يەنى ئۆيى ئۇنىڭ ئۆيىگە ئەڭ يېقىن بولغان) خوشنىسىغا ئۆتەشكە تېگىشلىك تۆت ھەق بولۇپ: بۇلارنىڭ بىرى، مۇسۇلمانلىق ھەققى؛ ئىككىنچىسى، تۇغقانلىق ھەققى؛ ئۇچىنجىسى، خوشنىدارلىق ھەققى؛ تۆتىنچىسى يېقىن خوشنىلىق ھەققدۇر. يېقىن خوشنا يىراق خوشنىسىدىن ئەلۋەتتە ئەۋزەلدۇر. دەرھال ياردىمىگە ئۈلگۈرىدىغان، باشقىلارغىمۇ ياخشى تەرىپىڭىزنى قىلىپ بېرىدىغان ۋە سىزنى يالغۇز قىلمايدىغان كىشى ئەلۋەتتە سىزنىڭ يېقىن خوشنىڭىزدۇر. شۇڭا خوشنىدارلىقنىڭ سىرتىدا، يېقىن خوشنا بولغانلىقنىڭ ھەققى ئالاھىدە ئايرىم بىرھەق بولۇپ بېكىتىلگەن. ئەجدادلىرىمىزمۇ ”يىراقتىكى تۇغقىنىڭدىن يېقىندىكى خوشناڭ ياخشى“دەپ بېكار ئېيتمىغان.

## 399- سۇئال: خوشنىلارغا ياخشىلىق قىلىشنىڭ تەرتىپى

خوشنىلارغا ياخشىلىق قىلىشنى ئۆيگە مۇساپە جەھەتتىن ئەڭ يېقىن بولغىنىدىن باشلاش كېرەك. ئۆيگە ئەڭ يېقىن بولغان خوشنىنىڭ ھەققى، يىراق بولغان خوشنىنىڭكىدىن ئەھمىيەتلىكتۇر. شۇڭا ئۇ ئاۋۋال ئادا قىلىنىدۇ.

پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بېقىنىدىكى

قوشنىسىنىڭ ئاچ ئىكەنلىكىنى بىلىپ تۇرۇپ، قورسىقى توق ياتقان كىشى ماڭا ئىمان كەلتۈرگەن بولمايدۇ. (ئەلكەبىر 751 بەززار)

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: بىر ئادەم، ئى رەسۇلۇللاھ! كىشلەرنىڭ ئېيتىشىچە، پالانى ئايال كۆپ ناماز ئوقۇيدىكەن، روزىنىمۇ كۆپ تۇتىدىكەن ۋە كۆپ سەدىقە بېرىدىكەن. بىراق، ئۇ قوشنىلىرىغا تىل ئاھانەت قىلىدىكەن؟ دېگەندى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: ئۇ دوزاخقا كىرىدۇ، دېدى. ئۇ يەنە: ئى رەسۇلۇللاھ ! كىشلەرنىڭ ئېيتىشىچە، پالانى ئايال ئاز روزا تۇتىدىكەن، سەدىقىنىمۇ ئاز بېرىدىكەن، نامازنىمۇ ئاز ئوقۇيدىكەن. ئۇ قۇرۇت چاغلىق ئاز نەرسىلەرنى سەدىقە قىلىدىكەن. بىراق، قوشنىلىرىغا تىل ئاھانەت قىلمايدىكەن؟ دېگەندى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: ئۇ جەننەتكە كىرىدۇ، دېدى.(ئەھمەد: 9383)

## 400ـ سۇئال: كىشلەرنىڭ ئۆيلىرىگە كىرىشتىكى ئەدەپ ئەخلاقلار

كىشلەرنىڭ ئۆيلىرىگە كىرىشتە ئىشكنى قېقىپ، رۇخسەت سوراپ كىرىش ئىسلام شەرئىتىنىڭ كۆرسەتمىلىرىدىندۇر. بىر قېتىم ئىشكنى چېكىشتە ئاچمىسا، ئۈچ قېتىم چېكىش كېرەك. چۈنكى، بىرىنچى قېتىملىق چېكىشتە ئاڭلىماي قالغان بولسا، ئىككىنچى قېتىملىق چېكىشتە ئاڭلايدۇ. ئىشكنى ئېچىشنى خالىغان كىشى ئۈچىنچى قېتىملىق چېكىشتە ئاچىدۇ. ئۈچىنجى قېتىملىق چېكىشتىمۇ ئاچمىسا، ياكى ئۆي ساھىبى ئۆيدە يوق، ياكى ئېچىشنى خالىمىغان بولۇشى ئېھتىمال. شۇڭا ئۈچ قېتىم چېكىشتە ئىشكنى ئاچمىسا قايتىپ كېتىش لازىم. ئاللاھ قۇرئاندا: «ئى مۆئمىنلەر! باشقىلارنىڭ ئۆيلىرىگە كىرمەكچى بولساڭلار، ئىشكنى قېقىپ (ئۆي ئىگىسىدىن) رۇخسەت سوراپ ۋە ئۇلارغا سالام بېرىپ ئاندىن كىرىڭلار.» دەيدۇ. (نۇر سۈرىسى 27 ـ ئايەت)

## 401ـ سۇئال: ئاياللارنىڭ سىرتقا چىقىشىدىكى ئەدەپلەر

ئىسلام شەرئىتى ئاياللارنىڭ سىرتقا چىققاندا، باشلىرىنى، كۆكرەكلىرىنى، بويۇنلىرىنى يېپىپ، ئوزۇن، ئېسىل كىيىملەرنى كىيىپ چىقىشلىرىنى تەۋسىيە قىلىدۇ. بۇ، ئاياللارنىڭ ئىپپەت، نومۇسلىرىنى قوغداش ۋە ھۆرمىتىنى كۆتىرىش يولىدىكى ئەڭ ئېسىل مەدەنىيەتتۇر. ئاللاھ بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: « (ئاياللار سىرتقا چىققانلىرىدا) لىچەكلىرى بىلەن كۆكرەكلىرىنى ياپسۇن.» (نۇرسۈرىسى 31 ـ ئايەت)

ئاللاھ يەنە، ئاياللارنىڭ سىرتقا چىققانلىرىدا بولسۇن، ياكى ئۆي ئىچىدە بولسۇن، نامەھرەم ئەرلەرگە تىكىلىپ قارىماسلىقنى ۋە زىننەتلىرىنى ئۇلارغا ئاشكارا قىلماسلىقنى تەۋسىيە قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «مۆئمىنە ئاياللارغا ئېيتقىنكى، ئۇلار

نامەھرەم ئەرلەرگە تىكلىپ قارىمىسۇن. ئەۋرەت ئەزالىرىنى ياپسۇن. كۆرۈنۈپ تۇرىدىغان قىسىمدىن باشقا زىننەتلىرىنى ئاشكارا قىلمىسۇن.» (نۇر سۈرىسى 31 ـ ئايەت)

ئاللاھنىڭ بۇ ئەمرى ئاياللارنى ھەرتۈرلۈك پىتنە ـ پاساتلاردىن مۇھاپىزەت قىلىش، شەيتانىي ھەۋەسلەرگە يول بەرمەسلىك ۋە بۇنداق شەيتانى ھەۋەسلەرنىڭ كېلىپ چىقىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن بولۇپ، نەتىجىدە ئىسلامىي ئائىلىنى يامان ئاقىۋەت ۋە پىتنەلەردىن قوغداشنى مەقسەت قىلىدۇ. ئاللاھ ئەرلەرنى يات ئاياللارغا ئارىلىشىشتىن توسۇپ مۇنداق دەيدۇ: «سىلەر پەيغەمبەرنىڭ ئاياللىرىدىن بىر نەرسە سوراپ ئالماقچى بولساڭلار، پەردە ئارقىسىدىن سوراپ ئېلىڭلار. مۇنداق قىلىش سىلەرنىڭ دىللىرىڭلارنىمۇ، ئۇلارنىڭ دىللىرىنىمۇ ئەڭ پاك تۇتىدۇ.» (ئەھزاب سۈرىسى 53 ـ ئايەت)

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئاياللارغا تەلىم بېرىشتە، ئۇلارغا ئايرىم بىر كۈن، ئەرلەرگە ئايرىم بىر كۈن بەلگۈلەيتتى. ئۇلارنى ئارىلىشىشتىن مەنئى قىلاتتى.

## 402ـ سۇئال: يىمەك ـ ئىچمەكنىڭ ھۆكۈمى

ئوزۇقلۇق ئۈچۈن يېيىش، ئۇسسۇزلۇقنى قاندۇرۇش ئۈچۈن ئىچىش، ئەگەر زۆرۈرىيەت تېپىلغاندا ھارام نەرسە ياكى ئۆزى ئۆلۈپ قالغان ھايۋان گۆشى بولسىمۇ ۋەياكى باشقىلارنىڭ مىلى بولسىمۇ ئۇنى كېيىن تۆلەپ بەرگەن تەقدىردە يېيىش پەرىز بولۇپ ، ھەدىسنىڭ ھۆكۈمى بويىچە ئۇنداق قىلغۇچىغا ساۋاپ بېرىلىدۇ. ھەدىسنىڭ ھۆكۈمى بويىچە يېگەن ۋە ئىچكەنگە ساۋاپ بېرىلىدۇ. ئەگەر يىمەي ئىچمەي ئۆلۈپ قالسا ، گۇناھكار بولىدۇ. چۈنكى ئۇ ئۆزىنى ـ ئۆزى ھالاكەتكە تاشلىغانلىق بولىدۇ. ئىنساننىڭ ئۆز جېنىنى ساقلىغۇدەك مىقداردا يېيىشى پەرىزدۇر. ناماز ئوقۇش، روزا تۇتۇش قاتارلىق ئىبادەتلەرنى بەجا كەلتۈرەلىگىدەك قۇۋۋەتكە ئېرىشتۈرىدىغان مىقداردا يېيىش كىشىنى ئەجىرگە ئېرىشتۈرىدۇ. كۈچ قۇۋۋەتنى تېخىمۇ ئاشۇرۇش ئۈچۈن تويغىچە يېيىش مۇباھتۇر. تويۇپ بولغاندىن كېيىن يەنە ئۈستىگە يېيىش ھارامدۇر. نەپلە ئىبادەتلەرنى جايىدا ئادا قىلىش ، ئىلىم ئۆگىنىش ۋە ئۆگىتىش ئۈچۈن تويغۇچە يېيىش سۈننەتتۇر.

## 403ـ سۇئال: تاماق يېيىشنىڭ سۈننەتلىرى

1. باشلىغاندا بىسمىللاھ دېيىش، ئاخىرىدا ئەلھەمدۇلىللاھ دېيىش. ئەلھەمدۇ سۆزىنى دېگەندە يۇقىرى ئاۋازدا دېمەيدۇ. پەقەت ھەمراھلىرى تاماق يەپ بولغاندا يۇقىرى ئاۋازدا دېيىشمۇ بولىدۇ. ئەگەر دەسلەپتە بىسمىللاھ دېيىشنى ئۇنتۇپ قالغان بولسا،ئېسىگە يەتكەندە «بىسمىللاھى ئەۋۋەلەھۇ ۋە ئاخىرەھۇ» دېيسۇن.

2. تاماق يېيىشتىن بۇرۇن ۋە يەپ بولغاندىن كېيىن قولنى يۇيۇش لازىم. تاماق يېيىشتىن ئىلگىرى قولغا سۇ بەرگەندە ياشلارنىڭ قولغا دەسلەپ سۇ بېرىش لازىم. چۈنكى ياشلار كۆپرەك، ياشانغانلار بولسا سەل ئازراق يەيدۇ. تاماقنى يەپ بولغاندىن كېيىن دەسلەپتە ياشانغانلارنىڭ قولىغا سۇ بېرىش لازىم. چۈنكى بىر ھەدىستە مۇنداق دېيىلىدۇ «كىچىكلىرىمىزگە رەھىم، چوڭلىرىمىزغا ھۆرمەت قىلمىغانلار بىزدىن ئەمەس» شۇنداق قىلغانلىق چوڭلارنى ھۆرمەت قىلغانلىق بولىدۇ.

پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بىرىڭلار تاماق يېمەكچى بولسا، "بىسمىللاھ " دەپ باشلىسۇن! ناۋادا بېشىدا "بىسمىللاھ" دېيىشنى ئۇنتۇغان بولسا، ئېسىگە كەلگەندە بىسمىللاھى ئەۋۋەلەھۇ ۋە ئاخىرەھۇ (يەنى بېشىدىمۇ ۋە ئاخىرىدىمۇ بىسمىللاھ) دەۋەتسۇن! (ئەبۇ داۋۇد: 3767)

3. ناننىڭ ئۇستىگە تۇز كۆرىسى ياكى قاچا قوچىدەك نەرسىلەرنى قويۇش، قولنى ياكى پىچاقنى نان بىلەن سۈرتۈش مەكروھتۇر. شىرەنى نان بىلەن ئېرتىشقا بولمايدۇ .

4. تەكەببۇرلۇق يۈزىدىن بولمىسىلا، يۆلىنىپ ئولتۇرۇپ تاماق يېيىشنىڭ ھېچ يامىنى يوق . ھېچ يامىنى يوق دېگەن سۆز ئۇنداق قىلماسلىقنىڭ ئەۋزەل ئىكەنلىكىنى ئىپادىلەپ بېرىدۇ.

شۇئەيب ئىبنى ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمر دادىسىنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: ھېچكىم پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ يۆلەنچۈككە يۆلىنىپ ئولتۇرۇپ تاماق يېگىنىنى ياكى كىشىلەرنىڭ ئالدىغا چىقىپ ماڭغانلىقىنى كۆرۈپ باقمىدى. (ئەبۇ داۋۇد: 3770)

5. باش ئۇچۇق ئولتۇرۇپ تاماق يېيىشمۇ تاللانغان قاراشقا ئاساسەن مەكروھتۇر.

6. ناننىڭ ئۆتتۈرىسىنى يەپ، چۆرىسىنى قويۇپ قويۇش ياكى ئېسىل پىشقان يېرىنىلا يېيىش ۋە باشقا يەرلىرىنى قويۇپ قويۇش ئىسراپچىلىقتۇر. لېكىن ئۇ قويۇپ قويغان قىسمىنى يەيدىغان باشقا بىرى بولسا، ئۇنىڭ ھېچ يامىنى يوق. شۇنداقلا ئاق نانلار ئىچىدىن بىرەر ئاق نانىنى تاللاپ يېسە ياكى چىشى بولمىغانلىقتىن يۇمشاق نانىنى تاللاپ يېسە، بۇنىڭمۇ ھېچ يامىنى يوق.

7. نانىنى يەرگە تاشلىۋېتىش مەكروھتۇر. كىشى ئۆيىدىكى چاغدا نان تەييار بولۇپ قالسا، تېتىتقۇغا ساقلاپ ئولتۇرماستىن نانىنى يېگەچ ئولتۇرۇش نانغا ھۆرمەت قىلغانلىقتۇر. ئەمما مېھماندارچىلىقتا بولسا، تاماقتا تەكلىپ قىلىنىشنى كۈتۈپ ئولتۇرىدۇ .

8. قولدىن چۈشۈپ كەتكەن بىرەر توغرام نانىنى تاشلىۋېتىشكە بولمايدۇ. چۈنكى ئۇ ئىسراپچىلىقتۇر شۇڭا ئۇنى ئالدى بىلەن يېۋېتىدۇ.

پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بىرىڭلارنىڭ قولىدىن بىرەر لوقما تاماق چۈشۈپ كەتسە، ئۇنى شەيتانغا تاشلاپ قويماي ئېلىپ، تازىلىۋېتىپ يېسۇن! تاماقتىن كېيىن قولىنى يالىماي تۇرۇپ قولياغلىقىغا سۈرتمىسۇن ! چۈنكى ئۇ، بەرىكەتنىڭ قايسىدا (يەنى يەپ بولغىنىدا ياكى قولىدا قالغىنىدا) ئىكەنلىكىنى بىلمەيدۇ. (مۇسلىم: 2033)

9. تاماقنى يېگىلى باشلىغان ۋاقىتتا قاچىنىڭ ئوتتۇرىسىدىن يېمەسلىك سۈننەتتۇر. چۈنكى بەرىكەت قاچىنىڭ ئوتتۇرىسىغا چۈشىدۇ. بىر خىل تامىقى بار قاچىدىن تاماق يېگەندە قاچىنىڭ بىر تەرەپىدىن يېيىش سۈننەتتۇر. ئەكسىچە، تۈرلۈك مېۋە قويۇلغان قاچىدىن مېۋە يېگەندە خالىغان تۈرنى ئېلىپ يېسە بولىدۇ.

پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: تاماقنىڭ بەرىكىتى ئوتتۇرىدا بولىدۇ، شۇڭا تاماقنىڭ ئوتتۇرىدىن يېمەي ئەتراپىدىن يەڭلار! دېگەن. (تىرمىزى: 1805)

10. تاماقنى ئۆز ئالدى تەرىپىدىن ئېلىپ يېيىش سۈننەتتۇر. تاماقنى ھەمراھىنىڭ ئالدىدىن ئېلىپ يېگەندە، بولۇپمۇ شورپا ۋە شۇنىڭدەك تاماقلارنى يېگەندە ئۇنى بىئارام قىلىپ قويىدۇ. ئەگەر يەيدىغان نەرسە خورما بولسا، خالىغان يەردىن يېيىش مۇباھتۇر.

سالىم دادىسىدىن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: سول قولۇڭلار بىلەن تاماقمۇ يېمەڭلار، سۇمۇ ئىچمەڭلار ! چۈنكى شەيتان سول قولى بىلەن يەيدۇ ۋە سول قولى بىلەن ئىچىدۇ. نافىئنىڭ رىۋايىتىدە: سول قولى بىلەن بىر نەرسە بەرمىسۇن ۋە ئالمىسۇن دېگەنلىكى قوشۇپ زىكرى قىلىنغان. (مۇسلىم: 2020)

11. تاماق يېگەندە سول پۇتىنى ياتقۇزۇپ، ئوڭ پۇتىنى تىكلەپ ئولتۇرىدۇ.

ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: مەن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇپ خورما يەۋاتقانلىقىنى كۆرگەن. (مۇسلىم: 2044)

12. تاماقنى بەك قىززىق يېمەسلىك ۋە پۈرىماسلىق لازىم.

13. تاماق يەۋاتقاندا گەپ سۆز قىلماستىن يېيىش مەكروھتۇر. چۈنكى ئۇ ئۆتپەرەسلەرگە ئوخشاپ قالغانلىق بولىدۇ. ياخشى گەپ قىلىش لازىم. تاماق يەۋاتقاندا ئۆلۈم، دوزاخ، كېسەل قاتارلىقلارغا ئوخشاش كۆڭۈلنى بىئارام قىلىدىغان سۆزلەرنى قىلىشقا بولمايدۇ.

14. قاچىدا قالغان تاماق قالدۇقلىرىنى تاشلىۋەتمەستىن يالاش لازىم. بارماقلارنى قول سۈرتىدىغان بىرەر نەرسە بىلەن سۈرتۈشتىن ئىلگىرى ئۇنىڭدىكى تاماق

يۇقىندىلىرىنى يالاش سۈننەتتۇر.

پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بىرىڭلار تاماق يېسە، قولىنى يۇيۇشتىن ئىلگىرى يالىۋەتسۇن ياكى يالىتىۋەتسۇن. (بۇخارى: 5456)

كەئب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم تاماقنى ئۈچ بارمىقى بىلەن يەيتتى، تامىقنى يەپ بولغاندىن كېيىن بارماقلىرىنى يالايتتى. (مۇسلىم: 2032)

15. ئەگەر ئېھتىياج بولغاندا ناننى پىچاق بىلەن كېسىش مەكروھ ئەمەس.

16. تاماقنى ئۆزرە بولمىسىلا ئۇڭ قولدا يېيىش لازىم.

17. ئۇشتۇلغان نان بار تۇرۇپمۇ، ساق ناننى يېيىش توغرا ئەمەس.

18. تاماقنى يەرگە سېلىنغان داستىخانغا قويۇش تاماق يېيىشنىڭ ئەدەپ ئەخلاقلىرىدىن بىرىدۇر . ئەگەر تاماق ھالال بولسا، باشلىغاندا بىسمىلالھ دېيىش، تۈگەتكەندە ئەلھەندۇلىلالھ دېيىش سۈننەتتۇر.

پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئەگەر بىر كىشى ئۆيىگە كىرگەندە ۋە تاماق يېگەندە ”بىسمىللاھ“ دېسە، شەيتان ھەمراھلىرىغا: ”سىلەرگە بۇ يەردە قونالغۇ جايمۇ، كەچلىك تاماقمۇ يوق بولدى“ دەيدۇ. ئەگەر ئۆيىگە كىرگەندە: ”بىسمىللاھ“ دېمىسە، شەيتان ھەمراھلىرىغا: “ سىلەرگە بۇ يەردە قونالغۇ ئورۇن بار بولدى“ دەيدۇ. ئاندىن تاماق يېگەندىمۇ: ”بىسمىللاھ “ دېمىسە، شەيتان ھەمراھلىرىغا: ”سىلەرگە بۇ يەردە قونالغۇ جايمۇ، كەچلىك تاماقمۇ بار بولدى“ دەيدۇ. (مۇسلىم: 2018)

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: مەن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ھاياتىدا تەخسىدە تاماق يەپ باققانلىقى، كاكچا يەپ باققانلىقى ۋەياكى ئۈستەلدە تاماق يەپ باققانلىقىنى بىلمەيمەن. قەتادە (راۋى) دىن: ئۇنداقتا، تاماقنى نېمىدە يەيتتى؟ دەپ سورالغاندى. ئۇ: داستىخاندا يەيتتى، - دەپ جاۋاب بەردى. (بۇخارى: 3586)

19. تاماق يېيىشتىن ئىلگىرى ئېغىزنى چايقاش سۈننەت ئەمەس. لېكىن جۇنۇب كىشىنىڭ ئېغىزنى چايقاشتىن ئىلگىرى تاماق يېيىشى مەكروھتۇر. ئەكسىچە ھەيزدار ئايالغا مەكروھ بولمايدۇ.

20. تاماق قويۇشنى ياش ۋە ئىلمىدە چوڭ كىشىدىن باشلايدۇ.

**404- سوئال: تاماقتا دىققەت قىلىدىغان ئىشلار**

1. تاماقنى باش بارماق، كۆرسەتكۈچ بارماق ۋە ئوتتۇرا بارماقتىن ئىبارەت ئۈچ بارماق بىلەن يېيىش لازىم.

2. تاماق كېلىدىغان تەرەپكە قاراپ تۇرۇۋالماسلىقى، ئاغزىدىكى تاماقنى يۇتۇپ بولماي تۇرۇپ يەنە تاماق سالماسلىقى كېرەك.

3. دائىم دېگۈدەك بىر قېتىم تاماق يەپ بولغاندىن كېيىن ئارقىدىن يەنە بىر قېتىم تاماق يېمەسلىك كېرەك. چۈنكى تاماق ئايرىم ئايرىم يېيىلسە، كېيىنكى تاماق دەسلەپتىكى تاماقنىڭ سىڭىپ بولۇشىدىن ئىلگىرى كىرىدۇ. بۇنىڭ بىلەن ئاشقازان بۇزۇلىدۇ.

4. يول ئۈستىدە تاماق يېيىشكە بولمايدۇ.

5. ئۆرە تۇرۇپ ياكى كېتىۋېتىپ تاماق يېيىشكىمۇ بولمايدۇ. بەزى ئالىملار ئۇنداق قىلىشنى ئەخلاقسىزلىق، پەسكەشلىك ھەمدە نەپسنى تۇتالماسلىق دەپ ھېسابلىغان.

6. نان ئۇۋاقلىرىنى يوللارغا قويۇپ قويۇشقا بولمايدۇ. پەقەت چۇمۇلىلەرنىڭ يېيىشى ئۈچۈن قويۇپ قويسا بولىدۇ.

7. قاراڭغۇدا تاماق يېيىش چەكلەنگەن ئىشتۇر.

8. تاماقتىن قورسىقنى تويغۇزۇپ ئاندىن تۇرۇشى كېرەك. پەقەت نامازنىڭ ئوقۇلۇپ بولۇشىدىن ئەنسىرىسە، قورسىقى تويماستىن تۇرۇپ كەتسىمۇ بولىدۇ.

## 405- سۇئال: مېھماندارچىلىقنىڭ ئەدەپ ئەخلاقلىرى

1. ئەگەر بىر كىشىنى بىرلا ۋاقىتتا ئىككى ئادەم مېھماندارچىلىققا چاقىرغان بولسا، ئۇلارنىڭ مەرتىۋىلىرى تەڭ بولغان تەقدىردە، ئۆزىگە قايسىسىنىڭ ئىشىكى يېقىن بولسا شۇنىڭ ئۆيىگە بارىدۇ. ئۇنداق بولمىسا، دوستلۇق ۋە كۆيۈمچانلىق جەھەتتە قايسىسى يېقىن بولسا شۇنىڭ ئۆيىگە ئالدىن بارىدۇ.

2. ساھىبخان مېھمانلارنىڭ ئالدىدا خىزمەتچىسىگە ئاچچىقلانماسلىقى كېرەك، ئۇنداق قىلسا ئۇلارنى ۋەھىمە بېسىۋالىدۇ. بەك كەمسۆزمۇ بولۇۋالماسلىقى لازىم.

3. مېھماننى دەپ ئائىلىسىدىكىلەرگە بېخىللىق قىلىشقا بولمايدۇ. چۈنكى ئۇلار ئىززەتلىنىشكە ئەڭ ھەقلىق كىشىلەردۇر.

4. بىر ئۆيدىن بالىنى قويۇپ قويۇپ ئاتىنى، قېرىندىشىنى قويۇپ قويۇپ يەنە بىر قېرىنداشنى، ئەگەر ھەر ئىككىلىسى چوڭ بولغان تەقدىردە، چاقىرىشقا بولمايدۇ. چۈنكى بۇ كۆڭۈل ئاغرىقى تېپىپ بېرىدۇ.

5. مېھماننىڭ ئەدەپ ئەخلاقىنىڭ جۈملىسىدىن بىرى شۇكى، ئۇ سورۇندا ياخشى جاينى ئىگەللىۋالماسلىقى، تۆرگە چىقىۋالماسلىقى، بەلكى كەمتەر بولۇشى لازىم .

6. مېھمان قىلغۇچىنىڭ رۇخسىتىنى ئالماستىن، باشقا بىرىنى مېھماندارچىلىققا

ئېلىپ بېرىشقا بولمايدۇ. ئەگەر چاقىرىلغۇچىغا چاقىرىلمىغان بىر ئادەم ئەگەشۋالسا، ئۇنىڭغا رۇخسەت بەرمەسلىك ۋە ئۇنى مەنئى قىلىش لازىم. ئەگەر ساھىبخانىنىڭ ئۆيىگە يېتىپ بارسا، ئەگەشۋالغان ئادەمگە رۇخسەت بېرىشى ياكى مەنئى قىلىش ئۈچۈن ئۇنى ساھىبخانىغا بىلدۈرۈش لازىم.

7. مېھماندارچىلىقنىڭ ئەدەپ ئەخلاقلىرىدىن يەنە بىرى شۇكى، ساھىبخان مېھمان چاقىرغاندا مېھمان بولغۇچى ئۆزى بىلەن بىللە ئېلىپ كېلىشنى خالايدىغان كىشىنىمۇ چاقىرىشى كېرەك.

8. مېھمانغا چاقىرغاندا تۇغقانلىرىنى ئۇنتۇپ قالماسلىق كېرەك.

9. ساھىبخانىنىڭ مېھمانلار بىلەن ئۇلار خالىمايدىغان كىشىنى بىللە ئولتۇرغۇزۇشى توغرا ئەمەس. خالىمىغان كىشى بىلەن بىرگە تاماق يېيىشكەندە تاماقنى چالا يېيىشكە سەۋەب بولۇپ قالىدۇ.

10. مېھمان پەقەت ئۆي ئىگىسىنىڭ رازىلىقى ۋە رۇخستى بىلەنلا چىقىدۇ. بۇ تۇرۇشتا دىلغا كۆرە ئىش قىلىش لازىم. شۇڭا ئۆي ئىگىسىنىڭ يېنىدا ئۇنى مالاللىقا تاشلاپ قويىدىغان دەرىجىدە ئۇزۇن تۇرىۋالماسلىق كېرەك.

**406- سۇئال: مېھماندارچىلىقنىڭ تاماق ئۈستىدىكى ئەدەپ- ئەخلاقلىرى**

1. تاماقنى تېز ئەكىلىش مېھماننى ھۆرمەتلىگەنلىكتۇر. ئەگەر مېھمانلار ھازىر بولۇپ، بىر ياكى ئىككى ئادەم بەلگىلەنگەن ۋاقىتتىن كېچىكىپ قالسا، كېلىپ بولغانلارنى مېھمان قىلىش ئەۋزەلدۇر. پەقەت كېچىكىپ قالغۇچى كەمبەغەل ياكى تاماقنىڭ ئۆزى كەلمەي تۇرۇپ تاماق تارتىلىشتىن كۆڭلى يېرىم بولىدىغان ئادەم بولسا، ساقلاشنىڭ ھېچ يامىنى يوق.

2. مېھمان تاماقنى يەپ بولغاندىن كېيىن پاراڭغا چۈشۈپ ئولتۇرۇۋالماسلىق كېرەك. پەقەت ئۆي ئىگىسى ئولتۇرغۇزىۋالسا ھېچقىسى يوق.

3. مېھمانلار تاماق يەپ بولغاندىن كېيىن قايتىشقا رۇخسەت سورىسا، ئۇلارنى تۇتۇۋالماسلىق كېرەك.

4. مېھمانلارنى ئۇزۇن ساقلىتىۋەتمەسلىك، ئۇلار ئۆزلىرىنى ئوڭشاپ ئولتۇرۇپ بولغىچىلىك تاماقنى ئالدىرىتىپ ئېلىپ كەلمەسلىك، كېيىن كەلگەنلەر بۇرۇن كېلىپ بولغانلارنى تار يەرگە قىستاپ قويماسلىق، ئەگەر ئۆي ئىگىسى جاي كۆرسەتسە، قارشىلىق قىلماستىن چوقۇم كۆرسىتىلگەن شۇ جايغا بېرىپ ئولتۇرۇش، ئەگەر مېھمانلاردىن بىرى ھۆرمەت بىلدۈرۈپ تۆرگە چىقىشنى تەكلىپ قىلسا، كەمتەرلىك قىلىپ ئۇنىڭدىن تۆۋەن ئورۇندا ئولتۇرۇش كېرەك.

5. كۆزىنى ئالدىدىكى يەيدىغان تامىقىغا تىكىشى، ئوڭغا ۋە سولغا قارىماسلىقى،

تاماق يەۋاتقاندا كىشلەرنىڭ يۈزلىرىگە قارىماسلىقى، ئۇلارنىڭ تاماق يېيىشىگە قاراپ تۇرۇۋېلىپ، ئۇلارنى خىجىل قىلماسلىقى، بەلكى كۆزىنى ئۆزىنىڭ ئالدىغا قارىتىپ، ئۆزى بىلەن مەشغۇل بولۇشى كېرەك.

6. تاماقنى ئاز ئاز ئېلىپ يېيىشى، ئوبدان چاينىشى، بېشىنى ئىگىز كۆتۈرۈۋالماسلىقى، ئاغزىنى ھەددىدىن زىيادە يوغان ئاچماسلىقى، بەدەنلىرىنى ۋە كىيىملىرىنى تۇتماسلىقى، چۈشكۈرمەكچى ياكى يۆتەلمەكچى بولسا، يۈزىنى يان تەرەپكە بۇرۇشى ياكى قولى بىلەن ئاغزىنى توسۇشى لازىم.

7. ھەمراھىنى تاماققا تەكلىپ قىلىپ مېھرىبانلىق كۆرستىشى، ھەمراھىدىن كۆپرەك يەۋېلىشنى مەقسەت قىلماسلىقى لازىم. تاماق ئىككىسىنىڭ ئارىسىدا ئورتاق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ھەمراھىغا مۇۋاپىق بولمىغان تەقدىردە، ئارتۇق يەۋېلىش ھارامدۇر. بەلكى ئۇ ھەمراھىغا ئۆتۈنۈپ بېرىشنى يەنى بىر قاچىدا ئولتۇرۇپ تاماق يېگەن ھەمراھىدىن ئازراق يېيىشنى مەقسەت قىلىشى كېرەك.

8. بىر قېتىمدا ئىككى خورمىنى ئاغزىغا تەڭ سېلىشقا بولمايدۇ. پەقەت ھەمراھىنىڭ رازىلىقىغا ئۈيغۇن بولسا بولىدۇ. ئۇنداق بولمىسا، ھەممىسى بىر قېتىمدا ئىككىدىن خورما يېيىشى ياكى شۇنداق قىلغۇچى باشقىلاردىن رۇخسەت ئېلىشى كېرەك. ئەگەر ھەمراھى تاماقنى ئاز يېسە، ئۇنى يېيىشكە تەكلىپ قىلىپ تۇرۇشى ۋە «يېگىن» دېيىشى كېرەك. «يېگىن» دېگەن سۆزنى ئۈچ قېتىمدىن ئارتۇق تەكرارلاشقا بولمايدۇ.

9. تاماقتىن تۇرغاندا يول باشچىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۇممىتى ئىچىدىن ئاچ قالغانلار ھەققىدە ئاللاھ تائالانىڭ جازاغا تارتىپ قېلىشىدىن ئەنسىرىگەن ھالدا تۇرۇشى، تاماقتىن كېيىن ئاللاھ تائالاغا ھەمدى ئېيتىشى كېرەك.

10. داستىخان ئۈستىدە بىرەر ئادەم ئۈچۈن ھۆرمەت بىلدۈرۈش يۈزىسىدىن ئورۇندىن تۇرۇلمايدۇ.

11.ئالدىغا قويۇلغان تاماقنى ۋە ئىچىملىكنى ئەيىبلىمەسلىك، لېكىن ئۇنى ياقتۇرسا يېيىش، ياقتۇرمىسا يېمەسلىك لازىم.

12. ئەگەر بىرىنىڭ يېنىدا مېھمان بولۇپ، ئۇنىڭ داستىخىنىدىكى تاماقتىن بىر لوقما ئېلىپ، شۇ داستىخاندا ئۆزى بىلەن بىللە ئولتۇرغان باشقا بىرىگە سۇنۇپ بەرسە، تاماق سۇنۇلغان كىشىنىڭ ئۇنى ئېلىشى دۇرۇس بولىدۇ. بۇ، كىشلەرگە ياخشى مۇئامىلە قىلغانلىق ھېسابلىنىدۇ. ئەگەر ئۇنى باشقا داستىخاندىكى كىشىگە سۇنۇپ بەرسە، ئىككىنچى داستىخاندىكى تاماقنىڭ تۈرىدىن سۇنۇپ بەرگەن تەقدىردە دۇرۇس بولىدۇ. ئۇنداق بولمىسا دۇرۇس بولمايدۇ.

13. مېھمان بولغۇچى مۇشۇككە تاماق بەرسە بولىدۇ، ئىتقا بەرسە، گەرچە ئۇ ئۆي ئىگىسىنىڭ ئىتى بولغان تەقدىردىمۇ دۇرۇس بولمايدۇ. تىلەمچىگىمۇ، بىرەر ئېھتىياج ئۈچۈن كەلگەن كىشىگىمۇ مېھمان تاماق بەرمەيدۇ.

14. مېھمانلارنىڭ ئېشىپ قالغان تاماقنى ئېلىپ كېتىشىگىمۇ بولمايدۇ. مېھماننىڭ ئۆي ئىگىسىدىن سۇ ۋە تۇزدىن باشقا نەرسىنى تەلەپ قىلىشى توغرا ئەمەس.

15. مېھماننىڭ ئەدەپ ئەخلاقىنىڭ جۈملىسىدىن بىرى شۇكى، ئۇ ئۆي ئىگىلىرىگە قارىتا مەخسۇس تاماق تەكلىپىدە بولماسلىقى، بىرەر نەرسىنىڭ ئۆزىنى كەسكىنلىك بىلەن تەلەپ قىلماسلىقى كېرەك. چۈنكى ساھىبخانىغا ئۇنى تەييارلاش قىيىن بولۇپ قېلىشى مۇمكىن. جاپا بولۇپ قېلىشتىن ئەنسىرىگەندە ئەھۋال مۇشۇنداق بولىدۇ. ئەمما مەخسۇس تاماق تەكلىپىدىن ساھىبخان خۇشاللىنىدىغان ۋە ئۇنى تەييارلاش ئاسان بولىدىغان شارائىتتا، تەكلىپ قىلىش مەكرۇھ ئەمەس، بەلكى شۇنداق قىلىش تەلەپ قىلىنىدۇ.

16. ساھىبخانىنىڭ مېھمانغا بەك چىڭ تۇرىۋالماستىن «يېگىن، ئالغىن» دېيىشى ۋە ئۆز قولى بىلەن ئۇنىڭغا تاماق ئېلىپ بېرىشى مۇستەھەپتۇر. مانا بۇ چىرايلىق مۇئامىلە قىلغانلىق ۋە مېھماننى ئىززەتلىگەنلىك بولىدۇ.

17. مېھماننىڭ ساھىبخاندىن تاماقنىڭ ھالال ياكى ھارامدىن كەلگەنلىكىنى سوراش ھەققى يوق.

18. ئەگەر مېھمان تاماقنى ئۆز ئۆيىدە يېگەن مىقداردا يېسە، ئىنساپ قىلغانلىق بولىدۇ. ئۆيىدە يېگەن مىقداردىن جىقراق يېسە، ئىلتىپاتقا ئېرىشكەن بولىدۇ. ئەگەر ئۇنىڭدىن ئاز يېسە، ئىككى يۈزلۈك قىلغانلىق بولىدۇ.

## 407- سۇئال: قېرىنداشلارنى ۋە دوست يارەنلەرنى زىيارەت قىلىشنىڭ شەرئى قىلىپ بەلگىلەنگەنلىكى

قېرىنداشلارنى يەنى دىنىي قېرىنداشلارنى زىيارەت قىلىش ئاللاھ تائالاغا يېقىنلاشتۇرۇدىغان چوڭ ئىشتۇر ۋە ئەڭ ئالىي خىسلەتتۇر. ئۇ زىيارەتلەر ئىچىدە ئەڭ ئەۋزەل زىيارەت بولۇپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇ زىيارەتنى ھەمىشە قىلىپ تۇراتتى. قېرىنداشلىرىنى زىيارەت قىلاتتى، ئۇلارنىڭ ئەھۋالىنى ئىگەللەيتتى ۋە ئۇلار بىلەن بىللە تاماق يەيتتى.

زىيارەت قىلغۇچىنىڭ ئۆزى ئېلىپ كەلگەن نەرسىسىنى زىيارەت قىلىنغۇچىغا تەقدىم قىلىشى زىيارەتنىڭ مۇكەممەل ئىپادىسى بولۇپ، ئۇ دوستلۇقنى ئىسپاتلايدۇ، مېھرى مۇھەببەتنى كۈچەيتىدۇ.

## 408- سۇئال: قېرىنداشلارنى ۋە دوست يارەنلەرنى زىيارەت قىلىشنىڭ پەزىلىتى

زىيارەت قىلىشنىڭ پەزىلىتى ھەققىدە نۇرغۇن ھەدىسلەر رىۋايەت قىلىنغان.

پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىمكى بىر كېسەلنى ياكى قېرىندىشىنى الله ئۈچۈن يوقلىسا، ئىندا قىلغۇچىلاردىن بىرى ئۇنىڭغا: ساڭا مۇبارەك بولسۇن، قەدىمىڭگە مۇبارەك بولسۇن، جەننەتتىن بىر ئورۇن تۇتتۇڭ، دەپ ئىندا قىلىدۇ. (تىرمىزى: 2008)

پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بىر كىشى باشقا بىر كەنتتىكى قېرىندىشىنى يوقلاپ كېلىش ئۈچۈن ماڭغانىدى، الله تائالا ئۇنىڭ يولىغا بىر پەرىشتىنى كۆزەتچىلىككە تۇرغۇزۇپ قويدى. ئۇ ئادەم پەرىشتىنىڭ ئالدىغا يېتىپ كەلگەندە، پەرىشتە: نەگە بارىسەن؟ دەپ سورىدى، ئۇ ئادەم: بۇ كەنتتىكى قېرىندىشىمنى يوقلاپ ماڭدىم، دېدى. پەرىشتە: ئۇنىڭدا ئېلىشىڭ بارمىدى؟ دەپ سورىدى، ئۇ: ياق، مەن ئۇنى الله ئەززە ۋەجەللەنىڭ رازىلىقى ئۈچۈن ياخشى كۆرگەن، دېگەندى، پەرىشتە: ئۇنداقتا، بىلىپ قويغىنكى، مەن اللەنىڭ ساڭا ئەۋەتكەن ئەلچىسى بولىمەن. سەن ئۇ قېرىندىشىڭنى قانداق ياخشى كۆرگەن بولساڭ، اللەمۇ سېنى شۇنداق ياخشى كۆرىدۇ، دېدى. (مۇسلىم: 2567)

پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەرقانداق بىر مۇسۇلمان بەندە اللەنىڭ رازىلىقنى كۆزلەپ بىر قېرىندىشىنى زىيارەت قىلغىلى كەلسە، ئاسماندىن بىر جاكارچى: "ئەجەپمۇ ياخشى ئىش قىلدىڭ، جەننەت ساڭا مۇبارەك بولسۇن !" دەپ ئىندا قىلىدۇ. اللەمۇ ئەرشىنىڭ ئاستىدىكىلەرگە: "بەندەم مېنىڭ رازىلىقىمنى كۆزلەپ زىيارەت قىلدى. ئۇنىڭ مۇكاپاتىنى ئۆزەم بېرىمەن " دەيدۇ. الله ئۇنى جەننەت بىلەن مۇكاپاتلايدۇ. (بەززار: 1918)

## 409- سۇئال: يول ئۈستىدە ئەمەل قىلىشقا تېگىشلىك ئەدەپ ئەخلاقلار

1. ئۆيدىن سىرتقا چىققان ئەر كىشىنىڭ ئۇچرىغانلا نەرسىگە تىكىلىپ قارىماسلىقى ياخشىدۇر. شۇڭا ئۇ ئېھتىياج بولمىغان ئەھۋال ئاستىدا ئوڭ ۋە سول تەرەپلەركە كۆز يۈگۈرتمەسلىكى كېرەك. ئەگەر ماڭىدىغان يول، ياسىنىپ چىققان ئاياللاردىن خالى يول بولسا، ھۆكۈم مۇشۇنداق بولىدۇ. ئۇنداق بولمىسا، ئەرنىڭ كۆزىنى يىغىشى ۋاجىپتۇر. پەقەت قاراشقا موھتاج بولسا، مەسىلەن، ئەتراپقا دىققەت بىلەن قاراشقا ئالاقىدار ۋەزىپە ئالغان بولسا، ئۈستىگە يۈكلەنگەن ۋەزىپىنى ئادا قىلىش ئۈچۈن قاراشقا موھتاج بولغان نەرسىگە قاراش دۇرۇس بولىدۇ.

2. ئوتۇ ۋە سولغا تولا قاراش، كەلگەن كەتكەن ۋە قىمىرلىغان ھەممە نەرسىگە نەزەر سېلىش، شۇنداقلا ھەممە سۆزنى ئاڭلاشقا ئورۇنۇش شاللاقلىق ۋە تەنتەكلىكنىڭ ئالامىتىدۇر. ئۇنىڭ ئەكسىچە ئېغىر بېسىق بولۇش، يۇرۇش تۇرۇشتا سالماق بولۇش ياخشى ئېسىل سۈپەتلىكنىڭ ئالامىتىدۇر.

3. ئۆيدىن چىققۇچىنىڭ «بىسمىللاھ، تەۋەككەلتۇ ئەلەللاھ، لاھەۋلە ۋەلاقۇۋۋەتە ئىللا بىللاھ ، ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن چىقىمەن، ئاللاھقا تەۋەككۇل قىلدىم، ئاللاھتىن باشقا ھېچ كۈچ قۇۋۋەت ئىگىسى يوقتۇر» دەپ چىقىشى تەلەپ قىلىنىدۇ.

4. ئەگەر ئاممىۋى يول بېسىق بولغان تەقدىردە، بىر ئادەمنىڭ ئۆزىنىڭ ئىگىدارچىلىقىدىكى يەردىن پەيدا قىلغان ياكى بىرەر ئەمەلدار ئۆز پۇلى بىلەن ياساتقان يولدىن ئۆتۈشى دۇرۇس بولىدۇ. ئەگەر ئۇ يەر ئەسلى مۈلۈك بولۇپ، باشقىلارنىڭ ھەققى بولمىسا ۋە شەرئى جەھەتتىنمۇ يول قىلىش توغرا بولمىسا، ئۇنىڭدىن ئۆتۈش دۇرۇس بولمايدۇ. چۈنكى ۋالى مەلۇم بىر ئادەمگە چوڭ يولدىن مۇسۇلمانلارغا زىيان سالمىغان ھالەتتە تارماق يول ياساش ئۈچۈن جاي كۆرسىتىپ بېرىشى كېرەك.

5. بىر ئادەمنىڭ ئوغرى بىلەن بىرگە مېڭىشى توغرا ئەمەس. بىرگە مېڭىپ قالغاندا تۆھمەتكە قالىدۇ.

6. ئەگەر بىر يولدا كېتىۋېتىپ سۇغا دۇچ كەلگەن تەقدىردە مەلۇم بىر ئادەمنىڭ يېرىدىن ئۆتمەكتىن باشقا ئامال بولمىسا، ئۇنىڭدىن ئۆتۈشنىڭ ھېچ يامىنى يوق. چۈنكى ئۇ زۆرۈرىيەت ھېسابلىنىدۇ.

7. ئېھتىياج بولمىغان ئەھۋال ئاستىدا يول ئۈستىدە ئولتۇرۇش مەكروھتۇر.

ئەبۇ تەلھەدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: بىز ئۆيىنىڭ ئالدىدا ئولتۇرۇپ پاراڭلىشىۋاتاتتۇق، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئىشك ئالدىمىزدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ: نېمە ئۈچۈن كوچىلاردا ئولتۇرىسىلەر؟ كوچىلاردا ئولتۇرماڭلار ! دېدى. بىز: بىز گۇناھ ئىش قىلماي، ئۆزئارا پاراڭلىشىپ ئولتۇردۇق، دېسەك، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: ئەگەر بۇ يەرلەردە بەك ئولتۇرغۇڭلار كەلسە، ئۇنىڭ ھەققىنى ئادا قىلىپ ئولتۇرۇڭلار. يەنى نامەھرەملەرگە قارىماڭلار، سالامنى ئىلىك ئېلىپ، ياخشى سۆزلەرنى قىلىپ ئولتۇرۇڭلار! دېدى. (مۇسلىم: 2161)

## 410- سۇئال: ئۇخلاشنىڭ ئەدەپ ئەخلاقلىرى

1. تاھارەتلىك ھالدا ئۇخلاش لازىم. كېچىدە تۇرۇپ ناماز ئوقۇشنى نىيەت قىلغان كىشى ئۈچۈن تاھارەت ئۇنىڭ كېچىدە قوپۇشىغا ئەمەلىي تەسىر كۆرسىتىدۇ.

بەرا ئىبنى ئازىب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ

ئەلەيھى ۋەسەللەم ماڭا: ئۇخلاش ئۈچۈن ياتماقچى بولغىنىڭدا، نامازغا تاھارەت ئالغاندەك تاھارەت ئالغىن، ئاندىن ئوڭ تەرىپىڭنى بېسىپ ياتقىن ۋە: ”ئى اللە! ئۈمىد قىلغان ۋە سەندىن قورققان ھالدا ئۆزۈمنى ساڭا تاپشۇردۇم، ساڭا يۈزلەندىم، ئىشلىرىمنى ساڭا ھاۋالە قىلدىم ۋە ساڭا تاياندىم. سەندىن باشقا پاناھگاھىمىز يوق، قۇتۇلدۇرغۇچىمىز يوق. مەن سەن نازىل قىلغان كىتابقا، سەن ئەۋەتكەن پەيغەمبەرگە ئىمان ئېيتتىم “ دېگىن! شۇنىڭ بىلەن، سەن شۇ كېچىسى ئۆلۈپ كەتسەڭ، ئىمان بىلەن كېتىسەن. بۇ سۆزلەر سېنىڭ شۇ كۈندىكى ئەڭ ئاخىرقى سۆزۈڭ بولسۇن دېدى. مەن (راۋى): بۇ دۇئانى بەرا ئىبنى ئازىب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ ئالدىدا قايتىلاپ: سەن ئەۋەتكەن ئەلچى (رەسۇل)گە. دەپ ئوقۇغانىدىم. ئۇ: ياق، سەن ئەۋەتكەن پەيغەمبەر(نەبىي)گە. دەپ ئوقۇ! دېدى. (بۇخارى: 6311)

2. ئوڭ يېنىنى بېسىپ، قىبلە تەرەپكە قاراپ يېتىشى ياكى ئوڭدىسىغا يېتىشى لازىم. ئۆزرىسىز ھالەتتە، مەسىلەن، قورسىقىنىڭ ئاغرىپ كېتىش خەۋپى بولمىغان ئەھۋال ئاستىدا، دۈم ياتماسلىقى كېرەك.

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇخلىماقچى بولغاندا ئوڭ تەرىپىمىزنى بېسىپ يېتىشقا ۋە: ”ئى ئاللاھىم! ئى ئاسمانلارنىڭ، زېمىننىڭ ۋە بۈيۈك ئەرشنىڭ پەرۋەردىگارى! ئى بىزنىڭ ۋە بارلىق شەيئىلەرنىڭ پەرۋەردىگارى! دان ۋە ئۇرۇقلارنى بىخلاندۇرغۇچى، تەۋرات، ئىنجىل ۋە فۇرقانلارنى نازىل قىلغۇچى اللە! ساڭا سېغىنىپ بارلىق نەرسىلەرنىڭ شەررىدىن پاناھ تىلەيمەن. ئۇلارنىڭ كوكۇلىسى سېنىڭ قولۇڭدىدۇر. ئى اللە! سەن ئەۋۋەلسەن، سەندىن ئىلگىرى بىرى يوق. سەن ئاخىرسەن، سەندىن كېيىن بىرى يوق. سەن ئاشكارىسەن (يەنى مەۋجۇتلۇقۇڭ دەلىل - پاكىتلار بىلەن ئەقىل ئىگىلىرىگە ئاشكارىدۇر)، سېنىڭدەك ئاشكارا بىرى يوق. سەن مەخپىيسەن (يەنى سېنى كۆز بىلەن كۆرگىلى بولمايدۇ، سېنىڭ زاتىڭنىڭ ماھىيىتىنى تونۇشقا ئەقىللەر يېتەلمەيدۇ)، سېنىڭدەك مەخپىي بىرى يوق. بىزنى قەرزدىن خالاس قىلغىن، نامراتلىقتىن قۇتقازغىن دەپ دۇئا قىلىشقا بۇيرۇيتتى. (مۇسلىم: 2713)

3. راھەتپەرەسلىك بىلەن كۆرپىلەرنى قات - قات سېلىپ ياتماسلىق، ئۇخلىماقچى بولغاندا چىراقنى ئۆچۈرۈپ يېتىش كېرەك.

4. ئۇخلاش ئالدىدا ئاللاھنى شەرىئەت بەلگىلىگەن زىكىرلەر بىلەن ياد ئېتىش سۈننەتتۇر.

پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئى پالانى! ئۇخلاش

ئۇچۇن ياتقىنىڭدا: " ئى اللە! ئۇمىد قىلغان ۋە سەندىن قورققان هالدا ئۆزۈمنى ساڭا تاپشۇردۇم، ساڭا يۈزلەندىم، ئىشلىرىمنى ساڭا هاۋالە قىلدىم ۋە ساڭا تاياندىم. سەندىن باشقا پاناهگاهىمىمۇ يوق، قۇتۇلدۇرغۇچىمىمۇ يوق. مەن سەن نازىل قىلغان كىتابقا، سەن ئەۋەتكەن پەيغەمبەرگە ئىمان ئېيتتىم " دېسەڭ، ئاندىن شۇ كېچىسى ئۆلۈپ كەتسەڭ، ئىمان بىلەن كېتىسەن، ئۆلمەي قالساڭ، ئەجىر ئالىسەن. (بۇخارى: 7488)

5. كېچىسى ئويغىنىپ كەتسە، پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام قىلىدىغان دۇئالارنى قىلىش لازىم.

هۇزەيفە رەزىيەللاهۇ ئەنهۇ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام يوتقانغا كىرگەندە: ئى اللە! سېنىڭ ئىسمىڭ بىلەن ياشايمەن ۋە سېنىڭ ئىسمىڭ بىلەن ئۆلىمەن دەيتتى. سەهەردە ئورنىدىن تۇرغاندا: جىمى هەمدۇ سانا بىزنى ۋاپات تاپقۇزغاندىن كېيىن تىرىلدۇرگەن اللەقا خاستۇر. ئاخىرى شۇ اللەنىڭ دەرگاهىغا قايتىمىز دەيتتى. (بۇخارى: 7394)

6. ئۇخلاش ئالدىدا يەنە تەكبىر ئېيتىش، تەسبىھ ئېيتىش ۋە هەمدى ئېيتىش سۈننەتتۇر.

7. ئۇخلاشتىن بۇرۇن يەنە يامانلىقتىن پاناھ تىلەش دۇئالىرىنى ئوقۇش سۈننەتتۇر.

ئائىشە رەزىيەللاهۇ ئەنهادىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام يوتقانغا كىرگەندە، ئىككى ئالقىنىنى ئېچىپ تۇرۇپ، سۈرە ئىخلاس، سۈرە فەلەق ۋە سۈرە ناسنى ئوقۇپ، ئالقىنىغا هۈرەتتى. ئاندىن ئالقانلىرى بىلەن يۈزىنى ۋە بەدىنىنى (ئالقىنى يەتكەن يەرگىچە) سىلايتتى. كېيىن ئاغرىپ قالغان چېغىدا، مەندىن شۇنداق قىلىپ قويۇشنى تەلەپ قىلغان. (بۇخارى: 5748)

**8.** كېچىدە ناماز ئوقۇش ئۈچۈن نىيەت قىلغان كىشىنىڭ كۈندۈزلۈك ئۇيقۇنى ئۇخلىۋېلىشى مۇستەهەپتۇر. كۈندۈزلۈك ئۇيقۇنى ئۇخلاشنىڭ شەرئى قىلىپ بەلگىلەنگەن ۋاقتى كۈندۈزنىڭ يېرىمىدىن باشلاپ، كۈن قايرىلىشقا ئاز قالغان ۋاقتقىچىلىك بولىدۇ. شەرئى قىلىپ بېكىتىلگەن كۈندۈز، تاڭ يورىغاندىن تارتىپ كۈن ئولتۇرغىچە بولىدۇ. ئەتىگەن تەرەپتە ئۇخلاشقا بولمايدۇ. چۈنكى ئۇ، بەزى ئالىملارنىڭ ئېيتقىنىدەك، كىشىنى دۆت قىلىپ قويىدۇ. شام بىلەن خۇپتەن ئارىسىدا، شۇنداقلا ئەسىردىن كېيىنمۇ ئۇخلاشقا بولمايدۇ. كۈندۈزنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئۇخلاش مۇستەهەپ بولۇپ، ئۇ، يۇقىرىدا بايان قىلغىنىمىزدەك، كۈندۈزلۈك ئۇخلاش ۋاقتىدۇر.

## 411-سۇئال: بالىلارنىڭ ئاتا ـ ئانىلار ئۈستىدىكى ھەقلىرى

بالىلارنىڭ ئۈستىدە ئاتا ـ ئانىلارنىڭ مەلۇم ھەق ـ ھوقۇقلىرى بولغىنىدەك، ئاتا ـ ئانىلارنىڭ ئۈستىدىمۇ بالىلارغا ئائىت مەلۇم ھەقلەر باردۇر. ئاتا ـ ئانىلار بۇ ھەقلەرنى تولۇق ئادا قىلىشقا بۇيرۇلغاندۇر. ئۇلار ئاللاھنىڭ ئالدىدا ئۈستىدىكى بۇ ھەقلەردىن مەسئۇلدۇر. يەنى مەيلى ئاتا ـ ئانا بولسۇن، مەيلى دۆلەت باشلىقى بولسۇن، ھەرقانداق بىر مەسئۇلىيەت ئىگىسى بولغان كىشى، خۇددى پادا باقىدىغان چوپان قول ئاستىدىكى پادىلىرىدىن مەسئۇل بولغاندەك، ئۆزىنىڭ قول ئاستىدىكىلەرنىڭ ئەھۋاللىرىدىن مەسئۇلدۇر. ئۇلارنىڭ ھەقلىرىنى زايا قىلىۋېتىش بىلەن جازاغا تارتىلىدۇ ۋە ئۇلارنىڭ ھەقلىرىنى ئادا قىلىش بىلەن مۇكاپاتقا ئېرىشىدۇ. بالىلارنىڭ ئاتا- ئانىسى ئۈستىدىكى موھىم ھەقلىرىدىن بىرى ئانا بولغۇچىنى ياخشى تاللاشتىن ئىبارەتتۇر.

## 412-سۇئال: سالىھ ، ياخشى ئانىنىڭ ئەجرى

ئىمام مۇسلىم شۇنداق رىۋايەت قىلىدۇ: يەزىد ئىبنى سەكەنىنىڭ قىزى ئەسما رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھۇزۇرىغا كىرىپ ئى ئاللاھنىڭپەيغەمبىرى! مەن بىر گۇرۇھ مۇسۇلمان ئاياللارغا ۋەكىل بولۇپ ئالدىڭغا كىردىم، بىزنىڭ بىلمەكچى بولغىنىمىز شۇكى، ھەقىقەتەن ئاللاھ سېنى ئەرلەر ۋە ئاياللارغا ئەلچى قىلىپ ئەۋەتتى، بىز ساڭا ئىمان ئېيتتۇق ۋە ساڭا ئەگەشتۇق. بىز ئاياللارنىڭ دىنىمىز كەمتۇك، تاشقىرىغا كۆپ چىقماي ئۆيلەردە ئولتۇرغانلىقىمىز ئۈچۈن بىلىدىغانلىرىمىز ئاز. ئەرلەر جۈمە نامازلىرىغا، جىنازا نامازلىرىغا قاتنىشىش، جىھاد قىلىش قاتارلىق ئەمەللىرى بىلەن بولىدۇ. ئەرلىرىمىز جىھادقا چىقسا، بىز ئۇلارنىڭ مال- مۈلكىنى ساقلايمىز، ئەۋلادلىرىنى تەربىيىلەيمىز. ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى ! ئېيتقىنچۇ، بىز ئۇلارغا ساۋابتا شېرىك بولامدۇق؟ دەپ سورىدى. بۇنى ئاڭلىغان پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ساھابىلارغا قاراپ بۇ ئايالنىڭ نېمە دېگەنلىكىنى ئاڭلىدىڭلارمۇ؟ دىن توغرۇلۇق سوئال سوراشتا بۇنىڭدىن ياخشى بىرى بارمۇ؟ دېدى. ساھابىلار يوق، ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى ! دېيىشتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەسماغا قاراپ ئى ئەسما! سەن قايتىپ بېرىپ ئۇ ئاياللارغا ئېيتقىن، سىلەردىن بىرىڭلارنىڭ ئېرىگە ياخشى خوتۇن بولۇشى، ئېرىنىڭ رازىلىقىغا ئېرىشىشكە تىرىششى، ئۇنىڭ مۇۋەپپەقىيىتىگە ھەمدەمدە بولۇشى، سەن زىكىر قىلغان ئەرلەرنىڭ ئەمەللىرىنىڭ دەرىجىسى بىلەن باراۋەردۇر دېدى. بالىنىڭ بىرىنچى ھەققى ئۇنىڭ ئانىسىنىڭ ياخشى تاللانغان بولۇشى، ئۇنىڭ ئانا بولۇشتىن ئىلگىرى لاتاپەتلىك، شەرەپلىك، دىيانەتلىك، ئىپپەتلىك، تەدبىرلىك، ئەقىللىق بىر ئايال بولۇپ يېتىلگەن، ئۇنىڭدىن رازى بولۇنغان ھەم ئۇنىڭ تەدبىرلىكلىكى تەجرىبىدىن ئۆتكەن، ئېرىگە

پۈتۈن ئەھۋاللاردا بويسۇنىدىغان ئايال بولۇشى كېرەك. ئانا بولغۇچى پەرزەنتلىرىگە قارىتا مۇلايىم، سەۋرچان، مېھرىبان بولالايدىغان، ئەرلىرىنىڭ ئالدىدا پەرزەنتلىرىگە ئاچچىقلانمايدىغان، ئۇلارغا قاتتىق، نالايىق گەپ - سۆزلەرنى قىلمايدىغان، ئۇرمايدىغان ئايال بولۇشى كېرەك. ناۋادا ئانا ئاچچىقىنى باسالماي يۇقىرىقى ئىشلاردىن بىرەرىنى سادىر قىلسا، ئەر بولغۇچى ئۇ ئايالغا غەزەپلىنىپ قېلىپ، ئۇنىڭغا پايدىسىز ئاقىۋەت كېلىپ چىقىشى مۇمكىن. يىغىپ ئېيتقاندا، سالىھ ياخشى ئايال ئەر كىشىنىڭ دۇنيا ۋە ئاخىرەتلىكى ئۈچۈن ھەقىقي خەزىنىدۇر.

## 413-سۇئال: ئايالى ۋە باللىرىغا نەپىقە بېرىشنىڭ ساۋابى

نەپىقە ناھايىتى ياخشى تەسىر بېرىدىغان ئەمەلى تەربىيەدۇر. بولۇپمۇ، باي ئادەم بولسا، (ئايالىنى ۋە بالىسىنى) شەرىئەت بەلگىلىمىسى بويىچە يەنى بەك ئىسراپمۇ قىلىۋەتمەي، بەكمۇ چىڭ تۇتۇۋالماي ئۆزىنىڭ بايلىقىغا يارىشا تەمىنلىسە، بۇنداق قىلىش ئۆز نۆۋىتىدە باللار ئۈچۈن بىر ياخشى تەربىيەدۇر. يەنى ئۇلارنىڭ مۇستەقىل بىر ئىش قىلىشى، ئىقتىسادنى، بىر ئائىلىنى ياخشى باشقۇرۇشنى ئۆگىنىشى ئۈچۈن ياخشى ئۈرنەك بولۇپ قالىدۇ. ئىنساننى نەپىقە بېرىشكە رىغبەتلەندۈرۈپ كەلگەن ھەدىسلەر ھەقىقەتەن ناھايىتى كۆپتۇر.

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بىر تىللانى الله يولىدا خەجلىدىڭ، بىر تىللانى قۇل ئازاد قىلىش ئۈچۈن سەرپ قىلدىڭ، بىر تىللانى يوقسۇللارغا سەدىقە قىلىپ بەردىڭ، بىر تىللانى ئائىلەڭگە خىراجەت قىلدىڭ. بۇلارنىڭ ساۋابىغا كەلسەك، ئائىلەڭگە خەجلىگەن بىر تىللانىڭ ساۋابى ھەممىدىن ئۈستۈندۇر. (مۇسلىم: 995)

سەۋبان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئىنساننىڭ ئۆز ئائىلىسىگە خەجلىگەن پۇلىنىڭ ساۋابى ئەڭ يۇقىرى بولۇپ، ئۇندىن قالسا، الله يولىدا (مىنگەن ئېتىغا) خەجلىگىنى، ئۇندىن قالسا، الله يولىدىكى دوستلىرىغا خەجلىگىنىدۇر. (مۇسلىم: 994)

## 414-سۇئال: مۇۋەپپىقىيەتلىك تەربىيچىنىڭ سۈپەتلىرى

بۇ يەردە تەربىيىلىگۈچىنىڭ تەربىيەنى ئىلمي يول بىلەن ئېلىپ بېرىشقا ياردىمى بولىدىغان سۈپەتلىرىنىڭ ئاساسلىرى باردۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئىنسانلارنىڭ ئىچىدە ئەڭ مۇكەممەل تەربىيچىدۇر. لېكىن، ئىنسان ياخشى بىر تەربىيىلىگۈچى بولۇپ چىقىش ئۈچۈن ئۆزىنىڭ ئىمكانىيىتىنىڭ يېتىشىچە ھەر تەرەپتىن تىرىشىشى، ئىزدىنىشى، ئۆز - ئۆزىنى كۈزىتىپ تۇرۇشى كېرەك. مانا مۇشۇنداق قىلغاندىلا ياخشى ئەخلاقلىقلار مەرتىۋىسىگە، ماختىلىدىغان ئېسىل سۈپەتلەرگە ئېرىشىدۇ. بولۇپمۇ، ئۇ

تەربىيەدىكى زۆرۈر بولغان نۇقتىلىق ئەخلاق تۈتقۇسىدىندۇر. نەتىجىلىك بىر تەربىيچى بولۇش ئۈچۈن ھەر بىر تەربىيچىدە تۆۋەندىكىدەك سۈپەتلەر ھازىرلىنىشى كېرەك.

1) مۇلايىم ۋە كەڭ قورساق بولۇش.

2) قوپاللىقتىن يىراق بولۇش، مېھرىبان بولۇش.

3) مېھر ـ شەپقەتلىك بولۇش.

4) گۇناھ بولمايدىغانلا ئىش بولسا ئاسىنىنى تاللاش.

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئىككى ئىشنىڭ بىرىنى تاللاشتا گۇناھ بولمايدىغانلا بولسا، ئەڭ ئاسىنىنى تاللايتتى گۇناھ بولىدىغان بولسا، ئۇنىڭدىن ھەممىدىن بەك يىراق تۇراتتى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۆزى ئۈچۈن ئۆچ ئېلىپ باققان ئەمەس، پەقەت اللەنىڭ چەكلىمىسى دەپسەندە قىلىنسىلا، ئۇ ئىشتا الله ئۈچۈن ئۆچ ئالاتتى. (بۇخارى: 3560)

5) ئاڭلىق بولۇش. يەنى باشقىلارنى توغرا چۈشىنىدىغان، كەمتەر، كەڭ قورساق بولۇش لازىمدۇر. ھەرگىزمۇ نەزەر دائىرسى تار ئادەملەردىن بولماسلىق لازىم. كەمتەر، كەڭ قورساق بولۇش دېگەنلىكتىن ھەرگىزمۇ ئاجىز، زەئىپ، خورلۇققا قېلىشقا رازى بولۇش دېگەنلىك چىقمايدۇ. بەلكى ئۇ خىل خىسلەتلەرنى شەرئەت كۆرسەتكەن، روخسەت قىلىش پرىنسىپىنى ئىشلىتىشنى مەقسەت قىلىدۇ.

6) غەزەپتىن يىراق بولۇش. غەزەپلىنىش ئىجتىمائىي ئالاقىدە ياخشى ئەخلاق ھېسابلانمايلا قالماستىن، تەلىم- تەربىيە ساھاسىدىمۇ ئىنتايىن يامان ئىللەتتۇر. ئىنسان ئاچچىقىغا هاي بىرەلىسە ۋە غەزىپىنى باسالىسا، بۇنداق قىلىش ئۆزى ۋە ئائىلىسى ئۈچۈنمۇ ناھايىتى زور ئۇتۇق بولىدۇ. ئەكسىچە بولغاند ا، ئۆزى ۋە ئائىلىسى ئۈچۈن چوڭ بىر پالاكەتتۇر.

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىدۇكى، بىر ئادەم پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە: ماڭا نەسىھەت قىلغىن! دېگەن ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: غەزەبلەنمىگىن! دېدى. ئۇ ئادەم سۆزىنى تەكرارلاۋەرگەنىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالاممۇ قايتا ـ قايتا: غەزەبلەنمىگىن! دەۋەردى. (بۇخارى: 6116)

7) ھەرئىشتا نورمال ۋە مۆتىدىل بولۇش. ھەرقانداق ئىشتا ھەددىدىن ئاشۇرۇۋېتىش ناچار ئەخلاقتۇر. بىز پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاساسلىق دىنىي مەسىلىلەردە مۆتىدىللىقنى ياخشى كۆرىدىغانلىقنى كۆرىمىز. ئۇنداق بولغان ئىكەن، قالغان تۇرمۇش مەسىلىرىدە، بولۇپمۇ، تەربىيلەش مەسىلىرىدە مۆتىدىل

بولماسلىقىمىز توغرا بولامدۇ؟!

8) ۋەز- نەسىھەتنى چىرايلىق يوسۇندا قىلىش. ھەددىدىن ئارتۇق كۆپ قىلىنغان سۆزنىڭ قىممىتى بولمايدۇ. چىرايلىق رەۋىشتە قىلىنغان ۋەز - نەسىھەت، ئاللاھ خالىسا، ھەر ۋاقىت ئۈنۈملۈك بولىدۇ.

## 415-سوئال: پەرزەنتلەر ئاللاھنىڭ ئامانەتلىرىدۇر

ئىسلام دىنى نەسىل يېتىشتۈرۈشكە ۋە نەسىللەرنىڭ ساغلام ئۆسۈپ يېتىلىشىگە توسقۇنلۇق قىلىدىغان تۈرلۈك ئامىللار ۋە ئاپەتلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىشقا ئالاھىدە ئەھمىيەت بەردى. پەرزەنتلەرئاتا - ئانىلارغا ئاللاھ تەرىپىدىن تاپشۇرۇلغان ھەم شەرەپلىك ھەم خەتەرلىك بىر ئامانەتلەردۇر. ئاتا - ئانىلار قىيامەت كۈنىدە ئاللاھنىڭ ئالدىدا بۇ ئامانەتلەرنىڭ جاۋابكارلىقىغا تارتىلىدۇ. شۇڭا ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە مۇسۇلمانلارنى بۇ جاۋابكارلىقتىن ئاگاھلاندۇرۇپ مۇنداق دەيدۇ: « ئى مۆئمىنلەر! ئۆزۈڭلارنى ۋە بالا - چاقاڭلارنى ئىنسان ۋە تاشلار يېقىلغۇ بولىدىغان، رەھىم قىلمايدىغان قاتتىق قول پەرىشتىلەر مۇئەككەل بولغان دوزاختىن ساقلاڭلار، ئۇ پەرىشتىلەر اللهنىڭ بۇيرۇقىدىن چىقمايدۇ، نېمىگە بۇيرۇلسا شۇنى ئىجرا قىلىدۇ.» (تەھرىم سۈرىسى 6 - ئايەت)

ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىنى ۋە بالا - چاقىلىرىنى دوزاخ ئازابىدىن ساقلىشىنىڭ بىردىن - بىر چارىسى ئۇستىدىكى پەرزەنت ھەقلىرىنى تولۇق ئادا قىلىش يولىدا، باللارغا كىچىكىدىن باشلاپلا ئىمان، ئىسلامنى ئۆگىتىپ، ياخشى - يامانىنى بىلدۈرۈپ، ئىلىم - مەرىپەت ئۆگىتىپ بۇ ئامانەتنى ئادا قىلىشىدىن ئىبارەتتۇر. ئاتا - ئانىلار يوقىرىقىلارنى ئاللاھ بۇيرىغان بويىچە ئادا قىلغاندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ مەسئۇلىيىتى تۈگەيدۇ. كېيىنكى ئىشلارغا باللار ئۆزلىرى جاۋابكار بولىدۇ.

دېمەك، ئاتا - ئانىلار باللارنىڭ قانداق يېتىشىپ چىقىشىدىن مەسئۇلدۇر. ئۇلار باللىرىنى ئىسلام نۇرى ئاستىدا، ياخشى تەربىيىلەپ چىققان بولسا، ئۇنىڭ مۇكاپاتىنى ئاۋۋال مۇشۇ دۇنيادا، ئاندىن ئاخىرەتتە چوقۇم كۆرىدۇ. ئەگەر باللىرىنى ئۆز ھاۋايى - ھەۋەسلىرىگە قويۇپ بېرىپ، ئاللاھنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە يېتىشتۈرەلمىگەن بولسا، ئۇنىڭ جازاسىنى ئاۋۋال بۇ دۇنيادا، ئاندىن ئاخىرەتتە تارتىدۇ. يامان بالىنىڭ ئاپىتى ئاتا - ئانىلارنى تۈرلۈك بالالارغا دۇچار قىلىدۇ، قىيامەت كۈنىدىمۇ ئۇلارنى خاتىرجەم قىلمايدۇ. ئامانەتنى زايا قىلغان كىشى قانداق جاۋابكارلىققا تارتىلسا، پەرزەنتلىرىنىڭ كېلىچىكىنى زايا قىلىۋەتكەن ئاتا - ئانىلارمۇ، ئۇنىڭدىن ئېغىرراق جاۋابكارلىققا تارتىلىدۇ. چۈنكى پەرزەنتلەر ئاللاھنىڭ ئۇلارنىڭ قوللىرىغا تاپشۇرغان ئامانەتلىرىدۇر.

**416-سۇئال: ئەۋلاد تەربىيىلەشتە ئىنسان بىلەن شەيتان ئارىسىدىكى كۈرەش**

ھەقىقەتەنمۇ شەيتان ئىنسان بىلەن ئۇنىڭ ئەۋلادى ئوتتۇرىسىدىكى ئاشكارا دۈشمەندۇر. شۈبھىسىزكى، ئاللاھ تائالا شەيتاننىڭ ئىنسان بالىلىرىنى ئاللاھنىڭ تائىتىدىن، ئاللاھنىڭ شەرىئىتىدىن يىراقلاشتۇرۇپ ئۆزىگە ئەگەشتۈرىدىغانلىقىغا قەسەم قىلغانلىقىدىن خەۋەر بەردى. ئېنىقكى، مېھرىبان ئاللاھ بۇنى بىزگە ئەھۋالىمىزنى ياخشى كۆزىتىشىمىز، شەيتاننىڭ بۇ ھەقتىكى ۋەدىسىدىن ئاگاھ بولۇشىمىز ئۈچۈن خەۋەر قىلدى. بىزنىڭ شەيتاندىن يىراق بولۇشىمىز ئۈچۈن باللىقتىن ئىبارەت بىر دەۋرنى ئاتا قىلدى. ناۋادا ئاتا- ئانىلار پەرزەنتلىرىنىڭ باللىقىدىكى بۇ مەزگىللىرىنى ئۆتكۈزۈۋېتىپ قالسا، پەرزەنتلىرىنىڭ بۇندىن كېيىنكى تەربىيىسىدە بۇنىڭ ئورنىنى تولدۇرۇش ناھايىتى تەسكە توختايدۇ.

ئاللاھ تائالا سۈرە ئىسرانىڭ 61-62 - 63 - ئايەتلىرىدە : «ئىبلىس، ماڭا ئېيتىپ بەرگىنە، سەن مەندىن ئۈستۈن قىلغان ئادەم مۇشۇمۇ؟ ئەگەر ماڭا قىيامەتكىچە مۆھلەت بېرىدىغان بولساڭ، ئۇنىڭ ئەۋلادىنىڭ ئازغىنىسىدىن باشقىسىنى (ئازدۇرۇپ) تۇپ يىلتىزىدىن قۇرۇتىۋېتىمەن (يەنى ئۇلارنى خالىغانچە يېتىلەيمەن) دېدى. ئاللاھ(ئىبلىسقا) ئېيتتى: بارغىن (ساڭا مۆھلەت بەردىم )، ئۇلاردىن (يەنى ئادەم بالىلىرىدىن ) كىمكى ساڭا ئەگەشىدىكەن، (جەھەننەم ساڭا ۋە ئۇلارغا) بېرىلگەن تولۇق جازادۇر. ئۇلارنىڭ ئىچىدىن قوزغىتالايدىغانلىكى ئادەمڭنى ئاۋازىڭ بىلەن (يەنى گۇناھقا چاقىرىشىڭ بىلەن ) قوزغاتقىن، ئاتلىق ۋە پىيادە قوشۇنىڭ بىلەن ئۇلارغا ھۇجۇم قىلغىن، ئۇلارنىڭ ماللىرىغا ۋە باللىرىغا شېرىك بولغىن، ئۇلارغا (يالغان ) ۋەدىلەرنى بەرگىن. شەيتاننىڭ ئۇلارغا بەرگەن ۋەدىسى پەقەت ئالدامچىلىقتۇر. » بىز تۇرمۇشتا ھەقىقەتەنمۇ بەزى ئاتا- ئانىلارنىڭ پەرزەنتلىك بولالماسلىقتەك سىناق بىلەن سىنىلىدىغانلىقىنى كۆرۈپ تۇرىمىز. بۇنداق قىلىش شۇنداق بىر ھېكمەتتىنكى، پەرزەنتلىك بولۇشتىن مەھرۇم قىلىنغان ئاتا- ئانىلار ھەمىشە ئاللاھ تائالادىن ئۆزلىرىگە پەرزەنت، بولۇپمۇ، ياخشى پەرزەنت تەلەپ قىلىش بىلەن دىللىرى يۇمشىغان ھالەتتە ياشايدۇ. بۇ ھەقتە ئاللاھ تائالا سۈرە شۇرانىڭ 49 - ۋە 50 - ئايەتلىرىدە مۇنداق دەيدۇ: «ئاسمانلارنىڭ ۋە زېمىننىڭ پادىشاھلىقى ئاللاھقا خاستۇر، ئاللاھ نېمىنى خالىسا شۇنى يارىتىدۇ، خالىغان ئادەمگە قىز پەرزەنت ئاتا قىلىدۇ، خالىغان ئادەمگە ئوغۇل پەرزەنت ئاتا قىلىدۇ ياكى ئۇلارغا ئوغۇل، قىزنى ئارىلاش بېرىدۇ، خالىغان ئادەمنى تۇغماس قىلىدۇ، ئاللاھ ھەقىقەتەن ھەممىنى بىلگۈچىدۇر، ھەممىگە قادىردۇر.»

ئىسلام كېلىشتىن بۇرۇنقى جاھىلىيەت دەۋرىدە پەرزەنتلىك بولالمىغان كىشىلەر باشقىلارنىڭ باللىرىنى بېقىۋېلىش، ئۇلارنى تەربىيىلەپ نەسەبلىرىنى ئۆزلىرىگە

ئائىت قىلغۇچىلىش قاتارلىق ئىشلارنى قىلاتتى. ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە بالىلارنى ئۆز بالام دەپ ھېسابلىغۇالماي، ئۇلارنىڭ نەسەبىنى، ئۆز ئاتىلىرىغا قايتۇرۇشقا بۇيرۇپ ئايەتلەرنى نازىل قىلدى.

**417-سۇئال: ئاتا - ئانىلارنىڭ ياخشى بولۇشىنىڭ ئەۋلادلارغا بولغان تەسىرى**

ئاتا- ئانىلارنىڭ ياخشى كىشىلەردىن بولۇشى، ئۇلارنىڭ ھەر ئىشتا پەرزەنتلەر ئۈچۈن ياخشى ئۈلگە بولۇشى، پەرزەنتلەر ئۈچۈن ئىنتايىن مۇھىم تەسىر قىلىش كۈچىگە ئىگە. ئەگەر ئاتا- ئانىلارنىڭ ئۆزلىرى تەقۋادار كىشىلەر بولغىنىدا ئۇلار ئاللاھنىڭ بۇيرۇقلىرىغا ئىتائەت قىلىش بىلەن بىرگە پەرزەنتلىرىگە بۇ ھەقتە ئازغىنە كۈچ سەرپ قىلسا ۋە ئۇلارنىڭمۇ تەقۋادار ئىنسانلاردىن بولۇشىغا ياردەمچى بولسا، پەرزەنتلەر تەبىئىي ھالدا ئاللاھ تائالاغا بويسۇنۇش ۋە ئىتائەت قىلىش ئېڭىدا چوڭ بولىدۇ.

ئاتا- ئانىلارنىڭ ياخشى كىشىلەردىن بولۇشىنىڭ پەرزەنتلىرىگە پايدا يەتكۈزىدىغانلىقىنى قۇرئان كەرىمدىكى مۇسا ئەلەيھىسسالام بىلەن خىزىر ئەلەيھىسسالامنىڭ قىسسىسىدىن كۆرىۋالغىلى بولىدۇ. خىزىر ئەلەيھىسسالام يىقىلىپ كېتەي دەپلا قالغان بىر تامنى ھەق ئالماي يېڭىلاپ ياساپ قويىدۇ، مۇسا ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭ بۇنداق قىلىشىنىڭ سەۋەبىنى سورىغاندا، خىزىر ئەلەيھىسسالام ئۇ تامنىڭ ئاستىدا ئىككى يېتىم بالىنىڭ مال - مۈلكىنىڭ بارلىقىنى، بۇ بالىلارنىڭ ئاتا- ئانىسىنىڭ ياخشى كىشىلەردىن ئىكەنلىكىنى دەپ بەرگەن. پەرزەنتلەر ئاللاھقا بويسۇنۇش، تائەت ئىبادەت ئۈستىدە چوڭ بولسا، ئايەتلەردە خەۋەر بېرىلگەندەك مەڭگۈ بەختلىك بولىدىغان جەننەتلەردە ئاتا- ئانىلىرى بىلەن بىرگە بولىدۇ. «ئۆزلىرى ئىمان ئېيتقان، ئەۋلادلىرىمۇ ئەگىشىپ ئىمان ئېيتقانلارنىڭ ئەۋلادلىرىنى ئۇلار بىلەن تەڭ دەرىجىدە قىلىمىز، ئۇلارنىڭ (ياخشى) ئەمەللىرىدىن قىلچىمۇ كېمەيتۋەتمەيمىز، ھەر ئادەم ئۆزىنىڭ قىلمىشىغا مەسئۇلدۇر.» ( سۇرە تۇر، 21 - ئايەت. )

**418-سۇئال: بالىلارنىڭ ئۆز- ئۆزىگە بولغان ئىشەنچىسىنى تۇرغۇزۇشنىڭ ئۇسۇللىرى**

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بالىلارنىڭ كۈچلۈك چوڭ بولۇشى ۋە ئۇلارنىڭ ئۆزىگە بولغان ئىشەنچىسىنىڭ تۇرغۇزۇلۇشى ئۈچۈن تۆۋەندىكى ئۇسۇللارنى قوللانغان.

1 - بالىنىڭ ئىرادىسىنى تاۋلاش. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن بالىلارنى مۇنداق ئىككى تۈرلۈك ئىشقا كۆندۈردى. بىرى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەنەس ۋە ئابدۇللاھ ئىبنى جەئفەرنى كۆندۈرگەندەك بالىلارنى سىر ساقلاشقا كۆندۈرۈش. بالىلار سىرلارنى پاش قىلماي قويماي ساقلاشقا كۆندۈرۈلگەندە،

ئىرادىسى چىڭىپ ئۆزگە بولغان ئىشەنچىسى ئاشىدۇ. يەنە بىرى، باللارنى روزا تۇتۇشقا كۆندۈرۈش. باللار ئۇسسۇزلۇق ۋە ئاچلىققا بەرداشلىق بېرەلىگەندە، ئۆز نەپسى ئۈستىدىن غالىپ كېلەلىگەنلىكىدىن ئىبارەت ئىرادىسىگە بولغان سۆيۈنۈشى ئېشىپ ھاياجانلىنىدۇ. بۇنىڭ بىلەن، ئۇلاردا ھايات مۇساپىسىدە قىيىنچىلىقلارغا بەرداشلىق بېرىش ئىرادىسى كۈچىيىدۇ. شۇنداقلا، يەنە ئۆزلىرىگە بولغان ئىشەنچىسى تېخىمۇ ئاشىدۇ.

2 ـ ئىجتىمائىي ئىشەنچىسىنى ئاشۇرۇش. باللارنىڭ ئاتا- ئانىلارنىڭ ئىشلىرىغا ھەمدەمدە بولۇشى، ئۆز ياش ۋە ئىقتىدارىغا مۇۋاپىق ئۆي ئىشلىرىنى بېجىرىشى، چوڭلار بىلەن ئولتۇرۇپ قوپۇشتا ئۆزلىرىدىن كىچىكلەر بىلەن جەم بولۇشى ئۇلاردىكى ئىجتىمائىي ئىشەنچىنى ئاشۇرىدۇ.

3 ـ ئىلمىي ئىشەنچىنى ئۈستۈرۈش. باللار كىچىكىدىن باشلاپلا قۇرئان، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈننەتلىرىدىن خەۋەردار قىلىنغاندا گۆدەكلىك مەزگىلىدىن باشلاپلا ئۇلارنىڭ دىلىدا دىنغا بولغان مۇستەھكەم ئىلمىي ئاساس بولىدۇ- دە، كەلگۈسىدىكى بىلىم ئىگەللەش يولىغا نىسبەتەن توغرا نىشان ۋە كۆز قاراش شەكىللەندۈرەلەيدۇ ھەم ھەرخىل خۇراپاتلىق توقۇلمىلار، سەپسەتىلەرنىڭ تەسىرىدىن قايمۇقۇپ قېلىشتىن ساقلىنىپ قالىدۇ.

4 ـ ئىقتىسادىي ۋە تىجارىي ئىشەنچىنىڭ يېتىلىشى. بۇ نىشانغا يەتكۈزۈلۈش ئۈچۈن ئاتا ـ ئانىلار سودا- سېتىقلىرىدا، ئېلىم- بېرىم ئىشلىرىدا باللارنى ئۆزلىرىگە ھەمراھ قىلىۋېلىشى، بەزى بىر ئېلىم ـ سېتىملاردا شاھىد قىلىشى ۋە بۇنداق ئىشلارغا ئۇلارنى كۆندۈرۈش ئارقىلىق بولىدۇ.

## 419-سوئال: تەكرارلاشنىڭ بالىنىڭ روھىغا كۆرسىتىدىغان تەسىرى

بالىمۇ باشقا ئىنسانلارغا ئوخشاشلا ئۇنتۇيدۇ ۋە بىلىدىغان نەرسىلىرىدىن غاپىل قالىدۇ. ئاللاھ تائالا ئۆزى ياراتقان جانلىقلىرىنىڭ ئىچىدە پەقەتلا ئىنسان بالىسىنىڭ باللىق دەۋرىنى شۇنداق ئۇزۇن قىلىپ ياراتتى. ئىنسان بالىسىنىڭ باللىق دەۋرى مەسئۇلىيەتنى ئۆز ئۈستىگە ئالمايدىغان دەۋر بولۇپ بۇ دەۋر دەل كەلگۈسىدە ئۆز ئۈستىگە ئالىدىغان مەسئۇلىيەت ئۈچۈن تەييارلىق قىلىدىغان دەۋر ھېسابلىنىدۇ. تاكى ئۇلار مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگە ئالىدىغان ياشقا يەتمىگىچە پەرىشتىلەرنىڭ قەلەملىرى ئۇلار ئۈچۈن ھېچنېمە يازمايدۇ. بىز بۇ باسقۇچنىڭ بۇ قەدەر مۇھىملىقىنى تونۇپ يەتكىنىمىزدە، باللارنىڭ بىرەر نەرسىنى ياخشى بىلىۋېلىشى، ئېسىدە چىڭ ساقلىۋېلىشى ئۈچۈن ئۇلارغا تەكرارلاشنىڭ نەقەدەر مۇھىملىقىنى ھېس قىلالايمىز. تەكرارلاش پرىنسىپىنىڭ مۇھىملىقىنىڭ دەلىلى شۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ:

«بالىلىرىڭلار يەتتە ياشقا كىرگەندە ناماز ئوقۇشقا بۇيرۇڭلار، ئون ياشقا كىرگەندىمۇ ناماز ئوقۇشقا ئۇنىمىسا، (يەڭگىل ) ئۇرۇڭلار.» دېگەن ھەدىسىدۇر. (بۇ ھەدىسنى ئىمام داۋۇد ۋە باشقىلار رىۋايەت قىلغان.) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام نامازدىن ئىبارەت ئىسلامدىكى مۇھىم ئەركانغا كۆندۈرۈش ئۈچۈن ئۈچ يىل بەلگىلەپ بەردى. ئەلۋەتتە نامازنىڭ مۇھىملىقى ھەممىزگە مەلۇمدۇر. شۇڭا قۇرئان كەرىمدىمۇ ئاللاھ: «(ئى مۇھەممەد!) ئائىلەڭدىكىلەرنى (ۋە ئۈممىتىڭنى) نامازغا بۇيرۇغىن، ئۆزەڭمۇ ئۇنى ئادا قىلىشقا چىداملىق بولغىن.» (سۈرە تاھا 132- ئايەت) دەپ بۇيرۇغان. دېمەك، بىر بالىنى نامازغا بۇيرۇش ئۈچۈن يۇقىرىقى يىللار بويى سەۋر قىلىش لازىم بولىدۇ. بىز سەۋر قىلىشقا دەۋەت قىلىنغان يەتتە ياشتىن تاكى ئون ياشقىچە بولغان ئارىلىقتىكى بۇ ئۈچ يىلنى ھېسابلىساق، ئاتا- ئانا بولغۇچى ھەر بىر كۈندە بەش قېتىمدىن نامازغا بۇيرۇسا، 365 كۈندە 5475 قېتىم بۇيرۇيدۇ دېگەن گەپ. بۇ سان بۇيرۇشنىڭ قانچىلىك كۆپ تەكرارلىنىدىغانلىقىغىلا ئەمەس، بەلكى يەنە قانچىلىك دەرىجىدە سەۋرچان بولۇشى كېرەكلىكىگىمۇ دالالەت قىلىدۇ. دېمەك، بالىنىڭ ئوقۇمىغانلىقىدىن، گەپ ئاڭلىمىغانلىقىدىن ئاسانلا ئۈمىدسىزلىنىپ، ئۇنىڭدىن بەل قويۇۋەتمەسلىكىمىز كېرەك. بالىنىڭ قىلىشى ياكى بىلىشى لازىم بولغان بىرەر ئىشنى ئۇنىڭدىن تەلەپ قىلىنغاندا، تەلەپ قىلغۇچى ئەلۋەتتە تەكرارلاشنى، زېرىكمەستىن قايتا- قايتا چۈشەندۈرۈشنى ئېغىر كۆرمەسلىكى لازىم. مانا بۇ، كاتتا ساھابە ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمۇ بالىلارغا تەكرارلاشنىڭ ئەھمىيىتىنى تونۇپ يەتكەنلىكى ئۈچۈن ئاتا- ئانىلارغا بالىلىرى ھەققىدە مۇنداق يوليورۇق بىرەتتى: «بالىلىرىڭلارنى ياخشىلىققا ئادەتلەندۈرۈڭلار، ھەقىقەتەن ياخشىلىق دېگەن ئادەتتىندۇر.» ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇ ھەقتىكى سۈننىتىنى تۇتقان ئاساستا بالىلارنى زىيارەت قىلىپ تۇراتتى ۋە ئۇلارغا سالام بېرەتتى. ئۇ ئۆزىنىڭ بۇنداق قىلغانلىقىنى دەلىللەپ: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالاممۇ شۇنداق قىلاتتى.» دەيتتى. بالىلار چوڭلارنىڭ ئۆزلىرىگە بىر قانچە قېتىم سالام قىلغانلىقىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ئۇلارمۇ تەدرىجىي يوسۇندا بۇنىڭغا ئادەتلىنىپ، سالام قىلىشنى ئۆگىنىدۇ. ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن سالام قىلىش ئۇلارنىڭمۇ ئادىتىگە ئايلىنىدۇ.

## 420- سۇئال: ئاتا - ئانىغا ياخشىلىق قىلىش پەيغەمبەرلەرنىڭ ئەخلاقى

ئاتا - ئانىغا ياخشىلىق قىلىش پەيغەمبەرلەرنىڭ ئەخلاقى ۋە ھەقىقىي مۇسۇلمانلىقنىڭ نىشانىسىدۇر. ئاللاھ تائالا ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ ئازغۇن دادىسى (ئازەر) نى توغرا يولغا باشلاش ئۈچۈن دادىسىغا مېھرىبانلىق بىلەن نەسىھەت قىلغانلىقى ۋە دادىسى ئۇنىڭ نەسىھىتىنى قوبۇل قىلمىغاندىمۇ، ئۇنىڭغا ئامانلىق

تىلەپ چىرايلىقچە قايتقانلىقىنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «ئۇ ۋاقىتتا ئاتىسىغا ئېيتتى: ئى ئاتا! نېمىشقا ئاڭلىمايدىغان، كۆرمەيدىغان ۋە ساڭا ھېچ نەرسىگە ئەسقاتمايدىغان نەرسىلەرگە چوقۇنىسەن. ئى ئاتا! ماڭا سەن بىلمەيدىغان ئىلىملەر بېرىلدى، ماڭا ئەگەشكىن سېنى توغرا يولغا باشلايمەن. ئى ئاتا! شەيتانغا چوقۇنمىغىن، شەيتان مەرھەمەتلىك ئاللاھقا ھەقىقەتەن ئاسىيلىق قىلدى. ئى ئاتا! سېنىڭ مەرھەمەتلىك ئاللاھ تائالانىڭ ئازابىغا قېلىشىڭدىن قورقىمەن. ئۇ (يەنى ئازەر) ئېيتتى: ئىبراھىم! سەن مېنىڭ ئىلاھلىرىمدىن يۈز ئۆرۈمەكچىمۇسەن، ئەگەر سەن (مۇنداق قىلىشتىن) يانمىساڭ چوقۇم سېنى تاش كېسەك قىلىپ ئۆلتۈرىمەن. ئۇزاق زامان مەندىن يىراق تۇرغىن. ئىبراھىم ئېيتتى: ساڭا ئامانلىق بولسۇن، پەرۋاردىگارىمدىن ساڭا مەغپىرەت تىلەيمەن، ئاللاھ تائالا ھەقىقەتەن ماڭا مېھرىباندۇر.» (سۇرە مەريەم 42 ـ 47 ـ ئايەتلەر) ئاللاھ تائالا يەھيا ئەلەيھىسسالام توغرۇلۇق مۇنداق دەيدۇ: «ئۇنى ئاتا ـ ئانىسىغا كۆيۈمچان قىلدۇق، ئۇ مۇتەكەببىر (يەنى ئاتا ـ ئانىسىنى قاخشاتقۇچى)، ئاسىيلىق قىلغۇچى بولمىدى.» (سۇرە مەريەم 14 ـ ئايەت) ئاللاھ تائالا ئىيسا ئەلەيھىسسالامنىڭ بۆشۈكتە يېتىپ سۆزلىگەن سۆزىنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «مېنى ئاللاھ تائالا ئانامغا كۆيۈمچان قىلدى، مېنى مۇتەكەببىر شەقى قىلمىدى.») سۇرە مەريەم 32 ـ ئايەت)

ئاتا ـ ئانىغا ياخشىلىق قىلىشنىڭ تۈرلىرى ناھايىتى كۆپتۇر. ئاتا ـ ئانىغا ياخشىلىق قىلىش ماددىي ۋە مەنىۋى ھەر ئىككى تەرەپنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئاتا ـ ئانىلارغا پۇل ـ مال ياردەم قىلىش، ھاجەتلىرىنى راۋا قىلىش، ئېغىر ئىشلىرى بولسۇن، يېنىك ئىشلىرى بولسۇن ھەممىدە ئۇلارغا ئىتائەتچانلىق بىلەن خىزمەت قىلىش قاتارلىقلار ماددىي تەرەپتىن ياخشىلىق قىلغانلىق بولۇپ سانىلىدۇ. ئۇلارنىڭ كۆڭۈللىرىنى خوشال قىلىش، دەرتلىرىگە قۇلاق سېلىش، مۇسىبەتلىرىگە تەسەللى بېرىش، بىلمىگەنلىرىنى بىلدۈرۈپ قويۇش قاتارلىقلار مەنىۋى جەھەتتىن ياخشىلىق قىلغانلىق بولىدۇ.

ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئاتا ـ ئانا رازى بولسا، پەرۋەردىگارىمىز رازى بولىدۇ. ئاتا ـ ئانا نارازى بولسا، پەرۋەردىگارىمىزمۇ غەزەپلىنىدۇ. (تىرمىزى: 1899)

## 421ـ سۇئال: ئاتا ـ ئانىلارنىڭ باللىرى ئۈستىدىكى ھەقلىرى ھەققىدە قۇرئان كەرىمنىڭ كۆرسەتمىلىرى

ئاتا ـ ئانىلارنىڭ پەرزەنتلىرى ئۈستىدىكى ھەقلىرى ئىنتايىن كۆپتۇر. باللار ئاتا ـ ئانىلارغا قانچىلىك كۆپ ياخشىلىق قىلسىمۇ، ئاتا ـ ئانىلارنىڭ ئۇلارغا قىلغان

ياخشىلىقلىرىنى ھەرگىزمۇ قايتۇرۇپ بولالمايدۇ، ئەلۋەتتە.

ئاتا، ئانىلىنىڭ يېتەرلىك ئېھتىياجلىرىنى تولۇقلاش يولىدا ھارماي - تالماي ئىشلەيدۇ، چارچايدۇ. ئانا بولسا، پەرزەنتىم دەپ، توققۇز ئاي قورساق كۆتىرىپ، ئاندىن ئۇنى تۇغۇش جەريانىدا ئالەمنى زىلزىلىگە كەلتۈرىدىغان تولغاقلارنى بېشىدىن كەچۈرۈپ ئۇنى تۇغىدۇ. ئاندىن ئۇنى يىللار بويى ئېمىتىپ، ئاسراپ چوڭ قىلىدۇ. ئۇنى چوڭ قىلىش جەريانىدا كېچىلىرى تاتلىق ئۇيقۇسىنى ئۆزىگە ھارام قىلغان ھالدا، بالىسىنى ئاسراش ۋە ھىمايە قىلىش يولىدا ئۆزىنىڭ راھەتىنى ئۇنۇتىدۇ. ئاتا - ئانىلار بالىلارنىڭ خوشاللىقى ئۈچۈن خوشال بولىدۇ. ئۇلارنىڭ غەمكىنلىكلىرى ئۈچۈن غەمكىن بولىدۇ. ئاتا - ئانىلارنىڭ بالىلىرىنىڭ قاتارغا قوشۇلۇپ ئادەم بولغىنىنى كۆرگىنىدە، قانچىلىك ھاياجانغا تولۇپ، ئۆزلىرىنى قانچىلىك سائادەتلىك ھېس قىلىدىغانلىقىنى تەسۋىرلەپ بولۇش قىيىن. پەرزەنتلەر ئاتا - ئانىلارنىڭ بۇگۈنى ھەم ئەتىسىدۇر. ئۇلار ئۆزلىرىنى ئۇنۇتقان ھالدا پەرزەنتلىرى ئۈچۈنلا ياشايدۇ.

ئاتا - ئانىلارنىڭ بالىلار ئۈستىدىكى ھەقلىرى - بالىلارنىڭ ئۇلارغا ياخشىلىق قىلىشلىرىدىن ئىبارەت بىر جۈملە سۆزگە قىسقىرىدۇ. ئاتا - ئانىلارغا ياخشىلىق قىلىش دېگەن بۇ بىرجۈملە ــ ئۇلارنى ماددىي ۋە مەنىۋى جەھەتلەردىن تەمىنلەپ تورۇش، ئۇلارنى ئاسراش، ئۇلارغا ۋاپا قىلىش، ئۇلارنىڭ تەۋسىيەلىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش، ئۇلارنى ھەممىشە ئەڭ ئالىي ئېھتىرام بىلەن ھۆرمەت قىلىش قاتارلىق كۆپلىگەن مەنىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

شۇنىڭ ئۈچۈن ئاللاھ تائالا بالىلارنى ئاتا - ئانىلارغا ياخشىلىق قىلىشتىن ئىبارەت بۇ بىر جۈملە سۆزگە بۇيرۇيدۇ. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: «پەرۋەردىگارىڭ پەقەت ئۇنىڭ ئۆزىگىلا ئىبادەت قىلىشىڭلارنى ۋە ئاتا - ئاناڭلارغا ياخشىلىق قىلىشىڭلارنى تەۋسىيە قىلدى، ئۇلارنىڭ بىرى ياكى ئىككىلىسى سېنىڭ قول ئاستىڭدا بولۇپ ياشىنىپ قالسا، ئۇلارغا ئوھوي دېمىگىن، (يەنى مالاللىقنى بىلدۈرىدىغان شۇنچىلىك سۆزنىمۇ قىلمىغىن)، ئۇلارنى دۈشكەلىمىگىن، ئۇلارغا ھۆرمەت بىلەن يۇمشاق سۆز قىلغىن، ئۇلارغا كامالىي مېھرىبانلىقتىن ناھايىتى كەمتەر مۇئامىلىدە بولغىن ۋە: ”ئى پەرۋەردىگارىم! ئۇلار مېنى كىچىكلىكىمدىن تەربىيىلىگىنىدەك، ئۇلارغا مەرھەمەت قىلغىن “دېگىن. پەرۋەردىگارىڭلار دىلىڭلاردىكىنى ئوبدان بىلگۈچىدۇر. ئەگەر سىلەر ياخشى بولساڭلار (يەنى ئاتا - ئاناڭلارنى قاخشاتقۇچى بولمىساڭلار، ئاللاھ تائالا سىلەرنىڭ خاتالىقىڭلارنى كەچۈرىدۇ) ئاللاھ ھەقىقەتەن، تەۋبە قىلىپ تۇرغۇچىلارنى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر.» (ئىسرا سۈرىسى 23 - 25 - ئايەتلەر)

يۇقىرىقى ئايەتلەر، بالىلار قانداقلا شارائىتتا بولمىسۇن، يەنى ئۇلار مەيلى باي

بولسۇن، مەيلى كەمبەغەل بولسۇن، مەيلى كۆڭۈللىرى خاتىرجەم بولسۇن، مەيلى غەم ـ قايغۇ ئىچىدە بولسۇن، ھەر ھالەتتە، ئاتا ـ ئانىلارغا ياخشىلىق قىلىشنىڭ لازىملىقىنى ئىپادىلەيدۇ. ھەتتا قۇرئان كەرىم، بەزى ۋاقىتلاردا بالىلارنىڭ ئاچچىقىدىن ئۆزلىرىنى تۇتالمىغان ھالەتلەردىمۇ ئۇلارغا مالاللىقنى بىلدۈرىدىغان ئاددى سۆزلەرنىمۇ قىلماسلىقنى تەۋسىيە قىلىدۇ. خوسۇسەن، ئاتا ـ ئانىلار قېرىپ قالغاندا، ئۇلارنىڭ كۆڭۈللىرى ئىنچىكە، گەپ كۆتىرەلمەيدىغان بولۇپ قالغاچقا، ئۇلارغا ئىنتايىن يۇمشاق ۋە سىلىق مۇئامىلىدە بولۇشنى ئالاھىدە تەۋسىيە قىلىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن، بالىلار ئاتا ـ ئانىلارغا قوللىرىدىن كېلىدىغان پۈتۈن ياخشىلىقلارنى قىلغانىنىڭ سىرتىدا ئاللاھ تائالادىن ئۇلارغا مەرھەمەت ۋە رەھمەت تىلەشنى تەۋسىيە قىلىدۇ. ئەڭ ئاخىرىدا ئاللاھ تائالا ئۇلارنىڭ دىللىرىدىكى پۈتۈن ئويلىغانلىرىنى بىلىدىغانلىقىنى ۋە ئاتا ـ ئانىسىغا بولغان سەممىي ئىخلاسى ۋە مۇھەببىتىگە قاراپ مۇكاپات بېرىدىغانلىقىنى بايان قىلىش بىلەن بۇ تەۋسىيەلەرنى تاماملايدۇ.

ئاللاھ تائالا ئاتا ـ ئانا ھەققىدە تەۋسىيە قىلىپ يەنە مۇنداق دەيدۇ: «ئىنساننى ئاتا ـ ئانىسىغا ياخشىلىق قىلىشقا بۇيرۇدۇق، ئانىسى ئۇنى (قورسىقىدا) ئۇستى ـ ئۇستىگە ئاجىزلىق بىلەن كۆتۈردى، ئىككى يىلدا ئۇنى ئەمچەكتىن ئايرىدى، (ئى ئىنسان !) ماڭا ۋە ئاتا ـ ئاناڭغا شۇكۇر قىلغىن، ئاخىرى قايتىدىغان جاي مېنىڭ دەرگاھىمدۇر.» (لوقمان سۈرىسى 14 ـ ئايەت)

## 422-سوئال: ئاتا ـ ئانىغا ياخشىلىق قىلىشنىڭ دۇنيا ۋە ئاخىرەتتىكى ساۋابى

ئاتا ـ ئانىغا ياخشىلىق قىلىشنىڭ دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە ناھايىتى مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە ئىكەنلىكىدە، ھېچ شۈبھە يوقتۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئاتا- ئانىلارغا ياخشىلىق قىلىدىغان مۇسۇلمان پەرزەنتلىرىنىڭ ھاياتىنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى ناھايىتى ئېنىق مەلۇماتلار بىلەن بايان قىلىپ ئۆتكەن ئىدى. مۇسۇلمان پەرزەنتلىرىنىڭ ھاياتىنىڭ ياخشى بولۇشى بولسا، پۈتكۈل جەمئىيەتكە قارىتا زور تەسىرگە ئىگىدۇر. شۇنداقلا، جەمئىيەتنىڭ ياخشىلىنىشىغا سەۋەب بولىدىغان مۇھىم ئامىللارنىڭ بىرىدۇر. ئاتا- ئانىغا ياخشىلىق قىلىش ھەرگىزمۇ بىر ئىنساننىڭ ياخشىلىق قىلىشنى خالىسا قىلىدىغان ياخشىلىقلىرىدىن بولماستىن، بەلكى شۇ ئىنسانغا ئۇنىڭ قىلىشى ئاللاھ تەرىپىدىن يۈكلەنگەن ياخشىلىقتۇر.

ئىمام ئەھمەد ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: ھەر قانداق كىشىنى ئۆمرىنىڭ ئۇزۇن، رىزقىنىڭ زىيادە بولۇشى خۇش قىلسا، ئۇ ئاتا ـ ئانىسىغا ياخشىلىق قىلسۇن ۋە سىلە رەھىم قىلسۇن.

ئاتا ـ ئانىغا ياخشىلىق قىلىشنىڭ ئاخىرەتتىكى پايدىسىنى ئىككى نوقتىغا

يىغىشقا بولىدۇ.

1 - دۇنيادىكى گۇناھلىرىغا كەففارەت بولىدۇ.

2- جەننەتكە كىرىشكە سەۋەب بولىدۇ.

ئەبۇ دەردا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، بىر ئادەم ئۇنىڭ قېشىغا كېلىپ: مېنىڭ بىر ئايالىم بار، بىراق ئانام مېنىڭ ئۇنى قويۇۋېتىشىمنى تەلەپ قىلدى، دېگەنىدى، ئەبۇ دەردا: مەن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ: ئاتا - ئانىغا ئىتائەت قىلىش ئىنساننى جەننەتكە ئېلىپ كىرىدىغان دەرۋازىلارنىڭ (سەۋەبلەرنىڭ) ئەڭ ئەۋزىلىدۇر. شۇڭا خالىساڭ، ئۇ دەرۋازىنى بۇزىۋەتكىن. خالىساڭ، ئۇنى مەھكەم ساقلىغىن دېگەنلىكىنى ئاڭلىغانىدىم، دېدى. (تىرمىزى: 1900)

## 423-سۇئال: ئاتا - ئانىغا ياخشىلىق قىلىشنى پەرزكۇپايە ئىبادەتلەرنىڭمۇ ئالدىغا قويۇش

ھەر بىر مۇسۇلمان ئۈچۈن ئاتا- ئانىغا ياخشىلىق قىلىش پەرزدۇر. بۇ پەرز بىلەن ئاللاھ پەرز قىلغان باشقا پەرزلەر تەڭ بولالايدۇ. يەنى پەرز ناماز، رامىزاننىڭ روزىسى، ز اكات ۋە دىندا قىلىش مۇھىم دەپ بەلگىلەنگەن ئەمەللەر ۋە پەرز ئەين قاتارىدىكى جىھاد قىلىش قاتارلىقلار ئاتا- ئانىغا ياخشىلىق قىلىشتىن ئىبارەت پەرز ئەمەلگە تەڭ بولالايدۇ. پەرزەنت بولغۇچى بۇ ئەمەللەرنى ئادا قىلىشقا ئىمكانىنىڭ يېتىشىچە تىرىشچانلىق كۆرسىتىدۇ. ئەگەر بۇ پەرزلەرنى ئادا قىلغاندا ئىككى پەرزدىن بىرىنى ئاۋۋال ئادا قىلىشقا توغرا كەلسە، ھەتتا پەرز ئەيىننىڭ ئالدىغا ئاتا- ئانىغا ياخشىلىق قىلىشنى قويىدۇ.

1- ئاتا - ئانىغا ياخشىلىق قىلىشنى ئاللاھ يولىدا جىھاد قىلىشنىڭ ئالدىغا قويۇش.

ئاللاھ تائالانىڭ دىنىنى ھىمايە قىلىش يولىدا جىھاد قىلىش ئىسلامدىكى ھەرقانداق ئىبادەتلەردىن ئۇلۇغ ۋە شەرەپلىكتۇر. جىھادتا شېھىت بولغان شېھىتلارنىڭ ھېسابسىز، سوئالسىز، ئۇدۇل جەننەتكە كىرىدىغانلىقى ھەققىدە كەلگەن ھەدىسلارمۇ كۆپ. ئەمما ئاتا - ئانىغا ياخشىلىق قىلىش جىھاد قىلىشتىن ئەۋزەلدۇر. شۇنىڭدىن كۆرۈشكە بولىدۇكى، ئاتا - ئانىغا ياخشىلىق قىلىشنىڭ ئىسلام دىنى نەزەرىدە نەقەدەر ئۇلۇغ ئىبادەت ئىكەنلىكى شەكسىز ھەققەتتۇر.

ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: مەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن: الله تائالا قايسى ئەمەلنى ئەڭ ياخشى كۆرىدۇ؟ دەپ سورىغان ئىدىم، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: ئۆز ۋاقتىدا ئوقۇلغان نامازنى ئەڭ ياخشى كۆرىدۇ، دېدى. ئۇندىن كېيىن قايسى ئەمەلنى؟ دەپ سورىسام: ئاتا - ئانىغا ياخشىلىق قىلىشنى، دېدى.

ئاندىن كېيىنچۇ؟ دېسەم: ئاللاھ يولىدا جىھاد قىلىشنى، دېدى. ئەگەر مەن داۋاملىق سورىغان بولسام، يەنە بىر قانچىنى دەپ بېرىشى مۇمكىن ئىدى. لېكىن مەن كۆپ سورىمىدىم. (بۇخارى: 527)

ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دەيدۇ: بىر ئادەم پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قېشىغا كېلىپ، جىھادقا چىقىش ئۈچۈن ئىجازەت سورىغانىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: ئاتا ـ ئاناڭ ھاياتمۇ؟ دەپ سورىدى، ئۇ ئادەم: ھەئە، دېگەنىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: ئۇنداقتا، سەن ئۆيدە قېلىپ، ئۇ ئىككىسىنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالغىن! دېدى. (بۇخارى: 3004)

مۇئاۋىيە ئىبنى جاھىمە مۇنداق دەيدۇ: ئاتام جاھىمە پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قېشىغا بېرىپ: ئى ئاللاھنىڭ رەسۇلى! مەن جىھادقا چىقىشنى خالايمەن. شۇڭا سەندىن مەسلىھەت سورىغىلى كەلدىم، دېگەنىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: ئاناڭ ھاياتمۇ؟ دەپ سورىدى. ئۇ: ھەئە، دەپ جاۋاب بەرگەنىدى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: ئۇنداق بولسا، ئۇنىڭ خىزمىتىدىن ئايرىلمىغىن ! چۈنكى جەننەت ئانىنىڭ ئىككى قەدىمى ئاستىدا، دېدى. (نەسائى: 3104)

2ـ ئاتا ـ ئانىغا ياخشىلىق قىلىشنى ئايالى ۋە دوستلىرىغا ياخشىلىق قىلىشنىڭ ئالدىغا قويۇش. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: مېنىڭ بىر ئايالىم بار ئىدى، مەن ئۇنى ياخشى كۆرەتتىم. بىراق ئاتام ئۇنى ياقتۇرمىغاچقا، قويۇۋېتىشكە بۇيرۇدى. مەن ئۇنىمىدىم ۋە بۇ ئەھۋالنى پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە ئېيتقانىدىم، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: ئى ئابدۇللاھ! ئايالىڭنى قويۇۋەتكىن! دېدى. (تىرمىزى: 1189)

3ـ ئاتا ـ ئانىغا ياخشىلىق قىلىشنى ھەج قىلىشنىڭ ئورنىغا قويۇش.

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: ئىسلاھاتچى (يەنى ھەمىشە ياخشى ئىش قىلغۇچى) قۇلغا ئىككى ھەسسە ئەجىر بېرىلىدۇ دېگەن. ئەبۇ ھۇرەيرەنىڭ جېنى ئىلكىدە بولغان زاتنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، ئاللاھ يولىدا جىھاد قىلىش، ھەج قىلىش ۋە ئانامغا ياخشىلىق قىلىش مەسئۇلىيەتلىرىم بولمىسا ئىدى، قۇل ھالەتتە ئۆلۈپ كېتىشنى ئارزۇ قىلاتتىم. (مۇسلىم: 1665)

4ـ ئاتا ـ ئانىغا ياخشىلىق قىلىشنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى زىيارەت قىلىشنىڭ ئالدىغا قويۇش. ئانىسىغا ياخشىلىق قىلىش بىلەن مەشغۇل بولغانلىقىنىڭ پەزلى بىلەن پۈتۈن ساھەلەردە ئالدىدا بولۇشتەك شەرەپكە ئېرىشكەن، ئانىسى ئۇنىڭغا موھتاج بولغانلىقى ئۈچۈن ھەتتا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى بىرەر قېتىم بولسىمۇ زىيارەت قىلىپ كۆرۈپ كېلىشكە بارالمىغان ئۇۋەيس ئەلقەرەنىي دېگەن كىشىنىڭ

قىسسىسى بۇنىڭ ئەڭ نەمۇنىلىك ۋە ئەڭ چىرايلىق مىسالىدۇر.

5 ـ ئاتا ـ ئانىغا ياخشىلىق قىلىشنى پەرزەنتلىرىگە بولغان مۇھەببىتىنىڭ ئالدىغا قويۇش. ئۇيقۇغا كەتكەن ئاتا-ئانىسىنى ئويغۇتۇشقا كۆزى قىيماي سۈتنى بىر كىچە ئۇلارنىڭ بېشىدا تۇتۇپ ئولتۇرغان يىگىتنىڭ ھېكايىسى بۇنىڭ مىسالىدۇ.

6- ئاتا ـ ئانىغا ياخشىلىق قىلىشنى نەپلە ئىبادەتلەرنىڭ ئالدىغا قويۇش. جۇرەيجىنىڭ قىسسى بۇنىڭ ياخشى مىسالىدۇر.

7- ئاتا ـ ئانىغا ياخشىلىق قىلىشنى ئاللاھ يولىدا ھىجرەت قىلىشتىن ئەۋزەل ئورۇنغا قويۇش.

ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دەيدۇ: بىر ئادەم پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قېشىغا كېلىپ: مەن ھىجرەت قىلىش ئۈچۈن ساڭا بەيئەت قىلغىلى كەلدىم، بىراق ئاتا ـ ئانام يىغا زارە قىلىشىپ قالدى، دېگەندى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: ئۇنداق بولسا، ئۇلارنىڭ قېشىغا قايتىپ بېرىپ، ئۇلارنى خۇددى يىغلاتقىنىڭغا ئوخشاش كۈلدۈرگىن! دېدى. (نەسائى: 4163)

## 424-سۇئال: ئاللاھقا ئاسىي بولىدىغان ئىشلاردا ئاتا ـ ئانىغا ئىتائەت قىلماسلىق، ئەمما ئۇ ئىككىسىگە ياخشىلىق قىلىشنى توختاتماسلىق

ئىسلام دىنى ئاتا ـ ئانىلارنىڭ قەدرىنى شۇنچىلىك كۆتىرىپ، ئۇلارنىڭ ھەقلىرىنى شۇنچىلىك قەدىرلەيدۇكى، ھەتتا ئۇلار كاپىر، مۇشرىك بولغان تەقدىردىمۇ، بالىلارنىڭ ئۇلارغا ياخشىلىق قىلىشنى تەۋسىيە قىلىدۇ. ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دەيدۇ: « ئەگەر ئاتا ـ ئاناڭ سېنى سەن بىلمەيدىغان نەرسىنى ماڭا شېرىك كەلتۈرۈشكە زورلىسا، ئۇلارغا ئىتائەت قىلمىغىن، ئۇلارغا دۇنيادا ياخشى مۇئامىلىدە بولغىن (يەنى دىنىڭغا زىيان يەتمەيدىغان ئاساستا ياخشىلىق قىلغىن)، ماڭا تائەت بىلەن قايتقان ئادەمنىڭ يولىغا ئەگەشكىن، ئاندىن مېنىڭ دەرگاھىمغا قايتىسىلەر، سىلەرگە قىلمىشىڭلارنى ئېيتىپ بېرىمەن.» (لۇقمان سۈرىسى 15 ـ ئايەت)

شۇنىڭ ئۈچۈن بىراۋنىڭ ئاتا ـ ئانىسى ئەگەر كاپىر بولغان تەقدىردىمۇ، ـ ئاللاھقا ئاسىيلىق بولمايدىغان بارلىق ئىشلاردا ــ ئۇلارغا ئىتائەت قىلىشى، خىزمەتلىرىنى قىلىشى ۋە ئۇلارنى ھۆرمەتلىشى ئىسلام شەرىئىتىدە بۇيرۇلغان قەرزدۇر.

ئاتا- ئانىغا ياخشىلىق قىلىشنى بۇيرۇغان زات ئاللاھتۇر، ئەگەر بەزى ئاتا- ئانىلار بۇ بۇيرۇقتىن پايدىلىنىشنى پۇرسەت دەپ بىلىپ ئاللاھ بۇيرىمىغان ئىشلارغىمۇ بالىلىرىنى مەجبۇرىي يۇسۇندا بۇيرۇسا، بۇنداق ئەھۋالدا ئاتا ـ ئانىغا بويسۇنماسلىق ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا گۇناھ ئەمەستۇر. چۈنكى ئاللاھ مۇسۇلمانلارنىڭ ئاللاھقا ئاسىي بولىدىغان ئىشلاردا ئاتا- ئانىغا بويسۇنماسلىققا بۇيرىدى. بۇ ئاللاھنىڭ ئۇلارغا بەرگەن

رەھمىتى ۋە ياخشىلىقىدۇر. ناۋادا بۇ خىل ئاگاھلاندۇرۇشقىمۇ پەرۋا قىلماي ئۆز خاھىشلىرىدا مەھكەم تۇرسا بالا بولغۇچى بۇ گۇناھ ئىشنى قىلماسلىق بىلەن يەنە ئۇلارغا قارىتا قىلىپ كېلىۋاتقان باشقا ساۋابلىق ئىشلارنىڭ ھەرقاندىقىنى قىلسا بولىدۇ. ئاتا- ئانىلار بەزى ئىشلاردا شەرىئەتنىڭ چۆكمىگە خىلاپ ئىشلارنى قىلسىمۇ ئۇلارغا ياخشىلىق قىلىشنى بۇيرۇش ئىسلام ئەخلاقىدۇر. لېكىن پەرزەنت بولغۇچى ئەقىدىگە ھاقارەت ۋە تەنە قىلىش ياكى ئۇنىڭ ئېتىبارىنى چۈشۈرۈش، بىر بەندىنى مۇسۇلمان ياكى ئەمەسلىكىنى ئايرىيدىغان ئىشلاردا ئۇلارغا بويسۇنسا بولمايدۇ، بۇنىڭدىن باشقا يەنە ھارام ۋە مەكرۇھ تەھرىمگە ئوخشاش گۇناھ بولىدىغان ئىشلاردىمۇ ئاتا ـ ئانىغا بويسۇنۇلمايدۇ. ئۇلارغا ئاللاھنىڭ شەرىئىتىنى، بۇ ئىشلاردىكى ھۆكمىنى يۇمشاق تىل، خۇش مۇئامىلە ۋە ھېكمەتلىك يول بىلەن يەتكۈزۈش كېرەك. ئەكسىچە بۇ ئىشلاردا ئۇلارغا قوپال، قاتتىق قول، ئېغىر كېلىدىغان سۆز قوللىنىلسا بولمايدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «ئىنسانغا بويسۇنۇش پەقەت ئاللاھقا ئاسىي بولمايدىغان ئىشلاردىلا توغرا بولىدۇ، پەقەت ياخشىلىقتا بۇيرۇلغاندا بويسۇنۇشقا بولىدۇ.» دېگەن سۆزى، بىزنىڭ بۇ نۇقتىنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىشىمىزغا يېتەرلىك دەلىلدۇر.

مۇسۇلمان پەرزەنتلەر ئاتا- ئانىسىنىڭ مۇسۇلمان بولۇشى ئۈچۈن ئۇلارغا قارىتا ھۆرمەت، مېھرى- شەپقەت بىلەن، ئىللىق مۇئامىلە ۋە چىرايلىق سۆزلەر بىلەن دەۋەت ئېلىپ بېرىشى لازىم. بۇنداق قىلغاندا ئاتا- ئانىلار پەرزەنتلەردە كۆرۈلگەن بۇ ئېسىل مۇئامىلىدىن تەسىرلىنىدۇ، ئۇلاردىكى ئىسلامىي ئەخلاقتىن تەسىرلىنىدۇ ـ دە، ئىسلامغا بولغان ھېرىسمەنلىكى ئارتىدۇ، مانا بۇ ئاتا ـ ئانىلارنى ئىسلامغا دەۋەت قىلىشنىڭ ھېكمەتلىك يولى.

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: ئانام مۇشرىك ئىدى. مەن ئۇنى ئىسلامغا دەۋەت قىلاتتىم. بىر كۈنى يەنە دەۋەت قىلغانىدىم، ئۇ، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ھەققىدە ھاقارەتلىك سۆزلەرنى قىلدى. مەن يىغلىغان پېتى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا بېرىپ: ئى رەسۇلۇللاھ! بۇگۈنمۇ ئانامنى ئىسلامغا دەۋەت قىلغانىدىم، سىزنى ھاقارەتلەيدىغان سۆزلەرنى قىلدى. ئەبۇ ھۇرەيرەنىڭ ئانىسىنىڭ ھىدايىتىگە دۇئا قىلىپ قويساڭ، دېدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: ئى الله! ئەبۇ ھۇرەيرەنىڭ ئانىسىغا ھىدايەت ئاتا قىلغىن! دەپ دۇئا قىلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ دۇئاسى بىلەن خۇشخەۋەر ئۈمىد قىلغان ھالدا ئۆيگە قايتتىم. ئىشىك تاقاق ئىدى. ئانام ئاياق ئاۋازىمنى ئاڭلاپ: ئى ئەبۇ ھۇرەيرە! بىر ئاز ساقلاپ تۇرغىن! دېدى. ئانام يۇيۇنۇپ، كىيىملىرىنى كىيىپ، بېشىغا ياغلىق ئارتىپ چىقتى ۋە: ئى ئەبۇ ھۇرەيرە ! مەن بىر اللەتىن باشقا ئىلاھنىڭ بەرھەق يوقلۇقىغا ۋە مۇھەممەدنىڭ الله

تائالانىڭ بەندىسى ۋە ھەقىقىي پەيغەمبىرى ئىكەنلىكىگە گۇۋاھلىق بېرىمەن، دېدى. مەن خۇشاللىقتىن يىغلىغان ھالدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا باردىم ۋە: ئى رەسۇلۇللاھ! خۇشخەۋەر، اللە دۇئايىڭنى ئىجابەت قىلىپ، ئەبۇ ھۇرەيرەنىڭ ئانىسىنى ھىدايەت قىلدى، دېدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام اللەقا ھەمدۇ سانا ئېيتتى ۋە: ياخشى بوپتۇ، دېدى. مەن: ئى رەسۇلۇللاھ! مۇئمىن بەندىلەرنىڭ مېنى ۋە ئانامنى قىزغىن سۆيۈشىگە، بىزنىڭمۇ ئۇلارنى قىزغىن سۆيۈشىمىزگە دۇئا قىلساڭ، دېگەنىدىم، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: ئى اللە! مۇئمىن بەندىلىرىڭگە ئەبۇ ھۇرەيرە ۋە ئانىسىنى قىزغىن سۆيدۈرگىن. ئۇلارغىمۇ مۇئمىن بەندىلىرىڭنى قىزغىن سۆيدۈرگىن ! دەپ دۇئا قىلدى. شۇڭا مېنى كۆرگەن ياكى ئاڭلىغان ھەرقانداق مۇئمىن كىشى مېنى قىزغىن دوست تۇتاتتى. (مۇسلىم: 2491)

ئەبۇبەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مەككە فەتھى بولغاندا ئاتىسىنىڭ مۇسۇلمان بولۇشىنى ئۈمىد قىلىپ، ئۇنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىغا ئالدىراشلىق بىلەن ئېلىپ باردۇ، بۇ چاغدا ھەقىقەتەن ئۇنىڭ تىلىكى ئەمەلگە ئاشقان ئىدى.

## 425-سۇئال: ئىنسانلار ئىچىدە ھەمسۆھبەت بولۇشقا ئەڭ لايىق كىشلەر ئاتا - ئانىدۇر

نۇرغۇنلىغان كىشىلەر ھاياتتا دوست ۋە ھەمسۆھبەت تۇتۇشتا خاتالىشىدۇ، ئۇلار ۋاپادار ۋە ئىخلاسمەن دوست تاپالماي ئۇلارنى ئىزدەشكە ناھايىتى بەك كۆپ كۈچ سەرپ قىلىشىدۇ، ئۇلار ئۇزۇن مۇدەت كۈچ ۋە ئەقىل ئەقدە سەرپ قىلىپ تاپقان دوستلىرى ياكى ئۇلارغا ئىشىنىپ، ئۇلار ئۇچۇن ساداقەتمەنلىك كۆرسەتكەن دوستلىرىنىڭ كۆڭلەرنىڭ بىرىدە ئۇلارنىڭ تەسەۋۋۇرىدىكىدەك ئۇنچىۋالا سادىق دوستلاردىن ياكى ئىشەنچلىك، ۋاپادار دوستلاردىن ئەمەسلىكىنى سېزىدۇ، بۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلارغا قىلغان ئەقىدىسىگە ئېچىنىپ ھەسرەتلىنىدۇ، ئۈمىدسىزلىنىدۇ. ئالاھ تائالانىڭ بەندىلىرىگە رەھمەت قىلىش يۈزىسىدىن ئەۋەتكەن ئەلچىسى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئاللاھنىڭ بەندىلىرىنىڭ بۇ تەرەپتىكى ئاجىزلىقى ۋە موھتاج بولىدىغانلىقىنى بىلىدىغان، ئاللاھنىڭ ئىنسانلارغا كۆرسەتكەن بۇ تەرەپتىكى مېھرىبانلىقىنى، ئىنساننىڭ ھەمسۆھبەت بولۇشقا ئەرزىيدىغان ھەقىقىي دوستىنىڭ ئاتا- ئانا ئىكەنلىكىنى تۆۋەندىكى سۆزلىرى بىلەن مۇنداق يەتكۈزدى.

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: بىر ئادەم پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قېشىغا كېلىپ: ئى اللەنىڭ پەيغەمبىرى! ئىنسانلار ئىچىدىن كىم مېنىڭ ياخشى مۇئامىلە قىلىشىمغا ئەڭ ھەقلىق؟ دەپ سورىغانىدى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: ئاناڭ، دەپ جاۋاب بەردى. ئاندىن قالسا كىم؟ يەنە ئاناڭ. ئاندىن قالسا كىم؟ يەنە ئاناڭ. ئاندىن قالسچۇ؟ دەپ سورىغانىدى: ئاندىن

قالسا داداڭ، دېدى. (بۇخارى: 5971)

بەزىلەر ھاياتتا بەلكىم مەن دوستقا ياكى سۆھبەتداشقا موھتاج ئەمەسمەن ! دېيىشى مۇمكىن، بۇنىڭغا بېرىلىدىغان جاۋاب مەيلى سىز بېھاجەت بولۇڭ ياكى بولماڭ، بۇ سىزنىڭ ئىشىڭىز، بىراق شۇنى ئۇنۇتماڭكى، سىزنىڭ ئاتا- ئانىڭىز ئۆزلىرىنىڭ ھاياتىغا مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەردە، ئائىلىدىكى باشقا قېرىنداشلىرىڭىزنىڭ تۇرمۇش ئېھتىياجىغا ئائىت ئىشلاردا سىز بىلەن مەسلىھەتلىشىشكە، ھەمسۆھبەت بولۇشقا، پىكىر ئالماشتۇرۇشقا موھتاجدۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يۇقىرىقى ھۆكۈم خاراكتېرلىك جاۋابى ئىنسانىنىڭ ئاتا - ئانىغا ھەمسۆھبەت بولۇشقا ھامىنى موھتاج بولىدىغانلىقىغا بېرىلگەن بېشارەتتۇر.

## 426- سۇئال: ئانىغا ياخشىلىق قىلىش بىلەن ئاتىغا ياخشىلىق قىلىش بىرلا ۋاقىتتا توغرا كېلىپ قالغاندا، ئانىغا ياخشىلىق قىلىشنى ئالدىغا قويۇش

ئانىلارنىڭ بالىلار ئۈستىدىكى ھەقلىرى ئاتىنىڭ ھەقلىرىدىن كۆپتۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن ئانىلارنىڭ ھەقلىرى ئۇلارنى ئادا قىلىش جەھەتتە، ئاتىلارنىڭ ھەقلىرىدىن ئەۋزەل ۋە ئاۋۋالقى ئورۇندا تۇرۇشقا تېگىشلىك. چۈنكى ئانىنىڭ بالىسىنى قۇرسىقىدا كۆتىرىپ، تۇغۇپ، ئېمىتىپ، چوڭ قىلىپ قاتارغا قوشۇش جەريانىدا چەككەن جاپا - مۇشەققەتلىرى، ئاتىنىڭ ئائىلىنىڭ كەملىرىنى بار قىلىپ، ئۇنىڭ ئېھتىياجلىرىدىن چىقىش يولىدا چەككەن مېھنەتلىرىدىن ئەلۋەتتە ئېغىر ۋە كۆپتۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن ئىسلام دىنى ئانىلارنىڭ بالا تۇغۇپ چوڭ قىلىش يولىدىكى مېھنەتلىرىنى ئالاھىدە قەدىرلەپ، ئۇلارنىڭ ھەقلىرىنى ئاتىلارنىڭ ھەقلىرىدىن ئاۋۋالقى ئورۇندا قويدى ۋە پەرزەنتلەرنىڭ بۇ ھەقلەرنى ئۆز يولىدا، تولۇق ئورۇنلىشىنى تەۋسىيە قىلدى.

بەھز ئىبنى ھەكىمنىڭ چوڭ دادىسى مۇنداق دەيدۇ: ئى اللەنىڭ رەسۇلى! ئالدى بىلەن كىمگە ياخشىلىق قىلىمەن؟ دەپ سورىغانىدىم، ئاناڭغا، دېدى. ئاندىن قالسىچۇ؟ دەپ سورىغانىدىم، يەنە: ئاناڭغا، دېدى. ئاندىن قالسىچۇ؟ دەپ سورىدىم، يەنە: ئاناڭغا، دېدى. تۆتىنچى قېتىم: ئاندىن قالسىچۇ؟ دەپ سورىسام: ئاندىن قالسا، داداڭغا ياخشىلىق قىلغىن ! ئاندىن كېيىن تۇغقانلارغا يېقىنلىق دەرىجىسى بويىچە ياخشىلىق قىلساڭ بولىدۇ، دېدى. (تىرمىزى: 1897)

ھافىز ئىبنى ھەجەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يۇقىرىدىكى ئارقا- ئارقىدىن ئۈچ قېتىم ئانىغا ئىشارەت قىلغان ھەدىسىنى شەرھلەپ مۇنداق دېدى: «ئىبنى بەتتال، بۇ ھەقتە ئاتىغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئانىغا ئۈچ ھەسسە ئارتۇق ياخشىلىق قىلىش كېرەك، چۈنكى، ئانا قورساق كۆتۈرۈش، تۇغۇتتا قىينىلىش ۋە كىچىك ۋاقتىدىن

تارتىپ جاپاسىنى تارتىپ بۇ جاپالار ئۈستىدىن غالىپ كەلگەندىن كېيىن، ئاندىن ئاتا بالىنى بېقىشتا، تەربىيىلەشتە ئانىغا شېرىك بولىدۇ، دېگەنلەرنى بايان قىلىدۇ. ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە ئىشارەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ : «ئىنساننى ئاتا- ئانىسىغا ياخشىلىق قىلىشقا بۇيرۇدۇق. ئانىسى ئۇنى (قورسىقىدا) ئۈستى - ئۈستىگە ئاجىزلىق بىلەن كۆتۈردى. ئىككى يىلدا ئۇنى ئەمچەكتىن ئايرىدى. (ئى ئىنسان !) ماڭا ۋە ئاتا- ئاناڭغا شۈكۈر قىلغىن، ئاخىر قايتىدىغان جاي مېنىڭ دەرگاھىمدۇر.» (سۈرە لوقمان 14-ئايەت)

ئېمام قۇرتۇبى، بۇ ھەدىستە كۆزدە تۇتۇلغان مەقسەت شۇكى، ئانا بولغۇچى بالىسىدىن كۆپرەك ياخشىلىققا ئىگە بولۇشقا ھەقلىقتۇر، ناۋادا ئاتىغا ياخشىلىق قىلىش بىلەن ئانىغا ياخشىلىق قىلىش تەڭ ئورۇنغا كېلىپ قالغاندا ئانىغا ئاۋۋال ياخشىلىق قىلىشقا ئىشارەتتۇر، دەيدۇ.

## 427-سوئال: ئاتا - ئانا ۋە پەرزەنتلەرنىڭ بىر بىرىگە دۇئا قىلىشى

دۇئا قىلىش، ياخشىلىق قىلىشنىڭ ئاساسلىرىدىن بىرىدۇر. ئۇ، دۇئا قىلغۇچىنىڭ ئۆزى دۇئا قىلغان قارشى تەرەپكە ئىپادىلىگەن ياخشى كۆرىشىنىڭ تاشقى ئىپادىسىدۇر، شۇنداقلا دۇئا قىلغۇچىنىڭ كۆڭۈل ياخشىلىقىنىڭ ئىپادىسىدۇر. مۇھەببەت بىلەن تولغان يۈرەك ھەمىشە دۇئا قىلىشقا ھېرىسمەن بولىدۇ، تىل دىلغا تەرجىمان بولىدۇ، ئاتا- ئانا بىلەن پەرزەنتلەر ئوتتۇرىسىدىكى قەلب مۇھەببىتى ئاشقانسېرى، ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى دۇئامۇ كۆپ بولىدۇ.

ئەبۇ ھۈرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مۇنداق ئۈچ كىشىنىڭ دۇئاسى شەكسىز ئىجابەت بولىدۇ: مەزلۇمنىڭ دۇئاسى، مۇساپىرنىڭ دۇئاسى، دادىنىڭ بالىغا قىلغان بەددۇئاسى. (تىرمىزى: 1905)

ئۇممۇ سەلەمە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ھەسەن، ھۈسەين، ئەلى ۋە فاتىمە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملارنىڭ ئۈستىگە بىر يېپىنچىنى يېپىپ: ئى رەببىم! بۇلار مېنىڭ ئەھلى بەيتىمدۇر، خاس كىشىلىرىمدۇر. ئۇلارنى گۇناھتىن يىراق قىلغىن ۋە تامامەن پاكلىغىن! دېدى. (شۇ چاغدا) ئۇممۇ سەلەمە رەزىيەللاھۇ ئەنھا: ئى رەسۇلۇللاھ! مەنمۇ ئۇلار بىلەن بىرگىمۇ؟ دەپ سورىغانىدى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنىڭ سۆزىگە جاۋابەن: ئى ئۇممۇ سەلەمە! سەن ياخشىلىق ئۈستىدە، دېدى. (تىرمىزى: 3871)

## 428-سوئال: ئاتا - ئانىسىنىڭ تىللىنىشىغا سەۋەبچى بولماسلىق

ئاتا- ئانىلارنىڭ نامىغا داغ تەككۈزىدىغان بىر ئىشلارنى قىلغانلىقىنىڭ سەۋەبىدىن ئۇلارنىڭ ئاچچىقىنى كەلتۈرىدىغان، بۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئۆز - ئۆزىنى تىللىشىغا

سەۋەبچى بولىدىغان، ياكى سەن بىراۋلارغا يامانلىق قىلىپ سالغانلىقىڭ ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ ئاتا- ئاناڭنى تىللىشىغا سەۋەبچى بولىدىغان ۋە ياكى سەن بىراۋلارنىڭ ئاچچىقىنى كەلتۈرۈپ ئۇلارنىڭ ئاتا- ئانىسىنى تىللاپ قويغاندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ ئاچچىقلىنىپ، سېنىڭ ئاتا- ئاناڭنى تىللاپ سالىدىغان ھەرقانداق ئىشلاردىن ساقلىنىشىڭنىڭ ئۆزىمۇ ئاتا- ئانىغا قىلغان ياخشىلىقلارنىڭ قاتارىدىندۇر. قىسقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، مەيلى قانداق سەۋەب ۋە ئەھۋال بولۇشىدىن قەتئىي نەزەر، ئاتا- ئانىلارنىڭ بىرەر تىل - ئاھانەتكە قېلىشىغا سەۋەبچى بولىدىغان ھەرقانداق بىر ئىش ياخشى ئەمەستۇر. ئاتا- ئانىنىڭ ئىسمىنىڭ يامان تىل بىلەن ئېغىزغا ئېلىنىپ قېلىنىشتىن ساقلىنىش ياخشىلىقنىڭ ئەڭ چوڭلىرىدىن ھېسابلىنىدۇ.

## 429-سۇئال: ئاتا - ئانىنى قاخشىتىشنىڭ چوڭ گۇناھ ئىكەنلىكى ۋە ئۇنىڭغا دۇنيا ئاخىرەتتە جازا بېرىلىدىغانلىقى

پەرزەنتلەر تەرىپىدىن ئاتا - ئانىلارنىڭ كۆڭلىگە تېگىپ قويىدىغان ياكى ئۇلارنى رەنجىتىپ قويىدىغان ھەرقانداق سۆز - ھەرىكەتلەرنىڭ سادىر بولۇشى ئاتا - ئانىلارنى قاخشاتقانلىقتۇر.

ئاللاھقا ئاسىيلىق بولمايدىغان ھەرقانداق ئىشتا، ئۇلارنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ، ئۇلارغا ئىتائەت قىلىش ئىنتايىن زۆرۈردۇر. شەرىئەت ئىستېمالى يويىچە ئېيتقاندا، پەرزدۇر. بۇنىڭغا ئاساسەن، ئاتا - ئانىلار ئېھتىياج ياكى زۆرۈرىيەت يۈزىسىدىن باللىرىنى نەپلى (ئىختىيارى) ياكى پەرز كىپايە بولغان ئەمەللەرنى تەرك ئېتىشكە زورلىغان ھالدىمۇ، ئۇلارغا ئىتائەت قىلىش لازىم. ئەمما پەرز ئەيىن بولغان ئىشلارنى قىلىشتىن توسسا ياكى ھارام ئىشلارنى قىلىشقا زورلىسا، بۇ ۋاقىتتا ئاتا - ئانىلارغا بۇ ئىشلاردا ئىتائەت قىلماسلىق لازىم. ئاتا - ئانىلارنى قاخشىتىش ئەڭ چوڭ گۇناھى كەبىرىلەرنىڭ قاتارىدىندۇر. كىشى قانچىلىك ياخشى بولۇپ كېتىپ، ئاللاھقا شۇنچە سادىق بولسىمۇ، ئاتىسىنى ياكى ئانىسىنى قاخشاتقان ئىكەن، ئۇ، ھەرگىزمۇ ئاللاھ تائالانىڭ رەھمىتىگە ئېرىشەلمەيدۇ. يەنى جەننەتكە كىرەلمەيدۇ.

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: بۇرنى تۇپىغا مىلەنسۇن! بۇرنى تۇپىغا مىلەنسۇن ! بۇرنى تۇپىغا مىلەنسۇن! دېگەندى، بۇنى ئاڭلىغان ساھابىلار: ئى اللەنىڭ پەيغەمبىرى! ئۇ كىم؟ دەپ سورىدى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: ئاتا - ئانىسىنىڭ بىرى ياكى ھەر ئىككىلىسى قېرىپ قالغاندا، (ئۇلار بىلەن) بىرگە ياشاپ تۇرۇپ (ئۇلارنىڭ خىزمىتىنى قىلمىغانلىقتىن) جەننەتكە كىرىشتىن مەھرۇم بولغان ئادەم، دەپ جاۋاب بەردى. (مۇسلىم: 2551)

ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۈچ قېتىم: مەن سىلەرگە چوڭ گۇناھلاردىن خەۋەر بېرەيمۇ؟ دەپ سورىغاندى، ساھابىلار: ئى رەسۇلۇللاھ ! شۇنداق قىلغىن! دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: اللەقا شېرىك كەلتۈرۈش، ئاتا ـ ئانىنى قاخشىتىش، دېدى. ئاندىن يۆلىنىپ ئولتۇرغان يېرىدىن تىكلىنىپ: يالغان قەسەم قىلىش، دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ سۆزىنى قايتا ـ قايتا تەكرارلاۋەردى. ھەتتا بىز "پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام توختاپ قالسىكەن "دەپ كەتتۇق. (بۇخارى: 2654)

ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: قىيامەت كۈنى، الله مۇنداق ئۈچ كىشىنىڭ يۈزىگە قارىمايدۇ: بىرىنچىسى، ئاتا ـ ئانىسىنىڭ قارغىشىنى ئالغان كىشى؛ ئىككىنچىسى، ئەر كىشىگە ئوخشىۋالغان ئايال؛ ئۈچىنچىسى، دۆيۈز (خوتۇنىنى كۈنلىمەيدىغان ئادەم) مۇنداق ئۈچ كىشى جەننەتكە كىرمەيدۇ: بىرىنچىسى، ئاتا ـ ئانىسىنىڭ قارغىشىنى ئالغان؛ ئىككىنچىسى، ھاراقكەش؛ ئۈچىنچىسى، بەرگىنىگە مىننەت قىلىدىغان كىشى. (نەسائى: 2562)

ئاتا ـ ئانىسىنى قاخشاتقانىنىڭ گۇناھى توغرۇلۇق كەلگەن ھەدىسلەر ناھايىتى كۆپتۇر. ئىسلام نەزەرىدە ئەڭ كەچۈرۈلمەس، ئېغىر گۇناھ شېرىك بولسا، شېرىكتىن كېيىنلا ئاتا ـ ئانىسىنى قاخشىتىشنىڭ گۇناھى كېلىدۇ. يەنى ئىماندىن كېيىنلا بۇيرۇلغان ئەڭ ئاۋۋالقى ئىش ـ ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرمەستىن، ئۇنى بىر بىلىپ ئىبادەت قىلىش بولسا، ئۇنىڭدىن كېيىنلا بۇيرۇلغان تەكلىپ ئاتا ـ ئانىغا ياخشىلىق قىلىش دېگەنلىكتۇر. ئاتا ـ ئانىغا ياخشىلىق قىلىش نەقەدەر ئۇلۇغ ئىبادەت سانالسا، ئاتا ـ ئانىنى قاخشىتىشمۇ شۇنچىلىك ئېغىر گۇناھى كەبىرىدۇر.

ئاللاھ تائالا ھەرقانداق ئېغىر گۇناھلارنىڭ جازاسىنى ئاخىرەتكە كېچىكتۈرگەن بولسىمۇ، زۇلۇم (يەنى ھەقسىزلىق) نىڭ جازاسىنى ئاخىرەتكە كېچىكتۈرگىنى يوق. ئاتا ـ ئانىنى قاخشىتىش ئۇلارغا ئەڭ ئېغىر دەرىجىدە زۇلۇم قىلغانلىقتۇر.

## 430ـ سۇئال: ئاتا ـ ئانىلارغا ياخشىلىق قىلىش ھەققىدە تەۋسىيەلەر

ھۆرمەتلىك قېرىنداشىمىز، ئەگەر سىز دۇنيا ۋە ئاخىرەتنىڭ ياخشىلىقلىرىنى قولغا كەلتۈرمەكچى بولسىڭىز مۇنۇ تەۋسىيەلەرگە ئەمەل قىلغايسىز، ئاتا ـ ئانىغا ياخشىلىق قىلىش تۆۋەندىكىچە بولىدۇ:

1. ئاتا ـ ئانىغا ھەرۋاقىت ئەدەپ بىلەن سۆز قىلىش.
2. ئاللاھقا ئاسىيلىق بولمايدىغان ھەرقانداق ئىشتا ئۇلارغا ئىتائەت قىلىش.
3. ئۇلارغا مېھرىبانلىقنى كۆرسىتىش، ھېچ ۋاقىت ئۇلارغا غەزەپ بىلەن

قارىماسلىق، بەلكى ھەمىشە تەبەسسۇم بىلەن قاراش.

4. ئۇلارنىڭ ئابرۇيىنى ۋە ھۆرمىتىنى ساقلاش، ئۇلارنىڭ رۇخسەتسىز ئۆيلىرىدىن بىر نەرسە ئالماسلىق.

5. ئۇلار مەمنۇن بولىدىغان ئىشلارنى قىلىش، ھەمىشە دۇئالىرىنى ئېلىپ تۇرۇش.

6. ھەرقانداق بىر ئىشنى باشلاشتا ئاۋۋال ئۇلاردىن مەسلىھەت سوراش.

7. ئۇلارنىڭ چاقىرىقىغا ھەرۋاقىت "خوش ئاتا ـ خوش ئانا "دەپ تەبەسسۇم بىلەن ھازىر بولۇش.

8. ئۇلارنىڭ دوست ـ يارانلىرىنى ھۆرمەتلەش، دۈشمەنلىرىگە ساداقەت باغلىماسلىق.

9. ئۇلار بىلەن مۇنازىرە قىلىشماسلىق، ئۇلارنىڭ خاتالىقلىرى بولسا، سىلىق يول بىلەن كۆرسىتىپ بېرىش.

10. ئۇلارغا سۆز قىلغاندا، ئاۋازىنى كۆتىرىپ ئۇلارنى راھەتسىز قىلماسلىق، ئۇلارنىڭ سۆزلىرىنى ئەدەپ بىلەن قولاق سېلىپ ئاڭلاش.

11. ئۇلارنىڭ ئۆي ئىچىدىكى ۋە سىرتتىكى ئىشلىرىغا ياردەملىشىش.

12. ئۇلارنىڭ روختىسىز سەپەرگە چىقماسلىق، ئەگەر ئالدىراش يۈزىسىدىن كېتىپ قالغان تەقدىردىمۇ، ئۇلاردىن ھامان كەچۈرۈم سوراش.

13 ـ ئۇلارنىڭ ئۆيلىرىگە خوسۇسەن، ئۇلار ئۇخلاۋاتقان ۋاقىتلىرىدا ئىزنىسىز كىرمەسلىك.

14. ئۇلارنىڭ مېھمانلىرى كەلگەندە، قول باغلاپ تۇرۇپ خىزمەت قىلىش، زۆرۈر ئىشى بولسىمۇ قويۇپ، ئۇلارنى مېھمانلىرى ئالدىدا يالغۇز تەرك ئەتمەسلىك.

15. ئۇلار بىلەن بىرگە تاماق يېگەندە، ئۇلاردىن بۇرۇن داستىخانغا قول ئۇزاتماسلىق.

16. ئۇلارغا ھەرگىز يالغان سۆزلىمەسلىك.

17. ئايالىنى ۋە پەرزەنتلىرىنى ئۇلاردىن ئۈستۈن كۆرمەسلىك.

18. بىرگە يول يۈرگەندە، ئۇلارنىڭ ئالدىدا يۈرمەسلىك، بىرگە ئولتۇرغاندا ئۇلاردىن يوقىرى ئولتۇرماسلىق.

19. ئۆزى قانچىلىك چوڭ مەنسەبلىك كىشى بولسىمۇ، ياكى كاتتا ئالىم بولسىمۇ، ئاتا ـ ئانىسىغا مەنسۇپ بولۇشتىن تەكەببۇرلۇق قىلماسلىق، ئۇلار ئالدىدا ھەمىشە كەمتەر بولۇش.

20. ئۇلارغا ماددىي ياردەمدىن بېخىللىق قىلماسلىق، ئۇلار ئۈچۈن ئۆزلىرىنى ئۇنۇتۇش.

21. ئۇلارنىڭ مېھمانلىرىنى قەدىرلەپ تۇرۇش، ئۇلارنى زىيارەت قىلىپ تۇرۇش، ھەدىيە ۋە سوۋغاتلارنى تەقدىم قىلىپ تۇرۇش.

22. ئۇلارنى غەزەپلەندۈرۈشتىن ئېھتىيات قىلىش، كۆڭۈللىرىنى ئاسراش.

23. ئۇلار بەرگەن نەرسىلەرنى تەشەككۇر ئېيتىش بىلەن قوبۇل قىلىش.

24. ئۇلارنىڭ خۇشاللىقلىرىنى تەبرىكلەپ بىرگە خۇشال بولۇش، ئۇلارنىڭ مۇسىبەتلىرىگە تەسەللى بېرىش.

25. ئۇلارنىڭ يۈز- خاتىرىسى ئۈچۈن، ئۇلار ياخشى كۆرىدىغان پەرزەنتلىرىنى ياخشى كۆرۈش.

26. ئايالى ئۇلار بىلەن جېدەللىشىپ قالغاندا، ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئادىللىق بىلەن ئىش كۆرۈش.

27. ئاتا - ئانا ۋاپات بولۇپ كەتكەندىن كېيىنمۇ، ئۇلارنىڭ قەبرىلىرىنى زىيارەت قىلىپ تۇرۇش.

28. ئۇلارنىڭ ۋەسىيەتلىرىنى يۈرگۈزۈش.

29. ئۇلارنىڭ ھەققىدە سەدىقىلەرنى قىلىپ تۇرۇش.

30. ئاتا - ئانا ھايات بولسۇن، مەيلى ۋاپات بولۇپ كەتكەن بولسۇن، ئۇلارنىڭ ھەققىدە، اللە! مېنى ۋە ئاتا - ئانامنى مەغپىرەت قىلغىن دەپ ھەمىشە دۇئا قىلىپ تورۇش.

ھەرقانداق كىشى ئاتا - ئانىسىغا قىلغان مۇئامىلىسىنىڭ ئوخشىشىنى ئۆز پەرزەنتلىرىدىن چوقۇم كۆرىدۇ. يەنى ئاتا - ئانىسىنى قاخشاتقانلارنى ئۇلارنىڭ بالىلىرىمۇ قاخشىتىدۇ، ئاتا - ئانىسىنى رازى قىلغانلارنى ئۇلارنىڭ بالىلىرىمۇ رازى قىلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ ئالەم، "ئۆتنە ئالەم "دېيىلىدۇ. بۇ، جەمئىيىتىمىزدە ۋە ئۇزۇن يىللىق تارىخىمىزدا كۆپ تەجرىبە قىلىنىپ، ھەركىشىنىڭ نەزەرىدە رىئاللىققا ئايلانغان بىر ھەقىقەتتۇر.

## 431-سۇئال: باللاردا توغرا ئىسلامىي ئەقىدە تۇرغۇزۇشنىڭ قەدەم باسقۇچلىرى

بىرىنچى، بالىغا تەۋھىد كەلىمىسىنى ئۆگىتىش. ھاكىم ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «بالىلىرىڭلارنى ئاللاھتىن باشقا ئىلاھ يوقتۇر» دېگەن سۆز ئۈستىگە ئېغىز ئاچتۇرۇڭلار، ئۆلۈش ئالدىدا «ئاللاھتىن باشقا ئىلاھ يوقتۇر» دېگەن سۆزنى دېگۈزۈڭلار.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يېڭى ئىسلام جەمئىيتى قۇرۇشنىڭ دەۋتىنى ئېلىپ

بېرىشتا باللارغا قارىتا شۇنچىلىك ئەھمىيەت بەردىكى، ئۇلارنى دەۋەت قىلىش ئىشلىرىدا ھەمىشە ئۇلارنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇپ كەلدى. ھەتتا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەدىنىگە ھىجرەت قىلىش ئۈچۈن مەككىدىن يولغا چىققان كېچىسى ئەلى (ئاللاھ ئۇنىڭ يۈزىنى نۇرلاندۇرۇۋەتسۇن !) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆيىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سىياقىدا يېتىپ، كاپىرلارنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يوقلىقىدىن گۇمانلىنىپ قېلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىشتەك مۇقەددەس بىر قوغدىغۇچىلىق ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئېلىشقا مۇيەسسەر بولدى، بۇ يەنە ئۆز نۆۋىتىدە باللارنىڭ كەلگۈسىدە ئىسلام ئۈچۈن مەسئۇلىيەتچان، قورقماس ئەزىمەتلەردىن بولۇپ يېتىلىشى ئۈچۈن ئېلىپ بېرىلغان جانلىق تەربىيىلىشنىڭ ئۈرنىكى بولدى.

ئىككىنچى، بالىغا ئاللاھنى سۆيۈشنى، ئاللاھنىڭ كۆزىتىشىنى، ئاللاھتىن ياردەم سوراشنى، قازا ۋە قەدەرنىڭ ئاللاھ تەرىپىدىن بولىدىغانلىقىغا ئىمان كەلتۈرۈشنى ئۆگىتىش.

ھەر بىر بالىنىڭ شەخسىيتى، ئىجتىمائىي مۇھىتى، ئىقتىسادىي تۇرمۇشى ياكى مەكتەپ ھاياتىغا مۇناسىۋەتلىك بىرەر قىيىنچىلىقى بار. بۇ ئەھۋاللاردىكى قىيىنچىلىقلىرى بىر بالىنىڭ يەنە بىر بالىغا قارىتا ئوخشاش بولمايدۇ، باللار ئۆزلىرىنىڭ قايسى بىر جەھەتتىكى قىيىنچىلىقنى ھېسسىياتلىرى بىلەن ئىپادىلەيدۇ ياكى ھېسسىياتسىز بىر شەكىلدە ئۇقتۇرىدۇ. ئەھۋال ئۇنداق ئىكەن، باللارنىڭ قىيىنچىلىقلارنى يېڭىشگە قايسى يوللار ئەڭ مۇۋاپىق كېلىدۇ؟ ئېنىقكى، ئۇنىڭ بۇ قىيىنچىلىقلىرى ئۇنىڭ ئاللاھتىن ياردەم تىلىشى، ئاللاھنىڭ شەيئىلىرىنى ئىبرەت كۆزى بىلەن كۆزىتىشى، ئىشلىرىنىڭ ھەممىسىدە ئاللاھتىن ياردەم سورىشى، قازا-قەدەر، ياخشىلىق ۋە مۇسىبەتنىڭ ئاللاھ تەرىپىدىن كېلىدىغانلىقىغا ئىشىنىشى بىلەن ھەل بولىدۇ. بۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆگەتكەن ۋە ئۆز ئەمەلىيتى بىلەن ئىسپاتلاپ بەرگەن يولىدۇركى، ھېچقانداق بىر ئىنسان بۇنىدىن باشقا بىر يول ئارقىلىق قىيىنچىلىقنى يېڭىشتە نەتىجىگە ئېرىشەلمەيدۇ. ئاللاھقا بولغان مۇھەببىتىنىڭ چوڭقۇرلىششى، ئۆزى ئۈچۈن ياردەم سورىشى، دىلىدا پەقەت ئاللاھتىنلا ئۈمىد كۈتۈشى، قازا ۋە قەدىرنىڭ ئاللاھ تەرىپىدىن ئىكەنلىكىگە چىن دىلىدىن ئىشىنىشى قاتارلىقلار ھازىرقى باللىق دەۋرىدە باللار ئۈچۈن بىردىن بىر نىجاتلىق يول بولسا، ئۇلارنىڭ كەلگۈسى ئۈچۈن تەربىيىلىنىشى، تاكى ھاياتىنىڭ ئاخىرغىچە ماڭىدىغان يولىنى توغرا تاللىشىدىكى ۋە ئۇنىڭدا مۇستەھكەم تۇرالىشىدىكى چېنىقىش ئۈچۈن كەم بولسا بولمايدىغان پەرۋىشلىنىش يولىدۇر.

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: بىر كۈنى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئارقىسىغا مىنگىشىۋالغانىدىم. ئۇ: ئى ئوغلۇم ! مەن ساڭا بىر قانچە كەلىمە ئۆگىتىپ قوياي. ئاللاھنىڭ بۇيرۇقلىرىغا چىڭ يېپىشقىنىڭ، ئاللاھ سېنى قوغدايدۇ. ئاللاھنىڭ بۇيرۇقلىرىغا ئىزچىل ئەمەل قىلغىنىڭ، ئاللاھنى كۆز ئالدىڭدا تاپىسەن. بىر نەرسە سورىساڭ، ئاللاھتىن سورىغىن. ياردەم تىلىسەڭ، ئاللاھتىن تىلىگىن. بىلىپ قويغىنكى، بارلىق ئۈممەت ساڭا پايدا يەتكۈزۈش ئۈچۈن بىر يەرگە يىغىلسىمۇ، ئاللاھ ساڭا پۈتۈۋەتكەندىن باشقا ھېچقانداق پايدا يەتكۈزەلمەيدۇ. ئەگەر بارلىق ئۈممەت ساڭا زىيان يەتكۈزۈش ئۈچۈن يىغىلسىمۇ، ئاللاھ ساڭا پۈتۈۋەتكەندىن باشقا ھېچقانداق زىيان يەتكۈزەلمەيدۇ. قەلەملەر كۆتۈرۈلدى، بەتلەر قۇرۇدى. (تىرمىزى: 2516)

ناۋادا ھەر بىر بالا مۇشۇ ھەدىسنى ياد ئېلىپ ئۇنىڭ مەنىسىنى چۈشەنسە، بۇ بالىنىڭ ھاياتىدا ھېچقانداق بىر قىيىنچىلىق قالمايدۇ، ئۇنىڭ ھايات مۇساپىسىدە ھېچبىر توسالغۇ بولمايدۇ. بۇ ھەدىس مەنىۋى جەھەتتە ئاللاھتىن ياردەم سوراش، ئاللاھقىلا يۆلىنىش، قازا ۋە تەقدىرگە ئىشىنىشنىڭ پەزىلىتى بىلەن بالىنى ھەرقانداق قىيىنچىلىقنى يېڭەلەيدىغان قۇدرەتكە ئىگە قىلىدۇ، ساھابىلارنىڭ پەزىلەتلىرى شۇكى، ئۇلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇ تەلىماتىنى ئاڭلىغاندىن باشلاپ ھاياتىدا يولۇققان ھەر قانداق بىر ئىشتا ئاللاھتىن ياردەم سورايتتى، ھەر قانداق بىر ئىشتا ئاللاھقا ئىلتىجا قىلاتتى، ئاللاھتىن باشقا قۇدرەتلىك زاتنىڭ يوقلىقىغا، مۇسىبەت بىلەن ئازادىلىكنىڭ، مۇشكۈللۈك بىلەن ئاسانلىقنىڭ بىللە ئىكەنلىكىگە شەكسىز ئىشىنەتتى. تۆۋەندە بىز سىزگە بۇنىڭ ئەمەلىي مىساللىرىنى بايان قىلىمىز.

ئۈچىنچى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى، ئۇنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرىنى ۋە ئۇلۇغ ساھابىلارنى ياخشى كۆرۈشنى ئۆگىتىش.

بالىلارغا بۇ مەزمۇندا تەلىم بېرىش دەل «بىر ئاللاھتىن باشقا ئاللاھ يوق دەپ گۇۋاھلىق بېرىمەن ۋە مۇھەممەد ئۇنىڭ بەندىسى ۋە ئەلچىسى دەپ گۇۋاھلىق بېرىمەن» دېگەن ئىككى شاھادەت كەلىمىسىنىڭ ئىككىنچىسىنى ئەمەلىيەت بىلەن تەستىقلاشنى ئۆگىتىش باسقۇچىدۇر. ساھابىلار ۋە سەلەپ سالىھلار دەل مۇشۇ يول بويىچە يول تۇتقان ۋە ئۇلار بۇنى بالىلارنىڭ ۋۇجۇدىغا، ئېڭىغا سىڭدۇرۇش ئۈچۈن شۇنچىكىلىك تىرىشچانلىق كۆرسەتكەن ئىدىكى بالىلارنىڭ پۈتكۈل ئىش- ھەرىكىتى ۋە ئەمەلىيىتى ئىككىنچى شاھادەتنىڭ ئەمەلىيلىشىشىنىڭ ئىپادىسى ئىدى. بۇنى بالىنىڭ ۋۇجۇدىغا سىڭدۇرۇشنىڭ بالىنىڭ دىققەت، نىشانىنى بۇنىڭغا مەركەزلەشتۈرۈشنىڭ قانچىلىك دەرىجىدە مۇھىم ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىپ يەتكەن سەلەپ- سالىھلار بالىلارنىڭ شەيئىلەرگە بولغان قىزىقىشىنى، چۈشىنىشىنى

ئاشۇرۇپ، ئۇنى پۇتكۈل ھەرىكەتلىرىدە نامايەندە قىلىشى، ھەرقانداق بىر توسالغۇ ۋە مۇشكۈلاتقا يولۇققاندا، ئۇنى بۇ ئارقىلىق ھەل قىلىشى ئۈچۈن بالىلارنى شۇ ئۇسۇلدا تەربىيىلەشكە ناھايىتمۇ بەك ئېتىبار بېرىپ كېلىشكەندى. ھەممىمىزگە مەلۇم بولغىنىدەك، ئىنسانىنىڭ تەبىئىيىتى ئەتراپتىكى مۇھىتنىڭ تەسىرىگە ئاسان ئۇچرايدىغان، ئەتراپىدىكى كىشىلەرنىڭ مېڭىش - تۇرۇش، ئىش - ھەرىكەت ۋە ئەمەللىرىنى دورايدىغان خۇسۇسىيەتكە ئىگىدۇر. ئىسلام پسىخىكىسى بالىلارنى تەربىيىلەشتىن ئىبارەت بۇ مۇھىم ئىشتا بالىلارغا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى ئۈلگە قىلىشنى تەربىيىلەشنىڭ مۇھىم نىشانى قىلىدۇ. چۈنكى، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام شۇنداق بىر ئۈلگىككى، ئۇنىڭ ھايات ئەمەلىيەتلىرى ئىلاھىي بۇيرۇق ئاستىدا تاۋلانغان ئاجايىپ مۇكەممەل بىر ئوبراز بولۇپ، پۈتكۈل ئىنسانىيەت دۇنياسى ئۈچۈن ئەڭ مۇكەممەل، ئاللاھنىڭ بەندىلىرى ئىچىدىن تاللىغان پەيغەمبەرلىرى ئىچىدىمۇ ئەڭ ئەۋزەل ئورۇنغا ئىگە زاتتۇر.

تۆتىنچى، بالىلارنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تەرجىمىھالىنى ئۆگىنىشكە رىغبەتلەندۈرۈش. ساھابىلەر ۋە سەلەپ ئەھلىلىرى بالىلىرىغا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تەرجىمىھالىنى ئۆگىتىشكە شۇنچىلىك ھېرىسمەن ئىدىكى، ھەتتا ئۇلار بۇ بىلىمنى ئۇلارنىڭ قۇرئان ئۆگىنىشگە بىرلەشتۈرۈپ ئۆگىتەتتى. چۈنكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تەرجىمىھالىنى ئۆگىنىش كىشىنىڭ روھىنى ئۇرغۇتۇپ، ئىسلامنىڭ ھەقىقىي ماھىيىتىنى چۈشىنىشكە ياردەمدە بولۇپلا قالماستىن، بەلكى قۇرئانىنىڭ ئىنسانلارنى گۇمراھلىق، جاھىللىق قويندىن توغرا يولغا ئېلىپ چىقىپ، ھەقىقىي بىر دۇنيا ئاخىرەتلىك بەختلىك ھاياتقا، دۇنيا- ئاخىرەتلىكتىكى ئالىي دەرىجىلەرگە يەتكۈزۈدىغان مۇقەددەس ئىلاھىي كىتاب ئىكەنلىكىنىڭ نەزەرىيىۋىي بىلىمىنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھايات ئەمەلىيتى ۋە ئۇنىڭغا ئەگەشكەنلەرنىڭ ئەمەلىيتى بىلەن ۋۇجۇتقا چىقارغان جانلىق شاھىتنامىدۇر.

بەشىنچى، بالىغا قۇرئان ئۆگىتىش. بالا تەربىيىلىگۈچىلەر ۋە ئاتا- ئانىلار بالىغا بولغان تەربىيىسىنى قۇرئان ئۆگىتىش بىلەن باشلىشى لازىم. بۇنداق قىلىش بالىنىڭ ئاللاھ تائالانىڭ ئۆزىنى ياراتقان پەرۋەردىگارى ئىكەنلىكىنى، قۇرئاننىڭ ئاللاھنىڭ سۆزى ئىكەنلىكىنى بىلىشى ئۈچۈندۇر. شۇنداقلا، دىلىدا قۇرئان روھى، پىكىر، ئىدراك ۋە ھەۋەسلىرىدە قۇرئاننىڭ نۇرىنىڭ پارلىشى، دىلىدا قۇرئانغا نىسبەتەن ھەۋەس ۋە ئىشتىياقنىڭ بولۇشى، قۇرئاننىڭ بۇيرىغانلىرىنى ئادا قىلىشقا ھېرىسمەن بولۇشى، توسقانلىرىدىن يىراق بولۇشى، قۇرئاننىڭ ئەخلاقى بىلەن ئەخلاقلىنىشى ۋە قۇرئان كۆرسەتكەن يولدا مېڭىشى بىلەن چوڭ بولۇشى ئۈچۈندۇر.

ساھابىلار بالىلىرىنى قۇرئان بىلەن تەربىيىلەشكە ناھايىتى بەك ھېرىسمەن بولغانلىقى ئۈچۈن، بالىلىرىنىڭ قۇرئانغا ئائىت ئىشلىرىنى يېقىندىن كۆزىتىپ، قىلىۋاتقانلىرىنىڭ توغرا ياكى خاتالىقىنى بىلىش ئۈچۈن بۇنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا يەتكۈزەتتى.

ساھابىلار بالىلىرىنىڭ قۇرئان بىلەن باغلىنىشى ۋە بالىلىرىغا قۇرئاننىڭ بەرىكىتىنىڭ ھاسىل بولۇشى ئۈچۈن قۇرئاننىڭ بەرىكەتلىرىنىڭ چۈشىدىغان يېرىستىنى كۈتەتتى. تەبەرانىي، ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن قىلغان رىۋايەتتە دېيىشىچە، ئۇ ھەر قېتىم قۇرئاننى خەتمە قىلسا، بالىلىرى ۋە ئەھلىنى يىغىپ ئۇلارغا دۇئا قىلاتتى. ئابدۇللاھ ئىبنى ئابباس ئۆزىنىڭ ناھايىتى كىچىك تۇرۇپلا قۇرئاننى ياد ئالغانلىقىدىن پەخىرلىنەتتى. بالىلارنىڭ قۇرئان ئوقۇشى ئائىلە ۋە جەمئىيەت ئۈستىگە چۈشىدىغان بالايى قازانى كۆتۈرىۋېتىدۇ.

ئالتىنچى، ئەقىدىدە چىڭ تۇرۇش ۋە ئۇنىڭ ئۈچۈن قۇربان بېرىشنى ئۆگىتىش. ئەقىدە ئۇنىڭغا كۆرسىتىلگەن پىداكارلىق بىلەن ئۈستۈن ئورۇنغا چىقىدۇ. پىداكارلىق كۆرسىتىش دائىرىسى كۆچەيگەنسېرى، ئەقىدىدە مۇستەھكەم تۇرۇش ئىرادىسىمۇ ئېشىپ بارىدۇ. بۇ، راستچىللىقتا مۇستەھكەم تۇرۇشنىڭ دەل ئۆزىدۇر. بۈگۈنكى دەۋرىمىزدە مۇسۇلمان بالىلار ئەقىدىدە ۋە باشقا ئاڭ قاراشلىرىدا نۇرغۇنلىغان توسالغۇلارغا، ئۇلارنى ئىسلامدىن چىقىرىش ئۈچۈن دىن دۈشمەنلىرى تەرىپىدىن قۇرۇلغان سۇيىقەست پىلانلىرىنىڭ تۇزاقلىرىغا ئۇچرىماقتا. ئۇ بۇلارغا تاقابىل تۇرۇشى ئۈچۈن ئەقىدىسى مۇستەھكەم، ئىرادىسى تەۋرەنمەس، ئۆز دىنىنى قوغداش يولىدا پىداكار بولۇشى لازىم. شۇنداق قىلغاندىلا ئۇ ئىماننىڭ ھالاۋىتىنى تېتىيالايدۇ، ئۆزىدىكى كۈچ قۇۋۋەتنىڭ دەرىجىسىنى يۇقىرى كۆتۈرەلەيدۇ، قۇرئان ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تەرجىمىھالىنى ئوقۇش ئارقىلىق مۇئمىنلەردە بولۇپ كېلىۋاتقان ۋە بولۇشقا تېگىشلىك پىداكارلىقلار بىلەن تونۇشۇپ، ئۆزىنىڭ ئاللاھ يولىدىكى پىداكارلىقلىرىدا ئۇلارنى ئۈلگە قىلىدۇ. بۈگۈنكى دەۋرىدىكى مۇسۇلمان بالىلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇئمىنلەرنىڭ بالىلىق دەۋرىدە ئاللاھنىڭ دىنى ئۈچۈن كۆرسەتكەن پىداكارلىقلىرىنى ۋە ئۇنىڭغا ئالاقىدار قىسسىلەرنى ئاڭلاپ، ئۇلاردىن ياخشى ئۈلگە ئېلىشى، ساھابىلارنىڭ بالىلىرىنىڭ يوللىرىنى تۇتۇشى، ئىمان يولىدا مۇستەھكەم تۇرۇپ، دىن يولىدا مالامەت يەتكۈزگۈچىنىڭ مالامىتىدىن قورقماسلىقى كېرەك.

## 432-سۇئال: ئىبادەتنىڭ ئەھمىيىتى

ئىبادەتنى بىنا قىلىش ئەقىدىنى بىنا قىلىشنىڭ تولۇقلىمىسىدۇر. چۈنكى،

ئىبادەت ئۆزىنىڭ روھى بىلەن ئەقىدىنى ئوزۇقلاندۇرىدۇ. شۇنىڭدەك يەنە، ئىبادەت ئەقىدىنىڭ شەكلىي ئاساسىدۇر. ھەر بىر بالا پەرۋەردىگارىنىڭ چاقىرىقىغا ئاۋاز قوشۇپ، ئۇنىڭ بۇيرۇقلىرىنى قوبۇل قىلغىنىدا، ئۆزىنىڭ ۋۇجۇدىدىكى تەبىئىي تۇيغۇ بىلەن ماسلىشىپ، ئۇنىڭدا بىر خىل ئازادىلىك ۋە خۇشھال كەيپىياتنى پەيدا قىلىدۇ. دوكتۇر سەئىد رامىزان ئەلبوتى بۇ توغرىسىدا مۇنداق مەنىدىكى سۆزلەرنى قىلغان: ئەقىدىنىڭ مايىسسى ھەر تۈرلۈك ئىبادەت بىلەن سۇغۇرۇلۇپ، ئوغۇتلىنىپ قۇۋەتلىنىشى كېرەككى، دىلدىكى ئەقىدە مايىسسى شۇ ئارقىلىق ياشنايدۇ. ئۇنىڭ بىلەن باراقسانلىشىدۇ. شۇندىلا، ھايات مۇساپىسىدە ئۇچرايدىغان تۈرلۈك بوران - چاپقۇنلارغا بەرداشلىق بېرىپ مۇستەھكەم تۇرىدۇ.

باللىق مەزگىلى مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگە ئالىدىغان مەزگىل بولماستىن، كەلگۈسىدە ئۈستىگە ئالىدىغان مەسئۇلىيەتلەر ئۈچۈن تەييارلىنىدىغان، چېنىقتۇرۇلىدىغان ۋە تەربىيىلىنىدىغان مەزگىلدۇر. باللىق مەزگىلدە دىنىنىڭ ئاساسلىق ئەھكاملىرىدىن ئىبارەت بالاغەتكە يەتكەندىن باشلاپلا ئادا قىلىشى تەلەپ قىلىنىدىغان مەسئۇلىيەتلەرنى ئادا قىلىشنى كىچىكىدىن باشلاپ مەشىق قىلسا، كېيىن بۇنى ئۈستىگە ئېلىش ۋە ئادا قىلىشتا ھاياتىنىڭ ھېچقانداق بىر توسالغۇسى ئۇنىڭغا دەخلى قىلالمايلا قالماستىن، ئۇنىڭ ئىشەنچىسى تولۇپ - تاشقان، جەسۇرلۇقى ئۇرغۇپ تۇرغان ھالەتتە بولىدۇ. بالىنىڭ ئاللاھ تائالاغا ئىبادەت قىلىشى ئۇنىڭ دىلىدا خۇددى ئاللاھنىڭ ئۆزىگە ئېرىشكەندەك بىر تۇيغۇنى ھاسىل قىلىدۇ. ھاۋايى- ھەۋەسلەرگە بېرىلىش، غەزەپ، ئۆچمەنلىك تۇيغۇلىرىنى تېزگىنلەشتە ئەقىدىسى شۇنچىلىك ياخشى رول ئوينايدۇكى، ئۇنى تۈز يولدىكى سالماق تەبىئەتلىك بىر ئادەم قىلىدۇ. ئۇنىڭ مەنىۋى دۇنياسى ئاللاھقا بولغان ئىبادەت بىلەن ياشارتىلغان ئىكەن، ئۇنىڭدىكى شەھۋەتكە، ھاۋايى - ھەۋەسكە بېرىلىش تۇيغۇسى ئاجىزلاشقان، ئاللاھنىڭ چاقىرىقىغا ئاۋاز قوشۇش قىزغىنلىقى كۈچلۈك بولغان ھالەتتە بولىدۇ. ئۇنىڭ روھى كەيپىياتى كۆتۈرەڭگۈ، دىلى ئازادىچىلىك ئىچىدە بولىدۇ. بۇنىڭ بىلەن، ئۇنىڭ دىلى قۇرئان ئوقۇشنى ياكى ئاڭلاشنى ياكى بولمىسا نامازلارنىڭ قىيام، رۇكۇ، سەجدىلىرىدە تۇرۇشنى خالايدۇ، روزا تۇتۇپ ئىپتار ۋاقتىنى ساقلاپ ئولتۇرغاندا ئاڭلىغان ئەزان ئاۋازى ئۇنىڭ ئىمانىنى تېخىمۇ كۈچەيتىدۇ، بۇ خىلدىكى ئىبادەتلەر بالىنىڭ ئەقىدىسىنى تېخىمۇ چىڭ، دىنىنى قۇۋۋىتىنى تېخىمۇ كۈچلۈك قىلىدۇ. شۇڭا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بالىلارنى كىچىكىدىن ئىبادەت بىلەن تەربىيىلەشنى باشقا خىل ئۇسۇلدا تەربىيىلەشتىن ئۈستۈن ئورۇنغا قويغان. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئاللاھ تائالاغا ئىبادەت قىلىش بىلەن چوڭ بولغان بالىلارغا ئاجايىپ كاتتا خۇشخەۋەرنى

بەرگەن. بىز پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تەلىماتىنى مۇلاھىزە قىلغىنىمىزدا، ئۇنىڭ تۆۋەندىكىدەك ئالتە ئاساسقا دىققەت قىلغانلىقىنى بىلەلەيمىز.

## 433-سۇئال: بالىغا ناماز ئۆگىتىشنىڭ ۋاقتى

ئاتا- ئانىلار بالىلىرىغا ناماز ئۆگىتىش باسقۇچىدا ئۇلارغا نامازنىڭ رۇكۇنلىرىنى، ۋاجىپلىرىنى ۋە ئۇنى بۇزىدىغان نەرسىلەرنى ئۆگىتىشكە باشلايدۇ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆگىتىش باسقۇچىنىڭ ئەڭ دەسلىپىنى يەتتە ياش دەپ توختاتتى.

ئەمر ئىبنى شۇئەيب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ چوڭ دادىسىدىن رىۋايەت قىلىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بالىلىرىڭلارنى يەتتە ياشقا كىرگەندە، ناماز ئوقۇشقا بۇيرۇڭلار، ئون ياشقا كىرگەندە ناماز ئوقۇغىلى ئۇنىمىسا ئۇرۇڭلار ۋە ئۇلارنىڭ ياتىدىغان ئورنىنى ئايرىۋېتىڭلار. (ئەبۇ داۋۇد495، تىرمىزى: 407)

بۇ ھەدىستىن كىچىك بالىلارنى ئۇلار بالاغەتكە يېتىشتىن بۇرۇنلا ناماز ئوقۇشقا ۋە باشقا ئىبادەتلەرگە كۆندۈرۈشنىڭ نەقەدەر ئەھمىيەتلىك ئىكەنلىكىنى بىلۋالالايمىز. چۈنكى ئىسلام دىنىدا نامازدىن باشقا ئىش ئۈچۈن بالىلارنى ئۇرۇش بۇيرۇلمىغان، بەلكى بالىلارنى ئۇرۇپ - تىللاش مەنئى قىلىنغان.

## 434-سۇئال: بالا ناماز ئوقۇمىسا ئۇنى ئۇرۇشنىڭ ۋاقتى ھەم ھېكمىتى

بۇ باسقۇچ بالا ئون ياشقا كىرگەندىمۇ ناماز ئوقۇمىسا ياكى نامازغا سەل قاراپ سۇسلۇق قىلسا ۋە ياكى نامازدا قەستەن كەمچىللىك سادىر قىلسا، ئۇنى ئادا قىلىشقا ھورۇنلۇق قىلسا، ئاتا- ئانا بولغۇچى ئۇنىڭ پەرۋەردىگارى ئالدىدىكى ھەققىنى ئادا قىلمىغانلىقى ۋە شەيتاننىڭ يولىغا ماڭغانلىقى بىلەن ئۆز- ئۆزىگە زۇلۇم قىلىشقا باشلىغانلىقى ئۈچۈن ئەدەپلەپ ئۇرسا، جائىز بولىدۇ. چۈنكى بالىنىڭ بۇ ياشتىكى مەزگىلى تەبىئىتىدە مەۋجۇد بولغۇچى تەبئىي فىترەتكە رىئايە قىلىدىغان مەزگىلدۇر، شۇنداقلا رەببىگە بويسۇنۇشنى تەبىئىتى قوبۇل قىلغان ھالەتتىكى مەزگىلدۇر. چۈنكى بۇ باسقۇچتا تۇرغان بالىنىڭ قەلبى يارىتىلىشتىكى پاك، گۇناھسىز تەبىئەتتىكى پاك ھالىتىدە بولۇپ ئۇنىڭغا قارىتا شەيتاننىڭ ۋەسۋەسىسى تېخى كۈچلۈك تەسىر قىلمىغان باسقۇچتۇر. ئۇنىڭ ناماز ئوقۇماسلىقى بولسا، شەيتاننىڭ ئۇنىڭغا تەدرىجىي يېقىنلاشقانلىقىنىڭ تەسىرىدۇر. بۇنىڭ داۋاسى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كۆرسەتكەن داۋا بولۇپ، بۇ داۋا تاياقتىن ئىبارەتتۇر. بالىنى ئۇرغۇچى بالىنى ئۇرۇشنىڭ سەۋەبىنى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ شۇنداق بۇيرىغانلىقىنى بالىغا چۈشەندۈرۈپ قويۇشى دۇرۇستۇر.

شەيخ ۋەلىيۇللاھ ئەددەھلەۋى « بالىلىرىڭلارنى يەتتە ياشقا كىرگەندە، ناماز ئوقۇشقا بۇيرۇڭلار، ئون ياشقا كىرگەندە ناماز ئوقۇغىلى ئۇنىمىسا ئۇرۇڭلار» دىگەن

ھەدىس ئۇستىدە توختىلىپ مۇنداق دەيدۇ :بالا ئىككى جەھەتتە بالاغەتكە يېتىدۇ. ئۇنىڭ بىرى روھى جەھەتتىن، يەنى بىرى جىسمانىي جەھەتتىندۇر. بالىنىڭ روھى جەھەتتىكى بالاغەتكە يېتىشى بولسا، ئەقىل بىلەن ئۆلچىنىدۇ. ئەقلىنىڭ ئاشكارىلىنىشى يەتتە ياشتىن باشلىنىدۇ، بالا يەتتە ياشقا كىرگەندە ئۇنىڭ ئەقلىنىڭ قانداقلىقى ۋە تەرەققىياتى ئۇپ ئۇچۇق ئاشكارا بولىدۇ. شۇنداقلا، بىر باسقۇچتىن يەنە بىر باسقۇچقا تەرەققىي قىلىدۇ. ئون ياشقا كىرگەندە ئۇنىڭ ئەقىللىق ياكى ئەمەسلىكى، ئەقلىي ئىقتىدارىنىڭ دەرىجىسى تولۇق ئايان بولىدۇ. ئون ياشقا كىرگەن بالىنىڭ مىجەز - خۇلقى نورمال بولسىلا، ئەقلىي ساغلام ھېسابلىنىدۇ. بۇنداق بالا پايدا- زىياننى بىلىدۇ، تىجارەت ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش ئىشلاردا ماھارەتكە ئىگە بولالايدۇ، ئەمما ئۇنىڭ جىھاد، قانۇن - نىزام، چەكلىمىلەرنى چۈشىنىپ بىلىشى، جازالاش ۋە ئۇرۇش تېخنىكىلىرىنى ئىگەللەش، مەدەنىي ۋە مىللىي سىياسەت ساھەلىرىدە ئورۇن ئېلىشى، توغرا يولدا مېڭىشى قاتارلىق ئىقتىدارلىرىنىڭ ھەممىسى ئەقلىي ۋە جىسمانىي ئىقتىدارىنىڭ تەڭ يېتىلىشىگە باغلىق بولۇپ، بۇ بالا ئون بەش ياش ياكى ئۇنىڭدىنمۇ سەل يۇقىرى ياشتا ھەقىقەتلىشىدۇ، بالىنىڭ جىسمانىي جەھەتتىكى بالاغەتكە يېتىشىنىڭ ئالامىتى بولسا، ئېھتىلام بولۇش ۋە ئەۋرىتىگە تۈك چىقىشىدۇر. ناماز بەندە بىلەن ئاللاھ ئارىسىدىكى باغلىغۇچى ۋە شۇنداقلا بەندىلىرىنى ئەڭ چوڭقۇر ھالاكەت گىرداۋىغا چۈشۈپ كەتكۈچىلەرنى قۇتقۇزغۇچى ۋاستە بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنى ئادا قىلىش ئەقلىي جەھەتتە بالاغەتكە يېتىشىنىڭ ئەڭ دەسلەپكى باسقۇچى بولغان يەتتە يېشىدىن باشلاپ بۇيرۇلدى، نامازنىڭ ئادا قىلىنىشى بالىنىڭ ئىختىيارىدىكى ئىش ئەمەسلىكىنى، ئۇنى ئادا قىلمىسا، گۇناھكار بولۇپ جازالىنىدىغانلىقىنى بىلىش باسقۇچىنى يەتتە ياش بىلەن ئون ياشتىن ئىبارەت ئىككى باسقۇچ ئارىسغا بېكىتتى.

## 435-سۇئال: باللارنى جۇمە نامىزىغا كۆندۈرۈشنىڭ پايدىلىرى

بالىنى جۇمە نامىزىغا بېرىشقا ئادەتلەندۈرگەندە تۆۋەندىكىدەك بىر قانچىلىغان پايدىلارنى قولغا كەلتۈرگىلى بولىدۇ.

( 1) جۇمە نامىزىنى ئو قۇشى پەرز بولغىدەك بالاغەت يېشىغا يەتكۈچە جۇمە نامىزىغا بېرىشنى ئادىتىگە ئايلاندۇرۇپ بولغان بولىدۇ.

( 2) خۇتبىلاردىكى ۋەز - نەسىھەتلەر بالىغا تەسىر قىلىدۇ، چۈنكى بالىنىڭ ئەسلى تەبىئىتى ئىمان ھەققىدىكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تەرجىمىھالى ھەققىدىكى، ئاللاھنىڭ بۇيرىغان توسقان ئىشلىرى ھەققىدىكى سۆزلەرنى ئاڭلاشقا ھېرىسمەن كېلىدۇ، شۇڭا خۇتبە ئۇنىڭغا بىر ياخشى دەرس مەيدانى ھېسابلىنىدۇ.

(3) مۇسۇلمان جەمئىيىتىنى چۈشىنىدۇ ۋە ئۆزىنىڭ مۇسۇلمان جەمئىيىتىگە تەۋە

ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىدۇ، چۈنكى ئۇ ئاتىسى تونۇغان كىشىلەرنىمۇ تونۇش پۇرسىتىگە ئېرىشىدۇ.

( 4) جۈمە كۈنىدىكى خۇتبە ئوقۇلغان ۋاقىت دۇئا ئىجابەت بولىدىغان ۋاقىت دېگەن كۆز قاراشقا ئاساسلانغاندا بولسا، بالا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تەرىپىدىن زىكىر قىلىنغان دۇئا ئىجابەت بولىدىغان مۇبارەك ۋاقىتقا ھازىر بولغان بولىدۇ.

( 5) بىر جۈمەدىن يەنە بىر جۈمەگىچە بولغان ئارىلىقتا ئاللاھقا بولغان قۇلچىلىقنى بىلدۈرۈش ئارقىلىق بەشۋاخ نامازنى ئادا قىلىشقا روھىي ۋە ئىمانىي ئوزۇق تەييارلايدۇ.

( 6) جۈمە نامىزىغا بېرىش ئارقىلىق مۇسۇلمان ئۈممىتىنىڭ ئالىملىرى ۋە پېشۋالىرىنى تونۇيدۇ، ئۇ كىشىلەرنىڭ بىلىمى ۋە تەقۋالىقى كىچىكلەرنىڭ قەلبىدە چوڭقۇر تەسىر قالدۇرىدۇ.

( 7) جۈمە نامىزىنى ئوقۇش بىلەن شۇنداق بىر مۇكەممەل كىشىلىك خاراكتېر يېتىلىدۇكى، ئۇنىڭدا ئەقىدىنىڭ كۈچىيىشىگە سەۋەبچى بولغان ئامىللاردىن باشقا، ئىبادەتنىڭ تولۇق ئادا بولۇشى، ئىجتىمائى ئالاقىنىڭ قويۇق بولۇشى، بىلىمنىڭ كۆپ بولۇشى، تېنىنىڭ ساغلام بولۇشى، خاراكتېرىنىڭ مۇلايىم ۋە چىقىشقاق بولۇشىدەك ئېسىل ئامىللارنىڭ يېتىلىشىگە شەرت - شارائىت ھازىرلىنىدۇ. ئاللاھ ھەممىنى بىلگۈچىدۇر.

## 436-سۇئال: ئاتا-ئانىلارنىڭ باللارغا ناماز ئوقۇشتا ئۈلگە بولۇشى

(1) تەھەججۇد نامىزى ئوقۇشقا رىغبەتلەندۈرۈش.

ساھابىلارنىڭ باللىرى بەش ۋاخ نامازنى تولۇق ئادا قىلىشقا ئەھمىيەت بېرىپلا قالماي، بەلكى ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ قىلغىنىدەك كېچىدە قوپۇپ ناماز ئوقۇشقىمۇ ئادەتلەنگەن ئىدى.

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دېگەن: مەن (تەھەججۇد نامىزىدا) پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە ئىقتىدا قىلىپ، ئۇنىڭ سول تەرىپىدە تۇرسام، ئۇ مېنىڭ چېچىمدىن تۇتۇپ ئوڭ تەرىپىدە تۇرغۇزۇپ قويدى. (بۇخارى: (5919

(2) باللارنى ئىستىخارە نامىزى ئوقۇشقا ئادەتلەندۈرۈش.

(3)باللارنى ھېيت نامىزىغا بىللە ئېلىپ بېرىش.

(4)باللىنى مەسجىدكە ئېلىپ بېرىش.

مەسجىد ئەۋلادمۇ ئەۋلاد مۇسۇلمان يېتىشتۈرىدىغان بىر مەيداندۇر. بۇ شۇنداق بولۇپ كەلدى، كەلگۈسىدىمۇ ھەم شۇنداق بولغۇسى. ئۇ ئۆزىنى ئاللاھ يولىدا ئاتىغان،

ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرىگە بويسۇنغان مۇسۇلمانلارنىڭ مەركىزىدۇر. ساھابىلارنىڭ باللىرى مەسجىدلەردە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن ناماز ئوقۇشنى تولىمۇ ياخشى كۆرەتتى.

مەسجىدلەرگە ئېلىپ بېرىلىدىغان باللار، ئۆزىنىڭ ھاجىتىدىن ئۆزى چىقالايدىغان، ئۇستۇۋېشىنى كىرلەتمەيدىغان، ئائىلىدە ئۆزىنىڭ چوڭ ـ كىچىك تاھارىتىنى ئۆزى ئادا قىلالايدىغان، غەلۋە قىلمايدىغان، يۈگۈرۈپ ئوينىمايدىغان، ئايغىنى ئاياق قويىدىغان يەرگە ئۆزى قويالايدىغان، نامازدا چوڭلارنى قىستىمايدىغان، نامازنىڭ ئەدەپلىرىگە رىئايە قىلالايدىغان ھالەتتىكى باللار بولۇشى كېرەك.

(5) باللىنىڭ دىلىنى مەسجىدكە باغلاش.

باللىنىڭ دىلىنى مەسجىدكە باغلاش بولسا، باللارنى بۇزغۇنچى ئازغۇنلارنىڭ ئازدۇرۇش مېكىرلىرىدىن قۇتقۇزىدىغان بەدەلسىز بىر ئۇسۇلدىكى نەزەرىيەدۇر. بۇ نەزىرىيەنىڭ توغرىلىقىنى تارىخ بىزگە ناھايىتى ياخشى ئىسپاتلاپ بەرگەن.

## 437ـ سۇئال: باللارنى روزا تۇتۇشقا كۆندۈرۈشنىڭ پايدىسى

روزا تۇتۇش ـ ماددىي ۋە مەنىۋىي جەھەتتىن ئېلىپ بېرىلىدىغان ئىبادەتتۇر. باللار روزا تۇتۇش ئارقىلىق ئاللاھ تائالاغا ئىخلاس قىلىشنىڭ جىسمانىي جەھەتتىكى چېنىقىشنى بېشىدىن كەچۈرىدۇ. باللا قورسىقى ئاچ تۇرسىمۇ تاماقتىن يىراق بولۇش، ئۇسسىسىمۇ ئۇسسۇلۇقتىن يىراق بولۇشتەك روھى ئىرادىسىنى چېنىقتۇرۇشنى قوبۇل قىلىپ، سەۋر قىلىشنى ئۆگىنىدۇ، جاپاغا چىداشقا ئادەتلىنىدۇ.

ساھابىلار باللىرىنىڭ روزا تۇتۇشقا كۆڭۈل بۆلگەنلىكى سەۋەبىدىن باللارنىڭ كۈنىنىڭ ئۇزاقلىقىنى ھېس قىلمىسۇن ۋە مەشغۇل بولسۇن ئۈچۈن ئۇلارنى ئوينىتاتتى.

ساھابە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملار دۇئا ئىجابەت بولىدىغان مۇبارەك ۋاقىت بولغان ئىپتار ۋاقتىدا باللىرىنى يىغىپ دۇئانىڭ قوبۇل بولۇشىنى ئۈمىد قىلىپ ئاللاھقا دۇئا قىلاتتى. شۇڭا ئەقىللىق باللار رامىزاننىڭ ئاخىرقى ئون كۈنىنى ئېتىكاپ بىلەن ئۆتكۈزىدۇ. چۈنكى ئېتىكاپتا ئولتۇرۇش بالاغەتكە يەتكەن بولۇشنى تەلەپ قىلمايدۇ، چۈنكى باللارمۇ ئىبادەت قىلىش ھوقۇقىغا ئىگە. ئىمام كاسانىنىڭ «بەدائى» دېگەن كىتابىدا بايان قىلىنغىنىدەك، كىچىك باللا نەپلە ئىبادەتلەرنى قىلسا ساۋاب ئالغىنىدەك، ئېتىكاپتا ئولتۇرسىمۇ، ساۋاب ئالىدۇ.

## 438ـ سۇئال: باللنى چوڭلارنىڭ سورۇنلىرىغا ئېلىپ بېرىشنىڭ پايدىسى

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ زامانىدا باللار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سورۇنلىرىغا قاتنىشاتتى. ئۇلارنىڭ ئاتىلىرى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بار سورۇنلارغا ۋە ياكى چوڭلار ياخشىلىق ئۈستىدە يىغىلغان سورۇنلارغا ئېلىپ كېلەتتى. تۆۋەندە بىز

ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ بالىسىنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سورۇنىغا ئېلىپ كەلگەنلىكىنى بايان قىلىمىز.

بالىنى چوڭلارنىڭ سورۇنىغا، مەجلىسلىرىگە ئېلىپ بارغاندا بالىنىڭ كەمچىلىكلىرى، تەربىيىلەشكە ئېھتىياجلىق ئىشلىرى ئاشكارا بولىدۇ. تەربىيە قىلغۇچى ئۇ ۋاقىتتا ئۇنى قانداق ۋە قايسى ئۇسۇلدا تولۇقلاشقا يۈزلىنىدۇ. بالىنى، سوئال سورىغاندا، سوئالغا جاۋاب بېرىشكە رىغبەتلەندۈرىدۇ. ئەدەپ- ئەخلاق يۈزىسىدىن سوئاللارغا ئىجازەت بېرىلمىگىچە، ئالدىراپ جاۋاب بەرمەيدۇ، چوڭلارنىڭ سورۇنىغا قاتنىششى بىلەن كۆز، قۇلىقى پىشىدۇ، ئەقلىي بارا- بارا چوڭلايدۇ، تىلى راۋان، ئىنكاسى كۈچلۈك بولىدۇ، چوڭلارنىڭ سۆز تېمىسى ئۇلارنىڭ ئېڭىغا تەدرىجىي ھاياتنى ۋە جەمئىيەتنى تونىتىدۇ. بۇ جەرياندا ئاتا- ئانا ۋە تەربىيىلىگۈچىنىڭ قولىدا تەربىيىلەنگەن بالا تەدرىجىي تەربىيىلىنىدۇ، قىزلارنىڭ تەربىيىلىنىشىمۇ دەل ئوغۇل بالىلارنىڭ ئاتىنىڭ تەربىيىسىگە تاپشۇرۇلغاندەك ئانىغا تاپشۇرۇلىدۇ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بالىلارنى ھەمراھ قىلغاندا، ئۇلارنى ھەمراھ قىلغانلىقىدىن ھېچبىر بىزارلىق ياكى مالاللىق ھېس قىلمايتتى ۋە ئۇلار بىلەن ئۇلاغقا مىنگىشەتتى.

بالىلارنىڭ چوڭلار بىلەن سورۇنلاردا بىرگە بولۇشى، بالاغەتكە يەتمىگەن قىزلارنىڭ ئاتىلىرى بىلەن سورۇنلارغا بېرىپ ئوغۇل قىزلارنىڭ ئارىلىشىشىنىڭ يەنە بىر پايدىسى بولسا، چوڭلارنىڭ بىر - بىرلىرىنىڭ قىز ئوغۇللىرىنى تونۇشى، شۇنىڭ بىلەن، ئۇلارنىڭ كەلگۈسىدە قۇد ا- باجىلىق مۇناسىۋىتىنىڭ ئورنىتىشىغا ياكى نارەسىدە قىزلارنى كۆرگەن كىچىك بالىلارنىڭ ئۇ قىزنى ۋە قىزنىڭ ئاتىسىنى تونۇپ، كەلگۈسىدە نىكاھلىق بولۇش ئۈچۈن كۆڭلىگە سېلىپ قويۇشىغا پايدىلىقتۇر.

بالىلارنىڭ چوڭلار بىلەن بولغان ئىجتىمائىي ئالاقىسىنىڭ يەنە بىر تۈرى شۇكى، بالىلار چوڭلار بىلەن بىرگە بولغاندا، ئۇلار بالىلار بىلەن سۆھبەتلىشىشى، ئۇلارغا ياخشى نەسىھەت قىلىشى، توغرا يولنى كۆرسىتىپ بېرىشى بىلەن تەدرىجىي ھالدا ئۇلارنىڭ زېمىنىسىگە يۆكلىنىدىغان مۇسۇلمانلارنىڭ ئىشلىرىنى ئۇلارغا ئۆگىتىشكە پايدىلىق بولىدۇ.

## 439-سۇئال: بالىنى ئىش بېجىرىپ كېلىشكە ئەۋەتىشنىڭ پايدىسى

بۇنداق قىلىش بالىنىڭ ئىشقا پۇختا بالا بولۇپ يېتىشىپ چىقىشىغا پايدىلىق بولغان بىر ئامىلدۇر. ئۇي ئىشلىرىنى ياكى ئاتا- ئانىنىڭ ئىشلىرىدىن بىرەرىنىڭ ئىشىنى بېجىرىش بالىنىڭ مەنىۋىيىتىدە چوڭ رول ئوينايدۇ، بۇ بالىغا چوڭ تەسىر كۆرسىتىدۇ. ئۇ ھاياتلىقتىكى ھەرخىل مۇناسىۋەت ئامىللىرىنى، ئىش بىجىرىشنىڭ

يوللىرىنى ۋە رولىنى چۈشىنىپ، ئۆزىنىڭ باشقىلارغا پايدىسى تېگىدىغان ئىنسان بولۇپ قالغانلىقىدىن پەخىر ھېس قىلىدۇ. مۇشۇ تەرىقىدە ئۆسۈپ يېتىلگەن بالا بارا-بارا ئىشلارنىڭ مۇرەككەپلىشىپ بېرىشىدىن ئىبارەت باسقۇچنىڭ قانۇنىيەتلىرىنى چۈشىنىپ يېتىپ، كەلگۈسىدە ئالدىغا ئۇچرايدىغان قىيىن ئىشلارنى بىر تەرەپ قىلىش ئىقتىدارىنى يېتىلدۈرىدۇ.

## 440-سۇئال: بالىلارنى سالام بېرىشتىن ئىبارەت سۈننەت ئەمەلگە كۆندۈرۈش

بۇ يەردە كۆزدە تۇتۇلغان سالام بولسا، مۇسۇلمانلار ئارىسىدا قوللىنىلىدىغان ئىسلامىي سالام (ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم) دۇر. بالا ھاياتتا نۇرغۇلغان ئىنسانلار بىلەن ئۇچرىشىدۇ. شۇڭا ئۇ ئۇلار بىلەن سۆزلىشىشىنىڭ ئاچقۇچىنى بىلىشكە موھتاجدۇر. سالام بېرىش بولسا، ھەرقانداق بىرى بىلەن سۆزلىشىشىنىڭ ئاچقۇچى بولالايدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋە ساھابىلار بالىنىڭ تەبىئىتىگە سالام بېرىشنى ئادەتلەندۈرۈش ئۈچۈن ئاجايىب گۈزەل بىر ئۇسلۇبنى قوللانغان بولۇپ بىز ئۇنى مۇلاھىزە قىلىپ كۆرىدىغان بولساق، ئۇ ئۇسلۇبتا چوڭلارنىڭ كىچىكلەرگە ئالدى بىلەن سالام قىلغانلىقىنى بىلىمىز. دېمەك، ئۇلار سالامنى بالىلارغا ئورنىتىش ئۈچۈن ئۆزلىرى ئالدى بىلەن سالام بېرىش ئارقىلىق ئۇلارغا ئۈلگە بولۇشقان. چوڭلاردىن بۇنى ئۈلگە ئالغان بالىلار بۇ خۇلقنى ناھايىتى ئاسان ئۆزلەشتۈرەلەيدۇ.

ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ كىچىك بالىلارنىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ، ئۇلارغا سالام قىلدى ۋە: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم شۇنداق قىلاتتى، دېدى. (بۇخارى: 6247)

## 441-سۇئال: بالىلارغا بالىلاردىن دوست تۇتۇپ بېرىشنىڭ پايدىسى ۋە شەرتى

سۆھبەتلىشىش، دوستلۇق رىشتىسى باغلاش، باشقىلار بىلەن ئارىلىشىپ ئۆتۈش، ئۆزىنى بىرەر گۇرۇھ ياكى بىرەر جامائەتكە تەۋە قىلىپ ئۇلار بىلەن ئارىلىشىش، ئۇلار بىلەن يېقىنلىشىش، ئۇلار بىلەن قېرىنداشلارچە ياشاش ئىنسان تەبىئىيىتىدىندۇر. بالىلارمۇ بىر ئىنسان بولۇش سۈپىتى بىلەن يۇقىرىقىدەك خۇلق ئىگىسىدۇر. ئەگەر ئاتا- ئانا بالىلىرىغا ياخشى بالىلارنى دوست قىلىپ، ئۇلار بىلەن ئىجتىمائى ئالاقە باغلاشقا شارائىت يارىتىپ بېرەلىسە، بالىنىڭ ياخشى بىر مۇھىتتا تەربىيىلىنىشىگە بىر ئىشىك ئاچقان بولىدۇ. بالىلارنىڭ ھاياتىنىڭ دوستىسىز بولۇشىنى تەسەۋۋۇر قىلالمىغان ئىكەنمىز، ئۇ ھالدا بالىلارغا ياخشى بىر دوست تۇتۇشىغا ياردەم بېرىشىمىز لازىم بولىدۇ. بالىغا بالىنىڭ ئىمانىنىڭ مۇستەھكەم، ئاللاھقا ئىتائەت قىلىشتا ۋە توغرا يولدا تەۋرەنمەي مېڭىشتا ھەمنەپەس بولىدىغان بىر دوست تېپىپ بېرىش ئاتا- ئانىنىڭ باش تارتىپ بولالمايدىغان مەجبۇرىيىتىدۇر. يۇقىرىقى ھەدىس ۋە

مسالالاردا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئويناۋاتقان باللارنىڭ يېنىغا كېلىپ ئۇلارغا سالام قىلغانلىقى ۋە ياكى ئويناۋاتقان باللارنىڭ نېمە ئويناۋاتقانلىقىنى سورىغانلىقى، ئۇلارغا ھېچقانداق بىر ئەيىپلەش پوزىتسىيەسىنى بىلدۈرمەي، ئۇنىڭ بۇ باللارنىڭ ئۆم بولۇپ ئوينىغانلىقىنى قوللايدىغانلىقىنىڭ ئىپادىسىدۇر.

## 442-سۇئال: باللارنى سودا- سېتىقتا كۆندۈرۈشنىڭ پايدىسى

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ باللارنى ماددىي ۋە مەنىۋىي جەھەتتە تەڭ يېتىلىشگە ئەھمىيەت بەرگەنلىكىنىڭ ئىپادىسى ساھابىلارنىڭ بۇ يولنى تۇتۇپ، ئۇنى ئەمەلىيەتكە ئايلاندۇرۇشقا تىرىشقانلىقىدىن كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. ئېلىم- سېتىم ئىشلىرى باللىنى پائالىيەتچان، ئىشچان قىلىدۇ، بۇ خىل ھاياتنىڭ كەيپىياتىغا كۆندۇ. ۋاقتنى پايدىلىق ئىشلارغا سەرپ قىلىدۇ ھەم ئۆزگە بولغان ئىشەنچىسى ئاشۇرىدۇ. خاراكتېر جەھەتتىنمۇ باللىق ئەركىلىكنى تاشلاپ، ئەستايىدىل، مەسئۇلىيەت تۇيغۇسغا ئىگە بولىدۇ. نەدە باللار ئۇچراشسا، ئۇلار بىلەن ئويناپ ۋە بېھۇدە سۆزلىشىپ، ھە دېسلا، ئويۇن- تاماشىغا يۈگۈرەيدىغان ئادىتىنى تاشلايدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇشۇنداق باللارنىڭ ئىش - ھەرىكىتىدە، تىجارىتىدە بەرىكەتلىك بولۇشىغا دۇئا قىلغان.

## 443-سۇئال: باللارنى شەرئىيتكە ئۇيغۇن مۇراسىملەرگە قاتناشتۇرۇشنىڭ پايدىسى

توي - تۆكۈن ۋە باشقا بىر مۇناسىۋەتلەر بىلەن ئۆتكۈزۈلگەن ھەرخىل مۇراسىملار باللار ئۇچۇن يېڭى بىر مۇھىت بولۇپ، باللار بۇنداق يەرگە بارغاندىن كېيىن نۇرغۇن ئادەملەرنى، بەزىلىرىنىڭ كىملىكىنى، باشقا باللارنى كۆرۈدۇ ۋە تونۇيدۇ. چوڭلاردىكى سالاپەتلىك، ئېسىل خۇلقلارنى، ئۇلارنىڭ سەممىي سۆزلىرىنى، ئېسىدە قالدۇرىدۇ. ئۆزى ۋە ئائىلىسى تەۋە بولغان بۇ ئىجتىمائىي مۇھىتقا بولغان قىزىقىشى، ئۇنى چۈشىنىش، ئۇنىڭ بىر ئەزاسى بولۇش ھېرىسمەنلىكى ئاشىدۇ. روھى كۆتۈرۈلۈپ، كىشىلىك شەخسىيىتىدە يەنە بىر يېڭى يۈكسىلىش ھاسىل بولىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بىر توي مۇراسىمغا ئېلىپ كېلىنگەن باللارنى كۆرۈپ ئۇلارنىڭ كەلگەنلىكىگە قارشى ھېچقانداق ئىنكاس بىلدۈرمىگەنلىكى، بۇ سورۇندا ھازىر بولغانلار ئۇچۇن قىلغان دۇئاسىدىن كىچىكلەرنىڭمۇ نېسىۋىلەنگەنلىكى، باللارنى بۇنداق سورۇنلارغا ئېلىپ كېلىشنىڭ دۇرۇسلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

## 444-سۇئال: باللارنى سالىھ ئۇرۇق- تۇغقانلىرىنىڭ ئۆيلىرىدە قوندۇرۇشنىڭ پايدىسى

باللارنىڭ ئۆز ئۆيىدىن ئايرىلىپ، باشقا بىر ئۇرۇغ - تۇغقان ۋە يېقىنلارنىڭ

ئۆيدە قونۇپ قېلىشى بالىلارنىڭ باشقا بىر ئائىلىنىڭ ھاياتى بىلەن تونۇشۇشىنىڭ، يەنى يات بىر ھاياتنى بىلىشىنىڭ بىر تەجرىبە مەشغۇلاتىدۇر. بۇ ئارقىلىق بالا ئۇ تۇغقان ياكى يېقىنلىرى بىلەن قانداق مۇئامىلە قىلىشىشنى ئۆگىنىدۇ. ئۇلاردا بولغان بىلىم، ئىبادەت ۋە تەقۋالىق... قاتارلىق ئارتۇقچىلىقلارنى ئۆگىنىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىرگە يەنە ئۇرۇغ- تۇغقان ۋە يېقىنلار بىلەن بولغان سىلە - رەھىمنى كىچىكىدىن باشلاپ ئۇلاشقا ۋە ئۇنى مۇستەھكەملەپ ئەۋلادتىن- ئەۋلادقىچە داۋاملاشتۇرۇشقا ئاساس يارىتىلىدۇ. كىچىكلىكىدە ئىسىدە قالغان بۇ بېرىپ - كېلىش ۋە يېقىنلىق تۇيغۇسى تاكى ئۇلارنىڭ ھاياتى بويىچە ئەسلەپ، ئۇنىڭ ياخشى خاتىرسىنى قىلىشقا سەۋەب بولىدۇ. ناۋادا ئاتا- ئانىلار بالىلىرىنى باشقىلارنىڭ ئۆيدە قونۇپ قېلىشقا قويغاندا، ئۇلاردىن ياخشىلىقلارنى، تەقۋالىقلارنى ئۆگىنىشكە تەۋسىيە قىلسا، بۇ ياخشىلىق ئۇستىگە ياخشىلىق بولغان بولىدۇ. ئىبنى ئاباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئەمەلىيىتى بولسا، بالىلارنىڭ ياخشى تۇغقانلىرىنى زىيارەت قىلىش ۋە ئۇلارنىڭ ئارتۇقچىلىقلىرىنى ئۆگىنىشىنىڭ ياخشى مىسالىدۇر.

## 445- سۇئال : بالىلارنى ئەخلاقىي جەھەتتىن تەربىيەلەشنىڭ مەقسىدى

بالىلارنى ئەخلاقىي جەھەتتىن تەربىيلەش دېگەندىن مەقسەت: ئۇلارنى كىچىكىدىن ئەخلاق - پەزىلەتلىك ۋە ۋىجدانلىق قىلىپ يېتىشتۇرۇش دېگەنلىكتۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام، «مەن پەقەت گۈزەل ئەخلاقلارنى تولۇقلاش ئۈچۈنلا ئەۋەتىلدىم» دەيدۇ. (بۇخارى رىۋايىتى) يەنە، «ئىمانى ئەڭ كامىل مۆئمىن ئەڭ ئەخلاقلىق بولغىنىدۇر» دەيدۇ. (مۇسلىم رىۋايىتى) دېمەك، ئەخلاق - پەزىلەت ئىماننىڭ ئەڭ كۆرۈنەرلىك ئىپادىسى ۋە مېۋىسىدۇر. ئەخلاق بىلەن ئىمان ئىككىسى بىر - بىرىگە ناھايىتى زىچ مۇناسىۋەتلىك بىر مەسىلىدۇر.

يۇقىرىقى ھەدىسلارنىڭ روھى بويىچە، ئەخلاقنىڭ كامىللىقى ئىماننىڭ كامىللىقىغا ۋە ئەخلاقنىڭ ئاجىزلىقى ئىماننىڭ ئاجىزلىقىغا دەلىلدۇر. كۆپىنچە ئىبادەتلەر ئۇنى قىلغۇچىسىنىڭ ئۆزىگە پايدىلىق بولسا، گۈزەل ئەخلاق باشقىلارغىمۇ پايدىلىقتۇر. بىراۋنىڭ گۈزەل ئەخلاقىدىن ئومۇم خەلق مەنپەئەتلىنىدۇ. مىللەتلەر گۈزەل ئەخلاقى بىلەن يوقىرى كۆتىرىلىدۇ ۋە ئەخلاقنىڭ بۇزۇلىشى بىلەن ئۇلارمۇ چۆكىدۇ.

## 446- سۇئال: گۈزەل ئەخلاقنىڭ مەنىسى

ئەخلاق سۆزى ـ كۆپىنچە كىشىلەرنىڭ چۈشەنگىنىدەك، باشقىلارنىڭ چىرايىغا تەبەسسۇم بىلەن قاراش، ئۇلارغا ئازار بەرمەستىن يۇمشاق، سىلىق مۇئامىلىدە بولۇش دېگەنلىكلا ئەمەس. گەرچە بۇ ئىشلارمۇ گۈزەل ئەخلاق قاتارىدىن سانالسىمۇ، لېكىن ئەخلاقنىڭ مەنىسى بۇنىڭدىن چوڭدۇر، ئەلۋەتتە. گۈزەل ئەخلاق ـ ھەر ئىشتا توغرا

بولۇش، ئادىل بولۇش، راستچىل بولۇش، ۋەدىگە ۋاپا قىلىش، ئامانەتنى ساقلاش، مەيلى دۇنيالىق بولسۇن، مەيلى ئاخىرەتلىك بولسۇن، ئۆز ۋەزىپىسىنى بىلىش ۋە ئۆز ۋاقتىدا ئورۇنلاش، خاتالىقنى دادىل ئېتىراپ قىلىش، ئەبەدىي جاسارەتلىك بولۇش، ھەرئىشتا ھەقىقەتنى كۆزلەش، ئۆزىگە ئىشىنىش، باشقىلارنىڭ ياردىمىنى كۈتمەستىن ئۆزىگە يۆلىنىش، ۋىجدانلىق، غۇرۇرلۇق بولۇش، نومۇسنى ساقلاشنى بىلىش، ۋەتەنگە، خەلققە ۋە باشقىلارغا مەنپەئەتلىك بولۇش ۋە باشقىلار.

## 447-سۇئال: بالىلارغا ئەخلاق ئۆگىتىشنىڭ موھىملىقى

بىز پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەخلاقنى بەرپا قىلىشقا، ئەخلاقنى بالىنىڭ تەبىئىتىگە سىڭدۇرۇش ئۈچۈن بەرپا قىلىشنى، ھەتتا گۇناھلارنى يۇيىدىغان سەدىقە بېرىشتىنمۇ يۇقىرى ئورۇنغا قويغانلىقنى بىلگىنىمىزدە، بالىغا ئەدەپ- ئەخلاق ئۆگىتىش، ئۇنى ئەخلاقلىق قىلىپ تەربىيىلەشنىڭ قانچىلىك مۇھىم ئىكەنلىكىنى بىلەلەيمىز.

سەلەپ- سالىھلارمۇ ئەدەپ- ئەخلاقنىڭ ئەھمىيىتىنى، دەرىجىسىنى ۋە مەرتىۋىسىنىڭ يۇقىرىلىقىنى ياخشى چۈشەنگەچكە، بالىلىرىنى ئەدەپلىك چوڭ قىلىشقان ۋە بارلىق ئىسلام ئۇممىتىگە بۇنى تەۋسىيە قىلىشقان.

بالىلارنى ئەدەپلىك چوڭ قىلىشنىڭ بۇنچىلىك مۇھىملىقىنىڭ سەۋەبى بولسا، ئەدەپنىڭ ئۆتكۈر ئەقلنى بەرپا قىلىدىغانلىقى، ئۆتكۈر ئەقىلنىڭ ياخشى ئادەتنى بەرپا قىلىدىغانلىقى، ياخشى ئادەتتىن ياخشى تەبىئەتنىڭ بارلىققا كېلىدىغانلىقى، ياخشى تەبىئەت ئىگىسىدىن ياخشى ئەمەلنىڭ بارلىققا كېلىدىغانلىقى، ياخشى ئەمەل پەرۋەردىگارىنىڭ رازىلىقىغا ئېرىشىشنى بارلىققا كەلتۈرىدىغانلىقى، پەرۋەردىگارىنىڭ رازىلىقىغا ئېرىشىش بولسا، ئەبەدىيلىك بەختكە مۇيەسسەر قىلىدىغانلىقى، ناچار ئەخلاقتىن بۇزۇق ئەقلىنىڭ، بۇزۇق ئەقلىدىن بولسا، يامان ئادەتنىڭ، يامان ئادەتتىن يامان تەبىئەتنىڭ، يامان تەبىئەتتىن يامان ئەمەلنىڭ، يامان ئەمەلدىن ئاللاھنىڭ غەزىپى ۋە لەنىتىگە ئۇچراشنىڭ ۋە بۇنىڭدىن ئەبەدىي مىراس بولىدىغان خارلىققا قالىدىغانلىقى ئۈچۈندۇر. بۇلارنى چوڭقۇر چۈشىنىپ يەتكەن سەلەپ - سالىھلار ئەۋلادلىرىنى ئەدەپ- ئەخلاقلىق بولۇشقا ۋە ئۆزلىرىمۇ ئۇلارنى شۇنىڭ ئۈستىدە يېتىلىشكە ئەھمىيەت بېرىپ، ئەدەپ- ئەخلاقنى ئۇلارغا ۋە ئۇلاردىن كېيىنكى ئەۋلادلارغا مىراس قىلىپ قالدۇرۇشقان ئىدى.

## 448-سۇئال: ئاتا-ئانىغا كۆرسىتىدىغان ئەدەپلەر

**1) ئاتا- ئانىغا سۆز قىلىشتىكى ئەدەپلەر.** ئىمام قۇرتۇبى تەپسىرىدە ئەبۇل بەدداھ ئەتتىجىنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى بايان قىلغان: مەن سەئىد ئىبنى

مۇسەيىبىكە مەن قۇرئاندا ئاتا- ئانىغا ياخشىلىق قىلىش ھەققىدە كەلگەنلەرنىڭ ھەممىنى بىلدىم، لېكىن ئاللاھ تائالانىڭ ئۇلارغا ھۆرمەت بىلەن يۇمشاق سۆز قىلغىن، (سۈرە ئىسرا، 23 ـ ئايەت) دېگەن سۆزىنىڭ مەنىسىنى چۈشىنەلمىدىم، بۇ يەردە كۆزدە تۇتۇلغان يۇمشاق سۆز نېمىدىن ئىبارەت؟ دېدىم، ئىبنى مۇسسەيىپ گۇناھكار قۇلنىڭ قوپال ۋە باغرى قاتتىق خوجايىنىغا سۆزلىشى دېدى. ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بۇ ئايەتتىكى يۇمشاق سۆزنى: ئى ئاتا، ئى ئانا! دېمەك دەپ تەپسىر قىلدى.

2) **ئاتا- ئانىغا قاراش ئەدەپلىرى.** بىز يۇقىرىدا بالىنىڭ ناھايىتىمۇ ئەدەپ- ئەخلاقلىق بولۇشى ئۈچۈن ئاتا- ئانىلارنىڭ بالىلىرىنى تەقۋادار ئالىملارغا يېقىن بولۇشىغا، ئۇلاردىن بىلىم ئېلىشتىن بۇرۇن ئەدەپ- ئەخلاق ئۆگىنىشكە تەۋسىيە قىلغانلىقىنى، بالىلارنىڭ ئالىملار بىلەن بىللە بولغاندا، ئۇلارنىڭ ئەدەپلىك بولۇشىنى تەلەپ قىلىشىدىغانلىقىنى بايان قىلغان ئىدۇق.

3) **ھۆرمەتلەش ۋە ئىززەتلەش ئەدەپى.** تىرمىزى ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: ياشىنىپ قالغان بىر ئادەم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا كەلگەن ئىدى، جامائەت ئۇنىڭغا ئورۇن بوشىتىپ بېرىشكە كېچىكىپ قالغانلىقتىن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كىچىكلىرىمىزگە شەپقەت، چوڭلىرىمىزغا ھۆرمەت قىلمىغان ئادەم بىزدىن ئەمەس، دېدى.

## 449-سۇئال: قېرىنداشلىق ۋە دوستلۇق ئەدەپلىرى

ئاتا- ئانىلار پەرزەنتلىرىنىڭ چوڭلىرىغا كىچىك قېرىنداشلىرىغا مەرھەمەت قىلىش ۋە شەپقەت قىلىشنى ئۆگەتسە، كىچىكلەرگە چوڭلارنى ئىززەتلەش ۋە ھۆرمەت قىلىشنى سىڭدۈرسە، ئائىلە ھاياتى تەڭپۇڭلۇق ئىچىدە ماڭىدۇ. ئائىلە ئەزالىرىنىڭ ھەر بىرى قارشى تەرەپنىڭ ھەققىنى ئۆز لايىقىدا ۋە ئۆز ئورنىدا ئادا قىلىدۇ.

## 450-سۇئال: قوشنىدارچىلىق ئەدەپلىرى

ئىسلام شەرئىتىدە قوشنىدارچىلىقنىڭ ھەققى چوڭ. بۇنىڭدىكى سەۋەب بولسا، مۇسۇلمانلار جەمئىيىتىنىڭ بىر- بىرىگە بولغان مۇناسىۋىتىنى كۈچلەندۈرۈش ئۈچۈندۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئاتا- ئانىلارغا ئۇلارنىڭ بالىلىرىنى قوشنىلىرىنىڭ بالىلىرى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىدە دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك نۇرغۇن ئەدەپلەرنى ئۆگىتىشكە تەۋسىيە قىلغان. ئۇ ئەدەپلەر شۇلاردىن ئىبارەتكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بالىلارنىڭ قوشنىلارنىڭ بالىلىرىنىڭ ھالىغا ھال ـ مۇڭ بولۇشى كېرەكلىكىنى، بالىلارنىڭ ئاتا- ئانىسىنىڭ قوشنىسىنىڭ بالىلىرىدا بولمىغان

ياكى ئۇنىڭغا ئېرىششكە قادىر بولالمايدىغان نەرسىلەرنى ئېلىپ بەرگەندە، ئۇ بالىلارنىڭ ئۇ نەرسىلەرنى سىرتقا كۆتۈرۈپ چىقىپ يەپ ياكى كۆرسىتىپ قوشنىلارنىڭ بالىلىرىنىڭ ئىچىنى ئاچچىق قىلىدىغان ئىشلارنىڭ ئالدىنى ئېلىشقا تەۋسىيە قىلغان، يەنى يەيدىغان نەرسىنى تاشقىرىغا كۆتۈرۈپ چىقماي ئۆيدە يېگۈزۈش، تاشقىرىغا كۆتۈرۈپ چىقىپ يېيىشكە روخسەت قىلماسلىققا تەۋسىيە قىلغان. بۇنداق قىلىشنىڭ يەنە بىر پايدىسى بالىلار سىرتلاردا، يوللاردا كېتىۋاتقاندا، بىر نەرسە يېيىشتەك ئاممۋىي ئەدەپلەرگە زىت ئىشلاردىن ئۇزاقلاشتۇرۇلىدۇ.

## 451-سۇئال: ئىجازەت سوراش ئەدەپى

ئىجازەت سوراشتا ئۇنىڭ ئەدەپىگە دىققەت قىلىش چوڭ - كىچىك ھەممەيلەن دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك ئەدەپتۇر. ئىجازەت سوراش ئىسلام شەرىئىتىدە مۇھىم ئەدەپلەرنىڭ بىرى سانىلىدۇ. ئاللاھ تائالا ئەسىرلەر بويى ئوقۇلىدىغان قۇرئان كەرىمدە ئىسلام ئۈممىتى ئۈچۈن ئىجازەت سوراش ئەدەپىنى تەكىتلىگەن ئايەتلەرنى نازىل قىلدى. چۈنكى، ئىجازەت سوراشتىن ئىبارەت بۇ ئەمەلنىڭ ئائىلە ۋە جەمئىيەتتە ئوينايدىغان رولى ناھايىتى مۇھىمدۇر. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ، ئۇنىڭ ئەھمىيىتىنى ساھابىلارنىڭ چوڭلىرىدىن سىرت كىچىك ساھابىلاردىن ھېسابلىنىدىغان ئەبۇسەئىد ئەلخۇدرىغا ئوخشاشلارمۇ ياخشى تونۇپ يەتكەن ئىدى.

قۇرئان كەرىم ئىجازەت سوراشقا بۇيرۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئاتا- ئانىنى بالىغا بۇ ھەقتە تەلىم بېرىشنىمۇ بۇيرىدى، ھەم بالىلارنىڭ ئاتا- ئانىلارنىڭ خاس ئورۇنلىرىغا ئىجازەت سوراپ كىرىدىغان ۋاقىتلارنىمۇ ئېنىق بەلگىلەپ كۆرسەتتى، ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە: «ئى مۆئمىنلەر ! سىلەرنىڭ قۇللىرىڭلار، چۆرىلىرىڭلار ۋە ئىچىڭلاردىكى بالاغەتكە يەتمىگەن بالىلار ناماز بامداتتىن بۇرۇن، چۈشتە (ئۇخلاش ئۈچۈن ) كىيىمىڭلارنى سالغان چېغىڭلاردا ۋە خۇپتەندىن كېيىن (مۇشۇنداق) ئۈچ ۋاقىتتا (يېنىڭلارغا كىرسە ) سىلەردىن ئىجازەت سورىسۇن، (بۇ) ئۈچ ۋاقىت سىلەرنىڭ ئەۋرەتىڭلار (ئېچىلىپ قالىدىغان ۋاقىتتۇر )، بۇ ئۈچ ۋاقىتتىن باشقا ۋاقىتلاردا (ئۇلار سىلەرگە كىرسە ) سىلەرگىمۇ، ئۇلارغىمۇ ھېچ گۇناھ بولمايدۇ، سىلەر بىر بىرىڭلار بىلەن بېرىش كېلىش قىلىپ تۇرىسىلەر، ئاللاھ سىلەرگە ئايەتلەرنى (يەنى شەرىئەت ئەھكاملىرىنى ) ئەنە شۇنداق بايان قىلىدۇ، ئاللاھ ھەممىنى بىلگۈچىدۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر.» (سۈرە نۇر، 58 - ئايەت. ) دەيدۇ.

## 452-سۇئال: داستىخاندىكى ئەدەپلەر

ئۆمەر ئىبنى ئەبۇ سەلەمە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: مەن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ تەربىيىسىدىكى بالا ئىدىم، تاماق يېگەندە قوللىرىم

لىگەننىڭ مۇقىم بىر يېرىدە تۇرمايتتى. شۇنىڭ بىلەن، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ماڭا: ھەي بالا! "بىسمىللاھ" دەپ، ئوڭ قولۇڭ بىلەن ئۆزۈڭنىڭ ئالدىدىن يېگىن! ـ دېدى. ئۆمەر ئىبنى ئەبۇ سەلەمە: مەن شۇندىن ئېتىبارەن تاماقنى ئەشۇ ئۇسۇلدا يەپ كەلدىم، ـ دەيدۇ. (بۇخارى: 5376)

ئىمام غەزالى «ئىھيا» دېگەن كىتابىنىڭ ئۈچىنچى قىسمىدا بالا ئوزۇقلانغاندا موھتاج بولىدىغان ئىسلامنىڭ ئومۇمىي ئەدەپلىرىدىن تۆۋەندىكىدەك بىرنەچچە تۈر ھەققىدە ئاگاھلاندۇرۇش بېرىدۇ .

1) تاماقنى ئوڭ قولدا يېيىش، يېيىشتىن بۇرۇن بىسمىللاھ دېيىش.

2) ئۆزىنىڭ ئالدىدىن ئېلىپ يېيىش.

3) تاماققا باشقىلاردىن ئاۋۋال قول ئۇزاتماسلىق.

4) تاماققا ۋە ئۇنى يەۋاتقان كىشلەرگە تىكىلىپ قارىماسلىق.

5) تاماقنى بەك تېز يېمەسلىك.

6) تاماقنى يۇمشاق چايناپ يېيىش.

7) تاماقنى ئېغىزىغا ئارقا ـ ئارقىدىن سېلىۋەرمەسلىك.

8) تاماق يېگەندە كىيىملىرىنى ۋە قوللىرىنى مەينەت قىلماسلىق.

9) بەزى چاغلاردا تەرخەمەك ۋەناننى ھېچنەرسە ئارىلاشتۇرماستىن يېيىشكە ئادەتلىنىش.

10 ) تاماقنى بەك كۆپ يېيىشكە ئادەتلىنىپ قالماسلىق، چۈنكى كۆپ يېيىش پەقەت ھايۋانلارغا خاس ئىشتۇر.

2 ) تاماقنى بەك كۆپ يېيىشنى داستىخان ئۈستىدە ئەيىبلەش، ئاز يېگەن بالىنى ماختاش، تاماقنى ھەددىدىن بەك زورلىماسلىق.

3 ) ئاددىي تاماققا قانائەت قىلىش.

## 453ـ سۇئال: بالىنىڭ تاشقى قىياپەت ئەدەپلىرى

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بالىنىڭ چاچ قويۇش چېچىنى ياسىتىش، كىيىمىنىڭ رەڭگى، سىرتقا چىقىش كىيىمى قاتارلىق ئەھۋاللىرىغا ئەھمىيەت بېرەتتى.

## 454ـ سۇئال: چاچ قويۇش ۋە چۈشۈرۈشتىكى ئەدەپلەر

ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم چېچىنىڭ يېرىمى چۈشۈرۈلۈپ، يېرىمى قالدۇرۇلغان بىر بالىنى كۆرۈپ، ساھابىلىرىنى ئۇنداق قىلىشتىن توستى ۋە: چاچىنىڭ يا ھەممىسىنى چۈشۈرۈۋېتىڭلار ياكى ھەممىسىنى قويۇپ قويۇڭلار ! دېدى. (ئەبۇ داۋۇد: 4195)

چاچنى مۇنداق تۆت شەكىلدە قىرىشتىن چەكلەندى.

بىرىنچى، بېشىدىن ئۇ يەر- بۇ يەرنى چۇشۇرتۇپ، ئارقا تەرىپىنى قويۇپ بېرىش.

ئىككىنچى، خرىستىئان دىندىكىلەردىن ھەددىدىن ئاشقانلارغا ئوخشاش ئوتتۇرىنى چۇشۇرۇپ ئەتراپىنى قويۇپ قويۇش.

ئۈچىنچى، ھىندىئانلارغا ئوخشاش ئەتراپىنى چۇشۇرۇپ ئوتتۇرىنى قويۇپ قويۇش.

تۆتىنچى، ئالدى تەرەپنى چۇشۇرۇپ، ئارقا تەرىپىنى قويۇپ بېرىش.

بۇلاردىن توغرىسى ھەممىسىنى چۇشۇرۇش ياكى ھەممىسىنى قويۇپ بېرىشتۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام باللارنىڭ چاچ چۇشۇرۇش ئىشىغا بىۋاستە ئارىلاشقان .

## 455-سۇئال: كىيىم رەڭگىنىڭ ئەدەپى

ئىمام غەزالىنىڭ «ئىھيا» دېگەن كىتابىنىڭ ئۈچىنچى بۆلۈمدە باللىنىڭ كىيىمىنىڭ ئەدەپىي ھەققىدە ياخشى يولىيورۇقلىرى بار. ئۇ مۇنداق دېگەن: باللارغا رەڭسىز ۋە سىزىقسىز ئاق رەڭلىك كىيىم كىيدۇرۈلۈشى لازىم. رەڭلىك، سىزىقلىرى بار كىيملەر بولسا، ئاياللارنىڭ شۇنداقلا قوش جىنسلىقلارغا خاس كىيملەر بولغاچقا، باللارغا ئۇنداق كىيىملەر كىيدۇرۇلمەسلىكى لازىمدۇر. باللارنى ئىپسىل، ئاجايىب - غارايىپ، قىممەت كىيىم كىيگۈزۈشتىن ئۇزاق تۇتۇش، بۇنداق كىيىملەر گەرچە باللارغا ھەرقانچە چىرايلىق كۆرۈنگەندىمۇ، ئۇلارنى ئۇنىڭدىن يىراق تۇتۇشى لازىم.

## 456-سۇئال: قۇرئان ئوقۇش ئەدەپلىرى

ئىبنى كەسىرنىڭ تەپسىرىدە ئىبنى جەرىر بايان قىلغاندەك، ئاللاھ تائالانىڭ: «ئاللاھنىڭ رەھمىتىگە ئېرىشىشىڭلار ئۈچۈن، قۇرئان ئوقۇلغان چاغدا، ئۇنى دىققەت بىلەن ئاڭلاڭلار ۋە جىم تۇرۇڭلار (يەنى سۆز قىلماڭلار.» دېگەن ئايىتى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەر قېتىم قۇرئان ئوقۇغاندا، ئۇنىڭ قۇرئاننى تېنچ ئولتۇرۇپ ئاڭلىغان ئەنسارىلاردىن بىر بالا توغرىسىدا نازىل بولغان دەيدۇ.

## 457-سۇئال: راستچىللىق ئەخلاقى

راستچىل بولۇش ئىسلام ئەخلاقىنىڭ ئەڭ مۇھىم يىلتىزلىرىدىندۇركى، ئۇنى يېتىلدۈرۈش ۋە ئۇنى باللىنىڭ تەبىئىتىدە مۇستەھكەم قىلىش ئۈچۈن غەيرەت قىلىش لازىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئاتا- ئانىلارنىڭ باللاردا يالغانچىلىق خۇلقىنىڭ يېتىلىپ قېلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىشى ئۈچۈن ئۇلارنى دائىم كۆزىتىپ تۇرۇشقا تەۋسىيە قىلىپ : «بالا بىر ئىنساندۇر، ئۇنىڭمۇ ئىنسانى مۇئامىلىگە ئېرىشىش ھوقۇقى بار، ئاتا- ئانىنىڭ ھەر قانداق بىر ۋاستە بىلەن ئۇنى ئالدىشى ۋە ئۇنىڭ بىلەن مۇئامىلىدە بۇ جەھەتتىكى ئەمەلىيەتكە سەل قارىشى جائىز بولمايدۇ.» دېگەن قائىدىنى تۇرغۇزغان ئىدى.

ئابدۇللاھ ئىبنى ئامىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىزنىڭ ئۆيدە ئولتۇراتتى، ئانام مېنى: بۇ ياققا كەل، بىر نەرسە بېرىمەن، دەپ چاقىردى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئانامغا: ئۇنىڭغا نېمە بېرىسەن؟ دەپ سورىغانىدى، ئانام: بىر تال خورما بېرىمەن، دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: ناۋادا، ئۇنىڭغا ھېچنېمە بەرمىسەڭ، ساڭا بىر يالغانچىلىق يېزىلىدۇ، دېدى. (ئەبۇ داۋۇت: 4991)

سەلەپ - سالىھلار چوڭلار كىچىلەرگە ۋەدە قىلسۇن ياكى بالىلار بىر - بىرىگە ۋەدە قىلسۇن، ۋەدىسىگە ئەمەل قىلىشقا، راستچىل بولۇشنى بالىلارنىڭ ۋۇجۇدىغا سىڭدۈرۈشكە بەكلا ئەھمىيەت بەرگەن ئىدى.

## 458- سۇئال: مەخپىيەتلىكنى ساقلاش ئەخلاقى

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بالىلارنى مەخپىيەتلىكنى ساقلىيالايدىغان بولۇپ چوڭ بولۇشنى تولىمۇ ئۈمىد قىلاتتى. چۈنكى، مەخپىيەتلىكنى ساقلاش بالىنىڭ ھازىرى ۋە كەلگۈسى ھاياتىنىڭ بەختەرلىكىنى، جەمئىيەت ۋە ئۇنىڭ ئاساسلىرىنى مۇھاپىزەت قىلىشتا ئىنتايىن مۇھىمدۇر. مەخپىيەتلىكنى ساقلاشقا ئادەتلەنگەن بالا ئىرادىسى كۈچلۈك، ئاغزى چىڭ بولىدۇ، ئۇنىڭ مەخپىيەتلىكنى ساقلىيالىشىدەك ئارتۇقچىلىقى جەمئىيەتتىكى باشقا ئىنسانلار ئارىسىدا ئۇنىڭغا قارىتا ئىشەنچ پەيدا قىلىدۇ.

## 459- سۇئال: ئامانەتنى ساقلاش ئەخلاقى

ئامانەتدار بولۇش پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ كىچىكلىكىدىن باشلاپ ئەمەل قىلىپ كەلگەن گۈزەل ئەخلاقلىرىدىن بولغاچقا، ئۇ كىشىلەر ئارىسىدا ئىشەنچلىك دەپ سۈپەتلىنىپ كەلگەن ئىدى. بۇنىڭدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئىقتىدا قىلىدىغان بالىلار ئۈچۈن چوڭ بىر ئۈلگە باركى، بۇنى ئۆزلەشتۈرگەن بالىلار چوڭ بولۇپ ئاللاھ تائالانىڭ دىنىنى دەۋەت قىلغاندا چوڭ بىر ياردەمچى بولىدۇ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بالىلارنىڭ مەخپىيەتلىك ساقلاش ئەخلاقىنى يېتىلدۈرۈشكە قاتتىق ئەھمىيەت بەرگەنلىكتىن، بالىلارنىڭ مەخپىيەتلىكنى ئاشكارىلاپ قويۇشتەك قىلمىشلىرىغا قارىتا ئۇنىڭغا جازا بېرىش پوزىتسىيەسىنى قوللىناتتى.

## 460- سۇئال: كۆڭۈلنى ئاداۋەتتىن سالامەت قىلىش ئەخلاقى

دىلنىڭ ئۆچ - ئاداۋەتتىن سالامەت بولۇشى ۋە ئىچى يامانلىقتىن يىراق بولۇشى ئىنسان تەبىئىتىنىڭ نورمال تۇرۇشىدا ناھايىتى مۇھىمدۇر. ئۇ ھەرقانداق ئىنساننى كىشىلەرنى ياخشى كۆرۈشكە، جەمئىيەت ئۈچۈن ياخشىلىقنى ئىزدەشكە، ئىنساننىڭ تەبىئىتىدە ھەمىشە ياخشىلىقنىڭ ئالامەتلىرىنىڭ ئەڭ يۇقىرى دەرىجىدە ئىپادە

تېپىشىغا تۇرتكە بولىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يېڭىدىن يېتىشىۋاتقان كىچىك ساھابە ئەنەس ئىبنى مالىكنىڭ تەبىئىتىدە بولغان ناچار خۇلقلارنى يۇيۇشى، ئۇنىڭغا يامانلىق قىلغان كىشىنى كەچۈرۈشى، دىلىدىكى شەيتاننىڭ ۋەسۋەسىلىرىگە ۋە ئۇنىڭ زىيانلىق يولغا باشلىشىغا يول قويماسلىقىغا چاقىرغان.

## 461. سۇئال: ھېس تۇيغۇنىڭ بالىنىڭ يېتىلىشىدىكى موھىملىقى

ھېس- تۇيغۇ، يېتىلىۋاتقان بالىدا ناھايىتى مۇھىم ئورۇننى ئىگىلەيدۇ. ئۇنىڭ شەخسىيىتىنى بىنا قىلىدۇ. ئەگەر ئۇنى تەڭپۇڭ ھالدا قوبۇل قىلالىسا، كەلگۈسىدە ھەممە جەھەتتىن تولغان مۇكەممەل ئىنسان بولۇپ يېتىشىپ چىقىدۇ. ناۋادا ئۇنداق بولماي ئارتۇقچە ياكى كەم بولۇپ قالغىنىدا ئۇنى ئەتراپىدىكىلەرگە رەھىم قىلمايدىغان باغرى تاش ئادەم قىلىپ يېتىلدۈرۈپ قويىدۇ. شۇڭا ھېس تۇيغۇنىڭ ساقلىنىشىنىڭ بالىنىڭ تەبىئىتى ۋە شەخسىيىتىدە ناھايىتى مۇھىم رولغا ئىگە. بۇنى بىنا قىلىشتا ئاتا- ئانا ناھايىتى مۇھىم رول ئوينايدۇ. چۈنكى، بۇنداق تۇيغۇنىڭ شەكىللىنىش مەنبەسى يەنىلا ئاتا- ئانىلاردۇر. ئاتا- ئانىلار بالىلارنىڭ مېھرىبانلىق، شەپقەت ۋە ئاتا- ئانا مېھرىنى ھېس قىلىشىنىڭ مەنبەسىدۇر.

## 462. سۇئال: بالىلارنى ئەركىلىتىش ۋە ئۇلار بىلەن ئوينىشىشنىڭ سۈننەتكە ئەگىشىش ئىكەنلىكى

بىز پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بالىلارغا بولغان ئەھمىيەتلىك ئەمەلىيەتلىرىدە ئۇنىڭ بالىلارنى بەزىدە سۆيسە، بەزىدە قۇچاغلىغانلىقىنى، بەزىدە ئۇلارنىڭ باش - كۆزلىرىنى سىلىسا، بەزىدە ئۇلار بىلەن ئويناشقانلىقىنى، ئۇلار بىلەن چاقچاقلاشقانلىقىنى، بەزىدە ئۇلارنىڭ ئىسمىنى كىچىكلىتىپ چاقىرسا، بەزىدە ئۇلارنى ئەركىلەتكەنلىكىنى ئۇنىڭ ھەدىسلىرىدىن بىلىۋالالايمىز. ناۋادا، ئاتا- ئانىلار بۇ ئىشلارنىڭ بەزىسىنى ياكى ھەممىسىنى قىلمىغان ياكى قىلمايدىغان بولسا، بىز ئۇلارنىڭ بۇ ئىشلارنى ھېچ بولمىغاندا سۈننەتكە ئەگىشىش يۈزىسىدىن بولسىمۇ قىلىشىنى ئۈمىد قىلىمىز. ئىمام بۇخارى ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەككىگە كەلگەندە، ئۇنىڭ ئالدىغا بەنى مۇتەللىپ ئائىلىسىدىكىلەرنىڭ كىچىك بالىلىرى چىقتى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇ بالىلاردىن بىرىنى ئۇلىغىنىڭ ئالدىغا، يەنە بىرىنى ئارقىغا مىنگەشتۈرۈۋالدى. ئىمام بۇخارى ئىبنى ئاببىاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەراپاتتىن مۇزدەلىفەگە بارغاندا ئۇلىغىغا ئۇسامەنى، مۇزدەلىفەدىن مىناغا قايتىشىدا، فەزلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى مىنگەشتۈرۈۋالغان. ئۇ ئىككىسى تاكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەقەبە

تېشىنى ئېتىپ بولغۇچە، تەلبىيە ئېتىشنى داۋاملاشتۇرغانىدى.

ساھابە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئەگىشىش يۈزىسىدىن باللىرىغا چاقچاق قىلاتتى ۋە باللىرى بىلەن ئوينىشاتتى. ئۇلار باللىرىنىڭ ھۇجرىلىرىغا كىرىپ، خۇددى كىچىك باللاردەك ئۇلار بىلەن ئوينىشاتتى.

## 463-سۇئال: بالىنىڭ بېشىنى سىلاش ئۇنىڭغا بولغان سۆيگۈ مۇھەببەتنىڭ ئىپادىسى

يۇقىرىدىكى ھەدىسلەرنىڭ بىرىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ باللارنىڭ بېشىنى سىلاش ئارقىلىق ئۇلارنى قانداق روھلاندۇرغانلىقىنى، ئۇلارغا مېھرىبانلىق ۋە شەپقەتنى قانداق يەتكۈزگەنلىكىنى، ئۇلارغا سۆيگۈ ۋە مۇھەببەتنىڭ تەمىنى قانداق تېتىتقانلىقىنى، ئۇلارغا قانچىلىك دەرىجىدە ئەھمىيەت بەرگەنلىكىنى بىلدۇرگەنلىكى بايان قىلىنغان ئىدى. زەۋائىد ئىبنى ھەببانىدا ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەنسارىلارنىڭ باللىرىنى زىيارەت قىلاتتى، ئۇلارنىڭ باللىرىنى كۆرسىلا سالام بېرەتتى ۋە بېشىنى سىلايتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بالىنىڭ بېشىنى سىلىغاندا يۈزىنىمۇ قوشۇپ سىلايدۇ، بۇ بولسا بالىغا تېخىمۇ كۆپ ئەھمىيەت بەرگەنلىكىنىڭ، شۇنداقلا بالىنى تېخىمۇ بەك خۇش قىلغانلىقىنىڭ ئىپادىسىدۇر. بىز بۇ ھەدىستىن باللارنىڭ باش- كۆزلىرىنى سىلاش، باللار بىردىن ئارتۇق بولغاندا، ئۇلار ئوتتۇرىسىدا باراۋەر مۇئامىلە قىلىش، ئايرىمچىلىق قىلماسلىقنى تونۇپ يېتىش بىلەن بىرگە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەممە باللارغا ئوخشاش مۇئامىلە قىلىشىدىكى ئېسىل مۇئامىلە ئەخلاقىنى بىلىپ يېتەلەيمىز.

## 464-سۇئال: قىز باللارغا ۋە يېتىم باللارغا ئالاھىدە ئېتىباردا بولۇشنىڭ موھىملىقى

قىز باللار بىلەن يېتىم باللار باشقا باللارغا قارىغاندا بەكرەك مېھرىبانلىق، شەپقەت قىلىش، كۆڭۈل بۆلۈشكە موھتاجدۇر. چۈنكى بۇ ئىككى خىلدىكى باللار باشقا باللارغا قارىغاند ا، ھەمىشە ئۆزلىرىنى ئاجىز ھېس قىلىدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن، بۇ ئىككى خىل بالا كۆپ ساندىكى ئىنسانلارنىڭ نەزىرىدە ئانچىۋالا ئېتىبارغا ئېلىنىپ كەتمەيدىغانلار قاتارىغا كىرىدۇ. كونا ۋە يېڭى جاھىلىيەت جەمئىيەتلىرى ئۇلارنىڭ ھەق- ھوقۇقلىرىنى ئاياق ئاستى قىلدى. ناۋادا، بىرەر جەمئىيەت، بىرەر مىللەت ياكى بىرەر ئائىلە شەرىئەت قانۇنىدىن يىراقلىشىپلا كېتىدىكەن، بۇ ئىككى خىل بالىنىڭ زۇلۇم قىلىنىشى تەبىئىي بىر ئەھۋالغا ئايلىنىدۇ. جاھىلىيەت يەنىلا جاھىلىيەتتۇر، ئۇ ئۆز ئەتراپىدىكى مۇھىتتا ئۆزىنىڭ جاھىل ئەخلاقىنى قوغدايدۇ. ئۇلار

مەيلى قايسى بىر ئۇلۇغۋار شۇئارلارنى توۋلىسا توۋلىسۇن، ئۇلارنىڭ سۆز ـ ھەرىكەتلىرىنىڭ چىرايلىقلىقى، كىيملىرىنىڭ ئالمىشىشى ھەرگىزمۇ ئۇلارنىڭ ئەسلى ماھىيىتىنى ئۆزگەرتمەيدۇ. يۇقىرىقى ئىككى خىل بالا جاھىلىيەتتە قانچىلىك دەرىجىدە خارلانغان بولسا، ئىسلام جەمئىيىتىدە شۇنچىلىك ئەزىز بولدىكى، ئىسلام ھەر زامان ئۇلارنىڭ ئەڭ ئىمتىيازلىق قوغدۇغۇچىسىغا ئايلاندى ۋە ئۇنى ھەممە ئىشتا ئۆز ھامىيلىقىغا ئالدى. ئۇنىڭ ھامىيلىقى شۇ دەرىجىدە ئىكەنكى، بۇ ئىككىسىنىڭ قايسى بىرى بىرەر ئادالەتسىزلىك ۋە زۇلۇمغا ئۇچرىسا، ئىسلامدا ئۇلارنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن ئوتتۇرىغا قويۇلغان شەرئى بەلگىلىمە ھەر بىر قىلمىشقا قارىتا بېرىلىدىغان جازا ۋە ئاگاھلاندۇرۇشلارنى ئېلان قىلدى. بۇ بەلگىلىمىلەر تاكى قىيامەتكىچە بۇ دۇنيادا كۈچكە ئىگە بولسا، قىيامەتتە ئۇنىڭ ئەڭ ئاخىرقى ھېسابىنى ئالىدۇ.

## 465ـ سۇئال: قىز بالىنى تەربىيەلەشتىكى ئاساسىي قائىدىلەر

ئانا بالىنىڭ ئۇستازى بولۇپلا قالماي، ئۆز نۆۋىتىدە دۇنيانىڭ ئۇستازىدۇر. بىز ئائىلىنى ئىسلاھ قىلىمىز دەيدىكەنمىز، ئالدى بىلەن ئائىلىنىڭ روھى ۋە ئاساسى بولغان ئانىنى ئىسلاھ قىلىشىمىز كېرەك.

1 ـ قىز بالىنى يامان كۆرۈشتىن توسۇش. قۇرئان كەرىم ئالدى بىلەن ئىسلام كېلىشتىن بۇرۇنقى جاھىلىيەت دەۋرىدە كەڭ تارقالغان قىزلار ھەققىدىكى ناتوغرا قاراشلارنى ئىسلاھ قىلدى. كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى قىزلارغا قارىتا بولغان خاتا قاراش ۋە نەزىرىيىلەرنى ئۆزگەرتىشكە بۇراپ، قىزلارنىڭمۇ ئوخشاشلا ئاللاھ تەرىپىدىن يارىتىلغان بەندە ئىكەنلىكىنى، ئاللاھ تائالا ئۆز ھېكمەت قۇدرىتى بىلەن ئۇلارنى ئەرلەرنىڭ ياردەمچىسى بولۇشى ئۈچۈن ياراتقانلىقىنى، ئۇلارنىڭمۇ ئۆز ئالدىغا ھوقۇق ۋە مەسئۇلىيەتلىرىنىڭ بارلىقىنى جاكارلىدى. بۇنىڭ بىلەن بىرگە يەنە ئۇلارغا ياخشى مۇئامىلە قىلىشقا، ئۇلارغا قارىتا مەسئۇلىيەتلىرىنى جارى قىلدۇرۇشقا تەۋسىيە قىلدى. ئۇلار ھەققىدە ئاشكارا مەنىدىكى ئايەتلەرنى نازىل قىلدى. بۇ ئايەتلەرنىڭ نازىل بولۇشى بىلەن ئىنسانىيەت دۇنياسىدىكى ئاياللارنىڭ ئىجتىمائىي ئورنى ۋە ئىمتىيازىدا ئاجايىب چوڭ يۈكسىلىش ھاسىل بولۇپ، ئاياللارنىڭ ھاياتىدا ئۇلارنىڭ بىرەرسىگە پارلاق بىر ئىستىقبال قوچاق ئاچتى.

2ـ قىزـ ئوغۇل پەرزەنتلەر ئارىسىدا ئايرىمچىلىق قىلماسلىق، ئۇلارغا باراۋەر مۇئامىلىدە بولۇش. ئاللاھ تائالا ئاتاـ ئانىغا ئوغۇل ـ قىزنى رىزىق قىلىپ بېرىدۇ. ئىسلام دىنى ئاتاـ ئانىلارنىڭ ھەممە بالىلىرىغا باراۋەر مۇئامىلە قىلىشنى ئۆگىتىدۇ. بۇ ئوغۇل ـ قىزلارغا باراۋەر مۇئامىلە قىلىش بىلەن ھەققەتلىشىدۇ. ھەتتا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئوغۇللارنى قىزلاردىن ئۇستۇن كۆرمەسلىك، ئۇلارنى ياخشى كۆرۈشتە،

ئۇلارغا بىر نەرسە تەقدىم قىلىشتا، ئوقۇتۇش ۋە باشقا ئىمتىيازلارنى، شەرت ـ شارائىتلارنى ھازىرلاشتا ئۇلار ئارىسىدا ئادىل بولۇشنى جەننەتكە كىرىشنىڭ بىر ۋاستىسى قىلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئوغۇل ـ قىزلارغا مۇئامىلە قىلىشتا شۇنچە ئەستايىدىل ئىدىكى، ئۇنىڭدىكى بۇ خىل مۇئامىلىنى ئىنسانلار جەمئىيىتىنىڭ ئىچىدە ھېچقانداق بىر جەمئىيەت كۆرۈپ باقمىغاندۇر.

**466-سۇئال: بالىنى جىسمانى جەھەتتىن يېتىلدۈرۈشنىڭ ئەھمىيىتى**

بالىلار بالاغەت ياشلىرىغا (قىزلار 12، ئوغۇللار 14 ياشقا) يېتىشى بىلەن ئۇلار ھەرخىل ئۇيۇن ـ تاماشالار ۋە كۆڭۈل ئېچىشلار ئارقىلىق بوشلۇقلىرىنى تولدۇرۇشقا كىرىشىدۇ. بۇ دەۋر ئاتا ـ ئانىلارنىڭ ئەڭ دىققەتلىك بولۇشىغا تېگىشلىك بولغان ئەھمىيەتلىك بىر دەۋرىدۇر. بالىلارنى بۇ ياشلىرىدا، تەن ساغلاملىقىغا پايدىلىق بولغان پاكىز، تەن ـ تەربىيە ۋە باشقىمۇ ئىجابىي پائالىيەتلەر بىلەن مەشغۇل قىلمىغاندا، ئۇلار جەمئىيەتتىكى تۈرلۈك يامان ئادەتلەرگە ئۆگىنىپ قالغاندىن كېيىن، ئۇلارنى ئەسلىگە قايتۇرۇش قىيىن بولىدۇ، ھەتتا مۇمكىن بولمايدۇ. شۇڭا ئاتا ـ ئانىلار يوقىرىقى مەسئۇلىيەتلىرىنى ئورۇنلاش بىلەن بىرگە بالىلىرىنى ئەخلاقسىز، دىيانەتسىز يامان دوستلاردىن ئوزاقلاشتۇرۇشى، جىنسىي ھەۋەسنى ئۆرلىتىدىغان ھاياسىز فىلىملارنى، ئەدەپسىز سۈرەتلىك ژۇرناللارنى كۆرۈشتىن مەنئى قىلىشى ۋە بالىلىرىنىڭ تەن ساغلاملىقىغا ئەڭ زىيانلىق بولغان تاماكا، ھاراق، زىنا ـ پاھىشە قاتارلىق يامان ئىشلاردىن ئۇلارنى قەتئىي چەكلىشى ئىنتايىن زۆرۈردۇر.

ئالله تائالا بالىنىڭ جىسمىنىڭ كۈچلۈك ۋە ھەرىكەتچان بولۇشى ئۈچۈن ئويۇن ئويناشنى بالىنىڭ تەبىئىتىدىكى بىر تەبىئىي خۇلق قىلدى. بالىلارنىڭ بالىلىق دەۋرى جانلىقلار دۇنياسىدىكى مەۋجۇداتلارغا سېلىشتۇرغاندا ئەڭ ئۇزۇندۇر. ئۇلارنىڭ جىسمانىي جەھەتتە يېتىلىشىمۇ مۇشۇ ئۇزۇن مۇدەتتە بولىدۇ. بۇ مەزگىلدىن كېيىنكى بەدەن تەرەققىياتى مەيلى ئېچكى ئەزانىڭ تەرەققىياتى بولسۇن ياكى تاشقى ئەزانىڭ تەرەققىياتى بولسۇن، ھەرگىزمۇ بالىلىق دەۋرىدىكى تەرەققىياتتەك بولماي ناھايىتى ئاستا ياكى ئاز بولىدۇ. ئەھۋال شۇنداق ئىكەن، ھەرقانداق بىر ئادەمنىڭ بالىنىڭ بالىلىق دەۋرىدىكى چېنىقىشى ۋە يېتىلىشىگە سەل قاراپ بالاغەتكە يەتكەن ياكى ئۇنىڭدىنمۇ چوڭ بولغان مەزگىلدە چېنىقتۇرىۋالىمەن، يېتىلدۈرىۋالىمەن دېگەن نەزەرىيەسىنىڭ پۈت تىرەپ تۇرالمايدىغانلىقىنى ئېنىق جەزم قىلالايمىز.

بالا بالىلىق مەزگىلىدە چېنىقىش ۋە يېتىلىشتە زۆرۈر بولغان چېنىقىش ۋە تەربىيلىنىش ھوقۇقىغا تولۇق ئېرىشىش كېرەك. بۇ ھالقىلىق مەزگىلنى قولدىن بېرىپ قويسا، كېيىن ئۇنىڭ ئورنىنى تولدۇرغىلى بولمايدۇ. ئۆتمۈش زاماندىكى ئالىملار

بالىلارنىڭ ئويۇننىڭ ئۇلارنىڭ جىسمانىي جەھەتتىن يېتىلىشىگە پايدىلىق ئىكەنلىكىنى تونۇپ يەتكەن بولۇپ، ئۇلاردىن ئىمام غەزالى مۇنداق دېگەن: بالا مەدرىسىدىكى قۇرئان دەرسى تامام بولغاندىن كېيىن، ئۇ نىڭ چىرايلىق يوسۇندا ئوينىشىغا ئىجازەت بېرىلىشى لازىم. بۇ ئويۇن ئۇلارنىڭ مەدرىسىدىكى دەرس ئېلىشتىن كېلىپ چىققان ھارغىنلىقنى ئۇنتۇلدۇرىدۇ. بالا ئويۇن ئوينىغاندا ھارمايدۇ، ئەگەر بالا ئويۇندىن مەنئى قىلىنىپ، داۋاملىق ئوقۇشقىلا زورلانسا، ئۇنىڭ قەلبى ئۆلىدۇ - دە، زېھنى كۈچى ئىسراپ بولىدۇ، ھايات ئۇنىڭ ئۈچۈن قىيىن تۇيۇلىدۇ، ئاندىن ئۇ بۇنداق ئىسكەنجىدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن ھىيلە - مىكىر ئىشلىتىشكە ئۆتىدۇ.

بالىنىڭ جىسمانىي جەھەتتە چېنىقتۇرۇلماسلىقى سەۋەبىدىن بالىنىڭ جىسمى كەلگۈسىدە نورمالسىز، كۆرۈمسىز، تەبىئىتى بىنورمال ھالدا چوڭ بولىدۇ. ئەگەر بىز بالىنىڭ بالىلىق دەۋرىدىكى بۇ مۇھىم مەزگىلنى بوشقا ئۆتكۈزۈۋېتىپ قالغاندا بالىنىڭ پات ئارىدا بۇ بالىلىق مەزگىلى بىلەن خوشلىشىدىغانلىقى، ھاياتىدا يېڭى بىر باسقۇچقا قەدەم قويىدىغانلىقى، ئۇ بالاغەتكە يەتكەن ھامان شەرىئەتنىڭ ئاساسىي رۇكۇنلىرىدىن تارتىپ ئەڭ ئاددىي بەلگىلىمىلىرىگىچە ئۇنىڭ بويسۇنۇشى ياكى قارشىلىق قىلىشىدىن ھېساب ئېلىنىدىغانلىقى، ھەقىقىي بىر مۆئمىنگە خاس سالاھىيەت بىلەن ياشاش، دۇنيا ۋە ئاخىرەتلىك ئۈچۈن ئەمەل قىلىشتا كۈچلۈك ۋە ساغلام بولغان بىر جىسمىنىڭ لازىم ئىكەنلىكىنى ھېس قىلغىنىمىزدا، ئىسلامنىڭ بەش ئاساسىدىكى پەرز ئەمەللەردىن باشقا جىھادقا چىقىش، بىلىم ئېلىشقا ئوخشاش پەرز ئەمەللەر ۋە ئۇنىڭدىن باشقا ۋاجىپ، سۈننەت، نەپلە ئەمەللەرنى ئورۇنلاش ئۈچۈن كۈچلۈك بەدەن بولۇشى كېرەكلىكىنى چۈشەنگىنىمىزدە، بالىنى جىسمانىي جەھەتتىن تەربىيىلەشنىڭ نەقەدەر مۇھىملىقىنى تونۇپ يېتىمىز. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بالىلارنى تەربىيىلەش يولىنىڭ جىسمانىي جەھەتتە تەربىيىلەشتە كۆرسەتكەن يولىغا نەزەر سالساق، ئۇنىڭ مۇنداق تۆت قائىدىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغانلىقىنى بىلەلەيمىز.

## 467-سوئال: بالىنىڭ سۇ ئۈزۈش، ئوق ئېتىش ۋە ئات مىنىشنى ئۆگىنىش ھەققى

ئۆمەر ئىبنى خەتتابنىڭ: بالىلىرىڭلارغا سۇ ئۈزۈشنى، ئوق ئېتىشنى ۋە ئات ئۈستىدە مۇستەھكەم تۇرۇشنى ئۆگىتىڭلار، دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنغان. بۇنىڭدىن بالىنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام زىكىر قىلغان جىسمانىي جەھەتتىن چېنىقىدىغان تەنتەربىيە تۈرلىرىنى ئۆگىنىشى كېرەكلىكى ئېنىق بولىدۇ. بۇنىڭ بالىنىڭ ھازىرقى ۋە كەلگۈسىدىكى ھاياتىدا ئۆزىگە خاس رولىنىڭ بارلىقى، بۇنداق چېنىقىشنىڭ بالىنىڭ جىسمانىيىتىنى ساغلام يېتىلدۈرۈشكە پايدىسى بولۇپلا قالماي، بەلكى بالىنىڭ ئۆز -

ئۆزىگە بولغان ئىشەنچىسىنى تۇرغۇزۇشىدىمۇ چوڭ رولى بارلىقى مەلۇمدۇر. ئەگەر بۇلارنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بالىلارنى چېنىقتۇرۇشقا دالالەت قىلغان سۈننىتىگە ئۇيغۇن ئىكەنلىكىنى بىلسەك، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇلارغا قانچىلىك دەرىجىدە ئەھمىيەت بەرگەنلىكىنى كۆرۈۋالالايمىز. چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالاممۇ كىچىكلىكىدە تاغىسى بەنى نەججارنىڭ بوستانلىقلىرىدا سۇ ئۈزگەن ۋە بالىلار بىلەن بىرلىكتە ئوينىغان ئىدى.

## 468-سوئال: بالىلار ئارىسىدا تەنتەربىيە مۇسابىقىسى ئۆتكۈزۈشكە ئەھمىيەت بېرىش

بۇ، بالىنى جىسمانىي جەھەتتىن چېنىقتۇرۇشنىڭ ئەڭ ئاساسلىق باسقۇچى بولۇپ، بالىلارنىڭ بەدىنىنى چېنىقتۇرۇش رولىغا ئىگە بولۇپلا قالماي، بەلكى يەنە ئۇلارنىڭ كۆڭلىنى خۇش قىلىدىغان ئويۇن ۋە مەنىۋىيىتىنى روھلاندۇرىدىغان پائالىيەت بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تاغىسىنىڭ ئوغۇللىرى بولغان بالىلار ئارىسىدا يۈگۈرۈش مۇسابىقىسى ئۆتكۈزۈپ يۈگۈرۈشتە ئۇتقانلارنى بىرىنچى ۋە ئىككىنچى تۇرغە ئايرىپ ئۇلارنى قۇچاغلاپ قارشى ئالغان ئىدى.

## 469-سوئال: بالىلارنىڭ بالىلار بىلەن ئوينىشى

كۆپىنچە ئەھۋاللاردا ئاتا- ئانىلار ئالدىراش بولغاچقا، بالىلار بىر تۇغقان قېرىنداشلىرى، قوشنا ياكى تۇغقانلىرىنىڭ بالىلىرى بىلەن ئوينايدۇ، ئاتا- ئانىلار بالىلىرىنىڭ يامان بالىلار بىلەن ئويناپ، ئۇلاردىن يامان خۇلق ۋە تىل ئۆگىنىپ قېلىشىدىن ئەنسىرەيدۇ ۋە ئۇلارنىڭ ياخشى ئەدەپلىك بالىلار بىلەن ئوينىشىنى، ئۇلاردىن ياخشى ئۈرنەك ئېلىشىنى خالايدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر قانچە قېتىم بالىلارنىڭ ئويناۋاتقان يېرىدىن ئۆتكەندە، بۇ ھەقتە ئۇلارغا بىر نەرسە دېمىگەن ئىدى.

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: مەن بالىلار بىلەن ئويناۋاتاتتىم، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم كېلىۋىدى، دەرھال ئىشىكنىڭ كەينىگە مۆكۈۋالدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كېلىپ، قولىنى مۈرەمگە قويدى ۋە: مۇئاۋىيەنى چاقىرغىن! دېدى. دەرھال بېرىپ كەلدىم ۋە: مۇئاۋىيە تاماق يەۋېتىپتۇ، دېدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: ماڭا، يەنە بېرىپ چاقىرىپ كەلگىن! دېدى. مەن يەنە بېرىپ قايتىپ كەلدىم ۋە: مۇئاۋىيە تاماق يەۋېتىپتۇ، دېدىم. شۇنىڭ بىلەن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: اللە ئۇنىڭ قورسىقىنى تويغۇزمىغاي! دېدى. (مۇسلىم: 2604)

ئەمما قىزلارنىڭ ئويۇنى ئوغۇللارنىڭ ئويۇنىغا ئوخشىمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن،

ئۇلمالار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تۆۋەندىكى ھەدىسگە ئاساسلىنىپ، قىزلارنىڭ ئويۇنچۇق ئوينىشىغا رۇخسەت قىلغان.

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم تەبۇك (ياكى خەيبەر) غازىتىدىن قايتىپ كەلدى. ئۇنىڭ تەكچىسىگە پەردە تارتىپ قويۇلغان بولۇپ، پەردە شامالدا قايرىلىپ كېتىۋىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەن ئوينايدىغان قورچاق قىزلارنى كۆرۈپ قالدىدە: ئى ئائىشە! بۇ نېمە؟ دەپ سورىدى. مەن: قورچاق قىزلىرىم، دەپ جاۋاب بەردىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قورچاقلار ئارىسىدىكى قاناتلىق ئاتنى كۆرۈپ: ئۇنداقتا، بۇ نېمە؟ دەپ سورىدى. مەن: ئۇ ئات، دېسەم، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: ئاتنىڭ ئۈستىدىكىلەرچۇ؟ دەپ سورىدى. ئۇلار ئاتنىڭ قاناتلىرى، دېدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: ئاتنىڭمۇ قانىتى بولامدۇ؟ دېگەنىدى، مەن: سۇلايمان ئەلەيھىسسالامنىڭ قاناتلىق ئاتلىرىنىڭ بار ئىكەنلىكىنى ئاڭلىمىغانمىدىڭ؟ دېدىم. بۇنى ئاڭلىغان پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇبارەك ئېزىق چىشلىرى كۆرۈنگىدەك دەرىجىدە كۈلۈپ كەتتى. (ئەبۇ داۋۇت: 4932)

### 470-سۇئال: باللارنىڭ ئوينىشى چەكلەنگەن ئويۇنلار

سەئىد ئىبنى جۇبەيردىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما بىر قۇشنى نىشان ئۇچۇن تىكلەپ قويۇپ ئوق ئېتىپ ئويناۋاتقان بىر توپ قۇرەيشلىك باللىنىڭ قېشىدىن ئۆتۈپ قالدى. كىمنىڭ ئاتقان ئوقى نىشانغا تەگمىسە، شۇ قۇشنىڭ ئىگىسىگە بىر نەرسە بېرەتتى. ئۇلار ئىبنى ئۆمەرنى كۆرۈپلا تارقىلىپ كەتتى، ئىبنى ئۆمەر: بۇنى كىم قىلدى؟ بۇنى قىلغان كىشىگە الله لەنەت قىلسۇن. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم جانلىق نەرسىنى نىشان قىلىپ ئوق ئاتقان كىشىگە لەنەت قىلغان، دېدى. (مۇسلىم: 1958)

### 471-سۇئال: جىسمانىي جەھەتتىكى چېنىقىشنىڭ باللارغا بولغان پايدىلىرى

ئويۇن ئويناش ئەقلىگە يەتكەن باللار ئۇچۇن بوش ۋاقتىنى ئۆتكۈزۈش ھېسابلانسىمۇ، كىچىك ياشتىكى باللار ئۇچۇن مۇھىم بىر ئەمەل ھېسابلىنىدۇ، باللار ئويۇنغا بېرىلىش بىلەن ئۆزىنىڭ ئەقلى ۋە جىسمانىي ئىقتىدارىنى تەرەققىي قىلدۇرىدۇ. ئويۇن ئۇلارنىڭ ئىنكاسىنىڭ تېز بولۇشى، تەپەككۇر ئىقتىدارىنىڭ، مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش يولىنى بىلىشىنىڭ ئەقلىي يوللىرىنى بىلدۈرۈشكە ياردەمچى بولىدۇ. ئاتا- ئانىلارنىڭ يېتەكچىلىكىدە بۇ ئويۇنلار باللىنىڭ ھەر تەرەپتىن تەرەققىي قىلىشىدا مۇھىم رولالارغا ئىگىدۇر. مەكتەپ ۋە مەدرىسىلەردىكى دەسلەپكى باسقۇچ باللىنىڭ ئويۇن بىلەن ئەقلىي ئىقتىدارىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنىڭ ئەڭ مۇھىم بىر

باسقۇچى بولۇپ، بۇ باسقۇچتا بالا پەقەت ئويۇن ئارقىلىق قۇۋۋەتلىك كۈچكە ئېرىشىدۇ. بۇندىن باشقا يەنە بالا ئويۇنلارنى تەكرار ـ تەكرار ئويناش ئارقىلىق تەجرىبىلەرنى يەكۈنلەيدۇ، ئويۇنلار ئىچىدە ئۆزىگە ماس كېلىدىغانلىرىنى ئۆزىنىڭ تۇرمۇشىنىڭ بىر پارچىسى قىلىدۇ. شۇڭا بالىنى تەربىيىلىگۈچىلەر بالىنىڭ ئوينىغان ئويۇننى پەقەتلا بىر ئويۇندىن ئىبارەت دەپ قارىماستىن، ئۇنىڭ مۇھىملىقىنى ئېتىبارغا ئالغان ئاساستا قاراش كېرەك. بالىلىرىنى ئۆيدە ئويناشتىن ياكى قوشنىلىرىنىڭ بالىلىرى بىلەن ئويناشتىن چەكلىگەن ئاتا- ئانىلار تەبىئىي ھالدا بالىنىڭ ئەقلىي ئىقتىدارىنى تەرەققىي قىلىش پۇرسىتىدىن چەكلەپ قويغان بولىدۇ. ئويۇنلارنىڭ تۆۋەندىكىدەك بىر قانچە تۈرلۈك پايدىلىرى ۋە قىممىتى باردۇر.

1 ـ جىسمانىي قىممىتى: ھەرىكەتلىك ئويۇن بالىنىڭ جىسمانىي قۇۋۋىتىنى تەرەققىي قىلدۇرىدۇ. بالا ئويۇن ئويناش ئارقىلىق بىر نەرسىلەرنى كەشىپ قىلىش ۋە تەسەۋۋۇر قىلىش ئىقتىدارىنى يېتىلدۈرىدۇ.

2 ـ تەربىيىۋى قىممىتى: بالىنىڭ ئويۇنى ئۇنى ئوخشىمىغان نەرسىلەر بىلەن تونۇشۇش، ھەر خىل رەڭ ۋە شەكىل، ماددىلارنىڭ نام ۋە سۈپەتلىرى بىلەن تونۇشۇش پۇرسىتىگە ئىگە قىلىدۇ.

3- ئىجتىمائىي قىممىتى: بالا ئويۇن ئارقىلىق باشقىلار بىلەن مۇناسىۋەت ئورنىتىشنى، ئۇلار بىلەن ئۇيۇشلۇق ئوسۇلدا ئارىلىشىشنى ئۆگىنىدۇ. شۇنداقلا، ئۆز ـ ئارا ياردەملىشىش، ھەمكارلىشىش، چوڭلار بىلەن ئالاقىلىشىش، ئېلىم- بېرىم قىلىشنى ئۆگىنىدۇ. بەزىبىر شەيئىلەرنىڭ توغرا ۋە خاتالىقىنى پەرق قىلىشنى ئۆگىنىدۇ.

4- ئەخلاقىي قىممىتى: بالىلار ئويۇن ئارقىلىق يەنە ئەخلاق دائىرىسىگە كىرىدىغان، تەمكىنلىك، ھەققانىيەتچى، ئادىل، ئامانەتكار، سەۋرچان بولۇش ۋە پائالىيەتچان بولۇشتەك خۇلقلارنىڭ يۈزەكى مەنىسىنى ئۆگىنىدۇ.

5 ـ يېڭىلىق يارىتىش قىممىتى: بالا ئويۇن ئارقىلىق ئۆزىنىڭ يېڭىلىق پەيدا قىلىش ئىقتىدارىنى، تەبىر ۋە تەسەۋۋۇر كۈچىنى نامايەندە قىلىدۇ.

6 ـ ئۆزىنىڭ قىممىتى: بالا ئويۇن ئارقىلىق ئاغىنىلىرى بىلەن مۇئامىلە قىلىشنى، ئۇلار بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ئارقىلىق ئۆزىنىڭ ئارتۇقچىلىق ماھارەتلىرىنى تونۇيالايدۇ، ئىقتىدارى يېتىدىغان دائىرىدىكى يېڭىلىقلارنى يارىتىشقا جۈرئەتلىك بولىدۇ. يېڭىدىن دۇچار بولغان مەسىلىلەرگە تاقابىل تۇرۇشنى ئۆگىنىدۇ.

7 ـ ئەقلىي قىممىتى: بالا ئويۇن ئويناش ئارقىلىق دۇچ كەلگەن قىيىن نۇقتىلارنى بىر تەرەپ قىلىش، ھۇدۇقۇش ۋە تەمتىرەشلەرنى بىر تەرەپ قىلىش قاتارلىق مىجەزگە

ئائىت ئىشلارغا پىشىدۇ. ئائىلىدە چەكلىمىگە بەك ئۇچرايدىغان، باللارغا قاتتىق قول، تەلەپ قىلىدىغانلىرى كۆپ بولغان ئائىلىلەرنىڭ باللىرىنىڭ باشقا باللارغا قارىغاندا، تېخىمۇ قالاق ئويۇنلارنى ئوينايدىغانلىقىنى ھەمدە ئۇلارنىڭ ئويۇنى تېخىمۇ كۆپ ئوينايدىغانلىقىنى كۆرىمىز. باللارنىڭ ئويۇنى ئۇلارنىڭ ئىچىگە يوشۇرۇنغان ئىچى يامانلىق، ھەسەت، چىدىيالماسلىق قاتارلىق يامان خىسلەتلەرنى يوق قىلىش، شۇنداقلا، باللارنىڭ خاراكتېرىنى ياخشىلاشنىڭ بىر ۋاسىتىسىدۇر.

## 472-سۇئال: باللارنى ئەقلىي جەھەتتىن تەربىيلەشنىڭ ئەھمىيتى

مەلۇمكى، ئوقۇش، ئۆگىنىش ھەر ياخشىلىقنىڭ بېشىدۇر. ئىسلام دىنىنىڭ ئەڭ ئاۋۋالقى چاقىرىقىمۇ كىشىلەرنى ئوقۇشقا چاقىرىشتۇر. چۈنكى مۇسۇلمانلىق ئوقۇش ۋە ئۆگىنىش ئارقىلىق تولۇقلىنىدۇ. بىلىم تۈرلۈك كەشپىياتلارنى ئاچىدۇ. بىلىم قاراڭغۇلارنى يورۇتىدۇ. بىلىملىك كىشىلەر ئۆلمەيدۇ. جەننەتنى قازىنىشمۇ بىلىم بىلەن بولىدۇ. ئوقۇش، ئۆگىنىش، ئاندىن ئالىم بولۇش پەقەت ئەقىل بىلەن بولىدۇ. شۇڭا ئەقىلنى بىلىم ئېلىشنىڭ ئەڭ ئاساسلىق قورالى دەيمىز. ئەقىل ئىنساندىكى ئەڭ قىممەتلىك ۋە ئەتىۋارلىق بىر بايلىقتۇر. ئىنسانلار شۇ ئەقىل بىلەن ئۆزىنىڭ رەببىنى تونۇيدۇ ۋە ئۇنىڭغا ئۆتەشكە تېگىشلىك بۇرچلىرىنى ئۆتەيدۇ. نەتىجىدە، دۇنيا ۋە ئاخىرەتلىك بەخت - سائادەتلەرگە ئېرىشەلەيدۇ. ئىنسانلار شۇ ئەقىل بىلەن ئىلىم - پەن ساھەسىدە تۈرلۈك يېڭىلىقلارنى، كەشپىياتلارنى ۋە ئىجادىيەتلەرنى يارىتىش ۋە ئېچىش ئارقىلىق ئىنسانىيەتكە ھاياتلىقتا ئۇڭايلىقلارنى يارىتىپ بېرەلەيدۇ. زامانىمىزدىكى پەن - تېخنىكا يېڭىلىقلىرىمۇ ئىنسانىيەت ئەقلىنىڭ مەھسۇلىدۇر. شۇڭا ئىسلام دىنى ئەقىلنى قەدىرلەيدۇ ۋە ئۇنى ئۆز ۋەزىپىسىنى قالدۇرۇشقا سەۋەب بولىدىغان بارلىق ئامىللارنى قەتئىي ھارام قىلىدۇ. ئاللاھ ئەقىل ئىگىلىرىنى قەدىرلەپ قۇرئاندىكى كۆپلىگەن ئايەتلەرنىڭ ئاخىرىنى ”بۇ ئېيتقانلىرىمىزدا ئەقىل ئىگىلىرى ئۈچۈن ئىبرەتلەر بار“، ”ئىبرەت ئېلىڭلار ئەي ئەقىل ئىگىلىرى!“، ”بۇلارنى پەقەت ئەقىل ئىگىلىرىلا چۈشىنەلەيدۇ “دېگەن جۈملىلەر بىلەن ئاياقلاشتۇرغان. ئەقىل شۇنچىلىك ئەزىز ۋە قىممەتلىك بىر بايلىق بولغان ئىكەن، ئۇنى ئۆز ۋەزىپىسىنى ئۆتەشتىن قالدۇرۇشقا ياكى ئاجىزلاشتۇرۇشقا سەۋەب بولىدىغان بارلىق ئامىللار شەرئەت ۋە ئەقلىنىڭ بىردەك تەقەززاسى بىلەن قەتئىي ھارامدۇر! ئەقىللىق ۋە بىلىملىك باللار ئاتا - ئانىسىنى قەدىرلەيدۇ، ئاللاھنى، ئۆزىنى، ئاتا - ئانىسىنى ۋە جەمئىيتىنى رازى قىلىشقا تىرىشىدۇ ۋە شۇنداق قىلىدۇ.

ئەۋلاد تەربىيەسىگە ئىسلام دىنىدەك ئېتىبار بەرگەن ۋە ئۇنىڭغا ھېرىسمەن بىر دىن يوقتۇر. تەلىم - تەربىيگە ئىسلام دىنىدەك ئەھمىيەت بېرىپ قارايدىغان ئاڭغا ئىگە

باشقا بىر دىن يوقتۇر. تارىخ تەرىپىدىن ئىسپاتلانغان شۇنداقلا دىن دۈشمەنلىرىمۇ ئىنچىل ئېتىراپ قىلىپ كېلىۋاتقان ھەقىقەتتۇر.

باللاردا بىلىمگە بولغان توغرا پىكىرنىڭ يېتىلىش ى ئۈچۈن بىز ئاتا- ئانىلارنىڭ بۇنىڭغا باشلايدىغان ئۇسۇلىنى بايان قىلىپ بېرىشنى ئۆز بۇرچىمىز دەپ بىلدۇق، چۈنكى بۇ مەسىلە بالىنىڭ يېتىلىشىدە، بولۇپمۇ، بىلىمنى سۆيىدىغان بولۇپ يېتىلىشىدە ناھايىتى مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگىدۇر، باللارنى بىلىمگە ھەۋەسكار قىلىپ يېتىلدۈرۈشتە ئەڭ ئەھمىيەت بېرىشكە تېگىشلىكى ئەقلىنى يېتىلدۈرۈشتۇر. ئەگەر ئەقىل ساغلام بولسا، ئۇ ئاتا- ئانىنىڭ سىڭدۈرگەن ئەجرىگە چۈشلۇق ئۇلارغا ۋە ئۆزىگە ياخشىلىق ۋە ياخشى ئاقىۋەت ئېلىپ كېلىدۇ، ئەگەر ئەقىل ساغلام بولماي قالسا ئۆزىنىمۇ، ئاتا- ئانىسىنىمۇ بىر ئۆمۈرلۈك ئارماندا قويۇپلا قالماي، ئاخىرەتلىك دۇنياسىنىمۇ يوق قىلىدۇ.

باللارنى قايسى پەنلەردە بولمىسۇن، ئوقۇتۇش ياكى ئۇلارغا تىرىكچىلىكنىڭ كەسىپلىرىدىن بىرەر كەسىپ ئۆگىتىش ئاتا ـ ئانىلارنىڭ ئۈستىدىكى پەرزەنت ھەقلىرىدىندۇر. باللارغا دىنىي بىلىملەردىن ئالدى بىلەن ئىمان ۋە ئىسلامنى ئۆگىتىپ بولغاندىن كېيىن، شەرىئەت ئەھكاملىرىدىن ياخشىلىق ـ يامانلىقنى، ھارام ـ ھالالنى، ئەمەل ـ ئىبادەتلەرنىڭ ئۇسۇللىرىنى ۋە باشقىلار بىلەن مۇئامىلە قىلىش قائىدىلىرىنى بىلگەنگە قەدەر ئوقۇتۇش ئاتا ـ ئانىلارنىڭ ئۈستىگە ئاللاھ تەرىپىدىن بۇيرۇلغان پەرز ئەيىندۇر. ئەمما باللارنى دىنىي ئىلىملەردە بولمىدۇ، ياكى پەن بىلىملىرىدە ــ دوختۇرلۇق، تارىخ، جۇغراپىيە، ئاسترونومىيە، فىزىكا، ماتېماتىكا، بىيولوگىيە، پەلسەپە ۋە باشقىلار قاتارلىق پەنلەرنىڭ قايسى بىرىدە ئوقۇتۇپ يېتىشتۈرۈپ چىقىش پەرز كىپايە بولۇپ سانىلىدۇ.

دۇنيادىكى پۈتۈن ئىلىم ـ پەنلەرنى ئوقۇش، ئۆگىنىش مۇسۇلمانلار ئاممىسىنىڭ ئۈستىگە ئاللاھ تەرىپىدىن بۇيرۇلغان پەرزدۇر. ئىسلام دىنى مەدەنىي ۋە ئىلمىي بىر دىندۇر. ئۇ، ئىلىم ـ پەندىن ئايرىلالمايدۇ. ئىسلام دىنىنىڭ ئەڭ ئاۋۋالقى چاقىرىقى بولغان ۋە مۇسۇلمانلارغا پەرز بولۇپ بەلگىلەنگەن "ئوقۇش، ئۆگىنىش "بۇيرۇقى، دىنىي ئىلىملەرگىلا ياكى مەخسۇس بىرەر پەنگىلا قارىتىلغان بۇيرۇق ئەمەس، بەلكى ئۇ، ئىنسانلارغا پايدىلىق بولغان پۈتۈن ئىلىم ـ پەنلەرنىڭ ھەممىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، ئەلۋەتتە.

بەزى ئاتا ـ ئانىلارنىڭ باللىرىنى ئوقۇتماي ياكى ئۇلارغا بىرەر ھۈنەر ئۆگەتمەي ئائىلىنىڭ ماددىي ئېھتىياجلىرىنى قامداشتا، بەزى بىر قىيىنچىلىقلىرىنى باھانە قىلىپ، ئۆزلىرىگە ياردەمچى قىلىۋېلىشى توغرا ئەمەس. ئۇلار باللىرىنىڭ بۈگۈنىنىلا

ئويلماستىن، ئۇلارنىڭ كېلەچەكىنى ئويلىشى لازىم. ئائىلىنىڭ ئېھتىياجلىرىنى قامداش يالغۇز ئاتىنىڭ ۋەزىپىسى. بالىلىرىنى ۋە ئايالىنى بېقىش ئۇنىڭ ئۈستىگە يۈكلەنگەن پەرزدۇر. بۇ مەسئۇلىيەتكە بالىلىرىنىمۇ قوشۇۋېلىپ ئۇلارنى ئوقۇشتىن ياكى كەسىپ ئۆگىنىشتىن توسۇپ قويغان ھەرقانداق ئاتا ئاللاھنىڭ ئالدىدا چوقۇم جاۋابكارلىققا تارتىلىدۇ. ئۇنداق كىشى بالىلىرىنىڭ كېلەچىكىنى زايا قىلغانلىق سەۋەبى بىلەن گۇناھكار بولىدۇ.

## 473-سوئال: بالىنىڭ بىلىم ئېلىش ھەققى

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بالىلارنىڭ بالىلىق دەۋرىدە ئۆگىنىشى ۋە بىلىم تەلەپ قىلىشى ئۈچۈن بىر قائىدىنى ئوتتۇرىغا قويغان بولۇپ، ئىسلام ئۇممىتى بۇنى ئەۋلادتىن ئەۋلادقا داۋام قىلدۇرۇپ كەلدى، ئاتا- ئانىلار شۇنىڭ بىلەن ئەۋلادلىرىنى بىلىم تەلەپ قىلىش ۋە ئۇنى سۆيۈشكە رىغبەتلەندۈرۈپ كەلدى. بىلىم تەلەپ قىلىش بولسا، چوڭ - كىچىك، ئەر- ئاياللاردىن ئىبارەت ھەر بىر مۇسۇلمانغا پەرزدۇر. بىلىم تەلەپ قىلىش بەندىنى پەرۋەردىگارىغا يېقىنلاشتۇرىدىغان ئىبادەت ئەمەللىرىنىڭ ئەڭ ئەۋزىلىدۇر. شۇڭا بالىنى بىلىمنى سۆيىدىغان، بىلىم ئېلىشقا ھەۋەس قىلىدىغان قىلىپ يېتىلدۈرۈشنىڭ ئەڭ ياخشى باسقۇچى ئۆسمۈرلۈك دەۋرىدۇر.

ساھابىلار، تابىئىنلار ۋە ھەدىس ئالىملىرى، كىچىكىدىن بىلىم ئۆگىنىشنىڭ، بالىنىڭ بىلىملىك بولۇپ يېتىشىپ چىقىشىدا ئىنتايىن چوڭ تەسىرى بارلىقىنى، ئۇنىڭ چوڭ بولغاندا ئوقۇغان ئىنسانغا نىسبەتەن ئەستە قالدۇرۇش ئىقتىدارى تېخىمۇ كۈچلۈك ۋە تېخىمۇ بەكرەك مۇستەھكەم بولىدىغانلىقىنى تونۇپ يەتكەن ئىدى.

خەتىيب ئەلباغدادى سەلەپ سالىھلارنىڭ ھاياتى ۋە ئۇلارنىڭ بالىلارغا ئەھمىيەت بەرگەنلىكى ھەققىدە بىر قىسىم رىۋايەتلەرنى كەلتۈردى، ھەسەن بەسەرى بىزگە يىشى كىچىكلىرىڭلارنى كەلتۈرۈڭلار، ھەقىقەتەن ئۇلار قەلبلىرى بوش، ئاڭلىغانلىرىنى بەكرەك ياد ئالغۇچى بولىدۇ دېگەن.

## 474-سوئال: بالىنىڭ نىيىتىنى خالىس قىلغان ھالدا قۇرئان ۋە ھەدىسلەردىن ياد ئېلىشنىڭ ئەقلىي ئىقتىدارنى يېتىلدۈرۈشتىكى رولى

بىز يۈقىرىقى بايانلىرىمىزدا قۇرئان ۋە ھەدىسلەرنى ياد ئېلىشنىڭ بالىلارنىڭ ئەقلىي ئىقتىدارىنى يېتىشتۈرۈشتە قانچىلىك مۇھىم رول ئوينايدىغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويغان ئىدۇق. شۈبھىسىزكى، ئۇ ئىككىسى بىلىملەرنىڭ نۇرى بولۇپ ئۇ ئەقىللەرنى يورىتىدۇ ۋە ئەقلىي ئىقتىدارىنى كۈچەيتىدۇ. شۇڭا بالا ئاز دېگەندە 30 پارە قۇرئاندىن ئەڭ ئاز بولغاندىمۇ 30 – پارە، يەنى ئەمما پارىسىنى بولسىمۇ ياد ئېلىشى، ھەدىسلەردىن ئاز دېگەندىمۇ، ئىمام نەۋەۋىينىڭ قىرىق ھەدىسىنى ياد قىلىشى لازىم.

سەلەپ - سالىھلار بالىلىرىنى تەربىيىلەشتە ئالدى بىلەن ئۇلارغا قۇرئان ۋە ھەدىسلەردىن دەرس بېرەتتى. چۈنكى، بۇ ئىككىسى بالىنىڭ ئىلمىنى يېتىلدۈرۈشتە ئىككى ئاساسىي رۇكۇندۇر. ئىبنى سىنا ئۆزىنىڭ «سىياسەت» دېگەن كىتابىدا بالا سۆزلەرنى تۇتۇۋالغۇدەك قابىلىيەتكە ئىگە بولغاندا ئۇنىڭغا قۇرئان ئۆگىتىش باشلىنىدۇ ۋە دىن تەلىماتى بېرىلىشكە باشلىنىدۇ، دىگەن.

## 475-سۇئال: بالا ئۈچۈن ياخشى ۋە تەقۋادار ئۇستاز ياكى تەربىيىلىگۈچى تۇتۇپ بېرىشنىڭ ئەھمىيىتى

ساھابىلار ۋە سەلەپ - سالىھلار باللىرى ئۈچۈن ياخشى بىر ئۇستاز تۇتۇپ بېرىش ئىشىغا تولىمۇ ئەھمىيەت بېرەتتى. چۈنكى ئۇستاز بولسا، بالىنىڭ تەلىم ئالىدىغان مەنبەسىدۇر، ھەم شۇنداق بىر ئەينەكتۇركى، ئۇنىڭ بارلىق ئەمەلىيىتى ۋە مەنىۋىيىتى بالىغا ئىنتايىن چوڭ تەسىر قالدۇرىدۇ. شۇڭا ئۇلار بالىلىرىغا بىلىم ئېلىشتىن ئىلگىرى بىلىم ئېلىشنىڭ ئەدەپلىرىنى ئۆگىنىشكە يېتەكلەيتتى. ئۇ زامانلاردا ياخشى بىر ئۇستازغا ئېرىشىش ئۇلارنى ئۇزاق سەپەرلەرنى بېسىشقا مەجبۇر قىلسا، ئۇلار بۇنىڭدىن ھەرگىزمۇ يانمايتتى، بەلكى بۇنداق قىلىش ئۇلار ئۈچۈن ياخشى كۆرىلىدىغان ئاسان ئەمەل بولۇپ بىلىنەتتى. باللارنىڭ ئۆز يۇرتلىرىدىن باشقا يىراق يۇرتلارغا سەپەر قىلىشى، ئەلۋەتتە، ئاتا- ئانىلار ئۈچۈن مۇشەققەت كەلتۈرۈشى تەبىئىي ئەھۋال. لېكىن ئۇلار باللىرىنى ساغلام بىر شەكىلدە بىلىمگە ئېرىشتۈرۈش ئۈچۈن بۇ يولدا سەرپ قىلىدىغان مال - مۈلۈك قىممەت باھالىق نەرسىلەر ئۈچۈن پەرۋا قىلمايتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئىبنى سىنا ئۆزىنىڭ «سىياسەت» دېگەن كىتابىدىكى «ئاتىلارنىڭ بالىسى ئۈچۈن قوللىنىدىغان تەدبىرى» دېگەن بابىدا مۇنداق دېگەن: بالا ئۈچۈن ئەقىللىق، دىيانەتلىك، ئەخلاقلىق، بالىلارنى ئوقۇتۇشتا ئىقتىدارلىق، تەمكىن، بىمەنىلىكتىن يىراق بولغان، بالىلارنىڭ ئالدىدا ئۆزىنى قويۇپ بەرمەيدىغان، قوپال ۋە قاتتىق مۇئامىلىلەردىن خالىي بولغان، تىلى تاتلىق، تەقۋادار، پاكىزە ۋە ئېپپەتلىك بىر تەربىيىلىگۈچى بولۇشى لازىم.

## 476-سۇئال: ئەرەب تىلىنى ياخشى ئۆگىتىشنىڭ موھىملىقى

ئۆز ئانا تىلى پىششىق ئىگەللىگەندىن كېيىن، ئەرەب تىلى ئۆگىنىش ناھايىتى مۇھىم. چۈنكى ئەرەب تىلى مۇقەددەس دىنىمىز بىلىملىرىنىڭ ئاچقۇچىدۇر. ھەممىمىزگە مەلۇم بولغىنىدەك، ئەرەب تىلى قۇرئان كەرىم ۋە ھەدىس شەرىپىنىڭ تىلىدۇر. شۇڭا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەرەب تىلىنى ياخشى ئىگىلەشكە رىغبەتلەندۈرگەن ۋە بالىلارنىڭ ئۇنى ياخشى ئىگىلىشىگە كۆپ ئەھمىيەت بەرگەنلىكىدىن بەدىرىدە ئەسىرگە چۈشكەنلەردىن ئۇلارنىڭ مۇسۇلمان بالىلىرىغا

ئوقۇشنى ۋە يېزىشنى ئۆگىتىشنى ئۇلارنىڭ ئۆزىنى ئەسىرلىكتىن قۇتۇلدۇرۇشنىڭ بەدىلى بولۇشىنى تەلەپ قىلىپ، ئۇلاردىن ھەر بىرى ساھابىلارنىڭ بالىلىرىدىن ئونىغا ئەرەب تىلىنى ياخشى ئۆگىتىش شەرت قىلىنغان.

**477-سۇئال: چەتئەل تىلىنى ياخشى ئۆگىنىشكە ئىلھاملاندۇرۇشنىڭ ئەھمىيتى**

بالا ئانا تىلىنى ياخشى ئۆگىنىپ، قۇرئان ھەدىستىن بىرەر بۆلەك ياد ئېلىپ بولغاندىن كېيىن، چەتئەل تىلىنى ئۆگىنىشى ياخشىدۇر. چۈنكى چەتئەل تىلىنى بىلىش مۇسۇلمانلارنىڭ دۇشمەنلىرىنىڭ سۈيىقەستلىرىنى بىلىشكە، ئۇنىڭغا تاقابىل تۇرۇشقا ياكى تاقابىل تۇرىدىغان پائالىيەتلەرنى ئوگۇشلۇق ئېلىپ بېرىشقا، ئۇلارنىڭ بۇزغۇنچىلىقى، ھىيلە - مىكىرلىرىدىن ساقلىنىشقا، ئىلغار تېخنىكىلارنى قوللىنىپ، مۇسۇلمانلار ئۈچۈن خىزمەت قىلىشقا پايدىسى بار. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەككىدىن مەدىنىگە ھىجرەت قىلىپ كەلگىنىدە، تىل ئۆگىنىش يولىنى تۇتقان ئىدى.

زەيد ئىبنى سابىت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مېنى يەھۇدىي يېزىقى (سۇريانى يېزىقى) نى ئۆگىنىشكە بۇيرۇپ: ئاللەنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، مەن يەھۇدىيلارنىڭ (يەنى يەھۇدىي كاتىبلارنىڭ) ماڭا يېزىپ بەرگەن خېتىگە ئىشەنچ قىلمايمەن دېدى. شۇنىڭ بىلەن مەن ئۇنى يېرىم ئاي ئىچىدە تولۇق ۋە مۇكەممەل ئۆگىنىپ بولدۇم. شۇنىڭدىن كېيىن رەسۇلۇللاھ ئۇلارغا مەكتۇپ يازماقچى بولسا، مەن يېزىپ بېرەتتىم. ئۇلار رەسۇلۇللاھقا مەكتۇپ يازسا، ئۇنىمۇ مەن ئوقۇپ بېرەتتىم. ( تىرمىزى: 2715)

**478-سۇئال: ئۆيدە ياخشى بىر كىتابخانىنىڭ بولۇشى ۋە ئۇنىڭ بالىغا بولغان تەسىرى**

بالىنىڭ قۇرئان، ھەدىس ۋە تىل ئۆگىنىشى ئۈچۈن ئۆيدە ئۇ قىزىقىدىغان ۋە پايدىلىنىدىغان ئىلمىي ۋە ئىسلامىي كۇتۇبخانا، ھېچ بولمىغاندا بىر كىتاب قويۇلىدىغان ئۇستەل بولۇشى كېرەك.

سەمۇرە ئىبنى جۇندۇب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ نۇرغۇنلىغان ھەدىسلەرنىڭ ھەممىسىدىن بىر نۇسخىدىن - بىر نۇسخىدىن جەملەپ ئوغلى ئۈچۈن قالدۇرغان. ئوغلى ئۇنىڭدىن باشقىلارغا رىۋايەت قىلىپ بەرگەن. ئەسلىدە سەمۇرەنىڭ ئوغلىغا قالدۇرغىنى رىسالە شەكلىدە يوللانغان ھەدىسلەر ئىدى.

شېھىت ئىمام ئىبنى تەيمىيە ياكى ھەسەنۇلبەننا كىتابىدا ئۆيلەردە كىتاب بولۇشنىڭ مۇھىملىقىنى، ئۆزىنىڭ «ئۇسمۇرلەرنى ئىسلام تەربىيىسىدە خالىس تەربىيلەشنىڭ ئەڭ جانلىق ۋەسىلىلىرى» دېگەن رىسالىسىدە تەكىتلەپ مۇنداق دەيدۇ: ئۆيدە ئاز بولسىمۇ كىتابنىڭ بولۇشىغا ئەھمىيەت بېرىش، ساقلىنىدىغان

كىتابلار ئىسلام تارىخى، سەلەپ ـ سالىھلارنىڭ ھاياتى، ئەخلاق، ھېكمەت، ئىسلامىي چاقىرىقلار ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش مەسىلىلەر ھەققىدە يېزىلغان كىتابلارنى ئۆز ئىچىگە ئېلىشى كېرەك. ئۆيدە سالامەتلىك ئۈچۈن كىچىك بىر دورا ساندۇقى ساقلاش زۆرۈر بولغىنىدەك، ئەقىللەرنى ئىسلاھ قىلىش ئۈچۈن ئۆيدە كىتابخانىنىڭ بولۇشىمۇ ناھايىتى مۇھىمدۇر. ئاتا ـ ئانىلار بالىلارنىڭ پايدىسى بولمىغان، تۇترۇقسىز كىتابلارنى ئوقۇشقا بىۋاستە قارشى پوزىتسىيە بىلدۈرۈش ئارقىلىق چەكلىمەستىن، بەلكى ئۇنىڭ ئورنىغا بالىلارنىڭ دىققىتىنى تارتىدىغان پايدىلىق ۋە قىزىقارلىق كىتابلارنى ئېلىپ بېرىش ئارقىلىق توسۇش ۋە بۇ كىتابلارنى ئوقۇشقا قىزىقتۇرۇش كېرەك.

**479ـ سۇئال: جىسمانىي جەھەتتىن يېتىلدۈرۈشنىڭ ساغلاملىققا بولغان تەسىرى**

بەدەننى چېنىقتۇرۇش بالىنىڭ جىسمىنىڭ ئىنتايىن كۈچلۈك بولۇشىنىڭ ئاساسلىق سەۋەبلىرىدىن بىرىدۇركى، بەدەن قۇۋۋىتى كۈچلۈك بولغان بالىنىڭ كېسەللىككە قارشى تۇرۇش كۈچىمۇ كۈچلۈك بولىدۇ. ئاللاھ باشقا بىر سىناقنى ۋە باشقا بىر مۇسىبەتنى ئىرادە قىلمىغانلا بولسا، بالىنىڭ بەدىنى كېسەللىكنى ئۆزلىكىدىن قوبۇل قىلمايدىغان ھالدا كۈچلۈك بولىدۇ. بىز ئادەتتە قانداقلا بىر دوختۇرنىڭ ئالدىغا بارغىنىمىزدا، ئۇنىڭ تەن ساغلاملىقنى ساقلاشقا بەرگەن تەۋسىيىلىرىدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بىزگە كۆرسەتكەن يوليورۇقلىرىنىڭ نەقەدەر توغرا ۋە ھېكمەتلىك ئىكەنلىكىنى ھېس قىلالايمىز. بىزنىڭ سۇ ئۈزۈش، ئوق ئېتىش، ئات مىنىش، يۈگۈرۈش ۋە چېلىشىشتەك چېنىقىش ۋە تەنتەربىيە پائالىيەتلىرىنىڭ بالىنىڭ مەنۋىيىتىنى بېيىتىپلا قالماي، ئۇنىڭ تېنىنىڭ سالامەت بولۇشىغا پايدىلىق ئىكەنلىكىدە كۆپ توختىلىشىمىزنىڭ ھاجىتى يوق. چۈنكى بۇ ھەممىگە ئومۇم بولغان ئۇقۇمدۇر.

**480ـ سۇئال: بالىدا يېتىلدۈرۈش زۆرۈر بولغان ساغلاملىق ئادەتلىرى**

1) مىسۋاك ئىشلىتىشكە ئادەتلەندۈرۈش. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مىسۋاك ئىشلىتىشنى كۆپ قېتىم تەكىتلىگەنلىكى ھەممىمىزگە مەلۇمدۇر. ھەتتا ئۇ «ئەگەر ئۈممىتىمگە تەس كېلىپ قالمىسۇن دېمىسەم، ئۇلارنى ھەر نامازدا مىسۋاك ئىشلىتىشكە بۇيرىغان بولاتتىم» دېگەن. ئەگەر بالا چىشلىرىنى چوتكىلاشقا ئادەتلەنسە ۋە ئۇنى داۋاملاشتۇرسا، چىشلارنىڭ چۈرۈشى ۋە شالاڭ چىقىشقا ئوخشىغان نۇرغۇنلىغان چىش ۋە ئېغىز كېسەللىكلىرىنىڭ ئالدىنى ئالغىلى بولىدۇ. يېڭى تىبابەتچىلىك مىسۋاكنىڭ پايدىلىرىنى، ئۇنىڭ چىشلارنى تازىلاشتا ۋە چىش مىلىكلىرىنى كۈچلەندۈرۈشتە ئالاھىدە رولغا ئىگە ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىدى. ئەراك دەرىخىدىن ۋە باشقا مىسۋاك قىلىشقا يارايدىغان دەرەخلەردىن ئېلىنىدىغان مىسۋاك

باھاسى ئەرزان بىر ماتېرىيال بولۇپ. ئۇ ئەرەب دۆلەتلىرىدە كۆپتۇر. ئېمام نەۋەۋىي سەھىھ مۇسلىمنىڭ شەرھىسىدە چىشنى تازىلاش ئۈچۈن ئەراك دەرىخىدىن باشقا نەرسىلەرنى ئىشلىتىشنىڭمۇ جائىزلىقى، چىشنى تازىلايدىغان ھېچقانىمە تېپىلماي قالغاندا قولىنىڭ بارماقلىرى ۋە ياكى قاتتىق رەختتە ئوخشاش نەرسىلەر بىلەن تازىلىسىمۇ بولىدىغانلىقىنى قەيت قىلغان. مۇھىم بولغىنى بالا مىسۋاك ئىشلىتىشتىن ئىبارەت بۇ سۈننەتكە ئادەتلىنىشى ۋە مەيلى قايسى ئۇسۇلدا بولسۇن چىشلىرىنى تازىلىشى كېرەكلىكىنى بىلىشى لازىم.

2) بالىنىڭ تازىلىقىغا ۋە تىرناقلىرىنى ئېلىپ تۇرۇشقا ئەھمىيەت بېرىش. تازىلىق ئىسلام ئەركانلىرىدىن بىر رۇكنىدۇر. ناماز ئوقۇماقچى بولغان بالا تاھارەت ئېلىشى، ناماز ئوقۇيدىغان يەرنىڭ پاك بولۇشىغا دىققەت قىلىشى ۋە كىيىملەرنىڭ پاك بولۇشىغا دىققەت قىلىشى لازىم. بۆلارنىڭ ھەممىسى بالا يەتتە ياشقا كىرگەندە قوبۇل قىلمىسا بۇيرۇلىدىغان، ئون ياشقا كىرگىچىلىكمۇ ئادا قىلمىسا ئۇرۇلىدىغان، نامازنى ئادا قىلىش ئۈچۈن قىلىنىدىغان ھازىرلىقلاردۇر.

**3)** يېمەك- ئىچمەكتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈننەتلىرىگە ئەگىشىشكە يېتەكلەش. يۇقىرىدا بايان قىلىپ ئۆتكەن يېمەك - ئىچمەك ئەدەپى توغرىسىدىكى بابتا بالىنىڭ ئۆزىنىڭ ئالدىدىن يېيىشى، قوللىرىنى داستىخاننىڭ ھەممە تەرەپلىرىدە يۈگۈرتۈپ يۈرمەسلىكى توغرىسىدىكى ئەدەپلىرى بايان قىلىنغان ئىدى. ئەگەر بالا تاماق يېگەن ۋاقتىدا تويغان ھالدا تاماق يېمەسلىك سۈننىتىگە بويسۇنسا، بەدىنى ۋە ئىچكى ئەزالىرىغا يېتىدىغان كېسەللىكلەردىن ساقلىنىشى ئۈچۈن كاتتا بىر ئۈتۈقا ئېرىشكەن بولىدۇ.

مىقدام ئىبنى مەئدىكەرب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: مەن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغانىدىم: ئادەم بالىسىنىڭ تويمايدىغان قورسىقىدىنمۇ يامان نەرسە يوق. ئەسلىدە ئادەم بالىسىغا ھاياتىنى ساقلىيالىغۇدەك بىر قانچە لوقما كۇپايە قىلىدۇ. ئەگەر كۆپرەك يېمىسە بولمايدىغان بولۇپ قالسا، قورساقنىڭ ئۈچتىن بىرىگە تائام يېسۇن. ئۈچتىن بىرىگە سۇ ئىچسۇن ۋە ئۈچتىن بىرىنى نەپەسلىنىشى ئۈچۈن بوش قويسۇن!. (تىرمىزى: 2380)

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم سۇ ئىچكەندە ئۈچ قېتىم تىنىپ ئىچەتتى. يەنە بىر رىۋايەتتە مۇنداق كەلگەن: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: سۇ ئىچكەندە ئىككى - ئۈچ قېتىم تىنىپ ئىچىش ئۇسسۇزلۇقنى ئوبدان قاندۇرىدۇ، تەننى ساغلام قىلىدۇ ۋە بەدەنگە ئاسان سىڭىدۇ، دېگەن. (مۇسلىم: 2028)

4) بالىنى ئوڭ تەرەپنى بىسىپ ئۇخلاشقا ئادەتلەندۈرۈش. بۇنداق قىلىش مۇسۇلمانلارنىڭ ساغلاملىقى ئۈچۈن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يولغا قويۇپ بەرگەن كۆرسەتمىسىدۇر. ئۇنىڭ سالامەتلىك ئۈچۈن ناھايىتى پايدىلىق تەرەپلىرى باردۇر.

بەرا ئىبنى ئازىب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ماڭا: ئۇخلاش ئۈچۈن ياتماقچى بولغىنىڭدا، نامازغا تاھارەت ئالغاندەك تاھارەت ئالغىن، ئاندىن ئوڭ تەرىپىڭنى بىسىپ ياتقىن ۋە: "ئى اللە! ئۇمىد قىلغان ۋە سەندىن قورققان ھالدا ئۆزۈمنى ساڭا تاپشۇردۇم، ساڭا يۈزلەندىم، ئىشلىرىمنى ساڭا ھاۋالە قىلدىم ۋە ساڭا تاياندىم. سەندىن باشقا پاناھگاھىممۇ يوق، قۇتۇلدۇرغۇچىممۇ يوق. مەن سەن نازىل قىلغان كىتابقا، سەن ئەۋەتكەن پەيغەمبەرگە ئىمان ئېيتتىم "دېگىن! شۇنىڭ بىلەن، سەن شۇ كېچىسى ئۆلۈپ كەتسەڭ، ئىمان بىلەن كېتىسەن. بۇ سۆزلەر سېنىڭ شۇ كۈندىكى ئەڭ ئاخىرقى سۆزۈڭ بولسۇن دېدى. مەن (راۋى): بۇ دۇئانى بەرا ئىبنى ئازىب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ ئالدىدا قايتىلاپ: سەن ئەۋەتكەن ئەلچى (رەسۇل)گە. دەپ ئوقۇغاندىم. ئۇ: ياق، سەن ئەۋەتكەن پەيغەمبەر(نەبىي)گە. دەپ ئوقۇ! دېدى. (بۇخارى: 6311)

5) بالىنىڭ تەبىئىي ئۇسۇلدا داۋالىنىشىغا ئەھمىيەت بېرىش. بەدەندىكى ئەزالارنى ئۇۋىلاش ۋە مۇجۇش ئىنسان ھاياتىنىڭ ھەممىسى موھتاج بولىدىغان بىر ئەھۋالدۇر. بالا ئاتا- ئانىسى ياكى تەربىيىلىگۈچىسىنىڭ يېتەكلىشى بىلەن بەدەنلىرىنى مۇجۇپ تۇتۇشنى مەشق قىلىپ كۆنىدۇ. شۇنىڭ بىلەن، كەلگۈسىدە ئەسقاتىدىغان بۇنداق بىر ياخشى ماھارەتنى باللىقتىن باشلاپلا يېتىلدۈرگەن بولىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام باللارغا بۇنى ئۆگەتكەن ۋە ئۆزىنىڭ مۇبارەك بەدىنىنى مۇجۇتۇش ئارقىلىق باللارنى مەشق قىلدۇرغان ئىدى.

6)خۇپتەن نامىزىدىن كېيىنلا ئۇخلاپ، بامدات نامىزىغا بالدۇر تۇرۇشقا ئادەتلەندۈرۈش. بالا بامدات نامىزىنى ۋاقتىدا ئادا قىلىشقا ئادەتلىنىشى لازىم. بالا بالدۇر ئۇخلىغاندىلا ئاندىن ئەتىسى سەھەردە بامدات نامىزىغا تۇرالايدۇ. ئۇنىڭ ئىككىنچى كۈنى سەھەردە روھلۇق، جانلىق تۇرۇشى ئۈچۈن قانغۇدەك ئۇخلىغان بولۇشى كېرەك. قانغۇدەك ئۇخلىشى ئۈچۈن بۇرۇن يېتىشى لازىم. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمۇ بۇنىڭغا رىئايە قىلغانلىقى ئۈچۈن خۇپتەن نامىزىنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن بىللە ئوقۇشقا كېلىشتىن بۇرۇن باللىرىنى ئۇخلىتىپ قوياتتى.

مۇسۇلمان باللىرى دىنىنىڭ پەرزلىرىنى ئادا قىلىشقا ئادەتلىنىشى ئۆز نۆۋىتىدە ئۇلارنى بەدەننى قۇۋۋەتلەيدىغان ئوكسىگىن بىلەن تەمىنلىنىش پۇرسىتىگىمۇ ئىگە

قىلىدۇ. بۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ روھى نامازدا، جىسمى پاك ۋە پايدىلىق ھاۋادا قۇۋۋەتلىنىدۇ. چۈنكى سەھەر ۋاقتىدا ئۆكسىگىن تەركىۋىدىكى زەرەتلەر تارقىلىدىغان بولۇپ، بۇنىڭغا پەقەت سەھەر تۇرغان ئادەملەرلا ئېرىشەلەيدۇ. تىببىي بىلىملەر بۇ پايدىلىق گازنىڭ پەقەت ۋە پەقەت سەھەر ۋاقتىدىلا تارقىلىدىغانلىقىنى، ئۇنىڭ بەدەندىكى ھۈجەيرىلەرنىڭ ھەرىكىتىنى جانلاندۇرىدىغانلىقىنى، شۇنداقلا كۆپلىگەن كېسەللىك ئۇچۇن شىپالىق رولى بارلىقىنى ئىسپاتلىماقتا. دېمەك، بۇ پايدىلىق زەرەت گاز سەھەر تۇرغان ھەر بىر جانلىق ئۇچۇن پايدىلىق بولغىنىدەك، بالىلاردەك ئۆسۈپ يېتىلىۋاتقان ياش نوتىلار ئۇچۇن تېخىمۇ پايدىلىق بولغان قۇۋۋەتلەندۇرگۈچى كۈچتۇر.

7)يۇقۇملۇق كېسىلى بار بالىلاردىن يىراق تۇتۇشقا دىققەت قىلىش. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يۇقۇملۇق كېسەلگە گىرىپتار بولغان كىشىلەرنىڭ ئىنسانلار توپلىنىدىغان يەرلەرگە كەلمەسلىكى ۋە ئۇلارنى ھېچبىر كىشىنىڭ زىيارەت قىلماسلىقىنى پۈتكۈل ئۇممەتنىڭ چوڭ - كىچىك، ئەر- ئايال ھەممىسىگە جاكارلىغاندى. كىچىك ياشتىكى بالىلارنىڭ بەزىلىرىگە يۇقۇملۇق كېسەل يۇقۇپ قالىدۇ، شۇنداق بولۇپ قالغان ئەھۋالدا ئاتا- ئانىلار ياكى بالىنىڭ كېسىلىنى باققۇچىلار قوشنىلار ۋە خىش- ئەقرىبالىرىنىڭ، تونۇشلىرىنىڭ يېنىغا زىيارەت ئۇچۇن بارغاند ا، بالىلارنى ئېلىپ بارماسلىقى لازىم. شۇنداقلا، ئۇلارمۇ بالىنىڭ بۇ كېسىلىنى يوقلاپ كەلمەسلىكى لازىم. بۇنداق قىلىش چەكلىنىدۇ. شۇنىڭدەك، يەنە ئاتا- ئانا بولغۇچىلار يۇقۇملۇق كېسەل بولۇپ قالغان بالىسىنى باشقا بالىلىرىدىنمۇ ئايرىشى كېرەك. بۇنداق قىلغاندا بالىغا روھىي جەھەتتىن ئازاب بولماسلىقى ئۇچۇن ئۇنىڭغا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ شۇنداق قىلىشقا بۇيرىغانلىقى مۇسۇلمانلارنىڭ بالىلىرىنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى سۆيىدىغانلىقى، ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلىدىغانلىقى ۋە ئۇنىڭ دەۋىتىنى قوبۇل قىلىدىغانلىقى توغرىسىدا نەسىھەت قىلىشى كېرەك. بۇنداق قىلىش بالىنىڭ بۇنى قوبۇل قىلىشى ئۇچۇن تېخىمۇ پايدىلىقتۇر.

8)بالىلارغا ھەسەتخورنىڭ كۆزى ۋە جىنىنىڭ زىيانكەشلىكىدىن ساقلىنىدىغان دۇئالارنى ئوقۇش. بۇنداق دېمىدە بىلەن داۋالاش ئۇسۇلىنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام پەقەت بالىلار ئۇچۇن قوللانغان بولۇپ، بۇ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بالىلارنىڭ سالامەتلىكى ۋە ساغلاملىقىنى ئاسراشتىكى ئاساسلارنىڭ بىرىدۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ئۇسۇلنى قوللىنىپلا قالماي، يەنە ئاتا- ئانىلارنىمۇ شۇنداق قىلىشقا بۇيرىغان.

ئۇبەيد ئىبنى رىفائە زۇرقىي رىۋايەت قىلىدۇكى، ئەسمائ بىنتى ئۇمەيس رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دېگەن: مەن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە: ئى

رەسۇلۇللاھ! جەئفەرنىڭ پەرزەنتلىرىگە بەك تېز كۆز تېگىدۇ، ئۇلارغا دەم سالدۇرۇپ قويسام بولامدۇ؟ دېگەنىدىم، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: ھەئە، ناۋادا تەقدىرنىڭ ئالدىغا ئۆتىدىغان بىر نەرسە بولىدىغان بولسا، كۆز چوقۇم ئۆتۈپ كېتەتتى، دېدى. (تىرمىزى: 2059)

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كۆز تېگىش ھەقتۇر، ناۋادا تەقدىرنىڭ ئالدىغا ئۆتۈپ كېتىدىغان بىر نەرسە بولىدىغان بولسا ئىدى، كۆز ئۆتۈپ كېتەتتى. (كۆز تەگكەن كىشىنى داۋالاش مەقستى بىلەن) سىلەردىن غۇسلى قىلىپ سۇيىنى بېرىش تەلەپ قىلىنسا، غۇسلى قىلىپ بېرىڭلار. (مۇسلىم: 2188)

# ئون بىرىنچى بۆلۈم. كۈندىلىك تۇرمۇشقا ئالاقىدار بەزى ھۆكۈملەرنىڭ بايانى

## 481- سۇئال: ۋەسىيەت ئۇقۇمى ۋە ئۇنىڭ يولغا قويۇلۇشى

ۋەسىيەتتىن بىر ئادەمنىڭ، مەن ئۆلگەندىن كېيىن پالانىغا پالانى نەرسىنى پۇتۇنلەي ياكى ئىشلىتىۋالغىلى بېرىڭلار، دەپ قالدۇرۇپ كەتكەن سۆزى كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

ۋەسىيەت قىلىپ قويۇپ كېتىش ئىسلام دىنىدا يولغا قويۇلغان بىر ئىشتۇر. بۇ ھەقتە ئاللاھ تائالا مۇنداق دېدى: ئەگەر سىلەردىن بىرەيلەن ئۆلۈش ئالدىدا كۆپ مال قالدۇرسا، ئۇنىڭ ئاتا ـ ئانىسىغا ۋە خىش ـ ئەقرىبالىرىغا ئادىللىق بىلەن ۋەسىيەت قىلىشى تەقۋادارلارنىڭ ئۈتەشكە تېگىشلىك بۇرچى سۈپىتىدە پەرز قىلىندى [سۈرە بەقەرە-180]

ۋەسىيەت قىلىش پەرز ئەمەس مۇستەھەپتۇر. ئەگەر ۋەسىيەت قىلىش پەرز بولىدىغان ئىش بولسا، ھەممە مۇسۇلمانىنىڭ ۋەسىيەت قىلىشى لازىم بولغان بولاتتى. لېكىن ئەگەر بىر ئادەمنىڭ ئۈستىدە باشقىلارنىڭ قەرزلىرى، ھەقلىرى ۋە ئامانەتلىرى بولسا، ئۇ ئادەمنىڭ قەرز ئىگىلىرىگە قەرزىنى بېرىۋېتىشكە، ھەق ئىگىلىرىگە ھەقلىرىنى ئادا قىلىشقا ۋە ئامانەت ئىگىلىرىگە قايتۇرۇپ بېرىشكە ۋەسىيەت قىلىپ قويۇپ كېتىشى پەرزدۇر.

## 482- سۇئال: ۋەسىيەت قىلغۇچى ئادەمدە تېپىلىشقا تېگىشلىك بولغان شەرتلەر

1- ۋەسىيەت قىلغۇچى ئادەم ۋەسىيەت قىلىش سالاھىتىگە ئىگە بولغان بولۇشى لازىم. يەنى بالاغەتكە يەتكەن، ئەقلى ھۇشى جايىدا ۋە ۋەسىيەتنى رازىمەنلىك بىلەن قىلغان بولۇشى لازىم.

2- ۋەسىيەت قىلغۇچى ئادەم مال- مۈلكىنىڭ ھەممىسى قەرزگە كېتىپ قالغىدەك دەرىجىدە قەرزدار بولۇپ قالماسلىقى لازىم. چۈنكى قەرزنى ۋەسىيەتنى ئورۇنلاشتىن ئىلگىرى ئادا قىلىش لازىم. چۈنكى قەرزنى ئادا قىلىش پەرزدۇر. ۋەسىيەتنى ئورۇنلاش ياخشى بىر ئىشتۇر.

## 483- سۇئال: ۋەسىيەت قىلىنغۇچىدا تېپىلىشقا تېگىشلىك بولغان شەرتلەر

1- ۋەسىيەت قىلىنغۇچى بىر نەرسىگە ئىگىدارچىلىق قىلالايدىغان بولۇشى لازىم. شۇنىڭ ئۈچۈن بىر نەرسىگە ئىگىدارچىلىق قىلالمايدىغان ئادەمگە بىر نەرسىگە ۋەسىيەت قىلىش توغرا بولمايدۇ.

2- ۋەسىيەت قىلىنغۇچى ۋەسىيەت قىلىنغان ۋاقىتتا ھەقىقەتتە بار بولۇش، ياكى

قورساقتىكى بالىغا ئوخشاش ھۆكمەن بار بولۇش لازىم.

3. ۋەسىيەت قىلىنغۇچى تەرەپ ۋەسىيەت قىلغۇچى ئادەمدىن مىراس ئالىدىغان مىراسخور بولماسلىقى لازىم.

4. ۋەسىيەت قىلىنغۇچى ۋەسىيەت قىلغۇچى ئادەمنى ئۆلتۈرىۋەتمىگەن ئادەم بولۇشى لازىم. ئەگەر شۇنداق قىلغان بولسا، ئۇ ئادەم خۇددى مىراسخور مىراس ئالىدىغان ئادىمىنى ئۆلتۈرىۋەتسە، مىراستىن مەھرۇم قالغىنىدەك ۋەسىيەتتىن مەھرۇم قالىدۇ.

5. ۋەسىيەت قىلىنغۇچى مۇئەييەن ئادەم بولۇشى لازىم. ئەگەر ئۇ مۇئەييەن ئادەم بولمىسا، ۋەسىيەت قىلىنغان نەرسىنى ئۇنىڭغا تاپشۇرۇش مۇمكىن بولمايدۇ ۋە بىر نەرسە بېرىشكە ۋەسىيەت قىلغانىنىڭ ھېچقانداق پايدىسى بولمايدۇ.

## 484. سۇئال: ۋەسىيەت قىلىنىدىغان نەرسىدە تېپىلىشقا تېگىشلىك بولغان شەرتلەر

1. ۋەسىيەت قىلىنىدىغان نەرسە قىممىتى بار بولغان مال بولۇشى لازىم.

2. ۋەسىيەت قىلىنىدىغان نەرسە مەيلى بىر نەرسىنىڭ ئۆزى بولسۇن مەيلى مەنپەئەتى بولسۇن بىر ئادەمنىڭ ئۇنىڭغا ئىگە بولۇشىنى قوبۇل قىلىدىغان نەرسە بولۇشى لازىم.

3. ۋەسىيەت قىلىنىدىغان نەرسە بىز يۇقىرىدا سەئىد ئىبنى ئەبۇۋاققاس ( ئاللاھ تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) نىڭ ھەدىسىدە بايان قىلىپ ئۆتكىنىمىزدەك ۋەسىيەت قىلىدىغان ئادەمنىڭ پۈتۈن مال- مۈلكىنىڭ ئۈچتىن بىرىدىن ئارتۇق بولماسلىقى لازىم.

## 485. سۇئال: مىراس ئىلمىنىڭ شەرتى

مىراس ئىلمىدىن ئۆلگەن ئادەمنىڭ قالدۇرۇپ كەتكەن مال دۇنيانى ئۇنىڭ مىراسخورلىرىغا تەقسىم قىلىپ بېرىدىغان ئىلىم كۆزدە تۇتۇلىدۇ. بۇ ئىلىم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆگىنىشكە ۋە ئۆگىتىشكە بۇيرۇغان ئىلىملارنىڭ قاتارىدىندۇر.

ئاتا - ئانىسى ۋە تۇغقانلىرى قالدۇرغان مىراستا (يەنى مېيىتنىڭ تەرەكىسىدە) ئەرلەرنىڭ ھەسسىسى بار. مەيلى ئۇ (يەنى تەرەكە) ئاز بولسۇن ياكى كۆپ بولسۇن، ھەر ئادەم ﷲنىڭ ئادىل شەرىئىتىدە) بەلگىلەنگەن ھەسسىسىنى ئالىدۇ [سۈرە نىسا- 7].

مىراس ئىلمى، مىراسخور، مىراس قالدۇرۇپ كەتكۈچى ئادەم ۋە ھەقىقەتەن ياكى ھۆكمەن مىراس قىلىنىپ ئېلىنىدىغان نەرسىدىن ئىبارەت ئۈچ ئىشنى ئاساس قىلىدۇ. بۇ ئىلمىنىڭ ئۈچ شەرتى باردۇر.

1ـ مىراس قالدۇرۇپ كەتكۈچى ئادەمنىڭ ھەقىقەتەن ئۆلگەن بولۇشى ياكى يوقۇلۇپ كەتكەن ئادەمگە ئوخشاش ھۆكمەن ئۆلۈشى، ياكى دىيەت بېرىش كېرەك بولغان كىچىك بالىغا ئوخشاش تەقدىرەن ئۆلۈشى لازىم.

2ـ مىراس قالدۇرۇپ كەتكۈچى ئادەم ئۆلگەن ۋاقىتتا ئۇنىڭ مىراسخورى ھەقىقەتەن ياكى قورساقتىكى بالىغا ئوخشاش تەقدىرەن ھاياتتا بولۇشى.

3ـ مىراسخورنىڭ مىراس قالدۇرۇپ كەتكۈچى ئادەم بىلەن بولغان ئالاقىسىنىڭ قانداق ئالاقە ئىكەنلىكىنى بىلىش ۋە مىراسنىڭ سەۋەبلىرىنى ۋە ئۇنىڭ توسالغۇلىرىنى بىلىش لازىم.

## 486ـ سۇئال: ئۆلگەن ئادەمنىڭ قالدۇرۇپ كەتكەن مال دۇنياسىغا قاراشلىق بولغان ھەقلەر

ئادەم قالدۇرۇپ كەتكەن مال دۇنياغا تۆۋەندىكىدىن ئىبارەت تۆت خىل ھەق قاراشلىق بولىدۇ،

1ـ مال دۇنيا قالدۇرۇپ كەتكەن ئادەمنىڭ ئۆلۈكىنى يەرلىكىدە قويۇش ئۈچۈن تەييارلاش ۋە ئۇنىڭغا بەكمۇ ئاشۇرۇۋەتمەستىن ياكى بەكمۇ قىسۋالماستىن كېپەنلىك ئېلىش.

2ـ مەزكۇر ئادەمنىڭ بەندىلەرنىڭ ئالدىدىكى قەرزلىرىنى ئادا قىلىش، ئەمما ئادا قىلىنماي قالغان زاكاتقا ۋە كاففارەتلەرگە ئوخشاش ئاللاھ تائالانىڭ ئالدىدىكى قەرزلەرگە كەلسەك، ئەگەر ئۆلگەن ئادەم بۇلارنى ئادا قىلىشقا ۋەسىيەت قىلغان بولسا، ئۇنىڭ ئادا قىلماي قالغان زاكات ۋە كاففارەتلەر ئۇنىڭ ئۆلىمىنى ئۆزۈتۈپ بولغاندىن كېيىن ئېشىپ قالغان مال دۇنيانىڭ ئۈچتىن بىر قىسمىنىڭ ئىچىدىن چىقىرىلىپ بېرىلىدۇ.

3ـ ئۇ ئادەمنىڭ ئۆلىمىنى ئۆزۈتۈپ بولغاندىن ۋە ئۇنىڭ قەرزلىرىنى ئادا قىلىپ بولغاندىن كېيىن قالغان مال دۇنيانىڭ ئۈچتىن بىر قىسمى بىلەن ئۇنىڭ ۋەسىيەتلىرى ئورۇنلىنىدۇ.

4ـ بۇ ئىشلاردىن ئېشىپ قالغان مال دۇنيا، مىراسقا ھەقلىق بولۇشنىڭ سەۋەبلىرىدىن بىرەرسى تېپىلغان ئادەملەرنىڭ ئىچىدە تەقسىم قىلىنىدۇ.

## 487ـ سۇئال: مىراسقا ھەقلىق بولۇشنىڭ سەۋەبلىرى

مىراسقا ھەقلىق بولۇشنىڭ سەۋەبلىرى ئۈچتۇر. يەنى بىر ئادەمنىڭ يەنە بىر ئادەمدىن مىراس ئېلىشى ئۈچۈن ئۇنىڭدا تۆۋەندىكى ئۈچ سەۋەبنىڭ ئىچىدىن بىرى تېپىلىشى لازىم.

1ـ ئۇرۇق تۇغقانچىلىق سەۋەبى. ئۇرۇق تۇغقانلار بىر ـ بىرىدىن مىراس ئالىدۇ.

2ـ ئەر ـ خوتۇنلۇق سەۋەبى. يەنى بىر ئايال بىر ئەردىن ئۇ ئىككىسىنىڭ ئارىسىدا ئەر ـ خوتۇنلۇق مۇناسىۋەت بولغانلىق سەۋەبى بىلەن مىراس ئالالايدۇ.

3ـ بىر قۇلنى ئازات قىلىۋاتقانلىق سەۋەبى بىلەن ئۇنىڭ بىلەن بولغان يېقىنچىلىق. يەنى بىر كىشى قۇل بىر ئادەمنى ئازات قىلىۋاتقان، قۇل ئۆلگەن ۋە ئۇنىڭ ھېچقانداق مىراسخورى يوق بولغان بولسا، ئۇنىڭ مال ـ مۈلكىگە ئۇنى ئازات قىلىۋاتقان كىشى مىراسخورلۇق قىلىدۇ.

## 488ـ سۇئال: مىراس ئېلىشقا توسالغۇ بولىدىغان ئامىللار

بۇ ئامىللاردىن مىراسخوردا كۆرۈلگەن بىرەر سەۋەب تۈپەيلىدىن ئۇ مىراسخورنىڭ مىراس ئېلىشىغا توسالغۇ بولىدىغان ئىشلار كۆزدە تۇتۇلىدۇ. بۇ ھالدا ئۇ مىراسخور مىراستىن مەھرۇم قىلىنغان ئادەم دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ شەكىلدە مىراس ئېلىشتىن مەھرۇم قالغان ئادەملەرنىڭ قاتارىغا بىز يۇقىرىدا بايان قىلىپ ئۆتكەن مىراس ئېلىشتىن پۈتۈنلەي ياكى يېرىم چەكلىنىش بىلەن مىراس ئېلىشتىن چەكلىنىپ قالغان ئادەملەر كىرمەيدۇ. چۈنكى بۇ ئادەملەر ئۆزلىرىدە كۆرۈلگەن بىرەر سەۋەبنىڭ تۈپەيلىدىن ئەمەس باشقا بىر سەۋەبنىڭ تۈپەيلىدىن مىراس ئېلىشتىن چەكلەنگەن ئادەملەردۇر. مىراس ئېلىشقا توسالغۇ بولىدىغان ئامىللار تۆتتۇر.

1ـ قۇللۇق. بىر ئادەمنىڭ قۇل بولۇشى ئۇنىڭ ئۆلگەن ئۇرۇق تۇغقانلىرىدىن، مىراس ئېلىشدىن چەكلەيدۇ. چۈنكى قۇل ھېچقانداق نەرسىگە ئىگە بولالمايدۇ. قۇلنىڭ قولىدىكى پۈتۈن نەرسىلەر ئۇنىڭ خوجايىنىغا تەۋە بولىدۇ.

2ـ مىراسخورنىڭ مىراس قالدۇرۇپ كەتكۈچى ئادەمنى قىساسنى ياكى كاففارەتنى كەلتۈرىدىغان بىر شەكىلدە ئۆلتۈرۈۋېتىشى. قىساسنى ياكى كاففارەتنى كەلتىرىدىغان بىر شەكىلدە ئۆلتۈرۈۋېتىش بولسا، بىر مىراسخورنىڭ ئۆزىنىڭ مىراس قالدۇرۇپ كەتكۈچى ئادىمىنى قەستەن ياكى قەستەنگە ئوخشۇشۇپ كېتىدىغان بىر شەكىلدە، ياكى سەۋەنلىك بىلەن ئۆلتۈرۈۋېتىشىدۇر. بۇ ھالدا ئۇ ئادەم مىراستىن مەھرۇم قالىدۇ. چۈنكى كىمكى بىر نەرسىگە ئۇ نەرسىنىڭ ۋاقتى كېلىشتىن بۇرۇن ئېرىشىشكە ئالدىرىسا، ئۇ ئادەم ئۇ نەرسىدىن مەھرۇم قېلىنىش بىلەن جازالىنىدۇ.

بىر ئادەم مىراس قالدۇرۇپ كەتكۈچىسىنى بىۋاستە قول تىقىپ ئۆلتۈرۈۋەتمىگەن ئەمما ئۇنىڭ ئۆلۈشىگە سەۋەب بولغان بولسا، ئۇ ئادەم بۇ مىراس قالدۇرۇپ كەتكۈچى ئادەمدىن مىراس ئېلىشتىن مەھرۇم قىلىنمايدۇ.

بىر ئادەم ئايالىنى ياكى ئۇرۇق تۇغقانلىرىنىڭ بىرىنى تۆھمەت چاپلاپ ئەمەس ئايالىنىڭ ياكى مەزكۇر تۇغقىنىنىڭ ھەقىقىي زىنا قىلغانلىقى ئۈچۈن ئۆلتۈرۈۋەتكەن بولسا، ئۇ ئادەم ئۆلتۈرۈلگەن تەرەپتىن مىراس ئېلىشتىن مەھرۇم قىلىنمايدۇ. بۇ

ھەنەفىي مەزھەپىدىكىلەرنىڭ قارىشىدۇر.

بالىسىنى ئۆلتۈرۈۋەتكەن ئادەمدىن ئۇنىڭ دادا بولغانلىقىنىڭ ھۆرمىتى ئۈچۈن قىساس ياكى كاففارەت كەچۈرۈۋېتىلسە، ئۇ ئادەم يەنە ئۆلتۈرۈۋېتىلگەن ئوغلىدىن مىراس ئالالمايدۇ. شۇنىڭدەك يەنە ئەگەر بىر ئادەمگە كاففارەت بېرىش ۋاجىب ئەمەس پەقەت مۇستەھەپ بولغان ھالەتتە بولسىمۇ يەنە ئۇ مىراس ئېلىشتىن مەھرۇم قىلىنىدۇ.

ئەگەر ئۇزىنىڭ مىراس قالدۇرۇپ كېتىدىغان ئۇرۇق تۇغقانلىرىنىڭ بىرەرسىنى ئۆلتۈرۈۋەتمەكچى بولغان ئادەم، ئۇنى ئۆلتۈرۈۋەتمەكچى بولغان جەرياندا يارىلانغان ۋە ئۆلتۈرۈۋەتمەكچى بولغان كىشىدىن بۇرۇن ئۆلۈپ كەتكەن بولسا، بۇ ھالدا ئۇ كىشى ئۇ ئادەمدىن مىراس ئالىدۇ. بۇ بارلىق ئالىملارنىڭ كۆز قارىشىدۇر.

3ـ ئۆلگەن ئادەم بىلەن ئۇنىڭ مىراسخورىنىڭ بىرىنىڭ مۇسۇلمان يەنە بىرىنىڭ كاپىر بولغىنىغا ئوخشاش باشقا ـ باشقا دىندا بولىشى يەنى بىر مۇسۇلمان بىر كاپىر ئۇرۇق تۇغقىنىدىن ياكى بىر كاپىر بىر مۇسۇلمان تۇغقىنىدىن مىراس ئالالمايدۇ.

پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مۇسۇلمان كاپىرغا مىراسخور بولالمايدۇ، كاپىرمۇ مۇسۇلمانغا مىراسخور بولالمايدۇ. (بۇخارى: 6764)

پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئىككى دىن ئەھلى بىر ـ بىرىگە مىراسخور بولالمايدۇ. (تىرمىزى: 2108)

ئەگەر كاپىر ئادەم ئۆلگەن مۇسۇلمان تۇغقىنىنىڭ مال- مۈلكى تەقسىم قىلىنىشتىن ئىلگىرى ئىسلامغا كىرگەن بولسا، بۇ ھالدىمۇ ئۇ يەنە مىراس ئالالمايدۇ. چۈنكى بىر ئادەم مىراسقا مىراس قالدۇردىغان ئادەمنىڭ ئۆلۈشى بىلەنلا ھەقلىق بولۇپ بولىدۇ. كېيىن مۇسۇلمان بولغان كاپىر مۇسۇلمان تۇغقىنى ئۆلگەن ۋاقىتدا تېخى مۇسۇلمان بولمىغانلىقى ئۈچۈن كېيىن مۇسۇلمان بولغان تەقدىردىمۇ ئۇ يەنە مىراسقا ئېرىشەلمەيدۇ.

ئاللاھ تائالا ساقلىسۇن! ئىسلام دىنىدىن يېنىۋالغان ئادەمنىڭ مۇسۇلمان ۋاقتىدا تاپقان مال- مۈلكى مىراسخورلىرى ئارىسىدا تەقسىم قىلىنىدۇ. ئەمما ئۇنىڭ ئىسلام دىنىدىن يېنىۋالغاندىن كېيىن تاپقان مال- مۈلكى مۇسۇلمانلار ئۈچۈن غەنىمەت ھېسابلىنىدۇ.

4ـ ياشاۋاتقان يەرنىڭ باشقا ـ باشقا يەر بولىشى ئۇرۇق تۇغقان كاپىرلار، بىرى باشقا يەردە يەنە بىرى باشقا بىر يەردە ياشىسا، ئۇلار بىر ـ بىرىدىن مىراس ئالالمايدۇ. چۈنكى مىراس ئىشى ئۇرۇق تۇغقانلار بىر ـ بىرىنى قوغداش ۋە ياردەم بېرىش پرىنسىپىنىڭ ئۈستىگە قۇرۇلغان بىر ئىشتۇر. باشقا- باشقا يەردە ياشايدىغان كاپىرلارنىڭ ئارىسىدا بىر ـ بىرىگە ياردەم بېرىش ۋە بىر ـ بىرىنى قوغداش ئىشى

يوقتۇر. ئەگەر ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئۆز ـ ئارا دىشمەنلىرىگە قارشى بىر ـ بىرىگە ياردەملىشىش ۋە بىر ـ بىرىنى قوغداش ئىشى بولسا، بۇ ھالدا ئۇلار خۇددى بىر يەردە ياشىغان ھېسابلىنىدۇ ۋە بىر- بىرىدىن مىراس ئالىدۇ. ئەمما مۇسۇلمانلار ئۇرۇق تۇغقانلارنىڭ باشقا ـ باشقا يەردە ياشىغانلىقلىرى ئۇلارنىڭ ئۆز ـ ئارا مىراس ئېلىشلىرىغا تەسىر يەتكۈزەلمەيدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن مۇسۇلمان بىر تىجارەتچى ياكى كاپىرنىڭ قولىغا ئەسىرگە چۈشۈپ قالغان بىر مۇسۇلمان كاپىرنىڭ يۇرتىدا ئۆلسە، ئۇنىڭ مال مۈلكىنى ئۇنىڭ مىراسخورلىرى مىراس قىلىپ ئالىدۇ.

## 489ـ سۇئال: تاشلىۋېتىلگەن بالىنىڭ ھۆكۈملىرىنىڭ بايانى

بۇ، پېقىرلىقتىن ياكى تۇغۇپ سالغان ئېرى يوق ئاياللارنىڭ زىنا تۆھمىتىدىن قورقۇپ تاشلىۋېتىلگەن بالىلارنى كۆرسىتىدۇ. ئەگەر بالا ئۆلۈپ قالسا، ئۇنى تاشلىۋەتكەن ئادەم گۇناھكار بولىدۇ. ئۇ ئاللاھ تائالانىڭ: كەمبەغەللىكتىن قورقۇپ بالىلىرىڭلارنى ئۆلتۈرمەڭلار. ئۇلارنىڭ ۋەسىلەرنىڭ رىزقىڭلارنى بىز بېرىمىز، ئۇلارنى ئۆلتۈرۈش ھەقىقەتەن چوڭ گۇناھتۇر [سۈرە ئىسرا-31]. دېگەن ئايىتىدە بايان قىلىنغان مەزمۇننىڭ ئىچىگە كىرىدۇ.

ئەگەر بالا چۆلگە ياكى ئورمانلىققا ئوخشاش بالىنىڭ ئۆلۈپ كېتىش ئېھتىماللىقى كۈچلۈك بولغان بىر يەرگە تاشلىۋېتىلگەن بولسا، ئۇنى تېپىۋالغان ئادەم ساۋابقا ئېرىشىدۇ ۋە غەنىمەتكە ئېرىشكەن ھېسابلىنىدۇ. چۈنكى ئاللاھ تائالا مۇنداق دېدى: «كىمكى بىر ئادەمنى تىرىلدۈرسە يەنى قۇتقۇزسا ياكى ھايات قېلىشىغا سەۋەبچى بولسا، ئۇ پۈتۈن ئىنسانلارنى تىرىلدۈرگەندەك بولىدۇ.» (سۈرە مائىدە 32ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى)

## 490ـ سۇئال: تاشلىۋېتىلگەن بالىنى ئېلىۋېلىشنىڭ ھۆكمى

ئۇ بالا، ئەگەر ئۇنى كۆرگەن ئادەم ئېلىۋالمىسا ئۇنىڭ ئۆلۈپ قېلىشى گۇمان قىلىنىدىغان بىر يەرگە تاشلىۋېتىلگەن بولسا، ئۇنى كۆرگەن ئادەمگە ئۇنى ئېلىۋېلىش بىر ئادەم قىلسا باشقىلارنىڭ ئۈستىدىن قىلىش چۈشۈپ كېتىدىغان پەرزدۇر. يەنى پەرز كۇپايىدۇر. ئەگەر ئۇ بالا تاشلىۋېتىلگەن يەر ئۇنى كۆرگەن ئادەمدىن باشقا ئادەم يوق بىر يەر بولسا، ئۇنى كۆرگەن ئادەمگە ئۇنى ئېلىۋېلىش ھەر بىر ئادەمنىڭ قىلىشى لازىم بولغان پەرزدۇر. كور بىر ئادەمنىڭ بىر يەرگە چۈشۈپ كېتىش ئالدىدا تۇرغانلىقىنى كۆرگەن ئادەمنىڭ ھۆكمۇ تاشلىۋېتىلگەن بالىنى كۆرگەن ئادەمنىڭ ھۆكمىگە ئوخشاشتۇر.

ئەگەر بىر بالا، ئۇنىڭ ئۆلۈپ قېلىش ئېھتىماللىقى بەك كۈچلۈك ئەمەس بىر يەرگە تاشلىۋېتىلگەن بولسا، ئۇنى كۆرگەن ئادەمگە ئۇنى ئېلىۋېلىش مۇستەھەپتۇر. چۈنكى

ئۇنداق قىلغانلىق ئۇنىڭغا ئىچ ئاغرىتقانلىق ۋە ياخشىلىق قىلغانلىق ھېسابلىنىدۇ. ئۇنى ئېلىپ قۇتقۇزۇپ بولغاندىن كېيىن ئۇنى قايتا تاشلىۋېتىش ھارامدۇر. چۈنكى ئۇنى ئۇچراتقان ئادەمگە ئۇنى قولىغا ئېلىشى بىلەن ئۇنى پەرۋىش قىلىپ ساقلاش ۋاجىپتۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنى بۇرۇنقى ھالىتىگە قايتۇرۇش توغرا ئەمەس.

مال ـ مۈلۈك مەيلى تاشلىۋېتىلگەن بالىنىڭ ئاستىدا بولسۇن مەيلى ئۈستىدە بولسۇن ئەگەر ئۇنىڭ بىلەن مال ـ مۈلۈك بىرگە بولغان بولسا، ئۇ مۈلۈك ئۇ بالىغا تەۋە بولىدۇ. چۈنكى ئەملىيەت مال ـ مۈلۈكنىڭ بالىنىڭ ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ.

تاشلىۋېتىلگەن بالا تېپىلغان يەرنى ئېتىبارغا ئېلىپ تۇرۇپ ئازات ۋە مۇسۇلمان بالا ھېسابلىنىدۇ. مەيلى ئۇنى تېپىۋالغان ئادەم مۇسۇلمان بولسۇن مەيلى كاپىر بولسۇن ئۇ مۇسۇلمانلار ياشايدىغان يەردە تېپىلغانلىقى ئۈچۈن مۇسۇلمان ھېسابلىنىدۇ. ئەگەر تاشلىۋېتىلگەن بالا مۇسۇلمانلارغا تۆلەم تۆلەپ ياشايدىغان كاپىرلارنىڭ مەھەللىسىدە ياكى ئۇلارنىڭ ئىبادەتخانىلىرىدا تېپىلغان ۋە ئۇنىڭ ئۈستىدە كىرىسكە ئوخشاش باشقا دىنىدىكىلەرنىڭ ئالامەتلىرى بولغان بولسا، بۇ ھالدا ئۇ بالا مۇسۇلمانلاردىن ئەمەس شۇ كاپىرلاردىن ھېسابلىنىدۇ.

تاشلىۋېتىلگەن بالىنى ئۇنى تېپىۋالغان ئادەمنىڭ قولىدىن باشقا بىر ئادەمنىڭ ئېلىۋېلىشى توغرا ئەمەس. چۈنكى ئۇنى ساقلاش ھەققى ئۇنى بالدۇر تېپىۋالغان ئادەمنىڭ بولىدۇ. ئەگەر ئۇنى بالدۇر تېپىۋالغان ئادەم ئۇنى ساقلاشقا ۋە ئۇنى تەربىيەلەشكە ھەقلىق بولمىسا، بالىنى ئۇ ئادەمنىڭ قولىدىن تارتىۋېلىش لازىم.

ئەگەر تاشلىۋېتىلگەن بالىنى بىر مۇسۇلمان بىلەن بىر كاپىر تېپىۋالغان ئۇ ئىككىسى بۇنى مەن باقىمەن دەپ، تالىشىپ قالغان بولسا، قازى بالىنى مۇسۇلماننىڭ بېقىشىغا بۇيرۇپ بېرىدۇ. چۈنكى ئۇ بالىنىڭ ياخشى ئادەم بولۇپ ئۆسۈپ يېتىلىشى ئۈچۈن ئۇنىڭغا مۇسۇلمان، كاپىرغا قارىغاندا ئەڭ پايدىلىق ئادەم ھېسابلىنىدۇ. ئەگەر ئۇ بالىنى تېپىۋالغان ئادەملەرنىڭ ھەر ئىككىسى ئوخشاش ئادەملەر بولسا، بۇ ھالدا قازى ئۇ بالىنى كىمگە بېرىش ھەققىدە ياخشى ئويلىشى ۋە بالىنى ئۇنىڭغا ئەڭ پايدىلىق بولغان ئادەمگە بېرىشى لازىم.

تاشلىۋېتىلگەن بالىنى تېپىۋالغان ئادەم ئۇنى ئۆزىگە نىسبەت بېرىشى توغرا ئەمەس. يەنى ئۇ، مېنىڭ بالام دېيىشى توغرا ئەمەس. چۈنكى يۇقىرىدا بېقىۋالغان بالىنى بېقىۋالغان ئادەمنىڭ ئىسمى بىلەن ئەمەس ئۇنىڭ ئەسلىدىكى دادىسىنىڭ ئىسمى بىلەن چاقىرىشنىڭ لازىم ئىكەنلىكىنى ئوتتۇرغا قويۇلدى.

ئەگەر مەزكۇر بالىنى ئىككى ئايال داۋا قىلغان ۋە ئۇ ئىككى ئايالنىڭ بىرى ئۇنىڭ ئۆزىنىڭ بالىسى ئىكەنلىكىگە پاكىت كۆرسەتكەن بولسا، بالا پاكىت كۆرسەتكەن

ئايلىنىدۇ بولىدۇ.

ئەگەر مەزكۇر بالىنى ئۇنى تېپىۋالغان ئادەمدىن باشقا ئىككى ئادەم، ئۇ مېنىڭ بالام ئىدى، دەپ داۋا قىلغان، ئۇ ئىككى ئادەمنىڭ بىرى بالىنىڭ تېنىدە مۇنداق مۇنداق ئالامەتلەر بار ئىدى، دېگەن ۋە بالىنىڭ تېنىدە ئۇنىڭ دېگەن ئالامەتلىرى كۆرۈلگەن بولسا، يەنە بىر ئادەم بالىنىڭ ئۆزىنىڭ بالىسى ئىكەنلىكىگە ئۇنىڭدىنمۇ كۈچلۈكرەك بىر پاكىت كۆرسەتمىسە بالا ئۇ ئادەمگە بۇيرۇپ بېرىلىدۇ.

## 491ـ سۇئال: چۈشۈپ قېلىنغان نەرسىنى ئۇچراتقان ئادەمنىڭ ئېلىشىنىڭ ھۆكمى

چۈشۈپ قالغان نەرسىنى تېپىۋالغۇچى ئادەم ئەگەر ئۆزىگە ئۇ نەرسىنى ئالسا ئۇنى كىشىلەر ئارىسىدا ئېلان قىلىدىغانلىقىغا ئىشەنچ قىلالىسا، ئۇ ئادەمنىڭ ئۇ نەرسىنى ئىگىسىگە قايتۇرۇپ بېرىش نىيىتى بىلەن ئېلىشى مۇستەھەپتۇر. ئەگەر ئۇ ئادەم ئۆزىنىڭ ئۇ نەرسىنى ئىگىسىگە قايتۇرۇپ بەرمەيدىغانلىقىنى ھېس قىلسا، ئۇ ئادەمنىڭ ئۇ نەرسىنى ئالماي تاشلاپ قويۇپ كېتىشى لازىمدۇر. بۇ ھالدا ئۇ ئادەمنىڭ ئۇ نەرسىنى ئېلىشى هارامدۇر. ئەگەر ئۇ ئادەم ئۇ نەرسىنى ئۆزىنىڭ قىلىۋېلىش نىيىتى بىلەن ئالسا، ئۇ ئادەم ئۇ نەرسىنى بۇلاپ ئېلىۋالغان كىشىنىڭ ھۆكمىدە بولىدۇ.

چۈشۈپ قالغان نەرسىنى تېپىۋالغۇچى ئادەم ئۇ نەرسىنى ئەگەر ئالماي تاشلاپ كەتسە ئۇنىڭ بۇزۇلۇپ كېتىشىدىن قورقسا، ئۇ ئادەمگە ئۇ نەرسىنى ئېلىش پەرز بولىدۇ. چۈنكى خۇددى جانغا ئوخشاش مال ـ مۈلۈكنىڭمۇ ھۆرمىتى باردۇر. بۇ، ئەگەر ئۇ ئادەم ئۇ نەرسىنى ئالسا ئۇنى كىشىلەر ئارىسىدا ئېلان قىلالايدىغانلىقىغا ئۆزىگە ئىشەنچ قىلالىسا، ئەھۋال شۇنداق بولىدۇ. ئەگەر ئۇنداق قىلالايدىغانلىقىغا ئىشەنچ قىلالمىسا، ئۇنى ئالماي تاشلاپ قويۇپ كېتىشى ياخشىدۇر.

ئەگەر چۈشۈپ قالغان نەرسىنى تېپىۋالغۇچى ئادەم ئۇ نەرسىنى ئۆيىگە ئېلىپ كەلگەندىن كېيىن ئۇنى يەنە ئورنىغا قايتا ئاپىرىپ قويغان ۋە ئۇ نەرسە ئۇ يەردىن يوق بولۇپ كەتكەن، ياكى بۇزۇلۇپ كەتكەن بولسا، كۈچلۈك رىۋايەتكە ئاساسەن ئۇ ئادەم ئۇ نەرسىنى تۆلىمەيدۇ. بۇ، ئۇ ئادەم ئەگەر ئۇ نەرسىنى كىشىلەر ئارىسىدا ئېلان قىلىش ئۈچۈن ئالغان بولسا، ئەھۋال شۇنداق بولىدۇ. ئەمما چۈشۈپ قالغان نەرسىنى تېپىۋالغۇچى ئادەم ئۇ نەرسىنى ئۆزى ئىشلىتىش ئۈچۈن ئالغان بولسا، ئۇنى تاكى ئۆز ئىگىسىگە قايتۇرۇپ بەرمىگىچە ئۇنى يوق قىلىۋاتقان ياكى بۇزۇۋاتقان بولسا ئۇنى تۆلەيدۇ.

چۈشۈپ قالغان نەرسىنى تېپىۋالغۇچى ئادەم ئۇ نەرسىنى ئالغان ۋاقتىدا، ئۆزىنىڭ ئۇنى ئىگىسىگە قايتۇرۇپ بېرىش ئۈچۈن ئالغانلىقىغا گۇۋاھچى تۇرغۇزۇپ قويۇپ

ئالغان ۋە كېيىن ئۇ نەرسە بۇزۇلۇپ كەتكەن بولسا، ئۇ ئادەمگە ئۇنى تۆلەش لازىم ئەمەس. چۈشۈپ قالغان نەرسىنى تېپىۋالغۇچى ئادەم ئۇ نەرسىنى تېپىۋالغان يەردە تۇرۇپ، كىمكى بىر نەرسىسىنى چۈشۈرۈپ سېلىپ ئۇنى ئىزدەۋاتقان كىشىنى ئاڭلىسا ياكى كۆرسە ئۇنى مېنىڭ قېشىمغا باشلاپ قويسۇن، دەپ ئېلان قىلىشى يېتەرلىك بولىدۇ. ئەگەر چۈشۈپ قالغان نەرسىنى تېپىۋالغۇچى ئادەم ئۆزى ئۇنى ئېلان قىلىشتىن ئاجىز كەلگەن ۋە ئۇنى بېرىدىغان كىشى ئىشەنچلىك بولغان بولسا، ئۇنى ئېلان قىلىش ئۈچۈن ئۇ كىشىگە بەرسە بولىدۇ.

## 492- سۇئال: چۈشۈپ قالغان نەرسىنى تېپىۋالغۇچى ئادەمدە تېپىلىشقا تېگىشلىك بولغان شەرتلەر

چۈشۈپ قالغان نەرسىنى تېپىۋالغۇچى ئادەمنىڭ مەست ھالدا بولماسلىقى ۋە ئەقلى ھوشى جايىدا بولۇشى شەرتتۇر. چۈشۈپ قالغان نەرسىنى ئەقلى ھوشى جايىدا، لېكىن تېخى بالاغەتكە يەتمىگەن كىچىك بالىنىڭمۇ ۋە قۇلنىڭمۇ ئېلىشى توغرا بولىدۇ. لېكىن ئۇنى كىشىلەر ئارىسىدا ئېلان قىلىش كىچىك بالىنىڭ ئىگە چاقىلىرىنىڭ ۋە قۇلنىڭ خوجايىنىنىڭ ئۈستىگە يۈكلىنىدۇ.

چۈشۈپ قالغان نەرسىنى ئېلىشىپ قالغان ساراڭنىڭ، ئەقلى كەم، مەست ۋە بىر نەرسىدىن ھەيران قېلىپ ئەقلى ھوشى جايىدا بولمىغان ئادەملەرنىڭ ئېلىشى توغرا ئەمەس.

چۈشۈپ قالغان نەرسىنى تېپىۋالغۇچى ئادەم ئۇنى كىشىلەر ئارىسىدا تاكى ئەمدى ئۇنى بۇنىڭدىن كېيىن ئۇنىڭ ئىگىسى ئىزدىمەيدۇ، دەپ كۆچلۈك گۇمانغا كەلگەنگە قەدەر ئېلان قىلىشى لازىم. ھەر قانداق نەرسە ئۇنىڭ ئۆزلايىقىغا يارىشا ئېلان قىلىنىدۇ.

## 493- سۇئال: چۈشۈپ قالغان نەرسىنىڭ ئۇنى تېپىۋالغان ئادەمنىڭ قولىدا تۇرغان چاغدىكى ھۆكمى

چۈشۈپ قالغان نەرسە ئۇنى تېپىۋالغان ئادەمنىڭ قولىدا بىر ئامانەت سۈپىتىدە تۇرىدۇ. شۇڭا ئۇ ئادەم ئەگەر ئۇنى قەستەن بۇزۇۋاتمىغان ياكى يوق قىلىۋاتمىغان بولسا، ئۇنى تۆلىمەيدۇ. ئەگەر نەرسىنىڭ ئىگىسى كەلسە، ئۇنى ئىگىسىگە قايتۇرۇپ بېرىدۇ. ئەگەر نەرسىنىڭ ئىگىسى كەلمىسە، ئىمكانىنىڭ يېتىشىچە ئۇ نەرسىنى ئۇنىڭغا ھەقلىق بولغان ئادەمگە يەتكۈزۈش ئۈچۈن ئۇنى پېقىرغا سەدىقە قىلىدۇ. ئىمكان يېتىشىچە چۈشۈپ قالغان نەرسىنى ئىگىسىگە قايتۇرۇش لازىمدۇر. بۇ، ئەگەر چۈشۈپ قالغان نەرسىنىڭ ئىگىسى كەلسە ئۇ نەرسىنىڭ ئۆزىنى قايتۇرۇپ بېرىش بىلەن، ئەگەر ئۇنىڭ ئىگىسى كەلمىسە ئۇنى سەدىقە قىلىپ ئۇنىڭ ساۋابىنى يەتكۈزۈش بىلەن بولىدۇ. چۈشۈپ قالغان نەرسىنى تېپىۋالغۇچى ئادەم، ئەگەر ئۇ نەرسىنى تاكى ئۇنىڭ

ئىگىسى كەلگەنگە قەدەر ئۇزۇن مۇددەت ساقلاشنى خالىسا، شۇنداق قىلىدۇ.

چۈشۈپ قالغان نەرسىنى تېپىۋالغۇچى ئادەم ئەگەر پېقىر بولسا، ئۇنى كىشىلەر ئارىسىدا ئېلان قىلىپ بولغاندىن كېيىن ئىگىسى كەلمىسە ئۇنىڭدىن ئۆزى پايدىلانسىمۇ بولىدۇ. ئەگەر ئۇ ئادەم پېقىر بولمىسا، ئۇنى پېقىر ئادەم مەيلى ئاتا ئانىسى بولسۇن مەيلى بالىۋاقىلىرى بولسۇن مەيلى ئايالى بولسۇن پېقىرغا سەدىقە قىلىدۇ. ئەگەر چۈشۈپ قالغان نەرسىنى تېپىۋالغۇچى ئادەم ئۇ نەرسىنى سەدىقە قىلىپ بولغاندىن كېيىن ئۇنىڭ ئىگىسى كەلسە، ئىگىسى خالىسا ئۇ ئادەمنىڭ قىلغان ئىشىغا قوشۇلىدۇ، يەنى ئۇنى تۆلەتتۈرمەيدۇ، خالىسا ئۇنى تۆلەتكۈزىدۇ.

چۈشۈپ قالغان نەرسىنى تېپىۋالغۇچى ئادەم ئەگەر ئۇنى تۆلىسە، ئۇ نەرسىنى تېپىۋالغاندىن تارتىپ ئۇنىڭ ئىگىسى ھېسابلىنىدۇ. ئۇ نەرسە ئەگەر سەدىقە قىلىنىپ بولغان بولسا، ئۇنىڭ ساۋابى ئۇنى تۆلەپ بەرگەن ئادەمگە بولىدۇ.

بۇ ھۆكۈم چۈشۈپ قالغان نەرسە مەيلى باشقا يەردە چۈشۈپ قالسۇن مەيلى ھەرەمدە چۈشۈپ قالسۇن، چۈشۈپ قالغان ھەممە نەرسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇنىڭدا بىر يەر بىلەن يەنە بىر يەرنىڭ ئارىسىدا ھېچقانداق پەرق يوق.

مۇنبەئىسنىڭ ئازادگەردىسى يەزىد مۇنداق دەيدۇ: مەن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ساھابىسى زەيد ئىبنى خالىد جۇھەنىي رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغانىدىم: بىرى پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن تېپىۋالغان ئالتۇن ياكى كۈمۈشنى قانداق قىلىش كېرەكلىكى ھەققىدە سورىغانىدى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: ھەميانىنى ۋە بوغقۇچىنى بىر يىلغىچە تونۇتقىن، ئاڭغىچە ئىگىسى چىقمىسا، ئىشلەتكەچ تۇرغىن، ئۇ سېنىڭدە ئامانەت سۈپىتىدە قالسۇن. كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئىگىسى كېلىپ قالسا، ئۇنى ئىگىسىگە قايتۇرۇپ بەرگىن! دېدى. ئۇنىڭدىن يەنە يۈتۈپ كەتكەن تۆگىنى تېپىۋالسا قانداق قىلىش كېرەكلىكى ھەققىدە سورىغانىدى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: تۆگە بىلەن سېنىڭ نېمە ئىشىڭ؟ ئۇنى قويۇۋەتكىن، ئۇنىڭ تۆت ئايىغى ئۆزى بىلەن بىللە، سۇ بويىغا ئۆزى بارالايدۇ، ئۆت چۆپلەر بىلەن قورسىقىنى تويغۇزالايدۇ، شۇ ئارىدا ئۇنى ئىگىسى تېپىۋالىدۇ، دېدى. ئۇنىڭدىن يەنە يۈتۈپ كەتكەن قوينى تېپىۋالسا قانداق قىلىش كېرەكلىكى ھەققىدە سورىغانىدى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: ئۇنى تۇتۇۋالغىن، ئۇ يا سېنىڭ ياكى باشقا بىر قېرىندىشىڭنىڭ ۋەياكى بۆرىنىڭ (رىزقى) بولىدۇ، دېدى. يەنە بىر رىۋايەتتە يەزىد مۇنداق دەيدۇ: قويمۇ ھەم تونۇتىلىدۇ. (مۇسلىم: 1722، بۇخارى: 2428)

چۈشۈپ قالغان نەرسىنى تېپىۋالغان ئادەمنىڭ، ئۇ نەرسىنىڭ ئىگىسى، ئۇ نەرسىنى

ماڭا قايتۇرۇپ بەرگەن ئادەمگە مۇنداق نەرسە بېرىمەن دەپ ئىلان قىلغان سۆيۈنچىنى ئېلىشى توغرا ئەمەس.

## 494- سۇئال: سەپەر ئۈستىدە ئۆلگەن ئادەمنىڭ مۈلكى توغرىسىدا

بىر ئادەم سەپەر ئۈستىدە ئۆلگەن بولسا، ئۇنىڭ نەرسە كېرەكلىرىنى ئۇنىڭ ھەمراھىنىڭ سېتىپ پۇلىنى ئۇ ئادەمنىڭ ئاتا ئانىسىغا ۋە بالىۋاقىلىرىغا بېرىشى توغرىدۇر. چۈنكى سەپەردە ھەمراھ بولغان ئادەمگە شۇنداق قىلىشقا رۇخسەت بېرىلگەندۇر.

## 495- سۇئال: قەسەم ئاتالغۇلىرى

قەسەم، بىر ئادەمنىڭ بىر ئىشنى قىلىشقا ياكى قىلماسلىققا قىلغان نىيىتىنى كۈچلەندۈرىدىغان بىر ئىرادىدىن ئىبارەتتۇر. قەسەم بىرەر ئىشنى ئىسپاتلاش ياكى ئىنكار قىلىش ئۈچۈن قىلىنىدۇ. بىراۋدىن ئەھدە ـ مىساق ئالغاندا ياكى گۇۋاھلىق ئادا قىلغاندا ياكى بىرەر ئىشقا ئىنكار قىلغاندا ياكى زۆرۈرىيەت شۇنى تەقەززا قىلغاندا قەسەم قىلدۇرۇشقا توغرا كېلىدۇ. شۇنىڭدەك كەلگۈسىدە بىرەر ئىشنى قىلىشنى تەكىتلەش ئۈچۈنمۇ قەسەم قىلىنىدۇ.

قەسەمگە ئاالقىدار بىر نەچچە ئاتالغۇلار بولۇپ ھەر بىرىنىڭ مەنىسىنى بايان قىلىپ ئۆتۈشمىزگە توغرا كېلىدۇ.

●قەسەم ئىچكۈچى، بۇنىڭدىن قەسەم قىلغان ئادەمنىڭ ئۆزى مەقسەت قىلىنىدۇ.

●قەسەم ئىچىلگەن ئىش، بۇنىڭدىن قەسەم قىلىش ئارقىلىق، قىلىش ياكى قىلماسلىق نىيىتىنى كۈچلەندۈرگەن ئىش مەقسەت قىلىنىدۇ.

●قەسەمدە تۇرۇش، بۇنىڭدىن مەن بۇ ئىشنى قىلىمەن، دەپ قەسەم قىلغان بولسا شۇ ئىشنى قىلىش، ئەگەر قىلمايمەن، دەپ قەسەم قىلغان بولسا ئۇ ئىشنى قىلماسلىق مەقسەت قىلىنىدۇ.

●قەسەمدە تۇرماسلىق ياكى قەسىمنى بۇزۇش، بۇنىڭدىن قىلىمەن، دەپ قەسەم قىلغان ئىشنى قىلماسلىق، قىلمايمەن، دەپ قەسەم قىلغان ئىشنى قىلىش كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

## 496- سۇئال: قەسەمنىڭ شەرتلىرى

1- قەسەم قىلغۇچىنىڭ مۇسۇلمان، باالغەت يېشىغا يەتكەن، ئەقلى ـ ھوشى جايىدا بولۇشى. بۇنىڭغا ئاساسەن، كىچىك بالىنىڭ، ساراڭنىڭ قەسىمى ھېسابقا ئېلىنمايدۇ.

2 - قەسەم قىلغۇچىنىڭ قەسەمنى ئۆز ئىختىيارى بىلەن قىلغان بولىشى. زورالنغانلىقتىن، ئېسىدە يوقلىقتىن ياكى خاتاالشقانلىقتىن قەسەم قىلغان ئادەمنىڭ

قەسمى ئېتىبارغا ئېلىنمايدۇ.

3 ـ قەسەمنى ئاللاھنىڭ ئىسىملىرىدىن ياكى سۈپەتلىرىدىن بىرەرسىنى ئاتاش بىلەن قىلىش. پەيغەمبەرلەرنىڭ ياكى پەرىشتىلەرنىڭ ياكى ھەر قانداق بىر مەخلۇقاتنىڭ نامىنى ئاتاپ قەسەم قىلىشقا بولمايدۇ ھەمدە بۇنداق قىلىنغان قەسەم ھېسابقا ئېلىنمايدۇ. چۈنكى قەسەم پەقەت ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەنلا باغلىنىدۇ.

پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: "مەن ئىسلامدىن ئادا جۇدا بولۇپ كېتەيكى... " دەپ قەسەم قىلغان كىشى، ئەگەر بۇ سۆزنى يالغاندىن دېگەن بولسا، ئۆزى ئېيتقاندەك ئىسلامدىن ئادا جۇدا بولۇپ كېتىدۇ. ئەگەر (ئۇ سۆزنى) چىن كۆڭلىدىن ئېيتقان بولسا، ئۇ، ئىسلامغا ساغلام ھالەتتە قايتالمايدۇ (يەنى ھەقىقي مۇسۇلمان بولالمايدۇ). (نەسائى 3772)

پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئاتا ئاناڭلارنىڭ ياكى بۇتلىرىڭلارنىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلماي، پەقەت اللەنىڭ نامى بىلەنلا قەسەم قىلىڭلار، ھەم اللەنىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلغاندا راستچىل، سەممىي بولۇڭلار! (ئەبۇ داۋۇد 3253)

4ـ قەسەمنى ئۇنىڭدا تۇرۇش مۇمكىن بولىدىغان بىر ئىش ئۈستىدە قىلىش.

## 497ـ سۇئال: قەسەمنىڭ ھۆكمى

قەسەمنىڭ ھۆكمى بولسا قىلغان قەسەمدە تۇرۇشتۇر. ئەگەر بىر ئادەم قىلغان قەسەمدە تۇرماي ئۇنى بۇزۇۋاتقان بولسا، ئۇنىڭغا كەففارەت بېرىش لازىم.

قەسەم قىلىشنىڭ ھۆكمى ئېھتىياجغا قاراپ بەش تۈرلۈك بولىدۇ. ئۇلار پەرز، ھارام، مۇستەھەب، مەكرۇھ ۋە مۇباھ قاتارلىقلاردۇر.

## 498ـ سۇئال: قانداق ۋاقىتتا قەسەم قىلىش پەرز بولىدۇ؟

گۇناھسىز بىرەر ئىنساننى ھالاكەتتىن ياكى تۆھمەتتىن قۇتقۇزۇش ياكى بىراۋنىڭ قانۇنلۇق ھەققىنى قوغداش ياكى ھەققانىي نىكاھنى ياكى ھەققانىي نەسەبنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن قەسەم قىلىشقا توغرا كەلسە، بۇ ۋاقىتتا قەسەم قىلىش پەرزدۇر. بۇنىڭدىن باش تارتقان ئادەم گۇناھكار بولىدۇ.

## 499ـ سۇئال: قانداق ۋاقىتتا قەسەم قىلىش ھارام بولىدۇ؟

قەسەم گۇناھسىز بىراۋنى قارىلاش ياكى ئۇنىڭ ھالاك بولىشىغا ياكى بىراۋنىڭ ھەققىنىڭ زايە بولىشىغا ياكى يالغان نەسەبنى ئىسپاتلاشقا ياكى باتىل نىكاھنى يوللۇق قىلىشقا ياكى يوللۇق نىكاھنى ئىنكار قىلىشقا ياكى بىراۋغا زىيان يەتكۈزۈشكە سەۋەب بولىدىغان بولسا، بۇ شارائىتتا قەسەم قىلىش ھارامدۇر. قەسەم قىلغۇچى بىلىپ تۇرۇپ يالغان ئىشقا قەسەم قىلسا، ئۇ گۇناھقا پاتۇرغۇچى ئېغىر قەسەمنى قىلغان بولىدۇ ۋە

ئۆزى مۇناپىق بولىدۇ. مۇناپىقنىڭ جازاسى كاپىرنىڭكىدىن ئېغىر بولىدۇ.

**500- سۇئال: قانداق ۋاقىتتا قەسەم قىلىش مۇستەھەب بولىدۇ؟**

ئارىسى بۇزۇلغان ئىككى دوستنىڭ ياكى ئەر ـ ئايالنىڭ ئارىسىنى ئەپلەشتۈرۈپ قويۇش ئۈچۈن ھەق ئىشقا قەسەم قىلىش مۇستەھەب يەنى قىلسا ساۋاب بولىدىغان ئەمەلدۇر.

**501- سۇئال: قانداق ۋاقىتتا قەسەم قىلىش مەكرۇھ بولىدۇ؟**

قەسەمگە ئېھتىياج تۇيۇلمىغان ئىشلارغا ياكى تاۋارنى بازارغا سېلىش ئۈچۈن قەسەم قىلىش مەكرۇھ يەنى يامان كۆرۈلىدىغان ئىشدۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: قەسەم مالنى بازارغا سېلىش ئۈچۈن ئاز تولا پايدىلىق، ئەمما، بەرىكەتنى يوق قىلىدۇ ، دەپ كۆرسەتكەن.

**502- سۇئال: قانداق ۋاقىتتا قەسەم قىلىش مۇباھ بولىدۇ؟**

قەسەمگە ئېھتىياج تۇيۇلغان، ئەمما قەسەم قىلمىسىمۇ زىيان بولمايدىغان ۋاقىتتا قەسەم قىلىش مۇباھ، گۇناھ ياكى ساۋاب بولمايدىغان ئىشتۇر.

**503- سۇئال: قەسەمنىڭ قانداق قىلىنىدىغانلىقى**

قەسەمنى ئاللاھنىڭ نامىنى ئاتاپ « ۋەللاھى» ياكى « تەللاھى» ياكى« بىللاھى » دېگەن لەۋزلەردىن بىرەرسىنى تىلغا ئېلىش بىلەن ياكى ھەركىم ئۆز تىلىدا «ئاللاھنىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىمەنكى.....» دەپ قەسەم قىلسىمۇ بولىدۇ.

**504- سۇئال: ۋەقپە دېگەن سۆزنىڭ ئۇقۇمى توغرىسىدا**

ۋەقپە دىگەن سۆز مەنا جەھەتتىن توختىتىپ قويۇش، دىگەنلىك بولىدۇ. ۋەقپە دىگەن سۆز ئىستىلاھ جەھەتتىن بىر نەرسىنىڭ ئۆزىنى ئاللاھ تائالانىڭ ئىگىدارچىلىقىنىڭ ھۆكمىدە توختۇتۇپ قويۇپ ئۇ نەرسىدىن كەلگەن مەنپەئەتلەرنى سەدىقە قىلىش، دىگەنلىك بولىدۇ.

ۋەقپە ـ ئىگىدارچىلىقنىڭ مەلۇم بىر قىسمىنى ياخشىلىق يوللىرىدىن مۇئەييەن بىر تەرەپكە ئۇنىڭ پايدىسىدىن مەنپەئەتلىنىشى ئۈچۈن ئاتىۋېتىش دېگەنلىك بولۇپ، ساۋابى ئۈزۈلمەيدىغان«سەدىقە جارىيە» ئەمەللىرىدىن بىرىدۇر.

**505- سۇئال: ۋەقىپ قىلىشنىڭ توغرا بولۇشنىڭ شەرتلىرى**

1- ۋەقىپ قىلغۇچىنىڭ بالاغەت يېشىغا يەتكەن بولۇشى،

2 - ۋەقىپ قىلغۇچىنىڭ ئەقلى ـ ھوشى جايىدا بولۇشى،

3 - ۋەقىپ قىلغۇچىنىڭ ۋەقىپنى ئۆز ئىختىيارى بىلەن قىلىشى،

4 - ۋەقىپ قىلغۇچىنىڭ ۋەقىپ قىلىدىغان نەرسىگە ئىگە بولۇشى،

5- ۋەقىپ قىلماقچى بولغان نەرسىنىڭ مۇئەييەن بولۇشى،

6 ـ ۋەقىپ سەۋەبلىك ھەق ئىگىسىگە زىيان يەتمەسلىكى،

7 ـ ھارام نەرسىنى ۋەقىپ قىلماسلىق ياكى ھارام ئىش قىلىدىغان ئورۇنغا ۋەقىپ قىلماسلىق. مەسىلەن: ھاراق ياكى چوشقىغا ئوخشاش ھارام نەرسىلەرنى ۋەقىپ قىلغانغا ياكى قاۋاقخانىغا، تانسىخانىغا بىر نەرسە ۋەقىپ قىلغانغا ئوخشاش.

**506ـ سۇئال: مال مۈلۈكنى ئاللاھ تائالانىڭ يولىدا ۋەقپە قىلىشنىڭ ھۆكمى**

ئاللاھ تائالانىڭ يولىدا ۋەقپە قىلىنغان نەرسىنىڭ ھۆكمى بولسا، ئۇ نەرسىنىڭ ۋەقپە قىلغان ئادەمنىڭ ئىگىدارچىلىقىدىن چىقىپ ئاللاھ تائالانىڭ ھېچقانداق بىر ئادەمنىڭ شېرىك بولمايدىغان ئىگىدارچىلىقىغا كىرىشتۇر. بىر نەرسە ۋەقپە قىلىنىشى بىلەنلا ئۇ نەرسە ئاللاھ تائالانىڭ يولىدا ۋەقپە قىلىنىپ كەتكەن ھېسابلىنىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بىر نەرسىنى ۋەقپە قىلغان ئادەمنىڭ ئۇ نەرسىنى ۋەقپە قىلغانلىقىنى ئەمەلدىن قالدۇرۋېتىشى، ياكى ئۇنى مىراسخورلىرىغا مىراس قالدۇرۇپ قويۇپ كېتىشى توغرا ئەمەس.

ئەگەر بىر نەرسە ئاللاھ تائالانىڭ يولىدا ۋەقپە قىلىنغان ھېسابلىنىپ بولغاندىن كېيىن ئۇ نەرسىنى باشقىلارنىڭ ئۆزلىرىنىڭ ئىگىدارچىلىقىغا كىرگۈزۈۋېلىشى ياكى باشقىلارغا مۈلۈك قىلىپ بېرىۋېتىش ياكى تەقسىم قىلىپ بۆلۈپ بىرىش ياكى باشقا بىرسىنىڭ ئىشلىتىپ تۇرۇشىغا بېرىپ تۇرۇش، ياكى گۆرۈگە قويۇپ قويۇش توغرا ئەمەس.

ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دەيدۇ: ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ خەيبەردە بىر زېمىنغا ئىگە بولدى. ئاندىن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قېشىغا كېلىپ، ئۇ يەر ھەققىدە مەسلىھەت سوراپ: ئى رەسۇلۇللاھ! مەن خەيبەردە بىر زېمىنغا ئىگە بولدۇم، مەن ھېچقاچان ئۇنىڭدەك ئېسىل مالغا ئىگە بولۇپ باقمىغان، مېنى نېمىگە بۇيرۇيسەن؟ دېگەندى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: خالىساڭ ئۇ يەرنىڭ تېگىنى ساقلاپ قېلىپ، كۆكىنى سەدىقە قىلغىن، دېدى. شۇنىڭ بىلەن، ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇ يەرنى سەدىقە قىلىپ: بۇ يەر سېتىلمايدۇ، سوۋغات قىلىپ بېرىلمەيدۇ ۋە مىراس قالدۇرۇلمايدۇ، دېدى. ئۇ بۇ يەرنى كەمبەغەللەرگە، تۇغقانلىرىغا، قۇل ئازاد قىلىشقا، الله يولىدا ئىشلىتىشكە ۋە يولدا قالغان مۇساپىرلارغا ئاتاپ سەدىقە قىلدى. يەنە بىر رىۋايەتتە: مېھمانلارغىمۇ ئىشلىتىلىدۇ. ئۇ يەرنى باشقۇرغۇچى ئۆزىگە مۈلۈك قىلىۋالماستىن ئىش ھەققىگە چۇشلۇق يېسە، ھېچ گۇناھ بولمايدۇ، دېيىلگەن. (بۇخارى: 2737)

سەئىد ئىبنى ئۇبادە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: مەن: ئى رەسۇلۇللاھ! ئانام ۋاپات بولۇپ كەتتى. قايسى تۈردىكى سەدىقە ئەڭ ئەۋزەل؟ دەپ

سورىغاندىم، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: سۇ، دېدى. شۇنىڭ بىلەن، مەن بىر قۇدۇق كولاپ، ئانام ئۇممۇ سەئدنىڭ نامىغا ئاتىۋەتتىم. (ئەبۇ داۋۇد: 1681)

## 507- سۇئال: ۋەقپىنىڭ تۈرلىرى

ۋەقىپ ئىككى تۈرلۈك بولۇپ، بىرى، خەيرىيەت ۋەقپىسى، يەنە بىرى، ئەۋلاد ۋەقپىسىدۇر.

خەيرىيەت ۋەقپىسى ـ مۇجاھىدلارنىڭ، ئىلىم تەھسىل قىلغۇچىلارنىڭ، يولدا قالغان مۇساپىرلارنىڭ، پېقىرلارنىڭ مەنپەئەتلىنىشى ئۈچۈن ياكى مەسجىد، مەكتەب، مەدرىسە، دوختۇرخانا، كۆۋرۈك سېلىش، يول ياساش، قۇدۇق قېزىشقا ئوخشىغان ئومۇم خەلق مەنپەئەتلىنىدىغان ياخشى ئىشلار ئۈچۈن ئاتاپ قىلىنغان ۋەقپىتۇر.

ئەۋلاد ۋەقپىسى ـ ۋەقىپ قىلغۇچىنىڭ ئۆز پەرزەنتلىرى ۋە پەرزەنتلىرىنىڭ پەرزەنتلىرى پايدىلىنىشى ئۈچۈن ئاتىۋەتكەن ۋەقپىسى بولۇپ، بۇ خىلدىكى ۋەقپىدىن پايدىلىنىش ۋەقىپ قىلغۇچىنىڭ ئۇرۇق ئەۋلادى بىلەنلا چەكلىنىدۇ.

## 508- سۇئال: ۋەقىپ قىلىشنىڭ پايدىسى

1- بىراۋنىڭ قىلىپ قويغان ۋەقپىسىدىن كىشىلەر مەنپەئەتلىنىدۇ، نۇرغۇنلىغان ئېھتىياج ئىگىلىرى، مۇساپىرلا، ئاجىز ـ ئۇرۇقلار، ئىلىم تەھسىل قىلىش يولىدىكى كىشىلەر شۇ ۋەقپىلەرنىڭ ياردىمى بىلەن ھاجەتلىرىنى قامدايدۇ. مەسىلەن: ئەجدادلىرىمىز ئۆتمۈشلەردە بارغان بەزى جايلىرىدا بىنالارنى سېتىۋېلىپ ئاللاھ يولىدا ۋەقىپ قىلىپ قويغانلىقتىن، ئانا ۋەتەندىن پاكىستان ۋە سەئۇدى ئەرەبىستانى قاتارلىق مەملىكەتلەرگە چىققان ھاجىلار، بۇ مەملىكەتلەردە تۇرۇپ قالغان يوقسۇللار ۋە ئىلىم تەھسىل قىلىش يولىدىكى تالىبلار بۇ ۋەقىپ بىنالىرىدىن پايدىلانغانغا ئوخشاش.

2 - ۋەقپىلەر ئومۇمغا مەنپەئەتلىك بولغان نۇرغۇنلىغان ياخشى ئىشلارنىڭ ۋاستىسى بولۇپ كەلمەكتە. مەسىلەن: ئىسلام مەملىكەتلىرىدە نۇرغۇنلىغان مەكتەب، مەدرىسلەر، دوختۇرخانىلار، كۈتۈپخانىلار، مەسجىدلەر، دارۇل ئەيتاملار، پېقىر ئوقۇغۇچىلارنىڭ دەرسلىك قورالىرى ۋە كىيىم ـ كېچەك، ھەتتا يېمەك ـ ئىچمەكلىرى ۋەقپىلەردىن تەمىن ئېتىلىدۇ. مۇسۇلمانلار ئەزەلدىن ۋەقىپ ئىشلىرىغا كۆڭۈل بۆلۈپ كەلمەكتە. مال ـ مۈلكىنىڭ ھەممىسىنى ياكى بىر قىسمىنى ئاللاھ يولىدا ياخشىلىق يوللىرىغا ۋەقىپ قىلىۋەتكەنلەر ناھايىتى كۆپ.

3- ۋەقىپ قىلىش ـ سەدىقە جارىيە ساۋابى ئۈزۈلمەستىن داۋام قىلىپ تۇرىدىغان سەدىقەنىڭ ئۆزىدۇر. ۋەقىپ قىلغۇچىنىڭ قىلغان ۋەقپىسىدىن كىشىلەر پايدىلانغان مۇددەتچە ساۋابى ئۇنىڭغا يېتىپ تۇرىدۇ.

## 509- سۇئال: سەئۇدى ئەرەبىستانىدىكى ئۇيغۇر ۋەقپلىرى

ئۆتمۈشلەردىكى ئۇيغۇرلاردىن ھەرەم سەپىرىگە ئاتلانغانلىرى مۇساپىرچىلىقنىڭ قاتتىقلىقى ۋە ھەج سەپىرىنىڭ قىيىنلىقىنى ھېس قىلغاندىن كېيىن، كېيىنكى ئەۋلادلىرىنىڭ غېمىنى يېگەنلىكتىن، ئۇلار مەككە ۋە مەدىنە شەھەرلىرىنىڭ شۇ زامانلارغا نىسبەتەن ئەڭ ھەشەمەتلىك بىنالىرىنى سېتىپ ئېلىپ، ئۇيغۇر ئېلىدىن ھەرەمگە كېلىدىغان كېيىنكى ئەۋلادلىرى ئۈچۈن ۋەقپ قىلىپ قويغان ئىكەن. ھازىر سەئۇدى ئەرەبىستانىنىڭ مەككە ۋە مەدىنە شەھەرلىرىدە ئۇيغۇر ئېلىنىڭ ھەر قايسى شەھەر ۋە ناھىيىلىرىنىڭ نامىدا ۋەقپ قىلىنغان بىنالار كۆپتۇر.

ۋەقپ بىنالىرى بۇ جايدا « رىبات » دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇيغۇرلارنىڭ بۇ جايلاردىكى ۋەقپ بىنالىرى ، « قەشقەر رىبات » «ئاتۇش رىبات» ،« كۇچار رىبات » ،« خوتەن رىبات » ،« رىبات شاھيار » ،« قاغىلىق رىبات » ،« ئۇجات رىبات » ،« رىبات كېرىيە » ۋە « ئاقسۇ رىبات » دېگەن نامىلار بىلەن مەشھۇردۇر.

## 510- سۇئال: سوغات ئۇقۇمى

سوۋغا قىلىشتىن بىر نەرسىنى ئۇنىڭ بەدىلىنى ئېلىشنى مەقسەت قىلماستىن باشقىلارغا سوۋغا قىلىپ بېرىش مەقسەت قىلىنىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن شەرىئەت ئالىملىرى سوۋغا قىلىش دېگەن سۆزگە سوۋغا قىلىش بىر نەرسىنى بەدەلسىز بېرىش دېگەن ئۇقۇمنى بەرگەن. بۇ ئەمەلىيەتتە مەۋجۇت بىر نەرسىنى سوۋغا قىلىشنى ۋە بىر ئادەمنىڭ ئۈستىدىكى قەرزنى ئۇنىڭغا سوۋغا قىلىۋېتىشنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ماھىيەتتە بىر نەرسىنى سوۋغات قىلىش بىلەن ئۇنى ھەدىيە قىلىشنىڭ ئارىسىدا ھېچقانداق پەرق يوق. چۈنكى ھەدىيەمۇ ئۇنى قايتۇرۇپ ئالماسلىق ۋە بەدەلسىز شەرتى بىلەن بېرىلىدۇ.

## 511- سۇئال: سوۋغىنىڭ ئىسلام دىنىدىكى ئورنى

سوۋغا سالام بېرىش پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆزىدە ئۆزلەشتۇرگەن ئېسىل ئەخلاقلاردىندۇر.

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ھەدىيەنى قوبۇل قىلاتتى ۋە ئۆزىمۇ ئۇنىڭ بەدىلىگە مۇۋاپىق شەكىلدە ھەدىيە بېرەتتى. (بۇخارى: 2585)

سوۋغا سالام ئېلىپ كەلگەن ئادەمگە، ئەڭ ئاز بولغاندا، سوۋغا سالام ئۈچۈن ئېلىپ كەلگەن نەرسىنىڭ پۇلىغا ئۇدۇل كېلىدىغان بىر نەرسە بېرىش لازىم. سوۋغا سالام ئېلىپ كەلگەن ئادەمگە ئۇنىڭ بەدىلىگە بىر نەرسە بېرىش سۈننەتتۇر. ئەگەر سوۋغا سالام ئېلىپ كەلگەن ئادەمگە بىر نەرسە بېرىشكە ئىمكانىيىتى يەتمىسە، ئۇ ئادەمگە

كۆپ رەھمەت ئېيتىش ۋە ئۇنىڭ پايدىسى ئۈچۈن دۇئا قىلىپ قويۇش لازىم.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سوۋغا سالامىلارنىڭ كىشىلەرنىڭ كۆڭلىدە ياخشى تەسىراتلارنى قالدۇرىدىغانلىقىنى بايان قىلىپ مۇنداق دېدى: قول ئېلىشىپ كۆرۈشۈڭلار، ئاداۋەت كېتىدۇ. (بىر بىرىڭلارغا) سوۋغات بېرىڭلار، (شۇنداق قىلساڭلار) بىر ـ بىرىڭلارنى ياخشى كۆرۈشىسىلەر، ئاراڭلاردىكى ئاداۋەت يوقىلىدۇ. (مالىك: 1685)

ھەدىيە ياكى سوۋغات قىلىنغان نەرسە قانچىلىك ئاددىي بولسا بولسۇن ئۇنى قوبۇل قىلىش سۈننەتتۇر. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: پاچاق چاغلىق نەرسە ھەدىيە بېرىلسىمۇ، ئەلۋەتتە قوبۇل قىلىمەن، چاقىرغان يەرگە ئەلۋەتتە بارىمەن. (تىرمىزى: 1338)

## 512ـ سۇئال: سوۋغا قىلىنغان نەرسىنىڭ توغرا سوۋغا سالام بولۇشىنىڭ شەرتلىرى

1. سوۋغات سالام قىلغان ئادەم ئەقلى ھۇشى جايىدا، بالاغەتكە يەتكەن ۋە ھۆر ئادەم بولۇشى لازىم.

2. سوۋغا قىلىنغان نەرسە، سوۋغا قىلىنغان ئادەم ئۇنى قولىغا تاپشۇرۇپ ئالالايدىغان شەكىلدە سوۋغات قىلىنىشى لازىم.

3. سوۋغا قىلىنغان نەرسە چەك چېگرىسى ئايرىلغان، باشقا نەرسە بىلەن ئورتاق بولمىغان نەرسە بولۇشى ۋە باشقىلار ئىشلىتىۋاتقان نەرسە بولماسلىقى لازىم.

## 513ـ سۇئال: بالاغەتكە يەتمىگەن كىچىك بالىغا قىلىنغان سوۋغا سالامنىڭ بايانى

بالاغەتكە يەتمىگەن كىچىك بالىغا ئىگىدارچىلىق قىلىدىغان بىر ئادەمنىڭ، ئۇ بالىغا بىر نەرسىنى ئەگەر ئۇ مەلۇم بىر نەرسە بولسا سوۋغا قىلىش ئىشى ئىككىسىنىڭ ئارىسىدا مەن بۇ نەرسىنى ساڭا سوۋغا قىلدىم، دېگەنگە ئوخشاش سۆز ئارقىلىق پۈتۈشۈش بىلەنلا تاماملىنىدۇ. بۇ سوۋغا سالام، ئۇ نەرسە مەيلى شۇ ئادەمنىڭ قولىدا بولسۇن مەيلى باشقا بىرسىگە ئامانەت قويۇپ قويۇلغان بولسۇن، مەيلى باشقا بىرسى ئۆتنىگە سوراپ ئېلىپ چىقىپ كەتكەن بولسۇن توغرا شەكىلدە تاماملانغان بولىدۇ.

بىر كىچىك بالىغا سوۋغا قىلىنغان نەرسىنى تاپشۇرۇۋېلىش ھوقۇقىغا ئىگە كىشىلەر بولسا، دادا، ئۇنىڭدىن قالسا ئۇنىڭ ۋەسىيەتلىرىنى ئورۇنلاشقا تاللانغان ئادەم، ئۇنىڭدىن قالسا چوڭ دادا، ئۇنىڭدىن قالسا چوڭ دادىنىڭ مەزكۇر ۋەسىيەتلىرىنى ئورۇنلاشقا تاللانغان ئادەم، ئۇنىڭدىن قالسا قازى، ئۇنىڭدىن قالسا قازىنىڭ ۋەسىيەتلىرىنى ئورۇنلاشقا تاللانغان ئادەملەردۇر.

بالاغەتكە يەتمىگەن كىچىك بالىنىڭ ئۆزىگە قىلىنغان سوۋغىنى قوبۇل قىلماي رەد

قىلىش ھوقۇقىمۇ بار. ئەمما كىچىك بالىغا قىلىنغان سوۋغىنى، ئۇنىڭغا قىلىنغان سوۋغىنى تاپشۇرۇۋېلىش ھوقۇقىغا ئىگە كىشىلەرنىڭ قوبۇل قىلماي رەد قىلىۋېتىشى ئېتىبارغا ئېلىنمايدۇ. شۇڭا ئۇ سوۋغىنى، كىچىك بالىغا قىلىنغان سوۋغىنى تاپشۇرۇۋېلىش ھوقۇقىغا ئىگە كىشىلەر قوبۇل قىلماي رەد قىلىۋېتىپ بولغاندىن كېيىنمۇ كىچىك بالىنىڭ قوبۇل قىلىشى توغرىدۇر.

كىچىك بالىغا سوۋغا قىلىنغان نەرسىلەردىن ئۇ بالىنىڭ ئاتا ئانىلىرى يىسىمۇ بولىدۇ. بىر ئادەم ساق ۋاقتىدا مال مۈلكىنىڭ ھەممىسىنى بالىسىغا سوۋغا قىلىۋەتسە، ئۇنىڭ قىلغان بۇ ئىشى توغرا بولىدۇ. لېكىن ئۇ ئادەم ئۇنداق قىلىش بىلەن گۇناھكار بولىدۇ.

## 514ـ سۇئال: سوۋغا بىلەن پارا بېرىشنىڭ پەرقى

پارا بولسا، بەدىلىگە بىر نەرسە بېرىلمەي ئېلىنغان ۋە ئالغۇچى ئەيىبلىنىدىغان بىر نەرسىدۇر. ئەگەر سوۋغا سالام پارا بېرىش مەقسىتىدە قىلىنغان بولسا، ئۇنى قايتۇرۇۋېتىش ۋە ئۇنى ئېلىشتىن ساقلىنىش لازىم. چۈنكى ئاللاھ تائالا مۇنداق دىدى: بىر ـ بىرىڭلارنىڭ ماللىرىنى ناھەق يەۋالماڭلار، بىلىپ تۇرۇپ كىشىلەرنىڭ بىر قىسىم ماللىرىنى زۇلۇم بىلەن يەۋېلىش ئۈچۈن ھاكىملارغا پارا بەرمەڭلار.[سۈرە بەقەرـ188]

ئەبۇ ھۇمەيد سائىدى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئىبنى ئۇتەبىييەنى بەنى سۈلەيم قەبىلىسىگە زاكات يىغىش ئۈچۈن ئەۋەتكەندى. ئۇ قايتىپ كەلگەندە، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە ھېساب بېرىپ: بۇلار سىلەرگە تېگىشلىك بولغىنى. ماۋۇ ماڭا ھەدىيە قىلىندى، دېدى. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: ئەگەر سەن راستچىل بولساڭ، ئاتا ـ ئاناڭنىڭ ئۆيىدە ئولتۇرۇپ باققىن، ساڭا ھەدىيە كېلەمدىكىن؟ دېدى. ئاندىن ئورنىدىن تۇرۇپ، الله تائالاغا ھەمدۇسانا ئېيتقاندىن كېيىن، جامائەتكە: ئاراڭلاردىن بىر قىسىم كىشىلەرنى الله ماڭا پەرز قىلغان ئىش (زاكات) ئۈچۈن ئەۋەتسەم، بەزىلىرى قايتىپ كېلىپ: بۇلار سىلەرگە تېگىشلىك بولغىنى. ماۋۇ ماڭا ھەدىيە قىلىندى، دەيدۇ. ئەگەر ئۇ راستچىل بولسا، ئاتىسىنىڭ ياكى ئانىسىنىڭ ئۆيىدە ئولتۇرۇپ باقسۇن، ئۇنىڭغا ھەدىيە كېلەمدىكىن؟ الله تائالانىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، كىمكى ھەققى بولمىغان نەرسىنى ئۆزىنىڭ قىلىۋالسا، قىيامەت كۈنى، اللەنىڭ دەرگاھىدا توپلانغاندا، ئۇنى گەدىنىگە يۈدۈپ كېلىدۇ. بىلىپ قويۇڭلاركى، ئۇنداق كىشى اللەنىڭ دەرگاھىغا كەلگەندە، مەن ئۇنى چوقۇم تونۇۋالىمەن. چۈنكى، ئۇنىڭ ئېلىۋالغان نەرسىسى تۆگە بولسا بوزلايدۇ، كالا بولسا مۆرەيدۇ، قوي بولسا مەرەيدۇ، دەپ خىتاب قىلدى. ئاندىن قولىنى قولتۇقى كۆرۈنۈپ قالغۇدەك دەرىجىدە يۇقىرى كۆتۈرۈپ: ئى

اللە! يەتكۈزدىممۇ؟ دېدى. (بۇخارى: 7197)

## 515. سۇئال: ئامانەت قويۇش ئۇقۇمى

نەرسىنى ساقلاپ بېرىشكە قويۇشتىن بىر نەرسىنى ئىشەنچلىك ئادەمنىڭ يېنىدا قويۇپ قويۇش ياكى باشقا بىرسىنى ئۇچۇق ئاشكارا ياكى يوشۇرۇن سۆز بىلەن ئۆزىنىڭ مال مۈلكىدىن خەۋەر ئېلىشقا تەيىن قىلىش كۆزدە تۇتۇلىدۇ. ھەممە ئادەمگە مەلۇم بولغىنىدەك ئامانەت دىگەن قەستەنلىك بولماي يوقاپ كەتكەن ۋە شۇنىڭ ئۈچۈن تۆلەش لازىم بولمايدىغان بارلىق نەرسىلەر ئۈچۈن ئومۇمي بىر ئىسىمدۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن ئامانەت دىگەن سۆز، ئۆتنىگە ئېلىپ يوقاپ كېتىپ، ئىجارىگە قويۇپ ئىجارىكەشىنىڭ قولىدا يوقاپ كېتىپ ۋە بىرسىنىڭ ئىشلىتىشى ئۈچۈن ۋەسىيەت قىلىنىپ ۋەسىيەت قىلىنغۇچىنىڭ قولىدا يوقاپ كېتىپ تۆلەش لازىم بولمايدىغان ھەممە نەرسىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئەمما بىر نەرسىنى باشقا بىرسىگە ساقلاپ بېرىش ئۈچۈن قويۇپ قويۇلغان مەسىلىگە كەلسەك بۇ، نەرسىنىڭ ئىگىسىنىڭ قارشى تەرەپكە سۆز ياكى ھەرىكەت ئارقىلىق مېنىڭ بۇ نەرسەمنى ساقلاپ بېرەمسەن دېيىشى، قارشى تەرەپنىڭمۇ سۆز ياكى ھەرىكەت ئارقىلىق ئۇنىڭغا ئۆزىنىڭ ئۇ نەرسىنى ساقلاپ بېرىشكە قوشۇلغانلىقىنى ئىپادىلىشى ئارقىلىق تاماملانغان ئامانەت ھىسابلىنىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئامانەت ھىسابلىنىدىغان بىر نەرسىنى ساقلاپ بېرىشكە قويۇش ئامانەت ھىسابلىنىدىغان بىر نەرسىنى ئۆتنىگە ئېلىپ تۇرۇش ۋە ئىجارىگە قويۇش ئىشلىرىغا ئوخشىشىپ كەتمەيدۇ.

ساقلاپ بېرىش ئۈچۈن باشقىلارنىڭ يېنىدا قويۇپ قويۇلغان نەرسىنىڭ ھۆكمى بەزى يەرلەردە ئامانەتكە قويۇپ قويۇلغان نەرسىلەرنىڭ ھۆكمىگە ئوخشىمايدۇ. چۈنكى ساقلاپ بېرىش ئۈچۈن بىر ئادەمنىڭ يېنىدا قويۇلغان نەرسىگە ئۇ ئادەم خىيانەت قىلىپ ئىشلىتىپ ئاندىن ئۇ نەرسىنى يەنە ئۆز ئورنىدا قويۇپ قويسا، بۇ ھالدا ئۇ ئادەم ئۇ نەرسىنى يوقاپ كەتسە تۆلەش مەسئۇلىيىتىدىن قوتىلىدۇ. ئەمما بىر ئادەم يېنىدىكى ئامانەت دەپ ئاتىلىدىغان نەرسىلەرگە خىيانەت قىلىپ ئىشلىتىپ كېيىن ئۇ نەرسىنى يەنە ئۆز ئورنىدا قويۇپ قويسىمۇ ئۇ ئادەم ئۇ نەرسىنى ئەگەر يوقاپ كەتكەن تەقدىردە تۆلەشتىن قوتۇلالمايدۇ.

## 516. سۇئال: كېپىل بولۇش دىگەن سۆزنىڭ ئۇقۇمى

كېپىل بولۇش دىگەن سۆز مەنا جەھەتتىن بىر نەرسىنى باشقا بىر نەرسىگە قېتىش، دىگەنلىك بولىدۇ. كېپىل بولۇش دىگەن سۆز ئىستىلاھ جەھەتتىن كېپىل بولغان كىشىنى، ئۇ كىشى كېپىللىككە ئالغان ئادەمدىن تەلەپ قىلىنىدىغان نەرسىدە بىللە قوشۇپ تەلەپ قىلىش، دىگەنلىك بولىدۇ. كېپىللىككە ئېلىنغان ئادەمدىن تەلەپ

قىلىنىدىغان نەرسە مەيلى جان بولسۇن، مەيلى قەرز بولسۇن، مەيلى ناھەق تارتىۋېلىنغان نەرسىگە ياكى سېتىش شەرتىگە توشمىغان نەرسىنى ئېلىپ سالغان نەرسىگە ئوخشاش، ئۆزى بولسا ئۆزىنى، ئۆزى بولمىسا ئوخشىشىنى، ئوخشىشى بولمىسا بازاردىكى نەقدە پۇلنى ئىگىسىگە قايتۇرۇش لازىم بولغان نەرسە بولسۇن، مەيلى بىر نەرسىنى سېتىشقا كېلىشىپ ئۇ نەرسە ئۈچۈن ئالغان پۇل بولسۇن، مەيلى تويلۇق بولسۇن، مەيلى ئاياللانى ئۇنىڭغا بەرگەن تويلۇقنى قايتۇرۇپ ئېلىش شەرتى بىلەن تالاق ئۈچۈن ئالىدىغان نەرسە بولسۇن، مەيلى قاتىل بىلەن سۈلھى تۈزۈشۈپ ئۇنىڭدىن ئالىدىغان نەرسە بولسۇن بىر كىشىنىڭ مۇشۇ نەرسىلەردە كېپىل بولۇشى توغرىدۇر. ئەمما گۆرۈگە ۋە ئامانەتكە قويۇلغان نەرسىلەردە كېپىللىك قىلىش توغرا ئەمەس.

## 517- سۇئال: كېپىل بولۇشنىڭ ئىسلام دىنىدىكى ئورنى

بىر ئىشقا كېپىل بولۇش ساۋاب بېرىلىدىغان ياخشى بىر ئىشتۇر. چۈنكى كېپىل بولۇشتا قىيىنچىلىققا چۈشۈپ قالغان ئادەمنىڭ قىيىنچىلىقىنى كۆتۈرۈۋېتىش ۋە ئۇنىڭ ئىشىنى ئاسانلاشتۇرۇش قاتارلىق ياخشى ئىشلار باردۇر.

پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىمكى مۇسۇلمان قېرىندىشىنىڭ بېشىغا كەلگەن ئېغىرچىلىقنى كۆتۈرۈۋەتسە، اللە تائالا قىيامەت كۈنى ئۇنىڭ بېشىغا كەلگەن ئېغىرچىلىقتىن بىرنى كۆتۈرىۋېتىدۇ. كىمكى بىرىنىڭ قىيىنچىلىقىنى ئاسانلاشتۇرۇپ بەرسە، اللە تائالا دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە ئۇنىڭ ئىشلىرىنى قولايلاشتۇرۇپ بېرىدۇ. كىمكى بىر مۇسۇلماننىڭ ئەيىبىنى ياپسا، اللە تائالا دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە ئۇنىڭ ئەيىبىنى ياپىدۇ. كىمكى مۇسۇلمان قېرىندىشىنىڭ ھاجىتىنى راۋا قىلسا، اللە ئۇنىڭ ھاجىتىنى راۋا قىلىدۇ. (مۇسلىم: 2699)

بىر قىسىم ئالىملار «كېيىن كېپىل بولغىنىغا پۇشايمان قىلىپ قېلىشىدىن ئەندىشە قىلىپ قېلىش ئېھتىمالى بار ئادەمنىڭ كېپىل بولماسلىقى ياخشىدۇر» دەيدۇ. ئۇ ئادەمنىڭ كېپىل بولماسلىقىنىڭ ياخشى بولۇشى، مال دۇنياسىنىڭ ساق سالامەت قېلىش تەرەپىدىن بولۇپ دىن تەرەپىدىن ئەمەستۇر. ئەگەر كېپىل بولۇش ياخشى نىيەت بىلەن بولسا، ئۇ ساۋاب بېرىلىدىغان ياخشى بىر ئىشتۇر.

## 518- سۇئال: كېپىل بولۇشنىڭ شەرتلىرى

1. كېپىللىككە ئېلىنىدىغان نەرسە، زۆرۈر بولغان ۋاقىتىدا مۇناسىۋەتلىك يەرلەرگە تاپشۇرغىلى بولىدىغان تىرىك ئادەم ياكى مال مۈلۈك بولۇشى لازىم.

2. ئەگەر كېپىللىككە ئېلىنىدىغان نەرسە قەرز بولسا، ئۇ قەرزنىڭ ئادا قىلىش لازىم بولغان قەرزلەردىن بولۇشى شەرت.

3. ئەگەر كېپىللىككە ئېلىنىدىغان نەرسە قەرز بولسا، ئۇ قەرز پەقەت ئادا قىلىش بىلەن ياكى قەرز ئىگىسىنىڭ ئۆتتۈرىتىشى بىلەن چۈشۈپ كېتىدىغان قەرز بىرىش ۋە ئېلىشنىڭ شەرتىگە توشقان بولۇشى ۋە قەرز قەرزدارنىڭ ئۆلۈپ كەتكىنىگە ئوخشاش سەۋەب تۈپەيلىدىن چۈشۈپ كەتكەن بولماسلىقى لازىم.

4. بىر نەرسىگە كېپىل بولىدىغان ئادەم، كېپىل بولۇشقا لاياقىتى توشقان ئادەم بولۇشى لازىم.

## 519- سۇئال: ۋەكىل بولۇش دىگەن سۆزنىڭ ئوقۇمى

ۋەكىل بولۇش دىگەن سۆز مەنا جەھەتتىن تاپشۇرۇش دىگەنلىك بولىدۇ. ئۇ ئادەمنى بۇ ئىشقا ۋەكىل قىلغىن، دىيىلىدۇ. بۇنىڭ مەناسى بۇ ئىشتا ئۇنىڭغا تايانغىن ۋە ئۇنىڭغا ئىشەنگىن، دىگەنلىك بولىدۇ. ئۇ ئادەم بۇ ئىشقا ۋەكىل بولدى دىيىش، ئۇ ئادەم بۇ ئىشنى قىلىشنى ئۆز ئۈستىگە ئالدى ۋە ئۇنىڭغا ۋەكىل بولۇشنى قوبۇل قىلدى، دىگەنلىكتۇر.

ۋەكىل بولۇش دىگەن سۆز ئىستىلاھ جەھەتتىن، راھەتلىنىش ياكى ئاجىز كەلگەنلىك سەۋەبىدىن قېلىش توغرا بولغان مەلۇم بىر ئىشتا باشقا بىرسىنى ئۆز ئورنىغا تۇرغۇزۇپ قويۇش، دىگەنلىك بولىدۇ. ئوقۇمدا كەلگەن راھەتلىنىش ياكى ئاجىز كەلگەنلىك سەۋەبىدىن دىگەن سۆزنىڭ مەنىسى بىر ئادەم بىر ئىشنى قىلىشنىڭ مەسئۇلىيىتىنى ۋە ئۇنى قىلىش جەريانىدا تارتىدىغان چاپا مۇشەققەتلەرنى تارتىشنى تاشلاپ راھەت كۆرىش ئۈچۈن ئۇ ئىشنى قىلىش ئۈچۈن ئورنىغا باشقا بىرسىنى تۇرغۇزۇپ قويۇش ياكى ئۇ ئادەمنىڭ بىر ئىشنى ئۆزىنىڭ كېسەل بولغىنىغا ياكى يىشىنىڭ كىچىك بولغىنىغا، ياكى ئەقلى ھۇشىنىڭ جايىدا بولمىنىغا ئوخشاش بىرەر ئۆزرىسى تۈپەيلىدىن ئۆزى بىۋاستە قول تىقىپ قىلالمىغانلىقى ئۈچۈن ئورنىغا باشقا بىرسىنى تۇرغۇزۇپ قويۇش، دىگەنلىك بولىدۇ.

## 520- سۇئال: ۋەكىللىكنىڭ توغرا بولۇشىنىڭ شەرتلىرى

1. بىر ئادەمنى ۋەكىل قىلىپ تەيىن قىلىدىغان كىشى ۋەكىللىككە تەيىن قىلىنغان ئادەم قىلىدىغان ئىشلارغا ئىگە ۋە شۇ ئىشلارغا قىلغان تەسەررۇپى كۈچكە ئىگە بولغان كىشىلەردىن بولۇشى لازىم.

2. ۋەكىل سودا سېتىقنىڭ ۋە بىر نەرسە ئۈستىدە كېلىشىم قىلىشنىڭ نىمە ئىكەنلىكىنى چىشىنىدىغان ۋە ئۇنى بىلەلەيدىغان ئادەملەردىن بولۇشى لازىم.

3. ۋەكىل قىلىنغان ئادەم مۇئەييەن بىر ئادەم بولۇشى لازىم.

## 521- سۇئال: گۇۋاھلىق دىگەن نىمە؟

گۇۋاھلىق پارسچە سۆز بولۇپ، ئەرەبچىسى« شاھادەت»تۇر. مەنىسى، بىلگەن

نەرسىسگە ئىقرار قىلىش دېگەنلىكتۇر. ئۇ ئىقتىسادىي مۇئامىلىلەردىكىگە ئوخشاش بېۋاستە ئاڭلىغىنىغا ياكى ھادىسىلەر ۋە ۋەقەلىكلەردىكىگە ئوخشاش كۆرگىنىگە ياكى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەر ئىكەنلىكىگە ئوخشاش كۈچلۈك دەلىل ـ پاكىتلار ئارقىلىق ئىسپاتلانغان قىل سىغمايدىغان ھەقىقەتلەرگە ئىقرار قىلىپ گۇۋاھلىق بەرگەنگە ئوخشاش.

## 522ـ سوئال: گۇۋاھلىقتىن ئۆتنۈشنىڭ ھۆكمى

بىرەر ھەق ئىگىسىنىڭ ھەققىنى ئىسپاتلاش ياكى بىراۋنىڭ نەسىبىنى ئىسپاتلاش ياكى گۇناھسىز بىرىنى تۆھمەتتىن قۇتقۇزۇش ياكى بىراۋدىن زىياننى توسۇپ قېلىش ئۈچۈن گۇۋاھلىق بېرىش زۆرۈر بولغان ۋاقىتتا گۇۋاھلىقنى ئادا قىلىش پەرزدۇر. بۇنداق ۋاقىتتا گۇۋاھلىقنى يوشۇرۇش ياكى گۇۋاھلىق بېرىشتىن باش تارتىش ئېغىر گۇناھلاردىن سانىلىدۇ. ئەمما گۇناھسىز بىراۋنى قارىلاش ياكى بىراۋنى زىيانغا ئۇچرىتىش ياكى بىراۋنىڭ نەسىبىنى رەت قىلدۇرۇش ئۈچۈن گۇۋاھلىق بېرىش ھارامدۇر.

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم قەسەمگە ۋە گۇۋاھچىغا ئاساسلىنىپ تۇرۇپ ھۆكۈم قىلغان. (مۇسلىم: 1712)

پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مەن سىلەرگە گۇۋاھچىلارنىڭ ئەڭ ياخشىسىنى ئېيتىپ بېرەيمۇ؟ ئۇ شۇنداق بىر ئادەمكى، گۇۋاھلىق بېرىشى تەلەپ قىلىنىشتىن بۇرۇن ئۆزلۈكىدىن كېلىپ گۇۋاھلىق بېرىدۇ. (مۇسلىم: 1719)

## 523ـ سوئال: يالغان گۇۋاھلىق بېرىش ۋە ئۇنىڭ گۇناھى

يالغان گۇۋاھلىق بېرىش بىراۋغا تۆھمەت قىلىپ، قىلمىغان ئىشنى قىلدى، دېمىگەن سۆزنى دېدى، دەپ يالغاندىن ئۇنى قارىلاش ياكى گۇۋاھلىقتا ھەقىقەتنى يوشۇرۇپ ئەكسىنى سۆزلەش دېگەنلىك بولۇپ، يالغاندىن گۇۋاھلىق بېرىش بىگۇناھ كىشىلەرنىڭ قېنىنى ئاققۇزۇشقا، ھەق ـ ھوقۇقلارنىڭ زايە بولۇپ كېتىشىگە، گۇناھسىزلارنىڭ قارىلىنىشىغا، گۇناھكارلارنىڭ جازاسىز قېلىشىغا سەۋەب بولىدىغان، ئاللاھقا ئەڭ يامان كۆرىلىدىغان، كەچۈرۈلگۈسىز، ئەڭ قەبىھ جىنايەتتۇر. بۇنداق جىنايەتنى ئىمانى ئاجىز، ئەخلاقتىن نېسىۋىسى بولمىغان، رەزىل ئادەملەرلا قىلىدۇ. ئاللاھ تائالا مۇنداقلارنى قاتتىق ئازاپ بىلەن تەھدىد قىلغان.

شەئبى مۇنداق دەيدۇ: ئىككى كىشى بىر ئادەمنىڭ ئوغرىلىق قىلغانلىقىغا گۇۋاھلىق بەرگەندى، ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ شۇلارنىڭ گۇۋاھلىقىغا ئاساسلىنىپ،

ئۇنىڭ قولىنى كەستى. ئاندىن ئۇ ئىككىسى باشقا بىر ئادەمنى ئېلىپ كېلىپ: (ئەسلى ئوغرى بۇ ئىدى) بىز ئالدىنقى ئادەمنى ئوغرى دەپ خاتالىشىپتىمىز، دېيىشتى. شۇنىڭ بىلەن، ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇلارنىڭ گۇۋاھلىقىنى ئەمەلدىن قالدۇردى ۋە ئۇلاردىن قولى خاتا كېسىلگەن كىشىنىڭ دىيىتىنى تۆلىتىپ ئالغاندىن كېيىن: بۇ ئىشنى قەستەن قىلغانلىقىڭلارنى بىلسەم (يەنى شۇنداق دەپ قارىغان بولسام)، قولۇڭلارنى كېسەتتىم، دېدى. (بۇخارى مۇئەللەق رىۋايەت قىلغان)

## 524- سۇئال: گۇۋاھلىقنىڭ تۈرلىرى

گۇۋاھلىق ئىككى تۈرلۈك بولۇپ، بىرى، ئېتىقادتىكى گۇۋاھلىق، يەنە بىرى مۇئامىلىدىكى گۇۋاھلىقتۇر.

ئېتىقادتىكى گۇۋاھلىق ـ قەلبىدە ئىشەنگەن نەرسىلەرگە تىلى بىلەن ئىقرار قىلىش دېگەنلىك بولۇپ، بۇخىل گۇۋاھلىقتا دىل بىلەن تىل ئىككىسى بىردەك ئىشتىراك قىلىدۇ. دىل چىن ئىمان بىلەن، تىل ئىقرار ۋە ئېتىراپ بىلەن ئىشتىراك قىلىدۇ. شۇڭا قانداقلا بىر ئادەم «ئاللاھتىن باشقا ھېچ ئىلاھىي مەبۇد يوق، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئاللاھنىڭ بەندىسى ۋە ئەلچىسى» دېگەن شاھادەت كەلىمىسىنىڭ مەنىسىگە چىن دىلىدىن ئىشىنىپ، تىلى بىلەن ئىقرار قىلىدىكەن، ئۇ مۇسۇلمانلاردىن سانىلىدۇ. ئەمما تىل ئىقرار قىلغان بولسىمۇ دىل ئىشەنمىسە بۇ ئىمان ئەمەس، بەلكى نىفاق ئىككى يۈزلىمىچىلىك بولىدۇ. ئاللاھ تائالا مۇناپىقلارنى تونۇشتۇرۇپ مۇنداق دېگەن: مۇناپىقلار سېنىڭ ئالدىڭغا كەلگەن چاغدا: " گۇۋاھلىق بېرىمىزكى، سەن ھەقىقەتەن ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرىدۇرسەن " دەيدۇ، سېنىڭ ھەقىقەتەن ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى ئىكەنلىكىڭنى ئاللاھ بىلىدۇ، ئاللاھ گۇۋاھلىق بېرىدۇكى، مۇناپىقلار ئىمان دەۋاسىدا چوقۇم يالغانچىلاردۇر. [مۇناپىقۇن-1]

مۇئامىلىدىكى گۇۋاھلىق كىشىلەرنىڭ ئەھۋالىدىن، ئىشلىرىدىن، سۈپەتلىرىدىن بىلگەنلىرىگە ئەينەن ئىقرار قىلىش دېگەنلىكتۇر. ئىنسانلار ئارىسىدا يۈز بېرىپ تۇرىدىغان ھەر خىل مۇئامىلىلەردە گۇۋاھلىق تەلەب قىلىشتىن مەقسەت ھەق ـ ھوقۇقلارنى ياكى نەسەبنى ياكى نىكاھنى ياكى تالاقنى ياكى ئىددەتنى ياكى مىراسنى ياكى تۆھمەتنى ياكى بىرەر خەۋەرنى ياكى بىرەر مەلۇماتنى ياكى بىرەر ئىشنى ياكى ھەر قانداق بىر نەرسىنى ئىسپاتلاش ياكى رەت قىلىش ئۈچۈن ندۇر.

## 525- سۇئال: گۇۋاھلىق بېرىشكە سالاھىيەتلىك بولۇشنىڭ شەرتى

ئىنسانلار ئارىسىدىكى مۇئامىلە ئىشلىرىدىن بىرەر ئىشقا گۇۋاھلىق بەرمەكچى بولغان گۇۋاھچىنىڭ گۇۋاھلىق بېرىشكە سالاھىيەتلىك بولۇشنىڭ شەرتلىرى تۆۋەندىكىچە:

1ـ مۇسۇلمانغا گۇۋاھلىق بەرمەكچى بولغان ئادەمنىڭ مۇسۇلمان بولۇشى. غەيرى دىندىكىلەرنىڭ مۇسۇلمانغا گۇۋاھلىق بېرىشى رەت قىلىنىدۇ. ھەنەفىي مەزھىبىگە كۆرە، مۇسۇلمانلارنىڭ يۇرتىدا ياشايدىغان كۇففارلارنىڭ مۇسۇلمانلارنىڭ نىكاھ ئىشلىرىدا گۇۋاھلىق بېرىشىنى دۇرۇس سانايدۇ.

2 ـ گۇۋاھچىنىڭ ئەقلى ـ ھوشى جايىدا بولغان بىرسى بولۇشى، ساراڭ ياكى نىرۋىسى جايىدا ئەمەس بىرىنىڭ گۇۋاھلىقى قوبۇل قىلىنمايدۇ.

3 ـ گۇۋاھچىنىڭ راستچىل بولۇشى. كىشىلەر ئارىسىدا يالغانچىلىق ياكى يالغان گۇۋاھلىقى بىلەن تونۇلغان ئادەمنىڭ گۇۋاھلىقى قوبۇل قىلىنمايدۇ.

4 ـ گۇۋاھچىنىڭ ئىشەنچلىك بولۇشى، بىرەر قېتىم ئامانەتكە خىيانەت قىلغان ياكى بىراۋغا تۆھمەت قىلغان ئادەمنىڭ گۇۋاھلىقى قوبۇل قىلىنمايدۇ.

5ـ گۇۋاھچىنىڭ گۇۋاھلىق بەرمەكچى بولغان ئادەمنىڭ دۈشمىنى ياكى خىزمەتچىسى بولماسلىقى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام خىيانەت قىلغۇچىنىڭ بىراۋغا گۇۋاھلىق بېرىشىنى، بىراۋغا دۈشمەنلىك قىلغۇاتقان بىرىنىڭ ئۇنىڭغا گۇۋاھلىق بېرىشى ۋە خىزمەتچىنىڭ خوجايىنىغا گۇۋاھلىق بېرىشىنى مەنئى قىلغان.

## 526ـ سۇئال: گۇۋاھلىق بېرىشنىڭ شەرتلىرى

1 گۇۋاھلىقنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن ئىشلارغا بېرىش. كۆرمەي تۇرۇپ ئاڭلىغان ئىشلارغا بېرىلگەن گۇۋاھلىق قوبۇل قىلىنمايدۇ. پەقەت نەسەبنى، نىكاھنى، ئۆلۈمنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن گۇۋاھچىنىڭ ئىشەنچلىك ئىككى ئەر ياكى بىر ئەر، ئىككى ئايالدىن ئېنىق ئاڭلىغانلىرى قوبۇل قىلىنىدۇ.

2 ـ گۇۋاھلىق بېرىشتە " شۇنداق گۇۋاھلىق بېرىمەن " دېگەن لەۋزى بىلەن بېرىلىشى.

3 ـ گۇۋاھلىق بېرىشتە، گۇۋاھلىقنىڭ تەلەب قىلىنغان سان بويىچە بېرىلىشى لازىم، مەسىلەن: بىراۋنى زىنا بىلەن قارىلىغان ئادەم 4 قېتىم گۇۋاھلىقتىن ئۆتكەنگە ئوخشاش.

## 527ـ سۇئال: گۇۋاھلىقى قوبۇل قىلىنمايدىغانلار

تۆۋەندىكىلەرنىڭ بەرگەن گۇۋاھلىقى قوبۇل قىلىنمايدۇ:

1ـ ئاتا ـ ئانىلاردىن بىرەرسىنىڭ بالىلىرىغا ياكى بالىلارنىڭ ئاتىسى ياكى ئانىسىغا بەرگەن گۇۋاھلىقى قوبۇل قىلىنمايدۇ.

2 ـ ئەر ـ ئاياللارنىڭ بىر ـ بىرىگە بەرگەن گۇۋاھلىقى قوبۇل قىلىنمايدۇ.

3 ـ ئىككى شېرىكنىڭ ئۆزلىرى شېرىكلەشكەن ئىشتا بىر ـ بىرىگە بەرگەن گۇۋاھلىقى قوبۇل قىلىنمايدۇ.

4 ـ بىراۋنىڭ دۈشمەن تۇتۇپ يۈرگەن بىرىگە بەرگەن گۇۋاھلىقى قوبۇل قىلىنمايدۇ.

5 ـ ئەما كىشىنىڭ قانداقلا بىرىگە بەرگەن گۇۋاھلىقى قوبۇل قىلىنمايدۇ.

6 ـ يالغانچىلىقى ياكى تۆھمەتخورلىقى ياكى خىيانەتچىلىكى بىلەن بىرەر قېتىم ئېغىزغا چىقىپ قالغان ئادەمنىڭ قايسىبىر كىشى ئۈچۈن، قايسىبىر ئىشقا بەرگەن گۇۋاھلىقى قەتئىي قوبۇل قىلىنمايدۇ.

# ئون ئىككىنچى بۆلۈم. قۇرئان كەرىم ۋە سۈننەت

## 528-سۇئال: ئىسلام دىنىنىڭ ئاساسلىق دەستۇرلىرى

ئىسلام دىنىنىڭ ئاساسلىق دەستۇرلىرى قۇرئان كەرىم بىلەن سۈننەتتۇر. ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىم بىلەن سۈننەتنىڭ مۇسۇلمانلار ئۈچۈن بىردىنبىر دەستۇر ئىكەنلىكى ۋە ھەر ئىشتا ئالدى بىلەن بۇ ئىككىسىگە مۇراجىئەت قىلىشى لازىملىقىنى بايان قىلىپ: «ئى مۆمىنلەر! ئاللاھقا، پەيغەمبەرگە ۋە ئۆزۈڭلاردىن بولغان ئىش ئۈستىدىكىلەرگە ئىتائەت قىلىڭلار، ئەگەر سىلەر بىرەر مەسىلىدە ئىختىلاپ قىلىشىپ قالساڭلار، بۇ توغرىدا ئاللاھنىڭ كىتابىغا، پەيغەمبەرنىڭ سۈننىتىگە مۇراجىئەت قىلىڭلار. » [ سۈرە نىسا 59 ـ ئايەت] دېگەن.

## 529-سۇئال: قۇرئان كەرىم، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن نازىل قىلىنغان ئىلاھى دەستۇر

قۇرئان كەرىمنىڭ بارلىق كائىناتنى ياراتقۇچى، ھەممىنى رىزقلاندۇرغۇچى، ھەممىگە ئىگىدارچىلىق قىلغۇچى زات اللّٰه تائالا تەرىپىدىن ئىنسانىيەتنىڭ بەخت ـ سائادەت يولىدىكى مەشئەل قىلىنىشى ئۈچۈن نازىل قىلىنغان ئىلاھي دەستۇر ئىكەنلىكى ھەممىمىزگە ئايدىڭ. شۇڭلاشقا قۇرئان كەرىمنى توغرا چۈشىنىش، توغرا ھۆكۈم قىلىش ۋە توغرا يەكۈن چىقىرىش ئۈچۈن ئۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك نۇرغۇن مەزمۇنلارنى بىلىش ئىنتايىن زۆرۈر.

قۇرئان كەرىم ئىسلام دىنىنىڭ ئەقىدە، ئىبادەت ۋە ئىجتىمائىي تۇرمۇشىنىڭ ھەممە تەرەپلىرىگە ئالاقىدار بولغان بارلىق ھۆكۈملەرنى تولۇق ئۆز ئىچىگە ئالغان مۇكەممەل بىر دەستۇردۇر. اللّٰه تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: [ساڭا بىز كىتابنى (يەنى قۇرئاننى) ھەممە نەرسىنى (يەنى كىشىلەر موھتاج بولىدىغان دىني ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى) چۈشەندۈرۈپ بېرىدىغان، (دىللارغا) ھىدايەت، (بەندىلەرگە) رەھمەت، مۇسۇلمانلارغا مەڭگۈلۈك سائادەت بىلەن خۇش خەۋەر يەتكۈزىدىغان قىلىپ نازىل قىلدۇق](سۈرە نەھلى 89 ـ ئايەنىڭ بىر قىسمى) لېكىن، قۇرئان كەرىمدە كەلتۈرۈلگەن ھۆكۈملەر، مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەر يىغىنچاق شەكىلدە بايان قىلىنغان بولۇپ، ئۇنىڭ تەپسىلاتى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەدىس ۋە سۈننەتلىرى ئارقىلىق شەرھلەنگەن.

## 530-سۇئال: قۇرئان كەرىمنىڭ نازىل بولۇشى

ئىشەنچلىك تارىخىي مەنبەلەرگە ئاساسەن قۇرئان كەرىم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ھىجرىيەدىن 13 يىل ئىلگىرى (مىلادىيەنىڭ 611 ـ يىلى) رامىزان ئېيىنىڭ 21 ـ كۈنى، دۈشەنبە كۈنىدىن تارتىپ چۈشۈشكە باشلىغان. بۇ دەل

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام 40 ياشقا كىرگەن يىلى بولۇپ، اللە تائالانىڭ ئۇلۇغ ھېكمىتى بىلەن قۇرئاندىن ئىبارەت بۇ مۇقەددەس دەستۇر پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامغا ئادەم ئۆمرىنىڭ ئەقىل ـ پاراسەت، چۈشەنچە جەھەتتە ئەڭ يېتىلگەن، قىرانلىق، ئالتۇن دەۋرى بولغان 40 يېشىدا چۈشكەن. قۇرئان كەرىم دەسلەپتە ھەممە نەرسە خاتىرىلەنگەن تاختىدىن (يەنى لەۋھۇلمەھپۇز) دىن بىرىنچى قەۋەت ئاسماندىكى "بەيتۇل ئىززە "دېگەن يەرگە قەدىر كېچىسى بىرلا قېتىمدا چۈشۈرۈلگەن. بۇ ھەقتە ھاكىم، سەئىد ئىبنى جۇبەيردىن پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنىڭ: «قۇرئان كەرىم ھەممە نەرسە خاتىرىلەنگەن تاختىدىن ئېلىپ چىقىلىپ بىرىنچى ئاسماندىكى "بەيتۇل ئىززە "دېگەن يەردە قويۇلدى» دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلغان. ئاندىن قۇرئان كەرىم جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام ئارقىلىق "سۈرە ئەلەق "نىڭ بېشىدىكى بەش ئايەت غارى ھىرادا تۇنجى نازىل بولۇشقا باشلىغاندىن تارتىپ 23 يىل جەريانىدا تولۇق نازىل بولۇپ بولغان.

## 531-سۇئال: قۇرئان كەرىمنىڭ مۇبارەك ئىسىملىرى ۋە مەزمۇنلىرى

ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمنى تۆۋەندىكىدەك بىر قانچە ئىسىم بىلەن زىكىر قىلغان:

1) «قۇرئان كەرىم». ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: إِنَّ هَذَا الْقُرْآنَ يِهْدِي لِلَّتِي هِيَ أَقْوَمُ وَيُبَشِّرُ الْمُؤْمِنِينَ الَّذِينَ يَعْمَلُونَ الصَّالِحَاتِ أَنَّ لَهُمْ أَجْرًا كَبِيرًا { بۇ قۇرئان ھەقىقەتەن ئەڭ توغرا يولغا باشلايدۇ، ياخشى ئىشلارنى قىلىدىغان مۆمىنلەرگە ئۇلارنىڭ چوڭ مۇكاپاتقا ئېرىشىدىغانلىقى بىلەن خۇش خەۋەر بېرىدۇ } [سۈرە بەنى ئىسرائىل 9- ئايەت]

2) كىتاب. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: لَقَدْ أَنزَلْنَا إِلَيْكُمْ كِتَابًا فِيهِ ذِكْرُكُمْ أَفَلَا تَعْقِلُونَ { سىلەرنىڭ شان ـ شەرىپىڭلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان كىتابنى (يەنى قۇرئاننى) سىلەرگە ھەقىقەتەن نازىل قىلىپ بەردۇق. (بۇنى) چۈشەنمەمسىلەر؟} [ئەنبىيا سۈرىسى 10- ئايەت]

3) فۇرقان. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: تَبَارَكَ الَّذِي نَزَّلَ الْفُرْقَانَ عَلَى عَبْدِهِ لِيَكُونَ لِلْعَالَمِينَ نَذِيرًا { پۈتۈن جاھان ئەھلىنى (اللە نىڭ ئازابىدىن) ئاگاھلاندۇرغۇچى بولۇشى ئۈچۈن، بەندىسىگە (يەنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا) ھەق بىلەن باتىلنى ئايرىغۇچى قۇرئاننى نازىل قىلغان اللە نىڭ بەرىكىتى بۈيۈكتۇر } [فۇرقان سۈرىسى 1- ئايەت]

4) زىكىر. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: إِنَّا نَحْنُ نَزَّلْنَا الذِّكْرَ وَإِنَّا لَهُ لَحَافِظُونَ { قۇرئاننى ھەقىقەتەن بىز نازىل قىلدۇق ۋە چوقۇم ئۇنى قوغدايمىز } [ھىجىر سۈرىسى 9- ئايەت]

5) تەنزىل. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: وَإِنَّهُ لَتَنزِيلُ رَبِّ الْعَالَمِينَ { شۈبھىسىزكى، قۇرئان ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى تەرىپىدىن نازىل قىلىنغاندۇر } [شۇئەرا سۈرىسى 192- ئايەت]

قۇرئان كەرىم يۇقىرقىلاردىن باشقا يەنە «زىكر»، «ۋەھيى»، «قەسەس»، «ئەرروھ»، «ئەل مەسانى» قاتارلىق ئىسىملار بىلەنمۇ ئاتىلىدۇ. «نۇر»، «هۇدا» (هىدايەت)، «شىپا»، «رەھمەت»، «مەۋئىزە»، «مۇبىن»، «بۇشرا»، «ئەزىز»، «بەشىر»، «نەزىر»، «مەجىد» قاتارلىق ئىسىملار بىلەنمۇ سۈپەتلىنىدۇ.

## 532-سۇئال: قۇرئان كەرىمنىڭ ئومومى مەزمۇنى

قۇئان كەرىمدە ئەقىدە - ئىمان مەسىلىسى، پەيغەمبەرلەرنىڭ قىسسىلىرى، قىيامەت ئەھۋالى، ئىسلامنىڭ قائىدە - پرىنسىپلىرى، ئەمەل - ئىبادەت، ئەخلاق پەزىلەت، كىشىلىك مۇناسىۋەت مەسىلىلىرى، جىهاد قائىدىلىرى، دۆلەت تۈزۈمى، قانۇن، سىياسەت، ئىجتىمائىي مەسىلىلەر، مۇئامىلاتلار، تارىخىي ۋەقەلەر، مەدەنىيەت پەن تېخنىكا ۋە باشقا نۇرغۇن مەسىلىلەر تولۇق بايان قىلىنىدۇ.

## 533-سۇئال: قۇرئان كەرىم سۈرىلىرىنىڭ تەرتىۋى ۋە چۈشۈرلىشى

قۇرئان كەرىمنىڭ رەتكە تىزىلىش تەرتىپى ئۇنىڭ زېمىنغا چۈشۈرۈلۈش تەرتىپى بىلەن ئەمەس، لەۋھۇلمەھپۇزدىكى تەرتىپى بويىچە جىبرىئىل ئەلەيھىسسالامنىڭ قايسى سۈرىنى قايسى سۈرىنىڭ ئالدىغا ياكى ئارقىغا، قايسى ئايەتنى قەيەرگە قويۇش ھەققىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا بەرگەن كۆرسەتمىسى ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇ ھەقتە ساھابىلەرگە تەلىم بېرىشى بويىچە تىزىلغان. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەر يىلى رامىزاندا قۇرئاننى ھازىرقى تەرتىپ بويىچە جىبرىئىل ئەلەيھىسسالامغا بىر قېتىم تىڭشىتاتتى. ھاياتىنىڭ ئاخىرقى يىلىدىكى رامىزاندا بولسا، ئىككى قېتىم تىڭشاتقان.

## 534-سۇئال: قۇرئان كەرىمنىڭ سۈرە، ئايەت، كەلىمىلىرى

قۇرئان كەرىم 114 سۈرە، 6236 ئايەت، 77 مىڭ 439 كەلىمە، 321 مىڭ 250 ھەرىپتىن تەركىب تاپقاندۇر.

ئايەت – قۇرئان كەرىمدىكى سۈرىلەرنى تەشكىل قىلغان مۇستەقىل جۈملىلەر بولۇپ، قۇرئان كەرىمدىكى سۈرىلەر رەقەملىك ئايەتلەردىن تەركىب تاپقان.

سۈرە – قۇرئان كەرىمدىكى مەخسۇس ناملىرى بىلەن ئاتالغان بۆلۈملەر دېگەنلىكتۇر.

## 535-سۇئال: قۇرئان كەرىمدىكى ئەڭ ئۇزۇن، ئەڭ قىسقا سۈرىلەر، ئەڭ دەسلەپ ۋە ئەڭ كېيىن چۈشكەن ئايەتلەر

قۇرئان كەرىمدىكى ئەڭ ئۇزۇن سۈرە بەقەر سۈرىسىدۇر. قۇرئان كەرىمدىكى ئەڭ قىسقا سۈرە كەۋسەر سۈرىسى. قۇرئان كەرىمدىكى ئەڭ دەسلەپ چۈشكەن ئايەتلەر ئەلەق سۈرىسىنىڭ بېشىدىكى بەش ئايەت. قۇرئان كەرىمدىكى ئەڭ ئاخىردا چۈشكەن

ئايەت بەقەر سۈرىسىنىڭ 281 ـ ئايىتىدۇر.

**536 ـ سۇئال: قۇرئان كەرىمدىكى مەككە ۋە مەدىنە سۈرىلىرى**

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەككىدىن مەدىنىگە ھىجرەت قىلىشقا ئاتلىنىشتىن ئىلگىرى مەككىدە چۈشكەن سۈرىلەر « مەككە سۈرىلىرى» ھىجرەتتىن كېيىن مەدىنىدە چۈشكەن سۈرىلەر، مەدىنە سەپىرىدە، غازاتلاردا، ھەتتا مەككە ئازات بولغان كۈنى ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋىدا ھەججىنى قىلغان كۈنلىرى مەككىدە چۈشكەن سۈرىلەرمۇ مەدىنە سۈرىلىرى دەپ ئاتىلىدۇ.

قۇرئان كەرىمدىكى 114 سۈرىدىن مەككە سۈرىلىرى 82، مەدىنە سۈرىلىرى 20، مەككە ۋە مەدىنىدە چۈشكەن ئايەتلەردىن تەركىب تاپقان سۈرىلەرنىڭ سانى 12 سۈرىدۇر.

**537 ـ سۇئال: مەككە سۈرىلىرىنىڭ خۇسۇسىيەتلىرى**

1) ئىنسانلارنى ئاللاھ تائالانىڭ بىرلا ئىلاھ ئىكەنلىكىگە ئىقرار قىلىپ، ئىبادەتلەرنى ئاللاھقىلا قىلىشقا چاقىرىش، بۇتپەرەسلىك ئەقىدىسىگە قارشى تۇرۇش.

2) قىيامەت كۈنى بولىدىغان ئىشلارنى، جەننەت بىلەن دوزاخنى كىشىلەرگە بايان قىلىش.

3 ) مۇشرىكلەرنىڭ خۇراپى ئادەتلىرىنى سۆكۈش ۋە ئۇلار بىلەن مۇنازىرىلىشىش.

4 ) ئايەتلىرىنىڭ قىسقا بولىشى ۋە قىسقا سۈرىلەر.

5) ئىلگىرىكى پەيغەمبەرلەرنىڭ قىسسىلىرىنى ۋە قەۋملىرى بىلەن ئېلىپ بارغان كۈرەشلىرىنى بايان قىلىش.

6) مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا تەسەللى بېرىش.

**538 ـ سۇئال: مەدىنە سۈرىلىرىنىڭ خۇسۇسىيەتلىرى**

1 ) ئىبادەتلەرنىڭ تۈرلىرى ۋە قائىدە تەرتىبلىرى، مۇئامىلە ئۇسۇللىرى، جازالاش پىرىنسىپلىرى، ئۇرۇش قانۇنلىرى، ئائىلە تۈزۈمى ۋە باشقىلاردىن ئىبارەت شەرىئەت ئەھكاملىرىنى بايان قىلىش.

2 ) يەھۇدىيلار بىلەن خىرىستىئانلارنى ئىسلامغا دەۋەت قىلىش.

3 ) مۇناپىقلارنىڭ ئىشلىرى ۋە مۇسۇلمانلارغا بولغان خەتەرلىرىنى بايان قىلىش.

4 ) ئايەتلىرىنىڭ ئۇزۇن بولىشى ۋە ئۇزۇن سۈرىلەر.

**539 ـ سۇئال: ئاللاھ تائالانىڭ تەقۋادارلار ئۈچۈن كۆرسىتىدىغان ئىلتىپاتى توغرىسىدا قۇرئان كەرىمنىڭ بايانلىرى**

ئاللاھقا تەقۋادارلىق قىلغان كىشىگە تۆۋەندىكىدەك كاتتا ئىلتىپاتلار نىسىپ بولىدۇ.

1) ئىغىرچىلىقتىن قۇتۇلۇپ نىئمەتكە نائىل بولىدۇ. « كىمكى اللّٰه تىن قورقىدىكەن، اللّٰه ئۇنىڭغا چىقىش يولى بېرىدۇ. اللّٰه ئۇنىڭغا ئويلىمىغان يەردىن رىزىق بېرىدۇ » [سۈرە تالاق 2-3- ئايەتلەر]

2) خىيىم خەتەردىن قۇتۇلۇپ ئامان ئىسەن تۇرمۇشقا مۇيەسسەر بولىدۇ. « كىمكى اللّٰه تىن قورقىدىكەن، اللّٰه ئۇنىڭ ئىشىنى ئاسانلاشتۇرۇپ بېرىدۇ » [سۈرە تالاق 4- ئايەت] تەقۋادارلار ھەقىقەتەن بىخەتەر جايدا بولىدۇ [سۈرە دۇخان 51- ئايەت]

3) بەتنىيەت ئادەملەرنىڭ زىيانكەشلىكىدىن ساقلايدۇ. « ئەگەر سىلەر (ئۇلارنىڭ ئەزىيىتىگە) سەۋر قىلساڭلار ۋە (سۆزۈڭلاردا، ھەرىكىتىڭلاردا اللّٰه تىن) قورقساڭلار، ئۇلارنىڭ ھىيلىسى سىلەرگە قىلچە زىيان يەتكۈزەلمەيدۇ. اللّٰه ئۇلارنىڭ قىلمىشلىرىنى ھەقىقەتەن تولۇق بىلگۈچىدۇر » [سۈرۈ ئال ئىمران 120 ـ ئايەت]

4) ئاللاھ تائالانىڭ تەقۋادارلار بىلەن بىللە ئىكەنلىكى ئاللاھ تائالانىڭ تەقۋادارلارغا مەدەتكار ئىكەنلىكىدىن بىشارەت بېرىشىدۇر. « اللّٰه قا تەقۋادارلىق قىلىڭلار، بىلىڭلاركى، اللّٰه تەقۋادارلار بىلەن بىللىدۇر » [سۈرە بەقەر 194- ئايەت]

5) ئاللاھ تائالا تەقۋادارلارنى دوست تۇتىدۇ. « اللّٰه تەقۋادارلارنى دوست تۇتىدۇ » [سۈرە تەۋبە 4- ئايەت]

6) ئاللاھ بىلەن دوست بولىدۇ. « راستلا اللّٰه نىڭ دوستلىرىغا (ئاخىرەتتە اللّٰه نىڭ ئازابىدىن) قورقۇش، (دۇنيادا قولدىن كەتكۈزۈپ قويغانغا) قايغۇرۇش يوقتۇر. ئۇلار ئىمان ئېيتقان ۋە تەقۋادارلىق قىلغانلاردۇر. ئۇلارغا دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە خۇش خەۋەر بېرىلىدۇ » [سۈرە يۇنۇس 62-63- 64-ئايەت]

7) ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا ئىززەتلەردىن بولىدۇ. « ھەقىقەتەن ئەڭ تەقۋادار بولغانلىرىڭلار اللّٰه نىڭ دەرگاھىدا ئەڭ ھۆرمەتلىك ھېسابلىنىسىلەر (يەنى كىشىلەرنىڭ بىر ـ بىرىدىن ئارتۇق بولۇشى نەسەب بىلەن ئەمەس، تەقۋادارلىق بىلەن بولىدۇ)، اللّٰه ھەقىقەتەن ھەممىنى بىلگۈچىدۇر، ھەممىدىن خەۋەرداردۇر » [سۈرە ھوجۇرات 13- ئايەت]

8) قۇرئاننىڭ ھىدايىتىگە مۇشەررەپ بولىدۇ. « بۇ كىتابتا (يەنى قۇرئاندا) ھېچ شەك يوق، (ئۇ) تەقۋادارلارغا يېتەكچىدۇر » [سۈرە بەقەر 2- ئايەت]

9) ئاللاھ تائالا پەقەت تەقۋادارلارنىڭ ئەمەللىرىنى قوبۇل قىلىدۇ. « اللّٰه پەقەت تەقۋادارلارنىڭ (قۇربانلىقىنى) قوبۇل قىلىدۇ » [سۈرە مائىدە 27- ئايەت]

10) جەننەتكە مۇشەررەپ بولىدۇ. « پەرۋەردىگارىڭلارنىڭ مەغپىرىتىگە ۋە

تەقۋادارلار ئۈچۈن تەييارلانغان، كەڭلىكى ئاسمان - زېمىنچە كېلىدىغان جەننەتكە ئالدىراڭلار » [سۈرە ئال ئىمران 133- ئايەت]

11) دوزاخ ئازابىدىن قۇتۇلىدۇ. « الله (شېرىكتىن ۋە گۇناھتىن) ساقلانغۇچىلارنى بەختكە ئېرىشتۈرىدىغان يوللار ئارقىلىق (ئازابتىن) قۇتۇلدۇرىدۇ، ئۇلارغا كۈلپەت يەتمەيدۇ، ئۇلار قايغۇرمايدۇ » [سۈرە زۇمەر 61- ئايەت]

## 540-سۇئال: قۇرئان كەرىمدە تىلغا ئېلىنغان جەننەتلەر

1) فىردەۋس جەننىتى. {الَّذِينَ يَرِثُونَ الْفِرْدَوْسَ هُمْ فِيهَا خَالِدُونَ (**11**)} « ئۇلار (يۇقىرى دەرىجىلىك جەننەت) فىردەۋسكە ۋارىسلىق قىلىدۇ، فىردەۋستە مەڭگۈ قالىدۇ » [سۈرە مۇئمىنۇن 11- ئايەت]

2) دارۇل مەقامە. {الَّذِي أَحَلَّنَا دَارَ الْمُقَامَةِ مِن فَضْلِهِ لَا يَمَسُّنَا فِيهَا نَصَبٌ وَلَا يَمَسُّنَا فِيهَا لُغُوبٌ (**35**)} « الله مەرھەمىتىدىن بىزنى جەننەتتە تۇرغۇزدى. جەننەتتە بىز ھەرگىز جاپا تارتمايمىز، ھەرگىز چارچىمايمىز» [سۈرە فاتىر 35- ئايەت]

3) خۇلد جەننىتى. {قُلْ أَذَلِكَ خَيْرٌ أَمْ جَنَّةُ الْخُلْدِ الَّتِي وُعِدَ الْمُتَّقُونَ كَانَتْ لَهُمْ جَزَاء وَمَصِيرًا(**15**)} « ئۇلارغا ئېيتقىنكى، «شۇ (دوزاخ) ياخشىمۇ يا تەقۋادارلارغا ۋەدە قىلىنغان، (كىرگەن كىشى) مەڭگۈ قالىدىغان جەننەتتە ياخشىمۇ؟» جەننەت تەقۋادارلارغا بېرىلگەن مۇكاپاتتۇر ۋە ئۇلارنىڭ ئاخىرى بارىدىغان جايىدۇر »[ سۈرە فۇرقان 15- ئايەت

4) ئەل- مەئۋا جەننىتى. {عِندَهَا جَنَّةُ الْمَأْوَى (**15**)} « جەننەتۇلمەئۋا بولسا سىدرەتۇلمۇنتەھانىڭ يېنىدىدۇر » [سۈرە نەجم 15- ئايەت]

5) ئەدن جەننىتى . {جَنَّاتُ عَدْنٍ يَدْخُلُونَهَا وَمَنْ صَلَحَ مِنْ آبَائِهِمْ وَأَزْوَاجِهِمْ وَذُرِّيَّاتِهِمْ وَالمَلاَئِكَةُ يَدْخُلُونَ عَلَيْهِم مِّن كُلِّ بَابٍ (**23**)}« ئۇلار مەڭگۈ تۇرىدىغان جەننەتكە كىرىدۇ، ئۇلارنىڭ ئاتىلىرى، خوتۇنلىرى ۋە ئەۋلادىنىڭ ئىچىدىكى ياخشىلىقلارمۇ جەننەتكە كىرىدۇ. پەرىشتىلەر ئۇلارنى (مۇبارەكلەش ئۈچۈن جەننەتنىڭ) ھەربىر دەرۋازىسىدىن كىرىدۇ » [سۈرە رەئدى 23- ئايەت]

6) دارۇسسالام جەننىتى. {لَهُمْ دَارُ السَّلاَمِ عِندَ رَبِّهِمْ وَهُوَ وَلِيُّهُمْ بِمَا كَانُواْ يَعْمَلُونَ (**127**)}« پەرۋەردىگارىنىڭ دەرگاھىدا ئۇلارغا دارى سالام (يەنى جەننەت) بار، ئۇلارنىڭ قىلغان (ياخشى) ئەمەللىرى ئۈچۈن الله ئۇلارغا مەدەتكاردۇر » [سۈرە ئەنئام 127- ئايەت]

7) نەئىيم جەننىتى. {فَأَمَّا إِن كَانَ مِنَ الْمُقَرَّبِينَ * فَرَوْحٌ وَرَيْحَانٌ وَجَنَّةُ نَعِيمٍ } «ئەگەر ئۇ مېيىت مۇقەررەبلەردىن (يەنى تائەت - ئىبادەت ۋە ياخشى ئىشلارنى ئەڭ ئالدىدا قىلغۇچىلاردىن) بولىدىغان بولسا، (ئۇنىڭ مۇكاپاتى) راھەت - پاراغەت، ياخشى رىزىق ۋە نازۇنېمەتلىك جەننەت بولىدۇ » [سۈرە ۋاقە 88-89- ئايەت]

8) ئالىيە جەننىتى. {فَأَمَّا مَنْ أُوتِيَ كِتَابَهُ بِيَمِينِهِ فَيَقُولُ هَاؤُمُ اقْرَؤُوا كِتَابِيَهْ * إِنِّي ظَنَنتُ أَنِّي مُلَاقٍ حِسَابِيَهْ * فَهُوَ فِي عِيشَةٍ رَّاضِيَةٍ * فِي جَنَّةٍ عَالِيَةٍ *} « نامە - ئەمالى ئوڭ قولىغا بېرىلگەن ئادەم (خۇشاللىقتىن): بۇ مېنىڭ نامە - ئەمالىمنى ئېلىپ ئوقۇپ بېقىڭلار، مەن ھېساباتىمغا مۇلاقات بولىدىغانلىقىمغا مۇقەررەر ئىشەنگەن ئىدىم» دەيدۇ. ئۇ كۆڭۈللۈك تۇرمۇشتا بولىدۇ. ئېسىل جەننەتتە بولىدۇ » [سۈرە ھاققە 19-22- ئايەتلەر]

9) دارۇل مۇتتەقىينە. {وَقِيلَ لِلَّذِينَ اتَّقَوْاْ مَاذَا أَنزَلَ رَبُّكُمْ قَالُواْ خَيْرًا لِّلَّذِينَ أَحْسَنُواْ فِي هَذِهِ الدُّنْيَا حَسَنَةٌ وَلَدَارُ الآخِرَةِ خَيْرٌ وَلَنِعْمَ دَارُ الْمُتَّقِينَ (30)} « تەقۋادارلارغا: «پەرۋەردىگارىڭلار (پەيغەمبىرىگە) نېمىلەرنى نازىل قىلدى؟» دېيىلسە، ئۇلار: «ياخشى سۆزلەرنى نازىل قىلدى» دېيىشىدۇ. ياخشى ئىش قىلغۇچىلار بۇ دۇنيادا مۇكاپاتلىنىدۇ، ئاخىرەت يۇرتى (ئۇلار ئۈچۈن تېخىمۇ) ياخشىدۇر. تەقۋادارلارنىڭ يۇرتى راستلا نېمىدېگەن گۈزەل! » [سۈرە نەھل 30- ئايەت]

## 541- سۇئال: قۇرئان ئوقۇشنىڭ پەزىلىتى

قۇرئان كەرىم - ئاللاھ تائالانىڭ مۇبارەك سۆزى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ شانلىق مۆجىزىسى ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ مۇقەددەس دەستۇرى، ئۇنىڭ تەلىماتلىرى بويىچە ئەمەل قىلىش بىلەن ئىككى ئالەملىك سائادەتلەرگە، ئۇنى تىلاۋەت قىلىش بىلەن ئىبادەتنىڭ ساۋابىغا ئېرىشكىلى بولىدىغان بىر ئۇلۇغ كىتابتۇر. قۇرئان كەرىم ئىنسانلارنى كۇپرى ۋە زالالەتنىڭ زۇلمەتلىرىدىن ئىمان ۋە ھىدايەتنىڭ نۇرىغا ئېلىپ چىقىش ئۈچۈن ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن پەيغەمبىرىمىز ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا چۈشۈرۈلگەن ھىدايەت مەشئىلى. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: «ئى مۇھەممەد! قۇرئاننى ساڭا كىشىلەرنى پەرۋەردىگارىنىڭ ئىزنى بىلەن كۇپرىنىڭ زۇلمەتلىرىدىن ئىماننىڭ نۇرىغا چىقىرىشىڭ ئۈچۈن، غالىب، ھەممە تىللاردا مەدھىيىلەنگەن ئاللاھ تائالاھنىڭ يولىغا باشلىشىڭ ئۈچۈن چۈشۈردۇق». [ئىبراھىم سۈرىسى 1 - ئايەت].

ئامىر ئىبنى ۋاسىلەدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: نافىئ ئىبنى ئابدۇلھارىس ئۇسفان دېگەن جايدا ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىلەن ئۇچرىشىپ قالدى. ھەزرىتى ئۆمەر ئۇنى مەككىگە ۋالىي قىلىپ تەيىنلىگەنىدى. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇنىڭدىن:

ئۇ ۋادى خەلقىگە كىمنى مەسئۇل قىلىپ قويدۇڭ؟ دەپ سورىدى، ئۇ: ئىبنى ئەبزانى، دېدى. ھەزرىتى ئۆمەر: ئىبنى ئەبزا دېگەن كىم بولىدۇ؟ دەپ سورىۋىدى، ئۇ: بىزنىڭ ئازادگەردىلىرىمىزدىن بىرى، دېدى. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: ئۇلارغا ئازادگەردە ئادەمنى ئەمىر نائىب قىلىپ قويدۇڭمۇ؟ دېۋىدى، ئۇ: ئۇ اللەنىڭ كىتابىنى ئوقۇيدىغان قارى، ھەم پەرائىز (مىراس) ئىلمىنى بىلىدىغان ئالىم، دېدى. بۇنى ئاڭلىغان ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېدى: پەيغەمبىرىڭلار سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: الله تائالا مۇشۇ كىتاب بىلەن بەزى قەۋملەرنىڭ قەدرىنى كۆتۈرۈپ، بەزى قەۋملەرنىڭ قەدرىنى چۈشۈرىدۇ. (مۇسلىم: 817)

1)قۇرئان كەرىمنىڭ ئۇلۇغلىقىدىن ئۇنىڭ مەنىسىنى بىلسۇن ـ بىلمىسۇن، ئۇنىڭ لەۋزىنى تىلاۋەت قىلغان ئادەم چوقۇم ساۋابقا ئېرىشىدۇ. ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دەيدۇ: «شۈبھىسىزكى، ئاللاھنىڭ كىتابىنى تىلاۋەت قىلىپ تۇرىدىغانلار، نامازنى ئادا قىلىدىغانلار ۋە بىز رىزىق قىلىپ بەرگەن نەرسىلەرنى (ئاللاھنىڭ رازىلىقى ئۈچۈن) يوشۇرۇن ۋە ئاشكارا سەرپ قىلىدىغانلار ھەرگىز كاسات بولمايدىغان تىجارەتنى ئۈمىد قىلسا بولىدۇ. چۈنكى ئاللاھ ئۇلارنىڭ مۇكاپاتىنى تولۇق بېرىدۇ ۋە مەرھەمىتىدىن ئۇلارغا ئاشۇرۇپ بېرىدۇ. شۈبھىسىزكى، ئاللاھ ھەقىقەتەن مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ئاز ياخشىلىققا كۆپ ساۋاب بەرگۈچىدۇر»[ فاتىر سۈرىسى 29 ـ 30 ـ ئايەتلەر].

2) قۇرئان ئوقۇغۇچى شاپائەتكە ئىگە بولىدۇ. ئەبۇ ئۇمامە باھىلىي رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: مەن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان ئىدىم: قۇرئان ئوقۇڭلار، چۈنكى ئۇ ئوقۇغان كىشىلەرگە قىيامەت كۈنى شاپائەت قىلغۇچى بولۇپ كېلىدۇ. بەقەر بىلەن ئالى ئىمراندىن ئىبارەت ئىككى نۇرلۇق سۈرىنى ئوقۇڭلار، چۈنكى بۇ ئىككى سۈرە قىيامەت كۈنى خۇددى ئىككى پارچە بۇلۇتتەك ياكى سايىۋەندەك ۋە ياكى قاناتلىرىنى ئېچىپ، ئىككى قۇر بولۇپ تىزىلغان قۇشلاردەك، ئوقۇغان ئىگىلىرىنى ئاقلايدۇ. بەقەر سۈرىسىنى ئوقۇڭلار، چۈنكى ئۇنى ئوقۇش بەرىكەت، تاشلاپ قويۇش ھەسرەتتۇر. ئۇنى سېھىرگەرلەر ئوقۇيالمايدۇ. (مۇسلىم: 804)

3)قۇرئان تىلاۋەت قىلىدىغانلار كىشىلەرنىڭ ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولىدۇ. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: قۇرئان ئوقۇپ تۇرىدىغان مۇئمىن كىشى تۇرۇنجىقا ئوخشاش ھەم خۇشپۇراقلىق ھەم تەملىك بولىدۇ. قۇرئان ئوقۇپ تۇرمايدىغان مۇئمىن كىشى خورمىغا ئوخشاش تەملىك، ئەمما پۇراقسىز بولىدۇ. قۇرئان ئوقۇپ تۇرىدىغان پاسىق كىشى

رەيھانغا ئوخشاش خۇشپۇراقلىق، ئەمما تەمى ئاچچىق بولىدۇ. قۇرئان ئوقۇپ تۇرمايدىغان پاسىق كىشى ھەم تەمى ئاچچىق ھەم پۇراقسىز بىر خىل مېۋىگە ئوخشايدۇ. ياخشى ھەمراھ مۇشكى ئەنبەر ساتىدىغان كىشىگە ئوخشايدۇ. گەرچە ئۇنىڭدىن ساڭا بىر نەرسە تەگمىسىمۇ، خۇش ھىدى ھوزۇر بەخش ئېتىدۇ. ناچار ھەمراھ تۆمۈرچىگە ئوخشايدۇ. ساڭا ئۇنىڭ قارىسى يۇقمىغان تەقدىردىمۇ، ئىس تۈتەكى بىئارام قىلىدۇ. (ئەبۇ داۋۇد: 4829)

مۇھەممەد ئىبنى كەئب قۇرەزى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىمكى اللەنىڭ كىتابىدىن بىر ھەرپ ئوقۇيدىكەن، ئۇنىڭغا بىر ياخشىلىق يېزىلىدۇ، بىر ياخشىلىققا ئون ھەسسە ساۋاب بېرىلىدۇ. مەن "ئەلىف لام مىم" نى بىر ھەرپ دېمەيمەن. بەلكى، ئەلىف بىر ھەرپ، لام بىر ھەرپ، مىم بىر ھەرپتۇر. (تىرمىزى: 2910)

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: قانداق بىر قەۋم اللەنىڭ ئۆيلىرىدىن بىرىدە يىغىلىپ ئولتۇرۇپ، اللەنىڭ كىتابىنى تىلاۋەت قىلىپ، ئۆزئارا ئۆگىنىشىپ ئولتۇرىدىغانلا بولسا، ئۇلارغا خاتىرجەملىك چۈشىدۇ، رەھمەت ياغىدۇ، ئۇلارنىڭ ئەتراپىنى پەرىشتىلەر چۆرىدەپ تۇرىدۇ، الله ئۇلارنى ھۇزۇرىدىكىلەرنىڭ ئالدىدا تىلغا ئالىدۇ. (مۇسلىم: 2699)

ئۇقبە ئىبنى ئامىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغانىدىم: قۇرئاننى ئۈنلۈك ئوقۇغان كىشى سەدىقىنى ئاشكارا بەرگەن كىشىگە، قۇرئاننى ئىچىدە ئوقۇغان كىشى بولسا، سەدىقىنى مەخپى بەرگەن كىشىگە ئوخشايدۇ. (تىرمىزى: 2919)

4)قىيامەت كۈنى قۇرئان ئوقۇغانلارنىڭ مەرتىۋىسى كۆتۈرۈلىدۇ. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: قىيامەت كۈنى، قۇرئان كېلىپ: ئى رەببىم ! ئۇنى (قۇرئان ئوقۇغۇچىنى) زىننەتلىگىن! دەيدۇ. ئۇنىڭغا كارامەت تاجى كىيدۈرىلىدۇ. ئاندىن يەنە: ئى رەببىم! ئۇنىڭغا تېخىمۇ زىيادە ئىلتىپات قىلغىن، دەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن، ئۇنىڭغا كارامەت تونى كىيدۈرىلىدۇ، ئاندىن يەنە: ئى رەببىم! ئۇنىڭدىن رازى بولغىن! دەيدۇ. الله ئۇنىڭدىن رازى بولۇپ كېتىدۇ ھەمدە ئۇنىڭغا: ئوقۇپ ئۆرلەۋەرگىن! دېيىلىپ، ھەر بىر ئايەتكە بىر دەرىجە قوشۇپ بېرىلىدۇ. (تىرمىزى: 2915)

قۇرئان كەرىمنى ئاڭلاشمۇ كاتتا ئىبادەتلەر قاتارىدىن سانىلىدۇ. ئاللاھ تائالا

قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دەيدۇ: « ئاللاھنىڭ رەھمىتىگە ئېرىشىشىڭلار ئۈچۈن، قۇرئان ئوقۇلغان چاغدا، ئۇنى دىققەت بىلەن ئاڭلاڭلار ۋە(سۆز قىلماستىن) جىم تۇرۇڭلار. » [ ئەئراف سۈرىسى 204 ـ ئايەت].

قۇرئان كەرىم بىلەن ۋەز ـ نەسىھەت قىلىش ياخشى ئەمەللەرگە ياتىدۇ. ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دەيدۇ: «مېنىڭ ئاگاھلاندۇرۇشۇمدىن قورقىدىغانلارغا قۇرئان بىلەن ۋەز ـ نەسىھەت قىلغىن» [قاف سۈرىسى 45 ـ ئايەت].

5) قۇرئاننى تىلاۋەت قىلىدىغانلار ئاللاھقا يېقىنلىشىدۇ، ئىمانى زىيادە بولىدۇ، قەلبى ھوزۇرلىنىپ ئارام تاپىدۇ. قۇرئاننى ئوقۇش، يادلاش، مەنىسىنى چۈشىنىش، ئۇنى باشقىلارغا ئۆگىتىش ۋە ئۇنىڭ ئەھكاملىرىنى ئۆگىنىش ھەم ئەمەل قىلىش بىلەن شۇغۇللانغۇچىلار ئىنسانلارنىڭ ئەڭ سائادەتمەنلىرى ۋە ئەڭ سەرخىللىرىدۇر.

ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئەڭ ياخشىلىرىڭلار قۇرئاننى ئۆگەنگەن ۋە ئۆگەتكەنلىرىڭلاردۇر. (بۇخارى: 5027)

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: قۇرئان ئوقۇشقا ماھىر (يەنى يادقا ۋە مۇڭلۇق ئوقۇيالايدىغان) كىشى ھۆرمەتلىك، ياخشى پۈتۈكچى پەرىشتىلەر بىلەن بىللە بولىدۇ. قۇرئاننى دۇدۇقلاپ قىينىلىپ ئوقۇيدىغان كىشىگە بولسا، قوش ئەجىر بېرىلىدۇ. (مۇسلىم: 798)

قۇرئان ئوقۇغاندا كۆز يېشى قىلىشنىڭ پەزىلىتى چوڭدۇر. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: قۇرئاننى چىرايلىق ئاۋازدا ئوقۇمىغان كىشى بىزدىن ئەمەس دېگەن. يەنە بىر رىۋايەتتە: قۇرئاننى چىرايلىق ئاۋازدا ئۈنلۈك ئوقۇمىغان كىشى بىزدىن ئەمەس دېيىلگەن. (بۇخارى: 7527)

ئاللاھ تائالا پەرزەنتلىرىگە قۇرئان كەرىمنى ئوقۇشنى ۋە ئۇنىڭ تەلىماتلىرىغا ئەمەل قىلىشنى ئۆگەتكەن ئاتا ـ ئانىلارنىڭمۇ مۇكاپاتلىرىنى تولۇق بەرگۈچىدۇر.

## 542-سوئال: قۇرئان يادلاشنىڭ پەزىلىتى

قارىيلار ئىسلام ئۇممىتىنىڭ ئەڭ شەرەپلىك كىشىلىرىدىندۇر. ئىمام مالىك مۇنداق رىۋايەت قىلىدۇ: ماڭا يېتىشىچە، ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: مەن ئاق كىيىم كىيگەن قارىيغا (يەنى قۇرئاننى ياد ئالغان كىشىگە) قاراشنى بەكمۇ ياخشى كۆرىمەن. (مالىك: 1688)

قارىيلار ئاللاھ تائالانىڭ ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ نەزەرىدە ھۆرمەتلىك كىشىلەردۇر.

ئەۋس ئىبنى زەمئەج رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: مەن ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىدىم: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىزگە قاراپ: جامائەتكە الله تائالانىڭ كىتابىنى ئەڭ ياخشى ئوقۇيدىغانلار ۋە ئوقۇشنى ئەڭ بۇرۇن ئۆگەنگەنلەر ئىمام بولسۇن. ئەگەر ئىككى كىشى قىرائەتتە تەڭ كېلىپ قالسا، بالدۇر ھىجرەت قىلغىنى ئىمام بولسۇن. ھىجرەت ۋاقتى ئوخشاش بولسا، ياشتا چوڭراقى ئىمام بولسۇن. بىر كىشىنىڭ ئىگىدارچىلىقىدىكى يەردە (يەنى ساھىبخانىغا) ئۇنىڭ رۇخسىتىسىز ئىمام بولماڭلار. شۇنداقلا بىرسىنىڭ ھوقۇق دائىرىسىدىكى يەردە ئۇنىڭ رۇخسىتىسىز ئىمام بولماڭلار ۋە ساھىبخانىنىڭ رۇخسىتىسىز ئۇنىڭغا خاس ئورۇندىمۇ ئولتۇرماڭلار. (مۇسلىم: 673)

## 543-سۇئال: قۇرئان ئوقۇشنىڭ ئەدەپلىرى

1 - قۇرئاننى تاھارەت بىلەن ئوقۇش. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: «شەك - شۈبھىسىزكى، ئۇ ئۇلۇغ قۇرئاندۇر. لەۋھۇلمەھپۇزدا ساقلانغاندۇر. ئۇنى پەقەت پاك بولغانلارلا تۇتىدۇ». [ ۋاقىئە سۈرىسى 77 - 79 - ئايەتلەر].

2 - قۇرئان ئوقۇشتىن بۇرۇن« ئەئۇزۇبىللاھى مىنەششەيتانىر رەجىيم » دەپ شەيتاننىڭ ۋەسۋەسە قىلىشىدىن ئاللاھقا سىغىنىپ پاناھ تىلەش. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: «سەن قۇرئان ئوقۇماقچى بولغىنىڭدا، قوغلاندى شەيتاننىڭ (ۋەسۋەسىسىدىن) ئاللاھقا سېغىنىپ پاناھ تىلىگىن.» [ نەھل سۈرىسى 98 - ئايەت].

3 - قۇرئاننى چىرايلىق ئاۋازدا ئوقۇش. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئۇ پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ: الله تائالا ھېچبىر نەرسىگە قۇرئاننى مۇڭلۇق ئاۋازدا ئوقۇغان پەيغەمبىرىگە قۇلاق سالغاندەك قۇلاق سالمايدۇ دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان. يەنە بىر رىۋايەتتە: قۇرئاننى چىرايلىق ئاۋازدا ئۈنلۈك تىلاۋەت قىلغان پەيغەمبىرىنىڭ ئاۋازى دەپ كەلگەن. (بۇخارى: 5023، 5024، 7544)

4 - قۇرئاننىڭ مەنىسىنى بىلمىسىمۇ، ئاللاھ ماڭا سۆزلەۋاتىدۇ دېگەن ئېتىقاد بىلەن ئۇنى ئىخلاس قىلىپ ئوقۇش. ئاللاھ تائالا ھەر قانداق بىر ئىبادەتنى ئىخلاس بىلەن قىلىش تەلەب قىلىنىدىغانلىقىنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «ئۇلار پەقەت ئىبادەتنى ئاللاھقا خالىس قىلغان، ھەق دىنغا ئېتىقاد قىلغان ھالدا (يالغۇز) ئاللاھقىلا ئىبادەت قىلىشقا بۇيرۇلدى. »[ بەييىنە سۈرىسى 5 - ئايەت].

5 - قۇرئان ئوقۇشنى مەئىشەتنىڭ كەسپىگە ئايلاندۇرىۋالماسلىق. پەقەت ئاخىرەتلىك ساۋابىنى كۆزلەپ ئوقۇش. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: «كىمكى (ئۆزىنىڭ ئەمەلى بىلەن) ئاخىرەتنىڭ ساۋابىنى كۆزلىسە، ئۇنىڭ ساۋابىنى زىيادە بېرىمىز،

كمكى (ئەمەلى بىلەن) دۇنيانىڭ مەنپەئىتىنى كۆزلىسە، (ئۇنىڭ تىلىگەن) مەنپەئىتىنىڭ بەزىسىنى بېرىمىز، ئۇنىڭغا ئاخىرەتتە (ساۋابتىن) ھېچ نېسىۋە يوق. »[ شۇرا سۈرىسى 20 ـ ئايەت].

6 ـ قۇرئاننى قۇرئان ئوقۇش قائىدىلىرىگە، تەجۋىد قائىدىلىرىگە رىئايە قىلىپ، تەرتىل بىلەن، دانە-دانە قىلىپ، ئوچۇق ئوقۇش. ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دەيدۇ: «قۇرئاننى تەرتىل بىلەن(يەنى دانە ـ دانە، ئوچۇق) ئوقۇغىن» [مۇززەممىل سۈرىسى 4 ـ ئايەت].

## 544-سۇئال: فاتىھە سۈرىسىنىڭ شەرەپ نامى ۋە پەزىلىتى

سۈرە فاتىھە قۇرئاننىڭ جەۋھىرى مەزمۇنلىرىنى يەنى ئاللاھقا بولغان ھەمدۇ سانا، تائەت ئىبادەت ۋە ئاللاھقا سىغىنىپ پاناھلىق تىلەش مەزمۇنلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغانلىقى ئۈچۈن ئۇنىڭغا قۇرئاننىڭ جەۋھىرى دەپ شەرەپ نامى بېرىلگەن.

ئەبۇ سەئىد ئەلمۇئەللا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: مەن مەسجىدتە ناماز ئوقۇۋاتسام، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مېنى چاقىردى. مەن جاۋاب بەرمەي، نامىزىمنى ئوقۇپ بولۇپ: ئى رەسۇلۇللاھ ! مېنى چاقىرغان ۋاقتىتا ناماز ئوقۇۋاتاتتىم، دېسەم، ئۇ: اللە: {ئى مۇئمىنلەر! اللە ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى سىلەرنى تىرىلدۈرىدىغان نەرسىگە چاقىرسا، ئۇنى قوبۇل قىلىڭلار } ( سۈرە ئەنفال، 24 ـ ئايەت) دېگەن ئەمەسمۇ؟ دېدى. ئاندىن: مەسجىدتىن چىقىشتىن بۇرۇن، مەن ساڭا قۇرئاندىكى ئەڭ ئۇلۇغ سۈرىنى ئۆگىتىپ قويىمەن، دېدى. ئاندىن قولۇمنى تۇتتى. مەسجىدتىن چىقىدىغان چاغدا، مەن: ماڭا قۇرئاندىكى ئەڭ ئۇلۇغ سۈرىنى ئۆگىتىپ قويىماقچى ئىدىڭغۇ؟ دېسەم، ئۇ: ھەئە، ئۇ سۈرە: {جىمى ھەمدۇسانا ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى اللەقا خاستۇر} ( سۈرە فاتىھە، 1 ـ ئايەت) ئۇ تەكرار ئوقۇلىدىغان يەتتە ئايەتلىك سۈرە ۋە ماڭا ئاتا قىلىنغان ئۇلۇغ قۇرئاندۇر، دېدى. (بۇخارى: 4474)

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: سۈرە فاتىھە قۇرئاننىڭ ئانىسى، كىتابنىڭ نېگىزى ۋە نامازدا تەكرارلىنىدىغان يەتتە ئايەتتۇر. (ئەبۇ داۋۇد: 1457)

## 545-سۇئال: بەقەر ۋە ئال ئىمران سۈرىسىنىڭ پەزىلىتى

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قېشىدا ئولتۇراتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئاسمان تەرەپتىن خۇددى دەرۋازا ئېچىلغاندەك بىر ئاۋازنى ئاڭلىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بېشىنى كۆتۈرۈپ قارىۋىدى، جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا: بۇ ئاسماننىڭ ھېچقاچان ئېچىلىپ باقمىغان بىر دەرۋازىسى

ئىدى، بۈگۈن ئېچىلدى، دېدى. ئۇنىڭدىن بىر پەرىشتە چۈشتى، جىبرىئىل: بۇ بۈگۈندىن باشقا چاغدا زېمىنغا چۈشۈپ باقمىغان پەرىشتە، دېدى، ئۇ پەرىشتە سالام قىلىپ: ساڭا خۇشخەۋەر! ساڭا ئىلگىرى ھېچبىر پەيغەمبەرگە ئاتا قىلىنمىغان ئىككى نۇر ئاتا قىلىندى، ئۇلار قۇرئاننىڭ فاتىھە سۈرىسى بىلەن بەقەر سۈرىسىنىڭ ئاخىرقى ئايەتلىرىدۇر. ئۇنىڭدىكى بىرەر دۇئانى ئوقۇپ، تىلىكىڭنى سورىساڭ، ئىجابەت قىلىنماي قالمايدۇ، دېدى. (مۇسلىم: 806)

ئەبۇ ئۇمامە باھىلىي رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: مەن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان ئىدىم: قۇرئان ئوقۇڭلار، چۈنكى ئۇ ئوقۇغان كىشىلەرگە قىيامەت كۈنى شاپائەت قىلغۇچى بولۇپ كېلىدۇ. بەقەر بىلەن ئالى ئىمراندىن ئىبارەت ئىككى نۇرلۇق سۈرىنى ئوقۇڭلار، چۈنكى بۇ ئىككى سۈرە قىيامەت كۈنى خۇددى ئىككى پارچە بۇلۇتتەك ياكى سايىۋەندەك ۋە ياكى قاناتلىرىنى ئېچىپ، ئىككى قۇر بولۇپ تىزىلغان قۇشلاردەك، ئوقۇغان ئىگىلىرىنى ئاقلايدۇ. بەقەر سۈرىسىنى ئوقۇڭلار، چۈنكى ئۇنى ئوقۇش بەرىكەت، تاشلاپ قويۇش ھەسرەتتۇر. ئۇنى سېھىرگەرلەر ئوقۇيالمايدۇ. (مۇسلىم: 804)

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئۆيۈڭلارنى قەبرىستانلىق قىلىۋالماڭلار. چۈنكى شەيتان بەقەر سۈرىسى ئوقۇلىدىغان ئۆيدىن قاچىدۇ. (مۇسلىم: 708)

ئەلقەمە مۇنداق دەيدۇ: كەئبىنى تاۋاپ قىلىۋېتىپ، ئەبۇ مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىلەن ئۇچرىشىپ قالدىم. ئۇ ماڭا پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇنۇ سۆزىنى ئېيتىپ بەردى: كىمكى كېچىسى سۈرە بەقەرنىڭ ئاخىرىدىكى ئىككى ئايەتنى ئوقۇيدىكەن، ھەرقانداق ئىشىغا كۇپايە قىلىدۇ. (بۇخارى: 5051)

### 546-سۇئال: ئايەتۇلكۇرسىنىڭ پەزىلىتى

ئۇبەي ئىبنى كەئب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مەندىن: ئى ئەبۇ مۇنزىر! سەن ياد ئالغان ئايەتلەر ئىچىدە قايسى ئايەت ئەڭ ئۇلۇغ؟ دەپ سورىغانىدى، مەن: الله ۋە ئۇنىڭ رەسۇلى ئەڭ ياخشى بىلىدۇ، دېدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنە: ئى ئەبۇ مۇنزىر! سەن ياد ئالغان ئايەتلەر ئىچىدە قايسى ئايەت ئەڭ ئۇلۇغ؟ دەپ سورىدى، مەن: ئايەتۇلكۇرسى، دېسەم، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەيدەمگە ئۇرۇپ تۇرۇپ: ئى ئەبۇ مۇنزىر! ئىلمىڭگە مۇبارەك بولسۇن! دېدى. (مۇسلىم: 810)

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر

سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مېنى رامىزاننىڭ سەدىقە پىترىنى ساقلاشقا تەيىنلىگەندى. بىرسى كېلىپ، تائامدىن ئوچۇملاپ قاچىلىغىلى تۇردى. مەن ئۇنى تۇتۇۋېلىپ: ئاللەنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، مەن سېنى رەسۇلۇللاھنىڭ قېشىغا ئېلىپ بارىمەن، دېسەم، ئۇ: بۇنىڭغا بەكمۇ موھتاجمەن. بالا چاقا ھەممىمىز قىيىنچىلىقتا قالدۇق، دەپ تۇرۇۋالدى. شۇنىڭ بىلەن، ئۇنى قويۇپ بەردىم. تاڭ ئاتقاندا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: ئى ئەبۇ ھۇرەيرە! كېچە ئەسىرىڭ نېمە قىلدى؟ دېۋىدى، مەن: ئۇ ئۆزىنىڭ ھاجەتمەن ئىكەنلىكىنى، بالا چاقىلىرىنىڭ قىيىنلىپ قالغانلىقىنى ئېيتىپ دەرت تۆكتى. مەن ئۇنىڭغا رەھىم قىلىپ، قويۇپ بەردىم، دېسەم، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: ساڭا يالغان ئېيتىپتۇ، ئۇ يەنە كېلىدۇ، دېدى. مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن ئۇنىڭ يەنە كېلىدىغانلىقىنى ئاڭلاپ، كۈتۈشكە باشلىدىم. دەرۋەقە، ئۇ يەنە كېلىپ، تائامنى ئوچۇملاۋاتقان چېغىدا تۇتۇۋېلىپ: سېنى رەسۇلۇللاھنىڭ قېشىغا ئېلىپ بارىمەن، دېسەم، ئۇ: مېنى قويۇۋەت، بەكمۇ موھتاجمەن. بالىلىرىم قىيىنلىپ قالدى، ئەمدى ھەرگىز بۇنداق قىلمايمەن، دېدى. ئۇنىڭغا رەھىم قىلىپ قويۇپ بەردىم. تاڭ ئاتقاندا، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: ئەسىرىڭ نېمە قىلدى؟ دېدى. مەن: ئى رەسۇلۇللاھ! ئۇ يەنە ئۆزىنىڭ بەكمۇ ھاجەتمەن ئىكەنلىكىنى ۋە بالىلىرىنىڭ قىيىنلىپ قالغانلىقىنى ئېيتىپ يىلىنغانىدى، مەن ئۇنىڭغا رەھىم قىلىپ، قويۇپ بەردىم، دېسەم، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: ئۇ ساڭا يالغان ئېيتىپتۇ. پات ئارىدا يەنە كېلىدۇ، دېدى. ئۇنى يەنە كۈتۈشكە باشلىدىم. دەرۋەقە، ئۇ يەنە كېلىپ، تائامنى ئوچۇملاپ ئېلىشقا باشلىدى. ئۇنى تۇتۇۋېلىپ: سېنى رەسۇلۇللاھنىڭ قېشىغا ئېلىپ بارىمەن، بۇ ئۈچىنچى قېتىم يۈز بەردى. سەن ئالدىنقى ئىككى قېتىم بۇ ئىشنى قايتا قىلماسلىققا قەسەم ئىچكەنىدىڭ، يەنە قىلىۋاتىسەن، دېسەم، ئۇ: مېنى قويۇپ بەرگىن، ساڭا اللە تائالادىن مەنپەئەت كېلىدىغان بىر قانچە كەلىمىنى ئۆگىتىپ قويىمەن، دېدى. مەن: قايسى كەلىمە ئۇ؟ دېسەم، ئۇ: ياتىدىغان چېغىڭدا، ئايەتۇلكۇرسىنى ئاخىرىغىچە ئوقۇساڭ، اللە تەرەپتىن بىر قوغدىغۇچى سېنى قوغداپ تۇرىدۇ، تاڭ ئاتقىچە شەيتان ساڭا يېقىن كېلەلمەيدۇ، دېدى. شۇنىڭ بىلەن، مەن ئۇنى قويۇپ بەردىم. تاڭ ئاتقاندا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنە: ئەسىرىڭ قانداق قىلدى؟ دەپ سورىدى. مەن: ئى رەسۇلۇللاھ! ئۇ ماڭا مەنپەئەت يېتىدىغان كەلىمە ئۆگىتىپ قويغانىدى، ئۇنى قويۇپ بەردىم، دېسەم، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: قايسى كەلىمىكەن ئۇ؟ دەپ سورىدى. مەن: ئۇ ماڭا: ”ياتىدىغان چېغىڭدا ئايەتۇلكۇرسىنى ئاخىرىغىچە ئوقۇساڭ، اللە تەرەپتىن بولغان بىر قوغدىغۇچى سېنى ھەمىشە قوغداپ تۇرىدۇ. شەيتان تاڭ ئاتقىچە ساڭا يېقىنلىشالمايدۇ “ دېدى،

دېدىم. ساھابىلەر ياخشىلىقتا بەكمۇ ھېرىسمەن ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: ئۇ يالغانچى تۇرۇپ، بۇ قېتىم ساڭا راست ئېيتىپتۇ. ئى ئەبۇ ھۇرەيرە! سەن ئۈچ كېچىدىن بېرى كىم بىلەن سۆزلەشكەنلىكىڭنى بىلەمسەن؟ دېدى. مەن: ياق، دېۋىدىم، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: ئۇ شەيتان ئىدى، دېدى. (بۇخارى: 2311)

## 547-سۇئال: مۇلك سۈرىسىنىڭ پەزىلىتى

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: قۇرئاندا 30 ئايەتلىك بىر سۈرە بولۇپ، ئۇنى ئوقۇغان كىشىگە تاكى گۇناھى مەغپىرەت قىلىنغانغا قەدەر، شاپائەت قىلىدۇ. ئۇ مۇلك سۈرىسىدۇر. (تىرمىزى: 2891)

جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم سۈرە سەجدە بىلەن سۈرە مۇلكنى ئوقۇماي ياتمايتتى. تاۋۇس مۇنداق دەيدۇ: بۇ ئىككى سۈرە پەزىلەت جەھەتتە قۇرئاندىكى پۈتۈن سۈرىلەردىن يەتمىش ھەسسە ئارتۇق. (تىرمىزى: 2892)

ھۇمەيد ئىبنى ئابدۇرراھمان ئىبنى ئەۋف مۇنداق دەيدۇ: سۈرە ئىخلاس قۇرئاننىڭ ئۈچتىن بىرىگە باراۋەر كېلىدۇ. سۈرە مۇلك (ئۇنى) تىلاۋەت قىلغۇچىنى (قەبرىدە ۋە قىيامەت كۈنىدە) ئاقلايدۇ. (مالىك: 487)

## 548-سۇئال: ئىخلاس سۈرىسىنىڭ پەزىلىتى

ئەبۇ سەئىد خۇدرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: بىر كىشى يەنە بىر كىشىنىڭ ھەر دائىم سۈرە ئىخلاسنى ئوقۇغىنىنى ئاڭلاپ، كۆڭلىدە ئۇنى ئاز كۆرگەندەك قىلدىدە، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە ئېيتقاندى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: جېنىم ئىلكىدە بولغان زاتنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، ئۇ (سۈرە ئىخلاس) قۇرئاننىڭ ئۈچتىن بىرىگە باراۋەر كېلىدۇ، دېدى. (بۇخارى: 6643)

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: يىغىلىڭلار! مەن سىلەرگە قۇرئاننىڭ ئۈچتىن بىرىنى ئوقۇپ بېرىمەن، دېدى. دەررۇ يىغىلدۇق. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام چىقىپ، سۈرە ئىخلاسنى ئوقۇپ بېرىپ كىرىپ كەتتى. بىز: ۋەھيي كېلىپ قالغاچقا، كىرىپ كەتكەن ئوخشايدۇ دېيىشكىنىمىزچە بىر بىرىمىزگە قاراشتۇق. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنە چىقىپ: مەن سىلەرگە قۇرئاننىڭ ئۈچتىن بىرىنى ئوقۇپ بېرىمەن دېگەن ئىدىم. دىققەت قىلىڭلار، ئۇ (يەنى سۈرە ئىخلاس) قۇرئاننىڭ ئۈچتىن بىرىگە تەڭ كېلىدۇ، دېدى. (مۇسلىم: 6643)

يەنى، ئىخلاس سۈرىسىنى بىر قېتىم ئوقۇغان ئادەم قۇرئاننىڭ ئۈچتىن بىرىنى

ئوقۇغانىنىڭ، ئۈچ قېتىم ئوقۇغان ئادەم قۇرئاننىڭ ھەممىنى تامام قىلغانىنىڭ ساۋابىغا ئېرىشىدۇ.

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم سۇرە ئىخلاسنى ئوقۇۋاتقان بىر كىشىنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ قېلىپ: ۋاجىب بولدى، دېدى. مەن: ئى رەسۇلۇللاھ ! نېمە ۋاجىب بولدى؟ دەپ سورىغانىدىم، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: جەننەت، دېدى. (تىرمىزى: 2897)

## 549-سۇئال: فەلەق ۋە ناس سۈرىلىرىنىڭ پەزىلىتى

ئۇقبە ئىبنى ئامىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ماڭا مۇنداق دېگەنىدى: ماڭا شۇنداق ئايەتلەر نازىل قىلىنىدىكى، ئۇنىڭدەك ئايەتلەر قەتئىي كۆرۈلۈپ باقمىغانىدى، ئۇلار مۇئەۋۋىزەتەين (يەنى فەلەق ۋە ناس سۈرىلىرى)دۇر. (مۇسلىم: 6643)

ئابدۇللاھ ئىبنى خۇبەيب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: بىز يامغۇرلۇق، قاپقاراڭغۇ بىر كېچىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بىزگە ناماز ئوقۇپ بېرىشىنى تەلەپ قىلىش ئۈچۈن ئۇنى ئىزدەپ چىقتۇق، ئۇنى ھەممىدىن بۇرۇن مەن تاپتىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ماڭا: ئوقۇغىن! دېدى، مەن ھېچنېمە دېمىدىم. يەنە: ئوقۇغىن! دېدى، مەن يەنە ھېچنېمە دېمىدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنە: ئوقۇغىن! دېدى. مەن: نېمىنى ئوقۇيمەن؟ دەپ سورىغانىدىم، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: ئىخلاس، فەلەق ۋە ناس سۈرىلىرىنى ئەتىگەن - ئاخشامدا ئۈچ قېتىم ئوقۇغىن! بۇ، سەندىن ھەر قانداق يامانلىقنى دەپئى قىلىدۇ، دېدى. (تىرمىزى: 3575)

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يوتقانغا كىرگەندە، ئىككى ئالقىنىنى ئېچىپ تۇرۇپ، سۇرە ئىخلاس، سۇرە فەلەق ۋە سۇرە ناسنى ئوقۇپ، ئالقىنىغا ھۈرەتتى. ئاندىن ئالقانلىرى بىلەن يۈزىنى ۋە بەدىنىنى (ئالقىنى يەتكەن يەرگىچە) سىلايتتى. كېيىن ئاغرىپ قالغان چېغىدا، مەندىن شۇنداق قىلىپ قويۇشنى تەلەپ قىلغان. (بۇخارى: 5748)

## 550-سۇئال: قۇرئان كەرىمنىڭ تەرجىمىسى

قۇرئان كەرىمنىڭ ھەر قايسى تىللارغا تەرجىمە قىلىنغان تەرجىمە نۇسخىلىرى«قۇرئان» دېيىلمەيدۇ. چۈنكى « قۇرئان» مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ئاللاھ تەرىپىدىن چۈشكەن ئەرەبچە ئەسلى تېكىستقا قويۇلغان نام. شۇڭا نامازدا قۇرئاننىڭ تەرجىمىسىنى ئوقۇش بىلەن ناماز ئادا تاپمايدۇ. ئەمما ئوقۇش ئارقىلىق ساۋابقا ئېرىشىش، ۋەز – نەسىھەتلىرىنى چۈشىنىپ ئەمەل قىلىش جەھەتتە تەرجىمىلەر، قۇرئان كەرىمنىڭ رولىنى ئوينايدۇ.

## 551-سوئال: تەپسىر ئۇقۇمى

تەپسىرلەر «تەپسىر» ياكى «تەئۋىل» دەپ ئاتالدى. تەپسىر دېمەك ئايەتنىڭ زاھىرى مەنىسىنى ئىزاھلاش دېگەن بولۇپ، «تەئۋىل» دېگەن ئايەتلەرنىڭ زاھىرى مەنىسىدىن باشقا مەنىلەردە كېلىش ئېھتىمالى بارلىقىنى ئىزاھلاپ چۈشەندۈرۈش دېمەكتۇر.

«قۇرئان كەرىم» نىڭ تەپسىرى بولسا، مۇپەسسىرلەرنىڭ ئۆز چۈشەنچىسى، دىنىي ۋە ئىلمىي سەۋىيەسى ئارقىلىق ئىگەللىگەن مەلۇماتلىرى ئاساسىدا قۇرئان ئايەتلىرىنىڭ مەقسەتلىرىنى روشەنلەشتۈرۈپ بېرىشىدۇر.

مۇپەسسىر – قۇرئان كەرىمدە ئاللاھ تائالانىڭ نېمە دېمەكچى بولغانلىقىنى ياخشى چۈشىنىپ، ئۇلارنى ئوچۇقلىغان ۋە بۇ ماۋزۇدا كىتابلارنى يازغان ئالىملاردۇر.

## 552-سوئال: تەجۋىد ۋە ئۇنىڭ ۋەزىپىسى

تەجۋىد سۆزىنىڭ لۇغەت مەنىسى " ياخشىلىق، پىششىقلاش " دېگەنلىك بولۇپ، ئىستىلالدىكى مەنىسى – قۇرئان كەرىمدىكى ھەر بىر ھەرپنى مۇكەممەل تەلەپپۇز قىلىش ۋە ھەرپلەرنى تاۋۇش چىقىرىش ئورگانلىرىدىن ئېنىق چىقىرىپ، توغرا ئوقۇش دېگەنلىكتۇر.

تەجۋىد ئىلمى قۇرئان كەرىمنى توغرا ئوقۇشنىڭ قائىدىلىرىنى چۈشەندۈرىدىغان ئىلىم. تەجۋىد ئىلمىنىڭ ئۆزىگە خاس ئۇسۇل ۋە قائىدىلىرى بار. بۇ ئۇسۇل – قائىدىلەر قۇرئان كەرىمنى ئوقۇغان ھەر بىر مۇسۇلمان ئۈچۈن كومپاسلىق رولىنى ئوينايدۇ. شۇڭا قۇرئان كەرىمنى ئوقۇماقچى بولغان ھەر قانداق كىشى ئالدى بىلەن بۇ ئىلىمدىن خەۋەردار بولماي تۇرۇپ قۇرئان كەرىمنى توغرا شەكىلدە ئوقۇيالمايدۇ. تەجۋىد ئىلمى بەزى ھەرپلەرنى قانداق ئەھۋال ئاستىدا سوزۇپ ئوقۇش، قايسى ئەھۋال ئاستىدا ئىنچىكە ۋە قايسى ئەھۋال ئاستىدا توم، يوغان ئاۋازدا تەلەپپۇز قىلىش، قەيەردە توختاش ۋە قانداق توختاش توغرىسىدىكى قائىدە – پىرىنسىپلارنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. شۇڭا تەجۋىد ئىلمىنى ئۆگەنمەي، پەقەت ئەرەب تىلىنىلا ئۆگەنگەن كىشىنى قۇرئان كەرىمنى توغرا ئوقۇيدۇ دېگىلى بولمايدۇ.

## 553-سوئال: تەجۋىد ئىلمىنى ئۆگىنىشنىڭ ھۆكمى

تەجۋىد ئىلمىنى ئۆگىنىش ئاۋام خەلق ئۈچۈن پەرز كىفايە، دىنىي ئۆلىمالار ۋە قارىيلار ئۈچۈن پەرز ئەيىندۇر.

تەجۋىد قائىدىلىرىگە رىئايە قىلىش قۇرئان كەرىمنى ئوقۇماقچى بولغان ھەر بىر ئەر – ئايال مۇسۇلمان ئۈچۈن پەرز ئەيىندۇر. ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە: «قۇرئاننى تەرتىل بىلەن دانە – دانە، ئوچۇق ئوقۇغىن » { مۇززەممىل سۈرىسى 4 ـ ئايەت} دەپ

بۇيرىغان.

## 554-سۇئال: تىلاۋەت دېگەن نېمە؟

قۇرئان كەرىمنى تەجۋىد قائىدىلىرىگە تولۇق رىئايە قىلىپ، مەنىسىنى تەپەككۇر قىلغان ھالدا، مەنىسىنى بىلمەيدىغانلار ئاللاھ تائالا ماڭا سۆز قىلىۋاتىدۇ، دېگەن ئېتىقاد بىلەن ئاۋازلىق ياكى ئاۋازسىز ئوقۇش دېگەنلىكتۇر.

## 555-سۇئال: قىرائەت دىگەن نىمە؟

قىرائەت ــ قۇرئان كەرىمنى تەجۋىد قائىدىلىرىگە تولۇق رىئايە قىلغان ھالدا چىرايلىق ئاۋازدا ئوقۇش دېگەنلىكتۇر.

## 556-سۇئال: قۇرئان ئوقۇشنىڭ ھۆكمى

قۇرئان كەرىمنى ئەر ــ ئايال ھەر قانداق بىر مۇسۇلماننىڭ ھەمىشە ئوقۇپ تۇرۇشى سۈننەتتۇر. ئەرەب تىلىنىڭ ھەرپلىرىنى تونۇشقا قۇربى يەتمىگەنلىكتىن قۇرئان كەرىمنى ئوقۇيالمايدىغان ھەر بىر مۇسۇلماننىڭ ئۆز ئانا تىلىدىكى " قۇرئان كەرىم تەرجىمىسى " نى چۈشىنىپ ئوقۇشى ۋاجىبتۇر.

## 557-سۇئال: قۇرئان كەرىمنىڭ توپلىنىشى

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋاپات بولۇپ، ھەزرىتى ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ خەلىپىلىك قىلىۋاتقان ۋاقىتتا، ئىسلامدىن يېنىۋالغۇچىلار بىلەن ساھابىلار ئوتتۇرىسىدا بولغان ئۇرۇشتا، بىر كۈندىلا قارىيلاردىن 70 كىشى ۋاپات بولۇپ كەتكەندىن كېيىن، ھەزرىتى ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ قارىيلار تۈگەپ كەتسە، كېيىنچە، قۇرئان ئايەتلىرىنى توپلاپ كىتاب ھالىغا كەلتۈرۈشنىڭ قىيىن بولىدىغانلىقىدىن ئەنسىرەپ، پۈتۈن ساھابىلارنىڭ مۇۋاپىقەتچىلىكى بىلەن قۇرئاننىڭ ئايەتلىرىنى توپلاپ، ئۇنى رەسمى كىتاب ھالىغا كەلتۈرۈپ ئۆز يېنىدا ساقلىغان. توپلاش ئىشىنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مەخسۇس كاتىبى ۋە « كۇتتابۇلۋەھيى» كومىتېتىنىڭ رەئىسى زەيد ئىبنى سابىت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ كاتتا ئۆلىمالاردىن تەركىب تاپقان كومىتېت ئەزالىرى بىلەن بىرلىكتە ئۆز ئۈستىگە ئالغان. ئۇلار قۇرئان كەرىمنى توپلاپ بولۇپ، قارىيلارنىڭ يادلىغانلىرىغا سېلىشتۇرۇش ئارقىلىق ناھايىتى ئېھتىياتچانلىق بىلەن بېكىتكەن.

ھەزرىتى ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ۋاپات بولغاندىن كېيىن قۇرئان كەرىم ئىككىنچى خەلىپە ھەزرىتى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ يېنىدا، ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ۋاپات بولغاندىن كېيىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئايالى ھەفسە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ يېنىدا ساقلانغان.

## 558-سۇئال: قۇرئان كەرىمنىڭ نۇسخىلارغا كۆپەيتىلىشى

ھىجرىيىنىڭ 25 ـ يىلى (645 ـ مىلادىيە) ئۈچىنچى خەلىپە ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ۋاقتىغا كەلگەندە، مۇسۇلمانلار ئارىسىدا قۇرئاننى قىرائەت قىلىشنىڭ ئۇسۇلى توغرىسىدا بەزى ئىختىلاپلار چىققان. ھەتتا ئەرەب قەبىلىلىرىنىڭ تۈرلۈك شىۋىلىرىدە ئوقۇلۇشقا باشلىغان. بۇ ۋاقىتتا ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ قۇرئاننى ھەفسە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن ئېلىپ، ئۇنى زەيد ئىبنى سابىت ۋە ئابدۇللاھ ئىبنى زوبەيرلەر باشچىلىقىدىكى« كۆتتابۇلۋەھيى» كومىتېتىگە تاپشۇرغان ۋە ئۇلارغا بۇيرۇپ، قۇرئان كەرىمنى قۇرەيش شىۋىسىدە بىر نۇسخا يازدۇرۇپ چىقىپ، بۇ بىر نۇسخىنى يەتتە نۇسخىغا كۆپەيتكۈزگەن، ئاندىن بىر نۇسخىنى ئۆز يېنىدا ساقلاپ قېلىپ، بىر نۇسخىنى مەدىنە ئەھلىگە خاس قىلدۇ، قالغان بەش نۇسخىنى مەككە، شام، يەمەن، بەسرە ۋە بەھەرەيىن قاتارلىق ئىسلام شەھەرلىرىگە بىر نۇسخىدىن ئەۋەتىپ بەرگەن. ھازىر دۇنيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىكى مۇسۇلمانلارنىڭ قولىدىكى قۇرئان كەرىم مۇسھەف ئوسمانىيە نۇسخىسى شۇ ۋاقىتتا توپلانغان نۇسخىنىڭ ئۆزىدۇر. شۇڭا ئۇ ئوسمانى قۇرئان دەپ ئاتالغان.

## 559 ـ سۇئال: قۇرئان كەرىمنى ئاللاھ ساقلىماقتا

بىز مۇسۇلمانلارنىڭ قۇرئان كەرىمنى قوغداش ۋە ئۇنىڭ كۆرسەتمىلىرىگە ئەمەل قىلىش ئەھۋالىغا نەزەر سالىدىغان بولساق، قۇرئان كەرىمنىڭ كۆرسەتمىلىرىگە ئەمەل قىلىش ئىشىنىڭ زامان ئۆتكەنسېرى ئاجىزلاپ بېرىۋاتقانلىقىنى ۋە ئۇنى قوغداش ئىشىنىڭ زامانىنىڭ ئۆزىرىشى بىلەن كۈچىيىپ بارغانلىقىنى كۆرىمىز. بۇ نېمىدىن دېرەك بېرىدۇ؟ شۈبھىسىزكى، قۇرئان كەرىمنى قوغداش ئىشىنىڭ ئاللاھ تائالانىڭ قولىدا ئىكەنلىكىدىن دېرەك بېرىدۇ. شۇڭا قۇرئان كەرىمنى مۇسۇلمانلار ئارىسىدىلا ئەمەس، بەلكى دۇنيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىدا مۇسۇلمان ئەمەس قەۋملەر ئارىسىدىمۇ تاپقىلى بولغىنىدەك، مۇسۇلمان بولمىغانلارنىڭمۇ ئۇنى قوغداپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرىمىز. نېمە ئۈچۈن ياپونىيە، ئىتالىيە ۋە باشقىمۇ مۇسۇلمان بولمىغان دۆلەتلەر قۇرئان كەرىمنى ئەڭ ئېسىل ۋە سۈپەتلىك نەشر قىلىش ئۈچۈن شۇنچە كۆپ خىراجەت چىقىرىدۇ؟ نېمە ئۈچۈن گېرمانىيىلىك مۇسۇلمان ئەمەس بىر شەخس قۇرئان كەرىمنى ھۆسنخەت بىلەن بىر بەتكە يېزىپ چىقىشقا ئالدىرايدۇ؟ نېمە ئۈچۈن قۇرئان كەرىمنى نەشر قىلىدىغان مۇسۇلمان ئەمەس مىللەتلەر ئۆزلىرىنىڭ مۇقەددەس كىتابلىرىنى ئۆزگەرتكىنىدەك قۇرئان كەرىمنى بىرەر ھەرپىگە چاغلىق ئۆزگەرتەلمەيدۇ؟ چۈنكى ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمنى شۇنداق قوغداشنى خالايدۇ ۋە ئۇلارنى شۇنداق قىلدۇرۇش ئارقىلىق قۇرئان كەرىمنى ئاللاھ تائالا ئۆزى قوغداپ كېلىۋاتقانلىقىنى دەللىلەيدۇ. بۇنىڭدىن مەلۇمكى، قۇرئان كەرىمنى قوغداپ كەلگەنلەر ئىسلام دىنىغا

ئەمەل قىلغۇچىلار ئەمەس، بەلكى ئاللاھ تائالا ئۆزىدۇر !

## 560-سۇئال: قۇرئان كەرىم پۈتۈن ئىنسانىيەت ئۈچۈن مۆجىزە

قۇرئان كەرىم ئەرەبلەرگىلا دۇئېل ئېلان قىلىش ئۈچۈن كەلگەن مۆجىزە ئەمەس، بەلكى ئۇ پۈتۈن ئالەم ئۈچۈن مۆجىزىدۇر. ئۇ زامان ۋە ماكانلارنىڭ توساقلىرىنى بۆسۈپ تاشلىدى.

1) قۇرئان كەرىمنىڭ ئۆتمۈش زامانلارنىڭ توساقلىرىنى بۆسۈپ ئۆتكەنلىكى. ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ھېچ ئوقۇمىغان ۋە ئوقۇش، يېزىشنى ئۆگەنمىگەن، پەقەتلا ئاللاھنىڭ ۋەھيىسى بىلەن تەربىيىلەنگەن بىر زات ئېدى. ئۇنىڭغا چۈشۈرۈلگەن بۇ قۇرئاندا، ئۇنىڭدىن بۇرۇن ئۆتكەنلەرنىڭ ئىلگىرىكى پەيغەمبەرلەر بىلەن ئۇلارنىڭ قەۋملىرىنىڭ ئىش ئىزلىرى، ھەتتا تارىخ يۈزىدىن ھېچ ئىزى قالمىغان مىللەتلەرنىڭمۇ كەچۈرمىشلىرى، ئېتىقادلىرى ۋە ئاقىۋەتلىرى تەپسىلي بايان قىلىنغان. يۇقىرىقىلارنىڭ قىسسىلىرىنىڭ بەزىسىنى بىر ئۆمۈر ئىزدەنگەن تارىخشۇناشلاردىن مىڭدىن بىرى بىلەتتى ياكى بىلمەيتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ قىسسىلەرنى قۇرئاننىڭ ھىكايە قىلىشى بويىچە بايان قىلىپ بەرگەندىن كېيىن، مەزكۇر قىسسىلەر ئەھلى كىتاب يەھۇدىي، خرىستىئان ئەللامىلىرىنىڭ قولىدىكى ساماۋىي كىتابلارنىڭ ۋە شۇ زامانلاردىكى مەشھۇر تارىخچىلارنىڭ ھىكايە قىلغانلىرىنىڭ ئەينىسى بولۇپ چىققان. شۇ سەۋەبتىنمۇ ئەينى زامانلاردا ئىسلام دىنىغا كىرگەن ئەھلى كىتاب ئالىملىرى ۋە باشقا ئىلىم ئەھلىلىرى كۆپ بولغان.

قۇرئان كەرىمنىڭ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا خىتاب قىلىپ بىر قانچە ئورۇندا بايان قىلغان «سەن ئۇلارنىڭ يېنىدا يوق ئىدىڭ» دېگەن ئايەتلىرى قۇرئان كەرىمنىڭ ئۆتكەن زامانلارنىڭ توساقلىرىنى بۆسۈپ ئۆتۈشتەك ئۇلۇغ مۆجىزىسىنى ئىسپاتلاشقا يېتەرلىكتۇر. «ئى مۇھەممەد ! بۇ ساڭا ۋەھى قىلىۋاتقىنىمىز غەيب خەۋەرلىرىدىندۇر. مەريەمنى ئۇلارنىڭ قايسىسى تەربىيىسىگە ئېلىش مەسىلىسىدە چەك تاشلاش يۈزىسىدىن قەلەملىرىنى سۇغا تاشلىغان چاغدا، سەن ئۇلارنىڭ يېنىدا يوق ئىدىڭ، مەريەمنىڭ كىمنىڭ تەربىيىسىدە بولۇشىنى ئۆز ئارا جاڭجال قىلىشقانلىرىدا سەن ئۇلارنىڭ يېنىدا يوق ئىدىڭ. » [سۈرە ئال ئىمران - 44]

« ئى مۇھەممەد! بىز غەربىي تاغنىڭ بىر تەرىپىدە مۇساغا ۋەھى نازىل قىلغىنىمىزدا سەن يوق ئىدىڭ، بۇنى ئۆز كۆزۈڭ بىلەنمۇ كۆرمىگەن ئىدىڭ. » [سۈرە قەسەس - 44]

2 ) قۇرئان كەرىمنىڭ ماكان توساقلىرىنى بۆسۈپ تاشلىشى. قۇرئان كەرىم كىشىلەرنىڭ ئىسلام دىنى بىلەن مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام تۇغرۇلۇق ئۆز — ئۆزگە

مەخپىي ئىپتىقانلىرىدىن خەۋەر بېرىشتىن تاشقىرى، كىشىلەرنىڭ كۆڭۈللىرىگە كەچۈرگەنلىرىدىنمۇ تەپسىلىي ۋە ئېنىق خەۋەر بەرگەن.

« پىچىرلىشىشتىن مەنئىي قىلىنغان، ئاندىن مەنئىي قىلىنغان نەرسىگە قايتقان كىشىلەرنى كۆرمىدىڭمۇ؟ ئۇلار گۇناھ بىلەن، زۇلۇم بىلەن ۋە پەيغەمبەرگە قارشى تۇرۇش بىلەن پىچىرلىشىدۇ، ئۇلار سېنىڭ يېنىڭغا كەلگەندە، اللّٰه ساڭا سالام قىلىشتا قوللانمىغان سۆزلەر بىلەن سالام قىلىدۇ، ئۇلار ئۆز ئىچىدە: «اللّٰه نېمىشقا بۇ سۆزىمىز بىلەن بىزنى جازالىمايدۇ!» دەيدۇ، دوزاخ ئۇلارغا كۇپايىدۇر، ئۇلار دوزاخقا كىرىدۇ، دوزاخ نېمىدېگەن يامان جاي! »[مۇجادىلە ـ 8]

قۇرئان كەرىم بۇ ئايەتتە، ئەرەب مۇشرىكلىرىنىڭ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا قارشى ئىچىدە ئۆز ـ ئۆزىگە سۆزلىگەنلىرىدىن خەۋەر بەرگەن. ئەگەر ئۇلار شۇنداق سۆزلىمىگەن بولسا، ئەلۋەتتە بۇ ئايەتكە قارشى چىقىپ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا " ئەي مۇھەممەد ! بىز ئۇنداق ئۇيلىغان ئەمەس، سەن يالغانچىسەن " دەپ ئۇنىڭ سۆزىنى يالغانغا چىقارغان بولاتتى. ئەمما ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئىچكى رەزىللىكلىرىنى پاش قىلغان بۇ قۇرئان كەرىم ئايىتى ئالدىدا لام، جىم دېيەلمىدى. بۇ قۇرئان كەرىمنىڭ كىشىلەر كۆڭلىدە بولۇپ ئۆتكەنلەردىن خەۋەر بېرىشى بولۇپ، كىشىلەر تېخى كۆڭلىگە كەچۈرمىگەن ۋە چوقۇم كەلتۈرىدىغان ئىشلاردىنمۇ خەۋەر بېرىش ئارقىلىق ئۆزىنىڭ مۆجىزىسىنى نامايان قىلغان.

« بەزى ئەخمەق كىشىلەر: " ئۇلارنى يەنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن مۆمىنلەرنى قاراپ كېلىۋاتقان قىبلىسىدىن يەنى بەيتۇلمۇقەددەستىن نېمە يۈز ئۆرۈگۈزگەندۇ؟. " دەيدۇ. » [سۈرە بەقەر ـ 142]

بۇ ئايەت، قىبلە بەيتۇلمۇقەددەستىن كەبىگە ئۆزگەرتىلىشتىن بۇرۇن چۈشكەن بولۇپ، يېقىن كېلەچەكتە ئەمەلگە ئاشىدىغان بۇ چوڭ ئۆزگىرىشكە كىشىلەرنىڭ تۇتىدىغان مەۋقىئەسى توغرۇلۇق ئالدىنئالا خەۋەر بەرگەن. كەبە ئۆزگەرگەندىن كېيىن، ئۇلار راستىنلا شۇنداق دېيىشكەن.

«ئۇلار يەنى مۇناپىقلارنىڭ يېنىغا قايتىپ بارغىنىڭلاردا، ئۇلار سىلەرنىڭ ئۇلارنى ئەيىبلىمەسلىكىڭلار ئۈچۈن يالغان ئۆزرىلەر بايان قىلىپ، ئاللاھ بىلەن قەسەم قىلىدۇ، ئۇلاردىن يۈز ئۆرۈڭلار يەنى ئۇلار بىلەن سۆزلەشمەڭلار ۋە سالاملاشماڭلار، ئۇلار ھەقىقەتەن نىجىستۇر، قىلمىشلىرىنىڭ جازاسى ئۈچۈن ئۇلارنىڭ بارىدىغان جايى جەھەننەمدۇر. » [سۈرە تەۋبە ـ 94]

بۇ ئايەت، جىھادتىن قېچىپ ئايرىلىپ قالغان مۇناپىقلارنىڭ مۇسۇلمانلار جىھادتىن قايتىپ كەلگەندە، ئۇلارنىڭ ئالدىغا چىقىپ يالغاندىن ئۆزۈرلەرنى

ئويدۇرۇپ قەسەم قىلىدىغانلىقىدىن خەۋەر بەرگەن.

3 ) قۇرئان كەرىمنىڭ كېلەچەك توساقلىرىنى بۆسۈپ تاشلىشى. «مۇشرىكلار توپى مەغلۇپ قىلىنىدۇ، ئارقىغا قاراپ قاچىدۇ. » [سۈرە قەمەر ـ 45]

بۇ ئايەت مەككىدە مۇسۇلمانلار سان ۋە كۈچ جەھەتتە ئىنتايىن ئازلىقنى تەشكىل قىلىدىغان بىر ۋاقىتتا چۈشكەن. ھەتتا ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بۇ ئايەت چۈشكەندە «قايسى توپ ئۇ بىزدىن مەغلۇب بولىدىغان. بىز ئۆزىمىزنى قوغداشتىنمۇ ئاجىز كېلىۋاتقان تۇرساق. » دېگەن. قۇرئان كەرىم بۇ ئايەت ئارقىلىق بىر قانچە يىل كېيىن ئەمەلگە ئاشىدىغان بىر ھەقىقەتتىن خەۋەر بەرگەن.

قۇرئان كەرىم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا جېنى بىلەن دۈشمەنلىك كۆرسەتكەن تاغىسى ئەبۇ لەھەبنىڭ كاپىر پېتى ئۆلىدىغانلىقىدىن خەۋەر بېرىدۇ.

«ئەبۇ لەھەبنىڭ ئىككى قولى قۇرۇپ كەتسۇن! ئەمەلدە قۇرۇپ كەتتى. ئۇنىڭغا مال مۈلكى ۋە ئېرىشكەن نەرسىلىرى ئەسقاتمىدى. ئۇ لاۋۇلداپ تۇرغان ئوتقا يەنى دوزاخقا كىرىدۇ. ئۇنىڭ ئوتۇن توشۇغۇچى يەنى سۇخەنچى خوتۇنىمۇ لاۋۇلداپ تۇرغان ئوتقا كىرىدۇ. ئۇنىڭ بوينىدا مەھكەم ئېشىلگەن ئارغامچا بولىدۇ. » [سۈرە مەسەد]

**561ـ سۇئال: قۇرئان قىسسىلىرىنىڭ پايدىلىرى**

قۇرئان قىسسىلىرىنىڭ نۇرغۇن پايدىلىرى بولۇپ، ئۇنىڭ مۇھىملىرىنى تۆۋەندىكىچە يىغىنچاقلايمىز:

1 ـ ئاللاھنىڭ دىنىغا چاقىرىشنىڭ ئاساسلىرىنى ئېنىقلاش ۋە بارلىق پەيغەمبەرلەر بىلەن ئەۋەتىلگەن شەرىئەتلەرنىڭ ئۇسۇللىرى (ئەسلى) نى بايان قىلىش: «(ئى مۇھەممەد!) سەندىن ئىلگىرى ئەۋەتىلگەن پەيغەمبەرلەرنىڭ ھەممىسىگە: ‹مەندىن باشقا ھېچ مەبۇد (بەرھەق) يوقتۇر، ماڭىلا ئىبادەت قىلىڭلار› دەپ ۋەھيى قىلدۇق.» [ ئەنبىيا سۈرىسى، 25ـ ئايەت. ]

2ـ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋە ئۈممەتى مۇھەممەدىييەنىڭ قەلبلىرىنى ئاللاھنىڭ دىنىدا مۇستەھكەم قىلىش، مۆمىنلەرنىڭ ئاللاھ تائالانىڭ ياردىمىگە بولغان ئىشەنچىسىنى كۈچلەندۈرۈش، باتىل ۋە ئۇنىڭ تەرەپدارلىرىنى ئوسال ئورۇنغا چۈشۈرۈش: «كۆڭلۈڭنى خاتىرجەم قىلىش ئۈچۈن، ساڭا پەيغەمبەرلەرنىڭ قىسسىلىرىنى بايان قىلىپ بېرىمىز، بۇ قىسسىلەر ھەقىقەتنى، مۆمىنلەر ئۈچۈن ۋەز ـ نەسىھەت، ئىبرەتلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان. »[ ھۇد سۈرىسى، 120ـ ئايەت. ]

3ـ ئۆتكەن پەيغەمبەرلەرنى تەستىقلاش، ئۇلارنىڭ خاتىرلىرىنى يېڭىلاش ۋە ئەسەر (ئىز) لىرىنى ئەبەدىيلەشتۈرۈش.

4ـ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەسىرلەر ۋە نەسىللەر بويىچە، كىلىپ كەتكەن

مىللەتلەر ۋە كىشىلەرنىڭ ئەھۋاللىرى توغرىسىدا بەرگەن خەۋەرلىرى بىلەن دەۋرتىدە توغرا ئىكەنلىكىنى كۆرستىش.

5. قۇرئاننىڭ ئەھلى كىتابقا قارشى پاكىت بىلەن مۇجادىلە قىلىشى، ئۆزگىرىش ۋە ئالمىشىشتىن ئىلگىرى كىتابلىرىدا بار نەرسىلەر بىلەن ئۇلارغا رەددىيە بېرىش. ئاللاھ تائالانىڭ: «تەۋرات نازىل قىلىنىشتىن ئىلگىرى، ئىسرائىل (يەنى يەئقۇب ئەلەيهىسسالام) ئۆزىگە هارام قىلغان يېمەكلىكلەر (يەنى تۆگىنىڭ گۆشى ۋە سۈتى) دىن باشقا يېمەكلىكلەرنىڭ ھەممىسى ئىسرائىل ئەۋلادىغا هالال ئىدى. (ئى مۇھەممەد!ئۇلارغا) ئېيتقىنكى، "ئەگەر راستچىل بولساڭلار، تەۋراتنى ئېلىپ كېلىپ ئوقۇپ بېقىڭلار»[ ئال ئىمران سۈرىسى، 93- ئايەت. ] دېگەن سۆزىدىكىگە ئوخشاش.

6. قىسسەلەر ئەدەبىياتىنىڭ بىر تۈرى بولۇپ، قولاقتا ياقىدۇ. ئىبرەتلىرى نەپسكە ئورۇنلىشىدۇ: «ئۇلارنىڭ قىسسىسىدىن ئەقىل ئىگىلىرى ئەلۋەتتە ئىبرەت ئالىدۇ. » [يۇسۇف سۈرىسى، 11- ئايەت. ]

## 562-سۇئال: قۇرئاندىكى قىسسىلەر خىيال ئەمەس، ھەقىقەتتۇر

ھەقىقي مۇسۇلمان، قۇرئان كەرىمنىڭ ئاللاھنىڭ كالامى ئىكەنلىكىگە ۋە ئۇنىڭ تارىخىي رىئاللىقنى كۆزدە تۇتمايدىغان تەسۋىرى سەنئەتتىن پاكلىقىغا، قۇرئان قىسسىلىرىنىڭ پەقەت تاللانغان كەلىمە ۋە يارقىن ئۇسلۇبلاردىن تەركىپ تاپقان گۈزەل سۈرەتلەرگە تويۇنغان تارىخىي رىئاللىقلار ئىكەنلىكىگە ئىشەنگەن كىشىدۇر. چۈنكى قۇرئان، ھەممىنى بىلگۈچى، هېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچى زات تەرىپىدىن نازىل قىلىنغان. ئۇنىڭ خەۋەرلىرى پەقەت رىئاللىققا ئويغۇن هالدا كەلگەن. پەزىلەتلىك كىشىلەر يالغاننى توقۇشتىن يىراق تۇرىدۇ ۋە بۇنى ئىنسانىيەت ئۈچۈن ئەڭ پەس رەزىللىك، دەپ قارايدۇ. ئاللاھ تائالانىڭ قۇرئاندا بايان قىلغان قىسسىلىرى ھەقىقەتتۇر: «بىز ساڭا ئۇلارنىڭ هېكايىسىنى راستى بىلەن ئېيتىپ بېرىمىز. »[ كەھف سۈرىسى، 13- ئايەت. ] «ساڭا مۇسا ۋە پىرئەۋن قىسسىسىنى ھەقلىق ئاساستا ئوقۇپ بېرىمىز. »[ قەسەس سۈرىسى، 3- ئايەت. ]

## 563-سۇئال: تەلىم - تەربىيەدە قۇرئان قىسسىلىرىنىڭ تەسىرى

شۈنىڭدا شۈبھە يوقكى، نازۇك تىل بىلەن چۈشەندۈرۈلگەن قىسسىلەر قولاقتا ياقىدۇ، ئىنساننىڭ روھى ۋە قەلبىگە ئاسانلا ئورۇنلىشىدۇ. تۇيغۇلارغا دوستانە يېقىنلىشىدۇ، ئۇلارنى زېرىكتۈرمەيدۇ، چارچاتمايدۇ. ئەقىل ئۇنىڭ ئامىللىرىنى ئاختۇرۇپ، ئېتىزلىرىدىن چېچەك ۋە مۇېلەرنى توپلايدۇ.

قىسسەسىز چۈشەندۈرۈلگەن نەسىھەت خاراكتېرلىك دەرسلەر، زېرىكىشنى مەيدانغا كەلتۈرىدۇ. يېڭى يېتىشكەن ياش كۆپىنچە بۇلارنى قوغلىشىپ بولالمايدۇ.

دەرسلەرنىڭ ئامىللىرىنى جاپا ـ مۇشەققەتتە چۈشىنەلمەيدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن قىسسە ئۇسلۇبىدا دەرس چۈشەندۈرۈش تېخىمۇ ئۈنۈملۈك ۋە پايدىلىق بولىدۇ.

شۇنداق بىر ھەقىقەت باركى، مەيلى ئۈسمۈرلۈك دەۋرىدىكى كىچىك باللار بولسۇن، چۈشەندۈرۈلگەن ھېكايىلەرنى ئاڭلاشقا مايىل كېلىدۇ، ئۇنىڭغا قولاق سېلىپ دىققەت بىلەن ئاڭلايدۇ، خاتىرىسى، چۈشەندۈرۈلگەن نەرسىلەرنى يادلايدۇ ۋە ئۇنى سىزگە ئەينەن سۆزلەپ بېرەلەيدۇ. نەپسى ۋە تەبىئىي بولغان بۇ روشەن ھەقىقەتتىن، مائارىپچىلارنىڭ تەلىم ۋە تەربىيە ساھەلىرىدە، بولۇپمۇ تەلىمنىڭ جەۋھىرى ۋە ئاساسى سانىلىدىغان دىنىي تەربىيىدە پايدىلىنىشلىرى لازىم.

قۇرئاننىڭ قىسسىلىرىدە، پەيغەمبەرلەرنىڭ تەرجىمىھاللىرى، ئۆتكەن مىللەتلەر ۋە ئىنسانلارنىڭ خەۋەرلىرى، جەمئىيەتلەرنىڭ ھاياتىدىكى ئاللاھنىڭ سۈننىتى، ئۈممەتلەرنىڭ ئەھۋاللىرىدىن ئىبارەت، مائارىپچىلارنىڭ ۋەزىپىلىرىدە ئۇزۇپ چىقىشى ئۈچۈن ھەمدەم بولىدىغان بىر مۇنبەت زېمىن بار بولۇپ، بۇ ئۇلارنى تەربىيەلەش لاۋازىمەتلىرى بىلەن تەمىنلەيدۇ. تەربىيىلىگۈچى كىشى قۇرئان كەرىم قىسسىلىرىنى، تەلىم تەربىيەنىڭ ھەر قايسى باسقۇچلىرى بويىچە ئۇقۇغۇچىلارنىڭ پىكرى سەۋىيىسىگە ئويغۇن ئۇسلۇبتا ئوتتۇرىغا قويالايدۇ.

## 564ـسۇئال: قۇرئان كەرىمدىكى مۇئمىنلەر ئۈچۈن نىدا ئايەتلىرىنىڭ سانى ۋە ئاساسى تېمىسى

ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە، مۇئمىنلەر ئۈچۈن 90 ئورۇندا نىدا ئايىتى نازىل قىلغان بولۇپ بۇ نىدا ئايەتلىرى ئارقىلىق ئاللاھ تائالا، ئۆزىنىڭ مۇئمىن بەندىلىرىگە بولغان كۆيۈمچانلىقنى ئىپادىلەپ مۇئمىنلەرنىڭ بەختتە ئىرىششى ئۈچۈن قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلارنى بۇيرىغان ۋە دەۋزەختىن ساقلىنىشى ئۈچۈن ئۇنىڭدىن ئاگاھلاندۇرغان.

## 565ـسۇئال: قۇرئان كەرىمدىكى مۇئمىنلەر ئۈچۈن نىدا ئايەتلىرىدە ئاللاھ تائالا مۇئمىنلەرنى چاقىرغان ئىشلار

1. ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرىنى ئەدەپ بىلەن چاقىرىشقا، سۆزىگە قۇلاق سېلىشقا چاقىرغان.

2. مۇئمىنلەرنى سەۋىر ئارقىلىق، ناماز ئارقىلىق ياردەم تىلەشكە چاقىرىپ ئاللاھ تائالانىڭ سەۋىر قىلغۇچىلار بىلەن بىللە ئىكەنلىكىدىن خەۋەر بەرگەن.

3. مۇئمىنلەرنى ئاللاھ رىزىقلاندۇرغان پاكىزە، ھالال نەرسىلەردىن يېيىشكە، ئاللاھنىڭ ھەددى ھېساپسىز نېئمەتلىرىگە شۇكۇر قىلىشقا بۇيرىغان.

4. ئادەم ئۆلتۈرگەن قاتىلدىن قىساس ئېلىشقا بۇيرۇش بىلەن قىساسنىڭ ھاياتلىق

ئۇچۇن پايدىسى بارلىقىنى كۆرسەتكەن.

5. قاتىلدىن قىساس ئېلىشنىڭ ئورنىغا دىيەت تەلەپ قىلىشنىڭمۇ توغرا ئىكەنلىكىنى كۆرسەتكەن.

6. قاتىلنى، دىيەت تەلەپ قىلغۇچىغا دىيەتنى چىرايلىقچە بېرىشكە بۇيرىغان.

7. مۇئمىنلەرنىڭ گۇناھتىن ساقلىنىشى ئۇچۇن رامىزان روزىسىنىڭ پەرىز قىلىنغانلىقى بايان قىلىنغان.

8. ئىسلامغا كىرگۈچىلەرنىڭ ئىسلام دىنىنىڭ ئەھكاملىرىغا تولۇق رىئايە قىلىش ئارقىلىق ئىسلامغا پۈتۈنلەي كىرىشكە چاقىرغان.

9. ئاللاھنىڭ ئىزنىسىز شاپائەت بولمايدىغان كۈن يەنى قىيامەت كۈنى يېتىپ كېلىشتىن بۇرۇن ئاللاھ رىزىق قىلىپ بەرگەن مال ـ مۈلۈكلەردىن ياخشىلىق يوللىرىغا سەرىپ قىلىشقا بۇيرىغان.

10. نىسى ئىلىم ـ  بىرىم ئىشلىرىدا ھۆججەت يېزىش بىلەن بىرگە گۇۋاھچى كەلتۈرۈشكە بۇيرۇپ، بۇنداق قىلىشنىڭ ھەر ئىككى تەرەپ ئۇچۇن پايدىلىق ئىكەنلىكىنى كۆرسەتكەن.

11. ئاللاھقا لايىق رەۋىشتە تەقۋالىق قىلىشقا بۇيرۇپ پۈتۈن ئۆمرى بويىچە مۇسۇلمانلىق ھالەتتە ياشاپ دۇنيادىن ئۆتۈشكە چاقىرغان.

12. مۇئمىنلەردىن باشقىلار بىلەن سىرداش بولۇشنىڭ مۇئمىنلەر ئۇچۇن پايدىسىز ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ، مۇئمىنلەر بىلەنلا سىرداش بولۇپ ئۆتۈشكە بۇيرىغان.

13. تائەت ئىبادەتتە چىدامىلىق بولۇشقا، ئۇنىڭ مۇشەققەتلىرىگە ۋە يەتكەن ئېغىرچىلىقلارغا سەۋر قىلىشقا، جىھادقا تەييار تۇرۇشقا بۇيرىغان.

14. ئاياللارغا بىسىم ئىشلىتىشتىن، تويلۇقنى قايتۇرۇۋېلىشتىن توسۇپ، ئاياللار بىلەن چىرايلىق ئۆتۈشكە، ياقتۇرمىغان تەقدىردىمۇ سەۋر قىلىشقا بۇيرىغان.

15. مەس ياكى جۇنۇپ ھالەتتىكى كىشىنى نامازغا يېقىنلىشىشتىن توسۇپ ناماز ئۇچۇن تاھارەت ئېلىش، غۇسلى قىلىش ياكى سۇ تاپالمىغاندا تەيەممۇم قىلىشقا بۇيرىغان.

16. مۇئمىنلەرنى اللهقا، پەيغەمبەرگە ۋە ئۆزلىرىدىن بولغان ئىش ئۇستىدىكىلەرگە ئىتائەت قىلىشقا بۇيرىغان.

17. ھەر ۋاقىت جىھادقا تەييار تۇرۇشقا ۋە ئۇرۇشقا توپ توپ بولۇپ چىقىشقا بۇيرىغان.

18. خۇدالىق ئۇچۇن گۇۋاھلىق بېرىشتە توغرا، ئادىل بولۇشقا، گۇۋاھلىقتىن باش

تارتماسلىققا بۇيرىغان.

19. ئاللاھ تائالا مۇئمىنلەرنى ﷲقا، ﷲنىڭ پەيغەمبىرىگە ۋە ﷲ ئۇنىڭغا نازىل قىلغان كىتابقا (قۇرئانغا)، ئاللاھ ئىلگىرى نازىل قىلغان كىتابلارغا (يەنى قۇرئاندىن ئىلگىرى نازىل قىلىنغان ساماۋى كىتابلارغا) ئىمان كەلتۈرۈشكە بۇيرىغان.

20. مۇئمىنلەرنى ئۆز ئارا ئارىلىرىدىكى ئەھدىگە ۋاپا قىلىشقا بۇيرىغان.

21. ياخشى ئىشقا ۋە تەقۋادارلىققا ياردەملىشىشكە زۇلۇمغا ياردەملەشمەسلىككە بۇيرىغان.

22. ناماز ئوقۇش ئۈچۈن تاھارەت ئېلىشقا، تاھارەت ئېلىش ئۈچۈن يۈزىنى، قولىنى يۇيۇشقا، باشقا مەسھى قىلىشقا، پۇتىنى يۇيۇشقا بۇيرىغان. جۇنۇبەت بولسا غۇسلى تاھارەت ئېلىشقا، تاھارەت ئېلىش ئۈچۈن سۇ تاپالمىغاندا تەيەممۇم قىلىشقا بۇيرۇپ ئىسلام شەرىئىتىنىڭ مۇئمىنلەر ئۈچۈن نىئمەت ئىكەنلىكىنى بايان قىلغان.

23. ئاللاھنىڭ ھەقلىرىنى ئادا قىلىش ئۈچۈن ھەر قانداق ئادەم ياكى قەۋمگە ئادىل بولۇشقا بۇيرۇپ بۇنداق قىلىشنىڭ تەقۋادارلىققا ئەڭ يېقىن ئىكەنلىكىنى بايان قىلغان.

24. مۇسۇلمانلارنى كاپىرلارنىڭ زىيانكەشلىكىدىن قوغداپ قالغانلىقىنىڭ ئاللاھ تائالادىن بىرىلگەن بىر نىئمەت ئىكەنلىكىنى كۆرسۈتۈپ، مۇئمىنلەرنى ئاللاھقا تەۋەككۈل قىلىشقا بۇيرىغان.

25. مەقسەتكە ئېرىشىش، ئاللاھقا يېقىنچىلىق ھاسىل قىلىش ئۈچۈن تەقۋادار بولۇشقا، ئاللاھ يولىدا جىھاد قىلىشقا بۇيرىغان.

26. ھەقىقى مۇئمىن بولغۇچىلارنى ئاللاھنىڭ دىنى مەسخىرە قىلىدىغان يەھۇدىي ناسارالارنى دوست تۇماسلىققا بۇيرىغان.

27. ئاللاھ ھالال قىلىپ بەرگەن پاك نەرسىلەرنى ئۆزگە ھارام قىلماسلىق، ئاللاھ بەلگىلەپ بەرگەن چەكتىن ئېشىپ كەتمەسلىككە بۇيرۇپ بۇنداقلارنى ئاللاھنىڭ دوست تۇتمايدىغانلىقنى بايان قىلغان.

28. ھەرەمدە تۇرۇپ ئوۋ ئوۋلاشتىن چەكلەشنىڭ مۇئمىنلەر ئۈچۈن ئاللاھنىڭ سىنقى ئىكەنلىكى بايان قىلىنغان.

29. ئۆزىنى گۇناھتىن ساقلاپ توغرا يولدا بولغانلارغا باشقىلارنىڭ ئاداشقىنىنىڭ ھېچ بىر زىيان يەتكۈزەلمەيدىغانلىقنى بايان قىلىش ئارقىلىق مۇئمىنلەرنى ئۆزىنى تۈزۈتۈشكە بۇيرىغان.

30. ۋەسىيەتتە ئىككى ئادىل كىشىنى گۇۋاھچى قىلىپ تەيىنلەشكە ۋە گۇۋاھچىنى توغرا گۇۋاھلىق بىرىشكە قەسەم قىلدۇرۇشقا بۇيرىغان.

31. ئۇرۇشتا ئارقىغا قاچماسلىقتا بۇيرىغان.

32. ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىتائەت قىلىشقا قۇرئاننى ئاڭلاپ تۇرۇپ ئۇنىڭدىن يۈز ئۆرۈمەسلىككە بۇيرىغان.

33. مۇئمىنلەرنى ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىنىڭ دەۋىتىنى قوبۇل قىلىشقا بۇيرىغان.

34. مۇئمىنلەرنى اللهقا، پەيغەمبەرگە خىيانەت قىلماسلىققا، قويۇلغان ئامانەتلەرگە بىلىپ تۇرۇپ خىيانەت قىلماسلىققا بۇيرىغان.

35. ئاللاھنىڭ، ئاللاھتىن قورىققانلارنى ھىدايەت قىلىدىغانلىقى، مەغپىرەت قىلىدىغانلىقى بايان قىلىنغان.

36. دۈشمەن بىلەن ئۇچراشقاندا تەمكىن بولۇشقا، مۇۋاپىقىيەت قازىنىش ئۈچۈن ئاللاھنى كۆپ ياد ئېتىشكە بۇيرىغان.

37. ئاللاھتىن قورىققۇچىلارنى راست سۆزلەشكە، راستچىللار بىلەن بىللە بولۇشقا بۇيرىغان.

38. جىھاد قىلىشنى يىقىندىكى كاپىرلارغا قارشى تۇرۇشتىن باشلاشقا ۋە ئۇلارغا قاتتىق قول بولۇشقا بۇيرىغان.

39. بەختكە ئېرىشىش ئۈچۈن ئىبادەتنى تەزەررۇ بىلەن قىلىشقا، يەنى تەھەججۇد نامىزى ئوقۇشقا، ياخشى ئىشلارنى قىلىشقا، يەنى سىلە رەھىم قىلىشقا، يېتىملەرنىڭ بېشىنى سىلىشقا ئوخشاش ئىشلارنى قىلىشقا بۇيرىغان.

40. باشقىلارنىڭ ئۆيىگە كىرگەندە ئۆي ئىگىسىدىن رۇخسەت سوراشقا ۋە ئۆي ئىگىسىگە سالام بېرىپ كىرىشكە بۇيرىغان.

41. مۇئمىنلەرنى نامەھرەملەرگە تىكىلىپ قارىماسلىققا، ئەۋرەتلىرىنى نامەھرەملەرگە كۆرسەتمەسلىك ئۈچۈن لىچەكلىرى بىلەن كۆرەكلىرىنى يېپىپ ئورىنىشقا، زىننەتلىرىنى باشقىلارغا كۆرسىتىش غەرىزى بىلەن ئاياغلىرىنى يەرگە ئۇرماسلىققا، بەختكە ئېرىشىش ئۈچۈن ئاللاھقا تەۋبە قىلىشقا بۇيرىغان.

42. ئائىلىدىكى بالا چاقا، خىزمەتكار قاتارلىقلارنىڭ بامداتتىن بۇرۇن، چۈشتە، خۇپتەندىن كېيىن يەنى چوڭلار يېشىنىپ ئۇخلايدىغان، ئارام ئالىدىغان ۋاقىتتا ئۇلار تۇرغان ئۆيگە رۇخسەت سوراپ كىرىش لازىملىقىنى بۇيرىغان.

43. ئەھزاب غازىتىدىكى ئاللاھنىڭ ياردىمىنىڭ ئاللاھنىڭ مۇئمىنلەرگە بولغان نېئمىتى ئىكەنلىكى بايان قىلىنغان.

44. ئەتىگەن ئاخشامدا ئاللاھقا تەسبىھ ئېيتىشنىڭ پەزىلىتىنىڭ يۇقىرىلىقى بايان

قىلىنىپ ئاللاھقا كۆپ زىكىر ئېيتىشقا بۇيرىغان.

45. يىقىنچىلىق قىلىشتىن بۇرۇن قويۇۋېتىلگەن مۇئمىن ئايالنىڭ، ئىددەت تۇتمايدىغانلىقى ۋە ئۇنىڭغا ئاز ـ تولا نەرسە بېرىپ چىرايلىقچە قويۇۋېتىشكە بۇيرىغان.

46. پەيغەمبەرنىڭ ئۆيىگە كىرىشنىڭ، پەيغەمبەرنىڭ ئاياللىرى بىلەن مۇئامىلە قىلىشنىڭ ئەدەپلىرى بايان قىلىنغان.

47. ئاللاھنىڭ پەيغەمبەرگە رەھمەت يوللايدىغانلىقى، پەرىشتىلەرنىڭ پەيغەمبەرگە مەغپىرەت تىلەيدىغانلىقى بايان قىلىنىپ مۇئمىنلەرنى پەيغەمبەرگە دۇرۇد ئېيتىشقا بۇيرىغان.

48. ئاللاھنىڭ دىنىغا ياردەم بېرىش ئۈچۈن جىھادقا ئاتلانغانلارغا ئاللاھنىڭ ياردەم بېرىپ ئۇرۇش مەيدانلىرىدا قەدەملىرىنى بەرقارار قىلىدىغانلىقى بايان قىلىنغان.

49. مۇئمىنلەرنى ﷲقا ئىتائەت قىلىشقا، پەيغەمبەرگە ئىتائەت قىلىشقا بۇيرۇپ، ئەمەللىرىنى كۇفرى نىفاق ۋە رىيا بىلەن بىكار قىلىۋەتمەسلىككە بۇيرىغان.

50. ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرىگە ئەدەپ بىلەن مۇئامىلە قىلىشقا، پەيغەمبەرنىڭ ئالدىدا پەس ئاۋازدا سۆزلەشكە بۇيرۇپ، بۇنداق قىلمىغانلارنىڭ ئەمەلىنىڭ بىكار بولۇپ كېتىدىغانلىقىنى بايان قىلغان.

51. پاسىق ئادەم بىرەر خەۋەر ئېلىپ كەلسە، ئۇ خەۋەرنىڭ ھەقىقىتىنى ئېنىقلاپ كۆرۈشكە بۇيرىغان.

52. ئەھلى كىتاپتىن ئىمان ئېيتقانلارغا ئىككى ھەسسە ساۋاپ بېرىلىدىغانلىقى، ئاللاھنىڭ ئۇلارغا مەغپىرەت قىلىدىغانلىقى بايان قىلىنغان.

53. سورۇندا باشقىلارغا ئورۇن چىقىرىپ بەرگەنلەرگە ئاللاھنىڭ رەھمىتى ۋە جەننىتىنى كەڭەيتىپ بېرىدىغانلىقى، يىغىلىشنىڭ ئەدەپ ئەخلاقلىرى، ئىمان ئېيتقان ۋە ئىلىم بېرىلگەنلەرنى بىر قانچە دەرىجە يۇقىرى كۆتۈرىدىغانلىقى بايان قىلىنغان.

54. مۇئمىنلەرنى پەيغەمبەر بىلەن مەخپىي سۆزلىشىشتىن ئىلگىرى سەدىقە بېرىشكە بۇيرۇغان.

55. ئاللاھتىن قورقۇشقا، تەقۋادارلىق قىلىشقا ۋە قىيامەت كۈنى ئۈچۈن تەييارلىق قىلىشقا بۇيرۇغان.

56. مۇئمىنلەرنى ئاللاھنىڭ دۈشمىنى ۋە ئۆزلىرىنىڭ دۈشمىنىنى دوست تۇتماسلىققا بۇيرىغان.

57. مۇئمىنلەرنى اللّٰه غا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ھەقىقى ئىمان ئېيتىشقا، اللّٰەنىڭ يولىدا مېلى ۋە جېنى بىلەن جىھاد قىلىشقا بۇيرىغان.

58. مۇسۇلمانلارنىڭ ھەرقانداق ئەھۋالدا دىنىنىڭ ياردەمچىسى ئىكەنلىكى، ئىمان ئېيتقان تائىپىگە اللّٰه تائالانىڭ ياردەم قىلىدىغانلىقى بايان قىلىنغان.

59. جۈمە كۈنى جۈمەگە ئەزان ئەيتىلغاندىن كيىن ئىلىم سېتىمنى قويۇپ خۇتبىنى تىڭشاش ئۈچۈن جۈمەگە ئالدىراپ بىرىشقا بۇيرىغان.

60. مال دۇنيا ۋە باللىرىنى دەپ ئاللاھنىڭ زىكرىدىن غاپىل قالغۇچىلارنىڭ ئاخىرەتتە زىيان تارتقۇچىلاردىن بولىدىغانلىقى بايان قىلىنغان.

61. ئاياللار ۋە باللارنىڭ پىتنىسىدىن ئېھتىيات قىلىپ ئۇلارنى ئەپۇ قىلىشنىڭ ئاللاھنىڭ مەغپىرىتىگە ئېرىشتۈرىدىغانلىقى بايان قىلىنغان.

62. بالا ـ چاقىلارنى ئەدەب ـ ئەخلاق ۋە دىن تەربىيىسى بىلەن تەربىيلەپ، ئاخىرەتتە دوزاخنىڭ يېقىلغۇلىرىدىن بولۇپ قالماسلىققا بۇيرىغان.

63. اللّٰەقا سەممىي تەۋبە قىلغۇچىلارنىڭ گۇناھلىرىنى ئاللاھنىڭ ئەپۇ قىلىپ گۇناھلىرىنى يوققا چىقىرىپ جەننەتكە كىرگۈزىدىغانلىقىدىن خۇش خەۋەر بىرىلگەن.

64. ئاللاھ تائالانىڭ قىيامەت كۈندە پەيغەمبەرنى ۋە ئۇلار بىلەن بىللە بولغان مۇئمىنلەرنى رەسۋا قىلمايدىغانلىقىدىن خەۋەر بەرگەن.

65. مۇئمىنلەرنى «ئى پەرۋەردىگارىمىز! بىزگە نۇرىمىزنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ بەرگىن، بىزگە مەغپىرەت قىلغىن، سەن بولساڭ ھەقىقەتەن ھەر نەرسىگە قادىرسەن» دەپ دۇئا قىلىشقا بۇيرىغان.

**566ـسۇئال: قۇرئان كەرىمدىكى مۇئمىنلەر ئۈچۈن نىدا ئايەتلىرىدە ئاللاھ تائالا مۇئمىنلەرنى چەكلىگەن ئىشلار**

1. ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرىنى كاپىرلارغا ئوخشاش ئەدەپسىزلىك بىلەن كەمسىتىش بىلەن چاقىرغۇچىلارنىڭ، سۆزىگە قۇلاق سالمىغانلارنىڭ قاتتىق ئازاپقا دۇچار بولىدىغانلىقىدىن ئاگاھلاندۇرغان.

2. قاتىلدىن دىيەتنى قوبۇل قىلغاندىن كيىن چىكىدىن ئاشقۇچىلارنىڭ قاتتىق ئازابقا دۇچار بولىدىغانلىقىدىن ئاگاھلاندۇرغان.

3. ئىسلامنىڭ بەزى ئەھكاملىرىغا ئەمەل قىلىپ بەزى ئەھكاملىرىنى تەرىك ئىتىش بىلەن شەيتاننىڭ يوللىرىغا ئەگىشىپ قىلىشتىن ئاگاھلاندۇرغان.

4. كۈپرانى نىئمەت قىلغۇچىلارنىڭ ئۆزلىرىگە زۇلۇم قىلغۇچى بولۇپ قالىدىغانلىقىدىن ئاگاھلاندۇرغان.

5. پۇل مىلىنى كىشىلەرگە كۆرسۈتۈش ئۈچۈن سەرىپ قىلىدىغانلارنىڭ، قىلغان

سەدىقسىگە مىننەت قىلىدىغان ۋە ئەزىيەت يەتكۈزۈدىغانلارنىڭ ئەمەلىنىڭ بىكار بولۇپ كېتىدىغانلىقىنى كۆرسۈتۈپ مۆئمىنلەرنى بۇنداق قىلىشتىن ئاگاھلاندۇرغان.

6. ئاللاھ رىزىق قىلىپ بەرگەن نەرسىلەرنىڭ ياخشىلىرىدىن سەدىقە قىلىشقا بۇيرۇپ، ناچار نەرسىلەردىن سەدىقە قىلغۇچىلارنىڭ سەدىقىسىدىن ئاللاھنىڭ بىھاجەت ئىكەنلىكى ئاگاھلاندۇرۇلغان.

7. ئۆزىنى ھەقىقى مۆئمىن دەپ قارايدىغانلارنىڭ جازانىدىن يىراق تۇرۇش لازىملىقىنى بۇيرىغان.

8. مۆئمىنلەرنى ئەھلى كىتاپقا ئىتائەت قىلىشتىن توسقان.

9. جازانىنىڭ قەتئى ھاراملىقىنى كۆرسۈتۈپ جازانە يېيىشتىن چەكلىگەن.

10. كاپىرلاغا ئىتائەت قىلغۇچىلارنىڭ زىيان تارتىدىغانلىقىنى كۆرسۈتۈپ كاپىرلاغا ئىتائەت قىلىشتىن توسقان.

11. ئۆلۈم ۋە قازايى قەدەگە تۇتقان مۇئامىلىدە كاپىرلارغا ئوخشاپ قىلىشتىن توسقان.

12. مۆئمىنلەرنى بىر-بىرىنىڭ ماللىرىنى ناھەق يول بىلەن يەۋېلىشتىن توسقان.

13. ئاللاھنىڭ سالامى ئارقىلىق ئۆزىنىڭ مۇسۇلمان ئىكەنلىكىنى بىلدۈرگەن ئادەمنى ئازغىنا غەنىمەت ياكى مەنپەتنى كۆزلەپ ئۆلتۈرۈشتىن توسقان.

14. مۆئمىنلەرنىڭ مۆئمىنلەرنى قويۇپ كاپىرلارنى دوست تۇتىشتىن توسقان.

15. ئىھرامدا يەنى ھەرەمدە بولغاندا شىكار قىلىشتىن يەنى ئوۋ ئوۋلاشتىن توسقان.

16. يەھۇدىي ناسارالارنى دوست تۇتۇشتىن ئاگاھلاندۇرۇپ ئۇلارنى دوست تۇتقۇچىلارنىڭ شۇلاردىن سانىلىدىغانلىقىنى بايان قىلغان.

17. مۆئمىنلەردىن كىمكى دىنىدىن يانسا ئاللاھ تائالانىڭ ئۇلارنىڭ ئورنىغا الله ئۇلارنى دوست تۇتىدىغان ئۇلارمۇ اللهنى دوست تۇتىدىغان مۆئمىنلەرگە كۆيۈنىدىغان كافىرلارغا شەپقەتسىز بولىدىغان اللهنىڭ يولىدا جىھاد قىلىدىغان ۋە مالامەت قىلغۇچىنىڭ مالامىتىدىن قورقمايدىغان بىر قەۋمنى كەلتۈرىدىغانلىقىنى بايان قىلغان.

18. قىمار، ھاراق، پال قاتارلىقلارنىڭ پاسكىنا قىلىق، شەيتاننىڭ ئىشى ئىكەنلىكىنى بايان قىلىپ مۆئمىنلەرنى ئۇلاردىن يىراق تۇرۇشقا بۇيرىغان.

19. ھەرەمدە تۇرۇپ ئوۋ ئوۋلىغۇچىلارنىڭ جازالىنىدىغانلىقى يەنى كەپپارەت بىرىدىغانلىقى بايان قىلىنغان.

20. ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرىدىن پايدىسىز سۇئاللارنى سوراشتىن چەكلىگەنلىكى بايان قىلىنغان.

21. ئۇرۇق - تۇققان بولغان تەقدىردىمۇ مۇشرىكلارنى دوست تۇتماسلىققا بۇيرۇش

بىلەن ئۇنداق قىلغۇچىلارنىڭ ئۆزىگە زۇلۇم قىلغۇچىلاردىن بولىدىغانلىقى بايان قىلىنغان.

22. مۇشرىكلار نىجىس بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇلارنى ھەرەم مەسجىدىگە كىرىشتىن توسقانلىقى بايان قىلىنغان.

23. ئالتۇن ـ كۈمۈش يىغىپ ئۇنى اللهنىڭ يولىدا سەرپ قىلمايدىغانلارغا دەۋزەختە قاتتىق ئازاب بولىدىغانلىقىدىن بىشارەت بەرگەن.

24. ئۆز يۇرتىدىن ئايرىلغۇسى كەلمەي جىھادقا چىقمىغانلارنى ئەيىپلەش ۋە قورقۇتۇش بىلەن دۇنيا ھاياتىدىن بەھرىمەن بولۇشنى ئاخىرەتنىڭ نېئمەتلىرى بىلەن سېلىشتۇرغاندا ئەرزىمەس نەرسە ئىكەنلىكى بايان قىلىنغان.

25. ئاللاھنىڭ مەرھەمىتىنى ئەسلىتىش بىلەن شەيتاننىڭ كەينىگە كىرىپ كېتىشتىن ئاگاھلاندۇرغان.

26. مۆئمىنلەرنىڭ رەسۇلۇللاھتىن كېيىن ئۇنىڭ ئاياللىرىنى ئېلىشتىن مەڭگۈ چەكلەنگەنلىكى، ھارام قىلغانلىقى ئۇنداق قىلىشنىڭ چوڭ گۇناھ بولىدىغانلىقى بايان قىلىنغان.

27. مۆئمىنلەرنى مۇسا ئەلەيھىسسالامغا تۆھمەت قىلغان بەنى ئىسرائىلدەك بولماسلىققا بۇيرۇپ مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاللاھنىڭ دەرگاھىدىكى دەرىجىسىنىڭ يۇقىرلىقى بايان قىلىنغان.

28. ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى ئالدىدا ئالدىراڭغۇلۇق قىلىشتىن توسۇپ، ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرىنى ھۆرمەتلەشكە بۇيرۇغان.

29. بىر قەۋم يەنە بىر قەۋمنى، بىر ئادەم يەنە بىر ئادەمنى مەسخىرە قىلماسلىققا، بىر-بىرىنى ئەيىپلىمەسلىككە، يامان لەقەم بىلەن چاقىرماسلىققا بۇيرىغان.

30. ئاياللارنى ئۆز ئارا بىر-بىرىنى مەسخىرە قىلىشماسلىققا مۆئمىننى پاسىق دەپ ئاتىماسلىققا بۇيرىغان.

31. گۇمانخورلۇق قىلماسلىققا، مۆئمىنلەرنىڭ ئەيىبىنى ئىزدىمەسلىككە، غەيۋەت قىلماسلىققا بۇيرىغان.

32. پىچىرلاشقاندا گۇناھ، زۇلۇم، پەيغەمبەرنىڭ ئەمرىگە خىلاپلىق قىلىش توغرىسىدا پىچىرلاشماي، ياخشىلىق ۋە تەقۋادارلىق توغرىسىدا پىچىرلىشىشقا بۇيرىغان.

33. مۇسۇلمان ئاياللارنىڭ مۇشرىك ئەرلەرگە، مۇشرىك ئاياللارنىڭ مۇسۇلمان ئەرلەرگە ھارام ئىكەنلىكى بايان قىلىپ ھىجرەت قىلىپ كەلگەن مۇسۇلمان ئاياللارنى مۇشرىكلارغا قايتۇرۇپ بىرىشتىن چەكلىگەن.

34. قىلمايدىغان ئىشنى قىلىمىز دېيىشىنىڭ ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا ئەڭ ئۆچ كۆرۈلىدىغان ئىش ئىكەنلىكىنى بايان قىلىپ مۆئمىنلەرنى ئۇنداق قىلىشتىن چەكلىگەن.

### 567-سوئال: ھەدىس ئۇقۇمى

ھەدىس پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ سۆز ھەرىكەتلىرى، تەقرىرلىرى (باشقىلارنىڭ سۆز ياكى ئىش ھەرىكەتلىرىنى ماقۇللىشى)نى بىلدۈرىدىغان ئومۇمىي ئاتالغۇدۇر. "ھەدىس " كەلىمىسى- يېڭى سۆز، خەۋەر دېگەندەك مەنىلەرگە ئىگە بولۇپ، بۇ كەلىمىدىن تۈرلىنىپ چىققان بەزى پېئىللار خەۋەر بېرىش، نەقىل قىلىش، سۆزلەش، يەتكۈزۈش، تەبلىغ قىلىش قاتارلىق مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ. زاماننىڭ ئۆتۈشى بىلەن، " ھەدىس " كەلىمىسى پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن رىۋايەت قىلىنغان خەۋەرلەرنىڭ ئومۇمىي نامى سۈپىتىدە قوللىنىلىشقا باشلىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، بۇ كەلىمە پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم تەرىپىدىنمۇ مۇشۇ مەنىدە قوللىنىلغانىدى.

### 568-سوئال: سۈننەتكە ئەمەل قىلىشنىڭ زۆرۈرلىكى

ئاللاھ تائالا سۈننەتكە ئەمەل قىلىشنىڭ زۆرۈرلىكى توغرىلىق مۇنداق دەيدۇ: « ﷲ پەيغەمبىرىگە غەنىمەت قىلىپ بەرگەن ئەلى قۇرا (يەنى قۇرەيزە، نەزىر، پەدەك ۋە خەيبەر كۇففارلىرى) نىڭ ماللىرىنى، ئىچىڭلاردىكى بايلار ئارىسىدا قولدىن قولغا ئۆتۈپ يۈرمەسلىكى ئۈچۈن، ﷲقا، پەيغەمبەرگە، پەيغەمبەرنىڭ خىش - ئەقرىبالىرىغا، يېتىملەرگە، مىسكىنلەرگە، ئىبنى سەبىللەرگە خاس قىلدى، پەيغەمبەر سىلەرگە بەرگەننى ئېلىڭلار، پەيغەمبەر چەكلىگەن نەرسىدىن چەكلىنىڭلار، ﷲ تىن قورقۇڭلار، ھەقىقەتەن ﷲنىڭ ئازابى قاتتىقتۇر » [ھەشر سۈرىسى 7 - ئايەت].

ئاللاھ تائالا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈننەتلىرىگە ئەمەل قىلىش ئارقىلىق ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلىشنىڭ ئاللاھقا ئىتائەت قىلغانلىق ئىكەنلىكىنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «كىمكى پەيغەمبەرگە ئىتائەت قىلىدىكەن، ئۇ ئاللاھقا ئىتائەت قىلغان بولىدۇ» [نىسا سۈرىسى 80 - ئايەت].

سۈننەت قۇرئان كەرىمدىن قالسا ئىسلام دىنىنىڭ ئىككىنچى ئاساسىي دەستۇرى، قۇرئاننىڭ ئەھكاملىرىنى شەرھلىگۈچى ۋە ئۇنىڭ ھەقىقىي تەرجىمانىدۇر. قۇرئاندىكى شەرىئەت ئەھكاملىرىنى شەرھلەيدىغان ۋە بايان قىلىپ چۈشەندۈرۈپ بېرىدىغان بىردىنبىر مەنبە سۈننەتتۇر. مەسىلەن: ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە مۇسۇلمانلارغا ناماز ئوقۇشنى پەرز قىلغان بولسىمۇ، نامازنى قانداق، قانچە ۋاخ ۋە قايسى ۋاقىتلاردا ئوقۇشنى بايان قىلمىغان. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئاللاھنىڭ ۋەھيىسىگە تايىنىپ

سۈننەتلىرى ئارقىلىق قۇرئاننىڭ مۇجمەللىرىنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ، ناماز ۋە باشقا ئەمەل - ئىبادەتلەرنىڭ قائىدە تەرتىپلىرى، سانى ۋە ئادا قىلىنىش ۋاقىتلىرىنى بېكىتكەن. ئەگەر سۈننەت بولمىغان بولسا ئىدى، بىز ناماز ۋە باشقا ئەمەل - ئىبادەتلەرنىڭ قائىدە - سىستېمىلىرىنى ۋە ۋاقىت - كەيپىياتلىرىنى نەدىن بىلەر ئىدۇق؟

قۇرئانغىلا ئەمەل قىلىش ئارقىلىق سۈننەتتىن بىھاجەت بولۇشقا بولىدۇ، دېگۈچىلەر تۆۋەندىكى ئىككى خىل كىشىنىڭ بىرىدۇر: ياكى دىن دۈشمەنلىرى ياكى ئىسلام دىنىنى چۈشەنمىگەن ئەبگالاردۇر. ئۇلارنىڭ بۇ دەۋاسى قۇرئان كەرىمنىڭ مۇسۇلمانلارنى سۈننەتكە ئەگىشىشكە بۇيرىغان كەسكىن ئايەتلىرى ئارقىلىق رەت قىلىنىدۇ.

ئاللاھ تائالا سۈننەتنىڭ قۇرئاندىن قالسا ئىسلام دىنىنىڭ ئىككىنچى ئاساسلىق دەستۇرى ئىكەنلىكىنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «ئى مۆمىنلەر! ئاللاھقا، پەيغەمبەرگە ۋە ئۆزۈڭلاردىن بولغان ئىش ئۈستىدىكىلەرگە ئىتائەت قىلىڭلار، ئەگەر سىلەر بىرەر ئىشتا ئىختىلاپ قىلىشىپ قالساڭلار، بۇ توغرىدا ئاللاھنىڭ كىتابىغا ۋە پەيغەمبەرنىڭ سۈننىتىگە مۇراجىئەت قىلىڭلار، ئەگەر سىلەر ئاللاھقا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ھەقىقىي ئىشىنىدىغان بولساڭلار بۇ(يەنى قۇرئان بىلەن سۈننەتكە مۇراجىئەت قىلىش)سىلەر ئۈچۈن پايدىلىقتۇر، نەتىجە ئېتىبارى بىلەن گۈزەلدۇر» [نىسا سۈرىسى 59 - ئايەت].

ئاللاھ تائالا سۈننەتنىڭ قۇرئاننى ئوچۇقلىغۇچى ۋە ئۇنىڭ ھەقىقىي توغرا تەرجىمانى ئىكەنلىكىنى بايان قىلىپ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا خىتاب قىلىش ئارقىلىق مۇنداق دەيدۇ: «بىز ساڭا قۇرئاننى، سېنىڭ ئىنسانلارغا چۈشۈرۈلگەن شەرىئەتنى بايان قىلىپ بېرىشىڭ ۋە ئۇلار (قۇرئاننى) تەپەككۇر قىلىپ چۈشىنىپ (ئۇنىڭدىن ۋەز - نەسىھەت ئېلىشى) ئۈچۈن چۈشۈردۇق» [نەھل سۈرىسى 44 - ئايەت]. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن ئىنسانلارغا چۈشۈرۈلگەن شەرىئەتنى بايان قىلىپ بېرىشى پەقەت ئۇنىڭ سۈننەتلىرى ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشقان. ئىككىنچى خەلىپە ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇسۇلمانلارغا تەۋسىيە قىلىپ: «كېيىنچە سىلەرگە بىر قەۋم كېلىپ سىلەر بىلەن قۇرئاننىڭ مەنىسى ئوچۇق بولمىغان ئايەتلىرى توغرىلىق تارتىشىدۇ، سىلەر قۇرئاننى سۈننەت بىلەن چۈشەندۈرۈڭلار. ھەقىقەتەن سۈننەتنى ياخشى بىلگەن كىشىلەر قۇرئاننىڭ مەنىسىنى ئەڭ ياخشى بىلىدىغانلاردۇر» دېگەن.

## 569-سۇئال: ھەدىسنىڭ ئەھمىيتى

پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم الله تائالادىن ئالغان ۋەھيىنى ئىنسانلارغا يەتكۈزۈپلا قالماي، ئۇلارنى چۈشەندۈرۈپ بەرگەن ۋە ئۆزىنىڭ ئەمەلىي ھاياتىغا تەتبىقلاش ئارقىلىق، مۇسۇلمانلارغا ئۈرنەك بولغانىدى. ئىسلام ئۆلىمالىرى ئومۇمەن: ”دىنىي تېمىدىكى ھەدىسلەر پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم الله تائالا تەرىپىدىن ۋەھيي قىلىنغان “ دەپ قارايدۇ ۋە:« (ئۇ ئۆز نەپسى خاھىشى بويىچە سۆزلىمەيدۇ، پەقەت ئۇنىڭغا نازىل قىلىنغان ۋەھيىنىلا سۆزلەيدۇ)» [سۈرە نەجم ـ 3] دېگەن ئايەتنى دەلىل قىلىپ كۆرسىتىدۇ. ئۇندىن باشقا، ئۇلار: «(الله مۇئمىنلەرگە اللەنىڭ ئايەتلىرىنى تىلاۋەت قىلىدىغان، ئۇلارنى (گۇناھلاردىن) پاك قىلىدىغان، ئۇلارغا كىتابنى ۋە ھېكمەتنى (يەنى قۇرئان بىلەن سۈننەتنى) ئۆگىتىدىغان ئۆزلىرىدىن بولغان بىر پەيغەمبەر ئەۋەتىپ ئۇلارغا چوڭ ئېھسان قىلدى. ھالبۇكى، ئۇلار بۇرۇن ئوچۇق گۇمراھلىقتا ئىدى. » [سۈرە ئال ئىمران، 164 ـ ئايەت] دېگەن ئايەتتە تىلغا ئېلىنغان ”ھېكمەت“ كەلىمىسىنىڭ ”سۈننەت “ دېگەن مەنىنى ئىپادىلەيدىغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويغان. دەرۋەقە، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ۋە ئۇنىڭ ئەسھابىدىن نەقىل قىلىنغان بەزى ھەدىسلەردە بۇ ھەقىقەت ئېنىق ئىپادىلەنگەن. مەسىلەن، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «ماڭا كىتاب (يەنى قۇرئان) بىلەن بىرلىكتە ئۇنىڭ ئوخشىشى (يەنى سۈننەت) بېرىلدى. » دېگەن.

## 570ـ سۇئال: ھەدىسنىڭ ئومومى مەزمۇنى

ھەدىس مۇنداق ئۈچ تۈرلۈك مەزمۇننى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ:

بىرىنچى، بەزى ھەدىسلەر قۇرئان ئوتتۇرىغا قويغان ھۆكۈملەرنى ئۆز ئەينى بايان قىلىدۇ ۋە تەكىتلەيدۇ. مەسىلەن، قۇرئاندا بايان قىلىنغان ناماز، روزا، زاكات ۋە ھەجنىڭ پەرىزلىكى ھەدىستىمۇ: ئىسلام بەش ئاساس ئۈستىگە قۇرۇلدى دەپ ئەينەن بايان قىلىنغان.

ئىككىنچى، بىر قىسىم ھەدىسلەر قۇرئاننىڭ ھۆكۈملىرىنى بايان قىلىپ، ئۇ ھۆكۈملەرنى تولۇقلىغۇچى مەلۇماتلارنى بېرىدۇ. مەسىلەن، قۇرئاندا ناماز ئوقۇش، ھەج قىلىش، زاكات بېرىش قاتارلىقلار بۇيرۇلغان، لېكىن بۇلارنىڭ قانداق ئادا قىلىنىدىغانلىقى تەپسىلىي بايان قىلىنمىغان بولۇپ، بۇ ئىبادەتلەرنىڭ تەپسىلاتىنى ھەدىسلەردىن ئۆگەنمەكتىمىز.

ئۈچىنچى، بەزى ھەدىسلەر قۇرئاندا پەقەتلا تىلغا ئېلىنمىغان مەسىلىلەر ئۈستىدە ھۆكۈم چىقىرىدۇ. ئۆز ئالدىغا ھۆكۈم مەنبەسى بولالايدىغان بۇ خىل ھەدىسلەرگە، ئۆيلەنگەندىن كېيىن زىنا قىلغان كىشىنى رەجم قىلىش، ئايالنىڭ ھاما ئاچىسىنى بىرلا ۋاقىتتا نىكاھىغا ئېلىش قاتارلىق مەسىلىلەرنى مىسال قىلىپ كۆرسىتىشكە

بولىدۇ. مانا بۇلارنىڭ ھەممىسى ھەدىس (يەنى سۈننەت)نىڭ ئىسلام دىنىدىكى مۇھىم ئورنىنى كۆرسىتىپ بەرمەكتە.

## 571-سۇئال: ھەدىس تۈرلىرى

ھەدىسلەر ئىشەنچلىك دەرىجىسىگە ئاساسەن: سەھىھ، ھەسەن، زەئىپ، مەۋزۇدىن ئىبارەت تۆت تۈرگە ئايرىلىدۇ.

## 572-سۇئال: سەھىھ ھەدىس

سەھىھ ھەدىس: ئادالەت ۋە زەبت ئىگىسى بولغان راۋىيلاردىن يەنە ئوخشاش سۈپەتكە ئىگە راۋىيلار ۋاستىسى ئارقىلىق پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگىچە يېتىپ بارىدىغان بىر تۇتاش سەنەد ئارقىلىق رىۋايەت قىلىنغان، شاز ياكى ئىللەت خۇسۇسىيىتى بولمىغان ھەدىس بولۇپ، بۇ تۈردىكى ھەدىسلەرگە ئەمەل قىلىش ۋاجىپ بولىدۇ.

## 573-سۇئال: ھەسەن ھەدىس

"ھەسەن" نىڭ لۇغەت مەنىسى "گۈزەل، ياخشى " بولۇپ، ھەدىس تېرمىنىدا بۇ ئاتالغۇ سەھىھ ھەدىس بىلەن زەئىپ ھەدىسنىڭ ئوتتۇرىسىدا تۇرىدىغان، لېكىن سەھىھ ھەدىسكە تېخىمۇ يېقىن بولغان ھەدىس تۈرى ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ. تېخىمۇ ئوچۇق قىلىپ ئېيتقاندا، سەھىھ ھەدىس بىلەن ھەسەن ھەدىس ئارىسىدىكى پەرق شۇكى، ھەسەن ھەدىسنىڭ راۋىيلىرى دۇرۇس ۋە ئىشەنچلىك، ئەمما ئەستە تۇتۇش قابىلىيىتى جەھەتتە سەھىھ ھەدىس راۋىيلىرىدىن سەل تۆۋەنرەك تۇرىدىغان كىشىلەردۇر. بۇ تۈردىكى ھەدىسلەرگىمۇ ئەمەل قىلىش ۋاجىپ بولىدۇ.

## 574-سۇئال: زەئىپ ھەدىس

3 - زەئىپ ھەدىس. "زەئىپ ھەدىس " سەھىھ ياكى ھەسەن ھەدىسنىڭ شەرتلىرىدىن بىر ياكى بىر قانچىسى تېپىلمايدىغان ھەدىسلەرنى كۆرسىتىدۇ. نۇرغۇنلىغان تەتقىقات ۋە ئىجتىھادتىن كېيىن، ھەدىسنىڭ بۇ شەرتلەرگە چۈشىدىغان ياكى چۈشمەيدىغانلىقىغا قارار بېرىلىدۇ. مەسىلەن، ھەدىس راۋىيسىنىڭ "ئادىل" لىقىدا قۇسۇر تېپىلىشى، "زەبت" (ئەستە تۇتۇش قابىلىيىتى) نىڭ تۆۋەنلىكى، سەنەدىنىڭ مۇتتەسىل (ئىزچىل) بولماسلىقى، راۋىينىڭ ئۆزىدىن تېخىمۇ ئىشەنچلىك راۋىي ياكى راۋىيلارنىڭ رىۋايىتىگە زىت مەزمۇندا ھەدىس رىۋايەت قىلىشى... قاتارلىق سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ھەدىسنىڭ پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە ئائىت ئىكەنلىكى "زەئىپ" دەپ قارىلىدۇ.

## 575-سۇئال: يالغان ھەدىس توقۇلۇشنىڭ سەۋەپلىرى

يالغان ھەدىس توقۇغۇچىلارنى يالغان ھەدىس توقۇشقا چاقىرغان بىر قانچە

سەۋەپ بار. ئۇلاردىن موھىمراقى تۆۋەندىكىلەردۇر.

1 ـ سىياسى زىدىيەت. شۇ چاغدىكى بىر قىسىم گورۇھلار ئارىسىدىكى ئىختىلاپ ۋە زىدىيەت ھەر گورۇھ ئۆزىنى قارشى تەرەپتىن ئارتۇق كۆرسىتىش ۋە قۇۋەتلەش توغرىسىدا نۇرغۇن يالغان ھەدىس توقۇشقا سەۋەپچى بولغان. ھەدىس توقۇغۇچىلارنىڭ ئەرەپ قەبىلىلىرىنى بىر ـ بىرىدىن ئەۋزەل كۆرسىتىش توغرىسىدا توقۇغان ھەدىسلىرىمۇ شۇ قاتاردا. شۇنىڭدەك ئەرەپلەرنى باشقا مىللەتتىن ئەۋزەل كۆرسىتىش توغرىسىدىمۇ كۆپ ھەدىس توقۇشقان.

2 ـ مەزھەپلەر كۆرىشىنى قوللاش ئۈچۈن يالغان ھەدىسلەر ئويدۇرۇپ چىقىرىلغان. ئىسلام پەلەسەپىسى ئىختىلاپلىرى ۋە پىقھى مەسىلىلەر ئىختىلاپلىرى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام نامىدىن يالغان ھەدىس توقۇشقا سەۋەپ بولغان. بىر بۆلۈك كىشىلەر ئۆز مەزھىپىنى قوللاپ ھەدىس توقۇشنى راۋا كۆردى. ئىختىلاپ قىلىنغان بىرەر پىقھى مەسىلە بولسىلا بۇ مەزھەبنى قوللايدىغان بىر ھەدىس، ئۇ مەزھەبنى قوللايدىغان بىر ھەدىس توقۇلدى.

3 ـ موللىلىقنىڭ ئالامىتىنى ئۆزىگە يۈكلىۋالغان بەزى ئادەملەر پادىشاھ، خەلىپە ۋە باشقا ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرىنىڭ ئارزۇسىغا ئەگىشىپ ئۇلاردىن كىلىدىغان مەنپەتكە قىزىقىپ ئۇلارغا ئەرزىيدىغان ھەدىسلەرنى يالغاندىن توقۇدى.

4 ـ بەزى ئالىملارنىڭ ھالالنى ھارام قىلىشنى ياكى ھارامنى ھالال قىلىشنى كەلتۈرمەيدىغان ئەۋزەل ئەمەللەرگە ۋە پەزىلەتلىك ئىشلارغا تەرغىپ قىلىش توغرىسىدا سەل قاراپ يالغاندىن ھەدىس توقۇشنى راۋا كۆرۈشى بولۇپ، ئۇلار شەخسلەرنىڭ ئۇتتۇقلۇقى، قۇرئان ئايەتلىرى ۋە سۈرىلىرىنىڭ پەزىلەتلىرى بىلەن ھەدىس كىتاپلىرىنى توشقۇزدى. ئەبۇ ئىسمەتنۇھ ئەبۇ مەريەمدىن رىۋايەت قىلىنغان ھەدىسلەرگە ئوخشاشكى، ئۇ كىشى قۇرئاننىڭ پەزىلەتلىرى ۋە سۈرىلەرنىڭ پەزىلەتلىرى ھەققىدە « ھەركىم پالانى سۈرىنى ئوقۇسا ئۇ كىشىگە مۇنداق ساۋاپ » دىگەن مەزمۇندا نۇرغۇن ھەدىسلەرنى ئويلاپ توقۇپ چىققان بولۇپ بۇ ھەدىسلەر «تەپسىرى بەيزاۋىي»، «تەپسىر خازىن» لاردا ھەر سۈرىنىڭ ئاخىرىدا رىۋايەت قىلىنىدۇ.

5. بىر قىسىم تەقۋادار كىشىلەر ياخشىلىققا بۇيرۇپ يامانلىقتىن توسۇش توغرىسىدىكى ھەدىسلەرنى ئويدۇرۇپ چىقارغان. ئۇلار مۇشۇنداق قىلىش ئارقىلىق ئاللاھنىڭ رەھمىتىگە ئېرىشىمىز دەپ خاتا گۇمان قىلىشقان.

6. دىلىدا ئىسلامغا دۈشمەنلىك ساقلىغان، ئىسلامنى يوقۇتۇش كويىدا يۈرىدىغان زىندىقلار تەرىپىدىن ئىسلامغا ھاقارەت قىلىش، بوھتان چاپلاش ئۈچۈن ھەدىسلەر

توقۇلغان.

7. دىنىبىي قىسسە سۆزلەيدىغان بىر قىسىم كىشىلەر پۇل تېپىش ۋە سودا تىجارەت ئۈچۈن يالغان ھەدىس توقۇغان.

8. نام شۆھرەت قازىنىش ئۈچۈن يالغان ھەدىسلەرنى ئويدۇرۇپ چىقارغان.

شۇنىڭدەك ئەخلاق كىتاپلىرىدا، تەسەۋۋۇپ كىتاپلىرىدا تەرغىپ قىلىش ۋە قورقۇتۇش مەزمۇنىدىكى كىتاپلاردىمۇ يالغان ھەدىسلەرنى كۆرگىلى بولىدۇ. مۇشۇنداق قىلىپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەدىسلىرىنىڭ ئارىسىغا نۇرغۇنلىغان يالغان توقۇلما ھەدىسلەر كىرگۈزۈلدى.

## 576-سۇئال: ھەدىسلەرمۇ ئاللاھنىڭ ۋەھيىسىدۇر

1- ئاللاھ تائالا مۇنداق دىگەن: ﷲ ساڭا كىتابنى (يەنى قۇرئاننى) ۋە ھېكمەتنى (يەنى سۈننەتنى) نازىل قىلدى، ساڭا سەن بىلمىگەن نەرسىلەرنى (يەنى شەرىئەت ئەھكاملىرىنى ۋە غەيب ئىشلارنى) بىلدۇردى. ﷲ نىڭ ساڭا پەزلى چوڭدۇر [سۈرە نىسا 113- ئايەت].

2- ئاللاھ تائالا مۇنداق دىگەن: ﷲ مۆمىنلەرگە ﷲ نىڭ ئايەتلىرىنى تىلاۋەت قىلىدىغان، ئۇلارنى (گۇناھلاردىن) پاك قىلىدىغان، ئۇلارغا كىتابنى ۋە ھېكمەتنى (يەنى قۇرئان ۋە سۈننەتنى) ئۆگىتىدىغان، ئۆزلىرىدىن بولغان بىر پەيغەمبەر ئەۋەتىپ، ئۇلارغا چوڭ ئېھسان قىلدى؛ ھالبۇكى، ئۇلار بۇرۇن ئوچۇق گۇمراھلىقتا ئىدى [سۈرە ئال ئىمران-164].

3- ئاللاھ تائالا مۇنداق دىگەن: ﷲ ئۇممىلەرگە (يەنى يېزىشنى ۋە ئوقۇشنى ئۇقمايدىغان ئەرەبلەرگە) ئۇلارنىڭ ئىچىدىن بىر پەيغەمبەرنى (يەنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى) ئەۋەتتى، ئۇ (يەنى پەيغەمبەر) ئۇلارغا قۇرئان ئايەتلىرىنى ئوقۇپ بېرىدۇ، ئۇلارنى (گۇناھلاردىن) پاك قىلىدۇ، ئۇلارغا كىتابنى (يەنى قۇرئاننى) ۋە ھېكمەتنى (يەنى يەنى پەيغەمبەرنىڭ سۈننىتىنى) ئۆگىتىدۇ، گەرچە ئۇلار ئىلگىرى ئوچۇق گۇمراھلىقتا بولسىمۇ [سۈرە جۇمۇئە-2]

## 577-سۇئال: ۋەھىنىڭ ئاساسلىق نازىل بولۇش شەكلى

ۋەھيىنىڭ ئاساسلىق ئۈچ خىل شەكلى بار.

1) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئويغاق ياكى ئۇخلاۋاتقان ۋاقتىدا مەزمۇنى ئۇنىڭ قەلبىگە تاشلانغان. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ بىلىملەرنىڭ ئاللاھ تەرىپىدىن كەلگەنلىكىگە چىن پۈتىكەن ۋەھىي.

2) پەردىنىڭ كەينىدە تۇرۇپ ئاللاھ بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۆزلىششى

3) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئويغاق ھالىتىدە ياكى چۈشىدە ئاللاھ تائالا پەرىشتە ئارقىلىق پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا بىلدۈرمەكچى بولغان ئىلىمنى بىلدۈرۈشىنى كۆرسىتىدۇ.

ۋەھيىنىڭ يۇقىردا بايان قىلىنغان ئۈچ خىل نازىل بولۇش شەكلى قۇرئان كەرىمدە ئىنىق بايان قىلىنغان بولۇپ ئاللاھ تائالا مۇنداق دىگەن: « اللّٰه ھەر قانداق ئادەمگە پەقەت ۋەھيى ئارقىلىق ياكى پەردە ئارقىسىدىنلا ياكى بىر پەيغەمبەرنى ئەۋەتىپ ئۆز ئىزنى بىلەن ئۇنىڭغا خالىغان ۋەھيىنى قىلىش ئارقىلىقلا سۆز قىلغان. اللّٰه ھەقىقەتەن (مەخلۇقلارنىڭ سۈپەتلىرىدىن) ئۇستۈندۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر.» [سۈرە شۇرا- 51].

## 578-سۇئال: قۇرئان كەرىمنىڭ ۋەھيىسى بىلەن ھەدىسنىڭ ۋەھيىسنىڭ پەرقى

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا نازىل قىلىنغان ۋەھىي ئىككى خىلدۇر. بىرى تىلاۋەت قىلىنىدىغان ۋەھىي يەنى قۇرئان كەرىم. يەنە بىرى تىلاۋەت قىلىنمايدىغان ۋەھىي يەنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈننىتىدۇر. يۇقىرقىدەك ئىككى خىل ۋەھىي ئوتتۇرسىدا بىر قانچە ئاساسلىق پەرىقلەر بار.

1) قۇرئان كەرىم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام پۈتۈنلەي ئويغاق ھالىتىدە جىبرائىل ئەلەيھىسسالام ئارقىلىق نازىل قىلىنغان ۋەھىيدۇر. قۇرئان كەرىم ئىچىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ چۈشىدە ۋەھىي قىلىنغان ياكى باشقا شەكىلدە ۋەھىي قىلىنغان بىرەرمۇ ئايەت يوق. بۇ نوقتا ھەدىس بىلەن ئوخشىمايدۇ . چۈنكى بەزى ھەدىسلەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا جىبرائىل ئارقىلىق ۋەھىي قىلىنغان. بەزى ھەدىسلەرنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئويغاق ۋاقتىدا ئاللاھ ۋەھىي قىلغان، بەزىلىرى چۈشىدە ۋەھىي قىلىنغان.

2) قۇرئان كەرىمنىڭ تىلى ۋە مەزمۇنىنىڭ ھەممىسى ئاللاھ نازىل قىلغان ۋەھىي بولۇپ جىبرائىل ئەلەيھىسسالام ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام پەقەت بۇ ۋەھيىنى قوبۇل قىلغان، يەتكۈزگەن. ئۇنىڭ بىر ھەرپىنىمۇ ئۆزگەرتمىگەن. ئەمما ھەدىس بولسا ئاللاھ ئۇنىڭ مەزمۇنى ۋە مەنىسىنى نازىل قىلغان ۋەھىي بولۇپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنى ئۆز تىلى بىلەن مەزمۇنىنى ئىپادىلىگەن.

3) ئىككىنچى نوقتىدىكى ئوخشىماسلىقلار سەۋەبىدىن قۇرئان كەرىمنىڭ لەبزىنى ئوقۇش يەنى مەنىسىنى بىلمىسىمۇ ئىلاس بىلەن ئوقۇش ئىبادەت ھىساپلىنىدۇ ئەمما ھەدىسنى مەنىسىنى چۈشەنمەي لەبزىنى ئوقۇش ئىبادەت ھىساپلانمايدۇ.

4) قۇرئان كەرىم ئاللاھنىڭ مۆجىزىسى ئەمما ھەدىس ئاللاھنىڭ مۆجىزىسى ئەمەس.

**5)** قۇرئان كەرىم تولۇق ھالدا ئۇزۇلمەي رىۋايەت قىلىنىپ بۈگۈنكى كۈنگە قەدەر تارقىلىپ كەلگەن. ئۇ پاتىھە سۈرىسى بىلەن باشلىنىپ ناس سۈرىسى بىلەن ئاخىرلىشىدۇ. ئۇ مۇتلەق ئىشەنچىلىكتۇر. ئەمما ھەدىس ئىچىدە بەزى ھەدىسلەرنىڭ تىكىستىلا مۇتلەق ئىشەنچىلىكتۇر.

## 579-سۇئال: ھەدىس توپلاملىرى ھەققىدە قىسقىچە مەلۇمات

زامانىمىزغىچە نۇرغۇنلىغان ھەدىس توپلاملىرى بارلىققا كەلگەن بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئىچىدىن پۈتۈن ئەھلى سۈننى مۇسۇلمانلار تەرىپىدىن سەھىھ (ئەڭ ئىشەنچلىك) دەپ بىردەك ئېتىراپ قىلىنغانلىرىنىڭ مەشھۇرلىرى 6 چوڭ ھەدىس توپلىمىدۇر. ئۇلار تۆۋەندىكىچە:

1. سەھىھۇلبۇخارىي. 2. سەھىھ مۇسلىم. 3. سۈنەن تىرمىزى.

4. سۈنەن ئىبنى ماجە 5. سۈنەن ئەبۇ داۋۇد 6. سۈنەن نەسائىي

## 580-سۇئال: ھەدىسنىڭ مۇكەممەل ساقلىنىشىدىكى ئىچكى ئامىللار

1) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەدىسنى توغرا ۋە مۇۋاپىق ئۇسۇلدا يەتكۈزگەن.

2) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۆزلىرى ئىخچام، ئۆلچەملىك، راۋان ھەمدە مىغىزلىق ئىدى.

3) ھەدىس كۆرسەتمىسىنىڭ ئۇلۇغ ۋە يۈكسەكلىكى. كىشىلەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەدىسلىرىدە بىر خىل ئەڭ يۈكسەك تۈزۈم، كىشىلىك ھاياتتىكى ئەڭ يۈكسەك تۇرمۇش ئۇسۇلىنىڭ ئىپادىلەنگەنلىكىنى بايقايدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەدىسى ساھابىلارنىڭ دىل رىشتىسىنى ئۆزىگە رام قىلغان بولۇپ ساھابىلاردىن كېيىن تابىئىنلار ساھابىلارنىڭ ئۇسلۇبى بويىچە ھەدىسنى قوغدىدى.

## 581-سۇئال: ھەدىسنىڭ مۇكەممەل ساقلىنىشىدىكى تاشقى ئامىللار

1) ساھابىلارنىڭ ئىخلاسمەن ۋە سەمىمىي بولۇشى، ھىپزى قۇۋۋىتىنىڭ كۈچلۈكلىكى ھەمدە ئىسلامغا بولغان مۇھەببىتى.

2) رىۋايەت سەنەدىنىڭ دۇرۇسلىقى ھەمدە ساھابىلارنىڭ ئۇنىڭغا يۈكسەك ئەھمىيەت بىرىشى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇسۇلمانلارنى بىلمىگەنلەردىن ئىلىم ئىلىشقا ھەمدە ئىلىمنى كىشىلەر ئارىسىدا تارقىتىشقا شۇ ئارقىلىق ئىلىمنى مۇھاپىزەت قىلىشقا، ئىلىمنى تونۇشقا دىنىي ئەھكاملارنى بىلىشكە ھەمدە ئۇنى ئومومىيۈزلۈك تارقىتىشقا رىغبەتلەندۈرگەن.

3) ساھابىلارنىڭ دىنغا بولغان چەكسىز مۇھەببىتى. ساھابىلەر ئىسلامغا كۆڭۈل

بۆلەتتى ۋە سۆيەتتى. جىمى بەدەللەرنى تۆلەشكە قارىماستىن، ئۇنى قوغدايتتى. ئۇلار دىن ئۈچۈن جىنى پىدا قىلغان ئىدى. ماللىرىنى، بالا ـ چاقىلىرىنى ۋە ھاياتىنى ئىسلام ئۈچۈن تەسەددۇق قىلغان ئىدى.

يۇقىردا بايان قىلىنغاندەك، ھەدىس قوغدىلىپ مۇكەممەل ساقلاندى، ئازراقمۇ يوقىلىپ كەتمىدى. ئازراقمۇ قوشۇلۇپ قالمىدى. ئۇ ئاللاھ تائالانىڭ « ئىنسانلارغا پايدىلىق نەرسە زىمىندا قىلىپ قالىدۇ.» [ سۇرە رەئىدى 17ـ ئايەت] دىگىنىدەك پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا نازىل قىلىنغان «قۇرئان كەرىم» گە ئوخشاش مۇكەممەل ساقلاندى.

# ئون ئۈچىنچى بۆلۈم. ئاللاھنىڭ پەيغەمبەرلىرى

## 582-سۇئال: ھەزرىتى ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ يارىتىلىشى

ئۇلۇغ ئاللاھ ھەزرىتى ئادەمنى يارىتىشنى ئىرادە قىلدى. پەرىشتىلەرگە: مەن يەر يۈزىدە خەلىپە (يەنى ئورۇنباسار) يارىتىمەن دېدى. ئۇلۇغ ئاللاھ ئۇلارغا ئۆزىنىڭ يەر يۈزىدە بىر خەلىپە يارىتىدىغانلىقىنى، بۇ خەلىپىنىڭ نەسلى كۆپىيىدىغانلىقىنى ۋە ئۇنىڭ نەسلىدىن كەلگەنلەردىن بەزىلىرىنىڭ يەر يۈزىدە بۇزۇقچىلىق قىلىدىغانلىقىنى، بەزىلىرىنىڭ قان تۆكىدىغانلىقىنى ئېيتتى. پاك پەرىشتىلەر ھاڭ-تاڭ بولۇشتى. ئۇلار ئاللاھنى توختىماي مەدھىيلەيتتى، ئۇلۇغلايتتى. يارىتىلىدىغان خەلىپە بولسا، ئۇلاردەك قىلمايتتى. ئۇنداقتا، بۇنىڭ سىرى نېمە؟ ئاللاھنىڭ بۇ ھەقتىكى ھېكمىتى نېمە ئىدى؟ پەرىشتىلەرنىڭ ھەيرانلىقى، يەر يۈزىدىكى خەلىپىنىڭ شەرىپىگە بولغان تەقەززاسى، ئادەمنىڭ بۇ شەرەپكە نائىل قىلىنغانلىقى تۈپەيلىدىن پەيدا بولغان دەھشەتلىك تۇيغۇلىرى ئىنتايىن قىسقا ۋاقىت ئىچىدىلا پەسكويغا چۈشتى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى دىئالوگ سېكۇنتنىڭ مىليوندىن بىرى ئارىلىقىدىلا بولۇپ ئۆتتى. ئۇلۇغ ئاللاھنىڭ مۇنۇ سۆزلىرى ئۇلارنى مۇتلەق ئىمان ۋە ئىتائەتكە باشلىدى: مەن ھەقىقەتەن سىلەر بىلمەيدىغان نەرسىلەرنى بىلىمەن.

كۆپ ئۆتمەي، پەرىشتىلەر ئادەمنىڭ يېڭى بىر مەخلۇق تۈرى ئىكەنلىكىنى چۈشەندى. ئۇلۇغ ئاللاھ ئۇلارنىڭ چۈشىنىشى ئۈچۈن تەپسىلىي ئەمر بەردى. ئۆزىنىڭ لايدىن بىر ئىنسان يارىتىدىغانلىقىنى، ئۇنىڭغا شەكىل بېرىپ جان كىرگۈزگەندىن كېيىن، پەرىشتىلەرنىڭ ئۇنىڭغا سەجدە قىلىشى كېرەكلىكىنى ئېيتتى.

ئۇلۇغ ئاللاھ ئاق، قارا، سېرىق ۋە قىزىل رەڭلىك تۇپىلارنىڭ ئارىلاشمىسىدىن بىر ئوچۇم ئالدى. شۇڭا ئىنسانلار ھەرخىل رەڭلەردە يارىتىلدى. ئاللاھ تۇپىغا سۇ ئارىلاشتۇردى. تۇپا سېغىز لايغا ئۆزگەردى ۋە ئەتراپقا لاينىڭ پۇرىقى تارالدى. شۇ ئەسنادا، ئۇ يەردىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقان ئىبلىس: «بۇ لاي نېمىگە ئايلىنار؟» دەپ تەئەججۈپلەندى. ئاللاھ ئادەمنى بۇ لايدىن ياراتتى. ئاللاھ قولى بىلەن ئادەمنى شەكىلگە كىرگۈزگەندىن كېيىن، ئۇنىڭغا ئۆز روھىدىن جان بەردى. ئادەمنىڭ ۋۇجۇدى ھەرىكەتلەندى ۋە ھاياتى باشلاندى... ئادەم كۆزلىرىنى ئاچتى، ئالدىدا تۇرغانلارنىڭ ئىچىدە بىرىدىن باشقا ھەممە پەرىشتىنىڭ ئۆزىگە سەجدە قىلغانلىقىنى كۆردى. ئادەم ئەتراپىدا بولۇۋاتقان ئىشلارنى كۆرۈپ تۇراتتى، ئىچىدە سۆيگۈ، ئەندىشە ۋە قورقۇنچلۇق تۇيغۇلار پەيدا بولدى.

## 583ـ سۇئال: ئىبلىسنىڭ ئادەمنىڭ ئەبەدىيلىك دۈشمىنىگە ئايلانغانلىقى

ئادەم ئاللاھنىڭ ئىبلىسقا لەنەت قىلغانلىقىنى، ئۆزىنىڭ سەۋەبى بىلەن ئۇنى رەھمىتىدىن قوغلىغانلىقىنى چۈشەندى. ئىبلىس ئادەمگە سەجدە قىلىشتىن باش تارتتى. ئادەم ھۆرلۈكنىڭ ئاللاھ ياراتقان جانلىقتىكى ئەڭ ئاساسلىق ئۇنسۇر ئىكەنلىكىنى چۈشەندى.

ھۆرلۈك دەرسىدىن كېيىن... ئادەم ئاللاھتىن ئىككىنچى دەرسنى يەنى ئىلىمنى ئۆگەندى. ئادەم، مەۋجۇداتلار ئىچىدە پەرىشتىلەرنىڭ ياخشىلىقنىڭ سىمۋولى، ئىبلىسنىڭ بولسا، يامانلىقنىڭ سىمۋولى ئىكەنلىكىنى چۈشەنگەندى. ئەمما ئۆزىنى تېخى تونۇمايتتى. ئاندىن ئاللاھ ئۇنىڭغا، ئۇنىڭ ئەسلىنى ، ئۇنى يارىتىشىدىكى ھېكمىتىنى ۋە ئۇنىڭغا شەرەپ ئاتا قىلىشنىڭ سىرىنى ئۆگەتتى. ئادەم پۈتۈن ئىسىملارنى ئۆگەندى. ئادەم شەيئىلەرنىڭ نام ـ ئاتالغۇلىرىنى، ئۇلارنىڭ پايدىلىرىنى ۋە ئۇلارغا مۇناسىۋەتلىك باشقا ئىلىملەرنى ئۆگەنگەندىن كېيىن، ئاللاھ بۇ شەيئىلەرنى پەرىشتىلەرگە كۆرسىتىپ:

خەلىپە بولۇشقا ئادەمگە قارىغاندا بىز ھەقلىق دەيدىغان قارىشىڭلاردا راستچىل بولساڭلار، بۇ شەيئىلەرنىڭ ناملىرىنى ماڭا ئېيتىپ بېرىڭلار! ـ دېدى.

پەرىشتىلەر ئۆزلىرىگە كۆرسىتىلگەن شەيئىلەرگە قارىدى، ئەمما ئىسىملىرىنى بىلەلمىدى. ئاندىن ئەشياغا ئىسىم قويۇش ۋە ئۇلارغا سىمۋوللۇق ئىپادىلەرنى قوللىنىش جەھەتتىكى ئاجىزلىقلىرىنى ئېتىراپ قىلغانلىقلىرىنى ئاللاھقا بىلدۈردى.

ئاللاھ ئادەمگە:ئى ئادەم! ئۇلارغا بۇ نەرسىلەرنىڭ ناملىرىنى ئېيتىپ بەرگىن! دېدى. ئادەم، ئاللاھ پەرىشتىلەرگە كۆرسەتكەن، ئەمما ئۇلار ئىسىملىرىنى بىلەلمىگەن بارلىق شەيئىنىڭ ئىسمىنى ئېيتىپ بەردى. پەرىشتىلەر ئادەمنىڭ ئالىم (يەنى بىلگۈچى) مەخلۇق ئىكەنلىكىنى چۈشەندى. ئادەم ھەممە شەيئىنىڭ نامىنى بىلەتتى. بەزىدە پەرىشتىلەر بىلەن سۆھبەتلىشەتتى. ئەمما پەرىشتىلەر پەقەت ئاللاھقا سەجدە قىلىش بىلەن مەشغۇل بولغاچقا، ئادەم يالغۇزسىراشقا باشلىدى. ئادەم بىر كۈنى ئۇخلاپ قالدى. ئويغانغان ۋاقتىدا، باش تەرىپىدە ئىنتايىن گۈزەل ۋە ئوماق كۆزلىرى بىلەن ئۆزىگە قاراپ تۇرغان بىر ئايالنى كۆردى.

ئادەم: مەن ئۇخلاشتىن بۇرۇن سەن بۇ يەردە يوق ئىدىڭغۇ؟

ئايال: شۇنداق.

ئادەم: ئۇنداقتا، مەن ئۇخلاۋاتقاندا كەلدىڭمۇ؟

ئايال: شۇنداق.

ئادەم: نەدىن كەلدىڭ؟

ئايال: سەندىن كەلدىم. سەن ئۇخلاۋاتقاندا، ئاللاھ مېنى سەندىن ياراتتى. سەن ئويغاق ۋاقتىڭدا مېنى ئۆزەڭگە قايتۇرۇشنى خالىمامسەن؟

ئادەم: ئاللاھ سېنى نېمە ئۈچۈن ياراتتى؟

ئايال: سېنىڭ مەن بىلەن ھۇزۇرۇغا ئېرىشىشىڭ ئۈچۈن.

ئادەم:ـ ئاللاھقا ھەمدۇساناالار ئېيتىمەن. مەن يالغۇزسىراپ قالغانىدىم.

پەرىشتىلەر ئادەمدىن ئايالىنىڭ ئىسمىنى سورىدى. ئۇ: ئۇنىڭ ئىسمى ھەۋۋا، ـ دېدى. پەرىشتىلەر ئۇنىڭدىن: نېمە ئۈچۈن ئۇنىڭ ئىسمىنى ھەۋۋا قويدۇڭ؟ ـ دەپ سورىدى. ئادەم: چۈنكى ئۇ مەندىن يارىتىلدى. مەن ھايات بىرى بولىمەن، ـ دەپ جاۋاب بەردى.

ئادەم مەرىپەت (ئىلىم) سۆيەر مىجەزلىك مەخلۇق ئىدى ۋە مەرىپىتىنى ھەۋۋاغا ئۆگەتتى. ئۆزى بىلىدىغان، ئەمما ھەۋۋا بىلمەيدىغان ئىلىملەرنى ھەۋۋاغا ئۆگەتتى. ھەۋۋا ئۇنى ياقتۇرۇپ قالدى.

## 584ـسۇئال: ھەزرىتى ئادەم ئەلەيھىسسالامانىڭ جەننەتكە ماكانلىششى ۋە جەننەتىن چىقىرىلىشى

ئۇلۇغ ئاللاھ ئادەمگە جەننەتكە ماكانلىششنى بۇيرۇدى. ئادەم بىلەن ھەۋۋا جەننەتكە كىردى ۋە ئۇ يەردە پۈتۈن ئىنسان تۇرىنىڭ چۈشىدىكىدەك ھايات كەچۈردى. شۇنداقلا، ئۇلار ئۇ يەردە ئەڭ ئېغىر سىناقتىن ئۆتتى. ئاللاھ ئۇلارنى جەننەتكە كىرگۈزۈشتىن بۇرۇن:

بۇ دەرەخكە يېقىنلاشماڭلار (يەنى مېۋىسىدىن يېمەڭلار)، بولمىسا (ئۆزەڭلارغا) زۇلۇم قىلغۇچىلاردىن بولۇپ قالىسىلەر دېگەنىدى.

ئادەم بىلەن ھەۋۋا بۇ دەرەخنىڭ مېۋىسىنىڭ چەكلەنگەنلىكىنى چۈشەندى. ئەمما ھەزرىتى ئادەم بىر ئىنسان ئىدى. ئىنسان ئۇنتۇغاقتۇر، بەزىدە ئۇنىڭ قەلبى ئۆزگىرىدۇ، ئىرادىسى بوشايدۇ. ئىبلىس ھەزرىتى ئادەمنىڭ ئىنسانلىقىنى سۈيىئىستېمال قىلدى. ئۇنىڭغا بولغان ئۆچمەنلىكى كۆنسېرى كۈچىيىپ باراتتى، ئۇنى ھەركۈنى ۋەسۋەسگە سالاتتى:

ـ ساڭا ئەبەدىيلىك دەرىخىنى ۋە مەڭگۈ زاۋال تاپماس سەلتەنەتنى كۆرسىتىپ قويايمۇ؟ ـ دەيتتى.

ئادەم ئۆز ـ ئۆزىگە سورىدى: دەرەختىن يەپ باقسام نېمە بولار؟ بەلكى ئەبەدىيلىك دەرىخى ھەقىقەتكە ئايلىنار. ئادەم بىلەن ھەۋۋا بىر نەچچە كۈننى بۇ دەرەخنىڭ مېۋىسىدىن يەپ بېقىشنى ئويلاش بىلەن ئۆتكۈزدى. نىھايەت بىر كۈنى،

يەپ بېقىش قارارىغا كەلدى. ئاللاھنىڭ ئۆزلىرىنى ئۇ دەرەختكە يېقىنلاشماسلىق توغرىسىدا ئاگاھلاندۇرغانلىقىنى ۋە ئىبلىسنىڭ ئۆزلىرىنىڭ كونا دۈشمىنى ئىكەنلىكىنى ئۇنۇتتى. ئادەم قولىنى دەرەختكە ئۇزىتىپ، مېۋىسىدىن بىر تال ئالدى ۋە ھەۋۋاغا بەردى. ئىككىسى چەكلەنگەن مېۋىدىن يېدى.

ئادەم مېۋىنى يەپ بولۇپلا، كۆكسىنىڭ سىقىلغانلىقىنى ھېس قىلدى. ئازاب، قايغۇ ۋە ھايا تۇيغۇلىرى پەيدا بولدى. ئەتراپىدىكى مۇھىت بىردىنلا ئۆزگەردى. ئىچىدىن كېلىۋاتقان خۇشنەغمە توختاپ قالدى. ئۆزى ۋە ئايالىنىڭ قىپيالىڭاچ ئىكەنلىكىنى، ئۆزىنىڭ ئەر، ئۇنىڭ ئايال ئىكەنلىكىنى كۆردى. ئىككىسى يالىڭاچ ئەۋرەتلىرىنى يېپىش ئۈچۈن دەرەخ يوپۇرماقلىرىنى يۇلۇشقا باشلىدى. ئاللاھ تائالا ئۇنىڭغا جەننەتتىن چۈشۈش (چىقىش) ئەمرىنى بەردى. ئادەم بىلەن ھەۋۋا يەريۈزىگە چۈشتى. يەنى جەننەتتىن چىقتى. ئادەم كۆپ قايغۇردى. ھەۋۋا بولسا، توختىماي يىغلايتتى. تۆۋبىلىرى بەكمۇ سەممىي ئىدى. ئاللاھ ئۇلارنىڭ تۆۋبىلىرىنى قوبۇل قىلدى. ئۇلارنىڭ ئەسلى ماكانىنىڭ يەر يۈزى ئىكەنلىكىنى، بۇندىن كېيىن يەر يۈزىدە ياشاپ، شۇ يەردە ئۆلىدىغانلىقىنى، قايتا تىرىلىش كۈنى (يەنى قىيامەت كۈنى) ئۇ يەردىن چىقىدىغانلىقىنى بىلدۈردى.

**585-سۇئال: ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ يەر يۈزىدىكى ھاياتى**

ئادەم ئۈچىنچى دەرسىنى (ساۋاقنى) چۈشەندى. ئىبلىسنىڭ دۈشمىنى ئىكەنلىكىنى چۈشەندى. ھەمدە ئىبلىسنىڭ جەننەتتىن چىقىرىلىشىغا ۋە جاپا - مۇشەققەتكە قېلىشىغا سەۋەبچى بولغانلىقىنى ئىلمىي بىر شەكىلدە چۈشەندى. ئاللاھنىڭ ئەمرىگە خىلاپلىق قىلغانلارنى جازالايدىغانلىقىنى ۋە جەننەتكە كىرىش ئۈچۈن ئاللاھقا ئىتائەت قىلىش كېرەكلىكىنى چۈشەندى. ئاللاھنىڭ تۆۋبىنى قوبۇل قىلىدىغانلىقىنى، ئەپۇ قىلىدىغانلىقىنى، مەرھەمەت قىلىدىغانلىقىنى ۋە تاللايدىغانلىقىنى چۈشەندى. ئۇلۇغ ئاللاھ ئۇلارغا مۇنداق دەپ ئىستىغفار ئېيتىشنى ئۆگەتتى: پەرۋەردىگارىمىز! بىز ئۆزىمىزگە ئۆزىمىز زۇلۇم قىلدۇق. ئەگەر سەن بىزگە مەغپىرەت قىلمىساڭ، بىز چوقۇم زىيان تارتقۇچىلاردىن بولىمىز. (سۈرە ئەئراف 23 - ئايەت)

ئاللاھ ئۇلارنىڭ تۆۋبىلىرىنى قوبۇل قىلىپ، ئەپۇ قىلدى ۋە ئۇلارنى يەر يۈزىگە ئەۋەتتى. ھەزرىتى ئادەمنى ئۆز نەسلىگە تۇنجى پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتتى. ئادەمنىڭ يەر يۈزىدىكى ھاياتى باشلاندى. يەر يۈزىگە چۈشۈش ئۈچۈن جەننەتتىن چىقتى. شۇنىڭ بىلەن، ئۇ ئۆزىدىن كېيىن كېلىدىغان پەيغەمبەرلەرگە چىقىش (خۇرۇج) ئۇسۇلىنى باشلاپ بەرگەن بولدى. ئادەم ئۇ يەردىن، يەنى جەننەتتىن پەيغەمبەر

بولۇشتىن بۇرۇن چىقتى. ئادەم بۇ جاپا ـ مۇشەققەتلەرنىڭ ئۆزىنىڭ ھاياتى بىلەن بىرلىكتە باشلانغانلىقىنى چۈشەندى. ئۇنىڭ قايغۇسىغا تەسەللىي بولىدىغان بىردىنبىر نەرسە، ئۆزىنىڭ يەر يۈزىنىڭ ھۆكۈمدارى سۈپىتىدە ئەۋەتىلىشى ئىدى. ئۇنىڭ يەر يۈزىگە ھۆكۈمرانلىق قىلىشى، ئۇنى ئاۋاتلاشتۇرۇشى، تېرىكچىلىك قىلىشى، ئۇ يەردە يېتىشىپ ھاياتىنىڭ شەكلىنى ئۆزگەرتىدىغان ۋە تېخىمۇ ياخشى ھالغا كەلتۈرىدىغان نەسلگە ساھىب بولۇشى لازىم ئىدى.

ھەۋۋا بىر قېتىمدا بىر ئوغۇل، بىر قىز؛ يەنە بىر قېتىمدىمۇ بىر ئوغۇل، بىر قىز دۇنياغا كەلتۈرگەنىدى. بىرىنچى قېتىمدا تۇغۇلغان ئوغۇل بىلەن ئىككىنچى قېتىمدا تۇغۇلغان قىزنىڭ ئۆيلىنىشى ھالال ئىدى.

## 586-سۇئال: يەر يۈزىدە تۇنجى قاتىللىقنىڭ مەيدانغا كېلىشى

ئادەمنىڭ بالىلىرى چوڭ بولۇپ، بىر ـ بىرىگە ئۆيلەندى ۋە يەر يۈزىنى ئاۋاتلاشتۇردى. ئادەم ئۇلارنى ئاللاھ يولىغا دەۋەت قىلدى. ئادەمنىڭ تەقدىرىگە بالىلىرىدىن بىرىنىڭ ئىبلىسقا ئىتائەت قىلىشىغا گۇۋاھچى بولىدىغانلىقى ئورۇنلاشتۇرۇلغانىدى. يەر يۈزىدە تۇنجى قاتىللىق ۋەقەسى مەيدانغا كەلدى. ئادەمنىڭ ئوغۇللىرىدىن بىرى ئۆزىنىڭ قېرىندىشىنى ئۆلتۈردى. ئۇلۇغ ئاللاھ مائىدە سۈرىسىدە مۇنداق دەيدۇ: قابىل ھابىلغا: «مەن سېنى چوقۇم ئۆلتۈرىمەن» دېدى، (ھابىل) ئېيتتى: «ئاللاھ پەقەت تەقۋادارلارنىڭ (قۇربانلىقىنى) قوبۇل قىلىدۇ. ئەگەر سەن مېنى ئۆلتۈرۈشكە قولۇڭنى سوزىدىغان بولساڭ، مەن سېنى ئۆلتۈرۈشكە قولۇمنى سوزمايمەن، مەن ھەقىقەتەن ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى ئاللاھتىن قورقىمەن».

ئۆلتۈرۈلگۈچى (ھابىل) تەمكىن ھالدا: مەن ھەقىقەتەن سەن بىلەن بولغان گۇناھنى (يەنى مېنى ئۆلتۈرگەنلىك گۇناھىڭنى) ۋە سېنىڭ (ئىلگىرىكى) گۇناھىڭنى (يەنى ئاتاڭ ئادەمنىڭ ئەمرىگە ئاسىيلىق قىلغانلىق گۇناھىڭنى) ئۈستۈڭگە ئېلىپ ئەھلى دوزاخلاردىن بولۇشۇڭنى تىلەيمەن، (كىشىلەرگە) زۇلۇم قىلغۇچىلارنىڭ جازاسى شۇدۇر دېدى. ھابىلنىڭ سۆزى تۈگىگەندىن كېيىن، قابىل ھابىلنى تاشلاپ كەتتى.

بىر نەچچە كۈن ئۆتتى... ھابىل قويۇق ئورمانلىقتا ئۇخلاۋاتاتتى. ئۇ ئورماندا قېرى ئېشەكتىن بىرى ئۆلگەن بولۇپ، جەسىدى قۇزغۇنلار تەرىپىدىن پارچىلانغان، قېنى يەرگە سىڭىپ كەتكەنىدى. ئېشەكنىڭ پەقەت باش قىسمىلا قالغانىدى. قابىل ئۇنى قولىغا ئېلىپ، ھابىل تەرەپكە قاراپ ماڭدى. ئېشەكنىڭ بېشىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ قاتتىق كۈچەپ ھابىلغا ئۇردى. قان ئېتىلىپ چىقىشقا باشلىدى، ھابىل چۆچۈپ ئويغاندى. ئۇ ئۇيقۇسىدا چۈش كۆرۈۋاتاتتى. لەۋلىرى كۈلۈمسىرەۋاتاتتى، قان ئۇنىڭ كۈلۈمسىرىگەن

لەۋلىرىگە ئېقىپ چۈشتى. قابىل قېرىندىشىغا يەنە بىر قېتىم قارىغاندىن كېيىن، پەسكويغا چۈشتى. قېرىندىشى بۇ دۇنيا بىلەن ۋىدالاشقانىدى. قابىل يۈزلىرى تاتىرىپ كەتكەن هالدا لام ـ جىم دېمەي، ئۆلۈكنىڭ ئالدىدا ئولتۇردى. قاتىل قان ئىچىدە ياتقان قېرىندىشىنىڭ ئالدىدا ئولتۇردى. ئۆلتۈرۈلگەن بۇ قېرىنداش، يەر يۈزىدە ئۆلتۈرۈلگەن تۇنجى ئىنسان بولغاچقا، ئۆلۈكلەرنى يەر ئاستىغا كۆمۈش دېگەن ئۇقۇم تېخى پەيدا بولمىغانىدى. قابىل هابىلنىڭ جەسىدىنى ئېلىپ، بىر تەرەپكە قاراپ مېڭىشقا باشلىدى.

شامال بىر قۇشنىڭ ئېچىنىشلىق چىقىرىغان ئاۋازىنى ئېلىپ كەلدى. قابىل بۇ ئاۋازدىن چۆچۈپ كەتتى. ئىچىدە بەكمۇ قورقۇنچلۇق هېس ـ تۇيغۇلار پەيدا بولدى. قابىل ئاۋاز چىققان تەرەپكە قارىدى. بىر قارغا يەنە بىر ئۆلۈك قارغىنىڭ ئۈستىگە قونۇۋېلىپ قاقىلداۋاتاتتى. تىرىك قارغا تۇمشۇق ۋە تىرناقلىرى بىلەن يەرنى قېزىشقا باشلىدى. تىرىك قارغا ئۆلۈك قارغىنى سۆرەپ كېلىپ، كولانغان ئازگالغا ياتقۇزدى، ئاندىن ئىككى قېتىم قاقىلدىۋېتىپ، ئۇنىڭ ئۈستىگە توپا تاشلىدى. كۆمۈپ بولغاندىن كېيىن، بىر نەچچىنى قاقىلدىۋېتىپ، ئۇچۇپ كەتتى.

ئۇ ئۆزىنىڭ قىلمىشىغا قاتتىق پۇشايمان قىلدى. نادامەت ئوتى ئۇنىڭ پۈتۈن بەدىنىدە لاۋۇلداپ يېنىشقا باشلىدى. قاتتىق يىغلىغان قاتىلنىڭ ۋۇجۇدى توختىماي تىترەيتتى. ئۇ تىرناقلىرى بىلەن يەرنى قېزىپ، قېرىندىشى ئۈچۈن قەبرە كولاشقا باشلىدى. بۇ ۋەقەدىن خەۋەر تاپقان هەزرىتى ئادەم: بۇ شەيتاننىڭ ئىشىدۇر، شۈبهىسىزكى، شەيتان ئازدۇرغۇچى ئاشكارا دۈشمەندۇر دېدى.

ئادەم ئىككى ئوغلىدىن ئايرىلىپ قالغانلىقى ئۈچۈن كۆپ قايغۇردى. بىرى ئۆلگەن، يەنە بىرى شەيتانغا ئەگىشىپ كەتكەنىدى. ئادەم ئۆلگەن ئوغلى ئۈچۈن دۇئا قىلدى ۋە هاياتىنى داۋاملاشتۇردى. ئۇ ئەمگەكچان ۋە مېهنەتكەش ئىنسان ئىدى. باللىرى ۋە نەۋرىلىرىگە ۋەز ـ نەسىهەت قىلىدىغان پەيغەمبەر ئىدى. ئۇلارغا ئاللاھ توغرۇلۇق ۋەز ئېيتاتتى ۋە ئاللاھقا دەۋەت قىلاتتى. ئاندىن، ئىبلىسنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرەتتى ۋە ئۇنىڭغا يېقىنلاشماسلىققا ئاگاهلاندۇراتتى. ئۇلارغا ئىبلىسنىڭ ئۆزى ۋە قاتىل ئوغلى بىلەن بولغان قىسسىسىنى سۆزلەپ بېرەتتى. ئارىدىن نۇرغۇن يىللار ئۆتتى، ئادەم ياشىنىپ قالدى. ئۇنىڭ ئەۋلادلىرى يەر يۈزىگە تارالدى.

**587 ـ سۇئال: هەزرىتى ئادەم ئەلەيهىسسالامنىڭ دۇنيادىن قايتىشى**

بىر كېچىسى، قاتتىق بوران چىقىپ كەتتى. هەزرىتى ئادەم تىككەن قېرى دەرەخنىڭ يوپۇرماقلىرى شىلدىرلاشقا باشلىدى. هەزرىتى ئادەمنىڭ هۇجرىسى بەكمۇ

ئاددىي - ساددا ئىدى. ئاپئاق ساقال ۋە نۇر يۈزلۈك ھەزرىتى ئادەم دەرەخنىڭ شاخ ۋە يوپۇرماقلىرىدىن قىلىنغان تۈشكىدە (كارىۋىتىدا) ياتاتتى. بالا - چاقلىرى ئەتراپىغا ئولاشقان بولۇپ، ئۇنىڭ ۋەسىيىتىنى كۈتمەكتە ئىدى. ھەزرىتى ئادەم ئېغىز ئاچتى. بالىلىرىغا ئىنسانىنى قۇتقۇلدۇرىدىغان بىر كېمە ۋە ئۇنى غەلبىگە ئېرىشتۈرىدىغان بىرلا ياراق (قورال) بار ئىكەنلىكىنى ئېيتتى. كېمە - ئاللاھنىڭ يولى؛ ياراق بولسا، ئاللاھنىڭ كەلىمىلىرى ئىدى.

ھەزرىتى ئادەم بالىلىرىنىڭ كۆڭلىگە تەسەللىي بېرىش ئۈچۈن مۇنداق دېدى: «ئاللاھ ئىنسانىنى يەر يۈزىگە يالغۇز تاشلاپ قويمايدۇ. ئىنسانىنى توغرا يولغا باشلاش ۋە ھىدايەتكە ئېرىشتۈرۈش ئۈچۈن پەيغەمبەرلەرنى ئەۋەتىدۇ. پەيغەمبەرلەرنىڭ ئىسمىلىرى، سۈپەتلىرى ۋە مۆجىزىلىرى پەرقلىق بولسىمۇ، ھەممىسىنىڭ ئورتاق بىر نۇقتىسى بولىدۇ. ئۇ بولسىمۇ، ئىنسانىنى يالغۇز ئاللاھقا ئىبادەت قىلىشقا دەۋەت قىلىش. » ھەزرىتى ئادەمنىڭ بالىلىرىغا قىلغان ۋەسىيىتى مانا بۇنىڭدىن ئىبارەت ئىدى. ھەزرىتى ئادەم ۋەسىيىتىنى تۈگىتىپ، كۆزلىرىنى يۇمدى. پەرىشتىلەر ئۇنىڭ ھۇجرىسىغا كىرىپ، ئەتراپىنى ئورىدى. ھەزرىتى ئادەم ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى ئۆلۈم پەرىشتىسىنى تونۇپ، قەلبى مەڭگۈلۈك راھەت ۋە ھۇزۇرغا قاراپ كۈلۈمسىرىدى. روھىغا جەننەت گۈل - چېچەكلىرىنىڭ خۇش ھىدى سىڭدى.

### 588-سوئال: ھەزرىتى نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ دەۋەت كۆرىشى

ھەزرىتى ئادەمنىڭ ئۆلۈمىدىن كېيىن، خېلى يىللار ئۆتۈپ كەتتى. قەبرىنىڭ ئەتراپىدىكى گۈل - چېچەكلەر توزۇپ، دەل - دەرەخ ۋە تاش - تۇپراقلار چىرىپ كەتتى. يۇلتۇزلارنىڭ يېشىغا نۇرغۇن ياش قېتىلدى، يەر يۈزىدە نۇرغۇنلىغان نەرسە ئۆزگىرىش ھاسىل قىلدى. ئادەمنىڭ ۋەسىيىتى ئۇنتۇلۇپ، كونا خاتالىق يەنە ئوتتۇرىغا چىقتى. بۇ قېتىمقىنىڭ شەكلى باشقىچە بولسىمۇ، ئۇنتۇش خاتاسى يەنە تەكرارلانغانىدى.

نۇھنىڭ قەۋمى دۇنياغا كېلىشتىن بۇرۇن، نۇھنىڭ ئەجدادى ئىچىدە بەش سالىھ كىشى ياشاپ ئۆتكەن بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئىسمىلىرى: ۋەد، سۇۋائ، يەغۇس، يەئۇق ۋە نەسرى ئىدى. بۇلار ۋاپات بولغاندىن كېيىن، ئىنسانلار ئۇلارنىڭ شەرىپى ۋە يۈز خاتىرىسى ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ ھەيكەللىرىنى تىكلىدى. يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن، بۇ ھەيكەللەرنى تىكلىگەنلەر ئۆلۈپ تۈگىدى. ئۇلارنىڭ بالىلىرى ياشىدى، ئۇلاردىن كېيىن نەۋرىلىرى كەلدى. ئېپسانىلەر بۇ ھەيكەللەرنى بىرمۇنچىلىغان غايىۋىي كۈچلەرگە نىسبەتلەشتۈرۈپ، ئۇلار ھەققىدە ھەرخىل ھېكايىلەر توقۇپ چىقتى. بۇ پۇرسەتنى غەنىمەت بىلگەن ئىبلىس، ئۇلارغا بۇ ھەيكەللەرنىڭ پايدا - مەنپەئەت

يەتكۈزىدىغانلىقىنى ۋە ئۇلارنىڭ يامانلىققا قارشى تۇرىدىغان كۈچلۈك ئىلاھلارنىڭ ھەيكەللىرى ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ، ئۇلارنى ئېزىقتۇردى... شۇنىڭ بىلەن، ئىنسانلار بۇ ھەيكەللەرگە چوقۇنۇشقا باشلىدى. مانا بۇ ئەھۋال ئاستىدا، ئاللاھ نۇھنى ئۇتتۇرىغا چىقىرىپ، قەۋمگە ئەلچى قىلىپ ئەۋەتتى. نۇھ ئۆز دەۋرىنىڭ ئەڭ بۈيۈك ئىنسانى ئىدى. ئۇ نە قەۋمىنىڭ ھۆكۈمرانى، نە رەئىسى، نە ئەڭ باي كىشىسى ئەمەس ئىدى. نۇھ ئاللاھنىڭ ھەزرىتى ئادەم ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادلىرىنى ياراتقان ۋاقتتا، ئۇلاردىن ئالغان ئەھدىنى يادىدىن چىقارمىغان بىرى بولۇپ، ئۇ تۇغۇلۇشتىنلا ئاللاھقا ئىمان ئېيتاتتى. ئاللاھ شۈكۈر قىلغۇچى بەندىسىنى تاللاپ، ئۇنى قەۋمگە پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتتى. نۇھ قەۋمىنى ئاللاھقا دەۋەت قىلىشقا باشلىدى: نۇھ قەۋمگە ياراتقۇچى بىر ئاللاھتىن باشقا ئىلاھنىڭ يوق ئىكەنلىكىنى، شەيتاننىڭ ئۇزۇندىن بۇيان ئۇلارنى ئالداپ كېلىۋاتقانلىقىنى ۋە بۇ ئالدىنىشنىڭ ئاخىرلىشىش ۋاقتى كەلگەنلىكىنى، ئاللاھنىڭ ئىنسانىنى شەرەپلىك قىلغانلىقىنى، ئۇنى قانداق ياراتقانلىقىنى، ئۇنىڭغا رىزىق، ئەقىل نېئمىتى ئاتا قىلغانلىقىنى، بۇتلارغا چوقۇنۇشنىڭ ئەقىلنى بۇزۇپ، ئۆز - ئۆزىگە زۇلۇم قىلىشتىن باشقا نەرسە ئەمەسلىكىنى ئۇچۇق چۈشەندۈردى.

ئىنسانلار ئۇنىڭ سۆزلىرىنى قۇلاق سېلىپ ئاڭلىدى. يەر يۈزىدە مەۋجۇت بولغان شەيتانلارمۇ ئۇنىڭ سۆزلىرىنى تىڭشىماقتا ۋە قورقماقتا ئىدى. نۇھنىڭ قەۋمى، ئۇنىڭ دەۋىتىدىن كېيىن ئىككىگە بۆلۈندى. دەۋەت ئاجىزلار، پېقىرلار ۋە يوقسۇللارنىڭ يۈرەكلىرىگە چوڭقۇر تەسىر قىلدى. ئۇلارنىڭ ئازاب - ئوقۇبەتلىرىگە تەسەللى، جاراھەتلىرىگە مەلھەم بولدى. بايلار، كۈچلۈكلەر، كاتتىلار ۋە ھۆكۈمدارلار دەۋەتتىن شۈبھىلەندى. ھەممە نەرسىنىڭ بۇرۇنقىدەك قېلىشى ئۇلارنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن پايدىلىق بولغاچقا، نۇھقا قارشى تۇرماقچى بولۇشتى. دەسلەپتە، نۇھنى ئۆزلىرىگە ئوخشاش ئىنسان دەپ قاراپ، تۆھمەت چاپلىدى. كاپىرلار بىلەن نۇھنىڭ ئارىسىدىكى كۈرەش داۋاملاشتى. دەۋانىڭ پېقىرلارنى، ئاجىزلارنى ۋە ئاددىي قول ھۈنەرۋەنلەرنى ئۆزىگە تارتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭغا بۇ تەرەپتىن ھۇجۇم قىلىشقا باشلىدى. شۇنداق قىلىپ، نۇھ بىلەن قەۋمىنىڭ كاتتىلىرى ئارىسىدىكى كۈرەش رەسمىي باشلاندى. نۇھ قەۋمىنىڭ كاپىرلىرىنىڭ سۆزلىرىگە قۇلاق سالدى ۋە ئۇلارنىڭ جاھىللىق قىلىۋاتقانلىقىنى چۈشەندى. شۇنداقتىمۇ، ئۇلارغا مۇلايىملىق بىلەن جاۋاب قايتۇردى.

نۇھ ئىنكارچىلارنىڭ دەلىللىرىگە پەيغەمبەرلەرنىڭ مەنتىقى بىلەن جاۋاب بېرەتتى. نۇھنىڭ قەۋمى ئۇنىڭ بىلەن مۇنازىرىلىشىشتىن زېرىكتى. نۇھ ھەرقانداق قارارنى ئاللاھنىڭ بېرىدىغانلىقىنى قوبۇل قىلغانلىقى ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ ئازغۇنلۇقىنى

ئاللاھقا ھاۋالە قىلدى. نۇھ بىلەن ئۇنىڭ قەۋمىدىن بولغان كاپىرلار ئارىسىدىكى مۇنازىرە ئۇزىراپ كەتتى. نىھايەت، كاپىرلانىڭ پۈتۈن دەلىللىرى يېڭىلىپ، ئېتىقۇدەك باشقا نەرسە قالمىغاچقا، ئۇلار ھەددىدىن ئېشىشقا ۋە ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرىنى ھاقارەتلەشكە باشلىدى.

نۇھ قەۋمىنى تەۋھىدكە 950 يىل دەۋەت قىلدى. ئۇ، كاپىرلارنىڭ سانى كۆنسېرى ئېشىۋاتقانلىقىنى، ئەمما مۇئمىنلەرنىڭ كۆپەيمەيۋاتقانلىقىنى كۆردى. نۇھ بۇ ئەھۋالغا بەكمۇ قايغۇرغان بولسىمۇ، ئۈمىدىنى يوقاتمىدى. قەۋمىنى داۋاملىق دەۋەت قىلاتتى ۋە ئۇلار بىلەن مۇنازىرىلىشەتتى. قەۋمىمۇ ئۆز گېپىدە، كاپىرلىق ۋە گۇمراھلىقتا چىڭ تۇرۇۋشنى قەتئىي داۋاملاشتۇردى.

## 589-سۇئال: نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ قەۋمگە بەد دۇئا قىلىشى ۋە توپان بالاسى

ھەزرىتى نۇھ قەۋمىنىڭ ھالىغا ئېچىندى، ئەمما ئۈمىدسىزلەنمىدى. 950 يىل بويىچە ئۈمىد بىلەن ياشىدى. ئاللاھنىڭ ئۇنىڭغا قەۋمىدىن بۇرۇن ئىمان ئېيتقانلاردىن باشقىسىنىڭ ئىمان ئېيتمايدىغانلىقىنى بىلدۈرىدىغان كۈن يېتىپ كەلدى. ئاللاھ ئۇنىڭغا قەۋمىنىڭ قىلمىشى يۈزىسىدىن قايغۇرماسلىقىنى ۋەھيى قىلدى. نۇھ ئاللاھنىڭ كاپىرلارنى ھالاك قىلىشىنى تىلەپ دۇئا قىلدى. ئۇ مۇنداق دېدى:

پەرۋەردىگارىم! يەر يۈزىدە كاپىرلارنىڭ بىرىنىمۇ قويمىغىن! ئەمر بېرىلدى. ئۇلۇغ ئاللاھ كاپىرلارغا توپان بالاسى ئەۋەتىلىشىنى ئەمر قىلدى. ئاللاھ بەندىسى نۇھقا كېمىنى كۆز ئوڭىدا ۋە ۋەھيى بويىچە ياسىشىنى بۇيرىدى. يەنى نۇھ كېمىنى پەرىشتىلەرنىڭ ياردىمى بىلەن، ئاللاھنىڭ ئىلمى ۋە تەلىماتى بويىچە، ئۇنىڭ كۆز ئوڭىدا ۋە ۋەھيىدە بىلدۈرۈلگىنىدەك ياسايتتى.

نۇھ كېمە ياساش ئۈچۈن دەرەخ تىكتى. بىر نەچچە يىل ئۆتكەندىن كېيىن، تىككەن دەرەخلىرىنى كېسىپ، ياغاچچىلىق قىلىشقا باشلىدى. ئۇنىڭ كېمىسى چوڭ، ئېگىز ۋە ناھايىتى پۇختا ئىدى. نۇھ كېمىنى ياساشقا باشلىدى. كاپىرلار ئۇنىڭ يېنىدىن ئۆتكەچ، ئۇنىڭ نېمە ئۈچۈن ياسىلىۋاتقانلىقىنى پەرەز قىلىشاتتى. قۇرغاقچىلىق ئاپتى يۈز بەرگەچكە، ئۇ ئەتراپتا دەريا ياكى دېڭىز يوق ئىدى. شۇڭا ئۇلار: «ئى نۇھ! بۇ كېمەڭ قانداق ئۈزىدۇ؟ زېمىننىڭ ئۈستىدە ماڭامدۇ يا؟ سېنىڭ كېمەڭنى ماڭغۇزغۇدەك سۇ نەدە؟ سەن ئالجىپسەن» دېيىشتى. كاپىرلار نۇھنى مەسخىرە قىلىپ، قاقاھلاپ كۈلۈشتى.

كېمە ياسىلىپ بولدى. نۇھ ئاللاھنىڭ ئەمرىنى كۈتۈشكە باشلىدى. ئاللاھ نۇھقا تونۇردىن ئېتىلىپ چىققان سۇنىڭ توپاننىڭ باشلىنىشىنىڭ بېشارىتى ئىكەنلىكىنى

بىلدۈردى. قورقۇنچلۇق كۈن يېتىپ كەلدى. نۇھنىڭ ئۆيىدىكى تونۇردىن سۇ ئېتىلىپ چىقىشقا باشلىدى. نۇھ كېمىنى ئېچىش ۋە ئۆزىگە ئىشەنگەنلەرنى كېمىگە چىقىرىش ئۈچۈن يۈگۈردى. جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام يەر يۈزىگە چۈشتى. كېمىگە ھەر بىر جانلىقتىن بىر جۈپ سالدى. نۇھ كېمىنىڭ ئىچىگە يىرتقۇچ ھايۋانلارنى سولايدىغان قەپەزلەرنىمۇ ياسىغانىدى. جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام يەر يۈزىدىكى ھايۋان ۋە قۇشلارنىڭ ھەممە تۈرىدىن بىر جۈپتىن ھەيدەپ كەلگەنىدى. بۇ، توپان سۈيىنىڭ پۈتۈن يەر يۈزىگە يېيىلىدىغانلىقىنى ئىپادىلەيتتى. ئەگەر ئۇنداق بولمىغان بولسا، بۇ تۈر قۇش ۋە ھايۋانلارنىڭ كېمىگە چىقىرىلىشىنىڭ ھېچقانداق ئەھمىيىتى يوق ئىدى.

كېمە يۇقىرى كۆتۈرۈلۈشكە باشلىدى. ھايۋانلار، قۇشلار ۋە ھەزرىتى نۇھقا ئىمان ئېيتقان مۇئمىنلەرمۇ كۆتۈرۈلدى. مۇئمىنلەرنىڭ سانى ئاز ئىدى. نۇھنىڭ ئايالى ئۇنىڭغا ئىمان ئېيتمىغانىدى، شۇڭا ئۇ كېمىگە چىقمىدى. ئوغۇللىرىدىن بىرى كۆرۈنۈشتە ئىمان ئېيتقاندەك قىلغان بىلەن، ئەمەلىيەتتە كاپىر ئىدى ۋە بۇنى ئاتىسىدىن يوشۇرۇپ كەلگەنىدى. ئۇمۇ كېمىگە چىقمىدى. قەۋمىنىڭ كۆپىنچىسى ئىمان ئېيتمىغاچقا، ئۇلارمۇ چىقمىدى. كېمىگە پەقەت ئازغىنا مۇئمىنلا چىقتى.

زېمىنىنىڭ يېرىقلىرىدىن سۇلار ئېتىلىپ چىقتى. سۇ چىقمىغان يېرىق قالمىدى. ئاسماندىن بۇرۇن كۆرۈلۈپ باقمىغان ۋە بۇندىن كېيىنمۇ كۆرۈلمەيدىغان دەرىجىدە شىددەتلىك يامغۇر ياغدى. سۇ ھەم ئاسماندىن ياغاتتى ھەم يەر ئاستىدىن چىقاتتى ۋە پەيدىنپەي يۇكسىلەتتى. دېڭىزلارنىڭ جىمجىتلىقى بۇزۇلدى، شاۋقۇن ـ سۈرەن سېلىپ، دولقۇنلىرىنى قىرغاقلارغا ئۇراتتى. يەرنىڭ ئىچى بىنورمال بىر شەكىلدە ھەرىكەتلىنەتتى. ئوكيانلارنىڭ چوڭقۇر چۆكمىلىرى بىردىنلا يۇقىرى ئۆرلەشكە باشلىدى. زېمىن ئاستا ـ ئاستا دېڭىز دولقۇنلىرىنىڭ ئاستىدا قېلىۋاتاتتى. يەرشارى تۇنجى قېتىم پۈتۈنلەي سۇ ئاستىدا قالدى. سۇلار ئىنسانلارنى يۇتۇپ كەتكۈدەك دەرىجىدە يۇكسەلدى. ئاستا ـ ئاستا دەل ـ دەرەخ ۋە تاغلارمۇ سۇلارنىڭ ئاستىدا قېلىشقا باشلىدى. توپان بالاسى باشلانغان ۋاقىتتا، نۇھ ئوغلىنى چاقىردى. ئوغلى ئۇنىڭدىن يىراقتا ئىدى. ئوغلى ئاتىسىغا مۇنداق دەپ جاۋاب قايتۇردى:

مېنى سۇدا غەرق بولۇشتىن ساقلاپ قالىدىغان بىر تاغنىڭ ئۈستىگە چىقىۋالىمەن. ئۇلارنىڭ ئارىسىنى دولقۇن ئايرىۋەتتى ـ دە، ئۇ غەرق بولۇپ كەتتى.

توپان داۋاملاشتى. نۇھنىڭ كېمىسى لەيلەپ كېتىۋەردى. توپان باشلىنىپ كۆپ ئۆتمەي، بارلىق كۆزلەر يەرنىڭ سۇ ئاستىغا چۆكۈپ كەتكەنلىكىنى كۆرگەنىدى. نۇھنىڭ كېمىسىدىكىلەردىن باشقا جانلىق قالمىغانىدى. يەر يۈزىدىكى مۇئمىنلەرنىڭ ھەممىسى ۋە ئالاھىدە ئېلىۋېلىنغان ھايۋان ۋە قۇش تۈرلىرى نۇھنىڭ كېمىسىدە ئىدى.

ئاللاھنىڭ ئەمرى بىلەن يەر سىلكىنىشتىن توختىدى. سۇلار يۇتۇلدى. زېمىن قۇياش نۇرى ئاستىدا قايتىدىن پارقىراپ كۆرۈنۈشكە باشلىدى. توپان زېمىننى يۇيۇپ، تازىلىۋەتكەنىدى. توپاننىڭ توختىشى بىلەن قورقۇنچ، ئەندىشىمۇ بېسىقتى. ئۇنىڭ يادىغا غەرق بولغان ئوغلى كېلىۋالدى. نۇھ ئوغلىنىڭ كاپىر ئىكەنلىكىنى تېخى بىلمەيتتى. ئۇلۇغ ئاللاھ ئۇنىڭغا ئوغلىنىڭ ھەقىقىي ئەھۋالىنى بىلدۈردى. ئاللاھ ئۇنىڭغا مەرھەمەت قىلدى ۋە ئۇنى ئاللاھنىڭ بەرىكىتى ۋە ئامانلىقى ئاستىدا كېمىدىن چۈشۈشكە بۇيرىدى. نۇھ كېمىدىن چۈشتى. قۇش ۋە ھايۋانلارنى قويۇپ بەردى، ئۇلار يەر يۈزىگە تارقىلىپ كەتتى. ئۇنىدىن كېيىن، مۆئمىنلەر چۈشتى. زېمىن (توپان سەۋەبىدىن) تېخىچە نەم ئىدى. نۇھ ناماز ۋە دۇئاسىنى تۈگەتكەندىن كېيىن، ئورنىدىن تۇرۇپ ئاللاھ ئۇچۇن بۇيۇك بىر ئىبادەتخانا بەرپا قىلىش مەقسىتىدە ئۇل كولىدى. مۆئمىنلەر گۇلخان يېقىپ، ئەتراپىدا ئولتۇرۇشتى. كېمىدە ئوت يېقىلىشى چەكلەنگەنىدى. توپان توختىغان بىرىنچى كۈن بولسا، ئاللاھقا شۈكۈر ئېيتىش يۈزىسىدىن روزا تۇتۇلغانىدى.

**590-سۇئال: ھەزرىتى ھۇد ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەرلىك ھاياتى**

توپاندىن كېيىن، يەر يۈزىدە مۆئمىنلەردىن باشقا ئىنسان قالمىدى. دۇنيادا ئاللاھنى ئىنكار قىلىدىغان پەقەت بىرلا قەلب بار ئىدى. ئۇ بولسىمۇ، ئىشسىزلىقتىن قايغۇرۇشقا باشلىغان شەيتان ئىدى. نۇرغۇنلىغان يىللار ئۆتتى، ئاتىلار ۋە بالىلار ئۆلدى. ئوغۇللارنىڭ ئوغۇللىرى كەلدى. ئىنسانلار نۇھنىڭ ۋەسىيىتىنى ئۇنتۇپ، يەنە بۇتلارغا چوقۇندى ۋە بىر ئاللاھقا ئىبادەت قىلىشنى تەرك ئەتتى. ئىش يەنە ئالدىنقى قېتىمقى ھىيلە بىلەن مەيدانغا چىقتى. ئاللاھ سەييىدىمىز ھۇدنى قەۋمىگە ئەۋەتتى. شۇنىڭ بىلەن، ھۇدنىڭ قەۋمىگە پەيغەمبەر بولۇپ ئەۋەتىلگەنلىكى ھەققىدىكى قىسسە باشلاندى.

ھەزرىتى ھۇد «ئاد» ئىسىملىك قەۋمدىن ئىدى. بۇ قەبىلە ئەھقاف دېگەن يەرگە جايلاشقان بولۇپ، ئۇ يەر دېڭىز ساھىلىدىكى قۇم بارخانلىق چۆل ئىدى. ئۇلار ناھايىتى يوغان ۋە ئېگىز تۈۋرۈكلەر بىلەن ياسالغان چېدىرلاردا ئولتۇراتتى. «ئاد» قەۋمى زامانىدىكى ئەڭ بەستلىك، ئەڭ ئېگىز، ئەڭ ساغلام ۋە ئەڭ كۈچلۈك ئىنسانلار ئىدى.

ھەزرىتى ھۇد ئۇلارغا: ئى قەۋمىم! ئاللاھقا ئىبادەت قىلىڭلار! سىلەرگە ئاللاھتىن باشقا مەبۇد (بەرھەق) يوقتۇر دېدى. ھۇد ئۇلارغا ئۆزىنىڭ ئەجرىنى ئاللاھ بېرىدىغانلىقىنى، ئۇلاردىن ئەقىللىرىنى ھەقىقەت نۇرلىرى بىلەن تازىلاشتىن باشقا نەرسە تەلەپ قىلمايدىغانلىقىنى ئېيتتى. ئۇلارغا يەنە ئاللاھنىڭ ئۇلارغا بەرگەن نېئمەتلىرىنى، نۇھتىن كېيىن، ئۆزلىرىنى يەر يۈزىنىڭ خەلىپىسى قىلغانلىقىنى،

ئۇلارنىڭ ۋۇجۇدلىرىغا ئۇستۇنلۇك ۋە ھەددىدىن زىيادە كۈچ - قۇۋۋەت ئاتا قىلغانلىقىنى، ئۇلارغا مول رىزىق چىقىدىغان يەرگە قانداق ئېرىشتۇرگەنلىكىنى ۋە تۇپراقنى ياشارتىدىغان يامغۇرنى قانداق ئەۋەتكەنلىكىنى چۈشەندۇردى. ھۇدنىڭ قەۋمى ئۆزلىرىنىڭ ئەتراپىغا نەزەر سالدى ۋە ئۆزلىرىنىڭ ئەڭ كۈچلۈك كىشىلەر ئىكەنلىكىنى بىلىۋالدى. شۇنىڭ بىلەن، تەكەببۇرلۇقى تۇتۇپ، جاھىللىق قىلىشقا باشلىدى. ھۇد بىلەن قەۋمى ئارىسىدىكى مۇنازىرە داۋاملاشتى.

كۈنلەر ئۆتۈپ، مۇنازىرە كۈچەيگەنسېرى ئاد قەۋمىنىڭ تەكەببۇرلۇقى، جاھىللىقى، ئازغۇنلۇقى ۋە تۆھمەتخورلۇقى ئېشىپ باردى. ھۇد ئۇلارنىڭ بىلجىرلاشلىرىغا قۇلاق سالمىدى. ئۇلارنىڭ سەپسەتىلىرى ۋە بەدنامىلىرىغا قايغۇرۇپ يۈرمىدى. ھۇدنىڭ بۇ سۆزلەرگە لايىق جاۋاب قايتۇرۇش ئۈچۈن ئاللاھقا تايىنىش ۋە بۇ يالغانچىلارغا ئەڭ ئاخىرقى قېتىم تەھدىت خاراكتېرلىك ئاگاھلاندۇرۇش بېرىشتىن باشقا چارىسى قالمىدى. شۇنداق قىلىپ، ھۇد ئۆزىنىڭ ئۇلاردىن ۋە ئۇلارنىڭ ئىلاھلىرىدىن يىراق تۇرىدىغانلىقىنى جاكارلىدى. ئۆزىنى ياراتقان ئاللاھقا ئىشەندى. ئازابنىڭ ئۆز قەۋمى ئىچىدىكى ئىنكارچىلارغا كېلىدىغانلىقىنى چۈشەندى. ئاد قەۋمى ئاللاھنىڭ ۋەدىسىنى كۈتمەكتە ئىدى. يەر يۈزىدە قۇرغاقچىلىق ئاپتى باشلاندى. بىر تامچىمۇ يامغۇر ياغمايۋاتاتتى. ئاد قەۋمى دەرھال ھۇدنىڭ يېنىغا يۈگۈرۈشتى: «ئى ھۇد! بۇ قۇرغاقچىلىقنىڭ سەۋەبى نېمە؟» ھۇد: «ئاللاھ سىلەرگە غەزەبلەندى، ئەگەر سىلەر ئىمان ئېيتقان بولساڭلار، ئاللاھ سىلەردىن مەمنۇن بولاتتى ۋە يامغۇر ياغدۇرۇپ، كۈچۈڭلارغا كۈچ قاتاتتى. » ئاد قەۋمى يەنە ھۇدنى زاڭلىق قىلىشتى. جاھىللىق، مەسخىرە ۋە ئىنكاردا چىڭ تۇرۇشتى. قۇرغاقچىلىق تېخىمۇ كۈچىيىپ كەتتى. يېشىل دەرەخلەر سارغايدى، زىرائەتلەر سولاشتى. بىر كۈنى، ئاسماندا بىردىنلا قاپقارا بۇلۇت كۆرۈندى. ئاد قەۋمى چېدىرلىرىدىن يۈگۈرۈپ چىقىپ: «بۇ بۇلۇت بىزگە يامغۇر ياغدۇرۇپ بېرىدۇ» دېيىشتى. ھاۋا بىردىنلا ئۆزگىرىشكە باشلىدى. ئوتتەك قىزىق ۋە قۇرغاق ھاۋا قەھرىتان سوغۇققا ئايلىنىپ، شۇۋرغان چىقىشقا باشلىدى. ھەممە نەرسە تەۋرەپ كەتتى. دەرەخلەر، ئۆسۈملۈكلەر، ئەرلەر، ئاياللار، چېدىرلار، تېرە، گۆش، سۆڭەك ۋە يىلىكلەر جالاقلاپ تىترىدى. شۇۋرغان كېچە - كۈندۈز توختىمىدى. ھاۋا بارغانسېرى سوۋۇپ كېتىۋاتاتتى. ئاد قەۋمى ئارقىغا قاراپ قاچتى ۋە چېدىرلىرىغا كىرىۋالدى. شۇۋرغان تېخىمۇ كۈچىيىپ، چېدىرلارنى ئۆرۈپ تاشلىدى. ئۇلار چېدىر يوپۇقلىرىغا يۆگىنىۋالدى. شۇۋرغان تېخىمۇ كۈچىيىپ، چېدىر يوپۇقلىرىنى ئۇچۇرتۇپ كەتتى، كىيىم - كېچەكلەرنى يىرتىپ، تېرىنى پارچىلاپ، ۋۇجۇدنى چاك - چاك ئېتىۋەتتى. شۇۋرغان يېتىپ بارغانلا يېرىنى ۋەيران قىلىپ، ئادەملەرنى

ئۆلتۈرۈپ، يۇرەكلەرنى يېرىپ، ئۇلارنى قۇرۇق ئۇستىخانغا ئايلاندۇرۇپ قوياتتى. دۇنيادا ئوخشىشى كۆرۈلۈپ باقمىغان بۇ شۇرغان سەككىز كۈن، يەتتە كېچىگىچە داۋاملاشقاندىن كېيىن، پەرۋەردىگارىنىڭ ئەمرى بىلەن توختىدى. دېمەك، ئاد قەۋمىدىن ھېچقانداق ئەسەر قالمىغانىدى. ھۇد ۋە ئۇنىڭغا ئىمان ئېيتقانلار قۇتۇلۇپ قېلىپ، زالىملار ۋە ئازغۇنلار ھالاك بولدى ۋە ھۇد قەۋمى توغرىسىدىكى قىسسە ئاياغلاشتى.

## 591-سۇئال: ھەزرىتى سالىھ ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەرلىك ھاياتى

ئارىدىن ئۇزۇن يىللار ئۆتتى، بەزىلەر ئۆلۈپ، بەزىلەر تۇغۇلدى. ئاد قەۋمىدىن كېيىن، سەمۇد قەۋمى كەلدى. ئازاب ھېكايىسى سەمۇد قەۋمىدە باشقا بىر شەكىلدە تەكرارلاندى. سەمۇدمۇ بۇتلارغا چوقۇنىدىغان بىر قەۋم ئىدى. ئاللاھ ئۇلارغا ھەزرىتى سالىھنى ئەۋەتتى. سالىھ قەۋمىگە: ئى قەۋمىم! ئاللاھقا ئىبادەت قىلىڭلار، سىلەرگە ئاللاھتىن باشقا ھېچ مەبۇد (بەرھەق) يوقتۇر، دېدى.

ھەق ئۆزگەرمىگەندەك، پەيغەمبەرلەرنىڭ ئەڭ ئاساسلىق جۈملىسىمۇ ئۆزگەرمىگەندى. سالىھنىڭ ئېيتقانلىرى، سەمۇد قەۋمىنىڭ كاتتىلىرى ئۈچۈن يېڭىلىق بولۇپ تۇيۇلدى. ئۇ، قەۋمىنىڭ ئىلاھلىرىغا: «كېرەكسىز نەرسىلەر» دەپ بەدنام چاپلىغانىدى ۋە قەۋمىنى ئىلاھلارغا چوقۇنۇشتىن توسۇپ، بىر ئاللاھقا ئىبادەت قىلىشقا چاقىرغانىدى. ئۇنىڭ دەۋىتى سەمۇد قەۋمى ئىچىدە غۇلغۇلا پەيدا قىلدى. سالىھ ئىلمى، پاكلىقى ۋە ياخشىلىقى بىلەن تونۇلغان بىرى ئىدى. قەۋمى ئۇنى، ﷲ ئۇنىڭغا ۋەھيى قىلىشتىن ۋە ئۇلارغا پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتىشتىن بۇرۇن ھۆرمەتلەيتتى. ھەزرىتى سالىھ ئوچۇق - ئاشكارا دەۋەت قىلغان بولسىمۇ، ئۇلار ھەزرىتى سالىھنىڭ دەۋىتىدىن نارازى بولۇشتى. ئۇنىڭدىن ئاللاھنىڭ ئۇنى ئۆزلىرىگە پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتكەنلىكىگە ئىسپات كۆرسىتىشنى تەلەپ قىلدى. ئاللاھ ئۇلارنىڭ تەلىپىگە جاۋاب بەرمەكچى بولدى. سەمۇدلۇقلار تاغلارنى تېشىپ، ئۆيلەرنى ياسايتتى. تاغدىن چىققان قۇرام تاشلاردىن پايدىلىناتتى. ئۇلار ناھايىتى كۈچتۈڭگۈر ئادەملەر ئىدى. ھەرقانداق ئىشتىن ئۆزلىرىنىڭ رىزقىنى تېپىپ يېيەلەيتتى. ئۇلار ئاد قەۋمىدىن كېيىن، ئۇ يەرگە ماكانلىشىپ ئاۋاتلاشتۇرغانىدى.

ئۇلار بىر مۆجىزە كەلتۈرۈشنى تەلەپ قىلغاندا، ھەزرىتى سالىھ ئۇلارغا:

ئى قەۋمىم! بۇ ئاللاھ (بىۋاستە) ياراتقان چىشى تۆگە سىلەرگە مېنىڭ مۆجىزەمدۇر، ئۇنى ئاللاھنىڭ زېمىنىغا قويۇۋېتىڭلار، ئىختىيارى ئوتلىسۇن، ئۇنىڭغا زىيان - زەخمەت يەتكۈزمەڭلار، بولمىسا سىلەرنى پات ئارىدا كېلىدىغان ئازاب ھالاك قىلىدۇ، دېدى.

تۆگە تاغدىكى قۇرام تاشنىڭ ئىچىدىن چىققاندا، سەمۇد قەۋمى ھاڭ ـ تاڭ قالدى. ئۇ بىر خاسىيەتلىك تۆگە بولۇپ، سۈتى مىڭلارچە ئەر ـ ئايال ۋە بالىلارغا يېتىپ ئاشاتتى. ئۇ بىر يەردە ياتسا، باشقا ھايۋانلار ئۇنىڭدىن نېرى قاچاتتى. ئۇنىڭ نورمال تۆگە ئەمەس، بەلكى ئاللاھنىڭ مۆجىزىسى ئىكەنلىكى مانا مەن دەپ بىلىنىپلا تۇراتتى. سالىھنىڭ قەۋمىنىڭ بەزىلىرى ئۇنىڭغا ئىشەندى، ئەمما كۆپىنچىسى جاھىللىق ۋە ئىنكار قىلىشتا چىڭ تۇردى. ئۇلار سالىھنى تاشلاپ، تۆگىگە كىرىشىپلا قالدى. ئۇنى يوقىتىشنىڭ پىلانلىرىنى سوقۇشقا باشلىدى. سۈيىقەستىنىڭ ھەر زامان قەۋمىنىڭ كاتتىلىرى تەرىپىدىن پىلانلىنىشى ناھايىتى نورمال ئەھۋال ئىدى.

سالىھ مىللىتىگە بەكمۇ مۇلايىملىق بىلەن خىتاب قىلاتتى. ئاللاھنىڭ ئۆزىنىڭ پەيغەمبەر ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاش ۋە دەۋاسىنىڭ دەلىللى بولسۇن ئۈچۈن مۆجىزە، يەنى چىشى تۆگە ياراتقانلىقىنى ئويلاپ كۆرۈشكە چاقىراتتى. ئۇلاردىن تۆگىنىڭ ئاللاھنىڭ زېمىنىدا ئىختىيارى ئوتلىشىغا قويۇۋېتىشىنى ئۆتۈندى. ئۇلار تۆگە مۆجىزىسىنى كۆرۈپ تۇرۇپ، مەسخىرىلىك سۆزلىرى بىلەن شۇنداق تۇترۇقسىز سوئال سورىدى. كاتتىلار سالىھنىڭ ئاللاھ تەرىپىدىن ئەۋەتىلگەنلىكىدىن شۈبھىلىنەتتى. ئەمما مۇئمىنلەر ئۆزلىرىنىڭ سالىھ ئېلىپ كەلگەن ھەق دەۋاسىغا ئىشىنىدىغانلىقىنى ئېيتتى. دەل شۇ يەرگە كەلگەندە، قەۋم چوڭلىرى تەكەببۇرلۇق قىلدى ۋە ئۆزلىرىنىڭ گۇناھ ئۆتكۈزگەنلىكى بىلەن ماختاندى. سەمۇد شەھىرىنى قاراڭغۇلۇق باستى.

شەھەردە (يەنى ھىجرىدە) يەر يۈزىدە بۇزغۇنچىلىق قىلىدىغان، ئىسلاھ قىلمايدىغان توققۇز نەپەر كىشى بار ئىدى. بۇلارنىڭ ھەممىسى قانخور لۈكچەكلەر بولۇپ، شەھەرنىڭ ئەڭ مەشھۇر جىنايەتچىلىرى ئىدى. جىنايەتنىڭ ۋاقتى ۋە ئورنى بېكىتىلدى. تراگېدىيە كېچىسى يېتىپ كەلدى. خاسىيەتلىك تۆگە بوتىلىقىنى باغرىغا باسقان ھالدا ياتاتتى. توققۇز لۈكچەك تۆگىگە ئېتىلدى. تۆگە ئورنىدىن تۇردى. بوتىلاقمۇ قورقۇپ كېتىپ ئورنىدىن تۇردى. تۆگىنىڭ قانلىرى ئاقتى، بوتىلىقمۇ ئۆلتۈرۈلدى. ھەزرىتى سالىھ بۇ ئىشتىن خەۋەر تېپىپ، دەرغەزەپ ھالدا قەۋمىنىڭ يېنىغا باردى. سالىھ قەۋمىگە: ئۆيۈڭلاردا (ھاياتلىقتىن) ئۈچ كۈن بەھرىمەن بولۇۋېلىڭلار. بۇ ۋەدە يالغان ئەمەس، دېدى. سالىھ قەۋمىنىڭ يېنىدىن ئايرىلدى، ئىش تۈگىدى. ئاللاھ ئۇنىڭغا قەۋمىنىڭ ئۈچ كۈندىن كېيىن ھالاك بولىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. تۆگە ئۆلتۈرۈلگەن ۋاقىتتا، ئۈچ قېتىم چوڭقۇر نەپەس ئالغانىدى. سەمۇد قەۋمى سالىھنىڭ سۆزلىرىنى مەسخىرە قىلغان ۋە ئازابنى كۈتكەن ھالدا ئۈچ كۈننى ئۆتكۈزدى. تۆتىنچى كۈنى سەھەردە، ئاسمان يېرىلىپ، تاغلارنىڭ ئۈستىگە قاتتىق

چىرقىرىغان بىر ئاۋاز چۈشتى. ئۇ يەردىكى ھەممە نەرسە ھالاك بولدى. يەر قاتتىق تەۋرەپ، ئۈستىدىكى ھەممە نەرسە قېتىپ قالدى. بۇ بىر قاتتىق ئاۋاز ئىدى. ئاۋاز باشلىنىپ ئاخىرلاشقىچە، سەمۇد قەۋمى پۈتۈنلەي ھالاك بولغانىدى. ئۇلار نېمە ئىش بولغانلىقىنى ئاڭقىرالمايلا ھالاك بولدى. ھەزرىتى سالىھقا ئىمان ئېيتقانلار بولسا، ئۇنىڭ بىلەن ئۇ يەردىن ئايرىلدى ۋە قۇتۇلۇپ قالدى.

## 592-سۇئال: ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ شەرىپى

ھەزرىتى ئىبراھىم ئاللاھقا يېقىن بولۇش مەرتىۋىسىگە ئېرىشتى. شۇڭا ئاللاھنىڭ پەيغەمبەرلىرى ئارىسىدا ھەزرىتى ئىبراھىمنىڭ ئالاھىدە ئورنى بار. ئۇ، ئاللاھنىڭ ئۆزلىرىدىن ئەھدە ئالغان ئىرادىلىك بەش چوڭ پەيغەمبەرنىڭ بىرى بولۇپ، ئۇلار نۇھ، ئىبراھىم، مۇسا، ئىسا ۋە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام قاتارلىقلار. ئاللاھ ئۇنى ئوچۇق - ئاشكارا ھالدا ئىنسان كۆچى يەتمەيدىغان ئىشلار بىلەن سىنىدى. ھەزرىتى ئىبراھىم ناھايىتى قىيىن سىناقلارغا دۇچ كەلگەن بولسىمۇ، ۋەدىسىگە ۋاپا قىلىش بىلەن بىرگە ياخشىلىق قىلىشنى ھېچقاچان قولدىن بەرمىگەن بەندە ئىدى. ئۆزىدىن كېيىن كەلگەن بارلىق پەيغەمبەرلەرنىڭ ئاتىسى ۋە بوۋىسى...

## 593-سۇئال: ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇتپەرەسلىك بىلەن بولغان كۆرۈشى

قۇرئاندا ئۇنىڭ تۇغۇلۇشى، بالىلىق دەۋرى ۋە قايسى دەۋردە ياشاپ ئۆتكەنلىكى بىلەن مۇناسىۋەتلىك مەلۇمات يوق بولۇپ، پەقەت ئۇنىڭ دەۋرىدىكى ھاياتىي ئاتموسفېرانى تەسۋىرلەپ بەرگەن. بۇ دەۋردە ئىنسانلارنىڭ ئۈچ خىل گۇرۇپپىغا ئايرىلغانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

ياغاچ ۋە تاشتىن ياسالغان بۇتلارغا چوقۇنىدىغانلار.

قۇياش، ئاي ۋە يۇلتۇزلارغا چوقۇنىدىغانلار.

پادىشاھ ۋە ھۆكۈمدارلارغا چوقۇنىدىغانلار.

ئىبراھىم ئەنە شۇنداق مۇھىتتا، بۇتقا چوقۇنىدىغان ئائىلىلەرنىڭ بىرىدە تۇغۇلدى. ئۇنىڭ ئائىلىسى ئۆز قولى بىلەن بۇت ياساپ، ئۇنىڭغا چوقۇنىدىغان كاپىرلاردىن ئىدى. ئۇنىڭ زېھنى كىچىكىدىنلا ئۆتكۈر ئىدى. ئىبراھىم كىچىكىدە ئاتىسىنىڭ غەلىتە بۇتلارنى ياساۋاتقانلىقىنى كۆردى. بىر كۈنى، ئۇ ئاتىسىنىڭ نېمە ئىش قىلىۋاتقانلىقىنى سورىدى. ئاتىسى ئۇلارنىڭ ئىلاھ ھەيكەللىرى ئىكەنلىكىنى ئېيتتى. كىچىك ئىبراھىمنىڭ ئەقلى بۇ سۆزلەرگە ھەيران بولدى ۋە قوبۇل قىلالمىدى. ئۇ ھەركۈنى ھەيكەللەرنى ئۇياق - بۇياققا چۆرۈپ ئوينايتتى، چوڭلار ئېشەك - قېچىر مىنگەندەك ئۇلارنىڭ ئۈستىگە مىنىۋالاتتى.

يىللار ئۆتتى. ئىبراھىم قۇرامىغا يېتىپ قالدى. ئاتىسىنىڭ ئەخمەقلىقلىرى ئۇنىڭ

قەلبىگە چوڭقۇر تەسىر قىلغانىدى. ھۇش ـ كاللىسى جايىدا بىر ئىنسانىنىڭ تاش ـ ياغاچتىن بۇت ياساپ، ئۇنىڭغا ئىبادەت قىلىشىغا ئەقلى يەتمەيۋاتاتتى. ئىبراھىم بۇ بۇتلارنىڭ يېمەيدىغان، ئىچمەيدىغانلىقىنى، سۆزلىيەلمەيدىغانلىقىنى ۋە بىرى ئۇلارنى يان ياتقۇزۇپ قويسا، ئوڭشىلالمايدىغانلىقىنى چۈشەنگەنىدى. بۇ خىيال ئىبراھىمنىڭ كاللىسىنى خېلى بىر ۋاقىتقىچە چۇلغىۋالدى. ئىبراھىمنىڭ قەۋمىنىڭ بۇتلار بىلەن لىق تولدۇرۇلغان ناھايىتى چوڭ ئىبادەتخانىسى بار ئىدى. ئىبادەتخانىنىڭ قاق ئوتتۇرىسىغا ئەڭ چوڭ بۇت ئورۇنلاشتۇرۇلغان بولۇپ، قالغانلىرى رەت ـ رېتى ۋە خىلى بىلەن ئۇنىڭ ئەتراپىغا تىزىلغانىدى.

بىر كۈنى، ئىبراھىم ئاتىسى بىلەن بىللە ئىبادەتخانىغا باردى. بۇتلارنى ھۆرمەتلەش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلۈۋاتاتتى. مۇراسىم ۋاقتىدا، كاھىنلارنىڭ ئەڭ چوڭى بۇتلارنىڭ ئەڭ چوڭىنىڭ ئالدىغا كېلىپ، ناھايىتى مۇڭلۇق بىر ئاۋاز بىلەن ئۇنىڭغا يالۋۇردى ۋە بۇتتىن قەۋمىگە رەھىم ـ شەپقەت قىلىشىنى، مول رىزىق بېرىشىنى تەلەپ قىلدى. ھەممە تىمتاس ئىدى. ئىبراھىمنىڭ ئاۋازى بۇ تىمتاسلىقنى بۇزدى. ئۇ ئەڭ چوڭ كاھىنغا مۇنداق دېدى:

ـ ئەي كاھىن! ئۇ سېنىڭ ئاۋازىڭنى ئاڭلىيالمايدۇ. سەن بۇنى بىلمەمسەن؟

ئەتراپتىكىلەرنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭغا قارىدى ۋە ئىبراھىم ئىكەنلىكىنى بىلدى. چوڭ كاھىن تېرىكىپ كەتتى. ئىبراھىمنىڭ ئاتىسى يالغاندىن ئوغلىنىڭ ئاغرىپ قالغاچقا، ئۆزىنىڭ نېمە دېگەنلىكىنى بىلمەيدىغانلىقىنى باھانە كۆرسىتىپ، كۆپچىلىكتىن ئەپۇ سورىدى. ئاندىن ئوغلىنى ئېلىپ ئىبادەتخانىدىن چىقتى ۋە ئۇدۇل ئۆيگە ئەكىلىپ، ياتقۇزۇپ قويغاندىن كېيىن، چىقىپ كەتتى.

ئىبراھىم بىر پەس ياتقاندىن كېيىن، ئورنىدىن تۇرۇپ سىرتقا چىقتى. ئۇ ئاغرىپ قالمىغانىدى. ئەتىسى سەھەر، ئىبراھىم قەۋمىگە تېخىمۇ ھەيران قالارلىق سۆز قىلدى. تۈنۈگۈن چوقۇنغان يۇلتۇزلار سەھەردە يوقاپ كەتكەنىدى. ئىبراھىم يوقاپ كەتكەن نەرسىنى ياقتۇرمايتتى. ئىككىنچى كۈنى كەچتە، ئىبراھىم ئاينى ئۆزىنىڭ پەرۋەردىگارى دەپ ئېلان قىلدى. قەۋمى بۇ ئىشنىڭ سىرىغا يېتەلمىدى. ئىبراھىم ئايغا ئىبادەت قىلىشنىمۇ رەت قىلدى. چۈنكى، ئايمۇ باشقا يۇلتۇزلارغا ئوخشاش كېچىسى پەيدا بولۇپ، كۈندۈزى يوقاپ كېتەتتى. ئەمما قەۋمى ئۇنىڭ مەقسىتىنى چۈشەنمىدى. شۇنىڭ بىلەن، ئىبراھىم پىلانىنى داۋاملاشتۇردى. ئىبراھىم قۇياشنى ئۆزىنىڭ پەرۋەردىگارى دەپ ئېلان قىلغاندىن كېيىن، قۇياش پاتقىچە كۈتۈپ تۇردى. قۇياش پاتتى، ئۇمۇ باشقا مەخلۇقلارغا ئوخشاش كۆزدىن غايىب بولدى. ئىبراھىمنىڭ دەلىلى ھەقنى ئوتتۇرىغا چىقىرالىشى مۇمكىن ئىدى. قەۋمى ئۇنىڭ بىلەن مۇنازىرىلىشىشكە

باشلىدى.

ھەزرىتى ئىبراھىمنىڭ يۇلتۇزلارغا چوقۇنغۇچىلارغا قارشى ئېلىپ بارغان كۆرىشى شۇنىڭ بىلەن ئاياغلىشىپ، بۇتلارغا چوقۇنغۇچىلارغا قارشى ئېلىپ بارغان كۆرىشى باشلاندى. ئىبراھىم قەۋمىنىڭ قارشىسىغا دەۋەت بىلەن چىقتى. ئىبراھىم بىلەن قەۋمى ئارىسىدىكى كۈرەش باشلاندى. ئۇنىڭغا ئەڭ ئەشەددىي قارشىلىق كۆرسەتكىنى ئاتىسى ياكى ئاتىسى ئورنىدىكى تاغىسى ئىدى. ئاتا بىلەن ئوغۇل جېدەل قىلىشقا باشلىدى. پرىنسىپ ۋە ئاساسلار ئۇلارنى بىر ـ بىرىدىن ئايرىدى. ئوغۇل ئاللاھنىڭ يېنىدا، ئاتا بولسا باتىللىقنىڭ يېنىدا يەر ئالدى. ئىبراھىم چالما ـ كېسەك قىلىپ ئۆلتۈرۈلۈش تەھدىتى ئالغاندىن سىرت، ئۆيدىن قوغلاندى. ئىبراھىم ئاتىسىنىڭ ئۆيىدىن چىقتى. قەۋمنى ۋە ئۇلارنىڭ ئاللاھنى قويۇپ چوقۇنۇۋاتقان نەرسىلىرىنى تەرك ئەتتى. بىردىنلا، كاللىسىغا بىر خىيال كەلدى. ئۇ، دەريانىڭ قارشى ياقىسىدا بايرام مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلىدىغانلىقىنى ۋە ھەممە ئادەمنىڭ ئۇ تەرەپكە كېتىدىغانلىقىنى بىلەتتى. ئۇ بىر مەزگىل كۈتتى، ئاخىرى مۇراسىم كۈنى يېتىپ كېلىپ، خەلق ياشاۋاتقان شەھەر بوش قالدى. ئىبراھىم ئىبادەتخانىغا كىردى، يېنىدا ناھايىتى ئۆتكۈر بىر پالتا بار ئىدى. ئىبراھىم قولىدىكى پالتىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، بۇتلارنىڭ ھەممىسىنى پاچاقلاپ تاشلىۋەتتى. ئەڭ ئاخىرىدا بىر بۇتنىڭ بويىنىغا پالتىنى ئېسىپ قويدى. دەريا بويىدىكى بايرام مۇراسىمى ئاياغلاشتى، خەلق شەھەرگە قايتتى. ئىبادەتخانىغا كىرگەن تۇنجى كىشى چىقىراپ تاشلىدى. ئۇنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىغانلار ئىبادەتخانىغا يىغىلدى. بىر بۇتتىن باشقا ھەممىسى چېقىپ تاشلانغانىدى. بۇنى كىمنىڭ قىلغانلىقىنى ئويلاشقا باشلىدى. ئۇلارنىڭ ئەقلىگە ئىبراھىم كەلدى، چۈنكى ئۇ ئۆزلىرىگە بۇ ئىشنىڭ خاتا ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ، ئاللاھقا ئىبادەت قىلىشقا دەۋەت قىلىۋاتاتتى.

ئىبراھىم كەلتۈرۈلۈپ سوراق قىلىنىشقا باشلىدى: ئىبراھىم كۈلۈمسىرىدى ۋە بويىنىغا پالتا ئېسىغلىق چوڭ بۇتنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ: (ياق) بەلكى ئۇلارنىڭ مۇشۇ چوڭى شۇنداق قىلدى، ئەگەر ئۇلار سۆزلىيەلىسە، (كىمنىڭ چاققانلىقىنى) ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىدىن سوراپ بېقىڭلار! دېدى.

ئىبراھىم مەنتىقلىق پىكىرلەر ئارقىلىق ئۇلارنىڭ ئاغزىنى تۇۋاقلىدى. ئۇلار بولسا، ئۇنى ئوتقا تاشلاپ، كۆزدىن يوقاتماقچى بولدى.

### 594 ـ سوئال: ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ ئوتقا تاشلىنىشى

ئىبراھىمنى كۆيدۈرۈش تەييارلىقى باشلاندى. خەلق بىر يەرنى چوڭقۇر كولاپ، ئېچىگە دەرەخ، تاختاي، ئوتۇنلارنى تاشلاپ تولدۇردى. ئاندىن ئازگالغا ئوت ياقتى. ئىبراھىمنىڭ پۇت ـ قولىنى باغلاپ، مەنچاناققا ياتقۇزدى. چوڭ كاھىن ئىبراھىمنى

ئوتقا تاشلاش ئەمرىنى بەردى.

جىبرىئىل كەلدى ۋە ئىبراھىمنىڭ باش تەرىپىدە تۇرۇپ ئۈنىڭدىن:

- ئىبراھىم! ياردەم كېرەكمۇ؟ - دەپ سورىدى. ئىبراھىم:

- ياق، سېنىڭ ياردىمىڭ كېرەك ئەمەس، - دېدى.

مەنچاناق كېرىلىپ ئېتىلدى. ئىبراھىم پۇلاڭلاپ بېرىپ ئوتنىڭ ئۈستىگە چۈشتى. ئىبراھىم ئوتنىڭ ئىچىگە خۇددى پەشتاقلارنى دەسسەپ نەمخۇش بىر باغنىڭ ئىچىگە چۈشكەندەك چۈشتى. ئوت لاۋۇلداپ كۆيۈۋاتاتتى، ئەمما ئۇنى كۆيدۈرمەيتتى. ئوت ئاللاھنىڭ ئەمرى بىلەن ئىبراھىمغا سالقىن ۋە ئامانلىق بەخش ئەتتى. پەقەتلا ئۇنىڭ پۇت - قولى باغلانغان يىپلارنى كۆيدۈرۈۋەتتى. ئىبراھىم ئوتنىڭ قاق ئوتتۇرىسىدا، خۇددى باغدا ئولتۇرغاندەك ئولتۇرۇپ، پەرۋەردىگارىغا ھەمدۇسانا ئېيتاتتى. قەلبىدە ئاللاھ سۆيگۈسىدىن باشقا نەرسە يوق ئىدى.

ئوت ئۆچكەندىن كېيىن، ئىبراھىمنىڭ كىرىپ كەتكەن پېتى يېنىپ چىقىۋاتقانلىقىنى كۆردى. ئىبراھىم ئوتنىڭ ئىچىدىن خۇددى باغنىڭ ئىچىدىن چىققاندەكلا يېنىپ چىققانىدى. ئۇلارنىڭ قىلمىشى مەسخىرىلىك ھالدا مەغلۇپ بولدى.

پادىشاھ ئىبراھىمنىڭ ئەڭ ئاخىرقى سۆزلىرىنى ئاڭلاپ تىلى تۇتۇلۇپ قالدى. ئۆزىنىڭ ئاجىز ئىكەنلىكىنى چۈشىنىپ ھەيران قالغان پادىشاھ، ئىبراھىمغا جاۋاب بېرەلمىدى. ئىبراھىم ئۇنىڭ يالغانچى ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىغانىدى. ئىبراھىم ئاللاھنىڭ قۇياشنى شەرقتىن چىقىرىدىغانلىقىنى ئېيتتى. شۇنىڭ بىلەن، پادىشاھ ئۆزىنىڭ ئاجىز ئىكەنلىكىنى چۈشەندى. ئۇ ئىبراھىمنىڭ سۆزلىرى ئالدىدا داڭقېتىپ قالغانىدى. ئۆزىنىڭ قويغان - تۇتقىنىنى بىلەلمەيتتى. مۇشرىك پادىشاھنىڭ يالغانچىلىقىنى پاش قىلغان ئىبراھىم سارايدىن چىقىپ كەتتى.

## 595-سۇئال: ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ ھىجرەت قىلىشى

ئىبراھىمنىڭ نامى پۈتۈن مەملىكەتكە پۇر كەتتى. ئىنسانلار ئۇنىڭ مۆجىزىسى ۋە ئوتتىن قۇتۇلۇپ چىققانلىقىنى ئېغىزدىن ئېغىزغا سۆزلەپ يۈرەتتى. ئىبراھىم خەلقنى تەۋھىد يولىغا دەۋەت قىلىشنى داۋاملاشتۇردى. قەۋمىدىن ئۇنىڭغا پەقەت بىر ئەر، بىر ئاياللا ئىمان ئېيتتى. ئايالنىڭ ئىسمى سارە بولۇپ، كېيىنكى يىللىرى ئىبراھىمغا ياتلىق بولدى. ئەر بولسا، لۇت ئىدى. كېيىنكى يىللىرى ئۇمۇ پەيغەمبەر بولدى. ئىبراھىم ئۇ ئىككىسىدىن باشقىسىنىڭ ئىمان ئېيتمايدىغانلىقىنى چۈشىنىپ يېتىپ، ھىجرەت قىلىش قارارىغا كەلدى.

ھەزرىتى ئىبراھىم يۇرتىدىن ئايرىلىپ، ھىجرەت يولىغا چۈشتى. ئالدى بىلەن،

ئۇر ۋە هاران دېگەن شەهەرلەرگە باردى. ئاندىن ئايالى بىلەن بىللە پەلەستىن تەرەپكە ئۆتۈپ كەتتى. ئايالى ئۇنىڭغا ئەگەشكەن بىردىنبىر ئايال ئىدى. ئۇنىڭغا ئەگەشكەن بىردىنبىر ئەر لۇت ئۇنىڭغا ھەمراھ بولدى. ئىبراھىم پەلەستىندىن كېيىن، مىسىرغا باردى. ئۇ يول بويى ئىنسانلارنى ئاللاھقا ئىمان ئېيتىشقا دەۋەت قىلاتتى، بۇ يولدا تىرىشچانلىق كۆرسىتەتتى، زەئىپ ۋە مىسكىنلەرگە ياردەم بېرەتتى، ئىنسانلارغا ئادىللىق بىلەن مۇئامىلە قىلاتتى، ئۇلارنى ھەق ۋە ھەقىقەتكە يۈزلەندۈرەتتى.

ئايالى سارەدىن پەرزەنتلىك بولالمىدى. مىسىر پادىشاھى ئۇنىڭ خىزمىتى ئۈچۈن مىسىرلىق چۆرىدىن بىرنى بەرگەنىدى. ئىبراھىم ياشىنىپ قالغانىدى. مىسىرلىق چۆرىنىڭ ئىسمى ھاجەر ئىدى. شۇنىڭ بىلەن، سارە ئىبراھىمنى ھاجەرگە ئۆيلەپ قويدى. ھاجەر بىر ئوغۇل پەرزەنتلىك بولدى. ئاتىسى ئۇنىڭغا ئىسمائىل دەپ ئات قويدى. ھاجەر ئىسمائىلنى تۇغقان چاغدا ئىبراھىم ياشىنىپ قالغانىدى. ھەزرىتى ئىبراھىم بۇ دۇنيادا ئاللاھقا ئىبادەت قىلىپ، ھەمدۇسانا ئېيتىپ ۋە ئۇنى ئۇلۇغلاپ ئۆتتى. ئىبراھىمنىڭ ئاللاھ رازىلىقى ئۈچۈن ماڭغان مۇساپىسىنىڭ ئۇزۇنلۇقىنى بىلمەيمىز. ئۇ داۋاملىق تۇردە ئاللاھ تەرەپكە قاراپ ماڭاتتى. ھاياتىنىڭ ئاخىرقى كۈنلىرىدە، ھەزرىتى ئىبراھىمنىڭ قەلبى ھۇزۇر، سۆيگۈ ۋە ئىمان بىلەن تولدى. بىر كۈنى، ئۇ پەرۋەردىگارىنىڭ قولىنىڭ قانداق ئىشلەيدىغانلىقىنى ۋە قىيامەت قايىم بولۇشتىن ئىلگىرى ئۇ كۈننى (يەنى قىيامەت كۈننى) كۆرۈشنى ئارزۇ قىلدى. ئىبراھىم ئاللاھنىڭ ئەمرى بويىچە قىلدى. قۇشتىن تۆتنى پارچىلاپ، تاغلارغا قويدى. ئاللاھنىڭ نامى بىلەن ئۇلارنى ئۆزىگە چاقىردى. پەيلەر ئۇچۇپ كېلىپ، قاناتلارغا يەرلەشتى. پۇكانلار باشلارنى ئىزدېدى. قۇشلارنىڭ پارچىلانغان بەدەنلىرى ئەنە شۇ تەرىقىدە بىر - بىرىنى ئىزدەپ ھەر تەرەپكە ئۇچۇشقا باشلىدى. پارچىلانغان يەرلەر بىر - بىرىگە يېپىشتى. بىر قۇش ناھايىتى تېزلىك بىلەن ئۇچۇپ كېلىپ، ئۆزىنى ئىبراھىمنىڭ قۇچىقىغا ئاتتى.

## 596- سۇئال: ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ ئوغلى ئىسمائىلنى مەككىگە يەرلەشتۈرۈشى

بىر كۈنى، ھەزرىتى ئىبراھىم سەھەر ئورنىدىن تۇرۇپ، ئايالى ھاجەرگە ئوغلى ئىسمائىلنى ئېلىپ ئۇزۇن سەپەرگە ئاتلىنىش ئۈچۈن تەييارلىق قىلىشنى بۇيرىدى. بىر نەچچە كۈندىن كېيىن، ئىبراھىم ئايالى ھاجەر بىلەن ئوغلى ئىسمائىلنى ئېلىپ، ئۇزۇن سەپەرگە ئاتلاندى. ئىسمائىل تېخى سۈتتىن ئايرىلمىغان بوۋاق ئىدى.

ئىبراھىم ئېكىنزارلىقلارنى ئارىلاپ توختىماي ماڭدى، ئاندىن چۆلگە چىقتى، ئۇندىن كېيىن تاغنى ھالقىپ ئۆتۈپ، ئەرەب يېرىم ئارىلى چۆللۈكىگە كىردى.

ئىبراھىم بىر ۋادىغا يېتىپ كەلدى. شۇ يەردە ئۇلاغلىرىدىن يەرگە چۈشتى. ئىبراھىم ئايالى بىلەن ئوغلىنىڭ يېنىغا ئازراق سۇ بىلەن بىر خالتىدا يېمەكلىك قويۇپ، ئۆزى ئەتراپنى بىر نەچچە قېتىم چۆرگىلىۋەتكەندىن كېيىن، بىر تەرەپكە قاراپ يۈرۈپ كەتتى. ئۇ قويۇپ قويغان يېمەك ـ ئىچمەك ئىككى كۈنگىمۇ يەتمەيتتى. ئايالى ئۇنىڭ كەينىدىن يۈگۈرگەن پېتى: «ئىبراھىم! نەگە ماڭدىڭ؟ بىزنى ھېچنەرسە يوق مۇشۇ يەرگە تاشلاپ قويامسەن؟» دەپ ۋارقىرىدى. ھەزرىتى ئىبراھىم ئۇنىڭغا جاۋاب بەرمەي، ئالدىغا قاراپ كېتىۋەردى. ئايالى قايتا ۋارقىرىدى. ئۇ يەنە جاۋاب بەرمىدى. كېيىن، ئۇ بۇنىڭ ئىبراھىمنىڭ ئىلكىدىكى ئىش ئەمەس، بەلكى ئاللاھنىڭ ئەمرى ئىكەنلىكىنى چۈشەندى. ئايالى ئۇنىڭدىن: «ئاللاھ ساڭا شۇنداق قىلىشنى بۇيرىدىمۇ؟» دەپ سورىدى. ئىبراھىم: «ھەئە» دېدى. ئىماندار ئايالى: «ئاللاھ سېنى مۇشۇنداق قىلىشقا بۇيرۇغان بولسا، ئۇ بىز بىلەن بىللىدۇر، بىز ھەرگىز زىيان تارتمايمىز» دېدى. ئىبراھىم يولنى داۋاملاشتۇردى. ئۇ بىر تاغنىڭ ئېتىكىگە يېتىپ كەلگەندىن كېيىن، قوللىرىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ ئاللاھقا مۇنداق دەپ دۇئا قىلدى: پەرۋەردىگارىمىز! ئەۋلادىمنىڭ بىر قىسمىنى (يەنى بالام ئىسمائىل بىلەن ئايالىم ھاجەرنى) ناماز ئوقۇسۇن (يەنى ساڭا ئىبادەت قىلسۇن) دەپ سېنىڭ ھۆرمەتلىك ئۆيۈڭنىڭ قېشىدىكى ئېكىنسىز بىر ۋادىغا (يەنى مەككىگە) ئورۇنلاشتۇردۇم.

ھەزرىتى ئىبراھىم ئايالى بىلەن ئوغلىنى ئۇ يەرگە تاشلاپ قويۇپ، ئىنسانلارنى تەۋھىدكە دەۋەت قىلىش ئۈچۈن قايتىپ كەتتى. ھاجەر ئىسمائىلنى ئەمگۈزدى ۋە ئۇسسىدى. قۇياشنىڭ ئوتتەك قىزىقى جاننى قاتتىق قىينايتتى. ئىككى كۈندىن كېيىن، سۇ ۋە يېمەكلىك پۈتۈنلەي تۈگىدى. ھاجەرنىڭ سۈتى قۇرىدى. ھەر ئىككىسى ئۇسسۇزلۇقتىن قىينىلىشقا باشلىدى. ھاجەر ئۇنى قويۇپ، سۇ ئىزدەشكە باشلىدى. يۈگۈرگەن پېتى سەفا تۆپىلىكىگە چىقتى. ئۇ يەردە قوللىرىنى پېشانىسىگە تۇتۇپ، ئەتراپتىن قۇدۇق، ئادەم ياكى كارۋاندەك نەرسىلەرنى ئىزدېدى. لېكىن ۋادىدا ھېچنېمە كۆرۈنمەيتتى. ھاجەر سەفا تۆپىلىكىدىن چۈشۈپ، ۋادىنى كېسىپ ئۆتۈپ، قارشى تەرەپتىكى مەرۋە تۆپىلىكىگە چىقتى. ئۇ يەردىمۇ ئەتراپقا قارىدى، ئەمما يەنىلا ھېچنېمە يوق ئىدى.

ئۇ يەردىن قايتىپ، ئوغلىنىڭ يېنىغا باردى. ئوغلى قاتتىق ئۇسساپ كەتكەچكە، توختىماي يىغلايتتى. ھاجەر يەنە سەفا تەرەپكە قاراپ يۈگۈردى. تۆپىلىكتە ئەتراپقا بىر قارىۋەتكەندىن كېيىن، مەرۋەگە قاراپ يۈگۈردى. ئىككى تۆپىلىك ئارىسىدا يەتتە قېتىم يۈگۈرۈپ بېرىپ كەلدى. ھاجەر يەتتىنچى قېتىمدا ھارغىن ۋە سولغۇن ھالەتتە قايتىپ كەلدى. ھاجەر ئوغلىنىڭ يېنىدا ئولتۇردى. ئەنە شۇ ئۈمىدسىز پەيتتە، ئۇلارغا

ئاللاھنىڭ رەھمىتى يېتىپ كەلدى. ئىسمائىل يىغلاپ پۇتىنى يەرگە ئۇرۇۋىدى، يەردىن زەمزەم سۈيى ئېتىلىپ چىقىشقا باشلىدى. شۇنىڭ بىلەن، ئىككىسىنىڭ ھاياتى خەتەردىن قۇتۇلدى. ھاجەر ئاللاھقا شۈكۈر ئېيتقاندىن كېيىن، سۇنى ئوچۇملاپ ئىچتى ۋە ئىسمائىلغا ئىچۈردى. ئۇلارنىڭ ئەتراپىدا ھاياتلىق ھەرىكەتلىنىشكە باشلىدى. بەزى كارۋانلار بۇ يەرگە كېلىپ ماكانلىشىشقا باشلىدى. زەمزەم سۈيى ئۇرغۇنلىغان كىشىلەرنى بۇ يەرگە جەلپ قىلغاندى.

### 597-سۇئال: ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ سىنىلىشى

ئىسمائىل قۇرامىغا يېتىپ قالدى. ئىبراھىمنىڭ ئەس - يادى ئوغلىدا ئىدى. ئۇنىڭ ئوغلىغا بولغان سۆيگۈسى يۇقىرىسىدىن، ئاللاھ ئىبراھىمنى ناھايىتى چوڭ سىناق بىلەن سىنىغانىدى. ئۇيقۇسىدا، يېگانە ۋە ياپياش ئوغلىنى بوغۇزلاپ چۈشىدى. ئوغلىنى بوغۇزلىشى ئاللاھتىن كەلگەن ۋەھيى ئىدى. ئىبراھىم ئوغلىنىڭ ئالدىغا بېرىپ: ئى ئوغلۇم! مەن سېنى بوغۇزلاپ قۇربانلىق قىلىشقا (ئەمر قىلىنىپ) چۈشەپتىمەن، ئويلاپ باققىنا! سېنىڭ قانداق پىكرىڭ بار؟ دېدى. ئوغلى ئىسمائىل ئۇنىڭ (يەنى ئىبراھىمنىڭ) كۆڭلىدىكىدەك جاۋاب بەردى: «بۇ بىر ئەمردۇر، ئۇنى دەرھال بەجا كەلتۈرگىن!» ئى ئاتا! نېمىگە بۇيرۇلغان بولساڭ، شۇنى ئىجرا قىلغىن، خۇدا خالىسا (ئۇنىڭغا) مېنى سەۋر قىلغۇچى تاپىسەن. ھەزرىتى ئىبراھىم پىچاقنى قولىغا ئالدى. ئاللاھنىڭ ئەمرىگە ئىتائەت قىلىنغانىدى. ئىككىسى (ئاللاھنىڭ ئەمرىگە) بويسۇندى. دەل شۇ پەيتتە، يەنى ھەزرىتى ئىبراھىم ئەمرنى ئىجرا قىلىش ئۈچۈن قولىغا پىچاقنى ئالغان ۋاقىتتا، ئاللاھ ئىبراھىمغا نىدا قىلدى. ھەزرىتى ئىبراھىمغا ئېلىپ بېرىلغان سىناق ئاخىرلاشتى. ئاللاھ چوڭ بىر قۇربانلىقنى بېرىش ئارقىلىق ئىسمائىلنى قۇتۇلدۇردى. بۇ پەيتلەر، بۇ دەقىقىلەر مۇسۇلمانلارنىڭ بايرىمى قىلىندى.

كۈنلەر ئۆتتى. ھەزرىتى ئىبراھىم تۇغۇلغان يۇرتى بابىلدىن ئىراققا ھىجرەت قىلدى. ئىئوردانىيەدىن ئۆتۈپ، چۆلدىكى كەنئان مەملىكىتىگە ماكانلاشتى. ئىبراھىم بىر تەرەپتىن دەۋەت ئېلىپ بارسا، يەنە بىر تەرەپتىن لۇت بىلەن قەۋمى ئارىسىدا بولۇپ ئۆتكەن ئىشلارنى سۈرۈشتە قىلاتتى. لۇت ئۇنىڭغا تۇنجى بولۇپ ئىمان ئېيتقان كىشى ئىدى. ئاللاھ ئۇنى گۇناھكار ۋە ئىسيانكار بىر قەۋمگە پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتىش ئارقىلىق مۇكاپاتلىغانىدى.

بىر كۈنى، چاشكا مەزگىلى ئىدى. ئىبراھىم چېدىرىنىڭ ئالدىدا ئولتۇرۇپ، ئوغلى ئىسمائىل بىلەن كۆرگەن چۈشىنى ئويلاۋاتاتتى. دەل شۇ ۋاقىتتا، ئۈچ پەرىشتە يەر يۈزىگە چۈشتى. ئۇلار جىبرىئىل، ئىسرافىل ۋە مىكائىل قاتارلىقلار ئىدى. ئۇلار ناھايىتى

كېلىشكەن ئۈچ ئادەمنىڭ شەكلىگە كىرگەنىدى. ئۇلارنىڭ يەر يۈزىدە ئىككى ۋەزىپىسى بار ئىدى. بىرى، ھەزرىتى ئىبراھىمنى يوقلاپ، ئۇنىڭغا پەرزەنت خەۋىرىنى يەتكۈزۈش. يەنە بىرى، لۇتنى يوقلاپ، ئۇنىڭ قەۋمىنىڭ گۇناھلىرىغا چەكلىمە قويۇش.

ئۈچ پەرىشتە تىۋىش چىقارماي بىر ئاز ماڭدى. ئارىدىن بىرى ھەزرىتى ئىبراھىمنىڭ ئالدىغا بىر نەچچە تال شېغىل تاش ئاتتى. ھەزرىتى ئىبراھىم بېشىنى كۆتۈرۈپ، ئۇلارنىڭ يۈزىگە قارىدى. ئۇلارنىڭ ھېچقايسىسىنى تونۇمايتتى. پەرىشتىلەر ئۇنىڭغا سالام بەردى. ئىبراھىممۇ سالام قايتۇردى ۋە ئورنىدىن تۇرۇپ ئۇلارنى قارشى ئالدى. ئۇلارنى يات ئەللەردىن كەلگەن مېھمان دەپ ئويلاپ، چېدىرىغا باشلىدى ۋە ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلدى. ئۇلارنىڭ چىرايىدىكى راھەت ۋە مەمنۇنلۇقنى كۆرۈپ، كۆڭلى ئەمىن تاپتى ۋە ئۇلاردىن رۇخسەت سوراپ، چېدىردىن چىقىپ ئائىلىسىنىڭ يېنىغا ماڭدى.

ئىبراھىم سېمىز بىر موزايىنى تۇتۇپ، ئۇنى سويۇشقا بۇيرۇدى. داستىخان تەييارلاندى. ئىبراھىم مېھمانلارنى تاماققا تەكلىپ قىلدى. ئايالى ئۇلارنى ئوبدانراق مېھمان قىلىش ئۈچۈن كۆپ پايپېتەك بولدى. ئىبراھىم قولى بىلەن ئىشارەت قىلىپ، ئۇلارنى داستىخانغا تەكلىپ قىلدى. ئىبراھىم كۆزىنىڭ قىرىدا مېھمانلارغا قارىدى. ئۇلار داستىخانغا قول ئۇزاتماي ئولتۇراتتى. بىرئازدىن كېيىن ئۇلارغا تەكرار قاراپ، ئۇلارنىڭ يەنە يېمەي ئولتۇرغانلىقىنى كۆردى. شۇ چاغدا، ئىبراھىم ئۇلاردىن ئەنسىرىدى. ئىبراھىم ئېخىمۇ قورقۇشقا باشلىدى. پەرىشتىلەر ئۇنىڭ يۈز ئىپادىلىرى ئارقىلىق كۆڭلىدىن كەچكەنلەرنىڭ ھەممىسىنى بىلىپ تۇردى. پەرىشتىلەردىن بىرى ئىبراھىمغا: «قورقمىغىن!» دېدى. ئىبراھىم بېشىنى كۆتۈرۈپ، «سىلەردىن راستىنلا قورقۇۋاتىمەن. سىلەرنى تاماققا تەكلىپ قىلدىم، ئەمما سىلەر قولۇڭلارنى ئۇزاتماي ئولتۇرىسىلەر. ماڭا يامانلىق قىلىشنى ئويلاۋاتامسىلەر؟» دېدى. پەرىشتىلەردىن بىرى كۈلۈمسىرىگەن ھالدا: «ئى ئىبراھىم! بىز تائام يېمەيمىز. بىز ئاللاھنىڭ پەرىشتىلىرى بولىمىز» دېدى. سارە كۈلۈپ كەتتى، بىر چەتتە ئۇلارنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ تۇرغانىدى. پەرىشتىلەردىن بىرى ئۇنىڭغا بۇرۇلۇپ، ئىسھاق بىلەن خۇشخەۋەر بەردى: «ئاللاھ ساڭا ئىسھاق بىلەن خۇش خەۋەر بەردى» دېدى. بۇ سۆزلەردىن ھەيران بولغان سارە: ۋىيەي! مەن بىر موماي تۇرسام، ئېرىم بىر بوۋاي تۇرسا، تۇغامدىمەن؟ بۇ ھەقىقەتەن قىزىق ئىشقۇ! دېدى. پەرىشتىلەردىن بىرى ئۇنىڭغا يەنە: ئىسھاقتىن كېيىن يەئقۇب بىلەنمۇ خۇشخەۋەر بېرىمىز دېدى. يەنى ئۇلار ئوغۇل پەرزەنتتىن كېيىن، نەۋرە يۈزىمۇ كۆرەتتى.

پەرىشتىلەر ئۇنىڭغا راستىنلا خۇشخەۋەر ئېلىپ كەلگەنلىكىنى ئېيتىپ: بىز ساڭا

راست خۇشخەۋەر بەردۇق، نائۈمىد بولمىغىن دېدى. ئىبراھىم: پەرۋەردىگارىنىڭ رەھمىتىدىن گۇمراھلاردىن باشقا كىممۇ نائۈمىد بولار؟ دېدى.

سارە ئىبراھىم بىلەن ئۇزۇن يىللاردىن بېرى بىللە ياشاپ كېلىۋاتقان بولسىمۇ، پەرزەنت يۈزى كۆرەلمىگەنىدى. ئەمما بالىسى بولۇشىنى شۇنداق ئۈمىد قىلغانىدى. ئۇ ئۇزۇن يىللارغىچە بۇ ئۈمىد بىلەن ياشىدى. ئۇ، ئاللاھنىڭ تەقدىرىگە بويسۇنۇشتىن باشقا ئامال يوق ئىكەنلىكىنى بىلەتتى. ئاللاھ ئىبراھىم بىلەن ھاجەرنىڭ ھاياتىنى مۇشۇنداق ئورۇنلاشتۇرغانىدى. ئاللاھنىڭ ئىرادىسى ئۇنىڭدىكى ئۈمىدسىزلىكنى سۈپۈرۈپ تاشلىدى. خۇشخەۋەر ئۇلارغا يەتكۈزۈلدى. ئىبراھىم سەجدىدىن تۇردى. ئىچىدىكى قورقۇنچ ھېسسىياتلىرى يوقىلىپ، ھاياجىنى بېسىلغان ئىدى. پەرىشتىلەر بەرگەن خۇشخەۋەر ئۇنى پەسكويغا چۈشۈردى. ئۇلارنىڭ قېرىندىشى لۇتنىڭ قەۋمى ئۇچۇن ئەۋەتىلگەنلىكىنى يادىغا ئالدى. ئىبراھىم ئۇلارنىڭ لۇتنىڭ قەۋمىگە نېمە ئۇچۇن ئەۋەتىلدىغانلىقىنى بىلەتتى. ئىبراھىم پەرىشتىلەر بىلەن لۇتنىڭ قەۋمى ھەققىدە مۇنازىرىلىشىشكە باشلىدى. پەرىشتىلەر ئۇنىڭغا: ئۇلۇغ ئاللاھنىڭ ئەمرىنىڭ بەجا كەلتۈرۈلۈشى ۋە لۇتنىڭ قەۋمىنىڭ ھالاك بولۇشى كېرەكلىكىنى چۈشەندۈردى.

## 598-سۇئال: لۇت ئەلەيھىسسالامنىڭ قەۋمىنىڭ قەبىھ قىلمىشلىرى

لۇت قەۋمىنى ئاللاھقا ئەنە شۇنداق مۇلايىملىق ۋە مېھرى - شەپقەت بىلەن دەۋەت قىلغانىدى. لۇت ئۇلارنى يالغۇز، شېرىكى بولمىغان ئاللاھقا ئىبادەت قىلىشقا دەۋەت قىلىش بىلەن بىرگە، ئۇلارنى يامان ئىشلارنى قىلىشتىن ۋە گۇناھ ئىشلەشتىن توسقانىدى. ئۇنىڭ دەۋىتى تاش يۈرەك، قاتتىق قول، قوپال مۇئامىلە ۋە پەسكەش ئارزۇ - ھەۋەسلەرگە دۇچ كەلدى. لۇتنىڭ قەۋمى ناھايىتى قەبىھ گۇناھلارنى ئۆتكۈزەتتى. بۇلاڭچىلىق قىلاتتى، دوستىغا خىيانەت قىلاتتى، بىر - بىرىگە گۇناھ ئۆتكۈزۈشنى تەۋسىيە قىلاتتى، ھەر قانداق جىنايەتتىن يانمايتتى. ئۇلارنىڭ جىنايەتلىرىگە دۇنيادا ھېچ كۆرۈلۈپ باقمىغان، يېڭى - يېڭى جىنايەتلەر قېتىلىپ تۇراتتى. ئۇلار ئىنسانىي كۈچ - قۇۋۋەتلىرىنى ۋە تەبىئەتلىرىدىكى يېڭىلىق يارىتىش روھىنى ئىنسانلار بۇرۇن كۆرۈپ باقمىغان، يېڭى جىنايەتلەرنى تېپىپ چىقىشقا خىزمەت قىلدۇراتتى. ئۇلار ئاياللارنى قويۇپ، جىنسىي تەلۋىنى ئەرلەر بىلەن قاندۇراتتى.

لۇت، قەۋمىنىڭ بۇ قىلمىشلىرىغا بەكمۇ قايغۇراتتى. ئۇلار ھەممە ئىشنى ئوچۇق - ئاشكارا قىلاتتى. شەھەرگە يات كىشى، يولۇچى ياكى مېھمان كېلىپ قالسا، ئۇ كىشىنى ئۇلارنىڭ قولىدىن ھېچكىم قۇتۇلدۇرۇپ قالالمايتتى.

## 599 ـ سۇئال: لۇت ئەلەيھىسسالامنىڭ دۇئاسىنىڭ ئىجابەت بولۇپ قەۋمىنىڭ ھالاك بولۇشى

لۇت ئۇلاردىن ئۈمىدىنى ئۈزدى ۋە ئاللاھنىڭ ئۇلارنى ھالاك قىلىپ، ئۆزىگە ياردەم بېرىشى ئۈچۈن يالۋۇرۇپ دۇئا قىلدى. پەرىشتىلەر ھەزرىتى ئىبراھىمنىڭ يېنىدىن ئايرىلىپ، لۇتنىڭ قەۋمى تەرەپكە يۈزلەندى ۋە ئەسىر ۋاقتى بىلەن ئۇ يەرگە يېتىپ كەلدى. سەدۇمنىڭ سېپىللىرىغا يېقىنلاپ كەلدى. بوستانلىق بىر يەرنىڭ ئوتتۇرىدىن بىر ئۆستەڭ ئېقىپ ئۆتەتتى. لۇتنىڭ قىزى تۇلۇمغا سۇ ئېلىش ئۈچۈن ئۆستەڭ بويىدا تۇراتتى. لۇتنىڭ قىزى بېشىنى كۆتۈرۈپ پەرىشتىلەرنى كۆردى. يەر يۈزىدە بۇنداق كېلىشكەن ئەرلەرنىڭمۇ بارلىقىنى كۆرۈپ ھاڭ ـ تاڭ قالدى. تۇلۇمنى ئۆستەڭ بويىدا قويۇپ، ئاتىسى تەرەپكە قاراپ يۈگۈردى. لۇت ئۆز ـ ئۆزىگە: «بۈگۈن دىشۋارچىلىق كۈنىدۇر» دېدى ۋە يۈگۈرگەن پېتى مېھمانلارنىڭ يېنىغا باردى. ئۇلاردىن نەدىن كەلگەنلىكىنى، كېلىش مەقسىتىنى سورىدى. ئۇلار جاۋاب بېرىشنىڭ ئورنىغا، ئۇنىڭدىن ئۆزلىرىنى مېھمان قىلىشنى تەلەپ قىلدى. لۇت ئۇلاردىن ئەيمەندى ۋە ئالدىغا چۈشۈپ ماڭدى. لۇت يولنى داۋاملاشتۇردى. سۆزىنى ئايلاندۇرۇپ بۇ شەھەر خەلقىنىڭ قەبىھلىكىگە بۇرايتتى. ئۇلارغا شەھەر خەلقىنىڭ پەسكەش ۋە ئەخلاقسىز ئىكەنلىكىنى، مېھمانلارنى ئوسال ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويىدىغانلىقىنى، ئۇلارنىڭ يەر يۈزىدە بۇزۇقچىلىق قىلىدىغانلىقىنى سۆزلەپ بەردى. ئەمما مېھمانلار بەكمۇ يوچۇن كىشىلەر بولۇپ، ئاساسەن گەپ ـ سۆز قىلماي ماڭاتتى. كۈن پېتىپ، قاراڭغۇ چۈشتى. لۇت ئۈچ مېھمىنىنى ئۆيىگە باشلاپ كىردى. ئۇلارنى ھېچكىم كۆرمىگەنىدى. ئايالى مېھمانلارنى كۆرۈپ، لۇتقا دەپ قويمايلا سىرتقا چىقىپ كەتتى. ئايال دەرھال قەۋمىنىڭ يېنىغا بېرىپ، ئۇلارنى خەۋەرلەندۈردى. خەۋەر خۇددى توك ئېقىمىدەك بىردەمدىلا پۈتۈن شەھەرگە تارقالدى. خەلق توپلىنىپ، لۇتنىڭ ئۆيىگە سەلدەك ئېقىپ كەلدى. لۇت ھاڭ ـ تاڭ قالدى. ئۆزىنىڭ قەۋمى ئىچىدە يالغۇز ئىكەنلىكىنى، ئۆزىنى قوغدىغۇدەك ئۇرۇق ـ تۇغقىنى ياكى ئوغۇل ئەۋلاتلىرى بولمىغانلىقى ئۈچۈن ئۆزىنىڭ بەكمۇ ئاجىز ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدى. لۇتنىڭ مېھمانلىرى ناھايىتى تەمكىنلىك بىلەن بىخارامان ئولتۇراتتى. لۇت ئۇلارنىڭ بىخاراملىقىغا قاراپ ھەيران قالدى ۋە ئەندىشىسى تېخىمۇ ئارتىشقا باشلىدى. لۇت ئۈمىدسىزلىكتە نېمە قىلارىنى بىلمەي گاڭگىراپ قالغان بىر پەيتتە، مېھمانلار ئورۇنلىرىدىن تۇردى ۋە ئۇنىڭغا باشپاناھلىق قىلغۇچى زاتنىڭ بەكمۇ كۈچلۈك ئىكەنلىكىنى ئېيتتى: ئى لۇت، قورقمىغىن! بىز پەرىشتىلەرمىز. قەۋمىڭ ساڭا ھەرگىزمۇ زىيان يەتكۈزەلمەيدۇ.

بىردىنلا ئىشىك ئىچىگە گۈمۈرۈلۈپ چۈشۈپ، قەۋم خەلقى ئۆي ئىچىگە

يوپۇرۇلۇپ كىرىشكە باشلىدى. جىبرىئىل ئورنىدىن تۇرۇپ، قولىنى بىر شىلتىۋىدى، قەۋمىنىڭ كۆزلىرى كور بولۇپ كەتتى. ئۇلار تاملارنىڭ ئارىسىدا نىشانىنى پەرق ئېتەلمەي، قالايمىقان مېڭىۋەردى ۋە ئۆيگە كىردۇق، ـ دەپ ئويلاپ، سىرتقا چىقىپ كەتتى. جىبرىئىلنىڭ ئىشارىتى ئۇلارنىڭ كۆزلىرىنى پۈتۈنلەي كور قىلىۋەتكەنىدى.

پەرىشتىلەر لۇتقا بۇرۇلۇپ، ئۇنىڭغا كېچىدىن قالماي ئائىلىسىنى ئېلىپ شەھەردىن چىقىپ كېتىشىنى بۇيرىدى. چۈنكى قەۋمگە قورقۇنچلۇق ئازاب چۈشەتتى. لۇت قىزلىرى ۋە ئايالىنى ئېلىپ، كېچىدە ناھايىتى تېزلىك بىلەن قەۋمىدىن ئايرىلىپ چىقتى. سەھەر ۋاقتى يېقىنلاپ قالغانىدى. لۇت قەۋمىدىن خېلىلا يىراقلاپ كەتكەندىن كېيىن، ئاللاھنىڭ ئەمرى كەلدى.

لۇتنىڭ قەۋمى پۈتۈنلەي ھالاك بولدى، ئۇلاردىن ھېچكىم ساق قالمىغانىدى. شەھەر تەتۈر ئۆرۈلۈپ، يەرگە پاتۇرۇۋېتىلگەنىدى. يەردىن ئېتىلىپ چىققان سۇ ئەتراپنى بېسىپ، لۇت قەۋمىنىڭ شەھىرى كۆلگە ئايلىنىپ كەتتى. لۇتنىڭ قۇلىقىغا قورقۇنچلۇق ئاۋازلار كېلىشكە باشلىدى. ئارقا تەرەپتىكى ھاۋانىڭ يېرىلغانلىقىنى ھېس قىلدى، ئەمما ئارقىغا قاراپ سېلىشتىن قاتتىق ھەزەر ئەيلىدى. ئايالى ئاۋاز كەلگەن تەرەپكە بۇرۇلۇپ قارىدى، ئۇنىڭ ۋۇجۇدى بىردىنلا پارچىلىنىپ، توپىدەك توزۇپ كەتتى.

لۇت تۇنجى بولۇپ يۈزلەنگەن كىشىگە، يەنى ئىبراھىمغا يۈزلەندى. ئىبراھىم بىلەن يۈز كۆرۈشۈپ، ئۇنىڭغا مىللىتى ھەققىدىكى ۋەقەلەرنى سۆزلەپ بەردى. ئىبراھىمنىڭ بۇ ۋەقەلەرنى ئالدىن بىلدىغانلىقى ئۇنى ھاڭ ـ تاڭ قالدۇردى. كۆڭلى ـ كۆكسى كەڭ، دىلى يۇمشاق، ھەر ئىشتا ئاللاھقا مۇراجىئەت قىلىدىغان ئىبراھىم ۋە لۇت ئىككىسى كىشىلەرنى ئاللاھقا، تەۋھىد ئەقىدىسىگە، ئىسلام دىنىغا دەۋەت قىلىشنى داۋاملاشتۇردى.

## 600 ـ سۇئال: بەيتۇللاھنىڭ بىنا قىلىنىشى

ئىسمائىل ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە ئەرەب يېرىم ئارىلىدا ياشىدى. بەزى كارۋانلار ۋە قەبىلىلەر بۇ يەرگە ماكانلاشتى. ئىسمائىل بالاغەتكە يېتىپ ئۆيلەندى. ھەزرىتى ئىبراھىم ئۇنى يوقلاپ كەلدى. ئەمما ئىسمائىل ئۆيدە يوق ئىدى. ئىبراھىم ئۇنىڭ ئايالىدىن ھال ـ كۇنلىرىنىڭ قانداقلىقىنى سورىدى. ئىسمائىلنىڭ ئايالى ئۆزلىرىنىڭ يوقسۇللۇق ۋە قىيىنچىلىقتا ياشاۋاتقانلىقىنى ئېيتىپ زارلاندى. ھەزرىتى ئىبراھىم ئۇنىڭغا: «ئېرىڭ كەلگەندە ئېيتىپ قويغىن، ئۇ ئۆيىنىڭ ئىشىكىنى ئالماشتۇرۇۋەتسۇن!» دېدى. ئىسمائىل قايتىپ كەلدى، ئايالى ئۇنىڭغا بولغان ئىشنى ۋە كەلگەن ئادەمنىڭ چىراي ـ شەكلىنى ئېيتىپ بەردى. ئىسمائىل: «ئۇ مېنىڭ ئاتام.

ئۇ مېنىڭ سەندىن ئايرىلىشمنى بۇيرۇپتۇ. سەن ئائىلەڭگە قايتىپ كەتكىن!» دېدى.

ئىسمائىل قايتا ئۆيلەندى. ئىبراھىم ئۇنى يوقلاپ كەلدى ۋە ئۇنىڭ ئايالىدىن ھال - ئەھۋالنى سورىدى. ئىسمائىلنىڭ ئايالى ئۆزلىرىنىڭ مول ۋە باياشاتچىلىق ئىچىدە ياشاۋاتقانلىقىنى ئېيتىپ، شۈكرى - قانائەت بىلدۈردى. ئىبراھىم بۇ كېلىنىدىن مەمنۇن بولدى.

ئىسمائىل راۋۇرۇس پىشىپ يېتىلدى. ئىبراھىم ئۇنى يوقلاپ كەلدى. ئىبراھىم قولى بىلەن نېرىدىكى تۆپىلىكنى ئىشارەت قىلىپ تۇرۇپ: ئاللاھ ماڭا بۇ يەردە بىر ئۆي ياساشنى بۇيرىدى، - دېدى. شۇنىڭ بىلەن، ئاللاھنىڭ مۇقەددەس ئۆيىنى ياساش ئەمرى بېرىلدى. ئۇ، يەر يۈزىدە ئىنسانلارنىڭ پەرۋەردىگارىغا ئىبادەت قىلىشى ئۈچۈن ياسالغان تۇنجى ئۆي ئىدى.

ئادەم ئاللاھقا ئىبادەت قىلىش ئۈچۈن بىر چېدىر قۇردى. ھەزرىتى ئادەمنىڭ پەيغەمبەر بولۇش سۈپىتى بىلەن پەرۋەردىگارىغا ئىبادەت قىلىش ئۈچۈن ئۆي ياسىشى نورمال ئەھۋال ئىدى. ئۇ يەرگە ئاللاھنىڭ رەھمىتى ياغدى. كېيىن ھەزرىتى ئادەم ۋاپات بولدى. ئارىدىن ئەسىرلەر، ئۇزۇن زامانلار ئۆتتى. ئۇ ئۆيدىن ئەسەر قالمىدى. ھەزرىتى ئىبراھىم ئۇ ئۆينىڭ ئىككىنچى قېتىم ياسىلىشى ئۈچۈن ئەمر ئالدى. بۇ قېتىم، ئىنشائاللاھ، تاكى قىيامەت كۈنىگىچە تىك تۇرىدىغان بىر ئۆي ياسالاتتى.

كەئبە - تاشتىن ياسالغان مۇستەھكەم ھۇجرا بولۇپ، ئۇ ھەزرىتى ئىبراھىم بىلەن ئىسمائىل قازغان كونا ئۇلنىڭ چوڭقۇرلۇقى تۇپەيلىدىن يەر يۈزىدە مەزمۇت تۇرىدۇ. تارىختا بىر قانچە قېتىم ئۆرۈلگەن بولسىمۇ، يەنە قايتا ئىنشا قىلىنىدى ۋە ھەزرىتى ئىبراھىمنىڭ زامانىدىن تاكى كۈنىمىزگىچە يەر يۈزىدىن يوقاپ كەتمىدى. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ھەزرىتى ئىبراھىمنىڭ دۇئاسى بىلەن يەر يۈزىگە پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتىلگەن ۋاقىتتا، كەئبىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى قېتىم ياسالغانلىقىنى كۆرگەنىدى. ئۇلار كەئبە ئۈچۈن كۆپ كۈچ چىقارمىدى ۋە ئۇلنى ھەزرىتى ئىبراھىمدەك چوڭقۇر كولىمىدى. ئارىدىن خېلى ئۇزۇن ۋاقىت ئۆتكەنىدى. كەئبىنىڭ ئىنشائاتى پۈتتى. ھەزرىتى ئىبراھىم تاۋاپىنىڭ نەدىن باشلاپ، نەدە ئاياغلاشقانلىقىنى پەرقلەندۈرۈش ئۈچۈن ھەزرىتى ئىسمائىلنى كەئبە تاشلىرىدىن باشقا رەڭلىك تاش تېپىپ كېلىشكە بۇيرىدى. ھەزرىتى ئىسمائىل ئاتىسىنىڭ ئەمرىنى بەجا كەلتۈرۈش ئۈچۈن كۈچى يەتكەن يەرگىچە بارغانىدى. قايتىپ كېلىپ، ئاتىسىنىڭ ھەجەر ئەسۋەد (قارا تاش)نى تېپىپ ئورۇنلاشتۇرۇپ بولغانلىقىنى كۆردى. تەئەججۈپلەنگەن ھالدا:

- ئاتا! بۇنى ساڭا كىم ئەكىلىپ بەردى؟ - دەپ سورىدى. ئىبراھىم:

- ئۇنى جىبرىئىل ئېلىپ كەلدى، - دېدى.

شۇنىڭ بىلەن، كەئبىنىڭ ئىنشائاتى ئاخىرلىشىپ، بىر ئاللاھقا ئېتىقاد قىلغۇچى مۇسۇلمانلارنىڭ تاۋاپى باشلاندى. ھەزرىتى ئىبراھىم بۇرۇن قىلغان دۇئاسىنى تەكرارلاش ئۈچۈن ئورنىدىن تۇردى. بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ دىللىرىنى ئۇلارغا مايىل قىلغىن!

## 601-سۇئال: تۇنجى بەنى ئىسرائىل پەيغەمبەرلىرىدىن ئىسھاق ۋە يەئقۇب ئەلەيھىسسالام

قۇرئان كەرىم ھەزرىتى ئىسھاق قىسسىسىنىڭ ئاز بىر قىسمىغىلا ئىشارەت قىلىپ ئۆتكەن. ئۇنىڭ تۇغۇلۇشى بىر مۆجىزە بولۇپ، ئۇنىڭ دۇنياغا كېلىدىغانلىقى ۋە يەئقۇب ئىسىملىك بىر ئوغلى بولىدىغانلىقى ھەققىدىكى خۇشخەۋەرنى پەرىشتىلەر ئېلىپ كەلگەننىدى. ئۇ، كىچىكىدىن تارتىپلا ئاتىسىدىن ئايرىم ياشاشقا مەجبۇر بولغان ئاكىسى ئىسمائىلدىن بىر نەچچە يىل كېيىن تۇغۇلغانىدى. سارە ئوغلى ئىسھاق ۋە نەۋرىسى يەئقۇب دۇنياغا كەلگەنلىكى ئۈچۈن ئالەمچە خۇشال بولدى. ئەمما ئىسھاقنىڭ ھاياتى، قەۋمىنىڭ ئۇنىڭغا تۇتقان پوزىتسىيىسى ھەققىدە مەلۇماتىمىز يوق. ئاللاھ سالىھ پەيغەمبەرلەر قاتارىدا ئۇنىمۇ ماختاپ ئۆتكەنىدى. يەئقۇب بولسا، ئۇنىڭ نەسلىدىن بولغان تۇنجى پەيغەمبەردۇر.

ئۇ ئىبراھىمنىڭ ئوغلى ئىسھاقنىڭ ئوغلى يەئقۇبتۇر. ئىسمى ئىسرائىل بولۇپ، قەۋمگە پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتىلگەنىدى. ئاللاھ ئۇنى ھەزرىتى يۇسۇفنىڭ قىسسىسىدە ئىسمىنى تىلغا ئالماي تۇرۇپ زىكىر قىلىدۇ. يەئقۇبنىڭ سەكراتتىكى تەسۋىرلىرىدىن ئۇنىڭ نەقەدەر تەقۋا ئىنسان ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. ئۇلۇغ ئاللاھ بەقەر سۈرىسىدە مۇنداق دەيدۇ: يەئقۇب جان ئۈزۈۋاتقان ۋاقىتتا سىلەر يېنىدا بارمىدىڭلار؟ شۇ چاغدا يەئقۇب ئوغۇللىرىدىن: «مەن ئۆلگەندىن كېيىن سىلەر كىمگە ئىبادەت قىلىسىلەر؟» دەپ سورىدى. ئۇلار: «سېنىڭ ئىلاھىڭ ۋە ئاتا - بوۋىلىرىڭ - ئىبراھىم، ئىسمائىل، ئىسھاقلارنىڭ ئىلاھى بولغان ئاللاھقا ئىبادەت قىلىمىز، بىز ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلغۇچىمىز» دېدى. ھەزرىتى يەئقۇب ئوغۇللىرىدىن ئېتىقادلىرى ھەققىدىكى جاۋابىنى ئېلىپ، خاتىرجەم بولغان ھالدا كۆز يۇمدى. ئۇ ئۆلۈمىدىن بۇرۇن ئوغلى يۇسۇف ئارقىلىق ئېغىر سىناققا دۇچ كەلگەننىدى. يۇسۇفمۇ ئاتىسى يەئقۇبقا ئوخشاش پەيغەمبەر بولۇپ، ئاللاھ تائالا ئۇنى مىسىر خەلقىگە ئەۋەتكەننىدى.

## 602-سۇئال: يۇسۇف ئەلەيھىسسالامنىڭ بالىلىق مەزگىلى

قىسسە بىر چۈش بىلەن باشلىنىپ، بۇ چۈشنىڭ ئەمەلىيلىشى بىلەن ئاخىرلىشىدۇ. يۇسۇفنىڭ كىچىك ۋاقتىدا دادىسىغا سۆزلەپ بەرگەن چۈشى قۇرئاندا مۇنداق تەسۋىرلىنىدۇ: ئۆز ۋاقتىدا يۇسۇف ئۆز ئاتىسىغا: «ئى ئاتا! مەن ھەقىقەتەن

چۈشۈمدە11 يۇلتۇزنىڭ ۋە ئاي بىلەن كۈننىڭ ماڭا سەجدە قىلغانلىقىنى كۆردۈم» دېدى. ئاتىسى (يەنى يەئقۇب ئەلەيھىسسالام): «ئى ئوغلۇم! چۈشۈڭنى قېرىنداشلىرىڭغا ئېيتمىغىن، ساڭا سۇيىقەست قىلىپ سالمىسۇن، شەيتان ئىنسانغا ھەقىقەتەن ئاشكارا دۈشمەندۇر» دېدى. يۇسۇف ئۇلارنىڭ بىر تۇغقان ئۇكىلىرى ئەمەس بولۇپ، يۇسۇفنىڭ ئانىسى ئۇلارغا ئۆگەي ئىدى. ئۇ ئايالدىن يۇسۇف ۋە ئۇنىڭ بىر قېرىندىشى تۇغۇلغانىدى. يۇسۇف يەئقۇبنىڭ ئوغلى، يەئقۇب ئىسھاقنىڭ ئوغلى، ئىسھاق بولسا ئىبراھىمنىڭ ئوغلى بولۇپ، بۇلار بىر پاك زەنجىرنىڭ پاك ھالقىلىرى ئىدى.

يۇسۇف دادىسىنىڭ ئەمرى بويىچە ئاكىلىرىغا چۈشىنى سۆزلەپ بەرمىدى. شۇنداق بولسىمۇ، ئاكىلىرى ئۇنىڭغا تىزاق قۇرۇپ، سۇيىقەست قىلىشنىڭ پىلانلىرىنى تۈزۈشۈۋاتاتتى. يۇسۇفنى قۇدۇققا تاشلاش ئارقىلىق ئۇنىڭدىن قۇتۇلۇش پىلانى ۋە بۇ پىلاننىڭ ۋاقتى قارار قىلىندى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئاتىسى يەئقۇبنىڭ ئالدىغا كېلىپ: «ئى ئاتىمىز! نېمىشقا يۇسۇف توغرىسىدا بىزگە ئىشەنمەيسەن؟ ھالبۇكى، بىز ئۇنىڭغا ھەقىقەتەن ياخشى نىيەتتىمىز. ئەتە ئۇنى بىزگە قوشۇپ قويغىن، يەپ ـ ئىچىپ، ئويناپ ـ كۈلۈپ كىرسۇن، ئۇنى بىز چوقۇم ياخشى مۇھاپىزەت قىلىمىز» يەئقۇب: «ئۇنى (يەنى يۇسۇفنى) ئېلىپ كەتسەڭلار راستلا خاتىرجەم بولالمايمەن، سىلەر غەپلەتتە قېلىپ، ئۇنى بۆرە يەپ قويۇشتىن ئەنسىرەيمەن» دېدى. ئۇلار: «بىز (كۈچلۈك) بىر جامائە تۇرۇقلۇق، ئۇنى بۆرىگە يېگۈزۈپ قويساق، ئۇ چاغدا بىز ئەلۋەتتە، زىيان تارتقۇچىلاردىن بولىمىز» دېدى.

ئەتىسى، ئۇلار يۇسۇفنى ئېلىپ چۆلگە قاراپ مېڭىشتى، ھەر قېتىم باردىغان يەرلىرىدىنمۇ يىراقلارغا بېرىشتى. يېنىدىن كارۋان كۆپ ئۆتىدىغان بىر قۇدۇقنى تېپىشتى ۋە يۇسۇفنى ئۇنىڭ ئىچىگە تاشلىماقچى بولۇشتى. ئۇلارئۇنىڭغا كۆينىكىنى سېلىشنى ئېيتتى ۋە ئۇنى يالىڭاچلاپ قۇدۇققا تاشلىدى. قۇدۇقنىڭ ئىچىدە سۇ بار ئىدى. يۇسۇفنىڭ ۋۇجۇدىنى قوبۇل قىلدى. يۇسۇف ئۇ يەردە ھېچقانداق يامانلىق كۆرمىدى. ئۆزى يالغۇز قۇدۇقنىڭ ئىچىدىكى سۇدىن چوقچىيىپ چىقىپ تۇرغان تاشنىڭ ئۈستىدە ئولتۇردى. ئۇلار كەچتە ئاتىسىنىڭ ئالدىغا يىغلاپ كېلىشتى. ئۇن كىشىنىڭ يىغىسى كېچە قاراڭغۇلۇقىنى بىر ئالدى. دادا ئۆيدە ئولتۇراتتى. ئوغۇللىرى يېنىغا كىرىپ كەلدى. ئۇلار تېخىمۇ قاتتىق يىغلاشقا باشلىدى. بىز يۈگۈرۈشتىن قايتىپ كەلگەندىن كېيىنلا يۇسۇفنىڭ بۆرىنىڭ قارنىغا كىرىپ كەتكەنلىكىنى غەلتىلىككە دۈچ كەلدۇق. يۇسۇفنى تاپالمىدۇق. ھەر قانچە راست گەپ قىلساقمۇ، سەن بىزگە ئىشەنمەيسەن. ئەمما بىز يەنە ساڭا سۆزلەشكە مەجبۇرمىز. ساڭا يالغان ئېيتمىدۇق. يۇسۇفنى بىر بۆرە يەپ كەتتى. مانا بۇ ئۇنىڭ كۆينىكى، كۆينەكنى قانغا

ملانگەن ھالدا تاپتۇق، ئەمما يۇسۇفنى تاپالمدۇق. ئۇلار يۇسۇفنىڭ كۆڭلىكىنى يالغاندىن قانغا بوياپ ئېلىپ كېلىشكەن ئىدى.

ئۇلار جىددىيلەشكەنلىكىدىن يۇسۇفنىڭ كۆينىكىنى يىرتىۋېتىشنى ئۇنتۇپ، كۆينەكنى ئۆز پېتى، ساپمۇ ساق كۆتۈرۈپ كەلگەنىدى. يۇسۇفنىڭ كۆينىكىنى ئولتۇرغان دادىسىنىڭ ئالدىغا قويدى. يەئقۇب ئوغلىنىڭ كۆينىكىنى ئېلىپ، ئۆيدىكى مەشئەلنىڭ يورۇقىدا ئۇنى تەكشۈردى. ئۆرۈپ چۆرىدى. كۆينەك يىرتىلمىغان، ساق تۇراتتى. يۇسۇفنى يېگەن بۆرە قانداق بۆرە ئىدى؟ ئۇنىڭ كۆينىكىنى يىرتماي تۇرۇپ ئىچىدىن يېگەنمىدۇ؟ يەئقۇب بۇ دەلىلدىن ۋە ئۆز ئىچىدىن كەلگەن ئاۋازدىن، شۇنداقلا بۇ يالغانچىلىقتىن يۇسۇفنى بۆرە يېمىگەنلىكىنى چۈشىنىپ يەتكەنىدى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە قۇتىرىغان ئۆچمەنلىك ۋە ھەسەت ئۇلارغا بۇ يالغانچىلىقنى توقۇپ چىقارغۇزغان ئىدى.

بۇ يەردىن بىر كارۋان ئۆتتى، ئۇلار يۇسۇفنى ساناقلىق بىر قانچە تەڭگىگە ئەرزان باھادا سېتىۋەتتى، چۈنكى ئۇلار يۇسۇفكە قىزىقمىغان ئىدى. يۇسۇف قۇللۇق تاملىرىنىڭ ئارىسىدا قالدى. اللە يۇسۇفكە پەيغەمبەرلىكنى ۋەدە قىلغانىدى. يۇسۇفنى سېتىۋالغان كىشىگە ئۇنىڭ سۆيگۈسىنى ئاتا قىلدى. ئەنە شۇ كىشى ئايالىغا: «ئۇنىڭغا ياخشى قارا، بەلكىم بىزگە پايدىسى تېگىپ قالار، ياكى ئۇنى بالا قىلۋالارمىز» دېدى. بۇ كىشى ئادەتتىكى بىرى ئەمەس بولۇپ، مىسىردىكى ھۆكۈمدارلار تەبىقىسىدىن ئىدى. اللە يەر يۈزىدە يۇسۇفكە مانا مۇشۇنداق ئىمكان يارىتىپ بەرگەنىدى. يۇسۇف ئۆز زامانىنىڭ ئەڭ كېلىشكەن يىگىتى ئىدى. ئۇنىڭ يۈزى ئىنسان گۈزەللىكىنىڭ ئاجايىپ كۆرۈنۈشىنىڭ بىر پارچىسى ئىدى. يۈرىكىنىڭ ساپلىقى ۋە قەلبىنىڭ پاكلىقى ئۇنىڭ يۈزىنى تېخىمۇ گۈزەللەشتۈرگەنىدى.

**603-سۇئال: يۇسۇف ئەلەيھىسسالامنىڭ زىندانغا كىرىشتىن بۇرۇنقى ھاياتى**

كۈنلەر ئۆتتى... يۇسۇف چوڭايدى...

ئۇنىڭغا ئىشلارغا توغرا قارار بېرىش، ھاياتى ۋە ئۆز ئەھۋالىنى بىلىش ئالاھىدىلىكى بېرىلدى. سۆھبەتلەشكەندە ئۆزىنى تىڭشىغۇچىنىڭ قەلبىنى مايىل قىلىدىغان بىر ئۇسلۇب بېرىلدى ۋە ئۇنىڭغا قارشى چىققىلى بولمايدىغان، ئىنسان شەخسىيىتىگە ئىگە قىلغان شەرەپلىك، شەرمى - ھايالىق بولۇش ئالاھىدىلىكى بېرىلگەنىدى.

يۇسۇفنىڭ خوجايىنى اللەنىڭ يۇسۇفنى ئەۋەتىش ئارقىلىق ئۆزىگە چوڭ ئىنئام تارتۇق قىلغانلىقىنى، يۇسۇفنىڭ ئۆز ھاياتىدا كۆرگەن ئەڭ ئىشەنچلىك، ئەڭ راستچىل، ئەڭ مۆلايىم ۋە ئەڭ مەرت كىشى ئىكەنلىكىنى چۈشەندى. ئۇ ئائىلىسىنى

يۇسۇفكە تاپشۇردى، ئۇنىڭغا ئىنئاملار بەردى ۋە ئۆز ئوغلىدەك مۇئامىلە قىلدى.

ئەزىزنىڭ ئايالى ھەركۈنى يۇسۇفنى كۆزەتمەكتە ئىدى. ئۇنىڭ يېنىدا ئولتۇرۇپ پاراڭلىشاتتى، كۆزلىرىنىڭ ئىچىگە قارايتتى، ئۇنىڭدىن سوئال سوراپ جاۋابىنى تىڭشايتتى، ئۇنىڭغا بولغان ھەيرانلىقى بارغانسېرى ئاشماقتا ئىدى. نىھايەت، ئۇ بىر كۈنى ئۆزىنىڭ يۇسۇفكە ئاشىق بولغانلىقىنى ئۇقتى، يۇسۇفكە ئۆز سۆيگۈسىنى ئاشكارىلاشقا باشلىدى. ئىككىسى بىر ئۆي، بىر دەرۋازا ئىچىدە بىر قانچە يىل بىللە ياشىدى.

ئايال ئۇنى ئۆزىگە تارتىشقا، ئۇنىڭ شەھۋىتىنى قوزغاشقا ۋە ئۇنى ئالداشقا ئۇرۇنماقتا. ئاخىرقى كۈن يېتىپ كەلدى. ئايال پىلانىنى ئۆزگەرتىشكە قارار بەردى. ئىما ـ ئىشارەتتىن ئوچۇقچە ئىزھار قىلىشقا ئۆتتى. ئىشىكلەرنى تاقىدى. ھايا ماسكىسىنى يىرتىپ تاشلىدى، سۆيگۈسىنى ئىزھار قىلدى ۋە ئۇنى ئۆزىگە تارتتى. ئۇ ئۆزىنىڭ يەئقۇب ئەلەيھىسسالامنىڭ ئوغلى يۇسۇف ئىكەنلىكىنى، يەئقۇبنىڭ ئىسھاق ئەلەيھىسسالامنىڭ ئوغلى ئىكەنلىكىنى، ئىسھاقنىڭ بولسا، پەيغەمبەرلەرنىڭ بوۋىسى ۋە اللەنىڭ دوستى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ ئوغلى ئىكەنلىكىنى بىلەتتى...

ئىككىسىنىڭ ئارىسىدىكى تالاش ـ تارتىش تەرەققىي قىلىپ، ئېغىزدىن قول ھەرىكىتىگە ئۆتتى. ئەزىزنىڭ ئايالى قوللىرىنى ئۇنىڭغا ئۇزاتتى ۋە ئۇنى قۇچاقلاشقا ئۇرۇندى. يۇسۇفنىڭ چىرايى تاتىرىپ كەتتى. ئۇ ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ، ئىشىككە قاراپ قاچتى. ئۇلارنىڭ ھەر ئىككىسى ئىشىككە قاراپ يۈگۈرۈشتى. بۇ چاغدا زۇلەيخا يۇسۇفنىڭ كۆڭلىكىنى ئارقىسىدىن تارتىپ يىرتىۋەتتى، ئىشىك ئالدىدا ئۇنىڭ (يەنى زۇلەيخانىڭ) ئېرى بىلەن دوقۇرۇشۇپ قېلىشتى. ئاشىق ئايال يولدىشىنى كۆرۈپلا ناھايىتى تېز ۋە ھىيلىگەرلىك بىلەن ھەرىكەتكە ئۆتتى. ئوتتۇرىدا بىر ئىشلارنىڭ يۈز بەرگەنلىكى ئوچۇق ئىدى. يۇسۇف ئىزادىن تىترەپ كەتكەن ئىدى. پېشانىسىدىن تەر تەپچىشكە باشلىدى. ئايالنىڭ چاچلىرى چۇۋۇلغان، مەڭزى قىزىرىپ كەتكەنىدى. تىترەپ كەتكەنلىكىدىن جايىدا تۇرالمايۋاتاتتى. ئەزىز ئەھۋالنى سوراش ئۈچۈن ئېغىز ئېچىپ بولغىچە، ئايال دەرھال يۇسۇفنى ئەيىبلەشكە باشلىدى. ئايال يۇسۇفنىڭ ئۆزىنى زىناغا زورلىغانلىقىنى ۋە ئۇنىڭ ئۆزىگە مەجبۇرىي ئىگە بولماقچى بولغانلىقىنى ئېيتىپ، ئۇنىڭغا قارا چاپلىدى. يۇسۇف گۇناھسىز ھالدا، ئاستا ئۇنىڭ يۈزىگە قارىدى. ئۇ ئايالنىڭ سىرىنى ساقلاش نىيىتىدە ئىدى. ئەمما ئايال ئۇنى قارىلىغاچقا، ئۇمۇ ئۆزىنى ئاقلاشقا مەجبۇر بولۇپ قالدى. يۇسۇف: «ئۇ (يەنى زۇلەيخا) مەندىن مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈشنى تەلەپ قىلدى» دېدى. ئۇلار شۇ تەرىقىدە تالاش ـ تارتىش قىلىشقا باشلىدى. ئەزىز ئارىغا كىردى. مىسىرنىڭ باش ۋەزىرى ئەزىز تەمكىن قېرىغان

ئادەم ئىدى. باش ۋەزىر ئىشنى ئېنىقلاشقا باشلىدى. ئەھۋالنى ئايالى ۋە يۈسۈفتىن ئايرىم - ئايرىم ئىگەللىدى. ئاندىن ئايالىنىڭ تۈغقىنىنىڭ پىكرىنى ئالدى. ئۇلار كۆينەكنى قوللىرىغا ئېلىپ، ئۆرۈپ چۆرۈشتى. ئايالىنىڭ تۇغقىنى كۆينەكنى تەپسىلىي كۆزىتىپ چىقتى ۋە ئارقىدىن يىرتىلغانلىقنى بىلدى. ئەزىزمۇ كۆينەككە ئىنچىكىلەپ قاراپ چىقتى ۋە كۆينەكنىڭ ئارقىدىن يىرتىلغانلىقىنى كۆردى. گۇناھ ئايالىنىڭ ئۈستىگە قالدى. ئەزىز ئايالىنىڭ ئۆزىگە خىيانەت قىلغانلىقىنى ئېنىق بىلگەن بولسىمۇ، ئۇنىڭغا ۋارقىراپ - جارقىرىمىدى. ئەزىز يۈسۈف تەرەپكە بۇرۇلۇپ مۇنداق دېدى: «يۈسۈف! بۇنى سۆزلەپ يۈرمىگىن. » ئەزىز ئايالى بىلەن يۈسۈفنىڭ ئارىسىنى ئاچمىدى. ئۇنىڭ پۈتۈن خىيالى بۇ ھەقتىكى سۆز - چۆچەكنى يوققا چىقىرىش ئىدى. ئەمما بۇ ۋەقەنى بۇنداق يۇقىرى تەبىقىدە يوققا چىقارغىلى بولمايتتى. بۇ ۋەقە يېپىلىشقا باشلىغانىدى ۋە خەۋەر سارايدىن ھالقىپ، ئۇ دەۋردىكى ھۆكۈمران تەبىقىگە ياكى باشقا يۇقىرى تەبىقىدىكىلەرگە يېتىپ باردى. شەھەردىكى سۆز - چۆچەك كۆپەيدى. خەۋەر ئېغىزدىن ئېغىزغا، ئۆيدىن ئۆيگە تارقىلىپ يۈرۈپ، ئاخىرىدا ئەزىزنىڭ ئايالىغا يېتىپ كەلدى. ئايال بىر مەزگىل ھۆجرىسىدىن چىقماي ئويلاندى ۋە بىر قارارغا كەلدى. ئاشپەزلەرنى چاقىردى ئايال ئۇلارغا سارايدا چوڭ بىر زىياپەت بەرمەكچى بولغانلىقىنى ئېيتتى. يېمەك - ئېچمەكلەرنى ئۆزى تاللىدى. زىياپەتتە بېرىلىدىغان ئالملارنىڭ يېنىغا ئىتتىك پىچاقلارنى، تاۋاقلارنىڭ يېنىغا ئاق ياغلىقلارنىڭ ۋە ئۇ دەۋرنىڭ شەرق ئۇسلۇبىغا ئاساسەن ياستۇق ۋە سېلىنچىلارنىڭ قويۇلۇشىنى بۇيرۇق قىلدى. ئاندىن ئۆزى ھەققىدە سۆز - چۆچەك قىلغان ۋە ئۆزىنىڭ يۈسۈفكە مەپتۇن بولغانلىقىنى ئېيتقانلارنىڭ ھەممىسىنى زىياپەتكە چاقىردى. يۇكسەك تەبىقىنىڭ ئاياللىرى باش ۋەزىرنىڭ سارىيىغا قاراپ ئېقىشتى. زىياپەتكە پەقەت ئاياللارلا چاقىرىلغانىدى. تائاملار تارتىلدى، ئاياللار ياستۇقلارغا يۆلەنگەن ھالدا سېلىنچىلارغا ئولتۇرۇشتى. زىياپەت داۋاملاشتى. غەيۋەت - شىكايەت قىلىندى. ئەمما ھېچكىم يۈسۈف توغرىسىدا ئېغىز ئېچىشنى خالىمىدى. شۇڭا ساھىبخانىنىڭ بۇ ھەقتە ئېغىز ئېچىپ قىلغان سۆزلىرى ئۇلارغا بەكمۇ تەسىر قىلدى. سورۇن بىردىنلا سۈكۈتكە چۆمدى، مېھمانلارنىڭ قوللىرى جىمىدى. ئەزىزنىڭ ئايالى سورۇننى ئۆز ئىلكىگە ئۆتكۈزدى. ئالملارنىڭ كەلتۈرۈلۈشنى بۇيرۇق قىلغان ھالدا مۇنداق دېدى: - ئۇنىڭ شۇنداق جەلىپ قىلارلىق ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلىمەن، ئۇنى ياخشى كۆرىدىغانلىقىمنى ئىنكار قىلمايمەن. ئۇزۇندىن بېرى ئۇنىڭغا ئاشىق بولۇپ كېلىۋاتىمەن. ئەزىزنىڭ ئايالىنىڭ بۇ سۆزلىرى بىلەن مېھمانلار ئۆزلىرىنى بىر ئاز ئازادە ھېس قىلىشتى، كۆڭۈللىرى راھەتلىنىپ، جىمجىت ئولتۇرۇپ يەنە تائاملىرىنى يېيىشتى. ئالملار سويۇلۇشقا باشلىدى.

ئەزىزنىڭ ئايالىنىڭ سۆزلىرىدىن كېيىن، ساراي قايتا جانلىنىشقا باشلىدى. ئەزىزنىڭ ئايالى قولى بىلەن يۇسۇفنىڭ كىرىشىنى ئىشارەت قىلدى. يۇسۇف خوجايىنىنىڭ ئەمرى بىلەن زىياپەت زالىغا كىردى. ئايال‌لار تېخىچە ئالمىلارنى سويۇشۇۋاتاتتى. يۇسۇفنىڭ زالغا كىرىشى بىلەنلا، ئەزىزنىڭ ئايالى ئويلىغان ئىش يۈز بەردى. مېهمانلار بىردىنلا ھەيران قېلىشتى. قولىدىكى پىچاق بىلەن ئالما كېسىشنى داۋاملاشتۇردى. كۆزلىرى پۈتۈنلەي يۇسۇفتە ئىدى. ھېچقايسى پىچاق بىلەن كېسىۋاتقان مېۋىگە قارىمىغانىدى. ئايال‌لار ئەس ـ ھوشنى يوقاتقان ۋە ئۆزلىرىنى بىلمىگەن ھالدا قوللىرىنى كېسىشكە باشلىغان ئىدى. يۇسۇفنىڭ كىرىپ كېلىشى ئۇلارغا خېلى بىر ۋاقىتقىچە ئاغرىق ۋە قانلىرىنىڭ ئېقىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلالمىغۇدەك دەرىجىدە تەسىر قىلغانىدى.

ـ ئەيىبلىنىشىمگە سەۋەب بولغان نەرسە مانا بۇ، ئۇنى ئۆزەمگە چاقىرغانلىقىمنى ئىنكار قىلمايمەن. ئالدىڭلاردا يارىلىرىڭلارنى تېڭىش ئۈچۈن قولياغلىقلار بار. مەن ئۆزەمنى ئۇنىڭغا بېغىشلىدىم، ئەمما ئۇ مەندىن قاچتى. ئەگەر يەنە ئەمرىمگە بويسۇنمىسا، چوقۇم زىندانغا تاشلىنىدۇ ۋە غەزەپكە ئۇچرىغۇچىلاردىن بولىدۇ، ـ دېدى.

ئاياللارنىڭ بەزىلىرى چاقچاق قىلغان، بەزىلىرى قىلىق چىقارغان، بەزىلىرى ئىما ـ ئىشارەت قىلغان ۋە بەزىلىرى ئوچۇقتىن ئوچۇق ھالدا ئۇنى ئۆزىگە چاقىرغان ئىدى. يۇسۇف الله دىن ئۆزىنى ئۇلارنىڭ ھىيلە ۋە تۇزاقلىرىدىن قۇتۇلدۇرۇشنى تىلىدى. الله يۇسۇفنىڭ دۇئاسىنى قوبۇل قىلدى. كېسىلگەن ۋە قانىغان قوللار ئاغرىشقا باشلىدى. يۇسۇف زالدىن چىقىپ كەتتى. ئاياللارنىڭ ھەممىسى يارىلىرىنى تېڭىشقا، ۋەزىر ئەرلىرى قولىنىڭ نېمە ئۈچۈن ۋە نەدە كېسىلگەنلىكىنى سورىسا، نېمە دەپ باھانە كۆرسىتىشنى ئويلاشقا باشلىدى. الله يۇسۇفنى ئاياللارنىڭ تۇزاقلىرىدىن قوغدىدى.

ئاياللارنىڭ قەلبىگە يۇسۇفكە بولغان ئىشق ـ مۇھەببىتى ھەققىدە ئۈمىدسىزلىك چۈشتى. ئاياللار ئۇنىڭدىن، ئۇنىڭ تەسىرىدىن، ۋەقەسىدىن ۋە ئېسىللىقىدىن سۆز قىلىشقا باشلىدى. ئۇنى كۆرگەندە، قوللىرىنى قانداق كەسكەنلىكلىرىنى چۈشەندۈرۈشكە باشلىدى. خەۋەر يۇقىرى تەبىقىدىن خەلق ئارىسىغا يېيىلدى. ھۆكۈمرانلار ھەرىكەتلەندى، دەللىلەر يۇسۇفنىڭ گۇناھسىزلىقىنى ۋە باشقىلارنىڭ گۇناھكار ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ تۇرسىمۇ، يۇسۇف يەنە زىندانغا تاشلانغانىدى. يۇسۇف زىندانغا تەمكىن، سالماق قەدەملەر بىلەن، ھەتتا دىلى سۆيۈنگەن ھالدا كىرىپ كەتتى.

## 604-سۇئال: يۇسۇف ئەلەيھىسسالامنىڭ زىنداندىكى ھاياتى

زىندانغا يۇسۇف بىلەن ئىككى يىگىت بىللە كىرگەن ئىدى. ئۇلارنىڭ بىرى: «مەن چۈشۈمدە ئۆزەمنى ھەقىقەتەن (ئۈزۈمدىن) ھاراق سىقىۋاتقان كۆرۈپتىمەن» دېدى. ئىككىنچىسى: «مەن چۈشۈمدە ئۆزەمنى ھەقىقەتەن بېشىمدا نان كۆتۈرۈپ تۇرغان، ناننى قۇشلار يەۋاتقان كۆرۈپتىمەن، تەبىرىنى بىزگە ئېيتىپ بەرسەڭ، بىز سېنى ھەقىقەتەن ياخشىلىق قىلغۇچىلاردىن (يەنى چۈشكە تەبىر بېرەلەيدىغانلاردىن) دەپ قارايمىز» دېدى. يۇسۇف ئېيتتى: «ئىككىڭلارغا سىرتتىن تاماق كىرىشتىن بۇرۇن، ئۇنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى سىلەرگە ئېيتىپ بېرەلەيمەن، بۇ پەرۋەردىگارىم ماڭا بىلدۈرگەن نەرسىلەردىندۇر. شۈبھىسىزكى، مەن اللهغا ئىشەنمەيدىغان، ئاخىرەتنى ئىنكار قىلىدىغان قەۋمنىڭ دىنىنى تاشلىدىم. مەن ئەجدادلىرىم، ئىبراھىم، ئىسھاق، يەئقۇبلارنىڭ دىنىغا ئەگەشتىم، ھېچقانداق نەرسىنى الله غا شېرىك كەلتۈرۈش بىزگە لايىق ئەمەس، بۇ اللهنىڭ بىزگە ۋە ئىنسانلارغا قىلغان مەرھەمىتىدۇر، لېكىن ئىنسانلارنىڭ تولىسى شۈكۈر قىلمايدۇ. تۈرمىداش ئاغىنىلەر! تارقاق كۆپ مەبۇدلار ياخشىمۇ؟ ياكى قۇدرەتلىك بىر الله ياخشىمۇ؟ سىلەرنىڭ الله نى قويۇپ ئىبادەت قىلىۋاتقىنىڭلار پەقەت سىلەر ئۆزەڭلار ۋە ئاتا - بوۋاڭلار ئاتىۋالغان (بۇتلارنىڭ ۋە غەيرىينىڭ) ناملىرىدىنلا ئىبارەت، الله (ئۇلارنىڭ اللهنىڭ شېرىكى بولۇشى توغرىسىدا) ھېچقانداق دەلىل چۈشۈرگىنى يوق، ئىبادەت ۋە دىن بارىسىدىكى بارچە ھۆكۈملەر پەقەت الله غىلا مەنسۇپ، ئۇ سىلەرنى پەقەت ئۆزىگىلا ئىبادەت قىلىشقا بۇيرۇغان، بۇ توغرا دىندۇر. لېكىن كىشىلەرنىڭ تولىسى (بۇنى) بىلمەيدۇ.

يۇسۇف الله يولىدا قىلىنغان بۇ سەممىي دەۋەتتىن كېيىن، سورىغانلارغا دەلىلنى ئىسپاتلىغاندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ چۈشلىرىگە تەبىر بەردى. تۈرمىداش ئاغىنىلەر! سىلەرنىڭ بىرىڭلار (زىنداندىن چىقىپ) خوجايىنىغا ھاراق قۇيۇپ بېرىدۇ (يەنى ساقىيلىق ۋەزىپىسىنى ئۆتەيدۇ)، يەنە بىرىڭلار دارغا ئېسىلىدۇ، كاللىسىنى قۇشلار يەيدۇ، سىلەر سورىغان ئىشلار ھۆكۈم قىلىنىپ بولدى. يۇسۇف ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى ئۆزىنىڭ قۇتۇلىشىغا ئىشەنگەن بىرسىگە (يەنى ساقىيغا): «مېنى خوجايىنىڭنىڭ ئالدىدا ئەسلەپ قويغىن» دېگەن ئىدى. خوجايىنىنىڭ ئالدىدا يۇسۇفنى ئەسلەپ قويۇشنى شەيتان ئۇنىڭغا ئۇنتۇلدۇردى، يۇسۇف زىنداندا بىر نەچچە يىل يېتىپ قالدى. ئۇ بۇ بىر نەچچە يىلنى سەۋر قىلغان، ئىچى سىقىلمىغان، دۇئا قىلغان ۋە ئۈمىدۋار ھالدا ئۆتكۈزدى.

ھۆكۈمدار بىر كۈنى چۈش كۆردى. ئۇ چۈشىدە نىل دەرياسىنىڭ قىرغىقىدا تۇراتتى. نىل دەرياسى شارقىراپ ئاقماقتا ئىدى. سۇ بىردىنلا ئۇلغىيىشقا باشلىدى ۋە

ئاخىرىدا دەريا سۈسىز سايغا ئايلاندى. بىلىقلار سەكرەپ، سەكرەپ دەريا لاتقىلىرىنىڭ ئارىسىدا غايىپ بولدى. دەريادىن يەتتە تۇياق سېمىز كالا ۋە ئۇلارنىڭ كەينىدىنلا يەتتە تۇياق ئورۇق كالا چىقىپ كەلدى. ئورۇق كالىلار سېمىز كالىلارغا ھۇجۇم قىلدى ۋە ۋەھشىي ھايۋانلاردەك سېمىز كالىلارنى يۇتۇۋەتتى.

ھۆكۈمدار ئورۇق كالىلار سېمىز كالىلارنى يۇتۇۋەتكەن ۋاقىتتا چىقارغان ئاۋازلىرىنى قورققان ھالدا ئاڭلىدى، ھەممە ۋەقەنى كۆرۈپ تۇردى. نىل دەرياسىنىڭ بويىدا يەتتە دانە يېشىل باشاق ئۈندى ۋە دەرھاللا پاتقاقنىڭ ئارىسىدا يوقاپ كەتتى. دەل شۇ يەردىن يەنە يەتتە دانە قۇرۇق باشاق ئۈندى. ھۆكۈمدار ئۇيقىسىدىن چۆچۈگەن ھالدا ئويغاندى. ھۆكۈمدارنىڭ كۆڭلى بۇ چۈشىدىن ئىنتايىن خاتىرجەمسىزلەندى. شۇئان باش ۋەزىرى ۋە ئوردا كاھىنلىرىنى چاقىرىپ، ئۇلاردىن بۇ چۈشنىڭ تەبىرىنى سورىدى. كاھىنلاردىن بىرى: بۇ قالايمىقان چۈشكەن، دېدى.

ھۆكۈمدارنىڭ چۈشى ساقىيغا ئۆزىنىڭ زىنداندا ياتقان چېغىدىكى كۆرگەن چۈشىنى ۋە يۈسۈفنىڭ ئۇنىڭ چۈشىگە بەرگەن تەبىرىنى ئەسلەتتى. ساقىي دەرھال ھۆكۈمدارنىڭ يېنىغا كىرىپ، ئۇنىڭغا يۈسۈفنىڭ سۆزىنى قىلدى. ئۇ ماڭا ئۆزىنىڭ ئەھۋالىنى سىزگە يەتكۈزۈشۈمنى تاپىلىغانىدى، ئەمما مەن ئۇنتۇپ قاپتىمەن، - دېدى. ھۆكۈمدار يۈسۈفنىڭ ئەھۋالىنى بىلىپ كېلىش ئۈچۈن ساقىينى زىندانغا ئەۋەتتى. يۈسۈف ساقىيغا مۇنداق دېدى: «يەتتە يىل ئۈزۈلدۈرمەي تېرىقچىلىق قىلىڭلار، ئالغان ھوسۇلۇڭلاردىن يېيىش ئۈچۈن ئازغىنىسىنى خامان تەپكەندىن تاشقىرى، قالغىنىنى (مىتە چۈشۈپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن) باشقى بىلەن قويۇڭلار، شۇنىڭدىن كېيىن قەھەتچىلىك بولىدىغان يەتتە يىل كېلىدۇ، (بۇ يىللاردا) ئىلگىرى تويلىۋالغان ئاشلىقىڭلاردىن (ئۇرۇقلۇق ئۈچۈن) ساقلاپ قويىلىدىغان ئازغىنىسىدىن باشقا ھەممىسىنى يەپ تۈگىتىسىلەر. شۇنىڭدىن كېيىن (مولچىلىق) يىللار كېلىدۇ، ئۇنىڭدا ھۆل - يېغىن كۆپ بولىدۇ، كىشىلەر مېۋىلەردىن تۈرلۈك ئىچىملىكلەرنى سىقىپ چىقىرىدۇ.» شۇنىڭ بىلەن ھۆكۈمدارنىڭ چۈشىنىڭ تەبىرى ئاخىرلاشتى. ساقىي ھۆكۈمدارنىڭ سارىيىغا قايتتى ۋە يۈسۈفنىڭ ئېيتقانلىرىنى ھۆكۈمدارغا سۆزلەپ بەردى. ھۆكۈمدار بەكمۇ ھەيران قالدى. ھۆكۈمدار يۈسۈفنىڭ زىنداندىن چىقىرىلىشىنى ۋە دەرھال ئۆزىنىڭ يېنىغا كەلتۈرۈلۈشىنى ئەمىر قىلدى. ئەلچى زىندانغا، يۈسۈفنىڭ يېنىغا باردى. يۈسۈف زىنداندىن چىقىشنى رەت قىلدى. ئەلچى سارايغا قايتتى. يۈسۈفنىڭ گۇناھسىز ئىكەنلىكى ئېنىقلانمىغۇچە زىنداندىن چىقىشنى رەت قىلىدىغانلىقىنى ئېيتتى. قوللىرىنى كېسىۋالغان ئاياللار مەسىلىسىدە ئۇنىڭغا ھەقسىزلىق قىلىنغانىدى، - دېدى. ئەزىزنىڭ ئايالى ۋە باشقا ئاياللار سارايغا ھازىر

بولدى. ھۆكۈمدار سوراقنى باشلىدى. كۆزلەر ئەزىزنىڭ ئايالىغا بۇرۇلدى. ئۇنىڭ يۈزى سولغۇن كۆرۈنەتتى، ئورۇقلاپ كەتكەنىدى. زىنداندىكى يۈسۈفكە بولغان غەم - قايغۇسى ئۇنى قاتتىق ئازابلىغانىدى. ئەزىزنىڭ ئايالى ئاشىق جاسارىتى بىلەن يۈسۈفنىڭ راستچىل، ئۆزىنىڭ يالغانچى ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلدى. شۇنداق قىلىپ، يۈسۈفنىڭ گۇناھسىز ئىكەنلىكى ھەممەيلەننىڭ ئالدىدا ئېنىقلانغانىدى.

### 605-سوئال: يۈسۈف ئەلەيھىسسالامنىڭ كېيىنكى ھاياتى

ھۆكۈمدار مۇنداق دېدى: ئۇنى كەلتۈرۈڭلار، ئۇنىڭغا يېنىمدىن ئورۇن بېرەي. يۈسۈف ھۆكۈمدارنىڭ يېنىغا كەلدى. ھۆكۈمدار يۈسۈفكە ئىبرانى تىلىدا گەپ باشلىدى. يۈسۈفمۇ ئۇنىڭغا جاۋاب قايتۇردى. ھۆكۈمدار ئىككىنچى بىر تىلدا سۆزلەشكە باشلىدى، يۈسۈف ئۇنىڭغا ئەرەبچە جاۋاب بەردى. ھۆكۈمدار ئۇنىڭدىن: بۇ قايسى تىل؟ - دەپ سورىدى. يۈسۈف: بۇ، ئەجدادلىرىم ئىبراھىم، ئىسھاق ۋە يەئقۇبنىڭ تىلى، - دەپ جاۋاب بەردى. ھۆكۈمدار بىر قانچە تىلنى پىششىق بىلەتتى. ئۇ يۈسۈفنىڭمۇ بىر قانچە تىلنى ياخشى بىلىدىغانلىقىنى كۆردى.

ھۆكۈمدار يۈسۈفنىڭ كەڭ دائىرىلىك بىلىم ۋە مەلۇماتىغا ھەيران قالدى. سۆھبەت ھۆكۈمدارنىڭ چۈشىگە كېلىپ توختىدى. يۈسۈف ھۆكۈمدارنىڭ ئاشلىقلارنى توپلاپ ساقلاش ۋە قۇرغاقچىلىق يىللىرىنى سالامەت ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن ئەڭ ياخشى پىلان بويىچە ھەرىكەتكە ئۆتۈشى كېرەكلىكىنى تەۋسىيە قىلدى. ھۆكۈمدارغا ئاچارچىلىقنىڭ مىسىر ۋە ئەتراپىدىكى دۆلەتلەرنىمۇ قاپلايدىغانلىقىنى ئېيتتى. مىسىر ئۆزى ۋە ئەتراپىدىكى دۆلەتلەرگە قارىتا يۇختا تەييارلىق كۆرۈش كېرەك ئىدى. ھۆكۈمدار پىلاننىڭ قانداق يولغا قويۇلىدىغانلىقىنى سورىدى. يۈسۈف: مېنى مەملىكەت خەزىنىلىرىگە مەسئۇل قىلغىن! مەن ئۇنى قانداق قوغداش ۋە باشقۇرۇشنى ئوبدان بىلىمەن، - دېدى. ئۇ مىسىرنىڭ خەزىنىسى ۋە ئىقتىسادىنىڭ مەسئۇلى ۋە باش ۋەزىرى بولغان ئىدى. ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن مول - ھوسۇل يىللىرى تۈگەپ، قەھەتچىلىك يىللىرى باشلاندى.

ئەلقىسسە، ئەينى زاماندا يۈسۈفنى قۇدۇققا تاشلىغان ئاكىلىرى چۆلدىن مىسىرغا ئاشلىق سېتىۋېلىش ئۈچۈن كەلدى. يۈسۈف ئەمىر بەرگۈچى، مەنئى قىلغۇچى مىسىر ھۆكۈمدارى بولۇش سۈپىتى بىلەن ئىنسانلارغا بېرىلىدىغان ئاشلىق ئۈستىدىن ھۆكۈم چىقىراتتى. ئەتراپىدا ۋەزىرلىرى، بەگلىرى ۋە ئەسكەرلىرى قول باغلاپ تۇراتتى. يۈسۈف بىر قاراپلا ئاكىلىرنى تونىغان بولسىمۇ، ئۇلار يۈسۈفنى تونىمىدى. ئۇلارنىڭ سانى 10 بولۇپ، 11 تۆگە بىلەن كەلگەنىدى. يۈسۈف ئۇلار بىلەن ئۆزىنىڭ تىلى بولغان ئىبرانى تىلى بىلەن سۆزلەشمەي، تەرجىمان ۋاستىسى بىلەن سىلەر قانچە

كىشى؟ - دەپ سورىدى. ئۇلار: بىز 11 كىشى، - دەپ جاۋاب بېرىشتى. يۇسۇف: بىز 11 كىشى دەۋاتاتتىڭلار 10 كىشى ئىكەنسىلەرغۇ؟ - دېدى. ئۇلار: بىز ئەسلىدە 12 قېرىنداش ئىدۇق، بىر قېرىندىشىمىز چۆلدە ئۆلدى. يەنە بىر قېرىندىشىمىزنى ئاتىمىز بەك ياخشى كۆرگەچكە، ئۇنىڭدىن ئايرىلىشقا چىدىمىدى. ئۇنىڭ ئورنىغا تۆگىسىنى ئەكەلدۇق، - دېيىشتى.

- قائىدىمىز بويىچە يوق كىشىگە ئاشلىق بېرىلمەيدۇ. قېرىندىشىڭلارغىمۇ ئاشلىق بېرىشىم ئۈچۈن ئۇنى بۇ يەرگە ئەكىلىڭلار، قاراڭلار! سىلەرگە تارازىنى (ئۆلچەكنى) ئېغىر تۇتتۇۋاتىمەن، - دېدى يۇسۇف. ئاخىرىدا يۇسۇف ئاكىلىرى بىلەن پاراڭلىشىپ بۇ قېتىم ئۆتكۈزۈۋېتىدىغانلىقىنى، ئەمما كېلەرقېتىم قېرىندىشىنى ئەكەلمىسە، ئۇلارغا ئاشلىق بەرمەيدىغانلىقىنى ئېيتتى.

ئەلقىسسە، قېرىنداشلار مىسىردىن كەنئاندىكى ئاتىلىرىنىڭ يېنىغا قايتىپ كەلدى ۋە تۆگىلەردىكى يۈكلەرنى چۈشۈرمەي تۇرۇپلا دادىسىغا: بىزگە ئاشلىق بېرىشنى مەنئىي قىلدى. چۈنكى سەن ئوغلۇڭنى بىز بىلەن ئەۋەتمىدىڭ. سەن نېمىشقا بىزگە ئىشەنمەيسەن؟ ئۇكىمىزنى بىز بىلەن ئەۋەتكىن، بىز ئەلۋەتتە ئۇنى قوغدايمىز، - دېيىشتى. ئۇلار يۈكلىرىنى ئاچقاندا، مال - مۈلۈكلىرىنىڭ ئۆزلىرىگە قايتۇرۇپ بېرىلگەنلىكىنى كۆردى. ئوغۇللار ئۆزلىرىنىڭ قوللىرىدىن كېلىشىچە ۋە ئۆزلىرى هالاك بولمىغۇچە ئۇكىلىرىنى قايتۇرۇپ كېلىدىغانلىقى ھەققىدە ۋەدە بېرىشتى. شۇنىڭ بىلەن ئاتىلىرى ئۇلارغا ماقۇل بولدى. يەئقۇب الله غا ئىشەنگەن هالدا ئوغلىنى ئۇلارغا تاپشۇردى.

يۇسۇفنىڭ ئاكىلىرى بۇ قېتىم ئون بىر كىشى بولۇپ يېتىپ كېلىشتى. يۇسۇف ئاكىلىرىنى ئوبدان مېھمان قىلدى. ياخشى كۈتتى. كۈنلەر ئۆتتى. ئايرىلىش ۋاقتى كەلگەندى. يۇسۇف قېرىندىشىنى ئاكىلىرىدىن ئايرىپ ئۆز يېنىدا تۇتۇپ قېلىش ئۈچۈن بىر پىلان تۈزمەكتە ئىدى. يۇسۇف پىلانىنى تۈزۈپ بولدى. يۇسۇف ئادەملىرىگە هۆكۈمدارنىڭ ئالتۇن قەدەھىنى ئۇكىسىنىڭ يۈكى ئىچىگە سېلىپ قويۇشقا بۇيرۇق قىلدى. قەدەھ بۇنيامىننىڭ يۈكلىرىنىڭ ئىچىگە تىقىپ قويۇلدى. يۇسۇفنىڭ ئاكىلىرى يانلىرىغا قېرىنداشلىرىنى ئېلىپ يۇرتلىرىغا قاراپ يول ئالدى. بىردىنلا شەھەر دەرۋازىلىرى تاقالدى. جاكارچى چىقىپ: - ئى كارۋانلار! سىلەر ئوغرى ئىكەنسىلەر، - دەپ توۋلىدى. چېرىكلەر كارۋاننى توختاتتى. يۇسۇفنىڭ ئاكىلىرى: سىلەر بىلىسىلەر، بىز بۇ يەرگە بۇزغۇنچىلىق ۋە ئوغرىلىق قىلىشقا كەلمىدۇق، - دېيىشتى.

، چېرىكلەرنىڭ باشلىقى: ئاختۇرۇڭلار! - دەپ بۇيرۇق قىلدى. يۇسۇف بۇ ئىشلارنى تەختى ئۈستىدە ئولتۇرۇپ كۆزىتىۋاتاتتى ۋە ئاۋۋال ئاكىلىرىنى ئاختۇرۇشقا

ئەمر قىلدى. يۈسۈفنىڭ ئاكىلىرى ئوغرى چىقمىغانلىقى ئۈچۈن خوشال بولدى ۋە: پەقەتلا ئۈكىمىز قالدى، ـ دېيىشتى. بۇ ئەسنادا يۈسۈف ئىچىدە: ئۇنى ئاختۇرۇشنىڭ لازىمى يوق، ئوغرىلىقى چىقىپ تۇرامدۇ؟! ـ دېدى. ئۇنىڭ ئەشيالىرىنىمۇ ئاختۇرمىساڭلار، كۆڭلىمىز خاتىرجەم بولمايدۇ، بىز ياخشى بىر بوۋاينىڭ بالىلىرى، ئوغرى ئەمەس، ـ دېيىشتى ئاكىلىرى. ئەسكەرلەر ئۇنىڭ ئەشياسىنى ئاختۇرۇپ، ئالتۇن قەدەھنى تېپىپ چىقتى. قانۇن بويىچە ئۈكىسى (بۇنيامىن) يۈسۈفنىڭ قۇلىغا ئايلاندى. بۇنىڭ بىلەن ئەيىبلىنىشتىن قۇتۇلغان ئاكىلىرى ئۈكىسىنى ئەيىبلەشكە باشلىدى: ئوغرىلىسا ئوغرىلىغاندۇ، بۇنىڭدىن بۇرۇن ئۇنىڭ ئاكىسىمۇ ئوغرىلىق قىلغان ئىدى. يۈسۈف ئاكىلىرىنىڭ ئۆز ئۈكىسىنى ئەيىبلىگەنلىكىنى ئۆز قۇلىقى بىلەن ئاڭلاپ تۇردى ۋە بۇ ئىشقا بەكمۇ غەزەبلەندى. ئاكىلىرىنىڭ ئۇ سۆزىدىن كېيىن ھېچكىم سۆز قىلمىدى. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ قۇتۇلغىنىدىن خۇشال بولالمىدى، چۈنكى ئۇلارنىڭ يادىغا ئاتىلىرى يەئقۇب كەلگەنىدى. ئاتىلىرى ئوغلىنى چوقۇم قايتۇرۇپ كېلىشى ھەققىدە ئۇلاردىن ۋەدە ئالغانىدى.

يۈسۈفنىڭ ئاكىلىرى ئۇنىڭغا يالۋۇرۇپ ـ يىغلاشنى داۋام قىلدى.

ئەمما چېرىكلەر مىسىرنىڭ ئەزىزى بولغان توغرا سۆزلۈك يۈسۈفنىڭ سۆزلىرىنىڭ ئاخىرقى ھۆكۈم ئىكەنلىكىنى، ئاكىلىرىنىڭ قېرىندىشى بۇنيامىننى يۈسۈفكە قۇل قىلىپ تاشلاپ قويۇپ كېتىشى كېرەكلىكىنى ئېيتتى. ئۇلار ئامالسىز قالدى. يۇرتلىرىغا قاراپ يولغا چىقتى. باشلىرىغا كەلگەن بۇ يېڭى قازادىن قانداق قۇتۇلۇشنى ۋە ئاتىلىرىغا بۇ ئىشنى قانداق چۈشەندۈرۈشنى بىلمەيتتى. ئۇلارنىڭ ئەڭ چوڭى ئۈكىلىرىغا: مەن بۇ يەردىن ئايرىلمايمەن. سىلەر بۇرۇن يۈسۈفكە ھەقسىزلىك قىلغانىدىڭلار، مانا ئەمدى ئۇنىڭ ئۈكىسىغا ھەقسىزلىك قىلىۋاتىسىلەر، سىلەر ئاتىمىزنىڭ يېنىغا قايتىپ بېرىپ، بولغان ئەھۋالنى ئۇنىڭغا چۈشەندۈرۈڭلار! ـ دېدى.

ئۇلار چوڭ ۋە كىچىك قېرىنداشلىرىنى تاشلاپ قويۇپ قايتىشقا قارار بەردى. ئاتىلىرىنىڭ يېنىغا قايتىپ باردى ۋە ئەھۋالنى ئاتىلىرىغا ئېيتتى. ئاتىلىرى چۆچۈپ كەتتى. ئۇلار بولغان ۋەقەنى ئۆز كۆزلىرى بىلەن كۆرگەنلىكلىرىنى سۆزلەپ بەردى. يەئقۇب ئۇلارنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، قاتتىق ئازابلاندى ۋە يىغلىغان ھالدا: ـ نەپسىڭلار سىلەرگە بۇ ئىشنى چىرايلىق قىلىپ كۆرسەتتى، مەن پەقەت چىرايلىقچە سەۋر قىلىمەن، بەلكىم الله ماڭا ئىككىسىنى بىراقلا قايتۇرۇپ بېرىشى مۇمكىن. چۈنكى ئۇ، مېنىڭ ھالىمنى بىلىپ تۇرغۇچىدۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر، ـ دېدى.

يەئقۇبنى تېخىمۇ يالغۇزلۇق باستى. ئۇ بەكمۇ ياشىنىپ قالغانىدى. اللّٰه ئۇنى ياشىنىپ قالغىنىدا يالغۇزلۇق بىلەن سىناۋاتاتتى. يەئقۇب كۆپ يىغلىغاچقا، كۆزلىرى كۆرمەس بولۇپ قالغانىدى. يەئقۇب، بۈيۈك قەلب ئىگىسى بولغانلىقى ئۈچۈن يىغلىماقتا ئىدى ۋە ئۇ اللّٰهتىن باشقا ھېچكىمنىڭ ئالدىدا يىغلاپ باقمىغانىدى.

كارۋان مىسىرغا قاراپ يۈرۈپ كەتتى. يۈسۈفنىڭ ئاكىلىرىنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋىي ئەھۋاللىرى خاراب بولغانىدى. يوقسۇللۇق، ئاتىلىرىنىڭ دەرت ـ ئەلمى، ھەسرىتى ئۇلارنى بەكمۇ قىينىماقتا ئىدى. ئۇلار ھېچنېمىگە ئەرزىمەس ماللىرىنى ئېلىپ يۈسۈفنىڭ يېنىغا كىرىپ كەلدى. ئۇلار يۈسۈفنىڭ قېشىغا كىرگىنىدە: «ئى ئالىيجاناب زات! بىزگە ۋە ئائىلىمىزگە ئاچارچىلىق يەتتى، (ئالدىڭغا) ناچار، ئۆتمەس ماللار بىلەن كېلىپ قالدۇق، بىزگە يېتەرلىك ئاشلىق بەرگىن، بىزگە سەدىقە قىلغىن، اللّٰه سەدىقە قىلغۇچىلارنى ھەقىقەتەن مۇكاپاتلايدۇ» دېدى. ئۇلارنىڭ ئەھۋالى ئۇلارنى بىچارە ھالغا كەلتۈرۈپ قويغانىدى.

دەل شۇ چاغدا... قىيىن ئەھۋالدا تۇرغانلىرىدا... يۈسۈف ئۇلارغا تەرجىمان ياكى ئۈچىنچى شەخسكە ئېھتىياجى بولمىغان ھالدا ئۇلارنىڭ تىلىدا: «سىلەر نادان ۋاقتىڭلاردا يۈسۈفكە ۋە ئۇنىڭ ئۇكىسىغا نېمىلەر قىلغانلىقىڭلارنى بىلەمسىلەر؟؟» دېدى. ئۇلار: «سەن راستلا يۈسۈفمۇ؟» دېدى. ئۇ: «مەن يۈسۈف، بۇ مېنىڭ ئىنىم. اللّٰه بىزگە مەرھەمەت قىلدى. كىمكى ھەقىقەتەن تەقۋادارلىق قىلىدىكەن، سەۋر قىلىدىكەن (ياخشى مۇكاپاتقا ئېرىشىدۇ)، چۈنكى اللّٰه ياخشى ئىش قىلغۇچىلارنىڭ ئەجرىنى بىكار قىلىۋەتمەيدۇ» دېدى. ئۇلار: «اللّٰهنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، اللّٰه سېنى ھەقىقەتەن بىزدىن ئارتۇق قىلىپتۇ، بىز جەزمەن خاتا قىلىپتۇق» دېيىشتى.

بۈگۈن سىلەر ئەيىبلەشكە ئۇچرىمايسىلەر، اللّٰه سىلەرنى كەچۈرسۇن، اللّٰه ئەڭ مەرھەمەتلىك زاتتۇر. ھېسابقا تارتىش ۋە ئەيىبلەش يوق. شۇنىڭ ئۈچۈن ئىش پۈتۈنلەي تۈگىدى. ئۇ، قېرىنداشلىرىغا: سىلەرنى كەچۈردۈم، ـ دېمىدى. ئەمما ئۇلارنىڭ كەچۈرۈلۈشى ئۈچۈن اللّٰهقا دۇئا قىلدى. يۈسۈف بىردىنلا ئاتىسى ھەققىدىكى تېمىغا ئۆتتى. ئۇ ئاتىسىنىڭ كۆزلىرىگە ئۆزىگە بولغان ھەسرىتىدىن ئاق چۈشكەنلىكىنى ۋە كۆرمەس بولۇپ قالغانلىقىنى بىلەتتى. يۈسۈف كۆينىكىنى ئۇلارغا بېرىپ: سىلەر مېنىڭ بۇ كۆڭلىكىمنى ئېلىپ بېرىپ ئاتامنىڭ يۈزىگە تاشلاڭلار، كۆزى ئېچىلىدۇ، پۈتۈن ئائىلەڭلاردىكىلەرنى ئېلىپ مېنىڭ يېنىمغا كېلىڭلار. » كارۋان پەلەستىنگە قاراپ يولغا چىقتى.

يەئقۇب كۆزلىرى كور ھالدا ئۆيدە ئۆزى يالغۇز ئولتۇراتتى. كۆز يېشى يۈزىدە ئىككى سىزىق پەيدا قىلغانىدى. ئۇ تۇيۇقسىزلا ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى. ھەسرەتلىك

ئاتىنىڭ يۈزى باشقىچە تۇسكە كىردى. ئۇ كىيىملىرىنى ئالماشتۇرۇپ كېلىنلىرىنىڭ يېنىغا چىقتى. ھويلىغا چىقىپ، بېشىنى يۇقىرىغا كۆتۈردى ۋە چوڭقۇر بىر نەپەس ئالدى. ئىچىنى مىسىردىن كەلگەن شامال بىلەن تولدۇردى، ئاندىن ھۇجرىسىغا كىرىپ كەتتى.

كېلىنلەر يەئقۇبتىن سوراشتى: ـ مۆھتىرەم ئاتىمىز! بۈگۈن ساڭا نېمە بولدى؟

يەئقۇب: ـ يۈسۈفنىڭ ھىدىنى ئېلىۋاتىمەن، مېنى ئالجىپ قالدى دېمەڭلار! ـ دېدى. كېلىنلەر ھاڭ ـ تاڭ بولۇشتى. دەل شۇ چاغدا يەئقۇب بىر ئىستاكان سۈت سورىدى، ئەمما ئۇ روزا تۇتۇۋاتاتتى. شۇنداق قىلىپ، روزىسىنى بۇزغان بولدى. تۇنجى قېتىم ئۆز ئادىتىنى بۇزغانىدى. ئاخشام ۋاقتى يەنە كىيىمىنى ئالماشتۇردى. كارۋان يۈسۈفنىڭ كۆينىكىنى ئېلىپ كەلمەكتە. خۇش خەۋەرچى كېلىپ كۆڭلەكنى يەئقۇبنىڭ يۈزىگە تاشلىدى، ئۇنىڭ كۆزى ئېچىلدى. ئۇلار يۈسۈفنىڭ ئالدىغا كىرگەندە، يۈسۈف ئاتا ـ ئانىسىنى قۇچاقلىدى ۋە ئاتا ـ ئانىسىنى تەختىدە (يېنىدا) ئولتۇرغۇزدى، ئۇلار (شاھلارغا تازىم قىلىش ئادىتى بويىچە) يۈسۈفكە سەجدە قىلىشتى. ئۇ: «ئى ئاتا! مانا بۇ، بۇرۇن (كىچىك ۋاقتىمدا) كۆرگەن چۈشۈمنىڭ تەبىرىدۇر، ئۇ چۈشۈمنى پەرۋەردىگارىم ھەقىقەتەن راستقا چىقاردى. ئۇ رەببىگە دۇئا قىلماقتا. پەرۋەردىگارىم! ماڭا ھەقىقەتەن پادىشاھلىق ئاتا قىلدىڭ، چۈش تەبىرىنى بىلدۈردۈڭ، ئى ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى ئۆرنەكسىز ياراتقۇچى زات! دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە مېنىڭ ئىگەمسەن، مېنى مۇسۇلمان پېتىمچە قەبزى روھ قىلغىن، مېنى ياخشى بەندىلەر قاتارىدا قىلغىن!» دېدى.

### 606 ـ سۇئال: يۈسۈف ئەلەيھىسسالام قىسسىسىنىڭ ھېكمىتى

ھەزرىتى ئىبراھىمنىڭ قىسسىسىدە قەلبىنىڭ پەقەت اللهقا تەۋە بولۇشى ئۈچۈن، قەلبىدە ئوغلى ئىسمائىلغا بولغان تۇغما سۆيگۈسىدىن ۋاز كەچتى. ۋەقە يۈز بەرگەن چاغدا، ئىسمائىلنى بوغۇزلاش ھەققىدە بۇيرۇق ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى ۋە ئۇنىڭ ئورنىغا فىديە ئورنىتىلدى.

ھەزرىتى يەئقۇبنىڭ قەلبىدىمۇ ئوغلى يۈسۈفكە قارىتا ئوخشاش ھېس ـ تۇيغۇ بار ئىدى. ئۇ يۈسۈفنى ياخشى كۆرەتتى. ئەمما ئۇنى يوقىتىپ قويۇش بىلەن سىنالدى. ئۇنىڭ قەلبى يۈسۈف، ئۇنىڭ ئۇكىسى ۋە باشقىلىرىغا ئەمەس، بەلكى پەقەت الله قىلا تەۋە بولغاندا، الله ئۇنىڭغا ھەر ئىككى ئوغلىنى قايتۇرۇپ بەردى.

بەدنامدىمۇ ئوخشاش ۋەقە يۈز بەردى. قەلبىنىڭ پەقەت الله قىلا تەۋە بولۇشى ئۈچۈن مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەزرىتى ئائىشەگە بولغان مەيلى كۆتۈرۈۋېتىلدى. ئاندىن كېيىن، ئۇنىڭ گۇناھسىز ئىكەنلىكىگە دائىر ئايەت

چۈشۈرۈلدى.

## 607ـ سۇئال: شۇئەيب ئەلەيھسسالام

اللّٰه تائالا قۇرئاندا مۇنداق دېگەن ئىدى: مەديەن (ئەھلى) گە ئۇلارنىڭ قېرىندىشى شۇئەيبنى (پەيغەمبەر قىلىپ) ئەۋەتتۇق، ئۇ ئېيتتى: «ئى قەۋمىم! اللّٰه غا ئىبادەت قىلىڭلار، سىلەرگە اللّٰه دىن باشقا ھېچ مەبۇد (بەرھەق) يوقتۇر. پۈتۈن پەيغەمبەرلەرنىڭ چاقىرىقى ھېچقاچان ئۆزگەرمەيدىغان ئوخشاش چاقىرىقتۇر. ئىمانىنىڭ ئاساسى بۇدۇر. بۇ ئاساسسىز ئىمان، ئىمان بولالمايدۇ.»

شۇئەيب بۇ ئاساسنى چۈشەندۈرگەندىن كېيىن دەۋىتىنى داۋاملاشتۇردى: ئۆلچەمدە ۋە تارازىدا كەم بەرمەڭلار، مەن سىلەرنى ھەققەتەن باي ھېسابلايمەن، مەن ھەققەتەن سىلەرنىڭ ھەممىنى قورشاپ تۇرغۇچى كۈن (يەنى قىيامەت كۈنى) نىڭ ئازابىغا دۇچار بولۇشۇڭلاردىن قورقىمەن.

شۇئەيب توختىماستىن ھەق دىنغا دەۋەت قىلاتتى. قەۋمىنىڭ كۆڭلىگە ياقمايدىغان اللّٰهنىڭ مەنئى قىلغان بۇيرۇقلىرىنى تەبلىغ قىلىش بىلەن بىرگە مۇلايىملىق بىلەن نەسىھەت قىلىپ ئۇلارنىڭ كۆڭلىنى مايىل قىلىشقا تىرىشاتتى. ئۇلارنى ئۆلچەمدە ۋە تارازىدا دۇرۇس بولۇشقا، باشقىلارنىڭ ھەققىنى يېمەسلىككە دەۋەت قىلاتتى. مەديەن خەلقى بۇلاڭچىلىق قىلىدىغان، كارۋانلارنى قورقۇتىدىغان ۋە ئەيىكە بۇتىغا چوقۇنىدىغان ئىنكارچىلار ئىدى. شۇئەيب سۆزلىرىنى ئۇلارنىڭ جاھىللىقىنىڭ ئۇلارنى ئۆزىنى يالغانچىغا چىقىرىشىغا ۋە قارشى چىقىشىغا ئۈندەيدىغانلىقىنى ئاگاھلاندۇرۇش بىلەن باشلىدى. پەيغەمبەرلەرگە قارشى چىقىش ئېغىر ئاقىۋەتكە گىرىپتار قىلىدۇ. ئۇلارنى يالغانچىغا چىقارغانلار دائىم ھالاك بولىدۇ.

پەيغەمبەر ئۇلارنى اللّٰهقا دەۋەت قىلىپ، ئىسلاھ مېتودىنى ئوتتۇرىغا قويغان، جاھىللىق قىلىشنى چەكلىگەندىن ۋە ئۆزلىرىدىن ئىلگىرى ئىنكار قىلغۇچىلارنىڭ ھالاك بولغانلىقى بىلەن قورقۇتقاندىن كېيىن، ئۇلارغا تەۋبە ـ ئىستىغفار ئىشىكىنى كەڭ ئاچتى ۋە ئۇلارنى سىپايىلىق بىلەن ناھايىتى مەرھەمەتلىك ۋە مېھرىبان اللّٰه غا يۈزلەندۈردى.

ئۇنىڭغا ئىمان ئېيتقانلار يوقسۇل ۋە چارىسىز، ئاجىز كىشىلەر ھېسابلىناتتى. بايلار، يۇقىرى تەبىقىلىكلەر ۋە ئۇلارنىڭ قوللىغۇچىلىرى شۇئەيبكە قارشى چىقاتتى. سېنىڭ قەۋم ـ قېرىنداشلىرىڭ بولمىغاندا ئىدى، بىز سېنى چوقۇم تاش ـ كېسەك قىلىپ ئۆلتۈرەتتۇق. ئەگەر يېقىنلىرىڭ، قەۋمىڭ ۋە ساڭا ئەگەشكەنلەر بولمىسا ئىدى. بىر ئازگال كولاپ، سېنى چالما ـ كېسەك قىلىپ ئۆلتۈرەتتۇق. قەۋمى ئۇنى مازاق قىلىشتىن توختاپ، ئۇنىڭغا ھۇجۇم قىلىشقا باشلىدى. شۇئەيب ئۇلارنىڭ ئەخمىقانە

مازاقلىرىغا قارشى دەلىل كەلتۈرگەنىدى. شۇئەيب ئۇلارغا ياخشى مۇئامىلە قىلدى. قەۋمى شۇئەيبتىن بىزار بولۇشقا باشلىغانىدى.

شۇئەيب ئۇلاردىن ۋاز كەچتى. ئۇلار اﷲ نى تەرك ئەتتى، ئۇنىڭ پەيغەمبىرىنى ئىنكار قىلدى، ئۇنىڭغا سېھىرلەنگەن ۋە يالغانچى دەپ قارا چاپلىدى. شۇئەيب اﷲنىڭ ئەمرىنى كۈتمەكتە ئىدى. اﷲ ئۇنىڭغا مۇسۇلمانلارنى ئېلىپ شەھەردىن چىقىپ كېتىشنى بۇيرىدى. شۇئەيب شەھەردىن چىقتى. ئۇلۇغ اﷲنىڭ ئەمرى كەلدى. ئۇلار بىردىنلا ئۆزلىرىگە بۈيۈك بىر كۈننىڭ، يەنى بۈيۈك بىر ئازابنىڭ كەلگەنلىكىنى بىلدى. ئىش ئاياغلاشتى. ئۇلارغا ئۆيلىرىدە ئولتۇرغان يەردە قاتۇرۇپ قويىدىغان بىر ئاۋاز كەلدى. بۇ ئاۋاز جېنى بار ھەر قانداق مەخلۇقاتنى سوقتى. ئۇلار قىمىرلىيالمىدى، يۈگۈرەلمىدى، يوشۇرۇنالمىدى، ئۆزلىرىنى قۇتۇلدۇرالمىدى. ئولتۇرغان پېتى قاتتىق ئاۋازدىن قېتىپ قېلىشتى.

## 608-سۇئال: ھەزرىتى ئىلياس ئەلەيھىسسالام

ھەزرىتى ئىلياسمۇ اﷲنىڭ پەيغەمبەرلىرىدىن بىرى ئىدى. ھەزرىتى ئىلياس بىلەن ئۇنىڭ قەۋمى ئارىسىدا بەئەلى ئىسىملىك بۇت سەۋەبىدىن تالاش-تارتىش چىقتى. ئىلياس ئۇلارنى اﷲقا دەۋەت قىلاتتى. ئۇلار بەئەلى دېگەن بۇتقا چوقۇنۇشنى داۋاملاشتۇرىۋەردى. ئۇلۇغ اﷲ ساففات سۈرىسىدە مۇنداق دېگەنىدى: ئىلياسمۇ ھەقىقەتەن پەيغەمبەرلەردىندۇر. ئۆز ۋاقتىدا ئۇ قەۋمىگە ئېيتتى: «(اﷲ دىن) قورقمامسىلەر؟ سىلەر ياراتقۇچىلارنىڭ ئەڭ ئەۋزىلى (اﷲ نى) تەرك ئېتىپ، بەئلى (ناملىق بۇت)گە چوقۇنامسىلەر؟ اﷲ سىلەرنىڭ پەرۋەردىگارىڭلاردۇر ۋە بۇرۇنقى ئاتا-بوۋاڭلارنىڭ پەرۋەردىگارىدۇر» ئۇلار ئۇنى ئىنكار قىلدى. شەك-شۈبھىسىزكى، ئۇلار (ئازابقا) ھازىر قىلىنىدۇ. پەقەت اﷲنىڭ ئىخلاسمەن بەندىلىرى بۇنىڭدىن مۇستەسنا. كېيىنكىلەر ئىچىدە ئۇنىڭغا (يەنى ئىلياسقا) ياخشى نام قالدۇردۇق. ئىلياسقا (بىزدىن) سالام بولسۇن! بىز ھەقىقەتەن ياخشى ئىش قىلغۇچىلارنى مۇشۇنداق مۇكاپاتلايمىز. ھەقىقەتەن ئۇ بىزنىڭ مۆمىن بەندىلىرىمىزدىندۇر.

## 609-سۇئال: ئىدرىس ئەلەيھىسسالام

ھەزرىتى ئىدرىسنىڭ قاچان ياشىغانلىقىنى، قايسى قەۋمگە پەيغەمبەر بولۇپ كەلگەنلىكىنى، اﷲنىڭ ئۇنى قانداق يۈكسەك مەرتىۋىگە ئېرىشتۈرگەنلىكىنى بىز ئېنىق بىلمەيمىز. رىۋايەتلەردە ھەزرىتى ئىدرىسنىڭ قەدىمكى مىسىر رىۋايەتلىرىدىكى قەھرىمان ئوزىرىس ئىكەنلىكى سۆزلىنىدۇ.

قولىمىزدا ئىدرىس ھەققىدە ئىشەنچلىك ماتېرىيال مەنبەسى بولمىغاچقا، بۇ ھەقتە ئېنىق بىر مەلۇمات بېرەلمەيمىز. بەلكى ئىدرىس مىسىرغا ئەۋەتىلىپ، مەريەم

ئوغلى ئىساغا ئوخشاش اﷲ تەرىپىدىن ئاسمانغا ئېلىپ چىقىپ كېتىلگەن بۈيۈك بىر پەيغەمبەر بولۇشى ۋە ئۇ ئاسمانغا ئېلىپ چىقىلغاندىن كېيىن قەۋمى پىتنە ـ پاسات ئويدۇرۇپ، رىۋايەتتىكى ئىلاھ قىلىۋالغان بولۇشى مۇمكىن، بەلكى ۋەقەلەر پۈتۈنلەي باشقا بىر خىل بولغان بولۇشىمۇ مۇمكىن. اﷲنىڭ كالامىدا بۇ توغرىلىق ھېچقانداق ئىزاھ بېرىلمىگەن، پەقەتلا ئۇنىڭ دۇرۇس بىر پەيغەمبەر ئىكەنلىكى ۋە اﷲنىڭ ئۇنى كاتتا بىر مەرتىۋىگە ئېرىشتۈرگەنلىكى سۆزلەنگەن.

## 610ـ سۇئال: ئەييۇب ئەلەيھىسسالام

ئۇلۇغ اﷲ بەندىسى ئەييۇبنى قۇرئاندا مۇنداق ماختىغانىدى: بىز ئەييۇبنى ھەقىقەتەن سەۋرچان بايقىدۇق، ئۇ نېمىدېگەن ئوبدان بەندە! ھەقىقەتەن ئۇ (اﷲ غا) تەۋبە بىلەن يۈزلەنگۈچىدۇر. ئەييۇب زىكىر قىلىش، شۈكۈر قىلىش ۋە سەۋر قىلىش ئارقىلىق داۋاملىق اﷲ غا يۈزلىنەتتى. سەۋر قىلىشى ئۇنىڭ قۇتۇلۇش سەۋەبى ۋە اﷲنىڭ ئۇنى ماختىشىنىڭ ھېكمىتى ئىدى.

پەرىشتىلەر مەخلۇقات ۋە ئۇلارنىڭ ئىبادەتلىرى ھەققىدە ئۆزئارا پاراڭلاشتى. ئۇلاردىن بىرى:

ـ پۈتۈن يەر يۈزىدە ئەييۇبتىنمۇ ياخشى بىرى يوقتۇر. ئۇ، ئەڭ ئىمانلىق، اﷲ غا ئەڭ كۆپ ئىبادەت قىلىدىغان، نېئمەتلەرگە ئەڭ كۆپ شۈكرى قىلىدىغان ۋە ئۇنىڭغا كۆپ دۇئا قىلىدىغان مۆئمىندۇر. شەيتان قىلىنغان بۇ گەپلەرنى ئاڭلىدى. قىلىنغان سۆزلەر ئۇنى بىئارام قىلمىغانىدى. ئۇ ئەييۇبنى ئازدۇرۇش مەقسىتىدە دەرھال ئۇنىڭ يېنىغا ئۇچتى. لېكىن ئەييۇب بىر پەيغەمبەر ئىدى. ئۇنىڭ قەلبى اﷲقا مەھكەم باغلانغان ۋە ئۇنىڭ سۆيگۈسى بىلەن تولغانىدى. شەيتانىنىڭ ئۇنىڭغا كۈچى يەتمەيتتى. شەيتان ئەييۇبنى ئازدۇرۇشتىن ئۈمىدىنى ئۈزۈپ، اﷲقا مۇنداق دېدى:

«ئى اﷲ! ساڭا ئىبادەت قىلىۋاتقان ۋە ئۇلۇغلاۋاتقان بەندەڭ ئەييۇب ساڭا سېنى ياخشى كۆرگەنلىكىدىن ئەمەس، بەلكى پەقەت بەزى غايىلىرى ئۈچۈن ئىبادەت قىلىدۇ. يەنى سەن ئۇنىڭغا مال ـ بايلىق ۋە ئوغۇللارنى بەرگەنلىكىڭ ئۈچۈن ساڭا ئىبادەت قىلىۋاتىدۇ. ئۇ سېنىڭ ئۇنىڭ مال ـ مۈلكىنى ۋە بالىلىرىنى قوغدىشىڭنى ئۈمىد قىلىدۇ. ئۇنىڭ ساڭا بۇنچە ئىبادەت قىلىشىنىڭ سەۋەبى سېنىڭ ئۇنىڭغا بەرگەن ئۇنچە نېمىتىڭ ئۈچۈندۇر. ئۇ بۇلارنىڭ يوقاپ كېتىشىدىن قورقىدۇ. شۇڭا ئۇنىڭ ئىبادىتى ئارزۇ ۋە قورقۇنچ ئۈچۈندۇر. ئۇنىڭ ئىبادىتىگە ئارزۇ ۋە قورقۇنچ ئارىلىشىپ كەتكەن. بۇ، سەممىي ئىبادەت ۋە سەممىي سۆيگۈ ئەمەس. »

رىۋايەتتە مۇنداق دېيىلگەن: «ئۇلۇغ اﷲ ئېيتىسقا: ئەييۇب ئىماندا سەممىي، مۆئمىن بىر بەندىدۇر. ئۇنىڭ ئىمانى بىر پارچە چوغ بولۇپ، ئۇنىڭ سەۋر تاقىتى ئەڭ

ئۇلۇغ ئۆلگىدۇر. ئۇنىڭ مال ـ مۈلۈكىنى ساڭا بەردىم. ئۇلارنى خالىغىنىڭچە تەسەررۇپ قىلغىن. ئاندىن نەتىجىگە قارا!» دەيدۇ.

شۇنىڭ بىلەن شەيتانلار ھەرىكەتلىنىپ ئەييۇبنىڭ يەر ـ زېمىنى، مال ـ مۈلكى، ئاشلىق ـ زىرائىتى ۋە نېئمەتلىرىنى ۋەيران قىلىۋېتىشتى. ئەييۇب بىردىنلا مال ـ دۇنيا ئىگىسىدىن ھېچنېمىسى بولمىغان يوقسۇلغا ئايلاندى. شەيتان ئەييۇبنىڭ نېمە قىلىدىغانلىقىنى كۆزىتىشكە باشلىدى. ئەييۇب مۇنداق دېدى: ـ الله ئۇلارنى ماڭا ئارىيەتكە بەرگەنىدى قايتۇرۇۋالدى. ئۇلار مەندىكى ئامانەت ئىدى. ئۇلاردىن ئۇزۇن مەزگىل پايدىلاندۇق. بىزگە شۇنچە نېئمەتلەرنى بەرگەنلىكى ئۈچۈن اللهقا ھەمدى ئېيتىمىز. بۈگۈن ئۇلارنى قايتۇرۇۋالدى. بەرگەندە، ئالغاندا، خۇشاللىقتا، ئازابتا، پايدىلىق ۋاقىتتا، زىيانلىق ۋاقىتتا اللهغا ھەمدى ئېيتىمىز. ئۇ مۈلۈكنىڭ ئىگىسىدۇر. مۈلۈكنى خالىغان كىشىگە بېرىدۇ. خالىغىنىدىن قايتۇرۇۋالىدۇ. خالىغان كىشىنى ئەزىز، خالىغىنىنى خار قىلىدۇ.

ئاندىن ئەييۇب سەجدە قىلدى. شەيتان مات بولۇپ ھەيرانلىق ئىچىدە قالدى ۋە اللهنىڭ يېنىغا قايتىپ، مۇنداق دېدى: ـ ئى الله! ئەييۇبنىڭ نېئمەتكە ھەمدى ئېيتىش، بالا ـ قازاغا سەۋر قىلىش بىلەن كۈتۈۋالغىنىغا قارىغاندا، ئۇ بالىلىرىغا ئىشىنىۋاتقان ئوخشايدۇ. ئۇ بالىلىرىنىڭ ياردىمىگە تايىنىپ ماللىرىنى قايتۇرۇۋېلىشنى ئويلاۋاتىدۇ. رىۋايەتتە يەنە مۇنداق دېيىلگەنىدى: الله ئەييۇبنىڭ بالىلىرىنى شەيتاننىڭ ئىلكىگە بەردى. شەيتان ئۆينى ئۇلارنىڭ ئۈستىگىلا باستۇرۇپ، ھەممىسىنى ئۆلتۈرۈۋەتتى. بۇ قېتىم ئەييۇب رەببىگە مۇنداق دۇئا قىلدى: ـ الله بەرگەنىدى، يەنە الله ئالدى. بەرگىنىدە، ئالغىنىدا، ئازابتا، خۇشاللىقتا، پايدىدا ۋە زىياندا يەنىلا اللهقا ھەمدى ئېيتىمەن. ئاندىن ئەييۇب سەجدە قىلدى.

شەيتان يەنە بىر قېتىم مات بولۇپ ھەيرانلىق ئىچىدە قالدى ۋە اللهنىڭ قېشىغا بېرىپ، اللهقا:

ـ چۈنكى ئەييۇبنىڭ تېنى سالامەت بولغانلىقى ئۈچۈن داۋاملىق سەۋر قىلىۋاتىدۇ.

ـ ئى الله! ئەگەر مېنى ئۇنىڭ ۋۇجۇدىنى بىئارام قىلىشقا بۇيرۇساڭ، ئۇ سەۋر قىلىشتىن ۋاز كەچكەن بولاتتى، ـ دېدى. يەنە رىۋايەتلەرگە ئاساسلانغاندا: ئۇلۇغ الله شەيتاننىڭ ئەييۇبنىڭ ۋۇجۇدىدا خالىغانچە ھەرىكەت قىلىشىغا رۇخسەت قىلدى. شەيتان ئەييۇبنىڭ ۋۇجۇدىنى ئۆتمە ـ تۆشۈك قىلىۋەتتى. ئەييۇب بەدىنى يىرىڭلاپ پارچە ـ پارچە چۈشۈپ كېتىدىغان بىر خىل تېرە كېسىلىگە گىرىپتار بولدى. ئۇرۇق ـ تۇغقان، دوست ـ بۇرادەرلىرى ئۇنى تاشلاپ كېتىشتى. ئۇنىڭ يېنىدا پەقەت ئايالىلا

قالغانىدى.

ئەييۇب سەۋر قىلىش ۋە اللەقا شۇكرى ئېيتىشنى داۋاملاشتۇردى. سالامەت ئۆتكەن كۈنلىرى ئۈچۈن اللەقا ھەمدى ئېيتتى. شۇنداقلا، اللەقا كېسەل بالاسى ئۈچۈنمۇ ھەمدى ئېيتتى. ھەر ئىككى ھال ئۇنىڭ خاراكتېرىنى ئۆزگەرتمىگەنىدى.

شەيتان ئاچچىقىدىن يېرىلىپ كېتەيلا دەپ قالدى. نېمە قىلىشنى بىلەلمەي قالغانىدى. ئاخىرى بولماي، شەيتانلار ئارىسىدىكى مەسلىھەتچىلىرىنى بىر يەرگە يىغىپ، ئۇلارغا ئۆزى بىلەن ئەييۇب ئارىسىدا بولۇپ ئۆتكەن ئىشلارنى سۆزلەپ بەردى. ئەييۇبنى ئازدۇرۇش ياكى سەۋر ـ تاقىتىدىن، شۇكۇر ـ قانائىتىدىن ۋاز كەچتۈرۈۋېتىشكە ئۇمىدسىزلىكىنى ئوتتۇرىغا قويغاندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ بۇ ھەقتە قانداق پىكرى بارلىقىنى سورىدى. شەيتانلاردىن بىرى مۇنداق دېدى:

ـ سەن ئىنسانىيەتنىڭ ئاتىسى بولغان ئادەمنى جەننەتتىن چىقارغاندا، ئۇنىڭغا قايسى تەرەپتىن يېقىنلاشقانىدىڭ؟

ئىبلىس: ئاھ... سەن ھاۋۋانى كۆزدە تۇتۇۋاتىسەن، ـ دېدى. ئىبلىسنىڭ ئەقلىگە (ئەقلى بولسا) يېڭى بىر پىكىر كەلدى. ئۇ ئەييۇبنىڭ ئايالىنىڭ يېنىغا بېرىپ، ئۇنىڭ قەلبىنى ئۈمىدسىزلىك بىلەن تولدۇردى. ئايال ئەييۇبنىڭ يېنىغا كېلىپ مۇنداق دېدى: اللە بۇ ئازابنى قاچان سەندىن كۆتۈرىۋېتىدۇ؟ ماللىرىڭ، تۇغقانلىرىڭ، دوستلىرىڭ قېنى؟ ياشلىقىڭ قېنى؟ ئۇ كۈچتۈڭگۈر ھالىڭ قېنى؟

ئەييۇب ئايالىغا: شەيتان سېنى ئازدۇرۇپتۇ. سەن ئۆزەڭنى يوقىتىپ قويغان كۈچۈڭ ۋە ئۆلۈپ كەتكەن بالاڭ ئۈچۈن ھەسرەت چەكتىڭمۇ؟ ـ دېدى.

ئايالى: نېمە ئۈچۈن اللەنىڭ ساڭا شىپا بېرىشى، ئۈستۈڭدىن بالانى كۆتۈرۈۋېتىشى ۋە دەرت ـ ئەلىمىڭنىڭ تۈگىشى ئۈچۈن دۇئا قىلمايسەن؟ ـ دەپ سورىدى.

ئەييۇب: راھەت ـ پاراغەتتە نەچچە يىل ياشىدۇق؟ ئايالى: 80 يىل.

ئەييۇب: بۇ بالاغا مۇپتىلا بولغىلى نەچچە يىل بولدى؟ ئايالى: يەتتە يىل بولدى.

ئەييۇب: اللە دىن مەندىن بۇ بالانى كۆتۈرۈۋېتىشى ئۈچۈن دۇئا قىلىشقا خىجىل بولۇۋاتىمەن. بالا ـ قازا ئىچىدە، راھەت ـ پاراغەت ئىچىدە ياشىغاندەك ئۇزۇن ياشىمىدىم. سېنىڭ ئىمانىڭ سۇسلىشىپ كەتتى. اللەنىڭ تەقدىرىگە ۋايسىدىڭ، ئەگەر ئەھۋالىم ياخشىلىنىپ، بۇرۇنقى كۈچۈمگە كېلەلىسەم، سېنى 100 دەررە ئۇرمايدىغان بولسام. بۈگۈندىن ئېتىبارەن سېنىڭ قولۇڭدىن بىر نەرسە يېيىش ـ ئىچىش ماڭا ھارام بولسۇن! سېنى ھېچقانداق ئىشقا بۇيرىمايمەن. يېنىمدىن يوقال! ـ دېدى.

ئايالى كەتتى، ئەييۇب يەنە سەۋر قىلغان ھالدا يالغۇز قالدى. ئۇ، تاغلارمۇ چىدىيالمايدىغان ئېغىر ئازابقا چىداۋاتاتتى. ئاخىرى ئەييۇب زېرىككىنىدىن ياكى ئاچچىقىدىن ئەمەس، بەلكى مەرھەمەت تەلەپ قىلغان ھالدا اللەقا دۇئا قىلدى. الله دىن ئۆزىگە شىپالىق بېرىشىنى تەلەپ قىلدى. الله مۇ ئۇنىڭ دۇئاسىنى قوبۇل قىلدى. اللەنىڭ پەيغەمبىرى رەببىگە دۇئا قىلىش ئۈچۈن تاغلارغا چىقتى.

ئۇلۇغ الله ئۇنىڭغا تاغدىكى بۇلاقلاردىن بىرىدە يۇيۇنۇشنى ۋە ئۇنىڭ سۈيىدىن ئىچىشنى بۇيرۇدى. ئەييۇب يۇگۈرگەن پېتى بېرىپ يۇيۇندى ۋە سۇدىن ئىچتى. كۆپ ئۆتمەيلا قىزىتمىسى تۆۋەنلەپ، كېسىلىنىڭ پۈتۈنلەي ساقايغانلىقىنى ۋە ئاغرىقىنىڭ توختىغانلىقىنى ھېس قىلدى. الله ئەييۇبقا ئۇنىڭ ئائىلىسىنى، شۇنداقلا ئۆز رەھمىتىدىن ئۇلارغا يەنە بىر ھەسسىنى قوشۇپ بەردى. ئەييۇب ئەمدى يالغۇز ئەمەس ئىدى.

ئۇزۇن مەزگىل داۋام قىلغان كېسەلدىن كېيىن سالامەتلىكى ئەسلىگە كەلگەنىدى. ئەييۇب الله غا ھەمدى ئېيتتى. ئۇ ساقايغاندىن كېيىن ئايالىنى 100 دەررە ئۇرماقچى بولغانىدى. مانا ئەمدى ساقايدى. الله ئۇنىڭ ئايالىنى ئۇرۇش مەقسىتىنىڭ يوقلىقىنى بىلەتتى. الله ئۇنىڭ قەسىمىنىڭ بۇزۇلماسلىقى ۋە ئۇنىڭ يالغانچى بولۇپ قالماسلىقى ئۈچۈن، ئۇنىڭغا ئەتراپتىن يۈز دانە رەيھان چۆپنى تۇتۇپ ئايالىنى بىر قېتىم ئۇرۇشنى بۇيرىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ سۆزىگە ئەمەل قىلغان ۋە يالغان ئېيتمىغان بولدى.

الله ئەييۇبنى ئۇنىڭ سەۋر ـ تاقىتى ئۈچۈن مۇكاپاتلىدى ۋە قۇرئاندا ئۇنى مۇنداق دەپ ماختىدى: بىز ئەييۇبنى ھەقىقەتەن سەۋرچان بايقىدۇق، ئۇ نېمىدېگەن ئوبدان بەندە! ھەقىقەتەن ئۇ (الله غا) تەۋبە بىلەن يۈزلەنگۈچىدۇر.

## 611ـ سۇئال: يۇنۇس ئەلەيھىسسالام

زۇننۇن ۋە يۇنان ئىسىملىرى بىلەنمۇ زىكىر قىلىنغان يۇنۇس الله تەرىپىدىن ئۆز قەۋمىگە ئەۋەتىلگەن پەيغەمبەر ئىدى. ئۇمۇ قەۋمىگە ۋەز ـ نەسىھەت قىلىپ ئۇلارنى ياخشىلىققا يېتەكلەيتتى. ئۇلارنى قىيامەت كۈنىدىن، جەھەننەمدىن ئاگاھلاندۇرۇپ جەننەتكە دەۋەت قىلاتتى. خەيرلىك ئىشلارغا، بىر الله غا ئىبادەت قىلىشقا بۇيرۇيتتى. زۇننۇن قەمگە ئۆزلۈكسىز تۈردە نەسىھەت قىلغان بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ بىرىمۇ ئىمان ئېيتمىدى. قەۋمىنىڭ ئىمان ئېيتمىغانلىقىدىن غەزەپلەنگەن، ئۈمىدىنى ئۈزگەن يۇنۇس كۆڭلەرنىڭ بىرىدە ئۇلاردىن ئايرىلىشنى قارار قىلدى. ئەلقىسسە، يۇنۇس كېمە بىلەن باشقا يەرگە كېتىش ئۈچۈن دېڭىز بويىغا كەلدى. الله ئۇنىڭ قەۋمىنى تاشلاپ كەتمەسلىكىنى، ئۇلاردىن ئۈمىدىنى ئۈزمەسلىكىنى بۇيرۇغان ئىدى.

قەۋمدىن قانداق ئايرىلغانلىقىنى ئەسلەپ تېخىمۇ ئازابلاندى ۋە كېمىگە چىقتى. ئۇ اللهنىڭ بىر تەقدىرىدىن يەنە بىر تەقدىرىگە قېچىۋاتقانلىقىنى بىلمەيتتى.

ئەقىللىق ۋە ھۇشيار كېمە كاپىتانى يۇنۇسقا دىققەت بىلەن قاراپ ئۇنىڭ ئىنسانلاردىن قورقۇۋاتقانلىقىنى ياكى ئۇلاردىن ئەندىشە قىلغانلىقى ئۈچۈن تاقەتسىزلىنىۋاتقانلىقىنى بىلىۋالغان ئىدى. نۇرغۇن يۇرتلارنى كۆرگەن، دۇنيانى ئايلىنىپ ئۆتكەن ھايات ئۇنى كىشىلەرنىڭ ھېسسىياتىنى پەرەز قىلالايدىغان بىرىگە ئايلاندۇرغان ئىدى. كاپىتان يۇنۇستىن باشقا يولچىلارغا قارىغاندا ئۈچ ھەسسە ئارتۇق پۇل سورىدى. يۇنۇس بىئارام بولغان ۋە خاپا ھالدا تۇراتتى. بۇ يۇرتتىن تېز چىقىپ كېتىشنى خىيال قىلاتتى. شۇڭا كاپىتاننىڭ دېگىنىنى بەردى. كاپىتان ئالتۇن تەڭگىلەرنى قولىغا ئېلىپ، چىشلىرى بىلەن تەڭگىلەرنى راست ـ ساختىلىقىنى تەكشۈرۈشكە باشلىدى. تەڭگىلەر ساختا ئەمەس ئىدى. بۇ ئىشلارغا قاراپ يۇنۇسنىڭ قاتتىق ئاچچىقى كەلدى. ئاخىرى كاپىتان ئۇنى كېمىسىگە ئالدى. يۇنۇس: ماڭا ھۇجرامنى كۆرسىتىپ قويغىن. مەن ھېرىپ كەتتىم، بىر ئاز ئارام ئېلىۋالاي، ـ دېدى. كاپىتان: چىرايىڭدىن ھارغىنلىقىڭ چىقىپ تۇرىدۇ. ئەنە ئۇ سېنىڭ ھۇجراڭ، ـ دەپ بىر ھۇجرىنى ئىشارەت قىلدى.

يۇنۇس ئۆزىنى كىيىملىرى بىلەنلا تۆشەككە ئاتتى. تۆشەكتە ياتقان يۇنۇسنىڭ زېھنىدە يەر ئالغان بۇ ئازابلىق مۇجادىلىدىن كېيىن جېنىنى سىققان غەم ـ ئەندىشە ئۇنى قاتتىق ئۇيقۇغا چۆمدۈردى. تاڭ سۈزۈلدى. كېمە يولغا چىقتى.

كېمە مەيىن شامالغا ئەگىشىپ كۆپ بويىي ئىلگىرىلىدى. كەچ كىرگەندە، بىردىنلا قاتتىق بوران چىقىپ كەتتى. كېمىنىڭ ئارقىسىدا يوغان بىر بېلىق ئاغزىنى ئاچقان ھالدا سۇلارنى يېرىپ كېلىۋاتاتتى. الله دېڭىز ئاستىدىكى بېلىقلاردىن بىرىگە دېڭىزنىڭ ئۈستىگە چىقىشنى بۇيرىدى. بېلىق ئۆزىگە قىلىنغان بۇيرۇققا دەرھال بويسۇنۇپ، دېڭىز ئۈستىگە چىقىپ كېمىنىڭ ئارقىسىدىن ئەگىشىپ ماڭدى.

بوران توختىمىدى. كاپىتان كېمىدىكى يۈكنى يېنىكلىتىشكە بۇيرىدى. ساندۇقلار، خالتا ـ تاغارلار ۋە كومزەكلەر سۇغا تاشلاندى. بوران تېخىمۇ كۈچىيىشكە باشلىدى. يۇنۇس ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ كەتتى. ھۇجرىدىكى ھەممە نەرسە پۇلاڭلىماقتا ئىدى. ئۇ ئۆرە تۇرماقچى بولدى. ئەمما تۇرالمىدى. ھۇجرىدىن چىقىشىغا ئۇنى كۆرگەن كاپىتاننىڭ ئۇنىڭ ھەققىدە تۇيغان شۈبھىلىرى يادىغا كەلدى ۋە مۇنداق دەپ ۋاقىرىدى: ـ دېڭىزدا تۇيۇقسىز بوران چىققىنىغا قارىغاندا، كېمىدە گۇناھكار بىرىنىڭ بارلىقى ئېنىق، بولمىسا بوران چىقمايتتى. ئارىمىزدا چەك تاشلايمىز. كىمنىڭ ئىسمى چىقسا، شۇنى دېڭىزغا تاشلايمىز.

يۇنۇس بۇ ئىشنىڭ بوران چىققاندا كېمىدە قىلىنىدىغان ئادەت ئىكەنلىكىنى بىلەتتى. يۇنۇس خالىمىغان ھالدا ئۇلارغا قوشۇلۇشقا مەجبۇر بولدى. ئىسمىنى باشقا يولۇچىلارنىڭ ئىسمىنىڭ ئارىسىغا قويدى. چەك تارتىلدى، چەكتىن ئۇنىڭ ئىسمى چىقتى. ئادەت بويىچە، چەك قايتا تارتىلدى، يەنە يۇنۇسنىڭ ئىسمى چىقتى. ئۈچىنچى قېتىملىق چەك قالدى. بۇ قېتىم كىمنىڭ ئىسمى چىقسا، شۇ دېڭىزغا تاشلىناتتى. كۆزلەر يۇنۇسقا تىكىلدى، شۇبھىلىك قاراشلار ئۇنىڭ ئەتراپىنى ئورىغانىدى. چەك ئۈچىنچى قېتىم تارتىلدى. كېمە كاپىتانى چەكتىكى ئىسمىنى ئوقۇۋاتقاندا، يۇنۇسنىڭ يۈرىكى قارتىتىدە قىلىپ قالدى.

ئىش تۈگىدى. يۇنۇسنىڭ كېمىدىن ئۆزىنى ئېتىشى قارار قىلىندى. يۇنۇس كېمىنىڭ رىشاتكىسىغا چىقىپ بولۇپ، ئاچچىقىدىن قەۋمىنى تاشلاپ كەتكەنلىكىنى ۋە اللەنىڭ بۇنىڭغا جازا بەرمەيدۇ دەپ ئويلاپ خاتالاشقانلىقىنى چۈشەندى. كاپىتان ۋارقىرىدى: ـ سەكرە! ناتونۇش يولۇچى! بوران تېخىمۇ كۈچەيدى. يۇنۇس كۈچىنى يىغىپ، ئۆزىنىڭ تەڭپۇڭلۇقىنى ساقلاپ قېلىشقا تىرىشتى. كېمە خىزمەتچىسى يۇنۇسنىڭ ھەرىكىتى ئاستا دەپ ئويلاپ، ئۇنى تۇتۇپ دېڭىزغا ئاتتى. يۇنۇس دېڭىزغا خۇددى بىر پارچە تۆمۈردەك چۈشتى. بېلىق بىردىنلا كۆز ئالدىدا يۇنۇسنى كۆردى. يۇنۇس دېڭىز دولقۇنلىرىنىڭ ئۈستىدە ياتاتتى. اللە ئۇنىڭغا كەچلىك تائام ئەۋەتكەنىدى. بېلىق يۇنۇسنى يۇتتى. خۇددى زىندان ئىشكلىرى تاقالغاندەك، يوغان ئېغىزىنى دەرھال يۇمۇپ، دېڭىز ئاستىغا قاراپ شۇڭغىدى. ئۇنىڭ قورسقى تويغانىدى.

يۇنۇس بىردىنلا ئۆزىنى بېلىقنىڭ قورسىقىدا كۆردى. بېلىق ئۇنى ئېلىپ دېڭىزدا ئۈزمەكتە. دېڭىز ئۇلار بىلەن بىللە كېچىنى ئۆتكۈزمەكتە ئىدى. ئۈچ قاراڭغۇلۇق، بىرىنىڭ ئۈستىگە بىرى... بېلىقنىڭ قارنىدىكى قاراڭغۇلۇق... دېڭىز ئاستىدىكى قاراڭغۇلۇق... كېچىنىڭ قاراڭغۇلۇقى...

يۇنۇس ئۆزىنى ئۆلدۈم دەپ ئويلىدى. ئەمما ئۆزىنىڭ ھەرىكەت قىلىۋاتقانلىقىنى سەزدى. دېمەك ئۆلمىگەنىدى. لېكىن ئۇ ئۈچ قاراڭغۇلۇقنىڭ ئارىسىدا قالغانىدى.

يۇنۇس يىغلاشقا ۋە اللە نى ياد ئېتىشكە باشلىدى. ئاۋۋال قەلبى، ئاندىن تىلى ھەرىكەتلىنىپ اللە نى زىكىر قىلىشقا باشلىغانىدى.

«(پەرۋەردىگارىم) سەندىن بۆلەك ھېچ مەبۇد (بەرھەق) يوقتۇر، سەن (جىمى كەمچىلىكلەردىن) پاكتۇرسەن، مەن ھەقىقەتەن (ئۆز نەپسىمگە) زۇلۇم قىلغۇچىلاردىن بولدۇم»، «(پەرۋەردىگارىم) سەندىن بۆلەك ھېچ مەبۇد (بەرھەق) يوقتۇر، سەن (جىمى كەمچىلىكلەردىن) پاكتۇرسەن، مەن ھەقىقەتەن (ئۆز نەپسىمگە) زۇلۇم قىلغۇچىلاردىن بولدۇم»، «(پەرۋەردىگارىم) سەندىن بۆلەك ھېچ مەبۇد (بەرھەق) يوقتۇر، سەن (جىمى

كەمچىلىكلىرىدىن) پاكتۇرسەن، مەن ھەقىقەتەن (ئۆز نەپسىمگە) زۇلۇم قىلغۇچىلاردىن بولدۇم. »

يۇنۇس بېلىقنىڭ قارنىدا دۇم يېتىپ، الله نى توختىماي زىكىر قىلماقتا ئىدى. بېلىق ئۈزىۋېرىپ ھاردى. دېڭىز ئاستىغا چۆكتى. ۋە ئۇيقۇغا كەتتى. يۇنۇس توختىماي زىكىر ئېيتاتتى، ھاياجىنى بېسىلمايتتى، يىغىسى توختىمايتتى، ھەرىكەتلەنمەيتتى، يۇنۇسنىڭ ئوزۇقى تەسبىھ ئېيتىش ئىدى.

بېلىقلار، ئۆسۈملۈكلەر، دېڭىز ئاستىدا ياشايدىغان پۈتۈن جانلىقلار يۇنۇسنىڭ زىكرىنى ئاڭلىغان ئىدى. زىكىر ـ تەسبىھ پەقەت بۇ بېلىقنىڭ قارنىدىن چىقىۋاتاتتى. جانلىقلارنىڭ ھەممىسى بۇ بېلىقنىڭ ئەتراپىغا توپلاندى. ئاندىن ئۇلارمۇ زىكىر ئېيتىشقا باشلىدى، ھەر بىرى ئۆز تىلى ۋە ئۆز ئۇسلۇبىدا زىكىر ئېيتماقتا ئىدى.

بۇ زىكىر ئاۋازلىرى يۇنۇسنى يۇتقان بېلىقنىمۇ ئويغاتتى. ئۇ دېڭىزدىكى پۈتۈن بېلىقلارنىڭ، دېڭىز ھايۋانلىرىنىڭ، قىيالىقلارنىڭ ۋە قۇملارنىڭ قاينام ـ تاشقىنلىققا چۆمگەنلىكىنى كۆردى. ھەممىسى الله غا تەسبىھ ئېيتىۋاتاتتى. ئۇمۇ تەسبىھكە قېتىلدى. ئۆزىنىڭ بىر پەيغەمبەرنى يۇتىۋالغانلىقىنى بىلىپ قورقۇپ كەتتى. ئەمما يەنە ئۆز ـ ئۆزىگە:

ـ نېمە ئۈچۈن قورقىمەن؟ ئۇنى يۇتۇشۇمنى ماڭا الله بۇيرىمىدىمۇ؟ ـ دېدى.

يۇنۇسنىڭ بېلىقنىڭ قارنىدا قانچىلىك ۋاقىت تۇرغانلىقى ئېنىق ئەمەس. ئۇ داۋاملىق الله غا تەسبىھ ئېيتماقتا، قەلبى، تىلى ۋە كۆز ياشلىرى بىلەن:

«(پەرۋەردىگارىم) سەندىن باشقا ھېچ مەبۇد (بەرھەق) يوقتۇر، سەن (جىمى كەمچىلىكلىرىدىن) پاكتۇرسەن، مەن ھەقىقەتەن (ئۆز نەپسىمگە) زۇلۇم قىلغۇچىلاردىن بولدۇم» دەپ نىدا قىلدى.

الله يۇنۇسنىڭ تەۋبىسىدىكى سەممىيىتىنى كۆردى. ئۇنىڭ بېلىقنىڭ قارنىدا تۇرۇپ ئېيتقان تەسبىھىنى ئاڭلىدى. بېلىققا دېڭىزنىڭ يۈزىگە چىقىپ، يۇنۇسنى بەلگىلەنگەن ئارالغا تاشلىشنى بۇيرىدى. بېلىق بۇيرۇققا بىنائەن ئۇنى ئارالغا چىقاردى.

بېلىق دېڭىزنىڭ بەكمۇ يىراق جايلىرىغا كەتكەندى. الله ئۇنى قاراڭغۇلۇقلارنىڭ ئىچىدە تەۋبە قىلغان پەيغەمبەرنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ بېلىققا بۇيرۇق قىلدى. يۇنۇس دېڭىزنىڭ سوغۇقى ۋە قاراڭغۇلۇقىدىن قۇتۇلۇپ، كۈننىڭ ئىسسىقىغا ۋە زېمىننىڭ نېئمەتلىرىگە ئېرىشتى.

**612ـ سۇئال: مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ دۇنياغا كېلىشى ۋە تەربىيىلىنىشى**

مۇسانىڭ ئانىسى ھارۇنغا بوۋاقلار ئۆلتۈرۈلمەيدىغان يىلدا ھامىلە بولدى. شۇڭا

ئۇنى قورقماي تۇغدى. مۇسا بوۋاقلارنىڭ ئۆلتۈرۈلىدىغان يىلى تۇغۇلدى. ئانىسى ئۇنى قورقۇپ ئەندىشىلەنگەن ھالدا تۇغدى. ئۇنىڭ ئۆلتۈرۈلىشىدىن قورقاتتى، ئۇنى مەخپىي ئېمىتەتتى، مۇبارەك بىر كېچىدە اﷲ ئۇنىڭغا مۇنداق دەپ ۋەھىي قىلدى: مۇسانىڭ ئانىسىغا ئىلھام بىلەن بىلدۈردۇقكى: «مۇسانى ئېمىتكىن، ئۇنىڭ زىيانكەشلىككە ئۇچرىشىدىن قورقساڭ، ئۇنى (ساندۇققا سېلىپ) دەرياغا (يەنى نىل دەرياسىغا) تاشلىغىن، ئۇنى (ھالاك بولارمىكىن دەپ) قورقمىغىن، (ئۇنىڭ پىراقىدىن) قايغۇرمىغىن، ئۇنى ساڭا چوقۇم قايتۇرىمىز ۋە ئۇنى پەيغەمبەرلەردىن قىلىمىز.»

اﷲنىڭ ۋەھيىسى تۈگىشىگىلا، مۇسانىڭ ئانىسى بۇ مەرھەمەتلىك ۋە مۇقەددەس ئاۋازغا ئىتائەت قىلدى. مۇسا ئۈچۈن كىچىك بىر ساندۇق ياسىدى. ئۇنى ئەمگۈزۈپ ساندۇق ئىچىگە قويۇپ، نىل دەرياسىغا قويۇپ بەردى. ساندۇق نىل دەرياسىغا چۈشەر ـ چۈشمەي، اﷲ دولقۇنلارغا كەلگۈسىدە پەيغەمبەر بولىدىغان بوۋاقنى ئاستا ۋە سىلىق ئېقىتىشلىرىنى ئەمر قىلدى. ئۇلۇغ اﷲ نىل دەرياسىغا ساندۇقنى پىرئەۋننىڭ قەسرىگە قەدەر ئېلىپ بېرىشنى ئەمر قىلدى. دولقۇنلار ئۇنى تاكى ساھىلغىچە ئەكىلىپ قويدى. پىرئەۋننىڭ خانىمى ھەر كۈنلۈك ئادىتى بويىچە قەسرنىڭ باغچىسىدا سەيلە قىلىۋاتاتتى. نېمە ئۈچۈنكى، بۈگۈنكى سەيلە ئۇزۇنغا سوزۇلغاندەك كۆرۈنەتتى. پىرئەۋننىڭ خانىمى پىرئەۋندىن كۆپ پەرقلىق بولۇپ، پىرئەۋن كاپىر، ئۇ مۆمىن ئىدى. پىرئەۋن رەھىمسىز، ئۇ شەپقەتلىك، پىرئەۋن قوپال، ئۇ مۇلايىم، ياخشى ئىدى. لېكىن ئۇ تۇغمىغاچقا بىر بالىسىنىڭ بولۇشىنى ئارزۇ قىلىپ كۆڭلى يېرىم بولاتتى. پىرئەۋننىڭ خانىمى گۈل ـ چېچەكلەرنىڭ يېنىدا تۇرۇپ، پۇراقلاردىن يالغۇزلۇقنىڭ ھەسرىتىنى ھېس قىلدى. بۇ ئەسنادا، دەريادىن كومزەكلىرىگە سۇ ئېلىۋاتقان دېدەكلەر پۇتلىرىنىڭ يېنىدىكى ساندۇقنى كۆرۈپ، ئۆز پېتىچە خانىشقا ئېلىپ كەلدى ۋە خانىشنىڭ بۇيرۇقى بىلەن ساندۇقنى ئاچتى. خانىش ساندۇقتىكى مۇسانى كۆرۈپ، ئۇنى خۇددى ئۆز ئوغلىدەك ھېس قىلدى. كۆز ياشلىرى ئىچىدە ئۇنى قولغا ئالغان ئىدى. مۇسامۇ ئويغىنىپ يىغلىغىلى تۇردى. ئەتىگەنلىك سۈتىنى تېخى ئەممىگەچكە، قورسىقى ئاچقان ئىدى. پىرئەۋن ئەتىگەنلىك ناشتىدا خانىمنى ساقلاپ شۇنچە ئولتۇرۇپ باقسىمۇ، كەلمىگەنلىكى ئۈچۈن ئاچچىقى بىلەن ئۇنى ئىزدەپ ماڭدى. ئايالى تۇيۇقسىز قۇچىقىدىكى مۇسانى كۆز ياشلىرى بىلەن سۆيۈپ تۇرغان ھالدا ئۇنىڭ ئالدىغا ئۇچرىدى. پىرئەۋن بۇ بالىنىڭ نەدىن كەلگەنلىكىنى سورىدى. ئۇنىڭغا ساھىلدىكى بىر ساندۇقتىن تېپىلغانلىقىنى ئېيتتى. نىھايەت خانىمنىڭ سۆزىنى قوبۇل قىلغان پىرئەۋن ئۇنىڭ تەلىپى بويىچە بوۋاقنىڭ قەسىردە چوڭ بولۇشىغا ئىجازەت قىلدى. پىرئەۋننىڭ ماقۇل بولغانلىقىنى كۆرگەن خانىمى خۇشاللىقىدىن

يۈزى ئېچىلىپ كۈلدى. پىرئەۋن بۇگۈنگىچە ئۇنىڭ ھەدىيە، زىبۇ ـ زىننەت ۋە دېدەك بېرىپمۇ بىر قېتىم كۈلگىنىنى كۆرەلمىگەنىدى. مۇسانىڭ ئاچلىقتىن يىغلاۋاتقانلىقىنى سەزگەن خانىم پىرئەۋنگە: كىچىك ئوغلۇم ئاچ، ـ دېدى. پىرئەۋن: ئۇنىڭغا ئېنىكئانا تېپىپ كېلىڭلار! ـ دەپ بۇيرۇق قىلدى. سارايدىن بىر ئېنىكئانا كېلىپ مۇسانى ئېمىتمەكچى بولغان ئىدى. ئەمما مۇسا ئەممىدى. ئىككىنچى، ئۈچىنچى ھەتتا ئونىنچىسى كېلىپ مۇسانى ئەمدۈرەلمىدى. مۇسانىڭ يىغىسىغا قاراپ خانىممۇ نېمە قىلىشنى بىلمەي يىغلايتتى.

پىرئەۋنىنىڭ خانىمىدىن باشقا مۇسانىڭ ئۆز ئانىسىمۇ ئازابلىنىپ يىغلايتتى. ئۇ ئۆزىنى تۇتۇۋېلىپ، ئوغلىنى اللەقا تاپشۇردى ۋە مۇسانىڭ ئاچىسىغا: چاندۈرماي پىرئەۋنىنىڭ قەسرىنىڭ يېنىغا بارغىن، مۇسانىڭ نېمە بولغانلىقىنى بىلىشكە تىرىشقىن، ـ دېدى. ئاچىسى چاندۈرماي بېرىپ ۋەقەنى ئاڭلىدى. يىغلاۋاتقان مۇسانى يىراقتىن كۆردى. ئۇلارنىڭ مۇسانى ئەمدۈرەلمەي تىت ـ تىت بولۇۋاتقانلىقىنى بىلگەن ئاچىسى پىرئەۋنىنىڭ ياساۋۇللىرىغا: (سىلەرگە) ئۇنى ئېمىتىپ باقىدىغان، ئۇنىڭ خىزمىتىنى قىلالايدىغان بىر ئائىلىنى دەپ بېرەيمۇ؟ ـ دېدى. پىرئەۋنىنىڭ ئايالى: ئەگەر بوۋاقنى ئېمىتەلەيدىغان بىر ئېنىكئانا تېپىپ كېلەلىسەڭ، ساڭا تىلىگەن نەرسەڭنى بېرىمەن، ـ دېدى. مۇسانىڭ ئاچىسى دەرھال ئانىسىنى ئەكەلدى. بوۋاقنىڭ ئەمگەنلىكىنى كۆرگەن پىرئەۋنىنىڭ ئايالى: بوۋاق سۈتتىن ئايرىلغىچە سەن باققىن، كېيىن بىزگە قايتۇرۇپ ئەكىلىسەن، ئۇنى باققىنىڭ ئۈچۈن ساڭا كاتتا ئىنئام بېرىمىز، ـ دېدى. ئۇلۇغ اللە مۇسانىڭ ئانىسىنىڭ خاتىرجەم بولۇشى، ئازابلانماسلىقى ئۈچۈن مۇسانى ئۇنىڭغا قايتۇرۇپ بەرگەن ئىدى.

مۇسانىڭ ئانىسى مۇسا سۈتتىن ئايرىلغاندىن كېيىن ئۇنى پىرئەۋنىنىڭ ئائىلىسىگە تاپشۇردى. ئۇنى ھەممە كىشى ياخشى كۆرەتتى. ئۇنى كۆرگەنلا كىشىنىڭ ئامراقلىقى كېلەتتى. ئۇ يەر يۈزىدىكى سارايلارنىڭ ئەڭ كاتتىسىدا، اللەنىڭ قوغدىشى ۋە ھىمايىسىدە ئۆسۈۋاتاتتى. مۇسانىڭ تەربىيىلىنىشى پىرئەۋنىنىڭ ئۆيىدىن باشلاندى.

مۇسانىڭ ئەڭ ئۈستۈن دەرىجىدە تەربىيىلىنىشى، ئەڭ دانىشمەن كىشىلەردىن دەرس ئېلىشى، (بۇلارنىڭ ھەممىسى) كېيىن اللەنىڭ ئىرادىسىنى ئورۇنلاش ئۈچۈن ئۇرۇشىدىغان دۈشمىنىنىڭ ئۆيىدە (سارايدا) ئېلىپ بېرىلىشى اللەنىڭ ھېكمەتلىك تەدبىرى ئىدى. ئۆزىنىڭ پىرئەۋنىنىڭ ئوغلى ئەمەس، بەنى ئىسرائىلدىن بىرى ئىكەنلىكىنىمۇ بىلىدىغان مۇسا پىرئەۋن ئادەملىرىنىڭ ۋە ئۇنىڭ يالاقچىلىرىنىڭ بەنى ئىسرائىل قەۋمىگە قانداق زۇلۇم قىلىۋاتقانلىقىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈپ چوڭ بولدى.

## 613 ـ سوئال: مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ مىسىردىن چىقىپ كېتىشى

ئۇ، خەلقىنىڭ خەۋىرى يوق بىر چاغدا شەھەرگە كىردى. ئۇ يەردە ئايلىنىپ يۈرەتتى. تۇيۇقسىز پىرئەۋننىڭ ئادەملىرىدىن بىرىنىڭ بەنى ئىسرائىل قەۋمىدىن ئورۇق، ئاجىز بىرىنى بوزەك قىلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قالدى. ئاجىز كىشىنىڭ تەلپى بويىچە جېدەلگە ئارىلىشىپ ئۇ ئۆكتەم كىشىنى بىر ئۇرىۋىدى، ئۇ ئويلىمىغان يەردىن ئۆلۈپ قالدى. مۇسا شۇنچىلىك كۈچلۈك ئىدىكى، رەقىبىنى بىر تەرەپ قىلىش ئۈچۈن قولى بىلەن بىر قېتىم ئۇرسىلا يېتەتتى. ئەمما مۇسانىڭ مەقسىتى ئادەم ئۆلتۈرۈش ئەمەس ئىدى، ئۇ كىشى تۇيۇقسىزدىن ئۆلگەن ئىدى.

مىسىرنىڭ مۇھاپىز باشلىقى مۇسانى ياخشى كۆرمەيتتى. ئۇنىڭ بەنى ئىسرائىللىق ئىكەنلىكىنى بىلەتتى. نىهايەت پۇرسەت كەلگەن ئىدى. ئادەملەردىن بىرى تۇنۇگۇن ئۆلگەن كىشىنىڭ قاتىلىنىڭ مۇسا ئىكەنلىكىنى ئۇنىڭغا يەتكۈزدى. مۇسانىڭ سارايدىكى دۇشمەنلىرى بۇنىڭدىن خۇرسەن بولدى ۋە ئۇنىڭ ئۆلتۈرۈلىشىنى بېكىتتى. مۇسا پىرئەۋننىڭ قەسرىگە بارمايلا دەرھال مىسىردىن قېچىپ چىقتى. ئۇ كىيىمىنى ئالماشتۇرمىغان، يولغا چىقىش ئۈچۈن ئوزۇق ـ تۈلۈكمۇ ئېلىۋالمىغان ئىدى. مىنىدىغان ئۇلىقىمۇ يوق ھەم ئۆزى يالغۇز بولۇپ، پەقەت ھېلىقى مۆمىن كىشىنىڭ تەۋسىيەسى بىلەن ئالدىراش يولغا چىققان ئىدى. ئۇ ﷲقا تەۋەككۇل قىلغان ھالدا باشقىلار ماڭمىغان يولغا، چۆلگە قاراپ ماڭدى. نەگە كېتىۋاتقانلىقىنىمۇ بىلمەيتتى. چۈنكى ھەم يالغۇز ھەم تۇنجى قېتىم چۆل سەپىرىگە چىقىۋاتاتتى. ئۇ داۋاملىق قوغلىنىش ھېسسىياتى بىلەن مېڭىپ ئاخىرى بىر يەرگە ئۇلاشتى، بۇ يەر مەديەن ئىدى. ئۇ، كىشىلەر ھايۋانلىرىنى سۇغىرىدىغان بىر قۇدۇقنىڭ يېنىدا ئولتۇرۇپ ھاردۇق ئالدى.

مۇسا مەديەنگە بېرىپلا بىر دەرەخنىڭ ئاستىغا ئۆزىنى تاشلاپ ئارام ئالدى. ھەم ئاچ ھەم ھارغىن ئىدى. مۇسا بەزى پادىچىلارنىڭ قوي ـ كالىلارنى سۇغىرىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، ئۆزىنىڭ ھەم ئاچ ھەم ئۇسساپ كەتكەنلىكىنى ھېس قىلدى ۋە ئۆز ـ ئۆزىگە: «يېگۈدەك بىر نەرسە سېتىۋېلىشقا پۇلۇم بولمىغاندىكىن، قورسىقىمنى سۇ بىلەن توشقۇزاي» دەپ سۇ بار تەرەپكە قاراپ ماڭدى. قۇدۇق يېنىدا ماللىرىنىڭ باشقىلارنىڭ مېلىغا ئارىلىشىپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن توسۇپ تۇرۇۋاتقان ئىككى قىزنى كۆردى. مۇسا تۇيۇقسىز كەلگەن بىر ئىلھام بىلەن بۇ ئىككى قىزنىڭ ياردەمگە ئېھتىياجلىق ئىكەنلىكىنى چۈشىنىپ، ئۇسسىغانلىقىنى ئۇنتۇغان ھالدا ئۇلارنىڭ يېنىغا باردى ۋە ياردەمگە ئېھتىياجىنىڭ بار ـ يوقلۇقىنى سوراپ، سىلەر ئۈچۈن مەن سۇغۇرۇپ بېرەي، ـ دەپ سۇنىڭ بېشىغا قاراپ ماڭدى. ئەمما پادىچىلارنىڭ قۇدۇقنىڭ بېشىغا 10

ئەركىشى ئاران مىدىرلىتالايدىغان چوڭ بىر خادا تاش تىكلەپ قويغانلىقىنى كۆردى.

مۇسا ئۇنى قۇدۇق بېشىدىن قۇچاقلاپ كۆتىرىپ ئالدى. ئۇ كۆتۈرگەن چېغىدا قولى ۋە بويىنى تەرگە چۆمدى، كۈچلۈك مۇسا ماللارنى سۇغۇرۇپ بولغاندىن كېيىن خادا تاشنى كۆتۈرۈپ تەكرار ئورنىغا ئەكىلىپ قويدى. ئاندىن ئۇلاردىن ئايرىلىپ دەرەخنىڭ سايىسىگە قايتىپ كېلىپ ئولتۇردى. شۇ ئەسنادا سۇ ئىچىشنى ئۇنتۇپ قالغانلىقى ئېسىگە كەلدى. ئاچلىقتىن قورسىقى چاپلىشىپ قالغان ئىدى.

مۇسا دەرەخ سايىسىدە ئولتۇرۇپ تۇرسۇن، بىز ماللىرىنى سۇغارغان ئىككى قىزغا كېلەيلى: قىزلار قېرى دادىسىنىڭ يېنىغا قايتىپ كەلگىنىدە دادىسى: بۈگۈن ئەجەپ بالدۇر قايتىپ كېلىپسىلەرغۇ؟ - دەپ سورىدى.

- بۈگۈن تەلىيىمىزگە بىر ياخشى كىشى ئۇچراپ قېلىپ، پادىلىرىمىزنى سۇغۇرۇپ بەردى دادا، - دەپ جاۋاب بەردى چوڭ قىز.

- ئەلھەمدۇلىللا! - دېدى دادىسى. - دادا ئۇ ئۇزۇن سەپەردىن كەلگەندەك تۇرىدۇ. قورسىقمۇ ئاچ، كۈچلۈك بولسىمۇ چىرايىدىن ھارغىنلىق چىقىپ تۇرىدۇ، - دېدى كىچىك قىزى.

دادىسى: ئۇنىڭ يېنىغا بېرىپ، دادام بىزنىڭ چارۋىلىرىمىزنى سۇغۇرۇپ بەرگەنلىكىڭ ئۈچۈن ساڭا ھەق بەرمەكچى بولۇپ سېنى چاقىرىۋاتىدۇ، دەڭلار - دېدى.

قىز ھاياجانلىنىپ مۇسانىڭ يېنىغا يۈگۈردى ۋە مۇسانىڭ ئالدىغا كېلىپ دادىسىنىڭ گېپىنى يەتكۈزدى. مۇسا كۆزىنى يەرگە تىكىپ ئورنىدىن تۇردى، ئۇ بۇنى پۇل ئۈچۈن ئەمەس، پەقەتلا اللە رىزاسى ئۈچۈنلا قىلغان ئىدى. ئەمما ئىچىدە (كۆڭلىدە) پۈتلىرىنى ئۆزىنىڭ ئەمەس، اللەنىڭ باشقۇرۇۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدى ۋە ئورنىدىن تۇردى.

قىز يول باشلاپ ماڭغاندا شامال كېلىپ كىيىملىرىنى يەلپۈدى. ئۇ قىزغا: سەن يولنى كۆرسەتكىن، مەن سېنىڭ ئالدىڭدا ماڭاي، - دېدى. ئۇلار بوۋاينىڭ يېنىغا كەلدى. بوۋاي ئۇنى تاماق بىلەن مېھمان قىلدى ۋە نەدىن كېلىپ، نەگە كېتىۋاتقانلىقىنى سورىدى. مۇسا ئۆزىنىڭ ھېكايىسىنى ئېيتىپ بەردى. بوۋاي: قورقما! زالىم مىللەتتىن قۇتۇلۇپسەن، ئەمما بۇ مەملىكەت مىسىرغا تەۋە ئەمەس، ئۇلار بۇ يەرگە كېلىپ سېنى تاپالمايدۇ، - دېدى. مۇسا خۇشال بولدى ۋە كېتىش ئۈچۈن ئورنىدىن تۇردى. بوۋاينىڭ قىزى قېرى دادىسىغا پىچىرلىدى: دادا! ئۇنى ئىشلەتكىن، بۇ سېنىڭ ئىشلەمچىلىرىڭ ئىچىدىكى ئەڭ ياخشىسى، ھەم ئىشەنچلىك ھەم كۈچلۈك.

بوۋاي قىزىغا: كۈچلۈك ئىكەنلىكىنى سەن قانداق بىلىسەن! - دەپ قارىدى. - ئۇن

كىشى ئاران كۆتۈرەلەيدىغان خادا تاشنى ئۆزى يالغۇز كۆتەردى، ـ دېدى قىز. ـ ئۇنىڭ ئىشەنچلىك ئىكەنلىكىنى نەدىن بىلىسەن؟ ـ سورىدى بوۋاي.

ـ ئارقامدىن مېڭىشنى خالىمىدى، مەن ماڭغاندا ماڭا قارىماسلىق ئۈچۈن مېنىڭ ئالدىمدا ماڭدى. ئۇنىڭغا گەپ قىلغىنىمدا ئۇيالغىنىدىن يەرگە قارىۋالدى، ـ دەپ جاۋاب بەردى قىز.

بوۋاي مۇساغا ئۆرۈلۈپ: مۇسا! يېنىمدا سەككىز يىل ئىشلەپ بېرىش بەدىلىگە قىزلىرىمدىن بىرىنى ساڭا نىكاھلاپ بېرىشنى خالايمەن. ئەگەر 10 يىلنى تاماملىۋەتسەڭ (توشقۇزىۋەتسەڭ) تېخىمۇ ياخشى. سېنى جاپاغا قويۇشنى خالىمايمەن. الله خالىسا، مېنىڭ ياخشى كىشى ئىكەنلىكىمنى كۆرىسەن، ـ دېدى.

مۇسا: بۇ سەن بىلەن مېنىڭ ئارىلىقىمىدىكى توختامدۇر، الله بىزنىڭ توختىمىمىزغا گۇۋاھچىدۇر. مەن مەيلى سەككىز يىل ياكى ئون يىل ئىشلەپ بېرەي، ئۇنىڭدىن كېيىن كېتىش ئەركىنلىكى مەندە بولىدۇ، ـ دېدى.

مۇسانىڭ ئىشى ھەركۈنى ئەتىگەندە چىقىپ چارۋىلارنى ئوتلىتىش ۋە سۇغۇرۇشتىن ئىبارەت ئىدى. مۇسانىڭ مەديەندە ئۆتكۈزگەن 10 يىل ۋاقتى، اللەنىڭ ئۇنىڭ ئۈچۈن ئورۇنلاشتۇرغان پىلانى ئىدى. مۇسا يەئقۇبنىڭ دىنىدا ئىدى، يەئقۇب ئۇنىڭ ئەجدادى بولۇپ، ئىبراھىمنىڭ نەسلىدىن ئىدى. يەنى مۇسا ئىبراھىمنىڭ نەۋرىلىرىنىڭ نەسلىدىن ئىدى. ئىبراھىمدىن كېيىن كەلگەن ھەر پەيغەمبەر ئۇنىڭ نەسلىدىن ئىدى. بۇنىڭدىن شۇنى چۈشىنىۋالالايمىزكى، مۇسا ئاتا ـ بوۋىلىرىنىڭ دىنى بولغان ئىسلام ۋە تەۋھىد ئېتىقادىدا ئىدى.

### 614ـسۇئال: مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ مىسىرغا قايتىشى

ئۇنىڭغا بېرىلگەن مۆھلەت توشتى. مۇسانىڭ ئىچىدە مىسىرغا نىسبەتەن يوشۇرۇن بىر سېغىنىش تۇيغۇسى پەيدا بولدى. ئۇنىڭ مىسىرغا قايتقۇسى كەلگەنىدى. مۇسا قارارلىرىنى تېز ھەم كەسكىن قىلاتتى. ئۇ ئايالىغا: ـ ئەتە مىسىرغا قاراپ يولغا چىقىمىز، ـ دېدى.

ئايالى ئۆز ـ ئۆزىگە: يولدا تېخى بىز بىلمەيدىغان مىڭلارچە خەتەر بار، ـ دېدى. ئەمما مۇسانىڭ دېگىنىنى قىلىشقا مەجبۇر ئىدى.

مۇسا تۇيۇقسىزلا ئۆز ـ ئۆزىگە قىلغان بۇ قارارىنىڭ ھېكمىتىنى بىلمەيتتى. مۇسا ئائىلىسى بىلەن بىللە يولغا چىقتى... ئاي قېلىن بولۇت پارچىلىرىنىڭ ئارقىسىغا مۆكۈنگەنىدى. ئەتراپ قاراڭغۇ، بىردىنلا چاقماق چېقىپ، ھاۋا گۈلدۈرلەپ كەتتى ۋە ئارقىدىنلا يامغۇر يېغىشقا باشلىدى. ھاۋا تېخىمۇ سوغۇق، تېخىمۇ قاراڭغۇلاشتى. مۇسا يولدىن ئېزىقىپ كەتتى. قاياققا كېتىۋاتقانلىقىنى بىلىش ئۈچۈن يولدىن ئىككى دانە

تاش تېپىپ، بىر ـ بىرىگە ئۇرۇپ ئوت ياقماقچى بولدى. لېكىن بولمىدى، كۈچلۈك شامال تاشلارنىڭ ئارىسىدىن چىققان ئاجىز ئۇچقۇننى دەرھاللا ئۆچۈرىۋېتەتتى. مۇسا نېمە قىلىشنى بىلەلمەي، تىترەپ تۇراتتى. ئاندىن بېشىنى كۆتۈرىۋېدى، يىراقتا لاۋۇلداپ يېنىۋاتقان ئوتنى كۆردى.

مۇسا بىردىنلا سۆيۈنۈپ كەتتى. ئۇ ئائىلىسىگە: ئۇ يەردە بىر ئوت كۆردۈم، مەن ئۇ يەرگە بېرىپ كەلگىچە سىلەر مۇشۇ يەردىن يۆتكەلمەي ئولتۇرۇپ تۇرۇڭلار! ـ دېدى. ئائىلىسى مۇسا كۆرسەتكەن ئوتقا قارىدى، ئەمما ھېچنىمە كۆرەلمىدى. شۇنداقتىمۇ، ئۇنىڭ گېپى بويىچە ئۇ يەردە تۇرۇپ تۇرماقچى بولۇشتى. مۇسا ئوت بار تەرەپكە قاراپ يۈرۈپ كەتتى.

**615ـسۇئال: مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاللاھ تائالا بىلەن بىۋاستە سۆزلىششى**

مۇسا مۇزلاپ كەتكەچكە، ئۇ يەرگە بارغىچە ئۆزىنى ئىسسىتىش ئۈچۈن يۈگۈرۈشكە باشلىدى، ئۇنىڭ قولىدا ھاسىسى بار ئىدى. پۈتۈن بەدىنى يامغۇردىن چىلىق ـ چىلىق ھۆل بولۇپ كەتكەنىدى. ماڭە ـ ماڭە، نىھايەت "تۇۋا "دېگەن جىلغىغا يېتىپ كەلدى. ئۇ جىلغا ئىچىدە بىر ئاز غەلىتىلىك ھېس قىلدى. جىلغا ئىچىدە نە سوغۇق، نە شامال يوق بولۇپ، ئەتراپ جىمجىت، سۈكۈتكە چۆمگەن ئىدى. مۇسا ئوتقا يېقىنلاشتى. ئۇ ئوتقا يېقىنلاپ كېلىشىگە، بىردىنلا مۇنداق ئاۋاز كەلدى:

«الله ئوتنىڭ يېنىدىكى كىشىنى ۋە ئوتنىڭ ئەتراپىدىكىلەرنى مۇبارەك قىلدى. ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى الله پاكتۇر» مۇسا چۆچۈپ تۇرۇپ قالدى. تېنى شۈركىنىپ كەتتى. ئاۋاز مەلۇم بىر يەردىن ئەمەس، بەلكى ھەممە يەردىن كېلىۋاتاتتى.

مۇسا ئوتقا ئىنچىكىلەپ قارىدى، تېنى قايتىدىن شۈركىنىپ كەتتى، ئوتنىڭ ئارىسىدا يېشىل ئۆسكەن، تىكەنلىك بىر دەرەخ تۇراتتى. ئوت قانچە كۈچەيگەنسېرى، دەرەخمۇ شۇنچە يېشىل تۇسكە كىرەتتى. ئادەتتە ياغاچ كۆيسە، قارىداپ كېتەتتى، ئەمما بۇ ئوت كۈچەيگەنسېرى ئۇ دەرەخ تېخىمۇ ياشىرىپ كېتىۋاتاتتى. مۇسا شۇنچە ئىسسىپ تەرلەپ كەتكەن بولسىمۇ، يەنە توختىماي تىترىمەكتە ئىدى. دەرەخ مۇسانىڭ ئوڭ تەرىپىدىكى غەربكە قاراپ سوزۇلغان تاغدا ئىدى. مۇسا بولسا، تۇۋا جىلغىسىدا تۇراتتى، مۇسا كۈچلۈك نۇرنىڭ كۆزلىرىگە زىيان قىلىشىدىن قورقۇپ، قوللىرى بىلەن كۆزلىرىنى ئېتىۋالدى ۋە ئۆز ـ ئۆزىگە سورىدى: ـ بۇ ئوتمۇ ياكى نۇرمۇ؟ بىردىنلا يەر ئىتائەت ۋە قورقۇنچتىن تەۋرەپ كەتتى. ئەزىز ۋە ئۇلۇغ الله مۇنداق دېدى:

«ئى مۇسا! مۇسا بېشىنى كۆتۈرۈپ: شۇنداق، مەن مۇسا، ـ دېدى.

ئەزىز ۋە ئۇلۇغ الله: مەن ھەقىقەتەن سېنىڭ پەرۋەردىگارىڭدۇرمەن، دېدى.

مۇسا تېخىمۇ تىترىگەن ھالدا: شۇنداق، سەن رەببىم، ـ دېدى.

ئەزىز ۋە ئۇلۇغ اللە ئۇنىڭغا مۇنداق دېدى:
كەشىڭنى سالغىن، سەن ھەقىقەتەن مۇقەددەس ۋادى بولغان تۇۋادا سەن.
مۇسا پۈتۈن ۋۇجۇدى تىترىگەن ھالدا ئېگىلدى ۋە كەشىنى سالدى.
ئۇلۇغ اللە ئۇنىڭغا يەنە مۇنداق دېدى:

مەن سېنى (پەيغەمبەرلىككە) تاللىدىم، سەن ۋەھيىگە قۇلاق سالغىن. مەن ھەقىقەتەن (ئىبادەتكە لايىق) اللە دۇرمەن، مەندىن باشقا ھېچ مەبۇد (بەرھەق) يوق، (يالغۇز) ماڭا ئىبادەت قىلغىن، مېنى زىكرى قىلىش ئۈچۈن ناماز ئوقۇغىن، قىيامەتنىڭ بولۇشى مۇھەققەقتۇر، ھەر ئادەم ئۆزىنىڭ ئەمەلىگە يارىشا مۇكاپاتلىنىشى ئۈچۈن، ئۇنى (يەنى ئۇنىڭ قاچان بولۇشىنى) مەخپىي تۇتتۇم. قىيامەتكە ئىشەنمەيدىغان ۋە نەپسى خاھىشلىرىغا ئەگەشكەن ئادەم سېنى ئۇنىڭدىن (يەنى قىيامەتكە تەييارلىق قىلىشتىن ۋە ئۇنى تەستىق قىلىشتىن) توسمىسۇن، ئۇنداقتا ئۆزەڭ ھالاك بولۇسەن (چۈنكى ئاخىرەتتىن غاپىل بولۇش، ھالاكەتكە ئېلىپ بارىدۇ).

مۇسانىڭ بەدىنى ئىلاھىي ۋەھيىنى ئېلىۋاتقاندا، رەببىنىڭ سۆزىنى ئاڭلاۋاتقاندا ۋە رەببى بىلەن سۆزلىشىۋاتقاندا تېخىمۇ قاتتىق تىترەپ كەتتى.

مېھرىبان ۋە شەپقەتلىك اللە ئۇنىڭغا مۇنداق دېدى:
ئى مۇسا! ئوڭ قولۇڭدىكى نېمە ئۇ؟.

مۇسانىڭ ھەيرانلىقى تېخىمۇ ئاشتى. چۈنكى ئۇنىڭ بىلەن سۆزلىشىۋاتقىنى ئۇلۇغ اللە ئىدى. اللە مۇسانىڭ قولىدا ھاسا تاياق تۇتۇۋالغانلىقىنى مۇسادىنمۇ ياخشى بىلەتتى. ئۇنداقتا، يەنە نېمە ئۈچۈن ئۇنىڭدىن سورىغاندۇ؟ شۈبھىسىزكى، بۇنىڭدا چوڭ بىر ھېكمەت بار ئىدى.

مۇسا ئاۋازى تىترىگەن ھالدا ئېيتتى: «ئۇ مېنىڭ ھاسام، ئۇنىڭغا تايىنىمەن، ئۇنىڭ بىلەن قويلىرىمغا غازاڭ قېقىپ بېرىمەن، ئۇنىڭدا مېنىڭ يەنە باشقا ئېھتىياجلىرىممۇ بار. »

ئەزىز ۋە ئۇلۇغ اللە: «ئى مۇسا! ئۇنى (يەرگە) تاشلىغىن» دېدى.

مۇسا ئاجايىپ قورقۇپ كەتكەنىدى. ئۇ قولىدىكى ھاسىنى يەرگە تاشلىدى. ھاسا بىردىنلا ناھايىتى يوغان ۋە قورقۇنچلۇق بىر يىلانغا ئايلىنىپ، ئۇياق ـ بۇياققا ھەرىكەتلىنىشكە باشلىدى. مۇسا قورققىنىدىن ھوشىدىن كەتكىلى تاسلا قالدى. ۋۇجۇدى قاتتىق سىلكىنىپ كەتتى. ئۇ كەينىگە بۇرۇلۇپ قېچىشقا تەمشەلدى. ئىككى قەدەم ئېلىپ تۇرۇشىغا اللەنىڭ ئاۋازى كەلدى: «ئى مۇسا! قورقمىغىن، مېنىڭ ھۇزۇرۇمدا پەيغەمبەرلەر ئەلۋەتتە قورقمايدۇ. »

ئالدىڭغا ماڭغىن، قورقمىغىن، سەن ھەقىقەتەن (قورقۇنچتىن) ئەمىن

بولغۇچىلاردىنسەن. مۇسا توختاپ قالدى. يىلان تېخىچە قىمىرلاپ تۇراتتى.

ئۇلۇغ اللە مۇساغا: «ئۇنى تۇتۇۋالغىن، قورقمىغىن، ئۇنى دەسلەپكى (يەنى ھاسىلىق) ھالىتىگە قايتۇرىمىز.»

مۇسا تىترەپ تۇرغان قوللىرىنى يىلانغا ئۇزاتتى. قولى يىلانغا تېگىشى بىلەنلا، يەنە ھاسىغا ئايلىنىپ قالدى. اللە ئۇنىڭغا قايتا ئەمىر بەردى: قولۇڭنى قوينۇڭغا سالغىن، ئۇ ھېچقانداق ئىللەتسىز (بىر پارچە ئايدەك پارلاپ) ئاپئاق بولۇپ چىقىدۇ، قورقۇنچنى دەپئى قىلىش ئۈچۈن، قولۇڭنى يىغىۋالغىن (يەنى قوينۇڭغا سېلىۋالغىن).

مۇسا قولىنى قوينىغا تىقىپ چىقارغىنىدا، قولىنىڭ ئايدەك يورۇپ كەتكەنلىكىنى كۆردى. مۇسا بۇ بولغانلاردىن ناھايىتى ھاياجانلانغان ئىدى. قولىنى اللەنىڭ بۇيرۇقى بويىچە يۈرىكىنىڭ ئۈستىگە قويۇۋېدى، ئۇنىڭ قورقۇنچى پۈتۈنلەي تۈگىدى.

مۇسانىڭ يۈرىكى جايىغا چۈشتى. اللە ھاسا ۋە قولىنىڭ مۆجىزىسىدىن كېيىن ئۇنىڭغا بىر ئەمىر بەردى. ئۇنىڭ پىرئەۋننىڭ قېشىغا بېرىپ، ئۇنى - چىرايلىقچە اللە غا دەۋەت قىلىشنى ۋە بەنى ئىسرائىلنى مىسىردىن ئېلىپ چىقىپ كېتىشنى بۇيرىدى. مۇسا ئۆزىنىڭ پىرئەۋندىن قورقىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. مۇسا ئۇلاردىن بىرىنى ئۆلتۈرۈپ قويغانلىقى ئۈچۈن، ئۇلارنىڭمۇ ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋېتىشىدىن قورقاتتى.

مۇسا اللەقا قېرىندىشى ھارۇننى ئۆزى بىلەن بىللە ئەۋەتىشنى سوراپ يالۋۇردى. اللە ئۆزىنىڭ ھەرقاچان ئۇلار بىلەن بىللە بولىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ، مۇساغا مەدەت بەردى. پىرئەۋن ھەرقانچە ئەشەددىي ۋە قوپال بولسىمۇ، ئۇلارغا زىيان يەتكۈزەلمەيتتى. اللە ئۆزىنىڭ پىرئەۋننىڭ ئۈستىدىن غالىپ كېلىدىغانلىقىنى مۇساغا بىلدۈردى. مۇسا اللەنىڭ ئۆزىگە مەدەت بېرىشىنى، ئىشىنى ئاسانلاشتۇرۇپ بېرىشىنى ۋە دەۋىتى ئۈچۈن كۈچ - قۇۋۋەت ئاتا قىلىشنى تىلەپ يالۋۇردى. مۇسا، اللە دىن ئۆزىنىڭ پىرئەۋننىڭ قېشىغا بېرىشى ھەققىدىكى بۇيرۇقنى ئالغاندىن كېيىن، ئائىلىسىنىڭ يېنىغا قايتتى ۋە ئائىلىسى بىلەن بىرلىكتە مىسىرغا قاراپ يولغا چىقتى.

**616-سوئال: مۇسا ئەلەيھىسسالام بىلەن پىرئەۋن ئوتتۇرسىدىكى كۆرەش**

مۇسا ھەم خۇش خەۋەرچى ھەم ئاگاھلاندۇرغۇچى بولۇپ ئەۋەتىلگەنىدى. ئەمما پىرئەۋن بۇ ئاگاھلاندۇرغۇچىغا پىسەنت قىلمىدى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى تالاش - تارتىش بارغانسېرى كۈچىيىپ، شىددەتلىك تۈس ئالغىلى تۇردى. ئارىدا بولۇۋاتقان قاتتىق گەپ - سۆزلەر ۋەزىيەتنى ئۆزگەرتتى. تالاش - تارتىشنىڭ شەكلى ئۆزگىرىپ جېدەلگە ئايلىنىشقا باشلىدى. مۇسا پىرئەۋنگە ئەقلىي دەلىللەرنى كەلتۈردى. ئەمما پىرئەۋن بۇ مەنتىقلىق سۆھبەتتىن چەتنەپ، يېڭى - يېڭى، مۇسا تارتىشالمايدىغان تېمىلارغا ئۆزگەرتەتتى. مۇساغا ھۇجۇم قىلاتتى، ئۇنىڭغا تەھدىت سالاتتى، ھاقارەت

قىلاتتى ۋە تىلغا ئالغۇسىز گەپلەرنى قىلاتتى.

مۇسا، ئەقلىي دەلىلەرنىڭ نەتىجە بەرمەيدىغانلىقىنى ھېس قىلدى. تېنچ باشلانغان مۇنازىرە ئاۋۋال مەسخىرىگە، كېيىن قوپاللىق ۋە ھاقارەتكە، ئاخىرىدا زىندان تەھدىتىگە ئايلانغان ئىدى. مۇسا مۆجىزە كۆرسىتىش ۋاقتىنىڭ كەلگەنلىكىنى چۈشەندى. مۇسا پىرئەۋنگە قارشى كۆكرەك كېرىپ مەيدانغا چىقتى، پىرئەۋنمۇ ئۇنىڭغا قارشىلىق بىلدۈردى. پىرئەۋن مۇسانىڭ مۆجىزە كۆرسىتىش ئارقىلىق ئۇنىڭ ئۆزىنىڭ راستچىللىقىنى ئىسپاتلىشىنى تەلەپ قىلدى. مۇسا ھاسىسىنى سارايىنىڭ چوڭ زالىغا تاشلىدى.

ھەممەيلەننىڭ كۆزى مەرمەردىن ياسالغان زالغا تاشلانغان ھاسىغا تىكىلدى. ھاسا يەرگە چۈشۈپلا، ناھايىتى تېز ھەرىكەتلىنىدىغان يوغان يىلانغا ئايلاندى. ۋەھشىي يىلان پىرئەۋنگە قاراپ ھەرىكەتلەندى. قورقۇپ كەتكەن پىرئەۋننىڭ يۈزى تاتىرىپ، تەختىدە تۈگۈلۈپ قالدى ۋە باشقىلارنىڭ يىلاننى ئۆزىدىن يىراقلاشتۇرۇشى ئۈچۈن ۋارقىرىدى. مۇسا قولىنى يىلانغا ئۇزاتتى، يىلان تەكرار ھاسىغا ئايلاندى. بۇ مۆجىزىنى كۆرگەن ھەممەيلەننىڭ تىلى تۇتۇلدى، زال سۈكۈتكە چۆمگەندى. مۇسا ھەممەيلەننىڭ كۆز ئالدىدا ئىككىنچى مۆجىزىنى كۆرسىتىش ئۈچۈن قولىنى قوينىغا تىقىپ چىقاردى. ئۇنىڭ قولى ئاي نۇرىدەك يورۇپ كەتتى، سارايىنىڭ لامپا ۋە شاملىرى بۇ يورۇقلۇقتا كۆرۈنمەيلا قالدى. پىرئەۋننىڭ يۈزى قورققىنىدىن كۆكىرىپ كەتكەنىدى. ساراي جىمجىتلىققا چۆمدى. ھەر ئىككى مۆجىزە ھەممەيلەنگە قاتتىق تەسىر قىلغانىدى. مۇسا قولىنى تەكرار قوينىغا تىقتى، قولى ئەسلىگە قايتتى. ئىككىنچى مۆجىزە تارقاتقان نۇر پۈتۈن ئەتراپقا يېيىلغانىدى. پىرئەۋن يۈزى سولغۇن ھالدا: ـ ھەممىڭلار چىقىڭلار! كېيىنچە قايتا كۆرۈشىمىز، ـ دېدى. مۇسا سارايدىن قايتىپ چىقتى.

پىرئەۋن نېمە قىلارىنى بىلمەلمەي قالغانىدى. پىرئەۋن بۇ ئىككى مۆجىزە قارشىسىدا داڭقېتىپ قالغانىدى. مۇسا ئۇنىڭ سارىيىدىن چىقىشى بىلەنلا، بۇ ھەيرانلىق ۋە قورقۇنچ ئاچچىق غەزەپكە ئايلاندى، غەزىپىنى ئەتراپىدا تۇرغان ۋەزىر ـ ۋۇزرالىرىدىن ئالدى. ئۇلارغا قاتتىق مۇئامىلە قىلىشقا باشلىدى، ئۇلارنىڭ ئۆزىنى يالغۇز قويۇشىنى بۇيرىدى. ئۇ بۇ مەسىلىنى تېنچ ئولتۇرۇپ ئويلاشقا تىرىشتى. ئاندىن پۈتۈن مىسىردىكى ۋەزىر، قوماندان ۋە مەسئۇل خادىملارنى توپلاپ، چوڭ يىغىلىش ئۆتكۈزۈشكە قارار بەردى ۋە باش ۋەزىرى ھامانغا يىغىلىشقا شەخسەن ئۆزىنىڭ يېتەكچىلىك قىلىدىغانلىقىنى ئېيتتى. پىرئەۋننىڭ قەۋمىنىڭ كاتتىلىرى يىغىلدى.

مەسلىھەتچىلەر قورققانلىقى ۋە پىرئەۋنگە قىلغان ئىككى يۈزلىمچىلىك مۇئامىلىلىرىدىن كېيىن لام ـ جىم دېيىشمىدى. پىرئەۋن يەنە بىر تەرەپتىن مۇسانى

چاقىرىپ، ئۇنى قورقىتىشقا ۋە تەھدىت سېلىشقا تىرىشقان بولسىمۇ، مۇسا ھېچ ئىش بولمىغاندەك خاتىرجەم يۈرۈۋەردى. پىرئەۋن مۇساغا: - ئەي مۇسا! سەن بىر سېھىرگەرسەن، سېنى مىسىر خەلقىنىڭ ئالدىدا مەيدانغا چىقىرىشقا قارار بەردىم. بىر نەچچە كۈنگىچە باشقا سېھىرگەرلەر يېتىپ كېلىدۇ، - دېدى.

مۇسا پىرئەۋنىنىڭ ئاخىرقى سۆزلىرىنى ئاڭلىماسلىققا سېلىۋېلىپ: - ئۇنداقتا، شۇ كۈنى كۆرۈشۈش ئۈچۈن كېلىشتۇق، كۆرۈشۈش كۈنى سىلەرنىڭ بايرام كۈنىڭلار، ھەممەيلەن يىغىلغان ئەتىگەن ۋاقىتدا بولسۇن، - دېدى.

بايرام كۈنى يېتىپ كەلدى. پىرئەۋن ۋە سېھىرگەرلەرنىڭ يېتىپ كېلىشى بىلەن خەلق ھاياجانلىنىشقا باشلىدى. مۇسا بىلەن ھارۇن كەلگەندە، ئەتراپ سۈكۈتكە چۆمگەندى. مۇسا بېشىنى تىك تۇتۇپ اللە نى زىكىر قىلغان ھالدا تۇراتتى. ئەتراپ پۈتۈنلەي جىمىدى، سېھىرگەرلەر مۇساغا يېقىنلىشىپ كېلىپ: ئەي مۇسا! سەن باشتا ھۈنىرىڭنى كۆرستەمسەن ياكى بىز كۆرستەيلىمۇ؟ - دەپ سوراشتى. مۇسا: - سىلەر باشتا كۆرستىڭلار، - دېدى. سېھىرگەرلەر كالتەك ۋە يىپلىرىنى مەيدانغا تاشلىدى. مەيدان بىردىنلا يىلانغا توشۇپ كەتتى. ئۇلار كىشلەرنىڭ كۆزلىرىنى باغلاپ، ئۇلارنى قورقۇتىۋەتتى، شۇنىڭ بىلەن ئۇلار چوڭ بىر سېھىر كۆرسەتكەن بولدى.

مۇسا ھاسىنى كۆتۈرۈپ بىردىنلا يەرگە تاشلىدى، مۇسانىڭ ھاسىسى يەرگە چۈشەر - چۈشمەيلا مۆجىزە مەيدانغا كەلدى. مۇسانىڭ ھاسىسى يەرگە چۈشۈپلا ناھايىتى يوغان ۋە كۈچلۈك بىر يىلانغا ئايلاندى. بۇ يىلان سېھىرگەرلەرنىڭ ھەرىكەتلىنىۋاتقان يىپ ۋە كالتەكلىرىنى بىر - بىرلەپ ۋە ناھايىتى تېز سۈرئەتتە يۇتۇشقا باشلىدى. مۇسانىڭ ھاسىسى ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى يۇتۇۋەتتى. يىلان مۇساغا قاراپ ھەرىكەتلەندى. مۇسا قولىنى يىلانغا ئۇزاتتى، يىلان دەرھاللا ھاسىغا ئايلاندى، سېھىرگەرلەر ئۆزلىرىنىڭ بىر سېھىرگەرنىڭ قارشىسىدا ئەمەسلىكىنى بىلىشتى. ئۇلار ئەڭ ئۇستا سېھىرگەر ۋە زامانىنىڭ ئەڭ بىلىملىك كىشلىرى ئىدى. سېھىرگەرلەر سەجدە قىلىش ئۈچۈن ئۆزلىرىنى يەرگە ئېتىشتى ۋە: بىز ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارىغا، مۇسا ۋە ھارۇننىڭ رەببىگە ئىمان ئېيتتۇق، - دېيىشتى.

مىسىرلىقلار ۋە ئىسرائىل ئەۋلادى قەۋمى بۇ مۆجىزىنى ۋە سېھىرگەرلەرنىڭ مۇسا بىلەن ھارۇنغا سەجدە قىلغانلىقىنى كۆرۈپ تۇردى. پىرئەۋن پۈتۈن سېھىرگەرلەرنىڭ ئېسىلىشىنى ئەمىر قىلدى. سېھىرگەرلەر مۇسانىڭ دىنى بولغان ئىسلامغا كىردى. اللەقا ئىمان ئېيتتى. ئۇلارنى ئېسىش ۋە پۇت - قوللىرىنى كېسىش ئۈچۈن خورما كۆتەكلىرىگە چىقىرىشتى، بەرىبىر ئۇلارمۇ اللەنىڭ ئۆزلىرىنى مۇسۇلمان پېتى ئۆز

دەرگاھغا ئېلىشنى تىلىگەنىدى. نامازدىگەر ۋاقتى تېخى كىرمىگەنىدى. سېپەرگەرلەر، يەنى مىسىرنىڭ ئالىم ـ ئۆلىمالىرىنىڭ قانلىرى، پىرئەۋن ئەسكەرلىرى ئوق ئاتقان بەدەنلىرىدىن بۇلدۇقلاپ ئېتىلىپ چىقتى. پىرئەۋنىنىڭ ئادەملىرى ئىسرائىل ئوغۇللىرىنى ئۆلتۈرۈپ، قىزلىرىنى تۇتۇشقا نارازىلىق قىلغانلارنى زىندانغا تاشلاشقا باشلىدى.

مۇسا قىيىن ئەھۋالدا قالغانىدى. ئۇ بىر تەرەپتىن پىرئەۋنىنىڭ غەزەپ ۋە سۇيىقەستلىرىگە دۇچ كەلسە، يەنە بىر تەرەپتىن ئۆز قەۋمىنىڭ ئەرز ـ شىكايەتلىرىگە دۇچ كەلمەكتە ئىدى. دەل شۇ پەيتتە، قارۇن چىقىپ كەلدى. قارۇن بەنى ئىسرائىلدىن، يەنى مۇسانىڭ قەۋمىدىن ئىدى. ئەمما ئۇ ئۆز قەۋمىگە مۇشتۇمزورلۇق قىلاتتى، ئۇنىڭ مال ـ بايلىقى ۋە ئەۋزەل شارائىتى ئۇنى پىرئەۋنگە تېخىمۇ يېقىن قىلغانىدى. قارۇن ھەيۋەت بىلەن قەۋمىنىڭ ئالدىغا چىقتى، مۇسا ھەقىقەتەن ئېغىر ئەھۋالغا دۇچ كەلگەنىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، قارۇن مۇساغا قارشى چىققانىدى. مۇسا بىر پەيغەمبەر بولۇش سۈپىتى بىلەن بەكمۇ نومۇسچان ئىدى. قارۇن مۇسانى ئۇنىڭغا ئەگەشكۈچىلەرنىڭ نەزىرىدىن چۈشۈرۈش ئۈچۈن، مۇسانىڭ نومۇسىغا تېگىدىغان يالغان تۆھمەتتىن بىرنى ئويدۇرۇپ چىقىش ھەققىدە پىرئەۋن بىلەن كېلىشتى.

مۇسا قارۇنغا بەددۇئا قىلدى... مۆجىزە مەيدانغا كەلدى. قارۇنىنىڭ ئۆي ـ مۈلۈك، مال ـ بىسات، پۈتۈن خەزىنىلىرىنى يەر يۇتۇپ كەتتى. قارۇن ھەيۋەت بىلەن قەۋمىنىڭ ئالدىغا چىققانىدى. تۇيۇقسىزلا يەر يېرىلىپ قارۇننى يۇتۇۋەتتى. يەر قارۇن بىلەن بىرلىكتە ئۇنىڭغا تەۋە ساراي ـ ئۆي، ھايۋانلار، ئالتۇن ـ كۈمۈش، ئۇنچە ـ مەرۋايىت ۋە ئادەملىرىنىمۇ يۇتۇپ كەتتى. قارۇننى يەر يۇتۇشى بىلەن خەلقنىڭ كۆزى مۇساغا بۇرالدى ۋە ئۇلارنىڭ قەلبىنى ئۇزۇندىن بېرى ئىگەللىۋالغان گۇمانلىق قاراشلار بىردىنلا غايىب بولدى.

مىسىرلىقلار ۋە بەنى ئىسرائىل بۇ مۆجىزىنى ئۆز كۆزلىرى بىلەن كۆرگەنىدى. مۇسا بىلەن پىرئەۋنىنىڭ ئارىسىدىكى مۇجادىلە قايتىدىن يۇكسەك پەللىگە چىقتى. پىرئەۋن مۇسانىڭ ئۆز تەختىگە كۆز تىككەنلىكىگە تولۇق ئىشەنچ قىلدى.

پىرئەۋنىنىڭ ئادەملىرىنىڭ ئارىسىدا بىر مۆئمىن كىشى بار ئىدى. ئۇ ئەسلىدە ئىمانىنى يوشۇرۇپ يۈرەتتى، ئۇ پىرئەۋنىنىڭ مۇسانى ئۆلتۈرۈش ھەققىدىكى تەكلىپىنى بەرگەن يىغىلىشتا سۆز قىلىپ، بۇ تەكلىپنىڭ بەكمۇ ئاددىي ئىكەنلىكىنى ۋە نەتىجىگە ئېرىشكىلى بولمايدىغانلىقىنى ئىسپاتلاپ چىقتى، ئۇ مۇسانىڭ ﷲنىڭ ئۆزىنىڭ رەببى ئىكەنلىكىدىن باشقا بىر نەرسە دېمىگەنلىكىنى ئېيتتى. ئاندىن مۇسانىڭ پەيغەمبەر ئىكەنلىكىگە دائىر ئوچۇق دەلىللەرنى كەلتۈردى. ئۇنىڭ سۆزلىرى ھەممەيلەننى قايىل

قىلدى.

### 617-سوئال: ئاللاھنىڭ پىرئەۋن قەۋمگە ئازاپلارنى يۈزلەندۈرۈشى

تالاش - تارتىش بۇنىڭ بىلەن تۈگىمىدى. پىرئەۋن ھەرقانچە سۆزلەپمۇ ئۇ مۆمىن كىشىنى قايىل قىلالمىدى. شۇڭا ئۇنىڭغا قارشى بىر پىلان تۈزۈشكە باشلىدى. دەل شۇ چاغدا، ﷲنىڭ ياردىمى يېتىپ كەلدى: ﷲ ئۇنى پىرئەۋن جامائەسىنىڭ سۇيىقەستلىرىدىن ساقلىدى. پىرئەۋن جامائەسىگە ئەڭ يامان ئازاب نازىل بولدى.

ﷲ تائالا سىناش، قورقۇتۇش، مۇسا ۋە مۆئمىنلەرگە يامانلىق قىلىشنى چەكلەش، شۇنداقلا مۇسانىڭ پەيغەمبەرلىكىنى ۋە توغرىلىقىنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن پىرئەۋن ئائىلىسىگە تېخىمۇ قاتتىق مۇئامىلە قىلدى. شۇنىڭ بىلەن مىسىردا قەھەتچىلىك ۋە قۇرغاقچىلىق يىللىرى باشلاندى. يامغۇر ياغمىدى، نىلنىڭ سۇلىرى ئازىيىپ ھوسۇل كېمەيدى. مال باھاسى ئۆرلەپ، ئىنسانلار ئاچارچىلىقتا ئۆلۈشكە باشلىدى. ئىمانسىزلىقنىڭ، ئېتىقادسىزلىقنىڭ ئىنسانلارنىڭ بېشىغا دائىم بۇ جازالارنى ئېلىپ كېلىدىغانلىقى ئېنىق ئىدى.

كىشىنى ئېچىندۇرىدىغىنى شۇكى، پىرئەۋنىنىڭ قەۋمى بۇ بالايى - ئاپەتلەرنى غەلىتە بىر سەۋەبكە باغلىدى. ئۇلارنىڭ قارىشىچە، مۇسانىڭ تۇپەيلىدىن ئۇلارنىڭ بېشىغا ئاچلىق - يوقسۇللۇق ۋە قەھەتچىلىك كېلىۋاتاتتى. ئۇلار نامراتلاشتى ۋە ھەقتىن تېخىمۇ ئۇزاقلاشتى. ئۇلار شۇنچىلىك ئەخمەق ئىدىكى، بۇ ئاپەتلەرنىڭ سەۋەبى، ھەتتا يامغۇرنىڭ ياغماسلىقىنى مۇسانىڭ سېھىرگەرلىكى ئۈچۈن كۆرسەتكەن مۆجىزىسى دەپ بىلەتتى.

ئۇزۇن مەزگىللىك قۇرغاقچىلىقتىن كېيىن، نىل دەرياسىغا ساپمۇساق بىر يىل كەلكۈن كەلدى. ئېتىزلارنى سۇ بېسىپ، دېھقانچىلىق ۋەيران بولدى. باشتا ئاپەت ۋە ئاچلىق سۇسىزلىقتىن پەيدا بولغان بولسا، بۇ قېتىم كەلكۈندىن، سۇنىڭ جىقلىقىدىن كېلىپ چىقتى. ئۇلار مۇساغا قاراپ يۈگۈرۈشتى... مەسىلىگە ئۇنىڭ ئارىلىششى كېرەك ئىدى.

مۇسا رەببىگە دۇئا قىلىپ سۇنىڭ ئۆرلىشىنى توختاتتى. سۇلار يەرگە سىڭىپ مۇنبەت تۇپراقلار پەيدا بولدى، مۇسا ئۇلارنىڭ بەنى ئىسرائىلنى قويۇپ بېرىشكە دائىر بەرگەن ۋەدىسىگە ئەمەل قىلىشنى تەلەپ قىلدى، ئەمما جاۋاب ئالالمىدى.

ئارقىدىنلا چېكەتكە مۆجىزىسى (ئاپىتى) مەيدانغا كەلدى. ﷲ زىرائەت ۋە مېۋىلەرنى يەيدىغان چېكەتكە توپلىرىنى ئەۋەتتى، چېكەتكىلەر زىرائەت، مېۋىلەرنى يەپ تۈگەتتى. چېكەتكىلەر بارغانلىكى يەردە مىسىرلىقلارنىڭ مېۋىلىرىدىن ئەسىرمۇ قالمايتتى، مىسىرلىقلار يەنە مۇسانىڭ ئالدىغا كېلىشتى. بۇ قېتىم ئىسرائىل ئەۋلادىنى

قويۇپ بېرىدىغان بولدى، مۇسا رەببىگە دۇئا قىلىپ بۇ ئاپەتنى يوق قىلدى. چېكەتكىلەر كەلگەن يېرىگە قايتتى. دېھقانچىلىق قايتا باشلاندى، مۇسا يەنە بەنى ئىسرائىلنىڭ قويۇپ بېرىلىشىنى سورىدى. ئۇلار يەنە گەپ ئۆينىتىشقا باشلىدى. دېمەككى، بەرگەن ۋەدىسىدە راستچىل ئەمەس ئىدى. بۇنىڭ بىلەن، بۇ قېتىم پىت ئاپىتى مەيدانغا كەلدى. پىتلار كېسەل تارقاتتى. مىسىرلىقلار يەنە مۇسانىڭ ئالدىغا كېلىشىپ تەكرار ۋەدە قىلىشتى، مۇسا يەنە دۇئا قىلدى. لېكىن ئۇلار يەنە ۋەدىسىدە تۇرمىدى. كېيىن پاقا ئاپىتى مەيدانغا كەلدى. بىردىنلا ھەممە يەر پاقىلار بىلەن تولدى. ئۇلار مىسىرلىقلارنىڭ يېمەكلىرى ئۈستىدە سەكرەپ، ئۆيلىرىگە كىرىۋېلىپ ئۇلارنى ئاۋارە قىلدى. ئۇلار يەنە مۇساغا ۋەدە بەردى ۋە يەنە ۋەدىسىدە تۇرمىدى. ئاخىرىدا قان مۆجىزىسى مەيدانغا كەلدى. نىل سۈيى ھېچكىم ئىچەلمەيدىغان قانغا ئايلاندى.

نىل دەرياسىنىڭ قانغا ئايلىنىشى پەقەتلا مىسىرلىقلارغىلا بولۇپ، مۇسا ۋە قەۋمىگە نورمال سۇ ھالىتىدە ئىدى. ئەمما ھەرقانداق بىر مىسىرلىق ئىچىش ئۈچۈن قاچىلىرىغا سۇ ئالغاندا، قاچىنىڭ قانغا تولغانلىقىنى كۆرەتتى. بۇ يېڭى ۋە قورقۇنچلۇق مۆجىزە ئالدىدا پىرئەۋن ۋە سارىيىدىكىلەر بىلەن تەڭ مىسىرلىقلارمۇ قاتتىق چۆچىدى. يەنە مۇسانىڭ ئالدىغا كېلىشتى ۋە بۇرۇنقىدەكلا ۋەدە بەردى. مۇسا يەنە پەرۋەردىگارىغا دۇئا قىلىپ ئاپەتنى كۆتۈرۈۋەتتى، شۇنداق بولسىمۇ، پىرئەۋنىنىڭ ئوردىسى مۇسانىڭ قەۋمىنى ئېلىپ كېتىشىگە ئىجازەت بەرمىدى. دەل ئەكسىچە، پىرئەۋن تېخىمۇ تەلۋىلىشىپ خەلقىگە ئۆزىنىڭ ئىلاھ ئىكەنلىكىنى جاكارلىدى. ئۇ مۇسانى سېھىرگەر، يالغانچى ۋە بىرەرتالمۇ ئالتۇن بىلەيزۈكى يوق نامرات دەپ كۆرسەتتى.

پىرئەۋن مىللىتىنى (قەۋمىنى) كۆزگە ئىلمىسىمۇ، ئۇلار يەنە ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلدى. ئۇلارنىڭ ئەقلىنى، ئەركىنلىكىنى، كەلگۈسىنى ۋە ئىنسانلىقىنى مەنسىتمىسىمۇ، ئۇلار يەنە پىرئەۋنگە ئىتائەت قىلىشتى. پىرئەۋنىنىڭ مۇساغا ئىتائەت قىلمايدىغانلىقى ئېنىق بولدى، ئۇ بەنى ئىسرائىلنى قىيناشتىن، مىللىتىگە (قەۋمىگە) مەسئۇلىيەتسىزلىك قىلىشتىن ۋاز كەچمىدى. بۇ ۋاقىتتا، مۇسا بىلەن ھارۇن پىرئەۋنگە بەتدۇئا قىلدى. مۇساغا مىسىردىن چىقىشقا رۇخسەت بېرىلدى، مۇسا قەۋمىنى ئالدى. غەلىتە يېرى، ئۇلارنىڭ بەزىلىرى تېخىچە ئىمان ئېيتمىغان ئىدى.

## 618-سۇئال: مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ بەنى ئىسرائىلنى باشلاپ مىسىردىن چىقىپ كېتىشى

مۇساغا چىقىش ئىجازىتى بېرىلگەندىن كېيىن، ئىسرائىل ئەۋلادى بىر بايرامنى تەبرىكلەش ئۈچۈن پىرئەۋندىن رۇخسەت سورىدى. پىرئەۋن خالىمىسىمۇ يەنىلا

ئىجازەت بەردى. ئىسرائىل ئەۋلادى چىقىش ئۈچۈن تەييارلىق قىلىشتى، ئۇلار زىبۇ زىننەتلىرىنى توپلىدى، مىسىرلىقلاردىنمۇ نۇرغۇن ئالتۇن، زىبۇ زىننەت ئارىيەت ئالدى. كېچىسى مۇسا كېلىپ، ئۇلارنى شام دىيارىغا ئېلىپ كېتىش ئۈچۈن قىزىل دېڭىزغا قاراپ يولغا چىقتى، پىرئەۋننىڭ ئادەملىرى ۋە جاسۇسلىرى ھەرىكەتتە ئىدى. پىرئەۋنگە مۇسانىڭ قەۋمىنى ئېلىپ ماڭغانلىقىنى خەۋەر قىلىشتى. پىرئەۋن چوڭ قوشۇننىڭ يىغىلىشى ئۈچۈن پۈتۈن شەھەرلەرگە بۇيرۇق چۈشۈردى، پىرئەۋن قوشۇنى قوزغىلىپ مۇسانىڭ ئارقىسىدىن قوغلاپ ماڭدى.

مۇسا قىزىل دېڭىزغا كېلىپ توختىدى، يىراقتىن بىر بۇلۇت كۆتىرىلىپ پىرئەۋن قوشۇنىنىڭ يېقىنلاپ كەلگەنلىكىنى بېشارەت قىلدى. ئارقىدىنلا قوشۇننىڭ بايراقلىرى كۆرۈندى. مۇسانىڭ قەۋمى قورقۇشقا باشلىدى، ئەھۋال مۇرەككەپ ۋە خەتەرلىك ئىدى، ئالدىدا دېڭىز ئارقىسىدا دۈشمەن بولغاچقا جەڭ قىلىشتىن باشقا چارىسى يوق ئىدى. چۈنكى ئۇلار بالىلار، ئاياللار ۋە قورالسىز ئەرلەردىن تەركىپ تاپقاچقا، پىرئەۋننىڭ ئۇلارنى قىرىپ تاشلىشى ئېنىق ئىدى.

قەۋمىنىڭ ئىچىدىن بەزىلىرى: پىرئەۋن بىزگە يېتىشۋالدىغان بولدى، - دېيىشىپ ۋارقىرىغىلى تۇردى.

- ياق، ھەرگىز ئۇنداق بولمايدۇ! رەببىم مەن بىلەن بىللە، ئۇ مېنى قۇتقۇزىدۇ، - دېدى مۇسا. ئەمما بۇ ئىشەنچ بىلەن ﷲقا يۈزلىنىشى بىلەن تەئالا ﷲ ئۇنىڭغا ھاسىسىنى دېڭىزغا ئۇرۇشقا ئەمر قىلدى. مۇسا ھاسىسىنى يۇقىرىغا كۆتەرگىنىدە، جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام دەرھال زېمىنغا چۈشتى. مۇسا ھاسىسى بىلەن دېڭىزغا ئۇردى ۋە دېڭىز ئىككىگە ئايرىلىپ، ئوڭ - سول تەرىپىدە دېڭىز دولقۇنلىرى بولغان، قاتتىق ۋە قۇرۇق بىر يول ئېچىلدى. مۇسا ۋە قەۋمى مېڭىپ دېڭىزدىن ئۆتتى. مۆجىزە قورقۇنۇچلۇق ئىدى. دېڭىز دولقۇنى بىر پەسىيىپ بىر ئۆرلەيتتى، ئۇلار ئېچىلغان يولدا مېڭىۋاتقاندا گويا بىر سىرلىق قول ئۇلارنى غەرق بولۇشتىن ياكى ھۆل بولۇپ كېتىشتىن قوغداۋاتاتتى. ئىسرائىل ئەۋلادى دېڭىزدىن ئۆتۈپ بولدى.

## 619 - سۇئال: پىرئەۋننىڭ ھالاك بولۇشى

بۇ چاغدا، پىرئەۋن دېڭىزغا يېتىپ كەلدى. مۆجىزىنى، دېڭىزنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئېچىلغان قۇرۇق يولنى كۆردى. قورققان بولسىمۇ، جاھىللىق بىلەن ئۇرۇش ھارۋىسىنىڭ ھارۋىكەشگە ئىلگىرىلەشنى بۇيرىدى. قوشۇن ئارقىسىدىن ماڭدى.

مۇسا دېڭىزدىن ئۆتۈپ بولۇپ، دېڭىزنىڭ بۇرۇنقى ھالىغا قايتىشى ئۈچۈن ھاسىسى بىلەن دېڭىزنى ئۇرماقچى بولىۋىدى. ﷲ دېڭىزنىڭ شۇ پېتى قېلىشىنى بۇيرىدى. مۇسا قەۋمىنىڭ قۇتۇلۇش ئۈچۈن دېڭىز بىلەن پىرئەۋندىن ئايرىلىشىنى

ئۇمىد قىلغان ئىدى. ئەگەر ھاسىسى بىلەن دېڭىزغا ئۇرۇپ، دېڭىز ئەسلىگە قايتقان بولسا ئىدى. مۇسامۇ قۇتۇلاتتى، پىرئەۋنمۇ قۇتۇلغان بولاتتى. ئەمما اللە تائالا پىرئەۋننىڭ سۇدا غەرق بولۇشىنى خالىدى، شۇڭا مۇساغا دېڭىزغا چېقىلماسلىقنى بىلدۈردى.

پىرئەۋن قوشۇنى بىلەن دېڭىزنىڭ ئوتتۇرىغا كەلدى، ئۇلار قارشى قىرغاققا يېقىنلىغاندا ئۇلۇغ اللە جىبرىئىلغا دېڭىز دولقۇنلىرىنىڭ قوشۇلۇشىنى ئەمر قىلدى. جىبرىئىل بەجا كەلتۈردى. دېڭىز دولقۇنى قوشۇلۇپ، پىرئەۋن ۋە قوشۇننى قوينىغا ئالدى. پىرئەۋن ۋە قوشۇنى غەرق بولدى. جاھىللىق غەرق بولۇپ، ئىمان غەلىبە قىلغان ئىدى.

پىرئەۋن سۇدا تۇنجۇقۇۋاتقان چاغدا، ئۆزىنىڭ دوزاختىكى ئورنىنى كۆردى. جېنى تومشۇقىغا كېلىپ، پەردىلەنگەن كۆزى ئېچىلغىنىدا، مۇسانىڭ توغرىلىقىنى، ئۆزىنىڭ ئۇنىڭغا قارشى ئۇرۇش قىلىپ خاتا قىلغانلىقىنى چۈشىنىپ ئىمان ئېيتتى. ئەمدى قىلغان تۆۋبىنىڭ پايدىسى يوق بولۇپ قوبۇل قىلىنمايتتى. بۇ ئازابنى كۆرگەن ۋە سەكراتتا چۈشكەندە قىلىنغان تۆۋبە ئىدى. جىبرىئىل دېدى: ئەمدى تۆۋبىگە يەر يوق، ساڭا بېرىلگەن تەۋبە قىلىش ۋاقتى ئاخىرلاشتى، ئىش تۈگىدى. ئەمدى ساڭا قۇتۇلۇش يوق. پەقەتلا جەستىڭ قۇتۇلىدۇ... سەن ئۆلىسەن. سەندىن كېيىنكىلەرگە ئىبرەت بولسۇن ئۈچۈن دېڭىز دولقۇنى جەستىڭنى قىرغاققا چىقىرىپ قويىدۇ. گۇمراھ پىرئەۋن ئۇستىگە پەردە يېپىلدى. دولقۇنلار ئۇنىڭ جەستىنى قىرغاققا ئاتتى.

## 620-سۇئال: مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ بەنى ئىسرائىل قەۋمى بىلەن بولغان كۆرەشلىرى

پىرئەۋن ئىسرائىل قەۋمىنى اللە دىن باشقىسغا بويۇن ئېگىشكە كۆندۈرىۋەتكەنىدى. يەنى ئۇلارنىڭ روھلىرىنى بۇزغۇنچىلىققا ئۇچراتتى. ئۇلار تەرسالىق ۋە نادانلىق بىلەن مۇساغا كۆپ ئەزىيەت يەتكۈزدى. بەنى ئىسرائىل قەۋمى بۇ بۇتپەرەس قەۋمنىڭ ئىلكىگە ئۆتكەندىن بىرى نۇرغۇنلىغان پالاكەتكە دۇچ كەلدى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە بۇتلارغا چوقۇنۇش ھەۋىسى تۇغۇلدى ۋە مۇسادىن بۇت تەلەپ قىلىشتى. مۇسا ئۇلارنىڭ بەكمۇ نادان ئىكەنلىكىنى ئېيتتى. مۇسا قەۋمىنى باشلاپ سىنا چۆلىگە كەلدى. چۆلدە نە دەرەخ، نە يېشىللىك - ئېچكۈدەك بىر نەرسە يوق ئىدى. اللە ئۇلارغا رەھمەت قىلىپ تەرەنجىبىن ۋە بۆدۈننى چۈشۈرۈپ بەردى. بۇلۇتلارنى ئۇلارغا سايىۋەن قىلىپ ئەۋەتتى. تەرەنجىبىن بەزى مېۋىلىك دەرەخلەردىن ئېقىپ چىقىدىغان تاتلىق ماددا بولۇپ، شاماللار بۇ ماددىلارنى ياپراقلارنىڭ ئىچىگە قويۇپ ئېلىپ كەلگەنىدى. بۆدۈنە بولسا، قۇش تۈرلىرىدىن بىرى ئىدى. ئۇلار قاتتىق ئۇسساپ

كەتتى، مۇسا ھاسسى بىلەن بىر تاشقا ئۇرىۋىدى. تاشتىن 12 بۇلاق ئېتىلىپ چىقتى. ئىسرائىل قەۋمى 12 قەبىلىگە بۆلۈنگەن بولۇپ، اﷲ ئۇلارنىڭ ھەر بىرىگە بىردىن بۇلاق چىقىرىپ بەردى. شۇنداق بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ ئىچىگە سىڭىپ كەتكەن ئۇ قۇتراتقۇلۇق تۇيغۇلىرى جىم تۇرمىدى. ئۇلار مۇسادىن بۇ يېمەكلەردىن زېرىككەنلىكىنى، ئۆزلىرىنىڭ پىياز، سامساق، پۇرچاق، يېسىمۇقلارنى يېگۈلىرى كەلگەنلىكىنى ئېيتتى. بۇلار مىسىرنىڭ ئەنئەنىۋي ئوزۇقلۇقى ئىدى. شۇڭا بەنى ئىسرائىل قەۋمى مۇسانىڭ بۇلارنى تۇپراقتىن چىقىرىپ بېرىشى ئۈچۈن اﷲقا دۇئا قىلىشنى تەلەپ قىلدى. مۇسا ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىگە زۇلۇم قىلىۋاتقانلىقىنى ۋە مىسىردىكى ئۇ رەزىل كۈنلىرىنى سېغىنىپ كەتكەنلىكىنى، يېمەك - ئىچمەكنىڭ ئەڭ ياخشىسى بېرىلسە، ھەددىدىن ئېشىپ، ئۇلارنىڭ ئورنىغا ئەڭ ناچارلىرىنى تەلەپ قىلىۋاتقانلىقىنى قايتا ئاگاھلاندۇرۇپ قويدى.

مۇسا قەۋمىنى قۇددۇس تەرەپكە باشلاپ ماڭدى ۋە قەۋمىگە قۇددۇسقا بارغاندا، ئۇ يەردىكىلەرنى قوغلاپ چىقىرىش ئۈچۈن، ئۇلار بىلەن ئۇرۇشۇشنى بۇيرىدى. مانا بۇ، ئۇلارغا قىلىنغان ئاخىرقى سىناق ئىدى. ئۆزلىرىگە كەلگەن ئۇ مۆجىزىلەردىن كېيىن (مۆمىن بولغانلىقى ئۈچۈن)، بۇتلارغا چوقۇنىدىغان بىر قەۋم بىلەن ئۇرۇشۇشنىڭ ۋاقتى - سائىتى كەلگەنىدى. ئەمما مۇسانىڭ قەۋمى ئۇ مۇقەددەس يەرگە كىرىشنى رەت قىلدى. پۈتۈن قەۋمدىن پەقەت ئىككى كىشىلا مۇسا بىلەن ھارۇنغا قېتىلدى. تارىخي مەلۇماتلارغا ئاساسلانغاندا، ئۇلارنىڭ سانى 600 مىڭ كىشى ئىدى. ئەمما مۇسا ئۇلارنىڭ ئارىسىدىن ئۇرۇشتىن قورقمايدىغان ئىككىلا كىشىنى تاپالىدى.

بۇ ئىككى كىشى مۇقەددەس زېمىنغا كىرىپ ئۇرۇش قىلىش ئۈچۈن قەۋمىنى قايىل قىلىشقا تىرىشتى. ئۇلارنىڭ پەقەت شەھەر دەرۋازىسىدىن كىرسىلا غەلىبىگە ئېرىشەلەيدىغانلىقىنى ئېيتتى. ئەمما ئىسرائىل قەۋمى قورقۇنچتىن تىترەپ تۇرۇشاتتى.

ئىسرائىل قەۋمى بۇتقا چوقۇنىدىغان قەۋمنى كۆرۈپلا كونا خۇيلىرىغا قايتقىلى تۇردى. ئۇلارنىڭ خاراكتېرى بۇزۇلۇپ كەتكەن بولۇپ، رەزىللىك ۋە پەسكەشلىك ئۇلارنىڭ قان - قېنىغا سىڭىپ كەتكەنىدى. ئۇلار اﷲقا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى مۇساغا داۋاملىق يولسىزلىق قىلىپ، ئۇرۇشۇشقا قەتئىي قوشۇلمىدى. نىھايەت، ئىسرائىل قەۋمى مۇساغا مۇنۇ مەشھۇر سۆزنى قىلدى: «سەن پەرۋەردىگارىڭ بىلەن بىللە بېرىپ ئىككىڭلار ئۇرۇشۇڭلار، بىز بۇ يەردە ئولتۇرۇپ تۇرايلى!» دېدى. ئۇلار بۇ سۆزنى قىلچە تەپتارتماي، ئوپئوچۇق دېگەنىدى.

مۇسا ئۆز قەۋمىنى قايىل قىلالمايدىغانلىقىنى چۈشەندى. گەرچە پىرئەۋن ئۆلگەن

بولسمۇ، ئىسرائىل قەۋمىدە خېلى بىر ۋاقىتلارغىچە ئۈچمەيدىغان تەسىر قالدۇرغانىدى. مۇسا پەرۋەردىگارىغا پەقەت ئۆزى قېرىندىشىدىن باشقىلارنى قايىل قىلالمايدىغانلىقىنى ئېيتتى ۋە اللهنىڭ ئۆزى بىلەن قەۋمىنى ئايرىۋېتىشىنى تىلەپ دۇئا قىلدى.

## 621-سوئال: ئاللاھنىڭ بەنى ئىسرائىل قەۋمىنى جازالىشى

الله تەبىئىتى بۇزۇلغان ئىسرائىل قەۋمىگە ئۆز ھۆكمىنى چۈشۈردى. يەنى ئۇلارنى 40 يىل، تاكى ئۆلۈپ تۈگىگىچە ياكى قېرىپ ھالىدىن كەتكۈچە سىنا چۆلىدە ئېزىپ يۈرۈشكە مەھكۇم قىلدى. بۇ نەسىل تۈگىگەندىن كېيىن، ئورنىغا باشقا بىر نەسىل، ھېچكىمگە بېقىنمايدىغان، ئۇرۇشۇپ زەپەر قازىنىدىغان بىر نەسىل ۋۇجۇتقا كېلەتتى. ئۇلار ئېزىقىپ يۈرۈشكە باشلىدى. بىر يەردىن يۈرۈشكە باشلاپ بىر يەردە توختايتتى، توختىغان يەردىن يەنە يۈرۈپ ئاۋۋال باشلىغان يەرگە بېرىپ توختايتتى. ئۇلار بۇ تەرىقىدە كېچە ـ كۈندۈز، ئەتىگەن ـ ئاخشىمى توختىماي يۈرۈپ، سىنا چۆلىگە كىرىپ كەتتى.

## 622-سوئال: مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىككىنچى قېتىم تۇر تېغىدا ئاللاھ بىلەن سۆزلىشىشى

مۇسا تۇنجى قېتىم الله بىلەن سۆزلەشكەن يەرگە قاراپ ماڭدى. ئىسرائىل قەۋمى تۇر تېغىنىڭ قېشىغا كېلىپ چۈشكۈن قىلدى. مۇسا ئۆزى يالغۇز تاغقا چىقىپ پەرۋەردىگارى بىلەن سۆزلەشتى. ئۇ يەردە مۇساغا تەۋرات چۈشۈرۈلدى. مۇسا الله بىلەن سۆزلەشكىلى مېڭىشتىن بۇرۇن، قېرىندىشى ھارۇننى قەۋمىگە باش قىلىپ قويغانىدى.

## 623-سوئال: مۇسا ئەلەيھىسسالامغا بېرىلگەن ئون ۋەسىيەت

رىۋايەتلەردە مۇنداق دېيىلىدۇ: مۇسا كېچە ـ كۈندۈز ھېچنىمە يېمەي ساق 30 كۈن روزا تۇتتى. كېيىن الله بىلەن سۆزلەشكەندە، ئاغزىنىڭ پۇراپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ، يولدا كېتىۋېتىپ ئاغزىغا بىر يوپۇرماقنى سىلىۋالدى. الله ئۇنىڭدىن: نېمە ئۈچۈن روزاڭنى بۇزدۇڭ؟ ـ دەپ سورىدى. ئەسلىدە الله ئۇنىڭ سەۋەبىنى ھەممىدىن ياخشى بىلگۈچىدۇر. مۇسا: ئى رەببىم؟ سەن بىلەن سۆزلەشكەندە، ئاغزىمنىڭ پۇراپ قېلىشىدىن قورقتۇم، ـ دېدى.

الله: ئى مۇسا! مەن ئۈچۈن روزا تۇتقان كىشىنىڭ ئاغزى ئەنبەردىنمۇ خۇش پۇرايدۇ. سەن قايتىپ، يەنە ئون كۈن روزا تۇتقاندىن كېيىن قايتا كەل! ـ دېدى. مۇسا اللهنىڭ دېگىنىنى قىلدى. مۇسانىڭ نېمە ئۈچۈن ئوتتۇزنىڭ ئورنىغا قىرىق كۈن روزا تۇتقانلىقى بىزگە نامەلۇم. بىزگە مەلۇم بولغىنى، پەقەت اللهنىڭ ئون كۈننى قوشۇپ

قويۇشى ۋە مۇساغا تەۋراتنى نازىل قىلىشى ئىدى.

مۇساغا تۆۋەندىكىدەك ئون تۈرلۈك ۋەسىيەت بېرىلدى:

1 ـ يالغۇز ۋە شېرىكى بولمىغان اللهقا ئىبادەت قىلىش.

2 ـ اللهنىڭ ئىسمى بىلەن يالغاندىن قەسەم ئىچمەسلىك.

3 ـ شەنبە كۈندىكى ئادىتىنى داۋاملاشتۇرۇش (شەنبە كۈننى ئىبادەت بىلەن ئۆتكۈزۈش).

4 ـ ئاتا ـ ئانىغا ياخشىلىق قىلىش.

5 ـ ئىنئام ۋە ئىكرام قىلغۇچىنىڭ پەقەت الله ئىكەنلىكىنى بىلىش.

6 ـ ئادەم ئۆلتۈرمەسلىك.

7 ـ تارازىدا ھىيلە ئىشلەتمەسلىك.

8 ـ ئوغرىلىق قىلماسلىق.

9 ـ يالغان گۇۋاھلىق بەرمەسلىك.

10 ـ دوست ـ بۇرادىرىنىڭ ئۆيىگە، ئايالىغا ۋە مېلىغا (قۇل ـ چۆرىسى، ئۆكۈز ۋە ئېشىكىگە) كۆز تىكمەسلىك.

## 624 ـ سۇئال: روزا تۇتۇشنىڭ بەندىنى ئاللاھقا يېقىنلاشتۇرۇشتىكى ھىكمىتى

ئۇلۇغ الله مۇسانىڭ پەرۋەردىگارى بىلەن سۆزلىشىش ئۈچۈن تاغقا چىققان چاغدىكى ئەھۋالىنى، يەنى ئۇنىڭ قىرىق كۈن روزا تۇتۇش ئارقىلىق رەببىگە تېخىمۇ يېقىنلاشقانلىقىنى ۋە پەرۋەردىگارىنىڭ ئۆزى بىلەن سۆزلەشكەنلىكىدىن دىلى يايراپ، پەرۋەردىگارىغا بولغان سۆيگۈسىنىڭ تېخىمۇ ئاشقانلىقىنى بايان قىلىپ بەردى.

## 625 ـ سۇئال: مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ تۇر تېغىدىن قايتقاندىن كېيىنكى قەۋمى ئىچىدىكى بۇتپەرەسلىككە قارشى ئېلىپ بارغان كۆرەشلىرى

مۇسا تەۋرات لەۋھەلىرىنى ئېلىپ تاغ چوققىسىدىن نەپرەت ۋە ئازاب بىلەن پەسكە ـ قەۋمىگە قاراپ مېڭىۋاتقاندا، ئۇنىڭ قاتتىق غەزەپلەنگەنلىكىنى بىلىۋېلىش تەس ئەمەس ئىدى. مۇسا رەببى بىلەن ئۇچرىشىش ئۈچۈن قەۋمىدىن ئايرىلىپ تۇرىشىغا سامىرى پىتنە ـ تېرىدى. ھارۇن ئەلەيھىسسالام بىر كۈنى قەۋمىنىڭ بىر موزايغا چوقۇنىۋاتقانلىقىنى بايقىدى.

ھارۇن قەۋمىگە نەسىھەت قىلىشقا باشلىدى. موزايغا چوقۇنغۇچىلار ھارۇننىڭ نەسىھىتىگە قۇلاق سالمىدى. ھارۇن مۇسا قايتقىچە بۇ توغرىدا مۇنازىرە قىلىشنى خالىمىدى. ھارۇن مۇسادىن مۇلايىم ئىدى. شۇنداق بولغاچقا، ئۇلار ئۇنىڭدىن قورقمايتتى. خەلق موزاينىڭ ئەتراپىدا داۋاملىق ئويۇن ـ تاماشا قىلىشتى. مۇسا قەۋمىگە قايتىش ئۈچۈن كېتىۋېتىپ، قەۋمىنىڭ موزاي ئەتراپىدا سەكرەپ، ئۇسسۇل ئويناپ،

ۋاراڭ ـ چۇرۇڭ قىلغان ئاۋازىنى ئاڭلىدى. مۇسانى كۆرگەن قەۋمى توختاپ جىمىدى. مۇسا ھارۇننىڭ ئۆزىنىڭ ئەمرىگە قارشى چىقىپ، بۇ پىتنە ئالدىدا نېمە ئۈچۈن گەپ قىلماي تۇرغانلىقىنى، ئۇلاردىن ئايرىلىپ چىقىپ كەتمەي، ئۇلار بىلەن بىللە تۇرۇشقا قانداق رازى بولغانلىقىنى، ئۇلار بىلەن نېمىشقا ئېلىشمىغانلىقىنى سورىدى.

مۇسا ئۇنى ئۇلارغا مەسئۇل قىلىپ كەتكەندىن كېيىن، بۇ ئەھۋالدا ئۇلارنىڭ ئارىسىدا قانداق تۇرغانلىقىنى سورىدى. ھارۇن قېرىندىشى مۇساغا مۇلايىملىقى سەۋەبىدىن قەۋمىنىڭ ئۆزىنى كەمسىتكەنلىكىنى، ئۇلارغا قارشىلىق قىلغىنىدا ئۇلارنىڭ ئۇنى ئۆلتۈرۈۋەتكىلى تاس قالغانلىقىنى ئېيتىپ، دۈشمەنلىرىگە تاماشا بولماسلىقى ۋە قەۋمىنىڭ ئۆزىنى تېخىمۇ كۆزگە ئىلماي قالماسلىقى ئۈچۈن چاچ ـ ساقىلىنى قويۇپ بېرىشىنى سورىدى. ئۇلارنىڭ زۇلۇملىرىغا قارشى چىقالمىغان بولسىمۇ، ئۇلاردىن بىرى بولمىغانلىقىنى ئېيتتى.

مۇسا اﷲ نى قىزغىنىپ ۋە ھەقكە بولغان سۆيگۈسىدىن كېلىپ چىققان غەزەپ تۈپەيلىدىن ھارۇنغا ھەقسىزلىق قىلغانلىقىنى چۈشەندى. ھارۇننىڭ بۇ شەرتلىرىدە ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە ئەڭ توغرا ئىش قىلغانلىقىنى ئۇقتى. ئۇنىڭ چاچ ـ ساقاللىرىنى قويۇپ بېرىپ، ئۆزى ۋە قېرىندىشى ئۈچۈن اﷲقا ئىستىغفار ئېيتتى ۋە ئارقىدىن قەۋمىگە ئۆرۈلۈپ غەزەپتىن تىترىگەن ئاۋازى بىلەن سورىدى:

«سىلەرگە پەرۋەردىگارىڭلار چىرايلىق ۋەدە قىلمىغانمىدى؟ (سىلەر ئەھدىنى ئۇنتۇغۇدەك) ۋاقىت شۇنچە ئۇزۇن بولۇپ كەتتىمۇ؟ ياكى سىلەر ئۆزەڭلارغا پەرۋەردىگارىڭلارنىڭ غەزىپى چۈشۈشىنى ئىرادە قىلدىڭلارمۇ؟ شۇنىڭ ئۈچۈن سىلەرنىڭ ماڭا بەرگەن ۋەدەڭلارغا خىلاپلىق قىلدىڭلارمۇ؟. »

مۇسا ئۇلارغا قاتتىق تەگدى ۋە ئۇلارنى پەرىشان قىلىپ، قىلمىشلىرىنىڭ ئەخمەقلىق ئىكەنلىكىنى كۆرسەتتى. مۇسا ھارۇن بىلەن سۆزلىشىپ بولغاندىن كېيىن سامىرىگە قارىدى. خەلق مۇسانىڭ غەزىپى ئالدىدا باشلىرىنى ئېگىشتى. مۇسا ئۇنىڭ بىلەن مۇنازىرىلىشىپ يۈرمىدى، پەقەتلا ھەقنىڭ ھۆكۈمىنى ئۇنىڭ يۈزىگە ئۇردى. مۇسا ئۇنىڭ دۇنيادا يالغۇز قېلىشىنى ھۆكۈم قىلدى. سامىرى ھېچ نەرسىگە تېگەلمەي ھېچبىر كىشىگە يېقىن كېلەلمەي، ھېچقانداق بىر مەخلۇققا يېقىنلىشالماي، ھاقارەت ئىچىدە يالغۇز ياشىدى. ئۇ ئۇنىڭ بۇ دۇنيادىكى جازاسى ئىدى. قىيامەت كۈنى ئۇنىڭ چېكىدىغان ئىككىنچى ئازابى بار ئىدى. مۇسا سامىرىنىڭ ئىشىنى تۈگەتكەندىن كېيىن، ئالتۇن موزايىنى ئېلىپ ئوتقا تاشلىدى. ئۇ بۇنىڭ بىلەنلا قالماي، قەۋمىنىڭ ھودۇققان كۆزلىرى ئالدىدا ئۇنى ئاپىرىپ دېڭىزغا پېقىرىتىپ تاشلىدى. مۇسانىڭ ئاۋازى يۇكسەلدى.

سلەرنىڭ ئىلاھىڭلار بىر اﷲ تۇر، ئۇنىڭدىن باشقا ھېچ مەبۇد (بەرھەق) يوقتۇر، ئۇ ھەر نەرسىنى تولۇق بىلگۈچىدۇر. ئىلاھىڭلار پەقەت بىر اﷲتۇر. ئۆزىگە نە پايدا، نە زىيان يەتكۈزەلمەيدىغان بۇت ئەمەس!

## 626-سۇئال: مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ئازغان قەۋمى توغرىسىدا چىقارغان ھۆكۈمى

مۇسا بۇتنىڭ ۋە ئەسلى گۇناھكارنىڭ ئىشىنى تۈگەتكەندىن كېيىن، قەۋمىگە يۈزلىنىپ پۈتۈن مەسىلە ھەققىدە ئومۇمىي ھۆكۈم چىقاردى. ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىگە ئۆزلىرى زۇلۇم قىلغانلىقىنى، موزايغا چوقۇنغانلارنىڭ تەۋبە قىلىشى ئۈچۈن بىر پۇرسەت بېرىلگەنلىكىنى ئېيتتى. بۇ پۇرسەت، مۇزايغا چوقۇنغانلارنىڭ ئۆزىنى ئۆلتۈرۈش پۇرستى ئىدى. جازامۇ گۇناھقا ئاساسەن بېرىلگەن ئىدى. ئۇ قاتتىق ۋە رەھىمسىز ھالدا كەلگەن ئىدى. كېيىن اﷲ مەرھەمەت قىلىپ ئۇلارنىڭ تەۋبىسىنى قوبۇل قىلدى. ئۇ تەۋبىلەرنى قوبۇل قىلغۇچى ۋە مەرھەممەتلىكتۇر. مۇسانىڭ غەزىپى ئاخىرى پەسەيدى.

مۇسانىڭ اﷲ يولىدا كەلگەن ئاچچىقى ئەمدى يوقالدى. بۇ ئاچچىق - غەزەپلەر ئىچىدىكى ئەڭ كۈچلۈك ۋە ھۆرمەتكە ئەڭ لايىق بولغىنى ئىدى. غەزىپى پەسەيگەن مۇسا ئەسلى ۋەزىپىگە قايتتى. تەۋرات لەۋھەلىرىنى بىر بۇلۇڭغا قويغانلىقى ئېسىگە كېلىپ، ئۇلارنى قايتا قولىغا ئالدى ۋە تەبلىغ قىلىشقا باشلىدى. قانداقلا بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، غەزىپى بېسىلغان مۇسا اﷲ يولىدىكى جىھادىنى قايتىدىن باشلاپ تەۋرات لەۋھەلىرىنى قەۋمىگە ئوقۇپ بەردى. دەسلىپىدە ئۇلارنىڭ قەتئىي ھالدا ئۇنىڭ (تەۋراتنىڭ) ھۆكۈمىگە ئەمەل قىلىشىنى ئەمر قىلدى. ھەيران قالارلىقى، قەۋمى ئۇنىڭ بىلەن ھەق توغرىسىدا سودىلاشتى. ئۇلار مۇنداق دېيىشتى: - لەۋھەلەرنى ئالدىمىزغا قويغىن، ئەگەر بۇيرۇق ۋە قانۇنلار ئاسان بولسا قوبۇل قىلايلى.

مۇسا: ياق! ئۇلارنىڭ ئىچىدىكىلەرنى (لەۋھەلەردە يېزىلغانلارنى) قوبۇل قىلىڭلار، - دېدى. ئۇلار جاھىللىق قىلىۋىدى، ئۇلۇغ اﷲ پەرىشتىلەرگە بۇيرۇق قىلىپ تاغنى ئۇلارنىڭ بېشىغا ئەكەلدى. تاغ ئۇلارنىڭ ئۈستىدە خۇددى بىر بۇلۇتتەك تۇراتتى.

ئۇلارغا: لەۋھەلەردە يېزىلغاننى قوبۇل قىلمىساڭلار، بۇ تاغ ئۈستۈڭلەرگە چۈشىدۇ، - دېيىلدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار قوبۇل قىلىشتى. سەجدە قىلىشى ئەمر قىلىندى ۋە ئۇلار سەجدە قىلدى. ئېڭەكلىرىنى يەرگە چاپلاپ قورققان ھالدا ئۈستىدىكى تاغقا قاراشتى. شۇنداق قىلىپ، مۇسانىڭ قەۋمىنىڭ قەلبىگە قورقۇنچ سېلىنىپ، پۈتلىرى بۇ قورقۇنچنىڭ تەسىرى بىلەن سەجدىگە يىقىلىپ، بويۇنلىرى پارلاق بىر مۆجىزە ئالدىدا پۈكۈلگەندە تەسلىم بولغانلىقى ئىسپاتلاندى.

## 627ـ سوئال: مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاخىرقى مۆجىزىسى

مۇسا بەنى ئىسرائىلنىڭ ئالىم ۋە تاللانغان كىشىلىرىنىڭ اللهتىن مەغپىرەت تىلەپ تەۋبە قىلىشنى بۇيرۇدى. ئۇلاردىن 70 كىشىنى تاللاپ: اللهقا بېرىڭلار، قىلغان گۇناھىڭلار ئۈچۈن ئۇنىڭغا تەۋبە قىلىڭلار، ئۇنىڭدىن ئارقاڭلاردىكى قەۋمىڭلارنىڭ تەۋبىلىرىنىڭ قوبۇل قىلىنىشىنى سوراڭلار، روزا تۇتۇپ پاك بولۇڭلار، كىيىملىرىڭلارنىمۇ پاك تۇتۇڭلار! ـ دېدى.

مۇسا تاللانغان 70 كىشى بىلەن بىللە اللهنىڭ ئۇنىڭغا ئورۇنلاشتۇرغان ئۇچرىشىشى ئۈچۈن يولغا چىقتى. مۇسا تاغقا يېقىنلاشقاندا، ئۇلار كۆزلىرىگە ئىشەنمەي قالدى. بىر بۇلۇت پۈتۈن تاغنى قاپلىغان ئىدى. مۇسا بۇلۇتنىڭ ئىچىگە كىرىپ قەۋمىگە: يېقىن كېلىڭلار! ـ دېدى. ئۇلار يېقىنلاشتى. ئۇلۇغ الله مۇسا بىلەن سۆزلەشتى. مۇسا الله بىلەن سۆزلىشىۋاتقاندا ئالدىغا ئىنسان بالىسىدىن ھېچبىر كىشى قارىيالمايدىغان ۋە ياكى تاقەت قىلالمايدىغان پارلاق بىر نۇر كېلەتتى. مۇسا رەببى بىلەن سۆزلەشكەندە، ئارىسىدا پەردە پەيدا بولدى. مۇسا تاللىغان 70 كىشى ئۇنىڭ رەببى بىلەن سۆزلەشكەنلىرىنى ئاڭلاپ تۇردى. بەلكى بۇ مۆجىزىلەرنىڭ ئاخىرقىسى ئىدى. ئۇلارنىڭ ھاياتى بويىچە ئىمانى بىلەن ياشىشىغا يېتەرلىك ئىدى. شۇنداقتىمۇ تاللانغان بۇ 70 كىشى ئاڭلىغان مۆجىزىگە قانائەت قىلماي، الله نى كۆرۈشنى تەلەپ قىلىشتى. چېكىدىن ئاشقان بۇ تەلەپكە چاقماق تېزلىكىدە بىر جازا بېرىلدى. سېكونت ئىچىدە مەيدانغا كەلگەن زىلزىلە (يەر تەۋرەش) ئۇلارنىڭ روھ ۋە بەدەنلىرىنى پارچىلاپ تاشلىدى. ئۇلار ئۆلدى...

مۇسا تاللانغان 70 كىشىنىڭ قىلمىشىنى كۆرۈپ قاتتىق ئازابلاندى. رەببىگە دۇئا قىلىپ، ئۇلارغا مەغپىرەت ۋە مەرھەمەت قىلىشىنى تىلەش ئۈچۈن ئورنىدىن تۇردى. مۇسا: «پەرۋەردىگارىم! خالىغان بولساڭ ئۇلارنى ۋە مېنى بۇرۇنلا ھالاك قىلغان بولاتتىڭ. ئارىمىزدىكى ئەخمەقلەرنىڭ قىلمىشى تۈپەيلىدىن بىزنى ھالاك قىلامسەن؟ بۇ پەقەت سېنىڭ سىنىقىڭدۇر، شۇ ئارقىلىق خالىغان بەندەڭنى ئازدۇرىسەن، خالىغان بەندەڭنى ھىدايەت قىلىسەن، سەن بىزنىڭ ئىگىمىزسەن، بىزگە مەغپىرەت قىلغىن، رەھىم قىلغىن، سەن ئەڭ ياخشى مەغپىرەت قىلغۇچىسەن. بىزگە بۇ دۇنيادا ۋە ئاخىرەتتە تېگىشلىك ياخشىلىق قىلغىن، بىز ھەقىقەتەن ساڭا تەۋبە قىلدۇق» دېدى. بۇ مۇسانىڭ رەببىگە دۇئا قىلىپ، ئۇنىڭ رىزاسىنى تىلەۋاتقاندا ئېيتقان سۆزلىرى ئىدى. الله ئۇنىڭغا رەھىم قىلىپ، قەۋمنى ئەپۇ قىلدى. ئۆلگەندىن كېيىن ئۇلارنى قايتا تىرىلدۈردى. تاللانغان كىشىلەر الله بىلەن مۇسا سۆزلىشىۋاتقان بۇ گۈزەل ۋاقىتلاردا ھاياتنىڭ باشلىنىشىدىن تاكى ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام پەيغەمبەر

بولۇپ كەلگىچە بولغان سۆزلەرنى ئاڭلاشقا مۇيەسسەر بولدى.

## 628-سوئال: مۇسا ئەلەيھىسسالامغا ئاخىرقى پەيغەمبەرنىڭ خۇش خەۋىرى بېرىلگەنلىكى

شۇنداق پەرەز قىلىمىزكى، بۇ خۇشخەۋەر مۇسانىڭ رەببى بىلەن ئۇچرىشىش ئۇچۇن ئىسرائىل ئەۋلادىنىڭ ئالىم - ئۆلىمالىرىدىن بولغان 70 كىشى بىلەن بىللە كەلگەن كۇنى كەلدى. كاتتا مۆجىزە كۆرستىلگەنلىكى ئۇچۇن مۇھىملىقى بىلىنگەن بۇ كۇندە ئاخىرقى پەيغەمبەرنىڭ خۇشخەۋىرى كەلگەن ئىدى. ئىبنى كەسىرنىڭ «قەسسەسۇل ئەنبىيا (پەيغەمبەرلەرنىڭ قىسسىسى)» ناملىق كىتابىدا قەتادەدىن نەقىل كەلتۇرۇپ مۇنداق دەيدۇ: "مۇسا پەرۋەردىگارىغا: مەن لەۋھەلەردىن ئىنسانلار ئۇچۇن مەيدانغا كەلتۇرۇلگەن ئەڭ خەيرلىك ياخشىلىققا بۇيرۇپ، يامانلىقنى چەكلەيدىغان بىر ئۇممەت كۆردۇم. پەرۋەردىگارىم! ئۇلارنى مېنىڭ ئۇممىتىم قىلغىن! - دېدى.

ئۇلۇغ اللّٰه: ئۇ مۇھەممەدنىڭ ئۇممىتىدۇر، - دېدى.

- پەرۋەردىگارىم! لەۋھەلەردە كىتابىنى قەلبىدە ئوقۇغان بىر ئۇممەتنى كۆردۇم. ئۇلاردىن ئاۋۋالقىلىرى كىتابلارغا قاراپ ئوقۇيتتى. كىتابنى قويغاندىن كېيىن ھېچبىر نەرسە ئېسىدە قالمايتتى. اللّٰه بۇ ئۇممەتكە باشقا ھېچبىر قەۋمگە بېرىلمىگەن يادلاش قابىلىيىتىنى بېرىپتۇ. پەرۋەردىگارىم! ئۇلارنى مېنىڭ ئۇممىتىم قىلغىن! - دېدى مۇسا.

ئۇلۇغ اللّٰه: ئۇ مۇھەممەدنىڭ ئۇممىتىدۇر، - دېدى.

مۇسا: ئى پەرۋەردىگارىم! لەۋھەلەردە دەسلەپكى ۋە ئاخىرقى كىتابلارغا ئىشەنگەن ۋە گۇمراھلىققا چۇشكەنلەر بىلەن جەڭ قىلغان بىر ئۇممەت كۆردۇم، ئۇلارنى مېنىڭ ئۇممىتىم قىلغىن! - دېدى.

ئۇلۇغ اللّٰه دېدى: ئۇ ئەھمەدنىڭ ئۇممىتىدۇر.

مۇسا: ئى پەرۋەردىگارىم! لەۋھەلەردە سەدىقە بېرىدىغان ۋە بەرگەن سەدىقىلىرىنى ئۇلارنىڭ پېقىرلىرى يېيەلەيدىغان، بۇنىڭ بىلەن سەدىقە بەرگۇچىگە ئەجىر بېرىلىدىغان بىر ئۇممەتنى كۆردۇم. ئۇلاردىن ئاۋۋالقى قەۋملەردىن (ئۇممەتلەردىن) بىرى سەدىقە بەرسە ۋە ئۇ سەدىقە قوبۇل قىلىنسا، اللّٰه ئۇ سەدىقىگە بىر ئوت ئەۋەتەتتى، ئوت سەدىقىنى يەۋەتەتتى، سەدىقە قوبۇل قىلىنمىسا، ئوت ئۇنى كۆيدۇرمەي تاشلىنىپ قېلىناتتى، ئۇنى يىرتقۇچ ھايۋان ۋە قۇشلار يەپ تۈگىتەتتى. پەرۋەردىگارىم! ئۇلارنى مېنىڭ ئۇممىتىم قىلغىن! - دېدى.

ئۇلۇغ اللّٰه: ئۇ مۇھەممەدنىڭ ئۇممىتىدۇر، - دېدى.

مۇسا: ئى پەرۋەردىگارىم! لەۋھەلەردە بىر كىشى بىر ياخشىلىققا نىيەت قىلىپ ئۇنى ئورۇنلىغىنىدا، ئۇنىڭغا 10 ھەسسىدىن 700 ھەسسىگىچە ساۋاب يېزىلىدىغان

بىر ئۈممەتنى كۆردۈم. پەرۋەردىگارىم! ئۇلارنى مېنىڭ ئۈممىتىمدىن قىلغىن! ـ دېدى.

ئۇلۇغ اللّٰه دېدى: "ئۇ مۇھەممەدنىڭ ئۈممىتىدۇر."

## 629 ـ سۇئال: كالا ھېكايىسىنىڭ ئەسلى سىرى

مۇسا، اللّٰهقا دەۋەت قىلىش ئۈچۈن ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئۇزۇن يىللار ياشىدى. كۆرۈپ ئۆتكىنىمىزدەك، ئۇلار پات ـ پات يولدىن چىقاتتى. كالا ۋەقەسىدىن ئۇلارنىڭ جاھىللىقىنى تاشلىمىغانلىقىنى بىلەلەيمىز. چۈنكى ئىش كىشىنى غەزەپلەندۈرىدىغان ۋە قىيىن ئەھۋالغا قويىغان ھەم سوئال سوراشنى تەلەپ قىلغاندەك، ئۇلارنىڭ مۇسا بىلەن مۇنازىرە قىلىشىنىڭمۇ ئەھمىيىتى يوق ئىدى. كالا ھېكايىسىنىڭ ئەسلى مۇنداق ئىدى: بىر كۈنى ئىسرائىل ئەۋلادى ئىچىدىكى بىر باي كىشىنىڭ ئۆلتۈرۈلگەن جەستى تېپىلدى. ئائىلىسى دەۋا قىلغان بولسىمۇ، قاتىلى تېپىلمىدى. ئۆلگەن كىشى ئىسرائىل ئەۋلادى ئىچىدە نوپۇزلۇق بىرى بولغاچقا، ئۇنىڭ تۇيۇقسىز مەخپىي ئۆلتۈرۈلىشى كىشىگە بىر پىتنە تۇيغۇسى بېرەتتى. ئۇلار ئامالسىزلىقتىن مۇسانىڭ اللّٰهقا مۇراجىئەت قىلىشى ئۈچۈن ئۇنىڭ ئالدىغا كەلدى. مۇسا رەببىگە مۇراجىئەت قىلدى. اللّٰه ئۇلارنىڭ بىر كالا بوغۇزلىشىنى بۇيرىدى. پەقەتلا خەلققە ئۈچرىغان تۇنجى كالا بولۇشى شەرت قىلىندى. ئەپسۇسكى، ئۇلار مۇسا بىزنى مەسخىرە قىلىۋاتىدۇ، دەپ ئويلاپ ئۇنىڭ بىلەن تارتىشىشقا باشلىدى. ئاخىرىدا، مۇسا ئۇلارغا دېگەنلىرىدە راستچىل ئىكەنلىكىنى ئېيتتى ۋە بىر كالا بوغۇزلىشىنى بۇيرىدى. لېكىن ئىسرائىل ئەۋلادى ساختا تەبىئىتى بىلەن جاھىللىق قىلىپ يولدىن چىقىشقا باشلىدى. دېدىكى: بۇ بىز بىلىدىغان نورمال كالىمۇ ياكى بىر ئالاھىدىلىكى بولغان باشقا بىر خىل مەخلۇقمۇ؟ مۇسا رەببىگە قايتا دۇئا قىلىپ، كالىنىڭ تەرىپىنى سورىدى ۋە باشتىكىدىن ئەتراپلىق ئىپادىلەندى. ئۇ قېرىمۇ ئەمەس، ياشمۇ ئەمەس، ئوتتۇرا ياش كالا بولۇشى كېرەك ئىدى. ئەسلىدە، مۇشۇ يەردە توختاپ قالسا بولاتتى. لېكىن ئۇلار سوراشنى داۋاملاشتۇردى.

ئۇلار قالايمىقان سوئاللىرىنى ياغدۇرىۋەتتى. بۇ كالىنىڭ رەڭگىنىڭ قانداقلىقى سورالدى.

مۇسا بۇنى بىلىش ئۈچۈن رەببىگە دۇئا قىلدى. اللّٰهقا ۋە پەيغەمبىرىگە ھۆرمەت ۋە ئەدەب بىلەن مۇئامىلە قىلىنىشىنىڭ ئورنىغا بۇنىڭدەك جاھىللىق قىلىشىنىڭ ۋە چالۋاقاشنىڭ ھېچ لازىمى يوق ئاددىي بىر ئىشنى تەكرار ـ تەكرار مۇسادىن سوراشتىن خىجىل بولۇش كېرەك ئەمەسمىدى؟ مۇسا دۇئادىن كېيىن ئۇلارغا ئۇنىڭ قارىغۇچىلارنى زوقلاندۇرىدىغان، ئوچۇق پارقىراق، ساپسېرىق رەڭلىك كالا ئىكەنلىكىنى ئېيتتى.

شۇنىڭ بىلەن كالىنىڭ رەڭگى بېكىتىلدى. مەسىلىنىڭ شۇنچىلىك ئېنىق بولۇشىغا قارىماي، ئۇلار تەكرار ئەزۋەيلەپ سوراشقا باشلىدى. ئۇلار پەيغەمبىرىگە قىيىنلاشتۇرغانسېرى، اللە مۇ ئۇلارنىڭ ئىشىنى قىيىنلاشتۇردى. ئۇلار مۇسادىن ئۇنىڭ قانداق تىپتىكى كالا ئىكەنلىكىنى سوراشتى. چۈنكى ئۇلارغا نىسبەتەن كالىلار بىر ـ بىرىگە بەك ئوخشايتتى.

مۇسا ئۇلارغا ئۇنىڭ يەر ھەيدەپ، ئېتىز سۇغىرىپ كۆندۈرۈلمىگەن، قۇسۇرسىز، ئالىسى يوق، سېرىق كالا بولۇشى كېرەكلىكىنى ئېيتتى. جاھىللىق ئۇلارنى جاپاغا قويدى. ئۇلار بۇ ئالاھىدىلىكتىكى كالىنى ئىزدەشكە باشلىدى. ئاخىرى، بىر يېتىمنىڭ چارۋىچىلىق مەيدانىدىن تېپىپ كېلىپ بوغۇزلاشتى. مۇسا كالىنىڭ قۇيرۇقىنى ئېلىپ ئۆلگەن كىشىنى ئۇرۇۋىدى، ئۆلۈك تىرىلدى. مۇسا ئۇنىڭدىن ئۇنى كىمنىڭ ئۆلتۈرۈلگەنلىكىنى سورىدى، ئۇ ئېيتىپ بېرىپ بولۇپ تەكرار ئۆلدى. ئىسرائىل ئەۋلادى ئۆلۈكنى تىرىلدۈرۈش مۆجىزىسىنى ئۆز كۆزلىرى بىلەن كۆرۈپ، قاتىلنىڭ ئىسمىنى ئۆز قۇلىقى بىلەن ئاڭلىدى. بۇنىڭ بىلەن جاھىللىقلىرى ۋە قالايمىقان سوئاللىرى تۈپەيلىدىن ئۇزۇن بىر مەزگىلگىچە چۈشىنەلمەي قالغان سىر ئاشكارىلانغان بولدى.

## 630 ـ سۇئال: مۇسا ۋە ھارۇن ئەلەيھىسسالاملارنىڭ ۋاپاتى

مۇسا قەۋمىدىن كۆپ ئەزىيەت چەككەن بولسىمۇ، پەيغەمبەرلىك ۋەزىپىسىنى ئادا قىلىش ئۈچۈن سەۋر قىلدى. ئۇلار مۇساغا قارشى چىقىش، ئەخمەقلىق، جاھىللىق، جاھالەت ۋە بۇتلارغا چوقۇنۇش بىلەن ئازارلاپلا قالماستىن، ھەتتا ئۇنىڭ شەخسىيىتىگىمۇ ئەزىيەت ۋە يامانلىق قىلاتتى.

40 يىل چۆلدە تېڭىرقاشتىن كېيىن بۇ يېڭى ئەۋلاد دۇنياغا كەلدى... بۇ كېيىنكى نەسلىنى كۆرۈش مۇساغا نېسىپ بولمىدى. ھەزرىتى مۇسا ئەلەيھىسسالام ئىسرائىل ئەۋلادى اللە كىرىشنى تەقدىر قىلغان يەرگە كىرىشتىن ئاۋۋال ۋاپات بولغانىدى. ھەزرىتى ھارۇن ئەلەيھىسسالام مۇسانىڭ ۋاپاتىدىن قىسقا بىر ۋاقىت ئاۋۋال ئالەمدىن ئۆتكەن ئىدى.

ھەزرىتى مۇسانىڭ ئەجىلى يېقىنلاشقاندا، ئۇ تېخىچە چۆلدە ئىدى. رەببىگە مۇنداق دەپ دۇئا قىلدى: «ئى رەببىم! مېنى مۇقەددەس يەرگە، ئېتىلغان بىر تاشنىڭ مۇساپىسىغىچىلىك يېقىنلاشتۇرغىن.» ئۇ ھىجرەت قىلغان يەرنىڭ يېقىن بىر يېرىدە ئۆلۈشنى ئويلىدى. قەۋمىنى ئۇ يەرگە بېرىشقا تەشۋىق قىلغان ئىدى. ئەمما ئۇلار ئۇنىمىدى. چۆلدە ۋاپات بولغان كېچىسى يەر يۈزىنىڭ ئاخىرقى پەيغەمبىرى ئېيتقاندەك بىر قىزىل قۇم تۆپىلىكىگە دەپنە قىلىندى.

مۇسا ئەلەيھىسسالام ياخشى بىر ئۆلۈم بىلەن كەتتى. ئېھتىمال ئۇ اﷲ نى كۆرۈشكە ئىنتىزار بولغان ئىدى. سۆيگۈ ئۇنى ھايات چېغىدا اﷲ نى كۆرۈشكە ئىلھاملاندۇرغان ئىدى. مانا ئەمدى ئۆلگەندىن كېيىن ئۇ ئالەمدە بۇنىڭغا پۇرسەت كۆپ ئىدى. اﷲ بىلەن سۆزلەشكەن مۇسا ئۆلۈمنى يورۇق بىر كۆڭۈل، ھۇزۇرلانغان بىر قەلب، ھەقكە ئېنتىلگەن، ئۇنىڭ بىلەن ئۇچرىششقا ئالدىرىغان ۋە سۆيۈنگەن بىر روھ بىلەن كۈتىۋالدى. دۇرۇت ۋە سالام ئۇنىڭغا بولسۇن!

## 631-سۇئال: خىزىر ئەلەيھىسسالامنىڭ قىسسى

اﷲ تەرىپىدىن مەرھەمەت ۋە ئىلىم بېرىلگەن بۇ بەندىنىڭ قىسسىسى قۇرئان قىسسىلىرىنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ يوشۇرۇن ۋە ئەڭ ھەيران قالارلىقىدىندۇر. قىسسە كەھف سۈرىسىدە تىلغا ئېلىنىپ، مۇسانىڭ نىيىتىنى بىلدۈرگەن تۆۋەندىكى ئايەت بىلەن باشلىنىدۇ:

ئۆز ۋاقتىدا مۇسا ياش خادىمىغا (يەنى يۇشەئ ئىبنى نۇنغا): «ئىككى دەريانىڭ قوشۇلىدىغان جايىغا يەتمىگىچە مېڭىشىمنى توختاتمايمەن، (شۇ جايىغا يەتكەنگە قەدەر) ئۇزاققىچە مېڭىۋېرىمەن» دېدى.

بۇ يوشۇرۇن سۆزلىشىش، مۇسانىڭ ئىككى دېڭىزنىڭ قوشۇلغان جايىغا يەتمىگىچە يىللار بويى مېڭىشقا قارار قىلغانلىقىدىن دېرەك بېرەتتى. ئىككى دېڭىزنىڭ قوشۇلىدىغان جايىدا مۇسانىڭ بىر مۇھىم ئۇچرىششى بار ئىدى.

ئۇلۇغ اﷲ ئۇنى بۇ سۆزلەر بىلەن تەرىپلەيدۇ: بىزنىڭ بەندىلىرىمىزدىن چوڭ مەرھەمىتىمىزگە ئېرىشكەن ۋە بىزنىڭ ئۆزىمىزگە خاس ئىلمىمىزنى (يەنى ئىلمىل غەيبنى) بىز بىلدۈرگەن بىر بەندە.

قۇرئان ئىسمىنى ئاشكارىلىمىغان بۇ بەندە مۇسا ئىلىم تەھلىل قىلىش ئۈچۈن ئىزدىگەن كىشىدۇر. بىز ئۇنىڭ خىزىر ئىكەنلىكىنى ھەدىستىن بىلدۇق. مۇسا بىز بىلىدىغان ئىلىم ئېلىش يوللىرى بىلەن ئەمەس، بەلكى اﷲ تەرىپىدىن ئىلىم بېرىلگەن بەندە بىلەن بىللە يۈردى. دەسلەپدە، خىزىر ئۇنىڭ قىلغان ئىشلىرىغا مۇسانىڭ سەۋر قىلالمايدىغانلىقىنى ئېيتتى، ئاندىن ئۇ ئۆزى سۆزلەپ بەرمىگىچە مۇسانىڭ ھېچنەرسە سورىماسلىقىنى شەرت قىلىپ ئۇنىڭ بىلەن دوست بولۇشقا ماقۇل بولدى. خىزىر كۆپ گەپ قىلمايدىغان، سىرلىق ئادەم بولۇپ، ئۇنىڭ ئىش ھەرىكەتلىرى مۇساغا بەكمۇ سىرلىق تۇيۇلاتتى.

خىزىر بەزەن مۇساغا نىسبەتەن قورقۇنچلۇق جىنايەت سادىر قىلسا، بەزەن كۆرۈنۈشتە مەنىسىز ئىشلارنى قىلاتتى. مۇسا ئىلىملىك ۋە مەرتىۋىلىك بولسىمۇ، اﷲ تەرىپىدىن ئالاھىدە ئىلىم بېرىلگەن بۇ زاتنىڭ ئىش - ھەرىكەتلىرىگە ھەيران قالغان

ۋە ئېتىراز بىلدۈرگەن ئىدى. شەرىئەت ئىلمىگە ئىگە بولغان مۇسا ھەقىقەت ئىلمىگە ئىگە بولغان خىزىرغا ھەيران قالغان ئىدى. گويا كى شەرىئەت ئىلمى ھەقىقەت ئىلمىنىڭ بىر پارچىسى بولۇپ، ھەقىقەت ئىلمى بەزەندە پەيغەمبەرلەرگىمۇ چۈشىنىش قىيىن، سىرلىق ئىشلاردەك تۇيۇلاتتى.

قۇرئاندىكى بۇ قىسسىدە كۆرۈلگەن سىرلىق ئىشلاردىن ئىسلامدىكى پۈتۈن تەسەۋۋۇپ مەزھەپلىرى ئۆز نېسىۋىسىنى ئالغان ئىدى. بۇنىڭ بىلەن پەيغەمبەرمۇ ئەمەس، شېھىتمۇ ئەمەس، ئەمما پەيغەمبەر، شېھىتلەرنىڭ ئىلمىگە زوقلىنىدىغان بەزى زاتلارنىڭ بارلىقىغا دائىر بەزى ئېتىقادلار پەيدا بولدى. بۇ ئىشنىش بۇ قىسسىدىن كېلىپ چىققان ئىدى.

ئۆلىمالار خىزىر ھەققىدە ئىختىلاپ قىلىشتى. بەزىلىرى ئۇنى ئەۋلىيا دېسە، بەزىلىرى پەيغەمبەر دېيىشتى. ئۇنىڭ ھازىرمۇ ھايات ئىكەنلىكىنى ۋە قىيامەتكىچە ياشايدىغانلىقىنى ئېيتىشتى.

## 632-سۇئال: مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ خىزىر ئەلەيھىسسالام بىلەن ئۇچرىشىش

مۇسا ئىسرائىل ئەۋلادىغا خىتاب قىلىش ئۈچۈن ئورنىدىن تۇرغاندا قەۋمىنى ﷲقا دەۋەت قىلاتتى. ئۇ شۇنچىلىك پاساھاتلىك سۆزلەيدىغان ۋە ناتىقلىق بىلەن ئېيتقان سۆزلىرى بىلەن گويا دۇنيا ھېكمىتىنى يىغىنچاقلايتتى. سۆزى تۈگىگەندىن كېيىن، ئاڭلىغۇچىلار ئارىسىدىكى بەنى ئىسرائىلدىن بىرى: ئى ﷲنىڭ پەيغەمبىرى! يەر يۈزىدە سەندىنمۇ بىلىملىكرەك بىرى بارمۇ؟ ـ دەپ سورىدى.

مۇسا دەرھال: ياق! ـ دەپ جاۋاب بەردى.

بۇ ھەقتىكى ئىلمنى: «ﷲ ئالىم، ﷲ تېخىمۇ ياخشى بىلىدۇ» دەپ ﷲقا ھاۋالە قىلمىغانلىقى ئۈچۈن، ﷲ ئۇنى ئەيىبلەپ جىبرىئىل ئەلەيھىسسالامنى ئەۋەتىپ سورىدى:

ـ ئى مۇسا! ﷲنىڭ ئىلمىنى نەگە قويىدىغانلىقىنى سەن قانداق بىلىسەن؟

مۇسا ئالدىراقسانلىق قىلغانلىقىنى چۈشەندى. جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا تەكرار مۇنداق دېدى:

ـ ئىككى دېڭىزنىڭ بىرلەشكەن يېرىدە ﷲنىڭ سەندىن بىلىملىك بىر قۇلى بار.

مۇسا كۆڭلىدە ئىلمنى بىيىتىشنى ئويلىدى. ئۇ ئىلىملىك بەندە بىلەن دوست بولۇش ئۈچۈن سەپەرگە چىقماقچى بولۇپ، ئۇنىڭ نەدىلىكىنى سورىدى. ئۇنىڭ سەپەرگە چىقىشى ۋە ئىچىدە بىر بېلىق بولغان كىچىك سېۋەتنى ئېلىۋېلىشى ئەمر قىلىندى. بۇ بېلىق تىرىلىپ دېڭىزغا كىرىدىغان يەردە ئۇ ئىلىملىك بەندىنى

ئۈچرىتالايتتى. ئىلىم ئىزدىگەن (ئوقۇغۇچى) مۇسا يولغا چىقتى. يېنىدىكى ياش ھەمراھى ئىچىگە بېلىق سېلىنغان سېۋەتنى كۆتىرىۋالغان ئىدى. ئۇلار ئىلىملىك، ياخشى بەندىنى ئىزدەشكە چىققان ئىدى. ئەمما ئۇنى نەدىن تېپىشنى بىلمەيتتى. مەسىلە سېۋەت ئىچىدىكى بېلىقنىڭ تىرىلىپ دېڭىزغا قېچىشىغا باغلىق ئىدى. ھەرنەرسە سىرلىق ۋە يوشۇرۇن بولسىمۇ، مۇسا يىللار بويى يول يۈرۈشتىن قەتئىينەزەر بۇ ئىلىملىك زاتنى تېپىشقا بەل باغلىغان ئىدى.

مۇسا ياش ھەمراھىغا: شەرت پەقەت شۇكى، سەن بېلىقنىڭ سەندىن ئايرىلغان يېرىنى كۆرستىپ بېرىسەن، - دېدى. ياش ھەمراھى ئۇنىڭغا: سەن ئېغىر شەرت قويدۇڭ، - دېدى. ئۇلار دېڭىز قىرغىقىدىكى قورام تاشنىڭ يېنىغا كېلىپ توختىدى. مۇسا يېتىپلا ئۇخلاپ قالدى. ھەمراھى ئۇخلىمىغان ئىدى. شامال دېڭىز دولقۇننى قىرغاققا ئۇرغىنىدا، سۇ تامچىلىرى بېلىققا چاچرىدى ۋە بېلىق جانلىنىپ دېڭىزغا سەكرىدى. بېلىقنىڭ دېڭىزغا سەكرىشى، اللهنىڭ مۇسانىڭ ئىلىم ئېلىش ئۈچۈن ئىزدىگەن كىشىسى بىلەن ئۇچرىشىدىغان يەرنى بىلدۈرۈشى ئۈچۈن كۆرسەتكەن ئالامىتى ئىدى. مۇسا ئۇيقىسىدىن ئويغاندى، لېكىن بېلىقنىڭ دېڭىزغا كىرىپ كەتكەنلىكىنى ئۇقمىدى. ياش ھەمراھى بولغان ئىشلارنى مۇساغا ئېيتىشنى ئۇنتۇپ قالدى. ئۇلار بېلىقنى ئۇنتۇپ يولنى داۋاملاشتۇردى.

مۇسا قورسىقى ئېچىپ، ھارغانلىقنى ھېس قىلدى ۋە ھەمراھىغا: يېمەكلەرنى چىقارغىن، ھەقىقەتەن كۆپ يول يۈردۇق، - دېدى. بۇ چاغدا دېڭىزغا كىرىپ كەتكەن بېلىقنى تۇيۇقسىز ئېسىگە ئالغان ياش بالا، بېلىقنىڭ قانداق دېڭىزغا سەكرىگەنلىكىنى كۆرگەنلىكىنى، ئەمما مۇساغا دېيىشنى شەيتاننىڭ ئۇنتۇلدۇرغانلىقىنى ئېيتىپ مۇسادىن ئەپۇ سورىدى. مۇسانىڭ ياش ھەمراھى ئاجايىپ بىر ئىشنى كۆرگەن ئىدىكى، بېلىق دېڭىزغا خۇددى قومدا ماڭغان يىلاندەك تېزلىكتە شۇڭغۇپ (غەلىتە بىر شەكىلدە) كىرىپ كەتكەن ئىدى.

مۇسا بۇنى ئاڭلاپ خۇرسەن بولغان ھالدا: بىزمۇ بۇنى كۈتۈۋاتقان ئىدۇق، - دېدى. ئۇلار دەرھال كەلگەن ئىزنى بويلاپ ئارقىغا قايتتى. ئاخىرىدا، مۇسا بېلىقنىڭ دېڭىزغا كىرىپ كەتكەن يېرىدىكى قورام تاشقا يېتىپ كەلدى. ئۇ يەردە بىر ئادەم تۇراتتى.

ئۇنىڭ ئىسمىنى، شەكلىنى ۋە قانداق كىيىنگەنلىكىنى، يېشىنى ۋە باشقا ئالامەتلىرىنى بىلمەيمىز؟ بىلىدىغىنىمىز پەقەتلا قۇرئاننىڭ ئۇنىڭ ھەققىدە ئېيتقان تۆۋەندىكى ئىپادىسىدۇر:

ئۇ ئىككىسى (بېلىقنى ئۇنتۇغان چوڭ تاشنىڭ يېنىدا) بىزنىڭ بەندىلىرىمىزدىن

چوڭ مەرھەمەتىمىزگە ئېرىشكەن ۋە بىزنىڭ ئۆزىمىزگە خاس ئىلمىمىزنى (يەنى ئىلمىي غەيبنى) بىز بىلدۈرگەن بىر بەندىنى (يەنى خىزىر ئەلەيھىسسالامنى) ئۇچراتتى.

## 633-سۇئال: مۇسا ئەلەيھىسسالام بىلەن خىزىر ئەلەيھىسسالام ئوتتۇرسىدكى ۋەقەلەر

بۇخارىنىڭ رىۋايىتىگە قارىغاندا: مۇسا بىلەن ياش خادىمى خىزىرنى چەكسىز دېڭىز قىرغىقىدا، يېشىل گىلەم ئۈستىدە كىيىملىرىگە يۆگىنىۋالغان شەكىلدە كۆرىدۇ. كىيىمىنىڭ بىر ئۇچى پۇتىنىڭ ئۇچىدا بىر ئۇچى (بېشىنىڭ) بويىندا ئىدى. مۇسا ئۇنىڭغا سالام بېرىدۇ. ئۇ يۈزىنى ئېچىپ:

- سېنىڭ مەملىكىتىڭدىمۇ سالام بارمۇ؟ سەن كىم؟ - دەپ سورايدۇ.

مۇسا: مەن مۇسا بولىمەن، - دەيدۇ.

- ئىسرائىل ئەۋلادى (بەنى ئىسرائىل) نىڭ مۇساسىمۇ؟ ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام! (سالام ساڭا بولسۇن!) بەنى ئىسرائىل پەيغەمبىرى، - دەيدۇ خىزىر.

- مېنى قانداقچە بىلىۋالدىڭ؟ - سورايدۇ مۇسا.

- مېنى ساڭا بىلدۈرگەن ۋە كۆرسەتكەن زات بىلدۈردى...

ئى مۇسا! نېمە ئىش بىلەن كەلدىڭ؟ - دەيدۇ خىزىر.

- الله ساڭا بىلدۈرگەن توغرا ئىلىمنى ماڭا ئۆگىتىشىڭ ئۈچۈن ساڭا ئەگەشسەم بولامدۇ؟ - دەپ سورىدى مۇسا ئېھتىرام بىلەن. خىزىر: قولۇڭدىكى تەۋرات ۋە كېلىدىغان ۋەھىيلەر ساڭا يەتمەمدۇ؟ سەن قىلىدىغان ئىشلىرىمغا سەۋر - تاقەت قىلالمايسەن، - دېدى. مۇپەسسىرلەر مۇنداق دەيدۇ: "خىزىر مۇساغا مۇنداق دېدى: مېنىڭ ئىلمىمنى سەن چۈشىنەلمەيسەن ۋە تاقەت قىلالمايسەن. چۈنكى سەن مېنىڭ ئىلمىمنى چۈشەنمەيسەن، كۆرۈنۈشتە ساڭا يامان كۆرۈنگەن ۋە سەۋەبىنى بىلمەيدىغان ئىشلارنى كۆرىسەن. شۇڭا، ئى مۇسا! سەن مەن بىلگەنگە تاقەت قىلالمايسەن.

مۇسا، بۇ توك ۋە قوپال رەت سۆزلىرىگە چىداپ، ئۇنىڭدىن قايتا - قايتا ھەمراھ بولۇشنى ۋە ئىلىم ئۆگىنىشكە پۇرسەت بېرىشنى ئۆتۈنىدۇ ۋە ئۇنىڭغا الله خالىسا سەۋر قىلىدىغانلىقىنى ۋە ھەرقانداق ئىشقا قارشى چىقمايدىغانلىقىنى ئېيتىدۇ.

## 634-سۇئال: خىزىر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇسا ئەلەيھىسسالام بىلەن قىلغان ئۈچ ئىشى ۋە ئۇنىڭ ھىكمىتى

قۇرئاندا ئىسمى زىكىر قىلىنمىغان اللهنىڭ بۇ بەندىسى، مۇسانى ھەمراھ قىلىۋېلىش ۋە ئۇنىڭغا ئىلىم ئۆگىتىش ئۈچۈن بىر شەرت قويىدى. مۇسا سورىۋىدى، ئۇ

شەرتىنىڭ اللەنىڭ بەندىسى (خىزىر) سۆزلەپ بەرمىگىچە، مۇسانىڭ ھېچنېمە سورىماسلىقى ئىكەنلىكىنى ئېيتتى. مۇسا ماقۇل بولدى ۋە ئۇلار يولغا چىقتى. ئۇلار دېڭىز قىرغىقىدا كېتىۋاتاتتى. ئالدىلىرىغا بىر كېمە ئۇچرىدى. ئۇلار ئۆزلىرىنى كېمىگە چىقىرىۋېلىشنى سورىدى. كېمە خوجايىنلىرى خىزىرنى تونۇپ، ئۇنىڭ ھۆرمىتى ئۈچۈن ئۇنى ۋە مۇسانى كېمىگە ھەقسىز ئېلىۋالدى. ئۇلۇغ اللە مۇنداق دېگەنىدى:

شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئىككىسى بىرلىكتە مېڭىپ كېلىپ بىر كېمىگە چىقىشتى، (خىزىر) كېمىنى تېشىۋەتتى (يەنى كېمىنىڭ بىر تاختىسىنى سۇغۇرۇۋەتتى)، مۇسا (ئۇنىڭغا): «كېمىدىكىلەرنى غەرق بولۇپ كەتسۇن دەپ كېمىنى تەشتىڭمۇ؟ سەن ھەقىقەتەن (قورقۇنچلۇق) چوڭ بىر ئىشنى قىلدىڭ» دېدى. (خىزىر) سەن ھەقىقەتەن مەن بىلەن بىللە بولۇشتا سەۋر ـ تاقەت قىلىپ تۇرالمايسەن دېمىدىممۇ؟» دېدى. مۇسا ئېيتتى: «ئەھدىنى ئۇنتۇپ قالغانلىقىمغا مېنى ئەيىبلىمە، سەن بىلەن بىللە بولۇشتا مېنى قىيىن ھالغا چۈشۈرۈپ قويما. »

ئۇ ئىككىسى يەنى بىرلىكتە ماڭدى، ئۇلار بىر بالىنى ئۇچراتتى، (خىزىر) ئۇنى ئۆلتۈرۈپ قويدى. مۇسا: «سەن بىر بىگۇناھ جاننى ناھەق ئۆلتۈردۈڭ، سەن ھەقىقەتەن ياۋۇز ئىشنى قىلدىڭ» دېدى. (خىزىر) ئېيتتى: «ساڭا مەن ھەقىقەتەن مەن بىلەن بىللە بولۇشقا سەۋر ـ تاقەت قىلىپ تۇرالمايسەن دېمىدىممۇ؟. » مۇسا ئېيتتى: «بۇنىڭدىن كېيىن يەنە سەندىن بىرەر ئىش توغرۇلۇق سورىسام (يەنى قىلغان ئىشىڭغا ئېتىراز بىلدۈرسەم)، مېنى ئۆزەڭگە ھەمراھ قىلمىغىن، (ساڭا بەرگەن ۋەدەمگە ئۈچ قېتىم خىلاپلىق قىلغانلىقىم ئۈچۈن) مېنىڭ ئالدىمدا (ماڭا ھەمراھ بولماسلىقتا) مەزۇرسەن. »

ئۇ ئىككىسى يەنە بىللە مېڭىپ بىر شەھەرگە يېتىپ كەلدى، شەھەر ئاھالىسىدىن تاماق سورىدى، شەھەر ئاھالىسى ئۇلارنى مېھمان قىلىشتىن باش تارتتى، ئۇلار بۇ شەھەردە ئۆرۈلۈپ چۈشەي دەپ قالغان بىر تامنى ئۇچراتتى، ئۇنى (خىزىر قولى بىلەن سىلاپ) تۈزلەپ قويدى. مۇسا ئېيتتى: «ئەگەر خالىساڭ بۇ ئىش ئۈچۈن ئەلۋەتتە ئىش ھەققى ئالغان بولاتتىڭ. » (خىزىر) ئېيتتى: «بۇ، سەن بىلەن مېنىڭ ئايرىلىش (ۋاقتىمىز)، سەن سەۋر ـ تاقەت قىلىپ تۇرالمىغان (يۇقىرىقى ئۈچ ئىشنىڭ) ھەقىقىتىنى ساڭا چۈشەندۈرۈپ بېرەي. كېمىگە كەلسەك، ئۇ دېڭىزدا ئىشلەيدىغان بىرقانچە نەپەر كەمبەغەلنىڭ كېمىسى ئىدى، مەن ئۇنى (تېشىپ) ئەيىبناك قىلماقچى بولدۇم، (چۈنكى) ئۇلارنىڭ ئالدىدا (يەنى بارىدىغان يوللىرىدا) ھەرقانداق ساق كېمىنى ئىگىسىدىن (زورلۇق بىلەن) تارتىۋالىدىغان بىر پادىشاھ بار ئىدى. (ئۆلتۈرۈلگەن) بالىغا كەلسەك، ئۇنىڭ ئاتا ـ ئانىسى مۆمىن ئىدى. (ئۇ ئەسلىدە كاپىر يارىتىلغانلىقتىن، چوڭ بولغاندا) ئۇنىڭ گۇمراھلىق بىلەن كۇفرىنى ئاتا ـ

ئانىسىغا تېگىشىدىن قورقتۇق. شۇنىڭ ئۈچۈن بىز ئۇلارنىڭ پەرۋەردىگارىنىڭ ئۇلارغا ئۇ بالىغا قارىغاندا پاك ۋە كۆيۈملۈك پەرزەنت ئاتا قىلىشىنى ئىرادە قىلدۇق. تامغا كەلسەك، ئۇ شەھەردىكى ئىككى يېتىم بالىنىڭ ئىدى، تام ئاستىدا ئۇلارنىڭ (ھەققى بولغان) خەزىنىسى بار ئىدى (تام ئۆرۈلۈپ كەتسە، خەزىنىسى ئېچىلىپ قېلىپ كىشىلەر ئۇنى ئېلىپ كېتەتتى)، ئۇلارنىڭ ئاتا ـ ئانىسى ياخشى ئادەم ئىدى. پەرۋەردىگارىڭ ئۇلارنىڭ چوڭ بولغاندا تام ئاستىدىكى خەزىنىسىنى چىقىرىۋېلىشىنى ئىرادە قىلدى، بۇ پەرۋەردىگارىڭنىڭ (ئۇلارغا قىلغان) رەھمىتىدۇر، ئۇنى (يەنى يۇقىرىدىكى ئۈچ ئىشنى) مەن ئۆز خاھىشىم بويىچە قىلغىنىم يوق (بەلكى ئۇنى اللّٰهنىڭ ئەمرى ۋە ئىلھامى بىلەن قىلدىم)، سەن سەۋر ـ تاقەت قىلىپ تۇرالمىغان نەرسىلەرنىڭ ھەقىقىتى ئەنە شۇ.»

اللّٰهنىڭ بەندىسى (خىزىر) مۇساغا بىرلا ۋاقىتتا ئىككى نەرسىنى ئۆگەتتى. بىرى، ئىلىمنىڭ (يەنى مۇسانىڭ ئىلمىنىڭ) چەكلىك ئىكەنلىكىنى، يەنە بىرى، يەر يۈزىدە مەيدانغا كەلگەن نۇرغۇن بالايى ـ ئاپەتنىڭ ئارقىسىغا بۈيۈك بىر رەھمەتنىڭ يوشۇرۇنغانلىقىنى...

## 635-سۇئال: مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ خىزىر ئەلەيھىسسالام بىلەن ئۇچراشقاندىن كېيىن ئېرىشكەن ھەقىقەتلىرى

مۇسا ئىسرائىل ئەۋلادىنىڭ يېنىغا قايتىش ئۈچۈن ياش خادىمىنىڭ يېنىغا كەلدى. ئەمدى مۇسادا ئالىملارنىڭ سالماقلىقى يېتىلگەن ئىدى. ئۇ ئىككى نەرسە ئۆگەنگەن ئىدىكى، بۇنىڭ بىرى، شەرىئەت ئىلمى بىلەن پەخىرلەنمەسلىك. چۈنكى ئۇندىن باشقا ھەقىقەت ئىلمىمۇ بار ئىدى. يەنە بىرى، ئىنسانلارنىڭ بېشىغا كەلگەن مۇسىبەتلەرگە بەك كۆپ ئازابلىنىپ كەتمەسلىك ئىدى. چۈنكى ياراتقۇچى، مەرھەمەت ۋە قۇتقۇزۇشنىڭ، ئازاب ۋە ئۆلۈمنىڭ ئارقىسىدىكى سۆيۈندۈرۈشنىڭ سىرىنى يوشۇرۇۋاتقان بولۇشى مۇمكىن.

بۇ اللّٰهنىڭ ئەلچىسى كەلىمۇللاھ مۇسانىڭ بۇ سىرلىق بەندىدىن (خىزىردىن) ئالغان دەرسى ئىدى. بۇ زاتنىڭ شەخسىيىتى قانداق سىرلىق ئوتتۇرىغا چىققان بولسا، شۇنداق سىرلىق غايىب بولدى. خىزىر كەتكىنىدە، مۇسا اللّٰهنىڭ پەيغەمبەرلىرى ئىچكەن شەرىئەت دېڭىزدىن باشقا بىر ئىلىم دېڭىزىنى بايقىغان ئىدى. بۇ، ھەقىقەت دېڭىزى ئۇلۇغ تەقدىر ئىلمى ئىدى.

بۇ، ئىنسانغا خاس ئەقىل ۋە ياكى ئىلىملەرگە ئاساسەن مەنتىقە يولى بىلەن چۈشەنگىلى بولىدىغان ئىلىم ئەمەس. يەر يۈزىدە بىز بىلىدىغان تەجرىبىگە ئاساسلانغان ئىلىممۇ ئەمەس، شۇنداقلا اللّٰه ئەلچىلىرىگە بىلدۈرگەن ۋەھيى ئىلىممۇ

ئەمەس، پۈتۈنلەي باشقا بىر خىل ئىلىمدۇر.

## 636 ـ سۇئال: تالۇت بىلەن جالۇتنىڭ ھېكايىسى

مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن كۆپ يىللار ئۆتتى. بۇ ۋاقىتتا بەزى پەيغەمبەرلەر كەلدى ۋە ئۇلارمۇ ۋاپات بولۇپ كەتتى. مۇسادىن كېيىنكى ئىسرائىل ئەۋلادى يېڭىلدى. تەۋرات زېھىنلەردىن كۆتۈرۈلۈپ قولغا ئېلىنمىغاچقا، مۇقەددەس كىتابى تەۋراتنى يوق قىلىپ قويۇشتى. ئىسرائىل ئەۋلادى پەرىشان ھالدا يۇرتلىرىدىن ۋە تۇپراقلىرىدىن قوغلاندى، ۋەيرانە بولدى. لاۋى جەمەتىدىن پەيغەمبەرلىك ئۈزۈلدى. بۇ نەسلىدىن پەقەت بىر ئاياللا ھامىلدار ئىدى. ئۇ بىر ئوغۇل تىلەپ ﷲقا يالۋۇردى. بىر ئوغۇل تۇغدى ۋە ئىسمىنى ئەشمۇئىل قويدى. بۇ ئىبرانىيچە ”ئىسمائىل “يەنى: ”ﷲ دۇئايىمنى قوبۇل قىلدى “دېگەنلىك ئىدى... بالا چوڭ بولغاندا ئۇنى ئىبادەتخانىغا ئاپىرىپ، ياخشىلىقنى ۋە بەندىلىكنى ئۆگىنىشى ئۈچۈن ياخشى بىر ئادەمگە تاپشۇردى. بالا ئۇنىڭ يېنىدا قالدى ۋە شۇ يەردە بالاغەتكە يەتتى.

ئۇلۇغ ﷲ مۇنداق دېگەنىدى: ساڭا مۇسا (ۋاپاتى) دىن كېيىن ئىسرائىل ئەۋلادىدىن بولغان بىر جامائەنىڭ خەۋىرى يەتمىدىمۇ؟ ئۇلار ئۆز ۋاقتىدا ئۆزلىرىنىڭ پەيغەمبىرىگە: «بىزگە پادىشاھ تىكلەپ بەرگىن، (ئۇنىڭ بىلەن دۈشمەنلەرگە قارشى) ﷲنىڭ يولىدا جىھاد قىلايلى» دېيىشتى. پەيغەمبەر: «سىلەرگە جىھاد پەرز قىلىنسا جىھاد قىلماي قالارسىلەرمۇ؟» دېدى. ئۇلار: «يۇرتلىرىمىزدىن ھەيدەپ چىقىرىلغان ۋە ئوغۇللىرىمىزدىن جۇدا قىلىنغان تۇرساق قانداقمۇ ﷲنىڭ يولىدا جىھاد قىلمايلى؟» دېدى. ئۇلارغا جىھاد پەرز قىلىنغان چاغدا، ئازغىنىسىدىن باشقا ھەممىسى جىھادتىن باش تارتتى. ﷲ زالىملارنى ئوبدان بىلگۈچىدۇر. پەيغەمبىرى ئۇلارغا: «ﷲ ھەقىقەتەن سىلەرگە تالۇتنى پادىشاھ قىلىپ ئەۋەتتى» دېدى. ئۇلار (پەيغەمبىرىگە ئېتىراز بىلدۈرۈپ): «ئۇ قانداقمۇ بىزگە پادىشاھ بولىدۇ. (ئارىمىزدا پادىشاھ ئەۋلاتلىرى بولغانلىقتىن) پادىشاھلىققا بىز ئۇنىڭدىن ھەقلىقمىز، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇنىڭ مال ـ مۈلكى كۆپ بولمىغان تۇرسا» دېدى، پەيغەمبەر: «ﷲ ھەقىقەتەن سىلەرگە (پادىشاھ قىلىشقا) ئۇنى ئىختىيار قىلدى، ئۇنىڭ ئىلمىنى زىيادە ۋە بەدىنىنى قاۋۇل قىلدى، ﷲ سەلتەنەتنى خالىغان ئادەمگە بېرىدۇ. ﷲ (نىڭ پەزلى) كەڭدۇر، (ئۇنىڭغا كىمنىڭ لايىق بولىدىغانلىقىنى) ئوبدان بىلىدۇ» دېدى. ئۇلارغا پەيغەمبىرى ئېيتتىكى، «ئۇنىڭ پادىشاھلىقىنىڭ ئالامىتى شۇكى، سىلەرگە بىر ساندۇق كېلىدۇ، ئۇنىڭدا رەببىڭلار تەرىپىدىن سىلەرنى تەسكىن تاپقۇزىدىغان نەرسە ۋە مۇسانىڭ، ھارۇننىڭ تەۋەلىرى قالدۇرۇپ كەتكەن نەرسىلەر (يەنى مۇسانىڭ ھاسىسى، كىيىمى ۋە تەۋرات يېزىلغان بەزى تاختىلار) قاچىلانغان بولىدۇ، ئۇنى پەرىشتىلەر كۆتۈرۈپ كېلىدۇ. ئەگەر (ﷲ غا

ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىشىنىدىغان) بولساڭلار، بۇنىڭدا (يەنى تابۇتنىڭ نازىل بولۇشىدا اللەنىڭ تالۇتنى سىلەرگە پادىشاھلىققا تاللىغانلىقىغا) ئەلۋەتتە سىلەر ئۈچۈن (روشەن) ئالامەت بار. » تالۇت ئەسكەرلىرى بىلەن (بەيتۇلمۇقەددەستىن) ئايرىلغان چاغدا: «اللە سىلەرنى بىر دەريا بىلەن سىنايدۇ، كىمكى ئۇنىڭدىن ئىچىدىكەن، ئۇ ماڭا تەۋە ئەمەس، كىمكى دەريا سۈيىنى ئېتىمايدىكەن، ئۇ ھەقىقەتەن ماڭا تەۋەدۇر، ئۇنىڭدىن (ئۇسسۇزلۇقنى بىرئاز بېسىش ئۈچۈن) ئىچكەن ئادەم (بۇيرۇققا خىلاپلىق قىلغان بولمايدۇ)» دېدى. ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى ئازغىنا كىشىدىن باشقا ھەممىسى ئۇنىڭدىن ئىچتى. تالۇت ۋە ئۇنىڭغا ئىمان ئېيتقان كىشىلەر دەريادىن ئۆتكەن چاغدا (دۈشمەننىڭ كۆپلۈكىنى كۆرۈپ قورقۇنچقا چۈشۈپ، ئۇلارنىڭ بىر پىرقىسى): «بۈگۈن بىز جالۇت ۋە ئۇنىڭ ئەسكەرلىرى بىلەن ئۇرۇشۇشقا تاقەت كەلتۈرەلمەيمىز» دېدى. (تالۇتنىڭ تەۋەلىرىدىن) اللەقا مۇلاقات بولۇشقا ئېتىقاد قىلىدىغانلار: «اللەنىڭ ئىرادىسى بىلەن ئاز جامائە كۆپ جامائە ئۈستىدىن غەلىبە قىلىدۇ» دېدى. اللە چىداملىق كۆرسەتكۈچىلەر بىلەن بىللىدۇر.

جالۇت تۆمۈر ساۋۇت كىيگەن ھالدا ئوتتۇرىغا چىقتى. قىلىچ، پالتا ۋە خەنجەر بىلەن قوراللانغان جالۇت ئۆزى بىلەن دوئىلغا چۈشكىدەك بىرىنى ئىزدەشكە باشلىدى. تالۇت ئەسكەرلىرىنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭدىن قورقاتتى. بۇ چاغدا ئەسكەرلەر ئىچىدىن ياش بىر پادىچى دوئىلغا چىقتى. داۋۇد، اللەقا ئىشىنەتتى. ئۇ اللە ئېتىقادىنىڭ بۇ كائىناتتىكى ھەقىقىي كۈچ ئىكەنلىكىنى بىلەتتى. داۋۇد ھۆكۈمدارى تالۇتتىن ئۆزىنىڭ جالۇت بىلەن دوئىلغا چۈشۈشى ئۈچۈن ئىجازەت سوراپ كەلدى. ھۆكۈمدار تۇنجى كۈنى رۇخسەت بەرمىدى. داۋۇد بىر ئەسكەر ئەمەس، پەقەتلا بىر پادىچى ئىدى. ئۇرۇش تەجرىبىسى، ھەتتا يېنىدا قىلىچمۇ يوق ئىدى. قورالى پەقەت پادىلىرىغا دەرەخلەردىن غازاڭ سىلكىپ بېرىدىغان تايىقى (چۈشۈق) ئىدى. شۇنداق بولۇشىغا قارىماي، داۋۇد اللەنىڭ بۇ دۇنيادىكى ھەقىقىي قۇۋۋىتىنىڭ مەنبەسى ئىكەنلىكىنى بىلگەن ۋە اللەقا ئىشەنگەنلىكى ئۈچۈن جالۇتتىن ئېيخىمۇ كۈچلۈك ئىدى. ئىككىنچى كۈنى، داۋۇد يەنە ئىجازەت سورىدى. ھۆكۈمدار بۇ قېتىم ئۇنىڭغا ئىجازەت بېرىپ، ئەگەر ئۇنى ئۆلتۈرسەڭ، قوشۇنغا قوماندان بولىسەن ۋە قىزىمغا ئۆيلىنىسەن، ـ دېدى.

داۋۇد بۇ تەۋسىيەگە بەك قىزىقىپ كەتمەيتتى، ئۇ پەقەت جالۇتنى ئۆلتۈرۈشنى نىيەت قىلغان ئىدى. چۈنكى جالۇت زوراۋان، زالىم دۈشمەن ۋە اللەقا ئىشەنمەيدىغان بىرى ئىدى. شۇنداق قىلىپ، ھۆكۈمدار داۋۇدقا ئىجازەت بەردى. داۋۇد تايىقى، بەش تال تاش ۋە سالغا بىلەن جەڭگە چىقتى. قوراللىق ۋە ساۋۇت كىيگەن جالۇت بۇنى كۆرۈپ، داۋۇدنى كەمسىتىپ مەسخىرە قىلدى. ئۇنىڭ نامراتلىقىغا ۋە ئاجىزلىقىغا

كۆلدى. داۋۇد سالغىسىغا تاش قويۇپ، ھاۋادا بىر نەچچە قېتىم چۆرگىلەتكەندىن كېيىن، ئۇنىڭغا قارىتىپ ئاتتى. شاماللار اﷲ نى سۆيىدىغان داۋۇدنىڭ دوستى ئىدى. شامال تاشنى ئۇچۇرتۇپ جالۇتنىڭ پېشانىسىگە ئۇردى. قوراللىق جالۇت يەرگە چۈشۈپ ئۆلدى. ياش پادىچى داۋۇد ئۇنىڭ يېنىغا كېلىپ قىلىچىنى ئالدى، ئىككى قوشۇن جەڭگە ئاتلاندى. بۇ، سەركەردىسى ئۆلتۈرۈلگەن ۋە قەلبىگە قورقۇنچ چۈشكەن قوشۇن بىلەن ئاددىي بىر پادىچى قوماندانلىقىدىكى قوشۇن ئوتتۇرىسىدىكى جەڭ ئىدى.

## 637-سۇئال: داۋۇد ئەلەيھىسسالامغا بېرىلگەن مۆجىزىلەر

داۋۇد جالۇتنى ئۆلتۈرگەندىن كېيىن، قەۋمىنىڭ ئىچىدە تېزلا شۆھرەت، قازىنىپ ئىسرائىل ئەۋلادىنىڭ ئىچىدە ئەڭ مەشھۇر كىشىگە ئايلاندى. قوشۇن قوماندانى ۋە ھۆكۈمدارنىڭ كۈيئوغلى بولدى. لېكىن داۋۇد بۇلارغا قىزىقمايتتى. شۆھرەت، شەرەپ، مەنسەپكە بېرىلمىدى. ئۇ اﷲ سۆيگۈسىنىڭ قۇلى ئىدى. داۋۇدقا پەۋقۇلئاددە گۈزەل بىر ئاۋاز بېرىلگەن ئىدى. داۋۇد تاتلىق ۋە مۆجىزە بولغان ئاۋازى بىلەن اﷲقا تەسبىھ ئېيتاتتى. شۇنىڭ بىلەن، جالۇتنىڭ يېڭىلىشىدىن كېيىن، داۋۇد غايىب بولۇپ تەبىئەت قوينىغا قايتىپ كەتتى. ئۇ يەردە، ساپ تەبىئەتنىڭ قۇچىقىدا يالغۇز ھالدا اﷲقا ئىبادەت قىلىپ، كېچىلەرنى ئۇيقۇسىز ئۆتكۈزەتتى.

دەرەخلەردىن قايناپ چىققان شەربەتلەر ئۇنىڭ خۇش ئاۋازلىق تەسبىھىگە جاۋاب بېرەتتى. تاغلار ئۇنىڭ تەسبىھ ئاۋازىدىن تىترەيتتى. ئىنسان ۋىجدانى بىلەن قۇشلار، ۋەھشىي ھايۋانلار ۋە تاغلارنىڭ قىيالىرى ئارىسىدىكى پەردە كۆتۈرۈلگەن ئىدى. اﷲ داۋۇدنى پەيغەمبەر قىلىپ تاللىدى. ئۇنىڭغا زەبۇرنى بەردى. ئۇلۇغ اﷲ مۇنداق دېگەنىدى: داۋۇدقا زەبۇرنى ئاتا قىلدۇق. زەبۇر تەۋراتقا ئوخشاش مۇقەددەس كىتابتۇر. داۋۇد اﷲنىڭ كىتابىنى ئوقۇپ، اﷲقا تەسبىھ ئېيتسا، تاغلارمۇ بىرلىكتە تەسبىھ ئېيتاتتى. قۇشلارمۇ ئۇنىڭ ئۈچۈن توپلىناتتى.

مانا داۋۇدنىڭ روزا تۇتىدىغان كۈنى كەلدى. پادىشاھ بولغان پەيغەمبەر بىر كۈنى روزى تۇتۇپ بىر كۈنى تۇتمايتتى. بۇ، "زاماننىڭ روزىسى "دېيىلىدىغان روزىدۇر. ئۇ، زەبۇردىن ئايەتلەر ئوقۇسا، ئۇنىڭ بىلەن بىللە تاغلارمۇ تەسبىھ ئېيتاتتى. ئۇنىڭ ئاۋازىنىڭ ئەكسى ئۇنىڭ ئاڭلىغۇچىسى بولماستىن، دەل ئۇ ئاۋازىنىڭ ئەكس ساداسىدىن ئىبارەت ئىدى. بەزىدە داۋۇد توختىسا، تاغلار تەسبىھنى تامامليتتى. تاغلارلا ئەمەس، قۇشلارمۇ تەڭ تەسبىھ ئېيتاتتى. داۋۇد مۇقەددەس كىتابنى ئوقۇشقا باشلىسا. قۇشلار، ۋەھشىي ھايۋانلار ۋە دەرەخلەر ئۇنىڭ ئەتراپىغا توپلىناتتى. تاغلار تەسبىھكە جۆر بولاتتى.

تاغلارنىڭ ۋەياكى قۇشلارنىڭ ئۇنىڭ بىلەن بىرلىكتە تەسبىھ ئېيتىشنىڭ

بىردىنبىر سەۋەبى اللەقا ئىخلاس باغلىغان بۇ بۈيۈك پەيغەمبەرگە الله تەرىپىدىن بېرىلگەن مۆجىزە ئىدى. بۇنىڭدىن باشقا، الله ئۇنىڭغا قۇشلارنىڭ ۋە ھايۋانلارنىڭ تىلىنى چۈشىنىش قابىلىيىتىنىمۇ بەرگەن ئىدى. ئۇ، بىر كۈنى ئويلىنىپ ئولتۇرۇپ، ئىككى قۇشقاچنىڭ بىر ـ بىرى بىلەن سۆزلىشىۋاتقانلىقىنى ئاڭلىدى ۋە ئۇلارنىڭ نېمە دېيىشىۋاتقانلىقىنى چۈشەندى. الله ئۇنىڭ قەلبىگە قۇشلارنىڭ ۋە ھايۋانلارنىڭ تىلىنى چۈشىنىدىغان نۇر سالغان ئىدى. داۋۇد ھايۋانلارنى ۋە قۇشلارنى سۆيەتتى، كۆيۈنەتتى. ئۇلارنى باقاتتى، كېسەل بولۇپ قالغانلىرىنى داۋالايتتى. قۇشلار ۋە ھايۋانلارمۇ ئۇنى سۆيەتتى ۋە ئۇنىڭغا ئەگىشەتتى. الله داۋۇدقا قۇشلارنىڭ تىلىنى ئۆگىتىشتىن باشقا ھېكمەتنىمۇ ئۆگەتكەن ئىدى. الله داۋۇدقا بىر نەرسە ئۆگەتكىنىدە ياكى ئۇنىڭغا بىر مۆجىزە بەرگىنىدە، داۋۇدنىڭ اللەقا بولغان سۆيگۈسى، شۈكرى، ئىمانى ۋە ئىبادىتى كۈچىيىپ باراتتى. ئاخىرىدا، ئۇ بىر كۈن روزا تۇتۇپ، بىر كۈن تۇتمايدىغان ھالغا كەلدى.

الله داۋۇدنى سۆيدى ۋە ئۇنىڭغا بۈيۈك ھۆكۈمدارلىق ئاتا قىلدى. ئۇ دەۋردىكى جەڭلەرنىڭ كۆپلۈكى قەۋمىنىڭ ئەڭ چوڭ مەسىلىلىرىدىن بىرى بولۇپ، تۆمۈرچىلەر ياسىغان تۆمۈر ساۋۇتلار بەك ئېغىر بولغاچقا، جەڭچىلەرنىڭ ئەركىن ھەرىكەت قىلىشىغا ياكى جەڭ قىلىشىغا بىئەپ ئىدى.

ئېيتىشلارغا قارىغاندا، بىر كۈنى داۋۇد بۇ مەسىلىنى ئويلىغاچ ئالدىدىكى تۆمۈر پارچىسىنى قولى بىلەن ئويناپ ئولتۇراتتى، كېيىن قارىغۇدەك بولسا، قولى تۆمۈرگە پېتىپ كېتىۋاتاتتى. الله ئۇنىڭ ئۈچۈن تۆمۈرنى يۇمشىتىپ بەرگەن ئىدى. ئۇ دەرھال تۆمۈرنى كېسىپ ئۇنىڭدىن بىر ـ بىرىگە ئۇلىنىدىغان كىچىك شەكىللەر ياساشقا باشلىدى. پۈتكەندىن كېيىن ئالدىدا تۆمۈردىن ياسالغان يېڭى بىر ساۋۇت پەيدا بولدى. بۇ شۇنداق بىر تۆمۈر ساۋۇت ئىدىكى، ئۇنى كىيگەن جەڭچى ئەركىن ھەرىكەت قىلالايتتى. ۋۇجۇدىنى قىلىچ، پالتا ۋە خەنجەرلەردىن قوغدىيالايتتى. بۇ، ئۇ زاماندىكى مەۋجۇت ساۋۇتلارنىڭ ئەڭ ئىلغارى بولۇپ، تۆمۈر ھالقىلاردىن ياسالغان ئىدى. داۋۇد اللەقا شۈكۈر قىلىپ سەجدىگە بېشىنى قويدى. شۇنىڭ بىلەن، يېڭى ساۋۇتلار كۆپلەپ ياسىلىشقا باشلاندى. بۇ ساۋۇتلارنى كىيگەن داۋۇدنىڭ ئەسكەرلىرى زەرەر كۆرمىدى. داۋۇدنىڭ دۈشمەنلىرى (دۈشمەن ئەسكەرلىرى) قىلىچلارنىڭ بۇ ساۋۇتلارغا ئۆتمەيۋاتقانلىقىنى، ئۆزلىرىنىڭ ساۋۇتلىرىنىڭ ئېغىر بولغانلىقىنىڭ ئۈستىگە قىلىچلارنى توسۇپ قالالمايۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىشتى.

داۋۇد قوشۇنى دۈشمەنلىرى بىلەن قىلغان ھەر جەڭدە غەلىبە قىلاتتى. داۋۇد بۇ غەلىبىلەرنىڭ اللەنىڭ ئىرادىسى ئىكەنلىكىنى بىلگەچكە، اللەقا بولغان شۈكرى

تەسبىھ ۋە سۆيگۈسى تېخىمۇ ئېشىپ باراتتى. بۆلارنى كۆرگەن ھۆكۈمدارنىڭ ئىچىدە ھەسەت ئوتى پەيدا بولۇشقا باشلىدى. داۋۇدقا يامانلىق قىلىپ، ئۇنى ئۆلتۈرۈش ئۈچۈن قوشۇن توپلىدى. داۋۇد ھۆكۈمدارنىڭ ھەسەتخورلۇق قىلىۋاتقانلىقىنى بىلىپ، ئۇنىڭ بىلەن ئۇرۇشمىدى. پەقەت بىر كېچىسى ئۇخلاۋاتقان ھۆكۈمدارنىڭ قىلىچىنى ئېلىپ كىيىمىنىڭ بىر پارچىسىنى كەستى ـ دە، ھۆكۈمدارنى ئويغىتىپ: ـ ئى ھۆكۈمدار! سەن مېنى ئۆلتۈرمەكچى بولدۇڭ. لېكىن مەن ساڭا ئۆچ ئەمەس ھەم سېنى ئۆلتۈرمەكچىمۇ ئەمەس، ئەگەر سېنى ئۆلتۈرۈش نىيىتىم بولسا، سەن ئۇخلاۋاتقاندا بۇنى قىلالايتىم. سەن ئۇخلاۋاتقان چاغدا بۇ كۆرگەن كىيىم پارچىسىنى كىيىمىڭدىن كېسىۋالدىم. ئۇنىڭ ئورنىغا سېنىڭ بوينۇڭنى كېسەلەيتتىم، ئەمما ئۇنداق قىلمىدىم. مەن ھېچكىمگە يامانلىق قىلىشنى خالىمايمەن. مەن نەپرەت ئەمەس، سۆيگۈ ئەلچىسىمەن، ـ دېدى. ھۆكۈمدار خاتالىقىنى چۈشىنىپ، داۋۇدتىن ئەپۇ سورىدى. داۋۇد ئۇنى تاشلاپ كەتتى. كۈنلەر ئۆتۈپ، بۇ ھۆكۈمدار داۋۇد قاتناشمىغان بىر جەڭدە ئۆلتۈرۈلدى. چۈنكى بۇ كىشى داۋۇدقا ھەسەت قىلىپ، ئۇنىڭ ياردىمىنى قوبۇل قىلمىغان ئىدى.

## 638 ـ سوئال: داۋۇد ئەلەيھىسسالامنىڭ ھۆكۈمدار بولۇشى

شۇنىڭدىن كېيىن داۋۇد ھۆكۈمدار بولدى. كىشىلەر ئۇنىڭ تۆھپىلىرىنى، ياخشىلىقلىرىنى ئەسلىشىپ، ئۇنى ئۆزلىرىگە پادىشاھ سايلىدى. شۇنداق قىلىپ، داۋۇد ھەم اللەنىڭ ئەلچىسى ھەم پادىشاھ بولدى. داۋۇدنىڭ اللەقا بولغان شۈكرى، ئىبادىتى ۋە خەير ـ ئېھسان سۆيگۈسى، يوقسۇللارغا مەرھەمىتى، ئىنسانلارنىڭ باياشاتلىقى ئۈچۈن كۆرسەتكەن تىرىشچانلىقى ھەسسىلەپ ئاشتى. الله ئۇنىڭ ھۆكۈمدارلىقىنى قۇۋۋەتلەندۈردى. ئۇنى دائىم دۈشمەنلىرىدىن ئۈستۈن قىلدى. ئۇنىڭ ھۆكۈمدارلىقى شۇنچىلىك كۈچلۈك ئىدىكى، دۈشمەنلىرى ئۇرۇشماي تۇرۇپ ئۇنىڭدىن قورقۇشاتتى.

الله ئۇنىڭغا نېئمەتلىرىنى ئاشۇرۇپ بەردى. ئۇنىڭغا ھېكمەت ۋە كەسكىن ھۆكۈم قىلىش سالاھىيىتى بەردى. ئۇنىڭغا پەيغەمبەرلىك ۋە پادىشاھلىق بىلەن بىرلىكتە ھېكمەت، ھەق ـ ناھەقنى ئايرىش، ھەقنى تونۇش ۋە ئۇنىڭغا ياردەم قىلىش كۈچىنى بەرگەن ئىدى. داۋۇدنىڭ سۇلەيمان ئىسىملىك بىر ئوغلى بولۇپ، ئۇ كىچىكىدىنلا ئەقىللىق ئىدى. ئۆۋەندىكى ۋەقە مەيدانغا كەلگەندە، سۇلەيمان تېخى 11 ياشتا ئىدى.

بىر كۈنى، داۋۇد ئادىتى بويىچە خەلقنىڭ شىكايەتلىرىگە ھۆكۈم چىقىرىش ئۈچۈن ئولتۇراتتى. بىر دېھقان بىلەن بىر چارۋىچى كېلىپ ئەرز سۇنۇشتى. دېھقان دېدى:

ـ ئى پەيغەمبەر! بۇ كىشىنىڭ پادىلىرى كېچىسى مېنىڭ بېغىمغا كىرىپ،

باغدىكى پۈتۈن ئۈزۈم ساپلىرىنى يەپ تۈگەتتى. ماڭا تۆلەم تۆلەپ بېرىشكە ھۆكۈم قىلىشىڭ ئۈچۈن ساڭا كەلدىم.

داۋۇد پادىچىغا: سېنىڭ پادىلىرىڭنىڭ بۇ ئادەمنىڭ بېغىدىكى بارلىق ئۈزۈم ساپلىرىنى يېگىنى راستمۇ؟ - دېدى.

- ھەئە، پادىشاھىم! - جاۋاب بەردى پادىچى.

داۋۇد: - يېيىلگەن ئۈزۈم ساپلىرى ئۈچۈن ئۇنىڭغا پادىلىرىڭنى تۆلەم قىلىپ بېرىشىڭنى بۇيرۇيمەن، - دېدى.

دادىسىنىڭ يېنىدا ۋەقەنى ئاڭلاپ تۇرغان، اللہ ھېكمەت بەرگەن سۇلەيمان مۇنداق دېدى: - ئى ئاتا! مېنىڭ باشقىچەرەك ھۆكمۈم بار.

- قېنى ئېيتقىن! - دېدى داۋۇد.

سۇلەيمان مۇنداق دېدى: - پادىچىنىڭ باغدىكى ئۈزۈملەرنى پەرۋىش قىلىپ يېتىشتۈرۈشى ئۈچۈن باغنى پادىچىغا بېرىشنى ھۆكۈم قىلىمەن. باغ ساھىبىنىڭ پادىنىڭ يۇڭىدىن ۋە سۈت - گۆشلىرىدىن پايدىلىنىشى ئۈچۈن پادىلارنىڭ باغ ساھىبىگە بېرىلىشىنى ھۆكۈم قىلىمەن. ئۈزۈملەر يېتىشىپ، باغ بۇرۇنقى ھالىغا كەلگەندە، باغ ساھىبى بېغىنى ئالسۇن، پادىچى پادىسىنى ئالسۇن.

داۋۇد: ئى سۇلەيمان! بۇ ھەقىقەتەن كاتتا بىر ھۆكۈم، ساڭا بۇ ھېكمەتنى بەرگەن اللہقا شۈكۈرلەر بولسۇن! سەن ھەقىقەتەن ھاكىم (ھېكمەت ئىگىسى بولغان) سۇلەيمان ئىكەنسەن، - دېدى.

داۋۇد اللہقا شۇنچە يېقىن بولۇشى ۋە اللہنىڭ ئۇنى سۆيىشكە قارىماي، داۋاملىق اللہتىن ئۆگىنەتتى. اللہ بىر كۈنى ئۇنىڭغا ھەر ئىككى تەرەپ دەۋاچىنىڭ پىكرىنى ئاڭلىماي تۇرۇپ، ئەسلا ھۆكۈم چىقارماسلىقنى ئۆگەتكەن ئىدى. داۋۇد ھۇجرىسىغا كىرگەندە، قاراۋۇللارغا يېنىغا بىرىنىڭ كىرمەسلىكىنى ياكى ئىبادەت قىلغاندا مالال قىلىنماسلىقنى ئەمر قىلاتتى. بىر كۈنى، اللہقا ئىبادەت قىلىدىغان مېھراپتا ئىككى كىشى تۇيۇقسىز ئالدىغا چىقتى. داۋۇد ئۇلاردىن قورقتى. چۈنكى داۋۇد يېنىغا ھېچقانداق كىشىنىڭ كىرمەسلىكىنى ئەمر قىلغان ئىدى. داۋۇد ئۇلاردىن سورىدى: سىلەر كىم؟

- شاھىم! قورقمىغىن. بۇ كىشى بىلەن مېنىڭ ئوتتۇرامدا بىر دەۋا بار. ئارىمىزدا ئادىللىق بىلەن ھۆكۈم چىقىرىشىڭ ئۈچۈن ئالدىڭغا كەلدۇق، - دېدى ئىچىدىن بىرى.

- نېمە ئىش بولدى؟ - دەپ سورىدى داۋۇد.

بىرىنچىسى مۇنداق دېدى: - بۇ كىشى مېنىڭ قېرىندىشىم بولىدۇ. ئۇنىڭ 99 قويى بار. مېنىڭ بىرلا قويۇم بار. قېرىندىشىم: بۇ بىر قوينىمۇ ماڭا بەر، - دەپ مەندىن

ئېلىۋالدى.

داۋۇد يەنە بىرىنىڭ پىكرىنى ۋە دەلىللىنى (ئىسپاتىنى) ئاڭلىمايلا:

- ئۇ سىنىڭ قويۇڭنى ئۆزىنىڭ قويلىرىغا قوشۇۋېلىپ ھەقسىزلىق قىلىپتۇ. كۆپ قىسىم شېرىكلەر بىر - بىرىگە ھەقسىزلىق قىلىشىدۇ. پەقەت ئىمان ئېگىلىرى بۇنىڭدىن مۇستەسنادۇر، - دېدى. بۇ ئىككى ئادەم داۋۇدنىڭ كۆز ئالدىدا خۇددى ھاۋادا پارلانغان بۇلۇتتەك تۇيۇقسىز غايىب بولدى.

داۋۇد بۇلارنىڭ ئۆزىگە دەرس بېرىش ئۈچۈن اللە تەرىپىدىن ئەۋەتىلگەن پەرىشتە ئىكەنلىكىنى چۈشەندى. ئۇ ئەمدى پۈتۈن سۆزلەرنى تولۇق ئاڭلىماي تۇرۇپ دەۋاغا ھۆكۈم چىقارماسلىقى كېرەك ئىدى. چۈنكى بەلكى 99 قويى بار كىشى ھەقلىق بولۇشى مۇمكىن ئىدى. داۋۇد دەرھال ئېگىلىپ سەجدە قىلدى ۋە رەببىدىن ئەپۇ سورىدى.

داۋۇد ۋاپات بولغىچە اللەقا ئىبادەت قىلىپ ۋە ئۇنىڭغا تەسبىھ ئېيتىپ ياشىدى. ئۇ بىر كۈن روزا تۇتۇپ، بىر كۈنى تۇتمايتتى. پەيغەمبىرىمىز ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام داۋۇد ئەلەيھىسسالام ھەققىدە مۇنداق دېگەنىدى: «ئەڭ ياخشى روزا داۋۇدنىڭ روزىسىدۇر. ئۇ بىر كۈنى روزا تۇتسا، يەنە بىر كۈنى تۇتمايتتى. زەبۇرنى 70 خىل ئاۋاز بىلەن ئوقۇيتتى. كېچىلىرى شۇنداق ناماز ئوقۇيتتىكى، ئۇ نامازدا يىغلاپ كېتەتتى. ئۇنىڭ بىلەن تەڭ ھەر نەرسە يىغلايتتى. دەرتمەنلەر ۋە كېسەللەر ئۇنىڭ ئاۋازىدىن شىپا تاپاتتى. »

رىۋايەتلەرگە قارىغاندا داۋۇد ئەلەيھىسسالام تۇيۇقسىز ۋاپات بولغان ئىدى. ئۇنىڭ جىنازىسىغا ئەنئەنىۋىي كىيىملەر كىيگەن 40 مىڭ كىشى ۋە ئۇلاردىن باشقا مىڭلارچە ئىنسان قاتناشقان ئىدى. مۇسا ۋە ھارۇندىن كېيىن، ئىسرائىل ئەۋلادى ھېچكىمنىڭ ۋاپاتىغا بۇنچىلىك ئازابلانمىغان ئىدى. قۇياش ئىنسانلارنى قىزدۇرىۋېدى. سۇلەيمان قۇشلارنى چاقىرىپ:

- داۋۇدقا سايە بولۇڭلار! - دېدى. قۇشلار ئۇنىڭغا شۇنداق سايە بولدىكى، دۇنيا قاپقاراڭغۇ بولدى. شامال توختىدى. سۇلەيمان قۇشلارغا:

قۇياش كەلگەن تەرەپتىن ئىنسانلارغا سايە چۈشۈرۈڭلار، شامال كەلگەن تەرەپتىن ئايرىلڭلار! - دېدى. بۇ، كىشىلەرنىڭ سۇلەيمان ھۆكۈمدارلىقىدا كۆرگەن تۇنجى ۋەقە ئىدى.

## 639-سۇئال: سۇلەيمان ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالاھقا ئىلتىجاسى

شۇنىسى ئېنىقكى، سۇلەيمان داۋۇد ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋارىسى ئىدى. ئۇلۇغ اللە ئۇنى ئىسرائىل ئەۋلادىغا پەيغەمبەر قىلىپ تاللىدى. يەنە اللە ئۇنى بەنى ئىسرائىلغا ھۆكۈمدار قىلدى. سۇلەيماننىڭ داۋۇدتىن ئالغان ئەڭ مۇھىم مىراسى بەلكى داۋۇد

ئومۇملاشتۇرغان ئەسكىرىي ئەنئەنە ئىدى. داۋۇدتىن قالغان بۇ ئىلغارلىققا سۈلەيمان ۋارىسلىق قىلدى. داۋۇد ئەسلىدە كەمبەغەل بىر پادىچى بولۇپ، كېيىن ئەسكىرى قوماندانغا ئايلانغان ئىدى. بۇ ئۆزگىرىش اللهنىڭ ئىلھامى، ياردىمى ۋە مەدەتى بىلەن ئەمەلگە ئاشقان ئىدى.

سۈلەيمان داۋۇدتىن مىراس قىلىپ ئالغانلىرى بىلەن بولدى قىلمىدى. خانلىق روھى ئۇنى تېخىمۇ ئۈستۈن بولۇشقا يېتەكلەيتتى. بىر كۈنى قولىنى كۆتۈرۈپ ئاللاھقا دۇئا قىلدى. سۈلەيمان دۇئاسىدا مۇنداق دېدى: «پەرۋەردىگارىم! ماڭا مەغپىرەت قىلغىن، ماڭا مەندىن كېيىن (مەندىن باشقا) ھېچ ئادەمگە مۇيەسسەر بولمايدىغان پادىشاھلىقنى ئاتا قىلغىن، سەن ھەقىقەتەن كۆپ ئاتا قىلغۇچىسەن. » سۈلەيمان اللهتىن ئۇنىڭدىن كېيىن ھېچكىمگە بېرىلمەيدىغان ھۆكۈمدارلىق تىلىگەن ئىدى. الله تائالا بەندىسى سۈلەيماننىڭ دۇئاسىنى قوبۇل قىلىپ، بۇ ھۆكۈمدارلىقنى بەردى. سۈلەيمان پۈتۈن ئابرۇيىنى ۋە سەلتەنىتىنى اللهقا دەۋەت قىلىشقا ۋە ئىسلامنى يېيىشقا ئاتىغان ئىدى.

## 640-سۇئال: سۈلەيمان ئەلەيھىسسالامنىڭ مۆجىزىسى

ئەلقىسسە، سۈلەيمان پەيغەمبەرلىك، ھۆكۈمدارلىق ۋە ھېكمەتتە داۋۇدقا ۋارىسلىق قىلغاندىن كېيىن، ئىنسانلار ئۇنىڭغا «ھېكىم سۈلەيمان» نامىنى بەردى. سۈلەيماننىڭ ھېكمىتى ئىنسانلار ئارىسىدا ئادىل بولۇش، ئۇلارغا مەرھەمەت قىلىش ۋە ئۇلارنىڭ مەسىلىلىرىنى ئادالەت بىلەن ھەل قىلىشتىن باشقا، ئىنسانىيەت دۇنياسىدىن ئېشىپ، قۇشلار ۋە ھايۋانلار دۇنياسىغىچە ئۆز ئىچىگە ئالغان ئىدى. داۋۇد پەقەت قۇشلارنىڭ تىلىنى بىلەتتى. ئەمما سۈلەيمان قۇشلار بىلەن سۆزلىشىپ ئۇلارغا ۋەزىپە بېرەتتى. داۋۇد تەسبىھ ئېيتقاندا، تاغلار، ۋەھشىي ھايۋانلار ۋە قۇشلارمۇ ئۇنىڭ بىلەن بىللە تەسبىھ ئېيتاتتى. بۇ بۈيۈك تەسبىھنى ئاڭلاش ئۈچۈن شاماللار توختاپ قالاتتى. الله سۈلەيمانغا بۇنىڭدىن ئارتۇقراق قىلىپ ۋەھشىي ھايۋانلارنى، قۇشلارنى ۋە شامالنى ئۇنىڭ ئەمرىگە بويسۇندۇرۇپ بەرگەن ئىدى.

سۈلايمان چۈمۈلىلەرنىڭ پىچىرلىشىشنى ئاڭلىيالايتتى. شۇنداقلا ئۇلارغا ئەمر بېرەلەيتتى. چۈمۈلىلەرمۇ ئۇنىڭ بۇيرىقىغا بويسۇناتتى. سۈلەيماننىڭ قوشۇنى دۇنيادىكى قوشۇنلارنى قورقۇتقان ئىدى. دۇنيا بۇنداق كۈچلۈك قوشۇننى ئەسلا كۆرمىگەن ئىدى. ئادەتتە قوشۇنلار ئەسكەرلىرىنىڭ ئوخشاشلىقى (بىر خىللىقى) بىلەن كۈچلۈك كۆرۈنەتتى. ئەمما سۈلەيماننىڭ قوشۇنى ئەسكەرلىرىنىڭ خىلمۇ - خىللىقى بىلەن كىشىنى ھەيران قالدۇراتتى. بۇ قوشۇن ئاجايىپ بىرلەشمىدىن تەشكىل تاپقان، چېكىندۈرگىلى بولمايدىغان قوشۇن ئىدىكى، تەركىبىدە ئىنسانلار، جىنلار ۋە قۇشلار

بار ئىدى. بىلگىنىمىزدەك، جىنلار اﷲنىڭ ياراتقان مەخلۇقاتىدۇر. سۇلەيمان جىنلارنى ئۇرۇش ۋاقتىدا ئەسكەر، تېنچ زامانلاردا ئىشچى قىلىپ ئىشلەتتى. جىنلار كۆرگىلى بولمايدىغان مەخلۇقاتلاردۇر. بۇندىن باشقا بۇ قوشۇندىكى قۇشلار هازىرقى زاماندىكى خەۋەرلەشمە ۋە ئاخبارات توپلاش ئۇسكۇنىلىرىنىڭ رولىنى ئوينايتتى. ئۇلار ئۇچۇپ بېرىپ، دۈشمەن ئەھۋالىنى ئىگەللەيتتى ۋە سۇلەيمانغا خەۋەر يەتكۈزەتتى. ئۇ شاماللارغا بۇيرۇق قىلىپ، خۇددى هازىرقى ئايروپىلاننىڭ ئىچىدە ئۇچقاندەكلا... ئۇنىڭ ئۈستىگە ئەسكەرلىرى بىلەن مىنەلەيتتى. سۇلەيمان قوشۇنىدا ئۇچىدىغان ئەسكەرلەر بار ئىدى. بەلكى سۇلەيماننىڭ ئەسكىرىي شۆھرىتىنىڭ مەنبەسى اﷲنىڭ بۇ مۆجىزىسى ئىدىكى، بۇنىڭ بىلەن سۇلەيمان قوشۇنى تەڭداشسىز هالغا كەلگەن ئىدى. ئۇلۇغ اﷲ مۇنداق دېگەنىدى:

سۇلەيمان اﷲ رىزاسى ئۈچۈن ئاتلارنى ئىشلىتىشتىن يالتايغان بولغاچقا، اﷲ ئۇنىڭغا ئاتلارنىڭ ئورنىغا دۆلەتنىڭ ھەر قانداق يېرىگە بارالايدىغان شامالنى بەردى. اﷲ سۇلەيمانغا بۇ ئۇچۇش قورالىدىن باشقا يەنە پەيغەمبەرلەرنىڭ ھېچقايسىسىغا بەرمىگەن بىر كۈچ ئاتا قىلدى. بۇ، شەيتانلارنى تىزگىنلەش كۈچى ئىدى. شەيتانلار جىنلارنىڭ ئەسكى تۈرى بولغاچقا، ئىنسانلار ئۇياقتا تۇرسۇن، ھەتتا ياخشى جىنلارمۇ ئۇلارنى باشقۇرالمايتتى. اﷲ سۇلەيمانغا شەيتانلارنى باشقۇرۇش، ئۇلارنى ئىشلىتىش، قارشىلىق قىلغانلارنى زەنجىر بىلەن باغلاش ۋە جازالاش هوقۇقىنى بەرگەن ئىدى. شەيتانلار ئۇنىڭ بۇيرىقى بىلەن سارايلار، ئۆيلەر، قازانلار، ھەيكەللەر ۋە مېھراپلارنى ياسايتتى. ئۇنىڭ ئۈچۈن دېڭىزلارنىڭ ئاستىغا كىرىپ، ئۈنچە ـ مارجان ۋە ياقۇت سۈزۈپ چىقاتتى. شەيتانلارنىڭ ئىتائەت قىلمىغانلىرى سۇلەيماننىڭ شۆھرىتى ۋە مەخلۇقاتلارغا ھۆكۈمرانلىق كۈچىنى كۆرستىش ئۈچۈن تۆمۈر زەنجىرلەرگە باغلىناتتى. بۇ كۈچ اﷲنىڭ ئىزنى بىلەن ئۇنىڭغا مۆجىزە قىلىپ بېرىلگەن ئىدى.

## 641ـ سۇئال: سۇلەيمان ئەلەيھىسسالامنىڭ ھۆكۈمرانلىقى

ئۇ زاماننىڭ دۇنيا ھۆكۈمرانى شۈبھىسىز ھەزرىتى سۇلەيمان ئىدى. سۇلەيمان اﷲنىڭ شۇنچىلىك نېئمەتلىرىگە ئېرىشكەن بولسىمۇ، قىلچە مەغرۇرلانمىدى. دەل ئەكسىچە، ئۇ زاماننىڭ ئەڭ تەقۋادار ۋە اﷲقا ئەڭ كۆپ شۈكرى قىلىدىغان كىشىسى ئىدى. ئۇ اﷲقا ناماز، روزا، تەسبىھ، كۆز يېشى، ئىستىغپار ۋە سۆيگۈ بىلەن يۈزلىنەتتى. ناماز ۋاقتى سۇلەيمانغا نىسبەتەن ھېچقانداق نەرسە توسقۇنلۇق قىلالمايدىغان مۇھىم ئىبادەت ۋاقتى ئىدى.

بىر كۈنى، سۇلەيمان مۇھىم بىر جەڭ تەييارلىقى بىلەن مەشغۇل ئىدى. نامازدىگەر ۋاقتى بولغاندا، ئەسكەر ۋە سەركەردىلىرىنىڭ ئاتلىرىنى تەكشۈردى. ئاتلار قوشۇنىنىڭ

مۇھىم قورالى ئىدى. سۇلەيمان ئاتلارنى تەكشۇرۇۋېتىپ، ئەسىر نامىزىنى ئۆتتۈپ قالغىلى تاسلا قالدى. سۇلەيمان دەرھال سەجدە قىلىپ نامىزىنى ئوقۇدى، شۇندىن كېيىن، سۇلەيمان قوشۇندا ئات ئىشلىتىشتىن ۋاز كەچتى. اللّٰه ئاتلارنىڭ ئورنىغا ئۇنى ۋە ئەسكەرلىرىنى خالىغان يەرگە ئاپىرالايدىغان شامالنى بويسۇندۇرۇپ بەردى. سۇلەيمان ئاتلارنىڭ كېسەللىكلىرىنى بىلەتتى. ئۇلارنىڭ تىلى بىلەن سۆزلىشەلەيتتى، ھايۋانلارمۇ ئۇنىڭ ئەمرىگە ئىتائەت قىلاتتى. ئۇلۇغ اللّٰه سۇلەيمانغا بۇنىڭدىن باشقا يەنە بىر نېئمەت بەرگەن ئىدى.

اللّٰه داۋۇدقا تۆمۈرنى يۇمشىتىش ۋە ئۇنى قانداق ئېرىتىش نېمىتىنى ئۆگەتكىنىدەك، سۇلەيمانغىمۇ ئۇرۇشتا ۋە تېنچ زامانلاردا ئېرىگەن مىسنى قانداق قوللىنىشنى ئۆگەتكەن ئىدى. ئۇ مىس بىلەن تۆمۈرنى ئارىلاشتۇرۇپ تۇچ پەيدا قىلاتتى ۋە ئۇنىڭدىن جەڭلەردە قوللىنىدىغان نەيزە، قىلىچ، ساۋۇت ۋە خەنجەرگە ئوخشاش قوراللارنى ياسايتتى. بۇ قوراللار، ئۇ زاماننىڭ ئەڭ ياخشى قوراللىرى ئىدى. تېنچ زامانلاردا مىسنى بىنا قۇرۇلۇشى، ھەيكەل ياساش ۋە باشقا ئىشلارغا قوللىناتتى.

## 642-سۇئال: سۇلەيمان ئەلەيھىسسالامنىڭ سىنىلىشى

اللّٰه تائالا سۇلەيمانغا بۇ بۈيۈك ۋە ئالاھىدە نېئمەتلەرنى بەرگەندىن سىرت، ئۇنى نۇرغۇنلىغان سىناقلاردىن ئۆتكۈزگەنىدى.

ھەقىقي ھېكايىنى پەخرۇددىن رازى مۇنداق بايان قىلىدۇ: سۇلەيمان ئەلەيھىسسالام ئىنسان ۋە جىن تۇۋپىلار داۋالىيالمايدىغان ئېغىر كېسەلگە گىرىپتار بولغان ئىدى. قۇشلار ئۇنىڭغا ھەرتەرەپتىن پايدىلىق ئوتلارنى ئەكەلگەن بولسىمۇ ساقىيالمىدى. كېسىلى كۈندىن - كۈنگە ئېغىرلىشىۋاتاتتى، ئاخىرى سۇلەيمان تەختىگە خۇددى روھسىز جەسەتتەك ئولتۇرىدىغان كېسەللىكتىن ئۆلەر ھالغا كەلدى. بۇ كېسەللىك ساقايغىچە ھەرزىتى سۇلەيمان اللّٰه نى زىكرى قىلىشتىن، ئۇنىڭدىن شىپا تىلەشتىن، ئۇنىڭغا ئىستىغپار ئېيتىشتىن ۋە ئىچ -ئىچىدىن سۆيۈنۈشتىن ۋاز كەچمىدى. ئۇلۇغ اللّٰەنىڭ بەندىسى سۇلەيمانغا قىلغان سىنىقى ئاخىرلاشتى، سۇلەيمان ساقايدى. اللّٰه نېسىپ قىلمىسا، پۈتۈن شۆھرىتى، سەلتەنىتى ۋە ھۆكۈمرانلىقىنىڭ كېسىلىگە شىپالىق بېرەلمەيدىغانلىقىنى چۈشەنگەن سۇلەيمان تەكرار ساغلام ھالغا كەلدى. بۇ، بىزنى قايىل قىلىدىغان، سۇلەيماندەك ھاكىم ۋە بۈيۈك بىر پەيغەمبەرنىڭ پەزىلىتىگە لايىق بولغان قاراشتۇر. ئاندىن ئۇ (بۇنىڭ سىناق ئىكەنلىكىنى بىلىپ) تەۋبە قىلدى. يەنى سالامەتلىگى ئەسلىگە كەلدى. اللّٰەتىن رەھمەت تىلىدى. اللّٰه ئۇنىڭغا مەرھەمەت قىلىپ، كېسىلىگە شىپالىق بەردى.

## 643-سۇئال: سۇلەيمان ئەلەيھىسسالامنىڭ مەسجىد بىنا قىلىشى

سۇلەيمان ئىنسانلارنىڭ ئاللاھقا ئىبادەت قىلىشى ئۈچۈن بىر مەسجىد ياكى ئىبادەتخانا سالدۇردى. بۇ قۇرۇلۇش، بىناكارلىق ۋە ھەيكەلتاراشلىق سەنئىتىنىڭ جەۋھەرلىرىدىن بىرى ئىدى. تۆمۈرچىلەرنىڭ بازغانلىرى توختىماستىن ئۇرۇلاتتى. مىتال ئېرىتىش ئىشچىلىرى 24 سائەت توختىماستىن ئىشلەيتتى. سۇلەيمان مەسجىدىگە بارىدىغان يولنىڭ ئىككى تەرىپىنى زىننەتلەيدىغان دەرۋازا، دېرىزە، شىر، يولۋاس ۋە قۇش ھەيكەللىرىنىڭ شەكلىگە كىرىش ئۈچۈن ئېرىتىلگەن تۆچلار يۇزلەرچە قاناللاردىن قۇملارنىڭ ئىچىگە ئېقىتىلاتتى. بۇ قۇرۇلۇشتا ئون مىڭلارچە كىشى ئىشلەيتتى. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى مېتال ئېرىتسە، بەزىلىرى تاش يونااتتى. بەزىلىرى تاش چاقسا، بەزىلىرى دەرەخ كېسەتتى. بەزىلىرى لىۋاندىن سەرۋى دەرىخى ئەكەلسە، بەزىلىرى ئالتۇن ئېرىتىپ، ئۇنىڭدىن تەختلەرنى ۋە تاملارنى بېزەيدىغان ئالتۇن بېزەكلەرنى ياسايتتى.

### 644-سۇئال: بارلىق مەخلۇقلارنىڭ سۇلەيمان ئەلەيھىسسالامغا ئىتائەت قىلىشى

جىنلارمۇ سۇلەيمانىنىڭ بۇيرۇقى بويىچە ھەيكەللەر، ئەسكەرلەر ۋە ئىشچىلارنىڭ تامىقىنى پىشۇرىدىغان تاغدەك چوڭلۇقتىكى ئېغىر قازانلارنى، كۆللەردەك چوڭ قاچىلارنى ياسايتتى. سۇلەيمان ئىشچىلىرىنى ۋە خەلقىنى نازارەت قىلىپ، ئۇلارنىڭ مەسىلىلىرىگە قۇلاق سالاتتى، ھەل قىلاتتى. بۇندىن باشقا ھايۋان ۋە قۇشلاردىن تەشكىل تاپقان قوشۇننى يوقلاپ، ئۇلارنىڭ قايسىسىنىڭ كەلمىگەنلىكىنى، نەگە كەتكەنلىكىنى ۋە نېمىشقا يوقاپ كەتكەنلىكىنى ئېنىقلايتتى. سۇلەيمان ئىنسان ۋە قۇشلاردىن تەشكىل تاپقان قوشۇنغىلا ئەمەس، چۈمۈلىلەرگىمۇ كۆيۈنەتتى. ئۇلارنىڭ سۆزلىرىنى تىڭشايتتى. ئۇلارنى دەسسىمەيتتى. سۇلەيمان كەمتەر، كىچىك پېئىل بولغاچقا، داۋاملىق يەرگە قارىغان ۋە ئاللاھقا شۈكرى قىلغان ھالدا يول يۈرەتتى. بىر كۈنى، سۇلايمان قوشۇنىنىڭ ئالدىدا كېتىۋاتاتتى. شامدىكى چۈمۈلىلەر ۋادىسىغا كەلگەندە، بىر چۈمۈلىنىڭ باشقا چۈمۈلىلەرگە مۇنداق دەۋاتقانلىقىنى ئاڭلىدى: «ئى چۈمۈلىلەر! ئۇۋىلىرىڭلارغا كىرىپ كېتىڭلار، سۇلەيمان ۋە ئۇنىڭ قوشۇنى ئۇقماستىن سىلەرنى يەنچىۋەتمىسۇن» سۇلەيمان چۈمۈلىنىڭ سۆزىدىن تەبەسسۇم قىلىپ كۈلدى ۋە ئېيتتى: «پەرۋەردىگارىم! سەن مېنى ماڭا ۋە ئاتا - ئانامغا بەرگەن نېمىتىڭگە شۈكۈر قىلىشقا، سەن رازى بولىدىغان ياخشى ئەمەلنى قىلىشقا مۇۋەپپەق قىلغىن، رەھمىتىڭ بىلەن مېنى ياخشى بەندىلىرىڭ قاتارىغا كىرگۈزگىن. » ئۇ ئۆزىنىڭ ۋە قوشۇنىنىڭ بۇيۈكلىگىگە قارىماي، چۈمۈلىلەرگە رەھىم قىلاتتى. ئۇلارنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ، ئۇلارنى دەسسەپ سالماسلىق ئۈچۈن ھەر دائىم يولغا دىققەت قىلىپ ماڭاتتى.

سۇلەيمان دۇنيادىكى ئەڭ باي كىشى ئىدى. سارايلىرىنىڭ بەزىسىنىڭ يەرلىرى (ئاستى) خۇش پۇراقلىق سەندەل ياغىچىدىن، بەزىلىرىنىڭ ئالتۇندىن، بەزىلىرىنىڭكى بولسا خرۇستالدىن ياسالغان ئىدى. ئۇنىڭ ئالتۇن ۋە قىممەتلىك تاشلاردىن ياسالغان بىر تەختى بار ئىدى. دۇنيادىكى ئەڭ چوڭ سارايلار ئۇنىڭ سارايلىرى ئىدى. ئۇ ئالتۇن - مەرۋايىتلاردىن زىننەتلەنگەن كىيىملەرنى كىيەتتى. شۇنداق بولسىمۇ، سۇلەيمان اللهقا ۋە ئىنسانلارغا ھەرگىزمۇ تەكەببۇرلۇق قىلمايتتى. ئالتۇن كىيىملىرىنى كىيىپ، ئىنسانلار ئالدىغا چىققىنىدا:

- ھەرقانداق تاغ گۈلى مەن (ھۆكۈمدار سۇلەيمان) دىنىمۇ چىرايلىق كىيىندۇ، - دەيتتى. كىچىك پېئىل ھۆكۈمدار، پەيغەمبەر سۇلەيمان اللهقا سەجدە قىلغاندا ئەنە شۇنداق دەيتتى. ئاتىسىنىڭ اللهقا تەسبىھ ئېيتقىنىدەك، ئۇمۇ ئىلاھىي سۆيگۈنى مەدھىيىلەيتتى...

## 645-سۇئال: سۇلەيمان ئەلەيھىسسالامنىڭ مەلىكە بىلقىس بىلەن ئۇچرىشىشى

كۈنلەرنىڭ بىرىدە، سۇلەيمان قوشۇنىنىڭ تەييارلىنىشىنى بۇيرۇدى. ئۇنىڭدىن كېيىن قوشۇننى تەپتىش قىلىش ئۈچۈن چىقتى. ئاۋۋال ئىنسانلاردىن تەشكىللەنگەن قوشۇننى كۆزدىن كەچۈردى. قوماندان، سەركەردە ۋە ئەسكەرلەر بىلەن يىغىن ئېچىپ، ئۇلارغا بۇيرۇقلىرىنى بەردى. ئۇلاردىن كېيىن جىن ئەسكەرلىرىنىڭ ئالدىغا ئۆتۈپ، تېگىشلىك تەلىماتلارنى بەردى. ئىچىدىكى ئېزىلەڭگۈلۈك قىلغان بىر جىننى زىندانغا تاشلىدى. ئۇندىن كېيىن ھايۋانلارنىڭ يېنىغا كېلىپ، ئۇلاردىن ئاچ - توقلىقىنى، ياخشى ئۇخلىغان - ئۇخلىمىغانلىقىنى، تامىقىنىڭ ۋاقتىدا بېرىلىۋاتقان ياكى بېرىلمەيۋاتقانلىقىنى، كېسەل ياكى ساقلىقىنى سورىدى. ھەممە نەرسىدىن خاتىرجەم بولغاندىن كېيىن، قۇشلارنىڭ چېدىرىغا كىردى. چېدىرغا كىرىپلا ھۆپۈپنىڭ يوقلۇقىنى بايقىدى.

ئەسلىدە ھۆپۈپ، چىدىرنىڭ ئۈستىدىكى بەلگىلەنگەن يېرىدە بولۇشى (تۇرىشى) كېرەك ئىدى. ئەمما ئۇ ئۇ يەردە يوق ئىدى. ئۇ قۇشلارنى كۆزدىن كەچۈرگەندىن كېيىن ئېيتتى: «ماڭا نېمە بولدى؟ ھۆپۈپنى كۆرمەيمەنغۇ!، دېدى.

باشلىقىنىڭ سۆزىگە ھۆرمەت قىلىش ئۈچۈن، باشقا قۇشلار جاۋاب بەرمىدى. سۇلەيمان قۇشلارغا دىققەت قىلىپ، ئۇلارنىڭ كۆزلىرىدىن ھۆپۈپنىڭ يوقلۇقىنى بىلدى. نەگە كەتكەنلىكىمۇ ئېنىق ئەمەس ئىدى. سۇلەيمان غەزەپلەنگە ھالدا: يا ئۇ يوقاپ كەتتىمۇ، دېدى. ئىچىدىن كىچىك بىر قۇش جۈرئەت قىلىپ سۇلەيمانغا:

- ئى بۈيۈك! ئەسلىدە تۈنۈگۈنكى ئاخبارات توپلاش ۋەزىپىسىدە (خىزمىتىدە) ئۇ

مەن بىلەن بىللە بولۇشى كېرەك ئىدى. ھۆپۈپ بېرىلگەن ۋەزىپىنىڭ مەسئۇلى ئىدى. ئەمما كەلمىدى. شۇڭا مەنمۇ بارمىدىم، ـ دېدى. قۇش قورقىنىدىن تىترەيتتى. سۇلايمان ھەممەيلەننىڭ ھۆپۈپتىن خەۋەرسىز ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭ ھېچكىمنىڭ رۇخستىنى ئالماستىن ھەم ئۆزىنىڭ قەيەردە ئىكەنلىكىنى دەپمۇ قويماستىن يوقاپ كەتكەنلىكىنى چۈشەندى.

سۇلەيمان خاپا بولۇپ: ئۇنى چوقۇم قاتتىق جازالايمەن، يا ئۇنى چوقۇم بوغۇزلايمەن، يا چوقۇم (يوقاپ كەتكەنلىكىنى ئاقلايدىغان) بىر روشەن دەلىل كەلتۈرىدۇ» دېدى. قۇشلار سۇلەيماننىڭ غەزەپلەنگەنلىكىنى چۈشەندى. سۇلەيماننىڭ غەزىپى قەلبلەرگە قورقۇنچ سالاتتى، چۈنكى ئۇ مەرھەمەتلىك بولسىمۇ، غەزەپلىنىشى ھەقلىق ۋە ئادالەتلىك ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، دېگىنىنى ئاسانلا ئەمەلگە ئاشۇراتتى. قۇش سۇلەيماننىڭ غەزىپىدىن قورقۇپ تىترەپ كەتتى، سۇلەيمان قولىنى ئۇزىتىپ قۇشنىڭ بېشىنى سىلىدى، قۇشنىڭ قورقۇنچى ئۆتۈپ كەتتى. سۇلەيمان قۇشلارنىڭ چېدىرىدىن چىقىپ سارىيىغا قايتتى، ئۇ ھۆپۈپنى ئويلاۋاتاتتى. ئارىدىن خېلى ئۆتكەندىن كېيىن، ھۆپۈپ قۇشلارنىڭ چېدىرىغا قايتىپ كەلدى.

قۇشلار ئۇنىڭغا: ـ سېنىڭ كەلگىنىڭدىن خەۋەر تېپىشتىن بۇرۇن دەرھال سۇلەيماننىڭ يېنىغا بارغىن، ـ دېيىشتى. ھۆپۈپ تاماق يەپ ئولتۇرغان سۇلەيماننىڭ يېنىغا كەلدى. ھۆپۈپ بىر ئاز ساقلىغاندىن كېيىن، سۇلەيماننىڭ ئۇنىڭ نەگە كەتكەنلىكىنى سورىشىدىن ئاۋۋال ئۆزىنىڭ گۇناھسىزلىقىنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن سۆزلەشكە نىيەت قىلدى.

ئۇ مۇنداق دېدى: مەن سەن بىلمىگەن ئىشنى بىلىپ (كەلدىم)، ساڭا مەن سەبەدىن (يەنى يەمەندىكى سەبە شەھىرىدىن) بىر مۇھىم خەۋەر ئېلىپ كەلدىم. سۇلەيمان گەپ قىلماستىن ھۆپۈپنىڭ سۆزىنىڭ تۈگىشىنى كۈتتى. ھۆپۈپ دېدى:

مەن ھەقىقەتەن ئۇلارغا (يەنى سەبە ئاھالىسىگە) بىر ئايالنىڭ (يەنى بىلقىسنىڭ) پادىشاھلىق قىلىۋاتقانلىقىنى كۆردۈم، ئۇنىڭغا (ئۆزىگە ۋە سەلتەنىتىگە كېرەكلىك) ھەممە نەرسە بېرىلگەن ئىكەن، ئۇ چوڭ ئەرشكە ئىگە ئىكەن. ئۇنىڭ ۋە قەۋمىنىڭ ﷲ نى قويۇپ قۇياشقا چوقۇنىدىغانلىقىنى بايقىدىم، شەيتان ئۇلارغا قىلمىشلىرىنى (يەنى ﷲ نى قويۇپ، قۇياشقا چوقۇنغانلىقلىرىنى) چىرايلىق كۆرسەتتى، ئۇلارنى توغرا يولدىن توستى، ئۇلار ھىدايەت تاپمايدۇ. ھۆپۈپ بىر پەس جىمىدى، سۇلەيمان ھۆپۈپنىڭ پۈتۈن نۇتۇق قابىلىيىتىنى ئىشقا سېلىپ، ئەڭ ياخشى سۆزلەر بىلەن سۆزلەۋاتقانلىقىنى بىلىپ تۇراتتى. ھۆپۈپنىڭ ئاخىرىدا سۇلەيماننىڭ رەھىم قىلىشىغا ئېرىشىشى ۋە ئۇنى قايىل قىلىش ئۈچۈن سۇلايمانغا ئۆزىنىڭ سۆزىنى تەكرارلاپ

بەرگەنلىكى ئېنىق ئىدى. سۈلەيمان جىمجىت ئولتۇرۇپ ئويلىنىۋاتاتتى، ئاخىرىدا بىر قارارغا كېلىپ بېشىنى كۆتۈرۈپ قەغەز ـ قەلەم ئەكېلىشنى بۇيرىدى. دەرھال بىر قىسقا مەكتۇپ يېزىپ، ھۆپۈپكە تاپشۇردى ۋە تەلىمات بېرىپ: بۇ خېتىمنى ئېلىپ بېرىپ ئۇلارغا تاشلىغىن، ئاندىن ئۇلاردىن نېرىراق (جايدا يوشۇرۇنۇپ) تۇر، ئۇلارنىڭ قانداق جاۋاب قايتۇرىدىغانلىقىغا قارىغىن» دېدى.

مەلىكە مەكتۇپنى يۇرت كاتتىلىرىنىڭ ئالدىغا قويۇپ: «ئى ئۇلۇغلار! مېنىڭ (بۇ) ئىشىمدا مەسلىھەت بېرىڭلار، سىلەرنى ئۇستىدە قويماي تۇرۇپ ھېچ ئىشنى بېكىتكىنىم يوق» دېدى. كاتتىلارنىڭ ئىنكاسى قارشىلىق قىلىش بولدى... ئەمما مەلىكە يۇرت كاتتىلىرىدىن كۆپ ئەقىللىق ۋە ھېكمەت ساھىبى ئىدى. سۈلەيماننىڭ خېتى ئۇنى ئۇرۇش قىلىشقا چاقىرىشتىن ئاۋۋال ئويلىنىشقا مەجبۇر قىلدى. مەلىكە سۈلەيماننىڭ مەكتۇبىنى ئۇزۇنغىچە ئويلىدى. ئۇ ئۇرۇش سەۋەبىدىن بۇ مەدەنىيەت ۋە باياشاتچىلىقنىڭ ۋەيران بولۇشىدىن قورقتى. غەزەپنىڭ (ئېھتىياتسىزلىقنىڭ) ئورنىغا ھېكمەتنى تاللىدى. سىلىق ـ سىپايىلىق بىلەن ئۇنىڭغا ھەدىيە ئەۋەتىشنى قارار قىلدى.

مەلىكە كۆڭلىدە ئويلىغانلىرىنى مەخپىي تۇتتى. يۇرت كاتتىلىرىغا سوۋغا ـ سالام ئەۋەتىش ئارقىلىق ھۆكۈمدار سۈلەيماننىڭ ھەقىقىي نىيىتىنى بىلمەكچى ئىكەنلىكىنى ئېيتتى. مەلىكە بىلقىسنىڭ سوۋغىسى ھۆكۈمدار پەيغەمبەر سۈلەيمانغا يەتكۈزۈلدى. سۈلەيماننىڭ ئاخبارات تورلاش تەشكىلاتى بىلقىسنىڭ ئادەملىرىنىڭ سوۋغا ئەكەلگەن خەۋىرىنى يەتكۈزدى. سۈلەيمان قوشۇنىنىڭ دەرھال يىغىلىشى ئۈچۈن پۈتۈن مەملىكەتكە بۇيرۇق چىقاردى. بىلقىسنىڭ ئادەملىرى قورالىق ھالدا قويۇق بىر ئورماننىڭ ئىچىگە كىردى. قارىغۇدەك بولسا، ئۆزلىرىنىڭ پۈتۈن بايلىقلىرى ۋە ئىلغارلىقلىرى سۈلەيمان مەملىكىتىنىڭ ئالدىدا كىشىنى خىجىل قىلىدىغان قاقاس بىر يەردەك كۆرۈنەتتى. ئەكەلگەن سوۋغىلىرى كۆزلىرىگە ئەرزىمەس نەرسىدەك كۆرۈندى. ھالبۇكى، سوۋغىلار ئالتۇن ئىدى. ئەمما ئۇلار ھۆكۈمدار سۈلەيماننىڭ يەرگە ئالتۇن بىلەن قاپلانغان سەندەل ياغاچلىرى ياتقۇزۇلغان سارايلىرىدا مېڭىۋاتاتتى.

قوشۇن سەپ تۈزۈپ بولغاندىن كېيىن، بىلقىسنىڭ ئادەملىرى سۈلەيماننىڭ يېنىدا تۇردى. ئۇلار كاللىسىدا ئەسكەرلەرنىڭ سانىنى، تۇرلىرىنى ھېسابلاشقا باشلىدى. قوشۇندىكى يولۋاس، قۇش ۋە ئۈچالايدىغان ئەسكەرلەرنى كۆرگەن بىلقىسنىڭ ئەلچىلىرى قورقىنىدىن يۈرىكى ئاغزىغا كېلىپ، بۇ قوشۇننىڭ تەڭداشسىز دەرىجىدە كۈچلۈك ئىكەنلىكىنى چۈشەندى. قوشۇن كۆزدىن كەچۈرۈش ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، مەلىكىنىڭ ئەلچىلىرى سۈلەيماننىڭ چۈشلۈك تاماق زىياپىتىگە چاقىرىلدى. ئەلچىلەر دۇنيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىنىڭ تاماقلىرىنى

كۆردى. داستىخاندا دۆلىتىنىڭ ئەڭ مەشھۇر تاماقلىرى تىپىلاتتى. لېكىن ئۇلار تاماقلارنىڭ تەمىنىڭ ئوخشىمايدىغانلىقىنى ھېس قىلىشتى. تاماق يېگەن قاچىلىرى ئالتۇندىن ياسالغان بولۇپ، ئۇلارغا ھەتتا مەلىكىمۇ تاقىيالمايدىغان ئالتۇن زىبۇ زىننەتلەر تاقىغان خىزمەتچىلەر خىزمەت قىلىۋاتاتتى. داستىخاندا قۇشلار، دېڭىز بېلىقلىرى ۋە نامەلۇم ھايۋان گۆشلىرى بار ئىدى. سۇلەيمان بۇ تاماقلارنى يېمەستىن، بىر ياغاچ تاۋاقتا قۇرۇق ناننى ياغقا مىلەپ يەۋاتاتتى. بۇ، ئۇنىڭ تاللىغان تامىقى ئىدى. سۇلەيمان ئۇن - تىنسىز ئولتۇرۇپ، ئۇلار بىلەن بىرلىكتە تاماق يېدى. ئۇلار سۇلەيماننىڭ كۈچلۈك ۋە ھەيران قالارلىق دەرىجىدە ئېغىر - بېسىق ئىكەنلىكىنى بايقىدى.

تاماقتىن كېيىن، ئەلچىلەر خىجىل بولغان ھالدا بىلقىسنىڭ سوۋغىسىنى سۇلەيمانغا سۇندى. سوۋغا ئالتۇندىن ياسالغان بولۇپ، ئۇلارغا نىسبەتەن قىممەتلىك بىر سوۋغا ئىدى. ئەمما بۇ يەردىكى كىشىنى ھاڭ - تاڭ قالدۇرىدىغان سەلتەنەت ۋە بايلىقنىڭ ئالدىدا ئاددىي ۋە ئەرزىمەس كۆرۈنەتتى. سۇلەيمان مەلىكىنىڭ سوۋغىسىنى كۆرگەندىن كېيىن ئۇلارغا قاراپ مۇنداق دېدى:

سىلەر ماڭا مال بىلەن ياردەم قىلماقچىمۇ؟ ﷲنىڭ ماڭا بەرگەنلىرى سىلەرنىڭ بەرگەنلىرىڭلاردىن ياخشىدۇر، بەلكى سىلەر سوۋغاڭلار بىلەن كۆرەڭلەپ كېتىسىلەر. ھۆكۈمدار سۇلەيمان بۇ قىسقا سۆزى بىلەن ئۇلارنىڭ سوۋغىسىنى رەت قىلدى ۋە ئەلچىلەرنى ئوسال ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويدى.

سۇلايمان دەسلەپكى مەكتۇبىغا يۈزلەندى ۋە تەكرار دېدى. سەن قايتىپ كەتكىن، ئۇلارنىڭ ئۈستىگە ئۇلار تاقابىل تۇرالمايدىغان بىر قوشۇن بىلەن چوقۇم بارىمىز، ئۇلارنى يۇرتىدىن خار، كەمسىتىلگەن ھالدا چوقۇم چىقىرىۋېتىمىز. ھۆكۈمدار كەسكىن ۋە قورقۇنچلۇق تەھدىتىن كېيىن، مەلىكىنىڭ ئەلچىلىرىنى قايتۇرىۋەتتى. بىلقىسنىڭ ئەلچىلىرى سۇلەيماندىن بىلقىسنىڭ ئۇنى (يەنى سۇلەيماننى) زىيارەت قىلىپ كېلىشى ئۈچۈن ئىجازەت سورىدى.

مەملىكىتىگە قايتىپ كەلگەن ئەلچىلەر دەرھال مەلىكىنىڭ ھۇزۇرىغا كېلىپ، دۆلىتىنىڭ خەۋپ ئىچىدە ئىكەنلىكىنى خەۋەر قىلدى ۋە سۇلەيماننىڭ ئىنتايىن كۈچلۈكلىكى، قوشۇنىنىڭ تەڭداشسىز قۇدرەتلىك ئىكەنلىكىنى ئېيتتى. ئۇنىڭ سۇلەيماننى زىيارەت قىلىپ خۇرسەن قىلىشى كېرەكلىكىنى بىلدۈرۈشتى. مەلىكە بۇ مەسلىھەت بويىچە تەييارلىق قىلىپ، سۇلەيمان مەملىكىتىگە قاراپ يولغا چىقتى. سۇلەيمان ئوردىسىدا بەگ - ۋەزىرلىرى، قوماندانلىرى ۋە ئۆلىمالىرى بىلەن بىرلىكتە ئولتۇراتتى. ئۇ بىلقىسنى ئويلاۋاتاتتى. ئۇنىڭ كېلىۋاتقانلىقىنى، ئەمما ئۆزى خالاپ

ئەمەس، قورقىنىدىن كېلىشكە مەجبۇر بولغانلىقىنى بىلەتتى. سۇلەيمان مەلىكىنىڭ ئىسلامنى قوبۇل قىلىشى ئۈچۈن ئىسلامنىڭ ھەقىقىي ئىلغارلىقىنى ۋە ھەقىقىي كۈچكە ئىگە ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈش ۋە ئۇلارنىڭ قۇياشقا چوقۇنۇپ ئېرىشكەن تېخنىكا، سەنئەت ۋە ئىلىم بىلەن ئۆزلىرىنىڭ ئىسلامغا ئېتىقاد قىلىپ يەتكەن ئىلغارلىقىنى سېلىشتۇرۇش ئارقىلىق ئۇنى ھاڭ ـ تاڭ قالدۇرماقچى بولدى. ھۆكۈمدار سۇلەيماننىڭ خەۋەرچىلىرى سەبە مەملىكىتىدىكى ئەڭ ھەشەمەتلىك نەرسىنىڭ بىلقىسنىڭ تەختى ئىكەنلىكىنى خەۋەر قىلىشتى.

تەخت ئالتۇن ۋە قىممەتلىك تاشلاردىن ياسالغان بولۇپ، تەخت ۋە تەخت قويۇلغان ئۆيمۇ نەققاشلىق سەنئەتىنىڭ نامايەندىسى ئىدى. قاراۋۇللار ئۇنىڭدىن ھەر ۋاقىت كۆزلىرىنى ئايرىمايتتى.

ئۇنداق بولسا... سۇلەيمان ئىچىدە بىلقىسنى مۇسۇلمان قىلىش ئۈچۈن، ئۇ كەلگەندە ئۇنىڭ بۇ تەختى ئۇستىدە ئولتۇرۇپ قارشى ئېلىپ، ئۇنى قۇدرىتى بىلەن ھاڭ ـ تاڭ قالدۇرماقچى بولدى. بېشىنى كۆتىرىپ ئادەملىرىگە:

«ئى ئۇلۇغلار! ئۇلارمېنىڭ قېشىمغا مۇسۇلمان بولۇپ كېلىشتىن بۇرۇن، (سىلەردىن) كىم ئۇنىڭ تەختىنى ئېلىپ كېلىدۇ. » الله سۇلەيمانغا بويسۇندۇرۇپ بەرگەن جىنلاردىن بىرى بولغان ئىفرىت تۇنجى بولۇپ: «مەن ئۇنى ئورنۇڭدىن تۇرۇشتىن بۇرۇن ساڭا ئېلىپ كېلىمەن، مەن ئۇنى ئېلىپ كېلىشكە ئەلۋەتتە قادىرمەن، ئىشەنچلىكمەن» دېدى.

سۇلەيمان بىر ياكى ئىككى سائەتتىن كېيىن ئورنىدىن تۇراتتى. جىن تەختىنى بۇنىڭدىن ئاۋۋال ئەكىلەلەيدىغانلىقىنى ئېيتتى. سۇلەيماننىڭ ئوردىسى پەلەستىندە بولۇپ، بىلقىسنىڭ تەختى بولسا يەمەندە ئىدى. تەخت بىلەن ئوردىنىڭ ئارىسىدا مىڭلارچە مىل مۇساپە بار ئىدى. سۇلەيمان ئىفرىتنىڭ سۆزىگە جاۋاب بەرمىدى. دېمەككى، ئۇ بىلقىسنىڭ تەختىنى ئۇنىڭدىنمۇ تېزراق ئەكىلەلەيدىغان بىر تەكلىپ كۈتۈۋاتاتتى. سايىدە ئولتۇرغان ئاسەف ئىبنى بۇرخىيا (ئۇ نازىل بولغان كىتابنى چوڭقۇر بىلىدىغان زات ئىدى) سۇلەيمانغا قاراپ: «ئۇنى مەن ساڭا كۆزۈڭنى يۇمۇپ ئاچقۇچە ئېلىپ كېلىمەن» دېدى (ئۇ دۇئا قىلىۋىدى، تەخت دەرھال ئالدىدا ھازىر بولدى). سۇلەيمان تەختنىڭ يېنىدا تۇرغانلىقىنى كۆرگەندە: «بۇ پەرۋەردىگارىمنىڭ (ماڭا قىلغان) ئېھسانىدۇر، ئۇ شۈكۈر قىلامدىم، يا تۇزكورلۇق قىلامدىم، بۇنىڭ بىلەن مېنى سىنىدى، كىمكى شۈكۈر قىلىدىكەن، ئۇ ئۆزىنىڭ پايدىسى ئۈچۈن شۈكۈر قىلىدۇ، كىمكى تۇزكورلۇق قىلىدىكەن، (بىلىش كېرەككى) ھەقىقەتەن پەرۋەردىگارىم (ئۇنىڭ شۈكۈر قىلىشىدىن بىھاجەتتۇر)، (اللهنىڭ) كەرەمى كەڭدۇر» دېدى.

«كىتابنىڭ ھېكمەتتىگە ئېرىشكەن» كىشىنىڭ سۆزى ئاياقلاشماي تۇرۇپلا، تەخت سۇلەيماننىڭ يېنىغا كېلىپ بولدى، قۇرئان ئۇنىڭ جىن ياكى ئىنسان ۋە ياكى پەرىشتە ئىكەنلىكى توغرىسىدا ھېچنېمە دېمەيدۇ. سۇلەيمان اللہ غا شۈكرى قىلغاندىن كېيىن مەلىكىنىڭ تەختىگە قارىدى. تەخت گەرچە بىر سەنئەت مۆجىزىسى بولسىمۇ، لېكىن سۇلەيمان مەملىكىتىدىكى ئىنسان ۋە جىنلارنىڭ ياسىغانلىرى ئالدىدا ئاددىي كۆرۈنەتتى. سۇلەيمان مەلىكىنىڭ تەختىگە ئىنچىكىلەپ قارىغاندىن كېيىن، تەختنىڭ ئۆزگەرتىلىشىنى بۇيرىدى. تەختنىڭ بەزى يەرلىرى ئۆزگەرتىلدى. چۈنكى سۇلەيمان بىلقىس كەلگەندە، ئۇنىڭ ئۆزىنىڭ تەختىنى تونۇيدىغان ياكى تونۇمايدىغانلىقىنى سىناپ باقماقچى ئىدى.

سۇلەيمان بىلقىسنى قارشى ئېلىش ئۈچۈن ئايرىم بىر ساراي سېلىشنى ئەمر قىلدى. دېڭىز قىرغىقىدىن بىر يەر تاللاندى. سۇلەيمان سارايىنىڭ كۆپ قىسمىنىڭ دېڭىز سۇلىرى ئۈستىدە بولۇشىنى، سارايىنىڭ ئاستىنىڭ ئىنتايىن مۇستەھكەم ۋە قىممەتلىك، شۇنداقلا ناھايىتى سۈزۈك ئەينەكتىن ياسىلىشىنى بۇيرىدى. سارايىنىڭ تېگىدە ئۈزۈۋاتقان ھەر خىل رەڭلىك بېلىقلار ۋە ھەرىكەت قىلىۋاتقان دېڭىز يوسۇنلىرى ئېنىق كۆرۈنۈپ تۇرىدىغان بولۇشى كېرەك ئىدى. ساراي پۈتتى. سارايىنىڭ ئاستىغا ياتقۇزۇلغان ئەينەك دەرىجىدىن تاشقىرى سۈزۈك بولغاچقا، سارايىنىڭ دېڭىز ئۈستىدىكى قىسمىنىڭ تېگى يوقتەكلا كۆرۈنەتتى. ھۆپۈپ سۇلەيمانغا بىلقىسنىڭ دۆلىتىنىڭ ئېگىز يەرلىرىگە (سېپىللىرىغا) يېتىپ كەلگەنلىكىنى خەۋەر قىلدى. بىلقىس ئاخىرى كەلدى.

بىلقىس قارىغۇدەك بولسا، تەخت بىر تۇرۇپ ئۆزىنىڭ تەختىگە ئوخشايتتى، بىر تۇرۇپ ئوخشىمايدىغاندەك كۆرۈنەتتى. ئەگەر تەخت ئۆزىنىڭ تەختى بولسا، ئۇ قانداقلارچە بىلقىستىن بۇرۇن بۇ يەرگە كېلىۋالالايدۇ؟ ئەگەر ئۆزىنىڭ تەختى بولمىسا، بۇنچىلىك ئىنچىكە تەقلىد قىلىنىشى مۇمكىنمۇ؟ بىلقىسنىڭ تەختنى دىققەت بىلەن كۆزىتىۋاتقانلىقىنى كۆرگەن سۇلەيمان:

ـ سېنىڭ تەختىڭ مۇشۇنداقمۇ؟ ـ دەپ سورىدى.

ـ شۇدەكلا تۇرىدۇ، ـ دېدى ھەيران قالغان بىلقىس.

ـ بىزگە بۇرۇن ئىلىم بېرىلگەن ۋە بىز تەسلىم بولغان ئىدۇق (يەنى مۇسۇلمان بولدۇق)، ـ دېدى سۇلەيمان.

بىلقىس بۇنىڭ ئۆزىنىڭ تەختى ئىكەنلىكىنى بىلدى. تەخت ئۇنىڭدىن بۇرۇن بۇ يەرگە كەلتۈرۈلۈپ، بەزى قىسىملىرى ئۆزگەرتىلگەن ئىدى. بۇ، پەيغەمبەر ۋە ھۆكۈمدار سۇلەيماننىڭ كۈچى قانداق كۈچ بولغىيدى؟ بىلقىس سۇلەيماننىڭ ھۈنەر ـ سەنئەت،

تېخىنكا ۋە باشقا ئىلىملەردە يەتكەن سەۋىيىسىگىلا ئەمەس، ئۇنىڭ ئىمانىغا ۋە ئاللاھقا بولغان تەقۋادارلىقىغىمۇ ھەيران قالدى. يەنى ئۇ سۇلەيماننىڭ مۇسۇلمانلىقى بىلەن ئىلىم ـ ھېكمەتنى ئارىسىدىكى بۇ چوڭقۇر مۇناسىۋەتتىن ھاڭ ـ تاڭ قالغان ئىدى.

خۇلاسە كالام. كاللىدا سانسىزلىغان مەسىلىلەر پەيدا بولدى. ئۇز ئېتىقادىنىڭ بۇ يەردە، سۇلەيماننىڭ ئالدىدا گۇمران بولغانلىقىنى كۆردى. ئۇلار چوقۇنغان قۇياش پەقەت ئاللاھنىڭ بەندىلىرىنىڭ پايدىلىنىشى ئۈچۈن ياراتقان مەخلۇقاتى ئىدى. قۇياش بىلقىسنىڭ قەلبىدە تۇنجى قېتىم تۇتۇلدى. ئۇنىڭ قەلبىنى قۇياشتەك پېتىپ يوقالمايدىغان يېڭى بىر نۇر يورۇتتى. ئۇنىڭ بۇ ئىمانىنى ئېلان قىلىشى پەقەت ۋاقىت مەسىلىسىدىنلا ئىبارەت ئىدى. بىلقىس مۇسۇلمانلىقىنى ئېلان قىلىدىغان ۋاقىتنى ياخشى تاللىدى.

بىلقىسقا: سارايغا كىرگىن، ـ دېيىلدى. بىلقىس سارايىنىڭ ئەينەكتىن ياسالغانلىقىنى بايقىيالمىدى. سۇنى كۆرگەن بىلقىس دېڭىزغا كىرىدىغان ئوخشايمەن دەپ كۆڭلىكىنى كۆتەردى. سۇلەيمان ئۇنىڭغا كۆڭلىكىنىڭ ھۆل بولۇشىدىن قورقماسلىقىنى ئېيتتى. ئۇ يەردە سۇ يوق ئىدى. چۈنكى ساراي سۈزۈك ئەينەكتە ياسالغان ئىدى. بىلقىس مۇسۇلمان بولغانلىقىنى ئېلان قىلىش ئۈچۈن بۇ ۋاقىتنى تاللىدى. ئۆزىگە زۇلۇم قىلغانلىقىنى ئېتىراپ قىلىپ، سۇلەيماننىڭ يېنىدا ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى ئاللاھقا بويسۇندى. ئۇنىڭ ئارقىسىدىن قەۋمىمۇ مۇسۇلمان بولدى. ئۇ سۇلەيماننىڭ دۇنيانىڭ ئەڭ چوڭ ھۆكۈمدارى ۋە ئاللاھنىڭ پەيغەمبەرلىرىدىن بىرى ئىكەنلىكىنى چۈشەنگەن ئىدى.

سۇلەيماننىڭ يۈزى بىلقىسنىڭ كەلگىنىدىن بېرى تۇنجى قېتىم خۇرسەن بولغان ھالدا كۈلۈمسىرىدى. ئۇ مانا ئەمدى ھەقىقىي ۋەزىپىنى ئورۇنلىغان، يەر يۈزىدە ئىسلامنىڭ نۇرىنى بايقىغان ئىدى.

## 646 ـ سوئال: سۇلەيمان ئەلەيھىسسالامنىڭ كېيىنكى ھاياتى

قۇرئان بىلقىسنىڭ مۇسۇلمانلىقىدىن كېيىنكى ئىشلىرىنى تىلغا ئالمايدۇ. مۇپەسسىرلەر كېيىن ئۇنىڭ سۇلەيمان بىلەن توي قىلغانلىقىنى ئېيتىشىدۇ. سۇلەيماننىڭ ئادەملىرىدىن بىرى بىلەن توي قىلغان دېگەنلەرمۇ بار. بىلقىس ئۇنى ياخشى كۆرۈپ، ئۇنىڭغا ياتلىق بولغان ئىدى. ھەبەشىستان ھۆكۈمدارلىرىدىن بەزىلىرىنىڭ ئۇلارنىڭ ئەۋلادى ئىكەنلىكى سۆزلىنىدۇ. بىز بۇلارنىڭ توغرا ـ خاتالىقىنى بىلمەيمىز.

سۇلەيمان دۇنيانى بويسۇندۇرغان شەرەپلىك ھايات ياشىغان ئىدى. ئاخىرىدا، ئاللاھ ئۇنىڭغا ئۆلۈمنى تەقدىر قىلدى ۋە سۇلەيمان ۋاپات بولدى. خۇددى ئۇنىڭ ھاياتى

ئاجايىپ ـ غارايىپلىقلار ۋە تىلسىماتلار بىلەن تولغان ۋە شۆھرەتتە، سەلتەنەتتە ئەڭ يۇقىرى پەللىگە يەتكەندەك، ئۇنىڭ ئۆلۈممۇ اللهنىڭ ئاجايىپ ـ غارايىپلارغا تولغان ئالامەتلىرىدىن بىرى ئىدى. دېمەك، ئۇنىڭ ئۆلۈمى ھاياتىغا ۋە سەلتەنىتىگە ئوخشاش ھالدا كەلگەن ئىدى. تەڭداشسىز ۋە مۆھىم ھاياتىغا تەڭداشسىز بىر ئۆلۈم كەلدى.

ئۇلۇغ الله سەبەئ سۈرىسىدە سۇلەيماننىڭ ۋاپاتى ھەققىدە مۇنداق دېگەنىدى:

سۇلەيماننىڭ ۋاپاتىنى ھۆكۈم قىلغىنىمىزدا (يەنى ئۇنى ۋاپات قىلدۇرغىنىمىزدا) سۇلەيماننىڭ ئۆلگەنلىكىدىن جىنلارنى پەقەت ئۇنىڭ ھاسىسىنى يېگەن قۇرۇتلار خەۋەردار قىلدى. سۇلەيمان (ھاسىسىنى قۇرۇت يەپ) يىقىلغان چاغدا جىنلارغا ئېنىق بولدىكى، ئەگەر ئۇلار غەيبنى بىلىدىغان بولسا ئىدى، خار قىلغۇچى ئازابتا (يەنى شۇنچە ئۇزاق ۋاقىت ئېغىر ئەمگەكتە) قالمىغان بولاتتى.

ئۇلۇغ الله سۇلەيماننىڭ ئۆلۈمى بىلەن بۇ پىكىرنى، يەنى جىنلارنىڭ غەيبنى بىلىدىغانلىقى ھەققىدىكى پىتنىنى يوق قىلىشنى ئىرادە قىلدى. جىنلار سۇلەيمان ئۆلگىچە ئۇنىڭ ئۈچۈن ئىشلەيتتى. ئۇ ئۆلسە، ئۇنىڭ بۇيرىقىغا بويسۇنۇش ۋە ئۇنىڭ ئۈچۈن ئىشلەش مەسئۇلىيىتى تۈگەيتتى.

سۇلەيماننىڭ ئۆلگىنىنى بىلمىگەن جىنلار ئۇنىڭ ئۈچۈن ئىشلەشنى ۋە خىزمەت قىلىشنى داۋاملاشتۇردى. سۇلەيمان ئېتىكاپ، ئىبادەت ۋە ناماز ئۈچۈن مېھراپىغا (يەنى ھۇجرىسىغا) كىردى. مېھراپتا تۇرغان چاغدا ئۇنىڭ يېنىغا ھېچكىم كىرىشكە جۈرئەت قىلالمايتتى. مېھراپ بىر تاغنىڭ چوققىسىدا بولۇپ، تاملىرى ئارقىسىدىكىلەرنى كۆرسىتىپ تۇرىدىغان ئەينەكلەردىن ياسالغان ئىدى. بىر كۈنى، سۇلەيمان ھاسىسىغا تايانغا ھالدا ئۆيگە چۆمدى. ئۇلۇغ اللهقا زىكىر قىلىشقا باشلىدى. بىر ئازدىن كېيىن ئۆيقىسى كەلدى. بىر ئازدىن كېيىن ئەزرائىل ئۇنىڭ مېھراپىدىن چىقتى. سۇلەيمان ۋاپات بولغان ئىدى. ئۇ ھاسىغا تايانغان ھالدا ئولتۇراتتى. بۇنى كۆرگەن جىنلار ئۇنى دۇئا قىلىۋاتىدۇ دەپ پەرەز قىلىشىپ، ئىشلىرىنى داۋاملاشتۇردى. نۇرغۇن كۈنلەر ئۆتتى...

ئاخىرى، بىر دەرەخ قۇرتى كېلىپ، سۇلەيماننىڭ ھاسىسىنى يېيىشكە باشلىدى. قۇرتنىڭ قورسىقى ئاچ بولغاچقا، ھاسىنىڭ بىرقىسمىنى يەپ تۈگەتتى. دەرەخ قۇرتى ھاسىنى بىر قانچە كۈنگىچە توختىماي يېدى. قۇرت ھاسىنىڭ يەرگە تېگىپ تۇرغان قىسمىنى يەيتى. ھاسىنىڭ تېگى يېيىلىپ تۈگىگەندە، سۇلەيماننىڭ قولى ھاسىدىن سېرىلدى ـ دە، جەستىنىڭ تەڭپۇڭلۇقى بۇزۇلۇپ يەرگە يىقىلىپ چۈشتى. ئىنسانلار يەرگە يىقىلغان جەسەتنىڭ يېنىغا يۈگۈرۈپ كېلىشتى. ئۇلار سۇلەيماننىڭ بۇرۇنلا ئۆلگەنلىكىنى ھېس قىلىشتى. جىنلارمۇ غەيبنى بىلمەيدىغانلىقىنى چۈشىنىشتى. بۇ

ھەقىقەتنى ئىنسانلارمۇ چۈشەندى.

شۇنداق قىلىپ، اﷲنىڭ پەيغەمبىرى سۇلەيمان مېھراپتا ئولتۇرۇپ، اﷲ نى زىكىر قىلغان ھالدا ۋاپات بولدى. بۇ خەۋەر چاقماق تېزلىكىدە دۇنياغا تارقالدى. ھۆكۈمدار پەيغەمبەر سۇلەيماننىڭ جىنازىسىغا (ئۆلۈمگە) ئىنسانلار، قۇشلار ۋە ۋەھشىي ھايۋانلار قاتناشقان ئىدى. ئۇنىڭ تاۋۇتىغا كۆز ياشلىرى تۆككەن مىڭلىغان قۇشلار سايە چۈشۈرەتتى. دەپنە مۇراسىمىدا يىرتقۇچ ھايۋانلار يۇۋاشلاپ، مۇلايىملىق بىلەن مېڭىشتى. قۇشلار سۇلەيمان ئۈچۈن يىغلاشتى. ئىش تۈگىدى. ئەمدى يەر يۈزىدە ھېچ كىشى قۇشلارنىڭ تىلىنى بىلەلمەيتتى. قۇشلارنىڭ تىلىنى بىلىدىغان كىشى ۋاپات بولغان ئىدى.

**647-سۇئال: ئۇزەير ئەلەيھىسسالامنىڭ قىسسىسى**

ئۇلۇغ اﷲ بەقەر سۈرىسىدە مۇنداق دېگەنىدى: ياكى سەن تام، ئۆگزىلىرى يىقىلىپ ۋەيران بولغان (خارابە) شەھەر (يەنى بەيتۇلمۇقەددەس) دىن ئۆتكەن كىشىنى (يەنى ئۇزەيرنى) كۆرمىدىڭمۇ؟ ئۇ (ئەجەبلىنىپ): «اﷲ بۇ شەھەرنىڭ ئۆلگەن ئاھالىسىنى قانداق تىرىلدۈرەر؟» دېدى. اﷲ ئۇنى يۈز يىل ئۆلۈك ھالىتىدە تۇرغۇزۇپ ئاندىن (كامالى قۇدرىتىنى كۆرسىتىش ئۈچۈن) تىرىلدۈردى. اﷲ (پەرىشتە ئارقىلىق) ئۇنىڭدىن: «(بۇھالەتتە) قانچىلىك تۇردۇڭ؟» دەپ سورىدى. ئۇ: «بىركۈن ياكى بىر كۈنگە يەتمەيدىغان ۋاقىت تۇردۇم» دېدى. اﷲ ئېيتتى: «ئۇنداق ئەمەس (تولۇق) 100 يىل تۇردۇڭ! يېمەك ئىچمىكىڭگە قارىغىنكى، بۇزۇلمىغان؛ ئېشىكىڭگە قارىغىنكى (ئۇنىڭ سۆڭەكلىرى چىرىپ كەتكەن). (ساڭا يۈقىرىقىدەك ئادەتتىن تاشقىرى ئىشلارنى قىلغانلىقىمىز) سېنى بىز كىشىلەرگە (قۇدرىتىمىزنىڭ) دەللى قىلىش ئۈچۈندۇر. بۇ سۆڭەكلەرگە قارىغىنكى، ئۇنى قانداق قۇراشتۇرىمىز، ئاندىن ئۇنىڭغا گۆش قوندۇرىمىز. (يۇقىرىقى ئىشلار) ئۇنىڭغا ئېنىق بولغان چاغدا (يەنى ئۇ روشەن مۆجىزىلەرنى كۆرگەن چاغدا)، ئۇ: «مەن اﷲنىڭ ھەممە نەرسىگە قادىر ئىكەنلىكىنى بىلدىم» دېدى.

ھاۋا قاتتىق ئىسسىپ كەتكەچكە، جىمى جانلىق چاڭقاپ كەتكەنىدى. ئۇزەير جىمجىت يېزىسىدا تېنچ بىر كۈننى ئۆتكۈزۈۋاتاتتى. ئۇ بېغىنى سۇغۇرۇشنى ئويلىدى. ئەمما باغ يىراق، بارىدىغان يولمۇ جاپالىق ئىدى. بۇ يول ئارىلىقىدا ئۆتمۈشتە ئىنسانلار ياشىغان، كېيىن ئۆلۈم كېلىپ مازارلىققا ئايلانغان بىر شەھەر بار ئىدى. بۇ يەردە ھاياتلىقنىڭ ۋاراڭ - چۇرۇڭلىرى يوقاپ، ئورنىنى قەبرىلەرنىڭ جىمجىتلىقى ئالغان ئىدى.

ئۇزەير كۆڭلىدە باغدىكى دەرەخلەرنىڭ سۇسىراپ كەتكەنلىكىنى ئويلاپ،

ئۇلارنى سۈغىرىش ئۈچۈن باغقا بېرىشنى قارار قىلدى. كۈن چىقىش بىلەن تەڭ ئىشىكىگە مىنىپ يېزىسىدىن سەپەرگە چىقتى. توختىماستىن يول يۈرۈپ، ئاخىرى باغقا قايتىپ كەلدى. دەرەخلەرنىڭ قاغجىراپ، تۇپراقنىڭ سۇسىزلىقتىن يېرىلىپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ، دەرھال باغنى سۇغاردى. ئاندىن ئازراق ئەنجۈر، ئۈزۈم ئۈزۈپ، ئەنجۈرنى بىر سېۋەتكە، ئۈزۈمنى بىر سېۋەتكە سېلىپ، باغدىن چىقتى. ئۇزەير ئىسسىقتا ئېشەك ئۈستىدە كېتىۋاتقاچ ئەتە قىلىدىغان ئىشلىرىنى ئويلىدى. تۈنجى بولۇپ تەۋراتنى يوشۇرۇلغان يەردىن ئېلىپ چىقىپ ئىبادەتخانىغا قويماقچى بولدى. ئاندىن كالىلارغا يەم ـ خەشەك ئەكېلىش كېرەكلىكىنى ئويلىدى. دادىسىنى كۆرگەندە تاتلىق كۈلۈمسىرەيدىغان كىچىك ئوغلى ئېسىگە كەلدى ۋە تېز مېڭىشقا باشلىدى. يولنىڭ يېرىمى تۈگىگەندە قەبرىستانلىققا يېتىپ كەلدى. ئىسسىقتا تولا يول يۈرۈپ ھېرىپ كەتكەن ئېشەكنىڭ تېنىدىكى تەرلەر قۇياش نۇرىدا پارقىرايتتى. ئىشەك خۇددى سۇدىن چىققاندەك چىلىق ـ چىلىق بولۇپ كەتكەن ئىدى. ئېشەك قەبرىستانلىققا كەلگەندە مېڭىشنى ئاستىلاتتى. ئۇزەير كۆڭلىدە: بىر ئاز دەم ئېلىپ، چۈشلۈك تاماقنى يەۋالاي، ئېشەكنىمۇ دەم ئالدۇراي! ـ دەپ ئويلىدى.

ئۇزەير ۋەيران بولغان بىر قەبرىنىڭ يېنىدا توختاپ چۈشتى. پۈتۈن شەھەر خارابىلىققا ئايلانغان قەبرىستانلىقتىن ئىبارەت ئىدى. ئۇ ئېشەكنى ياندىكى بىر تامغا باغلاپ قويۇپ، ئۆزى سايىداق يەرگە كېلىپ ئولتۇردى ۋە يېنىدىكى تاۋاقنى چىقىرىپ ئۈزۈم سىقتى. ئاندىن قۇرۇق ناننى ئۈزۈم سۈيىگە چىلىدى.

ناننىڭ ئۈزۈم سۈيىدە يۇمشىشىنى ساقلاپ ئولتۇرغاچ ئەتراپنى تاماشا قىلدى ۋە قەبرىستانلىققا قاراپ خىيالغا چۆمدى. ئۇزەير ئۆلۈمنىڭ دەھشەتلىكىنى ۋە بۇ خانىۋەيرانلىقنى كۆرۈپ ئۆز ـ ئۆزىدىن سورىدى: «اللّٰه بۇ شەھەرنىڭ ئۆلگەن ئاھالىسىنى قانداق تىرىلدۈرەر؟. »

اللّٰه ئۆلگەنلەرنىڭ سۆڭەكلىرىنى قانداق تىرىلدۈرەر؟ ـ دەپ سورىدى. ئۇزەير اللّٰهنىڭ بۇ سۆڭەكلەرنى تىرىلدۈرۈدىغانلىقىدىن شۈبھىلەنمەيتتى. ئۇ پەقەت بۇ ئىشقا ھەيران بولغانلىقى ۋە ئەقلى يەتمىگەنلىكى ئۈچۈن شۇنداق دېگەن ئىدى. ئۇزەير بۇ سۆزنى قىلار ـ قىلمايلا ئۆلدى. اللّٰه ئۇنىڭغا ئۆلۈم پەرىشتىسىنى ئەۋەتتى. ئۇ ئۇزەيرنىڭ روھىنى ئالدى. ئىگىسىنىڭ ئۇنسىز ۋە ھەرىكەتسىز جەسىتىنى كۆرگەن ئېشەكمۇ تۇرغان يېرىدە سوزۇلۇپ ياتتى. ئەتىسى، ئېشەك ئورنىدىن تۇرۇپ، كەتمەكچى بولدى. ئەمما باغلاقلىق بولغاچقا تۇرغان يېرىدىن مىدىرلىيالمىدى ـ دە، ئاخىرى ئاچلىقتىن ئۆلدى. ئېشەك ئىگىسىنىڭ يېنىدا، يەردە سوزۇلۇپ ياتقان ھالدا قالدى.

شەھەر خەلقى ئۇزەيرنىڭ قايتىپ كەلمىگەنلىكىنى كۆرۈپ، ئۇنى ئىزدەشكە باشلىدى. بىغىغا بېرىپ، ئۇ يەردىن تاپالماي قايتىشتى. ئۇنىڭغا ئائىت ھېچنەرسە تېپىلمىدى. كۈنلەر ئۆتتى، ئىنسانلار ئۇزەيرنىڭ قايتىپ كېلىشىدىن ئۈمىدىنى ئۈزۈشتى. بالىلىرى ئۇنى قايتا كۆرۈلمەيدىغانلىقىغا ئىشەندى. ئايالى ئەمدى بالىلىرىنىڭ ئاتىسىز، ئۆزىنىڭ تۇل قالغانلىقىنى چۈشىنىپ ئولتۇرۇپ ئۆزۈندىن ـ ئۆزۈنغا يىغلىدى. ئەمما ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئازابلار يېنىكلەپ، كۆز ياشلىرى توختىدى. ئىنسانلار ئۇزەيرنى ئۇنتۇپ، كۈنلۈك ھايات مەسىلىلىرى بىلەن مەشغۇل بولۇشتى. يىللار ئۆتتى، ئەڭ كىچىك ئوغلى ۋە ئۆيدە ئىشلەيدىغان بىر ئايالدىن باشقا ھەممە كىشى ئۇزەيرنى ئۇنتۇتتى. ئۇزەير ئۇ ئايالغا شەپقەت قىلاتتى. ئۇزەير شەھەردىن چىققان چاغدا، ئۇ ئايال 20 ياشتا ئىدى. 10 يىل، 20 يىل، 80 يىل، 90 يىل ئۆتتى. ھەتتا بىر ئەسىر، يەنى 100 يىل ئۆتتى. ئۇلۇغ اللّٰە ئۇزەيرنىڭ ئويغىنىشىنى ئىرادە قىلدى.

ئۇلۇغ اللّٰە ئۇنىڭغا اللّٰەنىڭ ئۆلۈكلەرنى قانداق تىرىلدۈرىدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ قويۇش ئۈچۈن، قەلبىدىكى نۇرنى يورۇتىدىغان بىر پەرىشتە ئەۋەتتى. ئۇزەير ئۆلگىلى يۈز يىل بولغان ئىدى. شۇنداق بولۇشىغا قارىماي، ئۇ ھازىر تۇپراقتىن، سۆڭەك، گۆش ۋە تېرىگە ئۆزگەردى. ئاندىن اللّٰە ئۇنىڭ تىرىلىشىنى بۇيرىدى. ئۇ ياتقان يېرىدىن دەس تۇردى. 100 يىل داۋام قىلغان ئۇيقىسىدىن ئويغىنىپ كۆزلىرىنى ئۇۋۇلىدى. ئەتراپقا قارىۋىدى، چۆرىسىدىكى قەبرىلەرنى كۆردى. ئۇ ئۆزىنىڭ ئۇخلاپ قالغانلىقىنى ئېسىگە ئالدى. ۋاھ (ئاھ)! باغدىن شەھەرگە قايتىۋاتاتتى. قەبرىستانلىقتا ئارام ئېلىپ ياتتى. توغرا... پۈتۈن بولغان ئىش بۇ ئىدى. كۈن پېتىۋاتاتتى. ئۇ چۈشتىكى ئىسسىقتا ئارام ئالغانلىقىنى ئەسلەپ ئۆز ـ ئۆزىگە:

ـ قارىغاندا چۈشتىن تاكى كۈن پاتقىچە ئۇخلاپ كەتكەن ئوخشايمەن، ـ دېدى. ئۇزەيرنى ئويغىتىش ئۈچۈن اللّٰە تەرىپىدىن ئەۋەتىلگەن پەرىشتە سورىدى: «(بۇھالەتتە) قانچىلىك تۇردۇڭ؟» دەپ سورىدى. پەرىشتە ئۇنىڭ قانچە سائەت ئۇخلىغانلىقىنى سورىۋىدى، ئۇ جاۋابەن: «بىركۈن ياكى بىر كۈنگە يەتمەيدىغان ۋاقىت تۇردۇم» دېدى. پەرىشتە ئۇنىڭغا: «ئۇنداق ئەمەس (تولۇق) 100 يىل تۇردۇڭ! دېدى.

سەن يۈز يىلدىن بېرى ئۇخلىدىڭ... يۈز يىلدىن بېرى ئۆلۈكتۇڭ، اللّٰە سېنى ئۆلتۈردى ۋە ئۆلۈكلەرنىڭ تىرىلىشىغا ھەيران قېلىپ، دەھشەتكە چۈشكىنىڭدە سورىغان سوئالىڭنىڭ جاۋابىنى بىلىشىڭ ئۈچۈن قايتا تىرىلدۈردى.

ئۇزەير ئۆزىنى يوقاتقان، ھەمدە ياراتقۇچىنىڭ كۈچىگە چوڭقۇر ئىمان ئېيتقان ھالدا ئىدى. پەرىشتە ئۇزەيرگە تامىقىنى كۆرسىتىپ: يېمەك ئىچمىكىڭگە قارىغىنىكى،

بۇزۇلمىغان دېدى.

ئۇزەير ئەنجۇرگە قارىۋېدى. ئۇنىڭ ئۆز پېتىچە تۇرغانلىقىنى كۆردى. رەڭگى ۋە تەممۇ ئۆز پېتىچە ئىدى. ئاندىن ئۇزۇم سۈيىنى سىقىپ ئۇستىگە نان چىلىغان تاۋىقىغا قارىدى. ئۇمۇ ئۆز پېتى تۇراتتى. ئۇزۇم سۈيىنى ھازىرمۇ ئىچكىلى بولاتتى. يۇمشىسۇن دەپ چىلاپ قويغان نېنىمۇ ئۇزۇمگە چىلاقلىق پېتى تۇراتتى. 100 يىل ئۆتكەن بولسىمۇ يېمەكلەر ئۆز پېتى قالغان ئىدى. ئۇزەير قورقۇشقا باشلىدى.

ئۇزۇم سۈيى ئاردىن يۈز يىل ئۆتكەن تۇرۇقلۇق قانداقلارچە بۇرۇنقى پېتىدە تۇرىدۇ؟ ھالبۇكى، نورمالدا ئۇزۇم سۈيى بىر نەچچە سائەتتە ئۆزگىرىپ، بۇزۇلۇپ قالاتتى.

ئۇزەير پەرىشتىنىڭ سۆزىگە ئىشەنمىگەندەك تېڭىرقاپ قالدى. شۇنىڭ بىلەن، پەرىشتە ئۇزەيرگە ئىشارەت قىلدى: ئېشىكىڭگە قارىغىنكى (ئۇنىڭ سۆڭەكلىرى چىرىپ كەتكەن).

ئۇزەير ئېشىكىگە قارىۋىدى، ئېشىكىنىڭ سۆڭىكىنىڭ توپىسىدىن باشقا ھېچنەرسە كۆرۈنمىدى. پەرىشتە ئۇنىڭغا:

ـ اللهنىڭ ئۆلۈكلەرنى قانداق تىرىلدۈرىدىغانلىقىنى كۆرۈشنى خالامسەن؟ يەرگە قارا، بۇرۇن سېنىڭ ئېشىكىڭ باغلانغان يەردىكى توپا ـ چاڭغا قارا! ـ دېدى.

پەرىشتە ئېشەكنىڭ سۆڭەكلىرىگە بۇيرۇق قىلدى. تۇپراق زەررىچىلىرى ھەر تەرەپتىن يىغىلىپ كېلىپ توپلاندى. ئاخىرىدا، سۆڭەكلەر پەيدا بولدى. پەرىشتە تومۇر، پەي، گۆشلەرنىڭ ۋۇجۇتقا كېلىشىنى بۇيرۇدى. گۆشلەر ئېشەكنىڭ سۆڭەكلىرىگە كەيدۈرۈلدى. ئۇزەير بۇلارنى كۆرۈپ تۇرۇۋاتاتتى.

گۆش ۋۇجۇتقا كېلىپ بولغاندىن كېيىن، ئۇستى تېرە ۋە يۇڭلار بىلەن قاپلاندى. ئېشەك ئۆلگەن چاغدىكى ھالىتىگە كەلدى. ھازىر ئۇ روھسىز جەسەتكە ئايلانغان ئىدى. پەرىشتە ئېشەكنىڭ روھىغا جەسەتكە قايتىپ كېلىشىنى بۇيرىدى. روھ جەسەتكە قايتتى. ئېشەك ئورنىدىن تۇرۇپ، قۇيرۇقىنى شىپاڭشىتىپ ھاڭرىغىلى تۇردى. ئېشەك ئېچىرقاپ كەتكەن ئىدى.

ئۇزەير ئالدىدا مەيدانغا كەلگەن بۇ بۈيۈك مۆجىزىنى كۆردى. سۆڭەك تۇپراققا ئايلانغاندىن كېيىن، اللهنىڭ ئۆلۈكلەرنى قانداق تىرىلدۈرىدىغانلىقى مۆجىزىسىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆردى. كۆز ئالدىدا مەيدانغا كەلگەن مۆجىزىدىن كېيىن، ئۇزەير: «مەن اللهنىڭ ھەممە نەرسىگە قادىر ئىكەنلىكىنى بىلدىم» دېدى.

ئۇزەير، ئورنىدىن تۇرۇپ، ئېشىكىگە مىنىپ، شەھەرگە قايتىش ئۈچۈن يولغا چىقتى. الله ئۇزەيرنى ئىنسانلار ئۈچۈن مۆجىزە، يەنى قايتا تىرىلىشنىڭ ھەقلىقى ۋە

ئۆلۈكلەرنىڭ قەبرىلەرىدىن تەكرار چىقىدىغانلىقىنى ئىسپاتلايدىغان تېرىك بىر مۆجىزە قىلىشنى ئىرادە قىلدى.

ئۇزەير شەھەرگە كەچقۇرۇن يېتىپ كەلدى. بۇ يەردە مەيدانغا كەلگەن ئۆزگىرىشلەرگە ھاڭ ـ تاڭ قالدى. ئۆيلەر، كوچىلار، ئىنسانلارنىڭ چىرايلىرى ۋە باللار، ھەممە نەرسە ئۆزگىرىپ كەتكەن ئىدى. ئۇ ھېچكىمنى تونۇمايتتى ھەم ھېچكىممۇ ئۇنى تونىمايتتى. ئۇزەير شەھەردىن ئايرىلغاندا 40 ياشتا ئىدى. قايتقاندىمۇ يەنە 40 ياشتا بولۇپ، قانداق كەتكەن بولسا، شۇ پېتى قايتىپ كەلگەن ئىدى.

الله ئۇنى ئۆلگەن چاغدىكىدەك 40 يېشىدا تىرىلدۈرگەن ئىدى. ئەمما شەھىرى، يۈز يىل ياشىغان ئۆيلەر ئۆرۈلۈپ، كوچىلار ۋە كۆرۈنۈشلەر ئۆزگىرىپ كەتكەن ئىدى. ئۇزەير كۆڭلىدە: مېنى ئەسلىيەلەيدىغان قېرى بىر بوۋاي ياكى موماي ئىزدەپ باقاي! ـ دەپ ئويلىدى.

ئۇ ئاخىرى 20 ياش چېغىدا قېلىپ قالغان خىزمەتچى ئايالنى تاپتى. ھازىر ئۇ ئايال 120 ياشتا بولۇپ، ئاجىزلىشىپ چىشلىرى تۆكۈلگەن، كۆزلىرى كۆرمەيدىغان، ئورۇقلاپ بىر تېرە، بىر ئۇستىخان بولۇپ قالغانىدى. ئۇزەير ئۇنىڭدىن سورىدى: ـ ئى ياخشى موماي! ئۇزەيرنىڭ ئۆيى نەدە؟

ـ ھازىر ئۇنى ھېچكىم ئېسىگە ئالالمايدۇ. ئۇ 100 يىل ئاۋۋال كېتىپ قايتىپ كەلمىدى. الله ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن! ـ دېدى موماي يىغلاپ تۇرۇپ.

ـ مەن ئۇزەير بولىمەن، مېنى تونۇدىڭىزمۇ؟ الله مېنى ئۆلتۈرۈپ، يۈز يىلدىن كېيىن قايتا تىرىلدۈردى، ـ دېدى ئۇزەير مومايغا. مۇماي ئۇنىڭغا ئىشەنمىگەن ھالدا:

ـ ئۇزەير دۇئاسى ئىجابەت بولىدىغان كىشى ئىدى. كۆزلىرىمنىڭ ئېچىلىشى ۋە ماڭالىشىم ئۈچۈن اللهقا دۇئا قىلغىن، سېنى كۆرۈپ تونۇۋالاي، ـ دېدى. ئۇزەير مومايىنىڭ ماڭالىشى ۋە كۆزلىرىنىڭ كۆرىشى ئۈچۈن اللهقا دۇئا قىلدى. الله دۇئانى ئىجابەت قىلدى. موماي ئۇنىڭ ئۇزەير ئىكەنلىكىنى بىلدى ۋە دەرھال شەھەرگە قاراپ يۈگۈردى.

شەھەردە: «ئۇزەير قايتىپ كەلدى!» دەپ ۋاقىراشقا باشلىدى. ھەيران قالغان خەلق ئۇنى ئېلىشىپ قاپتۇ دەپ ئويلاشتى. كېيىن ھاكىم ۋە ئالىملار يىغىلىشتى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئۇزەيرنىڭ نەۋرىسىمۇ بار بولۇپ، دادىسى ئۆلگەن، ئۆزى 70 ياشقا كىرگەن ئىدى. ھالبۇكى، بوۋىسى ئۇزەير بولسا، 40 ياشتا ئىدى.

ئالىم ۋە ھاكىملار يىغىلىپ، ئۇزەير ۋەقەسىنى تىڭشىدى. ئۇلار ئۇنىڭغا ئىشىنىش ـ ئىشەنمەسلىكىنى بىلەلمىدى. ئاخىرى، ھاكىملاردىن بىرى مۇنۇ سوئالنى سورىدى:

- ئاتا - بوۋىلىرىمىزدىن ئۇزەيرنىڭ پەيغەمبەرلىكىنى، تەۋراتنىڭ بۇختۇنەسرى ھۇجۇمىدا يوقاپ كەتكەنلىكىنى، ئۇ تەۋراتنى كۆيدۈرۈپ، ئالىملارنى ۋە تالىبلارنى ئۆلتۈرۈۋەتكەن بولسىمۇ، ئۇزەيرنىڭ تەۋراتنى يادقا بىلىدىغانلىقىنى ئاڭلىغان ئىدۇق. بۇ ئىشلار سەن "ئۆلدۇم "ۋەياكى "ئۇخلىدىم "دېگەن 100 يىل ئىچىدە بولغان، ئەگەر تەۋراتنىڭ راستىنى يادلىيالىساڭ، سېنىڭ ئۇزەير ئىكەنلىكىڭگە ئىشىنىمىز، شۇنداق قىلالامسەن؟

ئۇزەير ئىسرائىل ئەۋلادى ئىچىدە تەۋراتنى يادقا بىلىدىغان بىرىنىڭ قالمىغانلىقىنى، ئۇنىڭ ئېغىزىدىن - ئېغىزغا كۆچۈشىنىڭ ئۈزۈلۈپ قالغانلىقىنى چۈشەندى. ئۇزەير ئۇنى دۈشمەنلەردىن قوغداش ئۈچۈن يوشۇرۇپ قويغان ئىدى. ئۇزەير بىر دەرەخنىڭ سايىسىگە كېلىپ، ئىسرائىل ئەۋلادىنى چۆرىسىگە يىغدى، ئاندىن تەۋراتنى بىرمۇ بىر، تولۇق يازدى. يېزىپ بولغاندىن كېيىن، ئۇزەير ئۆز كۆڭلىدە: ئەمدى بۇ يازغانلىرىم بىلەن سېلىشتۇرۇش ئۈچۈن كۆمۈپ قويغان تەۋراتنى چىقىراي، - دەپ ئويلاپ كۆمۈپ قويغان يەرگە بېرىپ، تەۋراتنى چىقاردى. ۋاراقلار چۈرۈپ، يىرتىلىپ كەتكەن ئىدى. ﷲنىڭ ئۆزىنى نېمە ئۈچۈن ئۆلتۈرۈپ، يۈز يىلدىن كېيىن تىرىلدۈرگەنلىكىنى چۈشەندى. ئۇزەير مۆجىزىسىگە مۇناسىۋەتلىك خەۋەر ئىسرائىل ئەۋلادى ئارىسىدا تارقىلىش بىلەن تەڭلا ناھايىتى چوڭ پىتنە پەيدا بولدى. قەۋمىدىكى بەزى كىشىلەر ئۇزەيرنى: ﷲنىڭ ئوغلى! - دەپ ئېلان قىلىشتى. دەسلىپىدە ئۇزەير بىلەن مۇسانى سېلىشتۇرۇپ: - مۇسا بىزگە تەۋراتنى بىر كىتابنىڭ ئىچىدە ئېلىپ كەلگەن ئىدى. ئۇزەير بولسا، تەۋراتنى كىتابسىزمۇ يەتكۈزەلىدى، - دېيىشتى. بۇ ناھەق سېلىشتۇرۇشتىن كېيىن، خاتا خۇلاسە چىقىرىشىپ، پەيغەمبىرىنى ﷲنىڭ ئوغلى دەۋالدى.

### 648- سۇئال: ھەزرىتى مەريەم ۋە زەكەرىيا ئەلەيھىسسالام

قەدىمكى دەۋرىدە، بىر پەيغەمبەر بىلەن ئىنسانلارغا ناماز قىلدۇرىدىغان بىر ئالىم بار ئىدى. پەيغەمبەرنىڭ ئىسمى زەكەرىيا (ئەلەيھىسسالام)، ئالىمنىڭ (ﷲ كىشىلەرنىڭ ناماز يېتەكچىسى قىلىپ تاللىغان كىشىنىڭ) ئىسمى بولسا ئىمران ئىدى. ئىمراننىڭ ئايالى پەرزەنت كۆرۈشنى ئارزۇ قىلاتتى. بىر كۈنى، تاڭ سەھەردە ئىمراننىڭ ئايالى قۇشلارغا يەم بېرىش ئۈچۈن چىقىپ، ئۇنى ئويلاندۇرۇپ قويىدىغان بىر مەنزىرىنى كۆردى. باچكىسىغا ئوزۇق ۋە سۇ بېرىدىغان بىر قۇش بار ئىدى. قۇش باچكىسىنىڭ مۇزلاپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن ئۇنى قانىتىنىڭ ئىچىگە ئېلىۋالغان ئىدى. بۇ ئەھۋال ئايالغا ئۆزىنى ئەسلەتتى. ئۇ قولىنى كۆتۈرۈپ، ﷲنىڭ بىر پەرزەنت ئاتا قىلىشى ئۈچۈن دۇئا قىلدى. ﷲنىڭ رەھمىتى ئۇنىڭغا جاۋاب بەردى. ئۇ بىر كۈنى

ھامىلە ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىپ، سۆيۈنگەن ھالدا اللهقا شۈكۈر قىلدى، بالىنى اللهنىڭ خىزمىتىگە ئاتىدى.

تۇغۇت ۋاقتى يېقىنلاشتى، ئىمراننىڭ ئايالى بىر قىز تۇغدى. بالا قىز تۇغۇلغاندىن كېيىن، ئانا قىز ـ ئەركەككە ئوخشاش بولمىسىمۇ، نەزرىسىنى بەجا كەلتۈرۈشنى قارار قىلدى. ئۇلۇغ الله ئىمراننىڭ ئايالىنىڭ دۇئاسىنى قوبۇل قىلدى. الله مەريەمنى مەمنۇنلۇق بىلەن قوبۇل قىلدى. ئۇنى گۈزەل بىر گۈلدەك پەرۋىش قىلدى. ئىمران مەريەم تۇغۇلۇشتىن ئاۋۋال ئالەمدىن ئۆتكەن ئىدى. شۇنىڭ بىلەن، ئۇ زاماننىڭ ئالىملىرى ۋە شەيخلەر، مەريەمنى ھىمايىسىگە ئېلىشنى تەلەپ قىلىشتى. ئۇلار بۇ شەرەپكە ئېرىشىش ئۈچۈن، يەنى نامازدا ئۆزلىرىگە ئىمامەتچىلىك قىلغان بۈيۈك ئالىمنىڭ قىزىنى بېقىش ئۈچۈن بەس ـ مۇنازىرىگە چۈشتى. زەكەرىيا: ئۇنىڭغا مەن قارايمەن، ئۇ مېنىڭ تۇغقۇنۇم، ئايالىم ئۇنىڭ ھاممىسى بولىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە، مەن بۇ قەۋمنىڭ پەيغەمبىرى، شۇڭا مەن ئۇنىڭغا قاراشقا ئەڭ لايىق! ـ دېدى. جەڭ تارتىش باشلاندى. ئۇلار چوكىلىرىنى دەرياغا ئېتىشتى. زەكەرىيانىڭ چوكىسىدىن باشقىلىرىنىڭ ھەممىسى دەريا ئېقىنىغا قارشى ئاقتى. شۇنىڭ بىلەن مەريەم زەكەرىيانىڭ ھىمايىسىگە بېرىلدى. زەكەرىيا مەريەمگە خىزمەت قىلىشقا، ئۇنى تەربىيىلەشكە ۋە ئۇنىڭغا كۆيۈنىشكە باشلىدى. نىھايەت مەريەم چوڭ بولدى. مەريەمنىڭ مەسجىد ئىچىدە تۇرىدىغان بىر ئۆيى بولۇپ، ئىچىدە ئىبادەت قىلىدىغان كىچىك ھۇجرىسى بار ئىدى. كۆپىنچە ۋاقتىنى شۇ يەردە ئىبادەت، زىكىر، شۈكۈر ۋە اللهنى مەدھىيىلەش بىلەن ئۆتكۈزەتتى.

زەكەرىيا ئۇنى يوقلاپ تۇراتتى. زەكەرىيا ھەر قېتىم ئۇنىڭ يېنىغا كىرگەندە، ئىنتايىن ھەيران قالارلىق ئىشلارنى كۆرەتتى. ياز كۈنلىرى، ئۇنىڭ يېنىدا قىش پەسلىنىڭ مېۋىلىرى پەيدا بولاتتى. قىشتا بولسا، يازلىق مېۋىلەر پەيدا بولاتتى. زەكەرىيا ئۇنىڭدىن بۇ يېمەكلەرنىڭ (مېۋىلەرنىڭ) نەدىن كەلگەنلىكىنى سورىسا، مەريەم: الله تەرىپىدىن كەلدى، ـ دەپ جاۋاب بېرەتتى. بۇ ئىش كۆپ قېتىم تەكرارلانغان ئىدى.

زەكەرىيا قېرىپ كەتكەن ئىدى. ئۇ ئۆمرىنىڭ ئاز قالغانلىقىنى ھېس قىلدى. مەريەمنىڭ ھاممىسى بولغان ئايالىمۇ ئۆزىدەكلا قېرى ئىدى. ئۇ تۇغماس بولغاچقا، ھېچ پەرزەنت يۈزى كۆرمىگەن ئىدى. زەكەرىيا ئىلىم ئۆگىتىدىغان، پەيغەمبەر بولىدىغان، قەۋمنى توغرا يولغا يېتەكلەيدىغان، ئۇلارنى اللهنىڭ كىتابىغا ۋە مەغپىرىتىگە دەۋەت قىلىدىغان بىر ئوغۇل يۈزى كۆرۈشنى ئارزۇ قىلاتتى. زەكەرىيا بۇ ئارزۇسىنى ھېچكىمگە، ھەتتا ئايالىغىمۇ ئېيتمىغان بولسىمۇ، ئەمما الله تائالا ئۇنىڭ بۇ ئارزۇسىنى

ئۆزىگە دېمەستىن بۇرۇنلا بۇنى بىلەتتى. زەكەرىيا ئۆز ـ ئۆزىگە: اللە پاكتۇر، ئۇ ھەر نەرسىگە قادىردۇر، ـ دېدى ۋە قەلبىگە ھەسرەت تولۇپ پەرزەنت تىلىدى. اللە زەكەرىياغا رەھمەت قىلدى، زەكەرىيا رەببىگە دۇئا قىلدى. ئۇلۇغ اللە زەكەرىيانىڭ دۇئاسىنى قوبۇل قىلدى. زەكەرىيا ئىچىدە اللەقا دۇئا قىلغان ھالدا مېھراپتا ناماز قىلىش ئۈچۈن تۇرغاندا، پەرىشتىلەر ئۇنىڭغا خىتاب قىلدى. زەكەرىيا ئۆزى قېرى، ئايالى تۇغماس تۇرۇقلۇق پەرزەنت كۆرىدىغانلىقىنى ئاڭلاپ ھاڭ ـ تاڭ قالغان ئىدى. پەرىشتىلەر ئۇنىڭغا بۇنىڭ اللەنىڭ ئىرادىسى ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈردى. زەكەرىيا اللەقا شۈكۈر ۋە ھەمدۇ ـ سانا ئېيتقاندىن كېيىن، اللە دىن ئۆزىگە بىر ئالامەت بېرىشىنى تىلىدى.

زەكەرىيا ئېيتتى: «پەرۋەردىگارىم! (ئايالىمنىڭ ھامىلدار بولغانلىقىغا) ماڭا بىر ئالامەت قىلىپ بەرسەڭ. » اللە ئېيتتى: «سېنىڭ ئالامىتىڭ (شۈكى) ساق تۇرۇپ ئۈچ كېچە ـ كۈندۈز كىشىلەرگە سۆز قىلالمايسەن.» زەكەرىيا نامازگاھىدىن قەۋمىنىڭ ئالدىغا چىقىپ، ئۇلارنى ئەتىگەن ـ ئاخشامدا تەسبىھ ئېيتىشقا ئىشارەت قىلدى. خۇشاللىقى چەكسىز ئىدى. پەرىشتىلەر ئۇنىڭغا يەھيا ئىسىملىك بىر ئوغۇلنىڭ خۇش خەۋىرىنى يەتكۈزگەن ئىدى.

### 649ـ سۇئال: يەھيا ئەلەيھىسسالامنىڭ قىسسىسى

ھەزرىتى يەھيانىڭ تۇغۇلۇشى بىر مۆجىزە ئىدى. ئۇ، دادىسى زەكەرىيا ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرگەندىن كېيىن، ھەتتا پەرزەنت كۆرۈش ئۈمىدىنى ئۈزگەندىن كېيىن دۇنياغا كەلگەن ئىدى. ئۇ، پەيغەمبەر زەكەرىيانىڭ قەلبىنى تىترەتكەن پاك دۇئاسىدىن كېيىن كەلگەن ئىدى. گۇمراھلىقنىڭ يۇكسەكلىكىدىن پاكلىقمۇ يۇكسەلگەن بىر دەۋردە دۇنياغا كەلدى. يەھيا ئەلەيھىسسالام تۇغۇلدى، ئۇنىڭ بالىلىقى، باشقا بالىلارنىڭكىدىن پەرقلىق ئۆتكەن ئىدى. كۆپ قىسىم بالىلار ۋاقتىنى ئويناپ ئۆتكۈزەتتى. يەھيا بولسا، ئېغىر ـ بېسىق ئىدى. بەزى بالىلار ھايۋانلارنى بوزەك قىلىپ ئوينىسا، يەھيا ئىچ ئاغرىتقانلىقى ئۈچۈن، ئۆزىنىڭ تامىقى بىلەن ھايۋان ۋە قۇشلارنى باقاتتى. ئۆزىگە يېگۈدەك نەرسە قالمىغاندا، دەرەخ يوپۇرماقلىرى ۋە مېۋىلىرىنى يەيتتى. يەھيا چوڭ بولغانسىرى يۈزى نۇرغا، قەلبى ھېكمەت، اللە سۆيگۈسى، مەرىپەت ۋە خاتىرجەملىك بىلەن تولۇۋاتاتتى. يەھيا ئوقۇشنى ياخشى كۆرەتتى. كىچىككىدىنلا ئىلىمگە قىزىقاتتى. ئۇ ئىنسانلار ئارىسىدا ھۆكۈم چىقىراتتى، ئۇلارغا دىنىنىڭ سىرلىرىنى چۈشەندۈرۈپ، توغرا يولنى كۆرسىتىپ، گۇمراھلىقتىن ساقلايتتى. يەھيا چوڭ بولۇپ، ئىلمى ـ مەرھەمىتى ئارتتى. ئاتا ـ ئانىسىغا ئىنسانلارغا، مەخلۇقاتلارغا، قۇشلارغا، ھايۋانلارغا ۋە دەرەخلەرگە شەپقىتى ئارتتى، ھەتتا شەپقىتى دۇنيانى ئىچىگە

ئالدى ۋە دۇنيا مەرھەمەتى بىلەن تولدى. ئۇ ئىنسانلارنى گۇناھلىرىغا تەبە قىلىشقا چاقىراتتى. ئۇ، شەپقەتلىك ۋە پاك، تەقۋادار، ئىلىملىك ۋە پەزىلەتلىك بولغاچقا باشقىلار ئۇنى سۆيەتتى. يەھيا بۇلارغا يەنە ئىبادەتنى قوشتى. ئۇ تاغلارغا، چەت ـ ياقىلارغا ۋە چۆلگە كېتىپ، ئۇ يەرلەردە اللهقا ئىبادەت قىلغان، الله ھۇزۇرىدا يىغلاپ ئۇنىڭ ئۇچۇن ناماز قىلغان ھالدا بىر نەچچە ئاينى ئۆتكۈزەتتى. چۆلدە يالغۇزلۇق ھېس قىلمايتتى. يېمەك ـ ئىچمەكتىن ئەنسىرەپ كەتمەيتتى، بەزىدە يوپۇرماق، بەزىدە چېكەتكە ۋە بەزىدە ئوتلارنى يەيتتى. تاغدا ئۇچرىغان بىر غاردا ياكى ئالدىغا ئۇچرىغان ئازگالدا ئۇخلايتتى. گاھىدا تاغدىكى غارلارغا كىرگەندە، ئۇ يەردە ۋەھشىي ھايۋانلار، شىر، يولۋاس ۋە بۆرىلەرنى ئۇچرىتاتتى. پۈتۈن ۋاقتى الله نى زىكىر قىلىش ۋە ناماز ئوقۇش بىلەن مەشغۇل بولغاچقا بۆرە، يولۋاسلارغا ئۆرۈلۈپ قارىمايتتى. ھايۋانلار ئۇنىڭغا قاراپ، ئۇنىڭ مەخلۇقاتلارنى رەھمدىل، مېھرى بىلەن ئىسسىتىدىغان ۋە ئىلمى بىلەن ئارىسىدا ھۆكۈم چىقىرىدىغان (اللهنىڭ پەيغەمبىرى) يەھيا ئىكەنلىكىنى تونۇپ باشلىرىنى ئېگىشەتتى ۋە يەھياغا تۈيدۈرماستىن ئۇ يەردىن ئاستاغىنە چىقىپ كېتەتتى. يەھيا ئىنسانلارنى اللهقا دەۋەت قىلغىنىدا، سەۋرچانلىقى ۋە مېھرىبانلىقى بىلەن ئۇلارنى يىغلىتىۋېتەتتى. سۆزلىرى سەممىي ۋە اللهنىڭ سۆزىگە يېقىن بولغاچقا، ئۇلارنى تەسىرلەندۈرەتتى. يەھيانىڭ ئىنسانلارنىڭ ئالدىغا چىقىدىغان ۋاقتى (سەھەر) يېتىپ كەلدى. مەسجىد ئىنسانلار بىلەن تولغاندا، زەكەرىيانىڭ ئوغلى يەھيا ئورنىدىن تۇرۇپ سۆزلەشكە باشلىدى. يەھيا سۆزىنى تۈگەتكەندىن كېيىن مۇنبەردىن چۈشۈپ چۆلگە قاراپ يولغا چىقتى.

چەكسىز كەتكەن چۆل قۇمى ئۇپۇقىچە سوزۇلۇپ ياتاتتى. يەھيا ئۇ يەردە بوشلۇقنىڭ ئوتتۇرىسىدا تۇرۇپ نامىزىنى ئوقۇشقا ۋە يىغلاشقا باشلىدى. بۇ مەزگىلدە، يەھيا بىلەن ھوقۇقدارلار ئارىسىدا بىر توقۇنۇش پەيدا بولدى. بۇ ھۆكۈمدار، ئۆز قېرىندىشىنىڭ ئايالىنى مەجبۇرىي تارتىۋالماقچى ئىدى. ئۇ ئايالنىڭ ئۇسسۇل ئويناشتا داڭقى چىققان بىر قىزى بار بولۇپ، ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۇ يەتتە قات كىيىم كىيىپ ئۇسۇل ئوينايتتى. ھەر ئۇسسۇلدا بىر قات كىيىمنى سېلىۋېتەتتى. ئاخىرقى ئۇسسۇلنى يالىڭاچ ئوينايتتى. ھۆكۈمدار يەھيادىن ئۆزىنىڭ قېرىندىشىنىڭ ئايالى بىلەن ئۆيلەنسە، بولىدىغان ياكى بولمايدىغانلىقى ھەققىدە سورىدى. يەھيا ئەلەيھىسسالام: جائىز ئەمەس، دەپ جاۋاب بەردى.

ھۆكۈمدار: يەھياغا ئۆزىنىڭ ئۇ ئايال بىلەن ئۆيلەنمەكچى ئىكەنلىكىنى، يەھيانىڭ ئۇنى رازى قىلغۇدەك بىر پەتىۋا بېرىشى كېرەكلىكىنى چۈشەندۈرۈشكە باشلىدى. يەھيا ئۇنىڭ ئاررۇسىنى ئۇيغۇن كۆرمەي رەت قىلدى. ھۆكۈمدارغا شەرىئەتنىڭ ھۆكمىنى

بىلدۈرۈپ، ئۇنى تاشلاپ چىقىپ كەتتى. ھۆكۈمدار يەھياغا غەزەپلىنىپ، ئۇنىڭ زىندانغا تاشلىنىشىنى بۇيرىدى. ھۆكۈمدار قېرىندىشىنىڭ ئايالىنى مەجبۇرىي ئالدى. ئۇ ئايالنىڭ ئۇسسۇلچى قىزى يەھيانى ھۆكۈمدار بىلەن سۆزلەشكەندە كۆرگەن ئىدى. ئۇ يەھيانىڭ ئېسىل، ئاقكۆڭۈل ۋە ئالاھىدە بىرى ئىكەنلىكىنى بىلىپ، ئۇنى ياخشى كۆرۈپ قالدى ۋە ئۇنى ئىزدەپ زىندانغا كەلدى. ئۇنىڭ ناماز ۋە يىغىغا چۆككەنلىكىنى كۆرۈپ، نامىزىنى تۈگەتكىچە ئۇنى كۆزىتىپ تۇردى. ئاندىن كېيىن، ئۆزىنى يەھيانىڭ پۇتىغا ئېتىپ، يەھيانىڭمۇ ئۇنى ئۆزىگە ئوخشاش سۆيۈشىنى تەلەپ قىلدى.

يەھيا: قەلبىمدە اللهتىن باشقىسىنىڭ سۆيگۈسىگە يەر يوق، - دېدى. ئايال ئۈمىدسىزلەنگەن ھالدا ئورنىدىن تۇرۇپ كېتىپ قالدى. قەلبى ئۇنىڭغا بولغان نەپرەت بىلەن تولغان ھالدا ھۆكۈمدارنىڭ سارىيىغا قايتتى. ئايال ئۇسسۇلنى باشلىدى. مۇزىكىلار چېلىندى. ئايال يەتتىنچى ئۇسسۇلغا كەلگەندە توختاپ، يۈزىنى ئاچتى ۋە ھۆكۈمدارغا: - زەكەرىيانىڭ ئوغلى يەھيانىڭ بېشىنى تەلەپ قىلىمەن، - دېدى. ناپاك قوللار قىلىچلارنى كۆتۈرۈپ، پاك بويۇننى چېپىپ تاشلىدى. ئۇ شېھىتلىك مەرتىۋىسىگە ئېرىشۋاتقاندا، قىيا تاشلارنىڭ قەلبى بۈيۈك پەيغەمبەرگە بولغان شەپقىتى تۈپەيلىدىن پارە - پارە بولغان ئىدى.

## 650-سوئال: ھەزرىتى مەريەمگە ئىسا ئەلەيھىسسالامنىڭ دۇنياغا كېلىشىدىن خۇشخەۋەر بېرىلىشى

قۇياش پېتىشقا يۈزلەنگەن ئىدى. شاماللار ئالما ۋە پورتاكال چېچەكلىرىنىڭ خۇش پۇراقلىرىنى ئۇچۇرۇپ ئەتراپقا يايدى. مەريەم نامىزىنى تۈگىتىپ، گۈلگە سۇ قويۇش ئۈچۈن، ھۇجرىسىدىن چىقاي دەپ تۇرىشىغا، پەرىشتىلەر ئۇنىڭغا مۇنداق دەپ خىتاب قىلدى:

«ئى مەريەم! الله ھەقىقەتەن سېنى (پۈتۈن ئاياللار ئىچىدىن) تاللىدى، سېنى پاك قىلدى، سېنى پۈتۈن جاھان ئاياللىرىدىن ئارتۇق قىلدى. مەريەم چۆچۈپ، جايىدا توختاپ قالدى. پەرىشتىلەر يەنە مۇنداق دېدى: ئى مەريەم! پەرۋەردىگارىڭغا ئىتائەت قىل، سەجدە قىل ۋە رۇكۇ قىلغۇچىلار بىلەن بىللە رۇكۇ قىل. »

خۇش خەۋەردىن كېيىنكى بۇيرۇق ئۇنىڭ اللهقا بولغان ئىخلاسىنى، سەجدىسىنى ۋە رۇكۇسىنى ئاشۇراتتى. مەريەم گۈلنى ئۇنتۇپ قايتا نامازنى باشلىدى. مەريەم ناماز ئوقۇۋېرىپ يېرىم كېچە بولغانلىقىنى سەزمەي قالدى. نامىزىنى تۈگەتكەندىن كېيىن، يادىغا يەنە گۈل كەلدى. چېلەككە ئازراق سۇ ئېلىپ، گۈل سۇغىرىشقا چىقتى. مەريەم ئۇشتۇمتۇت يېقىنلا يەردە توختىغان ئاياق تىۋىشىنى ئاڭلىدى. ئەتراپنى دىققەت بىلەن

كۆزەتكەن بولسىمۇ، ھېچنەرسە كۆرۈنمىدى. ئارقىدىنلا پارلىغان نۇر بىلەن ئۇنىڭ نېرىدا تۇرغانلىقىنى كۆردى. مەريەم چۆچۈپ بېشىنى ئەگدى. ئۇنىڭ مەريەمگە شۇنداق بىر قارىشى مەريەمنىڭ كۆڭلىگە ئەندىشە سالدى. يۈزى ناتونۇش بولۇپ، مەريەم ئۇنى بۇرۇن كۆرۈپ باقمىغان ئىدى. پېشانىسى ئايدىنمۇ پارقىراق ئىدى. كۆزلىرى سۇرلۇك كۆرۈنسىمۇ، چىرايىدىن مۇلايىملىق چىقىپ تۇراتتى. مەريەم الله دىن پاناھلىق تىلىدى. ئۇنىڭ الله نى تونۇيدىغان ۋە تەقۋادار ياكى ئەمەسلىكىنى سورىۋىدى، ئۇ يەردە تۇرغان كىشى (يەنى جىبرىئىل) ئىللىق كۈلۈمسىرىگەن ھالدا: «مەن ساڭا بىر پاك ئوغۇل بېرىش ئۈچۈن ئەۋەتىلگەن پەرۋەردىگارىڭنىڭ ئەلچىسىمەن» دېدى. مەريەم ھاياجانلىنىپ، تىترىگەن ھالدا بېشىنى كۆتەردى. رۇھۇل ئەمىن ئىنسان سۈرىتىدە ئالدىدا تۇراتتى. مەريەم رۇھۇل ئەمىنگە مۇنداق دېدى: «ماڭا كىشى يېقىنلاشمىغان تۇرسا، مەن پاھىشە قىلمىغان تۇرسام، قانداقمۇ مېنىڭ ئوغۇل بالام بولسۇن؟. »

جىبرىئىل: «ئەمەلىيەت سەن دېگەندەكتۇر، (لېكىن پەرۋەردىگارىڭ ئېيتتى: ئۇ ماڭا ئاساندۇر. ئۇنى كىشىلەرگە قۇدرىتىمىزنى كۆرسىتىدىغان) دەلىل ۋە بىز تەرەپتىن بولغان مەرھەمەت قىلدۇق، بۇ تەقدىر قىلىنىپ بولغان ئىشتۇر. » مەريەمنىڭ ئەقلى رۇھۇل ئەمىننىڭ سۆزلىرىنى قوبۇل قىلدى.

جىبرىئىل تەكرار مۇنداق دېدى: الله ساڭا (ئاتىنىڭ ۋاستىسىسىز) اللهنىڭ بىر كەلىمىسى (دىن تۆرەلگەن بىر بوۋاق) بىلەن خۇش خەۋەر بېرىدۇكى، ئۇنىڭ ئىسمى مەسىھ مەريەم ئوغلى ئىسادۇر، ئۇ دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە ئابرۇيلۇق ۋە اللهقا يېقىنلاردىن بولىدۇ. ئۇ بۆشۈكتىمۇ (يەنى بوۋاقلىق چېغىدىمۇ)، ئوتتۇرا ياش بولغاندىمۇ كىشىلەرگە (پەيغەمبەرلەرنىڭ سۆزىنى) سۆزلەيدۇ ۋە (تەقۋادارلىقتا كامىل) ياخشى ئادەملەردىن بولىدۇ. »

## 651-سۇئال: ئىسا ئەلەيھىسسالامنىڭ دۇنياغا كېلىشى

تېخى ھامىلدار بولماي تۇرۇپلا ئوغلىنىڭ ئىسمىنى ئاڭلىغان مەريەم تېخىمۇ قاتتىق چۆچىدى. مەريەم يەنە باشقا سوئال سوراش ئۈچۈن ئېغىز ئاچاي دەپ تۇرۇشىغا، رۇھۇل ئەمىن قولىنى كۆتۈرۈپ ھاۋانى مەريەم تەرەپكە ئىتتىرىدى. ھاۋا مەريەم بۇرۇن كۆرۈپ باقمىغان بىر نۇر بىلەن يورۇغان ھالدا كەلدى. بۇ نۇر مەريەمنىڭ ۋۇجۇدىغا كىرىپ، بىردەمدىلا ئۇنىڭ ئىچىگە تولدى. مەريەم باشقا سوئال سورىغىچە، جىبرىئىل جىمجىتلا غايىب بولغان ئىدى. سوغۇق شامال چىقىپ، مەريەمگە تىترەك ئولاشتى، خۇددى ئەقلىنى يوقىتىپ قويىدىغاندەك ھېس قىلدى. دەرھال ھۇجرىسىغا يۈگۈردى. ھۇجرىسىنىڭ ئىشىكىنى چىڭ تاقاپ، نامازغا چۆكۈپ يىغلاپ كەتتى.

ئۇ ھەم خۇشاللىقتىن ھاياجانلانغان ھەم قورققان، ھەم ئىچىدىن تاتلىق بىر ھۇزۇر ھېس قىلغان ئىدى. مەريەم ئۇ كېچىسى سەھەرگىچە شۇنداق شېرىن ئۇخلىدى. ئۇ كۆزلىرىنى ئېچىپلا، ھۇجرىسىنىڭ پەسلى ئۆتكەن مېۋىلەر بىلەن تولغانلىقىنى كۆردى. مېۋىلەر بۇرۇنقىدىنمۇ تېخىمۇ كۆپ ئىدى. مەريەم يېيىشكە باشلىدى.

كۈنلەر ئۆتتى... ئۇنىڭ ھامىلدارلىقى باشقا ئاياللارنىڭكىگە ئوخشىمايتتى. ئۇ ئاغرىپ قالمايتتى، ئېغىرلىق ھېس قىلمايتتى، ھېچقانداق ئۆزگىرىش ھېسسىمۇ يوق ئىدى. ھەتتا قورسىقىمۇ باشقا ئاياللارنىڭكىدەك يوغىنىمىغان ئىدى. ئۇنىڭ ھامىلدارلىقى ياخشى بىر نېئمەت ئىدى.

توققۇز ئاي بولدى. مەريەم دەم ئېلىش ئۈچۈن بىر تۈپ ئېگىز ۋە يوغان خورما دەرىخىنىڭ ئاستىدا ئولتۇردى. ئۇ ئاغرىق ھېس قىلىۋاتاتتى، ئاغرىق كۈچىيىشكە ۋە پات ـ پاتلا كېلىشكە باشلىدى. مەريەم تۇغۇت ئۈستىدە ئىدى. تولغاقنىڭ قاتتىقلىقى ئۇنى (يۆلىنىۋېلىش ئۈچۈن) بىر خورما دەرىخىنىڭ يېنىغا كېلىۋېلىشقا مەجبۇر قىلدى. دەل شۇ چاغدا، اللەنىڭ تەقدىرى بىلەن ئىنسانلارنىڭ ئازابلىرىنى قەلبىگە يۈكلىگەن كىشى تۇغۇلدى.

جىبرىئىل ئۇنىڭغا خورما دەرىخىنىڭ ئاستىدىن نىدا قىلدى: «غەم قىلمىغىن، پەرۋەردىگارىڭ سېنىڭ ئاستىڭدىن (ئېقىپ تۇرىدىغان) بىر ئېرىقنى پەيدا قىلدى. خورما دەرىخىنى ئۆز تەرىپىڭگە ئىرغىتقىن، ئالدىڭغا پىشقان يېڭى خورمىلار تۆكۈلىدۇ. (بۇ شېرىن خورمىدىن) يېگىن، (بۇ تاتلىق سۇدىن) ئىچكىن ۋە خۇرسەن بولغىن، بىرەر ئادەمنى كۆرسەڭ (ئۇ بالا توغرۇلۇق سورىسا): مەن ھەقىقەتەن مەرھەمەتلىك الله غا ۋەدە بەردىم، بۈگۈن ھېچ ئادەمگە سۆز قىلمايمەن، دېگىن. »

مەريەم مەسىھكە قارىدى، ئۇنىڭ يۈزى ئىنتايىن سۆيۈملۈك ئىدى. مەڭزىلىرى قىپقىزىل، چاچلىرى تۇز، تېنى يۇمشاق ۋە سۇزۇك بولۇپ، پاكلىق ۋە سۆيگۈ بىلەن تولغان ئىدى. ئۇنىڭدىن لەززەتلىك مېۋىلەرنىڭ يەرگە تۆكۈلۈشى ئۈچۈن، خورما دەرىخىنى سىلكىشى تەلەپ قىلىنغانىدى، شۇنىڭ بىلەن، ئۇ شېرىن خورما ۋە تاتلىق سۇلاردىن ئېغىز تېگىپ، قەلبى ھۇزۇرغا تولۇپ، كۆڭلى ئارامغا چۈشتى.

مەريەم خورما دەرىخىگە قولىنى ئۇزاتتى. قولى تېگەر ـ تەگمەيلا ئالدىغا پاكىزە، تاتلىق خورمىلار تۆكۈلدى. مەريەم قورسىقىنى تويغۇزغاندىن كېيىن بوۋاقنى كىيىمى بىلەن يۆگەپ، قۇچىقىغا ئېلىپ، تاتلىق ئۇيقىغا كەتتى.

## 652ـ سۇئال: ئىسا ئەلەيھىسسالامنىڭ بوۋاقلىقىدا گەپ قىلىشى

مەريەم قايتقىنىدا ، ئەسىر ۋاقتى بولغان ئىدى. مەسجىدكە بارىدىغان يولدىكى چوڭ بازار، سودا ـ سېتىقنى تۈگىتىپ غەيۋەت ـ شىكايەت قىلىش ۋە شاراپ ئىچىش

ئۇچۇن ئۇلتۇرغان كىشىلەر بىلەن تولغان ئىدى. مەريەم بازارنىڭ ئوتتۇرىغا كېلەر ـ كەلمەيلا، ئىنسانلار ئۇنىڭ بىر بوۋاق كۆتۈرۈۋالغانلىقىنى، ئۇنى باغرىغا باسقان ھالدا ئاستا كېلىۋاتقانلىقىنى كۆردى.

ئۇلار پاك مەريەمنى توختىماي قارىلىماقتا ئىدى. ئۇنىڭ كۆزلىرى غۇرۇر ۋە ئانىلىق ھېسسىياتى بىلەن چاقنايتتى، يۈزىدە ئىشەنچ نۇرى پارلايتتى. ئۇ بەكمۇ چارىسىز ئىدى. سوئاللار كۆپەيگىلى تۇردى، ئەمما ئۇ ھېچكىمگە جاۋاب بېرەلمەيتتى. ئاخىرى ئۇ اﷲقا تەۋەككۇل قىلىپ، بوۋاقنى ئىشارەت قىلدى، يەنى قولى بىلەن ئىسانى ئىشارەت قىلدى.

ئىسا مۇنداق دېدى: «مەن ھەقىقەتەن اﷲنىڭ بەندىسىمەن، ماڭا كىتابنى بەردى (يەنى ئىنجىلنى بېرىدۇ) ۋە مېنى پەيغەمبەر قىلدى (يەنى قىلىدۇ). قەيەردە بولاي مېنى بەرىكەتلىك قىلدى، ھاياتلا بولىدىكەنمەن، ماڭا نامازنى، زاكاتنى ئادا قىلىشنى تەۋسىيە قىلدى. مېنى ئانامغا كۆيۈمچان قىلدى، مېنى مۇتەكەببىر، شەقى قىلمىدى. مەن تۇغۇلغان كۈنۈمدە، ۋاپات بولغان كۈنۈمدە، تىرىلىپ قەبرەمدىن تۇرغۇزۇلغان كۈنۈمدە (اﷲ تائالا تەرىپىدىن بولغان) ئامانلىققا ئېرىشىمەن. »

كاھىنلارنىڭ ۋە يەھۇدىي ئالىملىرىنىڭ يۈزلىرى ئىسانىڭ سۆزى تۈگەر ـ تۈگىمەيلا ساغىرىپ تاتىرىپ كەتتى. كۆزلىرىنىڭ ئالدىدا ئۇچۇقتىن ئۇچۇق بىر مۆجىزىگە شاھىت بولۇۋاتاتتى. يەھۇدىي كاھىنلىرى بۇ بالىنىڭ تۇغۇلۇشى بىلەن ئۆزلىرىگە كەلگەن شەخسىي تىراگېدىيىنى ھېس قىلىشتى. ھۆكۈمران قوماندانلىرىنىڭ چوڭى بۇ ھېكايىنى كۆرگەن ـ ئاڭلىغانلارنىڭ ھەممىسىنى تۇتۇشنى، بالا تۇغقان پاك قىزنى ئىزدەپ تېپىشنى، بۇ مەزگىلدە تۇغۇلغان بارلىق بوۋاقلارنىڭ ئۆلتۈرۈلۈشىنى بۇيرىدى.

## 653 ـ سۇئال: ھەزرىتى مەريەمنىڭ پەلەستىندىن كېتىشى ۋە قايتىپ كېلىشى

مەريەم پەلەستىندىن مىسىرغا كېتىشكە مەجبۇر بولدى. مەريەم مىسىرغا قاراپ يولغا چىقتى. ئۇ، مىسىرغا ماڭغان بىر كارۋان بىلەن بىرلىكتە سىنا چۆلىدىن ئۆتتى. ئۇ ئىسانى كۆتۈرگەن ھالدا، ئۇنىڭدىن ئاۋۋال مۇقەددەس ئوت كۆرۈنۈپ، تۇر تېغىنىڭ ئوڭ تەرىپىدىن چىققان ئاۋازغا قاراپ ماڭغان مۇسانىڭ يولى بىلەن ماڭدى. ئۇزۇن ۋە جاپالىق سەپەردىن كېيىن مىسىرغا يېتىپ كەلدى. مىسىر دۆلىتىنىڭ باياشاتچىلىقى، خەلقىنىڭ مېھماندوستلىقى، قەدىمىي مەدەنىيىتى ۋە ساپ ھاۋاسى بىلەن ئىسانىڭ ئۆسۈپ ـ يېتىلىشىگە ئەڭ مۇۋاپىق يەر ئىدى.

ئىسا بوۋاقلىق ۋە ئۆسمۈرلۈك دەۋرىنى مىسىردا ئۆتكۈزدى، كېيىن مەريەمگە پەلەستىندىن ئايرىلىشنى بۇيرىغان ھېلىقى ناتونۇش كىشى يەنە كېلىپ، بۇ قېتىم پەلەستىنگە قايتىشنى بۇيرىدى. مەريەم قايتتى. ۋاقىت ئىئوردان دەرياسىنىڭ

سۇيىدەك ئېقىپ، ئىسا ياش يىگىتكە ئايلاندى. ئىسا يەھۇدىي ئىبادەتخانىسىغا بېرىش ئۈچۈن ئۆيدىن چىقتى. ئىسا ئىبادەتخانىغا قاراپ ماڭدى.

ئەتراپتىكى ئىنسانلار كوچىلاردا رەڭدار، ئېسىل كىيىملىرىنى كىيىشىپ مەغرۇر يۈرۈشەتتى. ئىسا بولسا، ئاق يۇڭدىن توقۇلغان كىيىم بىلەن كېتىۋاتاتتى. مۇرىسىگە چۈشۈپ تۇرغان يۇمشاق چاچلىرى سىم - سىم يامغۇر سۇيىدە نەمدەلگەندەك كۆرۈنەتتى. باسقان ئىزلىرىدىن مېزىلىك پۇراق كېلەتتى. ئىسا ئىبادەتخانىغا كىرىپ، ئىچىگە نەزەر تاشلىدى.

ئىسا بۇ يەردىكى يېگانە نۇرغا ئوخشايتتى. ئىسا ئەتراپقا قاراپ، كاھىنلارنىڭ قۇربانلىق سېتىۋالمىغان نامراتلارغا قانداق مۇئامىلە قىلىۋاتقانلىقىنى، ئۇلارنى دەسسەپ چەيلەۋاتقانلىقىنى كۆردى. قۇربانلىق قىلىنىدىغان يەرنىڭ تېشىدا ئاچلىقتىن ئۆلۈپ كېتىۋاتقان مىڭلارچە نامراتلار بار ئىدى. ئىسا ئىبادەتخانىدىن چىقىپ، شەھەر سىرتىدىكى تاغقا قاراپ يۈرۈپ كەتتى. ئۇنىڭ يۈرىكى ھەققەت ئۈچۈن ئوت بولۇپ يېنىۋاتاتتى. ئىسا، ناسىرا تۆپىلىكىدە تۇرۇپ ناماز ئوقىدى. بۇ مۇبارەك كېچىدە ئىككى مۇبارەك پەيغەمبەرنىڭ روھلىرى دۇنيادىن ئېلىندى. بۇلار يەھيا بىلەن زەكەرىيا ئىدى. ئۇلارنىڭ ھەر ئىككىسى ھۆكۈمرانلار تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەن ئىدى. ئۇلارنىڭ روھلىرى ئېلىنىشى بىلەن دۇنيا نۇرغۇن خەيرلىك ئىشلاردىن مەھرۇم قىلىندى. دەل بۇ كېچىدە مەريەم ئوغلى ئىساغا ۋەھيى كەلدى. ئۇلۇغ الله غەيب ئالەمگە دەۋەت باشلاشنى بۇيرىدى. مەريەم ئوغلى ئىسا ھاياتىنىڭ يۇمشاق بەتلىرىدىن تەپەككۇر ۋە ئىبادەت بابلىرىغا ئۆتتى. ئازابلىق ۋە جاپا بىلەن تولغان سەپەرگە قەدەم تاشلىدى.

## 654-سۇئال: ئىسا ئەلەيھىسسالامنىڭ پەزىلىتى ۋە مۆجىزىسى

ئىسا قەۋمىنى شەرىئەتنىڭ ئەسلى غايىسىگە، ئۇنىڭ ھەقىقي ھېكمىتىگە يۈزلەندۈردى. ئۇلارنى سۆيگۈگە يۈزلەندۈردى (چاقىردى). ئىسا ئەتراپىدىكى كىشىلەرگە مۇھىم بىر نەرسىنى ئىسپاتلىماقچى، ئۇلارغا شەرىئەتنىڭ ئۆزى ئۈچۈن ئىنتىقام ئېلىش ئەمەسلىكىنى، ھەقىقي شەرىئەتنىڭ مېھرىبانلىق، ئەپۇ قىلىش ۋە سۆيگۈ ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرمەكچى ئىدى. يۇزەكى قارىغىنىمىزدا ئىسانىڭ دەۋىتى، مۇسانىڭ شەرىئىتىگە زىتتەك كۆرۈنىدۇ... ئەسلىدە ئىسانىڭ دەۋىتى پىرىسىيىلەر ۋە ساددۇقىلارنىڭ مۇسانىڭ شەرىئىتىگە كىيىن قوشۇۋالغان نەرسىلىرىگە قارشى كەلگەن ئىدى. مۇسانىڭ دەۋىتىنىڭ ھەقىقىتىنى ۋە ئۇنىڭ ئالىي نىشانىنى تىرىلدۈرۈش ئۈچۈن ئىدى. بۇ دەۋر مال - دۇنياغا ئىنتايىن ئەھمىيەت بېرىلگەن، راھەتپەرەس ۋە ماتېرىيالىست بىر دەۋر ئىدى. ئىسانىڭ چاقىرىقى پۇلغا چوقۇنۇلغان، رەھىمسىزلىك،

ئاچكۆزلۈك قاپلىغان، شەكىلۋازلىق ئۇچىغا چىققان بىر دۇنيادا غايىۋىي، پاك يولنىڭ چاقىرىقى سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا چىقتى. ئىسا ئىنسان روھىنى ئويغىتىپ، ئۇنى ياراتقۇچىنىڭ نۇرىغا يۈزلەندۈرۈشنى ئۈمىد قىلاتتى، شۇڭا ئۇ روھۇل قۇددۇس (جىبرىئىل) بىلەن كۈچلەندۈرۈلگەن هالدا كەلدى. ئىسانىڭ هاياتىدا پەرىشتىلەرگە خاس بىر ئالاهىدىلىك بار ئىدى. ئىسا ئاياللارغىمۇ يېقىنلاشمايتتى. الله ئۇنى ئاسمانغا ئېلىپ چىقىپ كەتكىچە، هېچبىر ئايال بىلەن يېقىنلاشمىغان، توي قىلمىغان ئىدى. بۇمۇ پەرىشتىلەرگە خاس سۈپەت ئىدى. بۇ بۇندىن بۇرۇنقى پەيغەمبەرلەرگە بېرىلمىگەن بىر نېئمەتتۇر.

ئۇلۇغ الله مائىدە سۈرىسىدە مۇنداق دەيدۇ: ئۆز ۋاقتىدا الله ئېيتتى: ئى مەريەم ئوغلى ئىسا! ساڭا ۋە سېنىڭ ئاناڭغا بەرگەن نېمىتىمنى ئەسلىگىن، ئەينى زاماندا ساڭا روهۇلقۇدۇس (يەنى جىبرىئىل) بىلەن مەدەت بەردىم، (كىچىككىڭدە) بۆشۈكتە ۋە (پەيغەمبەر بولغان) ئوتتۇرا ياش ۋاقتىڭدا كىشىلەرگە سۆزلەيتتىڭ، ئەينى زاماندا ساڭا كىتابنى، هېكمەتنى، تەۋراتنى ۋە ئىنجىلنى ئۆگەتتىم، ئەينى زاماندا مېنىڭ ئىزنىم بىلەن لايدىن قۇشنىڭ شەكلىدە بىر نەرسە ياسايتتىڭ، ئۇنى پۈۋلىسەڭ ئىزنىم بىلەن ئۇچىدىغان قۇش بولاتتى. ئەينى زاماندا مېنىڭ ئىزنىم بىلەن تۇغما كورنى، بەرەس كېسىلىنى ساقايتاتتىڭ، ئەينى زاماندا، مېنىڭ ئىزنىم بىلەن ئۆلۈكلەرنى (تىرىلدۈرۈپ قەبرىلىرىدىن) چىقىراتتىڭ، ئەينى زاماندا بەنى ئىسرائىلنى ساڭا چېقىلىشتىن توستۇم، سەن ئۇلارغا مۆجىزىلەر بىلەن كەلگەن چېغىڭدا، ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى كاپىرلار: «بۇ پەقەت روشەن سېھىردۇر» دېدى. ئەينى زاماندا مەن ھەۋارىيلارغا: «ماڭا ۋە مېنىڭ پەيغەمبىرىمگە ئىمان ئېيتىڭلار» دەپ ۋەهيي قىلدىم. ئۇلار: «بىز ئىمان ئېيتتۇق، گۇۋاھ بولغىنكى، بىز (ئەمرىڭگە) بويسۇنغۇچىلارمىز» دېدى.

يۇقىرىدىكى ئايەتلەردە ئىسانىڭ بەش مۆجىزىسى تىلغا ئېلىنغان. بىرىنچىسى: ئۇنىڭ بۆشۈكتىكى چېغىدىلا ئىنسانلار بىلەن سۆزلىشىشى.

ئىككىنچىسى: تەۋراتنى ئۆگىتىش... مۇساغا چۈشۈرۈلگەن تەۋراتنى يەهۇدىي قىقھشۇناسلىرى (موللىلىرى) قالايمىقان ئۆزگەرتىش كىرگۈزۈپ، پەتىۋا بېرىپ يوقىتىۋەتكەن ئىدى.

ئۈچىنچىسى: قۇش شەكلىدىكى لايغا پۈۋلەپ ئۇنى راست قۇشقا ئايلاندۇرۇشى.

تۆتىنچىسى: ئۆلۈكلەرنى تىرىلدۈرۈشى.

بەشىنچىسى: تۇغما كور ۋە ئاق كېسىلىنى ساقايتىشى.

قۇرئان كەرىمنىڭ مائىدە سۈرىسىدە ئۇنىڭ ئالتىنچى مۆجىزىسىمۇ تىلغا ئېلىنغان. ئالتىنچى مۆجىزە هەۋارىيونلارنىڭ ئارزۇسى بىلەن ئاسماندىن چۈشۈرۈلگەن

دەستىخان مۆجىزىسىدۇر.

ئال ئىمران سۈرىسىدە يەتتىنچى بىر مۆجىزە زىكىر قىلغان. بۇ ھەزرىتى ئىسانىڭ ئۆزى ئاڭلىمىغان، كۆرمىگەن نەرسىلەر ھەققىدە خەۋەر بېرىشىدۇر. بۇلار ھەزرىتى ئىسانىڭ يەتتە مۆجىزىسىدۇر. مۆجىزىلەرنىڭ تۈنجىسى ئۇنىڭ ئاتىسىز تۇغۇلىشىدۇر. ئاخىرقىسى بولسا، زامانىنىڭ ھۆكۈمرانلىرى ئۇنى كىرىستقا مىخلىماقچى بولغاندا، ئۇنىڭ ئاسمانغا چىقىپ كېتىش مۆجىزىسىدۇر.

## 655 ـ سۇئال: ئىسا ئەلەيھىسسالامنىڭ بەنى ئىسرائىل بىلەن بولغان دەۋەت كۆرىشى

ھەزرىتى ئىسا ھاياتىنىڭ تېنچ چاغلىرىنى تۈگىتىپ روھۇل قۇددۇس (جىبرىئىل) ۋە كۆز قاماشتۇرىدىغان مۆجىزىلىرىنىڭ ياردىمى بىلەن ئاللاھقا دەۋەت قىلىش ۋەزىپىسىنى باشلىدى.

ـ مېنىڭ ۋە سىلەرنىڭ رەببىڭلار بولغان اللە قىلا ئىبادەت قىلىڭلار! ھەزرىتى ئىسا ئاللاھقا دەۋەت قىلىشقا باشلىدى. ھەزرىتى ئىسا ئىنسانلارنى ھېچ شېرىكى بولمىغان يالغۇز ئاللاھقا دەۋەت قىلىپلا قالماستىن، ئۇلارنى يەنە روھى ۋە قەلبلىرىنى پاكلاشقا، ۋىجدانلىق بولۇشقا، روھىي ئالىمگە يۈكسىلىشكە دەۋەت قىلىشنىمۇ داۋاملاشتۇردى.

ئۇنىڭ دەۋىتى يەھۇدىي كاھىنلىرىنى غەزەپلەندۈردى. ئىسانىڭ ھەر بىر سۆزى ئۇلارنىڭ يۈرىكىگە خەنجەردەك سانجىلاتتى. ئىككى يۈزلىمچىلىكىنى ئوتتۇرىغا چىقىراتتى. ئۇلار جەڭ ئېلان قىلىپ، ئىساغا ھەرخىل تۇزاق قۇرۇشقا باشلىدى. ئۇنىڭ مۇسانىڭ شەرىئىتىنى يوقاتماقچى ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ، قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويماقچى بولۇشتى. مۇسانىڭ شەرىئىتىدە زىنا قىلغان ئايال چالما كېسەك قىلىپ ئۆلتۈرۈلۈشكە بۇيرۇلاتتى.

يەھۇدىيلار (كاھىنلار) چالما كېسەك قىلىنىشى كېرەك بولغان بىر ئايالنى ئىسانىڭ ئالدىغا ئېلىپ كېلىپ سودا قىلىشتى ۋە: شەرىئەت گۇناھكار ئايالنى چالما ـ كېسەك قىلىشقا بۇيرۇمدۇ؟ ـ دەپ سوراشتى.

ـ ھەئە، ـ دېدى ئىسا.

ـ ئۇنداقتا، بۇ ئايال گۇناھكار، ـ دېيىشتى ئۇلار. ئىسا بىر كاھىنلارغا، بىر ئۇ ئايالغا قارىدى. ئۇ كاھىنلارنىڭ ئۇ ئايالدىن بەكرەك گۇناھكار ئىكەنلىكىنى بىلەتتى. كاھىنلار ئۇنىڭ جاۋابىنى كۈتۈپ تۇردى. ئەگەر ئۇ ئايالنىڭ ئۆلتۈرۈلۈشىنىڭ توغرا ئەمەسلىكىنى ئېيتسا، مۇسانىڭ شەرىئىتىگە قارشى چىققان بولاتتى، ئەگەر ئۇ ئايالنىڭ ئۆلتۈرۈلىشىنى بۇيرىسا، ئۆزى دەۋەت قىلىپ كېلىۋاتقان سۆيگۈ ۋە شەپقەت شەرىئىتىگە ئۆزى قارشى چىققان بولاتتى.

ئىسا ئۇلارنىڭ ئۆزىگە تۇزاق قۇرۇۋاتقانلىقىنى چۈشەندى. كۈلۈمسىرەپ تۇرىدىغان نۇرلۇق يۈزى بىلەن ئۇ ئايالغا قارىدى ۋە ئۇلارغا: ئاراڭلاردا كىم ئەڭ پاك ۋە گۇناھسىز بولسا، شۇ تاش ئاتسۇن! ـ دېدى. ئۇنىڭ سۆزى گۇناھ توغرىسىدا ھۆكۈم قىلىش ئۈچۈن يېڭى بىر قانۇن سۈپىتىدە ئىبادەتخانا ئىچىدە ياڭرىدى. ئۇ يەنە: گۇناھى بولمىغان كىشى گۇناھ ھەققىدە ھۆكۈم چىقارسۇن! گۇناھسىز ئىنساننىڭ ھېچبىرى باشقا ئىنسانغا بويۇن ئېگىشكە ۋە ئۇنىڭ ئالدىدا مەھكۇم بولۇشقا مەجبۇر ئەمەس، پەقەت ئۇلۇغ اﷲلا ئەڭ ياخشى ھۆكۈم چىقارغۇچىدۇر، ئۇ مەرھەمەت قىلغۇچىلارنىڭ ئەڭ مەرھەمەتلىكىدۇر، ـ دېدى.

ئىسا ئىبادەتخانىدىن قايتىپ چىقتى. ئايال ئۇنىڭ ئارقىسىدىن يۈگۈرۈپ كېلىپ، يېنىدىن قىممەتلىك خۇش پۇراق قۇتىسىنى چىقاردى. ئاندىن ئۇنىڭ پۇتلىرىنى سۆيۈپ، كۆز ياشلىرى ۋە خۇش پۇراق نەرسە بىلەن يۇيۇش ئۈچۈن يەرگە ئۆزىنى ئاتتى. ئاندىن كېيىن چاچلىرى بىلەن پۇتلىرىنى قۇرۇتتى.

ئىسا ئۆرۈلۈپ ئايالنى ئورنىدىن تۇرۇشقا بۇيرىدى ۋە مۇنداق دېدى: ئى پەرۋەردىگارىم! ئۇنىڭ گۇناھلىرىنى ئەپۇ قىل!

ئىسا اﷲنىڭ ئۆز قەۋمىگە رەھىم قىلىشىنى، ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىگە شەپقەت قىلىشى ۋە اﷲقا ئىمان ئېيتىشى ئۈچۈن دۇئا قىلاتتى. ئۇنىڭ ھاياتى تەقۋادارلىق قىلىش ۋە ئىبادەت بىلەن ئۆتكەن ھايات ئىدى. ئىسا چاقىرىقىنى اﷲنىڭ مۆجىزىلىرى بىلەن داۋاملاشتۇردى.

خەلقنىڭ ئالدىدا لايىنى قۇش شەكلىدە ياساپ، ئاندىن ئۇنى پۈۋلەيتتى ـ دە، ئۇ قۇشقا ئايلىنىپ ئۇچاتتى. ئاددىي ۋە پاكىز كىيىمىنىڭ بېشى، بىر كېسەلگە تەگسە، ئۇ كېسەل ساقىيىپ كېتەتتى، قوللىرىنى بىر كورنىڭ ياكى بەرەس كېسىلىنىڭ تېنىگە قويسا، ئۇ دەرھال ساقىياتتى، ئۇنىڭ يەنە ئالاھىدە بىر مۆجىزىسى بار ئىدىكى، ئۇ بولسىمۇ، ئۆلۈكلەرنى قەبرىلىرىدىن چاقىرىش ئىدى. ئۆلۈكلەر اﷲنىڭ ئىزنى بىلەن تىرىلاتتى.

مۇپەسسىرلەر ئىسانىڭ تۆت كىشىنى تىرىلدۈرگەنلىكىنى ئېيتىشىدۇ. دوستى ئازەرنى، بىر ئەر ـ ئايالنىڭ ئوغلىنى، بىر ئايالنىڭ يالغۇز قىزىنى، بۇ ئۈچ كىشى ئۇنىڭ زامانىدا ئۆلگەن ئىدى. بۇنى كۆرگەن يەھۇدىيلار: سەن يېقىندا ئۆلگەنلەرنى تىرىلدۈردىڭ، بەلكى ئۇلار ئۆلمەي يۈرىكى توختاپ قالغانلار بولۇشى مۇمكىن، ـ دېيىشىپ، ئۇنىڭدىن نۇھنىڭ ئوغلى سامنى تىلدۈرۈشنى تەلەپ قىلىشتى.

مۇپەسسىرلەر مۇنداق دەيدۇ: ئىسا يەھۇدىيلارغا نۇھنىڭ ئوغلى سامنىڭ قەبرىسىنى كۆرسىتىشنى بۇيرىدى. ئىسا ئۇلار بىلەن بىرلىكتە سامنىڭ قەبرىسىگە

يېتىپ كەلدى. ئۇ اﷲقا دۇئا قىلىۋىدى، سام چاچلىرى ئاقارغان ھالدا قەبرىسىدىن چىقتى.

ئىسا ئۇنىڭغا: سىلەرنىڭ زامانىڭلاردا چاچ ئاقىرىش بولمىسا، سېنىڭ چېچىڭ نېمىشقا ئاقىرىپ كەتتى؟ - دېدى.

- ئى اﷲنىڭ روھى ئىسا! سەن مېنى چاقىرغاندا: اﷲنىڭ روھىغا جاۋاب بەر! - دېگەن بىر ئاۋازنى ئاڭلىدىم. قىيامەت قايىم بولغان ئوخشايدۇ دەپ ئويلاپ، دەھشەتلىك قورقۇنچتىن چېچىم ئاقىرىپ كەتتى، - دېدى سام.

ئىسا روھنىڭ دەستۇرى بولغان ھەر نەرسىنى ئۇلارغا چۈشەندۈرەتتى. ئىسا تاغقا چىقىپ ئەتراپىغا يىغىلغانلارغا بىر قۇر كۆز يۈگۈرتتى. بۇ كىشىلەر نامراتلار، شورپېشانىلەر، مىسكىنلەر ۋە روھىي چۈشكۈن ئىنسانلار ئىدى. ئۇلارنىڭ سانىمۇ باشقا پەيغەمبەرگە ئىتائەت قىلغانلارغا ئوخشاشلا ئاز ئىدى. شۇڭا، ئىسا ئۆزىگە ئەگەشكەنلەرگە، ئۇلارنىڭ پاكلىقىغا بەك دىققەت قىلاتتى. ئۇلارغا ئۆزلىرىنىڭ ھاياتىنىڭ مەنىسى، يەر يۈزىنىڭ تۈزى ۋە مەۋجۇدىيەتنىڭ لەززىتى ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈردى. ئۇلار مۇسۇلمانلار ئىدى، ئۇلار ياخشىلىققا ۋەكىللىك قىلاتتى.

ئىسا ئەلەيھىسسالام ئۆزىنىڭ كۈرەش ئۈچۈن كەلگەن جەڭچى ئىكەنلىكىنى ئېيتتى. ئۇنىڭ پەقەت سۆزلىرىلا جەمئىيەتنى ئاساسىدىن ئاغدۇرۇپ تاشلاش مەنىسىدە ئىدى. ئىسا زاماندا جەمئىيەت شېرىك، يالغان، ئىككى يۈزلىمچىلىك، ماتېرىيالىست، رىيا، شەكلۋازلىق، زۇلۇم ۋە ئاسارەت ئىچىدە تولغىناتتى.

ئىسا سۆزلىرى بىلەن بۇلارنىڭ ھەممىسىنى ئاغدۇرۇپ تاشلىدى. ئىسا قەۋمگە اﷲ دەۋىتىنىڭ ماھىيەتتە تېنچلىققا قىلىنغان دەۋەت بولماستىن، كۈرەشكە قىلىندىغان دەۋەت ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈردى. شۇنىڭ بىلەن، يەھۇدىي جەمئىيتى ئىككىگە بۆلۈندى: نامراتلار، ئاجىزلار ۋە پاك قەلبلىك كىشىلەر ئىسا تەرەپتە، ئىنكارچى بولغان كۆپ سانلىقلار ئىساغا قارشى تەرەپتە تۇردى. ئۇلار (ئىنكار قىلغۇچىلار) ئىساغا كۆپ كۈلپەت چەكتۈردى.

اﷲنىڭ ئىساغا بەرگەن مۆجىزىلىرىنىڭ پەۋقۇلئاددە بۈيۈكلىكى كېيىنكى قەۋم ئۈچۈن پىتنىگە سەۋەب بولدى. ئۇلار ئىسانى ئىلاھ دەپ قاراشتى. ئۇنىڭ مۆجىزىلىك ھېكمىتىنى چۈشىنەلمەي پىتنە - پاسات ئىختىلاپىغا چۈشتى.

ئەلقىسسە، ئىسا دەۋىتىنى داۋاملاشتۇردى. رەزىللىك ئۆز تەختىنىڭ گۇمراھ بولۇشى خەۋپىگە دۇچ كېلىۋاتقانلىقىنى چۈشەندى. گۇناھ كۈچلىرى ئۇنىڭغا قارشى ھۇجۇمغا ئۆتتى. يەھۇدىيلار ئۇنىڭغا دۈشمەنلەرچە مۇئامىلە قىلىشقا باشلىدى. ئۇنى سېھىرگەر ۋە شەرىئەتنى بۇزماقچى دەپ ئەيىبلەشتى. ئۇنىڭغا: شەيتانلارنىڭ ياردىمى

بىلەن دەرىجىدىن تاشقىرى كۈچكە ئېرىشكەن، - دەپ تۆھمەت قىلىشتى. ئەمما نامراتلارنىڭ ئۇنىڭ ئەتراپىدا توپلانغانلىقىنى كۆرۈپ، ئامالسىزلىقتىن ئۇنىڭغا مەخپىي تۇزاق قۇرۇشقا، ئۇنى رىم ھۆكۈمرانلىقىغا يامان كۆرسىتىشكە باشلىدى. دەسلىپىدە، رىم ھۆكۈمىتى يەھۇدىيلارنىڭ ئۆز ئىچىدىكى بۇ ئىختىلاپلىرىنىڭ ئۆزلىرىگە پايدىلىق ئىكەنلىكىنى ئويلاپ بۇ ئىشقا ئارىلاشمىدى. شۇنىڭ بىلەن سانھەدرىن ئىساغا قارشى پىلان تۈزۈش ئۈچۈن تەكرار يىغىن چاقىردى. ئۇلار يېڭى بىر پىلان تۈزۈشتى.

**656- سوئال: يەھۇدىيلارنىڭ ئىسا ئەلەيھىسسالامنى ئۆلتۈرمەكچى بولغانلىقى**

يەھۇدىيلار ئىساغا ئامال قىلالماي، ئاخىرى ئۇنى ئۆلتۈرمەكچى بولدى. كاھىنلارنىڭ باشلىقلىرى ھېچكىمگە تۇيدۇرماستىن، ئىسانى تۇتۇش يولىنى مەخپىي كېڭەشتى. دەل بۇ ئەسنادا ئىسانىڭ 12 شاگىرتىدىن بىرى بولغان يەھۇزا ئىسكاريوت دېگەن كىشى ئۇلارنىڭ قېشىغا كېلىپ مۇنداق دېدى: ئەگەر ئۇنى سىلەرگە تۇتۇپ بەرسەم، سىلەر ماڭا نېمە بېرىسىلەر؟ دېمەك، ئۇ خائىن ۋە ئىنكارچىلارنىڭ سېپىگە قوشۇلدى. يەھۇزا كاھىنلارنىڭ باشلىقلىرى بىلەن سودىلاشتى..شۇنداق قىلىپ، ئىسانى تۇتۇپ ئۆلتۈرۈش قارار قىلىندى.

قۇرئان كەرىم اﷲ تائالانىڭ ئىسرائىل ئەۋلادىنىڭ ئىسانى ئۆلتۈرۈشكە ۋە ياكى كرىستقا مىخلىشىغا يول قويمىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. اﷲ ئىسانى ئۇلارنىڭ ئىنكارىدىن قۇتقۇزۇپ، ئۇنى دەرگاھىغا ئېلىپ چىققان. ئۇلارنىڭ ئىسانى ئۆلتۈرگىنى ياكى كرىستقا مىخلىغىنى يوق. لېكىن ئۇلارغا شۇنداق كۆرۈندى - خالاس. ئۇلۇغ اﷲ نىسا سۈرىسىدە مۇنداق دەيدۇ: يەنە اﷲنىڭ رەسۇلى ئىسا ئىبنى مەريەمنى ھەقىقەتەن ئۆلتۈردۇق دېگەنلىكلىرى ئۈچۈن (ئۇلارغا لەنەت قىلدۇق). ۋەھالەنكى، ئۇلارنىڭ ئىسانى ئۆلتۈرگىنىمۇ يوق، دارغا ئاسقىنىمۇ يوق ۋە لېكىن ئۇلارغا شۈبھە سېلىندى، (ئىسانى ئاستۇق دەپ گۇمان قىلىپ، ئىسا ئەلەيھىسسالامغا ئوخشاپ قالغان باشقا بىرسىنى ئاستى)، ئىسا توغرىسىدا ئىختىلاپ قىلىشقانلار ھەقىقەتەن ئۇنىڭ ئۆلتۈرۈلگەنلىكى (مەسىلىسى) دە شۈبھىدىدۇر. ئۇلار بۇ (ئىشنىڭ ھەقىقتى) نى بىلمەيدۇ، گۇمانغىلا ئاساسلىنىدۇ، ئۇلار ئىسانى جەزمەن ئۆلتۈرمىدى. بەلكى اﷲ ئۇنى ئۆز تەرىپىگە كۆتۈردى.

ئىسا ئىنسانلارغا نېمىدىن يىرگىنىش كېرەكلىكىنى ۋە مەخلۇقاتلارنىڭ ئىچىدىكى گۈزەللىكنى قانداق بايقاش كېرەكلىكىنى ئۆگەتتۈۋاتاتتى. ئۇنىڭ دەۋاسى روھىي پاكلىقنى، ئۇلۇغۋار غايىنى، يامانلىق ۋە يىرگىنچلىق نەرسىلەردىن پاك گۈزەللىكنى ئوتتۇرىغا چىقىرىشنى ئەڭ ئۇلۇغ نىشان قىلغان دەۋالاردىن بىرى ئىدى.

**657- سوئال: مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىسا ئەلەيھىسسالامنىڭ قايتا**

## كېلىشىدىن بەرگەن بېشارىتى

پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن ئىدى: «پۈتۈن پەيغەمبەرلەر قېرىنداشتۇر. ئۇلارنىڭ دىنلىرى بىر، ئانىلىرى باشقا ـ باشقىدۇر. مەن ئىنسانلار ئىچىدە مەريەم ئوغلى ئىساغا ئەڭ يېقىن بولغىنىمەن. چۈنكى مەن بىلەن ئۇنىڭ ئارىسىدا باشقا بىر پەيغەمبەر يوقتۇر. » ھەدىسلەر ھەزرىتى ئىسانىڭ ئاخىر زاماندا تەكرار كېلىدىغانلىقىنى زىكىر قىلىدۇ. ئىسلام ئىسانى ئىرادىلىك پەيغەمبەرلەر قاتارىدا ھۆرمەت بىلەن تىلغا ئالىدۇ. ئىسلام ئۇنى ”اللهنىڭ ئەلچىسى“، ”اللهنىڭ كەلىمىسى“، ”الله تەرىپىدىن كەلگەن روھ“دەپ ئاتايدۇ.

# ئون تۆتىنچى بۆلۈم. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ شانلىق ھاياتى

## 658-سۇئال: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھاياتىنى ئۆگىنىشنىڭ ئەھمىيتى

ئاللاھ تائالا ئىنسانلارنى يەر يۈزىگە پەيدا قىلىپلا قالماستىن، ئۇلارنىڭ دۇنيادا بەختلىك ھايات كەچۈرىشى ۋە كېيىن ئاللاھنىڭ دەرگاھىدىمۇ ياخشى ئاقىۋەتلەرگە ئېرىشىپ، سائادەتمەنلەردىن بولىشى ئۈچۈن ئۇلارنى توغرا يولغا يېتەكلەش ئۈچۈن ئىنسانلارنىڭ ئۆز جىنسىدىن ئەلچىلىرىنى ئەۋەتتى. ئادەم ئەلەيھىسسالام ئىنسانلارنىڭ تۇنجى ئاتىسى بولغىنىدەك، ئەينى ۋاقىتتا ئۇلارغا ئەۋەتىلگەن تۇنجى پەيغەمبەر ئىدى. ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ دىنىمۇ كىشىلەرنى ئاللاھقا ئىبادەت قىلىشقا چاقىرىدىغان ھەق دىن ئىدى. زامانلارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئىنسانلار بىر زامانلار ھەق دىنىنىڭ روھىدىن پۈتۈنلەي يىراقلىشىپ، كۇپرى، زالالەتنىڭ قاراڭغۇلۇقلىرىدا تېڭىرقىغان بولسىمۇ، ئاللا تائالانىڭ ئارقا ئارقىدىن پەيغەمبەرلەرنى ئەۋەتىشى نەتىجىسىدە، ئۇلار يەنە ھەق دىنغا قايتىپ كەلدى. ئاللاھ تائالا ئىنسانلار جەمئىيىتىنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگەشتۈرۈپ، دىنىنىمۇ تەدرىجىي ھالدا تاكامۇللاشتۇرۇپ كەلدى ۋە ئۇنى ئىنسانلارنىڭ سەرخىلى، پەيغەمبەرلەرنىڭ ئاخىرقىسى ۋە ئىسلام دىنىنىڭ پەيغەمبىرى ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا يېتىپ كېلىشى بىلەن ئەڭ ئاخىرقى كامالىغا يەتكۈزدى. « بۈگۈن سىلەرنىڭ دىنىڭلارنى پۈتۈن قىلدىم. سىلەرگە نېمىتىمنى تاماملىدىم. ئىسلام دىنىنى سىلەرنىڭ دىنىڭلار بولۇشقا تاللىدىم. » [سۈرە مائىدە 3 ـ ئايەت]

پەيغەمبىرىمىزنىڭ ھاياتىنى، ئىش ئىزلىرىنى، ئاللاھ تائالانىڭ ئۇلۇغ دىنىنى ئىنسانلارغا يەتكۈزۈش يولىدا ئېلىپ بارغان جاپالىق كۈرەشلىرىنى تولۇق ئۆگىنىپ، ئۇنىڭغا ھەقىقىي رەۋىشتە ئەگىشىش ۋە ئۇنىڭغا چىن كۆڭۈلدىن مۇھەببەت باغلاپ، سەمىمىي سۆيۈش « مەن مۇسۇلمانمەن» دېگەن ھەر بىر كىشى ئۈچۈن ئالدىنقى پەرزلەرنىڭ بىرى. چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئىمان كەلتۈرۈش ئىماننىڭ مۇھىم بىر ئاساسى. پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئىنسانىيەتنىڭ ئىپتىخارلىق ئۈلگىسى، ئۇنىڭ ھاياتى پۈتۈن ئىنسانىيەت ھاياتىنىڭ ئۈلگىلىك ئوبرازى، ئىسلام دىنى ۋە قۇرئان كەرىمنىڭ جانلىق تەرجىمىسى، كىشىلەرگە ئىسلامنىڭ داغدام يولىنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان نۇرلۇق چىراق. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاللاھنىڭ ئىنسانلارغا ئەۋەتكەن ئەلچىسى ئىكەنلىكىگە چىن ئىشىنىش ئىماننىڭ بىر پارچىسى، ئۇنى سۆيۈش ۋە ئۇنىڭ يولىغا ئەگىشىش پەرزدۇر.

## 659-سوئال: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھاياتىنى ئۆگىنىش ئىماننىڭ تەقەززاسى

ئىماننىڭ ئاساسى « لااله الاالله محمد رسول الله» يەنى ئاللاھتىن باشقا ھېچ مەبۇد بەرھەق يوق، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئاللاھنىڭ بەندىسى ۋە بەرھەق پەيغەمبىرىدۇر دېگەن تەۋھىد كەلىمىسىنىڭ مەزمۇنىغا چىن يۈرەكتىن ئىشىنىشتۇر. شۈبھىسىزكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئىمان ئېيتىش دېگەنلىك ئۇنىڭ ئاللاھنىڭ بەرھەق پەيغەمبىرى ئىكەنلىكىنى يۈرەكتىن تەستىقلاپ، ئۇنىڭ گۈزەل ئەدەپ ئەخلاقلىرىنى، ئېسىل پەزىلىتىنى، باشقا پۈتۈن مەخلۇقاتلاردىن ئۈستۈنلىكىنى، ئاللاھ تائالانىڭ ئۇنىڭغا ئاتا قىلغان كامىل نېئمەتلىرىنى، باشقىلارغا قەتئىي قىياس قىلغىلى بولمايدىغان تالانت ۋە پاراسەتلىرىنى بىلىشنى تەلەپ قىلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھاياتىنى ئۆگىنىش تولىمۇ زۆرۈردۇر.

## 660-سوئال: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھاياتىنى ئۆگىنىش، ئۇنىڭ يولىغا ئەگىشىشنىڭ مۇقەددىمىسى

ئاللاھ تائالا مۇسۇلمانلارغا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئەگىشىشنى پەرز قىلدى ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئەگىشىشنى ئاللاھنىڭ سۆيگۈسىگە ئېرىشىشنىڭ شەرتى قىلىپ بېكىتتى. شۇڭا ئاللاھ تائالانى سۆيىدىغانلىقىنى دەۋا قىلىدىغان ھەر قانداق ئادەمنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ھەقىقىي رەۋىشتە ئەگىشىشى شەرت. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: «ئى مۇھەممەد ! ئېيتقىنكى: " ئەگەر ئاللاھنى سۆيسەڭلار ماڭا ئەگىشىڭلار، ئاللاھمۇ سىلەرنى سۆيىدۇ ۋە گۇناھىڭلارنى مەغپىرەت قىلىدۇ "»
[سۈرە ئال ئىمران 31 ـ ئايەت]

ئەگىشىش ـ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەمر پەرمانلىرىغا ئەمەل قىلغانىنىڭ سىرتىدا، ھاياتىمىزنىڭ بارلىق ساھەلىرىدە ئۇنىڭ يولىدىن مېڭىش، ئۇنىڭ قىلغان ئىشلىرىنى قىلىش، ئۇنىڭ سۈننەتلىرىگە ئەمەل قىلىش، سۆزىمىزدە، ئىش ھەرىكەتلىرىمىزدە ئۇنى ئۆزىمىزگە ئۈلگە قىلىش بىلەن بولىدۇ. بۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىشلىرىنى، سۆزلىرىنى ۋە بارلىق ئەھۋالىنى ئۆگىنىشنى، ئۇنىڭ خىسلەتلىرىنى، ئېسىل سۈپەتلىرىنى، گۈزەل ئەخلاقلىرىنى ۋە ئادەتلىرىنى بىلىشنى تەقەززا قىلىدۇ، ئەلۋەتتە. ساھابە كىراملار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئەگىشىش، ئۇنىڭ سۆز، ئىش ۋە ئەدەپ ئەخلاقلىرىنى ئۆگىنىشكە ئىنتايىن ھېرىسمەن ئىدى. ئەڭ ئاددى ئىشلاردىمۇ رەسۇلۇللاھ قىلغان ئىشلارنى قىلىشقا تىرىشاتتى. رەسۇلۇللاھنىڭ ئولتۇرۇش قوپۇش، مېڭىش تۇرۇش، سۆزلەش ۋە سۈكۈت قىلىش قاتارلىق بارلىق ھەرىكەتلىرىنى ناھايىتى دىققەت بىلەن كۈزىتىپ، ئۇنىڭغا ئەگىشەتتى.

ھەتتا ئۇلار ئادەتتىكى ئىشلاردىمۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ياخشى كۆرگەن نەرسىنى ياخشى كۆرەتتى ۋە رەسۇلۇللاھ ياقتۇرمىغان نەرسىنى يامان كۆرەتتى. ھەزرىتى ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىدۇ: «بىر كۈنى بىر ئادەم رەسۇلۇللاھنى تاماققا چاقىرىۋىدى، رەسۇلۇللاھ ئۇنىڭ ئۆيىگە باردى. ساھىبخان ئۇنىڭ ئالدىغا ئارپا نېنى بىلەن كاۋا توغرالغان شورپا قويدى. بۇ داستىخاندا رەسۇلۇللاھنىڭ كۆپرەك كاۋا يېگەنلىكىنى كۆرۈپ قېلىپ، شۇندىن بېرى كاۋىنى ياخشى كۆرىدىغان بولدۇم. » بۇ مىسال پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ زامانىدىكى مۇسۇلمانلارنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى نەقەدەر سۆيىدىغانلىقى ۋە ئۇنىڭ قىلغانلىرىنى قىلىشقا قانچىلىك ھېرىسمەن ئىكەنلىكىنى ئىپادىلەشكە يېتەرلىكتۇر. ئىسلام تارىخىدا بۇنداق مىساللار ساناپ تۈگەتكۈسىز كۆپ. شۇڭلاشقا ئىنسانىيەت تارىخىدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدەك تۇغۇلغان كۈنىدىن تاكى ۋاپاتىغىچە بولغان چوڭ كىچىك بارلىق ئىش ھەرىكەتلىرى بىرمۇبىر رىۋايەت قىلىنىپ، يېزىپ قالدۇرۇلغان ئىككىنچى بىر شەخسنى كۆرسىتىش مۇمكىن ئەمەس. يىغىپ ئېيتقاندا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئەگىشىش ئاللاھ تائالانىڭ ئەمرى بولغانلىقى ئېتىبارى بىلەن بىر پەرز، ئۇنىڭغا ئەگىشىش ئۈچۈن ئۇنىڭ ھاياتىنى ۋە بارلىق ئىش ئىزلىرىنى ئۆگىنىش يەنە بىر پەرزدۇر. چۈنكى، پەرز ئۇنىڭسىز ئادا بولمايدىغان نەرسىنىڭ ئۆزىمۇ پەرزدۇر. خۇددى ناماز ئۈچۈن تاھارەت پەرز بولغاندەك.

## 661-سۇئال: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھاياتىنى ئۆگىنىش ئۇنى سۆيۈشنىڭ يولى

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى سۆيۈش پەرزدۇر. ئاللاھ تائالا مۆمىنلەرگە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ھەرقانچە سۆيۈملۈك نەرسىسىدىنمۇ بەكرەك ياخشى كۆرۈپ سۆيۈشكە بۇيرىغان. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى سۆيمىگەنلەرنى قاتتىق ئازابلايدىغانلىقى بىلەن ئاگاھلاندۇرغان. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: «ئى مۇھەممەد ! ئېيتقىنكى، ” ئەگەر سىلەرنىڭ ئاتاڭلار، ئوغۇللىرىڭلار، قېرىنداشلىرىڭلار، خاتۇنلىرىڭلار، ئۇرۇق تۇغقانلىرىڭلار، ھەمدە ئۇلاردىن باشقىلار، تاپقان پۇل ماللىرىڭلار، ئاقماي قېلىشىدىن قورققان تىجارىتىڭلار، ياخشى كۆرىدىغان ئۆيلىرىڭلار سىلەر ئۈچۈن ئاللاھتىن، ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرىدىن ۋە ئاللاھ يولىدا جىھاد قىلىشتىنمۇ سۆيۈملۈك بولسا، ئۇ ھالدا سىلەر ئاللاھنىڭ ئازابىنى كۈتۈڭلار. ئاللاھ پاسىق قەۋمنى ھىدايەت قىلمايدۇ. » [سۈرە تەۋبە 24 ـ ئايەت] ئاللاھ تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: «پەيغەمبەر مۆمىنلەرگە ئۇلارنىڭ ئۆز جانلىرىدىنمۇ چارىدۇر. » [سۈرە ئەھزاب 6 ـ ئايەت]

مۇھەببەت ۋە سۆيگۈ، سۆيۈلگەن كىشىنىڭ گۈزەل ئەخلاقىنى، ئېسىل سۈپەتلىرىنى ۋە ھەممە تەرەپلىرىنى ئېنىق بىلىش بىلەن بولىدۇ. مەھبۇبى ھەققىدە مەلۇماتى ئاز كىشىنىڭ مۇھەببىتىمۇ يۈزەكى مۇھەببەت بولۇپ، چىن قەلبىدىن ئورۇن ئالمايدۇ. كىشى بىراۋنى ياخشى كۆرسە، ئۇنىڭ ساخاۋەتلىك بولغانلىقى ياكى شىجائەتلىك، قەھرىمان بولغانلىقى ياكى ياۋاش يۇمشاق بولغانلىقى ياكى كەمتەر بولغانلىقى ياكى بىلىملىك ئالىم بولغانلىقى ياكى كۆپ ئىبادەت قىلىدىغان سالىھ بولغانلىقى ئۈچۈن ياخشى كۆرىدۇ. يۇقىرىدىكى سۈپەتلەرنىڭ ھەممىسىنى ئەڭ مۇكەممەل دەرىجىدە ئۆزىگە مۇجەسسەم قىلغان زات ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى ھەقىقي مۇسۇلمان ئادەمنىڭ ھەر قانداق بىر مۇھەببەتنى بېسىپ چۈشىدىغان دەرىجىدە سۆيمەسلىكىنى تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولامدۇ؟! مۇسۇلمان ئادەم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ گۈزەل ئەخلاقىنى، ئېسىل سۈپەتلىرىنى، پاك كۆڭلىنى قانچىلىك كۆپ بىلسە، ئۇنىڭغا بولغان مۇھەببىتى، سۆيگۈسى، ئىخلاسى شۇنچىلىك كۈچلىنىدۇ ۋە قەلبى ئۇنىڭغا شۇنچىلىك كۈچلۈك باغلىنىدۇ. پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنى كۆپ ياد ئېتىپ ئۇنى تونۇغانسېرى ئۇنىڭ پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامغا بولغان مۇھەببىتى چوڭقۇرلىشىپ، تۆۋەندىكى ھەدىستە ئېيتىلغان ھەقىقى سۆيگۈ دەرىجىسىگە ئېرىشىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: «سىلەرنىڭ ھېچبىرىڭلار مېنى ئاتا ئانىسىدىن، بالا چاقىسىدىن ۋە باشقا بارلىق كىشىلىرىدىن بەكرەك ياخشى كۆرمىگىچە كامىل مۆمىن بولالمايدۇ. » دېمەك، پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنى سۆيۈش ئىمانىنىڭ كامىل بولۇشى ئۈچۈن زۆرۈر بولۇپ، سەل قاراشقا بولىدىغان ئارتۇقچە ئىش ئەمەس. بۇ مۇھەببەتنىڭ ھەقىقەتكە چىقىشى ئۈچۈن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى بارلىق تەرەپلىرى بىلەن بىلىش لازىم. شۇڭا پەيغەرمبەر ئەلەيھىسسالامنى تونۇش ھەر بىر مۇسۇلمانغا پەرزدۇر.

## 662-سوئال: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھاياتىنى ئۆگىنىش دىننى مۇداپىئە قىلىشنىڭ يولى

زامانىمىزدا دىن دۈشمەنلىرى ئۆز تەرەپتارلىرى بىلەن بىرلىشىپ ھەر تۈرلۈك ئۇسۇللار ئارقىلىق مۇسۇلمان ياش ئۆسمۈرلەرنىڭ ئەقىدىسىنى تەشۋىشكە سېلىپ، ھەقىقەتنى بورمىلاپ ئۇلارنى ئىسلامدىن يىراقلاشتۇرۇشقا ئۇرۇنىۋاتىدۇ. ئەمەلىيەتتە كۆپلىگەن ياشلارنىڭ ئىسلامغا بولغان چۈشەنچىسى ئاجىزلىشىپ، ھەر خىل يات پىكىرلەرنى ئۆزىلىرىگە ئۆزلەشتۈرمەكتە. بۇ ئەھۋال مۇسۇلمانلارنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى تونۇشى ۋە باشقىلارغا تونۇتۇشىنى پەرز قىلىدۇ. مۇسۇلمان ياشلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ كىشىلىكىنى، ئىنسانلارنى ئازغۇنلۇق ۋە جاھالەتنىڭ

قاراڭغۇلۇقلىرىدىن ئىمان ھىدايىتىنىڭ نۇرىغا، ئىنسانىي ئۆزىگە ئوخشاش ئىنسانغا چوقۇنۇشتىن ئازات قىلىپ، ئەقلىنى ۋە ئىقتىدارىنى ھۆرمەتلەيدىغان ئىسلامنىڭ داغدام يولىغا ئېلىپ چىقىش ئۈچۈن تارتقان جاپا مۇشەققەتلىرىنى، بۇ يولدا بېشىغا كەلگەن مىسلىسىز ئازاب ئوقۇبەتلەرگە قانداق بەرداشلىق بەرگەنلىكىنى، كىشىلەرنى ئاللاھنىڭ دىنىغا دەۋەت قىلىشتىن ئىبارەت ئۇلۇغۋار غايىسى ئۈچۈن دۇنيالىقىدىن پۈتۈنلەي ۋازكەچكەنلىكىنى، دۈشمەنلىرىگە قارشى يېڭىلمەس جاسارەت ۋە شىجائىتىنى، غەلىبە قىلغاندىن كېيىنكى كەڭ قورساق ۋە كەچۈرۈمچانلىقىنى، ئاللاھ تائالانىڭ ئەمرىگە خىلاپ كەلمەيدىغان ئىشلاردا ئۆزىگە كەلگەن ئەزىيەتلەرگە ھەرگىزمۇ ئاچچىقلانمايدىغانلىقىنى، ئاجىزلارغا، كەمبەغەللەرگە، كىچىك باللارغا ۋە ئاياللارغا چەكسىز مېھرىبانلىقىنى تونۇپ يېتىشكە ئىنتايىن موھتاج. چۈنكى بۇ مەلۇماتلار مۇسۇلمانلارنىڭ ئىمانىنى مۇستەھكەملەيدۇ ۋە ئۇلارنىڭ قەلبىنى غەپلەتتىن ئويغىتىپ ھەرىكەتكە كەلتۈرىدۇ. ئۆزلىرىنىڭ پەيغەمبىرىنى ھەر جەھەتتىن ياخشى تونىغان ياشلار دۈشمەنلەرنىڭ ھەر تۈرلۈك ئىغۋالىرى، پىتنە پاساتلىرى ۋە شەك شۈبھىلىرى ئالدىدا قىلچە تەۋرەنمەستىن دىنىدا مۇستەھكەم پۇت تىرەپ تۇرالايدۇ.

## 663-سوئال: مۇسۇلمانلارنىڭ ئۆز پەيغەمبىرىنىڭ ھاياتىنى بىلمەسلىكى چوڭ يېتەرسىزلىك

«ئەشھەدۇ ئەن لا ئىلاھە ئىللەللاھ ۋە ئەشھەدۇ ئەننە مۇھەممەدەن ئەبدۇھۇ ۋە رەسۇلۇھۇ» [ئاللاھتىن باشقا بەرھەق ئىلاھ يوقلىقىغا ۋە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاللاھنىڭ بەندىسى ۋە بەرھەق ئەلچىسى ئىكەنلىكىگە گۇۋاھلىق بېرىمەن] دېگەن شاھادەت كەلىمىسىنى دىلىدىن تەستىقلاپ، " مەن مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۈممىتىمەن " دەيدىغان ھەر بىر مۇسۇلمان سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىزنىڭ ئىش ئىزلىرىنى ئۆگىنىپ، ئۆزىنىڭ بارلىق ئىش ھەرىكەتلىرىنى ئۇنىڭ گۈزەل ئىش ئىزلىرى بىلەن بېزىشى كېرەك. شۇنداق قىلغاندىلا مۇسۇلمانلار ئۆزلىرىنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئۈممەت بولغانلىقىدىن پەخىرلىنىپ بېشىنى ئۇستۈن كۆتۈرەلەيدۇ. ئۆزىنىڭ بۇ ئۇلۇغ بۇ پەيغەمبەرگە ئۈممەت بولغانلىقىدىن ئىنتايىن سۆيۈنۈپ، خۇددى ئەھمەد يەسەۋىدەك «بۇ دۆلەت شان شەرەپ بىزگە يەتمەسمۇ، بىزنى مۇھەممەد ئۈممىتى قىلدى ئەمەسمۇ» دەيدىغان قانائەتكە كېلەلەيدۇ. لېكىن مۇسۇلمانلار ئامىسى بۇ ھەقىقەتلەردىن پۈتۈنلەي يىراق. دۇنيادا بىر يېرىم مىلياردقا يېقىن مۇسۇلمان بارلىقى مەلۇم. لېكىن ئەشۇ مۇسۇلمانلارنىڭ قانچە پىرسەنتى سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىنىڭ ھاياتىنى بىلىدۇ؟ قانچە پىرسەنتى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بىز ئۈممەت ئۈچۈن تارتقان جاپا مۇشەققەتلىرىنى ئېيتىپ بېرەلەيدۇ؟ بۇ سوئالنى بىزنىڭ

ئۇيغۇر مۇسۇلمانلىرىمىزدىن سورىساق ئەھۋال تېخىمۇ ئېچىنىشلىق بولىدۇ. قىسقىسى، مۇسۇلمانلارنىڭ ئەۋلادلىرى ھوللىۋۇد كىنو ئارتىسلىرىنىڭ، ياۋروپا توپچىلىرىنىڭ ئىسىملىرىنى بىر بىرلەپ ئېيتىپ بېرەلەيدۇ. لېكىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قانچە ئوغلى بار ئىدى؟ دەپ سورىسا، تۇرۇپ قالىدۇ. بۇ ھەقىقەتەن ئېچىنىشلىق ۋەزىيەت. تۈركلەرنىڭ باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى تۈركىيە جۇمھۇرىيىتىنىڭ قۇرغۇچىسى مۇستافا كامال ئاتاتۈركنى ۋە ئۇنىڭ پۈتۈن ئىش ئىزلىرىنى، پاكىستانلىق ئۆسمۈرلەر پاكىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتىنىڭ قۇرغۇچىسى قائىد ئەزەمنىڭ ھاياتىنى، ھىندىستانلىقلارنىڭ باللىرى گەندىنىڭ ئىش ئىزلىرىنى توختاپ قالماستىن يادىسىغا ئېيتىپ بېرەلىگەن يەردە، كائىناتنىڭ پەخرى، ئىنسانىيەتنىڭ ئىپتىخارلىق ئۈلگىسى بولغان ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ تەرجىمىھالىنى بىلمىسە بۇ ئېچىنىشلىق ئەمەسمۇ؟! ھازىرقى زاماندا مۇسۇلمانلارنىڭ بېشىغا كەلگەن مۇسىبەتلەرنىڭ ھەممىسىنى مۇسۇلمانلارنىڭ ئۆز پەيغەمبىرىنى ياخشى تونۇمىغانلىقىدىن كۆرۈش مۇبالىغە قىلغانلىق بولمىسا كېرەك. چۈنكى بۇ دىننى ئېلىپ كەلگەن ۋە ئۇنى تەلەبكە لايىق ھالدا ياشىتىپ ۋايىغا يەتكۈزگەن يولباشچىسىنى تونۇمىغان ئادەم بۇ دىننىڭ خاراكتېرىنى بىلمەيدۇ، ئۆزى ئېتىقاد قىلىۋاتقان دىنىنىڭ خاراكتېرىنى بىلمىگەن ئادەم ئۇنى تۇرمۇشىدا ياشىتالمايدۇ، دۇنيا ۋە ئاخىرەتلىك بەخت سائادىتىگە كېپىللىك قىلغان دىنىنى تۇرمۇشىدا ياشىتالمىغان ئادەمنىڭ بۇ دىننىڭ ياخشىلىقلىرىدىن مەھرۇم قېلىپ، بەخىسىزلىككە ئۇچرايدىغانلىقى ئېنىق.

### 664-سۇئال: مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ تەرجىمىھالىنى ئۆگىنىشكە ئەھمىيەت بېرىشنىڭ سەۋەبى

1. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ تەرجىمىھالى تارىخنىڭ ئەكسىچە، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ئەگىشىشنىڭ، ئۇنى ئۈلگە قىلىشنىڭ ۋاستىسىدۇر. مۇسۇلمانلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى پۈتۈن ئىشلىرىدا ئۈلگە قىلىشقا بۇيرۇلغان. ئۇنى ئۈلگە قىلىشنىڭ يولى ئۇنىڭ ھاياتىنى ۋە پۈتۈن ئىش ـ ئىزلىرىنى ئۆگىنىشتۇر. سىلەرگە ئاللاھنى، ئاخىرەت كۈنىنى ئۈمىد قىلغان ۋە ئاللاھنى كۆپ ياد ئەتكەنلەرگە رەسۇلۇللا ئەلۋەتتە ياخشى ئۈلگىدۇر.

2. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تەرجىمىھالىنى ئۆگىنىش قۇرئان كەرىمنى توغرا چۈشىنىشنىڭ يولى بولۇپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تەرجىمىھالى قۇرئان كەرىمنىڭ جانلىق تەرجىمىسىدۇر.

3. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تەرجىمىھالىنى ئۆگىنىش گۈزەل ئەخلاقلارنى ئۆگىنىشنىڭ يولىدۇر.

## 665-سۇئال: پەيغەمبەر ئەلەيھسسالامنىڭ نەسەبى

پەيغەمبەر ئەلەيھسسالامنىڭ نەسەبى ئۈچ قىسىمغا بۆلۈنىدۇ:

1. پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھسسالام ئابدۇللاھنىڭ ئوغلى، ئابدۇللاھ ئابدۇلمۇتەللىپ (ئەسلى ئىسمى شەيبە) نىڭ ئوغلى، ئابدۇلمۇتەللىپ ھاشىم (ئەسلى ئىسمى ئەمرى) نىڭ ئوغلىدۇر، ھاشىمنىڭ ئاتىسى ئابدۇماناف (ئەسلى ئىسمى مۇغىيرە) قۇسەي (ئەسلى ئىسمى زەيد)نىڭ ئوغلىدۇر، قۇسەي كىلابنىڭ ئوغلى، كىلاب مۇررەنىڭ ئوغلى، مۇررەنىڭ ئاتىسى كەئەب لوئەيىنىڭ ئوغلى، لوئەيىنىڭ ئاتىسى غالىب فىھرىنىڭ ئوغلىدۇر. فىھرى قۇرەيش دەپ ئاتالغان ۋە ئۇنىڭ جەمەتىمۇ شۇ نام بىلەن تونۇلغان. فىھرى مالىكنىڭ ئوغلى، مالىك نەزرى (ئەسلى ئىسمى قەيس)نىڭ ئوغلى، نەزرى كەنانەنىڭ ئوغلى، كەنانە خۇزەيمەنىڭ ئوغلى خۇزەيمە مۇدرىكە (ئەسلى ئىسمى ئامىر)نىڭ ئوغلى، مۇدرىكە ئىلياسنىڭ ئوغلى، ئىلياسنىڭ ئاتىسى موزەر نەزارنىڭ ئوغلى، نەزار مەئدىنىڭ ئوغلى مەئدى ئەدناننىڭ ئوغلىدۇر.

2. ئەدناننىڭ يۇقىرىسى: ئەدنان ئەددىنىڭ ئوغلى، ئەددى ھۇمەيسئەنىڭ ئوغلى، ھۇمەيسئە سىيلاماننىڭ ئوغلى، سىيلاماننىڭ ئاتىسى ئئۇەس بۇزنىڭ ئوغلى، بۇز قىمۇالنىڭ ئوغلى، قىمۇالنىڭ ئاتىسى ئۇبەي ئاۋامنىڭ ئوغلى، ئاۋام ناشىدنىڭ ئوغلى، ناشىد ھازانىڭ ئوغلى، ھازانىڭ ئاتىسى بەلداس يەدلافنىڭ ئوغلىدۇر، يەدلافنىڭ ئاتىسى تابىخ جاھىمنىڭ ئوغلى، جاھىم ماخىينىڭ ئوغلى، ماخى ئەيزنىڭ ئوغلى، ئەيز ئەبقەرنىڭ ئوغلى، ئەبقەر ئۇبەيدىنىڭ ئوغلى، ئۇبەيدە ئەدئانىڭ ئوغلى، ئەدئا ھەمداننىڭ ئوغلى، ھەمداننىڭ ئاتىسى سىبەر يەسرەبىنىڭ ئوغلى، يەسرەب يەھزۇننىڭ ئوغلى، يەھزۇن ئەرئەۋانىڭ ئوغلى، ئەرئەۋا ئەيزنىڭ ئوغلى، ئەيز دەيشاننىڭ ئوغلى، دەيشان ئەيسۇرنىڭ ئوغلى، ئەيسۇر ئەفنادنىڭ ئوغلى، ئەفناد ئەيھامنىڭ ئوغلى، ئەيھام مۇقسىرنىڭ ئوغلى ئۇناھسنىڭ ئوغلى، ناھس زارىھنىڭ ئوغلى، زارىھ سۇمەينىڭ ئوغلى، سۇمەي مەزيىنىڭ ئوغلى مەزيى ئئۇەزنىڭ ئوغلى، ئئۇەز ئارامنىڭ ئوغلى، ئارام قەيدارنىڭ ئوغلى، قەيدار ئىسمائىل ئەلەيھسسالامنىڭ ئوغلىدۇر.

3. ئىسمائىل (ئەلەيھسسالام)نىڭ يۇقىرىسى. ئىسمائىل (ئەلەيھسسالام) ئىبراھىم ئەلەيھسسالامنىڭ ئوغلى، ئىبراھىم ئەلەيھسسالام تارىخ (ئەسلى ئىسمى ئازار)نىڭ ئوغلى، تارىخ ناخورنىڭ ئوغلى، ناخور سارۇئ (ياكى ساروغ)نىڭ ئوغلى ساروغ رائونىڭ ئوغلى، رائو فالەخنىڭ ئوغلى، فالەخ ئابىرنىڭ ئوغلى، ئابىر شالەخنىڭ ئوغلى، شالەخ ئەرفەخشەدنىڭ ئوغلى، ئەرفەخشەد سامنىڭ ئوغلى، سام نۇھ ئەلەيھسسالامنىڭ ئوغلىدۇر، نۇھ ئەلەيھسسالام لامىكنىڭ ئوغلى، لامىك

مۇتەۋەشلىخنىڭ ئوغلى، مۇتەۋەشلىخ ئوخنوخنىڭ ئوغلىدۇر. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئوخنوخ ئىدرىس ئەلەيھىسسالام ئىكەن. ئوخنوخنىڭ ئاتىسى بارىد مەھلائىلنىڭ ئوغلى، مەھلائىل قەينانىنىڭ ئوغلى، قەينان ئانوشەنىڭ ئوغلى، ئانوشە شىس ئەلەيھىسسالامنىڭ ئوغلى، شىس ئەلەيھىسسالام ئادەم ئاتانىڭ ئوغلىدۇر.

## 666-سوئال: رەسۇلۇللاھنىڭ بالىلىق مەزگىلىدىكى ھاياتى

جىمى پەيغەمبەرلەرنىڭ سەردارى سەييىدىمىز مۇھەممەدۇن سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئىران شاھى نوشىرۋان ھاكىمىيىتىنىڭ 40 - يىلى، مەككىدە يۈز بەرگەن پىل ۋەقەسىنىڭ 1 - يىلى، رەبىئۇلئەۋۋەل (3 - ئاي) نىڭ 9 - كۈنى سەھەردە مەككىدىكى بەنى ھاشىم كوچىسىدا يورۇق دۇنياغا كۆز ئاچتى. بۇ ئاي ۋە كۈنلەر مىلادىيە 571 - يىلى 4 - ئاينىڭ 20 - كۈنى ياكى 22 - كۈنگە توغرا كېلىدىكەن.

رەسۇلۇللاھ تۇغۇلغان ھامان بوۋىسى ئابدۇلمۇتەللىپكە خەۋەر قىلىندى. ئابدۇلمۇتەللىپ ئىنتايىن خۇشال بولغان ھالدا كېلىپ ئۇ (رەسۇلۇللاھ)نى كەئبىنىڭ ئىچىگە ئېلىپ كىردى. ئۇ كەئبە ئىچىدە ئاللاھقا دۇئا قىلدى ۋە شۈكرى سانا ئېيتتى ۋە «مۇھەممەد» دېگەن ئىسمنى تاللاپ ئات قويدى (بۇ ئىسىم ئەرەبلەردە يوق دېيەرلىك ئىسىم ئىدى) ۋە ئەرەبلەرنىڭ ئادىتى بويىچە يەتتىنچى كۈنى خەتنە قىلدۇرۇۋەتتى.

رەسۇلۇللاھنى (ئۆز ئانىسىدىن قالسا) تۇنجى بولۇپ ئېمىتكەن ئىنىك ئانا ئەبۇ لەھەبنىڭ ئازادگەردە(ئازاد قىلىۋەتكەن) دېدىكى سۇۋەيبە بولدى. ھەلىمە رەسۇلۇللاھنى ئېمىتىپ بېرىشكە ئالغاندىن كېيىن، ئاجايىپ - غارايىپ بەرىكەتلەرنى كۆرگەن. رەسۇلۇللاھ 4 - 5 ياشلارغا كىرىۋىدى، ئۇشتۇمتۇت ئۇنىڭ كۆكرىكى يېرىلىش ۋەقەسى يۈز بەردى. رەسۇلۇللاھ بىر كۈنى بالىلار بىلەن ئويناۋاتاتتى، جىبرىئىل (ئەلەيھىسسالام) كېلىپ رەسۇلۇللاھنى تۇتقانچە يېقىتتى ۋە كۆكرىكىنى يېرىپ يۈرىكىنى سىرتقا ئالدى ۋە ئۇنىڭدىن كاللەك لەختە قانلارنى چىقىرىپ تاشلىۋېتىپ: «بۇ سەندىكى شەيتاننىڭ نېسىۋىسى ئىدى»، دېدى. ئاندىن ئۇنى ئالتۇن داسقا سېلىپ، زەمزەم سۈيى بىلەن يۇغاندىن كېيىن ئۆز جايىغا قايتۇرۇپ ھىملىۋەتتى. بۇنى كۆرگەن بالىلار رەسۇلۇللاھنىڭ (ئىنىك) ئانىسىنىڭ قېشىغا يۈگۈرۈشۈپ كېلىپ: «مۇھەممەدنى بىرسى ئۆلتۈرۈۋەتتى»، دەپ خەۋەر قىلىشتى. ئۇلار ئۇچقاندەك يۈگۈرۈشۈپ كەلسە، رەسۇلۇللاھ ئالىقاچان ھوشىدىن كەتكەن ھالدا رەڭگى - رويى ساماندەك سارغىيىپ ياتاتتى.

مۇشۇ ۋەقەدىن كېيىن ھەلىمە رەسۇلۇللاھنىڭ كۆتۈلمىگەن ھادىسىگە ئۇچراپ قېلىپ، ئانىسى ئالدىدا يۈز كېلەلمەسلىكىدىن ئەنسىرەپ، مەككىگە ئەكىرىپ

ئانىسىغا تاپشۇرۇپ بەردى. شۇنىڭ بىلەن رەسۇلۇللاھ ئالتە ياشقا كىرگەنگە قەدەر ئانىسىنىڭ تەربىيىسىدە بولدى. شۇ كۈنلەردە رەسۇلۇللاھنىڭ ئانىسى ئامىنە ئاخىرەتكە سەپەر قىلغان مەرھۇم ئېرىنىڭ روھىنى ئەسلەپ ئۇنىڭ يەسرەبتىكى تۇپراق بېشىنى زىيارەت قىلىپ كەلمەكچى بولدى. شۇڭا، ئۇ يېتىم ئوغلى (مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام)نى ۋە دېدىكى ئۇممۇ ئەيمەننى ئۆزىگە ھەمراھ قىلىپ 500 كىلومېتىردەك مۇساپىنى نىشانلاپ مەككىدىن يولغا چىقتى. ئابدۇلمۇتەللىپمۇ بۇ دىلى سۇنۇق كېلىنىگە مەھرەم بولۇپ بىرگە چىققاندى. ئامىنە مەدىنىدە بىر ئاي تۇرغاندىن كېيىن قايتىش تەرەددۇتىدا تۇرغاندا، ئۇنىڭغا ئۇشتۇمتۇت ئېغىر كېسەل تەگدى. ئۇ يولغا چىققاندىن كېيىن، كېسىلى بارغانسېرى ئېغىرلاپ مەككە بىلەن مەدىنە ئارىلىقىدىكى ئەبۋا دېگەن يەرگە كەلگەندە ئاخىرى بولالماي ئۆلۈپ كەتتى. ئامىنەنى ئەبۋاغا دەپنە قىلىپ قويغاندىن كېيىن، ئابدۇلمۇتەللىپ رەسۇلۇللاھنى ئېلىپ مەككىگە قايتىپ كەلدى. ئۇنىڭ كۆڭلىدە قەلب جاراھىتى قايتا يېڭىلانغان بۇ مۇسىبەتدار نەۋرىسىگە نىسبەتەن ھېسداشلىق ۋە ئىچ ئاغرىتىش تۇيغۇسى ھەسسىلەپ ئاشماقتا ئىدى، شۇڭا ئۇ ئوغۇللىرىنىڭ ھېچقايسىسىغا كۆرسەتمىگەن ئىللىقلىقنى مۇشۇ نەۋرىسىگە يەتكۈزەتتى ۋە ئۇنى پېشانىسىگە پۈتۈلگەن يالغۇزلۇقىغا تاشلىۋەتمەستىن، بەلكى ھەممە بالىلىرىدىن يۇقىرى ئورۇنغا قوياتتى. رەسۇلۇللاھ سەككىز ياشقا كىرىپ ئىككى ئاي ئون كۈن توشۇۋىدى، بوۋىسى ئابدۇلمۇتەللىپ مەككىدە ئالەمدىن ئۆتتى ۋە جان ئۈزۈش ئالدىدا بۇ نەۋرىسىگە ئۇنىڭ دادىسىنىڭ قان قېرىندىشى ئەبۇ تالىبنىڭ كېپىل بولۇشىنى تەۋسىيە قىلىپ كۆز يۇمدى. ئەبۇ تالىب ئۆز قېرىندىشىنىڭ ئوغلىنىڭ ھەققىنى ھەقىقىي رەۋىشتە ئادا قىلدى. ئەبۇ تالىب ئۇنى ئۆز بالىلىرىغا قوشۇۋالدى. بەلكى تېخى ئۇنى ئۆز بالىلىرىدىنمۇ چارىراق كۆردى. ئۇ رەسۇلۇللاھنى ئالاھىدە ھۆرمەتلەيتتى ۋە قەدىرلەيتتى. 40 يىلدىن كۆپرەك ۋاقىتتا رەسۇلۇللاھنىڭ پىشنى كۆتۈرۈپ ۋە ئۇنىڭغا ھىمايە تونىنى يېپىپ، باشقىلار بىلەن رەسۇلۇللاھ ئۈچۈن دوستلىشىپ، رەسۇلۇللاھ ئۈچۈن ئاداۋەتلىشىپ كەلدى.

### 667ـ سوئال: رەسۇلۇللاھنىڭ شامغا قىلغان تىجارەت سەپىرى

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام 12 ياشقا كىرگەندە ئەبۇ تالىب ئۇنى شامغا تىجارەتكە بىللە ئېلىپ چىقىپ، بۇسرا دېگەن جايغىچە ئاپاردى ۋە بۇ شەھەردە بۇھەيرا نامى بىلەن مەشھۇر جىرجىس ئىسىملىك بىر راھىب بار ئىدى. تىجارەت كارۋىنى شەھەرگە چۈشكەندىن كېيىن راھىب كارۋاننىڭ ئالدىغا چىقىپ كۈتۈۋالدى، ئۇنىڭدىن ئىلگىرى بۇ راھىب تالا ـ تۈزلەرگە ئانچە چىقىپ قالمايتتى، ئۇ كاۋاندىكىلەرنى ئارىلاپ يۈرۈپ رەسۇلۇللاھقا سەپسېلىپ قارىدى ۋە ئۇنى ئۆزىنىڭ كىتابىدىكى تونۇشتۇرۇشلىرىغا

سېلىشتۇرۇپ تونۇۋالغاندىن كېيىن، رەسۇلۇللاھنىڭ قولىنى چىڭ سىقىپ تۇرۇپ: «بۇ (بالا) پۈتۈن ئالەملەرنىڭ خوجىسىدۇر. بۇنى ئاللاھ ئادەملەرگە پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتىدۇ»، دېدى. ئەبۇ تالىب: «بۇنى قانداق بىلىسەن؟» دېۋىدى، راھىب: «سىلەر داۋاندىن ئاشقاندىن تارتىپ بىرمۇ تاش ـ تىكەن قالماي ھەممىسى سەجدىگە باش قويدى، بۇنداق مەرتىۋە پەقەت پەيغەمبەرگىلا ئىلتىپات قىلىنىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە مەن ئۇنى قولىنىڭ ئوخرەك كۆمۈرچىكىنىڭ ئاستىدىكى پەيغەمبەرلىك مۆھۈرىدىن تونۇۋالدىم. بىزنىڭ كىتابلىرىمىزدا ئەنە شۇنداق تونۇشتۇرۇلغان»، دېدى ۋە ئەبۇ تالىبتىن رەسۇلۇللاھنى شامغا ئاپارماسلىقنى، ئۇنىڭغا يەھۇدىيلاردىن ھېزىي بولۇشنى ئۆتۈندى. شۇنىڭ بىلەن ئەبۇ تالىب رەسۇلۇللاھقا چاكارلىرىدىن بىرنى قېتىپ مەككىگە يولغا سېلىۋەتتى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ياشلىق دەۋرىنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە بىرەر كەسىپ ۋەياكى مۇقىم بىر ھۈنەر بىلەن شۇغۇللانغان ئەمەس، بىراق ئۇنىڭ بالىلىق دەۋرىدە بەنى سەئەد قەبىلىسىدە، كېيىنچە مەككىدە بىر قانچە قىرات پۇلغا ئىجارىگە قوي بېقىپ بەرگەنلىكى تۇغرىسىدا ھەدىس بار. ئۇ 25 ياشقا كىرگەندە خەدىچە (خۇۋەيلىدنىڭ قىزى)نىڭ مېلى بىلەن شامغا تىجارەتكە چىققان. ئىبنى ئىسھاق مۇنداق دەيدۇ: «خەدىچە بىنتى خۇۋەيلىد مەككە تەۋەسىدە يۇقىرى ئابرۇيغا ئىگە زەردار خوتۇن ئىدى. ئۇ تىجارەتكە ئېپى بار كىشىلەرنى ياللاپ ئىشلىتەتتى ۋە شېرىك تىجارەتمۇ قىلاتتى، دېمىسىمۇ قۇرەيشلەر ئومۇمىيۈزلۈك تىجارەت بىلەن تۇرمۇش كەچۈرىدىغان خەلق ئىدى. بۇ ئايال رەسۇلۇللاھنىڭ راستچىل، سەممىي، ئاق كۆڭۈل ۋە ئېسىل ئەخلاقلىق كىشى ئىكەنلىكىنى ئاڭلاپ، ئۇنىڭغا ئادەم ئەۋەتتى ۋە: «ئۆزىنىڭ چاكىرى مەيسەر بىلەن شامغا مال ئاچىقىپ سودا ـ سېتىق قىلىپ كىرسە، ئۇنىڭغا باشقىلارغا بەرگەندىن كۆپرەك ھەق بەرسەم»، دېگەن تەكلىپنى بەردى. شۇنىڭ بىلەن رەسۇلۇللاھ بۇ ئايالنىڭ تەكلىپنى قوبۇل قىلىپ، ئۇنىڭ مەيسەر ئىسىملىك چاكىرى بىلەن نۇرغۇن مال ـ مۈلۈكلىرىنى ئېلىپ تىجارەت بىلەن شامغىچە بېرىپ كەلدى.

**668-سۇئال: رەسۇلۇللاھنىڭ خەدىچە رەزىيەللاھۇ ئەنھاغا ئۆيلىنىشى**

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام شام سەپىرىدىن قايتىپ كېلىۋىدى خەدىچە ئەۋەتكەن ماللىرىنىڭ ئالدىنقى قېتىمدىكىلەرگە قارىغاندا ھەم بىخەتەر ھەم پايدىسى كۆپ بولغانلىقىنى كۆرۈپ ۋە رەسۇلۇللاھقا قېتىپ قويغان چاكىرى مەيسەرەدىن يول بويى رەسۇلۇللاھتىن سەزگەن خۇشخۇي مىجەزلىك، گۈزەل ئەخلاقلىق، پىكرى ئۆتكۈر، گەپ ـ سۆزى ئورۇنلۇق ۋە توغرا يول تاللاشتەك ئالىي جاناپ پەزىلەتتى ۋە پەۋقۇلئاددە ئىقتىدار ئىگىسى ئىكەنلىكىنى ئاڭلاپ، گويا ئۆزۈندىن بىرى يوقىتىپ قويغان

نەرسىسنى توساتتىن تېپىۋالغانىدەكلا بولۇپ قالدى ۋە بىر خىل شېرىن ئوي خىيالغا پاتتى، شۇڭا ئۇ كۆڭلىدىكى بۇ ئويىنى يېقىن دوستى نەفىسە بىنتى مەنيىگە ئېيتتى. نەفسە كېلىپ رەسۇلۇللاھقا خەدىچە بىلەن تۇرمۇش قۇرۇش توغرىسىدا گەپ ئاچتى، رەسۇلۇللاھ بۇنىڭغا قوشۇلىدىغانلىقىنى ئېيتتى ۋە تاغىلىرىنى خەۋەرلەندۈردى. شۇنىڭ بىلەن رەسۇلۇللاھنىڭ تاغىلىرى خەدىچىنىڭ تاغىلىرى يېنىغا بېرىپ خېرىدارلىق قىلدى. ئارقىدىنلا توي مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلدى. مۇراسىمغا بەنى ھاشىم جەمەتى ۋە مۇزەر جەمەتى ئايمىقىنىڭ كاتتىلىرى ھەممىسى قاتناشتى. توي رەسۇلۇللاھ شامدىن قايتىپ كېلىپ ئىككى ئايدىن كېيىن ئۆتكۈزۈلگەنىدى. رەسۇلۇللاھ يىگىرمە تۆگىنى تويلۇق مەھرىگە ئاتىدى. بۇ چاغدا خەدىچە 40 ياشلار چامىسىدا بولۇپ ئۆز قەۋمى جامائىتىنىڭ ئاياللىرى ئارىسىدا ئېسىل نەسەب، ئىقتىسادىي ئەھۋال ۋە ئەقىل - پاراسەت جەھەتتە ھەممىدىن ئۈستۈن تۇرىدىغان خوتۇن ئىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ رەسۇلۇللاھنىڭ تۇنجى نىكاھىغا ئالغان ئايالى بولۇپ قالدى ۋە تاكى خەدىچە ئالەمدىن ئۆتكەنگە قەدەر رەسۇلۇللاھ ئۇنىڭ ئۈستىگە يەنە بىر خوتۇن ئېلىپ قوش نىكاھلىق بولمىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بالىلىرىنىڭ ئىبراھىمدىن باشقىسى خەدىچىدىن دۇنياغا كەلگەن. خەدىچە ئاۋۋال رەسۇلۇللاھقا قاسىم دېگەن ئوغلىنى تۇغۇپ بەرگەنىدى. (پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئاشۇ بالىسىنىڭ ئىسمى بىلەن «ئەبۇلقاسىم» دەپ تەخەللۇس قوللانغان ئىدى) ئاندىن كېيىن، زەينەب، رۇقىيە، ئۇممى كۇلسۇم، فاتىمە ۋە ئابدۇللاھنى تۇغۇپ بەردى. ئابدۇللاھ «تەييىب» (ئوبدان، بەلەن) ۋە «تاھىر» (پاكىز) دەپ ئاتىلاتتى. ئوغۇللىرىنىڭ ھەممىسى كىچىك ھالىتىدە ئۆلۈپ كەتكەن. ئەمما قىز پەرزەنتلىرى ئىسلام دەۋرىگە مۇشەررەف بولغان ۋە مۇسۇلمان بولغان بولۇپ، باشقا مۇسۇلمانلار بىلەن بىللە ھىجرەت قىلغان، ئەپسۇسكى ئۇلارنىڭ ھەممىسى رەسۇلۇللاھنىڭ ھايات ۋاقتىدىلا ئالەمدىن كېتىپ قالدى، پەقەت فاتىمىلا رەسۇلۇللاھتىن قېلىپ ئالتە ئايدىن كېيىن ئۆلۈپ كەتتى.

## 669 ـ سوئال: كەئبىنىڭ ئىسلاھ قىلىنىشى ۋە ياراشتۇرۇش مەسىلىسى

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام 35 ياشقا كىرگەن يىلى قۇرەيشلەر كەئبىنى يېڭىلاپ سالماقچى بولدى. چۈنكى ئۇ ئىسمائىل ئەلەيھىسسالامنىڭ زامانىدىن تارتىپ ئۈستى ئوچۇق، ئادەم بويىدىن ئېگىزرەك، تەخمىنەن توققۇز گەز ئېگىزلىكتە قوپۇرۇپ قوپۇلغان بولغاچقا، كۆپ قېتىم ئوغرى ـ يالغانلار ئۇنىڭ ئىچىدىكى مال ـ مۈلۈكلەرگە سوغۇق قول تەگكۈزۈش ئەھۋاللىرى كۆرۈلگەن ئىدى، شۇنىڭ بىلەن بىللە يەنە كەئبە قەدىمىي قورۇلۇش بولغاچقا، كەلكۈن ۋە بوران ـ چاپقۇن قاتارلىق تەبىئىي ئاپەتلەرنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچراپ، ھەر جەھەتتىن كونىراپ، تاملىرى چاك كېتىشكە باشلىغان، بولۇپمۇ مۇشۇ

يىلى مەككىدە چوڭ كەلكۈن ئاپەتى يۈز بېرىپ، كەلكۈن كەئبىگە ئۇدۇل كېلىپ ئۇسكەن بولغاچقا، كەئبە يېقىلىپ چۈشكىلى تاسلا قالدى. شۇڭا قۇرەيشلەر كەئبىنىڭ كىشىلەر قەلبىدىكى ئورنىنى كۆزدە تۇتۇپ، ئۇنى يېڭىلاپ سېلىشقا بەل باغلىدى ۋە ئۇنىڭ قۇرۇلۇشىغا هالال يول بىلەن تاپقان ماللارنى سەرپ قىلىش، زىنا، هارام، جازانەخورلۇق ۋە كىشىلەرگە زۇلۇم سېلىش يولى بىلەن قولغا كەلگەن ماللارنى قەتئىي يېقىن كەلتۈرمەسلىككە كېلىشتى. ئۇلار كەئبىنى يىقىشتىن ئەيمىنىپ، هېچكىم ئاۋۋال قول تەگكۈزۈشكە ئۇنىمىدى. ئاخىرى بولماي بەنى مەخزۇم جەمەتىدىن ۋەلىد ئىبنى مۇغىيرە دەسلەپ قىلىپ يىقىتىشنى باشلاپ بەردى. ئاندىن ئۇنىڭ غەيرى ئەهۋالغا يولۇقمىغانلىقىنى كۆرۈپ باشقىلارمۇ يىقىتىشقا كىرىشتى، شۇنداق قىلىپ ئۇلار كەئبىنى ئاخىرى ئىبراهىم ئەلەيهىسسالام تۇتقان هۇلغىچە يىقتى، ئاندىن قۇرۇلۇشقا تۇتۇش قىلىپ، كەئبە تاملىرىنى بۆلۈشۈپ قەبىلىلەر ئارا ئايرىۋېلىشتى. نەتىجىدە هەر بىر قەبىلە ئايرىم - ئايرىم تاش يىغىپ قۇرۇلۇش قىلىشقا كىرىشتى. قۇرۇلۇشنىڭ تېخنىك ئىشلىرىنى رۇملۇق «باقۇم» ئىسىملىك بىر قۇرۇلۇشچى باشقۇردى، قۇرۇلۇشنىڭ تېمى كۆتۈرۈلۈپ «هەجەرۇلئەسۋەد» نىڭ ئورنىغا چىققۇدى ئۇلار «هەجەرۇلئەسۋەد» نى ئۆز ئورنىغا ئېلىپ قويۇش شەرىپىنى تالىشىپ ئىختىلاپلىشىپ قالدى، تالاش - تارتىش تۆت كۈن داۋاملىشىپ يۇقىرى پەللىگە كۆتۈرۈلدى. هەتتا قانلىق توقۇنۇشقا ئايلىنىپ هەرەم زېمىنىنى بۇلغىغلى تاسلا قالدى، بىراق مەخزۇم جەمەتىدىن ئەبۇ ئۇمەييە ئىبنى مۇغىيرە ئۇلار ئىختىلاپلىشىۋاتقان كۈنلەرنىڭ بىرىدە: «هازىر مۇشۇ هالەتتە مەسجىد دەرۋازىسىدىن كىم بىرىنچى بولۇپ كىرسە، ئاشۇ ئايرىپ قويسا قانداق؟» دېگەن تەكلىپنى ئېيتتۇدى، بۇنىڭغا هەممەيلەن قوشۇلدى. ئاللاهنىڭ ئىرادىسى شۇنداق بولسا كېرەك، مەسجىد دەرۋازىسىدىن تۇنجى بولۇپ كىرىدىغان كىشىنىڭ مۇهەممەد ئەلەيهىسسالام بولۇپ قېلىشىنى كىممۇ بىلسۇن؟! ئۇلار پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالامنى كۆرۈپ: «بۇ دېگەن ئەمىن، ئۇنىڭغا بىز رازى، ... هوي مۇهەممەد كەلدى»، دەپ توۋلىشىپ كەتتى. پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام ئۇلارنىڭ يېنىغا كېلىپ، ئەهۋالنى ئۇققاندىن كېيىن بىر دانە «رىدا» نى تاپتىدە، «هەجەرۇلئەسۋەد» نى ئۇنىڭ ئوتتۇرىسىغا قويدى، ئاندىن تالاش - تارتىش قىلىشۋاتقان قەبىلىلەرنىڭ باشلىقلىرىنى رىدانىڭ ئەتراپىنى تۇتقۇزۇپ كۆتۈرۈشكە بۇيرۇدى. ئۇلار ناهايىتى رازىمەنلىك ئىلكىدە «هەجەرۇلئەسۋەد» نى ئەسلى ئورنىغا ئاپاردى، پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام ئۇنى ئۆز قولى بىلەن هازىرقى جايىغا ئېلىپ قويدى. مۇشۇنداق قىلىپ مەسىلە جامائەتچىلىكنىڭ كۆڭلىدىكىدەك هەل بولدى.

قۇرۇلۇش داۋامىدا قۇرەيشلەر توپلىغان پاكىز مەبلەغ كەملەپ قالغاچقا، ئۇلار

كەئبىنىڭ شىمالىي تەرىپىدىن ئالتە گەزدەك يەرنى تامنىڭ سىرتىدا تاشلاپ قويۇشتى (بۇ يەر ھىجرى توساق، ۋە ھەتىم، سوقما تام دەپ ئاتالدى) ۋە كىشىلەرنىڭ خالىغانچە كىرىپ چىقىپ يۈرمەسلىكى ئۈچۈن كەئبە بىناسىنىڭ دەرۋازىسىنى يەردىن ئۈستىن قىلىپ ئورنىتىشتى ۋە قۇرۇلۇشنىڭ ئېگىزلىكى 15 گەزگە يېتىۋىدى، ئىچىگە ئالتە تۈۋرۈك ئورنىتىپ ئۈستىنى ياپتى. شۇنىڭ بىلەن كەئبە تەخمىنەن 15 گەز ئېگىزلىكتە تىك تۆت بۇلۇڭ شەكىلدە پۈتۈپ چىقتى. «ھەجەرۇلئەسۋەد» ئورۇنلاشتۇرۇلغان تام بىلەن ئۇنىڭ قارشى تەرىپىدىكى تامنىڭ ئۇزۇنلۇقى 10 مېتىردىن بولدى. «ھەجەرۇلئەسۋەد» تاۋاپگاھ زېمىنىدىن بىر مېتىر 50 سانتىمېتىر ئېگىزگە ئورۇنلاشتۇرۇلدى ۋە دەرۋازا ئورنىتىلغان تام بىلەن ئۇنىڭ كەينىدىكى تامنىڭ ئۇزۇنلۇقى 12 مېتىردىن پۈتۈپ چىقتى. دەرۋازا يەر يۈزىدىن ئىككى مېتىر ئېگىزلىككە بېكىتىلدى، بىنانىڭ سىرتىدىن تۆۋەنكى تەرىپىنىڭ ئېگىزلىكى 25 سانتىمېتىر، كەڭلىكى 30 سانتىمېتىر كېلىدىغان بىنا ھۇلى پەشتىقى ئوراپ تۇردى، بۇ جاي ھازىر «شازىرۋان» (يەنى پەنجىرە) دەپ ئاتىلىدۇ، بۇمۇ ھەم بەيتۇللاھنىڭ ئەسلى ھۇلى ئىدى. لېكىن، قۇرەيشلەر ئۇ يەرنى تاشلاپ قويۇپ بىنا تېمىنى نېپىزرەك قىلىپ ئىشلىگەن.

## 670-سۇئال: ھىرا ئۆڭكۈرى

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېشى 40 قا يېقىنلاشقانسىرى، ئۇنىڭ ئۆتكەنكى ئوي - پىكىرلىرى ئۇنىڭ بىلەن قەۋمى ئوتتۇرىسىدىكى مەنىۋىي ھاڭنى چوڭايتىۋەتكەنىدى، ئۇ مۇشۇ كۈنلەردە كۆپ ھاللاردا يالغۇزلۇقنى خالايدىغان بولۇپ قالغانىدى. شۇڭا ئۇ سۇ ۋە تالقان قاتارلىق لازىمەتلىكلەرنى ئېلىپ مەككىدىن ئىككى مىل (تەخمىنەن ئۈچ كېلومېتىر) يىراقلىقتىكى نۇر تېغىغا جايلاشقان ھىرا ئۆڭكۈرىگە چىقىپ كېتەتتى. ئۇنىڭ ئائىلىسىمۇ ئۇنىڭغا يېقىن بىر يەردە تۇراتتى. رەسۇلۇللاھ ھېلىقى ئۆڭكۈردە رامىزان ئېيىدا بىر ئاي تۇرۇپ ئۆتكەن - كەچكەن ئاجىز مىسكىنلەرگە ئاش - تاماق بېرىش، ئىستىقامەت قىلىش ۋە ئەتراپىدىكى كائىناتنىڭ دەلىل - پاكىتلىرىغا ۋە كائىنات ئارقىسىدىكى ياراتقۇچىنىڭ زور كۈچ قۇدرىتىگە تەپەككۈر يۈرگۈزۈش بىلەن ۋاقتىنى ئۆتكۈزەتتى. ئاللاھ ئۇنىڭغا بۇ خىلۋەت خۇمارلىقنى پەيغەمبەرلىككە تەكلىپ قىلىشتىن ئۈچ يىل ئىلگىرىسىدىن باشلاپ سالغانىدى. ئۇ بۇ بىر ئايلىق يالغۇزلۇق ھالىتىدە مەۋجۇدىيەت روھى بىلەن ئەركىن ئازادە پەرۋاز قىلىپ، ئاللاھ ئىزنى قىلسا ئاشۇ غەيبى ئالەم بىلەن باردى - كەلدى قىلىش ئوڭاي بولسۇن ئۈچۈن، مۇشۇ دۇنيانىڭ كەينىدىكى غايىب ئالەم ھەققىدە كەڭ كۆلەمدە تەپەككۈر - مۇلاھىزە يۈرگۈزەتتى.

## 671-سوئال: جىبرىئىل ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋەھى ئېلىپ كېلىشى

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېشى 40 قا توشۇۋىدى، پەيغەمبەرلىك ئالدىن بېشارەتلىرى رەسۇلۇللاھنىڭ ھايات سەھىپىلىرىنىڭ ھەر قايسى بەتلىرىدە غىل - پال كۆزگە چېلىقىشقا باشلىدى ۋە بۇ بېشارەتلەر ئاۋال راست چۈشلەردىن باشلاندى. شۇڭا ئۇ چۈش كۆرسىلا گويا تاڭ نۇرىدەك روشەن، ئېنىق كۆرەتتى. بۇ ھالەت ئالتە ئايدەك داۋاملاشتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئارىلاپ - ئارىلاپ ھىيرا ئۆڭكۈرىدە خىلۋەتتە تۇرۇۋاتقان مەزگىلىنىڭ ئۈچىنچى يىلى رامىزان ئېيىدا ئاللاھ يەر شارى ئاھالىسىنى ئۆز رەھمىتى بىلەن تارتۇقلاشنى ئىرادە قىلدى چېغى، ئۇ رەسۇلۇللاھقا پەيغەمبەرلىكنى ۋەھيى قىلدى ۋە جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام ئارقىلىق ئۇنىڭغا قۇرئاندىن بىر قانچە ئايەتنى نازىل قىلدى. مۇناسىۋەتلىك ماتېرىياللارغا نەزەر سېلىپ كۆرگىنىمىزدە، بۇ ۋاقىتنى رامىزاننىڭ 21 - كۈنى دۈشەنبە كېچە ئىدى، دەپ بېكىتىشكە بولىدۇ. بۇ مىلادىيە 601 - يىلى 8 - ئاينىڭ 10 - كۈنىگە توغرا كېلىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېشى شۇ ۋاقىتتا قەمەرىيە كالىندارى بويىچە 40 ياشقا توشۇپ ئالتە ئاي 12 كۈن ئاشقانىدى. شەمسىيە كالىندارى بويىچە 39 ياشتىن 3 ئاي 12 كۈن ئاشقان بولىدۇ.

بۇ قېتىم رەسۇلۇللاھ ھېلىقى غاردىكى ئىستىقامىتىنى ئاياغلاشتۇرۇپ مەككىگە قايتىپ كېلىۋىدى، ئۇنى ۋەرەقە ئىزلەپ كەلدى ۋە ئۇنىڭ ئاغزىدىن بەزى ئەھۋاللارنى ئاڭلاپ: «ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، سىز چوقۇم مۇشۇ ئۇممەتنىڭ پەيغەمبىرى بولغۇدەكسىز، سىزگە مۇسا ئەلەيھىسسالامغا كەلگەن شەرىئەت كەپتۇ»، دېدى.

## 672-سوئال: ئىلاھى چاقىرىق

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئاللاھ تائالادىن «ئى (ۋەھيي نازىل بولغان چاغدا) كىيىمگە چۈمكىلىۋالغۇچى (پەيغەمبەر!) تۇر! ئىنسانلارنى ئاللاھنىڭ ئازابىدىن ئاگاھلاندۇر. پەرۋەردىگارىڭنى ئۇلۇغلا، كىيىمڭنى پاك تۇت. ئازابتىن (يەنى ئازابقا دۇچار قىلىدىغان ئىشلاردىن) يىراق بول. كۆپ ئېلىش نىيىتىدە بەرمە (يەنى كىشىگە بىرەر نەرسە سوۋغا قىلساڭ، ئۇنىڭدىن كۆپرەك ئېلىشنى تەمە قىلما)، پەرۋەردىگارىڭ ئۈچۈن (قەۋمىڭدىن يەتكەن ئەزىيەتلەرگە) سەبرى قىل»، دېگەن مەزمۇندا بىر نەچچە ئىلاھيي چاقىرىقلارنى تاپشۇرۇۋالدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ بۇيرۇققا بىنائەن ئورنىدىن دەس تۇردى، ئۇ شۇ تۇرغانچە 20 يىلدىن كۆپرەك ۋاقىت ئىزچىل مۇستەھكەم، سابىت بەرقەدەم تۇردى. ئۇھ...، دەپ راھەت سېغىنىپ ئولتۇرمىدى. ھېرىپ توختاپ قالمىدى. ئەمدى بولدى قىلاي دېمىدى، ئۆز شەخسىيتى ۋە ياكى ئائىلە تاۋابىئاتلىرى ئۈچۈنلا ياشىمىدى. ئۇ يەر شارىدىكى ئەڭ ئېغىر يۈك، چوڭ

ئامەنەت يۈكىنى، ئىنسانىيەتنىڭ ئەقىدە يۈكىنى ۋە ھەر قايسى مەيدانلاردىكى جەڭ ۋە جىھاد يۈكىنى ئۆز زىممىسىگە ئېلىپ ھارماي ـ تالماي ئىزچىل ئاللاھنىڭ دىنىغا دەۋەت قىلىپ 20 يىلدىن كۆپرەك ھاياتىنى كۈرەش مەيدانىدا ئۆتكۈزدى.

## 673 ـ سۇئال: دەۋەت كۈرىشى

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ دىننى ئاۋۋال ئۆز ئائىلىسى ۋە مۇناسىۋىتى يېقىن دوست ـ بۇرادەرلىرىگە تەڭلىشى مۇمكىن ئىدى. شۇڭا، ئۇ تۇنجى بولۇپ، مۇناسىۋەتلىك كىشىلەرنى، يەنى ئۆز ئائىلىسىنى ۋە يېقىن دوست ـ بۇرادەرلىرىنى، شۇنىڭدەك تونۇش بىلىشلىرى، بولۇپمۇ ئۇلار ئىچىدىن «ھەق سۆيەر، ياخشى تەبىئەتلىكلىكى» بىلەن تونۇلغان، ئۇلارمۇ رەسۇلۇللاھنى، «راستچىل ھەقىقەت ياقىلىغۇچى»، دەپ بىلىدىغان، «ۋۇجۇدىدا ياخشىلىقنىڭ ئەسىرى بار بىر قىسىم كىشىلەرنى تاللاپ ئىسلامغا چاقىردى. نەتىجىدە، رەسۇلۇللاھنىڭ ئالىيجاناپلىقى، شەخسىيەتسىزلىكى ۋە راستچىللىقىغا شەكلەنمەيدىغان بىر تۈركۈم كىشىلەر بۇ دەۋەتكە تۇنجى بولۇپ ئاۋاز قوشتى، ئۇلار ئىسلام تارىخىدا «تۇنجى ئەۋلاد مۇسۇلمانلار»، دەپ ئاتالدى. ئۇلارنىڭ دەسلەپ ئىپتىگارىدا رەسۇلۇللاھنىڭ ئايالى خەدىچە بىنتى خۇۋەيلىد، رەسۇلۇللاھنىڭ ئازاد قىلغۇەتكەن قۇلى زەيد ئىبنى ھارىس ئىبنى شۇرەھبىل كەلبى، رەسۇلۇللاھنىڭ تاغىسىنىڭ ئوغلى ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىب ۋە يېقىن دوستى ئەبۇ بەكرى سىددىقلەر مۇسۇلمان بولدى. بۇلار دەۋەت باشلانغان بىرىنچى كۈنىلا مۇسۇلمان بولغانىدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئەبۇ بەكرىمۇ دەۋەتكە كىرىشىپ كەتتى. ئۇ خۇش پېئىل، ئاغىنىدارچىلىقى ياخشى، چىقىشقاق تەبىئەت، ئەخلاقلىق، كەڭ قول ئادەم ئىدى. ئۇنىڭ ئۇستىگە ئۇنىڭ پاراسەتلىكلىكى، تىجارەتتىكى ئېپى ۋە شېرىن سۆھبەت ئالاھىدىلىكى، ئۇنىڭ قەۋمى ـ جامائىتى ئوتتۇرىسىدىكى باردى ـ كەلدى مۇناسىۋىتىنى قويۇقلاشتۇرغانىدى ۋە ئەل ئارىسىدىكى تەسىرىنى زورايتقانىدى. شۇڭا، ئۇ ئۆزىنىڭ سۆھبىتىگە ھازىرلىق قىلىدىغان قەۋمى ـ قېرىنداشلىرىدىن ئىشەنچ قىلالايدىغانلىرىنى ئىسلامغا دەۋەت قىلدى. نەتىجىدە، ئۇنىڭ مەسلەكداشلىرىدىن ئوسمان ئىبنى ئەففان ئۇمەۋى، زۇبەير ئىبنى ئەۋۋام ئەسەدى، ئابدۇراھمان ئىبنى ئەۋف زۇھرى، سەئد ئىبنى ئەبى ۋەققاس زوھرى ۋە تەلھە ئىبن ئوبەيدۇللا تەيمى قاتارلىقلار مۇسۇلمان بولدى. ھەممىدىن بۇرۇن مۇسۇلمان بولغان بۇ سەككىز شەخس تارىختا ئىسلام ئاۋانگارتلىرى (يەنى تۇنجى ئەۋلاد مۇسۇلمانلار) بولۇپ قالدى. يۇقارقىلارنىڭ ھەممىسى يوشۇرۇن مۇسۇلمان بولغانىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالاممۇ ئۇلار بىلەن مەخپىي ئۇچرىشىپ، دىني ئەھكاملارنى يوشۇرۇن ئۆگىتىپ تۇراتتى. چۈنكى، دەۋەت تېخىچە ئايرىم ـ ئايرىم شەخسلەر

بويىچە يوشۇرۇن ئېلىپ بېرىلىۋاتاتتى.

ھەش - پەش دېگۈچە ئۈچ يىل ئۆتۈپ كەتتى. ئاشكارا دەۋەتكە ئۆتۈش ھەققىدە تۆنجى بولۇپ ئاللاھنىڭ «يېقىن خىش - ئەقرىبالىرىڭنى ئاگاھلاندۇرغىن»، («قۇرئان كەرىم» سۇرە شۇئەرا 214 - ئايەت)دېگەن ئايىتى نازىل بولدى. مەزكۇر ئايەت نازىل بولغاندىن كېيىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئاۋۋال بەنى ھاشىم جەمەتىنى چاقىردى. شۇئان ئۇلارمۇ ھازىر بولۇشتى. ئۇلارغا بەنى مۇتەللىپ ئىبنى ئابدۇماناف جەمەتىدىن بىر قانچە ئادەم قوشۇلۇپ يىغىلغانىدى. يىغىن قاتناشچىلىرىنىڭ سانى 45 كىشىگە يەتتى. ئۇلار تولۇقلىنىپ بولماي تۇرۇپلا ئەبۇ لەھەب سورۇننىڭ كەيپياتىنى بۇزدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام جاۋاب قايتۇرماي جىم تۇردى ۋە سورۇن ئەھلىمۇ تارقاپ كېتىشتى.

شۇنىڭدىن كېيىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھېلىقى جەمەتداشلىرىنى يەنە بىر قېتىم قايتا چاقىرىپ سۆز قىلدى. بۇنىڭغا قارىتا ئەبۇ تالىب ناھايىتى ياخشى پوزىتسىيە بىلدۈردى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئاشكارا دەۋەتكە ئۆتكەن ئەھۋالدا تاغىسى ئەبۇ تالىب ئۇنى قانات ئاستىغا ئېلىپ ھىمايە قىلىدىغانلىقىغا تولۇق ئىشەنچ قىلغاندىن كېيىن، ئۇ بىر كۈنى ساپا تېغىغا چىقىپ: «يا سەباھاھ »، دەپ توۋلىدى. بۇ سادانى ئاڭلىغان قۇرەيش ئايماقلىرى تەرەپ - تەرەپتىن يىغىلىپ كەلدى. شۇنىڭ بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارنى تەۋھىد (بىر خۇدالىق ئەقىدىسى)گە ۋە ئۆزىنىڭ ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى ئىكەنلىكىگە ئىمان كەلتۈرۈشكە ۋە قىيامەت كۈنىنىڭ بەرھەقلىكىگە ئىشىنىشكە چاقىردى. مانا بۇ ئەڭ يۇقىرى پەللىگە يەتكەن جاراڭلىق تەبلىغ ساداسى ئىدى. ھەق ئاۋازىنىڭ جاراڭلىق ساداسى مەككە تەۋەسىدە داۋاملىق ياڭرىماقتا ئىدى. قۇرەيشلەر ئۈشتۈمتۇت يۈز بەرگەن بۇ يېڭى بۇرۇلۇشنى توسماقچى بولدى. ئۇلار ئۇيان ئويلاپ، بۇيان ئويلاپ، كۆپ تەپەككۇر قىلغاندىن كېيىن ئاخىرى رەسۇلۇللاھنىڭ تاغىسى ئەبۇ تالىبنىڭ قېشىغا كېلىپ، ئۇنىڭدىن جىيەن ئىنىسىنىڭ ھەرىكىتىنى چەكلەشنى تەلەپ قىلماقتىن باشقا يول يوق ئىكەنلىكىنى تونۇپ يەتتى. ئەبۇ تالىب ئەلچىلەرگە چىرايلىق گەپلەر بىلەن ئۆزرەخاھلىق ئېيتىپ ياندۇردى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالاممۇ ئاللاھنىڭ دىنىنى تەشۋىق قىلىش ۋە تەۋھىد دەۋىتىنى قانات يايدۇرۇشنى بۇرۇنقىدەكلا داۋاملاشتۇرۇۋەردى. ۋەزىيەت شۇ بويىچە بىر قانچە ھەپتە ھەتتا بىر قانچە ئاي داۋاملاشتى. رەسۇلۇللاھقا قارىتا ئورۇنسىز چېقىلىپ يولسىزلىق قىلىش ئەھۋاللىرى كۆرۈلۈشكە باشلىدى. ئۇلارنىڭ باشلامچىسى يەنىلا (رەسۇلۇللاھنىڭ تاغىسى) ئەبۇ لەھەب بولدى. ئەبۇ لەھەب رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام پەيغەمبەر بولۇشتىن ئىلگىرى ئىككى ئوغلى ئۇتبە ۋە ئۇتەيبەلەرگە

رەسۇلۇللاھنىڭ قىزى رۇقىيە ۋە ئۇممۇ كۇلسۇملەرنى كېلىن قىلىۋالغانىدى. رەسۇلۇللاھ پەيغەمبەر بولغاندىن كېيىن ئۇ ئىككى ئوغلىغا بېسىم ئىشلىتىپ، رەسۇلۇللاھنىڭ قىزلىرىنى تالاق قىلغۇزۇۋەتتى.

ئەبۇ لەھەبنىڭ ئايالى ئۇممۇ جەمىلمۇ رەسۇلۇللاھقا ئۆچمەنلىك قىلىشتا ئېرىدىن ھەرگىز قېلىشمايدىغان ھازازۇل خوتۇن ئىدى. ئۇ شۇخا ـ تىكەنلىك شاخلارنى ئالايتەن يۈدۈپ ئەكىلىپ، كېچىسى رەسۇلۇللاھنىڭ ئىشىك دەرۋازىلىرىنى چىتلاپ قويۇش، قوياتتى ۋە ئىشىك ئالدى يوللىرىغا چاچاتتى. ئۇ قاتتىق يۈزسىز خوتۇن بولۇپ سەۋەبسىزلا رەسۇلۇللاھقا تىل سالاتتى، يالغان سۆز ـ چۆچەك تارقىتىپ، پىتنە ـ پاسات ئوچىقىغا ئوت ياقاتتى ۋە رەسۇلۇللاھقا قارىتا كەڭ كۆلەملىك ئۇرۇش قوزغاش كويىدا يۈرەتتى. ئۇقبە ئىبنى مۇئەيت شاقاۋەت ۋە بەدبەختلىكتە ئىنتايىن ھەددىدىن ئاشقان مەلئۇن ئىدى. ئۇمەييە ئىبنى خەلەف رەسۇلۇللاھنى كۆرسىلا مازاق قىلىپ، كۆز قىساتتى ۋە مەسخىرە قىلاتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ھەر تەرەپتىن بېسىم ۋە ئىزا ـ ئاھانەتلەر يېغىۋاتقان شۇ كۈنلەردە ھەر بىر قەبىلە ئۆز تەۋەسىدىن ئىسلام دىنىغا كىرگەن ياكى مايىل بولغانلارنى سەزگەن ھامان تۈرلۈك قەبىھ ۋاستىلەر بىلەن قىيناپ جازا يۈرگۈزدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇ قاتمۇ ـ قات زۇلۇم ـ ستەملەر ئالدىدا مۇسۇلمانلارنى سۆز ياكى ھەرىكەت ئارقىلىق ئۆزلىرىنىڭ دىنىي ئېتىقادىنى ئاشكارىلاشتىن توسۇشى ۋە ئۇلار بىلەن مەخپىي رەۋىشتە ئۇچرىشىشى ئىنتايىن دانا تەدبىر بولغانىدى. نەبۇۋەتنىڭ 4 ـ يىلى ئەنە شۇنداق ئەھۋاللار ھەقىقەتەن يۈز بەردى. ساھابىلار تاغ ـ جىرالارغا يىغىلىپ، مۇشرىكلارنىڭ كۆزىدىن يىراق يەرلەردە ناماز ئوقۇيتتى. بىر كۈنى قۇرەيش كاپىرلىرىدىن بىر بۆلۈك كىشىلەر ئۇلارنى كۆرۈپ قېلىپ، قاتتىق ھاقارەتلىدى ۋە مۇشت كۆتۈرۈپ ئۇرۇشتى. شۇنىڭ ئۈچۈن كۆپلىگەن ساھابىلەر ئۆزلىرىنىڭ ئىسلامى ئىبادىتىنى، دۇئا ـ تىلاۋەتلىرىنى ۋە يىغىلىش پائالىيەتلىرىنى مەخپىي تۇتاتتى. ئەمما، رەسۇلۇللاھچۇ؟ ئۇ مۇشرىكلار يىغىلغان سورۇنلاردا ئاشكارا دەۋەت ئېلىپ بېرىۋېرەتتى ۋە ئاشكارا ئىبادەت قىلىۋېرەتتى. ئۇنى بۇ ئىشتىن ھېچكىم توسالمايتتى. لېكىن، ئۇ مۇسۇلمانلارنىڭ ۋە ئىسلام دىنىنىڭ كەلگۈسى ئىستىقبالىنى نەزەردە تۇتۇپ، ئاشۇ مۇسۇلمانلار بىلەن ئىنتايىن مەخپىي رەۋىشتە ئۇچرىشاتتى.

### 674ـ سوئال: ھەبەشىستانغا قىلىنغان ھىجرەت

مۇشرىكلارنىڭ مۇسۇلمانلارنى ناھەق جازالاپ قىيناشلىرى بىئسەتنىڭ 4 ـ يىلىنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن باشلاپ يولغا قويۇلۇپ، شۇنىڭدىن كېيىن كۈندىن كۈنگە،

ئايدىن ئايغا تەدرىجىي كۈچىيىپ، 5 ـ يىلىنىڭ ئوتتۇرىلىرىغا بارغاندا، رەسمىي چېكىدىن ئاشتى. ۋەزىيەتتە چىداپ تۇرغۇسىز ھالەت شەكىللەندى. ھەتتا مەككىدە تۇرۇش مۇمكىن بولماي قالدى. نەتىجىدە، مۇسۇلمانلارنى بۇ ئېغىر ئازابتىن قۇتقۇزىدىغان بىر چارە ـ تەدبىر تېپىشقا توغرا كەلدى. مانا مۇشۇنداق زۇلۇم قاپلاپ كەتكەن قىيىن بىر پەيتتە مۇشرىكلارنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا تاشلىغان سوئاللىرىغا جاۋابەن سۈرە كەھف نازىل بولدى. سۈرە كەھفنىڭ ئارقىسىدىنلا ھىجرەت قىلىشقا ئىشارەت بېرىپ ۋە ئاللاھنىڭ زېمىنىنىڭ تار ئەمەسلىكىنى ئۇقتۇرۇپ سۈرە زۇمەر نازىل بولدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەبەشىستان پادىشاھى ئەسھەمەتۇننەجاشىنىڭ ئادىل پادىشاھ ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭ تەۋەلىكىدە ھەر قانداق بىر دىنغا ئېتىقاد قىلغۇچى بوزەك قىلىنمايدىغانلىقىنى ئاڭلىغانىدى. شۇڭا، ئۇ مۇسۇلمانلارنى ئۆز دىنىنى پىتنە ـ پاسات، زۇلۇم ۋە بېسىمدىن خالىي ساقلاش ئۈچۈن ھەبەشىستانغا ھىجرەت قىلىشقا بۇيرىدى. بىئسەتنىڭ 5 ـ يىلى رەجەپ (7 ـ ئاي) ئېيىدا 12 نەپەر ئەر ۋە تۆت نەپەر ئايالدىن تەركىب تاپقان تۇنجى بىر تۈركۈم ساھابىلەر ھەبەشىستانغا ھىجرەت قىلدى. شۇنىڭدىن كېيىن قۇرەيشلەرنىڭ مۇسۇلمانلارغا جازا يۈرگۈزۈپ، قىيىن قىستاققا ئېلىشى تېخىمۇ ئەشەددىيلىشىپ كەتتى ۋە ھەر قايسى قەبىلە، ئايماقلار ئۆز تەۋەسىدىن مۇسۇلمان بولغانلارنى ئىسكەنجىگە ئالدى. ھەبەشىستان پادىشاھى نەجاشىنىڭ مۇسۇلمان مۇھاجىرلىرىنى قىزغىن كۈتۈۋېلىپ، ياخشى ئورۇنلاشتۇرغانلىقى قۇرەيش دائىرىلىرىغا قاتتىق ئەلەم قىلغانىدى. بۇ چاغدا رەسۇلۇللاھ ساھابىلەرگە ھەبەشىستانغا قايتا ھىجرەت قىلىشتىن باشقا چارە يوقلۇقىنى ئېيتتى. بۇ قېتىمدا ئەرلەردىن 83 كىشى، ئاياللاردىن 18 ياكى 19 كىشى ھىجرەت قىلدى. مۇھاجىر ـ مۇسۇلمانلار ئۆزلىرىنىڭ جىسمانىي بىخەتەرلىكى ۋە دىنى ئۈچۈن تىنچ ـ خاتىرجەم بىر ماكان تېپىۋالغانلىقى مۇشرىك كاپىرلارنىڭ ئوغۇزىنى ئېچىتتى ۋە ئۇلارغا قاتتىق ئەلەم قىلدى.

## 675ـ سۇئال: قۇرەيش مۇشرىكلىرىنىڭ رەسۇلۇللاھنى ئۇچۇقتۇرۇۋەتمەكچى بولغانلىقى

قۇرەيش دائىرىلىرى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆز ئىشىنى قىلچە بوشاشتۇرماي ئېلىپ بېرىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ ئەبۇ تالىبنىڭ ئۇنى تاشلىۋەتكۈسى كەلمىگەنلىكىنى ۋە ئۇنىڭ مۇشۇ ئىش ئۈچۈنلا قۇرەيشلەردىن مۇناسىۋەتنى ئۈزۈشكە ۋە ئاداۋەتلىشىشكە بەل باغلىغانلىقىنى تونۇپ يەتتى. شۇڭا، ئۇلار ۋەلىد ئىبنى مۇغىيرىنىڭ ئوغلى ئەممار ئىبنى ۋەلىدنى ئېلىپ ئەبۇ تالىبنىڭ قېشىغا كەلدى ۋە: «ئى ئەبۇ تالىب! بۇ يىگىت قۇرەيش ئىچىدە ناھايىتى ئوڭلۇق ھەم كېلىشكەن يىگىت،

سەن ئۇنى ئەپقېلىپ بالا قىلىپ بېقىۋالغىن، ئۇ ئۈزىنىڭ ئەقىل - پاراستى ۋە يېقىندىن ھەمدەمدە بولۇشى بىلەن سېنى رازى قىلىدۇ. بىزگە ماۋۇ سېنىڭ ۋە ئەجدادلىرىڭنىڭ ئەنئەنىۋى دىنىدىن ئايرىلغان ۋە جامائەتچىلىكنىڭ بىرلىكىنى بۇزۇپ، ئارىغا تەپرىقچىلىك سالغان قېرىندىشىڭنىڭ ئوغلىنى تاپشۇرۇپ بەرگىن، بىز ئۇنى يوقىتىۋېتەيلى! ساڭا زىيان يوق. چۈنكى، سەن ئوغۇلسىز قالمايسەن»، دېيىشتى.

ئەبۇ تالىب ئۇلارغا جاۋاب بېرىپ: «ئەزبىرايى خۇدا، بۇ نېمە دېگەن يولسىزلىق، سىلەر ماڭا بالاڭلارنى بېرىسلەر، مەن ئۇنىڭغا ئاش - گۆش بېرىپ باقىمەن، مەن سىلەرگە بالامنى تۇتۇپ بېرىمەن، سىلەر ئۇنى ئۆلتۈرۈۋېتىسلەر؟ ئاللاھ بىلەن قەسەم، بۇ مۇمكىن ئەمەس، مەڭگۈ مۇمكىن ئەمەس»، دېدى.

قۇرەيش دائىرىلىرى يۇقىرىقى ئىككى قېتىملىق ئۇچرىشىشتا كۆزلىگەن مەقسىتىگە يېتەلمىگەندىن كېيىن يەنىلا ئۆزلىرىنىڭ قاتتىق جازالاش ۋە قىيىن قىستاقتا ئېلىش ھەرىكەتلىرىنى بۇرۇنقىدىن بەكرەك ئەشەددىيلەشتۈردى ۋە مۇشۇ جەرياندا ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى بىر قىسىم چېكىدىن ئاشقان قارا نىيەت بەدبەختلەردە رەسۇلۇللاھنى باشقا بىر يول بىلەن ئۇجۇقتۇرۇۋېتىش تۈيغۇسى پەيدا بولدى. مانا بۇ خام - خىيال ۋە چېكىدىن ئاشقان قاتتىق قوللۇق مەككە ئەزىمەتلىرىدىن ئىككى ئەزىمەتنىڭ مۇسۇلمان بولۇشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىپ، ئىسلام دىنىنىڭ تېخىمۇ كۈچىيىشىگە سەۋەب بولۇپ قالدى. بۇ ئىككى ئەزىمەت ھەمزە ئىبنى ئابدۇلمۇتەللىپ ۋە ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمالار ئىدى.

قۇرەيش ئىچىدە تەسىرى زور بۇ ئىككى ئەزىمەت مۇسۇلمان بولغاندىن كېيىن مەككە ئاسمىنىدىكى زۇلۇم - ستەم قارا تۇمانلىرى ئاستا - ئاستا تارقىلىپ، ھاۋا ئېچىلىشقا باشلىدى. مۇشرىكلارمۇ ئۆزلىرىنىڭ مۇسۇلمانلارنى ناھەق ئازابلاپ، قىيناش ۋە زىيانكەشلىك قىلىش «مەستلىك»ىدىن بىر ئاز يېشىلىپ، ھوشىغا كېلىشكە باشلىدى ۋە رەسۇلۇللاھنىڭ ھەر قانداق تەلىپى بولسا، مۇمكىن قەدەر ئورۇنلاپ ئۇنىڭ بەدىلىگە رەسۇلۇللاھ بىلەن دىنىي دەۋەتنى توختىتىش ھەققىدە سودىلىشىشقا ئورۇندى. ئۇلار كۆزلىگەن نىشانغا يېتەلمەيلا قالماستىن، بەلكى تۇمشۇقىغا يېدى.

ۋەزىيەت بىر ئاز ياخشىلىنىپ، شەرت - شارائىت ياخشىلىنىشقا قاراپ يۈزلەنگەن بولسىمۇ، لېكىن ئەبۇ تالىب يەنىلا ئۆز قېرىندىشىنىڭ ئوغلىدىن خاتىرجەم بولالمايۋاتاتتى. ئۇ قۇرەيش دائىرىلىرىنىڭ ئۆز قېرىندىشىنىڭ ئوغلىغا قارشى جامائەت پىكرى توپلاپ، قارا كۈچ بولۇپ ئۇيۇشۇۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، چوڭ بوۋىسى ئابدۇمانافنىڭ ئىككى ئوغلىنىڭ ئەۋلادلىرى بولغان بەنى ھاشىم جەمەتى بىلەن بەنى

مۇتەللىپ جەمەتىنى يىغىپ سۆز قىلدى ۋە ئۇلارنى ئۇ ھازىر دۇچ كەلگەن قېرىندىشىنىڭ ئوغلى مۇھەممەد (ئەلەيھىسسالام)نى قوغداش ۋە ئۇنىڭغا خەۋپ - خەتەر يېتىپ قېلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن ئورتاق كۈچ چىقىرىشقا چاقىردى. نەتىجىدە ئۇنىڭ چاقىرىقىغا بۇ ئىككى جەمەتنىڭ مۇسۇلمانلىرىمۇ، كاپىرلىرىمۇ، ئەرەب ئۇرۇقداشلىقى ۋە تەرەپبازلىق ئەسەبىيىتى بىلەن ئاۋاز قوشتى. بۇلارنىڭ ئىچىدىن پەقەت ئەبۇ لەھەبلا بۇ تەكلىپكە قوشۇلماي قۇرەيش تەرەپتە تۇردى. مۇشرىكلار بۇ تەرەققىياتلاردىن ھەيران قېلىشتى. چۈنكى، ئۇلار ناۋادا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى ئۆلتۈرۈپ قويسا، مەككە ۋادىسى قانغا تولۇپ ئاقىدىغانلىقىنى، بەلكى ئۇلار ھەر ئىككى تەرەپ بىر - بىرىنى تۈپ يىلتىزىدىن قۇرۇتۇپ، تۈگىشىش مۇمكىنچىلىكىنى تونۇپ يەتتى. شۇڭا، ئۇلار بۇ ئاقىۋەتلەرنى ئويلاپ بىۋاستە قانلىق ئۇرۇشۇش ئارقىلىق ئەمەس، بەلكى باشقىچە بىر خىل ئۇسۇل بىلەن جازالاشقا تۇتۇش قىلدى. لېكىن، ئۇلارنىڭ بۇ ئۇسۇلى ئىلگىرىكىدىن قەبىھ ھەم رەزىل ئىدى.

## 676- سۇئال: رەسۇلۇللاھ ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ ئەبۇ تالىپ جىلغىسىغا قامال قىلىنىشى

قۇرەيش دائىرىلىرى ۋادى مەھەسسەب (يەر نامى) تىكى بەنى كەنانە يىغىن مەركىزىگە يىغىلىپ، بەنى ھاشىم ۋە بەنى مۇتەللىپ جەمەتلىرى مۇھەممەد(ئەلەيھىسسالام)نى بىزگە ئۆلۈمگە تۇتۇپ بەرمىگىچە، بۇ ئىككى جەمەت بىلەن تويلاشماسلىق، سودا - سېتىق قىلماسلىق، ئۆزئارا ئۈچرىشىپ ئارىلاشماسلىق، باردى - كەلدى قىلماسلىق ۋە ئۆيلىرىگە كىرىپ چىقماسلىق، ھەتتا سالام - سەھەت قىلماسلىققا قەسەمياد قىلىشتى ۋە مۇشۇ ھەقتە مەخسۇس بىر ئەھدىنامە ماقۇللاپ، بەنى ھاشىم جەمەتىدىن قەتئىي سۈلھى (يارىشىش) قوبۇل قىلمايمىز ۋە مۇھەممەد(ئەلەيھىسسالام)نى رازىمەنلىك بىلەن ئۆلۈمگە تاپشۇرمىغۇچە ئۇلارغا ئىچ ئاغرىتمايمىز، دەپ ھۆججەت ئىمزالاشتى. مەزكۇر توختامنامە ئىمزالانغاندىن كېيىن كەئبىنىڭ ئىچىدىكى بىر تۈۋرۈككە ئېسىپ قويۇلدى ۋە شۇ كۈنى يەنى بىئسەتنىڭ 7 - يىلى مۇھەررەم ئېيى كۆرۈنگەن كېچىسى بەنى ھاشىم جەمەتى بىلەن بەنى مۇتەللىپ جەمەتىنىڭ ئادەملىرى مۇسۇلمان كاپىر ھەممىسى (ئەبۇ لەھەبتىن باشقىسى)ئايرىلىپ، مەككىدىكى ئەبۇ تالىب جىلغىسىغا قامال قىلىندى.

قامال قىلىش قاتتىق كۈچىيىپ كەتتى. ئۇلاردىن ئاشلىق ۋە باشقا ئوزۇق - تۈلۈكلەر ئۈزۈپ تاشلاندى. مۇشرىكلار مەككىگە كىرگەن ئاشلىق ۋە باشقا ماددىي ئەشيالارنى قويماي سېتىۋالغانلىقتىن، قىيىنچىلىق شۇ دەرىجىگە بېرىپ يەتتىكى، ئۇلار دەرەخلەرنىڭ يوپۇرماق - غازاڭلىرىنى ۋە تېرە - كىرگەتلەرنى يېيىشكە مەجبۇر

بولدى ھەتتا قىز ـ خوتۇنلارنىڭ ۋە نارەسىدە بوۋاقلارنىڭ ئاچلىقتىن نالە ـ پەرياد قىلىشلىرى جىلغىنىڭ كەينىدىن ئاڭلىنىپ تۇراتتى. ئۇلارغا يەتكۈزىلىدىغان تۇرمۇش لازىمەتلىكلىرى، خىش ـ ئەقرىبالار ياكى ئىنسانپەرۋەر كىشىلەر تەرىپىدىن ئىنتايىن مەخپىي رەۋىشتە يەتكۈزۈلەتتى. مۇھاسىرىگە ئېلىنغانلار بولسا ئېھتىياجلىق نەرسە ـ كېرەكلەرنى سېتىۋېلىش ئۈچۈن پەقەت ھارام ئايلاردىلا قامالدىن بوشناپ چىقالايتتى. چىققاندىمۇ مەككىنىڭ سىرتىغا چىقىپ سېتىۋېلىشقا توغرا كېلەتتى. چۈنكى، مۇشرىكلار مەككە ئىچىدە مۇشۇ ئىككى جەمەتتىن بىر كىشى نەرسە سېتىۋالماقچى بولسا، ئۇلارنى ئالدىراماسلىق ئۈچۈن سودىسىغا تۆپىلەپ پۇل قېتىپ، ماتانىڭ باھاسىنى ئۆرلىتىۋېتەتتى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋە ئۇنىڭ بىلەن بىللە مۇھاسىرىگە ئېلىنغان مۇسۇلمانلار ھەج مەۋسۇمى مەزگىللىرىدە قامالدىن بوشىنىپ چىقالايتتى ۋە شۇندىلا ئاندىن كىشىلەر بىلەن ئۇچرىشىپ ئۇلارنى ئىسلامغا دەۋەت قىلالايتتى. تولۇق ئۈچ يىل ئۆتۈپ كەتتى. ۋەزىيەت يەنىلا مۇسۇلمانلارغا پايدىسىز ھالدا داۋاملاشماقتا ئىدى. بېئسەتنىڭ 10 ـ يىلى مۇھەررەم ئېيىدا ھېلىقى تەڭسىز ئەھدىنامە ھۆججىتى بىردىنلا يىرتىپ تاشلىنىپ، ئىتتىپاق بۇزۇلدى.

## 677 ـ سۇئال: ئەبۇ تالىپ بىلەن خەدىچە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ ئالەمدىن ئۆتۈشى

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قامالدىن بوشىنىپ چىقتى ۋە بۇرۇنقى ئادىتى بويىچە دەۋەت ئىشىنى باشلىۋەتتى. قۇرەيش تەرەپ گەرچە جازانى بىكار قىلغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇلار مۇسۇلمانلارغا بېسىم ئىشلىتىش ۋە دىندىن چەكلەش زومىگەرلىكىنى بۇرۇنقىدەكلا داۋاملاشتۇرۇۋاتاتتى. ئەمما، ئەبۇ تالىب ئۆز قېرىندىشىنىڭ ئوغلىنى گويا كۆز قارچۇغىنى قوغدىغاندەك قوغداۋاتقان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ يېشى سەكسەندىن ھالقىغاندى ۋە مۇشۇ بىر نەچچە يىلدىن بېرى ئۇنىڭ بېشىغا ئارقىمۇئارقا كەلگەن چوڭ ـ كىچىك دەرت ئەلەملەر (بولۇپمۇ جىلغا مۇھاسىرىسى) ئۇنىڭ بەدىنىنى ئاجىزلاشتۇرۇپ، بېلىنى رۇسلىيالمايدىغان قىلىپ قويغانىدى. شۇڭا، ئۇ جىلغا مۇھاسىرىسىدىن بوشانغىلى بىر قانچە ئاي بولمايلا، ئۇشتۇمتۇت كېسەل تېگىپ، ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قالدى ۋە بارا ـ بارا ئېغىرلىششقا باشلىدى. ئەبۇ تالىبنىڭ كېسىلى كۈنسايىن ئېغىرلىشىپ، ئۇزاق ئۆتمەي بۇ دۇنيادىن ۋىدالاشتى. ئۇنىڭ ۋاپاتى بېئسەتنىڭ 10 ـ يىلى رەجەپ ئېيىدا مۇھاسىرىدىن چىقىپ ئالتە ئايدىن كېيىن يۈز بەردى. ئەبۇ تالىب ۋاپات بولۇپ، ئىككى ئايدىن كېيىن ياكى ئۈچ كۈندىن كېيىن مۆئمىنلەرنىڭ ئانىسى خەدىچە كۇبرا (رەزىيەللاھۇ ئەنھا) ئاللاھنىڭ دەرگاھىغا كەتتى.

خەدىچە بىئسەت (رەسۇلۇللاھ پەيغەمبەر بولغان يىلى)نىڭ 10 ـ يىلى رامىزان ئېيىدا 65 يېشىدا ئالەمدىن ئۆتتى. رەسۇلۇللاھ بۇ چاغدا 50 ياشتا ئىدى. شەك شۈبھىسىزكى، خەدىچە (رەزىيەللاھۇ ئەنھا) ئاللاھ تائالانىڭ پەيغەمبەر ئەلەيـھىسسالامغا ئاتا قىلغان كاتتا نىئمەتلىرىنىڭ بىرى ئىدى. ئۇ رەسۇلۇللاھ بىلەن 25 يىلدەك بىرگە ياشاپ، ئۇنىڭ ئەنسىزلىك سائەتلىرىدە كۆڭلىنى ياساپ ھېسداشلىق قىلدى. قىيىن، ھالقىلىق پەيتلەردە قوللاپ، قۇۋۋەتلىدى. رەسۇلۇللاھنىڭ ئەلچىلىك ۋەزىپىسىنى ئىجرا قىلىشىغا ياردەملەشتى. جاھاننىڭ ئاچچىق ـ چۈچۈك بەدەللىرىنى تەڭ تۆلىدى ۋە ئۇنىڭغا ئۆزىنىڭ ھاياتى ۋە ئىقتىسادىنى ئاتىدى. رەسۇلۇللاھ ئۇنىڭ ھەققىدە: «ھەممە ئادەم ماڭا كاپىر بولغاندا ئۇ خەدىچە ماڭا ئىشەنگەن، ھەممە ئادەم ماللىرىنى مەندىن قاچۇرۇپ، ئايىغاندا، ئۇ مېنى ئۆز مېلىغا شېرىك قىلغان. ئاللاھ ماڭا ئۇنىڭدىن بىر قانچە پەرزەنت ئاتا قىلدى. ئۇنىڭدىن باشقا ئاياللاردىن پەرزەنت يۈزى كۆرمىدىم»، دېگەن.

قايغۇلۇق بۇ ئىككى ئىش بىر قانچە كۈن ئىچىدىلا يۈز بەرگەنلىكتىن رەسۇلۇللاھنىڭ قەلبىدە دەرت ئەلەم تۇيغۇلىرى ئىختىيارسىز يالقۇنجاپ كەتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە قەۋمى جامائەت تەرىپىدىنمۇ قاتمۇقات ئەزىيەت كۈلپەتلەر كېلىشكە باشلىدى. ئۇلار رەسۇلۇللاھقا ئەبۇ تالىب ھايات ۋاقتىدا قىلىشقا پېتىنالمىغان ئەسكىلىكلەرگە ئەمدى جۈرئەت قىلىدىغان ۋە يولسىز ئىزا ـ ئاھانەت قىلىشتىن تەپ تارتمايدىغان بولۇپ قالدى. شۇڭا، ئۇ غەم ئۈستىگە غەم تارتىپ، ئاخىرى ئۇلاردىن ئۈمىدىنى ئۈزدى ۋە تائىف ئاھالىسى دەۋىتىمگە ئاۋاز قوشار ياكى ماڭا ئورۇن بېرىپ بۇلارنىڭ ئۈستىدىن ياردەمدە بولار، دېگەن ئۈمىدتە تائىفقا چىقتى. لېكىن ئۇلاردىنمۇ رەسۇلۇللاھقا پاناھلىق بېرىدىغان ياكى ياردەم قىلىدىغان ئادەم چىقمىدى. بەلكى، ئۇلار رەسۇلۇللاھقا قۇرەيشلەر قىلمىغان ئەسكىلىكلەرنى قىلىپ قاتتىق دەشنام بەردى. مەككە مۇشرىكلىرىنىڭ زۇلۇملىرى رەسۇلۇللاھقا قارىتا مۇشۇنداق كۈچەيگىنىگە ئوخشاش، ساھابىلەرگىمۇ كۈچەيگەنىدى. ھەتتا ئەبۇ بەكرى (رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ)مۇ مەككىدىن ھىجرەت قىلىپ چىقىپ كېتىشكە مەجبۇر بولدى. ئۇ ھەبەشىستانغا بارماقچى بولۇپ، بەركولغىماد دېگەن يەرگە بارغاندا ئىبنى دەغنى دېگەن كىشى پاناھلىقىغا ئېلىپ، مەككىگە قايتۇرۇپ كەلدى. بۇ يىلى رەسۇلۇللاھنىڭ بېشىغا ئەنە شۇنداق دەرت ـ ئەلەملەر قاتمۇقات ياغقانلىقى ئۈچۈن ئۇ بۇ يىلنى «قايغۇ ـ ئەلەم» يىلى دەپ ئاتىدى. بۇ يىل تارىختا ھەم مۇشۇ نام بىلەن تونۇلدى.

رەسۇلۇللاھ مۇشۇ يىلى (بىئسەتنىڭ 10 ـ يىلى) شەۋۋال ئېيىدا زەمئەنىڭ قىزى سەۋدىگە ئۆيلەندى. سەۋدە ئەڭ دەسلەپ مۇسۇلمان بولغان ئاياللاردىن بولۇپ،

ھەبەشىستانغا قىلىنغان ئىككىنچى قېتىملىق ھىجرەتكە قاتناشقان. ئۇنىڭ بۇرۇنقى ئېرى سەكران ئىبنى ئەمرىمۇ مۇسۇلمان بولغانىدى. ئۇلار ئەر - خوتۇن بىرگە ھىجرەت قىلىپ چىقىپ، كېيىن ئۇنىڭ ئېرى ھەبەش زېمىنىدا ياكى مەككىگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىنمۇ قازا قىلىپ كەتكەن. ئۇنىڭ ئىددىتى چىققاندىن كېيىن رەسۇلۇللاھ ئۇنىڭغا خېرىدارلىق قىلىپ، ئەمرىگە ئالدى. ئۇ رەسۇلۇللاھنىڭ خەدىچىدىن كېيىن، تۇنجى نىكاھىغا ئالغان خوتۇنىدۇر.

## 678-سوئال: مەككە سىرتىدىكى ئىسلام دەۋىتى

بىئسەت (پەيغەمبەرلىك كەلگەن يىلى)نىڭ 10 - يىلى شەۋۋال ئېيى (مىلادىيە 619 - يىلى 5 - ئاينىڭ ئاخىرلىرى 6 - ئاينىڭ باشلىرىغا توغرا كېلىدۇ)دا رەسۇلۇللاھ تائىفقا چىقتى. تائىف مەككىدىن 100 كىلومېتىردەك كېلەتتى. رەسۇلۇللاھ بۇ يولنى ئازادكەردىسى زەيد ئىبنى ھارىس بىلەن بىللە باشتىن ئاخىر پىيادە باستى. ئۇ يول ئۈستىدە ھەر بىر قەبىلە مەنزىلىدىن ئۆتسە، ئۇلارنى ئىسلامغا دەۋەت قىلاتتى. ئەمما، ئۇلاردىن بىرمۇ كىشىدىن قوبۇل قىلىش ئەسىرى كۆرۈلمىدى. رەسۇلۇللاھ بۇ سەپىرىنىڭ ئاخىرقى نۇقتىسىدا تائىفقا يېتىپ بېرىپ، سەقىف قەبىلىسىنىڭ سابىق باشلىقى ئەمرى ئىبنى ئۇمەيرنىڭ ئوغۇللىرى بىلەن كۆرۈشتى ۋە ئۇلار بىلەن سۆھبەتلىشىپ، ئۇلارنى ئاللاھقا ئىمان كەلتۈرۈشكە چاقىردى. ئۇلار رەت قىلدى.

رەسۇلۇللاھ تائىفتا ئون كۈندەك تۇردى. ئۇ بۇ جەرياندا تائىفلىقلارنىڭ نوپۇزلۇق ئادىمى دەپ قارالغان ئادەملەرنىڭ ھەممىسى بىلەن ئۇچراشتى ۋە ئۇنىڭغا ئىسلام توغرىلىق سۆزلىدى. ئەپسۇسكى، ئۇلارنىڭ ھەممىسى بىردەك: «يۇرتىمىزدىن چىقىپ كەت!» دېيىشىپ، رەسۇلۇللاھقا قوپال رەددىيە قىلدى ۋە ئۇنىڭغا بىر ئۇچۇم يالاڭتۆش ئاكتىپلارنى كۈشكۈرتۈپ قويدى. رەسۇلۇللاھ تائىفتىن چىقىپ كەتمەكچى بولۇۋىدى، بۇ يالاڭتۆش، ئەسكىلەر ۋە يۈزسىز قۇل - چۆرە، داشقاللار ئۇنىڭ كەينىگە كىرىۋېلىپ، چۇقان سېلىشىپ، تىللاشقا باشلىدى. ھەتتا تېخىمۇ ئەسەبىيلىشىپ، يولنىڭ ئىككى چېتىگە كىشىلەر ئۇقۇپ ياكى ئۇقماي يىغىلىپ، سەپ تارتىپ تۇرۇشۇپ، ئۇدۇلىغا كەلگىنى بىر تەرەپتىن تاش كېسەكلەرنى ئېتىپ، ئېغىزدىن چىققۇسىز سەت گەپلەرنى قىلىپ، رەسۇلۇللاھقا ھاقارەت قىلدى. ئۇلار رەسۇلۇللاھنىڭ پۇت ئىزاڭگۇلىقىغا تاش - توقماقلارنى ئېتىپ يېرىۋەتتى. زەيد ئىبنى ھارىس رەسۇلۇللاھقا قاياندىن زەربە كەلسە، شۇ تەرەپكە ئۆتۈپ، ئۆزىنى قالقان قىلىپ، رەسۇلۇللاھنى قوغدايتتى. ھەتتا، ئۇنىڭمۇ كاللا - باشلىرى يېرىلىپ، نەچچە يېرى ئېتىلىپ كەتتى. بۇ ئەقىلسىز بەدبەختلەر داۋاملىق شۇنداق خومسىلىق قىلىپ، تائىفتىن 4 كىلومېتىر يىراقلىقتىكى ئۇتبە ۋە شەيبەلەرنىڭ بېغىغىچە قوغلاپ كەلدى. رەسۇلۇللاھ ناھايىتى تەسلىكتە دېمى

ئۇزۇلۇپ قالاي، دېگەندە بۇ باغقا كىرىۋالدى. رەسۇلۇللاھ مەككىلىكلەرنىڭ ئىگىلىك دائىرىسىگە كىرىۋالغاندىن كېيىن، ئاندىن بۇ نائەھلى شۇم پىشانىلەر قايتىپ كېتىشتى.

رەسۇلۇللاھ باغدىن چىقىپ مەككىگە قاراپ راۋان بولدى. ئۇ ناھايىتى دىلى سۇنۇق، غەمكىن، پەرىشان ئىدى. ئۇ بىر چاغدا قەرنۇلمەنازىل دېگەن يەرگە يېتىپ كېلىۋىدى، ئاللاھ ئۇنىڭغا جىبرىئىل ئەلەيھىسسالامنى تاغ مۇئەككىلى پەرىشتىسى بىلەن مەككىلىكلەرنى «ئەخشەبەين» گە باستۇرۇۋېتىشكە مەسلىھەت سېلىشقا ئەۋەتتى. بۇ چاغدا رەسۇلۇللاھ قايتا ھوشىغا كەلگەندەك بولدى ۋە بىر ئاز ئۈمىدۋارلىققا چۆمدى يەتتە قات ئاسماننىڭ ئۈستىدىن كەلگەن بۇ غەيبى ياردەم ۋە مەدەتلەر بىلەن ئۇنىڭ قەلبى خېلىلا تەسكىن تېپىپ قالدى. ئۇ مەككىگە قاراپ يول ئالدى، بىر چاغدا ۋادى نەخلىگە يېتىپ كېلىپ، ئۇ يەردە بىر نەچچە كۈن تۇردى. ۋادى نەخلىدە ئىستىقامەت قىلىشقا ئەپلىك ئىككى جاي (بىرى چوڭ ئېقىن بويى ۋە يەنە بىرى زەيمە دېگەن جاي) بار ئىدى. چۈنكى، بۇ ئىككى جايدا سۇ ۋە ئوت - چۆپلەر خېلى مول بولۇپ، رەسۇلۇللاھ ۋادى نەخلىدە ئىستىقامەت قىلىپ تۇرغان مەزگىلدە ئاللاھ ئۇنىڭغا بىر قانچە نەپەر جىننى ئۆز قەۋملىرىگە ۋاكالىتەن ئەلچىلىككە ئەۋەتتى. بۇ ۋەقە ئاللاھ ئۆزىنىڭ غائىپ قوشۇنلىرى ئارقىلىق رەسۇلۇللاھقا قىلغان زور ياردىمى ۋە مەدەدى ھېسابلىنىدۇ.

بېئسەتنىڭ 10 - يىلى زۇلقەئدە ئېيى (مىلادىيە 619 - يىلى 6 - ئاينىڭ ئاخىرى 7 - ئاينىڭ باشلىرى)دا رەسۇلۇللاھ ئىسلام دەۋىتىنى يېڭىباشتىن قايتا جانلاندۇرۇش ۋە ئۇنى قەبىلىلەر ۋە شەخسلەرگىچە كېڭەيتىش مەقسىتىدە مەككىگە قايتىپ كەلدى. ھەج مەۋسۇمى يېقىنلاپ كەلگەن بولغاچقا، كىشىلەر مەخسۇس پەرۋىش قىلىپ ئورۇقلىتىلغان تۆگىلىرىگە مىنىشىپ، تەرەپ تەرەپتىن ھەج پەرزىنى ئادا قىلىش ۋە ئۆزلىرىگە پايدىلىق ئىشلارغا قاتنىشىش ۋە بەلگىلىك كۈنلەردە ئاللاھقا زىكرى ئېيتىش ئۈچۈن توپ - توپ بولۇپ مەككىگە كېلەتتى. شۇڭا رەسۇلۇللاھ بۇ پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ، ھەر قايسى قەبىلە ھاجىلىرى چۈشكەن ئۆتەڭلەرگە بىرمۇبىر بېرىپ بېئسەتنىڭ 4 - يىلىدىن كېيىنكى ئادىتى بويىچە ئۇلارغا ئىسلام دىنىنى تونۇشتۇرماقچى ۋە دەۋەت دائىرىسىنى كەڭەيتمەكچى بولدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئىسلام دەۋىتىنى ھەر قايسى قەبىلە ۋە ئايماق ئۆمەكلىرىگە تەشۋىق قىلىپ كۆرگىنىگە ئوخشاش خوسۇسىي ئەربابلار ۋە ئايرىم شەخسلەرگىمۇ يەتكۈزۈپ تونۇشتۇرۇپ كۆردى. ئۇلارنىڭ بەزىلىرىدىن چىرايلىق جاۋابلارغا ئېرىشتى ۋە بەزىلىرى مۇشۇ مەۋسۇمدىن ئازراقتىن كېيىنلا مۇسۇلمان بولۇپ كەلدى.

بىئسەتنىڭ 11 ـ يىلى (مىلادىيە 620 ـ يىلى ئىيۇل ئايلىرى) ھەج مەۋسۇمىدا ئىسلام دەۋىتى ناھايىتى ياخشى بىر خىل ئېسىل ئۇرۇقلار بىلەن ئۇچراشتى، بۇ ئۇرۇقلار تېزلا بۇك ـ باراقسان مېۋىلىك دەرەخلەرگە ئايلىنىپ، مۇسۇلمانلار بۇ دەرەخلەرنىڭ سايىسىدا نەچچە يىل داۋاملاشقان زۇلۇم ـ ستەم ۋە ئېزىش ـ ئېزىلىشلەرنىڭ لاۋۇلداپ تۇرغان يالقۇنلىرىنىڭ زەھەرلىك دەپتىدىن ئۈزىنى دالدىغا ئالالىدى. شۇ مەزگىللەردە مەككىلىكلەرنىڭ رەسۇلۇللاھنى يالغانغا چىقىرىش ۋە ئاللاھنىڭ يولىدىن توسۇش قاتارلىق زىيانكەشلىكلىرىگە قارىتا رەسۇلۇللاھنىڭ قوللانغان دانا تەدبىرلىرىدىن بىرى، ئۇ مۇشرىكلار بىلىپ قالسا، توسالغۇ بولمىسۇن ئۈچۈن دەۋەت قىلماقچى بولغان قەبىلىلەر چۈشكەن مەنزىلگە تۈن قاراڭغۇسىدا چىقاتتى. ئۇ بىر كېچىسى تۈن نىسپىي بولغاندا، ئەبۇ بەكرى ۋە ئەلى ئىككىيلەن بىلەن شۇ مەقسەتتە، زۇھەل ۋە شەيبان ئىبنى سۇئلەبە قەبىلىلىرىنىڭ بارگاھلىرىغا باردى ۋە ئۇلار بىلەن ئىسلام توغرىلىق سۆزلەشتى ۋە ئەبۇ بەكرى بىلەن زەھەل قەبىلىسىدىن بىر ئادەم ئوتتۇرىسىدا قىزغىن ئىجابىي سوئال ـ جاۋابلار ئېلىپ بېرىلدى. بەنۇ شەيبان قەبىلىسىدىن كەلگەنلەر كىشىنى ئۈمىدۋار قىلىدىغان جاۋابلارنى بەرگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇلار ئىسلامنى قوبۇل قىلىشتىن ھازىرچە توختاپ تۇرىدىغانلىقىنى ئېيتتى. ئاندىن رەسۇلۇللاھ مىنا تېغى داۋىنىنى بويلاپ ماڭدى ۋە شۇ ئەتراپتا بىر نەچچەيلەننىڭ «گۇدۇڭ ـ گۇدۇڭ» ئاۋازىنى ئاڭلىدى ۋە ئۇلارنىڭ قېشىغا بېرىپ: «سىلەر كىملەر؟» دەپ سورىدى. ئۇلار: «بىز خەزرەج قەبىلىسىدىن»، دەپ جاۋاب بېرىشتى، رەسۇلۇللاھ: «يەھۇدىيلارنىڭ ئىمىلدەشلىرى، يەنى ئىتتىپاقداشلىرى!» دەپ قوشۇپ قويدى. ئۇلار: «ھەئە، شۇنداق»، دېيىشتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئولتۇرامسىلەر، سىلەرگە گەپ قىلاي!» دېۋىدى، ئۇلار: «بولىدۇ»، دېيىشىپ ئولتۇرۇشتى. شۇنىڭ بىلەن رەسۇلۇللاھ ئۇلارغا ئىسلامنىڭ ماھىيىتىنى شەرھىلىدى ۋە ئۆزىنىڭ دەۋەت نىشانىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ئۇلارنى ئاللاھ تەرىپىگە چاقىردى ۋە «قۇرئان كەرىم»دىن تىلاۋەت قىلىپ بەردى. شۇئان ئۇلار بىر ـ بىرىگە: «بىلەمسىلەر ئى قەۋمداشلار! ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، بۇ چوقۇم يەھۇدىيلار بىزگە تەھدىت سالغان پەيغەمبەر شۇ، شۇڭا ئۇلار بۇ پەيغەمبەر بىلەن بىزدىن بۇرۇن ئۇچرىشىۋالماسلىقى كېرەك»، دېيىشتى ۋە ئۇنىڭ دەۋىتىگە تېزلا ئاۋاز قوشۇپ ئۆزلىرىنىڭ مۇسۇلمان بولۇش رىغبىتى بارلىقىنى بىلدۈردى.

ئۇلار يەسرەبنىڭ يىراقنى كۆرەر ئاقىللىرىدىن بولۇپ، ئەمدىلا ئاياغلاشقان، ئەمما يەنىلا يامراش ئېھتىمالى بولغان ئىچكى ئۇرۇش ئوتى يەسرەب خەلقىنى قاتتىق جۇدەتتۈەتكەن بولغاچقا، ئۇلار رەسۇلۇللاھنىڭ بۇ دەۋىتىنىڭ ئۇرۇشنىڭ تەلتۆكۈس

ئاخىرلىششىنىڭ سەۋەبى بولۇپ قېلىشىنى ئۈمىد قىلىشتى. ئۇلار مەدىنىگە قايتىپ بارغاندىن كېيىن مەدىنىدە ئىسلام دەۋىتىنى يەتكۈزدى، نەتىجىدە مەدىنە تەۋەسىدە ئەنسار ئائىلىلىرىنىڭ ھەممىسىدە رەسۇلۇللاھنىڭ گېپىدىن باشقا گەپ بولمايدىغان بولدى. مۇشۇ يىلى (بىئسەتنىڭ 11 ـ يىلى) شەۋۋال ئېيىدا رەسۇلۇللاھ ئائىشە سىددىق (راستچىل)قا ئۆيلەندى. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا بۇ چاغدا ئالتە ياشقا كىرگەندى ۋە ئۇنىڭ بىلەن ھىجرىيىنىڭ 1 ـ يىلى شەۋۋال ئېيىدا بىر تەكىيدە باش قويدى. ئۇ بۇ چاغدا توققۇز ياشقا توشقانىدى.

## 679 ـ سۇئال: رەسۇلۇللاھنىڭ مىئراجى

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ دەۋىتى مۇشرىكلارنىڭ زۇلۇم ۋە زىيانكەشلىكلىرى تۈپەيلى غەلىبە ۋە مەغلۇبىيەت ئوتتۇرىسىدا قەدرى ئەھۋال يول ئېچىپ ئىلگىرىلەۋاتقان ۋە يىراق ئۇپۇقلاردا غەلىبە يۇلتۇزلىرى غىل ـ پال نۇر چېچىپ كۆرۈنۈۋاتقان بىر پەيتتە، رەسۇلۇللاھقا بەيتۇلھەرەمدىن بەيتۇلمۇقەددەسكە سەير قىلىش ۋە ئۇ يەردىن ئاللاھنىڭ دەرگاھىغا مىئراجغا چىقىش شەرىپى مۇۋەپپەق قىلىندى.

مىئراجنىڭ ۋاقتىنى مۇقىم بىر ۋاقىتقا تەيىن قىلىش توغرىسىدا ئوخشىمىغان قاراشلار مەۋجۇت: سۈرە ئىسرانىڭ سىياقىدىن قارىغاندا، مىئراج ھىجرەتكە ناھايىتى يېقىن ئارىلىقتا يۈز بەرگەنلىكى مەلۇم. ھەدىسشۇناس ئالىملار ۋەقەنىڭ تەپسىلاتىنى تۆۋەندىكىدەك بايان قىلدى.

ئىبنى قەييۇم مۇنداق دەيدۇ: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام (سەھىھ رىۋايەتكە ئاساسلانغاندا) ئاشۇ مۇبارەك تېنى بىلەن بۇراققا مىنىپ جىبرىئىل (ئەلەيھىسسالام)نىڭ ھەمراھلىقىدا مەسجىدىلھەرامدىن بەيتۇلمۇقەددەسكە سەير قىلدۇرۇلدى ۋە ئۇ يەردە چۈشۈپ پەيغەمبەرلەرگە ئىمام بولۇپ ناماز ئوقۇدى ۋە بۇراقنى مەسجىد دەرۋازىسىنىڭ بىر ھالقىسىغا باغلاپ قويدى. ئاندىن شۇ كېچىسى بەيتۇلمۇقەددەستىن بىرىنچى ئاسمانغا ئۆرلىتىلدى ۋە جىبرىئىل (ئەلەيھىسسالام) رەسۇلۇللاھ ئۈچۈن ئاسماننىڭ دەرۋازىسىنى ئېچىشنى تەلەپ قىلغانىدى، ئاسمان دەرۋازىسى ئېچىلدى. رەسۇلۇللاھ ئۇ يەردە ئادەم ئاتىنى كۆردى ۋە ئۇنىڭغا سالام بەردى. ئادەم ئاتا رەسۇلۇللاھنى قىزغىن قارشى ئالدى ۋە ئۇنىڭ سالىمىغا «ئەلەيكە» ياندۇردى ۋە رەسۇلۇللاھنىڭ پەيغەمبەر بولغانلىقىنى تەبرىكلىدى.

ئاللاھ رەسۇلۇللاھقا شەھىدلەرنىڭ ئەرۋاھ (جان)لىرىنى ئوڭ ياندىن ۋە شەقىي ناكەسلەرنىڭ ئەرۋاھ (جان)لىرىنى سول ياندىن كۆرسەتتى. ئاندىن ئۇ ئىككىنچى ئاسمانغا ئۆرلىتىلدى ۋە ئىككىنچى ئاسمان دەرۋازىسىمۇ ئېچىلدى. ئۇ يەردە يەھيا

ئىبنى زەكەرىيا ۋە ئىيسا ئىبنى مەريەم (ئەلەيـھىسسالام)لەرنى كۆردى ۋە ئۇلار بىلەن مۇلاقات بولۇپ، ئۇلارغا سالام بەردى. ئۇلارمۇ رەسۇلۇللاھقا سالام قايتۇردى ۋە ئۇنىڭ مىئراجىنى قىزغىن قارشى ئالدى ۋە پەيغەمبەر بولغانلىقىنى تەبرىكلەشتى.

ئاندىن ئۈچىنچى ئاسمانغا ئۆرلىتىلدى. ئۇ يەردە يۇسۇف ئىبنى يەئقۇپ (ئەلەيـھىسسالام)نى كۆردى ۋە ئۇنىڭغا سالام قىلدى. يۇسۇف (ئەلەيـھىسسالام) رەسۇلۇللاھقا «ئەلەيكە» ياندۇردى ۋە ئۇنى قىزغىن قارشى ئېلىپ، ئۇنىڭ پەيغەمبەر بولغانلىقىنى تەبرىكلىدى.

ئاندىن تۆتىنچى ئاسمانغا ئۆرلىتىلدى. ئۇ يەردە ئىدرىس ئەلەيـھىسسالامنى كۆردى ۋە ئۇنىڭغا سالام بەردى. ئىدرىس ئەلەيـھىسسالام رەسۇلۇللاھنى قارشى ئېلىپ، ئۇنىڭ پەيغەمبەر بولغانلىقىنى تەبرىكلىدى.

ئۇنىڭدىن كېيىن بەشىنچى ئاسمانغا ئۆرلىتىلدى. بەشىنچى ئاسماندا ھارۇن ئىبنى ئىمران (ئەلەيـھىسسالام)نى كۆردى. پەيغەمبەر ئەلەيـھىسسالام ئۇنىڭغا سالام قىلدى، ھارۇن ئەلەيـھىسسالام ئۇنى قارشى ئالدى ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبەرلىكىنى تەبرىكلىدى.

ئۇنىڭدىن كېيىن ئالتىنچى ئاسمانغا ئۆرلىتىلدى. پەيغەمبەر ئەلەيـھىسسالام ئۇ يەردە مۇسا ئەلەيـھىسسالامغا ئۇچراشتى ۋە ئۇنىڭغا سالام قىلدى، مۇسا ئەلەيـھىسسالام رەسۇلۇللاھنى قىزغىن قارشى ئالدى ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبەر بولغانلىقىنى تەبرىكلىدى. رەسۇلۇللاھ مۇسا ئەلەيـھىسسالامنىڭ قېشىدىن ئازراق ئۆتۈۋىدى، مۇسا ئەلەيـھىسسالام يىغلاپ تاشلىدى. ئۇنىڭغا: «نېمىشقا يىغلايسەن؟» دېيىلگەندى، ئۇ: «بىر ئوغلان مەندىن كېيىن پەيغەمبەرلىككە ئەۋەتىلدى ۋە ئۇنىڭ ئۇممىتىدىن جەننەتكە كىرىدىغانلار مېنىڭ ئۇممىتىمدىن جەننەتكە كىرىدىغانلاردىن كۆپ بولغانلىقى ئۈچۈن يىغلايمەن»، دېدى.

ئاندىن يەتتىنچى ئاسمانغا ئۆرلىتىلدى. ئۇ يەردە ئىبراھىم ئەلەيـھىسسالام بىلەن ئۇچراشتى ۋە ئۇنىڭغا سالام قىلدى. ئىبراھىم ئەلەيـھىسسالام رەسۇلۇللاھنى قىزغىن قارشى ئالدى ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبەرلىكىنى تەبرىكلىدى. ئاندىن رەسۇلۇللاھ «سىدرەتۇلمۇنتەھا» غا كۆتۈرۈلدى. ئۇنىڭدىن كېيىن بەيتۇلمەئمۇر غا ئۆرلىتىلدى ۋە ئۇ يەردىن رەسۇلۇللاھنى جەببار تائالا (بەندىلىرىگە خالىغانىنى قىلدۇرۇلايدىغان ئەزەمەتلىك تەڭرى تائالا)نىڭ دەرگاھىغا ئۆرلىتىلدى ۋە ئۇنىڭغا يېقىنلىشىپ، ھەتتا بىر ئىككى ئوق مىقدارى ياكى ئۇنىڭدىنمۇ يېقىن ئارىلىقتا تۇردى. بۇ چاغدا ئاللاھ تائالا ئۆز بەندىسى (رەسۇلۇللاھقا) گە بىر قاتار ۋەھىيلەرنى قىلدى ۋە ئۇنىڭغا 50 ۋاق نامازنى پەرز قىلدى. شۇنىڭ بىلەن رەسۇلۇللاھ ئاللاھنىڭ دەرگاھىدىن قايتىپ مۇسا

ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىدىن ئۆتتۈقىدى، مۇسا ئەلەيھىسسالام: «ئاللاھ سىنى نېمىگە بۇيرۇدى»، دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «50 ۋاق نامازغا»، دەپ جاۋاب بەردى. مۇسا ئەلەيھىسسالام: «سىنىڭ ئۈممىتىڭ بۇنىڭغا تاقەت كەلتۈرەلمەيدۇ، سەن ئاللاھنىڭ دەرگاھىغا قايتىپ ئۇنىڭدىن ئۈممىتىڭگە يەڭگىللىتىپ بېرىشنى تىلىگىن»، دېدى. رەسۇلۇللاھ جىبرىئىل (ئەلەيھىسسالام)غا مەسلىھەت سالغاندەك قىلىپ قارىۋىدى، جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام: «ھەئە، خالىسىڭىز»، دەپ ئىشارەت قىلدى. شۇنىڭ بىلەن جىبرىئىل رەسۇلۇللاھنى يۇقىرىغا ئۆرلىتىپ جەببار تائالانىڭ دەرگاھىغا ئېلىپ چىقتى. ۋەھالەنكى، ئاللاھ ئۆزىگە خاس ماكاندا ئىدى. (بۇ ئىمام بۇخارىنىڭ بەزى لەبزىدىكى ئىبارىسى) ئاللاھ ئۇنىڭدىن ئون ۋاقنى كۆتۈرۈۋېتىپ بەردى. ئاندىن تۆۋەن چۈشتى. مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىدىن ئۆتۈپ، ئۇنىڭغا خەۋەر قىلدى. مۇسا ئەلەيھىسسالام يەنە: «پەرۋەردىگارىڭنىڭ دەرگاھىغا قايتىپ يەنىمۇ يېنىكلىتىپ بېرىشنى تىلىگىن»، دېدى. شۇنىڭ بىلەن رەسۇلۇللاھ مۇسا ئەلەيھىسسالام بىلەن ئاللاھنىڭ دەرگاھى ئارىلىقىدا بېرىپ كېلىپ يۈرۈپ ئاخىر ئاللاھ ئۇنى بەش نامازغا قالدۇرۇپ بەردى ۋە شۇ چاغدىمۇ يەنە مۇسا (ئەلەيھىسسالام) رەسۇلۇللاھنى ئاللاھنىڭ دەرگاھىغا قايتىپ، يەنىلا يەڭگىللىتىپ بېرىشنى تەلەپ قىلىشقا بۇيرىغانىدى، رەسۇلۇللاھ: «چوقۇمكى، مەن پەرۋەردىگارىمدىن ھايا قىلدىم، ئەمدى مەن ئۇنىڭ قىسمىتىگە رازى بولىمەن ۋە ئۇنىڭ پەرزىگە تەسلىم بولىمەن»، دېدى. رەسۇلۇللاھ مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىدىن يىراقلاپ مېڭىۋىدى غايىبتىن: «پەرزىمنى بېكىتىۋەتتىم ۋە بەندىلىرىمدىن كۆپ يېنىكلەتتىم» دەپ نىدا كەلدى.

مۇشۇ قېتىم رەسۇلۇللاھنىڭ كۆكرىكى يېرىلىش ۋەقەسى يۈز بەردى ھەمدە زىيارەت داۋامىدا تۆۋەندىكى بىر قانچە ئىشلارغا دۇچ كەلدى. رەسۇلۇللاھنىڭ ئالدىغا سۈت ۋە ھاراق كەلتۈرۈلدى. رەسۇلۇللاھ ئىككىلەنمەستىن سۈتنى تاللىغانىدى، ئۇنىڭغا: «توغرا يولغا ھىدايەت قىلىندىڭ» ۋە ياكى «توغرا يولنى تاپتىڭ، ناۋادا سەن ھاراقنى ئالغان بولساڭ، ئۈممىتىڭ ئېزىپ كەتكەن بولاتتى»، دېيىلدى. جەننەتتە تۆت دەريانى كۆردى. ئىككىسى ئاشكارا ۋە ئىككىسى يوشۇرۇن ئىدى. ئاشكارا ئىككى دەريا نىل دەرياسى ۋە پۇرات دەرياسى دەپ تونۇشتۇرۇلدى. بۇنىڭ مەنىسى - رەسۇلۇللاھنىڭ ئەلچىلىكى نىل ۋە پۇرات دەرياسى ۋادىلىرىدىكى كەڭ مۇنبەت زېمىنلاردا يىلتىز تارتىپ، ئۇنىڭ ئاھالىسىنىڭ قەلبىدىن چوڭقۇر ئورۇن ئالىدۇ ۋە بۇ جايلارنىڭ ئاھالىسى يېقىن كەلگۈسىدىن باشلاپ ئەۋلادمۇئەۋلاد ئىسلام تۇغىنى ئېگىز كۆتۈرگۈچىلەردىن بولىدۇ، دېگەن بولاتتى، ئەكسىچە بۇ دەريالارنىڭ كېلىش مەنبىئى جەننەتتىن كېلىدۇ، دېگەن بولمايتتى.

زىيارەت داۋامىدا رەسۇلۇللاھ دوزاخنىڭ مالىكى (يەنى باش گوندىپاي)نى كۆردى. ئۇ قەتئىي كۈلمەيتتى ۋە ئۇنىڭ چىرايىدا تەبەسسۇم ۋە خۇشخۇيلۇقتىن قىلچە ئەسەر يوق ئىدى. شۇنىڭدەك رەسۇلۇللاھ يەنە جەننەت ۋە دوزاخنىڭ تەپسىلاتىدىن خەۋەردار بولدى.

ئۇ يەنە يېتىملەرنىڭ مال ـ مۈلۈكىنى ناھەق يەۋالغانلارنىڭ ئېغىز، بۇرۇن، لەۋلىرىنى تۆگىنىڭ (كامشۇكلىرى)گە ئوخشاش قوپال، كۆرۈمسىز ھالەتتە كۆردى. ئۇلارنىڭ ئېغىز، بۇرۇنلىرىغا ھاۋانچا تاشلىرىدەك چوغ پارچەلىرى تۆپە ـ تۆپىلەپ تىقىلاتتى. ئاندىن ئۇ تاشلار شۇ ھامان ئۇلارنىڭ ئارقا مەقئەتلىرىدىن ئېتىلىپ چىقاتتى.

رەسۇلۇللاھ جازانىخورلارنىڭ قورساقلىرى يوغىناپ، تولۇم قورساق بولۇپ كەتكەنلىكىنى كۆردى. ئۇلارنىڭ قورساقلىرى بەك چوڭىيىپ كەتكەنلىكتىن ئۇلار ئۆز ئورۇنلىرىدىن تەمشىلەلمەيتتى ۋە يۆتكىلىشكىمۇ ماجالى يەتمەيتتى. فىرئەۋن جەمەتى ۋە ئۇنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرى دوزاخقا قاقلىنىش ئۈچۈن ئېلىپ چىقىلغاندا، ھېلىقى جازانىخورلارنىڭ ئۈستىدىن ئۆتۈپ، ئۇلارنى دەسسەپ ئاياغ ئاستى قىلىپ ماڭاتتى.

زىناخور ـ پاھىشىۋازلارنىڭ ئالدىدا مەززىلىك، پۇراقلىق، سېمىز گۆش قورۇمىلىرى تۇرماقتا، يەنە بىر چەتتە شەللەت، ئورۇق، بەتبۇي، سېسىق، مەينەت گۆشلەر تۇرماقتا. ۋەھالەنكى، ئۇلار ئالدىدىكى مەززىلىك، ھىد پۇراقلىق گۆشلەرنى تاشلاپ قويۇپ، يېنىدىكى مەينەت، پاسكىنا گۆشلەرنى ماكىلدىتىپ، چايناپ تۇرۇۋاتقانلىقىنى كۆردى. رەسۇلۇللاھ يەنە مەھرەملىك سالاھىيىتى بولمىغان ئەرلەر بىلەن تارتىنماستىن ئارىلىشىپ يۈرىدىغان شاللاق خوتۇن ـ قىزلارنىڭ ئەمچەكلىرىدىن ئېسىپ قويۇلغانلىقىنى كۆردى.

## 680ـ سۇئال: رەسۇلۇللاھنىڭ مىئراجىنى ئىسپاتلايدىغان ماددى پاكىتلار ۋە قۇرەيشلەرگە مىئراج ۋەقەسىنى بايان قىلىشى

رەسۇلۇللاھ يەنە بەيتۇلمۇقەددەسكە بېرىش ـ كېلىشتىكى ئىككىلا قېتىمدا مەككىلىكلەرنىڭ شام تەرەپتىن كېلىۋاتقان بىر تىجارەت كارۋىنىنى كۆردى ۋە ئۇلارنىڭ تۆپتىن ئايرىلىپ ئېزىپ قالغان بىر تۆگىسىنى كۆرسىتىپ قويدى ۋە ئۇلار ئۇخلاپ قالغاندا، ئاغزى ئېتىپ قويۇلغان بىر تۇڭدىن سۇ ئىچىپ، ئاندىن قاچىنى ئۆز پېتىچە مەھكەم ئېتىپ قويدى. دەل مۇشۇ ئىش رەسۇلۇللاھنىڭ مىئراج كېچىسىنىڭ ئەتىگىنى ئۇنىڭ سۆزىنىڭ راستلىقىنى ئىسپاتلايدىغان بىردىنبىر ماددىي پاكىت بولۇپ قالدى.

ئىبنى قەييۇم مۇنداق دەيدۇ: ئەتىسى ئەتىگەن رەسۇلۇللاھ قۇرەيش خەلقىگە ئاللاھ

ئۇنىڭغا كۆرسەتكەن بۇ كاتتا مۆجىزىنى بايان قىلىپ بېرىۋىدى، ئۇلارنىڭ رەسۇلۇللاھقا بولغان گۇمانى تېخىمۇ كۈچەيدى. ئەزىيەت كۆلىپەت يەتكۈزۈش ۋە زىيان ـ زەخمەت سېلىشى ئېشىپ باردى. ئۇلار رەسۇلۇللاھتىن بەيتۇلمۇقەددەسنى تەسۋىرلەپ بېرىشنى تەلەپ قىلغانىدى. ئۇ بەيتۇلمۇقەددەسنى كۆز ئالدىدا كۆرۈپ تۇرغاندەك مۇھىم جايلىرىنى ئېنىق ۋە ئەينەن تونۇشتۇرۇپ بېرىشكە باشلىدى. ئۇلار رەسۇلۇللاھقا رەددىيە قايتۇرالماي داڭ قېتىپ قېلىشتى. رەسۇلۇللاھ يەنە ئۇلارنىڭ كارۋىنىنىڭ سەپەر يۆنىلىشىنى ۋە قايتىپ كېلىۋاتقانلىقىنى خەۋەر قىلدى. بولۇپمۇ كارۋاننىڭ يېتىپ كېلىدىغان ۋاقتىنى خەۋەر قىلدى. ھەتتا كارۋاننىڭ ئەڭ ئالدىدا مېڭىپ كېلىۋاتقان تۆگىنىمۇ ئېيتىپ بەردى. ئەمەلىيەتمۇ رەسۇلۇللاھ دېگەندەك چىقتى، لېكىن بۇ ئۇلارنىڭ نەپرىتىنى ئاشۇرۇۋەتتى ۋە كاپىر زالىملار كۇفرىنىڭ غەيرىگە ئېبىا قىلىشتى.

## 681-سوئال: ئەقەبە بەيئىتى ۋە مەدىنە ھىجرىتى

يۇقىرىدا بىز يەسرەبلىك ئالتە نەپەر كىشى بىئسەتنىڭ 11 ـ يىلى ھەج مەۋسۇمىدا مۇسۇلمان بولۇپ، ئۇلار رەسۇلۇللاھقا بۇ ئەلچىلىكنى ئۆز قەۋملىرىگە چوقۇم يەتكۈزۈشكە ۋەدە بېرىشكەنىدى، دېگەندۇق. بۇنىڭ نەتىجىسىدە كېلەر يىلى ھەج مەۋسۇمى (بىئسەتنىڭ 12 ـ يىلى مىلادىيە 621 ـ يىلى ئىيۇل)دا يەسرەبتىن 12 ئادەم ھەجكە كەلدى. ئۇلارنىڭ بەشى ئالدىنقى يىلى رەسۇلۇللاھ بىلەن كۆرۈشكەنلەر (بۇ يىل كېلەلمىگەن بىر كىشى جابىر ئىبنى ئابدۇللاھ ئىبنى رىئاب ئىدى)، قالغان يەتتىسى يېڭىدىن قوشۇلۇپ كەلگەنلەر ئىدى.

ئۇلار رەسۇلۇللاھ بىلەن مىنا تېغىدىكى ئەقەبە دېگەن جايدا ئۇچرىشىپ، ئايالالار بەيئەت قىلغاندەك بەيئەت بەردى. بەيئەت تامام بولۇپ، ھەج پائالىيەتلىرىمۇ ئاخىرلىشىپ، ھاجىلار ئۆز ۋەتەنلىرىگە قايتىشقا باشلىۋىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەسرەبتىكى مۇسۇلمانلارغا ئىسلام شەرىئىتىنى ئۆگىتىش، دىنى ئەھكاملارنى چۈشەندۈرۈش ۋە شۇ يەردە تېخىچە شېرىك ئەقىدىسى بىلەن تۇرۇۋاتقان ئادەملەر ئارىسىدا ئىسلام دەۋىتى ئېلىپ بېرىش ئۈچۈن ئۆزىنىڭ تۇنجى ئەلچىسىنى ئاشۇلارغا قېتىپ مەدىنىگە ئەۋەتمەكچى بولدى. رەسۇلۇللاھ بۇ ئەلچىلىككە ئەڭ دەسلەپ مۇسۇلمان بولغان ئىسلام ياش ئاۋانگارتلىرىدىن بىرى بولغان مۇسئەب ئىبنى ئۇمەير (رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ)نى تاللىدى. مۇسئەب ئىبنى ئۇمەير رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئەسئەد ئىبنى زورارەنىڭ ئۆيىگە چۈشتى ۋە ئۇ ئىككىسى بىرلىكتە يەسرەب ئاھالىسىغا تولۇپ تاشقان قىزغىنلىق بىلەن ئىسلام دىنىنى تەشۋىق قىلىشقا باشلىدى. مۇسئەب ئۆزاق ئۆتمەي يەسرەب خەلقى ئارىسىدا «مۇقرىئۇن» (قۇرئان ئۆگەتكۈچى) دېگەن نام

بىلەن تونۇلدى.

مۇسئەب ئىبنى ئۇمەير ئەسئەد ئىبنى زۇرارىنىڭ ئۆيىدە تۇرۇپ كىشىلەرنى ئىسلامغا دەۋەت قىلدى. ھەتتا مەدىنىدە ئەنسار ئايماقلىرىدىن مۇسۇلمان بولمىغان بىرمۇ ئۆي ياكى ئائىلە قالمىدى. ھەممىسىدە مۇسۇلمان ئەر ـ ئاياللار بار بولدى. كېلەر يىلى (يەنى بىئسەتنىڭ 13 ـ يىلى) ھەج مەۋسۇمى يېتىپ كېلىشتىن بۇرۇن، مۇسئەب ئىبنى ئۇمەير غەلىبە خۇش بېشارەتلىرىنى ئېلىپ مەككىگە قايتىپ كەلدى. ئۇ رەسۇلۇللاھقا يەسرەب قەبىلىلىرىنىڭ خەۋەرلىرىنى ۋە ئۇ خەلقتىكى يوشۇرۇن، ياخشى خىسلەت ئىقتىدارلارنى ۋە ئۇلاردىكى ئۆز ـ ئۆزىنى قەدىرلەش ۋە خورلۇققا باش ئەگمەسلىكتەك پەزىلەتلىرىنى سۆزلەپ بەردى.

بىئسەت (رەسۇلۇللاھ پەيغەمبەر بولغان)نىڭ 13 ـ يىلى (مىلادىيە 622 ـ يىلى ئىيۇندا) ھەج مەۋسۇمىدا يەسرەبلىك مۇسۇلمانلاردىن يەتمىش نەچچە كىشى ھەج پائالىيىتىنى ئادا قىلىش ئۈچۈن مەككىگە كەلدى. ئۇلار يەسرەبتىكى تېخىچە مۇسۇلمان بولمىغان مۇشرىك ھاجىلار بىلەن بىللە كەلگەنىدى. ئۇلار يەسرەبتىكى چاغلىرىدا بولمىسۇن ياكى يولدا كېلىۋاتقاندا بولمىسۇن ئىزچىل: «بىز رەسۇلۇللاھنى مەككە تاغلىرىدا قاچانغىچە قوغلاندى بولۇپ، دەككە ـ دۈككە ئىچىدە يۈرۈشكە تاشلاپ قويىمىز؟» دەپ سوئال قويۇشاتتى. ئۇلار مەككىگە كەلگەندىن كېيىن، رەسۇلۇللاھ بىلەن يوشۇرۇن ئالاقىلىشىپ ئىككى تەرەپ تەشرىق كۈنلىرىنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا، مىنا تېغىنىڭ جەمرتۇلئۇلادىكى ئەقەبە جىلغىسى ئىچىدە ئۇچرىششقا، ئۇچرىششنى تۈن قاراڭغۇسىدا مەخپىي ئېلىپ بېرىشقا كېلىشتى. بەيئەت تۈن نىسپىدە ئىنتايىن مەخپىي رەۋىشتە ئېلىپ بېرىلغاچقا ھەج ئۆمىكى ئىچىدىكى مۇشرىكلار بۇنىڭدىن قىلچە خەۋەرسىز ئىدى. ئۇلار مەككىگە قايتىپ كىرگەندىن كېيىن داۋاملىق سۈرۈشتۈرۈپ يۈرۈپ ئاخىر خەۋەرنىڭ راست ئىكەنلىكىنى، بەيئەتنىڭ ھەقىقەتەن پۈتۈشۈلۈپ تاماملانغانلىقىنى ئىسپاتلىدى. بۇ چاغدا ھاجىلار ئاللىبۇرۇن مەككىدىن ئايرىلىپ بولغانىدى. مانا بۇ بەيئەت تارقاق ھالەتتە ياشاۋاتقان مۇئمىنلەر ئوتتۇرىسىدا دوستلۇق، ئىگىدارچىلىق ۋە ئۆزئارا ياردەمدە بولۇش ئەھدىنامىسى ئورناتقان ۋە تولۇپ تاشقان ئىشەنچ، ماددىي ۋە مەنىۋى جاسارەت ئاتا قىلغان، مۇشۇ يولدا بارلىقنى ئاتاش ئىرادىسىنى تىكلىگەن ئەھمىيەتلىك چوڭ بىر بەيئەت بولغان ئىدى.

ئىككىنچى ئەقەبە بەيئىتى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئۆتكۈزۈلۈپ، ئىسلام دىنى كۇفرى ۋە جاھالەت دولقۇنىدا مەۋج ئۇرۇۋاتقان ئاشۇ سەھرانىڭ قاپ ئوتتۇرىسىدىن ئۆزىگە مۇستەقىل بىر ۋەتەن تۇتۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولۇۋىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام

مۇسۇلمانلارغا مۇشۇ يېڭى ۋەتەنگە ھجرەت قىلىشقا ئىجازەت قىلدى. مۇشرىكلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ساھابىلىرىنىڭ كېچە ـ كۈندۈزلەپ تەييارلىق قىلىپ مال ـ دۇنيا ۋە بالا ـ چاقىلىرىنى ئېلىپ ئەۋس، خەزرەج قەبىلىلىرىگە كۆچۈپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، بىر خىل قورقۇنچ ۋە غەم ئەندىشىگە پاتتى ۋە بۇنى چوڭ شۇملۇقنىڭ بېشارىتى دەپ بىلدى. ئەنسىزلىك ۋە ساراسىمە ئۇلارغا مىسلىسىز ۋەھىمە بىلەن دېۋەيلەپ كەلمەكتە ئىدى. قىسقىسى، ئۇلارنىڭ دىنى ۋە ئىقتىسادىي مەۋجۇدىيىتىگە تەھدىت سېلىۋاتقان ھەقىقىي چوڭ بىر خەۋپ ـ خەتەر كۆلەڭگۈسى ئۇلارنىڭ كۆز ئالدىدا نامايەن بولۇشقا باشلىدى. مۇشرىكلار ئۆزلىرىنىڭ مەۋجۇدىيىتىگە تەھدىت سېلىۋاتقان چوڭ بىر خەۋپ ـ خەتەرنىڭ ئىز بېسىپ كېلىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىشتى ۋە ئىسلام دەۋىتىنىڭ يول باشچىسى مۇھەممەدۇن سەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن ئىبارەت بۇ چوڭ خەۋپ ـ خەتەرنىڭ ئەتراپىقا تاراپ يىلتىز تارتىپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن ئەڭ ئۈنۈملۈك بىر چارە ـ تەدبىر ئىزدەشكە باشلىدى. نەبۇۋەت (بېئسەت دەپمۇ ئاتىلىدۇ)نىڭ 14 ـ يىلى سەپەر ئېيى (2 ـ ئاي)نىڭ 20 ـ كۈنى، مىلادىيە 622 ـ يىلى سىنتەبىر (9 ـ ئاي)نىڭ 12 ـ كۈنىگە توغرا كېلىدۇ. (يەنى ئەقەبە چوڭ بەيئىتىدىن ئىككى يېرىم ئايدىن كېيىن) پەيشەنبە ئەتىگەندە قۇرەيش پارلامېنتى (دارۇننەدۋەت) ئىسلام دەۋىتىنىڭ يول باشچىسى مۇھەممەد (ئەلەيھىسسالام)نى ئۇقتىلىق مۇزاكىرە قىلىپ، ئۇنى تېزدىن بىر تەرەپ قىلىشقا كاپالەتلىك قىلغىلى بولىدىغان ۋە ئۇ تارقاتقان دەۋەت نۇرىنى يەر يۈزىدىن تەلتۆكۈس ئۆچۈرەلەيدىغان كەسكىن بىر تەدبىر تېپىش ئۈچۈن ئۆز تارىخىدىكى ئەڭ قاباھەتلىك بىر يىغىننى چاقىردى. يىغىنغا قۇرەيش قەبىلىسىگە تەۋە ھەر قايسى جەمەت ۋە ئۇرۇقداش ئايماقلارنىڭ ۋەكىللىك خاراكتېرىگە ئىگە كىشىلىرى قاتناشتى. ۋەكىللەر قىزغىن مۇزاكىرە ئېلىپ بېرىپ رەسۇلۇللاھنى قەتلى قىلىشنى قارار قىلدى ۋە ھەر قايسى قەبىلە ۋەكىللىرى ئۆيلىرىگە قايتىپ بۇ قارارنى تېزدىن ئىجرا قىلىشقا تەييارلىق كۆرۈشكە تۇتۇش قىلىپ كەتتى.

### 682 ـ سۇئال: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھىجرەت قىلىشى

قۇرەيش ۋەكىللىرى دارۇن نەدۋەتتە رەسۇلۇللاھنى قەستلەپ ئۆلتۈرۈۋېتىش قارارىنى ماقۇللاۋاتقان پەيتتە، جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام ئاللاھنىڭ دەرگاھىدىن ۋەھيى ئېلىپ كېلىپ، قۇرەيشلەرنىڭ رەسۇلۇللاھقا سۇيىقەست پىلانلاۋاتقانلىقىنى ۋە ئاللاھۇ (ئەززە ۋە جەللە)نىڭ ئۇنىڭغا مەككىدىن چىقىپ كېتىشكە رۇخسەت قىلغانلىقىنى ئۇقتۇردى ۋە: «بۈگۈن كېچە ئادەتتىكى ئورنۇڭدا ياتمىغىن»، دەپ ھىجرەت ۋاقتىنىمۇ بەلگىلەپ بەردى. شۇنىڭ بىلەن رەسۇلۇللاھ شۇ ھامان چاشگاھ ۋاقتىدىلا سەپەر

پىلانىغا باش قوشۇۋېلىش ئۈچۈن ئەبۇ بەكرىنىڭ ئۆيىگە باردى. ئائىشە (رەزىيەللاھۇ ئەنھا) مۇنداق دەيدۇ: «شۇ كۈنى چاشگاھ ۋاقتىدا ئۆيدە ئەبۇ بەكرى (ئاتام)نىڭ يېنىدا ئولتۇرۇۋاتاتتۇق. بۇ چاغدا ھاۋا ئىنتايىن قىزىپ كەتكەنىدى. توساتتىن بىرسى: «رەسۇلۇللاھ ھېچقاچان كەلمەيدىغان سائەت، ۋاقىتتا كېلىۋاتىدۇ، تېخى بېشىنىمۇ ئورىۋاپتۇ»، دېدى. ئەبۇ بەكرى: «ئۇنىڭغا ئاتا ـ ئانام پىدادۇر. ئۇ بۇنداق غەيرى ۋاقىتتا چوقۇم مۇھىم بىر ئىش بىلەن كەلدى، دېدى». ئۇ (ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا) مۇنداق دەيدۇ: «ھايال ئۆتمەي رەسۇلۇللاھ كىرىپ كەلدى ۋە ئۆيگە كىرىشكە رۇخسەت سورىدى. ئەبۇ بەكرى ئىجازەت قىلىۋىدى، رەسۇلۇللاھ ئۆيگە كىردى ۋە ئەبۇ بەكرىگە: «قېشىڭدىكى ئادەملەرنى سىرتقا چىقىرىۋەتكىن، مۇھىم گەپ بار»، دېدى. ئەبۇ بەكرى:«ئى رەسۇلۇللاھ! ساڭا ئاتام پىدادۇر، بۇلار ئۆز ئەھلىلىرىڭ» دېگەنىدى. رەسۇلۇللاھ: «ماڭا بۇگۈن چوقۇم چىقىپ كېتىشكە رۇخسەت قىلىندى»، دېدى. ئەبۇ بەكرى: ماڭا ھەمراھ بولغىن، دېمەكچىمۇسىلە، ئى رەسۇلۇللاھ! سەن ئۈچۈن ئاتا ـ ئانام پىدادۇر، دېگەنىدى، رەسۇلۇللاھ: «ھەئە، شۇنداق»، دېدى ۋە ئىككىيلەن ھجرەت پىلانىنى پۈتۈشۈپ بولغاندىن كېيىن رەسۇلۇللاھ قاراڭغۇ چۈشۈشنى كۈتۈپ ئۆيگە قايتتى.

قۇرەيش كاپىرلىرىنىڭ مەزكۇر كاتتىباشلىرى يىغىندىن قايتقاندىن كېيىن پۈتۈن بىر كۈنىنى، مەككە پارلامېنتى (دارۇننەدوۋەت ئەزالىرى) بۈگۈن ئەتىگەن ماقۇللىغان ۋەھشىيانە پىلاننى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئورۇنلاش ئۈچۈن تەييارلىق كۆرۈش بىلەن ئۆتكۈزدى ۋە بۇ ۋەزىپىنى ئادا قىلىشقا ھېلىقى ياۋۇز كاتتىۋاشلاردىن 11 كىشى تاللاپ چىقىلدى.

ئىبنى ئىسھاق مۇنداق دېگەن: «شۇ كۈنى كېچىدىن بىر مەھەل ئۆتكەندە، مەزكۇر 11 قارا نىيەت ئەبلەخ رەسۇلۇللاھنىڭ ئۆيىنىڭ ئىشىكى ئالدىدا پەيدا بولۇپ، قاچانكى ئۇخلاپ قالسا ئاندىن باستۇرۇپ كىرەيلى، دەپ پايلاپ تۇردى. ئۇلار بۇ رەزىل سۇيىقەستنىڭ چوقۇم ئەمەلگە ئاشىدىغانلىقىغا تولۇق ئىشەنچ قىلاتتى. مەزكۇر سۇيىقەستكە قول سېلىش ۋاقتى كېچىنىڭ كېيىنكى يېرىمىغا ئورۇنلاشتۇرۇلغان بولغاچقا، ئۇلار سائەت نۆلنى كۈتۈپ كېچىنى بىدار ئۆتكۈزدى. مەزكۇر قارا نىيەتلەر بۇ رەزىل پىلاننى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن ناھايىتى پۇختا تەييارلىق بىلەن تۇرۇۋاتقان بولسىمۇ، لېكىن ئۇلار ئىنتايىن نومۇسسىزلارچە مەغلۇپ بولدى. رەسۇلۇللاھ بۇ چاغدا ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىبقا «سەن مېنىڭ (ھەزرەمى) يېشىل تونۇمنى يېپىنىپ ئورنۇمدا ئۇخلاپ تۇرغىن، ئۇلار ساڭا ھەرگىز يامانلىق يەتكۈزەلمەيدۇ»، دەپ قويۇپ (رەسۇلۇللاھ ئۇخلىغاندا ئاشۇ يېشىل توننى يېپىنىپ ئۇخلايتى) قولىغا بىر سقىم توپا

ئېلىپ ئۇلارنىڭ ئۈستى باشلىرىغا چېچىۋېتىپ سەپلىرىنى ئارىلاپ ئۆتۈپ چىقىپ كەتتى. ئۇ ئاللاھنىڭ ﴿وجعلنا من بين ايديهم سدّا و من خلفهم سدّا فاغشيناهم فهم لا يبصرون﴾ «ئۇلارنىڭ ئالدىغا بىر توسۇق، كەينىگە بىر توسۇق قىلدۇق، ئۇلارنىڭ كۆزلىرىنى پەردىلىدۇق، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلار (ئىماننىڭ يوللىرى توسۇلۇپ كەتكەنلىكتىن) ھېچ نەرسىنى كۆرەلمەيدۇ»، دېگەن ئايىتىنى توختىماي تىلاۋەت قىلىپ ماڭاتتى. ھەقىقەتەنمۇ ئاللاھ مۇشرىكلارنىڭ كۆزلىرىنى بەنت قىلىۋەتكەن ئىدى، شۇڭا ئۇلار رەسۇلۇللاھنى كۆرەلمىدى، ھالبۇكى ئۇنىڭ چاچقان توپا چاڭلىرى ئۇلارنىڭ ئۈستى باشلىرىنى تولۇق پۈر ئالغانىدى. رەسۇلۇللاھ ئۇلارنىڭ سەپلىرىدىن سۇغۇرۇلۇپ چىققىنىچە ئۇدۇل ئەبۇ بەكرىنىڭ ئۆيىگە باردى. ئاندىن ئۇ يەردىن ئىككەيلەن بىرلىكتە قورۇنىڭ ئارقا ئىشىكى بىلەن چىقىپ كەتتى. ئۇلار كېچىلەپ يول يۈرۈپ ئاخىرى يەمەن (مەككىنىڭ جەنۇبى) تەرەپتىكى «سەۋر» ئۆڭكۈرگە بېرىپ ئورۇنلاشتى.

بىئسەت(رەسۇلۇللاھ پەيغەمبەرلىك شەرىپىگە ئېرىشكەن يىلى)نىڭ 14 ـ يىلى سەپەر (2 ـ ئاي)نىڭ 27 ـ كۈنى، مىلادىيە 622 ـ يىلى سېنتەبىر (9 ـ ئاي)نىڭ 12 ـ ياكى 13 ـ كۈنى كېچىدە رەسۇلۇللاھ ئۆيىدىن ئايرىلىپ ئۆزىنىڭ سەپدىشى ئەبۇ بەكرىنىڭ ئۆيىگە كەلدى. ئاندىن ئىككىيلەن بىرلىكتە كېچىنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىدە، تاڭ ئېتىشتىن بۇرۇن مەككىدىن چىقىپ كېتىش مەقسىتىدە ئالدىراپ ئەبۇ بەكرىنىڭ قورۇسىنىڭ ئارقا ئىشىكىدىن چىقىپ كېتىشتى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قۇرەيش دائىرىلىرىنىڭ قاتتىق ئىز قوغلايدىغانلىقىنى ۋە پايلاقچىلارنىڭ نەزىرى ئالدى بىلەن مەككىنىڭ شىمالىغا ماڭىدىغان مەدىنە يولىغا چۈشىدىغانلىقىنى بىلگەن بولغاچقا، ئۇ ئەسلى نىشانىنىڭ تامامەن ئەكسى تەرىپىگە يول ئالدى. ئۇ بولسىمۇ مەككىنىڭ جەنۇبىغا سوزۇلغان مەككە ـ يەمەن چوڭ يولى ئىدى. رەسۇلۇللاھ بۇ يول بىلەن بەش كىلومېتىردەك جەنۇبقا قاراپ مېڭىپ «سەۋر» تېغى دەپ ئاتىلىدىغان بىر تاغقا يېتىپ باردى. بۇ تاغ ئۆزى ئېگىز، يوللىرى ئەگرى ـ توقاي، تىك قىيا تاغ بولۇپ، ئەتراپى پۈتۈنلەي قورام تاشلار بىلەن ئورالغان، قەدەم ئېلىپ مېڭىش تولىمۇ قىيىن ئىدى. شۇڭا رەسۇلۇللاھنىڭ ئىككى پۇتىدىن بىر قانچە يەرنى ئۇچلۇق تاشلار يىرتىۋەتتى. قانداقلا بولمىسۇن تاغقا يېقىن قالغاندا ئەبۇ بەكرى رەسۇلۇللاھنى ھاپاشلاپ يۈدۈپ، كۈچىنىڭ بارىچە يۈگۈرۈپ، تاغ چوققىسىدىكى ئۆڭكۈرگە ئەكىرىۋالدى. بۇ تاغ تارىختا «غارى سەۋر»، يەنى، سەۋر تېغى ئۆڭكۈرى دەپ ئاتالدى.

ئىككىيلەن غارغا يېتىپ بېرىۋىدى، ئەبۇ بەكرى: «ئى رەسۇلۇللاھ سەن كىرمەي

تۇرغىن، ئاۋۋال مەن كىرىپ چىقاي، ئەگەر زىياندىش ھاشارەتلەر بولسا سەندىن كۆرە ماڭا تەگكىنى ياخشى»، دېدى. ئاندىن غارغا كىرىپ، مەلۇم يەرنى سىپىرىپ - سۈپۈردى. ئۇنىڭ بىر بۇلۇڭىدىكى تۆشۈككە كۆينىكىنى يىرتىپ تىقىپ قويدى، يەنە بىر چەتتىكى ئىككى تۆشۈككە ئىككى پۇتىنى تىقىپ ئۇنى ئەتتى. ئاندىن رەسۇلۇللاھنى كىرىشكە تەكلىپ قىلدى. شۇنىڭ بىلەن رەسۇلۇللاھ غارغا كىردى ۋە قاتتىق ھېرىپ چارچاپ كەتكەنلىكىدىن بېشىنى ئەبۇ بەكرىنىڭ قۇچىقىدا قويدى - دە، كۆزى ئۇيقۇغا كەتتى. بۇ چاغدا ئەبۇ بەكرىنىڭ تۆشۈككە تىقىپ تۇرغان پۇتىنى يىلان چېقىۋالدى، لېكىن ئۇ رەسۇلۇللاھنىڭ ئويغىنىپ كېتىشىدىن ئەنسىرەپ چىداپ مىدىرلىماي تۇرغان ئىدى، ئەمما ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن ئاغرىق ئازابى تۈپەيلى تۆكۈلگەن ياش تامچىلىرى رەسۇلۇللاھنىڭ مەڭزىگە تېمىپ ئۇنى ئويغىتىۋەتتى ۋە ئۇنىڭدىن «نېمە بولدۇڭ؟ ئى ئەبۇ بەكرى!» دەپ سورىدى. ئەبۇ بەكرى: «يىلان چېقىۋالدى، ھېچ ۋەقەسى يوق سەن ئۈچۈن ئاتا - ئانام پىدادۇر»، دېدى، شۇنىڭ بىلەن رەسۇلۇللاھ ئورنىدىن تۇرۇپ ئۇنىڭ پۇتىغا تۈكۈرۈپ قويۇۋېدى، ئۇنىڭ پۇتىدىكى ئاغرىق پەسەيدى. ئۇلار غاردا جۈمە، شەنبە، يەكشەنبە كۈنلىرى ئۈچ كۈن يوشۇرۇنۇپ تۇردى. بۇ جەرياندا ئابدۇللاھ ئىبنى ئەبى بەكرى ئۇلارنىڭ قېشىغا ھەر كېچە كېلىپ - كېتىپ تۇردى.

بىر كۈنى چارلىغۇچى قوشۇن غارنىڭ ئېغىزىغا يېتىپ باردى، لېكىن ئاللاھ ئۆز ئىشىغا ھامان غالىبتۇركى، ئۇلارغا رەسۇلۇللاھنى كۆرسەتمىدى. ئىمام بۇخارى ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، ئۇ ئەبۇ بەكرىدىن رىۋايەت قىلغان ھەدىستە مۇنداق دېيىلگەن: مەن رەسۇلۇللاھ بىلەن غاردا تۇرۇۋاتاتتىم بېشىمنى ئازراق كۆتۈرۈپ قارىسام، بىر مۇنچە ئادەملەرنىڭ پۇت - پاچاقلىرىنى كۆردۈم. شۇنىڭ بىلەن رەسۇلۇللاھقا: «ئى رەسۇلۇللاھ، ئەگەر ئۇلارنىڭ بىرسى ئۆزىنىڭ بېشىنى شۇنداق تۆۋەن قىلسىلا بىزنى چوقۇم كۆرۈپ قالىدۇ» دېدىم، رەسۇلۇللاھ ماڭا «جىم تۇرغىن، ئى ئەبۇ بەكرى، بىز ئىككى، ئاللاھ بولسا ئۈچىنچىمىزدۇر»، دېدى يەنە بىر ئىبارىدە «ئى ئەبۇ بەكرى ئاللاھ ئۈچىنچىسى بولغان ئىككەيلەندىنمۇ ئەنسىرەمسەن؟» دېدى. بۇ ھەقىقەتەنمۇ كاتتا بىر مۆجىزە بولغانىدى، ئاللاھ ئۇنىڭ بىلەن ئۆز پەيغەمبىرىنى ئەزىزلىدى. چارلىغۇچىلار بىلەن رەسۇلۇللاھنىڭ ئارىلىقىدا پەقەت بىر قانچە قەدەم يەر قالغاندا ئۇلار قايتىپ كېتىشتى. جىددىي ئىز قوغلاش ئارقىلىقمۇ ھېچ قانداق نەتىجىگە ئېرىشەلمىگەن قۇرەيش دائىرلىرىنىڭ ئاچچىقى بىر ئاز پەسكويغا چۈشۈپ، ئىز - ئىزدەش نىسبەتەن بېسىقىپ، ئۆۋەت ئالمىشىپ چارلاش، تەكشۈرۈش ھەرىكەتلىرى ئاز - تولا توختىغاندەك قىلىۋىدى، رەسۇلۇللاھ بىلەن ئەبۇ بەكرى مەدىنىگە قاراپ يول ئېلىشقا

تەييارلاندى.

ئۇلار ئابدۇللاھ ئىبنى ئۇرەيقىتنى يول باشلاش ئۈچۈن ياللىدى. ئابدۇللاھ ئۇستا يول باشلىغۇچى بولۇپ، گەرچە ئۇ قۇرەيشلىكلەرنىڭ دىنىدا بولسىمۇ رەسۇلۇللاھ ئۇنىڭغا ئىشەنگەنىدى ۋە ئۈچ كۈندىن كېيىن سەۋر تېغىنىڭ ئۆڭكۈرىدە ئۇچرىششقا ۋەدىلىشىپ ئۇنىڭغا ئۇلاغلىرىنى تاپشۇرۇپ بېرىپ چىققان ئىدى. راست دېگەندەك دۈشەنبە كۈنى تاڭ سەھەردە (يەنى ھىجرىيىنىڭ 1 - يىلى رەبىئۇلئەۋۋەل (3 - ئاي) ئېيىنىڭ بىرىنچى كۈنى مىلادىيە 622 - يىلى سىنتەبىر (9 - ئاينىڭ 16 - كۈنى) ئابدۇللاھ ئىبنى ئۇرەيقىت ئىككى تۆگىنى يېتىلەپ سەۋر تېغىنىڭ يېنىدا پەيدا بولدى. ئەسما بىنتى ئەبى بەكرى ئاتىسى بىلەن رەسۇلۇللاھقا ئۇلارنىڭ سەپەر تەييارلىقىنى ئېلىپ چىققانىدى. بىراق، ئۇ ئوزۇقلۇق سېلىپ چىققان قاچىغا باغلانچا بېكىتىشنى ئۇنتۇپ قاپتۇ، ئۇلار ماڭغىلى تەمشەلگەندە ئوزۇقلۇق بار بوقچىنى يۈك - تاقا ئېسىپ قويماقچى بولۇۋىدى، مۇمكىن بولماي قالدى. شۇڭا، ئۇ دەرھال بېشىدىكى ئۆرۈمە چېچىنى ئىككىگە ئايرىپ بىرنى كېسىپلا ئوزۇقلۇق قاچىسىنى تۆگىگە ئېسىپ بەردى ۋە يەنە بىرنى ئۆز جايىغا ئۆرۈپ قويدى. شۇندىن ئېتىبارەن ئۇ «زاتۇننىتاقەيىن» قوش كوكۇللىق دەپ ئاتالدى. ئاندىن ئۇلار يۈرۈپ كەتتى ۋە ئۇلار بىلەن ئامىر ئىبنى فوھەيرمۇ بىللە يولغا چىقتى. رەسۇلۇللاھ شۇ پېتى يول يۈرۈپ ھەتتا بىر چاغدا خۇزائە قەبىلىسىدىن ئۇممى مەئبەد ئىسىملىك بىر ئايالنىڭ كەپىسىنىڭ يېنىدىن ئۆتتى. ئۇ چىدامچان، ئالىجاناپ ئايال بولۇپ، ئاشۇ سەھرادىكى كەپىسىدە تېرىكچىلىك قىلىپ ئۆتەتتى. ئۆتكەن - كەچكەنلەرگە ئاش - تاماق ۋە ئۇسسۇلۇق بېرىپ يولغا سالاتتى. شۇ يىلى ھەقىقەتەن قۇرغاقچىلىق ۋە قەھەتچىلىك يۈز بەرگەن يىل بولغان ئىدى. ئۇممى مەئبەدنىڭ قويلىرى بەك ئورۇق بولۇپ سۈت چىقىدىغاندەك ئەمەس ئىدى. رەسۇلۇللاھ ئۇ قوينىڭ ئەمچىكىنى قولى بىلەن سىلاپ: «ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن»، دەپ دۇئا قىلىۋىدى، شۇئان ھېلىقى قوينىڭ ئەمچىكىدىن سۈت ئېتىلىپ چىقىپ قولىغا تۆكۈلۈشكە باشلىدى. شۇنىڭ بىلەن رەسۇلۇللاھ بىر قانچە ئادەمگە تائام سىغىدىغان بىر ئارا قاچىنى ئەكىلىپ، ئۇ قوينى سېغىشقا باشلىدى. بىردەمدىلا قاچىنىڭ يۈزىگە قايماقلار لەيلىدى. رەسۇلۇللاھ سۈتنى ئالدى بىلەن ھېلىقى ئايالغا سۇندى. ئۇ ئايال ئىچىپ قاندى. ئاندىن يېنىدىكى ھەمراھلىرىنى سۇغاردى. ئۇلارمۇ ئىچىپ قېنىشتى. ئەڭ ئاخىرىدا ئۆزى ئىچتى. يەنە سېغىپ قاچىنى لىقمۇلىق توشقۇزۇۋەتتى ۋە ئۇ سۈتنى ھېلىقى ئايالنىڭ يېنىغا قويۇپ يولغا راۋان بولدى.

سەپەر داۋامىدا رەسۇلۇللاھ ئەبۇ بۇرەيدىگە يولۇقتى. ئۇ قەۋمى - جامائىتى ئىچىدە

كاتتا ئابرويلۇق كىشى ئىدى. ئۇ بۇ قېتىم قۇرەيش دائىرىلىرى ئېلان قىلغان زور مىقداردىكى مۇكاپاتنى قولغا كەلتۈرۈش تەمەسىدە رەسۇلۇللاھ ۋە ئەبۇ بەكرىنى ئىزدەپ چىققان. ئۇ رەسۇلۇللاھ بىلەن يۈز تۇرانە كۆرۈشۈپ پىكىرلەشكەندىن كېيىن شۇ يەرنىڭ ئۆزىدىلا بىللە چىققان يەتمىش كىشى بىلەن مۇسۇلمان بولغانلىقىنى ئېلان قىلدى ۋە دەرھال بېشىدىكى سەللىسىنى ئېلىپ نەيزىسىگە چىگىپ ئەمىنلىك ۋە تىنچلىق ئەلچىسى جاھاننى ئەدلى ـ ئادالەتكە توشقۇزۇش ئۈچۈن كەلدى، دېگەننى بىلدۈرىدىغان ئەلەم قىلىپ كۆتۈرۈۋالدى. مەدىنىگە بارغۇچە بولغان ئارىلىقتا يەنە رەسۇلۇللاھ زۇبەير ئىبنى ئەۋۋام بىلەن ئۇچراشتى. ئۇ مۇسۇلمانلارنىڭ شامدىن قايتىپ كېلىۋاتقان تىجارەت كارۋىنى بىلەن بىللە ئىدى. ئۇ رەسۇلۇللاھ ۋە ئەبۇ بەكرىگە بىردىن ئاق رەختتە تون كەيگۈزۈپ يولغا سالدى.

بىئسەت (رەسۇلۇللاھ پەيغەمبەرلىك شەرىپىگە ئېرىشكەن يىلى)نىڭ 14 ـ يىلى (بۇ، ھىجرىينىڭ بىرىنچى يىلى ھېسابلىنىدۇ) رەبىئۇلئەۋۋەل (3 ـ ئاي)نىڭ 8 ـ كۈنى (مىلادىيە 622 ـ يىلى سىنتەبىر (9ئاي)نىڭ 23 ـ كۈنى) دۈشەنبە رەسۇلۇللاھ قۇبا كەنتىگە يېتىپ كەلدى. پۈتۈن مەدىنە ئاھالىسى قىزغىن كەيپىياتتا چۈمدى. چوڭ ـ كىچىك ھەممىسى رەسۇلۇللاھنى كۈتۈۋېلىش ئۈچۈن چىققانىدى. بۇ كۈن مەدىنە تارىخىدا مىسلىسىز شادلىققا تولغان بىر كۈن بولدى.

رەسۇلۇللاھ قۇبادا دۈشەنبە، سەيشەنبە، چارشەنبە ۋە پەيشەنبە تۆت كۈن تۇردى ۋە بۇ جەرياندا قۇبا مەسجىدىنى تەسىس قىلىپ، ئۇنىڭدا ناماز ئوقىدى. شۇنىڭ بىلەن بۇ مەسجىد بىئسەت (رەسۇلۇللاھ پەيغەمبەر بولغان)دىن كېيىن تەقۋادارلىق ئاساسىدا بىنا قىلىنغان تۇنجى مەسجىد بولۇپ قالدى. بەشىنچى كۈنى (جۈمە كۈنى) بولۇۋىدى، رەسۇلۇللاھ ئاللاھنىڭ ئەمرى بىلەن تۆگىسىگە مىندى ۋە تۆگىسىنى بەنى نەججار (رەسۇلۇللاھنىڭ ئانا تەرەپ تاغىلىرى) مەھەللىسى تەرەپكە ھەيدېدى. رەسۇلۇللاھ ئۇلارنى چاقىرىش ئۈچۈن ئادەم ئەۋەتكەنىدى. شۇڭا، ئۇلار قىلىچلىرىنى ئېسىپ، نەيزىلىرىنى كۆتۈرۈپ (ھۆرمەت قاراۋۇللىرى سۈپىتىدە)، رەسۇلۇللاھنىڭ ئالدىغا كەلدى. رەسۇلۇللاھ ئۇلارنى ئەگەشتۈرۈپ مەدىنە تەرەپكە قاراپ ئىلگىرىلىدى، بەنى ئەمرى ئىبنى ئەۋف مەھەللىسىگە كەلگەندە جۈمە نامىزىنىڭ ۋاقتى بولدى. شۇنىڭ بىلەن رەسۇلۇللاھ ئۇلار بىلەن (ھازىرقى) بەتنى ۋادى دېگەن جايدىكى مەسجىدنىڭ ئورنىدا جۈمە نامىزىنى ئوقۇدى. ئۇلار يۈزدەك ئادەم ئىدى.

جۈمە نامىزىدىن كېيىن رەسۇلۇللاھ مەدىنىگە كىردى (شۇ كۈندىن ئېتىبارەن يەسرەپ دەپ ئاتىلىدىغان بۇ قەدىمى شەھەر «مەدىنەتۇننەبەۋىييە»، يەنى «پەيغەمبەر شەھىرى» دەپ ئاتالدى. تۆۋەندە بۇنى قىسقارتىپ مەدىنە شەھەر دەپلا ئاتايمىز).

رەسۇلۇللاھ مەدىنىگە قەدەم تەشرىپ قىلغان بۇ كۈن تارىخى ئەھمىيەتكە ئىگە، چوڭ ـ كىچىك شاد ـ خۇراملىقتا چۆمگەن ئۇنتۇلغۇسىز بىر كۈن بولدى، ئۆيلەر، هويلا ـ ئاراملار، كوچا كويلار ۋە رەستە ـ دوقمۇشلار قىزغىن مەدھىيە شوئارلىرى ۋە تەبرىك ـ ئالقىش سادالىرى بىلەن زىلزىلىگە كەلدى. ئەنسارلارنىڭ قىزلىرى شادلىق ۋە خۇشاللىق تەنتەنىسىگە ماس كەلتۈرۈپ ئۇسۇل ئويناپ، تۆۋەندىكى مىسرالارنى ئوقۇيتتى.

رەسۇلۇللاھ تولۇن ئايدەك چىچىپ نۇر،
چىقىپ كەلدى سەنىيەتۇلۋىدادىن.
خۇداغا شۈكرى قىلماق بىزگە لازىم،
بىرەر ئادەم قول ئۈزمىسىلا دۇئادىن.
مۇسۇلمانلارغا مەقبۇل ئۇشبۇ دىنىنى،
رەسۇلۇللاھ ئېلىپ كەلدى خۇدادىن

ئەنسارلارنىڭ ھەممىسى گەرچە ئۆي ـ ئاراملىرى ئازادە، دۆلەتمەن زەردار كىشىلەر بولمىسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ ھەر قاندىغى رەسۇلۇللاھنى ئۆز ئۆيىگە چۈشۈرۈشنىڭ كويىدا ئىدى. شۇڭا رەسۇلۇللاھ ھەربىر كوچا ھەر بىر قورۇنىڭ ئالدىدىن ئۆتسە، تۆگىسىنىڭ چۇلۋۇرىنى تۇتۇۋېلىپ ھەش ـ پەش دېگۈچە خالتا ـ خورجۇن، قورال ـ ياراغ، ئەسۋاپ ـ سەرامجانلارنى تارتىپ بولاتتى. بۇ چاغدا رەسۇلۇللاھ ئۇلارغا: «تۆگىنى ئۆز ئىختىيارىغا قويۇۋېتىڭلار، ئۇ ئاللاھنىڭ ئەمرى بىلەن ماڭغۇچىدۇر» دەيتتى. شۇنىڭ بىلەن تۆگە ئىختىيارى ھالدا ماڭغىلى تۇردى. ھەتتا بىر چاغدا ھازىرقى پەيغەمبەر مەسجىدىنىڭ ئورنىغا يېتىپ كېلىۋىدى، تۆگە تاقلا چۆكۈپ ياتتى. رەسۇلۇللاھ تېخى تۆگىسىدىن چۈشكىچە بولمىغان ئىدى، تۆگە يەنە قوزغۇلۇپ ئازراق مېڭىپ توختىدى. ئاندىن ئىككى يېنىگە بىر قارىۋېتىپ كەينىگە بۇرۇلۇپ كېلىپ دەسلەپكى ئورنىغا چۆكۈپ ياتتى. شۇنىڭ بىلەن رەسۇلۇللاھ تۆگىدىن چۈشتى. بۇ جاي (رەسۇلۇللاھنىڭ تاغىلىرى) بەنى نەججار جەمەتىنىڭ تەۋەلىكى بولۇپ، تۆگىنىڭ بۇ يەرگە كېلىپ توختىشى ئاللاھنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن بولغان ئىدى. رەسۇلۇللاھ باشتىلا ئۆز تاغىلىرىنىڭكىگە چۈشۈپ، بۇ ئارقىلىق ئۇلارنى ھۆرمەتلىگۈسى بار ئىدى. بۇ چاغدا ھەممە ئادەم رەسۇلۇللاھنى بىزنىڭكىگە بارايلى! بىزنىڭكىگە بارايلى! دەپ ئائىلىسىگە تەكلىپ قىلىش بىلەن قالدى. ئارىدىن ئەبۇ ئەييۇب ئەنسارى ئاللىبۇرۇن رەسۇلۇللاھنىڭ يۈك ـ تاقلىرىنى ئېلىپ ئۆيىگە ئەكىرىپ بولدى. شۇڭا رەسۇلۇللاھ: «ئادەم ئۆزىنىڭ يۈك ـ تاقلىرى بىلەن بىللە بولىدۇ»، دېدى ۋە ئەسئەد ئىبنى زورارە كېلىپ رەسۇلۇللاھنىڭ تۆگىسىنىڭ چولۋۇرىنى تۇتقىنىچە ئۆيىگە يېتىلەپ كەتتى،

شۇنىڭ بىلەن تۆگە ئۇنىڭكىدە تۇردى.

بىر قانچە كۈندىن كېيىن، رەسۇلۇللاھنىڭ ئايالى سەۋدە، قىزلىرىدىن فاتىمە، ئۇممى گۇلسۇم، (بېقىۋالغان ئوغلى) ئۇسامە ئىبنى زەيد ۋە ئۇممى ئەيمەنلەر مەدىنىگە يېتىپ كەلدى. ئۇلار بىلەن بىللە ئابدۇللاھ ئىبنى ئەبى بەكرى ئاتىسىنىڭ بالا - چاقىلىرىنى بىللە ئېلىپ كەلگەنىدى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئائىشىمۇ بار ئىدى. رەسۇلۇللاھنىڭ يەنە بىر قىزى زەينەب ئېرى ئەبۇلئاسنىڭ يېنىدا قېلىپ قالدى. ئۇ بۇ قېتىم ھىجرەت قىلالمىدى. بەدرى ئۇرۇشىدىن كېيىن ئاندىن ھىجرەت قىلىپ چىقتى. مانا مۇشۇ يەرگىچە رەسۇلۇللاھنىڭ ھاياتىنىڭ بىر قىسمى ئاياغلاشتى ۋە ئىسلام دەۋىتىنىڭ مەككە دەۋرى ئاساسىي جەھەتتىن ئاياغلاشتى.

## 683-سوئال: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مەدىنىدىكى دەسلەپكى پائالىيەتلىرى

رەسۇلۇللاھنىڭ شۇنىڭدىن كېيىن باسقان تۇنجى قەدىمى مەسجىدۇننەبەۋىنى بىنا قىلىش بولدى. ئۇ تۆگىسى قايتا - قايتا ئىككى قېتىم چۆكۈۋالغان ھېلىقى يەرنى ئىككى يېتىم بالىدىن سېتىۋېلىپ، ئۇ يەرگە مەسجىد بىنا قىلىشقا بۇيرىدى. رەسۇلۇللاھ مەسجىد قۇرۇلۇشىغا ئۆزى بىۋاستە قاتناشتى. مەسجىد پۈتكەندىن كېيىن ئۇنىڭ يان تەرىپىگە خام خىشلار بىلەن بىر قانچە كىچىك - كىچىك ئۆيلەر سېلىنىپ، ئۈستىگە خورمىنىڭ شاخ - شۇمبىلىرى يېپىلدى. ئۇ رەسۇلۇللاھنىڭ ئاياللىرى ئۈچۈن سېلىنغان ھۇجرىلىرى ئىدى. ھۇجرىلار پۈتكەندىن كېيىن رەسۇلۇللاھ ئەبى ئەييۇبنىڭ ئۆيىدىن ئۇنىڭغا كۆچۈپ كەلدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يىغىلىش ۋە بىرلىشىش مەركىزى (مەسجىد)نىڭ قۇرۇلۇشىنى ئېلىپ بېرىش بىلەن بىرگە يەنە مۇھىم تارىخىي ئەھمىيەتكە ئىگە، ئۇلۇغۋار، ھەمدە ئاجايىپ خاسىيەتلىك مۇنداق بىر ئىشنى ئېلىپ باردى. ئۇ بولسىمۇ مۇھاجىرلار بىلەن ئەنسارلار ئوتتۇرىسىدا قېرىنداشلىق مۇناسىۋىتى ئورنىتىش ئىشى ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ساھابىلىرى ئارىسىدا ئورناتقان بۇ قېرىنداشلىق مۇناسىۋىتىنى ئېغىزدىن چۇشۇرمەي توۋلايدىغان قۇرۇق شوئارغا ئەمەس، بەلكى كۈچلۈك ئەھدۇ - پەيمانغا، جانغا ۋە مالغا چېتىلىدىغان ئەمەلىي ھەرىكەتكە ئايلاندۇرغانىدى. ئۆز مەنپەئەتىدىن باشقىلارنىڭ مەنپەتىنى ئەلا بىلىش، ئۆزئارا كۆيۈنۈش ۋە ئۆزئارا ئۈنسى ئۈلپەت ۋە چىقىشقاقلىق بۇ قېرىنداشلىقتا شۇنداق چوڭقۇر سىڭگەن ئىدىكى ئۇ ئىشلار بۇ يېڭى جەمئىيەتنى ئاجايىپ تەسىرلىك ئىش - ئىزلار بىلەن توشقۇزۇۋەتكەنىدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇئمىن - مۇسۇلمانلار ئارىسىدا قان - قېرىنداشلىق

مۇناسىۋەتنى ئورناتقاندەك، ئۇلار ئارىسىدا يەنە ئىسلامى ئىتتىپاقداشلىق ئەھدىنامىسى ئورناتتى. ئۇ بۇ ئارقىلىق مۇسۇلمانلارنىڭ ۋۇجۇدىدا قېپقالغان جاھىلىيەتنىڭ كونا ئەسەبىي قاراشلىرىنى ۋە قەبىلە تالاش ـ تارتىشلىرىنى تۈگەتتى. جاھىلىيەتنىڭ قالاق ئەنئەنىلىرىگە خاتىمە بەردى.

مانا مۇشۇنداق ھېكمەتلىك، دانا تەدبىر ۋە پۇختا ئاساسلار بىلەن رەسۇلۇللاھ بۇ يېڭى جەمئىيەتنىڭ ھۇل ـ ئاساسىنى تۇرغۇزدى. رەسۇلۇللاھ ئۇلارغا ئەتە ـ ئاخشىمى، ئىلىم ـ بىلىم ئۆگەتتى، تەلىم ـ تەربىيە ئېلىپ بېرىپ روھىيىتىنى پاكلاپ ۋە ئېسىل ئەخلاقلارغا تەرغىپ قىلىپ تۇراتتى ۋە ئۇلارغا قېرىنداشلىق، ئەخلاق ـ پەزىلەتلىك، تائەت ـ ئىبادەتلىك بولۇشنىڭ قائىدە ـ يوسۇنلىرىنى ئۆگىتەتتى. رەسۇلۇللاھنىڭ مانا مۇشۇنداق مۇكەممەل تەربىيىسى ئاستىدا، ساھابىلەرنىڭ پۈتكۈل روھىي دۇنياسى ئەخلاق ـ رەۋىشلىرى پۈتۈنلەي ئىسلامىي ئاڭ ۋە ئىسلامىي ئىدىيە ئاساسىغا قۇرۇلۇپ، ئۇلار ئۆزلىرى ئىتقاد قىلغان ۋە بەيئەت بەرگەن بۇ دىنىنىڭ ماھىيىتى ۋە ئاخىرقى نىشانىنى مۇكەممەل رەۋىشتە چۈشەندى، ئۇلار ھاياتلىقتىكى ھەرقانداق ھادىسىگە ئىسلامىي ئاڭ ۋە ئىسلامىي نۇقتىدىن قاراپ شەيئىلەرنىڭ قىممىتىنى پەقەت ئىسلامىي ئۆلچەم بىلەن ئۆلچەيدىغان بولدى.

ئەڭ مۇھىمى مۇشۇ ئۈممەتنىڭ ئەڭ ئالىي يولباشچىسى بولغان رەسۇلۇللاھ يۈكسەك كامالەت، تەبىئى ئىقتىدار، ئالىيجاناپ روھ، ئېسىل پەزىلەت، گۈزەل ئەخلاق ۋە بۈيۈك خىسلەتلەرنى كىشىنىڭ قەلبىنى مەھلىيا قىلغۇدەك ۋە جان پىدا قىلىشقا ئەرزىگۈدەك دەرىجىدە ئۆزلەشتۈرگەن ئىدى. شۇڭا، ئۇ ھەر قانداق بىر گەپنى قىلسا ساھابىلەر ئۇنى ئورۇنداشقا ئالدىرايتتى بىرەر خىزمەت ياكى بىرەر ئىشنى ئورۇنلاشتۇرسا ئۇنى بەس ـ بەستە ئەمەللەشتۈرەتتى. مانا مۇشۇنداق ئەتراپلىق تۇتۇش ۋە تەربىيىلەش ئارقىلىق رەسۇلۇللاھ بۇ يېڭى ۋەتەندە ئىنسانىيەت تارىخىدىكى ئەڭ گۈزەل ئەڭ بەخت سائادەتلىك ۋە ئەڭ ئىناق بىر جەمئىيەتنى بەرپا قىلىپ قۇرۇپ چىقتى ۋە ئىنسانىيەت يىراق ئۈتمۈش ۋە ياكى يېقىن كەلگۈسىدە بولمىسۇن ھەل قىلىشقا قادىر بولالمىغان (ئەمەلىيەتتە قادىر بولالايدىغان) نۇرغۇن مەسىلە ۋە مۇشكىلاتلارغا ھەل قىلىش ئاساسىنى تۇرغۇزدى. رەسۇلۇللاھ مۇشۇنداق يۈكسەك مەنىۋى تەلىم ـ تەربىيە ئارقىلىق زامانىنىڭ ھەرخىل دولقۇنلىرىغا دۇچ كەلگەن بۇ يېڭى جەمئىيەتنىڭ ئاساسىنى پەيدىن ـ پەي تاكامۇللاشتۇردى، ھەتتا ئۇ (زامان)نىڭ تەتۈر ئېقىنىنى ئوڭغا بۇرىيالىدى، تارىخ ۋە پەلەك گىردىشىنى يېڭى يۆنىلىشكە قاراپ يۈزلەندۈرەلىدى.

## 684 ـ سوئال: ھىجرەتتىن كېيىنكى تۇنجى قانلىق توقۇنۇشلار

ئالدىنقى باپلاردا بىز مەككە مۇشرىكلىرىنىڭ مۇسۇلمانلارغا سالغان زۇلۇملىرىنى ۋە پاجىئەلىك قىيناشلىرىنى، بولۇپمۇ ئۇلارنىڭ ھىجرەت مەزگىلىدە مۇسۇلمانلارغا قىلمىغان ۋەھشىيلىكلىرى قالمىغانلىقىنى، بۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلارمۇ ئۆلتۈرۈلۈشكە ۋە مال مۈلكى مۇسادىرە قىلىنىشقا ھەقلىق ئىكەنلىكىنى قەيت قىلىپ ئۆتكەنىدۇق. لېكىن، ئۇلار بۇنىڭلىق بىلەن ئەس ـ ھوشىنى يىغىۋېلىپ، تاجاۋۇزچىلىق ھەرىكەتلىرىنى توختاتماستىن، بەلكى تېخى مۇسۇلمانلارنىڭ ئۇلارنىڭ باشقۇرۇش دائىرىسىدىن چىقىپ كەتكەنلىكىگە ۋە ئۇزلىرى ئۈچۈن مەدىنىدە بىخەتەر، تىنچ ماكان تېپىۋالغانلىقىغا چىدىماي كەتتى.

ئابدۇللاھ ئىبنى ئۇبەي ئۆز ئادەملىرىنىڭ كۈنسايىن ھىدايەت تېپىپ مۇسۇلمانلار سېپىگە قوشۇلۇپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ رەسۇلۇللاھ بىلەن ئۇرۇشۇش نىيىتىدىن يانغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ يۈرىكى يەنىلا قۇرەيشلەرنىڭ يۈرىكى بىلەن تەڭ سوقاتتى. شۇڭا ئۇ پۇرسەت تاپسىلا مۇسۇلمانلار بىلەن مۇشرىكلار ئوتتۇرىسىغا سوغۇقچىلىق سېلىپ ۋەقە پەيدا قىلىشقا ئۇرۇناتتى ۋە بۇزغۇنچىلىق ھەرىكەتلىرى ئۈچۈن يەھۇدىيلارنى ئۆز بېقىنىغا قىسىۋالغانىدى، لېكىن رەسۇلۇللاھنىڭ ئاشۇ دانا تەدبىرلىرى ئۇلارنىڭ يامانلىق ئوتلىرىغا سوغۇق سۇ سېپىپ، قايناۋاتقان قازانلىرىنى توختىتىپ قويۇۋاتاتتى.

مۇسۇلمانلارنىڭ مەدىنىدىكى مەۋجۇدىيىتىگە ئېغىر تەھدىتلەر كېلىۋاتقان ۋە قۇرەيشلەر زومىگەرلىك، زوراۋانلىق پەيلىدىن يانمايۋاتقان ئاشۇ پەيتتە ئاللاھ مۇسۇلمانلارغا زۇلۇمغا قارشى كۈرەش قىلىشقا رۇخسەت قىلدى. لېكىن، ئۇنى پەرز قىلىپ بېكىتمىدى. زۇلۇمغا قارشى ئۇرۇش قىلىشقا رۇخسەت قىلىنغاندىن كېيىن، مۇسۇلمانلار ئارىسىدا ھەربىي پائالىيەتلەر باشلىنىپ كەتتى. ئۇلار (ھازىرقى زاماندىكى) چارلاپ كۆزىتىش پائالىيەتلىرىگە ئوخشاش بىرتۈرلۈك ھەربىي ھەرىكەتلەرنى ئېلىپ باردى. سەيفۇلبەھرى قوشۇنى، رابىغ قوشۇنى، خەرار قوشۇنى، ئەبۋائ ياكى ۋەددان غازىتى، بەۋات غازىتى، سەفۋان غازىتى، ئۇشەيرە غازىتى، نەخلە قوشۇنى قاتارلىقلار بەدرى ئۇرۇشىدىن ئىلگىرىكى قوشۇن ئەۋەتىش ھەرىكەتلىرى ۋە ئېلىپ بېرىلغان غازاتلاردۇر. بۇلارنىڭ ھېچقايسىسىدا مۇسۇلمانلار تەرىپىدىن (يىراقتىن ھەيۋە كۆرسىتىپ ئاگاھلاندۇرۇش بېرىشتىن باشقا) مۇشرىكلارنىڭ ماللىرىنى بۇلاپ، مۇسادىرە قىلىۋېلىش ۋە ئەرلىرىنى ئۆلتۈرۈپ ئەسىر ئېلىش ھادىسىسى سادىر بولمىدى.

ھىجرىيىنىڭ 2 ـ يىلى رامىزان (9 ـ ئاي) ئېيىدا ئاللاھ مۇسۇلمانلارغا جىھاد

قىلىشنى پەرز قىلىپ بېكىتتى. دەل مۇشۇ كۈنلەردە (يەنى ھىجرىيىنىڭ 2 - يىلى شەئباندا) (مىلادىيە 624 - يىلى 2 - ئايلاردا) ئاللاھ مەسجىدۇننەبەۋىينىڭ قىبلىسىنى بەيتۇلمۇقەددەس تەرەپتىن مەسجىد ھەرەم (كەئبە) تەرەپكە ئۆزگەرتىشكە بۇيرىدى. نەتىجىدە مۇسۇلمانلار سېپىگە مالىمانچىلىق، پاراكەندىچىلىك سېلىش مەقسىتىدە سوقۇنۇپ كىرىۋالغان ئىمانى ئاجىزلار ۋە يەھۇدىي مۇناپىقلار مۇسۇلمانلار سېپىدىن ئايرىلىپ ئەسلى نەسلىگە قايتتى. بۇنىڭ بىلەن مۇسۇلمانلارنىڭ ھەربىي سەپلىرى نۇرغۇنلىغان ئالدامچى خىيانەتكار كۈشەندىلەردىن تازىلاندى. قىبلىنىڭ ئۆزگەرتىلىشى مۇسۇلمانلار تاكى مۇشۇ يېڭى قىبلىنى ئىشغال قىلغانغا قەدەر، داۋاملىشىدىغان يېڭى بىر دەۋر باسقۇچىنىڭ باشلانغانلىقىدىن دېرەك بېرەتتى.

## 685-سۇئال: چوڭ بەدرى غازىتى - ئىسلام تارىخىدىكى تۇنجى ھەل قىلغۇچ جەڭ مەيدانى

مەككىدىن شامغا كېتىۋاتقان قۇرەيش كارۋىنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قولىغا چۈشمەي قېچىپ قۇتۇلۇۋالغان ئىدى. بۇ كارۋاننىڭ شامدىن مەككىگە قايتىش ۋاقتى يېقىنلاپ كەلگەندە رەسۇلۇللاھ شىمال تەرەپكە تەلھە ئىبنى ئۇبەيدۇللاھ بىلەن سەئىد ئىبنى زەيدنى كارۋاننىڭ خەۋىرىنى ئېلىشقا ئەۋەتتى. ئۇلار ھۇرائ دېگەن يەرگىچە بېرىپ كارۋاننىڭ يولىنى كۈزىتىپ تۇردى. بىر چاغدا ئەبۇ سۇفيان كارۋاننى باشلاپ، شام تەرەپتىن كىرىپ كېلىۋىدى، ئۇلار ئۇچقاندەك يول يۈرۈپ، مەدىنىگە قايتىپ كېلىپ رەسۇلۇللاھقا ئەھۋالنى مەلۇم قىلدى.

كارۋان مەككىلىكلەرنىڭ مىڭ تۆگىگە قاچىلانغان زور مىقداردىكى مال - مۈلۈكلىرىنى ئېلىپ كېلىۋاتاتتى. ئۇنىڭ ئۇمۇمىي قىممىتى كەم دېگەندە، 50 مىڭ دىنار ئالتۇندىن ئاشاتتى. كارۋاندا پەقەت 40 تەك ئادەم بىللە ئىدى. رەسۇلۇللاھ مەدىنىدىن يولغا چىقتى ۋە ئۇنىڭ بىلەن 313 ياكى 314 ۋە ياكى 319 كىشى بىرگە ئاتلانغانىدى. مەدىنىدە ئۆز ئورنىغا ۋە ناماز ئوقۇپ بېرىشكە ئابدۇللاھ ئىبنى ئۇممۇ مەكتۇمنى قالدۇردى. رەسۇلۇللاھ ئاتلىنىپ رەۋھا دېگەن يەرگە چىققاندا، ئەبۇلۇبابە ئىبنى ئابدۇلمۇنزىرنى قايتۇرۇپ ئۆز ئورنىدا مەدىنىدە ئىش باشقۇرۇشقا بەلگىلىدى. باش قوماندانلىق ئەلەمىنى مۇسئەب ئىبنى ئۇمەير (قۇرەيش قەبىلىسى ئابدۇددار جەمەتىدىن) گە تۇتقۇزدى. ئەلەم ئاق رەڭدە ئىدى. قوشۇننى مۇھاجىرلار قىسمى ۋە ئەنسارلار قىسمى دەپ ئىككى «قىسىم»غا بۆلدى. قوشۇننىڭ ئوڭ قانات رەھبەرلىكىگە زۇبەير ئىبنى ئاۋامنى، سول قانات رەھبەرلىكىگە مىقداد ئىبنى ئەسۋەدنى مەسئۇل قىلدى. رەسۇلۇللاھ ئارمىيىنىڭ ئالىي باش قوماندانى بولۇش سۈپىتى بىلەن مەركىزى باش قۇماندانلىق ئۇنىڭ قولىدا قالدى. رەسۇلۇللاھ ساھابىلەرنىڭ تولۇق تەييارلىق

قىلغۇبىلىشنى كۈتۈپ ئولتۇرمايلا يولغا چىقتى.

ئەبۇ سۇفيان مۇشرىكلار كارۋاننىڭ باش مەسئۇلى بولۇش سۈپىتى بىلەن ئىنتايىن پەخەس ۋە ئېھتىياتچانلىق بىلەن يول تۇتتى. ئۇ مەككە ـ شام يولىنىڭ خەۋپ ـ خەتەردىن خالىي ئەمەسلىكىنى بىلگەچكە، كارۋاننىڭ ئالدىدا پايلاقچى ۋە خەۋەرچىلەرنى ئەۋەتىپ ئەھۋال ئىگەللەپ ماڭدى ۋە ئۆتكەن ـ كەچكەن يولۇچىلاردىن سوراپ تۇردى. ئۇزۇن ئۆتمەي ئۇنىڭ پايلاقچىلىرى: «مۇھەممەد كارۋانغا تېگىش قىلىش ئۈچۈن ئادەملىرىنى باشلاپ چىقىپتۇ»، دېگەن ئاخباراتنى يەتكۈزدى. بۇ چاغدا ئەبۇ سۇفيان زەمزەم ئىبنى ئەمرىلغىفارىنى سېتىۋېلىپ، مەككىگە قۇرەيشلەر كارۋاندىكى ماللىرىنى ۋە ئادەملىرىنى قوغداش ئۈچۈن ئەسكەر چىقىرىشقا چاقىرىق قىلغىلى ئەۋەتتى. مەككىلىكلەر چاقماق تېزلىكىدە ھەرىكەتكە كەلدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار بىر ئۆيدە ئىككى ئەر بولسا، چوقۇم ھەر ئىككىلىسى ئاتلاندى ۋە ياكى ئىككىنىڭ بىرسى ئاتلىنىپ، يەنە بىرى ئورنىغا ئادەم ياللاپ ئەۋەتتى. كىشىلەرنىڭ چىقىش ـ چىقماسلىق ئىختىيارى بولمىدى. ھەممە ئادەمنىڭ چوقۇم ئاتلىنىشى تەلەپ قىلىندى. شۇڭا، مەككە مۆتىۋەرلىرىدىن ئەبۇ لەھەبتىن باشقا بىرمۇ ئادەم ئايرىلىپ قالالمىدى. مەككىلىكلەر ئۆز ئەتراپىدىكى ئەرەب قەبىلىلىرىنىمۇ سەپەرۋەر قىلغانىدى. ئۇلاردىنمۇ قۇرەيش جەمەتىگە تەۋە بىرمۇ قەبىلە ۋە ياكى ئايماق ئايرىلىپ قالالمىدى. بۇ قېتىم مەككە قوشۇنىنىڭ يولغا چىقىش ئالدىدىكى ھەربىي زاپاس كۈچى، 1300 كىشى ئەتراپىدا تەشكىللەندى. ئۇلار شىمال تەرەپتە بەدرىگە قاراپ ئىنتايىن يۇقىرى سۈرئەت بىلەن قەدەم بېسىۋاتاتتى. يول يۈرۈپ جۇھفەگە بارغاندا ئەبۇ سۇفياننىڭ ئۇلارغا يېڭىدىن يوللىغان ئاخباراتىنى تاپشۇرۇۋالدى. ئاخباراتتا: «سىلەر كارۋاندىكى ئادەم ۋە مال ـ مۈلۈكلەرنى قوغداش ئۈچۈن چىققان ئىكەنسىلەر، ئاللاھ ئۇنى ئۆز پاناھىدا ساقلىدى، شۇڭا قايتىڭلار، ۋەسسالام»، دېيىلگەنىدى. مەككە قوشۇنى ئەبۇ سۇفياننىڭ يېڭى ئاخباراتىنى تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن قايتىپ كېتىش ئىرادىسىگە كەلدى. لېكىن، باش جىنايەتچى، مۇستەبىت ئەبۇ جەھىل ئىبنى ھىشام ھاكاۋۇرلۇق بىلەن ئوتتۇرىغا چىقىپ پۈتۈن ئەرەبلەرگە بىزنىڭ قوشۇن تارتقانلىقىمىزنى ۋە ھەربىي كۈچ قۇۋۋىتىمىزنى كۆرسىتىپ قويماي قايتمايمىز. شۇنداق قىلغاندا ئاندىن ئۇلار بىزدىن مەڭگۈ تەپتارتىدىغان بولىدۇ دېدى. لېكىن ئەخنەس ئىبنى شۇرەيق ئەبۇ جەھىلنىڭ گېپىگە قارىماي بەنى زۆھرە قەبىلىسىنى باشلاپ قايتىپ كەتتى. شۇندىن كېيىن مىڭدەك قوراللىق قوشۇن بەدرىنى نىشانلاپ يولغا چىقتى. ئۇلار داۋاملىق ئالغا ئىلگىرىلەپ، ئاخىر بەدرىگە يېقىن جايغا كېلىپ چۈشتى. مەدىنە قوشۇنىنىڭ ئاخباراتچىلىرى رەسۇلۇللاھقا كارۋاننىڭ قېچىپ كەتكەنلىكى ۋە مەككىدىن زور

كۆلەمدە قوشۇن تەشكىللىنىپ چىققانلىقى توغرىسىدا مەلۇمات يەتكۈزگەنىدى. رەسۇلۇللاھ ئۇشتۇمتۇت ئۈزگىرىۋاتقان بۇ خەتەرلىك ۋەزىيەتنىڭ تەرەققىياتىنى نەزەردە تۇتۇپ، قوشۇن ئىچىدە كېڭەيتىلگەن ھەربىي مەسلىھەت كېڭەش يىغىنى چاقىردى. يىغىندا قوشۇنغا ھازىرقى ۋەزىيەتنى تونۇشتۇردى ۋە قوشۇندىكى بارلىق جەڭچى ۋە قوماندانلار بىلەن پىكىر ئالماشتۇردى. يىغىن ئاياغلاشقاندىن كېيىن رەسۇلۇللاھ زەفراندىن يولغا چىقىپ، ئەسافىر دەپ ئاتىلىدىغان بىر داۋاندىن ئاشتى. ئۇ يەردىن دەبىيە دەپ ئاتىلىدىغان كىچىك بىر كەنتكە چۈشتى ۋە ھەنان نى ئوڭغا تاشلاپ مېڭىپ، بەدرىگە يېقىن بىر يەرگە كېلىپ ئورۇنلاشتى. شۇ كۈنى كەچتە رەسۇلۇللاھ يېڭىدىن رازۋېتچىكلارنى تەيىنلەپ دۈشمەن ئەھۋالىنى ئىگىلەشكە ئەۋەتتى. شۇ كېچىسى ئاسمان بۇلۇتلىنىپ، يامغۇر ياغدى. ئاللاھ يامغۇرنى مۇشرىكلار چۈشكەن جايلارغا كۆپ ياغدۇرۇۋەتكەنلىكتىن، ئۇلارنى ئالغا ئىلگىرىلەشتىن توسۇپ قويدى. مۇسۇلمانلارنىڭ ئۇستىگە سىم - سىم يامغۇر ياغدى، بۇ ئۇلارنى پاكلىدى ۋە شەيتاننىڭ پاسكىنا مەينەتچىلىكلىرىنى كەتكۈزدى. يەر قاتتى، قۇملار چىڭدىلىپ، ئادەم ۋە ھايۋانلارنىڭ قەدىمى پېتىپ كەتمەيدىغان بولدى ۋە چېدىر - بارگاھلارنى تىكىشكە شارائىت ھازىرلىنىپ قوشۇننىڭ دىلى تەسكىن تاپتى. رەسۇلۇللاھ بەدرى سۈيىگە مۇشرىكلاردىن بۇرۇن بېرىپ ئورۇنلىشىۋېلىش ۋە ئۇلارنىڭ بۇ ئورۇننى ئالدىن ئىگەللىۋېلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن، قوشۇننى قوزغىدى ۋە جىددىي يول يۈرۈپ ئاخشىمى بىر مەھەللىدە بەدرى سۇ مەنبەلىرىدىن بىرىنىڭ يېنىغا كېلىپ چۈشتى.

مۇسۇلمانلار سۇ بويىغا كېلىپ ئورۇنلىشىپ بولغاندىن كېيىن سەئەد ئىبنى مەئاز رەسۇلۇللاھقا كۈتۈلمىگەن ئەھۋالنىڭ يۈز بېرىش ئېھتىمالىغا قارىتا ئالدىن تەييارلىق كۆرۈش ۋە غەلىبە قىلىشتىن بۇرۇن مەغلۇبىيەتنىمۇ ئويلاپ قويۇش نۇقتىنەزىرى بويىچە مۇسۇلمانلار رەسۇلۇللاھ ئۈچۈن مەخسۇس بىر قوماندانلىق ئۆيى تەسىس قىلىپ بېرىش تەكلىۋىنى بەردى. رەسۇلۇللاھ سەئەدنىڭ سۆزىگە ئاپرىن ئوقۇدى ۋە ئۇنىڭغا خەيرلىك بىلەن دۇئا قىلدى . شۇ ھامان مۇسۇلمانلار ھەرىكەتلىنىپ ئۇرۇش مەيدانىنىڭ شەرقىي شىمال تەرىپىگە جايلاشقان ئېگىز بىر دۆۋە ئۇستىگە جەڭ مەيدانىغا قارىتىپ ياغاچ قورشام بىلەن بىر ئۆي بىنا قىلدى. شۇنداقلا سەئەد ئىبنى مەئاز باشچىلىقىدا ئەنسار ياشلىرىدىن بىر قانچە ئەزىمەتنى تاللاپ، مەخسۇس رەسۇلۇللاھنى قوغداش ئۈچۈن قوماندانلىق شتاب ئەتراپىغا ئورۇنلاشتۇرۇلدى. شتاب پۈتكەندىن كېيىن رەسۇلۇللاھ قوشۇننى سەپەرۋەر قىلدى. ئۇ جەڭ مەيدانىدا سالماق قەدەم تاشلاپ مېڭىپ: « ئىنشائاللاھ ئەتە ماۋۇ پالانى ئۆلتۈرۈلىدىغان جاي، ئاۋۇ

ئىنشائاللاھ پالانى بىشىنى يەيدىغان جاي...» دەپ قولى بىلەن كۆرسىتىشكە باشلىدى. ئاندىن شۇ يەردىن بىر تۈپ دەرەخ تۈۋىگە بىرىپ ناماز ئوقۇش بىلەن كېچىنى بىدار ئۆتكۈزدى. مۇسۇلمانلار كۆڭۈللىرى خاتىرجەم، ئوچۇق - يورۇق ۋە تولۇپ تاشقان ئىشەنچ بىلەن، يۈرەكلىرىنى توختاتقان ھالدا راھەتلىك ئۇخلىۋالدى. بۇ ھىجرىيىنىڭ 2 - يىلى رامىزان (9 - ئاي)نىڭ 17 - كۈنى جۈمە كېچىسى ئىدى. رەسۇلۇللاھ مۇشۇ ئاينىڭ 8 - ياكى 12 - كۈنى يولغا چىقىپ، پەيشەنبە كەچ مۇشۇ يەرگە يېتىپ كەلگەنىدى.

ئەمما، قۇرەيش تەرەپ بەدرى ۋادىسىنىڭ مەدىنىگە يىراق چېتىدىكى ھەربىي گازارمىسىدا كېچىنى بىخارامان ئۇخلاپ ئۆتكۈزدى. ئەتىسى ئەتىگەن قوشۇنلىرىنى تەرتىپكە سىلىپ، ناغرا - سۇناي، داقا - دۇمباقلىرىنى چېلىپ، دۆڭلۈك تەرەپتىن ھەيۋە بىلەن بەدرى ۋادىسىغا قاراپ چۈشتى. مۇشرىكلار ھەيۋە بىلەن دۆڭ تەرەپتىن چۈشۈپ كېلىپ ئىككى تەرەپ بىر - بىرىگە كۆرۈنۈۋىدى، رەسۇلۇللاھ: «ئى ئاللاھ! مانا بۇ قۇرەيش ئۆزىنىڭ تەكەببۇرلىقى ۋە چوڭچىلىقى بىلەن ساڭا قارشىلاشقىلى ۋە سېنىڭ پەيغەمبىرىڭنى ئىنكار قىلغىلى كەلدى، ئى ئاللاھ، سەن ماڭا ۋەدە قىلغان ياردىمىڭنى نازىل قىلغىن، ئى ئاللاھ! ئۇلارنى ھازىرلا ھالاك قىلغىن»، دەپ دۇئا قىلدى ۋە يەنە رەسۇلۇللاھ دۈشمەن قوشۇنى ئىچىدە قىزىل تۆگىگە مىنىۋالغان ئۇتبە ئىبنى رەبىئەنى كۆرۈپ: «ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ياخشىلىق بار دېيىلسە چوقۇم قىزىل تۆگىلىك كىشىدە بار ئىدى، ئۇلار شۇنىڭ گېپىگە ئۇنىغان بولسا توغرا قىلغان بولاتتى»، دىدى.

رەسۇلۇللاھ مۇسۇلمانلارنىڭ سەپلىرىنى تەرتىپكە سالدى. سەپلەرنى تۈزەپ بولغاندىن كېيىن قوشۇنغا ئۇلار رەسۇلۇللاھنىڭ ئەڭ ئاخىرقى بۇيرۇقىنى تاپشۇرۇپ ئالمىغۇچە، دۈشمەنگە ھۇجۇم قىلماسلىق توغرىسىدا بۇيرۇق چۈشۈردى. ئاندىن ئۇلارغا جەڭ قىلىش ئۇسۇلى توغرىسىدا ئالاھىدە يوليورۇق بىرىپ: « دۈشمەن باستۇرۇپ كەلسە يەنى ئومۇمىيۈزلۈك ھۇجۇم قىلسا، يەر بېغىرلىتىپ ئوق ئۈزۈڭلار، ئاتقاندىمۇ ئارقا - ئارقىدىن ئارام بەرمەي ئېتىڭلار ۋە ئۇستۇڭلارغا بىسىپ كەلمىگىچە قىلىچ سۇغارماڭلار»، دىدى، ئاندىن ئەبۇ بەكرى بىلەن بىللە قوماندانلىق شتابىغا قايتتى. سەئەد ئىبنى مەئاز قوغدىغۇچى ئەزىمەتلەرنى باشلاپ، شتاب دەرۋازىسى ئالدىدا قىلىچلىرىنى شىمايلاپ جەڭگىۋار ھالەتتە تۇردى.

جەڭ پىلىكىگە تۇنجى بولۇپ ئوت ياققۇچى مۇشرىكلار تەرەپتىن ئەسۋەد ئىبنى ئابدۇلئەسەد مەخزۇمى بولدى. ئۇ مەيدانغا چۈشۈۋىدى، بۇ تەرەپتىن ھەمزە ئىبنى ئابدۇلمۇتەللىپ چۈشتى. ئىككىيلەن بىر ئىككىچە قىلىچ سوقۇشتۇردى - دە، ھەمزە بىر ئۇرۇپلا ئۇنىڭ بىر پاچىقىنى ئۈزۈۋەتتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئوڭدىسىغا يىقىلىپ

چۈشتى. ئۇنىڭ كېسىلگەن پۇتى جىرت ـ جىرت قان تۆكمەكتە ئىدى. ئۇ يىقىلغان ئورۇن كۆلدىن خېلى يىراق بولسىمۇ، بىراق ئۇ قەسىمىنى ئورۇنلاش ئۈچۈن، ئۈچ پۇتلۇق بولۇپ كۆل تەرەپكە ئۆمىلەپ يۇگۇرۇپ كېلىپ، كۆلگە ئۆزىنى ئاتتى. لېكىن ھەمزە ئۇنىڭغا ئامان بەرمەي قوغلاپ بېرىپ، ئاخىرى كۆلنىڭ ئىچىدە قىلىچلىۋەتتى.

ئەسۋەد ئىبنى ئابدۇلئەسەدنىڭ ئۆلتۈرۈلۈشى ئوت ئېلىش ئالدىدا تۇرغان جەڭ پىلىكىگە چاقماق چاقتى. شۇنىڭ بىلەن قۇرەيش چەۋاندازلىرىدىن ئۈچ كىشى مەيدانغا چۈشۈپ كەلدى. ئۇلارنىڭ ھەممىسى بىر ئائىلىلىك كىشىلەر بولۇپ، ئۇتبە ۋە ئۇنىڭ قېرىندىشى شەيبە ۋە ئۇتبەنىڭ ئوغلى ۋەلىد قاتارلىقلار ئىدى. ئۇلار سەپتىن ئېتىلىپ چىقىپلا يەكمۇيەك ئېلىشىشنى تەلەپ قىلدى. بۇ چاغدا ئۇلارغا ئەنسار ياشلىرىدىن ئۈچ يىگىت ـ ئەۋف، مۇئەۋۋىز (ھارىسنىڭ ئىككى ئوغلى) ۋە ئابدۇللاھ ئىبنى رەۋاھىيلەر مەيدانغا چۈشكەندى. مۇشرىكلار بىزگە قۇرەيشتىن ئۆزىمىزگە لايىق تەڭ دېمەتلىرىمىزنى چىقىرىپ بەرگىن، دەپ چۇقان كۆتۈرۈشتى. شۇڭا، رەسۇلۇللاھ: «ئى ئەبۇ ئەبەيدە ئىبنى ھارىس، تۇر! ئى ھەمزە تۇر! ئى ئەلى تۇر!» دېدى. ئۇلار سەپتىن ئايرىلىپ مۇشرىكلارنىڭ ئالدىغا يېقىنلاپ بېرىپ كۆزنى يۇمۇپ ئاچقۇچە تۇتۇشۇپ كېتىشتى. ئەبۇ ئۇبەيدە (ئۇ ھەممىدىن پېشقەدەم ياشانغان كىشى ئىدى) ئۇتبە ئىبنى رەبىئە بىلەن تۇتۇشتى. ھەمزە شەيبە بىلەن تۇتۇشتى، ئەلى ۋەلىد ئىبنى ئۇتبە بىلەن تۇتۇشتى. ھەمزە بىلەن ئەلى ئۆز رەقىبلىرىگە ئامانىنى زامانغا بەرمەي، قىلىچ ئورۇپ بىردەمدىلا تۇپا چىشلىتىۋەتتى. ئەمما، ئۇبەيدە رەقىبى ئۇتبە بىلەن قاتتىق ئېلىشىپ، ھەر ئىككىلىسى بىر ـ بىرىنى ئېغىر يارىلاندۇرۇپ ھالسىزلىنىپ كەتتى. شۇڭا، ھەمزە بىلەن ئەلى ئۇتبەگە ھۇجۇم قىلىپ، ئۇنى جەھەننەمگە ئۇزاتتى، ئاندىن ئۇبەيدەنى كۆتۈرۈپ مەيداندىن قايتىپ كىردى. ئۇنىڭ بىر پۇتى ئۇزۇۋېتىلگەندى، شۇڭا ئۇ بەدرى ئۇرۇشى ئاياغلىشىپ 4 ـ 5 كۈندىن كېيىن مۇسۇلمانلار مەدىنىگە قايتىشتا سەپرا دېگەن يەرگە كەلگەندە جان ئۈزدى. ئۇ شۇنىڭغىچە بىر ئېغىز دەرد ـ ئەلەم شىكايىتى قىلمىغاندى.

بۇ بىر مەيدان يەكمۇيەك ئېلىشىشنىڭ نەتىجىسى مۇشرىكلارغا نىسبەتەن تالاپەتلىك باشلىنىش بولدى. ئۇلار ئەڭ ياخشى ماھىر چەۋاندازلىرىدىن ۋە قابىل قوماندانلىرىدىن بىراقلا ئۈچ كىشىدىن ئايرىلىپ قالدى، شۇڭا ئۇلار غەزەپ ئوتىدا ياندى ۋە مۇسۇلمانلارغا كەڭ كۆلەمدە ئومۇمىي ھۇجۇم قوزغىدى. ئەمما، مۇسۇلمانلار ئاللاھقا سېغىنىپ ئىلتىجا قىلىپ، ياردەم ۋە مەدەت تىلەپ ئۆز ئورۇنلىرىدىن قوزغالماي مۇداپىئەدە تۇرۇپ دۈشمەننى ئېغىر چىقىمغا ئۇچراتتى.

رەسۇلۇللاھ قوشۇننىڭ سەپلىرىنى رەتكە سېلىپ جەڭ ئىشلىرىغا ئائىت

تەلەپلەرنى ئۇتتۇرىغا قويۇپ بولۇپ، قوماندانلىق شتابقا قايتىپلا، ئاللاھنىڭ ئۇنىڭغا ۋەدە قىلغان ياردەم ۋە نۇسرەتلىرىنى تىلەشنى باشلىۋەتتى. شۇئان رەسۇلۇللاھ كۆزىنى يۇمۇپ، دەقىقە مىقدارى سۈكۈتكە چۆمدى، ئاندىن بېشىنى كۆتۈرۈپ: «خۇش خەۋەر، ئى ئەبۇ بەكرى! مانا جىبرىئىل چاڭ ـ توزاڭ ئۆرلىتىپ كېلىۋاتىدۇ»، دېدى. ئاندىن كەپىدىن ساۋۇتىنى قوشلاپ كىيىپ: «مۇشرىكلار توپى مەغلۇپ قىلىنىپ، ئارقىغا چېكىندۈرۈلدى» دېگەچ سەكرەپ چىقتى ۋە يەردىن بىر سىقىم شېغىل تۇپىنى ئېلىپ قۇرەيشلەرگە قارىتىپ: «ئاللاھ خار قىلغاي»، دەپ ئاتقاندى، كۆز، بۇرۇن، قۇلاقلىرىغا توپا كىرمىگەن بىرمۇ مۇشرىك قالمىدى. دەل مۇشۇ چاغدا رەسۇلۇللاھ قوشۇنغا قايتۇرما ھۇجۇمغا ئۆتۈش توغرىسىدا ئەڭ ئاخىرقى بۇيرۇقنى چىقىرىپ: «ئالغا... !»، دەپ توۋلىدى. رەسۇلۇللاھ قوشۇنغا قايتۇرما ھۇجۇمغا ئۆتۈش بۇيرۇقىنى چىقارغاندا مۇشرىكلارنىڭ شىددىتى ئاللىقاچان بوشاپ ھۇجۇم قىلىش قىزغىنلىقى يوقالغانىدى. ئۇلار ھۇجۇمغا ئۆتۈش بۇيرۇقىنى تاپشۇرۇۋالغان ھامان دەھشەت يۇقىرى جاسارەت بىلەن ھۇجۇم قوزغىدىكى، دۈشمەن سەپلىرىنى ئوڭتەي ـ توڭتەي قىلىپ، ئۇلارنىڭ باشلىرىنى كېسىپ سۇر توقاي قىلىشقا باشلىدى مۇشرىكلارنىڭ سەپلىرىدە پارچىلىنىش ۋە يىمىرىلىش ئالامەتلىرى كۆرۈلۈشكە باشلىدى. ئۇلار مۇسۇلمانلارنىڭ شىددەتلىك ھۇجۇمى ئالدىدا بەرداشلىق بېرەلمىدى. ئۇرۇش ئاخىرلىشاي دەپ قالغانىدى، مۇشرىكلار توپى تەرەپ ـ تەرەپكە جېنىنى ئېلىپ تىكىۋېتىشكە باشلىدى، مۇسۇلمانلار ئۇلارنىڭ كەينىدىن قوغلاپ يۈرۈپ، تەسلىم بولغانلارنى ئەسىر ئېلىپ، قارشىلىق كۆرسەتكەنلىرىنى ئۆلتۈرۈپ، ئۇلارنى ئاخىرى تەلتۆكۈس مەغلۇپ قىلدى. ئۇرۇش مۇشرىكلارنىڭ پاجىئەلىك مەغلۇبىيىتى ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ مۇتلەق ئۈستۈنلۈكىنى ئىگىلەپ غەلىبە قىلىشى بىلەن ئاخىرلاشتى. مۇسۇلمانلاردىن ئون تۆت ئادەم شېھىد بولدى، ئۇلارنىڭ ئالتىسى مۇھاجىر، سەككىزى ئەنسارى ئىدى. ئەمما مۇشرىكلار ئەڭ زور چىقىم تارتتى. ئۇلاردىن 70 كىشى ئۆلتۈرۈلۈپ، 70 كىشى ئەسىرگە ئېلىندى. ئۇلارنىڭ تولىسى ھەربى قوماندان ۋە كاتتىۋاشلار ئىدى.

جەڭ ئاخىرلاشقاندىن كېيىن رەسۇلۇللاھ بەدرىدە ئۈچ كۈن تۇرۇپ، تۆتىنچى كۈنى ئەتىگەن قوزغالماقچى بولۇۋىدى، يولغا چىقىش ئالدىدا قوشۇن ئىچىدە غەنىمەت توغرىلىق ئىختىلاپ يۈز بەردى. بۇ ئىختىلاپ بارغانسېرى كۈچەيگىلى تۇردى، رەسۇلۇللاھ قوشۇنغا قولىلىرىدىكى بارلىق غەنىمەتلەرنى ئومۇمغا تاپشۇرۇپ بېرىشكە بۇيرىدى. ئۇلار رەسۇلۇللاھنىڭ دېگىنىدەك قىلدى، ئاندىن بۇ ھەقتە ۋەھيى نازىل بولدى. شۇنىڭ بىلەن رەسۇلۇللاھ غەنىمەتلەرنى يىغىۋېلىپ مۇسۇلمانلارغا ئاللاھنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە تەقسىم قىلىپ بەردى.

بەدرىدە ئۈچ كۈن تۇرغاندىن كېيىن قوشۇن مەدىنىگە قاراپ قوزغالدى. رەسۇلۇللاھ بەدرى ۋادىسىدىن چىقىپ سەفرا جىلغىسىدىن ئۆتۈپ سەپرا بىلەن نازىيە ئوتتۇرىسىدىكى تۈزلەڭلىككە چۈشۈۋىدى، بۇ يەردە غەنىمەتلەردىن بەشتىن بىرىنى ئايرىۋېلىپ، مۇجاھىدلارغا باپباراۋەر تەقسىم قىلىپ بەردى. سەفرائغا يېتىپ بارغاندا رەسۇلۇللاھ نەزرى ئىبنى ھارىسنى ئۆلۈمگە بۇيرىدى. ئاندىن يولنى داۋاملاشتۇرۇپ ئىرقى زەبيە دېگەن جايغا يېتىپ كېلىۋىدى رەسۇلۇللا قوشۇننى توختىتىپ ئۇقبە ئىبنى ئەبى مۇئەيتنى ئۆلۈمگە بۇيرىدى. بۇ ئىككى جىنايەتچىگە ئۆلۈم جازاسى بېرىش ھەربىي ئىنتىزام نۇقتىسىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، تولىمۇ زۆرۈر بولۇپ قالغانىدى. چۈنكى، ئۇلار ئەسىرلەر قاتارىدىكى ئىككى ئەسىرلا ئەمەس، بەلكى ھازىرقى زامان ئاتالغۇسى بويىچە ئېيتقاندىمۇ بۇ قېتىمقى ئۇرۇشتىكى ئۇرۇش جىنايەتچىلىرىنىڭ ئەڭ چوڭ كاتتىۋاشلىرىدىن ئىدى. رەسۇلۇللاھ رەۋھاغا يېتىپ كەلگەندە مۇسۇلمانلارنىڭ ئەلچىلىرىگە يولۇقتى. ئۇلار رەسۇلۇللاھ ئۈچۈن قىزغىن تەبرىك سادالىرىنى ياغدۇراتتى. ئاندىن يولنى داۋاملاشتۇرۇپ مەدىنىگە غەلىبە قىلغان ۋە زەپەر قۇچقان ھالدا كىرىپ كەلدى. بۇ چاغدا ئۇنىڭدىن مەدىنە ئىچى ۋە سىرتىدىكى دۈشمەن كۈچلەر قورقۇپ ئەيمىنىدىغان بولدى. مەدىنە ئاھالىسىدىن نۇرغۇن كىشىلەر ئۆزلىرىنىڭ مۇسۇلمان بولغانلىقىنى جاكارلىدى.

رەسۇلۇللاھ مەدىنىگە يېتىپ كەلگەندىن كېيىن ساھابىلەرگە ئەسىرلەر توغرىسىدا مەسلىھەت سالدى. ئاخىرقى كېڭەش نەتىجىسى ئەبۇ بەكرىنىڭ رايىغا قارار تاپتى. شۇنىڭ بىلەن رەسۇلۇللاھ ئۇلاردىن فىدىيە ئېلىپ قويۇۋەتتى.

### 686 ـ سۇئال: بەدرى ئۇرۇشىدىن كېيىن ئېلىپ بېرىلغان غازاتلار

رەسۇلۇللاھ بەدرى غازىتىدىن قايتىپ كېلىپ، ـ غەتەفان قەبىلىسىنىڭ بەنۇ سۇلەيم جەمەتىنىڭ ھۇجۇم قىلىش ئۈچۈن كۈچ تەشكىللەۋاتقانلىقىدىن خەۋەر تاپتى. شۇنىڭ بىلەن رەسۇلۇللاھ 200 ئاتلىق قوشۇن بىلەن ئۇلار توپلىنىۋاتقان يەرگە ئۇشتۇمتۇت باستۇرۇپ باردى. بۇ چاغدا بەنۇ سۇلەيم خەلقى يايلاقتىكى 500 دەك تۆگە ـ چارۋىلىرىنى تاشلاپ، ئاللىبۇرۇن جېنىنى جايلاپ تىكىۋېتىشكەنىدى.

ئاللاھ بەدرىدە مۇسۇلمانلارنى غالىب قىلىپ، ئۇلارنىڭ ئىناۋەت ـ ھۆرمىتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈۋىدى، بۇ يەھۇدىيلارنىڭ ئەسەبىيلىكى تېخىمۇ ئېشىپ، كەڭ كۆلەمدە كۈشكۈرتۈش ۋە ئىغۋاگەرچىلىك ھەرىكەتلىرى بىلەن شۇغۇللاندى. ھەدىسلا قالايمىقانچىلىق ۋە پاراكەندىچىلىك تۇغدۇرۇپ، يالغۇز ماڭغان مۇسۇلمانلارنىڭ ئالدىنى توسۇپ، مەسخىرە، مازاق قىلىپ بوزەك ئەتتى. مۇسۇلمانلار ئۇلارنىڭ بازىرىغا سودا ـ سېتىق بىلەن كېلىپ قالسا، ئۇلارغا ئەزىيەت يەتكۈزدى ۋە چەتكە قاقتى.

ھەتتا ئېخمۇ چېكىدىن ئېشىپ مۇسۇلمانلارنىڭ قىز ـ خوتۇنلىرىغا چېقىلىشقا ئۇرۇندى. ئۇلارنىڭ ئەسكىلىكى ۋايىغا يېتىپ، بۇ خىل جىنايەتلىرىگە چىداپ تۇرغىلى بولمىغاندا، رەسۇلۇللاھ ئۇلارنى يىغىپ چىرايلىقچە نەسىھەت قىلدى. تىنچ بولۇش ۋە توغرا يولدا مېڭىشقا چاقىردى. ئۇلارنى قارشىلىشىش ۋە دۈشمەنلىشىشنىڭ يامان ئاقىۋىتىدىن ھەزەر ئەيلەتتى. لېكىن، بۇ ياخشى نەسىھەتلەر ئۇلارغا ئەكس تەسىر بېرىپ، ئۇلارنىڭ ئوت قۇيرۇقلۇقىنى ۋە مۇغەمبەرلىكىنى ئاشۇرۇۋەتتى. ئىش مۇشۇ يەرگە يەتكەندە رەسۇلۇللاھنىڭمۇ سەبرى قاچىسى تاشتى ۋە ئەمدىكى سەبرىنى ئۆلۈمدىن قورقىدىغانلىق ۋە خورلۇققا ماقۇل بولغانلىق دەپ بىلدى. شۇڭا، ئۇ مەدىنىدە ئۆز ئورنىدا ئەبۇ لۇبابە ئىبنى ئابدۇلمۇنزىرنى قالدۇرۇپ، ئاللاھنىڭ قوشۇنىنى باشلاپ بەنى قەينۇقا يەھۇدىيلىرىغا ھۇجۇم قوزغىدى. نەتىجىدە ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ھاياتى، مال ـ مۈلۈكى ۋە خوتۇن، بالا ـ چاقىلىرى ھەققىدە رەسۇلۇللاھنىڭ ھۆكۈم چىقىرىشىغا قايىل بولىدىغان بولۇشتى.

زىئەمرى غازىتى ئۇھۇد غازىتىدىن ئىلگىرى رەسۇلۇللاھ ئۆزى بىۋاستە رەھبەرلىك قىلغان بىر قېتىملىق چوڭ ھەربىي ھەرىكەت بولۇپ، ھىجرىيىنىڭ 3 ـ يىلى مۇھەررەم (1 ـ ئاي) دا ئېلىپ بېرىلغانىدى.

بوھران غازىتى ھىجرىيىنىڭ 3 ـ يىلى رەبىئۇلئاخىر (4 ـ ئاي) ئېيىدا، رەسۇلۇللاھ ئۆزى بىۋاستە قوماندانلىق قىلغان 300 كىشىلىك چوڭ بىر ھەربىي يۈرۈش بولۇپ، رەسۇلۇللاھ بوھران (ھىجازنىڭ غەربى تەرىپىدىكى بىر كان چىقىدىغان جاي)دا رەبىئۇلئاخىر (4 ـ ئاي) ئېيى، ئاندىن جۇمادىيەلئەۋۋەل (5 ـ ئاي) ئايلىرىدا تۇرۇپ قايتىپ كىردى. ئۇرۇشقا دۇچ كەلمىدى.

## 687ـ سۇئال: ئوھۇد غازىتى

مەككە خەلقى بەدرى ۋەقەسىدىكى ئېغىر تالاپەتتىن خۇرسىنىپ مۇسۇلمانلارغا قارىتا ئۆچمەنلىكى قاتتىق كۈچىيىپ كەتتى، بولۇپمۇ يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدار ۋە ئەلەمدارلىرىدىن ۋاقىتسىز ئايرىلىپ قالغىنىغا قايغۇرۇپ تۇرغاندا قەردە ۋەقەسى ئۇلارنى گويا قوقاسقا كۆمگەندەك بىئارام قىلىۋەتتى. شۇنداق قىلىپ ئۇلار ئۇزاق ئۆتمەي مۇسۇلمانلارغا قارشى كەڭ كۆلەملىك ئۇرۇش قوزغاپ ئاچچىقىنى چىقىرىۋېلىش ۋە ئەنتىنى ئېلىۋېلىش قارارىغا كېلىشتى ۋە بۇ ئۇرۇش ئۈچۈن كەڭ كۆلەمدە تەييارلىق قىلىشقا كىرىشتى.

بەدرى پاجىئەسىگە ساق بىر يىل توشقان كۈنلەردە مەككە دائىرلىرىمۇ ئاللىقاچان تەييارلىقلىرىنى پۈتكۈزۈپ، ھەربىي ھازىرلىقلارنى تەل قىلىپ بولغانىدى. مەككە تەۋەسىدىكى ھەر قايسى قۇرەيش قەبىلىلىرى ئۇلارنىڭ ئىتتىپاقداشلىرى ھەممە ئاققۇن

ھەبەشلەردىن بولۇپ ئۈچ مىڭ مۇشرىك رەسمىي سەپكە تىزىلىپ ئاتلىنىش بۇيرۇقىنى كۈتۈپ تۇردى. قۇرەيشلەر، ئەسكەرلەر ئۆزلىرىنىڭ ئار ـ نومۇسىنى ۋە ئىززەت ـ ھۆرمىتىنى قوغداش ئۈچۈن بولسىمۇ، جان پىدا قىلىپ ئۇرۇشسۇن ئۈچۈن ئاياللاردىنمۇ جەڭگە قاتنىششىنى خالايدىغانلارنى بىرگە ئېلىۋېلىشنى مۇۋاپىق كۆردى. بۇنىڭ بىلەن 15 ئايال سەپكە قېتىلدى. قوشۇنىنىڭ قاتناش قورالى ئۈچۈن 3000 تۆگە جەم قىلىندى. ئاتلىقلار قوشۇنى ئۈچۈن 200 ئات ھازىرلاندى. ئۇلار بۇ ئاتلارنى يول بويى چوڭ قوشۇنغا قاتماي باشقا يوللار بىلەن ئايرىم ئېلىپ ماڭدى. مۇداپىئە قوراللىرىدىن 700 ساۋۇت تەقلەندى.

مەركىزى باش قوماندانلىق ئەبۇ سۇفيان ئىبنى ھەربكە مەركەزلەشتى. خالىد ئىبنى ۋەلىد ئاتلىقلار قوشۇنىنىڭ قوماندانى، ئىكرەمە ئىبنى ئەبۇ جەھىل مۇئاۋىن باش قوماندان بولدى. ئەلەم يەنىلا ئابدۇددار جەمەتىگە تۇتقۇزۇلدى. مەككە قوشۇنى مانا مۇشۇنداق تولۇق تەييارلىق ۋە ھەربىي ھازىرلىقلار بىلەن مەدىنىگە قاراپ يولغا چىقتى. رەسۇلۇللاھنىڭ تاغىسى ئابباس ئىبنى ئابدۇلمۇتەللىپ دۈشمەن (قۇرەيش)نىڭ بارلىق ھەرىكەتلىرىنى ۋە ھەربىي تەييارلىقلىرىنى باشتىن ـ ئاخىر كۆزىتىپ تۇرغانىدى. دۈشمەن مەككىدىن قوزغىلىپ يولغا چىققان ھامان ئابباس رەسۇلۇللاھقا جىددىي مەكتۇپ يوللاپ، دۈشمەن ئەھۋالىنى تەپسىلىي خەۋەر قىلدى.

ئابباس (رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ)نىڭ ئامانىتىنى تاپشۇرۇپ ئالغان ئەلچىمۇ مەسىلىگە جىددىي قاراپ، ئىنتايىن تېز سۈرئەت بىلەن يول يۈرۈپ، مەككە بىلەن مەدىنە ئوتتۇرىسىدىكى (500 كىلومېتىردەك) مۇساپەنى ئۈچ كۈندە بېسىپ، ئامانەتنى رەسۇلۇللاھقا ساق ـ سالامەت يەتكۈزۈپ بەردى. رەسۇلۇللاھ بۇ چاغدا قۇبا مەسجىدىدە ئىدى. رەسۇلۇللاھ خەتنى تاپشۇرۇپ ئالغاندىن كېيىن ئۇبەي ئىبنى كەئەبكە ئوقۇتقۇزۇپ مەزمۇنىدىن ۋاقىپلاندى ۋە ئۇنى ھېچ كىشىگە تىنىماسلىقنى تاپىلاپ قويۇپ ئالدىراپ مەدىنىگە قايتتى. مۇھاجىر ۋە ئەنسارلارنىڭ پىشقەدەملىرى بىلەن بۇ ھەقتە پىكىرلەشتى ۋە مۇزاكىرە ئېلىپ باردى.

پۈتۈن مەدىنە ئومۇمىيۈزلۈك ھەربىي ھالەتكە ئۆتتى. ئەرلەر كېچە ـ كۈندۈز قوراللىق يۈردى. مۇسۇلمانلار چارلىغۇچى قىسمى دۈشمەن ھەرىكىتىنى كۆزىتىش ئۈچۈن مۇشرىكلار مەدىنىگە ھۇجۇم قىلىپ قالغان تەقدىردە مېڭىش ئېھتىمالى بولغان بارلىق يوللارنى نۆۋەت بىلەن ئايلىنىپ چارلاپ تۇردى. مەككە قوشۇنى ئەسلىدىكى غەربى چوڭ يولنى بويلاپ مېڭىپ داۋاملىق ئالغا ئىلگىرىلەپ، ئوھۇد تېغىغا يېقىن (مەدىنىنىڭ شىمالىدىكى) تۈزلەڭ شورلۇق زېمىنىنىڭ «ئەينەين» دەپ ئاتىلىدىغان بىر يېرىگە كېلىپ چۈشتى ھەمدە مۇشۇ يەرگە ھەربىي بارگاھىنى تىكىپ ئورۇنلاشتى. بۇ

ھجرىيىنىڭ 3 ـ يىلى شەۋۋال ئېيىنىڭ ئالتىنچى كۈنى جۈمە ئىدى.

مەدىنە ئاخباراتچىلىرى مەككە قوشۇنى توغرىلىق ئارقمۇئارقا خەۋەر يەتكۈزۈپ تۇردى. بەدرى ئۇرۇشىدا جەڭگە قاتنىشىش پۇرستىدىن مەھرۇم قالغان بىر بۆلۈك پازىل ساھابىلەر رەسۇلۇللاھقا دۈشمەننىڭ ئالدىغا چىقىپ ئۇرۇشۇش تەكلىۋىنى بېرىپ، قاتتىق چىڭ تۇردى. رەسۇلۇللاھ كۆپ سانلىق جامائەتنىڭ پىكرى ئالدىدا ئۆز رايىنى ئېزاھلاپ ئولتۇرمىدى، نەتىجىدە ئەڭ ئاخىرقى قارار مەدىنىدە دۈشمەننىڭ تېگىش قىلىشنى كۈتۈپ ئولتۇرماي نەخ مەيدانىغا چىقىپ، تىغمۇ ـ تىغ ئېلىشىپ مەردانە بىر تەرەپ بولۇشقا تەيىن تاپتى. شۇ كۈنى رەسۇلۇللاھ ساھابىلەر بىلەن ئۇرۇش ۋە ئۇنىڭ ئىستراتېگىيىلىك تەدبىرلىرى ئۈستىدە ئانچە ـ مۇنچە باش قوشۇۋالغاندىن كېيىن مەدىنە خەلقى بىلەن جۈمە نامىزىنى بىرگە ئوقۇدى. ئۇ جۈمە خۇتبىسىدا جامائەتچىلىككە نۇتۇق سۆزلەپ ۋەز ـ نەسىھەت قىلدى. ئومۇمىي خەلقنى سەپەرۋەرلىككە كېلىپ، جەڭگىۋار ۋە جىددىي ھالەتتە تۇرۇشقا چاقىردى. مۇسۇلمانلارغا ئۇلار سەبرىلىك، سۇباتلىق ۋە ئىرادىلىك بولسىلا، غەلىبە ـ نۇسرەت مەنسۇپ بولىدىغانلىقىنى ئۇقتۇردى ھەمدە ھەممىيلەن بىرلىكتە تاجاۋۇزچىلارنىڭ ئەدىبىنى بېرىشكە چاقىردى. كۆپچىلىك رەسۇلۇللاھنىڭ بۇ چاقىرىقىدىن مەمنۇن بولۇپ، كۆز يېشى قىلىشتى ۋە خۇشنۇد بولغانلىقىنى بىلدۈرۈشتى.

جۈمە نامىزىدىن كېيىن كىشىلەر توپ ـ توپ بولۇپ يىغىلىشقا باشلىدى. مەدىنىنىڭ يۇقىرى تەرىپىدىكى ئاھالىلارمۇ كېلىپ بولدى. ئۇنىڭغا قەدەر ناماز ئەسرنىڭ ۋاقتىمۇ كىرىپ قالدى. رەسۇلۇللاھ مۇسۇلمانلار بىلەن ئەسىر نامىزىنى ئوقۇدى. ئاندىن ئەبۇ بەكرى ۋە ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى باشلاپ ئۆيگە كىرىپ كەتتى. ئۇلار ئۆيدە رەسۇلۇللاھقا سەللە ۋە جەڭ كىيىملىرىنى كىيگۈزدى. شۇنىڭ بىلەن رەسۇلۇللاھ ئىككى ساۋۇتنى قوشلاپ كىيىپ، قىلىچىنى يانغا ئېسىپ، تولۇق قوراللانغان ھالدا مۇسۇلمانلارنىڭ ئالدىغا چىقتى. ئاندىن قوشۇننى رەتكە سېلىپ، ئۇلارنى ئۈچ قىسمغا بۆلدى. قوشۇن زەبەردەس 1000 كىشىدىن تەركىپ تاپتى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە 100 ساۋۇتلۇق (تۆمۈر كىيىملىك) ۋە 50 ئاتلىق بار ئىدى. مەدىنىدە ئۆز ئورنىدا جامائەتچىلىككە ناماز ئوقۇپ بېرىشكە ۋە شەھەر مەمۇرىيىتىگە ئابدۇللاھ ئىبنى ئۇممى مەكتۇمنى بەلگىلىدى. ئاندىن قوشۇنغا قوزغىلىشقا بۇيرۇق بەردى.

قوشۇن مەدىنە كوچىلىرىدىن ئايرىلىپ «شىيخان» دەپ ئاتىلىدىغان بىر يەرگە بارغاندا قوشۇننى توختۇتۇپ، قايتا رەتكە سېلىپ كۆزدىن كەچۈردى. مۇشۇ يەردە كەچ كىرىپ گۇگۇم چۈشۈپ قالدى. رەسۇلۇللاھ قوشۇن بىلەن ناماز شامنى ئوقۇدى. ئارقىدىن خۇپتەن نامىزىنى ئوقۇپ، شۇ جايدا قونۇپ قالدى .رەسۇلۇللاھ تاڭ

يورۇشتىن سەل ئىلگىرى قوزغىلىپ بىر مەھەل يول يۈردى، تاڭ يورۇپ بامدات نامىزىنىڭ ۋاقتى بولدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ بۇ يەردە توختاپ بامدات نامىزىنى ئوقۇدى. بۇ چاغدا رەسۇلۇللاھ دۈشمەنگە خېلى يېقىن جايغا كېلىپ قالغان بولۇپ، ھەر ئىككى تەرەپ بىر ـ بىرىنى ئېنىق كۆرەلەيتتى. دەل مۇشۇ يەردە مۇناپىق ئابدۇللاھ ئىبنى ئۇبەي مۇسۇلمانلارغا ئاسىيلىق قىلدى. يوقىلاڭ باھانە ـ سەۋەپلەرنى كۆرسىتىپ ئەسكەرلەرنىڭ ئۈچتىن بىر قىسمىنى (ئۈچ يۈزدەك جەڭگە يارايدىغان كىشىنى) قايتۇرۇپ كەتتى. رەسۇلۇللا قالغانلار بىلەن دۈشمەن تەرەپكە قاراپ يولنى داۋاملاشتۇردى. مۇشرىكلار قوشۇنىنىڭ بىر قانچە جايدىكى ھەربىي بارگاھلىرى رەسۇلۇللاھ بىلەن ئوھۇد تېغى ئارىلىقىنى تۇسۇپ تۇراتتى. رەسۇلۇللاھ قوشۇن بىلەن بۇ يەردىن ئۆتۈپ ۋادىنىڭ مەدىنىگە يىراق چېتىدىكى ئوھۇد تېغى باغرىغا بېرىپ چۈشتى. نەتىجىدە دۈشمەن قوشۇنى مۇسۇلمانلار بىلەن مەدىنە ئوتتۇرىسىدا پاسىل بولۇپ تۇردى. بۇيەردە رەسۇلۇللاھ قوشۇننى سەپەرۋەر قىلدى ۋە ئۇلارنى سەپكە تىزىپ جەڭگە تەييار تۇرغۇزدى. ئاندىن 50 دەك ئوقياچى مەرگەننى تاللاپ، ئوقياچى قىسمى تەشكىللىدى ۋە ئالدىنقى يىلى بەدرى ئۇرۇشىغا قاتناشقان ئابدۇللاھ ئىبنى جۇبەير ئىبنى نۇئمان ئەنسارىنى بۇ قىسمىنىڭ قوماندانى قىلىپ تەيىنلىدى. ئاندىن ئۇلارنى قەنات ۋادىسىنىڭ جەنۇپ قىرغىقىغا ـ مۇسۇلمانلار قوشۇنى قوماندانلىق شتابىنىڭ شەرقى جەنۇبىغا تەخمىنەن 150 مېتىر يىراقلىقتىكى تاغ (تۆۋەندە بۇ تاغ ئوقياچىلار تېغى دەپ ئاتىلىدۇ) ئۈستىدىن ئورۇن ئېلىشقا بۇيرىدى. رەسۇلۇللاھ بۇ قىسمىنىڭ قوماندانى ئابدۇللاھ ئىبنى جۇبەيرگە ئالاھىدە تاپىلاپ: «بىزنى ئوقيا كۈچى ئارقىلىق دۈشمەن ئاتلىق قوشۇنىنىڭ ئارقىدىن زەربە بېرىشىدىن قوغدىغىن، ئۇلار ئارقا تەرىپىمىزدىن كېلەلمىسۇن، مەيلى غەلىبە قىلايلى، مەيلى مەغلۇپ بولايلى، سەن ئورنۇڭدىن ئايرىلمىغىن، بىز بۇ تەرەپتىن خاتىرجەم بولايلى!» دېدى. ئاندىن قالغانلارنى قىسمىغا بۆلۈپ، ئوڭ قانات قىسمىغا مۇنزىر ئىبنى ئەمرىنى، سول قانات قىسمىغا زۇبەير ئىبنى ئاۋۋامنى قوماندان قىلىپ تەيىنلىدى. مىقداد ئىبنى ئەسۋەدنى زۇبەير ئىبنى ئەۋۋامغا ياردەمچى قىلىپ بەردى. مانا مۇشۇنداق قىلىپ، ھىجرىيىنىڭ 3 ـ يىلى شەۋۋال (10 ـ ئاي)نىڭ 7 ـ كۈنى شەنبە سەھەر مەدىنە قوشۇنىنىڭ جەڭ تەييارلىقى ئاساسىي جەھەتتىن پۈتتى. رەسۇلۇللاھ قوشۇننى تاكى ئۆزى بۇيرۇق چۈشۈرمىگۈچە ئالدىراپ قول سېلىشتىن توستى. ئۈستىگە ئىككى ساۋۇتنى قوشلاپ كىيىپ، جەڭگىۋار قىياپەت بىلەن ئۇلارنىڭ ئالدىغا چىقىپ ئۇرۇشقا رىغبەتلەندۈردى ۋە ئەمەلىي كۈچ چىقىرىپ، دۈشمەنگە يولۇققاندا قەتئىي سۇباتلىق ۋە جاسارەت كۆرسىتىشنى تەلەپ قىلدى.

مۇشرىكلار تەرەپمۇ قوشۇنلىرىنى ھەربىي ئىنتىزام بويىچە ئورۇنلاشتۇردى. ئەبۇ سۇفيان قوشۇنىنىڭ ئالىي باش قوماندانى بولدى. ئوڭ قانات قىسمىغا خالىد ئىبنى ۋەلىد (بۇ چاغدا ئۇ تېخى مۇشرىك ئىدى)، سول قانات قىسمىغا ئىكرەمە ئىبنى ئەبۇ جەھىل، پىيادىلىكلەرگە سەفۋان ئىبنى ئۇمەييە، ئوقياچىلار قىسمىغا ئابدۇللاھ ئىبنى رەبىيئەلەر مەسئۇل قوماندان بولدى. ئەلەم ئابدۇددار جەمەتىدىن سۇباتلىق دەپ تونۇلغان بىر تۈركۈم كىشىلەرگە تاپشۇرۇلدى.

جەڭ چاقمىقى چېقىلىش ئالدىدا قۇرەيش دائىرىلىرى مۇسۇلمانلار قوشۇنىنىڭ بىرلىكىنى پارچىلاش ۋە ئۇلارنىڭ سېپىدە بۆلگۈنچىلىك ۋە ئىتتىپاقسىزلىق تۇغدۇرۇش ئۈچۈن بىر مەيدان سىياسىي ھۇجۇم قوزغىدى. قۇرەيش ئايال ئەسكەرلىرى بۇ قېتىمقى ھەرىكەتتە ئۆز رولىنى تولۇق جارى قىلدۇردى. ئىككى تەرەپ دېۋەيلەپ كېلىپ، ئارىلىق يېقىنلىشۇىدى، ھەر ئىككىلىسى قاتار سەپ تارتىپ تۇرۇشتى. دەل مۇشۇ پەيتتە سائەتنىڭ ستىرېلكىسى ئۇرۇش پەيتىگە قەدەم قويدى ـ دە، مۇشرىكلارنىڭ ئەلەمدارى تەلھە ئىبنى ئەبى تەلھە مەيدانغا سەكرەپ چىقىپ تۆنجى بولۇپ جەڭ پىلىكىگە ئوت ياقتى. زۇبەير ئىبنى ئەۋۋام تەلھەگە قارشى مەيدانغا چۈشۈپلا، يۈگۈرگەن پېتى يولۋاستەك سەكرەپ بېرىپ، ئۇنىڭ كەينىگە مىنىۋالدى، ئاندىن ئۇنى ھەش ـ پەش دېگۈچە يومىداقلاپ يەرگە يىقتىپ، قىلىچ بىلەن گاچ قويۇپ ئۇنىڭ كاللىسىنى ئۈزۈپ تاشلىۋەتتى. تەلھەنىڭ ئۆلتۈرۈلۈشى بىلەن تەڭ ئۇرۇش ئوتى يامراپ كەتتى. جەڭ مەيدانىنىڭ ھەممە يېرىدە ئىككى تەرەپ كەسكىن تۇتۇشۇپ قېلىشتى. ئۇرۇش چاقى مۇشرىكلارنىڭ ئەلىمى ئەتراپىدا ئۆلۈش ـ ئۆلتۈرۈش بىلەن جىددىي ئايلىنىۋاتقان بىر پەيتتە، جەڭ مەيدانىنىڭ ھەر قايسى ئورۇنلىرىدا كەسكىن ھەم دەھشەتلىك ئۇرۇشلار بولۇۋاتاتتى. ئىمان روھى مۇسۇلمانلارنىڭ ھەر قايسى سەپلىرىدە ھەقىقىي كۈچىنى نامايەن قىلىپ، كۇفرى قوشۇنىنى شۇنداق سۇر توقاي قىلدىكى، ئۇلۇغ كەلكۈنگە توغان كار قىلمىغاندەك، ئۇلارنىڭ شىددەتلىك ھۇجۇمى ئالدىدا دۈشمەن سەپلىرى قالايمىقانلىشىپ كەتتى.

ھەمزە ئىبنى ئابدۇلمۇتەللىپ (رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ)مۇ گويا دەرغەزەب بولغان يولۋاستەك، تەڭداشسىز جاسارەت بىلەن ئۇرۇشتى. ئۇ مۇشرىكلار قوشۇنىنىڭ ئوتتۇرىغىلا سەكرەپ كىرىپ، ئاجايىپ قارام، ئاجايىپ باتۇرلۇق بىلەن ئۇرۇشتىكى، جەڭدە ئۇنىڭ بىلەن تۇتۇشۇپ قالغان خېلى ـ خېلى باتۇرلارنىڭ بېشىمۇ ئۇنىڭ ئالدىدا گويا ئۇششۇك تەگكەن غازاڭدەك تۆكۈلەتتى. ئۇ مۇشرىكلارنىڭ ئەلەمدارلىرىنى يوقۇتۇپ، دۈشمەنىنىڭ ھەيۋىسىنى يەرگە ئۇرغاندىن سىرت، ئۇلارنىڭ باشقا ئوقتىلىرىدىكى سەركەردە باتۇرلىرىغىمۇ قاقشاتقۇچ زەربىلەرنى بېرىۋاتقان ھالەتتە

يىقىلدى. ئۇ جەڭ مەيدانىدا تىغمۇ ـ تىغ ئېلىشىپ، رەقىبى تەرىپىدىن يېقىتىلغان بولماستىن، بەلكى قەستلەپ ئۆلتۈرۈلدى. ئاللاھنىڭ يولۇسى ھەمزە ئىبنى ئابدۇلمۇتەللىپنىڭ شېھىت قىلىنىشى مۇسۇلمانلارغا قارىتا زور يوقىتىش بولغان بولسىمۇ، ئەمما مۇسۇلمانلار يەنىلا غەزەپنى كۈچكە ئايلاندۇرۇپ، جەڭ قىلىپ ۋەزىيەتنى تامامەن كونترول قىلدى. شۇ كۈنى ئەبۇ بەكرى، ئۆمەر ئىبنى خەتتاب، ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىب، زۇبەير ئىبنى ئەۋۋام، مۇسئەب ئىبنى ئۇمەير، تەلھە ئىبنى ئۇبەيدۇللاھ، ئابدۇللاھ ئىبنى جەھشى، سەئەد ئىبنى مەئاز، سەئەد ئىبنى ئۇبادە، سەئەد ئىبنى رەبىيئە ۋە ئەنەس ئىبنى نەزرى قاتارلىق كاتتا ساھابىلەر شۇنداق قاتتىق، شۇنداق باتۇرانە جەڭ قىلدىكى، ئۇلارنىڭ جاسارىتى ئالدىدا مۇشرىكلارنىڭ جەڭگىۋارلىقى سۇنۇپ، ئىرادىسى بوشاپ كەتتى. رەسۇلۇللاھ تاغ ئۈستىگە ئورۇنلاشتۇرغان ھېلىقى ئوقياچى ئەزىمەتلەرنىڭ تۆھپىسى ئىنتايىن زور بولدى. خالىد ئىبنى ۋەلىد باشچىلىقىدىكى دۈشمەن ئاتلىق قوشۇنى ئىسلام قوشۇنىنىڭ سول قانات قىسمىنى بىتچىت قىلىپ، ئۇلارنىڭ كەينى تەرىپىگە ئۆتۈپ، مۇسۇلمانلارنى قورشاپ يوقىتىش شارائىتى ھازىرلاش ئۈچۈن ئارقا ـ ئارقىدىن ئۇدا ئۈچ قېتىم ھۇجۇم قوزغىدى. لېكىن بۇ مەرگەن ئەزىمەتلەر ئۇلارغا قار ـ يامغۇردەك ئوق ياغدۇرۇپ، ئۇلارنىڭ ئۈچ قېتىملىق ھۇجۇمىنى ئۈنۈملۈك توسۇپ، ئۇلارنى مەقسىتىگە يەتكۈزمىدى. شىددەتلىك ئۇرۇش چاقى مانا مۇشۇنداق جىددى ھەم كەسكىن ئايلانماقتا ئىدى. سانى ئاز، ئاددىي قوراللار بىلەن قوراللانغان ئىسلام قوشۇنى كۈچلۈك ئېتىقاد، ئىلاھىي ئىدىيە بىلەن جەڭ مەيدانىدا ئاساسىي جەھەتتىن ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلەپ، ئۇلارنىڭ غەلىبە قىلىش مۇمكىنچىلىكى مۇقەررەرلىشىپ قالدى. دۈشمەن قوشۇنىنىڭ قەھرىمان ـ پالۋانلىرىمۇ ئىرادىسى بوشاپ، جان قۇتقۇزۇپ، قېچىش كويىغا چۈشتى. ئۇلارنىڭ ئارىنىڭ چىشىدەك قاتار تىزىلغان جەڭ سەپلىرى مۇسۇلمانلارنىڭ شىددەتلىك ھۇجۇمى ئالدىدا ئوڭ ـ سول، ئالدى ـ كەينى ھەممە تەرەپتىن ئوخشاش بولمىغان دەرىجىدە يىمىرىلىپ، 3000 دىن ئارتۇق مۇشرىك قوشۇنى نەچچە يۈز مۇسۇلمان بىلەن ئەمەس، بەلكى گويا 30 مىڭ مۇسۇلمان قوشۇنى بىلەن جەڭ قىلىۋاتقاندەك ھالسىراپ كەتتى. مۇسۇلمانلار ئۇلارنىڭ كۆزىگە جاھاندا تەڭدىشى يوق باتۇر ـ ئەزىمەتلەر سۈپىتىدە كۆرۈندى. قۇرەيش قوشۇنى مۇسۇلمانلارنىڭ سەلدەك كېلىۋاتقان ھۇجۇمىنى توسۇش ئۈچۈن بارلىق تىرىشچانلىقلارنى كۆرسەتكەن بولسىمۇ، ئاخىر تەڭ كېلەلمەيدىغانلىقىنى، ئادەملىرىنىڭ ئىرادىسى بوشىشىپ كەتكەنلىكىنى ھېس قىلىپ چېكىنىشكە باشلىدى ۋە جان قۇتقۇزۇپ قېچىشقا مەجبۇر بولدى. سان ۋە سۈپەت جەھەتتە رەقىبلىرىدىن كۆپ تۆۋەن تۇرىدىغان ئىسلام غازاتچى قوشۇنى مەككە

قوشۇنى ئۇستىدىن مۇتلەق ئۇستۇنلۇك بىلەن غەلىبە قىلىپ، بەدرى كۈنىدىكىدىن غەلىبىسى زور، تەسىرى تېخىمۇ چوڭ يەنە بىر غەلىبىنى تارىخ بېتىگە پۈتەي، دەپ تۇرغاندا ئوقياچىلار قىسمىدىكى كۆپ سانلىق كىشىلەر ئىنتايىن ئېغىر بىر سەۋەنلىك سادىر قىلىپ، ۋەزىيەتنى تامامەن ئۆزگەرتىۋەتتى ۋە مۇسۇلمانلارغا ئۇنتۇلغۇسىز ئېغىر مۇسىبەتلەرنى كەلتۇردى، ھەتتا جانابىي رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالاتۇ ۋەسسەللەمنىڭ ھاياتى خەۋپكە ئۇچرىغىلى تاسلا قالدى، بەدرى غەلىبىسىدىن كېيىن مۇسۇلمانلار قولغا كەلتۇرگەن سىياسىي ئورۇنغا ئىنتايىن يامان تەسىر كۆرسەتتى. ئەپسۇسلىنارلىقى، ئۇلار مۇسۇلمانلارنىڭ دۇشمەن مال - مۈلۈكلىرىنى غەنىمەت ئېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، بۇ ئەمر - پەرمانلارغا سەل قاراپ، دۇنيا ئوقەت توپلاش قىزغىنلىقىغا ئەسىر بولۇپ كەتتى. ئەمما، ئوقياچىلار قوماندانى ئابدۇللاھ ئىبنى جۇبەير ئۇلارغا رەسۇلۇللاھنىڭ بۇيرۇقىنى ئەسلەتكەن بولسىمۇ كۆپ ساندىكى كىشىلەر قوماندانىنىڭ بۇ ئەسلەتمىسىگە قۇلاق سالماي، 40 كىشى تاغدىن چۈشۈپ قوشۇنغا قوشۇلۇۋالدى. شۇنداق قىلىپ مۇسۇلمانلارنىڭ ئارقا سېپى مۇداپىئەسىز قالدى. ئارقا سەپتە ئابدۇللاھ ئىبنى جۇبەير باشلىق 10 نەپەر ئادەم ئاخىرقى نەپەسكىچە رەسۇلۇللاھ بەلگىلىگەن ئورۇندىن ئايرىلمايدىغانلىقىنى بىلدۇرۇشۇپ، مۇستەھكەم تۇردى.

دۇشمەن ئاتلىق قوشۇنىنىڭ باش قوماندانى خالىد ئىبنى ۋەلىد بۇ ئالتۇن پۇرسەتنى غەنىمەت بىلدى - دە، كۆزنى يۇمۇپ - ئاچقۇچە مۇسۇلمانلارنىڭ ئارقا سېپىگە ئاتلىرىنى ئۇچۇتتى. ئۇنىڭ ئاتلىق چاپارمەنلىرى مۇسۇلمانلارنىڭ كەينىدىن يېتىپ كېلىپ بىر چۇقان كۆتۇرۇۋىدى، جان قۇتقۇزۇپ قېچىۋاتقان مۇشرىك ئەسكەرلىرى ئۆزگىچە يېڭى بىر بۇرۇلۇش بولغانلىقىنى ھېس قىلىشىپ، ئارقىغا بۇرۇلۇپلا كەينىدىن قوغلاپ كېلىۋاتقان مۇسۇلمانلارنىڭ ئالدىنى توسۇپ، قىلىچ تەڭلىدى. ئۇشتۇمتۇت يۈز بەرگەن بۇ قالايمىقانچىلىقتىن پايدىلىنىپ، مۇشرىك ئايال ئەسكەرلىرىدىن بىرى ئالمان - تالمان يۈگۈرۈپ بېرىپ، مۇشرىكلارنىڭ ئاياغ - ئاستىدا دەسسىلىپ توپىغا مىلىنىپ كەتكەن ئەلەمنى كۆتۇرۇپ پۇلاڭلىتىشقا باشلىدى. شۇنىڭ بىلەن قېچىپ كېتىۋاتقان ياكى ۋەزىيەتتىن خەۋەردار بولۇپ قايتقان بىر قانچە مۇشرىك ئەسكىرى ئەلەم ئەتراپىغا جەم بولدى ۋە بىرلىشىپ كۈچ ئۇيۇشتۇردى. ئۆزئارا چاقىرىشىپ، سەپ تەشكىللىدى. ھەتتا كۆزنى يۇمۇپ ئاچقۇچە بولغان ئارىلىقتا خېلى زور بىر توپ مۇشرىك قوشۇنى تەشكىللىنىپ، مۇسۇلمانلارغا قايتۇرما زەربە بېرىشكە ئۆتتى. نەتىجىدە مۇسۇلمانلار ئالدى - كەينى ھەر ئىككىلى تەرەپتىن قورشىلىپ ئىككى تاش ئارىلىقىدا سوقۇلۇشقا باشلىدى. رەسۇلۇللاھ بۇ چاغدا

بىر قانچە كىشى (توققۇز ساھابە) بىلەن قوشۇنىنىڭ كەينىدىرەك بولۇپ، مۇسۇلمانلارنىڭ جەڭ ئەھۋالى ۋە ئۇلارنىڭ مۇشرىكلارنى قوغلاپ يوقىتىش ئەھۋالىنى كۆزىتىۋاتقانىدى. ئۇشتۇمتۇت خالىد ئىبنى ۋەلىد ئاتلىق قوشۇنى بىسىپ كەلدى. مانا مۇشۇنداق ھايات ـ ماماتلىق جىددىي پەيتتە رەسۇلۇللاھنىڭ ئاللاھتىن ئۆزگە ھېچنېمىدىن قورقماس، جەسۇر قىياپىتى ۋە تەڭداشسىز باتۇرانە شىجائىتى ئىنتايىن تەسىرلىك رەۋىشتە يەنە بىر قېتىم نامايەن بولدى. ئۇ پۈتۈن كۈچى بىلەن: ئى مۇسۇلمان قېرىنداشلار! ئى مۇئمىن قېرىنداشلار!، دەپ توۋلىدى. ھالبۇكى، ئۇنىڭ بۇ ئاۋازىنى مۇسۇلمانلار ئاڭلاپ بولغۇچە، مۇشرىكلارنىڭ ئاڭلاپ قالىدىغانلىقىنى ئالدىن بىلەتتى. لېكىن ئۇ مۇشۇنداق جىددىي ھەم ھالقىلىق پەيتتە خەتەرگە تەۋەككۇل قىلدى ۋە ئۇلارنى چاقىرىپ، كۈچ تەشكىللەش ۋە قايسىلىپ قالغانلارنى قۇتقۇزۇشقا ئاتلاندى. راست دېگەندەك مۇشرىكلار رەسۇلۇللاھنىڭ ئاۋازىنى تونۇپ قېلىپ، مۇسۇلمانلار ئاڭلاپ يېتىپ كەلگۈچە ئاللىبۇرۇن باستۇرۇپ كېلىپ بولدى.

ئەمما، مۇسۇلمانلار قوشۇنى دۈشمەن قوشۇنىنىڭ قورشاۋىغا چۈشۈپ قالغاندىن كېيىن قاتتىق گاڭگىراپ قالدى. بىر بۆلۈكلىرىنىڭ ئەقلى ـ ھوشى ئۇچتى. ئۇلارنىڭ ئەس ـ يادى پەقەت ئۆز جېنىنى مۇھاپىزەت قىلىشلا بولۇپ، جەڭ مەيدانىنى تاشلاپ تىكىۋېتىش ئويىدا بولدى. بۇنداقلارنىڭ بىر قىسمى ئۇدۇل مەدىنىگە قاراپ تىكىۋېتىشتى. ھەتتا مەدىنىگە كىرىپ ئاندىن توختىدى. يەنە بىر قىسىملىرى دەرھال تاغقا ئۆزىنى ئېلىپ پاناھلاندى. ئۈچىنچى بىر تۈركۈملىرى بولسا مۇشرىكلار قوشۇنىغا ئارلىشىپ كەتتى. نەتىجىدە ئىككى تەرەپ قالايمىقانلىشىپ كەتكەنلىكتىن مۇسۇلمان كاپىرنى ئايرىغىلى بولمىدى. بۇنىڭ بىلەن مۇسۇلمانلار ئارىسىدا ئانچە ـ مۇنچە بىر ـ بىرىنى ئۆلتۈرۈپ سېلىش ھادىسىسىمۇ كۆرۈلدى. دېمەك، بۇ يەردە قايسىلىپ قالغان بىر بۆلۈك مۇسۇلمانلارنىڭ ئىچكى قىسمىدا قاتتىق چاۋالچاقلىق يۈز بەردى. قالايمىقانچىلىق يۇقىرى پەللىگە كۆتۈرۈلگەن بولغاچقا، نۇرغۇنلىرى ئەس ـ ھوشىنى يوقىتىپ نېمە قىلارىنى بىلەلمىدى. ئەھۋال مۇشۇنداق خەتەرلىك تۇرۇۋاتقان بىر پەيتتە: «مۇھەممەد ئۆلدى»، دەپ توۋلىغان بىر ئاۋاز ئاڭلاندى، بۇنىڭ بىلەن بەزىلەرنىڭ چىقالماي قالغان جېنى نەچچە ئېلىنىپ، روھى قۇۋۋىتى سۇندى ياكى يوقىلىش گىردابىغا بېرىپ قالدى. ھەتتا ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئايرىم بىر قىسىملىرى ئۇرۇش قىلىش نىيىتىدىن يېنىپ قورالىنى تاشلاپ بىچارە بولۇپ ئولتۇردى. يەنە بەزىبىر قىسىملار دەرھال ئابدۇللاھ ئىبنى ئۇبەي بىلەن ئالاقىلىشىپ، ئەبۇ سۇفياندىن ئامانلىق ئېلىپ بېرىشكە سۆزلىششنى ئويلىدى.

شۇنداق تۇرۇۋاتقان بىر پەيتتە، بۇلارنىڭ يېنىغا ئەنەس ئىبنى نەزرى كېلىپ

قالدى ۋە ئۇلارنىڭ قورالسىز بىچارە تۇرۇۋاتقىنىنى كۆرۈپ: «نېمىگە قاراپ تۇرىسىلەر؟» دېدى، ئۇلار: «رەسۇلۇللاھ ئۆلتۈرۈلۈپتۇ»، دېيىشتى. شۇنىڭ بىلەن ئەنەس ئىبنى نەزىر ئۇلارغا: «رەسۇلۇللاھتىن كېيىن هايات قېلىپ نېمە قىلىسىلەر؟ تۇرۇڭلار رەسۇلۇللاھ ئۆلگەن يولدا سىلەرمۇ ئۆلۈڭلار»، دېدى. ئاندىن ئىلگىرىلەپ كەتتى ۋە باستۇرۇپ دېۋەيلەپ كېلىۋاتقان دۈشمەنلەرنىڭ ئالدىنى توسۇپ، ئۇرۇشۇپ، ئۇرۇشۇپ - ئۇرۇشۇپ ئاخىر شېھىت قىلىۋېتىلدى.

سابىت ئىبنى دەهداھ ئۆز قەۋمىنى جەڭگە چاقىرىپ: «ئى ئەنسارلار جامائەسى! ئەگەر مۇھەممەد (ئەلەيھىسسالام) ئۆلۈپ كەتكەن بولسا، ئاللاھ تىرىك، هەرگىز ئۆلمەيدۇ، سىلەر دىنىڭلار ئۈچۈن جەڭ قىلىشىڭلار كېرەك، ئاللاھ سىلەرنى چوقۇم زەپەر تاپقۇزغۇسى ۋە سىلەرگە غەلىبە - نۇسرەت ئاتا قىلغۇسى»، دېدى. بۇنىڭ بىلەن ئەنسارلاردىن بىر قانچە ئەزىمەت ئاۋاز قوشۇپ مەيدانغا چىقتى. سابىت بۇلار بىلەن بىرلىكتە خالىد ئىبنى ۋەلىدنىڭ ئاتلىق قوشۇنىغا هۇجۇم قىلىپ، ئۇرۇشۇپ - ئۇرۇشۇپ ئاخىر ئۇنىڭغا خالىد ئىبنى ۋەلىد نەيزە ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈۋەتتى ۋە ئۇنىڭ هەمراھلىرىنىمۇ بىر - بىرلەپ شېھىت قىلىۋەتتى.

مانا مۇشۇنداق ئۆلۈمگە پىسەنت قىلمايدىغان ئىرادە ۋە تولۇپ تاشقان جاسارەت بىلەن مۇسۇلمانلارنىڭ روھىي قۇۋۋىتى ئەسلىگە كەلدى ۋە ئەقلى هوشى جايىغا چۈشۈپ ئۆزگە بولغان ئىشەنچىسى قايتا تىكلەندى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار تەسلىم بولۇش ياكى ئابدۇللاھ ئىبنى ئۇبەي بىلەن ئالاقىلىشىش ئويىدىن ۋاز كېچىپ قولىرىغا قورال ئالدى ۋە مۇشرىكلار توپىغا هۇجۇم قىلىشقا باشلىدى. ئۇلار قوماندانلىق شتاب تەرىپىگە يول ئېچىپ ئىلگىرىلەشكە ئۇرۇنۇۋاتقان پەيتتە «رەسۇلۇللاھ ئۆلۈپتۇ»، دېگەن خەۋەرنىڭ يالغان ئىغۋا ئىكەنلىكى مەلۇم بولدى. بۇ خەۋەر ئۇلارنىڭ كۈچىگە كۈچ قوشتى چېغى، ئۇلار مىسلىسىز باتۇرلۇق، ئاجايىپ جاسارەت بىلەن قان كېچىپ ئۇرۇشۇپ ئاخىرى مۇۋەپپەقىيەتلىك هالدا قورشاۋدىن قۇتۇلۇپ ۋە باش قوماندان (يەنى، رەسۇلۇللاھ) ئەتراپىغا توپلىنىش هەرىكىتىدە تولۇق مۇۋەپپەقىيەت قازاندى. هەر قايسى ئورۇنلاردا جەڭ قىلىۋاتقان مۇهاجىرلار دۈشمەنىنىڭ قورشاپ يوقىتىش سىرتمىقىدا بوغۇلۇپ، ئاتلىق ۋە پىيادىلىك هۇجۇمنىڭ قوش تۈگمىنىدە ئېزىلىۋاتقان بىر پەيتتە رەسۇلۇللاھنىڭ ئەتراپىدا جەڭ ئەڭ شىددەتلىك ۋە ئەڭ كەسكىن بولدى. يۇقىرىدا مۇشرىكلار مۇسۇلمانلارنى قورشاۋغا ئالغاندا رەسۇلۇللاھنىڭ يېنىدا پەقەت توققۇز نەپەر كىشىلا بار ئىدى . بۇ رەسۇلۇللاھنىڭ هاياتىدىكى ئەڭ خەتەرلىك پەيت ۋە مۇشرىكلارغا نىسبەتەن ئەڭ قىممەتلىك ئالتۇن پۇرسەت بولۇپ هېسابلىنىدۇ. ئەمەلىيەتتىمۇ مۇشرىكلار بۇ پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇشتا هەرگىز بىپەرۋالىق قىلمىدى.

ئۇلار ئومۇمىيۈزلۈك ھۇجۇم قىلىپ بارلىق كۈچى بىلەن رەسۇلۇللاھنى يوقىتىشنى نىشان قىلدى. مۇشرىكلار رەسۇلۇللاھنىڭ ھاياتىنى مۇشۇ يەردە ئاخىرلاشتۇرۇشنى مەقسەت قىلغان بولسىمۇ، لېكىن رەسۇلۇللاھنىڭ قۇرەيشلىك ھېلىقى ئىككى ساھابىسى سەئەد ئىبنى ئەبى ۋەققاس ۋە تەلھە ئىبنى ئۇبەيدۇللاھ شۇنداق ئاجايىپ قەھرىمانلىقلارنى كۆرسەتتى ۋە شۇنداق مىسلىسىز جاسارەت ۋە شىجائەت بىلەن ئۇرۇش قىلدىكى، ئۇلار مۇشرىكلارنىڭ مەقسىتىنى خام ـ خىيالغا ئايلاندۇردى. بۇ ئىككى ئەزىمەت ئەڭ ماھىر مەرگەنلەردىن بولغاچقا مۇشرىكلارغا ئۇزۇلدۇرمەي ئوق ياغدۇرۇپ، ئاخىرى ئۇلارنى رەسۇلۇللاھنىڭ ئەتراپىدىن چېكىندۇردى.

يۇقىرىقى قاباھەتلىك ئۆزگىرىشلەر كۆز يۇمۇپ ئاچقۇچە ناھايىتى تېز سۈرئەتتە يۈز بېرىپ بولدى. رەسۇلۇللاھنىڭ ئالدىنقى سەپتە جەڭ قىلىۋاتقان ساپ دىل، سەممىي ساداقەتلىك ساھابىلىرى ۋەزىيەتنىڭ تەتۈر تەرەققىياتىنى كۆرگەنمۇ ياكى رەسۇلۇللاھنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىغانمۇ؟ ھەر ھالدا ئۇلار رەسۇلۇللاھقا بىرەر پېشكەللىك يولۇقۇپ قېلىشتىن ئەنسىرەپ، دەرھال ئۇنىڭ بار يېرىگە يېتىپ كەلگەنىدى. بىراق، ئۇلار رەسۇلۇللاھنىڭ قېشىغا يېتىپ كەلگەندە ئۇنىڭ يارىلىنىدىغان يەرلىرى ئاللىقاچان يارىلىنىپ، ئەنسارلاردىن ئالتە كىشى شېھىت بولۇپ قاتار ياتاتتى، يەتتىنچىسىمۇ قاتتىق يارىلىنىپ ئۆز قېنىغا مىلىنىپ بىھوش ياتاتتى. سەئەد ئىبنى ئەبى ۋەققاس بىلەن تەلھە ئىبنى ئۇبەيدىللاھ مۇشرىكلار بىلەن جان تىكىپ ئېلىشىۋاتاتتى. ئۇلار يېتىپ كەلگەندىن كېيىن رەسۇلۇللاھنىڭ ئەتراپىغا ئۆزىنىڭ تېنى ۋە قورال ـ ياراقلىرى بىلەن مۇستەھكەم بىر مۇداپىئە قورغىنى شەكىللەندۇردى ۋە رەسۇلۇللاھنى دۈشمەننىڭ زەربىسىدىن قوغداش، ئۇلارنىڭ ھۇجۇمىنى توسۇشتا مىسلىسىز پىداكارلىقلارنى كۆرسەتتى. رەسۇلۇللاھنىڭ يېنىغا تۇنجى بولۇپ يېتىپ كەلگەن كىشى يەنىلا ئۇنىڭ غاردىكى ھەمراسى، ھىجرەت سەپدىشى ئەبۇ بەكرى سىددىق بولدى.

مۇشرىكلارنىڭ سانى ئارقا ـ ئارقىدىن كۆپىيىشكە ئەگىشىپ، ئۇلارنىڭ ھۇجۇملىرىمۇ كۈچەيدى ۋە بارغانسېرى مۇسۇلمانلارنى قىستاپ كەلدى. جەڭ مەيدانىنىڭ تەرەققىياتى دەل مۇشۇ يەرگە يەتكەندە، مۇسۇلمانلار ئاجايىپ جاسارەت ۋە ئاجايىپ قەھرىمانلىقلارنى كۆرسەتتى ۋە بەس ـ بەستە شۇنداق قۇربانلارنى بەردىكى، ئىنسانىيەت تارىخىدا ئۇنداق ئۆزىنى ئۇنتۇپ باشقىلار ئۈچۈن جان پىدا قىلىش روھى تېخى ھازىرغىچە كۆرۈلۈپ باقمىدى. ئەبۇ تەلھە رەسۇلۇللاھنى دۈشمەننىڭ ئوقىدىن ساقلاش ئۈچۈن كۆكرەك كېرىپ ئالدىغا چىقىپ، رەسۇلۇللاھقا قالقان بولۇپ تۇردى. ئەبۇ دۇجانە رەسۇلۇللاھنىڭ ئالدىدا تىك تۇرۇپ ئۆزىنىڭ

دۈمبىسىنى قالقان قىلىپ، رەسۇلۇللاھنى دۈشمەنىنىڭ ئوقىدىن قوغدىغان. ئوق ئۇنىڭ ئۈستى ـ باشلىرىغا قار ـ يامغۇردەك يېغىۋاتقان بولسىمۇ، ئۇ مىدىرلىماي چىڭ تۇراتتى.

هاتىب ئىبنى ئەبى بەلتەئە رەسۇلۇللاھنىڭ مۇبارەك چىشلىرىنى تۆكۈۋەتكەن ئۇتبە ئىبنى ئەبى ۋەققاسنى قوغلاپ يۈرۈپ ئاخىر ئۇنى كېلىشتۈرۈپ بىر قىلىچ ئۇرۇپلا كاللىسىنى دومىلىتىۋەتتى. سەھل ئىبنى ھۇنەيىپمۇ كۆزگە كۆرۈنگەن باتۇر ـ ئەزىمەتلەرنىڭ بىرى ئىدى. ئۇ رەسۇلۇللاھقا تا ئۆلگۈچە ئېلىشىشقا قول بەرگەن بولۇپ، بۇ قېتىم مۇشرىكلارنىڭ ھۇجۇمىنى توسۇشتا پەۋقۇلئاددە قەھرىمانلىق كۆرسەتتى. ئاشۇ جىددىي ئېلىشىش بولۇۋاتقان پەيتتە، رەسۇلۇللاھمۇ قولىغا قورال ئېلىپ، دۈشمەننى ئوقىا تۇتتى. شۇ كۈنى يەنە ئابدۇراھمان ئىبنى ئەۋف ئىنتايىن جەسۇرلۇق بىلەن ئۇرۇشۇپ، ھەتتا ئۈستى باشلىرى ئېغىر يارىلىنىپ، چىشلىرى تۆكۈلۈپ كوماك بولۇپ قالدى. بەدىنىنىڭ 20 نەچچە يېرى يارىلاندى، پۇتى ئېغىرراق زەخمىلەنگەچكە، كېيىن ئاقساق بولۇپ ساقايدى. ئەبۇ سەئىد خۇدرىينىڭ ئاتىسى مالىك ئىبنى سىنان رەسۇلۇللاھنىڭ مەڭزىدىكى قانلارنى شوراپ، تازىلىغاندى.

مۇسئەب ئىبنى ئۇمەيرمۇ رەسۇلۇللاھنى ئىبنى قەمئە ۋە ئۇنىڭ ئادەملىرىنىڭ ھۇجۇمىدىن قوغداپ، مىسلىسىز جاسارەت بىلەن ئۇرۇشتى. مۇسۇلمانلارنىڭ ئەلەمى ئۇنىڭ قولىدا ئىدى. ئۇلار ئۇنىڭ ئوڭ قولىغا ئۇرۇپ ئۇنى كېسىۋەتتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئەلەمنى سول قولى بىلەن كۆتۈرۈپ، تاكى ئۇمۇ كېسىلىپ تاشلانغا قەدەر كاپىرلارنىڭ ئالدىدا پولاتتەك مۇستەھكەم تۇردى. ئاندىن ئۇ تىزلىنىپ يېتىپ، ئەلەم خادىسىنى مۆرىسى بىلەن بويىنىغا قىسىپ، قەد كۆتۈرتۈپ تۇردى. لېكىن، ئاخىر شېھىت قىلىۋېتىلدى. ئۇنى ئىبنى قەمئە ئۆلتۈرگەندى. ئۇ مۇسئەب ئىبنى ئۇمەيرنى «رەسۇلۇللاھنى ئۆلتۈردۈم»، دەپ ئويلىغاندى. شۇڭا ئۇ مۇسئەب ئىبنى ئۇمەيرنى ئۆلتۈرۈپ بولۇپلا، مۇشرىكلار توپىغا قايتىپ: «مۇھەممەد ئۆلدى... »، دەپ توۋلىدى. خەۋەر مۇشرىك، مۇسۇلمان ھەممىيلەننىڭ ئارىسىدا پۇر كەتتى. مانا مۇشۇ پەيتتە رەسۇلۇللاھتىن بىر ئاز يىراق جايلاردا قورشاۋدا قالغان ساھابىلاردىن نۇرغۇنلىرىنىڭ ئىرادىسى بوشاپ، مەنىۋى روھى يىمىرىلدى. جەڭگىۋارلىقى سوۋۇدى. ھەتتا ئۇلارنىڭ ئىچكى قىسمىدا قاتتىق قالايمىقانچىلىق يۈز بېرىپ، ئۈمۈمىيۈزلۈك داۋالغۇش كۆرۈلدى ۋە سەپلەر قالايمىقانلاشتى. مۇسئەب ئىبنى ئۇمەير مۇسىبەتكە ئۇچرىغاندىن كېيىن رەسۇلۇللاھ بايراقنى ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىبقا تاپشۇردى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئاجايىپ جاسارەت ۋە شىجائەت بىلەن ئۇرۇشتى ۋە ئەتراپتىكى باشقا ساھابىلەرمۇ تەڭداشسىز قەھرىمانلىقلارنى كۆرسەتتى ۋە قايتۇرما زەربە بەردى. نەتىجىدە، رەسۇلۇللاھ يېقىن يەردە قاپسىلىپ قالغان قوشۇننىڭ يېنىغا يول ئېچىپ ئىلگىرىلىيەلىدى. خەۋەر

مۇسۇلمانلارنىڭ ھەممىسگە يەتتى، نەتىجىدە ئۇنىڭ ئەتراپىغا مۇسۇلمانلار تەرەپ - تەرەپتىن يىغىلىشقا باشلىدى. كۆزنى يۇمۇپ ئاچقۇچە 30دەك ساھابە توپلاندى. بۇلار توپلىنىپ بولغاندىن كېيىن رەسۇلۇللاھ مۇنتىزىم، تەرتىپلىك ھالدا تاغ باغرىغا چېكىنىشكە باشلىدى. ئۇ چېكىنىش داۋامىدا مۇشرىكلارنىڭ قورشاپ زەربە بەرگۈچى قىسمىنىڭ ئوتتۇرىسىدىن يول ئېچىپ ئىلگىرىلىدى. بۇ چاغدا مۇشرىكلار ھۇجۇمنى كۈچەيتىپ، چېكىنىش يولىنى قاتتىق توسىغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇلار مۇسۇلمانلار قوشۇنىنىڭ يولۋاستەك جەسۇر باتۇرلىقى ئالدىدا كەلكۈنگە ئۇچرىغان ئەخلەتتەك سۈپۈرۈلۈپ كەتتى. شۇنىڭ بىلەن تېگىرقاش ئىچىدە قالغانلار ئۇچۇن بۇ بىخەتەر ماكانغا يول ئېچىلدى. نەتىجىدە، خېلى كۆپ كىشى بۇ جايغا ئۆزىنى ئېلىپ جېنىنى جايلىۋالدى. رەسۇلۇللاھ تاغ جىلغىسىدىكى قوماندانلىق شتابىقا يېتىپ بېرىۋالغاندىن كېيىن مۇشرىكلار ئەڭ ئاخىرقى بىر قېتىم كەڭ كۆلەملىك ھۇجۇم قوزغاپ، مۇسۇلمانلارنىڭ قالدۇق كۈچلىرىنى تازىلاپ يوقاتماقچى بولدى. بۇلارغا قارشى ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ۋە مۇھاجىرلاردىن بىر بۆلۈك كىشىلەر ھۇجۇم قوزغاپ، ئاخىرى ئۇلارنى تاغدىن قوغلاپ چۈشۈردى. ئۇلار رەسۇلۇللاھ توغرىلىق ھېچقانداق مەلۇماتقا ئېرىشەلمىگەچكە قارارگاھىغا قايتىپ يېنىش تەييارلىقىغا تۇتۇش قىلىپ كەتتى. ئۇلارنىڭ بىر ئۇچۇملىرى مۇسۇلمانلارنىڭ شېھىتلىرىنى مۇسلە (ئەزالىرىنى كېسىپ تاشلاش) قىلىشقا باشلىدى. ئۇلار شېھىتلەرنىڭ قولاق - بۇرۇنلىرىنى، ھەتتا جىنسىي ئەزالىرىنى كېسىپ، قورساقلىرىنى يېرىپ، يۈرەكلىرىنى يۇلۇۋېلىشقا باشلىدى. ھىندى بىنتۇ ئۇتبە ھەمزە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ كۆكرىكىنى يېرىپ، ئۇنىڭ يۈرىكىنى ئېلىپ، چايناپ يۇتالماي تۈكۈرۈۋەتتى ۋە قول - پۇتلىرىغا شېھىتلەرنىڭ قولاق، بۇرۇن ۋە باشقا ئەزالىرىنى زىرە - مونجاق ۋە بولاپكىلارغا تەقلىد قىلىپ ئېسىۋالدى.

قۇرەيش كاپىرلىرى ئوھۇد دائىرىسىدىن چىقىپ كەتكەندىن كېيىن مۇسۇلمانلار شېھىتلەر ۋە يارىدارلارنىڭ ئىز - دېرىكىنى ئېلىشقا باشلىدى. رەسۇلۇللاھ شېھىتلەرنىڭ قېشىغا كېلىپ باشتىن - ئاخىر بىر - بىرلەپ قاراپ چىقتى. شېھىتلەرنىڭ قاتار ياتقان كۆرۈنۈشى ئىنتايىن ئېچىنىشلىق ھەم پاجىئەلىك بولۇپ، يۈرەكنى ئېزەتتى. رەسۇلۇللاھ شېھىتلەرنى دەپنە قىلىش ۋە ئاللاھقا ھەمدۇسانا ئېيتىشلاردىن پارىغ بولغاندىن كېيىن مەدىنىگە قاراپ يول ئالدى. ئۇ جەڭ مەيدانىدا مۇسۇلمان ئەزىمەتلەردىن ئاجايىپ ساداقەت ۋە مىسلىسىز پىداكارلىقلارنى كۆرگىنىدەك مەدىنىگە يېتىپ كەلگىنىدە سەمىمىي، سادىق مۇسۇلمان ئاياللاردىن ئىنسانلار تەبىئىتىدە كەم كۆرۈلىدىغان مېھرى - مۇھەببەت ۋە ئۆزىنى ئۇنتۇغان

پىداكارلىق روھىنى ھېس قىلدى. رەسۇلۇللاھ شۇ كۈنى (ھىجرەتنىڭ 3 - يىلى شەۋۋال يەنى 10 - ئاينىڭ يەتتىنچى كۈنى شەنبە) كەچ زاۋال بىلەن مەدىنىگە يېتىپ كەلدى.

ئوھۇد غازىتىغا ئائىت رىۋايەتلەرنىڭ ھەممىسى شۇنىڭغا بىرلىككە كەلدىكى، بۇ غازاتتا مۇسۇلمانلار تەرەپتىن چېقىم بولغانلارنىڭ ئومۇمى سانى 70 كىشى بولۇپ، مۇتلەق كۆپ قىسمى ئەنسارلاردىن ئىدى. ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى 65 كىشىدىن 41 كىشى خەزرەج ئەنسارلىرىدىن، 24 كىشى ئەۋس (قەبىلىسى) ئەنسارلىرىدىن، بىر كىشى يەھۇدىيلاردىن، تۆت كىشى مۇھاجىرلاردىن ئىدى. ئەمما مۇشرىكلار تەرەپتىن ئۆلگەنلەرنىڭ سانى (ئىبنى ئىسھاقنىڭ زىكرى قىلىشىچە) پەقەت 22 لا ئادەم ئىكەن. لېكىن ئىنچىكىلەپ ستاتىستىكىلىغاندا ئۇلاردىن ئۆلگەنلەرنىڭ سانى 22 ئەمەس، بەلكى 35 كىشى ئىكەنلىكى مەلۇم.

مۇسۇلمانلار مەدىنىگە قايتىپ كېلىپ شۇ كېچىنى (يەنى ھىجرىيىنىڭ 3 - يىلى شەۋۋالنىڭ سەككىزىنچى كۈنى يەكشەنبە يۇرۇش كېچىسىنى) جىددىي ھالەتتە ئۆتكۈزدى. ئۇلار پۈتۈن بىر كېچە ئۆزلىرىنىڭ قاتتىق چارچاپ ھارغانلىقلىرىغا، جاراھەت ۋە يارىلىرىنىڭ تاقەتسىز ئاغرىۋاتقانلىقلىرىغا قارىماي مەدىنە يول ئېغىزلىرى ۋە كىرىش ئۆتەڭلىرىدە قاراۋۇللۇقتا تۇرۇپ چىقتى. بولۇپمۇ ئالى باش قوماندانىمىز مۇھەممەدۈن رەسۇلۇللاھنى قوغداپ، بىدار ھالەتتە تۇرۇپ قاراۋۇللۇق قىلدى. چۈنكى، بۈگۈن ھەر خىل ئېھتىماللىقلارنىڭ يۈز بېرىشىنى چەتكە قاقىلى بولمايتتى. رەسۇلۇللاھ گەرچە ئۆيىگە كىرىپ ئارام ئېلىۋاتقان بولسىمۇ، لېكىن ئۇ كېچىچە ھازىرقى ۋەزىيەت توغرىسىدا ئويلىنىپ، تاكى سەھەرگە قەدەر كىرپىك قاقمىغانىدى. تارىخشۇناسلار شۇنداق خۇلاسىلىدىكى، رەسۇلۇللاھنىڭ شۇ كۈنى ئەتتىگەن تاڭ سەھەردە (يەنى ھىجرىيىنىڭ 3 - يىلى شەۋۋالنىڭ سەككىزىنچى كۈنى ئوھۇدتىن قايتىپ كىرىپ ئەتىسى يەكشەنبە تاڭ سەھەردە) مۇسۇلمانلارغا ئومۇمىيۈزلۈك ئۇقتۇرۇش چىقىرىپ ئېلان قىلغۇزدى ۋە ئۇلارنى دۈشمەنگە قوغلاپ زەربە بېرىشكە ئاتلىنىشقا چاقىردى. پەقەت ئوھۇد ئۇرۇشىغا قاتناشقانلارنىڭلا چىقىشىنى بۇيرىدى. مۇسۇلمانلار ئومۇمىيۈزلۈك ھەرىكەتكە كېلىپ، يارا - جاراھەتلىرىنى تېڭىپ، ھەر تەرەپتىن يېغىۋاتقان خەۋپ - خەتەر ۋەھىمىسىگە پىسەنت قىلماي ئۇنىڭ چاقىرىقىغا ئاۋاز قوشتى. ئاندىن رەسۇلۇللاھ مۇسۇلمانلارنى باشلاپ مەدىنىدىن يۈرۈپ كەتتى. ئۇلار داۋاملىق ئالغا ئىلگىرىلەپ ھەتتا بىر چاغدا ھەمرائۇلئەسەد دېگەن جايغا بېرىپ چۈشۈپ مۇشۇ يەرگە قارارگاھنى تىكتى ۋە گازارما تەسىس قىلىدى. رەسۇلۇللاھنىڭ مۇشرىكلار قوشۇنى يولدىن يېنىپ كېلىپ مەدىنىگە ھۇجۇم قىلىش خىيالىدا بولۇشىدىن ئەنسىرىگىنى ھەرگىزمۇ ئارتۇقچە ئويلاپ كەتكەنلىك ئەمەس ئىدى.

ھەقىقەتەنمۇ ئۇلار مەدىنىدىن 36 مىل (58 كىلومېتىردەك) يول يۈرۈپ «رەۋھا» دېگەن جايغا چۈشكەندىن كېيىن، ئۆزئارا تاپا ـ مالامەت قىلىشىپ ۋە يۈقىرى ـ تۆۋەن غوتۇلدىشىپ دەپ داۋراڭ سېلىشتى. نەتىجىدە مەككە قوشۇنى رەۋھادىن ئايرىلىپ مەدىنىگە ھۇجۇم قىلىش ئۈچۈن ئاتلىنىشقا تەييار بولدى. لېكىن، ئەبۇ سۇفيان ئاتلىنىش بۇيرۇقى چىقىرىش ئالدىدا ئۇشتۇمتۇت مەئبەد ئىبنى ئەبۇ مەئبەد خۇزائى پەيدا بولۇپ قالدى. ئەبۇ سۇفيان مەئبەدنىڭ مۇسۇلمان بولغانلىقىنى ئۇقمايتتى. شۇڭا، ئۇ ئاددىيلا سالام ـ سەھەتتىن كېيىن: «ئى مەئبەد! يولدا بىرەر غەيرى ئەھۋال ئۇچراتتىڭمۇ؟» دەپ سورىدى. بۇ چاغدا مەئبەد ئۇنىڭغا (سىياسىي ھۇجۇم قوزغاپ): مۇھەممەدنى ئۇچراتتىم، ئۇ سىلەرنى قوغلاپ شۇنداق كۆپ قوشۇن بىلەن چىقىپتۇكى، مەن ئۇنداق قوشۇننى كۆرمىگەنىدىم. ئۇلارنىڭ كۆزلىرىدىن قىساس ئوتى چاقماق چېقىۋېتىپتۇ، دەپ جاۋاب بەردى، ئەبۇ سۇفيان، چۆچۈپ كەتتى. مەككە ئارمىيىسىنىڭ ئىرادىسى بوشاپ، بەدەنلىرىنى تىترەك باستى. يۈرەكلىرى جىغىلداپ، پۇتلىرى سىقىراشقا باشلىدى. شۇڭا، ئۇلار كۆپ باش قاتۇرۇپ ئولتۇرمايلا مەككىگە يول ئالدى. رەسۇلۇللاھ ھەمرائۇلئەسەدتە ئۈچ كۈن تۇرۇپ، ئاندىن مەدىنىگە قايتتى.

## 688ـ سۇئال: ئوھۇد غازىتى بىلەن ئەھزاب غازىتى ئارىلىقىدىكى ھەربىي ھەرىكەتلەر

ئوھۇد غازىتىدىكى مەغلۇبىيەتنىڭ سىياسىي ۋە ئىجتىمائىي تەسىرى مۇسۇلمانلارغا نىسبەتەن ئىنتايىن يامان بولدى. بۇ ئۇرۇشقا ئىككى ئاي بولماي تۇرۇپ بەنى ئەسەد قەبىلىسى مەدىنىگە ھۇجۇم قوزغاش كويىدا بولدى. ئارقىدىنلا ئەزلى، قارە قاتارلىق قەبىلىلەر تىل بىرىكتۈرۈپ ھىجرىيىنىڭ 4 ـ يىلى سەپەر ئېيىدا بىر سۇيىقەست پىلانلاپ، ساھابىلەردىن ئون كىشىنىڭ ئۆلتۈرۈلىشىگە سەۋەب بولدى. مۇشۇ ئاينىڭ ئۆزىدە يەنە بەنۇ ئامىر قەبىلىسى چوڭ بىر سۇيىقەستچىلىك ھەرىكىتى ئېلىپ بېرىپ، بىراقلا 70 ساھابىنىڭ پاجىئەلىك ئۆلتۈرۈلىشىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. بەنى نەزىر يەھۇدىيلىرى مۇشۇ جەرياندا ئىزچىل ئاداۋەتلىشىپ ۋە ئۆچەكىشىپ تۇردى. ھەتتا شۇ يىلى رەبىئۇلئەۋۋەلدە رەسۇلۇللاھنى ئۆلتۈرۈشنى مەقسەت قىلغان بىر سۇيىقەست پىلانلىدى. بەنۇ غەپتان قەبىلىسىنىڭ خورىكى ئۆسۈپ، مۇشۇ يىلى جۇمادىيەل ئەۋۋەلدە مەدىنىگە ھۇجۇم قىلىشقا تەييار بولدى.

لېكىن ئۇلۇغ يولباشچىمىز مۇھەممەدۇن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ بۇ جىددىيلىشىپ كەتكەن بۇ ۋەزىيەتكە قوللانغان دانا تەدبىرلىرى ۋە يۈرگۈزگەن توغرا سىياسەتلىرى شۇ خەۋپ ـ خەتەر دولقۇنلىرىنىڭ بەھەيۋەت داۋالغۇشلىرىنى قايىنغان قازانغا سۇ قۇيغاندەكلا پەسەيتمەكتە ۋە مۇسۇلمانلارغا

قايتىدىن ئۈستۈنلۈك ۋە غەلىبە نۇسرەت ئاتا قىلماقتا ئىدى. رەسۇلۇللاھنىڭ بۇ ھەقتە ئالغان تۈنجى قەدىمى ھەمرائۇلئەسەدكە قوزغىغان «قوغلاپ زەربە بېرىش ھەرىكىتى» بولغانىدى. ئۇ بۇ ھەرىكەت ئارقىلىق ئىسلام قوشۇنىنىڭ نام ـ شۆھرىتىنى زور دەرىجىدە قوغداپ قالدى ۋە ئۇلارنىڭ سىياسىي ھەيۋىتىنى ئاساسىي جەھەتتىن ئەسلىگە كەلتۈرۈپ، يەھۇدىيلار ۋە مۇناپىقلارنى ساراسىمىدە قالدۇردى. ئارقىدىنلا بىر قانچە ھەربىي ھەرىكەتلەرنى قوزغاپ، مۇسۇلمانلارنىڭ شانۇ ـ شەۋكىتىنى قايتىدىن تىكلىدى. بەلكى تېخى ئىلگىرىكىدىن زور دەرىجىدە يۇقىرى كۆتۈردى.

مۇسۇلمانلار ئەتراپتىكى قاراقچى ۋە بۇلاڭچى بەدەۋى باندىتلارنىڭ ھەيۋىسىنى يەرگە ئۇرۇپ، ئۇلارنىڭ پاراكەندىچىلىك سېلىش ھەرىكەتلىرىنى چەكلىگەندىن كېيىن چوڭ دۈشمىنى بىلەن بولىدىغان ئۇرۇشقا تەييارلىق قىلىشقا كىرىشىپ كەتتى. يېڭى يىل كىرىپ، قۇرەيش تەرەپ بىلەن (ئالدىنقى يىلى ئوھۇد غازىتىدا) پۈتۈشكەن مۇددەت كۇنسايىن يېقىنلاپ كەلگەنىدى. شۇڭا، رەسۇلۇللاھ ھىجرىيىنىڭ 4 ـ يىلى شەئبان ئېيىدا (مىلادىيە 626 ـ يىلى يانۋار) دا ئۆزىنىڭ ۋەدىسىگە ئاساسەن 1500 كىشىلىك قوشۇن بىلەن بەدرىگە قاراپ يول ئالدى. رەسۇلۇللاھ قوشۇننى باشلاپ، بەدرىگە يېتىپ بېرىپ، مۇشرىكلارنىڭ يېتىپ كېلىشىنى كۈتۈپ ساقلاپ تۇردى. ئەمما، ئەبۇ سۇفيان مەككە مۇشرىكلىرىدىن ئىككى مىڭ ئەسكەرنى ئەگەشتۈرۈپ چىقىپ، مەككىدىن بىر كۈنلۈك يىراقلىقتىكى «مەررىزەھران»دا مەجىننە دەپ ئاتىلىدىغان بىر سۇ بويىغا چۈشتى. ئەبۇ سۇفيان مەككىدىن يولغا چىققاندىن بېرى، قورقۇنچ بېسىپ، بىر خىللا ۋەھىمە بىلەن جۇغۇلداپ تىترەيتتى. ئۇ مەررىزەھرانغا چۈشكەندىن كېيىن تېخىمۇ سۇر بېسىپ، كەيپىياتى يامانلاشتى ۋە ئىرادىسى بوشاپ، بىر ئامال قىلىپ، قايتىشنىڭ چارىسىنى ئىزدېدى. ئۇلار ئەبۇ سۇفياننىڭ ئاشۇ پىكرى بىلەن قايتىپ مېڭىشتى.

مۇسۇلمانلار تەرەپ بەدرىدە سەككىز كۈن تۇرۇپ، دۈشمەننىڭ يېتىپ كېلىشىنى كۈتتى. شۇ جەرياندا تىجارەت ئۈچۈن بىرگە ئېلىۋالغان ماللىرىنى سېتىپ، كۆپ پايدا ئالدى. ئاندىن مەدىنىگە قايتتى. رەسۇلۇللاھ بەدرىدىن قايتىپ كېلىپ، مەدىنىدە ئالتە ئاي تۇرغاندىن كېيىن «دۇمەتۇل جەندەل» ئەتراپىدىكى قەبىلىلەر يولنى توسۇپ، ئۆتكەن ـ كەچكەنلەرنى بولاپ ـ تالاپ، يولۇچىلارغا جەۋرى ـ زۇلۇم ساپتۇ ۋە يەنە مەدىنىگە يۈرۈش قىلىش مەقسىتىدە جىددىي كۈچ توپلاۋېتىپتۇ، دېگەن خەۋەر ئاڭلاندى. شۇنىڭ بىلەن رەسۇلۇللاھ ئۆز ئورنىدا مەدىنىدە سىبائ ئىبنى ئەرفەتەتۇلغىفارىنى قالدۇرۇپ، ھىجرىيىنىڭ 5 ـ يىلى رەبىئۇلئەۋۋەلنىڭ 25 ـ كۈنى مۇسۇلمانلاردىن 1000 كىشى بىلەن يولغا چىقتى ۋە بەنى ئۆزرە قەبىلىسىدىن بىر

كىشىنى يولباشلىغۇچىلىقتا ئىپلىۋالدى. قوشۇن دۈشمەنگە تويۇقسىز زەربە بېرىش ئۈچۈن كۈندۈزى يوشۇرۇنۇپ، كېچىسى يول ـ يۈرۈپ، ئۇلارنىڭ مەنزىلىگە يېتىپ بارغاندا، ئۇلارنىڭ قارىسىمۇ كۆرۈنمىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇ يەردە بىر قانچە كۈن تۇرۇپ تەرەپ ـ تەرەپكە چارلىغۇچىلارنى ئەۋەتىپ ۋە ئارقىمۇ ـ ئارقا قوشۇنلارنى چىقىرىپ، ئاختۇرۇپ كۆرگەن بولسىمۇ، بىرمۇ ئادەم ئۇچرىتىلمىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ مەدىنىگە قايتتى. قايتىش سەپىرىدە ئۇيەينە ئىبنى ھىسنى بىلەن (مۇناسىۋەتلىك) كېلىشىملەرنى ئىمزالاشتى.

## 689 ـ سۇئال: ئەھزاب غازىتى

ئۆتكەن بىر يىلدىن كۆپرەك ۋاقىتتىن بېرى ئىپلىپ بېرىلغان ھەربىي ھەرىكەتلەردە قوللىنىلغان ماددىي ۋە مەنىۋى چارە ـ تەدبىرلەر ئارقىلىق ئارالىنىڭ ۋەزىيىتى خېلى ئوبدان تىنچلىنىپ قالغانىدى. ئەمىنلىك ۋە خاتىرجەملىك ئاساسىي جەھەتتىن ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلىگەنىدى. ئەپسۇسكى، يەھۇدىيلار ئازغۇنلۇق ئۇيىقۇسىدىن يەنىلا ئويغانمىدى. ئۇلارغا ياخشىلىق ياراشمىدى، ئۇلار ئالدامچىلىق ۋە سۇيىقەست پىلانلاش سەۋەبىدىن تارتقان ئازاب ـ ئوقۇبەتلىرىدىن ئاچچىق ساۋاق ۋە ئىبرەت ئالمىدى. يەھۇدىيلار ئەمدى مۇسۇلمانلار بىلەن بىۋاستە قارشىلىشىشقا مادارى يەتمەيدىغان بولغاچقا، ئۇلار ئاشۇ رەزىل مەقسىتى ئۈچۈن ئاجايىپ قورقۇنچلۇق ئاجايىپ قەبىھ مۇنداق بىر پىلاننى تۈزۈپ چىقتى.

خەيبەرلىك يەھۇدىيلارنىڭ كاتتىۋاشلىرى ۋە بەنى نەزىر يۇقىرى قاتلام ئەمەلدارلىرىدىن بولۇپ، يىگىرمىدەك ئادەم تەشكىللىنىپ مەككىگە باردى. ئۇلار مەككە مۇشرىكلىرىنى رەسۇلۇللاھقا قارشى ئۇرۇش قوزغاشقا چاقىردى ۋە ئۇلار بىلەن مۇشۇ ھەقتە سىياسىي دوستلۇق ۋە ھەمكارلىق ئورنىتىپ، ئۆزلىرىمۇ بىۋاستە جەڭگە قاتنىشىدىغانلىقىنى ۋەدە قىلدى. قۇرەيش تەرەپ دەرھال ماقۇل بولدى. ئۆتكەن يىلى بەدرىدە ئۇچرىشىش ۋەدىسىگە خىلاپلىق قىلغان قۇرەيش دائىرلىرى بۇ قېتىمقى زەربىدە كۆپرەك رول ئويناش ئارقىلىق شۇ چاغدا دەخلىگە ئۇچرىغان ئار ـ نومۇسنى ئاقلىماقچى بولدى. ئۈمەك ئەزالىرى قۇرەيش دائىرلىرىنى ئىندەككە كەلتۈرۈپ بولغاندىن كېيىن ئۇدۇل غەتفان قەبىلىسىگە چىقتى. ئۇلارنىمۇ مۇشۇ نىشانغا ئۈندىگەنىدى. غەتفان تەرەپ خۇشاللىق بىلەن قوبۇل قىلدى. ئاندىن بۇ ئۈمەك مۇشۇ ئەتراپتىكى ئەرەب قەبىلىلىرىدە تەرەپ ـ تەرەپكە چېپىپ، يۇقىرى ـ تۆۋەن قاتىراپ يۈرۈپ، مۇسۇلمانلارغا قارشى جامائەت پىكرى توپلىدى ۋە ئوخشاش قاراشتىكىلەر تەڭ دوست تارتىشىپ، تۈلكە ـ بۆرىلەر ئىپغىز ـ بۇرۇن يالاشتى. قىسقىسى، مانا مۇشۇنداق قىلىپ، يەھۇدىي سىياسىيونلىرى ۋە قوماندان ئەمەلدارلىرى كۇفرى

كۈچلىرىنى رەسۇلۇللاھقا قارشى بىرلەشتۈرۈپ، تەشكىللەشتە مۇۋەپپەقىيەت قازاندى.

ئۇزاق ئۆتمەي ھەر قايسى تەرەپ ۋەدىسىگە ئاساسەن مەدىنىگە قاراپ يولغا چىقتى. قۇرەيش ۋە كەنانە قەبىلىلىرى ھەمدە ئۇلارنىڭ ئىتتىپاقداشلىرى ئەبۇ سۇفياننىڭ قوماندانلىقىدا 4000 كىشى بىلەن جەنۇبتىن شىمالغا قاراپ ئاتلاندى. ئۇلار مەررىززەھرانغا كەلگەندە، بەنى سۇلەيم قەبىلىسى قوشۇلدى. شەرقتىن غەتفان قەبىلىلىرىدىن بەنى فەزارە ، بەنى مۇررە ، بەنى ئەشجەئە جەمەت ۋە ئايماقلىرى غەربكە قاراپ ماڭدى. شۇنداق قىلىپ، ھەر قايسى قەبىلە ۋە ئايماقلارنىڭ قوشۇنلىرى توپ - توپ بولۇپ، بەلگىلەنگەن مۇددەت بويىچە مەدىنىگە قاراپ يول ئالدى. مەدىنە قوماندانلىق شتابى ئۆز ئاخباراتچىلىرى ئارقىلىق بۇ مىسلىسىز خەۋپ - خەتەر توغرىلىق جىددىي مەلۇمات تاپشۇرۇۋالغانىدى. رەسۇلۇللاھ ئاخباراتنى تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن دەرھال يۇقىرى دەرىجىلىكلەر كېڭەيتىلگەن ھەربىي كېڭەش يىغىنى چاقىردى. ئاخىردا يىغىن قاتناشچىلىرى بىلەن رەھبەرلىك قاتلىمى ئوتتۇرىسىدا جىددىي مۇزاكىرە ۋە قىزغىن غۇلغۇلا قىلىش ئارقىلىق كاتتا ساھابە سەلمان فارىسى (ئاللاھ ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن) ئوتتۇرىغا قويغان تەكلىپ - لايىھىسى ماقۇللاندى. مۇسۇلمانلار قول - قولچە، ناھايىتى قىزغىن كەيپىيات بىلەن خەندەك كولاشقا كىرىشىپ كەتتى. رەسۇلۇللاھمۇ ئۇلارغا ئىلھام ۋە مەنىۋى مەدەت بېرىپ ئۇلارنىڭ خەندەك كولاش ھەرىكىتىگە باشتىن - ئاخىر ئۆزى بىۋاستە قاتناشتى. مىسلىسىز زور قوشۇن مەدىنە تەۋەسىگە قەدەم باسقۇچە خەندەك قۇرۇلىشىمۇ ئەسلىدىكى تەلەپ بويىچە پۈتۈپ چىقتى.

دەل شۇ كۈنلەردە قۇرەيش دائىرىلىرى تۆت مىڭ مۇشرىك قوشۇنىنى باشلاپ كېلىپ زىئابە بىلەن جارىپ ئارىلىقىدىكى سەل كۆلچىكى بويىدىن رومە دېگەن يەرگە چۈشتى. غەتپان ۋە ئۇلارغا تەۋە قەبىلىلەردىن 6000 مۇشرىك نەجدە تەرەپتىن سەلدەك ئېقىپ كېلىپ ئوھۇد تېغى تەۋەسىدىن «نىقما قۇيرۇقى» دېگەن يەرگە ئورۇنلاشتى. رەسۇلۇللاھ مۇسۇلمانلاردىن 3 مىڭ كىشى بىلەن چىقىپ سەلئى تېغى باغرىغا چۈشۈپ مۇداپىئەدە تۇردى. خەندەك ئاكوپى رەسۇلۇللاھ بىلەن دۈشمەن ئوتتۇرىسىنى ئايرىپ تۇراتتى. مۇشرىكلار ئالدى - كەينى يىغىلىپ مۇسۇلمانلارغا ئومۇمى يۈزلۈك ھۇجۇم قوزغاپ مەدىنىگە باستۇرۇپ كىرمەكچى بولۇپ دېۋەيلەپ كېلىشىۋىدى تۇيۇقسىز ھەم تىك كەتكەن خەندەك ئاكوپى گويا كەلگەننى شوراپ كېتىدىغان سۈرلۈك ئەجدىھادەك ئاغزىنى چوڭ ئېچىپ تۇرغان ھالەتتە كۆرۈندى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار مۇسۇلمانلارنى مۇھاسىرىگە ئېلىپ ياتماقتىن باشقا ئامال تاپالمىدى، بۇنداق جەڭ تاكتىكىسىنى ئەرەبلەر بۇندىن بۇرۇن كۆرۈپ باقمىغاچقا

ئۇنىڭ چارە ـ تەدبىرلىرىنى جەڭ ھېساۋىغا كىرگۈزۈپمۇ قويمىغانىدى. ئۇلار خەندەك تونىلىدىن بۆسۈپ ئۆتمەكچى بولۇپ ئاجىز ھالقىلارنى پايلاپ يۈرۈپ خەندەك بويىدا ئات چاپتۇرۇشقا باشلىدى. مۇسۇلمانلار ئۇلارنىڭ ھەرىكەت نىشانىنى دىققەت بىلەن كۆزىتىپ قايسى تەرەپكە ئات چاپتۇرسا شۇ تەرەپكە يېتىپ بېرىپ مۇشرىكلارنىڭ خەندەكتىن بۆسۈپ ئۆتمەسلىكى ياكى خەندەككە توپا توشقۇزۇپ يول ياسىۋالماسلىقى ئۈچۈن قار ـ يامغۇردەك ئوق ياغدۇرۇپ ئۇلارنى خەندەك لېۋىگە يېقىن كەلتۈرمىدى.

مۇسۇلمانلار جەڭ مەيدانىنىڭ ئالدىنقى سېپىدا مانا مۇشۇنداق ئېغىر ھەم جىددىي قېيىنچىلىقلارغا بەرداشلىق بېرىپ ھايات ـ ماماتلىق ئېلىشىۋاتقان ھالقىلىق پەيتلەردە سۇيقەستچى مەككار يەھۇدىي يىلان ـ چايانلىرى ئۆزلىرىنىڭ ئۇۋا ـ كامىرلىرىدا تاقەتسىز تىپىرلاپ، زەھەر نەشتەرلىرىنى ئۆز تېنىگە ئۇرۇشنىڭ كويىدا توختىماي ھەرىكەت قىلىۋاتاتتى. ئاخىرى، كەئەب ئىبنى ئەسەد رەسۇلۇللاھ بىلەن تۈزگەن ئەھدى ۋە كېلىشىملەرنى يىرتىپ تاشلاپ مۇسۇلمانلار بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنى ئۈزۈپ، قارشىلاشماقچى ۋە مۇشرىكلار بىلەن بىللە ئۇرۇش سېپىگە قېتىلماقچى بولدى. يەھۇدىيلارنىڭ ئەھدىنى بۇزغانلىقى توغرىسىدىكى خەۋەر رەسۇلۇللاھقا ئاڭلاندى. رەسۇلۇللاھ بەنى قۇرەيزە يەھۇدىيلىرىنىڭ ئەھدىنى بۇزۇپ ئەھزاب قوشۇنىغا قوشۇلىۋالغانلىقى توغرىسىدىكى خەۋەرنى ئاڭلىغان ھامان بېشىنى يۆگەپ بىردەم يېنى ياتتى، ھەتتا كىشىلەر ئارىسىدا ھەرخىل پىتنە ـ ئىغۋا ۋە غۇلغۇلىلار كۆپەيدى. ئاندىن بىر چاغدا ئۇنىڭدا بىر ئاز ئۈمىد تۇغۇلدى چېغى، ئورنىدىن دەس تۇرۇپ: «ئاللاھۇئەكبەر ئى مۇسۇلمانلار جامائەسى! سىلەرگە ئاللاھنىڭ غەلىبە ۋە نۇسرەت ئاتا قىلىدىغانلىقى بىلەن خۇش خەۋەر بېرىلدى»، دېدى. ئاندىن ئۇ ھازىرقى ئۆتكۈنچى ۋەزىيەتكە قانداق تاقابىل تۇرۇش ئۈستىدە پىلان ـ تەدبىر تۈزۈشكە كىرىشتى ۋە مۇشۇ پىلانىنىڭ بىر قىسمى سۈپىتىدە مەدىنىگە بىر مۇھاپىزەتچى قىسىم ئەۋەتىپ ئۇ يەردىكى ئاياللار ۋە باللارنىڭ دۈشمەننىڭ ئۇشتۇمتۇت زەربىسىگە ئۇچراپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئالدى، لېكىن رەسۇلۇللاھ ئۈچۈن ئېيتقاندا چوقۇم كەسكىن بىر تەدبىر قوللىنىپ ئەھزاب قوشۇنىنى ئىچكى جەھەتتىن پارچىلاپ تاشلايدىغانىنىڭ چارە ـ ئامالىنى ئىزلەش تولىمۇ زۆرۈر ئىدى. شۇنىڭدىن ئازغىنىدىن كېيىن ئاللاھۇ ئەززە ۋە جەللە ئۆز دەرگاھىدىن شۇنداق ئەپچىل، شۇنداق دانا بىر تەدبىرنى ئورۇنلاشتۇرۇپ ئەۋەتتىكى، ئۇنىڭ بىلەن دۈشمەنلەر توپى مات قىلىندى. بىرلىكى پارچىلاندى ئۇرۇش قىزغىنلىقى سوۋۇپ جەڭگىۋارلىقى يوقالدى.

ئاللاھ ئۆز پەيغەمبىرىنىڭ ۋە مۇئمىن مۇسۇلمانلارنىڭ دۇئاسىنى ھەققەتەن ئىجابەت قىلدى. مۇشرىكلار سېپىگە تەپرىقە ۋە زىددىيەت ئۇچقۇنى تۇتۇشۇپ، ئۆزئارا پارچىلىنىش تېزلەشتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئاللاھ ئۇلارغا شامال ـ بوراندىن ئىبارەت ئۆزىنىڭ غايىب قوشۇنىنى ئەۋەتىپ، شىددەتلىك بوران ـ چاپقۇن ئۇلارنىڭ چېدىر ـ بارگاھىنى ئۆرۈپ تاشلاپ، قازان ـ قومۇچلىرىنى دۈم كۆمتۈرۈۋەتتى. تاناپ ئارقانلىرىنى ئۈزۈپ، ئۇلارنىڭ چېدىر ـ بارگاھلىرىنى قۇرۇپ تۇرۇشقا ئىمكانىيەت قويمىدى. يەنە بىر تەرەپتىن ئاللاھ ئۇلارغا پەرىشتىلەرنى ئەۋەتىپ، قەلبلىرىگە قورقۇنچ ۋە ۋەھىمە سالدى. ئاللاھ ئۆزىنىڭ ئىلاھىي قوشۇنىنى غالىب قىلدى. بەندىسى (مۇھەممەدۇن رەسۇلۇللاھ)قا ياردەم قىلدى. ئەھزاب قوشۇنىنى ئۆزى يالغۇز تارمار قىلدى. نەتىجىدە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام غەمدىن خالاس بولۇپ، مەدىنىگە قايتتى.

## 690ـ سۇئال: بەنى قۇرەيزە غازىتى

ئىسلام قوشۇنى مەدىنىگە قايتىپ كىرگەن كۈنى چۈشتىن كېيىن رەسۇلۇللاھ ئۇممۇ سەلىمە (مۇئمىنلەرنىڭ ئانىسى)نىڭ ئۆيىدە يۇيۇنۇۋاتاتتى. جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام كېلىپ: «(ئى مۇھەممەد!) قورال ـ ياراقلىرىڭىزنى قويدىڭىزمۇ؟ پەرىشتە ـ مەلائىكىلەر تېخى ياراقلىرىنى قويغىنى يوق، مەن ھازىر شۇ (مۇشرىك)لارنى قوغلاپ زەربە بېرىپ كېلىشىم، شۇڭا سىز دەرھال مۇسۇلمانلارنى باشلاپ بەنى قۇرەيزەگە يۈرۈش قىلىڭ، مەن ئالدىڭىزدا بېرىپ ئۇلارنىڭ قورغان ـ قەلئەلىرى ئىچىدە تەۋرىنىش پەيدا قىلىپ، دىللىرىغا قورقۇنچ ـ ۋەھىمە سېلىپ تۇرىمەن»، دېدى ۋە ئۆز قوشۇنىنى، يەنى پەرىشتىلەرنى باشلاپ يۈرۈپ كەتتى. شۇڭا، رەسۇلۇللاھ پەرمان چىقىرىپ: «كىمكى ئاڭلىق ۋە ئىتائەتمەن مۇسۇلمانمەن، دەيدىكەن، ناماز ئەسىر (ناماز دىگەر)نى بەنى قۇرەيزە مەھەللىسىدە ئوقۇسۇن» دېدى. ئاندىن ئەلەمنى ئەلى ئىبنى ئەبى تالىبقا تۇتقۇزۇپ، بەنى قۇرەيزىگە ئالدىن ماڭدۇرۇۋەتتى. مەدىنىدە ئۆز ئورنىغا ئابدۇللاھ ئىبنى ئۇممۇ مەكتۇمنى قالدۇردى. ئەلى ئىبنى ئەبى تالىب بىر بۆلۈك قوشۇن بىلەن ئاتلىنىپ ئۇلارنىڭ قەلئەسىگە يېقىن بىر جايغا كېلىپ چۈشۈۋىدى ئۇلار تەرەپتىن مۇسۇلمانلارنى ھاقارەتلەيدىغان قەبىھ تىل ـ ئاھانەتلەر ئاڭلاندى.

ئارقىدىنلا رەسۇلۇللاھ مۇھاجىر ۋە ئەنسارلاردىن تەشكىللەنگەن قوشۇننى باشلاپ بەنى قۇرەيزە مەھەللىسىگە يېتىپ چىقىپ، شۇ تەۋەلىكتىكى بىر قۇدۇق بويىغا چۈشتى. بۇ قېتىم مۇسۇلمانلار رەسۇلۇللاھنىڭ پەرماننى بىجا كەلتۈرۈشكە ھەققەتەن ئالدىرىغاندى، ئۇلار رەسۇلۇللاھنىڭ جەڭ چاقىرىقىنى ئاڭلىغان ھامان ھېچنېمىگە

قارىماي دەرھال قۇرەيزە تەرەپكە قاراپ ئاقتى. شۇنداق قىلىپ ئىسلام قوشۇنى توپ ـ توپ بولۇپ ئاتلىنىپ، رەسۇلۇللاھ بىلەن بەنى قۇرەيزە مەھەللىسىدە ئۇچراشتى. ئۇلارنىڭ سانى ئۈچ مىڭغا يېتەتتى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئاتلىقلار ئوتتۇز ئىدى. قوشۇن يېتىپ كەلگەندىن كېيىن بەنى قۇرەيزە يەھۇدىيلىرىنى قەلئەدىن چۈشۈشكە قىستاپ ئۇلارنى قاتتىق مۇھاسىرىگە ئالدى. مۇھاسىرە راسا كۈچەيتىلگەندىن كېيىن يەھۇدىيلارنىڭ كاتتىۋېشى كەئەب ئىبنى ئەسەد ئۇلارنى سەھنىگە يىغىپ ئۈچ خىل تەكلىپنى ئوتتۇرىغا قويدى. يەھۇدىيلار مەزكۇر ئۈچ خىل تەكلىپنىڭ ھېچقايسىسىغا رايى بارمىغاندىن كېيىن، ئۇلارغا قورال تاشلاپ قەلئەدىن چۈشۈپ رەسۇلۇللاھنىڭ ھۆكۈمىنى كۈتمەكتىن باشقا يول قالمىغاندى. بەنى قۇرەيزە ئۇرۇشمۇ يەنىلا ئىدىيۋى سىياسىي ئۇرۇش بولغان بولغاچقا، ئاللاھنىڭ ئۇلارنىڭ قەلبىگە قورقۇنچ ۋە ۋەھىمە سېلىشى بىلەن ئۇلارنىڭ ئىرادىسى ئاللىقاچان بوشاپ يىمىرىلىپ بولغانىدى. مۇسۇلمانلاردىن ئەلى ئىبنى ئەبى تالىب بىلەن زۇبەير ئىبنى ئاۋام قوشۇن ئالدىغا ئۆتۈپ: «ئى ئىمان قوشۇنى! ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، مەن تاغام ھەمزە تېتىغان ئۆلۈم شارابىنى تېتىيمەن ياكى ئۇلارنىڭ قەلئەسىنى فەتىھ قىلىمەن»، دەپ، قەسەم ياد بىلدۈرگەنىدى، يەھۇدىيلار بۇنى ئاڭلاپ دەرھال رەسۇلۇللاھنىڭ ئۇلار ئۈستىدىن ھۆكۈم چىقىرىشقا رازى بولىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ، قورال تاشلاپ قەلئەدىن چۈشۈشكە باشلىدى. بۇ چاغدا رەسۇلۇللاھ ئۇلارنىڭ ئەرلىرىنى تولۇق نەزەربەنتكە ئېلىشقا بۇيرىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ ئەرلىرى ئايرىلىپ مۇھەممەد ئىبنى مەسلەمە (رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ)نىڭ نازارەتچىلىكىدە ھەممىسىنىڭ پۇت ـ قوللىرىغا ئارغامچا كىشەن سېلىندى. ئاياللار ۋە باللار ئەرلەردىن ئايرىۋېتىلدى.

رەسۇلۇللاھ ئۇلارغا ھۆكۈم چىقىرش ئۈچۈن سەئەد ئىبنى مەئازغا ئادەم ئەۋەتتى. ئەسلىدە سەئەدنىڭ ئەھزاب ئۇرۇشىدا يارىلانغان جاراھىتى ئېغىرلىشىپ كەتكەنلىكتىن قۇرەيزە ئۇرۇشىغا چىقالمىغانىدى. سەئەد رەسۇلۇللاھنىڭ بارگاھىغا يېقىنلاپ كېلىۋىدى، رەسۇلۇللاھ ساھابىلەرگە: «باشلىقىڭلار ئۈچۈن ئورنۇڭلاردىن تۇرۇڭلار»، دېدى. ئۇلار سەئەدنى چۈشۈرۈپ: «ئى سەئەد! بۇ قەۋملەر سېنىڭ ھۆكۈم چىقىرىشىڭغا ماقۇل بولۇشتى»، دېگەنىدى، سەئەد: «ئۇلار ئۈستىدىن ھۆكۈم چىقارسام راستىنلا كۈچكە ئىگە بولامدۇ؟» دەپ سورىدى، ئۇلار: «ھەئە»، دەپ جاۋاب بېرىشۋىدى، سەئەد يەنە: «مۇسۇلمانلارغىچۇ؟ دەپ سورىدى. كىشىلەر: «بىزگىمۇ شۇنداق»، دېيۋىدى، ئۇ: «بۇ يەردىكىلەرگىچۇ»، دېدى (رەسۇلۇللاھ بار تەرەپنى كۆرستىپ). رەسۇلۇللاھ بۇنى چۈشىنىپ: «ماڭىمۇ شۇنداق»، دېدى. سەئەد: «ئۇنداق بولسا مەن ئۇلارنىڭ ئەرلىرىنى ئۆلتۈرۈشكە، ئاياللىرىنى ۋە باللىرىنى ئەسىر ئېلىپ

قۇل قىلىشقا، مال - مۈلۈك ئۆي - زېمىنلىرىنى مۇسادىرە قىلىپ غەنىمەت ئېلىشقا، ھۆكۈم قىلىمەن»، دېدى. رەسۇلۇللاھ ئۇنىڭ چىقارغان ھۆكۈمىدىن سۆيۈنۈپ: «ئى سەئەد! سەن ئۇلار ئۈستىدىن يەتتە قات ئاسمان ئۈستىدىكى ئاللاھنىڭ ھۆكۈمى بىلەن ئوخشاش ھۆكۈم چىقاردىڭ»، دېدى.

ھۆكۈم ئېلان قىلىنىپ بولغاندىن كېيىن رەسۇلۇللاھ بەنى قۇرەيزە يەھۇدىيلىرىنى بەنى نەججار ئايمىقىدىن بىنتى هارس دېيىلىدىغان بىر خوتۇننىڭ قورۇسىغا قاماپ قويۇشقا بۇيرىدى ۋە مەدىنە بازىرىغا ئورا - خەندەك كولاتقۇزدى. ئاندىن پەرمان قىلىپ ئۇلارنى بۆلەك - بۆلەكلەرگە بۆلۈپ مەدىنىگە يالاپ ئېلىپ كېلىپ قىلىچ بىلەن بېشى ئېلىنغاندىن كېيىن، ئاكۈپ - گوداڭلارغا دوملىتىۋېتىلدى. بەنى قۇرەيزە يەھۇدىيلىرى 600 دىن 700گە قەدەر ئىدى. ئۇلارنىڭ ھەممىسى تولۇق ئۆلتۈرۈلدى.

خوش، مانا مۇشۇنداق قىلىپ سۇيىقەستىت، ئالدامچىلىق ۋە خىيانەتكارلىقنىڭ يىلان - چايانلىرى تۈپ يىلتىزىدىن قۇرۇتۇپ تاشلاندى. بەنى قۇرەيزە غازىتى ھىجرىيىنىڭ 5 - يىلى زۇلقەئدە ئېيىدا ئېلىپ بېرىلدى. مۇھاسىرە 25 كۈن داۋاملاشتى.

## 691-سوئال: بەنى مۇستەلەق غازىتى ۋە ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھاغا چاپلانغان تۆھمەت

ھىجرىيىنىڭ 6 - يىلى شەئبان. «بەنى مۇستەلەق قەبىلىسىنىڭ باشلىقى هارس ئىبنى زىرارنىڭ پۈتۈن قەبىلىدىكىلەرنى شۇنىڭدەك باشقا قېرىنداش قەبىلىلەردىن ئۆزى قوللايدىغانلارنى بىرلەشتۈرۈپ مەدىنىگە ھۇجۇم قىلماقچى بولۇۋېتىپتۇ» دېگەن خەۋەر رەسۇلۇللاھقا ئاڭلاندى. شۇڭا رەسۇلۇللاھ بۇ خەۋەرنى ئېنىقلاش ئۈچۈن بۇرەيدە ئىبنى ھەسىپ ئەسلەمىينى ئەۋەتتى، بۇرەيدە ئۇ يەرگە بېرىپ هارس ئىبنى زىرار بىلەن كۆرۈشتى ۋە ئەھۋالنى ئۇققاندىن كېيىن قايتىپ كېلىپ رەسۇلۇللاھقا مەلۇم قىلدى. بۇنىڭ بىلەن رەسۇلۇللاھ بەنى مۇستەلەق خەلقى ھەققىدىكى خەۋەرنىڭ ھەقىقەتەن شۇنداق ئىكەنلىكىنى جەزم قىلغاندىن كېيىن ساھابىلەرگە جەددىي ئۇرۇش چاقىرىقى چىقىرىپ مۇشۇ ئاي(شەئبان)نىڭ 2 - كۈنى مەدىنىدىن يولغا چىقتى. بۇ قېتىم بۇرۇنقى غازاتلارغا قاتناشمىغان بىر بۆلۈك مۇناپىقلارمۇ چىققانىدى، مەدىنىدە ئۆز ئورنىدا زەيد ئىبنى هارسنى قالدۇردى. رەسۇلۇللاھ مۇرەيسىئ دېگەن جايغا يېتىپ بېرىۋىدى دۈشمەن جەڭگىۋار ھالەتكە ئۆتۈپ ئۇرۇشقا تەييارلاندى، شۇڭا رەسۇلۇللاھمۇ مۇسۇلمانلارنىڭ سەپلىرىنى تۈزۈپ ئۇرۇشقا تەييارلاندى. مۇھاجىر مۇسۇلمانلارنىڭ ئەلەمى ئەبى بەكرىگە، ئەنسارلارنىڭ ئەلەمى سەئەد ئىبنى ئۇبادىگە تۇتقۇزۇلدى، ئىككى تەرەپ بىردەم ئوق ئېتىشىپ بىر - بىرىگە ھەيۋە كۆرستىشتى ئارقىدىن

مۇسۇلمانلار رەسۇلۇللاھنىڭ بۇيرۇقى بىلەن تەڭلا ھۇجۇم قىلىپ ئۇستۇنلۇكنى ئىگەللىدى، مۇشرىكلار مەغلۇپ بولۇپ نۇرغۇن ئادەمدىن ئايرىلىپ قالدى، رەسۇلۇللاھ نۇرغۇنلىغان ئاياللار، باللار، تۆگە ۋە قويلارنى غەنىمەت ئالدى. ئەسرلەر ئىچىدە بەنى مۇستەلەق قەبىلىسىنىڭ باشلىقى ھارىس ئىبنى زىرارنىڭ قىزى جۇۋەيرىيەمۇ بار بولۇپ ئۇ سابىت ئىبنى قەيسكە تەقسىم بولغاندى، سابىت ئۇنىڭ بىلەن تۆلەم تۆلەپ قۇتۇلۇشقا خەت ـ چەك پۈتۈشتى. رەسۇلۇللاھ بۇنى ئۇقۇپ ئۇنىڭ زىممىسىدىكى تۆلەمنى ئادا قىلىپ ئۇنى ئەمرىگە ئالدى.

بەنى مۇستەلەق غازىتى جەريانىدا يەنە ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھاغا تۆھمەت چاپلاش ۋەقەسى يۈز بەردى. ۋەقەنىڭ تەپسىلاتى مۇنداق: رەسۇلۇللاھ بۇ غازاتتا چەك تاشلاش ئارقىلىق ئاياللىرىدىن ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا بىنتى ئەبۇبەكرىنى بىللە ئېلىپ چىققاندى، رەسۇلۇللاھ بۇنىڭ ئالدىدىمۇ شۇنداق قىلاتتى. قوشۇن غازاتتىن قايتىپ كېلىۋېتىپ بىر جايدا كېچىلىك قونالغۇغا چۈشكەن ئىدى. ھەزرىتى ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا ھاجەت ئادا قىلىش ئۈچۈن كاجۇسىدىن چىقىپ قايتىشىدا ھەمشىرسىدىن ئارىيەت ئالغان بىر مۇنچىقنى يۈتتۈرۈپ قويدى، شۇنىڭ بىلەن ئۇ ھېلىقى مۇنچاقنى ئىزلەشكە كىرىشىپ كەتتى. بىر چاغدا ئۇنىڭ كاجۇىسىنى كۆتۈرىدىغانلار ئائىشىنى «كاجۇىدا بار» دەپ ئويلاپ كاجۇنى تۆگىگە ئارتتى ـ دە قوشۇن بىلەن يۈرۈپ كەتتى، ئۇنىڭ يېنىكلىكىدىن كاجۇنىڭ ئىچىدە بار ـ يوقلۇقى ئۇلارنىڭ خىيالىغىمۇ كەلمىگەندى، چۈنكى ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا ئۇ چاغلاردا تېخى كىچىك ئورۇق قىزچاق بولۇپ ئېغىرلىقى مەلۇم بولمىغان ئىدى. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنچىقنى تېپىپ قوشۇن چۈشكەن جايغا كەلسە قوشۇننىڭ سايىسىمۇ كۆرۈنمىدى. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا: «ئۇلار مېنى پات پۇرسەتتە چوقۇم ئىزلەپ كېلىدىغۇ» دەپ ئويلاپ قوشۇن چۈشكەن جايدا ئولتۇرۇپ تۇردى، ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا ئولتۇرۇپ ـ ئولتۇرۇپ بىر چاغدا ئۇيقۇغا ئەسىر بولۇپ كۆزى يۇمۇلدى ـ دە، بىر چاغدا سەفۋان ئىبنى موئەتتەلنىڭ: «بىز ئاللاھ ئىلكىدە تۇرىمىز، يەنە ئاللاھنىڭ دەرگاھىغا قايتىپ بارىمىز» دەپ «رەسۇلۇللاھنىڭ ئايالىغۇ بۇ؟» دېگەن ئاۋازى بىلەن تەڭ ئويغاندى. تۆگىسىنى چۆكتۈرۈپ ئائىشىگە ئىشارەت قىلدى. سەپۋان ئائىشىگە بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلمىدى، شۇنىڭ بىلەن ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا سەپۋاننىڭ تۆگىسىگە مىندى. سەفۋان تۆگىسىنى يېتىلەپ يولغا راۋان بولدى. ئاخىرى بىر چاغدا قوشۇننىڭ كەينىدىن يېتىپ كېلىۋىدى بۇ چاغدا قوشۇن چۈشلۈك دەم ئېلىشقا قويۇۋېتىلگەن ئىدى. كۆپچىلىك ئەھۋالنى كۆرۈپ ھاڭ ـ تاڭ قېلىشتى. بىباك بەتقىلىقلار ھەر قايسىسى ئۆزىگە مۇناسىپ گەپ قىلدى ۋە ئېغىزىغا كەلگەنچە

كوتۇلدىغىلى تۇردى. دەل بۇ چاغدا پەسكەش مەلئۇن ئابدۇللا ئىبنى ئۇبەيىنىڭ كوڭلى - كۆكسى يايراپ، گۇل قەقەلىرى ئېچىلىپ كەتتى، ئىچ - ئەزالىرىنى ئۆرتەپ مۇناپىقلىقنىڭ بۇس - بۇخارالىرى كەڭ - كۇشادە ئۆرلەپ، قوشۇننىڭ ساپ مۇھىتىنى بولغۇۋەتتى ۋە بەدنامىنى كۆزى كۆرگەندەك تۇقۇپ بىرگە ئۇنى قوشۇپ يېيىشقا باشلىدى، قوشۇن مەدىنىگە يېتىپ كەلگەندىن كېيىن ئۇلار بۇ يالغان - ياۋىداق سۆز - چۆچەكلەرنى مەدىنىگە پۇر قىلىۋەتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆزىنى تۇتۇۋېلىپ سەبرى قىلىپ بىر قانچە كۈننى ئۆتكۈزدى، ئاندىن كېيىن(ۋەھيي توختاپ قالغاچقا) ساھابىلەردىن بىر قانچە كىشىگە ئائىشىدىن ئايرىلىپ كېتىش توغرىسىدا مەسلەھەت سالدى. ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇنىڭدىن ئايرىلىپ كېتىپ باشقىدىن ئۆيلىنىشكە گەپ ئەگىتىپراق مەسلەھەت بەردى، ئەمما ئۇچۇق ئېچىپ دېمىدى، ئۇسامە ۋە باشقىلار ئائىشىنى ساقلاۋېرىشنى، دۈشمەنىنىڭ ئىغۋاسىغا قۇلاق سالماسلىقنى ئېيتتى.

ئەمما ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا سەپەردىن قايتىپ كىرىپلا ئاغرىپ يېتىپ قالغانىدى ۋە ئۇنىڭ كېسىلى بىر ئايغىچە سوزۇلدى. ئائىشىنىڭ ئەھۋالى ئەنە شۇنداق قايغۇ - ئەلەم ئىلكىدە ئۆتۈۋاتقان كۈنلەرنىڭ بىرىدە رەسۇلۇللاھ ئۇنى يوقلاپ بېرىپ ئائىشىنىڭ يېنىدا ئولتۇرۇپ: تەشەھھۇد(ھەمدۇ - سەنا ۋە شاھادەت) ئوقىدى ۋە مۇنداق دېدى: «ئى ئائىشە! سەن توغرىلىق تۇرلۇك سۆز - چۆچەكلەرنى ئاڭلىدىم، ئەگەر سەن بۇ ئىشتىن پاك بولساڭ ئاللا سېنى چوقۇم ئاقلايدۇ، ئەگەر گۇمانلىق بولساڭ تەۋبە قىلغىن، ئىنسان گۇناھىنى تونۇسا ۋە تەۋبە قىلسا ئاللاھ گۇناھىنى مەغپىرەت قىلىدۇ»، دېدى. گەپ مۇشۇ يەرگە كەلگەندە ئائىشىنىڭ يىغىسى توختاپ، رەسۇلۇللاھقا مەن ئۇچۇن جاۋاب بېرىڭلار دېگەندەك قىلىپ ئاتا - ئانىسىغا قارىدى، ئائىشىنىڭ ئاتا - ئانىسمۇ نېمە دېيىشنى بىلەلمەي تېڭىرقاپ قېلىشتى، بۇ چاغدا ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا: مەن ئۆز - ئۆزەمگە تەسەللىي بېرىش ئۇچۇن ياقۇپ ئەلەيھىسسالامنىڭ«مەن پەقەت چىرايلىقچە سەبرى قىلىمەن، سىلەرنىڭ سۆز - ھەرىكىتىڭلارغا قارىتا ئاللاھتىن مەدەت تىلەيمەن» («قۇرئان كەرىم» سۇرە يۇسۇف 18 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى) دېگەن سۆزدىن باشقا سۆز تاپالمايمەن، دەپلا ئۆرۈلۈپ ئۇياققا قاراپ يېتىۋالدى. دەل شۇ دەقىقىدە رەسۇلۇللاھقا ۋەھى نازىل بولۇشقا باشلىدى ۋە بىردەمدىن كېيىن ئۇنىڭدىن ۋەھيي سۇرى كۆتۈرلۈپ چىرايىدا كۈلكە پەيدا بولدى ۋە: «ئى ئائىشە! خوش خەۋەر، ئاللاھ سېنى ئاقلىدى، بىلگىنكى ئاللاھ سېنى ئاقلىدى» دېدى. بۇنى ئاڭلاپ ئائىشىنىڭ ئانىسى ئۇنىڭغا: «تۇرە ئورنۇڭدىن تۇرۇپ رەسۇللاھقا رەھمەت ئېيتقىن» دېگەندى، ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا: «ئۆزىنىڭ پاكلىقىغا

نازىلنىپ ۋە رەسۇلۇللاھنىڭ ئۇنى چىن سۆيىدىغانلىقىغا ئىشەنچ قىلىپ) ياق ئەزابىرايى خۇدا مەن پەقەت ئاللاغىلا تەزىم بەجا كەلتۈرىمەن ۋە ئاللاغىلا تەشەككۈر ئېيتىمەن» دېدى. ئاللاھ ئائىشىگە چاپلانغان تۆھمەت ھەققىدە سۈرە نۇردىن 10 نەچچە ئايەتنى نازىل قىلدى. بۇ قېتىم ئائىشىگە تۆھمەت چاپلىغۇچىلاردىن مىستەھ ئىبنى ئۇساسە، ھەسسان ئىبنى سابىت ۋە ھەمنە(ئايال)بىنتى جەھشلەر ھەر بىرىگە سەكسەندىن دەررە ئۇرۇلدى. شۇنداق قىلىپ مەدىنە ئاسمىنىنى بىر ئايدەك قاپلىۋالغان پىتنە - پاساد، غەللە - غەۋغا ۋە ئۆسەك سۆز - چوچەك قارا تۇمانلىرى تەرەپ - تەرەپكە تاراپ، ھاۋا ئېچىلىپ كۆكۈللەر تەسكىن تاپتى. مۇناپىقلارنىڭ كاتتىۋېشى ئابدۇللا ئىبنى ئۇبەي شۇنداق رەسۋا بولدىكى ئۇنىڭدىن كېيىن ئەل ئارىسىدا پەقەت بېشىنى كۆتۈرەلمەيدىغان بولۇپ قالدى.

## 692-سۇئال: ھۇدەيبىيە ۋەقەسى

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر كۈنى مەدىنىدە چۈش كۆردى، ئۇ چۈشىدە ئەسھابىلىرى بىلەن بىرلىكتە مەسچىتۇلھەرامغا كىرىپ كەئبىنىڭ ئاچقۇچىنى قولغا ئالدى ۋە ھەممەيلەن بىللە بەيتۇللاھنى تاۋاپ قىلىپ ئۆمرە ھەج قىلىشتى ۋە ئۆزئارا باشلىرىنى چۈشۈرۈپ ئېھرامدىن چىقتى. رەسۇلۇللاھ بۇ چۈشنى ساھابىلەرگە ئۆرۈپ بېرىۋىدى، ئۇلار خۇشال بولۇپ كەتتى ۋە بۇ يىل چوقۇم مەككىگە كىرەلەيدىكەنمىز دەپ ئويلىدى. رەسۇلۇللاھ ساھابىلەرگە ئۆزىنىڭ ئۆمرىگە چىقىدىغانلىقىنى ئۇقتۇرۇۋىدى، كىشىلەر جىددىي سەپەر تەييارلىقىغا كىرىشىپ كەتتى. رەسۇلۇللاھ مەدىنە ۋە مەدىنە ئەتراپىدىكى يېزا - قىشلاق ئاھالىلىرىنى ھەجكە چىقىشقا چاقىردى. سەھرا بەدەۋىلىرىنىڭ كۆپىنچىسى ۋاقتىدا ئۇلگۈرۈپ كېلەلمىگەنلىكى ئۈچۈن، ئۇلارغا ساقلىماي كىيىم - كېچەكلىرىنى يۇيۇپ تەييارلاپ، مەدىنىدە ئۆز ئورنىدا ئابدۇللا ئۇممۇ مەكتۇمنى قالدۇرۇپ ھىجرىيىنىڭ 6 - يىلى زۇلقەئدە(11 - ئاي)نىڭ بىرىنچى كۈنى دۈشەنبە سەھەر 1400 ياكى 1500 ساھابە بىلەن مەدىنىدىن يولغا چىقتى. ئاياللىرىدىن ئۇممى سەلىمەنى ئېلىۋالدى، ئادەتتە مۇساپىر سەپەردە كۈتۈلمىگەن ۋەقەدىن ساقلىنىش ئۈچۈن ئېلىۋالدىغان قىنىغا سېلىنغان قىلىچتىن باشقا ھېچ قانداق ياراق ئالمىدى.

رەسۇلۇللاھ يول يۈرۈپ سەنىيەتولمىرارغا بارغاندا تۇيۇقسىز ئۇنىڭ تۆگىسى چۆكىۋالدى. كىشىلەر قانچە نوقۇپ ھەيدەپ باققان بولسىمۇ تۆگە ئورنىدىن تۇرغىلى ئۇنىمىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھۇدەيبىيەگە چۈشۈپ بىرئاز ئارام ئالغاندىن كېيىن قۇرەيش تەرەپكە ئۆزىنىڭ مەيدانىنى ۋە بۇ قېتىمقى سەپىرىنىڭ ئاساسىي نىشانىنى ئۇقتۇرۇپ قويۇش ئۈچۈن مەككىگە بىر ئەلچى كىرگۈزۈشنى ئويلىدى.

شۇنىڭ بىلەن رەسۇلۇللاھ ئوسماننى چاقىرىپ ئۇنى قۇرەيش تەرەپكە ئەلچىلىككە ئەۋەتىدىغانلىقىنى ئۇقتۇردى ۋە: «قۇرەيش تەرەپكە بىزنىڭ ئۇرۇشقىلى كەلمىگەنلىكىمىزنى، پەقەت ئۆمرە ھەج قىلىش ئۈچۈنلا كەلگەنلىكىمىزنى ئۇقتۇرغىن ۋە ئۇلارنى ئىسلامغا چاقىرغىن» دېدى. ئوسمان مەككىگە كېلىپ قۇرەيش دائىرلىرىگە ئەلچىلىكنى يەتكۈزدى ۋە ئۆز ۋەزىپىسىنى ئادا قىلىپ بولغاندىن كېيىن قۇرەيش تەرەپ ئۇنى بەيتۇللانى تاۋاپ قىلىپ قايتىشقا تەكلىپ قىلغاندى. ئۇ رەسۇلۇللاھ تاۋاپ قىلىش پۇرسىتىگە ئېرىشمىگۈچە ئۆزى يالغۇز تاۋاپ قىلمايدىغانلىقىنى ئېيتىپ، بەيتۇللاھنى يالغۇز تاۋاپ قىلىشقا ئۇنىمىدى.

قۇرەيش تەرەپ ئوسمان ئىبنى ئەففاننى بىر ئاز ساقلىتىپ قويىدى. ئۇ مولچەردىكىدىن زىيادە كېچىكىپ قالدى، ۋاقىت ئۇزارغانسىرى مۇسۇلمانلار ئارىسىدا ئوسمان ئۆلتۈرۈلۈپتۇ دېگەن خەۋەر تارقالدى، رەسۇلۇللاھ بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ: «بىز ئۇلار بىلەن تېغمۇ - تىغ ئېلىشمىغۇچە ھەرگىز قايتمايمىز» دېدى ئاندىن ساھابىلەرنى چاقىرىپ ھەممەيلەن بەيئەت(ھايات - ماماتلىق ئەھدى) بېرىشكە چاقىردى، شۇنىڭ بىلەن رەسۇلۇللاھقا بەيئەت بېرىش ھەرىكىتى قوزغىلىپ كەتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ بەيئەتنى شۇ يەردىكى بىر تۈپ دەرەخ تۈۋىدە ئالغاندى. بۇ رىزۋان بەيئىتى ئىدى.

ئوسمان ئىبنى ئەففاننىڭ ئەلچىلىكىدىن قۇرەيش تەرەپ ۋەزىيەتنىڭ جىددىيلىكىنى تونۇپ يەتتى چېغى، ئۇلار دەرھال سوھەيل ئىبنى ئەمرنى سۈلھى كېلىشىم تۈزۈشكە ئەۋەتتى. كېلىشىمنامىنىڭ ماددىلىرىغا ئىككى تەرەپ ئورتاق بىرلىككە كېلىپ بولغاندىن كېيىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەلى ئىبنى ئەبى تالىبنى چاقىرىپ شەرتنامىنى يېزىشقا بۇيرىدى. سۈلھى ھۆججىتى ئىمزالىنىپ بولغاندىن كېيىن رەسۇلۇللاھ ساھابىلەرگە: «تۇرۇڭلار قۇربانلىق تۆگىلىرىڭلارنى زەبھى قىلىڭلار» دېدى. ئەزبىرايى خۇدا رەسۇلۇللاھ بۇ سۆزنى ئۈچ قېتىم تەكرارلىغان بولسىمۇ، بىرمۇ ئادەم ئىجرا قىلىشقا تەمشەلمىدى، رەسۇلۇللاھ بۇ جىمجىتلىقنى كۆرۈپ ئايالى ئۇممى سەلىمە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ قېشىغا كىرىپ مۇسۇلمانلارنىڭ گەپ ئاڭلىمىغانلىقىغا كايىدى، ئۇممى سەلىمە: «ئى رەسۇلۇللاھ ئۇلارنىڭ ئەمرىڭگە ئىتائەت قىلىشنى خالامسەن؟ ئۇنداقتا ئالدى بىلەن ئۆزەڭ چىقىپ قۇربانلىقىڭنى زەبھى قىلغىن ۋە ساتىراچنى چاقىرىپ چاچلىرىڭنى ئالدۇرۇپ ئېھرامدىن چىققىن دېدى. شۇنىڭ بىلەن رەسۇلۇللاھ ئۇممى سەلىمەنىڭ يېنىدىن چىققان پېتى ھېچ كىمگە قارىماي بېرىپ قۇربانلىقىنى زەبھى قىلدى ۋە ساتىراچنى چاقىرىپ چېچىنى ئالدۇردى. ساھابىلار بۇنى كۆرۈپ قۇربانلىقلىرىنى بەس - بەستە زەبھى قىلدى ۋە

ئۆزئارا چاچلىرىنى ئالدۇرۇشتى.

ھۇدەيبىيە سۈلھىسىدىن كېيىن ھىجرىيىنىڭ 7 ـ يىلى يىلىنىڭ بېشىدىلا ئەمرى ئىبنى ئاس، خالىد ئىبنى ۋەلىد ۋە ئوسمان ئىبنى تەلھە قاتارلىق قۇرەيشلىك ئۈچ ئەزىمەت مۇسۇلمان بولۇپ كەلدى. ئۇلار رەسۇلۇللاھنىڭ ئالدىغا ھازىر بولۇۋىدى، رەسۇلۇللاھ: «مەككە بىزگە يۈرەك پارىلىرىنى تاشلاپ بېرىپتۇ» دېدى.

## 693ـ سوئال: ھۇدەيبىيە سۈلھىسىدىن كېيىنكى ھەربىي پائالىيەتلەر

ھۇدەيبىيە سۈلھىسى مۇسۇلمانلار تارىخىدىكى يېڭى بىر بۇرۇلۇشنىڭ باشلىنىشى بولۇپ قالدى. يەھۇدىيلار يەسرەپ (مەدىنە مۇنەۋۋەر)دىن سۈرگۈن قىلىنغاندىن كېيىن ئۆزلىرىگە خەيبەرنى ئىغۋاگەرچىلىك ۋە سۈيقەستچىلىك ئۇۋىسى قىلىپ بېكىتكەنىدى. شۇڭا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھۇدەيبىيە سۈلھىسىنى ئىمزالاپ قايتىپ كەلگەندىن كېيىنلا، باسقان تۇنجى قەدىمى ئاشۇ بەدۆلەرنىڭ پەردە ئارقىسىدىكى پىلانلىغۇچىسى بولغان يەھۇدىي ئۇۋىسىغا زەربە بېرىپ، ئۇنى چۇۋۇپ تاشلاشتىن ئىبارەت بولدى. ھۇدەيبىيە سۈلھىسىدىن كېيىن باشلانغان بۇ دەۋر خاراكتېرلىك يېڭى بۇرۇلۇش، مۇسۇلمانلارنى ئىسلام دەۋىتىنى كەڭ قانات يايدۇرۇپ، تارقىتىش ۋە كەڭ كۆلەمدە يەتكۈزۈش ئۈچۈن ياخشى بىر پۇرسەت بىلەن تەمىنلىدى. نەتىجىدە، مۇسۇلمانلارنىڭ ئىسلام دەۋىتىنى يەتكۈزۈش قىزغىنلىقى يېڭى بىر كەيپىياتقا كۆتۈرۈلدى.

ھىجرىيە 6 ـ يىلىنىڭ ئاخىرلىرى ئىدى، رەسۇلۇللاھ ھۇدەيبىيىدىن قايتىپ كېلىپلا ئەتراپتىكى قوشنا ئەللەرنىڭ پادىشاھ ۋە ئەمىرلىرىدىن ھەبەشىستان پادىشاھى نەجاشىغا، مىسىر پادىشاھى مۇقەۋقىسقا، پارىس(ئىران) شاھى كىسراغا، رۇم پادىشاھى قەيسەرگە ، مۇنزىر ئىبنى ساۋىغا، يەمەننىڭ باش ۋالىيسى ھەۋزە ئىبنى ئەلگە، دەمەشقنىڭ ۋالىيسى ھارىس ئىبنى ئەبى شىممىرگە، ئوممان پادىشاھىغا بىر-بىرلەپ مەكتۇپ يوللىدى. مانا مۇشۇ مەكتۇپلارنى ئەۋەتىش ئارقىلىق رەسۇلۇللاھ ئۆزىنىڭ دەۋەت ساداسىنى مۇشۇ مەزگىلدىكى جاھان پادىشاھلىرىنىڭ كۆپ قىسمىغا يەتكۈزدى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئىمان ئېيتىپ مۇسۇلمان بولغانلىرىمۇ، بويۇن تولغاپ كاپىر ھالەتتە قالغانلىرىمۇ بولدى. لېكىن، سادا ئاشۇ كاپىر بەتبەخلەرنىڭ پۈتۈن ئەس ـ يادىنى چىرمىۋالدى ۋە ئۇلارغا ئۆزىنىڭ نامى ـ شەرىپىنى، دىنى مەسلەك نىشانىنى تونۇتۇپ قويدى.

## 694ـ سوئال: خەيبەر ۋە ۋادىلقۇرا غازىتى

خەيبەر مەدىنە مۇنەۋۋەرنىڭ شىمالىدىن ئاتمىش ياكى سەكسەن مىل (بىر مىل 1650 مېتىر) يىراقلىقتا جايلاشقان قەلئە ۋە ئىستىھكاملارغا ئىگە دېھقانچىلىق ۋە

باغۋەنچىلىكنى ئاساس قىلغان چوڭ شەھەر ئىدى. ئالدىنقى يىلى ھۆدەيبىيە غازىتىدا مۇناپىقلار ۋە ئىمانى ئاجىز كىشىلەر رەسۇلۇللاھ بىلەن بىللە چىقماي يېتىۋالغان بولغاچقا، رەسۇلۇللاھقا ئاللاھ تەرىپىدىن مۇنداق پەرمان بولغانىدى: (ھۆدەيبىيىگە چىقماي) قېلىپ قالغانلار غەنىمەت ئېلىش ئۈچۈن چىققان ۋاقتىڭلاردا: بىز سىلەر بىلەن چىقايلى، دەيدۇ. ئۇلار ئاللاھنىڭ (خەيبەر غەنىمىتىنى ھۆدەيبىيگە چىققانلارغا خاس قىلغانلىقىدىن) ئىبارەت سۆزىنى ئۆزگەرتمەكچى بولىدۇ. (ئۇلارغا) ئېيتقىنكى: بىز بىلەن چىقىشىڭلارغا ھەرگىز بولمايدۇ. («قۇرئان كەرىم» سۈرە فەتھ 15 ـ ئايەت). شۇڭا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام خەيبەرگە ئاتلىنىش ئالدىدا: مەن بىلەن پەقەت جىھادقا قىزىقىدىغانلارلا بىللە چىقسۇن، دەپ ئېلان قىلدى. بۇ قېتىم ئەسھابۇششەجەر (ھۆدەيبىيدە دەرەخ تۈۋىدە رەسۇلۇللاھقا ئۆلۈمگە ئەھدى بەرگەنلەر)لا ئاتلاندى. ئۇلار 1400 كىشى ئىدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام خەيبەر سەپىرىدە ئىسسىر تاغ تىزمىلىرىنى بويلاپ مېڭىپ سەھبائ دىن ئۆتۈپ رەجىيئگە كېلىپ چۈشتى. مۇسۇلمانلار ئەتىسى ئەتىگەن ئۇرۇش باشلىنىدىغان ئاخىرقى كېچىنى خەيبەرگە يېقىن بىر جايدا ئۆتكۈزدى، يەھۇدىيلار بۇنى سەزمەيتتى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىرەر قەۋمنىڭ يۇرتىغا كېچە بېرىپ قالسا، تاڭ ئاتمىغۇچە تېگىش قىلمايتتى، مۇسۇلمانلار ئەتىسى تاڭ ئاتقان ھامان بامدادنى بۇرۇنراق ئوقۇپ خەيبەرگە قاراپ ئاتلاندى، بىر دەمدىن كېيىن تاڭ سۈزۈلۈپ ئالەم يورۇۋىدى، خەيبەر ئاھالىلىرى پالتا ـ كەتمەن، تاغار ـ زەمبىللىرىنى كۆتۈرۈشۈپ ئېتىز ـ ئېرىقلىرىغا چىقىشتى، ۋەھالەنكى ئۇلار مۇسۇلمانلارنىڭ بېسىپ كەلگەنلىكىدىن قىلچە خەۋەرسىزدەك قىلاتتى. شۇڭا ئۇلار مۇسۇلمانلار قوشۇنىنى كۆرۈپ ئالاقزادىلىك ئىلكىدە شەھەرگە قاراپ قېچىشتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام خەيبەرگە كىرىپ بىر مەنزىلنى ھەربىي گازارما (يەنى ھەربىي بارگاھ) قىلىشقا تاللىغان ئىدى. ھۇباب ئىبنى مۇنزىر (رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ) ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىپ: بۇ يەرنىڭ مۇۋاپىق ئەمەسلىكى ھەققىدە تەكلىپ بەردى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ: توغرا تەكلىپ بەردىڭ، دېدى ـ دە، قوشۇننى باشقا بىر جايغا يۆتكەپ كەتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام خەيبەرگە يېقىنلاپ كېلىپ شەھەر قەلئەلىرى يىراقتىن غىلىپال كۆرۈنۈۋىدى، قوشۇنغا: توختاڭلار، دېدى. شۇنىڭ بىلەن قوشۇن ھەرقايسىسى ئۆز ئورۇنلىرىدا توختىۋىدى. رەسۇلۇللاھ دۇئاغا قول كۆتۈرۈپ دۇئا قىلدى ئاندىن بىسمىللاھ بىلەن ئالغا قاراپ مېڭىڭلار! دېدى. ئەتىسى ئەتىگەن تېگىش قىلىمىز دېگەن كۈنى كەچلىكى رەسۇلۇللاھ سۆز قىلىپ: مەن ئەتە ئەلەمنى شۇنداق بىر كىشىگە تۇتقۇزىمەنكى، ئۇ ئاللاھنى ۋە ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرىنى سۆيىدۇ،

ئاللاھ ۋە ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرىمۇ ئۇنى سۆيىدۇ، دېدى ئەتىسى تاڭ ئېتىشى بىلەن تەڭ ھەممە كىشى رەسۇلۇللاھنىڭ ئەتراپىدا چۆگىلەپ قېلىشتى. ھەممە ئادەم شۇ كىشى بولۇشنى ئارزۇ قىلاتتى، ئۇشتۇمتۇت پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: ئەلى ئىبنى ئەبى تالىب قېنى؟ دەپ قالدى. كىشىلەر: ئۇنىڭ كۆزى ئاغرىپ قاپتۇ دېيىشكەن ئىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئۇنى تېپىپ كېلىڭلار»، دېدى. ئەلى كېلىۋىدى، رەسۇلۇللاھ ئۇنىڭ كۆزىگە تۈكۈرۈپ قويدى ۋە ئۇنىڭ ئۈچۈن دۇئا قىلدى. نەتىجىدە ئۇنىڭ كۆزى سەللىمازا ساقىيىپ قۇسۇرسىز بولۇپ كەتتى، ئاندىن رەسۇلۇللاھ ئەلەمنى ئۇنىڭغا بېرىۋىدى، ئۇ: ئى رەسۇلۇللاھ! مەن ئۇلار بىلەن تاكى ئۇلار بىزدەك (مۇسۇلمان) بولغانغا قەدەر ئۇرۇشىمەن، دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: ئۇنداق بولسا، سەن شۇ پېتى بېرىپ ئۇلارنىڭ مەنزىلىگە چۈشكىن، ئاندىن ئۇلارنى ئىسلامغا دەۋەت قىلغىن ۋە ئۇلارنىڭ زىممىسىگە ۋاجىپ بولغان ئاللاھنىڭ ھەقلىرىنى ئۇقتۇرۇپ قويغىن، قەسەم قىلىمەنكى، ئاللاھنىڭ سەن ئارقىلىق بىرەر ئادەمگە ھىدايەت قىلغىنى سەن ئۈچۈن نەچچە مىڭ قىزىل تۆگىدىن ياخشى، دېدى.

خەيبەر چوڭ جەھەتتىن ئىككى بۆلەككە بۆلۈنگەن بولۇپ، بىر بۆلىكىدە بەش قورغان بار ئىدى. خەيبەر 1 ـ بۆلەك، يەنى نەتات ۋە شەيىق رايونى ئىشغال قىلىنىپ بولغاندىن كېيىن، رەسۇلۇللاھ قوشۇننى خەيبەرنىڭ 2 ـ بۆلەك رايونى، يەنى كەتىيبە (ھەربىي رايون) قورغىنى، ۋەتىيھە (ساي رايونى قورغىنى) ۋە سالالىم (بەنى نەزىرنىڭ كاتتىسى ئەبىلھوقەيقنىڭ قورغىنى) تەرەپكە يۆتكىدى. بۇ يەرگە نەتات ۋە شەيىق رايونلىرىدا دەككىسىنى يەپ جان قۇتقۇزۇپ كېلىۋالغان قاچقۇن يەھۇدىيلارنىڭ ھەممىسى يىغىلىپ مۇستەھكەم بىر مۇداپىئە تورى شەكىللەندۇرگەنىدى، رەسۇلۇللاھ قوشۇننى بۇ تەرەپ (كەتىيبە)كە يۆتكەپ كەلگەندىن كېيىن، بۇ يەرنى قاتتىق مۇھاسىرىگە ئالدى. مۇھاسىرە 14 كۈنگە سوزۇلدى. يەھۇدىيلار قورغانلىرىدىن چىقماي يېتىۋەردى. ئاخىر رەسۇلۇللاھ ئۇلارغا مەنچەنىق تىكلەپ توپقا تۇتماقچى بولۇۋىدى، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ پۈتۈنلەي ھالاك بولۇپ كېتىشىگە جەزىم قىلىپ رەسۇلۇللاھقا سۇلھى تۈزۈش تەكلىۋىنى سۇندى. ئۇلار شەرتلىرىنىڭ ھەممىسىگە كۆنۈپ كېلىشىمگە ئىمزا قويدى ۋە بۇ كېلىشىمنىڭ ئىمزالىنىشى بىلەن خەيبەر قورغانلىرىنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقى مۇسۇلمانلارنىڭ قولىغا ئۆتتى. بۇنىڭ بىلەن خەيبەرنى ئىشغال قىلىش غەلىبىلىك تاماملاندى. بۇ غازاتنىڭ غەنىمەتلىرىنى تەقسىم قىلىش ھارپىسىدا رەسۇلۇللاھنىڭ تاغىسى (ئەبۇ تالىب)نىڭ ئوغلى جەئفەر ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى ھەبەشىستاندىن قايتىپ كەلدى. ئۇنىڭ بىلەن بىللە ئەبۇ مۇسا ۋە ئۇنىڭ باشقا ئەشئەرى ھەمراھلىرىمۇ بارئىدى. ئۇلارغىمۇ بىر ئۈلۈش غەنىمەت بۆلۈپ بەردى.

رەسۇلۇللاھ خەيبەرنىڭ ئىشلىرىدىن بوشىنىپلا ۋادىلقۇراغا يۈرۈپ كەتتى. چۈنكى، ئۇ يەردىمۇ بىر بۆلۈك يەھۇدىيلار ۋە قىسمەن ئەرەبلەر ئولتۇراقلاشقان بولۇپ ئۇلار ئۆزئارا ئېغىز - بۇرۇن يالىشىپ، ئۆزىنىڭ كۈپرانى مەيداندا جان - جەھلى بىلەن چىڭ تۇرۇۋاتاتتى. شۇڭا مۇسۇلمانلار ئۇ يەرگە يېتىپ بىرىشىدى، دۈشمەن تەرەپ تولۇق تەييارلىق بىلەن تۇرغاچقا مۇسۇلمانلارنى قارا - يامغۇردەك ئوققا تۇتۇشتى. ئاندىن رەسۇلۇللاھ قوشۇننى جەڭگە سەپەرۋەر قىلىدى ۋە قىسىملارغا بۆلۈپ سەپ تۈزدى. رەسۇلۇللاھ ۋادىلقۇرانى غالىب ھەربىي كۈچ بىلەن ئىگەللەپ، ئۇلارنىڭ ماللىرىنى غەنىيمەت ئالدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام دۈشمەن ئۈچ بىرلەشمە قانىتىدىن ئەڭ كۈچلۈك ۋە ئەڭ جاھىل قاناتتىن ئىككى چوڭ قاناتنى تەلتۆكۈس سۇندۇرۇپ تاشلىغاندىن كېيىن، ئۈچىنچى سول قانات دۈشمەنگە، يەنى نەجدى تۈزلەڭلىكىدە چېچىپ يۈرۈپ پۇرسەت تاپسىلا قاراقچىلىق، بۇلاڭچىلىق ۋە ئوغرىلىق جىنايەتلىرى بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان قارا قورساق بەدەۋىيلەرنىڭ ئەدىبىنى بېرىشكە ئاتلاندى. بۇ ھەرىكەت تارىختا زاتوررىقائ غازىتى دەپ ئاتالدى. مانا شۇنداق قىلىپ ئەھزاب ئۇرۇشى مەزگىلىدە مۇسۇلمانلارنىڭ كۆز ئالدىدا دېۋەيلەپ تۇرغان دۈشمەننىڭ ئۈچ چوڭ قانىتىنىڭ ئۈچىلىسىنى سۇندۇرۇش ئىشى بىر - بىرلەپ ناھايىتى غەلىبىلىك ھالدا تاماملاندى. ئەتراپى ئالەم تىنجىپ مۇقىملىق ۋە تىنچلىق ھۆكۈم سۈردى. بۇ غازاتتىن قايتىپ كېلىپ رەسۇلۇللاھ شۇ يىلى شەۋۋال ئېيىغا قەدەر مەدىنىدە تۇرۇپ، بىر قانچە قوشۇننى تەشكىللەپ زۆرۈر بولغان جايلارغا ئەۋەتتى.

## 695-سوئال: ھۇدەيبىيە ئۆمرىسىنىڭ قازاسى

شۇ يىلى يەنى ھىجرىيىنىڭ 7 - يىلى زۇلقەئدە (11 - ئاي)كىرىپ كېلىشىدى، رەسۇلۇللاھ ساھابە كىراملارنى ئالدىنقى يىلدىكى ھەج ئۆمرىنىڭ قازاسىنى قىلىشقا بۇيرىدى ۋە ھۇدەيبىيگە قاتناشقان ھەرقانداق ئادەم قېپقالماسلىقنى تاپىلىدى. شۇڭا، ساھابىلاردىن ھازىرغا قەدەر شەھىد بولۇپ كەتكەنلەردىن باشقا ھەممىسى ئاتلاندى. شۇنىڭدەك يەنە ئۆمرە قىلغۇسى بارلارمۇ بىرگە چىقتى. نەتىجىدە مۇسۇلمانلارنىڭ سانى ئاياللار ۋە باللارنى ئېلىۋەتكەندە 2000 (ئىككى مىڭ)غا يەتتى.

## 696-سوئال: مۇئتە ئۇرۇشى

بۇ ئۇرۇش مۇسۇلمانلارنىڭ رەسۇلۇللاھ ھايات ۋاقتىدا ئېلىپ بارغان ئەڭ چوڭ قوراللىق ئېلىشىشى ۋە ئەڭ ئېغىر قانلىق توقۇنۇشى ھېسابلىنىدۇ. شۇنداقلا دۇنيا خرىستىئان مەملىكەتلىرىنى پەتھى قىلىشنىڭ ئالدىنقى تەييارلىقى ۋە بېشارەت سىگنالى ھېسابلىنىدۇ. ۋەقە ھىجرىيەنىڭ 8 - يىلى جۇمادىيەلئەۋۋەل (مىلادى 629 -

يىلى 8 ـ ئاي ياكى 9 ـ ئايلارغا توغرا كېلىدۇ)دە يۈز بەرگەن.

رەسۇلۇللاھ بۇ قوشۇنغا زەيد ئىبنى ھارىسنى ئەمىر قىلىپ تەيىنلىدى ۋە، زەيد ئۆلۈپ كەتسە جەئفەر ئەمىر بولسۇن، جەئفەرمۇ ئۆلۈپ كەتسە ئابدۇللا ئىبنى رەۋاھە ئەمىر لەشكەر بولسۇن، دېدى ۋە ئۆز قولى بىلەن تۇغ قاداپ زەيد ئىبنى ھارىسكە تۇتقۇزدى. قوشۇن يولغا چىقىش ئالدىدا پۈتۈن مەدىنە ئاھالىسى جەم بولۇپ، قوشۇن سەركەردىلىرىگە خەيرلىك بىلەن دۇئا قىلىشتى ۋە ئۇلارغا سالام ـ سەھەت تىلىدى. قوشۇن مەدىنىدىن قوزغىلىپ چىقىۋىدى، رەسۇلۇللاھمۇ ئۇلارنى ئۇزىتىپ سەنىيەتولۋىدا دېگەن يەرگىچە چىقتى ۋە مۇشۇ يەردە توختاپ قوشۇن بىلەن خوشلاشتى. قوشۇن شىمالغا قاراپ داۋاملىق ئالغا ئىلگىرلەپ ھىجازنىڭ شىمال قىسمىغا تۇتىشىدىغان شام (سۇرىيە) زېمىنىدىن مەئان دېگەن يەرگە چۈشتى ۋە بۇ يەردە ئىگىلىگەن ئاخباراتتىن مەلۇم بولدىكى، رۇم پادىشاھى ھىرەقلى يۈز مىڭ كىشىلىك قوشۇن بىلەن رۇمدىن بەلقائىنىڭ مەئاب دېگەن يېرىگە كېلىپ چۈشۈپتۇ ۋە يەرلىك لەخمى، جوزام، بەلقىن، بەھرام، ۋە بەللى قاتارلىق ئەرەب قەبىلىلىرىدىن يەنە يۈز مىڭ كىشىلىك ياللانما قوشۇن قوشۇلۇپتۇ، دېگەن خەۋەر جەزىملەشتى. مۇسۇلمانلار نېمە قىلارىنى بىلەلمەي مەئاندا ئىككى كۈن تۇرۇپ، كۆز ئالدىدىكى ئەھۋاللارنى مۇزاكىرە قىلدى ۋە ئۇرۇشنىڭ كېيىنكى ئاقىۋىتىنى تەسەۋۋۇر قىلدى. مۇسۇلمانلار قوشۇنى مەئاندا ئىككى كۈن تۇرغاندىن كېيىن يەنە قوزغىلىپ شىمالغا قاراپ ئىلگىرلىدى ۋە بەلقا چېگراسىغا بارغاندا، ھىرەقلى قوشۇنى بىلەن ئۇچراشتى. دۈشمەن تەرەپ ناھايىتى قاتتىق ھەيۋە بىلەن دېۋەيلەپ كەلمەكتە ئىدى. مۇسۇلمانلار دەرھال مۇئتىگە قايتىپ ئۇ يەردە ھەربىي گازارما تەسىس قىلدى ۋە جىددى ئۇرۇش تەييارلىقىنى پۈتتىلىدى. مۇشۇ يەردە يەنى مۇئتە دېگەن يەردە ئىككى تەرەپ تۇتۇشۇپ قالدى. ھەش ـ پەش دىگۈچە شىددەتلىك گىرەلەشمە جەڭ باشلىنىپ كەتتى. مۇسۇلمانلارنىڭ 3000 كىشىلىك قوشۇنى ھىرەقلىنىڭ ئىككى يۈزمىڭ كىشىلىك مۇنتىزىم قوشۇنغا تاقابىل تۇرۇشقا توغرا كەلگەنىدى. ئەلەمنى تۇنجى قېتىملىق ئۇرۇشتا رەسۇلۇللاھنىڭ ئامراق ئادىمى زەيد ئىبنى ھارىس كۆتۈرۈپ ئىنتايىن جەسۇرلۇق ۋە مەردانەلىك بىلەن ئورۇش قىلدىكى، ھېچ قانداق بىر پالۋان ياكى باتۇر ئەزىمەتتە ئۇنداق قەھرىمانلىق جاسارىتى تېپىلمايتتى. ئۇ ئۇرۇشۇپ ـ ئۇرۇشۇپ ئاخىر ئۇنىڭ پۈتۈن بەدىنىگە دۈشمەن نەيزىلىرى گويا تىكەندەك سانچىلىپ كەتكەندىن كېيىن ئاندىن يىقىلدى. شۇنىڭ بىلەن ئەلەمنى جەئفەر ئىبنى ئەبى تالىب قولىغا ئېلىپ تەڭداشسىز باتۇرلۇق ۋە مىسلىسىز شىجائەت بىلەن ئۇرۇشتىكى، جەڭ راسا قىزىپ يۇقىرى پەللىگە كۆتۈرۈلگەندە، ئۇ مىنۇۋاتقان قىزىل

ئېتىدىن سەكرەپ چۈشۈپ ئۇنىڭ بوينىنى ئۈزۈۋەتتى. ئاندىن جەڭ قاينىمىغا كىرىپ ئۇرۇشۇپ ـ ئورۇشۇپ ئاخىر ئەلەم كۆتۈرگەن ئوڭ قولى كېسىلىپ كەتتى. بۇ چاغدا ئۇ ئەلەمنى دەرھال سول قولىغا ئېلىپ چىڭ تۇتۇپ قەد كۆتۈرتۈپ تۇردى. ئاخىرى سول قولىمۇ كېسىپ تاشلاندى، شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئەلەم خادىسىنى بوينى بىلەن قىسىپ ئۇنى قەد كۆتەرتىپ تۇرغاندى، ئاخىرى بېشىمۇ ئۈزۈۋېتىلدى. جەئفەر ئىبنى ئەبى تالىب مانا مۇشۇنداق شجائەت ۋە جەڭگىۋارلىق روھى بىلەن ئۇرۇشۇپ ئاخىرى شەھىد بولۇپ كەتكەندىن كېيىن ئەلەمنى ئابدۇللا ئىبنى رەۋاھ قولىغا ئېلىپ ئېتىغا مىندى ـ دە، دۈشمەن تەرەپكە ئېتىلدى. ئۇ ئاتتىن چۈشۈشكە بىر تەمشىلىپ بولۇپ، يەنە بىر ئاز ئىككىلەندى، ئاندىن ئۇ ئاتتىن چۈشتى. قوشۇندا ئابدۇللاھنىڭ بىر نەۋرە تۇققىنى بار ئىدى. ئۇ بىر پارچە پىششىق گۆشنى تەڭلەپ: قېرىندىشىم، ئال! بۇ گۆشنى يەۋال، بىر قانچە كۈندىن بىرى سەن ئاچ قالدىڭ، دېگەندى، ئابدۇللا ئۇنىڭ قولىدىن گۆشنى ئېلىپ بىر ـ ئىككىنى چىشلىدى ـ دە، پاق قىلىپ يەرگە ئېتىۋېتىپ، شەمشەرنى پۇلاڭلىتىپ دۈشمەن تەرەپكە ئېتىلدى ۋە ئاجايىپ باتۇرلۇق بىلەن ئۇرۇشۇپ ئاخىرى شەھىد بولدى.

ئابدۇللاھ ئىبنى رەۋاھە يىقىلغاندىن كېيىن ئەلەمنى بەنى ئەجلان قەبىلىسىدىن سابىت ئىبنى قەيس ئىسىملىك بىر كىشى ئېلىپ ئېگىز كۆتۈردى ۋە: ئى مۇسۇلمانلار! ئاراڭلاردىن بىر كىشىنى قوماندانلىققا كۆرسىتىڭلار، دېدى. شۇنىڭ بىلەن مۇسۇلمانلار خالىد ئىبنى ۋەلىدنى قوماندانلىققا سايلاپ چىقتى. خالىد ئىبنى ۋەلىد ئەلەمنى قولىغا ئالغاندىن كېيىن قوشۇننى قايتا رەتكە سېلىپ قوشۇننىڭ جەڭگىۋارلىقىنى ئاشۇرۇپ، دۈشمەنگە قاقشاتقۇچ زەربىلەرنى بەردى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇئتە ئۇرۇشىنىڭ ئەھۋالىنى جەڭ مەيدانىدىن خەۋەر يېتىپ كېلىشتىن بۇرۇنلا ۋەھيي ئارقىلىق ئەل جامائەتكە ئۇقتۇردى، ئۇ مۇنداق دېدى: ئەلەمنى زەيد تۇتقانىدى، شەھىد بولدى، ئاندىن جەئفەر تۇتقانىدى، ئۇمۇ شەھىد قىلىۋېتىلدى. ئاخىرىدا ئابدۇللاھ ئىبنى رەۋاھ تۇتقانىدى، ئۇمۇ شەھىد قىلىۋېتىلدى. رەسۇلۇللاھ مۇشۇلارنى دەۋېتىپ كۆزلىرىدىن تارام ـ تارام ياش تۆكەتتى. ئاندىن: ئەلەمنى ئاللاھنىڭ قىلىچلىرىدىن بىر قىلىچ قولىغا ئالغانىدى، ئاللاھ ئۇنىڭ بىلەن قوشۇنغا نۇسرەت ئاتا قىلدى، دېدى.

مۇسۇلمانلار ئەنە شۇنداق جاسارەت ۋە دەرىجىدىن تاشقىرى قەھرىمانلىق بىلەن جان پىدا قىلىپ ئۇرۇشقان تەقدىردىمۇ سانىنىڭ چەكلىكلىكى تۈپەيلى دۈشمەننىڭ ئادەم دېڭىزىنى تەشكىل قىلغان زور قوشۇننىڭ ھۇجۇم دولقۇنى ئالدىدا بەرداشلىق بېرەلىشى ۋە ياكى ئۇلارنىڭ چاڭگىلىدىن بىخەتەر قۇتۇلۇپ چىقالىشى ناتايىن ئىدى. دەل مۇشۇنداق ھالقىلىق پەيتتە مۇسۇلمانلارنىڭ بۇ يېڭى قوماندانى خالىد ئىبنى ۋەلىد

مۇسۇلمانلارنى ئۆزلىرى كەتكۈزۈپ قويغان ئاجىزلىق نوقتىسىدىن قۇتۇلدۇرۇشتا ئۆزىنىڭ يۇقىرى جەڭ ماھارىتىنى ۋە يېتىشكەن ھەربىي ئىقتىدارىنى جارى قىلدۇردى. مۇئتە جەڭ مەيدانىدا تۇنجى ئۇرۇشتا مۇسۇلمانلار تەرەپتىن 12 ئادەم شەھىد بولۇپ كەتتى.

مۇسۇلمانلار بۇ قېتىمقى ئۇرۇشتا گەرچە ئېغىر بەدەل تۆلەپ تۇرۇپ، كۆزلىگەن ئىنتىقام ئېلىش مەقسىتىگە يېتەلمىگەن بولسىمۇ، لېكىن، بۇ ئۇرۇش مۇسۇلمانلارغا يۇكسەك ئابرۇي، ياخشى نام ئېلىپ كەلدى. بۇ ئۇرۇش پۈتۈن ئەرەبلەرنى ھەيرانلىقتا سالدى. بۇ ئۇرۇش يەنە خەلقى ئالەمگە: مۇسۇلمانلار پۈتۈن ئەرەبلەر ۋە جاھان خەلقى تونۇيدىغان ھالەتتىن باشقا بىر خىل خىسلەتكە ئىگە خەلق ئىكەن، ئۇلارغا ئاللاھنىڭ دەرگاھىدىن ھەقىقەتەن زور ياردەم ۋە مەدەت كېلىدىكەن ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ رەھبىرى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام بەرھەق ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى ئىكەن، دېگەننى جاكارلىدى.

## 697-سۇئال: مەككە پەتھىسى

قۇرەيش مۇشرىكلىرى ھىجرىيىنىڭ 6 - يىلىدىكى ھۇدەيبىيە شەرتنامىسىغا خىلاپلىق قىلىپ شەرتنامىنى بۇزغاندىن كېيىن ئۆزىنىڭ كېلىشىمنامىغا خىلاپلىق قىلغانلىق ۋە ھايات - ماماتقا تاقىلىدىغان چوڭ ئەھدى - پەيمانغا ئۇچۇق - ئاشكارا خىيانەت قىلغانلىقتەك بۇ جىنايى قىلمىشنى ھېچقانداق بىر ئۆزرە ياكى باھانە كۆرسىتىپ ئاقلىيالمايتتى. شۇنداق بولغاچقا قۇرەيش دائىرىلىرى ئۆزلىرىنىڭ تەكلىپى بىلەن تۈزۈلگەن بۇ كېلىشىمنامىنى ئۆزلىرىنىڭ بۇزغانلىقىنى ھېس قىلىشىپ، خىيانەتنىڭ يامان ئاقىۋىتىدىن ئەنسىردى. شۇڭا ئۇلار دەرھال كېڭەيتىلگەن مەسلىھەت يىغىنى چاقىردى. يىغىندا ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ باشلىقى ئەبۇ سۇفىيان ئىبنى ھەربىنى كېلىشىمنامىنى يېڭىلاپ قايتا تۈزۈپ كېلىشكە ۋەكىللىككە ئەۋەتىشنى قارار قىلدى. ئەبۇ سوپيان مەدىنىگە كېلىپ رەسۇلۇللا بىلەن كۆرۈشۈپ بىرەر ئېغىزمۇ گەپ ئاڭلىيالمىغاندىن كېيىن ئارىغا چۈشۈپ رەسۇلۇللاغا گەپ قىلىپ بېرىش ئۈچۈن ئۇنىڭ بۇنىڭغا يالۋۇرۇپ ئۆتۈنۈپ بىقىپ ھېچ بىر نەتىجىگە ئېرىشەلمەي ئاخىرى جىددىي يول يۈرۈپ مەككىگە يېتىپ كەلدى.

ھىجرىيىنىڭ 8 - يىلى رامزان (9 - ئاي)نىڭ 10 - كۈنى رەسۇلۇللاھ مەدىنىدە ئۆز ئورنىدا ئەبۇ رەھىملغىپارىنى قالدۇرۇپ، ئون مىڭ ساھابە (ئاللاھ ئۇلاردىن رازى بولسۇن) بىلەن مەككىگە قاراپ يۈرۈپ كەتتى. رەسۇلۇللاھ ئىسلام قوشۇنى بىلەن يول بويى روزىدار ھالەتتە يول يۈرۈپ ئاخىرى كۇدەيد دېگەن يەرگە يېتىپ بارغاندا ئېپتار قىلىۋەتتى. مۇسۇلمانلارمۇ ئېپتار قىلدى، ئاندىن يەنە ئاتلىنىپ شۇ كۈنى كەچكە

مەرری زەھرانغا يېتىپ باردى. ئاندىن قوشۇنغا بۇيرۇق چۈشۈرۈپ ھەر بىر ئادەم ئايرىم ـ ئايرىم يەرگە ئوت قالاشقا پەرمان قىلدى. نەتىجىدە، مەرری زەھران ۋادىسىدا ئون مىڭ يەرگە ئوت يېقىلدى. رەسۇلۇللاھ بۈگۈنكى مۇھاپىزەتچىلىككە ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى مەسئۇل قىلدى. شۇ كۈنى ئەتىگەن، يەنى ھىجرىيەنىڭ 8 ـ يىلى رامىزاننىڭ 17 ـ كۈنى چارشەنبە سەھەردە رەسۇلۇللاھ قوشۇننى باشلاپ مەرری زەھراندىن مەككىگە قاراپ يولغا چىقتى ۋە ئابباسقا ئەبۇ سۇفياننى (ئۇ لەشكىرى ئىسلامنى بىر ـ بىرلەپ كۆرسۇن ئۈچۈن) ۋادىنىڭ تۈۋەن تەرىپىدىكى تاغ يولى ئېغىزىدا توختىتىپ تۇرۇشنى تاپىلىدى. ئابباس ئەبۇ سۇفياننى رەسۇلۇللاھنىڭ دېگىنىدەك تاغ يولى ئېغىزىدا توختىتىپ تۇرغانىدى. ئۇ يەردىن ھەرقايسى قەبىلە ۋە ئايماقلار ئەلەملىرىنى لەپىلدىتىپ ئۆتۈشكە باشلىدى. ئەبۇ سۇفياننىڭ ئالدىدىن ھەر بىر قەبىلە ياكى ئايماق ئۆتسە: ئى ئابباس! بۇلار كىملەر؟ دەپ سورايتتى. ئاخىرى ھەممە قەبىلە ۋە ئايماقلار ئۆتۈپ بولدى. ئاخىرى بىر چاغدا رەسۇلۇللاھ مۇھاجىر ۋە ئەنسارلاردىن تەركىب تاپقان ياپ ـ يېشىل كىيىملىك سەرخىل بىر قوشۇن بىلەن يېتىپ كېلىۋىدى، ئۇلار بىر پۈتۈن ساۋۇت كىيىم كىيىۋالغاچقا، ئۇلارنىڭ كۆز قارىچۇقىدىن ئۆزگە يېرى كۆرۈنمەيتتى. ئەبۇسۇفيان چۆچىگەن ھالدا: سۇبھانەللاھ، ئى ئابباس! بۇلار كىملەر؟ دەپ سورىدى، ئابباس: بۇلار رەسۇلۇللاھ، مۇھاجىر ۋە ئەنسارلار دېگەندى، ئەبۇ سۇفيان: «بۇلارغا ھېچكىمنىڭ كۈچى يەتمىگۈدەك»، دېدى، ئاندىن ئۇ يەنە: ئى ئابباس! بۈگۈن قېرىندىشىڭنىڭ ئوغلىنىڭ سەلتەنىتى ھەقىقەتەن كاتتا بولۇپ كېتىپتۇ، دېگەندى، ئابباس: ئى ئەبۇ سۇفيان! ئۇ دېگەن سەلتەنەت ئەمەس، بەلكى ئۇ دېگەن پەيغەمبەرلىك (يەنى ئىلاھي ھاكىمىيەت))» دېۋىدى، ئەبۇ سۇفيان: ئۇنداق دىسەڭمۇ مەيلى ئەمىسە، دېدى.

رەسۇلۇللاھ ئەبۇ سۇفياننىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ كەتكەن ھامان ئابباس ئۇنىڭغا: تېز بولغىن، سەن خەلقىڭگە خەۋەر يەتكۈزگىن، دېدى. شۇنىڭ بىلەن ئەبۇ سۇفيان قوشۇندىن ئىلگىرلەپ ئۈچقاندەك ئات چاپتۇرۇپ مەككىگە كىردى ۋە پۈتۈن ئاۋازى بىلەن: ئى قۇرەيش خەلقى! مانا ھازىر مۇھەممەد تاقابىل تۇرغىلى بولمايدىغان زور قوشۇن بىلەن يېتىپ كەلدى. دەرھال قېچىڭلار! كىمكى ئەبۇ سۇفيان قورۇسىغا كىرىۋالسا ئامان بولىدۇ، دەپ توۋلىغىلى تۇردى. ئۇلار: ئى ۋابال تەككۇر! سېنىڭ ھويلاڭ نېمىگە كار قىلاتتى، دېيىشتى. شۇڭا ئۇ: ئۆز ھويلىسىغا كىرىپ دەرۋازىسىنى تاقىۋالغانلارمۇ ئامان قالىدۇ، مەسجىدىلھەرامغا كىرىۋالغانلارمۇ ئامان قالىدۇ، دېدى. شۇنىڭ بىلەن كىشىلەر ئۆز ئۆيىگە ۋە مەسجىدىلھەرەم تەرەپكە يۈگۈرۈشتى. شۇ ئەسنادا ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى بىر بۆلۈك كىشىلەر ياتلار ئۈچۈن جان بېرىشنى شەرەپ

بىلدۈرگەن ھەيۋەتلىك ئەخمەق ـ نادانلارنى ياللاپ تەشكىللەپ مۇسۇلمانلارغا قارشى ئۇيۇشتۇردى. ئەمما رەسۇلۇللاھ تەرەپ داۋاملىق ئالغا ئىلگىرلەپ زىتۇەن دېگەن جايغا يېتىپ كېلىپ، ئۇ يەردە توختاپ قوشۇننى قىسىملارغا بۆلدى. ئۇ خالىد ئىبنى ۋەلىدنى ئوڭ قانات قىسىمغا ئەمىر قىلىپ تەيىنلىدى. ئىسلام ئارمىيىسىنىڭ ھەرقايسى قىسىم ۋە قوشۇنلىرى بەلگىلەنگەن لىنىيە بويىچە يول ئالدى. رەسۇلۇللاھ زۇبەير قىسمى بىلەن ئۇچراشقاندىن كېيىن بەيتۇللاھقا قاراپ ماڭدى. ئۇ ئۇدۇل بېرىپ ھەرەمگە كىردى ۋە ھەجەرۇلئەسۋەدنىڭ قېشىغا بېرىپ ئۇنى بۇسە قىلدى. ئاندىن كەئبىنى تاۋاپ قىلدى. بۇ چاغدا كەئبە ئەتراپىدا 360 دانە بۇت تىكلەكلىك ئىدى. رەسۇلۇللاھ قولىدا بىر تال ياچاق ئوقنى كۆتۈرۈۋالغان بولۇپ، ئۇ ھېلىقى ئوق بىلەن بۇتلارنى ئۇرۇپ پاچاقلاپ تاشلاشقا باشلىدى. بۇتلار دوملاپ يىقىلىپ چۇشۇۋاتاتتى. رەسۇلۇللاھنىڭ تاۋاپى ئۇلاغ ئۇستىدە بولدى. ئۇ شۇ كۈنى مۇھرىم (ئېھرام باغلاغلىق) ئەمەس ئىدى. شۇڭا ئۇ كەئبىنى تاۋاپ قىلىش بىلەنلا كۇپايىلەندى. تاۋاپتىن كېيىن ئوسمان ئىبنى تەلھەنى چاقىرتىپ ئۇنىڭدىن كەئبىنىڭ ئاچقۇچىنى ئېلىپ كەئبىنى ئېچىپ ئۇنىڭ ئىچىگە كىردى. رەسۇلۇللاھ كەئبىنىڭ ئىچىدە نۇرغۇن رەسىم ۋە سۇرەتلەرنى كۆردى. رەسىملەر ئىچىدە ئىبراھىم (ئەلەيھىسسالام) ۋە ئىسمائىل (ئەلەيھىسسالاملار)نىڭ قوللىرىدا پال ئوقلىرىنى تۇتۇپ پال سېلىۋاتقان ھالەتتىكى خىيالى سىزما رەسىملىرى بار ئىدى. رەسۇلۇللاھ: مۇشرىكلارغا ئاللاھ لەنەت قىلسۇن! ئاللاھ بىلەن قەسەم، ئۇلار ھەرگىز پال سالغان ئەمەس، دېدى ۋە كەئبىنىڭ يەنە بىر بۇلۇڭىدا ياغاچتىن ئويۇلغان كەپتەرنىڭ ھەيكىلىنى كۆرۈپ ئۇنى ئۆز قولى بىلەن سۇندۇرۇۋەتتى. ئاندىن ھېلىقى رەسىم ۋە سۇرەتلەرنى بۇيرۇپ ئۆچۈرتۈۋەتتى.

كەئبە ئىچىدىكى سۇرەتلەر ئۆچۈرۈۋېتىلگەندىن كېيىن كەئبىنىڭ دەرۋازىسى تاقىۋېتىلدى. ئۇنىڭ ئىچىدە رەسۇلۇللاھ بىلەن ئەلى ئىبنى ئەبى تالىپ ۋە ئۇسامە ئىبنى زەيدلا قالغانىدى. رەسۇلۇللاھ كەئبە ئىچىدە ئوڭ تەرەپتىن بىر، سول تەرەپتىن ئىككى، كەينىدىن ئۈچ تۈۋرۈكنى تاشلاپ (شۇ ۋاقىتتا كەئبە ئالتە تۈۋرۈكلۈك ئىدى) دەرۋازا ئورنىتىلغان تامنىڭ ئۇدۇل تەرىپىدىكى (ئارقا) تامغا ئالدىنى قىلىپ تام بىلەن ئۆزى ئارىلىقىدا ئۈچ گەز (تەخمىنەن ئىككى مېتىردىن ئازراق) يەر قالدۇرۇپ ناماز ئوقۇدى. نامازدىن پارىغ بولغاندىن كېيىن كەئبىنىڭ ھەممە بۇلۇڭىنى ئايلىنىپ چىقتى. ناماز ۋاقتى كىرگەندە، رەسۇلۇللاھ بىلالنى كەئبە ئۇستىگە چىقىپ ئەزان توۋلاشقا بۇيرۇدى. رەسۇلۇللاھ شۇ كۈنى پەرمان چىقىرىپ جىنايەتچىلەرنىڭ كاتتىۋاشلىرىدىن توققۇز كىشىگە ئۆلۈم جازاسى ئېلان قىلدى ۋە ئۇلارنى تاپقان يەردە

ئۆلتۈرۈشنى، گەرچە كەئبىنىڭ يوپۇقى بىلەن پاناھلىنىۋالسىمۇ رەھىم قىلماسلىقنى بۇيرىدى.

ئاللاھ مەككىنى رەسۇلۇللاھقا ۋە مۇسۇلمانلارغا پەتھى قىلىپ بەرگەندىن كېيىن مەككىلىكلەرگە ئىش ئايان بولدى ۋە ئۇلارنىڭ نەزىرىدە ھەق ۋە ناھەق ئايدىڭلىشىپ مۇسۇلمان بولماقتىن باشقا چىقىش يولى يوقلۇقىنى تونۇپ يەتتى. شۇڭا ئۇلار ئۆزلۈلىكىدىن جەم بولۇپ رەسۇلۇللاھقا بەيئەت (ئەھدى) بېرىپ بويسۇنىدىغانلىقلىرىنى بىلدۈردى. بۇ چاغدا رەسۇلۇللاھ سەپاغا چىقىپ ئولتۇرۇپ كىشىلەردىن بەيئەت (ئەھدى) ئېلىشقا باشلىدى. رەسۇلۇللاھ مەككىدە ئون توققۇز كۈن تۇرۇپ، شەھەرنىڭ ئىسلامى بەلگە ئالامەتلىرىنى يېڭىلىدى. خەلقنى ھىدايەتكە ۋە تەقۋادارلىققا يېتەكلىدى. رەسۇلۇللاھ مەككىنى پەتھى قىلىشتىن خاتىرجەم بولۇپلا خالىد ئىبنى ۋەلىدنى رامىزاننىڭ 25 ـ كۈنى (ھىجرىيەنىڭ 8 ـ يىلى) ئۇززا دېگەن بۇتنى چېقىۋېتىشكە ئەۋەتتى. ئۇنىڭ كەينىدىنلا رەسۇلۇللاھ مۇشۇ ئاينىڭ ئۆزىدە سۇۋائ دېگەن بۇتنى چېقىۋېتىش ئۈچۈن ئەمرى ئىبنى ئاسنى يولغا سالدى. مۇشۇ ئاينىڭ ئۆزىدە يەنە رەسۇلۇللاھ سەئەد ئىبنى زەيد ئەشھەلىينى يىگىرمە ئاتلىق بىلەن مانات دېگەن بۇتنى چېقىۋېتىشكە ئەۋەتتى. مانا بۇلار مەككە پەتھىسى غازىتىنىڭ تەپسىلاتىدۇر. بۇ غازات بۇتپەرەسلىكنىڭ ئەرەب يېرىم ئارال تۇپرىقىدىكى مەۋجۇدىيىتىگە يوچۇق ياكى ئورۇن قالدۇرماي ئۇنى تەلتۆكۈس يوقاتقان ۋە ئۇنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا مەڭگۈلۈك خاتىمە بەرگەن تارىخى ئەھمىيەتكە ئىگە، ھەل قىلغۇچ پەتھى ئۇرۇشى بولدى.

## 698 ـ سۇئال: ھۇنەين ۋە تائىف غازىتى

مەككە پەتھىسى ئۇشتۇمتۇت ئېلىپ بېرىلىپ، گويا چاقماق تېزلىكىدە قولغا كەلگەن بولغاچقا پۈتۈن ئەرەبلەر ئۆز قۇلاقلىرىغا ئىشەنمەي قالدى. ئەتراپتىكى قوشنا قەبىلىلەر ھەش ـ پەش دېگۈچە يۈز بەرگەن، ئەمما توسۇپ قالغىلى بولمايدىغان بۇ ئۆزگۈرۈشلەردىن ھاڭ ـ تاڭ قىلىشتى. شۇڭا ئۇلار ئىختىيارىي ۋەياكى ئامالسىزلىقتىن تەسلىم بولماي بولمىدى. بىراق، بۇ يەردە ئىنتايىن ئاز ساندىكى ئۆزىنى كۈچلۈك چاغلايدىغان ھاكاۋۇر قەبىلە ۋە ئايماقلارنى يوق دېگىلى بولمايتتى. ھەۋازىن ۋە سەقىف قەبىلىلىرى ئۆزلىرىگە بەنى نەسىر، بەنى جەشەم بەنى سەئەد ئىبنى بەكرى جەمەتى ۋە بەنى ھىلال ئايمىقىدىن بىر بۆلۈك كىشىلەرنى ئەگەشتۈرۈپ مۇسۇلمانلارغا قارشى توپلاندى. شەنبە (ھىجرىيىنىڭ 8 ـ يىلى شەۋۋال ئېيىنىڭ 6 ـ )كۈنى سەھەردە رەسۇلۇللاھ مەككىدىن ئايرىلىپ (بۇ مەككىنى ئىشغال قىلغانىنىڭ 19 ـ كۈنىگە توغرا كېلەتتى) 12 مىڭ ساھابە بىلەن ئاتلاندى. بۇلارنىڭ 10 مىڭى مەدىنىدىن كەلگەنلەر،

ئىككى مىڭى مەككىدە يېڭىدىن مۇسۇلمان بولغانلار ئىدى. ئىسلام قوشۇنى ھۇنەينگە شەۋۋالنىڭ 20 ـ كۈنى سەيشەنبە كېچە يېتىپ باردى. ئەتىسى تاڭ سەھەردە رەسۇلۇللاھ قوشۇننى رەتكە سالدى ۋە تۇغ ـ ئەلەملەرنى ھەرقايسى قىسىملارغا تارقىتىپ بەردى. شۇنىڭ بىلەن مۇسۇلمانلار سەھەر ئالا قاراڭغۇدا ھۇنەين ۋادىسىغا قاراپ تۆۋەن چۈشۈشكە باشلىدى. ئۇلار بۇ يوللاردا ۋە جىلغىلاردا دۈشمەن بۆكتۈرمە قوشۇنى بارلىقىنى بىلمەيتتى. ئۇلار شۇنداق تىزلىك بىلەن ئىلگىرىلەۋاتقان بىر پەيتتە ئۈشتۈمتۇت ئۈستى ـ باشلىرىغا قار ـ يامغۇردەك ئوقلار يېغىپ كەتتى. ئالدى تەرەپتىن دۈشمەنلەر چۇقان سېلىپ دۈەيلەپ كەلدى. بۇ چاغدا مۇسۇلمانلارنىڭ سەپلىرى چۇۋالچاقلىشىپ، تەرتىپسىز ھالدا قېچىشقا باشلىدى. ھېچ كىشى ھېچ كىشىگە باقمايتتى. ئەمما رەسۇلۇللاھ قېچىۋاتقانلاردىن ئۆزىنى چەتكە ئېلىپ ئەسلىدىكى ئورنىدىن تەۋرەنمەي تۇردى ۋە: ئى خالايىق! بۇ ياققا كېلىڭلار، مانا مەن رەسۇلۇللاھ بۇ يەردە، مانا مەن مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇللا بۇ يەردە، دەپ توۋلايتتى. بۇچاغدا ئۇنىڭ يېنىدا مۇھاجىرلار ۋە ئۆز ئائىلە تاۋابىئاتلىرىدىن بولۇپ، ساناقلىق بىر قانچە كىشىلا قالغانىدى. مانا مۇشۇ يەردە رسۇلۇللاھنىڭ تەڭداشسىز جەسۇر قىياپىتى ۋە ھېچنىمىدىن قورقماس باتۇر خىسلىتى ھەقىقىي رەۋىشتە نامايەن بولدى. ئۇ ھەدەپ خېچىرىنى دۈشمەن تەرەپكە دېۋىتىپ ھەيدەيتتى. بىراق رەسۇلۇللاھنىڭ خېچىرىنىڭ تىزگىننى ئۇنىڭ بىر نەۋرە ئىنىسى ئەبۇ سۇفيان ئىبنى ھارىس ۋە ئۇنىڭ ئىگەر ئۈزەڭگىسىنى تاغىسى ئابباس ئىبنى ئابدۇلمۇتەللىپ چىڭ تۇتىۋالغان بولغاچقا، خېچىرنى ماڭغىلى قويمايۋاتاتتى. ئاندىن رەسۇلۇللاھ ئاتتىن چۈشۈپ پەرۋەردىگار تائالادىن: ئى ئاللاھ! ياردىمىڭنى نازىل قىلغىن، دەپ مەدەت تىلىدى. رەسۇلۇللاھ تاغىسى ئابباس (رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ)نى بۇيرۇپ، ساھابىلەرنى توۋلاتقۇزدى. شۇنداق قىلىپ ئاخىرى رەسۇلۇللاھنىڭ يېنىدا يۈزدەك ئادەم جەم بولىۋىدى، ئۇلار سەپ تارتىپ دۈشمەن توپىنىڭ ئالدىنى توسۇپ ئۇلار بىلەن قاتتىق ئېلىشتى. ئۇنىڭدىن كېيىن دەئۋەت ئەنسارلارغا قارىتىلدى، ئاندىن بەنى ھارىس ئىبنى خەزرەج (ئەنسارلارنىڭ بىر ئايمىقى)گە ئالاھىدە قارىتىلىپ چاقىرىلدى. گويا ئۇركۈتۈلگەن جەرەندەك قېچىۋاتقان مۇسۇلمانلار بۇ ئاۋازنى ئاڭلاپ ئۇۋۇغا ئېتىلغان يولۋاستەك ئېتىلىپ كېلىشتى. نەتىجىدە، ھەر ئىككى تەرەپ ئاجايىپ جاسارەت، ئاجايىپ قەھرىمانلىق بىلەن ئېلىشتى رەسۇلۇللاھ جەڭ مانا ئەمدى قىزىدى، دېدى. ئاندىن يەردىن بىر چاڭگال توپىنى ئېلىپ: دۈشمەنلەر خار بولسۇن! دەپ ئۇلار تەرەپكە چاچقانىدى، ئۇلارنىڭ ھەممىسىنىڭ كۆزلىرى توپىغا توشۇپ كەتتى. بۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ جەڭگىۋارلىقى بوشىشىپ، سەپ ـ تەرتىپلىرى چاۋالچاقلاشتى، ئىشلىرى

كەينىگە چېكىندى. رەسۇلۇللاھ ھېلىقى بىر سىقىم تۇپراقنى چېچىپ ئۇزاق ئۆتمەيلا دشمەن تەرەپكە ئېغىر مەغلۇبىيەت يۈزلەندى. دۈشمەن تەرەپ جەڭ مەيدانىدا ئېغىر شىكەستە يېگەندىن كېيىن ئۇلارنىڭ بىر بۆلىكى تائىف تەرەپكە، يەنە بىر بۆلىكى نەخلى دېگەن جايغا، ئۈچىنچى بىر بۆلىكى ئەۋتاسقا قاراپ تىكىۋېتىشتى. شۇنىڭ بىلەن رەسۇلۇللاھ ئەۋتاسقا ئەبۇ ئامىر ئەشئەرى باشچىلىقىدا بىر تۈركۈم قوغلاپ زەربە بەرگۈچى قىسىمنى ئەۋەتكەندى. ئۇلار دۈشمەن بىلەن ئازراق تىركىشىپ، ئاخىر دۈشمەننى مەغلۇپ قىلدى. شۇ قېتىمقى تىركىشىشتە قىسىم قوماندانى ئەبۇ ئامىر ئەشئەرى شەھىد بولۇپ كەتتى. يەنە مۇسۇلمانلارنىڭ ئاتلىق چەۋەندازلىرىدىن بىر بۆلۈك كىشىلەر نەخلىگە قاچقان مۇشرىك قاچاق قوشۇننى قوغلاپ زەربە بەردى. ئەمما، مۇشرىكلارنىڭ مۇتلەق كۆپ ساندىكى قاچاق قوشۇنى تائىفقا كىرىپ پاناھلىنىۋالغان ئىدى. رەسۇلۇللاھ ھۇنەيندىكى غەنىمەتلەرنى يىغىپ جىئررانىگە ئورۇنلاشتۇرۇشتىن پارىغ بولۇپلا، مۇشۇ ئاي (يەنى شەۋۋال)نىڭ ئۆزىدە تائىفقا جازا يۈرۈش قىلدى. ئۇ يولغا چىقىشتىن بۇرۇن خالىد ئىبنى ۋەلىدنى مىڭ كىشى بىلەن قوشۇننىڭ كۆزەتچىلىرى سۈپىتىدە ئالدىن يولغا سېلىۋەتكەندى. ئاندىن ئۇ چوڭ قوشۇننى باشلاپ ئۆزى بىۋاستە ئاتلاندى، داۋاملىق ئىلگىرىلەپ بىر چاغدا تائىفقا يېتىپ بېرىپ تائىف قەلئەسىگە يېقىن بىر جايغا چۈشۈپ شۇ يەرگە بارگاھ قۇردى ۋە قەلئەنى مۇھاسىرىگە ئالدى. مۇھاسىرە خېلى ئۇزۇن داۋاملاشتى. مۇھاسىرىنىڭ ۋاقتى ئۇزۇنغا سوزۇلغانسېرى دۈشمەننىڭ قارشىلىق كۆرسىتىش تەدبىرلىرى كۈچەيدى. مۇسۇلمانلارنىڭ ئىچىدە مۇشرىكلارنىڭ ئوق زەربىسى ۋە قىزىتىپ تاشلىغان تۆمۈر پارچىلىرىنىڭ زەربىسىدىن ئۆلۈم ـ يېتىم ۋە يارىدار بولۇش ئەھۋالى ئېشىپ باردى. ئەسلىدە دۈشمەن تەرەپ قورغان ئىچىگە بىر يىل يەتكۈدەك تەمىنات ۋە ئوزۇق ـ تۈلۈك توپلىۋالغاندى. رەسۇلۇللاھ تائىفتىكى مۇھاسىرنى بوشىتىپ جىئررانىگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، ھەۋازىن خەلقى تەۋبە (پۇشايمان) قىلىپ، مال ـ مۈلۈك ۋە ئەسىرلىرىنى تىلەپ ئېلىۋېلىش ئۈچۈن ئەلچى كېلىپ قالار دېگەن ئۈمىدتە غەنىمەتلەرنى تەقسىم قىلماي، ئون نەچچە كۈن كۈتۈپ تۇردى. لېكىن، ئۇلار تەرەپتىن ھېچكىم كەلمىدى. شۇڭا، رەسۇلۇللاھ پۈتۈن ئەس ـ يادى غەنىمەت ۋە تەقسىماتتا قالغان ئايرىم شەخسلەر، قەبىلە ئاقساقاللىرى ۋە مەككە كاتتىۋاشلىرىنىڭ كۆڭلىنى تىندۇرۇپ قويۇش ئۈچۈن غەنىمەتلەرنى تەقسىم قىلىشقا كىرىشتى. كۆڭلىنى ئىسلامغا مايىل قىلىش ئوبيېكتلىرى ھەممىدىن ئەۋۋەل بەھرىمەن قىلىندى ۋە ئالاھىدە ئىسۋىگە ئىگە بولدى. ئىسلام دىنىغا مايىل قىلىش ئوبيېكتلىرىغا رەسۇلۇللاھ ئۆزى چاغلاپ بېرىپ بولغاندىن كېيىن، زەيد ئىبنى سابىتنى قالغان غەنىمەتلەر بىلەن

ئەسىرلەرنىڭ سانىنى ئېلىشقا بۇيرىدى. ئاندىن ئۇنى قوشۇننىڭ كىشى بېشىغا چاچقاندى. ھەر بىر ئادەمگە تۆت تۆگە، قىرىق دانە قوي تەقسىم بولدى. ناۋادا ئاتلىق بولسا ئون ئىككى تۆگە ۋە يۈز يىگىرمە قويغا ئىگە بولدى. بۇ تەقسىمات ناھايىتى كۈچلۈك سىياسىيۋىلىككە ئىگە ئىنتايىن دانا تەقسىمات بولغاندى. بۇ سىياسەتنى دەسلەپتە ئانچە ياخشى چۈشىنىپ كەتمىدى. شۇڭا ھەرخىل ئۆسەك گەپ ـ سۆزلەر پەيدا بولدى. ئەنسارلار ئاشۇ سىياسەتنىڭ زىيىنىنى ئەڭ كۆپ تارتتى. ئۇلار ھۇنەين ھەدىيە سوۋغىلىرىدىن پۈتۈنلەي مەھرۇم قالغاندى. سەئەد ئىبنى ئۇبادە رەسۇلۇللاھنىڭ يېنىغا كىرىپ: ئى رەسۇلۇللاھ! سەن ئۆز قەۋم ـ قېرىنداشلىرىڭغا ۋە باشقا قەبىلە ئاقساقاللىرىغا زور مىقداردا سوۋغا ۋە ھەدىيەلەرنى تۆكۈپ بېرىپ، ئەنسارلاردىن ئىبارەت بۇ بىر جەمەت كىشىلەرگە ھېچ نەرسە بەرمىگەنىدىن كېيىن ئۇلار سەندىن خاپا بولۇپتۇ، دېۋىدى، رەسۇلۇللاھ: سەنمۇ خاپا بولدىڭمۇ؟ دەپ سورىدى، سەئەد ئىبنى ئۇبادە: ئى رەسۇلۇللاھ! مەنمۇ شۇلارنىڭ بىرى ـ دە، ئەلۋەتتە، دېدى. رەسۇلۇللاھ: ئۇنداق بولسا قەۋمىڭنى مۇنۇ ئېھاتە ئىچىگە يىغقىن، دېدى. شۇنىڭ بىلەن سەئەد ئەنسارلارنىڭ قېشىغا چىقىپ ئۇلارنى ھېلىقى ئېھاتە ئىچىگە يىغدى. شۇنىڭ بىلەن رەسۇلۇللاھ ئۇلارنىڭ يېنىغا كىرىپ ئاۋۋال ئاللاھقا ھەمدۇسانا ئېيتتى، ئاندىن مۇنداق دېدى: ئى ئەنسارلار جامائەسى! ماڭا سىلەر تەرىپىدىن ئاڭلانغىنى قانداق گەپ؟! ئۇ سىلەرنىڭ كۆڭلۈڭلەردە ماڭا ئاچچىقڭلار كەلگىنىمۇ؟! مەن سىلەرنىڭ قېشىڭلارغا بېرىشنىڭ ئالدىدا سىلەر ئازغۇن ـ گۇمراھ خەلق ئەمەسمىدىڭلار، ئاللاھ سىلەرنى مېنىڭ سەۋەبىم بىلەن ھىدايەت قىلمىدىمۇ؟ كەمبەغەل ـ نامرات ئىدىڭلار، ئاللاھ سىلەرنى باي قىلمىدىمۇ؟ ئۆزئارا ئاداۋەتلىك دۈشمەنلەردىن ئىدىڭلار، ئاللاھ قەلبىڭلارنى بىرلەشتۈرۈپ سىلەرنى ياراشتۇرمىدىمۇ؟ ئەنسارلار: شۇنداق، ئاللاھ ۋە ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرىنىڭ ياخشىلىقى كۆپتۇر ۋە ئەۋزەلدۇر، دېيىشتى. رەسۇلۇللاھ يەنە: ئى ئەنسارلار جامائەسى! جاۋاب بىرىڭلارچۇ؟ دېگەندى، ئەنسارلار: نېمىدەپ جاۋاب بېرەرمىز ئى رەسۇلۇللاھ! ياخشىلىق ئاللاھقا ۋە ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرىگە مەنسۇپ، دەپ تۇرۇۋالدى. رەسۇلۇللاھ: ئەگەر خالىساڭلار: سېنى باشقىلار يالغانغا چىقىرىپتىكەن، بىز راست دەپ ئېتىراپ قىلدۇق، ئەل تاشلىۋېتىپتىكەن، بىز قوللىدۇق، قوغلىۋېتىپتىكەن، بىز ئارىمىزغا ئالدۇق، نامرات يوقسۇلكەنسەن، غەمخورلۇق قىلدۇق، دېيىشڭلار مۇمكىن، ئەلۋەتتە راست دەيسىلەر. ئى ئەنسارلار! بەزى ئادەملەرنى مۇسۇلمان بولسۇن ئۈچۈن دۇنيانىڭ يوقلاڭ نەرسلىرى بىلەن بەھرىمەن قىلىپ، سىلەرنى ئىمانىڭلارغا تاپشۇرسام شۇنىڭغا ئاچچىقىڭلار كەلدىمۇ؟ ئى ئەنسارلار! باشقىلار قوي ـ كالىلارنى ھەيدەپ كەتسە،

سلەر يۇرتۇڭلارغا رەسۇلۇللاھنى ئېلىپ قايتىشقا رازى بولمامسىلەر؟ ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، ئەگەر ھىجرەت بولمىغان بولسا مەن ئەنسارلاردىن ئەۋەتىلگەن بولاتتىم. جىمى ئادەملەر بىر يولدا مېڭىپ، ئەنسارلار يەنە بىر يولغا ماڭسا مەن چوقۇم ئەنسارلار ماڭغان يولنى تۇتقان بولاتتىم. ئى ئاللاھ! ئەنسارلارغا رەھمەت قىلغىن، ئەنسارىلارنىڭ بالىلىرىغا رەھمەت قىلغىن ۋە ئۇلارنىڭ نەۋرە ـ چەۋرىلىرىگە رەھمەت قىلغىن، دېدى. بۇ چاغدا ئەنسارلار كۆز يېشى قىلىشىپ كەتتى، ھەتتا ساقاللىرى ھۆل بولۇپ كەتتى. ئۇلار مۇنداق دېدى: رەسۇلۇللاھنىڭ تەقسىماتىغا رازى بولدۇق ۋە نېسىۋىمىزنىڭ رەسۇلۇللاھ بولىشىغا رازى بولدۇق، ئاندىن رەسۇلۇللاھمۇ قايتتى ۋە ئۇلارمۇ تارقىلىشتى.

غەنىمەتلەر تەقسىم قىلىنىپ بولغاندىن كېيىن ھەۋازىن ئەلچىلىرى ئۆزلىرىنىڭ مۇسۇلمان بولغانلىقىنى بىلدۈرۈپ كەلدى. ئۇلار زۇھەير ئىبنى سەردا باشچىلىغىدا ئون تۆت ئادەم ئىدى. ئەلچىلەر رەسۇلۇللاھنىڭ ئىملداش تاغىسى ئەبۇ بەرقاننىمۇ ئېلىپ كەلگەنىدى. ئەلچىلەر رەسۇلۇللاھتىن ئۇلارغا ياخشىلىق قىلىش يۈزىسىدىن ئەسىر ۋە مال ـ مۈلۈكلىرىنى قايتۇرۇپ بېرىشنى تىلىدى. شۇنىڭ بىلەن مۇسۇلمانلار ھەۋازىن ئەلچىلىرىگە بەس ـ بەس بىلەن ئاسارەتتىكى خوتۇن ـ قىزلىرىنى ۋە ئوغۇل بالا چاقىلىرىنى قايتۇرۇپ بىرىشتى. رەسۇلۇللاھ جىئرانىدىكى تەقسىمات ۋە ئەسىرلەرنى قايتۇرۇش ئىشلىرىدىن پارىغ بولغاندىن كېيىن، شۇ يەردىن ئۆمرە ھەجگە ئېھرام باغلاپ ھەرەمگە كىرىپ ئۆمرە ئادا قىلدى ۋە مەككىگە ئەتتاپ ئىبنى ئەسىيدنى باش مەئمۇر (ۋالىي) قىلىپ تەيىنلەپ قويغاندىن كېيىن مەدىنىگە قايتتى.

## 699 ـ سۇئال: تەبۇك غازىتى

ھىجرىيەنىڭ 9 ـ يىلى رەجەپ (7 ـ ئاي). شۇنىسى ئېنىقكى، مەككە پەتھىسىدىن كېيىن كىشىلەر ئاللاھنىڭ دىنىغا توپ ـ توپ بولۇپ كىرىشكە باشلىدى. لېكىن، بۇ يەردە مۇسۇلمانلارغا تەھدىت بولۇپ تۇرغان بىر دۈشمەن كۈچى بار بولۇپ ئۇ بولسىمۇ (ئەينى دەۋردىكى يەر شارى بويىچە ھەربىي كۈچى ئەڭ زور) رۇم خاندانلىق ئىدى. قەيسەر(رۇم خاندانى) مۇئتە ئۇرۇشىنىڭ مۇسۇلمانلار ئۈچۈن كەلتۈرگەن ئىجابىي تەسىرلىرىنى ۋە ئۆز مۇستەملىكىسى ئاستىدىكى ئەرەب قەبىلىلىرىنىڭ رۇملۇقلارنىڭ ئاسارىتىدىن قۇتۇلۇپ چىقىپ مۇسۇلمانلارغا ئەل بولۇش كويىدا بولۇۋاتقانلىقىنى بۇ خىل ئىدىيۋى بۇرۇلۇش ئۇنىڭ چېگرىسى ئىچىگە قەدەممۇ ـ قەدەم ئىچكىرلەپ ئەرەب شام چېگرىسىغا تەھدىت سېلىۋاتقان بىردىن ـ بىر چوڭ خەۋپ ـ خەتەر بولۇپ قالغانلىقىنى تونۇپ يەتتى. مۇشۇ ئەھۋاللاغا ئاساسەن موئتە ئۇرۇشىغا تولۇق بىر يىل بولماي تۇرۇپلا قەيسەر(رۇم خاندانى) رۇملۇقلار ۋە رۇمغا قاراشلىق

غەسسان ئەرەبلىرى ۋە باشقا ئەرەب قەبىلىلىرىدىن قوشۇن تەشكىللەشكە كىرىشتى ۋە چوڭ قانلىق تۇقۇنۇشقا تەييارلىق كۆردى. رۇملۇقلارنىڭ مۇسۇلمانلارغا قارىتا كەڭ ـ كۆلەمدە ئۇرۇش قوزغاش ئۈچۈن جىددى تەييارلىق كۆرۈۋاتقانلىقى ھەققىدىكى خەۋەر مەدىنىگە ھەر تەرەپتىن ئۇچۇپ كېلىشكە باشلىدى.

مۇشۇ يىلى(ھىجرىيىنىڭ 9 ـ يىلى) مەلۇم بىر ئايدا رەسۇلۇللاھ ئاياللىرىغا بىر ئاي يېقىن بارماسلىققا قەسەم قىلغان بولۇپ، ئۇ ئۆينىڭ ئۈستىدىكى بالىخانىغا چىقىۋېلىپ ئۇلاردىن ئايرىلىپ تۇرغانىدى. ساھابە كىراملار دەسلەپتە ئىشنىڭ تېگىنى ئۇقماي، رەسۇلۇللاھ ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى بىراقلا تالاق قىلىۋەتكەن چېغى، شۇڭا ھېچقايسى ئايالى بىلەن ئارايىش قىلمايدىغان چېغى دەپ ئويلاپ غەمگە پاتتى ۋە قاتتىق بىئارام بولۇشتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە رۇملۇقلارنىڭ ئۇرۇش تەييارلىقى ھەققىدىكى خەۋەرلەر مەدىنىگە يېتىپ كېلىشى بىلەن تەڭ مەدىنىدىكى يەرلىك مۇناپىقلارنىڭ ئىغۋاگەرچىلىك ھەرىكەتلىرى ۋەزىيەتنى تېخىمۇ كەسكىنلەشتۇرۇۋەتكەن. بۇ مۇناپىقلار، ئىسلام دىنىغا ۋە مۇسۇلمانلارغا قارىتا تۆت كۆزى بىلەن كۈتكەن يامانلىقلارنىڭ رېئاللىققا ئايلىنىشىدىن ئۈمىدىنى تېخىچە ئۈزمىگەنىدى، شۇڭا ئۇلار بۇ قېتىم ناھايىتى ھاياجانلىنىپ كەتتى ۋە ھەرىكىتىنى تېزلەتتى. ئۇلار بۇ قېتىم ئۆزلىرىنىڭ ئاشۇ رەزىل ئارزۇ ـ ئارمانلىرىنىڭ ئەمەلگە ئېشىش ۋاقتى يېقىنلاپ كەلدى، دەپ قاراپ مەدىنىدە سۇيىقەست پىلانلاش ۋە دۈشمەن كۈچلەر بىلەن تىل بىرىكتۈرۈش مەقسىتىدە، مەسجىد نامىدا رەزىللىك ئۇۋىسىدىن بىرنى تەسىس قىلدى. ئۇ بولسىمۇ تارىختىكى زىرار مەسجىدى (يەنى زىيانلىق مەسجىد)ئىدى. ئۇلار ئۇ مەسجىدنى كۇفرىنى قايتا باش كۆتۈرگۈزۈش، مۆئمىن مۇسۇلمانلار ئارىسىغا پاراكەندىچىلىك سېلىش، ئۇلارنىڭ بىرلىكىنى پارچىلاش ۋە ئاللاھقا، ئاللاھنىڭ رەسۇلىغا قارشى تۇرغۇچىلار(ئەبۇ ئامىر راھىبقا ئوخشاش) ئۈچۈن تايانچ بازا تەسىس قىلىشنى مەقسەت قىلغانىدى. ئۇلار تېخى رەسۇلۇللاھنى بۇ مەسجىدتە تەبەررۈكەن ناماز ئوقۇپ بېرىشكە تەكلىپ قىلغان ئىدى. لېكىن رەسۇلۇللاھ ئۇرۇش ئىشى بىلەن ئالدىراش بولغاچقا ناماز ئوقۇپ بېرىش ئىشىنى (غازاتتىن قايتىپ كەلگەندىن كېيىنگە) كەينىگە سۈردى، نەتىجىدە ئۇلار مەقسىتىنى ئەمەلگە ئاشۇرالمايلا قالماستىن بەلكى سۇيىقەستى پاش بولۇپ قېلىپ ئەل ئارىسىدا رەسۋا بولدى. كېيىن رەسۇلۇللاھ غازاتتىن قايتىپ كېلىپ ناماز ئوقۇپ بېرىشنىڭ ئورنىغا قۇراللىق قوشۇن ئەۋەتىپ ھېلىقى مەسجىد نامىدىكى ئۇۋىنى چۇۋۇۋەتتى.

يۇقىرىقىلار مۇسۇلمانلار دۇچ كەلگەن ئەھۋاللار ۋە تاپشۇرۇۋالغان ئاخباراتلار ئىدى. شۇ ئەسنادا ئۇشتۇمتۇت شامدىن مەدىنىگە ياغ ئېلىپ كېلىدىغان ئەنبات

قەبىلىسىگە تەۋە ئەرەب سودىگەرلىرى كەلدى، ئۇلارنىڭ ئېيتىشىچە «ھىرەقلى» (رۇم پادىشاھى) قىرىق مىڭ كىشىلىك قوشۇن تەشكىللەپ ئۇنىڭ قوماندانلىقىنى رۇملۇقلارنىڭ پۇشتىدىن بولغان بىر كىشىگە تۇتقۇزغان. ئۇ يەنە بۇ ئۇرۇشقا ئەرەب خىرىستىئانلىرىدىن لەخمى، جۇزام ۋە باشقا قەبىلىلەرنى قاتنىشىشقا چاقىرغان. قوشۇننىڭ ئالدى بەلقاغا كېلىپ ئورۇنلاشقان ۋەھاكازالار بولدى. بۇنىڭ بىلەن مۇسۇلمانلارنىڭ كۆز ئالدىدا ئاجايىپ چوڭ بىر خەۋپ - خەتەرنىڭ قارا كولەڭگىسى پەيدا بولۇشقا باشلىدى. بۇ خەۋەر مەدىنىنىڭ سىياسىي ۋەزىيىتىنى تېخىمۇ جىددىيلەشتۈرۈۋەتتى، چۈنكى ئادەملەر نامرات قىيىنچىلىقى ئېغىر، ئۇلاغ - ئۇلمەكىلىرى يولغا يارىمايتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە مەدىنە خورمىلىرى مىلىق - مىلىق پىشقان مەزگىلگە توغرا كېلىپ قالغان بولغاچقا، ئادەملەر باغ - ۋارانلىرىدىن ۋە سايىلىق دەرەخلىرىنىڭ تۈۋىدىن ئايرىلغۇسى كەلمەيتتى، قىسقىسى بۇنداق بىئەپ چاغدا سەپەرگە چىقىشنى ھېچكىم ياقتۇرمايتتى. بۇنى ئاز دەپ مۇساپە ئۇزاق، يول يۈرۈش جاپالىق، قىيىنچىلىق ئېغىر ئىدى. پايدىسىز ئاممىلار نۇرغۇن ئەمەلىي ئەھۋاللار ئەنە شۇنداق مۇرەككەپ، شارائىت قىيىن بولۇۋاتقان بولسىمۇ، لېكىن رەسۇلۇللاھ دەۋر شارائىتى ۋە ۋەزىيەت تەرەققىياتىغا ھەممىدىن ئىنچىكە ۋە ھەممىدىن بەك يىراقنى كۆرەرلىك بىلەن نەزەر سېلىپ تۇرۇۋاتاتتى. شۇڭا ئۇ دۈشمەن تەرەپنىڭ چېگرا تەۋەلىكىگە كەڭ كۆلەملىك غازات قوزغاپ ئۇلارنىڭ ئىسلام دىيارىغا باستۇرۇپ كىرىشىنىڭ قەتئىي ئالدىنى ئېلىشنى قارار قىلدى. رەسۇلۇللاھ ۋەزىيەتنى مانا مۇشۇنداق توغرا مۆلچەرلىگەندىن كېيىن ساھابە كىراملارغا ئۇرۇش تەييارلىقى كۆرۈشكە چاقىرىق قىلدى. مەككە ۋە باشقا ئەرەب قەبىلىلىرىگە ئادەم ئەۋەتىپ كىشىلەرنى سەپەرۋەر قىلدى. مۇسۇلمانلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ رۇمغا قارشى ئۇرۇش چاقىرىقىنى ئاڭلىغان ھامان بەس - بەستە ئاۋاز قوشتى. ئۇلار قول - قولچە تەييارلىق كۆرۈپ ناھايىتى تېزلىكتە مەدىنىگە ھازىر بولۇشتى. ھەش - پەش دىگۈچە ھەر قايسى ئايماقلاردىن ئورۇق - سېمىز تۆگە - تايلاقلارغا مىنىپ، ھەر قايسى كوچا - چىغىرلاردىن مەدىنىگە ئېقىشقا باشلىدى ۋە مۇسۇلمانلار يەنە بەس - بەس بىلەن پۇل مال ئىئانە قىلدى. سەدىقە بەردى ۋە خەيرى ساخاۋەت قوللىرىنى كەڭ ئېچىۋەتتى. ئوسمان ئىبنى ئەففان شۇ كۈنلەردە 200 تۆگىنى توقام تارتۇقلىرى بىلەن ۋە 200 ئۇقىيە(بىر ئۇقيە 12 دەرھەم ياكى 37. 4 گىرام ئالتۇنغا تەڭ) نەق پۇلنى تىجارەت كارۋىنى تەشكىللەپ شامغا يولغا سالماقچى بولۇۋاتاتتى. ئۇ بۇ ماللارنىڭ ھەممىسىنى خۇدا يولىدا سەدىقە بىرىۋەتتى، ئارقىدىن يەنە 100 تۆگىنى ئىگەر جابدۇقلىرى بىلەن ئىئانە قىلدى، ئۇنىڭ كەينىدىن مىڭ دىنار(تىللا)نى كۆتۈرۈپ كېلىپ رەسۇلۇللاھنىڭ

ئىتتىكگە توككەنىدى رەسۇلۇللاھ دىنارلارنى شاراقلىتىپ ئۇنى قولىدىن سول قولىغا تۆكۈپ: «بۈگۈندىن ئىتىۋارەن ئوسمان قىلىپ سالغان ئىشلارنىڭ ئۇنىڭغا ھېچ زىيىنى بولمايدۇ» دەيتتى. ئاندىن ئوسمان يەنە ئارقا ـ ئارقىدىن ئەكىلىپ تۆككەن ئىئانىلىرىنىڭ ئومۇمىي سوممىسى نەق دىناردىن باشقا توققۇز يۈز تۆگە ۋە يۈز دانە ئات (ئىگەر جابدۇقلىرى بىلەن)قا يەتتى. ئابدۇرەھمان ئىبنى ئەۋف ئىككىيۈز ئوقيە ئىئانە قىلدى. ئەبۇ بەكرى سىددىق مال ـ دۇنياسىنىڭ جىمىسىنى ئېلىپ كەلدى، ئۇ بۇ ئۇرۇشقا تۇنجى بولۇپ ئىئانە ئېلىپ كەلگەن كىشى بولۇپ: «ئائىلەمگە ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ رەسۇلىنى قالدۇردۇم » دېدى. ئۇ تۆت مىڭ دەرھەم ئىدى.

ئۆمەر ئىبنى خەتتاپ ئىقتىسادىنىڭ يېرىمىنى بۆلۈپ ئېلىپ كەلدى. ئاباسمۇ نۇرغۇن مال ـ دۇنيانى ئەكىلىپ تاشلىدى. تەلھە، سەئەد ئىبنى ئوبادە ۋە مۇھەممەد ئىبنى مەسلەمەلەرمۇ نۇرغۇن مال ئىئانە قىلدى. ئاسىم ئىبنى ئەديى 90 ۋەسەق(بىر ۋەسەق 150 كىلوگىرامغا تەڭ) خورما ئىئانە قىلدى. بىر قانچە كۈندىن بىرى ئىئانە قىلغۇچىلانىڭ ئايغى ئۈزۈلمىدى ھەممە ئادەم ئازدۇر ـ كۆپتۇر سەدىقە ۋە ئىئانىلىرىنى ئېلىپ كەلدى، ھەتتا ئۇلارنىڭ ئىچىدە ھېچ نەرسە تاپالمىسا بىر مۇد(ئۆلچەم بىرلىكى بولۇپ ھازىرقى 18 لىترغا تەڭ) ياكى ئىككى مۇد بولسىمۇ بىر نەرسىلەرنى كۆتۈرۈپ كېلەتتى. مۇسۇلمان ئاياللارمۇ قاراپ تۇرمىدى. ئۇلار قۇدرىتىنىڭ يېتىشىچە بىلەيزۈك، مۇنچاق، خالخال(پۇتقا سالىدىغان زىننەت بۇيۇمى) ھالقا، زىرە ۋە ئۈزۈك چاغلىق بىر نەرسىلىرىنى ئەۋەتىپ غازاتنى قوللىدى.

مۇسۇلمانلار مۇشۇنداق جىددى تۇتۇشۇپ ئۇرۇش تەييارلىقىنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن، رەسۇلۇللاھ مەدىنىگە ئۆز ئورنىدا مۇھەممەد ئىبنى مەسلەمەنى قالدۇرۇپ يولغا چىقتى. ئۇ يولغا چىقىش ئالدىدا ئەلى ئىبنى ئەبى تالىپنى قالدۇرۇپ ئۇنى مەخسۇس رەسۇلۇللاھنىڭ ئائىلىسىگە قاراشقا بۇيرىدى. رەسۇلۇللاھ يۈرۈپ كەتكەندىن كېيىن مۇناپىقلار ئەلىنى ئەيىپلەپ، ئۇنىڭ ئۈستىدە گەپ تاپقانلىقتىن ئۇ دەرغەزەپ بولۇپ رەسۇلۇللاھنىڭ كەينىدىن يېتىشۋالدى. رەسۇلۇللاھ ئۇنى مەدىنىگە يەنە قايتۇرۇپ: «سەن بىلەن مەن ھارۇن بىلەن مۇساغا ئوخشاش بولساق رازى بولمامسەن؟ بىرلا مەندىن كېيىن پەيغەمبەر كەلمەيدۇ خالاس» دېدى. رەسۇلۇللاھ ئەلىنى مەدىنىگە قايتۇرۇۋەتكەندىن كېيىن تەبۇكقا قاراپ ئىلگىرىلىدى. لېكىن قوشۇننىڭ سانى كۆپ بولغاچقا، (30 مىڭ كىشى بولۇپ مۇسۇلمانلار بۇنىڭ ئالدىدا بۇنداق زور كۆلەمدە تەشكىللىنىپ باقمىغان ئىدى) مۇسۇلمانلار گەرچە ئىئانە قوللىرىنى كەڭ ئېچىۋەتكەن بولسىمۇ، تولۇق تەييارلىق قىلالمىغان بولغاچقا، يەنىلا قوشۇندا ئۇزۇقلۇق ۋە ئۇلاغ مەسىلىسىدە زور قىيىنچىلىق كۆرۈلدى. 18 سەككىز ئادەم بىر تۆگىگە نۆۋەتلىشىپ

مىنەتتى، بەزىدە ئۇلار دەل ـ دەرەخلەرنىڭ غازاڭ ـ يوپۇرماقلىرىنى يېيىشكە مەجبۇر بولغان بولۇپ، ئېغىز ۋە لەۋلىرى ئىششىپ دودىيىپ كەتتى. تۆگە ئۇلاغلار مىنگىلى يېتىشمەيۋاتقانلىقى ئۈستىگە ئۇسسۇزلۇق ئازابىغا چىدىماي تۆگىلەرنى ئۆلتۈرۈپ ئۇلارنىڭ سۇ خالتىسىدىكى سۇلارنى ئىچىشكە مەجبۇر بولدى. ئۇزاق مۇساپىنى بېسىپ تەبۇك كەنتىگە يېتىپ كەلگەن ئىسلام قوشۇنى دۈشمەننىڭ ئالدىنى توسۇش ئۈچۈن شۇ يەرگە بارگاھ قۇرۇپ ئۇرۇشقا تەييارلىق كۆردى. بۇ چاغدا رەسۇلۇللاھ قوشۇنغا نۇتۇق سۆزلەپ ئاجايىپ پاساھەتلىك، لەبزى ئىخچام مەزمۇنى مول سۆز ئىبارىلەرنى ئىشلىتىپ قوشۇننى ئىككى دۇنيالىق بەخت ـ سائادەتنىڭ ھۇلى بولغان جىھادنىڭ غەلبىسىنى قولغا كەلتۈرۈشكە چاقىردى.

ئەمما رۇم دائىرلىرى ۋە ئۇلارنىڭ ياللانما ئىتتىپاقداشلىرى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قوشۇن تارتىپ كەلگەنلىكىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن تەنلىرىگە قورقۇنچ، تىترەك ئولىشىپ سەراسىمىگە چۈشتى، ئۇلار باستۇرۇپ كېلىش ئۇياقتا تۇرسۇن قانداق چېكىنىش ئويىغا پاتتى ۋە كەلگەن يېتى تارقاپ كېتىش قارارىنى قىلىشىپ ئاستاغىنا تارقىلىپ كېتىشتى. بۇنىڭ بىلەن تەبۇك غازىتى ئاساسىي جەھەتتىن ئاخىرلاشتى. ئەمما بۇ غازات مۇسۇلمانلارنىڭ ئارالىنىڭ ئىچى سىرتىدىكى شان ـ شەۋكىتىنى ئىلگىركىدىن ھەسسىلەپ ئاشۇردى. ئەمدى ھەر قانداق بىر دۈشمەن كۈچ مۇسۇلمانلارنىڭ ھەربىي كۈچىنى سەل چاغلىمايدىغان بولدى. مۇسۇلمانلار بۇ قېتىمقى تىنچ ئۇرۇش بىلەن قانلىق ئېلىشقاندا قولغا كېلىشى تەسكە توختايدىغان غايەت زور سىياسىي ۋە ئىجتىمائىي مۇۋەپپەقىيەتلەرگە ئېرىشتى.

ئىسلام قوشۇنى تەبۇكتا نۇسرەت قازىنىپ زەپەر بىلەن مەدىنىگە قايتتى، ئۇلار ھېچقانداق پىشكەللىككە يولۇقمىدى. ئاللاھ مۆئمىن مۇسۇلمانلارنى قانلىق توقۇنۇشتىن ساقلىدى. قايتىش يولىدا بىر داۋان بويىغا كەلگەندە مۇناپىقلاردىن ئون ئىككى كىشى رەسۇلۇللاھنى قەستلەپ ئۆلتۈرۈش سۇيىقەستىنى پىلانلىغان بولسىمۇ ئەمەلگە ئاشمىدى. رەسۇلۇللاھ ھوزەيفەگە ئۇلارنىڭ ئىسىملىكىنى ۋە پىلانلىغان سۇيىقەستىنى ئېيتىپ بەرگەندى. شۇڭا ھۇزەيفە رەسۇلۇللاھنىڭ مەخپىيەتلىكىنى ساقلىغۇچىسى دەپ ئاتالدى. مەدىنە خەلقى رەسۇلۇللاھنىڭ قايتىپ كەلگەنلىكىنى ئاڭلاپ قوزغىلىپ كەتتى. ئاياللار، باللار ۋە قۇل چۆرىلەر قىزغىن ئالقىش سادالىرىنى ياڭرىتىپ ئىسلام قوشۇنىنى قارشى ئېلىش ئۈچۈن چىقتى. رەسۇلۇللاھ تەبۇكقا رەجەپ (7 ـ ئاي)دا ئاتلانغان ئىدى، رامىزان(9 ـ ئاي)دا قايتىپ كەلدى. بۇ غازاتقا ئەللىك كۈندەك ۋاقىت سەرپ بولدى، بۇنىڭدىن 20 كۈن تەبۇكتا ئۆتتى، بىر ئايدەك ۋاقىت بېرىش ـ كېلىشكە كەتتى. تەبۇك غازىتى رەسۇلۇللاھ قاتناشقان ئەڭ ئاخىرقى غازات

بولۇپ قالدى.

## 700ـ سوئال: ۋىدالىشىش ھەججى

ئاللاھ تائالا رەسۇلۇللاھنىڭ مەككىدە ھەر قايسى ئەرەب قەبىلە خەلقلىرى ۋە ئۇلارنىڭ ۋەكىللىرى بىلەن ئۇچرىشىپ رەسۇلۇللاھدىن دىن ـ شەرىئەت ئەھكاملىرىنى ئۆگىنىپ رەسۇلۇللاھ ئۇلاردىن ئۆزىنىڭ ئامانەتنى يەتكۈزگەنلىكىگە، ئەلچىلىكنى ئادا قىلغانلىقىغا ۋە مىللەتكە سەممىي نەسىھەت قىلغانلىقىغا گۇۋاھلىق ئېلىپ يىگىرمە نەچچە يىل مابەينىدە جەۋرى ـ جاپاسىنى تارتقان دەۋەتنىڭ سەمەرىسىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈپ كېلىشىنى ئىرادە قىلدى. شۇڭا رەسۇلۇللاھ، بۇ يىل ئۆزىنىڭ بۇ ھۆججەت خاراكتېرلىك چوڭ ھەجكە ئىرادە قىلغانلىقىنى ئېلان قىلدى. نەتىجىدە رەسۇلۇللاھ بىلەن بىرگە ھەج قىلىش مەقسىتىدە مەدىنىگە نۇرغۇن ئادەملەر جەم بولدى ۋە زۇلقەئىدە(11 ـ ئاي)نىڭ 26 ـ كۈنى شەنبە رەسۇلۇللاھ سەپەر تەييارلىقىنى پۈتتۈردى. ئۇ بېشىنى تاراپ ياغلاندى (ئۇلاندى) ئىشتان ۋە رىداسىنى كەيدى. قۇربانلىق تۆگىسىگە بەلگە ئېسىپ پېشىن نامىزىدىن كېيىن جەنۇپقا قاراپ يۈرۈپ كەتتى. ئۇ سەپەرنى داۋاملاشتۇرۇپ بىر چاغدا مەككىگە يېقىن «زىتتىۋەن» دېگەن جايدا قونۇپ قالدى، ئەتىسى ھىجرىيىنىڭ 10 ـ يىلى زۇلھەججىنىڭ(12 ـ ئاي)نىڭ 4 ـ كۈنى يەكشەنبە سەھەردە غۇسلى تاھارەت ئېلىپ قوپۇپ بامداد نامىزىنى ئوقۇغاندىن كېيىن مەككىگە كىردى يولدا سەككىز كۈننى ئۆتكۈزدى، بۇ ئوتتۇراھال سۈرئەت ھېسابلىناتتى. رەسۇلۇللاھ مەسجىدۇلھەرەمگە كىرىپ ئاۋال بەيتۇللاھنى تاۋاپ قىلدى، سافا ـ مەرۋەنىڭ ئوتتۇرىسىدا سەئىيە قىلدى.

ئۇ زۇلھەججە (12 ـ ئاي)نىڭ 8 ـ كۈنى بامدادتىن كېيىنلا مىناغا چىقتى ئۇ يەردە پېشىن، ئەسىر، شام، خۇپتەن ۋە ئەتىسى بامداتنى ئوقۇدى، ئاندىن بىر ئاز تۇرۇپ كۈن چىققاندىن كىيىن ئەراپاتقا قاراپ يول ئالدى. رەسۇلۇللاھ ئەراپاتقا يېتىپ بېرىپ ئۇ يەردە ئۇنىڭغا ئاتاپ ياسالغان بىر چېدىرغا چۈشتى بىر چاغدا قۇياش قايرىلىپ كۈن چۈشتىن ئۆتۈۋىدى رەسۇلۇللاھ قەسۋاغا مىنىپ بەتنى ۋادىغا كەلدى. بۇ چاغدا ئۇنىڭ ئەتراپىغا بىر يۈز قىرىق تۆتمىڭ كىشى جەم بولغانىدى. رەسۇلۇللاھ بۇ يەردە ئۇلارغا ھۆججەت خاراكتېرلىك نۇتۇقنى سۆزلىدى. رەسۇلۇللاھنىڭ ئەراپاتتىكى بۇ نۇتقىنى رەبىئە ئىبنى ئومەييە ئىبنى خەلەپ كىشىلەرگە سۆزمۇ ـ سۆز جاكارلاپ يۇقىرى ئاۋاز بىلەن يەتكۈزۈپ تۇراتتى. نۇتۇقتىن كېيىن بىلال ئەزان توۋلىدى ۋە تەكبىر ئېيتتى شۇنىڭ بىلەن رەسۇلۇللاھ ئادەملەر بىلەن بىللە پېشىن نامىزىنى ئوقۇدى، ئارقىدىن بىلال يەنە تەكبىر ئېيتتى رەسۇلۇللاھ ئورنىدىن تۇرۇپ ئەسىر نامىزىنى ئوقۇدى بۇ ئىككى نامازنىڭ ئوتتۇرىسىدا باشقا ناماز ئوقىمىدى. رەسۇلۇللاھ

تەشرىق (زۇلھەججىنىڭ 11 ـ، 12 ـ، 13 ـ كۈنلىرى) كۈنلىرى مىنادا تۇرۇپ ھەج پائالىيەتلىرىنى ئادا قىلدى. شەرىئەت ئەھكاملىرىنى تەلىم بەردى، ئاللاھقا زىكرى ئېيتتى، ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامدىن قالغان ھىدايەت بەلگە(يول)لىرىنى ئەسلىگە كەلتۈردى. شېرىكنىڭ تەسىرى ۋە ئۇنىڭ نامى نىشانلىرىنى ئۆچۈردى. زۇلھەججىنىڭ 13 ـ كۈنى رەسۇلۇللاھ مىنادىن قايتىپ كېلىپ پېشىن، ئەسىر، شام، خۇپتەن نامازلىرىنى ئوقۇي. خۇپتەن نامىزىدىن كېيىن بىر دەم ئۇخلىدى، ئاندىن بەيتۇللاھقا كىرىپ ئۇنىڭدا ۋىدالىشىش تاۋاپىنى قىلدى. رەسۇلۇللاھ ھەج پائالىيەتلىرىنى ئاياغلاشتۇرۇپلا، مەدىنە مۇنەۋۋەرگە قايتىشقا ئالدىرىدى.

## 701ـسۇئال: ئەڭ ئاخىرقى قوشۇن

رۇم دائىرلىرىنىڭ مۇغەمبەر ـ چوڭچىلىقى شۇ دەرىجىگە بېرىپ يەتكەنىدىكى، ئۇلارنىڭ مۇسۇلمانلارنىڭ ياشاش ھوقۇقىغىمۇ چىدىغۇسى كەلمەيدىغاندەك بولۇپ قىلىشقانىدى. ئۇلار ئۆزلىرىگە بېقىنغان ئەرەبلەردىن مۇسۇلمان بولغانلارنى ئۆلتۈرۈشتى. رەسۇلۇللاھ ئۇلارنىڭ بۇ خىل مۇغەمبەرلىكىنى ۋە چېكىدىن ئاشقان زوراۋانلىقىنى نەزەردە تۇتۇپ ھىجرىيىنىڭ 11 ـ يىلى سەپەر(2 ـ ئاي)دا بىر قوشۇن تەشكىللەشكە كىرىشتى ۋە بۇ قوشۇنغا ئۇسامە ئىبنى زەيدنى ئەمىر لەشكەر قىلىپ تەيىنلىدى. ئۇنى بۇ قوشۇن بىلەن پەلەستىنىنىڭ بەلقائ ۋە دارۇم چېگرالىرىغا ھۇجۇم قىلىشقا بۇيرىدى. بەزىلەر بۇ قوشۇنىنىڭ قوماندانى ھەققىدە: «يېشى كىچىك تەجرىبىسىز» دەپ گەپ تاپتى ۋە ئۇنى يولغا سېلىشنى كېچىكتۈردى. شۇڭا رەسۇلۇللاھ: «ئۇنىڭ قوماندان بولۇشىغا تەئنە قىلىشقان بولساڭلار، بۇنىڭدىن بۇرۇنمۇ ئۇنىڭ ئاتىسىنىڭ قوماندان بولىشىغىمۇ شۇنداق قىلىشقان ئىدىڭلار، ئاللاھ بىلەن قەسەمكى ئۇ چوقۇم ئەمىرلىككە لايىقتۇر. ئۇنىڭ ئاتىسى ئادەملەر ئىچىدە ماڭا ئەڭ سۆيۈملۈك ئىدى. بۇمۇ ئۇنىڭدىن قالسا ماڭا ئەڭ سۆيۈملۈك كىشىدۇر»، دېدى. شۇنىڭ بىلەن كىشىلەر ئۇسامە ئەتراپىغا ئۇيۇشۇپ ئۇنىڭ قوشۇنىغا تىزىلدى ۋە مەدىنىدىن بىر پەرسەخ (6. 24 كىلومېتىرغا تەڭ) يىراقلىقتىكى جەرىيف دېگەن جايغا چىقىپ پەرمان كۈتۈپ تۇردى. بىراق، رەسۇلۇللاھنىڭ كېسىلى ھەققىدىكى قورقۇنۇشلۇق خەۋەر ئۇلارنى كېسەل بىر تەرەپ بولغۇچە تەخىر قىلىپ تۇرۇشقا مەجبۇرلىدى. بەلكىم ئاللاھ بۇ قوشۇننى ئەبۇبەكرىنىڭ خىلاپىتىدە يولغا سېلىنىدىغان تۇنجى قوشۇن بولۇشنى ئىرادە قىلغان چېغى ئىدى.

## 702ـسۇئال: ئاللاھنىڭ دەرگاھىغا سەپەر

دەۋەت ئىشلىرى تاكامۇللىشىپ، ۋەزىيەتنى ئىسلام ھۆكۈمرانلىقى تولۇق ئىگەللىۋىدى، بۇ دۇنيادىن خوشلىشىش بىشارەتلىرى رەسۇلۇللاھنىڭ چىھرىدىن

غىلىپال كۆرۈنۈشكە باشلىدى ۋە ئۇنىڭ ئىش ھەرىكەت ۋە سۆز ـ ئىبارىلىرىدە ئاشكارا ئىپادىلەندى.

ئۇ ئالدىنقى يىلى(ھىجرىيىنىڭ 10 ـ يىلى) رامىزان(9 ـ ئاي)دا 20 كۈن ئېتىكاپتا ئولتۇردى. ئەمما ئۇ بۇنىڭدىن ئىلگىرىكى يىللاردا پەقەت ئون كۈنلا ئېتىكاپ قىلاتتى، بۇ قېتىمقى ئېتىكاپتا جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا قۇرئاننى ئىككى قېتىم دەرس مۇزاكىرە قىلىپ بەردى. ئۇ ھەججەتۇلۋىدادا مۇسۇلمانلارغا سۆز قىلغاندا: «مەن بىلمەيمەن، ئېھتىمال مەن بۇ يىلدىن كېيىن سىلەر بىلەن بۇ يەردە، يۈز كۆرۈشەلمەسلىكىم مۇمكىن» دېدى. يەنە جەمرى ئەقەبە(مىنادا شەيتانغا تاش ئاتىدىغان جاي)دا: «ئى خالايىق! مەندىن ھەج ئىبادىتىڭلارنى ئۆگىنىۋېلىڭلار، ئېھتىمال مەن بۇ يىلدىن كېيىن ھەج قىلالماسلىقىم مۇمكىن» دېدى. تەشرىق كۈنلىرىنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا رەسۇلۇللاھقا سۈرە نەسرى نازىل قىلىنغانىدى. بۇنىڭدىن ئۇنىڭ ۋىدالىشىش (بۇ جاھاندىن خوشلىش) ھەججى ئىكەنلىكى ۋە رەسۇلۇللاھقا ئۆلۈم خەۋىرى يەتكۈزۈلگەنلىكى مەلۇم بولدى.

ھىجرىيىنىڭ 11 ـ يىلى سەپەر(2 ـ ئاي) ئېيىنىڭ 29 ـ كۈنى(دۈشەنبە) رەسۇلۇللاھ بەقىئ قەبرىستانلىقىدا بىر مېيىت نامىزىغا ھازىرلىق قىلغان ئىدى. مەقبەرەدىن قايتىۋېتىپ يولدا رەسۇلۇللاھنىڭ بېشىغا ئاغرىق تەگدى ۋە ئۇشتۇمتۇت بەدىنىنىڭ ھارارىتى ئۆرلەپ، ھەتتا ئۇنىڭ قىزىتما تەپتىنى ئۇنىڭ بېشى تېڭىلغان تېڭىقى ئۈستىدىنمۇ بىلىنىدىغان بولۇپ قالدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا كېسەل تېگىپ 11كۈن جامائەت بىلەن بىللە ناماز ئوقۇدى، ئۇنىڭ كېسەل تارتقان جەمى كۈنلىرى 13ياكى 14 كۈن ئىدى.

رەسۇلۇللاھنىڭ كېسىلى كۈنسېرى ئېغىرلاشتى، ئۇ ھەر كۈنى ئاياللىرىدىن: «ئەتە مەن نەدە؟ ئەتە مەن نەدە؟» دەپ سورايتتى. رەسۇلۇللاھنىڭ ئاياللىرى ئۇنىڭ مەقسىتىنى چۈشىنىپ ئۇنىڭ خالىغان يەردە بېقىلىشىغا رۇخسەت قىلىشتى، شۇنىڭ بىلەن پەزلى ئىبنى ئابباس ۋە ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىب ئىككىيلەننىڭ ئوتتۇرىسىدا بېشى تېڭىقلىق ھالدا يۆلەپ ماڭغۇزۇلۇپ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ ئۆيىگە يۆتكەپ كېلىندى. رەسۇلۇللاھنىڭ ئىككى قەدىمى يەرنى جىجىپ ماڭاتتى، نەتىجىدە رەسۇلۇللاھ ھاياتىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى بىر ھەپتىسىنى ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ ئۆيىدە ئۆتكۈزدى. رەسۇلۇللاھنىڭ ۋاپاتىدىن بەش كۈن ئىلگىرى چارشەنبە كۈنى ئىدى. ئۇنىڭ بەدىنىدىكى كېسەل ھارارىتى يالقۇنجاپ كەتتى. ئاغرىق كۈچىيىپ رەسۇلۇللاھ ھوشسىزلاندى. ئۇ: «باشقا ـ باشقا قۇدۇقتىن يەتتە تۇلۇم سۇ كەلتۈرۈپ ئۈستى بېشىمغا قۇيۇڭلار، مەن ئۇلارنىڭ قېشىغا چىقىپ ۋەسىيەت قىلىۋالاي» دېدى.

شۇنىڭ بىلەن ئۇلار رەسۇلۇللاھنى چوڭ بىر تەگلە قاچىدا ئولتۇرغۇزۇپ ئۇستىگە سۇ قۇيدى، ھەتتا بىر چاغدا: «بولدى، بولدى» دەپ ھۇشىغا كەلدى. بۇ چاغدا رەسۇلۇللاھ ئۆزىنى بىر ئاز يېنىكلىگەندەك ھېس قىلدى ئۇ (بېشى تېڭىقلىق ھالدا) مەسجىدكە كىرىپ مۇنبەرگە چىقىپ ئولتۇردى ۋە ئادەملەرگە سۆز قىلدى، كىشىلەر ئۇنىڭ ئەتراپىنى ئورىۋېلىشقانىدى. ئاندىن مۇنبەردىن چۈشۈپ پېشىن نامىزىنى ئوقىدى، پېشىن نامىزىدىن كېيىن مۇنبەرگە يەنە چىقىپ ھېلىقى ئۈچ ـ ئاداۋەت ۋە ئەنتى قىساس ھەققىدىكى گەپلىرىنى قايتا تەكرارلىدى. ئاندىن ئەنسارلارغا ياخشىلىق قىلىش توغرىلىق ۋەسىيەت قىلىپ مۇنداق دېدى: «مەن سىلەرگە ئەنسارلارغا ياخشى مۇئامىلە قىلىشقا تەۋسىيە قىلىمەن، ئۇلار مېنىڭ ئۆز باغرىم ۋە سىرداشلىرىمدۇر، ئۇلار زىممىسىدىكى مەجبۇرىيىتىنى ئادا قىلىپ بولدى، ئەمدى ئۇلارغا قايتۇرۇشقا تېگىشلىك ھەقلىرى قېپقالدى، شۇڭا ئۇلارنىڭ ياخشى ئىش ـ ھەرىكەتلىرىنى قوللاڭلار، كەمچىلىك ۋە خاتالىقلىرىنى ئەپۇ قىلىڭلار».

رەسۇلۇللاھنىڭ ۋاپاتىدىن تۆت كۈن ئىلگىرى، يەنى پەيشەنبە ئۇنىڭ كېسىلى قاتتىق كۈچىيىپ كەتكەن ئىدى. شۇ كۈنى رەسۇلۇللاھ مۇنداق ئۈچ خىل تەۋسىيىنى جىكىلىدى: «ئەرەب ئارىلىدىن يەھۇدىيلارنى، ناسارا(خىرىستىئان)لارنى ۋە مۇشرىكلارنى چىقىرىپ تاشلاشقا تەۋسىيە قىلدى. ئەلچىلەرنى رەسۇلۇللاھ كۈتۈۋالغاندەك رەۋىشتە كۈتىۋېلىشنى تەۋسىيە قىلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ كېسىلى ئېغىرلىشىپ قاتتىق دەرد ـ ئەلەم تارتىۋاتقان بولسىمۇ، نامازلىرىنىڭ ھەممىسىنى مۇسۇلمانلار بىلەن بىرلىكتە مەسجىدتە ئوقۇپ كەلگەنىدى. ۋاپاتىدىن بىر كۈن ئىلگىرى يەكشەنبە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بارلىق قۇل ـ چۆرىلىرىنى ئازات قىلىۋەتتى، يېنىدىكى يەتتە دىنار پۇلنى سەدىقە بەردى ۋە قورال ـ ياراغ ئەسلىھەلىرىنى مۇسۇلمانلارغا ھەدىيە قىلىۋەتتى. شۇ كۈنى قۇياش كۆتۈرۈلۈپ چاشگاھ ۋاقتى بولغاندا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قىزى پاتىمەنى چاقىرتىپ ئۇنىڭ قۇلىقىغا گەپ قىلدى، پاتىمە يىغلاپ كەتتى، ئاندىن يەنە بىر نېمىلەرنى دېۋىدى، پاتىمە كۈلدى. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەيدۇ: بىز پاتىمەدىن(يەنى كېيىن) شۇ ئىشنى سورىدۇق، ئۇ: رەسۇلۇللاھ ماڭا: «مۇشۇ قېتىمقى كېسىلىدە ۋاپات بولۇپ كېتىدىغانلىقىنى ئېيتتى، مەن يىغلىدىم ئارقىدىن ماڭا ئۇنىڭ ئائىلىسىدىن تۇنجى بولۇپ مېنىڭ ئۇنىڭغا قوشۇلۇپ بارىدىغانلىقىمنى ئېيتتى، شۇڭا مەن كۈلگەنىدىم»، دېدى، شۇ كۈنى رەسۇلۇللاھ پاتىمىگە ئۇنىڭ جىمى ئاياللارنىڭ سەرۋىرى (ئۇلۇغ پېشۋاسى) بولىدىغانلىقىنى بېشارەت بەردى. دەرد ـ ئەلەم بارغانسېرى كۈچىيىۋاتاتتى خەيبەردە يەپ سالغان ھېلىقى زەھەرنىڭ تەسىرى ئېنىق ئاشكارا كۆرۈلۈشكە باشلىدى. ئۇ

كىشىلەرگە تەۋسىيە قىلىپ: «نامازنى قولدىن بەرمەڭلار، نامازنى قولدىن بەرمەڭلار» دېدى. بۇ گەپنى بىر قانچە قېتىم تەكرارلىدى. جان تەلپىزى باشلاندى ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا رەسۇلۇللاھنى ئۆزىگە يۆلەپ ئولتۇرغۇزدى. نەچچە دەقىقىلەردىن كېيىن ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ قۇچىقىدا جان ئۈزدى. بۇ ۋەقە ھىجرىيىنىڭ 11 ـ يىلى رەبىئۇل ئەۋۋەل(3 ـ ئاي)نىڭ 12 ـ كۈنى دۈشەنبە چاشگاھ ۋاقتى بولغاندا يۈز بەردى بۇ چاغدا رەسۇلۇللاھ ئاتمىش ئۈچ ياشقا كىرىپ ئون كۈن ئاشقان ئىدى.

## 703ـ سۇئال: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈپەتلىرى

ئەلى ئىبنى ئەبى تالىپ پەيغەمبەر ئەلەيـھىسسالامنى سۈپەتلەپ مۇنداق دېگەن: «رەسۇلۇللاھ بەك ئېگىز خادا بويىمۇ ئەمەس، بەك پاكار پىستەكمۇ ئەمەس، ئوتتۇرا بوي كىشى ئىدى. چاچلىرى گىيدە ـ بۈدرىمۇ ئەمەس، جانسىز ئۆلۈكمۇ ئەمەس، ئەتلىك يارىشىملىق ئىدى. يۈزى گۆشلۈك، سىمىزمۇ ئەمەس، ئورۇقمۇ ئەمەس، يۈزى يۇمىلاق رەڭگى رويى ئاق، كۆزىنىڭ قارچۇغى قاپ ـ قارا كىرپىكلىرى قويۇق كۆكرىكى كەڭ، غوللۇق مەيدىسىدە تۆۋەنگە سوزۇلغان يۇمران تۈكلەر بار ئىدى. پۇت ـ قوللىرىنىڭ ئالقانلىرى كەڭ ئىدى ماڭسا ئېگىزدىن چۈشىۋاتقاندەك سالماق ماڭاتتى، قارىسا تامامەن بۇرۇلۇپ قارايتتى، غولىدا پەيغەمبەرلىك مۆھۈرى بار ئىدى. قولى كەڭ(يەنى سخى) يۈرەكلىك(قورقماس) راستچىل، ۋاپادار، تەبىئىتى ئوڭلۇق چىقىشقاق ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيـھىسسالامنى دەسلەپ كۆرگەن ئادەمگە سۈرلۈك تۇيۇلاتتى، ئۇنىڭ بىلەن ئارىلىشىپ تونۇشقان ئادەم ئۇنى دوست تۇتۇپ قالاتتى. رەسۇلۇللاھنى تەرىپلىگۈچىلەر: «پەيغەمبەر ئەلەيـھىسسالامدەك ئادەمنى بۇرۇنمۇ ۋە كېيىنمۇ كۆرمىدىم» دېيىشىدۇ. جابىر: «بىرەر ئادەم پەيغەمبەر ئەلەيـھىسسالام ماڭغان يولدىن ئۆتسە ئۇ شۇ يولنىڭ خۇشبۇيلىقىدىن بۇ يولدا پەيغەمبەر ئەلەيـھىسسالامنىڭ ماڭغانلىقىنى بىلەتتى، ئۇنىڭ مۈرىسىدە كەپتەر تۇخۇمىغا ئوخشاش ئەسلى ئېتىدە پەيغەمبەرلىك مۆھۈرى بار ئىدى. ئۇ سول مۈرىسىنىڭ ئۇدۇلىدا يۇمىلاق قاپارتقۇ (بىر خىل ئۆسمە) شەكلىدە بولۇپ ئۈستىدە سىزىقچىلار بار تويچا ئىدى»، دېگەن.

پەيغەمبەر ئەلەيـھىسسالام تىلىنىڭ پاساھەتلىكلىكى ۋە يۇقىرى سۆز قابىلىيىتى بىلەن ئالاھىدە ئورۇندا تۇراتتى. ئۇ تەبىئىتى مۇلايىم، تىلى راۋان، سۆزى مەزمۇنلۇق، چۈشەنچىسى دۇرۇس، تەكەللۇپسىز ئىدى. ئۇنىڭدا لەبزى ئىخچام، مەزمۇنلۇق، ھېكمەتلىك سۆزلەش ئىقتىدار ئاتا قىلىنغانىدى. مۇلايىملىق، جاپاغا چىداش، ئۈچ ئېلىشقا قادىر تۇرۇقلۇق كەچۈرۈم قىلىش كۆڭۈلسىزلىكلەرگە سەبرى قىلىش قاتارلىقلار ئاللاھ ئۇنىڭغا سىڭدۈرگەن ئېسىل ئەخلاق پەزىلەتلەر ئىدى.

پەيغەمبەر ئەلەيـھىسسالام ساخاۋەت ۋە كەڭ قوللۇق بابىدا تەڭدىشى يوق ئىدى.

ئۇ نامرات بولۇپ قىلىشتىن قورقماي بىرەتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام شۇ دەرىجىدە باتۇر ۋە قورقماس جەسۇر ئىدىكى، باتۇرلۇق بىلەن شۆھرەت قازانغان كىشىلەر مۇشكۇل پەيتلەردە قاچقان چاغدىمۇ، رەسۇلۇللاھ ئۆز ئورنىدا تەۋرەنمەي چىڭ تۇراتتى. بەلكي تېخىمۇ ئالغا ئىلگىرلەيتتى، ئارقىغا چېكىنمەيتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تولىمۇ ھايالىق ئىدى. كىشىلەرنىڭ ئەيىپ ـ نۇقسانلىرىنى كۆرمەسكە سالاتتى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ناھايىتى ئادىل، ئىپپەتلىك، لەۋزىدە تۇرىدىغان، راستچىل ۋە ئىشەنچىلىك ئىدى. ئۇنىڭ بۇ پەزىلىتىنى دۈشمەنلىرىمۇ ئېتىراپ قىلغان. ئۇ پەيغەمبەر بولۇشتىن ئىلگىرى كىشىلەر ئۇنى ئەمىن(ئىشەنچىلىك) دەپ ئاتىشاتتى ۋە ئۇنىڭ ئايرىغان ھۆكۈملىرىگە رازى بولۇشاتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ناھايىتى كەمتەر بولۇپ، تەكەببۇرلۇق ۋە چوڭچىلىقلاردىن خالىي كىشى ئىدى. ئۇ پادىشاھلارنى ئۆلۈغلاپ ئورنىدىن تۇرغاندەك، ئۆزى ئۈچۈن باشقىلارنىڭ قول قوشتۇرۇپ تۇرۇشنى يامان كۆرەتتى. ئاجىز ـ مىسكىنلەرنى يوقلايتتى، غېرىپ ـ غۇرۋالار بىلەن بىللە ئولتۇراتتى. قۇل چىللىسىمۇ باراتتى، ساھابىلىرى بىلەن شۇلارنىڭ ئىچىدە بىر كىشى سۈپىتىدە ئولتۇرۇپ قوپاتتى. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا: «رەسۇلۇللاھ ئايىغىنى يامايتتى، كىيىمگە ياماغلىق سېلىپ كىيەتتى. ئۇ ئائىلە ئىشلىرىنى سىلەرگە ئوخشاشلا قىلاتتى، قويىنى سېغىپ بىرەتتى، ئۆزىنىڭ ئىشلىرىنى ئۆزى قىلاتتى» دېگەن.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ناھايىتى ۋاپادار، سىلە رەھىملىك، شەپقەتلىك، مېھرىبان، كىشىلەرگە ئىللىق مۇئامىلە قىلىدىغان زات ئىدى. ئۇ چىقىشقاق، ئەدەپلىك، مىجەزى ئوڭلۇق، ئەدەپ ـ ئەخلاقتا يات ئىشلاردىن يىراق ئىدى. قىلىقى سەت، ئەدەپسىز، لەنەتخور، رەستىلەردە سۆرۈن سالغۇچى ئەمەس ئىدى. يامانلىققا يامانلىق قىلمايتتى، بەلكى يامانلىق قىلغانلارنى كەچۈرەتتى. ئەپۇ قىلاتتى، باشقىلارنى ئۆزىنىڭ كەينىدىن ماڭغىلى قويمايتتى. يېمەك ـ ئىچمەك ۋە كىيىم ـ كېچەك كىيىشتە قۇل ـ چۆرىلىرىدىن ئالاھىدە بولۇۋالمايتتى. خىزمىتىنى قىلغان كىشىنىڭ ئىززىتىنى قىلاتتى. بىر ئىشنى سەھۋەنلىك بىلەن قىلغان ياكى قىلمىغانلىقى ئۈچۈن تاپا ـ تەنە قىلمايتتى. ئۇ مىسكىن بىچارىلەرنى ياخشى كۆرەتتى، ئۇلارنىڭ دەرد ـ ئەھۋالىنى ئاڭلايتتى، جىنازا نامىزىغا ھازىرلىق قىلاتتى، كەمبەغەل نامراتلارنى تۆۋەن كۆرمەيتتى.

ئىبنى ئەبى ھالە رەسۇلۇللاھنى سۈپەتلەپ مۇنداق دېگەن: رەسۇلۇللاھ ھەمىشە خىيالچان، دائىم تەپەككۇر ئىلكىدە يۈرەتتى. كۈلۈپ يايرىمايتتى. ئورۇنسىز سۆزلىمەيتتى، كۆپىنچە ھاللاردا سۈكۈت قىلاتتى، بىر گەپنى باشلىسا تولۇق

ئاياغلاشتۇراتتى. ئىخچام، مەزمۇنلۇق، بىھۇدە گەپتىن خالى كەمكۈتسىز ئۇقۇملۇق قىلىپ سۆزلەيتتى. مۇلايىم، خۇش پېئىل، ئىدى. قوپال توڭمۇ ئەمەس، يۇۋاش، يۇمشاقمۇ ئەمەس ئىدى. ھەر قانداق نىئمەتنى كىچىك ئاز بولسىمۇ قەدىرلەيتتى، ئەيىپقا بۇيرىمايتتى، بىرخىل تاماقنى ئەتىۋارلاپ، يەنە بىر خىلنى سوكمەيتتى. ئۆزى ئۈچۈن ئۆچ ئالمايتتى، پەقەت ھەقىقەت دەخلى تەرۈغا ئۇچرىسا، ھەق ئۆز جايىغا قارار تاپمىغۇچە غەزىپىنى باسقىلى بولمايتتى، ئىشارە قىلسا پۈتۈن ئالقىنى بىلەن ئىشارەت قىلاتتى. بىر ئىشتىن ئەجەبلەنسە ئالقىنىنى پۇلاڭلىتاتتى، غەزىپى كەلسە يۈزىنى باشقا ياققا بۇرۇۋالاتتى. شادلانسا كۆزى يۇمۇلۇپ كېتەتتى، كۈلسە تەبەسسۇم بىلەن كۈلەتتى ـ دە چىشلىرى مۆلدۈردەك پارقىراپ كېتەتتى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىمەنە ئىشلاردىن تىلىنى يىغاتتى، ساھابىلىرىنى ئىتتىپاقلاشتۇراتتى، ھەرگىزئارىغا ئارازلىق سالمايتتى. ھەر قەۋمنىڭ كاتتىسىنى ھۆرمەتلەيتتى ۋە ئۇنى شۇلارغا باشلىق قىلىپ قوياتتى، كىشىلەرنى چىرايىنى تۈرمەي، مىجەزىنى ئۆزگەرتمەي تۇرۇپ ئاگاھلاندۇراتتى. ئۇ ناھايىتى ئېھتىياتچان ئىدى. ساھابىلارنى يوقلاپ تۇراتتى، كىشىلەردىن ئەل ئارىسىدىكى ئىشلارنى سوراپ تۇراتتى. ياخشى ئىشلارنى قوللاپ قۇۋۋەتلەيتتى، يامان ئىشلاردىن سەسكەندۈرۈپ ئۇنى قامچىلايتتى. ھەربىكتى مۆتىدىل قارمۇ ـ قارشى ئەمەس ئىدى. ئۇنىڭ نەزىرىدە ھەممە ئىشنىڭ ئەندىزىسى بار بولۇپ توغرا ئىشتىن قۇسۇر چىقارمايتتى. ھەقنى تۇتمەن دەپ ھەددىدىن ئاشۇرمايتتى. ياخشى ئادەملەر بىلەن يېقىن ئۆتەتتى، ئۇنىڭ نەزىرىدە ياخشىلىقى كۆپ كىشىلەر ئەڭ پەزىلەتلىك ئادەملەر ھېسابلىناتتى، كەڭ قول ئالىي ـ جاناب ئىسل كىشىلەرنىڭ ئورنىنى يۇقىرى كۆتۈرەتتى.

رەسۇلۇللاھ ئولتۇرسا ـ قوپسا، زىكرى تەسبىھ بىلەن ئولتۇرۇپ قوپاتتى. ئۆزگە ئالاھىدە بىر ئورۇن ئىگەللىمەيتتى. بىر قەۋمنىڭ مەجلىسگە بارسا توغرا كەلگەن يەردە ئولتۇراتتى ۋە شۇنداق قىلىشنى تەكىتلەيتتى. ھەر بىر سۆھبەتدېشىغا ئۆزىگە لايىق ئورۇن بىرەتتى، ھەتتا ئۇنىڭ سوھبەتداشلىرىنىڭ ھەممىسى «رەسۇلۇللاھ مېنى ھۆرمەتلىدى» دېگەن ھېسسىياتتا بولاتتى. ئۇ ھاجەتمەن بولۇپ كەلگەن ئادەمنى سەۋرچانلىق بىلەن كۈتەتتى تاكى شۇ كىشى قايتمىغۇچە رەسۇلۇللاھ ئۇنىڭ يېنىدىن قوپۇپ كەتمەيتتى. بىرەر نەرسە سوراپ كەلگەن كىشىگە ھاجىتىنى راۋا قىلاتتى ياكى چىرايلىق گەپ ياكى ۋەدە بىلەن قايتۇراتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مىجەزى شۇ دەرىجىدە يېقىملىق ۋە ئوڭلۇق ئىدىكى ئۇ كىشىلەرگە ئۆز ئاتىسىدەك تۇيۇلاتتى. رەسۇلۇللاھقا نىسبەتەن ھەقىقەت ئالدىدا كىشىلەرنىڭ ھەممىسى باپباراۋەر ئىدى. تەقۋادارلىق بىلەن پەرقلىنەتتى. ئۇنىڭ مەجلىسى ئىللىقلىق، ھايا ـ ھۆرمەت،

سەبىرچانلىق ۋە ۋاپادارلىق مەجلىسى بولۇپ سۇرەن، چۇقان، كۆتۈرۈلمەيتتى، ھايا ھۆرمەت ئاياغ ئاستى قىلىنمايتتى. تەقۋادارلىق بىلەن مېھرى مۇھەببەت ئاساسىي ئورۇننى ئىگەللەيتتى. چوڭلار ھۆرمەتلىنەتتى. كىچىكلەر قەدىرلىنەتتى، ھاجەتمەنلەر تارتۇقلىنىپ، غېرىپ ـ غۇرۋالار ئۇلپەتلەندۈرەلەتتى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنە ھەمىشە ئۇچۇق چىراي، خۇشخۇي، مۇلايىم ئىدى. ئۇ توك، قوپال، سۇرەن سالىدىغان ئەدەپسىز، ھەددىدىن زىيادە ئەيىپلىگۈچى ۋە مەدھىيىلىگۈچى ئەمەس ئىدى. نامۇۋاپىق ئىشلارنى كۆرمەسكە سالاتتى. ئەمما، ئۇنىڭغا يول قويغانلىقتىن ئەمەس ئىدى، ئۆزىنى ئۈچ ئىشتىن: رىياخورلۇق، ئاچكۆزلۈك ۋە پايدىسىز ئىشلاردىن خالى تۇتاتتى ۋە كىشىلەرنىمۇ ئۈچ ئىشتىن ئايىغانىدى، بىراۋنى سۆكمەيتتى، ئەيىبلىمەيتتى، ئەيىبىنى كوچىلىمايتتى، بىھۇدە گەپ قىلمايتتى. رەسۇلۇللاھ سۆز قىلغاندا سۆھبەتداشلىرى گويا باشلىرىغا قۇش قونغاندەك جىم تۇرۇشاتتى. ئۇ توختىسا ئاندىن ئۇلار سۆزلەيتتى. ئۇنىڭ يېنىدا ۋاراڭ ـ چۇرۇڭ بولمايتتى. بىرسى گەپ قىلسا باشقىلار تىڭشايتتى، ساھابىلەر كۈلگەن ئىشتىن رەسۇلۇللاھمۇ كۈلەتتى، ئەجەبلەنگەن ئىشتىن ئەجەبلىنەتتى. سۆزدە قوپال ئېيتقۇچىلارغا سەبىر قىلاتتى، ئۇ: ھاجەتمەننى كۆرسەڭلار ھاجىتىدىن چىقىڭلار! دەيتتى. ئۇ مۇكاپات ئالغانلارنىڭ رەھمىتىنى قوبۇل قىلاتتى.

خارىجە ئىبنى زەيد: «رەسۇلۇللاھ مەجلىسلەردە ئەڭ ۋەزمىن ۋە تەرتىپلىك ئىدى، ئۇ پۇت قوللىرىنى سوزۇپ ئەدەپسىز ئولتۇرمايتتى، تولاراق سۈكۈت بىلەن جىم تۇراتتى. زۆرۈر بولغاندا سۆزلەيتتى، ياخشى سۆز قىلمىغانلارنىڭ سۆزىگە قۇلاق سالمايتتى، كۈلسە تەبەسسۇم بىلەن كۈلەتتى. ئارتۇق ياكى كەم سۆزلىمەيتتى، ساھابىلار رەسۇلۇللاھنى ھۆرمەتلەپ ۋە ئۇنىڭغا ئەگىشىپ تەبەسسۇم بىلەن كۈلىشەتتى» دېگەن.

ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا، رەسۇلۇللاھ ئاجايىپ يۈكسەك كامالەت سۈپەتلەر بىلەن يۇغۇرۇلغان بولۇپ، ئاللاھ ئۇنى مۇشۇ پەزىلەتلەر بىلەن تەربىيىلىگەن ۋە ئۇنىڭغا «(ئى مۇھەممەد!) سەن ھەقىقەتەن بۈيۈك ئەخلاقا ئىگىسەن» (سۈرە قەلەم 4 ـ ئايەت) دەپ باھا بەرگەن. دېمەك، مانا بۇلار رەسۇلۇللاھنى كىشىلەرنىڭ كۆڭلىگە يېقىنلاشتۇرغان، قەلبلەرگە سۆيۈملۈك كۆرسەتكەن ۋە ئۇنىڭ ئۈچۈن جان پىدا قىلىشقا ئەرزىيدىغان قوماندانغا ئايلاندۇرغان، ھەتتا ئۆز خەلقىنىڭ تەرسالىقىنى يۇمشىتىپ ئۇلارنى توپ ـ توپ بولۇپ، ئاللاھنىڭ دىنىغا كىرىشكە سەۋەپ بولغان خىسلەت ۋە پەزىلەتلەردۇر.

# ئون بەشىنچى بۆلۈم. ئىز باسار تۆت خەلىپە ۋە ساھابىلار ھاياتىدىن ئۈرنەكلەر

## 704-سۇئال: ئەڭ توغرا ئىسلامىي رەھبەرلىك شەكلىنىڭ يېگانە ئۈرنىكى، تۆت خەلىپە دەۋرى

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن 30 يىلغا يېقىن بىر مەزگىل ئۆتكەن بولۇپ، بۇ مەزگىل ئىسلام تارىخىدا «تۆت چوڭ خەلىپە دەۋرى» دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ مەزگىل ئىچىدە تۆت خەلىپە ئارقىمۇئارقىدىن خەلىپىلىك تەختىگە چىققان، اللّٰه تائالانىڭ ئۆز بەندىلىرى ئۈچۈن تاللىغان، مەمنۇن ۋە رازى بولغان بۇ مەزگىل خىلافەتىرراشىدە (ئەڭ ئەۋزەل ۋە توغرا خەلىپىلىك) دەۋرى دەپ ئاتالغان.

بۇ دەۋر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام باشلاتقان دەۋرنىڭ ۋە ئىدارە شەكلىنىڭ داۋامى بولۇپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مەدىنىگە ھىجرەت قىلىشىدىن باشلاپ، تاكى ھەزرىتى ئەلى شېھىت بولغانغا قەدەر ئارىلىقتىكى 40 يىلنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ مۇددەت ئىزچىل تۈردە داۋام قىلغان ئەڭ توغرا ئىسلامىي رەھبەرلىك شەكلىنىڭ يېگانە ئۈرنىكىدۇر.

## 705-سۇئال: ھەزرىتى ئەبۇبەكرىنىڭ ھاياتى ۋە گۈزەل پەزىلەتلىرى

ھەزرىتى ئەبۇبەكرى ھىجرەتتىن ئەللىك بىر يىل بۇرۇن دۇنياغا كەلگەن بولۇپ، ياشتا پەيغەمبىرىمىزدىن ئىككى يىل، بىر نەچچە ئاي كىچىك ئىدى. ھەزرىتى ئەبۇبەكرى قۇرەيش چوڭلىرىدىن بىرى ئىدى. ئۇندىن باشقا، ھەزرىتى ئەبۇبەكرى قۇرەيشنىڭ نەسەبشۇناسى ئىدى. ھەزرىتى ئەبۇبەكرى تىجارەتچى بولغاچقا، كۆپلىگەن مەملىكەتلەرگە بېرىپ ئايلىناتتى. ئۇ مۇشۇ مەقسەتتە ئەبۇتالىبنىڭ كارۋىنىغا قېتىلىپ شامنى زىيارەت قىلدى. خېلى كۆپ مىقداردا مەبلىغى بار ئىدى ھەم ناھايىتى سېخى ئىدى. ھەردائىم ئۆز مېلىدىن سەرپ قىلىپ، ئۇرۇق - تۇغقانلىرىغا ياخشىلىق قىلاتتى. شۇڭا قۇرەيشلەر ئۇنى بەكمۇ سۆيەتتى ۋە ھەر ئىشنى ئۇنىڭ مەسلىھەتى بويىچە قىلاتتى. ھەزرىتى ئەبۇبەكرى جاھىلىيەت دەۋرىدىلا ئۆزىگە ئىچىملىكنى چەكلىگەنىدى. شۇڭا مەيلى جاھىلىيەتتە ياكى ئىسلامىيەتتە بولسۇن، ئىچىملىكنى پەقەتلا ئىچمىگەنىدى. ھەزرىتى ئەبۇبەكرى ھاياتى بويىچە بۇتقىمۇ چوقۇنمىغانىدى. ھەزرىتى ئەبۇبەكرى مەخپىي - ئاشكارا ئىشلارنىڭ ھەممىسىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن بىللە ئىدى. ۋەھيى چۈشۈشتىن بۇرۇنمۇ ئۇنىڭغا بەك سەممىي مۇئامىلە قىلاتتى. جاھىلىيەت دەۋرىدە ھەزرىتى ئەبۇبەكرى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېقىن دوستى ۋە بىردىنبىر سىرداشى ئىدى. شۇڭا ۋەھيى

چۈشۈشى بىلەنلا ئۇنىڭغا ئىشەندى. رەسۇلۇللاھقا ۋەھيى چۈشكەن ۋاقىتلاردا ھەزرىتى ئەبۇبەكرى ئۇنىڭ ئەڭ يېقىن دوستى ئىدى. ھەزرىتى ئەبۇبەكرى مۇسۇلمان بولغاندىن باشلاپ تاكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋاپات بولغىچە ھەر دائىم ئۇنىڭ بىلەن بىللە بولدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا ھەج ۋە ئەسكىريي يۈرۈشلەرنى تاپشۇرغاندىن باشقا ۋاقىتلاردا، مەيلى تىنچلىق ۋاقىتلىرى بولسۇن ياكى سەپەرلەردە بولسۇن، ھېچقاچان پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن ئايرىلىپ قالمىدى. جەڭلەردە، مۇھىم ۋەقەلەردە ھەر ۋاقىت ئۇنىڭ يېنىدا ئىدى. ئۇنىڭ بىلەن بىللە ھىجرەت قىلدى، ئۇنىڭ بىلەن بىللە بولۇش ۋە ھەق دەۋاسى يولىدا ئۇنىڭ بىلەن مۇرىنى مۇرىگە تىرەپ كۈرەش قىلىش ئۈچۈن ئۆز ئائىلىسىنى يالغۇز تاشلاپ قويىدى، غارىدىكى ناھايىتى خەتەرلىك پەيتلەردە يەنە ئۇنىڭ يېنىدا ئىدى. ھەزرىتى ئەبۇبەكرى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا كۆپ قېتىم يار ـ يۆلەك بولغان ۋە قىيىن كۈنلەردە ئۇنىڭغا ئاجايىپ ساداقەتمەنلىك كۆرسەتكەنىدى. بولۇپمۇ، ھەممە ئادەم ئۆز ھەلەكچىلىكى بىلەن بولۇپ كەتكەن ئۇھۇد ۋە ھۇنەين جەڭلىرىدە قەھرىمانلارچە ئېلىشىپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىدىن بىر قەدەممۇ ئايرىلمىغانىدى.

ھەزرىتى ئەبۇبەكرى ئىنسانلارنىڭ ئەڭ مەرت ۋە ئەڭ جەسۇرلىرىدىن بىرى ئىدى. قاتتىق جەڭلەردە ئۆز ئورنىدىن ھەرگىز ئايرىلماي، بار كۈچى بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى قوغداشقا تىرىشاتتى. شۇڭا ئۇ ھەزرىتى ھەمزە، ھەزرىتى ئەلى، زۇبەير ئىبنى ئەل ئاۋام ۋە ئەبۇدۇجانەلەردەك دۈشمەن سېپىگە بۆسۈپ كىرىشكە پۇرسەت تاپالمىغاندى ۋە جەڭلەردە دۈشمەنگە ھۇجۇم قىلىش جەھەتتە نامى ئۆلارنىڭكىدەك كۆپ يېيىلمىغانىدى. چۈنكى ئۇرۇش قەھرىمانلىرى ئۆزلىرى ئۆلتۈرگەن ۋە ئەسىرگە ئالغان دۈشمەن سانىنىڭ ئاز ـ كۆپلىكىگە قاراپ داڭق چىقىراتتى.

ھەزرىتى ئەبۇبەكرىنىڭ جەڭلەردىكى ئەھۋالى باشقا ئىسلام قەھرىمانلىرىنىڭكىدىن پەرقلىق ئىدى. چۈنكى ئۇ ھەردائىم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىدا تۇرۇپ، ئۇنى قەھرىمانلارچە قوغدايتتى، ئۇنىڭغا يۈزلەنگەن ھۇجۇملارغا ئۆز بەدىنىنى قالقان قىلىپ تۇرۇپ قارشىلىق كۆرسىتەتتى. ھەزرىتى ئەبۇبەكرى بەكمۇ پەزىلەتلىك ۋە ھەددىدىن زىيادە مەرد ئىدى. مال ـ بايلىقىنىڭ ھەممىسىنى دېگۈدەك الله ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىنىڭ يولىغا قىلچە ئىككىلەنمەي سەرپ قىلىۋېتەتتى.

ئىسلام دەۋىتىنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە، ھەزرىتى ئوسمان، زۇبەير ئىبنى ئەل ئەۋام، ئابدۇرراھمان ئىبنى ئەۋف، ساد ئىبنى ئەبۇۋەققاس ۋە تەلھە ئىبنى ئۇبەيدۇللاھ قاتارلىق مەشھۇر ساھابىلار ھەزرىتى ئەبۇبەكرىنىڭ ۋەسىلىسى بىلەن مۇسۇلمان بولغان

ئىدى. بۇلار ئەڭ دەسلەپكى مۇسۇلمانلار بولۇپ، ئۇلاردىن كېيىن ئوسمان ئىبنى مەزئۇن، ئەبۇ ئۇبەيدە ئىبنى جەرراھ، ئەرقەم ئىبنى ئەبۇل ئەرقەم ۋە ئەبۇ سەلەمە ئابدۇللاھ ئىبنى ئابدۇل ئەسەد قاتارلىق ساھابىلار مۇسۇلمان بولدى. ھەزرىتى ئەبۇبەكرى ھويلىسىدا ئۆزى ئۈچۈن كىچىك بىر مەسچىد ياسىۋالغانىدى. ئۇ يەردە ناماز ئوقۇيتتى، قۇرئان تىلاۋەت قىلاتتى. ئەتراپتىكى قوشنىلار بېشىغا توپلىشىۋېلىپ، ئۇنىڭ ناماز ئوقۇشىنى تاماشا قىلىپ، قۇرئان ئاۋازىنى تىڭشايتتى، ئۇ ئەسنادا تۆككەن كۆز ياشلىرىنى كۆرەتتى. ئۇنىڭ بۇ ھالى بىر مۇنچە كىشىنىڭ مۇسۇلمان بولۇشىغا سەۋەب بولدى. ھەزرىتى ئەبۇبەكرى مۇسۇلمان بولغانلىقى ئۈچۈن خوجايىنىدىن زۇلۇم كۆرگەن قۇللارنى كۆرسىلا، ئۇلارنى سېتىۋېلىپ، ئازادلىققا چىقىراتتى ۋە بۇنى پەقەت الله رازىلىقى ئۈچۈنلا قىلاتتى. ئۇ بەدرى ۋە باشقا مۇھىم جەڭلەرنىڭ ھەممىسىگە تولۇق قاتناشتى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن ھەزرىتى ئەبۇبەكرى خەلىپىلىككە سايلىنىپ، ئىككىنچى كۈنى خەلقنى نامازغا چاقىردى. ئۇ مېھرابقا چىقىپ تۇرۇشىغا، ھەزرىتى ئۆمەرنىڭ دەۋىتى بىلەن خەلق بەنى سەئد يىغىلىشىدىكى بەيئەتتىن كېيىن يەنە بىر قېتىم بەيئەت قىلدى. بۇ كۈنى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ دەپنە ئىشلىرى بىلەن مەشغۇل بولۇۋاتقانلاردىن باشقا ھەممەيلەن ھەزرىتى ئەبۇبەكرىگە بەيئەت قىلدى. ئۇلارمۇ ئىشلىرىنى تۈگەتكەندىن كېيىن كېلىپ ئۇنىڭغا بەيئەت قىلدى.

ھەزرىتى ئەبۇبەكرى ئاغرىپ 15 كۈن ئەتراپىدا ياتتى. ۋە ھىجرەتنىڭ ئون ئۈچىنچى يىلى، جەمادىيەل ئاخىر ئېيىنىڭ يىگىرمە ئىككىنچى كۈنى (دۈشەنبە كېچىسى) ۋاپات بولدى. شۇ چاغدا ئاتمىش ئۈچ يېشىدا ئىدى. مېيىتنى ۋەسىيىتىگە بىنائەن ئايالى ئۇمەيس بىنتى ئەسما يۇيدى ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا دەپنە قىلىندى. مېيىت نامىزىنى ئۇنىڭ ئورنىغا خەلىپە بولغان ھەزرىتى ئۆمەر چۈشۈردى. قەبرىگە ھەزرىتى ئۆمەر، ھەزرىتى ئوسمان، تەلھە ۋە ئابدۇرراھمان قاتارلىقلار قويدى. ئۇنىڭ خەلىپىلىك دەۋرى ئىككى يىل، ئۈچ ئاي، ئون كۈن داۋاملاشقان بولدى.

### 706-سۇئال: ھەزرىتى ئەبۇبەكرىنىڭ مۇۋەپپىقىيەتلىك خىزمەتلىرى

ھەزرىتى ئەبۇبەكرى خەلىپىلىك دەۋرىنىڭ قىسقا بولۇشىغا قارىماي (ئۇنىڭ خەلىپىلىك دەۋرى ئىككى يىل، ئۈچ ئاي، ئون كۈن داۋاملاشتى)، ئىنسانلارنىڭ قەلبىگە ئىسلامنىڭ مەنىسى ۋە ئەھمىيىتىنى چوڭقۇر سىڭدۈردى. ھالبۇكى، بۇ ئىشقا بەكمۇ ئۇزۇن يىللار كېتىشى مۇمكىن ئىدى. ئۇنىڭ ئىسلامنى ئىلمىي يوسۇندا يولغا قويۇشى

ۋە بۇ يولدا چىڭ تۇرۇشى ئۇنىڭ ئىسلامنى نەقەدەر ياخشى چۈشىنىدىغانلىقىنى ۋە قانچىلىك دەرىجىدە ساغلام، كۈچلۈك ۋە تەۋرەنمەس ئىمانغا ئىگە ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ بەرمەكتە.

ھەزرىتى ئەبۇبەكرى مانا بۇ ئالاھىدىلىكلىرى بىلەن ئىسلامنى ساغلام ئاساس ئۈستىگە قۇرۇپ، قەد كۆتۈرۈپ تۇرۇشقا شارائىت يارىتىپ بەردى. شۇڭا ھەزرىتى ئەبۇبەكرى ئىسلامنى (ئۇرۇش ـ جېدەل ۋە خەتەرلىك پەيتلەردە) تىك تۇتۇپ تۇرالىغان ۋە ئەقىدىلەرنىڭ بۇرمىلىنىپ كېتىشىنى توسىيالىغان ئەڭ بۈيۈك تارىخىي شەخسلەرنىڭ بىرى ھېسابلانماقتا.

ھەزرىتى ئەبۇبەكرى ھەقىقەتەن ئالدىن كۆرەر ۋە نەزەر دائىرىسى كەڭ زات ئىدى. ئۇنىڭ دەۋرىدە ئۆزلىرىنى مۇسۇلمان دەپ ئاتىۋالغان، ئەمما قەلبلىرىگە ئىمان سىڭىپ كىرمىگەن نۇرغۇنلىغان بەدەۋىي ئەرەبلەر بار ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋاپات بولغانلىقى ھەققىدىكى خەۋەر تارقىلىش بىلەنلا، ئۇلار دەرھال ئىسلامدىن يېنىپ، ئۆزلىرىنىڭ پەيغەمبەر ئىكەنلىكىنى ئوچۇق ئېلان قىلدى. ئىش بۇنىڭ بىلەنلا تۈگىمەي، نۇرغۇنلىغان بەدەۋىي ئەرەبلەرنىڭمۇ ئىككى يۈزلىمچىلىكى ئوتتۇرىغا چىقىشقا باشلاپ، جاھىلىيەت دەۋرىدىكى ئېتىقاد ۋە ھاياتىغا قايتقانلىقىنى جاكارلاشتى. بۇ پىتنىدىن پەقەت مەدىنە مۇنەۋۋەر، مەككە مۇكەررەم ۋە تائىف شەھەرلىرىلا ساقلىنىپ قالدى.

ھەزرىتى ئەبۇبەكرى خەلىپىلىك ماقامىغا چىقماي تۇرۇپلا، بۇ مۇرتەدلەر ئەلچى ئەۋەتىپ ئۆزلىرىنى زاكات بەرگۈچىلەرنىڭ سىرتىدا تۇتۇشنى تەلەپ قىلىشتى. ئۇلار خەلىپىنىڭ بۇ ھەقتە ئۆزلىرىگە رازىمەنلىك بىلدۈرىدىغانلىقىنى ۋە تەلەپلىرىنى قوبۇل قىلىدىغانلىقىنى ھېسابلاشقانىدى.

مۇرتەدلەر مەدىنە ھۆكۈمىتىنىڭ ئەسكەر سانىنىڭ ئاز، ئۆزلىرىنىڭ كۆپ ۋە كۈچلۈك ئىكەنلىكىنى كۆزدە تۇتۇپ ھەزرىتى ئەبۇبەكرىنى ئۆزلىرىگە بويۇن ئەگدۈرەلەيدىغانلىقىغا ۋە ئۇنىڭغا ئۆزلىرىنىڭ تەلەپلىرىنى قوبۇل قىلدۇرالايدىغانلىقىغا ئىشىنىشەتتى. ئەمما نەتىجىدە ئۇلارنىڭ بۇ خىيالى تامامەن سۇغا چىلاشتى. چۈنكى ھەزرىتى ئەبۇبەكرى ھەقىقەتەن ئىسلام مۇقىم بەلگىلىۋەتكەن ھۆكۈملەرنىڭ ھېچبىرىگە سەل قارىمىغۇدەك دەرىجىدە كۈچلۈك ۋە تەۋرەنمەس ئىمانغا ئىگە ئىدى ۋە ئاخىرقى نەپىسىگىچە بۇ يولدا تىركىشەتتى. دەرۋەقە، ئۇلارنىڭ ئۈستىگە قوشۇن تارتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋاپات بولۇپ، ئۈچ كۈندىن كېيىن ھەزرىتى ئەبۇبەكرى خەلىپىلىككە تەيىنلەندى. ئۇ خەلىپىلىك سۈپىتى بىلەن قوشۇنغا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بەلگىلىگەن نىشانغا قاراپ يۈرۈش قىلىشقا ئەمر بەردى.

مۇرتەدلەر زاكاتنى ئۆزلىرىدىن بىكار قىلدۇرۇش ئۈچۈن خەلىپىنىڭ ئالدىغا ۋەكىللەر ئەۋەتتى. ھەزرىتى ئەبۇبەكرى بۇ تەكلىپنى قەتئىي رەت قىلدى. ھەزرىتى ئەبۇبەكرى زاكات بېرىشنى خالىمىغان مۇناپىقلارنىڭ ۋەكىللىرىگە قوپال تەگدى ۋە ئۇلارغا ھاقارەت قىلىپ، تەلەپلىرىنى رەت قىلدى. ئۆز ئىدىيىسىدە چىڭ تۇرۇپ، ئۇلارنى دىنىنىڭ ئەھكاملىرىغا بويسۇنۇشقا زورلىدى. مۇناپىقلارنىڭ ۋەكىللىرى ئۆز قەبىلىلىرىگە قايتىپ بېرىپ، مۇسۇلمانلارنىڭ سان جەھەتتە بەكمۇ ئاز ئىكەنلىكىنى مەلۇم قىلىشتى. ھەزرىتى ئەبۇبەكرى ئۇسامەنىڭ قوشۇنىنى ئۇزىتىپ، مەدىنىگە قايتقاندىن كېيىن ئۈچ كۈن ئۆتمەي تۇرۇپلا مەدىنە كېچىلىك ھۇجۇمغا ئۇچرىدى. خەلىپە مۇھاپىزلارنىڭ قاتتىق قارشىلىق بىلدۈرۈشىنى تاپىلىغاندىن كېيىن، ئۆزىمۇ ئەڭ تېز سۈرئەتتە بىر قوشۇننى باشلاپ، شەھەرنىڭ كىرىش ئېغىزلىرىغا قاراپ يۈگۈردى ۋە باسقۇنچىلارنى بىردەمدىلا تىرە ـ پىرەڭ قىلىۋەتتى.

بۇ ۋەقە ئۇسامە قوشۇنى يولغا چىقىپ، نەق ئىككى ئاي بولغاندا يۈز بەردى. ئۇندىن كېيىن، مۇسۇلمانلارنى سۆيۈندۈرىدىغان ئۈچىنچى خەۋەر يېتىپ كەلدى. بۇ ۋەقەدىن ئون كۈن ئۆتمەيلا، ئۇسامەنىڭ قوشۇنلىرى زەپەر قۇچۇپ، كۆپلىگەن غەنىمەت بىلەن قايتىپ كەلدى. ئۇسامەنىڭ ئەسكەرلىرى خېلى ئوبدان ئارام ئېلىۋالغاندىن كېيىن ، ھەزرىتى ئەبۇبەكرى ئۇلارنى ئەرەب يېرىم ئارىلىنىڭ ئۇ يەر ـ بۇ يېرىدە باش كۆتۈرۈپ چىققان مۇناپىقلارنىڭ ئۈستىگە ئەۋەتىش ئۈچۈن ئون بىر سەپكە ئايرىپ يولغا سالدى ھەم ھەزرىتى ئەبۇبەكرى ئۆزى قوماندانلىق قىلىۋاتقان قوشۇننى باشلاپ ئەل ئەبرەقنىڭ رابزا رايونىدىكى ئەبس ۋە زۇبيان قەبىلىلىرىنى مەغلۇپ قىلغاندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ بۇزەھە رايونىدىكى باشقا تارماقلىرىنى بويسۇندۇرۇش ئۈچۈن يۈرۈش قىلدى.

## 707-سۇئال: ھەزرىتى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ھاياتى

ھەزرىتى ئۆمەر ھىجرەتتىن 42 يىل بۇرۇن مەككىدە تۇغۇلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ۋەھيى كەلگەندە، ئۇ 29 ياشلىرىدا ئىدى. ۋەھيى كېلىپ، ئالتە يىلغىچە جاھىلىيەت ھاياتىنى داۋاملاشتۇردى، يەنى ئۆمەر ۋەھيى كېلىپ، ئالتە يىلدىن كېيىن ئىمان ئېيتتى. شۇنداق بولغاندا، ئۇ جاھىلىيەتتە 35 يىل، ئىسلامدا 30 يىل ياشىغان بولدى. ھەزرىتى ئۆمەر جاھىلىيەتتە 35 يىل ياشىغان بولسىمۇ، جەمئىيەتتىكى ئورنى پەقەتلا ئۆسمىگەن، تەگتۇشلىرى ئارىسىدا ھېچقانداق نام چىقىرالمىغانىدى. ئەگەر ئىسلام بولمىغان بولسا، ھەزرىتى ئۆمەرنىڭ نامى چىقمىغان، ئۇ ئۆلگەندىن كېيىن ھېچكىم ئۇنىڭ نامىنى تىلغا ئالمىغان ۋە ئەسلەپمۇ قويمىغان بولاتتى.

ھەزرىتى ئۆمەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قىيىن ئەھۋالدا قالغاندا مەسلىھەت سورايدىغان چوڭ ساھابىلەردىن بىرى ئىدى. بەزىدە كەلگەن ۋەھىيلەر ھەزرىتى ئۆمەرنىڭ پىكىرلىرى بىلەن ئوخشاش چىقىپ قالاتتى. ئۇ، ساھابىلەرنىڭ ئارىسىدىكى چوڭلۇق دەرىجىسىدە ھەزرىتى ئەبۇبەكرىدىن كېيىن قالسا، ئىككىنچى ئورۇندا تۇراتتى. جەڭلەرنىڭ ھەممىسىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن بىللە بولۇپ، بۇ قەھرىمانلىق مەيدانلىرىدا ئۆزىنىڭ كۈچى ۋە ھەيۋىسى بىلەن ئەتراپقا تونۇلدى. ئۇمۇ ھەزرىتى ئەبۇبەكرىگە ئوخشاش ھەردائىم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىدا تۇرۇپ، ئۇنى قوغدايتتى ۋە ئۆز جېنىنى ئۇنىڭ ئۈچۈن قالقان قىلاتتى. دۈشمەنگە ھەرگىز رەھىم ـ شەپقەت قىلمايتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەمرلىرىنى تولۇقى بىلەن بىجا كەلتۈرەتتى. ھېچقاچان بىر مەسلىنى ئۆز كۆز قارىشى ياكى ئىدىيىسى بىلەن ھەل قىلىشقا ئۇرۇنمايتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تەلىۋىنى ھەر دائىم ئۆز مەنپەئەتىدىن ئۈستۈن كۆرەتتى. ھەزرىتى ئۆمەر دەۋرى ــ ئىنسانىيەت دۇنياسى ئىسلام ئادالىتىنىڭ ئەڭ ئېسىل ئۈرنەكلىرىگە شاھىد بولغان ۋە ئىسلام قۇياشى يەر يۈزىنىڭ ناھايىتى چوڭ بىر قىسمىغا پارلاق نۇر چاچقان دەۋر ئىدى.

ھىجرىنىڭ 23 ـ يىلى، زۇلھەججە ئېيىنىڭ 23 ـ كۈنى سەھەر ۋاقتى ئىدى. ھەزرىتى ئۆمەر بامدات نامىزىنى باشلاشتىن بۇرۇن ئادىتى بويىچە سەپلەرنى تۈزلەپ چىقتى. ئاندىن تەكبىر چۈشۈرۈلگەندىن كېيىن، نامازغا تۇردى. دەل شۇ چاغدا، ئەبۇ لۇئلۇئە دېگەن كاپىر ئۇنىڭ ئالتە يېرىگە خەنجەر تىققاندى. ھەزرىتى ئۆمەر سۈيىقەستكە ئۇچرىغاندىن كېيىن، ئاران ئۈچ كۈن ياشىيالىدى. تۆتىنچى كۈنى، يەنى ھىجرىنىڭ 23 ـ يىلى، زۇلھەججە ئېيى تۈگەيدىغانغا تۆت كۈن قالغاندا (چارشەنبە كۈنى) ۋاپات بولدى. ئوغلى ئابدۇللاھ ئۇنى يۇيۇپ، كېپەنلىدى. نامىزىنى سۇھەيب چۈشۈردى.

### 708 ـ سۇئال: ھەزرىتى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ پەزەلىتى ۋە مۇۋاپىقىيەتلىك خىزمەتلىرى

ھەزرىتى ئۆمەر بىر خەلىپە بولۇش سۈپىتى بىلەن ئۆز زىممىسىدىكى ۋەزىپىنىڭ ئېغىرلىقىنى بىلگەچكە، ھەردائىم كۈچلۈك مەسئۇلىيەت تۇيغۇسىدا ياشايتتى. شۇڭا ئۇ داۋاملىق خەلقنىڭ مەسىلىلىرى بىلەن مەشغۇل ئىدى. ئۇ ھەر بىر مىنۇتىنى خەلقنىڭ مەسىلىلىرىنى ھەل قىلالماسلىقتىن ۋە بۇ سەۋەب بىلەن اللە ئالدىدا جاۋاب بېرەلمەسلىكتىن قاتتىق ئەندىشە قىلىپ ئۆتكۈزەتتى. بۇ قورقۇنچ ۋە ئەندىشە ئۇنىڭ زېھنىگە ئورناپ كەتكەچكە، توختىماي ئىزدىنەتتى، تىرىشاتتى. كېچىلىرىنى ئاساسي جەھەتتىن ئۇيقۇسىز ئۆتكۈزەتتى، كىيىم ـ كېچەكى ۋە يېمەك ـ ئىچمىكى

بەكمۇ ئاددىي ـ ساددا ئىدى. تەن سالامەتلىكى كۈنسېرى زەئىپلىشىپ كېتىۋاتاتتى.

ھەزرىتى ئۆمەر ھەردائىم اللە قورقۇنچى بىلەن ياشايدىغان ۋە بۇ سەۋەبتىن توختىماي كۆز يېشى قىلىپ تۇرىدىغان بىر زات ئىدى. بىرەر ئايەت ئوقۇلغان ۋاقىتتا بۇقۇلداپ يىغلاپ كېتەتتى. بەزىدە شۇنداق تەسىرلىنەتتىكى، ھوشىدىن كېتىپ يەرگە يىقىلاتتى. ئەتراپىدىكىلەر ئۇنى ئۆيىگە ئاپىرىپ قوياتتى. خەلق ئۇنى كېسەل دەپ ئويلاپ، يوقلاپ كېلىشەتتى. بۇ روھىي ھالەت ئۇنىڭ ئادىتىگە ئايلىنىپ قالغان بولۇپ، توختىماي كۆز يېشى قىلغاچقا، مەڭزىدە ئىككى قارا سىزىق پەيدا بولۇپ قالغانىدى. ئۇنىڭ بۇقۇلداپ يىغلىغان ئاۋازىنى بەزىدە جامائەتنىڭ ئارقا سەپلىرىدىكىلەرمۇ ئاڭلايتتى.

ھەزرىتى ئۆمەر فەتىھ ھەرىكەتلىرى داۋامىدا مەدىنىگە توشۇپ كېلىنگەن غەنىمەت ماللارنى ئۆزى ئۈچۈن بىر ئىمتىھان دەپ قارايتتى ۋە اللەنىڭ بۇ ماللار ئارقىلىق ئۆزىنىڭ (ھەزرىتى ئۆمەرنىڭ) ئادىل ۋە دۇرۇستلۇقىنى سىنىماقچى بولۇۋاتقانلىقىغا ئىشىنەتتى.

ھەزرىتى ئۆمەر ھەر دائىم ئۆز ـ ئۆزىنى ئاگاھلاندۇرۇپ، ئۆزىنىڭ ھېچكىمدىن پەرقى يوق ئىكەنلىكىنى ئېسىگە ئېلىپ تۇراتتى. ھەزرىتى ئۆمەر ناھايىتى ئاددىي نەرسىلەر بىلەن قورساق تويغۇزۇشقا تىرىشاتتى. بىر ۋاق تاماقىغا بىرلا خىل تائامدىن باشقا نەرسە يېمەيتتى. دۇنيا ھاياتىنىڭ لەززىتى، دەبدەبىسى ۋە ھەشەمىتىدىن بەكمۇ يىراق ئىدى. شۇڭا ئۇ ئەڭ يوقسۇل كىشىلەر ئاران تېپىپ يېيەلەيدىغان نەرسىلەرنى يەيتتى.

ھەزرىتى ئۆمەرنىڭ كىيىم ـ كېچەكمۇ ناھايىتى ئاددىي ۋە ئەڭ ئەرزان باھالىق كىيىملەر ئىدى. كىيىم ـ كېچەك ياكى ئايىقى ھەردائىم ياماقلىق ئىدى. قىممەت باھالىق، سۈپەتلىك رەختلەردىن تىكىلگەن كىيىملەرنى قەتئىي كىيمەيتتى. يەنى ئۇنىڭ ھاياتى بەكمۇ قىيىن ۋە چىدىغۇسىز دەرىجىدە مۇشكۈلاتچىلىق ئىچىدە ئۆتتى.

ھەزرىتى ئۆمەر ئۆزىنىڭ خىش ـ ئەقرىبالىرىنى دۆلەت ئىشىغا ھەرگىز يېقىنلاشتۇرمايتتى، ئۇلارنىڭ بىرەر ئىشقا مەسئۇل بولۇشىغا قەتئىي قارشى چىقاتتى. ھەتتا ئۇلارنىڭ تىجارەت قىلىشىنىمۇ چەكلىگەنىدى.

ئۇ، كېچىچە ناماز ئوقۇيتتى، يېرىم كېچە بولغاندا، بالا ـ چاقىلىرىنى نامازغا ئويغىتىپ: (ئى مۇھەممەد!) ئائىلەڭدىكىلەرنى (ۋە ئۈممىتىڭنى) نامازغا بۇيرىغىن، ئۆزەڭمۇ ئۇنى ئادا قىلىشقا چىداملىق بولغىن، سەندىن بىز رىزىق تەلەپ قىلمايمىز. ساڭا بىز رىزىق بېرىمىز، ياخشى ئاقىۋەت پەقەت تەقۋادارلارغا خاستۇر دېگەن ئايەتنى ئوقۇپ، ئۇلارنىڭ يادىغا سالاتتى.

ھەزرىتى ئۆمەر ئۆز ئەمىرىدىكى مەسئۇل كىشىلەرنىڭ ئارىسىدا بالىلىرىغا ئالاھىدە مۇئامىلە قىلغانلارنى قاتتىق ئەيىبلىگەندىن باشقا، ئۇلارنىڭ جىنايەت ئۆتكۈزگەن بالىلىرىنىمۇ ئېغىر جازالايتتى.

ئەمدى ھەزرىتى ئۆمەر تەيىنلىگەن ۋالىي، ھاكىملارغا كەلسەك، ئۇ كۆپىنچە ھاللاردا، ئىبادەت ۋە دىنىي ئىشلارغا بەك ئەھمىيەت بېرىپ كەتمىسىمۇ، ئىشەنچلىك ۋە كۈچتۈڭگۈر ئادەملەرنى تەيىنلەيتتى. چۈنكى ئىبادەت ۋە دىنىي مەجبۇرىييەتلەرنىڭ پايدىسى ھەر كىشىنىڭ ئۆزىگە خاستۇر. ئەگەر ۋەزىپىگە تەيىنلەنگەن كىشى پەزىلەتلىك، لېكىن باشقۇرۇش ئىقتىدارى ئاجىز بولۇپ قالسا، ئۇ ھالدا ئۇنىڭ زىيىنى ئۈممەتكە بولىدۇ.

ھەزرىتى ئۆمەر مۇنەۋۋەر ساھابىلەرنى ۋەزىپىلەرگە تەيىنلەپ، ئۇلارنى دۇنيانىڭ باش ئاغرىقىغا ئارىلاشتۇرۇشنى خالىمايتتى.

ھەزرىتى ئۆمەر بىر كىشىنى مۇھىم بىر ۋەزىپىگە تەيىنلىگەن ۋاقىتتا، ئۇنىڭدىن ھېچكىمنىڭ مېلىغا يولسىزلىق قىلماسلىقنى ۋە ھېچكىمنىڭ جېنىغا زامىن بولماسلىقنى، ئەمەل ۋە ھوقۇقنى ئۆزى ۋە ئائىلىسىنىڭ كوزىرىغا ئايلاندۇرۇۋالماسلىقنى تەلەپ قىلاتتى. ھەزرىتى ئۆمەر ۋەزىپە بېشىدىكى كىشىلەرنى ھەمىشە كونترول قىلىپ تۇراتتى. ئۇلارنىڭ يېمەك - ئىچمىكى، كىيىم - كېچىكى ۋە تۇرالغۇ جايلىرىغىچە تەكشۈرۈپ تۇراتتى ۋە پات - پات ئۇلاردىن ھېساب ئالاتتى.

ھەزرىتى ئۆمەر ھەردائىم خەلق ئارىسىدا ياشايدىغان، ئۇلارنىڭ دەرتلىرىگە قۇلاق سالىدىغان ۋە قىيىنچىلىقلىرىنى تەڭ ھەل قىلىدىغان زات ئىدى. يولدىشى جىھادقا چىقىپ كەتكەن ئاياللارنى پات - پات يوقلاپ، بىرەر نەرسىگە ئېھتىياجى بار - يوقلۇقىنى سورايتتى، بەزىدە بۇ ئاياللارنىڭ بالىلىرىنى ياكى خىزمەتچىلىرىنى ئەگەشتۈرۈپ، ئۇلارنىڭ ئورنىدا بازارغا بېرىپ لازىملىق نەرسىلەرنى ئېلىپ بېرەتتى.

ھەزرىتى ئۆمەر بىر توپ كىشى بىلەن سەپەرگە ئاتلىنىپ قالسا، ئۆزى باشقىلاردىن كېيىن يولغا چىقاتتى ۋە ھايالدىغان يەردە قېلىپ قالغان نەرسىلەر بولسا، ئېلىۋېلىپ ئىگىسىگە تاپشۇرۇپ بېرەتتى. يولدا ئۇلىغى يارىلانغان ياكى باشقا ھەرقانداق قىيىنچىلىقى كۆرۈلگەن سەپەرداشلىرىغا يېقىندىن كۆڭۈل بۆلۈپ، ياردەم قىلىشقا تىرىشاتتى.

كېچىلىرى مەدىنىنى ئايلىنىپ، پۈتۈن شەھەرنى چارلاپ چىقىش ــ ھەزرىتى ئۆمەرنىڭ دائىملىق ئىشى ئىدى. مەدىنىگە چۈشكەن كارۋانلارنىڭ بېشىدا قاراۋۇللۇق قىلاتتى، موھتاج كىشىلەرنىڭ ئېھتىياجىنى قامداشقا، ھەقسىزلىككە ئۇچرىغان كىشىلەرنىڭ ئەرز - شىكايەتلىرىنى ئاڭلاپ، دەرتلىرىگە دەرمان بولۇشقا تىرىشاتتى.

ئاياللاردىن بىرەرسىنىڭ بىر نەرسىگە ئېھتىياجى چۈشۈپ قالسا، دەرھال ئۆيىگە قايتىپ، ئايالنى ئېلىپ ئۇلارنىڭ يېنىغا يېتىپ كېلەتتى.

ھەزرىتى ئۆمەر خەلقنىڭ ھال - ئەھۋالىنى ئىگەللەش، ۋاقتىنى ئۇلار بىلەن ئۆتكۈزۈش، تەڭ خۇشال بولۇپ، ئازابلىرىغا ئورتاق بولۇش، ئەگەر بىرەر داۋا ئىشى بولسا، دەرھال ئۇنى ھەل قىلىش ۋە بۇ ئارقىلىق ئادالەتنىڭ بۇرمىلىنىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن ھەردائىم بازار - رەستىلەرنى ئايلىنىپ، خەلق بىلەن ئىچقويۇن - تاشقويۇن بولۇپ كېتەتتى. ۋاقىت تاپسىلا قۇرئان ئوقۇيتتى. نامازدىن كېيىن خەلقنىڭ ئەرز - شىكايەتلىرىنى ئاڭلايتتى. ئۇنىڭ ئۆيىنىڭ ئالدىدا ھېچقاچان قاراۋۇل تۇرمايتتى.

ئۇندىن باشقا، ئۇ ئىسلام قوشۇنىنىڭ غايىۋى قوماندانى ۋە قوراللىق قوشۇنىنىڭ باش قوماندانى ئىدى. قوراللىق قوشۇنىنىڭ بېشىغا ئايرىم قوماندان تەيىنلەيتتى، ئۆزىنىڭ ئوي - پىكرىگە ئاساسەن پىداكار كىشىلەرنى قوماندانلىققا تاللايتتى. بەزىدە ئەڭ يۇقىرى دەرىجىلىك قوماندانىنى ۋەزىپىسىدىن ئېلىپ، ئۇنى قوشۇندىكى ئەڭ ئاددى نۆكەرلەر قاتارىغا چۈشۈرۈپ قوياتتى ۋە ئەينى ۋاقىتتا، ئەڭ ئاددى، ئەمما جاسارەتلىك ۋە باتۇر بىر نۆكەرنى قوشۇنغا قوماندان قىلىپ تەيىنلەيتتى. بۇ ئارقىلىق، قوماندانىنىڭ ئۆز ئەمەل - مەنسىپىنى ئىشغال قىلىۋېلىشىغا، ئۇنىڭدىن يامان نىيەتتە پايدىلىنىشىغا ۋە قول ئاستىدىكىلەرنى ئۆزىنىڭ ئارزۇ - ھەۋەسلىرىگە ۋاستە قىلىۋېلىشىغا توسقۇنلۇق قىلاتتى.

خەلىپە ئۆمەر ئالدىنقى سەپتىكى قوماندانلار بىلەن داۋاملىق ئالاقە باغلاپ، ئۇلارغا تەلىمات ۋە ئەمر - پەرمانلىرىنى يەتكۈزۈپ تۇرغاچقا، خۇددى ئۆزى شۇ يەردە تۇرۇۋاتقاندەك ھەممە ئىشتىن خەۋەردار بولۇپ تۇراتتى. ئۇ ھەردائىم قوماندانلارنى اللەنىڭ شەرىئەت ھۆكۈملىرىگە قەتئىي بويسۇنۇشى ۋە اللەقا چىن دىلىدىن ئېتىقاد قىلىشى توغرىلىق ئاگاھلاندۇرۇپ تۇراتتى. جەڭدە باتۇرلارچە ئېلىشىشى ۋە قاتتىق قارشىلىق بىلدۈرۈشى ئۈچۈن ئۇلارنى جاسارەتلەندۈرۈپ، روھلىرىنى ئۇرغۇتۇپ تۇراتتى ۋە ھەر بىر توقۇنۇشتىن كېيىن ئۆزىگە تەپسىلىي مەلۇمات يوللىشىنى تەلەپ قىلاتتى.

ھەزرىتى ئۆمەر مۇسۇلمانلار ئۈچۈنلا ئەمەس، بەلكى غەيرى مۇسۇلمانلار ئۈچۈنمۇ ئەڭ ئادىل ۋە غايىۋى رەھبەر ئىدى. ئۇ گەرچە غەيرى مۇسۇلمانلارغا مۇسۇلمانلاردىن پەرقلىق كىيىنىش ۋە مۇسۇلمانلارنى ھۆرمەتلەش ھەققىدە بەزى شەكلىي قانۇنلارنى يولغا قويغان بولسىمۇ، ئەمما ۋەزىپە ۋە مەسئۇلىيەتتە ھەممىيلەنگە تەڭ - باراۋەر مۇئامىلە قىلاتتى. بىر غەيرى مۇسۇلمان ئىسلامنى قوبۇل قىلسا، ئۇنى دەرھال

جىزيەدىن ئازاد قىلاتتى، ھەتتا ئۇنىڭ قەرزلىرى پۈتۈن مال ـ بارلىقىدىنمۇ كۆپ ئىكەنلىكى ئېنىقلانسا، ئۇنىڭدىن نە ئۆشرە، نە جىزيە ئېلىنمايتتى. ھەزرىتى ئۆمەر ۋالىيلارغا ئومۇمىي ئۇقتۇرۇش ئەۋەتىپ مۇسۇلمانلارنىڭ غەيرى مۇسۇلمانلارغا زۇلۇم قىلىشىنى توسۇپ، ئۇلارنىڭ ھەق ـ ھوقۇقلىرىغا ھۆرمەت قىلىشىنى، ئۇلارنى كۈچى يەتمەيدىغان ئىشلارغا بۇيرۇماسلىقنى تاپىلىغانىدى.

بۇ دەۋردە ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مەلۇم بىر قىسمىنى ساھابىلەر ئىگەللەيتتى ۋە ئۇلارنىڭ ئەڭ مۆتىۋەرلىرى مەدىنىدە ياشايتتى. خەلىپە ئۇلارنىڭ ھەر قانداق بىر مەقسەتتە (قورالىق ئۇرۇش بولۇپ كەتكەن تەقدىردىمۇ) مەدىنىنىڭ سىرتىغا چىقىشىغا رۇخسەت قىلمايتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن بىرلىكتە ئىسلام، ھەق، ئادالەت يولىدا ئېلىپ بارغان ئۇلۇغ كۈرەشلىرىنى ئۇلار ئۈچۈن يېتەرلىك دەپ قارايتتى. شۇنداقلا، ئۇلارنى باشقىلارمۇ قىلالايدىغان ئاددىي ئىشلار ياكى باشقا خىزمەتلەر ئۈچۈن مەشغۇل قىلىپ، ئاۋارىچىلىق تېپىپ بېرىشنى خالىمايتتى. جىددىي مەسىلىلەرنى ئۇلارغا بىلدۇرۇپ، مەسلىھەتلىشەتتى، ئۆزى ۋە مۇسۇلمانلارغا مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەر ھەققىدە ئۇلارنىڭ قىممەتلىك پىكىرلىرىدىن پايدىلىنىشقا تىرىشاتتى. شۇڭا ئۇ ھەردائىم ھەزرىتى ئوسمان، ھەزرىتى ئەلى ۋە ئابدۇررەھمان ئىبنى ئەۋف قاتارلىقلاردىن سوئال سورايتتى، پىكىرلىرىنى ئالاتتى. شۇنداقلا، پۈتۈن خەلقنىڭ بۇ پەزىلەتلىك شەخسلەرنى ئۆزلىرىگە ئۈلگە قىلىشىنى ئارزۇ قىلاتتى. ساھابىلەرمۇ ئۇنىڭغا ياردەملىشەتتى، يول كۆرسىتەتتى، مەسىلىلەرنى ئۇنىڭ بىلەن بىللە ئولتۇرۇپ ھەل قىلىشاتتى.

تەۋھىد، گۈزەل ئەخلاق، دۇرۇستلۇق، ئادالەت قاتارلىقلارنىڭ ئىنسانلارغا يەتكۈزۈلۈشى ۋە ئۆگىتىلىشى يولىدا رەسۇلۇللاھ بىلەن بىر جان، بىر تەن بولۇپ كەتكەن، ھەق ۋە ھەقىقەت يولىدا جان ۋە ماللىرىنى ئاتىۋەتكەن بۇ مۆتىۋەر ساھابىلەر ھەمىشە ھەزرىتى ئۆمەرنىڭ يېنىدا تۇرۇپ، ئۇنىڭغا يار ـ يۆلەك بولاتتى. شۇڭا خەلق ئۇلارنىڭ ھۆرمەت ـ ئېتىبارىنى قىلاتتى، ئۇلارمۇ ھەزرىتى ئۆمەرگە ئوخشاش خەلققە مېھرىبانلىق قىلاتتى، شەپقەت كۆرسىتەتتى. ئۇلارنى تەربىيىلەتتى، ئىلىم ـ ئىرپان تارقىتاتتى، ئۇلارغا ئىسلامنىڭ ئەۋزەللىكلىرىنى ئۆگىتىش ۋە سىڭدۈرۈش ئۈچۈن جان پىدالىق كۆرسىتەتتى.

ئاخىرىدا شۇنى ئېيتىپ ئۆتەيلىكى، ھەزرىتى ئۆمەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «بۇ يېرىم ئارالدا ئىككى دىن بىرلىكتە مەۋجۇت بولۇپ تۇرالمايدۇ» دېگەن سۆزىگە بىنائەن، مۇسۇلمان بولمىغانلارنى ئەرەب يېرىم ئارىلىنىڭ سىرتىغا ئورۇنلاشتۇردى. ئەمما ئىسلام دۆلىتىنىڭ باشقا رايونلىرىدىكى بۇ پۇقرالار

يەنىلا ھۆر ۋە بەخت ـ سائادەت ئىچىدە ياشىدى.

ھەر نېمە بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئۇلار ئىسلام تارىخىنىڭ ئەڭ پارلاق دەۋرى ۋە ئىنسانىيەت تارىخىدا ئوخشىشى كۆرۈلمىگەن بۇ ئادالەتلىك مەزگىللەردە، پۈتۈن جەمئىيەتنىڭ بارلىق ئەزالىرىغا ئوخشاش خۇشال ـ خۇرام، ئەخلاقىي پەزىلەتكە تولغان شەرەپلىك كۈنلىرىنى ئۆتكۈزگەنىدى. بارلىق جەمئىيەت ئەزاسى بىر ـ بىرىگە چەمبەرچاس باغلانغانىدى، چۈنكى ئۇ جەمئىيەتتە تەڭ ـ باراۋەرلىك، ھۆرلۈك، مېھرى ـ شەپقەت ۋە مەرھەمەت ھۆكۈم سۈرەتتى.

## 709 ـ سۇئال: ھەزرىتى ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ھاياتى

ھەزرىتى ئوسمان دادا تەرىپىدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن يىراق تۇغقان كېلىدۇ ۋە نەسەبتە تۆۋەندىن يۇقىرىغا قاراپ سانىغاندا تۆتىنچى نەسلدە (يەنى تۆتىنچى ئەجدادى ئابدۇمەناپتا) ئۇنىڭ بىلەن بىرلىشىدۇ. ئۇ ئابدۇمەناپ ئىبنى ئابدۇششەمس ئىبنى ئۇمەييە ئىبنى ئەبۇل ئاس ئىبنى ئەففاننىڭ ئوغلى بولۇپ، ئانىسى تەرەپتىنمۇ يەنە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن تۇغقان كېلىدۇ. چۈنكى ھەزرىتى ئوسماننىڭ ئانىسى ئەرۋە ــ قۇرەيزنىڭ قىزى بولۇپ، ئەرۋەنىڭ ئانىسى ئابدۇلمۇتەللىبنىڭ قىزى، يەنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھاممىسى بەيزا ئىدى. ھەزرىتى ئوسمان ھجرەتتىن 47 يىل بۇرۇن تائىپتە تۇغۇلغان بولۇپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن ئالتە ياش كىچىك ئىدى.

ھەزرىتى ئوسماننىڭ دادىسى ئەففان باي سودىگەر ئىدى. ئۇ تىجارەت ئۈچۈن سەپەرگە ئاتلىنىپ، شامدا ۋاپات بولغانىدى. ئۇنىڭدىن ئوغلى ئوسمانغا ناھايىتى كۆپ بايلىق مىراس قالدى. ئوسمانمۇ تىجارەت بىلەن مەشغۇل بولۇپ يۈردى. تىجارىتى يۈرۈشۈپ، تاپقان پايدىسىنى ھەردائىم خەلققە تارقىتىپ، ئۇلارغا ياردەم قولىنى سۇناتتى. شۇڭا خەلق ئۇنى ياخشى كۆرەتتى ۋە ھۆرمەتلەيتتى. ئۇ ئۆزى تەۋە بولغان بەنى ئۇمەييە قەبىلىسىنىڭ خوجايىنى بولغاندىن سىرت، قۇرەيشلەرنىڭمۇ كاتتا زاتلىرىدىن بىرى ئىدى.

مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا تۇنجى ۋەھيى كەلگەن ۋاقىتتا ھەزرىتى ئوسمان 34 ياش ئەتراپىدا ئىدى. ئۇ كۆپ ئۆتمەي ئىسلامنى قوبۇل قىلىپ مۇسۇلمان بولدى ۋە ساھابىلەرنىڭ ئالدىنقىلىرى قاتارىدىن ئورۇن ئالدى. تارىختا قەيت قىلىنىشىچە، ئۇ ئالدىنقى ئون مۇسۇلماننىڭ بىرى ئىدى. ئۇ چاغلاردا، مۇسۇلمانلار كېچىلىرى ئەل ئەركام ئىبنى ئەبۇل ئەركامنىڭ ئۆيىگە يىغىلىپ، مەخپىي پائالىيەت ئېلىپ بېرىشقا يېڭى باشلىغانىدى.

ھەزرىتى ئوسماننىڭ مۇسۇلمان بولۇشى قۇرەيشلەرگە بەكمۇ قاتتىق تەسىر قىلدى.

قۇرەيش ئىچىدە ساراسىمە مەيدانغا كەلدى ۋە داۋالغۇش پەيدا بولدى. چۈنكى ھەزرىتى ئوسمان قۇرەيشلەرنىڭ ھۆرمەتكە سازاۋەر، مۆتىۋەر كىشىلىرىدىن بىرى ئىدى. ھەزرىتى ئوسماننىڭ تاغىسى ئەل ھاكەم ئىبنى ئەبۇل ئاس ئۇنى بۇ يولدىن قايتۇرماقچى بولۇپ، كۆپ ئۇرۇنغان بولسىمۇ، ھېچقانداق نەتىجىگە ئېرىشەلمىدى. شۇنىڭ بىلەن، ئۇ ھەزرىتى ئوسمانغا قاتتىق بېسىم قىلىپ، ئېغىر ئازاب ـ ئوقۇبەتكە دۇچار قىلدى. ئەمما بۇ ئەشەددىي زۇلۇم ۋە ئىنساپسىزلىق بىلەن قىلىنغان مۇئامىلىلەر ھېچقانداق ئىشقا يارىمىدى، ئوسماننىڭ ئىرادىسىنى ۋە ئىسلامغا بولغان ساداقىتىنى ئۆزگەرتەلمىدى. تاغىسى ئۇنىڭ ھەرقانداق ئىشقا بەرداشلىق بېرىپ، ئۆز يولىغا داۋام قىلغانلىقىنى كۆرۈپ بوشىشىپ قالدى. ئەمما بۇ قېتىم ئانىسى ئەرۋە بىنتى قۇرەيز ئۇنى قايىل قىلىشقا ئۇرۇندى. لېكىن، ئۇنىڭ پۈتۈن تىرىشچانلىقىمۇ نۆلگە تەڭ بولدى. ئۇ يەنىلا ئۆز يولىدىن قەتئىي قايتمىدى.

ھەزرىتى ئوسماننىڭ ئۆزگە خاس ئىككى ئالاھىدىلىكى بار ئىدى. بىرىنچىسى، ئۇ بەكمۇ ئۇياتچان بولۇپ، ئىززەت ـ ئابرۇيىنى ساقلاش ئېڭى بەكمۇ كۈچلۈك ئىدى. شۇڭا، خەلق ئۇنىڭ ئالدىدا ھايا قىلاتتى، ئەيمىنەتتى ۋە ئۇنى ھۆرمەتلەيتتى. ھەتتا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالاممۇ ئۇنىڭ بۇ خۇسۇسىيىتىنى بەكمۇ ئۇلۇغلايتتى ۋە: «مالائىكىلەرمۇ ھايا قىلىپ، ئەيمىنىدىغان بىر كىشىدىن مەن قانداق ئەيمەنمەي تۇرالايمەن؟!» دەيتتى.

ئۇنىڭ ئىككىنچى چوڭ ئالاھىدىلىكى بولسا، قولى ئوچۇق، سېخىيلىقى ئىدى. قۇرەيشلەرنىڭ ئارىسىدا سېخىيلىقتا ئۇنىڭ ئالدىغا ئۆتىدىغان بىرى يوق ئىدى. ھەزرىتى ئوسمان مۇسۇلمان بولغاندىن كېيىن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قىزى رۇقىيەگە ئۆيلىنىپ، ئۇنىڭ (پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام) بىلەن تۇغقاندارچىلىق مۇناسىۋىتىنى بەرپا قىلدى. رۇقىيە ئۇنىڭدىن ئابدۇللاھ ئىسىملىك بىر ئوغۇل بالا تۇغدى، ئەمما ئۇ ئالتە يېشىدا ۋاپات بولدى.

قۇرەيشلەر مۇسۇلمانلارغا قاتتىق ئەزىيەت يەتكۈزگەن چاغلاردا، ھەزرىتى ئوسمان پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىجازىتى بىلەن (ئايالى رۇقىيەنى ئېلىپ) ھەبەشىستانغا ھىجرەت قىلغان مۇسۇلمانلار سېپىغا قېتىلدى. ھەبەشىستاندا قىسقا ۋاقىت تۇرۇپلا مەككىگە قايتىپ كەلدى. لېكىن، كۆپ ئۆتمەي يەنە بىر مۇسۇلمانلار كارۋىنىغا قېتىلىپ، ھەبەشىستانغا ئىككىنچى قېتىم ھىجرەت قىلدى.

ئەقەبە يىغىلىشىدىن كېيىن، زۇلۇم ئاستىدىكى مەككىلىك مۇسۇلمانلار ئاستا ـ ئاستا مەدىنىگە ھىجرەت قىلىشقا باشلىدى. بۇنى ئاڭلىغان ھەزرىتى ئوسمان ئايالى رۇقىيەنى ئېلىپ، ھەبەشىستاندىن مەدىنىگە قايتىپ كەلدى. بۇ جەرياندا بەدرى

غازىتى بولۇپ ئۆتتى، ئەمما ھەزرىتى ئوسمان بۇ غازاتقا قاتنىشالمىدى. چۈنكى، ئايالى رۇقىيە ئېغىر كېسەل ئىدى ۋە ئۇنىڭغا قاراش ئۈچۈن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىجازىتى بىلەن مەدىنىدە قالدى. شۇنداق بولسىمۇ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا ئۇرۇشقا قېتىلغانلار قاتارىدا غەنىمەتتىن بىر ئۈلۈش بەردى. كۆپ ئۆتمەي رۇقىيە ۋاپات بولدى (بۇ چاغدا مۇسۇلمانلار تېخى ئۇرۇشتىن قايتىپ كەلمىگەنىدى). بۇ ئىش ھەزرىتى ئوسماننى بەكمۇ قايغۇلاندۇردى.

ھەزرىتى ئوسمان چوڭ ۋەقەلەرنىڭ ھەممىسىدە دېگۈدەك پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىدا بولۇپ، بۇ ۋەقەلەرگە ئۇنىڭ بىلەن بىرگە ئىشتىراك قىلغانىدى. ھەزرىتى ئەبۇبەكرى دەۋرىدە، ھەزرىتى ئوسمان خەلىپىنىڭ باش كاتىبى دەپ قارىلاتتى. ھەزرىتى ئۆمەر دەۋرىدە بولسا، خەلىپىدىن كېيىن دۆلەت ئىشلىرىنى يۈرگۈزىدىغان ئىككىنچى چوڭ ھۆكۈمدار ئىدى. ھەزرىتى ئەبۇبەكرى دەۋرىدە قەھەتچىلىك يۈز بەرگەنىدى. ھەزرىتى ئوسمان مىڭ تۆگىلىك كارۋان بىلەن تىجارەت ئۈچۈن ئېلىپ كەلگەن، بۇغداي، زەيتۇن يېغى ۋە قۇرۇق ئۈزۈم قاتارلىقلارنى مەدىنە سودىگەرلىرىنىڭ ھەسسىلەپ پايدا بېرىمىز دېگىنىگە قارىماي مۇسۇلمانلارنىڭ غېرىپ ـ غۇرۋالىرىغا، قەھەتچىلىكتە قالغان مەدىنە خەلقىگە سەدىقە ئورنىدا تارقىتىپ بەردى.

ھەزرىتى ئوسمان ھەزرىتى ئەبۇبەكرىنىڭ ئەمرى بىلەن ھەزرىتى ئۆمەرنىڭ خەلىپىلىككە تەيىنلەنگەنلىكى توغرىسىدىكى قارارنامىنى يازغانىدى. ھەزرىتى ئوسمان ھەزرىتى ئۆمەر دەۋرىدە ئىككىنچى دەرىجىلىك ھۆكۈمدار ئىدى. خەلق ھەزرىتى ئۆمەردىن بىرەر نەرسە تەلەپ قىلىشتىن بۇرۇن ھەزرىتى ئوسمان بىلەن كۆرۈشەتتى. خەلقنىڭ نوپۇسقا ئېلىنىشى ۋە ھىجرىيە تارىخىنىڭ مۇھەررەم ئېيىدىن باشلىنىشى قاتارلىق پىكىرلەرنى تۇنجى بولۇپ ئۇ ئوتتۇرىغا قويغانىدى. ھەزرىتى ئۆمەرنىڭ قوپال مىجەزى ھەزرىتى ئەبۇبەكرىنىڭ مۆلايىملىقىنى تەڭشەپ تۇرىدىغان مۇھىم ئامىل بولغىنىدەك، ھەزرىتى ئوسماننىڭ يۇۋاش مىجەزىمۇ ھەزرىتى ئۆمەرنىڭ قوپاللىقى بىلەن بىرلىشىپ تەڭپۇڭلۇقنى ساقلايتتى. شۇڭا بۇ ئىككى دەۋردىكى دۆلەت رەھبەرلىكىدە كۆپ ئۆزگىرىش بولمىدى. چۈنكى قوپال مۇئامىلىنىڭ يېنىدا ئۇنى تەڭشەپ تۇرىدىغان يۇۋاشلىق، غەزەپ ـ نەپرەتنىڭ يېنىدا ئۇنى بېسىپ تۇرىدىغان مۆلايىملىق ۋە مەرھەمەت بار ئىدى.

ھەزرىتى ئۆمەرنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن ھەزرىتى ئوسمان خەلىپىلىككە تەيىنلەندى. ھەزرىتى ئوسمان خەلىپىلىككە تەيىنلەنگەندىن كېيىن مېھرابقا چىقىپ قىسقىلا سۆز قىلدى. كېڭەش ئەزالىرىنىڭ ئارىسىدا ئەڭ غەمكىن ۋە پەرىشان

هالدىكىسى ئۇ ئىدى. سۆزىدە خەلققە بەزى نەسىھەتلەرنى قىلدى. ئۇلارغا ئاخىرەت ھاياتىنى ئەسلىتىپ، بۇ دۇنيانىڭ پىتنىلىرىگە ئارىلاشماسلىقى ھەققىدە ئۆگۈت بەردى. ھەزرىتى ئوسماننىڭ بەيئىتى ھىجرىيەنىڭ 24 - يىلى، زۇلھەججە ئېيىنىڭ ئاخىرلىرىغا توغرا كەلگەنىدى.

ھەزرىتى ئوسمان دەۋرى ھەققەتەن فەتىھلەر بىلەن ئۆتكەن دەۋر بولدى. بۇ فەتىھلەر ئاساسى جەھەتتىن ھەزرىتى ئۆمەر دەۋرىدە باشلانغان فەتىھلەرنىڭ داۋامى بولۇپ، ئون يىل بويىچە قۇرۇقلۇق ۋە دېڭىزدا توختىماي داۋاملاشتى.

تۆت خەلىپىنىڭ ئۈچىنچىسى بولغان ھەزرىتى ئوسمان ئىبنى ئەففان ھىجرىيە 35 - يىلى، زۇلھەججە ئېيىنىڭ 18 - كۈنى شېھىت قىلىندى. ئۇ 12 كۈن كەم 12 يىل خەلىپىلىك قىلدى، شېھىت بولغان ۋاقتىتا، 82 يېشىدا ئىدى.

### 710-سۇئال: ھەزرىتى ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ھاياتى

مۇئمىنلەرنىڭ ئەمىرى ھەزرىتى ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىپ رەسۇلۇللاھنىڭ تاغىسىنىڭ ئوغلى، كۈيئوغلى (قىزى فاتىمەنىڭ يولدىشى)، تۆت چوڭ خەلىپىنىڭ تۆتىنچىسى، ئىسلامنى تۇنجى بولۇپ قوبۇل قىلغانلاردىن ۋە دۇنيادا جەننەت بىلەن خۇش بېشارەت بېرىلگەن ئون چوڭ ساھابىنىڭ بىرى ئىدى. ئۇ ھىجرەتتىن 23 يىل بۇرۇن تۇغۇلغان بولۇپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن 30 ياش كىچىك ئىدى. ھەزرىتى ئەلىنىڭ ئانىسى ئەسەد ئىبنى ھاشىم ئىبنى ئابدىمەنافنىڭ قىزى فاتىمە بولۇپ، ئىسلامنى قوبۇل قىلىپ مەدىنىگە ھىجرەت قىلغانىدى. ھەزرىتى ئەلى ئاساسەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆيىدە چوڭ بولغانىدى. چۈنكى دادىسى ئەبۇ تالىپنىڭ ھال - ئەھۋالى ناچار بولغانىنىڭ ئۈستىگە، بالا - چاقىسى كۆپ ئىدى. شۇڭا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام باشقا تاغىلىرى بىلەن مەسلىھەتلىشىپ، ئۇنىڭغا ياردەم قىلماقچى بولدى ۋە ئۇنى يوقلاپ بېرىپ، بەزى بالىلىرىنى ئۆزلىرىنىڭ بېقىپ چوڭ قىلماقچى بولغانلىقىنى ئېيتتى. ئەبۇ تالىپ ئۇلارغا: «بالىلىرىمدىن خالىغىنىنى ئېلىڭلار، ئەمما ئۇقەيلنى ماڭا قويۇڭلار!» دېدى. شۇنىڭ بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەزرىتى ئەلىنى، ھەزرىتى ئابباس جافەرنى ئېلىپ، ئۇلارنىڭ تەربىيەلىرىنى ئۆز ئۈستىلىرىگە ئالدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆزىگە ۋەھيى چۈشكەندىن كېيىن ئالدى بىلەن ئۆز ئائىلىسىدىكىلەرنى مۇسۇلمان بولۇشقا ئۈندىدى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئەلىمۇ بار ئىدى. ئۇمۇ باشقىلىرىغا ئوخشاش دەرھال ئىمان ئېيتتى. ئۇ ۋاقىتلاردا ئۇ تېخى ئون ياشقىمۇ كىرمىگەنىدى. ھەزرىتى ئەلى ئىسلامنى قوبۇل قىلغان تۇنجى بالا مۇسۇلمان ھېسابلىنىدۇ. ئۇ بۇتقا پەقەتلا چوقۇنمىغان بولۇپ، پۈتۈنلەي ئىسلام تەربىيىسىدە چوڭ

بولدى. كۆپ ئۆتمەي، مۇسۇلمانلار بىلەن مۇشرىكلار ئارىسىدا قوراللىق توقۇنۇشلار باشلاندى، ھەزرىتى ئەلى بۇ جەڭلەرنىڭ ئەڭ چوڭ قەھرىمانىغا ئايلاندى. ئۇ ئىسلام قوشۇنلىرى سېپىدا دۈشمەنگە قارشى باتۇرلارچە جەڭ قىلاتتى ۋە دۈشمەنلەرگە پەقەتلا ئارام بەرمەيتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋاپات بولغاندىن كېيىن، مۇسۇلمانلار ھەزرىتى ئەبۇبەكرىنى خەلىپىلىككە تەيىنلىدى. ئۇنىڭغا تۇنجى بولۇپ بەيئەت قىلغانلاردىن بىرى ھەزرىتى ئەلى ئىدى. ھەزرىتى ئەلى ھەر دائىم ھەزرىتى ئەبۇبەكرىنىڭ يېنىدا بولدى. بولۇپمۇ مۇرتەدلەر، زاكات بېرىشنى خالىمىغانلار ۋە مەدىنىگە ھۇجۇم قىلغانلار چىقارغان قالايمىقانچىلىقلاردا ئۇ ھەمىشە ھەزرىتى ئەبۇبەكرىنى قوللاپ، كۈچىنىڭ يېتىشىچە ياردەم قىلدى. ھەزرىتى ئەبۇبەكرىمۇ ئۇنىڭدىن رازى بولغان ھالدا ئۇ ئالەمگە سەپەر قىلدى. ئۇ ھەزرىتى ئۆمەرگىمۇ ھەر دائىم يار ـ يۆلەك بولدى، ئىشلىرىغا ياردەملەشتى ۋە ئۇنىڭ قازىلىقىنى قىلدى. بىر ئىشقا قارار بېرىشتە، توغرا مۇئامىلە قىلىشتا، ئوي ـ پىكىرلىرىدە ۋە اللهنىڭ ھۆكۈملىرىنى ئىجرا قىلىش يولىدا ھېچكىمنىڭ گەپ ـ سۆزىگە پەرۋا قىلماسلىقتا ھەزرىتى ئۆمەرگە ئەڭ ئوخشايدىغىنى ھەزرىتى ئەلى ئىدى. ھەزرىتى ئۆمەردىن كېيىن ھەزرىتى ئوسمان خەلىپىلىككە تەيىنلەندى. ھەزرىتى ئەلى ئۇنىڭغا دەرھال بەيئەت قىلدى ۋە ئۇنىڭ يېنىدىن ئورۇن ئېلىپ، ئەڭ يېقىن ياردەمچىسى بولدى. ھەزرىتى ئوسمانمۇ ھەمىشە ئۇنىڭ بىلەن مەسلىھەتلىشىپ ئىش قىلاتتى. ئاسىيلار ھەزرىتى ئوسماننىڭ ئۆيىنى قورشاۋغا ئالغان ۋاقىتتا، ھەزرىتى ئەلى ئۆزىنىڭ ھەزرىتى ئوسمان تەرەپدارى ئىكەنلىكىنى بايان قىلدى. دەرۋەقە، قورشاۋ جەريانىدا ھەزرىتى ئەلىنىڭ ئوغۇللىرى كېچە ـ كۈندۈز ھەزرىتى ئوسماننىڭ ئىشىكىدە قاراۋۇللۇق قىلىپ، ئۇنى قوغدىدى. ھەزرىتى ئوسمان شېھىت قىلىنغاندىن كېيىن، مۇسۇلمانلار ھەزرىتى ئەلىنى خەلىپىلىككە تەيىنلىدى. ئۇ باشتا بۇ ۋەزىپىنى قوبۇل قىلىشنى خالىمىدى. چۈنكى ئۇ خەلىپە بولۇشنىڭ ئورنىغا ھەردائىم خەلىپىنىڭ مەسلىھەتچىسى بولۇشنى تېخىمۇ ياقتۇراتتى. ئەمما ساھابىلەر ئىسلام ئۈممىتىنى ئۇ كۈنلەردىكى قىيىن ئەھۋالدىن قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن ئۇنىڭ خەلىپە بولۇشنى قەتئىي تەلەپ قىلىپ تۇرۇۋالدى. شۇنىڭ بىلەن، ئۇ ئۈممەتنى بۇ خەتەرلىك ۋەزىيەتنىڭ چاڭگىلىدىن قۇتۇلدۇرۇش ئۈمىدىدە (گەرچە خالىمىسىمۇ)، خەلىپىلىكنى قوبۇل قىلىشقا مەجبۇر بولدى ۋە بۇ ئېغىر مەسئۇلىيەتنى ئۆز زىممىسىگە ئالدى. ئەپسۇسلىنارلىقى، ھەزرىتى ئەلى خەلىپىلىككە تەيىنلەنگەن ۋاقىتتا مۇسۇلمانلار بەكمۇ پەرىشان ئەھۋالدا بولۇپ، ساھابىلەر شۈبھىلەردىن يىراق تۇرۇشقا تىرىشتى، ھەتتا بەزىلىرى ھەزرىتى ئەلىگە بەيئەتمۇ قىلمىدى.

بۇ ۋاقىتلاردا، سۈرىيە ئەتراپى شام ۋالىسى مۇئاۋىيە ئىبنى ئەبۇ سۇفياننىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدا ئىدى. ئۇمۇ ۋەزىيەت مۇقىملاشقىچە ھەزرىتى ئەلىنىڭ خەلىپىلىكىنى ئېتىراپ قىلىشنى خالىمىدى. شۇنىڭ بىلەن، ئۇ ئىككىسىنىڭ ئارىسىدا مۇسۇلمانلارنى قايغۇلاندۇرغان ۋە ھەر ۋاقىت قايغۇلاندۇرىدىغان قانلىق ۋەقەلەر يۈز بەردى. نىھايەت، ھەزرىتى ئەلى ھىجرىيەنىڭ 40 ـ يىلى، رامىزاننىڭ 17 ـ كۈنى سەھەردە بامدات نامىزى ۋاقتىدا، خاۋارىجلاردىن ئابدۇررەھمان ئىبنى مۇلجەم ئەل ھۇمەيرى ئىسىملىك بىر قانخور تەرىپىدىن شېھىت قىلىندى. مېيىت نامىزىنى ئوغلى ھەزرىتى ھەسەن چۈشۈردى. الله ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!

ھەزرىتى ئەلى خەلىپىلىك ۋەزىپىسىنى تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن، ئۇمۇ ھەزرىتى ئۆمەرگە ئوخشاش قاتتىق قول مۇئامىلە قىلىشقا باشلىدى. دۆلەت خەزىنىسىنى چىڭ تۇتتى. قۇرەيشلەرنىڭ مەككە ۋە مەدىنىدىن چىقىپ، دۆلەتنىڭ باشقا يەرلىرىگە ماكانلىشىشىنى چەكلىدى. ئۇ خەلقنىڭ تارقىلىپ كېتىشىدىن ئەنسىرەيتتى. چۈنكى بەنى ئۇمەييە قەبىلىسىدىن بىر توپ كىشى مەككىگە ماكانلىشىپ، مەككىلىك يەرلىك خەلقنىڭ بىر قىسمى دۆلەتنىڭ باشقا مەركەزلىرىگە تارقىلىپ كەتكەنىدى. ھەزرىتى ئەلى ئەنە شۇنداق ھەزرىتى ئۆمەرنىڭ ئىنتىزامىنى قايتىدىن يولغا قويۇشقا تىرىشتى. ئەمما بۇ ئاسان ئەمەس ئىدى. بۇنىڭدىن سىرت، ھەزرىتى ئوسماننى قەتلى قىلغان پىتنىچىلەرنىڭ مەدىنىگە بولغان بېسىمى تېخىچە داۋاملىشىۋاتاتتى. ئۇلارنىڭ تېگىشلىك جازالىرىمۇ تېخى بېرىلمىگەنىدى.

ھەزرىتى ئەلى ھاياتىنىڭ ئاخىرقى كۈنلىرىدە سىياسى ئىشلارغا ئارىلاشماس بولۇۋالدى. ئەتراپىدىكى كىشىلەرنىڭ مۇئامىلىلىرى، ئۇنى يالغۇز تاشلاپ قويۇشلىرى ئۇنىڭ الله يولىدا مېڭىشىغا، مول تەجرىبە ۋە تىرەن ئىلمى بىلەن ھەرىكەت قىلىشىغا ھېچقانداق توسقۇنلۇق قىلالمىغانىدى. ھەزرىتى ئەلىمۇ ھەزرىتى ئۆمەرگە ئوخشاش ئىنتىزامچانلىق بىلەن ئىش قىلغانىدى ۋە ساھابىلەرنىڭ مەدىنىدىن ئايرىلىشىنى چەكلىگەنىدى. ئۇمۇ ھەزرىتى ئۆمەرگە ئوخشاش قولىدىكى قامچىسى بىلەن ھەددىدىن ئاشقانلارنىڭ ئەدىبىنى بېرەتتى. ئۇ ھىزيۇران دەپ ئاتالغان بىر دەرەختىن قىلىۋالغان كالتىكى بىلەن ھەمىشە كىشىلەرنى ئەدەبلەپ تۇراتتى. بازار ـ رەستىلەرنى ئايلىنىپ، مال باھاسىنى تەكشۈرۈپ تۇراتتى، تىجارەتچى، سودىگەرلەرگە ياخشىلىقنى تەۋسىيە قىلاتتى ۋە يامانلىقتىن نېرى تۇرۇشقا ئۈندەيتتى. مەسجىدتە ئولتۇرۇپ خەلقنىڭ دەرت ـ شىكايەتلىرىنى ئاڭلايتتى، مەسىلىلىرىنى ھەل قىلاتتى، بىر ـ بىرىنى ياراشتۇراتتى. جامائەتكە خىتاب قىلاتتى ۋە ئۇلارغا پايدىلىق نەسىھەتلەرنى بېرەتتى.

## 711-سوئال: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئون ساھابە ھەققىدە جەننەت بىلەن بەرگەن خۇش بىشارىتى

پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن كېيىن خەلىپىلىك قىلىدىغان ئەبۇ بەكرى سىددىق، ئۆمەر ئىبنى خەتتاپ، ئوسمان ئىبنى ئەپپان، ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىپ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملارنىڭ خىلاپەتلىك دەۋرى 30 يىل داۋام قىلدى. بۇ تۆت چوڭ ساھابە ۋە تەلھە ئىبنى ئۇبەيدۇللا، زۇبەير ئىبنى ئەۋۋام سەئىد ئىبنى ئەبۇ ۋەققاس، سەئىد ئىبنى زەيد، ئابدۇراھمان ئىبنى ئەۋپ، ئەبۇ ئۇبەيدەئىبنى جەرراھ قاتارلىق ئون ساھابە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھايات ۋاقتىدا جەننەتىن خۇش بىشارەت بەرگەن زاتلار ھېساپلىنىدۇ.

سەئىد ئىبنى زەيد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ۋالىلاردىن بىرىنىڭ يېنىدا بىرەيلەننىڭ ھەزرىتى ئەلىگە تىل تەگكۈزۈۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ قالدىدە، ۋالىيغا: مەن سىنىڭ ھۇزۇرۇڭدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ساھابىلىرىغا تىل تەگكۈزۈلىۋاتقانلىقىنى ئاڭلاۋاتىمەنا؟ سەن ئۇن چىقماي تۇرىسەنغۇ؟ مەن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغانىدىم: ئەبۇ بەكرى جەننەتتە، ئۆمەر جەننەتتە، ئوسمان جەننەتتە، ئەلى جەننەتتە، تەلھە جەننەتتە، زۇبەير ئىبنى ئاۋام جەننەتتە، سەئىد ئىبنى مالىك جەننەتتە، ئابدۇراھمان ئىبنى ئەۋف جەننەتتە، ئەبۇ ئۇبەيدە جەننەتتە . ئونىنچىسىغا كەلگەندە، سەئىد جىم تۇرۇپ قالدى، ئۇنىڭدىن: ئونىنچىسى كىم؟ دەپ سوراشتى. ئۇ: سەئىد ئىبنى زەيد (يەنى ئۆزىنى دېمەكچى) ئۇلارنىڭ پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن بىر قېتىم غازاتقا قاتنىشىپ، يۈزىگە توپا قوندۇرۇشىنىڭ ئۆزىلا بىرىڭلارنىڭ نۇھ ئەلەيھىسسالامدەك ( 950 يىل) ياشاپ، (پۈتۈن ئۆمرى بويىچە) ئەمەل ئىبادەت قىلىشىدىنمۇ ئەۋزەلدۇر، دېدى . (ئەبۇ داۋۇت: 4649)

يەنە بىر رىۋايەتتە مۇنداق دېيىلگەن: سەئىد يۇقىرىقى توققۇزىنى ساناپ بولۇپ، ئونىنچىسىدا شۈك تۇردى. ئۇلار: اللەنىڭ نامى بىلەن سورايمىزكى، ئونىنچىسى كىم؟ دېگەندى. ئۇ: سىلەر اللەنىڭ نامى بىلەن سورىدىڭلار، مەنمۇ جەننەتتە (يەنى ئونىنچىسى مەن)، دېدى. (تىرمىزى: 3748)

## 712-سوئال: تەلھە ئىبنى ئۇبەيدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ھاياتى ۋە پەزىلىتى

تەلھەنىڭ يېشى كىچىك بولغانلىقتىن ئۇنىڭ تىجارەتكە ماھىرلىقى چوڭ سودىگەرلەرگە يەتمىسىمۇ لېكىن، تىجارەتتە ئۇلار بىلەن رىقابەتلىشەلەيدىغان، ئۇلارسىزمۇ ماللارنىڭ ئىسىللىرىنى تاللاپ سېتىۋالالايدىغان ئەقلىگە ۋە ئۆتكۈر

سېزىمچانلىقتا ئىگە ئىدى. ۋاقتىنىڭ ئۆتىشىگە ئەگىشىپ ئوخشىمىغان ۋەقەلەر ئارقا ـ ئارقىدىن يۈز بېرىشكە، تەلھەمۇ پىشىپ يېتىلىشكە باشلىدى. ئۇنىڭ ئاللاھ يولىدا سىنىلىدىغان سىناقلىرىنىڭ سالمىقى ئېغىرلىششقا باشلىدى. بۇ جەرياندا ئۇنىڭ ئىسلامغا ۋە مۇسۇلمانلارغا يېتىدىغان مەنپەئىتىمۇ زورۇيۇپ، ھەتتا ئاخىردا مۇسۇلمانلار تەرىپىدىن «تىرىك شېھىت» دەپ ئاتىلىدىغان شەرەپلىك نامغا ئىگە بولدى. چۈنكى ئۇ ئوھۇد كۈنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ئاجايىپ قەھرىمانلىق بىلەن قوغدىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنى «ياخشى تەلھە»، «سېخى تەلھە»، «مەرد تەلھە» دەپ چاقىراتتى. ئۇنىڭ بۇنداق دەپ چاقىرىلىشىغا سەۋەب بولغان بىر ـ بىرىدىن گۈزەل ۋە تەسىرلىك ھېكايىلىرى بار ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تەرىپىدىن «ياخشى تەلھە»، «سېخى تەلھە»، «مەرد تەلھە» دېگەن مۇبارەك ناملارغا ئىگە بولغان تەلھەگە مۇبارەك بولسۇن!

جابىر ئىبنى ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئۇ پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان: كىمكى زېمىندا مېڭىپ يۈرگەن شېھىدنى كۆرۈشنى خالىسا، تەلھە ئىبنى ئۇبەيدۇللاھقا قارىسۇن. (تىرمىزى: 3739)

زۇبەير ئىبنى ئەۋۋام رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: ئۇھۇد (غازىتى) كۈنى پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئۇچىسىدا ئىككى ساۋۇت بار ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر پارچە قىيا تاشنىڭ ئۈستىگە چىقماقچى بولدىيۇ، چىقالمىدى. تەلھە دەرھال ئېگىلىپ تۇرۇپ بەرگەنىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭ دۈمبىسىگە دەسسەپ تۇرۇپ، تاشنىڭ ئۈستىگە چىقىۋالدى. ئۇ ئەسنادا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: تەلھەگە جەننەت ۋاجىب بولدى دېگىنىنى ئاڭلىدىم. (تىرمىزى: 1692)

قەيس ئىبنى ئەبۇ ھازىمدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: تەلھە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ (ئۇھۇد غازىتىدا) پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنى قوغداش يولىدا زەخىملەنگەن قولىنىڭ پالەچ بولۇپ قالغانلىقىنى كۆردۈم. (بۇخارى: 3724)

قەبىسە ئىبنى جابىر مۇنداق دېگەن: مەن تەلھە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن باشقا بىرىنىڭ سورىمىغان ئادەمگىمۇ كۆپلەپ پۇل ـ مال بەرگىنىنى كۆرۈپ باقمىدىم. ئۇنىڭ ئائىلىسىدىكىلەر دائىم مۇنداق دەيتتى: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم تەلھەنى "ساخاۋەتچى" دەپ ئاتايتتى. (ئەلكەبىر194:)

## 713-سۇئال: زۇبەير ئىبنى ئاۋۋام رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ پەزىلىتى

جابىر ئىبنى ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ:

ئەهزاب ئۇرۇشىدا، پەيغەمبەر سەللاللاهۇ ئەلەيهى ۋەسەللەم: كىم ماڭا دۈشمەننىڭ ئەهۋالىدىن مەلۇمات ئېلىپ كېلىدۇ؟ دەپ سورىغانىدى، زۇبەير: مەن، دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام يەنە: كىم ماڭا دۈشمەننىڭ ئەهۋالىدىن مەلۇمات ئېلىپ كېلىدۇ؟ دەپ سورىغانىدى، يەنە زۇبەير: مەن، دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام ئۈچىنچى قېتىم: كىم ماڭا دۈشمەننىڭ ئەهۋالىدىن مەلۇمات ئېلىپ كېلىدۇ؟ دەپ سورىغانىدى، زۇبەيرمۇ ئۈچىنچى قېتىم: مەن، دېدى. شۇنىڭ بىلەن، پەيغەمبەر سەللاللاهۇ ئەلەيهى ۋەسەللەم: هەر بىر پەيغەمبەرنىڭ خاس ياردەمچىسى بولىدۇ، مېنىڭ ياردەمچىم زۇبەيردۇر، دېدى. (بۇخارى: 4113)

ئابدۇللاھ ئىبنى زۇبەير رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: ئەهزاب غازىتىدا، ئۆمەر ئىبنى ئەبۇ سەلەمە ئىككىمىز پەيغەمبەر سەللاللاهۇ ئەلەيهى ۋەسەللەمنىڭ ئاياللىرىغا قاراشقا قالدۇرۇپ قويۇلدۇق. بىر چاغدا، دادام زۇبەيرنىڭ ئات چاپتۇرغىنىچە بەنى قۇرەيزەگە بىر نەچچە قېتىم بېرىپ كەلگەنلىكىنى كۆردۇم. ئۇ قايتىپ كەلگەندىن كېيىن: ئى ئاتا! سېنىڭ بەنى قۇرەيزەگە بېرىپ كېلىپ يۈرگەنلىكىڭنى كۆردۇمغۇ؟ دېگەنىدىم، دادام: ئى ئوغلۇم! مېنى راستىنلا كۆردۈڭمۇ؟ دەپ سورىدى، مەن: هەئە، دېگەنىدىم، ئۇ مۇنداق دېدى: پەيغەمبەر سەللاللاهۇ ئەلەيهى ۋەسەللەم: كىم بەنى قۇرەيزەگە بېرىپ، ئەهۋالىنى ئۇقۇپ كېلىدۇ؟ دېگەن ئىدى. مەن بېرىپ ئۇقۇپ كەلدىم. قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام ناهايىتى مەمنۇن بولغانلىقى ئۈچۈن، ئاتا ئانىسىنى تىلغا ئېلىپ تۇرۇپ: ئاتا ـ ئانام ساڭا پىدا بولسۇن دېدى. (بۇخارى: 3720)

ئۇرۋە ئاتىسى زۇبەير رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: يەرمۇك جېڭىدا ساهابىلەر زۇبەيرگە: سەن هۇجۇم باشلىساڭ، بىزمۇ ئارقاڭدىن هۇجۇم قىلساق، دېيۇىدى، زۇبەير: مەن هۇجۇم قىلىمەن، لېكىن سىلەر سۆزۈڭلاردا تۇرمايسىلەر، دېدى. ئۇلار: سۆزىمىزدە چوقۇم تۇرىمىز، دەپ تۇرۇۋالدى. شۇنىڭ بىلەن، زۇبەير رۇم ئەسكەرلىرىگە قاراپ ئېتىلدى ۋە دۈشمەن سېپىنى بۆسۈپ، ئارقا تەرەپكە ئۆتۈپ كەتتى. دەرۋەقە، هېچكىم ئۇنىڭ ئارقىسىدىن ماڭمىدى. زۇبەير كەينىگە بۇرۇلۇپ، يەنە دۈشمەن سېپىگە ئېتىلىپ كىردى. بۇ قېتىم دۈشمەنلەر ئۇلىغىنىڭ چۇلۋۇرىدىن تۇتۇۋېلىپ، زۇبەيرنىڭ بويىنى بىلەن مۈرىسىنىڭ ئارىلىقىغا ئىككى زەربە ئۇرۇۋەتتى. زۇبەير بەدر كۈنى دەل شۇ يېرىگە بىر زەربە يېگەن ئىدى. مەن كىچىك چاغلىرىمدا شۇ يارىلاردىن قالغان تاتۇقلارغا بارماقلىرىمنى تىقىپ ئوينايتتىم. يەرمۇك جېڭىدا، (دادام) زۇبەير ئەمدىلا ئون ياشقا كىرگەن (ئاكام) ئابدۇللاهنى ئۆزى بىلەن بىللە ئېلىۋالغان بولۇپ، ئۇنى ئاتقا مىندۈرۈپ، بىر ئادەمنىڭ قولىغا

تاپشۇرغانىدى. (بۇخارى: 3975)

ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: (قالدۇرۇپ قويغۇدەك) ۋەسىيەت ياكى مىراسىم بولغان بولسا، ئۇنى زۇبەير ئىبنى ئاۋۋامغا قالدۇرغان بولاتتىم. چۈنكى، ئۇ دىنىنىڭ رۇكۇنلىرىدىن بىرىدۇر. (ئەلكەبىر232:)

## 714-سۇئال: سەئد ئىبنى ئەبۇ ۋەققاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ھاياتى ۋە پەزىلىتى

مەككىدە پەيغەمبەرلىك نۇرى چاقناشقا باشلىغان دەسلەپكى ۋاقىتلاردا سەئد تېخى كىچىك بولۇپ، ئۇ ئاتا ـ ئانىسىغا كۆيۈمچان، بولۇپمۇ ئانىسىغا بەكمۇ ئامراق بىر ئۆسمۈر ئىدى. گەرچە ئۇ ئەمدىلا 17 ياشنىڭ قارىسىنى ئالغان بولسىمۇ لېكىن، ئۇنىڭ ئەقلى ئۆتكۈرلىكىدە، ھېكمەتلىكلىكىدە چوڭلاردىن قېلىشمايتتى. ئۇ ئۆز تەڭتۇشلىرىدەك ئورۇنسىز ئويۇن ـ تاماشىغا بېرىلمەي، ۋاقتىنى ئوق ياساش، ياچاقنى ياخشىلاش، ئوق ئېتىشنى مەشىق قىلىشتەك ئاقىلانە ئىشلارغا سەرپ قىلىش بىلەن ئۆتكۈزەتتى. ئۇ خۇددى ئۆزىنى چوڭ ئىشلارغا تەييارلىنىۋاتقاندەك ھېس قىلاتتى.

سەئد ھېچ كېچىكمەستىن ئىلاھى چاقىرىققا ئاۋاز قوشتى. ئۇ ئىسلام كەلتۈرگەنلەرنىڭ ئاۋۋالقىلىرىدىن بولدى. ئۇ كۆپ ھاللاردا بۇنىڭدىن پەخىرلىنىپ: «پەيغەمبەرلىك ۋەھيىسىنىڭ دەسلەپكى دەۋرىتى باشلىنىپ يەتتە كۈندىن كېيىن ئىمان كەلتۈردۈم. دېمەك، مەن ئىمان كەلتۈرگەنلەرنىڭ ئاۋۋالقىلىرىدىن بولدۇم» دەيتتى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سەئدنىڭ ئىسلامغا كىرگەنلىكىدىن خۇشال بولدى. چۈنكى، سەئدتە يېگىت چىققان ئاينىڭ تولۇن ئاي بولىشى مۇقەررەر بولغاندەك، پات ئارىدا ھەققىي ئەركەكلەردىن بولۇپ يېتىشىپ چىقىدىغان ئالامەتلەر بار ئىدى. شۇنداقلا، يەنە مەككە ياشلىرىنى ئۆزىگە جەلپ قىلىپ ئەگەشتۈرىدىغان، سۆزىگە كىرگۈزۈشكە سەۋەب بولىدىغان، ئېسىل نەسەب، يۇقىرى مەرتىۋە بار ئىدى. ئۇنىڭدىن باشقا پەيغەمبەرگە يېقىن تۇرىدىغانلىق تەرىپىدىنمۇ ئىمتىيازغا ئىگە بولۇپ، ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئانا تەرەپ جەمەتى بولغان بەنى زوھرا جەمەتىدىن بولغان تاغىسى ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ تاغىسى بىلەن پەخىرلىنەتتى.

سەئدنىڭ ئىسلامدا تۇرۇشى ئاسانغا چۈشمىدى. ئىسلام بۇ ياشنى قاتتىق سىناقلارغا دۇچار قىلدى. سىناقنىڭ بۇ قاتتىقلىقىدىن ھەتتا ئايەت نازىل بولۇشقا سەۋەب بولىدىغان دەرىجىگە يەتتى. ئەمەلىيەتتە سەئدنىڭ ئىسلامنى قوبۇل قىلغان كۈنى، مۇسۇلمانلار كۆپ ياخشىلىقلارغا ئېرىشكەن، ئىسلامغا خەيرلىك بىر زات قوشۇلغان بىر كۈن بولغان ئىدى.

سەئد ئۆزۈن ئۆمۈر كۆردى. ئاللاھ ئۇنىڭغا كۆپ مال ـ مۈلۈك ئاتا قىلدى. لېكىن، ئۇنىڭغا ئەجەل يېقىنلاشقاندا ئۇ ئۆزىنىڭ كونىراپ تىتىلىپ كەتكەن تونىنى تەلەپ قىلىپ: «مېنى بۇنىڭ بىلەن كېپەنلەڭلار، چۈنكى، مەن بەدىر كۈنى مۇشۇ تونىنى كىيگەن ھالدا مۇشرىكلار بىلەن ئۇرۇشقان ئىدىم. مەن يەنە مۇشۇ تون بىلەن ئاللاھ بىلەن ئۇچرىشىشنى خالايمەن... » دېدى. ئاللاھ ئۇنىڭ ياتقان يېرىنى نۇرلۇق قىلسۇن!

سەئد ئىبنى ئەبۇ ۋەققاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: مەن مۇسۇلمان بولغان كۈنگە قەدەر ھېچكىم مۇسۇلمان بولمىغان ئىدى. مەن مۇسۇلمان بولۇپ يەتتە كۈنگىچە مۇسۇلمان بولغانلارنىڭ ئۈچىنچىسى بولۇپ تۇردۇم. (بۇخارى: 3858)

ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سەئد ئىبنى مالىكتىن باشقا بىرىگە: ئاتا ـ ئانام ساڭا پىدا بولسۇن ! دېگىنىنى ئاڭلاپ باقمىدىم. ئۇھۇد كۈنى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام توختىماي: ئى سەئد ! ئاتقىن، ئاتا ـ ئانام ساڭا پىدا بولسۇن دېگەنىدى. (بۇخارى: 4059)

جابىر ئىبنى ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ يېنىدا ئولتۇراتتىم، سەئد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ كىرىپ كەلگەنىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: مانا بۇ، مېنىڭ ئانا تەرەپ تاغام بولىدۇ. كىمنىڭ (بۇنىڭدەك) تاغىسى بولسا، ماڭا كۆرسەتسۇن ! دېدى. سەئد ئىبنى ئەبۇ ۋەققاس زۇھرە جەمەتىدىن بولۇپ، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئانىسىمۇ شۇ جەمەتتىن ئىدى. (تىرمىزى: 3752)

سەئد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: ئى اللە ! سەئد دۇئا قىلسا، ئۇنىڭ دۇئاسىنى ئىجابەت قىلغىن دەپ دۇئا قىلغان. (تىرمىزى: 3751)

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىر كېچىسى ئۇخلىيالمىدى ۋە: كاشكى ساھابىلىرىمدىن سالىھ بىرى كېلىپ، مېنى قوغدىغان بولسىچۇ؟ ! دېدى. بىردەمدىن كېيىن، قورالنىڭ شىرىقلىغان ئاۋازىنى ئاڭلىدۇق. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: كىمسەن؟ دەپ ۋارقىرىغانىدى، ئۇ: مەن سەئد ئىبنى ئەبۇ ۋەققاس بولىمەن، دەپ جاۋاب بەردى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: نېمە ئۈچۈن كەلدىڭ؟ دەپ سورىدى. ئۇ: ئۆز كۆڭلۈمدە اللەنىڭ پەيغەمبىرىدىن ئەنسىرەش ھېسسى تۇغۇلدىدە، بېرىپ ئۇنى قوغداي دەپ كەلدىم، دېدى. بۇنى ئاڭلىغان پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنىڭغا دۇئا قىلدى، ئاندىن خاتىرجەم ھالدا ئۇيقۇغا كەتتى. (مۇسلىم: 2410)

## 715-سوئال: سەئد ئىبنى زەيد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ پەزىلىتى

قەيستىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: مەن سەئد ئىبنى زەيد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ كۇفە مەسجىدىدە مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغانىدىم: ھەزرىتى ئۆمەر مۇسۇلمان بولۇشتىن بۇرۇن، سىڭلىسى بىلەن ئىككىمىزنى (مۇسۇلمان بولغانلىقىمىز ئۈچۈن) باغلاپ قويغانىدى. سىلەرنىڭ ئوسمانغا قىلغىنىڭلارغا ئۇھۇد تېغى ئۆرۈلۈپ چۈشسىمۇ ھەقلىقتۇر. (بۇخارى: 3867)

ھىشام ئىبنى ئۇرۋە ئاتىسىنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: ئەرۋا بىنتى ئۇۋەيس ئىسىملىك ئايال زېمىنىنىڭ بىر قىسمىنى سەئد ئىبنى زەيد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئېلىۋالغانلىقىنى دەۋا قىلىپ، ئۇنى مەرۋان ئىبنى ھەكەمگە چېقىپ بارغانىدى، سەئد ئىبنى زەيد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: مەن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن بۇ ھەقتە ھەدىس ئاڭلىغاندىن كېيىن ئۇنىڭ زېمىنىنى ئېلىۋالالارمەنمۇ؟ دېدى. مەرۋان: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن نېمە ئاڭلىدىڭ؟ دەپ سورىدى. سەئد ئىبنى زەيد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: مەن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ: كىمكى بىر غېرىچ چاغلىق زېمىننى ناھەق ئىگەللىۋالسا، ئۇنىڭ بويىنىغا يەتتە قات زېمىنغىچە تاقاق سېلىنىدۇ دېگەنلىكىنى ئاڭلىغانىدىم، دېدى. مەرۋان ئۇنىڭغا: مەن بۇ ھەدىسنى ئاڭلىغاندىن كېيىن سەندىن پاكىت تەلەپ قىلمايمەن، ئى ئاللاھ! ئەگەر ئۇ ئايال يالغان ئېيتقان بولسا، ئۇنىڭ كۆزىنى كور قىلىۋەتكىن ۋە جېنىنى ئۆز زېمىنىدا ئالغىن! دەپ بەددۇئا قىلدى. راست دېگەندەكلا، ئۇ ئايال دەسلەپ كۆرمەس بولۇپ قالدى، كېيىن ئۆز زېمىنىدا كېتىۋېتىپ، بىر ئورىغا يىقىلىپ چۈشۈپ ئۆلدى. (مۇسلىم: 1610)

## 716-سوئال: ئابدۇراھمان ئىبنى ئەۋف رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ھاياتى ۋە پەزىلىتى

ئابدۇراھمان ئىبنى ئەۋف ئىسلامغا دەسلەپتە كىرگەن سەككىز كىشىنىڭ ۋە جەننەت بىلەن خوش خەۋەر بېرىلگەن ئون كىشىنىڭ، ئۆمەرنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن خەلىپە تاللاش سايلىمىدا نامزاتلىققا كۆرسىتىلگەن ئالتە كىشىنىڭ، مەدىنىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھايات ۋاقتىدا كىشىلەرگە دىنىي ئىشلاردىن پەتىۋا بېرىدىغان بىر قانچە كىشىنىڭ بىرى ئىدى.

ئۇنىڭ ئىسلامنى قوبۇل قىلىشتىن بۇرۇنقى ئىسمى ئابدۇ ئەمرى بولۇپ، ئۇ ئىسلامغا كىرگەندىن كېيىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنى ئابدۇراھمان دەپ چاقىرغان ئىدى. ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام دارۇل ئەرقەمگە كىرىشتىن بۇرۇنلا ئىمان كەلتۈرگەن بولۇپ، ئابابەكرى (ئاللاھ ئۇنىڭدىن

رازى بولسۇن!) ئىمان كەلتۈرۈپ ئىككى كۈندىن كېيىنلا ئىمان كەلتۈرگەن ئىدى. ئۇ ئاۋۋال مۇسۇلمان بولغانلار ئۇچرىغان بارلىق كۈلپەتلەرنىڭ ھەممىسگە يولۇقتى، مۇسۇلمانلار دەسلەپكى ھىجرىتى بولغان ھەبەشىستانغا ھىجرەت قىلغاندا ئۇمۇ بىرگە ماڭدى. مۇسۇلمانلار مەدىنىگە ھىجرەت قىلغاندىن كېيىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇھاجىرلار بىلەن ئەنسارىلارنى دوستلاشتۇرۇپ قويغاندا ئابدۇراھماننى سەئد ئىبنى رەبىئە بىلەن دوستلاشتۇرۇپ قويدى.

بەدىر كۈنى ئۇ قولىغا قورال ئېلىپ ھەقىقىي جىھادقا ئاتلاندى. ئۇ جەڭ مەيدانىدا ئاللاھنىڭ دۈشمىنى ئۇمەير ئىبنى ئوسماننى ئۆلتۈردى. ئوھۇد ئۇرۇشى بولغان كۈنى جەڭ ھەيۋىسىدە كىشىلەرنىڭ دىللىرىغا قورقۇنچ كىرىشكە باشلىغاندىمۇ، ئۇ قىلچە تەۋرەنمەي باتۇرلارچە ئۇرۇش قىلدى. ئۇ جەڭ مەيداندىن قايتقاندا ئۇنىڭ بەدىنىنىڭ يىگىرمە نەچچە يېرى يارىلانغان بولۇپ، بەزى يارا ئورۇنلىرى ھەتتا بارماق كىرىپ كەتكۈدەك چوڭقۇرلۇقتا ئىدى. ئابدۇراھماننىڭ جېنى بىلەن قىلغان جىھادىغا قارىغاندا مېلى بىلەن قىلغان جىھادى كۆپ ئىدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋاپات بولغاندىن كېيىن ئۇ مۆمىنلەرنىڭ ئانىلىرىدىن ئوبدان خەۋەر ئېلىپ تۇردى. ئۇ ئۇلارنىڭ ئېھتىياجلىرىدىن چىققاتتى، ئۇلار بىرەر جايغا چىقسا ئۇلار بىلەن بىرگە چىققاتتى. ھەج قىلسا بىرگە ھەج قىلاتتى. ئۇلارنىڭ كاجىۋىلىرىغا يېشىل يوپۇقلارنى يېپىپ قوياتتى. مانا بۇ ئابدۇراھماننىڭ ئارتۇقچىلىرىنىڭ بىرى، شۇنداقلا مۆمىنلەرنىڭ ئانىلىرىنىڭ ئابدۇراھمانغا ئىشەنگەنلىكى بولۇپ، ئابدۇراھمان بولار بىلەن پەخىرلىنىشكە ئەرزىيدىغان ئىش ئىدى.

ئابدۇراھماننىڭ مۇسۇلمانلارغا ۋە مۆمىنلەرنىڭ ئانىلىرىغا بولغان ياخشىلىقى شۇ دەرىجىدە ئىدىكى، ئۇ بىر پارچە زېمىننى 40 مىڭ دىنارغا سېتىپ ئۇنىڭ ھەممىسىنى بەنى زۇھرە(پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئانا جەمەتى)مۇسۇلمانلىرى، مۇجاھىدلارنىڭ يوقسۇللىرىغا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاياللىرىغا تەقسىم قىلىپ بەردى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۇنىڭ ئۈچۈن ئاللاھتىن بەرىكەت تىلەپ قىلغان دۇئاسى ئۇنىڭغا ئۆمۈر بويى بەرىكەت ئېلىپ كەلدى. ھەتتاكى، ئۇ ساھابىلەرنىڭ ئىچىدە مال دۇنياسى ئەڭ كۆپ كىشىگە ئايلاندى. ئۇنىڭ تىجارەت دائىرىسى بارغانسېرى كېڭىيىپ، تاپاۋىتى كۆپىيىشكە باشلىدى. ئۇنىڭ كارۋانلىرى مەدىنە خەلقى ئېھتىياجلىق بولغان، بۇغداي، ئۇن، ماي، كىيىم ـ كېچەك، قاچا ـ قۇچا ۋە خۇشپۇراق نەرسىلەرنى توشۇپ كېلىپ، مەدىنە خەلقىنىڭ ئېھتىياجىدىن ئاشقان

مەدىنە ماللىرىنى باشقا جايلارغا توشۇپ كېتەتتى.

بىر كۈنى ئابدۇراھماننىڭ كارۋانلىرى مەدىنىگە يېتىپ كەلدى. بۇ كارۋان يەتتە يۈز ئۆلاغدىن تەركىپ تاپقان زور بىر كارۋان ئىدى. كارۋانلار مەدىنە خەلقى ئېھتىياجلىق بولغان ئاشلىق ۋە باشقا لازىمەتلىكلەرنى ئېلىپ كەلگەن ئىدى. بۇ كارۋاننىڭ يېتىپ كېلىشى بىلەن مەدىنە ئىچى تەۋرەپ كەتتى. شۇ كۈندىن كېيىن ئۇ تېخىمۇ كۆپ مال سەدىقە قىلىشقا كىرىشتى. ئۇ ئىلگىدىكى نەرسىلەرنى ئاشكارا ۋە يوشۇرۇن رەۋىشتە سەدىقە قىلىشقا باشلىدى. ئۇ 40 مىڭ دىرھەم كۈمۈش سەدىقە قىلىپ ئارقىدىن يەنە 40مىڭ دىنار ئالتۇن سەدىقە قىلدى. ئاللاھ يولىدا جىھاد قىلغۇچىلارغا 500 ئات، 1500 تۆگە ئۆلاغ تەقدىم قىلدى. ئۆمرىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدە نۇرغۇن قۇللىرىنى ئازات قىلىۋەتتى. ئۇ بەدىر ئۇرۇشىغا قاتناشقان ھەر بىر كىشىگە تۆت يۈز دىنار ئالتۇن سەدىقە قىلدى. بۇلارنىڭ سانى يۈز كىشى ئىدى. مۆمىنلەرنىڭ ئانىسىنىڭ ھەر بىرىگە نۇرغۇن مال ۋەسىيەت قىلدى. ئائىشە ئۇنىڭغا كۆپ ۋاقىتلىرىدا: ـ ئاللاھ ئۇنى سەلسەبىل بۇلاقلىرى بىلەن سۇغارسۇن، ـ دەپ دۇئا قىلاتتى.

ئۇنىڭدىن كېيىن مىراسخورلىرىغا ساناقسىز مال، مىڭ تۆگە، يۈز ئات، ئۈچ مىڭ قوي قالدۇردى. تۆت ئايالىنىڭ ھەر بىرىگە شەرىئەتتىكى بەلگىلەنگەن ئۈلۈشى بويىچە مېلىنىڭ سەككىزدىن بىرىنى قالدۇردى، قالدۇرۇلغان مال سەكسەن مىڭ ئىدى. ئۇنىڭ مىراسخورلىرىغا قالدۇرۇلغان ئالتۇنلارنى كەكە ـپالتا بىلەن پارچىلىغاندىمۇ قوللىرى تالغىدەك ئالتۇن ـ كۈمۈش قالدۇردى. بۇلارنىڭ ھەممىسى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۇنىڭ مېلىغا قىلغان بەرىكەت تىلەش دۇئاسىنىڭ پەزىلىتىدىن ئىدى. لېكىن، ئۇنىڭ ھاياتلىقىدا ئېرىشكەن بۇ مال ـ دۇنيالىرى ئۇنى قىلچە مەغرۇرلاندۇرمىدى. ئۇ خىزمەتكارلىرىنىڭ ئارىسىدا تۇرغاندا كىشىلەر ئۇنى پەرقلەندۇرەلمەي قالاتتى. ئۇنىڭغا تۇمەنمىڭ خۇش مۇبارەك بولسۇنكى! ئۇ راستچىل، ئىشەنچىلىك، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭ جەننەتكە كىرىدىغانلىقى بىلەن خوش خەۋەر بەرگەن بەندە ئىدى.

ئۇنىڭ جىنازىسىنى باشتىن ئاخىرغىچە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تاغىسى سەئىد ئىبنى ئەبۇ ۋەققاس كۆتۈردى. ئىككى نۇرنىڭ ئىگىسى ئوسمان ئىبنى ئەۋففان ئۇنىڭ نامىزىنى چۈشۈردى.

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئاياللىرىغا: سىلەرنىڭ مەندىن كېيىنكى تۇرمۇش ئەھۋالىڭلار مېنى بەكمۇ ئويلاندۇرىدۇ. ئەڭ سەۋرچان كىشىلەرلا سىلەرنىڭ ھالىڭلاردىن خەۋەر ئېلىپ

تۇرىدۇ دەيتتى. كېيىن ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا ئابدۇراھمان ئىبنى ئەۋفنىڭ ئوغلى (ئەبۇ سەلەمەگە): اللە داداڭنى سەلسەبىل جەننىتىدىن سۇغارغاي، دېدى، چۈنكى ئابدۇراھمان بىر بېغىنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاياللىرى ئۈچۈن ۋەقپە قىلىۋەتكەن بولۇپ، بۇ باغ كېيىن 40 مىڭ دەرھەمگە سېتىلغانىدى. (تىرمىزى: 3749)

## 717-سۇئال: ئەبۇ ئۇبەيدە ئىبنى جەرراھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ھاياتى ۋە پەزىلىتى

ئەبۇ ئۇبەيدە چىرايىدىن نۇر يېغىپ تۇرىدىغان، قەددى قامىتى كېلىشكەن، ئېگىز بويلۇق، ئورۇق، زىلۋا ئادەم بولۇپ، قارىغۇچىنىڭ كۆزى راھەتلىنىپ، ئۇنىڭ بىلەن ئۇچراشقان كىشى چىقىشىپ دوست بولۇپ قالىدىغان خۇش تەبىئەتلىك كىشى ئىدى. ئۇنىڭ ئۇستىگە ئۇ يەنە ناھايىتى كەمتەر، شەرمى ـ ھايالىق كىشى ئىدى. بىراق مەرتلەر سىنىلىدىغان مەيدانلاردا بولسا خۇددى ھۇجۇمغا تەييارلانغان يولۋاسقا ئايلىناتتى.

مانا بۇ كىشى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ مىللىتىنىڭ ئىشەنچلىك ئادىمى، ئامىر ئىبنى ئابدۇللاھ ئىبنى جەرراھ بولۇپ «ئەبۇ ئۇبەيدە» دەپ ئاتالغان. ئابدۇللا ئىبنى ئۆمەر ئۇنى سۈپەتلەپ: «قۇرەيش قوۋمى ئىچىدە يۈزى ئەڭ نۇرلۇق، ئەخلاقى ئەڭ گۈزەل، ناھايىتى ھايالىق، ھەرگىز يالغان سۆزلىمەيدىغان، باشقىلارنىمۇ يالغانچىغا چىقارمايدىغان ئۈچ ئادەم بولۇپ ئۇلار - ئەبۇبەكرى، ئوسمان ئىبنى ئەففان ۋە ئەبۇ ئۇبەيدە» دېگەن ئىدى.

ئەبۇ ئۇبەيدە دەسلەپكى قەدەمدە ئىسلامغا كىرگۈچىلەردىن بولۇپ، ئەبۇبەكرىدىن بىر كۈن كېيىن ئەبۇبەكرىنىڭ ۋاستىسى بىلەن ئىمان ئېيتقان. ئەبۇبەكرى ئۇنى ئابدۇراھمان ئىبنى ئەۋف، ئوسمان ئىبنى مەزئۇن، ئەرقەم ئىبنى ئەبۇل ئەرقەملەر بىلەن بىللە پەيغەمبەر ئەلەيىسسالامنىڭ ئالدىغا ئېلىپ باردى. ئۇلار شاھادەت كەلىمىسىنى ئېيتتى، شۇنىڭ بىلەن ئۇ بۈيۈك ئىسلام دىنىنىڭ تايانچ تۈۋرۈكلىرىدىن بولۇپ قالدى.

ئەبۇ ئۇبەيدە باشقا مۇسۇلمانلار بېشىدىن كەچۈرگەن ئېغىر سىناقلارنى بېشىدىن كەچۈردى. ئۇ دەسلەپتە ئىمان ئېيتقان مۇسۇلمانلار بىلەن بىرگە ھېچقانداق بىرىنىڭ ئەگەشكۈچىلىرى تارتمىغان ئېغىر ئازاب ئوقۇبەتلەرنى تارتتى. لېكىن ئۇ ھېچقانداق تەۋرەنمەي ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە سادىق بولدى. بەدرى ئۇرۇشىدا ئۇنىڭ بېشىغا كەلگەن سىناق ھەرقانداق بىر ئىنساننىڭ تەسەۋۋۇرىغا سىغمايدىغان سىناقلاردىن ئىدى.

ئۇ ئىشەنچلىك بولۇپلا قالماي يەنە ناھايىتى ئامانەتدار ئىدى. ئۇنىڭ بۇ خىسلىتى

نۇرغۇن ئىشلاردا ئىپادىلەنگەن ئىدى، ئوھۇد ئۇرۇشىدا مۇسۇلمانلار مەغلۇپ بولغان شۇ هالقىلىق ۋاقىتتا ئەبۇ ئۇبەيدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى جان پىدالىق بىلەن قوغداپ تۇرغان ئۇن ساھابىنىڭ بىرى ئىدى. ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھايات چېغىدىكى بارلىق غازاتلارغا تولۇق قاتناشقانىدى.

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەربىر ئۇممەتنىڭ بىر ئامانەتدار كىشىسى بولىدۇ. ئەي ئۇممىتىم! بىزنىڭ ئامانەتدار كىشىمىز ئەبۇ ئۇبەيدە ئىبنى جەرراھتۇر. (بۇخارى: 3744)

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: يەمەن ئەھلى پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قېشىغا كېلىپ: بىزگە سۈننەت ۋە ئىسلامنى ئۆگىتىدىغان بىر ئادەمنى قوشۇپ ئەۋەتكىن، دېگەنىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەبۇ ئۇبەيدەنىڭ قولىنى تۇتۇپ تۇرۇپ: بۇ، مۇشۇ ئۇممەتنىڭ ئامانەتدار ئادىمىدۇر، دېدى. (مۇسلىم: 2419)

## 718-سۇئال: ئەھلى بەيتنىڭ كىملىكى

سەئد ئىبنى ئەبۇ ۋەققاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق رىۋايەت قىلىدۇ: {كېلىڭلار، ئوغۇللىرىمىزنى ۋە ئوغۇللىرىڭلارنى، ئاياللىرىمىزنى ۋە ئاياللىرىڭلارنى يىغىپ دۇئا قىلايلى} (سۈرە ئال ئىمران، 61 - ئايەت)دېگەن ئايەت نازىل بولغاندا، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ھەزرىتى ئەلى، فاتىمە، ھەسەن ۋە ھۈسەيىن رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملارنى (يېنىغا) چاقىرىپ: ئى رەببىم! بۇلار مېنىڭ ئەھلى بەيتىمدۇر دېدى. (تىرمىزى: 2999)

زەيد ئىبنى ئەرقەم رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىر كۈنى خۇتبىسىدە: ئى ئىنسانلار ! مەن پەقەت بىر ئىنسانمەن. رەببىمنىڭ ئەلچىسى (يەنى ئەزرائىل)نىڭ كېلىشىگە ئاز قالدى، ئۇ چاغدا مەن ئۇ ئالەمگە سەپەر قىلىشىم مۇمكىن. مەن سىلەرگە ئىككى ئەڭگۈشتەرنى قويۇپ كېتىمەن. ئۇلارنىڭ بىرى، اللە تائالانىڭ كىتابى بولۇپ، ئۇ ھىدايەت ۋە نۇردۇر، سىلەر ئۇنىڭغا مەھكەم ئېسىلىڭلار. ئەھلى بەيتىمنى تاشلاپ كېتىۋاتىمەن، ئەھلى بەيتىمگە قانداق مۇئامىلە قىلىشتا اللەتىن قورقۇڭلار، ئەھلى بەيتىمگە قانداق مۇئامىلە قىلىشتا اللەتىن قورقۇڭلار، ئەھلى بەيتىمگە قانداق مۇئامىلە قىلىشتا اللەتىن قورقۇڭلار! دېدى. ھۈسەيىن زەيدكە: ئى زەيد ! پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەھلى بەيتى كىملەر؟ ئاياللىرى ئۇنىڭ ئەھلى بەيتى ئەمەسمۇ؟ دېگەنىدى، زەيد: ئاياللىرىمۇ ئەھلى بەيتىدىن، لېكىن سەدىقە يېيىشتىن چەكلەنگەن كىشىلەرمۇ ئەھلى بەيتىدىندۇر،

دېدى. ھۇسەين: ئۇنداقتا، ئۇلار كىم؟ دەپ سورىدى. ئۇ: ئۇلار: ئەلىنىڭ ئائىلىسى، ئەقىلنىڭ ئائىلىسى، جەئفەرنىڭ ئائىلىسى ۋە ئابباسنىڭ ئائىلىسىدۇر، دېدى. ھۇسەين: بۇلارنىڭ ھەممىسى سەدىقە يېيىشتىن چەكلەنگەنمۇ؟ دەپ سورىغاندى، ئۇ: ھەئە، دېدى. (مۇسلىم: 2408)

**719-سۇئال: ئابباس ئىبنى ئابدۇلمەتەللىب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ پەزىلىتى**

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئابباسقا: ئى تاغا ! دۈشەنبە كۈنى سەھەردە بالاڭنى ئېلىپ قېشىمغا كەلگىن. مەن ساڭا ۋە بالاڭغا پايدىلىق دۇئا قىلىپ قوياي، دېدى. (دۈشەنبە كۈنى) سەھەردە ئۇنىڭ يېنىغا باردۇق، بىزگە كىيىم بەردى. ئاندىن: ئى اللە! ئابباس ۋە بالىسىنىڭ ئاشكارا ۋە يوشۇرۇن بارلىق گۇناھلىرىنى مەغپىرەت قىلغىن، ئۇلارنىڭ (مەغپىرەت قىلىنمىغان) ھېچبىر گۇناھى قالمىسۇن. ئى اللە! ئۇنى بالىلىرىنىڭ بەختى ئۈچۈن قوغدىغىن، دەپ دۇئا قىلدى. (تىرمىزى: 3762)

**720-سۇئال: جەئفەر ئىبنى ئابدۇلمەتەللىب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ھاياتى ۋە پەزىلىتى**

ئابدۇمەناف جەمەتىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئوخشايدىغان بەش كىشى بار بولۇپ، كۆزى ئاجىز كىشىلەر ئالدىراپ پەرقلەندۈرەلمەيتتى. ئۇ بەش كىشىنىڭ ئىچىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ھەممىدىن بەك ئوخشايدىغىنى، جەئفەر ئىبنى ئەبۇ تالىپ بولۇپ، ئۇ مۆمىنلەرنىڭ خەلىپىسى ئەلى ئىبنى تالىپنىڭ قېرىندىشى.

پەيغەمبەرلىك كەلگەندىن كېيىن ئىمان كەلتۈرگەن تۇنجى ياش ئەلى بولدى. جەئفەرمۇ تاغىسى بىلەن بىرگە تۇرغان ئىدى. ئۇمۇ دەسلەپ ئىمان ئېيتقۇچىلاردىن بولۇپ ئۇنىڭ بىلەن ئايالى ئەسما پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام دارۇل ئەرقەمگە كىرىشتىن بۇرۇنلا ئابابەكرىنىڭ سەۋەبى بىلەن ئىمان ئېيتقان ئىدى.

ئىمان ئېيتقانلىق سەۋەبى بىلەن ھاشىمىيلىك بۇ يىگىت ۋە ئۇنىڭ ياش ئايالى باشقا ئىمان ئېيتقان مۇسۇلمانلار ئۇچرىغان ئەزىيەت، كۈلپەتلەرنىڭ ھەممىسىگە ئۇچرىدى. ئۇلار باشلىرىغا كەلگەن بۇ قاتتىق ئەزىيەتلەرگە سەۋر قىلدى. چۈنكى، ئۇلار جەننەتكە بارىدىغان يولنىڭ تىكەن، چاتقاللار بىلەن قورشالغانلىقىنى ياخشى چۈشەنگەن بەندىلەردىن ئىدى.

ئۇلارنىڭ ئاللاھنىڭ بۇيرۇقى بويىچە ئىش كۆرۈشىگە، ئىسلامنىڭ تەلىپى بويىچە ياشىشىغا، ئاللاھقا ئىبادەت قىلىپ ياشىشىغا، ئىماننىڭ لەززىتىنى تېتىشىغا دىن دۈشمەنلىرى بولغان قۇرەيش مۇشرىكلىرى ئېغىر دەرىجىدە توسالغۇ بولۇپ، ئۇلارنى ھەر جەھەتتىن تەقىپ قىلىپ تۇرىدىغان كۆزەتچىلەرنى بېكىتىشكەن ئىدى. دەل

مۇشۇنداق ئەھۋالدا ئۇلار ئەر ـ ئايال ئىككىسى باشقا مۇسۇلمانلار بىلەن بىرگە دىنلىرىنى قوغداش ئۈچۈن ھەبەشىستانغا ھىجرەت قىلىشقا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامدىن رۇخسەت ئالدى.

تۇنجى ھىجرەت قىلغۇچى مۇسۇلمانلار گۇرۇھى ھەبەشىستانغا قاراپ يولغا چىققاندا جەئفەر ئۇلارنىڭ ئالدىدا ئىدى. ئۇلار ئۇ يەرگە بېرىپ پادىشاھنىڭ ھىمايىسىدە ئۇ يەرگە ماكانلاشتى. ئۇلار ئىسلامغا كىرگەندىن كېيىن تۇنجى خاتىرجەملىكنى بۇ يەردىن تاپتى ۋە خاتىرجەم ئىبادەت قىلىشنىڭ ھۇزۇرىدىن بەھرىلەندى.

جەئفەر نەجاشىنىڭ ھىمايىسىدە ھەبەشىستاندا خاتىرجەم ھالدا 10 يىل تۇردى. ھىجرىيىنىڭ يەتتىنچى يىلى ئۇلار باشقا بىر قانچە مۇسۇلمانلار بىلەن مەدىنىگە قاراپ يولغا چىقتى. بۇ ۋاقىتتا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام خەيبەرنى فەتھى قىلىپ قايتىپ كەلگەن ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام جەئفەر بىلەن كۆرۈشكەندە قاتتىق خۇشال بولدى. جەئفەر ئاجىزلارغا ناھايىتى ئېتىبار بېرىپ، ئۇلاردىن ھەر قانداق ياخشىلىقنى ئايىمايتتى. شۇڭا ئۇنىڭغا مىسكىنلەرنىڭ ئاتىسى دېگەن ئات سىڭىپ قالغان ئىدى.

جەئفەر مەدىنىدە ئۇزاق ياشىمىدى. ھىجرىيەنىڭ سەككىزىنچى يىلىنىڭ بېشىدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام شام دىيارىدىكى رۇملۇقلارغا قارشى قوشۇن تويلىدى ۋە قوشۇنغا زەيد ئىبنى ھارىسنى باشلىق قىلىپ: «ئەگەر جەڭدە زەيد شېھىت بولسا جەئفەر باشلىق بولسۇن! جەئفەرمۇ شېھىت بولسا ئابدۇللاھ ئىبنى راۋاھە باشلىق بولسۇن، ئۇمۇ شېھىت بولسا مۇسۇلمانلار ئۆزلىرى ئىچىدىن بىرىنى باشلىق قىلىپ سايلىسۇن » دېدى.

مۇسۇلمانلار قوشۇنى ئاتلىنىپ مۇئتەگە يېتىپ كەلگەندە رۇملۇقلارنىڭ 100 مىڭ كىشىلىك قوشۇن تەييارلىغانلىقىنى، ئۇلارغا يەنە لەخمى، جۇزام، جۇزائە ۋە باشقا قەبىلىلەردىن تەركىپ تاپقان 100 مىڭ ئەرەب خرىستىئانلىرىنىڭ ئۇلارغا ياردەم بېرىدىغانلىق خەۋىرى كەلدى. مۇسۇلمان قوشۇنىنىڭ سانى بولسا ئارانلا 3000 ئىدى.

ئىككى تەرەپ ئۇچراشقاندا زەيد شېھىت بولدى. بۇنى كۆرگەن جەئفەر دەرھال ئاتتىن سەكرەپ چۈشۈپ زەيدنىڭ ئېتىنىڭ تۆت پۇتىنى چېپىپ تاشلىدى. چۈنكى، بۇنىڭ ئېتى نەسىلىك، ئېسىل ئاتلاردىن بولۇپ، دۈشمەنلەرنىڭ پايدىلىنىپ كېتىش ئېھتىمالى بار ئىدى. ئاندىن بايراقنى كۆتۈرۈپ شېئىر ئوقۇغان ھالدا دۈشمەن سېپىنى يېرىپ ئالغا ئىلگىرىلەپ كەتتى.

ئۇ شۇ تەرزدە چېپىش بىلەن ئىلگىرىلەپ كېتىۋاتقاندا ئۇنىڭ ئوڭ قولى كېسىلدى. ئۇ دەرھال بايراقنى سول قولىغا ئالدى. ئۇزۇن ئۆتمەي سول قولى كېسىلدى. ئۇ بايراقنى

كۆكرىكى بىلەن ئىرەپ ئىككى بىلىكى بىلەن قامالىشۋالدى. بىرئازدىن كېيىن يەنە بىر زەربە بىلەن ئۇنىڭ بەدىنى ئىككى پارچە قىلىندى. ئابدۇللاھ ئىبنى رەۋاھە ئۇنىڭ قولىدىن بايراقنى ئېلىپ باتۇرلارچە ئۇرۇشتى. ئۇزۇن ئۆتمەي ئۇمۇ ئاۋۋال كەتكەن ئىككى دوستىغا قوشۇلدى.

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مەن جەئفەرنىڭ جەننەتتە پەرىشتىلەر بىلەن پەرۋاز قىلىشۋاتقانلىقىنى كۆردۇم. (تىرمىزى: 3763)

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: كىشىلەر: ”ئەبۇ ھۇرەيرە نېمانچە كۆپ ھەدىس رىۋايەت قىلىدىغاندۇ؟ ! “ دېيىشىدۇ. مەن قورسىقىمنى تويغۇزۇش ئۈچۈن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن ئايرىلمايتتىم، ھەتتا خېمىر تامىقى تېپىپ يېيەلمەيتتىم، ئېسىل كىيىم كىيەلمەيتتىم. نە قۇل، نە دېدەك خىزمىتىمنى قىلىپ باقمىدى. ئاچلىقتىن قورسىقىمغا تاش تېڭىۋالغان ۋاقىتلارمۇ بولاتتى. بىرەرسىنىڭ مېنى ئۆيىگە ئاپىرىپ تاماق بېرىشىنى ئۈمىد قىلغان ھالدا، ئۇنىڭدىن بىرەر ئايەتنى ئۆگىتىپ قويۇشىنى تەلەپ قىلاتتىم، ئەمەلىيەتتە مەن ئۇ ئايەتنى بىلەتتىم. مىسكىنلەرگە ئەڭ كۆپ خەير ئېھسان قىلىدىغىنى جەئفەر ئىبنى ئەبۇ تالىب ئىدى. ئۇ بىزنى ئۆيىگە ئاپىرىپ، نېمە تاپسا شۇنى يېگۈزەتتى. ھەتتا بەزىدە ئىچى قۇرۇق ياغ تۇلۇمىنى ئېلىپ چىقاتتى، ئۇنى يىرتىپ، بۇلۇڭ پۇچقاقلىرىدا قالغان ياغلارنى يالىشۋالاتتۇق. (بۇخارى3708)

## 721-سۇئال: ھەسەن ئىبنى ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ پەزىلىتى

بەرا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ھەسەن بىلەن ھۇسەيىننى كۆرۈپ: ئى الله ! مەن بۇ ئىككىسىنى ياخشى كۆرىمەن، سەنمۇ ئۇلارنى ياخشى كۆرگىن ! دەپ دۇئا قىلدى. (تىرمىزى: 3782)

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: بىر كۈنى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن بىللە سىرتقا چىقتىم. يولدا ماڭا گەپ قىلمىدى، مەنمۇ ئۇنىڭغا ئېغىز ئاچمىدىم. شۇ ماڭغانچە قەينۇقا بازىرىغا يېتىپ باردۇق. ئاندىن بۇرۇلۇپ، فاتىمەنىڭ ئۆيىگە باردى ۋە: بالام بارمۇ، بالام بارمۇ (ھەسەننى دېمەكچى)؟ دەپ سورىدى. قارىساق، ئانىسى ئۇنى يۇيۇپ، بويىنىغا خۇش پۇراق تۇگۈنى ئېسىۋاتقانىكەن. ئۇزاق ئۆتمەي ھەسەن چىقىپ كەلدى ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن قۇچاقلىشىپ كۆرۈشتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: ئى الله! مەن ھەسەننى ياخشى كۆرىمەن. سەنمۇ ھەم ھەسەننى ھەم ئۇنى ياخشى كۆرگەنلەرنى ياخشى كۆرگىن! دەپ دۇئا قىلدى. (مۇسلىم: 2421)

## 722-سۇئال: ھۇسەين ئىبنى ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ پەزىلىتى

يەئلا ئىبنى مۇررە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھۇسەين مەندىن، مەنمۇ ھۇسەيندىن. كىم ھۇسەيننى ياخشى كۆرسە، الله ئۇنى ياخشى كۆرىدۇ. ھۇسەين ياخشىلىقتا پۈتۈن بىر ئۇممەتكە باراۋەر. (تىرمىزى: 3775)

ئەبۇ سەئىد خۇدرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەسەن بىلەن ھۇسەين ئەھلى جەننەت ياشلىرىنىڭ سەردارلىرىدۇر. (تىرمىزى: 3768)

شەئبى مۇنداق دېگەن: چۇشۇمدە قوللىرىدا نەيزە تۇتقان بىر توپ كىشىنىڭ ئاسماندىن چۈشۈپ، ھۇسەيننىڭ قاتىللىرىنى ئىزدېگەنلىكىنى كۆردۇم. ئۇزۇن ئۆتمەي مۇختار كېلىپ، ئۇلارنى (قاتىللارنى) ئۆلتۈردى. (ئەلكەبىر2833:)

## 723-سۇئال: ئۇمۇل مۇئمىنىن خەدىجە كۇبرا رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ پەزىلىتى

ئىسمائىلدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: ئابدۇللاھ ئىبنى ئەبۇ ئەۋفا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم خەدىجەگە جەننەتتە بىر ئۆي بىلەن خۇش بېشارەت بەرگەنمۇ؟ دەپ سورىغاندىم، ئۇ: ھەئە، خەدىجەگە جەننەتتە ئىچى كاۋاك مەرۋايىتتىن سېلىنغان، خاتىرجەم ۋە راھەت ياشايدىغان بىر ئۆي بىلەن بېشارەت بەرگەن، دېدى. (مۇسلىم: 2433)

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: گەرچە مەن ھەزرىتى خەدىجەنى كۆرمىگەن بولساممۇ، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنى ھېچبىر ئاياللىدىن خەدىجەدىن كۈنلىگەندەك كۈنلەپ باقمىدىم. چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام خەدىجەنىڭ گېپىنى تولا قىلاتتى، ھە دېسىلا قوي سويۇپ، ئۇنىڭ دوستلىرىغا ئەۋەتىپ بېرەتتى. بەزى چاغلاردا: خۇددى دۇنيادا خەدىجەدىن باشقا ئايال يوقتەك؟ دەپ قويسام: ئۇ مۇنداق - مۇنداق پەزىلەتلىك ئايال ئىدى، ھەم ئۇنىڭدىن باللىرىم بولدى، دەيتتى. (بۇخارى: 3818)

## 724-سۇئال: فاتىمە بىنتى مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ھاياتى ۋە پەزىلىتى

فاتىمە - مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم خەدىچەنىڭ بەشىنچى قىزى بولۇپ، ئۇ سۆيۈملۈك پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەككە ئەتراپىدىكى تاغلاردا يالغۇز ئىستىقامەت قىلىپ، مەۋجۇداتلارنىڭ يارىتىلىشىدىكى بۈيۈك مۆجىزىلەر ئۈستىدە چوڭقۇر ئىزدىنىۋاتقان، پىكىر يۈرگۈزۈۋاتقان مەزگىللەردە دۇنياغا كەلدى.

بۇ ئۇنىڭ چوڭ ھەدىسى زەينەبنىڭ ئۇنىڭ تاغىسىنىڭ ئوغلى ئەبۇلئاس ئىبنى رەبىئەگە ياتلىق بولغان ۋاقتى ئىدى. ئۇنىڭدىن كېيىن ئۇنىڭ ئىككى ھەدىسى رۇقىييە ۋە ئۇممۇ كۇلسۇم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تاغىسىنىڭ ئوغۇللىرىغا ياتلىق بولدى. ئەبۇ لەھەب ۋە ئۇممۇ جەمىل پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەرلىكىنىڭ ئەڭ دەسلەپكى ۋاقىتلىرىدىلا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا قاتتىق دۈشمەنلىك قىلغانلار ئىدى.

كىچىك فاتىمە ھەدىلىرىنىڭ ياتلىق بولۇپ، بىر ـ بىرلەپ ئۆيدىن ئايرىلغانلىقىنى كۆردى. ئۇ ناھايىتى كىچىك بولغاچقا، «توي» دېگەن سۆزنىڭ مەنىسىنى ۋە ھەدىلىرىنىڭ نېمە ئۈچۈن ئۆيدىن چىقىپ كېتىدىغانلىقىنىڭ سەۋەبىنىمۇ ئۇقمايتتى. ئۇ ھەدىلىرىنى ناھايىتى ياخشى كۆرگەچكە، ئۇلار ئۆيدىن ئايرىلغاندا ناھايىتى غېرىبلىق ھېس قىلدى ۋە تولىمۇ بىئارام بولدى. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۇ شۇنىڭدىن تارتىپ جىمغۇر ۋە كەمسۆز بولۇپ قالغان ئىدى.

ئەلۋەتتە، ھەدىلىرى توي قىلىپ كەتكەن بولسىمۇ، ئۇ ئاتا ـ ئانىسىنىڭ ئۆيدە يالغۇز قالمىغان ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئانىسى ئامىنەنىڭ چۆرىسى ـ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تۇغۇلغاندىن تارتىپ ئۇنىڭغا ھەمراھ بولۇپ كېلىۋاتقان بەرەقە، زەيد ئىبنى ھارىسە ۋە ئەبۇ تالىپنىڭ كىچىك ئوغلى ئەلى قاتارلىقلار رەسۇلۇللاھ ئائىلىسىنىڭ ئەزالىرى ئىدى. ئەلۋەتتە ئۇنىڭ سۆيۈملۈك ئانىسى خەدىچەمۇ بار ئىدى.

ئانىسىنىڭ ۋە بەرەقەنىڭ تەربىيىسىدە ئۇ چوڭقۇر تەسەللىگە ئېرىشتى. ئۇنىڭدىن ئىككى ياش چوڭ بولغان ئەلى، باللىق ۋاقتىدا ئۆلۈپ كەتكەن ئۆز ئاكىسى قاسىمنىڭ ئورنىدا ئۇنىڭغا «ئاكا» ۋە دوست بولدى. ئۇنىڭ ئىنىسى، تايىيىب ۋە تاھىر دەپ لەقەملەنگەن ئابدۇللاھمۇ باللىق دەۋرىدە ئۆلۈپ كەتكەن ئىدى. شۇنداق بولسىمۇ فاتىمە ئۆز ئۆيىدە ئۆزىنىڭ ھەدىلىرى بىلەن ئۆتكۈزگەن غەمسىز ۋە خۇشال ـ خۇرام تۇرمۇشتىن بەھرىمەن بولالمىدى، ئۇ ئۆزىنىڭ يېشىغا نىسبەتەن ئېيتقاندا تولىمۇ چېچەن بالا بولغان ئىدى.

ئۇ بەش ياشقا كىرگەن ۋاقتىدا، دادىسىنىڭ ئاللاھنىڭ ئەلچىسى ـ رەسۇلۇللاھ بولغانلىقىنى ئاڭلىدى. رەسۇلۇللاھنىڭ دەسلەپكى ۋەزىپىسى- ئىسلامنىڭ خوش ـ خەۋىرىنى ئۆزىنىڭ ئائىلىسى ۋە يېقىن تۇغقانلىرىغا يەتكۈزۈش ئىدى. ئۇلار پەقەت ھەممىدىن قادىر ئاللاھقىلا ئىبادەت قىلىشقا بۇيرۇلغان ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ كۈچلۈك قوغدىغۇچىسى ۋە قوللىغۇچىسى بولغان خەدىچە فاتىمەگە دادىسىنىڭ نېمە ئىش قىلىۋاتقانلىقىنى چۈشەندۈردى، شۇنىڭدىن تارتىپ ئۇ دادىسىغا تېخىمۇ ئامراق بولۇپ كەتتى ھەمدە دادىسىغا بولغان ھۆرمىتى ۋە مۇھەببىتى

تېخىمۇ چوڭقۇرلاشتى. ئۇ رەسۇلۇللاھ مەككىنىڭ تار كوچىلىرىدا كېتىۋاتقاندا، كەئبىنى زىيارەت قىلغاندا، ئىسلامنى قوبۇل قىلغان دەسلەپكى مۇسۇلمانلارنىڭ مەخپىي يىغىلىشلىرىغا قاتناشقاندا ۋە ئۇلار پەيغەمبەرگە بەيئەت قىلغاندا دائىم ئۇنىڭغا ھەمراھ بولاتتى.

بىر كۈنى ئۇ دادىسىغا ھەمراھ بولۇپ مەسجىدى ھەرامغا باردى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كەبىگە قارىشىپ تۇرىدىغان «ھىجىر» دەپ ئاتىلىدىغان يەردە تۇرۇپ ناماز ئوقۇشقا باشلىدى. فاتىمە ئۇنىڭ يېنىدا تۇردى، بۇ چاغدا ئۇ 10 ياشقىمۇ كىرمىگەن ئىدى. رەسۇلۇللاھقا دۈشمەنلىك قىلىشتا چەكتىن ئاشقان بىر توپ قۇرەيش يىغىلدى. ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ قەبىھراقى بولغان ئوقبە ئىبنى ئەبۇ مۇئەيت قېرىنىنى ئېلىپ كېلىپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام (ئۇنىڭغا ئاللاھنىڭ سالامى بولسۇن) سەجدە قىلىۋاتقان ۋاقتىدا ئۇنىڭ ئۈستىگە تاشلىدى. ئۇ دادىسىنىڭ يېنىغا كېلىپ، ئۈستىدىكى قېرىنىنى ئېلىپ تاشلىۋەتتى، ئاندىن بۇ بىر توپ قۇرەيش قارا نىيەتچىسىنىڭ ئالدىدا غەزەپ بىلەن تۇرۇپ، ئۇلارغا غەزەپلىك تىل - ئاھانەتنى ياغدۇرۇۋەتتى. ئۇلار ئۇنىڭغا بىر ئېغىزمۇ سۆزقىلالمىدى.

كىچىك فاتىمە دادىسىغا ۋە دەسلەپكى مۇسۇلمانلارغا قىلىنىغان بۇ رەھىمسىز، قەبىھ قارشىلىقلار ۋە دۈشمەنلىكلەرنى كۆرۈپ تۇردى. ئۇ ياۋاشلىق بىلەن بىر چەتكە چىقىپ تۇرمىدى، بەلكى دادىسى ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبەرلىكىنى قوغداش يولىدىكى كۈرەشلەرگە ئاكتىپ قاتناشتى. ئۇ گەرچە كىچىك بىر قىز بولسىمۇ، ئەمما شۇ ياشتىكى باللاردا نورمال بولىدىغان غەمسىز، شوخ، باللارچە ئويۇن - كۈلكە ۋە تاماشىلاردىن خالىي ھالدا، ئەنە شۇنداق ئازابلىق كەچۈرمىشلەرنى كۆردى ۋە باشتىن كەچۈردى.

ئەلۋەتتە بۇنداق ئىشلاردا فاتىمە يالغۇز ئەمەس ئىدى. رەسۇلۇللاھنىڭ پۈتۈن ئائىلىسى قۇرەيشنىڭ ۋەھشىي زوراۋانلىقلىرىغا، مەسخىرىلىرىگە ئۇچرىدى. ئۇنىڭ ئىككى ھەدىسى رۇقىييە ۋە ئۇممۇ كۇلسۇممۇ بۇنىڭ سىرتىدا ئەمەس ئىدى. ئۇلار بۇ چاغدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا بولغان ئۆچمەنلىك ۋە سۇيىقەستىنىڭ ئۇۋىسى بولغان ئەبۇ لەھەب ۋە ئۇممۇ جەمىلنىڭ ئۆيىدە تۇراتتى. ئۇلارنىڭ ئەرلىرى ئەبۇ لەھەب ۋە ئۇممۇ جەمىلنىڭ ئوغۇللىرى ئۇتبە ۋە ئۇتەيبە ئىدى. ئۇممۇ جەمىل رەھىمسىز، ناھايىتى پاسكىنا سۆزلەرنى قىلىدىغان، ئېغىزى بۇزۇق، شەپقەتسىز ئايال بولغاچقا خەدىچە باشتىلا ئۆز قىزلىرىنى ئۇممۇ جەمىلنىڭ ئوغۇللىرىغا ياتلىق قىلىپ بېرىشكە رازى بولمىغان ئىدى. چۈنكى رۇقىييە ۋە ئۇممۇ كۇلسۇمغا نىسبەتەن، دادىسىغا قارشى ئۇرۇشقا قاتنىشىپلا قالماي، بەلكى ئۇرۇش قوزغايدىغان بۇنداق ۋەھشىي دۈشمەنلىككە تولغان ئائىلىدە ياشىشى ھەقىقەتەن بىر ئازابلىق ئىش ئىدى.

مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم (ئۇنىڭغا ئاللاھنىڭ سالامى بولسۇن) ۋە ئۇنىڭ ئائىلىسىنىڭ ئابرۇيىنى تۆكۈش ئۈچۈن، ئۇتبە ۋە ئۇتەيبە ئۆز ئاتا ئانىسىنىڭ مەجبۇرلىشى بىلەن ئاياللىرىنى قويۇۋەتتى. بۇ پەيغەمبەرنى باشقىلار بىلەن ئالاقىلىشىشتىن يېتىم قالدۇرۇش ئۈچۈن قىلىنغان بىر ئىش ئىدى. ئەمەلىيەتتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆيىگە خۇشال ـ خۇرام قايتىپ كەلگەن قىزلىرىنى قىزغىن قارشى ئالدى. شۇبھىسىزكى فاتىمە ھەدىلىرى بىلەن بىرگە بولىدىغانلىقىدىن ناھايىتى خۇشال بولۇپ كەتتى، ئۇلار چوڭ ھەدىسى زەينەبنىڭمۇ ئېرىدىن ئاجرىشىپ قايتىپ كېلىشىنى ئارزۇ قىلىشتى. رۇقىيە ۋە ئۇممۇ كۇلسۇم ئىككىلىسى سۆيۈملۈك ئاتا ـ ئانىسى بىلەن بىللە بولغانلىقىغا ۋە ئۇممۇ جەمىلىنىڭ ئۆيىدىكى چىدىغۇسىز روھى بېسىملاردىن قۇتۇلغانلىقىغا بەكمۇ خۇشال بولۇشتى. ئۇزۇن ئۆتمەي رۇقىيە ئىسلامنى دەسلەپ قوبۇل قىلغانلاردىن بولغان ياش ۋە تارتىنچاق ئوسمان ئىبنى ئەففانغا ياتلىق بولدى. ئۇلار بىرلىكتە پاناھلىق ئىزدەپ ھىجرەت قىلغان دەسلەپكى مۇھاجىرلار بىلەن ھەبەشىستانغا ھىجرەت قىلىپ، ئۇ يەردە ئۇزۇن يىل تۇردى. فاتىمە ئانىسى ۋاپات بولۇپ كەتكەندىن كېيىن، ھەدىسى رۇقىيەنى كۆرەلمىدى. دەسلەپكى مۇسۇلمانلار ھەبەشىستانغا ھىجرەت قىلغاندىن كېيىن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا، ئۇنىڭ ئائىلىسگە ۋە قالغان ساھابىلىرىگە قىلىنغان زىيانكەشلىك تېخىمۇ كۈچىيىپ كەتتى.

پەيغەمبەرلىكنىڭ 7 ـ يىلى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋە ئۇنىڭ ئائىلىسى ئۆيىدىن چىقىپ كېتىشكە مەجبۇر قىلىندى ۋە مەككىگە پەقەت بىر چىغىر يول بىلەنلا بارغىلى بولىدىغان، ھەممە تەرىپى تاغلار بىلەن ئورالغان بىر تار جىلغىدا پاناھلىنىپ تۇرۇشتى. بۇ تار جىلغىدا مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم (ئۇنىڭغا ئاللاھنىڭ سالامى بولسۇن)، بەنى ھاشىم جەمەتى ۋە مۇتەللىب جەمەتى يېمەك ـ ئىچمەكتىن چەكلىنىپ، قامال قىلىندى. جەمەتىنىڭ ئەڭ كىچىك ئەزاسى 12 ياشلىق فاتىمەمۇ ئايلار داۋاملاشقان قىيىنچىلىق ۋە ئازابلىق تۇرمۇشنى بېشىدىن كەچۈردى. رەسۇلۇللاھنىڭ سادىق ۋە ئامراق ئايالى خەدىچە ئۇزۇن ئۆتمەي ۋاپات بولدى. ئۇنىڭ ۋاپاتى بىلەن رەسۇلۇللاھ ۋە ئۇنىڭ ئائىلىسى جاپالىق كۈنلەردە ھەمدەمدە بولىدىغان قوغدىغۇچىسى ۋە ھامىيسى، كۈچلۈك ئارقا تېرىكىدىن ئايرىلىپ قالدى. ھۆرمەتلىك خەدىچە ۋە ئەبۇ تالىپ ۋاپات بولغان بۇ يىل «قايغۇلۇق يىل» دەپ ئاتالدى. ھازىر ياش قىز بولۇپ قالغان فاتىمە ئانىسىنىڭ ۋاپاتىغا قاتتىق قايغۇرۇپ ۋە ئېچىنىپ كۆپ يىغلىدى. ئۇ بىر مەزگىل قاتتىق ئىچ ئاغرىقى تارتقاچقا، سالامەتلىكى ناچارلىشىپ كەتتى، ھەتتا ئائىلىسىدىكىلەرنى ئىچ ئاغرىقىدىن ئۆلۈپ كېتەرمۇ دېگەن ئەندىشىگە سېلىپ قويىدى.

گەرچە ھەدىسى ئۇممۇ كۇلسۇم شۇ ئۆيدە تۇرۇۋاتقان بولسىمۇ، فاتىمە ئانىسىنىڭ ۋاپاتى بىلەن ھەدىسىنىڭ ئائىلىدىكى مەسئۇلىيىتى ۋە يۈكى بارغانسېرى ئېغىرلىشىپ كەتكەنلىكىنى ئوبدان چۈشىنەتتى. شۇڭلاشقا دادىسىنى تېخىمۇ قوللىشى زۆرۈرلىكىنى ھېس قىلدى. سەممىي مۇھەببەت بىلەن دادىسىنىڭ ھاجىتىدىن چىقىشقا ئۆزىنى ئاتىدى. ئۇ دائىم رەسۇلۇللاھ ئازار يېگەن، قىيىنچىلىقتا قالغان، كەمسىتىش ۋە سىقىلىشلارغا ئۇچرىغان چاغلاردا دادىسىغا تەسەللى بېرەتتى. رەسۇلۇللاھ ئۇچرىغان بۇ كەمسىتىش ۋە سىقىلىشلار فاتىمەگە تولىمۇ ئېغىر كېلەتتى. بىر قېتىم بىر مۇشرىك رەسۇلۇللاھنىڭ مۇبارەك بېشىغا توپا ۋە ئەخلەت چاچتى، ئۆيگە كىرگەن چاغدا، فاتىمە دادىسىنىڭ تۇرقىنى كۆرۈپ، ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي يىغلاپ كەتتى، ئاندىن دادىسىنىڭ بېشىدىكى پاسكىنچىلىقلارنى سۈرتۈۋەتتى. فاتىمە شۇنداق قىلىپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قەلبىدىكى خەدىچىگىلا مەنسۇپ بولغان مۇھەببەت ۋە ھۆرمەتكە سازاۋەر بولدى. فاتىمە رەزىيەللاھۇ ئەنھاغا «نۇرلۇق ئايال» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدىغان «زەھرا» دەپ نام بېرىلدى. چۈنكى ئۇنىڭ يۈزى نۇر چېچىۋاتقاندەك كۆرۈنەتتى. ئىبىتلىشچە ئۇ نامازغا تۇرغاندا، مېھراب ئۇنىڭ چىرايىدىن چىققان نۇردىن چاقناپ كېتەتتى. ئۇ راھەت ـ پاراغەتكە بېرىلمىگەچكە يەنە «بەتۇل» دەپمۇ ئاتالغان ئىدى. ئۇ ۋاقتىنى باشقا ئايالالار بىلەن بىللە ئۆتكۈزۈشنىڭ ئورنىغا، ۋاقتىنىڭ كۆپ قىسمىنى ناماز ئوقۇش، قۇرئان ئوقۇش ۋە باشقا ئىبادەتلەرگە سەرپ قىلاتتى.

فاتىمە ھەر جەھەتتىن دادىسى رەسۇلۇللاھنى تارتقان بولۇپ، رەسۇلۇللاھنىڭ ئايالى ئائىشە ئۇ توغرىلىق مۇنداق دەيدۇ: «مەن ئاللاھنىڭ بەندىلىرى ئىچىدە نۇتۇق سۆھبەت ۋە ھەرىكەتلىرىدە رەسۇلۇللاھقا ئوخشايدىغان فاتىمەدىن باشقا ھېچكىمنى كۆرمىدىم، ئاللاھ ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن. رەسۇلۇللاھ ئۇنىڭ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرسە، ئورنىدىن تۇرۇپ ئۇنى قارشى ئالاتتى ۋە سۆيۈپ قوياتتى، ئاندىن قولىدىن تۇتۇپ، ئۆزى ئولتۇرغان ئورۇندۇققا ئولتۇرغۇزۇپ قوياتتى. » فاتىمەمۇ رەسۇلۇللاھنىڭ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرسە، ئورنىدىن تۇرۇپ ئۇنى خۇشاللىق بىلەن قارشى ئالاتتى ۋە سۆيۈپ قوياتتى.

فاتىمەنىڭ ياخشى مىجەزى ۋە ئەدەپلىك نۇتۇقلىرى، ئۇنىڭ كىشىنىڭ ئامراقلىقىنى قوزغايدىغان گۈزەل تەبىئىتىنىڭ بىر قىسمى ئىدى. ئۇ پېقىر ۋە مىسكىنلەرگە تولىمۇ مېھىر ـ شەپقەتلىك بولۇپ، گەرچە ئۆزى ئاچ قالسىمۇ، يېمەكلىكلەرنىڭ ھەممىسىنى ھاجەتمەنلەرگە بېرىۋېتەتتى. ئۇ دۇنيانىڭ زىبۇ ـ زىننەتلىرىگە ۋە دۇنيانىڭ راھەت ـ پاراغىتىگە قىلچىمۇ قىزىقمايتتى. گەرچە تۇرمۇشى

قانچە قىيىنچىلىقتا ۋە جاپادا ئۆتسۇن، دائىم ئاددىي تۇرمۇش كەچۈرەتتى. ئۇ دادىسىنىڭ قايىل قىلىش كۈچىگە ئىگە نۇتۇق قابىلىيىتىگە ۋارىسلىق قىلغان ئىدى. سۆز قىلسا باشقىلار يىغىدىن ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي قالاتتى. ئۇنىڭدا باشقىلارنىڭ ھېسسىياتىنى قوزغاپ يىغلىتىۋېتەلەيدىغان قابىلىيەت بار بولۇپ، كىشىلەرنىڭ قەلبىدە ئاللاھنىڭ رەھمىتى ۋە بەرگەن ھېسابسىز رىزىقلىرىغا تەشەككۈر، رەھمەت ۋە ھەمدۇ ـ سانا ئېيتىش تۇيغۇسىنى پەيدا قىلاتتى.

فاتىمە رەسۇلۇللاھتىن بىر نەچچە ھەپتە كېيىن مەدىنىگە ھىجرەت قىلدى. ئۇ مەدىنىگە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەككىدە قېپقالغان ئائىلىسىدىكىلەرنى ئېلىپ كېلىش ئۈچۈن ئەۋەتكەن زەيد ئىبنى ھارىسە بىلەن بىللە بارغان ئىدى. رەسۇلۇللاھ ئائىلىسىدىن قېپقالغانلار ـ فاتىمە ۋە ئۇممۇ كۇلسۇم، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئايالى سەۋدە، زەيدنىڭ ئايالى بەرەقە ۋە ئوغلى ئۇسامەلەر ئىدى. بۇلارنىڭ ئىچىدە يەنە ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئوغلى ئابدۇللاھمۇ بار بولۇپ، ئۇ ئانىسى ۋە ئىككى ھەدىسى ـ ئائىشە ۋە ئەسماغا ھەمراھ بولۇپ ماڭدى.

مەدىنىدە فاتىمە دادىسى بىلەن بىللە، مەسجىدكە يانداش سېلىنغان ئاددىي ھۇجرىدا تۇردى. ھىجرەتنىڭ 2 ـ يىلى، ئۇ دادىسى ئارقىلىق قويۇلغان ئىككى توي تەكلىپىنى رەت قىلىۋەتتى. ئاندىن ئەبۇ تالىپنىڭ ئوغلى ئەلى غەيرەت قىلىپ، رەسۇلۇللاھنىڭ قېشىغا فاتىمە بىلەن توي قىلىشنى سوراش ئۈچۈن كەلدى. شۇنداق قىلىپ، ھىجرەتنىڭ 2 ـ يىلىنىڭ باشلىرىدا فاتىمە بىلەن ئەلىنىڭ تويى بولدى. بۇ چاغدا فاتىمە 19 ياشلاردا بولۇپ، ئەلى 21 ياشتا ئىدى. رەسۇلۇللاھ ئۆزى نىكاھ خۇتبىسىنى ئوقۇدى. فاتىمەنىڭ تويى ئۈچۈن رەسۇلۇللاھ فاتىمە ۋە ئەلىگە خورمىنىڭ يوپۇرماقلىرى يېپىتىلغان ياغاچ كارىۋات، مامۇق يوتقان ۋە خورمىنىڭ چۈشىقلىرى توشقۇزۇلغان خۇرۇم كۆرپە، بىر قوي تېرىسى، بىر چەينەك، بىر تۇلۇم سوۋغا قىلدى.

فاتىمە يولدىشى بىلەن تۇرمۇش كەچۈرۈش ئۈچۈن، تۇنجى قېتىم سۆيۈملۈك دادىسىنىڭ ئۆيىدىن ئايرىلدى. ئەمەلىيەتتە فاتىمە ۋە ئەلىنىڭ تۇرمۇشى، ئۇنىڭ دادىسىنىڭ ئۆيىدىكى تۇرمۇشقا قارىغاندا تېخىمۇ قىيىنچىلىق ئىچىدە ئۆتتى. ئۇنىڭ تويىدىن ئىلگىرى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆيىدە ھېچ بولمىغاندىمۇ ئىشلارغا ياردەملىشىدىغان بىر نەچچە ئادەم بار ئىدى. ئەمما ھازىر ھەممە ئىشنى ئۆزى يالغۇز قىلاتتى. بۇنداق ئېغىر نامراتلىقتىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن، ئەلى سۇ توشۇغۇچى، فاتىمە قوناق سوققۇچى بولۇپ ئىشلىدى. فاتىمەنىڭ جاپالىق ۋە قىيىنچىلىق تۇرمۇشى توغرىلىق نۇرغۇنلىغان خاتىرىلەر بار. دائىم ئۇلارنىڭ ئۆيىدە يېگىلى بىر نەرسە قالمايتتى. بىر قېتىم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قورسىقى قاتتىق ئېچىپ كېتىپ،

ھەممە ئاياللىرىنىڭ ئۆيىگە باردى، ئەمما ئۇلاردا يېگۈدەك نەرسە يوق ئىدى، ئاندىن ئۇ فاتىمەنىڭ ئۆيىگە باردى. ئۇنىڭ ئۆيىدىمۇ يېگۈدەك ھېچنېمە يوق ئىدى. ئۇ باشقا يەردىن ئازراق يېمەكلىك تاپتى، ئۇنىڭدىن ئىككى نان ۋە ئازراق گۆشنى فاتىمەگە ئەۋەتتى. يەنە بىر قېتىم، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەبۇ ئەييۇب ئەنسارىنىڭ ئۆيىگە بېرىپ، ئالدىغا قويۇلغان تاماقتىن فاتىمە ئۈچۈن ئازراق ئېلىۋالدى. فاتىمەمۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ كۆڭلەپ تاماقسىز قالدىغانلىقىنى ئويدان چۈشىنەتتى ۋە يەيدىغان بىر نەرسە تاپالىسلا ئۇنىڭغا ئەۋەتىپ بېرەتتى. فاتىمە يۇقىرىقىدەك مېھرىبانلىقلار ئارقىلىق ئۆزىنىڭ دادىسىنى قانچىلىك ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى ئىسپاتلاپ بەردى. رەسۇلۇللاھمۇ ئۇنى ھەقىقەتەن ياخشى كۆرەتتى. بىر قېتىم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەدىنىنىڭ سىرتىغا قىلغان بىر سەپىرىدىن قايتىپ كېلىپلا، ئالدى بىلەن ئىلگىرىكىدەكلا مەسجىدكە بېرىپ، ئادىتى بويىچە ئىككى رەكئەت ناماز ئوقۇدى، ئاندىن ئىلگىرىكىدەكلا ئاياللىرىنىڭ ئۆيىگە بارماستىن بۇرۇن، فاتىمەنىڭ ئۆيىگە باردى. فاتىمە ئۇنى قارشى ئېلىپ، ئېغىزىغا ۋە يۈز ـ كۆزلىرىگە سۆيۈپ يىغلاپ كەتتى.

فاتىمە ئاخىرى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆيىگە يېقىن بىر ئۆيگە كۆچۈپ كەلدى. بۇ ئۆينى ئەنسارىلاردىن بىرى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قىزى بىلەن قوشنا بولۇپ ئولتۇرۇشتىن خۇشال بولىدىغانلىقىنى بىلىپ ھەدىيە قىلغان ئىدى. ئۇلار بىرلىكتە خۇشاللىقتىن، غەلىبىدىن تەڭ بەھرىمەن بولدى. قايغۇ ـ ھەسرەت ۋە ئېغىرچىلىقلارنى تەڭ كۆتۈردى. مەدىنىدىكى ناھايىتى جىددىيچىلىككە تولغان كۈنلەر ۋە يىللارنى بىرلىكتە ئۆتكۈزدى.

ھىجرەتنىڭ 2 ـ يىلىنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا، ھەدىسى رۇقىيە قىزىتما بولۇپ قالدى ۋە قىزىل چىقىپ قېلىپ ئاغرىپ يېتىپ قالدى. بۇ مەشھۇر بەدر غازىتىدىن سەل بۇرۇنقى ئىش ئىدى. ئۇنىڭ يولدىشى ئوسمان ئۇنىڭغا ھەمراھ بولۇپ، غازاتقىمۇ چىقالمىدى. رۇقىيە دادىسى غازاتتىن قايتىپ كېلىشتىن سەل بۇرۇنلا ۋاپات بولدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ غازاتتىن قايتىپ كەلگەندىن كېيىنكى تۇنجى ئىشى ـ ئۇنىڭ قەبرىسىنى يوقلاش بولدى. فاتىمەمۇ ئۇنىڭ بىلەن بىللە ئىدى. رەسۇلۇللاھنىڭ يېقىن ئائىلىسىدىكىلەر ئىچىدە، رۇقىيە خەدىچىنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن ۋاپات بولغان تۇنجى كىشى بولدى. فاتىمە ھەدىسىدىن ئايرىلغانلىقىغا قاتتىق قايغۇردى. ئۇ قەبرىنىڭ يېنىدا دادىسى بىلەن ئولتۇرغان چاغدا، كۆز ياشلىرى يامغۇردەك قۇيۇلۇپ كەتتى. دادىسى ئۆزىنىڭ رىداسى بىلەن كۆز ياشلىرىنى سۈرتۈپ، ئۇنىڭغا تەسەللى بەردى.

رۇقىيەنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن ئېغىر قايغۇغا چۆمگەن بۇ ئائىلىدە بارلىق مۆمىنلەرگە

بىر خۇشاللىق بولۇپ، ھىجرىيىنىڭ 3 ـ يىلى رامىزان ئېيىدا فاتىمە يەڭگىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يېڭى تۇغۇلغان بوۋاقنىڭ قۇلىقىغا ئەزان ئوقۇپ «چىرايلىق» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدىغان «ھەسەن» دېگەن ئىسىمنى قويدى. بىر يىلدىن كېيىن، فاتىمە ئىككىنچى بالىسىنى يەڭگىدى. ئۇنىڭغا «كىچىك ھەسەن» دېگەن مەنىدە «ھۈسەين» دەپ ئىسىم قويۇلدى. فاتىمە دائىم ئىككى ئوغلىنى ئۇلارنى ھەددىدىن ئارتۇق ياخشى كۆرىدىغان چوڭ دادىسىنى كۆرگىلى ئاپىراتتى. كېيىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارنى مەسجىدكە ئېلىپ باردى. ئۇلار ئۇ سەجدە قىلغاندا، دۈمبىسىگە يامىشىپ چىقىپ ئوينايتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كىچىك نەۋرىسى، زەينەبنىڭ قىزى ئۇمامەنىمۇ ئاشۇنداق ئوينىتاتتى.

ھىجرەتنىڭ 8ـ يىلى، فاتىمە ئۈچىنچى بالىسىنى يەڭگىدى ۋە ئۇنىڭغا قىزى تۇغۇلۇشتىن ئىلگىرىراق ئۆلۈپ كەتكەن چوڭ ھەدىسى زەينەبنىڭ ئىسمىنى قويدى.

فاتىمەنىڭ 4 ـ بالىسى ھىجرىيىنىڭ 9 ـ يىلى تۇغۇلدى. بۇ بالىسىمۇ قىز بولۇپ، ئۇنىڭغا ئالدىنقى يىلى كېسەل سەۋەبىدىن ئۆلۈپ كەتكەن ھەدىسى ئۇممۇ كۇلسۇمنىڭ ئىسمىنى قويدى. فاتىمە پەقەت پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ پەرزەنتلىرىنى ئەسلەپ تۇرۇشى ئۈچۈن شۇنداق قىلغان ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئوغۇللىرىنىڭ ھەممىسى بالىلىق ۋاقتىدىلا ئۆلۈپ كەتكەن بولۇپ، زەينەبنىڭ ئىككى بالىسى ئەلى ۋە ئۇمامەمۇ كىچىك ئۆلۈپ كەتكەن ئىدى. رۇقىيەنىڭ ئوغلى ئابدۇللاھمۇ تېخى ئىككى ياشقا كىرمەي ئۆلۈپ كەتكەن ئىدى. گەرچە فاتىمە قورساق كۆتۈرۈش، بالا تۇغۇش ۋە بالىلىرىنى تەربىيىلەش بىلەن ئالدىراش بولۇپ كەتكەن بولسىمۇ، ئەمما ئۇ مەدىنىدىكى مۇسۇلمانلار جامائەسىنى كۆپەيتىش ئىشلىرىدا يەنىلا مۇھىم رول ئوينىدى. ئۇ توي قىلىشتىن ئىلگىرى، نامرات ۋە يوقسۇل ئەھلى سۇففەنى دائىم يوقلاپ، ئۇلارنى مېھمان قىلىپ تۇراتتى. ئوھۇد غازىتى ئاياغلىشىشى بىلەنلا، ئۇ باشقا ئاياللار بىلەن بىللە ئۇرۇش مەيدانىغا بېرىپ، شېھىت بولغانلار ئۈچۈن يىغلىدى ۋە دادىسىنىڭ جاراھەتلىرىنى دورىلاپ تېڭىپ قويدى.

خەندەك غازىتىدا، ئۇ باشقا ئاياللار بىلەن بىرلىكتە ئۇزۇنغا سوزۇلغان جاپالىق مۇھاسىرە جەريانىدا، مۇجاھىدلارغا تاماق تەييارلاپ بەردى. ئۆزىنىڭ چېدىرىدا مۇسۇلمان ئاياللىرىغا ئىمام بولۇپ ناماز ئوقۇدى. كېيىن شۇ يەرگە مۇسۇلمانلار مۇھاپىزەت قىلىدىغان ۋە ئىخلاس قىلىدىغان يەتتە مەسجىدنىڭ بىرى «فاتىمە مەسجىدى» دەپ ئاتالغان مەسجىد بىنا قىلىندى.

فاتىمە ھىجرىيىنىڭ 6ـ يىلى ھۇدەيبىيە سۈلھىسىدىن كېيىن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆمرە قىلغاندىمۇ ئۇنىڭغا ھەمراھ بولدى. ئىككىنچى يىلى، ئۇ ۋە

ھەدىسى ئۇممۇ كۇلسۇم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋە كۈچلۈك مۇسۇلمانلار جامائەسى بىلەن بىرلىكتە مەككىنى فەتىھ قىلىشقا قاتناشتى. ئېيتىلىشىچە بۇ چاغدا فاتىمە ۋە ئۇممۇ كۇلسۇم ئىككىلىسى ئانىسى خەدىچىنىڭ ئۆيىنى زىيارەت قىلىپ، ئۆزلىرىنىڭ بالىلىق چاغلىرىدىكى ئەسلىمىلىرىنى ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەرلىكىنىڭ دەسلەپكى ۋاقىتلىرىدىكى ئۇزۇن مۇددەتلىك كۈرەشلەرنى ئەسلىگەن ئىكەن.

ھىجرىيىنىڭ 10 - يىلى رامىزان ئېيىدا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋىدالىشىش ھەجىگە بېرىشتىن سەل بۇرۇنراق، فاتىمەگە تېخى ھېچكىمگە ئېيتىپ بەرمىگەن بىر مەخپىيەتلىكنى ئېيتىپ بەردى: «جىبرىئىل ماڭا قۇرئاننى يىلدا بىر قېتىم تىلاۋەت قىلىپ بېرەتتى ھەم مەنمۇ شۇنداق قىلاتتىم. ئەمما بۇ يىل ئۇ ماڭا ئىككى قېتىم تىلاۋەت قىلىپ بەردى. مەن ئۆمرۈمنىڭ ئاياغلىشىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىۋاتىمەن.» ۋىدالىشىش ھەجىدىن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەقىقەتەن قاتتىق ئاغرىپ قالدى. ئۇنىڭ ئاخىرقى كۈنلىرى ئايالى ئائىشەنىڭ ھوجرىسىدا ئۆتتى. فاتىمە ئۇنى يوقلاپ كەلسە، ئائىشە دادا - بالا ئىككىيلەننى يالغۇز قالدۇرۇپ چىقىپ كېتەتتى.

ھۆرمەتلىك پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋاپات بولۇپ كەتكەندىن كېيىن، فاتىمە ناھايىتى قايغۇرۇپ كەتتى. ساھابىلەر دائىم ئۇنىڭ يىغلاۋاتقانلىقىنى كۆرەتتى. ساھابىلەرنىڭ بىرسى رەسۇلۇللاھنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن، فاتىمەنىڭ كۈلۈپ باقمىغانلىقىنى ئېيتىدۇ.

سۆيۈملۈك دادىسى ۋاپات بولۇپ بەش ئايدىن كېيىن رامىزان ئېيىنىڭ بىر ئەتىگەنلىكى، فاتىمە ئادەتتىن تاشقىرى خۇشاللىق ۋە شاتلىققا تولغان ھالەتتە ئويغاندى. شۇ كۈنى چۈشتىن كېيىن، ئۇ ھالىدىن خەۋەر ئېلىۋاتقان سەلەمە بىنت ئۇمەيسنى چاقىرىپ، ئازراق سۇ سوراپ غۇسۇلى قىلدى، ئاندىن يېڭى كىيىملىرىنى كەيدى ۋە خۇشپۇراق ئىشلەتتى، ئاندىن سەلەمەدىن ئۆزىنىڭ كارىۋىتىنى قورۇغا ئەپچىقىپ قويۇشنى ئۆتۈندى. يۈزى ئاسمانغا قارىغان ھالەتتە يولدىشى ئەلىنى سورىدى. ئەلى كېلىپ، فاتىمەنىڭ قورۇنىڭ ئوتتۇرىسىدا ياتقانلىقىنى كۆرۈپ ھەيران قېلىپ، ئۇنىڭدىن نېمە ئىش بولغانلىقىنى سورىدى، ئۇ كۈلۈپ تۇرۇپ:

- مەن بۈگۈن رەسۇلۇللاھ بىلەن كۆرۈشىمەن، - دېدى. ئەلى يىغلاپ كەتتى. فاتىمە ئۇنىڭغا تەسەللى بېرىپ، بالىلىرى ھەسەن ۋە ھۈسەيىننىڭ ھالىدىن ئوبدان خەۋەر ئېلىشنى، ئۆزىنى ماتەم مۇراسىمى ئۆتكۈزمەيلا دەپنە قىلىۋېتىشنى ئېيتتى. ئۇ يۇقىرىغا تىكىلىپ قارىۋېتىپ ئاندىن كۆزىنى يۇمدى، ئۆزىنىڭ روھىنى بۈيۈك

ياراتقۇچى پەرۋەردىگارىغا تاپشۇرۇپ بەردى. «نۇرلۇق ئايال» فاتىمە بۇ چاغدا ئارانلا 29 ياشتا ئىدى.

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئەھلى جاھان ئاياللىرىدىن ئۈلگە قىلىشقا ئەرزىيدىغانلىرى پەقەت ئىمراننىڭ قىزى مەريەم، خۇۋەيلىدنىڭ قىزى خەدىجە، مۇھەممەدنىڭ قىزى فاتىمە ۋە فىرئەۋننىڭ ئايالى ئاسىيە قاتارلىقلاردۇر. (تىرمىزى: 3878)

## 725-سۇئال: ئۇمmۇل مۇئمىنىن ئائىشە سىددىق رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ ھاياتى ۋە پەزىلىتى

ئائىشە سىددىق رەزىيەللاھۇ ئەنھا ياشلىق دەۋرىدە ئۆزىنىڭ كىشىنى جەلپ قىلىدىغان گۈزەللىكى ۋە ئادەتتىن تاشقىرى ئەستە تۇتۇش قابىلىيىتى بىلەن بۈيۈك پەيغەمبىرىمىزنىڭ دىققىتىگە ۋە ياخشى كۆرۈشىگە سازاۋەر بولدى. رەسۇلۇللاھنىڭ ئايالى ۋە يېقىن ساھابىسى بولۇش سۈپىتى بىلەن ئائىشە رەسۇلۇللاھتىن ھېچبىر ئايال ئىگىلىيەلمىگەن بىلىملەرنى ئىگىلىگەن ئىدى.

ئائىشە سىددىق رەزىيەللاھۇ ئەنھا 10 ياشقا كىرەي دېگەندە مەككىدە رەسۇلۇللاھقا نىكاھلاندى. ئەمما ھىجرەتنىڭ 2 - يىلى ئائىشە 14 - 15 ياشلارغا كىرگەندە ئاندىن توي مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلدى. مەيلى نىكاھتىن ئىلگىرى ياكى كېيىن بولسۇن، ئۆزىنىڭ ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرىگە - ئۇنىڭ ساھابىلىرى، ھەتتا ئۆز ئاتا-ئانىسىمۇ مۇھەببەت باغلىغان، ئۇلۇغلاپ ئىخلاس قىلىۋاتقان پەيغەمبەرگە - ياتلىق بولغانلىقىدىن ھېيقىش ۋە تارتىنىش يوقتەك، ئىلگىرىكىدەكلا باللارچە غەمسىز، خۇشال - خۇرام تۇرمۇشىنى داۋاملاشتۇردى.

ئائىشە سىددىق رەزىيەللاھۇ ئەنھا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن 50 يىل ئەتراپىدا ئۆمۈر كۆردى. ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن قىسقىغىنا 10 نەچچە يىل بىللە بولدى. شۇ ۋاقىتنىڭ كۆپ قىسمىنى ئاللاھنىڭ مۇھىم ئىككى كۆرسەتمىسى بولغان قۇرئان كەرىم ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈننىتىنى ئۆگىنىشكە سەرپ قىلدى. ئائىشە سىددىق رەزىيەللاھۇ ئەنھا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قۇرئان كەرىمنى ئەستە قالدۇرغان ئۈچ ئايالىنىڭ بىرى بولدى (قالغان ئىككىسىنىڭ بىرى ھەفسە، يەنە بىرى ئۇممۇ سەلەمە). ھەفسەگە ئوخشاش، ئائىشە سىددىق رەزىيەللاھۇ ئەنھامۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن قۇرئان كەرىمنى قولىيازما قىلىپ يېزىپ چىقتى. رەسۇلۇللاھنىڭ ھەدىسلىرى توغرىلىق گەپ بولسىلا ئائىشە سىددىق رەزىيەللاھۇ ئەنھا 2000 دىن كۆپرەك ھەدىس رىۋايەت

قىلغان تۆت ئادەم (قالغانلىرى ئەبۇ ھۇرەيرە، ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر، ئەنەس ئىبنى مالىك ـ ئاللاھ ئۇلاردىن رازى بولسۇن) نىڭ بىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئۇ رىۋايەت قىلغان ھەدىسلەرنىڭ كۆپ ساندىكىلىرى، ئائىشە سىددىق رەزىيەللاھۇ ئەنھا ىن باشقا ئادەم ئېيتىپ بېرەلمەيدىغان ئەر- ئايال ئوتتۇرىسىدىكى نازۇك مەسىلىلەرگە مۇناسىۋەتلىك ھەدىسلەردۇر. تېخىمۇ مۇھىمى ئۇنىڭ ھەدىستىن ئىگىلىگەن بىلىملىرى ساھابىلەردىن كېيىنكى ئۆلىمالارنىڭ ئەڭ كاتتىسى بولغان جىيەنى ئۇرۋەنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئۇچ كىشى تەرىپىدىن يېزىق شەكلى بىلەن بىزگە يېتىپ كەلگەن.

ئۇنىڭ بىلىمىدىن ئوزۇق ئېلىش ئۇچۇن، يىراق جايلاردىن ئەر- ئاياللار كېلىپ تۇراتتى. ئېيتىلىشچە ئاياللارنىڭ سانى ئەرلەرنىڭكىدىن كۆپ ئىدى. ئۇ ئۇلارنىڭ سورىغانلىرىغا جاۋاب بەرگەندىن تاشقىرى، ئۆزىنىڭ ھامىيلىقىدىكى يېتىم قىزلار ۋە ئوغۇللارنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىپ، ئۇلارنى ياخشى تەربىيەلەيتتى. شۇنداق قىلىپ ئۇنىڭ ئۆيى مەكتەپكە ئايلىنىپ قالدى.

خەدىچە كۇبرا، فاتىمە زەھرا سىددىق رەزىيەللاھۇ ئەنھا لاردىن كېيىن، ئائىشە سىددىق رەزىيەللاھۇ ئەنھا ئىسلامدىكى ئەڭ ياخشى ئايال دەپ تەرىپلەندى، چۇنكى ئۇ ئۆزىنىڭ كۈچلۈك تەبىئىتى بىلەن ئىلىم ـ پەن، جەمئىيەت، سىياسىي ۋە ئۇرۇش ساھەلىرىدە يېتەكچە رول ئوينىدى. ئۇ دائىم ئۆزىنىڭ ئۇرۇشقا قاتنىشىپ قالغانلىقىغا قاتتىق پۇشايمان قىلاتتى، ئەمما ئۇزۇن يىل ياشاپ، ئۆزىنىڭ شۇ دەۋرىدىكى «ئەڭ ھۆرمەتلىك ئايال» لىق نامىنى ئەسلىگە كەلتۈردى. ئۇ ھىجرەتنىڭ 58- يىلى رامىزان ئېيىدا ئالەمدىن ئۆتتى، ئۆزىنىڭ تەلىپى بويىچە، مەدىنە مۇنەۋۋەرەدىكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ساھابىلىرى دەپنە قىلىنغان «جەننەتۇل بەقىي» قا دەپنە قىلىندى.

ئەبۇ مۇسا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېدى: ئەرلەردىن نۇرغۇن كىشى كامالەتكە يەتكەندى، ئاياللاردىن پەقەت فىرئەۋننىڭ ئايالى ئاسىيە بىلەن ئىمراننىڭ قىزى مەريەملا كامالەتكە يەتتى. ئائىشەنىڭ باشقا ئاياللاردىن ئەۋزەللىكى خۇددى شورپىغا چىلانغان ناننىڭ باشقا تائاملاردىن ئەۋزەل بولغىنىغا ئوخشايدۇ. (بۇخارى: 3411)

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا رىۋايەت قىلىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: ئى ئائىشە، بۇ جىبرىئىل بولىدۇ، ساڭا سالام يوللىدى، دېدى. مەنمۇ: ۋەئەلەيھىسسالام ۋە رەھمەتۇللاھى ۋە بەرەكاتۇھۇ، دېدىم. مەن كۆرمىگەننى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كۆرەلەيتتى. (بۇخارى: 3768)

ئەبۇ مۇسا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بىرەر ھەدىسنى چۈشىنىشتە قىينىلىپ قالساق، دەرھال

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن سورايتتۇق ۋە چوقۇم (ئۇ ھەدىس ھەققىدە) بىرەر مەلۇماتقا ئېرىشەتتۇق. (تىرمىزى: 3883)

ئۇرۋە مۇنداق دېگەن: مەن تىبابەت، فىقھى ۋە شېئىر ئىلمىدا ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن ئۇستۇنرەك بىر ئايالنى كۆرمىدىم. (ئەلكەبىر182/23:)

زۇھرىدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاياللىرى بىلەن پۈتۈن ئۇممەت ئاياللىرىنىڭ ئىلمى جەملەنسىمۇ، ئائىشەنىڭ ئىلمىغا يەنە يېتەلمەيدۇ. (ئەلكەبىر184/23:)

## 726-سۇئال: ئۇممۇل مۇئمىنىن زەينەپ بىنتى جەھش رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ پەزىلىتى

يەنە بىر رىۋايەتتە ئائىشەنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاياللىرى (ئەڭ ئاخىرى) زەينەپ بىنتى جەھشنى (يۇقىرىقى مەقسەتتە) ئەۋەتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاياللىرى ئىچىدە زەينەپ ھەردائىم مەن بىلەن بەسلىشەتتى. مەن دىيانەت جەھەتتە زەينەبتىن ياخشى بىر ئايالنى كۆرمىدىم، ئۇ بەك تەقۋا، بەك راستچىل، بەك كۆپ سىلە رەھىم قىلىدىغان، كۆپ سەدىقە قىلىدىغان، سەدىقە ۋە ياخشى ئىشلارغا كۆپ كۈچ سەرپ قىلىدىغان، ئاللەقا يېقىنلىشىدىغان ئىشلارنى كۆپ قىلىدىغان بىر ئايال ئىدى. لېكىن مىجەزى ئىتتىك بولغاچقا ئاسانلا ئاچچىقلاپ قالاتتى، بىراق ئاچچىقىدىن تېزلا ياناتتى. (مۇسلىم: 2442)

## 727-سۇئال: ئۇممۇل مۇئمىنىن سەفىيە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ پەزىلىتى

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: ھەفسە رەزىيەللاھۇ ئەنھا سەفىيەگە: "ئى يەھۇدىينىڭ قىزى!" دېگەندى، سەفىيە رەزىيەللاھۇ ئەنھا بۇنى ئاڭلاپ يىغلاپ كەتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سەفىيە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ يېنىغا كىرگەندە، ئۇ يىغلاپ ئولتۇراتتى. ئى سەفىيە! نېمىگە يىغلايسەن؟ دەپ سورىغاندى: ھەفسە مېنى "يەھۇدىينىڭ قىزى " دېدى، دېدى. بۇنى ئاڭلىغان پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: ئى سەفىيە! سەن پەيغەمبەر (ھارۇن)نىڭ قىزى (ئەۋلادى)سەن، تاغاڭ (مۇسا)مۇ پەيغەمبەر ئىدى، ھازىرمۇ ھەم پەيغەمبەرنىڭ ئەمرىدە تۇرىۋاتىسەن، ئۇلار سېنىڭ ئالدىڭدا نېمىسىدىن پەخىرلەنگۈدەك؟! دېدى. ئاندىن چىقىپ، ھەفسە رەزىيەللاھۇ ئەنھاغا: ئى ھەفسە! اللەتىن قورقىنى! دېدى. (تىرمىزى: 3894)

## 728-سۇئال: ئۇممۇل مۇئمىنىن ئۇممۇ سەلەمە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ ھاياتى ۋە پەزىلىتى

ئۇممۇ سەلەمە ۋە ئۇنىڭ يولدىشى ئابدۇللا، ئۆز دىنىنى ساقلاپ قېلىش، ئۆزىنى

قۇرەيشلەرنىڭ ئەزىيەتلىرىدىن قۇتقۇزۇش ئۈچۈن، ئىككى قېتىملىق ھىجرەت قىلغۇچىلارنىڭ ئالدى بولۇشنى مەقسەت قىلدى. لېكىن ئۇ ئىككىسىنىڭ ھىجرىتى، ئۇلار ئويلىغاندەك ئاسان بولماي، ئەكسىچە ئىنتايىن مۇشەققەتلىك ۋە ئازابلىق بولدى، ئۇزاق ئايرىلىشتىن كېيىن، پارچىلىنىپ كەتكەن ئائىلە جەم بولدى. ۋاقىت كۆزنى يۇمۇپ ئاچقاندەك تېز ئۆتۈشكە باشلىدى.

ئۇنىڭ ئېرى ئابدۇللاھ بەدرىدىن كېيىنكى بارلىق ئۇرۇشلاردا قەيسەرلىك بىلەن باتۇرلارچە جەڭ قىلىپ قايتقان ئىدىلېكىن بۇ قېتىمقى ئوھۇد ئۇرۇشىدىن قاتتىق جاراھەتلىنىپ قايتتى. ئابدۇللاھ ئۇدا بىر قانچە كۈن ئورنىدىن تۇرالمىدى، بىر ئەتىگىنى پەيغەمبىرىمىز ئۇنى يوقلاپ كەلدى ۋە ئۇنىڭ بىلەن خوشلىشىپ ئىشكتىن چىقاي دېگەندە ئابدۇللاھ جان ئۈزدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇبارەك قولى بىلەن ھەمراھىنىڭ كۆزىنى يۇمدۇرۇپ قويدى ۋە ئۇنىڭغا دۇئا قىلدى. مۇسۇلمانلار بۇ مۇسىبەتكە قاتتىق قايغۇرۇشتى. ئۇلار بۇندىن بۇرۇن ھېچكىمنىڭ مۇسىبىتىگە بۇنچىلىك قايغۇرمىغان ئىدى. مۇھاجىر ۋە ئەنسارىلار ئۆز زېمىمىسىدە ئۇممۇ سەلەمەنىڭ ھەققى بارلىقىنى ھېس قىلىشتى ۋە ئۇنىڭ ئېرىگە تۇتقان قارىلىق ئىددىتى تۈگىشى بىلەنلا، ئەبۇبەكرى سىددىق (ئاللاھ ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) ئۇممۇ سەلەمەگە، خېرىدار بولۇپ كەلدى، ئۇ بۇ تەلەپكە ماقۇل دېمىدى. ئاندىن ئۆمەر كەلدى، ئۇنىمۇ ئەبۇبەكرىدەك قايتۇردى. ئاندىن كېيىن رەسۇلۇللاھ كەلدى، ئۇممۇسەلەمە رەسۇلۇللاھقا:

- يا رەسۇلۇللاھ! مەندە ئۈچ خىل خىسلەت بار! بىرىنچىدىن مەن كۈندەشلىكى يامان ئايال، مەندىن خاپا بولۇپ ماڭا ئاچچىقىڭ كەلسە ئاللاھنىڭ مېنى ئازابلىشىدىن قورقىمەن، ئىككىنچىدىن مەن ياشىنىپ قالغان ئايال. ئۈچىنچىدىن مېنىڭ بالام بار، - دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

- سەن دېگەن كۈندەشلىككە كەلسەك، مەن ئاللاھ تائالادىن، سەندىن بۇ ئىشنى كەتكۈزۈۋېتىشنى تىلەيمەن، يېشىم چوڭ دېيىشكە كەلسەك، مېنىڭمۇ يېشىم چوڭ، بالام بار دېگەنگە كەلسەك، سېنىڭ بالاڭ مېنىڭمۇ بالام، - دېدى. ئاندىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنى نىكاھىغا ئالدى.

ئاللاھ ئۇممۇ سەلەمەنىڭ دۇئاسىنى ئىجابەت قىلىپ، ئۇنىڭغا ئابدۇللاھتىنمۇ ياخشى كىشىنى ئىزباسار قىلىپ بەردى. مانا بۈگۈندىن باشلاپ، مەخزۇم قەبىلىسىدىن بولغان ھىندى (ئۇممۇ سەلەمە)، يالغۇزلا، سەلەمەنىڭ ئانىسى بولماستىن بەلكى پۈتكۈل مۆئمىنلەرنىڭ ئانىسى بولۇپ قالدى.

ئۇنىڭ ئىسلام تارىخىدا مەشھۇر بولۇپ قالغان يەنە بىر قىسسىسى بولۇپ، ئۇ

ھىجرىيەنىڭ 7 ـ يىلى «ھۇدەيبىيە سۇلھىسى»دىن كېيىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئالدى بىلەن ئۆزىنىڭ قۇربانلىقنى ساھابىلارغا كۆرسۇتۇپ تۇرۇپ بوغۇزلاش ۋە چېچىنى ئالدۇرۇش ئارقىلىق ئۈلگە كۆرسۇتۇشنى تەكلىپ بېرىپ ئۆزىنىڭ ئەقىللىقى بىلەن ساھابىلارنى ئاللاھ تائالانىڭ غەزىپىدىن ساقلاپ قالغان. ئاللاھ جەننەتتە ئۇممۇسەلەمەنىڭ يۈزىنى نۇرلاندۇرۇۋەتسۇن! ئاللاھ ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!

ئۇممۇ سەلەمە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن مۇنداق رىۋايەت قىلىندۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ھەسەن، ھۇسەين، ئەلى ۋە فاتىمە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملارنىڭ ئۇستىگە بىر يېپىنچىنى يېپىپ: ئى رەببىم! بۇلار مېنىڭ ئەھلى بەيتىمدۇر، خاس كىشىلىرىمدۇر. ئۇلارنى گۇناھتىن يىراق قىلغىن ۋە تامامەن پاكلىغىن! دېدى. (شۇ چاغدا) ئۇممۇ سەلەمە رەزىيەللاھۇ ئەنھا: ئى رەسۇلۇللاھ! مەنمۇ ئۇلار بىلەن بىرگىمۇ؟ دەپ سورىغانىدى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنىڭ سۆزىگە جاۋابەن: ئى ئۇممۇ سەلەمە! سەن ياخشىلىق ئۇستىدە، دېدى. (تىرمىزى: 3871)

پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئۆگەي بالىسى ئۆمەر ئىبنى ئەبۇ سەلەمە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: {ئى پەيغەمبەرنىڭ ئائىلىسىدىكىلەر! اللە سىلەردىن گۇناھنى ساقىت قىلىشنى ۋە سىلەرنى تامامەن پاك قىلىشنى خالايدۇ} (سۈرە ئەھزاب، 33 ـ ئايەت)دېگەن بۇ ئايەت پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە ئۇممۇ سەلەمەنىڭ ئۆيىدە نازىل بولدى. شۇ چاغدا، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم فاتىمە، ھەسەن ۋە ھۇسەين رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملارنى چاقىرىپ، ئۇلارنىڭ ئۇستىگە بىر يېپىنچىنى ياپتى. ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئارقىسىدا تۇرغان ئىدى، ئۇنىڭغىمۇ بىر يېپىنچىنى ياپتى، ئاندىن: ئى رەببىم! بۇلار مېنىڭ ئەھلى بەيتىمدۇر. ئۇلارنى گۇناھتىن يىراق قىلغىن ۋە تامامەن پاكلىغىن! دېدى. (شۇ چاغدا) ئۇممۇ سەلەمە رەزىيەللاھۇ ئەنھا: ئى اللەنىڭ رەسۇلى! مەنمۇ ئۇلار بىلەن بىرگىمۇ؟ دەپ سورىغانىدى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنىڭ سۆزىگە جاۋابەن: سەن ئۆز ئورنىڭدا تۇرساڭمۇ (ئەھلى بەيتىمسەن، يېپىنچىنىڭ ئاستىغا كىرىشىڭگە ھاجەت يوق)، سەن ياخشىلىق ئۇستىدىسەن، دېدى. (تىرمىزى: 3787)

## 729ـ سۇئال: ئەسما بىنتى ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ ھاياتى ۋە پەزىلىتى

ئەسما دەسلەپ ئىمان ئېيتقانلاردىن بىرى بولۇپ، ئۇنىڭدىن بۇرۇن پەقەت 17 ئادەم ئىمان ئېيتقان ئىدى. ئەسما يەنە «ئىككى بەلۋاغ ئىگىسى» دېگەن نامغىمۇ ئىگە

بولغان بىر پەزىلەت ئىگىسى بولۇپ، ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن ئاتىسى مەدىنىگە ھىجرەت قىلىدىغان كۈنى ئۇلارغا ئوزۇقلۇق ۋە سۇ تەييارلاپ بېرىپ، بۇ نەرسىلەرنى تاڭىدىغان نەرسە تاپالمىغاندا ئۆزىنىڭ بەلۋېغىنى ئوتتۇرىدىن يىرتىپ بىر پارچىسىدا ئوزۇق خالتىسىنى، يەنە بىرىدە تولۇمنى باغلىغاندا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭ ئۈچۈن ئاللاھتىن جەننەتتە ئىككى بەلۋاغ بېرىشكە دۇئا قىلغان، شۇنىڭ بىلەن ئۇ «ئىككى بەلۋاغ ئىگىسى» دېگەن نامغا ئىگە بولغان.

ئۇ زۇبەير ئىبنى ئەۋۋام بىلەن نىكاھلانغاندا زۇبەير بولسا قولىدا نە خىزمىتىنى قىلىدىغان خىزمەتچىسى نە بىر ئېتىدىن باشقا ئائىلىسىنى باياشات قىلغۇدەك مال ـ دۇنياسى يوق كەمبىغەل يىگىت ئىدى. بىراق ئەسما ئۇنىڭ ئۈچۈن بەكلا ياخشى بىر ئايال ئىدى، ئەسما دائىم ئۇنىڭ خىزمىتىنى قىلىپ ئېتىنى يېتىلەيتتى، ئۇنى ئوتلىتىپ، ھەلەپ ئېتىپ بېرىش ئۈچۈن دانلارنى يەنچىيتتى. ئاللاھ ئۇلارغا كەڭچىلىك ئاتا قىلىپ ئۇلارنى ساھابىلەرنىڭ ئەڭ بايلىرىنىڭ قاتارىدىن قىلغانغا قەدەر ئۇ شۇ ھالەتتە ياشىدى.

ئەسمانىڭ دىنىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن ئاللاھ ۋە ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى تەرەپكە ھىجرەت قىلىش پۇرسىتىگە ئېرىشكەن ۋاقىتلىرى دەل ئۇنىڭ ئوغلى زۇبەيرگە بولغان ھامىلىلىك مەزگىلىنىڭ ئاخىرلىرىغا توغرا كەلدى، ئۇ ئەھۋالىنىڭ بۇنچىلىك قىيىنچىلىقىدىن قورقماي سەپەرگە ئاتلاندى. ئۇ دەل مەدىنىدىكى قۇبا مەسجىدى بار كەنتكە يېتىپ بارغاندا كۆزى يورۇدى. مۇسۇلمانلار خۇشاللىنىپ تەكبىر ۋە تەھلىل ئېيتىشتى، چۈنكى تۇغۇلغان بۇ بوۋاق مەدىنىگە ھىجرەت قىلغۇچىلارنىڭ ئىچىدە تۇنجى تۇغۇلغان بوۋاق ئىدى. ئەسما ئوغلى ئابدۇللاھ زۇبەيرنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا ئېلىپ بېرىپ ئۇنىڭ قۇچىقىغا قويدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇبارەك تۈكرىكلىرى بىلەن بالىنى ئېغىزلاندۇردى ۋە دۇئا قىلدى. بۇ بالىنىڭ قورسىقىغا كىرگەن تۇنجى نەرسە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇبارەك تۈكرىكى بولدى.

ئەسمادا ئەرلەردىمۇ ئاز تېپىلىدىغان ئەقىل ـ ئىدراك ۋە پەزىلەت، ئۇلۇغلۇق سۈپەتلىرى بار ئىدى. ئۇنىڭ سېخىيلىقى بولسا ئۈلگە قىلغۇدەك دەرىجىدە ئىدى، بۇ ھەقتە ئوغلى ئابدۇللاھ مۇنداق دېگەن: مەن ھاممام ئائىشە ۋە ئانامدەك سېخى كىشىنى كۆرمىدىم، بىراق بۇ ئىككىسىنىڭ سېخىيلىقى ئوخشىمايتتى، ھاممام ئائىشە بولسا نەرسىلەرنى يىغىپ قويۇپ ھاجەتمەنلەرگە يەتكۈدەك بولغاندا ئاندىن بېرەتتى، ئانام بولسا ئەتىگە ھېچنېمە قالدۇرمايتتى.

ئەسما ھەرقانداق قىيىن ئەھۋالدىمۇ ئىشلارنى ياخشى بىر تەرەپ قىلالايدىغان

ئەقىل ئىگىسى ئىدى. ئانىسى ئەبۇ بەكرى ئەينى زاماندا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ھەمراھ بولۇپ مەدىنىگە ھىجرەت قىلغاندا ئۆيدە بار بارلىق مال ـ مۈلكىنى بىللە ئېلىپ ماڭغان ئىدى، ئۇنىڭ ئېلىپ ماڭغان مىلىنىڭ سانى ئالتە مىڭ دىرھەم بولۇپ ئۇ ئائىلىسىدىكىلەر ئۈچۈن ھېچنېمە قالدۇرمىغان ئىدى.

تارىخ ئەسمانىڭ ھاياتىدىكى نۇرغۇن ئالاھىدە كۆرۈنۈشلەرنى ئۇنتۇپ قالدى دېگەندىمۇ، ئۇنىڭ ئوغلى ئابدۇللاھ ئىبنى زۇبەير بىلەن ئاخىرقى قېتىمقى ئۇچرىشىشى ۋە بۇ ئۇچرىشىشتا نامايەندە بولغان ئۇنىڭ ئۆتكۈر ئەقلى، كەسكىن پوزىتسىيىسى ۋە كۈچلۈك ئىمانىنىڭ سۆھبەتتىكى ئىپادىسىنى ھەرگىز ئۇنتۇپ قالمايدۇ. بۇ ۋەقەلىك مۇنداق ئىدى:

يەزىد ئىبنى مۇئاۋىيە ۋاپات بولغاندىن كېيىن ئەسمانىڭ ئوغلى ئابدۇللاھ ئىبنى زۇبەيرگە ھىجاز، مىسىر، ئىراق، خۇراسان، شام دىيارلىرىنىڭ كۆپلىگەن جايلىرىدىكى مۇسۇلمانلار بەيئەت قىلدى. ئاردىن ئۇزۇن ئۆتمەي ئۇمەييە جەمەتىدىكىلەر ھەجاج ئىبنى يۈسۈف سەقەفىينىڭ قوماندانلىقىدا ئابدۇللاھقا قارشى زور قوشۇن ماڭدۇردى. شۇنىڭ بىلەن ئىككى تەرەپ ئوتتۇرىسىدا كەسكىن جەڭ باشلاندى. ئۇ جەڭدە ئۆزىگە خاس باتۇرلۇق ۋە چەۋەندازلىق بىلەن قەھرىمانلارچە ئۇرۇش قىلدى. لېكىن ئۇنىڭ ئەتراپىدىكىلەر پەيدىن ـ پەي ئۇنىڭدىن ئايرىلىشقا باشلىدى. ئۇ ئاخىرىدا ئاللاھنىڭ ئۆيى بىلەن پاناھلاندى، يەنى ئۇ بىر قانچە كىشىلىرى بىلەن مۇقەددەس كەبىنىڭ ئىچىدە قوغدىنىشقا مەجبۇر بولدى.

ئۇ شېھىت بولۇشتىن بىر قانچە سائەت ئىلگىرى ئانىسى ئەسمانىڭ قېشىغا كەلدى، بۇ چاغدا ئەسما كۆزى تۇتۇلۇپ ياشىنىپ قالغان ئىدى. ئانىسى ئۇنىڭ ھەق ئۈستىدە ئۆلگىنىگە قەتئى ئىچىنمايدىغانلىقىنى بىلدۈردى ۋە تەربىيە تەسەللى بەردى. ئابدۇللاھ ساۋۇتىنى سىلىۋېتىپ ئۇزۇن ئىشتانىنى كەيدى ۋە جەڭنى داۋاملاشتۇرۇش ئۈچۈن ھەرەم تەرەپكە قاراپ يۈرۈپ كەتتى. شۇ كۈنى قۇياش پاتماي تۇرۇپلا ئابدۇللاھ ئىبنى زۇبەير شېھىت قىلىندى. ئۇنىڭ شېھىت قىلىنغانلىقىغا ئون نەچچە كۈن ئۆتۈپ ئانىسى ئەسما بىنتى ئەبۇ بەكرىمۇ ۋاپات بولدى. ئۇ يۈز يىل ئۆمۈر كۆرگەن، بىرەر تال چىشى چۈشمىگەن، ئەقلىدىن ھېچ كېتىپ قالمىغان ئايال ئىدى. (ئاللاھ ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!)

ۋەھب ئىبنى كەيساندىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: شام خەلقى ئىبنى زۇبەير رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانى: ئىككى بەلباغلىق ئايالنىڭ ئوغلى، دەپ مەسخىرە قىلىشاتتى. ئانىسى (ئەسما رەزىيەللاھۇ ئەنھا) ئوغلىغا: ئى ئوغلۇم! ئۇلار سېنى ئىككى بەلباغ بىلەن مەسخىرە قىلىشىۋاتىدۇ. سەن ئۇ ئىككى بەلباغنىڭ ھېكايىسىنى بىلەمسەن؟

مەن بەلبېغىمنى ئىككى پارچە قىلىپ، بىرىدە پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ تۇلۇمنىڭ ئاغزىنى، يەنە بىرىدە داستىخىنىنى باغلىغان ئىدىم، دېدى. شۇنىڭدىن كېيىن، خەلق ئۇنى يەنە مەسخىرە قىلسا، ئىبنى زۇبەير ئۇلارغا: مەسخىرە قىلىۋېرىڭلار. اللەنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، پۈتۈن ئەيىب سىلەردە، دەپ جاۋاب بېرەتتى. (بۇخارى: 5388)

**730-سوئال: ئۇسامە ئىبنى زەيد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ھاياتى ۋە پەزىلىتى**

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇسامەنى پۈتۈن دۇنيا قىزغانغۇدەك دەرىجىدە ياخشى كۆرەتتى. ئۇسامە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ نەۋرىسى ھەسەن بىلەن ياش جەھەتتە پەرقلەنمەيتتى. ھەسەن ئاق، نۇرلۇق، چىرايلىق بولۇپ خۇددى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئوخشايتتى. ئۇسامە بولسا ئۆڭى قارا، بۇرنى پاناق بولۇپ ھەبەشىستانلىق ئانىسىغا ئوخشايتتى. لېكىن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ياخشى كۆرۈشتە بۇ ئىككىسىنىڭ ئارىلىقىنى ئايرىمايتتى. ھەسەننى بىر يوتۇسىغا، ئۇسامەنى يەنە بىر يوتۇسىغا ئولتۇرغۇزۇۋېلىپ: «ئى ئاللاھ! مەن بۇلارنى ياخشى كۆرىمەن. سەنمۇ ياخشى كۆرسەڭ» دەيتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇسامەنى كىچىكىدە ياخشى كۆرگىنىدەك چوڭ بولغاندىمۇ ياخشى كۆردى.

ئۇسامەنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىگە ئەگىشىپ ئۇنىڭدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ياخشى كۆرۈشىگە لايىق گۈزەل خۇلق، ئېسىل ئەخلاقلار نامايەندە بولۇشقا باشلىدى. ئۇ ناھايىتى زېرەك، قەيسەر، تەدبىرلىك، دىيانەتلىك، چىقىشقاق، تەقۋا ۋە پەرھىزكار ئىدى.

خەندەك ئۇرۇشى بولغان چاغدا ئۇ يەنە ساھابىلەرنىڭ بالىلىرىدىن بىرقانچىسى بىلەن بىرگە كەلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۇنىڭغا رەھمى كېلىپ، ئۇنى قوبۇل قىلدى. بۇ چاغدا ئۇ ئەمدىلا 15 ياشتا ئىدى. دېمەك ئۇ 15 يېشىدا ئاللاھ يولىدا جىھاد قىلىپ قىلىچ كۆتۈردى.

ھۇنەيىن جېڭىدە مۇسۇلمانلار چېكىنگەن ۋاقىتتا ئۇسامە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تاغىسى ئابباس، تاغىسىنىڭ ئوغلى ئەبۇ سوفيان ئىبنى ھارىس ۋە باشقا بىر قانچە ھۆرمەتلىك ساھابىلەر بىلەن بىرگە جەڭ مەيدانىدا مۇستەھكەم تۇردى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ئازغىنە باتۇر مۇسۇلمان گۇرۇھى بىلەن ساھابىلىرىنىڭ مەغلۇبىيىتىنى غەلىبىگە ئۆزگەرتىشكە ۋە قاچقان مۇسۇلمانلارنى مۇشرىكلارنىڭ ئازابىدىن قوغداپ قېلىشقا قادىر بولدى.

مۇئتە ئۇرۇشىدا ئۇسامە دادىسى زەيدنىڭ بايرىقى ئاستىدا جەڭ قىلدى. بۇ چاغدا ئۇنىڭ يېشى ئون سەككىزگىمۇ يەتمىگەن ئىدى. ئۇ دادىسىنىڭ ئۆلۈمىنى ئۆز كۆزى

بىلەن كۆردى. لېكىن، ئىرادىسى ئاجىزلاپ تەۋرەپ قالمىدى، بەلكى جەئفەر ئىبنى ئەبۇ تالىپنىڭمۇ بايرىقى ئاستىدا جەڭ قىلدى. ئۇمۇ ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا يىقىلدى. ئاندىن كېيىن ئابدۇللاھ ئىبنى رەۋاھەنىڭ بايرىقى ئاستىدا جەڭ قىلدى. ئۇمۇ ئىككى ھەمراھىغا قوشۇلدى، ئۇندىن كېيىن خالىدنىڭ بايرىقى ئاستىدا جەڭ قىلدى، ئاخىرى خالىد كىچىك قوشۇننى رۇملۇقلارنىڭ چاڭگىلىدىن قۇتۇلدۇرۇپ ئېلىپ چىقىپ كەتتى.

ئۇسامە دادىسىنى ئاللاھنىڭ ھۇزۇرىدا دەپ بىلىپ، ئۇنىڭ پاك جەسىتىنى شام چېگرىسىدا قالدۇرۇپ، دادىسى شېھىت قىلىنغان ئاتقا مىنىپ مەدىنىگە قايتىپ كەلدى. ھىجرىيەنىڭ 11 ـ يىلى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام رۇملۇقلارغا قارشى قوشۇن تەييارلاشقا بۇيرۇپ، ئۇسامەنى قوماندان قىلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋاپات بولۇپ كەتكەندىن كېيىن ئەبۇ بەكرىگە بەيئەت قىلىش ئىشىمۇ تامام بولۇپ ئارىدىن ئۇزاق ئۆتمەي ئەبۇ بەكرى ئۇسامەنى ماڭدۇرۇش ئىشىنى ئىجرا قىلىشقا بۇيرۇق بەردى. قوشۇن ياش قوماندانىنىڭ رەھبەرلىكىدە يولغا چىقتى. ئۇنى خەلىپە پىيادە مېڭىپ ئۇزىتىپ قويدى. ئۇسامە ئۇلاغلىق ئىدى. قوشۇن ئىلگىرىلىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بارلىق بۇيرۇقلىرىنى ئىجرا قىلدى. قوشۇننى پەلەستىنىدىكى بەلقائى چېگرىسى ۋە دارۇم قەلئەسىگە چۇشۇردى. ئۇسامە مۇسۇلمانلارنىڭ قەلبىدىن رۇملۇقلارنىڭ ھەيۋىسىنى ئېلىپ تاشلاپ، ئۇلارغا ئالدى بىلەن شام دىيارى، مىسىر ۋە پۈتۈن ئافرىقىنى قارا دېڭىزغا قەدەر ئىشغال قىلىش يولىنى ئېچىپ بەردى. ئۇسامە، دادىسى شېھىت قىلىنغان ئېتىنىڭ ئۈستىگە مىنىپ سان ـ ساناقسىز غەنىمەت بىلەن قايتتى، ھەتتا «ئۇسامەنىڭ قوشۇنىدەك ساق قايتقان ۋە كۆپ غەنىمەت ئالغان قوشۇن يوق» دەپ تەرىپلەنگەن ئىدى.

ئۇسامە پۈتۈن ھاياتىدا، مۇسۇلمانلارنىڭ ئۇلۇغلاش، ياخشى كۆرۈش ئوبيېكتى بولۇپ ياشىدى. ئۆمەر ئۇسامەگە، ئۆز ئوغلى ئابدۇللاھتىن كۆپرەك نېسۋە بەردى. ئۆمەر ئۇسامەنى ئۇچراتسا: ـ رەھبىرىمنى قارشى ئالىمەن، ـ دەيتتى. ئەگەر بۇنىڭدىن ئەجەبلەنگەن ئادەمنى كۆرسە، ـ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنى ماڭا قوماندان قىلغان، شۇڭا ئۇنى «رەھبىرىم» دەيمەن، ـ دەيتتى.

ئاللاھ بۇ ئېسىل روھلارغا رەھمەت قىلسۇنكى، تارىخ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ساھابىلىرىدىن كاتتا، ئۇلۇغ، ئالىيجاناب، مۇكەممەل كىشىلەرنى كۆرۈپ باقمىدى.

ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇسامە ئىبنى زەيد قوماندانلىقىدا بىر روتا

ئەسكەر ئەۋەتتى. لېكىن بەزىلەر زەيدنىڭ قوماندانلىقىغا نارازى بولۇپ، سۆز چۆچەك قىلىشقا باشلىغانىدى، بۇنىڭدىن خەۋەر تاپقان پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېدى: ئاڭلىشىمچە، ئۇسامىنىڭ قوماندان بولغانلىقىغا نارازى بولۇپسىلەر. سىلەر ئۇنىڭ ئاتىسىنىڭ قوماندان بولۇشىغىمۇ نارازى بولغان ئىدىڭلار. اللەنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، ئۇنىڭ ئاتىسى ھەقىقەتەنمۇ قوماندان بولۇشقا لاياقەتلىك ئىدى ۋە مېنىڭ ئەڭ سۆيۈملۈك كىشىلىرىمدىن بىرى ئىدى. ئۇسامەمۇ خۇددى ئاتىسىدەك مېنىڭ ئەڭ سۆيۈملۈك كىشىلىرىمدىندۇر. (بۇخارى: 3730)

**731-سۇئال: زەيد ئىبنى سابىت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ھاياتى ۋە پەزىلىتى**

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام زەيدنىڭ يادقا ئالغان سۈرىلىرىدىن بىر قانچىنى ئاڭلاپ باقتى، ئۇنىڭ ئوقۇش قائىدىلىرى ناھايىتى ياخشى، تەلەپپۇزلىرى ئوچۇق ئىدى، قۇرئاننىڭ سۆزلىرى ئۇنىڭ لەۋلىرىدىن خۇددى دۇردانىلەردەك تۆكۈلۈپ تۇراتتى. ئۇنىڭ قىلغان تىلاۋىتىدىن ئۇنىڭ قۇرئاننىڭ مەنىسىنى ناھايىتى ياخشى قوبۇل قىلغانلىقى، پۈتكۈل ۋۇجۇدىغىچە تەسىر قىلغانلىقى بىلىنىپ تۇراتتى. بۇلارنى كۆرگەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام زەيددىن چەكسىز سۆيۈنۈپ كەتتى، چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام، زەيدنىڭ ئۇنىڭ قەۋمى تەرىپلىگىنىدىنمۇ ئارتۇق ئىكەنلىكىنى بايقىغان ئىدى. زەيدنىڭ يېزىشقا ماھىرلىقى ئۇنىڭ سۆيۈنىشىنى يەنە بىر ھەسسە ئاشۇردى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام زەيدقا قاراپ:

- ئى زەيد سەن مېنىڭ ئورنۇمدا يەھۇدىي تىلىنى ئۆگەنگىن! مەن ئۇلارغا تازا ئىشەنچ قىلالمايدىكەنمەن، - دېدى.

- بولىدۇ، ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى! - دېدى زەيد.

مانا شۇنىڭدىن ئېتىبارەن زەيد ئىبران تىلىنى ئۆگىنىشكە باشلىدى ۋە قىسقا بىر مەزگىل ئىچىدىلا ئۇ تىلنى پۇختا ئىگىلەپ بولدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەھۇدىيلارغا مەكتۇپ يوللىماقچى بولسا ئۇ بۇ مەكتۇپلارنى يازاتتى ھەم يەھۇدىيلارنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا يازغان مەكتۇپلىرىنىمۇ ئوقۇپ بېرەتتى. كېيىن ئۇ يەنە سۇرىيانى تىلىنىمۇ ئۆگەندى. شۇنىڭ بىلەن بۇ ياش يىگىت پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تەرجىمانى بولۇپ قالدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام زەيدنىڭ سالماقلىقى، ئەستايىدىللىقى ۋە ئىشەنچلىك ئىكەنلىكىنى بايقىغاندىن كېيىن ئۇنىڭغا ئاللاھتىن ئۆزىگە چۈشىدىغان ۋەھيىنى خاتىرىلەيدىغان كاتىپ قىلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ دىلىغا بىرەر ۋەھيي نازىل قىلىنسىلا ئۇ زەيدكە: «ئى زەيد، ياز!» دەيتتى، ئۇ يازاتتى. زەيد قۇرئاننىڭ ئايەتلىرىنى خاتىرىلەش بىلەن بىرگە ئۆسۈپ يېتىلدى. ئۇ قۇرئاننى پەيغەمبەر

ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاغزىدىن ئۇنىڭ چۇشۇش سەۋەبلىرى بىلەن قوشۇپ ئەڭ يېڭى ھالەتتە ئالاتتى ـ دە، دىلى قۇرئاننىڭ نۇرى بىلەن بارغانچە كۈچلۈك ھىدايەتكە ئىگە بولاتتى. قۇرئاننىڭ شەرئىي ھۆكۈملىرىنىڭ ھېكمىتى بىلەن ئۇنىڭ دىلى تېخىمۇ نۇرلىناتتى. بۇنداق ئۇلۇغ مۇقەددەس ئىلىم بىلەن نېئمەتلەنگەن بۇ ياش يىگىت پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۈممىتى ئۈچۈن قۇرئان ئىلمى تەرىپىدىن ئەڭ ئىشەنچلىك بولغان تۇنجى مەنبە بولۇپ قالغان ئىدى. ئۇ خەلىپە ئابا بەكرىنىڭ زامانىسىدا قۇرئاننى توپلىغان كىشىلەرنىڭ باشلامچىسى، خەلىپە ئۆمەرنىڭ زامانىسىدا قۇرئاننىڭ ھەممە نۇسخىلىرىنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ، ئوسمانىيە نۇسخىسىغا ئاساس سالغۇچىلارنىڭ ئالدىنقى قاتارىدىكىلىرىدىن ئىدى.

قۇرئاننىڭ پەزىلىتى زەيد ئىبنى سابىتقا كىشىلەرنىڭ ئەقلىنى قايمۇقتۇرۇۋېتىدىغان مۇشكۈل شارائىتتا توغرا يولنى كۆرسىتىپ بېرەلىگىدەك ئەقىل نۇرى ئاتا قىلغان ئىدى. زەيد قۇرئاننىڭ پەزىلىتى ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن بىرگە بولغانلىقىنىڭ پەزىلىتى بىلەن مۇسۇلمانلارنىڭ مەشئىلىگە ئايلاندى. خەلىپىلەر قىيىن مەسىلىلەردە ئۇنىڭدىن مەسلىھەت ئالاتتى. كۆپچىلىكمۇ بىرەر قىيىن مەسىلىگە يۇلۇقسىلا ئۇنىڭدىن پەتىۋا سورىۋاتتى. بولۇپمۇ مىراس ئىشلىرىدىكى ھۆكۈملەردە ئۇنىڭدىن ئالىم كىشى يوق ئىدى.

ساھابىلەر ۋە تابىئىلاردىن ئىلىم تەلەپ قىلغۇچىلار زەيد ئىبنى سابىتنىڭ قەدرىنى تونۇپ يەتكەن بولۇپ ئۇنىڭ بىلىمىنىڭ كۆپلۈكى سەۋەبىدىن ئۇنى ئۇلۇغلىغان ۋە قاتتىق ھۆرمەتلىگەن ئىدى.

زەيد ئىبنى سابىت ۋاپات بولغاندا مۇسۇلمانلار ئۇنىڭ بىلەن بىرگە كەتكەن مول بىلىمگە قاتتىق يىغلىشىپ كەتكەن بولۇپ، ئەبۇ ھۈرەيرە:

ـ بۈگۈن ئىسلام ئۈممىتىنىڭ ئۆلىماسى ۋاپات بولدى، ئاللاھ ئىبنى ئابباسنى ئۇنىڭ ئىز باسارى قىلىپ بەرگەي! دېگەنىدى.

## 732ـ سۇئال: ئەممار ئىبنى ياسىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ پەزىلىتى

ئەلىدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: ئەممار پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ يېنىغا كېلىپ، ئىجازەت سورىغانىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: ياخشىلارنىڭ ياخشىسىغا ئىجازەت بېرىڭلار! دېدى. (تىرمىزى: 3798)

ئەبۇ ھۈرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئەممارغا: ئى ئەممار! ساڭا خۇش بېشارەت، سېنى زالىم پىرقە ئۆلتۈرىدۇ، دېگەن. (تىرمىزى: 3800)

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئەممار قاچانىكى ئىككى ئىشتىن بىرىنى تاللاشقا دۇچ كەلسە، چوقۇم ئەڭ توغرىسىنى تاللاپ كەلدى. (تىرمىزى: 3799)

ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئەممارنىڭ قېنىمۇ، گۆشىمۇ دوزاخقا ھارامدۇر. (بەززار: 2684)

ئەلكەبىردە مۇنداق دېيىلگەن: ئى ياسىرنىڭ ئائىلىسى! سەۋر قىلىڭلار، بارار جايىڭلار جەننەتتۇر. (ئەلكەبىر24/303:)

## 733-سوئال: ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ھاياتى ۋە پەزىلىتى

ئابدۇللاھ، مەككىنىڭ تاغ جىلغىلىرىدا قۇرەيشلەرنىڭ ئاقساقىلى ئۇتبە مۇئىيتنىڭ قويلىرىنى باقاتتى، ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد ئۇزاق ئۆتمەي ئىسلام كەلتۈرۈپ، ئۆزىنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ خىزمىتىگە ئاتىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنى خىزمىتىگە قويدى. ئابدۇللاھ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ھەمراھ بولۇپ، ئۇنىڭدىن بىر قەدەممۇ ئايرىلمىدى، ئولتۇرسا، تۇرسا ئۇنىڭغا كۆڭۈل بۆلەتتى، ئۇخلىسا ئويغىتاتتى، يۇيۇنسا دالدا بولۇپ بېرەتتى، سىرتقا ماڭماقچى بولسا، ئايغىنى كەيگۈزەتتى. كىرگەندە سالغۇزاتتى، ئۇنىڭ مىسۋاك، ھاسىلىرىنى كۆتۈرەتتى. ھۇجرىسىغا ئۇنىڭ ئالدىدا كىرەتتى، ھەتتا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭ خالىغان ۋاقتىدا كىرىشىگە رۇخسەت قىلغان بولۇپ، ئۇ خىجىل بولماستىن گۇناھ دەپ قارىماستىن ئۇنىڭ مەخپىي ئىشلىرىنىمۇ تىڭشايتتى، شۇڭا ئۇ «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مەخپىيتىنى بىلىدىغان كىشى» دەپ چاقىرىلاتتى.

ئابدۇللاھ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆيىدە تەربىيىلەندى، ئۇنىڭ پرىنسىپى بويىچە ئىشلىدى. ئۇنىڭ ئەخلاقىنى ئۆزىگە سىڭدۈرۈپ، ھەرقانداق خىسلەتتە ئۇنىڭغا ئەگەشتى. ئابدۇللاھ ـ قارى، ئىبادەتكار، تەقۋا، بولۇپلا قالماي، يەنە كۈچلۈك، كەسكىن جەڭ قىلغۇچى، ئىش چىڭغا چىقسا قەيسەر ئىدى. ئۇنىڭ شۇنداق قىلغىنىغا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن كېيىن قۇرئاننى ئۇنلۇك ئوقۇغان يەر يۈزىدىكى تۇنجى مۇسۇلمانلىقى كۇپايە. ئابدۇللاھ ئوسمان خەلىپە بولغان دەۋرىگىچە ياشىدى، ئۇ ۋاپات بولۇش ئالدىدا، ئوسمان ئۇنى يوقلاپ كېلىپ ئۇنىڭغا يىللاردىن بېرىكى ئىنسۇلىرىنى بەرمەكچى بولغاندا ئابدۇللاھ ئۇنىڭغا:

— سەن قىزلىرىمنىڭ كەمبەغەل بولۇپ قېلىشىدىن ئەنسىرۋاتامسەن؟ مەن ئۇلارنىڭ ھەر كېچىسى سۈرە «ۋاقىئە» نى ئوقۇشقا بۇيرىدىم، ... مەن پەيغەمبەر

ئەلەيھىسسالامنىڭ: «كىمكى سۈرە ۋاقىئەنى ئوقۇسا، مەڭگۈ كەمبەغەللىق، موھتاجلىق يەتمەيدۇ» دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان ئىدىم، دەپ جاۋاپ بىردۇ. ئابدۇللاھ، ئاللاھنىڭ دەرگاھىغا كەتكەن ۋاقتىدا تىللىرى ئاللاھنى ئەسلەش بىلەن نەم، ئايەت ئوقۇش بىلەن ھۆل ئىدى...

ئابدۇرراھمان ئىبنى يەزىدتىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: ھۇزەيفە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن: تەقۋى تۇرقى ۋە يۈرۈش - تۇرۇشى پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە ئەڭ ئوخشايدىغان بىرىنى كۆرسىتىپ قويساڭ، (ئىلمىنى) ئۇنىڭدىن ئۆگەنگەن بولساق، دېگەنىدىم، ئۇ: تەقۋى تۇرقى ۋە يۈرۈش - تۇرۇشى پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە ئۇممۇ ئەبدنىڭ ئوغلىدىنمۇ (يەنى ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇدتىنمۇ) بەكرەك ئوخشايدىغان بىرىنى بىلمەيمەن، دەپ جاۋاب بەردى. (بۇخارى: 3762)

ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئەبۇ بەكرى بىلەن ئۆمەر ئىككىسى ئۇنىڭغا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: كىم قۇرئاننى نازىل قىلىنغان پېتى ئوقۇشنى خالىسا، ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇدنىڭ قىرائىتىدە ئوقۇسۇن دېگەن مۇبارەك سۆزىنى يەتكۈزگەن. (ئىبنى ماجە: 138)

## 734-سۇئال: ھۇزەيفە ئىبنى يەمانى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ھاياتى

ئۇ بىر مۇسۇلمان ئائىلىسىدە ئۆسۈپ يېتىلدى. ئاللاھنىڭ دىنىغا خېلى بۇرۇن كىرگەن مۇسۇلمان ئاتا - ئانىنىڭ ھىمايىسىدە تەربىيىلەندى. ئۇمۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن ئۇچرىشىشتىن بۇرۇن ئىسلامنى قوبۇل قىلدى. ئۇنىڭ پۈتۈن ۋۇجۇدىنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن ئۇچرىشىش ئىشتىياقى چۇلغىۋالغان ئىدى. ئۇ ئىسلامغا كىرگەن كۈندىن باشلاپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈپەتلىرى توغرىسىدا توختىماي سوئال سورايتتى. ئۇ ئاخىرى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن ئۇچرىشىش ئۈچۈن مەككىگە سەپەر قىلدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەدىنىگە كەلگەندە ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا بېشى بىلەن يۈرۈپ دېگۈدەك خىزمەت قىلدى. ئۇ بەدىردىن باشقا بارلىق جەڭگە قاتناشتى. ئوھۇد جېڭى كۈنى ئۇ دادىسى يەمانى بىلەن ئۇرۇشقا قاتناشتى. ئۇرۇشتىن ئۇ ساق - سالامەت قايتتى. بىراق، دادىسى شېھىت بولدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭ خاراكتېرىدە مۇشكۈل ئىشلارنى ھەل قىلىشتا تەدبىرلىك، ھەرقانداق ئىشقا قارىتا ئىنكاسى تېز ۋە ئېتائەتچان، ھېچكىم بىلەلمەيدىغان دەرىجىدە سىر ساقلىيالايدىغان ئۈچ خىل خىسلەتنىڭ بارلىقىنى بايقىدى. ساھابىلىرىنىڭ ئارتۇقچىلىقلىرىنى دەل جايىدا جارى قىلدۇرۇش، ئۇلاردىكى

يوشۇرۇن ئىقتىدارىدىن مۇۋاپىق پايدىلىنىش، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سىياستى ئىدى. ئۇ ھەرقانداق ئادەمنى ئىقتىدارىغا قارىتا ۋەزىپىگە قوياتتى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھۇزەيفەگە مۇناپىقلارنىڭ ئىسىملىكىنى ئاشكارىلىدى. بۇ ساھابىلەرنىڭ ھېچبىرى بىلمەيدىغان مەخپىيەتلىك ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەم ئىسلام دىنىنى ۋە مۇسۇلمانلارنى مۇناپىقلارنىڭ سۇيىقەستلىرىدىن ساقلاش ئۈچۈن ئۇنىڭغا بۇ مۇناپىقلارنىڭ ئىش ـ ھەرىكەتلىرىگە كۆز ـ قۇلاق بولۇش، ئۇلارنى كۆزىتىش ۋەزىپىسىنى تاپشۇردى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مەخپىيەتلىرىنى بىلىدىغان كىشى» دەپ ئاتىلىدىغان بولدى.

ئۇنىڭ ھاياتى شۇنچىلىك كۆپ ياخشىلىقلار بىلەن ئۆتكىنىگە قارىماي ھۇزەيفە ئاللاھتىن بەك قورقىدىغانلاردىن ئىدى. ئاللاھ ھۇزەيفەگە رەھمەت قىلسۇنكى، ئۇ كىشىلەر ئارىسىدىكى مىسلى يوق ئېسىل ئۈلگە ئىدى. ئاللاھ بىزنىمۇ ھۇزەيفەگە ئوخشاش مۇسۇلمانلارنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان تەدبىرلىك، ئۈلگىلىك مۇسۇلمانلاردىن قىلسۇن! ئامىن!

## 735 ـ سۇئال: سەئد ئىبنى مۇئاز رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ پەزىلىتى

ئەبۇ ئىسھاقتىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئۇ بەرا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە بىر پارچە يىپەك رەخت ھەدىيە قىلىندى. ساھابىلەر رەختنى سىلاپ كۆرۈپ، يۇمشاقلىقىدىن ھەيران قېلىشتى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇلارغا: بۇنىڭ يۇمشاقلىقىدىن ئەجەبلىنىۋاتامسىلەر؟ ! سەئد ئىبنى مۇئازنىڭ جەننەتتىكى قول ياغلىقلىرى بۇنىڭدىنمۇ يۇمشاق، دېدى. (مۇسلىم: 2468)

جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: سەئد ئىبنى مۇئازنىڭ ئۆلۈمىدىن ئەرش تەۋرەپ كەتتى دېدى. بۇنى ئاڭلىغان بىر كىشى جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا: مەن بەرا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ: ”تاۋۇت تەۋرەپ كەتتى “ دېگىنىنى ئاڭلىدىمغۇ؟ دېگەنىدى، جابىر ئۇنىڭغا: بۇ ئىككى قەبىلە (يەنى ئەۋس بىلەن خەزرەج) ئوتتۇرىسىدا ئەزەلدىن بېرى، بىر ـ بىرىنى كۆرەلمەسلىك ۋە ئۆچمەنلىك بار، (مەن خەزرەج قەبىلىسىدىن تۇرۇپ، سەئدنىڭ پەزىلىتىنى بايان قىلغان بۇ سۆزنى ئەينەن يەتكۈزىۋاتسام، بەرا سەئدنىڭ قەبىلىسى بولغان ئەۋستىن تۇرۇپ، ئۇنىڭ نېمە دېگىنى بۇ) مەن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ: سەئد ئىبنى مۇئازنىڭ ئۆلۈمىدىن رەھماننىڭ ئەرشى تەۋرەپ كەتتى دېگىنىنى ئاڭلىغانىدىم، دېدى. (بۇخارى: 3803)

## 736-سۇئال: ئابدۇللا ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ ھاياتى ۋە پەزىلىتى

گەرچە ئۇ كېيىنرەك تۇغۇلغان بولسىمۇ ئۇلۇغ ساھابە بولۇپ يېتىشىپ چىقىشقا پايدىلىق بولغان ئەتراپتىكى ياخشى پۇرسەتلەرنىڭ ھەممىسىدىن بەھرىمەن بولغانلاردىن، يەنى ساھابىلىق، تۇغقاندارچىلىق، ئىلىم ئېلىش، تەقۋادار بولۇشقا پايدىلىق بولغان پۇرسەتلەرنىڭ ھەممىسگە ئېرىشكەنلەردىن ئىدى. ئۇ يەنە ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرىنىڭ تاغىسىنىڭ ئوغلى ئىدى.

ئىسلام دىنىنىڭ مۇھىتىدا ئۆسۈپ، ئۇممەتنىڭ ئۆلىماسى، مول بىلىم ئىگىسى، كۈندۈزلىرى روزا تۇتۇپ، كېچىلىرىنى قىيامدا تۇرۇپ ئۆتكۈزگۈچى، ئەتىگەن ۋە ئاخشاملىرى ئاللاھتىن قورقۇپ يىغلىغۇچى، مەغپىرەت تىلەپ تۆكۈلگەن ياشلىرى بىلەن مەڭزىلىرى نەملەنگۈچى كىشى ئىدى.

مانا بۇ كىشى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۇممىتىنىڭ ئۆلىماسى، تەربىيىچىسى، تەتقىقاتچىسى، پەيلاسوپى، ئىجتىھاتچىسى ئابدۇللاھ ئىبنى ئابباستۇر.

ئۇ ھىجرەتتىن ئۈچ يىل بۇرۇن تۇغۇلغان بولۇپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋاپات بولغاندا ئۇ ئەمدىلا 13 ياشتا ئىدى. گەرچە ئۇ كىچىك بولسىمۇ ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىمنىڭ كىتابلىرىدا توغرىلىقى بىلەن مەشھۇر بولغان ھەدىستىن 1660 نى يادلاپ بولغان ئىدى.

ئانىسى ئۇنى يېڭى تۇغقاندا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا ئېلىپ باردى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تۈكرىكى بىلەن ئۇنى ئېغىزلاندۇردى، دېمەك ئۇنىڭ ئىچىگە كىرگەن تۇنجى نەرسە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇبارەك تۈكرىكى بولدى. ئۇنىڭ بىلەن بىرگە ئۇنىڭغا تەقۋالىق، ئىلىم - ھېكمەتلەرنىڭ نۇرىمۇ كىرگەن بولدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «بىلىم - ھېكمەت - كىمگە بېرىلسە، ئۇنىڭغا كۆپ ياخشىلىق بېرىلگەن بولىدۇ» دېگەن ئىدى.

ھاشىمىيلىق بۇ سەبى بالا ئانچە مۇنچە ئەقىل تاپقاندىن باشلاپلا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا خۇددى سايىدەكلا ئەگىشىپ يۈرىدىغان بولدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تاھارەت ئالماقچى بولسا ئۇنىڭ تاھارەت سۈيىنى تەييارلاپ بېرەتتى. نامازدا تۇرغاندا ئۇنىڭ ئارقىسىدا تۇرۇپ ئوقۇيتتى، سەپەرگە چىقسا ئۇلۇغىنىڭ ئارقىسىغا مىنگىشىۋالاتتى. ئۇ ھەر بىر ھەرىكىتىدە چېچەن ئەقىل، زېرەك قەلب، ھازىرقى زاماندىكى ئېلغار خاتىرە قالدۇرۇش ئەسۋابلىرىدىنمۇ ئۆتكۈر بولغان ئەستە قالدۇرۇش ئىقتىدارىنى بىللە ئېلىپ يۈرەتتى.

بۇ ئوت يۈرەك ياش ئابدۇللاھ ئىلىم ئېلىش يولىدا بارلىقىنى سەرپ قىلدى. بارلىق

ئىمكانىيەتىنىڭ ھەممىسىدىن پايدىلاندى، ئۇ ئاشۇ تىرىشچانلىقى بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھايات ۋاقتىدىلا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بىلىم بۇلىقىدىن سۇ ئىچكەن ئىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋاپات بولغاندىن كېيىن ئىلىم ـ ھېكمەت ئىگىسى بولغان ساھابىلەر، ئالىملار ئۇنىڭ قوغلىشىپ يۈرۈپ ئىلىم ئۆگىنىدىغان ئۇستازىغا ئايلاندى.

ئابدۇللاھ ئىلىم ئېلىش يولىدا ئۆزىنى تۆۋەن تۇتۇش بىلەن بىرگە يەنە ئالىم ئۆلىمالارنى ناھايىتى ھۆرمەت قىلاتتى. ئابدۇللاھنىڭ ئىلىمگە بولغان قىزغىنلىقى نەتىجىسىدە ئۇنىڭ بىلمى ئالىملارنىمۇ ھەيران قىلغۇدەك دەرىجىدە كامالەتكە يەتكەن بولۇپ، ئىلىمدا كامالەتكە يەتكەندىن كېيىن ئۇ بىلىملەرنى باشقىلارغا ئۆگىتىدىغان ئوقۇتقۇچىغا، ئۈيى مۇسۇلمانلارنىڭ ئالىي بىلىم يۇرتىغا ئايلاندى. ئابدۇللاھنىڭ بىلىملىك بولۇشتەك پەزىلىتى ئۇنى خەلىپىلىك ئىشلىرىنىڭ مەسلىھەتچىسى بولۇشتەك شەرەپكە ئىگە قىلدى.

ئابدۇللاھ 71 يېشىغىچە ياشىدى. ئۇنىڭ ھاياتى ئەتراپىنى ئىلىم ھېكمەتكە، تەقۋالىققا تولدۇرغان ھايات بولدى. ئۇ ۋاپات بولغاندا ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىپنىڭ ئوغلى مۇھەممەد ئىبنى ھەنەفە ئۇنىڭ نامىزىغا ئىمام بولدى. ساھابىلەرنىڭ ھايات قالغان پېشقەدەملىرى، تابىئىنلارنىڭ پېشقەدەملىرى ئۇنىڭ جىنازا نامىزىغا قاتناشتى.

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مېنى قۇچاقلاپ تۇرۇپ: ئى الله! ئۇنى قۇرئانغا ئالىم قىلغايسەن دېدى. (بۇخارى: 75)

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ھاجەتخانىغا كىرىپ كېتىۋىدى، تاھارەت ئېلىشى ئۈچۈن سۇ قويۇپ قويدۇم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام چىقىپ: بۇنى كىم قويۇپ قويدى ؟ دەپ سورىدى. ئۇنىڭغا سۇنى مېنىڭ قويۇپ قويغانلىقىم ئېيتىلغاندى: ئى الله! ئۇنى دىنىي ئىلىمگە باي قىلغىن! دەپ دۇئا قىلدى. (بۇخارى: 143)

**737ـ سۇئال: ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ ھاياتى**

ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر تېخى ئون ياشقا كىرمەي تۇرۇپلا ئىسلامنى قوبۇل قىلغان، دادىسى ۋە كېيىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ياتلىق بولغان ھەدىسى ھەفسە بىلەن ھىجرەت قىلغان ئىدى. ئوھۇد غازىتىدىن بۇرۇن، ئۇ ئوخشاشلا بەدىر غازىتىغا قاتنىشىش رۇخسىتىگە ئېرىشەلمىگەن ئىدى. خەندەك غازىتى بولغاندا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام 15 ياشلارغا كىرىپ قالغان ئۇسامەگە، ئابدۇللاھقا ۋە ئوخشاش ياشتىكى باشقا باللارغا مۇھاجىرلارغا قوشۇلۇپ، خەندەك كولاش ۋە ئۇرۇش قىلىشقا

رۇخسەت بەردى.

ھجرەت قىلغاندىن تارتىپ تاكى ۋاپات بولغۇچە بولغان 70 يىلدىن كۆپرەك ۋاقىت جەريانىدا، ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر ئىسلام ئىشلىرى ئۈچۈن ئۆچمەس تۆھپىلەرنى قوشۇپ، مۇسۇلمانلار ئارىسىدا، ئەبۇ مۇسا ئەشئەرىينىڭ ئاتىغىنى بويىچە «ياخشى ئادىمىمىز ۋە ياخشى ئادىمىمىزنىڭ ئوغلى» دەپ ئاتالدى. ئۇ ئۆزىنىڭ مول بىلىمى، كىچىك پېئىللىقى، سېخىلىقى، ئاللاھقا ۋە ئاللاھنىڭ دىنىغا بولغان چوڭقۇر مۇھەببىتى، راست سۆزلۈكى، مال ـ دۇنيادىن ئۆزىنى يىراق تۇتۇشى ۋە ئىبادەتتىكى ناھايىتى چىداملىقلىقى بىلەن مەشھۇر بولغان ئىدى.

ئۇ ئۆزىنىڭ دادىسى ھەزرىتى ئۆمەردىن نۇرغۇن نەرسىلەرنى ئۆگەندى. ئۆمەر ۋە ئابدۇللاھ ئىككىيلەن ھەممەيلەننىڭ بۈيۈك ئۇستازى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام (ئۇنىڭغا ئاللاھنىڭ سالامى بولسۇن) نىڭ كۆرسەتمىلىرىدىن نۇرغۇن مەنپەئەتكە ئېرىشكەن ئىدى. ئابدۇللاھ دائىم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئوخشىمىغان ۋاقىتلاردا قىلغان سۆز ۋە ھەرىكەتلىرىنى ناھايىتى ئىنچىكىلىك بىلەن كۆزىتىپ، ئاندىن كۆرگەنلىرىنى ئىخلاس بىلەن تۇرمۇشىدا ئەمەلىيلەشتۈرەتتى. مەسىلەن: ئەگەر ئابدۇللاھ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مەلۇم بىر جايدا ناماز ئوقۇۋاتقانلىقىنى كۆرسە، كېيىن ئۇ شۇ يەردە ناماز ئوقۇيتتى. ئەگەر ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆرە تۇرۇپ دۇئا قىلىۋاتقانلىقىنى كۆرسە، ئۇمۇ ئوخشاشلا ئۆرە تۇرۇپ دۇئا قىلاتتى، ئەگەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئولتۇرۇپ دۇئا قىلىۋاتقانلىقىنى كۆرسە، ئۇمۇ شۇنداق قىلاتتى. سەپەرگە چىققاندا، ئەگەر ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مەلۇم بىر جايدا تۆگىسىدىن چۈشۈپ، ئىككى رەكئەت ناماز ئوقۇغىنىنى كۆرسە، كېيىن ئۇ شۇ يولدىن مېڭىپ قالغان چاغلاردا توختاپ، شۇ يەردە ئىككى رەكئەت ناماز ئوقۇيتتى.

ئابدۇللاھ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۆز ـ ھەرىكەتلىرىگە ناھايىتى دىققەت قىلسىمۇ، ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەدىسلىرىنى رىۋايەت قىلىشتا بەك ئېھتىيات قىلاتتى، قورقاتتى. پەقەت ھەدىستە دېيىلگەن سۆزلەرنىڭ ھەممىسىنى ئېسىگە ئالالىغاندىلا ئاندىن ئۇنى ئوتتۇرىغا قوياتتى. ئوخشاشلا، ئۇ پەتىۋا بېرىشنى خالىمايتتى. پەتىۋا بەرگەن چاغلاردا ناھايىتى ئېھتىيات قىلاتتى.

ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر بىر قېتىم «كېچىنىڭ قىرىندىشى» دەپ تەرىپلەنگەن ئىدى. ئۇ كېچىلىرى ئورنىدىن تۇرۇپ، ناماز ئوقۇيتتى، ئاللاھنىڭ مەغفىرىتىنى تىلەپ يىغلايتتى، قۇرئان ئوقۇيتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر قېتىم ئابدۇللاھنىڭ ھەدىسى ھەفسەگە مۇنداق دېگەن ئىدى: «ئابدۇللاھ نېمىدېگەن بەختلىك ئادەم، ئەگەر ئۇ كېچىلىرى ناماز ئوقۇغان بولسا تېخىمۇ بەختلىك بولغان بولاتتى. » شۇنىڭدىن

تارتىپ، ئابدۇللاھ مەيلى ئۆيدە بولسۇن ياكى سەپەرگە چىققاندا بولسۇن، كېچىلەرنى ھەرگىزمۇ ئىبادەتسىز ئۆتكۈزۈۋەتمەيتتى. كېچىنىڭ جىمجىتلىقىدا ئۇ پەرۋەردىگارىنى تېخىمۇ كۆپ ئەسلەيتتى، ناماز ئوقۇيتتى، قۇرئان ئوقۇيتتى ۋە ئاللاھتىن قورقۇپ يىغلايتتى. دادىسىغا ئوخشاش، ئۇ قۇرئاننىڭ ئىنسانلارنى ئاگاھلاندۇرۇش مەنىسىدىكى ئايەتلىرىنى ئاڭلىسىلا يىغىدىن ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي قالاتتى. ئابدۇللاھ ئۆزىنىڭ ئاللاھقا، ئاللاھنىڭ دىنىغا بولغان چوڭقۇر مۇھەببىتى، ئىخلاسى، ئاددىي ـ ساددىلىقى ۋە سېخىلىقى بىلەن ساھابىلەر ۋە ئۇلاردىن كېيىنكى مۇسۇلمانلار ئىچىدە يۇقىرى ھۆرمەتكە سازاۋەر بولدى. ئۇ كەڭ قوللۇق بىلەن باشقىلارغا بېرەتتى، گەرچە ئۆزى ھاجەتمەن بولسىمۇ، ئۆزىدە بار نەرسىسىنى ھەرگىزمۇ باشقىلاردىن ئايىمايتتى. ئۇ ھاياتىدا ئىشەنچلىك سودىگەر بولۇپ، كۆپ پايدىغا ئېرىشكەن ئىدى. ئۇنىڭدىن باشقا ئۇنىڭغا بەيتۇلمالدىن نۇرغۇن پۇل تېگەتتى. ئەمما ئۇ ئۇلارنى سېخىلىق بىلەن نامرات ۋە ھاجەتمەنلەرگە بېرىۋېتەتتى.

ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر باشقىلارنى نامراتلارنى، ھاجەتمەنلەرنى بېقىشقا ۋە ئۇلارغا ياردەم بېرىشكە ئىلھاملاندۇراتتى، ئۇ تاماق يېمەكچى بولسىلا، داستىخىنىغا دائىم يېتىملارنى ياكى كەمبەغەل كىشىلەرنى تەكلىپ قىلىپ بىللە يەيتتى. بالىلىرى بايلارنى چوڭ كۆرۈپ، نامراتلارنى تۆۋەن كۆرۈپ ئۇلارنى مەنسىتمىسە، ئۇلارغا تەنبىھ بېرەتتى.

ئابدۇللاھ مال ـ دۇنيانىڭ قۇلى ئەمەس، بەلكى خوجايىنى ئىدى. مال ـ دۇنيا ئۇنىڭ ئۈچۈن پەقەت تۇرمۇش ئېھتىياجىنى قامدايدىغانلا نەرسە ئىدى، ھەرگىزمۇ بەختكە ئېرىشتۈرىدىغان نەرسە ئەمەس ئىدى. ئۇ ھاياتىنىڭ ئاخىرىغىچە مال ـ دۇنيادىن ۋە دۇنيانىڭ شەھۋەتلىرىدىن، راھەت ـ پاراغەتتىن ئۆزىنى يىراق تۇتۇپ، ئاددىي ـ ساددا تۇرمۇش كەچۈردى. بۇ ھەرگىزمۇ ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەرنىڭ نامراتلىقىدىن ئەمەس، ئەمەلىيەتتە ئۇ باي ئىدى؛ ھەمدە بۇ ئۇنىڭ بېخىل، پىخسىقلىقىدىن ئەمەس، ئەمەلىيەتتە ئۇ كەڭ قول ۋە سېخى ئىدى.

## 738ـ سۇئال: بىلال ئىبنى رەباھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ پەزىلىتى

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلالدىن: ئى بىلال ! بۈگۈن كېچە جەننەتتە ئاياغ تىۋىشىڭنى ئاڭلىدىم. سەن الله تائالادىن ئەڭ كۆپ ساۋاب ئۈمىد قىلىنىدىغان قايسى ئەمەلنى قىلغانىدىڭ؟ دەپ سورىغانىدى، بىلال رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق جاۋاب بەردى: مەيلى كېچە ياكى كۈندۈز بولسۇن، تاھارەت ئالساملا، شۇ تاھارەت بىلەن مەيلى ئاز ياكى كۆپ بولسۇن، ناماز ئوقۇماي قالمىدىم. الله تائالادىن ئەڭ كۆپ ساۋاب

ئۈمىد قىلىدىغان ئەمىلىم ئەنە شۇدۇر. (مۇسلىم: 2458)

## 739-سۇئال: سەلمان فارسىي رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ھاياتى

ئاللاھ توغرىسىدا ئىزدىنىپ، ھەقىقەتەن كەيىندىن يۈگۈرگۈچى سالمان پارسى (ئاللاھ ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن ۋە ئۇنى رازى قىلسۇن) نىڭ ئۆزىنىڭ كەچمىشى توغرىسىدىكى باياندا ھەقىقەت ئىزدەپ ئىلگىرى ئاخىرى بىر قانچە دىننى ئۆگەنگەنلىكى ۋە بىر قانچە پوپىنىڭ كەينىدە يۈرۈپ خىزمىتىنى قىلىپ ئەڭ ئاخىردا بىر پوپتىن مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەرلىك خەۋىرىنى ئالغانلىقى بايان قىلىنغان. ئۇ ئۆزىنىڭ كەچمىشى ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ:

مەن جەييان دەپ ئاتىلىدىغان كەنتنىڭ ئەسفىھان جەمەتىدىكى فارسلىق يىگىت ئىدىم. دادام شۇ كەنتنىڭ باشلىقى، بايلىقى ھەممىدىن كۆپ، مەرتىۋىسى ھەممىدىن يۇقىرى ئادەم ئىدى. تۇغۇلۇشۇمدىن بېرى ئۇ مېنى بەك ياخشى كۆرەتتى. مەن چوڭايغانسېرى ئۇنىڭ ماڭا بولغان مۇھەببىتى كۈچىيىپ، ھەتتا مەندىن ئەنسىرەپ قىزلارغا ئوخشاش ئۆيدىن باشقا يەرلەرگە بارغۇزمايتتى. شۇندىن كېيىن سالمان پارسى ھەقىقەت ئىزدەپ بىر قانچە پوپ بىلەن ئۇچرىشىدۇ ئۇلارنىڭ خىزمىتىدە بولىدۇ، ئاخىرى بىر كارۋانغا قېتىلىپ مەدىنىگە قاراپ يول ئالدۇ. ئۇ مۇنداق دەيدۇ: مەن ئۇلارغا قوي ـ كالىلىرىمنى بەردىم، ئۇلار مېنى بىرگە ئېلىپ ماڭدى، بىز ۋادىل قوراغا كەلگەندە ئۇلار مېنى ئالداپ، بىر يەھۇدىيغا سېتىۋەتتى، مەن ئۇ يەھۇدىينىڭ خىزمىتىدە بولدۇم، ئۇزون ئۆتمەي بەنى قۇرەيزدىكى تاغىسىنىڭ ئوغلى خوجايىنىمنى يوقلاپ كېلىپ، مېنى سېتىۋالدى، مېنى مەدىنىگە ئەكەلدى، مەن مەدىنىدە، ئەمۇرىيەدىكى ھەمراھىم بايان قىلغان خورما باغلىرىنى كۆرۈپ، ئۇ سۈپەتلىگەن سۈپەت بويىچە، بۇ يەرنىڭ مەدىنە ئىكەنلىكىنى بىلدىم ۋە ئۇ يەردە تۇردۇم.

شۇ چاغلاردا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەككىدە ئۆز كىشىلىرىنى دىنغا دەۋەت قىلىۋاتقان ئىكەن، لېكىن مەن قۇللۇق مەجبۇرلىغان ئىشلار بىلەن بولۇپ كېتىپ، ئۇنىڭ خەۋىرىنى ئاڭلىمىغان ئىكەنمەن. ئۇزۇن ئۆتمەي پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەدىنىگە ھىجرەت قىلدى. مەن خوجايىنىمنىڭ خورمىسى ئۈستىدە، ئىشلەۋاتاتتىم، خوجايىنىم ئۇنىڭ ئاستىدا ئولتۇراتتى، ئۇنىڭ تاغىسىنىڭ ئوغلى كېلىپ:

— ئاللاھ قەيلە قەبىلىسىنى ھالاك قىلىۋەتسۇن، ئۇلار مەككىدىن بۈگۈن كېلىدىغان، ئۆزىنى پەيغەمبەر دەپ ئاتىۋالغان بىر كىشىنى كۆتۈش ئۈچۈن قۇباغا جەم بوپتۇ، ـ دېدى.

كېيىن مەن ئۇنىڭ قېشىغا كەلدىم، غەرقەد قەبرىستانلىقىدا بىر ساھابىنى دەپنە قىلىۋاتقان ئىكەن، مەن ئۇنىڭ ئولتۇرغانلىقىنى ئۇچچىسىدا يېپىنچا بارلىقىنى كۆردۇم،

مەن ئۇنىڭغا سالام بېرىپ بولغاندىن كېيىن ئەمۇرىيەدىكى دوستۇم سۇپەتلىگەن پەيغەمبەرلىك تامغىسىنى كۆرۈش ئۈچۈن ئۇنىڭ ئۈچىسىغا قاراشقا باشلىدىم.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مېنىڭ مەقستىمنى بىلدى ۋە دەرھال ئۈچىسىدىن رىداسىنى ئالدى، مەن تامغىنى كۆردۈم ۋە ئۇنى تونۇدۇم، ئاندىن ئۇنىڭغا ئۆزۈمنى تاشلاپ، سۆيۈپ يىغلاپ كەتتىم. مەن ئۇنىڭغا كەچۈرمىشلىرىمنى سۆزلەپ بەردىم. ئۇ قىزىقىپ ئاڭلىدى، ھەتتا ساھابىلارنىڭمۇ ئاڭلىشىنى خالىدى، مەن ئۇلارغىمۇ سۆزلەپ بەردىم. ئۇلارمۇ ئاڭلىدى ۋە چەكسىز خۇرسەن بولدى. »

## 740-سۇئال: ئەبۇ مۇسا ئەشئەرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ھاياتى

ئۇنىڭ ئەسلى ئىسمى ئابدۇللا ئىبنى قەيس بولسىمۇ، لېكىن بۇرۇندىنلا ئەبۇ مۇسا ئەشئەرى دەپ ئاتالغان ئىدى. ئۇ مەككىدە نەزەر دائىرىسى ناھايىتى كەڭ، كىشىلەرنى پەقەت بىر ئاللاھقىلا چوقۇنۇشقا چاقىرىدىغان، گۈزەل ئەخلاقلارغا بۇيرۇيدىغان بىر پەيغەمبەرنىڭ چىققانلىقىنى ئاڭلاپ، ئانا يۇرتى يەمەندىن دەرھال مەككىگە يېتىپ كەلدى. مەككىدە ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ھەمراھ بولۇپ، ئۇنىڭدىن قۇرئان ۋە ئىسلامنى ئۆگەندى. ئاندىن يۇرتىغا قايتىپ بېرىپ، ئاللاھنىڭ سۆزلىرىنى كىشىلەرگە يەتكۈزۈپ، ئۇلارنى ئىسلام دىنىغا دەۋەت قىلدى. خەيبەر غازىتى ئاياغلىشىش بىلەنلا، ئۇ مەدىنىگە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا قايتىپ كەلدى.

ئەبۇ مۇسا يەمەندىن ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغان 50 دىن ئارتۇق كىشى بىلەن مەدىنىگە كەلگەن ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇ بىر توپ ئادەملەرنى «ئەشئەرىيلەر» دەپ ئاتىدى، ھەتتا ئۇ بەزىدە بارلىق يەمەنلىكلەرنى ئەبۇ مۇسا ئەشئەرىينىڭ نامى بويىچە «ئەشئەرىيلەر» دەپ ئاتايتتى. ئەبۇ مۇسا مۇسۇلمانلار جامائەسى ئىچىدە ناھايىتى تېزلا يۇقىرى ھۆرمەتكە سازاۋەر بولدى. ئۇنىڭ نۇرغۇن ئېسىل خىسلەتلىرى بار ئىدى. ئۇ تۇغما تالانتلىق ئىسلام فىقھشۇناسى (قانۇنشۇناس) بولۇپ، مەسىلىلەرگە ناھايىتى توغرا ھۆكۈم چىقىراتتى. شۇڭلاشقا دەسلەپكى مۇسۇلمانلار جەمئىيىتىدە ئالدىنقى قاتاردا تۇرىدىغان قازىلارنىڭ بىرى ھېسابلىناتتى.

ئەبۇ مۇسا مۇلايىم، چىقىشقاق ئادەم ئىدى. ئۇ ناھايىتى ئىشەنچلىك ئادەم بولغاچقا، كىشىلەر ئۇنىڭغا ئىشەنچ ۋە سەمىمىيەت بىلەن مۇئامىلە قىلاتتى. ئۇرۇش مەيدانلىرىدا ئۇ قورقماس، چىدامىلىق ۋە ماھارىتى ئۈستۈن باتۇر ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇ توغرۇلۇق مۇنداق دېگەن ئىدى: - چەۋەندازلارنىڭ ئۈستىسى - ئەبۇ مۇسا.

ئەبۇ مۇسانىڭ كەڭ نەزەر دائىرىسى ۋە مەسىلىلەرگە ھۆكۈم قىلىشتىكى قابىلىقى

بىلەن ئۇرۇش مەيدانىدا دۈشمەنلەرگە ھەرگىزمۇ ئالدانمايتتى. ئۇرۇش ۋەزىيىتىنى ئېنىق كۆزىتىپ، ئاندىن قەتئىي ئىرادە بىلەن ھەرىكەت ئېلىپ باراتتى. گەرچە ئەبۇ مۇسا قورقماس، كۈچلۈك پالۋان بولسىمۇ، ئەمما ئۇرۇش مەيداندىن ئايرىلسىلا، ناھايىتى سەۋرچان ۋە كۆپ يىغلايدىغان ئادەم ئىدى. شۇنداق چاغلاردا ئۇ ئاڭلىغۇچىلارنىڭ يۈرەك ـ باغرىنى ئېزىدىغان تولىمۇ مۇڭلۇق ئاۋازدا قۇرئان تىلاۋەت قىلاتتى.

ئەبۇ مۇسا پەقەت ئاللاھنىڭ دىنى بىلەن دۈشمەنلىشىدىغان، ئىماننىڭ نۇرىنى ئۆچۈرۈۋەتمەكچى بولغان مۇشرىكلارنىڭ قوشۇنلىرىغا قارشى ئۇرۇشقىلا قاتنىشاتتى. ناۋادا مۇسۇلمانلارنىڭ ئىچىدە ئۇرۇش بولۇپ قالغۇدەك بولسا، ئۇنىڭدىن دەرھال ئۆزىنى قاچۇراتتى، ھەرگىزمۇ نەزەر سېلىپ قويمايتتى. ئەلى ۋە مۇئاۋىيەنىڭ ئوتتۇرىسىدا كۆتۈرۈلگەن ئۇرۇشتا، ئۇنىڭ مەيدانى دەل ئاشۇنداق بولدى. بۇ ئۇرۇش جەريانىدا ئۇ ياراشتۇرغۇچىلىق رولىنى ئوينىدى.

ئەبۇ مۇسا مەككىگە بېرىپ، كېيىنكى ھاياتىنى مۇقەددەس مەسجىد (ھەرام مەسجىدى) ئەتراپىدا ئۆتكۈزدى. ئۇ پۈتكۈل ھاياتىدا ھۆرمەتلىك پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ۋە ئۇنىڭ ھەقىقانى خەلىپىلىرىگە چوڭقۇر ساداقەتلىك بىلەن ياشىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھايات ۋاقتىدا ئۇنى ۋە مۇئاز ئىبنى جەبەلنى كۇفەگە ۋالى قىلغان ئىدى. ئەبۇ مۇسانىڭ قۇرئانغا چوڭقۇر مۇھەببىتى بار ئىدى. ھەر دائىم قۇرئان ئوقۇش، ئەستە قالدۇرۇش، ئۇنى چۈشىنىش ۋە تەكرار قىلىش بىلەن مەشغۇل بولاتتى. ئۇ قۇرئان توغرۇلۇق باشقىلارغا چوڭقۇر مەنىلىك سۆزلەر بىلەن نەسىھەت قىلاتتى. ئەبۇ مۇسا ئادەتتە تولىمۇ چىدامىلىق، سەۋرچان ئىدى، ھاۋا چىدىغۇسىز ئىسسىق بولۇپ كەتكەن كۈنلىرى ئۇ دائىم روزا تۇتاتتى.

## 741-سۇئال: بەرا ئىبنى مالىك ئەنسارىي رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ھاياتى ۋە پەزىلىتى

ئۇ چاچلىرى چۇۋۇق، ئۇستى ـ بېشىنى چاڭ باسقان، ئورۇق ـ ئاۋاق، كۆزگە ئاسان چېلىقمايدىغان كىشى ئىدى. لېكىن شۇنداق تۇرۇقلۇق ئۇ، جەڭچىلەر بىلەن بىللە ئۇرۇش مەيدانلىرىدا ئۆلتۈرگەن دۈشمەنلىرىدىن سىرت، يەكمۇ يەك چۈشىشتىلا، مۇشرىكلاردىن يۈزنى ئۆلتۈرگەن، ئۇ جۈرئەتلىك، باتۇر، قەيسەر كىشى بولۇپ، ئۆمەر ئىبنى خەتتاب ئۇنىڭ توغرىسىدا، قول ئاستىدىكى ئەمەلدارلىرىغا: «ئۇنىڭ قەيسەرلىكى تۈپەيلى قوشۇنلىرىنىڭ ھالاك بولۇپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن، مۇسۇلمانلار قوشۇنىغا ئۇنى قوماندان قىلماڭلار!» دەپ خەت يازغان ئىدى. مانا بۇ رەسۇلۇللاھنىڭ خادىمى، ئەنەس ئىبنى مالىكنىڭ قېرىندىشى بەرا ئىبنى مالىكنىڭ سۈپىتىدۇر.

بۇ ۋەقە مۇرتەدلەرگە قارشى ئەلىپ بېرىلغان جەڭلەرنىڭ بىرى بولغان مۇسەيلىمە كەززاپقا قارشى جەڭدە يۈز بەرگەن. بەرا ئىبنى مالىكنىڭ باتۇرلۇقى باشقىلارنىڭ باتۇرلۇقلىرىدىن تۆۋەن بولمىدى.

«ئۆلۈم باغچىسى» مۇشۇ ئەتراپتىكى باغچىلارغا نىسبەتەن، تاملىرى ئېگىز قىلىپ قوپۇرۇلغان باغچە بولۇپ، مۇسەيلىمە تۇمەنمىڭ ئەسكىرى بىلەن باغچە ئىشىكىنى مەھكەم تاقىۋېلىپ، ئۇنىڭ ئېگىز تاملىرى بىلەن قوغدالغان ئىدى، ئۇلار باغچە ئىچىدىن ئوق ياغدۇرۇشقا باشلىدى، ئوق مۇسۇلمانلار ئۈستىگە يامغۇردەك چۈشەتتى. بۇ ۋاقىتتا مۇسۇلمانلارنىڭ قەھرىمانى، باتۇر بەرا ئىبنى مالىك ئالدىغا چىقىپ:

- ئى قەۋمىم! مېنى قالقان ئۈستىدە قويۇپ، قالقاننى نەيزە بىلەن كۆتۈرۈپ مېنى سېپىل ئىشىكىگە يېقىن قىلغان ھالدا سېپىل ئىچىگە تاشلاڭلار! مەن ياكى شېھىت قىلىنىمەن، ياكى بولمىسا، سىلەرگە باغچىنىڭ ئىشىكىنى ئېچىپ بېرىمەن! - دېدى. كۆزنى يۇمۇپ ئاچقىچە ئارىلىقتا، بەرا ئىبنى مالىك قالقان ئۈستىدە ئولتۇردى، ئۇ ناھايىتى يېنىك ئىدى، ئۇنى ئونلارچە نەيزە ئۈستىدا كۆتۈرۈپ باغچە ئىچىدىكى تۇمەنمىڭ ئەسكەر ئارىسىغا تاشلىدى، بەرا ئىبنى مالىك ئۇلار ئارىسىغا خۇددى گۈلدۈرمامىدەك چۈشتى ۋە ئۇلار بىلەن ئىشىك ئالدىدا ئۇرۇشۇپ، قىلىچىنى ئۇلارنىڭ گەدەنلىرىدە ئويناتتى، ئاخىرى كاپىرلاردىن يۈز نەچچىنى ئۆلتۈرۈپ ئىشىكنى ئېچىۋەتتى، ئۇنىڭ بەدىنىگە ئوقيا ئېتىلغان، قىلىچ ئۇرۇلغان، ... بولۇپ جەمئىي 80 نەچچە يەردە ئېغىر جاراھەت ئىزى بار ئىدى. مۇسۇلمانلار بۇ ئۆلۈم باغچىسىغا تۇشمۇ تۇشتىن ئېتىلىپ كىرىپ قىلىچلىرىنى باغچە تاملىرى بىلەن پاناھلىنىۋالغان مۇرتەدلەرنىڭ باشلىرىدا ئويناتتى، ئۇلاردىن 20 مىڭ ئادەمنى ئۆلتۈردى، مۇسەيلىمەنى تۇتۇۋېلىپ ئۇنىمۇ ئۆلتۈرۈپ تاشلىدى.

بەرا ئىبنى مالىك - داۋالاتقىلى ياتقىغا ئېلىپ كېلىندى، خالىد ئۇنىڭ جاراھىتىنى داۋالىتىش ئۈچۈن ئۇنىڭ يېنىدا بىر ئاي ئادەم تۇرغۇزدى، ئاللاھ ئۇنىڭغا شىپالىق بەردى ۋە مۇسۇلمانلار قوشۇنىغا ئۇنىڭ قولى بىلەن ياردەم بەردى. بەرا ئىبنى مالىك «ئۆلۈم باغچىسىدا» ئۆتۈپ كەتكەن شېھىتلىق پۇرسىتىگە ھەمىشە تەلپۈنۈپ تۇردى، ئۆزىنىڭ بۇ چوڭ ئۈمىدىنىڭ ئەمەلگە ئېشىشى ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئۇچرىشىش ئۈچۈن ئىشتىياق باغلاپ، ئۇرۇشلارغا ئارقىمۇئارقا چۈشىشكە باشلىدى. ئاخىرى، پارس شەھىرىدىكى تۇستەرنى ئىشغال قىلىدىغان كۈنى، پارسلىقلار ئېگىز قەلئەلەرنىڭ بىرىگە كىرىۋالدى. مۇسۇلمانلار ئۇلارنى مۇھاسىرىگە ئېلىۋېلىپ، خۇدى بىلەزۈك - بىلەكنى قامىۋالغاندەك، قورشىۋالغان ئىدى. مۇھاسىرىگە ئېلىش ۋاقتى

ئۇزۇنغا سۇزۇلغانسېرى پارسلىقلارغا ئېغىرچىلىق قاتتىقلاشتى، ئۇلار قەلئە تاملىرىدىن زەنجىرلەرنى تاشلىغىلى تۇردى. زەنجىرلەرنىڭ ئۇچلىرىغا ئوت بىلەن قىزىتىلغان ئۇتكۇر پولات قارماقلار ئېسىلغان بولۇپ، چوغدىنمۇ بەكرەك لاۋۇلدايتتى. قارماقلار مۇسۇلمانلارنىڭ بەدەنلىرىگە چوقۇلۇپ ئۇلارنى قەلئە تەرەپكە كۆتۈرۈپ كېلەتتى، قارماققا ئىلىنىپ قالغانلار يا ئۆلەتتى، يا چالا ئۆلۈك بولاتتى، قارماقلاردىن بىرى، بەرا ئىبنى مالىكنىڭ قېرىندىشى ئەنەس ئىبنى مالىكقا سانچىلدى ـ دە، ئۇنى يۇقىرى كۆتۈردى. بەرا ئىبنى مالىك بۇنى كۆرۈپ دەرھال قەلئە تېمىغا ياماشتى ۋە قېرىندىشىنى كۆتۈرۈۋاتقان زەنجىرگە ئېسىلدى. ئۇ قېرىندىشىنىڭ بەدىنىدىن قارماقنى چىقىرىشقا ئۇرۇندى، ئۇنىڭ قوللىرى كۆيۈپ تۇتۇن چىقىشقا باشلىدى، ئۇ قېرىندىشىنى قۇتۇلدۇرمىغىچە بولدى قىلمىدى، ئۇنىڭ قولى گۆشسىز سۆڭەككە ئايلىنىپ قالغاندىن كېيىن زېمىنغا چۈشتى، بۇ ئۇرۇشتىمۇ بەرا ئىبنى مالىك شېھىتلىكنى رىزىق قىلىپ بېرىشنى سورىدى. ئاللاھ ئۇنىڭ دۇئاسىنى ئىجابەت قىلدى، ئۇ ئاللاھقا ئۇچرىششقا قىزىققان ھالدا شېھىت بولۇپ يېقىلدى.

ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: چاچ ساقىلى ئۇسۇپ، كىيىملىرى جۇل ـ جۇل بولۇپ كەتكەچكە، ھېچكىمنىڭ نەزىرى چۈشمەيدىغان بىر قىسىم كىشىلەر بار بولۇپ، ئەگەر ئۇلار اللەنىڭ نامىدا قەسەم قىلسا، الله ئۇلارنىڭ قەسەملىرىنى ئورۇندىشىغا ياردەم بېرىدۇ. بەرا ئىبنى مالىك ئەنە شۇلارنىڭ جۈملىسىدىندۇر. (تىرمىزى: 3854)

### 742-سۇئال: ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ھاياتى ۋە پەزىلىتى

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ساھابىلىرى ئىچىدىكى مەشھۇر بىر ساھابە بولغان ئەبۇ ھۇرەيرە بولۇپ ئىسلام كېلىشتىن ئىلگىرى كىشىلەر ئۇنى «ئابدۇششەمس» دەپ چاقىراتتى. ئاللاھ ئۇنى ئىسلامغا كىرىشكە مۇيەسسەر قىلىش ئارقىلىق شەرەپلەندۇرۇپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن ئۇچرىشىش شەرىپىگە ئىگە قىلغاندا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭدىن: ـ ئىسمىڭ نېمە؟ ـ دەپ سورىدى. ـ ئابدۇشسەمس، ـ دېدى ئۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: ـ بەلكى سەن ئابدۇراھمان... ـ دېۋېدى، ئۇ ھاياجان بىلەن:ـ ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى! ئاتا ـ ئانام ساڭا پىدا بولسۇن! دەل شۇنداق، ئابدۇراھمان، ـ دېدى.

ئۇنىڭ «ئەبۇ ھۇرەيرە» دەپ ئاتىلىپ قېلىشىدىكى سەۋەب، كىچىك چاغلىرىدا ئۇنىڭ بىر چىشى مۇشۇكى بار بولۇپ، ئۇ دائىم شۇ مۇشۇكنى ئوينىغاچقا، تەڭتۇشلىرى ئۇنى «ئەبۇ ھۇرەيرە» (مۇشۇكنىڭ ئاتىسى) دەپ چاقىرىشقا ئادەتلەنگەن ئىدى. بۇ

لەقەم ھەتتا ئۇنىڭ ئىسمىنى ئۇنتۇلدۇرۇۋەتكۈدەك دەرىجىدە ئومۇملىشىپ كەتكەن ئىدى.

ئەبۇ ھۇرەيرە ئەينى چاغدا تۇفەيل ئىبنى ئەمر دەۋسىنىڭ دەۋىتى بىلەن ئىسلامنى قوبۇل قىلغان بولۇپ ھىجرەتنىڭ 6 ـ يىلى ئۆز قوۋمىدىن بولغان بىرمۇنچە كىشىلەر بىلەن مەدىنىدىكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا ئەلچى بولۇپ بارغانغا قەدەر ئۆز قوۋمى ئىچىدە تۇرغان ئىدى. دەۋسلىك بۇ يىگىت، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ خىزمىتىنى قىلىشقا ۋە ئۇنىڭ سۆھبىتىگە ئۆزىنى بېغىشلىدى. مەسجىدنى تۇرار جاي، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ئۇستاز ۋە يېتەكچىسى قىلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھايات ۋاقتىدا ئۇنىڭ ئايالى ۋە بالا ـ چاقىلىرى يوق بولۇپ پەقەت مۇشرىك ھالىتىدە قېلىۋەرگەن قېرى ئانىسى بار ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭ ئانىسىغا دۇئا قىلدى. شۇنىڭ بىلەن ئانىسى ئىمان ئېيتىپ مۇسۇلمان بولدى.

ئۇ ئۆزىنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ھەمسۆھبەت قىلغان. ئەبۇ ھۇرەيرە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئۆزىنى قانداق بېغىشلىغان بولسا بىلىم ئېلىشقىمۇ شۇنداق بېغىشلىغان ئىدى. ئۇ ئىلىم ئىگىلەشنى ئەڭ يۇقىرى نىشانى ۋە ئادىتى قىلغان ئىدى. ئەبۇ ھۇرەيرە ئىلىمنى ئۆزى ياخشى كۆرگەندەك، باشقىلارنىڭ ئىلىم ئېلىشىنىمۇ ياخشى كۆرەتتى. ئۇ ئىلىم ئۆگىنىش ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سورۇنلىرىغا ئۆزىنى ئاتىۋەتكەچكە ھېچكىم تارتمىغان ئاچارچىلىقلارنى تارتقان ئىدى. بۇ ئىشلار بولۇپ ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەي مۇسۇلمانلارغا مال ـ دۇنيا يېغىپ كەتتى، ئەبۇ ھۇرەيرەمۇ ئايالى ۋە بالىسى بار بىر ئائىلىك ئادەمگە ئايلاندى، لېكىن بۇلارنىڭ ھېچقايسىسى ئۇنىڭ پاك قەلبىنى ئۆزگەرتەلمىدى، ئۇ تەنھالىقتىكى كۈنلىرىنى ئۇنتۇپ قالمىدى.

ئەبۇ ھۇرەيرە مول ئىلىم ئىگىسى بولۇش بىلەنلا قالماي، كەڭ قورساقلىق، تەقۋالىق، پەرزكارلىقتەك پەزىلەتلەرنىمۇ ئۆزىدە مۇجەسسەملەشتۈرگەن بولۇپ، ئۇ كۈندۈزى روزا تۇتسا كېچىنىڭ ئۈچتىن بىرىدە تۇراتتى. ئاندىن ئايالىنى ئويغىتاتتى، ئايالى تۇرۇپ قىزىنى ئويغىتاتتى، كېچىنىڭ قالغان ئۈچتىن بىرىدە قىزى تۇراتتى، دېمەك ئۇنىڭ ئۆيىدە كېچىچە ئىبادەت ئۈزۈلمەيتتى.

ئۇ مۇئاۋىيە تەرىپىدىن كۆپ قېتىم مەدىنىگە ۋالىي قىلىپ بېكىتىلگەن ئىدى. ئەمەل ئۇنىڭ كەڭ قورساق، چىقىشقاق، ئاددىي ـ ساددا مىجەزىدىن ھېچنەرسىنى ئۆزگەرتەلمىدى. ئۇ يەنىلا بۇرۇنقىدەك جاپا ـ مۇشەققەتلىك تۇرمۇش كەچۈردى. بىر ۋالىي بولۇشىغا قارىماي، يەنىلا بىر ئاددىي پۇخرادىن پەرقسىز سەۋىيىدىكى

تېرىكچىلىك ھەرىكىتى ۋە پۇقرالار بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىدىكى ساددا يېقىنلىقىنى ساقلاپ قالدى. ئۇنىڭ ئائىلە ھاياتىنىڭ قانچىلىك ئاددىي، ھەشەمەتتىن يىراق بولغانلىقى، ۋالىيلىق ئەمەلى تۇرۇپمۇ ئائىلە ئەزالىرىنىڭ كىيىنىش، تارتىنىشتا كەمبەغەللەردىن پەرقسىز ئىدى.

ئەبۇ ھۇرەيرە ئۆمۈر بويى ئانىسىغا ياخشىلىق قىلىپ كەلدى، ئۇ ھەر قېتىم ئۆيىدىن چىقماقچى بولسا ئانىسىنىڭ ھوجرىسىنىڭ ئالدىغا كېلىپ: ـ ئى ئانا! سىزگە ئاللاھنىڭ رەھمەت ۋە بەرىكەتلىرى بولسۇن! ـ دەيتتى. ئۇ كىشىلەرنى ئاتا ـ ئانىلارغا ياردەم بېرىشكە قىززىقتۇراتتى ۋە ئۇلارنى سىلە ـ رەھىمنى ئۇلاشقا دەۋەت قىلاتتى.

ئاللاھ ئەبۇ ھۇرەيرەگە چەكسىز رەھمەت قىلسۇنكى، ئۇ ئىسلام ئۈممىتى ئۈچۈن 1600 دىن ئارتۇق ھەدىسنى يادلىغان ئىدى. ئاللاھ ئۇنىڭ ئىسلام ئۈممىتى ئۈچۈن يەتكۈزگەن مەنپەئىتى ئۈچۈن ئۇنىڭغا ئالىي مۇكاپاتلارنى بەرسۇن! ئامىن!

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە: ئى رەسۇلۇللاھ ! سەندىن كۆپلىگەن نەرسىلەرنى ئاڭلايمەن، لېكىن ھېچبىرىنى يادىمدا تۇتالمايۋاتىمەن، دېگەنىدىم، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: يەكتىكىڭنى يەرگە سالغىن! دېدى. يەكتىكىمنى يېشىپ، يەرگە سالدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام نۇرغۇن سۆزلەرنى قىلدى، ئەنە شۇندىن ئېتىبارەن، ئۇنىڭ ھېچبىر سۆزىنى ئۇنتۇمايدىغان بولدۇم. (تىرمىزى 3835)

## 743ـ سوئال: خالىد ئىبنى ۋەلىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ پەزىلىتى

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن بىر ئورۇنغا چۈشتۇق. كىشىلەر ئۇياق بۇياققا ئۆتۈشۈپ تۇراتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆتكەن كەچكەنلەرنى بىر ـ بىرلەپ سوراپ: ئى ئەبۇ ھۇرەيرە، بۇ كىم؟ دەيتتى. مەنمۇ: بۇ پالانى، ئۇ پوكۇنى، دەيتتىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بەزىلىرى ئۈچۈن: بۇ، ئاللاھنىڭ ياخشى بەندىسىدۇر، دېسە؛ بەزىلىرى ئۈچۈن: بۇ، ئاللاھنىڭ ناچار بەندىسىدۇر، دەيتتى. شۇ پەيتتە، ئالدىمىزدىن خالىد ئىبنى ۋەلىد ئۆتكەنىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: بۇ كىم؟ دەپ سورىدى. مەن: بۇ خالىد ئىبنى ۋەلىد بولىدۇ، دېگەنىدىم، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: خالىد ئىبنى ۋەلىد ئاللاھنىڭ ياخشى بەندىسى، شۇنداقلا ئاللاھنىڭ قىلىچلىرىدىن بىرى، دېدى. (تىرمىزى3846)

# ئون ئالتىنچى بۆلۈم. مەزھەب ۋە دىن ھەققىدىكى مەسىلىلەر

## 744-سۇئال: مەزھەب ئۇقۇمى

مەزھەپ ـ لۇغەت ئېتىبارى بىلەن بارىدىغان جاي دېگەن مەنىنى ئىپادىلىسە، ئىسلام ئىستىلاھىدا، دىنىي مەسىلىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئەھكاملار دېگەنلىك بولۇپ، مۇجتەھىدلارنىڭ دىنىي ماۋزۇلاردىكى پەرقلىق چۈشەنچىلىرىدىن ھاسىل بولغان جامائەتلىشىشنى ئىپادىلەيدۇ. تېخىمۇ ئوچۇقراق قىلىپ ئېيتقاندا، مەزھەب ـ ئىسلام دىنىدىكى پىكىر ئەركىنلىكىدىن پايدىلانغان مۇجتەھىد ئالىملارنىڭ قۇرئاندا ياكى سۈننەتتە بولمىغان ماۋزۇلاردا مۇسۇلمانلار دۇچ كەلگەن مۇشكۇللەرنى قۇرئان ۋە سۈننەتنىڭ روھىغا تايىنىپ ھەل قىلىشى بىلەن مۇسۇلمانلار تەرىپىدىن قوبۇل قىلىنىپ ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئومۇملاشقان پىكىر ۋە تەتبىقلاردىن مەيدانغا كەلگەن جامائەتلىشىش دېگەنلىكتۇر.

## 745-سۇئال: مەزھەبنىڭ پەيدا بولۇشى ۋە ئۇنىڭ سەۋەبى

مەزھەب پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن، ساھابىلارنىڭ زامانىدىلا پەيدا بولۇشقا باشلىغان. ئىسلا م دىنىدا مەزھەپلەرنىڭ كۆپ بولىشىغا تۈرتكە بولغان سەۋەبلەر تۆۋەندىكىچە:

1 ـ ئەرەب تىلىدىكى سۆزلەرنىڭ كۆپ مەنىلەرگە دالالەت قىلىشى. بۇ سۆزنىڭ مۇجمەللىكى ياكى ئومۇم ۋە خاسلىق ئوتتۇرىسىدا ئىپادىلىنىشى ياكى ھەققىي مەنىسى بىلەن مەجازىي باشقا بىر مەنە ئوتتۇرىسىدا ئىپادىلىنىشى ۋە باشقىلاردۇر. مەسىلەن: ئەرەب تىلىدىكى« قۇرۇئ » سۆزىنىڭ ئاياللارنىڭ ھەيز كۆرىشىنى ئىپادىلىگىنىدەك، ئۇلارنىڭ ھەيزدىن پاكلانغانلىقىنىمۇ ئىپادىلىنىگە «ئەمر» سۆزىنىڭ پەرزنى ئىپادىلىگىنىدەك، ۋاجىب ياكى مۇستەھەب (ياخشى كۆرۈلگەن ئىش) نى ئىپادىلىگىنگە «نەھى» سۆزىنىڭ ھارامنى ئىپادىلىگىنىدەك، مەكرۇھنىمۇ ئىپادىلىگىنگە ئوخشاش. قۇرئان كەرىمدىكى: «دىندا ئۇنىڭغا كىرىشكە زورلاش يوق» [سۈرە بەقەر 256 ـ ئايەت] دېگەن ئايەتنىڭ مەنىسى « كىشىلەرنى دىنغا كىرىشكە زورلىماڭلار» دېگەن مەنىدىكى چەكلەشنى ئىپادىلەمدۇ؟ ياكى «كىشىلەرنى دىنغا كىرىشكە زورلىمىدۇق» دېگەن مەنىدىكى ئەمەلىي ئەھۋالدىن خەۋەر بېرىشنىمۇ؟ ئىسلام ئۆلىمالىرى بۇنىڭغا ئوخشاش ئايەتلەرنىڭ ھەققىي دالالىتى ۋە مەقسەت قىلىنغان مەنىسىنى چۈشىنىشتە بىر خىل بولمىغانلىقتىن مەزھەپلەر كېلىپ چىققان. ھەتتا ساھابىلارنىڭمۇ چۈشىنىشى بىر خىل بولمىغان.

2 ـ ھەدىسلەرنىڭ ئوخشاش بولماسلىقى. بۇ مۇنداق: ①بەزى ھەدىسلەر بەزى

ئۆلىمالارغا يېتىپ بارغان بولسىمۇ، باشقىلىرىغا يېتىپ بارالمىغانلىقى. چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ساھابىلىرى ئىسلام دىنىنى پۈتۈن دۇنيا ئىنسانلىرىغا يەتكۈزۈش يولىدا، يۇرتلىرىدىن ئايرىلىپ قىتئەلەرگە تارقاپ كەتكەنلىكتىن، ئۇلاردىن ھەر بىرى كىشىلەرگە ئۆزىنىڭ بىلگەن ۋە ئاڭلىغانلىرىنىلا يەتكۈزەتتى. ②

ئۆلىمالاردىن بىرەرسىگە ھەدىس يېتىپ كەلگەن بولسىمۇ، ئۇنىڭ ئىشەنچسىز يول بىلەن يېتىپ كەلگەنلىكىدىن ئۇنىڭغا ئەھمىيەت بەرمىگەنلىكى ۋە باشقا بىرىگە شۇ ھەدىس ئىشەنچلىك يول بىلەن يېتىپ كېلىپ ئۇنىڭغا كۆرە ئىش كۆرگەنلىكى. ③

ئۆلىمالاردىن بىرەرسىگە ھەدىس ئىشەنچلىك يول بىلەن يېتىپ كەلگەن بولسىمۇ، ئۇنىڭ ھەدىسلەرگە مۇئامىلە قىلىش ئۈچۈن بەلگىلىگەن شەرتلىرىگە توغرا كەلمىگەنلىكى. مەسىلەن: ئىمام ئەزەم مەيدانغا چىققان ۋاقىتتىكى ئىراقتا يالغان ھەدىسلەرنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ نامىدىن ئويدۇرۇپ چىقىش دولقۇنى ئەۋجىگە چىققان ئىدى. شۇڭا ئىمام ئەزەم ھەدىسنى قوبۇل قىلىشتا شەرتنى بەكمۇ ئېغىر ۋە چىڭ قويغان. ئەمما مەدىنىدە ئەھۋال بۇنىڭ ئەكسىچە بولۇپ، مەدىنە خەلقىنىڭ ئىمامى ئەھمەد ئىبنى ھەنبەل ھەدىسنى قوبۇل قىلىشتا شەرتلەرنى ئېغىر قويمىغان.

## 746-سۇئال: ئىسلام دۇنياسىدىكى مەزھەبلەر

ھازىرقى ئىسلام دۇنياسىدىكى مەزھەپ، ئېقىم، تەشكىلاتلار بىر قەدەر كۆپ بولۇپ مەلۇماتلارغا قارىغاندا 70تىن ئاشىدۇ. ئەمما ئاساسلىقى ئىسلام دۇنياسىدا ئىككى تۈرلۈك مەزھەب بولۇپ، بىرى، ئېتىقادىي يەنى ئېتىقادقا مۇناسىۋەتلىك مەزھەبلەر، يەنە بىرى ئەمەلىي يەنى ئەمەل ــ ئىبادەتلەرگە مۇناسىۋەتلىك مەزھەبلەردۇر.

## 747-سۇئال: ئەھلى سۈننە مۇسۇلمانلىرىنىڭ تارقالغان دۆلەتلىرى

دۇنيا مۇسۇلمانلىرىنىڭ مۇتلەق كۆپ سانلىقى ئەھلى سۈننە مەزھىبىگە ئەگىشىدۇ. تۈركىستان، جۇڭگو، روسىيە، بالقان رايونى، ھىندىستان، پاكىستان، تۈركىيە، ھىندونوزىيە، ئافرىقا دۆلەتلىرى، ئەرەب دۆلەتلىرى، ياۋروپا دۆلەتلىرىدىكى مۇسۇلمانلارنىڭ ھەممىسى، ئومۇمەن ئوسمان ئىمپېرىيىسى ھۆكۈمرانلىق قىلغان دۆلەتلەردىكى مۇسۇلمانلارنىڭ ئومۇمىسى ئەھلى سۈننە مەزھىبىگە ئەگىشىدۇ. ئىران، ئەزەربەيجان، بەھرەيىن ۋە ئىراق قاتارلىق دۆلەتلەردىكى مۇسۇلمانلارنىڭ بىر قىسمى ئەھلى سۈننە مەزھىبىگە ئەگىشىدۇ. ئومۇمەن ئېيتقاندا، دۇنيا مۇسۇلمانلىرىنىڭ % 85 ى ئەھلى سۈننە مەزھىبىگە ئەگىشىدۇ. قالغان % 15 نى باشقا مەزھەبلەرگە ئەگەشىدىغانلارنىڭ ئومۇمىي سانى تەشكىل قىلىدۇ.

## 748-سۇئال: ئىسلام دۇنياسىدىكى ئېتىقادىي مەزھەبلەرنىڭ ئەڭ مەشھۇرلىرى

ئىسلام دۇنياسىدىكى ئېتىقادىي مەزھەبلەردىن ھازىرغىچە داۋام قىلىپ كەلگەن ئەڭ مەشھۇرلىرى ئىككى بولۇپ، بىرى، ئەھلى سۈننە مەزھىبى، ئىككىنچىسى، شىئە مەزھىبىدۇر. بۇ ئىككىسىدىن باشقا مەزھەبلەرنىڭ تولىسى دۇنيا يۈزىدىن غائىب بولۇپ تۈگەپ كەتكەن بولۇپ، بارلىرىنىڭ سانىمۇ ئىنتايىن ئاز بولغانلىقتىن پىرسەنتكە چۈشمەيدۇ.

## 749-سۇئال: ئەھلى سۈننە مۇسۇلمانلىرى ئارىسىدا دەۋر سۈرىۋاتقان فىقھى مەزھەبلەر

ئەھلى سۈننە مۇسۇلمانلىرى ئارىسىدا دەۋر سۈرىۋاتقان بۇ فىقھى مەزھەبلەر تۆۋەندىكىلەر:

1 - ھەنەفىي مەزھىبى 2 - مالىكىي مەزھىبى

3 - شافىئىي مەزھىبى 4 - ھە نبەلىي مەزھىبى

## 750-سۇئال: ھەنەفىي مەزھىبى

ھەنەفىي مەزھىبى ئەھلى سۈننە مەزھىبىگە مەنسۇپ بولغان مۇسۇلمانلار ئارىسىدا بىردەك ئېتىراپ قىلىنىپ قوبۇل قىلىنغان مەشھۇر 4 مەزھەبنىڭ بىرىنچىسىدۇر. ھەنەفىي مەزھىبىنىڭ پېشۋاسى ۋە قۇرغۇچىسى ئىمام ئەزەم (ئەڭ چوڭ ئىمام ) نىڭ تولۇق ئىسمى ـ سابىت ئوغلى نۇئمان بولۇپ، ھىجرىيىنىڭ 80 - يىلى ( 699 م ) ھازىرقى ئىراقنىڭ كۇفە شەھرىدە دۇنياغا كەلگەن. ئىمام ئەزەم ئەمەۋىلەر بىلەن ئابباسىيلاردىن ئىبارەت ئىككى چوڭ خەلىپىلىكنى باشتىن كەچۈرگەن. ئىمام ئەزەم تەقۋالىقى ۋە ھوشيارلىقى بىلەن داڭق چىقارغان كىشى بولۇپ، تىجارەت ئىشلىرىدىمۇ راستچىللىقى ۋە ۋاپادارلىقى بىلەن تونۇلغان كاتتا ئالىم ئىدى. ئۇستازى ھەممادنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن، مەسجىددىكى تالىبلارنى ئوقۇتۇش ۋەزىپىسىنى ئۆز ئۈستىگە ئالغان. ئىمام ئەزەم تالىبلارغا ئىنتايىن مېھرىبان ۋە كۆيۈمچان ئىدى. ھەتتا ئىمام ئەبۇ يۈسۈپكە ئوخشىغان بەزى كەمبەغەل تالىبلارنىڭ مەئىشەت يولىدىكى پۈتۈن چىقىملىرىنى ئۆزى كۆتۈرۈپ ئۇلارنى ئوقۇش بىلەنلا شۇغۇللىنىشقا ئۈندەيتتى. ئىمام ئەزەم تالىبلارنى ئوقۇتۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا تىجارەت ئىشىنىمۇ ئاقسىتمىغان بولۇپ، كۇفە شەھرى مەركىزىدە خام ۋە يىپەك ساتىدىغان دۇكىنى بار ئىدى. ئۇنى ئۆزىنىڭ شېرىكى ماڭدۇرۇپ پايدىسىدىن ئۇنىمۇ نېسىۋىدار قىلاتتىكەن. ئىمام ئەزەمنىڭ كۆپلىگەن ئەسەرلىرى بولۇپ، ئەڭ مەشھۇرلىرى، « ئەل فىقھۇل ئەكبەر»، « ئەل مەخارىج فى ئەلفىق» دېگەن كىتابلىرىدۇر. ئىمام ئەزەم ھىجرىيىنىڭ 150- يىلى(767 - يىلى 14 - ئىيۇن كۈنى) 70 يېشىدا باغداد شەھرىدە ئالەمدىن ئۆتكەن بولۇپ،

باغداد شەھىرىنىڭ ئەئزەمىيە رايونى، دىجلە دەرياسىنىڭ شەرقىدىكى خىززان قەبرىستانلىقىغا دەپنە قىلىنغان.

**751-سوئال: ئىمام ئەزەمنىڭ ئىسلام فىقھشۇناسلىقىدىكى مەرتىبىسى**

ئىمام ئەبۇ ھەنىپە مەزھىپىدە قۇرئان، سۈننەت، ئىجما، قىياس، ئىستىھسان ( مەنپەت ياكى مەنپەتنىڭ بىر قىسمىنى زىيان تارتىشقا ئېلىپ بارىدىغان بىر قىسىم قىياسلار ئىستىھسان ئارقىلىق ھەل قىلىنىدۇ.)، ئۆرپ، ساھابىنىڭ سۆزى، ئىلگىرىكى شەرىئەتلەر ۋە باشقا ئىختىلاپلىق شەرىئەت مەنبەلىرىگە تايانغان. ئىمام ئەزەم ئىسلام فىقھشۇناسلىقىنىڭ ئاساسچىسى ۋە دۇنيادىكى مەشھۇر تۆت مەزھەبنىڭ پېشىۋاسىدۇر. ئىمام شافىئىينىڭ ئۇستازى ۋەكىئ ئىبنى جەرراھ ئىمام ئەزەمنى تەرىپلەپ مۇنداق دېگەن «ئىمام ئەزەمدىن ئالىمراق ۋە ئۇنىڭدەك ياخشى ناماز ئوقۇيدىغان بىرىنى كۆرگىنىم يوق». ئىمام شافىئي ئىمام ئەزەمنىڭ ئىلمي مەرتىبىسىنى بايان قىلىپ فىقھى ئىلمىدا « ھەممىمىز ئىمام ئەزەمگە موھتاجمىز» دېگەن ئىكەن. ئاتاقلىق تىلشۇناس ۋە فىقھشۇناس ئالىم نەزر ئىبنى شەمىل مۇنداق دېگەن: « كىشىلەر ھەممىسى ئۇيقۇدا ئىدى، ئىمام ئەزەم ئۆزىنىڭ ماھارىتى بىلەن ئۇلارنى ئويغاتتى». ئاتاقلىق فىقھشۇناس ئالىم ئىبنى مۇبارەك مۇنداق دېگەن: « فىقھى ئىلمىدە ئىمام ئەزەمدەك كامالىغا يەتكەن بىرىنى كۆرمىدىم، تەقۋادارلىقتىمۇ ئۇنىڭدەك بىرىنى كۆرمىدىم. »

**752-سوئال: مالىكي مەزھىبى ۋە ئۇنىڭ پېشىۋاسى ئىمام مالىك**

مالىكي مەزھىبى ئەھلى سۈننە مەزھىبىگە مەنسۇب بولغان مۇسۇلمانلار ئارىسىدا بىردەك ئېتىراپ قىلىنىپ قوبۇل قىلىنغان مەشھۇر تۆت مەزھەبنىڭ ئىككىنچىسىدۇر. مالىكي مەزھىبىنىڭ قۇرغۇچىسى ئىمام مالىك بولۇپ، تولۇق ئىسمى مالىك ئىبنى ئەنەس ئىبنى مالىك ئىبنى ئەبۇ ئامىر ئەلئەسبەھى ئەلمەدەنىدۇر. ئىمام مالىك ھىجرىيىنىڭ 93 -يىلى( 715 م ) مەدىنە مۇنەۋۋەرە شەھرىدە دۇنياغا كەلگەن. ئۇ ھەدىسشۇناسلىق ۋە فىقھشۇناسلىقتا كامالەتكە يەتكەن ئالىم بولۇپ، كۆپلىگەن دىنىي ئەسەرلەرنى يازغان. ئەڭ مەشھۇر ئەسىرى « ئەل مۇۋەتتە» دۇر. ئىمام مالىك ھىجرىيىنىڭ 179 - يىلى ( 795 م ) مەدىنە مۇنەۋۋەرە شەھرىدە 84 يېشىدا ئالەمدىن ئۆتكەن.

**753-سوئال: مالىكي مەزھىبىنىڭ مەيدانغا كېلىشى ۋە تارقالغان دائىرىسى**

مالىكي مەزھىبى مەدىنە مۇنەۋۋەرە شەھرىدە مەيدانغا كېلىپ ھىجاز مەككە، مەدىنە مىسىر، ئافرىقا دۆلەتلىرى، ماراكەش، ئەندەلۇس ئىسپانىيە قاتارلىق رايونلارغىچە بېرىپ يەتكەن. ھازىرقى زاماندا مالىكى مەزھىبىنىڭ ئەڭ نوپۇزلۇق

رايونلىرى ئافرىقا دۆلەتلىرى، ماراكەش، تۇنىس، ئالجىرىيە، لىبىيە، سۇدان قاتارلىق دۆلەتلەر بولۇپ، ئىراق، ھىجاز، پەلەستىن ۋە سۇرىيەلەردىمۇ ئاز ساندا تېپىلىدۇ. مالىكي مەزھەبى قۇرئان، سۈننەت، ساھابىلارنىڭ سۆزلىرى، قىياس، مەدىنىلىكلەرنىڭ پائالىيەتلىرىنى مەزھەپ ئاساسى قىلغان. بۇ مەزھەپ، ھىجاز، ئاپرىقا، بولۇپمۇ ماراكەشكە، ئۇ يەردىن ئىسپانىيەگە تارقالغان.

## 754-سۇئال: شافىئىي مەزھەبى ۋە ئۇنىڭ قۇرغۇچىسى ئىمام شافىي

شافىئىي مەزھەبى ئەھلى سۈننە مەزھەبىگە مەنسۇب بولغان مۇسۇلمانلار ئارىسىدا بىردەك ئېتىراپ قىلىنىپ قوبۇل قىلىنغان مەشھۇر 4 مەزھەبنىڭ ئۈچىنچىسىدۇر. شافىئىي مەزھەبىنىڭ قۇرغۇچىسى ئىمام شافىئىي بولۇپ، تولۇق ئىسمى ئەبۇ ئابدۇللاھ مۇھەممەد ئىبنى ئىدرىس ئەل شافىئىيدۇر. ئىمام شافىئىي ھىجرىيىنىڭ 150 - يىلى(767 م ) ھازىرقى پەلەستىننىڭ غەززە رايونىدا دۇنياغا كەلگەن ۋە ئىككى يېشىدا ئاتىسى بىلەن مەككىگە كېلىپ ئىمام مالىكتا فىقھى ۋە ھەدىس ئىلىملىرىنى ئوقۇغان. ئەرەب تىلى، ئەرەب ئەدەبىياتى، قۇرئان، ھەدىس ۋە فىقھە ئىلىملىرىدە كامالەتكە يەتكەن بولۇپ، ھاياتىدا نۇرغۇن قىممەتلىك دىنىي ئەسەرلەرنى ۋە شېئىرلارنى يېزىپ قالدۇرغان. ئۇ يەنە ئىراققا بېرىپ ئىمام ئەزەمنىڭ شاگىرتلىرىدا فىقھى ئىلىملەرنى ئۆگەنگەن. كېيىنچە مىسىرغا ھىجرەت قىلغان ۋە ھىجرىيىنىڭ 202 - يىلى (819م ) مىسىردا ۋاپات بولغان.

## 755-سۇئال: ئىمام شافىينىڭ كونا يېڭى مەزھەبلىرى ۋە تارقالغان رايۇنلار

ئىمام شافىئىينىڭ «كونا» ۋە « يېڭى» ئىككى مەزھەبى بولۇپ، ئىراقتىكى ۋاقتىدا كونا مەزھەبى، مىسىرغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن يېڭى مەزھەبى ئوتتۇرىغا چىققان. شافىئىي مەزھەبى ھازىر مىسىر، پەلەستىن، كۇردلار ياشايدىغان رايونلار، ئىران، ھىندۇنۇزىيە، پاكىستان ۋە لىۋان قاتارلىق جايلاردا ئورۇن ئالماقتا.

## 756-سۇئال: ھەنبەلىي مەزھەبى ۋە ئىمام ئەھمەد

ھەنبەلىي مەزھەبى ئەھلى سۈننە مەزھەبىگە مەنسۇب بولغان مۇسۇلمانلار ئارىسىدا بىردەك ئېتىراپ قىلىنىپ قوبۇل قىلىنغان مەشھۇر 4 مەزھەبنىڭ تۆتىنچىسىدۇر. ھەنبەلىي مەزھەبىنىڭ قۇرغۇچىسى ئىمام ئەھمەد ئىبنى ھەنبەل بولۇپ، تولۇق ئىسمى ئەھمەد ئىبنى مۇھەممەد ئىبنى ھەنبەل ئەل شەيبانىيدۇر. ئىمام ئەھمەد ئىبنى ھەنبەل ھىجرىيىنىڭ 164 - يىلى ( 780 م ) تۈركمەنىستاننىڭ مەرۋە دېگەن يېرىدە دۇنياغا كەلگەن. باغدات، مەككە، يەمەن، شام سۇرىيە ۋە لىۋان، بەسرە ۋە كۇفە شەھەرلىرىدە ئىلىم تەھسىل قىلغان. ئىمام شافىئىي باغدادتا بولغان چاغلىرىدا ئۇنىڭدا فىقھى ئىلىملىرىنى ئوقۇغان. كۆپلىگەن دىنىي ئەسەرلەرنى يازغان.

باغداتتىكى ئابباسىيلار خەلىپىسى مەئمۇن مۇتەزىلە مەزھىبىنىڭ " قۇرئان مەخلۇقتۇر " دەيدىغان پىكرىنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىن، پۈتۈن ئۆلىمالارنى بۇ پىكرنى قوبۇل قىلىشقا زورلىغاندا، ئىمام ئەھمەد بۇ پىكرنى قوبۇل قىلمىغان. شۇ سەۋەبلىك 28 ئاي تۈرمىدە ياتقان ھەمدە كۆپ ئازاب ـ ئوقۇبەتلەرنى تارتقان. ئۇ ھىجرىيىنىڭ 271 ـ يىلى( 855 م ) ھازىرقى ئىراقنىڭ پايتەختى باغداد شەھرىدە ئالەمدىن ئۆتكەن.

## 757-سۇئال: ھەنبەلىي مەزھىبىنىڭ تارقالغان رايونلىرى ۋە مەزھەپ ئاساسى

ھەنبەلىي ھازىرقى سەئۇدى ئەرەبىستانىنىڭ نەجد رايونىدا پۈتۈنلەي ئورۇن ئالغان بولۇپ، ھىجازدىمۇ كۆپ ساندا تېپىلىدۇ. پەلەستىن، سۇرىيە ۋە لىۋان قاتارلىق دۆلەتلەردە شافىئىي مەزھىبىدىن كېيىنكى ئەڭ چوڭ مەزھەب ھەنبەلى مەزھىبى ھېسابلىنىدۇ. بۇ مەزھەبنىڭ ئۇسۇلى قۇرئان كەرىم ۋە سەھىھ ھەدىستە ئۆز ئىپادىسىنى تاپىدۇ. بۇنىڭغا ئەمەل، كۆز قاراش، قىياس ھەتتا ساھابىنىڭ سۆزىنىمۇ تەڭ قىلمايدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن ساھابىلارنىڭ پەتۋاسى تۇرىدۇ.

## 758-سۇئال: بىزنىڭ فىقھى مەسىلىلىرىدىكى مەزھىبىمىز

بىزنىڭ ئەمەلىي فىقھى مەسىلىلىرىدىكى مەزھىبىمىز ھەنەفىي مەزھىبى بولۇپ، ئىمام ئەزەمنىڭ مەزھىبى دەپمۇ ئاتىلىدۇ. مەزھەب ئىمامىمىز ئىمام ئەزەم ئەبۇ ھەنىفە دېگەن كىشىدۇر.

دۇنيادا ـ تۈركىستان، جۇڭگو، ئافغانىستان، پاكىستان، ھىندىستان، ئوتتۇرا ئاسىيا مەملىكەتلىرى، تاتارىستان قاتارلىق جايلاردىكى مۇسۇلمانلارنىڭ ھەممىسى، تۈركىيە، مىسىر، لىۋان، سۇرىيە، ئىئوردانىيە ۋە ئىراق قاتارلىق دۆلەتلەردىكى مۇسۇلمانلارنىڭ كۆپ سانلىقى ھەنەفىي مەزھىبىگە ئەگىشىدۇ. مىسىر، لىۋان، سۇرىيە، ئىئوردانىيە، ئافغانىستان ۋە ئىراق قاتارلىق دۆلەتلەردىكى مەھكىمە شەرئىيلەر ھازىرمۇ ئىمام ئەزەمنىڭ مەزھىبى بويىچە ئىش كۆرمەكتە. ئومۇمەن ئوسمانىي خەلىپىلىكى ئوسمان ئىمپېرىيىسى ھۆكۈمرانلىق قىلغان جايلارنىڭ ھەممىسىدە ئىمام ئەزەمنىڭ مەزھىبى ئورۇن ئالغان. دۇنيا مۇسۇلمانلىرىنىڭ ئۈچتىن بىرىنىڭ كۆپرەكى ھەنەفىي مەزھىبىگە ئەگىشىدۇ. جەنۇبىي ئامېرىكىدىمۇ 25 مىليوندىن كۆپرەك مۇسۇلمان ھەنەفىي مەزھىبىگە ئەگىشىدۇ.

## 759-سۇئال: ھازىرقى شىئەلەرنىڭ ئومومى سانى ۋە شىئەلەر تارقالغان دۆلەتلەر

يېقىنقى زاماندا ئېلىپ بېرىلغان ستاتىستىكىلار ھازىر دۇنيادا 120 بىلەن 150 مىليون ئوتتۇرىسىدا شىئە بارلىقىنى، بۇ ساننىڭ ئومۇمىي مۇسۇلمانلار سانىنىڭ تەخمىنەن 12 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلىدىغانلىقىنى سۆزلەيدۇ. شىئەلەر ئەڭ كۆپ

تىپىلىدىغان دۆلەت ئىران بولۇپ، ئۇنىڭدىن قالسا ئەزەربەيجان، بەھرەيىن ۋە بەزى ئافرىقا دۆلەتلىرىدە شىئەلەر كۆپ ساندا تېپىلىدۇ.

## 760-سوئال: ئىمامچىلىقنى ياقىلايدىغان شىئەلەر(ئون ئىككى ئىمامچىلار)نىڭ ئېتىقاد قارىشى

ئون ئىككى ئىمامچىلىقنى ياقىلايدىغان شىئەلەر ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ خەلىپىلىككە، ئەبۇ بەكرى، ئۆمەر، ئوسمان(رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملار) لاردىن ھەقلىق ئىكەنلىكىنى دەۋا قىلىغان مۇسۇلمانلارنىڭ بىر پىرقىسىدۇر. ئۇلار ئىمامچىلار دەپمۇ ئاتىلىدۇ. چۈنكى ئۇلار ئىمامچىلىقنى ئۆزلىرىنى مەشغۇل قىلىدىغان ئەڭ ئاساسلىق ئىشلارنىڭ بىرى قىلىۋالغان. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ پەرىقلىق قاراشلىرى، پىكىرلىرى بىلەن ئەھلى سۈننە ۋەلجامائەنىڭ دەل قارشىسىدىكى بىر تەرەپتۇر. مەزھىپىنى ئىسلام ئالىمگە ئومۇملاشتۇرۇش ئۈچۈن پائالىيەت ئېلىپ بارىدۇ.

ئىمامچىلىقنى ياقىلايدىغان شىئەلەر ئىمام دەپ ھىساپلايدىغان ئۇ ئىككى ئىمام بولۇپ، تۆۋەندىكى تەرتىپ بويىچە تىزىلىدۇ.

## 761-سوئال: ئىمامچىلارنىڭ پىكىر ئېقىم ۋە ئېتىقادلىرى

ئۇلارنىڭ پىكىر ئېقىمى، ئىمامىلىق تەۋسىيەسى يازما شەكىلدە بولۇشى لازىم. ئالدىنقى ئىمام ئۆزىدىن كېيىن كېلىدىغان ئىمامنى سۈپەتلەپ ئەمەس مۇئەييەنلەشتۈرۈپ تۇرۇپ يازما ۋەسىيەت قالدۇرۇشى ۋاجىپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆزىدىن كېيىن ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئىمام بولۇشىغا تەۋسىيە قىلىپ ئاشكارا خەت قالدۇرغان دىگەنلەرنى دەۋا قىلىدۇ. ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ھەسەن ھۈسەيىن ئىككى ئوغلىغا يازما ۋەسىيەت قالدۇرغانلىقىنى دەۋا قىلىشىدۇ.

1. شىئە ئەقىدىسىدە ۋارىسلىق ۋە پادىشاھلىق دىنىغا ئىشىنىدىغان پارىسلارنىڭ ئەقىدىلىرى ئەكس ئەتكەن.

2. شىئەلەرنىڭ پىكىرى بۇددىزىم مانى ۋە بىراھمىغا ئوخشىغان ئاسىيا ئەقىدىلىرىدىن كەلگەن پىكىرلەر بىلەن ئارىلىشىپ كەتكەن.

3. شىئەلەر پىكىرلىرىنى ئاشۇرىيە ۋە بابىل بۇتپەرەسلىكىنىڭ ئىزلىرىنى كۆتۈرۈپ يۈرىيدىغان يەھۇدىيلاردىن قوبۇل قىلغان.

4. ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىپ ۋە ئەھلى بەيت توغرىسىدىكى سۆزلىرى خىرىستىيانلارنىڭ ئىيسا ئەلەيھىسسالام توغرىسىدىكى سۆزلىرى بىلەن بىر يەردىن چىقىدۇ.

## 762-سوئال: ھازىر دۇنيادىكى دىنلار ۋە ئۇلارنىڭ مەشھۇرلىرى

ھازىر دۇنيادا جەمى 4200 دىن بارلىقى سۆزلىنىدۇ. بۇ دىنلار ئىچىدە دۇنيا

بويىچە ئەڭ چوڭ ۋە مەشھۇرلىرى تەرتىپ بويىچە تۆۋەندىكىلەر:
1 - خرىستىئان دىنى . دۇنيادا ئەڭ كۆپ تارقالغان دىن بولۇپ، پۈتۈن مەزھەبلىرىنى قوشقاندا 2 ملياردقا يېتىدۇ.
2 - ئىسلام دىنى . دۇنيادا خرىستىئان دىنىدىن قالسىلا ئىككىنچى چوڭ دىن ھېسابلىنىدۇ. مۇسۇلمانلار سانى 1 مليارد 200 مىڭغا يېتىدۇ.
3 - ھىندىي دىنى. دۇنيادا ئۈچىنچى قاتاردا كېلىدىغان چوڭ دىن بولۇپ، دۇنيادا ھىندىي دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغانلارنىڭ سانى 900 مىليونغا يېتىدۇ. بۇلاردىن % 96 ى ھىندىستاندا.
4 - بۇددا دىنى. دۇنيادا تۆتىنچى قاتاردا كېلىدىغان چوڭ دىن بولۇپ، دۇنيادا بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغانلارنىڭ ئومۇمى سانى 360 مىليوندىن ئاشىدۇ.
5 - كۆپ ئىلاھلىق دىن، خۇسۇسەن ئافرىقىدىكى كۆپ ئىلاھلىق دىنلار بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئومۇمىي سانى 95 مىليونغا يېتىدۇ.
6 - ھىندىستاندىكى كىسىخ دىنى بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئومۇمىي سانى 23 مىليونغا يېتىدۇ.
7 - يەھۇدىي دىنى بولۇپ، ئومۇمىي سانى 19 مىليوندىن ئاشمايدۇ.

## 763-سۇئال: ئەڭ كۆپ مۇسۇلمان بار دۆلەتلەر

ئەڭ كۆپ مۇسۇلمان بار دۆلەتلەرنىڭ ئالدىنقى قاتاردا ھىندونېزىيە كېلىدۇ. ھىندۇنېزىيەدە 200 مىليون مۇسۇلمان ياشايدۇ. ئۇنىڭدىن قالسا، پاكىستاندا 134 مىليون، ھىندىستاندا 121 مىليون، بېنگالدا 114 مىليون، جۇڭگودا 100 مىليون، تۈركىيەدە 66 مىليون، ئىراندا 62 مىليون، مىسىردا 59 مىليون، نېگىرىيەدە 53 مىليون، ئالجىرىيەدە 30 مىليون، ماراكەشتە 29 مىليون مۇسۇلمان ياشايدۇ.

## 764-سۇئال: خرىستىئان دىنى ئوقۇمى

خرىستىئان دىنى مەريەم ئوغلى ئىسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۈممەتلىرى بولغان خرىستىئانلارغا قويۇلغان ئىسىم. خرىستىئانلار ئەرەب تىلىدا « نىسارى ناسارا »دەپ ئاتىلىدۇ. خرىستىئانلارنىڭ پەيغەمبىرى ئىسا ئەلەيھىسسالام پادىشاھ ھىرودۇسنىڭ زامانىدا، ھازىرقى پەلەستىننىڭ بەيتلەھەم شەھىرىدە دۇنياغا كەلگەن بولۇپ، كېيىنچە ئانىسى ھەزرىتى مەريەم خەلىل شەھىرىنىڭ ناسىرە يېزىسىغا كۆچۈپ بېرىپ ئولتۇراقلاشقان. بۇ ۋاقىتتا يەھۇدىيلا يەر يۈزىدە سۈرگۈنلۈك ھاياتىدا ياشايتتى، ئۇلار رىم ئىمپېراتورلىقىنىڭ ھاكىمىيىتى ئاستىدا بولۇپ، ئۇنىڭ زۇلمىدىن قۇتۇلۇشنى بەكمۇ ئارزۇ قىلاتتى. ئىسا ئەلەيھىسسالامنىڭ دىنىي دەۋىتى مەيدانغا كەلگەندە، ئۇلار ئىسا ئەلەيھىسسالامنى يەھۇدىيلارنى قۇللۇقتىن قۇتۇلدۇرۇپ، ئەسلىدىكى پادىشاھلىقنى

ئەسلىگە كەلتۈرىدىغان بىردىنبىر شەخس دېگەن ئېتىقاد بىلەن ئۇلاردىن بەزىسى ئىسا ئەلەيھىسسالامغا ئىمان ئېيتىپ ئۇنىڭ دىنىغا كىرگەن. ئىسا ئەلەيھىسسالامنىڭ 12 نەپەر مۇرىدى بولۇپ، ئۇلارنى يەھۇدىيلار ئىچىدە دىن تارقىتىشقا ئەۋەتكەن.

## 765-سۇئال: ساماۋى دىنلارنىڭ ئەسلى ئەقىدىسىنىڭ بىر ئىكەنلىكى

ئىسلام، خىرىستىئان ۋە يەھۇدىي دىنلىرىدىن ئىبارەت ساماۋى دىنلارنىڭ ئەسلى ئەقىدىسى بىر خىل بولۇپ، پەقەت شەرىئەت ئەھكاملىرىلا پەرقلىق بولغان. «ئاللاھ سىلەرگە دىندىن نۇھقا تەۋسىيە قىلغان نەرسىنى، ساڭا بىز ۋەھيى قىلغان نەرسىنى، ئىبراھىمغا، مۇساغا ۋە ئىساغا بىز تەۋسىيە قىلغان نەرسىنى بايان قىلدى.» (شۇرا سۈرىسى 13- ئايەت) خىرىستىئان دىنىنىڭ مەنبەلىرىدە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاخىر زامان پەيغەمبىرى بولۇپ كېلىدىغانلىقى ھەققىدە بىشارەتلەر بېرىلگەن. « ئۆز ۋاقتىدا مەريەمنىڭ ئوغلى ئىسا: ئى ئىسرائىل ئەۋلادى! مەن سىلەرگە ھەقىقەتەن ئاللاھ ئەۋەتكەن، مەندىن بۇرۇن كەلگەن تەۋراتنى تەستىق قىلغۇچى، مەندىن كېيىن كېلىدىغان ئەھمەد ئىسىملىك پەيغەمبەر بىلەن خۇش خەۋەر بەرگۈچى پەيغەمبەرمەن دېدى» ( سەف سۈرىسى 6-ئايەت) ساماۋى دىنلارنىڭ ھەممىسى بىربىرىنى تولۇقلايدىغان بىر پۈتۈنلۈك بولۇپ، ئىسلام دىنىنىڭ كېلىشى بىلەن تاكامۇللاشقان ۋە خاتا چۈشەنچىلەرنى تۈزەتكەن.

## 766-سۇئال: ئەڭ كۆپ خىرىستىئان ياشايدىغان دۆلەتلەر

ئەڭ كۆپ خىرىستىئان بار دۆلەتلەرنىڭ بىرىنچى قاتارىدا ئامېرىكا قوشما شتاتلىرى كېلىدۇ. ئامېرىكىدا 224 مىليون خىرىستىئان ياشايدۇ. برازىلىيىدە 139 مىليون، مېكسىكىدا 86 مىليون، رۇسىيىدە 80 مىليون، جۇڭگۇدا 70 مىليون (جۇڭگۇدىكى خىرىستىئانلار ئومۇمىي نوپۇس سانىنىڭ % 5 نى تەشكىل قىلىدۇ)، گېرمانىيىدە 67 مىليون، فىلىپپىندا 63 مىليون، ئەنگلىيىدە 51 مىليون، ئىتالىيىدە 48 مىليون، نىگېرىيىدە 45 مىليون، فرانسىيىدە 44 مىليون خىرىستىئان ياشايدۇ.

## 767-سۇئال: يەھۇدىي دىنى ئاتالغۇسى

يەھۇد ياقۇب ئەلەيھىسسالامنىڭ 12 ئوغلىنىڭ بىرى بولغان يەھۇزانىڭ ئىسمى بولۇپ، كېيىنچە يەھۇدىي دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغانلار ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان ئاتالغۇغا ئايلانغان.

## 768-سۇئال: ئىسرائىل ئەۋلاتلىرى

ياقۇپ ئىسرائىل ئەلەيھىسسالام كەنئان ھازىرقى پەلەستىن زېمىنىدىكى قورغاقچىلىق سەۋەبلىك مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 17- ئەسىردە، ئائىلىسىدىكىلىرىنى باشلاپ مىسىرغا كۆچۈپ بارغان. ئۇلارنى مىسىر پىرئەۋنى پادىشاھىنىڭ ۋەزىرى

بولۇپ تۇرغان ئوغلى يۇسۇپ ئەلەيھىسسالام كۈتۈۋالغان ۋە مىسىرنىڭ شەرقىيە رايونىدىكى« گاسان » دېگەن جايدا تۇرغۇزغان. ئۇلارنىڭ شۇ ۋاقىتتا 70 كىشى ئىكەنلىكى سۆزلىنىدۇ. ياقۇب ئەلەيھىسسالامنىڭ 12 بالىسىدىن كۆپەيگەن ئەۋلادلىرى مىسىردا تۆت ئەسىر تۇرۇش جەريانىدا، بۆلۈنۈپ 12 قەبىلىگە ئايرىلغان ۋە ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئىسرائىل ئەۋلادى دەپ تونۇلغان.

## 769-سۇئال: يەھۇدىيلار ئەڭ كۆپ يەرلەشكەن دۆلەتلەر

يەھۇدىيلار ئەڭ كۆپ يەرلەشكەن دۆلەتلەرنىڭ بېشىدا ئامېرىكا قوشما شتاتلىرى كېلىدۇ. ئامېرىكىدا 5 مىليون 600 مىڭ يەھۇدىي ياشايدۇ. بۇ سان پۈتۈن دۇنيا يەھۇدىيلىرىنىڭ ئۈچتىن ئىككىسىنى تەشكىل قىلىدۇ. ئۇنىڭدىن قالسا، ئىسرائىلىيەدە 4 مىليون 300 مىڭ، رۇسىيەدە 1 مىليون 400 مىڭ، فرانسىيەدە 640 مىڭ، كانادادا 350 مىڭ، ئەنگلىيەدە 320 مىڭ، ئارگېنتىنادا 250 مىڭ، برازىلىيەدە 150 مىڭ، ئاۋستىرالىيەدە 92 مىڭ، جەنۇبى ئافرىقىدا 70 مىڭ يەھۇدىي ياشايدۇ.

## 770-سۇئال: كېلەچەك ئىسلامغا مەنسۇپ

1900 - يىلى ئېلىپ بېرىلغان رەسمىي ستاتىستىكىدا، پۈتۈن دۇنيادىكى مۇسۇلمانلارنىڭ ئومۇمىي سانى خىرىستىيانلارنىڭ يېرىمىغىمۇ يەتمەيتتى. ئۇ ۋاقىتتا مۇسۇلمانلار يەرشارىدىكى ئىنسانلار سانىنىڭ % 12.4 نى، خىرىستىيانلار % 26.9 نى تەشكىل قىلاتتى. 2025 - يىلغا بارغاندا مۇسۇلمانلار سانىنىڭ خىرىستىيانلارنىڭكىدىن ئېشىپ كېتىدىغانلىقى كۈتۈلمەكتە. 1980 – يىلى ئېلىپ بېرىلغان رەسمىي ستاتىستىكىدا، مۇسۇلمانلار يەرشارىدىكى ئىنسانلار سانىنىڭ % 16.5 نى، خىرىستىيانلار % 30 نى تەشكىل قىلاتتى. 2000 - يىلى ئېلىپ بېرىلغان رەسمىي ستاتىستىكىدا، مۇسۇلمانلار يەرشارىدىكى ئىنسانلار سانىنىڭ % 19.2 نى، خىرىستىيانلار % 29.9 نى تەشكىل قىلاتتى. بۇلاردىن مەلۇمكى، خىرىستىيانلار سانى يىلدىن يىلغا ئازىيىپ بارغان بولسا، مۇسۇلمانلار سانى يىلدىن يىلغا كۆپىيىپ بارماقتا. مۇسۇلمانلارنىڭ ئۆسۈش نىسبىتى يىلىغا % 2.9 دىن بولۇپ، ئۆتكەن يىللارغا قارىغاندا ئۆسۈش نىسبىتى % 7 ئېشىپ بارغان. يەرشارىدىكى ئومۇمىي ئىنسان سانى 6 مىليارد، مۇسۇلمانلارنىڭ ئومۇمىي سانى بىر يېرىم مىلياردقا يېقىنلاشماقتا. بۇنىڭغا ئاساسلانغاندا، مۇسۇلمانلار يەرشارى نوپۇسىنىڭ تۆتتىن بىرىنى تەشكىل قىلىدۇ. ئاھالىلار تەتقىقاتى ئىلمىنىڭ مۇتەخەسسىسلىرى 2025 – يىلغا بارغاندا، مۇسۇلمانلار سانىنىڭ دۇنيا نوپۇسىنىڭ % 30 نى تەشكىل قىلىدىغانلىقىنى، خىرىستىيانلار نىسبىتىنىڭ% 25كە چۈشۈپ قالىدىغانلىقىنى ۋە

مۇسۇلمانلارنىڭ دۇنيادا نوپۇز ۋە سان جەھەتتە بىرىنچىلىكنى ئىگىلەيدىغانلىقىنى دەلىللەپ سۆزلىمەكتە. مانا بۇ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ « بۇ دىن كېچە بىلەن كۈندۈز يېتىپ بارغان جايلارنىڭ ھەممىسىگە چوقۇم يېتىپ بارىدۇ. » دېگەن سۆزىنىڭ ھەقلىقىنى ئىسپاتلىغان بىر مۆجىزىدۇر.

# ئون يەتتىنچى بۆلۈم: تەسەۋۋۇفنىڭ بايانى

## 771-سۇئال: تەسەۋۋۇف ئۇقۇمى ۋە ماھىيىتى

تەسەۋۋۇپ پاكلىنىش دېمەكتۇر. ئىنسان پىشىپ يېتىلىش (كامىل ئىنسان بولۇش) ۋە ئاللاھنىڭ ئۆلچەملىك بەندىسى بولۇش ئۈچۈن يامان خۇيلىرىدىن قۇتۇلۇشقا تىرىششى، ئىبادەتنىڭ شەكلى بىلەن چەكلىنىپ قالماي ماھىيەتكە ئىچكىرىلەپ كىرىشى، نەپسىنى پاكلىشى كېرەك. گۇناھ - مەئسىيەتلەر، يامانلىقلار، شۇملۇقلار تەرك ئېتىلگەندە، نەپسى شەيتانغا ۋە پەس ئارزۇ - ھەۋەسلەرگە قارشى كۈرەش قىلىنغاندا ياخشى خۇلق ۋە گۈزەل پەزىلەتلەرگە ئېرىشكىلى بولىدۇ، روھ ئازادلىقكە چۆمىدۇ. كىشى تەسەۋۋۇپ ئارقىلىق ئۆزىنىڭ نېمىشقا يارىتىلغانلىقىنى بىلەلەيدۇ، بەندىلىك مەجبۇرىيەتلىرىنى شەكىلۋازلىقتىن قۇتۇلدۇرۇپ، ئۇلۇھىيەت ۋە رۇبۇبىيەت ئالدىدا ئۆزىنىڭ ئاجىزلىقىنى تونۇپ، تەقۋادارلىق بىلەن ئىبادەت قىلالايدۇ. نەتىجىدە ئىمان ھەقىقىتى ئەمەلگە ئېشىپ، ئىنسان تەبىئىتى ئاللاھ تەلەپ قىلغاندەك ھالەتكە كېلەلەيدۇ. تەسەۋۋۇپنى ئەسلى خاراكتېرىدىن چۈشەنگەندە، ئۇ قۇرئان كەرىم ئايەتلىرى ئارقىلىق مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشكىلى بولىدىغان بىر تۈرلۈك پاكلىنىش تىرىشچانلىقى ۋە بۇنىڭ كونكرېت ئۇسۇلىدۇر.

”تەسەۋۋۇپنىڭ ھال دەپ ئاتىلىدىغان مەنىۋى كەچمىش تەرىپى بۇ ئىشنى گويا زەۋق ۋە خۇشاللىقتەك كۆرسىتىدۇ. تەسەۋۋۇپنى ئەخلاق دەپ تەرىپلەيدىغانلارغا كۆرە، ئۇنى كامىل ئەخلاقنى بارلىققا كەلتۈرۈشنى ئاساس قىلىدىغان بىر ئىسلامىي ئىلىم دەپ چۈشىنىش كېرەك“.

## 772-سۇئال: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن ساھابىلەرنىڭ تەسەۋۋۇپتىكى ئۈرنەكلىرى

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن ساھابىلەرنىڭ قۇرئانغا ئەمەل قىلىش، قۇرئاندىن ئايرىلماسلىق جەھەتتە كۆرسەتكەن تىرىشچانلىقلىرى، دىنغا ساپ نىيەت بىلەن باغلىنىشى، دىن بىلەن ئىخلاسنى بىرلەشتۈرۈشى تا ھازىرغىچە كىشىنى جەلپ قىلىدىغان مۇكەممەل ئۈرنەكتۇر. ئۇ چاغدا ئۆگىنىلگەن ھەر بىر ئايەت كىشىلەرنىڭ ھەرىكىتىگە سىڭىپ بارغان ۋە باشقىلارغا چۈشەندۈرۈلگەن. پەيغەمبىرىمىزدىن ئۈلگە ئالماقچى بولغانلار كېيىنكى زامانلاردا قۇرئان بىلەن سۈننەتكە چىڭ ئېسىلىپ، ئاللاھنىڭ ئەمرى، پەيغەمبىرىمىزنىڭ سۈننىتى ئارقىلىق پاكلىنىش يولىنى تۇتۇپ، ئىخلاس بىلەن ئەمەلنى تەڭ ئېلىپ بارغان. بۇ ھەقتە ئىمام غەززالى مۇنداق دەيدۇ: تەسەۋۋۇپنىڭ ئاساسلىرى ھالال يېيىش، رەسۇلۇللاھنىڭ

ئەخلاقىغا، ئىش ـ ھەرىكىتىگە، بۇيرۇقى ۋە سۈننىتىگە ئەمەل قىلىش؛ كىمكى قۇرئاننى يادلىمىسا، ھەدىسلەرنى يازمىسا (ئۆگەنمىسە) پەيغەمبىرىمىزگە ئەگەشمىگەن بولىدۇ. چۈنكى دىنىمىزدا ئىلىم، قۇرئان ۋە سۈننەت بىلەن بولىدۇ.

### 773 ـ سوئال: دەسلەپكى دەۋردىكى تەسەۋۋۇپچىلار ۋە ئۇلارنىڭ پېشۋالىرى

دەسلەپكى دەۋردىكى تەسەۋۋۇپچىلار زۇھد (ئازغا قانائەت قىلىش، كۆڭۈلدىن دۇنيا غېمىنى چىقىرىپ تاشلاش، مال ـ دۇنيانى چوڭ بىلمەسلىك، دۇنيا ۋە دۇنيادىكىلەرنىڭ پانىيلىقىنى ئويلاش، ئېرىشكەنگە خوش بولۇپ، يوقاتقانغا قايغۇرماسلىق، دۇنياغا بېرىلمەسلىك) كە ئەھمىيەت بېرىپ قەلبىنى پاكلىماقچى بولغان. بۇ دەۋردىكى تەسەۋۋۇپچىلار زاھىدلار دەپ ئاتىلىدۇ، ۋەيسەل قارانى، شەقىق بەلخى، سوفيان سەرۋى، رابىئاتۇل ئەدەۋىييە، جەئفەرى سادىق قاتارلىقلار شۇلارغا تەۋە. تىرمىزى ۋە ئىبنى ماجە زۇھدنى "ھالالنى ھارام قىلىش ياكى مال ـ دۇنيانى يوق قىلىش ئەمەس، بەلكى قول ئىلكىدە بارىغا ئىشىنىش؛ يەنى ئاللاھ ھالال قىلغان نەرسىنى ئۆزىگە ھارام قىلىۋالماي، ئۇلارغا بەك بېرىلىپ كەتمەسلىك، دەپ چۈشەندۈرگەن.

### 774 ـ سوئال: ئىسلامنىڭ دەسلەپىدىكى زاھىدلىقنىڭ ئاساسى

ئىسلامنىڭ دەسلەپكى ئەسىردە ساھابىلارنىڭ قۇرئان ۋە سۈننەتكە ئەمەل قىلىپ ياشىشى زاھىدلىق ھەرىكىتىگە ئاساس سالغان. ھىجرىيە 2 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرىغىچە زاھىدلىق بىر قىسىم كىشىلەر ئۆز ئالدىغا قىلىدىغان ئىبادەت شەكلى سۈپىتىدە داۋاملاشقان. زاھىدلار ئايەت ۋە ھەدىسلەرنىڭ روھى بويىچە كىشىلەرگە ۋەز ـ نەسىھەت قىلغان، ئۇلارنىڭ دىلىنى يورۇتقان. ئۇ دەۋردە مەدىنە زاھىدلارنىڭ مەركىزى بولۇپ قالغان.

### 775 ـ سوئال: پىقھى ۋە ئۇنىڭ مەقسىدى

ئۆتمۈشتە بەزى دىني ئالىملىرىمىز ئىنسان ھاياتىدا مەيدانغا كېلىدىغان نۇرغۇن مەسىلىلەرنى بىر تەرەپ قىلىش ئۈچۈن، قۇرئان ۋە ھەدىسنىڭ يوليۇرۇقلىرىنى ئاساس قىلىپ، ئەتراپلىق ھالدا بىر قىسىم قانۇن ـ تۈزۈملەرنى ئوتتۇرىغا قويغان. بۇلار «فىقھى» دەپ ئاتىلىدۇ. بۇنىڭ سەۋەبى: ھەر مۇسۇلمان قۇرئاننىڭ ھۆكۈملىرىنى، بولۇپمۇ بەزى ئىنچىكە مەسىلىلەردىكى ھۆكۈملەرنى چۈشىنىپ كېتەلىشى مۇمكىن ئەمەس. شۇنداقلا ھەر بىر كىشىنىڭ ھەدىس ئىلمىدىن تولۇق خەۋەردار بولۇپ ئۇنىڭدىن شەرىئەت مەسىلىلىرىنى تېپىپ چىقىش قابىلىيىتىمۇ بولۇشى مۇمكىن ئەمەس. شۇنىڭ ئۈچۈن دىني ئالىملىرىمىز ئۆزۈن مۇددەتلىك جاپالىق ئىزدىنىشلەردىن كېيىن، ھەر مۇسۇلماننىڭ ئوڭايلا چۈشىنىپ ئەمەل قىلىپ

ھاياتىنىڭ پۈتۈن ساھەلىرىدە ئىسلام كۆرسەتكەن يولدا ئازماي مېڭىشىغا ياردەمچى بولىدىغان قانۇن ـ ئىنتىزام دەستۇرى «فىقھى» نى تۈزۈپ چىقتى. بۇ ئالىملىرىمىزدىن بەزىلىرى بۇ ئۇلۇغ ئىش ئۈچۈن پۈتۈن ئۆمرىنى سەرپ قىلدى. نەتىجىدە بۈگۈن دۇنيادا مىليۇنلىغان مۇسۇلمانلار، ھېچبىر قىيىنچىلىق تارتماستىن شەرىئەتنى چۈشىنىپ، ئۇنىڭغا ئەمەل قىلىپ ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىنىڭ ئەمر ـ پەرمانلىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرماقتا. مۇسۇلمانلار، ئالىملىرىنىڭ بۇ خىزمەتلىرى ئۈچۈن ئۇلارغا ھەر قانچە كۆپ مىننەتدارلىق بىلدۈرسىمۇ ئازلىق قىلىدۇ.

### 776ـ سۇئال: پىقھى بىلەن تەسەۋۋۇفنىڭ پەرقى ۋە مۇناسىۋىتى

فىقھى ـ ئىنسانىنىڭ كۆرۈنۈشتىكى ئاشكارا ئەمەللىرى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. يەنى فىقھى، سىزگە بىرىلگەن ئەمرنى تەلىماتقا ئۇيغۇن شەكىل بىلەن ئەمەلگە ئاشۇردىڭىزمۇ يوق؟ ئەمەلگە ئاشۇرغان بولسىڭىز، بۇ جەرياندىكى روھىي ۋە قەلبى ھالىتىڭىزدىن فىقھى سۆز ئاچمايدۇ. تەسەۋۋۇف بولسا ئەمەلنىڭ روھىي ۋە قەلبى ھالەت بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى تەكتىلەيدۇ. مەسىلەن: سىز ناماز ئوقۇدىڭىز، بۇنىڭدا فىقھى سىزنىڭ تاھارەتنى ئۇسۇلغا ئۇيغۇن ئالغانلىقىڭىزغا، قىبلىغا قاراپ يۈزلەنگەنلىكىڭىزگە، نامازدىكى پۈتۈن ئەركان ۋە باسقۇچلارنى چالا قويماي ئورۇندىغانلىقىڭىز، نامازدا ئوقۇشقا تېگىشلىك بولغانلارنىڭ ھەممىسىنى تولۇق ئوقۇغانلىقىڭىزغا، نامازنى ۋاقتىدا ئوقۇپ بەلگىلەنگەن رەكئەت سانىنى تولۇق ئادا قىلغانلىقىڭىزغا قارايدۇ. بۇلارنىڭ ھەممىسىنى ئورۇندىغان بولسىڭىز «فىقھى»گە ئاساسەن ئوقۇغان نامىزىڭىز ئادا بولدى. ھەقىقىي ئىسلامىي تەسەۋۋۇف ئىبادىتىڭىزنى ئادا قىلىۋاتقان چېغىڭىزدا قەلبىڭىز (روھىي ھالىتىڭىز ـ ت) قانداق ئىدى؟ پۈتۈن خىيالىڭىز پەقەت ئاللاھقا قارىتىلغانمىدى؟ ۋە كۆڭلىڭىزدىن دۇنيا خىياللىرىنى پۈتۈنلەي چىقىرىۋاتقانمىدىڭىز؟ ناماز ئوقۇۋاتقاندا ئاللاھ قورقۇسىنى يۈرىكىڭىزدە ھېس قىلىپ، ئۇنىڭ ھەممە ھەرىكىتىڭىزنى كۆرۈپ تۇردىغانلىقىغا ئىشەنگەن ھالدا تۇرغانلىقىڭىز ۋە نامازنى پەقەت ئاللاھنىڭ رىزاسى ئۈچۈن ئوقۇۋاتقانلىقىڭىزغا قارايدۇ. شۇنىڭدەك ناماز ئوقۇش بىلەن روھىڭىز قانچىلىك پاكلاندى؟ ئەخلاقىڭىز قانچىلىك تۈزەلدى؟ قانچىلىك ھەقىقىي ۋە مۇكەممەل مۇسۇلمانلىق دەرىجىسىگە يېتىپ باردىڭىز؟ مانا بۇلارغا قارايدۇ. ئەسلىدە بۇلارنىڭ ھەممىسى نامازنىڭ مەقسىدى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، تەسەۋۋۇف بۇلار قانچىلىك تولۇق ئىجرا قىلىنغان بولسا ناماز شۇنچىلىك مۇكەممەل بولغان بولىدۇ، قانچىلىك يېتەرسىز قالسا ناماز شۇنچىلىك يېتەرسىز قالىدۇ دەپ قارايدۇ، باشقا ئىبادەتلەرمۇ شۇنداق. قىسقىسى، تەسەۋۋۇف شەرىئەت بۇيرۇغان ئەمرگە بويسۇنۇپ ئىجرا قىلىشتىكى خالىس نىيىتىڭىز ۋە

ھەقىقىي ئىتائەتچانلىق روھىگىزنى ئۆلچەشنى ئاساس قىلىدۇ. بۇلارنى تۆۋەندىكى مىسال بىلەن تېخىمۇ ئوبدانراق چۈشىنىۋالىمىز.

بىز بىر كىشىنى كۆرگىنىمىزدە ئۇنىڭ شۇ ئىككى خۇسۇسىيىتىگە ئالاھىدە دىققەت بىلەن نەزەر سالىمىز. بىرىنچى، ئۇ كىشىنىڭ تەن سالامەتلىكىنىڭ ياخشى ياكى ناچارلىقىغا قارايمىز. قارىغۇ، گاس ـ گاچا، ئاقساق ـ چۇلاق، چىرايلىق ياكى سەتلىكىگە سەپسالىمىز. كىيىم ـ كېچەكلىرىنىڭ پاكىز ـ مەينەتلىكىگە دىققەت قىلىمىز. ئىككىنچى، ئۇ كىشىنىڭ ئەخلاق، ئادەت ۋە باشقا ئالاھىدىلىكلىرىگە قارايمىز. ئەس ـ ھۇشى جايىدىمۇ؟ ئالىم ياكى ساۋاتسىزمۇ؟ ياخشى پەزىلەتلىك بىرسىمۇ ياكى يامان نىيەتلىك پەسكەش بىرىمۇ؟ بۇلارغا قارايمىز. يەنى بۇلاردىن بىرىنچىسىنى «فىقھى» دېسەك، ئىككىنچىسى تەسەۋۋۇپ دېگىنىمىزنىڭ ئۆزى.

سىز بىر كىشىگە ياخشى دەپ باھا بىرىش ئۈچۈن، ئۇنىڭ تاشقى كۆرۈنۈشى ۋە ئىچكى ئالاھىدىلىكلىرىنىڭ دىتىڭىزگە يېقىشىنى ئاساس قىلىسىز. شۇنىڭغا ئوخشاش ئىسلام ياخشى كۆرىدىغان كىشى، شەرىئەت ھۆكۈملىرىگە ئەمەل قىلىشتا كۆرۈنۈش جەھەتتە توغرا بولغان ۋە ئىچكى جەھەتتىمۇ ئۇنىڭغا مۇۋاپىق بولغان كىشىدۇر. ئەگەر بىر كىشىنىڭ كۆرۈنۈشتىكى ئىتائەتلىرى توغرا بولۇپ، روھى جەھەتتە خالىس بولمىسا، ئۇنىڭ ئەمەل ـ ئىبادەتلىرى خۇددى ئادەم ئۆزى چىرايلىق، ئەمما ئۆلۈك بىر جىسىمغا ئوخشايدۇ. روھى جەھەتتە ئىتائەتلىرى توغرا، لېكىن كۆرۈنۈشتىكى ئىتائەتلىرى توغرا بولمىسا، ئۆزى ناھايىتى چىرايلىق، ئەمما ئاقساق ـ چولاق ۋە ياكى قارىغۇ بىر ئادەمگە ئوخشايدۇ.

## 777-سۇئال: تەرىقەتنىڭ مەقسىدى

تەرىقەت، تەرىقەت ئەھلىدىن چىن ئەقىدە، ئىخلاس بىلەن ئەمەل، ئىبادەت قىلىش ئارقىلىق ئاللاھ تائالانىڭ رازىلىقىغا ئېرىشىپ ئاللاھقا يېقىنلىق ھاسىل قىلىشنى، جەننەتتىكە، ئاللاھنىڭ دىدارىنى كۆرۈشكە مۇيەسسەر بولۇشنى، خەننەتنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىرىدە خوجىمىز، پەيغەمبىرىمىز مۇھەمد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە يېقىن ئورۇندا تۇرۇش شەرىپىگە نائىل بولۇشنى مەقسەد قىلىدۇ. بۇ مۇرادقا يېتىش ئۈچۈن ئاللاھ تائالانىڭ ئەپۇ كەرىمى بىلەن مەغپىرەت قىلىشىغا ئېرىشىپ، پاك روھلار قاتارىدىن ئورۇن ئېلىش موھىمدۇر.

## 778-سۇئال: تەرىقەتنىڭ يولى

1. خالىس نىيەت بىلەن ئىخلاس بىلەن ئىبادەت قىلىش.
2. زىكىر تەسبىھدىن ئايرىلماسلىق.
3. مۇۋاپىق ۋاقىتلاردا ئىتىكاپتا ئولتۇرۇش.

4. رىيازەت بىلەن بەدەننى چىنىقتۇرۇپ روھنى پاكلاش.
5. ئىماننى كۈچەيتىش.
6. نەپلە ئىبادەتلەر بىلەن شۇغۇللىنىپ ئاللاھقا يېقىنلىق ھاسىل قىلىش.

### 779-سۇئال: قۇرئان كەرىمنىڭ، روھنى پاك قىلغان ئادەمنىڭ مەقسەت مۇرادىغا يېتىدىغانلىقى توغرىسىدىكى بايانلىرى

ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە مەقسەتكە يەتكۈچىلەر، مۇرادىغا يەتكۈچىلەر، كۈيۈپ-ۇلۇق، مۇشرىكلىقتىن قۇتۇلۇپ ئاللاھنىڭ رەھمىتىگە ئېرىشكۈچىلەر، تەقۋا سۈپىتىگە ئىگە بولغۇچىلارنىڭ «روھنى پاك قىلغۇچىلار، پاك بولغۇچىلار» ئىكەنلىكىنى بىر قانچە ئورۇندا قەيت قىلدى. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: روھ بىلەن ۋە ئۇنى چىرايلىق قىلىپ ياراتقان، ئۇنىڭغا ياخشى - يامانلىقنى بىلدۈرگەن زات بىلەن قەسەمكى [7-8]، روھنى پاك قىلغان ئادەم چوقۇم مۇرادىغا يېتىدۇ [9]. (سۈرە شەمس) (كۇفرىدىن ۋە گۇناھتىن) پاك بولغان ئادەم مەقسىتىگە يەتتى [سۈرە ئەئلا - 14]. ئۆزلىرىنى پاك دەپ قارايدىغانلار (يەنى ئۆزلىرىنى تەقۋادارلىق بىلەن مەدھىيىلەيدىغانلارنى) نى كۆرمىدىڭمۇ؟ ئۇنداق ئەمەس (يەنى ئىش ئۇلارنىڭ دېگىنىدەك ئەمەس)، اللّٰه خالىغان بەندىسىنى پاك قىلىدۇ، ئۇلارغا قىلچىلىكمۇ زۇلۇم قىلىنمايدۇ [سۈرە نىسا - 49].

### 780-سۇئال: ئاللاھنىڭ ئىنسانلارغا پاك نەرسىلەرنى رىزىق قىلىپ بەرگەنلىكى توغرىسىدىكى قۇرئان كەرىمنىڭ بايانلىرى

«بۈگۈن سىلەرگە پاك نەرسىلەر ھالال قىلىندى.» [سۈرە مائىدە - 5] اللّٰه سىلەرگە رىزىق قىلىپ بەرگەن ھالال، پاك نەرسىلەردىن يەڭلار، سىلەر ئىمان ئېيتقان اللّٰهقا تەقۋادارلىق قىلىڭلار [سۈرە مائىدە - 88] ئاللاھ تائالانىڭ مۇكاپاتى ئىچكى ۋە تاشقى جەھەتتىن پاك بولغۇچىلار ئۈچۈندۇر. ئىچكى ۋە تاشقى جەھەتتىن پاك بولۇش بولسا ئىنساننىڭ كىيىم كېچەك، تۇرار، جاي، كەسىپ تىجارەت، ئەقىدە ئېتىقاد قاتارلىق ھەممە جەھەتتىن پاكلىنىشىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئاللاھ تائالا پاك بولغانلارنى دوست تۇتىدۇ، پاك بولغانلارنى جەننەت بىلەن مۇكاپاتلايدۇ. ئاللاھ تائالادىن ئىبارەت تەڭداشسىز كاتتا زاتنىڭ دوسلۇقىغا ئېرىشىش بىر بەندە ئۈچۈن ئەڭ ئالى شەرەپ، ئەڭ كاتتا مۇكاپات.

### 781-سۇئال: ئاللاھنىڭ پاك بولغۇچىلارنى دوست تۇتىدىغانلىقى توغرىسىدىكى قۇرئان كەرىمنىڭ بايانلىرى

اللّٰه (ئىچكى ۋە تاشقى جەھەتتىن) پاك بولغۇچىلارنى دوست تۇتىدۇ [سۈرە تەۋبە - 108].

الله ھەقىقەتەن تەۋبە قىلغۇچىلارنى دوست تۇتىدۇ. (ھارامدىن ۋە نىجاسەتتىن) پاك بولغۇچىلارنى ھەقىقەتەن دوست تۇتىدۇ [سۈرە بەقەر - 222]

### 782-سۇئال: ئاللاھنىڭ پاك بولغۇچىلارنى جەننەت بىلەن مۇكاپاتلايدىغانلىقى توغرىسىدىكى قۇرئان كەرىمنىڭ بايانلىرى

ئۇلار (مۇشرىكلىك ۋە گۇناھلاردىن) پاك بولغان شارائىتتا پەرىشتىلەر ئۇلارنى قەبزى روھ قىلىدۇ، پەرىشتىلەر ئۇلارغا: «سالام سىلەرگە! قىلغان ئەمەللىرىڭلارنىڭ خاسىيىتىدىن جەننەتكە كىرىڭلار» دەيدۇ [سۈرە نەھلى - 32] ئۇ (دەرىجىلەر) دائىمىي تۇرالغۇ بولغان جەننەتلەر بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئاستىدىن ئۆستەڭلار ئېقىپ تۇرىدۇ، ئۇ يەرلەردە ئۇ مەڭگۈ قالىدۇ، ئەنە شۇ (كۇفرىدىن ۋە گۇناھلاردىن) پاك بولغان ئادەمگە بېرىلىدىغان مۇكاپاتتۇر [سۈرە تاھا - 76]. پەقەت (اللەنىڭ دەرگاھى) غا پاك قەلب بىلەن كەلگەن ئادەمگىلا پايدا يەتكۈزۈلىدۇ» [سۈرە شۇئەرا - 89]. ئۇلارنى بىز پاك - خىسلەتلىك، ئاخىرەتنى ئەسلەپ تۇرىدىغان سەممىي كىشلەر قىلدۇق [سۈرە ساد- 46].

### 783-سۇئال: نىيەتنىڭ ئەمەل ئىبادەتتىكى موھىم ھالقا ئىكەنلىكى

نىيەت ئىبادەتنىڭ نەتىجىلىك بولۇشىدىكى مۇھىم ھالقىدۇر. كىم نىمىنى نىيەت قىلسا شۇنىڭغا ئېرىشىدۇ. ئاللاھ تائالا بەندىلىرىنىڭ مەقسەت مۇددىئالىرىنى بىلىپ تۇرغۇچى، نىيەتكە قاراپ نەتىجە، مۇكاپات ئورۇنلاشتۇرغۇچى بولغانلىقى ئۈچۈن ئىبادەتنىڭ نەتىجىسىدە يۇقىرى نىشاننى كۆزلىگەن كىشى ئۈچۈن، ئالدى بىلەن توغرا خالىس نىيەتنىڭ بولۇشى، قىلماقچى بولغان ئىشىغا چىن ئەقىدە ئىخلاس بىلەن كىرىشىش لازىم بولىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تۈرلۈك ئەمەللەرنىڭ نىيەتكە باغلىق ئىكەنلىكى، كىمنىڭ نىمىنى نىيەت قىلغان بولسا شۇنىڭغىلا ئىرىشىدىغانلىقى، ھەتتا قىيامەتتىمۇ نىيەتلىرىگە يارىشا تىرىلدۈرۈلىدىغانلىقى توغرىسىدىكى تۆۋەندىكى مەشھۇر ھەدىسى بۇنىڭ دەلىلىدۇر.

ئەلقەمە ئىبنى ۋەققاس لەيسىدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنبەردە تۇرۇپ مۇنداق دېگەن: مەن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ: ئەمەل نىيەتكە باغلىق بولۇپ، كىشى پەقەت نىيەت قىلغىنىغا ئېرىشىدۇ. كىمكى الله ۋە اللەنىڭ رەسۇلىنىڭ رازىلىقىنى كۆزلەپ ھىجرەت قىلىدىكەن، كۆزلىگىنىگە ئېرىشىدۇ. قانداق بىر ئادەمنىڭ ھىجرىتى ئازغىنە دۇنياغا ئېرىشىش ياكى بىر ئايالغا ئۆيلىنىش بولسا، پەقەت شۇنىڭغىلا ئېرىشىدۇ دېگەنلىكىنى ئاڭلىغانىدىم. (تىرمىزى: 2201؛ بۇخارى: 1)

ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما رىۋايەت قىلىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ

ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: الله بىر قەۋمگە ئازاب چۈشۈرسە، ئازاب ئۇلارنىڭ ھەممىسىگە تېگىدۇ. كېيىن ئۇلار ئۆز نىيەتلىرى بىلەن تىرىلدۈرۈلىدۇ. (بۇخارى: 7108)

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: الله تائالا شەكلىڭلارغا، مال ـ مۈلكىڭلارغا قارىمايدۇ، بەلكى دىللىرىڭلارغا، ئىش ھەرىكىتىڭلارغا قارايدۇ. (ئىبنى ماجە: 4143)

## 784ـ سۇئال: ئىخلاسنىڭ ئەمەل ئىبادەتتىكى موھىم ھالقا ئىكەنلىكى

تەسەۋۋۇف ئەھلى ئۈچۈن ئىخلاس ھەممىدىن موھىم. ئىخلاسى يوق سوپى ھېچ قانداق نەتىجىگە ئېرىشەلمەيدۇ. ئىخلاسسىز ئادەم ھەم سوپى بولالمايدۇ. ئاللاھنىڭ دوستى بولۇشتىن، ئاشىقلىقتىن ئىغىز ئاچالمايدۇ.

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىمكى تاھارەتنى كامىل ئالغاندىن كېيىن، جۈمە نامىزىغا كېلىپ، خۇتبىنى ئىخلاس بىلەن تىڭشىسا، ئۇنىڭ شۇندىن كېيىنكى ئون كۈنلۈك گۇناھلىرى مەغپىرەت قىلىنىدۇ. كىمكى خۇتبە ئوقۇلۇۋاتقاندا يەردىكى ئۇششاق تاشنى ئوينىسا، بۇ ساۋابتىن قۇرۇق قالىدۇ. (مۇسلىم: 857)

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مېيىتنىڭ نامىزىنى چۈشۈرگەندە، ئۇنىڭغا ئىخلاس بىلەن دۇئا قىلىڭلار! (ئىبنى ماجە: 1497)

ئەبۇ دەردا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ئى ئىيسا ! مەن سەندىن كېيىن بىر ئۇممەت ئەۋەتىمەن، ئۇلارغا بىر خۇشاللىق يەتكەن چاغدا، اللەقا ھەمدە ئېيتىپ، شۈكۈر قىلىدۇ. ئۇلارغا بىر مۇسىبەت يەتكەن چاغدا، سەۋر قىلىپ، مۇكاپاتنى اللەتىن تىلەيدۇ. ئۇلارنىڭ بۇنداق قىلىشىغا تۈرتكە بولغان ئامىل ئۇلاردىكى ئەقىل ۋە ئىلىم ئەمەس، بەلكى ئىخلاستۇر " دېدى. ئىيسا ئەلەيھىسسالام: "ئى پەرۋەردىگارىم! ئۇنداقتا بۇ قانداق بولىدۇ؟ " دەپ سورىدى. الله تائالا: "ئۇلارنىڭ ئىخلاسىغا تۈرتكە بولىدىغان ئەقىل ۋە ئىلمنى مەن بېرىمەن " دېدى. (ئەھمەد26997)

مۇسئەب ئىبنى سەئدتىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: (دادام) سەئد ئۆزىنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ باشقا كەمبەغەل ساھابىلىرىگە نىسبەتەن ئۈستۈن ئىكەنلىكىنى ھېس قىلغاندى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنىڭغا مۇنداق دېدى: الله بۇ ئۇممەتكە ئاجىزلارنىڭ نامىزى، دۇئالىرى ۋە ئىخلاسلىرى

سايىسىدا ياردەم بېرىدۇ. (نەسائى: 3178)

دۇئادىمۇ ئىخلاس بىلەن ئاللاھقا يۈزلىنىش، دۇئا ئىجابەت بولۇشىنىڭ، ئاللاھنىڭ ياردىمىگە ئېرىشىشىنىڭ موھىم ۋاستىسى. شۇڭا دۇئا قىلغاندا چوقۇم ئاللاھ تائالا دۇئالىرىمنى، ئىلتىجالىرىمنى ئاڭلاپ تۇرىدۇ، دېگەن نىيەتتە دۇئا قىلىش، دۇئانى ئىخلاس بىلەن، تىكىلىپ تۇرۇپ، تەكرار قىلىش ئارقىلىق ئاللاھنىڭ رەھمىتىگە زور ئۈمىدۋارلىق بىلەن يۈزلىنىش لازىم.

## 785-سۇئال: زىكىرنىڭ مەنىسى

روھنى پاكلاپ ئاللاھ رىزالىقىغا ئېرىشىشنىڭ موھىم بىر يولى داۋاملىق زىكىر تەسبىھ بىلەن بولۇشتۇر. زىكىر - لۇغەت ئېتىبارى بىلەن بىر نەرسىنى ئەسكە ئېلىش، ياد ئېتىش ۋە خاتىرلەش دېگەن مەنىلەرنى ئىپادىلىسە، شەرئەت ئىستىمالىدا زىكىر - ئاللاھ تائالانى ياد ئېتىش، ئۇنىڭ نېئمەتلىرىنى ئەسكە ئېلىش دېگەنلىكتۇر. زىكرى بولسا ئەڭ يەڭگىل ئىبادەتلەرنىڭ جۈملىسىدىن بولۇپ، ئۇ كىشىدىن تىرىشچانلىق، ۋاقىت ۋە مال- دۇنيا تەلەپ قىلمايدۇ. موسۇلمان ئادەم ھەر قانداق چاغدا، ھەر قانداق ئورۇندا بۇ ئىبادەتنى قىلىشقا قادىر بولالايدۇ. بەلكى ھەيزدار ياكى نىفاستىكى ئاياللارمۇ بۇ ئىبادەتنى ئادا قىلىشتىن چەكلەنمەيدۇ. زىكرى ئېيتىش ئاللاھ ناھايىتى ياخشى كۆرىدىغان، كاتتا ساۋاب ۋە باشقا ھېچقانداق بىر ئەمەلگە بەرمەيدىغان ئەجىر ئاتا قىلىدىغان بىر ئىبادەتتۇر. ئاللاھنى زىكرى قىلىش ھەر قانداق ۋاقىت ۋە ئورۇندا قىلغىلى بولىدىغان ئىبادەت.

## 786-سۇئال: زىكىرنىڭ شەرتى

زىكرى ئىبادىتىنىڭ بىرلا شەرتى بار، ئۇ بولسىمۇ زىكرىنى كۆپ ئېيتىش. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: « ئى مۆمىنلەر! ئاللاھنى كۆپ ياد قىلىڭلار، ئۇنىڭغا ئەتىگەن - ئاخشامدا تەسبىھ ئېيتىڭلار» [ ئەھزاب سۈرىسى 41 - 42 - ئايەتلەر]. « پەرۋەردىگارىڭنى يىلىنغان ۋە ئۇنىڭدىن ئەيمەنگەن ھالدا ئىچىڭدە ياد ئەتكىن، ئەتىگەندە - ئاخشامدا ئۈنى پەس ئاۋازدا زىكىر قىلغىن، غاپىللاردىن بولمىغىن» [ ئەئراف سۈرىسى 205 - ئايەت]. زىكرى مۇئەييەن چېكى ۋە ئاخىرقى نوقتىسى يوق بىر ئىبادەت.

## 787-سۇئال: نېمە ئۈچۈن قۇرئاندا ھەر قېتىم زىكرى تىلغا ئېلىنغاندا كۆپ قىلىش دېگەن ئىبارە بىرگە كېلىدۇ؟

زىكرى قىلىش ( ياد ئېتىش) بولسا ئۇنتۇش، ئۇنتۇپ قېلىشنىڭ قارمۇ- قارشىسىدۇر. زىكرى قىلىنىدىغان زات ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى، ئەڭ قۇدرەتلىك زات - ئاللاھدۇر. ئەڭ قۇدرەتلىك زاتنى بىر قېتىم ئەسلەپ قويۇپ كۆپىنچە چاغدا ئۇنتۇش

توغرا ئەمەس. ئەسلەپ تورۇش ئۇنتۇماسلىق، شۇكۇر ئېيتىش ئىنكار قىلماسلىق، ئىتائەت قىلىش ئاسىيلىق قىلماسلىق ئاللاھقا تەقۋالىق قىلىشنىڭ جۈملىسىدىندۇر. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:« ئى مۆمىنلەر ! ( مۇشرىكلاردىن) بىر جامائەگە ( يەنى دۈشمەن قوشۇنىغا) ئۇچراشقان چېغىڭلاردا ساباتلىق كۆرستىڭلار، مۇۋەپپىقىيەت قازىنىشىڭلار ئۈچۈن ئاللاھنى كۆپ ياد ئېتىڭلار » (سۈرە ئەنفال 45- ئايەت.)

## 788 -سۇئال: زىكىرنىڭ پەزىلىتى توغرىسىدىكى قۇرئان كەرىمنىڭ بايانلىرى ۋە زىكىرنىڭ مۇۋاپىقىيەت قازىنىشنىڭ ئاساسى ئىكەنلىكى

ئاللاھنى ئەسلەمەي تۇرۇپ مۇۋەپپىقىيەت قازانغىلى بولمايدۇ. ئاللاھنى ئەسلىمەي تۇرۇپ كېچە نامىزى، روزا، كۆزنى هارامدىن تارتىش، هايا، هجاب ۋە باشقا ئىبادەتلەرنى قانداقمۇ راۋرۇس قىلغىلى بولسۇن؟! ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:« ئاللاھنى كۆپ زىكرى قىلغۇچى ئەرلەر ۋە ئاللاھنى كۆپ زىكرى قىلغۇچى ئاياللارغا ئاللاھ مەغپىرەت ۋە كاتتا ساۋاب تەييارلىدى » [سۈرە ئەهزاب 35- ئايەت.] « سىلەرگە – ئاللاھنى، ئاخىرەت كۈنىنى ئۈمىد قىلىدىغان ۋە ئاللاھنى كۆپ زىكرى قىلغانلارغا- رەسۇلۇللاھ ئەلۋەتتە ياخشى ئۈلگىدۇر» [سۈرە ئەهزاب 21- ئايەت] « ئۇلار ئۆرە تۇرغاندىمۇ، ئولتۇرغاندىمۇ، ياتقاندىمۇ ئاللاھنى ئەسلەپ تۇرىدۇ» [سۈرە ئال ئىمران 191- ئايەت.] مۇۋەپپىقىيەت ۋە بەخت- سائادەتكە ئېرىشكۈچىلەرنىڭ كۆپىنچىسى خىزمەتتە بولسۇن، ھەتتا ئورۇش سەپلىرىدە بولسۇن ئاللاھنى كۆپ ئەسلەپ تۇرغۇچىلاردۇر.

## 789-سۇئال: زىكىردىن يىراق بولغۇچىلارنىڭ يامان ئاقىۋىتى

ئاللاھ تائالا مۇناپىقلارنى ئەيىبلەپ:« ئۇلار ئاللاھنى پەقەت ئازغىنە ياد ئېتىدۇ » دەيدۇ. [سۈرە نىسا 142- ئايەت.]

ئەبۇ هۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنهۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيهى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىمكى ئولتۇرغان جايىدا اللەنى زىكىر قىلمىسا، اللەنىڭ هۇزۇرىدا پۇشايمانغا قالىدۇ. كىمكى ياتقان جايىدا اللەنى زىكىر قىلمىسا، اللەنىڭ هۇزۇرىدا پۇشايمانغا قالىدۇ. (ئەبۇ داۋۇت: 4856)

ئەبۇ هۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنهۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيهى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: قانداق بىر جامائەت ئولتۇرغان سورۇندىن اللەنى زىكىر قىلماستىن قوپۇپ كەتسە، ئېشەكنىڭ تېپى (ئۆلۈكى) بار جايدا ئولتۇرۇپ قوپقاندەك بولىدۇ. بۇ، ئۇلار ئۈچۈن ھەسرەت ئېلىپ كېلىدۇ. (ئەبۇ داۋۇت: 4855)

## 790-سۇئال: ئاللاھنى زىكىر قىلىشنىڭ پايدىلىرى

ئەبۇ ئابدۇرراهمان مۇئاز ئىبنى جەبەل رەزىيەللاھۇ ئەنهۇدىن رىۋايەت

قىلىندۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: اللەنىڭ ئازابىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن اللەنى زىكىر قىلىشتىنمۇ ياخشىراق ئەمەل يوقتۇر. (مالىك: 490)

ئۇبەي ئىبنى كەئب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىندۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم كېچىنىڭ ئۈچتىن ئىككى قىسمى ئۆتكەندە ئورنىدىن تۇرۇپ مۇنداق دەيتتى: ئى ئىنسانلار! اللەنى زىكىر قىلىڭلار، اللەنى زىكىر قىلىڭلار! بىرىنچى سۇر چېلىنىدۇ، ئارقىدىنلا ئىككىنچى سۇر چېلىنىدۇ. ۋەھىملىك ئۆلۈم يېقىنلىشىپ كەلمەكتە. (تىرمىزى: 2457)

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بىرىڭلار ئۇخلاپ قالغاندا، شەيتان ئۇنىڭ بېشىنىڭ ئارقا تەرىپىگە ئۈچ چىگىك چىگىپ، ھەر بىر چىگىككە: كېچە تېخى ئۇزۇن، قېنىپ ئۇخلىۋالغىن، دەپ پەپىلەپ قويىدۇ. ئەگەر ئۇ ئويغىنىپ، الله تائالانى زىكىر قىلسا، بىر چىگىك يېشىلىپ كېتىدۇ. تاھارەت ئالسا، ئىككىنچى چىگىك يېشىلىپ كېتىدۇ. ناماز ئوقۇسا، ئۈچىنچى چىگىك يېشىلىپ، روھلىنىپ كېتىدۇ. ئەگەر ئۇنداق قىلمىسا، ئېزىلەڭگۈ ۋە روھسىز ھالدا قوپىدۇ. (بۇخارى: 1142)

## 791-سوئال: زىكىرنىڭ تۈرلىرى

زىكىر - تىل، دىل، ئىش - ھەركەت، مۇئامىلات ۋە ئىقتىساد بىلەن ئورۇندىلىدۇ.

1 - تىل بىلەن ئورۇندىلىدىغان زىكىر - قۇرئان تىلاۋەت قىلىش، دۇئا قىلىش، ئاللاھ تائالاغا ھەمدۇسانا، تەكبىر، تەھلىل ۋە تەسبىھ ئېيتىش، شۇنداقلا ئاللاھ تائالانىڭ ئۇلۇغلىقىنى، كەمچىلىكلەردىن پاك ئىكەنلىكىنى ۋە چەكسىز قۇدرىتىنى تىلنىڭ ۋاستىسى بىلەن ئىپادىلەشتۇر.

«ئەرەفاتتىن قايتقان چېغىڭلاردا مەشئەرى ھەرامدا (يەنى مۇزدەلىفەدە) ئاللاھنى ياد ئېتىڭلار، ئاللاھ سىلەرنى ھىدايەت قىلغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنى ياد ئېتىڭلار» [ بەقەر سۈرىسى 198 - ئايەت].

بۇ ئايەتتىكى«ئاللاھنى ياد ئېتىڭلار» دېگەن بۇيرۇقتىن، تىل بىلەن زىكىر ئېيتىش كۆزدە تۇتۇلىدۇ. چۈنكى ھەج پائالىيەتلىرى ئورۇندىلىدىغان مۇقەددەس جايلارنىڭ ھەممىسى دۇئا ۋە زىكىرلەرنى كۆپ قىلىشقا بۇيرۇلغان جايلاردۇر. بۇجايلاردىكى زىكىرلەر تىل بىلەن ئورۇندالغاندەك دىل بىلەنمۇ ئورۇندىلىدۇ.

2 - دىل (يەنى قەلب) بىلەن ئورۇندىلىدىغان زىكىر - ئاللاھ تائالانىڭ ئەزىمىتى، كائىناتتىكى گۈزەل سەنئەتلىرى ۋە ئاتا قىلغان نېئمەتلىرى ئۈستىدە پىكىر يۈرگۈزۈش، ئاللاھ تائالانىڭ ئازابىدىن قورقۇش ۋە رەھمىتىدىن، ياردىمىدىن ئۈمىتۋار بولۇشتىن

ئىبارەتتۇر. دىل بىلەن ئورۇندىلىدىغان زىكىر مۇنۇ ئايەتتە ئىپادىلىنىدۇ: « شۈبھىسىزكى، ئاسمانلارنىڭ ۋە زېمىننىڭ يارىتىلىشىدا، كېچە بىلەن كۈندۈزنىڭ نۆۋەتلىشىپ تۇرۇشىدا، ئەقىل ئىگىلىرى ئۈچۈن ئەلۋەتتە، روشەن دەلىللەر بار. ئۇلار ئۆرە تۇرغاندىمۇ، ئولتۇرغاندىمۇ، ياتقاندىمۇ ئاللاھنى ئەسلەپ تۇرىدۇ، ئاسمانلارنىڭ ۋە زېمىننىڭ يارىتىلىشى توغرىسىدا پىكىر يۈرگۈزىدۇ» [ ئال ئىمران سۈرىسى 190 - 191 - ئايەتلەر].

3 - ئىش - ھەركەت بىلەن ئورۇندىلىدىغان زىكىر - ئاللاھ تائالانىڭ بۇيرىغانلىرىنى ئورۇنلاش يۈزىسىدىن ناماز ئوقۇش، ھەج - ئۆمرە قىلىش، جىھاد قىلىش، ئاتا - ئانىنىڭ، ۋەتەننىڭ، دىنىنىڭ ۋە خەلقنىڭ خىزمىتىدە بولۇش، ياشانغانلارنىڭ، ئاجىزلارنىڭ كۆچى يەتمىگەن ئىشلىرىنى قىلىپ بېرىش ۋە باشقىلار. ئىش - ھەركەت بىلەن قىلىنىدىغان زىكىرنىڭ مىساللىرى قۇرئان ۋە ھەدىسلاردا ناھايىتى كۆپتۇر. قىسقىسى، بەدەن ۋە ئەزالارنىڭ ۋاستىسى بىلەن ئورۇندىلىدىغان ئىبادەتلەرنىڭ ھەممىسى ئىش - ھەركەت بىلەن ئورۇندىلىدىغان زىكىر دائىرىسىگە كىرىدۇ.

4. ئىقتىساد بىلەن ئورۇندىلىدىغان زىكىر - ئاللاھ تائالانى ۋە ئۇنىڭ ئاتا قىلغان نېئمەتلىرىنى ئەسكە ئالغان ھالدا، ئاللاھ تائالا بۇيرىغان زاكاتنى ئادا قىلىش، يوقسۇللارغا ماددىي ياردەم قىلىش، يېتىملارنىڭ بېشىنى سىلاش ۋە ئۇلارغا خەير - ساخاۋەت قىلىش، سەدىقە بېرىش ۋە باشقىلار.

« پەقەت ئاللاھ ياد ئېتىلسە دىللىرىدا قورقۇنچ پەيدا بولىدىغان، ئاللاھنىڭ ئايەتلىرى تىلاۋەت قىلىنسا ئىمانى كۈچىيىدىغان، پەرۋەردىگارىغا تەۋەككۇل قىلىدىغان كىشىلەرلا (كامىل) مۆمىنلەردۇر. ئۇلار (مۇكەممەل رەۋىشتە) ناماز ئوقۇيدۇ، بىز ئۇلارغا رىزىق قىلىپ بەرگەن پۇل ــ مالدىن (خۇدا يولىدا)سەرپ قىلىدۇ » [ئەنفال سۈرىسى2 - 3 - ئايەتلەر].

5 - مۇئامىلات بىلەن ئورۇندىلىدىغان زىكىر - ئاللاھ تائالانىڭ كۆرسەتمىلىرىنى ئەسكە ئالغان ھالدا، ئېلىم - سېتىمدا راستچىل بولۇش، ۋەدىگە ۋاپادار بولۇش، ئامانەتكە ئىشەنچلىك بولۇش، كىشىلەرگە ياخشى سۆز قىلىش ۋە باشقىلار. مۇئامىلات بىلەن ئورۇندىلىدىغان زىكىر تۆۋەندىكى ئايەتتە ئىپادىلىنىدۇ: « ناماز ئوقۇلۇپ بولغاندا (يەنى نامازدىن پارىغ بولغىنىڭلاردىن كېيىن) زېمىنغا تارىلىپ (يەنى ئۆز مەشغۇلاتىڭلار بىلەن بولۇپ)، ئاللاھنىڭ پەزلىدىن تەلەب قىلىڭلار، مەقسىتىڭلارغا ئېرىشىش ئۈچۈن ئاللاھنى كۆپ ياد ئېتىڭلار» [ جۇمۇئە سۈرىسى10 - ئايەت]

زىكىر ــ كۆپىنچە كىشىلەرنىڭ چۈشەنگىنىدەك، كۆڭۈل بىلەن ئەقىل غاپىل ھالدا

تىل بىلەنلا ئورۇندىلىدىغان ئىبادەت ئەمەس. زىكىرنىڭ ئەڭ ياخشىسى تىل بىلەن قەلب بىرلەشكەن زىكىردۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر ھەدىسىدە: « زىكىرنىڭ ئەڭ ئەۋزىلى لائىلاھە ئىللەللاھۇدۇر» دەپ كۆرسەتكەن. بۇ كەلىمە ئىسلام دىنىنىڭ شۇئارى، جەننەتنىڭ ئاچقۇسى ۋە مۇسۇلمانلىقنىڭ بەلگىسىدۇر. بۇ كەلىمىنى تىل بىلەن ئوقۇپ دىل بىلەن ئۇنىڭ مەنىسىنى تەستىق قىلغاندىلا بۇ كەلىمە ئۆز ئىپادىسىنى تاپقاندەك، زىكىرمۇ تىل ۋە دىل ھەر ئىككىسىنىڭ ئىشتىراك قىلىشى بىلەنلا ئەڭ ياخشى ئىپادىسىنى تاپىدۇ.

## 792-سۇئال: زىكىرنىڭ پەزىلىتى

قۇرئان كەرىم ئاللاھ تائالاغا زىكىر ئېيتىشنىڭ پەزىلىتىنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «ئاللاھنى كۆپ زىكىر قىلغۇچى ئەرلەر ۋە ئاللاھنى كۆپ زىكىر قىلغۇچى ئاياللارغا ئاللاھ مەغپىرەت ۋە كاتتا ساۋاب تەييارلىدى». [ئەھزاب سۈرىسى 35 - ئايەت]. « مېنى ياد ئېتىڭلار، مەنمۇ سىلەرنى ياد ئېتىمەن» سۈرە بەقەرە 152- ئايەت.

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ :« ئىمان ئېيتقانلار، ئۇلارنىڭ دىللىرى ئاللاھنى ياد ئېتىش بىلەن ئارام تاپىدۇ، بىلىڭلاركى، دىللار ئاللاھنى ياد ئېتىش بىلەن ئارام تاپىدۇ » [سۈرە رەئدە 28- ئايەت] ئاللاھنى كۆپ ئەسلەشنىڭ دىللارنى ئارام تاپتۇرۇش، تىنچلاندۇرۇش ۋە خاتىرجەم قىلىشتەك پايدىلىرى بار بولۇپ، كۆپ زىكرى ئېيتىش دائىم قايغۇ ۋە ئىزتىراپتا ئۆتىدىغان، پسىخىك دوختۇرلاردىن قاچىدىغان بىمارلارغا داۋادۇر. ئادەملەر ئاللاھنى ئەسلىمەسلىك ۋە ئاللاھدىن يۈز ئۆرۈش سەۋەبىدىن غەم- قايغۇغا گىرىپتار بولىدۇ. بۇ مەنىدە ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ: «كىمكى مېنىڭ زىكرىمدىن يۈز ئۆرۈيدىكەن، ئۇنىڭ ھاياتى تار ( يەنى خاتىرجەمسىز ) بولىدۇ، قىيامەت كۈنى ئۇنى بىز كور قوپۇرىمىز» [سۈرە تاھا 124- ئايەت.]

ئاللاھنى ئەسلەشتە بارچە مۇشكۈللەرگە ئىلاج ۋە بارچە قىيىنچىلىقلارغا چىقىش يولى بار. ئاللاھنى ئەسلەشتىن غەپلەتتە قالغاندا، ئىنسان تۈگىمەس ـ پۈتمەس غەمگە مۇپتىلا بولىدۇ. ئۇنى شەيتان چاڭگىلىغا ئېلىۋالىدۇ. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: « كىمكى مېھرىبان ئاللاھنى ياد ئېتىشتىن ( يەنى قۇرئاندىن) يۈز ئۆرۈيدىكەن بىز ئۇنىڭغا شەيتاننى مۇسەللەت قىلىپ قويىمىز (شەيتان ئۇنى ۋەسۋەسە قىلىدۇ )، شەيتان ئۇنىڭغا ھەمىشە ھەمراھ بولىدۇ » [سۈرە زۇخرۇف 36- ئايەت.]

ئاللاھ تائالا مۆمىنلەرنى مال- دۇنيانىڭ ئۇلارنى ئاللاھنى ياد ئېتىشتىن غەپلەتتە قويۇشىدىن ئاگاھلاندۇرۇپ مۇنداق دەيدۇ: « ئى مۆمىنلەر! ماللىرىڭلار ۋە بالىلىرىڭلار سىلەرنى ئاللاھنىڭ زىكرىدىن ( يەنى ئاللاھنىڭ تائەت ـ ئىبادىتىدىن ) غەپلەتتە

قالدۇرمىسۇن، كىمكى شۇنداق قىلىدىكەن، ئۇلار زىيان تارتقۇچىلاردۇر » [سۇرە مۇناپىقۇن 9- ئايەت.] قانداق ئادەمنى بالىلىرى، مال- دۇنياسى ئاللاھنى ياد ئېتىشتىن توسۇپ قويسا، ئۇنداق كىشى ئۇچۇق زىيان تارتىدۇ.

ئادەمنى ھەيران قالدۇرىدىغان بىر ئىش- ئاللاھنىڭ پۈتۈن چوڭ ئىبادەتلەرنىڭ خاتىمىسىنى زىكرى بىلەن باغلاپ قويۇشىدۇر. سىز قانداقلىكى بىر چوڭ ئىبادەتنى ئادا قىلماڭ، ئۇنىڭغا زىكرى ئەگىشىپ كېلىدۇ. ناماز- زىكرىدۇر. نامازدىن كېيىن يەنە زىكرى بار، ئۇ بولسىمۇ ــ دۇئا. روزىمۇ ھەم شۇنداق. ئاللاھ تائالا بىر نەچچە ئورۇندا روزا تۇتقاندا دۇئا قىلىشقا بۇيرۇيدۇ. دۇئا دېگەن زىكرىدۇر. ھەجمۇ، ناماز، روزىغا ئوخشاش. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: « سىلەر ھەجگە ئائىت ئىبادەتلەرنى ئادا قىلغاندىن كېيىن، ئاللاھنى بولسا ئاتا- بوۋاڭلارنى ( پەخرلىنىپ ) ياد ئەتكەندەك ياكى ئۇنىڭدىنمۇ زىيادە ياد ئېتىڭلار » [سۇرە بەقەرە 200- ئايەت.]

ئاللاھ ناماز ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: « نامازدىن پارىغ بولغىنىڭلاردا ئۆرە تۇرغان، ئولتۇرغان ۋە ياتقان ھالەتلىرىڭلاردا ئاللاھنى ياد ئېتىڭلار » [سۇرە نىسا 103- ئايەت]

جۈمە نامىزىنىڭ شەرىپى، ئورنىنىڭ يۇقىرىلىقى ۋە پەزىلىتىنىڭ كاتتىلىقى زىكرى بىلەن خاسلاشتۇرۇلدى. ئاللاھ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: « ناماز ئوقۇلۇپ بولغاندا ( يەنى جۈمە نامىزىدىن پارىغ بولغىنىڭلاردىن كېيىن ) زېمىنغا تارىلىپ ( يەنى ئۆز مەشغۇلاتىڭلار بىلەن بولۇپ) ئاللاھنىڭ پەزلىدىن تەلەپ قىلىڭلار، مەقسىتىڭلارغا ئېرىشىش ئۈچۈن ئاللاھنى كۆپ ياد ئېتىڭلار » [سۇرە جۈمئە 10- ئايەت.]

ئاللاھ تائالا ئەڭ كاتتا ئىبادەت نامازنىڭ نىشانىنى زىكرى قىلدى. ئاللاھ تائالا مۇسا ئەلەيھىسسالامغا مۇنداق ئەمىر قىلىدۇ :« مېنى زىكرى قىلىش ئۈچۈن ناماز ئوقۇغىن» [سۇرە تاھا 14- ئايەت. ]

ناماز، باشتىن- ئاخىرغىچە زىكرى بىلەن تولغان. قىرائەت قىلىش- زىكرى، روكۇ قىلىش ــ زىكرى، سەجدە قىلىش ــ زىكرى، تەشەھھۇد- زىكرى ۋەھەكەزالار....

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىزگە ھەقىقى ھاياتنىڭ قەلبىنىڭ ھايات بولىشدا ئىكەنلىكى، قەلبىنىڭ ھايات بولۇشىنىڭ پەقەت ئاللاھنى زىكرى قىلىپ تورۇش بىلەنلا ھاسىل بولىدىغانلىقىنى ناھايىتى ئوچۇق بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: « ئاللاھنى ياد ئېتىپ تۇرىدىغان ئادەم بىلەن ئاللاھنى ياد ئېتىپ تۇرمايدىغان ئادەمنىڭ مىسالى خۇددى تىرىك ئادەم بىلەن ئۆلۈك ئادەمنىڭ مىسالىغا ئوخشايدۇ » (بۇخارى 6407- نومۇر.)

ئەڭ ئەۋزەل ئىش- سىزنىڭ ئاللاھ بىلەن ئۇنى ياد ئەتكەن ھالەتتە مۇلاقات

بولۇشىڭىزدۇر!!!

ئەبۇ دەردا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ساھابىلىرىغا: «سىلەرگە پەرۋەردىگارىڭلار دەرگاھىدا ئەڭ ياخشى سانىلىدىغان، مەرتىبەڭلەرنى ئەڭ يۇقىرى كۆتىرىدىغان، ئاللاھ يولىدا ئالتۇن ـ كۈمۈش سەرپ قىلغاندىنمۇ، دۈشمەنلەرلار بىلەن نەق مەيدان ئېلىشىپ جىھاد قىلغاندىنمۇ ياخشى سانىلىدىغان ئەمەلنى ئېيتىپ بېرەيمۇ؟» دېۋىدى، ساھابىلار ئۇ قايسى ئى رەسۇلۇللاھ؟ دەپ سوراشتى، بۇ ۋاقىتتا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا: « ئاللاھ تائالانى كۆپ ياد قىلىش » دەپ جاۋاب بەردى. [تىرمىزى رىۋايىتى].

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: اللەنىڭ يەر يۈزىدە كوچىلارنى ئايلىنىپ يۈرۈپ، زىكىر ئەھلىنى ئىزدەيدىغان پەرىشتىلىرى بار بولۇپ، ئۇلار اللەنى زىكىر قىلىۋاتقان بىر جامائەتنى تاپقان چېغىدا: ”كېلىڭلار، مانا تاپتۇق “ دەپ بىر ـ بىرىگە ئىندا قىلىدۇ ۋە دەرھال يىغىلىپ، قاناتلىرى بىلەن ئۇلارنىڭ ئەتراپىنى دۇنيا ئاسمىنىغا قەدەر ئورىۋالىدۇ. ئۇلارنى ھەممىدىن ئەڭ ياخشى بىلىپ تۇرغان پەرۋەردىگارى پەرىشتىلەردىن: ”بەندىلىرىم نېمە دەۋاتىدۇ؟ “ دەپ سورايدۇ. ئۇلار: ”بەندىلىرىڭ ساڭا تەسبىھ ئېيتىۋاتىدۇ، تەكبىر، ھەمدۇ سانا ئېيتىپ سېنى ئۇلۇغلاۋاتىدۇ “ دەيدۇ. الله: ”ئۇلار مېنى كۆرۈپتىمۇ؟ “ دەپ سورايدۇ. پەرىشتىلەر: ”ياق، سېنى كۆرمەپتۇ “ دەيدۇ. الله: ”ئەگەر ئۇلار مېنى كۆرگەن بولسا، ئۇلارنىڭ ھالى قانداق بولار ئىدى؟ “ دەيدۇ. پەرىشتىلەر: ”ئەگەر ئۇلار سېنى كۆرگەن بولسا، ئىبادەتنى تېخىمۇ كۆپ قىلغان بولاتتى. سېنى ئۇلۇغلاشنى، ساڭا ھەمدۇ سانا ئېيتىشنى ۋە تەسبىھ ئېيتىشنى يەنىمۇ كۆپ قىلغان بولاتتى “ دەيدۇ. الله: ”ئۇلار مەندىن نېمە تىلەيدىكەن؟ “ دەيدۇ. پەرىشتىلەر: ”سەندىن جەننەتنى تىلەيدىكەن “ دەيدۇ. الله: ”ئۇلار جەننەتنى كۆرۈپتىمۇ؟ “ دەيدۇ. پەرىشتىلەر: ”ياق. ئى رەببىمىز! سېنىڭ نامىڭ بىلەن قەسەمكى، ئۇلار جەننەتنى كۆرمەپتۇ “ دەيدۇ. الله: ”ئەگەر ئۇلار جەننەتنى كۆرگەن بولسا، ئۇلارنىڭ ھالى قانداق بولار ئىدى؟ “ دەيدۇ. پەرىشتىلەر: ”ئەگەر ئۇلار جەننەتنى كۆرگەن بولسا، ئۇلارنىڭ جەننەتكە بولغان تەشنالىقى، رىغبىتى تېخىمۇ كۈچلۈك بولغان بولاتتى “ دەيدۇ. الله: ”ئۇلار نېمىدىن پاناھ تىلەيدىكەن؟ “ دەيدۇ. پەرىشتىلەر: ”دوزاختىن پاناھ تىلەيدىكەن “ دەيدۇ. الله: ”ئۇلار دوزاخنى كۆرۈپتىمۇ؟ “ دەيدۇ. پەرىشتىلەر: ياق. ئى رەببىمىز! سېنىڭ نامىڭ بىلەن قەسەمكى، ئۇلار دوزاخنى

كۆرمەپتۇ “ دەيدۇ. اللە: ”ئەگەر ئۇلار دوزاخنى كۆرگەن بولسا، ھالى قانداق بولار ئىدى؟ “ دەيدۇ. پەرىشتىلەر: ”ئەگەر ئۇلار دوزاخنى كۆرگەن بولسا، ئۇنىڭدىن تېخىمۇ قورقىقان ۋە تېخىمۇ يىراقلا قاچقان بولاتتى “ دەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن، اللە: ”مەن سىلەرنى گۇۋاھ قىلىمەنكى، ئۇلارنىڭ گۇناھلىرىنى ئەپۇ قىلدىم “ دەيدۇ. پەرىشتىلەردىن بىرى: ”ئۇلارنىڭ ئىچىدە پالانى كىشى زىكىر ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى پەقەت ئۆزىنىڭ ئىشى ئۈچۈن كەلگەن ئىدى “ دەيدۇ. اللە: ”مۇنداق بىر جامائەت بىلەن سۆھبەتداش بولغان كىشى قۇرۇق قول قايتمايدۇ “ دەيدۇ. تىرمىزى يۇقىرىقى ھەدىسنىڭ ئوخشىشىنى ئەبۇ ھۇرەيرە ياكى ئەبۇ سەئىدتىن رىۋايەت قىلغان. (بۇخارى: 6408)

ئەبۇ مۇسا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: اللە زىكىر قىلىنىدىغان ئۆي بىلەن اللە زىكىر قىلىنمايدىغان ئۆينىڭ پەرقى تىرىك بىلەن ئۆلۈكنىڭ پەرقىگە ئوخشايدۇ. (مۇسلىم: 779)

ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: جەننەت باغچىلىرىدىن ئۆتكەن چېغىڭلاردا ئۇنىڭدىن بەھرىمەن بولىۋېلىڭلار! دېدى. ساھابىلەر: جەننەت باغچىلىرى نېمىدۇر؟ دەپ سورىغانىدى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: زىكىر سورۇنى، دەپ جاۋاب بەردى. (تىرمىزى: 3510)

ئەبۇ دەردا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: اللە تائالا قىيامەت كۈنى مەرۋايىتتىن ياسالغان مۇنبەرلەردە ئولتۇرىدىغان، يۈزلىرىدىن نۇر يېغىپ تۇرىدىغان بىر مۇنچە كىشىلەرنى تىرىلدۈرىدۇ، ئىنسانلارنىڭ ھەممىسى ئۇلارغا ھەۋەس بىلەن قارايدۇ. ئۇلار پەيغەمبەرمۇ ئەمەس، شېھىدمۇ ئەمەس، دېدى. بۇنى ئاڭلىغان بىر سەھرالىق تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ: ئى رەسۇلۇللاھ! ئۇلارنىڭ كىملىكىنى ئېيتىپ بەرگىن، تونۇۋالايلى! دېگەنىدى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: ئۇلار ھەر خىل قەبىلىلەردىن، ھەر قايسى شەھەرلەردىن كەلگەن بولۇپ، اللە ئۈچۈن بىر ـ بىرىنى دوست تۇتقان، اللەنىڭ زىكرى ئۈچۈن بىر يەرگە يىغىلغان ۋە ئۇنى زىكىر قىلغان كىشىلەردۇر، دېدى. (ئەلكەبىر)

ئەبۇ ئابدۇرراھمان مۇئاز ئىبنى جەبەل رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: اللەنىڭ ئازابىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن اللەنى زىكىر قىلىشتىنمۇ ياخشىراق ئەمەل يوقتۇر. (مالىك: 490)

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« بىر جامائە ئاللاھنى ياد ئېتىش ئۈچۈن بىر يەرگە يىغىلىشسا، پەرىشتىلەر ئۇلارنى ئورايدۇ، ئۇلارغا رەھمەت ياغدۇ، خاتىرجەملىك چۈشىدۇ، ئاللاھ ئۇلارنى ھوزۇرىدىكى پەرىشتىلەرنىڭ ئىچىدە تىلغا ئالىدۇ» (مۇسلىم، 6795؛ تىرمىز 3378؛ ئىمام ئەھمەد 3- توم 92- نومۇر.)

ئاللاھ ھەدىس قۇددىسىيدە مۇنداق دەيدۇ:« بەندەم مېنى قانداق ئويلىسا، مەن ئۇنىڭ يېنىدا ئۇ ئويلىغان ھالەتتە بولىمەن. ئۇ مېنى ياد ئەتسە، ئۇنىڭ بىلەن بىرگە بولىمەن، يۇرىكىدە ياد ئەتسە، مەنمۇ ئۇنى يۇرىكىمدە ياد ئېتىمەن. ئەگەر ئۇ مېنى جامائەت ئىچىدە ياد ئەتسە، مەنمۇ ئۇنى ئېخىمۇ ياخشى بولغان جامائەت ئىچىدە ياد ئېتىمەن» (بۇخارى 6405؛ مۇسلىم 6773؛ ئىمام ئەھمەد 2- توم 251- نومۇر.)

رىۋايەتلەردە كېلىشىچە، بىر كۈنى سۇلايمان ئەلەيھىسسالام ۋەزىر- ۋۇزۇرالىرى ۋە ئەسكەرلىرى بىلەن ئېتىزدا تېرىقچىلىق قىلىۋاتقان ئاددىي بىر دېھقاننىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ قاپتۇ. ھېلىقى دېھقان سۇلايمان ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇ ھالىتىنى كۆرۈپ: داۋۇد ئائىلىسىدىكىلەر كاتتا شاھلاردىن بولۇپ كېتىپتۇغۇ دېگەن. سۇلايمان ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا قاراپ مۇنداق دېگەن: ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، مۆمىننىڭ سەھىپىسىگە خاتىرلەنگەن بىر تەسبىھ سۇلايمان ۋە ئۇنىڭ ئائىلىسىدىكىلەرگە ئاتا قىلىنغان شاھلىقتىن ياخشىدۇر، چۈنكى سۇلايمانغا ئاتا قىلىنغان نەرسىلەر يوقايدۇ، تەسبىھ قالىدۇ. ھەقىقەتەنمۇ مۇسۇلمان كىشىنىڭ ئەڭ ياخشى ھالىتى ئۇنىڭ ئاللاھ تائالانى ياد قىلىش بىلەن مەشغۇل بولىۋاتقان چاغلىرىدىكى ھالىتىدۇر. ئاللاھ تائالا بىلەن مەنىۋىي مۇلاقاتتا بولغان ۋە ئۇنىڭغا مۇناجات قىلغان ۋاقىتتىكى ھۇزۇر -ھالاۋەتنىڭ لەززىتىنى پەقەت تېتىغانلارلا بىلىدۇ.

## 793- سۇئال: زىكىرنىڭ ئەدەپلىرى

زىكىرنىڭ ئەڭ ئاساسلىق ئەدەبلىرى - ھەرقانداق بىر ئىبادەت ئۈچۈن زۆرۈر بولغان، ھەتتا ئۇنىڭ قوبۇل بولىشى ئۈچۈن شەرت قىلىنغان نىيەت، ئىخلاس، مۇھەببەت، كەمتەرلىك ۋە باشقىلاردۇر. زىكىرنىڭ باشقىمۇ ئەدەبلىرى بولۇپ، ئۇلار تۆۋەندىكىچە:

1 - زىكىرنى ئاۋاز چىقارماستىن ئىچىدە ئېيتىش. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر كۈنى سەپەر ئۈستىدە ئاۋازلىرىنى كۆتىرىپ زىكىر ئېيتىۋاتقان كىشىلەرگە خىتاب قىلىپ، « ئەي ئىنسانلار! ئۆزۈڭلارنى تۇتۇۋېلىڭلار، ئەلۋەتتە سىلەر قۇلىقى ئېغىر ياكى سىلەردىن يىراقتىكى بىرىنى چاقىرىۋاتمايسىلەر. سىلەر مۇناجات قىلىۋاتقان زات - سىلەرگە ئەڭ يېقىن ۋە ھەممىنى ئاڭلاپ تۇرغۇچى زاتتۇر. ئۇ سىلەرگە سىلەر ئۈستىگە مىنىپ كېتىۋاتقان ئۇلاقلىرىڭلاردىنمۇ بەك يېقىندۇر» دېگەندى. [بۇخارىي رىۋايىتى].

2 ـ ئاللاھ تائالانى زىكىر قىلغاندا ئوقۇلغان تەسبىھ، تەھلىل ۋە تەكبىرلەرنى ئىمكان قەدەر ساناپ ئوقۇش. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر ھەدىسىدە مۇنداق دەپ كۆرسەتكەن:

دەسلەپكى مۇھاجىر ئاياللاردىن يۇسەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھا رىۋايەت قىلىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇلارغا مۇنداق دېگەن: ئى ئاياللار! اللە تائالاغا تەسبىھ، تەھلىل (لا ئىلاھە ئىللەللاھ) ۋە تەقدىس (ئۇلۇغلاش) ئېيتىشىڭلار لازىم. بۇلارنى بارمىقىڭلاردا ساناپ ئېيتىڭلار، چۈنكى بارماقلاردىن سورىلىدۇ ۋە ئۇلار سۆزلىتىلىدۇ. شۇڭا ھەرگىز غەپلەتتە قالماڭلار! بولمىسا، رەھمەتنى ئۇنتۇپ قالىسىلەر. (تىرمىزى: 3583)

3 ـ زىكىرنى پاك ھالەتتە ئەيتىش ياكى داۋاملىق ئۆزىنى پاك تۇتۇش.

مۇھاجىر ئىبنى قۇنفۇز رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قېشىغا بارسام، ئۇ كىچىك تەرەت قىلىۋاتقانىكەن، سالام بەرگەنىدىم، تاھارەت ئېلىپ بولغاندىن كېيىن سالىمىمنى قايتۇردى. ئاندىن ئۆزرە ئېيتىپ: مەن تاھارەتسىز ھالدا اللەنى زىكىر قىلىشنى ياقتۇرمىدىم دېدى. (ئەبۇ داۋۇت: 17)

## 794ـسۇئال: زىكىرنى تەرك ئېتىشنىڭ گۇناھى

ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە: « مېنى تائەت ـ ئىبادەتلەر ۋە زىكىر ـ تەسبىھلەر بىلەن ياد ئېتىڭلار، ( مېنى ياد ئەتسەڭلار) مەنمۇ سىلەرنى (ئەمەلىڭلارغا ساۋاب بېرىش ۋە گۇناھىڭلارنى مەغپىرەت قىلىش بىلەن) ياد ئېتىمەن. ماڭا شۈكۈر قىلىڭلار، ناشۈكۈرلۈك قىلماڭلار» [بەقەر سۈرىسى 152 ـ ئايەت] دەپ كۆرسەتكەن.

ئاللاھ تائالانى ياد ئېتىشتىن خالى بولۇش ئۇنىڭغا ۋە ئۇ ئاتا قىلغان نېئمەتلەرگە ناشۈكۈرلۈك قىلغانلىق بولىدۇ. ناشۈكۈرلۈك ئەڭ ئېغىر گۇناھ بولۇپ، ئۇ قۇرئاننىڭ تەبىرى بىلەن نېئمەتكە كۇپۇرلۇق قىلىش دېيىلىدۇ. تەبىئىيكى، ئاللاھ تائالانىڭ نەزەرىدە ئەڭ ئېغىر سانالغان گۇناھلارلا كۇپرىلىق دەپ سۈپەتلىنىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر ھەدىسىدە: « ئاللاھ تائالانى ياد ئېتىپ تۇرىدىغان ئادەم تىرىككە، ئۇنى ياد قىلمايدىغان ئادەم ئۆلۈككە ئوخشاشتۇر» دەپ كۆرسەتكەن[ بۇخارىي رىۋايىتى]. دېمەك ئاللاھ تائالانى ياد ئەتمىگەن ۋە ئۇنىڭ نېئمەتلىرىگە شۈكۈر قىلىشنى ئۇنتۇپ كەتكەنلەر ئاللاھ تائالانىڭ نەزەرىدە ئۆلۈكلەردۇر.

## 795ـسۇئال: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تەلىم بەرگەن زىكىر تەسبىھلەر

1. قۇرئان تىلاۋەت قىلىش. 2. ئىستىغپار ئەيتىش.

3. تەسبىھ، ھەمدى، تەكبىر ئەيتىش 4. كەلىمە تەۋھىدنى ئوقۇش

5. كىلىمە تەمجىدنى ئوقۇش 6. دۇئانى كۆپ قىلىش
7. تەھلىلنى كۆپ ئوقۇش 8. دۇرۇد ئەيتىش
9. ئاللاھنى كۆپ زىكىر قىلىش

## 796-سوئال: قۇرئان تىلاۋەت قىلىشنىڭ پەزىلىتى

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: قانداق بىر قەۋم اللەنىڭ ئۆيلىرىدىن بىرىدە يىغىلىپ ئولتۇرۇپ، اللەنىڭ كىتابىنى تىلاۋەت قىلىپ، ئۆزئارا ئۆگىنىشىپ ئولتۇرىدىغانلا بولسا، ئۇلارغا خاتىرجەملىك چۈشىدۇ، رەھمەت ياغىدۇ، ئۇلارنىڭ ئەتراپىنى پەرىشتىلەر چۆرىدەپ تۇرىدۇ، الله ئۇلارنى ھۇزۇرىدىكىلەرنىڭ ئالدىدا تىلغا ئالىدۇ. (مۇسلىم: 2699)

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: قىيامەت كۈنى، قۇرئان كېلىپ: ئى رەببىم ! ئۇنى (قۇرئان ئوقۇغۇچىنى) زىننەتلىگىن! دەيدۇ. ئۇنىڭغا كارامەت تاجى كىيدۈرىلىدۇ. ئاندىن يەنە: ئى رەببىم! ئۇنىڭغا تېخىمۇ زىيادە ئىلتىپات قىلغىن، دەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن، ئۇنىڭغا كارامەت تونى كىيدۈرىلىدۇ، ئاندىن يەنە: ئى رەببىم! ئۇنىڭدىن رازى بولغىن! دەيدۇ. الله ئۇنىڭدىن رازى بولۇپ كېتىدۇ ھەمدە ئۇنىڭغا: ئوقۇپ ئۆرلەۋەرگىن! دېيىلىپ، ھەر بىر ئايەتكە بىر دەرىجە قوشۇپ بېرىلىدۇ. (تىرمىزى: 2915)

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: قۇرئان ئوقۇشقا ماھىر (يەنى يادقا ۋە مۇكەممەل ئوقۇيالايدىغان) كىشى ھۆرمەتلىك، ياخشى پۈتۈكچى پەرىشتىلەر بىلەن بىللە بولىدۇ. قۇرئاننى دۇدۇقلاپ قىينىلىپ ئوقۇيدىغان كىشىگە بولسا، قوش ئەجىر بېرىلىدۇ. (مۇسلىم: 798)

## 797-سوئال: ئىستىغپار ئەيتىشنىڭ پەزىلىتى

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: تىلغا ( ئېيتىلىشى) يەڭگىل، تارازىغا ئېغىر، اللەقا ئەڭ سۆيۈملۈك بولغان ئىككى كەلىمە بار. ئۇلار: "الله پاكتۇر، بارلىق ھەمدۇ سانا ئۇنىڭغا خاستۇر، الله پاكتۇر ۋە بۈيۈكتۇر " دېگەن كەلىمىلەردۇر. (بۇخارى: 6682)

يەنە بىر رىۋايەتتە مۇنداق دېيىلگەن: الله تائالا كېچىنىڭ ئۈچتىن بىرى ئۆتكەندە، دۇنيا ئاسمىنىغا چۈشۈپ، تاكى تاڭ ئاتقىچە: "ئىستىغفار ئېيتقۇچى بارمۇ؟ تۆۋبە قىلغۇچى بارمۇ؟ ھاجىتىنى تىلىگۈچى بارمۇ؟ دۇئا قىلغۇچى بارمۇ؟ " دەپ نىدا

قىلىدۇ. (مۇسلىم: 758)

## 798-سۇئال: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۈممەتلىرىنى كۆپ ئىستىغپار ئېيتىشقا رىغبەتلەندۈرگەنلىكى

ئەغەر مۇزەنىي رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: شەك شۈبھىسىزكى، بەزىدە قەلبىمنى غەپلەت قاپلايدۇ. ئەلۋەتتە، مەن اللەقا كۈندە يۈز قېتىم ئىستىغفار ئېيتىمەن. (مۇسلىم: 2702)

## 799-سۇئال: سەييىدۇل ئىستىغپارنىڭ پەزىلىتى

شەدداد ئىبنى ئەۋس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: تۆۋەندىكى دۇئا دۇئالارنىڭ ئەڭ بۈيۈكىدۇر: **(ئاللاھۇممە ئەنتە رەببى لا ئىلاھە ئىللا ئەنتە خەلەقتەنى ۋە ئەنا ئەبدۇكە ۋە ئەنا ئەلا ئەھدىكە ۋەۋەئدىكى مەستەتەئتۇ ئەئۇزۇبىكە مىن شەررىما سەنەئتۇ ئەبۇئۇلەكە بىنىئمەتىكە ئەلەييە ۋەئەبۇئۇ بىزەنبى پەغپىرلىي زۇنۇبىي پەئىننەھۇ لا يەغپىرۇززۇنەبە ئىللا ئەنتە )** ئى اللە! سەن مېنىڭ رەببىمسەن، سەندىن باشقا ئىلاھ يوقتۇر. سەن مېنى ياراتتىڭ، مەن سېنىڭ قۇلۇڭمەن. كۈچۈمنىڭ يېتىشىچە سېنىڭ ئەھدى پەرمانىڭدىمەن. قىلغان گۇناھلىرىمنىڭ يامانلىقىدىن ساڭا سېغىنىپ پاناھ تىلەيمەن، ماڭا ئاتا قىلغان نېئمەتلىرىڭنى ئېتىراپ قىلىمەن، گۇناھىمنىمۇ ئېتىراپ قىلىمەن، مېنىڭ گۇناھلىرىمنى مەغپىرەت قىلغىن، سەندىن باشقا ھېچكىم گۇناھلارنى كەچۈرەلمەيدۇ. كىمكى چىن كۆڭلىدىن ھەقىقي ئىشىنىپ، بۇ دۇئانى كۈندۈزى ئوقۇسا ۋە (شۇ كۈنى) كەچ كىرىشتىن بۇرۇن ئۆلسە، ئۇ جەننەت ئەھلىدىن بولىدۇ. كىمكى چىن كۆڭلىدىن ھەقىقي ئىشىنىپ، بۇ دۇئانى كەچقۇرۇن ئوقۇسا ۋە (شۇ كېچە) تاڭ ئېتىشتىن بۇرۇن ئۆلسە، ئۇ جەننەت ئەھلىدىن بولىدۇ. (بۇخارى: 6306)

## 800-سۇئال: تەسبىھ، ھەمدى، تەكبىر ئېيتىشنىڭ پەزىلىتى

سەفىنە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: تارازىدا ئېغىر كېلىدىغان مۇنۇ بەش نەرسىگە ھەيرانمەن: "اللە پاكتۇر" ، "ھەمدۇ سانا اللەقا خاستۇر" ، "اللەتىن باشقا ئىلاھ يوق " ، "اللە بۈيۈكتۇر " دېگەن كەلىمىلەر ۋە ئازارغا ئۇچرىغان ياخشى ئادەمنىڭ سەۋر تاقىتى. (ئەلئەۋسەت)

كەئب ئىبنى ئۇجرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەر پەرز نامازدىن كېيىن 33 قېتىم "سۇبھانەللاھ" ، 33 قېتىم "ئەلھەمدۇلىللاھ" ، 34 قېتىم "ئاللاھۇ ئەكبەر "

دېگەن كىشى جەننەتتىن مەھرۇم قالمايدۇ. (مۇسلىم: 596)

يەنە بىر رىۋايەتتە: ھەر نامازدىن كېيىن 33 قېتىم "سۇبھانەللاھ"، 33 قېتىم "ئەلھەمدۇلىللاھ"، 33 قېتىم "ئاللاھۇ ئەكبەر" دېسە، ئاندىن بۇ 99 نى «لا إله إلّا اللّهُ وحْدهُ لا شريك لهُ لهُ الْمُلْكُ ولهُ الْحمْدُ وهُو على كلّ شيْءٍ قديرٌ* » (لائىلاھە ئىللەللاھۇ ۋەھدەھۇ لاشەرىيكە لەھۇ لەھۇلمۇلكۇ ۋەلەھۇل ھەمدۇ ۋەھۇۋە ئەلا كۇللى شەيئىن قەدىير) (يېگانە اللەتىن باشقا ھېچ بىر ئىلاھ يوقتۇر، پادىشاھلىق اللەقا مەنسۇپتۇر، جىمى ھەمدۇ سانا اللەقا خاستۇر، الله ھەر نەرسىگە قادىردۇر) " دېگەن كەلىمە بىلەن 100 قىلسا، دېڭىزنىڭ كۆپۈكىدەك كۆپ گۇناھى بولسىمۇ، ھەممىسى مەغپىرەت قىلىنىدۇ دېيىلگەن. (مۇسلىم: 597)

## 801-سۇئال: كەلىمە تەۋھىدنى ئوقۇشنىڭ پەزىلىتى

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنغان ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: كىمكى كۈندە يۈز قېتىم: "يالغۇز اللەتىن باشقا ئىلاھ يوق، ئۇنىڭ شېرىكى يوق، پادىشاھلىق ئۇنىڭغا خاستۇر، بارلىق ھەمدۇ سانا ئۇنىڭغا خاستۇر، ئۇ ھەممە نەرسىگە قادىردۇر " دېسە، ئون قۇل ئازاد قىلغان ۋە يۈز ياخشىلىق قىلغاننىڭ ساۋابى بېرىلىدۇ، يۈز گۇناھى ئۆچۈرۈلىدۇ، (شۇ كۈنى) كەچ كىرگىچە شەيتاننىڭ يامانلىقىدىن ساقلىنىدۇ. ئۇ كەلىمىنى ئۇنىڭدىنمۇ كۆپ زىكرى قىلغانلاردىن باشقا ھېچكىم (شۇ كۈن ئىچىدە) ئۇنىڭچىلىك ساۋابلىق ئىش قىلالمىغان بولىدۇ. كىمكى: "الله پاكتۇر، بارلىق ھەمدۇ سانا ئۇنىڭغا خاستۇر " دېگەن سۆزنى يۈز قېتىم ئېيتسا، دېڭىز كۆپۈكىدەك كۆپ گۇناھى بولسىمۇ كەچۈرۈلىدۇ. (مۇسلىم: 2691)

ئەبۇ ئەييۇب ئەنسارى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىمكى ئون قېتىم: "يالغۇز اللەتىن باشقا ئىلاھ يوق، ئۇنىڭ شېرىكى يوق، پادىشاھلىق ئۇنىڭغا خاستۇر، بارلىق ھەمدۇ سانا ئۇنىڭغا خاستۇر ۋە ئۇ ھەممە نەرسىگە قادىردۇر " دېسە، ئىسمائىل ئەۋلادىدىن ئون قۇلنى ئازاد قىلغاننىڭ ساۋابىنى ئالىدۇ. (مۇسلىم: 2693)

ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىمكى بازارغا كىرگەندە: "يالغۇز اللەتىن باشقا ئىلاھ يوق، ئۇنىڭ شېرىكى يوقتۇر، پادىشاھلىق ئۇنىڭغا خاستۇر. بارلىق ھەمدۇ سانا ئۇنىڭغا خاستۇر، ئۇ ئۆلتۈرىدۇ ۋە تىرىلدۇرىدۇ. ئۇ ھەمىشە تىرىكتۇر، ھېچقاچان ئۆلمەيدۇ. ھەممە ياخشىلىق ئۇنىڭ ئىلكىدىدۇر ۋە ئۇ ھەممە نەرسىگە قادىردۇر " دېسە، الله

ئۇنىڭغا بىر مىليون ساۋاب يېزىپ، بىر مىليون گۇناھىنى ئۆچۈرۈپ تاشلايدۇ ۋە مەرتىۋىسىنى بىر مىليون دەرىجە يۇقىرى كۆتۈرىدۇ. (تىرمىزى: 3428)

## 802-سۇئال: كىلىمە تەمجىدنى ئوقۇشنىڭ پەزىلىتى

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم يوپۇرمىقى قۇرۇپ كەتكەن بىر تۈپ دەرەخنىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ، ھاسىسى بىلەن ئۇرغان ئىدى، غازاڭلار يەرگە تۆكۈلۈپ چۈشتى. ئاندىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېدى: "ھەمدۇ سانا ئاللاھقا خاستۇر، ئاللاھ پاكتۇر، ئاللاھتىن باشقا ئىلاھ يوقتۇر، ئاللاھ بۈيۈكتۇر " دېگەن كەلىمىلەر بەندىنىڭ گۇناھلىرىنى خۇددى مۇشۇ دەرەخنىڭ غازاڭلىرى تۆكۈلگەندەك تۆكۈۋېتىدۇ. (تىرمىزى: 3533)

ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مىراجغا چىققىنىمدا، ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام بىلەن ئۇچراشتىم. ئۇ ماڭا مۇنداق دېدى: ئۈممىتىڭگە مەندىن سالام دېگىن ! ئۇلارغا جەننەتنىڭ بەكمۇ چىرايلىق ئىكەنلىكىنى، تۇپىسىنىڭ مۇشكى ئەنبەر، سۈيىنىڭ بەكمۇ تاتلىق، يېرىنىڭ تۈپتۈز، تىكىلگەن دەرەخلىرىنىڭ: " «سبحان الله، والحمد لله، ولا إله إلا الله، والله أكبر» (سۇبھان ئاللاھى ۋەلھەمدۇلىللاھى ۋەلا ئىلاھە ئىللەللاھۇ ۋەللاھۇ ئەكبەر) ئاللاھ پاكتۇر، ھەمدۇ سانا ئاللاھقا خاستۇر، ئاللاھتىن باشقا ئىلاھ يوقتۇر ۋە ئاللاھ بۈيۈكتۇر " دېگەن سۆزدىن ئىبارەت ئىكەنلىكىنى بىلدۈرگىن! دېدى. (تىرمىزى: 3462)

## 803-سۇئال: دۇئادىن باش تارتقۇچىلارنىڭ جەھەننەمگە مۇپتىلا بولىدىغانلىقى

نۇئمان ئىبنى بەشىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: دۇئا ئىبادەتتۇر دېگەندىن كېيىن: {پەرۋەردىگارىڭلار ئېيتىدۇ: ماڭا دۇئا قىلىڭلار، مەن دۇئايىڭلارنى قوبۇل قىلىمەن (تىلىگىنىڭلارنى بېرىمەن)، شۈبھىسىزكى، مېنىڭ ئىبادىتىمدىن چوڭچىلىق قىلىپ باش تارتىدىغانلار خار ھالدا جەھەننەمگە كىرىدۇ} (سۈرە غافىر، 60 ـ ئايەت)دېگەن ئايەتنى ئوقۇغان. (تىرمىزى: 3372)

## 804-سۇئال: دۇئانى كۆپ قىلىشنىڭ پەزىلىتى

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئاللاھ تائالانىڭ نەزىرىدە دۇئادىنمۇ ئۇلۇغراق ئىبادەت يوق. (تىرمىزى: 3370)

**805-سۇئال: توغرا نىيەتتە قىلىنغان دۇئانىڭ ئىجابەت بولىدىغانلىقى**

جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئۇ پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان: ھەرقانداق بىر ئىنسان ھاجىتىنى تىلەپ دۇئا قىلغاندا، گۇناھ بولىدىغان ياكى ئۇرۇغ تۇغقانلىرىدىن مۇناسىۋەتنى ئۈزۈشكە ئېلىپ بارىدىغان ئىشنى تىلىمىگەنلا بولسا، اللە تائالا ئۇنىڭ تىلىگەن نەرسىسىنى بېرىدۇ. (تىرمىزى: 3381)

**806-سۇئال: تەھلىل ئوقۇشنىڭ پەزىلىتى**

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئىنسان چوڭ گۇناھلاردىن ساقلىنىپ، چىن قەلبىدىن: "اللەتىن باشقا ئىلاھ يوق " دېسە، ئۇ كەلىمىگە ئاسمانىنىڭ بارلىق ئىشىكلىرى ئېچىلىدۇ ۋە ئۇ تاكى ئەرشكىچە يېتىپ بارىدۇ. (تىرمىزى: 3590)

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىمكى بامدات نامىزىدىن كېيىن "سۇبھانەللاھ " نى 100 قېتىم، "لائىلاھە ئىللەللاھ" نى 100 قېتىم دېسە، دېڭىزنىڭ كۆپۈكىدەك كۆپ گۇناھى بولسىمۇ، ھەممىسى مەغپىرەت قىلىنىدۇ. (نەسائى: 1354)

ۋەھب ئىبنى مۇنەببەتىن: "اللەتىن باشقا ھېچ بىر ئىلاھ يوقتۇر " دېگەن كەلىمە جەننەتنىڭ ئاچقۇچى ئەمەسمۇ؟ دەپ سورالغاندى، ئۇ: توغرا، بىراق ھەر قانداق ئاچقۇچنىڭ چىشى بولىدۇ، چىشى بار ئاچقۇچنى ئېلىپ كەلسەڭ (قۇلۇپ) ئېچىلىدۇ، ئەمما چىشى يوق ئاچقۇچنى كۆتۈرۈپ كەلسەڭ ئېچىلمايدۇ، دېدى. (بۇخارى مۇئەللەق رىۋايەت قىلغان)

**807-سۇئال: مۇئمىنلەرنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا دۇرۇد ئەيتىشقا بۇيرۇلغانلىقى**

ئەبۇ مەسئۇد ئەنسارى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: بىز سەئد ئىبنى ئۇبادەنىڭ مەجلىسىدە ئىدۇق، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كىرىپ كەلدى. بەشىر ئىبنى سەئد ئۇنىڭدىن: ئى رەسۇلۇللاھ! اللە تائالا بىزنى ساڭا دۇرۇد ۋە سالام يوللاشقا بۇيرىدى، بىز ئۇنى قانداق قىلىمىز؟ دەپ سورىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام جاۋاب بەرمەي جىم تۇردى. بىز: "كاشكى سورىمىغان بولسىچۇ " دەپ ئويلىدۇق. كېيىن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېدى: " ئى اللە! ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ۋە ئۇنىڭ ئائىلىسىگە رەھمەت قىلغىنىڭدەك، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ۋە ئۇنىڭ ئائىلىسىگە رەھمەت قىلغىن. ئى اللە! ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ۋە ئۇنىڭ ئائىلىسىگە بەرىكەت ئاتا قىلغىنىڭدەك، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ۋە ئۇنىڭ ئائىلىسىگە بەرىكەت ئاتا قىلغىن !

ھەقىقەتەن سەن ماختاشقا لايىق بۈيۈك زاتسەن “ دەڭلار! سالام بولسا، سىلەر بىلگىنىڭلاردەك (يەنى تەشەھۇدتا ئولتۇرغاندا ئوقۇلىدىغان دۇئادۇر)(مۇسلىم: 405)

## 808-سۇئال: دۇرۇد ئېيتىشنىڭ پەزىلىتى

ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىمكى ماڭا بىر قېتىم سالام يوللىسا، الله ئۇنىڭغا ئون قېتىم سالام يوللايدۇ، ئون گۇناھىنى ئۆچۈرۈپ تاشلايدۇ ۋە مەرتىۋىسىنى ئون دەرىجە يۇقىرى كۆتۈرىدۇ. (نەسائى: 1297)

ئابدۇللاھ ئىبنى ئەبۇ تەلھە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: بىر كۈنى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام خۇشال خۇرام يېتىپ كەلدى. ئۇنىڭغا: ئى رەسۇلۇللاھ! يۈزۈڭدىن خۇشاللىق ئىپادىسى چىقىپ تۇرىدۇ، دېگەنىدۇق، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېدى: يېنىمغا بىر پەرىشتە كېلىپ مۇنداق دېدى: ”ئى مۇھەممەد ! رەببىڭ ساڭا سالام يوللىدى ۋە: كىمكى ساڭا بىر قېتىم دۇرۇت ئېيتسا، مەن ئۇنىڭغا ئون قېتىم رەھمەت ئېيتىمەن. ساڭا بىر قېتىم سالام يوللىسا، مەن ئۇنىڭغا ئون قېتىم سالام يوللايمەن. بۇ سېنى خۇرسەن قىلمامدۇ؟ دېدى“ . (نەسائى: 1283)

ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: اللەنىڭ يەر يۈزىدە ئايلىنىپ تۇرىدىغان پەرىشتىلىرى بار، ئۇلار ئۇممىتىمنىڭ سالامىنى ماڭا يەتكۈزۈپ تۇرىدۇ. (نەسائى: 1282)

## 809-سۇئال: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا دۇرۇد يوللىمىغان كىشىنىڭ جەننەت يولىدىن ئاداشقان، بېخىللار قاتارىدىن بولىدىغانلىقى

ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مېنىڭ ئىسمىم زىكىر قىلىنغاندا، ماڭا دۇرۇت ۋە سالام يوللىمىغان كىشى ھەقىقىي بېخىلدۇر. (تىرمىزى: 3546)

ئىبنى ئاببباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم ماڭا دۇرۇت ۋە سالام يوللاشنى ئۇنۇتسا، جەننەت يولىدىن ئاداشقان بولىدۇ. (ئىبنى ماجە: 908)

## 810-سۇئال: ئاللاھنى زىكىر قىلمىغان كىشىنىڭ ھەسرەت ۋە چەكسىز پۇشايمانغا قالىدىغانلىقى

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىمكى ئولتۇرغان جايىدا اللەنى زىكىر قىلمىسا، اللەنىڭ ھۇزۇرىدا پۇشايمانغا قالىدۇ. كىمكى ياتقان جايىدا اللەنى زىكىر قىلمىسا،

اللەنىڭ ھۇزۇرىدا پۇشايمانغا قالىدۇ. (ئەبۇ داۋۇت: 4856)

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: قانداق بىر جامائەت ئولتۇرغان سورۇندىن اللەنى زىكىر قىلماستىن قوپۇپ كەتسە، ئېشەكنىڭ تېپى (ئۆلۈكى) بار جايدا ئولتۇرۇپ قوپقاندەك بولىدۇ. بۇ، ئۇلار ئۇچۇن ھەسرەت ئېلىپ كېلىدۇ. (ئەبۇ داۋۇت: 4855)

## 811-سۇئال: ئاللاھنى زىكىر قىلىشنىڭ پەزىلىتى

ئابدۇللاھ ئىبنى بۇسر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: بىر كىشى پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ يېنىغا كېلىپ: ئى رەسۇلۇللاھ ! ماڭا كۆرە ئىسلام شەرىئەتلىرى (ساۋابنىڭ يوللىرى) ناھايىتى كۆپىيىپ كەتتى. ماڭا (شۇلاردىن) بىرنى ئېيتىپ بەرگىن، مەن ئۇنىڭغا مەھكەم يېپىشاي، دېگەندى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: تىلىڭ اللەنىڭ زىكرىدىن توختاپ قالمىسۇن! دېدى. (تىرمىزى: 3375)

ئەبۇ مۇسا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: اللە زىكىر قىلىنىدىغان ئۆي بىلەن اللە زىكىر قىلىنمايدىغان ئۆينىڭ پەرقى تىرىك بىلەن ئۆلۈكنىڭ پەرقىگە ئوخشايدۇ. (مۇسلىم: 779)

ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: جەننەت باغچىلىرىدىن ئۆتكەن چېغىڭلاردا ئۇنىڭدىن بەھرىمەن بولىۋېلىڭلار! دېدى. ساھابىلەر: جەننەت باغچىلىرى نېمىدۇر؟ دەپ سورىغاندى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: زىكىر سورۇنى، دەپ جاۋاب بەردى. (تىرمىزى: 3510)

ئەبۇ ئابدۇرراھمان مۇئاز ئىبنى جەبەل رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: اللەنىڭ ئازابىدىن ساقلىنىش ئۇچۇن اللەنى زىكىر قىلىشتىنمۇ ياخشىراق ئەمەل يوقتۇر. (مالىك: 490)

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: اللەنىڭ 99 ئىسمى بار بولۇپ، كىمكى ئۇنى يادلىسا، جەننەتكە كىرىدۇ. اللە تاقتۇر، (شۇڭا) تاقنى ياخشى كۆرىدۇ. (مۇسلىم: 2677)

## 812-سۇئال: زىكىر ئەيتىشنىڭ ئۇسۇلى

زىكرنى قانداق ئەيتىش كېرەك؟ ئەڭ ياخشىسى قەلب ۋە تىل بىلەن بىرگە زىكرى

قىلىش كېرەك. ئۆزىڭىزنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئورنىدا قويۇپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇ زىكرىلەرنى قانداق ئادا قىلىدىغانلىقىنى تەسەۋۋۇر قىلىپ باقسىڭىز قانداق ياخشى- ھە! يادىڭىزدا بولسۇنكى، ھەر ئىشنىڭ ئۆزىگە تۇشلۇق يولى بولىدۇ. ئەگەر سىز ئادەملەرنىڭ ئارىسىدا بولۇپ قېلىپ، تىلىڭىز بىلەن زىكرى ئېيتالمايدىغان بولسىڭىز، قەلبىڭىزدە زىكرى قىلسىڭىز ھېچقەقەسى يوق. زىكرىدىكى دەرىجىلەرنىڭ ئەڭ يۇقىرى قەلب بىلەن تىلدۇر. ئۇنىڭدىن قالسا قەلب، قەلبىدىن قالسا ئاندىن تىلدۇر. تىل بىلەن زىكرى قىلىش تۆۋەن دەرىجە بولسىمۇ، ئۇنىڭ زىكرى ئېيتماي غەپلەتتە يۈرگەندىن كۆپ ئەۋزەل ئىكەنلىكىدە شەك يوق. ئەمما تىل بىلەن زىكرى ئېيتىشقا ئۆزلەشكەندە، ئىنشائاللاھ، قەلبمۇ زىكرىگە ھازىر بولىدۇ. قەلب ھازىر بولمىسا، شەك- شۈبھىسىزكى، تىلنىڭ زىكرى بىلەن بولۇشى گۇناھ- مەئسىيەتكە ۋە پايدىسىز ئىشلارغا مەشغۇل بولغىنىدىن ياخشى.

## 813-سۇئال: زىكرىنىڭ پايدىلىرى

1)زىكرى شەيتاننى قوغلايدۇ. غەم- قايغۇنى، قىينچىلىقنى ۋە يۈرەكنىڭ سىقىلىشىنى يوقىتىپ تاشلاپ ئادەمگە شاد- خۇراملىق، خاتىرجەملىك ۋە تەسكىنلىك بېغىشلايدۇ.

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:« ئىمان ئېيتقانلار، ئۇلارنىڭ دىللىرى ئاللاھنى ياد ئېتىش بىلەن ئارام تاپىدۇ، بىلىڭلاركى دىللار ئاللاھنى ياد ئېتىش بىلەن ئارام تاپىدۇ» سۈرە رەئدە 28- ئايەت.

زىكرى، زىكرى ئېيتقۇچىلارنىڭ يۈزىنى ۋە قەلبىنى نۇرلاندۇرۇپ ئۇنى ئابروي ۋە ئۇلۇغلۇق بىلەن زىننەتلەيدۇ. بەدەننى كۈچلۈك قىلىدۇ.

2)زىكرى قەلبىنىڭ غىزاسى ۋە ئوزۇقلۇقىدۇر. ئىبنى قەييۇم مۇنداق دەيدۇ: مەن ئۇستازىم ئىبنى تەيمىييەنىڭ يېنىغا كىردىم. ئۇ ماڭا: زىكرى ئېيتىپ تۇرۇش قەلب ئۈچۈن بېلىققا سۇ زۆرۈر بولغاندەك زۆرۈر دېدى. مەن يەنە بىر قېتىم بامدات نامىزىدىن يېنىپ، ئۇنىڭ يېنىغا كىرگەن ئىدىم، ئۇ زىكرى ئېيتىۋېتىپتۇ. مەن بىر سائەتتىن كېيىن كىرەي دەپ چىقىپ كەتتىم. بىر سائەتتىن كېيىن كىرسەم، ئۇ ھېلىھەم زىكرى ئېيتىۋېتىپتۇ. مەن يەنە قايتىپ چىقتىم. بۇ بىر قانچە قېتىم تەكرارلاندى. ھەتتا كۈن چۈش بولدى. مەن ھەيرانلىق ئىلكىدە ئۇنىڭغا نەزەر تاشلىدىم. ئۇ: بۇ- مېنىڭ ناشتىلىقىم، ئەگەر مەن بۇ ناشتا بىلەن ناشتا قىلىۋالمىسام كۈچۈمدىن قالىمەن دېدى.

3)زىكرى مۇناپىقلىقتىن ساقلايدۇ. چۈنكى مۇناپىقلار ئاللاھنى ناھايىتى ئاز ياد ئېتىدۇ. زىكرى قەلبىنىڭ قاتتىقلىقىنى يوقىتىدۇ. بىر ئادەم ھەسەن بەسەرىينىڭ يېنىغا

كىلىپ: مەن قەلبىمنىڭ قاتتىقلىشىپ كېتىۋاتقانلىقىنى هېس قىلىۋاتىمەن دېگەندە، ئۇ بۇ ئادەمگە: قەلبىڭنى ئاللاھنىڭ زىكرى بىلەن يۇمشاتقىن دەپ جاۋاپ بەرگەن. زىكرى تىلنى غەيۋەت، سۇخەنچىلىك، يالغان ئېيتىش ۋە تىل ئېلىپ كىلىدىغان باشقا ئاپەتلەردىن ساقلايدۇ.

4)زىكرى رىزىق ئېلىپ كىلىدۇ. زىكرى ئېغىر ۋاقىتتا چىقىش يولى بېرىدۇ. بولۇپمۇ بەندە پەرۋەردىگارىنى مەخپىي ياد ئەتكەندە تېخىمۇ شۇنداق. يۇنۇس ئەلەيھىسسالام بېلىق يۇتۇۋەتكەندە ئاللاھغا مەخپىي زىكرى ئېيتقان. «ئەگەر ئۇ تەسبىھ ئېيتقۇچىلاردىن بولمىغان بولسا ئىدى، بېلىقنىڭ قارنىدا ئەلۋەتتە قىيامەتكىچە قالاتتى». سۈرە سافات 143-144- ئايەت. يۇنۇس ئەلەيھىسسالام ئاللاھنى كۆپ ياد ئەتەتتى. پەرىشتىلەر: ئى رەببىمىز ! بۇ ياخشى بەندەڭنىڭ ياخشى ئاۋازى دەيتتى. ئاللاھنى ياد ئەتكەن ئادەمنى ئاللاھ ياد ئېتىدۇ. « مېنى ياد ئېتىڭلار، مەن سىلەرنى ياد ئېتىمەن » سۈرە بەقەرە 152- ئايەت.

5)زىكرىدە باشقا پايدىلار بولماي مۇشۇ پايدىلا بولغان بولسا كۇپايە بۇلاتتى. يىغلاپ تۇرۇپ زىكرى ئېيتىش قىيامەت كۈنى ئاللاھنىڭ سايىسىدا سايىداشنىڭ كاپالىتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قىيامەت كۈنى ئەرشنىڭ سايىسىدا سايىدايدىغان يەتتە تۈرلۈك ئادەمنىڭ قاتارىدا «ئاللاھنى خالىي يەردە ياد ئېتىپ كۆزىدىن ياش تۆككەن ئادەم» نىمۇ تىلغا ئالغان. (بۇخارى 660؛ مۇسلىم 2377؛ تىرمىزى 2391؛ ئىمام ئەھمەد 2- توم 439- نومۇر.)

6)زىكرى ئاللاھنى تونۇتىدۇ. ئۇنى بەندىگە مەھبۇب قىلىدۇ. چۈنكى ئاللاھنى ياد ئەتكەن ئادەمنى ئاللاھ ياخشى كۆرىدۇ.

7) زىكرى ئېھساننىڭ ئىشىكى. ئېھسان- بەندىنىڭ پەرۋەردىگارىغا خۇددى ئۇنى كۆرۈپ تۇرغاندەك ئىبادەت قىلىشىدۇر.

8)زىكرى قەلبى قاتتىقلىشىپ كېتىشنىڭ داۋاسى. ئاللاھنى زىكرى قىلىش بەندىگە سەكراتتا قالغاندا شاھادەتنى ئىلھام قىلىدۇ. چۈنكى سەكراتتا شاھادەت ئېيتىش ئاسان ئىش ئەمەس. چۈنكى بۇ چاغدا ئادەمنىڭ تىلىدىن سۆز قاچىدىغان بولۇپ قالىدۇ. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: « ئاللاھ مۆمىنلەرنى مۇستەھكەم ئىمان بىلەن دۇنيادا ۋە ئاخىرەتتە مەھكەم تۇرغۇزىدۇ» ئىبراھىم 27- ئايەت. مەلۇمكى ئىنسان هاياتىدا نېمە بىلەن مەشغۇل بولسا، شۇ ئىش ئۈستىدە ئۆلىدۇ. بۇنىڭ مىسالى دۇنيا ئالداپ قويغان ۋە ئۇنىڭ بىلەن مەشغۇل بولغان ئادەم سەكراتتا شۇ ئىشنى جۆيلەيدۇ. بىر سودىگەر تىجارەتكە بەك بېرىلىپ كەتكەن. ئۇ سەكراتقا چۈشۈپ قالغاندا يېنىدىكى كىشىلەر ئۇنىڭغا شاھادەت كەلىمىسىنى ئىلقا قىلىپ بەرگەن. ئۇ:ماڭا سومكامنى بەر، سومكامنى

بەر دېگەن. ئادەملەر ئۇنىڭغا لا اله الا ئاللاھ دەپ تۇرسىمۇ، ئۇ: بۇرادەر ! ماڭا سومكامنى بەر دېدىمغۇ دېگەن. ئۇ سەل ـ پەل ئېسىنى يىغقاندا: تىلىمغا كەلىمە شاھادەتنىڭ ئېغىر كىلىۋاتقانلىقىنى ھىس قىلدىم دېگەن. كىم بۇنداق قىيىن ئەھۋالدا قېلىشنى خالايدۇ؟!

## 814ـ سۇئال: ئېتىكافنىڭ مەنىسى

ئېتىكافنىڭ لوغەت مەنىسى بىرەر يەردە تۇرۇش، بىر ئىشنى داۋاملاشتۇرۇش دېگەن بولۇپ، شەرىئەتتىكى مەناسى بولسا بىر مەسچىتتە ياكى شۇنىڭغا ئوخشاش بىر يەردە ئېتىكاف نىيىتى بىلەن بىر مۇددەت ئولتۇرۇش دىمەكتۇر.

## 815ـ سۇئال: ئېتىكافنىڭ ۋاقتى ۋە ھۆكۈمى

ئېتىكافنىڭ ئەڭ قىسقا مۇددىتى ئىمام ئەبۇ يۇسۇفنىڭ قارىشىچە بىركۈن، ئىمام مۇھەممەدنىڭ قارىشىچە بىر سائەتتۇر. پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام مەدىنىگە كۆچۈپ كەلگەندىن كىيىن ۋاپاتىغىچە ھەر يىلى رامىزاننىڭ ئاخىرقى ئون كۈنى ئېتىكاف قىلاتتى.

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ۋاپات تاپقانغا قەدەر رامىزاننىڭ ئاخىرقى ئونىدا ئېتىكافتا ئولتۇراتتى، ئۇ ۋاپات تاپقاندىن كېيىن ئاياللىرىمۇ ئېتىكافتا ئولتۇرىدىغان بولدى. (بۇخارى: 2026)

ئۇممۇ سەلەمە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئەۋەلقى يىلى رامىزاننىڭ بېشىدىكى ئون كۈندە، ئۇندىن كېيىن ئوتتۇرىدىكى ئون كۈندە، ئۇندىن كېيىن ئاخىرقى ئون كۈندە ئېتىكاف قىلدى، ئاندىن: مەن بۇ ئون كۈن ئىچىدە قەدىر كېچىسىنى كۆردۈم، ئەمما كېيىن ئۇنۇتتۇرۇلدۇم (يەنى بۇ ئون كۈنلەرنىڭ قايسىسىدا كۆرگەنلىكىمنى ئۇنۇتتۇم)، دېدى. شۇنىڭدىن كېيىن، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ۋاپات تاپقانغا قەدەر ھەمىشە شۇ كۈنلەردە ئېتىكاف قىلغان ئىدى. ( ئەلكەبىر 23/412:)

ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم رامىزاننىڭ ئاخىرقى ئونىدا ئېتىكاف قىلاتتى، ئارىدىن بىر يىلى ئېتىكاف قىلمىدى، كېيىنكى يىلى يىگىرمە كۈن ئېتىكاف قىلدى. (تىرمىزى: 803)

## 816ـ سۇئال: ئېتىكافنىڭ ھىكمىتى

سەمىمى نىيەت بىلەن قىلىنغان ئېتىكاف شەرەپلىك بىر ئىش ھىساپلىنىدۇ. بۇ چاغدا قەلبلەر بىر مۇددەت ئۈچۈن بولسىمۇ دۇنيالىق ئىشلاردىن خالى بولۇپ، ئاللاھغا يۈزلىنىدۇ. ئاللاھنىڭ بىرەر ئۆيى بولغان مەسچىتلەردىن بىرىگە سىغىنغان بىرەر مۇئمىن، ئىنتايىن شەرەپلىك بىر قەلئەگە پانا تىلەپ كىرگەن، ياراتقۇچىنىڭ بەرىكەت

ۋە ياردەم ئىشكىگە ئىلتجا قىلغان بولىدۇ.

ئىسلام ئالىملىرىدىن ئەتا دەيدۇكى:«ئېتىكاپقا كىرگۈچى، ھاجىتى تۈپەيلىدىن چوڭ بىر زاتنىڭ ئىشىكى ئالدىدا ئولتۇرۇۋېلىپ، ھاجىتىم ئورۇنلانمىسا بۇ يەردىن كەتمەيمەن دەپ يالۋۇرغۇچىغا ئوخشايدۇ. ئاللاھنىڭ ئۆيىگە كىرىش ـ مەرھەمەتكە ئىگە بولمىغۇچە بۇ يەردىن كەتمەيمەن دېمەكتۇر. » ئېتىكاپقا كىرىشنىڭ ئەڭ چوڭ پايدىلىرىدىن بىرى نامازغا تىخمۇ جىق ۋاقىت چىقىرىش، ئەگەر قازا نامىزى بولىدىغان بولسا، پۈتۈن قازا نامازلىرىنى ئوقۇۋېلىشتۇر.

## 817ـ سۇئال: ئېتىكافتا ئولتۇرۇشنىڭ پايدىلىرى

ئىتىكافتا ئولتۇرغان ئادەم ئىتىكافتا ئولتۇرغان مۇددەت ئىچىدە پۈتۈن ۋاقتىنى پەرۋەردىگارىغا ئىبادەت قىلىشقا ئاجرىتىدۇ. يەنى ئۇ ئىتىكافتا ئولتۇرغان مۇددەت ئىچىدە ۋاقتىلىرىنى پەرز نامازلارنى كۈتۈش، ئىلىم ئۆگىنىش، ئاللاھ تائالانى ياد ئېتىش ۋە قۇرئان كەرىم ئوقۇش سورۇنلىرىغا قاتنىشىش ۋە كېچىلىرىدە كېچى نامازلىرىنى ئوقۇش بىلەن ئۆتكۈزىدۇ. ئاللاھ تائالائىتىكافتا ئولتۇرغۇچىغا، ئۇ ئىتىكافتا ئولتۇرغان مۇددەت ئىچىدە قەدرى كېچىسىنى تېپىشقا نىسىپ قىلىشى مۇمكىن. قەدرى كېچىسى بولسا، ئۇ كېچىدە قىلىنغان ئىبادەتنىڭ ساۋابى ئىچىدە ئۇ كېچە يوق ئايلاردىن مىڭ ئاي قىلغان ئىبادەتنىڭ ساۋابىدىن ئارتۇق بولىدىغان بىر كېچىدۇر.

ئىتىكافتا ئولتۇرۇشتا يەنە ئىنساننىڭ دىلىنى راھەتلەندىرىدىغان نۇرغۇنلىغان مەنىۋي پايدىلار بار. چۈنكى ئىتىكافتا ئولتۇرغۇچى ئىتىكافتا دىلىنى، نېرۋا تومۇرلىرىنى ۋە مەنىۋىيتىنى راھەتلەندۈرىدىغان بىر مۇددەتنى ئۆتكۈزىدىغان بولغاچقا، ئىنسان ئىتىكافتا ئولتۇرغان ۋاقتىدا دىلى دۇنيانىڭ ئىشلىرىدىن ۋە غەملىرىدىن خالى تۇرىدۇ. كۆڭلى دۇنيانىڭ قىيىنچىلىقلىرىدىن يىراق بولۇپ راھەت ھېس قىلىپ پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن پەرۋەردىگارىغا ئىبادەت قىلىشقا يۈزلىنىدۇ ۋە ئاللاھ تائالانى ياد ئېتىش بىلەن دىلى ئارام تاپىدۇ. دىللارنىڭ ئاللاھ تائالانى ياد ئېتىش بىلەن ئارام تاپىدىغانلىقى ھەققىدە ئاللاھ تائالا مۇنداق دېدى: «(تەۋبە قىلغانلار) ئىمان ئېيتقانلار بولۇپ، ئۇلارنىڭ دىللىرى اللّٰه نى ياد ئىتىش بىلەن ئارام تاپىدۇ، بىلىڭلاركى، دىللار اللّٰه نى ياد ئىتىش بىلەن ئارام تاپىدۇ » [سۈرە رەئدى 28 ـ ئايەت]

## 818ـ سۇئال: ئېتىكافنىڭ بۇيرۇلۇشى

ئېتىكاف قىلىشنى دەسلەپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام باشلىغان. ئۇ، ھەر يىلى رامىزاننىڭ ئاخىرقى ئون كۈنىدە مەسچىتتە ئۆزى يالغۇز ئولتۇرۇپ ئېتىكاف قىلاتتى. كېيىن ئۇنىڭ ئاياللىرى، ئاندىن ساھابىلار ئېتىكاف قىلىشقا باشلىغان. شۇنداق قىلىپ، ئېتىكاف ئىسلام دىنىدا ئەڭ پەزىلەتلىك ئەمەللەردىن بولۇپ ئورۇن ئالغان.

ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە ئېتىكافنى قوللاپ، قۇۋۋەتلەپ ئۇنىڭ شەرتلىرى توغرىلىق مۇنداق دەيدۇ: «مەسچىتتە ئېتىكافتا ئولتۇرغان چېغىڭلاردا، (كۈندۈزى بولسۇن، كېچىسى بولسۇن) ئاياللىرىڭلارغا يېقىنچىلىق قىلماڭلار» (بەقەر سۈرىسى 187 - ئايەت).

ئېتىكاف ئاللاھ تائالانىڭ رازىلىقىغا ئېرىشىش مەقسىتى بىلەن، پۈتۈن دۇنيالىق ئىشلاردىن قول ئۈزۈپ، مەسچىتتە ئولتۇرۇپ تۈرلۈك ئىبادەتلەرنى ئورۇنلاش ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشىدىغان ئىبادەتتۇر. ئىمام ئەتائىي مۇنداق دېگەن: «ئېتىكاف قىلغان كىشى، خۇددى پادىشاھتىن سورايدىغان ھاجىتى بولغانلىقتىن، ئۇنىڭ ئىشىكى ئالدىدا تەلمۈررۈپ، ھاجىتىم راۋا بولمىغىچىلىك ھېچ كەتمەيمەن دەپ تۇرىۋالغان كىشىگە ئوخشاش بولۇپ، ئۇ ئاللاھ تائالانىڭ ئۆيلىرىدىن بىرى بولغان مەسچىتتە ئولتۇرىدۇ ۋە گۇناھلىرىم مەغپىرەت قىلىنىپ، ھاجەتلىرىم راۋا بولمىغىچىلىك مەسچىتتىن چىقمايمەن، دەپ ئېتىكافقا داۋام قىلىدۇ. » («ئەلئىختىيار» دىن).

## 819- سۇئال: ئېتىكافنىڭ تۈرلىرى

ئېتىكاف ئىككى تۈرلۈك بولىدۇ. ئۇنىڭ بىرى: سۈننەت بولغان ئېتىكاف. يەنە بىرى، ۋاجىب بولغان ئېتىكافتۇر.

1 - سۈننەت بولغان ئېتىكاف - پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىزىغا ۋارىسلىق قىلىپ، ئاللاھ تائالانىڭ رازىلىقىغا ئېرىشىش مەقسىتى بىلەن قىلىنىدىغان ئىختىيارى ئېتىكافتۇر. بۇ ئېتىكاف ئۇممەمەن، رامىزاننىڭ ئاخىرقى ئون كۈندە قىلىنىدۇ. باشقا كۈنلەردە قىلسىمۇ بولىدۇ. چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئاساسەن، رامىزاندا ئېتىكاف قىلاتتى، ئۇنىڭ شەۋۋال ئېيىدا ئېتىكاف قىلغانلىقىمۇ رىۋايەت قىلىنغان.

2 - ۋاجىب بولغان ئېتىكاف - ئېتىكاف قىلىشنى نىيەت قىلىپ ئاتىۋاتقان سەۋەبتىن ۋاجىب بولىدىغان ئېتىكاف دېمەكتۇر. مەسىلەن: كىشىنىڭ ئۆز ئۆزىگە: «ئەگەر مەن بۇ كېسەلدىن ساقىيسام ئاللاھ تائالا ئۈچۈن مانچە كۈن ئېتىكاف قىلىمەن ياكى بۇ ئىشنىڭ ئىمتىھاندىن قازانسام ئاللاھ تائالا ئۈچۈن مانچە كۈن ئېتىكاف قىلىمەن» دېگەنگە ئوخشاش ۋەدە بېرىشى ئارقىلىق بۇ ئېتىكافنى ئورۇنلاش ئۇنىڭ ئۈستىگە ۋاجىب بولىدۇ. ۋاجىبنى تەرك ئەتكەن كىشى پەرزنى تەرك ئەتكەنگە ئوخشاش گۇناھكار بولىدۇ.

## 820- سۇئال: ئېتىكافنىڭ شەرتلىرى

1 - مۇسۇلمان، ئەقلى جايىدا ۋە پاكىزە بولۇشى.

2 - ئېتىكافقا نىيەت قىلىش. ھەرقانداق ئەمەل - ئىبادەتلەردە نىيەت قىلىش شەرت بولغىنىدەك، ئېتىكاف قىلىش ئۈچۈنمۇ نىيەت قىلىش شەرتتۇر. نىيەتنىڭ شەرت

قىلىنىشى ئىبادەتلەرنى ئادەتلەردىن پەرقلەندۈرۈش ئۈچۈن ئىدى. چۈنكى كىشىلەر ئادەتتە باشقا مەقسەتلەر ئۈچۈنمۇ مەسچىتلەردە ئولتۇرىدۇ. ئۇلارنى مەسچىتتە ئولتۇرغىنى ئۈچۈنلا ئېتىكاپ قىلغۇچىلار دېيىشكە بولمايدۇ.

3 ـ مەسچىتتە ياكى شۇنىڭغا ئوخشىغان بىرىيەردە ئېتىكاپقا كىرىشى. ئېتىكاپنى جامائەت توپلىشىپ ناماز ئوقۇش ئۈچۈن سالاھىيەتلىك بولغان مەسچىتتە قىلىش شەرتتۇر. چۈنكى ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدىكى: «سىلەر مەسچىتلەردە ئېتىكاپتا ئولتۇرغان چېغىڭلاردا....» دېگەن سۆزى ئارقىلىق ئېتىكاپنىڭ مەسچىتلەردە قىلىنىدىغانلىقىغا ئىشارەت قىلماقتا. پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالاممۇ ئېتىكاپنى ھەمىشە مەسچىتتە قىلاتتى. شۇڭا ئېتىكاپنى ئەرلەرنىڭ مەسچىتلەردە قىلىشى شەرتتۇر، ئۇنى ئۆيدە قىلىشقا بولمايدۇ.

ئاياللار ئۆز ئۆيلىرىدە، مەسچىت ئورنىدىكى ئۆيلەردە ئېتىكاپ قىلالايدۇ، بۇ يەرلەر ئۇلار ئۈچۈن مەسچىت بولالايدۇ. ئەرلىك ئاياللار ئېتىكاپقا كىرىشتە چوقۇم ئېرىنىڭ روخسىتىنى ئېلىپ ئاندىن ئېتىكاپقا كىرىشى لازىم، ئەر ئايالىنىڭ ئېتىكاپقا كىرىشىگە روخسەت بەرگەن بولسا، ئەر كىشى بۇ روخستىدىن يانالمايدۇ. ئەمما ئايال كىشىلەر ئېتىكاپنى ئۆز ئۆيلىرىدە قىلىدۇ. چۈنكى ھەنەپىي مەزھىبىگە كۆرە، ئاياللارنىڭ مەسچىتلەردە ئېتىكاپ قىلىشى مەكرۇھتۇر. ئەمما شاپىئىي مەزھىبىگە كۆرە، ئايال كىشىمۇ مەسچىتتە قىلىدۇ. ھەنبەلى مەزھىبىگە كۆرە، ئايال كىشىنىڭ ئېرى بىلەن بىرگە مەسچىتتە ئېتىكاپ قىلىشى جائىزدۇر.

4 ـ ئېتىكاپتا روزا تۇتۇش. رامىزاندا ئېتىكاپ قىلغان كىشى زادى روزا تۇتماي قالمايدۇ، ئەلۋەتتە. ھەنەپىي مەزھىبىگە كۆرە، رامىزاندىن باشقا ۋاقىتلاردا ئېتىكاپ قىلغان كىشىنىڭمۇ، ئەگەر قىلماقچى بولغان ئېتىكاپنىڭ تۈرى ۋاجىب بولغان ئېتىكاپلاردىن بولسا روزا تۇتۇشى شەرتتۇر. ئەگەر ئېتىكاپنىڭ تۈرى سۈننەت بولغان ئېتىكاپلاردىن بولغان بولسا، ئۇنىڭدا روزا تۇتۇش شەرت ئەمەس، بىراق تۇتۇش ئەۋزەلدۇر. پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام روزىسىز ئېتىكاپ قىلغان ئەمەس.

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنها مۇنداق دەيدۇ: ئېتىكاپ قىلغۇچىنىڭ كېسەل يوقلىماسلىقى، جىنازا نامىزىغا قاتناشماسلىقى، ئاياللارنى تۇتماسلىقى ۋە قۇچاقلىماسلىقى، زۆرۈر ھاجەتلىرىدىن باشقا ۋاقىتلاردا سىرتقا چىقماسلىقى سۈننەتتۇر. روزا تۇتماي تۇرۇپ ئېتىكاپقا كىرىشكە بولمايدۇ. جامائەت ناماز ئوقۇپ تۇرىدىغان چوڭ مەسجىدلەردە ئېتىكاپ قىلىش كېرەك. (ئەبۇ داۋۇد: 2473)

5 ـ ئاياللارنىڭ ھەيز ۋە نەپاسلاردىن پاك بولۇشى. ئېتىكاپ قىلماقچى بولغان ئاياللارنىڭ ھەيز ۋە نەپاسلاردىن پاك بولۇشى شەرتتۇر. ئەگەر ئاياللار ئېتىكاپ

ئەسناسىدا ھەيز كۆرۈپ قالسا ياكى تۇغسا، ئېتىكافتىن ھامان چىقىپ كېتىدۇ ۋە كېيىن پاك بولغاندا خالىسا ئېتىكافنى كەلگەن يېرىدىن داۋام قىلىدۇ. شۇنىڭدەك ئېتىكافتا ئولتۇرغان كىشى ئەگەر ئېھتىلام بولۇپ قېلىپ، مەسچىتتە غۇسلە قىلىدىغان جاي بولمىسا، مەسچىتتىن چىقىپ، يۇيۇنۇپ كېلىدۇ ۋە ئېتىكافنى كەلگەن يېرىدىن داۋام قىلىدۇ.

## 821-سوئال: ئېتىكافنىڭ ئەدەب - يوسۇنلىرى

1 - ئېتىكافنى رامزاننىڭ ئاخىرقى ئون كۈنىدە ۋە مەسچىتلەردە قىلىش.

2 - ئېتىكافتا ياخشىلىقتىن باشقا سۆزلەرنى قىلمايدۇ. گۇناھ بولمايدىغان ئىشلار توغرىلىق سۆزلەشسە بولىدۇ.

3 - ئېتىكاف ۋاقتىدا داۋاملىق قۇرئان كەرىم ئوقۇلىدۇ. ھەدىس شەرىپ ۋە ساھابىلار، تابىئىنلار، سەلەپ ــ سالىھلار، ئەۋلىيالارنىڭ ھاياتىغا مۇناسىۋەتلىك كىتابلارنى ئوقۇسا بولىدۇ.

4 - ئېتىكاف قىلغۇچى پاكىزە كىيىملەرنى كىيىشى ۋە خۇشبۇرارق بويۇملارنى سۈرتۈشلىرى لازىم.

5 - ئېتىكاف ئاتىغان كىشى ۋاجىب ئېتىكاف ئۈچۈن يالغۇز قەلبىدىلا ئەمەس، تىلى بىلەنمۇ نىيەت قىلىشى كېرەك.

## 822-سوئال: ئېتىكافنى بۇزىدىغان ۋە بۇزمايدىغان ئىشلار

1 - ئېتىكافچىنىڭ شەرئى، ياكى زەرۈرى بىر ئېھتىياجى ئۈچۈن مەسچىتنىڭ سىرتىغا چىقىشى ئېتىكافنى بۇزمايدۇ. مەسىلەن: جۈمە نامىزى، بىر شەرئىي ئۆزرە، ھاجەتخانىغا چىقىش ۋە تاھارەت ئېلىش بىر تەبئىي ئۆزرە، مەسچىتتىن زورلۇق بىلەن چىقىرىۋېتىش زەرۈرى بىر ئۆزرە بولغانلىقتىن بۇنىڭغا ئوخشاش سەۋەپلەر ئېتىكافقا زىيان يەتكۈزەلمەيدۇ.

2 - ئېتىكاف قىلغۇچىنىڭ ئۆزرىسىز مەسچىتتىن چىقىشى ئېتىكافنى بۇزىدۇ. تەبئىي ئېھتىياجلاردىن تاشقىرى ئادەتتىكى ئېھتىياجلىرى ئۈچۈن مەسچىتتىن سىرتقا چىققان كىشىنىڭ ئېتىكافى بۇزۇلىدۇ. چۈنكى ئېتىكافنىڭ تەقەززاسى مەسچىتتە تۇرۇشنى تەلەپ قىلىدۇ. ئەمما بىرەر كىشىنىڭ ھاياتىنى ھالاكەتتىن قۇتقۇزۇش ياكى ئۆزىنىڭ ھاياتىنى خەتەردىن قۇتقۇزۇش ئۈچۈن مەسچىتتىن چىققان كىشىنىڭ ئېتىكافى بۇزۇلمايدۇ. شۇنىڭدەك ئەگەر ئۆزى ئولتۇرغان مەسچىت جۈمە نامىزى ئوقۇلمايدىغان مەسچىتلەردىن بولغان بولسا، ئېتىكاف قىلغان كىشىنىڭ مەسچىتتىن چىقىپ، جۈمە نامىزىنى ئوقۇشى بىلەن قىلغان ئېتىكافى بوزۇلمايدۇ. چۈنكى جۈمە نامىزىنى ئوقۇش پەرز، ئېتىكاف قىلىش بولسا سۈننەتتۇر. پەرزنى

ئورۇنلاش سۈننەتنى ئورۇنلاشتىن مۇھىمدۇر، ئەلۋەتتە.

3 ـ كىسەل يوقلاش، جىنازە نامىزى ياكى گۇۋاھلىق بېرىش ئۈچۈن سىرتقا چىقىش ئېتىكافنى بۇزىدۇ.

4 ـ (يەڭگىل) كىسەللىك تۈپەيلىدىن بىر سائەت سىرتقا چىقىش ئېتىكافنى بۇزىدۇ.

5 ـ ئېتىكافچىنىڭ ئېتىكاف ۋاقتىدا بىر قانچە كۈن ھۇشىنى يوقۇتۇپ قويىشى، مەس بولۇش سەۋەبىدىن ئەقلىنى يوقۇتۇپ قويۇشى ۋە ساراڭلىق ئېتىكافنى بۇزىدۇ.

يۇقىرىدا كۆرسىتىلگەن شەرتلەر ۋاجىب سانالغان ئېتىكاف ئۈچۈندۇر. نەپلە ئېتىكافلاردا بىر ئۆزرە بولسىمۇ سىرتقا چىققىلى، كىسەل يوقلىغىلى بولىدۇ.

6 ـ ۋاجىب ئېتىكاف بۇزۇلسا قازاسىنى قىلىش كىرەك. بەلگىلىك بىر ئاي ئۈچۈن كىرگەن بىر ئېتىكاف ۋاقتىدا، بىر كۈن روزا بۇزۇلسا ياكى بىر كۈن سىرتقا چىقىلسا يالغۇز شۇ بىر كۈن ئېتىكافنىڭ قازاسىنى قىلىش كىرەك. ئەمما ۋاقتى بەلگىلەنمىگەن، بەلگىلىك بولمىغان، داۋاملىق، بىر ئايلىق دەپ ئاتىغان ئېتىكاف ۋاقتىدا مۇنداق بىر كۈن روزا بۇزۇلسا، ياكى سىرتقا چىقىلسا يېڭىدىن بىر ئايلىق ئېتىكاف باشلاش لازىم بولىدۇ.

7 ـ ئېتىكاف قىلغۇچىنىڭ ئېتىكاف ئىچىدە رەپىقىسى بىلەن جىنسىي مۇناسىۋەت قىلىشى، سۆيۈشىشى، سىلىشى هارامدۇر. جىنسىي مۇناسىۋەت مەيلى قەستەن بولسۇن ياكى ئۇنتۇپ قىلىپ يۈز بەرسۇن مەنى كەلمىسىمۇ ئېتىكافنى بۇزىدۇ. ۋاجىب ئېتىكافتىن باشقا ئېتىكافلاردا مەنى كەلگەندىلا بۇزۇلىدۇ. ئەگەر ئىختىيارسىز هالدا ئىھتىلام بولغان بولسا ئېتىكاف بۇزۇلمايدۇ. شۇنىڭدەك گەرچە ئايالنى قۇچاقلىغان بولسىمۇ ئىھتىلام بولمىغان بولسا يەنە ئېتىكاف بۇزۇلمايدۇ.

8 ـ ئېتىكاف قىلغۇچى ئېھتىياجلىق نەرسىلىرىنى مەسچىت ئىچىدە سىتىۋالسا بولىدۇ. مەسچىتتە يەپ ـ ئىچەلەيدۇ. مەسچىت ئىچىدە هازىرلانغان، ئۈيغۇن بىر يەر بولسا شۇ يەردە تاھارەت ئالىدۇ ۋە غۇسلى قىلالايدۇ، بۇنداق جاي بولمىسا مەسچىت سىرتىغا چىقىپ تاھارەت ئالىدۇ، غۇسلى قىلىدۇ. ئىلىپ بولغاندىن كيىنلا قايتىپ كىلىدۇ.

9 ـ مۇنارىنىڭ ئىشىكى مەسچىتنىڭ ئىچىدە بولمىغان ئەھۋالدا ئېتىكافچى ئەزان ئوقۇش ئۈچۈن مەسچىتتىن چىقىپ مۇنارغا چىقىدۇ.

10. ئاياللارنىڭ ئېتىكاف ئەسناسىدا ھەيز كۆرۈپ قېلىشى ياكى تۇغۇشى ئېتىكافنى بۇزىدۇ. چۈنكى ھەرقانداق ئىبادەتنى داۋاملاشتۇرۇش ئۈچۈن پاكلىق شەرت بولغاندەك، ئېتىكافنىڭ داۋام قىلىشى ئۈچۈنمۇ ئايالنىڭ پاك بولۇشى شەرتتۇر.

**823-سوئال: ئېتىكاپ قىلغان كىشى ئۈچۈن مەنئى قىلىنغان ئىشلار**

ئېتىكاپ قىلغان كىشىنىڭ ئېلىم - سېتىم ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىنىشى مەنئى قىلىنىدۇ. شۇنىڭدەك ئېتىكاپ قىلغان بولسۇن ياكى قىلمىغان بولسۇن ھەرقانداق كىشىنىڭ مەسچىتنىڭ ئىچىدە ئېلىم - سېتىم ئىشلىرىنى قىلىشى مۇتلەق ھارامدۇر. چۈنكى مەسچىتلەر ئاللاھ تائالاغا ئىبادەت قىلىش ئۈچۈن بىنا قىلىنغان مۇبارەك جايلاردۇر. بۇ جايلاردا دۇنيالىق سودىلارنى قىلىش خاتادۇر.

**924-سوئال: ئېتىكاپ قىلىدىغان كىشى ئۈچۈن پەزىلەتلىك ۋاقىتلار**

ئىسلام ئۆلۈلىرى دەيدۇ: رەجەب ئېيىدا قىلىدىغان ئىبادەت ۋە تائەتلەر كىشىنىڭ بەدىنىنى، شەئبان ئېيىدا قىلىنغان تائەت - ئىبادەتلەر قەلبىنى، روزا ئېيىدا قىلىنغان تائەت - ئىبادەتلەر بولسا روھىنى مەنىۋى كىرلەردىن تازىلايدۇ. چۈنكى رەجەب ئېيىنى ئىبادەت بىلەن ئۆتكۈزۈپ بەدىنىنى مەنىۋى كىرلەردىن تازىلىغان كىشى شەئبان ئېيىدا تائەت - ئىبادەت قىلسا، قەلبىنى تازىلىغان بولىدۇ. شەئبان ئېيىنى تائەت - ئىبادەت بىلەن ئۆتكۈزۈپ قەلبىنى مەنىۋى كىرلەردىن تازىلىغان كىشى رامزان ئېيىدا روھىنى تازىلىغان بولىدۇ، بەدەننى رەجەب ئېيىدا، قەلبىنى شەئبان ئېيىدا مەنىۋى پاسكىنىلىقلاردىن تازىلىمىغان كىشى، روزا ئېيىدا روھىنى قانداقمۇ تازىلىيالايدۇ؟

**825-سوئال: ئىمان ئاجىزلىقىنىڭ ئالامەتلىرى**

1 - گۇناھ ۋە ھارام ئىشلاردىن قاچماسلىق

2 - قەلبىنىڭ تاشدەك قېتىپ قىلىشى.

3 - ئىبادەتنى پۇختا قىلماسلىق.

4 - ئىبادەتتە ھورۇنلۇق قىلىش.

5 - قەلبىنىڭ تارلىقى.

6 - اللەنىڭ ياخشى ئەمەل قىلغۇچىلارغا جەننەت، يامان ئەمەل قىلغۇچىلارغا دوۋزاخنى ۋەدە قىلغانلىقىغا چىن دىلىدىن ئىشەنمەسلىك، ۋە ئۇنىڭدىن تەسىرلەنمەسلىك.

7 - الله نى ئەسلىگەندە، قۇرئان ئوقۇغاندا غاپىل بولۇش، بۇنداق كىشىلەرگە قۇرئان ئوقۇش ئىنتايىن ئېغىر كىلىدۇ، دۇئاغا قول كۆتەرگەندە قولىنى تىزلا يومۇۋالىدۇ.

8 - اللەنىڭ چېگرىسى (توسقان ئىشلىرى) دەپسەندە قىلىنسا كارى بولماسلىق، زۇلۇمغا قارشى تۇرمايدىغان بولۇپ قىلىش. ياخشىلىقنى سۆيۈش، يامانلىققا قارشى تۇرۇش سۈپىتى يوقىلىپ كىتىش.

9 - ئۆزىنى كۆرستىشنى ياخشى كۆرۈش، رىيا ئىشلارنى قىلىش. مەنسەپكە

ھېرىس بولۇش، سورۇنغا كىرسە بىرەر كىشىنى ئورنىدىن قوپۇرۇۋەتمىگۈچە كۆڭلى ئارام تاپماسلىق.

10 - بېخىللىق، پېخسىقلىق قىلىش. چۈنكى بېخىللىق ئىمان بىلەن بىر دىلدا مەڭگۈ تۇرالمايدۇ.

11 - باشقىلار قىلالمايدىغان ئىشنى قىلالايمەن دەپ پو ئېتىش، لاپ ئۇرۇش.

12 - مۇسۇلمان قېرىنداشلىرىغا مەغلۇبىيەت، زىيان، جاپاغا ئوخشاش ھادىسىلەر كەلسە خۇشال بولۇش.

13 - بىرەر ئىشقا گۇناھ بولۇش ياكى بولماسلىق نۇقتىسى نەزىرىدىنلا قاراش، ۋە يامان ئىش قىلىشتىن كۆزنى يۇمۇۋېلىش. شۈبھىلىك ئىشلاردىن ئۆزىنى قاچۇرماسلىق. ھارامنىڭ تۇۋىدىن يول ئىزدەش.

14 - ياخشى ئىشلارنى كىچىك ساناش، كىچىك ئىشلارغا ئەھمىيەت بەرمەسلىك.

15 - مۇسۇلمانلار ئاممىسىنىڭ ئىشلىرىغا كۆڭۈل بۆلمەسلىك، ئۇلارغا دۇئا، سەدىقە، ئىئانىلەر بىلەن يار - يۆلەكتە بولماسلىق. باشقىلارنىڭ بەختسىزلىكلىرىگە كۆز يۇمۇۋېلىش. ئۇلار بىلەن بىر گەۋدە بولماسلىق.

16 - دوستلار، قېرىنداشلار ئوتتۇرىسىدىكى رىشتىنى ئۈزۈپ قويۇش.

17 - ئۆزىنىڭ ئىسلام ئالدىدىكى مەسئۇلىيىتىنى تونۇپ يەتمەسلىك.

18 - خاپىلىق يەتسە، بىرەر مۇشكۇلاتقا ئۇچرىسا ئۇنىڭدىن بەك قورقۇپ كېتىش، بۇنداق كىشى تولىمۇ قورقۇنچاق كېلىدۇ. قىيىنچىلىق ئالدىدا ئۆزىنى يوقىتىپ قويىدۇ، ئۇنىڭدا مۇستەھكەم يۈرەك (ئىرادە) كۈچلۈك قەلب بولمىغاچقا، رىئاللىققا تاقابىل تۇرالمايدۇ.

19 - كۆپ جېدەلخورلۇق قىلىش ۋە تاش يۈرەك بولۇش.

20 - دۇنياغا بېرىلىش ۋە ئۇنىڭغا ھېرىس - ئامراق بولۇش، بۇنداق كىشىنىڭ قەلبىدە مال - مۈلۈك، ئابرۇي، مەنسەپ، قورۇ جاي دېگەندەك نەرسىلەر قولىدىن كەتسە، ئۆزىنى يوقىتىپ قويغۇدەك دەرىجىدە مايىل بولىدۇ. مۇسۇلمان قېرىنداشلىرى مال - مۈلۈككە ئېرىشسە كۆڭلى بىئارام بولىدۇ. ھەسەت قىلىدۇ.

21 - ئىنسانلارنىڭ سۆزىگە ۋە ئەقلى ئۇسۇلغىلا ئىسلىۋېلىش، بۇنداق كىشلەرنىڭ ئاغزىدىن قۇرئان ۋە ھەدىسنىڭ سۆز - ئىبارىلىرى تېپىلمىغىلى تاسلا قالىدۇ.

22 - تۇرمۇشتا يۇقىرى ئىستىمالنى زىيادە قوغلىشىش. كەڭ نازۇ - نېئمەت، ھۇزۇر - ھالاۋەتلىك تۇرمۇش، كەيپ - ساپىسغا بېرىلىش. زىيادە مۇلۇكدار بولۇشقا

ئىنتىلىش.

## 826ـ سوئال: ئىمان ئاجىز بولۇپ قىلىشىنىڭ سەۋەبلىرى

1 ـ ئىمانى مۇھىيتتىن ئۇزۇن مۇددەت ئايرىلىپ قىلىش.

2 ـ ياخشى ئۈلگىلەردىن، روھى يېتەكچىدىن ئايرىلىپ قىلىش.

3 ـ شەرىئەت بىلىملىرىنى ئۆگىنىشنىڭ ۋە ئىمانغا دەئۋەت قىلىدىغان ھېكمەت سۆزلەنگەن كىتابلارنىڭ تاشلىنىپ قىلىشى، ئۇلارنى كۆرۈپ ياكى ئاڭلاپ تۇرماسلىق. شۇنىڭ بىلەن قەلبى قېتىپ قىلىش.

4 ـ مۇسۇلمانلارنىڭ گۇناھقا بېرىلىپ كېتىشى، ئۆزىنىڭ قىلغان گۇناھىدىن پەخىرلىنىپ كېتىش (ھېس قىلىش)، سىرىق شەھۋانى بويۇم، كىتاب ـ ژورناللارنى كۆپ كۆرۈش، شەھۋانى سۆز ـ ھەرىكەتلەرنى كۆپ قىلىش، ئاڭلاش، شۇنداق ئادەملەر بىلەن قويۇق مۇناسىۋەتتە بولۇش. باشقىلارنىڭ غەيۋەت ـ شىكايىتىنى قىلىش، يامان ئوي ـ پىكىلەردىن خالى بولماسلىق.

5 ـ قەلبىنى ئەسىر قىلىۋالغۇدەك دەرىجىدە دۇنيالىق ئىشلار مەشغۇلاتىغا پېتىپ قىلىش.

6 ـ مال ـ دۇنيا، ئاياللار، بالىلارغا زىيادە ھېرىس بولۇش، ئۇلارغا بېرىلىپ كېتىش.

7 ـ ئارزۇنىڭ چېكى بولماسلىق، بىر كىتابتا مۇنداق يېزىلغان:«ئادەمنى تۆت نەرسە بەختسىز قىلىپ قويىدۇ. ئۇلار: كۆزى كىچىك، قىزغانچۇق بولۇپ قىلىش، قەلبى قېتىپ قىلىش، ئارزۇ زىيادە بولۇش، دۇنياغا ھېرىس بولۇش. » ئارزۇ ـ ھەۋەسنىڭ زىيادە بولىشى، تائەت ـ ئىبادەتتە بوشاڭلىق پەيدا قىلىدۇ.

8 ـ يېمەك ـ ئىچمەك، ئۇيقۇ، سۆز ـ ھەرىكەت، مۇناسىۋەتنى چەكتىن ئاشۇرىۋېتىش، كۆپ يېيىش ئەقلىنى، زېھنىنى سۇسلاشتۇرىدۇ، كاللىنى دۆتلەشتۈرىدۇ، ئەقلى ئىقتىدارنى تۆۋەنلىتىدۇ، بەدەننى ئېغىرلاشتۇرۇپ، ھورۇنلۇقنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ، كۆپ يەپ، كۆپ ئۇخلىغان ئادەم مۇكاپاتتىن قۇرۇق قالىدۇ. سۆز ـ ھەرىكەتتە چېكىدىن ئاشۇرىۋېتىش ـ قەلبنى قاتتىقلاشتۇرىدۇ. كىشىلەر بىلەن ئارىلىششتا چېكىدىن ئاشۇرىۋېتىش، كۆپ ئىشلارغا كاشىلا بولىدۇ. تولا كۈلۈش قەلبىدىكى ھاياتلىق ماددىلىرىنى ئۆلتۈرىدۇ. شۇنداقلا ۋاقىت ئىبادەت بىلەن ئۆتمەيدىكەن، ئادەمنىڭ قەلبى قېتىپ كېتىپ، ھېكمەت قوبۇل قىلالمايدىغان بولۇپ قالىدۇ.

## 827ـ سوئال: ئىماننى كۈچەيتىش، مۇستەھكەملەش ئۇسۇللىرى

1 ـ ﷲ ھەممە نەرسىنى بايان قىلىش ئۈچۈن ۋە ئىنسانلارغا نۇر قىلىپ

چۈشۈرگەن «قۇرئان» نى كۆپ ئوقۇش، مۇلاھىزە قىلىش. چۈنكى ئۇ قەلبنىڭ ئەڭ كۈچلۈك داۋاسى. بۇنىڭ ئەڭ ياخشى يولى ئويلىنىش، تەپەككۇر قىلىش.

2 ـ اللهنىڭ بۈيۈكلىكىنى ھىس قىلىش، ئۇنىڭ ئىسىملىرىنى، سۈپەتلىرىنى تونۇش ۋە مولاھىزە قىلىش. مەزمۇنلىرىنى چۈشىنىش. بۇخىل ھىسسىيات قەلبگە چوڭقۇر ئورۇنلىشىش، ھەتتا ھەر بىر ھۈجەيرىگىچە سىڭىپ كىرىشى لازىم. چۈنكى باشقا ئەزالار قەلبنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە ئىش قىلىدۇ. قەلب ئىنسانىنىڭ مەركىزى، شۇڭا قەلب تۈزۈلىدىكەن باشقا ئەزالار تۈزۈلىدۇ. خۇددى سۈنىڭ بىشى لاي بولسا، ئۇنىڭ ئايغىنى سۈزۈلدۈرىمەن دىيىش ئەخمىقانە خىيال ۋە ئەمەلگە ئىشىش مۇمكىن بولمايدىغان ئىش بولغىنىغا ئوخشاش.

3 ـ شەرىئەت بىلىملىرىنى پۇختا، تولۇق، پىششىق ئۆگىنىش.

4 ـ دۇئاغا، نامازغا ھازىر بولۇش (قاتنىشىش)، چۈنكى بۇ ھەرىكەتلەر داۋاملىق ئىلىپ بىرىلسا، ئىنسانىنىڭ قەلبى راھەتلىنىدۇ، ھۇزۇلىنىشقا باشلايدۇ.

5 ـ ياخشى ئىشلارنى كۆپلەپ قىلىش، ۋاقىتنى ياخشى ئىشلار بىلەن ئۆتكۈزۈش، ئىبادەتنىڭ قوبۇل بولماسلىقىدىن ئەنسىرەپ ئىبادەتنى ياخشى ئورۇنلاش، بۇلار ئۇنۇمى ياخشى، تەسىرى چوڭقۇر ئۇسۇل. الله مۇنداق دىدى: ئۇلارنىڭ يانلىرى ئورۇن ـ كۆرپىدىن يىراق بولىدۇ (يەنى ئۇلار كېچىسى ئىبادەت قىلىپ ئاز ئۇخلايدۇ)، ئۇلار پەرۋەردىگارىنىڭ (ئازابىدىن) قورقۇپ، (رەھمىتىنى) ئۈمىد قىلىپ ئۇنىڭغا دۇئا قىلىدۇ، ئۇلارغا بىز رىزىق قىلىپ بەرگەن نەرسىلەردىن (ياخشىلىق يوللىرىغا) سەرپ قىلىدۇ [سۈرە سەجدە ـ 16].

6 ـ ئىبادەتنىڭ ھەر خىللىقىغا دىققەت قىلىپ ئۇنى ياخشى ئورۇنلاش، پەرىز ئىبادەتلەرنىڭ ۋاقتىغا ئالاھىدە ئەھمىيەت بىرىش لازىم، پەرىز، ۋاجىپ، ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى تولۇق ئورۇنلاشتىن باشقا يەنە ۋاقىت چىقىرىپ ئۆزى ياخشى كۆرىدىغان ئەمەللەرنى كۆپ قىلىش.

7 ـ يامان (گۇناھ) بولۇپ قىلىشىدىن قورقىدىغان بولۇش. ئۆزىنىڭ ئاقىۋىتىدىن ئەنسىرەش، گۇناھقا پىتىپ قىلىشتىن قورقۇش.

8 ـ ئۆلۈمنى كۆپ ئەسلەش. بۇنداق قىلغاندا ئادەم گۇناھ قىلىپ قىلىشتىن ئاسانلا ساقلىنىپ قالالايدۇ. ئۆلۈمنى ئەسلىتىدىغان ئىشلارنىڭ ئەڭ ياخشىسى، ئۇنۇمى ئەڭ يۇقىرىسى قەبرىلەرنى يوقلاش. بۇ ھەقتە رەسۇلۇللاھ مۇنداق دىگەن: «مەن سىزلەرنى قەبرىلەرنى يوقلاشتىن توسقان ئىدىم، ئەمدى زىيارەت قىلىڭلار! چۈنكى ئۇ قەلبلەرنى يۇمشىتىدۇ، كۆزنى ياشلىتىدۇ، ئاخىرەتنى ئەسلىتىدۇ.» ئۆلۈكنى يوقلاش، ۋە سەكراتقا چۈشكەنلەرنى كۆرۈش. جىنازا نامىزىغا قاتنىشىش، مىيتنى كۆتۈرۈش،

ئۆلۈكنى دەپنى قىلىش ھەقىقەتەن ئىماننى كۈچەيتىدىغان ئامىللارنىڭ بىرى. ئۇ ئادەمنى قورقىتىدۇ، ئىچىنى سىيرىلدۇرىدۇ، دىلنى يۇمشىتىدۇ، گۇناھلىرىغا تۆۋبە قىلغۇزىدۇ، كۆزنى ئۇيقۇدىن، بەدەننى راھەتتىن، توسىدۇ، ئەمەلگە ئۈندەيدۇ، تىرىشچان قىلىپ قويىدۇ، بىخۇتلۇقنى تۈگىتىشكىمۇ كۆپ پايدىلىق.

9 ـ ئاخىرەتنى كۆپ ئويلاش، قۇرئان كەرىمنىڭ سۈرە قاپ، ۋاقىئە، قىيامەت، مۇرسەلات، ئەنبىيا، تەكۋىر قاتارلىق سۈرىلىرىدە قىيامەتنىڭ ئەھۋالى توغرىلىق مەسىلىلەر بايان قىلىنغان. شۇنداقلا بەزى ھەدىسلەردە قىيامەت، دوۋزاخ توغرىلىق مەلۇماتلار بار، شۇنداق بايانلارنى، ماترىياللارنى ئوقۇش، ئۆلگەندىن كېيىن تىرىلىش، شاپائەت، ھىساپ، جازا، قىساس، تارازا، كۆۋرۈك، جەننەت ۋە دوۋزاخقا ئوخشاش كۆرۈنۈشلەر بىلەن ئىمان (ئېتىقاد) نى ئاشۇرىدۇ.

10 ـ كائىناتنىڭ ھەر خىل ھادىسىلىرىنى ۋە بەلگۈلىمىسى، قائىدە پرىنسىپ قانۇنىيەتلىرى ئويلاش، تەسىرىنى ھىس قىلىش. تەبئىي ئاپەتلەرنى، مەسىلەن: ئوت ئاپىتى، سۇ ـ كەلكۈن ئاپىتى، يەر تەۋرەش ۋە ھەرخىل ھادىسلەرنى ئويلاش. ئالدىنقىلارنىڭ ۋەيران بولغانلىقلىرىنى، قۇم ئاستىدا قالغانلىرى.......قاتارلىق مۆجىزە ۋە ھادىسلەر.

11 ـ الله نى كۆپ ئەسلەش ـ يادلاش، ياد ئېتىش. چۈنكى بۇ يۆگىلىپ قالغان قەلبنىڭ پەردىسىنى ئاچىدۇ، قەلبنىڭ كىسەللىكىنى داۋالايدۇ. الله: «ھەي موئمىنلار! اللهنى كۆپ ياد ئېتىڭلار! » دېدى. ۋە يەنە «سىزلەرنىڭ غەلبە قىلىشىڭلا ئۈچۈن (بەختكە ئېرىشىشىڭلارئۈچۈن) الله نى كۆپ ياد ئېتىڭلار!. » دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام، كىشىلەرگە: « تىلىڭ دائىم الله نى يادلاش (ياد ئېتىش) بىلەن ھۆل تۇرسۇن (الله نى ياد ئېتىشتىن تىلىڭ قۇرۇپ قالمىسۇن)» دېگەن. الله نى ياد ئېتىشنىڭ پەزىلىتى: الله نى رازى (خۇش) قىلىدۇ، شەيتاننى ئادەمدىن يىراقلاشتۇرىدۇ، غەم ـ قايغۇنى تۈگىتىدۇ، كۆپلەپ رىزىق ئېلىپ كېلىدۇ، مەرىپەتنىڭ ئىشىكلىرىنى ئاچىدۇ، اللهنىڭ زىكرىنى تاشلاش ـ قەلبنى قاتۇرىدىغان سەۋەپلەرنىڭ بىرىدۇر. قەلبلىرىنىڭ ئۆلگەنلىكىدۇر. جىسملىرىنىڭ ئۆلۈشتىن بۇرۇن ئۆلگەنلىكىدۇر.

12 ـ الله بىلەن سۆزلىشىش. اللهنىڭ ئالدىدا باش ئېگىپ، ئۆزىنى تۆۋەن تۇتۇپ ئىلتىجا قىلىش، ئۆزىنى الله ئالدىدا قانچە تۆۋەن تۇتقانسىرى الله غا بولغان يېقىنلىق ھاسىل بولىدۇ. كېچىلەردە نەپلى نامازنى كۆپ ئوقۇش. ئىبنى قەييۇم جەۋزى الله ئالدىدا باش ئېگىپ ئۆزىنى تۆۋەن تۇتۇش بىلەن گۈزەل سۆزلەرنى قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «ئى الله مەن سىلىنىڭ ئىززەتلىكلىرى بىلەن ۋە مىنىڭ خارلىقىم، سىلىنىڭ

كۆچلۈقلىرى بىلەن مېنىڭ ئاجىزلىقىم ۋە سىلىنىڭ (چەكسىز) بايلىقلىرى بىلەن مېنىڭ كەمبىغەللىكىم بىلەن سىلىگە ئىلتىجا قىلىمەن، ماڭا رەھمەت قىلسىلا دىگۈچىنىڭ سۆزى نىمىدېگەن تاتلىق ھە! مېنىڭ خاتالاشقۇچى، ئىزىپ كەتكۈچى مىڭەم سىلىنىڭ قوللىرىدا، سىلىنىڭ بەندىلىرى كۆپ، قۇتقۇزۇش ۋە پانايىغا ئېلىش پەقەت سىلىنىڭ قوللىرىدىلا كىلىدۇ. مەن سىلىدىن مىسكىنلەرنىڭ سورىغىنىنى سورايمەن، سىلىگە خار، بويۇن سۇنغان ھالىتىم بىلەن يالۋۇرىمەن. سىلىگە سەۋرچان ۋە قورقۇچىلارنىڭ دۇئاسىنى قىلىمەن. مەن سىلىدىن، سىلىگە بويۇن ئەگكەن، كۆزلىرىنى سىلىنى دەپ ياشلىغان، قەلبىنى سىلىگە بويسۇندۇرغان كىشىنىڭ سۇئالىنى سورايمەن» دىگۈچىلەرنىڭ دۇئاسى نىمىدېگەن تاتلىق ھە! دېدى. يەنە مۇشۇنىڭغا ئوخشاش سۆزلەر ئارقىلىق پەرۋەردىگارى بىلەن سۆزلىشىپ تۇرسا ئىمانىنىڭ نورى ئۇنىڭ قەلبىدە ھەسسىلەپ كۆچىيىدۇ. شۇنداقلا ئۆزىنىڭ الله غا مۇھتاج ئىكەنلىكىنى دىيىشمۇ الله غا بولغان مۇھەببىتىنى كۈچەيتىدۇ.

13 ـ ئارزۇنىڭ مۇۋاپىق بولۇشى ئىماننى يېڭىلاشتا تولىمۇ مۇھىم.

14 ـ دۇنياغا بېرىلىپ كىتىش، دۇنيالىق ئىشلارغا ئىسلىۋىلىشنى يوقىتىش ئۈچۈن دۇنيانىڭ بىر دەملىك ۋە ناھايىتى ئاددىي ئىكەنلىكىنى ئويلاش. الله مۇنداق دېگەن: «دۇنيا ھاياتى پەقەت (غاپىل) ئادەملەر ئالدىنىدىغان، بەھرىمان بولىدىغان ھاياتتۇر»

15 ـ دىنى ئەھكاملارنى ھەممىدىن يۇكسەك بىلىپ ئۇنىڭغا رىئايە قىلىش. چوڭ ـ كىچىك گۇناھلاردىن قاتتىق ساقلىنىش. الله مۇنداق دېدى: «كىمكى دىنى ئىشلارنى ئۇلۇغلايدىكەن (ئۇنى يۈكسەك بىلىدىكەن)، بۇ، دىللارنىڭ تەقۋادارلىقىدۇر» اللەنىڭ دىنىي ئەھكاملىرىنى ھۆرمەتلەش بىلەن بىرگە كىچىك گۇناھلارنىمۇ كىچىك كۆرمەسلىك، ئۇنىڭدىن خالى بولۇش. رەسۇلۇللاھ مۇنداق دېگەن: «كىچىك گۇناھلاردىن يىراق بولۇڭلار ـ قېچىڭلار!، ئۇلار بىر ئادەمدە يىغىلىپ قالسا، ئادەمنى ھالاك قىلىدۇ. » (ئەھمەد رىۋايىتى).

16 ـ موئمىنلارنى دوست تۇتۇش، كاپىرلارنى دۈشمەن بىلىش، ئۇلارغا كۆڭۈل بەرمەسلىك.

17 ـ كەمتەر، ئاددىي ـ ساددا بولۇش، (كىيىنىشتىمۇ ئاددىي ـ ساددا بولۇش). كىبرىنى ـ ئۆزىنى چوڭ تۇتۇش، ھاكاۋۇرلۇق، زالىملىق، دىلى قاتتىقلىقنى تۇگۇتۇش.

18 ـ الله نى ياخشى كۆرۈش، الله دىن قورقۇش، رەھمىتىدىن ئۈمىدۋار بولۇش، قازاغا رىزا بولۇش، گۇماننى يوقۇتۇش (گۇمانخورلىقتىن ساقلىنىش)، ئىشلاردا الله غا تەۋەككۇل قىلىش، رەھمەت ئېيتىش، راستچىل بولۇش (ساداقەتلىك بولۇش)، ئۆز ـ ئارا

ئىشىنىش، تەۋبە ـ ئىستىغپارنى كۆپ ئېيتىش قاتارلىقلار ئىماننى كۈچەيتىشتە زور ئەھمىيەتكە ئىگە.

19 ـ ئۆز ـ ئۆزىدىن قەرەللىك ھېساپ ئېلىپ تۇرۇش. اللّٰه مۇنداق دېدى: «ئى مۇئمىنلەر! اللّٰه دىن قورقۇڭلار! ھەر بىر ئادەم ئەتە (قىيامەت كۈنى) ئۈچۈن ياخشى ئىشلاردىن نېمىلەرنى قىلغانلىقىغا قاراپ باقسۇن. » ( سۈرە ھەشرى 17 ـ ئايىتى. ) ئۆمەر ئىبنى خەتتاب: «سىزلەر ھېساپ ئېلىنىشتىن بۇرۇن ئۆزۈڭلاردىن ھېساپ ئېلىڭلار. » دېدى.

20 ـ اللّٰه دىن يېڭى ئىلەكلەرنى سوراپ ئۇنىڭغا دۇئا قىلىپ تۇرۇش. رەسۇلۇللاھ مۇنداق دېگەن: « ئىمان كىيىم ـ كېچەك كونىرىغاندەك كونىرايدۇ، شۇڭا اللّٰه دىن ئىماننى يېڭىلاپ ـياشارتىپ بېرىشنى سوراڭلار!»

## 828ـسۇئال: روھنىڭ غىزاسى ـ نەپلە ئىبادەت

تەسەۋۋۇپ ئەھلىنىڭ روھنى پاكلاشتىكى ئەڭ موھىم پائالىيىتى شەرىئەت بۇيرىغان پەرىز ئەمەل ئىبادەتلەرنى تولۇق، ۋاقتىدا، ئەستايىدىل ئورۇنلاشتىن سىرت يەنە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تەلىم بەرگەن، پۈتۈن ھاياتى بويىچە ئۈلگە كۆرسۇتۇپ كەلگەن نەپلە ئەمەل ئىبادەتلەرنى بىجاندىل ئورۇنلاپ ئاللاھنى دوست تۇتۇش ۋە ئاللاھ تائالانىڭ دوسلۇقىغا مۇيەسسەر بولۇش ئۈچۈن تىرىششتىن ئىبارەتتۇر.

تەلھە ئىبنى ئۇبەيدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ يېنىغا نەجدلىك بىر ئادەم كەلدى، ئۇنىڭ چاچلىرى چۇۋۇق، ئاۋازى خىرقىراق ئىدى، بىر خىل گۇڭگۇلدىغان ئاۋازى ئاڭلىناتتى ـ يۇ، بىراق نېمىدېگەنلىكىنى چۈشەنگىلى بولمايتتى. ئۇ يېقىن كەلگەندە، ئۇنىڭ ئىسلام ھەققىدە سوئال سورىۋاتقانلىقىنى بىلدۇق. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنىڭغا: بىر كېچە ـ كۈندۈزدە بەش ۋاخ ناماز ئوقۇش پەرزدۇر، دېدى. ئۇ كىشى: بۇ بەش ۋاخ نامازدىن باشقا ناماز بارمۇ؟ دەپ سورىدى. يوق، ئەمما نەپلە ناماز ئوقاي دېسەڭ، ئوقۇساڭ بولىدۇ. ئۇندىن باشقا، رامىزان ئېيىدا روزا تۇتۇش پەرزدۇر. ئۇندىن باشقا روزا بارمۇ؟ يوق، ئەمما نەپلە روزا تۇتاي دېسەڭ، تۇتساڭ بولىدۇ. ئۇندىن باشقا، زاكات بېرىشمۇ پەرزدۇر. بۇ زاكاتتىن باشقىسىمۇ بارمۇ؟ يوق، ئەمما نەپلە سەدىقە قىلاي دېسەڭ، قىلساڭ بولىدۇ. الله بىلەن قەسەمكى، مەن بۇلارنى كەم ـ زىيادە قىلماستىن ئىجرا قىلىمەن. ئۇ كىشى كەتكەندىن كېين، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: بۇ كىشى راست شۇنداق قىلالىسا، نىجات تاپىدۇ، دېدى. (بۇخارى: 46)

يۇقىرقى ھەدىسنىڭ روھى بويىچە قارىغاندا موھىم نەپلە ئىبادەتلەر نەپلە ناماز، نەپلە رامىزان، سەدىقە خەيرى ئېھسان قاتارلىقلاردۇر.

## 829-سۇئال: نەپلە نامازنىڭ ھۆكۈملىرى

ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: ئەگەر پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم سەپەر ئۈستىدە نەپلە ناماز ئوقۇشنى ئىرادە قىلسا، ئۇلىغى ئۈستىدە تۇرۇپلا قىبلىگە قاراپ نامازنى باشلايتتى. ئۇندىن كېيىن ئۇلىغى ماڭغان تەرەپكە قاراپ نامىزىنى داۋاملاشتۇراتتى. (ئەبۇ داۋۇد: 1225)

جابىر ئىبنى ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇلاغ ئۈستىدە شەرق تەرەپكە قاراپ نەپلە ناماز ئوقۇيتتى، ئەگەر پەرز ناماز ئوقۇشنى ئىرادە قىلسا، ئۇلاغدىن چۈشۈپ قىبلىگە قاراپ ئوقۇيتتى. (بۇخارى: 1099)

ھەفسە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ۋاپات بولۇشتىن بىر يىل بۇرۇن نەپلە نامىزىنى ئولتۇرۇپ ئوقۇشقا باشلىغان، مەن ئۇنىڭدىن ئىلگىرى پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ نەپلە نامازنى ئولتۇرۇپ ئوقۇغانلىقىنى ھېچ كۆرۈپ باقمىغان ئىدىم. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم (نامازدا) ئايەتلەرنى تەرتىل بىلەن (ئالدىرىماي) ئوقۇيتتى. شۇنىڭ بىلەن، ئوقۇغان سۈرىسى (ئەسلىدە ئۇنىڭدىنمۇ ئۇزۇن سۈرىدىن) ئۇزۇن بىلىنىپ كېتەتتى. (مۇسلىم: 733)

يۇقىرقى ھەدىسلەردىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھاياتى بويىچە ھەر قانداق ئەھۋالدا نەپلە نامازنى تاشلاپ قويمىغانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

## 830-سۇئال: نەپلە نامازنىڭ موھىملىرى ۋە پەزىلىتى

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئوقۇغان نەپلە نامازلارنىڭ تۈرى بىر قەدەر كۆپ بولۇپ تەسەۋۋۇپ ئۇستازلىرى پەزىلەتتە يۇقىرى تۇرىدىغان تۆۋەندىكى بەش تۈرلۈك نامازنى دائىم ئوقۇشنى تەكىتلەيدۇ.

1)سالاتە شۇكرى ھوزۇ ـ تەھارەت نامىزى

زەيد ئىبنى خالىد ئەل جۇھەنى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىمكى تاھارەتنى كامىل ئېلىپ، ئىككى رەكئەت ناماز ئوقۇسا، نامازدا زېھنىنى نامازدىن باشقا ئىشقا بەرمىسە، ئۇ كىشىنىڭ بۇرۇن قىلغان كىچىك گۇناھلىرى ئەپۇ قىلىنىدۇ. (ئەبۇ داۋۇد905)

2) تەھەججۇد ـكېچە نامىزى

ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمر ئىبنى ئاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بىر ئادەم كېچىدە قوپۇپ ئون ئايەت بىلەن تەھەججۇد نامىزى ئوقۇسا، ئۇ غاپىللار قاتارىغا يېزىلمايدۇ. يۈز ئايەت

بىلەن تەھەججۇد نامىزى ئوقۇسا، اللە تائالانىڭ ئەمرىگە چىن دىلىدىن ئىتائەت قىلغۇچىلار قاتارىدىن يېزىلىدۇ، مىڭ ئايەت بىلەن ئوقۇسا، كۆپلەپ ئەجىرگە ئېرىشكۈچىلەر قاتارىدىن يېزىلىدۇ. (ئەبۇ داۋۇد: 1398)

3) چاشكا ـ زۇھا نامىزى

ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىمكى بامدات نامىزىنى جامائەت بىلەن ئوقۇپ، ئاندىن كېيىن كۈن چىققۇچە اللە تائالاغا زىكرى ئېيتىپ، كۈن چىققاندىن كېيىن ئىككى رەكئەت زۇھا (چاشگاھ ۋاقتى) نامىزى ئوقۇسا، ئۇ كىشىگە ھەج ۋە ئۆمرە قىلغاننىڭ ساۋابى تولۇق بېرىلىدۇ. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: ھەج ۋە ئۆمرىنىڭ ساۋابى تولۇق بېرىلىدۇ دېگەن كەلىمىنى ئۈچ قېتىم تەكرارلىغان. (تىرمىزى: 586)

4) تەسبىھات نامىزى

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئابباس ئىبنى ئابدۇلمۇتتەلىبكە مۇنداق دېدى: ئى ئابباس! ئى تاغا! مەن ساڭا ئون خىسلەتنى ئۆسۈپلا بېرەيمۇ؟ ئەگەر ئۇ ئون ئىشنى قىلساڭ، اللە تائالا سېنىڭ بۇرۇنقى ۋە كېيىنكى، كونا ۋە يېڭى، سەھۋەنلىك ۋە قەستەن، كىچىك ۋە چوڭ، مەخپىي ۋە ئاشكارا گۇناھلىرىڭنى مەغپىرەت قىلىدۇ. ئون خىسلەت بۇدۇر: ھەر رەكئەتتە سۈرە فاتىھەگە بىر سۈرە قوشۇپ، جەمئىي تۆت رەكئەت ناماز ئوقۇيسەن. بىرىنچى رەكئەتنىڭ قىرائىتىنى قىلىپ بولغاندىن كېيىن، ئۆرە تۇرغان پېتى: سۇبھان ئاللاھى ۋەلھەمدۇلىللاھى ۋەلائىلاھە ئىللەللاھۇ ۋاللاھۇ ئەكبەر (اللە تائالا بارلىق ئەيىب ـ نۇقساندىن پاكتۇر، پۈتۈن ھەمدۇسانا اللە تائالاغىلا خاستۇر، اللە تائالادىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوقتۇر، اللە بۈيۈكتۇر)، دېگەن زىكىرنى ئون بەش قېتىم ئوقۇيسەن. ئاندىن رۇكۇ قىلىپ، رۇكۇدا ئۇ زىكىرنى يەنە ئون قېتىم ئوقۇيسەن، ئاندىن رۇكۇدىن بېشىڭنى كۆتۈرۈپ، يەنە ئون قېتىم ئوقۇيسەن. ئاندىن سەجدە قىلىسەن ۋە سەجدىدە يەنە ئون قېتىم ئوقۇيسەن. ئاندىن سەجدىدىن بېشىڭنى كۆتۈرۈپ، يەنە ئون قېتىم ئوقۇيسەن. ئاندىن سەجدە قىلىپ، يەنە ئون قېتىم ئوقۇيسەن. ئاندىن سەجدىدىن بېشىڭنى كۆتۈرۈپ، يەنە ئون قېتىم ئوقۇيسەن. شۇنداق قىلىپ، بۇ زىكىر ھەر رەكئەتتە يەتمىش بەش قېتىم ئوقۇلىدۇ. قالغان رەكئەتلەرنىمۇ مۇشۇنداق ئوقۇيسەن. ئەگەر ھەر كۈنى بىر قېتىم ئوقۇشقا ئىمكانىيىتىڭ بولسا ئوقۇغىن، ئۇنىڭغا ئىمكانىيىتىڭ بولمىسا، ھەر جۈمە بىر قېتىم ئوقۇغىن، ئۇنىڭغىمۇ ئىمكانىيىتىڭ بولمىسا، ئايدا بىر قېتىم ئوقۇغىن، ئۇنىڭغىمۇ ئىمكانىيىتىڭ بولمىسا، يىلدا بىر قېتىم ئوقۇغىن، ئۇنىڭغىمۇ ئىمكانىيىتىڭ

بولمىسا، پۈتۈن ئۆمرۈڭدە بىر قېتىم بولسىمۇ ئوقۇغىن! (ئەبۇ داۋۇد 1297)

5) ئەسرىنىڭ سۈننىتى

ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئەسرىنىڭ پەرزىدىن بۇرۇن تۆت رەكئەت ناماز ئوقۇغان كىشىگە الله رەھمەت قىلسۇن! (تىرمىزى: 430)

## 831-سۇئال: نەپلە روزا تۇتىدىغان پەزىلەتلىك ۋاقىتلار

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ نەپلە روزىنى كۆپ تۇتقانلىقى بولۇپمۇ شەئبان ئېيىدا روزا تۇتۇشقا تىخىمۇ بەكرەك ئەھمىيەت بېرىپ نەپلە روزا تۇتقانلىقى سەھىھ ھەدىسلەر قەيت قىلىندۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن سۈننەت بولغان نەپلە روزىلار ۋە نەپلە روزا تۇتۇشقا ئەڭ پەزىلەتلىك ۋاقىتلار تۆۋەندىكىچە:

1) ھەر ھەپتىنىڭ دۈشەنبە پەيشەنبە كۈنلىرى روزا تۇتۇش.

2) ھەر ئاينىڭ 13 - 14 - 15 - كۈنلىرى ئۇدا ئۈچ كۈن روزا تۇتۇش.

3) مۇھەررەم ئېيىنىڭ 9 - 10 - كۈنلىرى روزا تۇتۇش

4) شەۋۋال ئېيىدا يەنى رامىزاندىن كېيىنكى ئايدا ئۇدا ئالتە كۈن روزا تۇتۇش.

5) زۇلھەججە ئېيىنىڭ 1 - كۈنىدىن 9 - كۈنىگىچە روزا تۇتۇش.

## 832-سۇئال: خەيرى ئېھسان قىلىنىدىغانلارنىڭ دەرىجىسى

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام زاكاتنى ئادا قىلىپ بولغان ياكى زاكات بېرىش ئۆلچىمىگە يەتمىگەنلەرگە بولۇپمۇ ئائىلىلار جامائەسىگە سەدىقە ـ خەيرى ئېھسانىنى كۆپرەك قىلىشنى بۇيرىدى. خەيرى ئېھسان قىلىشقا تېگىشلىكلەر ۋە ئۇلارنىڭ دەرىجىسى مۇنداق بولىدۇ.

1)ئاللاھ تائالا ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئالدى بىلەن ئىنساننى ئاتا - ئاتىنىسىغا ياخشىلىق قىلىشقا بۇيرىدى.

2) ئائىلىسىگە يەنى ئەھلى ئاياللىرى ۋە بالا چاقىلىرىغان ياخشىلىق قىلىش.

3) قېرىنداشلىرىغا ياخشىلىق قىلىش.

4)يېقىن خوشنىغا ياخشىلىق قىلىش.

5) ئۇرۇق تۇققانلارغا ياخشىلىق قىلىش.

6) يىراق خوشنىلارغا ياخشىلىق قىلىش.

7) ساۋاقداش، سەپەرداش، خىزمەتداشلارغا ياخشىلىق قىلىش.

8) يېتىم يېسىر، ئىبنى سەبىل، مۇساپىرلارغا ياخشىلىق قىلىش.

9) تىلەشتىن نۇمۇس قىلىدىغان، مۇھتاجلىققا چۈشۈپ قالغانلارغا ياخشىلىق قىلىش.

10) قول تەگلىگەنلەرگە، ھەر قانداق تىلەمچى سايىللارغا ياخشىلىق قىلىش، بىر نەرسە بىرەلمىسە ياكى بەرگۈسى كەلمىسە ھەر گىز ئازار بەرمەسلىك.

دىمەك خەيرى ئېھسان قىلىنىشقا تىگىشلىك كىشىلەر مانا مۇشۇنداق كۆپ. ھەر كىشى ئۆزىنىڭ ئىقتىسادىي ئەھۋالىغا يارىشا، ئاشكارە ياكى مەخپى يۇسۇندا بولسۇن «يىرىم تال خورما» چاغلىق نەرسە بولسىمۇ سەدىقە قىلىپ ئۆزىنى جەھەننەم ئازابىدىن قۇتقۇزۇشى لازىم.

### 833-سۇئال: تەرىقەت ئەھلىنىڭ ئاساسلىق سۈپەتلىرى

1. زاھىدلىق يولىنى تۇتۇش.
2. يوقسۇللۇققا بەرداشلىق بىرىش ۋە قانائەتچان بولۇش.
3. رىيازەت ئارقىلىق روھنى تاۋلاش.
4. بالا مۇسىبەتلەرگە سەبىرچان بولۇش.
5. ئىنسانلاردىن يەتكەن تۈرلۈك ئەزىيەتلەرگە ئەپۇچانلىق بىلەن مۇئامىلە قىلىش.
6. جانلىقلارغا رەھىمدىل، ھەلىم بولۇش.
7. تۇرمۇشتا، ھاياتتا ئاددى ساددا بولۇش.
8. تەۋبىگە ھىرىسمەن بولۇش.

### 834-سۇئال: يوقسۇللۇق ۋە قانائەتچانلىقنىڭ پەزىلىتى

ئۇسامە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: (مىئراجدا) جەننەتنىڭ دەرۋازىسى ئالدىدا تۇردۇم. كىرىپ كېتىۋاتقانلارنىڭ كۆپىنچىسى يوقسۇللار بولۇپ، بايلار توختىتىپ قويۇلغانىدى. ئاندىن دوزاخ ئەھلى دوزاخقا كىرىشكە بۇيرۇلدى، مەن دوزاخ دەرۋازىسى ئالدىدا تۇردۇم، كىرىپ كېتىۋاتقانلارنىڭ كۆپىنچىسى ئاياللار ئىدى. (بۇخارى: 5196)

مۇسئەب ئىبنى سەئدتىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: (دادام) سەئد ئۆزىنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ باشقا كەمبەغەل ساھابىلىرىگە نىسبەتەن ئۈستۈن ئىكەنلىكىنى ھېس قىلغانىدى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنىڭغا مۇنداق دىدى: اللە بۇ ئۇممەتكە ئاجىزلارنىڭ نامىزى، دۇئالىرى ۋە ئىخلاسلىرى سايىسىدا ياردەم بىرىدۇ. (نەسائى: 3178)

كەمبەغەللىكنى قارىماققا كىشىلەر ياقتۇرمىسىمۇ ئۇ دۇنيالىق پەزىلىتى يۇقىرى بولغاچقا تەسەۋۋۇپ ئەھلىلىرى ھاياتىنىڭ يوقسۇللۇق ئىچىدە ئۆتۈشىگە، يوقسۇللۇقنىڭ بىسىم، ئاھانەت، قىيىنچىلىقلىرىغا رازى بولۇپ ئاخىرەت ساۋابىنى كۆزلىگەن بولغاچقا كەمبەغەللىك سوپىلار ئۈچۈن ياخشى پەزىلەت ھىساپلىنىدۇ.

## 835-سوئال: سەبىرچانلىقنىڭ پەزىلىتى

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سەبىرچانلىقنىڭ مۆئمىننىڭ موھىم سۈپىتى ئىكەنلىكىنى سەبىر قىلغۇچىنىڭ مۇكاپىتى پەقەتلا جەننەت ئىكەنلىكىنى بىر قانچە ھەدىستە ئوتتۇرغا قويغان.

سۇھەيب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: پاھ! مۇئمىن كىشىنىڭ ھالى نېمىدېگەن ياخشى؟! ئۇنىڭ بارلىق ئەھۋالى ئۇنىڭ ئۈچۈن ياخشىلىق ئېلىپ كېلىدۇ، بۇ خۇسۇسىيەت پەقەت مۇئمىنگىلا خاستۇر. مۇئمىن خۇشال بولىدىغان ئىشقا يولۇقسا، اللەقا شۈكرى ئېيتىدۇ. مانا بۇ، ئۇنىڭ ئۈچۈن بىر ياخشىلىق؛ ئەگەر زىيان - زەخمەتكە يولۇقسا، ئۇنىڭغا سەۋر قىلىدۇ. مانا بۇمۇ ئۇنىڭ ئۈچۈن بىر ياخشىلىق ھېسابلىنىدۇ. (مۇسلىم: 2999)

ئابدۇللا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: سەۋرچانلىق ئىماننىڭ يېرىمى، چىنپۇتۇش پۇتۇنىدۇر. ( ئەلكەبىر 8544)

ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: مەن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىدىم: اللە مۇنداق دېدى: بەندەمنىڭ ئىككى سۆيگىنىنى (كۆزلىرىنى) ئېلىپ كەتسەم ۋە ئۇ سەۋر قىلسا، ئۇ ئىككى سۆيگىنىنىڭ ئورنىغا جەننەتنى بېرىمەن. (بۇخارى: 5653)

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: اللە مۇنداق دەيدۇ: مۇئمىن بەندەمنىڭ دۇنيادا ئەڭ ياخشى كۆرگەن ئادىمىنى ئېلىپ كەتسەم، ئاندىن ئۇ مەندىن ساۋاب كۈتۈپ سەۋر قىلسا، مەندىكى مۇكاپات پەقەتلا جەننەتتۇر. (بۇخارى: 6424)

يەھيا ئىبنى ۋەسساب بىر مۆتىۋەر ساھابىدىن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: كىشىلەرگە ئارىلىشىپ، ئۇلارنىڭ ئەزىيەتلىرىگە سەۋر قىلغان مۇسۇلمان، كىشىلەرگە ئارىلاشمايدىغان، ئۇلارنىڭ ئەزىيەتلىرىگە سەۋر قىلالمايدىغان مۇسۇلماندىن ياخشىدۇر. (تىرمىزى: 2507)

## 836-سوئال: مۇئمىنلەرنىڭ ئەپۇچان بولۇشقا بۇيرۇلغانلىقى

ئەپۇنى دوست تۇتۇش، باشقىلاردىن يەتكەن تۇرلۇك ئازار، نادانلىق قىلمىشلىرىنى ئەپۇ قىلىۋېتىپ گېنە ئاداۋەت ساقلىماسلىق، باشقىلارغا ياخشى مۇئامىلە قىلىش، تەسەۋۋۇپ ئەھلىنىڭ يەنە موھىم سۈپەتلىرىدىن بىرى.

ئابدۇللاھ ئىبنى زۇبەير رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دېگەن: {ئەپۇنى دوست

تۇتقىن، ياخشىلىققا (يەنى ياخشى سۆز قىلىشقا، ياخشى ئىش قىلىشقا) بۇيرۇغىن، نادانلار بىلەن تەڭ بولمىغىن (يەنى نادانلارنىڭ قىلغىنىنى قىلماي، ئۇلارغا مۇلايىم بولغىن} ( سۈرە ئەئراف، 199 ـ ئايەت) دېگەن ئايەت ئىنسانلارنىڭ ئەخلاقى ھەققىدە نازىل بولغان. يەنە بىر رىۋايەتتە مۇنداق دېيىلگەن: اللە تائالا پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنى كىشىلەرگە سىلىق مۇئامىلە قىلىشقا بۇيرۇغان. (بۇخارى: 4644، ئەبۇ داۋۇد: 4787)

ئابدۇللاھ ئىبنى ئۇمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دەيدۇ: بىر ئادەم پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قېشىغا كېلىپ: ئى رەسۇلۇللاھ! خىزمەتچىنى قانچە قېتىم ئەپۇ قىلىمەن؟ دەپ سورىغاندى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم لام جىم دېمىدى. ئۇ يەنە: ئى رەسۇلۇللاھ! خىزمەتچىنى قانچە قېتىم ئەپۇ قىلىمەن ؟ دەپ سورىغاندى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: بىر كۈندە 70 قېتىم، دەپ جاۋاب بەردى. (تىرمىزى: 1949)

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئاراڭلاردىكى ئەخلاقلىق كىشىلەرنىڭ جازا كېلىدىغان خاتالىقلىرىدىن باشقا خاتالىقلىرىنى ئەپۇ قىلىڭلار. (ئەبۇ داۋۇد: 4375)

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دېگەن: {ياخشى خىسلەت ئارقىلىق (يامان خىسلەتكە) تاقابىل تۇرغىن} (سۈرە فۇسسىلەت، 34 ـ ئايەت) دېگەن ئايەتنىڭ مەنىسى: غەزەبلەنگەندە سەۋر قىلىش، ئازار بېرىلگەندە ئەپۇ قىلىشتۇر. شۇنداق قىلغاندىلا، اللە ئۇلارنى گۇناھتىن ساقلاپ، دۈشمەنلىرىنى ئۇلارغا گويا سىرداش دوستىدەك بويسۇندۇرۇپ بېرىدۇ. (بۇخارى مۇئەللەق رىۋايەت قىلغان)

## 837-سۇئال: رەھىمدىللىك، ھەلىملىكنىڭ پەزىلىتى

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: رەھىم (تۇغقانچىلىق) ئەرشكە ئېسىقلىق ھالەتتە تۇرۇپ: كىم مېنى يەتكۈزسە (يەنى سىلە رەھىم قىلسا)، اللە رەھمىتىنى ئۇنىڭغا يەتكۈزىدۇ. كىم مېنى ئۈزسە، اللە ئۇنىڭدىن رەھمىتىنى ئۈزىدۇ، دەيدۇ. (مۇسلىم: 2555)

ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: مەن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغاندىم: كىمكى رىزقىنىڭ كەڭ بولۇشىدىن ياكى ئۆمرىنىڭ ئۇزۇن بولۇشىدىن خۇرسەن بولسا، سىلە رەھىم قىلسۇن. (بۇخارى: 2067)

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ

ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: نەسەبىڭلار ئىچىدىكى سىلە رەھىم قىلىشقا تېگىشلىك كىشلەرنى بىلىۋېلىڭلار. شەك شۈبھىسىزكى، سىلە رەھىم تۇغقانلار ئارىسىدا مېھرى مۇھەببەتنى كۈچەيتىدۇ. پۇل مالغا بەرىكەت كەلتۈرىدۇ. ئۆمۈرنىڭ ئۇزۇن بولۇشىغا سەۋەب بولىدۇ. (تىرمىزى: 1979)

## 838-سۇئال: ئاددى ساددا ياشاشنىڭ ئىمانىنىڭ جۇملىسى ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ خىسلىتى ئىكەنلىكى

ئەبۇ ئۇمامە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: بىر كۈنى، ساھابىلەر پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ يېنىدا مال - دۇنيا ئۈستىدە پاراڭ سىسىلىشقانىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: ئاڭلىمىدىڭلارمۇ، ئاڭلىمىدىڭلارمۇ؟ ئاددىي - ساددا كىيىنىش ئىماندىندۇر، ئاددىي ساددا كىيىنىش ئىماندىندۇر دېدى. (ئەبۇ داۋۇت: 4161)

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ۋاپات بولغانغا قەدەر ئائىلىسى بۇغداي نېنىنى (ئۇدا) ئۈچ كۈن تويغىچە يەپ باقمىدى. (مۇسلىم: 2970)

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ۋاپات بولغانغا قەدەر ئائىلىسى ئارپا نېنىنى تويغىچە يەپ باقمىدى. (ئىبنى ماجە: 3346)

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئائىلىسى بىر كۈندە ئىككى ۋاق تاماق يېسە، بىر ۋاقىت تامىقى چوقۇم خورما بولاتتى. (بۇخارى: 6455)

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا يەنە مۇنداق دېگەن: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر كۈندە ئىككى قېتىم نان بىلەن زەيتۇن يېغىغا تويماستىن ۋاپات بولدى. (مۇسلىم: 2974)

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئائىلىسى بىلەن بىرقانچە كېچىنى تائامسىز ئۆتكۈزەتتى، چۈنكى كەچلىك تاماققا يېگۈدەك بىر نەرسە تاپالمايتتى. يەيدىغىنىنىڭ كۆپىنچىسى ئارپا نېنىدىن ئىبارەت ئىدى. (تىرمىزى: 2360)

## 839-سۇئال: ئەھلى سالىھلارنىڭ نەزىرىدىكى تەۋبىنىڭ مەرتىبىسى

تەۋبىنىڭ ئون مەرتىۋىسى بولۇر. بىرىنچىسى، جاھىللەردىن يىراق بولماق. ئىككىنچى، باتىل ئىشلاردىن يىراق بولماق. ئۈچىنچى، قىل دېگەننى قىلماق، قىلما دېگەندىن يۈز ئۆرۈمەك. تۆتىنچى، خۇدايتەئەلا دوست تۇتىدىغان ئىشلارغا يۈرمەك. بەشىنچى، خەيرىيەتلىك ئىشلارغا ئالدىرماق. ئالتىنچى، قىلغان تەۋبىدە مەھكەم

تۇرماق. يەتتىنچى، قىلماي دېگەن ئىشلارنى مۇتلەق قىلماسلىق. سەككىزىنچى، زالىملاردىن زۇلۇمنى دەپئى قىلماق. توققۇزىنچى، كاپىلار بىلەن جەڭ قىلماقنىڭ تەلىبىدە بولماق. ئونىنچى، يەيدىغان غىزاسىنى ھالالدىن ئىزدىمەك، دەپتۇ. «تەزكىرە ئەۋلىيا» ناملىق كىتاپتىن.

## 840-سۇئال: ئىستىغفار ۋە تەۋبىنىڭ ئەھمىيىتى

ئىستىغفار ـ ئاللاھ تائالادىن گۇناھلارنىڭ كەچۈرۈم قىلىشىنى سوراش دېگەنلىك.

تەۋبە ـ سادىر قىلىنغان گۇناھلارغا پۇشايمان قىلىپ، قايتا گۇناھ قىلماسلىققا بەل باغلاپ ھەقىقەتكە قايتىش دېگەنلىكتۇر. قۇرئان كەرىم بىزگە تەلىم بېرىپ مۇنداق دەيدۇ: « ئى مۆمىنلەر! ئاللاھقا سەمىمىي تەۋبە قىلىڭلار، ئۇمىدكى، پەرۋەردىگارىڭلار سىلەرنىڭ گۇناھىڭلارنى يوققا چىقىرىدۇ، سىلەرنى ئاستىدىن ئۆستەڭلەر ئېقىپ تۇرىدىغان جەننەتلەرگە كىرگۈزىدۇ» [ تەھرىم سۈرىسى 8 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى ].

## 841-سۇئال: تەۋبە دەرۋازىسىنىڭ تاكى قىيامەتكىچە ئوچۇق ئىكەنلىكى ۋە ئاللاھنىڭ گۇناھلارنى مەغپىرەت قىلغۇچى ئىكەنلىكى

سەفۋان ئىبنى ئەسسال رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مەغرىب تەرەپتە بىر دەرۋازا بار بولۇپ، ئۇنىڭ كەڭلىكىنى ئاتلىق كىشى قىرىق (ياكى يەتمىش) يىلدا بېسىپ ئۆتىدۇ. الله ئاسمان بىلەن يەرنى ياراتقان كۈندە شۇ دەرۋازىنىمۇ ياراتقان بولۇپ، تۆۋبە ئۈچۈن داۋاملىق ئېچىپ قويغان. قۇياش ئۇنىڭدىن چىقمىغىچە، ئۇ دەرۋازا تاقالمايدۇ. (تىرمىزى: 3535)

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم قۇياش مەغرىبتىن چىقىشتىن بۇرۇن تۆۋبە قىلسا، الله ئۇنىڭ تۆۋبىسىنى قوبۇل قىلىدۇ. (مۇسلىم: 2703)

ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: الله بەندىسىنىڭ تۆۋبىسىنى جېنى ھەلقۇمىغا يېتىپ قالغانغا قەدەر قوبۇل قىلىدۇ. (تىرمىزى: 3537)

ئەبۇ مۇسا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: قۇياش مەغرىبتىن چىققانغا قەدەر، الله تائالا كۈندۈزى گۇناھ قىلغانلارنى مەغپىرەت قىلىش ئۈچۈن كېچىسى قولىنى ئاچىدۇ. كېچىسى گۇناھ قىلغانلارنى مەغپىرەت قىلىش ئۈچۈن كۈندۈزى قولىنى ئاچىدۇ. (مۇسلىم: 2759)

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئادەم ئەۋلادىنىڭ ھەممىسى خاتالىق ئۆتكۈزىدۇ، ئەمما خاتالىق ئۆتكۈزگۈچىلەرنىڭ ئەڭ ياخشىسى تەۋبە قىلغۇچىلاردۇر. (تىرمىزى: 2499)

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: جېنىم ئىلكىدە بولغان اللە بىلەن قەسەمكى، ئەگەر سىلەر گۇناھ قىلمىغىنىڭلاردا اللە سىلەرنى يوق قىلىپ، ئورنۇڭلارغا باشقا بىر قەۋمنى كەلتۈرگەن بولاتتى. ئۇلار گۇناھ ئۆتكۈزۈپ، ئاندىن تەۋبە قىلاتتى، اللە ئۇلارنىڭ گۇناھلىرىنى مەغپىرەت قىلاتتى. (مۇسلىم: 2749)

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بىر بەندە گۇناھ قىلدى ۋە: ئى رەببىم! گۇناھىمنى مەغپىرەت قىلغىن! دېدى. اللە تائالا: بەندەم گۇناھ قىلدى، گۇناھلارنى مەغپىرەت قىلىدىغان، قىلغان گۇناھتىن سوراق قىلىدىغان بىر پەرۋەردىگارىنىڭ بارلىقىنى بىلدى، دېدى. ئۇ بەندە كېيىن يەنە گۇناھ قىلىپ: ئى پەرۋەردىگارىم! گۇناھىمنى مەغپىرەت قىلغىن! دېدى. اللە تائالا: بەندەم گۇناھ قىلدى ۋە گۇناھلارنى مەغپىرەت قىلىدىغان، قىلغان گۇناھتىن سوراق قىلىدىغان بىر پەرۋەردىگارىنىڭ بارلىقىنى بىلدى، دېدى. ئۇ بەندە كېيىن يەنە گۇناھ قىلىپ: ئى پەرۋەردىگارىم! گۇناھىمنى مەغپىرەت قىلغىن! دېدى. اللە تائالا: بەندەم گۇناھ قىلدى ۋە گۇناھلارنى مەغپىرەت قىلىدىغان، قىلغان گۇناھتىن سوراق قىلىدىغان بىر پەرۋەردىگارىنىڭ بارلىقىنى بىلدى. ئى بەندەم! خالىغان ئىشىڭنى قىلغىن، مەن سېنىڭ گۇناھىڭنى كەچۈردۇم، دېدى. (مۇسلىم: 2758)

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: اللە تائالا: ئى ئادەم ئەۋلادى! سەن قاچان ماڭا دۇئا قىلساڭ ۋە مەندىن بىر نەرسىنى ئۈمىد قىلساڭ، سەندىن سادىر بولغان گۇناھلارنى ئەپۇ قىلىمەن، ھېچ پەرۋا قىلمايمەن. ئى ئادەم ئەۋلادى! گۇناھلىرىڭ ئاسمانغا تاقاشسىمۇ، كېيىن مەندىن مەغپىرەت تەلەپ قىلساڭ، گۇناھىڭنى كەچۈرىمەن، ھېچ پەرۋا قىلمايمەن. ئى ئادەم ئەۋلادى! مېنىڭ ئالدىمغا ناھايىتى كۆپ گۇناھ قىلغان، لېكىن ماڭا ھېچنېمىنى شېرىك قىلمىغان ھالدا كەلسەڭ، مەنمۇ ساڭا بەكمۇ كۆپ مەغپىرەت بىلەن كېلىمەن، دېدى. (تىرمىزى: 3540)

## 842-سۇئال: تەۋبىنىڭ قوبۇل بولۇشىنىڭ شەرتلىرى

تەۋبىنىڭ قوبۇل بولۇشى ئۈچۈن بەزى شەرتلەر بار. ئىنسانلار تەرىپىدىن سادىر

قىلىنغان گۇناھ ۋە قىلمىشلار، يا ئاللاھ تائالانىڭ ھەققىگە قارشى ئىشلەنگەن بولىدۇ، ياكى مەخلۇقاتلارنىڭ ھەققىگە قارشى ئىشلەنگەن بولىدۇ. ئاللاھ تائالانىڭ « قىل » ۋە « قىلما » دېگەن ئەمر - پەرمانلىرىنى ئورۇنلاش ئۇنىڭ ئىنسانلار ئۈستىدىكى ھەقلىرىدىندۇر. بۇلارنى بەجا كەلتۈرۈش ئىنسانلارنىڭ بۇرچىدۇر. چۈنكى ئاللاھ تائالا ئىنسانلارنى گۈزەل سۈرەتتە يارىتىپ، ئۇلارنى يەر يۈزىنىڭ خوجايىنى قىلدى، ئۇلارنى ئەڭ ھۆرمەتلىك قىلدى، ئۇلارغا تۈرلۈك سان - ساناقسىز نېئمەتلەرنى ئاتا قىلدى، باشقا مەخلۇقاتلارنى ئۇلارنىڭ پايدىلىنىشى ئۈچۈن يارىتىپ بەردى. ئەھۋال بۇنداق ئىكەن، ئاللاھ تائالانىڭ ئىنسانلار ئۈستىدىكى ھەقلىرى كۆپتۇر. بۇنىڭ ئۈچۈن ئاللاھ تائالانىڭ ئەمر - پەرمانلىرىغا خىلاپلىق قىلغۇچىلار ئۇنىڭ ھەققىگە قارشى قىلمىش سادىر قىلغان بولىدۇ. مەخلۇقاتلارنىڭ، خۇسۇسەن ئىنسانلارنىڭ ھەققى ئىنسانلار تەرىپىدىن زىيان - زەخمەتلەرگە ئۇچرىتىلماسلىقىدۇر. ئىنسانلارنى زىيان - زەخمەتلەرگە ئۇچرىتىش، ئۇلارغا زۇلۇم قىلىش ۋە ئۇلارنىڭ ھەقلىرىنى يەۋېلىش ئۇلارنىڭ ئاللاھ تائالا ئاتا قىلغان ھەق - ھوقۇقلىرىغا تاجاۋۇز قىلغانلىق بولىدۇ.

ئاللاھ تائالانىڭ ھەققىگە قارشى ئىشلەنگەن گۇناھ - مەسىيەتلەرنىڭ تەۋبىسىنىڭ قوبۇل قىلىنىشى ئۈچۈن 3 شەرت بار، ئۇلار:

1 - قىلغان گۇناھ - مەسىيەتلەر ئۈچۈن پۇشايمانلىق ھېس قىلىش.

2 - بۇرۇن قىلغان گۇناھ - مەسىيەتلەرنى قايتا قىلماسلىققا چىن ئىرادە باغلاش.

3 - گۇناھ - مەسىيەتلەردىن قەتئى قول ئۈزۈش.

ئەمما ئىنسانلارنىڭ ھەققىگە قارشى ئىشلەنگەن قىلمىشلار ۋە يامانلىقلارنىڭ تەۋبىسىنىڭ قوبۇل بولۇشى ئۈچۈن يۇقىرىقى 3 شەرت بىلەن بىرگە، ھەق ئىگىسىنى رازى قىلىش شەرت قىلىنىدۇ. چۈنكى بۇ خىلدىكى ھەق ئاللاھ تائالانىڭ ھەققى بولماستىن، ئىنسانلارنىڭ ئۆز ھەقلىرى بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇلار قىلمىشكارلىرىنى ئۆزلىرى كەچۈرمىگىچە ئاللاھ تائالا كەچۈرمەيدۇ ۋە تەۋبىلىرىنى قوبۇل قىلمايدۇ. مانابۇ، ئاللاھ تائالانىڭ ئادالىتىدۇر.

## 843-سۇئال: تەرىقەت ۋە سوفى ئۇقۇمىنىڭ مەزمۇن تەبىرى

تەرىقەت دېگەن، شەرىئەت ئەھكاملىرىنىڭ ئىنسانغا بولغان ئۆزلىششىنى، ئىنسان پائالىيىتىدە ئىجرا بولۇش دەرىجىسىنى، ئىنساندىكى ئاللاھ سۆيگۈسى، ئىنساننىڭ ئاللاھقا بولغان مۇھەببەت ئەقىدە ــ ئىخلاسىنىڭ دىرىجىسىنى ئۆلچەيدىغان، ھەقىقى مۇئمىنى كامىل بىلەن مۇسۇلمانى پاسىقنى ئايرىدىغان بىر يول. ئىسلامىي بىلىم ئەقىدىلەرنى چىن مەنىسى بىلەن ئۆزلەشتۇرۇپ، شەرىئەت ئەھكاملىرىنى ئىنساننىڭ ھەقىقى ئاڭلىق پائالىيىتىگە ئايلاندۇرىدىغان، پەيغەمبەر

ئەلەيھىسسالام ۋە ساھابىلىرىنىڭ توغرا پاك سۈننىتىگە ئىلىپ بارىدىغان داغدام يول. مۆئمىنى كامىلنى تەربىيەلەپ يېتىشتۈرىدىغان جەننەت باغچىسى. ئاللاھ تائالانىڭ ئاشىقلىرى ئىچىپ قانمايدىغان قۇرۇماس شىرىن بۇلاق.

سوفى بولسا ئاللاھ سۆيگۈسىدە ئۆزىنى ئۇنتۇغان، ھەممىنى ئاللاھ ئۈچۈن يوقاتقان، ھەممىنى ئاللاھ ئۈچۈن قىلىدىغان، ھەممىدىن ئاللاھ ئۈچۈن ۋاز كېچىدىغان ھەم ياشاشقا ھەم ئۆلۈشكە تەييار تۇرىدىغان ئۈمىدۋار ئىنسان. دىن دۈشمەنلىرى سۆيەتلىگەندەك تەركى دۇنيا، تەركى ئىبادەت، تەركى ھايات، بىغەم بىكار تەلەتلەردىن ئەمەس.

## 844-سوئال: توغرا يولدىكى تەرىقەت ئەھلىنىڭ سۈپىتى

تەرىقەت ئەھلى شۇنداق كىشىلەركى ئاللاھ سۇبھانە ۋەتەئەلا قۇرئان كەرىمدە بۇيرىغان ئىمان، ناماز، روزا، زاكات، ھەج قاتارلىق پەرز ئەمەللەرنى تاقىتىنىڭ يېتىشىچە ۋايىغا يەتكۈزۈپ تولۇق ئىجرا قىلىدىغان ۋە شۇنداق قىلىش ئۈچۈن تىرىشىدىغان، بەجا كەلتۈرەلمىگەنلىرى، قۇربى يەتمىگەنلىرى ئۈچۈن ھەممىگە قادىر ئاللاھتىن كەچۈرۈم سوراپ ئەپۇ قىلىشىنى ئۆتۈنۈپ غەمناك بولۇپ ئاخىرەت قورقۇنچىسى بىلەن ياشايدىغان پەرھىزكار كىشىلەردۇر.

تەرىقەت ئەھلى شۇنداق كىشىلەركى، ئاللاھ بۇيرىغان پەرز ئەمەللەرنى قىلىش بىلەن كۇپايىلىنىپ قالماي، كېچىلىرى تۇرۇپ تەھەججۇد نامىزى ئوقۇيدىغان، چاشكا نامىزى ۋە باشقا نەپلە نامازلار ئارقىلىق ئاللاھقا رۇكۇ سەجدە قىلىدىغان، سۈننەت روزا، نەپلە روزىلار ئارقىلىق، تۈرلۈك خەيرى ئېھسانلار ئارقىلىق ئاللاھقا يېقىنلىق ھاسىل قىلىش ئۈچۈن تىرىشىدىغانلاردۇر.

بەلكى تۆۋەندىكى ھەدىسى قۇددىسىدا ئېيتىلغاندەك پەرز ئەمەللەر ئارقىلىق ئاللاھقا يېقىنلىشىدىغان، نەپلە ئىبادەتلەر ئارقىلىق ئاللاھ تائالانىڭ دوست تۇتۇشىغا ئېرىشىپ، ئاللاھ تائالا ئۇ بەندىنىڭ «ئاڭلايدىغان قۇلىقى، كۆرىدىغان كۆزى، تۇتىدىغان قولى، ماڭىدىغان پۇتى» بولىدىغان دەرىجىگە يەتكەن، نىمنى سورىسا شۇنى بېرىدىغان، ھەتتا كىمكى ئۇ بەندىنى دۈشمەن تۇتسا ئۇ بەندە ئۈچۈن ئاللاھ تائالا ئۆزى ئۇرۇش ئىلان قىلىدىغان دەرىجىگە يەتكەن نىجات تاپقان كىشىلەردۇر.

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: الله تائالا مۇنداق دېدى: كىمكى مېنىڭ دوستۇمنى دۈشمەن تۇتسا، مەن ئۇنىڭغا ئۇرۇش ئېلان قىلىمەن. بەندەم ماڭا پەرزلەرنى قىلىشتىنمۇ ياخشىراق بىر ئىشنى قىلىش بىلەن يېقىنلىشالمايدۇ. بەندەم ماڭا نەپلە ئىبادەت بىلەنمۇ مەن ئۇنى دوست تۇتقانغا قەدەر داۋاملىق يېقىنلىشىدۇ. قاچانكى مەن

ئۇنى دوست تۇتسام، مەن ئۇنىڭ ئاڭلايدىغان قۇلىقى، كۆرىدىغان كۆزى، تۇتىدىغان قولى، ماڭىدىغان پۇتى بولىمەن. مەندىن نېمىنى سورىسا، شۇنى بېرىمەن. ماڭا سېغىنسا، ئۆز پاناھىمدا ساقلايمەن. مەن مۇئمىننىڭ جېنىنى ئېلىشتىن باشقا ھېچبىر ئىشتا تەرەددۇت قىلمايمەن. مۇئمىن بەندەم ئۆلۈمنى ياخشى كۆرمەيدۇ، مەن بولسام، ئۇنىڭ خاپىلىقلىرىنى ياخشى كۆرمەيمەن. (بۇخارى: 6502)

تەرىقەت ئەھلى شۇنداق كىشىلەركى، ئۇلار ھەرگىزمۇ تەركى دۇنيالىقنى تەشەببۇس قىلمايدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يولىغا، پاك سۈننەتكە ئەگىشىپ ئاللاھ تائالا ياراتقان ھاياتىي دۇنيانىڭ بارلىق ھالال لەززەلىرى، مەئىشەتلىرىدىن ھوزۇرلىنىدۇ. يەنى ئۆيلىنىدۇ، پەرزەنتلىك بولىدۇ. ئائىلىسىنى قامدايدۇ. ئۇلارنىڭ تۇرمۇشىغا مەسئۇل بولىدۇ، ئۇلارنى تەربىيەلەپ قاتارغا قوشىدۇ. مۇئمىن مۇسۇلمان قىلىدىغان ھەممە ئىشنى قىلىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تۆۋەندىكى ھەدىسلىرىگە ئەگىشىدۇ.

سەمۇرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۆمۈر بويى توي قىلماي ئۆتۈپ كېتىشتىن چەكلىگەن. قەتادە ھەدىسنىڭ ئاخىرىدا: {بىز سەندىن ئىلگىرى ھەقىقەتەن نۇرغۇن پەيغەمبەرلەرنى ئەۋەتتۇق، ئۇلارغا خوتۇنلار ۋە باللار بەردۇق. } دېگەن ئايەتنى( سۈرە رەئد، 38 - ئايەت) ئوقۇدى. (تىرمىزى1082)

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: ئۈچ كىشى پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئاياللىرىدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىبادىتى توغرىسىدا سورىغىلى كەلدى. ئۇلارغا جاۋاب بېرىلگەندە، ئۇلار پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ بۇ ئەمەللىرىنى ئاز سانىغاندەك قىلىپ: بىز بىلەن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنى قانداقمۇ سېلىشتۇرغىلى بولسۇن؟ الله ئۇنىڭ ئىلگىرىكى ۋە كېيىنكى گۇناھلىرىنى مەغپىرەت قىلغان تۇرسا، دېيىشتى. شۇنىڭ بىلەن، ئۇلاردىن بىرى: مەن ئەمدى ھەر كېچىسى ناماز ئوقۇيمەن، دېدى. يەنە بىرى: ئەمدى يىل بويى روزا تۇتىمەن ۋە روزىسىز يۈرمەيمەن، دېدى. يەنە بىرى: مەن ئەمدى ئاياللارغا يېقىن يولىمايمەن، مەڭگۈ ئۆيلەنمەيمەن، دېدى. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم كېلىپ، ئۇلارغا: مۇنداق - مۇنداق سۆزلەرنى قىلغان كىشىلەر سىلەرمۇ؟ اللەنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، مەن ھەقىقەتەن اللەتىن سىلەرگە قارىغاندا بەكرەك قورقىمەن ۋە سىلەردىن بەكرەك تەقۋادارمەن. لېكىن مەن روزىنىمۇ تۇتىمەن، روزىسىزمۇ يۈرىمەن. نامازنىمۇ ئوقۇيمەن، ئۇيقىنىمۇ ئۇخلايمەن، خوتۇنمۇ ئالىمەن. كىمكى مېنىڭ سۈننىتىمدىن يۈز ئۆرىسە، ئۇ مېنىڭ ئۈممىتىمدىن ئەمەس،

دېدى. (بۇخارى: 5063)

ئەمما تەرىقەت ئەھلى راھەت پاراغەت، ھەشەمەت قوغلاشمايدۇ. ئاللاھنىڭ بەرگەن ھەر قانداق نېمىتىگە شۈكۈر قانائەت قىلىدۇ. ئاللاھ تائالا ياخشى نازۇ نېمەتلەرنى رىزىق قىلىپ بەرسىمۇ شۈكۈر قىلىدۇ. يوقسۇللۇق غۇربەتچىلىك بىلەن سىنىسىمۇ يەنە شۈكۈر قىلىدۇ. ھەرگىزمۇ باشقىلارنىڭ تۇرمۇشىغا ھەۋەس قىلمايدۇ، زاماندىن زارلىمايدۇ، قاتتىقچىلىقتىن قاخشىمايدۇ، ۋايسىمايدۇ. كۆرگەن كۈنىنىڭ ھەممىسىگە رازى بولۇپ شۈكۈر قىلىپ، ئاللاھقا ھەمدۇ سانا ئېيتىدۇ. بۇ دۇنيانىڭ كاپىرلار ئۈچۈن جەننەت، مۆئمىنلەر ئۈچۈن دوزاخ ئىكەنلىكىنى، غېرىبلىق بىلەن باشلانغان ئىسلامنىڭ غېرىپلىق بىلەن ئاخىرلىشىدىغانلىقىنى، ھەقىقى ئەھلى سالىھلەرنىڭ، يەنە داۋاملىق غېرىب بولۇپ ياشاپ ئاللاھنىڭ دەرگاھىغا غېرىپ ھالىتىدە قايتىدىغانلىقىنى بىلىدۇ. بۇنىڭغا بىرىلىدىغان ئاللاھنىڭ كاتتا مۇكاپاتىنى ئۈمىد قىلىپ ياشايدۇ. ئاللاھ تائالا ھەر بىر يىڭى نېمەت ئاتا قىلغاندا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋە ساھابىلىرىنىڭ كۈنلەپ، ھەپتىلەپ، ھەتتاكى ئايلاپ سۇ بىلەن خورما يەپ كۈن كەچۈرگەن، ئوت يېقىپ قازان ئېسىپ تاماق قىلىشقا قادىر بولالمىغان، قوساقلىرىغا تاش تېڭىپ ئاچلىقنى بىلدۈرمىگەن ئەشۇ ھاياتىنى ئەسلەپ يۈزمىڭ قەدىر شۈكرى ئېيتىدۇ.

تەرىقەت ئەھلى داۋاملىق زىكىر ئېيتىپ تۇرغۇچىلار، دىلىغا ئاللاھنىڭ ئىسمى زاتى ئورنىغان، تىلى ئاللاھنىڭ زىكرىدىن قۇرۇمىغان كىشىلەر. ئولتۇرسا قوپسا «ئەبزەلۇزىكرى لا ئىلاھە ئىللەللاھ » دەپ سورۇن تۈزۈپ زىكىر سالىدىغان، ئۆزلىرىنىڭ بۇ ئىبادىتىگە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تۆۋەندىكى ھەدىسىنى دەلىل قىلىدىغانلاردۇر.

جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: زىكىرنىڭ ئەڭ ئەۋزىلى: ”لا ئىلەھە ئىللاللاھۇ“ ، دۇئانىڭ ئەڭ ياخشىسى: ”ئەلھەمدۇلىللاھ“ تۇر. (تىرمىزى: 3383)

خۇلاسە كالام، تەرىقەت يولى داغدام يول. جەننەتكە ئېلىپ بارىدىغان، ئاللاھ تائالانىڭ دىدارىغان مۇيەسسەر قىلىدىغان، ئاللاھنىڭ دوسلۇقىغا ئېرىشتۈرىدىغان يول. ئەمما بۇ يولنىڭ تارماقلىرى تولا، ئويمان چوڭقۇرلىرىمۇ ھەم بار. ھەر ئاچا يولدا چاقىرغۇچىلار، توسقۇچىلار ھەم بار. بۇ يولدا ماڭغانلارنىڭ بىرقىسمى رىيازەتكە بەرداشلىق بىرەلمەي مەشەت ۋۇندىسىنىڭ سوغىسىغا چۈشۈپ ھالاك بولىدۇ. بىر قىسمى جىننىڭ كەشنى كىيىپ جىننىڭ پاتقىقىغا پېتىپ قىلىپ ھالاك بولىدۇ. بىر قىسمى كىبىر دۆۋىسىدىن يىقىلىپ ھالاك بولىدۇ. پەقەت ئاللاھ تائالانىڭ سۆيگۈسىنى

دىلىغا پۈكۈپ دىدارى مۇلاقات ئۈچۈن هارماي، زىرىكمەي خالىس ئەمەل ئىبادەت بىلەن شۇغۇللانغانلار نىجاتلىققا ئېرىشەلەيدۇ. قالدىسىنى ئاللاھ بىلىدۇ.

هۆرمەتلىك قېرىندىشىم! سىز ۋە بىزنى جانابى هەق سۇبھانەۋەتەئەلا مۇشۇ يولدا ئاداشماي ئىلگىرلەپ دەرگاهى هەققە ئۇلاشقىلى نىسىپ قىلغاي. ئامىن!

## 845-سۇئال: تەرىقەتكە ئەسلى مەنبەدىن ئومومى نوقتىدىن قاراش توغرىسىدا

ئەلبەتتە ئۆتكەنكى تارىختا، بىر قىسىم تەرىقەت ئەهلىلىرىدىنمۇ نۇرغۇنلىغان نۇقسانلار، سەهۋەنلىكلەر، هەتتا بىدئەتكە، شېرىككە ئېلىپ  بارىدىغان خاتالىقلارمۇ سادىر بولغان هەم بۈندىن كېيىنمۇ سادىر بولۇپ تۇرىدۇ. بۇ تەرىقەتنىڭ خاتالىقى، سەهۋەنلىكى ئەمەس. بەلكى مەلۇم بىر بەندىنىڭ، مەلۇم بىر پىرقە، مەزهەپ ياكى گورۇهنىڭ خاتالىقى. بىر بەندە يەنى بىر ئىشان ياكى بىر سوپى، بىر پۈتۈن تەرىقەت يولىغا ۋەكىللىك قىلالمايدۇ. شەيتان بولسا تەرىقەت ئەهلىنىڭ ئەڭ كاتتا دۈشمىنى. بۇ دۈشمەن نۇرغۇنلىغان سوپى سالىكلەرنى خاتا يولغا باشلاپ كىشىلەرنىڭ كاللىسىدا تەرىقەت دېگەن مۇشۇ شۇ، دېگەندەك چۈشەنچىنى پەيدا قىلىپ قويغان. تەرىقەتنى ئەسلى مەنبەسىدىن چۈشەنگەندە ئاندىن توغرا تونۇشقا ئىگە بولغىلى بولىدۇ.

# ئون سەككىزىنچى بۆلۈم. ئىسلامدىكى قانۇنغا مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەرنىڭ بايانى

## 846-سۇئال: ئىسلام قانۇنشۇناسلىقىنىڭ ئاساسي مەنبەلىرى

ئىسلام شەرىئەت قانۇنىنىڭ ھەر زامان ۋە ھەر ماكانغا مۇناسىپ كېلىدىغان سالاھىيەتكە ئىگە بولغانلىقىنىڭ ئەڭ چوڭ تۈرتكىلىرىنىڭ بىرى شۇكى، ئۇنىڭ ئەقىدە، ئەخلاق، ئىبادەت، مۇئامىلات، ھالال ـ ھارام قاتارلىق ئاساسلىق پرىنسىپلىرى ۋە بەلگىلىمىلىرىنىڭ زامان ۋە ماكاننىڭ ئۆزگىرىشى بىلەن ئۆزگەرمەيدىغان سابىت پرىنسىپلار ۋە بەلگىلىمىلەرگە كۆپايە قىلغانلىقى، قالغانلىرىنىڭ ئىسلام قانۇنشۇناس ئالىملىرىنىڭ ئىجتىھاد (پىكىردە بىرلىشىش) يولى بىلەن ھەل قىلىشىغا تاپشۇرۇلغانلىقىدۇر. شۇڭا ئىسلام قانۇنشۇناسلىقىنىڭ مەنبەلىرى 4 بولۇپ، ئۇلار: 1 ـ قۇرئان كەرىم. 2 ـ سۈننەت. 3ـ ئىجما. 4 ـ قىياستىن ئىبارەت. يەنىلا ئاساسلىق ئىككى مەنبە قۇرئان كەرىم بىلەن سۈننەتتۇر.

## 847-سۇئال: ئىسلام قانۇنشۇناسلىقى مەنبەلىرى تايىنىدىغان دەلىل پاكىتلارنىڭ دەرىجىسى

ئىسلام قانۇنشۇناسلىقىنىڭ مەنبەلىرى يەنى تايىنىدىغان دەلىل ـ پاكىتلىرى دەرىجە جەھەتتە پەرقلىق بولۇپ، بىرىنچى دەرىجىدە قۇرئان كەرىم تۇرىدۇ، قۇرئان كەرىمدىن كېيىن سۈننەت ئىككىنچى دەرىجىلىك ئاساسلىق دەلىل ـ ھۆججەت بولۇپ كېلىدۇ، سۈننەتتىن كېيىن ئىجما، ئاندىن قىياس كېلىدۇ. قۇرئان كەرىم بىلەن ھەدىسلاردە ھۆكۈملىرى بايان قىلىنغان مەسىلىلەر ئۈستىدە ھېچكىمنىڭ ئىجما ياكى قىياس قىلىش ھوقۇقى بولمايدۇ. شۇڭا ئىسلام قانۇنشۇناسلىقىدا ئاۋۋال قۇرئان كەرىمگە مۇراجىئەت قىلىنىدۇ. قۇرئان كەرىمدە سۆزلەنمىگەن، ھۆكۈمىمۇ بايان قىلىنمىغان مەسىلىلەردە، سۈننەتكە مۇراجىئەت قىلىنىدۇ. سۈننەتتىمۇ بولمىسا، ئاندىن قۇرئان كەرىم ۋە سۈننەتنىڭ روھىغا ئۇيغۇن ھالدا، ئىجتىھاد قىلىنىدۇ. ئىجما بىلەن قىياس ئەنە شۇ ئىجتىھادتىن باشلىنىدۇ.

## 848-سۇئال: قۇرئان كەرىمنىڭ ئىسلام قانۇنشۇناسلىقىنىڭ بىرىنچى ئاساسى ئىكەنلىكى

قۇرئان ــ ئاللاھ تائالانىڭ پەيغەمبىرىمىز ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا جىبرائىل ئىسىملىك پەرىشتىنىڭ ۋاستىسى بىلەن سۆزلىگەن سۆزلىرىنىڭ مەجمۇئەسى، تىلاۋىتى بىلەن ئىبادەت قىلىنىدىغان، كۆرسەتمىلىرى بويىچە ئەمەل قىلىنىدىغان بىردىنبىر دەستۇردۇر.

قۇرئان پۈتۈنلەي ئاللاھ تائالانىڭ ئۆز سۆزىدۇر. ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋەزىپىسى قۇرئاننى ئاللاھ تائالادىن چۈشكەن بويىچە ئۆز ئەينىنى مۇسۇلمانلارغا يەتكۈزۈشتىن ئىبارەت بولغان. ئۇ ئاللاھ تائالانىڭ نامىدىن ئۆز خاھىشى بويىچە سۆزلىگەن ئەمەس. ئاللاھ تائالا بۇنىڭغا گۇۋاھلىق بېرىپ مۇنداق دېگەن: «ئۇ ئۆز نەپسىي خاھىشى بويىچە سۆزلىمەيدۇ. پەقەت ئۇنىڭغا چۈشۈرۈلگەن ۋەھيىنىلا سۆزلەيدۇ.» (نەجم سۈرىسى2 ـ ئايەت)

قۇرئان ئىسلام قانۇنشۇناسلىقىنىڭ بىرىنچى ئاساسىدۇر. قالغان ئىككى مەنبەمۇ بۇنىڭغا يۆلىنىدۇ. چۈنكى ئۇلارنى كۈچكە ئىگە قىلغۇچى يەنىلا قۇرئاندۇر. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەپ كۆرسەتكەن: «بۇ بىز چۈشۈرگەن قۇرئان مۇبارەك كىتابتۇر. ئاللاھ تائالانىڭ رەھمىتىنى ئۈمىد قىلغۇچىلاردىن بولۇشۇڭلار ئۈچۈن، ئۇنىڭغا ئەگىشىڭلار، ئۇنىڭغا مۇخالىپەتچىلىك قىلىشتىن ساقلىنىڭلار» (ئەنئام سۈرىسى155 ـ ئايەت).

## 849ـ سۇئال: ھەدىس ياكى سۈننەتنىڭ ئىسلام قانۇنشۇناسلىقىنىڭ ئىككىنچى ئاساسى ئىكەنلىكى

ھەدىس ــ پەيغەمبىرىمىز ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ سۆزلىگەن سۆزلىرى، قىلغان ئىش ـ ھەرىكەتلىرى ۋە بۇيرىغانلىرىدىن بىزگە ئەڭ ئىشەنچلىك ۋاستىلار ئارقىلىق، توغرا يوسۇندا يېتىپ كەلگەنلىرى دېمەكتۇر.

ھەدىس ئىسلام قانۇنشۇناسلىقىنىڭ ئىككىنچى ئاساسىدۇر. چۈنكى، قۇرئان ھازىرقى تېكستى ۋە مەنىسى بىلەن ئاللاھ تائالادىن ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا چۈشۈرۈلگەن ۋەھى بولسا، ھەدىس تېكستى بىلەن ئەمەس، بەلكى مەنىسى بىلەن ئاللاھ تائالادىن ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا كەلگەن ئىلھامدۇر. ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام دىن نامىدىن ئۆز خاھىشى بىلەن سۆزلىگەن ئەمەس، بەلكى ئۇ پەقەت ئاللاھ تائالادىن كەلگەن ۋەھيى بىلەن ئىلھامىنىلا سۆزلىگەن.

ئاللاھ تائالا ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ئەگىشىپ، ئۇنىڭ بۇيرىغانلىرىنى ئورۇنلاش ۋە توسقانلىرىدىن يېنىشنىڭ مۇسۇلمانلار ئۈچۈن پەرز ئىكەنلىكىنى ئېلان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «اللّٰه پەيغەمبىرىگە غەنىمەت قىلىپ بەرگەن ئەلى قۇرا (يەنى قۇرەيزە، نەزىر، پەدەك ۋە خەيبەر كۇففارلىرى) نىڭ ماللىرىنى، ئېچىڭلاردىكى بايلار ئارىسىدا قولدىن قولغا ئۆتۈپ يۈرمەسلىكى ئۈچۈن، اللّٰهقا، پەيغەمبەرگە، پەيغەمبەرنىڭ خىش ـ ئەقرىبالىرىغا، يېتىملەرگە، مىسكىنلەرگە، ئىبنى سەبىللەرگە خاس قىلدى، پەيغەمبەر سىلەرگە بەرگەننى ئېلىڭلار، پەيغەمبەر چەكلىگەن نەرسىدىن چەكلىنىڭلار، اللّٰهتىن قورقۇڭلار، ھەقىقەتەن اللّٰهنىڭ ئازابى

قاتتىقتۇر» (ھەشر سۈرىسى7 ـ ئايەت).

## 850ـ سۇئال: ئىجتىھادنىڭ ئىسلام قانۇنشۇناسلىقىنىڭ ئۈچىنچى ئاساسى ئىكەنلىكى

ئىجتىھاد ــ قۇرئان بىلەن ھەدىسلاردە ھۆكمى بايان قىلىنمىغان يېڭى ھادىسىلەر ۋە مەسىلىلەر ھەققىدە قۇرئان ۋە ھەدىسلارنىڭ روھىغا ئاساسلانغان ھالدا ھۆكۈم چىقىرىش ئۈچۈن بارچە ئەقلىي كۈچىنى سەرپ قىلىش دېمەكتۇر.

ئىجتىھاد ئىسلام قانۇنشۇناسلىقىنىڭ ئۈچىنچى ئاساسىدۇر. ئاللاھ تائالا بۇنى ئىپادىلەپ مۇنداق دەيدۇ: «كىمكى ئۆزىگە توغرا يول ئېنىق بولغاندىن كېيىن، پەيغەمبەرنىڭ ئەمرىگە مۇخالىپەتچىلىك قىلىدىكەن، مۆمىنلەرنىڭ يولىدىن باشقىسىغا ئەگىشىدىكەن، ئۇنى ئۆز يولىغا قويۇپ بېرىمىز، ئۇنى ئاخىرەتتە جەھەننەمگە كىرگۈزىمىز، جەھەننەم نېمە دېگەن يامان جاي ! » [سۈرە نىسا 115 ـ ئايەت]

« ئى مۆمىنلەر! اللهقا، پەيغەمبەرگە ۋە ئۆزۈڭلاردىن بولغان ئىش ئۈستىدىكىلەرگە ئىتائەت قىلىڭلار، ئەگەر سىلەر بىر شەيئىدە ئىختىلاپ قىلىشىپ قالساڭلار، بۇ توغرىدا اللهقا ۋە پەيغەمبەرگە مۇراجىئەت قىلىڭلار، بۇ (يەنى اللهنىڭ كىتابىغا ۋە پەيغەمبىرىنىڭ سۈننىتىگە مۇراجىئەت قىلىش) سىلەر ئۈچۈن پايدىلىقتۇر، نەتىجە ئېتىبارى بىلەن گۈزەلدۇر » (نىسا سۈرىسى59 ـ ئايەت).

## 851ـ سۇئال: قىياس ئۇقۇمى

قىياس قۇرئان كەرىم ياكى سۈننەتتە ھۆكمى بولغان بىرەر مەسىلىگە بۇ ئىككىسىدە ھۆكمى كەلمىگەن بىر مەسىلىنى قىياس قىلىش ئوخشىتىش ئارقىلىق ھۆكۈم چىقىرىش دېگەنلىكتۇر. مەسىلەن: نەشە، ئەپيۇن ۋە باشقا زەھەرلىك چېكىملىكلەرنىڭ ھاراملىقىنى، قۇرئان كەرىمنىڭ كەسكىن ئايىتى بىلەن ھارام قىلىنغان ھاراققا قىياس قىلىش ئارقىلىق بېكىتكەنگە ئوخشاش. قىياس ئىسلام قانۇنشۇناسلىقىنىڭ تۆتىنچى ئاساسلىق مەنبەئىدۇر. ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە: «مەخلۇقاتلارنى دەسلەپتە قانداق ياراتقان بولساق، شۇ ھالىتىدە ئەسلىگە قايتۇرىمىز. » [سۈرە ئەنبىيا 104 ـ ئايەت] دېگەن. ئاللاھ تائالا بۇ ئايەتتە، قىيامەت كۈنىدە مەخلۇقاتنى تىرىلدۈرۈشنى ئۇلارنى دەسلەپتە يوقتىن پەيدا قىلغىنىغا ئوخشاتقان. مانا بۇ، قىياستۇر.

## 852ـ سۇئال: ھالال ھارام تۈزۈمىنىڭ يولغا قويۇلۇشى

ئاللاھ تائالا ئىنسانىنىڭ بەھۇزۇر ھايات كەچۈرۈشىگە كاپالەت قىلىش ئۈچۈن بىر قىسىم قانۇن ــ پرىنسىپلارنى بەلگىلىگەن. بۇ قانۇن ــ پرىنسىپلار ” قىل “ ۋە ” قىلما

" ياكى بىزنىڭ تەبىرىمىز بويىچە " ھالال " ۋە " ھارام " دېگەن ئىككى سۆزگە مەركەزلەشكەن. ئاللاھ تائالانىڭ ھېكمىتى ئىنسان ئۇرۇغىنى يەر يۈزىگە تارقىتىپ، ئۇلارنىڭ ھاياتىغا ۋە بەخت ـ سائادىتىگە كاپالەتلىك قىلىدىغان مەزكۇر قانۇن ـ پرىنسىپلارنى بەلگىلەشنى تەقەززا قىلغان بولۇپ، ئادەم ئەلەيھىسسالام بىلەن ئايالى ھەۋۋانى جەننەتتىن يەر يۈزىگە چۈشۈرۈشتىن ئاۋۋال بۇ ئىككىسىنى ھالال ـ ھارام بىلەن سىنىغان. بۇ سىناق ئەمەلىيەتتە ئۇلارغا " ھالال ـ ھارام " نى ئۆگىتىشتىكى تۇنجى مەشق ئىدى. ئاللاھ تائالا بۇ ئىككىسىگە جەننەتتە ھەممە نەرسىنى ھالال قىلىپ، پەقەت بىر تال دەرەخنىڭ مېۋىسىنىلا ھارام قىلغان. ئۇنداقتا ئاللاھ تائالا ئۇلارغا نېمە ئۈچۈن بۇ بىر تال دەرەخنىڭ مېۋىسىنى ھارام قىلغان؟ دەيمىزكى، ئاللاھ تائالا ئۇلارغا ھالال ـ ھارامنىڭ پەلسەپىسىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن ھارام قىلغان. دېمەك، ھالال ـ ھارام مەسىلىسى ئادەم ئەلەيھىسسالام بىلەن ئايالى ھەۋۋا ئىككىسى جەننەتتىكى ۋاقتىدىلا باشلانغان.

## 853ـ سۇئال: ھالال ھارام ئىنسان ئۈستىگە ئالغان ئەڭ چوڭ ئامانەت ۋە سىناق

ئىسلامدا ھالال ـ ھارام ئۇقۇمى ئاددىي ۋە ئېنىقتۇر، بۇ ئۇقۇم ئاسمانلار، زېمىن ۋە تاغلار ئۆز ئۈستىگە ئېلىشقا چىدىمىغان، ئىنسانلار ئۆز ئۈستىگە ئالغان كاتتا ئامانەتتىن بىر پارچىدۇر، بۇ ئامانەت ئىلاھىي تەكلىپلەر ئامانىتى ۋە يەر يۈزىدە ئاللاھقا ئىزباسارلىق قىلىش ۋەزىپىسىنى ئۆز ئۈستىگە ئېلىش ئامانىتىدۇر. ئىنسان ئاشۇ مەسئۇلىيەت ئاساسىدا مۇكاپاتلىنىدۇ ياكى جازالىنىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن ئىنسانغا ئەقىل ۋە ئىرادە بېرىلگەن، پەيغەمبەرلەر ئەۋەتىلگەن، كىتابلار چۈشۈرۈلگەن. ئىنسان بۇ مەسئۇللۇقنى ئۆز ئۈستىگە ئالغاندىن كېيىن: ھالال ـ ھارام نېمە ئۈچۈن؟ نېمە ئۈچۈن مەن چەكلىمىسىز ئەركىن قويۇپ بېرىلمىدىم؟ دەپ سورىشى ئورۇنسىز. چۈنكى ھالال ـ ھارام چەكلىمىلىرى ئىنسانلارغا خاس بولغان سىناقنىڭ تولۇقلىمىسىدۇر، بۇ سىناق ئارقىلىق يا پەرىشتىلەردەك ساپ روھ، يا ھايۋاناتلاردەك ساپ شەھۋەت بولماي، بەلكى ئوتتۇرا بىر نەرسە بولغان ئاللاھنىڭ بۇ ئالاھىدە تىپتىكى مەخلۇقلىرى باشقا مەخلۇقلاردىن پەرقلىنىپ تۇرىدۇ، ئىنسان خالىسا يۈكسىلىپ پەرىشتىلەر ياكى پەرىشتىلەردىنمۇ ئەۋزەلرەك بولالايدۇ، خالىسا ھايۋانلاردەك ياكى ھايۋانلاردىنمۇ بەتەررەك بولالايدۇ.

## 854ـ سۇئال: ھالال ـ ھارام ئۇقۇمى

ھالال ـ مەيلى يېمەك ـ ئىچمەكتە بولسۇن، مەيلى ئىش ـ ھەرىكەتتە بولسۇن ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن رۇخسەت قىلىنغان، چەكلەنمىگەن نەرسىلەر ۋە ئىشلار

دېمەكتۇر.

هارام ـ ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن كەسكىن بۇيرۇق بىلەن قىلىشتىن ياكى ئىستېمال قىلىشتىن چەكلەنگەن ئىشلار ۋە نەرسىلەر بولۇپ، يېمەك ـ ئىچمەكلەر، ئېتىقاد، پىكىر ۋە ئىش ھەرىكەتلەردە ئىپادىلىنىدۇ.

## 855ـ سۇئال: ھەرقانداق نەرسە ئەسلىدە ھالالدۇر

ئىسلام بەلگىلىگەن بىرىنچى پرىنسىپ: ئاللاھ ياراتقان پۈتۈن نەرسىلەر ئەسلىدە ھالالدۇر، ئاللاھ تەرەپىدىن ھارام قىلىنغىنىغا ئوچۇق ۋە توغرا دەلىل ـ ئىسپات كەلمىگەن نەرسىلەردىن باشقا ھارام نەرسە يوقتۇر. ئەگەر بىر نەرسىنىڭ ھاراملىقىغا كەلگەن دەلىل ـبەزى ئاجىز ھەدىسلەردەك ـ توغرا بولمىسا ياكى ھاراملىقىغا ئوچۇق دەلىل بولمىسا، ئۇ نەرسە ئەسلىگە ئاساسەن ھالال ۋە مۇباھ ھالىتىدە تۇرىۋېرىدۇ، ئىسلام ئالىملىرى ھەرقانداق نەرسىنىڭ ئەسلىدە ھالال ۋە مۇباھ ئىكەنلىكىگە قۇرئان كەرىمدىن ئوچۇق دەلىل كۆرستىدۇ. «ئاللاھ يەر يۈزىدىكى ھەممە نەرسىنى سىلەرنىڭ پايدىلىنىشىڭلار ئۈچۈن ياراتتى.» [بەقەرە سۈرىسى 29 ـ ئايەت]

ئاللاھ تائالا بۇ نەرسىلەرنى يارىتىپ ئىنسانلارغا بويسۇندۇرۇپ بېرىپ، ھەمدە ئىنسانلارغا شۇنداق كاتتا نېمەتلەرنى بەرگەنلىكى ھەققىدە مىننەت قىلغان تۇرسا، بۇ نەرسىلەرنىڭ بىر قىسمىنى ھارام قىلىپ چەكلىۋېتىش ئارقىلىق ئىنسانلارنى بۇ نەرسىلەردىن قانداقمۇ مەھرۇم قىلسۇن؟ ئاللاھ تائالا پەقەت بىر پۈتۈن ھالەتتە بولغان بۇ نېمەتلەردىن بەزىبىر قىسمىنىلا بەزى ھېكمەتلەرگە ئاساسەن ھارام قىلغان.

## 856ـ سۇئال: ھالال، ھارامدىن كۆپتۇر

ئاللاھ تائالا كۆپ نەرسىلەرنى ھالال قىلغان ۋە ئىنتايىن ئاز نەرسىلەرنىلا ھارام قىلغان. شۇڭا ئاللاھ تائالا ھالالنىڭ كۆپلىكىدىن ئۇلارنى سانىمىغان. ئەمما ھارامنى سانىغان. چۈنكى شەيئىلەر ئەسلىدە ھالال بولۇپ ھالالنى ساناپ تۈگەتكىلى بولمايدۇ. ئەمما ھارام ئاز بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇنى ساناش مۇمكىن. ئىنسانلار پەن ـ تېخنىكىدا ئىلگىرىلەپ، يۇقىرى تېپتىكى ھېسابلاش ماشىنىلىرى ۋە ستاتىستىكا قوراللىرى ئادەمنى ھەيران قالدۇرىدىغان دەرىجىدە تەرەققى قىلغان بولسىمۇ، يەنىلا ئۇلار قۇملارنىڭ ياكى دېڭىز دولقۇنلىرىنىڭ سانىنى ئېلىشتىن ئاجىز كەلگەندەك، ئاللاھ تائالانىڭ نېمەتلىرىنىمۇ ساناپ بولۇشتىن ئاجىز كېلىدۇ. چۈنكى ئاللاھ تائالانىڭ نېمەتلىرىنى ساناش ۋە ھېسابلاشقا ئىنسان تاقىتى يەتمەيدۇ. ئاللاھ تائالا بۇ مەنىدە مۇنداق دېگەن: «سىلەر ئاللاھنىڭ نېمىتىنى ساناپ تۈگىتەلمەيسىلەر.» بۇ سەۋەبتىن ئىسلام شەرىئىتىدە ھارامنىڭ دائىرىسى ئىنتايىن تارىيىپ، ھالالنىڭ دائىرىسى ناھايىتى كېڭەيدى، چۈنكى ھارام قىلىشتا بىزگە ئوچۇق ۋە توغرا كەلگەن دەلىللەر بەك

ئاز بولغاچقا، ھالال ياكى ھاراملىقىغا دەلىل كەلمىگەن ھەر قانداق نەرسە ئەسلىي ھالاللىق ھالىتىدە، يەنى ئىلاھىي كەچۈرۈم دائىرىسىدە قېلىۋېرىدۇ.

ئىسلام ئىنسانلارنىڭ يېمەك ـ ئىچمەك، كىيىم ـ كېچەك، ئېلىم ـ سېتىم، سوۋغا ـ ھەدىيە ۋە ئىجارىگە بېرىشكە ئوخشاش ھاياتتا مۇھتاج بولىدىغان ئىشلار ھەققىدە گۈزەل ئەدەب ـ ئەخلاق ئېلىپ كېلىپ، ئۇلاردىن بۇزۇق، زىيانلىق دەپ قارىغان نەرسىلەرنى ھارام قىلغان، قىلمىسا بولمايدىغان زۆرۈرلىرىنى ۋاجىب قىلىپ، قىلىش كېرەك بولمىغانلىرىنى يامان كۆرگەن. بۇلاردىن تۈرىدە، مىقدارىدا ۋە سۈپەتلىرىدە پايدىلىق تەرىپى ئۈستۈن بولغانلىرىنى بولسا ياقتۇرغان.

شۇنداق ئىكەن، كىشىلەر شەرىئەت ھارام قىلمىغان جەھەتلەردە خالىغان شەكىلدە يەپ ـ ئىچەلەيدۇ، خالىغان شەكىلدە ئېلىم ـ سېتىم قىلالايدۇ، ئىجارە ـ كىرا قىلالايدۇ، بۇ ئىشلارنىڭ بىر قىسمى بەزىدە مۇستەھەب، ياكى مەكرۇھ بولسىمۇ، شەرىئەت بۇلار ھەققىدە چەكلىمە قويمىغانلا بولسا، ئەسلىدىكى ھالاللىقتا قېلىۋېرىدۇ.

**857ـ سۇئال: ھالال ياكى ھارام قىلىش، يالغۇز ئاللاھنىڭلا ھەققىدۇر**

ئىسلام ھالال ـ ھارام قىلىش ھوقۇقىنى بەلگىلەپ، بۇ ھوقۇقنى ئاللاھ ۋە خەلقنىڭ نەزىرىدە دەرىجىلىرى نەقەدەر كاتتا بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ئىنسانلارنىڭ قولىغا بەرمەي، ئۇنى يالغۇز ئاللاھنىڭ ھەققى قىلغان ...شۇڭا بىرەر نەرسىنى ئاللاھنىڭ بەندىلىرىگە مەڭگۈ ھارام قىلىپ چەكلىۋېتىشكە راھىبلارنىڭمۇ، پاپازلارنىڭمۇ، پادىشاھ ياكى دۆلەت رەئىسىنىڭمۇ ھەققى يوقتۇر ...بۇنداق قىلغۇچىلار ھەددىدىن ئېشىپ ئاللاھنىڭ ئۆز مەخلۇقلىرىغا قانۇن بەلگىلەپ بېرىشتىن ئىبارەت پەرۋەردىگارلىق ھوقۇقىغا تاجاۋۇز قىلغان بولىدۇ. ئۇلارنىڭ بەلگىلىمىلىرىنى قوبۇل قىلىپ ۋە رازى بولۇپ ئۇنىڭغا كۆرە ھەرىكەت قىلغان كىشىمۇ، ئاللاھقا باشقىلارنى شېرىك كەلتۈرگەن بولىدۇ.

ئاللاھ نامىدىن يالغاننى ئويدۇرۇش ئۈچۈن ئاغزىڭلارغا كەلگەن يالغاننى سۆزلەپ (ھېچ دەلىلسىز) "بۇ ھالال، بۇ ھارام" دېمەڭلار، ئاللاھ نامىدىن يالغاننى ئويدۇرغۇچىلار قەتئىي مەقسىتىگە ئېرىشەلمەيدۇ [نەھل سۈرىسى 116ـ ئايەت]

بۇ ئۇچۇق ئايەت، ھەدىس شەرىپلەردىن ئىسلام قانۇنشۇناسلىرى شۇنى كەسكىن تونۇپ يەتكەن: ھالال ـ ھارام قىلىش ھەققى يالغۇز ئاللاھنىڭدۇر، ئاللاھ ھالال ـ ھارامنى قۇرئان كەرىمدە ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەدىسلىرىدە بەلگىلەيدۇ، ئۇلارنىڭ (شەرىئەت ئالىملىرىنىڭ) ۋەزىپىسى پەقەت ھالال ـ ھارامنى بايان قىلىپ بېرىشتىن ھالقىپ كەتمەيدۇ.

## 858- سوئال: ھالال ھارامنى بەلگىلەشنىڭ ھكمتى

ھالال قىلىش ياكى ھارام قىلىش پەقەت ئاللاھ تائالانىڭلا ھەققىدۇر. ئاللاھ تائالانىڭ ھكمتى ھارام ـ ھالال توغرۇلۇق قانۇن ـ پرىنسىپلارنى بەلگىلەشتە ئىنساننىڭ سەۋر ـ تاقەتتىكى قۇدرىتىگە رىئايە قىلىشنى تەقەززا قىلغان. شۇڭا ئىنسانلار نەپەس ئالىدىغان ھاۋادا ھالال ـ ھارام بەلگىلىمىگەن. چۈنكى ئىنسان ھاۋاسىز ياشىيالمايدۇ. ئەمما يېمەك ـ ئىچمەكلەردە ھالال ـ ھارامنى بەلگىلىگەن. چۈنكى ئىنسان ھارام يېمەستىنمۇ ھاياتىنى داۋام قىلدۇرالايدۇ. ئاللاھ تائالا ھالال بىلەن ھارامنى بەلگىلىگەندە، بىزگە بىزنىڭ جىسمىمىزغا، ھاياتىمىزغا نېمىلەرنىڭ پايدىلىق ۋە نېمىلەرنىڭ زىيانلىق ئىكەنلىكىنى بىلدۈرگەن. شۇڭا بىز ئۈچۈن پايدىلىق بولغانلىرىنى ھالال پېتى بويىچە بەلگىلىگەن. ئەمما بىز ئۈچۈن ـ جىسمىمىز، ئەقلىمىز ۋە ھاياتىمىز ئۈچۈن زىيانلىق بولغانلىرىنى ھارام قىلىۋەتكەن. بۇ. خۇددى نېفت ئايرىش زاۋۇتىدىكىلەرنىڭ بېنزىننى تۈرلەرگە ئايرىغىنىغا ئوخشايدۇ. ئاپتوموبىل ئۈچۈن مەخسۇس قىلىنغان بېنزىننى ئايروپىلانغا قۇيغاندا، ئايروپىلان ۋەزىپىسىنى ئۆتىيەلمەيدۇ. ئۇچقان تەقدىردىمۇ چۈشۈپ كېتىدۇ. ئادەم ئۆلىدۇ...... خۇددى شۇنىڭدەك، سىزگە مەخسۇس قىلىنغان ھالال تائامنى يېمەستىن، ھارام تائامنى يېسىڭىز جىسمىڭىزغا زىيان يەتكۈزىدۇ،دە، زەھەرلىنىپ ئۆلىسىز، ئۆلمىگەن تەقدىردىمۇ، كېسەل بولىسىز. شۇنىڭ بىلەن ھاياتتىكى ۋەزىپىڭىزنى ئۆتەشتىن ئاجىز قالىسىز. ھارام دېگەن ئەنە شۇنداق زىيانلىق نەرسە.

## 859- سوئال: ھالالدا ھارامغا مۇھتاج بولۇپ قالمايدىغان دەرىجىدە يېتەرلىك نەرسىلەر بار

ئىسلامنىڭ گۈزەللىكلىرىدىن بىرى، ئىنسانلارغا ھەر تۈرلۈك قولايلىقلارنى بەرگەنلىكىدۇر. مەسلەن: ئىسلام بىرەر نەرسىنى ھارام قىلغاندا، ئۇنىڭ ئورنىنى تولۇقلايدىغان باشقا بىر نەرسىنى كۆرسەتكەن.

• ئىسلام جازانىنى ھارام قىلىپ، ئورنىغا، پايدا بېرىدىغان ئېلىم ـ سېتىمنى يولغا قويغان.

• قىمارنى ھارام قىلىپ، ئورنىغا ئات، تۆگە چاپتۇرۇش ۋە ئوق ئېتىش مۇسابىقىلىرىدەك پايدىلىق پائالىيەتلەرنى ئالماشتۇرغان.

• پال ئېچىشنى ھارام قىلىپ، ئۇنىڭ ئورنىغا ئىستىخارە دۇئاسىنى يولغا قويغان.

• ئەرلەرگە يىپەك كىيىملەرنى ھارام قىلىپ، ئورنىغا يۇڭ، پاختا رەختلەردىن تىكىلگەن ھەر تۈرلۈك ئېسىل كىيىملەرنى ھالال قىلغان.

• زىنا ۋە بەچچىۋازلىقنى ھارام قىلىپ، ئورنىغا توي قىلىشنى ھالال قىلغان.

• مەست قىلىدىغان ئىچىملىكلەرنى هارام قىلىپ، روھ ۋە بەدەنگە پايدىلىق بولغان بارلىق شېرىن ئىچىملىكلەرنى هالال قىلغان.

• تۈرلۈك قەبىھ يېمەكلىكلەرنى هارام قىلىپ، ئورنىغا بارلىق پاكىز ۋە ياخشى يېمەكلىكلەرنى هالال قىلغان.

بۇ تەرىقىدە ئىسلامنىڭ بارلىق ئاساسىي پرىنسىپلىرىنى تەكشۈرۈپ باقساق، جانابى ئاللاھنىڭ ھەر بىر نەرسىنىڭ ئۆز تۈرىدىن بىر يەرنى كۆپەيتىپ بەرمەي تۇرۇپ، بەندىلىرىگە بىر نەرسىنى چەكلىمىگەنلىكىنى كۆرىۋالالايمىز، چۈنكى ئۇ زات بەندىلىرىگە ھېچقاچان قىيىنچىلىقنى خالىمايدۇ. ئەكسىچە قولايلىق، ياخشىلىق، ھىدايەت ۋە مەرھەممەتنى خالايدۇ.

## 860- سۇئال: هارامغا ئېلىپ بارىدىغان ھەرقانداق نەرسە هارام

ئىسلام بەلگىلىگەن پرىنسىپلارنىڭ يەنە بىرى: بىر نەرسىنى هارام قىلغاندا، ئۇنىڭغا ئېلىپ بارىدىغان بارلىق يوللارنىمۇ هارام قىلىشتۇر. مەسلەن: زىنانى هارام قىلغاندا، جاھىلىيەت دەۋرىدىكى ئاياللارنىڭ ھۆسنى - جامالىنى باشقىلارغا كۆرسىتىش، ئايال كىشى يات ئەر كىشى بىلەن خالىي بىر يەردە بولۇش، بىھۇدە ئارىلىشىش، يالىڭاچ رەسىملەر، سېرىق ئەدەبىيات ۋە سېرىق ناخشىلار... قاتارلىق زىناغا ئېلىپ بارىدىغان بارلىق سەۋەب ۋە مۇقەددىمىلەرنى هارام قىلغان. مانا بۇ سەۋەبتىن فىقھى ئالىملىرى بۇ قائىدىنى قويغان:"هارامغا ئېلىپ بارىدىغان ھەرقانداق نەرسە هارام بولىدۇ"

بۇنىڭغا ئىسلامنىڭ تۆۋەندىكى بەلگىلىمىسىمۇ ئۇيغۇن كېلىدۇ: هارامنىڭ گۇناھى يالغۇز ئۇ گۇناھنى قىلغۇچىغىلا خاس ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭغا ماددىي ۋە مەنىۋى كۈچ بىلەن قاتناشقۇچىلارمۇ گۇناھقا شېرىك بولىدۇ، بۇنداق ئەھۋالدا ھەربىر كىشىنىڭ گۇناھى قاتنىشىش نىسبىتىگە كۆرە بولىدۇ. مەسلەن: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام هاراق ئىچكۈچىگە، ياسىغۇچىغا، توشىغۇچىغا، ئەكەلدۈرگۈچىگە ۋە پۇلىنى يېگۈچىگە لەنەت قىلغان.

جازانىدىمۇ ئۆسۈم ئالغۇچى، بەرگۈچى، يازغۇچى ۋە گۇۋاھ بولغۇچىلارنىڭ ھەممىسىگە لەنەت قىلىدۇ. دېمەك: هارامغا ئېلىپ بارغان ۋە قىلىنىشىغا ياردەم بولغان ئىشلارنىڭ ھەممىسى هارامدۇر، هارامغا ياردەم قىلغان كىشىمۇ گۇناھقا شېرىكتۇر.

## 861- سۇئال: هارامنى هالال قىلىش ئۈچۈن ھىلە ئىشلىتىش هارامدۇر

ئىسلام هارامغا ئېلىپ بارىدىغان ھەر قانداق ئاشكارا يوللارنى هارام قىلغىنىدەك، شەيتانىي ھىلىلەر ۋە يوشۇرۇن يوللار بىلەن شۇ هارامنى قىلىش ئۈچۈن ھىلە ئىشلىتىشنى ھەم هارام قىلغان.

چۈنكى ئاللاھ تائالا شەنبە كۈنى ئوۋ ئوۋلاشنى ھارام قىلغان بولسىمۇ، يەھۇدىيلار بۇ ھارامغا ھىلە ئىشلىتىپ، ئۇنى ھالال ھېسابلىۋالغان، بۇنىڭ ئۈچۈن (شەنبە كۈنى ئوۋ ئوۋلىمىغان بولۇپ كۆرۈنۈش ئۈچۈن) جۈمە كۈنىدە ئورا كولاپ، تۇزاق ـ قاپقان قۇرۇشۇپ، يەكشەنبە كۈنى كېلىپ تۇزاقتا چۈشكەن ئوۋلارنى ئېلىشاتتى، بۇ ئىشنى ھىلىگەرلەر ھالال دەپ ئويلىغىنى بىلەن، ئۇ ئىسلام ئالىملىرىنىڭ نەزىرىدە ھارامدۇر. چۈنكى ئۇلارغا ھارام قىلىنغىنى سەۋەبلىك ۋە سەۋەبسىز ئوۋ ئوۋلىماسلىقتۇر.

يەنە گۇناھ ھېسابلىنىدىغان ھىلىلەرنىڭ بىرى بولسا: ھارام بولغان بىر نەرسىگە ئەسلىي ئىسمىدىن باشقا بىر ئىسىم قويۇپ، شەكلىنى ئۆزگەرتىپ، ھەقىقىتىنى بۇرۇنقىدەكلا قالدۇرۇشتۇر. شەكسىزكى بىر نەرسىنىڭ ئۆزى ئەينەن تۇرۇپ ئىسمىنىلا ئۆزگەرتىپ قويۇش بىلەن ياكى ھەقىقىتى ئەينەن تۇرۇپ شەكلىنى ئۆزگەرتىپ قويۇش بىلەن ئۇنىڭ ھاراملىقى ئۆزگىرىپ قالمايدۇ. مەسىلەن: قەبىھ جازانە بىلەن مۇئامىلە قىلىش ئۈچۈن بىر قانچە ھىلىلەر كۆرسىتىلسە ياكى ھاراق (ئۇنى ھالال كۆرسىتىش ئۈچۈن) ھەرخىل ئىسىملار بىلەن ئاتالسىمۇ بەرىبىر جازانە ۋە ھاراقنىڭ ئەسلىدىكى ھاراملىقى ئەينەن قېلىۋېرىدۇ. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مېنىڭ ئۈممىتىمدىن بىر قىسىم كىشىلەر ھاراقنى باشقا ئىسىم بىلەن ئاتاپ تۇرۇپ ئىچىدۇ. (نەسائى: 5658)

دېمىسىمۇ، بۈگۈنكى كۈنلەردە يالىڭاچ ئۇسسۇلغا "سەنئەت" ھاراققا "روھىي ئىچىملىك" جازانىگە "ئۆسۈم ـ پايدا"...ئىسىملىرىنىڭ بېرىلىشى زامانىمىزنىڭ ئاجايىبلىرىدىندۇر.

## 862ـ سوئال: ھارامنى قىلىپ سالماسلىق ئۈچۈن گۇمانلىق نەرسىلەردىن ساقلىنىش كېرەك

ئاللاھ تائالانىڭ رەھمىتىدىن يەنە بىر تامچە بولسا، ھالال ـ ھارام ھەققىدە بەندىلىرىنى قاراڭغۇلۇقتا قويماستىن، ھالالنىمۇ ئېنىق، ھارامنىمۇ ئېنىق بايان قىلىپ بەرگەنلىكىدۇر. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ئاللاھ سىلەرگە ھارام نەرسىلەرنى ئوچۇق بايان قىلدى [ئەنئام سۈرىسى 119ـ ئايەت] ھالال ئىكەنلىكى ئېنىق بىر نەرسىنى قىلىشتا ھېچ گەپ يوق، ھاراملىقى ئېنىق بولغان نەرسىنى قىلىشتىمۇ ھېچبىر رۇخسەت يوق.

ئېنىق ھالال بىلەن ئېنىق ھارام ئارىسىدا بىر ئارىلىق بار بولۇپ، ئۇ ھالال ياكى ھاراملىقى بەزى كىشىلەرگە چۈشىنىشلىك بولمىغان ياكى بىلىنمىگەن گۇمانلىق رايوندۇر، بۇ چۈشىنىلمەسلىكنىڭ سەۋەبى: يا دەلىللەرنىڭ ئۇ كىشىلەرگە تۇتۇق كۆرۈنىشى، يا دەلىلنى ۋەزىيەتكە تەتبىقلاشتا دەلىلنىڭ ھەر ئىككى تەرەپكە ئوخشاپ

كېتىشىدۇر.

ئىسلام دىنى مۇسۇلماننىڭ بۇنىڭدەك گۇمانلىق دائىرىدىكى نەرسىلەردىن ساقلىنىشىنى تەقۋادارلىق دەپ قارىدى. چۈنكى مۇسۇلمان بۇنىڭدىن ساقلىنىش ئارقىلىق ئېنىق بىر هارامغا سۆرۈلۈپ كېتىشتىن ئۆزىنى ئاسرىغان بولىدۇ. بۇ، يوچۇقلارنى توسۇۋېتىشنىڭ بىر تۈرىدۇر، ئۇ يەنە ئىنسان ۋە ھاياتنىڭ ھەقىقەتىدىن خەۋەردار بولغان ئىسلام دىنىنىڭ يىراقنى كۆرەلەيدىغان تەربىيىسىدىن بىر نەمۇنىدۇر. بۇ پرىنسىپنىڭ ئەسلى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ شۇ ھەدىسىدىن چىقىدۇ: نۇئمان ئىبنى بەشىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: مەن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئۆز قۇلىقىم ئاڭلىغان ئىدىم: شەك شۈبھىسىزكى، ھالال ئىشلارمۇ ئېنىق كۆرسىتىلدى، ھارام ئىشلارمۇ ئېنىق كۆرسىتىلدى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا نۇرغۇن كىشىلەر بىلمەيدىغان شۈبھىلىك ئىشلار بار. كىمكى گۇناھ ئىكەنلىكى شۈبھىلىك بولغان ئىشلارنى قىلىشتىن ساقلانسا، دىنىنى ۋە ئابرۇيىنى ساقلىغان بولىدۇ. كىمكى گۇناھ ئىكەنلىكى شۈبھىلىك بولغان ئىشلارنى قىلىشقا جۈرئەت قىلسا، ھاراملىقى ئېنىق ئىشلارنىمۇ قىلىپ سېلىشى ئېھتىمالغا يېقىن. ئۇ، ماللىرىنى چېگرا ئەتراپىدا بېقىۋاتقان پادىچىغا ئوخشايدۇ. ئەگەر دىققەت قىلمىسا، ماللىرى چېگرادىن ئۆتۈپ كېتىدۇ. بىلىڭلاركى، ھەر بىر پادىشاھنىڭ چېگراسى بار. بىلىڭلاركى، اللەنىڭ چېگراسى ھارام قىلغان نەرسىلىرىدۇر. ئاگاھ بولۇڭلاركى، بەدەندە بىر پارچە گۆش بولۇپ، ئۇ تۈزەلسە، پۈتۈن بەدەن تۈزىلىدۇ. ئەگەر ئۇ بۇزۇلسا، پۈتۈن بەدەن بۇزۇلىدۇ، ئۇ گۆش يۈرەكتۇر. (مۇسلىم: 1599)

**863- سۇئال: ھارام ھەممە كىشىگە ئوخشاش ھارامدۇر**

ئىسلام شەرىئىتىدە ھارام ھۆكمى ھەممە كىشىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان ئومۇمىيلىق بىلەن سۈپەتلىنىدۇ، ئىسلامدا ئەرەب بولمىغانغا ھارام بولۇپ، ئەرەب بولغانغا ھالال بولىدىغان ھېچبىر نەرسە يوق، قارا تەنلىككە چەكلىنىپ، ئاق تەنلىككە مۇباھ بولىدىغان ھېچبىر نەرسە يوق، كاھىن، پاپاز، راھىب ۋە ياكى دۆلەت كىشىلىرىگە ئوخشاش مۇئەييەن بىر تەبىقە ياكى بىر سىنىپقا بېرىلگەن مەخسۇس بىر رۇخسەت ياكى ھەق يوق، ھەتتاكى كاپىرغا ھارام بولغان نەرسىنى مۇسۇلمانغا ھالال قىلىدىغان ھېچبىر خۇسۇسىيەت يوق، چۈنكى ئاللاھ ھەممە ئىنسانلارنىڭ پەرۋەردىگارى، ئۇنىڭ ھۆكۈملىرى ھەممە كىشىگە بىردەك ئىجرا قىلىنىدۇ، ئاللاھ ھالال قىلغان بىر نەرسە پۈتۈن ئىنسانلارغا ھالالدۇر، ھارام قىلغان ھەرقانداق نەرسە قىيامەت كۈنىگە قەدەر ھەممە كىشىگە ھارامدۇر.

ئازغان ۋە ھەقتىن چەتنىگەن يەھۇدىزم، بىر يەھۇدىينىڭ باشقا بىر يەھۇدىيگە جازانە بىلەن قەرز بېرىشىنى ھارام دەپ، غەيرىي يەھۇدىيلارغا جازانە بىلەن قەرز بېرىشنى ھالال دەپ داۋا قىلغان. يەھۇدىيلاردىكى بۇ مايىللىقنى قۇرئان كەرىم بىزگە ئىبرەت ئېلىشىمىز ئۈچۈن بايان قىلىپ بەرگەن. مەسىلەن: ئۇلار ئۆز دىنىدىن ياكى مىللىتىدىن بولمىغان كىشىلەرگە قارشى ئالداش ۋە ئىھانەت قىلىشنى ھالال، ھەمدە بۇنىڭدا ھېچ گەپ يوق دەپ قارىغان.

## 864-سوئال: ھارام ۋە ھارامدا ئېھتىيات قىلىش

ھارام: شەرىئەت قىلماسلىقنى تەلەپ قىلغان بىر ئىش، ئۇنى قىلسا گۇناھ بولىدۇ ۋە ئۇ كىشى جازالىنىدۇ.

مۇسۇلمان كىشى ھارام ئىشلاردا ئېھتىيات قىلىشى ۋە ھارام ئىشنىڭ يولىدا مېڭىپ قېلىشتىن ساقلىنىشى لازىم. ئەگەر بىر ئىش گۇمانلىق( ھالال ياكى ھاراملىقى ئايرىلمىسا) بولۇپ قالسا، ۋاستىنى چەكلەش پرىنسىپىغا ئاساسەن ھارام سانىسۇن.

نۇئمان ئىبنى بەشىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: مەن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئۆز قۇلىقىم ئاڭلىغان ئىدىم: شەك شۈبھىسىزكى، ھالال ئىشلارمۇ ئېنىق كۆرستىلدى، ھارام ئىشلارمۇ ئېنىق كۆرستىلدى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا نۇرغۇن كىشىلەر بىلمەيدىغان شۈبھىلىك ئىشلار بار. كىمكى گۇناھ ئىكەنلىكى شۈبھىلىك بولغان ئىشلارنى قىلىشتىن ساقلانسا، دىنىنى ۋە ئابرۇيىنى ساقلىغان بولىدۇ. كىمكى گۇناھ ئىكەنلىكى شۈبھىلىك بولغان ئىشلارنى قىلىشقا جۈرئەت قىلسا، ھاراملىقى ئېنىق ئىشلارنىمۇ قىلىپ سېلىشى ئېھتىمالغا يېقىن. ئۇ، ماللىرىنى چېگرا ئەتراپىدا بېقىۋاتقان پادىچىغا ئوخشايدۇ. ئەگەر دىققەت قىلمىسا، ماللىرى چېگرادىن ئۆتۈپ كېتىدۇ. بىلىڭلاركى، ھەر بىر پادىشاھنىڭ چېگراسى بار. بىلىڭلاركى، اللەنىڭ چېگراسى ھارام قىلغان نەرسىلىرىدۇر. ئاگاھ بولۇڭلاركى، بەدەندە بىر پارچە گۆش بولۇپ، ئۇ تۈزەلسە، پۈتۈن بەدەن تۈزىلىدۇ. ئەگەر ئۇ بۇزۇلسا، پۈتۈن بەدەن بۇزۇلىدۇ، ئۇ گۆش يۈرەكتۇر. (مۇسلىم: 1599)

## 865-سوئال: مۇباھ ئۇقۇمى

مۇباھ - قىلىش ياكى قىلماسلىق ئىختىيار قىلىنغان بىر ئىش، قىلسا ساۋاب بولىدۇ ياكى قىلمىسا گۇناھ بولۇپ كەتمەيدۇ. ھارام ۋە مۇباھ بىر بىرسىگە زىت ئۇقۇم.

## 866- سوئال: زۆرۈرىيەت چەكلەنگەن نەرسىلەرنى مۇباھ قىلىدۇ

ئىسلام دىنى ھاراملارنىڭ دائىرىسىنى تارايتتى، لېكىن ئۇنىدىن كېيىن ھارام ھەققىدە كەسكىن تۈزۈملەرنى بەلگىلەپ، ئاشكارا ياكى يوشۇرۇن ھارامغا ئېلىپ

بارىدىغان ھەرقانداق يولنى توسۇۋەتتى. دېمەك: ھارامغا ئېلىپ بارىدىغان ھەممە نەرسە ھارامدۇر، ھارامغا ياردەم قىلىدىغان ھەر نەرسە ھارامدۇر، ھارامنى ھالال قىلىش ئۈچۈن ھىلە ئىشلىتىش ھارامدۇر...ۋە باشقىلار. بۇنىڭ بىلەن بىللە ئىسلام دىنى ھايات زۆرۈرىيەتلىرىگە ۋە ئىنسانىنىڭ بۇ زۆرۈرىيەتلەركە قارىتا ئاجىزلىقىغا كۆز يۇممىغان، نەتىجىدە قاتتىق زۆرۈرىيەتلەرنى ۋە ئىنسانىي ئاجىزلىقلارنى كۆزدە تۇتقان، ھەمدە بۇ خىل زۆرۈرىيەتلەر ئالدىدا مۇسۇلمانىنىڭ ئۆزىنى ھالاكەتتىن قۇتقۇزۇشى ئۈچۈن بەزى ھاراملارنى قىلىشقا رۇخسەت قىلغان. مانا بۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلۇغ ئاللاھ، قان ۋە توڭگۇز گۆشىدەك بەزى يېمەكلىكلەرنىڭ ھارام ئىكەنلىكىنى بايان قىلغاندىن كېيىن قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دەيدۇ: «كىمكى ئۆز ئىختىيارىچە ئەمەس، ئىلاجسىزلىقتىن (ھارام قىلىنغان نەرسىلەردىن) ھاياتىنى ساقلاپ قالغۇدەك يېسە، ئۇنىڭغا ھېچ گۇناھ بولمايدۇ، ھەقىقەتەن ئاللاھ ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر.» [بەقەرە سۈرىسى 173 ـ ئايەت]

بۇ مەنە قۇرئان كەرىمدىكى تۆت سۈرىدە ھارام قىلىنغان يېمەكلىكلەر بايان قىلىنىشىلا تەكرارلانغان، ئىسلام شەرىئەتشۇناسلىرى بۇنىڭدەك ئايەتلەردىن ئىنتايىن مۇھىم بىر پرىنسىپنى چىقارغان، ئۇ بولسا: زۆرۈرىيەتلەر چەكلەنگەن نەرسىلەرنى مۇباھ قىلىدۇ. ئەمما ئايەتلەر بۇ زۆرۈرىيەت ئىچىدە قالغان كىشىنى باشقىسىغا تاجاۋۇز قىلمىغان بولىشى كېرەك دەپ قەيت قىلغان، بۇ ھۆكۈملەرنى كەسكىن ھالدا بىلدۈرگەن ئايەتلەرنىڭ تەپسىرىدىن، رۇخسەت بىلەن ئىش قىلغاندا چەكتىن ئاشماسلىق، زۆرۈرىيەت دائىرىسى ئىچىدە قىلىش كېرەكلىكىنى ئېنىق كۆرىۋالالايمىز. شەرىئەتشۇناسلار بۇنىڭدىن يەنە بىر پرىنسىپ چىقارغان، ئۇ بولسا: زۆرۈرىيەت ئۈچۈن رۇخسەت قىلىنغان نەرسە زۆرۈرىيەت مىقدارىدا بولىدۇ.

شۇڭا ئىنسان بۇ زۆرۈرىيەتكە ۋاقىتلىق بويسۇنسىمۇ، ئۇنىڭغا تامامەن تەسلىم بولماسلىقى كېرەك، ئەكسىچە ئەسلىي ھالال بولغان نەرسىگە يېپىشىشى ۋە ئۇنى ئىزدىشى كېرەك، بۇنداق قىلغان تەقدىردە زۆرۈرىيەت باھانىسى بىلەن ھارامنى كىچىك سانىمايدۇ ـ دە، ئۇنىڭدىن داۋاملىق ساقلىنىدۇ. ئىسلام زۆرۈرىيەت ئەھۋاللىرىدا چەكلەنگەن نەرسىلەرنى ھالال قىلىش بىلەن، ئۆزىنىڭ ئومۇمىي روھىنى ۋە ئەسلىي قائىدىلىرىنى تەتبىقلايدۇ، بۇ ئومۇمىي روھ بولسا: مۇشەققەتچىلىك ئارىلاشمىغان قولايلىق روھىدۇر. بۇرۇن كەلگەن ئۈممەتلەرگە بەك ئېغىر يۈك بولغان ئىشكەللەرنى يەڭگىللىتىش روھىدۇر. ئۇلۇغ ئاللاھ ھەقىقەتەن توغرا سۆزلىگەن: ئاللاھ سىلەرگە ئاسانلىقنى خالايدۇ، ھەرگىز تەسلىكنى خالىمايدۇ [بەقەرە سۈرىسى 185ـ ئايەت] ئاللاھ سىلەرگە مۇشەققەتنى خالىمايدۇ، لېكىن ئاللاھ شۈكۈر قىلىشىڭلار

ئۈچۈن سىلەرنى پاكلاشنى، (ئىسلام شەرىئىتىنى سىلەرگە بايان قىلىش بىلەن) نېمىتىنى سىلەرگە تاماملاشنى خالايدۇ [مائىدە سۈرىسى 6-ئايەت] ئاللاھ سىلەرنىڭ يۈكۈڭلارنى يېنىكلىتىشنى (يەنى شەرىئەت ئەھكاملىرىنى سىلەرگە ئاسانلاشتۇرۇشنى) خالايدۇ، ئىنسان (نەپسى خاھىشىغا خىلاپلىق قىلىشتىن) ئاجىز يارىتىلدى. [نىسا سۈرىسى 28- ئايەت]

## 867-سۇئال: ئىسلام دىنىدىكى بەش زۆرۈرىيەت

ئىسلام دىنى بەش زۆرۈرىيات« دىن، جان، ئەقىل، ئابروي ۋە مال» نى قوغداش ئۈستىگە قۇرۇلدى.

## 868-سۇئال: زۆرۈرىيەت ئۇقۇمى

زۆرۈرىيەت دېگەن: ئىنسانغا بىرەر خەتەر ياكى ئېغىر مۇشەققەت كېلىپ، جېنى ياكى ئەزاسى ياكى ئابرويى ياكى ئەقلى ياكى مېلى ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش نەرسىلەرگە زىيان يېتىشىدىن قورقۇش دېمەكتۇر. شۇ چاغدا زىياننىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن، هارام ئىشنى قىلىش ياكى ۋاجىب ئىشنى تەرك ئېتىش ياكى ۋاقتىدىن كېچىكتۈرۈش مۇباھ ياكى ۋاجىب بولىدۇ.

## 869-سۇئال: پەتىۋانىڭ ئۆزگىرىشىنىڭ ئىللەتلىرى

پەتىۋانىڭ ئۆزگىرىشىنىڭ 10 تۈرلۈك ئىللىتى بار، ئۇلار: زاماننىڭ ئۆزگىرىشى، ئورۇننىڭ ئۆزگىرىشى، شارائىتنىڭ ئۆزگىرىشى، ئۆرپىنىڭ ئۆزگىرىشى، ئەخلاقنىڭ ئۆزگىرىشى، هاجەتلەرنىڭ ئۆزگىرىشى، ئىقتىدارلارنىڭ ئۆزگىرىشى، ئىجتىمائى، ئىقتىسادى ۋە سىياسى ۋەزىيەتلەرنىڭ ئۆزگىرىشى، مەلۇماتلارنىڭ ئۆزگىرىشى ۋە بالانىڭ ئومۇملىشىپ كېتىشىدۇر.

## 870-سۇئال: پەتىۋا كىشلەرنىڭ ئەخلاقىنىڭ ئۆزگىرىشى بىلەن ئۆزگىرىدۇ

ئەخلاقنىڭ ئۆزگىرىشىنى ئالىملار زاماننىڭ بۇزۇلىشى دەپ ئاتايدۇ، ئەمەلىيەتتە زامان بۇزۇلمايدۇ، كىشلەرنىڭ ئەخلاقى بۇزۇلۇپ، ياخشىلىقتىن يامانلىققا، توغرا مېڭىشتىن بۇرۇلۇشقا، قېرىنداشلىقتىن شەخسىيەتچىلىككە...ئۆزگىرىدۇ. ئادىل خەلىپە ئۆمەر ئىبنى ئابدۇلئەزىز مۇنداق دېگەن« كىشلەرنىڭ بۇزۇلىشى بىلەن يېڭى مەسىلىلەر پەيدا بولدى، بۇزۇقچىلىقنىڭ پەيدا بولىشى مۇشۇ بۇزۇقچىلىققا مۇناسىپ هۆكۈملەرنى پەيدا قىلىدۇ». شۇنىڭ ئۈچۈن هەزرىتى ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنهۇ ئۆز زامانىدا هاراق ئىچكەن ئادەمگە هەزرىتى ئەبۇبەكرى رەزىيەللاهۇ ئەنهۇنىڭ زامانىدىكىدىن ئاشۇرۇپ ئۇرغان. هەزرىتى ئەبۇبەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنهۇ 40 نى ئۇرغان، هەزرىتى ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنهۇ ئىسلامغا يېڭىدىن كىرگەن كىشلەرنىڭ هاراقنى ئۇزۇنغىچە تاشلىمىغانلىقىغا قاراپ 80 دەررە ئۇرغان.

بۈگۈنكى دەۋردە باسقۇنچىلىق جىنايىتى ئەۋج ئېلىپ كەتتى، سەئۇدى ئالىملىرى باسقۇنچىلىق قىلغۇچىلارنىڭ جازاسى - بىر ئادەمدىن باسقۇنچىلىق تەكرارلانغان بولسا- ئۆلۈم جازاسى بېرىش لازىم دەپ پەتۋا بەردى. چۈنكى تۈرمە كۆپايە قىلمايدىغان بولۇپ قالدى. شۇنداقلا ئالىملار سەئۇدىيەدە خىروىىن، ئەفيۇن... ساتقۇچىلارغا ئۆلۈم جازاسى بېرىش لازىم دەپ پەتۋا چىقاردى. چۈنكى بۇ نەرسىلەر جەمىيەتنى ۋەيران قىلىپ، نۇرغۇن ئادەملەرنىڭ جېنىغا زامىن بولىدۇ. بەزى ئالىملار خىروىىن ئەتكەسچىلىرىگە « ھەرابە» ( ئاللاھقا قارشى تۇرغانىنىڭ جازاسى) نى بېرىش لازىم دەپ پەتۋا بەردى:« اللہ ۋە ئۇنىڭ رەسۇلى بىلەن ئۇرۇش قىلىدىغانلارنىڭ، يەر يۈزىدە بۇزغۇنچىلىق قىلىدىغانلارنىڭ جازاسى شۇكى، ئۇلار ئۆلتۈرۈلۈشى ياكى دارغا ئېسىلىشى ياكى ئوڭ قوللىرى ۋە سول پۇتلىرى كېسىلىشى ياكى سۈرگۈن قىلىنىشى كېرەك. بۇ(يەنى جازا) ئۇلار ئۈچۈن بۇ دۇنيادا رەسۋالىق (ئېلىپ كەلگۈچىدۇر)، ئاخىرەتتە ئۇلار چوڭ ئازابقا دۇچار بولىدۇ» [مائىدە سۈرىسى، 33- ئايەت.]

يەنە بىر مىسال، ماشىنىچى ۋە بوياقچىلارنى تۆلىتىش: ماشىنىچى ياكى سىرچى ئەسلىدە مەقسەتلىك ھالدا رەخ ياكى سىرنى بۇزىۋەتمىسە تۆلىمەيدۇ، لېكىن يالغاندىن بۇزۇلۇپ كەتتى دەپ داۋا قىلىدىغان ئىشلار پەيدا بولغانلىقى ئۈچۈن ھەزرىتى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ۋە ھەزرىتى ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بۇزۇلۇپ كېتىپ قالسا تۆلەيدۇ، دەپ قاردى.

**871- سۇئال: يېمەك - ئىچمەكلەردىكى ھالال ۋە ھارامنى بىلىشنىڭ زۆرۈرلىكى**

يېمەك ـ ئىچمەكلەردىكى ھالال ـ ئۆزى پاك، تەن ساقلىققا زىيىنى بولمىغانلىقى ئۈچۈن ئىسلام دىنى ئىستېمال قىلىشقا رۇخسەت قىلغان نەرسىلەر بولۇپ، پاك ۋە تەن ساقلىققا زىيىنى يوق، دىنىمىزدا چەكلەنمىگەن يېمەكلىك ۋە ئىچمەكلىكلەرنى ئىستېمال قىلغانغا ئوخشاش.

يېمەك ـ ئىچمەكلەردىكى ھارام ـ پاك ئەمەسلىكى ۋە تەن ساقلىققا زىيانلىقلىقى سەۋەبلىك ئىسلام دىنى چەكلىگەن نەرسىلەر بولۇپ، چوشقا گۆشى ۋە ھاراققا ئوخشاش پاسكىنا ۋە زىيانلىق نەرسىلەرنى ئىستېمال قىلغانغا ئوخشاش. ھالال بىلەن ھارامنىڭ پەرقىنى ئايرىش، نېمىلەرنىڭ ھالال ۋە نېمىلەرنىڭ ھارام ئىكەنلىكىنى بىلىش ھەر بىر مۇسۇلمان ئۈچۈن پەرز ئەيندۇر. پۈتۈن ئىشلاردا ھالال ـ ھارام پەرقىنى ئايرىش ۋە ھالال ئىشلار دائىرىسىدە ئىش كۆرۈش مۇسۇلمانلىقنىڭ تەلىپى بولغىنىدەك، يېمەك ـ ئىچمەكلەردە ھالال ـ ھارامنى ئىلغاش تولىمۇ ئەھمىيەتلىكتۇر. يېمەك ـ ئىچمەك، پىكىر ئېتىقاد، ئىش ھەرىكەت ۋە باشقا ھەر قانداق بىر نەرسىدە

هارام دېيىلگەن نەرسىلەر ۋە ئىشلاردىن چەكلىنىش، شۇنداقلا ھالال ياكى ھاراملىقى ئېنىق بىلىنمىگەن نەرسىلەردىن يىراق تۇرۇش ئارقىلىق ھارامدىن ھالالمۇ، ھارامىمۇ ئېنىق ساقلانغىلى بولىدۇ.

## 872- سوئال: ھالال نەرسىلەرنى ئىستېمال قىلىشنىڭ پايدىلىرى

1) ھالال ۋە پاك نەرسىلەرنى ئىستېمال قىلغان ۋە پاكىزلىققا ئەھمىيەت بەرگەن ئادەمنىڭ دىلى پاك، كۆڭلى يورۇق، تېنى ساق، ئەقلى ئۆتكۈر، خاتىرىسى كۈچلۈك ۋە ھوشيار بولىدۇ.

2 ) ھالال ۋە پاك نەرسىلەرنى ئىستېمال قىلغان ئادەم تۈرلۈك كېسەللىكلەردىن ساقلىنىپ قالىدۇ، كۈچ ــ قۇۋۋىتى ئاجىزلىشىپ قالمايدۇ.

3 ) ھالال ۋە پاك نەرسىلەرنى ئىستېمال قىلغان ئادەمنىڭ قىلغان ئىبادەتلىرى قوبۇل بولىدۇ ۋە دۇئالىرى ئىجابەت بولىدۇ. چۈنكى ئىبادەتلەرنىڭ ۋە دۇئالارنىڭ ئاللاھ تائالانىڭ دەرگاھىدا قوبۇل بولماسلىقىنىڭ سەۋەبلىرىدىن بىرى ھارام يېيىشتۇر.

4 ) ھالال ۋە پاك نەرسىلەرنى ئىستېمال قىلغان ئادەم ئاللاھ تائالانىڭ ھۆرمىتىگە ۋە ئىنسانلارنىڭ سۆيگۈسىگە ئېرىشىدۇ.

## 873- سوئال: قاچىلانغان يېمەكلىكلەرنى سېتىۋالغاندا نىملەرگە دىققەت قىلىش كېرەك؟

قاچىلانغان گۆش ۋە ھەر قانداق بىر يېمەكلىكنى سېتىۋالماقچى بولغاندا، «مۇسۇلمانچە» دېگەن ماركىسى بارمۇ ــ يوق؟ نەدە ئىشلەنگەن؟ مۇسۇلمانلار ئۈچۈن ئىشلىگەنمۇ ياكى باشقىلارمۇ؟ قوللىنىش ۋاقتى بارمۇ ياكى ئۆتۈپ كەتكەنمۇ؟ بۇلارغا ئالاھىدە دىققەت قىلىش لازىم. چۈنكى پاك ۋە ھالال نەرسىلەرنى يېيىش ئەمەل ــ ئىبادەتلەرنىڭ قوبۇل بولۇشى ئۈچۈن شەرت، تەن ساقلىقىنى ساقلاش ئۈچۈن زۆرۈردۇر.

ئەڭ پاك يېمەكلىك مۇسۇلمانلارنىڭ يېمەكلىرىدۇر. ھەمىشە مۇسۇلمانلارنىڭ يېمەكلىكلىرىنى ئىزدەپ تېپىپ يېيىش كېرەك. مۇسۇلمانلارنىڭ تامىقى ياكى قاچىلانغان گۆش قاتارلىق تەييار يېمەكلىكلىرى تېپىلمىغاندا، خرىستىئان ۋە يەھۇدىي دىنىدىكىلەرنىڭ پاك يېمەكلىرىنى يېيىشكە بولىدۇ.

مۇسۇلمان مەملىكەتلىرىدە ئىشلەنگەن تەييار تاماقلارنى، قاچىلانغان گۆش ۋە باشقا يېمەكلىكلەرنى سېتىۋېلىش كېرەك. بۇنىڭغا ھەر قانداق مۇسۇلمان ئادەم ئەھمىيەت بېرىشى لازىم. ناۋادا مۇسۇلمان مەملىكەتلىرىدىن كەلگەن تەييار تاماقلار، قاچىلانغان گۆش ۋە باشقا يېمەكلىكلەر تېپىلمىغاندا، خرىستىئانلارنىڭ ياكى يەھۇدىيلارنىڭ مەملىكەتلىرىدىن كەلگەن، ئۈستىگە « ھالال» دېگەن خەت ئېنىق يېزىلغان ھەر قانداق تەييار تاماق، قاچىلانغان گۆش ۋە باشقا يېمەكلەرنى سېتىۋېلىپ

يېيىشكە بولىدۇ. ئەمما ئاللاھقا ئىشەنمەيدىغان كوممۇنىست دۆلەتلىرىدىن، بۇددىستلارنىڭ يۇرتىدىن كەلگەن گۆش، توخۇ، تەييار تاماق، قاچىلانغان يېمەكلىك قاتارلىقلارنى يېيىشكە بولمايدۇ. چۈنكى ئاللاھقا ئىشەنمەيدىغانلارنىڭ يېمەكلىرى مۇسۇلمانلار ئۈچۈن ھالال ئەمەس، بەلكى ھارامدۇر !

ئۆيدە ئېتىپ يېگەن تاماق ئەڭ لەززەتلىك، ئەڭ پاكىز ۋە ئەڭ پايدىلىقتۇر. ئاشخانىلاردىن تاماق يېيىشكە توغرا كەلگەندە، چوقۇم مۇسۇلمان، دىندار كىشىلەر ئاچقان، پاكىز ئاشخانىلارغا كىرىش كېرەك. چۈنكى تاماق ئىنساننىڭ ساقلىقىغا بىۋاستە تەسىر كۆرسىتىدىغان نەرسە. شۇڭا ئۇنى ئىلغاپ پاكىز، ھالال، شەكسىز بولغانلىرىنى يېيىش كېرەك.

## 874- سۇئال: سەپەردە نېمىلەرگە دىققەت قىلىش كېرەك؟

سەپەر ئۈستىدە بولغاندا ئاشخانىغا كىرىشكە توغرا كەلسە، ئىشەنچلىك ئاشخانىلارغا كىرىش لازىم. سەپەر ئۈستىدە يول ماڭغاندا ياكى خەلقى مۇسۇلمان ئەمەس مەملىكەتلەرگە بارغاندا، مۇسۇلمان ئاشخانىسى تېپىلمىسا، خىرىستىئان ياكى يەھۇدىيلارنىڭ ئاشخانىسىغا كىرىشكە مەجبۇر بولۇپ قالغاندا، ئۇلارنىڭ نانلىرىنى، قاچىلانغان تەييار تاماقلىرىنىلا يېيىشكە بولىدۇ. ئەمما ئۇلارنىڭ قازانلىرىدا پىشۇرۇلغان تاماقلىرىنى يېيىشكە بولمايدۇ. چۈنكى ئۇلار چوشقا گۆشىنى يەيدۇ. چوشقا گۆشىنى قورۇغان قازاندا باشقا ھالال گۆشنى قورۇپ بەرگەن تەقدىردىمۇ، ئۇنى يېيىشكە بولمايدۇ. ھالال بىلەن ھارامنى ئىلغىمايدىغان ئادەملەرنىڭ گېلىدىن مۇنداق تاماق ئۆتمەيدۇ. مانا بۇ، مۇسۇلمانلىقنىڭ ۋە ساپ تەبىئەتنىڭ ئالامىتىدۇر.

## 875- سۇئال: يېمەك - ئىچمەكلەردىن يېيىش ھارام قىلىنىپ چەكلەنگەنلىرى

1- باشقىلارنىڭ ھەققىنى يېيىش ھارام.

2 - ئۆزى ئۆلۈپ قالغان مالنىڭ گۆشىنى يېيىش ھارام. يەنى گۆشى يېيىلىدىغان ھايۋانلاردىن ئۆزى ئۆلۈپ قالغان، بوغۇپ ئۆلتۈرۈلگەن، ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈلگەن، ئېگىز جايدىن يىقىلىپ ئۆلگەن، ئۈسۈپ ئۆلتۈرۈلگەن ۋە يىرتقۇچلار يېرىپ ئۆلتۈرۈۋەتكەن ھايۋاننىڭ گۆشىنى يېيىش ھارامدۇر.

3 - قاننىڭ ھەر قاندىقى ھارامدۇر.

4 - چوشقا گۆشى، چوشقىنىڭ قېنى، مېيى، تېرىسى ۋە ھەر قانداق بىر ئورگىنى ھارامدۇر.

5 - ئاللاھتىن باشقا بىرىنىڭ نامىنى تىلغا ئېلىپ تۇرۇپ بوغۇزلانغان ھايۋاننىڭ گۆشى ھارام.

6 - بۇددىستلارنىڭ بۇتلىرىغا، خىرىستىئانلارنىڭ چېركاۋلىرىغا، يەھۇدىيلارنىڭ

ئىبادەتخانىلىرىغا ياكى مازارلارغا ئاتاپ ئۆلتۈرۈلگەن ھايۋانىنىڭ گۆشىنى يېيىش ھارامدۇر.

## 876- سوئال: ئۆلۈك ھايۋانلاردىن بېلىق ۋە چېكەتكە ھالال

ئىسلام شەرىئىتى ھارام قىلىنغان ئۆلۈك ھايۋانلار قاتارىدىن بېلىق ۋە بېلىققا ئوخشاش سۇ جانلىقلىرىنى چىقىرىۋەتكەن.

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: بىر ئادەم پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن: ئى رەسۇلۇللاھ! بىز كېمىگە چىقىپ سەپەر قىلىمىز، يېنىمىزدا ئازغىنە سۇ ئېلىۋالىمىز. ئەگەر ئۇ سۇدا تاھارەت ئالساق، ئۇسسۇز قالىمىز. شۇڭا دېڭىز سۈيىدە تاھارەت ئالساق بولامدۇ؟ دەپ سورىغانىدى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: دېڭىز سۈيى پاكتۇر، ئۇنىڭدا ئۆلگەن جانلىقلارمۇ ھالالدۇر، دېدى. (نەسائى: 59)

ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دەپ كۆرسەتكەن: سىلەرنىڭ ۋە يولۇچىلارنىڭ مەنپەئەتلىنىشى ئۈچۈن سىلەرگە دېڭىز ھايۋانلىرى، دېڭىزدىن چىقىدىغان يېمەكلىكلەر ھالال قىلىندى [مائىدە سۈرىسى 96 ـ ئايەت]

ھەزرىتى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بۇ ئايەتنى تەپسىر قىلىپ: "دېڭىزنىڭ ئوۋى: دېڭىزدىن ئوۋلانغان نەرسىلەر، يېمەكلىرى: دېڭىز سىرتىغا ئاتقان نەرسىلەردۇر" دېگەن. ھەزرىتى ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمامۇ: "دېڭىزنىڭ يېمەكلىرى ـ ئۆلۈكىدۇر" دېگەن.

چېكەتكىمۇ دېڭىزنىڭ ئۆلۈكى بىلەن ئوخشاش بولۇپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام چېكەتكىنىڭ ئۆلۈكىنى يېيىشكە رۇخسەت قىلغان، چۈنكى ئۇنى بوغۇزلاش مۇمكىن ئەمەس.

پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: سىلەرگە ئىككى ئۆلۈك نەرسىنىڭ گۆشى بىلەن ئىككى خىل قان ھالال قىلىندى. ئىككى ئۆلۈكنىڭ بىرسى بېلىق، يەنە بىرسى چېكەتكە؛ ئىككى قاننىڭ بىرسى جىگەر، يەنە بىرسى تال. (ئىبنى ماجە 3314)

## 877- سوئال: ھارلال ھارام مەسلىسىدىكى زۆرۈرىيەت ھالىتى

يۇقىرىدا ئېيتىلغان ھارام يېمەكلىكلەرنىڭ ھەممىسى ئادەتتىكى نورمال ئەھۋالدا شۇنداق بولىدۇ، لېكىن ئېيتقىنىمىزدەك زۆرۈرىيەت ھالىتىنىڭ ئايرىم ھۆكمى بار، ئاللاھ تائالا مۇنداق دېگەن: زۆرۈرىيەت بولمىغۇچە يېيىش ھارام قىلىنغان نەرسىلەرنى ئاللاھ سىلەرگە ئوچۇق بايان قىلدى [ئەنئام سۈرىسى 119 ـ ئايەت] يەنە ئاللاھ تائالا ھارام

يېمەكلەرنى بايان قىلغاندىن كېيىن مۇنداق دېگەن: كىمكى ئۆز ئىختىيارىچە ئەمەس، ئىلاجسىزلىقتىن (يۇقىرىقى هارام قىلىنغان نەرسىلەردىن) هاياتىنى ساقلاپ قالغۇدەك يېسە، هېچ گۇناھ بولمايدۇ، ھەقىقەتەن ئاللاھ ناهايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ناهايىتى مېھرىباندۇر [بەقەرە سۈرىسى 173- ئايەت]

ئۆلىمالار تەرەپىدىن بىردەك ئىتتىپاقلىشىپ قوبۇل قىلىنغان زۆرۈرىيەت: ئاچ قالغاندا غىزالىنىش زۆرۈرىتىدۇر. بەزى ئۆلىمالار زامان مۇددىتى تەرەپىدىن بىر كېچە - كۈندۈز ئۆتىشى ۋە بۇ ئەسنادا هارامىلاردىن باشقا يەيدىغان نەرسىنىڭ تېپىلماسلىق شەرتىنى قويىدۇ، بۇنداق ئەھۋالدا ئىنسان ئۆزىنى ئۆلۈمدىن ساقلاپ قېلىشقا يېتەرلىك مىقداردا هارام يېمەكلەرنى يېسە بولىدۇ.

ئىمام مالىك مۇنداق دەيدۇ: "بۇ ئەھۋالدا قالغان كىشى ئۇنىڭدىن تويغىچە يەلەيدۇ، ۋە باشقا يېمەك تېپىلغانغا قەدەر ئۇنىڭدىن ئوزۇقلۇققا ئېلىۋالسا بولىدۇ".

باشقا ئۆلىمالار مۇنداق دەيدۇ: "پەقەت ئۆزىنى ئۆلۈمدىن قۇتقۇزۇپلا قالىدىغان مىقداردىن ئارتۇق يېسە بولمايدۇ، قۇرئان كەرىمدىكى: باشقىنىڭ مېلىغا قول ئۇزاتماسلىق ۋە زۆرۈرىيەت چېكىدىن ئېشىپ كەتمەسلىك دېگەن كۆرسەتمىمۇ قارىماققا شۇنى بىلدۈرىدۇ. ئاچلىق زۆرۈرىتىنى قۇرئان كەرىم ئۈچۈق بىر دەلىل بىلەن بايان قىلغان: كىمكى ئاچلىقتا ئىلاجسىزلىقتىن، گۇناهنى مەقسەت قىلماستىن (هارام قىلىنغان نەرسىلەردىن) يېيىشكە مەجبۇر بولسا گۇناھ بولمايدۇ، ئاللاھ مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، بەندىلىرىگە ناهايىتى مېھرىباندۇر [مائىدە سۈرىسى 3- ئايەت]

## 878- سۇئال: دورا زۆرۈرىيىتى

يارا ياكى بىر كېسەللىكنىڭ ساقىيىشى يالغۇز بۇ هارامىلاردىن بىرىنى يېيىشكە باغلىق بولۇپ قالغان تەقدىردە فىقھى ئالىملىرىنىڭ ئوخشاشمىغان كۆز قاراشلىرى بار. بەزىلىرى داۋالىنىشنى ئوزۇقلىنىشتەك كۈچلۈك بىر زۆرۈرىيەت دەپ قوبۇل قىلمايدۇ.

يەنە بەزىلەر داۋالىنىشنى ئوزۇقلىنىشتەك كۈچلۈك زۆرۈرىيەت دەپ قارايدۇ. چۈنكى هەر ئىككىسى هاياتنىڭ داۋاملىشىشى ئۈچۈن كېرەكلىك، بۇ قاراشتىكىلەرمۇ هارام قىلىنغان نەرسىلەرنىڭ داۋالاش ئۈچۈن قوللىنىشقا بولىدىغانلىقى ھەققىدە پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالامنىڭ ئومۇمەن يىپەك كىيىم كېيىشنىڭ هارام ئىكەنلىكىنى بەلگىلەپ، قوتۇر كېسىلىگە مۇپتىلا بولغان ھەزرىتى ئابدۇراهمان ئىبنى ئەۋف ۋە زۇبەير ئىبنى ئەۋۋاملارغا يىپەك كېيىشكە بەرگەن رۇخسىتىنى دەلىل قىلىپ كۆرسىتىدۇ.

ئەنەس رەزىيەللاهۇ ئەنهۇ مۇنداق دەيدۇ: زۇبەير ۋە ئابدۇراهماننىڭ بەدىنىدە قىچىشقاق بولغانلىقتىن، پەيغەمبەر سەللەللاهۇ ئەلەيهى ۋەسەللەم ئۇلارنىڭ يىپەكتىن تىكىلگەن كىيىمنى كىيىشكە رۇخسەت قىلغان. (بۇخارى: 5839)

بەلكى بۇ قاراش، ھەر بىر كۆرسەتمە ۋە قانۇنلىرىدا ئىنسان ھاياتىنى مۇھاپىزەت قىلىدىغان ئىسلامنىڭ روھىغا تېخىمۇ يېقىن بولىشى مۇمكىن.

### 879- سۇئال: ھارام بولغان بىر نەرسىنى دورا ئورنىدا ئىستېمال قىلىشنىڭ شەرتلىرى

1 - بۇ دورا ئىستىمال قىلىنمىغان تەقدىردە ئىنساننىڭ ھاياتى ۋە سالامەتلىكى ھەقىقي خەۋپكە ئۇچرىشى.

2 - ئۇنىڭ ئورنىغا دەسسەيدىغان ھالال دورىنىڭ تېپىلماسلىقى.

3 - بۇ دورىنى دىيانەتگە ۋە ئىلىمگە ئىشەنچ قىلغىلى بولىدىغان مۇسۇلمان بىر دوختۇرنىڭ تەۋسىيە قىلىشى.

بىز بۇ يەردە ئەمەلىي ھاياتىمىزدىن ۋە ئىشەنچلىك دوختۇرلارنىڭ سۆزلىرىدىن بىلگىنىمىزگە ئاساسلىنىپ ئېيتساق، بۇ ھاراملاردىن بىرىنى دورا قىلىپ ئىشلىتىشكە مەجبۇر قىلىدىغان تېببىي زۆرۈرىيەت يوق، لېكىن بىز بۇ ھاراملاردىن باشقا دورا تېپىلمىغان بىر يەردە ياشايدىغان مۇسۇلمان ئۇچۇن ئېھتىيات قىلىپ، بۇ پرىنسىپنى بەلگىلىدۇق.

### 880- سۇئال: دېڭىز ھايۋانلىرىنىڭ ھەممىسى ھالالدۇر

ياشايدىغان جايلىرىغا قاراپ ھايۋانلار دېڭىز ھايۋانلىرى ۋە قۇرۇقلۇق ھايۋانلىرى دەپ ئىككىگە بۆلۈنىدۇ. دېڭىز ھايۋانلىرى يەنى سۇنىڭ ئاستىدىلا ياشايدىغان ھايۋانلارنىڭ ھەممىسى قەيەردە ۋە قانداق ئەھۋالدا تېپىلىشىدىن قەتئىينەزەر ھالالدۇر. تۇتىۋالغۇچى مۇسۇلمان بولسۇن ياكى كاپىر بولسۇن، تىرىك تۇتۇلسۇن ياكى ئۆلۈك تۇتۇلسۇن، لەيلەپ قالغان بولسۇن ياكى لەيلىمىگەن بولسۇن، ھەممىسى ئوخشاش. بۇ ھۆكۈمدە بېلىق بىلەن كىت، يەنە دېڭىز ئىتى ياكى دېڭىز توڭگۇزى ۋە ياكى باشقا ئىسىملار بىلەن ئاتالغان ھەرقانداق ھايۋان ئوخشاش يەنى ھەممىسى ھالال. ئاللاھ تائالا مەلۇم بىر قىسمىنى ھارام قىلماستىن ۋە باشقا ھايۋانلاردەك بوغۇزلاش شەرتىنى قويماستىن پۈتۈن دېڭىز ھايۋانلىرىنىڭ ھالال ئىكەنلىكىنى بايان قىلغان، بەندىلىرىگە قولايلىق ۋە كەڭچىلىك قىلىپ بەرگەن، شۇڭا دېڭىز ھايۋانلىرىنى ئۆلتۈرۈشتە كۈچى يەتكەن ھەر قانداق نەرسە بىلەن ئىمكان قەدەر ئازاب سالماي ئۆلتۈرۈپ يېسە بولىدۇ. ئاللاھ سىلەرنى دېڭىزنىڭ بېلىقلىرىنى يېسۇن دەپ، سىلەرگە دېڭىزنى بويسۇندۇرۇپ بەردى [نەھل سۈرىسى 14- ئايەت] ئاللاھ تائالا يەنە مۇنداق دېگەن: سىلەرنىڭ ۋە يولۇچىلارنىڭ مەنپەئەتلىنىشى ئۇچۇن سىلەرگە دېڭىز ھايۋانلىرى، دېڭىزدىن چىقىدىغان يېمەكلىكلەر ھالال قىلىندى.[مائىدە سۈرىسى 96- ئايەت]

## 881- سوئال: يېيىلىشى ھالال بولغان قۇرۇقلۇق ھايۋانلىرى ۋە شەرئىي بوغۇزلاش شەرتلىرى

يېيىلىشى ھالال بولغان قۇرۇقلۇق ھايۋانلىرى ئىككى قىسمدۇر:

1 ـ تۆگە، كالا ۋە توخۇ، كەپتەردەك تۇتۇش مۇمكىن بولغانلار.

2ـ تۇتۇش مۇمكىن بولمىغانلار.

ئىسلام بىرىنچى قىسىمدىكى ھايۋانلارنىڭ ھالال بولۇشى ئۈچۈن ئۇنى بوغۇزلاشنى شەرت قىلغان. تەلەپكە لايىق بوغۇزلاش تۆۋەندىكى شەرتلەر تېپىلسا مۇكەممەل بولىدۇ:

1ـ ھايۋاننىڭ قېنىنى ئېقىتىدىغان ۋە تومۇرلىرىنى كېسىدىغان ئىتتىك بىر نەرسە بىلەن بوغۇزلاش.

ھىشام ئىبنى زەيد چوڭ دادىسى ئەنەستىن مۇنداق رىۋايەت قىلىدۇ: بىز مەررى زەھران دېگەن جايدا بىر توشقان كۆرۈپ قالدۇق. ساھابىلار توشقاننىڭ ئارقىسىدىن قوغلىدى، مەن ئۇنىڭغا يېتىشىۋېلىپ تۇتۇۋالدىم ۋە ئەبۇ تەلھەنىڭ قېشىغا ئېلىپ كەلدىم. ئەبۇ تەلھە ئۇنى قىرلىق تاش بىلەن بوغۇزلاپ، بىر پۇتىنى مەندىن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە ئەۋەتتى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنى يېدى. راۋىي مۇنداق دەيدۇ: مەن ئەنەستىن: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام (توشقان گۆشىنى) يېدىمۇ؟ دەپ سورىسام، ئۇ: قوبۇل قىلدى، دېدى. (تىرمىزى1789)

2ـ ھايۋاننىڭ گېلى ياكى بويىندىن بوغۇزلىنىشى، يەنى بوغىزىنى كېسىش ياكى بويىنغا سانجىش ئارقىلىق ئۆلتۈرۈش. لېكىن بوغۇزلاشنىڭ ئەڭ مۇكەممىلى: گالدىكى يېمەك ـ ئىچمەك ئۆتكۈزىدىغان قىزىل ئۆڭگەچ ۋە نەپەس يولى بولغان كېكىردەك بىلەن ئىككى تەرەپتىكى شاخ تومۇرلارنى كېسىشتۇر.

بەلگىلەنگەن بۇ يەردىن بوغۇزلاش مۇمكىن بولمىغان تەقدىردە بۇ شەرت ئەمەلدىن قالىدۇ. مەسىلەن: بەزى ھايۋانلار بېشى ئاستىغا بولۇپ قۇدۇقتەك بىر يەرگە چۈشۈپ كېتىپ، گېلىدىن بوغۇزلاش مۇمكىن بولمىسا، ياكى ئۈركۈپ كېتىپ ياۋايىلىق ھالىتىگە قايتىپ تۇتقىلى بولمىسا، بۇ خىل ھايۋانلارغا ئوۋ ھۆكمى يۈرگۈزىلىدۇ. بۇنداق ئەھۋالدا كۈچى يەتكەن قايسىبىر يېرىنى كەسكىن بىر نەرسە بىلەن قانىتىپ ئۆلتۈرسە ھالال بولىدۇ.

3ـ ئاللاھدىن باشقىنىڭ نامى ئېيتىلماسلىقى. بۇنىڭدا ھەممە ئالىملار بىردەك ئىتتىپاقلاشقان، چۈنكى جاھىلىيەت دەۋرىدىكى ئىنسانلار ئىلاھلىرى ۋە بۇتلىرىغا يېقىنلىشىش مەقسىتىدە قۇربانلىق قىلغاندا يا ئىلاھلىرىنىڭ يا بۇتلىرىنىڭ ناملىرىنى توۋلاپ تۇرۇپ ياكى مەخسۇس تىكلەنگەن تاش ـ سۇپىلار ئۈستىدە بوغۇزلايتتى.

4 ـ ھايۋان بوغۇزلانغاندا ئاللاھنىڭ ئىسمى ئېيتىلىشى. بۇ قۇرئان كەرىم ئايەتلىرىدىن ئېنىق كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. ئاللاھنىڭ ئايەتلىرىگە ئىمان كەلتۈرگۈچى بولساڭلار، ئاللاھنىڭ ئىسمى ئېيتىلىپ بوغۇزلانغان ھايۋانلارنى يەڭلار [ئەنئام سۈرىسى 118- ئايەت]

ئاللاھنىڭ ئىسمى ئېيتىلماي بوغۇزلانغان ھايۋانلارنى يېمەڭلار، ئۇنى يېيىش ئەلۋەتتە گۇناھتۇر [ئەنئام سۈرىسى 121- ئايەت]

بەزى ئالىملار مۇنداق دەيدۇ: ئاللاھنىڭ ئىسمىنى ئېيتىش ۋاز كەچكىلى بولمايدىغان بىر شەرت. لېكىن بۇ ھايۋاننى بوغۇزلاش ئەسناسىدا بولۇشى شەرت ئەمەس، بەلكى گۆشنى يېگەندە ئاللاھنىڭ ئىسمىنى ئېيتىش كۇپايە، چۈنكى گۆشنى يېگەندە بىسمىللاھ دېگەن كىشى، ئاللاھنىڭ ئىسمى ئېيتىلغان نەرسىنى يېگەن بولىدۇ.

5- مال بوغۇزلىغۇچىنىڭ ئەقىل ـ ھوشى جايىدا، بالاغەتكە يەتكەن، مۇسۇلمان ياكى ئەھلى كىتاب يەھۇدىي ياكى خرىستىئان بولۇشى شەرت. ئەركىشى بولمىغاندا، ئايال كىشى بوغۇزلىسىمۇ بولىدۇ. شۇنىڭدەك، مۇسۇلمان بولمىغاندا، يەھۇدىي ياكى خرىستىئان دىنىدىكى بىرى بوغۇزلىسىمۇ بولىدۇ. بىراق ئاللاھقا ئىشەنمەيدىغان دىنسىزنىڭ ياكى ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرىدىغان مۇشرىكنىڭ بوغۇزلىغان مېلى يېيىلمەيدۇ. چۈنكى ئۇلار بوغۇزلىغان مال مۇسۇلمانغا ھارام بولىدۇ.

6- بوغۇزلايدىغان مالنى سىلاپ، سىيپاپ، ئاستىراق يىقىتىپ، پۇتلىرىنى مەھكەم باغلاش، مالنى باغلىغاندا ئۇنىڭ ئالدىنقى ئىككى پۇتى ئارىسىغا ئارقا سول پۇتىنى كىرىشتۈرۈپ باغلاپ، ئارقا ئوڭ پۇتىنى بوش قويۇش كېرەك. چۈنكى ھايۋان جان تالاشقاندا، ئۇ بوش قالغان پۇتى بىلەن قاتتىق تېپىدۇ. قاتتىق سىلكىنىشتىن تومۇرلىرىدىكى قان پاكىز ئېقىپ چىقىپ كېتىدۇ.

7- مالنى ئۇرۇش، سۆرەش، قاتتىق يىقىتىش ۋە گال پىچاق بىلەن بوغۇزلاشتىن ساقلىنىش.

8- قېچىپ تۇرمىغان ھايۋاننى بوغۇزلاش قىيىن بولغاندا، ئۇنىڭ بېرەر ئورگىنىنى قان ئېقىتالايدىغان نەرسە بىلەن يارىلاندۇرۇپ ئۆلتۈرۈشكىمۇ بولىدۇ.

9- كېسەللىكتىن ئەمەس، بەلكى ئېگىزدىن يىقىلغان ياكى بىر- بىرى بىلەن ئۇسۇشكەن ياكى ئۇرۇلغان سەۋەبلىك جان تالىشىۋاتقان ھايۋاننى تېپىچەكلىگىچىلىك كۈچى بار بولسا، ئۇنى بوغۇزلاپ گۆشىنى يېيىش ھالالدۇر.

### 882- سۇئال: بوغۇزلىغاندا بىسمىللاھ دېيىشنىڭ ھېكمىتى

بوغۇزلىغاندا ئاللاھنىڭ ئىسمىنى ئاتاشنىڭ دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك نازۇك بىر

ھېكمىتى بار. بۇ بىر تەرەپتىن بۇتپەرەسلەرگە قارشى تۇرۇشتۇر، چۈنكى ئۇلار ھايۋاننى بوغۇزلىغاندا خۇدا دەپ خىيال قىلغان نەرسىلىرىنىڭ ئىسمىنى ئاتايتتى، بۇنداق بىر چاغدا مۇشرىك ئادەم بۇتىنىڭ ئىسمىنى ئاتىسا، نېمە ئۈچۈن مۆئمىن ئادەم پەرۋەردىگارىنىڭ ئىسمىنى ئاتىمايدىكەن؟

يەنە باشقا بىر تەرەپتىن قارىغاندا، بۇ ھايۋاناتلار ئاللاھ ياراتقان ۋە جان كىرگۈزگەن مەخلۇق بولۇش ئېتىبارى بىلەن ئىنسانلارغا ئوخشاش. ئۇنداقتا ئىنسان، ياراتقان ئاللاھنىڭ رۇخستى بولماستىن قانداقسىگە ئۇلارغا ھۆكۈمرانلىق قىلىپ جانلىرىنى تەنلىرىدىن ئايرىيدۇ؟ مانا بۇ يەردە ئاللاھنىڭ ئىسمىنى ئاتاش، بۇ ئىلاھىي رۇخسەتنى ئاشكارە ئېلان قىلىشتۇر، خۇددى ئىنسان بۇ بوغۇزلاش بىلەن: "مەن بۇنى بۇ مەخلۇقلارغا تاجاۋۇز قىلىپ ۋە بۇلارنى بوزەك قىلىپ قىلمايۋاتىمەن، بەلكى ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن بوغۇزلاپ، ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن ئوۋلاپ، ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن يەيمەن" دەيدۇ.

## 883- سۇئال: سۇيۇقلۇقلاردىن ھارام قىلىنغانلىرى

ئىسلام دىنى مەست قىلغۇچى سۇيۇقلۇقلارنى ئىچىشنى مەيلى ئۇ ئاز بولسۇن ياكى كۆپ بولسۇن قەتئىي ھارام قىلدى. مەست قىلىدىغان نەرسىلەر ئىككى قىسىم بولۇپ بىرى ھاراق، يەنە بىرى ھاراقتىن باشقا مەست قىلغۇچى نەرسىلەردۇر.

1- ھاراق ۋە ئۇنىڭ پۈتۈن تۈرلىرى قەتئىي ھارامدۇر.

2 - ئادەمنى مەست قىلىدىغان ۋە ئەقلىنى كەتكۈزىدىغان ھەر قانداق ئىچىملىكلەر ۋە سۇيۇقلۇقلار ھارامدۇر.

3- ئىنساننىڭ، ھەرقانداق بىر ھايۋاننىڭ سۈيدۈكى، گۆشى يېيىلمەيدىغان ھايۋانلارنىڭ سۈتى، گۆشى يېيىلىدىغان ۋە يېيىلمەيدىغان جىمى قۇشلارنىڭ سۈيدۈكى ۋە مايىقى ھارامدۇر. چۈنكى ئۇلار پاسكىنا نەرسىلەر بولۇپ، پاسكىنا نەرسىلەرنى ئىستېمال قىلىش ھارامدۇر.

4 - ئىسپىرت ۋە گازغا ئوخشاش بەدەنگە زىيانلىق نەرسىلەرنى ئىستېمال قىلىش ھارامدۇر.

5 - سپېرما پاسكىنىدۇر. ئۇنى ئىچىش ھارام. سپېرما ھۆللۈك ھالىتىدە سۇ بىلەن يۇيۇلىدۇ. قورۇق ھالىتىدە ئۇۋۇلاپ ئەسىرىنى يوقىتىش بىلەن پاكلىنىدۇ.

6- تاماكا، كەندىر، ئەپيۇن، كوكائىن، مورفىنلارغا ئوخشاش زەھەرلىك نەرسىلەرنىڭ ئىس ـ تۈتەكلىرىنى پۇراش ياكى شورا ش ياكى شپىرىس بىلەن بەدەنگە ئۇرۇش ھارامدۇر.

## 884-سوئال: ئىسلامدىكى ئاساسلىق جازا تۈرلىرى

جازالاردىن زىنا قىلغانلىقنىڭ جازاسى، بوھتان چاپلىغانلىقنىڭ جازاسى، هاراق ئىچكەنلىكنىڭ جازاسى، ئوغرىلىق قىلغانلىقنىڭ جازاسى ۋە بۇلاڭچىلىق قىلغانلىقنىڭ جازاسى كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

## 885-سوئال: جازالارنىڭ، توسقۇچى ۋە كاپپارەت ئىكەنلىكىنىڭ بايانى

جازالار ئىنسانلارنى، زىيىنى جەمئىيەتكە بولىدىغان بۇزۇق يامان ئىشلارنى قىلىشقا قەدەم قويۇشتىن چەكلەيدىغان ئامىللار سۈپىتىدە يولغا قويۇلدى. شۇنىڭدەك يەنە جازالار كۆپ ساندىكى ئالىملارنىڭ كۆز قارىشىدا جازا بېرىلگەن ئادەمنى گۇناھتىن پاكىزلايدىغان ئامىللاردۇر.

ھەنەفىي مەزھەپىدىكىلەرنىڭ كۆز قارىشىدا، جازالار ئىشلەپ سېلىنغان جىنايەتلەرنىڭ گۇناھلىرىدىن پاكىزلىمايدۇ. ئىشلەپ سېلىنغان جىنايەتلەرنىڭ گۇناھلىرىدىن پەقەت تەۋبىلا پاكىزلايدۇ. شۇڭا بىرەر جىنايەت ئۆتكۈزۈپ سالغان ئادەمگە جازا بېرىلگەن، ئەمما ئۇ ئادەم ئۇ جىنايەتنى ئۆتكۈزۈپ سالغانلىقى ئۈچۈن تەۋبە قىلمىغان بولسا، ئۇ ئادەمنىڭ ئۈستىدە ئۇ جىنايەتنىڭ گۇناھى قېلىپ قالىدۇ. بۇلارنىڭ سۆزلىرىنىڭ توغرا ئىكەنلىكىنى تەۋبە قىلىشقا چاقىرىپ كەلگەن ئايەتلەرنىڭ تاشقىرى مەنىلىرى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. تۆۋەندىكى ئايەتلەر ئۇلارنىڭ قاتارىدىندۇر. «تەۋبە قىلغان، ئىمان ئېيتقان، ياخشى ئەمەللەرنى قىلغان، ئاندىن توغرا يولدا ماڭغان ئادەمنى مەن ئەلۋەتتە ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىمەن» (تاھا-82)

## 886-سوئال: قىساسنىڭ يولغا قويۇلىشىنىڭ بايانى

قىساس قۇرئان كەرىم، سۈننەت ۋە ئالىملارنىڭ بىرلىكى ئارقىلىق يولغا قويۇلدى. ئاللاھ تائالا قىساسنى يولغا قويۇپ مۇنداق دەيدۇ: ئى مۆمىنلەر! ئۆلتۈرۈلگەنلەر ئۈچۈن قىساس ئېلىش سىلەرگە پەرز قىلىندى، هۆر ئادەم ئۈچۈن هۆر ئادەمدىن، قۇل ئۈچۈن قۇلدىن، ئايال ئۈچۈن ئايالدىن قىساس ئېلىنىدۇ. قاتىل ئۈچۈن (دىنىي) قېرىندىشى تەرىپىدىن بىرنەرسە كەچۈرۈم قىلىنسا (يەنى ئۆلتۈرۈلگۈچىنىڭ ئىگىسى قاتىلدىن دىيەت ئېلىشقا رازى بولۇپ قىساس ئېلىشتىن ۋاز كەچسە، ئۇ، جىنايەتچىدىن دىيەتنى) چىرايلىقچە تەلەپ قىلىشى لازىم، (جىنايەتچىمۇ دىيەتنى) ياخشىلىقچە (يەنى كېچىكتۈرمەستىن، كېمەيتۈۋەتمەستىن تولۇق) بېرىشى لازىم. بۇ (هۆكۈم) پەرۋەردىگارىڭلار تەرىپىدىن (سىلەرگە بېرىلگەن) يېنىكلىتىشتۇر ۋە رەھمەتتۇر. شۇنىڭدىن كېيىن (يەنى دىيەتنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىن)، چېكىدىن ئېشىپ كەتكەن (يەنى قاتىلنى ئۆلتۈرگەن) ئادەم قاتتىق ئازابقا دۇچار بولىدۇ [178]. ئى ئەقىل ئىگىلىرى! سىلەرگە قىساستا هاياتلىق بار، (يەنى كىشى بىراۋنى ئۆلتۈرگەن تەقدىردە

ئۆزىنىڭمۇ ئۆلتۈرۈلىدىغانلىقىنى بىلسە، ئۇ، ئادەم ئۆلتۈرۈشتىن يانىدۇ، شۇنىڭ بىلەن، ئۇنىڭ ئۆزىمۇ، ئۇ ئۆلتۈرمەكچى بولغان ئادەممۇ ئۆلۈشتىن ساقلىنىپ قالىدۇ). (ناھەق قان تۆكۈشتىن) ساقلىنىشىڭلار ئۈچۈن (قىساس يولغا قويۇلدى) (بەقەر 178ـ179)

## 887ـ سۇئال: جازانە ئۇقۇمى

جازانە دېگەن سۆز مەنا جەھەتتىن ئارتۇق ئېلىش، دېگەن مەنانى بىلدۈرىدۇ. جازانە دېگەن سۆز ئىستىلاھ جەھەتتىن مالنى مالغا ئالماشتۇرغاندا ئىككى تەرەپنىڭ بىرىنىڭ مالنى بەدەلسىز ئارتۇق ئېلىۋېلىشىنى كۆرسىتىدۇ. ياكى مالنى مالغا ئالماشتۇرغاندا ئىككى تەرەپنىڭ بىرىگە بېرىش شەرت قىلىنغان بەدەلسىز ئارتۇق مالنى كۆرسىتىدۇ.

## 888ـ سۇئال: جازانىنىڭ هارام قىلىنىشىنىڭ بايانى

جازانە قىلىش ئىسلام دىنىدا ئەڭ قاتتىق شەكىلدە هارام قىلىنغان ئىشتۇر. جازانە قىلىش قۇرئان كەرىم، ھەدىس شەرىپ ۋە بارلىق ئالىملارنىڭ بىرلىكى ئارقىلىق هارام قىلىنغاندۇر. ئاللاھ تائالا جازانىنى هارام قىلىپ مۇنداق دېدى:

جازانە، ئۆسۈم يېگەن ئادەملەر (قىيامەت كۈنى گۆرلىرىدىن) جىن چېپىلىپ قالغان ساراڭ ئادەملەردەك قوپىدۇ. بۇ شۇنىڭ ئۈچۈنكى، ئۇلار الله هارام قىلغان ئىشنى هالال بىلىپ: «سودا ـ سېتىق، جازانىگە ئوخشاش (جازانە نېمىشقا هارام بولىدۇ؟)» دېدى. الله سودا ـ سېتىقنى هالال قىلدى، جازانىنى، (بەدەلسىز بولغانلىقى، شەخسكە ۋە جەمئىيەتكە زىيانلىق بولغانلىقى ئۈچۈن) هارام قىلدى. كىمكى پەرۋەردىگارى تەرىپىدىن ۋەز ـ نەسىھەت كەلگەندىن كېيىن (يەنى جازانە مەنئى قىلىنغاندىن كېيىن ئۇنىڭدىن) يانسا، بۇرۇن ئالغىنى ئۆزىنىڭ بولىدۇ، ئۇنىڭ ئىشى اللهقا تاپشۇرۇلىدۇ (يەنى الله خالىسا ئۇنى كەچۈرىدۇ، خالىسا جازالايدۇ). قايتا جازانە قىلغانلار ئەھلى دوزاخ بولۇپ، دوزاختا مەڭگۈ قالىدۇ.[سۈرە بەقەر-275]

بۇ ئايەت جازانخورلارنىڭ قىيامەت كۈنى تىرىلدۈرۈلۈپ قەبرىلىرىدىن چىقىرىلغاندىكى ئەھۋاللىرىنى بايان قىلىپ بېرىدۇ. بۇ كۆپ ساندىكى تەپسىرشۇناسلارنىڭ بۇ ئايەتكە بەرگەن مەناسىدۇر.

جازانە ئۈچۈن ئالغان نەرسە مەيلى ئاز بولسۇن، مەيلى كۆپ بولسۇن، قەرزگە ئېلىنغان پۇل مەيلى تىجارەت قىلىش ئۈچۈن ئېلىنسۇن، مەيلى تۇرمۇشقا ئىشلىتىش ئۈچۈن ئېلىنسۇن، جازانخورلۇق ھەممە سۈرەتلىرى ۋە شەكىللىرى بىلەن هارامدۇر.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام جازانخورلۇقنىڭ هاراملىقىنى ھەججەتۇل ۋىدادا مۇسۇلمانلارغا سۆزلىگەن سۆزىدە ئىلان قىلىپ مۇنداق دېگەن: «بىلىڭلاركى، جاھىلىيەت دەۋرىدىكى جازانىمۇ ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى. مەن ئالدى بىلەن

جەمەتىمىزدىن ئابباس ئىبنى ئابدۇلمۇتتەلىبنىڭ جازانىلىرىنى ئەمەلدىن قالدۇردۇم، ئۇنىڭ بارلىق جازانىسى ئىناۋەتسىز قىلىندى.»

جازانىخورلۇقنىڭ گۇناھى پەقەت جازانىنى يېگەن ئادەمگىلا خاس ئەمەس ئەكسىچە ئۇنىڭ گۇناھى ھەم جازانە يېگەن ئادەمگە ھەم جازانە يېيىشكە ياردەملەشكەن كىشىلەرگىمۇ بولىدۇ.

## 889- سۇئال: جازانىخورلۇقنىڭ ھارام قىلىنىشىنىڭ ھېكمىتى

جازانىخورلۇق بولسا سەدىقىگە زىت ۋە زىيانلىق يولدۇر. شۇڭا ئاللاھ تائالا جازنىخورلۇق بىلەن سەدىقىنى بىر - بىرىگە سېلىشتۇرۇپ مۇنداق دېدى: اللّٰه جازانىنىڭ (بەرىكىتىنى) ئۈچۈرۈۋېتىدۇ، سەدىقىنىڭ (بەرىكىتىنى) زىيادە قىلىدۇ. اللّٰه ھەربىر ناشۇكۇر (يەنى جازانىنى ھالال سانىغۇچى) گۇناھكارنى دوست تۇتمايدۇ [سۈرە بەقەرە-276].

جازانىخورلۇقتا ھېچقانداق ياخشىلىق يوق. جازانىخورلۇق قىلىپ تاپقان پۇللار تېزلا توزۇپ كېتىدۇ ۋە يوق بولۇپ كېتىدۇ. جازانىخورلۇق قىلىپ تاپقان پۇللار خۇددى كۆزگە شۇنداق چىق كۆرۈنگەن ۋە بىردەمدىن كېيىنلا توزۇپ كېتىدىغان سوپۇننىڭ ماغزىپىغا ئوخشايدۇ.

## 890- سۇئال: ھاراقنىڭ ھۆكۈملىرى

1. پۈتۈن ئالىملارنىڭ بىردەك قارىشى بىلەن ھاراقنى مەست قىلىش سەۋەبى ئۈچۈن ئەمەس، ئۇنىڭ ئۆزىنى ئىچىش، مەيلى ئۇنى ئاز ئىچسۇن ياكى جىق ئىچسۇن، ھارام قىلىندى.

2. ھاراق نىجىستۇر.

3. ھاراقنى ھالال سانىغۇچى كاپىر بولىدۇ.

4. مۇسۇلمان ئۈچۈن ھاراقنىڭ قىممىتى يوقتۇر.

5. ھاراقتىن پايدىلىنىش ھارامدۇر.

6. ھاراق ئىچكۈچى مەست بولمىغان تەقدىردىمۇ دەررە ئۇرۇلىدۇ.

7. ھاراقنى سېتىش ۋە ئۇنىڭ بىلەن تىجارەت قىلىش دۇرۇس ئەمەس.

8. ھاراق ئىشلەنگەن نەرسىلەرنىڭ قالدۇقلىرىدىن تەيچىرەپ چىققان سۇيۇقلۇقنىڭ ھۆكۈمىمۇ ھاراقنىڭ ھۆكۈمىدە بولىدۇ.

9. ھاراقنى دورا سۈپىتىدە ئىشلىتىش دۇرۇس بولمايدۇ.

10. ھاراقتا تۇز، سۇ، بېلىق قاتارلىق نەرسىلەردەك بىرەر نەرسە قىتىپ ئۇنى سىركىگە ئۆزگەرتىش دۇرۇس بولىدۇ. شۇنداقلا ئۇنى ئوت قالاپ ياكى كۈنگە تۇتۇپ ئۆزگەرتىشكىمۇ بولىدۇ. ئەگەر سىركىنى ھاراقتا ئارلاشتۇرسا ئۇ سىركە

چۇچۇمەل بولۇپ كەتسە ، هاراقلىقى بىسىپ كەتكەن تەقدىردىمۇ هالال بولىدۇ.

## 891- سۇئال: هاراقنىڭ ئاساسلىق زىيانلىرى

تىببىي مۇتەخەسسىسلەر هاراقنىڭ زىيانلىرىنى تەتقىق قىلىپ، مۇنداق 14 تۈرلۈك زىيىنىنى ئېلان قىلغان:

1- هاراق ئىنساننىڭ يۇقىرى نېرۋا سىستېمىسىنى زەهەرلەپ، هاراق ئىچكۈچىنى ۋاقىتلىق ساراڭ قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ قالايمىقان سۆزلەپ كىشىلەرگە ئەزىيەت بېرىدۇ.

2 - يۈرەكنى قاتتىق قوزغىتىپ، ئارقىدىن ئاجىزلاشتۇرىدۇ.

3 - ئىنساننىڭ كېسەللىككە قارشى كۈچىنى ئاجىزلاشتۇرىدۇ. ئىنساندىكى يۇقۇملۇق كېسەلگە قارشى تۇرىدىغان ئاق قان ئايلىنىشىنى ئىشلىمەس هالغا كەلتۈرۈپ قويىدۇ.

4 - هاراق ئىچىشكە ئادەتلەنگەن ئادەم سىل كېسىلىگە گىرىپتار بولىدۇ. ئەگەر ئۇ ئۇچەي ياللۇغى كېسىلى بولۇپ قالسا، قۇتۇلۇش ئىمكانى بولمايدۇ.

5 - هاراققا ئادەتلەنگەن ئادەمنىڭ ئوپېراتسىيىدە قۇتۇلۇش نىسبىتى ئىنتايىن ئاز بولىدۇ. شۇڭلاشقا سۇغۇرتا شىركەتلىرى هاراقكەشلەرنىڭ هاياتىنى سۇغۇرتىغا ئالمايدۇ.

6 - دۇنيانىڭ هەر قايسى جايلىرىدىكى دوختۇرخانىلاردا ناهايىتى چوڭقۇر تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغاندىن كېيىن، ساراڭلار دوختۇرخانىسىغا كىرگەن كېسەللەرنىڭ % 50 دىن كۆپرەكى هاراق ئىچىدىغان ئادەمنىڭ بالىلىرى ئىكەنلىكى ئىسپاتلاندى.

7- هاراق يۈرەك بىلەن جىگەرنى كاردىن چىقىرىدۇ.

8 - قان بېسىمى، شېكەر سىيىش ۋە يۈرەك كېسىلى بار ئادەم هاراق ئىچىدىغان بولسا، ئۆزىنى ئۆزى ئۆلتۈرگەن بىلەن ئوخشاش بولىدۇ.

9 - هاراق بەزىلەرنىڭ گۇمان قىلغىنىدەك تاماق سىڭدۈرۈشكە ياردەم قىلمايدۇ، بەلكى ئۇ تاماق سىڭدۈرۈش ئورگانلىرىنىڭ پائالىيىتىگە توسالغۇ بولىدۇ ۋە ئاجىزلىتىدۇ.

10 - هاراقنىڭ هېچقانداق غىزا قىممىتى يوق. شۇنى بىلىش كۇپايە قىلىدۇكى، بىر بوتۇلكا هاراقنىڭ بىر قوشۇق گۈرۈچچىلىكمۇ غىزا كۇ چى يوقتۇر.

11 - هاراقكەش نامراتلىققا گىرىپتار بولىدۇ. چۈنكى ئۇ بارلىق پۇلىنى هاراققا خەجلەيدۇ. ئۇ هاراق ئۈچۈن ئايالىنى ۋە بالىلىرىنى ئاچ قويىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئائىلە ئەزالىرى ياخشى غىزالانمىغانلىقى ئۈچۈن هالاك قىلغۇچ كېسەللىكلەرگە دۇچار بولىدۇ.

12 ـ تېببىي ستاتىستىكىلارنىڭ كۆرسىتىشىچە، جىنسىي كېسەللىككە دۇچار بولغانلارنىڭ كۆپ سانلىقى هاراقنىڭ سەۋەبى بىلەن بولغان.

13 ـ هاراقكەشلەردىن كۈچلۈك ئەۋلاد چىقارغان ئادەم يوق، چۈنكى هاراق قورساقتىكى بالىنىڭ ئورگانلىرىنىڭ زەئىپ ۋە ئەيىبلىك ئۆسۈشىگە سەۋەب بولىدۇ.

14 ـ قاتناش ۋەقەسىنىڭ % 40 ى دىن كۆپرەكى هاراق سەۋەبى بىلەن مەيدانغا كېلىدۇ. چۈنكى هاراق خەتەرنى هېس قىلىش ئورگانلىرىنى ئاجىزلاشتۇرغانلىقى ئۈچۈن، بىر سېكۇنت ئىچىدە ماشىنىنى توختىتىش كېرەك بولغان بىر ۋەقەدە هاراق ئىچكەن ئادەم ئىككى سېكۇنتتىن كېيىن توختىتالايدۇ. بۇ چاغدا بولىدىغان ئىش بولۇپ بولغان بولىدۇ.

### 892ـ سۇئال: زىيانلىق ھەرقانداق نەرسىنى يېيىش ۋە ئىچىش ھارامدۇر

ئىسلام شەرىئىتىدە ئومۇمىي بىر قائىدە بەلگىلەنگەن بولۇپ، ئۇ بولسا مۇسۇلمانغا يېمەك ـ ئىچمەكلىرىدە زەھەر ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش ئۆزىنى تىز ياكى ئاستا ئۆلتۈرىدىغان، زەھەرلەيدىغان، كېسەل قىلىدىغان ياكى ھەددىدىن ئارتۇق ئىستېمال قىلسا كېسەل قىلىدىغان يېمەك ـ ئىچمەكلەرنى ئارتۇقچە ئىستېمال قىلىش جائىز ئەمەس. چۈنكى مۇسۇلماننىڭ جىسمى ئۆزىنىڭ مۈلكى ئەمەس، ئۇ ئاللاھنىڭ ۋە ئۇممىتىنىڭ مۈلكىدۇر. ئۇنىڭ ھاياتى، سالامەتلىكى، مېلى ۋە ئاللاھ بەرگەن باشقا ھەر تۈرلۈك نېمەتلەر ئۇنىڭ يېنىدىكى ئامانەتتۇر، شۇڭا بۇلارنى زايا قىلىۋېتىش جائىز ئەمەس. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ئۆزۈڭلارنى ئۆلتۈرمەڭلار، ئاللاھ ھەقىقەتەن سىلەرگە ناھايىتى مېھرىباندۇر [نىسا سۈرىسى 29ـ ئايەت] ئۆزۈڭلارنى ھالاكەتكە تاشلىماڭلار [ بەقەرە سۈرىسى 195ـ ئايەت]

بۇ پرىنسىپقا ئاساسەن دەيمىزكى: ئىستېمال قىلغۇچىلارغا زىيانلىق ئىكەنلىكى ئىسپاتلانغانلىقىغا كۆرە تاماكا چېكىشمۇ ھارامدۇر. بولۇپمۇ دوختۇر مەلۇم بىر شەخسكە تاماكا چەكمەڭ، تاماكا سىزگە زىيانلىق دېگەن تەقدىردە، ئۇ شەخسكە تاماكا كەسكىن ھالدا ھارام بولىدۇ. سالامەتلىك جەھەتتىن زىيانلىق ئىكەنلىكى ئىسپاتلانمىسىمۇ دىنىي ۋە دۇنياۋى جەھەتتىن پايدىلىق بولمىغان نەرسىنى ئىستېمال قىلىش مالنى زايا قىلغانلىقتۇر، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مال زايا قىلىشنى چەكلىگەن.

### 893ـ سۇئال: كىيىم كىيىشنىڭ مەقسىدى ۋە زۆرۈرىيىتى

ئىسلام دىنى مۇسۇلمانلارنىڭ چىرايلىق كىيىنىشنى، ياخشى كۆرۈنىشنى، ئاللاھ تائالا يارىتىپ بەرگەن زىننەت ۋە كىيىملەردىن پايدىلىنىشنى ھالال قىلىپلا قالماستىن، بەلكى بۇنى تەلەپ قىلغان.

ئىسلام قارىشىدا كىيىم كىيىشتە ئىككى مەقسەت بار: ئەۋرەتنى يۆگەش ۋە زىننەتلىنىش. شۇڭا ئاللاھ تائالا ئىنسانلارنىڭ پايدىسى ئۈچۈن ياراتقان كىيىم ۋە زىننەت بۇيۇملىرى ياسىلىدىغان ماددىلارنى يارىتىپ بەرگەنلىكىنى ئەسلىتىپ مۇنداق دېگەن: ئى ئادەم بالىلىرى، بىز سىلەرگە ئەۋرەتىڭلارنى ياپىدىغان لىباسنى چۈشۈردۇق [ئەئراف سۈرىسى 26 ـ ئايەت]

كىمكى كىيىنىش ۋە ئەۋرەتلىرىنى يۆگەشتە سوسلۇق قىلسا، ئىسلام يولىدىن شەيتان يولىغا بۇرۇلۇپ كەتكەن بولىدۇ. مانا بۇ، ئاللاھ تائالانىڭ يۇقىرىقى چاقىرىقىدىن كېيىن شەيتانغا ئەگىشىپ يالىڭاچلىنىشتىن ئاگاھلاندۇرۇپ ئادەم بالىسىغا يۈزلەندۈرگەن ئىككى چاقىرىقىنىڭ سىرىدۇر، ئاللاھ تائالانىڭ كېيىنكى ئىككى چاقىرىقى بۇدۇر: ئى ئادەم بالىلىرى! شەيتان سىلەرنىڭ ئاتا ـ ئاناڭلارنى (ئازدۇرۇپ) جەننەتتىن چىقىرىۋەتكەندەك سىلەرنىمۇ ئازدۇرمىسۇن، شەيتان ئۇلارنىڭ ئەۋرەتلىرىنى ئۆزلىرىگە كۆرستىش ئۈچۈن كىيىملىرىنى سالغۇزىۋەتكەن ئىدى [ئەئراف سۈرىسى 27 ـ ئايەت]

ئى ئادەم بالىلىرى! ھەر ناماز ۋاقتىدا كىيىمىڭلارنى كىيىڭلار. يەڭلار، ئىچىڭلار، ئىسراپ قىلماڭلار [ئەئراف سۈرىسى 31 ـ ئايەت]

ئىنسان يالىڭاچ ھايۋاندىن پەرقلىق بىر مەخلۇق بولغانلىقى ئۈچۈن ئىسلام دىنى، ئادەتتە نورمال ئىنسان ئېچىلىشىدىن ھايا قىلىدىغان جايلارنى يۆگەشنى ھەر بىر مۇسۇلمانغا بۇيرىغان. ھەتتا مۇسۇلمان كىشىنى ئۆزى يالغۇز چاغلاردىمۇ ئۆزىنى يۆگەشكە بۇيرۇپ، ئۆزى يالغۇز چاغلاردىمۇ يالىڭاچلىنىشتىن ھايا قىلىدىغان دەرىجىدە ئەخلاقلىق بولۇشنى تەشەببۇس قىلغان.

## 894ـ سۇئال: پاكىزلىقنىڭ ئىسلامدىكى ئورنى

ئىسلام چىرايلىق ۋە زىننەتلىك كۆرۈنۈشكە كۆڭۈل بۆلۈشتىن بۇرۇن پاكىزلىققا تېخىمۇ چوڭ ئەھمىيەت بەرگەن، چۈنكى پاكىزلىق ھەرقانداق زىننەت ۋە چىرايلىق كۆرۈنۈشنىڭ ئاساسىدۇر.

پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: پاكىزلىق ئىماننىڭ يېرىمىدۇر. اللەقا ھەمدى ئېيتىش (يەنى ئەلھەمدۇلىللا دېيىش) تارازا مىزانىنى توشقۇزىدۇ. اللەنى پاك دەپ بىلىش ۋە ئۇنىڭغا ھەمدى ئېيتىش (يەنى سۇبھانئاللاھى ۋەلھەمدۇلىللاھى دېيىش) ئاسمان زېمىننىڭ ئارىسىنى (ساۋابقا) توشقۇزىدۇ. ناماز ئىنسانغا نۇر بېغىشلايدۇ. سەدىقە بېرىش كىشىنىڭ ئىمانىنىڭ پاكىتى، سەۋر قىلىش (كۈلپەتلەردە) نۇرلۇق چىراقتۇر، قۇرئان سىنىڭ پايداڭغا ياكى زىيىنىڭغا دەلىلدۇر. ھەممە ئادەم ئەتىگەن قوپۇپ ۋاقتىنى بىر ئىشقا ئىشلىتىدۇ، ئۇ يا (ياخشى ئىش

قىلىش ئارقىلىق) ئۆزىنى ھالاكەتتىن قۇتقۇزىدۇ ياكى (يامان ئىش قىلىش ئارقىلىق) ئۆزىنى ھالاك قىلىدۇ. (مۇسلىم: 223)

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كىيىم ـ كېچەك پاكىزلىقىغا، جىسىم پاكىزلىقىغا، ئۆي پاكىزلىقىغا ۋە كوچا ـ يوللار پاكىزلىقىغا كۆڭۈل بۆلگەن، بولۇپمۇ چىش پاكىزلىقى، قول پاكىزلىقى ۋە چاچ پاكىزلىقىغا ئۈممىتىنى رىغبەتلەندۈرگەن.

پاكىزلىقنى بىرىنچى مۇھىم ئىبادەتنىڭ يەنى نامازنىڭ ئاچقۇچى قىلغان بىر دىنغا نىسبەتەن بۇ ھېچ ئەجەبلىنەرلىك ئىش ئەمەس. جىسىم، كىيىم ـ كېچەك ۋە ناماز ئوقۇيدىغان جاي پاكىز بولمىسا ھېچبىر مۇسۇلماننىڭ نامىزى قوبۇل قىلىنمايدۇ، بۇ پاكىزلىق، نامازنىڭ جائىز بولىشى ئۈچۈن غۇسۇل ۋە تاھارەت دەپ تونۇلغان پاكىزلىقتىن تاشقىرىدۇر.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنە، جۇمە ۋە ھېيت ـ ئايەم كۈنلىرىدەك كىشىلەر توپلىنىدىغان مۇناسىۋەت ۋە سورۇنلاردا پاكىزلىق قىلىش ۋە چىرايلىق ياسىنىشنى ئالاھىدە تەكىتلەپ مۇنداق دېگەن: ئەھۋالى ياخشى بولغانلار جۇمە كۈنى ئۈچۈن ئادەتتىكى ئىش كىيىمىدىن باشقا بىر قۇر كىيىم قىلىۋالسا ھېچ گەپ يوق.

## 895ـ سۇئال: مۇسۇلمان ئايالنىڭ كىيىمى

ئىسلام ئاياللارغا ئىچىدىكى جىسمىنى كۆرسىتىدىغان، خۇسۇسەن بەل، مەيدە ۋە ساغرىغا ئوخشاش جەلپ قىلىش ئورۇنلىرىنى ھەجىم ۋە شەكىل جەھەتتىن مەلۇم قىلىدىغان دەرىجىدە نېپىز، تار كىيىم ـ كېچەكلەرنى كېيىشنى ھارام قىلدى.

پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئىككى تۈرلۈك دوزاخ ئەھلى (ئىنسان) بار بولۇپ، ئۇلار تېخى دۇنياغا كەلمىدى، بىرىنچىسى: قوللىرىغا كالىنىڭ قۇيرۇقىدەك قامچىلارنى ئېلىۋېلىپ، ئىنسانلارنى قامچىلايدۇ. ئىككىنچىسى: كىينگەن ئەمما يالىڭاچ، چاچلىرىنى تۆگىنىڭ لوككىسىغا ئوخشاش تۈگۈپ، ناياقلاپ مېڭىشلىرى بىلەن كىشىلەرنى ئۆزىگە جەلپ قىلىدىغان ئاياللاردۇر. ئۇلار جەننەتكە كىرمەيدۇ، ھىدىنىمۇ پۇرىيالمايدۇ. ھالبۇكى، جەننەتنىڭ ھىدى مۇنچىلىك ـ مۇنچىلىك يىراق مۇساپىدىنمۇ پۇراپ تۇرىدۇ. (مۇسلىم: 2128)

## 896ـ سۇئال: ئايالنىڭ ئەرگە ۋە ئەرنىڭ ئايالغا ئوخشىۋېلىشى

پەيغەمبەر ئەيھىسسالام ئەرنىڭ ئايالچە كىيىم كىيىشنى، ئايالنىڭمۇ ئەرچە كىيىم كىيىشنى چەكلەنگەن ئىش دەپ جاكارلىغان. ھەمدە ئاياللارغا ئوخشىۋالغان ئەرلەرگە ۋە ئەرلەرگە ئوخشىۋالغان ئاياللارغا لەنەت قىلغان. بۇنىڭ ئىچىگە سۆز ـ ھەرىكەت، يۈرۈش ـ تۇرۇش ۋە كىيىنىشتەك تۈرلۈك ئوخشىۋېلىشلار كىرىدۇ.

ھاياتنىڭ ئەڭ ئېغىر مۇسىبىتى ۋە جەمئىيەتنىڭ ئەڭ چوڭ بالاسى ـ يارىتىلغان

تەبىئەتتىن چىقىپ كېتىشتۇر. يارىتىلىشتا ئەر بىلەن ئايال پەرقلىق يارىتىلغان، ھەر بىرىنىڭ ئۆزىگە لايىق خۇسۇسىيەتلىرى بار، ناۋادا ئەر ئاياللىشىپ، ئايال ئەرلىشىپ كەتسە، مانا بۇ قالايمىقانلىشىش ۋە چىرىكلىشىشنىڭ ئۆزىدۇر.

ئەر قىلىپ يارىتىلغان تۇرۇقلۇق ئاياللارغا ئوخشىۋېلىپ، ئاياللاشقان ئەر كىشى بىلەن، ئايال قىلىپ يارىتىلغان تۇرۇقلۇق ئەرلەرگە ئوخشىۋېلىپ ئەرلىشىۋالغان ئايالنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە لەنەت قىلىنغان كىشلەر قاتارىدا سانىغان، ھەمدە پەرىشتىلەرنىڭ بۇ لەنەتكە (ئامىن) دېگەنلىكىنى تەكىتلىگەن.

## 897 ـ سۇئال: ئۆسۈملۈك دەل ـ دەرەخ قاتارلىق جانسىز مەنزىرىلەرنى سىزىشنىڭ ھۆكۈمى توغرىسىدىكى قاراشلار

رەسىم ۋە سۈرەتلەر جانلىقلارغا ئائىت بولماي، ئۆسۈملۈك، دەل ـ دەرەخ، دېڭىز ـ كۆلچەك، كېمە، كۈن، ئۆي، يۇلتۇز ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش تەبىئي مەنزىرىلەرنىڭ سۈرەتلىرى بولسا، بۇلارنى سىزىشتا ياكى قوللىنىشتا ھېچ گەپ يوق.

بىر رىۋايەتتە مۇنداق دېيىلىدۇ: مەن بىر پارچە رەخت ئېلىپ، ئۇنى ئىشككە پەردە قىلىپ تارتىپ قويدۇم. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم كېلىپ ئۇنى كۆردى، مەن ئۇنىڭ يۈزىدىكى نارازىلىق كەيپىياتىنى ھېس قىلدىم. ئۇ پەردىنى تارتىپ ئېلىپ يىرتىۋەتتى ۋە: الله بىزنى تاش ۋە كېسەكلەرنى يېپىپ قويۇشقا بۇيرۇمىدى دېدى. كېيىن ئۇنى كېسىپ، ئىككى ياستۇق تىكىپ، ئىچىنى تولدۇردۇم، بۇ ئىشمنى ئەيىبلىمىدى. يەنە بىر رىۋايەتتە مۇنداق دېيىلىدۇ: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ماڭا: ئۇنى ئېلىۋەتكىن، ئۇ ماڭا مال دۇنيانى ئەسلىتىپ قويىدىكەن دېدى. (مۇسلىم: 2106، تىرمىزى: 2468)

بۇ ھەدىستىن: تامغا ئوخشاش جايلارنى رەسىملىك پەردىلەر بىلەن يۆگەشنىڭ تەنزىيھى مەكرۇھ ئىكەنلىكىدىن چوڭراق بىر ھۆكۈم چىقمايدۇ. ئىمام نەۋەۋى مۇنداق دەيدۇ: "بۇ ھەدىستە ھارام قىلىشنى تەقەززا قىلىدىغان بىر دەلىل يوق، چۈنكى ھەدىسنىڭ مەنىسى ئاللاھ بىزنى بۇنداق قىلىشقا بۇيرىمىغان دېگەنلىك، شۇڭا بۇيرىمىغان ئىش ۋاجىب ياكى مۇستەھەب بولمايدۇ، ھاراملىقىنىمۇ بىلدۈرمەيدۇ".

دېمەك پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەزرىتى ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانى ھېلقى پەردىنى يىرتىۋېتىشكە بۇيرىمىغان، پەقەتلا ئۆيگە كىرگەندە ئۇدۇلدا كۆرگەنلىكى ئۈچۈن ئۇنى باشقا يەرگە قويۇشقا بۇيرىغان. بۇ بولسا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆيگە كىرگەندە دۇنيانى ئەسلىتىدىغان بىر نەرسىنى كۆرۈشنى ياقتۇرمىغانلىقىدۇر. بولۇپمۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سۈننەت ۋە نەفلە نامازلارنى ئۆيدە ئوقۇيتتى، بۇنداق رەسىملىك ۋە نەقىشلىك پەردىلەر ئاللاھقا تولۇق بېرىلىپ ناماز ئوقۇشقا

توسقۇنلۇق قىلىپ قەلبنى مەشغۇل قىلىدىغان تۇرسا، ئۇنى ياقتۇرماسلىقى تەبىئىي ئەھۋال.

بۇ قاراشقا ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم سەھىھلىرىدە ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنغان بۇ بىر ھەدىسلا تاقىشىدۇ:

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەيدۇ: مەن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە رەسىم چۈشۈرۈلگەن بىر ياستۇق سېتىۋالغانلىقىمنى ئېيتقانىدىم، ئۇ (ئۇنى كۆرۈپ) بوسۇغىدىلا تۇرۇپ قالدى، ئۆيگە كىرمىدى. مەن ئۇنىڭ يۈزىدىكى نارازىلىق كەيپىياتىنى كۆرۈپ: ئى رەسۇلۇللاھ ! اللەقا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە تەۋبە قىلاي، مەن نېمە گۇناھ قىلدىم؟ دېدىم. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: بۇ ياستۇق نەدىن كەلدى؟ دەپ سورىدى. مەن: سىزنىڭ ئولتۇرۇشۇڭ ۋە يۆلىنىشىڭ ئۈچۈن سېتىۋالدىم، دېدىم. ئۇ: بۇ رەسىملەرنىڭ ئىگىلىرى قىيامەت كۈنى ئازابقا تارتىلىدۇ، ئۇلارغا: ”سىلەر ئىجات قىلغان نەرسىگە جان كىرگۈزۈڭلار“ دېيىلىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە، رەسىم بار ئۆيگە پەرىشتىلەر كىرمەيدۇ، دېدى. يەنە بىر رىۋايەتتە مۇنۇلار قوشۇپ بايان قىلىنغان: مەن ئۇنى ئېلىپ ئىككىگە بۆلۈپ، يۆلىنىپ ئولتۇرىدىغان ياستۇق قىلدىم. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۆيدە ئۇنىڭغا يۆلىنىپ ئولتۇراتتى. (بۇخارى: 5961، 3224 مۇسلىم: 2107)

لېكىن بۇ ھەدىسكە تۆۋەندىكى بىر قانچە ئىشلار قارشى چىقىدۇ:

1 - بۇ ھەدىس بىر - بىرىگە زىت كۆرىنىدىغان شەكىلدە ھەرخىل رىۋايەت قىلىنغان، بۇ رىۋايەتلەرنىڭ بەزىلىرى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ رەسىملىك پەردە كېسىلىپ، ئۇنىڭدىن ياستۇق تىكىلگەندىن كېيىن ئاندىن ئۇنى ئىشلەتكەنلىكىنى كۆرسەتسە، يەنە بەزىلىرى ئۇنى پەقەت ئىشلەتمىگەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ.

2 - بەزى رىۋايەتلەردە بۇ ھەدىس پەقەتلا مەكرۇھلۇقنى كۆرسىتىدۇ. مەكرۇھلۇق بولسا تاملارنى رەسىملەر بىلەن يۆگەپ بېزىگەنلىك ئۈچۈن بولۇپ، بۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام رازى بولمايدىغان بىر خىل ئىسراپچىلىقتۇر. شۇڭا يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتكەن ئىمام مۇسلىم رىۋايەت قىلغان ھەدىستە مۇنداق دېگەن: ئاللاھ بىزنى تاش ۋە لايىنى رەخ بىلەن يۆگەشكە بۇيرىمىغان.

3 - ئىمام مۇسلىم قۇش سۈرەتلىك پەردە ھەققىدە ھەزرىتى ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلغان ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۇنىڭغا: بۇنىڭ جايىنى ئالماشتۇرغىن، چۈنكى مەن ئۇنى ھەر قېتىم كۆرگىنىمدە دۇنيانى ئويلاپ قالىدىكەنمەن دېگەن سۆزى ھەرگىزمۇ بۇنداق قىلىشنىڭ ھاراملىقىنى كۆرسەتمەيدۇ.

4 - بۇ ھەدىس ھەزرىتى ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ ئۆيدە ئىشلىتىلگەن پەردە

ھەدىسگىمۇ زىت كېلىدۇ. ئۇنىڭدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ناماز ئوقۇغاندا سۈرەتلەرنىڭ كۆزگە كۆرۈنۈپ تۇرغانلىقى تۈپەيلىدىن ئۇنى جايىدىن ئېلىۋېتىشكە بۇيرىغان.

ئاتاقلىق ھەدىسشۇناس ئىمام ئىبنى ھەجەر مۇنداق دەيدۇ: "بۇ ھەدىس بىلەن ھەزرىتى ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنغان يۇقىرىقى ياستۇق ھەدىسىنى بىرلەشتۈرۈش قىيىنغا چۈشتى، چۈنكى بۇ ھەدىس پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئېلىۋېتىشكە بۇيرىغانغا قەدەر پەردىنىڭ ئۆيدە ئىشلىتىلگەنلىكىنى، پەقەتلا نامازدا كۆزگە كۆرۈنۈپ تۇرغانلىقى ئۈچۈنلا ئورنىنى ئالماشتۇرۇشقا بۇيرىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. يەنى بۇ يۆتكىۋېتىش بۇيرۇقى سۈرەتلىك بولغانلىقى ئۈچۈن ئەمەس ناماز ئوقۇغاندا كۆزگە كۆرۈنۈپ تۇرغانلىقى ئۈچۈن ئىدى".

لېكىن ئىمام ئىبنى ھەجەر بۇ ئىككى ھەدىسنى بىرلەشتۈرۈشكە تىرىشىپ: "بىرىنچىسىنىڭ سۈرەتلىرى جانلىقلارغا، ئىككىنچىسىنىڭ بولسا جانسىزلارغا ئائىت ئىدى" دەپ باققان بولسىمۇ، لېكىن يەنىلا ئۇچار قۇش رەسىملىك پەردە ھەققىدىكى ھەدىس بۇنداق بىرلەشتۈرۈشنى بىكار قىلىۋېتىدۇ.

5 ـ بۇ ھەدىسكە كىيىم ـ كېچەككە كەشتىلەنگەن سۈرەتنى ئايرىپ چىقىرىۋەتكەن ھەزرىتى ئەبۇ تالھە ئەل ئەنسارىنىڭ ھەدىسى قارشى چىقىدۇ. ئىمام قۇرتۇبى "ھەزرىتى ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ ھەدىسى مەكرۇھلىقنى، ھەزرىتى ئەبۇ تالھەنىڭ ھەدىسى جائىزلىقنى بىلدۈرىدۇ دېيىش ئارقىلىق بۇ ئىككى ھەدىسنى بىرلەشتۈرۈش مۇمكىندۇر. جائىزلىق مەكرۇھلۇققا زىت كەلمەيدۇ " دېگەن. ئىمام ئىبنى ھەجەرمۇ بۇ قاراشنى ياقتۇرغان.

6 ـ بۇ ئاخىرقى ھەدىسنى ھەزرىتى ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلغان كىشى ھەزرىتى ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ ئاكىسىنىڭ ئوغلى قاسىم ئىبنى ئەبۇبەكىر بولۇپ، ئۇ كىشى سايىسى بولمىغان گەۋدىسىز سۈرەتلەرنى جائىز دەپ قارايتتى.

ئىمام ئىبنى ھەجەر مۇنداق دەيدۇ: "بەلكى قاسىم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ كىيىم ـ كېچەكتىكى بۇنىڭ سىرتىدا دېگەن سۆزىنىڭ ئومۇمىي مەنىسىگە قاراپ ئىش قىلغاندۇر. ئەھۋالدىن قارىغاندا قاسىم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەزرىتى ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھاغا تامغا ئېسىلغان پەردىنى ئېلىۋېتىش ھەققىدە قىلغان بۇيرۇقىنى ھەم سۈرەتلىك بولغانلىقى، ھەم تامنى يۆگەشكە ئىشلىتىلگەنلىكى ئۈچۈن قىلغان دەپ قارىغاندەك كۆرىنىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاللاھ بىزنى تاش ۋە لاينى يۆگەشكە بۇيرىمىغان دېگەن ھەدىسىمۇ بۇ قاراشنى كۈچلەندۈرىدۇ".

يۇقىرىقى ھەدىسنى رىۋايەت قىلغان قاسىم ئىبنى مۇھەممەد ئۆز دەۋرىنىڭ ئەڭ پەزىلەتلىكلىرىدىن بولۇپ مەدىنىنىڭ يەتتە فىقھى ئالىملىرىنىڭ بىرىدۇر. ناۋادا ئۇ رەسىم بىلەن بېزەلگەن ياتاق ھەققىدە بىر رۇخسەت بار دەپ چۈشەنمىگەن بولسا، ئۇنى ئىشلىتىشنى ھەرگىزمۇ جائىز دەپ قارىمىغان بولاتتى.

رەسىم ۋە رەسساملار ھەققىدە كەلگەن ھەدىسلەردىن يەنە بىر ئېھتىماللىق چىقىشى مۇمكىن، ئۇ بولسا: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ باشتا بۇ ھەقتە قاتتىق ۋە كەسكىن پوزىتسىيەدە بولىشى ئۇ دەۋرنىڭ شېرىك، بۇتپەرەسلىك ۋە ھەيكەللەرنى ئۇلۇغلاش ئادىتى ئەمەلىي كۆرۈلگەن زامانغا يېقىن بولغانلىقى ئۈچۈندۇر. تەۋھىد ئەقىدىسى ئىنسانلار قەلبىگە ۋە ئەقلىگە يەرلىشىپ يىلتىز تۈتقاندىن كېيىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام گەۋدىسىز رەسىم ۋە نەقىشلەرگە رۇخسەت قىلغان.

ئۇنداق بولمىغان بولسا، ئۆيدە سۈرەتلىك پەردە، ياستۇق ياكى زەدىۋال بولىشىغا رازى بولمىغان بولاتتى، كىيىم ـ كېچەك ئۈستىگە كەشتىلەنگەن سۈرەتلەرنى ئومۇمىي ھۆكۈمدىن مۇستەسنا قىلىپ چىقىرىۋەتمىگەن بولاتتى. بۇ ھەقتە قەغەزدەك نەرسىلەر كىيىم ـ كېچەككە ئوخشاش.

ھەنەفىي مەزھەب ئالىملىرىدىن ئىمام تاھاۋى مۇنداق دەيدۇ: "پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام دەسلەپكى چاغلاردا قانداق بولىشىدىن قەتئىينەزەر بارلىق سۈرەتلەرنى چەكلىگەن، چۈنكى ئۇ چاغلاردا مۇسۇلمانلار سۈرەت ھەيكەللەرگە چوقۇنىشتىن تېخى ئەمدىلا قۇرتۇلغان ئىدى، شۇڭا بۇلارنىڭ ھەرقاندىقىنى چەكلىگەن. كېيىنكى كۈنلەردە بۇ چەكلىمىگە ئەمەل قىلىنىپ، تەۋھىد ئەقىدىسى كىشىلەرنىڭ ئىدىيىسىگە ئورنىغاندىن كېيىن، كىيىم ـ كېچەك ئېھتىياجى ئۈچۈن كىيىم ـ كېچەكتىكى سۈرەتلەرنى مۇباھ قىلىۋەتكەن. شۇنىڭدەك نادانلارنىڭ ئۇلۇغلىشىدىن ئەندىشە قىلىنمىغاچقا ھاقارەتلىنىدىغان سۈرەتلەرنىمۇ مۇباھ قىلىۋەتكەن. ئاخىرىدا ھاقارەتلەنمەيدىغان سۈرەتلەر ھەققىدىكى چەكلىمە ئۆز ئەينى چەكلەنگەن پېتى قالغان".

## 898ـ سۇئال: فوتو ئاپپارات سۈرەتلىرى ھەققىدە

رەسىم ۋە رەسساملار ھەققىدە ھازىرغىچە سۆزلەپ ئۆتكەنلىرىمىز ئېنىق ھالدا قولدا ئويۇلغان ۋە سىزىلغانلارنى بىلدۈرىدۇ. ئەمما فوتو ئاپپاراتى بىلەن تارتىلغان رەسىملەر بولسا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋە ئۇندىن كېيىنكى ئەسىرلەردە يوق ئىدى، ئۇنداقتا يۇقىرىدا رەسىم ۋە رەسساملار ھەققىدە ئېيتىلغانلار بۇنىڭغا چۈشەمدۇ ياكى چۈشمەمدۇ؟

پەقەتلا گەۋدىلىك مۇجەسسەم ھەيكەللەرنى ھارام دەپ قارىغانلار فوتو سۈرەتتە ھېچ

گەپ يوق دەپ قارايدۇ، رەسىم پۈتۈن بولمىسا تېخىمۇ شۇنداق.

ئەمما باشقىلارنىڭ قارىشىچە: فوتو سۈرەت رەسسامنىڭ قەلىمى بىلەن سىزىلغان رەسىم بىلەن ئوخشاش ھۆكۈمدە بولامدۇ؟ ياكى رەسسام ـ ھەيكەلتاراشلارنىڭ ئازابلىنىشى ھەققىدە كەلگەن بەزى ھەدىسلەردىكى چەكلەش سەۋەبى ـ يەنى رەسسام ـ ھەيكەلتاراشلارنىڭ ئاللاھنىڭ ياراتقىنىغا ئوخشاتماقچى بولغانلىقى ـ فوتو سۈرەتتە تېپىلمامدۇ؟ ئۇنداقتا بۇ سۈرەتلەردە بۇ سەۋەب تېپىلمىغان تەقدىردە شەرىئەتشۇناسلارنىڭ سەۋەبىيات فورمىسىدا دېگىنىدەك مۇسەببەبمۇ يەنى ھاراملىق ھۆكمىمۇ بولمامدۇ؟.

بۇ مەسىلىدە مىسىرنىڭ ئىلگىرىكى مۇپتىسى مەرھۇم مۇھەممەد بۇخەيت فوتو سۈرەتلىرىنىڭ مۇباھلىقى ھەققىدە قانائەتلىنەرلىك جاۋاب نامىلىق رىسالىسىدە مۇنداق دەپ پەتىۋا بەرگەن:

" فوتو ئاپپاراتى ئارقىلىق رەسىمگە تارتىش مەلۇم ۋاستىلەر ئارقىلىق سايىنى قامىۋېلىشتىن ئىبارەت بولۇپ، ـ رەسىمچىلەر بۇنى ياخشى بىلىدۇ . ئۇ چەكلەنگەن سۈرەتلەردىن ئەمەس. چۈنكى چەكلەنگەن سۈرەت ئىلگىرى بولمىغان بىر سۈرەتنى پەيدا قىلىش ۋە ياساش، ھەمدە ئاللاھ ياراتقان بىر جانلىققا ئوخشىتىش. ھالبۇكى ئاپپارات بىلەن تارتىلغان رەسىمدە بۇ مەنە يوق".

گەرچە فوتو سۈرەتلىرى بىلەن بىللە بارلىق رەسىملەر ھەققىدە قاتتىق چىڭ پوزىتسىيە بىلدۈرۈپ ئۇنىڭ مەكرۇھ ئىكەنلىكىدە چىڭ تۇرىدىغانلار بولسىمۇ، ئۇلار يەنىلا زۆرۈر ئەھۋاللاردا ۋە ئېھتىياج تېپىلغاندا فوتو سۈرەتلەرگە رۇخسەت قىلىدۇ. مەسىلەن: كىملىك، كىنىشكا، گۇۋاھنامە، يول خېتى (پاسپورت)، جىنايەتچىلەرنى تونۇش ئۈچۈن تارتىلىدىغان سۈرەتلەرگە ئوخشاش. بۇ رەسىملەردە ئۇلۇغلاش نىيىتى ياكى ئەقىدىگە تەسىر يەتكۈزۈش ئېھتىمالى يوق، چۈنكى بۇنداق رەسىملەرنى ئىشلىتىشكە بولغان ئېھتىياج پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇستەسنا قىلىۋەتكەن كىيىم ـ كېچەكتىكى سۈرەتكە بولغان ئېھتىياجدىن تېخىمۇ قاتتىق ۋە چوڭدۇر.

## 899ـ سوئال: ئىنسانىنىڭ ئىززىتى ـ ئىشلەشتە

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بەزى كىشىلەرنىڭ بەزى ھۈنەر ـ كەسپلەرنى تۆۋەن كۆرۈشىنى رەت قىلغان ۋە ساھابىلىرىگە ھەقىقى ئىززەت ـ ھۆرمەتنىڭ قانداق ئىش بولىشىدىن قەتئىينەزەر ئىشلەشتە ئىكەنلىكىنى، خارلىق ۋە تۆۋەنلىكنىڭ باشقىلارنىڭ ياردىمىگە تايىنىشتا ئىكەنلىكىنى ئۆگۈتۈپ مۇنداق دەيدۇ: بىرىڭلارنىڭ دۈمبىسىدە ئوتۇن توشۇپ (سېتىپ) جان بېقىشى، باشقا بىرىدىن (مەيلى بەرسۇن ياكى بەرمىسۇن) بىر نەرسە تىلىشىدىن ياخشىدۇر. (بۇخارى: 2074)

شۇڭا مۇسۇلمان كىشى هارامغا تايانمايدىغان، هارامغا يول ئاچمايدىغان ۋە هارامغا يېقىنلاشمايدىغان ئىش بولسىلا مەيلى دېھقانچىلىق، تىجارەت، ياكى سانائەت ياكى قانداق بىر هۈنەر ۋە قانداق بىر خىزمەت بولسۇن هالال بىر يول ئارقىلىق پۇل تېپىشى كېرەك.

## 900- سۇئال: زىرائەت تېرىش ۋە كۆچەت تىكىشنىڭ پەزىلىتى

پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: قانداقلا بىر مۇسۇلمان بىرەر تۈپ دەرەخ تىكسە ياكى زىرائەت تېرىپ قويسا، ئۇنىڭدىن قۇش، ئىنسان ياكى هايۋان (يەپ) پايدىلانسا، مۇھەققەقكى، ئۇ مۇسۇلمان بۇنىڭ بەدىلىگە سەدىقە بەرگەننىڭ ساۋابىنى ئالىدۇ. (بۇخارى: 2320)

هەدىسنىڭ كۆرسىتىشىچە: كۆچەت تىككۈچى ئۆلۈپ كەتكەن تەقدىردىمۇ ياكى كۆچەت باشقا بىرسىنىڭ قولىغا ئۆتۈپ كەتكەن بولسىمۇ، تىكىلگەن كۆچەتتىن پايدىلىنىش داۋاملىشىپلا تۇرىدىكەن تىككۈچىگە ساۋاب يېزىلىپ تۇرىدۇ.

ئالىملار مۇنداق دەيدۇ: "ئاللاھ تائالانىڭ ئىنئامى كاتتا بولغاچقا، ئالتە نەرسىگە ئۆلۈمدىن كېيىنمۇ خۇددى دۇنيادا هايات ۋاقتىدىكىدەكلا ساۋاب بېرىدۇ: پايدىسى ئۈزۈلۈپ قالمايدىغان (ۋەقپىدەك) سەدىقە، پايدىلىنىپ تۇرىدىغان ئىلىم، دۇئا قىلىپ تۇرىدىغان ئەۋلاد، كۆچەت تىكىش، زىرائەت تېرىش ۋە دۈشمەندىن قوغدىنىش ئۈچۈن قاراۋۇللۇقتا تۇرۇش".

بەزى ئالىملار يۇقىرىقى ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش مەنىدىكى هەدىسلەرگە ئاساسلىنىپ: ئەڭ ياخشى كەسىپ دېھقانچىلىق دەپ قارىغان. يەنە بەزىلەر: سانائەت ۋە قول هۈنىرى دېسە، يەنە بەزىلەر: تىجارەت دەپ قارىغان.

## 901- سۇئال: هارام قىلىنغان زىرائەت

ئىسلامدا قوللىنىشى مەنئى قىلىنغان ياكى زىيانلىق جەھەتكىلا قوللىنىلىدىغان ئۆسۈملۈكلەرنى تېرىش ۋە يېتىشتۈرۈش هارامدۇر. مەسىلەن: تاماكىنى كۈچلۈك قاراشقا ئاساسەن هارام دەپ قارايدىغان بولساق، تاماكا دەرىخىنى تېرىش ۋە يېتىشتۈرۈش هارام بولىدۇ. مەكرۇھ دەپ قارىساق، تېرىش ۋە يېتىشتۈرۈش مەكرۇھ بولىدۇ.

هارام قىلىنغان نەرسىنى كاپىرلارغا سېتىش باھانىسىدە تېرىش ۋە يېتىشتۈرۈش مۇسۇلمانغا ئۆزرە بولالمايدۇ، چۈنكى مۇسۇلمان هەرگىزمۇ هارام نەرسىنى بازارغا سالمايدۇ. هەمدە مۇسۇلمان كىشىنىڭ كاپىرلارغا سېتىش ئۈچۈن چوشقا بېقىشىمۇ هالال بولمايدۇ. بۇ هەقتە بىز ئىسلام دىنىمىزنىڭ هاراق ياسىشى كەسكىن بىلىنگەن يەرگە ئۈزۈم سېتىشنى هارام قىلغانلىقىنى كۆردۇق.

**902. سوئال: تاماكا قانداق نەرسە؟**

تاماكا ـــ چەيزە ئائىلىسىنىڭ بىر تۈرى بولغان، ياپراقلىرى ئاق كېلىدىغان، ھىدى سېسىق بىرى خىل ئۆسۈملۈكنىڭ نامى بولۇپ، ئۇ نىكوتىن، پۇتاس، نېكوتيانىي، كوللىدىي قاتارلىق زەھەرلىك ماددىلار بىلەن تەركىبلىنىپ، ھىدروگېن بىلەن ئوكسىگېن قوشۇلۇپ ياسىلىدىغان چېكىملىكتۇر.

**903. سوئال: تاماكىنىڭ كىچىك بالىلارغا بولغان يامان تەسىرى**

تاماكىنىڭ بالىلارغا بولغان يامان تەسىرى كۆپ، ئۇلاردىن:

1. ئاتا ئانىسىدىن بىرەرسى تاماكا چېكىدىغان بالىلار تاماكا ئارقىلىق گۇناھ مەسىيەت ئىشلارنى ئىشلەيدىغان بولۇپ يېتىشىدۇ.

2 . تاماكا چېكىدىغانلارغا ئارىلاشقان بالىلار تەدرىجىي تاماكا چېكىشنى ئۆگىنىپ قالىدۇ.

3 . ئاتا ئانىسى تەرىپىدىن كونترول قىلىنىپ تۇرمىغان بالىلار تاماكا چېكىش ۋە باشقىمۇ يامان ئادەتلەرگە تېزلا ئادەتلىنىپ قالىدۇ.

تاماكىنىڭ نارسىدە بالىلارغا تەن ساقلىقى جەھەتتىن بېرىدىغان يامان تەسىرى تۆۋەندىكىچە:

1 . ئاتا ئانىسى ياكى ئۇلارنىڭ بىرەرسى تاماكا چېكىدىغان بالىلارنىڭ ئۆپكە ياللۇغى كېسىلىگە گىرىپتار بولۇش ئېھتىمالى كۈچلۈك.

2 . بالىلاردىكى پاكلىق ھالىتىنىڭ ئۇچتىن بىرى ئاتا ــ ئانىسىدىن بىرەرسىنىڭ تاماكا چېكىشىگە مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، بەگگى ئانا ھەر قېتىم تاماكا چېكىپ بولغاندىن كېيىن، قانىنىڭ ھەرىكىتىنىڭ پەسلىشى بالىنىڭ ئاڭلاش قۇۋۋىتىنىڭ ئاجىزلىشىشىغا سەۋەب بولىدۇ.

3 . ئاتا ئانىسى ياكى ئۇلاردىن بىرەرسى تاماكا چېكىدىغان بالىلاردا نەپەس سىقىلىش، بۇرۇن ۋە كاناي ئېلېرگىيىسى، ئانگىنا قاتارلىق كېسەللىكلەر پەيدا بولىدۇ.

4 . ئاتا ئانىسى ياكى بۇلاردىن بىرەرسى تاماكا چېكىدىغان بالىلارنىڭ جىسمانىي ۋە ئەقلىي جەھەتتىن تەرەققىي قىلىش نىسبىتى ئاز بولىدۇ. ئاتا ئانىسىدىن بىرەرسى تاماكا چېكىدىغان بالىلار بىلەن ئاتا ئانىسى تاماكا چەكمەيدىغان بالىلار ئوتتۇرىسىدا ئېلىپ بېرىلغان ئىلمىي تەتقىقاتلار بۇنى ئىسپاتلىغان.

**904. سوئال: تاماكىنىڭ تەن ساقلىقىغا بولغان زىيانلىرى**

مەلۇمكى، تەن ساقلىقى ئەڭ چوڭ نېمەت بولۇپ، دۇنيانىڭ لەززىتى ۋە سائادىتى، تۇرمۇشنىڭ ھالاۋىتى شۇ تەن ساقلىقىغا باغلىقتۇر. دۇنيادا ھېچقانداق نېمەت تەن ساقلىقىغا يەتمەيدۇ. تاماكىنىڭ تەن ساقلىقىغا زىيانلىق تەرەپلىرى ناھايىتى كۆپ

بولۇپ، تىببىي مۇتەخەسسىسلەر تاماكىنىڭ يۈرەك ئىغىشى، ئۆپكە كېسلى، قىزىل تومۇرنىڭ قېتىپ قېلىشى، بوغما ئۇچەي ياللۇغى، ئانگىنا، ئاشقازان كېسلى، جىنسىي ئاجىزلىق ۋە باشقىمۇ كېسەللىكلەرگە سەۋەب بولىدىغانلىقىنى ئېيتىدۇ.

1.تاماكىنىڭ نەپەسلىنىش تۇرۇبىلىرىغا بولغان زىيىنى. تاماكىنى شوراش ئارقىلىق نەپەسلىنىش تۇرۇبىلىرىدا قېپقالغان تۈتۈننىڭ قالدۇقلىرى بەلغەم ۋە قاتتىق يۆتەل پەيدا قىلغانىنىڭ سىرتىدا، تەدرىجىي ھالدا راك كېسىلىنى پەيدا قىلىدۇ.

2. تاماكىنىڭ ئۆپكىگە بولغان زىيىنى. ئىنساندىكى ئۆپكە تەنگە پايدىلىق بولغان نەرسىلەرنى ئېلىپ كېلىپ زىيانلىق بولغانلىرىنى چىقىرىپ تاشلايدىغان ناھايىتى مۇھىم ئورگان. ئۆپكە ساپ ھاۋادىن نەپەس ئېلىش ئارقىلىق ئوكسىگېننى قوبۇل قىلىپ، زىيانلىق بولغان كاربون ئوكسىدىنى چىقىرىپ تاشلايدۇ. ئۆپكىگە تاماكىنىڭ تۈتۈنى كىرگەندە، ئۇنىڭدىكى نىكوتىننىڭ زەھىرى ئۆپكىدە سەلبىي ئەھۋاللارنى تۇغدۇرىدۇ. نەپەسنىڭ سىقىلىشى، ئۆپكىنى تۈتۈننىڭ قالدۇقى بولغان قارا لەشنىڭ قاپلاپ كېتىشى ۋە ئاخىرىدا تەدرىجىي ھالدا راك ئاغرىقىنى پەيدا قىلىشى قاتارلىق زىيانلارنى كەلتۈرۈپ چىقىدۇ.

3.تاماكىنىڭ ئاشقازانغا بولغان زىيىنى. تاماكىدىكى نىكوتىن دېگەن زەھەر ئېغىزغا يىغىلغان سۈغا ئارىلىشىپ ئاشقازانغا كېتىدۇ، ئاشقازاندا سەلبىي تەسىرلەرنى قوزغاپ ئىشتىھانىڭ ئازىيىشى، ئومۇمىي بەدەننىڭ ئاجىزلىششى قاتارلىقلارغا سەۋەب بولىدۇ.

## 905- سۇئال: تاماكا چېكىشنىڭ دىنىي جەھەتتىكى زىيىنى

بارلىق ئىسلام قانۇنشۇناس ئالىملىرى ۋە باشقا ھەر ساھە ئالىملارنىڭ بىردەك ئىتتىپاقى بىلەن تاماكا چېكىش، تاماكا سودىسى بىلەن شۇغۇللىنىش قەتئىي ھارامدۇر. تاماكا سودىسى بىلەن تاپقان پۇلمۇ ھارامدۇر. تاماكا ئۆزى ھارام نەرسە، ئۇ تەن ساقلىقىغا زىيانلىق بولغىنىنىڭ سىرتىدا، ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي ۋە ئەخلاقىي تەرەپلەردىنمۇ زىيانلىقتۇر. ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە، ئىنسانلارنى ئۆزلىرىنىڭ تەن ساقلىقىغا زىيانلىق بولغان نەرسىلەرنى ئىستېمال قىلىشتىن مەنئى قىلىپ مۇنداق دېگەن. «ئۆزۈڭلارنى ھالاكەتكە ئىتتەرمەڭلا ر، ئۆزۈڭلارنى ئۆلتۈرمەڭلار» مۇندىن باشقا ئايەت ۋە ھەدىسلەر كۆپتۇر.

## 906- سۇئال: تاماكىنىڭ خاراكتېرغا بولغان زىيىنى

تاماكىنىڭ تەن ساقلىقى، دىنىي، ئەخلاقىي، ئىجتىمائىي ۋە ئىقتىسادىي جەھەتلەردىن كەلتۈرىدىغان ھېسابسىز زىيانلىرىدىن باشقا، ئادەمنى تەڭپۇڭلۇقنى يوقىتىشتەك ئەھۋاللارغا ئېلىپ بارىدۇ. مەسىلەن: بەڭگىنىڭ خۇمارى تۇتقان ۋاقىتتا، ئۇنىڭ تەڭپۇڭلۇقى بۇزۇلىدۇ، كىشىلەرگە قىلىدىغان مۇئامىلىسىمۇ ياخشى بولالمايدۇ.

بۇ ھالەتتە ئۇ تاماكا چېكىپ خۇماردىن چىقمىغۇچە قولى ئىشقا بارمايدۇ. بۇنىڭدىن سىرت ئىشلەپچىقىرىشقا توسقۇنلۇق قىلىدۇ.

**907. سۇئال: تاماكا چېكىشنى ئۆگىنىپ قېلىشتىن ساقلىنىش تەدبىرلىرى**

تېببىي مۇتەخەسسىسلەرنىڭ ئىسپاتلىشىچە، ئادەتتە تاماكىغا خۇمار بولۇپ قېلىش ھاراققا خۇمار بولۇپ قېلىشتىن تېز ۋە ئاسان بولىدۇ. 100 ئادەم ھاراق ئىچسە، ئۇلارنىڭ % 10 ياكى % 15 ى ھاراققا خۇمار بولسا، 100 ئادەم تاماكا چەكسە، ئۇلارنىڭ 85% ى تاماكىغا خۇمار بەڭگى بولۇپ قالىدۇ. شۇڭا تاماكا چېكىشنى ئۆگىنىپ قېلىشتىن قاتتىق ھەزەر قىلىش كېرەك. تۆۋەندىكى چارە ــ تەدبىرلەر تاماكا چېكىشنى ئۆگىنىپ قېلىشتىن ساقلىنىشقا ياردەمچى بولۇشى مۇمكىن:

1. تاماكا چېكىدىغانلار بىلەن ئىمكان قەدەر ئارىلاشماسلىق. ئىش مۇناسىۋىتى بىلەن چارىسىز ئارىلىششقا مەجبۇر بولغان تەقدىردىمۇ، تاماكىغا سەلبىي نەزەر بىلەن قاراش، ئۇنى بىر خەتەرلىك ئاپەت دەپ تونۇش ۋە شۇنداق مۇئامىلە قىلىش.

2 . ئۆگىنىپ قالمايمەن دېگەن ئىشەنچ بىلەن بىر قېتىم، ئىككى قېتىم چېكىپ بېقىشتىن قاتتىق ھەزەر قىلىش.

3 . تاماكىغا زورلىغۇچىلارغا قەتئىي بوي ئەگمەسلىك ۋە شۇنداق ئەھۋالغا مۇپتىلا بولۇپ قالماسلىقنىڭ چارىسىنى قىلىش.

4 . تاماكا چېكىدىغانلار بار سورۇنلاردىن مۇمكىن قەدەر ئۆزىنى قاچۇرۇش. ئامالسىز قاتنىشىپ قالغاندىمۇ، بەڭگىلەردىن يىراقراق ئولتۇرۇش.

5. سىزگە تاماكا سۇنغان كىشى ھەر قانچە يېقىن كىشىڭىز بولغان تەقدىردىمۇ، ئۇنىڭ خاتىرىسىنى قىلماستىن قەتئىي رەت قىلىش.

**908. سۇئال: باللارنى تاماكا چېكىشنى ئۆگىنىپ قېلىشتىن ساقلاش ئۇسۇلى**

باللارنىڭ تاماكا چېكىشنى ئۆگىنىپ قېلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىشتا، ئاتا ئانىلارنىڭ رولى ناھايىتى چوڭدۇر. ئۇلار باللىرى توغرۇلۇق تۆۋەندىكىلەردىن مەسئۇل ۋە جاۋابكاردۇر:

1 . ئائىلىدە دىنىي تەربىيىنى كۈچەيتىشى، ھالال ھارام، ياخشى يامان ۋە توغرا خاتالارنىڭ ھەممىنى باللارغا توغرا يوسۇندا بىلدۈرۈشى ۋە قانائەتلىنەرلىك ھالدا چۈشەندۈرۈشى.

2 . تەقۋادارلىق، نەپسىنى يىغىش ۋە ئېسىل ئەخلاقلاردا باللىرىغا ئۈلگە بولۇشى.

3 . باللىرىنىڭ يۈرۈش تۇرۇشلىرىنى كونترول قىلىپ تۇرۇشى. ئۇلارنىڭ يانچۇقلىرىنى ۋە سومكىلىرىنى پات ــ پات تەكشۈرۈپ تۇرۇشى.

4 . باللىرىنىڭ ئارىلىشىدىغان دوستلىرى، ساۋاقداشلىرى ۋە قوشنىلىرىنى ئېنىق

بىلىشى ۋە بالىلىرىنى ئەخلاقسىز، يامان، بەڭگى بالىلارغا قەتئىي ئارىلاشتۇرماسلىقى.

5- بالىلىرىنىڭ مەكتەپتىكى ئەھۋالىنى مۇئەللىملىرىدىن ۋە ياخشى ساۋاقداشلىرىدىن ھەمىشە ئىگىلەپ تۇرۇشى.

6 - تاماكا چېكىدىغانلار بار سورۇنلارغا بالىلىرىنى ئېلىپ بارماسلىقى ۋە ئۇلارنىڭ يالغۇز بېرىشىنىمۇ توسۇشى يەنى مەنئى قىلىشى.

7 - ئاتا ئانىلار ئۆزلىرى بالىلىرىنىڭ يېنىدا تاماكا چەكمەسلىكى، ئۆيدە تاماكا ساقلىماسلىقى.

8- بالىلىرىنىڭ بىرەر قېتىم تاماكا چەككەنلىكىنى ياكى بەڭگى بالىلارغا ئارىلاشقانلىقىنى ئاڭلىغان ھامان بالىلىرىنى قانائەتلىنەرلىك ئىلمىي ئۇسۇل بىلەن ئاگاھلاندۇرۇشى ۋە قايتا قىلماسلىققا ۋەدە ئېلىشى.

9 - بالىلىرىنىڭ يامان ئادەتلەرگە كۆنۈپ قالماسلىقى، گۈزەل ئەخلاقلىق پەرزەنت بولۇشى ئۈچۈن ئاللاھقا سېغىنىپ ھەر دائىم دۇئا قىلىشى.

10- تاماكا، ھاراق، ئاق چېكىملىك ۋە باشقىمۇ زىيانلىق نەرسىلەرنىڭ خەتىرىدىن بالىلىرىنى ھەمىشە ئاگاھلاندۇرۇپ تۇرۇشى.

**909- سۇئال: سانائەت ۋە ھۈنەر - كەسپلەرنىڭ ھۆكۈمى**

ئىسلام دېھقانچىلىققا تەرغىب قىلىپ ئۇنىڭ قەدرىنى كۆتۈرگەن، ھەمدە دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللانغۇچىلارنىڭ كۆپ ساۋابقا ئېرىشىدىغانلىقىنى تەكىتلىگەن. لېكىن شۇنىڭ بىلەن بىرگە پۈتۈن ئۈممەتنىڭ بارلىق كۈچىنى دېھقانچىلىققىلا قارىتىپ قويۇشىنى چەكلىگەن، چۈنكى بۇنداق قىلىش ئۈممەتنى ئاسارەت خارلىقىغا دۇچار قىلىدىغان بىر كەمتۈكلۈكتۇر. بۇنداق قىلىشنىڭ پۈتۈن بىر مىللەتنى قورشىغان بالا ۋە خارلىقنىڭ مۇقەددىمىسى ئىكەنلىكىنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئېلان قىلىشى ئانچە ئەجەبلىنەرلىك ئىش ئەمەس. زاماننىڭ ئۆتۈشى بۇنىڭ بىر ھەقىقەت ئىكەنلىكىنى ئېنىق ئىسپاتلىغان.

دېھقانچىلىق بىلەن بىرگە مىللەتنىڭ ئەركىن ۋە ئەزىز بولۇشى، دۆلەتنىڭ كۈچ - قۇدرەتلىك بولۇشى ئۈچۈن باياشات ھاياتنىڭ يولىنى ئېچىپ بېرىدىغان ھەر خىل ھۈنەر - سەنئەت ۋە سانائەتلەر بولۇشى كېرەك. بۇنداق ھۈنەر - سەنئەت ۋە سانائەتلەر ئىسلامنىڭ نەزىرىدە ھالال بولۇپلا قالماي، بەلكى ئۇ ئۆلىمالارنىڭ بەرگەن ھۆكۈملىرىگە ئاساسەن پەرز كۇپايەدۇر.

بۇنىڭ مەنىسى: ئىسلام جەمئىيىتىدە ئېھتىياجنى قاندۇرىدىغان دەرىجىدە ھەر تۈرلۈك ئىلىم - پەن، ھۈنەر - سەنئەت ۋە سانائەت ئەھلى تولۇق بولۇشى كېرەك. ناۋادا ئىلىم - پەن ياكى سانائەت ساھەلىرىدە بىر بوشلۇق بولۇپ، بۇ بوشلۇقنى

تولدۇرىدىغان كىشى بولمىسا پۈتۈن مىللەت گۇناھكار بولىدۇ. بولۇپمۇ رەھبەرلەر ۋە ھوقۇق تۇتقانلار بەكرەك گۇناھكار بولىدۇ.

ئىمام غازالى مۇنداق دېگەن: " پەرز كۇپايە ـ دۇنيا ئىشلىرى يۈرۈشۈپ تۇرۇشى ئۈچۈن بولمىسا بولمايدىغان ھەر بىر ئىلىم ـ پەندۇر. مەسىلەن: دوختۇرلۇق ئىنسان جىسمىنىڭ ساق ـ سالامەت تۇرىشى ئۈچۈن زۆرۈر. ھېساب، مۇئامىلىلەر ۋە ۋەسىيەت ـ مىراس بۆلۈش قاتارلىق ئىشلاردا زۆرۈر. مانا بۇنداق ئىلىملەرنى بىر يۇرتتىا ھاجەتنى قامدايدىغان دەرىجىدە ئۆگەنگەنلەر بولمىسا، بۇ يۇرتنىڭ پۈتۈن ئەھلى گۇناھكار بولىدۇ، ئەگەر ھاجەتنى قامدىغىدەك دەرىجىدە ئۆگەنگەن كىشىلەر بولسا، كۇپايە قىلىدۇ، قالغانلار ئۆگەنمىسىمۇ گۇناھكار بولمايدۇ. دېھقانچىلىق، توقۇمچىلىق ۋە تىكىمچىلىك قاتارلىقلاردەك سانائەت ئاساسلىرىمۇ پەرز كۇپايىدۇر. ناۋادا بىر يۇرتتا ئوپېراتسىيە قىلىدىغان بىر دوختۇر بولمىسا كىشىلەرنىڭ ھاياتى خەۋپكە ئۇچرايدۇ، كېسەللىكنى بەرگەن ئاللاھ دورىسىنىمۇ بەرگەن ۋە ئۇنى ئىشلىتىش يولىنى كۆرسەتكەن، شۇڭا ئۇنى ئۆگەنمەي ھالاكەتكە يۈزلىنىش توغرا ئەمەس".

## 910- سۇئال: ھۈنەر كەسپىنىڭ ئىسلامدىكى ئورنى

قايسى جەھەتتىن بولسا بولسۇن، جەمئىيەتنىڭ بىر ھاجىتىنى قامدايدىغان ياكى جەمئىيەتكە پايدىسى بولغان ھۈنەر ـ سەنئەت ئىسلام كۆرسەتكەن شەكىلدە ئېلىپ بېرىلسا ياخشى ئەمەل ھېسابلىنىدۇ. ئىسلام دىنى كىشىلەر تۆۋەن كۆرگەن بىر نەچچە ھۈنەر ـ كەسپىنىڭ شەنىنى كۆتۈرگەن. مەسىلەن: پادىچىلىقنى كىشىلەر تۆۋەن كۆرىشەتتى.

جابىر ئىبنى ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دەيدۇ: بىز پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن مەررى زەھران ۋادىسىدا ئەراك دەرىخىنىڭ مېۋىسىنى ئۈزۈۋاتاتتۇق. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: ئۇنىڭ قارىسىنى ئېلىڭلار! قارىسى بەك ياخشى، دېدى. بىر كىشى: ئى رەسۇلۇللاھ! سەن قوي باققانمىدىڭ؟ ـ دەپ سورىغانىدى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: ھەئە، مەن قوي باققان. قوي باقمىغان پەيغەمبەر يوق، دەپ جاۋاب بەردى. (بۇخارى: 5453)

ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى ۋە پەيغەمبەرلەرنىڭ تۈگەنچىسى ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام قوي باققان ئىدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە باققان قوي ئۆزىنىڭ ئەمەس مەككىلىكلەرنىڭ ئىدى، ئۇ باشقىلارنىڭ قويلىرىنى ئىش ھەققى ئېلىپ بېقىپ بېرەتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ سۆزلەرنى ساھابىلىرىگە پەخىرلىنىشنىڭ ئىشلەيدىغانلارغا خاس ئىكەنلىكىنى، ھورۇن ۋە بىكار تەلەپلەرگە خاس ئەمەسلىكىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن ئېيتىپ بەرگەن.

قۇرئان كەرىم بىزگە مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ قىسسىسىنى بايان قىلغان، ئۇ ياشانغان بىر ئادەمنىڭ ئىككى قىزىنىڭ بىرىگە ئۆيلىنىش شەرتى بىلەن ئۇ ئادەمنىڭ قولىدا سەككىز يىل ئىشلىگەن. مۇسا ئەلەيھىسسالام ھەقىقەتەن ياخشى ئىشلىگەن بولۇپ، بۇرۇن ئىككى قىزنىڭ بىرىنىڭ دېگەن بۇ سۆزلىرى راست چىققان: ئى ئاتا ئۇنى سەن ئىشلەتكىن، ئۇ سەن ئىشلەتكەنلەرنىڭ ئەڭ ياخشىسىدۇر، كۈچلۈك، ئىشەنچلىكتۇر [ئەلقاساس سۈرىسى 26 ـ ئايەت]

ھەر بىر پەيغەمبەر بىر كەسىپ بىلەن شۇغۇللانغان، شۇڭا مۇسۇلمان كىشى ھالال پۇل تاپىدىغان ھۈنەرنى تۆۋەن كۆرمەي كۆڭلىنى ئۇستۇن تۇتىشى كېرەك.

### 911ـ سۇئال: تىجارەت يولى بىلەن تىرىكچىلىك قىلىشنىڭ ئىسلامدىكى ئورنى

ئىسلام قۇرئان كەرىم ئايەتلىرىدە ۋە ھەدىس شەرىپلەردە تىجارەت ئۈچۈن كۈچلۈك بىر چاقىرىق ئېلان قىلغان، تىجارەتكە يۈزلىنىشكە ۋە تىجارەت ئۈچۈن سەپەرگە ئاتلىنىشقا قىزىقتۇرغان، ھەمدە ئۇنى ئاللاھنىڭ پەزلىنى تىلەش دەپ ئاتاپ تىجارەت قىلغۇچىلار بىلەن ئاللاھ يولىدا جىھاد قىلغۇچىلارنى بىللە مەدھىيلىگەن: بەزىلەر ئاللاھنىڭ پەزلىنى تىلەپ (يەنى تىجارەت قىلىپ) يەر يۈزىدە سەپەر قىلىدۇ، يەنە بەزىلەر ئاللاھنىڭ يولىدا جىھاد قىلىدۇ [مۇززەممىل سۈرىسى 20ـ ئايەت]

### 912ـ سۇئال: ھارام قىلىنغان تىجارەت

ئىسلام دىنى: زۇلۇم، ئالداش، بوزەك قىلىش ياكى ئىسلام چەكلىگەن نەرسىنى بازارغا سېلىش قاتارلىق ئىشلاردىن باشقا ھەر تۈرلۈك تىجارەت ئۇسۇللىرىنى ھارام قىلمىغان.

مەسىلەن: ھاراق، زەھەرلىك چېكىملىكلەر، توڭگۇز، بۇت ـ ھەيكەللەر ياكى شۇنىڭغا ئوخشايدىغان ئىسلام دىنى ئىشلىتىشنى، پايدىلىنىشنى ياكى ئېلىپ ـ سېتىشنى ھارام قىلغان ھەر تۈرلۈك نەرسىلەر بىلەن تىجارەت قىلىش، ئىسلام راۋا كۆرمەيدىغان ھارام تىجارەتتۇر، بۇلاردىن كەلگەن كىرىممۇ مەينەت كىرىمدۇر. بۇ كىرىم بىلەن ياشىغان كىشىنىڭ جىسمى جەھەننەمدە كۆيۈشكە لايىقتۇر، بۇنداق ھارام تىجارەت بىلەن شۇغۇللانغۇچىلارنىڭ، تىجارەتتە راستچىل، ئەمىن بولىشى ئۇلارنى جەھەننەم ئوتىدىن قۇتقۇزالمايدۇ، چۈنكى بۇلار تىجارەت قىلىۋاتقان ماللار، ئىسلام چەكلىگەن ۋە ئىسلام جەڭ ئېلان قىلغان ھارام ماللاردۇر. ئالتۇن ياكى يىپەك تىجارىتىدە چەكلىمە يوق، چۈنكى بۇلار ئاياللارغا ھالالدۇر، بىراق بۇلاردىن ئەرلەر ئىشلىتىشى ئۈچۈنلا ياسالغىنى بولسا، ئۇنىڭ بىلەن تىجارەت قىلىش ھارامدۇر.

### 913ـ سۇئال: ئالدامچىلىق ۋە ئۇنىڭ ھۆكۈمى

ئالدامچىلىق ــــ ھىيلە مىكىرلەر بىلەن كىشىلەرنى قاندۇرۇش، قايىل قىلىش،

ئىشەندۈرۈش دېگەنلىكتۇر. ئالدامچىلىق ئىنسان تەبىئىتىگە يات ۋە ئۇلارنىڭ شەنىگە ياراشمايدىغان بىر ناچار خۇلقتۇر. ئالدامچىلار پۈتۈن ئىنسانىيەتنىڭ لۇغىتىدە سۆكۈلمەكتە. ئىنسانلار يارىتىلغاندىن بۇيان كەلگەن پۈتۈن دىن، پەلسەپە ۋە يەرلىك قانۇنلارمۇ ئالدامچىلىقنى مەنئى قىلىدۇ ۋە ئالدامچىلارنى سۆكىدۇ.

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىر دۆۋە ئاشلىقنىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ، قولىنى ئارىسىغا تىقىپ باققانىدى، قولى نەملىشىپ قالدى. شۇنىڭ بىلەن، ئاشلىق ئىگىسىگە: بۇ نېمە قىلىق؟ دېگەنىدى، ئۇ: ئى اللەنىڭ پەيغەمبىرى! يامغۇردا قالغانىدى، دېدى. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: ھۆل ئاشلىقنى ئادەملەرنىڭ كۆرۈپ ئېلىشى ئۈچۈن ئۈستىگە چىقىرىپ قويساڭ بولمامدۇ؟ كىمكى ئالدامچىلىق قىلسا، بىزدىن ئەمەس، دېدى. (مۇسلىم: 102)

بۇ ھەدىس ئالدامچىلارنىڭ گەرچە ناماز ئوقۇپ، روزا تۇتۇپ، زاكات بېرىپ ۋە ھاجى بولۇپ، كۆرۈنۈشتە ئۆزلىرىنى مۆئمىن مۇسۇلمانلار قاتارىدىن كۆرسەتسىمۇ، ئەمەلىيەتتە ئۇنداقلارنىڭ مۇسۇلمانلاردىن سانالمايدىغانلىقىنى ئىپادىلەيدۇ. ئالدامچىلىق بولسا ئىنسانلارنى زىيان ـ زەخمەتلەرگە ئۇچرىتىدىغان ئېغىر جىنايەت.

**914- سوئال: سودا - سېتىق ئىشلىرىدىكى ئالدامچىلىق تۈرلىرى**

ھازىرقى زاماندا ئالدامچىلىق تۈرلىرى ئەڭ كۆپ ئومۇملاشقان جاي بازارلار بولۇپ، سودا - سېتىق ئىشلىرىدىكى ئالدامچىلىق تۈرلىرى ئىنتايىن كۆپتۇر. ئۇلاردىن بەزىسى تۆۋەندىكىچە:

1- ساتماقچى بولغان مالنىڭ ئەيىبىنى يوشۇرۇش ئارقىلىق، خېرىدارلارنىڭ كۆزىنى بوياشقا تىرىشىش. مەسىلەن: مېۋە ـ چېۋە ياكى ئوتياش ۋە ھەر قانداق بىر نەرسىنىڭ ياخشىلىرىنى ئۈستىگە، ناچارلىرىنى ئاستىغا تىزىش ئارقىلىق خېرىدارلارنى ئالداپ ساتقانغا ئوخشاش.

2 - ساتماقچى بولغان ماللىرىغا باشقىلارنىڭ ماركىلىرىنى ئوغرىلىقچە چاپلاپ سېتىش ئارقىلىق خېرىدارلارنى ئالداش. مەسىلەن: سۈپەتسىز ماللارغا داڭلىق ماركىلارنى ياكى يەرلىك ماللارغا چەت ئەلنىڭ ماركىلىرىنى ئوغرىلىقچە چاپلاپ ساتقانغا ئوخشاش. بۇنداق قىلىش ئىنسانلارنى ئىككى تەرەپتىن زىيانغا ئۇچراتقانلىق بولۇپ، خېرىدارلارنى ئالداپ ئۇلارنى زىيانغا ئۇچراتقانىنىڭ سىرتىدا، يالغاندىن چاپلىۋالغان ماركىنىڭ ئىگىسى بولغان شىركەتنى زىيانغا ئۇچرىتىدۇ. بۇنىڭ بىلەن ھەر ئىككى تەرەپنىڭ پۇلنى ئالداپ ئېلىۋېلىش ئارقىلىق قاتمۇقات ھارامنى يېگەن بولىدۇ.

3 - تارازىدا ياكى ئۆلچەمدە كەم بېرىش. بۇ سودىدىكى ئالدامچىلىق تۈرلىرىنىڭ

ئەڭ يامىنى بولۇپ، ئاللاھ تائالا مۇنداق قىلغۇچىلارنى ئاخىرەتتىكى ھېساب بېرىشكە ئىشەنمەيدىغانلار قاتارىدىن يەنى كاپىرلارنىڭ قاتارىدىن سانىغان.

4 ـ خېرىدار ئەمەس بىرىنى خېرىدار ئورنىدا كۆرسىتىپ ئۇنى يۇقىرى باھادا تەلەپ قىلدۇرۇش ئارقىلىق راستتىنلا ئالىدىغان خېرىدارلارنى ئالداپ سېتىۋېلىش.

5 ـ چارۋاماللارنى ساتىدىغانلارنىڭ بۇ ماللارنى سېتىشقا ئېلىپ چىقىشتىن بۇرۇن مەخسۇس دورىلار بىلەن يالغاندىن سەمرىتىپ، خېرىدارلارنىڭ كۆزىنى بويىشى. مۇنداق ئالدامچىلىق بىلەن تاپقان پۇل ھارام بولىدۇ.

## 915- سۇئال: ئىجتىمائىي ھاياتتىكى ئالدامچىلىق تۈرلىرى

ئىجتىمائىي ھاياتتىكى ئالدامچىلىق تۈرلىرى ناھايىتى كۆپ، ئۇلاردىن بەزىلىرى تۆۋەندىكىچە:

1 ـئۆيلەنمەكچى بولغان قىز ـ يىگىتنىڭ ئۆزىدە بولمىغان ئارتۇقچىلىقلار بىلەن ياكى كەمچىلىكلىرىنى يوشۇرۇش بىلەن قارشى تەرەپنى ئالدىشى بولۇپ، بۇ خىل ئالدامچىلىق بەختلىك ئائىلە قۇرۇشقا توسالغۇ بولىدىغان يامان ئىشتۇر.

2 ـ ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئىمتىھاندا كۆچۈرۈشى. بۇ مۇئەللىمنى ئالداشتىن ئاۋۋال ئۆزىنى ئالدىغانلىق ۋە ئۆزىنى زىيانغا ئۇچراتقانلىقتۇر. ئىمتىھاننى كۆچۈرۈپ ياكى قايسىبىر ھىيلە بىلەن تاپشۇرۇش ئارقىلىق دىپلوم ئالغانلارنىڭ، دىپلومنى ئوقۇپ، ئىمتىھان بېرىپ ئالماستىن سېتىۋالغانلارنىڭ بۇ دىپلومنى ئىشلىتىپ تاپقان پۇلى شەكسىز ھارامدۇر. چۈنكى مۇنداق كىشى ئۇ دىپلومغا ۋە دىپلومدىكى كەسىپنى قىلىشقا لاياقەتلىك ئەمەس. بىرەر كەسىپكە لاياقەتسىز كىشىلەر ئۇنىڭغا لاياقەت بولغانلارنىڭ ئورنىدا ئىش قىلغاندا، ئۆزىنىڭ بىلىمسىزلىكى سەۋەبلىك ئىنسانلارنى تۈرلۈك زىيان ـ زەخمەتلەرگە ئۇچرىتىدۇ.

3ـ دوستلارنىڭ، خىزمەتداشلارنىڭ، ساۋاقداشلارنىڭ، قوشنىلارنىڭ، تۇغقانلارنىڭ، ئەر ـ ئاياللارنىڭ، قېرىنداشلارنىڭ، بىر ـ بىرىدە كۆرۈلگەن يېتەرسىزلىكلەرنى، خاتالىقلارنى ياكى ئەيىبلەرنى تۈزىتىش ئۈچۈن نەسىھەت قىلىشنىڭ ئورنىغا، يوشۇرۇش ياكى كۆرمەسلىككە سېلىش، ھەتتا ماختاشمۇ بىر خىل ئالدامچىلىق بولۇپ، ئۆزىنىڭ يېقىن كىشىلىرىنى ۋاقىتلىق ئالداپ، ئۇلارنى زىيانغا ئۇچراتقانىنىڭ سىرتىدا، ئاللاھ تائالانىڭ ۋەز ـ نەسىھەت قىلىشتىن ئىبارەت ئەمرىگە خىلاپلىق قىلغانلىقتۇر.

## 916- سۇئال:ئالدامچىلىقنىڭ قانداق زىيانلىرى بار؟

ئالدامچىلىقنىڭ زىيانلىرى ئىنتايىن كۆپ. ئۇنىڭ ئەڭ خەتەرلىك زىيىنى چىن مەنىدە مۇسۇلمان بولالماسلىقتۇر. چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ « كىمكى

بىزنى ئالدايدىكەن، ئۇ بىزدىن ئەمەس» دېگەن مەشھۇر ھەدىسى، ئالدامچىنىڭ ھەقىقىي مۇسۇلمانلار قاتارىدىن سانالمايدىغانلىقىنى ئىپادىلەيدۇ. ئالدامچىلىقنىڭ بۇنىڭدىن باشقا زىيانلىرىدىن بەزىسى تۆۋەندىكىچە:

1 ـ ئالدامچىلىق دوزاخقا كىرىشنىڭ يولىدۇر.

2 ـ ئالدامچىلىق ئۇنى قىلغۇچىلارنىڭ تەبىئىتىنىڭ پەسلىكىگە، ئەخلاقىنىڭ رەزىللىكىگە، ئىمانىنىڭ يوقلۇقىغا دەلىلدۇر.

3 ـ ئالدامچىلار ئاللاھنىڭ رەھمىتىدىن، بەرىكىتىدىن ۋە مەغپىرىتىدىن ھەمىشە مەھرۇم قالغۇچىلاردۇر.

4 ـ ئالدامچىلارنىڭ دۇئاسى ئىجابەت بولمايدۇ. ئىبادەتلىرىنىڭ قوبۇل بولۇشىدا شەك بار. چۈنكى ئالدامچىلىقتىن تاپقان پۇل ھارام، ھارام يېگەن ئادەمنىڭ دۇئاسىنىڭ ئىجابەت بولمايدىغانلىقىدا شەك يوق.

5ـ ئۆلىمالار زالىملارنىڭ ۋە كۇففارلارنىڭ مۇسۇلمانلارنىڭ ئۈستىگە مۇسەللەت بولۇۋېلىشى مۇسۇلمانلارنىڭ ئۆز ئارىسىدىكى ئالدامچىلىقتىن بولىدىغانلىقىنى سۆزلەيدۇ. چۈنكى ئالدامچىلىق بار يەردە، ئىشەنچ بولمايدۇ، ئىشەنچ بولمىغان يەردە، بىرلىك، ئىناقلىق بولمايدۇ، بىرلىك ۋە ئىناقلىق بولمىغان يەردە كۈچ ـ قۇۋۋەت بولمايدۇ، كۈچ ـ قۇۋۋەت بولمىغان يەردە ئېزىلىش، بوزەك قىلىنىش، مۇستەملىكە قىلىنىش بولىدۇ.

**917ـ سۇئال: ئاتا ــ ئانىنى قاخشاتماق چوڭ گۇناھلارنىڭ بىرى**

باللارنىڭ ئاتا ـ ئانىلارغا قارىتا ياخشىلىق قىلىش، بويسۇنۇش، ھۆرمەتلەش قاتارلىق مەجبۇرىيەتلىرى باردۇر. مانا بۇ ئىنسان تەبىئىتىنىڭ چاقىرىقى، ۋاپادارلىق ۋە ياخشىلىق قىلغاننى بىلىش خىسلەتلىرىنىڭ تەقەززاسىدۇر. بولار ئانىغا نىسبەتەن تېخىمۇ بەك تەكىتلىنىدۇ، چۈنكى ئانا، قورساق كۆتۈرۈش، ئېمىتىش ۋە بېقىپ تەربىيىلەشتە چەكسىز جاپا ـ مۇشەققەت تارتىدۇ. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: بىز ئىنساننى ئاتا ـ ئانىسىغا ياخشىلىق قىلىشقا بۇيرىدۇق. ئىنساننى ئانىسى مۇشەققەت بىلەن قورساق كۆتۈرۈپ، مۇشەققەت بىلەن تۇغدى. ئۇنىڭغا قورساق كۆتۈرۈش مۇددىتى ۋە سۈتتىن ئايرىش مۇددىتى ئوتتۇز ئايدۇر [ئەل ئەھقاف سۈرىسى15ـ ئايەت]

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: بىر ئادەم پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قېشىغا كېلىپ: ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى! ئىنسانلار ئىچىدىن كىم مېنىڭ ياخشى مۇئامىلە قىلىشىمغا ئەڭ ھەقلىق؟ دەپ سورىغانىدى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: ئاناڭ، دەپ جاۋاب بەردى. ئاندىن قالسا كىم؟ يەنە ئاناڭ. ئاندىن قالسا كىم؟ يەنە ئاناڭ. ئاندىن قالسىچۇ؟ دەپ سورىغانىدى: ئاندىن

قالسا داداڭ، دېدى. (بۇخارى: 5971)

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئاتا ـ ئانىنى قاخشىتىشنى چوڭ گۇناھلارنىڭ ئەڭ چوڭلىرىنىڭ بىرى دەپ، قۇرئان كەرىمدە كۆرسىتىلگەندەكلا ئۇنى ئاللاھقا شېرىك كەلتۇرۇشتىن قالسىلا ئىككىنچى چوڭ گۇناھ دەپ كۆرسەتكەن.

پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: الله تائالا سىلەرگە ئاتا ـ ئاناڭلارنى قاخشىتىش، قىزلىرىڭلارنى تىرىك كۆمۈش، ۋە باشقىلارغا بەرمەستىن، ھەردائىم (باشقىلاردىن) تىلەشنى ھارام قىلدى. ئۇندىن باشقا قۇرۇق پاراڭ قىلىش، كۆپ سوئال سوراش ۋە پۇل مالنى بوزۇپ چېچىشنى مەكرۇھ قىلدى. (بۇخارى: 2408)

پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: قىيامەت كۈنى، الله مۇنداق ئۈچ كىشىنىڭ يۈزىگە قارىمايدۇ: بىرىنچىسى، ئاتا ئانىسىنىڭ قارغىشىنى ئالغان كىشى؛ ئىككىنچىسى، ئەر كىشىگە ئوخشۇالغان ئايال؛ ئۈچىنچىسى، دەيۈز (خوتۇنىنى كۈنلىمەيدىغان ئادەم) مۇنداق ئۈچ كىشى جەننەتكە كىرمەيدۇ: بىرىنچىسى، ئاتا ئانىسىنىڭ قارغىشىنى ئالغان؛ ئىككىنچىسى، ھاراقكەش؛ ئۈچىنچىسى، بەرگىنىگە مىننەت قىلىدىغان كىشى. (نەسائى: 2562)

بولۇپمۇ ئاتا ـ ئانا ياشىنىپ قالغاندا ئىسلام دىنى ئاتا ـ ئانىلار ھەققىدە تېخىمۇ بەك تەكىتلەپ تاپىلايدۇ، چۈنكى بۇنداق چاغلاردا ئۇلارنىڭ تەنلىرى ئاجىزلاپ، باشقىلارنىڭ ياردىمىگە ۋە خەۋەر ئېلىشىغا بەكرەك مۇھتاج بولىدۇ، بۇ ھەقتە قۇرئان كەرىم مۇنداق دەپ كۆرسەتكەن: پەرۋەردىگارىڭ پەقەت ئۇنىڭ ئۆزىگىلا ئىبادەت قىلىشىڭلارنى ۋە ئاتا ـ ئاناڭلارغا ياخشىلىق قىلىشىڭلارنى تەۋسىيە قىلدى، ئۇلارنىڭ بىرى يا ئىككىلىسى سېنىڭ قول ئاستىڭدا بولۇپ ياشىنىپ قالسا، ئۇلارغا ئۇھ دېمىگىن (يەنى مالاللىقنى بىلدۈرىدىغان شۇنچىلىك سۆزنىمۇ قىلمىغىن)، ئۇلارنى دۈشكەلىمىگىن، ئۇلارغا ھۆرمەت بىلەن يۇمشاق سۆز قىلغىن. ئۇلارغا كامالى مېھرىبانلىقتىن ناھايىتى كەمتەر مۇئامىلىدە بولغىن ۋە: "ئى پەرۋەردىگارىم، ئۇلار مېنى كىچىكلىكىمدە تەربىيىلىگىنىدەك ئۇلارغا مەرھەمەت قىلغىن" دېگىن [ئىسرا سۈرىسى 23 ـ 24 ـ ئايەتلەر]

**918ـ سۇئال: ئاتا ــ ئانىلارنىڭ تىللىنىشىغا سەۋەب بولۇش چوڭ گۇناھلاردىن**

ئاتا ـ ئانىلارنى قاخشاتماق ئۇياقتا تۇرسۇن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بالىنىڭ ئاتا ـ ئانىسىنىڭ تىللىنىشىغا سەۋەب بولىشىنى ھارام دەپلا قالماي، بەلكى ئۇنى چوڭ گۇناھلار قاتارىدا سانىغان.

**919ـ سۇئال: مۇشرىك ئاتا ــ ئانا ھەققىدە**

ئاتا ـ ئانىلارغا مۇئامىلە قىلىشتا، ئىسلام ئېلىپ كەلگەن گۈزەل قاراشلارنىڭ بىرى

بولسا: ئاتا ـ ئانا كاپىر بولغان تەقدىردىمۇ ئۇلارنى قاخشىتىشنى هارام قىلىشتۇر. ئۇلارنى قاخشىتىش شۇ دەرىجىدە چەكلەنگەنكى، ئۇلار ھەدىدىن ئېشىپ، شېرىك كەلتۈرۈشكە تەشۋىق قىلىپ، مۇسۇلمان ئوغلىنى ئىسلام دىنىدىن چىقىرىشقا تىرىشقان تەقدىردىمۇ ئۇلارنى قاخشىتىشقا بولمايدۇ. بۇ ھەقتە ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ماڭا ۋە ئاتا ـ ئاناڭغا شۈكۈر قىلغىن، ئاخىر قايتىدىغان جاي مېنىڭ دەرگاھىمدۇر. ئەگەر ئاتا ـ ئاناڭ سېنى باشقا بىر نەرسىنى ماڭا شېرىك كەلتۈرۈشكە زورلىسا، ئۇلارغا ئىتائەت قىلمىغىن، ئۇلارغا دۇنيادا ياخشى مۇئامىلىدە بولغىن، (يەنى دىنىڭغا زىيان يەتمەيدىغان ئاساستا ياخشىلىق قىلغىن)، ماڭا ئىتائەت بىلەن قايتقان ئادەمنىڭ يولىغا ئەگەشكىن، ئاندىن مېنىڭ دەرگاھىمغا قايتىسىلەر، سىلەرگە قىلمىشىڭلارنى ئېيتىپ بېرىمەن [لوقمان سۈرىسى14ـ 15ـ ئايەتلەر]

## 920ـ سۇئال: تېلېۋىزور كۆرۈش مەسىلىسى

ھازىرقى ئىسلام دۇنياسىدا بىردەك ئېتىراپ قىلىنغان مەشھۇر ئالىم دوكتور: يۈسۈپ ئەل قەرداۋىي بۇ سوئالغا مۇنداق دەپ جاۋاب بەرگەن. تېلېۋىزور، رادىئو، گېزىت ۋە ژۇرنالغا ئوخشاش مەلۇم بىر غايە ۋە مەقسەتلەر ئۈچۈن قوللىنىلىدىغان قوراللاردۇر. ئۇلارنى مۇتلەق ياخشى ياكى مۇتلەق يامان دېگىلى بولمىغاندەك، مۇتلەق ھالال ياكى مۇتلەق هارام دېگىلى بولمايدۇ. لېكىن تېلېۋىزور كۆرۈشنىڭ ھالال ياكى هاراملىقىنى ئۇنىڭدا بېرىلىدىغان پروگراممىلار ۋە ئىشلىتىش ئۇسۇلىغا قاراپ بەلگىلىگىلى بولىدۇ. تېلېۋىزور قىلىچقا ئوخشاش بىر نەرسە بولۇپ، مۇجاھىدىنىڭ قولىدا ئاللاھ يولىدا جىھاد قىلىشنىڭ قورالى بولغىنىدەك، قاراقچىنىڭ قولىدا قاتىللىقنىڭ قورالى بولالايدۇ. تېلېۋىزور پىكرىي، روھىي، نەپسىي، ئەخلاقىي ۋە ئىجتىمائىي تەرەپلەردىن يۈكسىلىشنىڭ ئەڭ ياخشى قورالى بولالىغىنىدەك، ئىنسانلارنىڭ ئەخلاقىنى، مەنىۋىيىتىنى بۇزۇشنىڭ، ۋاقتىنى ئۆلتۈرۈشنىڭ ئەڭ چوڭ قورالىمۇ بولالايدۇ. بۇ تېلېۋىزوردىكى پروگراممىلارغا باغلىق ئىش. رادىئو، گېزىت ۋە ژۇرناللارمۇ بۇنىڭغا ئوخشاشتۇر. خۇلاسە قىلىپ ئېيتقاندا، يۇقىرىقىلاردا ياخشىلىقمۇ بار، يامانلىقمۇ بار. ئۇلاردا ھالالمۇ بار، هاراممۇ بار. مۇسۇلمان ئادەم بۇ ئىشلاردا ئۆز ۋىجدانى بىلەن ئىش قىلىشى ۋە ئۆزى ئۈچۈن پايدىلىق بولغانلارنى قىلىپ، زىيانلىق بولغانلاردىن يىراق تۇرۇشى لازىم. رادىئو بىلەن تېلېۋىزوردا ياخشى پروگراممىلار بېرىلگەندە، ئۇنى ئېچىپ ئۇنىڭدىن پايدىلىنىش، ئەدەب ـ ئەخلاققا ماسلاشمايدىغان پروگراممىلار بېرىلگەندە، يېپىۋېتىش ھەر قانداق بىر مۇسۇلمان ئەمەل قىلىشقا تېگىشلىك بىر مۇھىم ئىشتۇر.

## 921- سۇئال: كۆرۈش كەسكىن هارام بولىدىغان تېلېۋىزور پروگراممىلىرى

هازىرقى زامان ئىسلام ئۆلىمالىرى كۆرۈشنىڭ هاراملىقىغا بىردەك ئىتتىپاقلاشقان تېلېۋىزور پروگراممىلىرى ۋە فىلىملىرى تۆۋەندىكىچە:

1.جىنسىي فىلىملەر.

2. رەڭلىك ناخشا كېچىلىكى پرواممىلىرى.

3. يېرىم يالىڭاچ ئاياللارنىڭ ئۇسسۇل ياكى ناخشا پروگراممىلىرى.

4. هاراق ـ شاراپ سورۇنلىرىنى ياكى قاۋاقخانىلارنى ۋە قىمارخانىلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان فىلىملەر.

5. هاياسىز ئاشىق ـ مەشۇق فىلىملىرى، خۇسۇسەن چەتئەل فىلىملىرى.

6. باللاردا سەلبىي تەسىر قوزغايدىغان هەر قانداق فىلىملەر.

7. يالغانچىلىقنى، ئادەم ئالداشنى تەشەببۇس قىلىدىغان فىلىملەر.

8. ئەدەب ـ ئەخلاققا زىت كېلىدىغان هەر قانداق فىلىم ۋە پروگراممىلارنى كۆرۈش هارامدۇر.

## 922- سۇئال: كۆرۈش تەشەببۇس قىلىنىدىغان پروگراممىلار

كۆرۈش تەشەببۇس قىلىنىدىغان تېلېۋىزور پروگراممىلىرى تۆۋەندىكىچە:

1. دىنىي ۋە ئىلمىي پروگراممىلار.

2. تەلىم تەربىيە پروگراممىلىرى

3. خەۋەر ۋە تارىخ پروگراممىلىرى.

4. ئىلمىي مۇسابىقە پروگراممىلىرى

5. پاكىز با للار پروگراممىلىرى

## 923- سۇئال: كىنو ۋە سەهنە ئويۇنلىرىنىڭ هۆكۈمى

كۆپلىگەن مۇسۇلمانلار ئىسلامنىڭ كىنو - تىياتىر ۋە شۇنىڭغا ئوخشىغان سەنئەتلەرگە قانداق قارايدىغانلىقىنى، مۇسۇلمان كىشى ئۇنى كۆرسە بولامدۇ ياكى بولمامدۇ، دەپ سورىشىدۇ.

شەكسىزكى، كىنو ۋە سەهنە سەنئەتلىرى باشقا قوراللارغا ئوخشاشلا ئاقارتىش ۋە كۆڭۈل ئېچىش قوراللىرىنىڭ مۇهىم بىرىدۇر. ئۇنى يا ياخشىلىققا ئىشلىتىمىز ياكى يامانلىققا، لېكىن ئۇنىڭ ئۆزى هارام ئەمەس، ئۇنىڭغا بېرىلىدىغان هۆكۈم ئوينىلىدىغان رولغا قاراپ بولىدۇ.

بىزنىڭ قارىشىمىزچە: ئۇ هالالدۇر، بەلكى تېخى تۆۋەندىكى شەرتلەر تېپىلىپ قالسا، سەهنە سەنئەتلىرى مۇستەهەب ۋە لازىم بولىدۇ:

1) مەزمۇنى ئىسلام ئەقىدىسىگە، شەرىئىتىگە ۋە ئەدەب - ئەخلاقلىرىغا خىلاپ كەلمەسلىكى، بۇزۇقچىلىق ۋە يالىڭاچلىقتىن خالىي بولۇشى كېرەك. لېكىن شەهۋانىيلىققا، گۇناهقا، جىنايەتكە، بۇزۇق پىكىرلەرگە... تەشۋىق قىلىدىغان بولسا، ئۇ

هارام بولىدۇ. ئۇنى كۆرۈش مۇسۇلمان ئادەمگە هارام بولىدۇ. ئىشلەپ چىقارسا ياكى ئىشلىنىشكە قاتناشسا تېخىمۇ بەك هارام بولىدۇ.

2) ئۇنى كۆرۈش دىنىي ياكى دۇنياۋى مەجبۇرىيىتىنى ئادا قىلىشقا توسالغۇ بولماسلىقى كېرەك. دىنىي مەجبۇرىيەتنىڭ ئەڭ بېشىدا ئاللاھ تائالا ھەربىر مۇسۇلمانغا ھەر كۈندە پەرز قىلغان بەش ۋاقىت ناماز تۇرىدۇ، شۇڭا مۇسۇلمان ئادەم بىر كىنو كۆرۈش ئۈچۈن ــشام نامىزىدەك ــبىر پەرز نامازنى زايا قىلىۋەتسە بولمايدۇ. ئاللاھ تائالا مۇنداق دېگەن: شۇنداق ناماز ئوقۇغۇچىلارغا ۋايكى، ئۇلار نامازنى غەپلەت بىلەن ئوقۇيدۇ [مائۇن سۈرىسى 4-5- ئايەتلەر]

ئايەتتىكى غەپلەت ياكى سەۋەنلىك دېگەن سۆزگە نامازنى ۋاقتى ئۆتۈپ كەتكەنگىچىلىك كېچىكتۈرۈش دەپ مەنە بېرىلدى. قۇرئان كەرىم يەنە هاراق بىلەن قىمارنىڭ هارام قىلىنىشىنىڭ سەۋەبلىرىدىن بىرى، ئۇنىڭ ناماز ۋە ئاللاھنى ياد ئېتىشتىن توسۇش ئىكەنلىكى دەپ كۆرسەتتى.

3) كىنو - تىياتىرخانىلاردا يات ئەر - ئاياللار چاپلىشىپ بىللە ئولتۇرماسلىقى كېرەك، چۈنكى بۇ ئويۇنلار قاراڭغۇدا قويۇلغاچقا، ئولتۇرۇشقا دىققەت قىلمىسا، پىتنە ۋە گۇمان تۇغۇلىدۇ.

## 924- سۇئال: ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋېلىش

ئادەم ئۆلتۈرۈش جىنايىتى ھەققىدىكى چەكلىمىلەرنىڭ ھەممىسى باشقىلارنى ئۆلتۈرۈشنى ئۆز ئىچىگە ئالغاندەكلا، ئۆزى - ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋېلىشنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. شۇڭا قايسى بىر كىشى قانداق بىرنەرسە بىلەن ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالسا، ئۇ ئاللاھ تائالا ئۆلتۈرۈشنى هارام قىلغان بىر ئىنساننى ئۆلتۈرگەن بولىدۇ.

ئىنساننىڭ ھاياتى ئۆز مۈلكى ئەمەس، چۈنكى ئۇ ئۆزىنى يارىتىش ئۇياقتا تۇرسۇن، ئەزالىرىدىن بىر ئەزانى ياكى ھۈجەيرىلىرىدىن بىر ھۈجەيرىنىمۇ يارىتالىغان ئەمەس، ئۇنىڭ جېنى بولسا، ئاللاھ ئۇنىڭغا تاپشۇرغان بىر ئامانەتتۇر. ئۇنى ئوبدان ئاسرىمىسا بولمايدىغان تۇرسا، ئۇنىڭغا زىيانكەشلىك قىلىپ، ئۇنىڭدىن قۇتۇلۇپ كېتىش قانداق بولماقچى؟ ئاللاھ تائالا مۇنداق دېگەن: ئۆزۈڭلارنى ئۆلتۈرمەڭلار، ئاللاھ ھەقىقەتەن سىلەرگە ناھايىتى مېھرىباندۇر. [نىسا سۈرىسى 29- ئايەت]

ئىسلام دىنى مۇسۇلمان كىشىنى ھەر تۈرلۈك قىيىنچىلىقلارغا ۋە جاپا - مۇشەققەتلەر ئالدىدا قەيسەر ۋە كۈچلۈك ئىرادىلىك بولسۇن دەيدۇ. ئۇنىڭغا ھەرقانداق ئەھۋال ئاستىدا كىچىككىنە بىر بالايىئاپەت ياكى مۇۋەپپەقىيەتسىزلىككە دۇچ كەلگەندە، ياشاشتىن ۋاز كېچىپ، ئۆزىنى ئۆلتۈرىۋېلىشقا رۇخسەت قىلمايدۇ. چۈنكى مۆئمىن دېگەن، يېتىش ئۈچۈن ئەمەس جىھاد قىلىشقا، قېچىش ئۈچۈن ئەمەس، كۆرەش

قىلىشقا يارىتىلغان. ئۇنىڭ ئىمانى بىلەن ئەخلاقى ھايات مەيدانىدىن قېچىشقا قەتئىي يول قويمايدۇ. چۈنكى مۆئمىندە، ئۇپرىماس قورال، تۈگىمەس ئوق ـ دورا باردۇر، ئۇ بولسىمۇ ئىمان ۋە ئەخلاقتۇر.

بۇنداق قەبىھ جىنايەتنى سادىر قىلغۇچىلارنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئاللاھنىڭ رەھمىتى بولغان جەننەتتىن مەھرۇم بولۇپ، ئاللاھنىڭ غەزىپى بولغان دوزاخقا لايىق بولىدىغانلىقى بىلەن ئاگاھلاندۇرغان. ئىرادىسى ئاجىز كىشىلەر، يۈرەكنى تىترىتىدىغان قاتتىق ئاگاھلاندۇرۇشنى ئۆز ئىچىگە ئالغان شۇ ھەدىسنى دىققەت قىلىپ ئاڭلىسۇن:

پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىمكى ئۆزىنى تاغدىن تاشلاپ ئۆلتۈرۈۋالىدىكەن، جەھەننەم ئوتىدا مەڭگۈدىن ـ مەڭگۈگە ئۆزىنى تاشلاپ ئازابلىنىدۇ. كىمكى زەھەر ئىچىپ ئۆلۈۋالىدىكەن، بىر قولىدا زەھەر تۇتقان ھالەتتە جەھەننەم ئوتىدا مەڭگۈدىن ـ مەڭگۈگە زەھەر ئىچىپ ئازابلىنىدۇ. كىمكى ئۆزىنى تۆمۈر ئەسۋاب بىلەن ئۆلتۈرۈۋالىدىكەن، جەھەننەم ئوتىدا شۇ تۆمۈر ئەسۋابنى قورسىقىغا تىقىپ مەڭگۈدىن ـ مەڭگۈگە ئازابلىنىدۇ. (بۇخارى: 5778)

## 925ـ سوئال: سوۋغا سالام بېرىشنىڭ جائىز بولۇشى

ئۆز زاتىدا ياخشى نەرسە، يامان غەرەزنىڭ ئارىلىشىشى بىلەن يامان نەرسىگە ئايلىنىپ قالىدۇ. مەسىلەن: ئىنسانلار ئارىسىدا بىر ـ بىرىگە ھەدىيە، سوۋغا ـ سالام بېرىشىش ياخشى ئىشتۇر. چۈنكى مۇنداق قىلىش ئۆزئارا سۆيگۈ مۇھەببەتنى، يېقىنلىقنى، دوستلۇقنى كۈچەيتىدۇ.

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ھەدىيەنى قوبۇل قىلاتتى ۋە ئۆزىمۇ ئۇنىڭ بەدىلىگە مۇۋاپىق شەكىلدە ھەدىيە بېرەتتى. (بۇخارى: 2585)

پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: پاچاق چاغلىق نەرسە ھەدىيە بېرىلسىمۇ، ئەلۋەتتە قوبۇل قىلىمەن، چاقىرغان يەرگە ئەلۋەتتە بارىمەن. (تىرمىزى: 1338)

ئەمما سوۋغا ـ سالام باشقىلارغا زىيان يەتكۈزۈشتىن ئىبارەت بىرەر يامان نىيەتنى كۆزلەپ ياكى ھەققى بولمىغان بىر نەرسىگە ئېرىشىش ئۈچۈن بېرىلسە، ئۇ ۋاقىتتا، بۇ سوۋغا ـ سالام ئەمەس، بەلكى پارا بەرگەنلىكتۇر. بۇنداق قىلىش قەتئىي ھارام. بەرگۈچى بىلەن ئالغۇچى ۋە سايە قىلىپ ۋاستە بولغۇچى ھەممىسى گۇناھقا شېرىك بولىدۇ. پارىنى مەقسەت قىلغان سوۋغا سالام ھارامدۇر. پارا قانداق ئىسملار

بىلەن ئاتالسۇن، ئۇ بەربىر هارامدۇر.

## 926- سوئال: كىشىنىڭ ئۆز مال - مۈلكىنى ئىسراپ قىلىشى هارامدۇر

باشقىلارنىڭ مال - مۈلكىگە ئاشكارا ياكى يوشۇرۇن هالدا تاجاۋۇز قىلىش هارام بولغاندەكلا، هەر كىشى ئۆزىنىڭ مال - مۈلكىنى بۇزۇپ - چېچىپ، يوق قىلىۋېتىشمۇ هارامدۇر. چۈنكى شەخسنىڭ مال - مۈلكىدە پۈتۈن مىللەتنىڭ هەققى بار بولىدۇ. مىللەت، هەرقانداق مۈلۈك ئىگىسىنىڭ ئارقىسىدىكى مۈلۈك ئىگىسىدۇر. بۇ سەۋەبتىن ئىسلام دىنى، ئۆزىنىڭ مېلىنى بۇزۇپ يوق قىلىۋېتىدىغان گاللىۋاڭ كىشىلەردىن ئۆز پۇل - مېلىنى بىر تەرەپ قىلىش هوقۇقىنى ئېلىپ، ئۇنى مىللەتكە بەرگەن. بۇ هەقتە قۇرئان كەرىم مۇنداق دەيدۇ: ئاللاھ تىرىكچىلىكىڭلارنىڭ ئاساسى قىلغان ماللىرىڭلارنى ئەخمەقلەرگە تۇتقۇزۇپ قويماڭلار، ئۇلارنى يېمەك - ئىچمەك، كىيىم - كېچەكلەر بىلەن تەمىنلەڭلار، ئۇلارغا چىرايلىق سۆز قىلىڭلار [نىسا سۈرىسى 5- ئايەت]

دېمەك بۇ ئايەتتە ئاللاھ تائالا پۈتۈن مىللەتكە مۇنداق دەپ خىتاب قىلغان: ماللىرىڭلارنى ئەخمەقلەرگە تۇتقۇزۇپ قويماڭلار. كۆرۈنۈشتە بۇ مال - مۈلۈك ئۇلارنىڭ بولغىنى بىلەن، لېكىن هەربىر شەخسنىڭ مال - مۈلكى هەقىقەتتە مىللەتنىڭ مال - مۈلكىدۇر.

ئىسلام - توغرىلىق ۋە ئوتتۇرا هاللىق دىنىدۇر، ئىسلام ئۈممىتىمۇ ئوتتۇراهال ئۈممەتتۇر، مۇسۇلمانمۇ بارلىق ئىشلىرىدا نورمالدۇر. مانا بۇ جەھەتتە ئاللاھ تائالا مۆئمىنلەرنى خۇددى ئۇلارنى پىخسىقلىق ۋە بېخىللىقتىن توسقاندەكلا، ئىسراپ قىلىش ۋە بۇزۇپ چېچىشتىن توسقان. ئاللاھ تائالا مۇنداق دېگەن: ئى ئادەم بالىلىرى! هەر ناماز ۋاقتىدا كىيىمىڭلارنى كىيىڭلار، يەڭلار ئىچىڭلار، ئىسراپ قىلماڭلار، ئاللاھ ئىسراپ قىلغۇچىلارنى هەقىقەتەن ياقتۇرمايدۇ [ئەئراف سۈرىسى 31- ئايەت] بۇزۇپ چاچمىغىن، بۇزۇپ چاچقۇچىلار هەقىقەتەن شەيتانلارنىڭ قېرىنداشلىرىدۇر [ئىسرا سۈرىسى 26-27- ئايەتلەر]

پۇل - مالنى ئورۇنسىز يەرلەرگە خەجلەپ بۇزۇپ - چېچىش دېگەن ئاللاھ هارام قىلغان هاراق، زەھەرلىك چېكىملىك ۋە ئالتۇن قاچا - قۇچىلارنى سېتىۋېلىشتەك ئاز ياكى كۆپ بولسۇن ئورۇنسىز يەرلەرگە پۇل خەجلەش بىلەن بولىدۇ. ياكى پۇل مالنى ئۆزىگە ۋە باشقا كىشىلەرگە ئورۇنسىز خەجلەپ بۇزۇپ - چېچىپ زايا قىلىۋېتىش ئارقىلىق بولىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام پۇل - مالنى زايا قىلىۋېتىشتىن توسقان.

## 927- سوئال: شېرىك ۋە ئۇنىڭ تۈرى

ئەڭ چوڭ گۇناھ - ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرۈشتۇر. شېرىك - ئېتىقاد، ئەمەل - ئىبادەتلەر ۋە دۇئالاردا ئاللاھقا باشقا بىرسىنى شېرىك قىلىپ قوشۇش دېگەنلىكتۇر.

شېرىك تەۋھىدنىڭ ئەكسىدۇر. شېرىك ئىككى تۈرلۈك بولۇپ، بىرى شېركۇلئەكبەر (چوڭ شېرىك) يەنە بىرى شېركۇلئەسغەر (كىچىك شېرىك) لەردىن ئىبارەتتۇر.

## 928- سۇئال: شېركۇلئەكبەرنىڭ ئالامەتلىرى

1 - كائىناتنى ئىدارە قىلىشتا ئاللاھتىن باشقىمۇ بەزى باشقۇرغۇچىلار بار، دەپ ئېتىقاد قىلىش. مەسىلەن: ئەۋلىيالار، قۇتۇبلار، پىرلەر ۋە مازايىي - ماشايىخلار كائىناتتىكى بەزى ئىشلارنى تەسەررۇپ قىلالايدۇ، دەپ ئېتىقاد قىلغانغا ئوخشاش. بۇ خىل شېرىك ئاللاھنىڭ تەسەررۇپاتىغا باشقىلارنى شېرىك قىلىۋالغانلىقتۇر.

2 - ئاللاھقا ۋە ئاللاھقا خاس سۈپەتلەرگە باشقىلارنى ئوخشىتىش. مەسىلەن: ئەۋلىيا، قۇتۇبلار، پالچىلار ۋە داخانلارنى غەيبنى بىلىدۇ، دەپ ئېتىقاد قىلغانغا ئوخشاش. بۇخىل شېرىك ئاللاھنىڭ كامالى سۈپەتلىرىگە باشقىلارنى شېرىك قىلىۋالغانلىقتۇر. چۈنكى غەيبلەرنى بىلىش ئاللاھقا خاس سۈپەت. ئاللاھ بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: «غەيبنىڭ خەزىنىلىرى ئاللاھنىڭ دەرگاھىدىدۇر. ئۇنى پەقەت ئاللاھ بىلىدۇ، قۇرۇقلۇقتىكى، دېڭىزدىكى نەرسىلەرنىڭ ھەممىسنى ئاللاھ بىلىدۇ، دەرەختىن تۆكۈلگەن ياپراقتىن ئاللاھ بىلمەيدىغان بىرەرسىمۇ يوق، مەيلى قاراڭغۇ يەر ئاستىدىكى بىرەر دانە ئۇرۇق بولسۇن، مەيلى ھۆل ياكى قۇرۇق نەرسىلەر بولسۇن، ھەممىسى ئاللاھقا مەلۇم بولۇپ لەۋھۇلمەھپۇزدا يېزىقلىقتۇر» [ئەنئام سۈرىسى 59 - ئايەت]. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: كىمكى ھەيزدار ئايال بىلەن جىما قىلسا ياكى ئايالىنىڭ ئارقىسىغا كەلسە ۋە ياكى كاھىننىڭ ئالدىغا بارسا، مۇھەممەد (سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ) گە چۈشۈرۈلگەن دىننى ئىنكار قىلغان بولىدۇ. (تىرمىزى: 135)

3 - ئۆلۈكلەردىن مەدەت تىلەش ۋە ئۇلاردىن كېسەللەرگە شىپالىق سوراش، پەرزەنت تىلەش ۋە بەرىكەت تىلەش، شۇنداقلا مەيلى تىرىك بولسۇن، مەيلى ئۆلۈك بولسۇن، ئاللاھتىن باشقا بىراۋنى تەبىئىي سەۋەبلەر ۋەتەبىئىي چارىلارنىڭ سىرتىدا كىشىلەرگە غەيبتىن ياردەم قىلالايدۇ، دەپ ئېتىقاد قىلىش. بۇخىل شېرىك ئىبادەتتە ۋە ياردەم سوراشتا ئاللاھقا باشقىلارنى شېرىك قىلىپ قوشىۋالغانلىقتۇر. چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر ھەدىسىدە: دۇئا ئىبادەتتۇر دېگەندىن كېيىن: {پەرۋەردىگارىڭلار ئېيتتىدۇ: ماڭا دۇئا قىلىڭلار، مەن دۇئايىڭلارنى قوبۇل قىلىمەن (تىلىگىنىڭلارنى بېرىمەن)، شۈبھىسىزكى، مېنىڭ ئىبادىتىمدىن چوڭچىلىق قىلىپ باش تارتىدىغانلار خار ھالدا جەھەننەمگە كىرىدۇ} (سۈرە غافىر، 60 - ئايەت)دېگەن ئايەتنى ئوقۇغان. (تىرمىزى: 3372)

بۇنداق قىلىش ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرگەندىن تاشقىرى، مۇسۇلمانلىقنىڭ «ساڭلا

ئىبادەت قىلىمىز ۋە سەندىنلا ياردەم سورايمىز» دېگەن ئاساسىي پرىنسىپىغا زىت كېلىدۇ. ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە، ئۆلۈكلەردىن نەرسە سوراشنىڭ ئاللاھقا ئۇلارنى شېرىك كەلتۈرگەنلىك ئىكەنلىكىنى ئوچۇق بايان قىلىدۇ: «ئەگەر ئۇلارنى چاقىرساڭلار، سىلەرنىڭ چاقىرغىنىڭلارنى ئاڭلىمايدۇ. ئاڭلىغان تەقدىردىمۇ سىلەرگە جاۋاب قايتۇرالمايدۇ، قىيامەت كۈنى (ئاللاھقا ئۇلارنى) شېرىك قىلغانلىقىڭلارنى ئىنكار قىلىدۇ» [فاتىر سۈرىسى 14 ـ ئايەت].

4 ـ ئاللاھنىڭ غەيرى ئۈچۈن قۇربانلىق قىلىش، يەنى ئەۋلىيالارنىڭ، پىرلەرنىڭ ۋە مازايى ـ ماشايىخلارنىڭ قوللىشىغا ئېرىشىمىز، دېگەن گۇمان بىلەن، ئۇلارغا ئاتاپ قۇربانلىق قىلىش، نەزىر ـ چىراغ ئۆتكۈزۈش، ھەتتا مازارلارغا بېرىپ ئۇلارنىڭ قەبرىلىرىگە ئاتاپ مال كېسىش قەتئىي ھارامدۇر. قۇربانلىق ـ ئىبادەت بولغانلىق سۈپىتى بىلەن، ئۇ پەقەت ئاللاھقىلا قىلىنىدۇ. ئاللاھ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا خىتاب قىلىپ، مۇنداق دەيدۇ: «پەرۋەردىگارىڭ ئۈچۈن ناماز ئوقۇغىن ۋە قۇربانلىق قىلغىن» [كەۋسەر سۈرىسى 2 ـ ئايەت].

پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئاتىسىغا لەنەت قىلغان كىشىگە، اللەنىڭ غەيرىگە ئاتاپ قان قىلغان كىشىگە، بىرەر جىنايەتچىنى پاناھلاندۇرغان كىشىگە، يول بەلگىلىرىنى ئۆزگەرتىۋەتكەن كىشىگە الله لەنەت قىلىدۇ. (مۇسلىم: 1978)

5 ـ سېھىرگەرلىك قىلىش. سېھىرگەرلىك ئەڭ چوڭ گۇناھلاردىن بولۇپ، سېھىرگەرلىك قىلغۇچىلار شەكسىز كاپىرلاردۇر. ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دەيدۇ: « ئۇلار سۈلايماننىڭ پادىشاھلىق زامانىدىكى شەيتانلارنىڭ (سېھىرگەرلىككە ئائىت) سۆزلىرىگە ئەگەشتى. سۈلايمان (سېھىرگەر بولغىنى ۋە سېھىر ئۆگىنىش بىلەن) كاپىر بولغىنى يوق، لېكىن شەيتانلار كىشىلەرگە سېھىر ئۆگىتىپ كاپىر بولدى. ئۇلار بابىلدىكى ھارۇت ـ مارۇت دېيىلىدىغان ئىككى پەرىشتىگە نازىل قىلىنغان سېھىرنى ئۆگىتەتتى. (بۇ ئىككى پەرىشتە) بىز كىشىلەرنى سىنايمىز كاپىر بولمىغىن، دېمىگىچە ھېچ كىشىگە سېھىر ئۆگەتمەيتتى. ئۇلار بۇ ئىككىسىدىن ئەر ـ خوتۇننى بىر ـ بىرىدىن ئايرىۋېتىدىغان نەرسىلەرنى (يەنى سېھىرگەرلىكنى) ئۆگىنەتتى، ئۇلار (سېھىر ئارقىلىق) اللەنىڭ رۇخسىتىسىز ھېچ كىشىگە زىيان يەتكۈزەلمەيتتى. ھالبۇكى، ئۇلار ئۆزلىرىگە زىيىنى بار، پايدىسى يوق نەرسىنى ئۆگىنەتتى. يەھۇدىيلار (تەۋراتنى تاشلاپ) سېھىرنى سېتىۋالغۇچىغا ئاخىرەتتە (اللەنىڭ رەھمىتىدىن ۋە جەننىتىدىن) ھېچ نېسىۋە يوق ئىكەنلىكىنى ئوبدان بىلەتتى، ئۇلار جانلىرىنىڭ بەدىلىگە سېتىۋالغان نەرسىسىنىڭ (يەنى ئۆزلىرى ئۈچۈن سېھىر

ئۆگىنىشنى تاللىشىنىڭ) ئەجەبمۇ يامان ئىش ئىكەنلىكىنى كاشكى بىلسە ئىدى » [بەقەرە سۈرىسى102 ـ ئايەت].

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: يەتتە خىل ھالاكەتلىك گۇناھتىن ساقلىنىڭلار! دېدى. بەزىلەر: ئى رەسۇلۇللاھ! ئۇلار قايسى گۇناھلار ؟ دەپ سورىغانىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا: اللەقا شېرىك كەلتۈرۈش، سېھىر قىلىش، ناھەق ئادەم ئۆلتۈرۈش، يېتىمنىڭ مېلىنى يەۋېلىش، ئۆسۈم يېيىش، جەڭدىن قېچىش، ئىپپەتلىك، پاك مۇسۇلمان ئاياللارغا بوھتان چاپلاش قاتارلىقلار، دېدى. (مۇسلىم: 89)

6ـ ئاللاھتىن باشقىسىنىڭ نامىنى ئاتاپ قەسەم قىلىش. چۈنكى قەسەم ـ ئەڭ ئۇلۇغ ۋە ئۇنىڭ جازالىشىدىن قورقىلىدىغان بىر زاتنىڭ نامىنى ئاتاش ئارقىلىق، بىرەر ئىشنىڭ راست ئىكەنلىكىنى تەكىتلەش دېمەكتۇر. ئۇنىڭ مەنىسى: «ئەگەر مەن يالغان ئىشقا قەسەم قىلغان بولسام، نامى ئاتالغان بو زات مېنى ئۇرسۇن» دېگەنلىكتۇر. شۈبھىسىزكى، ئۇلۇغلۇقنىڭ يېگانە ئىگىسى، قىلمىشلارغا يېتەرلىك جازا بەرگۈچى ۋە ئازابىدىن قورقۇلغۇچى زات ـ ئاللاھتۇر. ئاللاھتىن باشقىسىنىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلغۇچى، ئاللاھقىلا خاس بولغان ئۇلۇغلۇق ۋە قىلمىشلارغا جازا بېرىشتەك ئالىي سۈپەتلەرگە باشقىلارنى شېرىك قىلغۇچى بولىدۇ.

سەئد ئىبنى ئۇبەيدەدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما بىر كىشىنىڭ: كەئبە بىلەن قەسەمكى، دېگىنىنى ئاڭلاپ مۇنداق دېدى: اللەتىن باشقىسى بىلەن قەسەم قىلىشقا بولمايدۇ. چۈنكى مەن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ: كىمكى اللەتىن باشقىسى بىلەن قەسەم قىلىدىكەن، كاپىر بولغان ياكى اللەقا شېرىك كەلتۈرگەن بولىدۇ دېگەنلىكىنى ئاڭلىغانىدىم. (تىرمىزى1535)

ئاللاھتىن باشقىسىنىڭ نامى بىلەن قىلىنغان قەسەم شېرىك ۋە كۇپرىنىڭ جۈملىسىدىن سانالسىمۇ، ئۇ قەسەم ھېسابلانمايدۇ. چۈنكى قەسەم ئاللاھنىڭ مۇبارەك ئىسىملىرىنى تىلغا ئېلىش بىلەنلا قىلىنىدۇ. قەسەمنىڭ ئىبارىلىرى ئۈچ بولۇپ، ئۇلار: واللە (ۋەللاھى) تاللە (تەللاھى) ۋە باللە (بىللاھى) دىن ئىبارەت. شۇنىڭ ئۈچۈن كىشىلەرنىڭ «مېنى نان ئۇرسۇن»، «ئانداق بولۇپ كېتەي، بۇنداق بولۇپ كېتەي» دېگەنگە ئوخشاش سۆزلىرى قەسەمگە ياتمايدۇ.

ئەمما كىشى قەسەم قىلدىم دەپ: «مەن كاپىر بولۇپ كېتەي» دېگەنگە ئوخشاش سۆزلەرنى قىلغان ۋە قەسەمدە يالغان ئىشقا قەسەم قىلغان بولسا، ئۇ ئۆزىنىڭ دېگىنىدەك بولۇپ كېتىدۇ.

پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ”مەن ئىسلامدىن ئادا

جۇدا بولۇپ كېتەيكى... “ دەپ قەسەم قىلغان كىشى، ئەگەر بۇ سۆزنى يالغاندىن دېگەن بولسا، ئۆزى ئېيتقاندەك ئىسلامدىن ئادا جۇدا بولۇپ كېتىدۇ. ئەگەر (ئۇ سۆزنى) چىن كۆڭلىدىن ئېيتقان بولسا، ئۇ، ئىسلامغا ساغلام ھالەتتە قايتالمايدۇ (يەنى ھەقىقي مۇسۇلمان بولالمايدۇ). (نەسائى 3772)

7 ـ ئەۋلىيالار، پىرلەر ۋە مازايى ـ ماشايىخلارغا ئاللاھقا ئەقىدە قىلغاندەك ئەقىدە قىلىش، ئۇلارنى ئاللاھنى سۆيگەندەك سۆيۈش، ئۇلاردىن ئاللاھتىن قورققاندەك قورقۇش ۋە ئۇلارغا ئاللاھقا ئىبادەت قىلغاندەك چوقۇنۇش. ئاللاھ بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: « بەزى ئادەملەر اللهتىن غەيرىيلەرنى (يەنى بۇتلارنى) اللهقا شېرىك قىلىۋالىدۇ، ئۇلارنى (مۆئمىنلەرنىڭ) الله نى دوست تۇتقىنىدەك دوست تۇتىدۇ، (يەنى ئۇلۇغلايدۇ ۋە ئۇلارغا بويسۇنىدۇ). مۆئمىنلەر الله نى ھەممىدىن بەك دوست تۇتقۇچىلاردۇر، زالىملار (قىيامەت كۈنى ئۆزلىرىگە تەييارلانغان) ئازابنى كۆرگەن چاغدا پۈتۈن كۈچ ـ قۇۋۋەتنىڭ اللهقا مەنسۇپ ئىكەنلىكىنى ۋە اللهنىڭ ئازابىنىڭ قاتتىق ئىكەنلىكىنى كاشكى بىلسە ئىدى (دۇنيادا اللهقا شېرىك كەلتۈرگەنلىكلىرىگە ھەددىدىن زىيادە پۇشايمان قىلاتتى) » [ بەقەرە سۈرىسى 165 ـ ئايەت]. بۇ ئايەتتە، ئاللاھتىن غەيرىلەرنى، ئاللاھنى دوست تۇتقاندەك دوست تۇتۇپ، ئەقىدە قىلىشنى ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرگەنلىكنىڭ جۈملىسىدىن سانىغان. بۇ ئايەتنىڭ مەزمۇنىغا ئاساسەن، ئاللاھتىن باشقىسىدىن خۇددى ئاللاھتىن قورققاندەك قورقۇش ۋە ئۇلارغا ئاللاھقا ئىبادەت قىلغاندەك چوقۇنۇشمۇ شېرىكنىڭ جۈملىسىدىن سانىلىدۇ، ئەلۋەتتە.

8 ـ ئۇلۇكلەرنى ـ مەيلى ئۇلار پەيغەمبەر بولۇپ كەتسۇن، مەيلى ئەۋلىيا بولۇپ كەتسۇن ـ كىشىلەرگە پايدا ـ زىيان يەتكۈزەلەيدۇ، ھاجەتلەرنى راۋا قىلالايدۇ، دەپ ئېتىقاد قىلىش. ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دەيدۇ: «بېشىغا كۈن چۈشكەن ئادەم دۇئا قىلسا (ئۇنىڭ دۇئاسىنى) ئىجابەت قىلىدىغان، ئۇنىڭ بېشىغا كەلگەن ئېغىرچىلىقنى كۆتۈرۈۋېتىدىغان ۋە سىلەرنى زېمىننىڭ ئورۇنباسارى قىلغان كىم؟ ئاللاھتىن باشقا ئىلاھ بارمۇ؟ سىلەر ئازغىنە ۋەز ـ نەسىھەت ئالىسىلەر» [نەمل سۈرىسى 62 ـ ئايەت]. «ئەگەر ئاللاھ ساڭا بىرەر كۈلپەت يەتكۈزسە، ئۇنى ئاللاھتىن باشقا ھېچكىم كۆتۈرۈۋېتەلمەيدۇ، ئەگەر ئاللاھ ساڭا بىرەر ياخشىلىق يەتكۈزسە (ئۇچاغدا ئۇنىڭغا ھېچكىم ئارىلىشالمايدۇ)، چۈنكى ئاللاھ ھەر نەرسىگە قادىردۇر» [ئەنئام سۈرىسى17ـ ئايەت]

## 929ـ سۇئال: شىركۇلئەكبەرنىڭ ھۆكمى

شىركۇلئەكبەرنى سادىر قىلغان ئادەم ئىماندىن چىقىدۇ، ئۇنىڭ بۇرۇن قىلغان پۈتۈن ئەمەل ـ ئىبادەتلىرى بىكار بولۇپ كېتىدۇ. ئۇنىڭ گۇناھى كەچۈرۈم قىلىنمايدۇ، پەقەت

شېرىك كەلتۈرگۈچىنىڭ شېرىكتىن قەتئىي قول ئۈزۈپ، قايتا ئىمان ئېيتىشى ۋە گۇناھلىرىغا ھەقىقىي رەۋىشتە تەۋبە قىلىشى ئارقىلىق ئاللاھ خالىسا كەچۈرۈم قىلىنىدۇ. ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ: «ئاللاھ ئۆزىگە بىرەر نەرسىنىڭ شېرىك كەلتۈرۈلىشىنى (يەنى مۇشرىكلىك گۇناھىنى) ئەلۋەتتە مەغپىرەت قىلمايدۇ. بۇنىڭدىن باشقىسىنى (ئاللاھ ئۆزى) خالىغان ئادەمگە مەغپىرەت قىلىدۇ. كىمكى ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرىدىكەن، ئۇ ھەقىقەتەن قاتتىق ئازغان بولىدۇ» [نىسا سۈرىسى 116 ـ ئايەت].

## 930ـ سۇئال: شىركۇلئەسغەرنىڭ ئالامەتلىرى

1 ـ ئۆلۈكلەرنىڭ ۋاستىسى بىلەن ئاللاھقا يېقىنلىشىش مەقسىتىدە مازارلارنى تاۋاپ قىلىش. چۈنكى، تاۋاپ قىلىش پەقەت بەيتۇللاھتىكى «كەبە» گىلا خاستۇر. بەيتۇللاھتىن باشقا جاينى تاۋاپ قىلغان كىشى ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرگەن بولىدۇ. چۈنكى تاۋاپ ـ ئىبادەتتۇر. ئىبادەتنى ئاللاھتىن باشقىسى ئۈچۈن قىلىشنىڭ ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرگەنلىك ئىكەنلىكى ئېنىقتۇر. ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ: «(ھاجىلار) قەدىمى بەيت (يەنى بەيتۇللانى) تاۋاپ قىلسۇن» [ھەج سۈرىسى 29 ئايەت]. ئەمما قەبرىلەرنى زىيارەت قىلىش ئارقىلىق ئۆلۈمنى ئەسكە ئېلىش ۋە مازاردا ياتقان يېقىنلارغا دۇئا قىلىش ئۈچۈن مازارلارغا بېرىش ساۋابلىق ئىشتۇر.

2 ـ رىيا، يەنى ئەمەل ـ ئىبادەتلەرنى خالىس ئاللاھ ئۈچۈن قىلماستىن، باشقىلارغا كۆرستىش نىيتى بىلەن قىلىش. چۈنكى بەندىلەرنىڭ ئەمەل ـ ئىبادەتلىرىنى كۆزىتىش، ئۇلارغا ساۋاب بېرىش پەقەت ئاللاھقا خاستۇر. ئەمەل ـ ئىبادەتلەرنى باشقىلارغا كۆرستىش ئۈچۈن قىلىش بولسا، ئاللاھنىڭ ئەمەللەرگە ساۋاب بېرىش ۋە ئۇلارنى كۆزىتىش سۈپىتىگە باشقىلارنى شېرىك قىلىپ قوشۇۋالغانلىق بولىدۇ. ئاللاھ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: «كىمكى، پەرۋەردىگارىغا مۇلاقات بولۇشنى ئۈمىد قىلىدىكەن، (يەنى ساۋاب ئۈمىد قىلىپ، ئازابىدىن قورقىدىكەن) ياخشى ئىش قىلسۇن، پەرۋەردىگارىغا قىلىدىغان ئىبادەتكە ھېچكىمنى شېرىك كەلتۈرمىسۇن» [كەھف سۈرىسى 110 ـ ئايەت].

3 ـ ئاللاھقا ئاسىيلىق بولىدىغان ئىشلاردا باشقىلارغا بويسۇنۇش. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەرقانداق بىر مۇسۇلماننىڭ، مەيلى ئۇ ياخشى كۆرگەن ياكى يامان كۆرگەن ئىشتا بولسۇن، گۇناھ بولىدىغان ئىشقىلا بۇيرۇلمىسا، باشلىقىنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ، بۇيرۇقىغا ئىتائەت قىلىشى ۋاجىب بولىدۇ. ئەگەر گۇناھ بولىدىغان ئىشقا بۇيرۇلسا، باشلىقنىڭ سۆزىنى ئاڭلاشقا ۋە ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلىشقا بولمايدۇ. (بۇخارى: 7144) چۈنكى ئىتائەت قىلىش، بويسۇنۇش پەقەت ئاللاھقىلا بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئاللاھقا ئاسىيلىق بولىدىغان ئىشلاردا ـ

پەزرلەرنى تەرك ئېتىش، شەرئەتتە مەنئى قىلىنغان ئىشلارنى قىلىش ۋە هارامنى هالال ئورنىدا قوللىنىش قاتارلىق ئىشلاردا ، باشقىلارغا بويسۇنغان كىشى (يەنى بىراۋدىن قورقۇپ ياكى ئۇنىڭ يۈز خاتىرىسى قىلىپ شونداق قىلغان كىشى)ئاللاهقا ئىتائەتتە شېرىك كەلتۈرگەن بولىدۇ. چۈنكى، ئاللاهقا ئاسىيلىق قىلىپ، باشقىلارغا بويسۇنغۇچىلار ئۇلارنى بويسۇنغان كىشىلىرىنى ئاللاهقا ئوخشاش، بەلكى ئاللاهتىن يۇقىرى كۆرگەن بولىدۇ ئەمەسمۇ؟!

## 931- سۇئال: شېركۇلئەسغەرنىڭ هۆكمى

شېركۇلئەسغەر - گۇناهى كەبىرىلەر (چوڭ گۇناهلار)دىن بولۇپ، ئۇنى سادىر قىلغۇچى ئاللاهقا تەۋبە قىلىپ شېرىكتىن يىراق بولۇش بىلەن ئۆزىنى هالاكەتلەردىن قۇتقۇزالايدۇ. شىركۇلئەسغەرنى سادىر قىلغان كىشى كاپىر بولۇپ كەتمەيدۇ، ئۇنىڭ باشقا ياخشى ئەمەللىرىمۇ بىكار بولۇپ كەتمەيدۇ. لېكىن هەر هالەتتە شېرىكتىن قاتتىق هەزەر قىلىش زۆرۈردۇر.

## 932- سۇئال: غەيرى مۇسۇلمانلارغا ئوخشىۋېلىش

مەيلى كىيىنىشتە بولسۇن، مەيلى ئىش - هەرىكەتلەردە بولسۇن، مەيلى هەر قانداق بىر ئىشتا بولسۇن مۇسۇلمان ئەمەس مىللەتلەرنىڭ ئۆرپ - ئادەتلىرىنى قوبۇل قىلىپ، ئۇلارنى دوراش ئۆزىنى ئۇلارغا ئوخشىتىۋالغانلىقتۇر.

## 933- سۇئال: غەيرى مۇسۇلمانلارغا ئوخشىۋېلىش ئىقىمىنىڭ تۈرلىرى

زامانىمىزدا ئۆزىنى مۇسۇلمان ئەمەس قەۋملەرگە ئوخشىتىۋېلىش ئېقىمى ۋە ئۇنىڭ تۈرلىرى ناهايىتى تېز تەرەققىي قىلماقتا. ئۇلاردىن بەزىلىرى تۆۋەندىكىچە:

1. قەبرىلەرنى قاتۇرۇش. قەبرىلەرنى قاتۇرۇش، باشقا دىندىكىلەرنىڭ قەبرىلىرىگە ئوخشىتىپ قۇرۇپ چىقىش. بۇنداق قىلىش پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالامنىڭ يولىغا خىلاپ كېلىدىغان يامان ئىشتۇر. دىنىمىزنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە، قەبرە پەقەت بىر غېرىچ تەخمىنەن 22.5 سانتىمېتىر ئېگىزلىكتە كۆتۈرۈلىدۇ. بۇ كىشىلەرنىڭ ئۇنىڭ قەبرە ئىكەنلىكىنى بىلىشى ۋە تونۇپ دۇئا قىلىشى ئۈچۈندۇر.

2. تۇغۇلغان كۈنىنى خاتىرىلەش. تۇغۇلغان كۈنىنى خاتىرىلەش ئادىتى خرىستىئان ئەقىدىسىدىن كەلگەن بولۇپ، ئۇلار ئىسا ئەلەيهىسسالامنىڭ تۇغۇلغان كۈنىنى ئەڭ مۇتىۋەر ئىبادەت ساناپ خاتىرىلەيدۇ.

3. ئاشىق مەشۇقلار بايرىمى. ئاشىق مەشۇقلار بايرىمى 270 - مىلادىيە يىلى 2- ئاينىڭ 14- كۈنى خرىستىئان چېركاۋلىرى تەرىپىدىن ئۆلۈم جازاسىغا يولۇققان خرىستىئان پوپ داي ۋالىنتايىننى خاتىرىلەش يۈزىسىدىن خرىستىئانلار پەيدا قىلغان، ئەسلىدە رىملىقلارغا ئائىت جاهىلىيەت قالدۇقلىرىدىن بولۇپ، هازىرقى زامان

خرىستىئانلىرى بۇ ئادەتنى بايرام شەكلىدە داۋاملاشتۇرماقتا.

4. يىل بېشى بايرىمى ـ مىلادىيە بايرىمى. يىل بېشى بايرىمى ئىسا ئەلەيھىسسالام تۇغۇلغان يىلنى قۇتلاش ئۈچۈن خرىستىئانلار يولغا قويغان بىر دىنىي بايرام بولۇپ، ئۇنىڭ پائالىيىتى خرىستىئانلارنىڭ بىر- بىرىگە سوۋغاتلارنى تەقدىم قىلىشى، يېشىل دەرەخنى تىكلەش، ئائىلە بويىچە خۇشاللىق تەنتەنىسى قىلىش، نوۋېل پاپانىڭ تەقلىدىنى ياساش بىلەن بولىدۇ. بۇ بايرام كرېسماس دەپ ئاتىلىدۇ. چۈنكى بۇ سۆز گرېكچىدىكى خرىستوس سۆزىنىڭ قىسقارتىلمىسىدۇر.

5. مۇندىن باشقا، ئانىلار بايرىمى، ئەر ـ ئاياللارنىڭ توي كۈنىنى خاتىرىلىشى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى مۇسۇلمانلار ئارىسىغا باشقا دىندىلەردىن كىرگەن ئادەتلەر بولۇپ، مۇسۇلمانلارنىڭ بۇلارنى دورىشى چەكلەنگەن ئىشلار قاتارىدىن ئورۇن ئالىدۇ. ھازىرقى ئىسلام دۇنياسىدىكى ئۆلىمالارنىڭ ھەممىسى بۇ ھۆكۈمدە بىردەك ئىتتىپاقتۇر. بىرەر ئۆلىمانىڭ يۇقىرىقى بايراملاردىن بىرەرسىنىمۇ جائىز سانىغانلىقى مەلۇم ئەمەس. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئۆزۈڭگە، ئايالىڭغا ۋە بالىلىرىڭغا يېگۈزگەنلىرىڭنىڭ ھەممىسى، ھەتتا خىزمەتچىڭگە يېگۈزگەنلىرىڭمۇ سەن ئۈچۈن سەدىقىدۇر. (ئەھمەد: 16727)

بۇ ھەدىسلەر مۇسۇلمان ئادەمنى كۈندىلىك ھاياتىدا، ئايالى ۋە پەرزەنتلىرىدىن باشقىلار ياخشى كۆرىدىغان ھەر قانداق كىشىسىگە ئۆزىنىڭ سۆيگىسىنى چىرايلىق سالام، تەبەسسۇم، ياخشى سۆز، گاھ سوۋغات ۋە ئۇلار خوشال بولىدىغان ھەر قانداق نەرسىلەر بىلەن نامايان قىلىپ تۇرۇشقا تەشەببۇس قىلىدۇ. خرىستىئانلار ئۆزلىرىنىڭ بايرام كۈنلىرى مۇناسىۋەتى بىلەن سۆيگەنلىرىگە يىل ئىچىدە بىر قانچە قېتىملا سوۋغا تەقدىم قىلسا، مۇسۇلمانلار ھەر ۋاقىت سوۋغىلارنى ئۆز ئارا تەقدىم قىلىشقا بۇيرۇلغان. خرىستىئانلار ۋە باشقىلار ئۆزلىرىنىڭ تۇغۇلغان كۈننى خاتىرىلەپ، خۇشاللىقتىن بايرام قىلسا، مۇسۇلمانلار ئاۋۋال ئۇلارغا بۇ ھاياتنى بەرگەن ئاللاھ تائالاغا مىننەتدارلىقنى ئىپادىلەپ شۈكرى ـ تەشەككۇر ئېيتىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۆزلىرىنىڭ بىر يىللىق ئۆمرى قىسقىرىغانلىقنى ۋە ئۆتكەن ئۆمرى ئىچىدە دۇنيالىق ۋە ئاخىرەتلىكى ئۈچۈن نېمىلەرنى قىلغانلىقنى ئەسلەپ ئۆتىدۇ، ياخشى قىلغان ئىشلىرىدىن سۆيىنىدۇ، يامان قىلغان ئىشلىرىدىن غەمكىن بولۇپ، مۇندىن كېيىنكى ئۆمرىدە نوقسانلىرىنى تولۇقلاشقا بەل باغلايدۇ. قىسقىسى تۇغۇلغان كۈن مۇسۇلمانلار ئۈچۈن ئۆز ـ ئۆزىدىن ھېساب ئېلىش ۋە ئۆمرىدىن بىر يىلى قىسقىرىغانلىقنى ھېس قىلىش كۈنىدۇر.

6. سالامنى ئۆزگەرتىش. باشقا مۇسۇلمانلارنىڭ« ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم» دەپ

سالاملىششىنىڭ ئورنىغا، باشقا مىللەتلەرنى دوراپ ياخشىمۇسىز سالاملىشىش توغرا ئەمەس. ئىسلامىي سالاملىشىش بىز ئۇيغۇرلارنىڭ مىڭ يىلدىن كۆپرەك ۋاقىتتىن بىرى ئادەتلىنىپ كەلگەن دىنىي ۋە مىللىي ئېسىل ئەنئەنىمىزدۇر. ئاللاھ تائالا مۇسۇلمانلارنى ئىسلامىي سالاملىششقا بۇيرۇپ :«سىلەرگە بىراۋ سالام بەرسە، ئۇنىڭغا تېخىمۇ ياخشى سالام بىلەن جاۋاب بېرىڭلار ياكى ئۇنىڭ سالىمىنى ئەينەن قايتۇرۇڭلار.»[ سۈرە نىسا 86- ئايەت] دەپ ئەمر قىلغان. دۇنيادا مۇسۇلمانلارنىڭ بۇ ئېسىل سالاملىشىش ئادىتىدىن ياخشى سالاملىشىش يوق. چۈنكى بۇنىڭدىكى ئامانلىق تىلەش ۋە ياخشى تىلەكلەردە بولۇشتىن ئىبارەت چىرايلىق سۆزلەر ھېچقانداق بىر دىن ۋە ھېچقانداق بىر مىللە تتە يوق. « سالام » سۆزى بىلەن « ئىسلام» سۆزىنىڭ سۆز يىلتىزى بىر بولۇپ، پۈتۈن ئىنسانىيەتكە تىنچلىق ئېلىپ كېلىشنى غايە قىلغان ئىسلام دىنى بىلەن پۈتۈن ئىنسانىيەتكە تىنچلىق، ئامانلىق تىلەيدىغان مۇسۇلمانلارنىڭ خاراكتېرىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

7. نەزىر ـ چىراغلارنى رېستورانلاردا ئۆتكۈزۈش ئادىتى. نەزىر ـ چىراغ پەقەتلا كەمبەغەللەرنىڭ، يېتىملەرنىڭ ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش موھتاج كىشىلەرنىڭ ھەققىدۇر. چۈنكى بايلارغا ۋە تۇرمۇشى نورمال كىشىلەرگە بېرىلىدىغان تائام زىياپەت دەپ ئاتىلىدۇ. ئەمما ھازىرقى ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە، نەزىر ـ چىراغ دېگەن بۇ ئادەت بايلارغا خۇشامەت قىلىش، يۈز ـ ئابرۇي قوغلىشىش، باشقىلار بىلەن بەسلىشىش ۋە باشقا كۆپلىگەن پەس غەرەزلەر ۋە يامان نىيەتلەرنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشنىڭ ۋاستىسى بولۇپ قالماقتا. رېستورانلاردا « نەزىر» دەپ بېرىلگەنلەر ئەمەلىيەتتە نەزىر ئەمەس، بەلكى خۇشامەت ۋە ئىسراپخورلۇقنىڭ گۇۋاھچىسى بولغان بىر خىل بايلار زىياپىتىدۇر. كەمبەغەللەر، يېتىملەر، ئاغرىقچان كىشلەر ۋە باشقىمۇ ئېھتىياج ئىگىلىرى شۇ ھەيۋەتلىك رېستورانلارنىڭ يېنىدىن ئەيمىنىپ ئاران ئۆتىدىغان تۇرسا، ئۇلار قانداقمۇ ئۇنىڭغا كىرەلىسۇن؟ كىممۇ ئۇلارنى چاقىرىدۇ؟ «ئۆيىمىز تار، مېھمان قوبۇل قىلالمايدۇ.» دېگۈچىلەر نەزىر ـ چىراغ ئۈچۈن ئاتىغانلىرىنى كەمبەغەللەرگە ۋە يېتىم ـ يېسىرلەرگە تارقىتىپ بەرسە بولىدۇ ئەمەسمۇ؟ !

8. ئاممۋى سورۇنلاردا ئەر ـ ئاياللارنىڭ ھەممە بىر يەردە ئولتۇرۇشى. ئىسلام دىنىمىزنىڭ كۆرسەتمىسى ۋە بىزنىڭ مىللىي ئۆرپ ـ ئادىتىمىز بويىچە، ئەرلەر بىلەن ئاياللار ھەممە بىرلىكتە بىر سورۇندا ئولتۇرمايدۇ. بەلكى ئەرلەر ئايرىم بىر زالدا، ئاياللار ئايرىم بىر زالدا ئولتۇرىدۇ. شۇڭا ئۇيغۇر مىللىي بىناكارلىقىدا ئۆيلەرنىڭ مەھرەمخانا ۋە مېھمانخانا دەيدىغان ئىككى زال بولىدۇ. مېھمانخانىغا ئەرلەرنى، مەھرەمخانىغا ئاياللارنى باشلايدۇ. مانا بۇ مىللىي ئەنئەنە، ئىسلامىي قائىدە.

# ئون توققۇزىنچى بۆلۈم . ئىسلام دىنىدىكى ھۆكۈمدارلىق تۈزۈملىرى

### 934-سۇئال: مۇسۇلمانلار ئۈچۈن باشلىقنىڭ زۆرۈرلىكى

مۇسۇلمانلار ئۈچۈن بىر باشلىقنىڭ تىكلىنىشى ئىسلام دىنىدا قىلىش ئەڭ مۇھىم بولغان ئىشلارنىڭ بىرىدۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن ساھابىلار (ئاللاھ تائالا ئۇلاردىن رازى بولسۇن!) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋاپات بولۇپ كەتكەن ۋاقتىدا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى يەرلىكىدە قويماي تۇرۇپلا ئەبۇبەكىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى مۇسۇلمانلارنىڭ باشلىقلىقىغا سايلاپ ئۇنىڭغا بەيئەت بەرگەن ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام دۈشەنبە كۈنى ۋاپات بولۇپ كەتتى. ساھابىلار سائىدە جەمەتىنىڭ سايىۋەنلىكىنىڭ ئاستىدا ئەبۇبەكرگە، ئۇنىڭ خەلىپە بولۇشىغا بەيئەت بېرىپ بولۇپ ئاندىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى سەيشەنبە كۈنى ياكى چارشەنبە يۇرۇيدىغان كېچە، ياكى چارشەنبە كۈنى يەرلىككە قويغان. « بىز ساڭا يەر يۈزىدە كىشىلەر ئارىسىدا ھۆكۈم قىلىش ھوقۇقىنى بەردۇق» (سۇرە ساد 26-ئايەت) مانا بۇ ئايەت كىشىلەر ئارىسىدا ئادىللىق بىلەن ھۆكۈم قىلىدىغان بىر باشلىقنى سايلاپ چىقىشنىڭ زۆرۈر ئىكەنلىكىنى ۋە كىشىلەرگە قىلىنغان زۇلۇم ۋە يولسىزلىقلارنىڭ سەۋەبى بولسا ھۆكۈمرانلارنىڭ ئۆز خاھىشلىرىغا ئەگىشىش ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ .

### 935-سۇئال: ئىسلام دىنىدىكى ھۆكۈمدارلىقنىڭ شەرتلىرى

مۇسۇلمانلارغا باشلىق بولىدىغان ئادەمدە تۆۋەندىكى شەرتلەرنىڭ تېپىلىشى لازىم.

1. مۇسۇلمان بولۇشى لازىم. چۈنكى كاپىرنىڭ مۇسۇلمانلارغا باشلىق بولۇشى توغرا ئەمەس.

2. ھۆر ئازات ئادەم بولۇشى لازىم . چۈنكى قۇل ئۆزىگە ئۆزى ئىگە بولالمايدىغان ھالەتتە تۇرسا، قانداقمۇ باشقىلارغا باشلىق بولالىسۇن؟

3. بالاغەتكە يەتكەن بولۇشى لازىم. چۈنكى بالاغەتكە يەتمىگەن كىچىك بالا باشقىلارغا باشلىق بولالمايدۇ.

4. ئەقلى ھۇشى جايىدا بولۇشى لازىم.

5. ئەر بولۇشى لازىم. چۈنكى ئىسلام دىنىدا ئاياللار سىرتقا چىقماي ئۆيلەردە ئولتۇرۇشقا بۇيرۇلغان. ئاياللار سىرتلاردا كۆپ كۆرۈلمەي ئۆزىنى ئادەملەرنىڭ كۆزلىرىدىن يىراق ساقلىشى لازىم.

## 936-سۇئال: مۇسۇلمانلارغا باشلىق بولىدىغان ئادەمنىڭ شەرتلىرى

مۇسۇلمانلارغا باشلىق بولىدىغان ئادەمنىڭ ئىسلام دىنىنىڭ ھۆكۈملىرىنى ئىجرا قىلالايدىغان، كىشىلەرگە زۇلۇم قىلغان ئادەمدىن ئۇلارغا ھەقلىرىنى ئېلىپ بېرەلەيدىغان، چېگرالارنى دۈشمەننىڭ ھۇجۇم قىلىشىدىن قوغدىيالايدىغان، مۇسۇلمانلارغا بىرەر خەتەرنىڭ كېلىشىدىن ئۇلارنى ساقلىيالايدىغان، ئىسلام دۆلىتىنىڭ تۇپراقلىرىنى باشقىلارغا تاتقۇزۇپ قويماي ساقلىيالايدىغان بولۇشى لازىم . ئەگەر باشلىق بولغاندا ئەسكەر تارتىپ ئەسكەرنىڭ ئالدىدا ماڭالايدىغان ئادەم بولۇشى لازىم. پاسىق ئادەمنى باشلىق سايلاش مەكرۇھتۇر. باشلىق بولغان ئادەم باشلىقلىققا سايلانغان ۋاقتىدا تەقۋادار بولۇپ، كېيىن پاسىق بولۇپ قالغان بولسا، ئۇ ئادەمنى باشلىقلىقتىن ئېلىۋېتىش لازىم. يۈز بېرىدىغان قالايمىقانچىلىقنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن باشلىقلىققا سايلام بىلەن ئەمەس كۈچ بىلەن كېلىۋالغان ئادەمنىڭ باشلىقلىقمۇ توغرا بولىدۇ.

## 937-سۇئال: ئىسلام دولىتىنىڭ ئاساسي قانۇنى

ئىسلام دولىتىنىڭ ئاساسي قانۇنى ئىسلام شەرىئىتىنىڭ ئۆزى بولۇپ، قۇرئان كەرىم بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەدىسلىرىدە كەلگەن ئەقىدە، ئىبادەت، ئەخلاق، مۇئامىلە، كىشىلىك ۋە كوللېكتىپ ئالاقىلار، دۆلەت تۈزۈمى، دۆلەتنىڭ تاشقى ئەللەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى، مۇئائىلىسى، جىنائىي ئىشلار قانۇنى، قاتارلىق بىر يۈرۈش قائىدە ـ تەرتىپلەر ۋە نىزاملارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئىسلام دۆلىتى يۇقىرىدا ئېيتىلغاندەك، دىن ئادەملىرى باشقۇرىدىغان دىن دۆلىتى ياكى ئاتىدىن بالىغا مىراس قالىدىغان ئېمپىراتورلۇق دۆلىتى ياكى " دىن بىزنىڭ ئىشلىرىمىزغا ئارىلاشمىسۇن " دەيدىغان سىكۇلارىزىم دۆلىتى ئەمەس، بەلكى ئاللاھنىڭ شەرىئىتى ھۆكۈم سۈرىدىغان، باشلىقلىرى خەلق تەرىپىدىن ئەركىن سايلىنىدىغان خەلق دۆلىتىدۇر.

## 938-سۇئال: ئىسلام دۆلىتىنىڭ تۇنجى رەئىسى

پەيغەمبىرىمىز ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن ئىسلام دىنىنى ئېلىپ كېلىپ، مۇتلەق ھاكىمىيەت ئاللاھ تائالاغا مەنسۇب ئىكەنلىكىنى ۋە ئۇزىنىڭ ئاللاھ بۇيرىغانلارنى يەتكۈزۈش ۋەزىپىسى بارلىقىنى ئېلان قىلغان ۋە مەدىنىگە ھىجرەت قىلىپ بارغىنىدىن كېيىن، ئۇ جايدا تۇنجى ئىسلام دۆلىتىنى تەسىس قىلغان بولۇپ، بۇ دۆلەتنىڭ تۇنجى ھاكىمى پەيغەمبىرىمىز ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام بولغان.

مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئۆزى دۆلەت رەئىسى، دىنىنىڭ بىردىنبىر رەھبىرى

بولسمۇ، ئۆزىنى ناھايىتى كەمتەر تۇتاتتى، ئەتراپىدىكىلەرگە قېرىنداشنىڭ قېرىندىشىغا قىلىدىغان مۇئامىلىسىنى قىلاتتى، ھەركىمگە ئىنتايىن مۇلايىم ئىدى، بىرەر كىشىگىمۇ ئازار بەرمەيتتى، قاتتىق سۆز قىلمايتتى. شۇڭا ئاللاھ تائالا ئۇنىڭغا مۇنداق دېگەن : «ئاللاھنىڭ رەھمىتى بىلەن سەن ئۇلارغا مۇلايىم بولدۇڭ، ئەگەر قوپال، باغرى قاتتىق بولغان بولساڭ، ئۇلار چۆرەڭدىن تارقاپ كېتەتتى.» [ئال ئىمران 159- ئايەت]

مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئۆزىنىڭ ئۇلۇغلىنىشىنى ۋە باشقىلاردىن ئالاھىدە پەرقلىق مۇئامىلە كۆرۈشنى خالىمايتتى، كىشىلەر ئارمان قىلىدىغان ئالىي ئۇنۋانلار بىلەن ئاتىلىشىنىمۇ ياقتۇرمايتتى. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئىنسانىيەتتە بولۇشقا تېگىشلىك گۈزەل ئەخلاقنىڭ ئەڭ ئۈلگىسىنى ياشىغان زات ئىدى. شۇڭا ئاللاھ تائالا ئۇنى ماختاپ «سەن ھەقىقەتەن بۈيۈك ئەخلاقتا ئىگىسەن.» دىدى. شۇ سەۋەبتىن، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ئەگەشكەنلەر ئۇنى جېنىدىنمۇ ئارتۇق سۆيەتتى. ئادەتتە مۇتلەق كۆپ سانلىق كىشىلەر ئۆزلىرىنىڭ پادىشاھلىرىغا ياكى قانداقلا بىر باشلىقلىرىغا ئۇلاردىن قورقۇپ ياكى خالىمىسىمۇ مەجبۇرىي ھالدا ئىتائەت قىلسا، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىدىكىلەر ئۇنىڭغا چەكسىز سۆيگۈ مۇھەببەت ۋە ۋاپىغا يەتكەن ئىخلاس ھەم ساداقەت بىلەن ئىختىيارىي ئىتائەت قىلاتتى .

مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىدىكى ساھابىلىرى ئۇنى ئاتا ئانىسىدىن، بالىلىرىدىن ۋە دۇنيادا قىممەتلىك سانالغان ھەر قانداق نەرسىسىدىن ئارتۇق سۆيەتتى. ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە : «پەيغەمبەر مۆمىنلەر ئۈچۈن جانلىرىدىنمۇ چاردۇر.» دېيىش ئارقىلىق ئۇلارنىڭ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا بولغان سۆيگۈ ئىخلاسىغا گۇۋاھ بولغان. چۈنكى ساھابىلار ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى ۋە ئۇنىڭ قەدىر قىممىتىنى ھەممىدىن بەك تونۇغان ۋە ئاللاھنىڭ مۇنۇ سۆزىگە ئەستايىدىل قۇلاق سېلىپ شۇ بويىچە ئىش كۆرگەن ئۈلگىلىك كىشىلەر ئىدى . «ئاللاھقا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىشىنىدىغان بىر قەۋمنىڭ ئاللاھقا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە دۈشمەن بولغانلارنى ئۇلارنىڭ ئاتىلىرى، ئوغۇللىرى، يا قېرىنداشلىرى، يا ئۇرۇق تۇغقانلىرى بولغان تەقدىردىمۇ دوست تۇتقانلىقىنى كۆرمەيسەن.»

## 939-سوئال: تۇنجى ئىسلام دۆلىتىنىڭ ئادالەتپەرۋەرلىكى

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەدىنە مۇنەۋۋەرە شەھرىدە تەسىس قىلغان تۇنجى ئىسلام دۆلىتى ئىنسانىيەت تارىخىدا تۇنجى قېتىم ئادالەت ۋە باراۋەرلىكنىڭ ئەڭ يۇقىرى ئۈلگىلىرىنى ياراتقان بولۇپ، بۇ ئەھۋال مۇسۇلمان ئەمەس قەۋملەرنىڭمۇ ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلىشلىرىغا تۈرتكە بولغان سەۋەبلەرنىڭ بىرى بولغان ئىدى.

چۈنكى تۈنجى ئىسلام دۆلىتىنىڭ قانۇن ــ پرىنسىپلىرىدا ۋە ھاكىمىيەت ماقامىدا، ئىرق، دىن، رەڭ ۋە دۆلەت ئايرىمچىلىقىدىن ھالقىغان ۋە ئىنسانلار خۇددى تاغاقنىڭ چىشلىرىغا ئوخشاش پاپ باراۋەردۇر، ئەرەبنىڭ ئەجەم (ئەرەب ئەمەس مىللەتلەر)گە، ئەجەمنىڭ ئەرەبكە، ئاق تەنلىكنىڭ قاراتەنلىككە، قارا تەنلىكنىڭ ئاق تەنلىككە ھېچقانداق ئارتۇقچىلىقى يوقتۇر. ئۇلار پەقەت ئاللاھ تائالاغا تەقۋالىق قىلىش بىلەنلا ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا بىر بىرىدىن ئارتۇق بولالايدۇ دېگەن ئىسلامي پرىنسىپنىڭ ئەڭ چېكىگە يەتكەن ئېسىل ئۈلگىلىرى نامايان بولغان ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئازادكەردىسى زەيدنىڭ ئوغلى ئۇسامەگە ئوخشىغان بىر قارا تەنلىك ساھابىنىڭ مەدىنە ئىسلام دۆلىتىگە تەۋە قوراللىق قىسىملارنىڭ باش قوماندانلىقىغا تەيىنلەنگەنلىكى، ئېپوپىيىلىك قارا تەنلىك بىلال ئىبنى رەباھنىڭ ئىسلام تارىخىدا تۈنجى مۇئەززىن بولۇپ سايلانغانلىقى ۋە باشقىلار بۇنىڭ مىسالىدۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تۈنجى ئىسلام دۆلىتىنىڭ تۈنجى رەئىسى بولغان بولسىمۇ، ئۆزىنىڭ ئۇلۇغلىنىشىنى ۋە ئۆزىگە ئالاھىدە ھەق تونۇلۇشىنى لايىق كۆتمەيتتى. پەيغەمبەرلىك ۋە ئىنسانلارغا ئەڭ ئالىي ماقامدىكى رەھبەرلىكتىن ئىبارەت بۇ كاتتا مەنسىپىدىن ئۆزى، ئائىلىسى، تۇغقانلىرى ۋە قانداقلا بىر يېقىن كىشىسىنىڭ پايدىسىغا قوللىنىشتىن تامامەن يىراق ئىدى، ھەتتا مۇسۇلمانلارنىڭ ئۇنىڭغا ئالاھىدە پەرقلىق ھۆرمەت كۆرسىتىشىنىمۇ خالىمايتتى. «ماڭا باشقا مىللەتلەر بىر بىرىنى ئۇلۇغلاپ ئورنىدىن تۇرۇشقىنىدەك ئورنۇڭلاردىن تۇرماڭلار» دېگەنلىكى بۇنى ئىپادىلەيدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۆيۈملۈك قىزى فاتىمە رەزىيەللاھۇ ئەنھاغا ئى مۇھەممەدنىڭ قىزى فاتىمە ! پۇل ــ مېلىمدىن خالىغىنىڭىزنى سورىسىڭىز سىزگە ياردەم قىلالايمەن. ئەمما ئاللاھنىڭ ئالدىدا سىزگە ھېچنەرسە قىلىپ بېرەلمەيمەن، ئەگەر مۇھەممەدنىڭ قىزى فاتىمە ئوغرىلىق قىلسا ئىدى، ئەلۋەتتە ئۇنىڭ قولىنى كەسكەن بولاتتىم، دېگەنلىكى ۋە ئۆزىنىڭ تۇغقانلىرىغا ئەي قۇرەيش جامائەسى ! ئۆزۈڭلارنى ئاللاھنىڭ ئازابىدىن قۇتقۇزۇڭلار، مەن سىلەرگە ھېچ نەرسە قىلىپ بېرەلمەيمەن، دېگەنلىكى، تاغىسى ئابباسقا، ئەي تاغا ! سېنىڭ ئۈچۈن ئاللاھنىڭ ئالدىدا ھېچ ئىش قىلىپ بېرەلمەيمەن دېگەنلىكى بۇنىڭ مىسالى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋاپات بولۇشىدىن بىرقانچە كۈن ئىلگىرىكى كېسەللىك ۋاقتىدا تاغىسى ئابباسنىڭ ئوغلى فەزل بىلەن كيوغلى ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىبنىڭ ياردىمى بىلەن مەسجىدكە چىقىپ مۇنبەردە ئولتۇرىدۇ ۋە مۇنداق دەيدۇ: ئەي خالايىق! مەن كىمنى بىرەر قامچا ئۇرۇپ سالغان بولسام، مەندىن ئىنتىقامنى ئېلىۋالسۇن، مانا مەن مۇرەمنى تۇتۇپ بەردىم. كىمنىڭ مېلىنى ئېلىۋالغان بولسام،

مەندىن ھازىرلا مېلىنى سورىسۇن، مانا بۇ مېنىڭ مال ــ دۇنيالىرىم. ماڭا ئۆچى بولغانلار مەندىن قورقمىسۇن، ئۇلارنى قورقۇتۇش مېنىڭ شەنىمگە ياراشمايدۇ. بىلىڭلاركى، مېنىڭ ئۇچۇن ئەڭ ياخشىلىرىڭلار مەندىن ھەققىنى تەلەب قىلغان ياكى ماڭا رازىلىق بەرگەنلەردۇر. مەن رەببىمنىڭ دەرگاھىغا كۆڭلۈم راھەت ھالدا بېرىشنى خالايمەن.

قىسقىسى، ئىسلام دىنىنىڭ ھەققانىيلىقى ۋە ئىسلام دۆلىتىنىڭ ئادالەتپەرۋەرلىكى چارەك ئەسىرلىك ئاز بىر ۋاقىت ئىچىدە پۈتۈن ئەرەب يېرىم ئارىلىنىڭ ئىسلام بايرىقى ئاستىدا بىرلىششىگە تۈرتكە بولغان ئىدى.

## 940ـ سۇئال: ئىسلام خەلىپىلىرىنىڭ ئادالەتپەرۋەرلىكى

خۇلەفائۇرراشىدۇن دەپ ئاتالغان ئۈلگىلىك خەلىپىلەرنىڭ ئادالەتپەرۋەرلىكتىكى ئەھۋالى خۇددى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئادالىتىگە ئوخشاش ئىدى. تۇنجى خەلىپە ئەبۇ بەكرى سىددىق رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ خەلىپىلىككە بەيئەت قىلىنغاندا، مۇنبەرگە چىقىپ تۇرۇپ، پۈتۈن مۇسۇلمانلارنىڭ ئالدىدا مۇنداق دىدى، ئەي خالايىق ! مەن سىلەرگە باشلىق بولۇپ سايلاندىم. مەن سىلەرنىڭ ئەڭ ياخشىلىرىڭلاردىنمۇ ئەمەسمەن، مەسئۇلىيىتىمنى ياخشى ئىشلىسەم ماڭا ياردەم قىلىڭلار، ئەگەر خاتالاشسام تۈزىتىڭلار. ئىككىنچى خەلىپە ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ خەلىپىلىككە سايلانغىنىدا مۇنداق دىگەن، ئەي خالايىق ! مېنىڭ قانداقلا بىر ئىشتا خاتالاشقىنىمنى بايقىغان ھامان ماڭا تۈزۈتۈش بېرىڭلار. چۈنكى مەنمۇ توغرا ــ خاتادىن خالىي بولالمايدىغان ئىنسانمەن. بۇ ئىككى خەلىپىدىن كېيىن كەلگەن ئوسمان ئىبنى ئاففان ۋە ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىبلارمۇ شۇ بويىچە ئىش كۆرگەن. شۇڭا ئۇلار " توغرا يولدا يۈرگۈچى خەلىپىلەر " دىگەن مەڭگۈلۈك شەرەپلىك ئۇنۋانغا ئېرىشكەن. تۆتىنچى خەلىپە ھەزرىتى ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىبنىڭ بىر تۆمۈر كىيىمى يوقاپ كەتكەن بولۇپ، ئۇنى بىر خىرىستىئاننىڭ يېنىدىن تېپىلغاندا، خەلىپە ئۇنىڭغا « بۇ ماڭا ئائىت » دەيدۇ. ھېلىقى خىرىستىئان كىشى «بۇ مېنىڭ، قايىل بولمىسىڭىز، مۇسۇلمانلارنىڭ قازىسى بار، شۇنىڭ يېنىغا بارايلى» دەيدۇ، شۇنداق قىلىپ ئىككىسى شۇ ۋاقىتتىكى ئىسلام دولىتىنىڭ قازىسى شۇرھىيەنىڭ ھوزورىغا بارىدۇ ۋە خەلىپىمۇ قازىنىڭ ئالدىدا تىك تۇرىدۇ، بۇنى كۆرگەن قازى خەلىپىگە ھۆرمەت قىلغانلىقتىن ئۇنى ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلىدۇ. ئاندىن خەلىپە سۆزگە باشلاپ ئەي قازى بىزنىڭ دەۋايىمىزنى سورىغان بولسىڭىز دەيدۇ. قازى : خوش، ئى مۆمىنلەرنىڭ ئەمىرى قانداق دەۋايىڭىز بار ئىدى ! دەپ سورايدۇ. خەلىپە : بۇ تۆمۈر كىيىم مېنىڭ ئىدى، خېلى ۋاقىتتىن بىرى مەندىن يوقاپ كەتكەن ئىدى دەيدۇ. ھېلىقى خىرىستىئان بۇ

مېنىڭ  دەيدۇ. بۇ ۋاقىتتا قازى: بۇ تۆمۈر كىيىمنىڭ بۇنىڭ قولىدىن چىقىشىغا ئىشەنمەيمەن، ئەي مۆمىنلەرنىڭ ئەمىرى ! سىزنىڭ ئىسپاتىڭىز بارمۇ دەيدۇ. خەلىپە: راست ئېيتتىڭىز، مېنىڭ ئىسپاتىم يوق دەيدۇ. بۇ ئەھۋالدىن قاتتىق تەسىرلەنگەن ھېلىقى خىرىستىئان ئادەم:  مۆمىنلەرنىڭ ئەمىرى ئۆزىنىڭ تەيىنلىگەن قازىسىنىڭ ھوزۇرىغا كەلدى، ئاندىن قازى ئۇنىڭ زىيىنىغا ھۆكۈم قىلدى، مەن  شۇنداق گۇۋاھلىق بېرىمەنكى، بۇ چوقۇم پەيغەمبەرلەرنىڭ خىسلىتىدۇر. ئەي  مۆمىنلەرنىڭ ئەمىرى ! بۇ كىيىم سىزنىڭ ئىدى، بىر زامانلاردا سىزنىڭ ئېتىڭىزنىڭ  ئۈستىدىن چۈشۈپ قالغاندا، ئۇنى مەن ئېلىۋالغان ئىدىم. مەن بۈگۈن مۇسۇلمان بولدۇم دەپ، «ئەشھەدۇ ئەنلا ئىلاھە ئىللەللاھۇ ۋە ئەشھەدۇ ئەننە مۇھەممەدەن ئەبدۇھۇ ۋە رەسۇلۇھۇ» دېگەن شاھادەت كەلىمىسىنى ئوقۇيدۇ. بۇ ۋاقىتتا خەلىپە: «سەن مۇسۇلمان بولدۇڭ، مۇبارەك بولسۇن، بۇ كىيىم سېنىڭ بولۇپ كەتسۇن  دەپ كىيىمنى ئۇنىڭغا بىرىۋېتىدۇ ۋە ئۇنى يۆلەپ ئېتىغا مىندۈرۈپ قويىدۇ.

### 941-سۇئال: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ زامانىدىكى كېڭەش ئەزالىرى

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ زامانىدىكى كېڭەش ئەزالىرىنىڭ ئەڭ بېشىدا ھەزرىتى ئەبۇ بەكرى سىددىق رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ، ئۆمەر ئىبنى خەتتاب، ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىب، ئوسمان  ئىبنى ئاففان، تەلھە ئىبنى ئۇبەيدۇللا، زۇبەير ئىبنى ئەۋام، ئابدۇرراھمان ئىبنى ئەۋف  قاتارلىق ساھابىلار كېلىدۇ .

### 942-سۇئال: كېڭەش قىلىشنىڭ ماۋزۇسى

كېڭەش پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھايات ۋاقتىدا، ھەققىدە ۋەھيي  كەلمىگەن سىياسىي، ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي ۋە ھەر قانداق ئىشلاردا بولاتتى. ئەمما  دىنىي مەسىلىلەردە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام پەقەت ۋەھيىگىلا تاياناتتى. كېڭەش  پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن تا قىيامەتكىچە، ھەققىدە قۇرئان  كەرىم ئايەتلىرى ياكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەدىسلىرى كەلمىگەن، مۇسۇلمانلار ۋە مۇسۇلمانلار جەمئىيىتىگە مۇناسىۋەتلىك پۈتۈن ئىشلار ئۈستىدە بولىدۇ.

### 943-سۇئال: ئىسلام خەلىپىلىكلىرى ۋە دەۋىر سۈرگەن زامانى

ئىسلام خەلىپىلىكى قۇرئان كەرىم ۋە سۈننەتنى ئاساس قىلغان ئىسلام شەرىئىتىنى قانۇن قىلغان ئىسلام ھاكىمىيىتىنى كۆرسىتىدۇ. ئىسلام خەلىپىلىكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن 632 - يىلى مەدىنە مۇنەۋۋەرە شەھرىدە باشلىنىپ، 1924 - يىلى تۈركىيىنىڭ ئىستانبۇل شەھرىدە ئاخىرلاشقان.

### 944-سۇئال: خۇلەپائى راشىدىنلەر دەۋرى ۋە ئۇلارنىڭ خەلىپىلىرى

خۇلەفائۇرراشىدۇن دەۋرى ساھابىلارنىڭ دەۋرى بولۇپ، ئىسلام تارىخىدا بۇ دەۋر

ئەڭ كامالىغا يەتكەنلىكتىن، " ئىسلامنىڭ ئالتۇن دەۋرى " دەپ ئاتىلىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋاپات بولغاندىن كېيىن، ھەزرىتى ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ، ئۆمەر، ئوسمان ۋە ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇم قاتارلىق 4 كىشى ئارقا ــ ئارقىدىن مۇسۇلمانلارنىڭ خەلىپىسى بولغان. خۇلەفائۇراشىدۇن دەۋرى يۇقىرىقى 4 خەلىپە بىلەن ئاخىرلاشقان بولۇپ، بۇلاردىن كېيىن كەلگەنلەر ئىسلامنىڭ خەلىپىنى ئومۇم خەلقنىڭ ئاۋاز بېرىشى ئارقىلىق خەلق تەرىپىدىن سايلاپ چىقىش ئۇسۇلىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، خەلىپىلىكنى ئاتىدىن بالىغا مىراس قالدۇرۇشتىن ئىبارەت پادىشاھلىق تۈزۈمگە ئايلاندۇرىۋالغان.

## 945-سۇئال: ئەمەۋىيلەر دەۋرى

ئەمەۋىيلەر دەۋرى ــ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تاغىسىنىڭ ئوغلى ئەبۇ سۇفيان ئائىلىسىگە مەنسۇپ بولغان ئەمەۋىيلەر تەرىپىدىن قۇرۇلغان خەلىپىلىك بولۇپ، ئەمەۋىيلەر خەلىپىكىنىڭ تۇنجى خەلىپىسى مۇئاۋىيە ئىبنى ئەبۇ سۇفيان مىلادىي661 - يىلىدىن 680 - يىللار ئارىسىدا خەلىپىلىك قىلغان، ئەڭ ئاخىرقى خەلىپىسى مەرۋان ئىبنى مۇھەممەد مىلادىيە 744 - يىلىدىن 750 - يىللار ئارىسىدا خەلىپىلىك قىلغان ئىدى. بۇ خەلىپىلىك ئاۋۋال دىمەشقنى، ئاندىن ئىسپانىيەنى پايتەختى قىلغان ۋە 661 - يىلىدىن 750 - يىلغا قەدەر 89 يىل ھاكىمىيەت سۈرگەن بىر خەلىپىلىكتۇر.

## 946-سۇئال: ئەمەۋىيلەر دەۋرىدىكى ئىسلام دۆلىتى

ئەمەۋىيلەر دەۋرىدە ئىسلام دىنى دۇنيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىغا كەڭ تارقالغان بىر دەۋر بولۇپ، شۇ ۋاقىتتىكى ئىسلام دۆلىتىنىڭ چېگرىسى شەرقتىن جۇڭگوغىچە، غەربتىن ئىسپانىيەگىچە كېڭەيگەن. پايتەخت دىمەشق شەھرى ئىلىم ــ مەرىپەتنىڭ مەركىزىگە ئايلانغان. ئەمەۋىيلەر دۆلىتىنىڭ خەلىپىلىرى سانائەت، پەن ــ تېخنىكا، تىبابەت، تەپسىر، ھەدىس ۋە فىقھى ئىلىملىرىگە، شۇنداقلا ھەرتۈرلۈك ئىلىم پەن ۋە ئىسلام تەشۋىقاتىغا قاتتىق كۆڭۈل بۆلگەن بولۇپ، مۇسۇلمانلار پەن، مەدەنىيەتتە ۋە ئىلىم ــ مەرىپەتتە دۇنيا خەلقىنىڭ ئەڭ ئالدىغا ئۆتۈپ كەتكەن ئىدى. تۇنجى ئىسلامىي پۇل تىللا ئەمەۋىيلەر زامانىدا ئىجاد قىلىنغان. ئەمەۋىيلەر مۇندىن باشقا يەنە بىناكارلىقىقا زور ئەھمىيەت بەرگەن بولۇپ، دۇنيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىدا چوڭ تارىخىي مەدرىسە ۋە جامەلەرنى بىنا قىلغان. ئەمەۋىيلەر خەلىپىلىكى ئىسلام تارىخىدا ئەڭ چوڭ غەلىبىلەرنى قولغا كەلتۈرگەن ۋە ئىسلام دىنىنىڭ ئاسىيا، ئافرىقا، ياۋروپا قىتئەلىرىگە كەڭ تارقىلىشى يولىدا مىسلىسىز خىزمەتلەرنى كۆرسەتكەن بىر خەلىپىلىكتۇر.

## 947-سۇئال: ئابباسىيلار دەۋرى

ئابباسىيلار خەلىپىلىكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تاغىسى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئائىلىسىدىكىلەر تەرىپىدىن قۇرۇلغان ئىسلام خەلىپىلىكى بولۇپ، 750 ـ يىلدىن 1258 ـ يىلغا قەدەر 508 يىل ھاكىمىيەت سۈرگەن. بۇ خەلىپىلىكنىڭ تۇنجى خەلىپىسى ئەبۇ ئابباس ئىبنى سەففاھ 744 ـ 750 ـ يىللار ئارىسىدا خەلىپىلىك قىلغان، ئەڭ ئاخىرقى خەلىپىسى باغداتتا ئەبۇ ئەھمەد ئابدۇللاھ 1243 ـ 1258 ـ يىللار ئارىسىدا خەلىپىلىك قىلغان، قاھىرەدە ئەلمۇتەۋەككىل بىللاھ 1507 ـ 1516 ـ يىللار ئارىسىدا خەلىپىلىك قىلغان ئىدى. ئابباسىيلار خەلىپىلىكىنىڭ پايتەختى ئىككى بولۇپ، ئاۋۋال باغدات، ئاندىن مىسىرنىڭ قاھىرە شەھىرى بولغان. بۇ خەلىپىكىنىڭ قائىدىسى بويىچە، خەلىپە ئەمىرۇلمۇئمىنىن دەپ ئاتىلاتتى.

## 948-سۇئال: ئابباسىيلار دەۋرىدىكى ئىسلام دۆلىتى

ئابباسىيلار دەۋرى ھەر خىل تېمىدىكى ئىسلامىي ئەسەرلەرنى يېزىش، باشقا تىللاردىن تىببىي، ئەدەبىي، تارىخىي ئەسەرلەرنى، شۇنداقلا پايدىلىق ئىلمىلەرنى تەرجىمە قىلىش ئەڭ ئەۋجىگە يەتكەن بىر دەۋر بولۇپ، ئىسلام دۇنياسىدا بىردەك تونۇلغان مەشھۇر 4 فىقھى مەزھىبىنىڭ قۇرغۇچىلىرى، مەشھۇر مۇپەسسىرلەر ۋە ھەدىسشۇناسلار بۇ ئەسىردە ئۆتكەن. ئۇز ۋاقتىدا باغدات شەھرى ئىسلام خەلىپىكىنىڭ مەركىزى بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ئىلىم ـ مەرىپەتنىڭ ۋە ئۆلىمالارنىڭ مەركىزى بولغان ئىدى. ئابباسىيلار خەلىپىلىكى دەۋرىدە مۇسۇلمانلار ئەسىرلىرىنى تۇنجى قېتىم ئۆزلىرى ئىشلەپچىقارغان قەغەزگە بېسىپ چىقىرىشنى ئۆگەنگەن ۋە ئۇنى تەرەققى قىلدۇرغان ئىدى. مۇندىن باشقا شۇ دەۋردىكى مۇسۇلمانلار دۇنيادا تۇنجى بولۇپ «بەيتۇل ھىكمەت» دەپ ئاتىلىدىغان ئىلمىي تەتقىقات ئاكادېمىيىسىنى، رەسەتخانىلارنى، كۇتۇپخانىلارنى، تەرجىمە مەركەزلىرىنى بارلىققا كەلتۈرگەن بولۇپ، ئابباسىيلار دەۋرى ئىلىم ـ پەن ۋە مەدەنىيەت تازا گۈللەنگەن دەۋر ھېسابلىنىدۇ.

## 949-سۇئال: ئوسمانىيلار دەۋرى

ئوسمانىيلار دەۋرى ئىسلام خەلىپىلىكىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى دەۋرى بولۇپ، ئوتتۇرا ئاسىيادىن كەلگەن ئوغۇز تۈركلىرى تەرىپىدىن قۇرۇلغان ۋە 1299 ـ يىلدىن 1924 ـ يىلغا قەدەر 625 يىل ھاكىمىيەت سۈرگەن. ئوسمانىيلار خەلىپىلىكىنىڭ خەلىپىلىرى «سۇلتان» دەپ ئاتىلاتتى. 625 يىلدا 40 سۇلتان ھاكىمىيەت بېشىغا چىققان. ئوسمانىيلار خەلىپىلىكىنىڭ تۇنجى خەلىپىسى ئوسمان ئەرتۇغرۇل 1280 ـ

1300 ـ يىللار ئارىسىدا خەلىپىلىك قىلغان، ئەڭ ئاخىرقى خەلىپىسى ئىككىنچى ئابدۇلمەجىدخان 1922 ـ 1924 ـ يىللار ئارىسىدا خەلىپىلىك قىلغان ئىدى. ئوسمانىيلار خەلىپىكىنىڭ تۇنجى پايتەختى سۆگۈت(1299 ـ 1326) ئاندىن بۇرسا (1326 ـ 1365) ئاندىن ئەدىرنە (1365 ـ 1453) ۋە ئەڭ ئاخىردا ئىستانبۇل (1453 ــ 1922) بولغان.

## 950ـ سۇئال: ئوسمانىيلار دەۋرىدىكى ئىسلام دولىتى

ئوسمانىيلار خەلىپىلىكى پۈتۈن دۇنيا خەلقىگە ئىسلام دىنىنى تارقىتىشنى ئەڭ ئالدىنقى غايە قىلغان بولۇپ، ھەر قەدەمدە غەلىبىگە ئېرىشىپ ماڭغان. بولۇپمۇ ئوسمانىيلار خەلىپىلىكىنىڭ 9 ـ سۇلتانى مۇھەممەد فاتىھ (1451 ـ 1481 ـ يىللار ئارىسىدا خەلىپىلىك قىلغان) نىڭ دەۋرىدە ئىستانبۇل ئەسلى نامى قۇستېنتىنىيە ئازات بولۇپ، مۇسۇلمانلارنىڭ قولىغا ئۆتكەندىن كېيىن، ئوسمانىيلار خەلىپىلىكى زەپەر قۇچقان يېڭى بىر دەۋرگە كۆتۈرۈلگەن ئىدى. ئۇلار ئاسىيادىن قارا دېڭىزغىچە، بالقان يېرىم ئارىلىدىن گۇرۇزىيە، رۇمانىيە، بۇلغارىيە، كوسوۋا قاتارلىق جايلارغىچە كېڭىيىپ بارغانىنىڭ سىرتىدا، پۈتۈن ئەرەب ۋە ئافرىقا دۆلەتلىرىدىن ھالقىپ ئىتالىيىنىڭ جەنۇبى قىسمى، ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە شەرقى جەنۇبى ياۋروپاغىچە بولغان جايلاردا ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەن بولۇپ، شۇ ۋاقىتقا نىسبەتەن دۇنيادىكى ئەڭ چوڭ كۈچكە ئايلانغان. ئوسمانىيلار خەلىپىلىكى 1924 ـ يىلى ھازىرقى تۈركىيە جۇمھۇرىيىتىنىڭ قۇرغۇچىسى مۇستافا كامال ئاتا تۈرك تەرىپىدىن ئاغدۇرۇپ تاشلانغان.

## 951ـ سۇئال: جىھادنىڭ مەنىسى

جىھاد دېگەن سۆز مەنا جەھەتتىن قىينالماق ۋە مۇشەققەت تارتماق، دېگەنلىك بولىدۇ. جىھاد دېگەن سۆز ئىستىلاھ جەھەتتىن كاپىرلار بىلەن ئۇرۇش قىلىش ئۈچۈن قول، مال مۈلۈك ۋە تىل بىلەن كۆرەش قىلىش، دېگەنلىك بولىدۇ.

” جىھاد“ سۆزى ئەرەب تىلىدىكى ” جهد“ سۆزىدىن كەلگەن بولۇپ، ئەڭ زور تىرىشچانلىق كۆرسىتىش، كۈچىنىڭ بېرىچە تىرىشىش دېگەن مەنىلەرنىمۇ بىرىدۇ. تىرىش ۋە تىرىشچانلىق كۆرسىتىش، ئىككى قاتلاملىق مەنىگە ئىگە بولۇپ، بىرىنچى قاتلامدىكى مەنىسى شەخسنىڭ مەنۋىي جەھەتتىكى تىرىشچانلىقىنى، ئىككىنچى قاتلامدىكى مەنىسى شەخسنىڭ ماددىي تىرىشچانلىقىنى ئىپادىلەيدۇ. بۇ ھەققانىي ئۇرۇشلاردا تىرىشىپ كۈرەش قىلىشنى كۆرسىتىدۇ.

جىھادنىڭ بىرىنچى قاتلام مەنىسىدىكى تىرىشچانلىق كۆرسىتىش چوڭ جىھاد دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ شەخسنىڭ بارلىق كۈچىنى سەرپ قىلىپ بارلىق گۇناھ ــ مەسىيەت

ۋە ئازغۇنلۇقلارنى سۆپۈرۈپ تاشلاپ، قەلبىنى پاكلىشى ۋە تۈرلۈك گۇناھلاردىن، ئەخلاقسىزلىقلاردىن، خۇسۇسەن يالغانچىلىق، ئالدامچىلىق، گۇمانخورلۇق، كۆرەلمەسلىك، ئاچكۆزلۈك ۋە ئۆچمەنلىكلەرگە ئوخشىغان يامان ئىللەتلەردىن يىراق بولۇپ نەپسىنى پاكلىشى، قەلبىگە سۆيگۈ مۇھەببەت، مېھرى شەپقەت، ئادالەتپەرۋەرلىك، ياردەمسۆيەرلىكلەرگە ئوخشىغان ئېسىل خىسلەتلەرنى يەرلەشتۈرۈش ئارقىلىق ئاللاھ تائالانىڭ مەرھەمىتىگە، ئىلتىپاتىغا ۋە رازىلىقىغا ئېرىشىشىنى كۆرسىتىدۇ.

جىھادنىڭ ئىككىنچى قاتلام مەنىسىدىكى ھەققانىي ئۇرۇش، كىچىك جىھاد دەپ ئاتىلىپ، ھەققانىي ئۇرۇشنى توغرا يوسۇندا ئېلىپ بېرىشنى كۆرسىتىدۇ. ئۆلۈمگە ئۆزىنى ئېتىشنى تەقەززا قىلىدىغان ئۇرۇشنىڭ كىچىك جىھاد، نەپسىنى پاكلاپ، ئۆزىنى ئىسلاھ قىلىشنىڭ چوڭ جىھاد دەپ ئاتالغانلىقىغا ھەيران قالغۇچىلار بولسا، ئۇلارغا دەيمىزكى، ئادەم ئىچكىرى دۇنياسىنى ئىسلاھ قىلىپ، نەپسى شەيتاننىڭ ھەر تۈرلۈك ۋەسۋەسىلىرىنى يەڭمەي تۇرۇپ، قان تۆكۈشنى تەقەززا قىلىدىغان ئۇرۇش مەيدانىغا ئۆزىنى ئاتالمايدۇ.

## 952-سۇئال: جىھادنىڭ ھۆكمى

ئاللاھ يولىدا جىھاد قىلىش پەرز كىفايەدۇر. جىھاد بەزى شارائىتلاردا خۇددى بەش ۋاخ نامازغا ئوخشاشلا پەرز ئەين بولۇپ بەلگىلىنىدۇ.

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىمكى غازاتقا چىقماي ۋە غازات قىلىشنى كۆڭلىگىمۇ كەلتۈرمەي ئۆلسە، نىپاق ئالامەتلىرىدىن بىرىنىڭ ئۈستىدە ئۆلگەن بولىدۇ. ئابدۇللاھ ئىبنى مۇبارەك مۇنداق دېگەن: بىز بۇنى پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ زامانىدا (جىھادقا چىقمىغانلارنىڭ قانداق كىشىلەر ئىكەنلىكىنى بەلگىلەشتە) قوللىنىلغان ئۆلچەم بولۇشى مۇمكىن دەپ ئويلايمىز. (مۇسلىم: 1910)

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مەككە فەتھى بولغاندىن كېيىن، (مەككىدىن) ھىجرەت قىلىش ئاياغلاشتى. لېكىن جىھادقا چىقىشنى نىيەت قىلىش ۋە جىھادقا چىقىش داۋاملىشىدۇ. ئەگەر ئومۇمىيۈزلۈك ئۇرۇشقا چىقىش تەلەپ قىلىنسا، ئومۇمىيۈزلۈك چىقىڭلار! (بۇخارى: 2783)

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مۇشرىكلارغا قارشى جىھاد قىلىڭلار، مال مۈلكۈڭلار ۋە تىلىڭلار بىلەن جىھاد قىلىڭلار! (ئەبۇ داۋۇد: 2504)

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: دۈشمەن بىلەن ئۇچرىشىشنى ئارزۇ قىلماڭلار. ئەگەر ئۇلار بىلەن ئۇچرىشىپ قالساڭلار، غەيرەت بىلەن ئۇرۇشۇڭلار! (بۇخارى: 3026)

## 953-سۇئال: جىھادنىڭ قانداق شارائىتتا پەرز ئەينىگە ئايلىنىدىغانلىقى

جىھاد تۆۋەندىكى 3 شارائىتتا پەرز ئەينىگە ئۆزگىرىدۇ:

1 ـ جىھادقا تەيىنلىنىپ مۇجاھىدلارنىڭ سېپىگە قوشۇلۇپ بولغان كىشى ئۈچۈن جىھاد قىلىش پەرز ئەيندۇر.

2 ـ مۇسۇلمانلار تۇرىۋاتقان رايون ياكى دۆلەتكە دۈشمەنلەر بېسىپ كىرگەن ۋاقىتتا، پۈتۈن مۇسۇلمانلارغا جىھاد قىلىش پەرز ئەين بولۇپ بەلگىلىنىدۇ.

3 ـ دۆلەت تەرىپىدىن مەلۇم شەخسلەر جىھادقا چىقىشقا بەلگىلىگەن ۋاقىتتا، چىقىشقا بەلگىلەنگەن شەخسلەر ئۈچۈن جىھاد قىلىش پەرز ئەيندۇر.

## 954-سۇئال: ئىسلامي جىھادنىڭ پرىنسىپلىرى

1 ـ بىرىنچى بولۇپ ئۇرۇش ئاچماسلىق. بۇ پرىنسىپنى قۇرئان كەرىم مۇنداق بايان قىلغان: « سىلەرگە ئۇرۇش ئاچقان ئادەملەرگە قارشى ئاللاھ يولىدا جىھاد قىلىڭلار، تاجاۋۇز قىلماڭلار، تاجاۋۇزچىلارنى ئاللاھ راستىنلا ياقتۇرمايدۇ. » [ سۈرە بەقەر 190 ـ ئايەت]

2 ـ تاجاۋۇز قىلغۇچىلارغا زەربە بېرىشتە ئاشۇرىۋەتمەسلىك. بۇ پرىنسىپنى قۇرئان كەرىم مۇنداق بايان قىلغان: « بىراۋ سىلەرگە قانچىلىك چېقىلغان بولسا، سىلەرمۇ ئۇنىڭغا شۇنچىلىك چېقىلىڭلار. » [ سۈرە بەقەر 194 ـ ئايەت]

3 ـ دۈشمەنلەرنىڭ تىنچلىققا مايىل ئىكەنلىكى ياكى تاجاۋۇزچىلىقنى توختىتىدىغانلىقى بىلىنگەن ۋاقىتتا، ئۇلار بىلەن ئۇرۇش قىلماستىن تىنچلىق ئۈچۈن ھەرىكەت قىلىش. قۇرئان كەرىم بۇ پرىنسىپنى مۇنداق بايان قىلغان: « ئەگەر ئۇلار تىنچلىققا مايىل بولسا، سەنمۇ تىنچلىققا مايىل بولغىن، اللهقا تەۋەككۇل قىلغىن. الله (ئۇلارنىڭ سۆزلىرىنى) ئاڭلاپ تۇرغۇچىدۇر، (نىيەتلىرىنى) بىلىپ تۇرغۇچىدۇر. » [سۈرە ئەنپال 61 ـ ئايەت]

4 ـ ئۇرۇش قىلمىغانلارغا چېقىلماسلىق. «كۇففارلاردىن سىلەر بىلەن ئۇرۇش قىلمىغان ۋە سىلەرنى يۇرتۇڭلاردىن ھەيدەپ چىقارمىغانلارغا كەلسەك، ئاللاھ ئۇلارغا ياخشىلىق قىلىشىڭلاردىن، ئۇلارغا ئادالەتلىك بولۇشۇڭلاردىن توسمايدۇ. » [سۈرە مۇمتەھىنە 8 ـ ئايەت]

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەر قېتىم ئۇرۇشقا چىقىشتىن ئاۋۋال مۇسۇلمان

ئەسكەرلىرىگە تەلىمات بېرىپ: « سىلەرگە تىغ تەڭلىمىگەنلەرنى، ياشانغانلارنى، ئاياللارنى، بالىلارنى ئۆلتۈرمەڭلار ! زىرائەتلەرنى نابۇت قىلماڭلار، دۈشمەنلەرنىڭ بەدەنلىرىنى پارچىلىماڭلار، ئەسىرلەرنى خورلىماڭلار » دەپ جېكىلەيتتى.

5 ـ يامانلىق قىلغۇچىلارغا كەڭ قورساق، ئەپۇچان بولۇش، ئىمكانقەدەر ئۇرۇش قىلىشتىن ساقلىنىش. «سىلەر كەچۈرسەڭلار، كەچۈرگەن ئادەم تەقۋالىققا ئەڭ يېقىندۇ.» [سۈرە بەقەر 237 ـ ئايەت]

6 ـ يامانلىققا يامانلىق بىلەن جاۋاب بەرمەستىن، يامانلىققا ياخشىلىق بىلەن جاۋاب بېرىش ئارقىلىق دۈشمەننى دوستقا ئايلاندۇرۇش. « ياخشى ئىش بىلەن يامان ئىش باراۋەر بولمايدۇ، ياخشى خىسلەت ئارقىلىق يامان خىسلەتكە تاقابىل تۇرغىن، شۇنداق قىلساڭ سەن بىلەن ئۆزىنىڭ ئارىسىدا ئاداۋەت بار ئادەم گويا سىرداش دوستۇڭدەك بولۇپ قالىدۇ. » [پۇسسىلەت 34 ـ ئايەت]

مۇشۇنداق پولاتتەك ئىنتىزام ۋە قەتئىي پرىنسىپلاردىن ھالقىپ، ئىسلام نامىدىن خاتالىق ئۆتكۈزگەن ئىسلامىي جامائەتلەر ياكى تەشكىلاتلار بار دېيىلسە، ئىسلام دىنى ئۇلارنىڭ قىلمىشلىرىدىن قەتئىي مەسئۇل ئەمەس! بۇلارنى ئىسلام دىنىغا چېتىش ئوپئوچۇق ھەقسىزلىقتۇر.

## 955ـ سۇئال: جىھادنىڭ پەزىلىتى

ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: (غازىنىڭ ئائىلىسىنى يوقلاپ كېلىش ئۈچۈن ياكى جەڭ ئاخىرلىشىپ ئۆيىگە) قايتىش ئۈچۈن ماڭغان قەدىمىگە غازاتتا تۇرغانغا ئوخشاش ساۋاب بېرىلىدۇ. (ئەبۇ داۋۇد: 2487)

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ساھابىلىرىدىن بىرى تاتلىق سۇ چىقىدىغان كىچىك بىر بۇلاق بار جىلغىدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ، ئۇ سۇنىڭ سۈزۈكلىكىدىن ھەيران قالدى ۋە كۆڭلىدە: مەن ئىنسانلاردىن ئايرىلىپ، مۇشۇ جىلغىغا يەرلەشسەم بولغىدەك، بىراق مەن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن ئىجازەت ئالماي تۇرۇپ ھەرگىز ئۇنداق قىلمايمەن، دېدى. ئاندىن ئۇ نىيىتىنى پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە ئېيتتى. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: ئۇنداق قىلمىغىن. بىرىڭلارنىڭ اللە يولىدىكى جىھادتىن ئايرىلىپ قالماي تۇرۇشى ئۆيىدە 70 يىل ئوقۇغان نامىزىدىن ئەۋزەلدۇر. سىلەر اللەنىڭ گۇناھلىرىڭلارنى مەغپىرەت قىلىپ، جەننەتكە كىرگۈزىشنى خالىمامسىلەر؟ اللە يولىدا جىھاد قىلىڭلار. كىمكى تۆگە سۈتى يېلىنىغا يىغىلغانچىلىك (قىسقا ۋاقىت) بولسىمۇ اللە يولىدا جىھاد قىلسا، ئۇنىڭغا جەننەت

ۋاجىب بولىدۇ، دېدى. (تىرمىزى: 1650)

مۇئاز ئىبنى جەبەل رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: مەن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغانىدىم: كىمكى تۆگە سۈتى يېلىنىغا يىغىلغانچىلىك ئاز ۋاقىت بولسىمۇ اللە يولىدا جىھاد قىلسا، ئۇنىڭغا جەننەت ۋاجىب بولىدۇ. كىمكى چىن كۆڭلىدىن اللە يولىدا ئۆلۈشنى تىلىسە، ئاندىن ئۆلسە ياكى ئۆلتۈرۈلسە، ئۇنىڭغا شېھىدنىڭ ئەجرى بولىدۇ. كىمكى اللە يولىدا يارىلانسا ياكى زەخىملەنسە، قىيامەت كۈنى يارىسىدىن رەڭگى زەپىران، پۇرىقى ئىپاردەك خۇش پۇراقلىق قان بۇلدۇقلاپ تۇرغان ھالدا كېلىدۇ. كىمنىڭ بەدىنىگە اللە يولىدا بىرەر نەرسە چىقىپ قالسا، ئۇنىڭغا شېھىدلەرنىڭ تامغىسى ئۇرۇلىدۇ. (ئەبۇ داۋۇد: 2541)

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: ساھابىلار پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن: قايسى ئەمەل اللە تائالا يولىدا جىھاد قىلىشقا تەڭ كېلىدۇ؟ دەپ سورىدى. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: ئۇنى ئۆلچەشكە تاقىتىڭلار يەتمەيدۇ، دەپ جاۋاب بەردى. ئۇلار بۇ سوئالنى ئىككى ياكى ئۈچ قېتىم ياندۇرۇپ سورىدى. ھەر قېتىمدا پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: ئۇنى ئۆلچەشكە تاقىتىڭلار يەتمەيدۇ، دەپ جاۋاب بەردى. ئۈچىنچى قېتىمدا: اللە يولىدا جىھاد قىلغۇچىنىڭ مىسالى كۈندۈزى ئۇزۇلدۇرمەي روزا تۇتقان، كېچىسى ئۇخلىماي قىيامدا تۇرغان، ھەمىشە اللەنىڭ ئايەتلىرىنى ئوقۇغان، اللە تائالا يولىدا جىھادقا چىقىپ كەتكەن شۇ مۇجاھىد قايتىپ كەلگەنگە قەدەر روزا تۇتۇشتىن ۋە ناماز ئوقۇشتىن قىلچە سۇسلىشىپ قالمىغان كىشىگە ئوخشايدۇ، دېدى. (مۇسلىم: 1878)

يەنە بىر رىۋايەتتە مۇنداق دېيىلىدۇ: كۈندۈزى ئۇزۇلدۇرمەي روزا تۇتقان، كېچىسى ئۇخلىماي قىيامدا تۇرغان، اللەنىڭ بۇيرۇقلىرىغا قورققان ھالدا باش ئەگكەن، رۇكۇ ۋە سەجدە قىلغان (يەنى ناماز ئوقۇغان) كىشىنىڭ مىسالىغا ئوخشايدۇ. (نەسائى: 3127)

ئەبۇ سەئىد خۇدرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: ساھابىلار پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن: ئى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم! قانداق كىشى ئەڭ ئەۋزەل؟ دەپ سورىدى. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: اللە يولىدا جېنى ۋە مېلى بىلەن جىھاد قىلغان مۇئمىن، دەپ جاۋاب بەردى. ئۇلار: ئاندىن قالسىچۇ؟ دەپ سورىدى. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: اللەتىن قورقۇپ، ئىنسانلارغا زىيىنىم تەگمىسۇن دەپ، ئۇلارنى تاشلاپ، تاغ جىلغىلىرىدىن بىرىدە ياشىغان مۇئمىن، دەپ جاۋاب بەردى. (بۇخارى: 2786)

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر

سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: مەن سىلەرگە مەرتىۋە جەھەتتە ئىنسانلارنىڭ ئەڭ ياخشىسىنى ئېيتىپ بېرەيمۇ؟ دېدى. بىز: شۇنداق قىلغىن، ئى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم! دېدۇق. ئۇ: ئېتىنىڭ يايلىسىدىن تۇتۇپ، اللە تائالا يولىدا ئۆلگەن ياكى ئۆلتۈرۈلگەنگە قەدەر ئۇرۇش قىلغان كىشىدۇر، دېدى. ئاندىن: مەن سىلەرگە ئۇنىڭدىن بىر دەرىجە تۆۋەن تۇرىدىغان كىشىنى ئېيتىپ بېرەيمۇ؟ دېدى. بىز: شۇنداق قىلغىن، ئى رەسۇلۇللاھ دېدۇق. ئۇ: بىرەر جىلغىغا چىقىپ كېتىپ، نامازنى ئادا قىلغان، زاكاتنى بەرگەن، ئىنسانلاردىن ئايرىلىپ كېتىپ، ئۇلارنىڭ يامانلىقىدىن ساقلانغان كىشىدۇر، دېدى. ئاندىن: مەن سىلەرگە ئىنسانلارنىڭ ئەڭ يامىنىنى ئېيتىپ بېرەيمۇ؟ دېدى. بىز: شۇنداق قىلغىن، ئى رەسۇلۇللاھ دېدۇق. ئۇ: بىرى اللە تائالانىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىپ تۇرۇپ نەرسە تىلىسە، ئىمكانىيىتى بار تۇرۇپ ھېچ نەرسە بەرمىگەن كىشىدۇر، دېدى. (نەسائى: 2569)

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: اللەتىن قورقۇپ يىغلىغان كىشى سۈت ئەمچەككە قايتقانغا قەدەر دوزاخقا كىرمەيدۇ. اللە يولىدا قوزغالغان چاڭ توزاڭ بىلەن جەھەننەمنىڭ تۈتۈنى جەم بولمايدۇ (يەنى اللە يولىدا جىھاد قىلغان كىشى جەھەننەمگە كىرمەيدۇ). (تىرمىزى: 1633)

ئەبۇ ئەبس ئابدۇرراھمان ئىبنى جەبر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئىككى پۇتى اللە يولىدا (يەنى جىھادتا) توپىغا مىلەنگەن بەندىگە دوزاخ ئوتى تەگمەيدۇ. (بۇخارى: 2811)

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: اللە يولىدا (يەنى جىھادتا) كاپىرنى ئۆلتۈرگەن، ئاندىن توغرا يولدا ماڭغان ۋە ئوتتۇراھال يول تۇتقان مۇسۇلمان (دوزاختا) كاپىر بىلەن جەم بولمايدۇ. مۇئمىنىنىڭ قورسىقىدا اللە يولىدا كىرىپ كەتكەن چاڭ توزاڭ بىلەن جەھەننەمنىڭ تۈتۈنى جەم بولمايدۇ. اللەقا ئىمان كەلتۈرگەن بىر مۇئمىنىنىڭ قەلبىدە ئىمان بىلەن ھەسەت جەم بولمايدۇ. (نەسائى: 3109)

ئەبۇ سەئىد خۇدرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: ئى ئەبۇ سەئىد! كىمكى پەرۋەردىگارىنىڭ اللە، دىنىنىڭ ئىسلام، پەيغەمبىرىنىڭ مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بولغانلىقىدىن مەمنۇن بولسا، ئۇنىڭغا جەننەت ۋاجىب بولىدۇ، دېدى. مەن بۇ سۆزدىن ھەيران قېلىپ: ئى اللەنىڭ پەيغەمبىرى! ئۇ سۆزنى ماڭا قايتا ئېيتىپ بەرسەڭ، دېدىم. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم قايتا ئېيتىپ بەردى. ئاندىن: يەنە بىر ئەمەل

باركى، بەندىنىڭ جەننەتتىكى دەرىجىسى ئۇ ئەمەل بىلەن يۈز دەرىجە كۆتۈرۈلىدۇ. ھەربىر دەرىجىنىڭ ئارىلىقى ئاسمان زېمىننىڭ ئارىلىقىدەك كېلىدۇ، دېدى. مەن: ئى اللەنىڭ پەيغەمبىرى! ئۇ قايسى ئەمەل؟ دەپ سورىدىم. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: اللە يولىدا جىھاد قىلىشتۇر، اللە يولىدا جىھاد قىلىشتۇر، دەپ جاۋاب بەردى. (مۇسلىم: 1884)

ئەبۇ نەجىھ سەلەمى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: مەن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ: كىمكى (دۈشمەنگە) اللە يولىدا (يەنى جىھادتا) بىر تال ئوق تەگكۈزسە، شۇ ئوق جەننەتتە ئۇنىڭ مەرتىۋىسىنى بىر دەرىجە يۇقىرى كۆتۈرىدۇ، دېگەنلىكىنى ئاڭلاپ، شۇ كۈنى 16 تال ئوق تەگكۈزدۈم. مەن يەنە پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىدىم: كىمكى اللە يولىدا بىر تال ئوق ئاتسا، بىر قۇل ئازاد قىلغانغا تەڭ ساۋابقا ئېرىشىدۇ. (نەسائى: 3143)

ئەبۇ ئۇمامە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: اللە تائالاغا ئىككى تامچە ۋە ئىككى ئىزدىن سۆيۈملۈك نەرسە يوق. ئۇ ئىككى تامچىنىڭ بىرى، اللەتىن قورقۇپ ئاققۇزغان ياش تامچىسى؛ يەنە بىرى، اللە يولىدا تۆكۈلگەن قان تامچىسى. ئىككى ئىزغا كەلسەك، بىرى، اللە يولىدا جىھاد قىلىش يولىدا قالدۇرغان ئىز؛ يەنە بىرى، اللەنىڭ پەرزلىرىدىن بىرنى ئادا قىلىش يولىدا قالدۇرغان ئىز. (تىرمىزى: 1669)

## 956-سۇئال: شەھىدلىكنىڭ پەزىلىتى

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: جەننەتكە كىرگەن ھېچقانداق كىشى دۇنياغا قايتىشنى خالىمايدۇ. ئۇنىڭغا جەننەتتە دۇنيادىكى ھەممە تۈرلۈك نەرسىلەر بېرىلىدۇ. پەقەت شېھىد شېھىدلىكنىڭ پەزىلىتىنى كۆرگەندىن كېيىن، دۇنياغا ئون قېتىم قايتىپ، يەنە شېھىد بولۇشنى ئارزۇ قىلىدۇ. (بۇخارى: 2817)

ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: اللە يولىدا ئۆلتۈرۈلۈش پۈتۈن گۇناھلارنى يۇيىدۇ. پەقەت ئامانەت بۇنىڭدىن مۇستەسنادۇر. نامازدا ئامانەت بار، روزىدا ئامانەت بار، سۆزدە ئامانەت بار. بۇلارنىڭ ئەڭ ئېغىرى مال مۈلۈكتىكى ئامانەتتۇر. (ئەلكەبىر 10537)

مىقدام ئىبنى مەئدىكەرىب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: اللەنىڭ دەرگاھىدا شېھىدنىڭ مۇنداق ئالتە خىل ئارتۇقچىلىقى بار: دەسلەپتىلا ئۇنىڭ گۇناھلىرى مەغپىرەت قىلىنىدۇ؛ ئۇ

جەننەتتىكى ئورنىنى كۆرىدۇ؛ قەبرە ئازابىدىن قۇتۇلىدۇ؛ قىيامەت كۈنىدىكى ئەڭ چوڭ قورقۇنچتىن ئەمىن بولىدۇ ؛ كەمتەرلىك تاجى كىيدۈرۈلىدۇ، بۇ تاجنىڭ بىر تال ياقۇتى دۇنيا ۋە ئۇنىڭدىكى نەرسىلەردىنمۇ قىممەتلىكتۇر؛ شەھلا كۆزلۈك ھۆرلەردىن 72 سى جۈپتى قىلىپ بېرىلىدۇ؛ تۇغقانلىرىدىن 70 كىشىگە شاپائەت قىلىش ھەققى بېرىلىدۇ. (تىرمىزى: 1663)

پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ساھابىلىرىدىن بىرى مۇنداق دەيدۇ: بىر ئادەم پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن: ئى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم! شەھىدتىن نېمىشقا باشقا مۇئمىنلەردەك قەبرىدە (ئىككى پەرىشتىنىڭ سوئال سورىشى ئارقىلىق) ئىمتىھان ئېلىنمايدۇ؟ دەپ سورىغانىدى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: ئۇنىڭ بېشىدا ئوينىتىلغان قىلىچلارنىڭ يالت ـ يۇلتلىرى ئۇنىڭغا يېتەرلىك، دېدى. (نەسائى: 2053)

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: شەھىد ئۆلتۈرۈلگەندە، بىرىڭلارنىڭ چىمدالغان يېرىنىڭ ئاغرىقىنى ھېس قىلغىنىچىلىك ئاغرىق ھېس قىلىدۇ. (تىرمىزى: 1668)

سەھل ئىبنى ھۇنەيف رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىمكى ئاللاھتىن شەھىدلىكنى راستچىللىق بىلەن تىلىسە، گەرچە ئۇ كۆرپىسىدە ئۆلۈپ قالسىمۇ، ئاللاھ ئۇنى شەھىدلەرنىڭ ماقامىغا يەتكۈزىدۇ. (مۇسلىم: 1909)

مۇئاۋىيەنىڭ قىزى ھەسنائ مۇنداق دەيدۇ: تاغام ماڭا ھەدىس سۆزلەپ بېرىپ مۇنداق دېدى: مەن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن: كىم جەننەتتە بولىدۇ؟ دەپ سورىغانىدىم. ئۇ: پەيغەمبەرلەر، شەھىدلار، (تۇغۇلۇپ بالاغەتكە يەتمەي تۆرۈپ) چاچراپ كەتكەن باللار، تىرىك كۆمۈلگەن كىشىلەر جەننەتتە بولىدۇ، دېدى. (ئەبۇ داۋۇد: 2521)

### 957-سوئال: قانداق كىشىلەرنىڭ شەھىد ھېساپلىنىدىغانلىقى

سەئىد ئىبنى زەيد مۇنداق دەيدۇ: مەن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغانىدىم: كىمكى مال مۈلكىنى قوغداش يولىدا ئۆلتۈرۈلسە شەھىدتۇر. كىمكى دىنىنى قوغداش يولىدا ئۆلتۈرۈلسە شەھىدتۇر. كىمكى جېنىنى قوغداش يولىدا ئۆلتۈرۈلسە شەھىدتۇر. كىمكى خوتۇن باللىرىنى قوغداش يولىدا ئۆلتۈرۈلسە شەھىدتۇر. (تىرمىزى: 1421)

ئەبۇ جەئفەر مۇنداق دەيدۇ: مەن سۇۋەيد ئىبنى مۇقەررىنىنىڭ قېشىدا ئولتۇراتتىم. ئۇ مۇنداق دېدى: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: كىمكى ناھەق ئۆلتۈرۈلسە

شەھىدتۇر دېگەن. (نەسائى: 4096)

**958-سوئال: ئىسلامدىن كاپىرلىقتا چىقىرىدىغان ئىشلارنىڭ بايانى**

1. ئىسلام دىنىغا ئەڭ زىت ئىش ۋە ئەڭ چوڭ گۇناھ بولسا، ئاللاھ تائالاغا شېرىك كەلتۈرۈش ۋە ئۇنىڭغا تېنىشتۇر، ياكى پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئېلىپ كەلگەن ھەقىقەتكە تېنىشتۇر، دىل ياكى تىل ئارقىلىق دىنىنىڭ بىرەر ھۆكمىنى مەسخىرە قىلىشتۇر. بىر ئادەم ئەگەر دىلىدا كاپىر بولۇشنى نىيەت قىلمىسىمۇ ئەمما ئېغىزىدا ئۆز ئىختىيارى بىلەن كاپىرلىقتا ئېلىپ بارىدىغان بىرەر سۆزنى قىلسا، ئۇ ئادەم كاپىر بولۇپ كېتىدۇ. چۈنكى ئۇ ئادەم كاپىرلىقتا ئېلىپ بارىدىغان سۆزنى ئېغىزىدىن چىقىرىشقا رازى بولدى. ئۇ دىلىدا كاپىر بولۇشنى نىيەت قىلمىسىمۇ كاپىر بولۇپ كېتىدۇ. ئۇ خۇددى كاپىرلىقتا ئېلىپ بارىدىغان سۆزنى چاقچاق قىلىپ ئېيتقان ئادەمگە ئوخشاش. چاقچاق قىلىپ كاپىرلىقتا ئېلىپ بارىدىغان سۆزنى ئېغىزىدىن چىقارغان ئادەممۇ گەرچە دىلىدا ئۆزىنىڭ كاپىر بولۇپ كېتىشىگە رازى بولمىسىمۇ كاپىر بولۇپ كېتىدۇ. بىر ئادەمنىڭ ئېغىزىدىن چىقارغان سۆزلىرىنىڭ ئۇنى كاپىرلىقتا ئېلىپ بارىدىغانلىقىنى بىلمەسلىكى ئۆزرە بولالمايدۇ.

2. ئىسلام دىنىنى ياكى ئاللاھ تائالانى ياكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى تىللاش كاپىرلىقتا ئېلىپ بارىدىغان ئىشلاردىندۇر. مەسىلەن: ناماز ۋە روزىغا ئوخشاش قۇرئان كەرىم ياكى كۈچلۈك دەپ قارالغان ھەدىس، ياكى بارلىق ساھابىلارنىڭ سۆز بىرلىكى ئارقىلىق يولغا قويۇلغان، دىندا بىلىش زۆرۈر دەپ قارالغان بىر نەرسىگە ئىنكار قىلىشمۇ كاپىرلىقتا ئېلىپ بارىدىغان ئىشلاردىندۇر شۇنىڭدەك يەنە ئاللاھ تائالانىڭ بارلىقىغا ئىنكار قىلىش ياكى تەبىئەتتىكى نەرسىلەرنىڭ تەسىر كۈچى ئاللاھ تائالانىڭ ئىرادىسى بىلەن بولىدۇ، دېمەي ئۇ نەرسىلەرنىڭ ئۆزىدە ۋە تەبىئىيتىدە بار دەپ ئېتىقاد قىلىش ياكى پەرىشتىلەرنىڭ ياكى جىنلارنىڭ ياكى ئۈستۈمىزدە بىر نەچچە ئاسمانلارنىڭ بارلىقىغا ئىنكار قىلىش، ياكى ھاراققا ئوخشاش ھاراملىقى ئۆز ئىچىدىكى سەۋەبىنىڭ تۈپەيلىدىن كەسكىن دەلىل بىلەن ھارام قىلىنغان ھارام بىر نەرسىنى ھالال دەپ ئېتىقاد قىلىش كاپىرلىقتا ئېلىپ بارىدىغان ئىشلاردىندۇر. ئەمما باشقىلارنىڭ مال مۈلكىنى يېۋېلىشنى ھارام دەپ قارىماسلىق كاپىرلىقتا ئېلىپ بارىدىغان ئىشلاردىن ئەمەس. چۈنكى باشقىلارنىڭ قولىدىكى مال مۈلۈكنىڭ ھاراملىقى ئۇ مال مۈلۈكنىڭ ئۆز ئىچىدىكى سەۋەبىنىڭ تۈپەيلىدىن ئەمەس ئۇنىڭ باشقىلارنىڭ مال مۈلۈكى بولغانلىقى ئۈچۈندۇر.

3. شەرىئەتنىڭ ھۆكۈملىرىدىن بىرەر ھۆكۈمنى پەس كۆرۈش ياكى چاقچاق قىلىپ بولسىمۇ ئۆز ئىختىيارلىقى بىلەن كاپىرلىقتا ئېلىپ بارىدىغان بىرەر سۆزنى قىلىش

ياكى پەيغەمبەرلەرنىڭ بىرەرسىگە تەنە قىلىش ياكى بىر پەيغەمبەرگە پەيغەمبەرلىك ۋەزىپىسى ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن ئەمەس ئۇ ئۆزى ئەمەل ئىبادەت قىلىش ئارقىلىق قولغا كەلتۈرۈۋالغان ئىش دەپ قاراش ياكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھاگە ئوخشاش ئاياللىرىنىڭ بىرىگە بوھتان چاپلاش، ياكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەرلىكىنى ئىنكار قىلىش كاپىرلىقتا ئېلىپ بارىدىغان ئىشلاردىندۇر.

4. بۇ يەردە شۇنى ئەسكەرتىپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇكى، دىندا زۆرۈر دەپ قارالغان ئىشلاردا چۈشەنچە يەنى تەۋىل بايان قىلىش قوبۇل قىلىنمايدۇ ۋە شۇنداق قىلغان ئادەمنىڭ كاپىر بولۇپ كېتىدىغانلىقىغا ھۆكۈم قىلىنىدۇ.

## 959-سۇئال: ئىسلام تۈزۈمى ئۇقۇمى

ئىسلام تۈزۈمى دېگەن ئاتالغۇنى قىسقىچە تونۇشتۇرغان ۋاقتىمىزدا كەڭرى تارقالغان ئۇقۇم بىلەن تونۇشتۇرساق بولىدۇ: ئۇ دىن بىلەن دۆلەت، تەربىيە بىلەن ھۆكۈمەت، يۇقىرى نەمۇنە بىلەن مەنپەئەت، كوللېكتىپ روھى بىلەن دۆلەت، ئىرادە بىلەن كۈچ قۇۋۋەتتۇر.

ئىسلام تۈزۈمى يۇقىرىقى بىرىكمىلەردىن تەركىپ تاپقان ئېتىبارى بىلەن ئىككى ئاساسىنىڭ بولىشىنى تەقەززا قىلىدۇ: ئۇ بولسىمۇ ئىسلام جەمئىيىتى ۋە ئىسلام ھۆكمى.

بىرىنچىسى، تۈزۈم ماددىسى، ئىككىنچىسى بۇ تۈزۈمنىڭ شەكلىدۇر. مەسىلەن ئىسلام جەمئىيىتى ئىسلام ھۆكۈمىتىسىز كۈچكە مۇھتاج بولۇپ قالىدۇ. ئىسلام ھۆكۈمىتى ئىسلام جەمئىيىتىسىز خىيالى ياكى زالىم بولۇپ قالىدۇ.

## 960-سۇئال: خەلىپە ئۇقۇمىنىڭ مەيدانغا كېلىشى

دەسلەپكى ئىسلام دۆلىتى قۇرۇلدى، بۇ دۆلەتكە رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم دەستۇر ئىلان قىلدى، تەتقىقاتچىلار بۇ دەستۇرنى مەدىنە ۋەسىقىسى دەپ ئاتىشىدۇ. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ۋاپات بولىشى بىلەن تەڭلا يېڭى بىر ۋەزىيەت باشلاندى. بۇ ۋەسىقىدە: « قايسى بىر كىشى بولسۇن مەدىنە شەھرىدىن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ رۇخسىتىسىز چىقىشىغا بولمايدۇ» دەيدىغان ئاجايىب نەسمۇ(دەلىل) بار ئىدى.

دۆلەت رەئىسى بولغان رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ۋاپات تېپىشى بىلەن بۇ دەستۇر رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن كېيىنكى رەئىسكە تەتبىقلىنىشقا مۇمكىن بولمىدى، چۈنكى بىز يېڭى بىر ۋەزىيەت ئالدىدا، چۈنكى ئۇ مەدىنە ۋەسىقىسى توختامنىڭ بىر تۈرى بولۇپ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ

ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ۋاپات تېپىشى بىلەن توختامنىڭ ۋاقتى توشقان ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن ساھابىلەر خەلىپە سايلاشقا ۋە ئۇنىڭ ئورنىغا چۈشىدىغان بىر كىشىنى تاللاشقا ئالدىراشتى.

رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ۋاپات بولۇشتىن ئىلگىرى ئەرەب يېرىم ئارىلى ئىسلام دۆلىتىگە تولۇق بويسۇنۇپ بولغان، ساھابىلەر دەرھال بۇ دۆلەتكە رەئىس سايلاش مەسىلىسىدە ئىختىلاپ سەۋەبىدىن دۆلەتنىڭ ھەيۋىتىنىڭ ئاجىزلىشىشىدىن ئەنسىرەپ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنى دەپنە قىلىشتىن ئىلگىرى خەلىپە سايلاشقا ئالدىراشتى.

ساھابىلەر رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن كېيىن ھاكىمنى قانداق تاللاش توغرۇلۇق نەس (دەلىل) تاپالمىدى. شۇنىڭ بىلەن خەلىپىلىك مەسىلىسى مۇسۇلمانلارنىڭ مەنپەئەتى كۆزدە تۇتۇلۇپ كەسكىن بىر تەرەپ قىلىندى. ساھابىلەر ئىچىدىن پەقەتلا ھەزرىتى ئەبۇبەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رەئىس قىلىپ تاللاندى.

بۇ يەردە بىر ھەدىس بار: «خەلىپىلىك مەندىن كېيىن 30 يىل بولىدۇ، ئاندىن مىراسخور پادىشاھلىق بولىدۇ». ( سەھى ھەدىس). ھەدىستىكى خەلىپىلىكتىن مەقسەت رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ تۇتقان يولى بويىچە ھۆكۈم سۈرۈش. شۇنىڭ ئۈچۈن ساھابىلەر ھەزرىتى ئەبۇبەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ خەلىپىسى دەپ ئاتىدى. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ خەلىپە دېگەن نامنى بەنى سەقىفە قورۇسىدا ئىشلەتتى، ئىككىنچى قېتىم مەسچىتتە ئىشلەتتى، شۇنىڭ بىلەن خەلىپە سۆزى ئىستىمال قىلىنىدىغان بولدى.

## 961-سۇئال: ئەمىرۇلمۇئمىنىن ئاتالغۇسىنىڭ قوللىنىلىشى

خەلىپە دېگەن لەقەم ھەزرىتى ئەبۇبەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۆلۈپ كەتكىچە داۋاملاشتى، ئۇنىڭدىن كېيىن بىر ساھابە ھەزرىتى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رەئىسلىككە سايلانغاندا: ئۇنى ئەمىرمۆمىنىين دەپ ئاتىدى، مۇسۇلمانلار بۇ ئىسمغا قىزىقىپ ئەمىر مۆمىنىين دېگەن لەقەمنى ئىستىمال قىلىدىغان بولدى. قۇرئان ياكى سۈننەتتە ھاكىمنى مۇئەييەن ئىسىم بىلەن ئاتاش توغرىسىدا نەس (دەلىل) يوق، كىشىلەر ئۆزلىرىگە باشقىلاردىن پەرقلەندۇرۇپ تۇرىدىغان ئىسىمنى تاللاشتى، مۇسۇلمانلار ئۆزلىرىگە باشقا پادىشاھلاردىن ئايرىپ تۇرىدىغان ئىسىمنى تاللاشتى.

ئابباسىيە دەۋرى ئاخىرلاشقاندا ھەرەمنىڭ ئىمامى ئىمام جۇۋەينى"غىياس ئۇمەم"ناملىق كىتاۋىنى يېزىشقا باشلىدى، چۈنكى بۇ چاغدا مۇجتەھىد خەلىپە ياكى ئادىل قازىلار ياكى ئىجتىھاد قىلغىدەك ئالىملار يوق ئىدى.

### 962-سوئال: ئىسلامنىڭ ھازىرقى ھاكىمەت ئاتالغۇسى مەسلىسى

مۇسۇلمانلار ئەھۋالى بۈگۈنكىدەك مۇشۇنداق ئەھۋالغا يېتىپ قالغاندا قانداق يول تۇتۇپ مېڭىش توغرۇلۇق تۈزۈم يولغا قويۇپ بەردى. بىز ھازىر بۇ تۈزۈمنى دوراش ئەمەس، ئويلىنىپ كۆرسەك بولىدۇ، چۈنكى بۇ ئىجتىھاد، سىياسەتتىكى ئۇ ئىجتىھاد بۇ دەۋرگە ماس كەلمەيدۇ. بىزمۇ شۇنىڭغا ئوخشاش توغرا ئىسلام پىكرىنى تۇرغۇزۇش ئۈچۈن ئويلىنىشىمىز لازىم. بىزگە ھازىر خەلىپىنىڭ لەقەملىرى ياكى ناملىرى لازىم ئەمەس، ھەم ئۇ لەقەملەرنى قايتۇرۇپ كىلىشمۇ مۇھىم ئەمەس، مۇھىمى شەرىئەت روھى ۋە شەرىئەت مەقسەتلىرىنى تۇرغۇزۇش، ئىسلامنى قايسى نام بىلەن بولسۇن ئادالەت ۋە كېڭەش ئۇستىدە توغرا تەتبىقلاش، ئەركىنلىك ۋە ئامانلىقنى قولغا كەلتۈرۈشتۇر...ئەگەر شۇ ئىجتىھادى سىياسەت تۈزۈمنىڭ دەل ئۆزىنى قايتۇرۇپ كېلىپ، پۈتۈن جەمىيەتلەرگە ئومۇمىيۈزلۈك تەتبىقلاش ۋاجىب بولىدىغان بولسا ئايەت ياكى ھەدىستىن ئېنىق روشەن دەلىل پاكىت بولغان بولاتتى.

مۇسۇلمانلار ئارىسدا بىرلىكنىڭ شوئارى بولغان ھاكىم ياكى خەلىپە بولۇپ، شەرىئەت روھىنى تەتبىقلايدىغان، ئىسلامنىڭ ئاساسىنى تۇرغۇزىدىغان ۋە ئىسلامنىڭ مەقسەتلىرىنى رىئاللىققا ئايلاندۇرىدىغان، ئۈممەت ئارىسدا ئادالەت ۋە ئەركىنلىك قىممەت قارشىنى مەيدانغا چىقىرىدىغان (ئىسلام روھىدىكى) تۈزۈم ئامېرىكا قوشما شتاتى شەكلىدە بولامدۇ، ياكى ياۋرۇپا ئورتاق گەۋدىسى شەكلىدە بولامدۇ ياكى پىدرالىيە ھۆكۈمەت شەكلىدە بولامدۇ ياكى.... بولامدۇ قايسىدا بولسا ئىسلام ئۇنىڭغا يامان كۆزى بىلەن قارىمايدۇ. بەلكى ئالقىشلايدۇ.

خەلىپە رەئىس ياكى ئىمام ياكى سۇلتان ياكى باشلىق، ياكى ئەمىر مۆمىنىين ياكى.... دەپ ئاتالسۇن ئىسلام بۇنىڭغا نارازى بولمايدۇ، مەقسەت ئەمەلگە ئاشسا تەشەببۇس قىلىدۇ.

### 963-سوئال: خەلىپىلىك ئۇقۇمىنىڭ مەنىسى

خەلىپىلىك ـــ مۇسۇلمانلاردىن بىر كىشىنىڭ اللهنىڭ مۆمىن بەندىلىرى ئۈچۈن قۇرغان ئىلاھىي قانۇنغا ئۇيغۇن بىر شەكىلدە خەلققە رەھبەرلىك قىلىش ئۈچۈن تاللىنىشى بولۇپ، بۇ، ئىجتىمائىي ھاياتنى تەرتىپكە سېلىش ئۈچۈن زۆرۈر شەرتتۇر.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن كېيىن، مۇسۇلمانلار تەرىپىدىن سايلانغان خەلىپىلەرمۇ بۇ ۋەزىپىلەرنى ئۆز ئۈستىگە ئېلىپ، تولۇق ئىجرا قىلىشتى. خەلىپىلەر پەقەت ئىسلامنىڭ ھۆكۈملىرىنى خەلققە بىلدۈرۈپ قويۇش ئۈچۈنلا سايلانمايتتى. ئىسلام ئەھكاملىرىنىڭ ئۈزلۈكسىز ئىجرا قىلىنىشى ئۇلارنىڭ خەلىپىلىككە تەيىنلىنىشىنىڭ باشقا بىر سەۋەبى ئىدى. مانا مۇشۇ سەۋەبتىن، ئىسلامدا خەلىپىلىك

ئۇقۇمى بەكمۇ مۇھىم بىر مەنىگە ئىگە.

## 964-سۇئال: ئىسلامدا خەلىپىنى ۋۇجۇتقا كەلتۈرۈش شەكلى

ئىسلامدا خەلىپىلىك پەقەت كېڭەش مەجلىسى ئەزالىرىنىڭ خەلىپە نامزاتىغا بەيئەت قىلىشى بىلەن ئەمەلگە ئاشىدۇ. كېڭەش مەجلىسى ئەزالىرى دېگىنىمىز، جەمئىيەتتە ئادالەت، ئىلىم ۋە تەقۋا قاتارلىق پەزىلەتلىرى بىلەن تونۇلغان، كامىل شەخسىيەتلىك ۋالىيلارنى كۆرسىتىدۇ. ئەسلىدە بۇلار كېڭەش مەجلىسىنىڭ ئەڭ ئۈستى قاتلىمىدىكى بىر تەبىقە ھېسابلىنىدۇ. چۈنكى خەلىپىگە قويۇلغان شەرتلەر ۋالىيلارغىمۇ ئوخشاشلا قويۇلىدۇ. ئۇندىن باشقا خەلىپە كېڭىشى ۋالىيلارغا مەسلىھەتچى بولىدىغان ئادىل كىشىلەر بىلەن يەرلىك ھۆكۈمەتنىڭ كېڭەش ئەزالىرىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ۋالىيلار يەرلىك كېڭەش ئەزالىرىدىن خەلىپە ئۈچۈن بەيئەت ئالىدۇ. تۆت خەلىپە دەۋرىدە مەدىنە شەھرى دۆلەت مەجلىسىنىڭ مەركىزى ئىدى. چۈنكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ساھابىلىرىنىڭ كۆپىنچىسى ۋە رەھبەرلىكتە ۋەزىپە ئۆتەۋاتقان ۋالىيلارمۇ شەھەردە ئولتۇرۇشلۇق ئىدى.

ئۇ دەۋرلەردىكى سايلامغا زامانىمىزدىكىدەك پۈتۈن خەلق ئەمەس، بەلكى پەقەت كېڭەش ئەزالىرىلا قاتنىشاتتى. خەلقنىڭ كۆپچىلىكىنىڭ بەيئەت قىلىشى ئادەت ۋە نورمال ئىش بولسىمۇ، خەلىپىلەر بۇ ئىشقا بەك داغدۇغا كۆرسىتىپ كەتمەي، بەلكى پەقەت مۇسۇلمانلار ئارىسىدا تونۇلغان كىشىلەرنىڭ تەستىقىغىلا قارايتتى. كېڭەش ئەزالىرىنىڭ ھەممىسى ئەمەس، بەلكى كۆپچىلىكى بەيئەت قىلسا، شۇ كۇپايە ئىدى. ئۇلارنىڭ بەيئىتى بىلەن خەلىپە تەستىقلانغان بولاتتى. شۇڭا ئاز ساندىكى ساھابىنىڭ بەيئەت قىلماسلىقى بىلەن خەلىپە تەستىقتىن ئۆتمىگەن ھېسابلانمايتتى.

مانا مۇشۇ سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن، ئىسلام دىنى دۆلەتنىڭ ھەر تەرىپىگە يېيىلغان كېڭەش ئەربابلىرىغا بەيئەت قىلىشنى يېتەرلىك دەپ بىلىدۇ. يەرلىك ئەمەلدارلار، ۋالىي، ھاكىم ۋە خەلقمۇ بۇ كىشىلەرنى تونۇيدۇ ۋە ئۇلارغا ھۆرمەت بىلدۈرىدۇ. بۇ زاتلاردىمۇ خەلقنىڭ ھەق ۋە ھەقىقەتنىڭ سىرتىدا بىر نەرسە دېيىشىنى توسىدىغان اللّٰه قورقۇسى بار بولۇپ، ئۇلار اللّٰهنىڭ ئىنسانلارغا ئاتا قىلغان نېئمەتلىرىدۇر.

## 965-سۇئال: خەلىپىنى ھەرخىل ناملار بىلەن ئاتاشقا بولىدىغانلىقى

خەلىپىلىك دىننى تۇرغۇزۇش ۋە دۇنيانى باشقۇرۇشتىكى ئومۇمى رەئىسلىكتۇر، ئۇ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن قالغان ئورۇنباسارلىق بولماستىن كىشىلەردىن قالغان ئورۇنباسارلىقتۇر. خەلىپىنى رەئىس ياكى ئىمام ياكى ھاكىم ياكى ئەمىرمۆمىنىين ياكى سۇلتان ياكى باشلىق ياكى...دەپ ئاتاش دۇرۇس، خەلىپە دەپ ئاتاشقا دەلىل يوق. شۇنداقلا ئىسلامنىڭ سىياسى تۈزۈمىنىمۇ خەلىپە تۈزۈمى دەپ

ئاتاڭلار دەيدىغانغا ئېنىق دەلىل يوق.

## 966-سوئال: بەيئەت چۈشەنچىسى

بەيئەت مۇسۇلمانلار يۈرگۈزىدىغان سىياسى ئىش ھەرىكەتنىڭ ئوبرازلىق تەرەپلىرىنىڭ بىرسى، ئۇ ئىسلام ئېڭىدا ھۆكۈم تۈزۈمگە شەرئىلىكنى (قانۇنلۇقنى) قوشىدۇ. بەيئەت رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ دەۋرىدە دۆلەتنى قۇرۇشتىن ئاۋال بولغان. ئۇ ئىسلامنىڭ سىياسى جەمئىيەتنىڭ قۇرۇلىشىنىڭ شەرتنامىسى. پرىنسىپ، شەرىئەت ۋە كېڭەش بىلەن ئىش ئېلىپ بېرىش مەسىلىسىنى ئىلان قىلىدىغان ئۇسۇلدۇر.

بەيئەت ئىسلامنىڭ سىياسى ياكى خىلاپەتلىك تۈزۈمگە قوشۇلۇش، مۇسۇلمانلار ئاممىسىغا تەۋە بولۇش ۋە مۇسۇلمانلار ئىمامىغا ( باشلىقىغا) ئىتائەت قىلىش شەرتنامىسى، ئۇ ئەقىدە ئۇقۇمى ئاساسىدا تەسىس قىلىنىدىغان ئىنسانى شەرتنامىدۇر.

## 967-سوئال: بەيئەتنىڭ شەكىللىرى

رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن تارتىپ خەلىپىلىك تۈزۈمى ئەمەلدىن قالدۇرۇلغانغا قەدەر بولغان ئىسلام تارىخىنى قىدىرىپ تەكشۈرگەن كىشى بەيئەتنىڭ بىر قانچە خىل شەكلىنى ھېس قىلىدۇ:

1. قول ئېلىشىش ۋە سۆز ئارقىلىق تەكتلەش: رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ كۆپىنچە بەيئەتلىرى مۇشۇ خىل شەكىلدە ئېلىنغان.

2. سۆز ئارقىلىق: بۇ ئادەتتە ئاياللار بەيئىتىدە بولىدۇ. شۇنداقلا پىسى كىسەلگەن ئوخشاش كۆرۈشۈش ئىمكانىيىتى بولمايدىغان كىشىلەر بىلەن بولىدۇ.

3. يېزىق ئارقىلىق بولىدۇ: مەسىلەن، ھەبەش( ئېيوپيە) پادىشاھى نەجاشىنىڭ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمغا مەكتۇب يوللاپ بەرگەن بەيئىتى بۇنىڭ بىر مىسالىدۇر. ئۇ مەكتۇبىنىڭ ئاخىرىدا:«مەن ساڭا بەيئەت قىلدىم، تاغاڭنىڭ ئوغلىغا ۋە ساھابىلىرىڭغا بەيئەت قىلدىم، ئۇنىڭ قولى ئارقىلىق مۇسۇلمان بولدۇم» دەپ يازغان.

# يىگىرمىنچى بۆلۈم . ئىسلام مەدەنىيىتى

## 968-سوئال: ئىسلامدىكى مەدەنىيەت ئۇقۇمى

مەدەنىيەت(ھەزارەت) تارىخ بويى بىر مىللەتنىڭ پىكىر بايلىقى ۋە ئۇنىڭدىن كېلىپ چىققان ئىجادىيەت، كەشپىيات ۋە سانائەت، ماددى ئىشلەپچىقىرىش، ئەدەبىيات ۋە گۈزەل-سەنئەت، تۈزۈم ۋە قۇرۇلما، قىممەت قاراش ۋە پرىنسىپلىرىدا ھەسسە قوشقانلىقىنى ئىپادىلەش ئىدى.

مۇتەخەسسىسلەر مەدەنىيەت سۆزىنىڭ يىلتىزىنى بەلگىلەشتە بىرلىككە كېلەلمىدى. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى بۇ سۆزنىڭ تۈمۈرى مۇدۇن يەنى شەھەر دېگەن سۆز بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، ئادەملەر ياشايدىغان جاينى كۆرسىتىدۇ، دېسە، يەنە بەزىلەر، بۇ ئەرەبچىدىكى دان سۆزى بىلەن مۇناسىۋەتلىك، بۇ سۆز "دىن" ئۇقۇمىدىكى بويسۇنۇش، ئىتائەت قىلىش دېگەن مەنىلەرنى ئىپادىلەيدۇ، دېيىشىدۇ. بۇ سۆزنىڭ كېلىپ چىقىش مەنبەسىنىڭ قانداق بولىشىدىن قەتئىي نەزەر، مەنىسى ئىسلام دۆلىتىنىڭ مەيدانغا كېلىش جەريانى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇپ مەيدانغا كەلدى ۋە سىياسەت، ئىتائەت، بويسۇنۇش قاتارلىق مەنالار بىلەن بولغان زىچ مۇناسىۋىتىنى ساقلاپ كەلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام دەۋرىدە مەدەنىيەتنىڭ ئەرەب يېرىم ئارىلىدىكى ئىسلام دىنى ۋە ئۇنىڭ قائىدە- پرىنسىپلىرى بىلەن قويۇق ئالاقىسى بولغان.

## 969-سوئال: ئىمان مەدەنىيەتنىڭ قۇتقۇزغۇچىسى

ئىنساننىڭ دۇنياغا كېلىشى، بۇ دۇنيادىكى غايىسى، زېمىندىكى ۋەزىپىسى، كائىنات ۋە ھايات بىلەن، كائىنات ۋە ھاياتلىقنى ياراتقۇچى بىلەن بولغان ئالاقىسىنى بەلگىلەش ئۈچۈن ئەقىل ۋە ئىلىمدىن باشقا مەرىپەت مەنبەسى لازىم. بۇ مەرىپەت مەنبەسى ئىلاھىي ۋەھىيدىن باشقا نەرسە ئەمەس. ئۇنى ئىمان كەلتۈرۈشتىن باشقا يول بىلەن ئالغىلى بولمايدۇ. خىلمۇ-خىل دەۋرلەردە ئىنسانلار بۇنىڭغا ئۇرۇنۇپ باققان بولسىمۇ ساغلام نەتىجىگە يېتەلمىگەن. ساغلام ۋەھىيگە تايانغان ئىماننىڭ ئۆزى بىردىن بىر ئىشەنچلىك.

ئىمان چوڭ ۋۇجۇدىيەت مەسىلىرىنى شەرھلەپ بېرەلەيدۇ، ئىنساننى ئەزەلىي بولغان چوڭ ۋۇجۇدىيەتكە باغلىيالايدۇ، ئىمان ئىنساننىڭ ھاياتىغا تەبىئەت، غايە ۋە ۋەزىپە بەلگىلەپ بېرىدۇ. ئىمان شۇنداقلا ئىلىمنى بۇرۇلۇپ كېتىشتىن ساقلايدۇ، ئۇنى يامان يوللارغا ئىشلىتىشتىن توساپ قالىدۇ. ئىسلام مەدەنىيىتىنىڭ سايىسى ئاستىدا ئىماننىڭ كۆرسەتمىسى بىلەن تۇرغان ئىلىم-پەن پارلاق مەدەنىيەت تىكلىيەلەيدۇ ۋە

گۇللەندۇرىدۇ، ئىنسانلارنىڭ خىزمىتى ۋە ئۇلارنى بەختلىك قىلىش ئۈچۈن ئىشلەيدۇ.

ياۋرۇپادىكى ئىلىم ـ چىركاۋ بىلەن بولغان ئۇزۇن تارىخى زىددىيىتىنىڭ شارائىتى تۈپەيلىدىن ـ ئاللاھنىڭ ھىدايىتىدىن يىراق، ئىمان بىلەن ئالاقىسى ئۈزۈك تۇرغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنىڭ نەتىجىسىدە ھەر ۋاقىت ئىنسانىيەتكە تەھدىت سېلىۋاتقان خىمىيىلىك، بىئولوگىيىلىك قۇراللار، قىرغۇچى ۋە ۋەيران قىلغۇچى قۇراللار پەيدا بولدى.

ئىسلامنىڭ ئاچقۇچى ئىلىم ۋە چۈشەنچە بولغان بولسا، ئىسلامنىڭ جەۋھىرى ئىماندۇر، ئىماننىڭ جەۋھەرى تەۋھىددۇر.

« بىز قىيىن ھايات مۇشكۇللىرىمىزنى ئىلىم ـ مەرىپەتنىڭ تەرەققى قىلىشى بىلەن ھەل قىلىپ بولالمايمىز، بەخت ـ سائادەتنى يالغۇزلا ئىلىم ـ مەرىپەت يولى ئارقىلىق قولغا كەلتۈرەلمەيمىز. ئىلىم ـ پەننىڭ تەرەققى قىلىشىنىڭ مەنىسى ئىشلارنىڭ قالايمىقانلىششىنىڭ كۆپىيىشىدۇر، بۇ ئىلىملار ھاياتنىڭ ئۈچۈق ھەقىقەتلىرى بايرىقى ئاستىدا بىرلەشتۈرۈلمىسە، ئۇ چاغدا بۇ ئىلىملار، ئۇنى ئىجات قىلىپ چىققان ئەقىللەرنى ئازات قىلالمايدۇ. بەلكى ئەقىللارنىڭ ۋەيران بولۇشىغا باشلاپ بارىدۇ. بىرلەشتۈرۈش مەسىلىسى چوقۇم ئىمان يولى ئارقىلىق بولۇشى لازىم». ئاسمان ـ زېمىندا كۆرۈلىۋاتقان بۇ ئىجادىيەتلەر، ھەممە نەرسىنى پۇختا قىلغان ئاللاھنىڭ يارىتىشىدىن كەلگەن. ئاللاھ قۇرئاندا: «پەرۋەردىگارىمىز شۇنداق زاتتۇركى، ھەممە نەرسىگە (ئۆزىگە مۇناسىپ) شەكىل ئاتا قىلدى، ئاندىن ئۇلارغا ياشاش يوللىرىنى، پايدىلىنىدىغان نەرسىلەرنى كۆرسەتتى» دەيدۇ. (سۈرە ـ تاھا ـ 50 ـ ئايەت ). بىز مۆمىنلەر مۇشۇنداق ئىشىنىمىز. پەيدا بولۇشى، ئۇسۇلى، ئىجادىيىتى مانا مۇشۇنداق بولغان ئىلىم ـ پەننىڭ ئىنسانىيەتنىڭ بەخت سائادىتى ئۈچۈن سەۋەپ بولۇشى ۋە ئىنسانىيەت دۇچ كېلىۋاتقان بەختسىزلىكتىن ئىنسانىيەتنى قۇتقۇزغۇچى رولىنى ئېلىشىنى تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولمايدۇ. بەلكى بۇ ئىلىم ـ پەن ـ ئۇلارنىڭ پىسخولوگىيە ئالىملىرى ئېيتقاندەك ـ ئۇلارنىڭ بەختسىز بولۇپ قىلىش ۋە مەنۋىيىتىنىڭ قۇرۇق بولۇشىدىكى سەۋەپلەرنىڭ جۈملىسىدىندۇر.

## 970 ـ سۇئال: رەببانىيەت تەربىيەسىنىڭ موھىملىقى

ئىسلام تەربىيىسىدىكى رەببانىيەت يەنى ئاللاھنى تونۇشنى ئاساس قىلغان، يەنە بىر مەنا بىلەن ئېيتقاندا ئىماننى ئاساس قىلغان تەربىيە. «مۇسۇلمان قېرىنداشلار» چۈشەنگەندەك ۋە ئەمەلىيەتتە ئىجرا قىلغاندەك تەربىيىنىڭ ئەڭ مۇھىم، شەرەپلىك ھەم چوڭقۇر تەسىرگە ئىگە تەرىپى. ئىسلام تەربىيىسىنىڭ دەسلەپكى نىشانى: ئىمانلىق (ئاللاھقا ئىشەنگەن) ئىنساننى بارلىققا كەلتۈرۈش بولغىنى ئۈچۈن، شۇڭا ئىماننى ئاساس قىلغان تەربىيە ئەڭ مۇھىم دەيمىز.

## 971-سوئال: ئىماننىڭ مەنىسى

ئىسلام دىنى كۆرسەتمىسىدە ئىمان: ئېغىزدىكى قۇرۇق سۆز ياكى قۇرۇق داۋا بولماستىن، بەلكى ئۇ بىر ھەقىقەت بولۇپ، ئۇنىڭ نۇرى ئەقىلگە يەتسە، ئەقىل قانائەت قىلىدۇ، ۋىجدانغا يەتسە، ۋىجدان ئۆرلەيدۇ، ئىرادىگە يەتسە، ئىرادە ھەرىكەتلىنىدۇ ۋە باشقىلارنىمۇ ھەرىكەتلەندۈرىدۇ. ھەدىستە: «ئىمان دېگەن يۈرەكتە ئورۇنلاشقان، ئەمەلىيىتى ئۇنى تەستىقلىغان نەرسە» دېيىلىدۇ. ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ: (ھەقىقي) مۆئمىنلەر ئاللاھقا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىمان كەلتۈرگەن، ئاندىن (ئىماندا) شەك كەلتۈرمىگەن، ماللىرى بىلەن، جانلىرى بىلەن ئاللاھ يولىدا جىھاد قىلغانلاردۇر. (سۈرە ھۇجۇرات 15- ئايەت) ئىسلامنىڭ قارىشىدا ئىمان دېگەن: سۆزمەنلەر ۋە پەلسەپىچىلەر تونۇغاندەك، زېھىندە تونۇپلا قويۇشلا بولماستىن بەلكى، ئۇ ئىمان ئەگرىلىكتىن، ھەددىدىن ئېشىپ كېتىش ياكى بوشاڭلىق قىلىشتىن ساقلانغان، زېمىننى پايدىلىق ھالدا توغرا گۈللەندۈرۈشكە، ھاياتقا ياخشىلىق بېغىشلاشقا، توغرا يولغا يېتەكلەشكە ئېلىپ بارغان ھالدىكى يۇقىرىقىلارنىڭ بىر پۈتۈن جۇغلانمىسىدۇر.

## 972-سوئال: ئىسلام تەربىيىسىدىكى ئىبادەتنىڭ مەنىسى

ئىبادەت دېگەن سۆز: ئومۇمى مەنىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا- ئاللاھ رازى بولىدىغان ۋە ياخشى كۆرىدىغان ھەممە سۆز- ھەرىكەتنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بىر ئىسىمدۇر. بىز بۇ يەردە ئىبادەت دېگەن سۆزنىڭ خۇسۇسىي مەنىسى بولغان دىنى پائالىيەتلەرنى ئادا قىلىش، ئاللاھنى ئەسلەش ۋە ئاللاھقا شۈكرى قىلىش ئارقىلىق ئاللاھقا يېقىنلىشىش ۋە ئىبادەت قىلىش دېگەن مەنىنى مەقسەت قىلىمىز.

1. پەرز ئەمەللەرگە ئەھمىيەت بېرىپ ئۇنى بەك مۇھىم بىلىش. چۈنكى ئاللاھ تائالا پەرز ئادا قىلىنماي تۇرۇپ، قىلىنغان نەپلە ئەمەللەرنى قوبۇل قىلمايدۇ. ئىمام بۇخارى رىۋايەت قىلغان ھەدىس قۇددۇسىدا مۇنداق دېيىلىدۇ: «ئاللاھ ئېيتتى: بەندەم مەن بەندەمگە پەرز قىلغان ئەمەللەردىنمۇ مەھبۇبراق نەرسىنى قىلىش بىلەن ماڭا يېقىن بولالمايدۇ». شۇڭلاشقا، پەرز ئەمەللەرنى ھەر قانداق ۋاقىتتا بوشاڭلىق قىلىپ، سەل قاراپ تاشلاپ قويۇشقا بولمايدۇ.

2. سۈننەتنى مۇستەھكەم تۇتۇپ، بىدئەتتىن ساقلىنىش، چۈنكى، ھەر قانداق بىدئەت ئازغۇنلۇقتۇر.

3. نامازنى جامائەت بىلەن ئۆتەشكە تەرغىب قىلىش. چۈنكى جامائەت بىلەن ناماز ئۆتەش مەزھەب ئىماملىرىنىڭ ئىختىلاپىغا ئاساسەن بولغاندىمۇ پەرز ئەين ياكى پەرز كۇپايە ياكى كۈچەيتىلگەن سۈننەتتۇر.

4. نەپلى ئەمەللەرگە تەرغىب قىلىش. يۇقىرىدا دەپ ئۆتكەن ھەدىس قۇددۇسىدا

(داۋامىدا): «بەندەم ماڭا نەپلە ئەمەللەر بىلەن ھەمىشە يېقىنلىشىدۇ، ھەتتاكى، ئۇ بەندىنى مەن دوست تۇتقايمەن» دېيىلىدۇ. مۇشۇ دەۋەت مەيدانىدا روزا تۇتىدىغان، كېچىلىرى ئۇخلىماي ناماز ئۆتەيدىغان نۇرغۇنلار يېتىشىپ چىقتى.

ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ: «ئۇلارنىڭ يانلىرى ئورۇن- كۆرپىدىن يىراق بولىدۇ (يەنى ئۇلار كېچىسى ئىبادەت قىلىپ ئاز ئۇخلايدۇ)، ئۇلار پەرۋەردىگارىنىڭ (ئازابىدىن) قورقۇپ، (رەھمىتىنى) ئۈمىد قىلىپ ئۇنىڭغا دۇئا قىلىدۇ.» (سۈرە سەجدە 16- ئايەت).

5. ئاللاھنى ئەسلەشكە تەرغىپ قىلىش. ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ: «ئى مۆئمىنلەر! ئاللاھنى كۆپ ياد قىلىڭلار. ئۇنىڭغا ئەتىگەن- ئاخشامدا تەسبىھ ئېيتىڭلار.» (سۈرە ئەھزاب 41- 42 -ئايەت). ئاللاھنى ئەسلەشنىڭ ئەڭ ياخشىسى، ئاللاھنىڭ ھېكمەتلىك كالامى قۇرئاننى ئوقۇشتۇر. قۇرئان ئوقۇغۇچىغا ھەر ھەرپ بەدىلىگە 10 ياخشىلىق بېرىلىدۇ. ئاللاھنى ئەسلەشنىڭ شەكىل- تۈرلىرى كۆپتۇر. مەسىلەن: تەسبىھ (يەنى ئاللاھنى پاك دەپ تونۇش)، ھەمدۇ ئېيتىش (يەنى ماختاش)، تەھلىل ئېيتىش (يەنى تەۋھىد سۆزىنى ئېيتىش)، تەكبىر ئېيتىش (يەنى ئاللاھنى ئۇلۇغلاش)، دۇئا قىلىش، ئىستىغپار ئېيتىش (ئاللاھدىن كەچۈرۈم سوراش) ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا دۇرۇد- سالام يوللاش قاتارلىقلارغا ئوخشاش.

6. ئىنساننىڭ گۇناھ قىلغىنى ئانچە يات سانالمىسىمۇ، ئەمما تەۋبە قىلماي داۋاملىق گۇناھ قىلىشى يات، ئەجەبلىنەرلىك بىر ئىشتۇر. چۈنكى، ئادەم ئەلەيھىسسالاممۇ گۇناھ قىلىپ سالغان، دەرھال ئاللاھقا تەۋبە قىلىپ گۇناھى كەچۈرۈلگەن ئىدى. ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ: «ئادەم پەرۋەردىگارىنىڭ (ئەمرىگە) خىلاپلىق قىلدى، شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئازدى. ئاندىن پەرۋەردىگارى ئۇنى تاللىدى، ئۇنىڭ تەۋبىسىنى قوبۇل قىلدى ۋە ئۇنى ھىدايەت قىلدى.» (سۈرە تاھا 121- 122 -ئايەت). لېكىن ئىبلىس گۇناھ قىلدى، ئۇنىڭ گۇناھى كەچۈرۈم قىلىنمىدى، چۈنكى ئۇ ئۆز گۇناھى ئۈچۈن ئاللاھدىن كەچۈرۈم سورىمىغان ۋە ئۆزرە ئېيتمىغان. بەلكى، ئاللاھنىڭ ئەمرىگە باش ئېگىشتىن چوڭچىلىق قىلىپ ئەمرىگە قۇللۇق بىلدۈرمەي مۇنداق دېگەن ئىدى: «مەن ئۇنىڭدىن ئارتۇق. مېنى ئوتتىن، ئۇنى لايدىن ياراتتىڭ.» (سۈرە ئەئراف 12- ئايەت). ئەمدى، ئادەم ئەلەيھىسسالام ۋە ئۇنىڭ جۈپتىنىڭ، ئىبلىس- شەيتاننىڭ گېپىنىڭ ئەكسىنى قىلغانلىقىغا قاراپ باقايلى، ئۇ ئىككىسى مۇنداق دېگەنىدى: «پەرۋەردىگارىمىز! بىز ئۆزىمىزگە ئۆزىمىزگە زۇلۇم قىلدۇق، ئەگەر سەن بىزگە مەغپىرەت قىلمىساڭ، بىزگە رەھىم قىلمىساڭ، بىز چوقۇم زىيان تارتقۇچىلاردىن بولىمىز.» (سۈرە ئەئراف 23- ئايەت). ئادەم ئەلەيھىسسالام ۋە ئۇنىڭ جۈپتىنىڭ

گۇناھى، كۆڭۈل ئارزۇسى ۋە غەپلەتتىن كېلىپ چىققانىدى (يەنى ئاللاھ توسقان مېۋىدىن يەپ سالغان ئىدى)، لېكىن كەينىدىنلا ھەقىقىي پۇشايمان قىلىپ تەۋبە قىلغانلىقى ئۈچۈن ئاللاھ تەۋبىسىنى قوبۇل قىلىپ كەچۈرۈم قىلدى. ئىبلىسنىڭ گۇناھى بولسا، ئاللاھقا چوڭلۇق قىلىش، بۇيرۇقنى ئىجرا قىلماسلىق، ئىتائەتتىن باش تارتىشلار ئىدى. شۇڭا ئاللاھ ئۇ مەلئۇننى (رەھمىتىدىن) قوغلاندى قىلىپ قىيامەت كۈنىگىچە لەنەتكە گىرىپتار قىلىپ قويدى.

ھەقىقىي پۇشايمان، راستچىللىق بىلەن ئېيتىلغان ئىستىغپار بولسا، قەلب شىپاھ تېپىش ئۈچۈن مۇھتاج بولىدىغان ئەڭ ياخشى ئامالدۇر. مانا تەلەپكە لايىق بولغان بۇ تەۋبە- ئىستىغپار، ئىنساندا ئۆز گۇناھىنى سېزىش، ئاللاھنىڭ غەزىۋىدىن قورقۇش، ئاللاھقا چىن بەندىچىلىك قىلىش ۋە ئۆزىنىڭ خارلىقىنى ئېتىراپ قىلىش ئارقىلىق يالۋۇرۇش قاتارلىقلار بولغاندىلا بارلىققا كېلىدۇ.

## 973-سۇئال: ئۇستاز ھەسەنۇل بەننا رەھمەتۇللاھى ئەلەيھىنىڭ ئاساسلىق 10 ۋەسىيتى

ئۇستاز ھەسەنۇل بەننا رەھمەتۇللاھى ئەلەيھىنىڭ ئاساسلىق 10 ۋەسىيتى بار ئىدى. بۇ ۋەسىيەتلەرنىڭ ھەممىسى ئىجابىيلىقتا، ئەمەل- ھەرىكەتكە ۋە بىناچىلىقتا، ھەمدە بىناكارچىلىق، سەلبىيلىك، خاراب، بۇزۇشلاردىن ساقلىنىشقا سەپەرۋەر قىلىدۇ ۋە قىزىقتۇرىدۇ. ھەسەنۇل بەننا بۇ ۋەسىيەتلىرىدە ئېيتىدۇ:

1. قايسى بىر ۋاقىتتا ئەزان ئاۋازىنى ئاڭلىساڭ، شارائىتلەرنىڭ قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر نامازغا تۇرغىن!

2. قۇرئان تىلاۋەت قىلغىن! ياكى مەنىسىنى مۇلاھىزە قىلغىن (يەنى- مۇتالىئە قىلغىن)، ياكى باشقىلاردىن ئاڭلىغىن! ياكى ئاللاھنى ئەسلىگىن! ۋاقتىڭدىن ئازراقىنمۇ پايدىسىز ئىشلارغا ئىسراپ قىلمىغىن!

3. ئەرەب تىلىنى پاساھەتلىك سۆزلەشكە تىرىشقىن! چۈنكى بۇنداق تىل ئىسلامنىڭ بەلگىلىرىدىندۇر .

4. قەيەردە بولسۇن، ھەرقانداق ئەھۋال ئاستىدا كۆپ جىدەل قىلما! چۈنكى جىدەل دېگەن ياخشىلىق كەلتۈرمەيدۇ.

5. تولا كۈلمە! چۈنكى، ئاللاھقا باغلانغان دىل شۈك ئارام ئالغۇچى، ئېغىر- بېسىق بولىدۇ.

6. چاقچاق گەپ- سۆز، ئىش- ھەرىكەت قىلما! چۈنكى كۈرەشچان مىللەت راست- چىن پىششىقلىقتىن باشقا ئىش ھەرىكەتلەرنى تونىمايدۇ.

7. سۆزلىگەندە ئاۋازىڭنى ئاڭلىغۇچىنىڭ ئېھتىياجىدىن ئارتۇق كۆتۈرۈپ سۆزلىمە!

چۈنكى، شۇنداق ئۇنلۇك سۆزلەش ئەخمەقلىقتىن ۋە ئاڭلىغۇچىلارغا ئازار بېرىشتىن ئىبارەتتۇر.

8. شەخسلەرنىڭ غەيۋىتىنى قىلىشتىن، ھەيئەتلەر (يەنى- جامائەتلەر) گە ئەزىيەت بېرىشتىن ساقلانغىن! سۆزلىسەڭ ياخشى سۆزلە!

9. ساڭا ئۇچرىغان دىنى بۇرادەرلىرىڭگە ئۆزى تەلەپ قىلمىسىمۇ ئۆزۈڭنى تونۇشتۇرغىن! چۈنكى بىزنىڭ دەۋىتىمىزنىڭ ئاساسى دوستلۇق ۋە تونۇشتۇرۇشتۇر.

10. ئىنسانلارنىڭ قىلىشقا تېگىشلىك ۋەزىپىلىرى ۋاقىتلىرىدىن كۆپ (ۋاقىت كىشىلەرگە قاراپ تۇرمىغاچقا پۈتۈن ئىش ۋاقىتقا سىغىپ كېتىپ شۇ ئۆمۈر ئىچىدە قىلىپ بولۇش ناتايىن)، شۇنىڭ ئۈچۈن سەن ئۆزۈڭدىن باشقا كىشىنىڭ ئۇ ۋاقىتتىدىن پايدا ئېلىۋېلىشىغا ياردەملەشكىن! ئەگەر سېنىڭمۇ مۇھىم ئىشىڭ بولسا، شۇنىمۇ تېز ئادا قىلغىن!

## 974-سۇئال: ئىسلامدا ئايالنىڭ موھىملىقى

ئايال ئىسلامدا بولسا ئاساسلىقتۇر. ھەقىقەتەن ئۇ دائىم ئېرىنىڭ ھامىيسىدە بولغانلىقى ئۈچۈن نەپىقىلىرى، ھاجەتلىرىنىڭ ھەممىسى كاپالەتكە ئىگىدۇر. ئەگەر قىز بولسا دادىسى، ھەمشىرە بولسا قېرىندىشى، ئانا بولسا ئوغلى، ئايال بولسا يولدىشى مەسئۇلدۇر. بۇلار بولسا شەرىئەت نەپىقە نىزاملىرىدا ئۇلارغا قىلىنغان ھۆكۈمدۇر ۋە بارلىق كىشىلەر بۇلارغا رىئايە قىلىدۇ.

## 975-سۇئال: مۇسۇلمان ئايالنىڭ بىلىم ئېلىشىنىڭ زۆرۈرلىكى ھەققىدىكى ئۆرنەكلەر

مۇسۇلمان ئايال چوقۇم بىلىم ئېلىشى كېرەك. چۈنكى ئىلىم تەلەپ قىلىش مۇسۇلمان ئەر - ئاياللار ئۈچۈن پەرزدۇر. ئىسلام بىلىمسىزلىكنى ئايال كىشىگە پەرز قىلمىدى. شۇنداق بىر كىشىلەر بەزى ۋاقىتلاردا ئايالنى جاھىل قالدۇردى. ئۇلار بولسا جاھىللاردۇركى، بىلىمسىزلىك ئەرلەر ۋە ئاياللار ھەممىسگە تارقالدى. ئەمما ئىسلام بولسا ھەر ئىككىلا جىنسنىڭ تەلىم ئېلىشىنى بۇيرۇيدۇ.

ھەقىقەتەنمۇ مۇسۇلمان ئاياللاردىن ئەرلەرگە پەتىۋا بەرگەنلەر بولغان. ئەرلەرنىڭ ھەقىقەتەن مۆمىنلەرنىڭ ئانىلىرىنىڭ ئالدىغا سوئال سوراپ بارغانلىقلىرىنى بىلىمىز. مىسالى ئائىشە ۋە ئۇممە سەلەمە رەزەيەللاھۇ ئەنھۇما ئانىلىرىمىزغا ئوخشاش. ساھابىلار ئۇلاردىن ھەدىس رىۋايەت قىلغىلى ۋە ئىسلام مەسىلىلىرىنى سورىغىلى كېلەتتى. ساھابە ۋە تابىئىنلارنىڭ چوڭلىرى ئائىشە رەزەيەللاھۇ ئەنھانىڭ ھۇزۇرىغا كېلىپ ئۇنىڭدىن سورىشاتتى، ۋە ئۇ، ئۇلارغا جاۋاب بېرەتتى ۋە تۈزەيتتى. بۇ توغرىدا ھەتتا بىر قانچە كىتابلارمۇ يېزىلغان.

ئىمام زەركەشى بىر كىتاب تۈزگەن بولۇپ ئۇنىڭ ئىسمى: «ئائىشە رەزەيەللاھۇ ئەنھانىڭ ساھابىلارنى تۈزەتكەن جاۋابلىرى» ئىدى. ئاشۇ چاغدا ئائىشە رەزەيەللاھۇ ئەنھا ساھابىلارغا پالانى ئۇنىڭدا خاتالاشقان پوكۇنى ماۋۇنىڭدا خاتالاشقان» دەپ بارلىق جۇرئەت ۋە كۈچ بىلەن جاۋاب بېرەتتى.

كېيىنكى ئەسىرلەردە مۇسۇلمان ئاياللارنىڭ ئورنى بولغان. سەكىنەتۇ بىنتى ھۇسەيىنىنىڭ ھۇزۇرىغا كىشىلەر يىراقلاردىن پەتىۋا سوراپ كەلگەن. ئۇنىڭ مەخسۇس دەرسخانىسى ھەم بولغانىكەن. تۆت ئىمامنىڭ بىرى بولغان ئىمامۇ شافىئىي، ئۇنىڭ دەرسگە قاتناشقانلىقى ھەم مەلۇم. بەزى ئاياللار ھەدىس رىۋايەت قىلغان، بىر كىشى ئۆزى ھەدىس ئاڭلىغان كىشىنىڭ ئىسمىنى تىلغا ئېلىپ تۇرۇپ: سالىھە ئۇستاز پالانىنىڭ قىزى پۇستانى ماڭا سۆزلەپ بەردى، دەپ ئېيتىدۇ.

ھەدىستە ئەمىرىل مۇئمىنىين، بۇخارىنىڭ ئەڭ زور شەرھلىگۈچىسى ھاپىز ئىبنى ھەجەر ئەسقەلانىنىڭ: «پۇستانىنىڭ قىزى پوكۇنى ھەقىقەتەن مېنىڭ ئۇستازلىرىمدىندۇر» دەپ ئېيتقانلىقى رىۋايەت قىلىنغان. ھەنەفىي مەزھەپىدىكى چوڭ ئۆلىمالارنىڭ بىرىنىڭ ئۆزىگە ئوخشاش پەتىۋا بېرىدىغان بىر قىزى بولغان بولۇپ دادىسىنىڭ ئۆيىدىن بىرەر پارچە خەت چىقسا، ئۇنىڭ ئۇستىدە دادىسىنىڭ ئىمزاسى ۋە قىزىنىڭ ئىمزاسى يەنى قىزىنىڭ بۇ پەتىۋانى ئېتىراپ قىلغانلىقىنى بىلدۈرىدىغان ئىمزاسى يېزىلىپ چىقىدىغان بولغان. ئۇنىڭ ئېرى بولسا دادىسىنىڭ شاگىرتلىرىدىن بىرى ۋە ئۇمۇ، چوڭ ئۆلىمالاردىن ئالائىددىن كاسانى، (ئۆلىمالار پادىشاھى) دەپ ئاتالغان. فىقھي ھەنەفىدە «بىدائىئۇس سەنائى» دېگەن بىر كىتابنى تۈزۈپ چىققان، ئۇ بولسا ئۇستازىنىڭ كىتابىنىڭ كېڭەيتىلگەن چۈشەندۈرۈشىدۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن ئالىملار ئېيتىدۇ: ئۇنىڭ سوۋغىسىنى شەرھلەپ، ئۇنىڭ قىزىغا ئۆيلەندى! ۋە پەتىۋا ئۇستىدە قىزىنىڭ ۋە كۈيئوغلىنىڭ ئىمزاسىمۇ بىرگە چىقىدىغان بولغان قىز بولسا دادىسى ۋە ئېرىدەك پەتىۋا بېرىدىغان بولغان.

## 976-سۇئال: ئايالنىڭ جاھىلىيەتتىكى خار ۋە بىچارەلىكى

ئىسلام ئايال كىشىگە زۇلۇم قىلمىدى. جاھىلىيەتتىكى ئەرلەر ئايالنى گېزى كەلسە پايدىلىنىدىغان بار بىلەن يوقنىڭ ئارىسىدىكى بىر ئەشيا قاتارىدا كۆرەتتى. ئايال زاتى خۇددى ئۇلاغلار ۋە كالىلار مىراس قالغاندەك مىراس ئېلىناتتى ! ئوغۇل بولسا دادىسىنىڭ قوي، كالىلىرىنى مىراس ئالغاندەك، ئۇنىڭ ئايالىنىمۇ مىراس ئالاتتى. دادىسىنىڭ ئايالىنى خالىغىنىچە بىرتەرەپ قىلاتتى. خالىسا ئۇنى نىكاھىغا ئالاتتى. خالىسا ھەتتا ئۆزىنى ئۇنىڭدىن ئازاد قىلغۇچە ياكى ئۇنىڭغا مەلۇم مىقداردا مال تۆلىگۈچە تۇتۇپ تۇراتتى. ئىسلام بولسا بۇلارنى چەكلىدى.

(جاھىلىيەتتە) ئايال كىشىگە قىلچىمۇ مىراس تەگمەيتتى. چۈنكى (مىراس) ئۇ چاغلاردا پەقەت قىلىچ كۆتۈرۈپ قەبىلىسىنى قوغدىغان ۋە جەڭ قىلغۇچىلارغىلا بېرىلەتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئاياللار ۋە بالىلارنىڭ مىراس ھوقۇقى بولمايتتى. ئىسلام بولسا ئايال كىشىگە ھەر قايسى تەرەپلەردىن ئادىل مۇئامىلە قىلدى. ئۇنىڭدىن ئاشۇ مۇدھىش چاغدىكى ئەرلەرنىڭ ئۇنىڭ ئاجىزلىقىدىن پايدىلانغان مۇشۇ مەزلۇملىقىنى كۆتۈرۈۋەتتى. دادا تۇغۇتلۇق ئانىغا نىسبەتەن: قىز دېگەن نېمە ؟ئەڭ ياخشىسى ئوغۇل. قىزنىڭ غەلۋىسى يىغلاش ۋە ياخشىلىقى ئوغۇرلۇق!» دېگەندەك سۆزلەرنى يولسىزلارچە قىلاتتى. بۇنى الله تائالا قۇرئاندا تەسۋىرلەپ مۇنداق دەيدۇ: ئۇلارنىڭ بىرەرسىگە خوتۇنىنىڭ قىز تۇغقانلىق خۇش خەۋىرى يەتكۈزۈلسە، چىرايى ئۆزگىرىپ، غەزەپناك بولۇپ كېتىدۇ (سۈرە نەھل 58 ـ ئايەت).

**977ـ سۇئال: ئىسلامنىڭ ئايالنى ئەزىز قىلىشى**

ئىسلام ئايالغا كەلگەن بۇ بىچارىلىكنى كۆتۈرۈۋەتتى ۋە ئۇنى اللهنىڭ سوۋغاتلىرىدىن دەپ قارىدى. ئاسمانلارنىڭ ۋە زېمىننىڭ پادىشاھلىقى اللهقا خاستۇر. الله نېمىنى خالىسا شۇنى يارىتىدۇ. خالىغان ئادەمگە قىز پەرزەنت ئاتا قىلىدۇ، خالىغان ئادەمگە ئوغۇل پەرزەنت ئاتا قىلىدۇ (سۈرە شۇرا 49 ـ ئايەت).

بۇ يەردە ئاياللارنى ئەركەكلەرنىڭ ئالدىغا قويدى ۋە قىزلارنى ئەدەبلىك، گۈزەل تەربىيىلەشنى جەننەتكە داخىل قىلىشنىڭ شەرەپلىك سەۋەبلىرىدىن دەپ ئېتىبارغا ئالدى. ئىسلام ئايالنىڭ مەرتىۋىسىنى ئۈستۈن قىلدى. قىز، ئاتا ـ ئانا ئۈچۈن ئۇنىڭدا قىزىدا خۇددى ئائىلىدىكى بىر مۈلۈك كەبى بىر تەرەپ قىلىش، قىزنى خالىغان كىشىگە ياتلىق قىلىشتەك نامۇۋاپىق ئىشلارغا رۇخسەت قىلمىدى. قىز ئۆزى رازى بولمايدىغان بىرىگە ياتلىق بولۇشقا پۈتۈن كۈچى بىلەن «ياق!» دەپ ئېيتىشقا قادىردۇر. ئەگەر ئۇ «ياق» دېسە ياتلىق قىلىپ بېرىلمەيدۇ.

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنهۇمادىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: تېخى ياتلىق بولمىغان بىر قىز پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيهى ۋەسەللەمنىڭ يېنىغا كېلىپ، دادىسىنىڭ ئۆزى خالىمايدىغان بىرىگە مەجبۇريي ياتلىق قىلغانلىقىنى ئېيتقانىدى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيهى ۋەسەللەم ئۇ قىزغا (نىكاھنى بۇزۇۋش ياكى قوبۇل قىلىش) ئىختىيارلىقىنى بەردى. (ئەبۇ داۋۇد 2096)

ئىسلام ئايال كىشىگە زۇلۇم قىلمىدى. ئۇنىڭ ھوقۇقلىرىنى بىكاردىن ـ بىكار يوق قىلىۋەتمىدى. بەلكى ئۇنىڭغا ئادىل مۇئامىلە قىلدى ۋە ئىجتىمائىي ھاياتنىڭ ھەر قايسى تەرەپلىرىدىن ئۇنىڭ مەرتىۋىسىنى ئۈستۈن قىلدى. كەلگۈسىدىكى مۇسۇلمان ئايال چوقۇم ئۆزىنىڭ ئىسلامغا ئىشەنچ ۋە خاتىرجەملىك تويغۇسى بىلەن قايتىشى

كېرەك ۋە كەلگۈسىدە ھەم غەرب مەدەنىيىتىگە نىسبەتەن تاللاش، خىللاش پوزىتسىيىسىدە مۇئامىلە قىلىش كېرەك.

### 978-سۇئال: ئاياللارنىڭ ئىسلامدىكى ئورنى

ئىسلام دىنى ئاياللارغا بىكتىكەن ھۆرمەت ۋە شان- شەرەپ، بارلىق ئىنسانلارغا قارار قىلغان ھۆرمەتنىڭ پارچىلانماس بىر قىسمى. ئۆز ۋاقتىدا ئاللاھ مۇنداق دېگەن: «شەك - شۈبھىسىزكى، بىز ئادەم بالىلىرىنى ھۆرمەتلىك قىلدۇق، ئۇلارنى قۇرۇقلۇقتا (ئۇلاغلارغا) مىندۈردۇق، دېڭىزدا (كېمىلەرگە) چىقاردۇق، ئۇلارنى شېرىن يېمەكلىكلەر بىلەن رىزىقلاندۇردۇق، ئۇلارنى مەخلۇقاتلىرىمىزنىڭ نۇرغۇنىدىن ئۈستۈن قىلدۇق» [ئىسرا سۈرىسى 70- ئايەت.] ئىسلام دىنى بۇ ھۆرمەتنى ئەر- ئايالغا ئوخشاش باراۋەرلىك ئاساسىدا تەكىتلىدى. بىر- بىرىدىن ئارتۇق شەرەپكە ئىگە بولۇشنى تەقۋالىق ۋە ياخشى ئەمەل مىزانى بىلەن باغلىدى. ئىسلام دىنى ئاياللارغا ياشاش ھوقوقى، سالاھىيەت ھوقوقى، ئىقتىساد ھوقوقى، سىياسى ھوقۇق، خىزمەت ئەركىنلىكى ھوقوقى، ئاياللار ئازاتلىقى ھوقوقى قاتارلىق جەھەتلەر ئالاھىدە ئىمتىياز ۋە ھوقۇقلارنى بىرىپ ھەر قانداق جەمىيەت ۋە سىياسى تۈزۈم بىرەلمىگەن ھەم بەرمىگەن يۇقىرى ئورۇننى بەردى.

### 979-سۇئال: كاپىر دۆلەتلىرىنىڭ ئاياللارنى پەس كۆرۈشى

ئىسلام دىنى ئەر- ئاياللار ئىنسانلىق سۈپىتىدە ئورتاق دېگەن پرىنسىپنى قارار قىلغان چاغدا، فىرانسىيە مىلادىيە 6- ئەسىردە ئېچىلغان قۇرۇلتىيىدا ئايال كىشىنىڭ - ئايال كىشى ئىنسان جىنسىمۇ ياكى باشقا نەرسىمۇ- ھەقىقىتىنى بىلىشكە ئۇرۇنۇۋاتقان ئىدى. قۇرئان كەرىم جاھىلىيەت قەبىلىلىرى قىزلارنى كۆمۈۋېتىشكە ئوخشاش ناچار ئىشلارنى قىلغانلىقىنى ھارام قىلىپ ئايەت چۈشۈرۈۋاتقان چاغدا، رىم ئىمپېرىيىسى ئوتتۇرا ئەسىرلەردە ئاياللارنى جىنايەتسىز ئۆلگۈچە ئازاپلاش بىلەن ھوزۇرلىنىدىغان ئىدى. ئاياللارنىڭ پۇتلىرىدىن ئاتلارغا سۆرىتىپ پارچە- پارچە قىلىۋېتىدىغان، بىر تۈركۈم ئاياللارنى تۈۋرۈككە باغلاپ بىر قانچە كۈن ئاستىدىن ئاستا خاراكتېرلىك ئوت تۇتاشتۇرۇپ گوشلىرىنى چۈشۈرۈۋېتىدىغان ئىدى. رىم ئىمپېرىيىسى كېڭىيىپ گۈللىنىشكە باشلىغان چاغدا، ئىسراپخورلۇق ۋە ھاۋايى- ھەۋەس ئېڭى ئۇلارنى ئىگىلەپ كىتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئاياللاردىن ھىجابنى ئېلىپ تاشلاشقا باشلايدۇ، بۇئىشتا تەرەققى قىلىپ، ئاياللار ھەممە ئىشلارنى ئىگىلەشكە باشلايدۇ. ئەخلاقسىزلارچە بۇ ئارلىشىشتا رەزىل ئىشلارنىڭ ھەممىسى يۈز بېرىدۇ. نەتىجىدە ئەرلىرىنىڭ ھىممىتى بوشاپ، ئىرادىسى ئاجىزلىشىپ، ئۆزلىرىنى يوقۇتۇشقا باشلاپ، بۇزغۇنچىلىق ئەۋجىگە چىقىدۇ. شۇئارلىقتا ئاياللارغا قارىتا كۆز

قاراش يۆلىنىشى ئۆزگىرىپ، جەمىيەتتە يۈز بەرگەن پاساتچىلىقنىڭ ھەممىسى ئاياللارنىڭ سەۋەبىدىن بولغان دەپ قاراپ، ئاياللارغا ئاداۋەت قىلىشقا باشلايدۇ. ئاخىرى ئەھۋال يۇقىردا بايان قىلغىنىمدەك ئاياللارنى ئازاپلاش بىلەن ھوزۇرلىنىدىغان ھادىسىلەر يۈز بېرىدۇ.

ئاياللارغا پەس نەزەر بىلەن قارايدىغان ئەھۋال رىم ئىمپىرىيىسىگە خاس ئەمەس. ھىندىستان، گىرىتسىيە ۋە بابىل مەدەنىيىتى تارىخىغا نەزەر تاشلاڭ!.

بابىل مەدەنىيىتى ئاياللارنى چارپاي ھايۋانلارنىڭ بىر تۈرى دەپ قارايتتى، ئۇلارنىڭ ھېچ قانداق ھوقۇقى يوق ئىدى. گىرىتسيەدە بولسا ئاياللار خىلمۇ-خىل باسقۇچىلارنى بېشىدىن كەچۈرگەن، گىرىتسيە قانۇنىدا ئاياللارنىڭ ھوقۇقى ھىمايە قىلىنمايدىغان ئىدى. بەزى ئاتىلار 10 قىزى بولسا 7 قىزىنى ئۆلتۈرۈۋەتسە ھېچ بىر سوراقا تارتىلىدىغان ئىش يوق ئىدى!....

يىغىپ ئېيتقاندا، ئۆتۈپ كەتكەن مەدەنىيەتلەردە ئاياللار، چوڭ مەدەنىيەتلەر ئىسراپخورلۇق ۋە پەسكەشلىك باسقۇچىغا قەدەم قويغاندا بىر ئاز كۆڭۈل بۆلۈشكە ئېرىشەلەيتتى. سەۋەبى ئايالنىڭ ئىنسان تۈرى بولۇپ، ياشاش ھوقۇقىنىڭ بولغانلىقىدىن ئەمەس، بەلكى ئەرلەر ھاياتىدىكى ھوزۇرلۇنۇش تەلەپلىرى سەۋەبىدىن ئىدى. مەدەنىيەت چۈشكۈنلەنگەندە ئاياللارنى شۇم دەپ قارايتتى، ئۇلارنىڭ ھۆرمىتى بولمايتتى. مانا بۇ ئىسلام دىنى بىلەن باشقا مەدەنىيەتلەرنىڭ ئاياللارنىڭ ئورنىغا بولغان كۆز قارىشى.

## 980-سۇئال: مەسجىدى ھەرەم

مەسجىدى ھەرەم - يەر يۈزىدىكى جىمى مەسجىدلەرنىڭ ئەڭ شەرەپلىكى ۋە ئەڭ ئۇلۇغى بولۇپ، مۇسۇلمانلارنىڭ قىبلىسىدۇر. ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە مەسجىدى ھەرەمنى تەرىپلەپ: ھەقىقەتەن ئىنسانلارغا ئىبادەت ئۈچۈن تۇنجى سېلىنغان ئۆي مەككىدىدۇر، مۇبارەكتۇر، جاھان ئەھلىگە ھىدايەتتۇر دېگەن. مەسجىدى ھەرەم مەككە مۇكەررەمە شەھرىنىڭ مەركىزىگە جايلاشقان.

مەسجىدى ھەرەمنىڭ ھازىرقى كۆلىمى 190 مىڭ كۋادرات مېتىر كېلىدۇ. ئۇنىڭدا بىرۇن 300 مىڭدىن كۆپرەك كىشى بىرلا ۋاقىتتا ناماز ئوقۇيالايتتى. داۋاملىق كېڭەيتىلىپ كەلدى. 1960- يىللارنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىدە سەئۇدى ئەرەبىستانى ھۆكۈمىتى 250 مىليون ئامېرىكا دوللىرى سەرپ قىلىپ مەسجىدى ھەرەمنى كېڭەيتىپ ياساپ چىقىپ، بىرلا ۋاقىتتا 600 مىڭ ئادەم ناماز ئوقۇيالايدىغان، ھەج ۋە ئۆمرە قىلغۇچىلارمۇ قىستالمايدىغان ھالەتكە كەلتۈرگەن. 1988- يىلى مەسجىدى ھەرەمنى كېڭەيتىش پىلانى بويىچە قۇرۇلۇش باشلىنىپ، 1994 - يىلىنىڭ بېشىدا بۇ

قۇرۇلۇش تاماملانغان. ھازىر مەسجىدى ھەرەمدە بىرلا ۋاقىتتا 900 مىڭدىن كۆپرەك ئادەم ئازادە ناماز ئوقۇيالايدۇ. مەسجىدى ھەرەمنىڭ ئاستىغا پۈتۈنلەي ئىسسىقنى ئۆتكۈزمەيدىغان مەرمەر تاش يېيىلغان. مەسجىدى ھەرەمنىڭ يەتتە جايىدا ھەر بىرىنىڭ ئېگىزلىكى 92 مېتىر كېلىدىغان يەتتە چوڭ مۇنارىسى بار .

## 981-سوئال: زەمزەم سۈيى

زەمزەم سۈيى - ئاللاھ تائالا ئىسمائىل ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىككى پۇتى ئاستىدىن چىقىرىپ بەرگەن مۇبارەك سۇدۇر. مىلادىيىدىن تەخمىنەن 2000 يىللار ئىلگىرى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ئاللاھ تائالانىڭ ئەمرى بىلەن ئايالى ھاجەر بىلەن ئوغلى ئىسمائىل ئەلەيھىسسالامنى شۇ ۋاقىتتىكى سۇسىز، گۈل – گىياھسىز، قاقاسلىق چۆل مەككىگە ئېلىپ كېلىپ قويۇپ كېتىپ قالىدۇ. ھاجەر سۇ ئىزدەپ سافا بىلەن مەرۋە ئىككى تاغ ئوتتۇرىسىدا يۈگۈرگەن بولسىمۇ سۇ تاپالمايدۇ. ئىسمائىل ئەلەيھىسسالام قاتتىق ئۇسسۇزلۇقتىن قىينالغان ۋاقىتىدا ئۇنىڭ ئىككى تاپىنىنىڭ ئاستىدىن بۇلاق چىقىدۇ. ئانىسى ھاجەر زەمزەم سۈنى كۆرۈپ قاتتىق خوشال بولىدۇ ۋە سۇنى بىكار ئېقىپ كەتمىسۇن دەپ زەمزەم سۈيى توختا دەيدۇ. شۇندىن بىرى بۇ سۇ زەمزەم دەپ تونۇلىدۇ.

## 982-سوئال: زەمزەم سۈيىنىڭ خۇسۇسىيەتلىرى

ئادەتتىكى سۇلارنى ئۇنىڭغا ساقلىغۇچى ماددىلارنى ئارىلاشتۇرماستىن ئۇزۇن مۇددەتلىك ساقلىغاندا ئۇنىڭ تەمى بۇزۇلىدۇ. ئەمما زەمزەم سۈيى بۇنىڭ ئەكسىچە بولۇپ، بىرخىل تەمى بىلەن داۋام قىلىدۇ. زەمزەم سۈيىنىڭ تەمى دۇنياۋى بىر تەم بولۇپ، بىرەر قېتىم زەمزەم سۈيى ئىچكەن ئادەم ئۇنىڭ تەمىنى بىلىۋالىدۇدە، قايتا ئىچكىنى ھامان ئۇنى پەرق ئېتەلەيدۇ. زەمزەم سۈيىنى دۆلەتلەر ئارا يۆتكەش ۋە ئۇزۇن مۇددەت ساقلاش بىلەنمۇ ئۇنىڭ تەمى قەتئىي ئۆزگەرمەيدۇ. بۇ دىگەنلىرىمىز نەزەرىيە ياكى قەدىمقى كىتابلارنىڭ خەۋىرى ئەمەس، بەلكى تەجرىبە ۋە ئىلمىي تەتقىقاتلارنىڭ يەكۈنىدۇر. زەمزەم سۈيى ئۇزاق ئۆتمۈشلەردىن بىرى بۇ قاقاسلىق چۆل رايونغا كەلگۈچىلەرنى ئۇسسۇزلۇققا قاندۇرۇپ ۋە ئۇلارنىڭ ئىشتىھاسىنى ئۆزىگە جەلب قىلىپ كەلمەكتە. زەمزەم سۈيىنىڭ بەزى كېسەللىكلەرگە شىپا بولغانلىقى توغرۇلۇق يېزىلغان ئىلمىي ماقالىلارمۇ ئاز ئەمەس. ھازىرغىچە زەمزەم سۈيى زىيان قىلغان بىرەر جانلىق كۆرۈلمىگەن.

## 983-سوئال: قىبلىنىڭ كەبىگە ئۆزگەرتىلىشى

ھىجرىيىنىڭ ئىككىنچى يىلى (مىلادىيە 623 م) نىڭ بىر كۈنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ساھابىلىرى بىلەن مەدىنىدىكى كېيىنچە ئىككى قىبلىلىق مەسجىد

(مەسجىدى قىبلەتەين) دەپ تونۇلغان بەنى سەلىمە مەسجىدىدە پېشىن نامىزىدىن ئىككى رەكئەت ئوقۇلۇپ بولغان ۋاقىتتا، پەرىشتە جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام ئاللاھ تائالانىڭ ئەمرى بىلەن مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا كېلىپ ئۇنىڭغا ئاللاھ تائالانىڭ : «بىز سېنىڭ كەبە قىبلەڭ بولۇشىنى تىلەپ قايتا قايتا ئاسمانغا قارىغانلىغىڭنى كۆرۈپ تۇرىۋاتىمىز. سېنى چوقۇم سەن ياقتۇرىدىغان قىبلىگە يۈزلەندۈرىمىز. نامازدا يۈزۈڭنى مەسجىدى ھەرەم تەرەپكە قىلغىن » دېگەن ۋەھيىسىنى ئېلىپ كېلىدۇ ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى نامازدا تۇرغان پېتى مەسجىدى ھەرەم تەرەپكە بۇراپ قويىدۇ. شۇندىن باشلاپ مۇسۇلمانلار ناماز ۋە دۇئالىرىدا مەسجىدى ھەرەمدىكى قىبلىگە (كەبىگە) قارايدىغان بولىدۇ.

## 984-سۇئال: نامازدا قىبلىگە يۈزلىنىشنىڭ سىرى

1. ناماز ئوقۇغان كىشى يۈزىنى كەبە تەرەپكە قارىتىش بىلەن ئۇنىڭ پۈتۈن ئەزالىرى كەبە تەرەپكە يۈزلىنىپ تۇرىدۇ. چۈنكى يۈز بىلەن بەدەن مۇئەييەن بىر تەرەپكە يۈزلەنمەستىن، ئۆز ھالىغا قويۇپ بېرىلىدىغان بولسا، ئىنسانىنىڭ بارچە ئورگانلىرى خالىغانچە ھەرىكەت قىلىشى، جۈملىدىن كۆز ھەر تەرەپكە قارىشى بىلەن قەلبمۇ شۇلار بىلەن مەشغۇل بولۇپ كېتىپ، نامازنىڭ دۇرۇس يوسۇندا ئادا قىلىنىشىغا ئەلۋەتتە سەلبىي تەسىر بېرىدۇ. شۇڭا قىبلىگە يۈزلىنىش پەرز قىلىنغان بولىشى مۇمكىن.

2 . نامازدا قىبلىگە يۈز كەلتۈرۈش بىلەن ئىنساننىڭ قەلبى ئارام تاپىدۇ ۋە پۈتۈن مۇسۇلمانلارنىڭ ئۆزئارا قېرىنداش ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدۇرىدۇ. چۈنكى يەر شارىدىكى پۈتۈن مۇسۇلمانلار نامازدا شۇ كەبە تەرەپكە يۈزلىنىدۇ. بۇ ھەرقانداق مۇسۇلمان كىشىنى ئۆزىنىڭ يالغۇز ئەمەسلىكىنى ۋە بۇ ئىبادەتتە پۈتۈن دۇنيا مۇسۇلمانلىرى بىلەن ئورتاق ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدۇرىدۇ.

3. قىبلىگە قاراش ئارقىلىق قەلبنى، ئەقىلنى ۋە پۈتۈن ئەزالارنى ئاللاھقا قۇلچىلىق ئادا قىلىشتىن ئىبارەت بىر مەقسەتكە قارىتىش بىلەن ئىبادەتنىڭ جەۋھىرى بولغان ئىخلاسنى ھاسىل قىلغىلى بولىدۇ.

4 . قىبلىگە يۈزلىنىش مۇسۇلمانلارنى گەرچە ئۇلار مۇساپە جەھەتتىن بىر بىرىدىن يىراقتا بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ قەلبلىرى بىر ئاللاھقىلا ئىبادەت قىلىشتىن ئىبارەت ئورتاق مەقسەتتە بىر ئىكەنلىكىنى نامايان قىلىدۇ .

## 985-سۇئال: ھەجەرۇلئەسۋەد

ھەجەرۇل ئەسۋەد - كەبىنىڭ شەرقى جەنۇب تەرىپىدىكى بۇرجىكىگە ئورنىتىلغان، يەر يۈزىدىن ئېگىزلىكى 1.5 (بىر يېرىم ) مېتىر كېلىدىغان، كۈمۈش

رامكا ئىچىگە ئېلىنغان تۆخۈم شەكىللىك، رەڭگى قىزىلغا مايىل، دىئامېترى 30 سانتىمېتىر كېلىدىغان قارا تاشتۇر. ھەجەرۇل ئەسۋەدنى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام كەبىنىڭ ئۇلىنى تۇرغۇزغان ۋاقتىدا، كەبىنى تاۋاپ قىلغۇچىلانىڭ تاۋاپنى باشلاپ ئاخىرلاشتۇرۇشى ئۈچۈن بىر نىشانە ئورنىدا، ھازىرقى ئورنىغا بېكىتكەن. شۇندىن بىرى بۇ تاش كەبىنىڭ شەرقى جەنۇب تەرىپىدىكى ئۆز ئورنىدا تۇرۇپ كەلمەكتە.

## 986-سۇئال: ھەجەرۇل ئەسۋەدنى سۆيۈشنىڭ ھۆكمى

كەبىنى تاۋاپ قىلغۇچىلارنىڭ ھەجەرۇل ئەسۋەدنى سۆيۈشى مۇستەھەب. يەنى تەكىتسىز سۈننەتتۇر. چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كەبىنى تاۋاپ قىلغىنىدا ھەجەرۇل ئەسۋەدنى سۆيەتتى. بۇ، ئادەم كۆپ بولمىغان ۋە قىستىلاڭغۇ بولمىغان ۋاقىتلاردا شۇنداق. بىر ھەدىستە مۇنداق دەپ كەلگەن. « پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەجەرۇل ئەسۋەدنى سۆيۈپ تۇرۇپ ئۇزۇن ـ ئۇزۇنغىچە يىغلاپ كەتتى» ئەمما ھەج ۋە رامىزان ئايلىرىغا ئوخشاش ھەرەمدە ئادەم كۆپ، قىستىلاڭغۇ بولغان ۋاقىتلاردا ھەجەرۇل ئەسۋەدنىڭ يېنىغا بارماستىن، يىراقتىن قول ئىشارىتى قىلىپ سالام بېرىش يېتەرلىكتۇر. شۇڭا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كەبىنى تاۋاپ قىلغان ۋاقتىدا، ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا، ئەي ئۆمەر ! سەن كۈچلۈك ئادەمسەن، سەن بۇ جىسمىڭ بىلەن ئاجىزلارغا ئەزىيەت يەتكۈزىسەن. ھەجەرۇل ئەسۋەدتە قىستىلاڭغۇ پەيدا قىلما. ھەجەرۇل ئەسۋەدنىڭ يېنىدا بوشلۇق تاپالىساڭ سۆيگىن، بولمىسا تەكبىر ئېيتىپ كېتىۋەرگىن دىگەن .

كەبىنى تاۋاپ قىلغۇچىلارنىڭ بۇ تاشنى سۆيۈشى پەقەت ھۆرمەت يۈزىسىدىن ئىدى. چۈنكى ئاللاھ تائالا بەندىلەرنى كەبىگە ياكى ھەجەرۇل ئەسۋەدكە چوقۇنۇشنى بۇيرىغان ئەمەس، بەلكى ئاللاھ تائالانىڭ ئۆزىگىلا خالىس ئىبادەت قىلىشقا بۇيرىغان. كەبىنى تاۋاپ قىلىش ئاللاھ تائالانىڭ: قەدىمى ئۆي كەبىنى تاۋاپ قىلسۇن ۋە بۇ كەبىنىڭ پەرۋەردىگارىغا ئىبادەت قىلسۇن، دىگەن ئەمرىگە ئاساسەن قىلىنغاندەك، ھەجەرۇل ئەسۋەدنى سۆيۈشمۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئەگەشكەنلىك ۋە ئۇنىڭ سۈننىتىنى جارى قىلدۇرغانلىق يۈزىسىدىن قىلىنىدۇ. بۇ ئورۇندا ئىككىنچى خەلىپە ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنۇ مەشھۇر سۆزى يېتەرلىك. « ئۇ كەبىدىكى قارا تاشنى تۇتۇپ تۇرۇپ مۇنداق دىگەن. مەن ئەلۋەتتە بىلىمەنكى، سەن كىشىگە پايدا زىيان يەتكۈزەلمەيدىغان بىر تاشسەن. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سېنى سۆيگەنلىكىنى كۆرمىگەن بولسام ئىدى، سېنى سۆيمىگەن بولاتتىم.»

## 987-سۇئال: مەدىنە مۇنەۋۋەرە شەھرى

مەدىنە مۇنەۋۋەرە شەھرى مۇقەددەس ئىككى ھەرەمنىڭ بىرى پەيغەمبىرىمىز

ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام مەككىدىن ھىجرەت قىلىپ بېرىپ ھاياتىنىڭ ئاخىرىغا قەدەر تولۇق ئون يىل ياشىغان ۋە مۇبارەك قەبرە شەرىپى ئورۇن ئالغان جاي.

مەدىنە مۇنەۋۋەرە شەھرىنىڭ نامى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا ھىجرەت قىلىپ بېرىشتىن ئىلگىرى يەسرىب دەپ ئاتىلاتتى. رىۋايەتلەرگە كۆرە، مەشھۇر تۇپان ۋەقەسىدىن كېيىن مەدىنىدە دەسلەپ يەرلەشكەن بىر ئەر كىشىنىڭ نامى يەسرىب بولۇپ، شۇ كىشىنىڭ نامى بىلەن ئاتىلىپ كەلگەن ئىكەن. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھىجرەت قىلىپ بارغىنىدىن كېيىن ئىسلام نۇرى بىلەن يورۇتۇلغان نۇرلۇق شەھەر مەدىنە مۇنەۋۋەرە دەپ ئاتالغان. بۇ شەھەر ئىسلام قۇدرەت تاپقان ۋە ئىسلام ئەھكاملىرى جاكارلانغان شەھەر. تۇنجى ئىسلام دۆلىتىمۇ بۇ شەھەردە دۇنياغا كەلگەن.

## 988-سۇئال: مەسجىدى نەبەۋى

مەسجىدى نەبەۋى – پەيغەمبىرىمىز ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام مەدىنىگە ھىجرەت قىلىپ بارغىنىدا بىنا قىلغان تۇنجى مەسجىد، ئىككى ھەرەمنىڭ بىرى ۋە ئىبادەت قىلىش ئۈچۈن يىراقلاردىن سەپەر قىلىشقا بولىدىغان ئۈچ چوڭ مەسجىدنىڭ بىرى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: ئۈچ مەسجىدكىلا ئىبادەت ئۈچۈن سەپەر قىلىشقا بولىدۇ. ئۇلارنىڭ بىرى، مەسجىدى ھەرەم، يەنە بىرى، مېنىڭ بۇ مەسجىدىم، ئۈچىنچىسى مەسجىدى ئەقسادۇر.

مەسجىدى نەبەۋى – پەيغەمبەر شەھرىدىكى بۇ مەسجىد تارىختىن بىرى پەيعەمبەرمەسجىدى دەپ ئاتىلىپ كەلمەكتە. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مەدىنە مۇنەۋۋەرە شەھرىگە بارغاندىن كېيىنكى تۇنجى ئىشى مەسجىد سېلىش بولغان. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەدىنە مۇنەۋۋەرە شەھرىگە ھىجرەت قىلىپ بارغان كۈنى ئۇنىڭ تۆگىسى شەھەرنىڭ مەركىزىدىكى بىر ئورۇنغا بېرىپ تىز چۆكىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بۇ ئورۇننى ئىگىسىدىن سېتىپ ئېلىپ مەككىدىن كەلگەن مۇھاجىرلار ۋە مەدىنىلىك ئەنسارلار ھەممە بىر قول بولۇپ بۇ ئورۇنغا مەسجىد سېلىشقا كىرىشىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالاممۇ باشقىلار قاتارىدا مەسجىدنى سېلىش ئىشلىرىدا قاتتىق ئىشلەيدۇ. مەسجىد بىر قانچە ئاي ئىچىدە پۈتۈپ چىقىدۇ. مەسجىدنىڭ قىبلىسى پەلەستىندىكى مەسجىدى ئەقساغا قارايتتى. مەسجىدنىڭ ئۈستى خورما دەرىخىنىڭ شاخلىرى بىلەن يېپىلغان. تۈۋرۈكلىرى خورما ياغاچلىرىدىن، تېگى تاش بىلەن قوپۇرۇلغان. تاملىرى خام قىشلار بىلەن تۇرغۇزۇلغان. شۇ ۋاقىتتىكى مەسجىدى نەبەۋىنىڭ كەڭلىكى 30 مېتىر، ئۇزۇنلىقى 35 مېتىر بولۇپ چىققان. ئۈچ تەرەپتىن دەرۋازىسى بار ئىدى. مەسجىدى نەبەۋى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ زامانىدىن

باشلاپ ھەمىشە كېڭەيتىلىپ كەلدى، ئاۋۋالقى 4 خەلىپە، ئەمەۋىيلەر، ئاbbاسىيلار، ئوسمانىيلار ۋە ئەڭ ئاخىرىدا ھازىرقى سەئۇدى ئەرەبىستان ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن كېڭەيتىلدى .

## 989-سوئال: ھازىرقى مەسجىدى نەبەۋى

ئەڭ ئاخىرقى كېڭەيتىش پادىشاھ فەھدىنىڭ زامانىدا باشلانغان بولۇپ، مىلادىيە 1985- يىلىدىن 1993 – يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە داۋام قىلغان. بۇ قېتىمقى كېڭەيتىشتە 16500كۋادرات مېتىر قوشۇلۇپ، مەسجىدى نەبەۋىنىڭ ئومۇمى يەر مەيدانى 165 مىڭ كۋادرات مېتىرغا يەتكەن. مەسجىدى نەبەۋىنىڭ ئۆگزىسىنىمۇ ناماز ئوقۇيدىغان مەيدانغا ئايلاندۇرغاندىن كېيىن بۇ جايدا 90 مىڭ ئادەم ئازادە ناماز ئوقۇيالايدىغان بولغان. بۇرۇن مەسجىدى نەبەۋىنىڭ ھەر بىرى 72 مېتىر ئېگىزلىكتە 4 مۇنارىسى بار ئىدى. ئۇنىڭغا يەنە ھەر بىرىنىڭ ئېگىزلىكى 104 مېتىردىن كېلىدىغان 6 مۇنارە قوشۇلۇپ، جەمى 10 مۇنارە بولۇپ قەد كۆتۈرۈپ تۇرماقتا. شۇ كۈنگە كەلگىچىلىك مەسجىدى نەبەۋىنىڭ 16 دەرۋازىسى بار ئىدى. پادىشاھ فەھدىنىڭ ئۆۋەتتىسكى كېڭەيتىشىدە 65 دەرۋازا يېڭىدىن بېكىتىلىپ، جەمى 81 دەرۋازا بولدى. مەسجىدى نەبەۋىنىڭ ئاستىغا گاراجلار ياسالغان بولۇپ، ئۇنىڭ 8 تەرەپتىن كىرىش ئېغىزى بار. مەسجىدى نەبەۋىنىڭ ئىچىدىن ئۆگزىسىگە چىقىش ئۈچۈن 16 جايدىن پەلەمپەي ياسالغان. مەسجىدى نەبەۋىنىڭ بىرىنچى قەۋىتىنىڭ ئېگىزلىكى 4.10 مېتىر، يۇقىرىقى قەۋىتىنىڭ ئېگىزلىكى 12.60 مېتىر، ئەمما ئۆگزىگە تۇتاشقان ئەڭ ئۈستى قەۋىتىنىڭ ئېگىزلىكى 4 مېتىر كېلىدۇ. ئاپتوماتىك ئېچىلىدىغان، كۈنلۈكلەردىن 36 سى ياسالغان بولۇپ بۇ تارىختا تۇنجى ئىش ئىدى. ھازىر يەنە بىر قانچىسى ياسىلىۋاتىدۇ. مەسجىدى نەبەۋىنىڭ شىمال، جەنۇب ۋە شەرق تەرىپىگە ياسالغان مەيدانىنىڭ ئومۇمىي يەر مەيدانى 135 مىڭ كۋادرات مېتىر كېلىدۇ. مەسجىدى نەبەۋىگە 4000 دىن كۆپرەك چىراغ بېكىتىلگەن. مەسجىدى نەبەۋىنىڭ ئاستىنقى قەۋىتىگە ياسالغان تاھارەتخانىلىرىمۇ ئىنتايىن مۇكەممەل ھەم زامانىۋى ياسالغان بولۇپ، مەسجىدى ھەرەمنىڭ تاھارەتخانىلىرىدىن نەچچە ھەسسە ئېسىل ھەم قۇلايلىق ياسالغان. مەسجىدى نەبەۋىنىڭ ئاستىنقى قەۋىتىگە ياسالغان ئاپتوموبىل توختىتىش ئورنىغا ئېلېكتىرونلۇق لىفتىلار بىلەن چۈشۈپ چىقىلىدۇ. مەسجىدى نەبەۋىنىڭ ئەتراپىدا 560 دانە سۇ ئىچىش تۈرۈبىسى بار.

مەسجىدى نەبەۋى ئىسلام تارىخىدا تۇنجى سېلىنغان بىرىنچى مەسجىد ئىدى. مەدىنىدىكى مەسجىدلەردىن قۇبا ئىككىنچى مەسجىد بولۇپ سانىلىدۇ. ئۇنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەدىنىگە ھىجرەت قىلىپ بارغىنىدىن كېيىنلا سالغان

ئىدى. مەسجىدنى تەرىپلەپ ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دېگەن: « قۇبا مەسجىدى بىرىنچى كۈندىن تارتىپلا تەقۋالىق ئاساسىغا قۇرۇلغان مەسجىد ھەقىقەتەن سېنىڭ ناماز ئوقۇشۇڭغا لايىقتۇر. ئۇنىڭدا گۇناھلاردىن پاك بولۇشنى سۆيىدىغان كىشىلەر بار. ئاللاھ ھەقىقەتەن پاك بولغۇچىلارنى دوست تۇتىدۇ.» قۇبا مەسجىدى مەدىنە مۇنەۋۋەرە شەھرىنىڭ غەربى جەنۇبىدا بولۇپ، مەسجىدى نەبەۋىدىن يىراقلىقى تەخمىنەن 5 كىلومېتىر كېلىدۇ .

### 990-سۇئال: مەسجىدى ئەقسا ھەققىدە مەلۇمات

مەسجىدى ئەقسا ـ يىراقتىكى مەسجىد دېگەن مەنىدە بولۇپ، ئىسلام دىنىدىكى مۇقەددەس جايلارنىڭ بىرى، ئىككى قىبلىنىڭ بىرىنچىسىدۇر. كەبە قىبلە بولۇشتىن بۇرۇن مۇسۇلمانلارنىڭ قىبلىسى مەسجىدى ئەقسا ئىدى. مەسجىدى ئەقسا قۇرئان كەرىم مەسجىدى ئەقسا دەپ ئاتاشتىن بۇرۇن بەيتۇلمەقدىس ( مۇقەددەس ئۆي) دەپ ئاتىلاتتى. مەسجىدى ئەقسانىڭ ئومۇمىي كۆلىمى 1000 كۋادرات مېتىر كېلىدۇ. بۇ ئەتراپى رىشاتكىلانغان ھازىرقى قۇدۇس شەھرىنىڭ ئالتىدىن بىرىگە تەڭ كېلىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر ھەدىستە مۇنداق دېگەن: «ماڭا ئاپىئاق بىر تۇلپار كەلتۈرۈلدى. ئۇنىڭغا مىندىم، تۇلپار مېنى بەيتۇلمەقدىسكە ئېلىپ باردى. تۇلپارنى پەيغەمبەرلەر ئاتلىرىنى باغلايدىغان مەخسۇس جايغا باغلىدىم. ئاندىن بەيتۇلمەقدىسكە كىرىپ ئىككى رەكئەت ناماز ئوقۇ پ چىقتىم. شۇ ۋاقىتتا جىبرىئىل ماڭا بىر قاچىدا ھاراق يەنە بىر قاچىدا سۈت ئېلىپ كەلدى. مەن سۈتنى تاللىدىم. جىبرىئىل ماڭا سەن توغرىسىنى قىلدىڭ.... دېدى. ئاندىن بىزنى بىرىنچى ئاسمانغا ئېلىپ چىقتى.»

يەنە بىر قاراشقا كۆرە، مەسجىدى ئەقسا مۇسۇلمانلاردىن باشقىلارنىڭ ئىبادەت قىلىشىغا يول قويۇلمىغان مەسجىد دېگەن مەنىدە بولۇپ، تىلشۇناسلارنىڭ نەزىرىدە، مەسجىدى ئەقسا ـ سۆزىدىكى ئەقسانى يىراق دېگەن مەنىدە چۈشەنگەن ۋە شۇنداق تەرجىمە قىلغانلار خاتالاشقانلاردۇر . چۈنكى بۇ ئورۇندىكى ئەقسا سۆزى باشقىلاردىن ئايىغان ۋە مەخسۇس قىلغان مەنىدە بولۇپ، يەھۇدىي ۋە خرىستىئانلارنىڭ ئۇنىڭدا ئىبادەت قىلىشىدىن ساقلاپ مۇسۇلمانلارغا خاس قىلغان مەنىنى بىلدۈرىدۇ . بۇنىڭ دەلىلى شۇكى، خرىستىئانلار سەلىب ئۇرۇشىدا مەسجىدى ئەقسانى ئىشغال قىلىۋالغاندا، ئۇلار بۇ مەسجىدتە ئىبادەت قىلىش ئۇياقتا تۇرسۇن، ئۇنى ئاتخانا ۋە ئامبار ئورنىدا قوللانغان . يەھۇدىيلار 1948 ـ يىلى مەسجىدى ئەقسانى پەلەستىن دۆلىتى بىلەن قوشۇپ مۇستەملىكە قىلغان بولسىمۇ، ئۇلار ھازىرغىچە مەسجىدى ئەقسانى ئىبادەت ئورنى قىلمىغان ۋە ھازىرمۇ مۇسۇلمانلار ئىبادەت قىلىدىغان

مەسجىد سۈپىتى بويىچە داۋام قىلماقتا .

مەسجىدى ئەقسا پەلەستىندىكى قۇدۇس شەھرىنىڭ شەرقى جەنۇب تەرىپىگە جايلاشقان بولۇپ، ئاللاھ تائالا 622 ـ يىلى پەيغەمبىرىمىز ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام مەككىدىن مەدىنىگە ھىجرەت قىلىشتىن بىر قانچە ئاي بۇرۇن ئۇنى بىر كېچىنىڭ ئىچىدە مەككىدىن مەسجىدى ئەقساغا ئېلىپ بېرىش ئارقىلىق ئۇلۇغ مۆجىزىسىنى كۆرسەتكەن.

## 991ـسۇئال: ئەڭ دەسلەپ سېلىنغان مەسجىد ئاتۇش جامەسى

ئۇيغۇرلار ئەزەلدىن ئۆزلىرىنىڭ دىنىي ئېتىقادىنى قوغداش ۋە ئۆزلىرى مەنسۇپ بولغان دىنغا ساداقەت باغلاشتا ئەڭ ئالدىنقى خەلقتۇر. دۇنيادا ئەرەب مىللىتىدىن باشلاپ ئىسلام دىنىغا مەنسۇپ بولغان خەلقلەرنىڭ ئىچىدە باشقا دىنلارغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئاز سانلىقلار بار تۇرۇپ، ئۇيغۇرلاردا مۇسۇلمان بولغان تارىخىدىن باشلاپ باشقا دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان بىرمۇ ئۇيغۇر يوقلىقىمۇ ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆزلىرىنىڭ دىنىي ئېتىقادىنى قوغداشتا ۋە ئەجدادلىرىنىڭ ئەنئەنىسىگە ۋارىسلىق قىلىشتا نەقەدەر مۇنەۋۋەر بىر مىللەت ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. پەيغەمبىرىمىز ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام تارىختا تۇنجى قېتىم مەدىنە مۇنەۋۋەرە شەھرىدە مەسجىد سالغان بولسا، ئۇيغۇرلار تۈركىي خەلقلەر ئىچىدە تۇنجى بولۇپ مەسجىد سالغان خەلقتۇر. ئۇيغۇر دىيارىدا تۇنجى مەسجىدنىڭ سېلىنىشى بۇ جايغا ئىسلام دىنىنىڭ دەسلەپ كىرىشى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، بۇ ئىككىسى ئاساسەن بىر مەزگىلگە توغرا كېلىدۇ. قەشقەر جامەسى ئۇيغۇر دىيارىدىكى ئەڭ مەشھۇر مەسجىد ھېسابلانسىمۇ، ئەڭ بۇرۇن سېلىنغان تۇنجى مەسجىد ھېسابلانمايدۇ. 9ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرى سامانىيلا سۇلالىسىنىڭ شاھزادىسى ئەبۇ ناسىر سامانىي سودىگەر قىياپىتىدە قاراخانىيلار دۆلىتىگە كىرىپ پاناھلىنىدۇ. قاراخانىيلار خانى ئوغۇلچاق بۇ شاھزادىنىڭ ئاتۇشتا ئازادە ھايات كەچۈرىشىگە كېپىللىق قىلىدۇ. ئاتۇشقا يەرلەشكەن ئەبۇ ناسىر سامانىي كىشىلەرنى ئىسلام دىنىغا دەۋەت قىلىشقا باشلاپ، شۇ ئارىدا ئوغۇلچاقنىڭ جىيەنى سوتۇق بۇغراخاننى مۇسۇلمان قىلىشتا غەلىبە قىلىدۇ. شۇ ۋاقىتتا ئاتۇشتا مۇسۇلمانلار سانىنىڭ كۆپىيىشى بىلەن مەسجىد سېلىشقا ئېھتىياج تۇغۇلۇپ تۇنجى مەسجىدنى سالىدۇ.

## 992ـسۇئال: ئەڭ مەشھۇر مەسجىد قەشقەر ھېيتكار جامەسى

قەشقەر ھېيتكار جامەسى مىلادىيە 1442 ـ يىلى بىنا قىلىنغان بولۇپ، كېچىكلىكتىن زورىيىش، ئاددىي ھالەتتىن ئالاھىدە تۇسكە كىرىشتەك باسقۇچلارنى بېسىپ ئۆتۈپ ھازىرقى ھالەتكە كەلگەن. بۇ جامە ئۇيغۇر بىناكارلىقىنىڭ سەنئەت

ئۇسلۇبنى ئۆزگە مۇجەسسەملىگەن، ئىلىم مەرىپەت، ھۈنەر سەنئەتنىڭ ماكانى بولغان قەشقەرنىڭ جانلىق شاھىدى ھېسابلىنىدۇ. جامەنىڭ ئۇزۇنلۇقى (شىمالدىن جەنۇبقا) 140 مېتىر، كەڭلىكى (شەرقتىن غەربكە) 120 مېتىر، ئومۇمىي كۆلىمى 16800 كۋادرات مېتىر بولۇپ، ھەممە جايلىرىنى قوشقاندا، ئۇنىڭدا 30 مىڭ ئادەم بىرلا ۋاقىتتا ناماز ئوقۇيالايدۇ. جامە قۇرۇلما جەھەتتىن گۈمبەز، مەدرەسە، مەسجىد قاتارلىق بۆلەكلەردىن تەركىب تاپقان بولۇپ، چوڭ مەسجىدلەردە بولۇشقا تېگىشلىكلەرنىڭ ھەممىسى تېپىلىدۇ. قەشقەر ھېيتكار جامەسىنى 1786 - يىلى قەشقەر يېڭىشەھەرلىك زۇلپىيە بۆۋى خانىم، 1809- يىلى قەشقەر ھاكىم بېگى تۇرپانلىق ئىسكەندەر ۋاڭ، 1820- يىلى قەشقەرلىك ئەبرشىنكاندىر خوجا، 1839- يىلى قەشقەر ھاكىم بېگى ئىنانچخان زۇھۇرىددىن، 1872- يىلى ياقۇب بەدەۋلەت، 1904-يىلى ئاتاقلىق تۇردى باي ھاجى بىلەن كېرەم بايۋەچچە ئاكائۇكا ئىككىسى، 1934- يىلى ئابدۇكېرىمخان مەخسۇم قاتارلىقلار رېمونت قىلدۇرغان. شۇنىڭدىن كېيىن، داۋاملىق رېمونت قىلىنىش ۋە كېڭەيتىلىش باسقۇچلىرىنى باشتىن كەچۈرۈپ كەلگەن. بۇ جامەنىڭ ئەڭ ئاخىرقى رېمونتى 1999- 2000 -يىللار ئارىسىدا ئەمەلگە ئاشقان.

**993-سۇئال: ئەڭ قەدىمى ئىسلام ئالىي بىلىمگاھى ئەزھەر بىلىم يۇرتى**

مىسىرنىڭ قاھىرە شەھرىدىكى ئەزھەر ئۇنىۋېرسىتېتى ئىسلام دۇنياسىدىكى ئەڭ قەدىمى ئىسلام ئالىي دارىلفۇنۇنى بولۇپ، مىڭ يىلدىن كۆپرەك تارىخقا ئىگە. مىڭ يىلدىن بۇيان ئۇ ئىسلام مەدەنىيىتىنىڭ قىبلىنامىسى دېگەن شەرەپلىك نام بىلەن ئىسلام دۇنياسىدا شۆھرەت قازانغان، نۇرغۇن مۇسۇلمان پەرزەنتلىرى ئەزھەرگە بېرىپ بىلىم تەھسىل قىلىشنى ناھايىتى شەرەپ بىلگەنلىكتىن، دۇنيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىن بۇ قەدىمىي بىلىمگاھقا چەكسىز يۇقىرى تىلەكلەر بىلەن يۈزلەنمەكتە . جۈملىدىن ئۇيغۇر ئېلىدىن كېلىپ بۇ بىلىمگاھدا ئىلىم شەربىتى ئىچكەن ئۇيغۇر پەرزەنتلىرىمۇ ئاز ئەمەس. ھازىرمۇ بۇ بىلىمگاھتا 200 گە يېقىن ئۇيغۇر پەرزەنتى ئىلىم تەھسىل قىلماقتا. ئەزھەر مەسچىتى مىلادىيە 969 -يىلى بىنا قىلىنىشقا باشلىنىپ، 972 -يىلى 6 -ئاينىڭ 22 -كۈنى شۇ ۋاقىتتا ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەن فاتىمىيلەر تەرىپىدىن رەسمىي تاماملانغان.

ئەزھەر مەسچىتى دەسلەپتە ھەم ئەمەل ئىبادەت قىلىنىدىغان ھەم دىنىي ۋە پەننىي بىلىملەر تەھسىل قىلىنىدىغان ئىسلام ئالىي دارىلفۇنۇنى ھەم دۇنيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىن كەلگەن ئۆلىمالار يىغىلىدىغان ۋە باشقا ئەللەرگە ئۆلىمالار ۋە دەۋەتچىلەر ئەۋەتىلىدىغان ئالىي ئىلىم مەركىزى ئىدى. كېيىنچە ئەزھەر ئۇنىۋېرسىتېتى تەسىس

قىلىنىپ، دىنىي ۋە پەننىي بىلىملەر ئۆتىلىدىغان ئىسلام بىلىم مەركىزىگە ئايلانغان. مىلادىيە 1005 ـ يىلى ئەزھەردە دارۇلھىكمەت قۇرۇلۇپ يالغۇز بىر تۈرلۈك مەزھەبنىڭ تەلىملىرىنى ئۆگىتىش ئەھۋالىغا خاتىمە بېرىلگەن، فىقھى مەزھەبلىرىدىن مەشھۇر تۆت مەزھەبنىڭ كىتابلىرىمۇ ئايرىم ئوقۇتۇلىدىغان ھالغا كەلگەن. يەنە شۇ يىلىسى پەلسەپە، تىبابەتچىلىك ۋە ھېسابقا ئوخشاش پەننىي ۋە ئەقلىي بىلىملەرمۇ ئوقۇتۇلۇشقا باشلىغان. 19 ـئەسىرنىڭ بېشىدا، مىسىردا ئىلمىي ئىسلاھات باشلىنىپ، ھازىرقى زامان ئىلىملىرى ئەزھەرنىڭ دەرسلىكلىرىگە كىرگۈزۈلىدۇ. مەشھۇر ئىسلاھاتچى ئالىم مۇھەممەد ئابدۇنىڭ تىرىشچانلىقى بىلەن 1895 ـ يىلى ئەزھەر « يېتەكچىلىك ھەيئىتى » قۇرۇلىدۇ. شۇنداقلا ئەزھەرنىڭ دەرسلىكلىرىگە ماتېماتىكا، فىزىكا، جۇغراپىيە، تارىخ، خەتتاتلىق قاتارلىق يېڭى دەرسلىكلەر كىرگۈزۈلىدۇ . شۇنىڭدىن كېيىن ئەزھەر ئۇنىۋېرسىتېتىدا بىناكارلىق، سانائەت، مۇدىتسىنا، دورىگەرلىك يېزا ئىگىلىك، سودا، چەتئەل تىللىرى ۋە ئاخبارات فاكۇلتېتلىرى تەسىس قىلىنىدۇ. ئوقۇش پۈتتۈرىش دىپلوملىرى باكلاۋۇر، ماگىستىر ۋە دوكتور دەرىجىلىرىگە ئايرىلىدۇ. ھازىر ئەزھەر ئۇنىۋېرسىتېتى دۇنيادىكى 100 مەشھۇر ئالىي مەكتەبنىڭ ئىچىدە 45 ـ ئورۇندا تۇرىدۇ، ئۇ پۈتۈن دۇنيادىكى 608 ئالىي مەكتەبلەرنىڭ تەرەققىياتىدا زور تۆھپىلەرنى قوشقان. مەسىلەن: ھازىرقى زامان ئالىي مەكتەبلىرىدە يولغا قويۇلۇۋاتقان ئاسسىستېنت (ياردەمچى ئوقۇتقۇچى) لىق تۈزۈمى 13 ـ ئەسىردىلا ئەزھەردە كەڭ قوللىنىلغان. ئەزھەر ئۇنىۋېرسىتېتى ئۇنىۋېرسال ئۇنىۋېرسىتېت بولۇپ، ئۇنىڭدا 26 ئالىي تەتقىقات ئورگىنى بار. ھازىر مىسىردىكى ئەزھەر ئۇنىۋېرسىتېتىدا 43 ئوغۇل تالىپلار ئىنىستىتوتى، 18 قىزلار ئىنىستىتوتى بولۇپ، ھازىرغا قەدەر جەمئى 61 ئىنىستىتوت تەسىس قىلىنغان. بۇ ئىنىستىتوتلار مىسىرنىڭ ھەر قايسى رايونلىرىغا جايلاشقان. « مىسىر دۆلىتى 2005 ـيىللىق يىلنامىسى» دىكى سانلىق مەلۇماتلارغا قارىغاندا، ئەزھەر قۇرۇلغاندىن تارتىپ 2004ـ 2005ـيىلىغىچە بولغان ئارىلىقتا ئەزھەردە تەلىم ئالغان تالىپلار سانى 205 مىليون 9900 دىن ئاشقان. 2004ـ 2005ـ يىلى ئوقۇۋاتقان تالىپلار سانى 101 مىڭ 200 گە يەتكەن. بۇنىڭ ئىچىدە 75 دۆلەتتىن كەلگەن چەتئەللىك تالىپلارنىڭ سانى 12 مىڭدىن ئاشقان. ئەزھەر سىستېمىسىدىكى مەكتەب ۋە مەدرەسەلەرنىڭ سانى 7100 گە يەتكەن. ئەزھەر بىلىمگاھىنىڭ رەسمىي تور ئادرىسى: www.azhar.edu.eg

**994ـسۇئال: دارۇلھەدىس خەيرىيەت بىلىمگاھى**

مەككە مۇكەررەمە شەھرىدىكى دارۇلھەدىس بىلىمگاھى 1933 ـ يىلى سەئۇدى

ئەرەبىستاننىڭ قۇرغۇچىسى پادىشاھ ئابدۇلئەزىزنىڭ ئەمرى بىلەن قۇرۇلغان بولۇپ، بۇ بىلىمگاھ ھەر قايسى ئىسلامىي بىلىملەردە ئالىملارنى يېتىشتۈرۈپ دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا ئەۋەتىشنى مەقسەت ۋە غايە قىلغان. ھازىر دارۇلھەدىس بىلىمگاھىدا 40 تىن كۆپرەك مەملىكەتنىڭ باللىرى ئوقۇيدۇ، ئومۇمىي ئوقۇغۇچى سانى 2008 ـ يىلى 3000 غا يەتكەن. ھەقسىز بىلىم بېرىدىغان بۇ بىلىمگاھتا ئوقۇغۇچىلارنىڭ يېتىپ قوپىشى، دەرسلىك كىتابلىرى بۇ بىلىمگاھ تەرىپىدىن تەمىن ئېتىلىدۇ. ئۈيلىك ئوچاقلىق ئوقۇغۇچىلارغا ھەر ئايدا 130 دوللار، بويتاق ئوقۇغۇچىلارغا 70 دوللار مىقدارىدا ئوقۇش پۇلى بېرىلىدۇ.

## 995ـ سۇئال: دارۇلھەدىس بىلىمگاھىغا قوبۇل قىلىش شەرتلىرى

دارۇلھەدىس بىلىمگاھىغا قوبۇل قىلىش شەرتلىرى تۆۋەندىكىچە:

1) ئوقۇغۇچىنىڭ مۇسۇلمان، ئەخلاقى گۈزەل، دىنىغا مۇستەھكەم ۋە تەقۋا بولىشى.

2) ئوقۇغۇچىنىڭ سەئۇدى ئەرەبىستانلىق ياكى سەئۇدى ئەرەبىستانىدا قانۇنلۇق تۇرۇش رۇخستى(ئىقامەت)گە ئىگە بولىشى.

3) ئوقۇغۇچىنىڭ ئۆزىنى ئوقۇشقا ئاتىغان بولۇپ، ئوقۇشتىن باشقا خىزمەت، ھۈنەركەسىپ ۋە تىجارەت ئىشلىرىدىن قول ئۈزگەن بولىشى.

4) ئوقۇغۇچىنىڭ ئىنتىزامچان بولۇپ، دارۇلھەدىس بىلىمگاھىدىكى مەسئۇللارغا تولۇق ئىتائەت قىلىشقا ئەھدە بېرىشى.

5) ئوقۇغۇچىنىڭ قۇرئان كەرىمنى توغرا ئوقۇيدىغان ۋە چىرايلىق خەت يازالايدىغان بولىشى.

6) ئوقۇغۇچىنىڭ تەن ساقلىقى جايىدا ئىكەنلىكىگە رەسمىي تىببىي ئورگاندىن ئىسپات خېتى ئېلىپ كېلىشى.

7) تولۇقسىزدا ئوقۇماقچى بولغان ئوقۇغۇچىنىڭ باشلانغۇچ مەكتەپتىنىڭ ئاخىرقى يىلىدا، 75% دىن كەم دەرىجە ئالمىغان بولىشى.

8) تولۇقتا ئوقۇماقچى بولغان ئوقۇغۇچىنىڭ تولۇقسىزنىڭ ئاخىرقى يىلىدا % 75 دىن كەم دەرىجە ئالمىغان بولىشى.

9) فاكۇلتېتتا ئوقۇماقچى بولغان ئوقۇغۇچىنىڭ تولۇقنىڭ ئاخىرقى يىلىدا % 75 دىن كەم نومۇر ئالمىغان بولىشى.

10 ) ئوقۇغۇچىنىڭ ياش ئۆلچىمىدە، تولۇقسىز ئوتتۇرىدا ئوقۇماقچى بولغان ئوقۇغۇچىنىڭ 12 ياشتىن كىچىك، 18 ياشتىن چوڭ، تولۇق ئوتتۇرىدا ئوقۇماقچى بولغان ئوقۇغۇچىنىڭ 15 ياشتىن كىچىك 20 ياشتىن چوڭ، فاكۇلتېتتا ئوقۇماقچى

بولغان ئوقۇغۇچىنىڭ 18 ياشتىن كىچىك، 30 ياشتىن چوڭ بولماسلىقى.

11 ) تولۇقسىز ئوتتۇرىنىڭ بىرىنچى يىللىقىدا ئوقۇماقچى بولغا ئوقۇغۇچىنىڭ 3 پارىدىن، ئىككىنچى يىللىقىدا ئوقۇماقچى بولغان ئوقۇغۇچىنىڭ 6 پارىدىن، ئۈچۈنچى يىللىقىدا ئوقۇماقچى بولغان ئوقۇغۇچىنىڭ 9 پارىدىن، تولۇق ئوتتۇرىنىڭ بىرىنچى يىللىقىدا ئوقۇماقچى بولغان ئوقۇغۇچىنىڭ 12 پارىدىن، ئىككىنچى يىللىقىدا ئوقۇماقچى بولغان ئوقۇغۇچىنىڭ 15 پارىدىن، ئۈچۈنچى يىللىقىدا ئوقۇماقچى بولغان ئوقۇغۇچىنىڭ 18 پارىدىن، فاكۇلتېتنىڭ بىرىنچى يىللىقىدا ئوقۇماقچى بولغان ئوقۇغۇچىنىڭ 21 پارىدىن كۆپرەك قۇرئان يادلىغان بولىشى.

12 ) ئوقۇغۇچىنىڭ پۈتتۈرگەن مەكتىپى بىلەن دارۇلھەدىسقا كىرمەكچى بولغان ۋاقتى ئوتتۇرىسىدا 2 يىلدىن كۆپ ۋاقىت ئۆتمىگەن بولىشى.

13 ) بىرەر مەكتەپتىن ئەخلاقىي يېتەرسىزلىك سەۋەبلىك قوغلانغان بولماسلىقى.

14 ) دارۇلھەدىس بىلىمگاھىدا ئوقۇشقا كىرىش ئۈچۈن تەلەب سۇنغۇچىنىڭ 4 پارچە رەسىم، دارۇلھەدىستىكىلەر تونۇيدىغان ئىككى مەشھۇر ئالىمنىڭ تونۇشتۇرۇش خېتى، ئۆزى نامىدىن بىر تەلەب خېتى، دىپلومىنىڭ ئەسلىسى، كىملىك گۇۋاھنامىسىنىڭ ياكى سەئۇدى ئەرەبىستانىدا تۇرۇش رۇخستى (ئىقامەت) نىڭ ۋە پاسپورتىنىڭ سىرتى قاتارلىقلارنى ھازىرلاپ دارۇلھەدىس قوبۇلخانىسىغا تەقدىم قىلىشى تەلەب قىلىنىدۇ.

## 996-سۇئال: ئۇممۇلقۇرا ئۇنىۋېرستېتى

سەئۇدى ئەرەبىستانىنىڭ مەككە مۇكەررەمە شەھرىدىكى ئۇممۇلقۇرا ئۇنىۋېرستېتى 1967 - يىلى تەسىس قىلىنغان بولۇپ، 1926 -يىلى مەككىدە قۇرۇلغان « ئىلمىي ئىنىستتوت »، 1936 -يىلى قۇرۇلغان «دەۋەتچىلەرنى يېتىشتۇرۇش ئىنىستتوتى» ۋە 1958 - يىلى تائىف شەھرىدە قۇرۇلغان « دارۇل تەۋھىد » قاتارلىق بىلىمگاھلارنىڭ خۇلاسىسى سۈپىتىدە بارلىققا كەلگەن ئەڭ مەشھۇر ئۇنىۋېرستېتلەرنىڭ بىرىدۇر.

## 997-سۇئال: ئۇممۇلقۇرا ئۇنىۋېرستېتىنىڭ فاكۇلتېتلىرى

ئۇممۇلقۇرا ئۇنىۋېرستېتى شەرىئەت، ئىسلام تەتقىقاتى، ئەرەب تىلى، دەۋەت، تىبابەت، قاتارلىق فاكۇلتېتلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغانىنىڭ سىرتىدا، ئىنژىنېرلىق، جەمئىيەتشۇناسلىق، بىناكارلىق، دورىگەرلىك قاتارلىق جەمى 22 فاكۇلتېتنى ئۆز ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. 2300 مۇئەللىم ئىشلەيدۇ. ئۇممۇلقۇرا ئۇنىۋېرستېتى سەئۇدى ئەرەبىستانى تەۋەسىدە فاكۇلتېتلىرى ئەڭ كۆپ بولغان ئۇنىۋېرستېت ھېسابلىنىدۇ. ھازىر ئۇممۇلقۇرا ئۇنىۋېرستېتى ئوقۇغۇچىلارغا يىلدا بىر قېتىم ۋەتىنىگە بېرىپ

كېلىش ئۈچۈن ھەقسىز بىلەت ئېلىپ بېرىش، ئوقۇغۇچىلارغا ئايدا 240 دوللار ياردەم پۇلى بېرىش، دەرسلىك كىتابلارنى ھەقسىز بېرىش، ئوقۇغۇچىلارنىڭ يېتىپ قوپىدىغان جايلىرىنى تەمىن ئېتىش ۋە قوبۇل قىلىش شەرتلىرى قاتارلىق تەرەپلەردە، سەئۇدى ئەرەبىستانىنىڭ باشقا ئۇنىۋېرسىتېتلىرىگە ئوخشايدۇ. ھازىر ئومۇملۇقۇرا ئۇنىۋېرسىتېتىدە 10 دىن كۆپرەك ئۇيغۇر ئوقۇغۇچى ئىلىم تەھسىل قىلماقتا. ئۇنىۋېرستېتنىڭ رەسمىي تور ئادرىسى: www.uqu.edu.sa

## 998-سۇئال: مۇھەممەد ئىبنى ئەلى سەنۇسى ئۇنىۋېرستېتى

بۇ ئۇنىۋېرستېت 1841 -يىلى لىۋىيە جۇمھۇرىيىتىدە تەسىس قىلىنغان بولۇپ، لىۋىيىدە تەسىس قىلىنغان ئىككىنچى ئۇنىۋېرستېت بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئۆتكەن ئەسىرنىڭ 70 -يىللىرىدىن كېيىن بۇ ئۇنىۋېرستېت ئىسلامىي بىلىملەرنى ئۆگىتىشتىن تاشقىرى ئىنسانىي ئىلىملەرنىمۇ ئۆگىتىدىغان بولۇپ ئۆزگەرتىلگەن ۋە نامى ئۆمەر مۇختار ئۇنىۋېرستېتى دەپ ئۆزگەرتىلگەن. لىۋىيە ۋە چەتئەللەردىن ئوقۇغۇچىلار كېلىپ بۇ ئۇنىۋېرستېتتا بىلىم تەھسىل قىلىدۇ.

## 999-سۇئال: مەدىنە ئىسلام ئۇنىۋېرستېتى

مەدىنە مۇنەۋۋەرە شەھرىدىكى « ئىسلام ئۇنىۋېرستېتى » 1961 - يىلى 9-ئايدا قۇرۇلغان بولۇپ، دۇنيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىن ئوقۇغۇچىلار كېلىپ ئىلىم تەھسىل قىلىدۇ. بۇ ئۇنىۋېرستېتنىڭ تەركىبىدە تولۇقسىز ۋە تولۇق ئوتتۇرا مەكتەبلەرمۇ بار. ئىسلام ئۇنىۋېرستېتىدە شەرىئەت، دەۋەت، قۇرئان ئىلمى، ھەدىس، ئەرەب تىلى قاتارلىق فاكۇلتېتلار بار. ئۇنىڭ تەركىبىدە يەنە ئەرەب ئەمەس مىللەتلەرگە ئەرەب تىلىنى ئۆگىتىش« ئىنىستىتوتى» بولۇپ، 1966 -يىلى قۇرۇلغان. مەدىنە ئىسلام ئۇنىۋېرستېتىنىڭ سىنىپلىرى تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ 3يىللىق، ئىنىستىتوت 3يىللىق، فاكۇلتېت 4يىللىق بولۇپ، ئىسلام ئۇنىۋېرستېتىنىڭ دىپلومى سەئۇدى ئەرەبىستانىنىڭ ھەرقايسى خەلقئارالىق ئۇنىۋېرستېتلىرىنىڭ دىپلوملىرى بىلەن بىر ئورۇندا تۇرىدۇ ۋە ئوخشاش دەرىجىدە قوبۇل قىلىنىدۇ. ئۇنىۋېرستېتتا ئوقۇۋاتقان ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلارنىڭ سانى سەئۇدى ئەرەبىستانى تەۋەسىدىكى ھەر قايسى ئۇنىۋېرستېتلەردە ئوقۇۋاتقان ئۇيغۇرلارنىڭ ساندىن ئالاھىدە كۆپ بولۇپ، ھازىر بۇ ئۇنىۋېرستېتتا 50 دىن كۆپرەك ئۇيغۇر ئوقۇغۇچى ئىلىم تەھسىل قىلماقتا.

## 1000-سۇئال: مەدىنە ئىسلام ئۇنىۋېرستېتىنىڭ تەمىنلىشى

بۇ ئۇنىۋېرستېتتا ئوقۇغۇچىلارنىڭ يېتىپ قوپىشى، دەرسلىك كىتابلىرى ئۇنىۋېرستېت تەرىپىدىن تەمىن ئېتىلىدۇ. فاكۇلتېتتا ئوقۇۋاتقانلارغا ھەر ئايدا 226 دوللار، تولۇق ئوتتۇرىدا ئوقۇۋاتقانلارغا 100 دوللار، تولۇقسىزدىكىلەرگە 80 دوللار

ياردەم پۇلى بېرىلىدۇ. ئەمما ماگىستىرلىق ۋە دوكتورلۇقتا ئوقۇۋاتقانلارغا 240 دوللار بېرىلىدۇ. فاكۇلتېتتا ۋە ماگىستىرلىق، دوكتۇرلۇقتا ئوقۇۋاتقانلارغا يىلدا بىر قېتىم 226 دوللار كىتاپ پۇلى بېرىلىدۇ. ئۆيلۈك ئوچاقلىق ئوقۇغۇچىلارغا ئايرىم ئۆي تەمىن ئېتىلىدۇ. ئەلاچى ئوقۇغۇچىلارغا يىلدا بىر قېتىم 300 دوللار ئەتراپىدا مۇكاپات پۇلى بېرىلىدۇ. ئۇقۇغۇچىلارغا ھەر يىلى يازلىق تەتىل مەزگىلىدە ۋەتىنىگە بېرىپ كېلىشى ئۈچۈن ھەقسىز ئايروپىلان بېلىتى ئېلىپ بېرىدۇ.

**1001-سۇئال: مەدىنە ئىسلام ئۇنىۋېرسىتېتىغا قوبۇل قىلىش شەرتلىرى**

مەدىنە ئىسلام ئۇنىۋېرسىتېتىغا قوبۇل قىلىش شەرتلىرى تۆۋەندىكىچە:

1) ئوقۇغۇچىنىڭ تولۇق ئوتتۇرىنى پۈتتۈرگەن دىپلومى بولىشى ۋە ئۇنىڭ سەئۇدى ئەرەبىستانىدا ياكى باشقا دۆلەتلەردە كۈچكە ئىگە دىپلوم بولىشى.

2) ئوقۇغۇچىنىڭ قولىدا چەتكە چىقالايدىغان پاسپورت تەييار بولىشى.

3) تولۇق ئوتتۇرىنىڭ دىپلومىنى ئالغان ۋاقتتىن 5 يىلدىن كۆپ ۋاقىت ئۆتمىگەن بولىشى.

4) ئوقۇغۇچىنىڭ ئەخلاقى گۈزەل، ئۆزى چىۋەر بولىشى.

5) ئوقۇغۇچىنىڭ تەن ساقلىقى جايىدا بولۇپ، ئۇنىۋېرسىتېتنى ئوقۇشقا لاياقەتلىك بولىشى.

6) ئوقۇماقچى بولغان كىشى بىرەر ئورگاننىڭ كادىرى بولسا، ئىش ئورنىدىن ئۇنىڭ ئۇنىۋېرسىتېتنى ئوقۇشقا رۇخسەت بېرىلگەن بولىشى.

7) ئوقۇغۇچىنىڭ باشقا بىرەر ئۇنىۋېرسىتېتتىن قايسىبىر سەۋەب بىلەن قوغلانغان بولماسلىقى.

8) ئوقۇغۇچىنىڭ يېشى قوبۇل قىلىنغا ۋاقتتا 25 ياشتىن چوڭ بولماسلىقى.

9) ئوقۇغۇچىنىڭ مەدىنە ئىسلام ئۇنىۋېرسىتېتى بەلگىلىگەن شەرتلەرنى تولۇقلىغان بولىشى ۋە ئۇنىۋېرسىتېت ئىنتىزامىغا رىئايە قىلىشقا ئەھدە بېرىشى.

10) ئۇنىۋېرسىتېتنىڭ قۇرئان كەرىم فاكۇلتېتىغا كىرمەكچى بولغان ئوقۇغۇچىنىڭ قۇرئان كەرىمنى تولۇق يادقا ئالغان بولىشى.

11 )ئوقۇغۇچىغا ئۆزى ئوقۇغان مەكتەبتىكى ئۇستازى بىر پارچە ۋە تونۇلغان ئۆلىمالاردىن بىرەرسى يەنە بىر پارچە تونۇشتۇرۇش خېتى يېزىپ بېرىشى. يۇقىرىقى شەرتلەرنى ھازىرلىغان ئوقۇغۇچى ئېنتېرنېتتىن تۆۋەندە بېرىلىدىغان ئادرېسقا كىرىپ، تەلەب قىلىنغان جەدۋەللەرنى تولۇق تولدۇرۇپ، كېرەكلىك ھۆججەتلەرنى سكاين قىلىپ سېلىپ، ئۆزىنىڭ تېلېفون نومرىنى ۋە ئېلخەت ئادېرىسىنى يېزىپ ئەۋەتىدۇ. تەلەب: ئاۋغۇست ئايدىن بۇرۇن ئەۋەتىلىدۇ. ۋە ھەر يىلى سىنتەبىر ئېيىدا

ئۇنۇېرستېتكە قوبۇل قىلىنغانلىق نەتىجىسى ئېلان قىلىنىدۇ ۋە ئوقۇغۇچىنىڭ ئېلخەت ئادرېسىغا يېتىپ كېلىدۇ. مەدىنە ئىسلام ئۇنۇېرستېتىنىڭ رەسمىي تور ئادرېسى: www.iu.edu.sa.com

## 1002ـ سۇئال: تۈركىيىدىكى ئىلاھىيات (Ilahiyat fakulteleri) فاكۇلتېتلىرى

تۈركىيىدىكى ئۇنۇېرستېتلەرنىڭ تەركىبىدە داۋام قىلىپ كېلىۋاتقان «ئىلاھىيات فاكۇلتېتلىرى » دىنىي دەرسلەر ئۆتىلىدىغان فاكۇلتېتلار بولۇپ، 1925 ـيىلى 7ـ ئۆكتەبىر كۈنى « دارۇلفۇنۇن » غا قوشۇۋېتىلگەن قەدىمىي مەدرەسەلەردىن « فاتىھ » ۋە « سۇلايمانىيە » مەدرەسەلىرىنىڭ داۋامى ھېسابلىنىدۇ. شۇ يىلى بۇ مەدرەسەلەر «دارۇلفۇنۇن » نىڭ ئىلاھىيات فاكۇلتېتلىرى سۈپىتىدە داۋام قىلغان بولسىمۇ 1933 ـ يىلى رەسمىي تاقىۋېتىلگەن. 1992 ـ يىلى ئىستانبۇل ئۇنۇېرستېتى تەركىبىدە (ئىستانبۇل ئۇنۇېرستېتى تۈركىيىنىڭ ئەڭ قەدىمىي ئۇنۇېرستېتلىرىدىن بىرى ۋە ئەڭ دەسلەپ قۇرۇلغان ئۇنۇېرستېت بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. تۈركىيىدە ئوسمانىيلارنىڭ سۇلتانى ئىككىنچى ئابدۇلھەمىدخاننىڭ پەرمانى بىلەن 1900 ـ يىلى 31 ـ ئاۋغۇست كۈنى « دارۇلفۇنۇن »نامىدىكى تۇنجى ئۇنۇېرستېت ئېچىلغان بولۇپ، بۇ ئۇنۇېرستېت 1933 ـ يىلىغىچە « دارۇلفۇنۇن ئۇنۇېرستېتى » دېگەن نامى بىلەن ئاتىلىپ كېلىپ، شۇ يىلى 1ـ ئاۋغۇست كۈنىدىن ئېتىبارەن2252ـ نومۇرلۇق مەخسۇس قارار بىلەن «ئىستانبۇل ئۇنۇېرستېتى » گە ئۆزگەرتىلگەن.) يېڭىدىن «ئىلاھىيات فاكۇلتېتى » ئېچىلغان. 1996 ـ يىلىغا كەلگەندە، ئىلاھىيات فاكۇلتېتلىرىدا باكلاۋۇرلۇقتىن باشقا يەنە ماگىستىرلىق ۋە دوكتورلۇق ئۇنۋانلىرى بېرىلىدىغان بولغان. ھازىر تۈركىيىنىڭ ھەر قايسى شەھەر ۋە ۋىلايەتلىرىدىكى ئۇنۇېرستېتلەرنىڭ تەركىبىدە ئىلاھىيات فاكۇلتېتلىرى كۆپەيتۈر. تۈركىيىدىكى ئىلاھىيات فاكۇلتېتلىرىنىڭ سانى 32 گە، ئوقۇغۇچى سانى 72000 گە يەتكەن.

## 1003ـ سۇئال: ئىلاھىيات فاكۇلتېتلىرىنىڭ دەرسلىكلىرى

تۈركىيىنىڭ ئىلاھىيات فاكۇلتېتلىرىدا ئوقۇتۇلىدىغان دەرسلىكلەر تەپسىر، ھەدىس، فىقھى ۋە بۇلارنىڭ ئۇسۇللىرى، ئىلمى كالام، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تەرجىمىھالى ئاساسلىق دەرسلىكلەر بولۇپ، ئەرەب ئەدەبىياتى، پەلسەپە، ئەخلاق، ئىسلام تارىخى، دىنلار تارىخى قاتارلىقلار دەرسلىكلەرمۇ ئۆتىلىدۇ. بۇلاردىن باشقا ئەرەب، پارس، ئېنگلىز ۋە فرانسۇز تىللىرىمۇ بۇ فاكۇلتېتلارنىڭ دەرسلىكلىرى ئىچىدىن ئورۇن ئالماقتا.

## 1004-سۇئال: مالايشيا خەلقئارا ئىسلام ئۇنىۋېرسىتېتى (International Islamic University Malaysia)

مالايشيا خەلقئارالىق ئىسلام ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئورنى مالايشيا پايتەختى كوئالالامپۇر شەھرىنىڭ شىمالىدىكى گومباك شەھرىدە بولۇپ، بۇ ئۇنىۋېرسىتېت 1983 ـ يىلى سەئۇدى ئەرەبىستانى، تۈركىيە، پاكىستان، مالدىۋ قاتارلىق دۆلەتلەر ۋە خەلقئارا ئىسلام قۇرۇلتىيىنىڭ ياردىمى بىلەن تەسىس قىلىنغان. بۇ ئۇنىۋېرسىتېت ئىسلامىي بىلىملەردىن باشقا، ئىجتىمائىي، مېدىتسىنا، دارىگەرلىك ۋە پەن تېخنىكا بىلىملىرىنىمۇ ئۆگىتىدۇ. ئۇنىۋېرسىتېتنىڭ رەسمىي تىلى ئېنگلىز تىلىدۇر. مالايشيا خەلقئارا ئىسلام ئۇنىۋېرسىتېتى ئىسلام ئەللىرى ئىچىدە بىلىم سەۋىيىسىنىڭ يۇقىرىلىقى ۋە ھەر جەھەتتىن ئىلغارلىقى بىلەن داڭق چىقارغان ئەڭ مەشھۇر ئۇنىۋېرسىتېت بولۇپ، ئىسلام دۆلەتلىرىدىن تاشقىرى ئامېرىكا، ياۋروپا ۋە ئاۋۇستىرالىيىلەردىن ئوقۇغۇچىلار كېلىپ ئىلىم تەھسىل قىلماقتا. 100 دىن كۆپرەك دۆلەتتىن بالىلار كېلىپ ئوقۇيدۇ. ئانا ۋەتىنىمىزدىن كېلىپ بۇ ئۇنىۋېرسىتېتتا ئوقۇۋاتقان ئۇيغۇر پەرزەنتلىرىدىنمۇ يۈزلەرچە بار. مالايشيا خەلقئارا ئىسلام ئۇنىۋېرسىتېتىدە 30 مىڭدىن كۆپرەك ئوقۇغۇچى بىلىم ئالماقتا. بۇلارنىڭ ئىچىدىن % 10 نى چەتئەللىك ئوقۇغۇچىلار تەشكىل قىلىدۇ. ھەر يىلى 2000 دىن كۆپرەك بالا ئوقۇش پۈتتۈرىدۇ. ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۇنىۋېرسىتېتقا تۆلەيدىغان پۇلى فاكۇلتېتلارغا قاراپ پەرقلىق بولىدۇ. ئومۇمەن ئېيتقاندا، چەتئەللىك ئوقۇغۇچىلار ھەر بىر يېرىم يىللىق ئوقۇش ئۈچۈن ئۇنىۋېرسىتېتكە 560 دوللاردىن 620 دوللارغىچە پۇل تۆلەيدۇ. ئەمما مالايشيالىق ئوقۇغۇچىلار ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 500 دوللاردىن پۇل تۆلەيدۇ. بۇ ئۇنىۋېرسىتېتتا مۇسۇلمان ئەمەس بالىلارمۇ ئوقۇيدۇ. ئۇنىۋېرسىتېتنىڭ رەسمىي تور ئادرېسى: www.iiu.edu.my

## 1005-سۇئال: ئىسلام ئاباد خەلقئارا ئۇنىۋېرسىتېتى International Islamic University Islamabad

ئىسلام ئاباد خەلقئارا ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئورنى پاكىستان پايتەختى ئىسلام ئاباد شەھرىدە بولۇپ، 1980 ـيىلى سەئۇدى ئەرەبىستانى، تۈركىيە، پاكىستان، مالايشيا، مالدىۋ قاتارلىق دۆلەتلەر ۋە خەلقئارا ئىسلام قۇرۇلتىيىنىڭ ياردىمى بىلەن تەسىس قىلىنغان. بۇ ئۇنىۋېرسىتېتتا ئىسلامىي ئىلىملەردىن باشقا ھەر ساھە ئىلىم پەنلىرىمۇ ئوقۇتىلىدۇ، بۇ ئۇنىۋېرسىتېتقا 60 تىن كۆپرەك مەملىكەتتىن ئوقۇغۇچىلار كېلىپ ئىلىم تەھسىل قىلىدۇ ۋە ھازىر 10 مىڭدىن كۆپرەك ئوقۇغۇچىسى بار. ئۆتكەن ئەسىرنىڭ 80 ـيىللىرىدىن باشلاپ ئانا ۋەتەندىن چىقىپ بۇ ئۇنىۋېرسىتېتتا بىلىم تەھسىل قىلغان ئۇيغۇر پەرزەنتلىرىنىڭ سانىمۇ ئاز ئەمەس. ھازىرمۇ بىر قىسىم ئۇيغۇر

ئوقۇغۇچىلار بۇ ئۇنىۋېرسىتېتتا ئوقۇپ كەلمەكتە. ئىسلام ئاباد خەلقئارا ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ فاكۇلتېتلىرى ئەرەب تىلى ۋە ئىسلام مەدەنىيىتى فاكۇلتېتى، ئىسلامىي ئىلىملەر فاكۇلتېتى، شەرىئەت ۋە قانۇن فاكۇلتېتى، تېخنىكا ۋە ئېنژېنېرلىق فاكۇلتېتى، شىركەت باشقۇرۇش فاكۇلتېتى، ئىجتىمائىي ئىلىملەر فاكۇلتېتى قاتارلىق فاكۇلتېتلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئىسلام ئاباد خەلقئارا ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ رەسمىي تور ئادرېسى: www.iiu.edu.pk

## 1006-سۇئال: ئىمان ئۇنىۋېرسىتېتى

بۇ ئۇنىۋېرسىتېتنى ھازىرقى زامان مەشھۇر ئۆلىمالىرىدىن ئەللامە ئابدۇلمەجىد زەندانىي تەرىپىدىن 1993 - يىلى يەمەن پايتەختى سانئا شەھرىدە تەسىس قىلىنغان بولۇپ، ھازىرغىچە بولغان قىسقا ۋاقىت ئىچىدە كۆپلىگەن ئىلىم ئەھلىلىرىنى يېتىشتۈرۈپ چىققان. بۇ ئۇنىۋېرسىتېتنى پۈتتۈرۈپ چىققان ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلارمۇ خېلى بار. ئەپسۇسكى، بۇ ئۇنىۋېرسىتېت 2004 - يىلىدىن بېرى ئامېرىكا ۋە بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى تەرىپىدىن ئەل قائىدە تەشكىلاتىغا ياردەم قىلىدۇ، دېگەن تۆھمەت بىلەن قارىلىنىپ كەلگەن بولسىمۇ، ئوقۇتۇش ئىشلىرى داۋام قىلماقتا. دۇنيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىن ئوقۇغۇچىلار كېلىپ بىلىم ئالماقتا. ئىمان ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ رەسمىي تور ئادرېسى: www.jameataleman.org

## 1007-سۇئال: ئامېرىكا ئوچۇق ئۇنىۋېرسىتېتى (the American Open Universty)

ئامېرىكا ئوچۇق ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئورنى ئامېرىكا پايتەختى ۋاشىنگتون شەھرىدە بولۇپ، 1995 - يىلى تەسىس قىلىنىپ، 1996 - يىلى رەسمىي دەرس باشلىغان. بۇ ئۇنىۋېرسىتېت ئىسلامىي ئىلىملەر ۋە ئىسلام تەربىيىسى ئۆگىتىش مەقسىتى بىلەن تەسىس قىلىنغان مۇستەقىل بىلىمگاھى بولۇپ، ئىسلام مەملىكەتلىرىدىن ئىختىساسلىق كىشىلەر ئوقۇتقۇچىلىققا تەكلىپ قىلىنغان. ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ رەسمىي تور ئادرېسى: www.aou.edu

## 1008-سۇئال: قەشقەر خانلىق مەدرەسە

« خانلىق مەدرەسە » قەشقەر سەئىدىيە خانلىقىنىڭ سەككىزىنچى سۇلتانى ئابدۇللاخان( 1639 -يىلدىن 1652 - يىلغىچە تەختتە ئولتۇرغان) تەرىپىدىن 1641 - يىلى بىنا قىلدۇرۇلغان بولۇپ، ئەينى زاماندا ئۇيغۇر مائارىپىنى يۈكسەلدۈرۈشتە ئالاھىدە رول ئوينىغان مەدرەسەدۇر. ئەينى ۋاقىتلاردا خانلىق مەدرەسەلەر ئەڭ ئالىي بىلىم يۇرتلىرى ھېسابلىناتتى. بولۇپمۇ خوتەن، يەكەن، قەشقەرگە ئوخشاش چوڭ مەركىزىي شەھەرلەردە بۇنداق بىلىم يۇرتلىرىنى بىنا قىلدۇرۇش شەرت قىلىنغاچ ھەم كۆپىنچە خانلىقلار ۋە خانلىقلاردا ئىشلەيدىغان مەشھۇر ئەربابلار، مۇشاۋىرلار،

ئالىملارنىڭ تەشەببۇس ئىشتىراكلىرى بىلەن قۇرۇلىدىغان بولغاچ، مەدرەسەلەرنىڭ نامىمۇ شۇ كىشىلەرنىڭ ئىسمى شەرىپى ياكى مۇشۇ مەركىزىي شەھەر نامى بىلەن ئاتىلاتتى.

« خانلىق مەدرەسە » مۇ قەشقەردىكى خانلىق ئوردا تۇرۇشلۇق شەھەردە قۇرۇلغاچقا، مەدرەسەنىڭ مالىيىسى، مەبلىغى ۋە تۇرلۇك خىراجەتلىرى چەكلىك ھالدا پادىشاھلىق خەزىنىدىن چىقىم قىلىنىپ، ئاز قىسمى ھەر قايىسى ۋەقپىلەرنىڭ تەمىنات بېرىشى بىلەن تولۇقلىناتتى. شۇڭلاشقا، بۇ مەدرەسەنىڭ ئىقتىسادى مەدرەسە كوللېكتىپى بەلگىلىگەن « مۇتەۋەللى » لەر ئارقىلىق باشقۇرۇلاتتى. پۈتۈن «خانلىق مەدرەسە» ئۇيغۇر ئېلى بويىچە ئالىي بىلىم يۇرتى بولۇپ، ئۇنىڭغا مەملىكەتنىڭ ھەرقايىسى جايلىرىدىن ئىلىم تەلەپ قىلغۇچىلار كېلىپلا قالماستىن، بەلكى كەشمىر، پاكىستان، ئافغانىستان، ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ سەمەرقەند، قوقان، پەرغانە، نەمەنگان قاتارلىق جايلىرىدىن تالىپلار كېلىپ ئوقۇغان. قەشقەر« خانلىق مەدرەسە » نىڭ دەسلەپكى ياسالغان قۇرۇلۇشىنى ھېسابقا ئالمىغاندا جەمئىي تۆت قېتىم رېمۇنت قىلىنغان. بىرىنچى قېتىم مىلادى 1805 ـ1806ـ يىللىرى (ھجرىيە 1220ـ يىلى) قەشقەرنىڭ چوڭ ئاقساقىلى ئابدۇۋارىس بەگ؛ ئىككىنچى قېتىم مىلادى 1844ـ يىلى (ھجرىيە 1260 ) قەشقەرلىق مۇھەممەد سادىق ئەلەم ئاخۇنۇم؛ ئۈچۈنچى قېتىم مىلادى1905ـ 1906 ـ يىلى (ھجرىيە 1323 ـ يىلى) قەشقەرلىك چوڭ باي مۇسابايوپ؛ تۆتىنچى قېتىم 1936ـ1937 ـيىللىرى مىلادى (ھجرىيە 1355ـ يىلى) مەھمۇد مۇھەممىدى قاتارلىق كىشىلەر رېمۇنت قىلدۇرغان.

## 1009ـسۇئال: قەشقەر« ساچىيە »مەدرەسەسى

قەشقەر 10 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا، يەنى سۇلتان سۇتۇق بۇغراخاننىڭ ۋاقتىدا قەشقەردە مەشھۇر ساچ مەدرەسەسى (ساچىيە ـ سېچىش، يېيىش، ئىلىم يەنى كېڭەيتىش) قۇرۇلغان بولۇپ، داڭلىق ئەدىب جامالىددىن قەشقەرى قاتارلىق ئۆلىمالارنىڭ دەرس باشلىشى بىلەن ئېچىلغان. 1057 ـ يىلى ئاتۇشتا بۇ مەكتەپنىڭ شۆبە دارىلفۇنۇنى قۇرۇلغان. «ساچىيە مەدرەسەسى » شۇ دەۋردىكى ئومۇملاشقان ئىلمىي ۋە تىببىي مەكتەپ بولۇپ، ئوتتۇرا ئەسىردە ياۋرۇپادا قۇرۇلغان ھەم ھازىر دۇنيادا ئالدىنقى قاتاردا سانىلىدىغان پارىژ ئۇنىۋېرسىتېتى ۋە ئوكسفورت ئۇنىۋېرسىتېتى ( 1200 ـ يىلى ئەنگلىيىدە قۇرۇلغان) قاتارلىق ئالىي بىلىم يۇرتلىرىدىنمۇ ئۈچ ئەسىر ئىلگىرى قۇرۇلغان. بۇ مەكتەپ قۇرۇلغاندىن كېيىن قاراخانىيلار تەۋەسىدىكى نۇرغۇنلىغان مەرىپەتپەرۋەر كىشىلەرنىڭ بىلىم ئىگىلىشى ئۈچۈن ياخشى ئىمكانىيەت يارىتىلغان. بۇ مەكتەپتە شۇ ۋاقىتلاردا ھۈسەيىن ئىبنى

خەلەف قەشقەرى، سەيد جالالدىن باغدادى، خوجا ياقۇپ سۈزىكى، ئىمامىدىن قەشقەرى، ھۆسەيىن پەيزۇللا، جامالدىن قەشقەرى، رەشىد ئىبنى ئەلى قەشقەرى قاتارلىق نۇرغۇنلىغان نوپۇزلۇق ئەربابلار ھېساب، يۇنان پەلسەپىسى، تىلشۇناسلىق، ئىسلام ئەقىدىسى، ئاسترونومىيە، تىبابەتچىلىك، ئىلمىي مەنتىق، تارىخ، ئىلمىي روھ، ئۇرۇش تاكتىكىسى قاتارلىق ئىجتىمائىي ۋە تەبىئىي پەنلەردىن دەرس بەرگەن. بۇ مەكتەپتە يەنە كۆتۈپخانا تەسىس قىلىنغان بولۇپ، نۇرغۇنلىغان مەشھۇر كىتابلار تېما قىلىنىپ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۆگىنىشىگە ئەۋزەل شارائىت ھازىرلاپ بېرىلگەن. « سۇراھ » ناملىق ئەسەرنىڭ ئاپتورى جامال قارشى ئۆز كىتابىدا جەۋھەرنىڭ « سۇھاھ » ناملىق تۆت توملۇق كىتابىنى مۇشۇ مەكتەپنىڭ كۆتۈپخانىسىدىن ئېلىپ پايدىلانغانلىقىنى يازغان. ساچىيە مەدرەسەسىنىڭ قۇرۇلۇشى، قاراخانىيلار زىيالىيلىرىنىڭ ۋە ئىلىم ھەۋەسكارلىرىنىڭ بۇخارا قاتارلىق جايلارغا بېرىپ ئىلىم تەھسىل قىلىش قىيىنچىلىقىغا خاتىمە بەرگەن. نۇرغۇنلىغان زىيالىيلار يول ئازابى ۋە مۇساپىرچىلىق دەردىدىن بىر يوللا قۇتۇلۇپ، ئۆزىنىڭ ئىلىمگە بولغان تەشنالىقىنى مۇشۇ مەكتەپتە قاندۇرغان. ئۇلارنىڭ ئارىسىدىن نۇرغۇنلىغان ئالىملار، تارىخشۇناسلار، شائىرلار، سىياسىي ئەربابلار ۋە ھەر تەرەپلىمە بىلىمگە ئىگە ئىستىداتلىق كىشىلەر يېتىشىپ چىقىپ، ئۇيغۇر مەدەنىيەت تارىخىدا ئۆچمەس ئىزلارنى قالدۇرغان. بۇ ئىلىم يۇرتىنىڭ جاھانغا تونۇلۇشى بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيادىن نۇرغۇن ئىلىم ھەۋەسكارلىرى كېلىپ ئىلىم تەھسىل قىلغان. قەشقەر ئۆزىنىڭ بۇ ئىلىم ئوچىقى بىلەن پۈتكۈل شەرق دۇنياسىغا تونۇلۇپ ئىككىنچى بۇخارا، « بۇخارا سانى » دېگەن نامغا ئېرىشكەن.

## 1010 ـ سوئال: قەشقەر ساقىيە مەدرەسەسى

قەشقەر ساقىيە (ئىلىمگە تەشنا بولغۇچىلارنى سۇغارغۇچى)مەدرەسەسى مىلادىيە 1630 ـ يىلى خەيرساخاۋەتچى ئايال بەھرىگىل بانۇنىڭ شەخسىي مەبلەغ سېلىشى بىلەن بىنا قىلىنغان. 1911 ـيىلىغا كەلگەندە، كاتتا باي باھاۋۇددىن باينىڭ باشچىلىقىدا مەدرەسەنىڭ دەرۋازىسى، دەرۋازا تېمى، مەسجىدى يېڭىلانغاندىن تاشقىرى، پەلەمپەينىڭ ئىككى تەرىپىدىكى ھۇجرىلار ئىككى قەۋەتلىك قىلىپ ياسالغان. ساقىيە مەدرەسەسى ئەڭ ئاتاقلىق مەدرەسە، خانلىق مەدرەسەدىن قالسىلا بىر قەدەر ئالاھىدە ئورۇن تۇتقان مەدرەسە بولۇپ، ئورنى خانلىق مەدرەسەنىڭ جەنۇبىغا جايلاشقان. ئەينى ۋاقىتتا بۇ مەدرەسەدە خوتەن، ئاقسۇ، تۇرپان، قۇمۇل، ئىلى، ئالتاي، چۆچەك قاتارلىق جايلاردىن تالىپلار كېلىپ ئىلىم تەھسىل قىلغان. ئۆز ۋاقتىدا ساقىيە مەدرەسەسىگە تەۋە 37 يۇرىش قۇرۇلۇش بار بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە 56 ئېغىز ھۇجرا، 9 ئېغىز دەرسخانا، بىر مەسجىد بولغانىنىڭ سىرتىدا، 500 مو تېرىلغۇ

يېرى، 6 ئورۇندا ساراي، 16 ئېغىز دۇكان، 10 ئېغىز ئۆي، چوڭ بىر باغ قاتارلىق ۋەقىپ مۈلكى بار ئىدى. بۇ مەدرەسە ئاللىبۇرۇن بۇزۇپ تاشلانغان بولۇپ، 1991- يىلى ئۇنىڭ ئورنىغا قەشقەر ۋىلايەتلىك دىنىي مەكتەب تەسىس قىلىنغان.

## 1011-سۇئال: ھىجرىيە يىلنامىسى ئۇقۇمى

ھىجرىيە يىلنامىسى ئەرەبلەرنىڭ يىل، ئاي ۋە كۈنلەرنى ئاينىڭ ھەرىكىتى بويىچە ھېسابلايدىغان قەمەرىيە يىلنامىسى ئاساسىدا بارلىققا كېلىپ، ھىجرەت يىلىنى بىرىنچى يىل قىلغان ئىسلام يىلنامىسىدۇر. ھىجرىيە يىلنامىسى ئىسلام دىنى ئارقىلىق دۇنيا مۇسۇلمانلىرى ئارىسىدا كەڭ ئومۇملاشقان.

## 1012-سۇئال: ئەرەبلەرنىڭ بۇرۇنقى يىلنامىرى

ئىسلام دىنى كېلىشتىن ئىلگىرى، ئەرەبلەرنىڭ ئىككى خىل يىلنامىسى بولۇپ، ئۇنىڭ بىرى، دېھقانچىلىق ئىشلىرىدا قوللىنىدىغان، ۋاقىتنى قۇياشنىڭ ھەرىكىتى بويىچە ھېسابلايدىغان شەمسىيە يىلنامىسى، يەنە بىرى، دىنىي پائالىيەتلەر ۋە تارىخىي ۋەقەلىكلەرنىڭ ۋاقىتنى ھېسابلاشتا قوللىنىدىغان، ۋاقىتنى ئاينىڭ ھەرىكىتى بويىچە ھېسابلايدىغان قەمەرىيە يىلنامىسى بار ئىدى.

## 1013-سۇئال: ھىجرىيە يىلنامىسىنىڭ مەيدانغا كېلىشى

ئەرەب يېرىم ئارىلىدا ئىسلام نۇرى پارلاشقا باشلاپ، ئىسلام دەۋىتى ۋە ئىسلام ھاكىمىيىتى مۇستەھكەملەنگەن ھەمدە ئىسلام دەۋىتى چەت دۆلەتلەرگىچە يېتىپ بارغاندىن كېيىن، ئىككىنچى خەلىپە ھەزرىتى ئۆمەر ئىبنى خەتتابنىڭ دەۋرىگە كەلگەندە، دۇنيادا ئەڭ زور نوپۇزغا ئىگە بولغان ئىسلام دىنىنىڭ ئۆزىگە خاس رامىزان، ھەج ۋە باشقىمۇ ئىبادەتلەرنىڭ، دىنىي پائالىيەتلەرنىڭ ۋاقىتلىرىنى ھېسابلايدىغان، ۋەقەلىكلەرنى خاتىرىلەيدىغان، پۈتۈن دۇنيا مۇسۇلمانلىرى ئورتاق قوللىنىدىغان مەخسۇس ئىسلامىي يىلنامىسى بولۇشى لازىملىقى ھېس قىلىنغان ۋە بۇ پىكىر رەسمىي ئوتتۇرىغا قويۇلغان. ئىسلام يىلنامىسىدا قايسى ۋاقىتنى يىل بېشى قىلىش مەسىلىسىدە تۆرلۈك لايىھەلەر ئوتتۇرىغا قويۇلغان. بەزىلەر مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ تۇغۇلغان كۈنى 571 - يىلنى ئىسلام يىلنامىسىنىڭ باش يىلى قىلىش پىكرىنى ئوتتۇرىغا قويسا، بەزىلەر مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام پەيغەمبەر بولغان 610 - يىلنى يىل بېشى قىلىش پىكرىنى ئوتتۇرىغا قويغان. كۆپچىلىك مۇسۇلمانلار مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام مەككىدىن مەدىنىگە ھىجرەت قىلغان 622 - يىلنى ئىسلام يىلنامىسىنىڭ باش يىلى قىلىش پىكرىنى ئوتتۇرىغا قويغان. شۇنىڭ بىلەن ئاخىرقى بۇ پىكىر قوبۇل قىلىنغان. پەيغەمبىرىمىز ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ مەككىدىن مەدىنىگە ھىجرەت قىلغانلىق ۋەقەسى ئىسلام دىنى تارىخىدا ھەل قىلغۇچ

بۇرۇلۇشنى هاسىل قىلغان ئۇلۇغ ۋەقە ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن پەيغەمبىرىمىز ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ مەككىدىن مەدىنىگە ھىجرەت قىلىپ بارغان يىلىنى ئىسلام يىلنامىسىنىڭ باش يىلى قىلىش ۋە بۇ يىلنامىنىڭ نامىنى« ھىجرىيە » دەپ ئاتاش پۈتۈن مۇسۇلمان ئۆلىمالارنىڭ بىردەك ئىتتىپاقى بىلەن قارار قىلىنغان.

## 1014-سوئال: ئىسلامدا ھىجرىيە يىلنامىسىنىڭ قوللىنىلىشى

ھىجرىيە يىلنامىسى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئەرەب يېرىم ئارىلىدا ئىسلام دىنىنى دەۋەت قىلىشقا باشلىغاندىن تارتىپلا قوللىنىلغان ئەمەس، بەلكى ئىسلام دىنى ئەرەب قەبىلىلەر ئارىسىدا دەۋەت قىلىنىپ 30 يىلدەك ۋاقىتقىچە يەنىلا ئەرەبلەرنىڭ ئەنئەنىۋى يىلنامىسى قوللىنىپ كېلىنگەن ئىدى. 639 - يىلدىن ئېتىبارەن مۇسۇلمانلار دىن ۋە دۇنيالىق پۈتۈن ئىشلىرىدا ھىجرىيە يىلنامىسىنى قوللىنىشقا ئۆتكەن.

## 1015-سوئال: ئۇيغۇر ئېلىدە ھىجرىيە يىلنامىسىنىڭ قوللىنىلىشى

ئۇيغۇر ئېلىدە ھىجرىيە يىلنامىسىنى قوللىنىشقا ئۆتۈش تارىخى ئۇيغۇرلارنىڭ ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغان دەسلەپكى چاغلىرىغا بېرىپ يېتىدۇ. 9 -ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا، ئىسلام دىنى ئۇيغۇرلار ئارىسىغا تارقالغاندىن كېيىن، بولۇپمۇ قاراخانىيلار سۇلالىسىدىن سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلىپ، دۆلەت تەۋەلىكىنى ئىسلاملاشتۇرۇپ ۋە كېيىنچە ئىسلام دىنى دۆلەت دىنى قىلىنىپ بېكىتىلگەندىن كېيىن، ھىجرىيە يىلنامىسى پۈتۈن سىستېمىسى بويىچە ئۇيغۇرلاردىكى ئەنئەنىۋى يىلنامىنىڭ ئورنىنى ئېلىپ، دىني پائالىيەتلەر ھەم دىنغا مۇناسىۋەتلىك پۈتۈن ئىشلار، شۇنداقلا تۇرمۇش ساھەلىرىدىمۇ بۇ ھىجرىيە يىلنامىسى قوللىنىلىدىغان بولغان. ئۇيغۇرلاردىن چىققان ئالىملار، تارىخچىلار، تىلشۇناسلار، ئەدىبلەر، پەيلاسوپلار، تېۋىپلار، نەغمەسەنئەتچىلەرمۇ ئۆز ئەسەرلىرىدە ۋاقىتنى ھىجرىيە يىلنامىسى بويىچە بايان قىلىدىغان بولغان. پەقەت يېقىنقى زامانغا كەلگەندىلا، مىلادىيە يىلنامىسى ئۇيغۇر ۋە باشقا مىللەتلەر ئارىسىدا تارقىلىپ، ئاساسي ئورۇننى ئىگىلىگەن بولسىمۇ، دىني ساھەلەردە، بولۇپمۇ رامىزان ۋە ھېيتئايەملەرنىڭ ۋاقتىنى ھېسابلاشتا، يەنىلا ھىجرىيە يىلنامىسى قوللىنىلماقتا. ھازىر ئىسلام ئەللىرى، بولۇپمۇ ئەرەب ئىسلام ئەللىرىنىڭ كۆپىنچىسى دىني ساھەلەردىلا ئەمەس، بەلكى پۈتۈن ھاياتلىق ساھەلەردە، ھەتتا ئادەتتىكى تۇرمۇشتىمۇ ھىجرىيە يىلنامىسىنى قوللانماقتا.

# يىگىرمە بىرىنچى بۆلۈم. ئىسلام ئىقتىسادشۇناسلىقى

## 1016-سوئال: ئىسلام ئىقتىسادشۇناسلىقىنىڭ مەقسىدى

ئىسلام ئىقتىسادىنىڭ مەخسەتلىرىنى ئۈچ نۇقتىغا يىغىنچاقلاش مۇمكىن: دۆلەت ئىقتىسادىنى گۈللەندۈرۈش، ئىنسانىنى بەخت سائادەتلىك قىلىش، بايلىقنىڭ چېچىلىپ كېتىش سەرپىياتىنى تۆۋەنلىتىش.

## 1017-سوئال: ئىنسانلارنىڭ بەخت سائادەتكە ئېرىشىش ۋاستىلىرى

ئىنسان پەقەت ئىككى خىل ۋاستە ئارقىلىقلا بەخت سائادەتكە ئېرىشەلەيدۇ. بىرى، ئىنسانىنىڭ ئەڭ تۆۋەن تۇرمۇش مەئىشەتلىرى مول بولۇش، يەنە بىرى ئىنسان ماددىي ۋە مەنىۋى جەھەتتىن ئارزۇسىغا ئېرىشىش.

## 1018-سوئال: ئىسلامدىكى ئەڭ تۆۋەن تۇرمۇش مەئىشەتلىرى

ئىسلامدىكى نەپىقە تۈزۈمگە بىنائەن ئەڭ تۆۋەن كىشىلىك تۇرمۇش مەئىشەتلىرىنى تۆۋەندىكىدەك كۆرستىپ ئۆتۈش مۇمكىن. يېمەك ئىچمەكتە ئىسلام دۆلىتىدە ياشاۋاتقان ھەر بىر ئادەم چوقۇم يېتەرلىك ئوزۇق تۈلۈككە ئېرىشىشى مۇمكىن. كىيىم كېچەكتە، ھەر بىر پۇقرا ھېچ بولمىغاندا قىشتا سوغۇقتىن، يازدا ئىسىقتىن دالدا بولغۇدەك كىيىم كېچەككە ئىگە بولىشى لازىم. تۇرالغۇدا، ھەر بىر ئادەم ئارام ئېلىپ كۈندىلىك پائالىيىتىنى داۋاملاشتۇرىدىغان تۇرالغۇغا ئىگە بولۇش لازىم. ئۆي جىھازلىرىدا، تۇرالغۇ (ئۆي) چوقۇم ئۇخلاش ئۈچۈن لازىم بولىدىغان يوتقان كۆرپە ۋە ياستۇق، ئولتۇرۇش ئۈچۈن زىلچا گىلەم، پالاس، بورا قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئېلىشى لازىم. تازىلىق بۇيۇملىرىدا، ھەر بىر ئادەم ئۈچۈن لازىم بولىدىغان سوپۇن، تاغاق، ئەتىر قاتارلىق بۇيۇملار تەل بولۇشى لازىم. ھەر بىر ئىنسان ھېچ بولمىغاندا ئەڭ ئاددى بىر كەسپكە ئىگە بولۇشى لازىم. شۇڭا ھەر بىرئىنسانغا ئۆزىنىڭ تۇرمۇشىنى ھالال ئەمگىكىگە تايىنىپ قامداش ئۈچۈن خىزمەت تەقسىم قىلىنىشى لازىم. ناۋادا ئىنسان خىزمەت ياكى ئەمگەك قىلىشتىن ئاجىز كەلسە ياكى كەسپ قىلىپ تاپقان پۇلى تۇرمۇشىغا يەتمىسە ئۇنىڭ خىراجىتىنى ۋە چىقىمىنى مىراسخورى ئۆز ئۈستىگە ئېلىشى لازىم. ئەگەر ئۇنىڭ مىراسخورى نامرات بولسا، ئۇنىڭغا مۇسۇلمانلارنىڭ بەيتۇلمالىدىن نەپىقە قىلىش ۋاجىبتۇر، ئۇنىڭغا تۇرمۇشىنى قامدىيالىغۇدەك دەرىجىدە زاكات بېرىلىدۇ. ئىسلام ئىقتىسادىنى ئىنسانىيەت دۇنياسىنىڭ خىزمىتى ئۈچۈن قانۇن دەستۇرى قىلدى.

## 1019-سوئال: ئىسلام ئىقتىسادىنىڭ خۇسۇسىيەتلىرى

1-ئىلاھى تۈزۈلمە، ئىسلام ئىقتىسادى كاپىتالىزم ۋە كوممۇنىزمغا ئوخشاش

ئىنسانلار تەرىپىدىن تۈزۈلمىگەن بولۇپ، ئۇ بىر ئىلاھىي تۈزۈلمىدۇر. ئىلاھىي تۈزۈلمە، قۇرئان، ھەدىس، ئىجماڭ ۋە قانۇن چىقارغۇچىنىڭ مەقسەتلىرى بىلەن چەمبەرچەس باغلانغان.

2ـ ئىقتىساد، ئىسلام دىنىنىڭ ئەقىدە، ئىبادەت، ئەخلاق قاتارلىق باشقا تۈزۈلمىلىرىگە ئوخشاش ئايرىلماس بىر قىسمىدۇر. ئىسلام ئىقتىسادىنى تەتقىق قىلغۇچىلار ئائىلىنىڭ پۈتۈن خىراجىتى ئەرگە يۈكلەنگەن خىراجەت تۈزۈلمىسىنى ۋە تويلۇقنىڭ ئايالغا ئەمەس، ئەرگە يۈكلەنگەنلىكى ئېنىقلانغاندىن كېيىنلا ئاندىن ئىسلام دىنىدا نېمە ئۈچۈن ئەر بىلەن ئايالنىڭ ئوخشاش مىراس ئالالمايدىغانلىقىنى چۈشىنەلەيدۇ. شۇنىڭدەك، ئۇلارنىڭ ئىسلامدىكى مال مۈلكىنىڭ تەرەققى قىلىش يوللىرىنى ئېنىق بىلمەي تۇرۇپ جازانىنىڭ نېمە ئۈچۈن ھارام قىلىنغانلىقىنى چۈشەنمىكى تولىمۇ قېيىن.

3ـ ئېتىقادى ئىقتىساد. ئۇ ئەسلىدە ئىسلام ئېتىقادىدىن كېلىپ چىققانلىقتىن، ئۇ توغرىلىق ئېتىقادقا ھۆكۈم قىلىنىدۇ. مۇسۇلمان زاكات، سەدىقە قاتارلىق بىر قىسىم مەجبۇرىيەتلەرنى ئۆزىنىڭ ئۆتەشكە تېگىشلىك مۇقەددەس بۇرچى دەپ بىلىدۇ. ئەگەر قىيامەت كۈنىدىكى ئاللاھنىڭ ساۋابىنى ئۈمىد قىلىپ بىر قىسىم دۇنياۋىي پايدىلاردىن مەھرۇم قالسا قىلچە پىسەنت قىلمايدۇ. چۈنكى ئۇلارنىڭ قەلبى مۇنۇ ئايەتكە چەمبەرچەس باغلانغان. «ئۇلار بىلىدىغان بولسا، ئۇلارغا ئاخىرەتنىڭ ساۋابى تېخىمۇ چوڭدۇر.» (نەھلى سۈرىسى 41 ـ ئايەت)

ئىسلام ئىقتىسادىدىكى بۇ ھۆكۈمدىن قانۇنغا ئەمەس، بەلكى بىرىنچى دەرىجىلىك ئىماننى كۈچلۈك قىلىدىغان ۋىجدانغا مۇراجىئەت قىلىنىدۇ. شۇڭا بىز مۆمىنلەرنىڭ زاكاتلىرىنى يازما قانۇننىڭ ۋاستىسىسىز ياخشىلىق يوللىرىغا سەرپ قىلىش ئۈچۈن بىجانىدىل ئادا قىلىۋاتقانلىقىنى، يازما قانۇندا ھاراق سودىسى بىلەن شوغۇللىنىشنىڭ رۇخسەت قىلىنغىنىغا قارىماي ھاراق سودىسى بىلەن شۇغۇللىنىش ھارام كەسىپ بولغانلىقتىن ئۆزلىرىنى چەتكە ئېلىۋاتقانلىقىنى كۆرىۋاتىمىز. چۈنكى ئاللاھ ئۇلارنى كۆرۈپ تۇرىدۇ ۋە قىلمىشلىرىدىن ھېساب ئالىدۇ. «سىلەر قەيەردە بولساڭلار، ئاللاھ سىلەر بىلەن بىرگە » (ھەدىد سۈرىسى 4 ـ ئايەت) ، «شۈبھىسىزكى، ئاسمان ۋە زېمىندىكى ھېچ نەرسە ئاللاھقا مەخپىي ئەمەس » (ئال ئىمران سۈرىسى 5 ـ ئايەت)

4ـ ئىسلام ئىقتىسادىدىكى قۇلچىلىق تەبئىتى. بىز ئۆز نۆۋىتىدە دەپ ئۆتكىنىمىزدەك، ئىسلام ئىقتىسادى ئىلاھىي تۈزۈلمە، بۇ تۈزۈلمىنىڭ ھەر بىر پرىنسىپىغا تولۇق ئىتائەت قىلىش ئاللاھقا ئىتائەت قىلغانلىق بولۇپ، ئاللاھقا ئىتائەت قىلغانلىق ئىبادەتتۇر. بۇ ھالدا ئىسلام ئىقتىساد تۈزۈلمىسىگە ئۇيغۇنلىشىشمۇ

ئىبادەتتۇر. « جىنلارنى، ئىنسانلارنى پەقەت ماڭا ئىبادەت (ئىتائەت) قىلىش ئۈچۈنلا ياراتتىم. » (زارىيات سۈرىسى 56 ـ ئايەت).

5ـ ئىسلام ئىقتىسادى ئەخلاق بىلەن چەمبەرچەس باغلانغان. شۈبھىسىزكى، ئىسلام نەزەرىيىسىدە ئەخلاق بىلەن ئىقتىساد مۇكەممەل بىرگەۋدە، ئەخلاقسىز ئىگىلىك تىكلەش مۇمكىن ئەمەس. مەسىلەن: سودا سېتىق، قەرز ئېلىش قاتارلىق ھەرىكەتلەر ئىسلام تۈزۈلمىسىنىڭ سىرتىدىكى ماددىي ھەرىكەتلەردۇر. ھالبۇكى، ئىسلام تۈزۈلمىسىگە ئىللىق تەبەسسۇم مەڭگۈ ھەمراھ، (قېرىندىشىڭىزدىكى سەدىقە سىزنى تەبەسسۇم قىلدۇرىدۇر) كەڭ قورساقلىق (ئالغاندا، ساتقاندا ۋە قەرز ئالغاندا كەڭ قورساقلىق قىلغان ئادەمگە ئاللاھ رەھىم شەپقەت قىلسۇن.) تىجارەت ئومۇمىيۈزلۈك پايدىغا ئېرىشتۈرىدىغان بىر ھەرىكەت، لېكىن ئىسلام تۈزۈلمىسىدىكى تىجارەت راستچىللىق ۋە ئامانەتتىن خالىي ئەمەس. چۈنكى راستچىللىق بىلەن ئامانەت (ئەمىنلىك) تىجارەتنىڭ ئاساسلىق ئامىللىرىدىن بىرى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئېيتقاندەك: "ئىشەنچىلىك، راستچىل سودىگەر (قىيامەت كۈنى) پەيغەمبەرلەر، سىددىقلەر (ئاللاھنىڭ ئىخلاسمەن بەندىلىرى) ۋە شەھىدلەر بىلەن بىرگە بولىدۇ."

6ـ مۇرۇنەتلىك. مۇرۇنەت دېمەك، تەرەققى قىلىشقا قادىر بولۇش دېمەكتۇر. مۇرۇنەتلىكنىڭ نېگىزى قۇرئان بىلەن سۈننەت، ۋەھالەنكى، قۇرئان بىلەن سۈننەت ئىسلام ئىقتىسادىنىڭ ئاساسلىق پىلان لايىھەسىگە تايىنىدىغان ئىقتىسادنىڭ مۇھىم مەنبەئىدۇر. ئىجمائ بولسا، ئىقتىسادنىڭ ئۈنۈملۈك بىر تەدبىرىدۇر. شۈبھىسىزكى، شەرئىەتنىڭ مەقسەتلىرى ئىقتىسادىي ھەرىكەتلەردە مۇجتەھىد ئۈچۈن يولنى يۇرۇتۇپ بېرىدىغان نۇرلۇق چىراقتۇر. يېغىپ ئېيتقاندا، ئىسلامنىڭ ئىقتىسادىي مەنبەلىرى تەبىئىي ھالدا تەرەققى قىلىش كۈچىگە ئىگە.

7ـ ئۇبيېكتىپ ھالەت . ئامانەتنى مەيلى مۇسۇلمان بولسۇن ياكى كاپىر بولسۇن، دۆلەتنىڭ بولسۇن ياكى دۈشمەننىڭ بولسۇن ئۆز ئىگىسىگە تاپشۇرۇش شەرت. «شۈبھىسىزكى، ئاللاھ سىلەرنى ئامانەتلەرنى ئىگىسىگە قايتۇرۇشقا بۇيرۇيدۇ.» (نىسا سۈرىسى 58ـ ئايەت).

ئىسلام دىيارىغا كىرگەن ياكى ئۆلتۇراقلاشقان ھەر قانداق بىر ئادەمنىڭ ھاياتى بىخەتەرلىكى، ئىقتىسادى، دىنى ۋە ئابرۇيىغا دەخلى تەرۇز قىلىنماسلىق ھوقۇقىغا ئىگە. بۇ خەيرىيەت ئۆيۈشمىلىرى ۋە ئىقتىسادنى گۈللەندۈرۈشنىڭ مۇھىم ئامىلى بولۇپ، بۇنى ئىشقا ئاشۇرۇش مۇسۇلمانلارنىڭ باش تارتىپ بولالمايدىغان مۇقەددەس بۇرچىدۇر. گەرچە ياردەم قىلىنغۇچى مۇسۇلمان ياكى كاپىر، يېقىن ياكى يىراق بولغان تەقدىردىمۇ، ئىختىيارى يوسۇندىكى سەدىقىنى مۇسۇلمان بىلەن كاپىرغا بېرىش

جائىزدۇر.

8- رېئالىزم. بىرقىسىم تۈزۈم ۋە پىكىر تەپەككۇرنىڭ سىرتتىقى كۆرۈنىشى ئىنتايىن گۈزەل بولسىمۇ ئەمما قىلچە ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن ئەمەس. يەنە بىر قىسىم تۈزۈملەرنىڭ سىرتتىقى كۆرۈنىشى گۈزەل. ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن، ئۇنى ئەمەلىيەتكە تەتبىقلىغانسىرى ئۇنىڭ گۈزەللىكى شۇنچە ئاشىدۇ. ئىسلام ئىككىنچى خىلدىكى تۈزۈمدىن. مەسىلەن: زۆرۈرىيەت نەزەرىيىسى بويىچە فۇقەھالار: ”زۆرۈرىيەت مەھزۇرىيەتنى (يەنى چەكلەنگەن نەرسىلەرنى ئىشلىتىشنى) جائىز قىلىدۇ “دەپ كۆرسىتىپ بەرگەن. ئەگەر ئىسلام مەھزۇرىيەتنى زۆرۈرىيەت ئارقىلىق جائىز قىلمىغان بولسا، ئەلۋەتتە كىشىلەر شەرىئەتكە مۇخالىپەتچىلىك قىلغان بۇلاتتى. ناۋادا ئىنسانىنىڭ (مەھزۇرىيەتتىن) ئازراق بىر نەرسىگە ئېھتىياجى چۈشۈپ قالسا، زەرەرنى يوقاتقىچىلىك مىقداردا ئۇنىڭدىن ئىشلىتىشكە رۇخسەت قىلىنىدۇ. «ئاللاھ سىلەرگە ئاسانلىقنى خالايدۇ، تەسلىكنى خالىمايدۇ » . (بەقەر سۈرىسى 185 ـ ئايەت).

9ـ ئەڭ ئالىي غايە. ئىسلام دىنىدىن باشقا ئىقتىسادى مەسىلەكلەرنىڭ ئىقتىساد غايىسى ماددىي جەھەتتىن كىرىمنى كۆپەيتىپ پاراۋان ياشاشنى مەقسەت قىلغان بولسا، ئىسلام ئىقتىسادىنىڭ غايىسى بۇنىڭدىن نەچچە ھەسسە ئارتۇق بولۇشنى مەقسەت قىلىدۇ. قىسقىسى، ئىسلام ئىقتىسادىنىڭ ئاساسلىق غايىسى ئىنساننى روھى ۋە جىسمانى جەھەتتىن تولۇق يېتىلدۈرۈپ، ھەقىقى بەختكە ئېرىشتۈرۈشتىن ئىبارەت. «پاكلىنىش ئۈچۈن مال مۈلكىنى (ياخشىلىق يوللىرىغا) سەرپ قىلىدىغان ئادەم ئۇنىڭدىن يەنى ئوتتىن يىراق قىلىنىدۇ.» (لەيل سۈرىسى 17 ـ 18 ـ ئايەتلەر).

بۇ يەردىكى پۇل مېلىنى سەرپ قىلىش ئۆز نەپسىنى پاكلاش يەنى پۇل مېلىنى سەرپ قىلىپ گۇناھنى يۇيۇش ئارقىلىق ئۆزىنى دوزاخ ئوتىدىن ساقلاش مەقسەت قىلىنغان . « ئاللاھنىڭ يولىدا مېلىڭلار بىلەن، جېنىڭلار بىلەن جىھاد قىلغايسىلەر » . (سەپ سۈرىسى 11 ـ ئايەت)

جىھاد ئۇرۇش قىلىش ئۈچۈن زۆرۈر بولغان ئەمەس، بەلكى جەمئىيەتنى ئىسلاھ قىلىپ، ئىنساننى پىكرى، روھى ۋە جىسمانى جەھەتلەردىن تولۇق يېتىلدۈرۈش ئۈچۈن زۆرۈر بولغاندۇر. ئىسلام دىنىدا ئىقتىسادىنىڭ غايىسى، مەنىۋى بايلىق ماددى بايلىقتا تايانچ قىلىنغان. چۈنكى ئىنسان پەقەت ماددىي ۋە مەنىۋى جەھەتتىن تولۇق يېتىلگەندىلا ئاندىن ھەقىقى بەخت سائادەتكە ئېرىشەلەيدۇ.

10ـ ئاساسلىق ئىقتىساد. بۇنىڭدا شەخس ۋە جەمئىيەتكە زىيانلىق نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى ھارام قىلىنغان. جۈملىدىن جازانخورلۇق، ئالدامچىلىق، ناتوغرا كەسىپ، تاجاۋۇزچىلىق، پاھىشۋازلىق، ھاراق ۋە زەھەرلىك چېكىملىكلەر

تىجارىتىنى قىلىش، شۇنىڭدەك، ھاراق، بۇت، شىشخال، قارت قاتارلىق جەمئىيەتكە زىيانلىق بولغان بارلىق نەرسىلەرنى ئىشلەپ چىقىرىش قەتئىي ھارام قىلىنغان.

11. ئىقتىسادىي تەڭپۇڭلۇق. بۇنىڭدا ئىنساننىڭ كىشىلىك ھەققى كوممۇنىستلارنىڭ قىلغىنىدەك ئومۇمنىڭ مەنپەئەتىگە يەمچۈك قىلىۋېتىلمەيدۇ. كاپىتالىستىك دۆلەتلەردىكىگە ئوخشاش شەخسىمۇ ئومۇمنىڭ مۈلكىگە قول سوزمايدۇ. لېكىن شەخسنىڭ ھەققى ئومۇمنىڭ ھەققى بىلەن بىر يەردە كېلىپ قالسا، ئومۇمنىڭ ھەققى ئالدىنقى قاتاردا تورىدۇ. بۇ دۇنيالىق ئۈچۈنمۇ، ئاخىرەت ئۈچۈنمۇ ئوخشاش ئەمەل قىلىنىدۇ. «ئاللاھ ساڭا بەرگەن بايلىق بىلەن ئاخىرەت يۇرتىنى تىلىگىن، دۇنيادىكى نېسىۋەڭنى ئۇنتۇمىغىن » . (قەسەس سۈرىسى 77 ـ ئايەت).

روھ بىلەن جەسەدنىڭ (بەدەننىڭ) ئېھتىياجىمۇ تەڭپۇڭ ھالەتتە قاندۇرۇلىشى لازىم. بىرنىڭ ئېھتىياجىنى قاندۇرۇپ، يەنە بىرىنى تاشلاپ قويۇشقا قەتئىي بولمايدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «زىممەڭدە پەرۋەردىگارىڭنىڭ، بەدىنىڭنىڭ، ئايالىڭنىڭ ھەققى بار. ھەممىسىنىڭ ئۆز لايىقىدا ھەققىنى بەرگىن. » پۇل مالنى خىراجەت قىلغاندا، ئىسراپمۇ قىلماسلىق بېخىللىقمۇ قىلماسلىق لازىم. «ئۇلار (يەنى ياخشى كۆرىدىغان بەندىلەر) خىراجەت قىلغاندا، ئىسراپچىلىقمۇ قىلمايدۇ، بېخىللىقمۇ قىلمايدۇ. ئوتتۇرا ھال خىراجەت قىلىدۇ. » (فۇرقان سۈرىسى 67 ـ ئايەت).

12 ـ پۇل مال ئاللاھنىڭ مۈلكى، كائىناتتىكى بارلىق شەيئىلەر ئاللاھنىڭ مۈلكىدۇر. «ئاسمانلارنىڭ ۋە زېمىننىڭ پادشاھلىقى ئاللاھقا خاستۇر. » (شۇرا سۈرىسى 49 ـئايەت). «سىلەرگە ئاتا قىلغان مال مۈلۈكنىڭ بىر قىسمىنى (ئۆزلىرىنى ئازاد قىلىشقا ياردەم تەرىقىسىدە) ئۇلارغا بېرىڭلار. » (نۇر سۈرىسى 33 ـ ئايەت). ئاللاھ مال مۈلۈكنى ئىنسانغا ئۇنىڭدىن پايدىلىنىش ۋە ئۇنىڭدا ئاللاھنىڭ بۇيرۇقىنى ئورۇنلاش ئۈچۈن بەرگەن . « ئاللاھ سىلەرنى ئىگە قىلغان ماللاردىن سەدىقە قىلىڭلار » . (ھەدىد سۈرىسى 7ـ ئايەت).

### 1020ـسۇئال: پۇل مالنى قانداق سەرپ قىلىش كېرەك؟

1ـئوتتۇرا ھال سەرپ قىلىش كېرەك. «ئۇلار (يەنى ئاللاھ ياخشى كۆرىدىغان بەندىلەر) خىراجەت قىلغاندا، ئىسراپچىلىقمۇ قىلمايدۇ، بېخىللىقمۇ قىلمايدۇ، ئوتتۇرا ھال خىراجەت قىلىدۇ.» (فۇرقان سۈرىسى 67 ـ ئايەت). « يەڭلار، ئىچىڭلار، ئىسراپ قىلماڭلار » (ئەئراپ سۈرىسى 31 ـ ئايەت). «ئىسراپ قىلغۇچىلار ھەقىقەتەن شەيتانلارنىڭ قېرىنداشلىرىدۇر » (ئىسرا سۈرىسى27 ـ ئايەت). «ئۇلار (يەنى مۇتەكەببىرلەر، ماختانچاقلار) بېخىللىق قىلىدۇ. كىشىلەرنى بېخىللىق قىلىشقا

بۇيرۇيدۇ، ئاللاھ ئۇلارغا ئۆز پەزلىدىن بەرگەن نەرسىلەرنى (يەنى پۇل مالنى ۋە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ تەۋراتتىكى سۈپىتىنى) يوشۇرىدۇ. (ئاللاھنىڭ نېمىتىنى) ئىنكار قىلغۇچىلارغا خورلۇغۇچى ئازابنى تەييارلىدۇق» (نىسا سۈرىسى 37 ـ ئايەت).

2ـ ئەخمەقلەر پۇل مالنى سەرپ قىلىشقا قادىر ئەمەس، ئاللاھ پۇل مالنى كائىنات ۋە ئىنسانلارنىڭ تەرەققىيات ئاساسى تىكلىنىشى ئۈچۈن ياراتتى. شۇڭا، پۇل مالنى خىراجەت قىلىشنى بىلمەيدىغان ئەخمەقلەرنىڭ قولىغا تۇتقۇزۇپ قويۇشقا قەتئىي بولمايدۇ. «ئاللاھ تېرىكچىلىكلەرنىڭ ئاساسى بولغان ماللىرىڭلارنى ئەخمەقلەرگە تۇتقۇزۇپ قويماڭلار، ئۇلارنى يېمەك ئىچمەك، كېيىم كېچەكلەر بىلەن تەمىنلەڭلار، ئۇلارغا چىرايلىق سۆز قىلىڭلار.» (نىسا سۈرىسى 5 ـئايەت)

3ـ باتىلغا چۈمۈپ كېتىش ئېھتىمالى كۆرۈلگەن مال مۈلۈكتىن قەتئى پايدىلانغىلى بولمايدۇ. شۇڭا ئاللاھ پارىخورلۇق قاتارلىقلارنى ھارام قىلدى. « بىر بىرىڭلارنىڭ ماللىرىنى ناھەق يەۋالماڭلار، بىلىپ تۇرۇپ كىشىلەرنىڭ بىر قىسىم ماللىرىنى زۇلۇم بىلەن يەۋېلىش ئۈچۈن ھاكىملارغا پارا بەرمەڭلار.» ( بەقەر سۈرىسى ـ188 ئايەت).

4ـباشقىلارغا زىيان يەتكۈزىدىغان مال مۈلۈكنى قەتئىي ئىشلەتمەسلىك لازىم. مەسىلەن، بىر ئادەمنىڭ مىكروفۇنى بولۇپ، ئۇنى ئىشلەتكەندە باشقىلارنىڭ خاتىرجەم ئۇخلىشى ياكى دەرس تەكرارلىشى ياكى خىزمەت قىلىشىغا تەسىر يەتكۈزسە، ئۇ ئادەمنىڭ مىكروفۇننى ئىشلىتىشكە مۇتلەق يول يوق. ئىككى قەۋەتلىك بىر بىنا بولۇپ، ئۇنىڭ ئۈستى قەۋىتى تېنچ، ئاستى قەۋىتى تېنچسىز بولسا، بۇ ئىككى قەۋەتتە ئولتۇرغان ھەر قانداق بىر ئادەمنىڭ ئۆيدە يەنە بىرىنىڭ خاتىرجەملىكىنى بۇزىدىغان ھەرىكەت بىلەن شۇغۇللىنىشقا يول يوق. بىر ئادەم يەنە بىر ئادەمنىڭ تېمىدىن، دەرىزە ئېچىشقا، بىر ئادەم دەرەخ تىكىپ يەنە بىرئادەمنىڭ تېرىلغۇ يېرىگە زىيان يەتكۈزۈشگە قەتئىي يول يوق. بىر ئادەم يەنە بىر ئادەمنىڭ دەرەخ تىكىپ يېرىگە زىيان يەتكۈزگەنلىكى ھەققىدە رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە شىكايەت قىلىپ بارغاندا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام دەرەخ تىككۈچىنى زىياننى تولدۇرۇپ بېرىشكە بۇيرىغان. دەرەخ تىككۈچى يەر ئىگىسىگە ھېلىقى دەرەخنى قومۇرۇۋېتىش توغرىلىق ئىجازەت بەرگەندىن كېيىن، دەرەخ تىككۈچى: « سەن بولساڭ ھەقىقەتەن(باشقىلارغا) زىيان سالغۇچى سەن» دېگەن.

## 1021ـسۇئال: ئىشلەپچىقىرىشنىڭ مەقسىدى

ئاقىل ئادەم قانداق بىر ئىش قىلمىسۇن پەقەت مەقسەتكە ئېرىششنى ئارزۇ

قىلدۇ. پەقەت ئىقتىسادنىلا مەقسەت قىلغان ئىشلەپچىقىرىشنىڭ مۇكەممەل پىششىقلاپ ئىشلىنىشى مۇمكىن ئەمەس. ناۋادا بىز ئىشلەپچىقىرىشتىن مەقسەت، ماددى مەنپەئەتكە ئېرىشىش، دەپ قارىساق، ئۇنداقتا ئىقتىساد ئۆزىنىڭ روھى ۋە جىسمانى جەھەتتىكى، شۇنداقلا قېرىنداشلىق ۋە مېھرى شەپقەت جەھەتتىكى قىممىتىنى يوقىتىپ، مال مۈلۈكتىن ئىبارەت ئازازۇلنىڭ ئالدىدا ئەرزىمەس بىر نەرسگە ئايلىنىپ قېلىپ، ئىقتىسادنىڭ جەمئىيەتكە نورمال ھالەتتە تارقىلىشى زىيانغا ئۇچرايدۇ. ئەمما ئىشلەپچىقىرىشتىن مەقسەت، كىشلەرنىڭ قەلبىگە زۆرۈر ئېھتىياجلىرىنى قامداش ۋە ئۇلارنى مەھرۇملۇق ئازگىلدىن قوتۇلدۇرۇپ، بەخت سائادەت كۈچىتىنى تىكىش دېيىلسە، ئۇ ھالدا ئىشلەپچىقىرىش، مەقسەتسىزلا روھي، جىسماني، مەدەنىي ۋە پىكرى جەھەتتىكى ئىقتىسادنى يېتىلدۇرۇشتىكى بىر ۋاستىگىلا ئايلىنىپ قالىدۇ. شۈبھىسىزكى، مىزان نىشانىنىڭ خىلمۇ خىل بولىشىغا ئەگىشىپ بىر بىرىگە مۇتلەق ئوخشمايدۇ. ھالبۇكى، ئىسلام ئىقتىسادى ئىنسانىنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋى تەلەپلىرىنى قاندۇرۇپ، بەخت سائادەتكە ئېرىشتۇرۇشنى مەقسەت قىلىدۇ. شۇڭا ئىسلام ئىقتىسادىدىكى ئىشلەپچىقىرىش مەھسۇلاتلىرىنىڭ تارقىتىلىش يوللىرى باشقا ئىقتىسادى پەلسەپەلەرگە تۈپتىن ئوخشمايدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «ناۋادا بىرەر مۇسۇلمان بىرەر كۆچەت تېكىپ قويسا ياكى زىرائەت تېرىپ قويسا، ئاندىن ئۇنىڭ مېۋىسىدىن ئىنسانلار، ئۇچار قۇشلار ۋەچاھار پايلار (چارۋىلار) يېسە، ئۇنىڭ ئۇچۇن سەدىقە بولىدۇ.»

## 1022-سۇئال: سەرمايە ۋە ئۇنىڭ ماھىيتى

ئىشلەپچىقىرىش ئۇچۇن ئىشلىتىلىدىغان بارلىق نەرسىلەر، جۇملىدىن پۇل، ئاتا مىراس مال مۈلۈك ۋە خام ئەشيالار سەرمايە دەپ ئاتىلىدۇ.

سەرمايە مەيلى نەق پۇل ياكى باشقا مۈلۈك بولسۇن ئۇنى ئىنچىكىلىك بىلەن كۆزەتكۈچى سەرمايىنىڭ ئالدىنقى ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىسى ئىكەنلىكىنى بىلەلەيدۇ. ئۇنداقتا، ئىشلەپچىقىرىش ئېلمېنتلىرى قانداق ئېلمېنت بولىدۇ؟ ئالدىن ئىشلەپچىقىرىلغان سەرمايە مۇناسىپ مەزگىلدە ئۇنىڭدىن مەھسۇلات ئىشلەپچىقىرىش ئۇچۇن ئىشلىتىلگەندە، ئۇنى يېڭى ئىشلەپچىقىرىشتىكى ئىشلەپچىقىرىش ئېلمېنتلىرىدىن بىر ئېلمېنت دەپ ھېسابلاش مۇمكىن.

## 1023-سۇئال: ئەمگەك دېگەن نېمە؟

ماددىي مەنپەئەتكە ئېرىشىش ئۇچۇن ئىنساننىڭ ئەقلى ۋە جىسمانى جەھەتتىن چىقارغان كۈچىنىڭ ھەممىسى ئەمگەك دەپ ئاتىلىدۇ. مەقسەتسىز تور تاشلاپ

نەتىجىگە ئېرىشەلمىگەن بىلىقچىلىقتا ئوخشاش مەقسەتسىز ئەمگەكنىڭ نەتىجىسى بولمايدۇ، بۇنى فۇقەھالار: "مەقسەتلىك ئىشلار "دەپ ئاتايدۇ. مول ھوسۇل ئېلىش مەقسەت قىلىنغان ئەمگەك، مەقسەتلىك ئەمگەك دەپ ئاتىلىدۇ. ئەمگەكنىڭ پىلانلىق بولۇشىنى، سىياسى ئىقتىسادشۇناسلار ئىشلەپچىقىرىش ئامىللىرىدىن بىر ئامىل قىلدى. ئىسلام ئىقتىسادشۇناسلىرى ئۇنى ئەمگەكنىڭ شەرتى قىلدى. چۈنكى پىلانىنىڭ سىرتىدىكى ھەر قانداق بىر ئەمگەكنىڭ نەتىجىسى بىكارغا كېتىدۇ. ئاقىل ئادەملەرنىڭ ئەمگەكلىرى چوقۇم نەتىجە بېرىدۇ.

## 1024-سۇئال: سىرتقا چىقىپ ئەمگەك قىلماقچى بولغان ئاياللار رىئايە قىلىشى لازىم بولغان شەرتلەر

فۇقەھالارنىڭ قارىشى بويىچە سىرتقا چىقىپ ئەمگەك قىلماقچى بولغان ئاياللار چوقۇم تۆۋەندىكى شەرتلەرگە ئۇيغۇن بولۇشى لازىم.

1) ئىسلام شەرىئىتىگە مۇۋاپىق كىيىم كېچەكلەر بىلەن سىرتقا چىقىشى، پۈتۈن بەدىنىنى پۈركەنچى بىلەن ئۆرىۋېلىشى، كاپىر ئاياللارغا ئوخشاش ياسانماسلىقى لازىم. چۈنكى كاپىر ئاياللارنىڭمۇ مۇسۇلمان ئاياللارغا ئوخشاش ئۆزىگە خاس ئايرىم پاسۇنى بار. «تاشقى زىننەتلىرىنى ئاشكارىلىمىسا (گۇناھ يوقتۇر)» (نۇر سۈرىسى 66 - ئايەت).

2) سىرتقا چىققاندا ئۆزىگە ئەتىر چاچماسلىق (قوللانماسلىق) لازىم.

**3)** نا مەھرەم بىر ئەر بىلەن خالىي بىر جايدا ئەمگەك قىلماسلىقى لازىم.

## 1025-سۇئال: نەفەقە ئۇقۇمى

نەفەقە ياكى ئۆزى ئۈچۈن بولىدۇ ياكى باشقىلار ئۈچۈن بولىدۇ. شۈبھىسىزكى نەفەقە باشقىلاردىنمۇ كۆرە ئالدى بىلەن ئۆزى ئۈچۈن بولىدۇ. مەسىلەن: بىر ئادەم رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئالدىغا كېلىپ: "مېنىڭ بىر دىنار پۇلۇم بار" دېگەندە، رەسۇللاھ: ئۇنى "ئۆزەڭگە سەرپ قىلغىن "دېگەن. ئۇ: "مەندە يەنە بىر دىنار بار" دېگەندە، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: "ئۇنى بالاڭغا سەرپ قىلغىن "دېگەن. ئۇ: "مەندە دىناردىن يەنە باشقا بىرىسى بار "دېگەندە، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: "ئائىلەڭگە سەرپ قىلغىن " دېگەن. دېمەك ئۆز ئېھتىياجىدىن ئېشىپ باشقىلارغا قىلىنىدىغان سەرپىيات (نەفەقە) دەپ ئاتىلىدۇ.

## 1026-سۇئال: نەفەقىنىڭ شەرتلىرى

1- نەفەقە (خىراجەت) قىلغاندا، نورمال بولۇش. نورمال بولۇش دېمەك: "نەفەقە قىلغاندا، ھەددىدىنمۇ ئاشۇرۋەتمەسلىك، بېخىللىقمۇ قىلماسلىق "دېمەكتۇر.

2- چوڭچىلىق ۋە تەكەببۇرلۇق قىلماسلىق. ئىسلام دىنى ساغلام جەمئىيەتلەرگە

نەفقە قىلىشنى چاقىرىق قىلىدۇ. ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا، بۇ ھەر بىر ئىنسانىنىڭ جەمئىيەتنى تەرەققى قىلدۇرۇش ئۈچۈن ئۆتەشكە تېگىشلىك مۇقەددەس بۇرچىدۇر. ناۋادا نەفقەگە چوڭچىلىق ۋە تەكەببۇرلۇق ئارىلاشسا، نەفقە قىلغۇچى ئەرزىمەس بىرنەرسىگە ئايلىنىپ قالىدۇ. ئىسلام ئىقتىسادىدا مال مۈلۈك بىلەن ئەخلاق بىر بىرىگە چەمبەر چەس باغلانغان. « ئى مۆمىنلەر! پۇل مېلىنى كىشىلەرگە كۆرسىتىش ئۈچۈن سەرپ قىلىدىغان، ئاللاھقا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىمان كەلتۈرمەيدىغان كىشى (نىڭ قىلغان ئەمەلىنى بىكار قىلىۋەتكىنىگە) ئوخشاش، بەرگەن سەدىقەڭلارنى مىننەت قىلىش ۋە ئەزىيەت يەتكۈزۈش بىلەن بىكار قىلىۋەتمەڭلار» (بەقەرە سۈرىسى 264 ـ ئايەت)

**3ـ** زۆرۈر بولغاندا، ئېھتىياج كۈچلۈك بولغان ئەھۋال ئاستىدا بېخىللىق قىلماسلىق ۋە كۈچىنىڭ يېتىشىچە نورمالنى ھالەتتە پۇل مال سەرپ قىلىش. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ھەدىسلىرى بىلەن فۇقەھالارنىڭ ھېكمەتلىك سۆزلىرى توغرىلىق ئوبدان پىكىر يۈرگۈزگەن ئادەم بۇنى ئېنىق چۈشىنەلەيدۇ. بۇندىن باشقا يەنە پايدىسىز يەرلەرگەئارتۇقچە چىقىم قىلماسلىق.

## 1027ـسۇئال: نەفقەنىڭ ئۆزىگە خاس پايدىلىرى

شۈبھىسىزكى، نەفقەقنىڭ مەبلەغكە ئايلىنىشى باشقا ئىقتىساد تۈزۈلمىلىرىدە بولمىغان ئىسلام دىنىنىڭ ئۆزىگە خاس خۇسۇسىيەتلىرىدىن بىرىدۇر. مەبلەغكە ئايلانغان نەفەقەنى سەرپ قىلغۇچىنىڭ چوقۇم ساپ نىيەتلىك ساغلام ئادەم بولىشى شەرت. يۇقىرىقى نەفقەلەرنى ياخشى نىيەت بىلەن ياخشى يوللارغا سەرپ قىلغۇچى تۆۋەندىكىدەك نەتىجىلەرگە ئېرىشىدۇ.

1) كەڭلىگى ئاسمان زېمىنچىلىك كېلىدىغان جەننەت. «شۈبھىسىزكى، ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلار، پەرۋەدىگارىنىڭ ھۇزۇرىدا ئاجىزلىق بىلدۈرگەنلەر، ئەنە شۇلار ئەھلى جەننەتتۇر. ئۇلار جەننەتتە مەڭگۈ قالغۇچىلاردۇر» (ھۇد سۈرىسى 23 ـ ئايەت) « ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغان كىشلەرنى جەننەتنىڭ ئاستىدىن ئۆستەڭلەر ئېقىپ تۇرىدىغان ئالىي جايلىرىغا ئورۇنلاشتۇرىمىز. ئۇ يەرلەردە ئۇلار مەڭگۈ قالىدۇ. ياخشى ئەمەللەرنى قىلغۇچىلارغا بېرىلىدىغان مۇكاپات نېمە دېگەن ياخشى» (ئەنكەبۇت سۈرىسى 58 ـ ئايەت). شۇ چاغدا نەفقە قىلغۇچى قاتمۇ قات ياخشى نەتىجىلەرگە ئېرشىدۇ. «ئاللاھنىڭ يولىدا پۇل مېلىنى سەرپ قىلغانلارنىڭ (سەرپ قىلغان نەرسىسى يەرگە تېرىلىپ) يەتتە باشاق چىقارغان، ھەر باشىقىدا 100 دان تۇتقان بىر دانغا ئوخشايدۇ. ئاللاھ خالىغان بەندىسىگە ھەسسىلەپ ساۋاب بېرىدۇ. ئاللاھنىڭ مەرھەمىتى (چەكلىك ئەمەس)

كەڭدۇر (ئاللاھ مال سەرپ قىلغۇچىنىڭ نىيىتىنى بىلگۈچىدۇر » (بەقەرە سۈرىسى 261 ـ ئايەت).

2) سەرپ قىلغان نەفەقەنىڭ نەتىجىسىنى ئۇ دۇنيادىلا كۆرۈپلا قالماستىن، بەلكى يەنە بۇ دۇنيادىمۇ كۆرىدۇ، يەنە نەفەقە قىلىنغان مالدىن ھەسسىلەپ بەرىكەت قالىدۇ. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: "سەدىقە بەرگەن مال ھەرگىز كەملەپ قالمايدۇ "دېگەنىدى. جۈملىدىن نەفەقە قىلغۇچىغا رىزىق ئۆيلىمىغان يەردىن سەلدەك ئاقىدۇ. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: "رىزقىم كەڭ بولسۇن دېگەن ئادەم سىلە رەھىمنى ئۈزۈپ قويمىسۇن"دېگەن ۋە يەنە: "سەن پۇل مېلىڭنى ياخشىلىق يوللىرىغا سەرپ قىلساڭ، ساڭىمۇ پۇل مېلىنى سەرپ قىلىدىغانلار چىقىدۇ "دېگەن. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنە: "ھەركۈنى ئەتىگەن ئىككى پەرىشتە چۈشۈپ (ئى ئاللاھ!پۇل مېلىنى نەفەقە قىلغۇچىغا ھەسسىلەپ پۇل مال ئاتا قىلغىن) دەپ دۇئا قىلسا يەنە بىرى:(ئى ئاللاھ! بېخىللىق قىلغۇچىنىڭ پۇل مېلىنى يوق قىلغىن) دەپ دۇئا قىلىدۇ "دېگەن.

3)ھەر زامان نەفەقە قىلىپ تۇرغۇچى تۈرلۈك تۈمەن بالايى ئاپەتلەردىن ساقلىنىپ قالىدۇ. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: "باشقا مۇسۇلمانلارنى كىيىم كېچەك بىلەن تەمىنلىگەن ئادەم ئاللاھنىڭ قوغدىنىش دائىرىسىدە بولىدۇ. دىگەن. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: "سەدىقە بېرىشكە ئالدىراڭلار. چۈنكى سەدىقە بېرىلگەن يەر بالا قازادىن ھەر زامان خالىي قالىدۇ "دېگەن.

## 1028 ـ سۇئال: زۆرۈر بولغان نەفەقەلەرنىڭ تۈرلىرى

زۆرۈر بولغان نەفەقە ئۈچ تۈرلۈك بولىدۇ: ئايالىغا بېرىلىدىغان نەپىقە، يېقىن ئۇرۇق تۇققانلارغا بېرىلىدىغان نەپىقە، مەجبۇرى نەپىقە.

## 1029 ـ سۇئال: ئايالىغا بېرىلىدىغان نەپەقەنىڭ شەرتلىرى

ئاياللارنىڭ ئەرلىرىگە ئۆزلىرىنى بېغىشلىغانلىقى ۋە ئەرلىرىنىڭ ئۆيلىرىدە ئەرلىرىگە مەنئۇى زوق ئاتا قىلغانلىقى ئۈچۈن نەفەقە بېرىلىدۇ. ئەگەر بۇنىڭدىن باش تارتسا، نەفەقە بېرىلمەيدۇ. بۇنىڭغا ئاساسەن، ئەرلىرىنىڭ ئۆيلىرىنى ئەرلىرىنىڭ رۇخسىتىسىز ۋە سەۋەبسىز تەرك ئەتكەن، شۇنىڭدەك، ئەرلىرىنىڭ خاھىشىسىز ئىشلەيدىغان خىزمەتچى (كادىر) ئاياللارغا نەفەقە بېرىلمەيدۇ.

## 1030 ـ سۇئال: يېقىن ئۇرۇق تۇققانلارغا بېرىلىدىغان نەپەقىنىڭ شەرتلىرى

يېقىن يۇرۇق، ئۇرۇق تۇغقانلارغا بېرىلىدىغان نەفەقە. يېقىن يۇرۇق، ئۇرۇق تۇغقانلار ئىككىگە بۆلۈنىدۇ. بىرىنچى: بىر تۇغقانلارغا ئوخشاش نەسەبداش ئۇرۇق تۇغقانلار. ئىككىنچى: ئايالىنىڭ ئانىسى (قېينئانىسى) ئايالىنىڭ ئوغلى قاتارلىقلارغا

ئوخشاش بىرنەسەبتىن بولمىغان ئۇرۇق تۇغقانلار. بىرنەسەپتىن بولمىغان ئۇرۇق تۇغقانلارغا نەفەقە بېرىشكە بولمايدۇ. نەسەبداش ئۇرۇق تۇققانلارغا كەلسەك، ئۇلار ئىككى تۈركۈمگە بۆلۈنىدۇ. بىرىنچى تۈركۈمدىكىلەر، بىر بىرى بىلەن قەتئىي توي قىلىشقا بولمايدىغان ئۇرۇق تۇغقانلار (بىر تۇغقان قېرىنداشلار). ئىككىنچى تۈركۈمدىكىلەر، تاغىسىنىڭ قىزلىرىغا ئوخشاش قەتئىي توي قىلىشقا بولمايدىغان ئۇرۇق تۇغقانلار. ھەر ئىككى تۈركۈمدىكى ئۇرۇق تۇغقانلارغا تۆت مەزھەب نوقتىئىنەزىرى بويىچە پەقەت تۆۋەندىكى ئۈچ شەرت ئاستىدىلا نەفەقە بېرىشكە بولىدۇ. 1-نەفەقە قىلغۇچى چوقۇم تاپاۋەتى بار بولۇشى شەرت. 2- نەفەقە ئالغۇچى چوقۇم پېقىر بولۇشى شەرت. 3- نەفەقە قىلغۇچى فىقھى ھۆكۈمگە بىنائەن نەفەقە قىلىنغۇچى ۋاپات بولغان چاغدا مىراسخور بولۇشى شەرت.

## 1031-سۇئال: مەجبۇرى بېرىلىدىغان نەپەقىنىڭ شەرتلىرى

مەجبۇرى نەفەقە بېرىش ئۈچۈن تۆۋەندىكى شەرتلەر ھازىرلىنىشى شەرت.

بىرىنچى شەرت: مەجبۇرى نەفەقە بەرگۈچى، مەجبۇرى نەفەقىنى ئايالى ۋە يۇقىرىدا بايان قىلىنغان شەرتلەر ئاستىدىكى ئۇرۇغ تۇغقانلارغا بەرمەيدۇ.

ئىككىنچى شەرت: پەۋقۇلئاددە ئەھۋال ئاستىدا مەجبۇرى نەفەقە بېرىلىدۇ. مەسىلەن: ئۆزىدىن قاتتىق قورقىقان ياكى بىرەر ئەزاسىنىڭ كەمتۈك بوپ قېلىشتىن قورقىقان چاغدا ياكى ئالدىنى ئالغىلى بولمايدىغان بىرەر كېلىشمەسلىكنىڭ يۈز بېرىپ قېلىشتىن قورقىقان چاغدا.

ئۈچىنچى شەرت: نەفەقە قىلغۇچى ھاجىتىدىن تاشقىرى نەرسىلەرگە ئىگە بولۇشى لازىم.

تۆتىنچى شەرت: مەجبۇرى نەفەقە قىلغۇچى "نەفەقە قىلمەن "دەپ ئۆزىنى ۋەيران قىلماسلىقى لازىم.

## 1032-سۇئال: سەدىقە

سەدىقە دىمەك، ئاللاھتىن ساۋاب ئۈمىد قىلىپ خالىسانە ھالدا (پۇل مېلىدىن) خەير ئېھسان قىلىش دىمەكتۇر. ئىسلامدا بۇ ئالاھىدە تەكىتلەنگەن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: "سەدىقە قىلىشقا ئالدىراڭلار، چۈنكى سەدىقە بالا قازانى دەپئى قىلىدۇ. سەدىقە بەرگەن ئادەمنىڭ مېلى ھېچقاچان كېمىيىپ قالمايدۇ، ئاللاھ ئەپۇ قىلغان كىشىنى ئەزىز قىلىدۇ، ئاللاھقا تەۋەزۇ(كەمتەرلىك) بىلەن ئىبادەت قىلغان كىشىنى مەرتىۋىلىك قىلىدۇ ."دىگەن.

سەدىقە قىلىشتا، پۇل، يىمەك - ئىچمەك قاتارلىقلار بىلەن سەدىقە قىلىنىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دىگەن: "بىرەر خورما چاغلىق نەرسە بولسىمۇ

سەدىقە قىلىپ، دوزاخ (ئوتىدىن)ساقلىنىڭلار.“

پېقىر خۇشىنغا لازىمەتلىك (ئېھتىياجلىق) نەرسىلەرنى ئارىيەت بېرىپ تۇرۇشمۇ سەدىقە ھېسابلىنىدۇ. ئاللاھ مۆمىنلەرنىڭ باشقىلارنىڭ ئېھتىياجى چۈشكەن نەرسىلەرنى بەرمەستىن چىڭ تۇتۇۋالمايدىغانلىقى، ئۇلاردىن ھېچكىمگە زىيان زەخمەت يەتمەيدىغانلىقى، كاپىرلارنىڭ بۇ ھەقتە تولىمۇ بېخىل ئىكەنلىكى ھەققىدە توختىلىپ مۇنداق دىگەن: « شۇنداق ناماز ئوقۇغۇچىلارغا ۋايكى، ئۇلار نامازنى غەپلەت بىلەن ئوقۇيدۇ. نامازنى رىيا بىلەن ئوقۇيدۇ. ئۇلار قولىقا بەرمەيدۇ.» (مائۇن سۈرىسى 4 ـ 7 ـ ئايەتلەر).

## 1033ـ سۇئال: سودا ـ سېتىق ئۇقۇمى

سودا ـ سېتىق ئىستىلاھ جەھەتتىن بىر مال- مۈلۈكنى باشقا بىر مال ـ مۈلۈككە ئالماشتۇرۇش، دېگەنلىك بولىدۇ. مال ـ مۈلۈكلەرنى بىر ـ بىرى بىلەن ئالماشتۇرۇش سودا ـ سېتىقنىڭ ئاساسلىق پرىنسىپلىرىدىن بىرىدۇر. سودا ـ سېتىقتىكى بۇ ئالماشتۇرۇش، ساتقۇچى ۋە ئالغۇچىنىڭ قوللىرىدىكى ياكى ئۇ ئىككىسىنىڭ ۋەكىللىرىنىڭ قوللىرىدىكى ئالماشتۇرماقچى بولغان مال ـ مۈلۈككە ۋە ئۇلارنىڭ مەزكۇر مال ـ مۈلۈكلەرنى بىر ـ بىرى بىلەن ئالماشتۇرۇشقا رازى بولۇشلىرىغا باغلىقتۇر. بۇ ئالماشتۇرۇش بەزى ۋاقىتتا ئالدىم، ساتتىم دېگەنگە ئوخشاش سۆز ئارقىلىق بولىدۇ، بەزى ۋاقىتتا باھاسى ئېنىق يېزىپ قويۇلغان نەرسىنى ئالدىم، ساتتىم دەپ ئولتۇرماستىن ئۇنىڭ پۇلىنى بېرىپلا سېتىپ ئالغانغا ئوخشاش ھەرىكەت ئارقىلىق بولىدۇ.

## 1034ـ سۇئال: سودا ـ سېتىقنىڭ ھېكمىتى

ئىسلام دىنىنىڭ سودا ـ سېتىقنى يولغا قويۇشتىكى ھېكمىتى بولسا، كىشىلەرنىڭ مەنپەئەتىنى كۆزدە تۇتۇش ۋە ئۇلارنىڭ ھايات نىزامىنىڭ داۋاملىششى ئۈچۈندۇر. چۈنكى، ئاللاھ تائالا ئالەمنى كامىل بىر نىزام ئۈستىدە ياراتتى. ئۇنىڭ ئۈستىدىكى ھايات نىزامىنى مۇستەھكەم بېكىتتى كىشىلەر ئارىسىدا سودا ـ سېتىق ۋە ئېلىم- بېرىم بولماي بۇ نىزامنىڭ داۋاملىششى مۇمكىن ئەمەس. چۈنكى، بىر ئادەم ئۆزىنىڭ بارلىق ئېھتىياجلىرىنى يالغۇز ئۆزىلا ھەل قىلىپ كېتەلمەيدۇ.

سودا ـ سېتىق كىشىلەرنىڭ مەنپەئەتىنى كۆزدە تۇتۇش ئۈچۈن يولغا قويۇلغان بولسىمۇ، لېكىن بەزى ھالەتتە سودا ـ سېتىق قىلىش مەكرۇھتۇر. مەسىلەن: جۈمە كۈنى جۈمە نامىزىغا ئەزان ئوقۇلۇپ بولغاندىن كېيىن سودا ـ سېتىق قىلىش مەكرۇھتۇر. بەزى ھالەتتە سودا ـ سېتىق قىلىش ھارام بولىدۇ. مەسىلەن: ھاراق ۋە زەھەرلىك چېكىملەرنى سېتىش ھارامدۇر. بەزى ھالەتتە سودا ـ سېتىق قىلىش پەرزدۇر

مەسىلەن: بىر نەرسىگە ئېھتىياجى چۈشۈپ قالغان ئادەمگە ئۇ نەرسىنى سېتىپ بەرگەنگە ئوخشاش بەزى ھالەتتە سودا ـ سېتىق قىلىش رۇخسەتتۇر مەسىلەن: مەزكۇر ھالەتلەردىن باشقا ھالەتتە سودا ـ سېتىق قىلىش رۇخسەتتۇر.

**1035ـ سۇئال: سودا سېتىقنىڭ موھىملىقى**

سودا ـ سېتىق مۇئامىلىسى، مۇئامىلىلەر ئىچىدە ئەڭ كۆپ قىلىنىدىغان ۋە كىشىلەر ئارىسىدا ئەڭ كەڭ تارالغان مۇئامىلىدۇر. ئۇ، تىجارەت ۋە جەمىيەتكە ئالاقىدار ھاياتنىڭ ئاساسىدۇر. ھەتتا تىجارەتنىڭ يوللىرى خىلمۇ خىلغا بۆلۈنۈپ تىجارەتنىڭ مەيدانى كەڭ ئېچىلىشتىن بۇرۇنمۇ سودا ـ سېتىق مۇئامىلىسى ئىنسان مەدىنىيىتىنىڭ تەرەققىي قىلىش يولىدىكى ئەڭ ئاساسلىق ئامىل بولغان. سودا ـ سېتىق مۇئامىلىسى پۈتۈن مۇئامىلەرنىڭ بېشىدا كېلىدۇ. مۇئامىلە ھەققىدە تۈزۈلگەن ئومۇمىي قائىدىلەرنىڭ كۆپىنچىسى سودا ـ سېتىق مۇئامىلىسى ھەققىدىدۇر. ئىسلام فىقھىسىدە سودا ـ سېتىق مۇئامىلىسىنىڭ ھۆكۈملىرىنىڭ ئايرىم بىر ئورنى بولۇپ، بۇ ھۆكۈملەر باشقا مۇئامىلە نەزەرىيەسىنىڭ ئومۇمىي ھۆكۈملىرىنىڭ باش مەنبەسىدۇر.

**1036ـ سۇئال: سودا ـ سېتىقنىڭ شەرتلىرى**

سودا ـ سېتىقنىڭ شەرتلىرى مۇنداق بىر نەچچە تۈرلۈك بولىدۇ.

1ـسودا ـ سېتىق قىلىدىغان ئادەمنىڭ ئۆزىدە تېپىلىش لازىم بولغان شەرتلەر.

ئۇ شەرتلەر بولسا، سودا ـ سېتىق قىلىدىغان ئادەمنىڭ ئەقلى ھۇشى جايىدا، ياخشى يامانىنى ئايرىيالايدىغان ۋە سودىغا ئۆزىنىڭ رازى بولغانلىقىنى ئىپادىلىيەلەيدىغان ئادەم بولۇشىدۇر. ئاللاھ تائالابۇ ھەقتە مۇنداق دېدى: ئى مۆئمىنلەر! بىر ـ بىرىڭلارنىڭ ماللىرىنى (ئوغرىلىق، خىيانەت قىلىش، بۇلاش، جازانخورلۇق، قىمار ئويناش قاتارلىق) ناھەق يول بىلەن يېۋالماڭلار، ئىككى تەرەپ رازى بولۇشۇپ قىلىشقان سودا ـ سېتىق ئارقىلىق ئېرىشىلگەن نەرسە بۇنىڭدىن مۇستەسنا. سىلەر ئۆزۈڭلارنى (يەنى بىر ـ بىرىڭلارنى) ئۆلتۈرمەڭلار، الله ھەقىقەتەن سىلەرگە ناھايىتى مېھرىباندۇر. [سۈرە نىسا ـ29]

2ـ سېتىلىدىغان نەرسىلەردە تېپىلىش لازىم بولغان شەرتلەر. ئۇ شەرتلەر بولسا، ئۇ نەرسىنىڭ شەرئەتتە ئېتىبارى بار مال ـ مۈلۈك بولۇشىدۇر ۋە سېتىپ ئالغۇچىغا تاپشۇرۇپ بېرەلەيدىغان ھالەتتە بولۇشىدۇر. يەنى قولىدا بار بولغان نەرسە بولۇشىدۇر.

3ـ سودا ـ سېتىق قىلىش ئۈچۈن قوللىنىدىغان سۆزلەردە تېپىلىش لازىم بولغان شەرتلەر. بۇ شەرتلەر بولسا، ئۇ سۆزلەرنىڭ مەسىلەن: ساتقۇچىنىڭ «ساتتىم» دېگىنىگە ۋە ئالغۇچىنىڭ «ئالدىم» دېگىنىگە ئوخشاش ئۆتكەن زامانىنى ئىپادىلەپ بېرىدىغان شەكىلدە بولۇشىدۇر.

## 1037ـ سۇئال: سودا ـ سېتىق قىلغۇچىلاردا تېپىلىش لازىم بولغان شەرتلەر

●سودا ـ سېتىق قىلغۇچى كىشى ئەقلى ھۇشى جايىدا ئادەم بولۇشى لازىم. شۇڭا ئېلىشىپ قالغان ئادەمنىڭ ۋە پايدا زىياننى ئايرىيالمايدىغان كىچىك بالىنىڭ قىلغان سودىللىرى ئېتىبارغا ئېلىنمايدۇ.

●سودا ـ سېتىق قىلغۇچىلار، بىرى ساتقۇچى ۋە بىرى ئالغۇچى بولۇپ ئىككى كىشىدىن تەركىب تېپىشى لازىم. شۇڭا ھەم ساتقۇچى ھەم ئالغۇچى كىشى تەرىپىدىن ۋەكىللىككە تەيىن قىلىنغان ۋە سودىنى ئىككى كىشىنىڭ نامىدىن قىلغان بىر ۋەكىل ئادەمنىڭ قىلغان سودىسى ئېتىبارغا ئېلىنمايدۇ. بۇنىڭدىن دادا، دادىنىڭ ۋەسىيەتلىرىنى ئورۇنلاشقا تاللانغان ئادەم، قازى، ساتقۇچى ۋە ئالغۇچى تەرىپىدىن ئەلچىلىككە تەيىنلەنگەن ئادەملەر مۇستەسنادۇر.

## 1038ـ سۇئال: ئىنساننىڭ جىسمىنى، ۋە ئەزالىرىنى سېتىشنىڭ ھۆكمى

ئىنساننىڭ جىسمىنى ۋە ئەزالىرىنى سېتىشمۇ توغرا بولمىغان سودا ـ سېتىقلارنىڭ قاتارىدىندۇر. چۈنكى، ئىنسان ھۆرمەتلىك قىلىپ يارىتىلغان بىر مەخلۇقتۇر. شۇڭا كاپىر بولسىمۇ ئىنساننىڭ جىسمىنى ۋە ئەزالىرىنى سېتىش توغرا ئەمەس. شۇنىڭدەك يەنە ئايال كىشىنىڭ سۈتىنى سېتىشمۇ توغرا ئەمەس. شۇنىڭدەك يەنە ئىنساننىڭ چاچلىرىنى سېتىش، ياكى ئۇنىڭدىن پايدىلىنىش توغرا ئەمەس. چۈنكى، ئىنسان خار ئەمەس، ھۆرمەتلىك قىلىپ يارىتىلغان بىر مەخلۇقتۇر. شۇڭا ئۇنىڭ بىرەر پارچىسىنىڭمۇ خارلىنىپ قېلىشى توغرا ئەمەس.

## 1039ـ سۇئال: ئىنساننىڭ قېنىنى سېتىشنىڭ ھۆكمى

قاننى سېتىش توغرا ئەمەس. ئاللاھ تائالا ئادەم ئەۋلادىنى ھۆرمەتلىك ياراتتى. چۈنكى، قان ئادەمنىڭ بىر پارچىسىدۇر. ئەگەر بىر كىشىنىڭ قان تىپى بىرەر كېسەلنىڭ قان تىپى بىلەن ئوخشىشىپ كېتىدىغان، كېسەلگە ئۇنىڭ قېنىدىن باشقا ئادەمنىڭ قېنى چۈشمەيدىغان ياكى شۇ كىشىدىن باشقا ئادەم تېپىلمىغان بولسا، شۇ كېسەلگە ئۇ كىشىنىڭ قان بېرىشى لازىم. ئەگەر ئۇ ئادەم كېسەلگە قان بېرىشتىن باش تارتسا، گۇناھكار بولىدۇ.

## 1040ـ سۇئال: بىر ـ بىرىگە قان بەرگەن ئەر ئاياللارنىڭ توي قىلىشىنىڭ ھۆكۈمى

ئەرنىڭ قېنى سېلىنغان ئايالنىڭ ئۇ ئەر بىلەن توي قىلىشى، ياكى ئايالنىڭ قېنى سېلىنغان ئەرنىڭ ئۇ ئايال بىلەن توي قىلىشى توغرىدۇر. بىرىنىڭ قېنىنى يەنە بىرىگە سېلىش بىلەن ئۇ ئىككىسىنىڭ توي قىلىششى ھارام بولۇپ كەتمەيدۇ. چۈنكى، بىر كىچىك بالىنى ئۇنى ئېمىتىش ئۈچۈن بەلگىلەپ بېرىلگەن مۇددەتتىن كېيىن

ئىمتىتشمۇ ئۇ بالا بىلەن ئۇنى ئىمتكەن ئاپالنىڭ ئارىسىدا ئىملدەشلىكنى كەلتۈرۈپ چىقارمايدۇ.

## 1041- سۇئال: ئۆسۈم ئاساسىغا قورۇلغان بانكىلارنىڭ ئىشلىرىنىڭ ھاراملىقىنىڭ بايانى

كۆنىمىزدىكى بەزى ئالىملار قىلغان سۆزىنىڭ توغرا ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدىغانغا ھېچقانداق دەلىل پاكىتى يوق تۇرۇپ ۋە قۇرۇق پەلسەپەلەرگە تايىنىپ تۇرۇپ بانكىلارغا پۇل قويۇپ ئۇنىڭدىن ئالغان پايدا ھالالدۇر، دېگەن كۆز قاراشقا كەلدى. ئەمما بۇ تۇردىكى ئالىملارنىڭ قىلغان بۇ دەۋاسى ئورۇنسىز دەۋادۇر. چۈنكى بانكىغا پۇل قويۇش، پايدا قايتۇرۇشنى شەرت قىلىپ بەرگەن قەرزلەر قاتارىدىن ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا بانكىدا پۇل قويۇش نەرسىنىڭ بەدىلىنى نېسى قىلىش جازانىسىنىڭ ئىچىگە كىرىدۇ. نەرسىنىڭ بەدىلىنى نېسى قىلىش جازانىسى قۇرئان، ھەدىس ۋە بارلىق ئالىملارنىڭ بىرلىكى بىلەن ھارام قىلىنغاندۇر. بۇ جازانىنىڭ ھاراملىقىدا بۇرۇنمۇ ۋە ھازىرمۇ ھېچبىر مۇسۇلمان شەك قىلمايدۇ. بانكىدا پۇل قويۇشنىڭ ئىسمى بولمىسىمۇ ماھىيىتى ۋە ھەقىقىتى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ زامانىدىمۇ بار ئىدى. بىرەر ئىشنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ زامانىدا ئىسمىنىڭ بولمىغانلىقى ئۇنىڭ ھۆكمىنى ئۆزگەرتىۋېتەلمەيدۇ. چۈنكى، ھەر قانداق ئىشتا ئېتىبارغا ئېلىنىدىغىنى خۇددى ئۇسۇل ئالىملىرىنىڭ دېگىنىدەك ئۇ ئىشنىڭ ئىسمى ئەمەس ئۇنىڭ ماھىيىتى ۋە ھەقىقىتىدۇر.

## 1042- سۇئال: قەرز ھۆججەتلىرىنىڭ ھاراملىقىنىڭ بايانى

قەرز ھۆججەتلىرىدىن بولسا، شىركەتلەر مەلۇم مىقداردا ئۆسۈم بېرىش شەرتى بىلەن كىشىلەردىن ئالغان قەرزلەر ئۈچۈن كىشىلەرگە بەرگەن ھۆججەتلەر يەنى چەك كۆزدە تۇتۇلىدۇ. كىشىلەر بۇ ھۆججەتنى خۇددى پۇلنىڭ ئورنىدا ئىشلىتىدۇ. بەزى ۋاقىتتا شىركەت ئىشلىرىنى كېڭەيتمەكچى بولغاندا ياكى بىرەر ئىقتىسادىي قىيىنچىلىققا دۇچ كەلگەندە مەبلەغكە مۇھتاج بولۇپ قالىدۇ ۋە ھەتتا شېرىكلەرنىڭ شىركەتتىكى پېيىنىڭ ئازلاپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن شىركەت يېڭى شېرىكلەرنىڭ شىركەتكە مەبلەغ سېلىشىنى خالىمايدۇ. شۇنىڭ بىلەن شىركەت ئۇ مەبلەغنى كىشىلەردىن قەرز ئېلىش يولى بىلەن تېپىشقا مەجبۇر بولۇپ قالىدۇ. شىركەت كىشىلەرنى پۇللىرىنى شىركەتكە قەرزگە بېرىپ تۇرۇشقا رىغبەتلەندۈرۈش ۋە ئۇلارنىڭ غەم ئەندىشىسىنى يوقۇتۇش ئۈچۈن ئۇلارغا قەرز ھۆججىتى تارقىتىدۇ. قەرز ھۆججىتى مۇنداق ئىككى خىل يول بىلەن تارقىتىلىدۇ.

1. پۇل ئىگىلىرىگە قەرزگە بەرگەن پۇللىرى ئۈچۈن مەلۇم مىقداردا ئۆسۈم پۇل

بېرىشكە پۇتۇشۇش ئارقىلىق بولىدۇ.

2. قەرز ئىگىلىرىگە بەرگەن قەرز ھۆججىتىنى يەنى چەكنى خۇددى پۇلنىڭ ئورنىدا ئۆتىدىغان قىلىش ئارقىلىق بولىدۇ. بۇ ھالدىمۇ شىركەت قەرز ئىگىلىرىگە يەنە مەلۇم مىقداردا ئۆسۈم بېرىدۇ. ئۆسۈم ئېلىپ قەرز بېرىشنى ئىسلام دىنى ھارام قىلغاندۇر. شۇڭا شىركەتكە قەرز ھۆججىتىگە قەرز بېرىش ھارامدۇر.

## 1043- سۇئال: شەخسى ھىسابات كارتىسىنىڭ ھۆكۈمى

ئىنسان بانكىدىكى شەخسىي ھېسابىدىكى پۇلنى ئېلىش ئۈچۈن ئىشلىتىدىغان كارتوشكا يۇقىرىدا بايان قىلىنغان، ئىشلىتىش ھارام قىلىنغان كارتوشكىلارنىڭ ئىچىگە كىرمەيدۇ. شەخسىي ھېسابىدىكى پۇلنى ئېلىش ئۈچۈن ئىشلىتىدىغان كارتۇشكىنى ئىشلىتىش شەرىئەتنىڭ كۆز قارىشىدىمۇ توغرىدۇر ۋە بۇ كارتوشكا كىرىدىت كارتوشكىلارنىڭ ئىچىدە ئىشلىتىش توغرا بولغان كارتوشكىدۇر. يەنە كېلىپ بۇ كارتۇشكىنىڭ ئىگىسى پۇلنى بانكا بىلەن ئالغان پايدىنى مەلۇم ھەسسىدىن بۆلۈشىشكە كېلىشىپ قويغان بولسا، بۇ ھەم بانكا ۋە ھەم پۇلنىڭ ئىگىسى ئۈچۈن پايدىلىقتۇر. چۈنكى، كارتۇشكىنىڭ ئىگىسى بانكا ھېسابىدىكى پۇلنىڭ كۆپىيىش تۈرۈشى بىلەن پايدا ئالىدۇ ۋە ئۇنىڭ پۇلىدىن بانكىمۇ پايدا ئالىدۇ. شۇڭا پايدىدىن بانكا بىلەن پۇلنىڭ ئىگىسى ئارىسىدا تۈزۈلگەن كېلىشىم بويىچە ھەر ئىككى تەرەپ پايدىلىنىدۇ.

## 1044- سۇئال: كىرىدىت كارتۇشكىسى بىلەن شەخسى ھىساۋات كارتۇشكىسىنىڭ پەرقى

بۇ يەردە شۇنى بايان قىلىپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇكى، يۇقىرىدا بايان قىلىنغان كارتوشكىلار بىلەن شەخسىي ھېسابىدىكى پۇلنى ئېلىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان كارتۇشكىنىڭ ئارىسىدىكى پەرق بولسا، يۇقىرىدا بايان قىلىنغان كارتوشكىلارنى ئىشلىتىش ئارقىلىق قىلغان مۇئامىلىدە كارتۇشكىنىڭ ئىگىسى ئىمزاسىنى قويۇپ بەرگەن ھۆججەتلەردە بايان قىلىنغان پۇلنى تىجارەتچىلەرگە بانكا ئۆتەيدۇ. ئەمما شەخسىي ھېسابىدىكى پۇلنى ئېلىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان كارتوشكىدا بولسا، بۇ كارتوشكا ئارقىلىق ئىشلىتىلگەن پۇلنى بانكا تۆلىمەيدۇ. بانكا پەقەت بۇ كارتۇشكىنىڭ ئىگىسى كارتۇشكىنى ئىشلىتىش ئارقىلىق سېتىپ ئالغان نەرسىنىڭ پۇلىنى ئۇ نەرسىنى ساتقان تىجارەتچىنىڭ ھېسابىغا كارتۇشكىنىڭ ئىگىسىنىڭ ھېسابىدىكى پۇلىدىن ئىش ھەققى ئالماي يۆتكەپ بېرىدۇ . شۇڭا بۇ كارتۇشكىنى ئىشلىتىش خاتا ئەمەستۇر.

## 1045- سۇئال: قوشنىلارغا ئەزىيەت بېرىدىغان كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنىشنىڭ ھۆكمى

بىر ئادەم بىر قورۇ سېتىپ ئالغان، ئاندىن ئۇ قورۇدا تېرە ئاشلىغان ۋە بۇنىڭدىن قولۇم قوشنىلار ئەزىيەت كۆرگەن بولسا، بۇ ھالدا ئۇ ئادەم ئەگەر داۋاملىق تېرە ئاشلايدىغان ئادەم بولسا، قورۇدا تېرە ئاشلاشتىن چەكلىنىدۇ ئۇ ئادەم ئەگەر تېرىنى داۋاملىق ئەمەس ئاندا ساندا ئاشلايدىغان ئادەم بولسا، قولۇم قوشنىلار ئۇ ئادەمدىن كەلگەن ئەزىيەتنى كۆتۈرىدۇ. شۇنىڭدەك يەنە ئەگەر بىر ئادەم قورۇسىغا داۋاملىق نان يېقىش ئۈچۈن تونۇر سالماقچى ياكى تۆگمەن چۆرىمەكچى، ياكى بوزچىلارنىڭ بوز توقۇيدىغان دۇكان قورماقچى بولغان ۋە بۇنىڭدىن قوشنىلار ئەزىيەت كۆرىدىغان بولسا، ئۇ ئادەم بۇ ئىشنى قىلىشتىن چەكلىنىدۇ. شۇنىڭدەك يەنە بىر ئادەم قورۇسىغا مۇنچا ئاچماقچى بولغان ۋە ئۇنىڭ تۈتۈنىدىن قوشنىلار ئەزىيەت كۆرىدىغان بولسا، ئۇ ئادەمنىڭمۇ قورۇسىغا مۇنچا ئېچىشى توغرا ئەمەس.

## 1046- سۇئال: ئىجارىنىڭ ئۇقۇمى

ئىجارە، ئىستىلاھ جەھەتتىن پۇل بېرىش ئارقىلىق بىرەر نەرسىنىڭ پايدىسىدىن پايدىلىنىش ئۈچۈن ئۇ نەرسىنىڭ ئىگىسى بىلەن تۈزۈشكەن كېلىشىمدۇر. يەنى بىرەر نەرسىنىڭ پايدىسىدىن ئۇنىڭ بەدىلىگە پۇل بېرىش ئارقىلىق پايدىلىنىش ئىجارە ھېسابلىنىدۇ. ئۇ نەرسىنىڭ پايدىسىدىن ئۇنىڭ بەدىلىگە ھېچ نەرسە بەرمەي تۇرۇپ پايدىلىنىش بولسا، ئۆتنە ھېسابلىنىدۇ.

ئىجارە بولسا ئەمەلىيەتتە بىر نەرسىنىڭ مەنپەئەتىنى سېتىشتۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن بىرەر نەرسىنى سېتىپ ئالغىلى بولىدىغان ھەر قانداق نەرسە ئۇ نەرسە مەيلى پۇل بولسۇن، مەيلى ئالتۇن كۈمۈش بولسۇن، مەيلى بۇغداي قوناق بولسۇن، ئۇ نەرسىنى ئىجارىگە ئېلىشقا بولىدۇ. چۈنكى، بىر نەرسىنىڭ ئىجارىسى ئۈچۈن بېرىلگەن نەرسە ئۇ نەرسىنىڭ مەنپەئەتىدىن مەنپەئەتلىنىش ئۈچۈن بېرىلگەن پۇل ھېسابلىنىدۇ.

## 1047- سۇئال: ئىجارىنىڭ يولغا قويۇلىشىنىڭ بايانى

بىرەر نەرسىنى ئىجارىگە بېرىش ۋە ئىجارىگە ئېلىش قۇرئان كەرىم، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەدىسلىرى ۋە ئالىملارنىڭ بىرلىكى ئارقىلىق يولغا قويۇلغاندۇر. بىرەر نەرسىنى ئىجارىگە بېرىش ۋە ئىجارىگە ئېلىش ھەققىدە ئاللاھ تائالامۇنداق دېدى: « ئەگەر ئۇلار سىلەر ئۈچۈن بالىلىرىڭلارنى ئېمىتىپ بەرسە، ئۇلارنىڭ ئېمىتىش ھەققىنى بېرىڭلار»[سۈرە تالاق 6- ئايەتنىڭ بىرقىسمى]

«ئۇلارنىڭ (يەنى ئاياللارنىڭ) بىرى ئېيتتى: «ئى ئاتا، ئۇنى سەن ئىشلەتكىن، بۇ سەن ئىشلەتكەنلەرنىڭ ئەڭ ياخشىسىدۇر، كۈچلۈك، ئىشەنچلىكتۇر» [26]. ئۇ (يەنى

شۇئەيب) ئېيتتى: «ماڭا سەككىز يىل ئىشلەپ بېرىشىڭ بەدىلىگە ساڭا بۇ ئىككى قىزىمنىڭ بىرىنى بېرىشنى خالايمەن، ئەگەر ئون يىلنى توشقۇزۇۋەتسەڭ (ئۇمۇ) ئىختىيارىڭ، (ئون يىلنى شەرت قىلىپ) سېنى مۇشەققەتكە سېلىپ قويۇشنى خالىمايمەن، خۇدا خالىسا، مېنىڭ ياخشى ئادەم ئىكەنلىكىمنى بايقايسەن» [سۈرە قەسەس-27].»

ھەدىستە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مەككىدىن مەدىنىگە ھىجرەت قىلىدىغان ۋاقىتتا يول باشلاپ مېڭىش ئۈچۈن بىر ئادەمنى ئىجارىگە ئالغانلىقى بايان قىلىنىدۇ.

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: اللە تائالا ئەۋەتكەن پەيغەمبەرلەر ئىچىدە قوي باقمىغىنى يوق، دېدى. ساھابىلەر: ئى رەسۇلۇللاھ! سەنمۇ قوي باقانمىدىڭ؟ دەپ سورىغانىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: ھەئە، مەنمۇ مەككە خەلقىنىڭ قويلىرىنى ئازغىنا تەڭگە بەدىلىگە بېقىپ بېرەتتىم، دەپ جاۋاب بەردى. (بۇخارى: 2262)

ئىجارە ھەققىدە كەلگەن ئەسەرلەر بەك كۆپتۇر. ھەر زامانىنىڭ ۋە ھەر يەرنىڭ ئالىملىرى بىر نەرسىنى ئىجارىگە بېرىشنىڭ ۋە ئىجارىگە ئېلىشنىڭ توغرا بولىدىغانلىقىغا بىرلىككە كەلدى.

## 1048- سۇئال: رەنە ۋە ئۇنىڭ يولغا قويۇلۇشى

رەنە گۆرۈ دەپمۇ ئاتىلىدۇ. رەنە قەرز ئىگىسىنىڭ قەرزنى قايتۇرۇپ ئېلىشنى كاپالەتكە ئىگە قىلىش ئۈچۈن قەرزنى قايتۇرۇپ ئالغانغا قەدەر پۇلغا يارايدىغان بىرەر نەرسىنى تۇتۇپ تۇرۇشى دېگەنلىكتۇر. ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە رەنە ھەققىدە تەۋسىيە قىلىپ مۇنداق دېگەن: ئەگەر سىلەر سەپەر ئۈستىدە بولۇپ خەت يازالايدىغان ئادەمنى تاپالمىساڭلار، بۇ چاغدا قەرز ھۆججىتى يېزىپ بېرىشنىڭ ئورنىغا رەنە قويىدىغان نەرسىنى تاپشۇرساڭلار بولىدۇ؛ ئاراڭلاردا بىرىڭلار بىرىڭلارغا ئىشىنىپ ئامانەت قويسا، ئۇ چاغدا ئامانەتنى ئالغۇچى ئادەم ئامانەتنى تاپشۇرسۇن يەنى قەرز بەرگۈچى قەرز ئالغۇچىغا ئىشىنىپ ئۇنىڭدىن بىر نەرسىنى رەنە ئالمىسا، قەرزدار قەرزنى دېيىشكەن ۋاقتىدا قايتۇرسۇن. [بەقەر -283]

ئاللاھ تائالا بۇ ئايەتتە قەرز ئىشنى تۆۋەندىكى ئۈچ يولنىڭ بىرى بىلەن بىر تەرەپ قىلىشنى بۇيرىغان:

1- قەرز مۇئامىلىسىنى بۇ مۇئامىلىگە ھازىر بولغان گۇۋاھچىلارنىڭ گۇۋاھلىقى بىلەن بىللە يېزىپ ھۆججەت قىلىپ قالدۇرۇش.

2 - قەرز ھۆججىتىنى يېزىپ قالدۇرۇشقا كاتىب ياكى گۇۋاھچى تاپالمىغاندا، خۇسۇسەن سەپەر ئۈستىدە بولغاندا، قەرز ئالغۇچىنىڭ ئالغان قەرزنى قايتۇرۇشقا

كاپالەت قىلىش ئۈچۈن پۇلغا يارايدىغان بىرەر نەرسىنى قەرزدارنىڭ يېنىدا رەنە قويۇشى.

3 ـ قەرز بەرگۈچى قەرز سورىغان ئادەمگە ئىشىنىپ ئۇنىڭدىن قەرزگە ھۆججەت ياكى گۇۋاھچى تەلەب قىلماستىن قەرز بەرسە، قەرز ئالغۇچىنىڭ قەرز بەرگەن كىشىنىڭ ئىشەنچىنى سۇيىئىستېمال قىلماستىن، قەرزىنى ۋاقتى قەرەلىدە قايتۇرۇشىنىڭ زۆرۈرلىكى.

## 1049ـ سۇئال: گۆرۈگە قويۇلغان نەرسىنى ساقلاشنىڭ بايانى

بىرەر نەرسىنى گۆرۈگە ئالغان ئادەمنىڭ ئۇ نەرسىنى خۇددى ئامانەتكە قويۇپ قويۇلغان نەرسىنى ساقلىغىنىدەك ئۆزىنىڭ ياكى ئۇنىڭ بالىۋاقىلىرىنىڭ ياخشى ساقلىشى لازىم. ئەگەر ئۇ ئادەم ئۇ نەرسىنى ساقلاش ئۈچۈن باشقىلارغا بەرگەن بولسا، ئۇ ئادەم ئۇ نەرسىنىڭ پۈتۈن پۇلىنى ئۇنىڭ ئىگىسىگە تۆلەپ بېرىدۇ. بۇ گۆرۈگە قويۇلغان نەرسىنى تۆلەپ بېرىش ئەمەس ئۇ نەرسىنى باشقىلارغا ساقلاش ئۈچۈن بېرىپ ھەقسىزلىق قىلغانلىق ئۈچۈن تۆلەپ بېرىلىدىغان جازا پۇلدۇر.

ئەگەر بىر نەرسىنى گۆرۈگە ئالغان ئادەم ئۇ نەرسىنى ئۇنىڭ ئىگىسىنىڭ رۇخسىتىسىز بىرىگە ئامانەتكە بەرگەن ياكى ئۆتنىگە بەرگەن ياكى ئىجارىگە بەرگەن، ياكى ئۇنى ئىشلەتكەن بولسا، ئۇ ئادەم ئۇ نەرسىنىڭ پۇلىنى ئەسلى ئىگىسىگە تۆلەيدۇ.

## 1050ـ سۇئال: گۆرۈگە قويۇلغان نەرسىنى تاپشۇرۇپ بېرىش

ئەگەر قەرزداردىن بىرەر نەرسە گۆرۈگە ئالغان قەرز ئىگىسى قەرزدارنىڭ پۇلىنى تاپشۇرۇپ بېرىشنى تەلەپ قىلسا، ھەتتا گۆرۈگە قويۇلغان نەرسىنىڭ يۈتۈپ كەتكەنلىكى سەۋەبى بىلەن قەرز ئىگىسىنىڭ قەرزگە بەرگەن پۇلىنى ئىككى قېتىم ئېلىپ قالماسلىقى ئۈچۈن قەرز ئىگىسى گۆرۈگە ئالغان نەرسىنى ئېلىپ كېلىشكە بۇيرۇلىدۇ. ئەگەر قەرز ئىگىسى گۆرۈگە ئالغان نەرسىنى ئېلىپ كەلسە ئالدى بىلەن قەرزدار قەرزنى تاپشۇرۇپ بېرىشكە بۇيرۇلىدۇ. قەرزدار قەرز ئىگىسىگە قەرزنى تاپشۇرۇپ بېرىپ بولغاندىن كېيىن قەرز ئىگىسى گۆرۈگە ئالغان نەرسىنى تاپشۇرۇپ بېرىشكە بۇيرۇلىدۇ. بۇ چاغدا ھەر ئىككى تەرەپنىڭ ئارىسىدا ئوخشاش مۇئامىلە قىلىنغان ھېسابلىنىدۇ.

بىرەر نەرسىنى گۆرۈگە ئالغان قەرز ئىگىسى قەرزدارنىڭ ئۇ نەرسىنى سېتىپ پۇلىنى قەرزگە بېرىشى ئۈچۈن ئۇ نەرسىنى قەرزدارغا تاپشۇرۇپ بېرىشكە بۇيرۇلمايدۇ. چۈنكى، ئۇ نەرسىنى گۆرۈگە ئالغان قەرز ئىگىسىنىڭ قەرزدارنىڭ ئۇ نەرسىنى سېتىشىنى چەكلەش ھوقۇقى يوق.

## 1051ـ سۇئال: سۇغۇرتىغا بولغان ئېھتىياج

ئىنسانلار (كۈندىلىك تۇرمۇشلىرىدا) تۈرلۈك قىيىنچىلىق ۋە خىلمۇ خىل خەۋپ خەتەرگە دۇچ كېلىپ تۇرىدۇ. ئالايلۇق، دېڭىزدا پاراخۇتلارنىڭ غەرق بولۇپ كېتىش قورقۇنچىسىدا، سودىگەر جېنىدىن ئېزىز كۆرىدىغان پۇل ماللىرىنى سەرپ قىلىدۇ ۋە ئىقتىسادى مەنپەئەتتىن ۋاز كېچىدۇ، گەرچە بۇ ئىنسانلار ۋە ھەر قايسى دۆلەتلەرگە زور دەرىجىدە مەنپەئەت يەتكۈزسىمۇ.

ھەقىقەتەن خەۋپ خەتەرنىڭ يۈز بېرىشى، ئىقتىسادى ۋە ئىجتىمائى بالايى ئاپەتلەرنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. مەسىلەن: بىرەر زاۋۇتنىڭ كۆيۈپ كېتىشى ۋە بىرەر ئىشچىنىڭ ئۆلۈپ كېتىشى بىلەن بىر تەرەپتىن شەخسلەر كىرزىسقا دۇچ كەلسە، يەنە بىر تەرەپتىن پۈتكۈل جەمئىيەت كىرىزىسقا دۇچ كەلگىنىگە ئوخشاش. خەۋپ خەتەر ئىككى تۈرلۈك بولىدۇ. بىرىنچىسىنى ھادىسە يۈز بەرگەندىن كېيىن ئورنىنى تولدۇرۇۋېلىش مۇمكىن. قاتناش ھادىسىدە ۋەيران بولۇپ كەتكەن ماشىنىنىڭ ئورنىغا يېڭىسىنى بەرگەنگە ئوخشاش. ئىككىنچىسى ئورنىنى تولدۇرۇۋېلىش مۇمكىن ئەمەس. مەسىلەن: بىرەر ئىشچىنىڭ خىزمەت جەريانىدا زاۋۇتتا ئۆلۈپ كەتكىنىگە ئوخشاش. لېكىن ئۆلۈپ كەتكۈچىنىڭ ئائىلىسىگە ئايمۇ ئاي مائاش بېرىش ئارقىلىق قىيىنچىلىقنى يەڭگىللىتىش مۇمكىن.

## 1052ـ سۇئال: سۇغۇرتىنىڭ تۈرلىرى

سۇغۇرتىنى ئىككى تۈرگە ئايرىش مۇمكىن. بىرىنچىسى: پايدا ئېلىش سۇغۇرتىسى. ئىككىنچىسى: كاپالەتلىك قىلىش سۇغۇرتىسى.

## 1053ـ سۇئال: پايدا ئېلىش سۇغۇرتىسى

پايدا ئېلىش سۇغۇرتىسى بەدەلسىز توختام بولۇپ، ئۇنىڭ بىلەن قۇرۇلغان شىركەتلەرنىڭ نىشانى جەمئىيەت ياكى ئىنسانىيەتكە خىزمەت قىلىش بولماستىن، بەلكى ئۆزىلا پايدا ئېلىشتۇر. شۇڭا ئۇنىڭغا بىز بۇ ئىسمنى مۇۋاپىق كۆردۇق. پايدا ئېلىش سۇغۇرتىسى ـ ھادىسە يۈز بەرگەن چاغدا، ئامانلىق تەلەپ قىلغۇچى ئالىدىغان "سۇغۇرتا پۇلى "دەپ ئاتىلىدىغان مەبلەغنى تاپشۇرۇش ئۈچۈن شىركەت بىلەن توختام تۈزۈپ، ئامانلىق تەلەپ قىلغۇچى بىلەن سۇغۇرتا شىركىتى ئوتتۇرسىدىكى كېلىشىم دەپ چۈشەندۈرۈش مۇمكىن، سۇغۇرتا شىركىتى ھادىسىگە يولۇققان چاغدا بېرىش ئۈچۈن شىركەتكە ئەزا بولغۇچىلاردىن سۇغۇرتا پۇلى ئالىدۇ. مەسىلەن: بىر كارخانىنىڭ خوجايىنى سۇغۇرتا توختامنامىسىگە 10000 يۈەن سۇغۇرتا پۇلى تاپشۇرىمەن دەپ ئىمزا قويسا، شىركەت ئۇنىڭ كارخانىسى كۆيۈپ كەتسە، ئۇنىڭغا300000 يۈەن تۆلەيدۇ.

## 1054-سۇئال: كاپالەتلىك قىلىش (باغلىنىشلىق) سۇغۇرتىسى

كاپالەتلىك قىلىش سۇغۇرتىسىنى ھادىسىگە ئۇچرىغان بىرەر ئادەمنىڭ (ماددى ۋە مەنىۋى جەھەتتىن) كاپالەتكە ئىگە قىلىش بىلەن بىرگە خەۋپ خەتەردىن قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن بىر تۈركۈم ئىنسانلارنىڭ بىر يەرگە توپلىنىشى دەپ چۈشەندۇرۇش مۇمكىن. كاپالەتلىك قىلىش سۇغۇرتىسى ئىككى تۈركۈمگە بۆلىنىدۇ.

1 ـ ئىجتىمائى سۇغۇرتا. بۇنى دۆلەت ئۆز ھالال مېھنىتىگە تايىنىپ تىرىكچىلىك قىلىدىغان ئىشچىلارنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن قورۇپ چىقىدۇ. ۋەھالەنكى بۇ ئىشسىزلىق، ئىمكانسىزلىق ۋە قېرىلىققا قارشى ئىشچىلارنىڭ بىخەتەرلىكنى مەقسەت قىلىدۇ. ئايلىق مائاشلىرىدىن ھەر ئايدا مەلۇم مىقداردا ھەر بىرئىشچى ئىجتىمائى سۇغۇرتا ساندۇقىغا ئىئانە قىلىپ، ئىقتىسادىي كىرىمنىڭ توپلىنىشقا ياردەم قېلىدۇ. خوجايىنلارمۇ ئىجتىمائى سۇغۇرتا شىركىتىدىكى شىرىك ئىشچىنىڭ مائاشىدىن مەلۇم مىقداردا (سۇغۇرتا پۇلى) تاپشۇرىدۇ، دۆلەتمۇ شۇنداق. ئىجتىمائى سۇغۇرتا شىركىتى، دۆلەتنىڭ بىر مۇئەسسەسسى ھېسابلىنىدۇ. تىلغا ئېلىشقا ئەرزىيدىغىنى شۇكى، ئىجتىمائى سۇغۇرتىنىڭ غايىسى نەپسانىيەتچىلىكتىن يۇتۇنلەي يىراق، ئىنسانلار ئارا ھەمكارلىق ئاساسىغا قۇرۇلغان ئىجتىمائى خىزمەتلەرگە ئىنتايىن يېقىندۇر. ئىشچىلارنىڭ، خوجايىنلارنىڭ تاپشۇرغانلىرىنىڭ ھەممىسى سۇغۇرتىغا قىلىنغان ئىئانە بولۇپ، بۇ ئىئانە ئارقىلىق سۇغۇرتىغا ئەزا بولغان ئىشچىلار بىخەتەرلىكىگە كاپالەتلىك قىلىش شەرت قىلىنغاندۇر.

2ـ ھەمكارلىق سۇغۇرتىسى:

بىرىنچى: ھەمكارلىق سۇغۇرتىسى دېمەك، ئەزا بولغانلاردىن ئاپەتكە ئۇچرىغانلارنى قۇتۇلدۇرۇۋېلىش مەقسىتىدە بىر تۈركۈم ئىنسانلارنىڭ بىر يەرگە توپلىنىشى دېمەكتۇر.

ئىككىنچى: بۇ غايىگە يېتىش ئۈچۈن نۇرغۇنلىغان ھەمكارلىق جەمئىيەتلىرى قۇرۇلدى. بۇ جەمئىيەتلەرنىڭ خىزمەت ئوبېيكتى، ئەزا جەمئىيەتنىڭ شۇ جەمئىيەتكە قاتناشقۇچىلاردىن توپلانغان ئىئانە، تىجارەت قاتارلىق ئۈنۈملۈك يەرلەرگە ئىشلىتىپ، توپلانغان ماللارنىڭ بىر قىسمى بىلەن ئاپەتكە ئۇچرىغانلارنى قۇتۇلدۇرۇۋېلىش، سېلىنغان مەبلەغدىن پايدا ئېلىنغان بولسىمۇ، ئاپەتكە ئۇچرىغۇچىنى قۇتۇلدۇرۇۋېلىش مۇمكىن بولمايدىغان ئەھۋال ئاستىدا، جەمئىيەت قاتناشقۇچىلاردىن كۆپلەپ مەبلەغ سېلىشقا ئۈندەش ھوقۇقىغا ئىگە. ناۋادا بۇ يەردە پايدا بولسا، بۇ پايدا قاتناشقۇچىنىڭ ھەققىدۇر.

## 1055-سۇئال: ئۆسۈم بانكىسى

ئۆسۈم بانكىسى كىشىلەرنىڭ ئامانەت پۇللىرىنى قوبۇل قىلىپ، مەلۇم پايدا بىلەن قايتۇرىدۇ. شۇنىڭدەك، بۇ بانكا توپلانغان ئامانەتلەر سودىگەر ۋە قول سانائەتچىلەردىن ئىبارەت قەرز تەلەپ قىلغۇچىلارغا بېرىدۇ ھەمدە ئۇلاردىن ئامانەت قويغۇچىلارغا بەرگەندىنمۇ كۆپرەك پايدا ئالىدۇ. ئىككىنىڭ ئوتتۇرسىدىكى پەرق بانكىنىڭ پايدىسىدۇر. بانكىغا قويۇلغان ئامانەت قەرزدىن ئېشىپ قالسا، بۇ بانكا، ئېشىپ قالغان ئامانەتنى مەلۇم مىقداردىكى بىر پايدا ئۈچۈن باشقا بىر بانكىغا ئامانەت قويىدۇ. باشقا بانكىمۇ شۇنداق قىلىدۇ-دە، نەتىجىدە ئېشىپ قالغان ئامانەتلەر، ۋەيران قىلىش خاراكتېرلىك قۇرال  ياراق ئىشلەپچىقىرىدىغان ياكى بۇ خىل ئۇسۇل ئارقىلىق ئىسلام دۇنياسىنى خانىۋەيران قىلىدىغان بىر تۈركۈم يەھۇدىيلارنىڭ كونتروللىقىدىكى دۇنيا شىركەتلىرىنىڭ چونتىكىگە چۈشۈپ كېتىدۇ. بۇنىڭدىن شۇنى كۆرىۋېلىشقا بولىدۇكى، ئۈچىنچى دۇنيا ئەللىرى ھېسابلانغان ئىسلام ئەللىرىمۇ ئىشتىراك قىلغان چەتئەللەردىكى گۈللىنىش ھەرىكەتلىرىنىڭ كۆپىنچىسى، ئۆسۈم بانكىلىرىغا ئامانەت قويۇش ۋاستىسى ئارقىلىق پۈتۈن مال  مۈلۈكنى بۈيۈك خەلقئارا بانكىلىرىغا تۆكىدۇ.

## 1056-سۇئال:  ئۆسۈمسىز بانكا (ئىسلام بانكىسى) نىڭ ۋۇجۇتقا كىلىشى

ناھايىتى روشەنكى، ئۆسۈم بانكىلىرى غەرب دۆلەتلىرىدە پەيدا بولغان بولۇپ، كېيىن ئۇ ئاستا  ئاستا ئىسلام دۆلەتلىرىدە تارقىلىشقا باشلىغان ھەمدە بۇ ئىسلام ئەللىرىنى بۇ خىل ئۇسۇل ئارقىلىق ئۆزلىرىنىڭ سىياسىي مۇستەملىكىسىگە ئايلاندۇرىۋالغان. مۇستەملىكچىلەر مەغلۇب بولغاندىن كېيىن نۇرغۇنلىغان مۇئەسسەسەلىرى قېلىپقالغان. جۈملىدىن ئۆسۈم بانكىلىرىمۇ شۇنداق. مۇسۇلمان ئىسلاھاتچىلار ئۆسۈم بانكىلىرىنىڭ قالدۇقلىرىنى تەلتۆكۈس يوقىتىشقا ئۇرۇنغان بولسىمۇ ئىش ئۇنچىۋالا ئاسانغا توختىمىغان. چۈنكى بۇنىڭغا پەردە ئارقىسىدا تۇرۇپ ياردەم بېرىدىغان نۇرغۇنلىغان دۆلەتلەر بار ئىدى. مۇسۇلمان ئىسلاھاتچىلارنىڭ ھەر تەرەپلىملىك ئىزدىنىش ۋە تەپەككۇر قىلىش نەتىجىسىدە، مۇسۇلمانلارنىڭ جازانىدىن خالىي بەھۇزۇر مۇئامىلە قىلالايدىغان ئۆسۈمسىز ئىسلام بانكىلىرى بارلىققا كەلدى.

## 1057-سۇئال: ئىسلام بانكىلىرىنىڭ كەڭ قانات يېيىشى ۋە تەرەققى قىلىشىدىكى ئاساسلىق ئامىللار

بىرىنچى: مۇسۇلمانلارنىڭ ئېتىقادى ۋە ئەخلاق پرىنسىپىغا زىت كېلىدىغان جازانىنىڭ بولماسلىقى، جازانە تۈزۈلمىسىنىڭ قانۇنلۇق تۈزۈملەرگە ئۆزگەرتىلىشى. قانۇن كاپالىتى كۈچكە ئىگە بولغانلىقتىن، ھەر بىر بانكىغا بىردىن قانۇن تەپتىش

ھەيئىتى قۇرۇلۇپ، ھەر بىر ھەيئەتكە ناچار ئىشلارنى تۈزۈتۈش، ئىسلام قانۇنىغا خىلاپ ھەرقانداق پۇل مۇئامىلە ھەرىكەتلىرىگە قاتتىق زەربە بېرىش ھوقۇقى بېرىلىشى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا: "قانۇن تەپتىش ھەيئىتىنىڭ ھوقۇقى بانكا ھوقۇقىدىن ئۈستۈندۇر"دەپ ئېتىبارغا ئېلىنىشى.

ئىككىنچى: بانكىنىڭ ئۆز مەبلىغىدىن ئۆزى پايدىلىنىپ، تىجارەت قىلىشى ۋە يېمەك ئىچمەك بويۇملىرى ئىمپۇرت قىلىشى ۋە باشقىلار.

ئۈچىنچى: ئىسلام ئەللىرىدىكى بانكا مەبلەغلىرىدىن پايدىلىنالايدىغان ئەۋزەل شەرت شارائىتلارنىڭ توغۇلۇشى، بۇنىڭغا ئەگىشىپ، ئىسلام بانكىلىرىنىڭ ئىسلام ئەللىرىنىڭ تەرەققى قىلىشىغا ھەسسە قوشۇشى ۋە ياردەم بېرىشى. بىرقىسىم ئۆسۈم بانكىلىرىنىڭ ئىسلام بانكىلىرىغا دەھشەتلىك تۈردە ھۇجۇم قىلىشقا قارىماي، ئىسلام بانكىلىرىنىڭ كۈندىن كۈنگە تەرەققى قىلىشى.

## 1058-سۇئال: پۇل ئامانەت قويۇشنىڭ ھۆكۈملىرى

بۇنداق مۇئامىلىلەر، بانكا پايدىلانسا، پايدا بار دەپ قاراپ، بانكىغا پۇل ئامانەت قويۇلۇپ، ئامانەت قويغۇچىغا، ئامانەت قويغان پۇلدا تاپقان پايدىنىڭ يۈزدە مەلۇم بىر قىسمى ئامانەت قويغۇچىغا تاپشۇرىدۇ. گەرچە بانكا زىيان ياراتقان تەقدىردىمۇ، پۇل ئامانەت قويغۇچى ھېچ قانداق بىر زىياننى ئۆز ئۈستىگە ئالمايدۇ. ئۆسۈم بانكىلىرى ئامانەت قويۇلغان پۇللارنىڭ ھەممىدىن مەيلى پايدىلىنىش جەھەتتىن بولسۇن ياكى ئىلىم بېرىم ھېساباتى جەھەتتىن بولسۇن تولۇق پايدىلىنىدىغانلىقىنى بىلگەن چېغىمىزدا، ئامانەت پۇلى پايدا كەلتۈرسۇن كەلتۈرمىسۇن، پەقەت قىيىن ئەھۋالدا قالمىسلا، ئۆسۈم بانكىلىرىدا پۇل ئامانەت قويۇش جائىز بولمايدۇ. پايدىسىز پۇل ئامانەت قويماق جائىز ئەمەس، چۈنكى بانكا پۇل ئامانەت قويۇش ئارقىلىق ھە دەپ تەرەققى قىلىۋالىدۇ. بۇ خىل تەرەققى قىلىش، ئۇ كىشىنىڭ گۇناھ مەسىيەتكە، توغرىراقى جازانىغا ياردەم قىلغانلىقى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئەمما زۆرۈر ئەھۋاللاردا، ئۆسۈم بانكىلىرىدا پۇل ئامانەت قويۇش جائىزدۇر. چۈنكى شەرىئەت قانۇنىدا "زۆرۈرىيەت مەزۇرىيەت (چەكلەنگەن ئىشلار) نى مۇباھ قىلىدۇ"دېيىلگەن. ئېھتىياج زۆرۈرىيەتنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ، ئېھتىياج دېمەك، مال مۈلۈكنىڭ ئوغرى قاراقچىلارنىڭ قولىغا چۈشۈپ كېتىشىنىڭ قورقۇنچىسى، پۇللارنى قولاي ھالدا تېگىشتۈرۈش ۋە قولغا ئېلىشى، بولۇپمۇ يىراق دۆلەتلەردە بولغان چاغدا، پۇلدىن بىخەتەر پايدىلىنىش، دېمەكتۇر. ئېھتىياج دائىرىسىدىن ھالقىپ كەتكەن ئەھۋال ئاستىدا، ئۆسۈم بانكىلىرىغا پۇل ئامانەت قويۇش جائىز ئەمەس. پايدا ئالمىغان تەقدىردىمۇ، ئۆسۈم بانكىلىرىدا پۇل ئامانەت قويۇش قەتئىي ھارام ئىكەن، ئۇ ھالدا،

زۆرۇر بولمىغان ئەھۋال ئاستىدا پۇل ئامانەت قويۇپ پايدا ئېلىشمۇ مۇتلەق هارامدۇر. زۆرۇر ۋە زۆرۇرىيەتسىز ھەر قانداق بىر سەۋەبتىن پايدىنى كۆزلەپ پۇللىرىنى ئۆسۈم بانكىلىرىدا ئامانەت قويغان ئادەم تۆۋەندىكىدەك تۆت ئېھتىمالدىن چەتنەپ كېتەلمەيدۇ.

بىرىنچى: ئۇنىڭ پايدىنى ئېلىپ باشقا مال مۇلكىگە قوشۇۋېتىشى.

ئىككىنچى: جازانە ئېلىش ئۈچۈن (پۇل مېلىنى) بانكىدا قويۇپ قويۇش.

ئۈچىنچى: پايدىنى ئېلىپ ۋەيران قىلىۋېتىشى.

تۆتىنچى: پايدىنى ئېلىپ پايدىلىنىشلىرى ئۈچۈن پېقىرلارغا بېرىش.

بىرىنچى ئېھتىمال، ئۇنىڭ جازانە يېگەنلىكى ئۈچۈن قوبۇل قىلىنمايدۇ. چۈنكى جازانە يېگۈچى ئاللاھنىڭ دىنىدا هالال ياشىمايدۇ. ئىككىنچى ئېھتىمالمۇ رەت قىلىنىدۇ. چۈنكى ئۇ مال مۇلكىنى گۇناھ مەسىيەت تېرىدىغان بانكىغا قويۇپ قويدى. ئۈچىنچى ئېھتىمالمۇ ئوخشاشلا قوبۇل قىلىنمايدۇ. چۈنكى ئۇنىڭغا قەتئىي جائىز بولمايدىغان مال مۇلۈكنى ۋەيران قىلىشتىن ئىبارەت ناچار خاھىش ئارىلىشىپ كەتكەن. تۆتىنچى ئېھتىماللىق ئۇنىڭ مال مۇلكىنى پېقىر ۋە مىسكىنلەرگەر نەپقە قىلغانلىقتىن مەقبۇلدۇر.

## 1059-سۇئال: زايۇمنىڭ ھۆكۈمى

قەرز بەرگۈچى زايۇمنى قەرەللى توشماستىن بۇرۇن بانكىغا تاپشۇرۇپ، بانكىدىن زايۇمنىڭ قىممىتىدىن ئازراق مەبلەغ (پايدا) ئالىدۇ. زايۇم ھەققىدە مۇلاھىزە يۈگۈزگۈچى، زايۇم مۇئامىلىسىنىڭ مۇنۇ ئىككى ئىشنىڭ بىرىدىن تاشقىرى ئەمەسلىكىنى تونۇپ يېتەلەيدۇ.

بىرىنچى: قەرز بەرگۈچى قەرەللىك قەرزىنى قەرزدىن ئازراق بولغان نەق پۇلغا ساتىدۇ، هالبۇكى ئۇ، جازانە بولغانلىقتىن هالال ئەمەس.

ئىككىنچى: بانكا قەرز بەرگۈچىگە زايۇمنىڭ قىممىتىدىن ئازراق مەبلەغ بېرىدۇ، ۋەهالەنكى قەرز بەرگۈچى ئالغان بۇ مەبلەغنى قەرز ئالغۇچىنىڭ زىممىسىگە يۈكلەپ قويىدۇ. چۈنكى يىل توشقاندا، بانكا قەرزداردىن زايۇمنىڭ پۇلىنى تولۇق ئالىدۇ. ئەسلىدە زايۇمنىڭ پۇلى ئارتۇق بولۇپ، ئارتۇق ئېلىنغان بۇ پۇل جازانىدۇر ۋە بانكىنىڭ ئۇنى ئېلىشىمۇ جائىز ئەمەس.

## 1060- سۇئال: مۇزارەبەت (ئىش بىلەن دەسمايىنىڭ ھەمكارلىششى) دېگەن نېمە؟

مۇزارەبەت پۇل ئىگىسى بىلەن كۈچ ئىگىسىنىڭ چىققان پايدىنى ئۆزئارا مەلۇم پىرسەنت بويىچە ئۈلىشىش مەقسىتىدە پۇل ئىگىسى چىقارغان پۇلنى كۈچ ئىگىسى

چىقارغان كۈچ بىلەن ئايلاندۇرۇشقا كىلىشىشتىن ئىبارەت.

## 1061ـ سوئال: مۇزارەبەت كىلىشىمگە يول قويۇشنىڭ سەۋەبى

ئالالھ تائالا بەندىلەرنى ھەر خىل ئىقتىداردا ياراتقان، ئۇلارنىڭ بەزىسى ئەقىللىق ۋە تەدبىرلىك بولسا بەزىسى دۆت ۋە تەدبىرسىز، بەزىسى كۈچلۈك بولسا بەزىسى ئاجىز، بەزىسى باي بولسا بەزىسى نامرات، بەزىسى تىجارەت قىلالايدىغان بولسا بەزىسى قىلالمايدىغان، بەزىسىدە پۇل بولغىنى بىلەن ئۇنى قانداق ئاۋۇتۇشنى بىلمەيدۇ، يەنە بەزىلەر پۇل بولسا ئاۋۇتۇشنى بىلگىنى بىلەن ئۇلاردا پۇل بولمايدۇ، بىز ئادەتتە كۈندىلىك تۇرمۇشىمىزدا بۇنى كۆپ ئۇچرىتىپ تۇرىمىز، بەزى كىشىلەردە پۇل بولسىمۇ كۈچ يوق، ياكى ۋاقىت يوق، ياكى ئەقىل يوق، ياكى تەن سالامەتلىك يوق، ياكى تەجرىبە يوق بولغانلىقتىن قولىدىكى پۇلنى پايدىلىق بىر تىجارەتتە ئايلاندۇرالماي قالىدۇ، يەنە بىر قىسىم كىشىلەردە كۈچ بار، ۋاقتىمۇ بار، ئەقلىمۇ بار، تەن سالامەتلىكىمۇ بار، تەجرىبىمۇ بار، بازار ئەھۋالى ۋە تىجارەتتىن خەۋىرىمۇ بار، تىجارەت قىلسا پايدا ئېلىشقا كۆزى يېتىدىغان بولىدۇ، بىراق بۇلاردا يېتەرلىك پۇل، سەرمايە يوق. ئىسلام شەرىئىتى جەمئىيەت ئەزالىرىنىڭ ئۆزئارا ھەمكارلىشىپ پايدىلىق ئىشلارنى قىلىشنى تەشەببۇس قىلىدۇ، زىيانلىق ئىشلارنى قىلىشنى چەكلەيدۇ، مۇزارەبەت شىركىتى ئارقىلىق پۇلنى ئايلاندۇرۇش جەمئىيەتتە ئىشسىزلىقنى ئازايتىدۇ، مۇھتاج كىشىگە سەرمايە تەييارلاپ ئۇنى ھەرىكەتلەندۈرىدۇ، پۇلنى يوقىتىۋەتمەي ئاۋۇتىدۇ، ئىقتىساد ھەرىكىتىنى جانلاندۇرىدۇ.

## 1062ـ سوئال: پۇلنى بىسىپ يېتىشنىڭ گۇناھى

پۇلنى بېسىپ يېتىپ ئىشقا سېلىپ ئاۋۇتمىغان تەقدىردە بۇ پۇل زاكات بېرىش ئارقىلىق قوراپ كېتىدۇ، پۇلنى ئىشقا سالماي بېسىپ ياتىدىغانلار پۇلنىڭ بۇنداق قوراپ كېتىشىگە چىداپ تۇرالمايدۇ،دە زاكات بېرىشتىن باش تارتىدۇ، بۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئىنتايىن خەتەرلىك ئەھۋالغا قالىدۇ، چۈنكى بۇلار پۇلنى بېسىپ يېتىۋېلىش ئارقىلىق چوڭ ئىككى جىنايەت سادىر قىلغان بولىدۇ، بىرىنچىسى پۇلنىڭ زاكىتىنى بەرمىگەنلىك، ئىككىنچىسى پۇلنى ئىشقا سالماي رولىنى جارى قىلدۇرمىغانلىق. يەنە بىر تەرەپتىن پۇل زاكات بېرىش ئارقىلىق قوراپ تۈگەپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن ئىسلام دىنىمىز پۇلنى ئاۋۇتۇپ تۇرۇشنى تەشەببۇس قىلغان، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «كىم يېتىم يېسىرنىڭ مال. مۈلكىدىن خەۋەر ئالىدىغان بولسا، ئۇنىڭدا تىجارەت قىلسۇن، زاكات ئۇنى قورىتىۋەتمەسلىكى ئۈچۈن تاشلاپ قويمىسۇن»

## 1063-سۇئال: پەن  تېخنىكىنىڭ تەرەققىياتى ئىقتىسادىي گۈللىنىشنىڭ شەرتى ئىكەنلىكى

ئىقتىسادشۇناسلارنىڭ ھەممىسى بىردەك: ھازىر ئىقتىسادنىڭ گۈللىنىشى ئۈچۈن چوقۇم پەن  تېخنىكىنىڭ تەرەققىي قىلىشى شەرت دەپ يەكۈن چىقىرىشتى. تەرەققىي تاپقان دۆلەتلەر، تەرەققىي قىلىۋاتقان ئۈچىنچى دۇنيا ئەللىرىنىڭ ئىقتىسادىي جەھەتتىن گۈللىنىشىنى تۈرلۈك ئۇسۇللار ئارقىلىق بوغۇپ تاشلاپ، ئۇلارغا پەن تېخنىكا ئارقىلىق شىددەتلىك ھوجۇم قىلماقتا. دېمەك، ھازىرقى زامان پەن  تېخنىكىغا ئېرىشمەي تۇرۇپ گۈللىنىشتىن سۆز ئېچىشمۇ مۇمكىن بولمىغان ئىكەن، بۇ ھالدا، مۇسۇلمانلارنىڭ چوقۇم ئۆزلىرىگە خاس پەن  تېخنىكىسى بولۇشى شەرت. لېكىن بۇ پەن تېخنىكىنىڭ سىرىنى پەقەت پەۋقۇلئاددە ئەقىل  پاراسەتلىك ۋە تەجرىبىلىك مۇتەخەسسىسلارلا بىلەلەيدۇ. شۇڭا ئىسلام دۆلەتلىرى ئەنە شۇنداق مۇتەخەسسىسلارنىڭ يېتىشىپ چىقىشى ئۈچۈن پۈتكۈل مۇسۇلمانلار جەمئىيىتىنى ھەرىكەتكە كەلتۈرۈپ ئۆز مەسئۇلىيىتىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇشى لازىم.

# قوشۇمچە: ئىسلامغا قارشى ئىغۋالارغا رەددىيە

## 1064-سۇئال: «ئىسلام ئەقىلنى ئىشقا سېلىشقا رۇخسەت قىلمايدىغان، دىنىي پەرمانلارغا مەجبۇرلايدىغان دىندۇر» دېگەن سەپسەتە

ئىسلام دىنى ئىنساننىڭ ئەقلىگە ھۆرمەت قىلىدىغان، ئۇلۇغلايدىغان يېگانە دىن بولسا كېرەك. ئەقىل مەسئۇلىيەتچانلىق، لاياقەتلىكنىڭ مەركىزىدۇر. ئىنسان ئەقىل ئارقىلىق ياراتقۇچىسىنى تونۇيدۇ، كائىناتنىڭ سىرلىرى، ئاللاھنىڭ قۇدرىتى ۋە سىرلىرىنىڭ تېگىگە يېتەلەيدۇ. قۇرئان كەرىم ئىنسانغا خىتاب قىلغاندا ئۇنىڭ ئەقلىگە خىتاب قىلىدۇ. ئۇنى كائىناتقا نەزەر سېلىش، ئۇ ھەقتە تەپەككۇر يۈرگۈزۈش، دۇنيانى ماددىي - مەنىۋىي جەھەتتىن گۈللەندۈرۈشكە چاقىرىدۇ. ئىسلامدا ئەقلىگە زىت كېلىدىغان، ساغلام تەپەككۇرغا ماس كەلمەيدىغان ياكى ئىلىم ھەقىقەتلىرىگە قارىمۇ قارشى كېلىدىغان بىر نەرسە يوق.

ئىسلام دىنى ئىنساندىن ئەقىلنى ئىشقا سېلىشنىڭ زۆرۈرلىكىنى تەلەپ قىلىدۇ، ئەقىل - ئىدراك ئېنېرگىيەسىدىن پايدىلانمايدىغانلارنى ئەيىبلەيدۇ. اللّٰه تائالا قۇرئان كەرىمدە ئەقىلنى ئىشقا سالمىغانلارنى ئۆزىنىڭ ئىنسان ئىكەنلىكىنى يوقاتقانلار دەپ تەسۋىرلەپ مۇنداق دەيدۇ: «ئۇلار دىللىرى بولغىنى بىلەنمۇ، ئۇ ئارقىلىق ھەقنى چۈشەنمەيدۇ، ئۇلار كۆزلىرى بولغىنى بىلەنمۇ، ئۇ ئارقىلىق (ئاللاھنىڭ قۇدرىتىنىڭ دەلىللىرىنى) كۆرمەيدۇ، ئۇلار قۇلاقلىرى بولغىنى بىلەنمۇ، ئۇ ئارقىلىق (ئاللاھنىڭ

ئايەتلىرىنى ئىبرەت ئېلىپ) تىڭشىمايدۇ. ئۇلار گويا ھايۋانغا ئوخشايدۇ، ھايۋاندىنمۇ بەتتەر گۇمراھتۇر.» [سۈرە ئەئراپ-179]

قۇرئان كەرىم يەنە باشقا بىر ئايەتتە ئەقلىنى ئىشقا سالماسلىقنىڭ گۇناھ ئىكەنلىكىنى جاكارلاپ، قىيامەتتە كاپىرلارنىڭ ئەھۋالى توغرىسىدا مۇنداق دەيدۇ: ئۇلار: «ئەگەر بىز (پەيغەمبەرنىڭ سۆزلىرىنى) ئاڭلىغان، ياكى چۈشەنگەن بولساق، ئەھلى دوزاخ قاتارىدا بولماس ئىدۇق» دەيدۇ، ئۇلار گۇناھىنى تونۇيدۇ. ئەھلى دوزاخ الله نىڭ رەھمىتىدىن يىراق بولسۇن! [سۈرە مۇلۇك-10]

ئىسلام ئىنساننىڭ دىققىتىنى ئاللاھنىڭ بارلىق كائىناتنى ئىنسان ئۈچۈن بويسۇندۇرۇپ بەرگەنلىكىگە جەلپ قىلىدۇ. ئۇنداق بولغانىكەن، ئىنسان ئەقلىنى ئىشقا سېلىپ ھەممە نەرسىنى ئادەمنىڭ مەنپەئىتى، يەر - زېمىننى گۈللەندۈرۈش ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇشى كېرەك: « ئۇ سىلەرنى زېمىندىن (يەنى تۇپراقتىن) ياراتتى، سىلەرنى زېمىندا تۇرغۇزدى ۋە ئۇنى گۈللەندۈرۈشكە بۇيرىدى.» [سۈرە ھۇد-61] « ئاللاھ ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى (كامالى) پەزلىدىن سىلەرگە بويسۇندۇرۇپ بەردى، بۇنىڭدا ھەقىقەتەن (قۇدرىتى ئىلاھىينى) تەپەككۇر قىلىدىغان قەۋم ئۈچۈن (ئاللاھنىڭ قۇدرىتى ۋە بىرلىكىنى كۆرسىتىدىغان) (روشەن) دەلىللەر بار.» [سۈرە جاسىيە-13]

ئۇنداقتا، يەرشارى ئىنسان ئەقلىنى ئىشقا سالىدىغان كەڭتاشا مەيدان بولۇپ، ھېچقانداق توسالغۇ ياكى ئىنسانىيەتكە پايدىلىق بولغان ھەرقانداق نەرسە ئۈچۈن ئەقىل، تەپەككۇر چەكلىمىسى يوق. كىشىلەرگە پايدىلىق بولغان ھەرقانداق نەرسىنى ئىسلام چەكلىمەيدۇ، بەلكى ئۇنىڭغا رىغبەتلەندۈرىدۇ.

شەرىئەت ئاساسىدا كەلگەن بارلىق دىنىي پەرمانلارغا ئەمەل قىلىش مۇسۇلمانلارنىڭ مەجبۇرىيىتىدۇر. لېكىن مۇسۇلمانلار دۇنيا ئىشلىرىدا ئەقلىنى ئىشقا سېلىپ ئىجتىھاد قىلىش ھەققىگە ئىگە. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تۆۋەندىكى ھەدىستە بۇ مەسىلىگە ئىشارەت قىلىپ مۇنداق دېگەن: «دۇنيالىق ئىشلىرىڭلارنى ئۆزۈڭلار ياخشى بىلىسىلەر.» [مۇسلىم]

ئىسلام ــ تەپەككۇر ۋە ئىلمىي تەتقىقات ئەركىنلىكى ئۈچۈن كەڭ زېمىن ھازىرلىغان بولۇپ، ئەركىنلىككە كاپالەتلىك قىلغان. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام پەرۋەردىگارىدىن ئىلمىنى زىيادە قىلىشنى تەلەپ قىلىشقا بۇيرۇلغان: «ئى پەرۋەردىگارىم! ئىلمىمنى زىيادە قىلغىن!» [سۈرە تاھا-114] دېگىن. قۇرئان كەرىم ئىلىم ۋە ئالىملارنىڭ ئالاھىدىلىكلىرى ئۈستىدە كۆپ توختالغان: «ئاللاھ سىلەردىن ئىمان ئېيتقانلار ۋە ئىلىم بېرىلگەنلەرنى بىر قانچە دەرىجە يۇقىرى كۆتۈرىدۇ. [سۈرە

مۇجادەلە-11]«ئېيتقىنكى، بىلىدىغانلار بىلەن بىلمەيدىغانلار باراۋەر بولامدۇ؟» [سۇرە زۇمەر-9]

رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن رىۋايەت قىلىنغان يەنە بىر ھەدىستە مۇنداق دېيىلگەن: «ئىلىم ئۆگىنىش ھەر بىر مۇسۇلمانغا پەرزدۇر.» [ئىبنى ماجە]

يەنە مۇنداق دېيىلگەن: «كىمكى ئىلىم يولىغا قەدەم قويسا، ئاللاھ ئۇ كىشى ئۈچۈن جەننەتكە يول ھازىرلايدۇ.» [بۇخارى]

رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئىلىمنىڭ قىممەتلىك ئىكەنلىكىنى، ئىلىمنىڭ ئۆلگەندىن كېيىنمۇ ئەسقاتىدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ ئۆتكەن: «ئادەم ئۆلسە، بارلىق ياخشى ئىشلىرى توختايدۇ. ئەمما ئۈچ تۈرلۈك ئىشنىڭ ساۋابى ئۈزۈلمەي داۋاملىشىپ تۇرىدۇ. ئۇلار: سەدىقە، پايدىلىق ئىلىم، ئاتا ـ ئانىسى ھەققىدە دۇئا قىلىپ تۇرىدىغان ياخشى پەرزەنتنىڭ دۇئاسى قاتارلىقلار.» [مۇسلىم]

## 1065-سۇئال: «ئىسلام ـــ ئەگەشكۈچىلىرىنى سەۋەب قىلماستىن، تەقدىرگە تەن بېرىپ ئولتۇرۇشقا چاقىرىدۇ» دېگەن سەپسەتە

قۇرئان كەرىم ئۈستىدە تەپەككۇر قىلغان كىشى ئىسلام دىنىنىڭ ئىنسانىنى ئىشلەش، تىرىشچانلىق كۆرسىتىشكە رىغبەتلەندۈرىدىغانلىقىغا شەك قىلمايدۇ. ھاياتلىقنىڭ مەنبەسى ئىش ـ ئەمگەكتۇر. ئەمگەك بولمىغان يەردە ھاياتلىق بولمايدۇ. بۇ ئاساستا قۇرئان كەرىم كۆپلىگەن ئايەتلەردە ئىمان بىلەن ياخشى ئەمەلنى بىرگە بايان قىلىدۇ. بۇ يەردە مەقسەت قىلىنغىنى مەيلى دىنىي ئەمەل بولسۇن ياكى دۇنيالىق ئىش بولسۇن، ئاللاھنىڭ رازىلىقى، خەلق مەنپەئەتى مەقسەت قىلىنغان، خەلققە زىيان بولۇپ قالىدىغان نەرسىنى توسىدىغان ئىشلارنىڭ ھەممىسى مەزكۇر ياخشى ئەمەل قاتارىغا كىرىدۇ. قۇرئانغا ئەمەل قىلىش ئوچۇق ـ ئاشكارىدۇر، ئۇنىڭدا ھېچقانداق مۇجمەللىك يوقتۇر. «(ئۇلارغا) ئېيتقىنكى، «(خالىغان) ئەمەللەرنى قىلىڭلار، قىلغان ئەمەلىڭلارنى ئاللاھ، ئالاھنىڭ پەيغەمبىرى ۋە مۆمىنلەر كۆرۈپ تۇرىدۇ.» [سۇرە تەۋبە-105]

قۇرئان كەرىم مۇسۇلمانلار دەم ئالىدىغان جۈمە كۈنىدىمۇ ۋاقىتنى بىكار ئۆتكۈزمەي ئىشلەشكە تەشەببۇس قىلغان. «ناماز ئوقۇلۇپ بولغاندا (يەنى نامازدىن پارىغ بولغىنىڭلاردىن كېيىن) زېمىنغا تارقىلىپ (يەنى ئۆز مەشغۇلاتىڭلار بىلەن بولۇپ)، ئاللاھنىڭ پەزلىدىن تەلەپ قىلىڭلار.» [سۇرە جۇمۇئە-10]

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەسجىدتىن چىقماي ئىبادەت قىلىپ ئولتۇرۇپ، تۇرمۇشىدا باشقىلارغا يۆلىنىپ، يۈك بولۇپ ياشايدىغان بەزى كىشىلەرنى تەنقىدلەپ،

تەر تۆكۈپ ئىشلەيدىغانلارنى ماختىدى ھەمدە ئىشچان قولنى ماختاپ: «ئاللاھ ۋە ئاللاھنىڭ رەسۇلى ياخشى كۆرىدىغان قول» دېدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالاتۇ ۋەسسالام مۇسۇلمانلارغا يولباشچى ـ ئۈلگە بولۇش سۈپىتى بىلەن قۇرئان كەرىم روھى بويىچە ئىشلەيتتى، پىلان تۈزەتتى، چارە ـ تەدبىر قوللىناتتى، ھەر ئىش ئۈچۈن تەييارلىق كۆرەتتى، سەۋەبلەرنى قىلىپ تۇرۇپ ئاللاھقا تەۋەككۇل قىلاتتى. ئاللاھقا تەۋەككۇل قىلىش دېگەنلىك سەۋەب قىلىشنىڭ ھاجىتى يوق دېگەنلىك بولماستىن، بەلكى مۇكەممەل تەييارلىقتىن كېيىنكى ئىككىنچى قەدەمدۇر. تەۋەككۇلچىلىك ئادەمگە ئاللاھنى ئەسلىتىدۇ، روھىي ئوزۇق بېغىشلاپ، مۇشكۇللەرگە دۇچ كەلگەندە تاقابىل تۇرالايدىغان سۇنماس ئىرادە ئاتا قىلىدۇ. ئاللاھقا تەۋەككۇل قىلىش ئىجابىي كۈچ بولۇپ، سەلبىي ھالدا تۇرۇپ ئۆزىنى تاشلىۋېتىش ئەمەستۇر.

ئۆزىنى تاشلىۋېتىش، سەۋەب قىلماسلىق، ئىش قىلماي تۇرۇپ ئاللاھنىڭ خالىغىنى بولىدۇ دەپ تەقدىرگە يۆلىنىپ، ئاقىۋەتنى كۈتۈپ ئولتۇرۇش قاتارلىقلار ھورۇنلۇق ۋە تەقدىرنىڭ نېمىلىكىنى بىلمىگەنلىكتىن ئىبارەتتۇر. ئىسلام بۇنداق ئۆزىنى تاشلىۋېتىشنى رەت قىلىدۇ. ئۆزىنى ئوڭشاشقا تىرىشمىغان ئادەمگە ئاللاھ ياردەم قىلمايدۇ، ئاللاھ تىرىشقان، ئىشلىگەن ئادەم بىلەن بىرگە. «ھەر قانداق بىر قەۋم ئۆزىنىڭ ئەھۋالىنى ئۆزگەرتمىگىچە (يەنى ئاللاھنىڭ بەرگەن نېمەتلىرىگە تۇزكورلۇق قىلىپ گۇناھلارغا چۆممىگىچە) ئاللاھ ئۇلارنىڭ ئەھۋالىنى ئۆزگەرتمەيدۇ (يەنى ئاللاھ ئۇلارغا بەرگەن نېمەت، خاتىرجەملىك ۋە ئىززەت ـ ھۆرمەتنى ئېلىپ تاشلىمايدۇ)» [سۈرە رەئدى-11]

ئۆمەر ئىبنى خەتتاب (ئاللاھ رازى بولسۇن!) ئۆزىنى تاشلىۋېتىپ، مەسجىدگە كىرىۋېلىپ ئىبادەت بىلەنلا بولۇپ، باشقىلارنىڭ ياردەم بېرىپ بېقىشىنى كۈتۈپ ياتقانلارنى مەسجىدتىن قوغلىۋەتكەن ۋە «ئاسمان ئالتۇن ـ كۈمۈش ياغدۇرمايدۇ» دەپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تۆۋەندىكى مەشھۇر ھەدىسىنى دەلىل كەلتۈرگەن: «سىلەر ئاللاھقا ئۆز لايىقىدا تەۋەككۇل قىلساڭلار، ﷲ ئۇۋىسىدىن ئاچ قورساق ئۇچۇپ كېتىپ، توق قورساق قايتىپ كەلگەن ئۇچار قۇشلارغا رىزىق بەرگەندەك رىزىق بېرىدۇ.» [تىرمىزى]

## 1066-سۇئال: «ئىسلامدا ئاياللارنىڭ ھوقۇقى يوق، ئۇلار دەپسەندە قىلىنغان» دېگەن سەپسەتە

ئىسلام دىنى يېڭىدىن تارقىلىشقا باشلىغان زامانلاردا ئاياللارنىڭ ئەھۋالى ئىنتايىن ناچار ئىدى، ئۇلارنىڭ ھەق ـ ھوقۇقىغا ھۆرمەت قىلىنمايتتى، ئاياللارنىڭ

سۆزىگە ھېچ كىشى قۇلاق سالمايتتى. ئىسلام دىنى كېلىپ ئاياللارنى ئېغىر ئەھۋالدىن (خارلىقتىن) قۇتقۇلدۇردى، مەرتىۋىسىنى ئۈستۈن قىلدى، دۇچ كېلىۋاتقان زۇلۇملارغا خاتىمە بەردى، ئاياللارنىڭمۇ ئەرلەرگە ئوخشاش ھوقۇقى بارلىقىنى ئۆزلىرى ھېس قىلىدىغان يەرگە كەلتۈردى. قانۇنلۇق ھوقۇقىغا كاپالەتلىك قىلىندى. «ئادەمنى جەننەتتىن چىقىرىشقا سەۋەب بولغان ئايال ــ دۇنيادىكى پۈتۈن يامانلىقنىڭ ئۇرۇقى» دېگەن تۆھمەتنى ئاياللاردىن ئېلىپ تاشلىدى. قۇرئان كەرىم تەبىرى بويىچە «ئادەم ۋە ھاۋۋانى ئازدۇرغۇچى ــ شەيتاندۇر» دېگەن ھەقىقەتنى ئاشكارىلىدى. «شەيتان ئۇ ئىككىسىنى تېيىلدۇردى (يەنى مەنئى قىلىنغان دەرەخنىڭ مېۋىسىنى يېگۈزۈپ خاتالاشتۇردى)، تۇرۇۋاتقان جەننەتتىن چىقاردى.» [سۈرە بەقەرە-36]

ئىسلام دىنى ئەر - ئايال ھەممىسىنىڭ بىر روھتىن يارىتىلغانلىقىنى بېكىتىپ مۇنداق دەيدۇ: «ئى ئىنسانلار! سىلەرنى بىر ئىنساندىن (يەنى ئادەم ئەلەيھىسسالامدىن) ياراتقان، شۇ ئىنساندىن (يەنى ئۆز جىنسىدىن) ئۇنىڭ جۈپتىنى (يەنى ھەۋۋانى) ياراتقان ۋە ئۇلاردىن (يەنى ئادەم بىلەن ھەۋۋادىن) نۇرغۇن ئەر - ئاياللارنى ياراتقان پەرۋەردىگارىڭلاردىن قورقۇڭلار! » [نىسا-1]

ئەر - ئايال ئىنسانلىقتا باراۋەر بولۇپ، بۇ ھەقتە بىرسى يەنە بىرسىدىن ئەۋزەل ھېسابلانمايدۇ. ئاللاھ ئىنسانلارغا بەرگەن شەرەپتىن ھەر ئىككىسى ئوخشاش بەھرىمەن بولىدۇ: «شەك - شۈبھىسىزكى، بىز ئادەم بالىلىرىنى ھۆرمەتلىك قىلدۇق.» [سۈرە ئىسرا-70] بۇ شەرەپ ئەرگىمۇ ئايالغىمۇ ئوخشاش مەنسۇپتۇر.

قۇرئان كەرىم ئىنسانىنى ئادەم بالىسى دەپ سۆزلىگەندە داۋاملىق ئەر - ئايالنى ئوخشاش كۆزدە تۇتىدۇ. ئەمما ئەرلەر ياكى ئاياللارغا ئايرىم سۆزلەيدىغان بولسا، ئەرلەرگە ئايرىم، ئاياللارغا ئايرىم مەخسۇس ئاتالغۇ قوللانغان بولاتتى.

ئىسلام پەيغەمبىرى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئەر - ئايال ئالاقىسىنى تۆۋەندىكىدەك سۈپەتلىگەن: «ئاياللار ئەرلەرنىڭ جۈپتىدۇر، ياخشىلىق قىلىشقا ئوخشاشلا چاقىرىلىدۇ.» [تىرمىزى]

جۈپتى دېگەن سۆزنى سۈپەتلەيدىغان بولساق باراۋەر، دېگەن ئۇقۇمنى بىلدۈرىدۇ. ئەر - ئاياللار ئاللاھ ئالدىدا پەرقسىز، ئوخشاش. لېكىن قىلغان ياخشى ئەمەللىرىدىلا پەرقلىنىدۇ. بۇ ھەقتە قۇرئان كەرىم مۇنداق دەپ كۆرسەتكەن: «ئەر - ئايال مۆمىنلەردىن كىمكى ياخشى ئەمەل قىلىدىكەن، بىز ئۇنى ئەلۋەتتە (دۇنيادا قانائەتچانلىق، ھالال رىزىق ۋە ياخشى ئەمەللەرگە مۇۋەپپەق قىلىپ) ئوبدان ياشىتىمىز، ئۇلارغا، ئەلۋەتتە، قىلغان ئەمەلىدىنمۇ ياخشىراق ساۋاب بېرىمىز. » [سۈرە نەھلى-97]

ئاللاھ ئەر ـ ئايال ھەر ئىككىسىنىڭ دۇئالىرىنى ئوخشاش ئىجابەت قىلىدۇ: «ئۇلارنىڭ دۇئاسىنى پەرۋەردىگارى ئىجابەت قىلدى: «مەن سىلەردىن ئەر بولسۇن، ئايال بولسۇن، ھەرقانداق بىر ياخشى ئىش قىلغۇچىنىڭ قىلغان ئەمەلىنى بىكار قىلىۋەتمەيمەن، سىلەر بىر ـ بىرىڭلاردىن تۆرەلگەن. »[ئال ئىمران-195]

قۇرئان كەرىمنىڭ «بەزىڭلار بەزىڭلاردىن» دېگەن تەبىرىنىڭ مەنىسى شۇكى، ئەر ـ ئاياللارنىڭ بىرسى يەنە بىرسىنى تاكامۇللاشتۇرىدىغان بولۇپ، ھەر ئىككىسىنىڭ ھەسسىسى بولماستىن ھايات مۇقىملاشمايدۇ. دېمەك، بىرى يەنە بىرىگە موھتاجدۇر.

ئىسلام دىنى ئايال كىشىنى ئىلىم ئۆگىنىشكە چاقىردى، بەلكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنۇ ھەدىسى ئارقىلىق پەرز قىلدى: «ئىلىم تەلەپ قىلىش ھەرقانداق ئەر ـ ئايال ئۈچۈن پەرزدۇر.»

ئىسلام ئايال كىشىنىڭ ئىشلەش ھوقۇقىغا كاپالەتلىك قىلغان، ئىشلەشتىن چەكلەيدىغان بىرمۇ دەلىل يوق. ئىلگىرىكى مۇسۇلمان ئاياللار ئوخشاش بولمىغان ساھەلەردە ئىشلىگەن. بۇنىڭ دەلىلى شۇكى، ئىسلام دىنى ئايال كىشىگە ئەر كىشىدىن مۇستەقىل ھالدا ئىقتىسادىي ئىگىلىك ھوقۇقىنى بەرگەن. شۇنى بىلىش كېرەككى، ئىش ھەققىدە ئەر ـ ئايال ئوتتۇرىسىدا پەرقلەندۈرۈلمەيدۇ.

ئىسلامنىڭ ئاياللارغا نىسبەتەن يۇقىرىقىدەك كەسكىن مەنبەسى بولغان قۇرئان كەرىم ۋە سۈننەت ئارقىلىق كەلگەن دەلىل ـ ئىسپاتلىرىغا ئاساسلىنىپ تۇرۇپمۇ ئىسلام دىنى ئاياللارنىڭ ھوقۇقىنى يۇتۇپ كەتكەن، كەمسىتكەن دەپ تۆھمەت قىلىشقا ئىنساپلىق بىر ئىنسان جۈرئەت قىلالامدۇ؟

ھەقىقەت شۇكى، بۇ يەردە ئىسلام دىنى كەچۈرۈمچان بىر دىن بولۇپ تۇرۇپ، بەزى مۇسۇلمانلارنىڭ يامان ئەخلاقى تۈپەيلىدىن ئاياللارغا يامان مۇئامىلىدە بولغانلىقىنى ئىسلام دىنىغا ئارتىپ قويۇشنى زالىمانە ۋە غەرەزلىك بۇرمىلاش دېيىشكە بولىدۇ. ئىسلام دىنىغا ۋە ئۇنىڭ كۆرسەتمىلىرىگە پرىنسىپال ھالدا ھۆكۈم قىلغاندا، ئىككى خىل ئەھۋالنى ئايرىشقا توغرا كېلىدۇ. بەزى ئىسلام ئەللىرىدە ئايال كىشىنىڭ ۋەزىيىتى تۆۋەن بولۇشى ئىسلام تەلىماتى بىلەن مۇناسىۋەتسىز، لېكىن ئۇنى ئاياللارغا قارىتا چۈشەنچىنىڭ ساغلام بولمىغانلىقىدىن دېيىشكە بولىدۇ.

### 1067-سۇئال: «ئىسلام دىنى ئايال كىشىنى يۈزىنى يۆگەشكە مەجبۇرلاش ئارقىلىق ئىشلەش ۋە ئىلىم ئۆگىنىشتىن چەكلەيدۇ» دېگەن سەپسەتە

ئىسلام ئەر ـ ئايالنى ئوخشاش ئۇلۇغلايدۇ. ئۇنىڭ ئىپادىسى شۇكى، ئايال كىشى روھى كېسەل، ئۇياتسىز ئەرلەرنىڭ قالايمىقان چېقىلىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن

جىسمىنى يۆگەشكە بۇيرۇلدى. شۇنداقتىمۇ، ئىسلام ھىجاپقا رىئايە قىلغان ئاساستا ئايال كىشىنىڭ شەخسىيىتىنى بىلدۈرىدىغان يۈزىنى، ئىش ـ ھەرىكەت قىلىشىغا توسالغۇ بولماسلىقى ئۈچۈن ئىككى ئالقىنىنى ئوچۇق قويۇشقا رۇخسەت قىلغان. ھىجاپ ئايال كىشىنى ئەدەپ ـ ئەخلاق دائىرىسى ئىچىدە بولۇش شەرتى بىلەن گۈزەل كىيىنىشتىن چەكلىمەيدۇ، باشقىلارنىڭ دىققىتىنى جەلب قىلىپ، پىتنىگە سەۋەب بولمىسىلا بولىدى.

ھىجاپ ئىسلام ۋە خرىستىئان دىنى ئورتاق تەشەببۇس قىلغان پەزىلەتتۇر. ئىنجىل ئايال كىشىدىن نامازدا چېچىنى يۆگەشنى تەلەپ قىلىدۇ (11 ـ ئىسھاھ بولىسىنىڭ كورىنتوسقا يازغان خېتىدىن). خرىستىئان راھىب ئاياللار چېچىنى يۆگەيدۇ، ۋاتىكان پوپى ھەرقانداق بىر ئايالنى قوبۇل قىلسا، ئۇ ئايال رەئىسىنىڭ ئايالى بولسۇن ياكى مەشھۇر ئايال بولسۇن، چېچىنى يۆگىشى شەرتتۇر. ھازىرقى زاماندا بەزى جەمئىيەتلەردە مۇسۇلمان ئاياللارنىڭ يۈزى، ئالقانلىرىنى نىقابلىشى شۇ جەمئىيەتنىڭ شارائىتى ۋە ئۆرپ ـ ئادىتىدۇر. چۈنكى ئايال كىشى ھەج قىلغاندا كەبىنى تاۋاپ قىلىش جەريانىدا يۈزى ئوچۇق تاۋاپ قىلىشى شەرت قىلىنىدۇ. ياغلىق ئارتىش ئايال كىشىنىڭ ئىشلەش، ئىلىم ئۆگىنىشىگە توسالغۇ بولىدۇ دېيىش ھېچقانداق ئاساسي يوق قۇرۇق دەۋادۇر. تەجرىبىلەر بۇنداق ئىغۋالارنىڭ خاتالىقىنى ئىسپاتلىدى. ياغلىق چەككەن مۇسۇلمان ئاياللاردىن كۆپلىرى ئىلمي ساھەلەردە ئەڭ يۇقىرى پەللىلەرگە يەتكەن، خىزمەت ساھەسىدىمۇ نۇرغۇن ئىجادىيەت، كەشپىياتلارنى ياراتقان، مائارىپ، مېدىتسىنا، سېستىرالىق ۋە مەمۇرىي ئىشلاردا كۆرۈنەرلىك نەتىجە ياراتقان. ھېچقاچان ئۇلارنىڭ ياغلىقى خىزمىتىگە توسالغۇ بولمىغان.

## 1068-سوئال: «"ھىجاپ"تىن ئىبارەت ئايال كىشىنىڭ ئىسلامىي كىيىمى ھازىرقى تېخنىكا، ئىشلەپچىقىرىش زامانىغا ماس كەلمەيدۇ» دېگەن ئىغۋا

ئىسلامدا «ئىسلامىي كىيىم» دېگەن مەخسۇس كىيىم يوق، پەقەتلا ئايال كىشىنىڭ يات ئەرلەر ئالدىدا ئۇلارنىڭ دىققىتىنى جەلب قىلىپ سالماسلىقى ئۈچۈن جىسمىنى يۆگەش تەشەببۇسىلا بار. بۇ ئاساستا «ئىسلامىي پەردە» نىڭ بىر نەچچە تۈرلىرى بولۇشى مۇمكىن، بۇ ھەر بىر جەمئىيەتنىڭ ئادىتى ۋە تەبىئىتىگە قاراشلىق مەسىلە. ھازىرقى ئىسلامىي جەمئىيەتتە ئومۇملاشقان «ھىجاپ» مۇسۇلمان ئاياللارنىڭ مۇتلەق ئىختىيارلىقى بىلەن بولغان، ھېچقايسى تەرەپ ئۇلارنى زورلىمىغان، شۇلار ئۆز قىلمىشلىرىدىن سىقىلماي، شىكايەت قىلماي ئۆتۈۋاتىدىغۇ، نېمىشقا ئۇلارنىڭ ئۆزى تاللىغان يولى ئۈچۈن ئەركىنلىك ھەققى بېرىلمەيدۇ؟ ھالبۇكى، ھىندىستان

ئاياللىرىنىڭ «سارى» ناملىق كىيىمگە ھېچكىم ئېتىراز بىلدۈرمەيدۇ، مىسىر ئاياللىرى مىڭلارچە يىللاردىن بېرى ھازىرقى كىيىم شەكلىنى قوللىنىپ كەلمەكتە. بەزىدە ئاياللار ئەرلەردىن بەكرەك ئىشچان بولۇپ، ئىشلەش ئۈنۈمىمۇ ئەرلەردىن يۇقىرى بولىدۇ.

## 1069-سۇئال: ئىسلام دىنى نېمە ئۈچۈن ئەرلەرنى ئالتۇن، يىپەك ئىشلىتىشتىن چەكلەيدۇ؟

ئىسلام دىنى ئادالەت، باراۋەرلىك، دوستلۇق، ئىناقلىق ھۆكۈم سۈرگەن بىر جەمئىيەت بەرپا قىلىشنى مەقسەت قىلىدۇ. ئۇنداق جەمئىيەتتە قېرىنداشلىق، ھەمكارلىق روھى ئومۇملاشقان بولىدۇ. بەزى كىشىلەر، بولۇپمۇ بەزى ئەرلەرنىڭ مۇئەييەن كىيىم ياكى ئالتۇن، يىپەككە ئوخشاش قىممەت باھالىق بۇيۇملارنى قوللىنىشى كەمبەغەللەرنىڭ قەلبىنى سۇندۇرىدۇ، كىيىم - كېچەكتە ئىمتىياز ئىگىسى بولغانلارمۇ باشقىلارغا چوڭلۇق ۋە تەكەببۇرلۇق قىلىشى مۇمكىن.

كەمبەغەللەرنىڭ ھېسسىياتىغا ھۆرمەت قىلىش مۇھىم ئىشتۇر. جەمئىيەتتە بەزى كىشىلەرنىڭ باشقىلاردىن ئالاھىدە ئوتتۇرىغا چىقىشى كەمبەغەللەر قەلبىدە ئۆچمەنلىك ياكى خورلۇق ھېسسىياتى تۇغدۇرۇشى مۇمكىن. بۇنىڭ جەمئىيەت مۇقىملىقىغا سەلبىي تەسىرى بولمايدۇ دېيەلمەيمىز. ئىسلام دىنى بۇ ئاساستا ئەرلەرگە ئالتۇن، يىپەك ئىستېمال قىلىشنى چەكلىگەن. ئالتۇن، يىپەك ئىستېمال قىلغان ئادەمدە بىر خىل يۇمشاقلىق ۋە خۇمسى مىجەز پەيدا بولۇپ قالىدۇ، ئىسلام بۇنى چەكلەيدۇ. قوپاللىق، يىرىكلىككە ئادەتلەنگەن كىشى تۇرمۇش قىيىنچىلىقلىرىغا بەرداشلىق بېرىش ئىقتىدارى ياخشى، مەسئۇلىيەتچانلىقى كۈچلۈك كېلىدۇ.

## 1070-سۇئال: «ئىسلام دىنى ھازىرقى زامان مەدەنىيىتى بىلەن ماسلىشالمايدۇ، چۈنكى مۇسۇلمانلار قالاق، تەرەققىياتتا ئارقىدا قالغان» دېگەن سەپسەتە

يېقىنقى زامانلاردىكى مۇسۇلمانلارنىڭ تەرەققىياتتا ئارقىدا قېلىشى ھېچقاچان ئىسلام دىنىدىن ئەمەس، بەلكى ئىسلام تەلىماتىدىن يىراقلىشىپ كەتكەنلىكتىن دېسەك توغرا بولىدۇ. بەزىدە ئىسلام تەلىماتىنى توغرا چۈشەنمەسلىكتىنمۇ كېلىپ چىقىدۇ. مۇسۇلمانلارنىڭ ئارقىدا قېلىشىدا نەچچە خىل ئامىللار بولۇپ، ئۇنى مۇئەييەنلەشتۈرۈپ بەلگىلەش ئەقلىلىك ئادەمگە ئانچە قىيىن بولمىسا كېرەك.

ھازىرقى زامان مەدەنىيىتىنىڭمۇ ئىجابىي، سەلبىي تەرەپلىرى بار. ئوچۇقراق قىلىپ ئېيتقاندا، ئىسلام دىنى ھازىرقى زامان مەدەنىيىتىنىڭ سەلبىي تەرەپلىرىنىڭ ھەممىنى رەت قىلىدۇ. ئەخلاقىي چېرىكلىك، ئائىلىۋىي تارقاقلىق، ئىشسىزلىق، زەھەرلىك

چېكىملىك، مۇھىت بۇلغىنىش ۋە تەلۋىلەرچە قوراللىنىشتەك ئىشلارغا تۇپتىن قارشىدۇر. ھازىرقى زامان مەدەنىيىتىنىڭ ئەجايىپ تەرەپلىرىنى يۈزلەرچە يىللاردىن بېرى كۈچەپ تەشەببۇس قىلىپ كەلدى. مەسىلەن: بىلىم ئېلىش، ئىشنى پۇختا قىلىش، ئېنېرگىيەنى رەتكە سېلىپ ياخشى شەكىلدە پايدىلىنىش، ۋاقىتقا ھۆرمەت قىلىش. شۇنداقلا، ئىنسانلارنىڭ تالانتىنى يېتىشتۈرۈپ ئاللاھقا ئىمان كەلتۈرۈشنى ۋە جەمئىيەتنىڭ پايدىلىق ئەزاسى بولۇشنى تەشەببۇس قىلىدۇ.

دۇنيا تەرەققىياتىنىڭ ئىلگىرى سۈرۈلۈشى ياكى ئارقىدا قېلىشى ئىسلام دىنى ياكى خرىستىئان دىنى بىلەن مۇناسىۋەتسىز. ياپونلۇقلار دۇنيا مىقياسىدا ئەڭ تەرەققىي قىلغان مىللەتلەردىن سانىلىدۇ. ۋەھالەنكى، ئۇلار ساماۋىي دىنغا ئىشەنمەيدۇ. خىتايلار بولسا، ھېچقانداق دىنغا ئىشەنمەيدۇ.

## 1071-سوئال: ئىسلام دىنى بىرلىك - ئىتتىپاقلىققا چاقىرسىمۇ، مۇسۇلمان مىللەتلەر بۆلۈنمىچىلىك ۋە تەپرىقىچىلىك ئىچىدە ياشاۋاتقانلىقى مەسىلىسى

ئىسلام دىنىنىڭ ئۆملۈك - بىرلىككە چاقىرىدىغانلىقىدا شەك يوق. ئاللاھ قۇرئان كەرىمدە مۇنداق پەرمان قىلىدۇ:نىبىئاللاھنىڭ دىنىغا بىردەك مۇستەھكەم ئېسىلىڭلار، بۆلۈنمەڭلار. [سۈرە ئال ئىمران-103]

مۇسۇلمانلار ئىتتىپاقلىق پرىنسىپىنى كۆپ ئەھۋاللاردا ئەمەلگە ئاشۇرغان. ئارىدىكى بۆلۈنۈش ئىسلام بىلەن ھېچقانداق مۇناسىۋىتى بولمىغان باشقا ئامىللار تۈپەيلىدىن ئوتتۇرىغا چىققان. مەسىلەن، ھاكىمىيەت تالىشىش سۈركۈلۈشى، غەرب مۇستەملىكىچىلىرىنىڭ ئىسلام مەملىكەتلىرىدە ئۇزۇن مۇددەت ئىشغال قىلىپ تۇرۇپ بۇزغۇنچىلىق سېلىشى، ئۇزۇن مۇددەتلىك بېكىنمىچىلىكتىن كېلىپ چىققان ئاڭسىزلىق، ئەتراپىدىكى دۇنيادا بولۇۋاتقان ئۆزگىرىشلەردىن خەۋەرسىز قېلىشتەك ئىشلار.

مۇسۇلمانلاردا بىلىم ئىگەللەش نىسبىتىنىڭ ئېشىشى، باشقا جەمئىيەتلەر بىلەن باردى - كەلدىنىڭ كۆپىيىشى، باشقا مىللەتلەرنىڭ مۇسۇلمانلارغا قارىتا تەئەسسۇپلۇقى سەۋەبىدىن مۇسۇلمانلار ئارىسىدا بىر قەدەر بىرلىك ئورنىتىش ئېڭى كۈچىيىشكە باشلىدى. بۇنىڭ تىپىك مىسالى «دۇنيا ئىسلام قۇرۇلتىيى تەشكىلاتى» نىڭ بارلىققا كېلىشىدۇر. ئىسلام دۆلەتلىرى ۋە بەزى ھۆكۈمەتلەر ئارىسىدىكى سىياسىي ئىختىلاپلار بىر قەدەر ئېنىق، گەۋدىلىك بولسىمۇ، ئىسلام مىللەتلىرى ئوتتۇرىسىدىكى سوغۇق مۇناسىۋەت خۇددى باھار پەسلىدىكى مۇزدەك ئېرىپ، كۈنسېرى ياخشىلىنىشقا قاراپ يۈزلەنمەكتە ۋە ئىتتىپاقلىق كۈچەيمەكتە. بىر مۇسۇلمانغا زۇلۇم بولسا، دۇنيا

مۇسۇلمانلىرى بىردەك ھېسداشلىق قىلىدىغان ۋەزىيەت شەكىللەنمەكتە. بۇنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنۇ ھەدىسى تەكىتلەپ بېرىدۇ: «مۆمىنلەر بىر ـ بىرىگە ھېسداشلىق، رەھىمدىللىك قىلىشتا بىر گەۋدىگە ئوخشايدۇ، قايسى بىر پارچىسىغا ئاغرىق تەگسە، پۈتۈن جىسمىدا رېئاكسىيە قوزغايدۇ.» [مۇسلىم، ئىبنى ھەنبەل رىۋايىتى]

## 1072ـسۇئال: «ئىسلامدىكى جىھاد مۇسۇلمانلارنى باشقىلارغا تاجاۋۇز قىلىشقا تەشەببۇس قىلىدۇ» دېگەن سەپسەتە

ئەپسۇسكى، جىھاد ئۇقۇمى غەيرى دىندىكىلەر ئېڭىدا خاتا چۈشەنچە پەيدا قىلغان. ئىسلام ھېچقاچان مۇسۇلمانلارنى جەڭگە تەشەببۇس قىلغان ئەمەس. بىراق زۇلۇمغا ئۇچرىغان، خورلانغاندا ئۆزىنى، ھوقۇقىنى مۇداپىئە قىلىش يولىدا زالىمغا قارشى جەڭ قىلىشقا رۇخسەت قىلغان. ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ: ھۇجۇم قىلىنغۇچىلارغا، زۇلۇمغا ئۇچرىغانلىقلىرى ئۈچۈن، (قارشىلىق كۆرسىتىشكە) رۇخسەت قىلىندى، ئاللاھ ئۇلارغا ياردەم بېرىشكە ئەلۋەتتە قادىر. [سۈرە ھەج-39] ئاللاھ يەنە باشقىلارغا تاجاۋۇز قىلىشنى چەكلەپ مۇنداق پەرمان قىلىدۇ: سىلەرگە ئۇرۇش ئاچقان ئادەملەرگە قارشى ئاللاھ يولىدا جىھاد قىلىڭلار، تاجاۋۇز قىلماڭلار، تاجاۋۇز قىلغۇچىلارنى ئاللاھ ھەقىقەتەن دوست تۇتمايدۇ. [سۈرە بەقەرە- 190]

ئىسلام تاجاۋۇزغا قارشى قايتۇرۇلغان رەددىيەنىڭ ئوخشاش بولۇشىنى، ئاشۇرۇپ ئۆچ ئالماسلىقنى شەرت قىلىپ، كەچۈرۈمچانلىقنى تەشەببۇس قىلىدۇ. ئاللاھ بۇ ھەقتە مۇنداق پەرمان قىلىدۇ: ئەگەر (ئۆزەڭلارغا يەتكەن زىيان ـ زەخمەت ئۈچۈن) ئىنتىقام ئالماقچى بولساڭلار، ئۆزەڭلارغا يەتكەن زىيان ـ زەخمەت قانچىلىك بولسا، شۇنچىلىك ئىنتىقام ئېلىڭلار (يەنى ئاشۇرىۋەتمەڭلار)، ئەگەر سەۋر قىلساڭلار (يەنى ئىنتىقام ئالماي كەچۈرسەڭلار)، بۇ سەۋر قىلغۇچىلار (يەنى كەچۈرگۈچىلەر) ئۈچۈن (ئەلۋەتتە) ياخشىدۇر. [سۈرە نەھلى-126]

ئىسلام دىنى خۇسۇمەتچىلىرىنىڭ بەزى ئاز سانلىق مۇسۇلمان ھاكىملارنىڭ شەخسىي يولسىزلىقلىرىنىڭ مەسئۇلىيىتىنى ئىسلامنىڭ جەڭ قىلىشقا چاقىرىشى دەپ قارىشى چوڭ خاتالىق بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ئىنساپسىزلىقتۇر. قۇرئان كەرىم ۋە ھەدىس شەرىپلەرنىڭ ئېنىق مەنىلىرى مۇسۇلمانلارنى ئوخشاش ئەقىدىدە بولمىغان ئىنسانلار بىلەن چىقىشىپ ئۆتۈشكە چاقىرىش بىلەن بىرگە، غەيرى دىندىكىلەرگە ياخشى مۇئامىلە قىلىشنى تەشەببۇس قىلىدۇ (تاجاۋۇز قىلمىغان تەقدىردە). بىز بۇنى جىھاد ئۇقۇمىنى خاتا چۈشىنىپ، ئىسلام دىنىنىڭ تەشەببۇسى بىلەن بەزى مۇسۇلمانلارنىڭ يولسىزلىقلىرىنىڭ ئارىسىنى پەرقلەندۈرەلمىگەنلىكتە دەپ قارايمىز.

## 1073ـ سۇئال: «ئىسلام دىنى دراما، رەسساملىق، ئويمىچىلىق، ھەيكەلتىراشلىق ۋە ناخشا ـ مۇزىكىلاردىن ئىبارەت پەن ـ مەدەنىيەتلەرگە قارشى تۇرىدۇ» دېگەن سەپسەتە

ئىسلام دىنى پەن ـ مەدەنىيەتنىڭ ئۆزىگە قارشى ئەمەس. ئىنسان روھىيىتى ۋە ھېسسىياتىنى جانلاندۇرىدىغان يۈكسەك پەنگە تېخىمۇ قارشى ئەمەس. بەلكى ئەخلاق ـ پەزىلەتكە تەشەببۇس قىلىدىغان، ئەخلاقسىزلىق ۋە رەزىللىككە قارشى تۇرىدىغان پەن ـ مەدەنىيەتكە چاقىرىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يۈكسەك پەزىلەت، ئېسىل ئەخلاققا چاقىرىدىغان شائىرلارنى ماختىغان ۋە قوللىغان، مەلۇمكى، شېئىرىيەت پەن ـ مەدەنىيىتى مۇسۇلمانلاردا كۆرۈنەرلىك تەرەققىي قىلغان ۋە ھەر ساھە، ھەر تۈرلەرگە بۆلۈنگەن.

رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم چىرايلىق ئاۋازنى ياخشى كۆرەتتى، ھەزرىتى بىلال (ئاللاھ رازى بولسۇن!) نى ئىسلام دەۋىتىنىڭ ئەزان توۋلىغۇچىسى قىلىپ بېكىتىشىمۇ ئۇنىڭ ئاۋازىنىڭ گۈزەللىكىدىندۇر.

ئىسلام دىنىنىڭ پەنلەرگە بولغان كۆز قارىشى ئاللاھنى تاشلاپ چوقۇنىدىغان بۇتلارغا ئارىلىشىپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن رەسىم، ھەيكەللەرنى چەكلىشى خاتا ئىزاھلانغان.

مۇسۇلمانلار پەن ـ مەدەنىيەتنى ھېچقاچان بىراقلا رەت قىلمىغان. بەلكى ئۇلار ھەرخىل جەمئىيەتلەردە بۇ ھېكمەتنى تونۇپ يەتكەن بولۇپ، مۇسۇلمانلار قولىدا تەرەققىي قىلغان خەتتاتلىق، رەسساملىق، بىناكارلىق ۋە مەدەنىي يادىكارلىقلار دۇنيا سەھنىسىدە مۇھىم ئورۇننى ئىگەللىگەن، ھازىرمۇ دۇنيا خەلقىنىڭ دىققىتىنى جەلپ قىلىپ كېلىۋاتىدۇ.

خۇلاسە قىلىپ ئېيتقاندا، ئىسلام جىنسىي ھەۋەسنى قوزغايدىغان، ئەخلاق ـ پەزىلەتكە زىت، رەزىللىك ۋە جىنايەتكە تەشەببۇس قىلىدىغان ناچار پەن ـ مەدەنىيەتكە قارشى تۇرىدۇر. (ئۆلىمالار ئەخلاقسىزلىق، شەھۋانىيلىق، رەزىللىك ۋە بۇزۇقچىلىققا چاقىرىدىغان ناخشا ـ مۇزىكىلارنى چەكلىگەن ۋە ھارام دەپ پەتىۋا بەرگەن. )

تۈگىدى

**ئەسسالامۇئەلەيكۇم!**

**ئالتە باسقۇچلۇق ئىسلام قىرائەتخانىمىزغا كىرگىنىڭىزنى قارشى ئالىمىز!**

**ئەل-ئاۋام ئالتە باسقۇچلۇق ئىسلام قىرائەتخانىسى**

قىرائەتخانىمىزدىكى كىتاپلارنى ئۆگىنىشنىڭ باسقۇچ، تەرتىپ، ۋاقىت ئورۇنلاشتۇرۇش تەكلىپى-تەخمىنەن 100ئاي، يەنى 8 يىل.

**بىرىنچى باسقۇچ- ئىسلام تەلىماتى بىلىملىرىنى ئۆگىنىش.**

بۇنىڭدا ئىسلام تەلىماتىنىڭ 1-2-3- 4-جىلدلىرى ياكى ئىسلام تەلىماتى ئاساسلىرى كۈنگە 5 بەتتىن 24 ئاي ئۆگىنىلىدۇ.

**ئىككىنچى باسقۇچ- تەپەككۇرنى ئېچىش، ئىسلامىي ھىسسىيات يېتىلدۈرۈش.**

1. دىنىمنى ئۆگىنىمەن مەجمۇئەسى ( كۈنگە 5 بەتتىن 4 ئاي)
2. مىنىڭ گۈزەل دىنىم مەجمۇئەسى ( كۈنگە 5 بەتتىن 4 ئاي)
3. قەلب سادالىرى مەجمۇئەسى( كۈنگە 10 بەتتىن 2 ئاي)

**ئۈچىنچى باسقۇچ- تەرجىمال، تارىخ، تەزكىرەلەرنى ئۆگىنىش.**

1. ئاللاھنىڭ پەيغەمبەرلىرى(كۈنگە 10 بەتتىن 2ئاي)
2. شىرىن بۇلاق(كۈنگە 10 بەتتىن 2ئاي)
3. ئىزباسار تۆت خەلىپە (كۈنگە 15 بەتتىن بىر ئاي)
4. ساھابىلار ھاياتىدىن تاللانمىلار 1-2-قىسىم (كۈنگە 20 بەتتىن 2 ئاي)
5. ئايال ساھابىلار (كۈنگە 10 بەتتىن بىر ئاي)

**تۆتىنچى باسقۇچ- ھەدىس ئۆگىنىش .**

جامىئۇل فەۋائىدتىن تاللانغان سەھىھ ھەدىسلەر 1-2-قىسىم (كۈنگە 5 بەتتىن تەخمىنەن 12 ئايدىن 18 ئايغىچە)

**بەشىنچى باسقۇچ- قۇرئان ۋە تەپسىر ئۆگىنىش .**

1. قۇرئان كەرىمنىڭ تەرجىمىسى ( كۈنگە 5 بەتتىن 4 ئاي)
2. نىدا ئايەتلىرىنىڭ تەپسىرى( كۈنگە 5 بەتتىن 4 ئاي)
3. تەپسىرى ئىبنى كەسىر1- قىسمىدىن 6- قىسمىغىچە ( كۈنگە 5 بەتتىن 24 ئاي)
4. ئايەتۇل ئەھكام 1-2- قىسىم ( كۈنگە 10 بەتتىن 4 ئاي)

**ئالتىنچى باسقۇچ- ئومۇملاشتۇرۇپ تەكرارلاش.**

1. ئىسلام تەلىماتىدىن سوئال- جاۋاپلار 1-2- كىتاپ (كۈنگە 10 بەتتىن 8 ئاي)
2. روھىدىن ئىسلام ( كۈنگە 10 بەتتىن 2 ئاي)
3. دىن ۋە ھايات ( كۈنگە 10 بەتتىن 2 ئاي)